# بۇلاق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇلاق

50 — 53

ISSN 1005-0876

# بۇلاق

1995

BULAK















# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

16 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 50 - سان

1995

باش مۇھەررىر : ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.




1995 - يىل 1 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

باھار دانىش ....... مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ

تاھىر ۋە زۇھرە ........................................................سەييادى (81)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

« دىۋانى مەھزۇن » دىن ................................................(118)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار ...........ئەنسارى، سەنائى، تىرمىزى ، نەجمىددىن كۇبرا (143)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : جاببار ئەمەت

### مەشھۇر ئەسەرلەر

سەييادى ۋە ئۇنىڭ « تاھىر ـ زۇھرە » داستانى توغرىسىدا ...........(150)
.........................................مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

قولۇپ بىلەن دىلئارا ( داستان) ........................................(153)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مالىك چانىشېف
رەمبال بىلەن مېھرى ئەفرۇز (چۆچەك) ........................................(188)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇقادىر سادىر
ئەپسانىلەر ........................................(191)
بېيىت ـ قوشاقلار ........................................(197)
توپلاپ رەتلىگۈچى : ۋاھىتجان غوپۇر

## بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز

تۆھپىكار شائىر ، تەتقىقاتچى جاببار ئەمەت ........................................يالقۇن روزى (199)
ئەجدادلار ئىزىدىن ........................................ئىلھام جاببار (205)

*　*

رەسسام : ئىسمايىل ئىبراھىم ، ئابلىمىت ئابلىز .

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقى ، مۇھەممەت ئىدرىس .

كۆنچىك ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى .

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : لىۇ پېيچىڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : « دىۋانى ھافىز » ناملىق كىتابتىن ئېلىنغان قىستۇرما رەسىم . رەسسام : مەنسۇر كارىگەر ھۇسەينى ( ئىران ) .

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە : جاببار ئەمەتنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر.

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە : ئابدىقادىر سادىرنىڭ ھايات پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر .

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : ئىدىقۇت مەنزىرىسى (ئۆركەش جاببار فوتوسى ).

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net




مۇھەممەد قاسىم بىننى موللا نەزىر مۇھەممەد بۇخارى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **بارات رەجەپ**

## سەرەندىپ ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسى فەررۇخفال بىگانىجاھاننىڭ سۈرىتىگە ئاشىق بولۇپ ، سۇمرۇغنىڭ ياردىمى بىلەن مەقسىتىگە يېتىشكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

سەرەندىپ ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى . ئۇنىڭ دۆلەت شەۋكىتى پەلەك ئەۋجىگە يەتكەنىدى . ئەمما ئۇنىڭ ئۆزىگە تەخت ۋارىسى بولىدىغان پەرزەنتى يوق ئىدى . پادىشاھ بۇ سەۋەبتىن ناھايىتى پەرىشان ئىدى . قەيەردە بىرەر دەرۋىش ، زاھىد ياكى غېرىپ ـ مۇساپىر بولسا ، شۇ يەرگە بېرىپ ئۇلاردىن ئاللاھ ھەققىدە ئۆزىگە دۇئا قىلىشنى ئىلتىماس قىلاتتى .

بىر ئاخشىمى ئۇ تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا نالە ـ پەريادلار بىلەن مۇناجات قىلىپ ئولتۇراتتى ، قازارا ، ئۇيقۇسى غالىب كەلدى . چۈش كۆردى . چۈشىدە : بىر مويسىپىت پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ قارشىسىدا ئولتۇرۇپ ، ناھايىتى چىرايلىق بىر ئالمىنى ئۇنىڭغا تەڭلەۋاتقۇدەك . مويسىپىت ئۇنىڭغا : « بۇ مېۋە ئۈمىد كۆچىتىنىڭ مېۋىسىدۇر . بۈگۈن كېچە ھەرەمىڭگە كىرىپ ، بۇ ئالمىنى خوتۇنۇڭ بىلەن تەڭ يەپ سۆھبەت قىلغىن ، تەڭرى تائالا ساڭا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ پەرزەنت ئاتا قىلسا ئەجەب ئەمەس » دەۋاتقۇدەك . پادىشاھ ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى ، ئۈمىدسىز قەلبى ئۈمىدكە تولدى ، ئۇ مويسىپىتنىڭ بېشارىتىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، ئالمىنى خوتۇنى بىلەن تەڭ

---

* بېشى ئۆتكەن ساندا .

بىگەچ ئاخشىمى سۆھبەت قىلدى . قازارا ، شۇ كۈنى ئاخشىمى خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ ، توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن ، توققۇز سائەتتىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى . ئۇ ئوغۇلنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن قەسىرنىڭ ئىچى يورۇپ كەتتى . پادىشاھ بۇ ئالامەتتىن ناھايىتى خۇشال بولدى . بارلىق ھەكىم ۋە مۇنەججىملەرنى جەم قىلىپ « شاھزادىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە قۇرئە سېلىپ خەۋەر بې-رىڭلار » دەپ بۇيرىدى . مۇنەججىملەر قۇرئە سېلىپ :

— شاھزادىنىڭ قىسمىتى ياخشى ئىكەن . ئەمما ئون تۆت يېشىدىن كېيىن بىر ئىشق بالاسىغا دۇچار بولىدىغاندەك قىلىدۇ . ئۇ ئۆز مەھبۇبىغا باغلىنىپ جۇنۇن بولىدۇ . بۇ جۇنۇنلۇق ئۇنىڭغا قانداقتۇر بىر رەسىم-لەرنى تاماشا قىلىشتىن پەيدا بولغاي . شۇڭا ، شاھزادىنى ئون تۆت ياشتىن ئون ئالتە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتا بىرەر سۈرەت ياكى نەقىش يېنىغا يېقىن يولاتماسلىق كې-رەك ، — دېيىشتى .

پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ غەمكىن بولدى ، بىرنەچچە ئىخلاسمەن كىشىلىرىنى شاھزادىگە ھەمىشە كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا ، مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن تەربىيە ئېلىپ بېرىشقا ۋە ئۇنى ھەرقانداق سۈرەت ، رەسىم تاماشاسىدىن مەنئى قىلىشقا تەيىن-لىدى . شاھزادىگە فەررۇخفال دەپ ئات قويدى ، ئۇنى بىر بەختلىك ئىنىكئانىنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇردى . شاھزادە تۆت ياشقا كىرگەندە بىر بىلىملىك ، دانىشمەن ئۇس-تازغا تاپشۇرۇلدى ، ئۇ ئاز ۋاقىتتىلا بارلىق ئىلىمدىن بەھرىمەن بولدى . شاھ تەيىنلى-گەن مەسئۇل خادىملار ھەمىشە ئۇنىڭ خىزمىتىدە يۈرەتتى . فەررۇخفال ئون تۆت ياشقا كىردى . تەگرى تائالانىڭ ئىنسان تەقدىرىگە پۈتكەن قارارىنى ئۆزگەرتىپ بولمايدۇ . مەسئۇل خادىملار بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە چىقىپ كەتكەن ئىدى . شاھزادە بىر ھۇجرىغا كىردى . ئۇ يەردە قۇلۇپلانغان بىر ساندۇقنىڭ تۇرغانلى-قىنى كۆردى . بىر كېنىزەك بۇ ساندۇقنى قوغداپ ئولتۇراتتى . شاھزادە كېنىزەكتىن ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى سورىدى. كېنىزەك:

— پادىشاھ ماڭا « بۇ ساندۇقنى ھېچكىم كۆرگۈچى بولمىسۇن » دېگەنىدى . چۈنكى ئۇنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن رەسىملەر باردۇر . شاھىمىز كۆڭلى غەمكىن بولغان چاغلاردا دائىم بۇ يەرگە كېلىپ ساندۇقتىكى رەسىملەرنى تاماشا قىلىدۇ ، — دېدى .

شاھزادە :

— ساندۇقنى ئاچقىن ، ئۇ رەسىملەرنى مەنمۇ تاماشا قىلىپ باقاي ، — دەپ كېنىزەككە بۇيرىدى . كېنىزەك قانچە تىركىشىپ كۆرگەن بولسىمۇ شاھزادە ئەسلا يانمىدى . كېنىزەك ئامالسىز قېلىپ ، بۇيرۇققا بويسۇنۇشنى ئەدەب جۈملىسىدىن دەپ بى-لىپ ساندۇقنى ئاچتى . خىلمۇ خىل رەسىملەر شاھزادىنىڭ ئالدىدا يۈز ئاچتى . شاھزادىنىڭ كۆزى ئوشتۇمتۇت بىر نازىنىن قىزنىڭ رەسىمىگە تىكىلىپ قالدى . ئۇ قىز-نىڭ گۆھەر تاجى قېشىنىڭ ئەگمىسىگە بالقىپ چۈشكەن ، ئىپار چېچى نازۇك بېلىدە دومىلاپ تۇرغان ئىدى ، ھايالىق كۆزىدىن ئادەمنى بىھوش قىلىۋېتىدىغان بىر مۆقەد-دەس نۇر جۇلالايتتى . شاھزادە شۇ ھالدا بىردەم قېتىپ تۇرۇپ قالدى ، كۆڭلىنىڭ قات - قېتىدىن ئىشق ئوتى تەڭلا تۇتىشىپ كەلدى ، دېمەك ، ئۇنىڭ بويىنىغا ئىشق زەن-جىرى بەربىر باغلىنىپ قالدى . شاھزادە ئاھ

ئۇرۇپ، بىر ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ زار- زار
يىغلاپ ئولتۇردى . مەسئۇللار شاھنىڭ
خىزمىتىدىن قايتىپ كېلىپ ، شاھزادىنى بۇ
ھالدا كۆرۈپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس
قېلىشتى ، ئۇلار شاھزادىدىن زادى نېمە ئىش
بولغانلىقىنى سورىدى ، شاھزادىدىن ئاھ -
پىغاندىن باشقا ھېچنېمە چىقمىدى . ئۇلار
ياقىلىرىنى چاك ئېتىپ ، پادىشاھنىڭ ئايىقىغا
باش قويۇپ ، بولغان ئەھۋالنى بايان قىلدى .
پادىشاھ بۇنى ئاڭلاپ پەرىشان بولۇپ
شاھزادىنىڭ ئالدىغا ئۆزى باردى ۋە ئۆز
پەرزەنتىنىڭ ھەقىقەتەن يامان ئەھۋالدا قال-
غانلىقىنى كۆردى . پادىشاھ شاھزادىدىن
ھەرخىل سوئاللارنى سورىدى ، ھېچقانداق
جاۋاب ئالالمىدى . شاھزادە كۆزىدىن قانلىق
ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ ئۆيىدىن چىقىپ
سەھراغا يۈزلەندى . ئوردا ئەمىرلىرى
شاھزادىنىڭ ئالدىنى توسۇپ ئۇنى مىڭ بىر
مۇشەققەت بىلەن ئوردىغا قايتۇرۇپ كەلدى .
پادىشاھنىڭ گۇمانى كۈچىيىپ :

— بۇ ئاپەتكە نېمە سەۋەب بولدى ، — دەپ يەنە سورىدى . كېنىزەكلەر ئامالسىز قېلىپ ساندۇق ۋەقەسىنى بايان قىلدى . پادىشاھ ئەقىللىق مەسلىھەتچىلەرنى جەم قىلىپ پىكىرلەشتى . دانىشمەنلەر ھەر- قانچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپمۇ ھېچ ئىلاجىنى تاپالمىدى . پادىشاھ ئاخىرى ئۆز ئاجىزلىقىغا تەن بېرىپ ، شاھزادىنى تەگرى تائالانىڭ ئىشەنچىسىگە تاپشۇرۇپ ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويدى . شاھزادە مەسئۇللارنىڭ قوغدىشىدىن قۇتۇلۇپ ، مەشۇقىنىڭ خىيالى بىلەن باياۋانغا قەدەم قويدى . ۋەزىرنىڭ جەئفەر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى . ئەمچەكتىن ئايرىلغاندىن تارتىپ بۇ كەمگىچە شاھزادىنىڭ خىزمىتىدە ئىدى . ئۇ شاھزادىنىڭ دەشت - باياۋانلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى . « مۇشەققەتنىڭ ۋاپادارلىق ئۈلمەس قۇش ئەنقاغا ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ تېزلىك بىلەن شاھزادىگە يېتىشتى ، ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ غۇربەت- لەرنى ئىختىيار قىلدى. ئۇلار بىر نەچچە مۇددەت جاپالىق يول يۈرۈپ ، ئاخىرى ناما- يىتى ئاۋات بىر شەھەرگە ئۇلاشتى . شەھەرنىڭ كوچا - بازارلىرىنى كۆپ ئايلى- نىپ مەشۇقىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ كۆردى . ئەمما ئۇ گۈزەل يارنى تاپالمىدى . ئامالسىزلىقتىن ئاخىر يەنە شەھەردىن چىقىپ يىراقتا بىر ئالى ئىمارەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇلار ئىمارەتكە يېتىپ بېرىپ ئۇ يەردە بىر مۇساپىرخانىنىڭ تۇرغانلىقىنى ، ئەمما ھېچكىم يوقلۇقىنى كۆردى . ئۇلار خۇرسەن بولۇپ شۇ ئۆينى ماكان قىلىپ تۇردى .

## فەررۇخفالنىڭ شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئوغرىلار قولىدىن قۇتقۇزۇپ ، ئۆزى بالا ۋە مېھنەتكە قالغانلىقى ، ئاخىر ئۇنىڭدىن خالاس تاپقانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

شاھزادە جەئفەر بىلەن مۇساپىرخا- نىدا بىر كېچىنى ئۆتكۈزدى . ئەتىسى جەئفەر شاھزادىدىن رۇخسەت ئېلىپ مەقسەتكە مۇناسىۋەتلىك بىرەر خەۋەرگە ئېرىشىش ۋە شاھزادىگە ناشتىلىق بىر نەرسە ئېلىپ كېلىش نىيىتىدە شەھەرگە كىرىپ كەتتى . ئەمما كەچ كىرگۈچە جەئفەردىن ھېچ خەۋەر

بولمىدى. شاھزادە ئىچىدە «بۇ ئىمارەتنى بىر ئاختۇرۇپ باقاي، ئادەم بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇ يەردە تىكەندەك يالغۇز يۈرگىنىم ياخشى ئەمەس» دەپ ئاختۇرۇشقا باشلىدى. چوققىسى پەلەككە تاقاشقان بىر ئالىي گۈمبەزنى كۆردى. ئۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەرگە ياخشى پالاسلار سېلىنغانلىقىنى، ئوتتۇرىسىدا مەشئەللەر يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى، ئۆينىڭ تۆرىگە يەنە بىر تەخت قويۇلغانلىقىنى لېكىن بىرمۇ ئىنسۇ- جىنىنىڭ يوقلۇقىنى كۆردى. شاھزادە بۇتلارنى كۆرۈپ بۇ يەرنىڭ بۇتخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى، ئۇ مەشۇقىنى ياد ئېتىپ زار-زار يىغلاپ ئولتۇردى. يېرىم كېچىگە ئاز قالغان چاغدا ئاللىكىملەرنىڭ ئاياغ تېۋىشى ئاڭلاندى. شاھزادە بۇ شەپىدىن ئاگاھ بولۇپ، بىر بۇتنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ مۆكۈندى، شۇ ئەسنادا يىگىرمىدەك قىزىل كۆز ئوغرى كىرىپ بۇتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ھەي خۇدايىمىز، بىز بۇ شەھەرنىڭ مەلىكىسىنى ناھايىتى گۈزەل، ھەمىشە خىلمۇ خىل چىرايلىق كىيىملەرنى كىيىپ، ئۈستىگە بىر مەملىكەت باھاسىغا تەڭ كېلىدىغان زىبۇزىننەتلەرنى تاقاپ تەخت ئۈستىدە ئۇخلايدۇ دەپ ئاڭلىدۇق. ئەگەر سەن بۇ كېچە بىزگە بۇ ھاجەتنى راۋا كۆرسەڭ، بىز بېرىپ ئۇ مەلىكىنى ئېلىپ كېلىپ، ماللىرىنى ئۆزىمىز ئېلىپ، ئۆزىنى سېنىڭ ئاستانەڭگە ئاتاپ نەزىر قىلىمىز، — دەپ زارلىنىپ، بۇتقا قايتا ـ قايتا سەجدە قىلىپ گۈمبەزدىن چىقىپ كەتتى. فەررۇخفال بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ ئۆز-ئۆزىگە: «شاھ ھەرەمىنىڭ ئىچىدە، يۇمشاق تۆشەكتە، ناز ئۇيقۇسىدا چۈش كۆرۈپ يېتىۋاتقان مەلىكىنى نەچچىلىگەن مۇلازىملار كېچە ـ كۈندۈز قوغدايدىغان تۇرسا، بۇ ئوغرىلار ئۇ مەلىكىنى قانداق ئوغرىلاپ كېلەلەر» دېدى.

ئەلقىسسە، يېرىم كېچىدىن سەل ئاشقاندا يىگىرمە ئوغرى ئۇ مەلىكىنى ئۇخلاۋاتقان ھالىتىدىلا تەختى بىلەن كۆتۈرۈپ بۇتخانىغا ئېلىپ كىردى، ئۇنى بۇتنىڭ ئالدىغا قويۇپ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ سەجدە قىلدى. ئاندىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئېسىل لىباسلىرىنى ئېلىۋېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇشتى. شاھزادە بۇتنىڭ ئارقىسىدىن ماراپ ئاجايىپ نازىنىن بىر قىزنى كۆردىكى، قىزنىڭ جامالىدىن بۇتخانا نۇرلىنىپ تۇراتتى. قىز بولسا تېخى تاتلىق ئۇيقۇدىن ئويغانمىغان ئىدى. شاھزادە قاتتىق جىددىيلىشىپ «بۇنداق گۈزەل پەرىنى ئۆلۈمگە يوللىماق ئادەم قېلىپىدىن چىققانلىق بولماي نېمە؟ ئۇنى بۇ خەۋپتىن قۇتۇلدۇرۇشۇم لازىم» دەپ تەدبىر ئويلاپ دەرھال ئىنتايىن ھەسرەتلىك ئاۋازدا:

— ئەمدى، سىلەرنىڭ قىلغان نەزىرىڭلار قوبۇل بولدى. بۇندىن كېيىن ھەرقانداق مۇشكۈلۈڭلار ئاسان بولىدۇ، — دېدى.

ئوغرىلار بۇ ئاۋازنى بۇتنىڭ ساداسى دەپ جەزىم قىلىپ ئىخلاسلىرى زىيادە بولۇپ يەنە سەجدە قىلىشتى. شاھزادە بۇ ھېلىنىڭ ئىشقا ئېشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يەنە:

— ھازىر، ھەممىڭلار قىزنى قويۇپ تاشقىرىغا چىقىپ بىر كىشىگە ئەمىر قىلىڭلاركى، ئۇ كىشى كىرىپ بۇ گۈزەل تەنىنى توغراپ، كاللىسىنى ئاياغ ئاستىمغا تاشلىسۇن، — دېدى. ئوغرىلارنىڭ

ھەممىسى دەرھال تاشقىرىغا چىقىپ، بىر
كىشىگە بۇ خىزمەتنى بۇيرىدى. ئۇ ئادەم
بۇتخانىغا كىرگەن ھامان شاھزادە ناھايىتى
چەبدەسلىك بىلەن تۇيدۇرمايلا بېشىغا تىغ
ئۇرۇپ ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزاتتى. ئۇلۇكنى
بۇتخانىنىڭ قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭىغا تارتىپ
قويىدى ۋە يەنە ئۆز ئورنىغا بېرىپ تەييار
تۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئوغرىلار
كىرىپ كەتكەن كىشىدىن ھېچ خەۋەر بول-
مىغانلىقىنى كۆرۈپ يەنە بىرىگە بۇيرىدى.
شاھزادە ئۇنىمۇ كىرگەن ھامانلا ئۇجۇق-
تۇردى. ئوغرىلار كىرىپ كەتكەنلەر قىزنىڭ
لىباسلىرىدىن قىممەتلىك زىبۇزىننەتلەرنى
بوشۇرۇپ يۇرمىسۇن دەپ گۇمان قىلىپ يەنە
بىر ئوغرىنى كىرىپ بېقىشنى بۇيرىدى.
شاھزادە ئۇنىمۇ يوقىرىقىدەك ئۇسۇلدا
ئولتۇرۇپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ يىگىرمە
ئوغرى شۇ يوسۇندا بىر ـ بىرلەپ قەتلى قى-
لىندى. بۇتخانا ئىچى جەسەتلەرگە تولۇپ،
يەر ئۇ بەتبەختلەرنىڭ قېنىدىن لالى رەڭ
تۇسكە كىردى. شاھزادە ئوغرىلاردىن
خاتىرجەم بولۇپ مەلىكىنى راھەتلىك ئۇيۇ-
قۇدىن ئويغاتتى. مەلىكە ئويغىنىپ ئۆزىنى بۇ
ھالدا كۆرۈپ بەدىنى جالاقلاپ تىترىدى.
شاھزادە مەلىكىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، كۆڭ-
لىگە تەسكىن بېرىپ، بولغان ۋەقەلەرنى بىر
باشتىن سۆزلەپ ئارقىدىن:

ـــ ھەي، ھەمشىرە قىز، سىز زادى
قورقماڭ، مېنىڭ قىيامەتلىك سىڭلىم بو-
لۇڭ، سىز مېنى ھەرگىز مۇناپىقلار
تائىپىسىدىن دەپ گۇمان قىلماڭ، ئىنشا-
ئاللاھ، سىزنى ھازىرلا ئۆز جايىڭىزغا ساق ـ
سالامەت يەتكۈزۈپ قويىمەن، ـــ دەپ
مەلىكىنى ئولتۇرغان تەختى بىلەنلا بېشىغا
ئېلىپ كۆتۈرۈپ، بارلىق غەيرىتى بىلەن
ئۇنى قەسىر يېنىغا يەتكۈزدى. شاھزادە بې-
شىدىكى سەللىسىنى ئېلىپ كەمەنددەك بىر
ئۇچىنى تەختكە باغلاپ يەنە بىر ئۇچىنى
قەسىر كۈنگىرەسىگە تاش چىگىش ئارقىلىق
بەند قىلدى. تامغا ئاۋۋال ئۆزى چىقىپ
ئاندىن تەختنى كۆتۈرۈپ، مەلىكىنى ھەرد-
مىگە ئەكىرىپ قويدى. ھېچكىم بۇ ئىشتىن
خەۋەردار بولمىدى. مەلىكە كۆپ رەھمەتلەر
ئېيتقاندىن كېيىن:

ـــ ھەي چىمەنلەرنى بېزىگۈچى
سەرۋى گۈل. ئۆزۈڭنىڭ نۇرغۇن ئىمكانى-
يەتلىرىدىن ۋاز كېچىپ ماڭا ياخشىلىق
قىلدىڭ، مېنى بۇ زور ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇ-
رىۋالدىڭ. قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت،
ھازىرلا ئورۇندايمەن. ھەتتا بارلىق ئۆمە-
رۈمنى سېنىڭ خىزمىتىڭگە بېغىشلاشقا
رازىمەن. تەڭرى تائالانىڭ ھۆرمىتى ئۇچۇن
ئۆزۈڭنىڭ قايسى گۈلستاننىڭ گۈلى،
قايسى باغنىڭ بۇلبۇلى ئىكەنلىكىڭدىن ۋە
قايسى ئېگىز ئۇۋىدىن پەرۋاز قىلغان قۇش
ئىكەنلىكىڭدىن خەۋەر بەرگىن، ـــ دەپ
ئىلتىجا قىلدى. شاھزادە زۆرۈر بولغان بەزى
ئەھۋاللاردىن مەلىكىنى خەۋەردار قىلىپ ئۇ-
نىڭدىن رۇخسەت سورىدى. مەلىكە:

ـــ ھەي شاھزادە، جېنىم سەن
ئۇچۇن پىدا، گەرچە قىلغان ياخشىلىقىڭغا
مۇناسىپ خىزمەت قىلالمىساممۇ، قانداق
مۇشكۇلاتىڭ بولسا مەرھەمەت قىلىپ ماڭا
ئېيتقىن. قۇدرىتىمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ
قولۇمدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى بەجا كەل-
تۈرىمەن، ـــ دېدى، فەررۇخفال:

ـــ ھەي جاھان مەلىكىسى، بۇ
ۋادىدىكى جاھان خامىنىنىڭ ئىش ـ كۈش-
لىرى سېنىڭ تىرىشچانلىقىڭ ۋە ياردىمىڭ
بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. ئىنشائاللاھ: تەڭرى تا-

ئالانىڭ لۇتفى كەرەمىدىن ئۈمىدۋارمەنكى، مەقسىتىم پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشقاي، ئەگەر مېنى خۇشال قىلاي دېسەڭ، مېنى بۇ يەردىن تېز يولغا سال. بۇ جايدا تۇرماق ياخشىلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ، — دېدى.

مەلىكە:

— ھەي غەمگۇزار يىگىت، سەن ماڭا تەڭرى تائالانىڭ ئېھسانىنى بەجا كەلتۈردۈڭ. ئالدىڭدا زور ئىشلار باردۇر. شۇ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ساڭا رۇخسەت بەرسەم ماڭا نىسبەتەن بۇ ئىش ئىنساپ ۋە دىيانەتتىن دېرەك بەرمەيدۇ. تەڭرى تائالانىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ كېچە بۇ يەردە بەھۇزۇر ئۇخلىغىن «ئەتە ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ بېرىمەن، مۇشەققەتسىزلا ئۆز مەنزىلىڭگە يېتىۋالالايسەن، — دېدى.

فەررۇخفال مەلىكە بىلەن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ ھارغىنلىقتىن كۆزى ئۇيقۇغا باردى. شۇ يەردە ئۇخلاپ قالدى. مەلىكمۇ بېشىنى قويۇپ شاھزادىنىڭ يېنىدا ئۇخلىدى. ئىنسان تەبىئىتى كۆپىنچە ئۇيۇقلۇق ھالەتتە ئاشكارىلىنىدۇ. ئۇلار ئۆرۈلۈپ يانچە ياتقاندا ئىختىيارسىز بىر — بىرىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئايتاپ چىققاندا خىزمەتكارلار ھەرەمگە كىرىپ، مەلىكىنىڭ كېلىشكەن، سۇمباتلىق بىر يىگىتنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلار پادىشاھنىڭ قەھرى سىياسىتىدىن قورقۇپ غال — غال تىترىشىپ، يۈزلىرى ھەيرەتتىن تامدەك تاتاردى. «بۇ ئىشنى پادىشاھ ئاڭلىسا بىزنى چوقۇم تىرىك قويمايدۇ» دەپ دەھشەتكە چۆكۈپ ۋەزىر ئەزەمنىڭ ئالدىغا بېرىپ

ئەھۋالنى بايان قىلدى. ۋەزىر: «بۇنداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ كېنىزەكلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىدى. كېنىزەكلەر چىڭ تۇرىۋالغانلىقتىن ئۇ ئۆزى مەلىكىنىڭ ھەرىمىگە كىرىپ، بايىقىدەك ئەھۋالنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ، ۋۇجۇدىغا غەزەپ ئوتى تۇتاشتى. ئادەم بۇيرۇپ فەررۇخفالنى دەرھال باغلاپ تاشلىدى. فەررۇخفال كۆزىنى تۇيۇقسىز ئېچىپ، ئۆزىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، ئۆلۈمنى ئۆزىگە مۇقەررەر قىلدى ۋە ئۆز — ئۆزىگە: «سۇبھاناللاھ! قىلغان ياخشىلىقىم ئۆزۈمگە دۈشمەن بولدى. ئېھسان قىلغانلىقىم سەۋەبىدىن ھالاكەتكە يولۇقتۇم. ئەمدى، مەشۇقۇمنىڭ دىدارىنى كۆرمەستىن بۇرۇن ئەجەلگە تەسلىم بولىدىغان بولدۇم» دېدى. بۇ ۋاقىتتا مەلىكە كۆزىنى ئېچىپ بالايىئاپەت تومانلىرىنىڭ ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ پەرياد قىلىپ:

— ھەي دۆت ۋەزىر، بۇ يىگىت مېنىڭ ئاكامدۇر، ئۇنىڭغا بۇ ھاقارەتنى راۋا كۆرسەڭ بولمايدۇ، — دېدى.

ۋەزىر مەلىكىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي:

— ھەي ھاياسىز، ئىسيان تونىنى ئۆز بېشىڭغا تۆكۈپ تۇرۇپ يەنە نېمە چالۋاقايسەن؟! بۇ بىر قەلەندەر، ئۇنىڭغا ئازاب — ئوقۇبەت كېرەكتۇر. سەن تېخى ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىۋاتىسەن، سەن ھەتتا ئۆز ھاياتىڭنىمۇ قىل ئۇستىدە قالغانلىقىنى سەزمەيۋاتىسەن، — دېدى. مەلىكە شاھزادىنى بىرەر ئامال بىلەن قۇتۇلدۇرۇشقا مۇمكىن بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ غەمگە پېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ۋەزىر پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ دۇئادىن كېيىن:

— ئەي، پادىشاھى ئالەم، تۈنۈگۈن كېچە سەلتەنەت ھەرىمىدە بىر سەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. بۇ ھادىسىدىن ھۇش شارابى بىشىم جامىدىن تۆكۈلۈپ، ھېچ ھالىم قالمىدى. ئەگەر بۇنى شاھىمىزدىن يوشۇرسام، كېيىن غەزەپكە قېلىشتىن قورقىمەن، — دېدى.

پادىشاھ بۇ سۆزدىن ھەيران بولۇپ:

— ھاكىمىيەت كېچىسىنىڭ ئەمنىلىك چىرىغى ئۆچۈپتىمۇ ياكى دۆلەت زەنجىرى باغلاقتىن ئۈزۈلۈپتىمۇ؟ زادى نېمە ئىش بوپتۇ؟، — دەپ سورىدى.

ۋەزىر ئاۋازىغا پەرىيادلىق تۈس بېرىپ، كۆرگەن ۋەقەلەرنى بايان قىلدى. پادىشاھ دەرغەزەپ بولۇپ: «ئۇ زىناكار بەدبەختنى ئېلىپ چىقىپ قەتلى قىلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. ۋەزىر فەررۇخفالنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ جاللاتقا قىلىچ چېپىشنى بۇيرىدى. جاللات قىلىچنى قىنىدىن ئەمدىلا سۇغۇرۇپ تۇرۇشىغا مەلىكە ئۆزىنى ئاتىسىنىڭ ئايىغىغا تاشلاپ:

— ئەي كەرەملىك ئاتا، ئۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈمىنى ئازراق كېچىكتۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىڭ، ئەرزىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ، ئەگەر ماقۇل بولمىسىڭىز ئىككىمىزنى بىراقلا تىغدىن ئۆتكۈزۈڭ، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇ يىگىتنى ئۆلتۈرۈشكە بىرئەل تەخىر قىلىڭلار، — دەپ بۇيرۇق سوقتى. مەلىكە:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىر گۇناھسىزنىڭ قېنىنى تۆكمەك كاتتا ئەربابلارنىڭ قىلمىشى ئەمەستۇر. بۇنداق قىلىش ئادالەت ۋە ئىنساپ جۈملىسىدىن ئەمەستۇر. بۇ يىگىتنى ئۆلۈمگە بۇيرۇش قارىماققا ئىززەت، ئابرۇيىڭلارغا لايىقتەك كۆرۈنىدۇ. ئەمما، تەگرى بۇ دۆلەتخانىگە ئەيۇ — رەھمەتنى ئايىماي بەرگەنكى، ئۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلار غەزەپ نەپرەتكە دۇچار بولىدۇ. قىيامەت كۈنى بۇ ئىشلاردىن سوئال — سوراق بولسا ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭمۇ گادايلار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ ئەدىل، ئادالەتتىن نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما، — دېدى.

پادىشاھ دەرھال ۋەھىمىگە چۆكۈپ:

— سۆزۈڭ بولسا دەرھال ئېيتقىن، — دەپ رۇخسەت قىلدى. مەلىكە بولغان ۋەقەنى باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلىپ:

— ئەگەر سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭلار. بۇتخانىدا يىگىرمە ئادەمنىڭ ئۆلۈكى قالدى، بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار، — دېدى.

پادىشاھ بۇتخانىغا ئادەم ئەۋەتىپ خەۋىرىنى ئۇقتى. ئەھۋال راستىنلا مەلىكە دېگەندەك ئىدى. يىگىت تۆھمەتتىن پاك بولدى. پادىشاھ خىجالەت بولۇپ فەررۇخفالنى ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ ئۆزرە ئېيتتى، ئاندىن ئۇنى ئىززەت كۇرسىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ھەي بەرنا يىگىت، غەپلەتتە قالغانلىقىمدىن بۇ گۇناھلار مەندىن ئۆتۈپتۇ، پېقىرنى كەچۈرگىن، بۇ قىزىم بولسا گۆھەرگە تولغان بىر جاھان گۈلدۇر. ئۇنى ھېچ بولمىسا كېنىزەكلىككە قوبۇل قىلغىن، — دېدى. فەررۇخفال:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، تەگرى تائالا بۇ كۈلپەتلەرنى قىسمەت ئەزەلىگە پۈتكەندۇر. شۇڭا سەندىن ھېچ رەنجىشىم يوقتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مېھرىبانلىق كامالىتىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ مېنى پەرزەنتلىك دۆلە-

تىگە ئېرىشتۇرۇشنى خالاۋاتىسەن. بۇ مەن ئۇچۇن ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز شانۇ شەۋكەتتۇر. لېكىن، كەمىنىلىرىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىش باردۇر. شۇنى دەپ ئۇزۇندىن بېرى سەھرالاردا سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. ئەگەر شاھىم مەقسەت يولىغا قەدەم قويۇشۇمغا تېزرەك رۇخسەت بەرگەن بولسىلا تارتقان شۇنچە مېھنەتلىرىم شۇ ۋاقىتتىلا ئۆز ئورنىنى تاپقان بولاتتى، — دېدى. پادىشاھ رۇخسەت بېرىشكە تەمشىلىپ:

— مېنىڭ مۇددىئايىم شۇكى، بىرنەچچە زامان يېنىمدا تۇرساڭ، مەقسەتكە يېتىشىڭ ئۇچۇن قولۇمدىن كەلگەن خىزمەتلەرنى قىلسام ئىدىم. بىراق ئەمدى جۇدالىق يولىغا قەدەم قويۇپ، غەم قايغۇغا مۇپتىلا بولۇشنى ئۆزۈڭگە راۋا كۆرۈۋاتىسەن. تەقدىر قىسمەت ئىگىسى بولغان جانابى ئاللا ساڭا يار بولغاي! لېكىن ئۈمىدىم شۇكى، قەيەرگىلا بارما، بىزگە خەت يېزىشنى ئۇنتۇپ قالما، ئەھۋالىڭدىن بىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرغىن. ئەگەر مۇھىم ئىشلارغا يولۇقساڭ ياكى بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجىڭ چۈشۈپ توختاپ قالساڭ دەرھال خەۋەر قىلارسەن، لازىملىق نەرسىنى ساڭا دەرھال يەتكۈزىمەن، — دېدى.

فەررۇخفال پادىشاھنىڭ مېھرىبانلىقنى كۆرۈپ ئاخىر ئۆزىنىڭ ھاجىتىنى بايان قىلدى:

— بۇنداق سۆزلەرنى شاھىمىزنىڭ سەمىگە سالماق ئەدەبكە دېگەندەك لايىق كەلمىسىمۇ، بىراق ئۆزلىرىدىن ناھايىتى كۆپ مەرھەمەتلەرنى كۆرگەنلىكىم ئۇچۇن، ئەيمەنمەستىن بۇلارنى يەنە دېگىلىۋاتىمەن. شاھىمىزدىن ئىلتىماسىم شۇكى، جەئفەر ئىسمىلىك بىر يېقىن بۇرادىرىم بار ئىدى. غايىپ بولۇپ كەتتى. ئۇنى ئىزدەپ تېپىش توغرىسىدا پەرمان چىقارسىلا، ئاندىن ھەر تەرەپكە خەۋەرچى ئەۋەتىپ مەشۇقۇمنىڭ قارارگاھىنى تېپىۋېلىشىمغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەرسىلە، بەلكىم، مەشۇقۇمنىڭ ئىز — دېرىكى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

پادىشاھ ئۇنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، مۇلازىملارنى تەرەپ — تەرەپكە ماڭغۇزدى. ئۇلار جەئفەرنى تېزلا تېپىپ كەلدى. پادىشاھ ئارقىدىن بىر نەچچە مۇلازىمنى سودىگەرچە ۋە دۆلەت ئەلچىسى قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ ئەتراپتىكى ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە ئەۋەتىپ، بىر باھانە بىلەن شۇ سۇرەتلىك نازىنىندىن خەۋەر بېرىشكە تەيىنلىدى. شاھزادە نازىنىنىڭ ھېلىقى رەسىمىنى چىقىرىپ ئۇلارغا كۆرسەتتى.

ئەلقىسسە، ئۇلار ئۇزۇن تىرىشتى، ئەتراپتىكى مەملىكەتلەردە خۇپىيانە چارلاش ئېلىپ باردى، ئۇنداق قىزدىن قىلچە ئەسەر بولمىدى. پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا چۆكۈپ، فەررۇخفالغا ئۆزرىلەر ئېيتتى. فەررۇخفال ئاخىر پادىشاھتىن رۇخسەت ئېلىپ، جەئفەرنىڭ ھەمراھلىقىدا دەشت — باياۋان ئارقىلىق جاھاننىڭ باشقا چەت ئۆلكىلىرىگە قەدەم قويدى. مەقسەتتىن ھېچ نىشان كۆرۈنمىدى. جەئفەر فەررۇخفالنىڭ خەستە ھالىنى كۆزدە تۇتۇپ:

— ھەي شاھزادەم، بارچە قۇۋۋەت ۋە ماجالىڭ بىلەن مەقسەت يولىدا يۈگۈردۈڭ، ئەمما مەنزىلگە يېتىشمىدىڭ. ئەگەر ئەمدى مۇشۇ باياۋاندا ئاجىزلىقتىن دەرماندا بولۇپ تۈيۈقسىز يىقىلىپ قالساڭ

مەشۇقىڭدىن مەھرۇم قالارسەنمىكىن دەپ
قورقىمەن. ئەقىل ئەمدى سەندىن شۇنى
تەقەززالىق بىلەن كۈتىدۇكى، سەن
ھازىردىن باشلاپ سەۋر ـ تاقەتنى ئۆزۈڭگە
ھەمراھ قىلىپ سەپەرنى تەرك ئېتىپ
كۆڭۈللۈك بىر جايدا ئىستىراھەت قىلساڭ،
سېنىڭ ئورنۇڭدا بۇ خىزمەتنى مەن قىلسام.
«سەۋر قىلساڭ غورىدىن ھالۋا پۈتەر»
دېگەندەك كۆپ ئۆتمەستىن مۇراد گۈلۈڭ
پورەكلەپ ئېچىلسا ئەجەب ئەمەس، ـــ
دېدى. فەررۇخفال ھەقىقەتەن كۆپ جاپا
تارتقانىدى، جەئفەرنىڭ سۆزىگە ئەمەل
قىلىپ، ئۆزلىرى يېتىپ بارغان شۇ شەھەردە
ئىستىقامەت قىلىپ توختاپ تۇردى ۋە
تەڭرى تائالاغا كۆپ ئىلتىجالار قىلدى.

بېيىت:

تەڭرى پەزلىدىن ئىنايەت بولسا گەر،
يەتكۈسى ئاخىر قۇلاققا خۇش خەۋەر.

## جەئفەرنىڭ تەدبىر ۋە ئەقىل بىلەن مەقسەت يولىنى تېپىپ، شاھزادىنىڭ مەشۇقىدىن خەۋەر ئالغانلىقى؛ سۇمرۇغنىڭ ياردىمى بىلەن فەررۇخفالنىڭ مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەنلىكى

جەئفەر ۋاپا گۈلشەنىدە پەرۋىش
قىلىنىپ، ئەتىر گۈللەر ئارىسىدا يىلتىز تار-
تىپ ئۆسكەنىدى. ئۇ فەررۇخفالنىڭ
مۇرادىغا يېتىشى ئۈچۈن بۇ يولدا ئۆز ھايا-
تىنى قۇربان قىلىشتىنمۇ باش تارتماي،
ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تىرىشىپ ـ تىرمى-
شاتتى. ئەقلىنىڭ مەسلىھەت بېرىشى بىلەن
فەررۇخفال ئۇ شەھەردە توختاپ ئىستىرا-
ھەتكە مەشغۇل بولدى. جەئفەر بىر
سودىگەرلىك دۇكىنى ئېچىپ، دۇكاننى
جىمى ئالەمدىكى ھەر خىل غارايىپ ماللار
بىلەن تولدۇردى. ئۇ شاھزادە ئاشىق بولغان
نازىنىننىڭ رەسىمىنى دۇكاننىڭ خەقنىڭ
كۆزى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئەپلىك بىر
يېرىگە ئېسىپ قويۇپ ئۆزى سودىگەرچە
ياسىنىپ ئولتۇردى. دۇكانغا قانداقلىكى
كىشى كىرسە رەسىمدىكى قىزنىڭ ئەسلى
نەسەبىنى سورايتتى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، بۇ يەرگە بىر
مويسىپىت كىشى كەلدى. ئۇ جەئفەرنىڭ
دۇكىنىغا قاراپ:

ـــ ھەي يىگىت، بۇ سۈرەتنى
خالايىققا كۆرسىتىپ يۈرۈشتىن غەرىزىڭ
نېمە؟ دەپ سورىدى.

جەئفەر كۆز ئالدىدا چېھرىدىن
دانالىقى، كۆپ يەرلەرنى ساياھەت قىلىپ
پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئاجايىباتلىرىدىن خەۋەر
تاپقان ۋە جىق ئىش كۆرگەنلىكى بىلىنىپ
تۇرىدىغان بىر مويسىپىتنىڭ تۇرغانلىقىنى
كۆردى.

ـــ ھەي دانىشمەن كىشى ـــ دېدى
ئۇ ئەدەب بىلەن، ـــ مەن بۇ رەسىمدىكى
پەرىۋەشنى ئۇزۇندىن بېرى ئىزدەپ يۈرۈي-
مەن. پۈتۈن جاھاننى كېزىپمۇ ئۇنىڭدىن
ھېچبىر نام ـ نىشان تاپالمىدىم. شۇ سەۋەب-
تىن جاھان كېزەر ساياھەتچىلەردىن بۇ
توغرىلىق بىرەر يېڭى خەۋەر ئاڭلاپ قالسام
ئەجەب ئەمەس دەپ ئۇنى ئېسىپ قويدۇم.

بوۋاي مۇنداق دېدى:

بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى،

رەسىمدىكى بۇ نارزىنىن ئەقىل ـ پاراسەتتە جاھاننىڭ يەكتاسى ، ئۇ يىگانە سەرۋىدەك بىر بۇلۇڭنى ماكان تۇتۇپ ، بارلىق ئەرلەر سۆھبىتىدىن پەرھىز تۇتقان ، گۈزەللىكتە تەڭداشسىز بىر مەلىكىدۇر . شۇڭا ئۇ ئۆزىگە يىگانە جاھان دەپ ئات قويغان ، ئۇ سەڭەلدىپ ۋىلايىتىگە ھۆكۈم يۈرگۈزۈۋاتقان پادىشاھتۇر . ئۇ ھەرقانداق مەرتىۋىلىك پادىشاھ ۋە ئىلىمگە كامىل دانىشمەنلەرنىڭ يۈرەك تارىغا ئۇرىدۇ . ئۇنىڭ تال ـ تال ئۇزۇن چاچلىرى قۇياشنىڭ بويىنىغا سىرتماق سالىدۇ . دائىم شىكارغا چىقىپ بۇغا ـ ماراللارنى ئوۋلايدۇ . جەمشىد كەبى ئالىي بەزمىلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدۇ . سورۇنلىرىدا مىھرىلىك سەنئەتكارلار داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇش ئاۋازىدەك نەغمە ـ ناۋالىرى بىلەن پەرى پەيكەرلەرنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئەسىر قىلىۋالىدۇ . لالە يۈزلۈك گۈلگۈن شارابلار بىلەن ئەربابلارنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى ئوۋلايدۇ . مەلىكە دائىم ئەنە شۇنداق سورۇندا بەزمە . شاراب ئىچىپ ، پاراغەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزىدۇ . ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئاي سۈپەتلىك نازىنىنلار بولۇپ ، ناز ـ كەرەشمىسى بىلەن قۇياش قەسرىدىن يوچۇق ئاچىدۇ . نەيزە ۋە قىلىچ تۇتقان قىرىق مىڭ ئايال ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇرۇشىدۇ . مەلىكە نەدە بولسا ئۇلارمۇ شۇ يەرگە ھازىر بولىدۇ . ئۇلار ئايال بولغان بىلەن ئۇرۇش مەيدانىدا رۇستەم ۋە ئىسپەندىياردەك جەڭ قىلالايدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى شىرىن سۆزلۈك لەتىپىچىلەردۇر . ئۇلارنىڭ دۆلىتىگىچە بولغان يۈز پەرسەڭ يول پۈتۈنلەي قارا جاڭگالدۇر . ئۇ جاڭگال قورقۇنچلۇق بىر سۇسىز باياۋان بولۇپ ، ئۇ يەرگە بىرەر ھاياتلىقنىڭ قەدەم قويۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس . چۈنكى ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەن قۇم بارخانلىرى گويا تىك چوققىلىق ئېگىز تاغلارنى ھاسىل قىلغان . يەنە كېلىپ ، ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن جەسۇر قاراۋۇللار مەملىكەتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇ يەردە ئوۋچىلاردەك توپ ، توپ بولۇپ چارلاش ئېلىپ بارىدۇ . ئەگەر ، ئەجىلى توشقاننىڭ بىرەرسى ئۇلارنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالسا ، ئۇلار ئۇنىڭ جىگىرىنى پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ . بېيت :

ئايالدۇر جەسۇر ئەرگە بەرگەي ساۋاق ،
دېڭىز گۆھىرىدىن ئۇلار پاكراق .
بويى تۈز ، دىلى نۇر ، بېشى تىك ھامان ،
پېقىرلارغا ھەر ئىشتادۇر مېھرىبان .
تۈمەنمىڭ ئايال باغلىغان ئىشقا بەل ،
ئۇلار ھەر بىرى خۇددى ئايدەك گۈزەل .

جەئفەر ئۇ شاھىنشاھنىڭ ھەققىدىن ۋاقىپلانغاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال بولۇپ بۇ خۇش خەۋەرنى فەررۇخفالغا يەتكۈزدى ۋە :

— ئەمدى غەم ـ غۇسسىگە كۆڭۈلدىن ئورۇن قالمىدى ، ئۈمىد شولىسى ئۇپۇق ئېتىكىدىن پەيدا بولدى ؛ مەقسەت قۇياشى سائادەت شەرقىدىن كۆتۈرۈلۈش ئالدىدا تۇرىدۇ ، — دېدى . نەزمە :

ئۆتتى ھىجران كۈنلىرى، يار فۇرقىتى ھەم كەتتى ،
مۇنەججىملەر ئاخىرى ياخشى پالنى كۆرسەتتى .
نازۇ ـ نېمەت بېغىمىز خازان بولغان ، سارغايغان ،
ئاخىر باھار شاملى، كەلدى يەنە كۆكلەتتى .
تەگرىگە مىڭ تەشەككۈر، مۇراد گۈلى ئېچىلدى،
تىكەنلەرنىڭ ھەيۋىسى سۇندى، دىلنى شادئەتتى.
غايىپلىق پەردىسىدىن ئۈمىد سۈبھى كۆرۈندى ،
قارا تۈننىڭ بېشىغا ئاي نۇرىدىن دەرد يەتتى .

ئەلقىسسە ، بەخت ئىقبال پارلايدىغان
بۇ خۇش خەۋەردىن فەررۇخفال قاتتىق
هاياجانلىنىپ ، غايىۋانە غەلبىدىن بىهۇش
بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى . قۇشنەك بىر
قانات قىقىپ ، جانانىنىڭ دىيارىغا هازىرلا
يەتكۈسى كەلدى . سەۋر قاچىسى تاشتى .
جەئفەر ئەقلىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن بىر
نەچچە كۈن ئىزدەپ سوراپ يۈرۈپ ئايالچە
بىر نەچچە قۇر ئىبسىل كىيىملەرنى تەييار-
لىدى . ئۇلارنىڭ هەر ئىككىسى مۇزىكا
ئىلمىدە كامىل ئۇستىلاردىن ئىدى ، سازلى-
رىنى تەقلەپ ، تۈگىلىرىنى جايدۇپ ،
ئىختىيارىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ مەقسەت مەن-
زىلىگە راۋان بولدى .

بىر نەچچە مۇددەت جاپالىق يول
يۈرگەندىن كېيىن ئۇلار هېلىقى قورقۇنچلۇق
باياۋانغا يېتىپ كەلدى . يىگىتلەر ئىرادىسى-
دىن يانماي ئەجەل بىلەن قول تۇتۇشۇپ ،
داۋاملىق كېتىپ باراتتى . هەممە ياقنى ئۆلۈم
پۇراپلا تۇراتتى . بىر كۈنى چىڭقى چۈش
مەهەلدە هاۋا ناهايىتى قىزىپ كەتتى . ئۇلار
بىر دەرەخنىڭ سايىسىغا كېلىپ ، بۇلاقتىن
سۇ ئىچكەچ راهەتلىنىپ ئولتۇردى . بۇ دە-
رەخنىڭ ئۈستىدە بىر سۇمرۇغ ئۇۋا
ياسىغانىدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن سۇم-
رۇغنىڭ باللىرى بىتاقەت بولۇپ نالە قىلىشقا
باشلىدى . فەررۇخفال كارامەت چوڭ بىر
يىلاننىڭ سۇمرۇغ باللىرىنىڭ قەستىدە
تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خەنجىرىنى چىقىرىپ
ئۇنى قەلەمچە قىلدۇ . سۇمرۇغ باللىرى
شۇندىلا بۇ بالا- قازادىن نىجادلىق تېپىپ ،
يۈرىكى ئارامىغا چۈشتى . فەررۇخفال بىلەن
جەئفەر يەنىلا دەرەخ تۈۋىدە ئارام ئېلىپ
ئولتۇراتتى ، ناماز ئەسىر بولغاندا ئانا سۇم-
رۇغ باللىرىنىڭ ئوزۇقلۇقىنى ئېلىپ يېتىپ
كەلدى . سۇمرۇغ دەرەخ تۈۋىدە ئىككى ئا-
دىمزاتنىڭ ئۇخلاپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ
«باللىرىمنى هەر يىلى ئېلىپ قاچىدىغانلار
مۇشۇلار ئىكەندە ! » دەپ چوڭ بىر تاشنى
كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاشقا
تەمشىلىۋىدى ، سۇمرۇغ باللىرى چۇرقىرى-
شىپ بولغان ئەهۋالنى تېزدىن بايان قىلدى .
سۇمرۇغ خىجالەت بولۇپ ، تاشنى باشقا ياققا
ئىرغىتىپ تاشلاپ ، فەررۇخفالنىڭ ئۈستىگە
كېلىپ ئۇنى ئويغاتتى . ئەتراپلاردىن يىغىپ
كەلگەن نېمەتلەرنى فەررۇخفالنىڭ ئالدىغا
قويۇپ :

— باللىرىمغا شۇنچە ياخشىلىقلارنى
قىلىپسەن ، ئەمدى سېنىمۇ ئۆز پەرزەنتىمگە
ئوخشاش كۆردۈم . هەرقانداق ئىشىڭ بولسا
ئۆزۈمنىڭ ئىشىدەك بىلىمەن . قانداق مۇهىم
ئىش ياكى ئورۇنلاش قىيىن بولغان
مۇشكۇلاتىڭ بولسا ماڭا ئېيتىۋەرگىن ،
كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىرىشىپ كۆرەي ، —
دېدى . فەررۇخفال سۇمرۇغدىن كۆپ مېھ-
رىبانلىقلارنى كۆرۈپ ، مەقسەد —
مۇددىئاسىنى بايان قىلدى . سۇمرۇغ :

— هەي سائادەتمەن پەرزەنتىم ،
خەتەرلىك ئىشقا تۇتۇش قىلىپسەن ، ئاما
كۆڭلۈڭنى ئۈستۈن تۇتۇپ بۇنىڭدىن خا-
تىرجەم بولغىن ، بۇ كېچە مۇشۇ يەردە
بولغىن . ئەتە تاڭ يورۇغاندا تەڭرى تائالا-
نىڭ ئىنايىتى بىلەن مەقسىتىڭگە مۇيەسسەر
بولۇرسەن ، — دېدى . فەررۇخفالنىڭ
كۆڭلى سۇمرۇغنىڭ بۇ مەرهەمەتلىك
سۆزىدىن يايراپ ، بىر كېچە بۇ جايدا ئىس-
تىراهەت قىلدى . ئەتىسى تاڭ ئېتىشى بىلەن
تەڭ سۇمرۇغ فەررۇخفال بىلەن جەئفەرنى
بويىنىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ سەگەلدىپ ۋىلايە-
تىگە قاراپ ئۇچتى . ئۇلار كۈن پاتقاندا

سەگەلدىپ ۋىلايىتىنىڭ بىر چېتىگە كېلىپ
چۈشتى. سۇمرۇغ فەررۇخفالغا قانىتىدىن
بىر پەينى يۇلۇپ بېرىپ:

— بۇ پەينى چىڭ ساقلىغىن. ھەر-
قانداق ۋاقىتتا بېشىڭغا مۇشكۇللەر چۈشسە
مەن دەرھال ھازىر بولۇپ سېنى مۇشكۇل-
لەردىن خالاس قىلىمەن، — دېدى.

فەررۇخفال پەينى ئېلىپ سۇمرۇغ
بىلەن خوشلاشتى. ئاندىن كېيىن جەئفەر
بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۆزلىرىنى ئايالچە
كىيىملەر بىلەن بېزەپ، سازلىرىنى قولىغا
ئېلىپ شەھەرگە ئاتلاندى. ئۇلار ھەر
ئىككىسى ساقالسىز بولغانلىقتىن قىلچە چې-
نىپ قالمايتتى.

ئالقىسسە، ئۇلار خاتىرجەملىك
بىلەن شەھەرگە كىرىپ يەنە تۇيۇقسىز بىر
مەھەللىگە كېلىپ قالدى. ئۇ مەھەللىدە
بارلىق چىرايلىق ئاياللار فىردەۋس باغچى-
سىدىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان باغچىنىڭ
ئىچىدە سۆھبەت قىلىپ، شاراب جاملىرىنى
پەلەكتەك ئايلاندۇرۇپ مەستلىكتىن خۇش
كەيىپ بولۇپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەسنادا فەر-
رۇخفال بىلەن جەئفەر ئىككى سازەندە
سۈرىتىدە مەجلىسكە داخىل بولۇپ دۇئا قى-
لىپ ئولتۇردى. سورۇن ئەھلى تەقى تۇرقى
ۋە ياسىنىشى بۇ شەھەر خەلقىگە ئوخشىماي-
دىغان ئىككى ئايالنى كۆرۈپ:

— سىلەر كىم بولىسىلەر؟
مۇساپىردەك قىلىسىلەر، قايسى ۋىلايەتتىن
كەلدىڭلار؟ مۇشۇ چاغقىچە سىلەرنى ھېچبىر
مەرىكە، ئولتۇرۇشلاردا كۆرۈپ باقمىدۇق.
نەسەب – نامىڭىزلارنى ئېيتىپ بېقىڭلار.
قايسى دىيارنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىڭلار
بىزگە مەلۇم بولسۇن، — دېيىشتى.

فەررۇخفال ئالدىدا ئولتۇرۇپ دۇئا –
سەنادىن كېيىن:

— ھەي مەلىكىلەر، كىشىلەر مەن
غېرىپ كەمىنىنى دىلپەزىر جادۇ نەۋاز دەپ
ئاتايدۇ. بۇ دوستۇمنى بولسا ناھىد جەڭگى
دەيدۇ. بۇ دۆلەتنىڭ بۈيۈك شاھى ۋە ئەزىز
سۇلتانلىرىنىڭ مۇساپىرلارغا يار، غېرىپلارغا
مەدەتكار ئىكەنلىكى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر
بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ دەرگاھىنى تاۋاپ قى-
لىش ئۈچۈن شۇنچە ئۇزۇن ۋە مۇشكۇل
قەدەملەرنى بېسىپ بۇ گۈزەل ماكانغا يېتىش-
تۇق. ئەگەر شەپقەت يۈزىسىدىن رۇخسەت
بەرسەڭلار ھۈنىرىمىزنى بىر كۆرسىتىپ
باقساق، بىز ئۈچۈن كۆپ مەرھەمەت بولغان
بولاتتى، — دېدى.

سورۇن ئەھلى بۇ سۆزنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلارغا رۇخسەت بەر-
دى. دەۋرىنىڭ بۇ يېگانە ئۇستىلىرى
سازلىرىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى ئۇششاق ئا-
ھاڭغا تۈزۈپ، ئۇيات پەردىسىنى يىرتىپ
تاشلاپ قالۇننى سادىغا كىرگۈزدى. بۇ
ساداغا پەلەكمۇ تەھسىن – ئاپىرىن
ئوقۇيتتى. ئارقىدىن سورۇن ئەھلىنىڭ
ئەھۋالىغا مۇناسىپ بىر قانچە غەزەل
ئوقۇلدى. سورۇن ئەھلى گاھى بۇلۇتتەك
تۇتۇلدى، گاھى گۈلدەك ئېچىلدى، گاھى
باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ ئۆزىنى پۈ-
تۈنلەي ئۇنۇتتى. تەرەپ – تەرەپتىن ئالقىش
سادالىرى پەيدا بولدى. سورۇن ئەھلى
ئۇلارغا بىھېساب دەرەملەرنى چاچتى. ئول-
تۇرۇش ئاياغلاشقاندا ئۇلار ھەر تەرەپلەرگە
كېتىشتى. دىلپەزىر بىلەن ناھىدمۇ ئۆزلى-
رىگە بىر ماكان تەيىن قىلىپ شۇ يەردە
تۇردى. قۇياش پارلاپ ئالەم يورۇدى. يېگانە
جاھاننىڭ سەنۇبەر ئىسىملىك بىر ۋەزىرى
بولۇپ، ئەقىل – پاراسەتتە تەڭدىشى يوق

ئىدى ، ھەمىشە ساز ۋە سۆھبەت بىلەن كۆڭ
ئۆتكۈزەتتى . ئۇ چەتتىن ئىككى سازەندىنىڭ
كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ : « ئۇلارنى
خىزمىتىمگە ھازىر قىلىڭلار » دەپ
بۇيرىدى . فەررۇخفال بىلەن جەئفەر بۇنى
ئاڭلاپ بەخت ـ ئامەتنىڭ يېتىپ
كېلىۋاتقانلىقىدىن خۇشاللىنىپ ، يولغا چى-
قىشقا دەرھال تەييارلاندى . ئۇلار ئاخىرى
سەنۇبەرنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىپ ئەدەبلىك
ئولتۇرۇپ بىر پەس دۇئا قىلىۋەتكەندىن
كېيىن ، ھەر خىل شېرىن ، پاساھەتلىك
سۆزلەر بىلەن ۋەزىرنىڭ كۆڭلىنى رام
قىلدى . ئاندىن كېيىن سازلىرىنى قولىغا
ئېلىپ ، نەغمىلەرنىڭ دىلكەش پەردىسىنى
ئېچىپ گويا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاپئاق
قوللىرىدەك سېھىرلىك قولى بىلەن ساز چې-
لىپ ناۋا قىلدى . مەرىكىدە ئولتۇرغان
سازەندىلەر ئىختىيارسىز سازلىرىنى قولدىن
بوشىتىپ ئۇلارغا تەھسىن ـ ئاپىرىن ئېيتتى
ۋە ئۆزىگە سازەندىلىكنى مۇناسىپ كۆرمەي
ئۇلارغا شاگىرت بولۇشنى كۆڭلىگە
پۈكۈشتى . سەنۇبەرمۇ بۇ ئولتۇرۇشتا ئۆزىنى
ئۇنتۇتقىدەك دەرىجىگە بېرىپ يەتتى . ئۇلارنى
ئۆزىنىڭ يېنىدىن ئازراقمۇ ئايرىمايدىغان
بولدى . ئۇ ھەر كۈنى ئۇلار بىلەن سۆھبەت
قىلىپ ئاندىن يىگانە جاھاننىڭ خىزمىتىگە
باراتتى . كۆپ ئۆتمەي ئۇلار سەنۇبەرنىڭ
ھەمسىرلىرىدىن بولۇپ قالدى . بىر نەچچە
كۈندىن كېيىن بۇ خەۋەر يىگانە جاھاننىڭ
قۇلىقىغا يەتتى . ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئاڭلاپ
سەنۇبەرگە « يېڭى كەلگەن ئۇ ئىككى
سازەندىنى خىزمىتىمگە ھازىر قىلغىن » دەپ
بۇيرىدى ، سەنۇبەر نائىلاج ئۆيىگە كېلىپ ،
ئۇ ئىككىسىنى زەرلىك كىيىملەر بىلەن
ياساندۇرۇپ ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە كەل-
تۇردى . فەررۇخفال بۇ ئاستانىنىڭ تۆپىرىقىنى
ئۆزىگە تۇتىيادەك بىلەتتى . ئەمدى كېلىپ
پادىشاھنىڭ جامالىنى ـــ ئۆزىنىڭ سۆيۈم-
لۈك مەھبۇبىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە
مۇيەسسەر بولۇپ قاتتىق ئىزتىراپ ۋە ھايا-
جان ئىچىدە ھوشىدىن كەتتى . ھالسىز
قىياپەتتە ئوتلۇق كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىر
ھازادىن كېيىن يەنە ئەسلىگە قايتىشقا
باشلىدى . يىگانە جاھان ئەھۋال سورىغاندا
دەرھال ھوشىنى يىغىپ :

ـــ ئەي پادىشاھى ئالەم ، مۇشۇ
چاغقىچە ھېچبىر پادىشاھنى بۇ خىل شانۇ
شەۋكەت ۋە گۈزەل ھۆسنىدە كۆرگەن
ئەمەسمەن . ئەمدى بۇ كاتتا سورۇنغا قەدەم
تەشرىپ قىلىپ نۇرلۇق جامالىڭىنى كۆرۈپ
ئەقلىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمەن . ئەگەر بۇ
مالامەتتىن خاتىرە شەرىپىڭگە نۇقسان
يەتكەن بولسا ، ئەپۇ قىلىشىڭدىن ئۈمىدۋار-
مەن ، ـــ دېدى .

ئەلقىسسە ، كۆپ سۆزلەر بولغاندىن
كېيىن ، ئۇلار سازلىرىنى ئېلىپ شۇنداق
مۇڭغا كىرگۈزدىكى ، جاھاندا تەڭدىشى يوق
بۇ سازەندىلەرنىڭ كۈيى ـ ناۋاسىدىن
كۆكتىكى يۇلتۇزلار تويىمۇ ئۇسسۇلغا
چۈشتى . ئولتۇرۇشتىكى چوڭ ـ كىچىك
ھەممىسى يىغلاشتى . يىگانە جاھان بۇ ھا-
لەتتىن ھەيرەتكە چۆكۈپ، ئۇلارغا تەھسىن-
ئاپىرىن ياغدۇردى، نۇرغۇن ئالتۇن-
كۈمۈش ۋە دۈررى ـ جاۋاھىرلارنى تەقدىم
قىلدى . سۆھبەتتىن كېيىن :

ـــ دىلنى بۇ قەدەر مەھلىيا
قىلىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىماپتىكەنمەن ،
قايسى ۋىلايەتتىن كەلدىڭلار ؟ ـــ دەپ
سورىدى .

دىلپەزىر نازىم قىلىپ :

— ئەي جاھان مەلىكىسى ، كەمىنەگىنىز بولسا بىر نامرات سەھرادا تۇغۇلغان . مەن دۇنىياغا كەلگەن ئۇ ۋەتەننى كىشىلەر پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۈنەر ، نەغمە يۇرتى دەپ بىلىشىدۇ ، مەلىكىمىزنىڭ پەم - پاراستى ، ئادالىتى پۈتۈن جاھانغا پۇر كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن بۇ دۆلەت دەرگاھىدىن پاناھلىنىش ئۈمىدىدە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ، مىڭبىر رەنج ۋە مېھنەت بىلەن بۇ ماكانغا يېتىشتۇق ، ئەلھەمدۇلىللاھ ! مۇرادىمىز ھاسىل بولدى ، — دېدى . يېگانە جاھان مېھرىبانلىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ :

— ئەمىسە ھەمىشە ۋەزىرنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ ، ھەر ھەپتىدە بىر كۈن مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇڭلار ، — دېدى .

بۇ ۋەقەدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتۈپ فەررۇخفال جەئفەر بىلەن ۋەزىرنىڭ يېنىدا نەغمە چېلىپ ئولتۇراتتى ، سەنۇبەر شارابتىن سەرخۇش بولۇپ ، ساخاۋەت قولىنى سۇنۇپ ئۇلارغا بىر نەرسە ئىنئام قىلماقچى بولدى . دىلپەزىر سەنۇبەرنىڭ ناھايىتى خۇرسەن بولغانلىقىنى كۆرۈپ شېرىن سۆزلەر بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تازىم قىلىپ :

— كەمىنىلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە بىر ئەرزىم باردۇر . ئەگەر ئىجازەت بولسا بايان قىلسام ، — دېدى . سەنۇبەر :

— ئىجازەت ، — دېدى . دىلپەزىر :

— پادىشاھ نېمە سەۋەبتىن ئەرلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىشمايدۇ ؟ تەڭرى تائالا ھەر نەرسىنى جۈپتى بىلەن ياراتقان ئەمەسمۇ ؟ بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىدىن مېنى ۋاقىپ قىلسىڭىز ، — دېدى . سەنۇبەر :

— ھەي دىلپەزىر ، دۇنيانىڭ باشقا ھەرقانداق ۋەقەلىرىنى سورىساڭ جاۋاب بېرىمەن . لېكىن بۇ ھەقتە سۆز ئاچالمايمەن . مېنى ئاياپ بۇ سوئالنى ئەمدى سورىمىغىنىڭ تۈزۈكتۇر ، — دېدى . دىلپەزىر :

— ئەي ئاقىلە ، مېنىڭدەك ئۆز ۋەتىنىنى تاشلاپ ، غۇربەتلەرنى ئىختىيار قىلىپ ، ئاستانەڭگە باش قويغان غېرىب ، مۇساپىردىنمۇ بىر كەلىمە سۆزنى يوشۇرۇن تۇتامسەن ، — دەپ كۆزلىرىدىن سەلدەك ياشلىرىنى ئاققۇزدى . سەنۇبەر دىلپەزىرنىڭ بۇ ۋەقەگە كۆڭۈل خاتىرىسىنىڭ باغلانغانلىقىنى بىلىپ نائىلاج :

— ھەي دىلپەزىر ، مېنىڭمۇ بۇ ۋەقەدىن خەۋىرىم يوقتۇر . سەن ئەمدى بىر نەچچە كۈن سەۋر قىلىپ تۇرغىن . مەن بۇ سىرنىڭ تېگى - تەكتىدىن ئاگاھ بولۇپ ئاندىن ساڭا جاۋاب بېرەي ، — دەپ دىلپەزىردىن مۆھلەت ئالدى . سەنۇبەر ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن پۈرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى ، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يېگانە جاھان سەنۇبەر بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ ، شاراب ئىچىپ ، ھەرخىل ھېكايەتلەر ئېيتىشىپ تازا سەرخۇش بولۇپ ئولتۇراتتى ، سەنۇبەر ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ :

— ئەي جاھان مەلىكىسى ، كەمىنىلىرىنىڭ بىر ئەرزى باردۇر ، ئەگەر مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ماڭا رۇخسەت قىلسىلا ، سۆزۈمنى شەرەپلىرىگە يەتكۈزسەم ، ئەمما كۆڭۈللىرىگە مالاللىق يېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن ، — دېدى .

يېگانە جاھان شارابتىن شادلىقتا چۆمگەندى ، سەنۇبەرنىڭ ئىلتىماسىنى دەرھال قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى . سەنۇبەر :

— جانۇ دىلىم سېلىنىڭ ھەر بىر تال مۇشكى چاچلىرىغا پىدا بولسۇن ، كەمىنىلە-

رىنىڭ كۆڭۈل خاتىرىسىدە ئۇزۇندىن بېرى يېشىلمەي كېلىۋاتقان بىر تۈگۈچ بار . ئۇ بولسىمۇ ، تەڭرى تائالا ئاياللارنى ئەرلەر ئۈچۈن ياراتقاندۇر، ئەمما ئۆزلىرى ئەقىل ئىدراكتا شۇنچە كامالەتكە يەتكەن تۇرۇقلۇق نېمە ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن ھەمسەپەر بولمايلا ، بۇنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر ؟ — دەپ سورىدى . يېگانە جاھان :

— ھەي سەنۇبەر ، گەرچە سوئالىڭغا جاۋاب بەرمەك ھەم بۇ سىرلارنى ئاشكارا قىلماق ئاقىلانىلىقتىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن سېنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن خىزمىتىڭ بىھېساپ بولغاچقا تەلىۋىڭنى ئورۇنلىماسلىققا يۈزۈم كۆيىدۇ . بىراق بىر شەرت ، بۇنى باشقىلارغا دېمەيسەن ، ئەگەر باشقىلارنىڭ بۇ سىرنى بىلىپ قالغىنىنى ئاڭلاپ قالسام ئۆلۈمىڭگە قىلچىمۇ تەخىر قىلمايمەن . مىسرا:

سىرنى ئۆز پەردىسىدىن چىقىرىش
ياخشى ئەمەس .

ھەي سادىق ۋەزىرىم ، ئەمدى ئاڭلا ، تەڭرى تائالا مېنى ئالدى بىلەن بىر قۇش سۈرىتىدە بۇ مەۋجۇدات ئالەمگە ئاپىرىدە قىلدى . ئۇزۇن ۋاقىت چۆل — جەزىرىلەردە پەرۋاز قىلىپ يۈردۈم . ئاخىرى ئۆز جۈپتۈم بىلەن بىر بۇلۇڭدا ئۇۋا ياساپ ئىككى بالا تەۋەللۇت قىلدىم . بىر كۈنى ، تەقدىرنىڭ قازاسى بىلەن بۇ بۇلۇڭغا ئاسماندىن ئوت چۈشتى . ئۇۋامنىڭ تۆت تەرىپىنى ئوت قاپلىدى . باللىرىم تېخى ئۇچۇرۇم بولمىغانىدى . پەرزەنت مۇھەببىتى مېنى بىتاقەت قىلدى ، ئۇۋامغا كىرىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولساممۇ پايدىسى بولمىدى ، باللىرىمنى بىر — بىردىن ئېلىپ چىقالمىدىم . جۈپتۈمدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ : « بىرىنى مەن چاڭگىلىمغا ئالىمەن ، بىرىنى سەن ئالغىن ، ئىككىمىز ھەمنەپەس بولۇپ باللارنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرايلى » دېدىم . ئۇ مۇناپىق قوبۇل قىلماي ئوت ئىچىدىن ئۆزى يالغۇز ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى . مەن پەرزەنتلىرىم بىلەن ئوت ئىچىدە قالدىم ، كۆيدۈم ، پۇچۇلاندىم . ئالەمنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى تەڭرى تائالا ئاخىرى ماڭا ئۆز پەزلى — كەرەمى بىلەن بەخت ئاتا قىلىپ ، مېنى يەنە بۇ مەۋجۇدات ئالەمگە ئىنسان سۈرىتىدە قايتا ياراتتى . ماڭا تەڭداشسىز ھۆسن — جامال ، ئەقىل — پاراسەت ، سۆزمەنلىك ئاتا قىلىپ ، قۇدرەت كامالىمنى ئەرشكە يەتكۈزدى . ماڭا يەنە شۇنچە كۆپ مال — مۈلۈكلەرنى ۋە زېمىننى كەڭ ، باياشات مەملىكەتنى ئىلتىپات قىلدى . ئاۋۋىلىدا ، جانىۋار سۈرىتىدىكى چېغىمدا ئۆز جۈپتۈمدىن يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان ۋاپاسىزلىقلارنى كۆرۈپ ، ئەمدى ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ بەخت نۇرىنى قايتا كۆرەلىدىم . شۇڭا ھېلىقىدەك ۋاپاسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن ئادىمزات ئارىسىدىمۇ ۋاپاسىز ئەركەكلەر بار دەپ گۇمان قىلىپ ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنى تەرك ئەتكەنمەن ، — دېدى .

سەنۇبەر بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتتى ، دىلپەزىرنى بىر بۇلۇڭغا تارتىپ ئۇنى بۇ سىرنىڭ مەخپىيىتىدىن خەۋەرلەندۈردى . دىلپەزىر ئۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ كۆپ خۇرسەن بولدى . بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ سەنۇبەردىن رۇخسەت سوراپ :

— ئەي ئاقىل ۋەزىر ، رۇخسەت بەرسىڭىز ، ئۆز ۋەتىنىمىزگە بېرىپ ئۇرۇق — تۇغقانلىرىمىزنى كۆرۈپ كەلسەك ئەگەر ھايات بولساق يەنە قايتىپ كېلىپ قالغان

ئۆمرىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ ۋە مەلىكە جاھاننىڭ خىزمىتىدە ئۆتكۈزسەك ، — دېدى .

سەنۇبەر كېچە ـ كۈندۈز دىلكەش نەغمىلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارغا ئىجىل بولۇپ قالغان ئىدى ، ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى رەت قىلىپ تۇرۇۋالدى . ئۇلار قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلغاندىن كېيىن ئىلاجسىز رۇخسەت بەردى ۋە تېزرەك قايتىپ كېلىشنى تاپىلىدى . سەنۇبەر ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندا كۆپ ئالتۇن ، جاۋاھىرلارنى ئىنئام قىلدى ۋە يېگانە جاھاندىنمۇ رۇخسەت ئېلىپ بەردى . كەچ كىرگەندىن كېيىن فەررۇخفال بىلەن جەئفەر خالىي بىر جايغا بېرىپ ، نەغمە ئەسۋابلىرىنى بىر بۇلۇڭغا تاشلىۋەتتى . ئاندىن ھېلىقى سۇمرۇغ پېيىنى چىقىرىپ كۆيدۈردى . بىرەر سائەتتىن كېيىن سۇمرۇغ بۇ جايغا ھازىر بولدى . سۇمرۇغ فەررۇخفال بىلەن جەئفەرنى كۆتۈرۈپ يېگانە جاھاننىڭ دۆلەت تەۋەلىكىدىن چىقىرىپ بىر سەھراغا ئېلىپ كېلىپ قويدى . بۇ سەھرانىڭ ئەتراپى بوك ـ باراقسان يېشىللىق ئىدى . فەررۇخفال جەئفەرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن كەيقۇباد ۋە خۇسرەۋنىڭ كۆلاھىنى كىيىپ ئۆزىنى پادىشاھلار سۈرىتىدە ياساپ ئولتۇردى . جەئفەر ئەتراپتىن بىر نەچچە باتۇر ، قەيسەر يىگىتلەرنى تېپىپ كەلتۈرۈپ ئۇلارغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەردىن بېرىپ فەررۇخفالغا نەۋكەر قىلدى ، ئاندىن ھەممىسىنى زەرلىك كىيىملەر بىلەن جابدۇپ تەييار قىلدى ۋە ئۆزىمۇ يۈزىگە نىقاب تارتىپ نەۋكەرلەر بىلەن تەڭلا سۇمرۇغقا مىنىپ يېگانە جاھاننىڭ شەھىرىگە كېلىپ بىر باغقا چۈشتى . ئۇ باغ يېگانە جاھاننىڭ مەخسۇس بېغى ئىدى . جەئفەر باغقا كىرىپ يېگانە جاھاننىڭ تەختىدە ئولتۇرۇپ ، نەۋكەرلىرىگە بىر يۈرۈش سۆزلەرنى ئۆگىتىپ ئۇلارنى ئىشىك بېقىشقا قويدى . ئەتىسى تاڭ يورۇپ قۇياش چىققاندىن كېيىن باغنىڭ مەسئۇللىرى بولغان نازىنىن گۈلئەندەملەر ھەر كۈنلۈك ئادىتى بويىچە باغقا گۈل تېرىش ۋە زىبۇزىننەت بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتى . ئۇ تۆت يۈزچە كېنىزەك قەسرىدىن چىقىپ ، كوچا ـ دوقمۇشلارنى ساياھەت قىلىپ كۆلنىڭ بويىغا كەلگەندە ، بىر كېلىشكەن يىگىتنىڭ خۇسرەۋچە كىيىملەرنى كىيىپ ، بېشىغا شاھلار تاجىنى تاقىغان ھالدا يېگانە جاھاننىڭ تەختىدە ئولتۇرغانلىقىنى ، بىر نەچچە جەسۇر يىگىتلەرنىڭ چەپداس بولۇپ ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىزىنى تۇتۇپ قېلىشتى ، ئۇلار : «بۇ قانداق ۋەقەدۇر ؟ بۇ چاغقىچە ھېچكىمنىڭ قەدىمى بۇ ماكانغا يەتكەن ئەمەس ، خۇسۇسەن ئەرلەرنىڭ بۇ جايغا كېلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى » دەپ ھەيرەتتە قېلىشتى . دەل شۇ ۋاقىتتا ، جەئفەرنىڭ نەزەرى ئۇلارغا چۈشۈپ يىگىتلەرگە ئىشارەت قىلدى . يىگىتلەر قىلىچلىرىنى ئويىنىتىپ بىردەمدىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەتلى قىلىپ پەقەت بىر كېنىزەكنىلا كۆرمەسكە سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرمەي قويدى . كېنىزەك تېزلىك بىلەن باغدىن قېچىپ يېگانە جاھاننىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ ، بولغان ئەھۋالنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . يېگانە جاھان بۇ سۆزنى ئىشىتىپ كۆڭلى ناھايىتى بىئارام بولدى . ۋەزىرى سەنۇبەرنى چاقىرىپ :

— پالۋانلاردىن بىر نەچچىنى جەم قىلىپ ، ئۇ ئەجىلى توشقان قانخورلارنى ھازىرلا تۇتۇپ ، پۇت ـ قوللىرىدىن باغلاپ زىنداندا تاشلا ، ھەر كۈنى بىرىنى تارتىپ

چىقىرىپ چەكسىز ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرگىن. ئۇلار بۇنىڭدىن قاتتىق ئىبرەت ئالسۇن، ــ دەپ بۇيرىدى. سەنۇبەر نازىم قىلىپ تۇرۇپ:

ــ ئەي ئەزىز شاھىم، مۇبارەك ئەمىرلىرى چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەخىر قىلىش جايىز ئەمەستۇر. ئاما كەمەنىلىرى خەيرخاھلىق دۆلەتلىرى يۈزىسىدىن شۇنى ئەرز قىلىمەنكى، ئۇ كىشىلەرنىڭ قانداق كىشىلەر ئىكەنلىكى، بۇ ماكانغا نېمە دەپ كەلگەنلىكى، باغقا قانداقلارچە كىرىپ، ئۇ بىگۇناھ كېنىزەكلىرىمىزنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەنلىكى بىزگە تېخى مەلۇم ئەمەستۇر، يەنە كېلىپ بۇ ۋىلايەتنىڭ ئەتراپى مىلىك پەرسەك ئۇزۇنلۇقتىكى دەشت ـ باياۋاندۇر، ئادىمىزاتنىڭ بۇ يەردىن ئۆتۈشى تەستۇر. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىن قانداق ئۆتكەنلىكىنى خۇدا ئۆزى بىلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر سېپىلىدا رۇستەمدەك قورقماس پالۋانلار كۆزەتچىلىكتە تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار بۇ مۇھاسىرىدىن قانداقمۇ بۆسۈپ ئۆتەلەيدۇ؟ قوغدىغۇچىلار كېچە ـ كۈندۈز قوغداپ تۇرىدىغان بۇ خاس باغچىغا ئۇلارنىڭ شۇنداق ئەپچىل، تۇيدۇرماي كىرىۋېلىشى ئەقىلگە زادى سىغمايدۇ، بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار، ــ دېدى.

يېگانە جاھان سەنۇبەرنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇپ، بىر ئايالنى ئەلچى تەرىقىسىدە «بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئوقۇپ كەلگىن» دەپ ئەۋەتتى. ئەلچى باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئىشىك باقارلاردىن:

ــ ئىسكەندەردەك بۇ شىجائەتلىك يىگىت كىمدۇر؟ ــ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ــ سەرەندىب ۋىلايىتىنىڭ شاھزادىسىدۇر. ئۇ خوتۇن خەققە ئۆچ بولۇپ قەيەردە خوتۇنلار تائىپىسىنى كۆرسە قەتلى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ خوتۇنلارغا نەزەرىنى چۈشمىسۇن دەپ يۈزىگە نىقاب تارتىۋالغان. ئۇنىڭ بىر سۇمرۇغدىن باشقا تۇزۇك لەشكىرى يوقتۇر. ئۇ قايسى ۋىلايەتكە بارماقچى بولسا بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن سۇمرۇغقا مىنىپلا بارىدۇ. ئۇ بۇ ۋىلايەتكە بىر خوتۇن پادىشاھكەن دەپ ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولۇپ شۇ ھامان مۇشۇ باغقا كېلىپ چۈشتى. سۇمرۇغلار شاھىغا: «بارلىق لەشكىرىڭنى يىغىپ كەلگىن» دەپ خەۋەر بەردى. سۇمرۇغ لەشكەرلىرى كەلگەندىن كېيىن، بۇ دۆلەتنىڭ پادىشاھى باشلىق ھەممە خوتۇنلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئەرلەرنى كەلتۈرۈپ ئۇلارغا بىر كىشىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلەپ ئاندىن ئۆز ۋىلايىتىگە قايتماقچى. بىز ئەمدى ئاشۇ سۇمرۇغلارنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز. مۇنداق قەھرىمان شاھىمىزنىڭ خىزمىتىدە بىرەر خوتۇننى كەلتۈرۈپ ھەر نېمە قىلساق ئەمدى يولىمىز ئوچۇقتۇر، سەن جېنىڭنى غەنىمەت بىلىپ بۇ يەردىن ئاستا كېتىۋالغىن، ــ دەپ ئەلچىنى يولغا سالدى.

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ پۈت ـ قوللىرىدا جان قالمىدى. دەرھال يېگانە جاھاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى. يېگانە جاھان بۇنىڭدىن قاتتىق پەرىشان بولۇپ سەنۇبەرگە مەسلىھەت سالدى. سەنۇبەر:

ــ ئۆزۈم ئەلچى بولۇپ بېرىپ، ئىشىنىڭ ھەقىقىتىدىن تېخىمۇ ئېنىق خەۋەردار بولسام، ــ دەپ پادىشاھتىن رۇخسەت سورىدى. ئاقىۋەت، ئۇلارنىڭ گېپى بىر يەردىن چىقتى. سەنۇبەر ئۆزى ئەلچى بولۇپ باغنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ ئى-

شىك باقارغا :

— كىرىپ پادىشاھىڭغا « يېگانە جاھانىنىڭ ۋەزىرى ئەلچى بولۇپ كەپتۇ » دەپ خەۋەر قىلغىن . ئۆزى چىقمىسا ۋەزىرى بولسىمۇ چىقسۇن ، بىر نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار . ئېيتىپ بولۇپلا يانىمەن ، — دېدى .

ئىشىك باقار كىرىپ فەررۇخفالغا ئاۋۋالقى ئەلچىنىڭ ۋەقەسىنى ۋە سەنۇبەرنىڭ كەلگەنلىكىنى بايان قىلدى . فەررۇخفال يۈزىگە نىقاب تارتىپ : « جەئفەر سەنۇبەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئېلىپ كىرسۇن » دەپ بۇيرىدى . جەئفەر چىقىپ سەنۇبەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنى فەررۇخفالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى . سەنۇبەر يۈزىگە نىقاب تارتىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بىر يىگىتنى كۆردى . سەنۇبەر جەئفەرنىڭ ئىشارىتى بىلەن يىراقتىن تازىم قىلىپ كەلدى . فەررۇخفال جەئفەرگە قەستەن دەشنام قىلىپ :

— بۇ بەدبەختنى ئولتۇرۇۋەتمەي نېمىشقا مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەلدىڭ ؟ خوتۇنلارنىڭ ھاياسىز تەلەتىنى كۆزەر كۆزۈم يوق ، — دېدى . جەئفەر :

— ئەلچىگە ئەزەلدىن ئۆلۈم يوقتۇر. بولمىسا ئۇنى ئاللىبۇرۇن پارە - پارە قىلىۋېتەتتىم،— دېدى.

فەررۇخفال سەنۇبەرگە :

— ئەلچى بولساڭ سۆزۈڭنى تېزرەك دەپ كۆزۈمدىن يىراق بولغىن ، — دېدى . سەنۇبەر :

— شاھزادە ئالىيلىرى ، پادىشاھىمىز يېگانە جاھان مېنى خىزمىتىڭگە ئەۋەتتى . پادىشاھىمىز ئۆزلىرىنى جاھاندىكى بارلىق خوتۇنلاردىن نەپرەتلىنىدىكەن ، كۆزىمىز خوتۇنلارغا چۈشۈپ قالمىسۇن دەپ يۈزىگە نىقاب تارتىۋالىدىكەن دەپ ئاڭلاپ ناھايىتى ھەيران بولۇپ : « مەن ئەرلەردىن قاچىمەن . ئۇلاردىن ئۆلگۈدەك بىزارمەن ، بۇ جەھەتتىن مەن ئۇ شاھزادە بىلەن قارىمۇ قارشى مەيداندا ئىكەنمەن ، بۇنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا بىردەلىل ئىزدەپ تېپىش كېرەك » دەپ ئويلاپ سىلەرنى بۇ ئەرزىمەس داۋادىن يانسۇن ، پاسىق خىياللىرىنى كاللىسىدىن چىقارسۇن دەپ مېنى بۇ يەرگە ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى ، — دېدى . شاھزادە :

— پادىشاھىڭنىڭ ئويلىغىنى توغرا ، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزدا ھەققەتەن بىر سەۋەب بار . ئەمما بۇنى ساڭا ھازىر ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدۇ . بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىش خىيالىدا بولسا پادىشاھ ئۆزى يالغۇز بۇ يەرگە كېلىپ ئۇنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسۇن ، — دېدى . سەنۇبەر كېلىپ يېگانە جاھانغا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ بەردى . بارلىق ئەمىرلىرىنى ھەمراھ قىلىپ بۇ ئىشنى مەسلىھەتلەشكەچ باغچىغا بېرىپ ئۇ يەرگە بىر سورۇن تۈزۈپ فەررۇخفالغا خەۋەر بەردى. سۆھبەت ئاخىرى كېلىشىلىپ، ئىككى شاھنىڭ خىزمىتىگە جەئفەر ۋە سەنۇبەردىن باشقا كىشى بولمايدۇ دەپ بېكىتىلدى. ئىككى پادىشاھ ئىككى ۋەزىر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەتكە تۇتۇش قىلدى. فەررۇخفال ئاۋۋال سۆزگە كىرىپ، سەنۇبەردىن ئاڭلىغان يېگانە جاھان قىسسىسىدىن ئۆزىگە نىسبەت بېرىپ ئاخىرىدا:

— مەن ئىككى پەرزەنتىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ئوتقا ئۇرۇپ ئانىسىدىن ياردەم تەلەپ قىلدىم ، ئۇ بولسا بىۋاپالىق قىلىپ مېنى پەرزەنتلىرىم بىلەن قوشۇپ ئوتتا تاشلاپ ئۆزى يالغۇز پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ

كەتتى . مەن ئىككى پەرزەنتىم بىلەن ئوتتا تىرىك كۆيدۇم . تەگرى تائالا ماڭا ئىككىنچى نۆۋەت ھاياتلىق ئاتا قىلىپ ، مېنى بۇ جاھانغا ئادىمزات سۈرىتىدە ئاپىرىدە قىلدى ۋە دۆلەت پادىشاھلىقىغا مۇيەسسەر قىلدى . مەن بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن خوتۇنلارنىڭ دىدارىنى كۆرمەيمەن ، ئەگەر كۆرۈپ قالغۇدەك بولسام ئۆلتۈرۈشكە ئازراقمۇ ئىككىلىنىپ تۇرمايمەن دەپ قەسەم قىلغانمەن ، — دەپ سۆزىنى تامام قىلدى. يېگانە جاھان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ قىسسىسىدىكى ۋەقەلەرنى يادىغا ئالدى ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېرى ئىكەنلىكىگە مۇقەررەرلەشتۈرۈپ، «بىۋاپالىقنى ئېرخى ماڭا ئارتىپ تۆھمەت قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ ئېرخىمۇ غەزەپلىنىپ:

— ھەي نائىنساپ مەككار ، يالغانچىلىق قىلما ! تەگرى تائالا ھەممىنى بىلگۈچىدۇر . نېمىشقا يالغان سۆزلەپ ئۆزۈڭنى گۇناھسىز ، مېنى بىۋاپا دەيسەن . تەگرى ئالدىدا ئويالمامسەن ؟ ئۇ زاماندىكى ھەقىقىي ئىشلار يادىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ ؟ سەن ئۇ چاغدا تاش يۈرەكلىكنى ئۆزۈڭگە كەسىپ قىلغانىدىڭ . ئىككى پەرزەنتىم بىلەن مېنى ئوتتا تاشلاپ كەتكەنىدىڭ . ھەرقانچە زارلىنىپ ۋارقىرىغان بولسامۇ ماڭا زادىلا قاراپ قويمىغانىدىڭ ، — دېدى . فەررۇخفال :

— ھەي خوتۇن ، ئەمدى ساڭا سۆزلىگەنىمنىڭ پايدىسى يوقتۇر ، سەندىن راستچىللىقنى ئۈمىد قىلىپ بولغىلىمۇ بولمايدۇ . چۈنكى خوتۇن خەقلەر ئەزەلدىن چىشى جادۇگەرلەردىن پەرقسىز بولۇپ، يامانلىقنى ئۆزىگە ھۈنەر دەپ بىلىدۇ . ئاۋۋال ۋاپاسىزلىق ئاندىن ھاياسىزلىق قىلىدۇ ، — دېدى .

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا كەسكىن بەس — مۇنازىرە بولۇپ ، ئارىدىكى دۈشمەنلىك تەدرىجىي يوقىلىشقا باشلىدى . سەنۇبەر قارشىلىق ئوتتىنىڭ بارا — بارا پەسىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاخىرى ياخشىلىق تەرەپكە ئىرىشىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى تەسكىن تاپقۇزدى . ئىككىسى نىقابلىرىنى تەڭلا بېشىدىن ئېلىپ بىر — بىرىنىڭ جامالىغا ئۇزۇنغىچە تىكىلىپ تۇرۇشتى . كۆز نۇرى ئۆزئارا سىڭىشىپ ، قوش يۈرەكنىڭ سوقۇشى تەڭلا ئەۋجىگە چىقتى ، ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ئۇچقۇن كۆزنى قاماشتۇرۇپ ، تەنىنى لەرزىگە كەلتۈردى . ئۇلار ھوش — ئەقلىدىن ئاجراپ كەتمەسلىك ئۈچۈن بىر — بىرىگە بولغان قايناق تەلپۈنۈشنى غايەت زور چىدام بىلەن تىزگىنلەپ ، ھايا پەردىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە يەر تېگىدىن يوشۇرۇن كۆز بېقىشتى . بىرەر سائەتتىن كېيىن يېگانە جاھان شاھلىق تاجىنى فەررۇخفالنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ ، دۆلەت ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ ، ئۆزى ھەرەمگە كىرىپ كەتتى . بارلىق شەھەر خەلقى كاتتا بايرام قىلىپ ئالەمچە تەنتەنە ۋە داغدۇغا بىلەن يېگانە جاھاننى شاھزادە فەررۇخفالغا نىكاھلاپ قويدى . فەررۇخفال جەئفەرنىڭ تەدبىرى بىلەن كۆپ مېھنەتلەر بەدىلىگە ئاخىرى مەشۇقىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتى . فەررۇخفال جەئفەرنى شۇ نەتىجە ئۈچۈن يۈكسەككە كۆتۈرۈپ سەنۇبەرنى ئۇنىڭغا تويلاپ بەردى . فەررۇخفال دۆلەت ۋە ئىززەتتىن بەختىلىك تۇيغۇلارغا چۆمۈپ ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى . جەئفەرنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى .

# ئەزىز بازەرگاننىڭ ۋەقەلىرى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

چىن ۋىلايىتىدە ئەزىز بازەرگان ① دەيدىغان بىر سودىگەر بار ئىدى. مال ـ دۇنياسى ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۆمرىنى ھەمىشە ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى. بىر كۈنى ئۇ لاۋازىمەتلىكلەرنى تەييار قىلىپ بەزمە تۈزۈپ بىر نەچچە دوست يارەنلىرىنى يېنىغا جەم قىلدى. ئۇلار باغچىدا چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ شاراب جاملىرىنى ئايلاندۇرۇپ ئەمدىلا شىر كەيپ بولۇشقانىدى، شۇ ئەسنادا بىر يىگىت مەرىكىنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ نېمەتلەرگە زوق ئولتۇردى ۋە ئۆز جىگىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىغۇدەك ئەلپازدا زار ـ زار يىغلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. بەزمە ئەھلى بۇنى كۆرۈپ كەيپى ئۆچتى. ئەزىز بازەرگان ھەيران بولۇپ:

— ھەي غېرىب مېھمان، بۇنچە يىغلىماققا نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدى. قايتا ـ قايتا شۇنداق دەپ سورىغان بولسىمۇ ئۇ يىگىت جاۋاب بەرمەي ھەدەپ يىغلاش بىلەن بەنت ئىدى. ئېزىز بازەرگان ھايران ـ ھەس بولۇپ تۇرۇپ قالدى... ②

.... «لۇئبەتباز دەيدۇ، ئەمدى مەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ ماڭغىن، بۇ سەرگەردانلىقتىن خالاس بولۇپ ئۇ شەھەردە خاتىرجەم ھايات كەچۈرسەن» دېدى. مەن ئۇ يىگىتتىن مۇنچە مېھرىبانلىقنى كۆرۈپ، تەڭرى تائالاغا شۈكرى قىلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ ماڭدىم. شەھەر دەرۋازىسىغا يېتىشكەن چاغدا ئىرەم گۈلىستانىغا ئوخشايدىغان ئاجايىپ بىر گۈزەل شەھەرنى كۆرۈپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدىم، — دەپ يىگىت سۆزىنى مۇشۇ يەرگە ئەكەلگەندە ئۆينىڭ ئۆگزىسىدە قوغلىشىپ يۈرگەن ئىككى مۈشۈك سورۇن مەيدانىنىڭ نەق ئۈستىگە چۈشتى. بەزمە ئەھلى ئۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغانىدى، تۇيۇقسىز چۈشكەن بىر نەرسىدىن قورقۇپ پاتىپاراق بولۇشۇپ كەتتى، يىگىت بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تويىنى سوغۇرۇلۇپلا بىر ياققا بېشىنى ئېلىپ كەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن سورۇن ئەھلى يەنە جەم بولغاندا ھېلىقى يىگىتنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆردى. ئەزىز بازەرگان يىگىتنىڭ كەتكىنىدىن ۋە ھېكايىنىڭ تېخى تامام بولمىغانلىقىدىن پەرىشان بولۇپ خىزمەتچىلەرگە «ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرىدى. ئۇلار شۇنچە ئىزدىشىپ كۆردى، بىراق پايدىسى بولمىدى. ئەزىز بازەرگاننىڭ يېرىم بولغان كۆڭلى ھېكايىنىڭ داۋامىغا باغلىنىپ قالدى. ئۇ ئاخىرى بىقارارلىقتىن سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييارلاپ، قونۇچ ۋىلايىتىگە بارماقنى جەزىم قىلدى. دوست ـ يارەنلىرى ھەرقانچە نەسىھەت قىلىپ توسىغان بولسىمۇ ھېچ پايدىسى بولمىدى.

① بازەرگان — سودىگەر.
② بۇ يەردىن ئىككى بەت يوقالغان

ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىر ـ بىرلەپ خوشلىشىپ ، بىر نەچچە خىزمەتكار غۇلام بىلەن سەپەر جابدۇقلىرىنى راستلاپ دەشت ـ باياۋانغا يول ئالدى . ئۇ بىناقەتلىكتىن يولنى تېزرەك بېسىپ بولۇشقا تىرىشتى . ئازلا پۇرسەتتە قونۇچ ۋىلايىتىگە يەتتى ۋە لۇئىبەتباز شەھىرىنى سۈرۈشتۈردى . ھارقانچە سۈرۈشتە قىلىپمۇ ئۇ شەھەرنىڭ نىشانىنى ئەسلا تاپالمىدى . ئۇنىڭ تەبئىتى بۇزۇلۇپ كۆڭلى جۇنۇنلۇققا يۈزلەندى. قولىدا ھەرخىل ماللار بار ئىدى ئۇمۇ تۈگىدى. دوستلىرى ۋە خىزمەتكارلىرى بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەر تەرەپكە كېتىشتى. ئېزىز دۆلەت كۆرسىدىن چۈشۈپ گادايلىق تۆشكىدە ئولتۇردى. ۋەتىنىگە قايتماققا ئەلۋەتتە ئىمكان يوق ئىدى. ئۇ ئامالسىز مىسكىن ۋە بىناۋالىق بىلەن تەنھا ئۆزىلا مەقسەت يولىغا قەدەم قويۇپ، كېچە ـ كۈندۈز گاھى شەھەردە، گاھى سەھرالاردا مەجنۇن بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ بارلىق سەرمايىسىنى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى، ھېچ پايدىسى بولمىدى. بەزىدە ئۆي ـ ماكانىنى ياد ئېتىپ تېنىمسىز ئاھ ئۇراتتى، بەزىدە دەرد ـ ئەلەم ۋە يوقسۇزلۇقتىن زار ـ زار يىغلايتتى، غۇربەت دەشتىدە سەرۋىدەك قامتىنى يادەك ئېگىپ بىھوشلۇقتا نالە قىلاتتى.

بىر كۈنى ئېزىز شۇ ھالەتتە نالە ـ پىغان قىلىپ قان ئىچكۈچى دەشتلەردە مەقسەت مەنزىلگە يول تاپالماي ساراسىمە بولۇپ يۈرەتتى. ئالدىدىن تۇيۇقسىز چېھرى قۇياشتەك پارلاق بىر يىگىت چىقىپ ئۇنىڭدىن :

— نېمىشقا بۇنداق سەرسان بولۇپ يۈرۈيسەن ؟ — دەپ سورىدى . ئېزىز كەچمىشلىرىنى بايان قىلىپ ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى . يىگىت :

— ھەي ، ئەقلىنىڭ ماتەمدار رەسۋاسى ! نېمانداق بولمىغۇر خىياللارنى قىلىسەن . يوچۇن بىر ئادەمدىن ھېكايە ئاڭلاپ ئۆزۈڭنى بىكاردىن بىكار مېھنەت ئەلىمىگە دۇچار قىلىپسەن ، يەنە كېلىپ دەشت ـ باياۋاندا سەرسان بولۇپ يۈرۈپسەن ، بۇ ئاقىلانىلىق ئەمەستۇر . بۇ مۇشكىلىك ھېچقانداق ۋاقىتتا ھەل بولمايدۇ ! ھېلىمۇ ئۆلگۈرسەن . مەسلىھەت يولىنى تېپىزدىن تاللاپ ئۆز ۋەتىنىڭگە قايتىپ كېتىشنى نىيەت قىل ، — دېدى . ئېزىز :

— ھەي ئاق كۆڭۈل يىگىت، ئۆي ـ ماكانىمدىن ئايرىلىپ مۇشۇ يەرگىچە كېلىپتىمەن، مەنزىلگە يەتمەي تۇرۇپ تەك يولدا قايتىپ كەتسەم ئىرادەم بۇنى ھەرگىز قوبۇل كۆرمەيدۇ. تەڭرى تائالانىڭ ھەق ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن قولۇمنى تۇتۇپ پېقىرنى مەقسەت يولىغا كىرگۈزگىن، — دېدى.

— ھەي ئېزىز ،— دېدى يىگىت ،— بارلىق ئۆمرۈڭنى بۇ يولدا سەرپ قىلساڭمۇ ھەرگىز پايدا كۆرمەيسەن ، لۇئىبەتباز دېگەن شەھەر يەر يۈزىدە ئەسلا مەۋجۇد ئەمەستۇر . بۇ شەھەرنى ئىزدەشتىن يېنىپ ئۆز دىيارىڭغا قايتىپ كەتكىنىڭ تۈزۈك .

ئېزىز :

— ھەي مەرد يىگىت ، تەلەپ يولىدا خاكسار بولغانلارغا نەسىھەت كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن . ئەگەر بۇ يولدا پۈتۈن ئۆمرۈم خوراپ تۈگەپ كەتسىمۇ مەيلى ، مۇشۇ يولدا ماڭغىنىم ماڭغان . بېيىت :

مەقسەتكە يەتمىگۈچە ،
يانماسمەن ئۆز يولۇمدىن ،
يا تەن يېتەر جانانغا ،
يا جان چىقلا تېنىمدىن .

ھەي يىگىت ، تەڭرى تائالانىڭ
ھۆرمىتى ئۈچۈن ماڭا رەھىم قىلىپ مىنى بۇ
ئۈمىدسىزلىك دەشتىدىن چىقىرىپ مەقسەت
مەنزىلىگە يېتىشىم ئۈچۈن ئازراق ياردەم
قىلساڭ ، — دېدى .

ئۇ يىگىت ئىبزىنىڭ مەقسەتكە يې-
تىش تەلپىنىنىڭ قاتتىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
مەرھەمەت يۈزىسىدىن :

— ھەي ئىبزىز ، سەۋر - تاقەتنى
ئۇستاز تۇتقىن ، تەڭرى تائالا رەھمىتىدىن
ئۈمىدۋار بولۇپ ئىزىمىدىن ماڭغىن .
ئىنشائاللاھ ! سىنى مەقسەت يولىغا راۋان قى-
لىشتىن ئۈمىدىم چوڭ ، — دېدى .

ئىبزىز بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى
خۇشال بولۇپ تېنىگە قايتا كۈچ كىردى .
يىگىتنىڭ ئارقىسىدىن سايىدەك ئەگىشىپ
ماڭدى . يىگىت بىر نەچچە پەرسەڭ يول
يۈرۈپ ، بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ
ئازراق دەم ئالغاندىن كېيىن :

— ھەي ئىبزىز ، ئەگەر مەقسەت يو-
لىغا مەزمۇت قەدەم تاشلىساڭ ئوزۇق -
تۈلۈكتىن ھەرگىز غەم قىلما . مۇشۇ يولنى
بويلاپلا ماڭغىن ، ھەرگىز باشقا ياققا كېتىپ
قالمىغىن ، — دېدى ۋە ياغاچتىن ياسال-
غان قىلىچ ۋە تاشتىن ياسالغان غىلاپنى
بېرىپ ، — ئەگەر كۆپ يول يۈرۈپ ماجالىڭ
قالمىسا ياكى بىرەر كېلىشمەسلىككە يولۇق-
ساڭ ، قىلىچنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ
ئالدىڭغا توغرىلاپ تۇتقىن ، تېنىڭدە قۇۋۋەت
پەيدا بولىدۇ . يەنە داۋاملىق مېڭىۋەرسەڭ ،
تۈز يولغا چىققاندىن كېيىن يەنە قىلىچنى
ئۆز جايىغا سېلىپ قويىسەن . قەيەردە ھې-
رىپ چارچاپ بىردەم راھەت پەيزى
سۈرمەكچى بولساڭ قىلىچنى يەنە قىنىدىن
چىقىرىپ ئالدىڭغا قويىسەن ، بىر شەھەر
پەيدا بولىدۇ . ئۇ يەردىن شاراب ۋە تائامىڭنى
ئېلىپ ئاخشىمى نەدە يېتىش كۆڭۈللۈك
بولسا شۇ يەردە يېتىپ ئەتىسى يەنە قىلىچنى
غىلىپىغا سالساڭ شەھەر ئۆزلۈكىدىن غ-
ايىپ بولىدۇ ، — دەپ كۆزدىن يوقاتتى .

ئىبزىز قىلىچنى بېلىگە باغلاپ شاد-
خۇراملىق بىلەن يولغا راۋان بولدى . كەچ
بولغاندا ئىبزىز يىگىتنىڭ دېگەنلىرى بويىچە
قىلىچنى ئالدىغا قويۇۋېدى بۇ قانخور قاقاس
جەزىرىدە ناھايىتى گۈزەل بىر شەھەر پەيدا
بولدى . شەھەرنىڭ ئىچىدە راۋاقلار ۋە ئالىي
ئىمارەتلەر كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى . ئىبزىز
شەھەرنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە بىر ئاۋات
مۇساپىرخانىنىڭ ئالدىدا توپلىشىپ تۇرغان
بىر توپ قەلەندەرنى كۆردى . ئىبزىز كېلىپ
ئۇلارغا سالام بېرىپ ئولتۇردى . قەلەندەرلەر
ئۇنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ
ئالدىغا تائام كەلتۈردى . تائامدىن كېيىن
ئىبزىز بىر ئۆينى ماكان قىلىپ شۇ يەردە
ھاردۇق ئالدى . سۈبھى ۋاقتى بولغاندا
قىلىچنى غىلىپىغا سالدى . شەھەر دەرھال
غايىپ بولدى . ئۇ ئۆزىنى يەنە چۆل -
باياۋاندا كۆردى .

ئەلقىسسە ، ئۇ شۇ تەرىقە بىلەن يو-
لىنى يەنە داۋاملاشتۇردى . بىر نەچچە
ۋاقىتتىن كېيىن بىر دەريانىڭ قىرغىقىغا
كېلىپ سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېڭىشۋىدى
قىلىچنىڭ بېغى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ دەرياغا
چۈشۈپ كەتتى . ئۇ شۇنچە كۆپ ئىزدىدى ،
تاپالمىدى . بۇ سەۋەبتىن زىيادە غەمكىن بو-
لۇپ دەريا قىرغىقىدا مۆكلىنىپ ئولتۇردى .
بۇنىڭدىنمۇ ھېچ نەرسە ھاسىل بولمايدىغان-
لىقىنى كۆڭلى تۇيۇپ ئۆز يولىغا نائىلاج
راۋان بولدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ
ئۆزىنى يەنە دەشت - باياۋاندا كۆردى . يەنە

نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن بىر ئېكىنزارغا يېتىشىپ ئۇ يەردە بىر يىگىتنىڭ شاراب ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى، قېشىدا بىر گۈزەل ئايالنىڭ مەي قۇيۇپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئېزىز ئۇنىڭ بىلەن تونۇش بولمىسىمۇ سادىلىق ۋە يېقىملىقلىق بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ يىگىتنىڭ بىر نەرسە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇردى. يىگىتنىڭ نەزەرى ئۇنىڭغا چۈشۈپ مەرھەمەت يۈزىسىدىن ئۇنى ئالدىغا چاقىرىپ ئەھۋالىنى سورىدى. ئېزىز كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن ــ ئاخىر سۆزلەپ بەردى. دېھقان يىگىت:

ـــ ھەي قاملاشقان يىگىت، كۆڭۈلنى ئەندىشىگە سالىدىغان بۇ خىل بولمىغۇر خىياللارغا كاللاڭدىن ئورۇن بېرىپسەن ئەمەسمۇ: ھازىرمۇ ئۆلگۈرسەن، ئۆز ھالاكىتىڭگە ئۇنچە كۈچەپ كەتمە. جاپا ــ ئەندىشىدىن يىراق بولاي دېسەڭ سۆزۈمگە كىر، سەن ماڭغان بۇ يول ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكىنىڭ بىلەنمۇ مەنزىلگە يەتكىلى بولمايدىغان يول. ئەگەر جاھان غەۋغاسىدىن قۇتۇلۇپ ئۆمرۈمنى خۇشال ئۆتكۈزەي دېسەڭ مېنىڭ بىلەن بىر نەچچە كۈن ھەمسۆھبەت بولغىن. كۆرگەن مېھنەتلىرىڭ شۇنىڭ بىلەن تۈگەپ كەتسۇن، ــ دېدى.

ئېزىز دېھقان يىگىتنىڭ سۆزىگە ماقۇل كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەت قۇردى. شاراب جاملىرىنى ئايلاندۇرۇپ رەنج مۇشەققەتنى يىراققا ئاتتى.

ئەلقىسسە، ئۇلار بىر نەچچە كۈن شۇ تەرىقىدە شاراب بەزمىسى قىلىپ ئولتۇردى. تاڭ ئاتقان، ئەمما تېخى كۈن چىقمىغان بىر پەيت ئىدى، ئاسماندا بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئېكىنزارلىقنىڭ دەرەخلەرىنىڭ ئۈستىگىلا كېلىپ ئۇنى مۇھاسىرىگە ئالدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ئۇ قارا بۇلۇت ئىچىدىن بىر ئاق نۇر پەيدا بولۇپ ئارقىدىنلا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قولىدەك بىر ئاپئاق قول كۆرۈندى، ئۇ گويا قۇياش نۇرىدەك كۆزنى قاماشتۇراتتى. دېھقان يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ دەرەخنىڭ ئاستىغا كەلدى. قەدەھنى شارابقا تولدۇرۇپ بۇلۇت ئارىسىدىن بىر دەستە نۇردەك سوزۇلۇپ كەلگەن ئۇ قولغا تۇتقۇزدى. نۇرانە قول ئۇ قەدەھنى بۇلۇتنىڭ ئىچىگە تارتىپ ئېلىپ كەتتى، بىردەمدىن كېيىن ئۇنى چىقىرىپ يەنە دېھقان يىگىتكە بەردى. شۇ ھالەتتە ئارقا ئارقىدىن قىرىق جام مەي ئۇزىتىلدى. بۇلۇت ھەممىنى ئىچىپ بولۇپ ئارقىغا ياندى. ھېلىقى نۇرلۇق قولمۇ تەڭلا غايىپ بولدى. قارا بۇلۇت بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ شەھەر تەرەپكە ئۇزاپ كەتتى. ئېزىز بۇ ھادىسىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ دېھقان يىگىتتىن ئۇنىڭ مەخپىيىتىنى سورىدى. دېھقان يىگىت جاۋاب بەرمىدى. ئېزىز بۇ ھادىسە ھەر قېتىم تەكرارلانغاندا ئۇنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى.

قازارا، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە دېھقان يىگىت جىددىي بىر تالاپەتكە ئۇچراپ زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن سەپەرگە چىقىپ كەتتى، كېتەر چېغىدا تۇرمۇش لاۋازىمەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ:

ـــ بۇلۇت كۈندە كېلىپ دەرەخ ئۈستىدە تۇرغاندا، سەنمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدىگە ئەمەل قىلىپ جامنى لىق تولدۇرۇپ، ساناپ تۇرۇپ قىرىق قەدەھ مەي بەرگىن، ئۆز قولىغا تۇتقۇزغىن، بوشاڭلىق قىلمىغىن، دەپ تاپىلىدى. ئېزىز بارلىق

تىرىشچانلىقىنى كۆرسىتىپ بۇلۇتنىڭ خىزمىتىنى دېھقان يىگىتنىڭ دېگىنىدەك ئېلىپ باردى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئېيىز كۆڭلىدە: «ھەر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ بۇلۇتنىڭ ئارقىسىدىن بىر قول چىقىپ شاراب جامىنى ئالىدۇ. بۇ سىرلىق پەردىنىڭ ئارقىسىغا نېمە ھېكمەت يوشۇرۇنغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئەتە بۇلۇت كەلسە ئۇ سېھىرلىك قولنىڭ ھەقىقىتىنى بىر سوراپ كۆرەي» دەپ ئويلىدى. ئەتىسى بۇلۇت ئاۋۋالقىدەك ئۆز ئورنىغا كېلىپ تۇردى. ئېيىز بۇلۇتنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ شاراب جامىنى ئۇزاتتى. قول سوزۇپ كېلىپ جامنى ئالماقچى بولۇپ تۇراتتى، ئېيىز ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن تۇتۇۋالدى. شۇ ھامان قاتتىق بىر سادا چىقىپ ھاۋادا غايەت چوڭ بىر قۇش پەيدا بولۇپ ئېيىزنى كۆتۈرۈپ كۆككە سۇڭغاردەك پەرۋاز قىلدى، بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە ئاستا پەسلەپ چۈشتى. دەل شۇ چاغدا ئېيىز قۇشنىڭ چاڭگىلىدىن ئاجراپ گۆردەك قاراڭغۇ بىر چوڭقۇرلۇققا غۇلاپ چۈشتى. ئېيىز ھوشىغا تەستە كېلىپ ئۆمانى قىرىق گەز ئۆچتى. شۇنچە ئويلاپمۇ بۇ زۇلمەت ئازگالدىن چىقىپ كېتىش ئىمكانىيىتىنى تاپالمىدى. ئامالسىزلىقتىن ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇپ نىجادلىق ئىزدىدى. شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزۇن تىركەشكەندىن كېيىن كىچىككىنە بىر تۆشۈكنى بايقاپ قالدى. ئۇ بۇ تۆشۈكنى تىرنىقى بىلەن تاتىلاپ يىگىتنىڭ كۆزىدەك تۆشۈكنى چوڭايتىپ ئۇنى بىر كۆز بىلەن ئەتراپتىكى دۇنيانى كۆرەلىگۈدەك ھالغا كەلتۈردى. كېيىن يەنە بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنى بىر ئادەم پاتقۇدەك تۆشۈككە ئايلاندۇردى.

ئەلقىسسە، ئۇ مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. گۈمبەزنىڭ ئىچىگە بىر تۇزاق قويۇلغانىكەن، ئېيىز شۇ تۇزاققا ئىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن ئۆزىنى بوشىتىش ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپ كۆردى، ئاقىۋەت بوشانماقتا يوق ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىڭ چىرمىلىپ قالدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن بىر سەيياد بۇ يەردە پەيدا بولۇپ ئۇنى تۇزاقتىن چىقىرىپ بويىنىغا تاقاق، بۇتىغا زەنجىر سېلىپ، يۈزمىڭ خارلىق بىلەن ھەيدەپ ماڭدى، ئىككى پەرسەڭ يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇنى بىر ئالىي قەسىرنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ تاشلىدى. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قەسىرنىڭ ئىچىدىن ناھايىتى گۈزەل، پەرى سۈپەت بىر قىز چىقىپ ئېيىزنىڭ يۈزىگە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن سەييادقا:

— بۈگۈن ئەكەلگەن مېلىڭ ناھايىتى ئورۇق ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ئوبدان باقىسەن، سەمىرىگەندىن كېيىن ئالدىمغا ئەكەلگىن، — دېدى ۋە كەينىگە ئۆرۈلۈپلا قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. سەيياد ئېيىزنى باغلاقتىن دەرھال بوشاتتى. ئېيىزنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقتىن قەسىر سەيناسىدا بىرەر سائەتچە ئولتۇردى، ئارقىدىن ئۇيقۇسى غالىب كېلىپ شۇ يەردىلا بېشىنى قويۇپ ئۇخلىدى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندىن كېيىن ئۆزىنى بىر باياۋاندا كۆردى. جان ۋەھىمىسىدىن ئۇنىڭ جىمى ئەزايىغا تىترەك ئولىشىپ ئۇسسۇزلۇق ئازابىدىن قىينىلىپ بىرەر تەرەپتىن ھاياتلىق نىشانى كۆرۈنەرمىكىن دەپ ھەرياققا يۈگۈرەتتى. ئۇ ئاخىرى ھالىدىن كېتىپ جاڭگالنىڭ بىر يېقىغا باش قويۇپ ئۆز ئۆلۈمىنى كۈتۈپ ياتتى. شۇ ئەسنادا دەشت - باياۋان

ئىچىدىن ئىشەككە مىنگەن بىر بوۋاي ناھايىتى تېزلىكتە چىقىپ كەلدى ۋە ئىبىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نېمىشقا شۇنچە غېرىب ناتىۋان ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سورىدى. ئىبىز يىغلاپ تۇرۇپ سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلدى. بوۋاينىڭ رەھمى كېلىپ:

— ئارقامدىن ماڭغىن، قاقاس باياۋاندىن چىمەنزارلىق بۇلىقىغا يەتكەيسەن، — دېدى.

ئىبىز بۇنى ئاڭلاپ بوۋايغا كۆپ تەشەككۈر ئېيتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ بارلىق قۇۋۋىتىنى ئىشقا سېلىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شامالدەك تېز ماڭدى. تاڭ ئاتقاندا، ھەرقانداق مۇساپىرنى تاڭ قالدۇرغۇدەك بىر گۈزەل شەھەرگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ شەھەرنىڭ ھەممە تەرىپىدە ئېقىن دەريالار بولۇپ، قىرغاقلىرىدا مېۋىلىك دەرەخلەر بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى، ئۈستىدە ھەر خىل خۇش ئاۋاز قۇشلار سايرىشىپ تۇراتتى، ئىبىز جانىنى جان قوشىدىغان بۇنداق گۈزەل ماكانىنى كۆردى، ئۇنىڭ قەلب دەرياسى مەۋج ئۇردى. كۆز نۇرى جىلۋىنىپ كەتتى. ئۇ ئېسىنى يىغقان چاغدا بوۋاينىڭ غايىپ بولغانلىقىنى كۆردى.

ئىبىز شەھەرگە كىرىپ بازار رەستىلىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مەشۇقلارنىڭ نازۇك بېلىدەك نەپىس مۇنارلارنى كۆردى. ئۇنىڭ پەلەك بىلەن بوي تالاشقان ھەيۋەتلىك قىياپىتىگە ھەيرەت بىلەن نەزەر تاشلىغاچ ئەتراپىنى تاماشا قىلدى، كۆزى شارابتىن مەست بولغان كىشىنىڭ كۆزىدەك خۇمارلىشىپ باراتتى. بۇ شەھەرنىڭ يوللىرىمۇ شەھەر خەلقىنىڭ كۆڭلىدەك تۈز ۋە غەلە ـ غەشلەردىن يىراق ئىدى. ھاۋاسى گويا نەغمە ساداسىدەك يېقىملىق ئىدى، بۇرۇقتۇم كۆڭۈللەرنى ئاچاتتى. كوچىلىرىنىڭ رەتلىكلىكى قاتار تىزىلغان قەدەھلەردەك كىشىنىڭ كەيپىنى كۆتۈرەتتى. ئۆيلىرى چىمەنزارلىقتەك پاك ۋە گۈزەل، ئاھالىلىرى ناھايىتى قامەتلىك ۋە كېلىشكەن بولۇپ ھەممە ئادەم بۇ يەردە خۇددى جەننەتتە ياشىغاندەك ياشايتتى. ھەممە ياق قاچانلا قارىسا بايرام شادلىقىغا تولۇپ تۇراتتى. قەسىرلەرنىڭ ئېسىللىكى ئالدىدا ئىرەم گۈلىستانىنىڭ تەڭداشسىز دېيىلگەن قەسىرلىرىمۇ ھېچقانچە ئەمەس ئىدى. ئىبىز زوق ـ ئىشتىياق بىلەن بۇ مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن بىر گۈزەل ياغقا كىرىپ «بۇ يەردە ئادەم كۆرۈنمەيدىغۇ» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ ئولتۇراتتى، دەل شۇ پەيتتە ئاي سۈپەت ئىككى قىز كېلىپ ئىككى تەرەپتىن ئۇنى قولتۇقلاپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ ئىشتىن ئۇ ۋەھىمىگە چۆكۈپ ئۇلاردىن ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، يالۋۇردى، ئاھ ئۇردى، ئەمما ئۇلار ئەسلا پەرۋا قىلماي ئۇنى بىر بارگاھقا ئېلىپ كىردى. بۇ بارگاھنىڭ تۆت تەرىپىدىكى چىرايلىق راۋاقلارمۇ شەھەر كوچىلىرىدىكى ئېگىز مۇنارلارغا تەڭدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ بارگاھنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇ يەردە دۆلەت كاتتىلىرى ۋە سەلتەنەت ئىگىلىرىنىڭ ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇ ھالەتتىن ئۇنىڭ ئاياغلىرىدا جان قالماي يەرگە يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. ۋەزىر شاھلىق تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانىدى. مۇلازىملارغا: «ئۇنى يۇيۇپ تاراپ، ياخشى كىيىندۈرۈپ كېلىڭلار» دەپ بۇيرىدى، ئۇلار ئىبىزنى دەرھال مۇنچىغا ئاپىرىپ پاك ـ پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، ئۇچىسىغا خۇسرەۋچە

كېيىملەرنى كەيدۈرۈپ، بېشىغا شاھلىق تاجىنى تاقاپ ئورنىغا كەلتۈردى. ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئۇنى كاتتا ئېھتىرام بىلەن شاھلىق تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. دۆلەتنىڭ شاھلىق ئورۇنباسارلىرىدىن تارتىپ قۇل ـ چاكار ـ غىچە ھەممىسى ئۇنىڭ خىزمىتىدە قول باغلاپ تۇرۇشتى. مۇلازىملار كېرەكلىك نەرسىلەرنى تەييار قىلىپ ئۆزلىرىگە تەئاللۇق ئىشلارنى بىجانىدىل ئورۇنداشقا چۈشتى. ئېزىز كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلارغا ھېچ ئىشىنەلمەي تامدىكى رەسىم ـ دەك قېتىپ ئولتۇردى. ئۇ: «بۇ مېنىڭ چۈشۈممۇ ئوڭۇممۇ، ئۆزۈم ئۇخلاقمۇ ئويـ غاقمۇ» دەپلا ئويلايتتى. دانا ۋەزىر پاراسەت بىلەن ئېزىزنىڭ ئويلىرىنى بىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، قويىنى نازۇ ـ نېمەتكە تولغان، بۇ گۈزەل شەھەرنى لۇئـ بەتباز دەپ ئاتايدۇ. شەھەر پادىشاھىنىڭ بۇ پانىي ئالەمدىن ئۆزاپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولدى. ئۇ پادىشاھنىڭ بىرەرمۇ ئوغۇل پەرزەنتى يوقتۇر. شۇڭا ئۇ ئۆلەر چېغىدا: «مەن ئۆلۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن قايسى مۇساپىر بۇ شەھەرگە قەدەم قويسا، مەيلى ئۇ قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنى پادىشاھ قىلىپ سايلاپ مەملىكەتنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقىنى ئۇنىڭغا ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. بەختلىرى زىيادە ئىكەن، بۇ يەرگە دەل ئۆلگۈرۈپ كېلىپ قالدىلا، شۇڭا ئۆزلىرىنى پادىشاھ قىلىپ تىكلىدۇق. شاھنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە تۇرغان بىر گۈزەل قىزى بار. ئۇنىڭ يۈزىگە جاھاننى يورۇتقۇچى قۇياشمۇ تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. پادىشاھ ۋەسىيەت قىلىپ: «يالغۇز قىزىمنىمۇ ئاشۇ پادىشاھ بولغان كىشىگە نىكاھلاپ بېرىڭلار» دېگە ـ نىدى. بەخت ـ ئىقباللىرى يۇلتۇزى ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى، نېمىشقا زۇۋان سۈرمەيلا؟ تىترەپ كېتىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ ئەي ئۇلۇغ شاھىم، ھەرقانداق غەيرىي خىيال ۋە بىمەنە ھەيرانلىقنى كاللىلىرىدىن چىقىـ رىپ تاشلاپ، تەڭرى تائالا ئاتا قىلغان بۇ غايەت زور بەختكە شۈكرى ـ سانا ئېيتـ سىلا، شۇ چاغدىلا ئاندىن دۇنيانىڭ ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان نېسىۋىسىدىن ئۇنۇملۇك بەھرىمەن بولالايلا، — دېدى.

ئېزىز تەننى يايرىتىدىغان بۇ ئېسىل سۆزلەردىن ئالەمچە شادلىققا چۆمۈپ، خۇ ـ شاللىقتىن يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلۈپ كېتىشكە تاس قالدى. كىمكى تەلەپ يولىغا ئىخلاس قەدىمىنى قويمىسا، مەقسەت مەنزىلىگە يېتەلمەيدۇ. ساداقەت ۋە ئىرادىنى ئۆزىگە باش قىلمىسا ئۈمىد شولىسىنى كۆرەلمەيدۇ، ئازاب چەكمىسە لەززەتكە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئەلقىسسە، ئېزىز كۆپ رەنج مۇشەقـ قەت كۆرگەندىن كېيىن لۇئبەتباز شەھىرىنىڭ پادىشاھىغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئىقبال بايرىقىنى كۆكتە جەۋلان قىلدى. خەلقنىڭ مۇبارەك ئېيتىپ ئۇنى قۇتلۇقلاشـ لىرى پەلەككە يەتتى. دانا ۋەزىر شاھنى خەلق ئارىسىدىن خاس خىلۋەتكە چاقىرىپ ئەكىلىپ ئۇنىڭغا مۈلكدارلىق قانۇنلىرىدىن تەلىم بەردى، ئاندىن پەرمان چۈشۈرۈش ۋە ھاكىمىيەت سوراشنىڭ ھەق ـ ئادالەت يولـ لىرىنى ئۆگەتتى. كۈنلەر شۇنداق ئۆتتى. ھەر كۈنى تاڭ سۆزۈلۈشى بىلەن ئېزىز بار ـ گاھىغا قايتىپ تەختتە ئولتۇراتتى. ۋەزىرنىڭ مەسلىھىتى بىلەن: «توي جابدۇقلىرى تەييار قىلىنىپ، مەلىكە شاھقا نىكاھلاپ بېـ رىلسۇن» دېگەن يارلىق چۈشۈرۈلدى. مۇلازىملار خۇشاللىق بىلەن بەزمە تەسۋابلىـ

رىنى تەييار قىلىشتى . بەزمە سورۇنى جەننەت باغچىسىدەك زىننەتلەندى . پەردازچىلار قۇياشتەك نۇرجامال مەلىكىنى ناھايىتى كۆپ زىبۇ زىننەتلەر بىلەن ياساندۇردى . ئاندىن ئۇنى ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى . جاھانغا نۇر تارىتىپ كېلىۋاتقان بۇ گۈزەل كېلىننىڭ چىھرىدىن ئۆي ئىچى يورۇپ كەتتى . كېنىزەكلەر ئۇنىڭ بېشىغا دەستە - دەستە گۈل، ئىتەك - ئىتەك ئۈنچە-مەرۋايىتلار چاچتى . ئۇردا ئىشىكىدىن تاكى ھۇجرا ئىشىكىگە گۈل يۈزلۈك خانقىزلار ناز-كەرەشمە بىلەن ئۆزىگە زىننەت بېغىشلاپ ، بەدەنلىرىدىن ئىپار ھىدى تارقىتىپ قاتار تىزىلىپ تۇرۇشاتتى . پادىشاھ چىمەنلىك سەھنىسىگە كېلىپ ئۇ نازىنىنلارنىڭ جامالىنى كۆرۈپ كۆڭلى گۈلدەك ئېچىلدى ، ئاندىن مەلىكە تۇرغان خىلۋەتخانىگە كىرىپ ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن ، تەگداشسىز ھۆسن - لاتاپىتىدىن بىھوش بولۇپ كەتكىلى تاس قالدى . ئۇلار بىر جۈپ گۆھەردەك تەخت ئۈستىدە چاقنىدى . ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سەۋرى دەرىخى كۆكىرىپ تۇراتتى . ئۇلار شۇ ھالەتتە گويا قۇياش بىلەن ئاي بىر - بىرىگە يېقىن كېلىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى . كېنىزەكلەر ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا توپ يۇلتۇزلاردەك چۆرىدەپ ئولتۇراتتى . پادىشاھ ئۆزىنىڭ گۈزەل خانىشىنى كۆرگەن ھامان ئۆز ئېتىقادىنى بەربات قىلىپ كىشى كۆرمىگەن چاغدا ئۇنى خىلۋەتگاھىغا تارتىپ مەھبۇبىنىڭ چوغدەك لېۋىدىن لەززەت شارابىنى سۈمۈرەتتى . گاھىدا ئۇنىڭ كۈمۈشتەك ئايىغاق بەدەنلىرىنى قوينىغا ئېلىپ چىدىغۇسىز راھەتكە چۆمەتتى . ئۇ مۇھەببەت ئوتى كۆڭۈلدە ئەۋجىگە يەتكەن ۋاقىتتا ئاندىن تىلسىمات ئىشىكىنى ئېچىپ ، ئۈمىد دەرىخىنى مەقسەت گۈلىستانىغا تىكىشنى ئويلىدى ۋە بورانىنىڭ تەھدىتىنى كۆرمىگەن باغۋەن غۇنچىنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئاپەتتىن خەۋەرسىز قالغاندەك ئىش بولمىسۇن ، قولىغا گۈل تېكەنلىرى تۈيۈقسىز سانجىلىپ كەتمىسۇن ، گۈل ياپراقلىرى بۇلبۇلنىڭ مەنقارىدىن ئاجراپ كەتمىسۇن دېگەن پىكىردە بولدى ، ئۇ ناھايىتى بىتاقەت بولۇپ مۇلازىملارغا چارە ئۇسۇل تاپقۇچى زاھىدلارنىڭ بوۋىسى — مەست قىلغۇچ شاراب كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى . ئۇ شاراپ جامىنى ئايلاندۇرۇۋېتىپ : « بۇ گۈزەل خانىشىم ئەمدى مۇلايىملىششى مۇمكىن » دەپ ئويلىدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەڭ شاراب ئىچىشكە باشلىدى . ئەمما شاراب ئىچىش مەلىكىنىڭ دائىملىق ئادىتى ئىدى . ھاراققا مايىل بولۇپ بىر نەچچە جام شاراب ئىچكەندىن كېيىن ئۇ: « پادىشاھنىڭ زادى نىمە مەقسىتى باردۇر ؟ » دەپ ئويلاپ يۈزىدىن پەردىنى كۆتۈرىۋەتتى . تال - تال چېكە چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ نۇرانە يۈزىنى روشەن قىلىپ پادىشاھقا كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە قەدەھ تۇتۇپ قەلەمدەك قاشلىرىنى سوزۇپ ئۇنى ئىچىۋېتىشكە ئىشارە قىلدى . پادىشاھ بىر نەچچە قەدەھنى مەلىكىنىڭ قولىدىن شۇ تەرىزدە ئېلىپ ئۇنى ھېچ تەكەللۇپسىزلا ئىچىۋەتتى ، مەلىكە بارلىق ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەرنى ئىما - ئىشارەت بىلەن يېنىغا جەم قىلىپ ، ئۇسۇل ئويناپ ، ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىشتى . ئۇلارنىڭ شادىيانە ، نەپىس ئۇسسۇللىرىدىن ، يېقىملىق ئاۋازىدىن پادىشاھ مەستخۇش بولدى . بىرنەچچە ئاي سۆيەت كېنىزەكلەر شاھ بىلەن خانىشىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋاندەك ئايلىنىپ يۈرەتتى .

ئۆلارنىڭ كۆركىدىن قۇتۇپ يۇلتۇزنمۇ ھەيرەتتە قالاتتى . بىر نەچچە ئۇسسۇلچى كېنىزەك ئۇسسۇل ئويناپ شاھنىڭ نەزەرىنى بەنت قىلدى . يەنە بىر نەچچە كېنىزەك ئادەمنى سېھىرلەپ قويىدىغان نەغمە ـ ناۋاسى بىلەن ئۇنىڭ ئەقىل ـ ھوشىنى تارتىپ كەتتى . ئاقىۋەت ئۇ كېنىزەكلەرنىڭ مەھلىيالىقىدا ۋە شارابنىڭ كەيپىچىلىكىدە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى . مۇرات غۇنچىسى ئۇمىد چىمەنىدە ئېچىلماي قالدى .

ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا ئېزىز ئويقۇسىدىن ئويغىنىپ ، كۆزىنى ئېچىپ ھەر تەرەپكە قارىدى ، ئاخشامقى ئىشرەت بەزمەسىدىن بىرەر نىشانە تاپالمىدى . مەلىكە ۋە كېنىزەكلەردىن ھېچ ئىز ـ ئەسەر كۆرمەدى . بەلكى كۆرگىنى ئۆزىنى مەسخىرە بىلەن ئوراپ تۇرغان پايانسىز چۆل ـ جەزىرە ئىدى . چەرخى پەلەكنىڭ بۇ رەھىمسىز چاقچاقلىرىدىن ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ ئاغرىدى ، كۆزىدىن قانلىق ياشلار ئاقتى . ئاخشامقى ئىشرەت بەزمىسى ۋە گۈزەل مەلىكىنى ياد ئېتىپ يۈز ـ كۆزىگە ماتەمدارلاردەك توپا چېچىپ ، مەجنۇنلاردەك ئاھ ـ پەرياد ئۇرۇپ ، « بۇ دۆلەتكە يەنە مۇيەسسەر بولۇپ قالسام ئەجەب ئەمەس » دېگەن خام ـ خىيالدا بولۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى . تېخى بىر پەرسەڭمۇ يول يۈرمىگەنىدى ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ئۆزىنىڭ چىن ۋىلايىتىگە كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردى . بۇ ئالامەتتىن ئۇنىڭ كۆڭلى دېڭىزى ھېسابسىز مەنە تاشلىرىغا تولغاندەك بولدى . ئۇ ھەيرانلىق ۋە ھەسرەت نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىن باھار يامغۇرىدەك ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ زار ـ زار يىغلىدى ، ئۆيىگە كېلىپ قەۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن كۆرۈشتى . زىياپەت ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ بارلىق ھەقەمسايىلىرىگە بىر نەچچە كۈن كاتتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ بەردى ، بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ ۋەقەلەرنى زوق ـ شوخ بىلەن بايان قىلدى ، گاھىدا يىغلاپمۇ تاشلىدى . ئېزىزنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلاپ دوست ـ يارەنلەر ھەيران قالدى . ئېزىز بازەرگان سۆزى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بارلىق مال ـ مۈلكىنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىپ ، قۇل ـ چۆرىلىرىنى ئازاد قىلىپ ، ئۆيۋاقلىرىنى تاشلاپ ، تونۇشلىرى بىلەن خوشلىشىپ تەركىي دۇنيالىق مەنزىلىگە يول ئالدى . باياۋانلاردا يەنە مەجنۇنلاردەك سەرسان بولۇپ چۆل ـ جەزىرىلەرنى ماكان قىلدى . يۈرىكىنى لىق دەرد ـ ئەلەم ۋە سېغىنىش ئوتىغا ئوراپ ، كۆكرىكىنى كاۋاپ ، ئاللانى غايىۋانە تاۋاپ قىلىپ ، قالغان ئۆمرىدە ھايۋانات ۋە ئۇچار قۇشلار بىلەن بىللە ھايات كەچۈرۈپ ئاخىرى باقى ئالەمگە سەپەر قىلدى .

* * *

تۇتى ھېكايىسىنى تۈگىتىپ :

— ئەي شاھزادە ، بۇ دۇنيا نۇرلۇق ھەم قاباھەتلىك ، چۆل ھەم ئاۋات ، ئۇ گويا ئويۇنچىلارنىڭ تۇتۇرۇقسىز خىيالىغىلا ئوخشايدۇ . ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغان كىشىلەردىن نادامەتتىن باشقا ھوسۇل چىقمايدۇ . يېگىت بولغان كىشى بۇ دۇنياغا ئالدانماي ، غەپلەت ئۇيقۇسىنى ئۇخلاۋەرمەي ئۆز روھىي كامالىتىگە يېتىش ئۈچۈن تىرىشىشى لازىم ، — دېدى .

# ئۈچ دوستنىڭ ھېكايىسى

ياشلىق گۈلىنىڭ بۇلبۇللىرى ، خۇش
ئاۋازىدىن رىۋايەت سۆلەپ بۇ گۈزەل ئەپسا-
نىنى مۇنداق تىلغا كىرگۈزىدۇ :
ئۈچ يىگىت ئۆزئارا دوست بولۇپ ،
ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر شەھەرگە
سەپەر قىلدى . ئۇلار تولىمۇ بوشاڭ بولغاچقا
مىنىشكە بىر نەرسە تاپالماي ئىلاجىسىز پى-
يادە يۈردى . كۆپ ئۆتمەي ئۇلار بىر
شەھەرگە يەتتى . ناماز ئەسىر بولغاندا بىر
دەرەخنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى .
شەھەر دەرۋازىسىغىچە يەنە ئازراق مېڭىشقا
توغرا كېلەتتى . ئۇلار يول ئازابىدىن
دەرماندىن كېتىپ قالغاچقا بۇ دەرەخنىڭ
تۈۋىدە ئۇزۇن دەم ئالدى . ئۇلاردىن بىرسى :
— بۇ ئاخشام ھەر بىرىمىز ئۆز
سەرگۈزەشتىمىزنى بايان قىلساق . ھېكايە
ئېيتىشقا كىم ئاجىز كەلسە شۇ بىزنى شەھەر
دەرۋازىسىغىچە ھاپاش قىلىپ ئاپارسا —
دېدى . ئۈچ دوست ئۆز ئارا كېلىشىپ ھېكايە
ئېيتىشقا چۈشتى ، بىرىنچى بولۇپ ، سۆز
ئالغان يىگىت ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى مۇنداق
بايان قىلدى :

* * *

مەن بىرنەچچە ۋاقىت بىر قانچە
سودىگەر بىلەن كېمىگە چۈشۈپ سەپەرگە
ئاتلاندىم . بىر كۈنى دەريادىن تەتۈر شامال
سوقۇپ كېمىلەرنى ھالاكەت گىردابىغا
ئاپىرىپ قويدى . كېمىچىلەر شۇنچە تىرىش-
چانلىق كۆرسەتتى ، پايدىسى بولمىدى .
قەھرلىك دولقۇنلاردىن كېمە پارە — پارە
بولۇپ كېمىدىكى سودىگەرلەر مال — مۈلكى
بىلەنلا سۇغا غەرق بولدى . مەن تەگرى تا-
ئالانىڭ لۇتقى — كەرەمى بىلەن بىر پارچە
تاختاينىڭ ئۈستىدە سالامەت قالدىم . ئەمما
دەريانىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن مىڭ
ئۆلۈپ مىڭ تىرىلدىم ، تۇيۇقسىز قەيەردىن-
دۇر بىر ئېزىتقۇ شامال پەيدا بولۇپ تاختاينى
قۇيۇندەك ئەپقاچتى . يەتتە كېچە — كۈندۈز
بوراندەك تېز يۈردۈم . نەدىن بىلەي ئالدىمدا
تۇيۇقسىز بىر تەتۈر قاينام پەيدا بولۇپ تاخ-
تاينى پىقىرىتىشقا باشلىدى . يا خۇدا ئۆزەڭ
بار دەپ تاختاينى مەھكەم تۇتۇپ قاينام بى-
لەن تەڭلا ئايلىنىشقا باشلىدىم . بىرنەچچە
رەت ئايلانغاندىن كېيىن تاختاي قايناමغا
كىرىپ كەتتى ، مەنمۇ تەڭلا كىرىپ
كەتتىم . شۇ ئەسنادا كۆزۈمنى ئېچىپ قارى-
سام ئۆزۈم دەريانىڭ ياقىسىدا تۇرۇپتىمەن .
ئۆزۈمنىڭ دەريا قېتىدىن قانداق قىلىپ نى-
جادلىق ساھىلىگە چىقىپ قالغانلىقىمنى
بىلەلمەي ھەيرانلىقتا چۆكۈپ تۇرۇپ قالدىم .
بەلكىم تەقدىرنىڭ قىسمىتى شۇنداق بولسا
كېرەك دەپ ئويلىدىم . تاختاينى بىر چەتكە
تاشلاپ قويۇپ ئىچىمدىكى تىترەك بېسىق-
قىچە قويماي ئولتۇردۇم . ئاندىن كېيىن
ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە ماڭدىم ، نەگە بې-
رىشىمنى بىلەيتتىم . ئازراق يول ماڭغاندىن
كېيىن كۆز ئالدىمدا بىر چوڭ شەھەر تۇ-
يۇقسىز پەيدا بولدى . كۆڭلۈم شۇ ياققا
بېرىپ ، پاناھ ئىزدەشنى تىلەيتتى ، دەرۋازىغا
كەلدىم ، نۇرغۇن كىشىلەرنى كۆردۈم . قا-
ياقتىلا قارىسام ئۇلار ھەدەپ ئۆز ئىشى بىلەن
بەنت ئىدى . ئۇلارنىڭ چىرايى ھېچبىر
ۋىلايەت كىشىلىرىنىڭ چىرايىغا

ئوخشىمايتتى. كۆڭلۈمدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. شۇڭا شەھەرگە كىرىشكە ئالدىراپ كەتمىدىم. ئاخىرى بىر گۈمبەزنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۇلارنىڭ نەزەرىدىن يىراق تۇردۇم. بىرەر سائەتتىن كېيىن چاچلىرىنى هالقا ـ هالقا قىلىپ يۈزلىرىگە تاشلاپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغان پەرى سۈپەت ئاياللارنىڭ هۆسن ـ جامالىنى تاماشا قىلدىم. ئەقلىم لال بولۇپ تامدەك تاتىرىپ تۇرۇپ قالدىم. يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئالتۇن قاناتلىق بىر توپ نازىنىنىنىڭ هاۋادا پەرۋاز قىلىپ سەپ تۈزۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇلارنىڭ هەممىسى قارىماققا شۇڭقاردەك جەسۇر بولۇپ بېشىغا زەرلىك تاجلارنى تاقىغانىدى. شۇ پەيتتە بىر نازىنىن ئالدىمغا تۈيۇقسىز كېلىپ قولۇمدىن تۇتۇپ:

— هەي ئادىمىزات، بىز پەرىزاتلارنى تەڭرى ئوتتىن ياراتقاندۇر، سىنى تۇپراقتىن ياراتقاندۇر، ئارىمىزدا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بىز تەرەپكە مېھمان بولۇپ كېلىپسەن. شۇڭا ئىززەت هۆرمىتىڭنى قىلىپ زىياپەت بېرىشىمىز ۋاجىپتۇر. بانوي جاهان بىزنىڭ سەردارىمىز يەنى پادىشاھىمىزدۇر. ئۇ سىنىڭ بىلەن هەمسۆهبەت بولۇشقا مىنى ئەۋەتكەن. ئەمدى دىلىڭغۇل بولماي تېز يۈرگىن، ئۆيۈمگە بېرىپ مېھمان بولغىن، پەلەكمۇ سىنىڭ مەقسىتىڭ يۈنۈلۈشى بويىچە ئايلىنىۋاتىدۇ. غايىبتىن كەلگەن بۇ بەخت ساقىسىدىن مەقسەت جامىڭنى ئايلاندۇرۇپ مۇرات بوستانىدا خالىغىنىڭچە پەيزى سۈرگىن، — دېدى.

مەنمۇ مۇشۇنداق بىر دۆلەتنىڭ ئارزۇسىدا ئىدىم. نازىنىنىنىڭ كىشىنى ئەقلىدىن ئاداشتۇرىدىغان ئاشۇ سېھىرلىك سۆزىدىن تېنىمگە قايتا جان كىردى. مەن ناهايتى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا هەمراھ بولدۇم، ئۇ مىنى بىر باغقا ئېلىپ كىردى. بۇ چاغ دىلنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى نازىنىنىنىڭ بېغى ئىدى. بۇ باغدا رەڭمۇ رەڭ گۈللەر چىرايلىق ئېچىلغان، ئۈستىدە بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراپ تۇراتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا شاھانە سۇپىلار سېلىنغانىدى. خۇش پۇراق هاۋادىن ئادەمنىڭ كۆڭلى ۋە كۆز نۇرى روشەنلىشىپ كېتەتتى. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىن خېلى هەيۋەتلىك بىر ئېقىن ئېقىپ ئۆتەتتى. مەن قەسىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ. تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىشرەت جامىنى ئايلاندۇرغىلى تۇردۇم. خىزمەتكارلار هەمىشە خىزمىتىمدە ئىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، مەن شۇ ماكاندا يەتتە يىل ئاشۇ يوسۇندا ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆمۈر ئۆتكۈزدۇم، ئۇ چاغدا كۆڭلۈم نېمىنى ئارزۇ قىلسا هېچبىر جاپا تارتمايلا شۇ نەرسىگە ئېرىشەتتىم. هەمىشە شادلىق شارابى ئىچىپ مەرغۇللۇق مۇزىكىلارنى ئاڭلاپ مەهبۇبىمدىن ئارزۇ ـ هەۋىسىمنى قاندۇراتتىم. يەتتە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ۋەتەنىمنىڭ سېغىنىشى ۋە ئاياللارنىڭ ئىشتىياق ـ هەۋىسى بېشىمغا ئۇشتۇمتۇت چۈشۈپ هەرقانچە سەۋر قىلىپ كۆرسەممۇ هىجرانلىق ئوتىغا زادى پايلىيالمىدىم. شۇڭا ئۇ نازىنىنىنىڭ سۆهبىتىدىن ئامالسىز كۆڭۈل ئۈزۈپ ئۇنىڭدىن رۇخسەت سورىدىم، يولدا كېرەكلىك ئات ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ دەرهال قوبۇل قىلىپ لازىملىق نەرسىلەرنىڭ هەممىسىنى ئالدىمغا تەييار قىلدى. ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن ئېتى سۇرئىتىگە شامالمۇ يېتەلمەيدىغان دېۋىدەك چوڭلۇقتىكى بىر چىلانتورۇق ئىدى. ئۇنىڭ

بىلەن ئىززەت ئىكرام ئىچىدە خوشلاشتىم ، مەن تەگرى تائالاغا شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ ئېتىمنى دىۋىتتىم . ئۇ شۇ هامان هاۋانىڭ قەرىگە پەرۋاز قىلىپ تېز سۈرئەتتە ئۇچتى . ئۆزۈمنى پەلەك ئۈستىدە سەيلى قىلىۋاتقاندەك هېس قىلدىم. ئەمما يەنە ئىچ-ئىچىمدىن قاپساپ كەلگەن قورقۇنچتىن دېمىمنى ئالالمايتتىم . خېلى ياخشى ، مېنىڭ ئىشەنچ ئىختىيارىم ئاتنىڭ قولىدا ئىدى . لېكىن بۇ كاساپەت هە دېگەندە ئۆز مەيلىچە كېتىپ باراتتى . چىڭقى چۈش پەيتىدە ئات تۆۋەنگە پەسلىدى ۋە بىر تاغنىڭ ئۈستىگە كەلدى . ئۇ يەردە غايەت چوڭ بىر ئەجدىها تۇراتتى . ئۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشاتتى ، ئۇ ئات ئەجىهانى كۆرۈپ مېنى يەرگە تاشلىۋەتتى . بارلىق ئەت ـ ئەزايىم سۆگەكلىرىمدىن ئاجراپ كەتكەنمىكىن دېدىم . بىردەمدىن كېيىن ئات قانخور ئەجدىهانىڭ سۈرىتىگە كىرىپ هېلىقى ئەجدىها بىلەن ئېلىششقا تۇتۇندى. ئىككى ئەجدىهانىڭ ئېغىزىدىن جاهاننى قاراڭغۇلۇققا پۈركەيدىغان قاپقارا تۈتۈن چىقاتتى .

بۇنى كۆرۈپ تامام ئەزايىمدا جان قالمىدى . ئۇلارغا هاڭۋېقىپ قاراپ تۇرماي ئىككىسىنى ئۇرۇشتا قويۇپ ئۆزۈم دەشت باياۋانغا يول ئالدىم . ئون پەرسەڭ چامىسىدا يول يۈرۈپ يىراقتىن مەن تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر بوۋاينى كۆردۈم ، ئۇ بوۋاي ناهايىتى زەئىپ ، هالسىز كۆرۈنەتتى ، قولىدىكى هاسا بىلەن يەرگە ئاران ـ ئاران تايىنىپ كېتىپ باراتتى . مەن ئۇنىڭدىن ماگا هەمدەم ۋە يولباشچى بولۇر دېگەن ئۈمىدتە بولدۇم . تېزلىك بىلەن قېشىغا باردىم . بوۋاي ئاياغ تىۋۇشىمنى ئاڭلاپ توختىدى ، ئۇنىڭغا سالام بەردىم . بوۋاي :

— نېمە ئادەمسەن ، بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرۈيسەن ؟ ، — دەپ سورىدى . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن كۈتكەن ئۈمىدىم كىچىككىنە چوغدەك پىلىلداپ قالدى . مەن ئاخىرى بوۋاينىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ :

— ئەي ، خىزىر مەسەللىك بوۋا ، تەگرى تائالانىڭ هەق هۆرمىتى ئۈچۈن هالىمغا رەهىم قىلىپ مېنى بۇ دەشتى باياۋاندىن نىجادلىققا يەتكۈزگىن ، — دەپ يالۋۇردۇم . بوۋاي :

— غەم قىلما ، ئىزىمدىن ماڭ ، ساۋابلىق ئۈچۈن سېنى بۇ دەشتى بالادىن بەخت مەنزىلىگە يەتكۈزۈپ بۇرچۇمنى ئادا قىلىمەن ، — دېدى . مەن بوۋايدىن بەخت نۇرى پارلاپ تۇرىدىغان بۇ ئېسىل سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈمدىكى قورقۇنچ ۋە پەرىشانلىق تۇمانلىرى يوقالدى ، بوۋاينىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتىم ، ئازراق ماڭغاندىن كېيىن بىر يېشىللىققا چىقتۇق . ئۇ يەردە ناهايىتى چوڭ بىر تۈگمەن تېشىنى كۆردۈم . بوۋاي بىر قولى بىلەنلا ئۇ تاشنى كۆتۈرۈپ بىر بۇلۇڭغا تاشلىغانىدى ، ئۇ يەردىن بىر غار نامايان بولدى . بوۋاي غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئازراق ۋاقتتىن كېيىن باشقا سۈرەتتە بولۇپ ئالدىمغا هەيۋەت بىلەن چىقىپ كەلمەسمۇ ، يۈرىكىم قورقۇنچتىن چاك ـ چاك يېرىلىپ كېتىشكە قىل قالدى . ئۇ مېنى بىر قولى بىلەن غارنىڭ ئىچىگە كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ قويدى. ئاندىن تۈگمەن تېشىنى غار ئېغىزىغا تېشىدىن كەپلەپ قويۇپ ئۆزى باشقا ياققا كەتتى . مەن هەيران بولۇپ غارنىڭ ئىچىگە نائىلاج قەدەم باستىم ۋە ئۇ يەردە چاچ ، ساقاللىرى

ئۆسۈپ بىر ـ بىرىگە يۆگىشىپ كەتكەن بىر
توپ ئادەمنىڭ مۈكچىيىپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆردۈم . يەنە بىر ياقتا ئۆستىخانلار دۆۋى-
لەگىلىك تۇرۇپتۇ . مەن ئۇلاردىن :

— بۇ نېمە ئىش ؟ ، — دەپ
سورىدىم . ئۇلار :

— ھەي بۇرادەر ، نېمە ئىش ئىكەن-
لىكىنى ئۆزۈڭ كۆرمەيۋاتامسەن ؟ بۇنى ئەڭ
ياخشىسى ئاڭلىمىغىنىڭ ياخشى ، بايىقى
بوۋاي ئەسلىدە بىر قانخور دىۋە ، سەھرالاردا
كېچە ـ كۈندۈز ئادەم ئوۋلايدۇ . ئەجەلى
يەتكەنلەرنى بۇ غارغا ئېلىپ كېلىپ بەنت
قىلىدۇ . ھەر كۈنى ئۈچ ئادەمنى كاۋاپ قى-
لىپ يەيدۇ . ئۇنىڭ يەنە بىر توپ قويىمۇ
بار . ئادەم گۆشىدىن زېرىككەندە گاھى
قويىنىڭ گۆشىنى يەيدۇ ، — دەپ جاۋاب
بەردى .

مەن :

— ئۇنىڭ قويلىرى نەدە ؟ ، — دەپ
سورىدىم . ئۇلار :

— ئۇ دىۋىنىڭ ناھايىتى سادىق ھەم
چىۋەر بىر قويچىسى بار ؛ كۈندە ئەتىگىنى ئۇ
قويلارنى جىرالارغا ئاپىرىپ ئوتلىتىپ شام
ۋاقتىدا بۇ يەرگە كەلتۈرىدۇ ، — دېدى .

مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە : « ۋا دەرىخ !
تۇرمۇش يولۇم ئەمدى تۇسۇلۇپ ھايات
رىشتەم ئۈزۈلۈپتۇ » دەپ شىۋىرلاپ ، يەتتە
يىل غەم ـ قايغۇسىز ۋە ئەيش ـ ئىشرەتتە
ئۆتكەن گۈزەل كۈنلىرىمنى سېغىنىپ
ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن بۇ ھالاكەت قىرغى-
قىدا ئۆلۈمۈمنى ئويلاپ ئولتۇردۇم . ۋاقىت
ئۆتۈپ شام ۋاقتى بولغاندا دىۋىنىڭ قوي-
چىسى كېلىپ تۈگمەن تېشىنى غار
ئېغىزىدىن كۆتۈرۈپ قويلارنى كىرگۈزدى ،
ئاندىن ئۆزى ئىچكىرىگە كىرىپ بولۇپ غار
ئېغىزىنى تاش بىلەن توسۇپ قويدى . ئۇ بىر
نەچچە قوينى كاۋاپ قىلىپ يەپ شۇ يەرگە
بېشىنى قويۇپ ئۇخلىدى .

ئەلقىسسە ، ئاخشىمى بۇ مەلئۇننىڭ
خوجايىنى كەلمىدى . يېرىم كېچىدە ئور-
نۇمدىن تۇرۇپ ئۇ مەلئۇننىڭ بېشىغا بېرىپ
سەپسالدىم . ئۇ كاساپەت مەلەق ئۇيقۇغا كې-
تىپتۇ . مەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ
تەڭرى تائالاغا تەۋەككۇل قىلدىم ، دىۋە
ئىشلەتكەن زىقتىن ئىككىنى ئېلىپ ئوتتا
قىزدۇردۇم . زىقلار چوغدەك قىزارغان ۋاقىتتا
ئۇنى ئوتتىن ئېلىپ ھېلىقى مەلئۇننىڭ
ئىككى كۆزىگە ئاپىرىپ تىقتىم . زىق
ۋىژىلدىغان پېتى ئۇنىڭ كۆزىدىن كىرىپ
گەجگىسىدىن چىقتى . مەن چاقماق
تېزلىكىدە قېچىپ بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇندۇم .
ئۇ مەلئۇن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ
كەتتى ، قاتتىق نەرە تارتتى ، ئۇنىڭ
قەھرلىك ئاۋازىدىن غار ھازىرلا ئۆرۈلۈپ
چۈشىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ كۆزىدىكى
زىقلارنى ناھايىتى قىينىلىپ تۇرۇپ يۇلۇپ
تاشلىدى ۋە رەقىبىدىن قىساس ئالماقچى
بولۇپ ھەر تەرەپنى ئاختۇردى . لېكىن ئۇ
كۆزى كور بولغاچقا مېنى ئىزدەپ
تاپالمىدى ، ئامالسىز غارنىڭ ئېغىزىغا بېرىپ
نالە قىلىپ ياتتى . تاڭ ئاتقاندا ئۇ بەدبەخت
كۈندىلىك ئادىتى بويىچە غارنىڭ ئېغىزى-
دىكى تاشنى كۆتۈرۈپ قويلىرىنى
چىقاردى . غارنىڭ ئىچىدىكى ئادەملەر بۇ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قېچىپ كەتمىسۇن
دەپ ئۇ قويلارنىڭ دۈمبىسىدىن تۇتۇپ
بىرمۇ بىر ساناپ سىيلاپ كۆرەتتى ، مەن
بۇنى كۆرۈپ قوي تېرىسىدىن بىرنى يې-
پىنچاقلاپ قويلارنىڭ ئارىسىدا ئۆملەپ
ئۆتۈپ كەتتىم ، غاردىن چىقىپ تەڭرى تا-

ئالاغا كۆپ شۈكرى ـ سانا ئېيتىپ يولۇمغا راۋان بولدۇم. دېڭىزنىڭ قوغلاپ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەچ كىرگىچە تېز سۈرئەتتە توختىماي ماڭدىم، شۇنچە كۆپ مۇساپىلار بېسىپمۇ بىرەر ئاۋات جايغا يېتىشمىدىم، دەشت ـ باياۋاندا تېنەپ يۈرۈپ بىرەر ئۈمىد نىشانىنى ئۇچرىتالمىدىم. ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ھالىمدىن كېتىپ بىر تاغنىڭ يېنىغا يىقىلدىم. بىرەر سائەت ئۇخلىغان بولسام كېرەك، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام ئالدىمدا بورا سېلىنغان بىر يەر كۆرۈندى. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇ يەرگە بېرىپ سىنچىلاپ قارىدىم، كۆردۇمكى، ئۇ يەر بىر گىياھنىڭ ئاستى ئىكەن. ئۇستىدە بىر جانىۋار ئۇۋا ياساپتۇ، ئۇۋىسىغا يەتتە تۇخۇم تۇغۇپ قويۇپتۇ. ئاچلىقتىن ھالاكەتكە يېقىنلىشىپ قالغانىدىم، ئۇنى چوڭ نېمەت بىلىپ كۇندە بىردىن يەپ تۈگەتتىم. يەتتىنچى كۇنى بولغاندا تېنىم پەيدەك يەڭگىللەپ بەدىنىمگە قانات چىقىشقا باشلىدى. يەتتە سائەتتىن كېيىن قاناتلار تولۇق ـ يېتىلىپ بولدى. توخۇملار يەتتە خىل رەڭدە بولغانلىقى ئۈچۈن قاناتلىرىممۇ يەتتە خىل رەڭدە ئىدى، كۇن نۇرىدا جۇلالانسا يەتمىش خىل رەڭگە كىرەتتى. مەن بۇ ئالامەتتىن ھەيرانلىق قايىنىمغا غەرق بولۇپ خۇداغا تۇۋە ـ ئىستىغپار ئېيتتىم، بىرەر ئاۋاتلىققا يەتسەم دېگەن ئۈمىدتە كۆككە پەرۋاز قىلدىم، كۆزۈمگە يىراقتىن بىر ئاۋاتلىق چېلىقتى. شۇ تەرەپكە قاراپ ئۇچتۇم. بىردەمدىن كېيىن شەھەر ئەتراپىغا كېلىپ بىر دەرەخنىڭ ئۇچىغا قوندۇم. بىر توپ خەلق مېنى كۆردى. ئاجايىپ سۈرەتتە بولغىنىم ئۈچۈن ئۇلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ: «ئۇ دۇنيانىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەخلۇقاتلىرىدىن بولسا كېرەك» دەپ گۇمان قىلدى. بەزىلىرى: «ياق! بۇ چوقۇم بالايىئاپەت!» دەپ توپەك (توپ) نى بەتلەپ ئاتماقچى بولۇشتى. مەن كۆڭۈل دېڭىزىنىڭ مەۋج ئۇرۇشىغا تەخىر قىلىپ نېمە دېيەشىمنى ۋە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم، كېيىن بىردىنلا يوقلۇق ئەلىمگە سەپەر قىلىشىمدىن قورقۇپ پەرياد قىلىپ:

— ھەي مۆمىنلەر، ئازراق سەۋر قىلىڭلار، مەن بالايىئاپەت ئەمەس، بەلكى ئادەممەن، — دېدىم. مېنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغان يىگىت گەپ قىلىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ قورقۇپ قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشتى، توپەك قولىدىن تاشلاندى. ئۇ قىچىپ بېرىپ دوستلىرىغا دات ئېيتتى. دوستلىرىمۇ قورقۇپ شەھەرگە قاچتى، ئۇلار بۇ ئىشنى پادىشاھغا مەلۇم قىلغان ئوخشايدۇ. پادىشاھ بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ پىيادە ۋە ئاتلىق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شەھەردىن چىقىپ مېنى يىراقتىن كۆرۈپلا «بالايىئاپەت» دەپ مۇقەررەرلەشتۈرۈپ مېنى ئۆلتۈرۈشكە قەستلىدى. كۆپ پەرياد قىلىپ ئەھۋالىمنى بايان قىلدىم. ئۇلار سۆزۈمگە ئازراقمۇ ئىلتىپات قىلمىدى. شۇ ئەسنادا مەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان بىر تونۇش يىگىتنى كۆردۈم، ئىسمىنى ئاتاپ چاقىردىم. ئۇ يىگىت مېنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقىنىمنى ئاڭلاپ يېقىن كەلدى. ئۆزۈمنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يىگىتتىن ياردەم تەلەپ قىلدىم. دەسلەپ ئۇ مەندىن قورقۇپ ئەگىتىپ گەپ سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسمى بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ، ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قۇر ئەسلەپ ئۇنى ئىشەندۈردۈم. ئۇ ماڭا تەدرىجىي يېقىنلىشىپ كۆڭلى ـ كۆكسىنى ئەركىن تۇتتى. ئېچە-

دىكى ۋەھىمە يوقالدى . ئۇ پادىشاھنىڭ ئال-
دىغا بېرىپ ھېكايىلىرىمنى بايان قىلىپ
ئۇنىڭدىن رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئال-
دىمغا كېلىپ خەۋەر بەردى . مەن بۇ
خەۋەردىن خۇش ۋاقىت بولۇپ دەرەختىن
چۈشتۈم . پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ
ئۇنىڭغا سالام بەردىم . پادىشاھ قوبۇل
قىلدى . خەلق ئەتراپىمغا توپلاندى .
ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇلارنىڭ ئاياغ ئاس-
تىدا قالغىلى ئاز قالدىم . پادىشاھ ئاخىرى
ماڭا بىر ماكان تەيىن قىلىپ ھەر كۈنى
يەپ- ئىچىشىم ئۈچۈن شاراب ۋە
قورۇملارنى تەييارلاپ بەردى .

ئەلقىسسە ، يەتتە يىلدىن كېيىن با-
ھارنىڭ سېخىيلىقى بىلەن مۇرات شامىلى
ئىنايەت قىلىپ ، بەدىنىمدىكى قاناتلىرىم
تۆكۈلۈپ ، ئەسلى ھالىتىمگە كەلدىم .
پادىشاھ خۇسرەۋلارچە مەرھەمەتلەر بىلەن
ماڭا ئىجازەت قىلدى . مەن ئۆز ۋىلايىتىمگە
يولغا چىقىپ ئاز پۇرسەتتە سائادەت يولىنى
بويلاپ ئۆز ۋەتىنىمگە قايتىپ كەلدىم ، —
دەپ ھېكايىسىنى تامام قىلدى .

## ئىككىنچى يىگىتنىڭ ھېكايىسى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

ئۇلارنىڭ يەنە بىر دوستىنىڭ سۆز-
مەنلىكتە تەڭداش كىشىسى يوق ئىدى . ئۇ
بۇلبۇلدەك ئاۋازىنى نەغمىگە تەڭكەش قىلىپ
ھېكايىسىنى باشلىدى :

— مەن بۇرۇنلاردا شەھەرلەرنى
سەيلە قىلىپ . شەھەر ئارىلاپ يۈرەتتىم . شۇ
ۋاقىتلارنىڭ بىرىدە ، بىزلەگەن بىر ئاۋات
شەھەرگە بېرىپ ، ئۇ جايدا بىر نەچچە ۋا-
قىت تۇردۇم ، بىر كۈنى سارايىنىڭ
ھۇجرىسىدىن چىقىپ بازارلارنى تاماشا قى-
لىپ يۈرەتتىم ، تويۇقسىز بىر قەھۋە
ساتقۇچى يىگىتنىڭ دۇكىنىغا كۆزۈم
چۈشتى . ئۇ يىگىتنىڭ جامالىدىن قۇياشمۇ
نۇرىنى قاراڭغۇلۇق ئىچىگە يوشۇراتتى . ئۇ-
نىڭ كوكۇلاچاچلىرى قۇلاق ئاستىدىن
چىقىپ تۇراتتى ، سۇنبۇل چېچى ئىككى ئې-
گىكىگە ھالقا بولۇپ چۈشۈپ تۇراتتى . ئۇ
يىگىت دۇكانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كۇرسى قو-
يۇپ ئۈستىدە ئولتۇراتتى . بىر غۇلام
خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇراتتى . مەن ئۇ
يىگىتنى كۆرگەن ھامان ياقتۇرۇپ قالدىم .
ئىختىيارسىز ھالدا ئالدىغا باردىم . قەھۋە
ئىچىشنى باھانە قىلىپ ئولتۇردۇم . مەن بىر
نەچچە قاچا قەھۋە ئىچىپ ، ھەر تەرەپتىن
سۆز ئېچىپ ، پاراڭ قىلدىم . ئاخىرى قەھۋە
ساتقۇچى يىگىتكە مېنىڭ سۆھبىتىم مۇۋاپىق
كېلىپ ، ئۆز جايىدىن تۇرۇپ ، قولۇمدىن
تۇتۇپ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىكى خاس
ھۇجرىغا ئېلىپ كىردى . ئۇ ئۆيدە ئىشرەت
ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ قويغانلىقىنى
كۆردۈم . قەھۋە پۇرۇش غۇلامغا ئىشارەت
قىلدى . تاماقتىن بىر تاۋاق كەلتۈرۈپ
قويدى . مەن ئۇنى يەپ قەھۋەدىن بىر —
ئىككى قاچا ئىچىپ ھەر تەرەپلەردىن سۆزلەر
ئېيتىپ ئاخشامغىچە ئولتۇردۇم ، ئاخشىمى

سارايدا ئەتىسى كەچ كىرگىچە يەنە قەھۋە پۇرۇشنىڭ يېنىدا بولدۇم . ئەلقىسسە ، نەچچە ۋاقىت مۇشۇ تەرىقىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزدۈم . بىر كۈنى بىر سودىگەر ياش كېلىپ قەھۋە ئىچىش مۇناسىۋىتى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولدى ، ئاقىۋەت ئۇچىمىز نەچچە ۋاقىت ھەمسۆھبەت بولدۇق . كۈندۈزى بىر يەردە جەم بولۇپ ئاخشىمى ھەر كىم ئۆز ماكانىغا قايتاتتۇق .

بىر كۈنى بۇ ئادىتىمنى بۇزۇپ ، بىر بۆلۈك ئەسۋابلارنى تەييارلاپ ئاتقا مىنىپ شىكارغا چىقتۇق . تۇيۇقسىز بىر كېيىك كۆرۈنۈپ ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قوغلىدىم . ئاخىرى دوستلىرىمدىن ئايرىلىپ بىر باياۋانغا چۈشتۈم ، كېيىك كۆز ئالدىمدىن غايىب بولدى . مەن سەرگەردان بولۇپ ھەر تەرەپلەرگە ماڭدىم . ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن بىتاقەت بولدۇم . بىرەر ئاۋاتلىق يوق ئىدى . كۆپ ماڭغاندىن كېيىن شەھەرگە يېقىن بىر كەنتكە داخىل بولدۇم . بىر ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا چىلان دەرىخى تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر مايمۇن ئولتۇراتتى . مەن ھويلىدىن سۇ سوراپ ئىچمەكچى بولدۇم . لېكىن توۋلىغۇدەك ماغدۇرۇم قالمىغانلىقى ئۈچۈن مايمۇننى قامچا بىلەن ئۇردۇم . مايمۇن پەرياد قىلىشقا باشلىدى . ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن ھويلىدىن گۈزەل بىر كېنىزەك چىقىپ دوق قىلدى . مەن سۆزىگە ئازراقمۇ ئېرەن قىلماي ، ئىشارەت بىلەن بىر قاچا سۇ تەلەپ قىلدىم . ئۇسسۇزلۇقتىن تىلىم گەپكە كەلمەيتتى . كېنىزەك قىلغان ئىشارىتىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەندى ، غەزىپى رەھىمدىللىققا ئايلاندى . ئىچكىرىگە كىرىپ بىر قاچا سۇ ئېلىپ چىقىپ بەردى . سۇنى ئىچكەندىن كېيىن ، كېنىزەك قاچىنى قولۇمدىن ئېلىپ ، شېرىن سۆزلۈك بىلەن :

— ھەي يىگىت ، بۇ ئۆيىنىڭ ئىگىسى بىر ئايال بولۇپ ، ئۇنىڭ پەردە ئىچىدىكى گۈزەل ھۆسنى — جامالى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇردۇر . ئۇنىڭ مەرھەمەت ئىشىكى ھاجەتمەنلەرنىڭ يۈزىگە ئېچىلغاندۇر ، ئازراق ۋاقىت تەخىر قىلىپ ، بۇ دىلنى تارتقۇچى سەرۋى بوستانىنىڭ سايىسىدا دەم ئېلىپ ، بۇ چىلان دەرىخىنىڭ مۇرات مېۋىلىرىنى تەرسەڭ ، تۇرمۇشۇڭ ھۇزۇر — ھالاۋەتكە تولۇپ ، ھاياتىڭ ئەڭ شېرىن لەززىتىدىن بەھرىمەن بولىسەن ، — دېدى . كېنىزەكنىڭ دىلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغۇچى بۇ سۆزلىرىدىن ھاۋايى — نەپسىم ھەرىكەتكە كېلىپ ، شەھۋەتنىڭ ئوتلىرى ئۇچقۇنداپ ، ئىختىيارسىز ھالدا ئاتتىن چۈشۈپ ، ئىچكىرىگە كىردىم . ئۇ يەردە شۇنداق گۈزەل بىر نازىنىن ئولتۇرۇپتۇكى ، شەرق خىلۋەتگاھىنىڭ گۈزىلى بولغان قۇياش ئۇنىڭ جامالى ئالدىدا شام ئەتراپىدىكى پەرۋانىدەك ئايلىناتتى . ئۇ مېنى خۇددى سەنەبەرنىڭ كۆڭلى سەرۋى قامەتنىڭ رەشكىدىن سۇمبۇل چېچىغا ياغلانغاندەك ئۆزىگە تارتاتتى . ئۇ ئاي سۈپەت نازىنىن ئىشرەت نازلىرى بىلەن كۆڭلۈمنى تال چىۋىقتەك چاچلىرىغا باغلاپ ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن قولۇمدىن تۇتۇپ باغنىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىردى . كۆلنىڭ ياقىسىغا پالاسلارنى سېلىپ

ئولتۇردى . مەن غايەت شەۋقتىن ئۇ گۈل
خامىنىنى باغرىمغا تارتىپ ، گۈل
رۇخسارىدىن سۆيۈپ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى
هاسىل قىلىپ ئولتۇردۇم . ئۇ ۋاقىتتا
كېنىزەك يۈگۈرۈپ كىرىپ « مىرزام كېلىپ
هويلىغا كىردى » دەپ خەۋەر بەردى . مەن
ساراسىمىگە چۈشۈپ قايەرگە يوشۇرۇنۇ-
شۇمنى بىلمىدىم . ئۆلۈمگە دۇچار بولدۇم .
جېنىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ گاراخ بولدۇم . ئا-
خىرى ئامالسىز ئۆزۈمنى كۆلنىڭ ئىچىگە
تاشلىدىم . شۇ ئەسنادا بىر كىشىنى كۆر-
دۇم . ئۇ خوتۇننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى .
خوتۇن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىغا يۈگۈرۈپ
بېرىپ تەزىم قىلدى . مەن ئۇنىڭ ئېرى
ئىكەنلىكىنى بىلدىم . بىراق مېنىڭ بارلىق
ئەزالىرىم سۇنىڭ ئىچىدە ، بېشىملا سۇ
يۈزىدە ئىدى . مەن ئۆزۈمگە هەيران بولۇپ ،
بىر قاپاقنىڭ پۇچۇقىنى كۆرۈپ ، ئۇنى بې-
شىمغا كىيىپ تۇردۇم ، ئۆينىڭ ئىگىسى
كېلىپ خوتۇنى بىلەن سۇپىنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرۇپ ، ئىختىيارسىز قاپاق پۇچۇقىغا
كۆزى چۈشۈپ :

— بۇ قاپاق پۇچۇقىنىڭ سۇ يۈزىدە
تەۋرىمەي تۇرۇۋاتقانلىقى ئاجايىپ
ئىشقۇ ، — دەپ بىر نەچچە ئۇششاق تاشنى
ئېلىپ قاپاق پۇچۇقىنى كۆزلەپ ئاتاتتى .
مەن ئىنكاس قايتۇرۇشقا ئامالسىز ئىدىم .
ئاخىرى قاپاق پۇچۇقى پارچىلاندى . مەن
ئۇنىڭدىن بېشىمنى چىقىرىپ سۇ ئىچىگە
چۆكتۈم . بۇ ۋاقىتتا « ئەگەر تەڭرى تائالا
مېنى بۇ بالايىئاپەتتىن نىجادلىققا ئېرىش-
تۈرسە ، بۇندىن كېيىن ناساۋاب بولمىغۇر
ئىشنىڭ يولىغا هەرگىز يۈرمەيمەن » دەپ
ئەهدە قىلدىم . قاپاق پۇچۇقى شامالنىڭ
تەۋرىتىشىدە كۆلنىڭ بىر بۇرجىكىگە بېرىپ
قالغانىدى . ئۆينىڭ ئىگىسى ئەهۋالنىڭ
باشقىچە ئەمەسلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن ،
ساددىلىق بىلەن بۇ خىيالدىن خالىي بولۇپ ،
ئۆيىگە كىرىپ راهەت ياستۇقىغا باش قويۇپ
ئۇخلىدى . مەن دەرهال سۇدىن چىقىپ ،
يۈزلەپ تىرىشچانلىق بىلەن ئېتىمغا مىندىم ،
ئۇ بالايىئاپەت ماكاندىن سالامەت چىقىپ
ئۆيۈمگە باردىم . تەڭرى تائالاغا شۈكرى
سانالار ئېيتىپ ئاخشامنى ئۆتكۈزدۈم ، تاڭ
ئاتقاندىن كېيىن ئۆي ئىشلىرىنى تاماملاپ ،
بۇرۇنقى ئادىتىم بويىچە قەهۋە پۇرۇشنىڭ
دۇكىنىغا باردىم . سودىگەر ياش بىلەن
قەهۋەپۇرۇش بىرگە ئولتۇرغانىكەن . ئۇلار
مېنى كۆرۈپ هەر ئىككىلىسى خۇشال هالدا
هۇجرىغا تەكلىپ قىلدى . هۇجرىدا تەييار
تائاملار بار ئىكەن ، هەمراه بولۇپ ئولتۇرۇپ
بىرگە يېدىم . تائامدىن كېيىن ئۇلار كەت-
كەن كۈنى نېمە ئۈچۈن كەلمىگەنلىكىمنى
سورىدى . ساددىلىقىمدىن بۇ دۇنيانىڭ نەي-
رەڭ ـ ئويۇنلىرىدىن غاپىل ئىدىم . مەن
ئېهتىياتنى قولدىن بېرىپ بولغان ۋەقەلەرنى
باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئازراقمۇ قالدۇرماستىن
تولۇق بايان قىلدىم . ئەمما بۇ سۆزنى
قىلغىنىمدىن كېيىن سودىگەر ياشنىڭ
رەڭگى روهى باشقىچىلا ئۆزگەردى .
ئىككىسى مېنىڭ بۇ ئىشلىرىمغا كۆپ ئەپ-
سۇس ۋە نادامەتلەر قىلدى . سودىگەر ياش :

— هەي بۇرادەر ، ئاجايىپ ئىش
ساڭا يۈزلەنگەنىكەن ، بۇ بالادىن نىجاد تې-

پىپسەن. ئەمدى بۇ تەرىقىدىكى غەمدىن
خالاس بولغىنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىشنى تەب-
رىكلەپ بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭ ئۆيگە بىرىپ
ئۈچ بۇرادەر ئىشرەت جامىنى ئايلاندۇرۇپ،
ۋاقىتىمىزنى شاد ئۆتكۈزەيلى، — دەپ تەك-
لىپ بەردى. قەھۋە پۇرۇش:

— بۈگۈن ئاخشام سىلەردىن ئەپۇ
سورايمەن، سىلەر بىرىپ بەھۇزۇر ئىشرەت
قىلىڭلار، ئىنشائاللا! يەنە بىر ئاخشام
قازاسىنى تولۇقلىۋالارمىز، — دەپ ئۆزۈرلەر
ئېيتتى.

مەن سودىگەر ياشنىڭ تەكلىپىنى
قوبۇل كۆردۈم. ئىككىمىز ھەمراھ بولۇپ
مىڭىپ، شەھەردىن چىقتۇق. مەن سودىگەر
ياشنىڭ ئىزىدىن تاپانداپ كىتىپ باراتتىم.
ئازراق ماڭغاندىن كىيىن ئاخشام كەلگەن
كەنتكە داخىل بولغانلىقىمنى بىلدىم.
ئۆزۈمگە: «ئەگەر ئاخشام بارغان ھويلىنىڭ
ئىشىكىدىن ئۆتسەم بۇرادىرىمگە
كۆرسىتىمەن» دەپ ماڭدىم. قەزارا، سو-
دىگەر ياش ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە بىرىپ
ئىچىگە كىردى. شۇندىلا كۆزۈم غەپلەت
ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بالا - قازانىڭ
ھۆكۈزىنى ئۆز خامىنىمغا باغلىغانلىقىمنى،
پالتىنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆز پۇتۇمغا
سالغانلىقىمنى، تولىمۇ سادىدىلىق بىلەن دار-
نىڭ ئاستىغا ئۆزۈم كەلگەنلىكىمنى بىلدىم.
«بۇ خىيالنىڭ خامىلىقىدىن ئىكەن» دەپ
نەچچە ئەپسۇس ۋە نادامەت قىلغىنىم پايدا
قىلمىدى. ئامالسىز قازاغا تەن بىرىپ
لەھەڭنىڭ ئاغزىدەك كۆرۈنىۋاتقان ئىشىك-
تىن كىرىپ ئۇ كۆلنىڭ ياقىسىغا بىرىپ،
ئاخشام ئولتۇرغان سۇپا ئۇستىدە ئولتۇردۇم.
كۆپ خىياللار بىلەن غەم - ئەندىشىگە غەرق
بولۇپ بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتقىنىمدىن ھەم
كالتە پەملىكىمدىن كۆپ ئەپسۇسلىناتتىم.
ھوشيار ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ قائىدىسى بولسا،
ئىشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەھۋاللاردىن
خەۋەردار بولۇپ، ھەقىقىي ئىشنى بىلمىگۈچە
ھىچ كىشىگە سىرلىرىنى ئېيتماسلىقتۇر.
سودىگەر ياش بىر باھانە بىلەن خوتۇننى
ئالدىنقى ئۆيگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى مىنىڭ
ئالدىمغا كىلىپ ھەر تەرەپتىن سۆزلەشكە
باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى — مەن بولغان
ۋەقەنى يەنە قايتا بايان قىلسام، خوتۇنىمۇ
ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا، ئاندىن كىيىن
ئىككىمىزنى بىر تەرەپ قىلىش ئىدى. ئۇ
ئاخىرىدا:

— ھەي بۇرادەر، ئەجەب بىر ۋەقە
بىشىڭغا چۈشكەنىكەن، سالامەت
قۇتۇلۇپسەن، ئەگەر خاتىرەڭگە مالاللىق
يەتمىسە، يەنە بىر قېتىم باشتىن - ئاخىر
بايان قىلىپ بەرسەڭ، — دەپ قايتىلاپ
ئىلتىماس قىلدى. مەن ئېيتىپ بەرسەم
بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يىتىپ، نائىلاج
بۇرۇن ئېيتقان قىسسىسىنى يەنە بىر قېتىم
بايان قىلىپ: «ئۆيىنىڭ ئىگىسى قاپاق پۇ-
چۇقىغا تاش ئاتتى، مەن سۇغا شۇڭغۇدۇم»
دەپ گەپنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەنىدە،
كۆڭلۈمگە بىر ئوي كىلىپ پاراسەت بىلەن:
«بۇ ۋاقىتتا كۆزۈمنى ئاچسام، چۈش
كۆرگەن ئىكەنمەن، بۇ چۈشۈمنىڭ
تەبىرىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ھازىرمۇ بىل-
مەيۋاتىمەن» دەپ سۆزۈمنى تۈگەتتىم.

سودىگەر ياش بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كې-
يىن ھەيران بولۇپ :

— بۇ ۋەقەلەرنى چۈشۈڭدە كۆرۈپسەنمۇ ؟ — دەپ سورىدى . مەن :

— چۈشۈمدە كۆرۈپتىمەن ، — دەپ جاۋاب بەردىم . سودىگەر ياش تۇرمۇشنىڭ ھىيلە - تەدبىرىدىن بىخەۋەر ئىدى . ناھايىتى ساددا بولغانلىقىدىن سۆزۈمنى راست دەپ گۇمان قىلىپ ، كۆڭلىدىكى ۋەسۋەسىنى چىقىرىپ تاشلاپ ماڭا ئۆزۈر ئېيتتى ، زىياپەت بېرىپ ، تائاملار تەييارلاپ مېھمان قىلدى . ئۇ تائامدىن كېيىن مېنىڭ قايتىشىمغا ئىجازەت بەردى . مەن بۇ خەتەردىن نىجاد تېپىپ ساق - سالامەت ماكانىمغا بېرىپ ، تەڭرى تائالاغا شۈكرى سانالار ئوقۇپ ، بۇ خىلدىكى يامان ئىللەتلىرىمگە توۋا ئىستىغپار ئوقۇدۇم ، — دەپ ھېكايىسىنى تامام قىلدى .

نەۋۋەت ئۈچىنچى يىگىتكە كەلدى . ئۇ بىچارە بولسا ئۆمرىنى ساياھەت ۋە جاھانكەشتىلىك بىلەن ئۆتكۈزگەنىدى . بۇ يىگىت تىلغا ناقىس بولۇپ ، ئىلاجىسىز يولداشلىرىنى بىردىن - بىردىن ھاپاش قىلىپ نىشان مەنزىلگە يەتكۈزەتتى . شۇ ئەسنادا شەھەر پادىشاھىنىڭ قىزى قەسىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ دېرىزىنى ئېچىپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇراتتى . تۇيۇقسىز بىر كىشىنىڭ ئىككى يىگىتنى سائەت - سائەتلەپ ھاپاش قىلىپ مەنزىلگە يەتكۈزۈۋاتقان ئەھۋالىغا كۆزى چۈشتى . مەلىكە بۇ ئاجايىپ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپ ، ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى سورىدى . ئۇلار بۇ ئىشنىڭ باش - ئاخىرىنى بايان قىلدى . مەلىكە ئۈچىنچى يىگىتكە :

— ھەي ساددا يىگىت ، بۇ نېمىدېگەن ئەقىلسىزلىق ، ئۆزۈڭنىڭ دوستلىرى ئارىسىدا يامان ناملىق بولۇپ ، نادانلىق ئېتىنى كۆتۈرۈپسەن ، تەجرىبە ماكانىدا قەدەم قويۇپ يۈرۈۋېتىپسەن ، چۈنكى سەپەرنىڭ ئۆزى ئىبرەت ۋە تەجرىبىدۇر . دۇنيانىڭ ھادىسىلىرى ھەر ۋاقىتتا يۈز خىل نەيرەڭلەرنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ۋاقىتقىچە ئۆمرۈڭنى ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزۈپسەن . كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىڭ ياكى كەچمىشلىرىڭ يوقمىدۇر ؟ مۇشۇ كەچمىشلەردىن بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئېيتىپ ئۆزۈڭنى بۇ مېھنەتتىن خالاس قىلساڭ بولماسمۇ ؟ — دەپ خىتاب قىلدى ، يەنە :

— مەن پادىشاھى ئەسىرنىڭ قىزىمەن ، يەتتە دەرۋازىنىڭ ئىچكىرىسىدە تۇرار جايىم بار . ھازىرمۇ تۇرمۇشنىڭ ئىش - كۈشلىرىدىن بىخەۋەرمەن . بىراق مېنىڭ بېشىمغىمۇ ھېچبىر تىل بىلەن شەرھلەپ بولغىلى بولمايدىغان قىسمەتلەر پۈتۈلگەندۇر ، — دېدى .

ئۈچىنچى يىگىت :

— ھەي مەلىكە خۇبان ، مەن پۈتۈن ئۆمرۈمنى دېھقانچىلىق بىلەن سەھرالاردا ئۆتكۈزۈپ ، سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ، بۇ پەلەكنىڭ ئويۇنلىرىدىن بەھىرسىز قالغانمەن ، ئەمدى سىزنىڭ ئۆزرىمنى قوبۇل قىلىپ باشتىن ئۆتكۈزگەن ئىش - كۈشلىرىڭىزدىن بىزگە ئىبرەت بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن ، — دېدى .

بانۇيى جاھان بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ ھېكايىسىنى باشلىدى .

# قىزنىڭ ھېكايىسى

مەلىكە جاھان دەرىيادەك سېخىيلىق بىلەن داستانىنى مۇنداق باشلىدى :

مەن ئۆسمۈرلۈكنى تاماملاپ ، بالاغەتكە يەتكەن ۋاقتىم ئىدى . بىر كۈنى مەن ناز كۈلاھىنى سۇندۇرۇپ ، دىلرا بالىق تاجىمنى ئالدىمغا قويۇپ ، ناز قۇچىقىمنى ئېچىپ قەسىرنىڭ ئىشىكىدىن بېشىمنى چىقىرىپ مەستلەردەك ھەر تەرەپكە بېشىمنى سىلىپ تاماشا قىلىۋاتاتتىم . تۇيۇقسىز نەزە-رىم بىر قامەتلىك كېلىشكەن يىگىتكە چۈشتى . كۆڭلۈم ئۇنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا ئەسىر بولۇپ ، كۆڭلۈمدە ئىشقتىن ئوچقۇنلار چاقنىدى . مۇھەببەتنىڭ ئەسرى رۇخسارىمدىن مەلۇم بولدى . ئىنىك ئانام مېنى كىچىكلىكىمدىن ھازىرغىچە پەرۋىش قىلغانلىقى ئۈچۈن مىجەز ـ خۇلقىمنى بىلەتتى . بۇ سىردىن ئاگاھ بولۇپ نەسىھەت ئىشىكىنى ئېچىپ :

ـــ ھەي ئېرىق بويىدىكى سەرۋى كۆچىتى ، جاھاندارلىقنىڭ يۇمران بوستان-لىقىدا خاتىرەڭ غۇنچىسى ئېچىلمايدۇ . ئۆز قولۇڭ بىلەن گۈلگە ئوخشاش ياقاڭنى چاك قىلغىنىڭ ، سەۋزىدەك غەم تۇپرىقىغا ئۆزۈڭنى ئاتقىنىڭ ، نومۇس شىشەڭنى سۇندۇرغىنىڭ ، ئۆزۈڭنى رەنج ـ ئەلەمگە گىرىپتار قىلغىنىڭ قىلچە ئەرزىمەيدۇ ، ـــ دېدى ، ئاندىن مەن :

ـــ ھەي مېھرىبان ئانا ، ئىشقىنىڭ ئازابلىغۇچى لەشكەرلىرى كۆڭۈل دۆلىتىمنى تالان ـ تاراج قىلدى . شەۋقىنىڭ قولى سەب-رىمنىڭ ياقىسىنى چاك قىلدى . مەن بۇنىڭغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەي ، تەگرى تائالا يولىدا ماڭا غەمغورلۇق قىلىپ ۋىسال ئارزۇ-سىغا يەتكۈزسەڭ ، ـــ دېدىم .

ئىنىك ئانام ھالىمنى بىلىپ يېتىپ ، مېھىر ـ شەپقەت تومۇرلىرى ھەرىكەتكە كې-لىپ ، دەرھال ياردەم كەمىرىنى باغلاپ ، يۈز ئەپسۇن نەيرەڭ بىلەن ئۇ ۋەھشى قۇشنى رام قىلدى . بىر كۈنى كەچلىكى ، ئىنىك ئانام ئۇ يىگىتنى ئايالچە ياساپ ، مېنىڭ ھەرەم ئۆيۈمگە ئېلىپ كىردى . ھەرەم ئۆيۈم قۇ-ياشنىڭ ئۆيىدەك نۇرلاندى . مەن ئۇنىڭ ئاپتاپتەك يۈزىنىڭ سايىسىدا ناھايىتى خۇ-شاللىقىمدىن زەررىدەك ئۇسسۇللار ئوينايتتىم . تېخى گۈلدەك قاراشلىرىدىن مۇرادىم گۈلىنى تەرگىنىم يوق ئىدى . پەلەك ئۆز ھىيلە ـ نەيرەڭلىرىنى كۆرسەتتى . ئاتام پادىشاھ بولۇپ دائىم مېھرىبانلىق يۈزىدىن مېنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىپ تۇراتتى . مەن بۇ قېتىممۇ دادام كېلىپ قېلىپ ، نەشتىرىنى ئايىغىمغا ئۇرۇپ ، ئار-زۇيۇم غۇنچىسىنى ئۈمىد گۈلشىنىدە ئېچىلدۇرماي قويمىغىدى ، دەپ ئەنسىرەيت-تىم . دېگەندەك خاس خىزمەتچىلەر پادىشاھنىڭ كەلگىنىدىن خەۋەر بەردى . ھوش بېشىمدىن ئۇچۇپ ئىلاجسىز ھالدا سارايىمدىن تۇرۇپ ئۇ كەنئانلىق دىلبەر يۈسۈپنى ، ئەزىز مىسىر مەھبۇبنى بىر قاراڭغۇ ھۇجرىغا كىرگۈزۈپ ، ئىشىكنى ھەككەم تاقاپ قويۇپ، دادامنىڭ ئالدىغا چىقىپ تەزىم بىجا كەلتۈردۈم . دادام ھەرەم ئۆيۈمگە كىرىپ ئولتۇردى .

قازارا ، دادام ئادەتكە خىلاپ ھالدا بەزمە ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلدۇرۇپ تاكى

ناماز ئەسىرگىچە بۇ جايدا خۇشاللىق ئىشرەت بەزمىسى قىلىپ ئولتۇردى . كۈن پاتقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەرىمىگە كەتتى . خىزمەتكارلارمۇ ئۆز خىزمەتلىرىنى تاماملاپ ئۆز ماكانلىرىغا كەتتى . مەن ھەر ۋاقىت خۇددى ئۇدقا ئوخشاش ئىزتىراپ ئوتىدا ياناتتىم. ئۇلار كەتكەن ھامان ئىنىك ئانامغا:

— ئىشىكنى ئېچىپ ئۇ قۇياشقا ئوخشاش يۈرەكنى ئۆرتىگۈچىنى ئۆيدىن چىقىرىپ ۋىسالدىن كۆزۈمنى روشەن قىلغىن ، — دەپ بۇيرىدىم ، ئىنىك ئانام ئۆيگە كىرىپ ئۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ھاۋانىڭ ھارارىتىدىن دىمى تۇتۇلۇپ روھىنىڭ بۇلبۇلى بەدەن ئۇۋىسىدىن پەرۋاز قىلغانلىقىنى كۆرۈپ ياقىسىنى چاك قىلىپ ماڭا خەۋەر بەردى . مەن ساراسىمە بولۇپ ئۆيگە كىرىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ پەرياد ـ پىغان سىلىپ تۈپراقلارنى بېشىمغا چاچتىم ، ئىنىك ئانام :

— ئەي مەلىكە ، ھەر قانچە نالە ـ پىغان قىلساڭمۇ ھېچقانچە پايدىسى يوق ، ئەمدى قانداق قىلىپ بۇ يىگىتنىڭ ئۆلۈكىنى بىر جايغا جايلاشتۇرۇش كېرەك ، — دېدى . ھەر قانچە پىكىر ـ ئويلىنىش قىلىپمۇ ھېچبىر ئىلاجىسىنى تاپالمىدۇق . ئىنىك ئانام بۇ ئىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى . مەن ھەيرەت قاينىمىغا پېتىپ ، خام پىكىرلىكىمدىن دادامنىڭ ئىشىكىگە قارايدىغان تەلەتى ناھايىتى سەت ، قارىلىقىدىن قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭ دىدارىنى كۆرسە نەپرەت قىلىدىغان غۇلام ھەبەشنى كەلتۈردۈم . مەن ئۇنىڭ ئالدىغا بىر خالتا ئالتۇننى قويۇپ ، بۇ سىرنى ئۇنىڭغا ئاشكارا قىلىپ :

— ئۇ گۈللەر خامىنىغا ئىسسىق تېگىپ خازان بولۇپتۇ . سەن ئاخشىمى بۇنى بىر يەرگە ئاپىرىپ جايلاشتۇرۇپ قويساڭ ، بۇ سىردىن ھېچكىم خەۋەر تاپمىسا ، — دەپ ئىلتىماس قىلىپ ھۇجرىغا باشلاپ كىرىپ ئۆلۈكنى كۆرسەتتىم . ئۆلۈكنى كۆرگەن ھامان ئۇ قارا يۈز نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ :

— ھەي باشباشتاق ، ئەقىلسىز ، بۇ خىلدىكى قورقۇنچلۇق ئىشنى قىلىپ پادىشاھنىڭ نومۇسىنى بەربات قىلىپسەن ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ :

— بېرىپ پادشاھقا ئەرز قىلىمەن،— دەپ جار سالدى . مەن ھەبەشتىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قورقۇنچتىن يۈرىكىم قېپىدىن چىقاي دېدى . ئامالسىز بولۇپ ئۇ ھەبەشنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ كۆپ زارلىنىپ يالۋۇرۇپ يەنە بىر خالتا ئالتۇن ئېلىپ ئالدىغا قويدۇم . ئازراقمۇ پايدىسى بولمىدى . ئۇنىڭغا كۆپ يالۋۇرغىنىمدىن كېيىن ، ئۇ قارا ھەبەش :

— ئەگەر سۆزۈمنى قوبۇل كۆرۈپ ، سەندىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنى قاندۇرسام بۇ سىر پەردىلىرىنى يىرتمايمەن ، — دېدى ، مەن ناھايىتى كۆپ تەپەككۇرلار قىلدىم ، ھەر خىل ئەندىشىلەردە بولدۇم . « بۇ كاپىرنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئىلاجىم يوقتۇر » دەپ ئامالسىز بولۇپ قازاغا تەن بېرىپ رازى بولدۇم . ئۇ قارا دېۋە سۈپەت ھەبەش مەقسىتىگە يېتىپ ئۆلۈكنى ئېلىپ چىقىپ جايلاشتۇردى . نەچچە ۋاقىت بۇ غەمنىڭ ئوتى كۆكلۈمدە ئوچقۇندايتتى . ھەر ۋاقىت ئۇ قارا يۈز كۆزۈمگە چېلىقاتتى . يۈز ئالماس نەشتەر يۈرىكىمگە سانجىلغاندەك بولاتتى .

بىر كۈنى بۇ ئىشتىن ئىنىك ئانامغا شىكايەت قىلىپ « ھەر تەرىقىدە بولسىمۇ ئۇ ناپاك ھەبەشنىڭ ئۆلۈمىگە ھەرىكەت قىلىپ كۆرسىڭىز » دەپ ئىلتىماس قىلدىم . ئىنىك

ئانام قوبۇل قىلىپ پۇرسەت ئىزدىدى ، ئىنىڭ ئانامنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئۇ قارا يۈز ھەبەشنى يوشۇرۇن تەلەپ قىلىپ كەلتۈردۇم . تائامغا زەھەر سېلىنغانىدى ، يېگەن ھامان جەھەننەمگە كەتتى . ئىنىڭ ئانام ئۆنىڭ ئۆلۈكىنى بىر يەرگە جايلاشتۇردى . بۇ ئەندىشىدىن خاتىرجەم بولدۇم . نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن تۇرمۇش ئەھلىنىڭ قائىدىسى بىلەن ئانام مېنى بىر نامدار شاھزادىگە ئۆيلىنىمەكچى بولدى . مەن بۇ مۇئامىلىنىڭ ئىگىسىگە تېگىشلىك بولغان نەرسىنىڭ ئاغزى ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرسە بەتگۇمانلىق بولۇپ قالىمەن ، پۈتكۈل ئالەمدە يامان ناملىق ۋە شەرمسار بولۇرمەن دەپ كۆپ ئەندىشىدە بولدۇم . مەن ئىنىڭ ئانامغا بۇيرۇپ ئۆزۈمگە ئوخشايدىغان ، پاك قىزدىن بىرنى كەلتۈردۇم . ئۇنى خالىي بىر ئۆيدە ساقلاپ تەربىيە قىلدىم . نىكاھ قىلغان ئاخشام ئۆيىنى خالىي قىلىپ ، شاھزادە بىلەن ئولتۇرۇپ ئىشرەت جامىنى جاھانچە ئايلاندۇرۇپ بىر نەچچە قەدەھ بەردىم . شاھزادە مەست بولدى . مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ بولۇڭغا بېرىپ ئۇ قىزنى ئۆزۈمنىڭ سۈرىتىدە ياساپ ئورنۇمغا ياتقۇزدۇم . قىز كېلىپ شاھزادىنىڭ قۇچىقىغا كىرگەن ۋاقىتتا شاھزادە ئالەمچە مەستلىكتە ئۆزىنى بىلمەي ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ ئىشرەت خۇشاللىقى بىلەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنى قاندۇردى . مەن بۇ ھىيلەمنىڭ كارغا كەلگەنلىكىنى بىلدىم . ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قاردىم . ئىككىسى شارابتىن مەست بولۇپ غەپلەتتە بىر - بىرىنىڭ قۇچىقىغا كىرىپ بەھۇزۇر ئۇخلاپتۇ . ئاخىرى شامنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ بىر تەرىپىدىن ئوت قويدۇم . ئۆيىنىڭ جىمى ئەسۋابلىرى كۆيۈشكە باشلىدى . ئوت شولا چېچىپ ئالەمنى بىر ئالدى . مەن بىر تەرەپتىن غەۋغا كۆتەردىم . ھەر تەرەپتىكى كېنىزەكلەر ۋە خىزمەتكارلار خەۋەردار بولۇپ پەرياد قىلىشقا باشلىدى . بۇ ئىككىسى ساراسىمىگە چۈشۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇردى . شاھزادە سىرتقا چىقىشقا مېڭىۋىدى ، قىزمۇ ئىزىدىن ئەگەشتى . مەن قىزنىڭ ئىزىدىن ئۆزۈمنى چاقماقتەك يەتكۈزۈپ ئايىغىدىن تۇتۇپ ئوتنىڭ ئىچىگە ئىتتەردىم . ئۇ ئوتنىڭ ئىچىدە ھالاك بولدى . ئۆزۈم شاھزادىنىڭ ئارقىسىدىن چىقتىم . شاھزادە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ پىغان تارتىپ ياقىسىنى چاك قىلدى . بۇ ۋاقىتتا مەن شاھزادىنىڭ قولىنى تۇتۇپ :

— ھەي شاھزادە ، كۆزۈڭنى ئېچىپ قارىغىن . بىر كېنىزەك ئوچۇن سېنىڭدەك شاھزادىنىڭ پەرياد - پىغان قىلغىنى ئەيىبتۇر دېدىم ، — شاھزادە كۆزىنى ئېچىپ مېنى كۆردى . شۈكرى قىلىپ :

— مەن سېنى ئوتنىڭ بالاسىغا گىرىپتار بولدى دەپ گۇمان قىلدىم ، ئەلھەمدۇلىللاھ ! سېنىڭ زات شەرىپىڭگە نۇقسان يەتمىگەن ئىكەن ، — دەپ خاتىرجەم بولدى . مەن ئەقلىنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بۇ مالامەتتىن ئۆزۈمنى خالاس قىلىپ ئەيش - ئىشرەت تەختىدە ئولتۇرۇپ پاك ئېپپىتىمنى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر قىلدىم ، مەلىكە ھېكايىسىنى شۇ يەردە تامام قىلىپ مۇساپىرلارغا كۆپ ئېھسان ۋە ئىنئام بېرىپ ئۆز ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتتى .

# ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ شاھزادىسى كامكارنىڭ ئاتىسىنىڭ ۋىلايىتىدىن چىقىپ باشقا بىر ۋىلايەتكە بېرىپ پادىشاھنىڭ قىزىنى ئالغانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ھىندىستان ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ كامكار ئىسىملىك بەھرامدەك شىجائەتلىك، قۇياشتەك ئىللەتسىز ھۆسىن-جامالىنىڭ تەڭدىشى يوق، ئەقىل-پاراسەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ ياشلىقىغا قارىماي ھەرخىل ئىلىملەردىن كامالەتكە يەتكەن پەم-پاراسەتلىك يىگىت ئىدى. ناھايىتى بىلىملىك بولغانلىقتىن بەزىدە مەملىكەتنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا ئارىلىشاتتى. بىر كۈنى بىر ئىش ئۈچۈن شاھزادە ۋەزىردىن كۆڭلى ئاغرىپ بىر بۆلۈك دەھشەت سۆزلەرنى قىلدى. ۋەزىر بۇ مەنىدىن قورقۇپ ئەندىشىدە بولدى. ھەمىشە شاھزادىدىن خاۋاتىرلىنىپ قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۇنىڭ غەزىپىدىن ئەمىن بولۇشنى بىلمەي يۈردى. قازارا، بىر كۈنى ۋەزىر ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ، بىر مۇنچە پىتنە-پاساتلارنى تەييارلىدى. ئۇ پادىشاھقا:

— ئى پادىشاھى ئالەم، شاھزادە ساۋاب يولىدىن چىقىپ ھەقىقەتتىن ئادىشىپ دەشت باياۋانىغا قەدەم قويۇپتۇ. بىرنەچچە باشباشتاقنى ۋە ئاتا بىزارلارنى ئەتراپىغا توپلاپ پىتنە تېرىپ جانابلىرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆزى پادىشاھ بولماقچى ئىكەن، دەپ ئاڭلىدىم. مەن بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى تەكشۈردۈم. ھەقىقەتەن راست ئىكەن. ئەگەر ياخشىسى بۇ پىتنە پاسات ئوتى تېخى ئۇلغايمىغان، دۆلەتكە نۇقسان يەتمىگەن ۋاقىتتا چارىسىنى قىلىش ئاقىللىق ۋە ھوشيارلىق بولىدۇ. مەن ناھايىتى ساداقەتمەنلىك بىلەن ئۆزلىرىدىن ئەندىشە قىلىپ بۇ گەپلەرنى يەتكۈزۈۋاتىمەن. ئەمدى قانداق قىلىشلىرى ئۆز ئىختىيارلىرىدا، — دەپ شاھزادىدىن كۆپ شىكايەتلەر قىلدى.

پادىشاھ بۇ سۆزلەرنى ئىشتكەندىن كېيىن چىرايى ئۆزگىرىپ، غەزەپ غالىب كېلىپ ھەقىقىي ئەھۋالنى سۈرۈشتۈرمەيلا «كامكارنى بۇ ۋىلايەتتىن سۈرگۈن قىلىڭلار» دەپ ئەمىر قىلدى. كامكار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاتىسىنىڭ ئەمرىنى ئۆزگە ۋاجىپ بىلىپ قازاغا تەن بېرىپ، غۇربەت دەشتلىرىدە يەككە ۋە تەنھا ھالدا ۋىلايەتتىن چىقىپ مۇساپىرلىق يولىغا قەدەم قويدى. شەھەر خەلقىنىڭ بارلىقى ئارقىسىدىن چىقىپ زار-زار يىغلىشىپ خوشلىشىپ قايتتى. ۋەزىرنىڭ ھۇشمەند دەپ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ھازىرغىچە كامكارنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ۋاپاسىزلىقنى ئۆزىگە مۇناسىپ كۆرمەي ئارقىسىدىن يېتىپ ھەمراھ بولدى. بىر سودىگەر ياش بار ئىدى. ئۇ ھۇشمەند بىلەن دوست ئىدى. ئۇمۇ بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ئارقىسىدىن چىقىپ ھەمراھ بولدى: سودىگەر ياشنىڭ بىر تونۇش زەرگەر بۇرادىرى بار ئىدى. بۇرادىرىمۇ سودىگەرنىڭ سىرتقا سەپەر قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاپادارلىقنى ئادەت قىلىپ ھەمراھ بولۇپ ماڭدى.

ئەلقىسسە ، تۆت كىشى ھەمراھ
بولۇپ ، دەشت ـ باياۋانغا يۈز قويۇپ مەن-
زىلللەرنى تېز يۈرۈپ كېتىپ باراتتى . بىر
نەچچە ۋاقىت يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ-
زۇقلىرى تامام بولدى . بۇ سەۋەبتىن كامكار
پەرىشان ھال بولدى . ھۇشمەند شاھزادىنىڭ
چىرايىدا مالاللىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى
كۆرۈپ :

ـــ ھەي شاھزادە ، قول
قىسىلچىلىقىدىن كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ،
تەڭرى تائالا ھەممە ۋاقىتتا بەندىلىرىنىڭ
رىزقىغا كېپىلدۇر . ھېچقاچان دەشت ـ با-
ياۋانلاردا ئاۋارە بولغۇچىلارنى نائۇمىد
قىلمايدۇ . قىممەت باھالىق تۆت پارە ياقۇت
ئېلىپ كەلگەنىدىم ، ھەر بىرى بىر
مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە باراۋەردۇر . بۇ
يېقىندا بىر شەھەر بار . بىز تىرىشىپ
تىرمىشىپ ئۆزىمىزنى ئۇ ماكانغا يەتكۈز-
گەندىن كېيىن ، بۇ ياقۇتلارنى قىممەت
باھادا سېتىپ ئېھتىياجىمىزغا سەرپ قىلۇر-
مىز . ـــ دەپ ياقۇتلارنى چىقىرىپ
كۆرسىتىپ يەنە يانچۇقىغا سالدى . كامكار
بۇ سۆزدىن خۇشال بولۇپ ، يولغا چۈشۈپ
ناھايىتى تېزلىك بىلەن ماڭدى . كامكار
ئېھتىيات يۈزىسىدىن « ھەر ئاخشىمى ھەر
مەنزىلدە نۆۋەت بىلەن بىر كىشى كۆزەتچى-
لىك قىلىپ ئولتۇرسۇن . ئالەم ھەر خىل
ھادىسىلەرگە توشقاندۇر ، بىرەر ۋەقە يۈز
بەرمىسۇن » دەپ بۇيرىدى .

ئەلقىسسە ، بۇ تەرىقىدە مەنزىللەر
بېسىپ كېتىپ باراتتى . شۇ ئەسنادا بىر كونا
ئۆتەڭ كۆرۈندى . ئۆتەڭنىڭ يېنىغا كېلىپ
كىشىلەرنىڭ ئۇ جايدا توپ ـ توپ بولۇشۇپ
ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئاخىر بۇ تۆت
كىشىنىڭ كۆڭلى بۇ جاينى تارتىپ ، ئۆ-
تەڭنىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى . بۇ ئاخشام
زەرگەر ياش كۆزەتچىلىك قىلدى . يېرىم
ئاخشام بولغان ۋاقىتتا زەرگەر باش
ئادەمگەرچىلىك ۋە دوستلۇقنى ئەسلا كۆز
ئالدىغا كەلتۈرمەي ، ئىنسانىي غۇرۇرنى
خاتىرىدىن چىقىرىپ ، لەئىللەرنى ھۇش-
مەندنىڭ يانچۇقىدىن ئېلىپ ، تۆت پارچە
تاشنى ئورنىغا سېلىپ قويدى . تاڭ سەھەر
بولغان ۋاقىتتا ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن
تۇرۇپ يەنە يولغا چىقىپ ماڭدى . ئۇلار نا-
ھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن ئىككى مەنزىلنى
بىرلا قاتلاپ ، ئاقىۋەت ئۆزلىرىنى بىر شە-
ھەرگە يەتكۈزدى . ئۇلار بىر جايغا
جايلىشىپ ئالغاندىن كېيىن ، ھۇشمەند نا-
ھايىتى خۇشاللىق بىلەن يانچۇقىغا قول
سېلىپ ئالدامچىلارنىڭ لەئىللەرنى ئېلىپ
ئورنىغا تۆت پارچە تاشنى سېلىپ
قويغانلىقىنى كۆردى . ھۇشمەندنىڭ ھوشى
بېشىدىن ئۇچۇپ ، غايەت ھەيرانلىقتىن
ئەقلى لال بولدى . كامكار پاراسەت بىلەن
نېمە ۋەقە يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدى . ئۇ
تەڭرى تائالانىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ
ئىشلاردىن گەپ ئاچماي يولداشلىرىنىڭ
نومۇس پەردىسىنى يىرتمىدى . ھۇشمەندنى
ئىشارەت بىلەن « بۇ سىرنى ئاشكارىلاپ
دوستلارنى خىجالەت قىلمىغىن » دېدى .
ھۇشمەند بىتاقەت بولۇپ سىرنى پەردىدىن
چىقىرىپ :

ـــ ھەي شاھزادە ، ئەلۋەتتە بۇ ئىش
تۆت كىشىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەنلىكى
ئېھتىمالغا يېقىن . سىنىڭ زاتى شەرىپىڭدىن
گۇمانىم يوق . چۈنكى مېنىڭ مالۇجانىم
سىنىڭ يولۇڭغا پىدا بولغاندۇر . مەن ياقۇت-
نىڭ ئىگىسى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن
شۇنداق ھېسابلايمەنكى بۇ خىل دوست

بۇرادەرلىككە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان ئىشلار ئارىمىزدا بولغان ئىكەن بۇنى ئىزدەپ تېپىش ساۋابتۇر. چۈنكى مۇساپىرچىلىق، غۇربەتچىلىكتە ناھايىتى كۆپ ئېھتىيات قىلىدىغان ئىشلار بولىدۇ، — دېدى. كامكار پادىشاھ زاتىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ كۆپ بايلىقلارنى سەرپ قىلىپ كۆرگەنىدى، بۇ تۆت ياقۇت ئۇنىڭ كۆزىگە تولىمۇ ئەرزىمەس كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇشمەندنى بۇ دەۋادىن ئۆتۈشنى تەۋسىيە قىلدى. ھۇشمەند كامكارنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي قوشۇلۇپ، سىرتقى كۆرۈنۈشىدە بۇ ئىشنى ئۇنتۇغاندەك قىلىپ، ئىچكى دۇنياسىدا بىقارار بولۇپ ئوغرىنى تېپىش يۈرىستىنى ئىزدەپ يۈردى.

بۇ ئىشتىن بىر نەچچە كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى زەرگەر ياش بىلەن سودىگەر ياش بىر زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بازارغا چىقىپ كەتتى. ھۇشمەندمۇ كامكارنىڭ خىزمىتىدىن بىر باھانە بىلەن سىرتقا چىقىپ ئىككى دوستىنىڭ ئىزىدىن كېلىپ ئۇلارنى قازىنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ داۋاسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. قازى «گۇمان ئۈچۈن بۇلارغا جازا بەرگىلى بولمايدۇ» دەپ ھۇشمەندنى ئىسپات تېپىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ھۇشمەند ئۆزىنىڭ داۋاسىنىڭ ئاقمىغانلىقىنى كۆرۈپ خىجالەت بولۇپ كامكارنىڭ ئالدىغا كېلىپ بۇ ۋەقەنى بايان قىلدى. كامكار يولداشلىرىغا دىلدارلىق قىلىپ، ھۇشمەندكە يۈزتىسىيىسىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى. ھۇشمەند بۇ سەۋەبتىن پەرىشان بولۇپ يۈرەتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە شەھەر خەلقى ئىچىدىكى بىر بوۋاي ھۇشمەندنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ ئەھۋالىنى سورىدى. ھۇشمەند ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بەردى. بوۋاي:

— بۇ شەھەردە ناھايىتى زىرەك ۋە دانالىقتا داڭق چىقارغان بىر ئايال بار. بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەرقانداق مۇشكۈل ئىش بولسا ئۇ خوتۇننىڭ يېنىغا بېرىشنى ئەمىر قىلغاندۇر. ھەرقانداق قىيىن ئىشنى ئۇ ئايال ئاسان قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزى پادىشاھنىڭ ئالدىدىمۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىقتۇر. ئەگەر مەقسىتىڭنى ھاسىل قىلىپ قىيىن ئىشىڭنى ئاسانلا ھەل قىلاي دېسەڭ، ئۇ مەردانە ئايالنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەرزىڭنى يەتكۈزگىن. شۇ ئارقىلىق مەقسىتىڭگە يەتكەيسەن، — دېدى. ھۇشمەند بوۋاينىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ ئۇ زىرەك ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. ئۇ ئايال بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— ھەي يىگىت، قايتىپ بېرىپ ئۆز قونالغۇڭغا بارغىن. كەچ بولغاندا دوستلىرىڭ بىلەن مېنىڭ ئالدىمدا ھازىر بولغىن. ھەرقايسىڭلارغا ئايرىم - ئايرىم بىرقۇر سۆزلەر ئېيتىمەن. ئەتىسى كېلىپ تۆت پارچە لەئىلنى مەندىن تەلەپ قىلغىن، — دېدى. ھۇشمەند بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ كامكارنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، دوستلىرىنى جەم قىلىپ خوتۇننىڭ ۋەقەلىرىنى بايان قىلدى. ھەممە دوستلىرى بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ئاخشىمى كامكار بىرىنچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىگە كىردى. كامكار ئۆيگە كىرىپ، پالاسلار سېلىنغان زىبۇزىننەتلەر بېرىلگەن، ئۇد ۋە كايۇر ھىدلىق شاملار شامدانلاردا يېنىپ تۇرغان، خوتۇن بولسا زەرلىك كىيىملەرنى كىيىپ ئالتۇن كۇرسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بارلىق كىشلەر

ئەدەب بىلەن ئەتراپىدا مومايىنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە قولاق سېلىپ ئولتۇرۇۋېتىپتۇ . كىشىلەر ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن جامالىدىن ۋە ۋايىغا يەتكەن سۆزلىرىدىن هالاۋەت تاپاتتى . موماي كامكارنى كۆرۈپ پاراسەت بىلەن ئۇنىڭ ئېسىلزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەجلىسنىڭ تۆرىدە ئولتۇرغۇزدى . ئۇنىڭ ئالدىغا شاهلارچە تائاملارنى تەييارلاپ كەلتۇرۇپ ئىززەت ـ ئىكرامنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مېهمان قىلدى . كامكار مومايىنىڭ چىراي تۇرقىنى كۆرۈپ ناهايىتى خۇشال خۇرام بولۇپ ئاپىرىنلار ئوقۇدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن كىشىلەر ئۆيدىن چىقىپ ، ئۆي خالىي بولغان ۋاقىتتا كامكار يۈز تۇرانە ئولتۇرۇپ هەر تەرەپتىن سۆزلەر ئېيتىپ ناهايىتى دانالىق بىلەن مۇددىئاغا يول ئاچتى . سۆزنىڭ يۆنىلىشىنى ئاستا ـ ئاستا مەقسەت تەرەپكە يۆتكىدى . موماي هېكايىسىنى باشلىدى .

## مومايىنىڭ هېكايىسى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق هېكايە قىلدۇ :

مەلۇم بىر شەهەردە ئىككى يىگىت ئۆزئارا بۇرادەرلىككە ئەقىدە باغلىشىپ هەمسۆهبەت بولۇپ ، دوست بولۇشۇپ قالغانىدى . بۇ ۋىلايەتتە قەدىمدىن تا هازىرغىچە يۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان بىر قائىدە بار بولۇپ ، هەر يىلى نورۇز كۈنى بولغاندا بۇ شەهەرنىڭ خوتۇن ـ قىزلىرى ئۆزلىرىنى زىبۇ ـ زىننەت بىلەن ياساپ دەريانىڭ ياقىسىغا بېرىپ سۇغا چۆشۈپ ، بەدىنىدىكى توپا چاڭلارنى پاك قىلىپ ، ئۇ جايدا بايرام بەزمىلىرىنى قۇرۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز سەيلى قىلىپ ئوينايتتى . بۇنداق ئەهۋاللارنى پەلەك ئاستىدا هېچكىم كۆرمىگەنىدى . بۇ يىلمۇ نورۇز كەلگەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، شەهەرنىڭ بارلىق نازىنىنلىرى مەست توزدەك ئۆزلىرىگە زىبۇزىننەت بېرىپ دەريانىڭ ياقىسىغا باردى . شەهەرنىڭ يىگىتلىرىمۇ تاماشا ئۈچۈن توپ ـ توپ بولۇپ بېرىپ بەزىم ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ هەر تەرەپكە چېدىر بارگاهلارنى بەرپا قىلىپ ، سازلار چېلىپ ئىشرەت بەزمىلىرىگە تۇتۇندى . ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەگەر بىرەر كىشى يۈزىسىدىن چېدىردىن چىقىپ قالسا قايتىشىدا ئۆز مەنزىلىنى تاپالماس ئىدى . ئۇ ئىككى جان دوستمۇ تاماشا ئۈچۈن بىرگە قول تۇتۇشۇپ دەريانىڭ ياقىسىغا باردى . ئۇلار خۇرشىد يۈزلۈك ۋە قەمەر سىياقلارنىڭ هۇجۇمىدىن دەريانىڭ ساهىلى ئىرەم گۈلىستانىنى رەشك قىلىدىغان هالغا كىرگەنلىكىنى كۆردى . سەيلى قىلىۋاتقان شۇ ئەسنادا ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ ئىككى دوست بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ كېتىپ ، هەر قايسىسى هەر تەرەپكە كېتىپ قېلىشتى . دەرۋەقە ، بۇ ماكاندا ئەقىللىق هېيلىگەر پەرىزاتلارمۇ ماكانىنى يىتتۈرۈۋاتسا ، بىچارە ئادەمىزات ئۆزىنى يىتتۈرمەسلىككە تېخىمۇ چارىسى بولسۇن .

ئەلقىسسە ، ئىككى بۇرادەر بىر ـ بىرىنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى . بىرىنىڭ قارىشىدىن تۇساتتىنلا بىر زەرلىك مەپە پەيدا بولدى . غويۇلداپ كۆتۈرۈلگەن تېز شامال مەپىنىڭ پەردىسىنى كۆتەردى . شۇ ئەسنادا يىگىتنىڭ نەزەرى مەپىنىڭ ئىچىدە ئولتۇر-

غان بىر نازىنىن قىزغا چۈشتى. ئۇ قىزنىڭ نۇرلۇق جامالىدىن پۈتۈن ئالەم مۇنەۋۋەر بولدى. ئۇ يىگىت: «بۇ ئەگەر گۈل بولسا چوقۇم غۇنچىنىڭ نىقابىدىن چىقتى. گۆھەر بولسا چوقۇم سەدەپنىڭ قېپىدىن ئۆزىنى نامايان قىلدى. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي بولسا بولۇتلارنىڭ پەردىسىنى يىرىپ چىقتى» دەپ گۇمان قىلدى. يىگىت داڭق قېتىپ تۇراتتى، قىزنىڭ كىرپىكىنىڭ ئوقى قېشىنىڭ كەمانىدىن چاچراپ چىقىپ يىگىتنىڭ كۆڭلىگە ئۇرۇلدى. يىگىت زەخىمدار بولغان كىيىكتەك ياكى بوغۇزلانغان قۇشتەك تۇپراققا يىقىلدى. ئۇ نازىنىن ناز كەرەشمە بىلەن تېزلىكتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ يىگىت بۇ يارنىڭ ئىشقىدا ھەيرەتتە قالدى.

يەنە بىر دوستى بولسا ئۆز دوستىنى ئىزدەپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا، دوستى بوغۇزلىنىپ، يېرىم جان بولۇپ قالغان قۇشتەك تۇپراقلار ئارىسىغا يۇچىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. نۇرغۇن كىشى ئۇنىڭ ئەتراپىدا جەم بولۇپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. ئۇ دەرھال كېلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ توپا ـ چاڭلارنى ئۇنىڭ يۈزىدىن ئېيتىپ تىزى ئۈستىگە قويدى. ئۇ بىچارە كۆزىنى ئېچىپ بېشىنى دوستىنىڭ تىزى ئۈستىدە كۆردى. ئۇنىڭ ھۇش قۇشى دىماق ئۇۋىسىدىن پەرۋاز قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ زېھنىنى بىر يەرگە يىغالمايتتى، نېمە دېيىشمۇ ئېسىگە كەلمىدى. شەپقەتچى دوستى ئۇنى كۆتۈرۈپ بىر ياققا ئېلىپ چىقىپ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئىشقىنىڭ تىغىدا شەھىد بولغان كىشى:

— ھەي بۇرادەر، نېمىمۇ دەپ سورارسەن، قان ئىچكۈچى نازىنىنىڭ نازكەرەشمىسىدىن كۆڭلۈمگە زەخىم يېتىپ باشتىن ئايىغىمغىچە دەريادەك غەرق قان بولدۇم. ئەمدى ھالى زارىمغا رەھىم قىلىپ كۆڭلۈم جاراھىتىگە مەلھەم سۈركەيدىغان ۋاقتىڭدۇر، — دېدى.

ئۇ جان دوست بۇ ئىشلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۇرادىرىنى خاتىرجەم قىلىپ:

— ھەي بۇرادەر، غەم قايغۇدا بولمىغىن، ئىنشائاللا، سېنىڭ يولۇڭدا ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ، ئىشلىرىڭ ئۈچۈن چارە ئىزدەپ پۈتكۈل ئەلەمنى ئايلىنىپ، گۆھەر مەقسەتنى ھاسىل قىلىپ قولۇڭغا تاپشۇرمىغۇچە ئازراقمۇ ئارام تاپمايمەن. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىنى ۋە قانداق ياسانغانلىقىنى كۆرگەن بولساڭ ئۇنىڭ نىشانىسىنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن. ئۇنىڭ نىشانىسىنى كۆڭلۈم ۋارىقىدا نەقىش باغلىسۇن، بۇ ماكانغا جەم بولۇشقان كىشىلەر بۇ ئەتراپتىن تاشقىرى چىقىپ كەتمەيدۇ. مەن ئۇ سۈرەتنى مەقسەت قىلىپ، ھەممە گۈلشەن، كوچا، دوقمۇشلارنى ئىزدەي، ئىنشائاللا! ھەر نېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇنىڭ بىرەر ئۇچۇرىنى كەلتۈرىمەن، — دېدى.

ئۇ ئاشىقى بىقارار قانداق سۈرەتنى كۆرگەن بولسا قىلچە نۇقسانسىزلا بايان قىلدى. بۇ يىگىت نەققاشلىق ئىلمىدە تەڭدىشى يوق ماھىر ئىدى. دەرھال مۆجىزە ياراتقۇچى قەلىمىنى قولىغا ئېلىپ پەرى تىمسالنىڭ سۈرىتىنى قانداق تەرىقىدە ئىشىتكەن بولسا بىر تاختا قەغەزگە شۇنداق نەقىش قىلدى. ئۇ يىگىت سۈرەتنى تەييار قىلىپ ئاشىق يىگىتنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ كۆرسەتتى. ئاشىق يىگىت مەشۇقىنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپلا جىگىرىدىن ئاھ ھەسرەت

چىقىرىپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قانلىق ياشلىرىنى كۆزلىرىدىن ئاققۇزۇپ زار - زار يىغلىدى. دوستى:

— بىتاقەت بولۇشۇڭغا ۋە بىھوش بولۇشۇڭغا نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ئاشىق يىگىت:

— مەشۇقۇمنىڭ جامالىنى ئىككىنچى رەت كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بىھوش بولدۇم، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇ يىگىت سۇرەتتە ھېچ نۇقسان يوقلۇقىنى بىلىپ خاتىرجەم بولۇپ:

— ئەمدى سەن بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلىپ ئۆيۈڭگە بېرىپ دۇئا تىلاۋەتكە مەشغۇل بولغىن، مەن ئەترابىنى ئايلىنىپ ئۇ نازىنىنىنى ئىزدەي. خەۋىرى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

ئۇ يىگىت ئاشىق يىگىتتىن رۇخسەت ئېلىپ ئۆزىنى قەلەندەر سۈرىتىدە ياساپ يولغا چىقتى. ئۇ شەھەرلەر كېزىپ، ئۆي كوچىلارغا كىرىپ شۇنچە ئاختۇرۇپ كۆردى، ھېچ ئىز - دېرىكى بولمىدى. نائىلاج نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن سەھراغا يۈز قويۇپ، جاھانكەزەرلەردەك ئەترابىدىكى بارلىق كەنت، قەلئە، شەھەر قىشلاقلاردىكى كىشىلەر ھەر يىلى غوسۇل قىلىش ئۈچۈن بارىدىغان دەريانىڭ قىرغىقىغىچە بىرمۇ بىر ئىزدەپ چىقتى.

ئەلقىسسە، ئالتە ئايغىچە شۇنچە كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. پەقەتلا مەقسەت نىشانىغا يول تاپالمىدى. ئاخىر نائۈمىد بولۇپ يۈز ھەسرەت ۋە غەم غۇسسە بىلەن يول يېسىپ نەچچە كۈندىن كېيىن شەھەرگە كىردى، ئۇ بىچارە ئاشىق يۈزمىڭ ئۈمىد بىلەن ئولتۇرغانىدى. دەرھال ئالدىغا بېرىشنى جايىز كۆرمەي ئاۋۋال ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، كۆپ ئىزدەشلەردە پىيادە يۈرۈپ ھېرىپ - چارچاپ ھالىدىن كەتكەنلىكىدىن ئىچكىرىگە كىرىشكە پۇرسەتمۇ بولماي، مېھمانخانىغا كىرىپلا غۇربەتتىكى بىچارىلەردەك چادىرىنى يۈزىگە تارتىپ ئۇخلىدى.

بۇ يىگىت بىر ھۆر سۈپەت نازىنىن بىلەن نىكاھ قىلىپ تېخى قىزنىڭ جامالىنى كۆرمەي تۇرۇپلا بۇرادىرى بىلەن دەريانىڭ قىرغىقىغا بارغانىدى. يەنە ئۆيىگە كەلمەي ئالتە ئاي سەرگەردان بولۇپ سەھرالاردا يۈردى. شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن كېلىپ يەنە ئىچكىرىگە كىرمەي مېھمانخانىغا كىرىپلا ئۇخلىدى. خوتۇنى بۇ ئىشلاردىن تەئەججۈپلىنىپ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىش ئۈچۈن خوتۇنلارنىڭ شوخلۇق ئىشۋە نازلىرى بىلەن ئىچىدە بەزى نەرسىلەرنى ئويلاپ ئاخىرى ئىنىك ئانىسىغا گەپ تاپىلاپ «مەندىن نېمە سۆز ئاڭلىغان بولساڭ كىرىپ ئېيتقىن» دەپ بۇيرىدى. ئۇ موماي يىگىتنىڭ يېنىغا كىرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— ھەي يىگىت، مەن ساڭا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ بەزى سۆزلەرنى ئېيتىمەن. كۆڭلۈڭگە ئېغىر ئالمىغىن. چۈنكى مەن بۇ سۆزلەرنى مەلىكىنىڭ تىلىدىن ئېيتىمەن. مېنىڭ ئۆزۈمنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى

ئېيتىشقا ھەددىم يوقتۇر . مەلىكە : « خو-
تۇنلارنى ئېرىدىن ئايرىيدىغان قانداق
ۋەھشى قائىدىدۇر . بۇ نېمىدېگەن بولمىغۇر
قىلىق . سەن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىرەر
سائەت كۆزۈڭنى ئاچقىن . دۇنيا ئەھلىنىڭ
رەسىم قائىدىسىدىن ئاگاھ بولغىنىكى خوتۇنى
بىلەن ئېرىنىڭ ئۆزئارا قوچاقلاشلىرىدا
لەززەت ۋە ھالاۋەت باردۇر . نىكاھ قىلغان
كېچىسى جامالىڭنى كۆرسەتمەي پىراقتا
قويدۇڭ ، بۇنداقمۇ مېھىرسىزلىك بارمۇ ؟
دەسلىپىدىنغۇ پىراق ئوتىغا گىرىپتار
قىلدىڭ ؟ ئالنە ئايدىن بىرى بولسا ئەل جا-
مائەتنىڭ مالامىتى ئاستىدا قويدۇڭ . ئەمدى
نەچچە ۋاقتتىن كېيىن كېلىپ يەنە مېھمان-
خانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپسەن . سەن
ئۆزۈڭنىڭ تاش يۈرەكلىكىڭدىن مېنى بىرەر
قاراشلىرىڭ بىلەنمۇ خۇشال قىلىپ قويمى-
دىڭ . دىدارىڭنى مەندىن يوشۇرۇپ
جامالىڭنى كۆرسەتمىدىڭ . سەندە مېنىڭ
غېمىم يوق ، دەپ گۇمان قىلمەن . ئەمما
مەندە سېنىڭ غېمىڭدىن ئۆزگە نەرسە -
يوقتۇر . ماڭا بۇنچە جەۋرى جاپالارنى قىلىپ
روزى مەھشەردە تەڭرى تائالانىڭ ھوزۇرىدا
نېمە دەپ جاۋاب بېرىسەن ؟ دېدى — دەپ
موماي سۆزنى تامام قىلىپ جاۋابىغا
تەلمۈرۈپ ئولتۇردى . يىگىتنى سەرگەردان-
لىق ۋە دوستىنىڭ غەم - قايغۇسى
ھەيرانلىق دېڭىزىغا غەرق قىلغانىدى . شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ مومايىنىڭ سۆزى قۇلىقىغا
ئازراقمۇ تەسىر قىلماي ، قىلچە ئىلتىپات قى-
لىپ قويمىدى . موماي بۇ ئەھۋاللارنى
كۆرۈپ نائۈمىد بولۇپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا
چىقىپ كۆرگەن ۋەقەلىرىنى بىر - بىرلەپ
بايان قىلدى . خوتۇن بىتاقەت بولۇپ ئور-
نىدىن تۇرۇپ نىقابىنى يۈزىدىن كۆتۈرۈپ
ئۆزىنى گۈزەل تۇزدەك ياساپ ، يۈز ناز مىڭ
كەرەشمە بىلەن ئېرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ
مېھىرسىزلىقىدىن شىكايەت قىلىشقا باش-
لىدى . يىگىتنىڭ نەزەرى ئىختىيارسىز ھالدا
خوتۇنىنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ گۆھىرى مەق-
سەت ئۈچۈن ئالەمنى ئىزدەپ يۈرگەن ئۇ
نازىنىنىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى
كۆردى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ساراسىمە
بولۇپ « سۇبھاناللا » دەۋەتتى . ئەسلىدە ،
بىر نەزەر بىلەنلا دوستىنىڭ يۈرىكىنى
يارىدار قىلىپ ، ئاشىقى بىقارار قىلغان ئۆز-
نىڭ خوتۇنى ئىكەن ، ئو ھەيرانلىق
دەرياسىغا غەرق بولۇپ ئۆزىگە : « بۇ ناھاي-
تىمۇ مۈشكۈل ئىش بولدى . ئەگەر
دوستۇمنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ ئۆز
خوتۇنۇمنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەۋەتسەم پۈتكۈل
ئالەمدە بىھىممەتلىكتە داڭق چىقىرىپ دۇنيا
خەلقىنىڭ ئارىسىدا بەد نامىلىق بولىمەن .
ئەگەر نومۇسۇمنى ساقلايمەن دېسەم ، ئۇزۇن
ۋاقىتتىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن جان دوست
بۇرادەر بولۇپتىمەن . ئۇنى دەرد ۋە ئىشق
بالاسىغا قويۇپ نامەردلىك قىلسام مۇھەببەت
ئەھلىنىڭ تەنە ۋە مالامىتىگە گىرىپتار
بولىمەن » دەپ ئويلاپ ئاقىۋەت دوستلۇقنى
ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ مەردلىك يولىغا
قەدەمنى مەردانە قويۇپ نامەردلەرنىڭ تەنە
ۋە مالامىتىدىن ئەندىشە قىلماي خوتۇنىغا :
— ھەي جان بېغىمنىڭ نازكەرەشمە
بىلەن قەدەم تاشلىغۇچى ، پارە بولغان

كۆڭلۈمنىڭ ئارامى ؛ بىلگىن ۋە ئاگاھ بول-
غىنكى ، مېنىڭ گويا دېھقان جاھاندەك كەڭ
ئېكىنزارلىقىقا مۇھەببەت دانلىرىنى چاچقان-
دەك . دوستلۇق كۆچىتىنى كۆڭلۈم
چىمەنزارلىقىدا كۆكلەمزار قىلغان بىر دوست
بۇرادىرىم بار ئىدى . تەڭرى تائالانىڭ
ھۆكمى بىلەن ئىشق كۆڭلىنى ئىزتىراپقا
سېلىپ پۇچۇلىنىپتۇ . مەن دوستلۇق بۇر-
چىدىن ئۇنىڭ مەشۇقىنى ئىزدەپ ئۆي -
ئوچاقلىرىمنى تاشلاپ دۇنيانىڭ ھەرقايسى
تەرەپلىرىنى ئايلاندىم . ھېچ خەۋىرىنى
ئالالمىدىم . ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىزدىگەن مە-
شۇقى دەل سەن ئىكەنسەن . ئەمدى سەندىن
ئۆمىدىم شۇكى جامالىڭ نۇرى بىلەن ئۇ
بىچارىنىڭ كۆڭۈل شەبىستانىنى مۇنەۋۋەر
قىلىپ دىدار دۆلىتىگىدىن ئۇ بىچارىنى
بەھرىمەن قىلساڭ ، — دېدى .

مەلىكە بۇ ھىممەتسىز سۆزنى ئې-
شىتكەن ھامان ئوتقا چۈشكەندەك
پۇچۇلىنىپ دەر غەزەپ بولۇپ :

— ھەي ئەرلەرنىڭ ھىممەتسىزى ،
مەردلەرنىڭ نومۇسسىزى ، بۇ تۇترۇقسىز
ئويلارغا قانداقسىگە كۆڭلۈڭدىن ئورۇن
بەردىڭ . سەن ئەر ئەمەسمۇ !! جاھاندا
دوستلۇققا شۇتا بولۇپ ۋاپادارلىق قائىدىسىدە
نامىڭ ئويۇقتا يېتىشكەندەك پەرەز قىلىۋاتى-
مەن . سەن ئويلاپ باقىنكى ھالال
خوتۇنۇڭنى نامەھرەم كىشى بىلەن بىر
ياستۇققا باش قويدۇرۇپ نومۇس خامىنىڭغا
ئوت قويىغىنىڭ ھېچ قانداق مەزھەپتە جايىز
ئەمەستۇر . سەن بۇ خىل يامان خىياللارنى
كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ بۇنداق بىھۇدە ئىشقا
يول بەرمىگىن . چۈنكى بۇنىڭ مەنىسى
يوقتۇر ، — دېدى .

ئۇ جاھاندا تەڭداشسىز يىگىت :

— ھەي پاكلىق گۈلستانىنىڭ ئېچ-
پەتلىك گۈلى ، ۋاي بىغۇبارلىق
چىمەنزارىنىڭ يۇمران كۆچتى . بۇ خىل
جاننى ئۆرتەيدىغان سۆزلىرىڭگە جان دىلىم
پىدا بولسۇن . سېنىڭ سۆزلىرىڭنىڭ پۈتۈن-
لەي توغرا ئىكەنلىكىنى بىلىمەن . لېكىن
دوستلۇق يولىدا نومۇسۇمنى يوق قىلىپ
جان دىلىمنى ئاتا قىلغايمەن . شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇ سۆزلىرىڭ ھەرگىز پايدا بەر-
مەيدۇ . سەن بولساڭ پەرمانىمغا
مەھكۇمسەن . بۇ توغرىسىدا كۆپ سۆز قىل-
غىنىڭ بىكار . ئاقىلراق بولغىنىڭ
ياخشىراقتۇر . ئەمدى تېز تۇرۇپ ئۆزۈڭنى
ياساپ ئۇ بالاغا گىرىپتار بولغان بىچارىنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ دىۋانە كۆڭلىگە ئاراملىق بې-
رىپ ، ئۇيات پەردىسىنى ئېچىپ دىلبەرلىك
نەغمىلىرى بىلەن ئۇنى شاد قىلغىن ، —
دېدى .

ئۇ توزغا ئوخشايدىغان گۈزەل
نازىنىن ئېرىنىڭ رازىلىق بەرگىنىگە قاراپ
نائىلاج بولۇپ ، ئۆزىگە زىبۇزىنىنەت بېرىپ
زەرلىك مەيدە ئولتۇرۇپ ئېرىدىن ئۆزىگە
ئاشىق بولغان يىگىتنىڭ ماكانىنى
سوراپ بىلىپ بىر نەچچە خىزمەتكار بىلەن
يولغا چىقتى .

ئۇ جۇنۇنلۇقنى ئۆزىگە ھۈنەر
قىلغۇچىنىڭ ماكانى شەھەردىن ئۆزاقتا
ئىدى . قازارا ، يول ئۈستىدە بىر توپ
بۇلاڭچىلار يول توراپ بۇلاڭچىلىق قىلىش

ئۈچۈن يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئىدى. مەلىكە تۇيۇقسىز بۇلاڭچىلارغا دۇچار بولدى. بۇ هارام تاماقلار مەلىكىنىڭ ئۈستىدىكى زىبۇزىننەتلەرنى كۆرۈپ كاتتا دۆلەتكە ئېرىشكەندەك بولۇشۇپ ئەتراپىنى قورشىدى. ئەقىللىق مەلىكە بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ دانالىق بىلەن بىر يۈرۈش ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ ئۇ ناپاكلارغا دەم سېلىپ:

— هەي يىگىتلەر، ئازراق تەخىر قىلىپ ئىلتىماسىمغا قولاق سېلىڭلار، ئاندىن كېيىن ئىختىيار سىلەردىدۇر، — دېدى.

ئوغرىلار بۇ سۆزنى ئىشىتكەندىن كېيىن قول باغلاپ تۇرۇشتى. مەلىكە:

— هەي باتۇرلار، مەن بىر نامى ئاتالغان خوتۇنمەن. بۈگۈن ئاخشام ماڭا مۇشتاق بولغان بىر يىگىتنىڭ بەزمىسىگە بارىمەن. ئۇرغۇن بايلىقلارغا ئېرىشىشىمدىن ئۈمىدىم بار. ئازراق مۆهلەت بەرسەڭلار، بۇ زىبۇزىننەت بىلەن ئاشىقىمنىڭ ئۆيىگە بارسام. قايتقاندا يەنە سىلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا كېلىپ، ئىنئام ئالغان نەرسىلىرىم ۋە زىبۇ زىننەت لىباسلىرىم بىلەن سىلەرگە بېرىپ خوشلاشسام بۇ بىزنىڭ شەرت ئەهدىمىز بولسا، — دېدى.

قاراقچىلارنىڭ سەردارى بۇ سۆزنى ئىشىتىپ شەرت ئەهدىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ رۇخسەت بەردى. مەلىكە خەۋپ-خەتەردىن ساق-سالامەت چىقىپ ئاشىق يىگىتنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇ جاينى نۇرلۇق جامالى بىلەن روشەن قىلدى. ئۇ دەشت باياۋانلاردا سەرگەردان بولغۇچى يىگىت دوستىنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن ۋىسال دۆلىتىگە يېتىشىپ بەخت دۆلەت كۇرسىسىغا يۆلىنىپ خۇشال ئولتۇردى. تەلەپ مەقسىتىگە يېقىنلىشىپ بەزمىلەر تۈزۈلگەندە، ئەقىللىق مەلىكە پەرىشان هالدا ئولتۇردى. بىرەر سائەتتىن كېيىن مەلىكە يىگىتنىڭ يۈزىگە قاراپ زەهەر خەندىلىك بىلەن كۈلۈپ يەنە ئۆز دىققىتىنى يىغىپ ئولتۇردى. يىگىت پاراسەت بىلەن بۇ زەهەرلىك كۈلكىدە بىرەر سەۋەب بارلىقىنى بىلىپ دەرهال غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئېچىپ، نېمە ئۈچۈن بۇنداق كۈلدىغانلىقىنى سورىدى. مەلىكە ئولتۇرۇپ بولغان ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاخىرى قىلچە نۇقسانسىز بايان قىلدى. بۇ سەرگەردان ئاشىق بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دوستىنىڭ مەردلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئۆزى شەرمەندە بولۇپ بۇ پاكلىق پەردىسى ئىچىدىكى مەلىكىنى ئۆزىگە قىيامەتلىك سىڭىل بىلىپ، كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ هەرخىل قىممەت باهالىق جاۋاهىرلارنى هەددى-هېسابسىز بېرىپ، ناهايىتى ئىززەت-ئىكرام بىلەن يولغا سالدى.

مەلىكە ئۆيىگە يولغا چىققان ۋاقتىدا خىزمەتكارلار:

— باشقا يولدىن ماڭساق، قاراقچىلارنىڭ بالاسىدىن ئامان قالىمىز، — دەپ باشقا تەرەپتىن مېڭىشنى تەۋسىيە قىلدى. مەلىكە بولسا ئەهدىگە ۋاپا قىلىپ قاراقچىلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىنئام ئالغان جاۋاهىرلار ۋە ئۆزىنىڭ ئەزىز زىبۇزىننەت لىباسلىرىنى چىقىرىپ قويدى. ئوغرىلارنىڭ سەركەردىسى بۇ ئايالدىن بۇ خىل مەردلىكنى كۆرۈپ ئاپىرىنلار ئوقۇپ يانچۇقىدىن بىر پارە ئالتۇن قوشۇپ مەلىكىگە بېرىپ، ئۆزرە ئېيتىپ ساق-سالامەت يولغا سېلىپ خوشلاشتى. مەلىكە شادىمانلىق بىلەن ئۆيىگە كېلىپ ئېرىگە بۇ ۋەقەنى ئېيتىپ بەردى-دە. [illegible] بىلەن بەخت كۇرسىسىدا ئولتۇردى.

* *

رىۋايەتچىلەر ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

ئەپسانىچى موماي ھېكايىسىنى تامام قىلىپ، كامكاردىن:

— سەن قايسى بىرىگە تەھسىن ئېيتىسەن، ئوقۇيسەن، — دەپ سورىدى. كامكار:

— ئوغرىلارنىڭ كەڭ قورساقلىقىغا، ئايالنىڭ پاكلىقىغا، دوستىنىڭ كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ئۆزىنىڭ نومۇسىدىن ئۈستۈن كۆرگەن ئەرنىڭ دوستلۇق مۇھەببىتىگە تەھسىن ئايىرىن ئوقۇيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. خوتۇن بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ كامكار بىلەن خوشلاشتى.

نۆۋەت ھۇشمەندكە كېلىپ، كامكار كېلىپ ئولتۇرغان جايغا كېلىپ ئولتۇردى. خوتۇن ھېكايىسىنى تامام قىلىپ:

— ھەي ھۇشمەند، سەن كىمگە تەھسىن ئايىرىن ئوقۇيسەن، — دەپ سورىدى. ھۇشمەند:

— ئوغرىلاردىن بۇ تەرىقىدىكى كەڭ قورساقلىقنىڭ كېلىشى ئەقىلدىن يىراقتۇر. مەن شۇلارغا تەھسىن ئايىرىن ئوقۇيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

نۆۋەت سودىگەر يىگىتكە كەلدى. موماي ھېكايىسىنى تامام قىلدى. سودىگەر ياش:

— ئوغرىلاردىن بۇ تەرىقىدىكى كەڭ قورساقلىق ۋە مەرھەمەتكە كېلىپتۇ، بۇ نولىمۇ ئاجايىپ ئىشتۇر. مەن شۇنىڭغا تەھسىن ئايىرىن ئوقۇيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

نۆۋەت زەرگەر ياشقا كەلدى. خوتۇن ھېكايىسىنى «ئوغرىلار مەلىكىنىڭ ئەھدىسىگە ۋادالىق قىلغىنى ئۈچۈن يەنە ئالتۇن بېرىپ، ئېرىنىڭ ئالدىغا سالامەت بېرىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى» دېگەن يەرگە كەلگەندى. زەرگەر ياش دەرھال مومايىنىڭ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇرغىلى قويماي غەزەپلىنىپ:

— ئوغرىلار ناھايىتى ئەقىلسىز ۋە نادانلىقىدىن بۇنداق ياخشى ئىشنى بىكاردىنلا قولىدىن چىقىرىپتۇ، — دەپ كۆپ ئەپسۇسلار قىلىپ، كۆپ نادامەتلەر چەكتى. ئۇ ئەقىللىق موماي دەرھال زەرگەر ياشنىڭ قولىدىن تۇتۇپ:

— ھەي نادان، بۇ تەرىقىدە تېزلىك بىلەن ئۆز سىرىڭنى ئاشكارا قىلغىنىڭ خاملىقىڭدىندۇر. ئەمدى ساڭا ئەڭ ياخشى مەسلىھەت شۇكى، تېخى سېنىڭ ئىشلىرىڭدىن ئەل - جامائەت ۋاقىپ بولۇپ، ئىشىڭ رەسۋالىققا يۈزلەنگۈچە ياقۇتلارنى چىقىرىپ بەرگىن. ئىگىسىگە يەتكەي. مەن بولسام پاك ئايالمەن. تا بۇ كەمگىچە ھېچبىر كىشىنىڭ پاكلىق پەردىسىنى پارە قىلغان ئەمەسمەن. خاتىرجەم بولغىن، — دەپ بىر كېنىزەككە ئىشارەت قىلدى. كېنىزەك بىر تاۋاق لەئىلنى چىقىرىپ زەرگەر ياشنىڭ ئالدىغا قويدى. موماي زەرگەر ياشقا:

— سەن تۆت پارچە لەئىلنى بۇلارنىڭ ئارىسىغا قويغىن، — دېدى. زەرگەر ياش راستلىقنى ئىقرار قىلىشتىن باشقا ئامال قالمىغانلىقىنى كۆردى. ئاخىرى لەئىللەرنى يوشۇرۇن ھالدا تاۋاقنىڭ ئىچىگە

قويۇپ ئورنىدىن قوزغىلىپ دوستلىرى قې‌شىغا باردى . ئەتىسى تۆت دوست ئۇ پاكىز سۇرەت موماينىڭ ئىشكىگە كېلىپ تۇردى . خوتۇن بۇلارنى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىپ :

— ھەي يىگىتلەر ، ئاخشام ھەرقانچە پىكىر قىلساممۇ ياقۇتلار ئەسلا مەلۇم بول‌مىدى . سىلەر بولساڭلار بۇ دىيارغا مۇساپىر ، تەلۋۈڭلار تۆت پارچە ياقۇت بولسا مەن سىلەرگە ئۆز خەزىنەمدىن بېرەي ، — دەپ بۇيرۇپ بىر تاۋاق لەئىلنى كەلتۈرۈپ يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويدى . ھۇشمەند ئۆ‌زىنىڭ تۆت پارچە لەئىلىنىڭ تاۋاقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئىككىلەنمەيلا قول سېلىپ تۆت لەئىلنى ئېلىپ يانچۇقىغا سالدى . خوتۇن ھۇشمەندنىڭ پەم — پارا‌ستىگە ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇلارغا رۇخسەت بەردى . ئۇلار بۇ يىغلىشتىن چىقىپ شە‌ھەرنىڭ بىر مەنزىلىنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلىپ ، كامكارنى ئىززەت كۇرسىسىدا ئول‌تۇرغۇزدى ، ھۇشمەند ياقۇتلارنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا چىقتى . جاۋاھىر پۈرۈشلار ھەر بىرى مەملىكەت خىراجىتىگە تەڭ كېلىدىغان تۆت پارچە قىممەت باھالىق يا‌قۇتنى بىر غېرىب يىگىتكە بىمۇناسىپ كۆرۈپ » ئوغرى ئوخشايدۇ « دەپ مۇقەر‌رەرلەشتۈردى . ئاخىرى ھۇشمەندنىڭ قول — پۇتلىرىدىن باغلاپ مىرشەبنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى . مىرشەب «بۇ يىگىتنى بويىنىغا زەنجىر سېلىپ زىندانغا تاشلاڭلار » دەپ بۇيرىدى . ئەتىسى تاڭ ئېتىپ ، پادىشاھ تەختتە بارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن ئولتۇراتتى . مىر‌شەب پادىشاھنىڭ ئالدىغا ھۇشمەندنى ئېلىپ

كېلىپ ، لەئىللەرنى تەختنىڭ ئالدىغا قويدى . پادىشاھ لەئىللەرنى كۆرۈپ تە‌ئەججۈپ قىلىپ ھۇشمەندتىن :

— بۇ لەئىللەرنى قەيەردىن ئالدىڭ ، — دەپ سورىدى . ھۇشمەند راست گەپنى ئېيتىشتىن باشقا ئامال تاپالماي ئا‌خىرى ئىلاجىسىز كامكار بىلەن ئۆزىگە ۋە يولداشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق ۋەقە‌لەرنى باشتىن ئاخىرىغىچە بايان قىلدى . پادىشاھ ھۇشمەندنىڭ سۆزىنى ئورۇنلۇق كۆرۈپ لەئىللەرنى قايتۇرۇپ ئۆزىگە بېرىپ « كامكارنى ھازىر قىلىڭلار » دەپ بۇيرۇق قىلدى . پادىشاھنىڭ مۇلازىملىرى كېلىپ كامكارنى ئىززەت بىلەن پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ باردى . بۇ ئىش بارلىق شەھەرگە پۇر كېتىپ ھەر تەرەپتىن تاماشاغا كىشىلەر جەم بولۇشتى :

— پادىشاھنىڭ پاكلىق پەردىسى ئىچىدە ئولتۇرغان بىر قىزى بار ئىدى . ئۇ‌نىڭ ھۆسن — جامالىنىڭ داڭقى دۇنياغا مەشھۇر بولغانىدى . ئۇزۇن ۋاقىتتىن بىرى كامكارنىڭ جامالىنى چۈشىدە كۆرۈپ ، ھەمىشە ئۇنىڭ پىراقىدا يوشۇرۇن نالە قىلىپ يۈرەتتى . ئۇ مۇرات يامغۇرىنىڭ قايسى تە‌رەپتىن كېلىپ كۆكۈل غۇنچىسى قايسى بانا بىلەن ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى . بۇ خەۋەرنى مەلىكىمۇ ئاڭلاپ پەنجىرىنىڭ ئارقىسىدىن تاماشا قىلىپ تۇرغانىدى . ئۇشتۇمتۇت كامكار بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن كىرىپ كەلدى . مەلىكىنىڭ نەزەرى ئىختى‌يارسىز كامكارغا چۈشۈپ مەشۇقىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھاللا بىر ئاھ تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى . كېنىزەكلەر مەلى‌كىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى . پادىشاھ

مەلىكىنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ، كامكارنى تەلەپ قىلىپ كەلتۈرگىنىدىن پۇشايمان قىلىپ دەرھال خوشلاشتى. مەلىكە ئۆز ھەرىمىگە كىرىپ بىتاقەت بولۇپ كېچە ـ كۈندۈز نالە ـ زارە قىلىپ يىغلاپ تىنىقى ئۈزۈلۈش ھالىتىگە بېرىپ يەتتى. پادىشاھ بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقەدىن پەرىشان بولۇپ دۆلەت ئەمىرلىرىنى چاقىرىپ مەسلىھەت قىلدى. ھەممىسى مەسلىھەتنى بىر يەرگە كەلتۈرۈپ:

ـ ھەي ئالەم پادىشاھى، بۇ سۆزلەر تېخى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا بولمىغان ۋاقىتتا مەلىكىنى كامكارغا نىكاھ قىلىپ بېرىلىك. چۈنكى كامكارنىڭمۇ پادىشاھ نەسلىدىن ئىكەنلىكى، پەلەكنىڭ ھادىسىلىرىدىن سەرگەردان بولۇپ بۇ ۋىلايەتكە كېلىپ قالغانلىقى مەلۇم بولدى، ـــ دەپ ئۆز ئويلىرىنى ئېيتىشتى.

پادىشاھقا بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ شەھەرنى بايرام تۈسىگە كىرگۈزۈپ ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن مەلىكىنى كامكارغا نىكاھ قىلىپ بەردى. كامكار مەلىكىدىن مۇرادىغا يەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن پادىشاھ بۇ پانى دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. كامكار پادىشاھ بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى. ھۆشمەندنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىپ ئىختىيار ئىشەنچىسىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئىككى ھەمرىيىغمۇ كۆپ ئىنئاملار بېرىپ دۇنيا مۈلكىدىن خاتىرجەم قىلىپ، قالغان ئۆمرىنى راھەت ـ پاراغەت ۋە بەخت ـ سائادەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

## جامنىڭ لالەرۇخقا ئاشىق بولۇپ، ئۇنى نىكاھ قىلىپ ئالغانلىقى، پەلەكنىڭ ھىيلىسىدىن يىراق ئوتىغا گىرىپتار بولۇپ يەنە ۋىسال دۆلىتىگە ئېرىشكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ھىندىستان ۋىلايىتىدە ئۆتكەن پادىشاھلار ئەۋلادىدىن جام ئىسىملىك بىر يىگىت بار ئىدى. ئۇ دۆلىتىدىن ئايرىلىپ، سەلتەنەت تەختىدىن چۈشۈپ، نەۋكەرلەر قاتارىدا يۈرەتتى. ئۇ شەھەرنىڭ ھاكىمى مىرزەبان دېگەن كىشى بولۇپ، جام ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. مىرزەبانىنىڭ ھۆسن ـ جامالدا تەڭدىشى يوق لالەرۇخ ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىدى. بىر كۈنى جام رەستە بازاردا ئولتۇرغانىدى. «پوشت، پوشت» دېگەن ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ئارقىسىدىن ساراي خوجىلىرى بىر زەرلىك مەپىنى كۆتۈرۈپ ئېلىپ كەلدى. جام قاراپلا مىرزەبانىنىڭ قىزىنىڭ مەپىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. تۇيۇقسىز مەپىنىڭ پەردىسىنى شامال ئۇچۇرغانىدى، جامنىڭ نەزەرى پەردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان لالەرۇخقا چۈشۈپ مىڭ كۆڭۈل بىلەن ئاشىق بولۇپ ئاھ تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى. كىشىلەر جامنىڭ ئەتراپىغا جەم بولدى. ئۇ بىرەر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ، بېشى ئۈستىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ جەم بولۇشقانلىقىنى، ئەمما مەشۇقىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇ ھېچكىمنىڭ سۆزىگە ئىلتىپات قىلماستىن لالەرۇخنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ قەسرىنىڭ ئاستىغا كېلىپ زار ـ زار يىغلاپ ئاشىقلارچە نالىلەر قىلىپ ئولتۇردى.

بۇ ۋەقە بولۇپ بىر نەچچە مۇددەت ئۆتتى. بۇ سۆز بارلىق شەھەر ۋە سەھرالارغا تارىلىپ پۈر كەتتى. ئاخىرى كىشىلەر بۇ ئىشنى مىرزەبانغا مەلۇم قىلدى. مىرزەبان: «جامنى ئۆلتۈرمىگۈچە بۇ يامان نامدىن خالاس بولالمايدىغان ئوخشايمەن» دەپ ئويلاپ بارلىق ئەمىرلىرنى جەم قىلىپ بۇ ئىشنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. دۆلەت كاتتىلىرى جامغا خەيرخاھلىق قىلىپ:

— ھەي ئالەم پادىشاھى، ئىسىڭىزدە بولسۇنكى، جام كەيانى پادىشاھلىرىنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا لۇتىپ مەرھەمەت قىلىپ كۆيئوغۇللۇق شەرىپىگە مۇناسىپ قىلسىڭىز لايىق كېلىدۇ، — دەپ ئىلتىماس قىلىشتى، پادىشاھ غەزىپىدىن يېنىپ ئەمىرلىرىنىڭ سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، لالەرۇخنى جامغا نىكاھ قىلىپ بەردى. جام ھەرەم ئۆيىگە كىرىپ مەشۇقىنىڭ ۋىسال شارابىدىن ئىچىپ سەرخوش بولۇپ ئولتۇردى.

ھىندىستاندا خەلىپەئى ۋەقت دەيدىغان يەنە بىر ئۇلۇغ پادىشاھ بار ئىدى، ئۇ ناھايىتى ھوشيار ۋە دانا پادىشاھ ئىدى. ئۇ لەشكەرلىرىنىڭ جىقلىقىدىن ۋە خەزىنىسىدىكى بايلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەتراپىدىكى پادىشاھلارنى ئۆزىگە باراۋەر كۆرمەيتتى، خەلىپىنىڭ ھەرەمىدە سەرۋى ناز ئىسىملىك بىر كېنىزىكى بار بولۇپ، ھۆسۈن جامالدا دۇنيانىڭ ھەممە خوتۇنلىرىدىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇنىڭ ھۆسىن - جامالىدىلا تەڭدىشى يوق بولۇپ قالماي، پەھىم پاراسەتتىمۇ دۇنيادا بىرلا ئىدى. ئۇ خەلىپىنى ئۆز كۆڭلىگە ئەسىر قىلىپ كېچە - كۈندۈز ئۇنى ئۆز سۆھبىتىدىن خۇشال قىلاتتى. سەرۋى ناز ھەمىشە ناز ئىشۋىلەر بىلەن پادىشاھقا ھەر خىل سۆزلەرنى قىلاتتى. پادىشاھمۇ مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن بۇ خىل غىلجىڭلاشلارنى كۆتۈرەتتى.

بىر كۈنى پادىشاھ قوبۇلخانىسىدىن قايتىپ ھەرەم ئۆيىگە كىردى. پادىشاھ سەرۋى نازنىڭ ناز ئىشۋىلىرى بىلەن دىلنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلغۇچى چاچلىرىنى چېكىسىگە قويۇپ بىرىپ، كۈرسىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. سەرۋى ناز پادىشاھنى كۆرۈپ ئىززەت - تەزىمنى بەجا كەلتۈرمەي ئورنىدا ئولتۇرۋەردى. سەرۋى نازنىڭ بۇ قىلىقى پادىشاھنىڭ قۇياشتەك پاك كۆڭلىگە ئېغىر كېلىپ:

— ھەي يۈزى قېلىن خوتۇن، سەندە قانچىلىك خاسىيەتلەر بولۇپ بۇنچىلىك تەكەببۇرلۇق قىلىپ ھەددىڭدىن ئاشىسەن؟ ئەگەر بۇنىڭغا توغرا دەلىل تېپىپ مېنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب بەرسەڭ، غەزىپىمدىن خالاس بولىسەن، بولمىسا بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن، — دېدى.

سەرۋى ناز پادىشاھنىڭ قاتتىق غەزىپكە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ:

— ھەي خۇسرەۋدەك ئادىل پادىشاھ، مېنىڭ بۇ داۋادا ئىككى دەلىلىم بار، ئەگەر رۇخسەت قىلساڭ ئۇلارنى ئىسپات كەلتۈرىمەن، بىرى ۋايىغا يەتكەن ھۆسىن - جامال، يەنە بىر كامالەتكە يەتكەن ئەقىل - پاراسەت. بۇ ئىككىسى مەندە بار. سەن ئاۋۋال مەندىن ياخشىراق گۈزەل پەرىنى

تېپىپ ئۇندىن كېيىن مېنى بىر نېمە دېگىن ، — دەپ جاۋاب بەردى . خەلپىگە بۇ سۆز ماقۇل كېلىپ ، ھەرىمدىن چىقىپ ، دەرھال تۇرالغۇسىغا بېرىپ دانا بىر ۋەزىرنى چاقىرتىپ كېلىپ :

— پۈتۈن ئالەمنى ئايلىنىپ ھۆسن - جامال ، پەزىلەت ۋە كامالەتتە سەرۋى ناز سۈرەتتەك قىپتىپ ئەقلى لال بولىدىغان بىر نازىنىنى تېپىپ ئېلىپ كەلگىن . ئەگەر بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىساڭ ۋەزىرلىكتىن چىقىرىپ ئورنۇڭغا باشقا كىشىنى ۋەزىر قىلىمەن — دەپ بۇيرىدى .

ۋەزىر پادىشاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن سەپەر جابدۇقلىرىنى تەييار قىلىپ بىشىغا كۇلاھ كىيىپ قەلەندەرلەر سۈرىتىدە بولۇپ مەقسەت يولىغا قەدەم قويدى .

ۋەزىر دەشت باياۋانلاردا يۈرۈپ ، ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەت ساياھەت قىلىپ كۆپ ۋىلايەتلەرگە بېرىپ ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ كۆردى ، مەقسەتتىن ھېچ ئۈمىد كۆرمىدى . ئاخىرى ئامالسىز ۋەزىرلىكتىن ئۈمىد ئۈزۈپ ۋەتىنىنى كۆزلەپ يولغا چىقتى . قازارا ، نەزەرى مىزەبانىنىڭ شەھىرىگە چۈشتى . ئۇ كۈنى لالەرۇخ ساياھەت ئۈچۈن سەھراغا چىققانىدى . ۋەزىرنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە مەپىنىڭ پەردىسىنى شامال ئۇچۇرۇپ پەردە كۆتۈرۈلدى . ئىختىيارسىز ۋەزىرنىڭ نەزەرى لالەرۇخقا چۈشۈپ خېلى ئۇزۇن گاراخ بولۇپ تۇرۇپ قالدى . ۋەزىر كۆزىنى ئېچىپ مەلىكىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى كۆردى . بىر كىشىدىن ئۇ مەلىكىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىدى . ئۇ كىشى :

— بۇ كىشىنىڭ ئىسمى لالەرۇخ ، پادىشاھ مىرزەباننىڭ قىزى ، — دەپ جاۋاب بەردى .

ۋەزىر ناھايىتى خۇشال بولۇپ قايتىپ بېرىپ ، خەلپىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ لالەرۇخنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلدى . خەلپە خۇشال بولۇپ ۋەزىرنى ئەلچى قىلىپ مىرزەباننىڭ خىزمىتىگە لالەرۇخنى تەلەپ قىلىپ ئەۋەتتى . ۋەزىر مىرزەباننىڭ خىزمىتىگە كېلىپ سوۋغا سالاملارنى تەقدىم قىلىپ خەلپىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى . مىرزەبان دەرغەزەپ بولۇپ سۆزىنى رەت قىلىپ ئەلچىنى يولغا سالدى . ۋەزىر خەلپىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى . مىرزەباننىڭ ئۆز سۆزىگە كىرمەگەنلىكىدىن كۆڭلى پەرىشان بولغان خەلپە لەشكەرلىرىگە جەم بولۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى . ئاز ۋاقىتتىلا ساناقسىز ئەسكەرلەر جەم بولدى . خەلپە مىرزەباننىڭ دەككىسىنى بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتلاندى .

مىرزەبان خەلپىنىڭ لەشكەر بىلەن بېسىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى . ئۇلار خەلپىگە تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ ، ئامالسىز قەلئەنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ ئېھتىيات بىلەن ئولتۇردى . خەلپىمۇ ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىپ قەلئەنىڭ ئەتراپىنى مۇھاسىرە قىلدى . نەچچە ۋاقىت بۇ تەرىقىدە ئۆتتى . خەلپە غەمكىن بولۇپ يەنە ۋەزىرنى ئەلچى قىلىپ بىرنەچچە كىشى بىلەن «مىرزەبانغا نەسىھەت قىلسۇن» دەپ ئەۋەتتى . ۋەزىر مىرزەباننىڭ تۇرالغۇسىغا

كىرىپ ئولتۇردى .

ۋەزىرنىڭ نەققاشلىق ئىلمىدا ماھارىتى ناھايىتى ئۈستۈن بىر مەھرىمى بار ئىدى . ئۇ مەلىكىنىڭ بېغىغا كىرىپ كۆلچەكنىڭ لېۋىدە تاماشا قىلىپ ئولتۇردى . ئەلقىسسە ، لالەرۇخ قەسرىنىڭ ئىشكىدىن بېشىنى چىقىرىپ باغ تەرەپكە قارىدى . شۇ ھامان ئۇنىڭ ئەكسى كۆلچەكنىڭ ئىچىگە چۈشتى . ۋەزىرنىڭ مەھرىمى مەلىكىنىڭ ئەكسىنى سۇدا كۆرۈپ لالەرۇخنىڭ ئەكسى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ بىر ۋاراق قەغەزگە ئۇنىڭ سۇدىكى سۈرىتىنى سىزىپ قوينىغا سالدى .

بۇ تەرەپتە بولسا ، ۋەزىر مىرزەبانغا خەلىپىنىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپ يارىشىپ قېلىشتىكى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . مىرزەبان ۋەزىرگە يەنە دەشناملار قىلىپ يولىغا سالدى . ۋەزىر خەلىپىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ ئىشتكەن سۆزلىرىنى بايان قىلدى . شۇ ئەسنادا ، ۋەزىرنىڭ مەھرىمى لالەرۇخنىڭ سۈرىتىنى قوينىدىن چىقىرىپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا قويدى . خەلىپە سۈرەتنى كۆرگەن ھامان بىتاقەت بولۇپ ئېھتىيات تەرتىپلىرىنى قولدىن بېرىپ ، ۋەزىرنى يەنە ئەلچى قىلىپ ئۆزىنى نەققاش مەھرەم سۈرىتىدە ياساپ ئەلچىگە مۇلازىم بولۇپ مىرزەبانىنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلدى . ۋەزىر تۇرالغۇغا كىرگەن ۋاقىتتا ، خەلىپە باغقا كىرىپ «بىر باھانە بىلەن لالەرۇخنىڭ جامالىنى كۆرسەم ئەجەبئەمەس » دەپ كۆلچەكنىڭ لېۋىدە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردى . ئەمما لالەرۇخ قەسرىدىن باغ تەرىپىگە ئەسلا قارىمىدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن خەلىپە بىر بېلىقنىڭ ئۆز ئالدىغا كېلىپ سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ھەر تەرەپكە ئويناقشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى . خەلىپە بېلىقنىڭ تاماشىسىغا مەھلىيا بولۇپ ئۆز ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ تاماشا ئۈچۈن قولىدىكى ئۈنچە تەسۋىنى يېپىدىن ئۈزۈپ دانىسىنى بىر ـ بىرلەپ بېلىقنىڭ ئالدىغا تاشلاپ ئولتۇردى . بېلىق ئۈنچىلەرنى بىر ـ بىرلەپ يۇتاتتى . خەلىپە بۇ تاماشىدىن خۇشاللىققا چۆمۈپ پەلەكنىڭ ھادىسىلىرى ھەرلەھزىدە ئۆزگىرىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى .

ئەلقىسسە ، خەلىپە بېلىقنىڭ تاماشاسىغا بەنت بولۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتتا ، بىر كېنىزەك قەسرىنىڭ ئۈستىدىن بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ يوشۇرۇن ھالدا پەسكە ئاستا ـ ئاستا قەدەم قويۇپ چۈشۈپ خەلىپىنىڭ بېشى ئۈستىگە كەلدى . ئۇ پاراسەت بىلەن بۇ خىل قىلىقلارنىڭ پادىشاھلاردىلا كۆرۈلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتى . چۈنكى پادىشاھ بولمىسا ھەرقانداق باي كىشمۇ بىر دانىسى مەملىكەت خىراجىتىگە توغرا كېلىدىغان ئۈنچىنى سۇنىڭ ئىچىگە تاشلىمايدۇ ، كېنىزەك ئازراق تاماشا قىلىپ قاراپ تۇردى . خەلىپىنىڭ ئۇنىڭ كەلگىنىدىن ئەسلا خەۋىرى بولمىدى . بىرەر سائەتتىن كېيىن تەسۋىنىڭ دانىسى تامام بولدى . كېنىزەك پادىشاھمۇ ئەمەسمۇ دېگەن گۇماننى ئېنىقلاپ كۆرۈش ئۈچۈن بويىنىدىن بىر يىپ ئۈنچىنى ئېلىپ ، يىپنى ئۈزۈپ خەلىپىنىڭ قولىغا بىر ـ بىرلەپ سۇنۇپ بەردى . خەلىپە تاماشاغا مەھلىيا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۈنچىلەرنى كىم قولىغا بېرىۋاتىدۇ ، ئازراقمۇ

سۇرۇشتۇرۇپ قويماي ، ئۆزىنىڭ ئۇنچىسى-
دەك بىر ـ بىرلەپ كۆلچەككە تاشلاپ تاماشا
قىلىپ ئولتۇردى . ئۇنچىلەر تامام بولغان
ۋاقىتتا يەنىلا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي
قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنچە تەلەپ قىلدى . ئا-
خىرى كېنىزەك خەلپىنىڭ قولىدىن مەھكەم
تۇتۇپ :

ـــ ھەي دۆت تەلۋە ، سېنىڭ
ناھايىتى ئەقىلسىزلىكىڭدىن بىلىق تاماشا-
سىغا بەنت بولۇپ بالا دامىغا گىرىپتار
بولدۇڭ ، سېنىڭ پىتنە پاسات سېلىشىڭ بى-
لەن جەۋرى جاپالىرىڭدىن پۈتۈن ۋىلايەت
خاراب بولۇش ئالدىدا تۇردۇ . مەقسىتىڭ
پادىشاھنىڭ قەلئەسىدىن تۆشۈك ئېچىپ
ئۈنى نومۇسقا قويۇپ ، پاك سەدەپ ئىچىدە
پەرۋىش قىلىنغان بەختىيار گۆھىرىنى
قولۇڭغا كىرگۈزۈشتۇر . ئەمدى كۆرۈۋاتى-
سەن ، پەلەك ھەر خىل نەيرەڭلىرى بىلەن
سېنىڭدەك پادىشاھنى مېنىڭ قولۇمغا گىرىپ-
تار قىلدى . ھەي پادىشاھ ئەقىلسىزلىقىڭدىن
تەدبىرنى خاتا قىلدىڭ ، سەن تېخى ئۈۋنى
قولۇڭغا كىرگۈزمەي تۇرۇپ ئۆزۈڭ
زەنجىرگە گىرىپتار بولدۇڭ ، ـــ دېدى .

خەلپە بۇ ۋەقەدىن ھەيرەتكە تولۇپ
بۇ ئەندىشىدىن ئۆزىنى خالاس قىلىش
ئۈچۈن ھەر خىل پىكىرلەردە بولدى . شۇنچە
كۆپ پىكىر يۈرگۈزۈپمۇ قانداق قىلىپ بۇ
ئەجەلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنى
بىلمىدى . ئاخىرى :

ـــ ھەي گۈزەل مەلىكە ، ئويلاپ
كۆرگىن ، مەن بىناۋانىڭ خەلپە بىلەن
نېمىمۇ مۇناسىۋىتى بولسۇن . مەن ئەلچىنىڭ
خىزمەتكارىمەن . خەلپە بۇ تەرىقىدە نېمە
زۆرۈرىيەتتىن بۇ ماكانغا كېلىپ ئۆزىنى
بالاغا گىرىپتار قىلسۇن ، بۇنداق بولۇشى
ئەقىلدىن تولىمۇ يىراقتۇر ، ـــ دېدى . كې-
نىزەك :

ـــ ھەي ، بۇ خىلدىكى بىمەنە
سۆزلىرىڭنى قويغىن ، ئوتنى خەس ـ خە-
شەكلەرنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن ساقلىغىلى
بولمايدۇ ، ـــ دېدى .

خەلپە كېنىزەكنىڭ ئۆز پەردىسىنى
يىرتىپ تاشلاپ توغرا تونۇۋاتقانلىقىنى
بىلدى . خەلپە «بۇنىڭ بىلەن تالاش ـ
تارتىش قىلىپ ئولتۇرۇش پايدا
بەرمەيدىكەن» دەپ جەزملەشتۈرۈپ ،
ئىلاجىسىز قازاغا تەن بېرىپ تەڭرى تائالاغا
ئۆزىنى تاپشۇرۇپ ھېچقانداق سۆز قىلماي
سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى . كېنىزەك
ھەققەتەن ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ پادى-
شاھى ئۆز قولىغا چۈشكەنلىكىنى
جەزملەشتۈرۈپ ، بىرەر سائەت ئويلىنىشتىن
كېيىن :

ـــ ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھ ،
سەن بىزگە دۈشمەنسەن ، سېنىڭدەك دۈش-
مەننى قويۇپ بېرىپ ئۆز ماكانىغا ئەۋەتمەك
ئەقىللىقلارنىڭ ئىشى ئەمەستۇر . بىراق سەن
پۈتكۈل ئالەمنىڭ پادىشاھلىرىغا سەركەردى-
سەن . بۇ ئىسمىلىك ۋە ئىززىلىكىڭ بىلەن
سېنىڭ قېنىڭنى تۆكۈشنى خالىماسمەن .
ئەگەر ئەھدە قىلىپ ، تۇرالغاڭغا بارغاندىن
كېيىنلا لەشكەرلىرىڭنى قەلئە ئەتراپىدىن
يىغىپ لالەرۇخنىڭ مۇھەببىتىنى
كۆڭلۈڭدىن چىقىرىپ ئۆز شەھرىڭگە
بارساڭ . تېخى بۇ ئىشلاردىن ھېچكىم خەۋەر
تاپماستىنلا سېنى خالاس قىلىپ ، ئۆز

جايىڭغا ئەۋەتىمەن. يەنە بىرى ئۆز جايىڭغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ تەرەپكە قايتىپ كەلمەيسەن، — دېدى.

خەلىپە بۇ مەرھەمەتلىك سۆزنى ئىشتىپ ئۆزىگە يېڭى ھاياتلىق ئاتا قىلغاندەك ھېس قىلىپ، ئېيتقان ھەر بىر سۆزىگە جان دىلى بىلەن رازى بولۇپ كېنىزەكنىڭ قولىدىن خالاس بولدى.

خەلىپە تۇرالغۇسىغا كېلىپ تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا سەجدە قىلىپ كۆپ شۇكرىلەر ئېيتتى. پادىشاھ ئەھدىگە ۋاپا قىلىپ تۇرالغۇسىغا كەلگەن ھامانلا لەشكەرلىرىنى ئېلىپ ئۆز ۋىلايىتىگە قايتتى. بۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى. بىر كۈنى مىرزەبان ھەرەمنىڭ ئىچىدە كېنىزەكلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى تەرىپلەپ قانداق باتۇرلۇق قىلىپ خەلىپىنى قايتۇرۇۋەتكەنلىكى توغرىسىدا كۆپ لاپلارنى ساتتى.

ئەلقىسسە، ئۇ كېنىزەك بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ خىلدىكى سۆزلەرگە تەخىر قىلىپ تۇرالماي مەنسىتمىگەن ھالدا كۈلەتتى. مىرزەبان كېنىزەكنىڭ كۈلگىنىدىن خىجالەت بولۇپ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. كېنىزەك بېشىدا ئېيتمىغانىدى، قايتا ـ قايتا سوراۋەرگەنلىكىدىن ئامالسىز ئۆتكەن ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. مىرزەبان دەرغەزەپ بولۇپ كېنىزەكنى كۆپ ئازاب بىلەن زىندانغا تاشلاشنى بۇيرىدى. ئۇ كېنىزەك نەچچە كۈن مېھنەتلەر تارتىپ زىنداندا ياتتى. ئاخىرى بىر بۆلۈك كېنىزەك ۋە خىزمەتكارلارنىڭ ئارىغا چۈشۈپ گۇناھىنى تىلىشى بىلەن زىنداندىن ئازاد قىلىندى. ئۇ كېنىزەكلەرنىڭ ئالدىدا «گۇناھ ئۆزۈمدىن ئۆتتى» دەيتتى. ئەمما ئىچىدە ئۇ گىنىنى ساقلاپ يۈرەتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە كېنىزەك بىر يۇچۇن كىشىنى تېپىپ خەلىپىنىڭ يېنىغا «ئەگەر پادىشاھنىڭ كۆڭلى لالەرۇخ تەرەپكە تارتسا ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا لەشكەر تارتىپ كەلسۇن. بۇ نۆۋەت ئىشلىرى ئاسان بولۇپ مەقسەتلىرىگە يەتكەي» دەپ ئەۋەتتى. ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھقا بۇ خەۋەر يەتكەن ھامان ناھايىتى خۇشال بولۇپ، دەرھال لەشكەرلىرىنى جەم قىلىپ مىرزەباننىڭ شەھىرىگە كېلىپ قەلئەنى مۇھاسىرە قىلدى.

نەچچە مۇددەت بۇ تەرىقىدە ئۆتتى. بۇ ئىشلارغا سەۋەبچى بولغان كېنىزەك پۇرسەت تېپىپ قەلئەدىن چىقىپ خەلىپىنىڭ خىزمىتىگە كەلدى. ئۇ كېنىزەك ئالدى بىلەن مىرزەباننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەردى. ئاندىن:

— ھەي ئالەم پادىشاھى، كۈندە ئاپتاپ چىققان ۋاقىتتا لالەرۇخ بىر كېنىزەكنىڭ ھەمراھلىقىدا يوشۇرۇن ھالدا قەلئەنىڭ سۇڭگۈچىدىن چىقىپ، دەريانىڭ ياقىسىغا كېلىپ غۇسلە قىلىپ ئۆز جايىغا قايتىدۇ. بۇ ئىشتىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى يوقتۇر. سەن بىر نەچچە كىشىنى دەريانىڭ ياقىسىغا بېرىپ كېمىدە ئولتۇرۇپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلساڭ لالەرۇخ كېلىپ سۇغا چۈشكەن ھامان ئۆزلىرىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ تۇتىۋالسا، رەنج مۇشەققەتسىزلا مەقسەت گۆھىرىنىڭ قولغا كىرىشىدىن ئۇ-

مىدۋارمەن، — دېدى.

خەلپە كېنىزەكنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ بىر توپ باتۇر يىگىتلەرنى بۇ ئىشنى ئورۇنلاشقا ئەۋەتتى. ئۇ باتۇر يىگىتلەر كېمىدە ئولتۇ- رۇپ دەريانىڭ يۈزىگە پالاق ئۇرۇپ، سۈبھى ۋاقتىدا شەھەردىن چىقىپ دەريانىڭ ياقىسىغا يېتىشتى. لالەرۇخ غۇسلە قىلىپ تۇرغان ۋا- قىتتا ئۇ يىگىتلەر يوشۇرۇنغان جايىدىن چىقىپ ئۇشتۇمتۇتلا بالا ياغدۇرغۇچىدەك ئەتراپىنى بىر ئېلىپ قول - پۇتلىرىنى چۈشەپ كېمىگە سالدى. شەھەر خەلقى بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ بىر نەچچە زەبەردەست كىشى لالەرۇخنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىشتى. لالەرۇخنى قۇتقۇزالىغان كىشىلەر ھېلىگەرلىك قىلىپ ئەسلا ئۇرۇشقا تۇتۇنماي كېمىسىگە پالاق ئۇرۇپ، ساق - سالامەت خەلپىنىڭ تۇرار جايىغا ئېلىپ كەلدى. خەلپە مەقسەت گۆھىرىنىڭ قولغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ دەرھال يولغا چىقىپ ئۆز شەھىرىگە كېلىپ سەلتەنەت دۆلىتىدە ئولتۇردى. لالەرۇخنى ھەرەم ئۆيىگە كىر- گۈزۈپ بارلىق خوتۇنلارغا سەركەردە قىلىپ باتۇرلۇق تەڭگىسىنى لالەرۇخنىڭ ئىسمىغا سوقتۇردى. سەرۋى نازنى بولسا ئىززەت تەختىدىن چۈشۈرۈپ خىزمەتكەرلار قاتارىدىن جاي بەردى.

لالەرۇخ بولسا بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى پەرىشان بولۇپ كېچە - كۈندۈز بىچارە جامنىڭ پىراقىدا نالە قىلىپ يىغلايتتى. خە- لپە مەرھەمەت يۈزىسىدىن لالەرۇخنىڭ كۆڭلىنى ئېزىز بىلىپ، «ھازىر بولسا ئۇ مۇساپىر غېرىبتۇر، بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز رازىلىقى بىلەن نىكاھ قىلىپ ئۆز ئەمرىمگە ئالىمەن» دەپ نىكاھ قىلىشقا ئالدىرىماي بەرداشلىق بېرىپ يۈ- رەتتى.

رىۋايەتچىلەر ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ:

جام مەشۇقىنىڭ خەلپە قولىغا چۈشۈپ، ئۇنى ئۆز ۋىلايىتىگە ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. ئۇ ياقىسىنى چاك قىلىپ پىغان تارتىپ تۇپىراقلارنى بېشىغا چېچىپ دۆلەت ۋە ئىززەتلەردىن كېچىپ قەلەندەر لىباسلىرىنى كىيىپ غۇربەت يولىغا چۈشۈپ خەلپىنىڭ ۋىلايە- تىگە يېتىپ باردى. ئۇ سەھرانىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى جاڭگالنى ماكان قىلىپ غېرىب سەرگەردان بولۇپ مەشۇقىنىڭ نازكەرەشمىسىنى ئۆزىگە ئۈلپەت بىلىپ گاھى ئىشق سەۋقىدىن نالە - پىغان تارتىپ گاھى مۇشتاقلىقتىن مەجنۇندەك ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇيتتى. جام مۇزىكا ئىلمىدە كامىل ئۇستازلاردىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئازراق ۋاقىتتىلا باياۋاندىكى ۋەھشى ھايۋانلار ئۇنىڭغا رام بولۇپ ئەتراپىدا جەم بولدى. جامۇ دىلكەشلىك ۋە خوش ناللىرى بىلەن ئۇلارنى مەست قىلىپ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ ئولتۇراتتى. كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ ئەتراپىدا كىيىك بۇغا ماراللار جەم بولۇپ، ئۈلپەت بولاتتى. جام شەھەردىن چىققان ۋاقتىدا ئېلىۋالغان ھەددى ھېسابسىز جاۋاھىر ۋە ئۈنچىلەرنى ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا قويۇپ قويغانىدى. غەزەل ئوقۇغان ۋاقىتلىرىدا ۋەھشى ھايۋانلار مەست بولۇپ يىقىلاتتى. جام بۇ ئۈنچىلەرنى ئۇلارنىڭ

بويۇن پۇتلىرىغا مارجان ئورنىدا ئېسىپ قو-
ياتتى .

ئەلقىسسە ، نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ
خەۋەر پۈتۈن ئالەمگە پۇر كەتتى . خەلپىگە :
«بىر كېلىشكەن قەددى ـ قەمەتلىك يىگىت
باياۋاننى ماكان قىلىپ دىلكەش نەغمىلىرىنى
چېلىپ بارلىق ۋەھشى هايۋانلارنى ئۆزىگە
رام قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئەجەبلىنەرلىكى
شۇكى ھەرقانداق بىر ۋەھشى هايۋان ئالدىغا
كەلسە بويۇن ۋە پۇتلىرىغا جاۋاھىر ۋە
ئۈنچىلەردىن مارجان ياساپ ئېسىپ قويى-
دىكەن » دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزدى .
خەلپە بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن ئە-
جەبلىنىپ لالەرۇخقا سۆزلەپ بەردى .
لالەرۇخ ئۇ دەشت ـ باياۋانلاردا سەرگەردان
بولۇۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزى جام ئىكەنلىكىنى
بىلىپ :

ـــ ئەي شاھىم ، ئەگەر بىرەر باھانە
بىلەن چىقىپ بۇ ۋاقىتقىچە ئاڭلاپ باقمىغان
باياۋاندىكى ۋەھشى هايۋانلارنىڭ
ئىشلىرىنى تاماشا قىلىپ كەلسەك قانداق
بولار؟ ـــ دېدى .

خەلپە بىر توپ مەھرەملىرى بىلەن
ئاتقا مىنىپ لالەرۇخنى زەرلىك مەپىگە ئول-
تۇرغۇزۇپ ، پەرىشانلىقى يوقۇلۇپ كۆڭلى
ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئارزۇدا
سەھرا تاماشاسىغا چىقتى . ئۇلار جامنىڭ
ئولتۇراقلاشقان يېرىگە كېلىپ ، يىراقتىنلا
جامنىڭ ئەتراپىنى بارلىق ۋەھشى هايۋانلار
ھالقىسمان ئىگىلەپ ياتقانلىقىنى ، جام بولسا
ھايۋانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەجنۇندەك
ئولتۇرۇپ نەغمە چېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى .
ئۇنىڭ نەغمىسى تاشنىڭ كۆڭلىگىمۇ تەسىر
قىلاتتى . لالەرۇخ جامنىڭ نالىسىنى ئاڭلاپ
كۆڭلىدە دەرياچە غەم جۇش ئۇرۇپ ،
ئىختىيارسىز قانلىق ياشلىرىنى كۆزىدىن
ئاققۇزۇپ زار ـ زار يىغلايتتى . خەلپە بۇ
ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيرانلىققا چۆكۈپ ، جام-
نىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، يېنىدا
ئولتۇرۇپ ئەھۋالىنى سورىدى . جام مەشۇ-
قىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ، ئاشقانە ئاھ
تارتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى . خەلپە
جامنىڭ ئەھۋالغا رەھمى كېلىپ بېشىنى
تىزىغا ئېلىپ كۆپ، مېھرىبانلىق قىلىپ، نېمە
سەۋەبتىن بۇ ئەھۋالغا قالغانلىقىنى سورىدى .
جام بىقارارلىقتىن تېنى ئۆرتىنىپ جېنىدىن
كەچكەندى . ئاخىر راست سۆزلەشتىن
باشقا ئامال تاپالماي ئەھۋالىنى باشتىن ـ
ئاخىر بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . خەلپە
بىتاقەت بولۇپ كۆزىدىن ياشلار ئاققۇزۇپ
ئاخىرى ئۆزىنىڭ نەپسىدىن كېچىپ، ئۇ
غۇربەتلەرنى ماكان قىلغۇچىنى خورلۇق
تۇپرىقىدىن چىقىرىپ ، ئىززەت كۆرسىدا
ئولتۇرغۇزدى . ئۇ قان ئىچكۈچى سەھرادىن
كېلىپ شانۇ شەۋكەتكە مۇناسىپ
مەرھەمەتلەرنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كۆپ خىل
قىممەت باھالىق ماتا ۋە ماللارنى ئىنئام
قىلىپ ، لالەرۇخنى قولىغا تاپشۇرۇپ ، بىچارە
جامنى مېھنەتتىن خالاس قىلدى . ئىككى
ئاشىق ـ مەشۇقنى بىر ـ بىرىنىڭ ۋىسالىغا
مۇيەسسەر قىلدى . ئاندىن كېيىن كۆپ ئال-
تۇن جاۋاھىرلارنى بېرىپ ئىززەت ـ ھۆرمەت
بىلەن ئۆز دىيارىغا ئەۋەتتى .

## بەھرەۋەر بانۇنىڭ جاھاندار سۇلتاننى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقى، ئىنىك ئانىسىنىڭ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ نەسىھەت قىلغانلىقى ۋە بەھرەۋەر بانۇنى بىر تەدبىر بىلەن شەھەرگە كىرگۈزگەنلىكى

رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ئەقىللىق تۇتى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جاھاندار سۇلتانغا كۆڭۈل بېرىپ، شېرىن ئەپسانىلەرنى ئېيتىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. جاھاندار سۇلتان ئىشق شارابىدىن مەست بولغانلىقى ئۈچۈن، بىقارارلىقتىن مەجنۇندەك ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، تۇتىنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئاڭلىمايتتى. قازارا جاھاندار سۇلتان باغىنىڭ سەھنىسىدە بەھرەۋەربانۇنىڭ خىيالى بىلەن نالە قىلىپ يۈرەتتى. شۇ ئەسنادا بىر دەرەخنىڭ شېخىدا گۈلنىڭ ئىشقىدا نالە قىلىپ ئولتۇرغان بىر بۇلبۇلنى كۆردى. جاھاندار سۇلتان بۇلبۇلنىڭ بۇ ھالىتىدىن بىقارار بولۇپ چىمەنلىكنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، بۇ غېرىب بۇلبۇلغا ئۆز ئەھۋالىدىن خىتابلار قىلدى. دەل شۇ ۋاقىتتا كەۋكەپ يۇلتۇزى ئۆزىنى كۆرسەتكەندەك بىر توپ نازىنىلار بىر زەرلىك مەپىنى كۆتۈرۈپ باغنىڭ سەھنىسىگە ئەكىلىپ يەرگە قويدى. جاھاندار سۇلتان بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەرسىز ئولتۇراتتى. بۇ مەپىدە بەھرەۋەر بانۇن بىلەن ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسى بولۇپ مەپىنى قويۇش بىلەن بەھرەۋەر بانۇ: «باغدا بىرەر نامەھرەم ئۇچراپ قالمىسۇن، قاراپ كېلىڭ» دەپ ئىنىك ئانىسىنى ئەۋەتتى. موماي مەلىكىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئەتراپنى كۆزىتىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز مومايىنىڭ كۆزى بىر دەرەخنىڭ سايىسىدا نۇرلۇق جامالىدىن باغ سەھنىسىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ ئولتۇرغان بىر قامەتلىك كېلىشكەن يىگىتكە چۈشتى. ئۇ يىگىت قەلەندەر كىيىمىنى كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن سۈرىتىدىن جاھاندار كىشى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. ئۇ سائەت - سائەتلەپ ئاھ ئۇرۇپ جىگەرىنى پارە - پارە قىلىپ ئاشىقانا غەزەللەرنى ئېيتىپ كۆزلىرىدىن قانلىق ياشلىرىنى ئاققۇزاتتى. ئىنىك ئانا بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە كېلىپ كۆرگەن ۋەقەلىرىنى بايان قىلدى. مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتكەندىن كېيىن بىر خىل يوچۇن ھېس تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا پەردىنىڭ تۆشۈكىدىن قارىغانىدى، بىنەزىردىن ئېلىپ ساقلاپ كېلىۋاتقان سۈرەتتىكى جاھاندار سۇلتان ئىكەنلىكىنى بىلدى. «ئۇ ئۆزىنى قەلەندەر سۈرىتىدە ياساپ كېلىپتۇ - دە،» دەپ ئويلىدى. ئىشق شەۋقىنىڭ ئوتى يۈرىكىدىن لاۋۇلداپ يېنىپ بىقارار بولدى. يۈز مۇشەققەت بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئەمما رەڭگى ئۆزگىرىپ مۇھەببەت تەسىرى رۇخسارىدىن مەلۇم بولدى. ئىنىك ئانا مەلىكىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ھەيران ھەس بولۇپ ئايىغىغا يېقىلىپ:

— ھەي گۈزەل مەلىكە، نېمە سەۋەبتىن چىرايىڭ بۇنداق ئۆزگەردى. بۇ تەرىقىدە ئاھ - پەرياد ئۇرۇشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سورىدى.

مەلىكە خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

— ھەي مېھرىبان ئانا، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يىگىتنىڭ مۇھەببىتى كۆڭلۈمگە ئورۇنلىشىپ، سەۋدالىق ھەۋىسى بېشىمغا كىرىۋالغانىدى، بۈگۈن ئۇنى كۆردۈم، كۆزۈم ئۇنىڭ جامالىنى كۆرۈش بىلەن روشەن بولدى. ئەمما كۆڭلۈمگە كۆيلەپ ئىزتىراپ ئولاشتى. ئەمدى تەڭرى تائالانىڭ ھەق ھۆرمىتى ئۈچۈن ھالى زارىمغا رەھىم قىلىپ مۈشكۈلۈمنى ئاسان قىلغىن، — دېدى.

موماي بۇ سۆزنى ئىشتكەندىن كېيىن غەمكىن بولۇپ نەسھەت يۇزىسىدىن:

— ھەي جاھان مەلىكىسى، بۇنداق يارىماس خىياللارغا بېشىڭدىن قانداقسىگە يول بېرىپ، خام سەۋدالىقنى دىمىقىڭغا ئۇرىۋاتىسەن؟ سەن ئوبدان ئويلاپ كۆرگىن، پادىشاھلار بىلەن گادايلارنىڭ نېمىمۇ مۇناسىۋىتى بولسۇن. ئاپتاپ بىلەن زەررە قانداقسىگە تەڭلىشەلىسۇن؟ سەن بۇ يامان خىيالنى بېشىڭدىن چىقارغىن، بولمىسا ئاتاڭنىڭ نومۇسىنى يوققا چىقىرىسەن، — دېدى.

بەھرەۋەر بانۇ ئۇزۇن مۇددەتتىن بېرى پىراق ئوتىدا يېنىپ يۈرەتتى. ئىنىڭ ئانىسىنىڭ سۆزىگە ئازراقمۇ قۇلاق سالماي:

— ھەي سادا خوتۇن، نېمە دەپ بۇنداق بىھۇدە سۆزلەرنى ئېيتىسەن! ئىشقىنىڭ بارىزىدا پادىشاھ بىلەن گادايلارنىڭ كۇلاھى باراۋەر ئىكەنلىكىنى، مۇھەببەت تارازىسىدا گۆھەر بىلەن سەدەپ نەڭ ئىكەنلىكىنى، بىلمەمسەن؟ بۇ يىگىتنىڭ ئەسلى نەسەبى پادىشاھزادە بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن. ئادەم جىنسىدە خىسلەت ئەتىۋارلىقتۇر. ئادەمزاتنىڭ شاراپىتى سىرتقى كىيىمى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ، — دېدى.

مومايىنىڭ بۇ سۆزلەردىن كۆڭلى بىئارام بولۇپ غەزەپ بىلەن:

— ھەي مەلىكە، بۇ ئاتاڭنىڭ نومۇس خامىنىغا قويۇلغان ئوت، ئۇنىڭ ئار-نومۇس يۈزىگە چېچىلغان تۇپراقتۇر. ئۆزۈڭ ئېيتىپ باق، ئاتاڭنىڭ پادىشاھلىق شان-شەۋكىتى بۇ خارلىقنى قانداق كۆتۈرىدۇ. ئاتاڭنىڭ پادىشاھلىق ئىززىتى بۇ قەدەر رەسۋالىققا قانداق بەرداشلىق بېرىدۇ؟ ئەمدى بۇ يولدىن قايتىپ بۇ يامان خىيالنى بېشىڭدىن چىقارغىن، — دېدى.

مەلىكە دەرغەزەپ بولۇپ:

— ھەي ئەقىلسىز خوتۇن، بۇ بىھۇدە سۆزلىرىڭنى قويغىن، بۇ خىلدىكى سەۋدالىق سېنىڭ بېشىڭغا چۈشمىگەندۇر. كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا رەھىم قىلغىن. مۇھەببەت كۆچىتى كۆڭلۈمنىڭ ئېكىنزارلىقىدا يىلتىز تارتىپ ئۆلپەتلىك رىشتىسى جان بويىنۇمغا چىرماشقاندۇر. تاكى ئۇنىڭ ۋىسال گۈلشىنىدىن مۇرادىم گۈلىنى تەرمىسەم، سېنىڭ بۇ خىلدىكى نەسھەتلىرىڭ كار قىلمايدۇ، — دېدى.

## جاھاندار سۇلتانىنىڭ ئۈمىد غۇنچىسىنىڭ ئېچىلغانلىقى ۋە مۇراد يامغۇرى چۈشۈپ بەھرەۋەر بانۇنىڭ ۋىسال چىمەنىدىن مەقسەت گۈلىنى تىرگەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: مەلىكە جاھاندار سۇلتانىنىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئىشقىنى بىقارارا بولدى. موماي «مۇبادا پادىشاھقا بۇ ئىش مەلۇم بولسا ئۆزۈمنىڭ خاراب بولۇشۇمغا سەۋەب بولىدۇ» دەپ ئەندىشە قىلىپ، بىر بوش ۋاقىت تې-

پىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بۇ
ئىشلارنى مەلۇم قىلدى. پادىشاھ بىرەر سا-
ئەت ئويلانغاندىن كېيىن، دۆلەت
ئەمىرلىرىنى ھازىر قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇلار
جەم بولغاندىن كېيىن، پادىشاھ قىزى
بەھرەۋەر بانۇ بىلەن جاھاندار سۇلتاننىڭ
ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ مەسلىھەت سورىدى. بارلىق دۆلەت
ئەمىرلىرى مەسلىھەتنى بىر يەرگە قىلىپ:

— ھەي ئالەم پادىشاھى، بۇ سىر
كىشىلەرگە ئاشكارا بولغۇچە بىر ئىلاجىنى
قىلىش لازىمدۇر. چۈنكى ئىشق يولىدا
نەسىھەت كار قىلمايدۇ. ئەمدى ئەڭ ياخشى
ساۋاپلىق ئىش مەلىكىنى ئۇ يىگىتكە ئۆيلەپ
بېرىشتۇر. شۇندىلا بۇ پىتنە ئوتى پەس بول-
غاي. ئەگەر بۇ ئىشقا سەل قارىلىپ
مەلىكىدىن بىرەر ئىش مەيدانغا كېلىپ قال-
سا، بەتناملارغا سەۋەب بولۇر. بۇ
تەرىقىدىكى ئىشلار بۇرۇنقى زاماندا ۋە ھا-
زىرمۇ كۆپلىگەن پادىشاھلارنىڭ بېشىغا
چۈشكەندۇر، — دېدى.

— پادىشاھ ئەمىرلىرىنىڭ سۆزىنى
ئورۇنلۇق تېپىپ، ئەقىل - پاراسەتتە
كامالەتكە يەتكەن كىشىسىدىن بىر كىشىنى
يىگىتنىڭ ھەققىنى ۋە ئەسلى نەسەبىنى
بىلىپ كەلسۇن دەپ ئەۋەتتى. پادىشاھنىڭ
ئەقىللىق دانا ۋەزىرلىرىدىن بىرى بۇ
ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغا بولۇپ، باغقا
كېلىپ جاھاندار سۇلتان بىلەن ئۇچرىشىپ،
بىرەر سائەتتەك ھەمسۆھبەتتە بولۇپ
ئولتۇردى. ۋەزىر جاھاندار سۇلتاننىڭ سۆز-
لىرىدىن پادىشاھ نەسلىدىن ئىكەنلىكىنى
بىلدى. ۋە:

— ھەي يىگىت، سەن قايسى گۈ-
لىستاننىڭ گۈلى ۋە قايسى بوستاننىڭ
سەرۋىسەن، بۇ ماكانغا نېمە سەۋەبتىن
كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

جاھاندار سۇلتان باشقا سۆزلەر
بىلەن جاۋاب بېرىپ، سىرلىرىنى ئېيتمىدى.
بىراق ۋەزىر پاراسەت بىلەن ئۇنىڭ پادى-
شاھزادە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ
پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ، ئۆزى ئاڭ-
لىغاننىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدى. پادىشاھ
خۇشال بولۇپ: «شاراپەتلىك ياخشى پەيتتە
توينى باشلاڭلار» دەپ بۇيرىدى. مۇنەججىم
ۋە ھۆكۈمالار قۇرئە سېلىپ ياخشى پەيتتە
توينى باشلاپ، شەھەرنى ھېيت - ئايەم
تۈسىگە كىرگۈزدى. مەلىكىنى زىبۇ -
زىننەت بىلەن بېزەپ، يېڭى كېلىنلىك
تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ، قىرىق كۈن توي
قىلىپ بەردى. بۇ تەرىقىدىكى ھەشەمەتلىك
توينى دۇنيادا ھېچكىممۇ كۆرگەن ۋە
ئاڭلىغان ئەمەس ئىدى. ئۇندىن كېيىن
جاھاندار سۇلتاننى ئېسىل كىيىملەر بىلەن
ياساپ پادىشاھنىڭ تۇرالغۇسىغا كەلتۈرۈپ
ھەر تەرەپتىن مۇبارەكلەر ياغدۇرۇپ بېشىغا
زەرلەر چېچىپ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇ-
غۇزۇپ مەلىكىنى شاھزادىگە نىكاھ قىلىپ
بەردى. كېنىزەك ۋە خاس خىزمەتكارلار
ھەرەمنى چىمەندەك ياساپ زىبۇ زىننەتلەر
بېرىپ، جاھاندار سۇلتاننى كىرگۈزۈپ،
بەھرەۋەر بانۇ بىلەن بىر تەختكە
ئولتۇرغۇزدى. كەچ كىرگەن ۋاقتتا ئۆينى
باشقىلاردىن خالىي قىلىپ ئىككى مۇشتاقنى
بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشتۈردى. ئىككى
ئاشىق - مەشۇق بىر - بىرىنى كۆرۈپ غايەت
ئىشتىياقتىن سائەتلەپ گاراخ بولۇپ
ئولتۇردى، ئاخىر بىھوش بولۇپ يىقىلدى.
بۇ سىرلاردىن ۋاقىپ بولغان مەلىكىنىڭ بىر
مەھرىمى بۇلارنىڭ يۈزىگە گۈلاب سېپىپ

خۇش بۇي نەرسىلەرنى بۇرۇنلىرىغا تۇتقاندىن كېيىن هوشلىرىغا كېلىشتى. شاهزادە بىلەن مەلىكە بىر ـ بىرىنىڭ قوينىغا كىرىپ باشلىرىغا ئارزۇ ـ هەۋەسلەر چۇشۇپ بىرى بولسا غۇنچىدەك ئېچىلماقنى ئارزۇ قىلدى، يەنە بىرى بولسا مەست بۇلبۇلدەك گۈل بەرگىنى چوقۇلاشقا باشلىدى. ئاقىۋەت ئۇ بۇلبۇل ھەسرىتىدىن گۇلنىڭ غۇنچىلىرىنى تۇمشۇقلىرى بىلەن چۇشۇردى، تېپىشەلمىگەن ئۇنچىنى مۇشەققەت ئالماسلىرى بىلەن شىكاپ ئەيلەپ قىزىل ياقۇتقا ئايلاندۇردى. خام كۆمۇشنىڭ گىرۋەكلىرىنى نۇرغا تولدۇردى. جاهاندار سۇلتان تەڭرى تائالانىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن مۇرادىغا يېتىپ مەقسەت گۆھرىنى قولىغا كەلتۇردى. نەچچە ۋاقىت ئۆمرىنى ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ئۆتكۇزۇپ، تەڭرى تائالانىڭ دەرگاھىغا ئېيتىپ تۈگەتكۇسىز شۇكرى سانالارنى بەجا كەلتۈردى. بىر كۇنى جاهاندار سۇلتان پادىشاهنىڭ خىزمىتىدە ناهايىتى ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ ئۆز ۋەتىنىنىڭ ئىشتىياقىدىن سۆزلەر ئېيتىپ، قايتىشقا رۇخسەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. پادىشاه سەپەرنىڭ مېھنىتىنى ۋە هاۋانىڭ سوغۇقلۇقىنى باهانە قىلىپ «باهارغىچە تۇرۇڭلار، باهار ۋاقتىدا سەپەر قىلىش ياخشىدۇر» دەپ رۇخسەت بەرمىدى. جاهاندار سۇلتان ئامالسىز پادىشاهنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي، باهارغىچە تۇرۇشقا ماقۇل بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن هاۋانىڭ هارارىتى يوقىلىپ قىش پەسلى كەلدى. جاهاندار سۇلتان ئۆزىنىڭ خىلۋەت ئۆيىگە كىرىپ، بەهرەۋەربانۇ بىلەن ئىشرەت جامىنى ئالەمچە ئايلاندۇرۇپ، غەم ـ ئەندىشىلەردىن خالى هالدا ئارزۇ هەۋەسلىرىنى قاندۇرۇپ ئولتۇردى.

ئەلقىسسە، جاهاندار سۇلتان قىش پەسلىنى پاراغەت بىلەن ئۆتكۆزدى. ۋاقىت هوت ئايلىرىدىن هەمەل ئايلىرىغا قەدەم قويغان ۋاقىتتا يەر يۈزىنىڭ هەممىسى كۆكلەمزار بولدى. بۇلبۇل گۇلنىڭ ۋىسال شارابىدىن مەست بولۇپ گۇل ـ چىمەنلەر سەهنىسىدە نەغمىلەرنى ۋايىغا يەتكۆزدى.

## جاهاندار سۇلتاننىڭ پادىشاهقا زىيارەت بېرىپ ئۆز ۋىلايىتىگە ئاتلانغانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق هېكايە قىلىدۇ:

بەهرەۋەر بانۇ ئىشقىنىڭ هۆكمى بىلەن جاهاندار سۇلتاننىڭ هەمىياستۇقى بولدى. شەهەرنىڭ خوتۇنلىرى جاهاندار سۇلتاننى بىر بىناۋا قەلەندەر گۇمان قىلىپ بەهرەۋەر بانۇغا تەنىلەر ياغدۇرۇپ، «مەلىكە مۇشۇ ۋاقىتقىچە سەۋر قىلىپ كۇتۇپ، هەر تەرەپتىن كەلگەن مەرتىۋىلىك پادىشاهلارنىڭ هېچقاندىقىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلماي، ئاخىرى ئەسلى نەسلى مەلۇم بولمىغان ئۆي ـ ماكانسىز گادايغا ئاشىق بولۇپ توي قىلدى. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، بىر قەلەندەر گادايىنى پادىشاهزادە گۇمان قىلىپ ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن پەخىرلەندى. مەلىكە شاهزادىلەر بىلەن كونا جەندە كولاه، كىيىش ۋە جامالىرىنىڭ هېچقانداق ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلمەيدۇ» دېيىشتى. مەلىكە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ئەهۋالى پەرىشان بولۇپ، جاهاندار سۇلتانغا بۇ سۆزلەرنى بايان قىلدى. شاهزادە مەلىكە-

نىڭ كۆڭۈل پەرىشانلىقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئۆزلىرىنىڭ مېھرىبانلىق قىلىپ، كەمىنىنىڭ مىسكىن كۈلبىسىگە قەدەم تەشرىپ قىلىپ، كۈلبەمگە قادالغان تۇغ ئەلەملىرىنى ئەرش ئەلاغا يەتكۈزسىلە، مەنمۇ بىچارىلىقىمغا لايىق خىزمەتلىرىدە بولسام دېگەن ئارزۇدىمەن — دېدى. پادىشاھ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى. شاھزادە زىيابەت ئەسۋابلىرىنى تەييار قىلىپ ئىنتىزار بولۇپ تۇردى. قۇياش تاجلىك پادىشا بارلىق دۆلەت ئەربابلىرى بىلەن كېلىپ باغقا ئورۇنلاشتى. جاھاندار سۇلتان مۇزىكىچىلارنى نەغمىگە، ساقىلارنى شاراب جامىنى پەلەكتەك ئايلاندۇرۇشقا بۇيرۇپ شاھانە بەزمىلەرنى ياسىدى. ئازراق ۋاقىتتىن كېيىن داستىخان سېلىنىپ، ھەر خىل تائام، رەڭگارەڭ مېۋە ھەم شەربەتلەرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويىدى. بارلىق دۆلەت كاتتىلىرى بۇ تائاملارنىڭ بىر كونا جامنىڭ ئىچىدىن چىققىنىدىن ھەيرانلىقتا چۆمۈپ تەھسىن ئاپىرىنلار ئوقۇيتتى. تائام ۋە شارابلار بۇ ۋىلايەتنىڭكىگە ئەسلا ئوخشىمايتتى. ئولتۇرۇشنىڭ بىر تەرىپىگە خۇش بۇي دۇتلار يېقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ خۇش ھىدىدىن پۈتۈن ئالەم خۇش پۇراققا پۈركەنگەنىدى. تائام يېيىلگەندىن كېيىن جەنىدىنىڭ ئىچىدىن خىلمۇ - خىل لىباسلارنى چىقىرىپ پادىشاھ باشلىق بارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئالدىغا قويىدى. بۇنداق كېيىملەرنى دۇنيادا ھېچقانداق كىشى كۆرگەن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە خەزىنىسىنىڭ ئىچىدىن ھېسابىغا ئادەمزاتنىڭ ئەقلى لال بولىدىغان جاۋاھىر ۋە گۆھەرلەرنى چىقىرىپ تەقدىم قىلدى. ئۇندىن كېيىن ئەدەب بىلەن ئولتۇرۇپ:

— ئەي ئالەم پادىشاھى، بۇ خىلدىكى زىياپەت سىزدەك ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھقا لايىق ئەمەستۇر. كەمىنە بۇ دىياردا مۇساپىر ۋە غېرىب بولغانلىقىم ئۈچۈن، تۆۋەن كۆرمەي قوبۇل قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

پادىشاھ ۋە بارلىق دۆلەت كاتتىلىرى بۇ ئاجايىپ - غارايىپلارنى كۆرۈپ ناھايىتى ھەيرانلىقتا قالدى. بۇ خىلدىكى بايلىقلار ھېچقانداق پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، پادىشاھقا تولىمۇ ئەتىۋارلىق كۆرۈندى. بۇ ئىش دەرھال شەھەر ۋە سەھرالارغا يېيىلىپ جاھاندار سۇلتانغا تەنىلەر قىلغان كىشىلەر شەرمەندە بولدى. تامامى خەلق ئۇنىڭ ئېسىل نەسەبلىك پادىشاھزادە ئىكەنلىكىگە قول قويىدى.

ئەلقىسسە، جاھاندار سۇلتان زىياپەتتىن كېيىن، پادىشاھقا ئۆز ۋەتىنىگە قايتىش ئىلتىماسىنى قويىدى. پادىشاھنىڭ گەرچە بەھرەۋەربانۇدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىسىمۇ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، پادىشاھلىق سەلتەنىتىگە مۇناسىپ ھالدا كۆپ ئالتۇن - كۈمۈش، ياقۇت - ئەنبەرلەرنى ھەدىيە قىلىپ، شامالدەك تېز يۈرگۈچى ئاتلارنى تاغدەك بۈيۈك پىللارنى ۋە گۈزەل كېنىزەك - غۇلاملارنى ھەمراھ قىلىپ، ياخشى پەيتنى تاللاپ خوشلاشتى. جاھاندار سۇلتان بەھرەۋەر بانۇنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى. بەھرەۋەربانۇنىڭ ئانىسى پەرزەنتىنىڭ ھىجراندىن بىتاقەت بولۇپ:

— ھەي جاھان شاھزادىسى،

بەھرەۋەر بانۇ كاتتا دۆلەتتە چوڭ بولۇپ
بېشىدىن ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن،
ھازىر سېنىڭ ھەمياستۇق ئايالىڭ ھەم
خىزمەتكارىڭدۇر . ھەر تەرەپلەردىن
ياردەمدە بول، — دەپ يىغا ـ زارە قىلىپ
خوشلاشتى .

شاھزادە كىشلەر بىلەن خوشلىشىپ
كۆڭلى غەمكىن بولۇپ مىنوسەۋارد
شەھرىدىن چىقىپ ئۆز ۋىلايىتىگە سەپەر
قىلدى . ئۇلار بىر مەنزىلگە كەلگەن ۋاقتتا
تۇتى شاھزادىگە دۇئا سانالار ئېيتىپ :

— ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك شاھزادە،
تەڭرى تائالاغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن .
مەندەك زەئىپ بىر ئوچۇم تۈكنىڭ ئەقىدە
ئىخلاسى سىزگە مەلۇم بولدى . ئەھۋالىمغا
لايىق قولۇمدىن كېلىشچە خىزمەتلەرنى
ۋايىغا يەتكۈزدۈم . ئەمدى مېھربانلىق قىلىپ
رۇخسەت بېرىشىڭىزدىن ئۈمىدۋارمەن .
مەنمۇ ئۆز ۋەتىنىمگە بېرىپ ياشلىقىمدىن
بىرگە دىلغا ئارام بېغىشلايدىغان كۆك-
لەمزاردا بىرگە سەيلى قىلىپ ئوينايدىغان يار
ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن ئۇچراشسام . ھەم
سىزنىڭ نام شەرىپىڭىزنى پۈتكۈل يەر يۈ-
زىگە تارقاتسام، — دېدى .

شاھزادە گەرچە تۇتىدىن كۆڭۈل
ئۈزۈشكە رازى بولمىسىمۇ كۆپ يالۋۇرغانلى-
قىدىن ئامالسىز رۇخسەت بەردى . تۇتى ئۇلار
بىلەن خوشلىشىپ كۆككە پەرۋاز قىلىپ
ئۇچۇپ كەتتى .

## شاھزادىنىڭ دەشت باياۋانغا چۈشۈپ ملىكىنىڭ دەرد پىراقىغا گىرىپتار بولغانلىقى، ئادەم سۈرىتىدىن چىقىپ، ھايۋان سۈرىتىگە كىرگەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

جاھاندار سۇلتان تۇتىغا رۇخسەت
بېرىپ، ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ سەپەر قىلدى .
ئۇلار ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق بىلەن تېز
يۈرۈپ ئىككى يىگىتنىڭ تۆت پارچە
ئاجايىپ نەرسىسىنى ئالغان ماكانغا كەل-
دى . ئۇ ئىككى يىگىت دەريانىڭ ياقىسىدا
ئولتۇرغانىدى . شاھزادە ئۇلارنى كۆرۈپ
خىجالەت بولغان ھالدا ئۇلارغا كۆرۈنۈش
قىلىپ ئالغان نەرسىلىرىنى ئالدىغا قويۇپ
ئۆزرە ئېيتتى . شاھزادە بۇ نەرسىلەرنىڭ
ياردىمى بىلەن مۇرادىغا يەتكەن ۋەقەلىرىنى
باشتىن ـ ئاخىر يىگىتلەركە بايان قىلدى .
ئۇ يىگىتلەر «شاھزادىنىڭ بۇ قىلمىشى زۆ-
رۈرىيەتتىن ئىكەن» دەپ يەنە:

— ھەي ئېزىز كىشى، خىجالەت
بولماي خاتىرجەم بولغىن . ئۇ نەرسىلەرنى
بىزلەردىن ئېلىپ كەتكىنىڭدە ساڭا بەخش
قىلغانىدۇق . ساڭا ھالال بولسۇن، چۈنكى
سەن بىزلەرگە ياخشىلىق قىلدىڭ، بىزلەردە
ھەققىڭ باردۇر . ئەمدى خالىساڭ يەنە بىر
نېمەتنى ساڭا بەخش قىلىمىز . بۇ سەندىن
باشقا ھېچ كىشىگە مۇيەسسەر بولماستۇر، —
دېدى . شاھزادە :

— قانداق نېمەتتۇر ؟ — دەپ سو-
رىدى . يىگىتلەر :

— بىر ئىسمى ئەزەمنى ساڭا
ئۆگىتىمىز، ئۇنى ئوقۇپ ئۆزۈڭگە دەم سې-

لىپ خالىغىنىڭ بويىچە ھەر خىل ھايۋان سۈرىتىگە ياكى ئادەم سۈرىتىگە روھىنى كىرگۈزىسەن، — دەپ جاۋاب بەردى. جاھاندار سۇلتان:

— ھەي يىگىتلەر، مەن سىلەرنىڭ ھەققىڭلارغا خىيانەت قىلغان تۇرسام، سىلەر مەندىن مىننەتدار بولغۇدەك يەنە نىمە ياخشىلىقلارنى قىلدىم، ئېيتىپ بەرسەڭلار، — دەپ سورىدى. يىگىتلەر:

— ھەي شاھزادە، بىز ئىككىمىزگە ئاتىمىزدىن نۇرغۇن غارايىپ بۇيۇملار ۋە ماتالار مىراس قالغانىدى. مىراسلارنى تەقسىم قىلىپ سەن ئالغان نەرسىلەرنىڭ تەقسىماتىغا ئاجىز كېلىپ ئارىمىزدا نىزا پەيدا بولغانىدى. ئامالسىز قېلىپ، «بىر كىشى كېلىپ تەقسىم قىلىپ بەرسە، نىزا يوقالسا» دەپ كۈتۈپ تۇرۇشنۇق، قازارا، سەن بىر تەرەپتىن كېلىپ بۇ نىزانى يوق قىلدىڭ. بۇ ۋەقەنى تەڭرى تائالانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان ئىنايىتى دەپ بىلىپ سەندىن خۇرسەن بولدۇق. ئەمدى ئالغان نەرسىلىرىڭگە رازىمىز. بۇ باھانە بىلەن مۇرادىڭ ھاسىل بولدى. ساڭا ھالال بولسۇن، — دەپ جاۋاب بەردى. جاھاندار سۇلتان بۇ يىگىتلەرنىڭ ھىممىتىگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىسمى ئەزەمىنى ئۆگىنىپ ئۇلار بىلەن ۋىدالىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

جاھاندار سۇلتاننىڭ ئاتىسىنىڭ بىر ۋەزىرى بار بولۇپ ئۇنىڭ ھورمۇز ئىسىملىك بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇمۇ (يۇقىرىدىكى مەزمۇنلاردا سۆزلەپ ئۆتكەندەك) بەھرەۋەربانۇنىڭ پىراقىدا نالە قىلىپ يۈرەتتى. شاھزادە مەلىكىنى ئۆز دىيارىغا ئېلىپ ماڭغاندا «پەلەك ئۆز ئويۇنلىرىنى كۆرسىتىپ بەھرەۋەربانۇنىڭ ۋىسالىغا يەتسەم ئەجەب ئەمەس» دەپ يوشۇرۇن ھالدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن تاپانداپ كەلگەنىدى. يىگىتلەر شاھزادىگە ئىسمى ئەزەمنى ئۆگىتىپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇمۇ بىر بۇلۇڭدا پايلاپ تۇرۇپ ئۆز ئەينى ئۆگىنىۋالغانىدى.

شاھزادە بىر ئىككى مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن ھورمۇز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ھەمراھ بولدى. سىرتىدا ناھايىتى ئېتىقاد ۋە ئىخلاس بىلەن خىزمەتكار بەندىلىكىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، كۆڭۈل - كۆكسى بىلەن خىزمەت قىلغاندەك ئىدى. لېكىن كۆڭلىدە پۈرسەت ئىزدەپ يۈرەتتى. نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن ئەينى ۋاقىتتا بىر سېخىي دىل دەرۋىشنىڭ شاراپىتى بىلەن ئۆتكەن دەريانىڭ ياقىسىغا كەلدى. ئۇلار ئۇ دەريادىن ئۆتۈپ ئۆز دىيارىنىڭ دائىرىسىگە داخىل بولدى.

قازارا، جاھاندار سۇلتاننىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەردار بولغان بىر كىشى ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقتى. شاھزادە ئۇنى ئۆزىنىڭ كەلگىنىدىن ئاتامغا خەۋەر بەرگىن، دەپ ئەۋەتتى. ئۆزى «خىزمەتكارلار كەلگەندىن كېيىن يولغا چىقايلى» دەپ ئۇ جايدا تۇردى. ھورمۇز:

— ھەي شاھزادە، بۇ ماكان شىكارغا ناھايىتى ياخشى جاي ئىكەن. شەھەردىن خەۋەر كەلگۈچە ئوۋغا چىقسىڭىز، سەپەرنىڭ رەنج مۇشەققەتلىرى يوق بولىدۇ، — دېدى.

ئەلقىسسە، ھورمۇز شاھزادىنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ شىكارغا ئېلىپ چىقتى.

قەزارا ، شاھزادىنىڭ قارىشىسىدىن بىر كى-
يىك پەيدا بولدى . شاھزادە ئوق بىلەن
ئۇرۇپ سەيد قىلدى . ھورمۇز :
— ھەي جاھان شاھزادىسى ، مەن
دۇنيادا ھېچكىم بىلمەيدىغان بىر ئىلىمنى
بىلىمەن ، — دېدى . شاھزادە:
— قانداق ئىلىمنى بىلىسەن ، —
دەپ سورىدى . ھورمۇز :
— ئىسمى ئەزەمنى بىلىمەن ،
خالىسام روھىمنى باشقا بەدەنگە كىرگۈزى-
مەن ، ئەگەر خالىساڭ ، مېنىڭ ئىززەت
ھۆرمىتىمنى ساقلىساڭ ، باشقا كىشىگە ئۆ-
گەتمەي ساڭا ئۆگىتىپ قويىمەن ، —
دېدى . جاھاندار سۇلتان بۇ دۇنيانىڭ ھىيلە
مىكىردىن غاپىل بولغانلىقىدىن ئېھتىياتنى
قولىدىن بېرىپ :
— مەن بۇ ئىلىمدە ساڭا موھتاج
ئەمەسمەن ، بەلكى سەندىن ياخشىراق بى-
لىمەن ، — دېدى . ھورمۇز ھىيلە
بىلەن :
— پادىشاھلارغا يالغان سۆزلەش
ياراشمايدۇ ، — دېدى . شاھزادە دەرغەزەپ
بولۇپ :
— ھەي ئەقىلسىز ، ئەگەر دەۋايىمنى
كۈچلۈك دەلىل بىلەن كۆرسەتسەم شەر-
مەندە بولىسەن ، — دېدى . ھورمۇز :
— ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتتىلا روھىڭنى
بەدىنىڭدىن چىقىرىپ بۇ كېيىككە كىر-
گۈزسەڭ قېنىمنى تۆكسەممۇ رازىمەن ، —
دەپ شەرت قىلدى .
ئۆز بەختىنى ۋەيران قىلغۇچى
شاھزادە ئېھتىياتنى قولىدىن بېرىپ ، قازانىڭ
ھۆكمى بىلەن روھىنى ئۆز قېلىپىدىن
چىقىرىپ كېيىكنىڭ بەدىنىگە كىرگۈزدى .
ھورمۇز بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ۋاقىتنى غەنىمەت
بىلىپ ، ئۆز روھىنى شاھزادىنىڭ بەدىنىگە
كىرگۈزۈپ ، چەبدەسلىك بىلەن جاھاندار
سۇلتانىنىڭ ئېتىغا مىنىپ ناھايىتى خۇشاللىق
بىلەن بەھرەۋەربانۇنىڭ خىزمىتىگە يۈرۈپ
كەتتى .

رىۋايەتچىلەر ھېكايىسىنى مۇنداق
داۋاملاشتۇرىدۇ :

ھورمۇز مەلىكىنىڭ خىزمىتىگە كې-
لىپ ئولتۇردى . مەلىكە شاھزادىنىڭ چىراي
تۇرقى ۋە بەزى قىلىقلىرىنىڭ باشقىچىرەك
تۇرغانلىقىنى كۆردى . بۇ ئەھۋاللارنى
كۆرۈپ بىرەر نەرسىنى سەزگەندەك بولدى ،
بىراق يۈزىگە سالمايلا ، بەزى مەسلىھەت ۋە
ھەمسۆھبەتتە بولۇپ ، يالغاندىن كېسەل
بولغان بولۇۋېلىپ ، ئۇخلايدىغان جايىغا
كىرمىدى . ھورمۇز بولسا «مەلىكە
ساقايغاندىن كېيىن ئارزۇ ئارمانلىرىمنى
قاندۇرىمەن» دېگەن ئۈمىدتە خام تامادا
يۈرەتتى .

جاھاندار سۇلتانىنىڭ ئاتىسى ئۇلار-
نىڭ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ ، دۆلەت
كاتتىلىرىدىن بىرنەچچە كىشىنى ئالدىغا
ئەۋەتتى . ئۇلار كېلىپ ھورمۇزنى شاھزادە
دەپ بىلىپ ئايىغىغا يىقىلىپ ئىززەت - ھۆر-
مەت بىلەن پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
باردى . پادىشاھمۇ ئۆز پەرزەنتىم دەپ بى-
لىپ ، باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭ بېشىدىن كۆپ
جاۋاھىرلارنى چاچتى ، ئاندىن ھېيت -
بايرام بەزمىلىرىنى تەييارلاپ زىياپەت

بەردى . مەلىكنى بولسا ھەرەم ئۆيگە كىر-
گۈزۈپ ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى .
ھورمۇز پادىشاھنىڭ بۇ خىزمىتىدىن خۇ-
شاللىنىقتا چۆمۈپ ھەرەم ئۆيگە كىرىپ
كېنىزەكلەر بىلەن ئىشرەت جامىنى پەلەكچە
ئايلاندۇرۇپ ئولتۇردى . ئەمما بەھرەۋەربانۇ
پاراسەت بىلەن ئۆزىنى ناتىۋانلىق ياستۇقىغا
تاشلاپ ، كېسەل بولغان بولۇپ ياتتى .

ئەلقىسسە ، گەپنىڭ خۇلاسىسى
بۇكى نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن پادىشاھ بۇ
دۇنيادىن سەپەر قىلدى . پەلەكنىڭ
ئايلىنىشى بىلەن ھورمۇزنى پادىشاھ قىلىپ
سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئىقبال
دۆلىتىنىڭ ناغرىسىنى ئەۋجگە چىقىرىپ ،
مەملىكەتنى ئۇنىڭ ئەمىر ـ پەرمانىغا
تاپشۇردى .

## جاھاندار سۇلتاننىڭ باياۋان جەزىرىلەردە كۆپ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر تارتىپ ئاقىۋەت مۇرادىغا يېتكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :
جاھاندار سۇلتان كېيىكنىڭ بەدە-
نىگە كىرگەندىن كېيىن ھورمۇزنىڭ
قورقۇنچىسىدىن ۋە سەييادنىڭ ۋەھىمىسىدىن
بىر يەردە تۇرالماي ، گاھى دەشت ، گاھى
تاغلاردا قېچىپ يۈرەتتى . بۇ ئىشلاردىن
نەچچە ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى . بىر كۈنى
بىر جەزىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى . بىر
بوستانلىقتا گۈل ـ گىياھلارنىڭ ئارىسىدا
بىر شارەكنىڭ ئۆلۈكى تۇرغانلىقىنى
كۆردى . شاھزادە تۇتىنىڭ قېلىپىگە كى-
رىپ ، دەرھال ھاۋاغا پەرۋاز قىلىپ ، ئۆز
شەھىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچتى. ئازراق
يۈرسەتتىن كېيىن بىر باغقا كىرىپ بىر
دەرەخنىڭ شېخىغا قوندى . قازارا ، بۇ دە-
رەختكە بىر سەييادا دام قۇرغاندى . قونغان
ھامان دامغا گىرىپتار بولدى . سەييادا تۇتۇپ
شەھەرگە ئېلىپ ماڭدى . بىر دەرۋىش
تۇرمۇش تەئەللۇقىدىن كېچىپ شەھەرنىڭ

بۇلۇڭىدا بىر دەرەخنىڭ سايىسىنى ئۆزىگە
ماكان قىلىپ ئولتۇرغاندى . سەييادا ئۇ
دەرۋىشكە مۇخلىس ئىدى . شارەكنى ئۇنىڭ
خىزمىتىگە ئېلىپ كېلىپ كۆرسەتتى .
شارەك پەلەكنىڭ كاجلىقىدىن دامغا گىرىپ-
تار بولدى ، ئامالسىز قازاغا تەن بېرىپ
ئازراق ئويلىنىپ پىكىر يۈرگۈزگەندىن كې-
يىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن :
— خۇداغا شۈكرى ، ئاخىرى
مۇرادىمغا يېتىشتىم ، — دېدى .
دەرۋىش بۇ سۆزدىن تەئەججۈپلە-
نىپ :
— ھەي قۇش ، تىل بىلمىگىنىڭ
ئۈچۈن ، شۈكرى قىلماقنىڭ ئۆزى ئازادلىق
ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن ، ھازىر
سەن قەپەز زىنداندا بەنت تۇرۇپ ، يەنە
نېمىگە شۈكرى قىلىسەن ، — دەپ سورىدى.
شارەك :

— ھەي خوجا، دۇنيادا ھىچ نىمەت سىنىڭ سۆھبىتىڭدىن ياخشىراق ئەمەستۇر. بۇنداق دۆلەتنى ھەمىشە ئارزۇ قىلاتتىم. مۇرادىم ھاسىل بولدى. شۇ سەۋەبتىن شۈكرى قىلىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى.

شارەكنىڭ سۆزى دەرۋىشكە يىقىپ:

— ھەي زىبرەك قۇش، سۆزۈڭ پىستىدەك مىغىزلىق ۋە قەنتىدەك شىرىن ئە-كەن، — دىدى. شارەك:

— جاھان كۆرگەن ئەربابلارنىڭ سۆھبىتىدە كۆپ ئولتۇرغان جانىۋار-مەن، — دەپ جاۋاب بەردى. دەرۋىش:

— سەن ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن ھەر خىل نەرسىلەرنى ئۆگىنىپسەن، ماڭا بايان قىلىپ بەرگىن، پايدىسى تىگىپ قالار، — دىدى. شارەك:

— مەن بىر تەجرىبىگە باي تۇتىنىڭ سۆھبىتىگە داخىل بولدۇم. ئۇ-نىڭدىن: «نىمە ئۈچۈن سۇبھىنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدۇ؟» دەپ سورىدىم، ئۇ: «مىسكىنلەرگە ھەر سەھەردە ئىسسىق نان بەرگەنلىكى، يەنى ئاپتاپنى چىقىرىپ ئالەمگە نۇر چاچقۇزغانلىقى ئۈچۈن ؟» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: «ھوما قۇشنىڭ سايىسى نىمە ئۈچۈن مۇبارەك كۆرۈنىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «دۇنيانىڭ نىمەتلىرىنى قويۇپ، بىر قۇرۇق سۆڭەككە قانائەت قىل-غانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «قۇياشنىڭ دىلى نىمە ئۈچۈن روشەندۇر؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «يېگانىلىقنى ئىختىيار قىلغانلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: «ئەنقانىڭ ئاۋازى نىمە ئۈچۈن يۇقىرى بولىدۇ؟» دەپ سورىدىم ئۇ: «بۇ-لۇڭلارنى ماكان قىلىشنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «غۇنچە نىمە ئۈچۈن قىسىنچىلىقتا ئۆتىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «ئالتۇن - كۈمۈش يىغىش بىلەنلا بولغانلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە: «گۈل نىمە ئۈچۈن ھەممە يەردە ئېزىزلىنىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «خوش بۇي ۋە ئوچۇق چىراي بولغانلىقىدىن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «سەرۋى نىمە ئۈچۈن ئېگىز ئۆسىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «زاتىدا كاجلىقى، ئەگرىلىكى بولمىغانلىقى ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن يەنە «خەلقى ئالەمدە ھەممىدىن ياخشى نەرسە نىمىدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «تەڭرى تائالانىڭ خۇشنۇدلۇقى» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «قانداق مىجەز - خۇلۇق ئەڭ پايدىلىق؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «يامان يولداشتىن قاچ-ماق» دەپ جاۋاب بەردى. مەن: «دانا كىمدۇر؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «شەيتاننىڭ مىكرىدىن ساقلانغان» دەپ جاۋاب بەردى، — دىدى.

دەرۋىش شارەكنىڭ سۆزلىرىدىن خۇشال - خۇرام بولۇپ ئۇنىڭ سۆھبىتىنى تەڭرى تائالانىڭ ئاتا قىلغان مەرھىمىتى دەپ بىلدى.

ئەلقىسسە، بىر كۈنى قەپەسنى كۆتىرىپ سەيلە قىلىپ يۈرەتتى. تۇيۇقسىز كىشىلەرنىڭ ھەر تەرەپتىن توپ - توپ بولۇشۇپ كېلىپ شەھەر تەرەپكە كېتىپ بېرىشقانلىقىنى كۆردى. دەرۋىش:

— نىمە ئىش بولۇپتۇ ؟ — دەپ سورىدى. بىر كىشى:

— بىر كېلىشكەن خوش سۇرەت يىگىت گۇناھ قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپتۇ. قازى ۋە ئۆلىمالار-نىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنى ئۆلۈمدىن خالاس

قىلىپ مۇۋاپىق جازا بېرىش ياكى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە پەيدا بولۇپتۇ. خەلق تاماشا ئۈچۈن مېڭىۋاتىدۇ، ــ دەپ جاۋاب بەردى. دەرۋىشمۇ كىشىلەر ئارىسىدا كېلىپ ئاجايىپ كېلىشكەن بۇ يىگىتنى كۆردى. بارلىق خەلق ئەپسۇسلار قىلاتتى. دەرۋىش:

ــ بۇ يىگىت، بۇ ئوقۇبەتكە قالغۇدەك نېمە گۇناھ قىلىپتۇ؟ ــ دەپ سورىدى. كىشىلەر:

ــ بۇ بەختى قارا يىگىت ۋەزىرنىڭ قەسرى ئاستىدا ئەينەككە قاراپ ئولتۇرغان ئىكەن. شۇ ئەسنادا، ۋەزىرنىڭ قىزى قەسرنىڭ ئۈستىدىن يەرگە قاراپتۇ. ئۇنىڭ ئەكسى دەرھال ئەينەككە چۈشۈپتۇ. بۇ يىگىت قىزنىڭ ئەينەككە چۈشكەن سۈرىتىنى سۆيۈپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب ـ ئوقۇبەتكە گىرىپتار بولۇپتۇ. ئۆلىمالار كىتاب ئاختۇرۇپ بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب ئىزدەۋېتىپتۇ، ــ دەپ جاۋاب بېرىشتى. شارەك بۇ سۆزنى ئىشىتىپ تەئەججۈپ قىلىپ:

ــ ئەگەر ئۆزىنى سۆيگەن بولسىغۇ ئۆزىنى ئۇرسا بولاتتى. ئەكسى سۈرىتىنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن يىگىتنى ئاپتاپتا ئولتۇرغۇزۇپ سايىسىگە يۈز تاياق ئۇرسۇن، ــ دېدى.

خەلق شارەكنىڭ تىلىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممىسى تەھسىن ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئاخىرى شارەكنىڭ سۆزىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ يىگىتنىڭ سايىسىگە ئۇردى. بۇ سۆز ھەممە شەھەرگە پۇر كەتتى. بۇنى بەھرەۋەر بانۇ ئاڭلاپ دەرۋىشتىن شارەكنى بېرىشنى تەلەپ قىلدى. دەرۋىش گەرچە شارەكنى بېرىشكە قىيمىغان بولسىمۇ، مەلىكىنىڭ ھۆكمى بولغانلىقى ئۈچۈن، نائىلاج بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شارەكنىڭ نەزەرى مەلىكىنىڭ جامالىغا چۈشۈپ تەڭرى تائالاغا شۈكرى قىلىپ پۇرسەتكە ئىنتىزار بولۇپ يۈردى. بىر كۈنى شارەك بىر خالىي ۋاقىتنى تېپىپ زار ـ زار يىغلاپ مەلىكىگە سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە بايان قىلدى. بەھرىۋەربانۇ بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ زار ـ زار يىغلاپ سەراسىمىگە چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قانداق ئۇسۇل بىلەن ھورمۇزنى جاھاندار سۇلتانىنىڭ بەدىنىدىن چىقىرىپ، يوقلۇق ئەلىمگە يوللىشنى بىلمىدى. شارەك مەلىكىنىڭ بۇنچىۋالا بىقارارلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ تىجىمەلىنىڭ ئاپىتىدىن قورقۇپ:

ــ ھەي گۈزەل مەلىكەم، كۆپ ئىزتىراپتا بولمىغىن بىرەر تەدبىرگە تۇتۇش قىلغىن. چۈنكى مەن ھازىر بىر زەئىپ قۇشمەن، جىق كۈچىنەلمەيمەن. تەدبىر بىلەن ئىلاج قىلىنمىسا ئىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ نۆۋەت ئۇ ناپاك خىزمىتىگە كەلگەندە، ئاۋۋالقى قائىدىگە خىلاب ھالدا تەزىم ۋە ئىھتىرام بىلدۈرۈپ، ناھايىتى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈلۈپ: «ھەي پادىشاھىم، مېنىڭ خەستىلىكىمگە ئۇزاق ۋاقىتلار بولدى. سىنىڭ ئىشتىياقىڭ مېنى بىقارار قىلدى. ئەگەر كۆڭلۈڭگە مالاللىق يەتمىسە، مەرھەمەت قىلىپ كۆزۈم ئالدىدىلا روھىڭنى بەدىنىڭدىن چىقىرىپ بىر كېيىكنىڭ قېلىپىغا كىرگۈزسەڭ، بۇ غارايىبلاردىن تەبىئىتىمگە خۇشاللىق، مىجەزىمگە ياخشىلىق يۈزلىنىپ، كېلىسىم ساقىيىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئېشنى توغرىلىغىن، ــ دەپ تەلىملەر بەردى. بەھرەۋەربانۇ بۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپتى.

ھورمۇز كۆرۈنىشتىن قايتىپ، مەلىكنى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى. مەلكە ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ شارەك ئېيتقان سۆزلەرنى ئۆز ئەينى بەجا كەلتۈردى. بۇ كوتاھ پەمنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىياتنى قولدىن بېرىپ، بىر كىيىك كەلتۈرۈشنى بۇيرىدى. كىيىكنى كەلتۈرۈپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن جاھاندار سۇلتاننىڭ قىلىپىدىن چىقىپ كىيىكنىڭ قىلىپىغا كىردى. كىيىك ئورنىدىن تۇرۇپ ھەر تەرەپكە ماڭدى. جاھاندار سۇلتان مۇشۇنداق ۋاقىتقا ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى. دەرھاللا شارەكنىڭ جىسمىدىن چىقىپ ئۆز بەدىنىگە كىردى. ئۇ تەگرى تائالاغا كۆپ شۈكرىلەر ئېيتىپ كىيىكنى تۇتۇپ ئىتتەك باغلاپ دەرەخكە ئېسىپ قويدى. تاڭ سەھەر بولغاندا جاھاندار سۇلتان تۇرالغۇسىغا بېرىپ، سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ، بارلىق دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتىۋالغاندىن كېيىن قىسسىلىرىنى ئاشكارا قىلىپ، سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلدى. ھەممىسى بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. بارلىق دۆلەت ئەربابلىرىغا ئۆز قابىلىيىتىگە لايىق ئالتۇن ۋە جاۋاھىرلارنى ھەدىيە قىلدى. ئوندىن كېيىن كىشى بۇيرۇپ ئىت تەبىئەت ھورمۇزنى كەلتۈرۈپ ئازاب ـ ئوقۇبەت بىلەن ئۆلتۈردى.

## جاھاندار سۇلتاننىڭ ئەمىرلىر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قارا بەخت بەھرام خانغا ئەلچى ئەۋەتكەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ:

ھورمۇز پادىشاھ بولۇپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقىتتا بىر يۈرۈش بولمىغۇر ئىشلارنى قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ كۆڭلى ھورمۇزدىن قايتىپ ئازراق ۋاقىتتا ھەر تەرەپلەردىن پىتنە پاساتلار پەيدا بولۇشقا باشلىدى. گەپنىڭ قىسقىسى، بەھرام خان دەپ بىر كىشى بار ئىدى. كۆپلىگەن لەشكەرلەرگە سەردار، شانۇ ـ شەۋكەتلىك كىشى ئىدى. ھورمۇزدىن كۆڭلى قايتىپ، ھورمۇز ئۈستىدە پىتنىلەر تېرىغان نارازى كىشلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەتراپىغا جەم قىلىپ، نۇرغۇن ۋىلايەتلەرنى تەسىر دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئاخىرى، سارادارلىق تاجىنى بېشىغا كىيىپ پادىشاھ بولدى. ئۇ ئادالەت قائىدىلىرىنى يۈرگۈزۈپ خەلقچىللىق بىلەن ئىش تۇتۇپ سەلتەنەت ناغرىسىنى ساداغا كىرگۈزدى. ھورمۇز بولسا تولىمۇ قابىلىيەتسىزلىكىدىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرماي، قالغان مۈلكىنى ئۆزىگە غەنىمەت بىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئەمدىلىكتە جاھاندار سۇلتان ھورمۇزنى يوقلۇق ئالىمىگە ئەۋەتىپ، ئىززەت تەختىدە ئولتۇرۇپ پادىشاھ بولدى. جاھاندار سۇلتان مۈلك ۋەسۋەسىسىدىن جاھاندارلىق غەيرىتىگە تولۇپ، مىراس قالغان مۈلكىنى باشقىلارنىڭ قولىغا تارتقۇزۇپ قويۇشنى خالىماي، بارلىق دۆلەت كاتتىلىرىدىن بۇ ئىشنى قانداق قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سورىدى. دۆلەت كاتتىلىرى:

ــ ھەي ئالىي مەرتىۋىلىك پادىشاھ، ئاۋۋال بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ بىر نەسىھەت مەكتۇپى يېزىپ ئەۋەتىڭ، پەرمانىڭىزغا بويسۇنۇپ خىزمىتىڭىزگە كەلسە، ياخشى بولغىنى، ئەگەر ئۆزىنى بەھلىۋان، ئالىي مەرتىۋىلىك كۆرۈپ، بېشى ئايىنىپ

كەلمىسە ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ھەرقانداق
ھۆكۈم قىلسىڭىز ئىختىيار ئۆزىڭىزدە ، ـــ
دەپ مەسلىھەت بەردى .
دۆلەت كاتتىلىرىنىڭ بۇ مەسلىھەتى
جاھاندار سۇلتانغا ماقۇل كېلىپ بىر كاتىپقا
بۇيرۇپ مۇۋاپىق تەرزدە بىر مەكتۇپ ياز-
دۇردى . جاھاندار سۇلتان بىر دانا كىشىنى
ئەلچى قىلىپ ، مەكتۇپنى ئۇنىڭغا بېرىپ
يولغا سالدى . ئەلچى بەھرام خاننىڭ تۇرالغۇ
جايىغا بېرىپ ، مەكتۇپنى بەردى . بەھرام
خان مەكتۇپنى ئېچىپ كۆردى . نامە مۇنداق
يېزىلغانىدى : «ساڭا مەلۇم بولسۇنكى ، مەن
ھەقىقىي جاھاندار سۇلتانمەن . ھەي بەھرام
شاھ ، مەن مىنوسەۋاد شەھرىدىن خۇشال-
لىق بىلەن يولغا چىقىپ ئۆز ۋىلايىتىمگە
داخىل بولۇپ بىر تورالغۇ جاي بەرپا قىلىپ
شىكارغا چىققانىدىم . ھورمۇز دېگەن قارا
نىيەت ھىيلى ـ مىكىر بىلەن جىسمىمنى
روھىمدىن خالىي قىلدى ، مەن ئۇنىڭ
سۆزىگە ئىشىنىپ كىيىكنىڭ قېلىپىغا كىر-
دىم . ئۇ قارا بەخت ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ
مېنىڭ قېلىپىمغا كىردى . مەن كىيىكنىڭ
سۈرىتىدە بولۇپ، پەلەكنىڭ ھادىسلىرىدىن
ئازارلار يەپ، سەرگەردان بولۇپ ، دەشت ـ
باياۋانلاردا يۈردۈم . ھورمۇز بولسا مېنىڭ
سۈرىتىمدە بولۇپ ئاتامنىڭ خىزمىتىگە كې-
لىپ ، شاھزادىلىكنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈپ
ئىززەت شانۇ شەۋكەتتە ئولتۇردى . ئاتام
دۇنيادىن ئۆتۈپ ، ئۇ دىيانەتسىز ئۆزىنى
تەخت تاجىگە مۇناسىپ كۆردى . دۆلەت
كاتتىلىرىمۇ شاھزادە تەخت ۋارىسى بولۇشى
كېرەك دەپ ئۇنى سەلتەنەت تەختىدە
ئولتۇرغۇزۇپ پادىشاھ قىلدى . نەچچە مۇد-
دەتتىن كېيىن تەگرى تائالا مەرھەمەت
قىلىپ ئۇ قارا نىيەتنى ئازابقا مۇپتىلا قىلىپ
مېنىڭ قولۇمغا گىرىپتار قىلدى . قىلغان
قىلمىشلىرىغا مۇناسىپ بەدىنى ئىتلارغا يەم
بولدى . ئەلھەمدۇلىللاھ ! ھەق جايىغا قارار
تېپىپ پادىشاھ بولدۇم . سىزنىڭ ئۇ دۆلەتكە
بويسۇنماي تەخت پەرمانىدىن چىقىپ بەزى
ۋىلايەتلەرنى ئىگىلەپ ئېلىپ ھورمۇزغا
قارشى چىققىنىڭىزدىن خۇشال بولدۇم .
ئەمدى تەگرى تائالا بۇ دۆلەتنى ماڭا مۇ-
يەسسەر قىلىپ دۈشمەننى نابۇت قىلدىم .
سىزنىڭ ئىككىلەنمەي ئۆزۈڭنى خىزمىتىمگە
يەتكۈزۈشىڭگە ئىنتىزارمەن . يەنە
خىزمىتىڭگە لايىق مەملىكەتنى قولۇڭغا
تاپشۇرۇپ، بېشىڭنى ئۇستۈن قىلىمەن . نامە
تامام ۋەسسالام » ، بەھرام خان مەكتۇبىنى
ئوقۇپ مەزمۇنىنى بىلدى. بەھرام خان غۇرۇر
شارابىدىن ۋە دۆلەت مەرتىۋىسىدىن غەرق
مەست بولغانىدى. دەرغەزەپ بولۇپ كاتىپقا
مەكتۇپنىڭ جاۋابىغا مۇنداق يازغىن دەپ
تاپىلدى. كاتىپ مەكتۇپنى تەييار قىلدى.
مۆھۈر بېسىپ ئەلچىنىڭ قولىغا بېرىپ يولغا
سالدى. ئەلچى جاۋاب نامىنى ئېلىپ كېلىپ
جاھاندار سۇلتاننىڭ قولىغا بەردى. مەكتۇپ
مۇنداق يېزىلغانىدى: «مەكتۇپىڭنى
مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئەۋەتىپسەن، مەز-
مۇنى ماڭا مەلۇم بولدى. توغرا، مەنمۇ
بىلىمەنكى بۇ دۆلەت ساڭا مىراس قالغاندۇر .
لېكىن دۇنيانىڭ قائىدە ـ نىزامى بىر قارار-
دىلا ئەمەستۇر. سەندىن بۇرۇنمۇ پادىشاھلار
ۋە جاھاندارلار ئۆتكەن بولۇپ، جاھاننىڭ
ئىسلاھات ئىنقىلابىدىن تاجۇ تەختىنى باشقا
كىشىلەرگە تاپشۇرۇپ ئۆزلىرى بىنەۋالىقتا
يۈرگەندۇر. ئەمدى بۇ دۆلەتنى تەگرى تائالا
ماڭا مۇيەسسەر قىپتۇ. بۇ يامان خىيالنى
بېشىڭدىن چىقىرىپ، ئۆز ۋىلايىتىڭگە قانا-
ئەت قىلىپ، قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ قائىدە-

نىزاملىرىغا ئەمەل قىلساڭ ساڭا مۇناسىپ كېلىدۇ . نامە تامام ۋەسسالام » .

## جاھاندار سۇلتاننىڭ لەشكەر تارتىپ بەھرام ئۈستىگە بارغانلىقى ۋە زەپەر قۇچۇپ غەلىبە بىلەن قايتقانلىقى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ :

جاھاندار سۇلتان مەكتۇپنىڭ مەزمۇنىدىن شور پېشانە بەھرامنىڭ ساۋابلىقتىن چىقىپ دەشت ـ باياۋانلاردا سەرگەردانلىقنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقانلىقىنى بىلدى . ئۇ ماكانسىزنىڭ قولىقىنى تولغاپ قويۇش ئۈچۈن ، ھېسابسىز لەشكەر توپلاپ ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى .

ئەلقىسسە ، جاھاندار سۇلتان بەھرامنىڭ قارشىسىغا كېلىپ لەشكەرلىرىنى سەپىراست قىلىپ تۇردى . بۇ تەرەپتىن بەھراممۇ لەشكەرلىرى بىلەن چىقتى . ئۆزئارا ئۇچرىشىپ ئاۋۋالقى ھۇجۇمدىلا بەھرام خاننىڭ لەشكەرلىرى جاجىسىنى يەپ ، پاتىپاراق بولۇشۇپ ، ھەر تەرەپكە كېتىشتى . بەھرام ئۇرۇشتا قەتل قىلىندى . جاھاندار سۇلتان بارلىق قارشىلىق كۆرسەتكۈچىلەرنى تىغدىن ئۆتكۈزدى . بەھرامنىڭ لەشكەرلىرىدىن نۇرغۇنلىغان غەنىمەت قالغانىدى . ئۇنى لەشكەرلىرىگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ ، ئۇ ۋىلايەتكە ئۆز تەرىپىدىن بىر ئادىل ھاكىمنى تەيىنلەپ قويۇپ ، ئۆز ۋىلايىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ يۈردى .

رىۋايەتچىلەر ھېكايىسىنى مۇنداق داۋاملاشتۇرىدۇ :

بەھرام خان تەختتە ئولتۇرغان كۈنلىرىدە مۇزىكىچىلار جەمەتىدىن بىر نازىنىن قىزغا ئاشىق بولۇپ توي قىلىپ ئەمرىگە ئالغانىدى . ئۇنىڭدىن بىر قىزى بولغانىدى . بەھرام خان قەتل قىلىنغاندىن كېيىن خوتۇن ۋە كېنىزەكلىرى ھەر تەرەپكە كېتىشتى . بەھرامنىڭ ئايالى مۆھتەرەم ئايال بولغانلىقى ئۈچۈن قىزىنى ئېلىپ بىر بولۇڭغا بېرىپ نومۇسنى تەرك ئېتىپ ئۆز جەمەتىنىڭ ھۈنىرىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن بىر مۇزىكىچى خوتۇنغا شاگىرت بولۇپ ئازراق پۇرسەتتىلا كامىل ئۇستازلاردىن بولۇپ قالدى . قىزىغا غەزال تاتار دەپ ئىسىم قويغانىدى . ئۇ ئايالنىڭ ھۈنىرى كامالىغا يېتىشىپ قىزىغىمۇ مۇزىكا ئىلمىدىن تەلىم بەردى . قىز بالاغەتكە يەتكىچە ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت ئىگىلەپ ، ئەقلىلىقلارنىڭ ئەقلىگە ئاپەت ، كۆڭلىدە ئىشق پىتلىرىنى پەيدا قىلدى . شېكەردەك تاتلىق ناخشىلىرى ۋە شېرىن سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ قەلبىنى كاۋاپ قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئانىسى ئۇ ئاق تۇرنا ۋە غۇنچە گۈلنى ناھايىتى چىرايلىق ياساپ بىرەر پادىشاھزادىلاردەك ئېسىل يىگىتنى تېپىپ نىكاھ قىلىپ بەرسەم دېگەن ئۈمىدتە ئىدى . مۇۋاپىق بىرەر كىشى چىقمىدى . ئاخىرى نائىلاج بولۇپ ئۆزى مەسلىھەتنى يېپىشتۇرۇپ قېرىنداشلىرىدىن دانا ۋە ئەقىللىق كىشىدىن بىرىنى « جاھاندار سۇلتاننىڭ يېنىغا بېرىپ غەزال تاتارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر بەرگىن » دەپ بۇيرىدى ئۇ كىشى شاھنىڭ تۇرالغۇسىغا بېرىپ :

ـــ بەھرام خاندىن بىر قىز قالغان بولۇپ ، ئەيسا تىنىقىدەك سېھرىلىك غەزەللىرى بىلەن يۈز يىللىق ئۆلۈكلەرگە جان بېرىدۇ . ھۆسن ـ جامال ۋە مۇزىكا

ئىلمىدە تەڭدىشى يوقتۇر. ئەگەر بىر ناۋا قىلسا، ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن جانىۋالار مەست بولۇپ يەرگە چۈشەر، ئەگەر چاڭ چالسا، پۈتكۈل جاھان ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى تالان - تاراج قىلار. ئەگەر ئۇدىنىڭ تارىغە ناخۇن ئۇرسا، خەلقنىڭ يۈرىكى ئۇد مەسەللىك ھەيرەت ئوتىدا يانار. گويا دۇنيانىڭ ئاۋۋالىدىن بۇ ۋاقىتقىچە ھېچ گۈزەل پەرى بۇ تەرىزدە مەۋجۇت بولمىغان. يەنە كېلىپ نەسەبى چوڭ خانىداندىندۇر. ئۇ ناھايىتى شەرمى - ھايالىق بولۇپ، كۆزىنى نەرگىس كۆزىگىمۇ مېھرى بىلەن ئاچقان ئەمەستۇر. ھەتتا شەرمى - ھايا قىلىپ گۈلنىمۇ قولىغا ئالغان ئەمەس. ئەگەردە بۇ تەرىقىدىكى ئاي سۈپەت نازىنىنى ئۆز نىكاھلىرىغا ئېلىپ توي قىلسىلا، قىزنىڭ ئانىسى بۇ ئىشنى ئۆزىگە دۆلەت ۋە سائادەت بىلىدۇ، — دېدى.

جاھاندار سۇلتان بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىتاقەت بولۇپ دۆلەت كاتىپلىرىدىن بىر كىشىنى نۇرغۇن سوۋغا سالاملار بىلەن ئۇ قىزنىڭ ئانىسىنىڭ خىزمىتىگە ئەۋەتتى. ئۇ كىشى كېلىپ شاھنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزدى. قىزنىڭ ئانىسى بۇ ئىشنى كاتتا دۆلەت بىلىپ زەرلىك مەپىگە غەزال تاتارنى ئولتۇرغۇزۇپ، ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن پادىشاھنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى. قىزنى ھەرەم ئۆيىگە كىرگۈزۈپ ئىززەت تەختىدە ئولتۇرغۇزدى. جاھاندار سۇلتان ھەرەم ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ ئادەمنى سېھىرلىگۈچى نازىنىنى كۆرگەن ھامان كۆڭلى ئۇنىڭ ئىپار چېچىغا باغلىنىپ، تامىدىكى سۈرەتتەك تۇرۇپلا قالدى. غەزال تاتار پادىشاھنىڭ ئۆزىنىڭ چاچلىرىغا ئەسىر بولغانلىقىنى بىلىپ، كۆرمىگەنگە سېلىپ يۈزىگە نىقاب سالدى. پادىشاھ ناھايىتى ئاجىز كەلگەن ھالدا: «ھەي مەلىكە، مېھرىبانلىق قىلىپ نەغمە بىلەن بۇ كەمىنىنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلسىڭىز» دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئۇ ئاي يۈزلۈك يۇلتۇز سۈپەت قىز سۇلتاننىڭ ئىلتىماسىدىن كېيىن، چاڭنى قولىغا ئېلىپ، ئۇشاق ئاھاڭغا تەڭشەپ، دەردمەنلىك ناۋاسى بىلەن ئاشىقانە غەزەللەرنى ئوقۇپ، شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزىدىكى، پادىشاھ شارابتىن بىھوش بولغاندەك بىھوش بولدى. بىرەر سائەتتىن كېيىن مەلىكىنى بولۇڭغا تارتىپ گۈل رۇخسارىدىن سۆيۈندى. كېنىزەكلەرگە بۇيرۇپ جام شارابىنى ئالەمچە ئايلاندۇردى. بىر نەچچە قەدەھ ئايلانغاندىن كېيىن مەلىكىمۇ مەست بولۇپ چۆمبەلسىزلا ئېچىلىپ - يېيىلىپ ئولتۇردى. سۇلتان غايەت شەۋقتىن كۆڭۈل ئارزۇسىنى ئىزھار قىلدى. مەلىكە ئىختىيارسىز تەنبۇرنى قولىغا ئېلىپ مۇھەببەتتىن سازىنى سازلاپ ئىراق ۋە ھىجاز ئاھاڭلىرىنى ئورۇندىدى. سۇلتان بۇ مۇزىكىلاردىن سەرخوش بولۇپ بىقارار بولدى. ئۆز ئىختىيارىنى ئۇ مەلىكىگە پىدا قىلدى.

## بەھرەۋەر بانۇنىڭ بىقارارلىقتىن سەھراغا چىقىپ كەتكەنلىكى، جاھاندار سۇلتان بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ قايتۇرۇپ كەلگەنلىكى

رىۋايەتچىلەر مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: غەزال تاتار جاھاندار سۇلتان بىلەن ئىشرەت جامىنى ئالەمچە ئايلاندۇرۇپ ئولتۇردى. بۇ ۋەقەدىن بەھرەۋەر بانۇ خەۋەر تېپىپ ئوتتەك يېنىپ، بۇ خىل تۇرمۇشنى ئۆزىگە ئۆلۈم بىلىپ، سۇلتاندىن ئەدەب

ساقلىنغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا دېمەيلا باغ سەيلىسىگە چىقىپ ، بىر نەچچە كۈن باغ تاماشاسىغا ئۆزىنى بەنت قىلىپ ، سەرگەردانلارچە ئولتۇردى . بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى خاتىرجەم بولالمىدى . بەلكى ئاۋۋالقىدىنمۇ زىيادىرەك پەرىشان بولدى . ئامالسىز كۆڭلىنىڭ تۈگۈنى غۇنچىسىدىن ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دەپ باياۋانلارغا باردى . شۇ ئەسنادا سەيلى قىلىپ كېتىپ بېرىپ بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى . بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى ئۈچۇق سۈزۈلۈك كىشىنىڭ تەبىئىتىدەك ساپ بولۇپ ئەتراپىدىكى كۆكلەمزاردا رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلغانىدى . مەلىكە بۇيرۇپ ئۇ جايدا چېدىر ئۆيلەرنى پەرپا قىلدۇردى . بىر نەچچە باتۇر كىشلەرنى ئەتراپىدا پاسىبان قىلىپ قويۇپ ، ئۆزى دۇر جەۋھەرلىرىنى بوينىدىن ئېلىپ سوپىلارچە كىيىملەرنى كىيىپ تەسۋى سىرىش ئىشىغا مەشغۇل بولدى . ئازراق پۇرسەتتە ناھايىتى رىيازەت تارتقانلىقىدىن تەسۋىنىڭ يىپىغا ئوخشاش ئاجىز بولدى . جاھاندار سۇلتاننىڭ مۇھەببىتى بولغانلىقى ئۈچۈن ھەمىشە كۆزىدىن كەلكۈندەك ياشلارنى ئاققۇزاتتى . بەزىدە پەرۋانىدەك پىراق ئوتىدا يېنىپ گاھى ئاتقا مىنىپ كېنىزەكلەر بىلەن جەزىرىلەرنى ئايلىنىپ يەنە چېدىرىغا كېلىپ ئولتۇراتتى .

بۇ ئەھۋاللاردىن جاھاندار سۇلتان خەۋەر تېپىپ، قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ پۇشايمانلار قىلىپ ، دەرھال يولغا چىقىپ مەلىكە قېشىغا كەلدى . جاھاندار سۇلتان بەھرەۋەربانۇنىڭ دەرۋىشلەرچە كىيىملەرنى كىيىپ ناھايىتى غەمكىنلىك بىلەن ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . سۇلتان مەلىكىنى بۇ ئەھۋالدا كۆرۈپ بىقارار بولۇپ كۆزىدىن ھەسرەت ياشلىرىنى ئاققۇزۇپ گاراخ بولدى . مەلىكىنىڭ نەزەرى پادىشاھقا چۈشۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىقىغا يىقىلدى . جاھاندار سۇلتان مەلىكىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆپ ئۆزرىلەر ئېيتتى . مەلىكە بۇ ئىشلارنى كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلىدى . سۇلتان مەلىكىنى زەرلىك مەپىگە ئولتۇرغۇزۇپ ھەرەم ئۆيىگە ئېلىپ باردى . قالغان ئۆمرىنى پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزدى .

نەچچە ۋاقىتتىن كېيىن جاھاندار سۇلتان بۇ پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى . قائىدە بويىچە ئوغلىغا كۆپ ۋەسىيەتلەر بىلەن تاجۇ تەختىنى تاپشۇردى . بەھرەۋەر بانۇ ئىنتايىن ئازابلاندى . سۇلتاننىڭ ئۆلۈكىنى باغرىغا ئېلىپ ، يۈزىنى يۈزىگە قويۇپ جان تەسلىم قىلدى . ئاقىۋەت بارلىق دۆلەت كاتتىلىرى جەم بولۇشۇپ مۇۋاپىق جاي ھازىرلاپ بۇ ئىككىيلەننى دەپىن قىلدى .

ھەي خۇسرەۋدەك كىشى ، ئىبرەت كۆزى بىلەن قارىغىنكى ، بۇ دۇنيا ساڭىلا ئەمەس ھەرقانداق كىشىگە ۋاپا قىلمىغاندۇر .

* *

بۇ قول يازما ھىجرىيە 1315 — (مىلادى 1897 —) يىلى زۇلقەئدە ئېيىنىڭ 11 — كۈنى كۆچۈرۈپ تاماملانغان . قول يازمىنى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى **ئابدۇسەمەت ئابدۇرۇپ** ئاكا ساقلىغان

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# تاھىر ۋە زوھرە

## سەيیادى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

.................................... ..........  .............(1)

قىزىنى ئاتى ئەمما زۇھرە قويدى ،
كى قىزلار ئىچىدە بىر تەۋرە قويدى .
ئانىڭ ئاۋازەسىنى تۇتتى تا قاف ،
ئانىڭ ئارزۇسىنى يەر ئىردى ، ئەي ساف .
باباجان شۇكرىگە كۆپ شۇكر قىلدى ،
ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە بىر فىكر قىلدى .
دىدى : باھىرنى ئوغلى بولسە ناگاھ ،
ئۆزىنىڭ فىكرىدە نې دىدى ئۇ شاھ .
ئوغۇل بولسە ئاڭا بىر فىكر ئىتەرمەن ،
يىتىمدۇر ، ئانى باشىگە يىتەرمەن .
تەۋەككەل ئەيلەبان سۇلتان ئولتۇردى ،
ئۇنۇتتى شەرتىنى بىغەم ئولتۇردى .
دىدى سەيیاد : «باھىر رازىن ئەتكىل ،
بۇ داستانىنىڭ تەقى گۇلزارىن ئەتكىل .»
دىدى : باھىرنى ھەم [بىر ] ئوغلى بولدى ،
ئانىڭ ئاتىن خەلايىق زۇھرە قويدى .
ئانىڭ ئاتىن ئاتادى مىرزە تاھىر ،
يۈزىندە مۇستەفانىڭ نۇرى زاھىر .
ئاناسىنى ئاتىنىكىم شاھى خۇبان ،
بۇ ھەم ھۆسن ئىچىدە بىر ماھى تابان .
ئاڭا خانزادەنى ياشقە قويۇپتۇر ،
بۇ سىرنى شەھرئىلى بارچە بىلىپتۇر ،
ئىنەگەلەر نەچە يىللار چىكىپ جان ،
كى ھەر بىرى بولۇبدۇر ماھى تابان .
كۆرۈك تاھىرنى بەش ياشقە يىتىپدۇر ،
كى باھىر شۇكرى ئەمرىن بىتكەرىپدۇر .
كى باھىرنىڭ ۋەفاتىن بىلدى ئۇ شاھ ،
دىدىكىم : «ئول ئىرۇر تەقدىرى ئەللاھ .
ۋەزىرىم باھىر ئىردى تاھىر ئوغلى ،
يەنە تاھىر بولۇپدۇر تاھىر ئوغلى .
رەۋا ئىرمەس ۋەزىرى بىرلە خانى ،
قۇدا بولسا مەلامەت تارتسە جانى ،
كى باھىر بىرلە مەن ھۆكم ئەيلەگەندە ،
بۇ سۆزنى بىلمەگەندۇر ھىچكىم ئاندە .
بۇ سىرنى كىم بىلىپدۇر مەندىن ئۆزگە ،
دىدى : «ئەل ئىلمەگەي تاھىرنى كۆزگە.»
كەل ئەي سەيیاد ، بۇنياد ئەت بۇ قىسسە،
نەچۇككىم تۇشتى تاھىرغە بۇ غۇسسە .
دىدى سەيیاد ، ئوشۇل كۈن باھىر ئۆلدى ،

---

(1) قول يازمىنىڭ باش قىسمىدىن تەخمىنەن ئىككى بەت يوقالغان .

ئىشتكىل ، بەندە تاھىرغە نە بولدى .
بۇ سۆزنى بىلدى شەيتان دېدى : «ئەي شاھ ،
كى بىر يول كۆرسەتەي» دەپ قىلدى گۇمراھ .
دېدى : باھىر بىلە ئەھدىلىك بۇ ئېردى ،
ئارادىن مېھر ـ شەپقەتلەر ئۆرۈلدى .
بۇ تاھىر يىتىمگىدۇر ياخشى بىلسەڭ ،
ۋەزىرىم بولادۇر دەپ فىكىر قىلسەڭ .
رەۋا كۆرمەي خۇدا بۇزۇپىدۇر ، ئەي شاھ ،
دېدى بۇ سۆزنى شەيتان ، قىلدى گۇمراھ .
بۇ سۆزلەر شەھغە خوب مەئقۇل بولدى ،
بۇلارنى بەچچەدۇر دەپ گول قىلدى .
ئىكىسىن بەندى مەكتەب قىلدى سۇلتان ،
بۇلار جان بىرلە ئوقۇر ئېردى قۇرئان .
ھەمىشە مەكتەبە بارىپ كېلۇردى ،
بۇلارنى سىررىنى بارچە بىلۇردى .
ۋەلى ئىكىسىگە ئىپتماس ئىدىلار ،
ئەيان بولدى ئىكىسىگە بۇ سىرلار .
كى بىر كۈن ئىككىسى مەكتەبكە باردى ،
كى بىر خاتۇن كېلىپ ئالىدە تۇردى .
دېدى : شەھزادەلەر مەن بۇز قويارمەن ،
ئانىڭ ئۈچۈن كېلىپ مۇندە تۇرارمەن .
غەرىبىنى دۇئاسىنى ئالىڭلار ،
يۈزۈمدىن ئول تەرەفغە يول سالىڭلار .
دېدى خاتۇن ، بۇ يۈرمەكدىن بىھاجەت ،
قىلا كۆر زۇھرە خانىم بىرلە ئىشرەت .
ئەگەر سەندە ئەقىل بولسە ، ئەي ئوغلان ،
كەل، ئەي، قىل زۇھرە خانىم بىرلە دەۋران.
دېدى تاھىر : «ئانى ئايغىل نە سىر بار؟
كېلىپ بىز ئىككىمىزغە قىلغىل ئىزھار.»
دېدى خاتۇن : «ئاناڭدىن سۆز ئىشتكىل،
سەبىر قىل ، سەبىر ئىلە مەقسۇدغە يەتكىل.»
بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئول مىرزا تاھىر ،
بارىپ ئاناسىغە ئول قىلدى زاھىر .
دېدى ئاناسىغە : «ئەي جانىم ئانام ،
مېنىڭ جانىمغە مېھرىبانىم ئانام .
بۇ مەكتەبدىن كېلىپدۇرمەن ئىچىم ئاچ ،
بۇ كۆڭلۈم ئارزۇ ئەيلەر قوغۇرماچ .»
ئاناسى چۇستۇ چابۇك قوپتى ئاندە ،
بولۇرغاندەك قوغۇرماچ قىلدى ئاندە ،
دېدىكى : «ئەي ئانا ، بەر ھەققى خالىق ،
سەن ئىلكىڭ بىرلە بىر بولسۇن مۇۋافىق ،
قولۇڭدىن ئاش يېمەك كۆڭلۈم تىلەدۇر .
ساڭا رازىم دېمەك كۆڭلۈم تىلەدۇر .»
كى خۇش دەپ قولىغە ئالدى قوغۇرماچ ،
كى مەھكەم تۇتتى ، قولىنى ئۇزاتقاچ .
دېدىكىم : «ئەي ئانا شۇكراي ئاتىدىن ،
مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ھۆرمەتىدىن .
دېگىل ، ئاتامنى سەۋداسىن ئىشتەي ،
قولۇمدىن كەلسە مەن مەقسەدكە يېتەي .»
قولى كۈيگەچ دېدى : «ئەي نۇر دىيدە ،
ئىشتىڭ قىسسەنى بولغۇڭ دەمدە .
ئاتاڭ بىرلە باباجان قىلدى پەيمان ،
ئەجەل يەتتى ، ئاتاڭ تاپمادى دەرمان .
ئۇنۇتتۇق بىز تەقى سەن ھەم ئۇنۇتكىل ،
نە سەۋدادۇر ، بالام ، كۆڭۈل ساۋۇتكىل .
ئالار خانىم ئېرۇر خانلارگە لايىق .
كۆڭۈل بەرمەك ئالارگە ، بولماڭ ئاشىق .»
ئىشىتتى ئۇشبۇ سۆزنى تاھىرى مەست ،
كى ئىشق ئوتى ئالارگە بولدى پەيۋەست .
ئىكى دانە قوغۇرماچ قولىغە ئالدى ،
كىتابىنى ياپىپ قوينىغە سالدى .
بارىپ مەكتەبكە ياتىپ مەست مەئمۇر ،
ئوقۇپ ئىشقى بىلەن ئىلكىدە تەنبۇر :

ئاشىقىم ، ئەي دوستلار ، جانىمگە جانان ئىستەرەم ،
جانۇ جانان بولغالى ، جانىمغە جانان ئىستەرەم ،
لەبلەرىڭ ئابى ھەياتدۇر تەشنەلەب ئاشىقلارىڭ ،

دەۋلەتىڭدىن مەن يەنە بىر ماھى تابان ئىستەرەم .
سەنسىزىن جەننەتكە بارسام زۇلمەتى مەئۋا ئېرۇر ،
نالەئى ئەفغان ئېتىپ بىر ماھى تابان ئىستەرەم .
ئارەزى ھالىڭدىن ئۆزگە يەردە تاپماسمەن قەرار ،
ئەندەلىبى بىنەۋا يەڭلىغ گۇلىستان ئىستەرەم .
كەل سەييادى ، ئاشىق ئېرسەڭ ئىستەمە ئابادلىق ،
مەن ئۆزۈمنى خاك ئېتىپ بىر ماھى تابان ئىستەرەم .

بۆلارنى بەندى مەكتەب قىلدى سۇلتان ،
بۆلار جان بىرلە ئۇقۇر ئېردى قۇرئان .
ئۇقۇپ نەيلەپ ئىدى ئىشقى مەجازى ،
ۋەلى كۆڭلىدە ئېردى ئىشق تازى .
بۆ مەكتەبخانە ئېردى بىر بەھانە ،
كېلىپ ئېردى ئۇشۇل ئىككى جانانە .
كى كۆز بىرلە قىلۇرلار كۆپ نەزارە ،
گەھى نەۋبەت قاشىغە يەتتى پارە .
بۆ قاشۇ كۆز ئىكىسى ساز ئېتەردى ،
تەقى كۆڭۈل قۇشى پەرۋاز ئېتەردى :

ئەي شەمس ئەنۋەر يۈزلۈكۈم ، كۆرمەگەي ئېردىم كاشكى ،
كۆڭلۈمدە ھەربىر كۆزلۈكۈم ، كۆرمەگەي ئېردىم كاشكى .
ئەي گۇلشەنى باغى ئىرەم ، ئەي مېھرىبان زىبىبا سەنەم ،
لەئلىڭ شەرابى دەمبەدەم تارتماغاي ئېردىم كاشكى .
ئىشقىڭدە مەن ، ئەي بىخەبەر ، يىغلاپ يۈرۈپ شامۇ سەھەر ،
ھىجران ئىلە شامۇ سەھەر يىغلالى ئېردىم كاشكى .
كەلدىم ئەدەم سەھراسىدىن ، كىمكى ۋۇجۇدۇڭ دەھرىدىن ،
ئەيلەپ فىغان شام ـ سەھرىدىن يىغلاغاي ئېردىم كاشكى ،
مىسكىن سەييادى با كەرەم ، ئىشقى رەسۇلللاھ ھەرەم ،
مەردانەۋار ئىشققە قەدەم قويماغاي ئېردىم كاشكى .

كەل ئەي سەييادى جان ، بۇلبۇل خوش ئەلھان ،
نەچۆك دەپ باشلادى مۇنشىئى دىۋان .
دىدى سەيياد زۆھرە ئىشقبازى ،
بەدەل بولدى بۆ ھىجرانغە مەجازى .
كى تاھىردىن ئىشىتتى بۆ غەزەلنى .
كى ئىشقى جۇش قىلدى ئۇل گۈزەلنى .
بۆ سۆزنى ئىشىتىپ دىۋانە بولدى ،
ئانىڭ چۇن خەلق ئارا ئەفسانە بولدى .
ئىلاجى بولماس ئېردى غەيرى مەكتەب ،
بۆ مەكتەبخانە ئېردى كەفشەرى كەب .
بارىغە زۆھرە جان مەرغۇب ئېردى ،
بەچەلەر كۆپ ئىدى مەغلۇب ئېردى .
دىدى ئۇستادگە ئەمرىڭنى تىڭلا ،
غەلەت گەر بولسە تاھىر بەگنى تىڭلا .
يەنە زۆھرەگە دىدى : «يارۇ دىلدار ،
بۆ تاھىر ھالىدىن بولغىل خەبەردار .»
بۆ سۆزنى ئىشىتىپ تاھىر دىلسۇز .
غەلەتىن ئايتۇر ئېردى زۆھرە فىرۇز .
سورار ئېردى سەبەقدىن كۆپ غەلەت سۆز ،
«غەلەتىمدىن ئايت ئەي شاھى فىرۇز .»
بۆ تاھىر يىغلابان كۆپ راز ئېتەردى ،
ئۇقۇپ بۆ زۆھرە غەمزە ساز ئېتەردى .

بەچەلەر كۆزندە تەدبىر ئێتەردى ،
يۇ مەئنىدىن ئىكەۋى سۆز قاتاردى :
«كى ئىشقىڭ كويدە كۆيدى بۇ جانىم ،

تەنىمدە قالمادى رۇهى رەۋانىم . »
پەناه ئۆزىگە ئەيلەپ «لەم يەزەل» نى ،
ئوقوپ ئێردىكى زۇهرە بۇ غەزەلنى :

چۇن ئەزەلدىن دوستلارىم بولماغاي ئێردىم كاشكى ،
يار ئىلە ئەهدۇ ۋەفا قىلماغاي ئێردىم كاشكى .
ئاشىق ئۆزى ئەيلەپ سەفەر ۋەسلىن تىلەپ كەلگەن ئىمىش ،
مەن هەم بۇ دۇنيادىن كێچىپ كەلمەگەي ئێردىم كاشكى .
ئاشىق باشىنى توپ ئێتىپ ، جانانە توپ ئوينار ئىكەن ،
باشىمنى مەن مەيدان ئارا قويماغاي ئێردىم كاشكى .
بىر جىلۋە ئەيلەپ باشىمە سالدى سەمەن سەۋداسىنى ،
مۇنداق بەلانى باشىمە سالماغاي ئێردىم كاشكى ،
سەييادى ئاشىق قۇل بۇ كۇن بولدى جەهاندىن ماسىۋا ،
يار ۋەسلىنى دوستلار بۇ يا كۆرمەگەي ئێردىم كاشكى .

كەل ئەي سەييادى سەن باشلا بۇ داستان ،
زىمىستاندا نێچۈك بولدى گۈلستان .
گۈلستان كۆرمەگەي بادى خەزانىن ،
رەقىبلەرنى خۇدا بەرسۇن زەۋالىن .
كۆرۈڭ بىچارە تاهىرنىڭ سەۋالىن ،
نەچۈك بەردى كۆرۈڭ زۇهرە جەۋابىن .
دێدى سەييادى تاهىر قىلدى ئەنگىز .
كى خىلۋەت يەردە بولغايلار سۇخەنرىز ،
بار ئێردى شاهنىڭ بىر سەير گاهى ،
چىقار ئێردىلەر ئاندا گاه گاهى .
ئاتىنى دەر ئىدىلەر باغى مەيدان ،
كى يەئنى ئولتۇرۇرلار ئاندا چەندان .
كىرىپ باغ ئىچىگە ئىككى دۇگانە ،
بىرى بۇلبۇل بىرى گۈلبەرگى دانە .
گويا ئول باغنى رىزۋانى بێهىشتىنىڭ ،
هێسابى يوق ئىدى ئاندا يێمىشنىڭ .
كى ۋەئدە قىلدىلار ئول باغى مەيدان ،
كى ئەرز ئىشتىكەلى ئول باغدە چەندان .
ئىكىسى قوشۇلۇبان مۇڭلاشۇرلار ،
قۇچاقلاشىپ ئىكەۋى يىغلاشۇرلار .

بىرى بىرىگە دەر رازى دىلىنى ،
كى هەرنە كۆڭلىدەكى مۇشكىلىنى .
كى بىر پارە نۇر ئێردى بۇ ئىكى يار ،
قىزىپ بازار ئىچىندە ئىشق بازار .
كى ئىشق ئەهلىدە بولماس نەڭۇ ناموست ،
كۆزىگە هێچ كۆرۈنمەس دۇشمەنۇ دوست .
بۇ تاهىر ئىشق ئوتىدا كۆيەر ئێردى ،
نە كىم غۇسسەنى زۇهرە سۇرەر ئێردى .

بۇ تاهىر ئايتتى ئۆتكەن قىسسەلەرنى ،
نێكىم كۆڭلىگە تۇشكەن غۇسسەلەرنى .
دێدى تاهىر كى : «ئەي رۇخسارەئى هۇسن ،
قىلىپ ئىشقىڭ مىنى دىۋانەئى هۇسن .
ساڭا ئايتاي بۇ كۇن ئۆتكەن هێكايەت ،
كى بولغاي ئول هێكايەتدە رىۋايەت ،
ئاتاڭدا يوق ئىكەن فەرزەندى بۇنياد ،
كى يىغلاپ ئايتۇر ئىكەن زار ئەبياد .
دێدىكىم : گەر خۇدا فەرزەند بەرسە ،
ئالار بىرلە كۆڭۈل خۇرسەند بولسە .
خۇدا كىمگە نەسىب قىلسە بێرەيىن ،

ئۇلارنىڭ دەۋرىدە دەۋران سۈرەيىن .
ئاتام ئىكەن ئاتاڭىزنىڭ ۋەزىرى ،
ئاراسىندە يوق ئىكەن ھېچ گۇزەرى .
ئاتامدا ھەم يوق ئاندا ھېچ فەرزەند ،
ئۇلار ھەم ئاندا ئىكەن زارۇ دەربەند .
قىلىپدۇر ئاتامە فەرزەند ئىنايەت ،
ئۇشۇل ۋەقتدە بولۇپدۇر بەخت غايەت .
بۇ سۆزنى ئايتۇر ئاتامغە ئاتاڭىز ،
دەرىغا ، چىقتى بۇ سۆزدە خەتاڭىز .
ياتىبان تۈش كۆرۈپدۇر ئەۋلىيادەك ،
ياپۇشۇپ ئەنبىياگە بىر بەلادەك ،
تۇتۇپ ئايتۇر كى : ئەنبىيا ئىبرۇرسەن ،
مېنىڭ ئۇشبۇ مۇرادىمنى بېرۇرسەن .
مۇرادىم ئۇشبۇدۇر كىم خانىمىزگە ،
ئۇلارنى جانىمىز جانانىمىزگە .
نىيەت ھاجەت ئەمەسدۇر شەرت قىلسام ،
بۇ سۇلتان بىرلە مەن مەقسۇدكە يەتسەم .
ئۇشۇل ۋەقتدە خۇدا رەھمەت قىلىپدۇر ،
بىز ئىككىمىزنى ھەم ئەللاھ بېرىپدۇر .
خۇداغە شۇكرى ئېتىپ قىلغاندا پەيمان ،
ئاتام ئۆلۈپ قالىپدۇر ، مەندە ئەرمان .
ئاتام بىرلە ئاتاڭىزنى بىلىپ دان ،
بارىكەندۇر ، بولۇر قۇدرەتى يەزدان .
دەر ئىبرمىشلەر ئاڭا : « كۆرگەن رەۋامەن ،
بۇ سىردىن تەلبە يەڭلىغ مۇبتەلامەن ، »
ئاتام ئۆلدى ، ئاتاڭ ئەھدىن ئۇنۇتتى ،
يەنە ئانچە بالا مېھرىن سوۋۇتتى .
نەچۈك بولۇر مۇنىڭ تەدبىرى ، ئەي جان ،
قالىپمەن ئىشق دەردى ئىچرە ھەيران .
بىلىپمەن سەندەدۇر دەردىم دەۋاسى .
سۇنۇقمەن خەستە جانىم مەرھەباسى .
كى سەندىن ئۆزگە مەندە يار بولماس ،
بۇ كۆڭلۈم سىرغۇچى غەمخار بولماس .
سەھەرلەر ئاھ ئۇرۇپ ئۇيغانەدۇرمەن .
بۇ ھىجران ئىلىدە ئاۋارەدۇرمەن .

فىراقىڭدە ئەجەب غۇسسە يۇتۇپمەن ،
ئۇمىد بىرلە ئىتەككىنى تۇتۇپمەن ،
دۇئايىڭدە ئىبرۇرمەن كېچە — كۈندۈز ،
فىدا بولسۇن بۇ جانىم يەككە — يالغۇز .»
بۇ داستان ئاخىرىندە بىر غەزەل ياد ،
ئوقۇپ تاھىر قىلادۇر ئاھۇ فەرياد :
«فىراقىڭ ئوتىدا بەس يانەدۇرمەن ،
غەمىڭ بىرلە بۇ كۈن ھەمخانەدۇرمەن .
يۈزىڭدىن پەردەنى ئاچغىل نىگارىم ،
كى شەمئىڭ ئوتىدا پەرۋانەدۇرمەن .
سېنىڭدەك يوق جەھاندە دىلبەرى خۇش ،
سېنى كۆرسەم ئۆزەمدىن تانەدۇرمەن ،
ۋىسالىڭ دەشتىدە لەب تەشنەدۇرمەن ،
لەبىڭدىن شەربەت ئىچسەم قانەدۇرمەن .
مېنى ئۆرتەسە ھەردەم نازۇ ئىشقىڭ ،
سېنىڭ ئۈچۈن نىگارىم يانەدۇرمەن .
كەل ، ئەي ساقى ، بۇ كۈن بىر جام ئىچەلى ،
بۇ دەردە ساكىنۇ بۇتخانەدۇرمەن .
سەبا مەھشەر كۈنى سورسە سۇئالىم ،
سېنىڭ ۋەسلىڭ بىلە ئەفسانەدۇرمەن .
قەرارى سەبرىمەسەن ئەيلەدىڭ تاق ،
كى سەن — سەن جانۇ مەن جانانەدۇرمەن .
سەييادى يىغلادى بىسيار زارى ،
مۇتىئى كاسەئى دۇردانەدۇرمەن . »
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى زۇھرە خانىم ،
دېدى : «ئەي مېھرىبانىم شەددە جانىم .
بۇ سۆزلەرنى قولاقغە زۇھرە ئالدى ،
ئانىڭ ئۈچۈن ئۆزىن بۇ غەمغە سالدى .
كى تاھىر بۇ غەزەلنى قىلدى ئاخىر ،
دېدى زۇھرە : «ئاتامدۇر تۇرفە كافىر .
تىرىكلىكتە كىشىنى ئەھدە بولسە ،
ئىمان تاپماس بۇ ئەھدىن يانىپ ئۆلسە .
ئاتام تانسە مېنىڭكى تانارىم يوق ،
ئەزەلدەدىن قىسمەتىمدۇر يانارىم يوق .
مېنىڭ ھەم باشىمە تۈشتى بۇ سەۋدا ،

بولۇپمەن ئىشق دەئۋاسىدا شەيدا ،
مىنىڭ ھەم يوقتۇرۇر سەبرۇ قەرارىم ،
يارۇق دۇنيادە سەندۇرسەن مەدارىم ،
كى سەن لەيلى سەنۇ مەن ساڭا مەجنۇن ،
بولۇپمەن ئىشق ئارا دۇ چەشم پۇر خۇن ،
ئىكىسى باغ ئىچىندە زارۇ ھەيران ،
بولۇر كۆرگەن كىشىنى باغرى بىر يان .

ئۇشۇل مەيدان ئىچىندە باغبانى ،
بولۇپتۇ ئىككىسىگە دىدبانى .
بۇلارنى بارچە ئىشلارىن كۆرۇپتۇر .
باباخان ئالدىدە ھازىر تۇرۇبدۇر .
سەلام بەردىيۇ باغبان ، دىدى : «ئەي شاھ ،
ئىشىت ، كەل ئايتايىن مەن قۇدرەت ئەللاھ .

قوشۇلدى بۇلبۇلۇ گۇل باغ ئىچىندە ،
ئىكىسىن كۆردۇم ئاندا داغ ئىچىندە .
خەزان ۋەقتى ئىدى گۇللار ئاچىلدى ،
دۇرۇ دۇردانەلەر ئاندا ساچىلدى .
كى بۇلبۇل گۇل بىلەن ھەمراز بولدى ،
مۇھەببەت بىرلە ئۇل دەمساز بولدى .
ئىكىسىنى چۇ مەن كۆردۇم مۇناسىپ ،
مۇناسىب كۆرمەگەننى ئۆلتۇر ئاسىپ ،
بىرى گۇلدەك ، بىرى ئوتدەك يانادۇر ،
بىرى بۇلبۇل ، بىرى ئۇچۇپ قونادۇر .
بىرى زۇھرە ئىرۇر ، بىرىسى تاھىر» .
دىدى باغبان ، بۇ سىرنى قىلدى ئاخىر ،
بۇلارنىڭ شەئنىگە ئەبيات باغبان
ئوقۇپ ئىنشا قىلىپ ئۇل يولدا گىريان :

«شەھا ، كۆردۇم چەمەن ئىچرە قونۇپدۇر تۇرفە شۇمقارى ،
نەزاكەتلەر قىلۇر ھەر دەم تەكەللۇم قىلسە گۇفتارى .
ئانىڭ مەن ۋەسفى تەۋسىفىن قىلاي ئالدىڭدا ، سۇلتانىم ،
ئەگەر ئاقىل ئىسەڭ ئولتۇر زەمانى لا مۇقدارى .
ئەجايىب ئاقىلۇ دانا بۇ دۇنيانى بىلىپ فانى ،
ئۆزىنى ماسىۋا ئەيلەپكى يەئنى سىر ئەسرارى .
كىم ئۇل سەيفۇلمۇلك سانى بەدىئىن ئىختىيار ئەيلەپ ،
قۇرۇپ سەھنى ئاراسىدە قويۇپ ئۇل ئىككى رۇخسارى .
كىرىپ باغى ئىرەم ئىچرە گەدايى كىبى ئۇل تەنھا ،
كىچىپ ئۆزدىن ۋىسال ئىزلەپ تاپىپ يارۇ ۋەفادارى .
گۇزەل شورىدە بۇلبۇلدەك فىغان ئەيلەر شەھىم تاھىر ،
كى تاھىر بىرلە ئۇل بۇلبۇل كۆرۇك زۇھرەكى دىلدارى .
ئىكى ئاشىق ئۇچۇن ھەر دەم فىغانۇ نەلەلەر قىلسام ،
فىراقىڭ ئوتىغە كۆيگەن سەييادىدۇر ــ دىل ئەفكارى .

ئىشىتىپ شەھ بۇيۇردى نەچچە مەھرەم ،
بۇ مەھرەملەر ئىدى تاھىرگە ھەمدەم .
ھەمە ماتەم بىلەن يىغلاشتىلار زار ،
دىدىلار بارچەسىگە : «ئەي دىل ئەفكار .

سىنى خان چىرلادى سۆزلەر سورارلار ،
كىلىڭ تىز دەپ باقار يولۇڭغە بىسيار .
سىنىڭ قانىڭ ئۇچۇن بىز كۆيە كەلدۇك ،
گۇناھىڭ نە بولۇر ، بىز سورا كەلدۇك .»

دېدى تاھىر : «ماڭا قايغۇ نەدىندۇر ،
ئەگەر مەن جان ئېسەم ، زۆھرە بەدەندۇر .
كى زۆھرە جانۇ مەن جانانەسىمەن ،
كى زۆھرە شەمئ ، مەن پەرۋانەسىمەن .
كى زۆھرە باغ ، مەن باغنى گۈلىمەن ،
تەقى ئۇل گۈل ئېرۇر ، مەن بۇلبۇلىمەن .
كى زۆھرە شەمس ئېرۇر ، مەن ماھى پەرۋەر،
كى زۆھرە لەئلى ئېرۇر ، مەن دۇررى گەۋھەر.
كى زۆھرە دىلبەرى ، دىلدارەسىمەن ،
مەنۇ بىچارە بىر ئاۋارەسىمەن .
قايان ھۆكم ئەيلەسە فەرمان ئانىڭدۇر .
بۇ دەرد مەندىن ، ۋەلى دەرمان ئانىڭدۇر»
بۇ سۆزلەرنى دېدىيۇ قوپتى تاھىر ،
چىقاردى كۆڭلىدىن بىر ئاھ ، تاھىر .

دېدى سەييادى زۆھرەنىڭ خەيالىن ،
نەچۇك بەردى بۇ تاھىرنىڭ جەۋابىن .
كى ئۇل يەردە خەيالى خام قىلدى ،
كى زۆھرە كۆندۆزىنى شام قىلدى .
دېدى : «كۆرۈك ئاتامنى ئاندا بارىپ ،
كۆڭۈل قايغۇلارىن ئانىڭ چىقارىپ .
بۇ سۆزلەرىم ئاڭا مەقبۇل بولسۇن ،
ئېشىتسۇن كۆڭلىگە مەقسۇل بولسۇن ،
ئۇشۇل ئەھدى كۆڭۈلدىن بولسە چىققان ،
كى بولغاي ئەھدىنىڭ ئۈستىگە جەۋلان .
«بارىپ ئەرز ئەيلەگىز ئالدىدا زىنھار ،
كى بولغاي ھالىمىزدىن ئۇل خەبەردار .»
ئېشىتتى زۆھرەدىن تاھىر بۇ سۆزنى ،
كۆرۈپ تاھىر ئەدەم بولماققە ئۆزنى ،
كى ئاخىر بىر غەزەل تاھىر قىلىپ ياد ،
ئۇقۇپ قىلۇر بۇلار باغدا چۇ فەرياد :

«جانا سىنى سۆيدۇم ، تەقى كەچتىم بۇ ئالەم سارىدىن ،
كۆڭلۈمگە شەۋقىڭ تۇشكەلى قورقار جەھەننەم نارىدىن ،
ھەر چەندە گەر سۆيسەڭ مىنى كەتمەم ئېشىكىڭدىن نارى ،
ئۆزىن بىلىپ ئاشىق ئىلە يەر بىلە بىلمەس يارىدىن .
قىرق يىل مەلامەت ئەيلەسە زاھىد مىنىڭ شەئنىم ئۈچۈن ،
زەررە غەمىم يوقتۇر مىنىڭ بىللاھ ئانىڭ ھەم ئارىدىن ،
بىر بەندەئى بىچارەمەن مەنزىلگەھىم بەيتۇلھەزەن ،
سىنەم سارى تىيرى كەمان كەلسە نىگارىم سارىدىن ،
مىسكىن سەييادى قىسمەتى موللا مۇدەررىس ھىكمەتى ،
فەتۋا بېرىپ ئاستۇرسەلەر پەرۋايى يوقتۇر دارىدىن .

كەل ئەي سەييادى ، زۆھرە دەردىن ئايتكىل ،
قۇر ئېرگەچ مەرد نامەردلەردىن ئايتكىل .
دېدى سەييادى ، تاھىر كەتتى غەمناك ،
كى زۆھرە باغدا قالدى دىيدە نەمناك .
قاراپ تاھىرنى كۆردى ، ئاھ ئۇردى ،
فىراق ئوتى بىلە ئۆرتەندى تۇردى .
كۆزىن ئاچىپ تىلەر ھەقدىن ، مۇناجات ،
دېدى : «سەندىن تىلەرمەن ئۇشبۇ ھاجات .»
كى يىغلاپ ئايتۇر ئېردى : «ئەي ياراتقان ،
بۇ دۇنيانى كەرەم بىرلە تۇزەتكەن .
كى سەن تاھىرغە بولغايسەن پەناھى ،
كى نەۋمىد ئەتمەگىن ئانى ئىلاھى .»

ئاچىلۇر بارچەنى سەندىن مۇرادى .
خۇداۋەندا بۇدۇر بەندەڭ مۇرادى.
كى سەندىن بولماسۇن نەۋمىد ئاشىق ،
ئەگەر بولسا بۇ يەردە يار سادىق .

كى ئاشىقنى ئىشى دايىم تەۋەككۇل .
كۆيەر ئىشق ئوتىغە قىلۇر تەھەممۇل .
بۇ تاھىر ھەسرەتىدىن بىر غەزەليار ،
ئوقۇپ زۇھرە كۆزىدىن تۆكتى خۇنبار :

*    *

ئەي سۆيۈك دىلدارۇ يار ئارام جانىم سەن ئىدىڭ ،
ساغلىقىم ، ئەيشۇ خۇشۇم ، شىرىن زەبانىم سەن ئىدىڭ .
لەيلى ـ مەجنۇن سۇھبەتى فەرھاد ـ شىرىن ئۇلفەتى ،
خەستە جانىم راھەتى روھى رەۋانىم سەن ئىدىڭ ،
نەيلەيىن سەنسىز بۇ جاننى ئالەمى سۇلتانى ھۇسن ،
يەتتى ئىقلىم شەھرىدە ئارامى جانىم سەن ئىدىڭ .
يۈزۈڭ شەمس ، قاشىڭ قەمەر ، لەئلى لەبىڭ لىللاھ شەكەر ،
كىفرىكلەرىڭ قانىم نۆكەر ، جەللادى جانىم سەن ئىدىڭ .
مىسكىن سەييادى خەستە دىل ، يار كويىدا فەرياد قىل ،
بىچارەدۇرمەن رەھم قىل ، ساھىب قىرانىم سەن ئىدىڭ .

كەل ئەي سەييادى تاھىردىن ھېكايەت ،
كى بولغاي ئول ھېكايەتدە رىۋايەت .
دېدى سەييادى : شەھكە كەلدى تاھىر ،
بۇ ئىشنىڭ ئەۋۋەلنى قىلدى ئاخىر .
سەلام ئايتتى تۇرۇپ ئول تاھىر ئاندە ،
قولىن كۆكسىگە قويۇپ مىسلى بەندە .
باباخان سوردى تاھىردىن سەۋالىن ،
بۇ ھەم بەردى ئاڭا بىلگەن جەۋابىن .
دېدى شەھكىم : « بۇ ئىشلار سەن قىلۇرسەن ،
كى سۆزلەگىن خەبەر كىمدىن ئالۇرسەن .
كى سەندىن ھەم بۇرۇن ئادەم ئۆتۈپتۇر ،
كىمى دۇنيادا مەقسەدكە يېتىپدۇر ؟
كى زۇھرە پادىشاھۇ سەن گەداسەن ،
سەلامى ھەق بىلەن سەن ئاشناسەن .
ئادەم بىرلە ئادەمنى فەرقى بىسيار ،
تەفاۋۇت ئەتتى خەلق ئەيلەدى ئىزھار .
ئاتاڭ گەرچە ۋەزىرىم ئېردى باھىر ،
يامان ئىش بولمادى ئول ئۆتتى زاھىر .

ئاتاڭغە دوستلۇغۇم بار ئېردى بىسيار ،
يوق ئېردى ساڭا لازىم ئۇشبۇ ئىشلار.»
باباخان ئۇشبۇ ئىشنى قىلدى ئاخىر ،
تەۋازىئ قىلدى ـ يۇ ئولتۇردى زاھىر .
دېدى تاھىر : «مېنىڭ ھەم بىر سۆزۈم بار ،
ئەگەر تىڭلايسەن ئاندا شاھ سەردار ،
ئەۋۋەلدىن سۆزلەيىن مەن بىر غەرىبمەن ،
غەرىبلىكتە ئەجايىپ بىر غەرىبمەن .
ئەزەل كاتىبى قىلغان ئاشنامەن ،
ئۆلۈم ئاۋارە قىلغان بىنەۋامەن ،
مەن ئول تاھىركى دەردى بىدەۋامەن ،
كى زۇھرە بىرلە دوستۇ مەرھەبامەن .
مەن ئول تاھىركى بىر سۆز ئاشناسى ،
كى زۇھرە پادىشاھۇ مەن گەداسى .
مەن ئول تاھىر غەرىبۇ خەستە دىل مەن ،
كى زۇھرە شاھ ئېرۇر ، مەن بەندە قۇلمەن .
مەنى بىچارە تاھىر ناتەۋانمەن ،

« كى ئىشقىنىڭ ئىلكىدىن بىخانۇمانمەن .
كى تەئنە قىلماغىل مىنى باباخان ،
ئۆزۈڭ قىلغان ئاتامغە ئەھدۇ پەيمان .
ئەگەرچە بەندەۋۇ بىچارەدۇرمەن ،
كى ئىشق ۋادىسىدە ئاۋارەدۇرمەن .
ئۆزۈڭگىم شاھ ، ساڭا مەن بەندەدۇرمەن .
سىنىڭ ئالدىڭدا مەن شەرمەندەدۇرمەن .
تەرەھھۇم قىل بىزىڭ تەقسىرىمىزگە ،
يەنە يەتكۈر شەھىم مەقسۇدىمىزگە .
ئۆزۈڭ غەمخارلىق قىل جانىمىزگە ،
رەھىم قىل گەرچە بىزنىڭ قانىمىزگە . »
كى ئاخىر شاھنىڭ شەئنىگە ئەبيات ،
ئوقۇپ تاھىر قىلۇر يۈز ئاھ ــ فەرياد :

بۇ جۇدالىغ ھەسرەتىدىن يۈرەكىم قاندۇر شەھىم ،
بىزگە ھەسرەت ، سىزگە راھەت بىر غەرىب كاندۇر شەھىم .
ئارزۇ ئەيلەپ دىبدىم خىزمەتىدە مەن بولسام مۇدام ،
لۇتف ئېتىپ قىلغىل ئىنايەت ، بەندە فەرماندۇر شەھىم .
گەۋھەرىكىم سەندە باردۇر ، بەرمە نادان مۇلكىگە ،
بىلمەس ئانى قەدرىنى ئول بەسكى ناداندۇر شەھىم .
ھاسىل ئۆمرىكى ئىدى ئول بەسكى زۇھرا نازەنىن ،
ياخشىلارنىڭ ئىچىدە ئول ساھىبى كاندۇر شەھىم .
گەشت ئېتىپ كۆردۈم بۇ ئالەمنى ............ (1)
سۈردۈك ئانى لەبلەرىن لەئلى بەدەخشاندۇر شەھىم .
ھەق تەئالا لۇتف ئېتىپ بەردى ساڭا بىر تازە گۈل ،
بەندە تاھىر مىسلى بۇلبۇل زارۇ ھەيراندۇر شەھىم .
پادىشاھىم سەن ئىشىت ، ئىچتۈك چەمەندە بادەنى ،
خاھى ئۆلتۈر ، خاھى كۆيدۈر جانىم قۇرباندۇر شەھىم .
بۇ گەدايى بىنەۋانى سالمە ھىجران ئوتىغە ،
بۇ سەيىادى مۇددەئاسى ھالى جەۋلاندۇر شەھىم .

بۇ سۆز ئۈستىدە كەلدى شاھى خوبان ،
نەچە سۆز سوردىلار ئول بولدى گىريان .
كى يىغلاپ دېدى : «ئەي شاھى ، زەمانە ،
نە ئىشنى قىلدىڭىز ئەمدى بەھانە .
بۇ باھىر بىرلە قىلدىڭ ئەھدى پەيمان ،
ئەشۇ ئەھدىڭدە بولدى شەرت يالغان .
غەرىبمەن ، بىنەۋامەن ، ھەم يېتىممەن ،
غەرىبلىكتە ئەجايىب سارغارىبمەن ،
غەرىبلەر ھەققىدە قىلما جەفايى ،
............ ............(2) ۋەفايى ،
ئەگەرچە بولسە ھەر گۈلنىڭ ۋەفاسى ،
ۋەلى بىسيار قاتىغدۇر جەفاسى .
بۇ دۇنيا ئون كۈنۈ ، ئارتىق ئەمەسدۇر ،
ئاسايىش سەلتەنەت بارچە ئەبەسدۇر .

(1) قول يازمىدا بۇ مىسرانىڭ ئاخىرى يىرتىلىپ كەتكەن .
(2) قول يازمىدا بۇ جاي ئۆچۈپ كەتكەن .

بۇ داستان ئاخىرىندە بىر غەزەل بار ، مۇنى ھەم ئايىتتى ـ يۇ ، يىغلادى خۇنبار :

پادىشاھىم سەن ئىشت ، بۇرناغى دەۋرانلار قېنى ،
سىز بىلەنكىم ۋەئدە قىلغان شاھى سۇلتانلار قېنى .
ئۇشبۇ دۇنيا بىۋەفا سىندۇردى ئول پەيمانەنى ،
نەچچە يىغلاپ زارى قىلغان شەرتى يالغانلار قېنى ؟
سەندەدۇر دەۋران بۇ كۈنكىم سەندىن ئۆزگە كىمدە بار ؟
سەندىن ھەم ئىلگەرى ئۆتكەن شاھۇ سۇلتانلار قېنى ؟

①........................................................................

نەچچە مىڭ ھايۇ ھەشەملىك سائىدى سەيفۇل ـ مۇلك ،
مەلىكە بەدىئۇل ـ جەمال ئول ئىككى جانانلار قېنى .

كەل ئەي سەيياد ئىشرەت يولىدۇر بەند ،
كى تاھىرنى ئالار قىلدى نېچۈك بەند .
بۇ سۆزلەرنى قۇلاققە سالمادى ھېچ ،
فەلەك تاھىر كۈننى قىلدى چۈن كەچ .
دېدى : « كەلسۇن دۇرەدگەرلەر سەراسەر ،
ياساسۇن بوينىگە زەنجىر بەرابەر .»
دېدى زۇھرە : «قىلىڭ سەندۇقنى مەھكەم ،
ئانى مۇلاڭ ، ئىچىگە ئۆتمەسۇن نەم .
ئەگەر ئۆتسە تىرىگنى سويدۇرۇرمەن ،
ئالاۋ ياقىپ بارىگنى كۆيدۇرۇرمەن .»
ياساۋۇللار قىلىپ سەندۇقنى مەزبۇت ،
ئالىپ كەلتۇردىلەر شەھكە ئانى زۇد .
ياساۋۇللار ئىدى ئالدىدە بىسيار :
«بۇ يۇرگىل كىم ئالارگە، ـــ دېدى، ـــ بىر كار.»
دېدى : «تاھىرنى بۇ سەندۇققە سالىپ ،
كى تاشلاڭلار ئانى دەرياغە سالىپ ،»
كى ئالىپ چىقتىلار شەھنىڭ قاشىدىن ،
يۇزىنى يۇۋدى تاھىر كۆز ياشىدىن .
كۆزى تەلمۇرىبان ھەريان باقاردى ،
كى ئول باققانسارى ياشى ئاقاردى .

ئالىپ باردىلار ساندۇقنى يانىگە ،
بۇلار ئوت سالدى زۇھرەنىڭ جانىگە .
ئىشىتىپ بولدى شەھىر ئىلى تەلاتۇف ،
ئاياق ئاستىدە قالىپ ئۆلدىلەر كۆپ .
دېدى تاھىر : «تۇرۇڭلار بىر زەمانى ،
كۆرەيىن بىر زەمان يارۇق جەھاننى .
بۇگۈن مۇندىن سەفەر قىلغۇمدۇر دوستلار ،
نىگارىمدىن جۇدا بولغۇمدۇر دوستلار .
كى باردۇر زۇھرە خانىمگە سۇئالىم ،
چۇ يىغلاپ ئېيتسام ئاڭا دەردى ھالىم .»
قاشىگە ئول زەمان كەلدى نىگارى ،
كى يىغلاپ ئايدى چۇنۇ كارۇ بارى ،
چۇ يىغلاپ دېدى : «ئەي يارى زەمانە،
كى بولدۇك بىر ـ بىرىمىزگە يىگانە .
سېنى مەندىن ئايىرغان لەئنە ئەغيار ،
كى ئەمدى خۇش قال ، ئەي يارۇ ۋەفادار .
يەنە كۆرگەيمۇمەن مۇندە جەمالىڭ ،
ئانامنى بوينىگە بولسۇن ۋۇبالىڭ .»
كى زۇھرە ئۇشبۇ سۆزنى قىلدى ئاخىر ،
يەنە سۆز باشلادى تاھىر مۇسافىر :

① قول يازمىدا مۇشۇ جايدىن باشلاپ تۆت مىسرا ئۆچۈپ كەتكەن .

ئەگەر چە سۇ ئىچىندە مەن كىتەرمەن ،
ۋەلى يۇز مىلڭ بەلاگە سەبر ئېتەرمەن .
بەس ، ئاشقنى جانىگە كۆپ زەرەردۇر ،
كى ئاشقنىڭ ئىشى دائىم سەبىردۇر .
ئەگەر قىلاي دېسەڭ مەقسۇد هاسىل ،
سەبىر قىلغىل ، سەبىر قىلغىل سەبىر قىل .»
دېدى زۆهرە : «نىچۇكمەن سەبىر ئېتەرمەن ،
تەقى مەن هەم سېنىڭ بىرلە كىتەرمەن .
قالىپ مەن بۇ كېچە بىسەرۇ سامان ،
سېنىڭ بىرلە ئەگەر ئۆلسەم نە ئەرمان .»
دېدى ـ يۇ ، بۇ غەزەلنى ياد قىلدى ،
ئىشتكەنلەر بارى فەرياد قىلدى :

«ئايا دىلبەر بۇكۇن غەمخانە بولدۇم ،
كى ئىشقىڭ شەمئىگە پەرۋانە بولدۇم .
بەناگەه كۆردۇم ئول گۇلدەك يۇزۇڭنى ،
كى مەن بۇلبۇل كەبى هەمخانە بولدۇم .
ئوقۇدۇم ئول زەمان هۇسنىڭ كىتابىن ،
مۇدەررىسلەر كەبى گويانە بولدۇم .
ئەزەل كاتىبى چۇن كۆردى مۇناسىب ،
رەقىبلەر جەبرىدىن بىگانە بولدۇم .
سەيىيادى يارنى ئىزلەر هەمىشە ،
فىراقىڭ دەشتىدە جويانە بولدۇم .»

تۇرۇپ شاهى خۇبان ئول يەردە هازىر ،
تۆكەدۇر كۆزىدىن دۇررى جەۋاهىر ،
دېدى يىغلاپ : «خۇدايا كۆيدى جانىم ،
بىرىلڭ جانىم ، بېرىلڭ رۇهى رەۋانىم .
سىز ئىككىڭىز مېنىڭ دەردىمگە دەرمان ،
جۇدا بولۇپ بۇ يەردە قالدىم هەيران .
دۇئا ئەيلەڭ جانىم تەسلىم ئېتەيىن ،
تۇرۇڭ سىزلەر كى ، مەقسەدكە يېتەيىن ،
مېنىڭ دەردىمگە هېچكىم يار بولماس ،
سىلەردىن ئۆزگە هېچ غەمخار بولماس .
ئىلاها ، بولماسۇن هېچ ئانەئى زار ،
بولۇپمەن دىيدە گىريان سىينە ئەفكار .
سەن ئىردىڭ ئىككى دىيدەمنىڭ چەراغى ،
باشىمدىن كەتمەدى ۋەسلىڭ فىراقى .
يەنە تاهىر بۇ يەردە قىلدى فەرياد ،
فەلەكنىڭ جەۋرىدىن قىلدى غەزەل ياد :

«فەلەك قىلدىڭ بەسى جەۋرۇ جەفانى ،
كى سەندىن كۆرمەدىم بىردەم ۋەفانى .
نە قەسدىڭ ماڭا ئەي زالى دەيركىم ،
ئەمان بەرمەي جەفادىن بىر زەمانى .
كېچىپمەن جۇملە ئەسبابى تەرەبدىن ،
تىلەيمەن مەن بۇ كۇن سەندىن ئەمانى .
جەفا بىرلە مېنى ئەفكار قىلمە ،
كى بىر دەم كۆرمەدىم يارۇق جەهانى .
كەل ئەمدى بۇ فەلەكدىن شىكۆە قىلمە ،
سەيىيادى تاشلاغىل ئۇشبۇ هەۋانى .»

تۇتۇپ كەلتۇردىلەر تاهىرنى ئاندە ،
كېلىپ شاه ئالدىغە ئول مىسلى بەندە ،
« كى بۇ ئىككى دىيدەمنىڭ رەۋشەنى سەن ،
ۋۇجۇدۇم شەهرىنىڭ سەن گۇلشەنىسەن .
مۇرادىم نەخلىنى تىككەن نىهالى ،
كى جان بوستانىنىڭ پۇتكەن كەمالى .
سېنىڭ قايغۇڭدا كۆككە چىقتى ئاهىم ،
سېنىڭ يولۇڭدا كەتسۇن شەهرىيارىم .
سېنىڭ ئۇچۇن كۆيەرمەن كېچە ـ كۇندۇز ،
ساڭا قۇربان بولايىن ، ئەي قارا كۆز .
سېنى كۆرمەس كۆزۇم هەم كور بولسۇن ،
سېنىڭسىز مەنزىلىم هەم گور بولسۇن .
سېغىنسام مەن سېنىڭ گۇلدەك يۇزۇڭنى ،
ئالىپ يۇزگە سۇرەرمەن ئاي يۇزۇڭنى .

سىنى كۆرمەس كۆزۈم دۇدى قاراڭغۇ ،
كى سەندىن ئۆزگە يوقتۇر ماڭا قايغۇ .
سىنىڭسىز ئايۇ كۈننى نەيلەيىن مەن ،

كى سەن ئايۇ كۈنۈم ئىردىڭ بالام سەن .»
بۇ سۆزنى دىدى ـ يۇ ، فەرياد قىلدى ،
خەلايىق ئوتراسىدا داد قىلدى .

فىراقىنىڭ ئوتىغە كۆيمەك ئەزەلدە قىسمەتىم بولدى ،
ۋىساللىڭ شەمئىغە يانماق ئەزەلدە قىسمەتىم بولدى .
سىنى قىلدى خۇدا ئاشىق ، رەقىبلەر كۆرمەدى ، لايىق ،
ئۇلۇغ كىچىك ، پەرى فاسىق ئەزەلدىن قىسمەتىم بولدى .
سىنىڭ ۋەسلىڭ بىلە يۈرمەك يەنە مىڭ بىر بەلا كۆرمەك ،
سىنىڭ يولۇڭدا جان بەرمەك ئەزەلدىن قىسمەتىم بولدى .
نەچە يىللار جەفا چەكتىم ، نىھالى بىكەمال ئىردىم ،
دەرىغا مەن خەتا قىلسام ئەزەلدىن قىسمەتىم بولدى ،
سەييادى مۇنچە سەن كۆيمە يەنە هەر كويىگە يۈرمە ،
ۋەلى بىسەبىر هەم يۈرمە ، ئەزەلدىن قىسمەتىم بولدى .

دىدى تاهىر : «مىنىڭ دىلدارىم ئانام ،
مۇنىسىم مۇشفىقىم ، ئەي جانىم ئانام .
كۆيەرسەن كۈل بولۇرسەن جانىم ئانام ،
بۇ جانىم بەرسەم هەم ئىمانىم ئانام .
غەرىبلەرنىڭ غەرىبى بولدۇڭ ئانام ،
غىرىبلىكتە غىرىبتەك بولدۇڭ ئانام .

دۇئا قىلغىل قەبۇل قىلغاي خۇدايىم ،
تەقى ساڭا سەبىر بەرگەي ئىلاهىم .
كى بىزلەرگە ئۆزى غەمخار بولسۇن ،
بارى ئاشىقلارىغە يار بولسۇن ،
نە كۈندۇر ئول قىيامەتنىڭ كۈنىدەك ،
كى كۈندۈزنىڭ كۈنى باران تۈنىدەك .

مۇشكىل ئىش باشىمغە تۈشتى يارۇ جانىم ئەلۋىدائ ،
كۆرمەسەم هەر لەهزە مەن رۇهى رەۋانىم ئەلۋىدائ .
مەن بۇگۈن قىلدىم سەفەر تۈشتۈم غەرىبلىق يولىغا ،
باش بىرەرمەن سەن ئۈچۈن ، ئەي شاهى خۇبان ئەلۋىدائ .
شۇم رەقىبلەر تەئنەسى ئاخىر جۇدا قىلدى مىنى ،
بۇلبۇل ئىردىم ئايرۇ تۈشتۈم بوستانە ئەلۋىدائ .
گەر نەسىب ئەتسە يەنە كۆرسەم يۈزۈڭنى بىهجاپ ،
گەر قەزا يەتسە ماڭا ئەي شاهى خۇبان ئەلۋىدائ .
ئەي سەييادى بولمە نادان بۇلبۇلى شورىدەدەك ،
هەر زەمان سەير ئەتكۈچى بىسەيرى بوستان ئەلۋىدائ .

يەنا ئول يەردە تاهىرنىڭ ئاناسى ،
نە قىلسۇن ، كۆزىدىن ئاقىزدى ياشى .
دىدىكى : «ئەي بالام مەردانە بولغىل ،

كىچىپ جاندىن يەنە سەيرانە بولغىل .
جەهاننى تەرك ئىتىپ بولسە سەۋالى ،
تەلەب قىل ، سۇ ئىچىندە مەرهەباسى ،

كىشى مەردانەلەردەك يولغە كىرسە ،
ئول ئىشدىن نا تەمام گەر يولدا ئۆلسە ،
سەن ئول دىۋانەلەردەك تەركىي دۇنيا ،
قىلىپ بەيتۇل ـ خەزان مەنزىلىۇ مەئۋا .
مىسالى لەيلىيۇ مەجنۇن سانى ،
كى كۆزگۇ ئەيلەدى ياخشى يامانى .
كۆرۈك دۇنيادا ئانداق ئاشنانى ،
تاپىلماسدۇر ئەگەر تۆكۈلسە قانى .
يەنە سەيفۇلمۇلكنى سەئدى بىرلەن ،
تەقى يۈزمىڭ سىپاھۇ بەدرى بىرلەن ،
تۇشۇپ دەرياغە ئول دەرھال يول ئالدى ،
ئاتا ـ ئاناسى يىغلاپ ئاندا قالدى ،
نەسىبەسىن كۆرۈپ ئول تاپتى رازىن ،
ئوشول بەدئۇل جەمال ئاتلىغ نىگارىن ،
ئۆتۈپ سەندىن بىرۇن نەچچە دىل ئەفكار ،
ئىزىز جاندىن كېچىپ چۇن بولدى ناچار .
كى سەن ئىشق ئىچىدە جانباز بولغىل ،
ۋەلى ھەق يولىدە دەمساز بولغىل .

ئاشىق ئىرسەڭ كەچ بۇ جاندىن ئەلۋىداع ،
جانۇ دىلدىن ، خانۇماندىن ئەلۋىداع .
تالىب ئىرسەڭ يۈز جەفادىن يانماغىل ،
ئەلۋىدا ، ئەي جانۇ جانان ئەلۋىداع ،
ئاشىقى جانان ئىبسەڭ سەن ، ئەي كۆڭۈل ،
يولىدە قىلغىل ئىماندىن ئەلۋىداع .
فۇرقەتىدە تابۇ تاقەت قالمادى ،
ئەمدى ئول ماھى تاباندىن ئەلۋىداع .
ئەي سەييادى ۋەسل ھاجەت بولمادى ،
دىلبەرى نا مېھرىباندىن ئەلۋىداع .

ياساۋۇللار تۇتۇپ تاھىرنى ئاندە ،
كى ساندۇق ئىچرە سالدى مىسلى بەندە .
ئانى ساندۇق ئىچىگە جايلادىلار ،
ئۇلارنى داغ ئىچىندە داغلادىلار .
يەنە زۆھرە كېلىپ ساندۇق يانىگە
نەچە كۈنلۈك ئازۇق سالدىلار ئاندە ،
تېپىز يەر دەپ سۇغە سالدىلار ئاندە .
خەلايىق بارچە «ھۇ» سالدىلەر ئاندە .
ياساۋۇللار تۇرۇپ باشىندە ئۇلدەم ،
ئىشكىنى قوفل ئەتتى ئاندا مەھكەم ،
كېلتىنى ئالىپ ، كىسەگە سالدى ،
ئاناسى باز يىغلاپ ئاندە قالدى .
شەھەر خەلقى دېدى بولدى قىيامەت ،
شەھەر خەلقى قىلار بارچە مەلامەت ،
دېدى بەگلەر : «كېلىڭ بارچە بارالى ،»
باباخان ئالدىدا ھازىر تۇرالى .
كى بىزلەردىن نەچە يۈزمىڭ زەر ئالسۇن ،
تاھىرنىڭ ئۆتۈنىنى بىزگە بەرسۇن .
كەڭەش بىرلە بۇ بەگلەر بارچە كەلدى ،
كېلىپ شاھ ئالدىدە خىزمەتدە تۇردى .
دېدىلار بارچە : «ئەي سۇلتانى ئالەم ،
بۇ شەھەر ئەھلى ھەمەسى تۇتتى ماتەم .
كى تاھىر ئۆتۈنىنى بىزگە بەرگىل ،
كى بىزدىن زەربەمىقدار نەچچە ئالگىل .»
دېدى سۇلتان : «بۇ سۆزنى قىلماڭ ئىزھار ،
ئۆتۈن بەرسەم بولۇر خەلق ئىچرە گۇفتار .
سەراسى بول ئەمەس ، ئۆلمەك كېرەكدۇر ،
ئۆلۈم ھەقدۇر ، رىزا بەرمەك كېرەكدۇر .»
ئالارگە بۇ جەۋاب ھەم بولدى مۇتلەق ،
كى تاھىرگە بۇ ئېردى قىسمەتى ھەق ،
باباخان ئالدىدا تىك تۇردى بەگلەر ،
غەزەل ئوقىدى ئىشكتە سەرا سەر ،

*  *

شاھ ئىشكىدە تۇرۇبان بارچەسى داد ئەتتىلەر ،
ئاھ ۋاۋەيلا دىبان چۇن ھەقغە فەرياد ئەتتىلەر .

ماسىۋا ئەيلەپ باررى بىر سۇمەئە ئەيلەپ قەرار ،
فانى دۇنيادۇر دىبان چۇن ھەقغە فەرياد ئەتتىلەر ،
ئادەم ئوغلى كارۋاندۇر ، ھەم قونادۇر ، ھەم كۆچەر ،
دۇنيانى كۇھنە رەبات ، ئەلنى چۇ كارۋان ئەتتىلەر .
ھەر كىشىدە بار ئىدى دۇنيا مەتائى ھالىچە ،
تاھىرى بىچارەنىڭ يولىدە بەرباد ئەتتىلەر .
قىل بايان سەييادى سەن بۇ قىسسەنى بولماي مەلۇل ،
ئوقىسا ھەر كىم ، سىنى دۇئا بىلە ياد ئەتتىلەر .

ياساۋۇللار كىلىپ تاھىرنى شۇندا ،
بۇ ساندۇقنى سۇغا سالدىلار ئاندا .
كۆتەرىپ سالدىلار تاھىرنى سۇغە ،
تەۋەججۇھ قىلدى تاھىر زىكرى ھۇغە .
غەرىب ئىردى كۆرۈلۈڭ تاھىر نە بولدى ،
بۇ ساندۇق ئىچرە كىردى تاھىر ئولدى .
نە يەردە كۆرسەڭىز ئول بىر غەرىبنى ،
چىرايى زەئفەراندەك سار غەرىبنى
غەرىبنى كۆرسەڭىز قىلمىڭ دىل ئازار ،
بولۇڭ ئەلبەتتە ھالىدىن خەبەردار .
نە قىلسۇن زۇھرەجان بىچارە بولدى ،
كۆيۇبان ئۆرتەنىپ ئاۋارە بولدى .
كۆشەك ياساپ ئىدى زۇھرەگە سۇلتان ،
نەچچە باقساڭ بەلەند ئىردى فەراۋان .
كى چىقتى كۆشەكى ئۈستىگە ئولدەم ،
چۇ كۆردى جۇملە ئالەمنى تولۇپ غەم ،
چىقىپ كۆككە قىلدىلار فىغانى ،
گويا ئەرشدىن چىقىپ رەفئى رەۋانى ،
چۇ كۆشەك ئاستىدا گىرداب بار ئىردى ،
نەكىم تۇشسە بالىغ ئالىپ يەر ئىردى .
ئوشۇل سەندۇق بۇ گىرداب ئىچرە تۇشتى ،
ئاقىپ كەتتى يەنە كۆككە يۇپۇشتى .
سەدايى قىلدى زۇھرە : «كۆيدى جانىم ،
فىراقىڭ ئوتىغە كۆيدى بۇ جانىم
جەمالىڭ رەۋزەئى رىزۋانىم ئىردى ،
ۋىسالىڭ چەشمەئى ھەيۋانىم ئىردى
كى سەن ئىردىڭ مىنىڭ دەردىمگە دەرمان .
كى سەن كەتتىڭ ، يۇرەكدە قالدى ئەرمان .
بەسى تاھىر ساڭا يوقتۇر قىرىنداش ،
كى تاھىر ئىردى يالغۇز ، يوقتۇ يولداش »:

«نە ئاشىق مەنكى سەرگەردان ، ئۆلكىم تۇت نىگارىمسەن ،
نە مەئشۇق سەنكى رەھم ئەيلەپ دىمەيىن ئىنتىزارىمسەن .
گويا ئىسكەندەرى قەرنەيىن زۇلمات ئىچرە غەرق بولدى ،
خىزىردەك رەھبەرىم سەن ــ سەن چەراغى شەھۇەرىمسەن ــ سەن .
مۇھەببەت جامىنى سۇرگىل ماڭا ، ئەي ساقىئى دەۋران ،
فىراقىڭ دەشتىدە لەب تەشنەدۇرمەن سەن خۇمارىمسەن ،
كۆرۈبان گۇل يۇزۇڭنى ئىشق شەۋقىدىن بولۇپ نالان .
سەن ئۆلكىم سۇبھى دەمدە خۇش ئاچىلغان گۇلئۇزارىمسەن .
نەچە كۆرسەمكى سەييادى بۇ زۇھرە ھەم نىشانىڭنى ،
كۆيەرمەن ، كۇل بولۇرمەن ، چۇن ئەزەلدىن سەن خۇمارىمسەن .»

بۇ سۆزلەرنى دېدى ، چاك ئۇردى دەريا ،
قىلىپ سەندۇقنى ئۇشبۇ يەردە پەيدا .
كى ھەر ئۈچ كۈندە بىر ئايلانۇر ئېردى ،
يەنە تۇشكەن يېرىگە كېلۇر ئېردى .
يەنە ئول گۈلنى كەلتۇردى بۇ دەريا ،
يەنە ئوت سالدىلار زۆھرەگە ناگاھ .

كى ئوت ئەڭگىز قىلدى نالە بىرلەن ،
بەھىللىك تىلەشىپ جانانە بىرلەن ،
قىلىپ زۆھرە كۆشەك ئۈستىدە فەرياد ،
كۆرۈپ نالە قىلۇرلار قەددى شەمشاد .
ئوقۇر ئەبياتىنى جانانەسىگە ،
كى شەمئ ئۈستىدەكى پەرۋانەسىگە .

نې ھەلاۋەتدۇر ماڭا ، دىلدار سەندىن ئايرىلىپ ،
قايغۇ كۈلفەتدۇر ماڭا ، دىلدار سەندىن ئايرىلىپ .
گۈل ئىدىم ، سەن بۇلبۇلۇم ، ئۇچتى بۇ كۈن زاغۇ زەغەن ،
قايسى سۇھبەتدۇر ماڭا ، دىلدار سەندىن ئايرىلىپ .
يار كەتتى ، مەن قالىپمەن تەئنەئى ئەغيارگە ،
نە مەلامەتدۇر ماڭا دىلدار سەندىن ئايرىلىپ ،
شۇم رەقىبلەر تەئنەسى ئاخىر جۇدا قىلدى مېنى ،
نەيلەيىن يولدىن يىراق ناچار قالدىم ئايرىلىپ .
دىلرەبا كەتتى سەييادى خەستە قالدى تەلمۈرۈپ ،
دېدى : «مەن بولدۇم جۇدا دىلدار سەندىن ئايرىلىپ » .

كى زۆھرە بۇ غەزەلنى دېدى ئېرسە ،
كى تاھىر ئىشتىپ ئۆرتەندى ئېرسە .
چىقاردى جانىدىن بىر ئاھ دىلسۇز ،
قىيامەت ئېردىكىم گويا ئوشۇل رۇز .
يەنە بىر نالە باشلاپ تاھىر ئول دەم ،
ئىشتكەنلەر بارىسى بولدى بىغەم .
كى تاھىر ئۆرتەنىبان ئاھ ئۇرادۇر ،
يۈرەكى ئۆرتەنىپ باغرى كۆيەدۇر .
دېدى زۆھرە : «غەرىبى مېھرىبانىم،
كى سەنسىز ئايرىلادۇر شۇدە جانىم .
كى سەن بوستان ئىدىڭ ، مەن ساڭابۇلبۇل ،
كى بۇلبۇل ئۇچتى، گۈل قىلغىل تەھەممۇل.
كى ھەر زاغۇ زەغەننى يار قىلما ،
مەنى دىل خەستەنى ئەفكار قىلما .

جەھان بارىچە ئاشىققە جەفادۇر ،
جەفاكەشكە تۇمەن ئەھدى ۋەفادۇر .
تىرىكلىكتە قۇتۇلسام بۇ بەلادىن ،
تىلەكىمدۇر سېنى دايىم خۇدادىن .
ئەگەر تۇشسەم نە يەردە بەندە بولسام ،
يىبىەلمەيمەن يەنە ھەجرىڭدە ئۆلسەم .
ۋەگەر نە بەخت ئەگەر ھەمراھ بولسە ،
فەلەكنىڭ گەردىشى گۇمراھ بولسە ،
كى نۇسرەت بىرلە دەۋلەت يار بولسە ،
نە كىم ھۆكم ئەيلەسە تەييار بولسە .
كى تۇتمايدۇر سېنى ئەي يارۇ دىلدار ،
كى سەنھەم ئۆزىڭگە يار ئەتمە زىنھار .
كى جانۇ دىل بىلەن ئول تاھىر ئاندە ،
كى ئەبيات ئوقۇر ئېردى مىسلى بەندە :

قۇياشتەك گەر باشىم كۆككە يېتۇشسە يار ـ يارىڭمەن ،
كى سەن لەيلى ، مەنۇ مەجنۇن بەيابان گەردى زارىڭمەن .
نەچۇك رەفتارسەن نازۇ كەرەشمەڭ خاس سەرۋىدەك ،
كى مەن فەرھادكى ئاشۇفتە ھالۇ بىقەرارىڭمەن ،
زىلەيخاۋەش نىگارىم جانىمە جەۋرۇ جەفا قىلمە .
كى مەن يۇسۇف كەبى شامۇ سەھەردە ئىنتىزارىڭمەن .
جەھاندە ئاشىقۇ مەئشۇق ئىكەندۇر ۋامىقۇ ئۇزرا ،
گۇلى سىرابسەن ، گۇل يۇزۇڭە زارۇ ـ نىزارىڭمەن .
كى مەن سەيفۇلمۇلك سانى بەدىئىن ئىختىيار ئەيلەپ ،
كويىڭدە پايىمال ئولۇپ يەنە ئۇمىدۋارىڭمەن .
يەر ـ ئاسمان سەلتەنەت شاھىم قويۇپكىم ئەرزى جەۋلان قىل ،
كۆرۇپ بۇ قەددۇ رەفتارىڭ گەدادەن ، دىلفىگارىڭمەن .
ئەجايىب شەمئ رەۋشەندۇر سەيىيادى.ساڭا پەرۋانە ،
قۇياشتەك يۇزۇڭە زۇلفى سىيەھدەك مەددەۋارىڭمەن .

كى سۇ ئۇستىدەكىم مەۋج ئۇردى دەريا ،
كى قىلدى مەۋج ئۇرۇپ ئەلەمنى پەيدا .
چۇ گىردابدىن چىقارىپ سۇ ئاقۇزدى ،
كى زۇھرە يۇرەكىدىن سۇ ئاقۇزدى .
كى سەندۇق تۇئەمان گىردابدىن ئۆتتى ،
كى تەقدىر ئۆز ئىشتىكەنىنى قويدى .
ئاقىپ ساندۇق بارۇردى سۇ يۇزىدە ،
كى ئاندا يار ئىدى ئەقلى ئۆزىدە .
كى قۇلاقىغە شەرفەسى كېلۇردى ،
نە يەرگە يەتكەنىن ئانى بىلدۇردى .
كى ناگەھ يەتتى ئول بىر مەنزىلگە ،
قۇلاق سالدىلارۇ زارۇ دىلگە .
ئۇلارگە كەلگەن ئۇچۇن ئادەم ئىسى ،
خۇدا دەپ قىچقارۇپ ھەم سەر ـ سەرىسى .
ئۇلارنى ئادەم ئابى ئاتار ئىردى ،
ئۇلار ئادەم ئىسىدىن قورقار ئىردى .
كى ناگاھ كۆردىلەركىم چىقتى سەندۇق ،
بۇ سەندۇق ئىچرە ھېچبىر ئادەمى يوق .

بۇلارنى شەھرىدىن ھەم ئۆتتى سەندۇق ،
جۇدا ھەم بولسە تاھىر نې كۆڭۇل توق .
كى يەئنى ئارقادىن ئۇمىد بىسيار ،
كى بولغاي يەتتىمۇ ماڭا تەلەبكار .
خەبەر ئارقاسىدىن بولمادى زاھىر ،
كى جان تەسلىم ئېتەرگە يەتتى تاھىر .
قاشىدە ئالنە ئايلىق ئازۇق ئېردى ،
كى بەھرە قەترە سۇدىن ئالۇر ئېردى .
كى يەتتى ئۇرگىلۇر ئېردى بۇ دەريا ،
ئىشتىكەننى بىلۇر قۇدرەتى ئەللاھ .
كەل ئەي سەيىيادى ئەمدى قىل بۇ گۇفتار ،
بەيان ئەيلە بۇ قىسسەدە نېلەر بار ،
نېلەر كۆردۇك بۇ قىسسەنىڭ ئىچىندە ،
ئانى كەلتۇر بىتىلسۇن تىل ئىچىندە .
ئۇلۇغ دەريا ئىدى شاكىر ياراتقان ،
يىغاچلارى ئانى تىگرادا بىتكان .
تۇشۇپ دەريانىڭ ئۇستىگە ساياسى ،
ئانىڭ ئۇستىدە قۇشلارنىڭ ئۇۋاسى .

ئۇلۇغ قۇشلار بۇ سەندۇقنى مۇرەسسەئ،
ئانىڭ ئىچىندە دەريايى مۇلەممەئ.
ئىككى قۇش كۆربان ئۇيادىن ئۇچتى،
كى سەندۇق ئۇستىگە تالاشە تۇشتى،
كى ئالدىلار ئۇلار دەريا ئىچىندىن،
ئۆيىگە ئېلىتتىلەر ئۆزنى كۇچىندىن،
نەچە كۇن قۇش بىلە ئۇيادە بولدى،
تىرىك ئىدى، گوياكى ئەمدى ئۆلدى.
قىلۇر نالە ئۆز ـ ئۆزىدىن ئۆزىگە،
بەسى خونابەتلەر تولۇر كۆزىگە.
دىدى: «ئەي پادىشاھى ھەر دۇ ئالەم،
بەرى ئالەمغە ئىرۇرسەن مۇسەللەم.
ساڭا تاپشۇردۇم ئۆزۇمنى ئامانەت،
مىنى ساقلا بۇ قۇشلاردىن سەلامەت.
خۇدايا سەندىن ئۆزگە يوقتۇ غەمخار،
ئۆزۈڭ بولغىل غەرىبلەرگە مەدەدكار.
كى ھىچكىم كۆرمەگەندۇر بۇ بەلالار،
ئۆزۈڭ سالدىڭ باشىمگە نى بەلالار.
مىنى بۇ يەردە قىلمەگىل گىرىفتار،
ئىلاھا، قىلماغىل ئاشىقلارىڭ زار.
ئاڭا يەتكۇز مىنى بىچارە ھالىن،
مۇيەسسەر قىل ماڭا زۇھرە جەمالىن».
كى ناگەھ بىر شەمال يەتتى ھەۋادىن،
يىغاچلار تەبرەشۇر بادى ھەۋادىن.
دىكىم: «خوش خەۋەر بادى شەمالى،
بۇدۇر كۆرگىل مىنى مسكىن خەيالى.
كى زۇھرە دەپ بەسى بولدۇم گىرىفتار،
كى سەندىن ئۆزگەر يوقتۇر ماڭا غەمخار.»
ساغىنىپ يىغلادى جانانەسىنى،
كى زۇھرە ئاتلىق ئۇل ئازادەسىنى.
ئۆزىگە دىدى: «ئەي يارى ۋەفادار،
جۇدا بولۇپ نىتەي، ئەي يارى دىلدار.
رەقىبلەر جەبرىدىن ئايرىلدىم ئاندە،
تۇشۇپ سەندۇق ئىچىگە مىسلى بەندە.
ئەگەر سۇدا كىچە ـ كۇندۇز يۇرۇرمەن،
نەسىبەم نە بولۇر ئانى كۆرەرمەن.
بەسى ئاندىن زىيادە بولدى ھالىم،
كى مەنزىلىم ئۇيادە بولدى ھالىم».
بارى ھالىنى ئايتىپ ياد قىلدى،
ئۆزىنىڭ ھالىنى ئەبيات قىلدى:

سەييادى يەتكۇر سەلامىمنى ۋەفالىق يارغە،
مەن گەدانىڭ ھالىنى يەتكۇر ئوشۇل دىلدارغە.
دەردۇ ھال ئىيتاي دىسەم كىم تەلپۈنۇر كۆكۈل قۇشى،
خەستە جانىم مۇنىسى ئول مەرھەمى ئەغيارغە.
ئۇشبۇ سەۋدادا كۆرۈپمەن باشىمە مەيدان ئارا
شايەدكىم بولغاي مۇيەسسەر كۆزلەرى دىدارىغە.
نالەۋۇ ئەفغا نىمە، ئەيب ئەيلەمەڭ ئەي دوستلار،
بۇلبۇلى شورىدەدۇرمەن ئاشىقىم گۇلزارغە.
ھەر كىمە يوقتۇر خۇشۇم ھالىمنى ئىزھار ئەيلەسەم،
جان پىدا قىلغۇم ئىرۇر ئول ساھىبى ئەسرارغە.
ئەي سەييادى تايەكەي ھالىمنى ئىزھار ئەيلەسەم،
كىم يامان بولسە ئانى تاپشۇر ئىگەم جەببارغە.

كۆرۈڭكىم قۇدرەتى يەزدانى خالىق ،
نېچۈك قۇتقازدى ئول بىچارە ئاشىق .
غەزەلنى ئوقۇدى دىلسوز بىرلەن ،
شەمال ئېلتىپ يېڭى نەۋروز بىرلەن .
يىغاچتىن ئوچۇرۇپ كەلدى سەدايى ،
بۇ قۇشلاردىن جۇدا قىلدى خۇدايى .
تۇشۇپ دەرياغە ئول بولدى رەۋانە ،
ئاقىپ كەتتى بۇ سۇدا يانە - يانە .
ياتۇر ئېردى بۇ سەندۇق ئىچرە ناچار ،
كى ئازۇقى يوقىدىن ئولدى ناچار .
بۇ سەندۇق قۇفلىنى ئاچمايدۇر ھەرگىز ،
كى تاھىر غەمدىن ئايرىلمايدۇر ھەرگىز .
ئىچىدە سۇيى يوق ، كەتتى ئۆزىدىن ،
كى ياتتى سۇ سابان ، قالدى ئۆزىدىن .
سۇ تاپماي كەتتى تاھىر ھالەتىدىن ،
كېچىپ دۇنيانى ئەيشۇ راھەتىدىن .
سۇ ئىچرە كېلەدۇر ، سۇدىن نەسىب يوق ،
بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك بىر غەرىب يوق .
كېلۇر بولسە ، كېلۇر شامۇ ئىراقدىن ،
كېتەر بولسە ، كېتەر قاشۇق تەبەقدىن .
بۇ سۆزلەر ئەرتەدىن قالغان مەسەلدۇر ،
ھەر ئىشنىڭ ئەۋۋەلى سەئيى جەدەلدۇر .
جەدەلدىن بولسە مەقسۇدىكى ھاسىل ،
سەبىر قىلماق كېرەك ئول بولسە ۋاسىل .
كى سەبر ئىچرە تاپىپ جۇملە مۇرادىن ،
تىلەپ بارچە مۇرادىنى خۇدادىن .
نەچە مۇددەت كېلۇردى كېچە - كۇندۇز ،
بۇ سەندۇقنى ئىچىندە يەككە يالغۇز .
كى ناگەھ يەتتى بىر مەنزىلگە سەندۇق ،
نەفاسىنى بارىدە كۆڭلى ھەم توق .
بار ئېردى بىر شەھەركىم ئاتى - بەغداد ،
ئانىڭدەك يوق ئىدى ھېچ شەھەرى ئاباد .
ئانىڭ شەھىنىڭ ئاتى ئادىل ئېردى ،
ئادالەت ئەۋۋەلا رازۇ دىل ئېردى .
ئانىڭ ئۈچ ئوغلى ، ئۈچ قىزى بار ئېردى .
قىزىنىڭ بىرسىنى باھىم دەر ئېردى .
كى باھىم بىر كۇنى ئوخلاپ ئۆيىدە ،
كۆرەر تۇشىندە دەريانىڭ يۈزىدە .
نە تۇش بولغاي مەگەر ئول بىر بەلايى ،
ئاڭا بىر مۇژدەئى بەردى خۇدايى .
كى ئول مۇژدە ئېرۇركىم تۇش كۆرەدۇر ،
ئەزىز جانىغە ئەمگەك تۇش كۆرەدۇر .
كۆرەر تۇشىدە بىر شەھزادە بىرلەن ،
قوشۇلۇپ ئولتۇرۇپ مەھپارە بىرلەن ،
قاراپ ئولتۇردى ئول مەشرۇت پەرىگە ،
كى سۆز قاتمادى ئول باھىم سۆزىگە ،
نېچۈك سۆزلەر سورايدۇر باھىم ئاندىن .
دېدى سۆزگە كېلىپ : «سەن مۇندا قايدىن ؟»
دېدى شەھكە : «ياراتقان بەندەدۇرمەن
بۇ ئىشق گۇلزارىدە مەن بۇلبۇلمەن ،
- نەدۇر ئاتىڭ قايۇ يەردىن كېلۇرسەن ؟
سەبەب نېدۇر ، كېلىپ مۇندا تۇرۇپسەن ؟
قايۇ شەھزادىنىڭ پەرزەندىدۇرسەن ؟
قايۇ مەھپارەنىڭ دىلبەندىدۇرسەن ؟
- «كى تارتار ئېلىدىن تارتىپ نەسىبى ،
كېلىپدۇرمەن بۇ يەرگە بىر غەرىبى .
ئاتىم تاھىر ئاتامنىڭ ئاتى باھىر ،
بۇ سۆزۈمنى ئىشتىسەڭ ئەۋۋەل ئاخىر .
مۇسافىرمەن نەچە كۇنلەر بۇ بەندە ،
كېتەرمەن چۇن نەسىبە تارتسا قەندە ،
كى مەندىن ساڭا يوقتۇرۇر ۋەفاسى ،
جەفادۇر ساڭا چىندىن يادىكارى .»
بۇ سۆز ئۇستىدە ئول ئوغاندى باھىم ،
دېدى تۇتتى جەھاننى مېنىڭ ئاھىم .
باھىمنىڭ ئىنىكەسى بار ئېردى ،
كېچە - كۇندۇز ئانىڭ بىرلە يار ئېردى .
دېدى باھىم بېرىپ يىغلاپ : «ئانىكا ،
قۇلاق سال ئايتايىن تۇشۇمنى ساڭا»
نەكىم كۆرگەننى بار قىلدى ئىزھار ،
فىغانۇ نالە بىرلەن يىغلادى زار .

نە سەۋدادۇر قۇشى پايانى بولماس ،
مېنى دەردىمنى ھېچ دەرمانى بولماس .
ئانىكا دېدى : «ئەي جانانەئى ئىشق ،
قىلىپدۇر ھەق سىنى ھەمخانەئى ئىشق
بۇ تۇشنىڭ تەئبىرىنى ئايتايىن مەن ،
تۇشۇڭنى ياخشى تىڭلاپ ئاڭلاغىل سەن .
بۇ مەشرىق سارىدىن ئەييارى تەنناز ،
تۇشەر قولۇڭغەكى بۇ ساڭا جان باز .
ساڭا بولماس ئانىڭ زەررە ۋەفاسى ،
نەچۇك بولغاي بۇ قىسسەنى دەۋاسى .
ئول ئېرۇر ئۆزگە ئۆينىڭ مەرھەباسى ،
ۋەلى ئارتار ساڭا جەۋرۇ جەفاسى .
بۇ سۆزنى ئاندا كۆزگە ئىلمادىلار ،
بۇ سىرنىڭ تەدبىرىنى بىلمەدىلەر ،
كېچە ـ كۇندۇز باھىم ئاڭا كۆيەدۇر ،
كۆيۇبان كۇل بولۇبان ئۆرتەنەدۇر .
دېدى : ئول كۇن ئۇنى تاپسام كېتەرمەن ،
ئانى گەر تاپماسام نېچۇك ئېتەرمەن .
ئەگەر تاپسام ماڭا قىلماسە پەرۋا ،
نە قىلغۇمدۇر مەنى بەدبەخت گۇمراھ .
ئۆزىنىڭ تۇشتى ئەبيات قىلدى ،
ئۇقۇپ كۆڭۈلنى خۇررەم شاد قىلدى :

بىر نىگار كۆردۇم‌مەن ، كۆيدۇرۇركى شەھلاسى ،
خۇش ئەجەب ياراشىپدۇر ئىككى زۇلفى رەئناسى .
شەمئىدەك زەبان تارتار چۇنكى نۇر رۇخسارى ،
رۇھى مىسلى پەرۋانە ئۆرتەنۇر سۇرەيياسى .
يۇزىدۇر مەھى ئەنۋەر ئاشقان قەلەندەرۋار ،
بەس ئەجەب كەلام ئېرمىش خال ئىلە قاراقاشى ،
چۇنكى خەندەلەر قىلسە ئاچىلۇر گۇلى رەئنا ،
خەلق ئارا زۇھۇر ئولمىش ئەندەلىب شەيداسى .
سەييادى بۇ مىسكىنگە ئاقىبەت بولۇر تەسكىن ،
كەلدى ئاقىبەت چۇشكە ئول مۇھىت دەرياسى .

بۇ ئۇچ قىز ئېردىلار ئاندىن زىيادە ،
كۆرۇپ شاھلار بولۇر ئېردى پىيادە .
كى نەۋبەت بىرلە قىزلار سەير ئېتەردى ،
كى ھەر ئۇچ كۇندە بىر نەۋبەت يېتەردى .
بار ئېردى شاھدە بىر چەھار باغى ،
كى كۆرگەنلەر يۇرەكى ئېردى داغى .
ئىچىدە ئاچىلىبان يۇز تۇمەن گۇل ،
كى گۇلزار ئىچرە سايرار ئېردى بۇلبۇل .
بەتۇشتى ئۇشبۇ كۇن باھىمگە نەۋبەت ،
كى تاھىرگە قارادى بەختىۇ دەۋلەت .
نەزەر گاھدە ئۆتەر ئېردى بۇ دەريا ،
بۇ دەرياگە قارادى بولدى پەيدا .
كۆرەرلەر بىر قارا دەريا يۇزىندە ،
يوق ئېردى ئول زەمان ئەقلى ئۆزىندە ،
كېلەدۇر بىر نېمە سەندۇق يەگلىغ ،
كۆزى ياشلىق ئىدى ـ يۇ باغرى داغلىغ .
بار ئېردى بىر قىزكىم ئاتى شەھرى ،
كى ئاندىن ئاچىلۇر باھىمنى مېھرى .
دېدى شەھرى ماڭا : «ئەي نۇرى دىيدە ،
كى بىر سەندۇق كېلەدۇر سۇ ئىچىدە .
كى ئول سەندۇق ئېرۇر ، ئاقىپ كېلەدۇر ،
ئانى نېچۇك كىشى ئالىپ چىقادۇر ؟»
دېدى باھىم ئاڭا : «غەۋۋاس كىرسۇن ،
ئاچىپ كۆرمەي ئانى مۇندا كەتۇرسۇن .»

ۋەلى بىر قىز ئېرۇر ئاتى جەھانگىر ،
دېدىمكىم : «مەن ئېتەرمەن ئاگا تەدبىر.»
ئانىڭ ساچى ئېرۇر قىرق گەز تەمامى ،
كۆرۈپ ھەيران قالۇردى خاسۇ ئامى .
كى يارمىنى بېرىپ قىزلار قولىغە ،
يارمىنى باغلادى سەندۇق لەبىغە .
كى كۆچ بىرلەن ئانى تارتىپ چىقاردى ،
كى باھىم قۇفلىنى ئاچىپ باقاردى .
كۆرۇر تۇشىدە كۆرگەن ماھى ئەنۋەر ،
يۈزى گۈلدەك ۋەلى لەبلەرى شەككەر .
كۆرۈپ باھىم ئانى بىر ئاھ ئۇردى ،
«نېگە ئاھ ئۇردىڭىز ؟» دەپ ئانى سوردى .
دېدى باھىمكى شەھرى : «بىخەبەرسەن ،
مېنىڭ ئاھىمنى سەن ئەمدى سورارسەن .
تۇشۇمدە كۆرگەنىمنى مۇندا كۆردۇم ،
كى شەيدا بولدىمۇ دىۋانە بولدۇم .
كېلىپ كۆرگىل ياتۇر سەندۇق ئىچىندە ،
كى مەن قالدىم ئەجەب قايغۇ ئىچىندە .»
كېلىپ كۆردى بۇ شەھرى مېھرىبانى ،
قالۇر لەب خەندە بىر رۇھى رەۋانى .
بارىپ كەلتۇردىلەر مۇشكى گۈلابى ،
يۈزىگە سەپتىلەر كۆپ بەھر ئابى .
مەشامىغە يېتىپ خۇشبۇيى ناگاھ ،
كى ئەتسە كەلتۇرۈپ ھەم ئۇردىلار ئاھ .
دېدى باھىمگە : «سۆزلەرسەن نە يەردىن ،
كېلۇرسەن بىر خەبەر بەرگىل سەن ئاندىن ،
سەبەب نەدۇر كىرىپ سەندۇق ئىچىگە ،
تۇشۇپ ئاقىپ كېلۇرسەن سۇ ئىچىندە .
كى سەن قىسسەلەرىڭنى قىل ھېكايەت ،
كى بىز ھەم قىلالۇق ساگا رىۋايەت .»
دېدى تاھىر ئۇلارگە :«نازىنىنلەر ،
قۇلاق سالىڭ ھەمە ئەي مەھچەبىنلەر .
ئاتىم تاھىر ، ئاتامنىڭ ئاتى باھىر ،
ھېسابى يوق ئىدى دۇررى جەۋاھىر .
مېنىڭ ئاتام ئىدى يۇرگەن بازەرگان ،
بار ئېردى خەزنەسىدە دۇررى غەلتان ،
ئاتام بارىپ ئىدىلەر شەھرى خامۇش ،
بۇ سۆزنى ئىشتىڭ ، ئەي ئەقلى باھۇش .
كېچەلەر خەزنەدە مەن تانۇر ئېردىم ،
كى كۈندۈز دەرسى ئىشق مەن ئوقۇر ئېردىم ،
كېڭەش بىرلەن كېلىبان نەچچە كافىر ،
قىلىپ بۇ زەرنى ھەم ئالماققە تەدبىر .
ياتۇر ئېردىم ئوشۇل خەزنەدە ناگاھ ،
بەلاگە ئۇچرادىم مەن ئاندا ناگاھ .
قولۇمنى ھەم ئاياغىم باغلادىلار .
مېنى غەم ئىچرە سالىپ داغلادىلار .
ئالىپ كەتتى ئالار مېنى كۆتەرىپ ،
كى بىر مەنزىلگە ھەم باردىلەر ئالىپ .
مەن بىلدىمكى ئول سەندۇققە سالدى ،
مېنى سۇغە سالىپ ، ئۆزلەرى قالدى .
كۆزۇم ئاچتىم بەسى بىر ياخشى سەندۇق ،
كى يەتتى ئالمە بار ئۆزگە نېمە يوق .
ئانىڭ قاشىدە بار يەتتى يۇتۇم سۇ ،
مەنى بىچارە قۇلنى قىسمەتىم بۇ .»
يەنە باھىم دېدىكى : «ئەي جەۋانمەرد ،
بولۇپمۇدىڭ يەنە ئىشق يولىدا فەرد ،
مۇجەررىدمۇ ئىدىڭ ياكەد خۇدا سەن ،
چىن ئايتغىل سۆزنى بەھەققى خۇدا سەن.»
كى تاھىر بىلدى قىز مەقسۇدى بولدۇر ،
ئۆزىنى ھەم داغى بىھبۇدى بولدۇر .
دېدى تاھىركى :«باھىم بىنەۋامەن ،
جەھاننى قەۋلىسىندىن ماسىۋامەن .
ئاچىلماس غۇنچە مەن سەندۇق ئىچىندە ،
دېسەم يالغان بولايىن تىغ ئۇچىندە .»
قەسەمياد ئەتتى باھىمگە ئوشۇلدەم ،
كى باھىم بولدى ئاندا شادۇ خۇررەم .
ئانىڭ يالغان سۆزىنى راست بىلدى ،
كى تاھىرگە بۇ قىز دەرخاست قىلدى .
بۇ كۈن خۇشھال خۇررەم بولدى باھىم ،
دېدى ئاندا سىنايىش قىلدى باھىم .

کەتۇردی مۇنشی دانایی مۇکەررەم ،
کی ئەۋۋەلدە ئیدی خاسلارلا مەھرەم .
کی مۇنشگە قىلىپ بۇ سىرنی ئىزھار
بۇ تۇشنی ئەۋۋەلدە قىلدی ئىزھار .
بۇيۇردی نیمەئی مەزمۇنىن ئىنشا ،
ئەدالەت ئۇستىدە تۇرسۇن شەھی ــ شاھ .
ئایا مۇنشی بۇدۇر کىم ئەرزی بەندە :
«يۇرەر ئىردىم سەير گاھی چەمەندە ،
چىقىپ دەريا يۇزىندە بىر غەرايىب ،
ئانی ھەر کىم کۆرەر ، قالۇر ئەجايىب .
يىقىن ئىردىكی کەلسە ياخشی سەندۇق ،
بۇ سەندۇق ئىچىدە ھىچ ئادەمی يوق .
ئاقىپ کەتكەلی قويماي تۇتۇپ ئالدىم ،
ئۆزۇمدىن ھەم ئۆزۇم فكرىدە قالدىم .
کی بۇ سەندۇق مۇرەسسەئ جانغە لايىق .
نەسىب قىلسە خۇدا سۇلتانغە لايىق .
کی بۇ سەندۇق مۇرەسسەئ قۇفلی ئالتۇن ،
ئانی ھەر کىم کۆرەر بولغۇسی مەجنۇن .
ئانی بىلمەس کىشی ئىچىندە نی بار ،
ۋەلی زاھىر بىلىنۇر بىزگە دەر کار .
بۇ سەندۇقنىڭ ئۆزی بىر خامە ئىرسە ،
نە چىقسە بىزگە بابام لۇتىف قىلسە .»
بۇ سۆزنی شاھ ئىشتىپ بولدی ، خۇشھال ،
دىدی : «بەردىم ئەگەر يۇزمىڭ چىقار مال .
ئەگەرچە تولا بولسە دۇرری گەۋھەر ،
ۋە يا مۇشكی خوتەن يا ئۇدۇ ئەنبەر ،
ۋە گەر نە چىقسە يا ياقۇتۇ مەرجان ،
بارىن قىلدىم قىزىم يولىدە قوربان .
پەری چىقسە ۋەياكىم ئادەم ئەسلی ،
کی جەننەت ھۇری يا غۇلمانی نەسلی .
نەسىب ئەتسۇن ئاشۇ قىزىمگە ئاللاھ ،
ئىرادە بولماسۇن ھىچ ئەقلی کوتاھ .»
دىدی قاسىد کىلىپ سۇلتان سۆزىنی ،
باغىشلادی تاھىرغە قىز ئۆزىنی ،
بۇيۇردی سەندۇقىن شەھ خىزمەتىغە ،

تاھىرنی تاپشۇرۇپ شەھری پەرىغە .
دىدی : «بىرنەچچە کۈن سەن مەرھەمەت قىل ،
ئانىڭ فىئلی مەجازی ياخشی سەن بىل .
کی تاھىر غۇنچە گۇل ئىردی ئاچىلدی ،
ئانىڭ ۋەسفی خەلايىققە ساچىلدی .
ئانىڭ تەئرىفىنی ئىشىتتی سۇلتان ،
کی تاھىرنی تىلەتىپ قىلدی مىھمان .
سورار سۇلتان کۆڭۈلدەکی سەۋالی ،
بۇ ھەم بەردی ئاڭا بىلگەن جەۋابی .
ئىنانىپ شاھ تاھىرنی سۆزىگە ،
ئانی داماد ئىتەر بولدی ئۆزىگە .
ۋەزىرلەرنی يىغىپ کەڭەش قىلدی ،
ئانىڭ يالغان سۆزىنی راست قىلدی .
بۇلارنىڭ کەڭەشىگە کىردی سۇلتان ،
بۇيۇردی شەھرىنی ئايىنىبەندان .
يەنە دىدی : «قىلىڭ ئىشرەت ياراغىن ،
سالىڭلار ھەر تەرەف تويىنی سوراغىن .»
بۇيۇردی نىئمەتی ئەلۋان فەراۋان ،
خەلايىق کەلدىلەر چەندانۇ چەندان .
بۇ شەھ ئون کىچە ــ کۈندۈز تويى قىلدی ،
خەلايىق کۆرمەگەن ئىشرەتنی قىلدی .
کی ئاندا قىلدىلار ئەقدۇ نىكاھی ،
کی ئول تاھىر بولۇر سۇلھی سەلاھی .
ئىکەۋىن تۇشتىلەر قىرقىنلەرىگە ،
کی تاھىر بولدی ئاندا مىسلی بەندە ،
تىكىپ خىرگاھ ئاندا خۇسرۇۋانە ،
چالىپ يۇز تۇرلۇك ئاندا شادىيانە ،
قىلىپ ئىردی ئوشۇل ئۆيلەرنی خىلۋەت ،
بۇلار قىلسۇن دەبان چۇن ئەيشی ئىشرەت .
باھىمگە سۆز قاتارنی بولمادی ھىچ ،
کی خۇرشىد ئولتۇرۇپ کۈن بولمادی کەچ .
دىدی باھىمگە ئاخىر : «ئەي دىلاۋەر ،
ساڭا بولدۇم ئوشۇل بەھر ئىچرە دەربەر ،
سىنی دەپ قالمادی بىر زەررە نامۇس ،
يۇزۇمگە نەچچە دۇشمەنلەر بولۇپ دوست .

سبنى دەپ نەگۇ نامۇسۇم ئۇنۇتتىم ،
بەھدۇللاھكى مەقسۇدىمگە يەتتىم .
كى ئەمدى نې گۇناھىم بولدى زاھىر ،
خەلايىق تەئنەسىغە قويدۇڭ ئاخىر .
مېنى بۇ كۆڭلۇم ئىچرە كۆپ ھېسابىم ،
كى سۇگرە مەن ساڭا ئايتاي جەۋابىم .
ئاتامدىن قالدىلار كۆپ مال بىسيار ،
قىلۇرمەن ئۇشبۇ سىرنى ساڭا ئىزھار .
يەتتى يىلچە ئانى ھېساب ئېتەرمەن ،
بىتەرمەن دەفتەرى ، كىتاب ئېتەرمەن .

ماڭا سەن دوست بولساڭ تەگمە زىنھار ،
كى تەگسەڭ غەم قالۇر ئىچىمدە بىسيار. »
بۇ ئۆيدە ئىككىسى ھەمدەم يۇرۇدى ،
فىراق ئوتىگە دايىم ھەم كۆيەردى .
قويار ئېردى قىلچىن دەرمىيانە ،
بۇ ئېردى ماجەرا دايىم بەھانە .
ۋەلى باھىمگە سەبرىن پىشە قىلدى ،
بۇ ئىشنىڭ ئەۋۋەلىن ئەندىشە قىلدى .
كى تاھىر شەئنىگە قىلدى غەزەل ياد ،
ئوقۇپ باھىم قىلۇر يۇز ئاھۇ فەرياد .

ئەي نىگارا ، ھۇسن ئىچىندە سەن كەبى جانانە يوق ،
شەمئ رۇخسارىڭغە كۆيگەن مەن كەبى پەرۋانە يوق .
سالدىلار ئىشقىڭ باشىمغە يۇز تۇمەن غەۋغا مېنىڭ ،
تابۇ تاقەت تۇتقالى بىر ئاشىقى مەردانە يوق ،
ئىشق مەيدانى ئىچىندە بەندى زىندان ئەتكەلى .
ھەزرەتى يۇسۇف كەبى بىر گەۋھەرى يەكدانە يوق .
ئىشق بازارى ئىچىدە كۆپ مەلامەتلەر چېكىپ ،
مەنسۇرى ھەللاجىدەك بىر ئاشىقى مەستانە يوق .
سەبر قىل سەييادى سەن ، ئاشىق مۇرادى سەبرىدۇر ،
چۈن سەدەفدەك سەبر ئېتەرگە بىر دۇرى دۇردانە يوق .

كەل ، ئەي سەييادى ، ساھىب ئىشق دامى ،
كەتۇر ئەمدى ئىچەلى ۋەسل جامى .
كەل ئەمدى بىر غەرىبلەردىن ھېكايەت ،
كى قىسسەسىدىن ئەمدى بىر رىۋايەت .
يۇرۇر تاھىر بۇ بەغداد ئىچرە غەمناك ،
كۆڭۈلدە بار نەچە غەم ، دىيدە نەمناك .
كى يەتتى يىل قىلىپ مۇندا مەدارا ،
ئانىڭ ھالىغە يىغلاپ سەڭگى خارا ،
قىلۇرلار ئۆزىدىن تاھىر فىغانە ،
ئاقار كۆزلەرىدىن ئابى رەۋانە :
«ئەگەر مەن پۇر گۇناھۇ پۇر خەتامەن ،

تىلەرمەن رەھمەتىڭدىنكىم ئەتامەن .
بەسى ئادەم ئاتا پەرزەندىدۇرمەن .
ھەۋا بىچارەنى دىلبەندىدۇرمەن .
مۇرادىم يار ۋەسلىدۇر خۇدايا ،
مۇرادىمگە ئۆزۈڭ يەتكۇر خۇدايا .
ئايا ئەي بارچە مەخلۇق ئۆزرە رەھبەر ، نى-
گارىم ۋەسلىنى قىلساڭ مۇيەسسەر .»
ئوشۇل دەم زۆھرەسىنى ياد قىلدى ،
چۇ يىغلاپ نالەۋۇ پەرياد قىلدى .
دېدى تاھىر كى : «ئەي ساھىبقىرانىم ،
كى سەندىن باشقە تۇشتى خەستە ،

کی سەندە نەچچە یۇز مىڭ سەلتەنەت بار ،
مەنی بىدىل یۇرۇرمەن زارۇ ئەفکار .
کی کۆشەك ئۇستىدە دەۋران سۇرەرسەن ،
مەنی بىدىل چۇ سەرگەردان یۇرۇرمەن .
کۆشەك ئۇستىدە قىرىق قىزنىڭ ئىرۇر جەمئ ،
مەنی بىدىل کۆیەرمەن مىسلی چۇن شەمئ .
کی سەن ئول یەردە سۇلتانی مۇئەززەم ،
مەنی بىدىل فەقىرۇ ناتەۋان هەم .
سەبا قىلغىل مىنىڭ هالىمنی ئىزهار ،
کی مەن غۇربەتکە قالىپمەن گىرىفتار ،
تىرىکمەن شەهری بەغدادا یۇرۇرمەن ،
غەرىبلىك کویىدا بەس سارغارىپمەن .
مىنی ئول نازەنىن هىچ یاد قىلماس ،
نە یەردە بولغانىمنی ئاندا بولماس .
گۆزەر قىل ، ئەي سەبا ، سەن ئاندا زىنهار ،
دىگىل تاهىر گىرىفتار ئاندا ناچار .
بۇ سۆزلەرنی دىدی ئوقۇپ غەزەلنی ،
غەزەلدە یاد ئىتىبان ئول گۆزەلنی :

یار سەنسىز نەیلەیىن ئول باغۇ بوستانی ماڭا ،
بولماسۇن بۇ خەستە جانىم هەمدەمی جانی ماڭا .
بۇ تىرىكلىكدە ۋىسالىڭ کۆرمەسەم ، ئەي سەرۋی ناز ،
کۆڭلۇم ئىچرە قايغۇ کۆپىدۇر ، سەنکی ئارمانی ماڭا .
گەر ۋىسالىڭ کویىدا بولسام گەدایی دەربەدەر ،
پارەسىغە ئەرزىمەس تەختی سۇلەیمانی ماڭا .
گەر نەسىب ئەتسە خۇدا یارىم جەمالىنی شۇ دەم ،
نەیلەیىن جەننەت كىرەكمەس ، هۇر غۇلمانی ماڭا .
یار ئۆزی ئول ۋەئدەسىن دىدىكی ئەر رۆزی ئەزەل .
ئەي سەییادی شاد بولغىل شۇکر فەرمانی ماڭا .

کەل ئەي سەییادی ساهىب ئىشق دامی ،
کەتۇر ئەمدی ئىچەلی ۋەسل جامی .
ئىشىتىنىڭ ئەمدی زۇهرەنىڭ هەۋاسىن ،
سالىپ باشىغە تاهىرنىڭ هەۋاسىن ،
کىچە ــ کۈندۇز بولۇپ مۇستەغرەقۇ مەست ،
قىلىپ تاهىر ئۆزىگە غەمنی پەیۋەست .
نە باشىدىن ئاياغىدىن نە خەبەر بار ،
نە تاهىر هالىدىن زۇهرە خەبەردار ،
ئاتاسىنی ، ئاناسىنی ئۇنۇتتی ،
جەهان ئىشرەتىدىن کۆڭلىن ساۋۇتتی .
تاتىپتۇر هەجرىدە مەنزىل قىلىپتۇر ،
ئۆزىن ئىشق ئىلكىدە بىدىل قىلىپدۇر .
دەپ ئىبردی دایىما ، ئەي پاك سەرۋەر ،
قىلۇرسەن تاهىرىمنی سەن مۇیەسسەر .
کىشی یوق زۇهرە هالىمنی سوراغاي ،
قىنی ئانا ــ ئاناڭنی هىچ کۆرگەي .
ئانی هەرکىم کۆرەر گویا ئۆلۈکدۇر ،
قىزىل گۇلدەك یۈزی رەڭگی سۇلۇکدۇر .
تۇرۇپ ئاناسی کەلدی شەه قاشىغە ،
قىزىنی ئەرز قىلدی هەزرەتىغە ،
ئاتاسی بىلمەدی زاری قىلارنی ،
ئاتاسىگە دىدىلار بۇ خەبەرنی .

ئاناسى كۆڭلىغە هەم ئوت تۇشۇپدۇر ،
قىزىنى كۆرەلى دەپ تۇتاشىپدۇر .
مۇهەببەت بىرلە چارلادى ئاناسى ،
كىلۇر دەپ كۆز تۇتاردى هەم ئاتاسى .
باباخان چىرلادى زۇهرە قىزىنى ،
قىزىگە ئايتتىلار سۇلتان سۆزىنى .
دىدى زۇهرە : «نە دەپ ئاندا بارايىن ،
ئاتام يۇزىنى مەن نىدىن كۆرەيىن .
بۇ دۇنيادا ئاتام ۋە نې ئانام بار ،
نە خىشۇ ئەقرەبادىن زەررە غەم بار .
بۇ دۇنيادىن كىچىپ بىگانە بولدۇم ،
بۇ تاهىر ئىشقىدە دىۋانە بولدۇم .
بۇ ئوتىنىڭ ئىچىدە كۆيگۇچە مەن زار ،
مىنى ئۆلتۇرسۇن ئاتام ئاي خانلار .
مىنىڭ تاهىردىن ئۆزگە هەمدەمىم يوق ،
ئانىڭ يولىدە جانىمدىن خەبەر يوق .
كى ئاشىقىنىڭ ئىشى دايىم مەلامەت ،
مەلامەت تارتقان ئەلنى قىل سەلامەت .
مەلامەت ئەهلى ئۇچۇن بىر غەزەلدۇر ،
مەلامەت تارتماق ئارزۇ ئەزەلدۇر .

مەلامەت باشىگە شەهر ۋۇجۇدۇم ، كەلگىل ، ئەيلەپمەن ،
مۇدەررىسلەر كەبى ئىشق دەرسىنى تەهسىل ئەيلەپمەن .
تولا ئەيب ئەيلەمە جانان مىنى مىسكىن گەدادۇر دەپ ،
زۇرۇرەتدىن يارانلار ئۇشبۇ يەردە مەنزىل ئەيلەپمەن .
ئەزەلنىڭ كاتىبى مۇنداق فىتىبدۇر دەفتەرى هالىم ،
رەقىبلەر جەبرىدىن تەقدىرى هەقنى تەبدىل ئەيلەپمەن .
خۇداۋەندا نې يازدىم يارى جانانىمدىن ئايرىلدىم ،
قىلىپ قايغۇ بۇ غۇربەت ئىچرە قانچە مۇشكىل ئەيلەپمەن .
كۆزۇمدە ئۇيقۇ يوق كۆڭلۇمدە ئارام ، ئەي مۇسۇلمانلار ،
باغىشلاپ يولىدا جانىم ، ئۆزۇمنى يەكدىل ئەيلەپمەن .
ئىنايەت ئەيلەسە يارىم مۇهەببەت بىرلە سۆيگەيمۇ ؟
سەيىيادى خاك پايىڭدۇر دەبان مەن قىل ئەپلەپمەن .

قىزىنىڭ سۆزىنى ئول شاه ئىشىتتى ،
ئۆزىنىڭ كۆڭلىدە بىر فىكر قىلدى .
دەر ئېردىلەر ئاتىن قەررا بەهادۇر ،
ئۇرۇش مەيدانىدا ئول شىرى نەردۇر .
خەيال قىلدىكى تاهىرنى ئۇنۇتتى ،
ئاڭا مەشغۇل بولۇپ مىهرىن سوۋۇتتى .
ئانى چىرلادى بەرمەككە قىزىنى ،
سىنە كۆرمەدى نامەهرەم يۇزىنى
ئىشىتتى زۇهرە خانىم شۇم خەبەرنى ،
بەدەر قىلدى يىغلىغان سىيمۇ زەرنى .
بىرەر لەئلى جەۋاهىرنى نەۋاغە ،
خەير ئىهسان قىلۇرمىسكىن گەداغە .
غەرىبلەرگە بىرۇرسەن پارەلەرنى ،
ئۇلار كۆڭلىداغى مەهپارەلەرنى .

ۋەلی کەتتی قارا باتۇر کیلبان ،
تۇرار ئیردی یىراقدىن تەلمۈربان .
ئەگەر کەلسە ئاڭا باقماس ئىدىلار ،
ئەگەر سۆز قاتسە سۆز قاتماس ئىدىلار .
بارىپ تۇتۇپ ئانی باشنی کەسکەي ،
بۇ قىز کۆزىچە یانىگە هەم ئاسکاي .
بۇدۇر قارا باهادىرنىڭ خەیالی ،
یىتىشمەسدۇر بۇ قىزلەرغە مەجالی .
بۇلارنی فىکری تاهىر کیچە ـ کۇندۇز ،
چىقارلار بىر ـ بىرىدىن ئاه دىلسۇز .
کی بۇ کۇن زۇهرە کۆپ قىلدی فىغانی ،
کی بىر ئاه ئۇردی ـ یۇ ، ئۆرتەندی جانی .
یەنە زۇهرە قىلۇر بىر نالە ئەبیات ،
ئۆز ـ ئۆزىدىن قىلادۇر ئاهی فەریاد .
یەنە مەجنۇن کەبی دىۋانە بولدۇم ،
کۆرۈك خەلق ئىچىدە ئەفسانە بولدۇم .
تۇشۇپ زۇلمەت یورۇغ دۇنیا یۈزىگە ،
تۇشۇپ تۇفراغۇ تاش یۈزۈ کۆزىگە .
فىراق ئوتىغە یاندی بىنەۋادەك ،
کیتىبان کەلمەگەن بادی سەبادەك .
نە دیگەنىنی بىلمەي ئاه ئۇرادۇر ،
یۈرەکی تۇتاشىپ باغری کۆیەدۇر .
دیدی ئاخىر کی : «ئەي یاری یىگانە ،
میىنی ئىشقىڭ قىلیپتۇر پارە ـ پارە .
ئۆزۈك هازىر ۋەلی مەندىن جۇدا سەن ،
قایۇ بىر نازەنىنگە مۇبتەلاسەن .
مەنی بیچارەنی یاد ئەتمەدىڭ هیچ ،
بۇ کۆڭۈل شەهرىن ئاباد ئەتمەدىڭ هیچ .
مەنی بیچارە بۇ ئوتتا کۆیەرمەن ،
سىنىڭ قایغۇڭ بىلەن دایىم ئۆلەرمەن .
مەنی بیچارە مۇندا تەلبەلەردەك ،
یاتۇرمەن سۆزلیەلمەسمەن ئۆلۈکدەك .
مەنی بیچارە مۇندا ئاه قىلىپ زار ،
کی یارىم کىمگە بولدۇڭ ئاندا غەمخار !
سەن ئاندا باغی بوستاننی کیزەرسەن ،
بویۇڭنی گۇل بىلەن هەمدەم سىزەرسەن .
یاتۇرمەن هۇجرەدە بىمارەلەردەك ،
باش ئایاغ بىلمەگەن ئاۋارەلەردەك .
سەن ئاندا ئەیش ئىشرەت بىرلە مەشغۇل ،
ئۇچار بۇلبۇل بولۇپسەن هەمرایىڭ گۇل .
سەن ئاندا هەمدەمی مەهپارەلەرسەن ،
قىلۇرسەن بىر تەرەف نەززارەلەرسەن .
غەریبۇ بىسەرۇ سامان بولۇپمەن ،
سىنىڭ هەجرىڭدە مەن دایىم کۆیۈپمەن .
بۇ دەردىمنی ئىشتۇر مەهرەمىم یوق ،
سىنىڭدىن ئۆزگە یارۇ هەمدەمىم یوق .
کىشی یوق مەن فەقىری بی نەۋاگە ،
بولۇپمەن مۇنتەزىر بادی سەباگە .
ئۆزۈم ئۆلدۇرگەلی تاپماي بەهانە ،
کی مەن کۇل بولدۇم ئوتغە یانە ـ یانە .
بۇ سۆزلەرنی دەبان کىم ئاه ئۇرادۇر ،
کی قىزلار ئىشتىپ باغری کۆیەدۇر .
قىلۇر هەر ئۆي قىزی بىر نەۋهە نالە ،
تۆکەدۇر کۆزلەرىدىن دۇرری ژالە .
دیدىلەر : «بار چەمىزنی سەرۋەرىسەن ،
گویا هۇسن ئەهلی ئىچرە ماه پەرىسەن .
بولۇپمەن ئىشق ئوتىغە مەن گىرىفتار ،
قەنی نەڭۇ قەنی نامۇس ، قەنی ئار .
قەنی ئول بەندەئی گەۋهەر هەشەملەر ،
بۇ ئىشق بابىدە ئۆتکەن مۇهتەشەملەر ،
قەنی ئىچسە تۇگەنمەسدەك ئایاغلار ،
ئاچیلماي گۇل ، خەزان بولدی بۇ باغلار .
قەنی یاخشی قەنی ئىشرەت ، قانی یار ،
بولۇپتۇر شادۇ خۇررەم ئاندا ئەغیار .
کەل ئەمدی ، بىر زەمان خۇررەم تۇرالی ،
فەراغەت بىرلە بىردەم ئولتۇرالی .
رەقىب دۇشمەنلەرىڭنی شاد قىلمە ،
بۇ غەمخانە ئىچىندە ئەمدی تۇرمە .
بۇ غەمدىن لەهزە ئۆزۈڭنی ئازاد قىل ،
کی هەم دۇشمەنلەرىڭنی ئەمدی ماد قىل .»

دېدى زۇھرە : «ئايا ، مەھپارەلەر سەن ،
مېنىڭ بۇ دەردىمە دىلپارەلەر سەن .
كېلىپ ئەي بارچە ماھى سەرۋەرىلەر ،
بارىڭ بىر جايىگە ماھى پەرىلەر .
قىلىڭلار بارچە ئالدىدا ھېكايەت ،
كى مەندىن تاھىرىمگە بىر رىۋايەت .
بىلىڭلار كىم تىرىكدۇر بۇ جەھاندە ،
كى مۇندا جىسمى يالغۇز ، جانى ئاندە .
رىۋايەت مەزمۇنىن ئېنىشا قىلىڭلار ،
فەقىرنىڭ ھالىنى ئىفشا قىلىڭلار .
كى شايەد بولغاي ئول ماڭا تەسەللى ،
كى مەن مەجنۇن بولۇپمەن ، قانى لەيلى .»
يىغىلىپ بارچە قىزلار جەمئ بولدى ،
كى زۇھرە ئورتاسىندە شەمئ بولدى .
ئۇلار ھەر بىرى بىلگەنىن دېدىلار ،
بارىسى زۇھرەنىڭ غەمىن يېدىلار .
ۋەلى بىر ئۆي قىزىكىم ئاتى شەھباز ،
بۇ ئېردى دائىما زۇھرەگە دەمساز .

كى زۇھرەگە بۇ ئېردى ھەم قېرىنداش ،
يەنە بىر يەردە سۆت ئەمگەن ئىمگداش .
دېدى ئول : «كەلتۈرۈڭ مۇنشئى دىۋان ،
كى بىتسۇن مۇنشئى خىش مېھرىبانان ،
بېرىپ قاسىد قولىغە بۇيۇرالى ،
خەبەرى بولسە ئانى بىز بىلەلى .»
بۇ سۆزلەر زۇھرەگە خوب خۇش كەلدى ،
مۇھەببەت بىرلە ئاڭا جۇش كەلدى .
بۇيۇردى زۇھرە ئولدەم : «مۇنشى كەلسۇن ،
بىتىك نامەنى ھالىمنىكى بىلسۇن .»
كى مۇنشى كەلدى زۇھرەنىڭ قاشىگە ،
سەرۇپا كەيدۇرۇپ بويۇ باشىگە .
ئاڭا ئۆز ھالىنى ئول قىلدى ئىزھار ،
دېدى : «تاھىرىدىنكىم بولسە ئەخبار .
مۇرادىڭچە جەۋاھىرلار بېرەيىن ،
«سېنى تۇتقانىم ئۆزۈمدە كۆرەيىن .»
بىتىدى مۇنشئى ، ھەر نە دېگەنىنى ،
نېكىم مۇشكۇل باشىغە تۇشكەنىنى :

«يۇز نالە ۋ فىغان بىرلە يىبەردىم خەبەرىمنى ،
كەلتۈر خەبەرىن قاسىد ئوشۇل سىيمبەرىمنى .
ئول بىرنى قويۇپ ئۆزگە بىلەن يار بولۇپدۇر ،
ئەمما مەن ئۆزۈم قىلماغۇم ئاندىن كۆرەرىمنى .
ھەر لەھزەدە ۋەيرانە قىلىپ ئەرزى – سەمانى ،
ھەر لەھزە چىقارسام دۇدى ئاھى سەھەرىمنى .
جانىمنى نىسار ئەيلەيىن ئەمدى نېتەيىنمەن ،
كۆر سەمكى يەنە يۇزىدە شەمسۇ قەمەرىمنى .
يۇز مېھنەتۇ ئەندۇھغە گىرىپتار بولۇپمەن .
جانىمنى بېرىپ نە قىلايىن دەردىسەرىمنى ،
پەرۋاز قىلۇر بەندەئى سەيياد ئانى بىلمەس ،
كۆيدۇردى يۇزۇڭ شەمئى مېنىڭ بالۇ پەرىمنى .

يەنە نەچچە تېۋەگە يۈكلەدى زەر ،
بارى لەئلى جەۋاھىر ئېردى ئەھمەر .
كى ئاندا بەندە بولسە ، بول مۇسافىر ،
بېرىپ ئىلكىگە ھەم دۇررى جەۋاھىر .
مەگەر كىم قاندە بولسە شاھ بولسە،
ئاڭا فەتھۇ زەفەر ھەمراھ بولسە.
دېگىل دەردۇ دىلىمنى ئاڭا ئىزھار ،
مېنىڭ ھالىمدىن ئول بولسۇن خەبەردار .
قەدەم رەنجىدە قىلسۇن بۇ گۇزەرگە ،
نەزەر قىلسۇن خەراباتى بەسەرگە .
كۆزۈمنىڭ نۇرى يوق يۈزىنى كۆرسەم ،
تىلىم يوق كىم ئانىڭ ھالىنى سورسام .
ئۇچارغە نەيلەيىن بالۇ پەرىم يوق ،
بۇ دۇنيادا مېنىڭدەك بىر غەرىب يوق.
كېچە ـ كۈندۈز كۆيەر بولدۇم مەن ئەمدى ،
فىراقىڭدا ئۆلەر بولدۇم مەن ئەمدى .
كۆڭۈل ئىچرە تىلەكىم تاھىرىمدۇر ،
تىلەكىم زاھىرىمدۇر باتىنىمدۇر .
تىرىكمەن ئۆزگە بىلمەنكىم ئۈمىدىم ،
ئۈنۈتمان مەن ئانى دەپ ھەرنە بولدۇم .
دېدى قاسىد : « ئايا ئەي دىلرەبالار ،
چۇچۇك جان مەرھەمى ـ يۇ ، مەھلىقالار .
سوراغىم سالسام ئانى ھەر شەھەردە ،
ۋەلى غەۋۋاسلاردەك بەھرۇ بەردە .
ۋەلى قىچقارسام ھەر يازۇ يابانده ،
ۋەلى چۆللەردە يا باغى ئېرەمدە .
ۋەلى بازار ئىچىندە چارە قىلسام ،
نە يەردۇر ئاندا مەن ھەر سارى بارسام .»
دېدى زۆھرە : «بۇ سۆزنى ياخشى ئېيتتىڭ ،
جەۋابىنى بىرەيىن سىز ئىشتىڭ .
مەگەر چۆلۇ جەزىرەدە يۈرۈرسەن ،
ۋەيا بوستانۇ باغ ئىچرە يۈرۈرسەن .
ۋەيا ئولتۇر غانىڭدە تۇرغانىڭدە ،
مەگەر دەريا ئىچىندە يۈرگەنىڭدە .
مېنىڭدەك بۇ غەرىب چۆپرەندە ئاندە ،
غەرىبدەك سارغارىپ ئول ئىشق ئىچىندە .
مېنى ئول ئىشقىدا ھەيران قىلىپدۇر ،
مېنى بۇ ئىشق سەرگەردان قىلىپدۇر .
مېنىڭدەك يوق ئەسىر ئول ئىشق ئىچىدە ،
يۈرۈپمەن سارغارىپ ئول ئىشق ئىچىدە .
نەچە يىلدۇر بۇ ئوتقە مۇبتەلامەن ،
غەرىبمەن بىكەسۇ ھەم بىنەۋامەن .
بۇ دەردىمگە دەۋا ئىزلەپ يۈرۈپمەن ،
كېچىپ جاندىنكى مەن ئەل-ئەليۈرۈپمەن.»
بۇلارنى قىچقارىپ يولدا يۈرۈدى ،
قايۇ مەنزىلدە ئولتۇرۇپ تۇرۇردى .
بۇ سوزانى ئىشتىپ ئۇلدى ئۆزكار ،
بولۇرلار ئىشق ئىچرە ئول خەبەردار .
قىلۇر ئۆز جانىنى يارىنىڭ فىداسى ،
بۇ يول ، كۆر ، ئول يىگىت نى مەرھەباسى .
ئۈنىڭدەك بۇ شەھەردە كىم مۇسافىر ؟
كى بولغاي قايدا غەم گەر بولسا ھازىر .
دەبان قاسىدكى ھالىنى سەراسەر ،
كۆتۈرۈپ قۇشتىلار كارۋان بارابەر .
قاتار ئەيلەپ نەچە يىل مايەلارنى ،
يۈرۈپ يەلدەك سۈرۈپ ھەر پايەلەرنى .

بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى ئېرسە قاسىد ،
رەۋان بولدى يولىگە ئاندە ۋاھىد .
يۈرۈبان ھەر شەھەردە ساز ئېتەردى ،
كى زادە ئىشق دەپ ئاغاز ئېتەردى .
يۈرۈپ ھەر يەردە قىچقارىپ ئۆتەردى ،
كى ياۋۇقىن بىلىپ ئاندىن ئۆتەردى .
كى ناگەھ ئۇچرادى بۇ شەھرى بەغداد ،
بولۇر غەمكىن كىشىلەر ئاندە دىلشاد .
سەيرگاھ ئېردى شەھلەر سەير ئېتەردى ،
كى بىر يول سەيرگاھلاردىن ئۆتەردى .
تۇرۇپ شەھزادەئى بىرلەن بۇ تاھىر ،
نىشانە ئاتار ئېردى ئاندا تاھىر .

تۇرۇپ قىچقىردى ۋاھىد : «شاھى ئىشق» دەپ ،
«غەرىب ، ئەفتادەۋۇ ھەمراھ ئىشق» دەپ .
ئىشق باشىمگە تۇشكەچ ماسىۋامەن ،
خەرابۇ خەستەۋۇ مىسكىن گەدامەن .
مېنىڭدەك بارمىكىن كارۋانە مۇشتاق ،
مېنىڭدەك بارمىكىن جانا نە مۇشتاق .
ئانىڭدەك بارمىكىن ئىشق ئىچرە ئۆلگەن ،
تۇنۇ كۇن ئۆرتەنىپ ئاۋارە بولغان .
مېنىڭدەك بۇ شەھەردە كىم مۇسافىر ؟
كى بولغايمۇ مېنىڭدەك مۇندە ھەمسىر .
كى ئىشق ئوتىگە كۆيگەن بولسە ئول شاھ ،
غەرىبلىقدە يەنە ئول بولسە ھەمراھ .
دېدى قاسىد : « ئايا شاھزادەلەر سىز ،
تىرىكلا بۇ بەلاغە مۇبتەلاسىز . »
كى ئىشق يادىنى قاسىد قىلدى ئاخىر ،
بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتى ئاندا تاھىر .
بارىبان ئول يىگىت ھالىن سورايىن ،
كى نە بولۇپتۇر ، ئەھۋالىن سورايىن ،
قايۇ بىر شاھنىڭ فەرزەندى ئىكەن ،
قايۇ بىر دىلرەبا دىلبەندى ئىكەن .
قايۇ بىر شەھرنىڭ بۇلبۇلى بولغاي ،
يەنە قايسى چەمەننىڭ گۇلى بولغاي .
كېلىپ سوردىكى : ئەي ۋاھىد دىلئارام ،
قايۇ مەيخانەلەردىن سەن ئىچىپ جام .
بولۇپسەن مەست لايەئقۇل شەبى رۇز ،
نە سەندە ئەيشى ـ ئىشرەت ، ئەيد نەۋروز .
يەنە يوقتۇر سېنىڭ سەبرى قەرارىڭ ،
ئەقىل بابىدا زەررە ئىقتىدارىڭ .
ۋۇجۇدۇڭ شەھرىدە كىم تەخت قۇرۇپدۇر ،
ئوشۇل تەخت ئۇستىدە كىم ئولتۇرۇپدۇر ،
بۇ دۇنيا شاھلىق ، گويا گەدالىق .
كى دىلبەر داغىمۇ يا بىنەۋالىق .

قايۇ ئىشق پادىشاھىنىڭ ھەۋاسى ،
تۇشۇپدۇر تەختىڭە ئول مەرھەباسى .
قايۇ يەردىن بولۇپدۇر مېھرىبانلىق ،
قىلىپتۇر سەن ئىكەۋلەن ئاشنالىق .
ئىلاھا ، بولماسۇن ھېچ ئەھدۇ پەيمان ،
گەداسىنى قىلۇر شەھ بەندى زىندان .
كى بىر شاھ بىرلە مەن جانانە بولدۇم ،
رەقىبلەر جەۋرىدىن بىگانە بولدۇم .
ئانىڭ بىرلە مۇھەببەت تۇخمىن ئەكتىم ،
ۋەلى بىسيار مېھنەتلەرنى چەكتىم .
رىزاسى يوق ئىدى ھېچ ئايرىلۇرغە ،
غەرىب بولۇپ غەرىبلىكدە يۇرۇرغە .
يوق ئېردى ئايرىلۇرغە ئىختىيارىم ،
ئايىردى نەيلەيىن پەرۋەردىگارىم .

بولۇپمەن بۇ شەھەردە ئىشق ئەسىرى ،
كى مەندىن ئۆزگە يوقتۇر بىر غەرىبى .
كىشى يوق بىر زەمان رازى دىلىمگە ،
بۇ كۆڭلۇم ئىچرە تۇشكەن مۇشكىلىمگە .
بۇ سۆزلەرنى دېدى ـ بۇ ، بولدى گىريان ،
كۆرۇپ شاھزادەلەر ھەم بولدى ھەيران .
دېدى قاسىد : « ئاياغىم پارەئى ئىشق ،
ب شەھر ئىچرە غەرىب ئازۇردەئى ئىشق .
قايۇ يەردىن بولۇپتۇر مېھرىبانلىق ،
قىلىپتۇر سەن ئىكەۋلەن ئاشنالىق .
قايۇ يەردىن سېنى تارتىپ نەسىبى ،
كى ھېچ غەمخار بارمۇ سەن غەرىبى .
نە يەردىن سەن ، ماڭا قىلغىل ھېكايەت ،
چېكىپسەن رەنجۇ مېھنەت بىنىھايەت .
يىقىن يەتتى كۆرۇر بارچە دىل ئازار [1] ،
ھەمەسى ئاتا بىزار ، ئانا بىزار .
كۆرۇپ تاھىرنى بارچە بولدى ھەيران ،

[1] مۇشۇ مىسرانىڭ باش قىسمىدىن باشلاپ بىر نەچچە بەت يوقالغان .

كۆزىدىن ياش ئاقادۇر باغرى بەريان .
دېدىلەر نە بۇ ھالدۇر بۇ نە رەفتار ،
سەن ئوغرى سەنمۇ ، يوقسە ئاشىقى زار .
جەۋاب بەردى ئالارگە بەندە تاھىر .
بارى ھالىن ئالارگە قىلدى زاھىر .
دېدى : « مەن ئاشىقى دىۋانەدۇرمەن ،
مۇھەببەت شەمئىغە پەرۋانەدۇرمەن .
بۇ دەردكە يەتتە يىلدۇرمەن گىرىفتار ،
كۆيەرمەن ئۆرتەنۇرمەن زارى ئەفكار . »
دېدى تاھىر بۇ سۆزلەرنى تەمامى ،
بۇلار يىغلادىلار چۇن خاسۇ ئامى .
دېدىلەر : « بىز ئىشىتتۇك بارچە ھالىن ،
خۇدا بەرسۇن يېگىتلەرنىڭ مۇرادىن . »

بۇ سۆزدىن ئالدىلار بىر زەررە ئۇلفەت ،
ئۇلۇغ كىچىك بارىسى بەردى رۇخسەت .

مۇناجاتى بۇ ئېردى ئول زەمانى ،
تىلەر ئېردى خۇدادىن مەرھەبانى .
ئۇلاردىن سوڭ مېنى ھەم ياد قىلدىڭ ،
ئەسىرۇ بىكەسۇ ھەم زار قىلدىڭ .
نەسىب ئەتكىن جەمالىنى كۆرەيىن ،
دەيىن ئەرزىم ئاڭا ھالىن سورايىن .
مېنى ھەر كېچەدە مەنزىلگە يەتكۇر ،
مېنى مەزلۇمنى مەتلۇبكە يەتكۇر .
قىلۇرسەن ئۇشبۇ سىرنى بىزگە ئاسان ،
كى سەندىن ئۆزگە يوق دەردىمگە دەرمان .
جەۋاب بەردى ئالارگە بەندە تاھىر ،
بارى ھالىن بۇلارگە دېدى زاھىر .
دېدى : « مەن ئىشق ئارا دىۋانەدۇرمەن ،
مۇھەببەت شەمئىغە پەرۋانەدۇرمەن .
بۇ ئىشق ئوتىغە كۆيگەن بىنەۋامەن ،
غەرىبۇ بىكەسۇ مىسكىن گەدامەن . »

بۇلبۇل ئېردىمكىم قونارىمگە گۇلىستان ئىستەرەم ،
بىنەۋا گۇللارنى نەيلەي ئۆز گۇلىستان ئىستەرەم .
جاھىلى بەدبەخت ئەمەسمەن سالمە رەنجى يارنى ،
بۇ مەقامى مەنزىلى داستانۇ بوستان ئىستەرەم .
سالماغىل بەدئۇل ـ جەمالنى خەستەگە ۋەئز ئەتكەلى ،
ئاشىقى دىدارىمەن كۆرمەككە ئاسان ئىستەرەم ،
ۋەئدەئى ۋەسل ئەتكەلى ئەقلۇ ھۇشۇم ھەيران ئېرۇر ،
ئەقل لا يەئقۇل ئېرۇر مەن تۇرفە بوستان ئىستەرەم .
شۇكر قىل سەييادىكىم ، كۆردۇم ۋىسالى يارنى ،
ئىزتىراب ئەيلەپ ھەۋەس بىرلەن ھەراسان ئىستەرەم .

بۇ يولغە بىر كىرىپ بولدى گىرىفتار ،
يۇرۇرگە يول يوق ئەمدى ئاندا ناچار .
غەرىب ئۇلسە كىشى بولسە ياندە ،
غەرىب ئۇلسە غەرىب يىغلار باشىدە .
كى باغ ئىچىندە ئۆلسەم بىر غەرىبمەن ،
قىزىل گۇلدەك بولۇبان سارغارىپمەن .
غەرىبلەرگە رەھىم قىلماس بۇ تاغلار ،
غەرىب يۇرسە غەرىب يولىنى باغلار .
كى تاغ ئىچىندە يۇرسەم بىر غەرىبمەن ،
قىزىل گۇلدەك سولۇبان سارغارىپمەن .
مەنى بىچارەگە سەن يول بېرۇرسەن .
گويا ئۇچماغ ئىچىندە چۆرۇلۇرسەن .
زەمىنۇ ئاسمانۇ ئەرشى ھەققى ،
يەنە لەۋھى قەلەمۇ كۇرسى ھەققى .

ئۆمىدىڭ بولسە شۇكرى رەھمەتىدىن ،
مۇھەممەد مۇستەفانىڭ ھۆرمەتىدىن .
خۇداغە بۇ مۇناجات قىلدى تاھىر ،
بۇ تاغ يولىنى ئاچىپ بەردى ئاخىر .
ئىشتىڭ دوستلارىمىكىم ئۇشبۇ سۆزنى ،
خۇداگە تاپشۇرۇڭكىم دائىم ئۆزنى .
خۇدادىن ئۆزگە ھىچ غەمخار بولماس ،
ئۆزىدىن ئۆزگە ھىچكىم يار بولماس .

مۇناجات ئەيلەدى ئىخلاسى بىرلەن ،
سىغىندى بىر خۇداغە زارى بىرلەن .
ۋەلى ھىچ قۇرۇماس كۆزىدە ياشى ،
يىتىپ يول ئۈستىدە تىۋەنىڭ ئاشى .
ئاچىلدۇردى سەئادەت بولدى زاھىر ،
قۇتۇلدى بۇ بەلادىن بەندە تاھىر .
بۇ تاغلارنىڭ ئاراسىدە بولۇپ شاد ،
ئۇشۇل غەم قايغۇلاردىن بولدى ئازاد .
خۇدا دەپ يولغە تۈشتى بۇ دىلئارام ،
كى تارتىپ بىلىگە باغلادى ئەھرام .
يەنە يولغە كىرىپ ئانداغ يۈرەردى ،
تىۋەنى يول بىلە تىز ـ تىز سۆرەردى .
خۇدايىم ئاگاكىم قىلدى ئىنايەت ،
سەھەر ۋەقتىدە ... دەپ سەئادەت .
يىمەك ئۈچۈن تىۋە بويىن ئۈزاتتى ،
تىۋەنىڭ شەئنىگە تاھىر سۆز ئايتتى .
دىدى تاھىر كى : « ھەمراھىم بولۇرسەن ،
مىنىڭ كۆڭلۈمدەكى سىررىم بىلۇرسەن .
سىنى قويسام ئەگەر لەھزە ئەلەفكە ،
يىتەلمەسمەن يەنە ئۇشبۇ تەلەبكە .
كىچىپدۇر ئەشتەرى ھەم ئۇشبۇ يولدە ،
مەسەلدۇر ئاشىقىڭكىم باشى يولدە .
يەنە بىر نەچچە فۇرسەت قىل ئىنايەت ،
كى يەتكەيمەن نىگارىمگە سەلامەت . »
بۇ تاھىر تىۋەنىڭ شەئنىگە ئەبيات ،
ئوقۇپ ، قىلدى بۇ يالغۇزلۇقدە فەرياد .

چىقتى باغدىن يولغە كىردى زارى ھەيران قىچقارىپ ،
ئىشق ئۈتىغە كۆيە ـ كۆيە زارى ھەيران قىچقارىپ .
دادى بىداد ئەيلەدى ئۇشبۇ فەلەكنىڭ ئىلكىدىن ،
ساز ئىتەر دۇتارىنى ئول خانەۋەيران قىچقارىپ .
تىۋە ھەم سالدى قۇلاق ئاگلادى تاھىر قىسسەسىن ،
نىكى دەردىنى دىسۇن يەتكۇرسە ئاسان قىچقارىپ .
دىدى : « ئەي خانىم تىۋەم قىلمە ھەيەل ۋەقت ئۆلدىكىم ،
بولە كۆر ئۇشبۇ كىچە دەردىمگە دەرمان قىچقارىپ .
كەلگىل ، ئەي سەييادى دەردۇ دىل قىلۇرسەن ۋەقتىدۇر ،
ئايتقىل ئول دەردۇ دىلىڭنى قالماس ئەرمان قىچقارىپ .

بۇ سۆز بىرلە تىۋە ھەم يولغە كىردى ،
قەدەمنى تىز قويۇپ يىلدام يۈرۈدى .
قەرارى قالمادى كىردى شەھەرگە ،
كى سەبرى قالمادى بىردەم قارارگە .
كىرىپ دەرۋازەدىن بولدى رەۋانە ،
كۆڭۈلدە شۇكر ئىتىپ ئايتۇر تەرانە .
يىتىپ كۆشەك ئىشكىگە تىۋە چۆكتى ،
تۈشۈپ تاھىر تىۋەنىڭ يۈزىن ئۆپتى .
تىۋەنى قويدى ئول يوقارى باقتى ،
نەقشلىق ھوجرەلەرنى كۆردى ياقتى .
كۆرەر بىر ھوجرادا ياتۇر يىگانە ،
كى ئاندا ئۇردى ئاھى ئاشىقانە .

ئانىڭ ئاھىدىن ئۇيغانمادى زۇھرە ،
كى ئاندا ئالمادى بىر زەررە بەھرە .
دەمى ئۆلتۈردى ــ يۇ ، قىلدى سەزايى ،
كى ئۇيغانمادى ئۇل تارتتى ئىزايى .
فىغان ئەيلەدى تاھىر زار ئىشق دەپ ،
مەنى بىچارەغە ھەم زار ئىشق دەپ .
يىراقدىن كەلگەنىم سەن يار ئۈچۈندۇر ،
جەفالار تارتقانىم سەن يار ئۈچۈندۇر .
بۇ سۆز ئىبرەتەكىدىن قالغان مەسەلدۇر ،
قوپ ئەمدى ياتماغىل ۋەقتى جەدەلدۇر .
سىنى ئىشقىڭدا كۆپ چەكتىم جەفانى ،
كى كۆرمەس بولدۇم ئەمدى بىر ۋەفانى .
قوپ ئەمدى ۋەسلى جامىنى كەتۈرگىل ،
مىنى بۇ تەشنەگە بىردەم يەتۈرگىل .
فىراقىڭ تەشنەسىن سىراب قىلغىل ،
بۇ زۇلمەت كىچەسىن مەھتاب قىلغىل ،
كى يەتتە يىل يۈرۈپ ھەجرىڭدە، ئەي جان،
جەفا تارتتىم بەسى قالمادى ئەرمان .

كى ئەمدى شاھ ۋەقتىدۇر ئۆلۈرسەڭ ،
ئاراغە ۋەسلى جامىنى كەتۈرسەڭ .
ئەگەرچە دوست ئىشتىسە شاد بولسە ،
بارى غەم ــ قايغۇدىن ئازاد بولسە .

ئوقۇدى بۇ غەزەلنى ئۇردى بىر ئاھ ،
ئانىڭ ئاھىدىن ئول قىز بولدى ئاگاھ .
كىچىپمەن جۇملەئى ئەيشۇ تەرەبدىن ،
ياتۇرمەن ھۇجرەدە ئۇشبۇ سەبەبدىن .
كىشى بىلسە مۇنى ، ئەي يار ھەمدەم ،
قىلۇرمەن ئۆز ــ ئۆزۈمدىن ئاھ دەم ــ دەم .
قوبۇل تۇشتىمۇ دەپ ئاھى سەھەرگاھ ،
قاراپ يۈرۈپ ئۇرۇرمەن دەمبەدەم ئاھ .
سىنىڭ ۋەسلىڭ قىلۇر ئىبردى سەھەرگاھ ،
دەر ئىبردىم يەتكۈرۈرسەن ماڭا ئەللاھ .
كى شۇكر لىللاھ ھەق قىلدى مۇيەسسەر ،
مۇكەددەر خاتىرىم ئىبردى مۇنەۋۋەر .

مەن سىنىڭ ئىشقىڭ بىلە بىمار بولدۇم مەي ئىچىپ ،
خانۇمانىمدىن كىچىپ بىئار بولدۇم مەي ئىچىپ .
بارچە ئىشرەتدىن كىچىپ ئۈزدۇم كۆڭۈلنى بىر يولى ،
ھەم يەنە لۇتفى نىگارغە زار بولدۇم مەي ئىچىپ .
دەرد كۆپ ، ھەمدەردىمىم قىلماس ماڭا ھىچبىر دەۋا ،
مەن ئەزىز ئىبردىم ۋە لىكىن ، خار بولدۇم مەي ئىچىپ .
ھەر نەچە مەن جۇستىجۇ ۋەسلىڭنى قىلدىم جەھد ئىتىپ ،
يار ئىستەپ ھەمدەمىم ئەغيار بولدۇم مەي ئىچىپ .
خەستە دىل سەييادىكىم ، قىلدى ۋەتەن فەرزانەنى ،
يار ۋەسلىنى تىلەپ خۇممار بولدۇم مەي ئىچىپ .

قونۇپ بۇلبۇل گۈلىستانىڭ گۈلىگە ،
بولۇپ ھەمدەم دەمى ئۆز بۇلبۇلىگە .
بۇ بۇلبۇل زوق ئۈچۈن ئۈچۈپ قونادۇر ،
كى بۇ ئۆتكەن جەفالاردىن تانادۇر .
ئاچىپكىم رەڭ ــ بەرەڭ ئول غۇنچەئى گۈل ،

سالىپ بوينىغە قولىن زۇلفى سۇنبۇل .
بۇ قاشۇ كۆزلەرىن قىلدى تەرازۇ ،
بۇ كىچە بىر بىرىدىن قىلدى ئارزۇ .
تاڭ ئاتقۇنچە قىلۇر مەقسۇدى ھاسىل ،
نە ئەرمان بار ئىدى ئول بولسە ۋاسىل .

فەلەكنى بوينى سۇندى يەتتى دەۋران ،
كۆڭۈلدە قالمادى بىر زەررە ئەرمان .
ھەۋادىن ياغدى رەھمەت مىسلى نەيسان ،
بولۇپ ئول بەرگ ئىچىندە مىسلى دەۋران .
خەزان ۋەقتى ئىدى گۈللار ئاچىلدى ،
سەدەفدىن دۇررۇ مەرجانلار ساچىلدى ،
بۇ سۆزنى مەئنىسىگە يەتتى ئاقىل ،
كى مۇنداق سۆزنى بىلمەس ئاندا ئاقىل ،
بولۇپ زەۋۋەج شۇرۇجەتكىم بۇ يەردە ،
نەفەرقى قالمادى ئۇيناپ كۈلەردە .
كى ئاخىر بۇ غەزەل تاھىر قىلىپ ياد ،
نەچە سۆز ئاشىقانە قىلدى فەرھاد :

قۇي ، ئەي ساقى ، سەبۇدىن جامى ۋۇسلەت ،
كەتۇر بىر زەررە ساڭا يەتتى دەۋلەت .
سەبىر بويىدە يەتتى ساڭا دەۋران ،
يار ئىلە قىلە كۆر ئەيش ئىلە ئىشرەت .
ئەگەرچە تۇتتى دۇننى جۇملە گۇفتار ،
بارىنىڭ كۆزىنىكىم باستى غەفلەت .
كەل ئەي دىلدار ، بۇ كۇن چىقالى غەمدىن ،
قويالى دىلدا بار ھەر قانچە كۈلفەت .
كۆشەك ئۆزرە چىقىپ قىلۇر تەرانە ،
تۇتۇپ دەۋران سۇرەلى ئاندا سۆھبەت .
بەسى چەكتۇق تۇمەن تۇرلۇك جەفانى ،
يىتەرمۇ جانغە دۇندىن مۇنچە مىھنەت .
شۇگۇفتە بولدى گۈللار باغدا ئەمدى ،
ئاچىل كۆر كىمگە يەتتى بەختۇ دەۋلەت .
ئاچىلسە نەۋ بەھاردە باغۇ بوستان ،
ياغار باغلارغا كۆكدىن ئابى رەھمەت .
كى سەن ـ سەن شاھسەن ، فەقر گەدامەن ،
گەدالارغە قىلۇر شەھزادە شەفقەت .
سىنىڭ ئالدىڭدە سەييادى بەندە بولسە ،
قەدەمىڭ خاكى بىرلە ئەيلە تۇر بەت .

كى مۇنچە رازدىل قىلدى ، تاڭ ئاتتى ،
فەقىر بىچارەلەر خۇنابە يۇتتى .
كى ناگەھ كۆرسە بىراۋ قىزى ناگاھ ،
ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئىشتىسە ئول شاھ .
نە قىلغايمىز دىبان كۆپ يىغلادىلار ،
يۇرەك باغرىنى ئوتغە داغلادىلار .
كى ئاخىر قىلدىلار بىر فىكر سەندۇق ،
سالىپ تاھىرنى ئاندا ئاغزى قۇفلۇق .
يەنە ئول ھوجرەدە ئول يەككە يالغۇز ،
ئۇرار خەلق كۆزىچە ئاھى جىگەر سوز .
بار ئىردى بىر ئىنەگەسى قەدىمى ،
بۇ ئىردى زۇھرەنىڭ ئىچكى نەدىمى .
كۆرۇك زۇھرە خەيالى خام قىلدى ،
بۇ ئىشرەت كۇندۇزىنى شام قىلدى .
دىدى : « كۇلبەم ئانام پۇشتى پەناھىم ،
ئەفۇ قىلغىل ، مىنىڭ كۆپتۇر گۇناھىم .
شۇكرى لىللاھكى جىسمىم جانى كەلدى ،
مىنىڭ بۇ دەردىمە دەرمانى كەلدى .
قەبىر ئىچىم ئۇياندى ئۇيقۇسىدىن ،
قۇتۇلغايمەن خەلايىق تەئنەسىدىن .
كىڭەش نىدۇر كۆزۇم ئاقۇ قاراسى ،
نە بولۇر ئەمدى بۇ ئىش ماجەراسى .
ئىكىمىزگە بولە كۆر ئەمدى رەھبەر ،
بولە كۆر ئىككىمىزگە ئەمدى سەرۋەر .
تۇرۇپمىز ئىككى ئاشىق خىزمەتىڭدە ،
غەرىبلەرگە بولە كۆر سەن پىسەندە . »
دىدى تاھىرگە كىم ئول : « خوب بىلۇرسەن ،
بۇ زۇلمەتدىن يارۇقلۇققە چىقىپسەن . »
بۇ سۆزلەر ئىككىسگە بولدى مەقبۇل ،
قىلىپ ئىككىسى شۇكرىغە تەۋەككۇل .
كىچە ـ كۇندۇزدە تاھىرنى ياشۇردى ،
كىچە بىر يەردە بۇ ئىشرەت سۇرەردى .
ئىنەگەسىنى ھەم بىر پىرە زالى ،
بار ئىردى خىزمەتىدە ماھى سالى .

نە سىر بولسە ئاڭا ئىپتىماس ئىدىلار ،
كى سىررىنى بولسە بىلدۈرمەس ئىدىلار .
بۇ ئېردى كۆڭلىدە ئول شاھغە ئايتتىم ،
ۋەيا ھەمسايەگە ئايتىپ ئىشىتتىم .
ئۇلارنىڭ سۆزىدىن ئول بولدى ئاگاھ ،
كى شەيتان پىرەزەننى قىلدى گۇمراھ .
يوق ئېردى بىر كۈنى ئىنەگە ئۆيدە ،
سەير گاھى ئىدى دەريا يۈزىندە .
كېلىپ ئول پىرەزەن تاھىر قاشىگە ،
بۇ نەكۈن سالدى تاھىرنىڭ باشىگە .
بىلۇرمەن ، كۈندۈزى مۇندا كېلۇرسەن ،
كېچەلەر يۇرگەننىڭنى مەن بىلۇرمەن .
سېنى سۇلتانغە ئايتىپ سۈندۈرايىن ،
بۇ تۇركان يارلارنى كۆيدۈرەيىن .
بۇ سۆزلەر بىرلە بۇزال بولدى دىل شاد ،
يىبەردى كۆڭلىدىن ئۇ غەمنى ئازاد .
دېدى : « ئەي پادىشاھى ھەردۇ ئالەم ،
ئەزەلدىن ئەيلەدىڭ بۇ غەمگە ھەمدەم .
نە سەۋدالەر ئىدى باشىمگە سالدىڭ ،
بىرىپ ئىشقى ھەۋەس ، جانىمنى ئالدىڭ .
كى مەندە قالمادى بىر زەررە نامۇس ،
بولۇب مەن خەلق ئارا بىچارە مەئيۇس .

غەرەز بۇ جاندە بولسە ، جان سېنىڭدۇر ،
يوق ئېرسە دەردىمە دەرمان سېنىڭدۇر .
كى مەندە نە ئاتام بار نە ئانام بار ،
نەخىشۇ ئەقرەبادىن زەررە غەم بار .
نەچۈك غەم بىرلە مېھنەتكە سالىپسەن ،
ھەمە سەبرۇ قەرارىمنى ئالىپسەن ».
دېبان چىقتى ئۆزىگە ئەرز قىلدى ،
ئۆزىنى دەردلەرنى فەرز قىلدى :

«مېنى بىچارەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن ،
جەھان ئاۋارەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن .
سۇنۇپ ساقى ماڭا شەربەت ئەزەلدىن ،
مېنى مەستانەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن .
سالىپ باشىمگە بۇ ئىشقىڭ ھەۋاسى ،
مېنى دىۋانەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن ،
ياقىپ شەمئ ئوتىنى جانىمگە ھەردەم ،
مېنى پەرۋانەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن .
ئۆزۈڭ سەييادىنىڭ دەردىگە دەرمان ،
مېنى دەرماندەلەر قىلغان ئۆزۈڭسەن . »

دېدى زۆھرە ئىنەگەگە : «ئايا يار ،
بارى سەن بەرمەگىل تاھىرغە ئازار . »
كى يىغلىپ ئولتۇرۇپ زۆھرە قاشىگە ،
كى زۆھرە ھەم قوشۇپ يىغلىپ قاشىگە .
دېدى زۆھرە : « ئايا ئەي يار دىلدار ،
ئاتام كەلسۇن بۇ سىرنى ئەيلەي ئىزھار . »
كى زۆھرە چىرلاتىپ ئۆي قىزلارنى ،
بارى خىزمەتدەكى قىرقىنلارنى .
دېدىلار : «بارچە ئاخىر ئۆلگۈمىزدۇر ،
گۈلىستان گۈللارىدەك سۇلغۇمىزدۇر .
دېدى ئول ، — زال قۇل ... بەدكار ،
كۆرۇپ تاھىرنى ئول بولۇپنۇر ئەغيار . »
ئانىڭ يامانلىقنى زۆھرە بىلدى ،
بۇيۇردى ئىرەسىنى تىلمە قىلدى .
دېدىلار : « ئەمدى ئۆلسەك قالماس ئەرمان ،
كۆرەرمىز شۇكرىدىن نې كەلسە فەرمان .
ئەگەر ئۆلدۇرسەلەر قىسمەتىمىزدۇر ،
ئەزەلدە ئىشق ئۆزى زىينەتىمىزدۇر . »
دېدى تاھىرگە زۆھرە : «ئىشرەتىمدۇر ،
سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆلسەم زىينەتىمدۇر .
ئۆلۇم كەلگۈنچە بىز ئىشرەت قىلالى ،
نەكىم قىسمەت بولۇر ئانى كۆرەلى . »
ئۆلۇغ — كىچىك بارىسى ئۇتتى خىلۋەت ،
نەچە كۈنلەر تۇرۇبان قىلدى سۆھبەت .
بىرى سازەندە تۇرۇپ ساز قىلدى ،

غەزەلخانلار بارى ئاغاز قىلدى .
ئاللارنىڭ زەۋقىنى ئول شاھ ئىشىتتى ،
ئاللارنىڭ ئىشرەتىگە شۇكرى قىلدى .
دېدى تاھىرنى سەۋداسىن ئۇنۇتتى ،
قىزنىق مېھرىنى تاھىردىن ساۋۇتتى .
خەبەرى يوق بۇلارنىڭ ھەم بۇلاردىن ،
بۇلارنىڭ يوق خەبەرى ھەم ئۇلاردىن .
بۇ مىكرۇ ھيلە بىرلە توي بولدى ،
نىكاھ ئۇستىدە گۇفتىگۇي بولدى :
«مېنى بىچارەگە بولدى گىرىفتار ،
غەرىبلىكدە ماڭا بولدى خەرىدار .
دەڭىزلەر ئۇلتۇرۇر سۇلتان قۇلىنى ،
ئۇنۇتۇپتۇر ۋەلى يۇرگەن يولىنى .
مېنىڭ يەتتى ئىشىم قىلدىم سەفەرنى ،
ئاللارگە دېدىم ئۇنۇتتۇم خەبەرنى .
تىرىكلىكدە ئاللار تەييار ئىدىلار ،
غەرىبلىكدە ماڭا سىرداش ئىدىلار .
كى مەن كىردىم بۇگۇن مەيدان ئىشىگە ،
قەدەم قويدۇم بۇگۇن مەيدان ئىشىگە . »
بۇ سۆزدىن ئۆزگە سۆزنى سۆزلەمەدى ،
ئۇلاردىن زەررەئى قايغۇ يېمەدى .
كى زۆھرە بارچەدىن مەشرۇت بىلەدى ،
بۇلار مەشرۇت بېرىپ بارچە بىلەدى .
دېدى زۆھرە : « ئاپا ئەي نانەۋانىم ،
فىدا بولسۇن ساڭا بۇ شۇددە جانىم .
مەزارىڭ ئالدىدا ئەيلەي مەزارى ،
قىلاي جانىم بىلەن مەن لالە زارى .
كى خەنجەر بىرلە كۆكسۇم چاك ئېتەرمەن ،
تىرىكلىكىم قورۇتۇپ خاك ئېتەرمەن . »
ئىكى ئاشىق قىلىبان ئاھۇ فەرياد ،
بۇ تارتار ئەلىمىدىن داد ـ بىداد .
خەيال ئەتتىكى تاھىرنى ئۇنۇتۇر ،
يۇرۇپ ئويناپ سۆيۇنۇپ ھەم كۆيۇپتۇر .

رەقىبلەر قىلدىلار مەقسۇد ھاسىل ،
كى بولدىلار جەھەننەم ئىچرە داخىل .
كى ئاخىر شۇكرىغە قىلدى تەۋەككىل ،
دېدى مەرگىنى ئاپاغىن ئەمدى ئىچكىل .
قولىدىن كەلگەنىنى قىلدى ھاسىل ،
كى بولدىلار ئاللار دەۋزەخقە ۋاسىل .
خۇدا تەغدىرىغە يەتكۇسى بەندە ،
كى تاھىرنى شەھىد ئەتتىلەر ئاندە .
قىلىپ تاھىرغە ئەھد ئۇستىدە دەۋران ،
ئاقىپ مەيدان ئىچىدە رەڭبەرەڭ قان ،
كەل ئەي سەييا ، زۆھرەدىن ھېكايەت ،
كى ئاخىر مۇردەگە بولدى ھىمايەت .
قىلۇر ھەر بىرى بىر تۈرلۈك فىغانى ،
ئانىڭدەك مۇردەگە كۆيمەسمۇ جانى .
ساچىپ باشىگە ئول دۇررى جەۋاھىر ،
چەراكى بار ئىدى خەزنەدە ئاخىر .
ئىتىپدۇرلار ئانى شەھىدى ئەئلا ،
ئانىڭ ئورنىنى جەننەت قىلدى مەئۋا .
سىپاھىكى ئانىڭ يۈزمىڭ ئىدى ساق ،
رەئىيەت قىرىق مىڭ ئېردى قازى ئەرباب .
يەنە شەيخۇ سوفىيۇ خاجە چەندان ،
فەقىر بىچارەلەر ئاندا فەراۋان .
قىلۇر دەرۋىشلەر زىكرۇ سەمائى ،
بارى خەلق ئەل ـ فىراقۇ ئەل ـ ۋىدائ .
بار ئېردى ئاندا پىر موللا مۇدەررىس ،
بۇلۇر ئېردى ئۇشۇل تاھىرگە ھەم جىنس :
«كىتاب ئىچرە كۆرۈپمەن بىر دەلىلى ،
كى سىزلەر ئىشىتىڭلار بىر نەزىرى :
ئۇشۇل قۇلغە ئەتا قىلغاي بىھىشتىنى ،
كۆرەر بىھىشت ئىچىندە كۆپ يېمىشنى . »
بۇ سۆز بىرلە زىيادە بولدى ئىخلاس ،
شەھىد قۇل بولدى دوستلار بەندەئى خاس .
كى ھەر سۆز باشىدە قىلدى غەزەلنى ،

ئوقۇپ يىغلاپ قىلۇر ياد ئول گۈزەلنى .

كەل ئەي سەيياد ئاخىر بىر ھېكايەت ،
كى زۇھرە ھالىدىن قىلغىل رىۋايەت .
كۆرۈك بۇ زۇھرە فىكرى ئۆزگە بولدى ،
خەلايىق بارچە ئۆزگە سۆزگە بولدى .
كى سانى باردىلەر تاھىر باشىگە ،
يەقالار ھۆل قىلىپ كۆزىن ياشىگە .
كىيىپ ئۈستىگە زۇھرە قارا كۇرتە ،
يىغىندى زەررەئى ئالدىدە بەھرە .
قارا باتۇر بۇ ھال ئۈستىگە باردى ،
بۇ ھەم يىغلاپ ياقاسىن پارە قىلدى :
« ساڭا بولماس بەسى تاھىر ۋەفاسى ،
ساڭا ھەم قالدى كۆپ يادكار جەفاسى .
مەسەلدۇر ئەرتەدىن قالغان بۇ ئەخبار ،
كى ئۆلگەن ئەرتەدىن كىم ئۆلمە زىنھار .
تىرىكمەن ، ساڭا خىزمەتكار دۇرمەن ،
كى ئۆلدۇرسەڭ تەقى تەييار دۇرمەن . »
ئىشتىپ زۇھرە ئايدى قارا باتۇر ،
بۇ كۈنچە بولماسە تاڭلار بولادۇر .
بۇ يەردە كۆرمەگىل خەلقدىن ئۈياتكىل ،
بارىبان تويىنى ئەسبابىن يۇرتگىل .
تاھىر ئەللامە دەۋران قايدە ئېردى ،
تۈنۈ كۈن تاھىرىم يادىمدە ئېردى .
بۇ قىزلار بىلمەدى زۇھرە خەيالىن ،
ياشۇردى زۇھرە ئاندا پەرۇ بالىن .
ھەممە ياندى فىغانۇ نالە بىرلەن ،
بارى ھەم ئۆي قىزى ھەمراھى بىرلەن .
تاپىلمادى رۇمالى ئول زەمانى ،
سەبەب ئولدۇر كى شۇددە چىقسە جانى .
سەفەر قىلدى بۇلار يەتتى يىراقە ،
چۇنانچە زۇھرە مىندى بىر بۇراقە .
كى بىر خەنجەر بار ئېردى ھەم ياندە ،
سۇغاردى ئالدى خەنجەرنى قولىگە .
قويۇپ دەستەسىنى قەبرىن باشىگە ،
ئانى قاشىدەكى يوق ھېچ ئاندە .
ئىشارەت قىلدى ئول دەمدە ئۆزىگە ،
كۆرۈنمەس ئاتا ـ ئاناسى كۆزىگە .
كەلىمە ئايتتى زۇھرە بولدى ئاخىر ،
بەلى ئۆلمەكدىن ئۆزگە يوقتۇ تەدبىر .
بىچاق ئايناپ چىقىبان ئارقاسىدىن
بۇ يالدى كەيگەنى قىزىل قانىدىن .
كى سانى بولدى قىزلار ھەم خەبەردار ،
بارى ماتەمدە بولدى زارى ئەفكار .
كى زۇھرە مۇردەسىن شەھرىگە ئېلتىمەي ،
رىۋايەت بىرلە مۇردەنى كەتۇرمەي .
ئاناسى دىدى : « مۇنداق بىلمەدىم مەن ،
قىزىم دەردىگە دەرمان قىلمادىم مەن .
مەن ئەمدى بۇ تىرىكلىكنى نېتەيىن ،
ئۆز ئىشىمگە نەچۈك تەدبىر ئېتەيىن .
نەچە دىدىم ئاتاڭ ھەم ئاڭلامادى ،
سىنىڭ كۆڭلۈڭنى ئول ھېچ دۇيۇمادى .
كى ئاخىر ھال بۇل بۇلدى غەرىبىم ،
نېتەي ئەھۋال بۇل بولدى غەرىبىم .
نەچە يىغلاپ دىسە يوقتۇر ۋەفاسى ،
ئانىڭ ئۈچۈن دەۋام بولدى جەفاسى .
قويۇپ زۇھرەنى قەبرىگە خەلايىق ،
مۇرادى بۇل ئىدى يەتكۈردى خالىق .
مېنىڭ بىرلە قىلىپ ئول ئەھدۇ پەيمان ،
سۇرەر بولغان بۇ شەھرى ئىچىندە دەۋران .»
ئايا سەيياد ، زۇھرە بولدى ئاخىر ،
قىل ئەمدى باھىم ئىشلارىغە نازىر .
ئۆز ئۆزىدىن دىدى : « ئەي بەخت ياكار ،
مۇيەسسەر بولمادى ئول ۋەسلى دىيدار .
نە قەسدىڭ بار ماڭا ئايتىڭىل ئايا بەخت ،
مېنىڭ جانىمگە سالدىڭ ئاتەشى سەخت .

ئۇمىدىم بار ئىدى كەلگەي يەنە يار ،
كى ئەمدى ھەر تەرەفدىن تەگدى يۈز خار.»
بارىپ كارۋانگە سۆزلەشتى بۇ قىزلار :
« نە يەرنى ئادەمىسىز ، ئايتىڭىزلار ؟ »
دېدىلەر : « شەھرى تارتاردىن كېلۇرمىز ،
نە سۆز سوراسىڭىز ئانى بىلۇرمىز . »
دېدى قىزلار : « بۇ يۇرتتا نې خەبەر بار ؟
دېگىل ياخشى ــ يامان سۆز بىزگە ئەخبار . »
« ئۆلۈپتۇر يۇرتىمىزدە بىر جەۋانمەرد ،
ئانىڭ دەردى ئېرۇركىم بارچەگە دەرد .
نە يىگىت ئېردىكىم بىر شاھبازى ،
باشىگە تۈشتى ئانىڭ ئىشقبازى .
ئۆزى مىرزا ئىدىيۇ ئاتى تاھىر ،
يۈزىدە مۇستەفانى نۇرى زاھىر .
ئاچىپ ئېردى يەنە جەننەتى رەھمان ،
جەھانغە كېلىپ ئېردى ھۇرى غىلمان .
بار ئېردى شاھزادەئى ئەجەب قىز ،
ئانىڭ تەئرىفىنى خوپ يەتكۈرۇرمىز .
يۈزى ئېردى قاراڭغۇ يۇلدۇزىدەك ،
ئاتى زۇھرەۋۇ زۇھرە يۇلتۇزىدەك .
بۇ تاھىر ئاشىقى زۇھرە ئىكەندۇر ،
گۇياكى ۋاموقۇ ئۇزرا ئىكەندۇر .
ئىكەۋلەن قىلدى ناگەھ ئىشق بۇنياد ،
ئالارنى تۇتتى سۇلتان داد بىداد .
غەزەپ بىرلە دېدى شەھ ، كەلتۈرۈڭلەر ،
نەچۇك بەكلىكۇ خانلىق ئىشتىڭلار .
كى بىز ھەم ئۇشبۇ ئالەمدىن ئۆتەرمىز ،
كى سىزلەر قولۇڭىزدىن داد ئېتەرمىز .
بۇ سۆزلەرنى دېدى ــ يۇ ، قىلدى ئەفغان ،
ئالارنى ھالىگە كۆيمەس نەچۇك جان .
ئۇشۇلدەم ئىلكىدە ئالماس جەللاد ،
قىزىل گۇل غۇنچەسىنى قىلدى بەرباد .
باشىنى كەستى جەللاد يولغە كىردى،
كۆرۈك نەۋبەت يەنە زۇھرەگە يەتتى .
يىغىپ ئۆلۈكنى زۇھرە ھەم ئۇشۇلدەم ،
ئۆيىگە ئىلتتى ئانى ھەم ئۇشۇلدەم .
كى ئابرۇيى بىلە قويدى قەبىرگە ،
بېرىپ رۇخسەت تەمامى خەلق ئېلىگە .
ئۆزى يالغۇز قالىپ قەبرىن باشىدە ،
خەبەر يوق خەيلى خىشى يولداشىدە .
كى بىر خەنجەرنى باغرىگە قويۇپدۇر ،
بۇ ئېردى مەقسۇدىم دەپ جان بېرىپدۇر .
بۇلارنىڭ ھالىغە خەلق بولدى گىريان ،
كى ھەركىم باش ئالىبان كەتتى ھەريان .
سۇراساڭ يۇرتىمىزدە بۇ خەبەر بار ،
بارى يىغلاپ نەچە سۆز قىلدى ئىزھار :

دوستلارىم بۇ يۇرتىمىزدە ئول كەبى سەييارە يوق ،
بۇ غەرىبلىك بىرلە ئۆلگەن تاھىرى بىچارە يوق ،
ئول شەھنشاھنى يۇرسەڭ بۇ جەھاننى كافرى ،
كافرى يۈزى قارادۇر يۈزىدە بىر قارە يوق .
تاپمادىمكى زۇھرە تاھىردەك يەنە بىر شاھنى ،
ھەر تەرەفلەرگە باقۇرمىز كۆزىمىزدە قارە يوق .
ئەي سەبا ، ئايتقىل خەبەر ئول لەيلىۋەش جانانەغە ،
تەلبە مەجنۇندەك يەنە كىم مەن كەبى پەرۋانە يوق .

ئول غەريبلىكدە يۈرۈر سەييباد مسكىن زارۇ – زار ،
نې قىلاي ، ئەي مەردى دىل ، ئول ساھىبى جانە يوق .

ئېشتىپ قىزلار ئولدەم قىلدى ئەفغان ،
دېدىلەر بارچە ئەمدى بەردىلەر جان .
دېدى قىزلار : «ئەجەبدۇر ئۇشبۇ ئىشلار ،
بارى بولغان بارىمىزگە بۇ ئىشلار .
بارى دېدىكى : «باھىمگە بارالۇك،
بارىسى دېدى مۇندا جان بېرەلۇك .
تەۋەككۇل ھەققى قىلدۇق بىز ئىكەۋلەن ،
بارارمىز دېدىلەر غەم بولسە چەندان . »
بىرى شەھرى ئىدى بىرى جەھانگىر ،
بىلۇر ئېردى ئالارگە فىكرى تەزۋىر .
ئىكىسى باردى باھىمنىڭ قاشىگە ،
جاھان قايغۇسىنى سالدى باشىگە .
بارىپ تىز ئايدى باھىم خىزمەتىگە ،
نە قىلسۇنلار ئەزەلنى قىسمەتىگە .
دېدى باھىم : « ئايا قىزلار نە بولدى ؟
يېتىمگە ئوت تۇشۇپ گۇل تۇدە بولدى . »
دېدى قىزلار : « ئايا ، باھىم سەرەفراز ،
كى بىر غەم ئۇشبۇ يەردە قىلدى ئاغاز .
بۇ كارۋانلار كېلۇر تارتار ئېلىدىن ،
بارى يىغلاشتىلار كۇففار ئېلىدىن .
ئۇشۇل بوستان گۇلىدىن كۆپ قىراۋان ،
خەبەر ئايتۇر ئوشۇل يۇرتدىن فەراۋان .
قىلىپتۇر گۇلنى خىرمەن بۇ دۇرەدگەر ،
كېسىپدۇرلار ئوشۇل گۇلدىن سەنەۋبەر .
گۇلىستانگە خەزان بادى تېگىپتۇر ،
بۇ گۇلنى تازەسىنى ئول ئۈزۈپتۇر .
ئانىڭ مۇردەسىنى زۇھرە ئالىپدۇر ،
ئانىڭ ئۇستىدە ئول جانىن بېرىپدۇر .

بۇ كارۋان شۇم خەبەرنى كەلتۇرۇپدۇر ،
تۇتۇپ تاھىرنى ئول شاھ ئۆلتۇرۇپدۇر .
ئىكىسىنى كۆمۈپدۇرلار يەنە شەھ ،
چىقىپدۇر سەرۋى گۇل بەرگى تالاشە .
ئاراسىدە قارا باھادۇر ياتىپدۇر ،
خۇدايىم بىر تىكەن ئانى قىلىپدۇر . »
ئېشتتى سۆز باھىم ئۇردى بىر ئاھ :
«نىگە بولدۇم مەن ئەمدى بەختى گۇمراھ ،
خۇدايا ، مەن رىزامەن ئال بۇ جانىم ،
كېرەكمەسدۇر ماڭا دۇنيا ئەمانىم .»
بۇ سۆزلەرنى دەبان بىر ئاھ ئۇردى ،
ئۇشۇل ئاھ ئۇستىدە ئول جاننى بەردى .
بارى قىزلار قىلىپ كۆپ ئاھۇ ئەفغان ،
ئاقىپ كۆز ياشىدىن دەريا بولۇپ قان .
دېدى قىزلار : «تۇرۇبان ماھ پەيكەر ،
بارىمىزگە ئىدىنىڭ سەن شاھ سەرۋەر .
جۇدا بولدۇك نېچۇك تەدبىر ئېتەلى ،
يەنە مەقسۇدىمىزگە بىز يېتەلى . »
نەچە قىزلار بۇ يەردە بەردىلەر جان ،
ئەزىز جاننى قىلىپ ئول يەردە قۇربان .

خەبەر يەتتىكى باھىم ئاناسىگە ،
كى ئوت سالدى جىسىم كاشانەسىگە .
مۇنى ئاڭلادى ئانىدە شاھى ئادىل ،
دېدىكىم » « ماڭا بەردىك زەھرە قاتىل »
كى سۇلتان بىرلە خانىم ئاھ ئۇردى ،
ئالار باھىم سارى يىغلاپ يۇگۇردى .
يېتىشتى ............................ (آ)

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : **م . باھاۋىدىن**

---

(آ) مۇشۇ جايدىن باشلاپ ئاخىرى يوقالغان .

# «دىۋانى مەھزۇن» دىن

## ئىسمائىل مەھزۇن ①

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر

يوق ئاڭا نې ھەد ئاتىغە ئاشنا مەن دېگەلى ②
پادىشاھدۇر ئول ماڭا، مەن بىر گەدادۇرمەن ئاڭا .
ۋەسلى ھاجەتمەندىدۇرمەن دەرگەھىغە يۈز قويۇپ
ئەجز ئىلە بوغزۇم چېكىپ يۈز يالبارادۇرمەن ئاڭا.
شەمئ يەڭلىغ جىلۋە قىلغاچ بەزم ئارا پەرۋانەدەك ،
ئۆزۈلۈپ يۈز قانلا باشىدىن فىدا دۇرمەن ئاڭا .
داغى ئىشقىدىن تىلەرمەن يوق ئەجىب مۇستەغنىدۇر ،
بىر دەرەم قىلسە كەرەم ئول ، بىنەۋا دۇرمەن ئاڭا ،
فانى دۇنيادىن يېقىنلاشتى بارۇرچاغ ، ئەي سەبا ،
مەندىن ئولسۇن ئول بەھىل مەن ھەم رىزادۇرمەن ئاڭا ،
لۇتف ئېتىپ ئول تا ئۆزىگە ، مەھزۇنا ، قىلماي كۇشىش ،
نۇكتە ۋەسلىدىن ئەرز ئەتمەك خەتادۇرمەن ئاڭا .

*　　　*

ئول پەرى دىۋانە قىلدى كۆرسەتىپ تەلئەت ماڭا،
بولدى پەيدا ئىشق ئوتىدىن يۈز تۈمەن شىددەت ماڭا ،
نەخلى ئۇمرۇم بىرلە دىنىم خىرمەنىن كۈل قىلدىكىم ،
زۇلفۇ يۈزى بەر قىدىن تۈن كۈن يېتىپ ئافەت ماڭا .
دەردۇ رەنجىڭگە دەۋادۇر سەبرۇ پەرەس ، ئەي ھەكىم ،

---

① «دىۋان مەھزۇن » دىن بىر قىسم شېئىرلار « بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 1 ـ سان ، 1982 ـ يىللىق 1 ـ سان ۋە 1982 ـ يىللىق 2 ـ سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى . بۇ قېتىم ئېلان قىلىنغانلىرى مەھزۇننىڭ ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان غەزەللىرىدىن ئىبارەت .

② بۇ غەزەلنىڭ باش تەرەپى پەرسۇدە بولغان ، ئوقۇش مۇمكىن بولمىدى .

سەبر قىلما قىلىقغە ئەمدى قالمادى تاقەت ماڭا .
باشقارۇرسەن قايىسى تائەتغە مەنى ، ئەي زاھىدا ،
قاشى مىھرا بىغە باش قويىسام ئىرۇر تائەت ماڭا . (1)

*  *

بارما ھەرگىز بەزم ئارا ئول شوخى ماھىلىڭ بولماسا ،
باشىڭ ئۇزرە ئوتلۇغ ئاھىڭدىن كۇلاھىڭ بولماسا .
قىلما بىردەم ، ئەي كۆڭۈل ، يار ئالدىدا دەئۋايى ئىشق ،
قان ياشىڭ بىرلە سارىغ چىھرىڭ گۇۋاھىڭ بولماسا .
خاھ مەخفى نالە قىل خاھ ئاشكارا ، خاھ فىغان ،
يەتمەس ئول ئايغە ئاڭا مەھزۇب ئاھىڭ بولماسا .
ئۆلتۈرۈر ئالەم غەمى ، ئەي بەندەلەر ۋا بەستەسى ،
مەي بىلە مەيخانە دەھلىزى پەناھىڭ بولماسا .
دەير پىرى مەي بىرىپ ئايتۇرمۇ تەكبىرى فەنا ،
خىرمەنى جاندىن تىھى خەس بەرگى كاھىڭ بولماسا .
لۇتف خۇرشىدى يارۇتماپدۇر قىيامەت دەشتىدە ،
رۇزگارىڭنى قارا قىلغان گۇناھىڭ بولماسا .
دەردلىغ سايرارمۇ ئىردى بۇلبۇلى شورىدە دەك ،
خەستە مەھزۇن كۆڭلى ، ئەي گۇل ، جىلۋە گاھىڭ بولماسا .

*  *

يا رەبا ، ھەيبۇ قەدىمسەن ئىپتىدا يوقتۇر ساڭا ،
ئىپتىدا يوق ئىردى ئانداغ ئىنتىھا يوقتۇر ساڭا .
جەھد ئىلە قۇرب ئىستەبان ھەردەم سەمادىن تا سەمەك ،
بولماغان ئەشيا ئىچىدە مۇبتەلا يوقتۇر ساڭا .
شاھلارغا شاھدۇرسەن ئەيلەپ ئەدلىڭدىن ئۇمىد ،
ھاجەتىن ئەرز ئەتمەگەن شاھۇگەدا يوقتۇر ساڭا .
بىر نەفەسدە رەدنى مەقبۇل ئەيلەسەڭ ، مەقبۇلنى رەد ،
ئول ئۆزۈڭنىڭ مۇلكىدۇر ھەرگىز خەتا يوقتۇر ساڭا .
مۇئمىنۇ كافىرغە بۇ ئالەمدە رەھمىڭ كۆپ ئىرۇر ،
چۈنكى رەھمانىر ــ رەھىم دۇرسەن رىيا يوقتۇر ساڭا .
بىر سىفاتىڭ لەم يەلىد بىرلە ۋەلەم يۇلەد ئىرۇر ،
سەن ئاتا ھىچكىمگە ئىرمەسسەن ، ئاتا يوقتۇر ساڭا ،
ئافەرىنىشنى ھەمە زاتىڭ ئىھاتە ئەيلەمىش ،

---

(1) قولىيازما كىتاب ياخشى ساقلانمىغانلىقتىن بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى كەمتۈك بولۇپ قالغان .

سەن خۇدايى بارچە ئالەم سەن ، خۇدا يوقتۇر ساڭا .
دىدي « لا ئەھسا سەنا » ھەردەم ھەبىبىڭ ھىچ كىشى ،
ئەيلەگەن ئەيلەپ ئۇبۇدىييەت ئەدا يوقتۇر ساڭا .
گۇلشەنى ھەمد ئىچرە ھەرقۇش بىلگەنىن ئايتۇر ، ۋەلېك ،
ھەددىن ئېرمەس ، مەھزۇنا ، شەرمى ھەيا يوقتۇر ساڭا .

*　　　*

كۆرسەتىپ يۈز زۇلفىغە بەد ئەيلەدى كۆڭلۈم ئالىب ،
بار ئانىڭدەك كىم تۇتار سەيياد قۇشنى ئوت سالىب .
يۈزۇ زۇلفىدىن كۆڭۈلكىم ئەرتەۋۇ ئاخشامغىچە ،
ئوتغە تۈشكەن رىشتە يەڭلىغ زارۇ ھەيران تولغانىب .
كۆل بولۇب ئايىنەئى كۆڭلۈمگە بەرمىشمەن جۇلا ،
خەستە جانىم بەرق رۇخسارىغە خەستەك ئۆرتەنىب .
يۈز سەمۇم ئېردى كۆڭۈلدە يار ۋەسلى قىلدى رەفئ ،
شادلىق يۈزلەنسە تاڭ يوق مۇنچە كۆپ غەمگە قالىب .
مەي ئىچىب يار ئىلكىدىن مەستانە ئولسام دەير ئارا ،
ئەي مۇغەننىلەر چىقىڭلار نۇھە ئاھەڭدىن چالىب .
ئەي كۆڭۈل ، ئاگاھ بول خاھ شاھ بولسۇن خاھ گەدا ،
دەھرزالى ئۆتكەزۇر ھەر بىرنى بىر يولغە سالىب .
جان بىلە كۆڭلۈڭنى مەھزۇن يارغە تاپشۇرماساڭ ،
خەس كەبى نابۇد ئېتەر دەريايى ئالەم چايقالىب .

*　　　*

زىھى ئەفلاكنى ئول تۈن بۇراقىڭ پايمال ئەيلەب ،
غۇبارىنى مەلا ئىك كۆزلەرىگە ئىكتىھال ئەيلەب .
بىساتى قۇربىغە يەتتىڭ ، يېتەلمەس ئەقل ئول يەرگە ،
مەقامى قاب قەۋسەين قاشلارىڭنى ئىھتىمال ئەيلەب .
مۇھەببەت بىرلە چىرلاب ئاشىقىڭ مەئشۇق ھەرىمىغە ،
ئارادىن ئىككىلىك كەتتى ئۆزىگە ئىتتىسال ئەيلەب .
ھەبىبىم دەب قىلىپ لۇتفۇ كەرەم ، قىلدى ساڭا بەخشش ،
تەمام ئۈممەتلەرىڭ يازۇقلارىن ھەقدىن سەۋال ئەيلەب .
ئۇرۇجۇڭ ئاخشامى يەر ئاستىندا سارغىرىپ تىترەپ ،
بۇراقىڭنىڭ ئىزى چۈن مىھرى يۈزىن ئىنتىھال ئەيلەب .
ياڭى ئاي چەرخ ئۈزە كۆپ ئارزۇ بىرلە قىلىب تەئزىم ،

ئاتىڭ نە ئىلنى ئۆپمەكلىك، ئۇچۇن قەددىنى دال ئەيلەب .
ئۆزۈڭ رەھم ئەتمەسەڭ شەرمەندەلىكدىن ، يا رەسۇلىللاھ ،
ساڭا مەھزۇن قىيامەتدە بولۇرمۇ ئەرزى ھال ئەيلەب .

*　　　*

فىغانىكىم سۇردى ئۇمرۇمنى فەلەك لەيلۇ نەھار ئەيلەب ،
بۇ ئەدھەم بىرلە بۇ ئەشھەب ئۆزى ھەردەم سەۋار ئەيلەب .
يوق ئېردى ئىختىيارىم كەلمەكۇ كەتمەككە ئالەمدىن ،
قەزا ئىلكى چىكەر ھەريان مىنى بى ئىختىيار ئەيلەب .
ئىلاھا ، ئانچە جۇرمۇم باركى ، تەۋفىق يوق ئىبادەتكە ،
كەرەم قىلساڭ نە بولغاي بارىنى يوق ، يوقنى بار ئەيلەب .
كېسەكدەك يانچىپ ئۆزلۈك تاغىنى ئۆلسەم ئەرەنلەردەك ،
فەنا يەلىگە بەرمەك بىرلە تۇپراغىن غۇبار ئەيلەب .
تەنىمنى زەررەئى قويماي نىشان پاك ئۆرتەدىڭ ، ئەي ئىشق ،
كەل ئەمدى قوي ھەزىن جانىمغە داغ [ لار ] يادگار ئەيلەب .
ئەگەر يۈز جان بېرىپ كوي ئىتلارى باسقان ئىزىن تاپسام ،
باشىمنى ئالماغايمەن تا قىيامەت سۇرمەزار ئەيلەب .
سىكەندەردەك كېرەكمەس پادىشاھلىق ، خىزرى ئۇمرى ھەم ،
تىلەرمەن ۋادىئى ھەيرەتدە ئۆلمەك ئۆزنى خار ئەيلەب .
كىرىب مەيخانەگە مەي دەير پىرى ئىلكىدىن ئىچمەي ،
كىشى غەمدىن قۇتۇلماق مۇمكىن ئېرمەستۇر فىرار ئەيلەب .
مەنى مەھزۇن گەداغە رەھم قىل مەھشەردە ، يا ۋەھھاب ،
گۇنەھكار ئەلنى باغلاپ ئۆتكەزۇردە بىر قەتار ئەيلەب .

*　　　*

دوستلار ، ياغسا جۇنۇن تاشى ماڭا قىلما سەبەب ،
كەلسە باشىمغە فىشانەمدە فىتىلگەن نى ئەجەب .
كۈندۈز ئاخشامغىچە ھەجرىدە ئانىڭ يۈزمىڭ غەمى ،
ھەر نەفەسكىم كېچە تاڭ ئاتقۇنچە يۈز رەنجۇ تەئەب .
ماڭا خۇنابەئى غەم ھەجرىدە يۇتماقنى قەزا ،
يازدى ۋەسل ئىچرە ئىچىپ مەي قىلۇر ئەل ئەيشۇ تەرەب .
ئىشق دەردى بىلە ھەجر ئەمگەكىدىن سۆز دېمەن ،
نالە تەقدىر ئىشىغە ئەيلەمە كىم ئېرمەس ئەدەب .
ھەجر تاغى بىرلە غەم دەشتىدە نابۇد ئۇلماي ،

ئشق ئارا قالماديكم خاھ ختنا خاھى ئەرەب .
ئۆزنى سابت قەدەم ئەت فەقر فەنا يولدا كم ،
ئاندا ئسباتغە يەتمەيدۇر ھەسەب برلە نەسەب .
پەھلەۋان دىمە تەھەمتەننى ، دېگل ئول كشنى ،
ئۆرلگەن چاغدا ئاچىغ سەبر بلە يۇسە غەزەب .
دەر [ د ] ۇ غەم كۆپرەك ئۇچۇن چەرخ ماڭا « مەھزۇن » دەپ ،
ئاھ نەيلەي ، ئاتم ئسمائل ئدى ، قويدى لەقەب .

*  *

كۆلبەمگە كەلسە ناگەھ ئننك مىھمان بولۇب ،
قلمايمۇ تۆئمە باغرم ئاڭا مزبان بولۇپ .
باغرم ئۆزۆب يمەكنى ئننك مەيل قلمادى ،
كۆز يولى برلە ھەسرەتدە، ئاقتى قان بولۇب .
ئۆلسەم نەغەم غەملك بلە كم ساڭا ھەر كۆنى ،
ياتمش يولۇڭدا مەن كەبى، يۇز ناتەۋان بولۇب .
ياغدۇردى كۆپ باشمغە جۇنۇن تاشى ، ئەي پەرى ،
بر ئوت سالپ كۆڭۆلگە جەماللك نھان بولۇپ .
قاشۇ كۆزۆك خەيالى يىتب قەتل ئتپ ئدى ،
ئۆلگەن كۆڭۆل تىرلدى لەبلك يادى جان بولۇب .
فاش ئەتتى ھەجر زە ئفنى خەلق ئچرە ، ئاھ كم ،
ئۇريان تەنم سۆڭەكلرى بر بر ئەيان بولۇپ .
كۆرسەتتى ھەجر زەخملەرى ۋەسل باغنى ،
كۆڭلۇم ئۆيدە ھەر برى بر تابدان بولۇب .
ئەي گۇل ئۇنۇتما بادى خەزاننى قلپ غۇرۇر .
بۇلبۇل قەناتى باشلك ئۆزە سايەبان بولۇپ .
مەھزۇن دېسەڭ قاچان تۇگەتۇر ئشق دەردنى ،
ھەر تار مويى تەڭدەكى بار بر زەبان بولۇب

*  *

ئەيكى ، ۋەسل ئستەرسەن ئۇلفەت رشتەسنى مەھكەم ئەت ،
ئتلارىغە يارنىڭ ئەۋۋەل ئۆزۆڭنى مەھرەم ئەت .
بەيتۇل ـ ئەھزان برلە ھجران زەھرنىڭ دەفئى ئۇچۇن ،
مەي ئچپ ئۆزنى فەنا مەيخانەسدە بىغەم ئەت .
ئەي كۆڭۆل ، ئول لەيلۋەشنىڭ ۋەسلغە يول تاپماساڭ ،

ئۆزگە مەجنۇندەك كىيىكلەرنى رەفىقۇ ھەمدەم ئەت .
سەبزەئى ئەيشىم كۆكەرسۇن ۋەسل باغىدا دىيسەڭ .
فۇرقەت ئىچرە ئانچە كىم يىغلاب كۆزۈڭنى پۇرنەم ئەت .
گەر نەماز ئەيلەي دىيسەڭ ئول بۇت قاشى مىھرابىغە ،
كىم ھىلال يەڭلىغ تەۋازىئ بىرلە قەددىڭنى خەم ئەت .
فەقر كويى ئىتلارى سىلكىگە كىرمەك ئارزۇ ،
ئەيلەسەڭ باسغان ئىزى تۇفراغىدىن ئۆزرە كەم ئەت .
تاپمادىڭ دەھر ئەھلىدىن ئىستەپ ۋەفا تاپتىڭ جەفا ،
دەھرىدىن مەھزۇن چىقىپ دەشتى ئەدەم سارى رەم ئەت .

* *

يار بەزمىدە مىنى ئۆتكەن كىچە ياد ئەيلەگەچ ،
تاپتى جان ئۆلگەن كۆڭۈلنى ، لۇتفى ئىلە شاد ئەيلەگەچ .
ۋەسل قەسرىغە كەبۇتەردەك كۆڭۈل پەرۋاز ئېتەر ،
ھەجر چاھى قەسرىدىن رەھم ئەيلەب ئازاد ئەيلەگەچ .
ھەجر ئەندۇھ بىرلە قاچتى تاپمايىن يول دەربەدەر ،
ۋەسل باغى ئىچرە ئول گۇل مەجلىس ئاباد ئەيلەگەچ .
بادەئى لەئلى بىلە يۈز ئانچە سەرشار ئولدى جان ،
زۇلم تىغىدىن جەفا ئول ئىككى جەللاد ئەيلەگەچ .
ئول ئىچىپ تۇتتى ماڭا مەي ، مەن ئىچىپ تۇتتۇم ئاڭا ،
ھۇجرەئى خاس ئىچرە مەن بىر نەغمە بۇنياد ئەيلەگەچ .
غەير نەقشى قالمايىن كەتتى كۆڭۈل جامىدا كىم ،
مەينى يۈز سىرىپ سۇمۇرمەك بىرلە بىداد ئەيلەگەچ .
ئاھ نەيلەيكىم ، خە يال ئېردى ۋە قۇش ئۇشبۇ ھال ،
شەمئ ۋەسل ئۆچتى خۇرۇسى سۇبھى فەرياد ئەيلەگەچ .
يوق فەرىدۇن تەختى بىرلە جامۇ جەمدىن ھىچ نىشان ،
بىۋەفالىقدىن بۇلارنى چەرخ بەرباد ئەيلەگەچ .
كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە مەھزۇن ۋەسلىغە يوق ئېئتىماد ،
ھەجر ئىلە قىلماق سىتەم ئول بىزگە مۇئتاد ئەيلەگەچ .

* *

گۇلگۇن ......(1) يۈزۈڭدە نىگار ئولغاچ ،
ئاچىلدى چەچەك ھەريان ئاندىن بۇ بەھار ئولغاچ .
....... (2) كۆرگەچ قان مۇمكىن ئولۇر گويا ،

(1) (2) ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇنلار ئۆچۈپ كەتكەن .

بۇلبۇلغە يىتەر زەخمەت گۇل يانىدا خار ئولغاچ .
باغرىم ئۆزۈلۈپ چىقتى ئاھىم تۈتۈنى بىرلە ،
ئەنجۇم بىلە چەرخ ئىرمەس بۇدەۋر شەرار ئولغاچ .
قوزغالدى ھەمە ئافاق يۈز فىتنە بىلە بۇ دەم ،
ئولشوخ سەمەندىغە مەستانە سەۋار ئولغاچ .
يەتمەس كىشى مەقسەدغە تا ئۆزنى فەنا قىلماي ،
ئۆتتى ئاياغىن كۆڭلۈم يولىدا غۇبار ئولغاچ .
جان ۋەسلىغە يول تاپتى تەگمەك ئاڭا ، ئەي ئەھباب ،
ھەجر ئوقلارىدىن جىسمىم يۈز يەردە فىگار ئولغاچ .
فىتراكىغە كۆڭلۈمنى بەند ئەتمەس ئىدى ھەرگىز ،
سەيد ئەتتى كىلىپ سەھۋەن ئول گەرم شىكار ئولغاچ .
يارەب ، بۇ نەچۇك كۆزدۇر مەي ئورنىدا پەي دەرپەي ،
قانىمنى ئىچىپ قانچە قانماپتۇ خۇمار ئولغاچ .
شايەدكى قىلۇر رەۋشەن ئول ئاي كىلىپ ، ئەي مەھزۇن ،
سەبر ئەيلە مەلال ئولماي غەم كۇلبەسى تار ئولغاچ .

*     *

ئۆلتۈرۈر ، گەر تىر گۈزۈر ئول مەھلىقاغە يوق ئىلاج ،
بار ئانىڭدەككىم قەزا بولغان بەلاغە يوق ئىلاج .
ئەۋۋەلا كۆر گىل مىنىڭ ھالىم دەۋادىن دىمە سۆز ،
بىلمەدىڭمۇ ئۇشبۇ دەردى بىدەۋاغە يوق ئىلاج .
............ ② ھۆسنى زەكاتىن بار مۇڭلۇغ جان بىرىپ ،
تەلمۈرۈپ تۇرماقدىن ئۆزگە بىنەۋاغە يوق ئىلاج .
« كىم سىنى رەنجۇر قىلدى » ـــ دىدى ئول ، قىلدىم سۇكۇت ،
پادىشاھى بىرلە سۆزلەشمەك گەداغا يوق ئىلاج .
توختىماستىن كۆپ تىكىپ زەخمىم كۇلۇپ دەير ئىچرە كىم ،
ھەجر ئوقى پەيكانلارى قىلغان ياراغە يوق ئىلاج .
ئىستەدىڭ ئەيكىم قۇتۇلماغلىق جەھان غەۋغاسىدىن ،
ئىچمەيىن بىر جام مەي بۇ ماجەراغە يوق ئىلاج .
سەبر قىلغىل بۇ مۇسىبەت بىرلە يىغلاپ ھەركۇنى ،
كۆپ فەرىشان بولما مەھزۇنكىم ، قەزاغە يوق ئىلاج .

*     *

زۇلم تىغى قىلمادى بۇ جىسم ئۇريانىمنى تىنچ ،

ئەشك سىلى قىلماغاندەك بەيتۇل ـ ئەھزانىنى تىنج .
مېھر رەشكى بىرلە ئانىڭ ئەتمەدى يۈز ۋاي كىم ،
خەستە جانىم تەلبە كۆڭلۈمنى ، كۆڭۈل جانىمنى تىنج .
ئول بەھارى ھۇسنى يادى بىرلە بەرقۇ رەئددەك ،
كىم ئىشتتى ياتمادى بۇ ئوتلۇغ ئەفغانىمنى [ تىنج ] ،
سەبر خەيلىغە كۆڭۈلدە مىزبان ئېردىم ، ۋەلىك ،
ئىشق زورى قويمادى ئاندا بۇ مېھمانىمنى تىنج .
ۋەئدە بەرگەچ ھەر رەگىدە سەكرەشۇرلەر شەۋقدىن ،
قەتل ئېتىپ كاش ئەيلەسە يەپ ئىنلارى قانىمنى تىنج .
تىنج ئۇلاي دېدىم جەھان ئىشغالىدىن ئىلكىم چېكىپ ،
قىلما ، يارەب ، بىر نەفەس كىلكى دۇرئەفشانىمنى تىنج . ①

* *

تاكۆڭۈل ھەجر ئوقلارى بىرلە چىقاردى بالۇ پەر ،
ھەر نەفەس پەرۋاز ئىتىپ ۋەسل ئەۋجىغە قىلدى گۇزەر .
ھەجر دەردىنى چېكەردىن بولمايىن ھەرگىز مەلۇل ،
ئاڭلادىم كىم ۋەسل ئىكەندۇر ھەجر نەخلىغە سەمەر .
شۇكرلىللاھ ياردىن كۆردۈم ۋەفا ، تارتىپ جەفا ،
ئۇيلەدۇركىم كۆرمەيىن جەننەتغە يول يوقدۇر سەقەر .
دەير ئىچىدە ئۆلتۈرۈر چاغدا مېنى رەنجى خۇمار ،
لۇتف ئىتىپ تىرگۈزدى مەيدىن ئول بۇتى زەررىن كەمەر .
پىر دەير ئالدىدا جان بەرسەم نې تاڭ ئول مەي پۇرۇش ،
مۇھتەسىب مەي ئىچكەنىمنى ئەلگە ئايتۇر دەربەدەر . ②

* *

ئەي لەتافەتدە يۈزۈڭگە ماھى تابان ئوخشاماس ،
لەئلى سىرابىڭغە ھەرگىز ئابىھەيۋان ئوخشاماس .
قامەتىڭغە سەرۋى ئەر ـ ئەر ئوخشاماي قان يىغلادى ،
خىرمەنى ھۆسنۇڭغە ، ئەي گۇل ، باغۇ بۇستان ئوخشاماس .
ئارەزىڭنى گەردېسە نەققاشى چىن تەسۋىر ئىتەي ،
تا قىيامەت جان چېكىپ ھەردەم يۇتۇپ قان ئوخشاماس .
.........③ ئەيلەب تارىپدۇر باغبان ،

---

① بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان .
② بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان .
③ بۇ بېيتنىڭ باش تەرىپى كېسۋېتىلگەن .

كۆز ياشى بىرلە سۇ بەرگەن بىرلە رەيھان ئوخشاماس .
......... (1) مەن گەداغە قىل كەرەم ،
پادىشاھلىق بولماسا گەر لۇتف ئىھسان ئوخشاماس .
يىغلاسام ۋەسلىڭگە يول تاپماي فىراقىڭ دەشتىدە ،
كىم سىرىشكىم مەۋجىغە دەريايى ئۇممان ئوخشاماس .
سەلتەنەتكە يەتمەدىم دەپ بولما مەھزۇن دەردىناك ،
بۇ رىيايى فەقرگە تەختى سۇلەيمان ئوخشاماس .

*　　　*

ئەي كۆڭۈل بىزگە بۇكۇن دەردۇ بەلا ئىرمەس ئەمەس ،
يارھەجرى بىرلە يۇز رەنجۇ ئەنا ئىرمەس ئەمەس .
ھەجر تىغىدا يۇرەك باغرىم ئولۇپ يۇز پارەئى ،
كىم ئانىڭ ھەربىرى يۇز يەردە يارا ئىرمەس ئەمەس .
ئايرىلىپ ئۆلسەم ئول ئايدىن مىنى تىر گۇزمەس ئۇچۇن ،
رەھم ئىتىپ كەلسە مەسىھ جانغە جەفا ئىرمەس ئەمەس .
ساقىيا ، تۇت ماڭا مەي زەھر قوشۇپ كۆپ - كۆپ ئىچەي ،
ئالەم ئالەم غەمىغە ئۇشبۇ دەۋا ئىرمەس ئەمەس .
چىداماي چەرخ [ نىڭ ] جەفاسىغە شكايەت ئەيلەمەك (2) ،
فەقر ئىلى رەسمىسىدە جۇززى خەتا ئىرمەس ئەمەس .
دەھر ئىلى ئەھد ئىلە پەيمانىغە يوق زەررە ۋەفا ،
كىم ئانىڭ دىمە شىئارىدا ۋەفا ئىرمەس ئەمەس .
ھەر بەلايىكى كىلۇر باشىگە مەھزۇن ئاندىن ،
شۇكرى قىل سەبر بىلە لۇتف ئەتا ئىرمەس ئەمەس .

*　　　*

تۇناردا ساقىئى گۇلچىھرە بادە ...
دەبان ھالىڭنى يىغلاب زار - زار ئىچ .
نەفەس جان تەندە دۇر ھەركۇن ساناغلىق ،
بىرىپ جان ھەر نەفەسدە بىشۇمار ئىچ .
ئىشىت « يائەيىۇھەل - ئەتشان » نىداسىن ،
كى ئولمە تەشنە لەب بى ئىختىيار ئىچ .
يوق ئىرسە بەرگەلى مەي ۋەجھىگە نەقد ،

ھەزىن جان جەۋھەرىن ئەيلەپ نىسار ئىچ .
رىيا يوقتۇر خەرابات ئەھلى ئىچرە ،
تۇنۇكۇن خاھ نىھان خاھ ئاشكار ئىچ .
مەيى ۋەھدەت تاپىپ ئالەم غەمىدىن ،
قۇتۇلماق ئىستەسەڭ مەردانەۋار ئىچ .
دىسەڭ مەھزۇن بولاي مەيدىن تەرەبناك ،
پىياله بولسە گەردىندەك تاغار ئىچ .

(1) بۇ بېيىتنىڭ باش تەرىپى كېسىۋېتىلگەن .
(2) بۇ سۆز ئەسلىدە « قىلماق » بولۇپ ، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن « ئەيلەمەك » ئالدۇق .

*     *

ئەيلەدى كۆرگەچ يامان هالىم يەقاسىن چاك سۇبھ ،
ماتەمىغە تۆن قارا تونىن كىيىپ غەمناك ، سۇبھ .
رەھم ئېتىپ هالىمغە يىغلاپ كۆز ياشىدىن ئانچە كىم ،
شەبنەم ئېبرەمەس يەر يۈزىنى ئەيلەدى نەمناك سۇبھ .
ۋەسل شەمئىنى ئۈچۈرگەندىن پۈشەيمان ئەيلەبان ،
مىھر ئوتى بىرلە كۆيۈپ بولدى ئەدەم بىباك سۇبھ .
بىر نەفەسدە ئاشىقى سادىق سۈرار ئەغيارنى ،
سالقىنى بىرلە سۈپۈرسە نې ئەجەب خاشاك سۇبھ .
ئول كىشىدۇر ئاشىقى كازىب ئېرۇر يۈزى قارا ،
سادىق ئولسە تۆن سەۋادىدىن يۈزىدۇر خاك سۇبھ .
قەتل ئېتەر ئەهلى مۇھەببەتنى فەلەككىم گورىيىا ،
مىهر زاھىر ئەيلەگەندىن يوق بولۇر چالاك سۇبھ .
ئۆمر جاۋىد ئىستەسەڭ مەهزۇن فەنا دەيرىغە كىر ،
مەي تۇلا ئىچ شام بىرلە قىلماغىل ئىدراك سۇبھ .

*     *

خەستە جان تاپتى كۆرۈپ ئول لەئل خەنداندىن فەرەھ ،
چۇن تاپار بىمار كۆرسە ئابھەيۋاندىن فەرەھ .
شاد ئولۇر كۆڭلۈم قۇشى ئول گۇل جەمالىغە قاراپ ،
تاڭ ئەمەستۇر يەتسە بۇلبۇلغە گۇلىستاندىن فەرەھ .
جان چىقاردا تەشنەلىكدىن هەجر ئارا ئاتتىڭ بىر ئوق ،
شۇكرلىللاھ سۇ ئىچىپ ئول بولدى پەيكاندىن فەرەھ .
كۆزلەرىڭ قانىمنى تۆكمەك بىرلە خۇرسەند ئولدىلار ،
كىم بولۇر جەللادلار قان تۆكمەيىن قاندىن فەرەھ .
خۇررەم ئولمىش گەۋھەر ئالغان ئىشق بەھرىغە چۈمۈپ ،
ئۈيلەكىم غەۋۋاس بولمىش دۇررى غەلتاندىن فەرەھ .
(1)...... چەرخى كەجرەفتار ئىشى قان يىغلاتۇر ،
بولماغىل سەرشار ئولۇپ بەزم ئىچرە دەۋراندىن فەرەھ .
(2) ...........................................................

(1) قۇر بىشىدىكى خەت ئۆچكەن .
(2) بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان .

* *

..............................................(1)

گەردىسەڭكىم يار خىلۋەت گاھىغە مەھرەم بۇلاي ،
ئىشق ئارا ئۆرتەپ ۋۇجۇدۇڭنى فەنا قىل ، ئەي رەفىق .
پىر دەير ئىشكىگە بار ئالەم غەمىن كۆرمەي دىسەڭ ،
بىر قەدەھ مەي بەرسە ئول يۈزجان فىدا قىل ، ئەي رەفىق .
دەھر ئىلىنىڭ ئىستەسەڭ بولماق جەفاسىدىن خەلاس ،
بىر جەفاسىغە ئانىڭ سەن يۈز ۋەفا قىل ، ئەي رەفىق .
ۋادىئى مەقسەدغە يول تاپماق تىلەرسەن ئۆزنىكىم ،
خىرقە ۋۇ سەججادە قەيدىدىن جۇدا قىل ، ئەي رەفىق .
سەبر بىرلە بول فەلەك كۆڭلۈڭنى رەنجۇر ئەيلەسە ،
ئۇشبۇ دارۇ بىرلە دەردىڭگە دەۋا قىل ، ئەي رەفىق .
ئەيلەسەڭ ۋەھدەت مەقامىدا نەۋا تاپماق خەيال ،
ئىككى ئالەمدە ئۆزۈڭنى بىنەۋاقىل ، ئەي رەفىق .
ئىشق بازارى ئارا فەرياد ئىتىپ ئۇششاقلار ،
ئاڭلاسۇن ئۇشبۇ نەسىھەتنى ، نىدا قىل ، ئەي رەفىق .
نۇكتەئى فاش ئەيلەگەن بۇ نەزم رۇھ ئەفزانىكىم ،
ئوقۇبان مەھزۇننى ياد ئەيلەپ دۇئا قىل ، ئەي رەفىق .

* *

ئارەزۇ خالىڭ بەھارى لالەۋۇ ھەمرادا يوق ،
قاشۇ كۆزۈڭنىڭ مىسالى گۇنبەزى خىزرادا يوق .
ئانچە كىم سەۋداسىدا كەزدىم جەھان بازارىنى ،
كاكۇلۇڭنىڭ رەڭۇ بۇيى ئەنبەرى سارادا يوق .
جانغە بەرمەس شىشەئى ئەينى تەسمى سەلسەبىل
لەبلەرىڭ يەڭلىغ ئىچىپ نەيلەي ئامال داۋادا يوق .
قالمادى مەن يۈرمەگەن ۋادى قويۇندەك تىنمايىن ،
قامەتىڭدەك بىر نىھالى تاغۇ ياسەھرادا يوق .
ئوخشاماس ھەرگىز ھىنا ياقغان ئاياغىڭ رەڭگىگە ،
گەرچە يوقدۇر شۇ تىبرىقنىڭ گۇلى ......(2) يوق .
كۆپ ئىشتتىم بەزم ئارا ئوششاقلارنىڭ قىسسەسىن ،

---

(1) بۇ غەزەلنىڭ باش تەرىپى يوقالغان .
(2) خەت ئۆچكەن .

سەندەكۇ مەندەك تەئەججۇب ۋامىقۇ ئۇزرادا يوق .
خەستە مەھزۇننىڭ سەھەر يادىڭدا قىلغان نەغمەسى ،
زارۇ گىريان نالە قىلغان بۇلبۇلى شەيدادا يوق .

*　　　*

ئەي كۆكۈل ئول گۇلغە بۇلبۇلدەك نەۋا ساز ئەيلەگىل ،
ھەر نەفەس سازىڭغە ھالىم شەرھىن ئاغاز ئەيلەگىل .
جىسمىڭە ھەر يان قادالغان ھەجر ئوقىدىن بالۇ پەر ،
راست ئەيلەپ ۋەسل بەزمى سارى پەرۋاز ئەيلەگىل .
بارچەدىن مۇستەغنى ئول پەرۋاسى يوق ۋەسل ئەۋجىدە ،
خاھ نىيازۇ ئەجز زاھىر ئەيلە خاھ ناز ئەيلەگىل .
نالە قىلماي كىم جەفاسىن چەك ، ۋەفا كۆز تۇتماغىل ،
مەن دىيەلمەسمەن ۋەفا كۆپ قىل ، جەفا ئاز ئەيلەگىل .
كۆرسەڭ ئول كويىدا ياتغان بىر غەرىبى ناتەۋان ،
يۈز ئاياقىغە قويۇپ شاھانە ئىئزاز ئەيلەگىل .
ئۇچراسا كۆي ئىتلارىدىن بىر زەئىف ئىت مەن كەبى ،
ئول ۋەفا ئەھلى ئىرۇر ئۆزۈڭگە ھەمراز ئەيلەگىل .
ئاستانىغە قويۇپ باش ئەرزى ھالىن يەتكۈزۈپ ،
بىنەۋا دىل خەستە مەھزۇننى سەرەفراز ئەيلەگىل .

*　　　*

ئەزەلدە گۇلغە بولۇپ ئىردى ئاشنا بۇلبۇل ،
يوق ئىرسە نىچۈن ئاڭا بولدى مۇبتەلا بۇلبۇل .
سەھەردە نالە قىلىپ يەتسە گۇلغە تاڭ ئىرمەس ،
نەۋا تەرەننۇمىدىن زار بىنەۋا بۇلبۇل .
چەمەندە ئوتغە تۇشۇپ كۆيگەچ ئاتەشىن گۇلدىن ،
بۇلۇپدۇرۇر پەرى ئول رەڭگىدەك قارا بۇلبۇل .
سەھەردە گۇل يۈزىدىن ئىچتى بادەئى شەبنەم ،
چۇ قىلدى كەيفدە مىلك داستان ئەدا بۇلبۇل .
قاناتلارىنى سوقۇپ بىر بىرىگە گۇلنى كۆرۈپ ،
ئۆزىن تىكەنگە ئۇرۇپ قىلدى جان فىدا بۇلبۇل .
ئەمەس قارا يەر ئانىڭ رەڭگىدە تۇتۇپ ماتەم ،
قارا گەزىنى قىلىپ بۇينىغە رىدا بۇلبۇل .
چەمەندە بۇلبۇل ٦ ئىلە ٣ گۇلنى خوش تۇت ، ئەي مەھزۇن ،

بۇكۈن سەھەردە ساڭا بولدى ھەمنەۋا بۇلبۇل .

*　　*

(1) .........................................................

ناسها ، مەنىڭ ئەيلەمە ئول ئاي جەمالىنى كۆرۈپ ،
قاشى مىھرابىغە تاك ئىرمەس ئەگەر قىلسام نەماز .
ئىشق بەھرىن باك ئاشىق سەبر ئىتەر زاھىد نىكىم ،
بار ئانىڭدەككىم ئۈزەر ئۈزمەس تاۋۇق دەريادا غاز .
بىۋە فالىقدىن ئەگەرمەن تەلبەنى قەتل ئەتمەدى ،
نې ئۈچۈنكىم ئول پەرىنىڭ جەۋرى كۆيدۇر ، رەھمى ئاز .
گۇل خەزان بولغۇنچە مەي ئىچ تا بەھار ئەيىامىدىن ،
مەست بىخودلۇقدا قىلماي تۈننى كۈندىن ئىمتىياز .
قىلماغان ئەيلەپ گۇناھ باشىن خىجالەتتىن قويى ،
مەغفرەتدىن ھەشر مەيدانىدا بولماس سەرفەراز .
مەھزۇنا ، ئىسسىغ ساۋۇق يەتسە فەلەكدىن باشىڭە ،
چارەئى يوقدۇر رىزادىن باشقە قىلما ئىئتىراز .

*　　*

ماڭا ، ئەي باغبان ، گۇلشەن كىبرەكمەس ئول سۇمەنبەرسىز ،
كىرەرمۇ جان بىرىپ ئىشق ئوينىغان جەننەتكە دىلبەرسىز .
جەمالى پەرتەۋىدىن بولدى بىدىل بارچە ئاشقلار ،
ۋۇجۇدى مۇمكىن ئىرمەس زەررەنىڭ خۇرشىد ئەنۋەرسىز .
ياپىپ زۇلفىنى تاخۇيلۇغ ئۈزارىن ئەيلەدى پىنھان ،
مەنى بىدىلغە تاك يوق ھەجر شامى بولسە ئەختەرسىز .
كۆڭۈلدە بولماسا مىھرى ئول ئايىنىڭ كىم ئىرۇر ئانداغ ،
نې قەدرى بار كەشىف يەڭلىغ سەدەفكىم بولسا گەۋھەرسىز .
لەبى بىرلە بەلى ۋەسفىن بازارغە بەس مۇناسىبدۇر ،
خەيالى زۇلفىدىن جان سەفھەسى ئىرمەسكى مەستەرسىز .
كۆڭۈل ھەجر ئوقلارىن قىلماق تەمەننا ۋەسل باغىدۇر ،
بۇ قۇش مەيل ئەيلەمەس ئۇچماقنى ھەرگىز بولسە ئەشھەرسىز .
تەرىقى ئىشقدىن باش چەكمە گەر ئاشىق ئىسەڭ ، ئەي دىل ،

(2) .........................................................

---

(1) بۇ غەزەلنىڭ باش تەرىپى يوقالغان .
(2) بۇ غەزەلنىڭ ئاخىرى يوقالغان .

* *

ئەي كۆڭۈل جەهد ئەيلە ئۆزنى رىندلەر بەزمىغە قات ،
قەترەئى مەنسۇر يەڭلىغ تابىئى ۋەهدەتنى تات .
ئاشنا بولماق تىلەرسەن يارغە جان ئوينابان ،
ئەيلەگىل زىنهار ئەۋۋەل ئۆزلۈكۈڭدىن ئۆزنى تات .
هەجر زىندانى غەمدىن بولماغىل هەرگىز مەلۇل ،
گەر تەلەب قىلساڭ هەرىمى ۋەسلىغە يەتمەكنى پات .
جادەئى مەقسەددە هەر بىر سەددى ئىسكەندەر ئېرۇر ،
هەر سۆڭەك جىسمىڭدا باردۇر بەند بەندىدىن ئۇشات .
فەقر كويى ئىتلارىنىڭ سىلكىدىن چىقماي دېسەڭ ،
باش قويۇپ ئول كوي ئارا گۇلخان كۈلى ئۈستىدە يات .
ئىستەسەڭ مەقسەد تىلىسم جىسم ئارا فەرهاددەك ،
ئەژدەهايۇ ئەهرەمەننى ئاهىڭ ئوقى بىرلە ئات .
مەهزۇنا گەر بەندە بولماق ئاززۇ قىلساڭ ئاڭا ،
ئىشق بازارى ئارا بوينۇڭنى باغلاپ ئۆزنى سات .

* *

داد فەريادىمغە يەت ئۆلتۈردى هىجران ، ياغىياس ،
كۆيدۈرۈپ هەم كۆل قىلىپ ساۋۇردى هەريان ، يا غىياس .
دەردى بىدەرمانغە قالدىم ، ئانچە ئىستەپ تاپمادىم ،
سەندىن ئۆزگە قىلغۇچى دەردىمغە دەرمان ، يا غىياس ،
لۇتف رۇخسەت بىرلە هەردەم ئۆزگەدىن ئەيلەپ كۇشىش ،
جانۇ كۆڭلۈڭنى ئۆزۈڭگە ئەيلە هەيران ، ياغىياس .
تۈن قاراڭغۇ ، يول يىراق ، قورقۇنجى كۆپرەك ، يۈك ئاغىر ،
يىغلادىم فەرياد ئېتىپ ، قىلغىل سەن ئاسان ، يا غىياس .
دەرگەهىڭغە يۈز قويۇپ يىغلاپ گۇناهىمنى تىلەپ ،
شەيئى لىللاه دەپ چېكىپ فەريادۇ ئەفغان ، ياغىياس .
قالمادى رەهم ئەيلەبان ئىلكىم تۇتۇپ كۆرسەتمەسەڭ ،
هەجردىن يول ۋەسلىغە تاپماقغە ئىمكان ، يا غىياس .
تەشنەلىكدىن بەرمەسەڭ مەهزۇن سەدەفدەك زار ئۇلار ،
رەهمەتىڭ دەرياسىدىن بىر قەترە نەيسان ، يا غىياس .

* *

ئۆلمەكىمگە ئېرۇر ئول شوخ ستەمگەر بائىس ،
تاڭ ئەمەس بولسە ھەياتىمغە كەبى گەر بائىس .
سورماڭىز كۆزۈ قاشىنىڭ ستەمىن قەتلىمغە ،
ھەركۈنى بولدى بۇ ئەيىار ئىلە خەنجەر بائىس .
قامەتى يادىدا تاغ ئۆزرە قۇيۇندەك يۈگۈرۈپ ،
خاكسار ئولماقىمە بولدى سەنەۋبەر بائىس .
ئاتەشى ئىشق تۇشۇپ كۆيدى مامۇقدەك جىسمىم ،
بولماسا كۆيمەس ئىدى ئانچە بۇ ئەخگەر بائىس .
بائىسىن سور [ بۇ ] كۆكۈلنىڭ يىنىپ ئۆرتەنمەكىنىڭ ،
ساقىيا بولدى ئاڭا مەي بىلە ساغەر بائىس .
ھەركىشى دەۋر قىلۇر ئۇشبۇ جەھاندا كىم ئېرۇر ،
سەرنىگۈن بولماقىغە چەرخى مۇدەۋۋەر بائىس .
دۇررۇ نەزمىڭنى قىلىب جەمئ مەگەر ، ئەي مەھزۇن ،
سەفھەئى يازماس ئىدىڭ بولماسا دىلبەر بائىس .

* *

ئول پەرىۋەشكە كىشى دىۋانە بولماسمۇ ، بولۇر ،
شەمئ رۇخسارىن كۆرۈپ پەرۋانە بولماسمۇ ، بولۇر .
مۇمكىن ئېرمەس يۈز يىل ئىستەپ ۋەسلىغە يەتمەك ئانىڭ ،
لۇتف ئىتىپ كەلسە ئۆزى ھەمخانە بولماسمۇ ، بولۇر .
جىلۋە بىرلە مەرھەبا دىسە ئالىپ ئىلكىگە جام ،
ھەر نەفەسدە يۈز ئىچىپ مەستانە بولماسمۇ ، بولۇر .
ۋەسلى ئارا ۋەھدەت مۇبەررالىق ئېرۇر ئۆزلۈك ھىجاب ،
كىم بۇ يەڭلىغ غەيرىدىن بىگانە بولماسمۇ ، بولۇر .
ئىستەپ ئول يۈزنى پەرىشان زۇلفى ئارا ئۇششاقلار ،
ياستانىپ دەيرۇ ھەرەم ئەفسانە بولماسمۇ ، بولۇر .
ئاشىق ئولغان ئاقىبەت بىرلە سەلاھنى تەرك ئىتىپ
ئىككى ئالەمدىن كىچىپ رىندانە بولماسمۇ ، بولۇر
بەھرى ئىشق ئىچرە چۇمۇب غەۋۋاس يەڭلىغ ، مەھزۇنا ،
تالىبى ئول گەۋھەرى يەكدانە بولماسمۇ ، بولۇر .

* *

ئافتابنى رەۋشەن ئەتتى ئاتەشىن رۇخسارىڭىز ،
خاسىيەت ئىيساغە بەردى لەئلى شەككەر بارىڭىز .

ئەنبەر ئەفشان زۇلفۇڭىز گوياكى يەلدا لەيلى قەدر ،
سايەسىز قەد بىرلە تۇزدى دىن يولىن رەفتارىڭىز .
بىر سىزىڭدەك يوق نەبۇۋۋەت بەھرىدە يەكتا گۇھەر ،
ئۆز گەلەر يەڭلىغ ئەمەس بۇ ۋەجھدىن ئەتىۋارىڭىز .
ھەقتەئالا ئەمرى بىرلەن بەرگەلى دۇشمەنگە تاب ،
جانۇدىل بىرلە مەلائىك كەلدى ، خىزمەتكارىڭىز .
تا قىيامەت نۇتقۇڭىزدىن چىقماغايلار ئەل نېدىن ،
راست ئانداغكىم كەلامۇللاھ دۇررۇر گۇفتارىڭىز .
ئورنى دەۋزەخدۇر ، بۇلارنى ھەركىشى دوست تۇتمادى ،
كىم ئەبابەكر ، ئۇمەر ، ئۇسمان ، ئەلىدۇر يارىڭىز.
يۇز ئوقۇبەتلەر باشىغە كەلسە ھەرگىز غەم يېمەس ،
كۆرسە بۇ مەھزۇن گەدا مەھشەر كۇنى دىيدارىڭىز .

*    *

(1) ........................................................

كۆب خەتادۇر كىم ساڭا ، ئەي باغبان ، كۆرمەي ئانىڭ ،
دېمە نازۇك قامەتىنى سەرۋى رەئنا بىرلە تەڭ .
قىلغالى مەجنۇن كۆڭۇلنى قەيد رەڭگى بۇيىدىن ،
سۇنبۇلى پېچان ئەمەس ئول زۇلف سەۋدا بىرلە تەڭ .
ئىشق ئارا كۆيمەك بىلە ۋامىق ئەمەس مەندەك ئەدەم ،
قىلما ئول ھۇرى پەرىزادىمنى ئۇزرا بىرلە تەڭ .
ۋەھشىلەردىن رەم ئېرۇر دىۋانە كۆڭلۇم ھەر زەمان ،
دەشتى ئىشق ئىچرە ئەمەس مەجنۇن شەيدا بىرلە تەڭ .
بىر كۇنى ئەيكىم ياتارسەن يەر قويى تۇفراغ ئارا،
نې ئىسىغدۇر بولسە قەسرىڭ چەرخى ئەئلا بىرلەتەڭ .
سۇھبەتى ناجىنسىدىن مەھزۇن كۆڭۇلنى ئاسرا كىم ،
شىشە بولمايدۇر سىنار ھالەتدە خارا بىرلە تەڭ .

*    *

يار كويىغە كۆڭۇلنى مۇبتەلا قىلماق كېرەك ،
بولماسا تەن مۇلكىدىن ئانى جىلا قىلماق كېرەك .
تەلبە يەڭلىغ كەلسە ناگەھ قايتارۇپ يۇز كۆرمەيىن ،
خەنجەرى ھەجر ئىلە سانجىپ يۇز يارا قىلماق كېرەك .
يار كويىنى فەراغەت دەپ ئەگەر ئايلانماسا ،

(1) بۇ غەزەلنىڭ باش تەرىپى يوقالغان .

ئەل ئارا ئايلاندۇرۇپ يۇزىن قارا قىلماق كېرەك .
ئەيش راھەت چاغلاماي ھەردەم جەفاسىن چەكمەسە ،
رەنجۇ مېھنەت بىرلە يۇز تۇرلۇك جەفا قىلماق [ كېرەك ] .
تۇئمە دەپ كوي ئىنلارىڭ ئالدىغە باشىن قويماسا ،
ھەجر تىغى بىرلە باشىنى جۇدا قىلماق كېرەك .
ئول كۆڭۇلكىم يار يادى بىرلە ئېرمەس ھەر زەمان ،
ئوتغە سالىپ كۈل قىلىپ ، سارۇپ ئەدا قىلماق كېرەك .
ئول كۆڭۇلكىم ياردىن غافىل ئەمەستۇر مەھزۇنا ،
سەدقە ئەيلەپ ئۆزنى ھەم جاننى فىدا قىلماق كېرەك .

* *

فەقر كويى ئىچرە كىر سەڭ ئەيلەمەي نامۇسۇ نەڭ ،
ئۇزلۇكۇڭنى تاشلاغىل ، شاھۇ گەدادۇر ئاندا تەڭ .
كۇچ بىلە مەقسەدكە يەتمەك مۇمكىن ئېرمەس ، ئەي كۆڭۇل ،
شىرى غەرراندىن ئۆتەر دەشتى فەنادا مۇرۇ لەڭ .
يار ئەكسىنى كۆڭۇل ئايىنەسىدە ئىستەسەڭ ،
ئەژدەھايى نەفس ئىلە فەرھاد يەڭلىغ ئەيلەجەڭ .
سۇرخ رو بولماق تىلەرسەن ئىككى ئالەمدە ئەگەر ،
قىل سەھەر سارىغ يۇزۇڭنى ئەشك قانى بىرلە رەڭ .
ئىشق ئوتى تابىدىن ئۆزنى ئەيلەمە ھەرگىز خەلاس ،
مۇم مەسەللىك يۇمشاتۇر كۆڭلۇڭ تۆمۇردەك بولسا زەڭ .
يەپ تۇلا دۇنيا غەمىن فىكر ئەيلەمە تەۋلى ئەمەل ،
ئۇيلەكىم فاسىد خەيال ئەيلەر ..............................(1)
بارما مەھزۇن زۇھد ئېلىنىڭ سۆھبەتىغە ، قىزغانۇر ،
پىردەير ئالدىغە ..........................................(2)

* *

كىردى بەزم ئىچرە بولۇپ جىلۋەگەر ئول سىيىمبەرىم ،
رەشكىدىن سۇ بولۇپ ئاقتىم يوق ئۆزۇمدىن خەبەرىم .
زۇلف ياپتى يۇزىنى كۇفرى ئىلە ئولماق نېتەيىن ،
شامى ھىجرانغە بەدەل بولدى ۋىسالى سەھەرىم .
ئول قوياش يادىدا چەرخ ئۇزرە شەھاب ئەتمە گۇمان ،
ئۇزۇلۇپ چىقتى كۆيۇب ئاھىم ئوتىدىن جىگەرىم .

(1) (2) بۇ يەردىكى سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن .

ئشق ئوتی كۆیدۈرۈبان قىلدى ۋۇجۇدۇمنى ئەدەم ،
كۈلنى بەردى فەنا يەلىگە قويماي ئەسەرىم ·
قويمەجا ئەهلى ماڭا كەسب ئىلە بول مالا مال ،
فەقر كويىدا فەنا ئەيلەمەك ئۆزنى هۇنەرىم ·
ئۇمرۇم ئەللىككە يەتىپ ئەمدى تايانمايمۇ ئەسا ،
دەهر باغىدا سىنىپ شاخى ئىگىلدى شەجەرىم ·
مەي ئىچەر دەپ مەنى مەهزۇننى ئىبتەرسەن ئۇچەشىپ ،
زاهىدا، تاڭلا ساڭا زەررەچە يوقتۇر زەرەرىم

*        *

زىبهى مۇلكى ئەدەمدىن تا چىقىپ شەهرى ئەجەم كەلدىم ،
چىكىلدىم ئەقلى مىزانى ...... ئىندىنمۇ كەم كەلدىم ·
ئەجەمنىڭ مەككەسىنى نەۋق ئىتەي دەپ بىر زەئىف ئىندەك ،
يۈرۈپ هەسرەت بىلە يولغە كىرىپ نەچچەند قەدەم كەلدىم ·
چىقىپ پەستۇ بەلەند قۇمدىن كۆرۈپ ئۆسكەن گىياهلارنى ،
سەنا ۋۇ شۇكرىلەر ئايتىپ دېدىم : باغى ئىرەم كەلدىم ·
ئۇبارى بولماسۇن يولۇڭدا دەپ تۈن ـ كۈن فىغان بىرلە ،
بۇلۇتدەك كۆز ياشىم بىرلە قىلىپ يوللارنى نەم كەلدىم ·
گەهى هۇشيار گەهى مەستۇ گەهى يوللار تاپىپ گەه يوق ،
سىتارىمنى تەرەنۇم بىرلە چالىپ زىرۇ ـ بەم كەلدىم ·
ئىنايەت ئەيىندىن هالىمغە باق ، يا جەئفەرى سادىق ،
شەرابى شەۋق ئىچەرگە دەرگەهىڭدىن دەمبەدەم كەلدىم ،
تاپالماي مەن فەقىرى كەمبەغەل هىچ تۇهفەئى لايىق ،
ئالىپ چىهرەمدە مەن ئالتۇن سەڭى غەمدىن دەرەم كەلدىم ·
تۇمەنمىڭ ئارزۇ ئەيلەپ يولۇڭدا سايىبان بولماق ،
مەهارى ئەشتەرۇ فىكر ئەتسە كىم دەپ هىچ خەم كەلدىم ·
كېلىپ مەشرەب ، زەلىلى كىم بۇ دەردلەر ئىچرە ، ئەي مەهزۇن ،
ئۆتۈپدۇر پەيرەۋىدىن ئىت مەسەللىك مەنمۇ هەم كەلدىم ·

*        *

ئاهكىم جىلۋە قىلىپ قەسرئۆزرە چىقتى ماهىم ،
چەرخدىن ئۆتتى ئاڭا يەتمەدى هەرگىز ئاهىم ،
ۋەه ، نېدۇر قىلسە سىتەم ئول ماڭا هەردەم ....[1]

[1] بۇ يەردىكى سۆز ئۆچكەن ·

مەن ئانىڭ بەندەسىدۇرمەن ، مىنىڭ ئولدۇر شاھىم .
كەھرىبا رەڭگى ئۇشاق باشىغە كويىغە ئانىڭ ،
خەس كەبى جىسمىم ئىلە ھۇجرەئى زەررىم كاھىم ،
مىنى دىۋانە قىلۇر چاغدا فەنا دەشتىنى تەي ،
ئۆزلۈكۈم كىردى قۇيۇن يەڭلىغ ئەمەس ھەمراھىم .
جان چىكىپ سەئيى بىلە يەتمەك ئاڭا مۇمكىن ئەمەس ،
ھەر نەفەس بولماسا يول باشلىغۇچى ئاگاھىم ،
ماڭا ۋائىز دىيسە مىننەت بىلە دەۋزەخ زىكرىنى ،
ۋەسل يادى بىلە ھەجرىدە نىدۇر فەرۋايىم .
دوست كويىدا ۋەتەن ئىدى دەرىغ ، ئەي مەھزۇن ،
قاچان ئىردى بۇ خوتەن شەھرىدە مەنزىلگاھىم .

* *

بىر پەرىۋەش تىفلىنىڭ رەقسىغە ھەيران مەن بۇكۇن ،
بەرقى ھۇسنى ئۆرتەدى روھىمنى بىجان مەن بۇكۇن .
جىلۋە بىر قامەتى رەفتارىدىن ئۆزدىن كىتىپ ،
تۇفراغ ئۆزرە سايەدەك يەر بىرلە يەكسان مەن بۇكۇن .
دەۋر ئۇراردا ھەر تەرەف تۆشكەن مەسەلسەل زۇلفىدىن ،
زايىل ئولغاچ ئەقلۇ ھۇشۇم بەس پەرىشانمەن بۇكۇن .
سەدقە ئەيلەيكىم ئاياغىغە ساچارمەن دەمبەدەم ،
كۆزلەرىمدىن دانە ـ دانە دۇررى غەلتان مەن بۇكۇن .
رەھم ئىتىپ تەگرى ئۇچۇن تۇتماڭ مىنى ئەي دوستلار ،
جان فىدا ئەيلەپ بولاي ئالدىدا قۇربان مەن بۇكۇن .
خانۇمانىمدىن كيچىپ ئول شوخ يادى بىرلە كىم ،
مەي ئىچىپ مەستانەلىكدىن خانە ۋەيران مەن بۇكۇن .
ئەي رەفىق ، تاپتىم فەنا دەيرىدە كۆپ فەيزى فۇتۇھ ،
مەدرەسەدە ئۆتكەن ئۇمرۇمغە پۇشايمان مەن بۇكۇن .
دەھرى زالىنىڭ ئۇسۇلى چەرخى كەجرەفتار ئىرۇر ،
نە ئويۇنلار كۆرسەتۇر تاڭلا ھەراسان مەن بۇكۇن .
ئول پەرىۋەش يادى گەر مەھزۇن كۆڭۈلدە بولماسا ،
شاد ئولۇپ نەزم ئەيلەمەكلىك سۆزنى ئىمكان مەن بۇكۇن .

* *

نەخۇشتۇر ئول جەفاگەر ئۆلتۇرۇپ كەتسە ئەلەم مەندىن ،

جۇدا ئەرمەس باشمدا قەبری یەکٔلغ کوهی غەم مەندىن .
بەلا دەشتندە ئول بەد مهر زۆلمی هەمرەهىم بولمش ،
یۆرۆردە سایەدەك قالماس كیینرەك بىر قەدەم مەندىن .
ستەم بىرلە غەربىلق شەهرىدە ئەیلەپ مىنى مەهبۇس ،
قۇتۇلماسلىققا قالدىم بۇ ستەمدىن مەن ، ستەم مەندىن .
جۇنۇنۇم ئشق ئارا مەجنۇن جۇنۇنىدەك ئەمەس نىچۇن ،
ئاکٔا رەم ئولدی دەشت ئیچرە كیيكلەر بولدی رەم مەندىن .
ۋۇجۇدۇم قەسری بىرلە مەزرەئی ئۇمرۇمغە كىم ئەي كۆز ،
بەلا بارانی ئافەت بەرقی سەندىن یەتتی هەم مەندىن .
بۇلۇتلار پەختەدەك كۆيمەكنی چاغلاپ یاغدۇرۇپ ژالە ،
شەراری ئشقی هەرگز بولمادی بىر زەررە كەم مەندىن .
غەنىمەتدۇر بۇدەم كىم تاکٔلا نێ ئیركەننی كىم بىلدی ،
مەي ئیچمەي نەيلەي ئەي ئەهباب ، ئۇتەر دەم دەمبەدەم مەندىن .
تۇتاشتی جۇرمی ئسيان ئوتلاری كۆپ جانىمە يارەب ،
دەریغ ئەتمە رەسۇلۇڭ هەققی دەریایی كەرەم مەندىن .
تەرىقی ئشق ئۆلمەسدىن بۇرۇن ئۆلمەسدۇر ، ئەي مەهزۇن ،
هەمە ئۇششاقلارغە یادنامە بۇ رەقەم مەندىن .

*　　　*

ئەي كۆکٔول ، ئول گۆلغە بولبۇلدەك فىغان قىلمایمۇ مەن ،
مەنئ قىلما ، قوي مىنى ، باغرىمنی قان قىلمایمۇ مەن .
مەن ئانی هەجرىدە ئستەپ تاپماسام ناچار ئولۇپ ،
كۆز یاشمنی یۇز ساری هەردەم رەۋان قىلمایمۇ مەن .
ئۇمرىدۇر مۇمكن ئەمەس بىر بولسە لەئلی زىكرىدىن ،
قانئدۇرمەن غزایی قۇتی جان قىلمایمۇ مەن .
چىق دىمە ئىتدەك كۆرۇپ كویىدا مەهرەملەر مىنی ،
ئاستانی تۇفراغی ئۇزرە مەكان قىلمایمۇ مەن .
هەجر ئوقىنىڭ چەكمە رەهم ئەیلەپ سپاهىن ئەي رەفىق ،
ئاسرابان جان پەردەسی ئیچرە نىهان قىلمایمۇ مەن .
ئاشكارا ئەیلەمەسدىن بۇرنا رەنجمنی ئۇلۇم ،
چەرخدىن باشمغە كەلگەننی بەيان قىلمایمۇ مەن .
دەم غەنىمەتدۇر ئیچىپ ، مەي مەهزۇنا ، ئشرەت بىلە ،
ئۇمر باغىنىڭ بەهارىنی خەزان قىلمایمۇ مەن .

*　　　*

(1) ..........................................

يوزوڭگه تەڭ توتوبان گول يوزىن قىزاردى مەگەر ،
يوزىگە ئوردى ئەدەب كاجىنى شامال ئەسرو .
مەگەركى خاسىنى شىرىن لەبىڭىنىڭ ئاڭلادىكىم ،
كىرەر قاچىپ ئويانىپ دەففى ئىچرە بال ئەسرو .
كۆرەرگە زەردەسىن ئاغزىڭنى ۋەهم ئىتىپ تاپماي ،
خەيال تەۋسەنىگە بولدى پايمال ئەسرو .
يازاردا شەرهىنى نازىك بىلىڭ خىجالەتىدىن ،
قەلەم ئىچىدە ئورار پىچۆتاب نال ئەسرو .
نې سەن جەهاندا بىرەۋگە ، بىرەۋ ساڭا ئوخشاپ ،
كىزىپ جەهاننى ساڭا تاپمادىم مىسال ئەسرو .
ساڭا كۆڭۈلنى بىرىپ مەهزۇن ئۆزگەنى دېمەدى ،
نىدىن قىلۇرسەن ئاڭا ئىشقدىن سۇئال ئەسرو .

*   *

قىلمادىم ئالەمدە بىللاه پادىشاهلىق ئارزو ،
ئەيلەدىم كويۇڭ ئارا قىلماق گەدالىق ئارزو .
دەهر ئىلىدىن هىچ كىشىنى توتمادىم يارو رەفىق ،
تا قىلىپ مەن ئىنلارىڭغە ئاشنالىق ئارزو .
فەقر ئولوپ يولوڭدا ئوتكەنلەر ئاياغى نەقشىغە ،
كۆزلەرىم سورتوپ قىلورمەن جان فىدالىق ئارزو .
پىر دەير ئالدىدا قولمەن يوق ۋوجودىدىن ئەسەر ،
خانىقا شەيخىغە بولمىش خودنەمالىق ئارزو .
دەهردىن چىق تاشلاپ ئۆزلۈك قەيدىنى ئەيكىم ساڭا ،
گەر ئىرور دەيرى فەناغە مۇبتەلالىق ئارزو .
مەي ئىچىپ مەستو خەراب ئولماق تەمەننادور ماڭا ،
فىسق ئىلە قىلغان مەسەللىك پارسالىق ئارزو .
سەن كەبى يۇزملك كويۇنى يولغە سالدى جان ئالىپ ،
دەهر ئەرۋسى قىلما مەهزۇن كەدخۇدالىق ئارزو .

*   *

ماڭا هەر كۆن مەي ئىچىپ مەستانە بولماق ئارزو ،
ئىككى ئالەمدىن كىچىپ دىۋانە بولماق ئارزو .

---

(1) بو غەزەلنىڭ باش تەرىپى يوقالغان .

ساقیا مەیخانەدە هەر تۆن جەمالىك شەمئگە ،
جانى ئۆرتەپ ئوت ساچىپ پەرۋانە بولماق ئارزۇ .
ئاقىل ئول دەپ پەند بەرمە ئەمدى ، ئەي ناسىھ ماڭا ،
ئىشق دانىشدىن قاچىپ يىگانە بولماق ئارزۇ .
رەھمەتىڭ نىساندىن ، يا رەب ، سەدەف يەڭلىغ كۆڭۈل ،
قەترەگە ئاغزىن ئاچىپ دۇردانە بولماق ئارزۇ .
كويىدا گەر ئۆلسە مەھزۇن تاشلاماڭلار سۇد ئىتىپ ،
ئىتلارى باشىن غاچىپ ئەفسانە بولماق ئارزۇ .

*　　*

ئول قۇياشقە زەررەدەك ئۇششاق هەيراندۇر هەمە ،
زۇلف سەۋداسىدا مەجنۇندەك پەرىشاندۇر هەمە .
غۇنچەدەك ئاغزىڭ خەيالى بىرلە هەردەم قان يۇتۇپ ،
سەرۋ يەڭلىغ قامەتى زىكرىدە نالاندۇر هەمە .
قاشلارى فىكرىدە قەد خەملىق بىلە ئەيلەپ رۇكۇئ ،
كۆزلەرى شەۋقىدە جان بەرمەككە خەنداندۇر هەمە .
رۇزگارىن تىيرە ئەيلەپ خەتتى خالى شەرھىدە ،
خىزر يەڭلىغ لەبلەرى يادىدا پىنهاندۇر هەمە .
كويى تۇفراغىنى تاپىپ كەئبەدەك ئەيلەپ تەۋاف ،
فەخر ئىتىپ ۋەسل ئارزۇسى بىرلە گىر ياندۇر هەمە .
بەزم ۋەسلىدە ئايىڭ ئۇششاقلارغا ئەرش ئىدى ،
ئاندىن ئايرۇ تۇشكەنىدىن داغ هىجراندۇر هەمە .
رىند ئولۇپ ئەيلەپ مەيى ۋەهدەت تەمەننا جان بىرىپ ،
پىير دەير ئاتەشگەهىدە باغرى بىر ياندۇر هەمە .
باش قويۇپ دەيرى هەرەمدە ئىستەمەكلىكدە ئانى ،
يوقتۇرۇر هىچ شەيئى بۇ ئالەمدە يەكساندۇر هەمە .
بۇ غەزەلنىڭ گەرهەقىقەت مەئنىسگە يەتمەسە ،
مەهزۇنا ، هەر ئەهلى مەئنىدۇركى ـــ ناداندۇر هەمە .

*　　*

جىسمىم ئۆيىنى تەگرى بەنا قىلدى غەم بىلە ،
بۇ ئۆي ئىچىدە جانۇ كۆڭۈلنى ستەم بىلە .
توفانى ئەشكىم ئەتتى جەهان مۇلكىنى خەراب ،
غەم كۇلبەسى يىقىلمادى هەرگىز بۇ نەم بىلە .

غەم بىرلە غۇسسە يار ، جەفا ھەمنىشىن ماڭا ،
جەۋرۇ سىتەم رەفىقىم ئولۇپدۇر ئەلەم بىلە .
كىلكى قەزا جەفانى يازىپ باشتا ئانچە كىم ،
يەتتى ھەمىشە باشقە جەفا بۇ رەقەم بىلە .
بۇ دەمنى بىل غەنىمەتۇ راھەتنى ئىستەمە ،
ئاگاھ بول ، بۇ دەم ئۆتەدۇر دەم ـ بەدەم بىلە .
ئولكىم سەفال نەقىر مۇيەسسەر ئەمەس ئاڭا ،
بەزمى جەھاندا مەي ئىچىلۇر جامۇ جەم بىلە .
مەھزۇن قۇلۇڭغە ، يارەب ئۆزۈڭ رەھم قىل بۇ كۈن ،
غەم دەۋزەخىدىن ئانى چىقارغىل كەرەم بىلە .

*　　　*

كۆڭۈلدىن تىيرەلىك دەفئ ئولدى تاجان كۆيدى داغ بىرلە ،
ئانىڭدەككىم قاراڭغۇ ئۆي بولۇر رەۋشەن چەراغ بىرلە .
ئۇمىدى ۋەسل ئىلە كويىنى كەزدىم بىنەۋالاردەك ،
كىشى جەننەتنە سەيد ئەتمەس يۈرۈپ مۇنداغ قاراغ بىرلە .
........................(1) ئەھلىدىن تا بولمايىن فانى ،
ۋىسال ئەۋجىنى ھەرگىز تاپماغاي ئول بۇ سوراغ بىرلە .
يازاردا خەتتۇ خالى ۋەسفىنى كۆز مەردۇمى گويا ،
كى قىلمىشدۇر قەلەم بىرلە سىياھ مىژگان قاراغ بىرلە .
رىيا ئەھلىدىن ئايرىلدىم بولۇپ مەستانە ، ئەي ساقى ،
فەنا دەيرى مەكانىم بولدى سەن تۇتقان ئاياغ بىرلە .
جەھان باغى گۇلىدا گەر ۋەفا بار بىبەسەر نەرگىس ،
نىپدىن بىر كۆزدە كۆردى خۇش نەۋا بۇلبۇلنى زاغ ( بىرلە ) .
نەسىمى مەغفىرەت ئالدىدا ، ئەي مەھزۇن سامان يەڭلىغ ،
خەتا ئەھلىنىڭ ئىسيانى بەرابەر بولسا تاغ بىرلە .

*　　　*

قەترە تەرلەرمۇ ئىبرۇر ئول لەبى خەندان ئۈزرە ،
يوقسە ساچىلدىمۇ دۇر چەشمەئى ھەيۋان ئۈزرە ،
سانچىغان ئوترۇ يۈزۈگە گۇلى ئەنبەرمۇ يا ،
كەۋكەبى سەئد ئىبرۇرمۇ مەھى تابان ئۈزرە .
بولدى كۆڭلۈمگە ئەلەم كەتتى كۆزۈمنىڭ نۇرى ،

(1) ئەسلى قول يازمىدا بۇ ئورۇن زىيانغا ئۇچرىغان .

ياغلىقنى ياپتى مەگەر زۇلفى پەرىشان ئۇزرە .
ھەجر بىمى بىلە بىردەم ماڭا جان بولدى قاچان ،
كوھى غەم خالى ئەمەس ئاندىن ھەزىن جان ئۇزرە .
ماھى پەرۋىن بىلە چەرخ ئۇزرە تولۇئ قىلغاندەك ،
چىقتى ئول بىرنەچە رەئنا بىلە ئەيۋان ئۇزرە .
ئاخرى يەر قويى تۇفراغ ئارادۇر خابى گەھىڭ ،
مەن دىمە جىلۋەگەھىڭ گەر ئىسە كەيۋان ئۇزرە .
مەھزۇنا ، فەقر قەسرى ئۇزە گەر ئولتۇرساڭ ،
كىم چىقارسەن گويىيا تەختى سۇلەيمان ئۇزرە .

*　　　*

مىھر ماھ ئېرمەس لەتافەتتە ئانىڭ رۇخسارىچە ،
خىزرى خەتتىچە مەلاھەتدە مەسىھ گۇفتارىچە ،
باغۇ تاغ ئىچرە ئەگەر تاۋۇس كىبكى خۇش خىرام ،
بولماغاي يۇز جىلۋە قىلسە زەررەئى رەفتارىچە .
ئانچە كىم ۋەقتى بىلە نازۇك بىلىن قىلدىم خەيال ،
بولسە ئول كۆرمەس ئىدىكىم زۇلفىنىڭ بىر تارىچە .
دىمە ئەي ناسىھ مەنى ئول خىرمەنى گۇلنى ئۇنۇت ،
چاغلادىڭمۇ ئاڭلاماي باغى جىنان گۇلزارىچە .
ھۇر ۋەسلى جامى نۇشىن ئىستەمەنكىم نى ، ئۇچۇن ،
ئۆزگەلەرنىڭ لۇتفى يوق ئول شوخنىڭ ئازارىچە .
ئۇشبۇ دەۋلەت ئىشق ئارا بەس ئېردى ئانىڭ كاشكى
بولسام ئېردى ئىتلارى ئالدىدا خىزمەتكارىچە .
ئەي كۆڭۇل ، كىر گىل فەنا دەشتىغە ۋەھدەت ئىستەسەڭ ،
ئۆزلۈكۇڭ ھەمراھ ئىسە قاچ قۇۋۋەتىڭنىڭ بارىچە .
شەھ كىيىپ زەر رىشتە تون ، غافىل گەدا ئاگاھ ئىسە ،
ئول مۇنىڭ يوق جەندەسىنىڭ بىر چۇبۇلغان تارىچە .
خانەقاھى تاق دەھلىزىن دىدى مەھزۇنغە شەيخ ،
ئول ئەمەس دەيرى فەنانىڭ بىر يىقۇغ دىۋارىچە .

*　　　*

ئاچتى ئول قاشىنىكىم چاتغالى ئاھستەگىنە ،
جانىمە كىرفىك ئوقىن ئاتغالى ئاھستەگىنە .

زۇلف زەنجىرى بىلە باغلادى بوينۇمنى مەگەر ،
ئىشق بازارى ئارا ساتغالى ئاھستەگىنە .
بىر زەئىف ئىت كەبى دەرگاھىغە باردىم بۇكېچە ،
باش قويۇپ ئىلكىم ئۇزە ياتغالى ئاھستەگىنە .
بولدى جىسمىم چۇ غۇبار ئەيلەدىم ئاھىمنى قۇيۇن ،
كوينىڭ تۇفراغىغە قاتغالى ئاھستەگىنە .
قوي مىنى ئەھلى ھەرەملەر ، ئانى ناز ئۇيقۇسىدىن ،
بىر ھەزىن نەغمەدە ئويغاتغالى ئاھستەگىنە .
دەمبەدەم ئۇمر قوياشى ئۆتەدۇر ، ئەي غافىل ،
يەر قويى تۇفراغ ئارا پاتغالى ئاھستەگىنە .
مەزەسىز زۇھد ئىلى بىرلە ئىدى مەھزۇن ناگەھ ،
كەلدى مەيخانەگە مەي تاتغالى ئاھستەگىنە .

*   *

مۇسەۋۋەر ئارەزىڭ تەرھىن چېكەلمەي ئەقل لال ئولدى ،
مەگەر لەۋھۇ قەلەمنى ئوتغە سالدى ئىنفىئال ئولدى .
نەزاكەت ئاسمانىدا سەئادەت ئەختەرىدۇرسەن ،
يۈزۈڭ خۇرشىد ، ئاغزىڭ زەررەۋۇ قاشىڭ ھىلال ئولدى .
قاچاندىن بىدىل ئولدۇڭ دەپ تەكەللۇم قىلماي ، ئەي چابۇك ،
سەمەندىڭ نەئلىگە تا تەلبە كۆڭلۇم پايىمال ئولدى .
ئاقارغان كۆزلەرىمگە ۋەسل يولىغە قاراپ ھەردەم ،
ئاتىڭ باسغان ئىزى گەردۇ غۇبارى ئىكتىھال ئولدى .
جەھان ئىچرە ئۇلۇسغە بۇ سەبەبدىن ماجەرالاردۇر ،
تۇشۇپ ھەركىمگە بىر سەۋدايى زۇلفۇڭ يۈز مەلال ئولدى .
ئۆزۈڭنى ئەيلەدىڭ مۇبھەم ھەمە ئۇششاقدىن ، ئەي شەھ ،
ئۆزۈڭ لۇتف ئەتمەسەڭ ۋەسلىڭغە يول تاپماق مەھال ئولدى .
نە بولدى بىر باقىپ ھالىغە رەھم ئەيلەپ كەرەم قىلساڭ ،
كويۇڭدا يەر ئۆپۈپ مەھزۇن قۇلۇڭنىڭ قەددى دال ئولدى .

*   *

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . باھاۋىدىن

# رۇبائىيلار

نەشرگە تەييارلىغۇچى : جاببار ئەمەت

## ئەبدۇللاھ ئەنسارى ①

ھەق يولىدا ئىككى كەئبە بولمىش ھاسىل ،
بىرى كەئبەئى سۇرەت ، بىرى كەئبەئى دىل .
سەن سەيلە قىل ، دىللارنى زىيارەت ئەيلە ،
مىڭ كەئبىدىن ئارتۇقراق ئىمىشدۇر بىر دىل .

مەقسۇدى دىل ، مۇرادى جانىڭ ئىشقدۇر ،
ئۆمۈر سەرمايىسى زىندەگانىڭ ئىشقدۇر .
ياد ئەيلەر ئىشقتىن تىرىكلىك تاپتى خىزىر ،
بىلكى ، ھاياتىي جاۋىدانىڭ ئىشقدۇر .

سەندىن نە ھاياتى جاۋىدان ئىستەرمەن ،
نە ئەيشى ـ شادلىق ، گەشتى جاھان ئىستەرمەن .
نەدىل خوشلۇقى ، راھىتى جان ئىستەرمەن ،
نىمە بولسا راۋا ئەيلە ـ ھامان ئىستەرمەن ...

ھەركىمكى سىنى بىلسە ، بۇ جاننى نەقىلۇر ،
فەرزەند ۋە ئايالۇ خانۇماننى نەقىلۇر ؟
دىۋانە قىلىپ ئىككى جاھاننى بەرگەيسەن ،
دىۋانە قۇلۇڭ ئىككى جاھاننى نەقىلۇر ؟

پەيۋەستە دىلىم دائىم رىزايىڭ ئىستىسۇن ،
جانىم نەپەس ئالغاندا دۇئايىڭ ئىستىسۇن .
قەبرىم بېشىدا ئەگەر ئۆسەر بولسا گىياھ ،
ياپراغى ئەتىر چېچىپ ، ۋاپايىڭ ئىستىسۇن .

كەلدىم كىچە ، قان قىلدى يۈرۈشمەي كارىم
بۇگۇن قىزىماي كاسات بولدى بازارىم .
ئەتە كەتمەكچىدۇر مەن ، بىلمەي ئەسرارىم ،
نە ئەۋزەل ئىمىش بۇنداق يوقلۇقۇم ، بارىم ؟

دىيدەمدە ئۆزۈڭ ئايان ئىكەنسەن ، بىلدىم ،
سىينەمدە ئۆزۈڭ نىھان ئىكەنسەن ، بىلدىم .
ئىزدەپ سىنى شۇ جۇملە جاھاندىن سورىدىم ،
شۇ جۇملەيۇ شۇ جاھان ئىكەنسەن ، بىلدىم .

كۆڭلۈم ، پەرىشتەم دەردىنى دەۋا ئەتمە ،
جانىم ، غەمنى ئۆزۈڭگە ئاشنا ئەتمە .
دەردۇ غىمى نە ئۇنىڭ زادى ئىپتىماسمەن ،
كۆكسۇم كۆيۈكى ، سەن مىنى رەسۋا ئەتمە .

يا رەب ، دىلىمغا ھىممەتىڭدىن جان بەر ،
شۇ دەردلىك دىلىمغا سەۋر ـ دەرمان بەر .
بۇ بەندە نەدىن بىلسۇن نىمە دېيىشنى ؟
ھەرنىكى بىلۇرسەن ، بەر ئۇنى ، چەندان بەر .

مەھشەر كۈنى ئاشىقىا باشقا كار بولماس ،
يار يۈزىگە باقماس بولسا ، ئۇ بار بولماس .
ۋەسلىڭ كويىدىن جەننەت سىرى باشلىسا ،
بارماسمەن ، ئۇندا ئەگەر دىدار بولماس .

يا رەب ، شۇ ھالىمغا بىقىپ ، رەھمەت قىل ،
ھىجرىڭ ئوتىن باغرىمغا يىقىپ ، رەھمەت قىل .
رەھمەت سورىمايمەن ناتەۋان كۆكسۇم ئۈچۈن ،
ئۆرتەر مىنى كۆز يىشىم ئىقىپ ، رەھمەت قىل .

ئىشق كەلدى ، ئاشىپتە بولۇپ جانۇ كۆڭۈل ،
دوست مىھرىگە ، دوست يادىغا تولدۇم پۈتكۈل .
ئەزايى ۋۇجۇدۇمنى ئالدى دوست تامام ،
نام قالدى پەقەت ماڭا ، قالغان بارى شول .

يۈز يىل يانسام ئوتۇڭدا ، يانماق نە ئىمىش ،
بەلكى يىنىش مەن ئۈچۈن راھەت كەۋسەر ئىمىش .
سۆھبەت قۇرما ھىچقاچان نائەھلى بىلەن ،
ئۆلمەك ئۇلار سۆھبىتىدىن مىڭ ئەۋزەل ئىمىش .

شەرت شۇكى ، مۇدام ساھىبى دەرد بولغايسەن ،
تۇپراق بىلەن تەڭ بولۇشتا گەرد بولغايسەن .
ھەركىمكى مۇرادنى كەم قىلسا مەرد بولغاي ،

كۆپ ئارزۇ ـ ھەۋەس ئەيلىمە ، مەرد بولغايسەن .

يا رەب ، ماڭا شۇ ئامانىتىم بەرگەيسەن ،
لايىق شەرەپىم ـــ ئىبادىتىم بەرگەيسەن .
ھىسسەمگە چۇشۇپتۇر ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيا ،
ھەر ئىككىسىدە پاراغىتىم بەرگەيسەن .

ئۇ سۇبھى ۋىسالدىن يىراق ئېردى ئادەم ،
ئىشقىڭ بىلەن بىر بۇلۇڭدا ئىدۇق ھەمدەم .
كۇندۇزلىرى ، ئاھ ، قېشىمدا ھەمدەم يوقتۇر ،
كەچتە غېمىڭ ھەمدەم ماڭا ، يوق شۇڭا غەم .

مەندىن نەچچە يۈز ئەيىب ـ گۇناھ كۆرمىشسەن ،
لېكىن لۇتفى ـ كەرەم بىلە ئاياپ تۇر مىشسەن .
سەن ماڭا سۆيۈملۈكسەن ، ئەھلى ئالەمگە ھەم ،
چىن لۇتفى ـ كەرەم ئىگىسى سەن ئېرمىشسەن .

## ھەكىم سەنائىي ②

شۇ لەھزە ساڭا پىدايى جان لازىم ئىمىش ،
روھىڭغا نىسار روھى راۋان لازىم ئىمىش .
كىم قالغاي بۇ جاھان ئارا ، بىلمەسمەن ،
ئەي دوست ، نېمىشقا ساڭا چۇنان لازىم ئىمىش .

ياد ئەتمىسە يارنى مەرد دىلىن شاد ئەتمەس .
يار ، دەر يۈرىكى ئۆزگىگە پەرياد ئەتمەس ،
ئىشق يولىدا ئاشىق دېگىنى ئانداقتۇر ،
دوزاخ نېمە ، جەننەت نېمىدۇر ، ياد ئەتمەس .

يۈزۈڭگە بېقىش ـــ جانىڭ راھىتى جاۋىد ،
تۈنلەردە ئۆزۈڭ ئاي سەن ، كۈندۈزى خۇرشىد .
كۈنلەر قارايسۇن ۋە ئاقارسۇن كۆزلەر ،
دىدارىڭنى بىر كۆرگىلى بولمىسا ئۈمىد .

يۈزۈڭ ، ئەي پەرى ، قىبلەئى جاندىن روشەن ،
كۆزۈم ياشقا تولغان ، ماڭا پىراق ئارتمىشسەن .
ئىشقىڭ بىلەن مەن مۇنداق سوزدۇم قولۇمنى ،
سەن سەۋر بىلەن بۇنداق ئاياغ تارتمىشسەن ...

ئىشقىڭ بىلە ، ئەي سەنەم ، كۆزۈمدە ياشىم ،
شامدەك كۆيۈپ ، يانماقتا سەۋر ـ بەرداشىم .
كۈنلەر ئۆزۈرۈپ ، ئانداقكى ، تاڭ ئاتقۇنچە .
جېنىم كۆيۈدۇ ، نۇقۇل كەسكەندەك باشىم .

سەن ماڭا ھايات ئېرۇرسەن ، چۇن ئەلگە نەپەس ،
يولۇڭدا ھەممە شۇ دىنۇ دۇنيايى ھەۋەس .
ھەركىشگە مېھرىڭدىن يەتتى ھارارەت ،
لېكىن ھەممە سوغۇقلۇق ماڭا قالمىش ، بەس .

ئال جامنى قولۇڭغا مەي ئىلە تولدۇرغىن ،
قوي ئىككى جاھاننى ، غەم يېمەي ئۆلتۈرگىن .
گەر ئىككى جاھانغا ساھىب ئەمەسسەن ، بەس ،
دوزاخ ئارا مەست ، بىھىشتە ھوشيار يۈرگىن .

گەر كۆڭلۈم ئارا مۇلكى مۇھەببەتدۇرسەن ،
نىچۇن مۇنچە رەھىمسىز بىشەپقەتدۇرسەن .
قاش ھېمىرىپ ، دېمە مېنى ئۆز ھالىمغا قوي !
ئەي تاۋى نازۇك ، سەن ماڭا قىسمەتدۇر سەن .

قاچ ! نادان بولسا ، باي ـ دۆلەتلىك كىشىدىن ،
تۆۋەن تۇرار ئۇ بۇ زامان دەرۋىشدىن .
ئۇ مالۇ بىساتى ئىلە كۆپ خۇرسەن ، لېكىن ،
بۇ خۇرسەندۇر ئۆز ئىلمى ۋە دانىشدىن .

كۆز ئاچتى باھار ۋە ئاچتى دەرۋازىسىنى ،
ئالەم ئارا يايدى كېيىن ئاۋازىسىنى .
سەنمۇ ، پەرىشتەم ، ئالەم ئارا يۈز ئاچقىن ،
كۆرسۇن ، تونۇسۇن باھار ئۆز ئەندازىسىنى .

كۆيدۈردى سەنەم ، گويا چىراغ ئەتتى مېنى ،
سارغايتتى يۈزۈم ، بەندى پىراق ئەتتى مېنى .
مەن يانغاندا ئۆز يېنىدا تۇتتى شامدەك ،
ئۆچكەن چېغىم تاشلاپ يىراق ئەتتى مېنى .

ئىشقىڭ يولىدا مېنى ئوتقا سالدىڭ ئانداغ ،
ۋەسلىڭنى دەپ دىلىمدە داغ ئۈستىگە داغ .
كۆڭلۈم ئانداق كۆيمەكتە ھىجرانىڭ ئىلە ،
دوستۇڭنى قەتىل ئەتكۈچىسەن مىسلى چىراغ .

كۆرگەنمۇسەن ، ئەقىل بىلەن تولغان ئىشق ،
گەر ئەقلى ـ ھۇش بولمىسا رەھبەر ، سۇلغاي ئىشق .

ئاشققا شۇ ئىشق يولىدا ئۆلمەك ئەلا ،
ئەي خوجا ، بىلەمسەن قانداق بولغاي ئىشق ؟

ھەر چاغ يۈرۈپ مەن كويۈڭدا خارۇ خىجىل ،
يۈز دەرد ـ ئەلەم يۈرىكىمدە بولدى ھاسىل .
سەندىن ئەمەس شىكايىتىم ، شەئمى چىگىل ،
ھەممىگە سەۋەب مۇشۇ كۆڭۈل ، مۇشۇ كۆڭۈل .

ھەر كىمگە ئاچما رۇخى خەندان ، ئەي گۈل ،
گۈل قىممەتىن ئەيلىمە ئەرزان ، ئەي گۈل .
قىينىما ئۆزۈڭنى ، ئەتمە ۋەيران ، ئەي گۈل ،
ئاشققا جاپا ئەيلىمە ، ئەي جان ، ئەي گۈل .

ئىشقىڭدا غەمۇ غۇسسە چېكىپ ئاشىقمەن ،
ھىجرىڭدە تۈنىمنى تاڭ ئېتىپ ، سادىقمەن .
قىسمەت ماڭا رەنجى دىل ۋە كۆز ياش ئېمىش ،
ئۆلسەم ئۆلۈمەنكى ، ئىشق ئارا سابىتمەن .

ھەر لەھزىدە سەۋرۇ قارارىم سەنسەن ،
بەزم قىلماققا ئەۋجى باھارىم سەنسەن .
پەرۋانىمەن ئۆرگىلىپ بېشىڭدىن ھەر چاغ ،
ئاۋۋالدىن ئاخىر غىچە ئۇستۇۋارىم سەنسەن .

لەئلىڭ ، ئەي سەنەم ، مەي ئېرۇر ، ئەيشى ـ تەرەب ،
چۇچمەللىكى بار ئاز ، بار بۇڭا سەۋەب .
يالغۇز مەي ئەمەس ، لېۋىڭدە تۇزمۇ بارمىش ،
تۇز مەيگە قوشۇلسا ، بۇلار تەمى نە ئەجەب ...

ھەر كىمكى كويۈڭدا زارۇ ئەسرۇ بولغاي ،
بار دۆلەتىدىن بىر يولا ئايرۇ بولغاي .
ئىشقىڭدا يۈزۈم سارغىيىپ زەر بولدى ،
ھىجرانىڭ ئىلە ئېرىپ ـ ئېرىپ سۇ بولغاي .

ھەر كىمكى دامىڭغا گىرىپتار بولمىش ،
ئەي جانۇ جاھان ، ئالدىڭدا ئو خار بولمىش .
ھەر دىلكى ساڭا جاندىن خېرىدار بولمىش ،
ئەي دوست ، ئەنە شۇ سىرداش ـ غەمخار بولمىش .

مېنى كۆرۈپ يۈزلىرى گۈل ئاچتى مەيىن ،
ئۇيقۇلۇق ، خۇمار كۆزلىرىنى يۇمدى كېيىن ،
غەم چەكمە ، دېدى ، يارى ۋاپادارىڭ ئۆزۈم ،
شۇ سۆزنى دېگەن لېۋىڭگە قۇربان بولايىن ...

ئەفلاك مېنى ئىشق ئوتىلە ئەتتى ئەفگار ،
ئافاق شۇ تېنىم سۇردى ، سۇپۇردى تەكرار .
ئىشق بىرلە كۆرۈڭكى مەن قايان بارۇرمەن ؟
بىر پاششا كۆزىگە جا بولۇر ھالىم بار ...

## *ئەدىب سابىر تىرمىزى*③

بىز ئەردىكۇ باغ ئىدى ، شارابى گۈلگۈن ،
چۈن كۆردى ھەسەد قىلدى ئاشۇ گەردۇن ـ دۇن .
ياز ئىسسىقى قوغلىدى بىزنى باغدىن ، ئەمدى ،
مۇز خانە ، ئۆزۈڭ لۇتفى كەرەم ئەيلە بۈگۈن .

ساقىي ماڭا تۇتسا ئول مەيى گۈلگۈننى ،
گۈلگۈن ئېتەيىن پىراقىدىن جەيھۇننى .
يەر ئۈستىگە كۆز يېشىم ئىلە بادە بېرىپ ،
ھەم مەست قىلايىن يەر ئاستىدا قارۇننى .

ئەي ، كۇندۇزىڭ ئەيلەمىش ماكان تۈن ئىچرە ،
زۇلفىڭ داغى تۈنگە سايەبان تۈن ئىچرە .
ھەل قىلمىسا كۇندۇزىڭ تۈنۈم مۇشكۈلىنى ،
سەندىن چېكەيىن نالە ـ فىغان تۈن ئىچرە .

غەمزىڭ ئوقىدىن بەلا پەيكانلىق بولدى ،
نامىڭنى پۈتۈپ ، جاپا ئۇنۋانلىق بولدى .
ھەرنىكى جاپانى سەندىن ئۆگەندى پەلەك ،
خوپ بولمىدى بۇ ئىشىڭ يامانلىق بولدى .

بۇ كېچە ئۈمىد تاشىغا تاشىمنى قوياي .
تا لەبىڭگە لەب ، قېشىڭغا قاشىمنى قوياي .
قان ياشلىق كۆزۈمگە قوي ئاياغىڭنى ، سەنەم ،
مەن بولسام ئېشىك تۈۋىگە باشىمنى قوياي .

نەرگىس كۆزۈڭ شۇ قەدەر زەبۇن ئەتتى سېنى ،
كۆڭلۈم بېغىدىن قوغلاپ ، يۇپۇن ئەتتى مېنى .
ھەم مىسلى بىنەپشە سەرنىگۇن ئەتتى مېنى ،
گۈل چېھرىسىدەك تامامى خۇن ئەتتى مېنى .

يار فۇرقىتى بىلەن دىلى ناشادىم بار ،
ياد ئەيلىمەس ئۇ يارنى تىلەپ يادىم بار .

بىر يار دىلىدىن ھەزەر بىدادىم بار ،
پەرىياد ئېتەيىن كۆكۆلدە پەرىيادىم بار .

جانا ، لەبۇ غەمزىڭ كوينىڭ شەربىتى مۇل ،
راست راھىتى مول ئۇنىڭ ، ۋەلى ئاپىتى مول .
غەمزەڭ بىلە لەئلىڭ دىلبەرىستان ، سەنەم ،
ئازارى ئەگەر بار دېسە ، بەس راھىتى مول .

چېھرىڭ نۇرىدىن ھېمىشە كۈندۇز روشەن ،
تۈن زۇلمەت بولۇر ئاشۇ قارا زۇلفىڭ بىلەن .
ئىشقىڭ كۈن – تۈن مېنى بەكمۇ قىلدى زە بۇن ،
كۈن لەشكىرى يەتكەيمۇ ماڭا ، بىلمەسمەن .

ئەي ، سەنىسىز بولدى يىراق كۆزۈمدىن ئۇيقۇم ،
ناز ئۇيقۇڭ ئۇچۇن ئۇيقۇنى كۆزدىن قوغلۇدۇم .
ئىشقىڭدا ئىشمدۇر ئۇيقۇسىزلىق ، ئەي يار ،
كۆز يېپشىم بىلەن ئۇيقۇنى كۆزدىن يۇدۇم .

دوست ئەھدىنى بۇزدى ، دىل كۆتۈردى ئىسيان ،
دېدىمكى نەھاجەت ئىشق ئەگەر بولسا چۇنان .
ئۇ نەرگىسى مەست ئىشقى يېتىشتى ناگاھ ،
تۇغيانلىق كۆكۆل خىلۋەتنى تۇتتى ماكان .

ھەرنىكى تىلەرمەن ، ئۇ قەدەر ئىمكان يوق ،
دىلنەڭ ئېرۇرمەنكى ، ئاڭا پايان يوق .
دىلنەڭلىكىمدىن قۇتۇلماق ئاسان ئەمەس ،
دەرمانى سەۋر ئېمىش ، ۋەلى دەرمان يوق .

خۇرشىدكى ، جىلا بېرىپ شەپەقىنىڭ ئۇتىغا ،
ياقۇت ياسىدى ، بېقىپ لېۋىڭ بەرقۇتىغا .
ھەركىمكى لېۋىڭگە يەتتى ، ياقۇت نەھاجەت ،
ياقۇت تېخى قۇل ئېمىش لېۋىڭ ياقۇتىغا .

كۆكلۈڭغۇ ۋاپا بىلەن قۇۋانماس ھەرگىز ،
نەزەرىڭدە دوست بىلەن دۈشمەن پەرقىسز .
بەس – بەسكى شىكايىتىڭ پەقەت جائىز ئەمەس ،
بار – باركى ، ھېكايىتىڭ تېخى ناجائىز .

ئىشقىڭ ، ئەي يار ، تۇتتى گىرىبان ، ئالدى ،
ئەقلىمنى ئېتىپ ھەر سارى سەرسان ، ئالدى .
سەۋدايى كويۇڭ مۈلكى دىلى جان ئالدى ،
ھەر نىچەكى ئىزدىدى ، قوش چەندان ئالدى .

تا خۇش ۋاقىت ئېمىش ئۇشبۇ زاماندا گۇمراھ ،
خۇش كۆرمەس ئېمىش ئەقلى خىرەدنى دۇنيا .
كەل ، ئەقلى خىرەدنى ئال بېشىمدىن ئەي دوست ،
شايەدكى ، زامانە بىزگە باقسا قىيا .

بېشىمغا ئەجەب قىيامىتى ئىشق يەتتى ،
باققاندا كۆزۈم تىنىپ ، قامشىپ كەتتى .
ھەم سالدى دىلىمغا ئىشق ئەجەب تەشۋىش – غەم ،
ھەم ئىككى يۈزۈمگە نامىنى نەقىش ئەتتى .

تا قەھرى – غەزىبىڭ ماڭا يۈزلەندى يامان ،
خاك ئەتتى تېنىمنى ، ھەر تەرەپ چاچتى ھامان .
ئىشقىڭ كويىدا دىلىم كۆيۈپ ، چەكتى پىغان ،
ئاقتى كۆزۈم كىرپىكىدىن ئابى راۋان .

يۈزۈڭ بارچە نۇردىن رىۋايەت ئەيلەر ،
ھۆسنىڭ ھەمە ھۇردىن ھېكايەت ئەيلەر .
ۋەسلىڭگە باقسام ھۇشۇم باشتىن ئۇچار ،
مەپتۇنلۇقۇمنى ئۇ بەغايەت ئەيلەر .

كۆكلۈم يەنە بىر سەنەمنى مەيىل ئەتمەس ،
كۆكلۈم تەرەپكە باشقا بىر سەنەممۇ يەتمەس .
ئۆزگىگە كۆكۆل بېرىش ماڭا لايىق ئەمەس ،
دىلدارى پىسەنتىدە كەرەم ئەيلىسە بەس .

يۈزۈڭ ، ئەي سەنەم ، گويا بىر دۇتىسىز ئاتەش ،
كۆكلۈم دەيدۇ : «بولامدۇ تۇتۇنسىز ئاتەش ؟»
خەتتىڭ كۆرىنىپ مىسالى ئاتەش دۇتىدەك ،
ئىشقىمنى يەنە ئەيلىدى ھەدسىز ئاتەش .

گۈل چېھرىسى چېھرەڭنى كۆرۈپ بولدى ئەقىق ،
ئاغزىڭ غېمىدىن غۇنچە بولۇپتۇر ئاغرىق .
ھۆسنۈڭ چىمەنى كىمىندۇر چىن ئاشىق قىلىپ ،
ھەم كۆكلىنى زار ئەيلىدى ، رەڭگىنى سېرىق .

ئول گۈل باھار سەھنىسىنى بوستان ئەيلەر ،
مەن مىسالى چاقماق ، دىلىم قان ئەيلەر .
چاقماق كەبى ھەر نەپەس خەندىلەر قىلىپ ،
چۈن بۇلۇتتەك يىغلىشىمغا پەرمان ئەيلەر .

خەتتىڭكى ، ماڭا كۆرسەتتى ھىجران يۈزىنى ،
ھەم ئاچتى كۆزۈمدە يۈز بۇلاقنىڭ كۆزىنى .

زۇلپىڭ ، ئەي سەنەم ، يەتمىسە دادىمغا ئەگەر ،
بىر ئۆزد كەبى ئوت ئىچرە كۆرسۇن ئۆزىنى .

رەڭ ئالغان ئاشۇ لالە يۈزۈڭدىن گۈلدۇر ،
دامىڭغا يەندە ــ ئەسىر بۇ كۆڭۈلدۇر .
غەمكىنمەن غۇنچىنىڭ ئېچىلىشىن تىلەپ ،
ھەر كىمكى ساڭا بەرسە كۆڭۈل ، بىرىلدۇر .

تا باقمىسا مەيگە دىيدە رۇشەن بولماس ،
تا ئىچمىسە مەي دىلى تېخى گۈلشەن بولماس .
دەيدۇكى «مەي ئالۇر ئەقل ــ ھۇشنى »
كەلتۇر شۇڭا مەي ، بولمىسا كۆڭۈل تولماس .

ئىشقىڭدا ئىشىم نالە ئېرۇر يازۇ قىشى ،
ياندۇرماق ۋە كۆيدۇرمەك ـــ ئىشقىڭ ئىشى .
نە ئاشىق ئېمىشكى ئۇ ئىشقىڭ تىلمەس ،
ئەپسۇسكى ، شېكەرنى زەھەر دەرمۇ كىشى ؟

ئول ياركى ۋەدىنى دائىم يالغان ئەيلەپ ،
بۇ جانۇ دىلىمنى ئالدى ئويناپ ــ ئويناپ .
تۈنلەرنى ئۇزۇن قىلدى ماڭا ئىشق ،
ئاشىق تۈنى بەك ئۇزۇن ئىكەن ، يا رەب .

ياشناپ ــ ئېچىلىپسەن ئەي نىگار ، ئەي دىلبەر ،
سەنسىزدۇر ئىشىم نالەئى زار ، ئەي دىلبەر .
يۈزۈڭ نۇرلىنىپ بولدى باھار ، ئەي دىلبەر ،
ھۇسنۇڭمۇ ئاشۇ باھاردەك بار ، ئەي دىلبەر .

چۈشۈپتۇ بىردانە چىشىڭ ، ئەي ئايجامال ،
شۇنىڭدىن يۈزۈڭدە نۇر سۇنۇق ، ئۆزگىچە ھال .
بىر چىش ئۈچۈن ، ئەي گۈزەل شۇنچە تەشۋىشمۇ ؟
بىر دۇر كەمىيىپتۇ سەدەپتىن ، نەمالال ؟

نە بولدى پىراق ئىچرە زىيانىم ، سورىما ،
نە كەچتى كۆيۈپ غېمىڭدە جانىم ، سورىما ،
نېمە كويىدا ئۇچتى پىغانىم ، سورىما ،
نە بولدى ئىشىم ، شۇدۇر جاھانىم ، سورىما .

ھەرقانچە نامرات بولسا ئەگەردە دانا ،
كۆرگىن ، ئەقلسىز بايدىن قانچىلىك ئەلا .
ئۇ بايلىقسىز ئىدى ، بولدى دۆلەتمەن ،
بۇ دانىش ئىلە ھېمىشەم دۆلەتمەن شاھ .

چېھرىڭگە قاراپ ئەلەمدە گۈل بىلەن باغ ،
سەنسىز بىگانە ماڭا ئىشرەت ۋە فەراغ .
كۆزۈم سېنى دەپ چەكمىسە ، ھەسرەت ۋە داغ ،
كىم يىغلار سېنىڭ كويۇڭدا ، ئەي كۆزۈ چىراغ ؟

ئارەستە بولۇپ زۇلپۇ يۈزۈڭدىن تۈن ــ كۈن ،
ئۆمرۈم ئۆتمەكتە قوغلاپ ئىزىڭدىن تۈن ــ كۈن .
تۈن ۋە كۈن ئارقىغا قايتماس ، قورقمەن ،
بىر يولا يىراق قىلما ئۆزۈڭدىن تۈن ــ كۈن .

چېھرىڭدىن بولۇر دائىم كۈندۈزى گۈلگۈن ،
زۇلپۇڭ كەبى ئاشىق تۈنىمۇ كۆپ ئۇزۇن .
تا ساڭا ، سەنەم ، مېھرى نىياز ئەيلىمىسەم ، مەن
كۈن بىلەن تۈن پەرقىنى بىلمەي دىلخۇن .

ھەر كېچە شۇنچە ئۇزۇن بىلىنەر ، سەنەم ،
ئاشىق دىلىدا ئاشار پىغان ، ھەسرەت ، غەم .
چېچىڭ كويىدا دىلىمدا يوقتۇر قايغۇ ،
چۈنكى ، ساڭا چېچىڭدەك ئۇزۇن تۈن ھەمدەم .

تاڭ يوقكى ، قاماشتۇرار قۇياشنى شولەڭ ،
يېتەلمەي ۋەسلىڭگە ھېچ قۇياشمۇ دىلتەڭ .
نۇر ئالسا ئەگەر قۇياش يۈزۈڭ شولىسىدىن ،
ياقۇتمۇ قۇياش شولىسىدىن ئالغاي رەڭ .

دىلبەركى دائىم مېنىڭ دىلىمغا مەھرەم ،
جان ئالدى ، مۇشەققىتىمنى ھېچ قىلمىدى كەم .
دىل ماتەمى ئىچرە كۆپ ئېمىش سەۋرۇ قارار ،
مەن قايدىن ئالاي سەۋر ، كۆپ تۇرسا ستەم .

جەۋرىڭنى چېكىپ ، پەلەك ، نېتەي پەس بولدۇم ،
تۇپراققا ئارىلىشىپ خار ۋە خەس بولدۇم .
ئەي ساقىي ، غەم مەيىڭ ئىچىپ مەن مەس بولدۇم ،
دەيمەنكى ، قولۇڭنى تارت ، يېتەر ، بەس بولدۇم .

جانان لىۋى ھەققىقە ئوخشايدۇ تامام ،
ھەر چاغ ئېرۇر گۈزەل يۈزى ئىشقىمغا كام .
گەر ئىككى كۆزۈم تۆكەر بولسا ، ئەشكى ھەقىق ،
چۈن ئىشقى ھەقىق كۆز بىلەن كۆڭلۈمدە مۇدام .

چۈن ئاتەش بولۇپ ھاۋادا گەر ئۇچكەيمىز ،
ھەم ئابى راۋان كەبى ئېقىپ كەچكەيمىز .

تۇپراق بولىمىز ئەگەرچە بىز گۆھەر ئىدۇق ،
بەس ، شۇنداق بولسا بادەنى بەر ، ئىچكەيمىز .

يادىڭ ئىلە تىلغا نالەيۇ ئۇن كېلىدۇ ،
كۆز كىرپىكىدىن سانسىز جەيھۇن كېلىدۇ .
بىلدىڭمۇ ، كۆزۈمدىن نېمىشقا قان ئاقىدۇ ،
چۈنكى ، كۆزۈمگە كۆڭلۈمدىن خۇن كېلىدۇ .

كېلىڭ دوستلار ، تويۇپ ـ تويۇپ مەي ئىچىمىز ،
كۈندۈز كۈلۈشۈپ ، كۈلكىدە ئۆتسۇن كېچىمىز .
قاچانغىچە يۈرىمىز كويۇپ ئالەم غېمىدە ؟
ئالەم ئەھلى ئىچرە بىز شۇ بىر نەچچىمىز ...

ئىشقىڭ ئوتىغا دىلىم سېرى يول بەردىم ،
كۆز يېشى ۋە پەرياد سېرى قول بەردىم .
تا بولدى دىلىم ئىشق ـ پىراقىڭغا ئەسىر ،
تۇپراق بولۇپ سورۇلدىمۇ ، چېچىلدىم .

ئەي ئىشق مەندەك خەستىگە مەلھەم قېنى ؟

قەمەر يۈزلۈك دىلبەرى مەھرەم قېنى ؟
غەم ئىلكىدىن نىچۈك خالاس بولمايمەن ،
تۈن تۈتقۇنىمەن ، كۈن كەبى ھەمدەم قېنى ؟

زۈلپىڭنى كۆرگىنىمدە ئىشق دېگەن تۇيغۇ كېلۇر ،
ھۆسنۈڭنى كۆرگىنىدە ئايغا ھەم كۆزگۈ كېلۇر .
روھىم ئىچىلۇر گۈل كەبى چېھرىڭنى كۆرۈپ ،
بىلدىڭمۇ كۆڭۈلگە نەئەجەب ئارزۇ كېلۇر ؟

كۆرگىنىم بولدى جەۋر ـــ جاپا گەردۇندىن ،
ئۇ چاچتى ، قاراڭ ، چېچىمغا ئاپئاق ئۇندىن .
تەھقىر نەزەرىدە ئەيلىمە ماڭا نىگاھ ،
بىر قارچىغا ئەۋزەل يۈز قارا قۇزغۇندىن .

يارىم كۆزىدە شەرمى ـــ ھايا بولسىدى ،
رەھىم ئەيلەر ئىدى ، بولماس ئىدى تاش مىسال .
ھىجران كۆزىدە شەرمى ـ ھايا بولسىدى ،
دوست بىرلە تاپاتتىم ئەجەب ۋەسلۇ ۋىسال .

## شەيخ نەجمىدىن كۇبرا ④

چۈن ھەرنېكى يوق ... يوقتۇر ئۇ ـــ بادۇ ھەۋەس ،
چۈن ھەر نېكى بار ، بارى ـــ نۇقسانۇ شىكەست .
بىلگىنكى ، ئۇ يوق دېگەنلىرى ـــ بار ، ھايات ،
كۆرگىنكى ، ئۇ بار دېگەنلىرى ـــ يوق ، ئەبەس .

بۇ سادىدا كۆڭۈل سەنسىز جۇدالىق ئىستەر ،
باشقا بىرىسى بىلەن ئاشنالىق ئىستەر .
ھەر كىشكى دوستى بار ـ كېچەر مېھرىڭدىن ،
كويۇڭدىكى كىم كېچەر ـــ گادالىق ئىستەر .

چۈن ھەق ۋە تەلەب يولىغا كىرمەك جائىز ،
دۇنيا ئېتەكىنى تۇتۇپ يۈگۈرمەك جائىز .
كۆرمەككە ئۆزۈڭنى سەيى قىلغىن ، چۈنكى
ئالەم كۆزى بىرلەن ئۇنى كۆرمەك جائىز ...

ئىشق چۈشسە كۆڭۈلگە ، دىلغا ئۇ دەرد ئەيلەر ،
دەردى دىلى مەرد مەردنى يەنە مەرد ئەيلەر .
ئۆز ئاتەشى ئىشقىدا يانار ئۇ ، لېكىن
دوزاخنى ئۆزگە ئۈچۈن مۇز ـ سەرد ئەيلەر .

بادە ئىچىپ دېمەسمەن : ھۇشيار بولايىن ،
مەسلىك ئارا قانداقمۇ بىدار بولايىن ؟
بىر جامى جىلۋىلىك جامالىڭ ماڭا بەس ،
تا يوقلۇقۇ بارلىقتىن بىزار بولايىن ،

ئەي دىل ، دىيانەت دېسە ئەجەب رەسۋا سەن ،
ئىنساب بىلەن ئېيت : ئىشققا نىچۈن ئاشنا سەن ؟
ئىشق ئاتەشى تېز ئېرۇر ، سەندەك سۇ ئەمەس ،
تۇپراق چۇ بېشىڭغىچە يېتەر داناسەن .

ئەي كېچە ـــ قاراڭغۇ تۈن ، سەھەر بولغايسەن ،
بۇ دەردۇ دىلىمغا سەن سەمەر بولغايسەن .
ئەي سۇبھى ، ئاتلىنىپ كېلۇرسەن ، ئايا ،
مەقسۇدى دىلىم ئۈچۈن خەۋەر بولغايسەن .

ئول دېۋە ئىچىمدىدۇر ، چۇ پىنھان ئەمەس ،
كىم باش كۆتۈرۈپ يۈرمىكى ئاسان ئەمەس .
ئىيمانىنى مىڭ ـــ ھەزار بار تەلقىن قىلدىم ،
ئۇ كافىر ئۆزى ئەسلى مۇسۇلمان ئەمەس .

ھەرلەھزە بۇ مەردانەيۇ فەرزانە كۆڭۈل ،
يانغاي سىنىڭ ئىشقىڭ بىلەن جانانە كۆڭۈل

بىر لەھزە مۇھەببەت مەيىنى تەرك ئەتسەم ،
تولغاي جىگەر قېنىغا پەيمانە كۆڭۈل .

بو شوخۇ پەرىشانلىقىمىز بائىسى ئۇل ، -
ئاشۇفتەيۇ ھەيرانلىقىمىز بائىسى ئۇل .
ھەر كاكۇلى تارىغا نەچچە دىل باغلاق ،
چۇن غۇنچەئى خەندانلىقىمىز بائىسى ئۇل .

بىر كۇنى كۆرۈسەنكى ، مەن بىجاندۇرمەن ،
چۆرەمدە كۆپ خالايىق ، مەن ئەفغاندۇرمەن .
قەۋرىم بېشىغا كېلىپ ئۇلتۇرغىن ، ئېيتقىن :
ئۆلتۈردۈم ئۆزۈمنى ، لىك پۇشايماندۇرمەن .

ۋەسلىڭ بىلەن تەلىيىم فۇزۇندۇر كېچىسى ،
ھېجرىڭ ئىلە بارى دىيدە خۇندۇر كېچىشى .
زۇلپىڭ بولۇپ مىسالى كۇندىن كېيىن شام ،
ئاھ ، ئىككى يۈزۈڭ ، سالى كۇندۇر كېچىسى .

سوفىي بولۇبان بىر كېچە نالان - گىريان ،
قوزغال ، بەھەزرىتى خۇداۋەندى جاھان .
قان - ياش تۆكۈبان قولۇڭغا خەنجەر ئالغىن ،
كېيىن ئۇر ئۇنى ئۆزۈڭگە ، تەرك ئەت ماكان .

چۇن شەربەتى ئىشقىڭ بىلەن دىل مەست بولغاي ،
ھەم جەۋرۇ جاپايىڭ بىلەن ئۇ پەست بولغاي .
قول ئۈزۈتۈپ ، سەن بۇ يىقىلغاننى يۆلە ،
نېست بولغان ئاشۇ تەنۇ كۆڭۈل ھەست بولغاي .

ئۇل زەنجىر تۇكلۇك ئاھۇدىن قورقارمەن ،
ئۇ نازۇكەرەشمە ، كۇلكۇدىن قورقارمەن .
ھەر كىشىكىم قورقىدۇ يامان كۆزلەردىن ،
مەن بىچارە شۇ چەشمى جادۇدىن قورقارمەن .

ھەر نېچە ئۆمۈرگە مېھرى جان بولدى تەلەپ ،
پەيداۋۇ نىھانغا بىگۇمان بولدى تەلەپ .
كۆڭۈل ئېشىگىنى ئاچتى ، لېكىن كۆرگىل ،
ئۇ قەيەردە بىزگە نە ماكان بولدى تەلەپ .

ھەر گىياھكى سۇ ياقىسىدا يۈز ئاچمىش ،
بىر روھى پەرىشتەدۇر مەگەر كۆز ئاچمىش .
بىر خاكى پەرىۋەشكى ، يامان قويما قەدەم ،
بۇ پىنھاندا چۇن لالە ۋە نەرگىس ئاچمىش .

تا پەقىر ئەھلىگە ھەمنىشىن ئەتمىشسەن ،
سىرداشىسىز تالىيىمنى زەبۇن ئەتمىشسەن .
كىم بۇڭا يېتىشتىم ساڭا ئاشنالىق ئىلە ،
ئېيتقىنا ، نېمىشقا بۇنچىلىق ئەتمىشسەن .

## ئىزاھاتلار

(1) ئەبدۇللاھ ئەنسارى — تولۇق ئىسمى ئەبۇ ئىسمائىل ئەبدۇللا ئەنسارى . بۈيۈك شائىر ۋە ئەللامە 1006 - يىلى ھىراتتا تۇغۇلۇپ ، 1089 - يىلى ۋاپات بولغان .

بۇ يۈيۈك مۇتەسەۋۋۇف شائىرنىڭ ئەرەب تىلىدا يېزىلغان «مەنازىلەس - سايىرىن » ، «تەبەقاتەس - سوفىيە » ناملىق ئەسەرلىرى ؛ پارس تىلىدا يېزىلغان «مەنازىل » ۋە «مۇناجات »ناملىق ئەسەرلىرى بار .

(2) ھەكىم سەنائى — تولۇق ئىسمى ئەبدۇلمەجىد مەجدۇر بىننى ئادەم سەنائى . X I I ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك شائىر ۋە ئەللامە . ئۇ خۇراساننىڭ غەزنى شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە ۋاپات بولغان .

سەنائىنىڭ «ھەدىقۇل — ھەقىقەت » ، «تەرىقۇل — تەھقىق » ، «ئىشقنامە » ، «ئەقىلنامە » ، «غەرىبنامە » ، «ئەفۋنامە » قاتارلىق ئەسەرلىرى بار . بۇ ئەسەرلەر تەسەۋۋۇف ئەدەبىياتىنىڭ يارقىن نەمۇنىلىرى ھېسابلىنىدۇ .

(3) ئەدىب سابىر تېرمىزى — تولۇق ئىسمى شەھابىددىن سابىر بىننى ئىسمائىل تېرمىزى . X I I ئەسىردە ياشىغان ئەللاملاردىن . ئۇ سۇلتان سەنجەر ھۇزۇرىدا ئىشلىگەن .

شائىردىن غەزەللەر ، قەسىدىلەر ، تەرجىئبەندلەر ، قىتئەلەر ، رۇبائىيلاردىن ئىبارەت بىر دىۋانى مىراس سۈپىتىدە دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن . ئەدىب سابىر رۇبائىيلىرى ئەنە شۇ باقى مىراسنىڭ گۈزەل بىر پارچىسىدۇر .

(4) شەيخ نەجمىددىن كۇبرا — زامانىنىڭ ئەللامىسى ، ئاجايىپ ۋەتەنپەرۋەر ، ئۇتلۇق نەپەس شائىر بولۇپ ، ئۇ 1145 - يىلى خىۋەدە تۇغۇلدى . 1221 - يىلى ئۈرگەنچتە ۋاپات بولدى .

مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

# سەييادى ۋە ئۇنىڭ «تاھىر — زۆھرە» داستانى ھەققىدە

مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى سەمەرىلىك ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىسىدە كۆپلىگەن يېڭىلىقلار مەيدانغا چىقتى. يەنى ئەدەبىيات دۇنياسىغا مەلۇم بولمىغان كلاسسىكلار، ئۇلارنىڭ يېڭى ئەسەرلىرى ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەر خىل قول يازما نۇسخىلىرى تېپىلىپ قەلبلەرگە خوشاللىق بەخش ئەتتى.

ئەنە شۇلاردىن بىرى ئۇلۇغ شائىر سەييادىنىڭ «تاھىر — زۆھرە» ناملىق داستانىنىڭ قول يازمىسىدۇر.

بۇ قول يازما قەشقەر توققۇزاقتىن تېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 27.5cm×16cm ساقلىنىشى ئانچە ياخشى ئەمەس. باش — ئاخىرىدىن ئازغىنا بېتى يوقالغان. جەمئى 102 بەت (51 ۋاراق) بولۇپ، ھەر بېتىگە 11 قۇردىن ئىككى قاتار قىلىپ، خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە خەتتى پارسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن. ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە مەزكۇر ئەسەرنى ئىككى كىشى نۆۋەتلىشىپ كۆچۈرگەندەك قىلىدۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىملاسى بىر — بىرىگە تولۇق ئوخشىمايدۇ. بىرى خىلىلا چىرايلىق، يەنە بىرىنى خۇشخەت ھىسابلىغىلى بولمايدۇ. بۇ خىل ئىملا ئەسەرنىڭ كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىسرالار (ئۇزۇن — قىسقىلىق جەھەتتە) تەكشى كۆچۈرۈلمىگەن.

مەزكۇر «تاھىر ۋە زۆھرە» داستانىنىڭ ھازىرغىچە ئىلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولغان 6 قول يازما نۇسخىسى بار. ئۇنىڭدىن بىرى 1807 — يىلى كۆچۈرۈلگەن بولۇپ، ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل ۋە ئەدەبىيات ئىنستىتۇتىنىڭ ئەدەبىيات موزېيىدا № 96 ئىنۋېنتار نومىر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ نۇسخا ھادى زەرىپ تەرىپىدىن خارەزمدىن تېپىلغان. يەنە ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا 4 قول يازما نۇسخىنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى مەلۇم. يەنە بىر قول يازما نۇسخىسىنىڭ سابىق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىنىڭ لېنىنگراد بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار.

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن قول يازما نۇسخىلاردا بولسۇن، مەيلى توققۇزاقتىن تېپىلغان قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىدا بولسۇن مەزكۇر داستانىنىڭ سەييادى تەرىپىدىن قاچان يېزىلغانلىقى، سەييادىنىڭ كىملىكى، قاچان، قەيەردە ياشىغانلىقى، ئىجادىي يولى توغرىسىدا ھېچقانچە مەلۇمات يوق. 1966 — يىلى تاشكەنت بەدىئى ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك ئەدەبىياتى» ناملىق كىتابتا: «مەزكۇر داستانىنىڭ ھادى

زەرىق تەرىپىدىن 1930 ـ يىلدا خىۋەدىن تېپىلغان كونا بىر قول يازمىنىڭ كىچىك بىر پارچىسى بۇ ئەسەرنىڭ 14 ـ ئەسىردە يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا ئىمكان بېرىدۇ» دەپ كۆرسىتىلگەن .

بۇ قېتىم توققۇزاقتىن تېپىلغان قولىمىزدىكى قول يازما نۇسخىنىڭ تېكىستى ئىچىدە داستانىنىڭ قاچان كۆچۈرۈلگەنلىكى توغرۇلۇق مەلۇمات بولمىسىمۇ ، لېكىن بۇ نۇسخىنىڭ 12 ـ بەت يوقىرى تەرەپ ھاشىيەسىگە باشقىلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ قويۇلغان پارسچە 3 بېيتنىڭ ئاخىرىدا كۆرسىتىلگەن يىل ــ بۇ قول يازمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدا پەرەز قىلىشىمىزغا مۇمكىنچىلىك بېرىدۇ . ئاخىرقى 3 ـ بېيت مۇنداق تاماملىنىدۇ :

سەرىكى سەجدە نىدارەد بەمۇلكى تەن ھەيف ئەست ،
گۇلىكى بۇيى نىدارەد دەرىن چەمەن ھەيف ئەست .

بۇ بېيىتنىڭ ئاخىرىغا ، « 1278 ـ سەنە » دەپ يېزىلغان . ئېنىقكى ، بۇ رەقەملەر ھاشىيەدىكى يوقىرىقى بېيتنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىنى يەنى مىلادىيىنىڭ 1861 ــ 1862 ـ يىللىرىنى كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، قولىمىزدىكى بۇ قول يازما مىلادى 1861 ــ 1862 ـ يىللاردىن خېلىلا بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن بولىدۇ ئەلبەتتە .

مەزكۇر داستانىنى 14 ـ ئەسىردە يېزىلغان باشقا بەدىئى ئەسەرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا تىلى تېخىمۇ يەڭگىل ، تېخىمۇ چۈشىنىشلىك ساپ ئۇيغۇر لەھجىسىدە ئىكەنلىكى ئۆزلىكىدىن مەلۇم بولىدۇ . بۇ ھەقتە كۆپلىگەن مىساللارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن .

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، شائىر سەييادى خەلق قوشاقلىرىدىن ئۇزۇق ئالغان . ئۆز ئىجادىيىتىنى خەلق قوشاقلىرى بىلەن باغلاشقا تىرىشقان . مەسىلەن : تەڭرى تاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ئۇيغۇر خەلقىغە ئومۇملىشىپ كەتكەن :

بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار ،
غېرىبنىڭ يولىنى باغلار .
غېرىپ ئۆلسە كىم يىغلار ،
غېرىبقا غېرىب يىغلار .

دېگەن قوشاق ئەينى دەۋردىكى سەييادى ئىجادىيىتىدە تىگىشلىك ئورون ئالغان . مەسىلەن :

« غەرىبلەرگە رەھىم قىلماس بۇ تاغلار ،
غەرىب يۈرسە غەرىب يولىنى باغلار .
غەرىب ئۆلسە كىشى بولسە يانىدە ،
غەرىب ئۆلسە غەرىب يىغلار باشىدە .»

( ئەسلى قول يازما 78 ـ بەت )

ئۇندىن باشقا ئۇيغۇر خەلقىغە كۆپرەك ئومۇملىشىپ كەتكەن :

« شۇندىن ـ شۇنىغا كەلمىشىم سەن يار ئۈچۈندۇر ،
جەۋرۇ جاپا چەكمىشىم دىيدار ئۈچۈندۇر »

دېگەن خەلق قوشىقى سەيىيادى داستانىغا تۆۋەندىكى تەرزدە كىرگۈزۈلگەن :

« يىراقدىن كەلگەنىم سەن يار ئۈچۈندۇر ،
جەفالار تارتىغانىم دىيدار ئۈچۈندۇر .
بۇ سۆز ئېيرتەكىدىن قالغان مەسەلدۇر ،
قوپ ئەمدى ياتماغىل ۋەقتى جەدەلدۇر . »

يۇقىرىقى مىساللاردىن شائىر سەيىيادىنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆز ئىجادىيىتىنىڭ ئوزۇقى قىلىغانلىقىنى ، خەلق بېيىت ـ قوشاقلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۇندىن باشقا خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىمۇ سەيىيادى ئىجادىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلانغان . مەسىلەن :

« مەسەلدۇر ئەرتەدىن قالغان بۇ ئەخبار :
كى ئۆلگەن ئارقادىنكىم ئۆلمە زىنهار »

« كېلۇر بولسە كېلۇر شامۇ ئىراقدىن .
كېتەر بولسە ، كېتەر قاشۇق ـ تەبەقدىن ،
بۇ سۆزلەر ئەرتەدىن قالغان مەسەلدۇر ،
هەر ئىشنىڭ ئەۋۋەلى سەئيى جەدەلدۇر . »

شۇنەرسە دىققەتكە سازاۋەركى ، شائىر سەيىيادى ئۆز ئىجادىيىتىدە دۇررۇ گۆھەرگە ئوخشاش قىممەتباھالىق تاشلار ، مۇشكۇ ئەنبەرگە ئوخشاش خۇشپۇراقلىق ئېسىل نەرسىلەر توغرىسىدا توختالغاندا ، بۇلارنى خوتەن بىلەن بىۋاستە باغلايدۇ . مەسىلەن :

« ئەگەرچە تولە بولسە دۇررۇ گەۋهەر ،
ۋە يا مۇشكى خوتەن يا ئۇدۇ ئەنبەر »

ئېهتىمال ، بۇ سەيىيادىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان مېهرى ـ مۇهەببىتىنىڭ روشەن ئىپادىسىدۇر .

ئۇلۇغ شائىر سەيىيادى قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان « تاهىر ۋە زۆهرە » داستانىنىڭ بۇ قول يازما نۇسخىسىنىڭ تېپىلىشى مەدەنى هاياتىمىزدىكى خۇشاللىنارلىق هادىسە ، بۇ قول يازما نۇسخىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى باشقا نۇسخىلىرىنى قىدىرىپ تېپىش ، مەزكۇر داستانىنىڭ تېكىستىنى تۇرغۇزۇپ چىقىش ـــ تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئالدىدىكى مۇهىم ۋەزىپىلەردىن بىرى .

# قۇلۇپ بىلەن دىلئارا



نەشرگە تەييارلىغۇچى: مالىك چانىشىف



قەدىمكى زاماندا كەشمىر پادىشاھى تۇرانبەگنىڭ پۈتۈن ئالەم ھەيران قالغۇدەك چىرايلىق پەررۇخرۇز ئىسىملىك بىر ئوغلى ۋە ئۇنىڭدىنمۇ گۈزەل بولغان پەررۇخناز ئىسىملىك بىر قىزى بار ئىكەن. پەررۇخرۇز قەھرىمان، زامان نادىرلىرىدىن بولغىنىدەك، سىڭلىسى پەررۇخنازمۇ لاتاپەتتە ھەم ھۆسن ــ جامالدا دەۋرانغا بىر ئاپەت ئىكەن.

دەرۋەقە پەررۇخنازنىڭ ھۆسن ــ جامالىنىڭ داڭقى كەشمىر مەملىكىتى ئىچىدە تەرىپلىنىپلا قالماي يەنە باشقا مەملىكەتلەرگىمۇ تارىلىپتۇ. پەررۇخنازنىڭ ھۆسن ــ جامالى ھەممىلا جايدا سۆزلىنىدىغان ئاساسىي سۆز تېمىسىغا ئايلىنىپتۇ. خۇددى بىر ئەرەب شائىرىنىڭ بۇ ھەقتە:

«پالانىنىڭ گۈزەللىكى ھەققىدە سۆزلىگەنلىرىڭنى ئاڭلاپ، قۇلاقلىرىم شادلىقتىن ئۇسسۇلغا چۈشتى. چۈنكى، بەزى ۋاقىتتا قۇلاق كۆزدىن ئاۋۋال ئاشىق بولىدۇ» دېگىنىدەك، شەرق پادىشاھلىرى ۋە شاھزادىلىرى پەررۇخنازنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئاشىق بوپتۇ. ئۇلار كۆپ ھەدىيەلەر بىلەن قىزنىڭ ئانىسىغا ئەلچى ئەۋەتىپ پەررۇخنازنى خانىشلىققا سورىتىپتۇ.

پەررۇخناز بىر كىچىسى چۈش

كۆرۈپتۇ . چۈشىدە بىر كېپىنەك تېكىسى
تۇزاقىغا چۈشۈپ قاپتۇ . چىشى كېپىنەك بۇ
ھالنى كۆرۈپ دەرھال تېكە كېپىنەكنى تۇزاق-
تىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ ، لېكىن ئۆزى تۇزاققا
چۈشۈپ قاپتۇ . تېكە كېپىنەك چىشى كېپىنەك-
نىڭ تۇزاققا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرسىمۇ
پەرۋا قىلماي ، شۇ ھالدا تاشلىغىنىچە كېتىپ
قاپتۇ .

بۇ چۈش پەررۇخنازغا بەك يامان
تەسىر قىلغانلىقتىن ، ئۇنىڭدا دۇنيادىكى
بارچە ئەركەك زاتىغا نەپرەت پەيدا بوپتۇ . ئۇ
ئۆزىنىڭ چۈشىگە ئۆزى تەبىر بېرىپ :
«چوقۇم تەڭرى ماڭا بۇ چۈشنى كۆرگۈ-
زۈپ ، ئەرگە تەگمەسلىككە بېشارەت بەردى .
چۈنكى ئەركەك تائىپىسى ۋاپاسىز .
خوتۇنلارنىڭ يۇمشاق كۆڭلى بىلەن قىلغان
شەپقىتى باراۋىرىگە ئەرلەر شەپقەتسىزلىك
بىلەن جاۋاب قىلىدۇ دەپ ، ئەركەك كېپىنەك-
نىڭ چىشى كېپىنەكنى تۇزاقتىكى ھالدا
تاشلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ مېنى ئا-
گاھلاندۇردى » دېگەنلەرنى
جەزىملەشتۈرۈپتۇ . ئۇ يەنە « مېنى خەۋەر-
لەندۇرمەيلا كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ
بىرەرسىگە ماقۇل بولۇپ قويمىسۇن » دەپ
ئويلاپ ئاتىسىنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ :
— ئەي ئاتا ! مېنىڭ رازىلىقىمسىز
ھېچكىمگە ماقۇل بولۇپ قويماڭ ، — دەپ
غايەت تەۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنۈپتۇ . بۇ
گەپتىن پادىشاھنىڭ كۆڭلى يۇمشاپ :
— بولىدۇ قىزىم . شەرتىڭنى ئو-
رۇنداشقا قەسەم قىلاي . ھەرقانداق ئۇلۇغ
پادىشاھنىڭ ۋارىسى بولغان شاھزادىلەردىن
بىرەرسى كەلسىمۇ ، سىزنىڭ ماقۇللۇقىڭىزنى
ئالماي تۇرۇپ جاۋاب بەرمەيمەن ، — دەپتۇ .
بۇ ۋەدىگە ئىرىشكەن پەررۇخنازنىڭ
كۆڭلى ئارام تېپىپ ، ھەرگىزمۇ ياتلىق بول-
ماسلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ . بىرقانچە
كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەرقايسى پادى-
شاھلىقلاردىن كەلگەن ئەلچىلەر ئارقا -
ئارقىدىن قايتۇرۇلۇشقا باشلاپتۇ . ئەلچىلەر
يەنە شاھ ھۇزۇرىغا كىرىپ :
— بىزنىڭ پادىشاھىمىز يەر
يۈزىدىكى قانداقلا پادىشاھنىڭ قىزىنى سو-
رىسا رەت قىلىنمايدىغان دەرىجىدىكى دۆلەت
ئىگىسى . ئۇ ھۆسن - جامالدا ۋە ئەقىل -
پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن . قىزنى ياتلىق
قىلىشقا ئاتىسىنىڭ رازىلىقى كۇپايە . ھەرقانداق
پەرزەنت ئاتا - ئانىغا بويسۇنۇشى لازىم ، —
دېگەندەك نۇرغۇن ياخشى سۆزلەرنى
سۆزلەپتۇ . ئەمما تۇرانبەك :
— مەن تەڭرى نامى بىلەن قەسەم
قىلدىم . قىزىمنىڭمۇ ھازىرچە ياتلىق بولۇش
خىيالى يوق ئىكەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ . ئەلچىلەر بۇ جاۋابتىن كېيىن نېمە
قىلىشلىرىنى بىلەلمەي باشلىرى ساڭگىلاپ ،
بۇ ئىشنى قاملاشتۇرالمىغانلىقلىرىدىن
قايغۇرۇپتۇ . ئاخىرى قايتىپ كېتىشكە مەج-
بۇر بوپتۇ .

شاھ تۇرانبەگ ئەلچىلەرنىڭ بۇنداق
ئۈمىدسىز چىقىپ كېتىشلىرىدىن ۋە بەزى
ئەلچىلەرنىڭ قاتتىق رەنجىشلىرىدىن بىر ئاز
دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ قاپتۇ . ئۇ ئۇلار-
نىڭ ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن لەشكەر تارتىپ
كېلىشلىرىدىن خەۋپكە چۈشۈپتۇ . شاھ
ئۇزاق ئويلىنىپتۇ . ئۇ قىزىغا ئىختىيارنى
بېرىپ قەسەم قىلغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈ-
نۈپتۇ . ئۇ قىزىنىڭ ئىنىكئانىسىنى
چاقىرىپتۇ . ئىنىكئانا كەلگەندىن كېيىن
پەررۇخنازنىڭ ھېچكىمگە ئەرگە چىقماسلىققا
قارار قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سوراپ :

— بۇ تەتۈرلۈكنى ئۇنىڭغا سەن ئۆگەتتىڭمۇ؟ — دەپتۇ. ئىنىكئانا:

— شاھىم! بۇ ئىشنىڭ مەن بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوق. قىزىڭىزنىڭ ئەر زاتىغا بولغان نەپرىتىگە كۆرگەن چۈشى سەۋەب بولغان، — دەپ قىزنىڭ كۆرگەن چۈشىنى بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ بۇ ئىشتىن ئەجەبلىنىپ نېمە قىلارىنى بىلمەستىن:

— بۇ ئىشقا قانداق تەدبىر قوللىنىش كېرەك؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم! — دەپتۇ ئىنىكئانا، — ئەگەر بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى مەن دېدىكىڭىزگە بۇيرىسىڭىز، قىزىڭىزنى نىيىتىدىن ياندۇرۇپ، ياتلىق بولۇشقا كۆندۈرسەم ئەجەب ئەمەس. ئۇ چاغدا مەن شاھىمنىڭ بەرگەن نان - تۇز ھەققىنىڭ يۈزدىن بىرىنى قايتۇرغان بولارمەن. شاھىمنىڭ بۇ خاپىلىقتىن قۇتۇلۇشىغا سەۋەب بولسام بۇ مەن ئۈچۈن زور بەخت.

شاھ يەنە:

— بۇنداق چوڭ ئىشنى قانداق ئورۇندىيالارسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي شاھىم! مەن قىسسىلەردىن تۈگىمەس ھېكايىلارنى بىلىمەن. بۇ ھېكايىلارنى سۆزلەپ پەررۇخنازنى ئويغىتارمەن ۋە ئۇنىڭ ئەرلەر توغرىسىدىكى كۆزقارىشىنى يوقىتارمەن. بىر قىسىم ئەرلەرنىڭ ئەھدىسىدە چىڭ تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئەرلەرگە بولغان مۇھەببىتىنى قوزغىتارمەن، — دەپتۇ ئىنىكئانا.

پەررۇخنازنىڭ قېشىدا قىرىق كېنىزەك بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس خىزمەتچىلىرى بار ئىكەن. كېنىزەكلەر دائىم دېگۈدەك پەررۇخنازنىڭ يېنىدا بولىدىكەن. بولۇپمۇ ئىنىكئانا پەررۇخنازغا ھېكايە سۆزلىگەن چاغدا كېنىزەكلەر بىرىمۇ قالماي يىغىلىدىكەن. پەررۇخنازنىڭ ھېكايە ئاڭلاشقا ئانچە خۇشى يوق بولسىمۇ، كېنىزەكلەرنىڭ تەلىپى بويىچە ئىنىكئانىغا ھېكايە سۆزلەشكە ئىجازەت قىلىدىكەن. ئىنىكئانىنىڭ مەقسىتىمۇ پەررۇخنازغا ھېكايە سۆزلەش بولغانلىقتىن، بارلىق ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ تەسىرلىك ھېكايىلارنى سۆزلەپتۇ.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىنىكئانا كېنىزەكلەرنىڭ تەلىپى بىلەن «قۇلۇپ بىلەن دىلارا» ھېكايىسىنى سۆزلەشكە باشلاپتۇ:

شام شەرىپتە ئابدۇللا ئىسىملىك ناھايىتى باي بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ چاغلاردا شامدىلا ئەمەس بەلكى ئەتراپتىكى شەھەرلەردىمۇ ئۇنىڭدىن باي كىشى يوق ئىكەن. ئۇ شام شەھىرىدىلا سودا قىلىپ قالماستىن يەنە سەپەر مۇشەققەتلىرىنى چېكىپ، چەت يۇرتلاردىمۇ سودا قىلىدىكەن. ئۇنىڭ شۇنچە مال - مۈلكى بولغىنى بىلەن جان ۋە جاھان سەمەرىسى بولغان بالا لەززىتىدىن مەھرۇم ئىكەن. شۇڭا بۇ جەھەتتە كۆڭلىدىن ھامان قايغۇ - ھەسرەت كەتمەيدىكەن. ئۇ: «بەلكىم ئاخىرقى ئۆمرۈمدە تەڭرى - تائالا بىر بالا نېسىپ قىلسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئىشىكنى كەمبەغەل مۇساپىرلارغا كەڭ ئېچىپتۇ، ئۇلارنى تاماقلاندۇرۇپ ھەم سەدىقىلەر بېرىپتۇ. مەسچىت - مەدرىسىلەرنى ۋە كەمبەغەل - ئاجىزلار ئۈچۈن تۇرالغۇلارنى سالدۇرۇپتۇ، ئۇ كېچە - كۈندۈز تەڭرىدىن بالا تىلەپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆ-

تۇپتۇ ... ، ئابدۇللانىڭمۇ يېشى بىر يەرگە بېرىپ بالىدىن ئۈمىدى ئۈزۈلۈپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈنى ئابدۇللانىڭ ئۆيىگە ياشانغان بىر مويسىپىت ئادەم كەپتۇ . ئۇ بۇ ئادەمنى ئوبدان مېھمان قىلىپ ، سوۋغىلار تەقدىم قىپتۇ . ئاندىن ئۆزىنىڭ شۇنچە جىق مۈلكىگە ۋارىسلىق قىلغۇدەك ئەۋلادىنىڭ يوقلۇقىنى ، شۇ سەۋەبدىن بالا ئۈمىد قىلىپ ئاجىزلارغا تەگرى يولىدا خەير - ساخاۋەت قىلىپ پەرزەنت تىلىگەن بولسىمۇ ھېچبىر نەتىجىسى بولمىغانلىقىدىن زارلىنىپتۇ . ئاخىرىدا ئۇ :

— سىز مېنىڭ بۇ دەردىمگە بىرەر دەرمان تاپالارسىزمۇ ، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ . ئەسلىدە بۇ ئادەم ناھايىتى ئۇلۇغ بىر ھۆكۈما ئىكەن . ھۆكۈما ئابدۇللاغا قاراپ :

— خەير - ساخاۋەتلىك جاناب تەڭرىنىڭ بىر ئۆزىدۇر . ياخشى ئىشلار بەندىلەر تەرىپىدىن تەڭرى رازىلىقى ئۈچۈن قىلىنغىنىدۇر . بۇنىڭ چارىسى شۇكى ، غايەت چىرايلىق ، خۇش خۇي ، خۇش قىلىق بىر كېنىزەك ئەپكىلىپ ، قىرىق كۈنگىچە ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىغىن . شۇ قىرىق كۈن مۇددەتتە زېھنىڭنى باشقا ئىشقا سەرپ قىلماي ، بارچە ئىشلىرىڭنى تاشلاپ ساياھەت قىلغىن . بۇ مۇددەتتە ئوۋ گۆشىنى ئاساسلىق ئوزۇق قىل . قىرىق كۈن مۇددەت تولغاندا ئالغان كېنىزىكىڭگە يېقىنلىق قىلساڭ ، ئۈمىدىڭچە بىر بالاڭ بولۇر ، — دەپتۇ .

ئابدۇللا ھۆكۈمانىڭ ئېيتقىنىدەك بەكمۇ گۈزەل ، خۇش خۇي بىر كېنىزەك سېتىۋاپتۇ . ئۇ ھۆكۈما ئېيتقان شەرتلەرنى تولۇق ئورۇنداپ ، كېنىزەككە يېقىنلىق قىپتۇ . كېنىزەك ئۇنىڭدىن ھامىلدار بوپتۇ . ئاي - كۈنى تولغاندا بىر ئوغۇل پەرزەنت

دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ . ئابدۇللا سودىگەر ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ئوغلى بولغانلىقىدىن ناھايىتى سۆيۈنۈپتۇ . ئۇ تەڭرىگە ھەمدۇ - سانالار ئوقۇپ شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ . كەمبەغەل ۋە ئاجىزلارغا سەدىقىلەر بېرىپتۇ . پۈتكۈل ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ ، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپتۇ . كىشىلەر ئۇ كۈنى غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇپ خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ . ئابدۇللا دانىشمەنلەرنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئوغلىغا « قۇلۇپ » دەپ ئات قويۇپتۇ .

قۇلۇپ كۈندىن - كۈنگە چوڭ بولۇپ بىلىم ئېلىش يېشىغا يېتىپتۇ . ئابدۇللا تۇرلۇك پەن ئۇستازلىرىنى يىغىپ ئوغلىنى ئۇلاردىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن ، ئۇستازلارغا تاپشۇرۇپتۇ . قۇلۇپ بەكمۇ زېرەك بولغاچقا تۇرلۇك ئىلىملاردىن : ئەرەب تىلى ، ئەقائىدە ، فىققە ، تەفسىر ۋە ھەدىسلەرنى ئۆگىنىپ كامالەتكە يەتكەندىن كېيىن يەنە ئەدەبىيات ، رىيازەت ( ماتېماتىكا ) ، تىبابەتچىلىك ھېكمىتى ، ئىلمى نۇجۇم ۋە فەلەكىيات ئىلىملىرىنى ئۆگىنىپتۇ . ئۇ يەنە يات ئەل تىللىرىدىن پەرەڭ قاتارلىق ئەللەرنىڭ تىلىنى ئۆگىنىپتۇ . ئاندىن بارچە قەۋملەرنىڭ تارىخىنى ئۆگىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن « زامان ئالىمى » دېگەن ئاتاققا ئېرىشىپتۇ . ئۇ بارلىق ئىلىملەرنى ئۆگىنىپ بولغۇچە ئون سەككىز ياشقا تولۇپتۇ . ئۇ يەنە ئوقيا ئېتىش ، قىلىچۋازلىق ، نەيزە ئېتىش ، قالقان تۇتۇش ۋە زامانغا لايىق ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلىتىش يوللىرىنى ئۆگىنىپ ، ھەم قەلەمدە ، ھەم ئەلەمدە تەڭ كامالەتكە يېتىپتۇ .

ئابدۇللا ئوغلىنىڭ بۇنداق كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بولغانلىقىدىن پەخىرلىنىپ ، خۇشاللىقىدىن بېشى كۆككە يېتىپتۇ . ئۇ

ئوغلىنى بەكمۇ ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئۇ-
نىڭدىن بىر سائەتمۇ ئايرىلىپ
چىدالمايدىكەن. ئابدۇللا بەك قېرىپ كەت-
كەچكە، ياستۇق تارتىپ يېتىپ قاپتۇ. ئۇ
ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس
قىلىپ ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ ۋەسىيەت
قىپتۇ. ئۇ سۆزىنى تۈگەتكەن ھامان جان
قۇشى تەن قەپىزىدىن ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

قۇلۇپ ئاتىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن
بىر مەزگىل قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپ ئازاب-
لىنىپتۇ. يەنە بىر ياقتىن ئۇنى ئۆزىگە قالغان
ھېسابسىز مىراس خۇشالمۇ قىپتۇ. ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ئۇ ئاتىسىنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا
قىلغان ۋەسىيەتلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپتۇ.
ئۇ ئۆزىگە بىر ھەشەمەتلىك ساراي
سالدۇرۇپ، كۆپلىگەن گۈزەل دېدەكلەرنى
سېتىپ ئاپتۇ. سارايغا تۈرلۈك ساز ۋە بارلىق
لازىمەتلىكلەرنى تەييار قىلىپ، كېچە ـ
كۈندۈز ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن ۋاقىت
ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي
ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسى تۈگەشكە باشلاپتۇ.
قۇلۇپنىڭ مال دۇنياسى تۈگىگەنسېرى
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ قېلىشقا
باشلاپتۇ. بايلىقى تۈگىگەندىن كېيىن
ساراي ھەم دېدەكلىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن
سېتىپتۇ. ئۇ بارلىق پۇللىرىنى دوستلىرى
بىلەن بۇزۇپ ـ چېچىپ خەجلەپ تۈگە-
تىپتۇ. ئاخىرى ئۇ بىر تەڭگە پۇلغىمۇ
ھاجەتمەن بولۇپ، خەلق ئارىسىدا خارلىققا
قاپتۇ. قولىدا پۇلى بار ۋاقتىدا دوست
بولغانلار ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىدىن پۇلغا، يەر ـ
جايغا ئىگە بولۇپ باي بولغانلار، ئەمدىكى
كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بو-
لۇپ قاپتۇ.

قۇلۇپ بىر تەڭگىسىز قېلىپ چارە
تاپالماي تەمتىرەپ قاپتۇ. قانداق قىلسۇن؟
ئاخىرى بۇرۇن يېقىن ئۆتكەن دوستلىرىنى
ئىزدەپ ياردەم سوراشقا نىيەت قىپتۇ. ئۇ
دوستلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ـــ ئەي مېنىڭ قەدىرلىك
دوستلىرىم، ھازىر مەن شۇنچىلىك كۆپ
بايلىقتىن ئايرىلىپ غېرىپ ـ گاداي بولۇپ،
ئاچ ـ يالىڭاچلىققا دۇچار بولدۇم. سىزلەر
مېنىڭ ئاۋۋالقى ئەھۋالىمنى بىلىسىزلەر.
شۇڭا سىزلەرگە ئىشىنىپ كەلدىم. مېنىڭ
ھالىمغا يېتىپ، پەقىرلىك ۋە موھتاجلىقتىن
قۇتقۇزۇپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتىمەن.
«دوست دېگەن باشقا كۈن چۈشكەندە
ئەسقاتىدۇ» دېگەن گەپ بار. مېنىڭ بۇ
ھالىمنى كۆرۈپ سىزلەرنىڭ قەلبىڭىزلاردا
شەپقەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ئويغىنار ...، ـــ
دېگەندەك كۆپلىگەن تەسىرلىك سۆزلەرنى
سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇلار ئاڭلىمىغاندەك
بولۇۋېلىپ ھېچبىر ئىلتىپات ئەتمەي، يۈز
ئۆرۈپ كېتىپتۇ. بەزىلىرى ئۇنىڭ ھالىغا
قايغۇرغاندەك قىلىپ:

ـــ ئاللا ياردەم قىلسۇن! ـــ دەپ
تەسەللى بەرگەندىن باشقا ھېچقانداق ياردەم
قولىنى سۇنماپتۇ. بەلكى:

ـــ ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، ـــ
دەپ غېيىبدە تىكىۋېتىپتۇ.

قۇلۇپنىڭ بۇلاردىن ئۈمىدى
ئۈزۈلۈپتۇ. بۇلارنىڭ دوستلۇقى ئۇنىڭ
پۇل ـ مېلى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ
يېتىپتۇ. ئۇ بىر ياقتىن ئۆزىنىڭ بۇلار ئۈ-
چۈن سەرپ قىلغان مال ـ دۇنياسىغا
ئېچىنسا، يەنە بىر تەرەپتىن بۇلارنىڭ بەك
سوغۇق مۇئامىلىسى يۈرىكىگە ئوق
قادالغاندەك تەسىر قىپتۇ. ئۇ بۇ ھالغا چىدى-
يالماي ئۆز شەھىرى شامنى تاشلاپ باشقا بىر

يۇرتقا كەتمەكچى بوپتۇ .

بىر كۈنى قۇلۇپ شامدىن تۈركستان تەرەپكە كەتمەكنى قارار قىلىپ، يولغا چىقىپتۇ . ئۇ ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، ئاخىرى قارا قۇرۇم دېگەن جايغا يېتىپتۇ .

ئۇ چاغلاردا بۇ ۋىلايەتنە قوبۇلخان ئىسىملىك بىر كىشى خانلىق قىلىۋاتقان ئىكەن . قۇلۇپ كارۋان سارىيىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، يېنىدا بار پۇلىغا بىر قۇر يېڭى كىيىم سېتىۋېلىپ، ئۇستىبېشىنى يېڭىلاپتۇ . ئۇ ھەر كۈنى كوچىلارنى، بازارلارنى ۋە باغچىلارنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىپ كەچ بولغاندا ئىجارىگە ئالغان ئۆيىگە قايتىدىكەن .

كۈنلەردىن بىر كۈنى قوبۇلخاننىڭ قول ئاستىدىكى ئىككى يۇرتنىڭ خانلىرى قوبۇلخاندىن باش تارتىپ، ئۇنىڭغا بويسۇنماي قارشىلىق قىلغاچقا، قوبۇلخان ئۇلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇش ئېلان قىپتۇ . قۇلۇپ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ قورال - ياراق ئىشلىتىشكە ماھىرلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ ۋەقەنى تامامەن ئۆزىگە كەلگەن پۇرسەت دەپ بىلىپتۇ . ئۇ خانغا ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىزھار قىلىپ نامە يېزىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەسكەرىي خىزمەتكە كىرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ . خان قۇلۇپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ . قۇلۇپ زور قوشۇن بىلەن باش تارتقان خانلارغا قارشى جەڭگە ئاتلىنىپتۇ . قۇلۇپ جەڭدىكى ئېلىشىشتا ئۆزىنىڭ باتۇرلۇقى ھەم جەڭگە ئۇستىلىقىنى نامايان قىلىپ، ئەسكەرلەر ۋە ئەسكەر باشلىقلىرىنىڭ، بولۇپمۇ - سەردار خانزادە مىرزا نادىرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بوپتۇ .

قۇلۇپنىڭ باتۇرلۇقى ۋە جەڭ ماھارىتىنىڭ ئۇستۇنلۇكى سەۋەبىدىن دۈشمەن يېڭىلىپ، ئىتائەتكە كەلتۈرۈلۈپتۇ . خاننىڭ مەملىكىتىدىكى باش تارتقۇچىلارنىڭ بارلىقى بويسۇندۇرۇلۇپتۇ . بۇ جەڭلەردە قۇلۇپنىڭ شۆھرىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، خالايىقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بوپتۇ . خانزادە مىرزا نادىر قۇلۇپنى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى قىلىپ تەيىنلەپتۇ . خانزادە قۇلۇپنىڭ قورال ئىشلىتىشكە ماھىر باتۇرلۇقىنىلا بىلىپ، كۆپلىگەن ئىلىملاردىن خەۋەردار ئالىم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىكەن . قۇلۇپنىڭ ئالىملىقىنى بىلگەندىن كېيىن مىرزا نادىر بەكمۇ خۇش بوپتۇ ۋە ئۇنى ئاۋۋالقىدىنمۇ بەك ئەتىۋارلايدىغان بوپتۇ .

ئۇزۇن ئۆتمەي قوبۇلخاننىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يېتىپ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىپتۇ . مىرزا نادىر خانلىق تەختىگە چىقىپتۇ . مىرزا نادىر خانلىق تەختىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن قۇلۇپنى ئۆزىنىڭ باش ۋەزىرى قىلىپ تەيىنلەپتۇ .

قۇلۇپ بۇنداق يۇقىرى ئورۇنغا چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ۋە ھازىرقى ئەھۋاللىرىنى ئويلاپتۇ . ئۇ : « بۇ دۇنيادا ھېچقانداق بىر ئىش مەڭگۈلۈك ئەمەسكەن . بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ھامان ئالمىشىپ تۇرىدىكەن ... بۇ دۇنياغا ئىككى قېتىم كەلمەيمەن . پۇرسەت بارىدا ئويناپ - كۈلەي » دەپ نىيەت قىپتۇ .

بىر كۈنى ئۇ « كەيپ - ساپا قىلىدىغان جاي ئۇچرىماسمۇ » دەپ خان سارىيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ بىر باغچىنىڭ يېنىدا بىر قېرى مومايىنى ئۇچرىتىپتۇ . ئۇ موماي كەينىگە بىر - بىرسىدىن گۈزەل

بولغان بەش كىنەزەكنى ئەگەشتۈرۈپ
ئالغان ئىكەن. قۇلۇپ مومايىنىڭ يېنىغا بې-
رىپ:
— ئەي موما! بۇ كىنەزەكلەرنى
نەگە ئاپىرىسىز؟ ئەگەردە ساتسىڭىز ماڭا
بىر كىنەزەك كېرەك ئىدى، — دەپتۇ.
موماي ئۇنىڭغا:
— سېتىلىدۇ — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ.
— مۇشۇ كىنەزەكنى ماڭا سېتىپ
بېرىڭ، — دەپتۇ قۇلۇپ كىنەزەكلەرنىڭ
ئىچىدىكى چىرايلىق بىر كىنەزەكنى
كۆرسىتىپ. موماي ئۇنىڭغا مۇنداق دەپتۇ:
— قارىغاندا سىز ئۇلۇغ كىشىدەك
تۇرىسىز، بۇ بولسا تۆۋەن دەرىجىلىك
كىنەزەك. بەلكىم بىرەر ئەدەبسىزلىك قى-
لىپ، ئىززەت ـ ھۆرمەتنى جايىغا
يەتكۈزەلمەس. شۇڭا بۇ كىنەزەكنى گەرچە
سىز ئالماقچى بولسىڭىزمۇ، مەن لايىق
كۆرمەيمەن. مەن سىزنىڭ ئۆيىمىزگە قەدەم
تەشرىپ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. ئۆيدە
كىنەزەكلىرىم بار. ئۇلار مىسلى كۆرۈلمىگەن
دەرىجىدە گۈزەل ھەم ئىلىم ـ پەندە كاما-
لەتكە يەتكەن، تەربىيە كۆرگەن، ئىززەت ـ
ھۆرمەتنى جايىغا يەتكۈزەلەيدىغان
كىنەزەكلەردىندۇر. شۇلارنىڭ ئارىسىدىن
بىرەرسىنى تاللىۋېلىڭ، — دەپتۇ. قۇلۇپ:
— بەك ياخشى، قېنى يۈرۈڭ بىللە
بارايلى، — دەپ، موماي ۋە ئۇنىڭ كىنە-
زەكلىرى بىلەن مومايىنىڭ ئۆيىگە قاراپ
مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر مەسچىتنىڭ ئالدىغا يې-
تىپ بارغاندا موماي قۇلۇپقا:
— ئوغلۇم، سىز بۇ يەردە مېنى
كۈتۈپ تۇرۇڭ. ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن،
— دەپتۇ ـ دە، كىنەزەكلىرىنى
ئەگەشتۈرۈپ كېتىپ قاپتۇ. قۇلۇپ مومايىنى
ساقلاپ شۇ جايدا قاپتۇ. ئۇنىڭغا بىر سائەت
ۋاقىت بىر يىلدەك تۇيۇلۇپ، ئەقلى ـ ھوشى
بېشىدىن كېتىپ، كۆزلىرى موماي كەتكەن
يولغا تىكىلىپتۇ. ئۇ شۇنداق ئىنتىزار بولۇپ،
مومايىنىڭ قايتىپ كېلىشىدىن ئۈمىدى
ئۈزۈلەي دېگەن چاغدا، موماي قولىغا بوغ-
جۇما تۇتقان بىر كىنەزەك بىلەن يېتىپ
كەپتۇ. ئۇ:
— ئوغلۇم، بىز نومۇسلۇق ۋە مۆتى-
ۋەر جەمەتتىن بولىمىز. بىزنىڭ خانىمىزگە
يات ئەرلەر كىرەلمەيدۇ. شۇڭا سىزنى خو-
تۇنلاردەك ياساپ ئېلىپ كىرىمەن. رازى
بولارسىزمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇلۇپ:
— موما، بۇ سۆزلەرنى مەن قۇلى-
قىمدىن سوراشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر
بۇيرۇيدىغان ئىشلىرىڭىز بولسا بۇيرۇڭ، —
دەپتۇ. ئۇ مەسچىت يېنىدىكى بىر دالدا جايدا
ئۈستىدىكى ئەرەنچە كىيىمنى سېلىۋېتىپ،
بوغجۇمىدىكى ئاياللارنىڭ كىيىمنى كى-
يىپتۇ.
موماي قۇلۇپنى ئەگەشتۈرۈپ
ئاجايىپ ھەشەمەتلىك چوڭ بىر ھويلىغا يې-
تىپ بېرىپتۇ. قۇلۇپ دەرۋازىدىن كىرىپ
قارىسا، ھويلىنىڭ ئىچى بۇك ـ باراقسان
بولۇپ، ھەممە يەرگە مەرمەر تاشلار
ياتقۇزۇلغانىكەن. ئۇلار باغۇ ـ بوستانلارنى
تاماشا قىلغاچ مېڭىپ ھەيۋەتلىك بىر سارايغا
كىرىپتۇ. سارايىنىڭ ئىچىدە مەرمەردىن
ياسالغان بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭغا لىقمۇ ـ
لىق سۇ توشقۇزۇلغان ئىكەن. سۇدا خىلمۇ
خىل رەڭدار بېلىقلار ئويناقلاپ ئۈزۈپ
يۈرسە، كۆلنىڭ ئەتراپىدا ھەر تۈرلۈك سۇ
قۇشلىرى يۈرگىدەك. بۇنى كۆرگەن ھەر-
قانداق كىشى ھەيران بولۇپ خۇددى ئۆزىنى

جەننەت باغلىرىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلغۇدەك ئىكەن .

قۇلۇپ گەرچە كۆپ ئىش كۆرگەن بولسىمۇ ، بۇ كۆرۈنۈشكە قاراپ ھەيران قاپتۇ . ئۇ تۆت تەرەپنىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرگە قاراپ تۇرغىنىدا بىر ئىشىكتىن غايەت گۈزەل ، ئەمدىلا بالاغەتكە يەتكەن بىر قىز چىقىپتۇ . ئۇ قۇلۇپنىڭ يېنىغا كېلىپ ، قولىدىن يېتەكلەپ يىپەك رەخت بىلەن قاپلانغان ئېسىل بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە يىپەك ياغلىق بىلەن قۇلۇپنىڭ يۈز ـ كۆزىنى سۈرتۈپتۇ . ئۇ مۇلايىم ھەم لاتاپەتلىك قىياپەت بىلەن قۇلۇپقا قاراپتۇ . قۇلۇپ قىزغا قاراپ ئەقىل ـ ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قاپتۇ . قۇلۇپقا بۇ قىز يېقىپ قالغاچقا ، ئۇنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتىگە كەپتۇ . شۇ ئارىدا يەنە بىر قىز كىرىپ كەپتۇكى ، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ۋە يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئاۋۋالقى قىزدىن مىڭ ھەسسە ئارتۇق ئىكەن . ئۇ شۇ قەدەر نازاكەت بىلەن كېلىپ قۇلۇپنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى ئالتۇن داستا يۇيۇشقا تەمشىلىپتۇ . قۇلۇپ قىزنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى رەت قىپتۇ . ئۇ بۇ قىزنىڭ گۈزەل جامالىغا پۈتۈنلەي مەپتۇن بوپتۇ . قۇلۇپ باشقا قىزلارنى تامامەن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ، بۇ قىزنى چوقۇم ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىشنى نىيەت قىپتۇ . ئۇ قىزغا ھۆرمەت بىلدۈرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئۇدۇلدىكى ئىشىكتىن يەنە ئالدىدىكى قىزدىنمۇ گۈزەل بولغان يىگىرمە قىز كىرىپ كەپتۇ . بۇلارنىڭ ئارىسىدا دەۋرانىغا ئايەت ، ھۆر قىياپەتلىك ، پەرىشتە سۈپەتلىك بىر قىز بار بولۇپ ، ئۇ گۈياكى يۇلتۇزلار ئارىسىدىكى تولۇن ئايدەك ئىكەن . قۇلۇپ بۇ قىزنى كۆرۈپ قىمىر قىلىشقا ماجالى قالماي ھوشسىز بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ ، كېنىزەكلەر قۇلۇپنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ ، يۈزلىرىگە مۇزدەك سۇ سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . قۇلۇپ ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن ھېلىقى ساھىبجامال :

— خۇش كەلدىڭىز بىچارە يىگىت ! ئۆز ئەركى بىلەن ئەركىن دۇنيادا ئۇچۇپ يۈرگەن قۇش كەبى ئىدىڭىز . غەمسىز دۇنيادا ئازاد يۈرۈۋەرمەي ئۆز ئايىقىڭىز بىلەن كېلىپ تۇزاققا چۈشتىڭىز ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ قىزنىڭ ئاياغ ئىزىنى سۆيۈپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ . كېنىزەكلەر دەرھال قۇلۇپنى نەپىس بىر ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپتۇ ۋە ئالتۇن پىيالىدا شەربەت كەلتۈرۈپتۇ . ھېلىقى گۈزەل قىز شەربەتتىن ئازراق ئىچىپتۇ . قالغىنىنى قۇلۇپقا سۇنۇپ ئۇنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپتۇ . قۇلۇپ شەربەتنى ئىچىپ بولۇپ پىيالىنى قىزغا سۇنۇپتۇ . ئۇ قىزنىڭ گۈزەللىكى ۋە لاتاپىتىدىن تەمتىرەپ ، نېمە دېيىشنى ۋە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلەلمەي لام ـ جىم دېمەي ئولتۇرۇپ قاپتۇ .

— ئەي يىگىت ! ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ ؟ سىزگە قايسى ئىش پەسەنت بولمىدى ؟ ياكى بىزنى ياراتمايۋاتامسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ گۈزەل قىز .

— سىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىڭىز مېنى پۈتۈنلەي ھوشسىز قىلىپ ، زېھنىمنى ئالدى . سىزدەك ھۆر كەبىي پاك ۋە گۈزەل زات بىلەن ئۇچرىشىش شەرىپىگە نائىل بولغانلىقىمغا يۈز مىڭلارچە شۈكۈر ئېيتىشتىن باشقا مېنىڭ يەنە نېمە سۆزۈم بولسۇن ، —

دەپتۇ قۇلۇپ .

— سىز بۇ يەرگە كېنىزەك سېتىۋېلىشقا كەلگەن ئەمەسمۇ ؟ ئاۋۋال غىزالىنىۋېلىڭ . سىزنى ياخشى كۈتۈپ ئالالايمىز ، — دەپتۇ ، گۈزەل قىز . ئۇ قۇلۇپنى باشقا بىر ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ . بۇ ئۆيگە دەستىخان هازىرلانغان بولۇپ ، دەستىخانغا هەر تۈرلۈك تائاملار تىزىلغانىكەن . قىز قۇلۇپنى تۆرگە تەكلىپ قىلىپتۇ . دەستىخان يىغىلغاندىن كېيىن ئۇ جايدىن چىقىپ ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن مەخسۇس راسلانغان نەپىس بىر سارايغا كىرىپتۇ . ئۇ سارايدا چىن دۆلىتىنىڭ فارفۇرلىرىدىن ياسالغان بىر هەشەمەتلىك كۆل بولۇپ ، ئىچىگە لىپمۇ - لىق سۇ توشقۇزۇلغان ، كۆلنىڭ ئەتراپىدا خىلمۇ خىل گۈللەر هۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغانىكەن . سارايىنىڭ تۆرىگە ئەيش - ئىشرەت ئۈچۈن مەخسۇس بىر شىرە هازىرلانغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا تۈرلۈك شارابلار تىزىپ قويۇلغانىكەن . ناخشىچى ، ئۇسسۇلچى ۋە سازەندە كېنىزەك قىزلار تىزىلىپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن . قۇلۇپ بىلەن هېلىقى گۈزەل قىز كىرىشى بىلەن قىزلار ساز چېلىپ ، ناخشا ئېيتىپ ، ئۇسسۇل ئويناشقا باشلاپتۇ . قۇلۇپ ئۆمرىدە بۇنداق سورۇننى كۆرمىگەنلىكىدىن هەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ، هېلىقى گۈزەل قىز بىر دۇتار ، بىر كەمان ( غىجەك ) ، بىر تەمبۇر ، بىر قالۇن ئەكەلدۈرۈپ ، هەر بىرىنى ئۆزگىچە پەدىدە چېلىپ ، ئۆز ماهارىتىنى كۆرسىتىپتۇ . ئۇ يەنە تەڭداشسىز گۈزەل ۋە نازۇك ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپ ، قۇلۇپنىڭ ئەقىل - هوشىنى ئاپتۇ . بىچارە قۇلۇپنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق سەۋر - تاقەت قىلىشقا قارارى قالماي ، قاتتىق بىر « ئاھ » تارتىپتۇ . ئۇ گۈزەل قىزغا قاراپ :

— ئەي گۈزەل نازىنىن ، مېنىڭ بېشىمدىن ئەقلىم كەتتى . سىزنىڭ مۇهەببىتىڭىز ۋە ئىشقىڭىز مېنى مەپتۇن قىلىۋالدى ، — دەپتۇ ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن قىزنىڭ قولىنى سۆيۈپتۇ .

قۇلۇپنىڭ بۇنداق چەكتىن ئېشىپ كەتكەنلىكىگە قىزنىڭ هەددىدىن ئارتۇق ئاچچىقى كەپتۇ .

— سىز قانچىلىك كىشى بولۇشىڭىزدىن قەتئىينەزەر ، ئەگەر ئار ۋە ئەدەبنى ئۇنتۇپ هەددىڭىزدىن ئاشسىڭىز مەن هەرگىز يول قويمايمەن . مەن بولسام شان - شەرەپ ئىگىسى بولغان ئابرۇيلۇق ئائىلىدىن كېلىپ چىققان . هەر جەھەتتىن نومۇس - ئابرويىمنى ساقلايدىغان بىر قىزمەن . ئەگەردە خىيالىڭىزدا ماڭا ئېرىشىش ۋە مېنى قولغا چۈشۈرۈش نىيىتى بولسا ، ئۇ پۈتۈنلەي خام - خىيالدۇر . چۈنكى ئۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىشتۇر . بۇندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىم مېنى كۆرەلمەيسىز ، — دەپتۇ قىز ۋە بارلىق قىزلارنى ئەگەشتۈرۈپ سارايدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

قۇلۇپ ئۆزى يالغۇز قاپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشىغا ئۆكۈنۈپ ، غەمكىن بولۇپ ئولتۇرغىنىدا هېلىقى موماي كىرىپ :

— هەي يىگىت ! مەن سىزنى كېنىزەك ساتىمەن ، دەپ بۇ جايغا ئېلىپ كەلگەن بولساممۇ ، سىز بۇ ئورۇننىڭ كەيپىياتى ۋە هەشىمىتىگە قاراپمۇ بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى هېس قىلمىدىڭىزمۇ ؟ بۇ ئەسىر ساقلاپ ساتىدىغان ئورۇن ئەمەس . سىزنىڭ ئۇ نازىنىنگە بۇنداق

قاملاشمىغان قىلىقنى قىلغىنىڭىز بولماي
قالدى . ئۇ بولسا بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ قىزى .
ئەسلىدە سىز ئۇنى ئۇلۇغلاپ ھۆرمەتلىشىڭىز
كېرەك ئىدى ، — دەپتۇ .

موماينىڭ بۇ سۆزى قولۇپقا بەكمۇ
تەسىر قىپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ سەۋرسىزلىكى
تۈپەيلى يۈز بەرگەن كۆڭۈلسىزلىكنى
ئويلاپ قايغۇسى يەنە بىر ھەسسە ئېشىپتۇ .
سۆيگەن قىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈشتىن
ئۈمىدى ئۈزۈلۈپتۇ . يۈرەك باغرىغا ئوت
تۇتىشىپ ، ھەسرەت چېكىپتۇ . شۇ چاغدا
ھېلىقى گۈزەل قىز باشقا كېيىملەرنى
ئالماشتۇرۇپ ، قولۇپ كۆرمىگەن باشقا كې-
نىزەكلەرنى ئەگەشتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ . ئۇ
قولۇپنى شۇ قەدەر غەمكىن ھالدا كۆرۈپ ،
كۈلۈمسىرىگەن ھالدا :

— مەن ئويلايمەنكى ، ئۆزىڭىزنىڭ
قىلغان ئىشىڭىزدىن ئۆكۈنگەندەك قىلسىز .
مەن ھەم بۇ ئەيىبىڭىزنى ئىككى شەرت بى-
لەن ئەپۇ قىلىمەن . ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ كىم
ئىكەنلىكىنى ئېيتىڭ ، ئىككىنچىدىن بۇندىن
كېيىن ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەدەبسىزلىكنى
قىلماسلىققا ۋەدە قىلىڭ ! — دەپتۇ .

قولۇپ بۇ قىزنى قايتا كۆرۈشتىن
ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىكەن . ئۇ قىزنىڭ
بۇنداق سۆپەت بىلەن ئىلتىپات قىلغانلىقىنى
كۆرۈپ ، قايغۇ – ھەسرىتى تامامەن
يۇيۇلۇپتۇ ۋە باشقىدىن سۆيۈنچ دەرياسىغا
چۆمۈپتۇ . ئۇ خۇشال ھالدا :

— ئەي گۈزەل قىز ، قولىڭىز
خانىنىڭ سۆھبەتداش دوستى بولىمەن .
ئىسمىم قولۇپ — دەپتۇ .

— بەللى ، — دەپتۇ قىز ، —
سىزنىڭ داڭلىق سۆپەتلىرىڭىز توغرىلىق
كۆپ ئاڭلىغانىدىم . شۇ سەۋەبتىن سىزنى
بىر كۆرسەم دەيتتىم . بۈگۈن شاراپەتلىك
يولۇقىشىمىزدىن سىز بىلەن كۆرۈشۈش
شەرىپىگە ئېرىشتىم ، — دەپتۇ ئاندىن
قىزلارغا قاراپ :

— قېنى قىزلار ، سازىڭلارنى
چېلىڭلار ! مېھمىنىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئالاي-
لى ، — دەپتۇ . قىزلار سازلارنى چېلىپ ،
ناخشىلار كۈيلەپ ، ئۇسسۇل ئويناپ تاكى
كۈن ئولتۇرغىچە ئويۇن – تاماشا قىپتۇ .
كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن
ساراي ئىچىگە شاملار يېقىلىپتۇ . كەچكى
تاماق ھازىرلىنىپتۇ . تاماقتىن كېيىن ھەر
تەرەپتىن سۆزلەر ئېچىلىپ ، سۆزلىشىپ
ئولتۇرۇپ سۆز ئارىسىدا قىز قولۇپتىن خان-
نىڭ ئاياللىرى ۋە كېنىزەك – دېدەكلىرى
ھەققىدە سوراپتۇ . قولۇپ ئۇنىڭغا جاۋاب
بېرىپ :

— خانىنىڭ بەكمۇ گۈزەل خوتۇنى
ۋە نۇرغۇن دېدەكلىرى بار . ئەمما ئۇلارنىڭ
ئارىسىدا گۈلئەندام ئىسىملىك ئامراق
خوتۇنى دۇنيادا مىسلىسىز دەرىجىدە گۈزەل
بولغاچقا ، خانىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى
چەكسىز . دەرۋەقە گۈزەللىكتە گۈلئەندامغا
ئوخشاش گۈزەل دۇنيادا يوقتۇر دېيىش ھە-
قىقەتەن راست ئىدى . ئەمما سىزنى
كۆرگەندىن كېيىن ئۇنى ھەممىدىن گۈزەل
دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم ،
دۇنيادا سىزگە تەڭ كەلگۈدەك گۈزەل يوق-
تۇر ، — دەپتۇ .

گۈزەل قىز ۋە بارلىق كېنىزەكلەر بۇ
سۆزدىن خۇشال بولۇشۇپتۇ . قىز ئۆزىنىڭ
كىملىكىنى بايان قىلىپ :

— مېنىڭ ئىسمىم دىلارا . ئاتام
ئۇلۇغ تۆرە زادىلاردىن بولۇپ ، خانىنىڭ ئال-
دىدا قەدىر – قىممىتى يۇقىرى . شۇڭا ئۇ

قوشنا دۆلەتكە نادىرخان تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئاتام ئۆيدە يوق چېغىدا پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ سورۇن تۈزەپ، كۆڭلۈمگە ياقفانلارنى يىغىپ ئويۇن - كۈلكە بىلەن ئولتۇرۇشنى ئادەت قىلدىم. ئەمما بەزى ياش يىگىتلەردىن ئەدەبسىزلىك كۆ-رۈلسە ئۇلار غەزىپىمگە دۇچار بولۇپ، مېھماندارچىلىقتىن قوغلاپ چىقىرىلدى ... ، — دەپتۇ.

قۇلۇپ دىلارانىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن رازى بولغانلىقىنى ھېس قىپتۇ. سۆز ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنىڭ پاساھەتلىك سۆزلىرى بىلەن دىلارانىڭ ئال-دىدا ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپتۇ. ئولتۇرۇش ئاياغلىشىش ئالدىدا قۇلۇپ ئۆزىنى بىلىپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە دىلاراغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ:

— مەن ئۆمرۈمدە بۇنداق كۆڭۈللۈك يىغىلىشقا قاتنىشىپ باققان ئەمەسمەن. مۇ-شۇنداق ئولتۇرۇشىڭىزغا قاتنىشىش بەختى يەنە نېسىپ بولارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بۇ گەپتىن خۇشال بولغان دىلارا:

— ئەتە مۇشۇ موماي، بۈگۈن ئۇچراشقان جايدا سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بىللە ئېلىپ كەلسۇن، — دەپتۇ.

قىز يېنىدىن بىر دانە قوتا چىقىرىپتۇ. بۇ قوتىنىڭ ئىچىدە بەك قىم-مەتلىك ئېسىل بىر تال گۆھەر بار ئىكەن. ئەگەر بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلىشتىن باش تارتسا بۇندىن كېيىن كۆرۈشمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ گۆھەرنى قۇلۇپقا تەقدىم قىپتۇ.

قۇلۇپ مومايغا ئەگىشىپ باغنىڭ ئىچىدىكى بىر ئىشىكتىن خىلۋەت كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

قۇلۇپ قايتىپ كېلىپ ئۇدۇل خان سارىيىغا كېلىپ ئۆز ھۇجرىسىغا كىرىپتۇ. ئۇ ئۇخلاشقا ياتقان بولسىمۇ، كۆرگەن ئىشلار ۋە سۈرگەن كەيپلىرى كۆز ئالدىدىن كەتمەپتۇ. دىلارانىڭ ھۆسن - جامالى ئۇ-نىڭ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇپتۇ. ئۇ تۈن بويى كىرپىك قاقماپتۇ. تاڭ ئېتىش بىلەنلا قۇلۇپ خان ھۇزۇرىغا بېرىپ كۆرۈنۈش قىپتۇ.

خان ئالدىنقى كۈنى قۇلۇپنى بىر نەچچە نۆۋەت ئىزدەتكەن بولسىمۇ تاپالمىغان ئىكەن. خان ئۇنى كۆرۈشى بىلەن:

— تۈنۈگۈن نەگە كەتكەن ئىدىڭ؟ نېمە ئىش قىلدىڭ؟ سېنى ئىزدە-تىپ ھېچ بىر يەردىن تاپالمىدىم، — دەپتۇ. قۇلۇپ:

— ئەي خاقانىم! ئەگەر سىز بۇ قۇ-لىڭىزنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ماجىرانى بىلسىڭىز ئىدى. قۇلىڭىزنىڭ بۇ تەرىقىدە غايىب بولغانلىقىغا ئەجەبلەنمەس ئىدىڭىز، — دەپ، بېشىدىن كەچكەن ۋەقەنى بىرمۇ - بىر ھېكايە قىلىپتۇ. ئۇ دىلارانىڭ ھۆسن - جامالىنى، نازاكەت ۋە لاتاپەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى بايان قىپتۇ. ئۇ يەنە «يەر يۈزىدە راستىنلا ئۇنىڭدەك گۈزەل يوق» دەپ دىلارانى تەرىپلەپتۇ.

خان قۇلۇپنىڭ بۇنداق ئاشۇرۇپ ماختىغانلىقىغا ئانچە ئىشەنمەي، ئۆزى بىر كۆرۈپ بېقىشنى ئارزۇ قىپتۇ. خان قۇلۇپ-نىڭ يەنە بارىدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنىمۇ بىرگە ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ ۋە ئۇ يەرگە بېرىشقا قۇلۇپتىنمۇ بەكرەك ئالدىراپتۇ. ئۇلار ۋەدە قىلىنغان ۋاقىتنى توشقۇزالماي تاقىتى تاق بوپتۇ. ئەمما، قۇلۇپ چاقىرىلمىغان كىشىنى قانداق قىلىپ دىلارانىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىشنى ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ. شۇ چاغدا خان:

— مەن بىر ھىيلە ئويلاپ تاپتىم . مەن سىنىڭ خىزمەتكار قۇلۇڭ بولۇپ بارسام ، ئۇ يەردىكى سارايىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرۇپ ، كۆرۈپ تاماشا قىلسام ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ ئۆزىنىڭ خانىنى خىزمەتكار قۇل دەپ ئەگەشتۈرۈپ بېرىش - بارماسلىقىنى بىلەلمەي « بارغاندا بىر گەپ بولار » دېگەن ئوي بىلەن ، گەپ قىلماپتۇ . خان ئىككىسى باشقىچە ياسىنىپ بەلگىلەنگەن جايغا مېڭىپتۇ . ئۇلار مەسچىت ئالدىدا بىر ئاز ساقلىغاندىن كېيىن ، ھېلىقى موماي يېتىپ كېلىپ :

— سىز خىزمەتكارىڭىزنى بىرگە ئېلىپ كېلىپسىز . ئەمما ئۇ يەرگە خىزمەتكارلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ ، سىز ئۇنى ئۆيىڭىزگە قايتۇرۇۋېتىڭ ، — دەپتۇ . قۇلۇپ موماينىڭ سۆزىدىن خانىنىڭ ئۆڭى ئۆچكەنلىكىنى سېزىپ دەرھال :

— موما ، مېنىڭ بۇ خىزمەتكارىم ئۆزى بەك ئەقىللىق ھەم ئاۋازى بەك ساز بولۇپ ، ناخشا ئېيتىشقا ماھىر . ئۇ يەردىكى ئولتۇرۇشتا مۇڭلۇق ناخشىلارنى ئېيتىپ خوجىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ئاچالايدۇ . شۇڭا ئۇنى ئېلىپ كەلدىم ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلىغان موماي بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلماپتۇ . ئۇلار بۇ يەردە ئايالچە كىيىملەرنى يەڭگۈشلەپتۇ . ئاندىن موماينىڭ كەينىدىن مېڭىپ دىلارا تۇرىدىغان ھويلىغا يېتىپ كەپتۇ . ئۇلار دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ، سارايغا كىرىپتۇ . قۇلۇپ بىلەن بىللە كەلگەن خانىنى كۆرگەن دىلارا ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن :

— بۇ خىزمەتكارىڭىزنى نېمە ئۈچۈن بۇ جايغا ئېلىپ كەلدىڭىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . قۇلۇپ دىلاراغا جاۋاب بېرىپ :

— دىلارا خېنىم ، سىزنى خۇشال قىلاي دەپ ئېلىپ كەلدىم . مېنىڭ بۇ خىزمەتكارىم مۇزىكا ئىلمىدا كامالەتكە يەتكەن ، ساز چېلىش ۋە ناخشا ئېيتىشقا بەك ئۇستا بولغانلىقىدىن ، كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىپ ، سورۇنىنىڭ كەيپىياتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى مۇمكىن ، — دەپتۇ .

— ئەگەردە سۆزىڭىز راست بولسا ئەلۋەتتە خۇشال بولىمەن . خوش ، ياخشى كېلىپ قاپسىزلەر . لېكىن مېنىڭ يىغىلىشىمدا بولغان قىزلارغا ھېچقانداق ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەبسىزلىك كۆرسەتمىگەيسىزلەر . بولمىسا كېيىن پۇشايمانغا قالىسىلەر ، — دەپتۇ .

خان تولىمۇ ئىتائەتمەنلىك بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ ھەم يەنە قۇلۇپنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەدەب بىلەن سىلىق جاۋابلارنى بېرىپتۇ . دىلارا :

— خىزمەتكارىڭىزنىڭ سۆزلىرى مېنى خۇش قىلدى . گەپنىڭ راستىنى دېسەم بۇ قۇلىڭىز سىلىق سۆزلۈك ، ئەقىللىق بىر ئادەمكەن . ئولتۇرۇش - قوپۇشلىرىدىن ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن ئېسىلزادىلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . بۇ كېچە بۇ يىگىت ساقىيلىق قىلىپ شاراب قۇيسۇن ! مەن ئۇنى ياقتۇرۇپ قالدىم ، — دەپتۇ . قۇلۇپ دىلاراغا :

— مېنىڭ بۇ قۇلۇم سىزنىڭ كۆڭلىڭىزگە ياققان بولسا ، بۇندىن كېيىن مېنىڭ ئىگىدارچىلىقىمدىن سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزغا ئۆتۈپ ، سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولسۇن ، — دەپتۇ . ئاندىن خانغا قاراپ — ھازىردىن باشلاپ خوجىڭىز مۇشۇ زاتنى شىرىپتۇر ، — دەپ دىلارانى كۆرسىتىپتۇ . خان دىلارانىڭ ئالدىغا كېلىپ بارلىق ئەدەب - قائىدىلەرنى بىجا كەلتۈرۈپ

تەزىم قىلىپ :
— بۇندىن كېيىن قۇلىڭىز بولۇش سۈپىتىم بىلەن ، ئەمرىڭىزنى تىك تۇرۇپ بىجا كەلتۈرمەكنى ئارزۇ قىلىمەن ، — دەپتۇ . دىلارا بۇ سۆزدىن شادلىنىپ :
— قۇلىڭىزنى چىن دىلىم بىلەن قوبۇل قىلدىم . ئەمما خەلقنىڭ سۆز - چۆچەكىدىن ساقلانمىسام بولمايدۇ . شۇ سەۋەبدىن بۇ قۇل سىزنىڭ يېنىڭىزدا ئامانەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن . ئەمما كەلگەندە بىللە ئېلىپ كېلەرسىز ، — دەپ قۇلۇپقا ئىلتىماس قىپتۇ . ئۇلار ئۆزئارا سۆزلىشىپ ئولتۇرغاندا خان يەنىلا ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرۇپتۇ . دىلارا خاندىن چەكسىز رازى بولۇپ ، قۇلۇپتىن خاننىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپتۇ . قۇلۇپ ئۆزىنى خاننى بىللە ئولتۇرغۇزۇشقا ئانچە خالىمىغاندەك كۆرسىتىپتۇ . دىلارا بەكمۇ چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلغاندىن كېيىن قۇلۇپ خانغا قاراپ :
— خوجاڭ سېنىڭ بىز بىلەن بىرگە ئولتۇرۇشىڭنى بەك خالايدىكەن . ماۋۇ جايدا ئولتۇر ! — دەپ تۆۋەنرەكتىن ئورۇن كۆرسىتىپتۇ . قۇل ئەدەب يۈزىسىدىن ئولتۇرۇشقا ئۇنىماپتۇ . كەينى - كەينىدىن ئۈچ نۆۋەت ئولتۇرۇشقا پەرمان قىلغاندىن كېيىن :
— پەرمان ئەدەبتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ ، — دەپ ، ئەدەب بىلەن كېلىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپتۇ . شۇ ئەسنادا شاراب كەلتۈرۈلۈپتۇ . دىلارا قەدەھنى لىپمۇ - لىپ تولدۇرۇپ قويۇپ :
— مېنىڭ ھۆرمىتىمگە بۇ قەدەھنى ئېچىۋېتىڭ ، — دەپ خانغا سۇنۇپتۇ . خان شاراب ئولتۇرۇشىدا بولىدىغان قائىدىنى بىجا كەلتۈرۈپ ھەم دىلاراغا تېگىشلىك ھۆرمەت - تەزىمنى بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن قەدەھنى كۆتۈرۈپ :
— سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن ،
— دەپ شارابنى ئىچىپتۇ . قەدەھ ئارىدا كۆپ قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن ، دىلارا ئۆزىگە بىر قەدەھ شاراب قويۇپ قۇلۇپقا قاراپ :
— سىزنىڭ خاننىڭ سۆيۈملۈكى گۈلئەندامغا بولغان ئىشق - مۇھەببىتىڭىز ئۈچۈن ئىچىمەن ، — دېيىشى بىلەن قۇلۇپ ناھايىتى خىجىل بولۇپ ، يۈزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ . ئۇ دىلاراغا :
— ئويلاپ بېقىڭ خېنىم ، ئۇلۇغ نېمەتكارىم بولغان خاننىڭ ئامراق ئايالى ئەمەس ، ئادەتتىكى كېنىزىكىگىمۇ كۆز قىرىمنى سېلىشقا ھەددىم ئەمەس ، ھەم بۇ سورۇندا بۇنداق چاقچاقلارنىڭ بولۇشىغا رازى ئەمەسمەن ، — دەپتۇ . دىلارا :
— ئاجايىپ ئىش ، سىزنىڭ بۈگۈن بۇنداق ئېھتىيات قىلىپ سۆزلىشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى ؟ تۈنۈگۈن گۈلئەندامنىڭ سۈپىتىنى بەك ئەلا دەپ ئېيتقان ئىدىڭىز . ئەمما بۈگۈن ئىنكار قىلىسىز . بۇ ھەقتە سىزدىن شۇنى سوراي ، سىز گۈلئەندامنى سۆيمىگەنلىكىڭىزگە ، پات - پات كۆرۈشۈپ تۇرمىغانلىقىڭىزغا قەسەم قىلالامسىز ؟ — دەپتۇ . قۇلۇپ بۇ سۆزنىڭ ئاقىۋىتى بەك يامان بولىدىغانلىقىنى ھېس قىپتۇ . چىرايى ئۆزگىرىپ بىر ئاقىرىپ ، بىر سارغىيىپ تۇرلۇك تۈسكە كىرىپتۇ . قۇلۇپ ئۇنىڭغا :
— ئاللا رازى بولسۇن ! بۇنداق چاقچاق سۆزلەرنى تاشلاڭ . بۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ ھېچبىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن . گۈلئەندام بولسا ئۇلۇغ مەدەتكارىم بولغان خاننىڭ ئايالىدۇر . بۇنداق ئويۇند-

كۆسزنى ئۇستۇمگە ئالالمايمەن . ئەپۇ قىلىڭ ،
— دەپتۇ . دىلارا قۇلۇپنىڭ بەك ئويۇلۇپ ،
ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ،
كەيپچىلىكتە تېخىمۇ بەك ئەدەپ :
— قانداق بولغانلىقىنى سۆزلەڭ ،
سۆزلىمەستىن چارىگىز يوق ! — دەپ
قىستاشقا باشلاپتۇ ۋە خانغا قاراپ :
— خوجىگىزغا سىزمۇ ئېيتىڭ ،
مەندىن پەقەت ئەندىشە قىلمىسۇن . بۇ
سىرنى ھېچكىمگىمۇ پاش قىلمايمەن . گۈل-
ئەندام بىلەن ئارىلىرىدا بولغان ئىشق
ھاللىرىنى بىرىنمۇ قالدۇرماي سۆزلىسۇن ،
— دەپتۇ . خان قۇلۇپقا قاراپ :
— ئەمدى ئىش شۇنداق بولغاندىن
كېيىن ، گۈلئەندام بىلەن بولغان مۇھەببە-
تىڭىزنىڭ سەۋەبىنى سۆزلىمىسىڭىز
بولماس . بۇ ئىشنى يوشۇرۇپ ئىنكار قىلىشقا
سەۋەب بولغۇدەك بىرەر ئىشمۇ يوق . شۇڭا
قانداق تېپىشىپ ، قايسى ئورۇندا كۆرۈش-
كەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ بەرسىڭىز . مەن
قۇلىڭىزمۇ دىلارانىڭ تەلىپىگە قوشۇلىمەن ،
— دەپتۇ . ئاندىن دىلاراغا قاراپ :
— خېنىم ، مەن گۈلئەندامنىڭ
يېقىن تونۇشى بولغانلىقىمدىن راستىنلا بۇ
ئەھۋالنى بىلىشكە سىزدىنمۇ بەكرەك
قىزىقىۋاتىمەن ، — دەپتۇ .
خاننىڭ بۇ سۆزى قۇلۇپنىڭ كۆڭ-
لىنى بەكمۇ پاراكەندە قىپتۇ . خان
دىلارانىڭ بۇ چاقچىقىنى ، چاقچاق دەپ
چۈشەنمەي بەلكى راست ئىش دەپ
چۈشەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن سورۇننىڭ
كەيپىياتى بۇزۇلمىسۇن دەپ سۇكۇت قىپتۇ .
قەدەھلەرگە شارابلارنى قۇيۇپ سورۇندا
يۇرگۈزۈپ تۇرۇپتۇ . خان شارابنى كەينى -
كەينىدىن ئىچىپ مەست بولۇپ قالغاندا ،
دىلاراغا ھېچ تەكەللۇپسىزلا :
— خېنىم ، سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنىڭ
بۇلبۇلنىڭكىدىنمۇ يېقىملىقلىقىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ناخشىڭىزنى ئاڭلاشقا
تەشنا بولدۇم . گەرچە سىزدىن بۇنى
ئۆتۈنۈشكە ھەددىم بولمىسىمۇ ، سۆزۈمنى
رەت قىلمىغايسىز ، — دەپتۇ .
بۇ سۆز دىلارانىڭ كۆڭلىگە خۇش
پەسەنت كەلگەنلىكىنى ، دۇتارنى قولىغا ئې-
لىپ ، ياخشى كۆرگەن ناخشىلىرىدىن بىر
نەچچىنى ئېيتىپتۇ . ئاندىن باشقا ھەر خىل
سازلارنى ئەكەلدۈرۈپ ، خىلمۇ خىل
كۈيلەرگە چېلىپ ، ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىلمى-
دىكى كامالىتىنى كۆرسىتىپتۇ .
خان ئۆمرىدە بۇنداق مۇڭلۇق ئاۋاز ،
بۇنداق كۈي - سازلارنى ئاڭلىمىغانىكەن .
شۇڭا ئۇ شۇ دەرىجىدە زوقلىنىپ ، ھوزۇرلى-
نىپ كېتىپتۇكى ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يالغان
قۇللۇقى ئېسىدىن چىقىپ :
— مېنى بەكمۇ شادلاندۇردىڭىز .
قۇلۇپ گەرچە سىزنىڭ ماھارىتىڭىزنى ماڭا
ماختاپ سۆزلەپ بەرگەن بولسىمۇ ، لېكىن
تەلتۆكۈس تولۇق تەرىپلەپ بېرەلمىگەن
ئىكەن ، — دەپتۇ .
قۇلۇپ خاننىڭ بۇ ھالدا ئازغىنىپ
ئۆزىنى سەزدۈرۈپ قويىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ،
خانغا جىم ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلغان
بولسىمۇ ، لېكىن خان سەزمەپتۇ . خان ھا-
مان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ :
— سىزنىڭ ماھارىتىڭىزدەك
ماھارىتى بار سەنئەتكارلار مېنىڭ ناخشىچى
ۋە سازەندىلىرىم ئارىسىدا يوق . سىزنىڭ
چالغان مۇزىكىڭىز ، ئاۋازىڭىز ئۇلاردىن مىڭ
ھەسسە ئۇستۈن تۇرىدىكەن ، — دەپتۇ .
دىلارا بۇ سۆزلەردىن ئۇنىڭ قول



ئەمەس بەلكى خان ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ ـ
دە ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ
كېنىزەكلەرگە ئېيتىپتۇ :

ــ بۇ كىشى خاننىڭ ئۆزى ئىكەن ،
ئەمدى بىزنىڭ ھالىمىز قانداق بولار ؟ ــ
دەپتۇ . ھەممە كېنىزەكلەر دەرھال خاننىڭ
ئالدىدا يۈكۈنۈپتۇ . خان بۇ ئەھۋالنى
كۆرۈپ :

ــ خېنىم ئولتۇرۇڭ ! مەن سىزنىڭ
قۇلىڭىزمەن . مېنىڭ سىزنىڭ ھۇزۇرىڭىزدا
ئۆرە تۇرۇپ خىزمەتتە بولۇشۇم كېرەك .
ئەمما مەن سىزنىڭ رۇخسىتىڭىز بىلەن
ئولتۇرغان ئىدىم . ئەگەردە رۇخسەت قىلـ
سىڭىز ئۆرە تۇرۇپ گۇناھىمنى يۇيغان بولار
ئىدىم ، ــ دەپتۇ . دىلارا خاننىڭ بۇ سۆزىـ
دىن تېخىمۇ تەمتىرەپ كېتىپتۇ . ئۇ خاننىڭ
ئاياغلىرىغا يىقىلىپ :

ــ ھۆرمەتلىك خان ! دېدىكىڭىز
ياش ۋە تەجرىبىسىز بىر قىز بولغانلىقىم
ئۈچۈن ، بۇ ئولتۇرۇشتا ئۆتكۈزگەن كەمـ
چىلىكلىرىم ھەم ئەيىبلىرىمنى ئەپۇ
قىلىشىڭىزنى سورايمەن . مەرھەمەت شەپقىـ
تىڭىزدىن ئۈمىدسىز قويمىغايسىز ، ــ دەپ ،
كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش تۆكۈپ يالۋۇـ
رۇپتۇ .

خان دىلارانىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ
ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ :

ــ قورقماڭ ! سىزگە ھېچقانداق
زەرەر يەتمەيدۇ . سىزنىڭ بۇ سورۇنىڭىزدىن
كۆڭلۈم بەكمۇ ئېچىلدى ، ــ دەپ
دىلارانىڭ كۆڭلىنى ياساپ تەسەللى بېرىپـ
تۇ . ئاندىن دىلارانىڭ ئاتىسىنىڭ كىملىكىنى

سوراپ بىلگەندىن كېيىن خوشلىشىپ ،
قولۇپ بىلەن بىللە ئوردىغا قايتىپتۇ .

خان دىلارانىڭ گۈلئەندام ھەققى-
دىكى چاقچىقىنى راست ، دەپ بىلىپتۇ . ئۇ :
« بۇلارنىڭ مەخپى ئۇچرىشىپ يۈرگەنلىكى
شۈبھىسىز راست » دەپ ئويلاپ ، قولۇپقا
نىسبەتەن كۆڭلىدە ئاداۋەت پەيدا بوپتۇ .
ئەگەر ئۇلار دىلارانىڭ ئۆيىدە يەنە بىر قېتىم
بۇ ھەقتە سۆزلەشكەن بولسا ئىدى ، بۇ
سۆزنىڭ چاقچاق ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشقان
بولاتتى . لېكىن نېمە چارە ، ئىش ئۆتۈپ
كەتكەن ئىدى . تەقدىرنى ئۆزگەرتىش
مۇمكىن ئەمەس . خان بۇ ئىشنى ھېچ ئىچىگە
سىغدۇرالماي ، ئەتىسى ئەتىگەندىلا
قولۇپنىڭ خان ھوزۇرىغا كەلمەيلا ، بۇ شە-
ھەردىن چىقىپ كېتىشىنى پەرمان قىپتۇ .

قولۇپقا خاننىڭ پەرمانى
يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاننىڭ
نەزىرىدىن چۈشۈشكە نېمىنىڭ سەۋەب
بولغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزى-
نىڭ گۇناھسىزلىقىنى ، ئۇۋالچىلىقتا
ئۇچرىغانلىقىنى خانغا بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈر-
مەپتۇ . « ھەممە ئىش تەقدىرگە باغلىق »
دەپتۇ قولۇپ ئىچىدە ، ۋە شۇ كۈنى سەھەر-
دىلا كارۋانلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن
چىقىپ كېتىپتۇ . بۇ كارۋان سەمەرقەند تە-
رەپكە قاراپ يول ئاپتۇ . قولۇپ كارۋان
بىلەن ماڭا - ماڭا سەمەرقەندكە يېتىپ
كەپتۇ . ئۇ دۇنيانىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى
جىق تېتىغانلىقى ئۈچۈن ، مۇنچە پالاكەت-
چىلىكلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكتىن ، بۇ
ئىشلار ئۇنىڭغا ئانچىمۇ تەسىر قىلىپ كەت-
مەپتۇ . شۇڭلاشقا ئۇ ئەسلا قايغۇ - ھەسرەت
كۆرمىگەندەك يۈرۈپتۇ . ئۇ سەمەرقەند
شەھىرىدىن بىر ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ ،
كىچە - كۈندۈزنى كەيىپ - ساپا بىلەن
ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ . ئۆزىنىڭ بارماي قو-
لۇپنىڭ قولىدا يا پۇلى ، يا بىرەر تەئەللۇقاتى
قالماپتۇ . ھەتتا ئۆي ئىجارىسىنىمۇ تۆلىگۈ-
دەك مادارى قالماي ، ئاخىرى مەسچىتتە
قونۇپ يۈرۈدىغان ھالغا چۈشۈپ قاپتۇ .

قولۇپ مەسچىتتە يېتىپ يۈرگىنىدە
سەمەرقەند ئۆلىمالىرى ئۇنىڭ كاتتا ئالىم
ئىكەنلىكىنى بىلىپ ، ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ،
مېھمانغا چاقىرىشقا باشلاپتۇ . قولۇپ يېمەك -
ئىچمەكنى ھەل بولغاندىن كېيىن بىغەم بو-
لۇپ ، خۇداغا شۈكرى قىلىپ يۈرۈپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈنى مەسچىتكە
بەكمۇ مالدار ۋە ئېتىبارلىق بىر باي كەپتۇ .
ئۇ باينىڭ ئىسمى مۇزەپپەر ئىكەن . بۇ باي
نامازدىن كېيىن قولۇپنى يېنىغا چاقىرىپ :

— بۇ يەرگە قەيەردىن ، نېمە سەۋەب
بىلەن كېلىپ قالدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .
قولۇپ جاۋاب بېرىپ :

— پەقىر شام شەھىرىدىن بولىمەن .
يۇرتۇڭلارغا ساياھەت قىلىش ئارزۇسىدا
كېلىۋېتىپ ، سەمەرقەندكە بىر نەچچە سا-
ئەتلىك يول قالغاندا قاراقچىلارغا ئۇچراپ
قالدىم . ئۇلار يېنىمدىكى خىزمەتكار ، قۇللى-
رىمنى ئۆلتۈرۈپ ، بارلىق مال - مۈلكۈمنى
تالاپ ئېلىپ كەتتى . مەن ئاران قېچىپ قۇ-
تۇلدۇم ۋە شۇندىن كېيىن بۇ شەھەرگە
كەلدىم ... — دەپتۇ .

مۇزەپپەر باي قولۇپنىڭ بۇ سۆزىگە
ئىشىنىپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىنىپتۇ . باي
قولۇپقا بىر مۇنچە ياخشى سۆزلەر بىلەن
تەسەللى بەرگەندىن كېيىن :

— يۈر ، مەن بىلەن ، بىزنىڭ ئۆيگە
بارايلى ، — دەپ ئۆيىگە باشلاپ ئېلىپ كې-
تىپتۇ . قولۇپ باينىڭ ئۆيىگە يەتكەندىن

كېيىن ، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكىدىن ، خىزمەتكارلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن بۇ ئادەمنىڭ بەك باي ئىكەنلىكىنى ھېس قىپتۇ . قۇلۇپ باي ۋە ئۇنىڭ بىر توپ مېھمانلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماقلانغاندىن كېيىن ، بىر ئاز سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئاندىن ئۇ قايتىشقا رۇخسەت سوراپ مەسچىتكە قايتىپتۇ . ئەتىسى مۇزەپپەر باي يەنە مەسچىتتە نامازنى ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن قۇلۇپنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ . ئۇ يەنە تۈنۈگۈنكى كۈندىكىدەك قۇلۇپنى بىر توپ مېھمانلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزۇپ مېھمان قىپتۇ . بۇ مېھمانلار ئىچىدە دانىشمەن ئىسىملىك بىر ئۆلىما بار ئىكەن . ئۇ تاماقتىن كېيىن قۇلۇپنى بىر چەتكە چاقىرىپ :

— ئوغلۇم ! بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى مۇزەپپەر باينىڭ سىزگە بىر ياخشى ئىشى بار ئىدى . بۇ ئىش شۇكى ، ئۇنىڭ تاھىر ئىسىملىك بىر ئوغلى بار بولۇپ ، ئۇنى ئۆيلەپ قويغىلى خېلى بولغاندى . ئەمما ياشلىق سەۋەبىدىن ھەم ئۆزىنىڭ قىزىق قانلىق مىجەزى بولغانلىقىدىن ، كىچىككىنە ئىش تۈپەيلى ، خوتۇنىنى « ئۈچ تالاق » قىپتۇ . ھازىر ئۇ خوتۇنىغا مۇھەببىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن قايتىدىن يېنىشىپ قىلىشنى ئىستەيدىكەن . بۇ جەھەتتە سەۋر ـ تاقىتى قالماي بەك ئالدىراۋاتىدۇ . ئەمما تەھلىل قىلماي نىكاھنى قايتۇرۇش مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ئاتىسى مۇزەپپەر كېلىنىنى ھازىر سىزگە نىكاھلاپ تەھلىل قىلدۇرماقچى . بۈگۈن نىكاھ ئوقۇلۇپ كېلىن بىلەن بىر كېچە بىللە بولىسىز . ئەتە ئەتىگەندە كېلىننى تالاق قىلىپ كېتىسىز . ئەگەر بۇ ئىشقا رازى بولسىڭىز ، مۇزەپپەر سىزگە ئۆزىنىڭ ھالال مېلىدىن ئەللىك ئالتۇن پۇل بەرمەكچى . شۇ ياخشىلىقنى قىلالامسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . قۇلۇپ جاۋاب بېرىپ :

— ئەگەردە تەقدىر ئىرادە شۇنداق بولسا ، ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمەن ، — دەپتۇ .

دانىشمەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ ، كېلىنىنىڭ گۈزەللىكىنى نەچچە ھەسسە ئاشۇرۇپ ماختاپتۇ . دانىشمەن قىزنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلىگەندىن كېيىن :

— گەرچە بۇ مەملىكەتتە سىزدىن باشقىمۇ تەھلىل قىلدۇرغۇدەك كىشىلەر بار بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئىشنى بەكمۇ يوشۇرۇن تۇتۇش مەقسىتىدە سىزنىڭدەك يات يۇرتلۇق كىشىگە تەھلىل قىلدۇرماقنى تېخىمۇ مۇۋاپىق دەپ بىلدۇق . مەن بۇ شەھەرنىڭ نائىبى بولغانلىقىمدىن سىزنى شۇ ئىشقا تەكلىپ قىلىمەن . ئەتە ئەتىگەندە سىز ئۇ خوتۇننى تالاق قىلىپ بۇ شەھەردە تۇرماي چىقىپ كېتىشىڭىز شەرت . مۇزەپپەر بايمۇ شۇنداق قىلىشىڭىزنى ئىستەيدۇ . ئەگەردە ئەتىلا شەھەردىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىڭىزغا مېنى ئىشەندۈرەلىسىڭىز ، دېيىشكەن بويىچە ئىش قىلىمىز ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ ۋەدە بېرىپ دانىشمەننى ئىشەندۈرۈپتۇ . دانىشمەن مۇزەپپەر باينىڭ يېنىغا دەرھال بېرىپ ، قۇلۇپنى يۇقىرىقى شەرتلەر بىلەن كۆندۈرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ . سىر ساقلىيالايدىغان بىر نەچچە كىشى چاقىرىلىپتۇ . قۇلۇپ شۇلارنىڭ ئالدىدا شەرتلەرنى ئۈستىگە ئاپتۇ . نىكاھ قىلىنىش ئالدىدا ، خوتۇنىنىڭ ئېرى تاھىر قۇلۇپقا ، خوتۇن بىلەن بىللە بولغاندا ، ئۆيدە چىراغ ياقماسلىقنى ، بىر ـ بىرىنىڭ چىرايىنى كۆرمەسلىكنى شەرت قىپتۇ .

تاھىر : « قۇلۇپ خوتۇنۇمنىڭ

چىرايىنى كۆرمىسە، ئاسانلا تالاق قىلىۋېتىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ. قۇلۇپ بۇ شەرتنىمۇ قوبۇل قىپتۇ.

كەچ بولۇپ، خۇپتەن نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، قۇلۇپنى ھۇجرا ئۆيىگە ئەكىرىپ ئىشكىنى يېپىپ قويۇپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى قاپقاراڭغۇ بولغاچقا، قۇلۇپ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ خوتۇننى ئاران تېپىپتۇ. بىچارە خوتۇن ناتونۇش، يات بىر ئادەم بىلەن بىرگە بولۇشتىن سەسكىنىپ، پۇتۇن تېنى غالىلداپ تىترەپ كېتىپتۇ. ئادەتتە تەھلىل قىلدۇرغاندا پاسكىنا ھەم سەت ئادەملەرگە نىكاھ قىلدۇرىدىغان ئادەت بولغاچقا، بۇ خوتۇن يىرگىنىپ، ھېچقانداق نەپەس چىقارماستىن ئولتۇرۇۋاپتۇ. شۇڭا قۇلۇپقا بۇ خوتۇننى تاپماق بەك مۇشكۇل كەپتۇ. قۇلۇپ بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنى دانىشمەندىن ئاڭلىغانلىقى ئۈچۈن، كۆڭلىدە ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش پەيدا بولغانىكەن. لېكىن ئۆينىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ بولغانلىقتىن، ئايالنىڭ جامالىنى ۋە بوي-تۇرقىنى كۆرەلمەي كۆڭلى سەل غەش بوپتۇ. قۇلۇپ بۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ: «ھېچ بولمىسا ئاۋازىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ باقمامدىم» دەپ ئويلاپ، ئايالغا مۇنداق دەپتۇ:

— خېنىم، سىز كەبى ھۆسن-جامالدا، نازاكەت ۋە لاتاپەتتە مىسلىسىز بولغان جاھان گۈزىلى بىلەن بىللە بۇ كېچىنى ئۆتكۈزۈش شاراپىتىگە ئېرىشكەنلىكىمدىن، بۇ كېچە ماڭا بەكمۇ ھۇزۇر ۋە شادلىق بېغىشلىدى. ئەمما، كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى جامالىڭىزنى كۆرۈپ لەززەتلىنىشكە توسالغۇ بولىۋاتىدۇ. ئەتە كۈن يورۇماستىن بۇرۇن سىزدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىم ئۈچۈن كۆڭلۈم بەكمۇ پەرىشان. ئاران تاپقان بەختىمنىڭ تېزلا تۈگەيدىغانلىقىنى ئويلىسام نېمە قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئۇ خوتۇن:

— ئېرىم تاھىرنىڭ ئوسال مىجەزى سەۋەبىدىن مۇشۇ كۈنگە قالدىم. سىز كىم بولىسىز؟ ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ كىملىكىنى بىلدۈرۈڭ. چۈنكى مەن سىزنىڭ ئاۋازىڭىزنى تونۇش كىشىدەك سېزىۋاتىمەن، — دەپتۇ.

قۇلۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەن ئۇ خوتۇننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ يۈرەكلىرى دۇپۇلدەپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— خېنىم، سىزنىڭ ئاۋازىڭىز مېنىڭ يۈرىكىمنى ھەم بارلىق ئەزالىرىمنى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. سىزدىن ئۆتۈنۈپ سورايمەن. كىم ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتسىڭىز! مەن سىزنى قارا قۇرۇمدا دىدارلاشقان دىلاراغا ئوخشىتىۋاتىمەن. ئېھتىمال سىز شۇ نازىنىن بولمىغايسىز، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان خوتۇن بىر «ئاھ» چېكىپ:

— سىز قۇلۇپ بولامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار بىر-بىرىنى تونۇپتۇ. بۇ چاغدا دىلارا ئۆزىنىڭ خان ئالدىدا بىلمەستىن قۇلۇپ ھەققىدە قاملاشمىغان چاقچاق قىلىپ، ئۇنىڭ خانىنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ، ئۆچەكىشىپ قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقىنى، بۇ ئىشقا تا بۈگۈنكىچە ئۆكۈنۈۋاتقانلىقىنى سۆزلەپتۇ. قۇلۇپ:

— دىلارا غەم قىلماڭ! بولارنىڭ ھەممىسى تەقدىرنىڭ كارامىتى. ھازىر ئىككىمىز يەنە ئۇچراشتۇق. ئەمدى شۈكۈر قىلىپ، ئۆزىمىزنى بەختلىك سانىشىمىزغا تېگىشلىك. سىز بۇ يەرگە قانداق كېلىپ

قالدىڭىز ؟ ــــ دەپتۇ . دىلارا ئۆزىنىڭ سەمەرقەندكە كېلىش سەۋەبىنى شۇنداق دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ :

ــــ مەن سىزگە ئاتامنىڭ خان تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى سۆزلىگەنىدىم . ئاتام ئەلچىلىكتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ سەمەرقەندتە توختاپ ، مۇزەپپەر باينىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغانىكەن . ئاتامنىڭ مۇزەپپەر باي بىلەن ئۆزۈندىنلا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقتىن ، مېنى ئۇنىڭ ئوغلى تاھىرغا بەرمەكچى بولۇپ ۋەدىلىشىپ قويۇپتۇ . ئاتام قايتىپ كېلىپلا ئانام بىلەن مەسلىھەتلىشىپ مېنى توي قىلىپ ، سەمەرقەندكە ئۇزىتىپ قويدى . مەن سىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپ سىزنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسامۇ ، سىزگە بىلدۈرمىگەن ئىدىم . ئىچىمدە سىزنىڭ ئىشق ئوتىڭىز ياناتتى . مېنىڭ تەدبىرسىزلىكىم ۋە باشباشتاقلىقىم سەۋەبىدىن ، ئورۇنسىز چاقچاق قىلىپ قويۇپ سىزنىڭ خانىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىشىڭىزغا سەۋەبچى بولدۇم . مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ، مۇھەببەت ئوتى تېخىمۇ يالقۇنلاپ ، كېچە ــ كۈندۈز كۆزلىرىمدىن سەل كەبى ياشلار ئاقتى . بۇ ئاققان ياشلىرىممۇ سىزگە بولغان ئىشق ــ مۇھەببىتىمنىڭ ئوتلىرىنى ئۆچۈرەلمىدى . ئامال قانچە ؟ ئاتامنىڭ رايىغا بويسۇنۇپ سەمەرقەندكە كەلدىم . بۇ خوتۇن قەدرىگە يەتمەيدىغان ، ئايالىغا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئېپىنى ئۇقمايدىغان تەلۋە تاھىرنىڭ قولىغا چۈشتۈم . ئەمما مەن سىزدىن ئايرىلغاندىن بېرى بىر كۈنمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمىدىڭىز . ئۇچرىشىش ئۈمىدى ئەسلا قەلبىمدىن چىقمىغانىدى . بىلمىدىم ، بۇ قانداق ھېكمەت ۋە قانداق سىردۇر ؟ شۇنچە ۋاقىتتىن ئىشق ئازابى بىلەن جاپا چەككىنىم بەدىلىگە ، بۈگۈن كېچە تەڭرىنىڭ ئەمرى بىلەن ماڭا جۈپ بولدىڭىز ، ــــ دەپتۇ .

قۇلۇپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، دىلارانىڭ ئۆزىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ ، ئۆزىنىڭ ئىشقىدا ئازاب چەككەنلىكىنى بىلىپ ، دىلاراغا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ . بۈگۈن كۈتمىگەندە ئۇلارنى ئۇچراشتۇرغان تەڭرى تائالانىڭ رەھمىتىگە شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ ، ھەم بۇ مۆجىزىگە ھەيران بوپتۇ .

ــــ جېنىم دىلارا ! مېنىڭ ھالىممۇ سىزنىڭكىدەك بولۇپ ، ئىشق ئوتىڭىز قەلبىمنى ئەسىر قىلدى . سىزدىن ئايرىلىشنىڭ قايغۇسى بارلىق جىسمىمغا تەسىر قىلدى . گويا دۇنيادىن خەۋىرى يوق ساراڭدەك بېشىم قايغان ، پۈتۈم تايغان تەرەپكە مېڭىپ ئاخىرى سەمەرقەندكە كېلىپ قالدىم . ھەق تائالاغا كۆپ شۈكرىلەر بولسۇن . تەڭرىم ئۆزىنىڭ ناھايىتى چەكسىز رەھمەت ئىنايىتى بىلەن سىزنى ماڭا جۈپ بولۇشقا نېسىپ قىپتۇ . خانىنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈشۈم ھەم سىزدىن ئايرىلىشىم ، ئىككىمىزنىڭ قايغۇ ــ ھەسرىتىگە سەۋەب بولۇپلا قالماي ، كېيىن يەنە قوشۇلۇشىمىزغىمۇ سەۋەب بولدى . مەن بۇ بەختنى خانغا يېقىن بولۇش شەرىپىدىن مىڭ مەرتىۋە ئارتۇق دەپ بىلىمەن . ئۆزۈمنى بارلىق ئادەملەردىن تەلەيلىك دەپ ھېسابلايمەن ، ــــ دەپتۇ . ئۇلار شۇ تەرىقىدە تاڭ ئاتقۇچە بىر ــ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ ، بارلىق ئىچ سىرلىرىنى سۆزلىشىپ ، كەپتەرلەردەك گۇگۇلىشىپتۇ .

تاڭ ئېتىشقا يېقىنلاشقاندا ھۇجرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا مۇزەپپەر باينىڭ خىزمەتكار-

لىرىدىن بىرسى كېلىپ، ئىشكنى بارلىق كۈچى بىلەن ئۇرۇۋېتىپتۇ ۋە:

— ھوي تۇرمامسەن! بۇ ۋاقىتقىچىلىك ئۇخلايدىغان سەن قانچىلىك ئادەم ئىدىڭ؟ تۆرىمۇ سەن ياكى بەگمۇ سەن؟ ئۆيدىن چىق، بۇياققا!، — دەپ، قوپاللىق بىلەن ۋارقىراشقا باشلاپتۇ. ئەمما، بۇ سۆزلەر قۇلۇپنىڭ قۇلىقىغا ئەسلا كىرمەي، دىلارا بىلەن مۇھەببەت ئىزھار قىلىشماقتا ئىكەن. لېكىن ئۇلار ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ خۇددى چۈشىدە كۆرگەن ئالتۇن تاغ ئويغىنىش بىلەنلا يوقالغىنىدەك، بىر ئاز ۋاقىت ئىچىدە شادلىقى قايغۇغا ئالمىشىدىغان ۋاقىت يېتىدىغانلىقى بۇ ئىككى ئاشق — مەشۇققا مەلۇم بوپتۇ. بۇ چاغدا گويا تەندىن جان ئايرىلىدىغان پەيتنىڭ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرگەندەك، مۇزەپپەر باينىڭ خىزمەتكارى ئىشكنى توختىماي ئۇرىۋېرىپتۇ. قۇلۇپ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپتۇ ۋە دىلاراغا:

— كۆرمەمسىز بۇ بەدبەختلەرنىڭ ئالدىرىشىنى، سىزنىڭ بىلەن بىر دەقىقە ئارتۇق تۇرۇشۇمغا رازى ئەمەس. ئاھ، جېنىم دىلارا! بىز گەرچە نىكاھلىق بولساقمۇ، تاڭ ئېتىشى بىلەنلا سىزنى تالاق قىلىشقا قەسەم ئىچكەن ئىدىم. ھەم ئۇلارنى ۋەدەم بىلەن ئىشەندۈرگەن ئىدىم. ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك؟ — دەپتۇ. دىلارا:

— سىز ئۆز ئاشىقىڭىزنى نىكاھىڭىزغا ئالدىغانلىقىڭىزنى بىلمىگەنلىكىڭىز ئۈچۈن ۋەدىگە خىلاپلىق قىلالايسىز. ئەگەر ۋەدىگە خىلاپلىق قىلمايمەن دەپ مېنى تالاق قىلسىڭىز ئۇ چاغدا سىزنىڭ ھەركىتىڭىز ئاشىقلىققا خىلاپ بولىدۇ. مەندەك بىچارە قۇلىڭىزنىڭ كۆڭلىنى ۋە مۇھەببىتىنى يەردە قويۇپ ھەم ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزنى ئورۇندىماسلىققا قانداقمۇ كۆڭلىڭىز ئۇنايدۇ؟ — دەپتۇ. قۇلۇپ:

— سىزنىڭ سۆزىڭىز توغرا. لېكىن، مۇزەپپەر باي ئۆز شەھرىدە ئىناۋىتى ھەم ئورنى بار ئادەم. مەن بولسام ياقا يۇرتلۇق بىر ئادەم. شۇڭا ئۇ مېنى نېمە قىلىمەن دېسە قولىدىن كېلىدۇ. مەن ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرالايمەن؟ — دەپتۇ. دىلارا:

— سىز ئۇلارنىڭ قورقۇتۇشىدىن ھەم ئاجىز سانىشىدىن ئەندىشە قىلماڭ. بېرىدىغان ئالتۇن ۋە ماللىرىنى ئەسلا قوبۇل قىلماڭ! بىز ئىككىمىزنى شەرىئەت يولى بىلەن ئايرىمىغۇچە، مېنى زورلۇق بىلەن سىزدىن ئايرىپ ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. — دەپتۇ. قۇلۇپ:

— ئەسلىدە مەن قەسەمدىن يېنىۋالغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدىم. مەن سىزنىڭ ۋەسلىڭىزگە يېتىش يولىدا قانچىلىك ئازاب ۋە جاپا بولسىمۇ ئېغىر كۆرمەيمەن. «ئۆلمەك بار، يانماق يوق» دېگەندەك، مەن ئۆلگۈچە سىزنى تاشلىمايمەن، — دەپ دىلارانىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىپتۇ. ئاشق بىلەن مەشۇققا قىسقا تۇيۇلغان بۇ كېچە، تاھىرغا بەك ئۇزۇن تۇيۇلۇپ كېتىپتۇ. سەۋر قىلىشقا تاقىتى قالماي، قۇلۇپلار تۇرغان ئۆينىڭ ئىشكى تۈۋىگە كېلىپ ۋارقىراپ:

— ھەي ئەخمەق ئادەم! كۈن چىقتى. ئورنۇڭدىن تۇرىدىغان ۋاقىت بولدى. ۋەدە قىلىنغان مال ۋە ئالتۇنلار ھازىرلاندى. نائىپ دانىشمەن كېلىپ ساقلاپ تۇرغىلىمۇ خېلى بولدى. ئىلدام بول! بۇ ئىشنى تېزدىن تۈگىتەيلى، — دەپ ئىشكنى

قېقىپتۇ.

تاھىر ۋارقىراۋاتقان چاغدا قۇلۇپ ئىشىكنى ئېچىپ چىقىپتۇ. خىزمەتكارلار قۇلۇپنى دەرھال ھاماماغا ئېلىپ بېرىپتۇ. قۇلۇپ ھامامدىن چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئېسىل يېڭى كىيىملەرنى ئەكېلىپ كىيدۈرۈپتۇ. ئاندىن مۇزەپپەر، ئوغلى تاھىر ھەم دانىشمەن ئۈچىسى بىللە ئولتۇرغان خانىگە باشلاپ ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇلار قۇلۇپنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتىۋاپتۇ. سورۇندىكىلەرگە ئاش تارتىلىپتۇ. تاماقتىن كېيىن دانىشمەن قۇلۇپنى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا:

ــ مۇزەپپەر باي بىر قۇر ئېسىل كىيىم ھەم ئەللىك ئالتۇن تەڭگىنى تەييار قىلىپ قويدى. سەن دەرھال خوتۇننى تالاق قىل! ساڭا يەنە بىر تۆگە ھازىرلاندى. ئىشنى تۈگىتىپ بارلىق نەرسىلىرىڭنى ئېلىپ سەمەرقەندتىن چىقىپ كەت! ــ دەپتۇ. دانىشمەن سۆزىنى تامام قىلىشى بىلەن قۇلۇپ ئاچچىقى كېلىپ دانىشمەن بەرگەن كىيىم ۋە ئالتۇنلارنى يەرگە تاشلاپ:

ــ سىز تېخى سەمەرقەند شەھىرىدە شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ئادىللىق ۋە ھەققەت تۈگىگەن دەپ ئويلامسىز؟ ياكى خان ئالىيلىرى غەپلەتتە قېلىپ غېرىب ـ مۇساپىر ۋە پۇقرالارغا قىلىنىۋاتقان زۇلۇمدىن خەۋىرى يوقمۇ؟ مەن بىچارە سەمەرقەندكە كەلدىم. سودىگەرلەرنىڭ بىرسى مېنى ئالداپ ـ سالداپ ئۆيىگە چاقىرىپ شەرىئەت بويىچە ماڭا بىر خوتۇن نىكاھلاپ بەردى. ئەمدى بولغاندا خوتۇنۇمنى زورلۇق بىلەن ئايرىۋالماقچى بولىۋاتامدۇ. بۇ قانداق زۇلۇم؟ قانداق ئىنساپسىزلىق؟ بۇ داۋادىن كېچىڭلار! مەندە ئەسلا ئايرىلىدىغان خوتۇن يوق. ئەگەردە بۇنداق زۇلۇم قىلماقچى بولساڭلار، خاننىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ، ئەرز ھالىمنى ئېيتىمەن. كۆرۈپ باقايلى، بۇنداق ھېچقانداق ئادەم چىدىيالمايدىغان ئالدامچىلىققا خاننىڭ رازىلىقى بولارمىكىن؟ ــ دەپتۇ.

دانىشمەن قۇلۇپتىن رەھمەتلەر كۈتىۋاتقىنىدا، ئۇنىڭدىن بۇنداق سۆزلەرنىڭ چىقىدىغانلىقى ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەگەچكە بۇ سۆزدىن بەكمۇ ئەجەبلىنىپ ھەيران قاپتۇ. ئۇ مۇزەپپەرنى خالىي بىر جايغا ئاپىرىپ پەس ئاۋازدا قۇلۇپنىڭ بەرگەن جاۋابىنى بايان قىلىپتۇ ۋە:

ــ بۇ خوتۇننى قۇلۇپدىن ئايرىۋېلىش تەس ئوخشايدۇ، ــ دەپتۇ. مۇزەپپەر باي دانىشمەنگە:

ــ ئۇ ئالتۇننى ئاز كۆرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، يەنە ئەللىك ئالتۇن پۇل قوشۇپ بېرەي. دەرھال خوتۇننى تالاق قىلىپ سەمەرقەندتىن چىقىپ كەتسۇن، ــ دەپتۇ.

ئۇلار گەرچە شىۋىرلىشىپ پەس ئاۋازدا سۆزلەشكەن بولسىمۇ، قۇلۇپ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىۋاپتۇ. ئۇ مۇزەپپەر بايغا:

ــ يۈز ئالتۇن ئەمەس، مىڭ ئالتۇن بەرسەڭمۇ، ھەتتا پۈتۈن بايلىقىڭنىڭ ھەممىسىنى بەرسەڭمۇ، ھازىر نىكاھىمدىكى خوتۇنۇمنى ئەسلا قويمايمەن، ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، ــ دەپتۇ.

دانىشمەن بىلەن مۇزەپپەر باي قۇلۇپقا كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلىپ:

ــ ئەگەردە بۇنداق تەتۈرلۈك قىلىۋەرسەڭ ساڭا ھېچقانداق پايدىسى يوق، بەلكى كېيىنكى كۈندە پۇشايماندا قالىسەن. ھەممىدىن ئايرىلىپ قۇرۇق قول كېتىسەن، ــ دەپ كۆپ تەھدىتلەرنى سالغان بولسىمۇ،

قولۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ بىرسىگىمۇ قولاق سالماي :

— سىلەرنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭلار مېنى چۆچىتەلمەيدۇ . مەن پەقەت قورقۇپ قالمايمەن ، مېنىڭ خوتۇنۇمنى زورلاپ ئايرىۋالدىغان ھېچقانداق ئامالىڭلار يوق !— دەپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان تاھىر ئاچچىقلاپ :

— قازىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ ، بۇنداق ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمىغان ئىنساپسىزنى دەررە ئۇرغۇزۇپ ، ئەدەبىگە كەلتۈرەيلى ، — دەپتۇ .

قولۇپ بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا پەرۋا قىلمىغانلىقتىن ، ئاخىرى داۋانى قازى مەھكىمىسىگە چۈشۈرۈپ ، ئۇنى قازى ھۇزۇرىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . ئۇلار قازىغا بولغان ۋەقەنى باشتىن ـ ئاياغ تولۇق بايان قىلىشىپتۇ . بۇنى ئاڭلىغان قازى قولۇپقا :

— ھەي ئەخمەق ئادەم ! سەن بولساڭ پەقىرلەرنىڭ پەقىرى ، مىسكىنلەرنىڭ مىسكىنىسەن . ئىجارە ھەققىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىڭ ئۈچۈن مەسچىتتە يېتىپ ، كىشىلەرنىڭ خەير ـ سەدىقە قىلىپ بەرگەن ئاش ـ تامىقى بىلەن جان ساقلاپ يۈرگەنىدىڭ . بۇلار سېنىڭ ھالىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، ساڭا پايدا يەتكۈزۈپ قويۇش نىيىتىدە بۇ نىكاھنى ياندۇرۇش ئۈچۈن سېنى تەكلىپ قىپتۇ . سەن ھېچنېمەڭ يوق بىر گادايسەن . بۇ خوتۇن ناھايىتى باي ئادەمنىڭ قولىدا باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان تۇرسا ، سەن ئۇنى قانداق بېقىپ كېتەلەيسەن ؟ سېنىڭ بۇ داۋايىڭ ھەقىقەتەن ساراڭلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . سەن كەبى ئابرويسىز ، تېگى ـ تەكتى نامەلۇم بولغان بىر ئادەمگە ، نەسەپ ۋە مۈلۈك ئىگىسى بولغان بۇ خوتۇن تېگەمدۇ ؟ ئۇنىڭغا ئوخشاش خوتۇننى ئېلىش ئۈچۈن ، ئەڭ ئاۋۋال ئۇنىڭ بىلەن تەڭداش بولۇشۇڭ كېرەك . سەن بۇ داۋادىن كېچىپ خوتۇننى دەرھال تالاق قىل . ئاندىن مۇزەپپەر باي بەرگەن ئىنئام ـ ئېھسانىنى ئال ـ دە ، بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەت . ئەگەردە بۇنىڭغا رازى بولمىساڭ يۈز دەررە يېيىشكە ھازىرلان ، — دەپ ھەيۋە قىپتۇ قازى .

قولۇپ قازىنىڭ بۇنداق قاتتىق ھەيۋىسىنى پىسەنتىگە ئالماي ، ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرغانلىقىدىن دەرھال يۈز دەررە ئۇرۇلۇپتۇ . قازى ئاخىرىدا :

— بۇگۈنچە بۇ تاياق يېتەر ، ئەگەردە ئەتىمۇ شۇنداق تەتۈرلۈك قىلسا ، ئىككى ئۈلۈش جازا بېرىمەن ، ئۇنىڭغىمۇ قايىل بولمىسا ، باشقىچە جازالايمىز . بۈگۈن خوتۇنىنىڭ يېنىغا كېتىپ تۇرسۇن ، — دەپتۇ .

ئەمما تاھىر قولۇپنى چىدىيالمىغۇدەك ئازابلاپ خوتۇنىنى ئايرىپ ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدىكەن . لېكىن قولىدا ھوقۇق بولمىغانلىقتىن چارىسىز قاپتۇ .

مۇزەپپەر ، ئوغلى تاھىر ۋە قولۇپ ئۈچەيلەن بىللە مۇزەپپەرنىڭ ئۆيىگە قايتىپتۇ . قولۇپ ئۆزىنىڭ نازىنىنىنى كۆرۈش شادلىقى بىلەن ئۆزىدە قىلچە رەنجىش سەزمەي بەلكى قەلبىدە بىر خىل سۆيۈنۈشنى ھېس قىپتۇ . ئۇ ئۆيگە كىرىپ دىلارانى كۆرۈش بىلەن ، يۈز دەررە تاياقنىڭ يارىسىغا شىپالىق مەلھەم سۈرتۈلگەندەك قىلچە تاياق ئازابىنى ھېس قىلماپتۇ .

مۇزەپپەر باي قولۇپنى بىر ياقتىن زورلاپ قىيناتقان بولسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى ياخشىلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلىشقا تىرىشىپتۇ . ئۇ قولۇپنى ئۆزىنىڭ خاس ئۆيىگە چاقىرىپ يەنە كۆپ ۋەدىلەرنى

قىپتۇ . ئۇ قۇلۇپقا ئۈچ يۈز ئالتۇن ۋەدە قد-
لىپ ، بۇ ئىشنى چىرايلىقچە تۈگىتىشنى
تەلەپ قىپتۇ . ئەمما قۇلۇپنى زادىلا كۆندۇ-
رەلمەپتۇ .

شۇ ئارىدا تاھىر دىلارانىڭ يېنىغا
قۇلۇپتىن ئاۋۋالراق كىرىپتۇ . دىلارا : « قازى
ھۇزۇرىدا قانداق ھۆكۈم بولدىكىن ؟ »
دەپ ، ئىككى كۆزى ئىشىكتە قۇلۇپنى
زارىقىپ كۈتۈپ ئولتۇرغانىكەن . ئۇ: « قۇ-
لۇپ قازىنىڭ ھۇزۇرىدا سۆزىدە چىڭ
تۇرار » دەپ ئۈمىد قىلىپ تۇرغىنىدا ، تا-
ھىرنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەنلىكىنى
كۆرۈپ : « بۇ زالىمنى يەنىلا ماڭا نىكاھ قىل-
غان ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپتۇ . شۇڭا
ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆلۈكنىڭ يۈزىدەك سارغى-
يىپ ، ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشۈشكە
تاس قاپتۇ .

تاھىر دىلارانىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ
قۇلۇپنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلمىغانلىقىدىن
خەۋەر تېپىپ ، مۇشۇ ھالغا چۈشتى ، دەپ
ئويلاپ :

— جېنىم ، ھەرگىز قايغۇ يېمەڭ !
ھامان ئۈمىدلىك بولۇڭ . تەھلىل قىلغۇچى
ئادەم بۈگۈن سىزدىن ئايرىلىشنى خالىمى-
غانلىقى ئۈچۈن ، يۈز دەررە يېدى . ئەگەر
ئەتىكى كۈندە يەنە شۇنداق جاھىللىق قىل-
سا ، جازاسى يەنە ئاشۇرۇلىدىغانلىقى ھەققىدە
قازى ھۆكۈم قىلدى . بۈگۈن نە چارە ؟ يەنە
ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولىسىز . ئەتە خۇدا
بۇيرىسا ، مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز بولىمەن ،
— دەپتۇ . دىلارا ئۇنىڭغا :

— ئەي خوجام ، بۇ ھال قۇلىڭىزغا
بەك ئېغىر كەلدى . چۈنكى ، بۈگۈن
ئەتىگەندىن بېرى راھەت ۋە ھۇزۇرۇم تۈ-
گىدى . بۇ ئىش مەن خالىغاندەك بولماي

قالارمىكىن ، دەپ بەك ئەنسىرەۋاتىمەن ،—
دەپتۇ . تاھىر ئۇنىڭغا :

— ئەي دىلارا ! سىزنىڭ ماڭا
بولغان مۇھەببىتىڭىزنىڭ نەقەدەر چوڭقۇر-
لۇقىنى بىلىمەن . سىز ئەسلا ئەنسىرىمەڭ !
ئەتە نىكاھىمىز پۈتۈلىدىغان كۈندۇر،—
دەپ دىلارانىڭ خانىسىدىن چىقىپتۇ . شۇ
چاغدا قۇلۇپ كىرىپ كەپتۇ . دىلارا قۇلۇپنى
كۆرۈشى بىلەن قايغۇ ـ ھەسرىتى شادلىققا
ئالمىشىپتۇ . ئۇ قۇلۇپقا :

— جېنىم ! مېنىڭ ئەقىدەم ھەم
سىزنىڭ سۆزىڭىزدە مۇستەھكەم چىڭ
تۇرۇشىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى ئاللا بۇيرىسا
تېز ئارىدا كۆرەرمىز . مەن يارىڭىز ئۈچۈن
قازى ھۇزۇرىدا تارتقان جەۋر ـ جاپالىرى-
ڭىزنى تاھىر ھېلى كېلىپ دېدى . بۈگۈن
قازىنىڭ ھۇزۇرىدا سۆزىڭىزدە چىڭ تۇرغان-
لىقىڭىز كەيپىياتىمنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ ،
سىزنىڭ دەررىنىڭ زەخمىتىدىن جاراھەت-
لەنگەن تېنىڭىزنىڭ ئاغرىشى مېنى بەكمۇ
ئازابلاۋاتىدۇ ،— دەپتۇ كۆزلىرىدىن يامغۇر-
دەك ياشلىرىنى تۆكۈپ .

— ماڭا قانچىلىك قاتتىق جەبىر ـ
جاپالارنى سالسىمۇ ، قەتئىي چىدايمەن .
سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن . ئۇلار نە جاپا
بىلەن ، نە پۇل بىلەن مېنى يېڭەلمەيدۇ .
خۇداغا تەۋەككۇل قىلىپ ، بېلىمنى مەھكەم
باغلاپ ، يا ئۆلۈم ياكى سىز بىلەن بىللە
ياشاش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن يانماي-
مەن ،— دەپتۇ قۇلۇپ . دىلارا ئۇنىڭغا :

— قۇلۇپ ، سىز قازى ھۇزۇرىدا
ئۆزىڭىزنىڭ خانىنىڭ خىزمىتىدە بولغانلىقى-
ڭىزنى ئېيتتىڭىزمۇ ؟— دەپ سوراپتۇ .

— قازى ھۇزۇرىدا ماڭا قازىنىڭ
سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرمەكتىن باشقا

بىر ئىغىزمۇ سۆز قىلىشقا پۇرسەت بولمىدى ، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇلۇپ .

ــ ئۇنداق بولسا ، بۇگۈنكىدەك تاياق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن بىر چارە قىلايلى . سىز مەن ئېيتقاندەك قىلىڭ . ئەنجان شەھرىدە بەكمۇ شۆھرەتلىك مەسئۇد ئىسىملىك بىر باي سودىگەر بار . سىز ئۇنى « ئاتام » دەڭ . بۇ سۆزدىن يانماي ھەم چاندۇرماي ئۇلارنى ئىشەندۇرۇڭ . ھەممە يېقىن ئارىدا ئاتامدىن خەت كېلىدۇ دەپ ئېيتىڭ ،ــ دەپتۇ دىلارا ئەقىل كۆرسىتىپ .

قۇلۇپ دىلارانىڭ بۇ مەسلىھىتىنى قوبۇل قىپتۇ . ھەم « سىز دېگەندەك قىلىمەن » دەپ دىلارانىڭ كۆڭلىنى تىنىدۇرۇپتۇ . ئۇلار ئەتىكى كۈندە بولۇش ئېھتىمالى بولغان ئازاب ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئېسىدىن چىقىرىپ ، كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە بولغان مۇددەتنى قولدىن بەرمەي ئىشق ـ مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى تېتىپتۇ .

تاڭ ئېتىشى بىلەن مۇزەپپەر باي بىلەن ئوغلى تاھىر قۇلۇپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكى تۈۋىگە كېلىپ ، ئۇنى چاقىرىپ قازى ھوزۇرىغا بېرىشقا ئالدىرىتىپتۇ . قۇلۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلاپتۇ . دىلارا ئۆزىنىڭ قۇلۇپقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ كامىللىقىدىن ئايرىلىشقا قىيماي ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ كۆز ياشلىرى سەل كەبى ئېقىشقا باشلاپتۇ . قۇلۇپ بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرىكى ئېچىشىپ :

ــ جېنىم دىلارا ! سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن ئاققان ياشلار ، مېنىڭ جاراھەتلىك يۈرىكىمگە تۇز سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى . مېنىڭ ھالىم كېسەل كىشىنىڭ ھالىدىنمۇ بەتتەررەك ئېغىر . بىز تەگرىگە سېغىنايلى . ئۇ بىزنىڭ ياردەمچىمىز . ھەر ھالدا بىزگە ياردەم ۋە ئىنايەت قىلار ،ــ دەپ ئۆيدىن چىقىپتۇ .

قۇلۇپ ئىشىك تۈۋىدە ساقلاپ تۇرغان مۇزەپپەر باي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تاھىر بىلەن بىللە قازى مەھكىمىسىگە مېڭىپتۇ . ئۇلار قازى مەھكىمىسىگە كىرگەندە ، قازى قۇلۇپنى كۆرۈشى بىلەنلا :

ــ ئاخشام بارلىق ئەقلىڭ بىلەن ياخشى ئويلانغانسەن ، ئىشنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى چۈشىنىپ ، بۇنداق ئاقمايدىغان داۋادىن يالتايغانسەن دەپ ئويلايمەن ، ئەلۋەتتە سەن شۇنى ھېس قىلالايسەنكى ، بۇ خوتۇن سېنىڭ تەگدىشىڭ ئەمەس ،ــ دېگەندە قۇلۇپ جاۋاب بېرىپ :

ــ قازى جاناپلىرى ، سىز ماڭا يەنە زۇلۇم قىلماقچى بولۇۋاتقان ئوخشايسىز . مەن سىز ئويلىغاندەك بىر پەقىر ھەم نادان كىشى ئەمەسمەن ، شۇنداقلا ئەسلى نەسەبىم نامەلۇم بىر كىشى ئەمەسمەن . ھازىر ئۆزۈمنىڭ كىملىكىمنى بىلدۇرمەك زۆرۈر بولۇپ قالدى . مەلۇم بولسۇنكى ، ئىسمىم رۇكنىددىن ، ئەنجان شەھرىدىكى بەكمۇ باي ھەم مۆتىۋەر سودىگەرلەردىن مەسئۇد ئىسىملىك زاتنىڭ بىردىنبىر ئوغلى بولىمەن . ئاتام مۇزەپپەر بايدىن ئارتۇق باي . ئەگەر بۇ ھالىمنى ئاتام بىلسە ئىدى ، ماڭا بىر تۆگە ئالتۇن ئەۋەتكەن بولار ئىدى . مېنىڭ بۇنداق باينىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى سەمەرقەندتىكى ئاياللار تائىپەسى بىلسە ، ئالغان خوتۇنۇمنىڭ ناھايىتى بەختلىك بولغانلىقىدىن ھەسەت قىلغان بولاتتى . بۇ قولىڭىز شەھەر سىرتىدا يول توسۇغۇچى قاراقچىلارغا ئۇچراپ قېلىپ ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغانمەن . شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى

نىكاھلانغان سەۋەبىنىمۇ بىلمىدىم ، بۇ قەدەر ھاقارەت ۋە جاپاغا لايىق بولدۇم . ئەيۇ قىلىلىڭىزلار ! بۇ ئىشتا سىزلەرنىڭ بەك ئالدانغانلىقىڭىزلارنى ، مېنىڭ ۋاقتىلىق ئاجىز قالغان ھالىتىمدە قىلغان خاتالىقىڭىزلارنى ئىسپات قىلماق ئۈچۈن ، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئاتامغا بىر پارچە خەت يازماقچىمەن . ئاتام مېنىڭ بۇ ھالىمدىن خەۋەردار بولۇشى بىلەن كۆرەرسىزلەركى نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىكىن ،— دەپ سۆزىنى تامام قىپتۇ .

قازى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ :

— ئىش سەن ئېيتقاندەك بولىدىغان بولسا ، ئۆتكەن كۈنى نېمە ئۈچۈن بۇ ئەھۋالنى سۆزلىمىدىڭ ؟! ئەگەردە سۆزلىگەن بولساڭ ئىدىڭ ، بۇ جاپالارنى تارتمىغان بولار ئىدىڭ !— دەپتۇ ئاندىن مۇزەپپەر بايغا قاراپ :

— ھازىر ئىش ئۆزگەردى . چۈنكى بىزنىڭ ئۇنى خوتۇنىدىن ئايرىلىشقا قىستىشىمىزنىڭ سەۋەبى ، كەمبەغەللىكىدىن خوتۇنىنى بېقىشقا قۇربى يەتمەيدۇ ، دېمەكلىك ئىدى . ئەمما ، ئۆزى دېگەندەك باي بولغان ھالەتتە ، بۇنداق ئىشقا زورلاشقا ھېچقانداق ھەققىمىز بولمايدۇ ،— دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ تاھىر :

— قازى ئالىيلىرى ! سىز بۇ كاززاپ ، يالغانچى ئادەمنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمەڭ ! بۇنىڭ بۇ سۆزى بۇگۈنكى تاياقتىن قۇتۇلۇش ھەم ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈندۇر ،— دەپتۇ . قازى تاھىرغا :

— مەن سىزنىڭ سۆزىڭىز بىلەن ھېلىمۇ ئۇنى يەتكۈدەك ئازابلىدىم . ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سودىگەر مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئېكەنلىكى ئىسپاتلانسا ، ئۇ چاغدا ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا بىر ئېغىز سۆز ئېيتالمايدۇ ،— دەپتۇ . مۇزەپپەر باي :

— مەن بىر قېتىم سودىگەر مەسئۇد بىلەن تونۇشۇپ قالغان ئىدىم . شۇندىن بۇيان ئارىمىزدا يېقىنچىلىق پەيدا بولدى . ئۇ ھەقىقەتەن باي كىشى . مەن ئۆز خىزمەتكارىمدىن بىرىنى ئەنجان شەھرىگە ئەۋەتەي . ئۇ شەھەر بىلەن بىزنىڭ شەھەرنىڭ ئارلىقى يەتتە كۈنلۈك يول كېلىدۇ . بېرىش — كېلىشكە ئون — تۆت كۈن ۋاقىت كېتىدۇ . ئون بەشىنچى كۈنى خەۋەر كېلىدۇ ،— دەپتۇ . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان قازى قۇلۇپقا :

— بۇ توغرا مەسلىھەت بولدى . ئەگەردە مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭ ئېنىقلانسا ، خوتۇن سېنىڭ بولىدۇ . ئەگەر يالغان سۆزلەپ ھىيلە ئىشلەتكەن بولساڭ ، سېنى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلىمەن ،— دەپتۇ .

— قازى ئالىيلىرى ! — دەپتۇ تاھىر قازىغا ،— ئەنجاندىن خەۋەر كەلگىچە بۇ ئادەم خوتۇنىدىن ئايرىم بىر ئۆيگە قاماپ قويۇلسا ...

— ئەر — خوتۇن بىللە تۇرۇشقا تېگىشلىكتۇر ، ئايرىم تۇرۇش شەرىئەت ھۆكمىگە خىلاپ . سىز دېگەندەك قىلىشقا بولمايدۇ . سىزنىڭ ئەمدىكى ئىشىڭىز تېزرەك ئەنجانغا ئادەم ئەۋەتىش ،— دەپتۇ قازى .

قازى بۇ ھۆكۈمنى چىقارغاندىن كېيىن ، مۇزەپپەر باي بىلەن ئوغلى تاھىر راست خەۋەرنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ — تېنەپ خىزمەتكارلىرىدىن بىرىنى يۈگۈرۈك ئات بىلەن ئەنجان تەرەپكە يولغا ساپتۇ .

قۇلۇپ قازىخانىدىن ئۇدۇل دىلارانىڭ يېنىغا قايتىپ كەپتۇ . ئۇ قازى ھوزۇرىدا بولغان ئىشلارنى ، قازىنىڭ ئەنجانغا ئادەم

ئەۋەتىپ تەكشۈرۈشكە قىلغان ھۆكۈمنى دىلاراغا تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. دىلارا بۇ ئىشتىن بەك خۇش بولۇپ:

— ئىنشائالللا، بۇندىن كېيىنكى ئىشلىرىمىزغا يول ئېچىلدى، — دەپتۇ. ئاندىن ئۇ يەنە:

— بۇ يەردىن قېچىشقا پۇرسەت تاپتۇق. لېكىن، كۆزەتكۈچىلەر بەك كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ جايدىن باشقا بىر جايغا كۆچەيلى. ئەگەردە قېچىپ كېتەلىسەك، بۇخارا تەرەپكە كېتەيلى. مېنىڭ ئالماس ۋە قىممەتلىك ئېسىل تاشلىرىم بار. ئۇلارنى سېتىپمۇ باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيمىز، — دەپتۇ. قۇلۇپ ئۇنىڭغا:

— بۇ ئىشنا بەك ياخشى ئويلىنىپسىز. بىز باشقا جايغا كۆچۈپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى مۇزەپپەر بايغا ئېيتايلى. ئەگەردە بۇ ئىشقا قوشۇلماي كۆچۈپ كېتىشىمىزگە قارشى تۇرسا، قازى مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىپ رۇخسەت ئالارمىز، — دەپتۇ.

قۇلۇپ بېرىپ مۇزەپپەر بايغا باشقا جايغا كۆچۈپ تۇرۇش ھەققىدە سۆز ئېچىپتۇ. بۇنىڭغا مۇزەپپەر بايمۇ ھەم ئوغلى تاھىرمۇ رازى بولماپتۇ. شۇڭا بۇ ئىش قازىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. قازى ئۇلارنىڭ بۇ قېتىم كۆچۈش ھەققىدىكى ئەرزنى سوراپ:

— سىزنىڭ بۇ يەردىن كۆچۈشىڭىزگە نېمە سەۋەب بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ. قۇلۇپ جاۋاب بېرىپ:

— قازى ئالىيلىرى! ئاتام مەسئۇددىن: «دۈشمەن يېنىدا تۇرۇشتىن ئايرىم تۇرغان ياخشى بولىدۇ» دېگەن نەسىھەتنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ سۆزى قۇلىقىمغا قوغۇشۇندەك قۇيۇلۇپ قالغانىدى. شۇ سەۋەبتىن خەۋەر كەلگىچە باشقا بىر يەردە تۇرۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. خوتۇنۇم دىلارامۇ ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنى خالايدۇ، ئۇ ئۆيدە تۇرۇشقا ئەسلا رازى ئەمەس، — دەپتۇ. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان تاھىر بارلىق غەزىپى بىلەن قاتتىق ۋارقىراپ:

— ئەي ماكانسىز يالغانچى! دىلارانىڭ بېشىغا بۇ ئىش كەلگەندىن بۇيان كېچە - كۈندۈز ئاھ ئۇرۇپ، قايغۇ - ھەسرەتتە كۆز ياشلىرى سەل كەبى ئېقىۋاتسا، سەن بولساڭ ئۇيالماستىن ئۇنداق يالغان سۆزلەرنى سۆزلەپ، ئۇنى ئۆيىمىزدىن ئايرىپ ئېلىپ چىقىشنى ئويلاۋاتامسەن؟ — دەپتۇ. بۇ سۆزگە قارشى قۇلۇپ ناھايىتى يۇمشاقلىق بىلەن:

— مېنىڭ خوتۇنۇم دىلارا، مېنى بەك سۆيگەنلىكىدىن سەندىن يىراق بولۇشنى ئىستەيدۇ. ئەگەردە سەن بۇنداق ئويلىساڭ دىلارانى قازى ئۆزى چاقىرىپ سوراپ كۆرسۇن. دىلارا مېنى سۆيمىسە ھەم مېنىڭ سۆزۈم يالغان بولسا، ئەنجاندىن كېلىدىغان خەۋەرنى كۈتمەستىنلا، ھازىرلا قازىنىڭ ھۇزۇرىدا دىلارانى تالاق قىلىمەن، داۋادىن كېچىپ بۇ شەھەردىن چىقىپ كېتىمەن، — دەپتۇ. تاھىر بۇ سۆزدىن خۇش بولۇپ:

— بۇ نادان ئۆز تىلىدىن تۇتۇلدى. دىلارانى ھازىرلا چاقىرتايلى، — دەپتۇ.

قازى ئۆزىنىڭ نائىبى بولغان دانىشمەننى دىلارانى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن مۇزەپپەرنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپتۇ. دانىشمەن ئالدىراپ بېرىپ دىلارانى قازىنىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. قازى دىلارادىن:

— سىز بۇرۇنقى ئېرىڭىزنى

سۆيەمسىز ياكى ھازىرقى يېڭى ئېرىڭىزنى سۆيەمسىز ؟ ھېچ تارتىنماي توغرىسىنى سۆزلەڭ ، ـ دەپ سوراپتۇ .

تاھىر دىلارانىڭ ئۆزىگە چىن مۇھەببىتى بار دەپ ئويلىغاچقا ، قازىنىڭ بۇ سوئاللىرىدىن بەك خۇش بولۇپ ئۆزىنى تۇتالماي ، دىلارا جاۋاب بەرگىچە ئالدىراپ ، دىلاراغا :

ـــ دىلارا خېنىم ! راستىنى سۆزلەڭ ، سىزنىڭ بىزگە خورلۇق كەلتۈرگەن شۇ تىجىمەلدىن قۇتۇلۇپ ، يەنە مېنىڭ نىكاھىمدا بولۇش ۋاقتىڭىز يەتتى ... ، ـ دەپتۇ . شۇ چاغدا دىلارا قازىغا جاۋاب بېرىپ :

ـــ قازى ئالىيلىرى ! ئەگەردە سۆزنىڭ راستىنى ئېشتمەكچى بولسىڭىز مەن مەسئۇد سودىگەرنىڭ ئوغلى رۇكنىددىننى سۆيىمەن . مۇزەپپەر باينىڭ ئۆيىدە تۇرۇشنى خالىمايمەن . ئىككىنچى بىر جايغا كۆچۈشكە رۇخسەت قىلسىڭىز ،ـــ دەپتۇ .

قازى دىلارادىن بۇ جاۋابنى ئالغاندىن كېيىن باشقا سۆز قىلىشقا يول قالمىغاچقا قۇلۇپ بىلەن دىلارانىڭ شەھەردە خالىغان جايغا چىقىپ تۇرۇشىغا رۇخسەت بېرىپتۇ .

ئىشنىڭ ئاقىۋىتى تاھىرنى بەكمۇ غەزەپلەندۈرۈپتۇ . ئۇ دىلاراغا :

ـــ ئەي زالىمە ! تۇنۇگۈنگە قەدەر سەن بۇ خىيالدا ئەمەس ئىدىڭ . ھازىر نېمە سەۋەبتىن سۆزۈڭدىن يېنىۋالدىڭ ؟ ـــ دەپتۇ ۋە قازىغا قاراپ :

ـــ قازى ئاليلىرى ! سىز بۇ يات ئادەمنى بىزدىن ئۈستۈن قىلدىڭىز ! ئۇ مەسئۇدنىڭ ئوغلىمۇ ، ياكى ئەمەسمۇ ، بۇنىسى ئېنىق بولماي تۇرۇپ ، ئۇنىڭ دىلارانى قولغا كەلتۈرۈشىگە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىۋاتىسىز ، ـــ دەپتۇ . قازى ئۇنىڭغا :

ـــ ئەگەرچەندە ، ھەقىقەتەن مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئەمەسلىكى ئېنىق بولسا ، يالغان سۆزلەپ بىزنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن ، مەن ئۇنى دارغا ئاستۇرىمەن ، بەلكىم ئۇنى ئېسىشمۇ ئازلىق قىلىدۇ ، ـــ دەپتۇ .

ـــ قازى ئاليلىرى ! ئۇنىڭ باشقا جايدا تۇرۇشىنىڭ سەۋەبى ، دىلارانى ئېلىپ بۇ شەھەردىن قېچىش ئۈچۈندۇر . سىزنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان ئازابلىرىڭىزدىن قورقامدۇ ؟ ئۇ ساراڭ ئەمەس ! ئۇ ئۆزىنى ئازابقا ھەم ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگىچە چارە تېپىپ قاچماسمۇ ؟ ئۇنىڭغا تېگىشلىك جازانى بىجا قىلىدىغان چاغدا ، ئۇ قاچقۇننى تاپالماي قالارسىزمىكىن ، ـــ دەپتۇ تاھىر قازىغا . قازى ئۇنىڭغا :

ـــ بۇنىڭ ئامالى بار . بۇلار باشقا جايغا كۆچۈپ چىققاندىن كېيىن تۇرغان ئۆيلىرىنىڭ ئەتراپىغا كۆزەتكۈچىلەرنى ۋە قاراۋۇللارنى قويۇپ قاچۇرۇپ قويمايمەن ، ـــ دەپ سۆزىنى ئۈزۈپتۇ ـ دە ، قۇلۇپلارغا كۆچۈپ چىقىشقا ھۆكۈم چىقىرىپتۇ .

دىلارانىڭ ئاتىسى قىلىپ بەرگەن زىننەت بۇيۇملىرى ۋە يەنە ئالماس ، گۆھەر ھەم ھەرخىل ئېسىل قىممەتلىك تاشلاردىن بار ئىكەن . ئۇ قۇلۇپقا شۇ قىممەتلىك تاشلىرىدىن بىر ئازنى ساتقۇزۇپ ، باشقا جايدىن بىر قورۇنى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇ . ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە دېدەك ۋە قۇللارنى سېتىپ ئاپتۇ . قۇلۇپ راستىنلا مەسئۇدنىڭ ئوغلىدەك قىياپەت بىلەن ھەرىكەت قىلىپ ، ئەنجاندىن كېلىدىغان خەۋەرنى سەۋر ـ تاقەت بىلەن

كۈتكەندەك يۇرۇپتۇ . ئاتىسىدىن شەك ـ
شۈبھىسىز مال ـ دۇنيا كېلىدىغاندەك
ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە
باشلاپتۇ .

مۇزەپپەر بىلەن تاھىر بۇ تەھلىل
ماجىراسىنى خەلقتىن يوشۇرۇشقا
تىرىشىشمۇ ، پۈتۈن سەمەرقەند شەھرىگە
پۇر كېتىپ ، ھەممە يەردە سۆزنىڭ ئاساسى
تېمىسىغا ئايلىنىپ قاپتۇ . بۇ ئىشلار نۇرغۇن
كىشىلەرنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىپ ،
ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغاپتۇ . كۆپچە-
لىك بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى كۆرۈشنى
ئارزۇ قىلغانلىقتىن ، قۇلۇپ تورغان ئۆيگە
ھەر كۈنى ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە
كەلگۈچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەپتۇ .

كۈنلەردىن بىر كۈنى قۇلۇپنىڭ ئۆ-
يىگە بىر كىشى كېلىپ مېھمان بوپتۇ . ئۇ
ئۆزىنىڭ خانغا يېقىن كىشى ئىكەنلىكىنى ،
قۇلۇپ ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىغانلىقىنى
بايان قىپتۇ ۋە لازىم بولغاندا ھەر ۋاقىت
ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى
بىلدۈرۈپتۇ . قۇلۇپ بىلەن دىلارا ئۇنىڭغا
كۆپ رەھمەتلەرنى ئېيتىپتۇ . دىلارا مېھماننى
ئۆز كۆرۈپ يۈزىدىكى چۈمپەردىنى
ئېلىۋېتىپتۇ . مېھمان دىلارانىڭ گۈزەللىكىگە
ھەيران بوپتۇ ھەم ئۇنىڭ تەھلىل
ھەققىدىكى ئىشتا قازى ھوزۇرىدا كۆرسەت-
كەن غەيرىتى ۋە قەتئىيلىكىدىن
ئەجەبلىنىپتۇ ۋە قايىل بوپتۇ .

شۇ چاغدا خىزمەتكار تاماق ھازىر
بولغانلىقىنى خەۋەر قىپتۇ . قۇلۇپ بىلەن
دىلارا مېھماننى باشلاپ تاماق راسلانغان
ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ ، بىللە ئولتۇرۇپ
غىزالىنىپتۇ . تاماقتىن كېيىن دىلارا قولىغا
بىر دۇتارنى ئېلىپ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ
ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ . ئۇ ناخشىسىدا قەل-
بىدىكى مۇڭ ـ ھەسرەتلىرىنى تۆكۈپتۇ . ئۇ
قۇلۇپنىڭ خاننىڭ غەزىپى بىلەن قاراقۇ-
رۇمدىن ئۈمىدسىز چىقىپ كەتكەنلىكىنى ،
قۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھىجران
ئازابى تارتقانلىرىنى ۋە ھەسرەتلىرىنى
ناخشىغا قوشۇپ ئېيتىپتۇ . بۇ ناخشىنىڭ
تەسىرىدىن قۇلۇپنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار
تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ . مېھمان بۇ ھالنى
كۆرۈپ سەۋەبىنى سورىغاندا قۇلۇپ ئۇنىڭغا
جاۋاب بېرىپ :

— ھۆرمەتلىك مېھمان ، بۇنىڭ
سەۋەبىنى سىزگە بايان قىلسام ھېچقانداق
ئىش ھاسىل بولماستىن ، بەلكى بىھۇدە ئىشقا
سىزنىڭ بېشىڭىزنى ئاغرىتارمەن . نەتىجىدە
بۇ چاغقىچە كەچۈرگەن دەرد ـ
ئەلەملىرىمنى ئەسكە چۈشۈرۈپ ، ئالدىمدىكى
تاغ كەبى چوڭ بالايىئاپەتلەرنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرەر ، بۇنىڭ بىلەن قايغۇ ـ ھەسرە-
تىمنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋالارمەن ، — دەپتۇ .

مېھمان بۇنچىلىك قىسقا بايانغا
قانائەت قىلماي ، بۇرۇندىن ـ ھازىرغىچە
بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى
سۆزلەپ بېرىشنى بەكمۇ چىڭ تۇرۇپ ئۆ-
تۈنۈپتۇ ھەمدە ھېچقانداق سىرىنى قالدۇرماي
توغرىسىنى سۆزلىسە ، لازىم بولغاندا چوقۇم
ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . قۇلۇپ
گەرچە سىر ساقلاشقا ھەر قانچە تىرىشسىمۇ ،
مېھماننىڭ بەك چىڭ ئۆتۈنۈپ
تۇرۇۋالغانلىقىدىن بارلىق كەچمىشلىرىنى
يوشۇرماي باشتىن ـ ئاخىرغىچە ھېكايە
قىلىپ بېرىپتۇ . ئاخىرىدا :

— مەن مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئەمەس .
بۇ مېنىڭ دىلارادىن ئايرىلماسلىق ئۈچۈن
قېچىشقا پۇرسەت ئىزدەپ ئىشلەتكەن

ھېلەم . مۇزەپپەر باي ئەۋەتكەن ئادەم ئەنجانغا ئون بەش كۈندە بىرىپ كېلىدۇ . پات ئارىدا بارلىق ھېلەم پاش بولغاندا قازى مېنى دارغا ئاسىدۇ . ئەمما مەن دارغا ئېسىلىشتىن ئەسلا قورقمايمەن . بارلىق غېمىم ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن مەھبۇبەم دىلارادىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ ، ئۇنى قايغۇ - ھەسرەتتە قالدۇرۇپ كېتىدىغانلىقىم ، شۇڭا ئازابلىنىپ يىغلايمەن ، — دەپتۇ . دىلارا قولۇپنىڭ سۆزىنىڭ ئاخرىغا ئۇلاپ يىغلاپ تۇرۇپ :

— مېنىڭ قايغۇم ئۆزۈمنىڭ يالغۇز قېلىشىمدىن ئەمەس ، بەلكى مەن ئۇچۇن قولۇپنىڭ ئازاب چېكىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشىدىن قورقۇپ يىغلايمەن ، — دەپتۇ . بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان مېھمان ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى ھەم ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ :

— ئەي مۇھەببەتكە سادىق ئاشىق - مەشۇقلار ! مەن سىزلەرگە ياردەم قىلىشقا ۋە سىزلەرگە ھىجران شارابىنى ئىچۈرىدىغان قاچىنى چېقىشقا تىرىشىمەن . سىزلەرنى قايغۇ - ھەسرەتتىن قۇتقۇزۇپ ، مەڭگۈ بىللە ياشاشقا ياردەم قىلىشنى بەك ئارزۇ قىلىمەن ، لېكىن بۇ ئىش ھازىرچە قولۇمدىن كەلمەيگۈدەك . چۈنكى قازى بەكمۇ ياۋۇز ھەم بەكمۇ شەپقەتسىز ئادەم بولغانلىقتىن ، ئۇنى ئالداپ غەپلەتتە قالدۇرۇپ قېچىش بەك مۇشكۈل ئىشتۇر . ئەگەر قاچقاندا تۇيۇپ قېلىپ ، ئارقاڭلاردىن قوغلاپ چىقىپ تۇتۇپ ئالسا ، ئەپۇ قىلىنماسلىقىڭلاردا شەك يوق . ئەمدى پۈتكۈل ئالەمنى تەربىيە ئەتكۈچى تەڭرىگە تەۋەككۈل قىلىپ ، بۇ ئىشنىڭ ياخشى نەتىجە بېرىشىنى تىلەپ ، يۈزۈڭلارنى ھەم كۆڭلۈڭلارنى بىر ئاللانىڭ دەرگاھىغا يۈزلەندۇرۇشۇڭلارنى نەسىھەت قىلىمەن ، — دەپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ .

كۈنلەر ئارقا - ئارقىدىن ئۆتۈپ ، مۇزەپپەرنىڭ خەۋەرچىسى كېلىدىغان كۈنلەر بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قاپتۇ . قولۇپ بىلەن دىلارا ئايرىلىش سائەتلىرى يېقىنلاشقانلىقىنى ئويلاپ قايغۇرۇشقا باشلاپتۇ . ئۇلار بېشىغا كېلىدىغان كۈنلەرنى ئويلاپ : « باشقا كەلگەننى كۆرەيلى . بىر قېچىپ كۆرمەيمىزمۇ » دەپ ئويلىسىمۇ ، لېكىن قاراۋۇللارنى كۆزدىن نېرى قىلالمىغاچقا بۇ ئويلىرىمۇ ئەمەلگە ئاشماپتۇ . ئاخىرى ئون بەش كۈن ۋاقتىمۇ ئۆتۈپ كېتىپتۇ . ئۇلار ئاخىرقى كېچىسى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كىرمەي تاڭ ئاتقىچە قايغۇرۇشۇپ ، ھەسرەت بىلەن تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ .

تاڭ ئېتىپ قۇياش چىقىپتۇ . قولۇپ قۇياشقا قاراپ : « بۇ قۇياشنىڭ چىقىشىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈم » دەپ ئويلاپ دىلاراغا قاراپتۇ . دىلارامۇ قولۇپتەك ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن . قولۇپ ئۇنىڭدىن تېز ئارىدا ئايرىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ :

— ئاھ دىلارا ، سىزنى كۆرمەي بىر دەممۇ سەۋر - تاقەت قىلالمايمەن . مەن بۈگۈن ئۆلۈمگە كېتىۋاتىمەن . سىزنى خۇداغا تاپشۇردۇم . سىزنى بەكمۇ سۆيگەنلىكىمدىن ئۆلۈمگە بەل باغلىدىم . سىز بىلەن بىللە ئۆتۈش يولىدىكى بارلىق تىرىشچانلىقىم بىكار كەتتى . سىز بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان چېغىڭىزدا مەن بىچارىنى ئۇنۇتماي دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرۇڭ ، — دەپتۇ . دىلارا ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن :

— ئاھ قولۇپ جېنىم ! سىز ئۆلۈمگە كېتىۋاتقان چېغىڭىزدا مېنىڭ دۇنيادا ياشى-

مىقىمنى نەسىھەت قىلامسىز ؟ سىزنىڭسىز دۇنيادا ياشىمىقىم مۇمكىنمۇ ؟ — دەپتۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ ، — سىز ئۆلۈمگە كەتكەندە مەنمۇ سىز بىلەن بىللە ئۆلۈمنى ئىختىيار قىلىمەن . مېنى ئېلىشنى ئۈمىد قىلغان تاھىر ئىككىمىزنىڭ قەبرىگە بىللە كىرگەنلىكىمىزنى كۆرسۇن . راستىنى ئېيتقاندا ئۆلتۈرۈلۈشكە سىز ئەمەس ، مەن تېگىشلىك ئىدىم . سىزگە « مەسئۇدنىڭ ئوغلى بولىمەن » دېگەن يالغان سۆزنى مەن ئۆگەتتىم . شۇڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلسە ، مېنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولىدۇ . ھۆكۈم مەيدانىغا بىرلىكتە بېرىپ ، سىزنىڭدىن كېيىن ياشىغاندىن كۆرە سىز بىلەن بىللە ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىشنى ئەۋزەل كۆرىمەن ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ دىلارانى بۇنداق ئويدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن خېلى تىرىشقان بولسىمۇ لېكىن ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولماپتۇ . دىلارا قۇلۇپتىن بۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ سۆز ئېيتماسلىقنى ئۆتۈنۈپتۇ . ئۇلار شۇ رەۋىشتە قايغۇرۇشۇپ ، يىغلىشىپ بىر - بىرىگە تەسەللى بېرىپ ئولتۇرغىنىدا ، ھويلىنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇلار دەرۋازىغا قاراشسا ، دەرۋازا ئالدىدا قازى ، مۇزەپپەر باي ھەم ئوغلى تاھىر ، يەنە بىر مۇنچە كىشىلەر كېلىۋاتقۇدەك . بۇنى كۆرگەن دىلارا ھوشسىز بولۇپ يەرگە يىقىلىپتۇ . دېدەكلەر دەرھال كېلىپ دىلارانى يۆلەپ كۆرپىگە ياتقۇزۇپ ، ھوشىغا كەلتۈرىدىغان ئەتىرلەرنى ھەم مۇزدەك سۇلارنى سېپىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ . قۇلۇپ قازىلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپتۇ . قازى قۇلۇپنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن :

— سىزنىڭ سۆزىڭىزنىڭ چىنلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن خەۋەرچى بىلەن بىللە ئاتىڭىز مەسئۇد بىر خوجىدار كارۋان بېشى بىلەن قىرىق تۆگىدە ئېسىل رەخت ، قىممەتلىك مال ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئەۋەتتى . ھازىر بارلىقى تەلتۆكۈس ئامان يېتىپ كەلدى . سىزنىڭمۇ مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزگە ھېچ شەك - شۈبھىسىز قالمىدى . سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىمنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ قازىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ھەيران بولۇپ تۇرغىنىدا ، مۇزەپپەر باي بىلەن ئوغلى تاھىرمۇ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ . ھەم بۇ داۋادىن كېچىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپتۇ . تاھىر قۇلۇپقا :

— ئەگەر سىز دىلاراغا بىر سەۋەب بىلەن ئاچچىقلاپ تالاق قىلىپ ، تەھلىل قىلدۇرماق لازىم بولسا ، تەھلىلنى مەندىن باشقا ئادەمگە قىلدۇرماڭ ! — دەپتۇ .

قۇلۇپ كۆڭلىدە : « ھەر قانچە بولسىمۇ كىشى سەندەك سارڭ بولماس » دەپ ئويلاپتۇ . قۇلۇپ قازىنىڭ بۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدىن ھەم مۇزەپپەر باي بىلەن ئوغلى تاھىرنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن چۆچۈپ ھەم ھەيران قېلىپ : « بۇلار مېنى مۇشۇنداق مەسخىرە قىلىۋاتسا كېرەك » دەپ گۇمان قىپتۇ .

بۇ چاغدا ھويلىغا كارۋان بېشى كىرىپ ، قۇلۇپنىڭ ئېتىكىنى سۆيۈپتۇ ۋە :

— ئاتا - ئانىڭىز ساق - سالامەتتۇر . سىزنىڭ ھەسرىتىڭىز ۋە ئىشتىياقىڭىزدىن باشقا قايغۇ - ھەسرەتلىرى يوقتۇر . ئۇلار سىزنى كۆرۈش ئارزۇسىدىدۇر ، — دەپ



يېنىدىن بىر پارچە خەتنى چىقى-
رىپ قۇلۇپقا بېرىپتۇ. قۇلۇپ
كارۋان بېشىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن
يۈزلىرى قىزىرىپ، نېمە دېيىشىنى
بىلەلمەي قاپتۇ. ئۇ كارۋان
بېشىنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ
ئېچىپتۇ. خەتتە شۇنداق
يېزىلغانىكەن:

«جانابى ھەق تائالاغا
ھەمدۇ - سانا ۋە رەسۇلىللاغا
تەبرىك - سالاملاردىن كې-
يىن، سۆزۈم يېتىپ مەلۇم
بولغايكى، مېنىڭ سۆيۈملۈك
ئوغلۇم، بىزنىڭ سەندىن
ئايرىلغاندىن بېرى ھۇزۇر - ھالا-
ۋىتىمىز يوقالدى. سېنى كۆرۈش
ئارزۇسىنىڭ دەردىدە ۋۇجۇدىمىز
زەئىپلەشتى. كۈندىن - كۈنگە
سالامەتلىكىمىز ئاجىزلىماقتا. مو-
زەپپەرنىڭ بۇ تەرەپكە ئەۋەتكەن ئادىمىدىن
بېشىڭغا چۈشكەن ۋەقە مەلۇم بولدى. خو-
جىدارىم جەۋھەرنى كارۋان بېشى قىلىپ،
ئۇنىڭ بىلەن قىرىق تۆگە مال ۋە رەخت
ئەۋەتتىم. بۇ ئەۋەتكەن ماللارنى زۆرۈر
لازىمەتلىكىڭ ئۈچۈن ئىشلىتەرسەن. ئۆ-
زۈڭنىڭ قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىڭنى
تېزلىكتە خەت يېزىپ مەلۇم قىلغىن، ھەم
بىزنى تەقەززالىقتىن قۇتۇلدۇر.»

قۇلۇپ بۇ خەتنى ئوقۇپ تۈگىتە -
تۈگەتمەستىنلا قاتار تىزىلغان، يۈك ئارتىل-
غان تۆگە كارۋىنى كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا
توختاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كارۋان بېشى
كېلىپ:

— خوجام، يۈكلەرنى قەيەرگە
چۈشۈرىمىز، بۇيرۇق قىلسىڭىز، بىز تۆگە-
لەرنى چۆكتۈرۈپ، يۈكلەرنى چۈشۈرسەك،
— دەپتۇ.

قۇلۇپ بۇ ۋەقەدىن بەكمۇ ھەيران
قېلىپ ئىچىدە: «ئەجەبا، خىيالپەرەست
بولۇپ قالدىممۇ ياكى ساراڭ بولدۇممۇ،
ئويغۇممۇ يا چۈشۈممۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئۇ:
«بۇ دۇنيادا بەك كۆپ ئاجايىپ ئىشلارنى
كۆردۈم. ئەمما بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەنى
ئەسلا كۆرۈپ باقمىغانىدىم» دەپ خىيال
سۈرۈپ تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ پۈرسەتنى قولدىن
بەرمەسكە نىيەت قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋى-
تىنى ئويلاپ ئولتۇرماپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ
ھەيرانلىقىنى يوشۇرۇپ، ماللارنى چۈشۈرۈ-
دىغان بىر مۇناسىپ ئورۇننى كۆرسىتىپتۇ.
ماللار چۈشۈرۈلۈپ رەتلەپ قويۇلغاندىن
كېيىن، قۇلۇپ كارۋان بېشى جەۋھەردىن

ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ . جەۋ-
ھەر ئۇنىڭغا مۇناسىپ جاۋابلارنى
بېرىپتۇ ۋە :
— بۇ ئىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
ئاتىڭىزنىڭ بىر ئاز كەيپىياتى بۇزۇلۇپ
ساقسىز بولۇپ قالدى . ئۇنىڭ بىردىنبىر
مۇرادى سىزنى كۆرۈش . سىزنىڭ
خوتۇنىڭىزنى ئېلىپ تېز ئارىدا ئەنجانغا قاي-
تىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىدۇ ، — دەپتۇ . قۇلۇپ
بىلەن جەۋھەرنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى سۆز-
لەشكەنلىكىنى ئاڭلىغان قازى ، مۇزەپپەر ۋە
تاھىر قۇلۇپنىڭ سودىگەر مەسئۇدنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىكىگە قىلچە گۇمانى قالمىغاندىن كې-
يىن ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ قايتىشىپتۇ .
كۆزىتىش ئۈچۈن قويۇلغان قاراۋۇللارمۇ
خىجىل بولۇشقان ھالدا باشلىرىنى
ساڭگىلىتىپ كېتىپ قاپتۇ .

قۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ دىلارانىڭ
ھوشىغا كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇشال ھالدا
يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ھەم
مەسئۇد تەرىپىدىن كەلگەن خەتنى كۆرسە-
تىپتۇ . دىلارا خەتنى ئوقۇغاندىن كېيىن :
— يا رەببىم ! سەن بۇ ئىككى
ئاشىق ـ مەشۇققا مەرھەمەت ، شەپقەت قى-
لىپ ، دۈشمەنلىرى ئالدىدا يۈزلىرىنى قارا
ئەتمىدىڭ ۋە بىزنى بىر ـ بىرىمىزدىن ئاي-
رىمىدىڭ ، — دەپ چىن كۆڭلىدىن ئاللا
تائالاغا شۈكۈرلەر قىپتۇ .

قۇلۇپ دىلارانىڭ بۇنداق بەك خۇش
بولغانلىقىنى كۆرۈپ :
— جېنىم ! بۇنچىلىك خۇش بولۇپ
كەتمەڭ . ئىشىمىز تېخى تەلتۆكۈس تامام
بولمىدى . بىز تېخى خەتەردىن
قۇتۇلمىدۇق . چۈنكى ، بۇ ئەھۋالدىن شۇنى
ھېس قىلدىمكى ، مەسئۇدنىڭ ئوغلى چوقۇم
سەمەرقەندتە بولسا كېرەك . كارۋان بېشى
مەسئۇدنىڭ ئوغلىنى كۆرۈپ
باقمىغانلىقتىن ، مېنى ئۇنىڭ ئوغلى دەپ بى-
لىپ خاتالاشقان بولۇشى مۇمكىن .
بۇنىڭدىن مۇزەپپەر باي ئەۋەتكەن ئادەم-
نىڭمۇ خاتالاشقانلىقى ئاشكارا بولدى . ئەگەر
بۇ ئىش بىر ئاز ۋاقىتتىچە پاش بولۇپ
قالمىسا ، بىز سالامەت قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن .
بىز بۇ ئارىدا قېچىپ قۇتۇلىمىز . ھالبۇكى ،
بۇنداق قىرىق تۈگە مالنىڭ مەسئۇدتىن
كەلگەنلىكى پۈتۈن شەھەرگە پۇر كەتتى .
ئۇنىڭ ئوغلى تېز ئارىدا بۇ خەۋەرنى
ئاڭلايدۇ . ئاللا ساقلىسۇن ! ئەگەر بۇ ئىش
ئاشكارا بولۇپ قالسا ، ئەلۋەتتە قازى خەۋەر
تېپىپ گۇناھ ئۈستىگە گۇناھ ئارتىلىدۇ .
قازىنىڭ قولىدىن ھېچقانداق بىر ھىيلە
بىلەن قۇتۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ بىر ياقتىن قېچىش چارىسىنى
ئويلىسا ، يەنە بىر ياقتىن بۇ سىر پاش بولۇپ
قالسا ، بېشىغا يامان كۈن چۈشۈشىدىن
ئەنسىرەپ غەم قىپتۇ . شۇ چاغدا بۇندىن بىر
نەچچە كۈن ئىلگىرى كېلىپ سىرلىرىنى
بىلىپ كەتكەن مېھمان كېلىپ قاپتۇ ۋە غەم
قىلىپ ئولتۇرغان قۇلۇپقا :
— قۇلۇپ ، تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى ۋە
ياردىمى بىلەن سىلەر قورققان بالادىن
خالاس بولغىنىڭلارنى ئاڭلاپ ، سىلەرنى
مۇبارەكلەش ئۈچۈن كەلدىم ، — دەپتۇ .

قۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېھماننى
تۆرگە باشلاپتۇ ، ھەم دەستىخان راسلاپ
چاي قويۇپتۇ . چاي ئىچىپ پاراڭ سېلىشقاچ
مېھمان قۇلۇپقا :
— ئاڭلىسام ، سىز راستىنلا
مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنسىزغۇ ، لېكىن
ئۆتكەندە كەلگىنىمدە ، سىز : « مەن ئۇنىڭ

ئوغلى ئەمەس » دېگەن ئىدىڭىز . شۇ ۋاقىتتا
نېمە سەۋەبتىن مەندىن مەسئۇدنىڭ ئوغلى
ئىكەنلىكىڭىزنى يوشۇردىڭىز ؟ مەن سىزنىڭ
شۇنى يوشۇرغانلىقىڭىزنى ئويلاپ بەك غەم
ـــ ئەندىشىدە قالدىم ، ـــ دەپتۇ . قۇلۇپ ئۇ-
نىڭغا :

ـــ مەن سىزگە باشتىلا بېشىمدىن
ئۆتكەن ۋەقەنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلغان
ئىدىم . مېنىڭ ئەھۋالىمنىڭ راستى شۇ .
هازىر ماڭا قىرىق تۆگە مال بىلەن خەت
كەلدى . مەن بۇ ماللارنى قوبۇل قىلىپ
ئالغان بولسامۇ ، لېكىن ، بۇ مېنىڭ سودىگەر
مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلى-
يالمايدۇ . مەن ئويلايمەنكى ، بۇ ماللار
مەسئۇدنىڭ سەمەرقەندتىكى بىر ئوغلىغا
ئەۋەتىلگەن مال . بۇ مال يېڭىلىشىپ ماڭا
كېلىپ قالدى . ئەگەردە بۇ ئىش ۋە بۇ خى-
يانىتىم ئاشكارىلىنىپ قالسا ، ئىككىنچى
نۆۋەت قازىنىڭ تۆمۈر قولىغا چۈشۈپ قال-
مەن . ئەمما نېمە چارە ؟ پۇرسەت تېپىپ
قېچىپ قۇتۇلالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى
يەنە بىر چوڭ بالاغا تىقتىم ، ـــ دەپ مېھمانغا
ئۆزىنىڭ راست ئەھۋالىنى سۆزلەپتۇ ۋە ، ـــ
هازىر قاچالارمەنمۇ ، دەپ ئويلايمەن ، ـــ
دەپ ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرىنى ئېيتىپتۇ .

مېھمان قۇلۇپنىڭ ئويىنى قوللاپ :

ـــ ئەلۋەتتە مۇمكىن ! بىر مىنۇت
ۋاقىتنىمۇ بوش ئۆتكۈزمەي پۇرسەت بارىدا
قېچىش كېرەك . بۇ بالادىن قۇتۇلۇپ
خاتىرجەملىككە ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولى
شۇ بولۇشى مۇمكىن ، ـــ دەپتۇ .

ئەمما قۇلۇپ بەك جىددىيلەشكەنلى-
كىدىن هودۇقۇپ قالغان ئىكەن . مېھمان
ئۇنى رىغبەتلەندۈرۈپ ، تەسەللى بېرىپ ،
هەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەسلىكنى ئېيتىپ ،
خوشلىشىپ يېنىپتۇ .

قۇلۇپ بىلەن دىلارا يالغۇز قالغاندىن
كېيىن دەرهال كېڭىشىپ ، يول
لازىمەتلىرىنى تەييارلاپ ، سەھەردە شەھەر
دەرۋازىسى ئېچىلىشى بىلەنلا شەھەردىن
چىقىپ كەتمەكچى بوپتۇ . ئۇلار ئۆيدە
بۇنداق مەسلىھەتلىشىپ ئولتۇرغىنىدا ،
كوچىدا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشكەن تۇياق تا-
ۋۇشى ئاڭلىنىپتۇ . ئۇلار چۆچۈپ دەرۋازىغا
قاراشسا بىر نەچچە ئاتلىق ئەسكەر كىرىپ
كېلىۋاتقۇدەك . بۇنى كۆرگەن بۇ
بىچارىلەرنىڭ باشلىرىدىن ئەقىللىرى ئۇ-
چۇپ ، هوشلىرىدىن كېتىشكە تاس قاپتۇ :
« بۇ قانداق ئىش ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز پاش
بولۇپ ، يالغىنىمىز سېزىلىپ قالدىمۇ نېمە »
دەپ ئويلىشىپ تۇرغانلىرىدا ، خاننىڭ خاس
قورۇقچىلىرىنىڭ باشلىقى قولىدا بوخچا
كۆتۈرۈپ كىرىپ كەپتۇ . ئۇ قۇلۇپقا قائىدە
ـ يوسۇن بىلەن هۆرمەت بىلدۈرۈپ سالام
بەرگەندىن كېيىن بوخچىنى سۇنۇپ :

ـــ مەملىكىتىمىزنىڭ خانى سىزنىڭ
مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭىزنى هەم
بېشىڭىزدىن كەچكەن ئىشلارنى ئاڭلىغان
ئىكەن . هازىر خان بولغان ۋەقەلەرنى
شەخسەن ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلىغۇسى كې-
لىپ ، سىزنى هۇزۇرىغا چاقىردى ، هەم بۇ
بوخچا ئىچىدىكى چاپاننى سىزگە هەدىيە
قىلدى . سىزنى شۇ چاپاننى كىيىپ ئوردىغا
كەلسۇن ، دەپ پەرمان قىلدى ، ـــ دەپتۇ .

قۇلۇپ خان هۇزۇرىغا بېرىشقا خۇش
بولمىسىمۇ ، لېكىن بارماسقا بىرەر سەۋەبنى
كۆرسىتەلمىگەنلىكتىن ، ئىختىيارسىز
چاپاننى كىيىپ ، ئەسكەر بېشى بىلەن هوي-
لىغا چىقىپتۇ . هويلىدا خان تەرىپىدىن
قۇلۇپقا مىنىش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن بىر ئې-

سىل ئات تۇرغان ئىكەن. ئاتقا تۇرلۇك زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن ئېسىل ئىگەر ئىگەرلەنگەن ئىكەن. قۇلۇپ ئۇ ئاتقا مىنىپ ئەسكەر بېشىنىڭ ھەمراھلىقىدا خان سارىيىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قۇلۇپ خان سارىيىغا كىرىشى بىلەن بارچە ساراي ئەھلى ئۇنى ھۆرمەت بىلەن قارشى ئاپتۇ. قۇلۇپنىڭ ئالدىغا باش ۋەزىر كېلىپ قولىدىن يېتىلەپ خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. خان بېشىغا تاج كىيىپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيگەن ھالدا خانلىق تەختىدە ئولتۇرغۇدەك، بارلىق ۋەزىرلىرى ئىككى ياندا ئۆرە تۇرۇشقان ئىكەن.

قۇلۇپ بۇ ھەيۋەتلىك تويىنى كۆرۈپ، بىر تەرەپتىن بۇ قەدەر ھەشەمەت ۋە ھەيۋەتتىن كۆزى قاماشسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ھودۇقۇپ يۈرەكلىرى سېلىپ كېتىپتۇ. ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قائىدە بويىچە تىزلىنىپ خان تەختىنىڭ پۇتىنى سۆيگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا خان قۇلۇپقا:

— ئەي مەسئۇدنىڭ ئوغلى! سەمەرقەندتە بېشىڭغا كەلگەن ئەھۋالنى ھېچ يوشۇرماستىن ھەم ئاشۇرماستىن توغرىسىنى سۆزلە! — دەپتۇ.

قۇلۇپ خاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپتۇ. قارىسا ئۇ: «مەن خاننىڭ يېقىنلىرىدىن بولىمەن» دەپ ئىككى قېتىم كېلىپ سىرلىرىنى بىلىپ، قولىدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىشنى ۋەدە قىلغان مېھمان ئىمىش.

قۇلۇپ خاننىڭ ئالدىدا قورقۇنچ ئىچىدە تۇرغىنىدا، ئۇنىڭ سىرىنى بىلگەن مېھماننىڭ خان ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقۇنچى تېخىمۇ كۈچىيىپ بېشىدىن ئەقلى ئۇچۇپتۇ. ئۇ ھالسىزلىنىپ تىزلىنىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا باش ۋەزىر كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپتۇ. قۇلۇپ ئاستا ئارقىسىغا داجىپ تۇرۇپتۇ.

خان ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەندىن كېيىن قۇلۇپنى يېنىغا چاقىرىپ:

— ئەي قۇلۇپ، سېنىڭ دىلاراغا بولغان مۇھەببىتىڭنى ھەم بېشىڭغا كەلگەن بالالارنى ئاڭلىدىم. بۇ ئىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىڭ ھەم غەيرىتىڭ مېنى تەسىرلەندۈرگەچكە، مەندە سەن بىلەن كۆرۈشۈش ئارزۇسى پەيدا بولدى. شۇ سەۋەبتىن قىياپىتىمنى ئۆزگەرتىپ ئۆيۈڭگە باردىم. ماڭا ئىشىنىپ بېشىڭغا چۈشكەن بالالارنى راستچىللىق بىلەن سۆزلەپ بېرىشىڭ ماڭا بولغان ھېسداشلىقىمنى قوزغىدى. شۇڭا سىلەرنىڭ بىر-بىرىڭلاردىن ئايرىلىپ كېتىشىڭلارنى خالىماي، سىلەرگە ياردەم قىلماقچى بولدۇم. مەن يالغىنىڭلارنى خەلققە راست كۆرسىتىش ئۈچۈن قىرىق تۆگە مال ۋە مەسئۇدنىڭ نامىدا خەت تەييارلاتتىم. خىزمەتكارلاردىن جەۋھەرنى كارۋان بېشى تەقلىدىدە ياساپ، ئەنجاندىن كېلىدىغان خەۋەرچىنى يولدا ساقلاپ تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا سېنىڭ مەسئۇدنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىڭ ھەققىدە ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن گەپنى بىر قىلىۋالدۇق. خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نۇرغۇن ھەدىيەلەر بېرىپ رازى قىلدىم-دە، كارۋاننى سېنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتتىم. چارەم ياخشى بولدى. بۇ ئىشلارنى ساڭا بىلدۈرمەي قىلدىم. شۇڭا سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپماي، خەۋپتىن ئەنسىرەپ قېچىش چارىسىنى ئويلىدىڭ. مەن سېنى بۇ غەمدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەم

ئۆزۈمنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن سىنى سارىيىمغا ئەكەلدۈردۈم. بۇندىن كېيىن خاتىرجەم ياشا، بارلىق غەملەردىن قۇتۇلۇشۇڭ ئۈچۈن سارىيىمدا بىر جاي ھازىرلىدىم. سەن ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە شۇ جايدا مەشۇقۇڭ دىلارا بىلەن بىرگە ئۆمۈر سۈرگىن، — دەپتۇ.

قۇلۇپ خاننىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خۇشاللىقدىن دەرھال خاننىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، كۆپتىن - كۆپ رەھمەتلەر ئوقۇپ، كۆپ دۇئالارنى قىپتۇ.

شۇندىن كېيىن قۇلۇپ بىلەن دىلارا خان سارىيىغا كۆچۈپ كىرىپ، خاتىرجەم، ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىرقانچە ۋاقىتتىن كېيىن خان قۇلۇپنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ. دىلارا نەچچە-لىگەن پەرزەنتلەرنى تۇغۇپ ئۆستۈرۈپتۇ. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ ھەرقايسىسى كېيىنكى كۈنلەردە مەرتىۋىلىك، بىلىملىك كىشىلەر-دىن بوپتۇ. قۇلۇپ بىلەن دىلارانىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن ئەھۋاللارنى، خان ئۇستا تارىخچىلارغا يازدۇرۇپ، كىتاب سەھىپىلەرگە كىرگۈزۈپتۇ.

ئىنكئانا ھېكايىسىنى تاماملاپ پەر-رۇخنازغا:

— ئەرلەر ئارىسىدىمۇ ۋەدىسىدە تۇرغۇچى ئەرلەر بار. ئۇلار دارغا ئېسىلىش ۋاقتىدىمۇ مەشۇقىنىڭ سۆزىدىن چىقماي، ھەر ۋاقىت مەشۇقىگە سادىق بولالايدۇ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپتۇ - دە: «بۇ ھەقتە نېمە دەيدىكىن، نېمە دەپ جاۋاب بې-رەر ئىكەن» دەپ پەررۇخنازغا قاراپتۇ. ئەمما پەررۇخنازنىڭ ئەرلەرگە كۆچلۈك نەپرىتى بولغانلىقتىن، يەنىلا قايىل بولماپتۇ.

ئىنكئانىنىڭ ھەم قىرىق كېنىزەكنىڭ ئەرلەر تائىپىسىنى ماختاپ سۆزلەشلىرىگە قارىماستىن، بۇ ھېكايىدىكى قۇلۇپنىڭ بىر نەچچە ئەيىبىنى ئېيتىپتۇ:

— ئىنكئانىنىڭ بۇ ھېكايىسى ئەرلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىگە ئىسپات بولالمايدۇ. چۈنكى قۇلۇپ ئاشىق ھەم سادىق بولسا ئىدى، قاراقۇرۇمدا نادىر خان-نىڭ دۆلىتىدىن چىقار ۋاقتىدا قانچىلىك ئالدىراش بولغان بولسىمۇ، ۋاقىت چىقى-رىپ، دىلارا بىلەن بىر قېتىم كۆرۈشۈپ، ئايرىلماسلىقنىڭ چارىسىنى ئىزدەر ئىدى. ئەمما قۇلۇپ دىلارا بىلەن كۆرۈشۈشنى ئويىغىمۇ كەلتۈرمەي چىقىپ كەتتى. يەنە بىرى، قۇلۇپ سەمەرقەندكە كەلگەندە ئۇنىڭغا تەھلىل قىلىشقا ئۆتۈنگەندە، نىكاھ-لىنىدىغان خوتۇنىنىڭ دىلارا ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئەھدى نىكاھقا رازى بولدى. ئەگەردە چىن ئاشىق بولۇپ مەھبۇبىغا سادىق بولسا ئىدى، ئىشق - مۇ-ھەببىتى بۇ ئىشنى قىلىشقا يول قويماس ئىدى. دىلارادىن باشقىسىغا كۆڭلىدە ئورۇن بولماس ئىدى. ئۈچىنچىدىن، بۇ ئادەم سۆ-زىدە تۇرىدىغان بولسا، نىكاھ ۋاقتىدا بەرگەن ۋەدىسىدە تۇرار ئىدى. بەرگەن قەسىمى ئۈچۈن دىلارانى تالاق قىلار ئىدى. راست ۋە توغرا سۆزلۈك كىشى قەسەمخور-لۇق قىلامدۇ؟ — دەپتۇ.

— بەللى، قۇلۇپنىڭ سۆزىدە تۇرماسلىق سەۋەبى چۈشىنىشلىك بولسىمۇ، بۇ دۇنيادا قۇلۇپتىن كۆپ ئېسىل ئادەملەر باركى، ئۇلارنى چىن ئىنسان دەپ ئاتاش لايىقتۇر. كېلەر قېتىم شۇنداق ھېكايىلاردىن سىزگە سۆزلەپ بېرەي، — دەپتۇ ئىنكئانا.

مۇھەررىرى: پەرىدە ئىمىن

# رەمبال بىلەن مېھرى ئەفرۇز

( چۆچەك )

بەلخ شەھرىدە ئەفزەل رەمبال ئىسىملىك بىر رەمبال ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئىلىم ھېكمەتتە يېگانە ، جادۇگەرلىك ئىلمىدا بىنەزەر ئىكەن . ھەر دائىم پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىدە بولىدىكەن .

بەلخ شەھرى پادىشاھىنىڭ مېھرى ئەفرۇز ئاتلىق ناھايىتى ساھىبجامال بىر قىزى بار ئىكەن . بىر كۈنى پادىشاھ ھېلىقى رەمبالنى چاقىرتىپ رەم سالدۇرماقچى بوپتۇ . رەمبال ئەمدىلا رەم سالاي دەپ تۇرۇشىغا پادىشاھنىڭ قىزى كىرىپ كەپتۇ . ئۇنىڭ قولىدا بىر ئالتۇن ئۈزۈكى بار ئىكەن . قىز ئۇنى ئاستا كەينىگە يوشۇرۇپ رەمبالنى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ .

— مۇللام ، تېپىڭچۇ ، قولۇمدا نېمە بار ؟ — دەپتۇ قىز قولىنى چىڭ يۇمۇپ ،رەمبالنىڭ كۆزى مەلىكىگە چۈشۈشى بىلەنلا ، ئۇنىڭغا ئاشىقى ـ شەيدا بوپتۇ ۋە دەرھال ئېيتىپتۇ :

— قوللىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك بار .

مەلىكە رازى بولۇپ ، قولىدىكى ئالتۇن ئۈزۈكنى رەمبالغا بېرىپتۇ . ئاندىن :

— ھۈنىرىڭىزنى ماڭا ئۆگىتىپ قويامسىز ؟ — دەپتۇ ، رەمبال بىجانىدىل قوبۇل قىپتۇ . پادىشاھ رەمبالنى ئالتە كۈنگىچە مەلىكىگە ھۈنەر ئۆگەتمەككە بۇيرۇپتۇ ، ئالتە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن پادىشاھ :

— رەمبال مەلىكىنىڭ بارگاھىغا كىرمىسۇن ، سىرتتا سۆز ـ چۆچەك بولۇش ئېھتىمالى بار ، — دەپ ھۆكۈم قىپتۇ ، رەمبال شۇندىن تارتىپ مەلىكىنى قايتا كۆرەلمەپتۇ . ئۇنىڭ ھالى خاراب باغرى كاۋاپ بولۇپ ، كوچا ـ كويلاردا يىغلاپ يۈرۈپتۇ .

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە : « رەمبال پادىشاھنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قاپتۇمىش » دېگەن خەۋەر پادىشاھنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ ، بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ رەمبالنىڭ ئوغلىنى چاقىرتىپ :

— ئوغلۇم ، ئاتاڭنى مەھكەم باغلاپ قويغىن ، ھەرگىز سىرتقا چىقارمىغىن ، — دەپ بۇيرۇپتۇ ، رەمبالنىڭ ئوغلى ئىلاجىسىزلىقتىن دادىسىنى مەھكەم باغلاپ قويۇپتۇ .

بۇ ھالغا قالغان ئەفزەل رەمبال بىر كۈنى ئوغلىنى چاقىرىپ :

— ئەي ئوغلۇم ، ساڭا ۋەسىيىتىم بار . بۇنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىشىڭغا ئىشىنىمەن . ئۆزۈمدىن بېرى بىر سېھىر قىلاي دەپ ئويلاۋاتىمەن . ئۈمىدىم شۇكى : سەن « دادام قازا تاپتى » دەپ ، بېشىڭغا توپا چېچىپ يىغلاپ قەبرەمنى قاتۇرغىن . مېنىڭ ئۆلگەنلىكىم جىمى يۇرتقا تارىلىپ كەتسۇن . ئاندىن نەزىرىمنى بەرگىن . مەن بىر تۇتى بولىمەن . بۇ تۇتىنى

سەن پادىشاھقا تۇتقىن . پادىشاھغا ئېيتقىنكى ، « مەن ، ئەفزەل رەمبالنىڭ ئوغلى بولىمەن ، ئاتام ئۆلدى ، ئەمما ئۇ ، ھايات ۋاقتىدا بۇ تۇتىنى پادىشاھقا تۇتقىن دېگەندى . بۇ تۇتىمۇ رەم باقالايدۇ » دېگىن ، — دەپتۇ ئاندىن رەمبال بىر تۇتىنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ . ئوغلى ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە تۇتىنى قەپەزگە سولاپ ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ ، پادىشاھ ئۇنىڭغا تون — سەرۇپايىلارنى ئىنئام قىپتۇ ، ئاندىن تۇتىنى سىناپ بېقىش ئۇچۇن ئۆزىنىڭ بىر قىممەت باھا گۆھەرىنى قولىغا يوشۇرۇپ ، تۇتىدىن سوراپتۇ :

— ئەي تۇتى ، قولۇمدا نېمە بار ؟

— بىر قىممەت باھالىق گۆھەر بار .

پادىشاھ خۇشال بولۇپ ، تۇتىنى قىزىنىڭ قېشىغا كىرگۈزۈپتۇ ، مېھرى ئەفرۇز بۇ ئىشقا تولىمۇ خۇشال بوپتۇ .

تۇتى ھەر كۈنى مېھر ئەفرۇزغا شېرىن سۆزلەر بىلەن ئىشقبازلىق قىلىدىكەن ، قىز تۇتىغا سۇ ئورنىدا شاراب تۇتىدىكەن . تۇتى مەست بولۇپ ھەر قىسما سۆزلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىدىكەن . كېچىسى مەلىكە خۇشاللىقدىن شاراب ئىچىپ مەست بولۇپ ياتىدىكەن . بىر كېچىسى تۇتى ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ قەپەزدىن چىقىپتۇ . ئۇ بىر خۇش سۈرەتلىك يىگىتكە ئايلىنىپ مەلىكە بىلەن كامىدىل ھاسىل قىپتۇ . ئىش تۈگىگەندە بولسا ، تۇتىغا ئايلىنىۋېلىپ ، يەنە قەپەزگە كىرىۋاپتۇ .

ئەتىسى مەلىكە ئويغىنىپ ، ئۆز ئەھۋالىنىڭ باشقىچە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىكىپتۇ .

بۇ ئۆيدە مەلىكە ، ئۇنىڭ ئىنكئانىسى ۋە تۇتىدىن باشقا ھېچكىم تۇرمايدىكەن ، ئۇ ئاشۇ ھەيرانلىقدا ، ئىنكئانىسىدىن سوراپتۇ :

— ئەي موما ، نېمە بولدۇمكىن بىلمىدىم ، ئەھۋال باشقىچە . بۇ ئۆيدە سەن ۋە مەندىن باشقا كىشى يوق ئىدى ، بۇ قانداق ۋەقەدۇر ؟ ئاڭغىچە تۇتى سۆز ئاپتۇ :

— ئەي مەلىكەم ، بۇ ئىش پەرىزاتتىن بولغاندەك تۇرىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئۆتۈپ كېتىپتۇ ، تۇتى بولسا ، كېيىنمۇ نەچچە نۆۋەت مەلىكىگە بىئەدەپلىك قىپتۇ ، مەلىكە ھېچ تەكىتكە يېتەلمەپتۇ — دە ، بىر كۈنى « بۈگۈن كېچە بۇ ئىشنى چوقۇم تاپىمەن » دەپتۇ ۋە شاراب ئىچىپ مەست بولغان قىياپەتتە يېتىۋاپتۇ . تۇتى ھەر قاچانقىدەك ئويلاپ قەپەزدىن چىقىپتۇ — دە ، بىر ساھىبجامال يىگىتكە ئايلىنىپ ، مەلىكىنىڭ ئورنىغا بېرىپتۇ ، مەلىكە دەرھال كۆزىنى ئېچىپ :

— ئەي يىگىت ، خۇدا ھەققىدە راست گەپ قىل ، سەن كىم بولىسەن ؟ — دەپتۇ .

— ئەفزەل رەمبال بولىمەن ، — دەپتۇ يىگىت ، — مېنىڭ ئەسلىم پەرىدۇر . ھېلىقى كۈنى پادىشاھنىڭ يېنىدا رەم بۇيرۇدۇڭ ، شۇ چاغدا ساڭا ئاشىقى — شەيدا بولغانىدىم ..... — دەپ ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ بېرىپتۇ . مېھرى ئەفرۇز :

— بولىدىغان ئىش بوپتۇ ، ئەمدى مېنى رەسۋا قىلمىغىن ، بىز بىرگە كۆڭۈل ئاچايلى ، — دەپ ، بىر — بىرىگە مۇھەببەت باغلىشىپتۇ .

كۆپ ئۆتمەي مەلىكىنىڭ ھۆسن — جامالى پۈتۈن شەھەردە شۆھرەت تېپىپتۇ ، پەرەڭ پادىشاھنىڭ بىر ئوغلى بار ئىكەن . ئۇ مەلىكىگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ ۋە ئاتىسىغا كىشى

كىرگۈزۈپ « بەلخ پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىمىش، شۇنى ماڭا ئېلىپ بەرسۇن » دەپ تەلەپ قىپتۇ .

پەرەڭ پادىشاھى توي جابدۇقىنى راسلاپ، ئوغلىنى بەلخ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا يولغا سېپتۇ . بەلخ پادىشاھى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، شاھزادىنى شەھەرگە چۈشۈرۈپتۇ . شاھزادە ئېلىپ كەلگەن توھپە ـ پىشكەشلىرىنى پادىشاھنىڭ نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ . پادىشاھ بولسا رازى بولۇپ، قىرىق كۈن توي تاماشا قىلىپ قىزىنى ئەقد ـ نىكاھ بىلەن شاھزادىگە بېرىپتۇ .

ئەمما مېھرى ئەفرۇز بىسيار غەمگە قاپتۇ ۋە تۇتىغا :

ـــ ئەي تۇتى، ئىش يامانغا تارتىپ كەتتى . بۇنىڭغا بىرەر مەسلىھەتىڭ يوقمۇ ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ـــ بۇنىڭ ئىلاجى بار، ـــ دەپتۇ تۇتى، ـــ سەن ھەرگىز مېنى يېنىڭدىن ئايرىمىغىن، قالغان ئىشنى ئۆزۈم قىلىمەن .

شۇنداق قىلىپ مەلىكىنى پەرەڭ شەھىرىگە ئېلىپ مېڭىپتۇ، بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن ئۇلار پەرەڭ شەھىرىگە يېتىپ بېرىپتۇ، پادىشاھ شاھزادە بىلەن كېلىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت ئېكراملار بىلەن شەھەرگە چۈشۈرۈپتۇ، تۇتى ئەپسۇن ئوقۇپ شاھزادىنى كارغا كەلمەس قىلىپ قويۇپتۇ، شاھزادە نەچچە زامانلار شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپتۇ، ئاخىرى بولالماي، ئىشنى ئانىسىغا بايان قىپتۇ .

ـــ ئەي ئوغلۇم، ـــ دەپتۇ ئانىسى، ـــ بۇنىڭ ھېچ ۋەقەسى يوق، بەزىدە شۇنداق بولىدۇ .

ئەمما، شاھزادىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى پەرىشان ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ بۇ ئەھۋالنى پادىشاھقىمۇ دەپتۇ . ئاتىسى بۇنى ئىشتىپ سەل ئويلىنىپتۇ ـ دە :

ـــ بۇ شەھەردە بىرەر ئۇستا جادۇگەر بولسا دەرھال ئىزدەپ تېپىڭلار . بىر ئىلاجىنى قىلسۇن، ـــ دەپ بۇيرۇپتۇ .

دېگەندەك بۇ شەھەردە بىر دەللە دەلۇلە، تەبرە غەلۇلە، ئۇگرە پېشانە، چاھارپاي كاشانە، ئاپقۇت ئېغىز، دۇبلە قوۋۇز، ئىزىنقۇ قورچاق، ئالۋاستى قورساق، ئەييارى ـ مەككار، ھارامزادە جادۇگەر، داغۇلە ـ ھىيلىگەر بىر قېرى بار ئىكەن، شۇنى تېپىپ ئېلىپ كەپتۇ .

ـــ مېنى، ـــ دەپتۇ جادۇگەر، ـــ مەلىكىنىڭ قېشىغا ئەپكىرىڭلار، مەن ئۇنى كۆرەي . جادۇگەر مەلىكىنىڭ قېشىغا كىرىپتۇ . قەپەزدىكى تۇتىنى كۆرۈپ « ھەر ئىش بولسا، مۇشۇ تۇتىدىن بوپتۇ » دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، تالاغا چىقىپ بىر قارا مۈشۈك بولۇپ كىرىپ كەپتۇ . بۇنى كۆرگەن تۇتى دەرھال بىر قارا ئىتنىڭ سۈرىتىگە كىرىپتۇ، جادۇگەر ئېيىق سۈرىتىگە كىرىپتۇ، تۇتى يولۋاس سۈرىتىگە كىرىپتۇ، جادۇگەر ئۆزىنى ئەجدىھا سۈرىتىدە قىپتۇ ۋە يولۋاسنى دەم تارتىپتۇ، يولۋاس ( تۇتى ) نىڭ ئۇستىخانلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ، ئەجدىھانىڭ قورسىقىدىن قارار تېپىپتۇ .

پادىشاھ بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ . جادۇگەر يەنە ئەسلىگە كېلىپ، پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپتۇ . پادىشاھ ئۇنىڭغا تون ـ سەرۇپاي ۋە بىناھايەت كۆپ پۇل ـ مال ئىنئام قىپتۇ .

( داۋامى 196 ـ بەتتە )

# ئەپسانىلەر

## ئاينىڭ يۈزىدىكى داغ توغرىسىدا

ئاي ئاسماندا ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى جاھانغا نامايان قىلىپ مەغرۇر ئايلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئۆزىگە قارشى تەرەپتىن گۈزەل ھۆسنىنى يوشۇرۇن كۆرسىتىپ تۇرغان ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرۈپ قاپتۇ. ئاسمان ئالىمىدە گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ يۈرگەن ئاي ئۆزىدىنمۇ گۈزەل بىر مەخلۇقنىڭ ئاسمان يۈزىدە ھۆسنىنى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىن غەزەپلىنىپتۇ ۋە ھەسەن ـ ھۈسەنگە:

— مەن ئاسماندا تەڭدىشى يوق گۈزەلمەن، سەن مەن بىلەن گۈزەللىك تالىشىشقا قانداقمۇ پېتىنالىدىڭ؟ — دەپتۇ، ھەسەن ـ ھۈسەن:

— ئاسمان ئالىمىدە سەن ۋە مەندىن باشقا، سەن ۋە ماڭا ئۆزىنىڭ نۇرىنى سېپىۋاتقان گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق سېخىي قۇياش بار. مەن شۇنىڭ گۈزەل نۇرىدىن بەھرى ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ ھوزۇرلىنىۋاتىمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاينىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قوزغىلىپ قۇياش بىلەن ھۆسن دەۋاسى قىلىش ئۈچۈن قۇياشنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ ـ دە، قۇياشقا غەزەپلىنىپ:

— زادى بۇ ئالەمدە سەن گۈزەلمۇ؟ مەنمۇ؟! — دەپ سوئال قويۇپتۇ.

ئاينىڭ گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇۋاتقان قۇياشنىڭ بۇ سۆزگە غەزىپى تېشىپتۇ ـ دە:

— يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ ئۇنىڭغا قوقاس چاچقانىكەن قوقاس ئاينىڭ يۈزىگە چاپلىشىپ قاپتۇ. ئەمما سېخىي قۇياش ئايغا نۇرىنى ئۆتنۈپ بېرىشنى ئۇنۇتماپتۇ. شۇندىن كېيىن ئاينىڭ يۈزىدە داغ پەيدا بولغانمىش،

## گۈل ھەققىدە

ئەسلى تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق گۈللەرنىڭ رەڭگى سېرىق ئىكەن، بۇ گۈللەرنىڭ كىشىلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولغاچقا بىر كۈنى قۇياش گۈللەر پادىشاھىغا مۇنداق دەپ ئەرز قىپتۇ:

— ھۆرمەتلىك گۈللەر پادىشاھى، سىزنىڭ قوللىرىڭىزدىكى بۇ گۈللەرنىڭ ھەممىسىنىڭ رەڭگى بىر خىل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامىنىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدۇ، شۇڭا سىز ئۇلارغا خىلمۇ خىل رەڭلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرسىڭىز. مەنمۇ ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن گۈلۈمگە نۇرۇمنى كۆپرەك بەرسەم قانداق دەيسىز؟

بۇنى ئاڭلىغان گۇللەر پادىشاھى
قۇياشنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىپتۇ. شۇ كۈنـ
دىن باشلاپ گۇللەرگە ھەرخىل، يەنى
قىزىل، ئاق، سېرىق، قوڭۇر .... قاتارلىق
رەڭلەرنى بېرىپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن
پەرقلەندۈرۈپتۇ.

## «ئاسمان پادىشاھى» ھەققىدە

ئەسلىدە ئاسماندا ناھايىتىمۇ چوڭ
بىر مەخلۇق بولغانىكەن. ئۇنى كىشىلەر
«ئاسمان پادىشاھى» دەپ ئاتايدىكەن.
ئۇنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشى ئادەتتىن تاشقىرى
چوڭ بولۇپ، بەدىنىدىكى تۈكلەر تاغ
باغرىدا ئۆسكەن قارىغايلاردەك ئىكەن.
ئاغزى چەكسىز كەتكەن دېڭىز يۈزىدەك
كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بەدەن ئېغىرلىقىغا يەر ـ
زېمىندىكى بارلىق تاغلارنى يىغقاندا ئاران
تەڭ كېلەلەيدىكەن. ئۇمۇمەن، ئۇ
قۇدرەتلىك كۈچكە ئىگە بولۇپ، پۈتۈن
ئىشلار ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدىكەن.
ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشقا ئاچچىقلىنىپ قاپىقىنى
تۈرسە، شۇ زامان ھاۋا بۇزۇلۇپ قار
ياغىدىكەن. ۋارقىراپ قويسا، چاقماق چېـ
قىپ، يامغۇر ياغىدىكەن. خۇشال بولسا،
گۇللەر ئېچىلىپ، بۇلبۇل سايراپ باھار كېـ
لىدىكەن. ئەسنەپ قويسا، مەيىن شامال
چىقىدىكەن. قاتتىقراق يۆتىلىپ قويسا،
بوران چىقىپ پۈتۈن يەر ـ جاھاننى
كۆرگۈسىز توپا ـ چاڭ ئاستىدا قالدۇرىدىـ
كەن.

شۇڭا كىشىلەر «ئاسمان پادىشاھى»
نى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن ئاسمانغا تاش
ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئېتىشقا يول قويمايـ
دىكەن. «ئاسمانغا تۈكۈرسەڭ، يۈزۈڭگە
چۈشەر» دېگەن تەمسىل شۇنىڭدىن قالغاـ
نىكەن.

## جاساغان ھەققىدە ئۈچ ئەپسانە

### بىرىنچى ئەپسانە

قازاق خەلقىدە ئادەمنى جاساغان
ياراتتى دەيدىغان ئەپسانە بار: جاساغان ئاـ
دەمنى تۇپراق، ئوت، سۇ، ھاۋا (شامال)
دىن ئىبارەت تۆت خىل نەرسىنى بىرىكتۈـ
رۈپ گىل (پىشۇرۇلغان قىزىل سېغىز توپا)
دىن ياراتقاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇنىڭ پۇت
ـ قول، ئېغىز ـ بۇرۇن، قۇلاقلىرىنى
چىقىرىپتۇ. ئاندىن باش تەرىپىدىن جان
كىرگۈزۈپتۇ. كىرگۈزۈلگەن جان باشنىڭ
ئىچىگە كىرگەندە، ئادەمدە ئاڭ پەيدا بوپتۇ؛
كۆزگە كەلگەندە، كۆز ئەتراپنى كۆرىدىغان
بوپتۇ؛ قۇلاققا كەلگەندە، ھەرخىل تاـ
ۋۇشلارنى ئاڭلايدىغان بوپتۇ؛ بۇرۇنغا
كەلگەندە، نەپەس ئالىدىغان بوپتۇ؛ قورـ
ساققا كەلگەندە، تاماق يېيىشنى ئويلايدىغان
بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يەر يۈزىگە ئادەملەر
پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي كۆپىيىشكە
باشلاپتۇ.

### ئىككىنچى ئەپسانە

جاساغان ئادەملەرنى تۇپراق، ئوت،
سۇ. ھاۋادىن ئىبارەت تۆت خىل تەسىردىن
ياراتقان بولغاچقا، ئادەملەردە ھەرخىل مىـ
جەز ـ خۇلق پەيدا بوپتۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ
بەدىنىدە سۇ كۆپرەك بوپتۇ. بۇنداق ئادەمـ
لەرنىڭ ئادەملەرگە قىلىدىغان خەير ـ
ساخاۋىتى كۆپ بوپتۇ. بەزىلىرىنىڭ بەدىـ
نىدە ئوت كۆپ بوپتۇ. بۇنداق ئادەملەر
كۆپىنچە قىزىققان ۋە تېز ئاچچىقى كېلىدىـ

غان بوپتۇ . بەزىلىرىنىڭ بەدىنىدە ھاۋا كۆپرەك بوپتۇ . بۇنداق ئادەملەر ھە دېسە ئۆرلەپ ماختىنىدىغان ، شامالدەك سۇرەن ـ شاۋقۇن سالىدىغان مىجەز پەيدا بوپتۇ . يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ بەدىنىدە تۇپراق كۆپ بوپتۇ ، بۇ خىل ئادەملەر ناھايىتى سالماق ، سەۋرچان ، ئىش ـ ھەرىكىتىدىن ياخشىلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان بوپتۇ . دېمەك ئادەملەرنىڭ مىجەز- خۇلقى ئۆزىنىڭ تۆرەلگەن ئەسلى زاتىغا خاس بوپتۇ .

### ئۈچىنچى ئىسپات

جاساغان ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن ، ئۇنىڭغا تۆت خىل نەرسە ئەۋەتىپتۇ ، ئالدى بىلەن ئەقىل كېلىپ :

ـــ ھەي ئادەم ، جاساغان مېنى ساڭا ئەۋەتتى ، ـــ دەپتۇ ، ئادەم :

ـــ جاساغان سېنى ئەۋەتكەن بولسا ، ئورۇننى ئۆزۈڭ تاپ ، ـــ دەپتۇ ، ئەقىل :

ـــ مېنىڭ ئورنۇم سېنىڭ بېشىڭدا ، ـــ دەپ مېڭىنىڭ ئارىسىغا جايلىشىپتۇ .

ئىككىنچى قېتىمدا مېھىر كېلىپ :

ـــ ھەي ئادەم ، جاساغان مېنى ساڭا ئەۋەتتى،ـــ دەپتۇ ، ئادەم :

ـــ ئورنۇڭ قەيەردە بولسا ، شۇ يەردىن ئورۇن ئال ، ـــ دەپتۇ ، مېھىر :

ـــ مېنىڭ ئورنۇم سېنىڭ كۆڭلۈڭدە ، ـــ دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئورۇنلىشىپتۇ .

ئۈچىنچى قېتىمدا نومۇس كېلىپ :

ـــ ھەي ئادەم جاساغان مېنى ساڭا ئەۋەتتى،ـــ دەپتۇ . ئادەم :

ـــ سېنى ماڭا ئەۋەتكەن بولسا ، ئورنۇڭ قەيەردە بولسا ، شۇ يەرگە ئورۇنلاشقىن ، ـــ دەپتۇ . نومۇس :

ـــ مېنىڭ ئورنۇم سېنىڭ كۆزۈڭدە ، ـــ دەپ كۆزگە ئورۇنلىشىپتۇ .

تۆتىنچى قېتىمدا سەۋر كېلىپ :

ـــ ھەي ئادەم ، جاساغان مېنى ساڭا ئەۋەتتى،ـــ دەپتۇ ، ئادەم :

ـــ ئورنۇڭ قەيەردە بولسا ، شۇ يەرگە ئورۇنلاش ، ـــ دەپتۇ ، سەۋر :

ـــ مېنىڭ ئورنۇم سېنىڭ رىسقىڭدا ، ـــ دەپ قورساققا كىرىپ ئورۇنلاشقانىكەن .

### ئادەم ئۆلۈكىنىڭ سۇدا لەيلىشى

قەدىمكى زامانلاردا مىسىردا ئۆتكەن پىرئەۋنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى ئون يەتتە مېتىر ، مېڭىسىنىڭ كەڭلىكى بىر مېتىر بولغانمىش . ئۇ خۇدالىق دەۋاسى قىلغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا ئىشەنمەيدىكەنمىش . ئۇ داۋاملىق كىشىلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇش ، ئېتىقاد قىلدۇرۇش ، ھەمدۇسانا ئېيتقۇزۇشنى ئويلايدىكەن . شۇ تەرىقىدە ئۇ بەزى كىشىلەرنى ئۆزىگە ئىشەندۈرگەنمىش . ئۆزىگە ئىشەنمىگۈچىلەرنى قاتتىق قىرغىنچىلىق بىلەن يوقاتقانمىش . ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچىلىك « مەن خۇدا » دېگەن ئىرادىسى بىلەن ياشاپتۇ . ئاللاتائالا پەرىشتىلىرى ئارقىلىق :

ـــ پىرئەۋن ماڭا ئىشەنسۇن ، گۇناھلىرىغا توۋا قىلسۇن ، ـــ دەپ بىر قانچە قېتىم ۋەھى يەتكۈزگەن بولسىمۇ ئۇ يەنىلا خۇداغا ئىشەنمەپتۇ .

ئايلار ، يىللار ئۆتۈپتۇ . تەڭرى ئۇنىڭغا جەبرائىلنى ئەۋەتىپ :

جېنىڭنى ئالىمەن ، قىلغان گۇناھلىرىڭغا توۋا قىل ، ـــ دېسە يەنە ئۇنىماپتۇ ، تەڭرى ئۇنى نىل دەرياسىغا تاشلاپتۇ . پىرئەۋن كانىيىغىچە سۇغا

چۆككەندە، تەڭرى:

— ماڭا ئشنەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. پرئەۋن ئشەنمەيدىغانلقنى بلدۇرۇپتۇ. تەڭرى ئۇنى سۇغا بېشغچە چۆكۈرۇشكە ئۇ «خۇدا» دەپ توۋلاپتۇ. تەڭرى ئۇنىڭ ئەڭ ئاخرقى سۆزنى ئللك ئالماي سۇ تەكتگە چۆكۈرۇپتۇ. بۇنى كۆرگەن كشلەر:

— ئۇ ئۆلمدى، سۇنىڭ تېگدمۇ ئۆلمەيدۇ، — دېيىشپتۇ. شۇ چاغدا تەڭرى پرئەۋننىڭ ئۆلۈكنى سۇ ئۈستگە لەيلتپتۇ. كشلەر پرئەۋننىڭ هەققەتەن ئۆلگەنلكگە ئشنپتۇ ۋە پرئەۋندىن باشقا خۇدا بار ئكەن دەپ تەڭرگە ئېتقاد قپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئادەم ئۆلسە ئۆلكى سۇدا لەيلەيدىغان بوپتۇ.

## مللەتنىڭ شكللنشى

رىۋايەت قلنشچە، قەدمدە ئنسانلاردىن پەقەت ئادەم ئەلەيهسسالام بدلەن هاۋا ئانىملا بار ئكەن. بر مەزگل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئۇرۇق ـ ئەۋلادلرى يەتمش نەچچگە يېتپتۇ. ئۇلار پەقەت بر خل تلدىلا سۆزلشدكەن. ئادەم ئەلەيهسسالام ئۆز پەرزەنتلرنى هالال ئشلەپ تۇرمۇش كەچۇرۇشكە ئۆگتپتۇ. داۋاملق ئۆز باللرىدىن هورۇنلۇق قلماسلقنى، بر ـ برنى بوزەك قلماسلقنى ئۈمد قلدكەن. قسقسى ئۇلارنى قاتتق باشقۇردكەن. بۇ ئەهۋال ئۇلارنىڭ بر قسمنىڭ نارازلقنى قوزغاپتۇ. شۇڭا ئۇلار ئۆز كۆڭلدە ئادەم ئەلەيهسسالامنى يوقتشنى، شۇ ئارقلق ئۆزى بلگەننى قلش شارائتغا ئگە بولۇشنى ئويلاپتۇ. ئەقللق ئادەم ئەلەيهسسالام بۇ ئشنى سېزپ قلپ، تەڭرگە مۇراجئەت قپتۇ. ئاللادىن ۋەهى كېلپ، بۇ يەتمش ئادەم يەتمش نەچچە خل تلدا سۆزلشدىغان بوپتۇ. شۇنىڭ بلەن ئۇلار بر ـ برنىڭ سۆزلرنى ئۇقۇشالماي، رەزل نيتنى ئشقا ئاشۇرالماپتۇ. ئادەم ئەلەيهسسالامۇ ئۇزۇن يللار ئۆمۈر كۆرۈپتۇ. شۇ يەتمش نەچچە خل تلدا سۆزلشدىغان يەتمش نەچچە ئادەمنىڭ كېينكى تەرەققياتدىن هازرقى مللەتلەر شەكللەنگەنكەن.

## ئېشەكنىڭ مۈڭگۈزى

ئەڭ قەدمكى زامانلاردا ئېشەكنڭمۇ مۈڭگۈزى بولغانكەن. ئۇ دەهشەتلك هاڭراپ، مۈڭگۈزى بلەن باشقا هايۋانلارنى ئۈسسۈپ ئۇلارغا ئارام بەرمەيدكەن. بۇنڭغا چدمغان هايۋانلار ئاخرى خۇداغا ئەرز قپتۇ، خۇدايم، ئېشەكنى شۇنچە كۆرەڭلەتكەن ئۇنىڭ مۈڭگۈزى ئكەنلكنى بلگەچكە ئۇنىڭ مۈڭگۈزلرنى ئېلپ تاشلاپتۇ. شۇنڭدىن كېين هايۋانلار ئېشەكنىڭ زوراۋانلقدىن قۇتۇلغانكەن.

## قوش قەبرە، مېهر بۇلاق

قوش قەبرە — بر يۇرتنىڭ نامى بولۇپ، بر جۈپ قەبرنىڭ نامغا ئاتالغانكەن. مۇشۇ يېزا ۋە قوشنا يېزىلاردىكى قىز ـ يگتلەر بر ـ برگە مۇهەببەت ئزهار قلشماقچى بولسا يگت ـ قزغا:

— قوش قەبرنى تاۋاپ قلپ، مېهر بۇلاقنىڭ سۇيىتى ئېتىپ كېلەيلمۇ؟

— دەيدكەن. بەزى ئائلە ئنتپاقى ياخشى بولمغان ئەر ـ خوتۇنلارغا كشلەر:

— سلەر قوش قەبرنى تاۋاپ قلمغان، مېهر بۇلاقنىڭ سۇيىنى ئچمد-

گەنىكەنسىلەر ــ دە ، ـــ دەپ قويۇشىدىكەن .
ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، بۇرۇن مەقسەت ـ مۇرادىغا يېتەلمىگەن بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق ، ئۆز يۇرتىدىن قېچىپ چىقىپ بۇ يەرگە كەلگەنىكەن . خۇدا ئۇلارنىڭ ساداقىتىدىن تەسىرلىنىپ ، بۇ قاقشال چۆلدە بىر بۇلاق ھاسىل قىپتۇ . قىز ـ يىگىت بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى بىلەن بۇ يەرنى كۆكەرتىشكە باشلاپتۇ . كېيىن بۇ يەرگە باشقا كىشىلەرمۇ كېلىپ ئولتۇراقلىشىپتۇ . بۇ بىر جۈپ ئاشىق ـ مەشۇق ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشمەي دۇنيادىن ئۆتكەنىكەن . شۇندىن ئېتىبارەن ئاشۇ بۇلاق ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قاپتۇ . كىشىلەر ئۇلارنى ھۆرمەتلەپ ياد ئېتىش ئۈچۈن ئۇلارنى بۇلاقنىڭ يېنىغا دەپنە قىپتۇ . قىز ـ يىگىتلەر بۇ قەبرىگە كېلىپ تاۋاپ قىلىپ ، سۈيىنى ئىچسە خۇدايىم ئۇلارنىڭ دىلىغا بىر ـ بىرىنىڭ مېھرىنى سېلىپ ، ئۆمۈرۋايەت بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ ئۆتەرمىش .

### « غايىب مازار » ھەققىدە

خوتەن ۋىلايىتىگە قاراشلىق مەلۇم بىر يېزىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە قويۇق چاتقاللىق بولۇپ ، بۇ چاتقاللىقتا بىر قانچە گۆرىستانلىق بار ئىكەن . بۇ جاينى كىشىلەر « غايىب مازار » دەپ ئاتىشىدىكەن .

ئېيتىلىشلارچە ، بۇ يېزا بەرپا بولغاندىن بۇيان ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنى مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىدىكەن . لېكىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، بۇ مازار كىشىلەرگە بارغانسېرى سۈرلۈك تۇيۇلىدىغان بوپتۇ . چۈنكى ئەتە ـ ئاخشىمى بۇ مازار ئەتراپىدا ھەرخىل غەيرىي ھايۋانلار پەيدا بولىدىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، بىر ئادەم ئېشەكنى ھەيدەپ مۇشۇ مازار ئەتراپىغا ئوتۇنغا كەپتۇ . ئۇ ئادەم ئوتۇننى ئېشىكىگە ئارتاي دەپ تۇرۇشىغا « ساڭا باشقا جايدىن ئوتۇن تېپىلمىدىمۇ ؟ » دېگەن ئاۋاز پەيدا بوپتۇ . ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك بولسا ، قويۇق چاتقال ئارىسىدىكى بىر گۈمبەز ئۈستىدە ئاپئاق سەللە ئورىۋالغان ئىككى ياش يىگىتنىڭ گەۋدىسى تۇرغۇدەك . ھېلىقى ئادەم قورققىنىدىن ئوتۇنىنى شۇنداق كۆتۈرگەنىكەن ، ئوتۇننىڭ ئاستىدا قېلىپ ، ئورنىدىن تۇرالماي بۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ھەتتا جەسىتىمۇ غايىب بولۇپ كېتىپتۇ . شۇندىن كېيىن بۇ مازار كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە قورقۇنچلۇق ۋە ۋەھىمىلىك مازار بولۇپ قاپتۇ . شۇڭا بۇ مازار كېيىنكى كىشىلەر تەرىپىدىن « غايىب مازار » دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ .

### چۈغۈندەكنىڭ شىيا بولۇشى

بىر زامانلاردا سۇلايمان پەيغەمبەر ئايالىنى باشلاپ ، شىكارغا چىقىپتۇ . ئۇلار بىر جاڭگاللىققا يېتىپ بارغاندا ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن ئايالى ماڭغىلى ئۇنىماپتۇ . سۇلايمان پەيغەمبەر ئايالىغا :

ـــ نېمىشقا ماڭمايسەن ؟ مەن ساڭا نېمە دېدىم ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ئايالى :

ـــ سىز دۇنيادىكى بارلىق قۇشلار مېنىڭ ئىلكىمدە دېگەن ئىدىڭىز . شۇنداق بولغاندىكىن قۇشلارنى چاقىرىپ كېلىپ ، بېشىمغا سايىۋەن قىلىڭ ، ـــ دەپتۇ .

سۇلايمان پەيغەمبەر قۇشلارنى

چاقىرتىپتۇ. قۇشلار قاناتلىرىنى كېرىشىپ «خان ئاغىچا» نىڭ بېشىغا سايە تاشلاپتۇ. ئەمما كىچىككىنە بىر يەردىن يەنە كۈن نۇرى چۈشۈپ قاپتۇ. ئايال:

— بۇ نېمە ئىش، يەنە كۈننىڭ نۇرى چۈشۈۋاتىدىغۇ؟ — دەپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر قارىغۇدەك بولسا قۇشلارنىڭ ئىچىدە چۇغۇندەك يوق بولۇپ چىقىپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر چۇغۇندەكنى چاقىرىپ كېلىشكە لاچىننى بۇيرۇغانىكەن، چۇغۇندەكنى تېپىپ كەپتۇ. سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئايالى چۇغۇندەكتىن سوراپتۇ:

— نېمىشقا كېچىكىپ قالدىڭ؟

— دۇنيادىكى ئەرلەرنىڭ سانىنى ئالىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۇغۇندەك. بۇنى ئاڭلىغان ئايال:

— دۇنيادا ئەرلەرنىڭ سانى جىقمىكەن ياكى ئاياللارنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

چۇغۇندەك:

— ئايالارنىڭ سانى كۆپ ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن قانداق بىلدىڭ، — دەپ سوراپتۇ ئايال ياندۇرۇپ.

— ئاياللارنىڭ گېپىدىن چىقالمايدىغان ئەرلەرنىمۇ ئاياللارغا قوشۇۋەتتىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ چۇغۇندەك.

بۇنى ئاڭلىغان سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئايالى چۇغۇندەكنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ ۋە:

— سەن بولساڭمۇ بىكارغا كەتمىگەيسەن. كىشلەرنىڭ بەدىنىدىكى يەتمىش خىل كېسەلگە داۋا بولغايسەن، — دەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشلەر ئارىسىدا چۇغۇندەك يەتمىش خىل كېسەلگە داۋا دېگەن ئەپسانە تارقىلىپتۇ.

مۇھەررىرى: پەرىدە ئىمىن

( بېشى 190 ـ بەتتە )

شۇندىن كېيىن شاھزادە مەلىكە بىلەن بىر يەردە بولماقنى نىيەت قىلىپ، شۇ كۈنى شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. ئۆيدە قالغان مەلىكە غەم ـ غۇسسىگە پېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسى قوشۇپ بەرگەن بىر ساھىبجامال كېنىزىكى بار ئىكەن. ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— ئەي كېنىزەك، مېنىڭ بېشىمغا مۇشكۇل كۈن چۈشتى، بۇ مۇشكۇلاتنى سەن ئوڭلىساڭ...

كېنىزەك:

— ھەرنە پەرمان قىلسىلا ئورۇندايمەن، باشقا چارەم يوقتۇر، — دەپتۇ، شاھزادە شىكاردىن يېتىپ كەپتۇ. مەلىكە ئاڭا شاراب بېرىپ مەست قىلىپ، كۆرپە ـ تۆشەك سېلىپ شاھزادىنى ياتقۇزۇپتۇ. كېنىزەكنى شاھزادىغا ھەمراھ قىلىپ قويۇپتۇ. شاھزادە مەستلىكىدە كېنىزەكتىن كامدىل ھاسىل قىپتۇ. مەلىكە غەم ـ غۇسسىدىن چىقىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم، بەختلىك ياشاپتۇ.

«جامئۇل ھېكايەت» ناملىق قول يازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقادىر سادىر

مۇھەررىر: پەرىدە ئىمىن

# قوشاقلار

ئېگىز تاغقا چىققۇچە ،
پۇتلىرىم تېلىپ كەتتى .
ئاي يۈزۈڭنى كۆرگەندە ،
يۈرىكىم سېلىپ كەتتى .

نەمدە قالغان ئوخشايدۇ ،
ساداسىزغۇ دېيىشكىز .
سۆز تاشلىسام زۇۋان يوق ،
پىشمىدىمۇ گېپىڭىز ؟

كەكلىك كېلىپ قونۇپتۇ ،
ئېگىز تاغنىڭ باشىغا .
يارىم كېلەي دېمەيدۇ ،
مەن دەردمەننىڭ قاشىغا .

باشقا ساپسەن ئاق لېچەك ،
قولتۇقۇڭدا تۈگۈنچەك .
مېنى سۆيگەن ئاغزىڭدا ،
كىمنى سۆيدۈڭ كۆلگۈنچەك .

قوغۇن تېرىدىم سەرخىل ،
ئۆزۈڭ بېرىپ ئۈزىۋال .
ياقماي تالدى قىلىقىڭ ،
مىجەزىڭنى تۈزىۋال .

ياپچان يولدىن ئاشتۇق ،
كۆزگە كۆرۈندى هاراپ .
ئىككى كۆزۈم تۆت بولدى ،
يارنىڭ يولىغا قاراپ .

يامانيارنىڭ بويىغا ،
جىگدىدىن جىرىم قويدۇم .
ۋاپاسىزغا لەنەت ، دەپ ،
تاش يۈزىگە خەت ئويدۇم .

سۇ كىرمىگەچ ئېتىزغا ،
مايسىلار قۇرۇپ كەتتى .
يار گېپىدە تۇرمىغاچ ،
دىلغا دەرد تولۇپ كەتتى .

ئۆيىنىڭ كەينى قوناقلىق ،
چۆرىلىرى چىتلاقلىق .
قارىمىساڭ قارىما ،
ياندا بىرسى دىتلاقلىق .

هۆل ئوتۇننى كۆيدۈرمەڭ ،
كۆزىڭىزنى ياشلايدۇ .
ۋاپاسىزنى يار تۇتماڭ ،
ئوينىۋېلىپ تاشلايدۇ .

هۆل قومۇشقا ئوت ياقسام ،
پىسىر ـ پىسىر يېنىپتۇ .
پۇل قالمىغاچ يانچۇقتا ،
يارىم مەندىن چېنىپتۇ .

ئاقنىنا نېمچە كىيىپسىز ،
ئەستىرى ئەتلەس ئىكەن .
ماقۇل دەپسىز هەركىمگە ،
كۆڭلىڭىز بەك پەس ئىكەن .

باغنىڭ چۆرىسى تەكلىك ،
تەكلىك ئاستىدا كەكلىك .
گەپنى سوزماي ئوچۇق قىل ،
تاقىتىم مېنىڭ چەكلىك .

سۇ تولدۇردۇم شېشىگە ،
تۆكتۇم چاپان پېشىگە .
نادان قىزلار گۈل بولماڭ ،
قۇرۇق سۆلەت كىشىگە .

قۇلۇمدا سۇرمە ،
كۆزۈمگە سۇرەي .
سەن تۇرۇپ قانداق ،
ياتقا تەلمۇرەي .

ئاينىڭ شولىسى ،
دەرياغا چۈشتى .
كۆزۈم شۇ گۈزەل ،
رەناغا چۈشتى .

ئانارنى ئالاي ،
قوينۇمغا سالاي .
بولساڭ قىزىلگۈل ،
بۇلبۇلۇڭ بولاي .

ئايغا قارايمۇ ،
كۈنگە قارايمۇ .
كەلمىدىڭ ئەجەب .
ئۆزۈم بارايمۇ ؟

ئوينايدۇ ئۈزۈپ ،
دەريادا بېلىق .
يارنىڭ دەردىدە ،
چىرايىم سېرىق .

ئۈچكىنى چېقىپ ،
ئايرىدىم مېغىز .
بەرگىنە جاۋاب ،
خېنىم بىر ئېغىز .

بىر ئېتىزغا زىغىر چاچتىم ،
بىر ئېتىزغا ماش .
ياردەردىدە باغرىم قاندۇر ،
كۆزلىرىمدە ياش .

كۆز يېشىمغا پەرۋا قىلماي
كەتتى باغرى تاش .
ساڭا ئېيتماي كىمگە ئېيتاي ،
دەردنى جان ئاداش .

تېتىر سايدا ماڭدىم يازدا ،
كۆرۈنمىدى نەم .
ۋەدىسىدە تۇرغاچ يارىم ،
بىلىنمىدى غەم .

تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئاقار،
سۇزۇك تاغ سۈيى .
خىيالىمدا كېچە ـ كۈندۈز ،
يارىمنىڭ ئۆيى .

قامقاق يەيدۇ تۆگىلەر ،
زاغزاق يەيدۇ تۆگىلەر .
ئېغىر كەلدى تويلۇقۇڭ ،
بېشىم پىر ـ پىر چۆگىلەر .

ئېرىقتا سۇ ئاقىدۇ ،
تۆۋەن تەرەپ پەس بولغاچ .
قالدىم ئەجەب نائۈمىد ،
تويلۇق شەرتى تەس بولغاچ .

كىچىك دېمە نوتىنى ،
شاقلاپ مېۋە بەرگۈسى .
ئاز كۆرمىگىن ۋەجىمنى ،
كۆپ تاپارمەن كەلگۈسى .

توپلاپ رەتلىگۈچى : ۋاھىتجان غوپۇر

# تۆھپىكار شائىر ۋە تەتقىقاتچى جاببار ئەمەت

يالقۇن روزى

يېقىنقى ئون نەچچە يىل مابەينىدە كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى خىزمىتىمىزدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىش يولىدا بىر قاتار خىزمەتلەر ئىشلىنىپ، زور بىر تۈركۈم ئەسەرلەر يورۇقلۇققا چىقتى، بىلىش كېرەككى بۇ جەرياندا مىللىتىمىزنىڭ نى ـ نى ئارغىماقتەك ئوغۇللىرى ھالىدىن كەتتى، چاچلىرى شالاڭشىپ، بەللىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى ئاجىزلاپ كەتتى. ئۇلار ئويناشقا تېگىشلىك ئويۇنلىرىنى، كۆرۈشكە تېگىشلىك تاماشالىرىنى، كۈلۈشكە تېگىشلىك كۈلكىلىرىنى، قىلىشقا تېگىشلىك تالاي ئىشلىرىنى قۇربان قىلىپ بارلىقىنى كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت بۈيۈك بىناكارلىققا ئاتىدى. ئۇلارنىڭ جاپالىق مېھنىتىسىز بىز ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ ۋە بەدىئىي تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغان بىر قاتار بىباھا ئەسەرلەر بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىگەن بولاتتۇق.

يېشقەدەم شائىر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر جاببار ئەمەتمۇ ئەنە شۇنداق تالاي قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى، ئۇرغۇپ تۇرغان زېھنى قۇۋۋىتىنى كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا بېغىشلاپ، ھالال ئەجرىدىن نەتىجە ياراتقان تۆھپىكارلارنىڭ بىرى.

جاببار ئەمەت 1929 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى خوتەن شەھىرىنىڭ گۈلباغ مەھەللىسىدە تۇغۇلغان. 1938 ـ يىلىدىن 1941 ـ يىلغىچە خوتەندە باشلانغۇچ مەكتەپتە، كېيىن بىر يىل دارىلمۇئەللىم مەكتىپىدە ئوقۇپ، 1942 ـ يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىكى « ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن » مەكتىپىگە ئوقۇشقا چىققان. 1945 ـ يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ئۆز يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، خوتەن چايخانا باشلانغۇچ مەكتىپى ۋە دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇتقۇچى، ۋالىي مەھكىمە مائارىپ باشقارمىسىدا مۇپەتتىش. « تەكلىماكان گۈلى » گېزىتىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1950 ـ يىلى 3 ـ ئايدىن 1957 ـ يىلغىچە « خوتەن گېزىتى » ۋە قەشقەر « جەنۇبىي تىيانشان » گېزىتىدە، ئۇنىڭدىن كېيىن 1961 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلغىچە خوتەن ۋالىي مەھكىمە مەدەنىي ـ مائارىپ بۆلۈمىدە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر تىل ـ ئەدەبىيات ئوقۇتۇش تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، 1979 ـ يىلى

9 ـ ئايدا خوتەن « يېڭى قاشتېشى » ژۇرنىلىنى تەسىس قىلىشقا قاتنىشىپ ، 1981 ـ يىلىغىچە شۇ ژۇرنالدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن . شۇ يىلى 11 ـ ئايدا « تارىم » ژۇرنىلىغا يۆتكىلىپ كېلىپ ، 1991 ـ يىلىغىچە ژۇرنالنىڭ شېئىرىيەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ ، كاندىدات ئالىي مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى ئالغان . ئۇ 1991 ـ يىلى پېنسىيىگە چىققان بولسىمۇ ، ھازىرمۇ يەنە داۋاملىق شېئىر ئىجادىيىتى ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە رايونىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىي تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلمەكتە .

جاببار ئەمەت ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا تىل ـ ئەدەبىياتقا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ ، شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن ، ئۇنىڭ دەسلەپكى شېئىرلىرى 1944 ـ يىلدىن باشلاپ « شىنجاڭ گېزىتى » دە ئېلان قىلىنىپ ، جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن . ئەنە شۇ يىللاردىن باشلاپ جاببار ئەمەتتە كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى ئۆزىگە ئەينەك قىلىش ، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش ئىشتىياقى تۇغۇلغان . ئۇنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئاتىسى ئۆز ئوغلىنىڭ بۇنداق ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇنىڭغا ئەلىشىر نەۋايى ، فۇزۇلى ، ھۇۋەيدا ، سوفى ئاللايار ، شاھ مەشرەپ ، نەۋبەتى قاتارلىق كلاسسىكلارنىڭ دىۋانلىرىنى ، « مىڭ بىر كېچە » ، « شاھنامەئى تۈركى » قاتارلىق ئاتاقلىق ئەسەرلەرنى ئېلىپ بەرگەن . بىراق ئۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلنى ۋە يېزىقىنى بىلمىگەچكە . بۇ ئەسەرلەرنى ئوقۇشتا قىينالغان . دەسلەپتە ئاتىسى ئۇنىڭغا قىزغىن ياردەم بېرىپ ، ئەرەب ئېلىپبەسى ( قائىدە ) نى ئۆگەتتىدۇ ، 1946 ـ يىلى جاببار ئەمەت گومىنداڭ دائىرىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ ، تۈرمىگە قامىلىدۇ ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇ خوتەننىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ۋە قارى قۇرئانلار ئۇستازى ئابدۇنەبى قارى ھاجىم بىلەن بىر كامېردا ياتىدۇ ، جاببار ئەمەت پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ ، ئابدۇنەبى قارى ھاجىمدىن تەجۋىد قائىدىلىرىنى ، ئەرەب ـ پارس ئېلىپبەسىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى ئۆگىنىپ ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىنى بىلىۋالىدۇ ، شۇندىن كېيىن بوش ۋاقىت تاپسىلا كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ مول مەزمۇنى ، تىل گۈزەللىكى ۋە قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇنى ئۆز ئىجادىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈشنىڭ ئۈلگۈسى قىلىدۇ .

ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانىنى سۆزلەۋاتقاندا ، مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم :

ـــ جاببار ئاكا ، ئۇنداقتا سىز كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا قاچاندىن باشلاپ قەدەم قويدىڭىز ؟ ئۇ ، جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى :

ـــ ھەر بىر ئىشنىڭ جەريانى بولغىنىدەك ، ئۇنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىمۇ بولىدۇ ، مەن ئىلگىرى كلاسسىك ئەدەبىياتنى پەقەت ئۆزۈم ئۆگىنىپ كېلىۋاتاتتىم « ئاتالمىش » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ، كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر قول يازمىلىرىنىڭ ھەممىسى « تۆت كونا » ئاتىلىپ ، ئۆيمۇ ـ ئۆي ئاختۇرۇلۇپ يىغىۋېلىنىش بىلەن ، كۆيدۈرۈلۈپ كۈلى كۆككە سورۇلدى ، مەن توپلىغان كلاسسىك ئەدەبىيات كىتابلىرىمۇ تارتىۋېلىنىپ كۆيدۈرۈلدى . كلاسسىك ئەسەرلەرنى ئوقۇش ، ساقلاش ، تەتقىق قىلىش چوڭ

گـۇنـاھ ھېسابلاندى ، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى كىتابلارنى ئىزدەپمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ، تـاپـقـانـدىـمـۇ ئاشـكـارا ئوقۇغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى ، ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، مـىـلـلـىي مىراسلىرىمىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدۇ ؟ بۇ سوئال ھەربـىـر ۋىجدان ئىگىسىنى ئازابلايتتى ، ئەنە شۇنداق بىر پەيتتە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نـىـڭ مـاتەم سىگنالى چېلىنىپ ، ئۇنىڭغا ئۇلىنىپلا بارلىق روھى كىشەنلەر پاچاقلاپ تاشلىنىپ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى سىگنالى چېلىندى ، شۇنىڭ بىلەن تۇشمۇ ــ تـۇشـتـىـن يـوقـىـلىش گىردابىغا بېرىپ قالغان مىللىي مىراسلىرىمىزنى جىددىي قۇتقۇزۇش ، كـۆمـۈلـۈپ قالغان كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى جەۋھەرلىرىنى قېزىش ، توپلاش ، رەتـلـەش ، نـەشـىـرگـە تـەيـيـارلاش ،تـەتـقـىـق قىلىش خىزمىتى باشلىنىپ كەتتى . مەنمۇ بۇ سـەلـتـەنەتلىك ، ئۇلۇغۋار خىزمەتكە قاتنىشىپ ، چامامنىڭ يېتىشىچە كۆچ چىقىرىپ ، بىر كىـ شـىـلـىـك تـۆھـپـە قـوشـۇشنى ئۆزۈمنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان شەرەپلىك بۇرچۇم ، دەپ ھېسابلىدىم ، شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن شېئىر ئىجادىيىتى ۋە خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ، يـەنـە بـىـر تەرەپتىن كلاسسىك ئەدەبىيات ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش ۋە تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتىم ....

تـۆھـپـىـكـار قەلەمكەش جاببار ئەمەت شۇندىن باشلاپ ، ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ ساھەدە ئاز بـولـمـىـغـان ئىشلارنـى ئىـشـلـىـدى . پېشقەدەم شائىر ۋە تېببىي ئالىم ئابدۇلھېمىت يـۈسـۈپـى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تـەيـيارلـىـغان ۋە يـەشـمىسىنى بەرگەن « فۇزۇلى غەزەللى- رىـدىـن تـاللانـما » « بـۇلاق » ژۇرنـىلىنىڭ 1982 ــ يىللىق 2 ــ سانىدا كىتابخانلار بىلەن يۈز كـۆرۈشتى . كېيىن يەنى ، 1987 ــ يىلى « زەھىرىدىـن بـابۇر غەزەللىرىدىن » ، 1988 ــ يىلى «ھۇۋەيـدا ( خوجا نەزەر غايىپ نەزەر ئوغلى ) شېئىرلىرىدىن » ، 1993 ــ يىلى « سوفى ئاللا يار ھېكـمـەتـلىرىدىن » قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلىدى . بۇلار « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ شـۇ يـىـلـلـىـق سـانلىرىدا ئېلان قىلىندى . بۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى ئەينى يىللاردا ئۇيغۇر كلاسـسـىـك ئەدەبـىـياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن ، دىنىي مەكتەپلىرىمىزدە تىل ــ ئەدەبىيات ئوقـۇشـلـۇق سـۈپـىتىدە ئورۇن ئالغان بولۇپ ، خەلقىمىز ئەڭ ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان ئەسەرلەر ئىدى .

جـابـبـار ئەمـەت يـەنە ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە شائىرى مۇھەممەد سادىق قەشقەرىنىڭ «ئادابـۇس ــ سـالـىھىن » ( ياخشى كىشىلەر ئەخلاقى ) ناملىق ئەسىرىنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى- دىـن ھازىـرقـى زامان ئۇيغۇر تىلىغا ئاغدۇرۇپ چىقتى . ئۇنى « شىنجاڭ ياشلىرى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى . شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئۆزبېك تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەردىن پـارس ــ تـاجـىـك شـائـىرى ئابـدۇراھمـان جـامـىـيـنىڭ « سەلامان ۋە ئەبسال » داستانىنى ، جـالالـىـدىـن رۇمى شېئىرلىرىدىن تاللانمىلارنى ، كامال خوجەندى ، ئەبۇئەبدۇللاھ رۇداكى قا- تـارلـىـق شائـىرلارنـىڭ ئەسـەرلىرىدىن تاللانمىلارنى ، ئابدۇللاھ ئەنسارى ، خاجە نەجمىدىن كـۇبـرا ، سابىر تىرمىزى ۋە ھەكىم سەنائى قاتارلىق شائىرلارنىڭ رۇبائىيلىرىدىن تاللانمىلارنى

نەشرگە تەييارلىدى، بۇ ئەسەرلەر «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ھەرقايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىندى.

جاببار ئەمەتنىڭ يەنە ئۆزبېك تىلىدىن تەرجىمە قىلغان ئىزوپ مەسەللىرى، كىرىلوپ مەسەللىرى «دۇنيا ئەدەبىياتى» ۋە «تارىم» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى.

جاببار ئەمەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش جەھەتتە مۇئەييەن تۆھپىسى بار پېشقەدەملەرنىڭ بىرىدۇ، ئۇ بۇ ساھەدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئۈچ مىڭ كۇبلېتتىن ئارتۇق بېيىت ـ قوشاق، 1500 ـ دىن ئارتۇق ماقال ـ تەمسىل، «ئەر يىگىتكە يەتمىش تۈرلۈك ھۈنەر ئاز»، «ۋاپاسىز ئوغۇللار» قاتارلىق 10 نەچچە چۆچەك توپلىغانىدى. بۇنىڭ بىر قىسمى «بۇلاق»، «مىراس» ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىندى، بىر قىسمى تېيانشان رايونى ۋە ساياباغ رايونى نەشر قىلغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلدى.

پېشقەدەم شائىر جاببار ئەمەت ئەدەبىي ئىجادىيەت ساھەسىدىمۇ ئاز بولمىغان ئىشلارنى ئىشلەپ، كۆپلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپە قوشقان قەلەم ئىگىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى ۋە خەلقنىڭ يۈرەك ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» غا قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ بىر تۈركۈم ياخشى شېئىرلارنى ئىجاد قىلدى، ئۇ، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك، خاھىشى ئېنىق، ئىسيانكارلىق روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان «شۇنداق ماڭ»، «تاڭ ئالدىدا» قاتارلىق شېئىرى ۋە گومىنداڭغا قارشى ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئىككى قېتىم قولغا ئېلىنغان، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ خوتەن ياشلىرى ئارىسىدا يۇكسەك ئىناۋەتكە ئېرىشكەنىدى. 1949 ـ يىلدىن كېيىن جاببار ئەمەتنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى مول ھوسۇل دەرۋىگە قەدەم قويىدى. ئۇنىڭ «چاپ كەتمەننى دېھقانلار» ناملىق شېئىرى 1951 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەييارلىق ھەيئىتىنىڭ 3 ـ دەرىجىلىك ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا، قاراقاش ناھىيە يار بېشى يېزىسىدىكى مەمتىلى خان خوجا قاتارلىق زومىگەر پومېشىكلارنىڭ دېھقانلار ئۈستىدە يۈرگۈزگەن فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى ئېچىپ بېرىدىغان «يىمىرىلگەن قۇللۇق» دراممىسى (نەجمىدىن سىدىق بىلەن بىرلىشىپ يازغان) خوتەن ۋىلايىتىدە 100 نەچچە مەيدان ئويلىنىپ 1953 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن دراما ئەسەرلىرى كۆرىكىدە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىدى، 1960 ـ يىلى شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «يۈرەك ئالقىشى» ناملىق كوللېكتىپ شېئىرلار توپلىمىغا «دوستلۇق ئۆلگىسى» ناملىق داستانى ۋە «مېنىڭ يېزام» قاتارلىق 10 نەچچە پارچە شېئىرى كىرگۈزۈلدى، ئەپسۇسكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شائىر 20 نەچچە يىل ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالدى. 1979 ـ يىلدىن كېيىن ئۇ ئىجادىيەت سېپىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، شەكلى مۇكەممەل بولغان شېئىرلىرى بىلەن مەتبۇئاتتىن قايتا

ئورۇن ئالدى ، 1985 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ « سايرا بۇلبۇل » ناملىق شېئ-
ئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى : شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تۈزگەن « يۇرت
ئوغلى » ناملىق داستانلار توپلىمىغا ئۇنىڭ « گۈلەمچىنىڭ قىزى » ناملىق دستانى كىرگۈ-
زۈلدى ؛ 1991 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئۇنىڭ « تۇپراق ۋە تەر » ناملىق
شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىندى ، 1993 ـ يىلى ئۇ بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا «بوستان
نەزمىلىرى » ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئەۋەتتى .

ئۇنىڭ مۇھەررىرلىك ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكلىرىمۇ
كۆزگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ ، 1982 ـ يىلى ل . مۇتەللىپ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 60 يىللىقى مۇناسى-
ۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى نامىدا نەشر قىلىنغان « لۇتپۇللا
مۇتەللىپ ئەسەرلىرى » ناملىق توپلامنى ئۇ نەشرگە تەييارلىدى . 1985 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇي-
غۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق
يازغۇچىلار جەمئىيىتى نامىدا ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان « توي چاچقۇسى » ،
« تىيانشان ناخشىلىرى » بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان « توي تەنتەنىسى » قا-
تارلىق شېئىر توپلاملىرى جاببار ئەمەتنىڭ نەشرگە تەييارلىشى ۋە تەھرىرلىكى ئاستىدا
چىقىرىلغانىدى . ئۇنىڭ ل . مۇتەللىپنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە بېغىشلانغان « جەڭ-
گىۋار يىللارنىڭ باتۇر كۈيچىسى » ناملىق ئوبزورى ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 1930 ــ 1940 ـ
يىللاردىكى تەرەققىياتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان « 30 ــ 40 ـ يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى
جەڭگىۋار تېما ــ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش » ناملىق
ئوبزورى ، « ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلقەرۋەرلىك توغرى-
سىدا » ناملىق ئوبزورلىرى « ئىنقىلابىي قۇربانلار تەرجىمھالى » ژۇرنىلى ، شىنجاڭ داشۆسى
« ئىلمىي ژۇرنىلى » ، « شىنجاڭ سىفەن داشۆسى ئىلمىي ژۇرنىلى » ، « شىنجاڭ تارىخ
ماتېرىياللىرى » قاتارلىق ژۇرناللارغا بېسىلىپ ، كىتابخانلار ئىچىدە خېلى كۈچلۈك تەسىر
قوزغىدى .

تۆھپىكار قەلەم ئىگىسى جاببار ئەمەت گەرچە ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ ،
لېكىن ئۇنىڭ قەلىمى تېخى ھېرىپ قالغىنى يوق . بىز ئۇنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان
لىرىكىلىرىنى ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى ۋە گۈزەل ئەخلاقىنى ئاساسىي تېما قىلىپ
يازغان ماقالىلىرىنى « تارىم » ، « شىنجاڭ گېزىتى » ، « شىنجاڭ ياشلىرى » ، « ئۈرۈمچى
كەچلىك گېزىتى » قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللار سەھىپىسىدە داۋاملىق كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز ،
ئۇ يېقىندا ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قۇرغان ئاتاقلىق سەركەردە ئەمىر تېمۇر
كوراگان ھەققىدە ئىران تارىخچىسى شەرەفىددىن ئەلى يەزدى تەرىپىدىن 1424 ــ 1425 ـ
يىللىرى يېزىلغان « زەفەرنامە » ناملىق نەسەرنىڭ باش قىسمىدىن 400 نەچچە ئارگىنال تەر-
جىمە قىلىپ ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا تاپشۇردى ؛ « شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ
رۇبائىيلىرىدىن تاللانما » نى نەشرگە تەييارلاپ « بۇلاق » ژۇرنىلىغا تاپشۇردى . ئۇ يېقىندا

يەنە ئابدۇللا ئەۋلانىنىڭ 1913 ــ يىلى ئەدەب ــ ئەخلاق تېمىسىدا يازغان، 20 ــ يىللاردىن كېيىن شىنجاڭدا قۇرۇلغان «جەدىد» مەكتەپلىرىدە ئەخلاق دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلغان «تۈركىي گۈلىستان ياخۇد ئەخلاق» ناملىق كىتابىنى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىگە تاپشۇردى، ئۇ يەنە ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋىينىڭ «چار دەرۋىش» ناملىق مەشھۇر قىسسىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى بولغان. پارس، ئوردۇ، ئىنگلىز، رۇس، تۈرك تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنيادا شۆھرەت تاپقان مىرئەمman دېھلەۋىي تەرىپىدىن 1803 ــ يىلى تولۇقلاپ يېزىلغان «باغۇ باھار» قىسسىسىنى نەشرگە تەييارلاپ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىغا تاپشۇردى.

تۆھپىكار قەلەمكەش جاببار ئەمەت سۆھبەت جەريانىدا كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا، ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇلاق» ژۇرنىلى كلاسسىك ئەدەبىياتنى قوغداپ قېلىشتا، ئۇنى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. بۇ جەھەتتە «بۇلاق» ژۇرنىلى ئەتراپىغا ئۇيۇشقان كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ تىرىشچانلىقىمۇ ناھايىتى زور بولدى. ئەمما ھازىر ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ياشىنىپ، زېھنىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ قالدى، يېڭىدىن يېتىشكەن ئىز باسارلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ ئەمەس. شۇڭا كلاسسىك ئەدەبىياتنى قېزىش، رەتلەش، نەشرگە تەييارلاش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرۇپ، تېخى ئاشكارىلانمىغان بايلىقلارنى يورۇقلۇققا چىقىرىش ــــ ھازىر بار بولغان ئىز باسارلارنىڭ سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، زور بىر تۈركۈم يېڭى ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈشكە باغلىق، مەن «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئىلمىي ئورگانلار بىلەن بىرلىشىپ، ھەرخىل شەكىلدىكى تەربىيەلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ھازىر بار بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىلمىي سەۋىيىسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىككىنچىدىن، ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا رەھبەرلىك قىلىش ئورگانلىرىنىڭ ئالىي مەكتەپ تىل ــ ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئىلمى» دەرسىنى تەسىس قىلىپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلىنى ئۆگىنىپ چىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تەكلىپ قىلىمەن.

ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى مىللىتىمىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغان، بۇ جەھەتتە خېلى ئۇتۇقلۇق ئەمگەكلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىپ مۇئەييەن تەسىر قوزغىغان پېشقەدەم قەلەمكەش جاببار ئەمەت ئاكا بىلەن سۆھبىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، خوشلىشىدىغان چاغدا، ئۇنىڭ يېڭى ــ يېڭى پىلانلىرىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇم، تېنىگە سالامەتلىك ۋە قەلىمىگە بەرىكەت تىلىدىم.

مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

# ئەجدادلار ئىزىدىن

( ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات خۇشتارى ئابدۇقادىر سادىر توغرىسىدا )

ئىلھام جاببار

80 ــ يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش ۋە نەشىر قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق قانات يېيىشقا باشلىدى. كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا پېشقەدەملەر يىلدىن ــ يىلغا ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، بىر تۇركۇم ياش ھەۋەسكارلار يېتىشىپ چىقىپ، بۇ بوشلۇقنى تولدۇرى. بۇنىڭ بىلەن پېشقەدەملەر ئاخىرقى ئۆمرىدە زور تىرىشچانلىق بىلەن ئىشلەۋاتقان، ياش تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدا يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىۋاتقان خۇشاللىنارلىق ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئابدۇقادىر سادىر ئەنە شۇنداق ۋەزىيەت ئاستىدا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى سېپىگە قوشۇلغان ئۈمىدلىك ياشلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ ساھەدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ خۇشال قىلىدۇ.

ئابدۇقادىر سادىر 1947 ــ يىلى 6 ــ ئايدا گۇما ناھىيىسىنىڭ قوشتاغ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تۈگەتكەندىن كېيىن، 1964 ــ يىلىدىن 1967 ــ يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1983 ــ يىلى شىنجاڭ رادىئو سىفەن داشۆسىنىڭ تىل ــ ئەدەبىيات كەسپىنى تاماملىغان.

ئۇ 1967 ــ يىلدىن 1984 ــ يىلغىچە ئۆز يېزىسىدىكى باشلانغۇچ ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ــ ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. كېيىن گۇما ناھىيىلىك مەدەنىيەت ــ تەنتەربىيە ئىدارىسىدە بىر يىلدەك ئىشلەپ، 1985 ــ يىلى 6 ــ ئايدا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە يۆتكەلگەن. ھازىر ئۇ ج خ ئىدارىسى كاتىبات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئابدۇقادىر سادىر ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا تىل ــ ئەدەبىيات دەرسىگە ئالاھىدە قىزىققانتى. ئۇ كۈندىلىك دەرسلەرنى ياخشى ئۆگىنىپلا قالماي بوش ۋاقىت تاپسىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن زوق ئالاتتى. بەزىدە قەلبىدە ئۇيغانغان يېڭى ئىنتىلىش، قايناق ھېسسىياتىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىسە، بەزىدە نەسىر ۋە قىسقا ھېكايىلارنى يېزىپ باقاتتى. ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىمۇ 1963 ــ يىلى باشلاندى. ئۇ « تارىم » ژۇرنىلىنىڭ 1959 ــ يىلدىن ئىلگىرىكى سانلىرىنى تېپىپ، موللا بىلالنىڭ « غەزەلىيات »، گۇمنامنىڭ « غەزەللەر »، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ « لەيلى ۋە مەجنۇن »، « پەرھاد ــ شىرىن » قاتارلىق ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ چىقتى، بۇ ئەسەرلەردىكى ئاجايىپ چوڭقۇر مەنا، پەلسەپىلىك پىكىرلەرگە تولغان لىرىك ھېسسىياتلار، تىلدىكى پاساھەت ۋە تەسۋىرى جەھەتتىكى بالاغەت ئۇنى ھەيران قالدۇردى، « كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز نەقەدەر گۈزەل ــ ھە ! » ئۇ ھېسسىياتىنى باسالماي چەكسىز پەخىرلەندى.

بىراق ئابدۇقادىر سادىر ئەسەرلەردە ئۇچرايدىغان قەدىمىي تۈركى ۋە چاغاتاي تىللىرىدىكى سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسىنى بىلمەيتتى، ئۇنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتقا قىزىقىپ

قالغانلىقىنى سەزگەن ئابدۇغىنى مۇئەللىم ئۇنىڭغا ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋاي-
نىڭ 1957 ـ يىلى تاشكەندە بېسىلغان ، « پەرھاد ۋە شىرىن » داستانىنى بەردى . شائىر غاپۇر
غۇلام نەشرگە تەييارلىغان بۇ ئەسەردە داستانىنىڭ شېئىرى نۇسخىسى بېرىلىپلا قالماي ئۇنىڭ
نەسرىي يەشمىسىمۇ بېرىلگەنىدى . ئابدۇقادىر سادىر داستانىنىڭ تېكىستى بىلەن نەسرىي
يەشمىسىنى سېلىشتۇرۇپ ، كلاسسىك ئەدەبىيات سۆزلۈكلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى . ئۇ
خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇشقا كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن كلاسسىك
ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەر بولسىلا تېپىپ ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭدىكى يەككە سۆزلەرنى توپلاشقا
باشلىدى .

1966 ـ يىلى باشلانغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى
قىزغىنلىقىغا بەرھەم بەردى . كلاسسىك ئەسەرلەرگە خىلمۇ خىل بەدناملار چاپلىنىپ ، كۆي-
دۈرۈلدى . شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئۇ كۆيدۈرۈلۈشتىن ئامان قېلىپ خەلق ئارىسىدا
ساقلىنىۋاتقان كلاسسىك ئەسەرلەرگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ ، كۆزگە چېلىققانلىرىنى يە-
غىپ ، توپلاپ تۇردى . لېكىن ئۇ يېڭى قىيىنچىلىققا دۇچ كەلدى ، ئىلگىرى ئۇ ئوقۇغان ،
ژۇرناللارغا بېسىلغان كلاسسىك ئەسەرلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا بېسىلغاچقا ئوقۇش
ئاسان ئىدى . ئەمدى ، ئۇ توپلاۋاتقان ئىسمايىل ھاجى قاتارلىق پېشقەدەملەرنىڭ ئەسەرلىرى
چاغاتاي تىلى ۋە يېزىقى بىلەن يېزىلغاچقا ئوقۇش قىيىن ئىدى . ئۇ ئەرەب ، پارس ، چاغاتاي
تىلىدىن خەۋەردار كىشىلەرنى ئۇستاز تۇتۇپ ، چاغاتاي تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشكە
كىرىشىپ كەتتى . 1980 ـ يىلى « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى ئۇ ئىشلەۋاتقان قوشتاغ
يېزىسىغا يېتىپ كەلدى ، ژۇرنالدا پېشقەدەم تەتقىقاتچى ئىمىن تۇرسۇننىڭ « ئەدەبىي مىراس
ۋە ۋەسىقەلىرىمىز » ناملىق ماقالىسى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ۋە كلاسسىك ئە-
سەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش توغرىسىدىكى چاقىرىقلار بېسىلغانىدى . ئابدۇقادىر سادىر بۇ
چاقىرىقلارنىڭ روھى ۋە مەزمۇنىدىن نۆۋەتتە كلاسسىك ئەسەرلەرنى قېزىش ، توپلاش ، رەت-
لەش ۋە نەشرگە تەييارلاشنىڭ يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى
قۇتقۇزۇش ، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا غايەت زور ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى
ياخشى ئىشلىگەندىن سىرت ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى قېزىش ، توپلاش قۇتقۇزۇش
جەھەتلەردە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى ياراتتى . 1981 ـ يىلدىن 1991 ـ يىلغىچە ئۇ ئىشتىن
سىرتقى ۋاقىت ، تەتىل ، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىن پايدىلىنىپ ، كلاسسىك ئەسەرلەرنى يە-
غىش ، رەتلەش ، نەشرگە تەييارلاش جەھەتتە خېلى كۆپ ئىزدەندى . ئۆز يۇرتىدا ياشاپ
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان شائىر ، خەتتات ۋە ئەدەبىي تەرجىمانلاردىن ئىسمايىل ھاجى ،
ئەھمەدىي ، قاسىمىي قاتارلىقلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە دائىر بىر يۈرۈش ئىلمىي
مەلۇماتلارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ ، 50 پارچىدىن ئارتۇق قول يازما ۋە « چاپ » كىتابلارنى قې-
زىۋالدى . بۇنىڭ ئىچىدىن « يۇسۇف ـ زىلەيخا » ( قول يازما ) ، « گۇل ۋە نەۋرۇز » ( قول
يازما ) ، « قەھرىمان قاتىل » ، « گۇلشاھ ۋەرەقە » ، « مەلىكە زەرنىگار » ، « مەشۇقستان » ،
« قاسىمىي شېئىرلىرى » قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاپ « بۇلاق » ، « يېڭى قاش-

تېپشى » ژۇرناللىرى ۋە باشقا نەشرىياتلاردا ئېلان قىلىپ ، ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى . ئۇ نەشرگە تەييارلىغان مەۋلانا ئۇبەيدۇللا لۇتفىنىڭ « گۈل ۋە نەۋرۇز » داستانىنىڭ قول يازمىسى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى قېتىم بايقالغان ئەسەرلەردىن بولۇپ ، يۇقىرى قىممەتكە ئىگە . ئۇ قېزىپ چىققان ، گۇمدا ياشاپ ئۆتكەن شائىر ئەھمەدىنىڭ « مەشۇقىستان » ناملىق ئەسىرىمۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىدىكى دۇردانىلەردىن ھېسابلىنىدۇ ، ئۇ يەنە خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان « مەشرەب شېئىرلىرى » ، « جامئۇل ھېكايات » ، « جامئۇل فەتىۋا » ، « ئوغرى ۋە قازى » ، « قىيافەتۇل ـ بەشەر » ( ئىنسان قىياپىتى ) ، « ئاجايىپ ھېكايەتلەر » قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاشقا كىرىشىپ ، بىر قىسمىنى نەشرگە تاپشۇردى ، ئابدۇقادىر سادىر يەنە « گۇما شېۋىسى توغرىسىدا » ( تىل ۋە تەرجىمە ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ) ، « ئۇيغۇر ئىسلام قانۇنچىلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى » ، « گۇما شېۋىسى تەركىبىدىكى چاغاتاي تىلى ئېلېمېنتلىرى » ، « تىلىمىزدىكى ۋولگارىزملىق سۆزلەر ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىياتتىكى رولى » قاتارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى .

ئابدۇقادىر سادىر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىكى تۆھپىكار بولۇپلا قالماي ، ئۇ يەنە كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى ۋە شائىر ، ئۇ 1966 ـ يىلى « خوتەن گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان تۇنجى شېئىرى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى باشلىدى . شۇنىڭدىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى « تارىم » ، « يېڭى قاشتېشى » « شىنجاڭ گېزىتى » « خوتەن گېزىتى » قاتارلىق ژۇرنال ۋە گېزىتلەردە 60 پارچىغا يېقىن پوۋېست ، ھېكايە ۋە فېلىيە تونلىرى 500 گە يېقىن شېئىر ، داستان ، باللادىلىرى ئېلان قىلىندى . ئۇنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى 1986 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان « كۈمۈش قوڭغۇراق » ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى ، 1990 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ « نەدەسەن باللىق يىللار » ناملىق پوۋېستىنى نەشر قىلدى . 1994 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان « كارۋان مەجمۇئەسى » توپلىمىغا « ھايات ۋە تەقدىر » ناملىق پوۋېستى كىرگۈزۈلدى . ئۇ يەنە باللار ـ ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن « نامسىز بالا » ھېكايىلار توپلىمى بىلەن تەرجىمە ئەسەر « ئالتۇن بېلىق » ناملىق چۆچەكلەر توپلىمنى ؛ « ئېتىبارسىز ئادەم » ( ھېكايىلار توپلىمى )، « قار بوۋايدىن كەلگەن باغاقلار » ( شېئىرى چۆچەك ) قاتارلىق ئەسەرلىرىنى ، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر « ئاجايىباتلار دۇنياسى » ناملىق ئىككى توملۇق كىتابنى نەشرىيات ئورۇنلىرىغا تاپشۇردى . ئۇنىڭ ئىجادىي ئەمگەكلىرى كەڭ كىتابخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشىپ كەلدى . 1982 ـ يىلدىن ھازىرغىچە ئابدۇقادىر سادىرنىڭ ئىككى پارچە ئەسىرى ئاپتونوم رايون بويىچە « غۇنچە مۇكاپاتى » غا ، بىر پارچە ئەسىرى «مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتى » غا ، بەش پارچە ئەسىرى خوتەن ۋىلايىتى بويىچە 2 ـ ، 3 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ، ئۇنىڭ «مەسئۇلىيەت » ناملىق ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ تونۇشتۇرۇلدى . ئابدۇقادىر سادىر ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى .

ـەن مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ دۇردانىلىرىنى قېزىش ۋە يورۇقلۇققا چىقىرىش يولىدا

هارماي ـ تالماي ئىزدىنىۋاتقان، ئۆزىنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن ئەدەبىياتچىلار قوشۇنىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزاسىغا ئايلىنىۋاتقان تالانت ئىگىسى ـــ ئابدۇقادىر سادىر بىلەن 1994 ـ يىلى 7 ـ ئايدا خوتەن ۋىلايىتىنىڭ قارىقاش ناھىيىسىدە ئېچىلغان « خوتەن ۋىلايەتلىك قەلەمكەشلەر تەجرىبە ئالماشتۇرۇش سۆھبەت يىغىنى » دا ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ئۆزىنىڭ « بۇلاق » ژۇرنىلىغا بولغان مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دېدى:

ـــ « بۇلاق » ژۇرنىلىدەك بىر ياخشى سەھنە بولمىغان بولسا، كۆمۈلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز بۈگۈنكىدەك يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولمىغان بولاتتى، « بۇلاق » ئارقىلىق كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ ئېسىل دۇردانىلىرى خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتى، پۈتۈن مەملىكەتكە، دۇنياغا تونۇشتۇرۇلدى. ئەمدى ئۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى خەزىنىسىدە مەڭگۈ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان بولدى، مەن بىر كلاسسىك ئەدەبىيات خۇشتارى بولۇش سۈپىتىم بىلەن « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ خىزمىتىدىن ناھايىتى رازى. شۇنداقلا، مەن مۇنداق بىر تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن بۇ ۋاقىتقا قەدەر « بۇلاق » ژۇرنىلىغا بېسىلغان ئەسەرلەر تارىختا ئىجابىي رول ئوينىغان ئەسەرلەردىن ئىبارەت بولدى، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى دىنىي ئېقىملار جەڭناملار، تەسەۋۋۇپ ئەدەبىياتىغا دائىر خىلمۇ خىل ئەسەرلەرنى توپلاش ۋە نەشر قىلىش جەھەتتە بەكمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتۇق، « بۇلاق » ژۇرنىلى تەتقىقات خاراكتېردىكى ژۇرنال بولغاچقا، تارىختا سەلبىي تەسىر پەيدا قىلغان بەزى ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ـــ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇرەككەپ پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى، تارىخنى، ئىجتىمائىي مۇھىتىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن « بۇلاق » ژۇرنىلى كلاسسىك ئەسەرلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا « كونىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ مېغىزىنى قوبۇل قىلىش » پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا ئىشىكنى تېخىمۇ كەڭرەك ئېچىشى لازىم، شۇنداق بولغاندا بىزنىڭ تىل، تارىخ، پەلسەپە، ئېتنوگرافىيە ساھەلىرىدىكى تەتقىقاتىمىزنى يەنىمۇ مول ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولاتتى.

مەن ئابدۇقادىر سادىرنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات مىراسلىرىمىزنى قېزىش، توپلاش، رەتلەش جەريانىدىكى ئىش ـ ئىزلىرى، نەتىجىلىرىنى ئىگىلەش جەريانىدا شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىزنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات بايلىقىمىز پۈتمەس ـ تۈگىمەس خەزىنە، ئېقىپ تۈگىمەيدىغان بۇلاق، ئالدىمىزدا ئەنە شۇ بۇلاقنى تېخىمۇ چوڭقۇر قېزىپ، ئۇنىڭ راھەتبەخش سۈزۈك سۈيىدىن ئەۋلادلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى تېخىمۇ كۆپرەك قاندۇرۇش ۋەزىپىسى تۇرماقتا. بۇ ۋەزىپىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پېشقەدەملەرنى تېخىمۇ قەدىرلەش ۋە ئۇلارنىڭ رولىنى يەنىمۇ جارى قىلدۇرۇش مۇھىم. شۇنداقلا يەنە ئابدۇقادىر سادىردەك مول ھوسۇللۇق ياش تەتقىقاتچىلار ۋە ھەۋەسكارلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈش زۆرۈر.

مۇھەررىرى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت












**源泉**（布拉克）（维吾尔文）总50期

بۇلاق ( ئومۇمىي 50 - سان ) ( پەسىللىك ژۇرنال )

MAGAZINE OF BULAK

UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاپ سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1063/I
本刊代号：58－108定价：2.90元
ISSN 1005—0876/国外代号 Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
ۋەكالەت نومۇرى : 58—108 باھاسى : 2.90
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118


9 771005 087006 02>

ISSN 1005-0876

# بۇلاق

1995

BULAK






Loulan









# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

16-يىل نەشرى

ئومۇمىي 51-سان

1995

باش مۇھەررىر : ئوبۇل ئىسلام
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن




1995 - يىل 2 - سان

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


پەرھاد ـ شىرىن ........................................ ئۆمەر باقى يەركەندى ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ
گۇمنامىنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى ........................................ ( 47 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەسقەر ھۇسەيىن
مۇخەممەسلەر ........................................ ئىسمائىل مەھزۇن ( 99 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن ھۇشۇر
تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ھېكايىسىنىڭ
پارچىسى ........................................ ( 103 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئىسرائىل يۈسۈپ


### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن


ۋەسفى غەزەللىرى ........................................ ( 120 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن


### مەشھۇر شەرھلەر


ۋەسفى ۋە ئۇنىڭ « دىۋانى ۋەسفى » ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا ........................ ( 133 )
ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئىشلەشتىكى بەزى
يەڭگىلىكلەر ........................................ ( 136 )
........................................ ئەسقەر ھۇسەيىن
« قۇتادغۇبىلىك » نىڭ ئاساسىي قەھرىمانلارىنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە ........................
........................................ ۋالىرى مەخپىروۋ ( 150 )

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


مىنكۈن باتۇر ( داستان ) ................................................ ( 154 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : مويىدىن سايىت
يەتتە قارغۇ ( چۆچەك ) ................................................ ( 184 )
رەتلىگۈچى : ئابلىمىت مۇھەممەدى ئاقىپولى
ئەپسانىلەر ................................................ ( 191 )
رەتلىگۈچى : ئابدۇكېرىم راخمان
لەتىپىلەر ................................................ ( 193 )
رەتلىگۈچى : قاھار ئابدۇرېشىت
پۇچۇڭخان قوشاقلىرى ................................................ ( 195 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : ئابدۇساتتار ناسىرى


### بىزنىڭ تەتقىقاتچىلىرىمىز


تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى ئالىي تەتقىقاتچى ـ ئابدۇقەييۇم خوجا ............ئىلھام جاببار ( 202 )


* *


رەسسام : ئابلىمىت ئابلىز .

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .

كۆنچىك ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى .

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈنلۇڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : « دىۋانى ھافىز » ناملىق كىتابنىڭ ئىشلەنگەن قىستۇرما رەسىم .

رەسسام : مەنسۇر كارىگەر ھۈسەيىنى ( ئىران ) .

مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە : ئابدۇقەييۇم خوجىنىڭ ھايات ـ پائالىيەتلىرىدىن كۆرۈنۈشلەر .

مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە : ( يۇقىرىدا ) « دىۋانى گۇمنام » ناملىق كىتابنىڭ ئايرىم بەتلىرىدىن ئىشلەنگەن فوتو نۇسخا ؛ تۆۋەندە « مانى دىنى ھېكايىسى » ناملىق ئەسەرنىڭ ئايرىم بەتلىرىنىڭ فوتو سۈرىتى .

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : كۆچادىكى قىزىل مېھمانخانىدىن كۆرۈنۈشلەر .

ئابدۇلجېلىل تۇران كۈتۈپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# پەرھاد ـ شىرىن

ئۆمەر باقى ياركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى : چىن ۋىلايىتىدە بىر پادىشاھ ئۆتكەن ئىدى . ئۇنى خاقانى چىن دەپ ئاتىشاتتى . شانۇ شەۋكىتىنى تەرىپلەشكە تىل ئاجىز كېلەتتى . خەزىنە ـ دەپىنىسى قارۇننىڭكىدىن زىيادە ئىدى . لەشكەرلىرىنىڭ ھېسابى بىپايان قۇملاردىنمۇ ئارتۇق ئىدى . قول ئاستىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەربىرىدىن بىر تالدىن تېرىق باج ئالسىمۇ چوڭ بىر تولۇم توشاتتى . ئۇنىڭ شۇنچىلىك دۆلىتى بولغىنى بىلەن بىرمۇ ئوغلى يوق ئىدى . ئورنىنى باسقۇدەك بىرەر ئوغلى بولۇشىنى ناھايىتى بەك ئارزۇ قىلاتتى . «مەندىن بىر ئوغۇل پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىپ ، تەختىمگە ۋارىسلىق قىلسا ، بۇ يەرگە ياتلارنىڭ قەدىمى يەتمىسە ئىدى ... » دەپ تولىمۇ پەرىشان بولاتتى . شۇڭا ئۇ ھەقسۇبھانەھۇۋەتەئالادىن كېچە ـ كۈندۈز پەرزەنت تەلەپ قىلاتتى .

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشاھنىڭ دۇئاسى ئىجابەت بولۇپ ، ئايالى ھامىلدار بولدى . ھامىلىنىڭ ئاي ـ كۈنى توشقىچە قىلىنغان نەزىر ـ نىياز ۋە خەير ـ سەدىقىلەرنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق ئىدى . چىننىڭ گادايلىرى باي بولۇپ كەتتى . ئاخىرى خانىشنىڭ كۆزى يورىدى . تۇغۇلغان بوۋاق ئوغۇل بولۇپ ، ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئىشق ـ مۇھەببەت نۇرى يالتىراپ تۇراتتى . ئاتا ـ ئانىسى ھەققى ئەھۋالنى بىلمىگەچكە ئىنتايىن خۇشال ئىدى . ئۇلار بالىنىڭ بۆشۈك توينى قىلىپ مېھمان چاقىردى . چىن دۆلىتىنىڭ بارلىق خەلقلىرى ئۇلارنى مۇبارەكلەپ ، شاھزادىنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى چاچاتتى . بۇ بالىنىڭ جامالى قۇياشنىمۇ نۇرلۇق ئىدى . بەخت دۆلەت بۇ بالىغا باش قويغانىدى . تويدىن كېيىن چىننىڭ ئۆلىمالىرى يىغىلىپ شاھزادىنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ ئۇنىڭغا «پەرھاد» دەپ ئات قويۇشتى . بارلىق خالايىق مۇبارەكلىشىپ تويدىن تارقاشتى .

دانالار « پەرھاد » ( فرھاد ) دېگەن سۆزدىكى بەش ھەرپنى ، بەش ئىشقا

باشلايدۇ. «ق» نى قىراق، «ر» نى رەشك، «ھ» نى ئاھ، «ا» نى ئەلەم، «د» نى دەرد دېگەنگە ئىشارەت قىلغان، دەيدۇ.

خاقاننى پىچىن شاھزادىنى كۆڭۈل قويۇپ يەرۋىشى قىلىشقا باشلىدى. بالا تېزلا يۈشۈكتىن قايرىلدى. ئۇ ئۈچ ياشقىمۇ كى- رمەي قالدىكى، ئۇ چوچۇلۇك تىللىرى بىلەن سۆزلەيتتى. ئۇ شۇنداق سۆزلىرى بىلەن ئۇن ياشلىق بالىلارنىمۇ بېسىپ چۈشەتتى. خاقاننى چىن ئوغلىنىڭ زېھنىنىڭ بۇنداق ئۆتكۈرلۈكىگە خۇشال بولۇپ ئۇنى مەكتەپكە بەردى. مۇئەللىم شاھزادىگە ئەلىپ (ا) تىن ئۆگەتمەي، بە (ب) دىن باشلاپ تەلىم بەردى. شاھزادە ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئۇنىمىلىك بېرىلىپ كەتتىكى، بىر قېتىم ئاڭلىغان سۆزنى يەنە تەكرارلاش ھاجەتسىز ئىدى. بىر كۆرگىنى كۆڭلىگە نەقىش بولۇپ قالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى باشقىچىلا پەرىشان ئىدى. ئىشق ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ، جاننى كۆيدۈرىدىغان ۋە دىلنى ئۆرتەيدىغان ئاھلارنى چېكەتتى. ھەر قانداق بىر ئىش سەۋەبسىز بولمايدۇ. ھەتتا بارلىق پېشىللىقلارمۇ غازاڭ پەسلى كەلگەندە سار- غىيىپ توكۇلىدۇ. ھەركىمكە ئىشقتىن ئەسەر ۋە مۇھەببەت قەدەھىدىن شەۋەر يەتسە قانداقمۇ ھالى پەرىشان بولمىسۇن. شاھزادە پەرھادنىڭ پېشانىسىگە ئەزەلدىنلا ئىشق ئوتىغا سۆيۈنلا بولۇش يېزىلغاچقا، ھەمىشە پەرىشان ھالدا ئاھ ئۇرۇپ چېكەتتى. ئەقىل - پاراسەتتە ئۇ يىگىرمە ياشلىق بالىلارنىمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئىشق - مۇھەببەتنى كۆيۈشى - كۈنگە زىيادە بولۇ- ۋاتتى. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن ئۇستازى بۇنىڭدىن ھەيران بولاتتى. ئۇ ئىلىمدە تەڭداشسىز ئىدى. ئىلىم - ھېكمەتتە ئەفلاتۇندىن قېلىشمايتتى. ھەربىي ئىلىمدە دادىسىدىن تەلىم ئالغانىدى.

ئاتا - ئانىسى شاھزادىنىڭ پەرىشان ھالىغا قايغۇرۇشاتتى. ئۇنىڭغا بىرەر يامانلىق يۈزلەنمىگەي دەپ، بېشىدىن دۇررى - جاۋاھىرلارنى ئۆرۈپ چاچاتتى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى. ئەمما شاھزادە ئۆزىنى ھەممىدىن تۆۋەن تۇ- تاتتى. بۇ چاغدا شاھزادە ئەمدىلا ئون تۆت ياشقا كىرگەنىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئىشق - مۇھەببەت ئوتى يالقۇنلايتتى. خاقان ئوغلى- نىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، بارلىق ئەمىر ۋە ئۆلىمالارنى يىغدى. ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى.

— كاتتا قەسىردىن تۆتنى بىنا قىلايلى. ھەر بىر قەسىردە بىردىن چاھار باغ بولسۇن. ئۇ قەسىردە ئالتۇن كەمەرلىك غۇلاملار ۋە پەرىلەردەك گۈزەل كېنىزەكلەر تەل بولۇشى كېرەك. شاھزادە ئاشۇنداق نازىنىنلار بىلەن بىللە بولسا، تۆكۈلگەن غۇنچىلىرى قايتىدىن ئېچىلىدۇ. ئۇلار شاھزادىنى شاد - خۇرام قىلىپ سۆزگە كىرگۈزىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

خاقان بۇ مەسلىھەتنى توغرا تاپتى ۋە پۈتۈن خەلقنى يىغىپ:

— قول ئاستىمدىكى بارلىق نەققاشلار ۋە تاراشچىلار ھەممىسى جەم بو- لۇپ، ئىمارەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى.

تۆت نەپەر چوڭ ئالىمنى تۆت قە- سىرگە مەسئۇل قىلىپ تەيىنلىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە يۈز مىڭلىغان ھۈنەر-

لەرنى تاپشۇردى. بۇ قەسرلەرگە ياغاچنىڭ
ئورنىغا تاشلارنى ياغاچتەك يونۇپ قوي-
دۇردى. تاملارغا ئاجايىپ-غارايىپ
نەقىشلەرنى ئويدۇردى. لاينىڭ ئورنىدا گەج
ئىشلەتتى. ھەممە ئادەم ئىشقا مەشغۇل
بولدى. ئاندىن شاھزادىگە:

— سىزنىڭ سەيلە-تاماشا
قىلىشىڭىز ئۈچۈن دىلنى مەھلىيا قىلىدىغان
ئاجايىپ گۈزەل قەسىر ياسالدى...، —
دەپ، خەۋەر قىلدى. شاھزادە زور قىزىقىش
بىلەن پەلەك تۇلپارىغا مىنىپ، قەسرنى
تاماشا قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. شاھلار
خۇددى يۇلتۇزلار ئاينى ئەگەشكەندەك
شاھزادىنىڭ ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يېتىلىگە-
نىدى. ئۇلار بارلىق ھۈنەرۋەنلەرنىڭ
خىلمۇ-خىل نەقىشلەرنى ياسىغانلىقىنى
كۆردى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تاراشچىلارنىڭ
قېشىغا باردى. ئۇلار قاتتىق تاشلارنى
خۇددى سىرىق ماينى كەسكەندەك يونۇپ-
كېسەتتى. ئاردا بەزىلىرى تاشنى تولىمۇ
تەستە يونۇپ تاراشلايتتى. شاھزادە
ئۇستىلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا ھەيران
بولۇپ قاراپ تۇراتتى، ئۇلاردىن بىرى
دەرھال.تاشتىن بىر كۆرسى ياساپ ئۇنىڭغا
قويۇپ بەردى. شاھزادە ئورۇندۇقتا
ئولتۇرۇپ پۈتۈن ئەتراپقا نەزەر سالدى.
كۆردىكى، بۇ قەسىر باغى ئىرەمدىن دېرەك
بېرەتتى، ياكى جەننەت باغلىرىنىڭ ئۆز
ئەينى ئىدى. شۇنداق ئالاھىدە ۋە يېگىچە
قىلىپ ياسالغانىدى. شاھزادە بۇ ئىشلارغا
تولىمۇ ھەيران بولدى ۋە ئۇستىلارنى ئالدىغا
چاقىرىپ ئۇلاردىن، قانداق قىلىپ قاتتىق
تاشلارنى يۇمشىتىپ يونۇۋاتقانلىقىنى
سورىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قارۇن ئىسىم-
لىك بىر تاشچى بار ئىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ
شاھزادىگە دۇئا قىلغاندىن كېيىن مۇنداق
دېدى:

— بۇ كەكىنىڭ تاشقا ئۆتۈشىدىكى
سەۋەب ئۇنى سۇغىرىشتىندۇر.

— بۇ ھۈنەرنى كىم بىلىدۇ؟ —
دەپ سورىدى شاھزادە.

— مەن بىلىمەن، — دېدى قارۇن.

شاھزادە بۇ ھۈنەرنى ئۆگىنىشكە قى-
زىقىپ قالدى. كۈن ئولتۇرۇپ كەچ بولغاندا
شاھزادە ئوردىغا قايتتى. ئەمما كېچىچە
ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى
بىلەنلا يەنە قۇرۇلۇش مەيدانىغا باردى. ئۇ
بىر تۆمۈرچىنى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا:

— ئەي ئۇستام، ماڭا بىر كەكە يا-
ساپ بەرگىن، — دېدى.

تۆمۈرچى دەرھال بىر كەكىنى
ياساپ شاھزادىگە ئەكىلىپ بەردى. شاھزادە
قارۇننى چاقىرىپ:

— بۇ كەكىنى سۇغارغىن، —
دېدى، قارۇن باشقىلارغا كۆرسەتمەي،
مەخپىي ھالدا كەكىنى سۇغاردى. شاھزادە
بۇ ھۈنەرنى قارۇندىن تەپسىلىي
ئۆگىنىۋالدى. ئۇ كەكىنى ئېلىپ تاشقا چاپ-
قانىدى، خۇددى مۇمنى كەسكەندەك
كەستى. شاھزادە قارۇنغا نۇرغۇن ئىنئام بې-
رىپ ئۇنى باياشاد قىلدى. ئۆزى ھەر كۈنى
تاماشا قىلغاچ ئىش ئورنىغا كېلىپ، ئۆز-
دىكى قايغۇلارنى نېرى قىلىش ئۈچۈن تاش
يونۇشقا كىرىشىپ كېتەتتى. قارۇن باشچى-
لىقىدىكى بارلىق تاشچىلار پەرھادنىڭ
مۇنداق زور غەيرىتىگە تەھسىن-ئاپىرىنلار

ئېيتتى .

شۇنداق قىلىپ بۇ قەسرلەر تۆت يىلدا پۈتۈپ، قۇرۇلۇش تاماملاندى . گويا جەننەتتىن نىشان بېرىپ تۇرىدىغان بۇ قەسرلەر رەڭگارەڭ نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەندى . خاقان بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ قۇرۇلۇش پۈتكەنلىكىنى تەبرىكلىدى . پۈتۈن قۇرۇلۇشنى قىرىق كۈندە ئاران ئايلىنىپ كۆرۈپ چىقتى . بۇ چاغدا شۇنداق توي - تاماشا بولدىكى، كۈمۈش تەنلىك ساقىلار نازاكەت بىلەن پىيالىلەرنى ئايلاندۇراتتى . ئاجايىپ قىزىقارلىق ئويۇن - تاماشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ، شاھزادىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى . ئەمما ئۇنىڭ غەمكىن كۆڭلى ھەرگىز ئېچىلمايتتى . ئۇ كۆرۈنۈشتە كۆپچىلىك بىلەن بىللە كۆڭۈل ئېچىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دەرد - ئەلەم ۋە غەم - غۇسسىدىن بىردەم خالىي بولالمايتتى، قىرىق كۈن بەزمە - مەشرەپ بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ھۈنەرۋەن ئۇستىلارغا ھەددىدىن زىيادە ئىنئام ۋە ئېھسانلار قىلدى . ھەممە ئادەم تارقاپ كەتكەندىن كېيىن شاھزادە ئۆز مەھرەملىرى بىلەنلا قالدى . پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن پات - پات بۇ چاھار باغقا كېلىپ تۇراتتى . باغدىكى ئېرىقلارنىڭ لەۋلىرىنى ئالتۇن ۋە كۈمۈش خىشلار بىلەن ياساتتى . ئېرىقتىكى ئۈششاق تاشلارنىڭ ئورنىغا لەئل - مارجان، فىرۇزىلارنى قويدۇردى . ئەمما شاھزادە ئۇلارنى شېغىل تاشچىلىكمۇ كۆرمەيتتى . ئاردىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتتى، كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى . باغدىكى دەل - دەرەخلەر غازاڭ تۆكتى . مېۋىلەر پىشىپ تۆكۈلدى . شاھزادىنىڭ چېھرىسىمۇ غازاڭدەك سارغايدى، ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا خاتىرجەم ئەمەس ئىدى . خاقان تەقدىرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېسابلاشماي نۇرغۇن ھىيلە - تەدبىرلەرنى ئىشلىتىپ باقتى . لېكىن ئۇ تەدبىرلەرنىڭ بىرسىمۇ كارغا كەلمىدى . شۇ سەۋەبتىن خاقان بەك قايغۇراتتى .

— بىر ئامال تېپىڭلار ! ئوغلۇم كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا مېنىڭ تەختى - بەختىمنى قولىغا ئالغاي، — دېدى ئۇ دۆلەت ئەركانلىرىنى يىغىپ . ئۇلىما ۋە ھۆكۈمالار ئىشق - مۇھەببەتتىن سۆز ئاچسا شاھزادىگە باشقىچە تەسىر قىلاتتى . ئۇلار ھەممىسى تارقاشقاندىن كېيىن خاقان شاھزادىگە نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى :

— تەڭرىتەئالا مېنى ئۆز شەپقىتى بىلەن پۈتۈن چىن ۋىلايىتىگە پادىشاھ قىلدى . ھەممە پادىشاھلاردىن يۇقىرى مەرتىۋە بەردى . بارچە خەلقنى مېنىڭ پەرمانىمدا قىلدى . تەڭرىمنىڭ دەرگاھىغا سېغىنىپ، تەلەپ قىلىۋېدىم، قابىل بىر پەرزەنتنى ئاتا قىلدى . ئۇنىڭ ئۈچۈن تۈمەن مىڭ شۈكرىلەر كەلتۈردۈم . ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرىغا يەتتى . ئەي ئوغلۇم، سەنمۇ كامالەتكە يەتتىڭ . ھەر كىمدە ئىلىم بولسا، لېكىن ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسا، نېمە پايدىسى ؟ بىر ئادەمنىڭ بىلىكىدە كۈچى بولسا لېكىن دەل ۋاقتىدا كارغا كەلمىسە ئۇنىڭدىن نېمە پايدا ؟ ئەگەر پادىشاھ بولۇپ تەختى - بەختىنىڭ ئۇستىدە ئولتۇرسىمۇ، خەلققە پايدىلىق ئىش قىلىپ، ئۇلارنى رازى قىلالمىسا ئۇنىڭغا پادىشاھلىقنىڭ نېمە

كېرىكى؟ مېنىڭ خۇشاللىقىم شۇكى، كۈن ئولتۇرۇپ جاھان قاراڭغۇ بولغاندا ئاي چىقسا نېمە غەم؟ مېنىڭدەك پادىشاھنىڭ سېنىڭدەك قابىل ئوغلى تۇرۇقلۇق ئۆزىنىڭ قېرىلىقىدىن نېمىشقا غەم يېسۇن. مېنىڭ ئارمانىم شۇكى، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا تەختىمگە ئولتۇرۇپ، مەملىكەت ئىشلىرىنى قولۇڭغا ئال. مەن تائەت ـ ئىبادەت قىلىپ خاتىرجەم ياتاي. بىلمىگىنىڭنى ئۆگىتىپ، جاھاندارلىقنىڭ رەسىم ـ قائىدىلىرىدىن تەلىم بېرەي، — دېدى.

پەرھاد ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى ۋە يەر سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، بۇزرۇگۋار ئاتا، راست ئېيتىسىز. بۇ سۆزلىرىڭىزگە قوشۇلىمەن. ئەمما ئۆمۈرگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. ئۆلۈم ياش ـ قېرىغا باقمايدۇ. كىمگە نۆۋەت كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆز تىغىنى ئۇرىدۇ. چىمەنزارلىقتا خىلمۇ خىل گىياھلار ئۈنىدۇ. ئەمما ئۇلار ناھايىتى تېزلا قۇرۇپ تۈگەيدۇ. بەزى دەرەخلەر باركى، ئۇلار مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرىدۇ. ئاجايىپ چىرايلىق گۈللەر ئېچىلىدۇ. لېكىن گۈل مەۋسۇمى بەكمۇ قىسقا. خۇدانىڭ تەقدىرى ياش ـ قېرىغا باقماس. مەن تېخى جاھاندارلىقنىڭ قانۇن ـ قائىدىلىرىنى بىلمەيمەن. ماڭا بىر مەزگىل مۆھلەت بەرسىڭىز، ھەمىشە خىزمىتىڭىزدە بولۇپ ھەزرىتىڭىزدىن تەلىم ئالاي. ئاندىن كېيىن پەرمانىڭىزنى ئورۇنداي، — دەپ مۆھلەت تىلىدى. خاقان خۇشاللاندى ۋە شاھزادىگە ئامراقلىقى كەلدى. ئۇنىڭغا بىر يىللىق مۆھلەت بەردى.

**شاھزادە پەرھادنىڭ ئىسكەندەر ئەينىكىدە شىرىننى كۆرۈپ ئاشىق بولغانلىقى**

رىۋايەتچىلەر مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: كۈنلەردىن بىر كۈنى خاقانى چىن پەرھادنى خەزىنىگە ئېلىپ كىرىپ بارلىق ئاجايىباتلارنى تاماشا قىلدۇردى. مال دۇنيانىڭ ھېسابىنى بىلگىلى بولمايتتى. شاھزادە ھەيران بولۇپ ئايلىنىپ يۈرەتتى، تۇيۇقسىز بىر ساندۇقنى كۆرۈپ قالدى. ساندۇق ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. پەرھاد ئاتىسىدىن بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى سورىدى. پادىشاھ ئوغلىغا ئاددىيلا قىلىپ چۈشەندۈردى. شاھزادە: «بۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە چوقۇم ئاجايىپ نەرسىلەر بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ۋە ساندۇقنى ئېچىپ كۆرۈپ بېقىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى، پادىشاھ دېدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، بۇنىڭ ئاچقۇچى يوق. ھازىرغىچە ھېچكىم بۇ ساندۇقنى ئېچىپ باققان ئەمەس، — دەپ ئۇنىمىدى. شاھزادە قايىل بولماي تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئامالسىز ئاچقۇچنى بەردى. پەرھاد ساندۇقنى ئېچىپ بىر ئەينەكنى كۆردى. بۇ ئەينەكنى ھەزرىتى ئىسكەندەر ئەفلاتۇن باشلىق بارلىق ھۆكۈمالارنى يىغىپ بۇ ساندۇققا مەھكەم بەنت قىلغانىدى ۋە بۇ ئەينەك كېيىنكى ئەۋلادلارغا يادىكار بولۇپ قالسۇن، دەپ نەسىھەت قىلغانىدى. بۇ ئەينەككە قارىسا پۈتۈن ئالەم كۆز ئالدىدا نامايان بولاتتى. ئەينەككە قارىغان ئادەم ئۆز تەقدىرىگە نېمىلەر پۈتۈلگەنلىكىنى، كەل-

گۇسىدە نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى
بىلىۋالاتتى . شاھزادە تەقەززالىق بىلەن ئەي-
نەكنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى .
ئەينەكتىن يونان شەھىرى كۆرۈندى . شە-
ھەرنىڭ شىمال تەرىپىدە بىر چوڭ تاغ
تۇراتتى . تاغقا قاراپ ماڭسا ، تاغقا يېتىپ
بېرىشقا ئۈچ پەرسەڭ يول قالغاندا ئۈچ ئاپەت
تۇراتتى . ئۇلار ــ غازدىكى ئەجدىھا ، ئىنتا-
يىن زور دىۋە ھەم ئاجايىپ تىلسىمدىن
ئىبارەت ئىدى . ئۇلاردىن ئۆتسە ئاندىن تاغقا
يېتىپ بارغىلى بولاتتى . ئۇ تاغدا بىر غار بار
بولۇپ ، غاردا سوقرات ئاتلىق بىر ھۆكۈما بار
ئىدى . «ئەگەر ئۇ ئەۋلىيا ھايات بولسا ئۇنىڭ
دۇئاسىنى ئېلىش كېرەك . ئەگەر بۇ پانىي
ئالەمدىن ھاياتلىق رىشتىسى ئۈزۈلگەن بولسا
ئۇنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش كېرەك ، شۇ
چاغدا سۇقرات ھەكىم شۇ يەردە پەيدا بو-
لۇر » دېگەن سۆزلەر ئەينەكتە زاھىر بولدى .
شاھزادە ئۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ھەيرانۇ
سەرگەردان بولۇپ غەزنىدىن چىقتى . ئۇ-
نىڭ كۆڭلىگە بۇ ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى
بىلىپ بېقىش ھەۋىسى چۈشتى . شۇندىن
باشلاپ ئۇ پەقەت ئارام ئالالمىدى .
شاھزادىنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن پادىشاھ
تىت ــ تىت بولۇپ ، بۇنىڭغا ئامال ئىزدەشكە
تۇتۇندى .

ــ بۇ شەھەرنىڭ نېرىسىدا بىر تاغ
بار . تاغدا سۇھەيلا ھەكىم ئاتلىق بىر
ھۆكۈما بار . بۇ ئىشنى شۇ بىلىدۇ . بارايلى
دېسىلە بىز باشلاپ بارىمىز ، ــ دېيىشتى
كۆپچىلىك .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پادىشاھ خۇشال
بولدى . شاھزادىنى ئېلىپ ، ئەمىرلەر بىلەن
بىللە يولغا چىقتى . بىر مۇنچە يول يۈرۈپ
تاغ باغرىغا يېقىنلاشتى . پادىشاھ ئەمىرلەر
بىلەن تاغ باغرىدا قاپقالدى . ھۆكۈمالار
غارغا كىرىپ خاقاننىڭ كەلگەنلىكىنى
سۇھەيلا ھەكىمگە خەۋەر قىلدى . سۇھەيلا
ھەكىمنىڭ ئىجازىتى بىلەن پادىشاھ
شاھزادىنى ئېلىپ غارغا كىردى ۋە سۇھەيلا
ھەكىمگە سالام قىلدى . سۇھەيلا ھەكىم
ئۇلارنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى
مېھرىبانلىق بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە نېمە
ھاجەت بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى
سورىدى . پادىشاھ شاھزادىنىڭ ئىسكەندەر
ئەينىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا مەھكەم باغلىنىپ
قالغانلىقى ، ئۇنىڭ ئەركىنلىكى قولدىن
كەتكەنلىك ۋەقەسىنى سۆزلەپ بەردى .

ــ ئېتىڭ پەرھادمۇ ؟ ــ دەپ سو-
رىدى سۇھەيلا ھەكىم .

ــ شۇنداق ، ــ دېدى پەرھاد .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان سۇھەيلا ھەكىم
بىر ياقتىن خۇشال بولسا ، يەنە بىر ياقتىن
پەرىشان بولۇپ مۇنداق دېدى :

ــ جاماس ماڭا مۇنداق بىر پارچە
نامە قالدۇرغانىدى . ئۇنىڭغا مۇنۇ سۆزلەر
يېزىلغان : «سۇھەيلاغە دۇئادىن كېيىن
دېمەكچى بولغان سۆزۈم بۇكى ، مىڭ يىل-
دىن كېيىن چىن ۋىلايىتىدە پەرھاد ئاتلىق
بىر شاھزادە ۋۇجۇدقا كېلىدۇ . ئۇ خاتىنىڭ
غەزىنىسىدىكى ئىسكەندەر ئەينىكىنى
كۆرۈپ ، ئۇنىڭ مەنىسىنى سوقراتتىن باشقا
ھېچكىم بىلمەيدىغانلىقىنى ئاڭلايدۇ .
ئاخىرى ئۇ سوقراتنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن
يولغا چىقىدۇ . يولدا ئۇ ئۈچ تۈرلۈك خە-
تەرگە يولۇقىدۇ . ئۇنىڭ بىرىنچىسى

ئەجدىھا، ئىككىنچىسى دىۋە، ئۈچىنچىسى تىلسىمدۇر. ئۇ بۇ ئاپەتلەردىن قانداق ئۆتۈشنىڭ ئىلاجىنى تاپالماي سۇھەيلانىڭ قېشىغا بارىدۇ. سۇھەيلا ئۇنىڭغا يول كۆرسەتسۇن.»

جاماس خەتكە يۇقىرىدىكىلەرنى يازغانىدى. مەن بۇ خەتنى ساقلىغىلى توپتوغرا يۈز يىل بولدى. شۇندىن بۇيان چىن ۋىلايىتىنىڭ يولىغا ئىنتىزار ئىدىم. خۇداغا شۈكرى ئاخىرى سىنى كۆردۈم، — دەپ مېھرىبانلىق بىلەن پەرھادنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويىدى. ئاندىن ئۇ يەنە:

— يۇنان شەھرىگە بارساڭ ئوڭ قول تەرەپتە بىر تاغ بار. ئەنە شۇ تاغقا يېتىپ بېرىشقا ئۈچ پەرسەڭ قالغاندا بىر ئەجدىھا بار. ئۇ ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئالەمنى قاپلايدۇ. ھەرقانداق نەرسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن سەن ئۇ ئەجدىھانى ئۆلتۈرىسەن. ئۇ ئەجدىھانىڭ ماكانىدا ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق بار. سەن ئۇ مال ـ دۇنيانى ئېلىپ خاقانغا بەرگىن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر قىلىچ بىلەن بىر سىپەر بار. سەن ئۇلارنى ئېلىپ دىۋىگە تاقابىل تۇرغىن. قىلىچ بىلەن دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەڭگۈشتەرنى ئالغىن. دىۋىنىڭ بويىندا بىر تەخت بار. بارلىق تىلسىمنىڭ تەدبىرى ئۇنىڭغا نەقشلەنگەن. ئۇنىڭغا قاراپ ئىش قىلساڭ، تىلسىملار يېشىلىدۇ. ئاندىن جەمشىدنىڭ جامىنى قولۇڭغا ئالىسەن. شۇنىڭدىن كېيىن سوقراتنىڭ قېشىغا يېتىپ بارىسەن. ئۇ ساڭا ئەينەكنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىدۇ، — دېدى ۋە غارغا كىرىپ بىر قاچىنى ئېلىپ چىقىپ پەرھادقا بەردى. ئۇ يەنە:

— بۇ قاچىدىكى سەمەندەر يېغى. مەن بۇنى نەچچە يىللاردىن بۇيان سەن ئۈچۈن يىغىپ، تەييارلاپ قويغانىدىم. ئەجدىھا بىلەن تۇتۇشقان چېغىڭدا بۇ ياغدا پۈتۈن بەدىنىڭنى ياغلىۋالساڭ، ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن چىققان ئوت ساڭا تەسىر قىلمايدۇ. بۇنى سۈرتمىسەڭ چوقۇم ھالاك بولىسەن. ئەمدى بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىشىشكە رۇخسەت يوق ... ، — دەپلا جان تەسلىم قىلدى. قاراپ تۇرغانلار ھەممىسى ھەيران قېلىشتى، ئۇلار سۇھەيلانىڭ ھازىسىنى ئېچىپ شۇنداق يىغلاشتىكى، كۆز ياشلىرى دەريا ـ دەريا بولۇپ ئاقتى. ئۇلارنىڭ نالىسىگە چىدىماي ھاۋادىكى قۇشلارمۇ يىغلاشتى. ئاخىرى جامائەت سۇھەيلا ھەكىمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ غارغا دەپنە قىلدى. بۇ ئىشلارنى تۈگەتكەندىن كېيىن خاقان باشلىق ھەممە لەشكەر يۇنان تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. دەشت ـ باياۋانلارنى بېسىپ بىر مۇنچە يول يۈرۈپ ئاخىرى سۇھەيلا ئېيتقان ھېلىقى تاغقا يېتىپ باردى. خاقان تاغنىڭ ئېتىكىدە قالدى. پەرھاد سەمەندەر يېغىدا پۈتۈن بەدىنىنى ياغلاپ، ئاتىسىدىن دۇئا ئېلىپ تاغقا قاراپ ماڭدى. خاقان ئوغلىنىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىيالماي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. تاغدىكى غاردىن ئوتنىڭ ئۇچقۇنلىرى چىقىپ تۇراتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشتى. ئەمما بۇ ئوت سەمەندەر يېغىنىڭ خاسىيىتىدىن پەر-

هادقا تەسىر قىلمىدى . ئامالسىزلىقتىن
لەشكەرلەر توختاپ قېلىشتى . پەرھاد بولسا
پېشىنى بېلىگە قىستۇرۇپ ، شىردەك ئېتىلىپ
ئەجدىھاغا يېقىنلاشتى . ئەجدىھا ئۇنىڭ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇددى ھاۋا
گۈلدۈرلىگەندەك گۈركىرەپ ، ئاغزىدىن
ئوتلارنى چېچىپ پەرھادقا ئۇدۇل كەلدى .
گويا ئالەمنى ئوت ئالغاندەك بولدى . ئەمما بۇ
ئوت پەرھادقا قىلچە كار قىلمىدى .
شۇنداقتىمۇ پەرھاد ئۇ ئەجدىھانىڭ بەدەن —
ئەزالىرىنى كۆرۈپ تېنىگە تىترەك ئۇلاشتى .
تولىمۇ قورقتى . ئاخىرى پەرھاد تەڭرىتائالا-
نىڭ قۇدرىتىگە سېغىنىپ مۇناجات قىلغان
ھالدا قولىغا ئوقياسىنى ئېلىپ ئەجدىھاغا يې-
قىنلاشتى . ئەجدىھا دوزاقنىڭ ئىشكىدەك
ئاغزىنى ئېچىپ پەرھادقا ئېتىلدى . بۇ چاغدا
پەرھاد ئوقيا بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىتىپ
شۇنداق ئوق ئۈزدىكى ئەجدىھانىڭ تېنى
گويا غەلۋىردەك ھۆتمە — تۆشۈك بولدى .
ئەجدىھا ھەيۋەت بىلەن يەرگە يىقىلدى . ئۇ
خۇددى قوينىڭ ئۈچەيلىرىنى ئوتقا
سالغاندەك تولغىناتتى . ئاخىرى ئەجدىھا
ئۆلدى . پەرھاد تەڭرىتائالاغا شۈكرى —
سانالار ئېيتىپ غارغا قاراپ ماڭدى . غارغا
كىرىپ ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر تاشقا كۆزى
چۈشتى . ئۇ تاشقا مۇنۇلار يېزىلغانىدى : «
ھەركىم ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بۇ ئەجدىھانى
ئۆلتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ ماڭسا ، بۇ يەردە
مىسنىڭ پاتمان ئالتۇن باردۇر . گويا
رۇستەمنىڭ ساقىسىدەك يۇملاق تۇرغان
تاشنى بىرلا كۈچەپ ئورنىدىن قوزغاتسا ،
تاشنىڭ ئاستىدا ئەدەدسىز خەزىنە بار . ئۇ-
نىڭ ھېسابىنى ھېسابلاشقا ھەرقانداق ئالىم ،
ھۆكۈمالارمۇ ئاجىز كېلىدۇ . بۇ فەرىدۇن
دېگەن پادىشاھنىڭ خەزىنىسىدۇر . ئۇنىڭ
ئىچىدە ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسىلەر بار .
خەزىنىنىڭ تۆرىسىدە بىر ئايۋان بار . ئۇ
ئايۋاندا بىر تەخت بار . ئەنە شۇ ئالتۇن
تەختنىڭ ئۈستىدە بىر شەمشەر بىلەن بىر
سىپەر بار . ئەجدىھانى ئۆلتۈرگەن ئادەمنىڭ
مۇكاپاتى ئەنە شۇدۇر . شەمشەر بىلەن
سىپەرنىڭ خاسىيىتى شۇكى ، شەمشەرنى
قولىغا ئېلىپ ، سىپەرنى بېشىغا تۇتۇپ ئوت
دەرياسىغا كىرسىمۇ ، يۈزمىڭ دىۋىگە غالىپ
كېلىدۇ . سىپەرنىڭ قوبىسىدا ئىسمى ئەزەم
بار . دۈشمەن ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزەل-
مەيدۇ . »

تاشقا ئويۇلغان خەتنىڭ مەزمۇنى
بويىچە پەرھاد ئۇ تاشنى تاپتى. تاشنىڭ
ئەتراپىنى كولاپ ، تەڭرىنى ياد ئېتىپ
تۇرۇپ كۈچىدى . خۇددى دىۋىلەر تاغلارنى
قومۇرغاندەك ، ھېلىقى تاشنى قومۇرۇپ ئې-
لىپ يۈز پەرسەڭ يىراقلىققا ئىرغىتىپ
تاشلىدى . تاشنىڭ ئاستىدىكى خەزىنىنى
جاپا تارتمايلا ئېلىپ خاقاننىڭ
لەشكەرلىرىگە بەردى . بارلىق چىن لەشكەر-
لىرى ئالتۇن — كۈمۈشنى قاچىلاشقا قاچا
تاپالماي قېلىشتى . شاھزادە ئايۋاننىڭ تۆ-
رىسىدىكى تەختنى ئىزدەپ تاپتى . قارىسا
تەختنىڭ ئۈستىدە بىر شەمشەر بىلەن بىر
سىپەر تۇرۇپتۇ . ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ
ئۇلارنى ئېلىپ چىقتى. ئاندىن تەڭرىتائالاغا
شۈكرى — سانالار ئېيتتى . شەمشەر بىلەن
سىپەرنى قولىغا ئېلىپ دىۋە تەرەپكە قاراپ
يول ئالدى .

شاھزادە دىۋىنىڭ ماكانىغا

يېقىنلاشتى. دىۋە ئادەمزادنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ھەيۋەت بىلەن غاردىن چىقتى. ئۇ تاغدىن تاشلارنى قومۇرۇپ پەرھادنىڭ بېشىغا تاشلايتتى. دىۋە پەرھادنى زادىلا يېقىن كەلتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى. پەرھاد مىڭبىر مۇشەققەتتە سىپەرنى بېشىغا تۇتتى. ئاسمان – زېمىن لەرزىگە كەلدى. سىپەر بىلەن تاشنىڭ ئارىسىدىن چىققان ئوتلار ئاسمانغا تۇتاشتى. دىۋە يەنە بىر قېتىمدا ناھايىتى چوڭ بىر تاغنى قومۇرۇپ پەرھادنىڭ بېشىغا تاشلىدى. پەرھاد دەرھال ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۆزىگە دەم سالدى. دىۋە شۇ زامان يىقىلدى. پەرھاد شەمشەر بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، دىۋە دوزاخقا راۋان بولدى. شۇندىن كېيىن شاھزادە دىۋىنىڭ قەسرىگە كىردى. ئۇ يەردىكى ھەددى – ھېسابسىز خەزىنە ۋە ئاجايىپ – غارايىپلارنى كۆردى. شۇ ئارىدا پەرھاد بىر ئۆينى كۆرۈپ قېلىپ ئۆينىڭ ئىچىگە يېقىن باردى، ئىشىك قۇلۇپلاغلىق ئىدى. ناھايىتى تەسلىكتە ئىشىكتىكى قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. شاھزادە يۇقىرىغا قارىدى. تورۇستا ياقۇتتىن ياسالغان بىر قەندىل ئېسىقلىق تۇراتتى. قەندىلنى ئېلىپ قارىسا ئۇنىڭغا: «بۇنىڭدا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرى باردۇر. ھەركىم دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ، بۇ قەندىلنى قولىغا ئالسا، ئەڭگۈشتەرنى تاپالايدۇ. ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئالغان كىشىگە سوقراتنىڭ تىلسىملىرى ئېچىلىدۇ.» دېگەن سۆزلەر نەقىشلەنگەن ئىدى.

پەرھاد ئەڭگۈشتەرنى تېپىۋېلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇنى كۆزلىرىگە سۈرتتى. ئاندىن ئەڭگۈشتەرنى خان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. خاقان ۋە خانىش ئوغلىنىڭ سالامەت قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ شاد – خۇراملىققا چۆمدى. شاھزادە خاقان باشلىق بارلىق لەشكەرلەرنى باشلاپ دىۋىنىڭ ماكانىغا ئېلىپ كىردى. ئۇلارغا ئۇ يەردىكى خەزىنىلەرنى ئۈلەشتۈرۈپ بەردى. ھەممەيلەن يېتىپ – ئاشقۇدەك بايلىققا ئېرىشىپ، خۇرسەن بولۇشتى. شاھزادە سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭگۈشتىرىنى قولىغا ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ تىلسىملىرىنى يېشىش ئۈچۈن يولغا راۋان بولدى.

ئۇلار بىر نەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندىن كېيىن بىر كۆكلەمزارلىققا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر قۇدۇق بار ئىدى. شاھزادە قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ غۇسلى تاھارەت قىلىپ، ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن تەڭرىگە شۈكرى – سانا ئېيتىپ ناماز ئوقۇدى. پەرھاد سەجدىگە باش قويدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قېشىدا يېشىل كىيىملىك نۇرانە يۈزلۈك بىر مويسىپىت پەيدا بولدى. پەرھاد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا سالام قىلدى. بوۋاي سالامنى ئىلىك ئېلىپ:

— مەن خىزىردۇرمەن، — دەپ ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى ۋە:

— ئىسكەندەر بىلەن ئىككىمىز ھاياتلىق سۈيىنى ئىزدەپ زۇلمەتكە كىردۇق. ئابى ھايات ماڭا نېسىپ بولدى. ئىسكەندەر قايتىپ چىقىپ تىلسىماتقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ باغلىغان تىلسىملارنى مەن يېشەلەيمەن.

ئالدىڭدىكى يوللاردا ئىسكەندەرنىڭ
تىلسىملىرى ناھايىتى كۆپ . مەن ساڭا يار-
دەمدە بولىمەن ، — دېگەن سۆزلەرنى بايان
قىلدى . ئۇ يەنە :

— مۇشۇ يول بىلەن ئۇدۇل ماڭغىن .
باسقان قەدىمىڭنى ساناپ ماڭساڭ ئون
ئىككى مىڭ قەدەم ماڭىسەن . شۇ چاغدا بىر
قورغاننى كۆرىسەن . ئۇ يەرنىڭ تاشلىرى
شەمشەردىنمۇ ئىتتىك . ئەگەر قەدىمىڭ
يولنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتسە تاشلار ئا-
ياغلىرىڭنى كېسىپ ، پارە ـ پارە قىلىۋېتىدۇ .
ئون بىرمىڭ قەدەمدە بىر دەرۋازا بار .
دەرۋازىلاردا بىردىن شىر بار . شىرنىڭ ئاغ-
زىنىڭ چوڭلۇقى دەرۋازا بىلەن تەڭ
كېلىدۇ . دەرۋازىغا يېقىن بارساڭ شىر ساڭا
خىرىس قىلىدۇ . شۇ چاغدا سەن
ئەڭگۈشتەرنى شىرنىڭ ئاغزىغا تاشلىساڭ
شىر ئۆلىدۇ . ئەڭگۈشتەرنى دەرھال ئېلىۋال .
لېكىن ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇشتىن ھەرگىز
توختاپ قالمىغىن . ئاندىن يەنە مىڭ قەدەم
ماڭساڭ ھېلىقى قورغانغا يېتىپ بارىسەن . ئۇ
يەردە بىر دەرۋازا كۆرۈنىدۇ . دەرۋازىنىڭ
يېنىدا بىر تەخت بار . سەن ئاشۇ تەختكە
چىقىپ ئولتۇرغىن . شۇ چاغدا دەرۋازا
ئېچىلىپ ئىچىدىن قولىغا تۆمۈر ئوقيا تۇتقان
ئادەملەرنىڭ ھەيكىلى چىقىدۇ . ئوتتۇرىدىكى
ھەيكەلنىڭ كۆكسىدە بىر ئەينەك بار بولۇپ ،
ئالەمنى يورۇتۇپ تۇرىدۇ . سەن دەرھال
ئاشۇ ئەينەككە قارىتىپ ئوق ئۈز . ئەگەر
ئوقۇڭ دەل تەگسە ئەتراپتىكى ھەيكەللەرنىڭ
ھەممىسى يىقىلىدۇ . مۇبادا تەگمەي قالسا
ئۇلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ . سەن چوقۇم ئوقنى
ئەينەككە دەل تەگكۈزگىن . تىلسىملار شۇ
چاغدا يېشىلىدۇ ، — دەپ تەلىم بەردى .

پەرھاد شاد ـ خۇرام بولۇپ يولغا
چۈشتى . ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇشتىن ھەرگىز
توختاپ قالمىدى . ماڭا ـ ماڭا ھېلىقى
دەرۋازىغا يېتىپ بېرىپ ، شىرنى كۆردى .
ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئەڭگۈشتەرنى
شىرنىڭ ئاغزىغا تاشلىدى . شىر دەرھال يو-
قالدى . شاھزادە ئەڭگۈشتەرنى قولىغا ئېلىپ
دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى تەختكە چىقىپ
ئولتۇردى . بۇ چاغدا خىزىر ئەلەيھىسسالام
دېگەندىنمۇ ئارتۇقراق ئاۋازلار ئاڭلاندى ۋە
شۇ زامان دەرۋازىدىن قوللىرىدىكى ئوقيال-
رىنى بەتلەپ تۇرغان ھەيكەللەر چىقتى .
شاھزادە كۆردىكى ئوتتۇرىدىكى ھەيكەلنىڭ
مەيدىسىدىكى ئەينەكتىن نۇر چاقناپ تۇ-
رۇپتۇ . پەرھاد ئوقياسى بىلەن شۇنداق
ئاتتىكى ، گويا مەشۇقنىڭ ئوقى ئاشىقنىڭ
يۈرىكىگە ئۆتكەندەك دەل تەگدى . بارلىق
ھەيكەللەر تەڭلا يىقىلىپ چۈشتى . شاھزادە
تەڭرىتائالاغا ھەمدۇ سانالار ئېيتىپ قورغانغا
كىردى . قورغاندا ئاجايىپ ـ غارايىپ مال ـ
دۇنيالار ھېسابسىز كۆپ ئىدى . ئىسكەندەر
زۇلقەرنەيىننىڭ جاھاننى سورىغاندا يىغقان
مال ـ مۈلكى مۇشۇ يەردە ئىدى . بۇلارنى
پۈتۈنلەي تىلسىم بىلەن بەنت قىلىۋەتكە-
نىدى . قورغاننىڭ بۇرجىكىدە بىر
ھەشەمەتلىك ئىشىك كۆرۈندى . پەرھاد
ئىشىكنى ئېچىپ ئىچكىرى كىردى . ئۇ يەردە
جەمشىدنىڭ جامى بار ئىدى . ئۇ
جامدىن بارلىق يوشۇرۇن نەرسىلەرنى
روشەن كۆرگىلى بولاتتى . ھەتتا
ئالەمنىڭ سىرتىدىكى ۋە توققۇز
پەلەكنىڭ ئاجايىپ ـ غارايىپلىرى

ئاشكارا بولاتتى. پەرهاد بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تاماشا قىلغاندىن كېيىن سىرتقا چىقىپ، لەشكەرلەرنىڭ قېشىغا باردى. لەشكەرلەر بولسا ئاھۇپىغان قىلىشىپ، پەرهادنىڭ يولىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار پەرهادنىڭ سالامەت قايتىپ چىققانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. پادىشاھ باشلىق بارلىق لەشكەرلەر پەرهادقا ئەگىشىپ قورغانغا كىردى. ئۇلار مۇنچىۋالا نۇرغۇن غەزىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. جامدىكى ئاجايىپلارنى كۆرۈپ پەرهادقا ئاپىرىنلار ئوقۇدى. شاھزادە بارلىق خەزىنىنى پادىشاھنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى. پادىشاھ بولسا لەشكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى. ئۇلار قارۇندىنمۇ ئارتۇقراق باي بولدى.

ئاندىن كېيىن، پەرهاد سوقراتنىڭ تېغىغا قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ كەينىدىن خاقان لەشكەرلەرنى ئەگەشتۈرۈپ ماڭدى. بىر نەچچە پەرسەڭ يول يۈرگەندىن كېيىن سوقرات تېغىغا يېتىپ باردى. بۇ تاغ شۇنچىلىك زور ۋە دىلنى مەھلىيا قىلاتتىكى، بۇنىڭغا قاراپ ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى. تاغدا نۇرغۇن بۇلاق ۋە كۆللەر بار ئىدى. ئۇلار ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ يۈرۈپ، تاغنىڭ ئىچىدىكى بىر غارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ غاردا بىر ئەجدىھا بار بولۇپ، ئۇ ئەجدىھانىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ ھېچكىم ئۇ يەردىن ئۆتەلمەيتتى. كىشىلەر ئۇ يەردىن چىقىپ كېتىشكە يول تاپالماي قېلىشتى. ئاخىرى ئۇلار جەمشىدنىڭ جامىغا قاراشتى. جامدىن غارنىڭ ئىچىدىكى يەتتە تۈرلۈك ئالامەت ئاشكارا كۆرۈندى. ئارىدىن بىر ياشانغان كىشى ئاخىرى سوقرات تۇرغان جاينىڭ ئورنىنى كۆردى. ۋەزىر جامنى كۆتۈردى، پادىشاھ ۋە پەرهاد ئۈچىلىسى غارغا كىرىپ كېتىشى. غارنىڭ ئىچى زۇلمەتتىنمۇ بەكرەك قاراڭغۇ ئىدى. ئۇلار ۋەزىر كۆتۈرۈۋالغان جامنىڭ يورۇقىدا يول تېپىپ مېڭىشتى، ئاخىرى غارنىڭ ئىچكىرىسىگە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە يۇقىرىغا چىقىپ كېتىدىغان بىر پەلەمپەي بار ئىدى. ئۇلار پەلەمپەيدىن يۇقىرىغا چىقتى. پەلەمپەي ئاسمان بىلەن تەڭلەشكەندە بىر ئىشىككە دۇچ كەلدى. ئىچكىرىدىن «كىرىڭ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇلار ئەدەب بىلەن ئىچكىرى كىردى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەستلىك بىر بوۋاي تۇراتتى. ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن يەر ـ زېمىن لەرزىگە كېلەتتى. ئۇنىڭ يۈزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. كىرگەنلەر ئۇنىڭغا سالام بېجا كەلتۈرۈشتى. بوۋاي مېھرىبانلىق بىلەن ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى. ئۇ:

— شۇنچە جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، تىلسىملاردىن ئۆتۈپ، نېمە ھاجەت بىلەن مېنى ئىزدەپ كەلدىڭلار؟ — دەپ سورىدى. شاھ باشلىق ھەممەيلەن ناھايىتى خۇشال بولۇشتى. سوقرات ھەكىم خاقانغا قاراپ:

— سىز يۈز يىل ئۆمۈر كۆرىسىز ۋە نۇرغۇن شەھەرلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، ئۇلارغا ئۆز پەرمانىڭىزنى يۈرگۈزىسىز. ئىككىنچى، ھاياتلىقىڭىزدا ھەرگىز كېسەللىكنىڭ، زەئىپلىكنىڭ ئازابىنى كۆرمەيسىز. ئەگەر سىزدە كېسەللىك ئالامەتلىرى يۈز بەرگۈدەك بولسا، قولىڭىزدىكى ئەڭگۈشتەرنى ئاغزىڭىزغا سېلىپ سۈيىنى يۇتسىڭىز شىپا تاپىسىز، قېرىلىق يەتكەن بولسا، ياش يىگىتلەردەك كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىسىز، — دېدى. ئاندى ۋە-

زىرگە ئېيتتىكى :

— سەنمۇ خاقانغا ئوخشاش دۆلەت كۆرىسەن . ئەمما بىر ئاپەت باردۇركى ، تەگرىتائالا ئۆزى ئامان ساقلىغاي ...

سوقرات خاقان بىلەن ۋەزىرنى غاردىن چىقىپ كېتىشكە ئىجازەت قىلدى . پەرھادنى پالغۇز ئېلىپ قالدى .

— ئەي ئىشىق دەشتىنىڭ شەھسەۋارى ۋە ھىجران غېمىنىڭ كۆھسارى ، ئاگاھ بولغىنكى ، ئەزەل سەھىپلىرىدە يېزىلىشىچە ، تەگرىتائالا مېھنەت دەشتىدىن تويپا ، ئىشق دەرياسىدىن سۇ ئېلىپ ئۇنى يىراق ئوتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ سېنىڭ جىسمىڭنى ياراتقان ئىكەن . مىڭ يىلدىن بۇيان سېنىڭ قەدىمىڭگە ئىنتىزار بولۇپ تۇرغاندىم . ئەلھەمدۇلىللاھ بۈگۈن مەقسىتىمگە يەتتىم . ئەمدى باقىي ئالەمگە سەپەر قىلىمەن ، — دېدى ئۇ پەرھادقا ۋە سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى يوقتۇر . ئىسكەندەردەك جاھانگىر گىمۇ ۋاپا قىلمىغان . يۈزمىڭ يىل ياشىسىمۇ بىر كۈندەك بىلىنمەيدۇ . تەگرى ئادەمنى بەندىچىلىكنى ئۆزلۈكسىز بەجا كەلتۈرسۇن ، دېگەن مەقسەتتە ياراتقان . ھەركىم ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئېرىشسە ، ئەبەدىي بەخت ۋە مەڭگۈلۈك تاج – تەختكە ئىگە بولغان بولىدۇ . لېكىن بۇنداق مۇھەببەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىككى شەرتنى ئادا قىلىش كېرەك . بىرى — ئۆز ۋۇجۇدىدىن كېچىپ – تەكەببۇرلۇقنى ، مەنمەنلىكنى يىراق قىلىش ؛ دۇنيا تەئەللۇقاتىدىن ۋاز كېچىش . ئىككىنچىسى — چىن دىلى بىلەن مەجازى ئىشقنى تەلەپ قىلىش شەرت ، چۈنكى تاڭ ئاتمىغۇچە قۇياش كۆرۈنمىگىنىدەك ، مەجازى ئىشقنى قولغا كەلتۈرمەي تۇرۇپ ھەقىقىي ئىشققا ئېرىشكىلى بولمايدۇ . مەجازى ئىشق خۇددى سۇبھىگە ، ھەقىقىي ئىشق بولسا ئاپتاپقا ئوخشايدۇ . سەنمۇ مەجازى ئىشق بىلەن كۆيۈپ خالىس بولمىغىچە ھەقىقىي ئىشققا ئېرىشەلمەيسەن . مەجازى ئىشققا يېتىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكىن . شۇ چاغدىلا كامالەتكە يېتىپ ئاشقلارنىڭ قاتارىغا كىرىسەن ۋە ئىشقىنىڭ تاجدارى بولالايسەن . ئاندىن ھەقىقىي ئابىدلىق دەرىجىسىگە يېتىسەن . ساڭا ئەزەلدىلا مۇشۇ تەقدىر پۈتۈلۈپ كەتكەن ، — دېدى ۋە بىرمۇنچە دۇئالارنى ئۆگىتىپ تەلىم بەردى . سوقرات يەنە :

— ئاشىقلىق دەشتىدە بېشىڭغا ھەرقانداق بىر مۇشكۈلچىلىك چۈشسە ، مەن تەلىم بەرگەن دۇئانى ئوقۇغىن . سېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭگە سەۋەب بولغان ئەينەكنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ زۇلمىتىدىكى ھەيكەلنىڭ كۆكسىدىكى ئەينەكنى بىر ئوق بىلەن كۇكۇم – تالغان قىلىۋەتتىڭ . ئۆز ۋىلايىتىڭدە سېنى شەيدا قىلغانمۇ ئاشۇ ئەينەك . ئۇ شەيدالىقڭمۇ كۇشادلىققا ئېرىشكۈسى . ئەمدى سەن چىن ۋىلايىتىگە قايتىپ بارغىن . ئەينەكنى شۇ جايدا تاماشا قىلغىن . يىراق ئوتىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگىنىڭدە مېنى يادىڭغا ئال . ئەلۋىدا ، ئوغلۇم ، — دېيلا ، جان تەسلىم قىلدى .

پادىشاھ بىلەن ۋەزىر غارنىڭ سىرتىدا بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرۇشقانىدى . پەرھاد نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرغاندا ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر كىرىپ كەلدى . ئۇلار سوقرات ھەكىمنى ئۆزى تۇرغان غارغا دەپنە قىلدى . ئۇ تاغقا شەھەر بىنا قىلىپ ، ئاۋاتلىققا ئايلاندۇردى . سوقرات ھەكىمنىڭ مازىرىغا نۇرغۇن مال – مۈلۈكنى ۋەخپە قىلىپ ،

مەخسۇس خادىملارنى ئورۇنلاشتۇردى. ئاندىن ئۇلار چىن ۋىلايىتىگە قاراپ يولغا چىقتى. مەنزىلمۇ مەنزىل يول يۈرۈپ، چۆل - باياۋان، قۇملۇقلاردىن ئۆتۈپ ئاخىرى مەنزىلگە يېتىپ باردى.

ئەلقىسسە، پەرھادنىڭ جاھاننەما ئەينىكىگە قاراپ ئىشق ئوتىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ:

— شاھزادە ئۆز يۇرتى چىنغا يېتىپ باردى. ئۇنىڭدا ئەينەككە قاراپ بېقىش ھەۋىسى كۈچەيدى. ئۇ خەزىنىگە كىرىپ ساندۇقنى ئەپكەلدۈردى ۋە ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى سورىدى. ئۇنىڭغا ئاچقۇچنى بەرمەي بولمىدى. پەرھاد ساندۇقنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتى. «تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولماس» دېگەن ئىكەن. پەرھاد ساندۇقتىن ئەينەكنى ئېلىپ ئۇنىڭغا نەزەر سالدى. ئەينەك ئۇنىڭغا قۇياش نۇرىدىنمۇ يورۇق كۆرۈندى. ئەينەكتىن بىر باياۋان نامايان بولدى. ئۇ دەشت - باياۋاننىڭ تاشلىرى مەھبۇبنىڭ كۆڭلىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ دەشتتە نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئاجايىپ جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ تاشلارنى قېزىپ ئېرىق كولاۋاتاتتى. كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بەستلىك گەۋدىسىدىن كۈچ - قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇرغان بىر يىگىتنى كۆردى. ئۇ ئانچە كۈچىمەيلا تاشلارنى قومۇرۇپ، ئېرىق قېزىۋاتاتتى. ئۇ يىگىتنىڭ ئۆزىگە بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولغان پەرھاد ئەينەككە تېخىمۇ يېقىن بېرىپ قارىدى. شۇ ئارىدا بىر تەرەپتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى: بەخت گۈلشىنىنىڭ تۇتىسىدەك ئىشق ئوتىنى يېقىپ، لەتابەت چىمەنىنىڭ گۈلىدەك ئېچىلىپ، مۇبارەك سۇمبۇل چاچلىرىنى ھەر تەرەپكە يېيىپ، غۇنچىدەك لەۋلىرىدىن كۈلكە ياغدۇرۇپ بىر توپ نازىنىنلار ئات چاپتۇرۇپ مەيدانغا يېتىپ كەلدى. پۈتۈن خالايىق ئۇلارنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. بۇ قىزلارنىڭ ھۆسن - جامالى بىر - بىرىدىن گۈزەل ئىدى. ئۇلارنىڭ بىر ئاي يۈزلۈك پادىشاھى بار ئىدى. ئۇنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالى ۋە سۇمبۇل چاچلىرى زامانغا ئاپەت ياغدۇراتتى. بۇ يېگانە دەۋران، نازاكەت گۈلشىنىنىڭ گۈلى، ھىجران غېمىنىڭ جەۋھىرى، پىراق ئالىمىنىڭ گۆھىرى ئىدى. ئۇ ھەر تەرەپكە نەزەر تاشلىغاچ پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە بۇ ياش يىگىتكە نەزەر سالدى - دە، ئاھۇ پىغان بىلەن خۇددى بويىنى ئۈزۈلگەن قۇشتەك پەرھادنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن پەرھاد جىگەرنى كۆيدۈرىدىغان بىر ئاھ ئۇرۇپ بىئىختىيار يىقىلىپ چۈشتى. بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى سوقرانقا ئەزەلدىنلا مەلۇم بولغانىدى. پەرھاد ئەينەكتىن جاھانغا ئوت ياقىدىغان ئاي يۈزلۈك جانانىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يىقىلغانىدى. ئەمما ئۇ ئەينەكتە كۆرۈنگەن كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. پەرھادنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە خالايىق ئۇنىڭ ھالىغا يىغلاشتى. پەرھاد بىر كېچە - كۈندۈز بىھوش ياتقاندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. بېشىدا خاقانى چىن باشلىق بىر توپ ئادەمنى كۆردى. ئۇ:

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ پەرياد بىلەن تىلغا كىردى. كۆپچىلىك ۋەقەنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى.

— تەقدىرگە چارە يوقتۇر، — دەپ ئاھ ئۇرۇپ كۆزىگە ياش ئالدى پەرھاد. خالايىق ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ بىر مۇنچە

نەسھەتلەرنى قىلدى. ئۇلار بىر مەھەل ئولتۇرۇپ تارقاشتى. پەرھاد ئەينەكنى قولىغا ئېلىپ سىنچىلاپ قارىدى. لېكىن ئەينەكتىن ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. شاھزادە قاتتىق ئاھ ئۇردى. تىلسىمنىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى، بىر قېتىمدا كۆرۈنگەن نەرسە، ئىككىنچى قېتىم قارىغاندا كۆرۈنمەيتتى. شۇڭا بۇ نۆۋەت ئەينەكتىن ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. شاھزادىنىڭ كۆڭلى تولىمۇ بىئارام بولدى. ئەمما ئۇ سەۋرى قىلدى. بۇنداق ۋەقەنى باشقىلارغا ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇڭا ئۇ ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ، بۇ سىرنى كۆڭلىدە مەھكەم ساقلىدى. بىراق ئۇنىڭ ھىجران ئەلىمى تېخىمۇ زىيادە بولدى. بىر نەچچە ۋاقىت شۇ تەرىقىدە ئۆتتى. ئاخىرى ئۇنىڭ تاغدەك جىسمى يادەك ئېگىلدى. چىرايى گويا كۈز پەسلىدىكى غازاڭدەك سارغايدى. ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ ھالىغا قاراپ تولىمۇ پەرىشان بولۇشتى. «بۇ خىل ئاپەتنىڭ سەۋەبىدىن پەرھاد بارغانسېرى زەئىپلىشىپ كەتتى؟» دەپ ئويلىغان خاقان ئەڭ ئۇستا ھۆكۈما - تېۋىپلارنى يىغىپ ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى. تېۋىپلار شۇنداق ھۆكۈم قىلىشتى: مىجەزى قۇرۇق ئىسسىققا ئايلىنىپ، قېنى بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئىلاجى دەريا ياقىسىدۇر. شۇڭا كېسەلنى دەريا ياقىسىغا ئاپىرىپ داۋالاش كېرەك. غەربىتىكى دەريانىڭ قىرغىقىنى بويلاپ 2 - 3 كۈن ماڭغاندا بىر جەزىرىگە يېتىپ بارغىلى بولىدۇ. ئۇ يەرنى «جەزىرەئى خۇررەم فەزا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ جايدا بۇلاقلار بىلەن كۆللەر بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەن بولۇپ، ھاۋاسى ناھايىتى ساپتۇر. شاھزادىنى ئاشۇ يەرگە ئاپىرىپ ھاۋا يەڭگۈشلەتسەك ئۇ جايلارنىڭ ھاۋاسى شاھزادىنىڭ مىجەزىگە يارىشىپ، كېسەلدىن ساقىيىدۇ.

بۇ پىكىر پادىشاھقا ياقتى ۋە دەرھال پەرھادقا مەلۇم قىلدى. شاھزادىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتتى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ھالدا سەپەر تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلدى. پادىشاھ بىر قانچە يۈز كېمە ھازىرلىتىپ، شاھزادە بىلەن بىللە دەريا سەپىرىگە يۈزلەندى. ئۇلار ئەمدىلا كېمىگە ئولتۇرۇشىغا يارانقۇچىنىڭ تەقدىرى بىلەن ئاسماندا ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى: دەھشەتلىك دېڭىز بورىنى كۆتۈرۈلۈپ، دولقۇن شىددەت بىلەن كېمىگە ئۇرۇلدى. كېمىلەر توپىنى چېچىۋەتتى، كىمىلەر ئوڭتەي - توڭتەي بولۇپ كەتتى. شاھزادە پەرھاد بىر قولۋاققا چۈشۈپ ئالدى، خاقانى چىن بىلەن ۋەزىر ئىككىيلەنمۇ بىر قولۋاققا چۈشۈپ ئېلىشقاندى. بۇلار ئىختىيارسىز بىر - بىرلىرىدىن ئايرىلىپ ھەر تەرەپكە راۋان بولۇشتى. بەزىلەرنىڭ كېمىلىرى غەرق بولدى. بەزىلەر قۇرقۇنچتىن نىمجان بولۇپ قېلىشتى. ئاخىرى پادىشاھنىڭ كېمىسى چىن ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. ئۇلار خۇشاللىق بىلەن قىرغاققا چىقىشتى. بۇ ئاپەتتىن ئامان قالغانلار بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى. ئەمما شاھزادىدىن ھېچقانداق خەۋەر يوق ئىدى. پادىشاھ باشلىق ھەممەيلەن تولىمۇ پەرىشان بولۇشتى. ئۇلار يەنە بىر ياقتىن ئۆزلىرىنىڭ تىرىك قالغانلىقىنى غەنىمەت بىلىشتى ۋە شاھزادىنىمۇ سالامەت قۇتۇلغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ پادىشاھقا تەسەللى بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قىرغاقتا شاھزادىنى ساقلاپ تۇرۇپ، ئاخىرى شەھەرگە قايتىپ كەلدى. پادىشاھ ئۆزىنىڭ شاھلىق تەختىگە چىقتى.

پەرھاد بۇلاردىن ئايرىلغاندىن كېـ
يىن ، ئۇنىڭ كېمىسى سۇدا پارە ـ پارە
بولۇپ كەتتى . ئۆزى بولسا بىر پارچە تاخـ
تاينىڭ ئۈستىدە قالدى . ھېسابسىز قۇرقۇنچ
بىلەن جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا يەمەن
مەملىكىتى تەرەپكە ئېقىپ كېتىۋاتاتتى . دەل
شۇ چاغدا يەمەندىن چىققان بىر توپ سو-
دىگەر پەرھادنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنى
سۇدىن سۇزۇۋېلىپ ، ئۆز كېمىلىرىگە سېـ
لىۋالدى ۋە پەرھادنىڭ دىمىقىغا خۇش بۇي
نەرسىلەرنى پۇراتتى . شاھزادە ھوشىغا
كەلدى . ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تەڭرىگە
شۇكرى ـ سانالار ئېيتتى . سودىگەرلەرنىڭ
سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ :
ـــ ... يەمەنگە سودىغا
كېتىۋاتاتتۇق . دېڭىز بورىنى چىقىپ كېمىـ
لىرىمىزنى ھالاك قىلدى . مەن بىر پارچە
تاختايغا يېپىشىۋالدىم ... ئۇنىڭدىن باشقىنى
ئېسىمگە ئالالمايمەن . مانا ، ھوشۇمغا كېلىپ
سىزلەرنى كۆرۈۋاتىمەن . ماڭا ياردەمدە بو-
لۇپ ، مېنى بۇ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپسىزلەر .
سىزلەرگىمۇ تەڭرىتائالا ئۆزى يار بولغاي ،
ـــ دېدى . كېمىدىكىلەر پەرھادنى شاھزادە
ياكى ئۇلۇغ بىر سودىگەر ئوخشايدۇ ، دەپ
قىياس قىلىشتى . شاھزادىگە نۇرغۇن
ياخشىلىقلارنى قىلدى . جاندىلى بىلەن
خىزمىتىدە بولدى .

پەرھاد سودىگەرلەر بىلەن كېمىدە
كېتىۋاتاتتى . بىردىنلا دېڭىزدا 4 ـ 5 كېمە
پەيدا بولدى . كېمىلەر يېقىنلاشقاندا
سودىگەرلەر كېمىدىكى كىشىلەرنى كۆرۈپلا
داد ـ پەرياد قىلىشقا باشلىدى . شاھزادە
ئۇلاردىن نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى سورىدى .
ـــ بۇ كۆرۈنگەنلەر دېڭىز قاراقچىـ
لىرىدۇر . ئۇلار كېمىلەرگە ئوت قويۇپ
بىزنى ھالاك قىلىدۇ . ئاندىن بارلىق مال ـ
مۈلكىمىزنى ئولجا قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ قولىغا
چۈشكەن ئادەمنى ھەرگىز تىرىك قويمايدۇ .
بىز يولدىن ئادىشىپ بۇلار تەرەپكە كېلىپ
قاپتىمىز ... ـــ دېيىشتى كۆپچىلىك . ئۇلار
بىر ـ بىرىدىن رازىلىق سورىشىپ ، زار ـ زار
يىغلاشتى . شاھزادە ئۇلارغا :
ـــ قورقماڭلار ، ماڭا كۈچلۈك ئوقيا
بىلەن بىر تال ئوق تېپىپ بېرىڭلار ، ـــ
دېدى .

شاھزادە ئوقيانى قولىغا ئالدى . دەل
شۇ چاغدا قاراقچىلار سودىگەرلەرنىڭ
كېمىسىگە يېقىنلىشىپ كەلدى . ئۇلار بېنزىن
قاچىلانغان پارتلاتقۇچلارنى تەييارلاپ ئېـ
لىشقانىدى . پارتلاتقۇچنىڭ پىلتىسىگە ئوت
يېقىۋەتتى . شاھزادە قولىدىكى ئوقيا بىلەن
شۇنداق چەنلەپ ئاتتىكى ، بېنزىن
قاچىلانغان پارتلاتقۇچ پارە ـ پارە بولدى .
ئۇنىڭ ئىچىدىكى بېنزىن كېمىگە يامرىدى ۋە
بېنزىنغا تۇتاشقان ئوت بىردەمدە كېمىنى
كۆيدۈرۈۋەتتى . شاھزادە قاراقچىلارنىڭ
بارلىق كېمىلىرىنى كۆيدۈرۈپ تۈگەتتى .
قاراقچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرى ياققان
ئوتتا كۆيۈپ ئۆلدى . ئاز بىر قىسمى كەلگەن
جايىغا قاراپ قېچىپ كېتىشتى .

كېمىدىكى سودىگەرلەر شاھزادىگە
تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇپ ، ئىززەت ـ
ئىكرام بىلەن :
ـــ بىز بارلىقىمىز سىزنىڭ
قۇلىڭىز ... ـــ دېيىشتى .

ئاخىرى ئۇلار دەريادىن سالامەت
ئۆتۈپ ، بىر شەھەرگە يېتىپ باردى .
ھەممەيلەن ھەقتەئالاغا چەكسىز شۇكرى ـ
سانالار ئېيتتى .

ئاتىسى شاھزادىنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ

ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇسىدا يۈرىكى پارە ـ پارە ئىدى. پەرھاد بولسا ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشقىدا بىئارام ۋە بىتاقەت بولاتتى. شاھزادىگە قاراپ كىشلەر ئىچ ئاغرىتىشاتتى.

سودىگەرلەرنىڭ ئارىسىدا شاپۇر ئىسىملىك بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئەقىللىق ۋە دانىشمەن بولۇپ، رەسساملىقتا تەڭداشسىز ئىدى. ئۇ پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنىڭغا گايىدا ئىشق ـ مۇھەببەتتىن ھېكايە سۆزلىسە، گايىدا مەشۇقنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلاتتى. شاھزادە بۇ ھېكايىلارنى ئاڭلاپ ئاھۇ پىغان چېكەتتى. شاپۇر بىلەن شاھزادىنىڭ ئۆلپەتچىلىكى قويۇقلاشقانسېرى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇھەببىتى كۈچىيىشكە باشلىدى، شاھزادە ئۆزىدىكى ئىشق ئوتىنى باشقىلاردىن يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. شاپۇرمۇ مۇھەببەت ئىشقىدا دىۋانە بولغان كىشى ئىدى. ئۇ شاھزادە بىلەن ھال ـ مۇڭ ئېيتىشىپ ئولتۇرۇپ بىر كۈنى ئۇنىڭغا:

— نام ـ نەسەبىڭنى ماڭا بايان قىلىپ، بۇ مەخپىي سىرلىرىڭنى ئاشكارا قىلساڭ، مەن بىرەر تەدبىر قىلغان بولاتتىم، — دېدى.

مەن چىن ۋىلايىتىدىن بولۇرمەن. ئاتام خاقانى چىندۇر. ئۆزۈمنىڭ ئېتىم پەرھاد. ئىلمىي دانىشتىن خەۋىرىم بار. دائىم تەڭرىتائالاغا ئىبادەت قىلاتتىم. گايىدا ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق گۈزەل بىر باياۋانىنى قىزىقىش بىلەن تاماشا قىلاتتىم. ئەنە شۇ دەشت باياۋاندا بىر توپ ئادەم پەيدا بولدى. مەن ئۇلار تەرەپكە باردىم. ئۇلار ھېچنېمىگە باقماي ئېرىق قېزىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىپ قاراپ تۇراتتىم، بىر تەرەپتىن توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈلدى ۋە بىر توپ ئاتلىق گۈزەل كەلدى. ئوتتۇرىدا بىر قۇياش بار ئىدى. قۇياشقا كۆزۈم چۈشۈش ھامان ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلدىم... — دەپ شاپۇرغا ۋەقەنى بايان قىلدى. ئەينەكتە كۆرگەنلىكىنى دېمىدى. ئۇ يۇقىرىقى سۆزلەرنى دەپ بولۇپلا بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شاپۇر پەرھادنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ «شاھزادە كۆرگەن باياۋان ئەرمەن ۋىلايىتىدە. دېمەك بۇ شىرىنىڭ ئىشق مۇھەببىتىگە گىرىپتار بوپتۇ» دەپ ئويلىدى. شۇ ئەسنادا شاھزادە ھوشىغا كېلىپ ئاھ تارتتى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياشلىرى ئاقتى. شاپۇر ئېيتتىكى:

— پەرىشان بولماڭ. سىزنىڭ كۆرگىنىڭىز ئەرمەن ۋىلايىتىدۇر. مەن ئۇ جايغا بارغان. ئەگەر خالىسىڭىز سىزگە يول باشلىغۇچى بولىمەن. مەقسىتىڭىزگە يەتسىڭىز ئەجەب ئەمەس.

شاھزادە «بۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى ياساپ دەۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ شاپۇرنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. شاپۇر دەرھال قولىغا قەلەم ئېلىپ ئەرمەن ۋىلايىتىنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقتى. شاھزادە رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن شاپۇرنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. رەسىمدە ئۆزىنىڭ ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئەينەن سىزىلغانىدى.

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق بايان قىلىشىدۇ:

— پەرھادنىڭ دەردى شاپۇرغا تەسىر قىلدى. تاشتەك كۆڭلى ياغدەك يۇمشىدى. ئۇ:

— مەن ئەرمەن دىيارىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. باشلاپ بارسام بەلكىم

مۇرادىڭىزغا يېتەرسىز ، — دېدى . شۇنداق قىلىپ ، ئىككى دوست يولغا چىقتى . ئۇلار دەشتىمۇ دەشت ، باياۋانمۇ باياۋان مېڭىپ ، مەنزىل – ئۆتەڭلەرنى بېسىپ ئۇزاق يول يۈرگەندىن كېيىن بىر يەرگە يېتىپ باردى . شاپۇر پەرھادقا :

— ئەي پەرھاد ، سىز كۆرگەن ۋىلايەتكە يېتىپ كەلدۇق . بۇ ئەرمەن ۋىلايىتىدۇر . ئەمدى ئەتراپىنى ئايلىنىپ كۆرۈڭ ، — دەپ پەرھادنى ئەگەشتۈرۈپ ئايلاندۇردى . ئەينەكتە كۆرگەنلىرىنىڭ ھەممىسى پەرھادنىڭ ئېسىگە كەلدى . ئۇلار بىر يەرگە يېتىپ كەلدى . ئۇ يەردە بىر توپ ئادەم كۆرۈندى . يېقىن بېرىپ قارىسا ئۇلارمۇ ئەينەكتە كۆرۈنگەن ئادەملەر ئىدى . ئۇ ئۆز – ئۆزىگە : «بۇلارمۇ مېنىڭدەك مېھنەتكە شەيدا بولغان ۋە جاپا – مۇشەققەتكە گىرىپتار بولغان ، بالا تاشلىرى بېشىغا يېغىلغانلار ئىكەن – دە ، » دېدى ۋە :

— سىلەر نېمىشقا بۇ ئىشقا قەدەم قويدۇڭلار ؟ نېمىشقا مۇنداق بالا ۋە مېھنەتكە قول سۇندۇڭلار ؟ — دەپ سورىدى . خالايىق دېدى :

— بۇ ۋىلايەتنى ئەرمىنىيە دېيىشىدۇ . نەسەب جەھەتتىن پەرىدۇنغا يېتىپ بارىدۇ . پادىشاھىمىزنىڭ تەختى – سەلتەنىتى جەمشىدنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر . ئۇنىڭ بېشىدا تاج ئورۇن تاپمىغان ، ئەمما تاجدارلار ئۇنىڭ ئايىغىدا ئورۇن تۇتقاندۇر . گەرچە ئۇنىڭ بېلىدە كەمەر بولمىسىمۇ ، ئالتۇن كەمەرلىكلەر ئالدىدا ئاجايىپ نازاكەتلىك كۆركەم كۆرۈنىدۇ . ئۇنى مېھىنبانۇ دەپ ئاتايدۇ . بۇ شاھ تۈرغۈن شەھەرلەردىن باج – خىراج ئالىدۇ . ئۇنىڭ ھۆسن – جامالدا تەڭدىشى يوق بىر ھەمشىرىسى بار بولۇپ ، ئۇنىڭ يۈزىدىن كۈن خىجىلدۇر . شەرقتە بىر تاغ ، غەربتە بىر بۇلاق بار . ئۇنى «ئەينۇلھىيات» يەنى ھاياتلىق بۇلىقى دەپ ئاتايدۇ . بۇ يەر ئاشۇ پەرىنىڭ ماكانىدۇر . ئۇ بۇ تاغ ئارقىلىق ئەشۇ بۇلاقنىڭ بېشىغا بېرىپ گۈلچېھرىلەر بىلەن مەجلىس قۇرىدۇ . شۇڭا ئۇ پەرىۋەش بىر ئىمارەت ئەتكۈزۈشنى خالىغانلىقتىن بىزلەرنى مۇشۇنداق جاپالىق ئىشقا بۇيرۇدى . ئۇ بۇلاقنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۈچ پەرسەڭ ① يولدۇر . بۇ تاشلار بىلەن ھەپىلەشكىلى ئۈچ يىل بولدى . ئاران يۈزقەرى ② ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق قېزىپتىمىز . ئىش مۇشۇ تەرىقىدە بولسا بارلىقىمىز ئىككى مىڭ يىلدىن ئۆمۈر كۆرسەك ، رۇستەمدەك قۇۋۋەتلىك بولساقمۇ ، بۇ ئىشنى تامامىلاشقا كۆزىمىز يەتمەيدۇ ، — دەپ نالە – زار قىلىشتى . بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پەرھادنىڭ تاشتەك كۆڭلى مومدەك يۇمشىدى . «ھۈنەرنى كېرەكلىك جايغا ئىشلەتمەي ئاياپ ، ئاخىرى گۆرگە ئېلىپ كېتىمەنمۇ ... » دەپ ئويلىدى . ئاندىن بارلىق كىشلەرنىڭ قوللىرىدىكى بولقا – بازغانلىرىنى يىغدۇردى . تۆمۈرچىلىك دۇكىنىنى قۇرۇپ ، يىغىۋالغان بازغان – بولقىلارنىڭ ئۈچ – تۆتى بىرلەشتۈرۈپ باشقىدىن سوقۇپ چىقتى . قارۇندىن ئۆگەنگەن ھۈنىرى بويىچە ئۇ سايمانلارنى يوشۇرۇنچە سۇغاردى . پەرھاد ئەتىسى ئىش مەيدانىغا بېرىپ ئىشقا چۈشتى . ئۇنىڭ كۈچلۈك بىلەكلىرىنىڭ ھەيۋىتىدىن يەر – زېمىن ، تاغلار لەرزىگە كەلدى . قاتتىق تاشلار خۇددى خېمىردەك يۇمشىدى . جوتۇنى ھەر – بىر چاپقاندا يوغان بىر پارچە تاشنى قومۇرۇپ ، كۆز يەتمەس يەرگە تاشلايتتى . پەرھادنىڭ قى-

لىسۋاتقان ئىشنى كۆرگەن خالايىق ئۇنىڭغا
ھەيران بولۇپ، تەھسىن ـ ئاپىرىنلار ئوقۇر
ئىدى. پەرھاد جەمئىي ئادەمنىڭ ئۈچ يىلدا
قىلغان ئىشنى بىر كۈندە ئىشلەپ تۈگەتتى.
پەرھادنىڭ بۇ ئىشلىرى بىر دەمدە
مېھىنبانۇنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. مېھىنبانۇ
ھەيران بولۇپ شىرىننىڭ قېشىغا كىرىپ،
بولغان ۋەقەنى شىرىنگە بايان قىلدى. شى-
رىن:

— تەڭرىتائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن
بىزگە مۇشۇنداق بىر مېھمان كەپتۇ. بۇنداق
جاپالىق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا
ھېچكىم بەل باغلىيالمىغان ئىدى. ئەگەر ئۇ
بۇ خىزمەتكە بەل باغلىغان ئىكەن، بىزمۇ
قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇنى رازى قىلىمىز،
— دەپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ھەم
پەرھادنىڭ بېشىدىن دۇرر ـ جاۋاھىرلارنى
چېچىشقا ۋەدە قىلدى.

شىرىن تۆت يۈز نەپەر پەرى يۈزلۈك
سۇمبۇل چاچلىق قىزلار بىلەن بۇ يەرنى تا-
ماشا قىلغىلى چىققانىدى. مېھىنبانۇ باشلىق
شىرىنگە ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بۇ قىزلار
كېيىكتەك چاققان، مەست تاۋۇستەك
جىلۋىلىك ئىدى. ئايتاپتەك نۇرلۇق بۇ
قىزلار ئايىنى چۆرىدىگەن يۇلتۇزلاردەك
شىرىننى ئارىغا ئېلىپ مەيىن شامالدەك يۈ-
رۈپ پەرھاد تەرەپكە يېتىپ كەلدى. ئۇلار
كۆردىكى ئىش ئاڭلىغاندىكىدىنمۇ ئارتۇق
ئىكەن. قىزلار ئەتراپىنى تاماشا قىلىشاتتى.
مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن بىلدىكى، پەرھاد-
نىڭ پېشانىسىدىن ھەقىقەت نۇرلىرى چاقناپ
تۇرۇر. ئۇنىڭ قامىتىدىن سەرۋىلەر
خىجالەت بولۇر... كۈچ ـ قۇۋۋىتىدىن
رۇستەم ئۇنىڭ ئالدىدا پاشىچىلىكمۇ ئەمەس
ئىدى. مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن بۇ ئىشلاردىن
ئەپسۇسلىنار ئىدى. ئاخىرى شىرىن غۇن-
چىدەك لەۋلىرىنى ئېچىپ، شىرىن ـ
شېكەرلەرنى چاچتى:

— ئەي، كۈچ ـ قۇۋۋەتتە يېگانە،
ۋاي، دوستلۇق بابىدا زاماننىڭ ئاپتى،
ئەي، چىراي ـ شەكىلدە تەڭدىشى يوق،
ۋاي، سۈپەتلىرىڭىزنى تەرىپلەشكە



كىشلەرنىڭ كۆڭلىگە ئىشتىياق چۈشكەن يىگىت! بىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا خىزمىتىمىزگە بەل باغلاپ، ئۆزىڭىزنىڭ خىسلىتىڭىزنى نامايان قىلىپسىز. بىز شۇنچە يىلدىن بېرى بۇ ئىشقا ئاجىز كەلگەنىدۇق. سىز ئۆزلۈكىڭىزدىن ئىشىمىزنى ئاسان قىلدىڭىز. سىزگە مىڭ يىل رەھمەت ئېيتسامۇ ئەرزىمەيدۇ. پۈتۈن دۇنيانىڭ بايلىقىنى سىز ئۈچۈن تەقدىم قىلسامۇ ئازلىق قىلىدۇ...، — دەپ نۇرغۇن ئۆزرىلەر ئېيتتى ۋە بىر تاۋاق جاۋاھىرنى پەرھادنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ چاچتى. شىرىننىڭ مۇنداق تاتلىق سۆزلەر بىلەن شېكەر ياغدۇرۇشى پەرھادقا تەسىر قىلدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى لەرزىگە كېلىپ ئۇنىڭغا جېنىنى پىدا قىلغۇدەك بولدى. «مېنى مۇنداق ئاۋارە قىلغان، ئىشىق دەشتىدە باغرىمنى پارە قىلغان سەنمۇ سەن؟» دەپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نە ئاڭلايكىم قەۋى مېھرى ئىكەنسەن،
ئىچىم قان ئەيلەگەن سەنمۇ ئىكەنسەن.
مېنى غەربتە ۋۇ بىچارە ئەتكەن،
دىيارۇ مۈلكىدىن ئەدا ئەتكەن.
چىقىپ جانىم بۇ تەندىن بولغاچ ئاگاھ،
يۈزۈڭنى كۆرمەي ئۆلدۈم ئاھ يۈز ئاھ...

دەپ تۇرۇۋىدى، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ ئۇ پەرىنىڭ يۈزىدىكى روملىنى ئېچىۋەتتى. پەرھادنىڭ كۆزى شىرىننىڭ جامالىغا چۈشتى. ئۇ ئەينەكتە كۆرگەن پەرىۋەشنى تونۇدى. ئۇ دەردلىك بىر ئاھ تارتتى، ھوشى بېشىدىن ئۇچتى — دە، مۈردىدەك يىقىلىپ چۈشتى. مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن ئۇنى «ئۆلدى» دەپ ئويلاپ ئەپسۇس — نادامەتلەر قىلدى. بۇ ئىشنى كۆرگەن خەلق ھەيران قېلىشتى. ئەمما پەرھادنىڭ ئىشقىمۇ شىرىنگە تەسىر قىلغانىدى. شىرىنمۇ ئىچ — ئىچىدىن يوشۇرۇنچە ئاھ تارتىپ، باھار يامغۇرىدەك ياشلارنى تۆكتى. شاپۇر پەرھادنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ۋەفا يولىدا ئول مەنزىلگە يەتتىڭ،
كى بىر كۆرمەك بىلەن جان تەسلىم ئەتتىڭ.
بەنى ئېرمەس ئېردى غۇربەت دەرد — داغى،
كى ئۆچتى بىجەھەت ئۇمرۇڭ چىراغى.
كەمالى فەزل — فەزل ئىلكىدىن ئەفسۇس،
ھەيائى ئەقل ئىلە ھۇسنۇڭدىن ئەفسۇس.
زەمىرى پايى پاكىڭدىن دەرىغا،
پىغانۇ دەردناكىڭدىن دەرىغا.

دەپ، بەدەرد ئۈستىگە دەرد قوشتى، داغ ئۈستىگە داغ قويدى. ئۇ يەنە:

— سېنى كۆرمىگەن بولسام كاشكى...، — دەپ زار — زار يىغلىۋىدى، شاپۇرنىڭ نالىسى مېھىنبانۇ بىلەن شىرىنگە تەسىر قىلدى. ئۇلارمۇ يىغلاپ تۇرۇپ شاپۇردىن پەرھاد توغرىلىق سورىدى. شاپۇر ئۇلارغا پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار پەرھادنىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ پەرىشان بولۇشتى. ئاندىن پەرھادنى بىر ساندۇققا سېلىپ، ساندۇقنى بىر ئاتقا ئارتىپ، ئۇنى ئاي يۈزلۈك، بەخت يۇلتۇزىدەك بىر كېنىزەككە تاپشۇردى. كېنىزەك ساندۇقنى ئوردىغا ئېلىپ باردى. ئۇلار پەرھادنى بىر تەختنىڭ ئۈستىگە ياتقۇزۇشتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن پەرھاد ھوشىغا كەلدى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپلا ئۆزىنىڭ بىر ياسىداق تەختنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. شىرىن بىلەن سۆزلەشكەنلىكى يادىغا كەلدى. «دېمەك مەن ئۇ جان ئالغۇچى

مەھبۇبنى كۆرۈپ بىھۇش بولۇپتىمەن. ئۇلار مىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەپتۇ. ماڭا مۇشۇنداق ئىززەت ـ ئېكرام قىلىپتۇ. مەن بەك شەرمەندە بوپتىمەن. ئۇنىڭ خىزمىتىدە جان بەرسەممۇ ئازلىق قىلىدۇ، ... ـــ دەپ، خىجالەتچىلىكتە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، باياۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇرۇنقى ئورنىغا بىرىپ ئېرىق قېزىشقا باشلىدى. ئۇ ئەسلىدىكىدىن ئون ھەسسە باتۇرلۇق بىلەن تاشلارنى پارچىلايتتى.

شاپۇر پەرھادنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدى. تاغقا بىرىپ ئۇ يەردىن پەرھادنى تاپتى.

پەرھادنىڭ ئىشق ئوتى شىرىننىڭ جىسمىغا تۇتاشقانىدى. پەرھادنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ ئۇ تولىمۇ پەرىشان بولدى. پەرھادنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «بۇنداق ئىشقا گىرىپتار بولغان كىشىگە تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن ياخشىلىق ئاتا قىلغاي» دەيتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇھەببەتتىن باشقا ئىشقا ئورۇن يوق ئىدى. پەرھادنى ئىزدەپ بارغان كىشىلەر ئۇنى تاغدىن تاپتى. ئۇ ئىلگىرىكىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىشلەۋاتاتتى. بۇ ئەھۋالنى شىرىنگە خەۋەر قىلىشتى. شىرىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشاللىقىدىن خەۋەر كەلتۈرگەن كىشىگە باشتىن ـ ئاياغ تون كىيگۈزدى.

شىرىن پەرھادنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە تولىمۇ ئىنتىزار ئىدى. بىراق ئۇ يەنە ئۆتكەنكىدەك ئەھۋالنىڭ قايتا يۈز بىرىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. مىھىنبانۇ بولسا باياۋانغا بىرىپ شاپۇردىن پەرھاد توغرىلىق سورىدى. شاپۇرمۇ سەممىيلىك بىلەن جاۋاب بەردى. مىھىنبانۇ پەرھادنىڭ پەزلەتلىك يىگىتلىكىنى بىلگەندىن كىيىن ئۇنى كۆيئوغۇل قىلىۋالغۇسى كېلىپ قالدى.

پەرھاد بولسا مەھبۇبىنىڭ خىيالىدا ئۆرتىنىپ، پىراق دەشتىدە كۆزلىرىدىن دەريادەك ياشلارنى تۆكەتتى. ئۇ تاشلارنى چېپىشقا بەكمۇ قادىر ئىدى. ئەمما، تاش ئارىسىدىكى تۇپراقلارغا دۇچ كەلسە ئاجىزلىشىپ قالاتتى. باشقا تاشچى ئۇستىلار پەرھاد يونۇغان تاشلارنىڭ پارچىلىرىنى ئاران توشۇپ ئۈلگۈرەتتى. پەرھاد: «بۇ ئېرىق تېزرەك پۈتسە، ئۇ پەرىۋەش زىيارەت قىلغىلى كەلسە، ئۇنىڭ مۇبارەك جامالىنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالاتتىم. ئۇنىڭ تەشەككۈر سۆزلىرىگە جىنىمنى پىدا قىلسام ئارمىنىم يوق ئىدى. ئەگەر ئۆزى كەلمىسىمۇ مىنىڭ بۇ قىلغان ئىشلىرىمنى ئاڭلاپ مەندىن رازى بولسا ئىدى كاشكى ...» دەپ كىچە ـ كۈندۈز تىنماي ئىشلەيتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرىق پۈتتى: شىرىننىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا بىر يوغان تاش بار ئىدى. شۇ تاشنى كولاپ ئېلىۋېتىپ ئورنىغا كۆل ياسىدى. ئېرىق شۇ كۆلگە ئېقىپ كىرەتتى. كۆلنىڭ ئەتراپىغا ئاران كۆز يېتەتتى. كۆلنىڭ يېنىدا يەنە بىر تاش بار بولۇپ، ئېگىزلىكى ئىككى ـ ئۈچ سەرۋ تېرەكنىڭ بويىدەك بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈستىگە شىرىنگە راۋاق ياسىدى. بۇ راۋاققا بىر مۇنچە ھۇجرىلارنى ئورۇنلاشتۇردى. شاپۇر بۇ ھۇجرىلارنىڭ تاملىرىغا شىرىننىڭ سۈرىتىنى نەقىش قىلىپ سىزىپ چىقتى. يەسىرەك جايغا پەرھادنىڭ غېرىپ ۋە بىچارە قىياپىتىنى سۈرەتلەپ سىزدى. بۇ ئىشلار ھەممىسى پۈتتى. پەرھاد ئېرىققا سۇ باشلىغىلى «ئەينۇلھەيات» بۇلىقىغا قاراپ ماڭدى. مىھىنبانۇ باشلىق بارلىق خەلق توپلاشتى.

گويا يەر يۈزى ئادەمگە لىق تولغاندەك كۆرۈنەتتى. پەرھاد شاپۇر بىلەن غەمكىن ھالدا كېتىۋاتاتتى. پەرھاد: «ئەگەر ئۇ پەرىۋەش تاماشا قىلىش ئۈچۈن بۇ جايغا قەدەم قويۇپ قالسا، ئۇنى بىر كۆرىۋېلىپ، جېنىمنى پىدا قىلسام ئارمىنىم يوق ئىدى. ئەگەر كەلمەي قالسا، بۇ دۇنيادىن قول ئۈزسەم ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. پەرھاد ئويلىغانلىرىنى شاپۇرغا ئېيتىپ، كۆز ياشلىرىنى راۋان قىلىپ كېتىۋاتاتتى. مېھىنبانۇ ئارقىسىدىن بىر تاۋاق جاۋاھىرنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىدىن چېچىشقا باشلىدى. ئاخىرى ئۇلار «ئەينۇلھەيات» بۇلىقىغا يېتىپ باردى. پەرھاد بىرەر باھانە تېپىپ ئۇ ئاي يۈزلۈكنى كۆرۈۋېلىش نىيىتىدە ئەتەي ئىشنى كەينىگە تارتتى.

بۇ قورۇلۇشنىڭ پۈتكەنلىكى ۋە ئېرىقتا پەرھادنىڭ ئۆزى سۇ ئاچقىلى ماڭغانلىق خەۋىرى شىرىننىڭ قۇلىقىغا يەتتى. شىرىنمۇ ئېرىقتا سۇ ئاچقاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش ئارزۇسىدا ئىدى. ئۇمۇ دەرھال نەق مەيدانغا ئاتلاندى ۋە كېچىكمەي يېتىپ باردى. شىرىننىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مېھىنبانۇ پەرھادقا:

— شىرىن بىلەن ئۇچراشقاندا ئۆزۈڭنى تۇختىتىپ، سالماقراق بولغىن، — دەپ نەسىھەت قىلىپ تۇرۇۋىدى، شىرىن ۋە بارلىق خالايىق يېتىپ كەلدى. مېھىنبانۇ ئۇلارنى يىراقتا قوغلىدى ۋە پەرھادنى ئېرىقتا سۇ ئېچىشقا بۇيرۇدى. پەرھاد بولسا كۆڭلى پاراكەندە ھالدا ئېرىقتا سۇ ئېچىشقا باشلىدى. شىرىن پەرھادنىڭ سۇ ئاچقىنىغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. پەرھاد سۇنى ئېچىپ قويىۋەتتى. سۇ بىر — ئىككى تاش يىراقلىققا ئېقىپ باردى. شىرىن باشلىق ھەممەيلەن بۇ ئېرىقنىڭ پۈتكەنلىكىگە تولىمۇ خۇشال بولۇشتى. سۇدىن ئىلگىرى ماڭمىز دەپ ھەممەيلەن سۇ بىلەن تەڭ ئات چاپتۇردى. ھېچكىم سۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمىدى. شاپۇر بىلەن پەرھاد غەم دەشتىدە ھەيران، ھىجران ئالەمدە سەرگەردان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. بىردىنلا شىرىننىڭ مىنگەن ئېتى لايغا پېتىپ قالدى. پەرھاد خۇدىنى بىلمىگەن ھالدا كېلىپ، شىرىننى ئېتى بىلەن قوشۇپلا دەس كۆتۈردى — دە، راۋاقنىڭ ئۈستىگە ساق — سالامەت قويۇپ قويدى. خالايىق پەرھادنىڭ بۇ ئىشىغا تەھسىن — ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

سۇ كېلىپ كۆلگە قۇيۇلدى، كۆلدىن بارلىق ئېرىقلارغا تارقالدى. پەرھاد قازغان بۇ ئۆستەڭگە «شەھرىلىخا»، كۆلگە «مەھرىلىخا» دەپ نام بەردى. تاماشا ئۈچۈن كەلگەن بارلىق خالايىق ئۆز ماكانلىرىغا تارقالدى. پەرھاد بىلەن شاپۇر بولسا بۇ ئىمارەتلەرنىڭ بىر بۇلۇڭىنى ئۆزلىرىگە ماكان قىلدى. پەرھاد شىرىننىڭ پىراقىدا غەمكىن ياتاتتى. مېھىنبانۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل — پاراسىتى بىلەن پەرھادنىڭ يۈرىكىگە شىرىننىڭ مۇھەببىتى ئورناشقانلىقىنى، ئىشق — مۇھەببەتنىڭ كۈچىدىن پات ئارىدا ۋەيران بولۇپ، ھاياتلىقتىن قول ئۈزۈشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ: «بۇ ئىككىسىنى بىر يەردە قىلسام، بۇلارنىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپار ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئۇ شىرىنگە:

— بۇ ئۆستەڭنى قېزىپ پۈتكەزۈشكە كۆزىمىز يەتمەي، ھەيران بولۇپ تۇراتتۇق. ھەقتەئالا ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالى بىلەن مۇشۇنداق بىر ئادەمنى بىزگە

يەتكۈزۈپ بەردى . ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن
مۇنداق ئىشنىڭ كېلىشى مۇمكىن ئەمەس
ئىدى . بۇ يىگىتنىڭ بىلىكىنىڭ كۈچىدىن
بىزنىڭ مۇرادىمىز هاسىل بولدى . بۇنداق
ئادەمگە قانچىلىك قىلسىمۇ ئەرزىمەيدۇ .
ئەگەر لەئلى - جاۋاھىرنى قوبۇل قىلغان
بولسا ، ئەرمىنىيىنىڭ پۈتۈن لەئلى -
جاۋاھىرلىرىمۇ ئازلىق قىلۇر ئىدى . بىز بىر
زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، ئۇنىڭ بېشىدىن
لەئلى - ياقۇتلارنى چاچايلى ... — دېدى .
شىرىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خوشلۇقىدا
دەرهال جەمشىدنىڭكىدەك بىر زىياپەتكە
تەييارلىق قىلدى . ئوردىنى ئەينەكتەك
تازىلاپ ، ياسىدى . ئاندىن پەرهاد بىلەن
شاپۇرنى چاقىرتىشقا ئادەم ئەۋەتتى .
بارغانلار پەرهاد بىلەن شاپۇرنى تېپىپ ،
ئۇلارغا مېهىنبانۇ بىلەن شىرىنىنىڭ سالىمىنى
يەتكۈزدى . ئۇلارنى زىياپەتكە تەكلىپ قى-
لىپ ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئوردىغا
باشلاپ باردى . مېهىنبانۇ ئالدىغا چىقىپ
كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنى تەختكە تەكلىپ
قىلدى . پەرهاد تەختكە چىقىشقا ئۇنىماي
يەردىلا ئولتۇردى . مېهىنبانۇ ئامالسىزلىقتىن
ئۇنىڭغا كۇرسى بەردى . پەرهاد كۇرسىدا
ئولتۇرۇشقىمۇ ناهايىتى تەستە ماقۇل بولدى .
پەرهادنىڭ يېنىدا شاپۇر ئولتۇردى . ئەڭ
ئۇستا سازەندىلەر ۋە خۇش ئاۋاز غەزەلخانلار
بىر ياقتا ئولتۇردى . ئون نەپەر پەرىزاتتەك
گۈلیۈزلۈك قىزلارنى ساقىيلىق خىزمىتىگە
قويدى . ئۇ ئاي يۈزلۈك قىزلارنىڭ ئىسمى -
دىلئارام ، دىلئارا ، دىلئاسا ، گۈلئەندام ، سە-
مەنبۇي ، سەمەنسا ، پەرى چېهرە ، پەرىزاد ،
پەرىۋەش ، پەرىپەيكەر ... ئىدى . بۇ دىلنى
تارتقۇچى ئىسىملارنىڭ ئىگىلىرى هەرقانداق
ئىلىمدا تەڭداشسىز ، هۆسن - جامالدا يېگانە
ئىدى . شۇنداق قىلىپ ئولتۇرۇش قىزىپ ،
ئەۋجىگە چىقتى . مەينىڭ كۈچىدە هەممەي-
لەن مەست بولغانىدى . قىزلارنىڭ هەر
بىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا پەرهادتىن سوئال
سورىشاتتى . پەرهاد ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە
قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرىپ ، ئۇلارنىڭ
مۈشكۈل ئىشلىرىنى هەل قىلدى . قىزلار
چاۋاك چېلىشىپ رەهمەت ئېيتىشتى .
مېهىنبانۇ ئەقىل پاراسەت بىلەن پەرهادنىڭ
پېشانىسىدىن چاقناپ تۇرغان هىدايەت
نۇرىنى سەزدى . ئۇ دەرهال تەختىدىن
چۈشۈپ ، پەرهادنى تەختكە تەكلىپ
قىلدى . پەرهاد كەمتەرلىك بىلەن ئۆزرە
ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . مېهىنبانۇ هەر قانچە
زورلاپ تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ، پەرهادنى
تەختكە زادىلا چىقىرالمىدى . ئاخىرى
مېهىنبانۇ تەختىدىن چۈشۈپ پەستە ئول-
تۇردى . پەرهادمۇ دەرهال كۇرسىدىن
چۈشۈپ پەردە ئولتۇردى . مېهىنبانۇ پەرهاد-
تىن گەپ سوراپ ، ئۇنى سىنىماقچى بولدى .
ئەمما پەرهادتىن پاكلىق ، ئالىيجانابلىقتىن
باشقا ئەيىب تېپىلمىدى . ئۇنىڭ پىراق دەر-
دىدە هالى قالمىغانلىقىنى سەزگەن مېهىنبانۇ
«جان چىقماقمۇ بىر دەملىك ئىش . ئەگەر بۇ
يىگىت مەهبۇبىنىڭ دەردىدە جان بېرىپ
قالسا ، بۇ بەدنام ماڭا بولىدۇ ... » دەپ ئويـ-
لىدى . ئۇ دەرهال شىرىنگە ئادەم ئەۋەتىپ :
— پەرهادنىڭ قاراڭغۇ دىلىنى
ۋىسال نۇرى بىلەن يورۇتسۇن ، چېكىلگەن
كۆڭلىنى شېكەر سۆزلىرى بىلەن
يەشسۇن ! — دېدى . شىرىنگە بۇ خەۋەر
يەتتى . شىرىنمۇ مۇشۇنداق سۆزگە ئىنتىزار
بولۇپ تۇراتتى . ئۇ خۇشال هالدا ئۆزىنى
ياساپ ، ئىككى كۆزىنى سۈزۈپ ، ئاپتاپتەك
ئېچىلىپ ، مىڭ ناز ، يۈز كەرەشمە بىلەن

زىياپەتكە كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەزىم قىلىشتى. پەرھادنىڭ جېنى چىقىشقا ئاز قالدى. لېكىن ئۇ مىڭبىر مۇشەققەتتە ئاران ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ پەرىۋەش مېھىنبانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. پەرھادقا قايتا جان كىرگەندەك خۇشال بولدى. پەرھاد بىلەن شىرىن بىر - بىرىنى كۆرۈپ ۋىسال مەيدىن مەست بولغانىدى. بۇ ئىككى ئاشىق بىر - بىرىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. شۇ تەرىقىدە يېرىم كېچە بولدى. ئولتۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى. شىرىن يۈزىنىڭ ناز - كەرەشمە بىلەن تولغىنىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ، سۇمبۇلدەك چېچىلىپ مەي تۇتقىلى ئورنىدىن تۇردى. جام ئېلىپ پەرھادقا يېتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئون قىز شىرىن بىلەن پەرھادنىڭ بېشىدىن ئۈنچە - مارجانلارنى چېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا پەرھاد مۇنۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كى ئەي، زارى بەلاكەش ئاشىقىم مەنسىز
نەچۇ كىدۇرسەن؟
كى ئەي جەۋرى - سىتەمگە لايىقىم مەنسىز
نەچۇ كىدۇرسەن؟

دەپ پىيالىنى قولىغا ئالدى ۋە:
— سېنىڭ خىيالىڭدا ئىچىمەن ...، — دەپ ...
.......... (1)

كى ئەي ساقى گۈلئۈزار مەھۋەش،
جانۇ جىگەرىمگە تۇشتى ئاتەش.
تۇتقىل ماڭا لەبا - لەب قۇيۇپ جام،
بۇ تەشنەلىكتىن ئالاي ئارام.

دەپ پىيالىدىكى مەينى سۈمۈردى. شىرىن پىيالىنى تولدۇرۇپ يەنە پەرھادقا تۇتتى. پەرھاد دېدى:

— ئەي نازىنىن، پۈتۈن ئالەم پىيالىگە ئايلانسىمۇ سېنىڭ ئىشقىڭدا مەن ئۇنى سۈمۈرەرمەن ...

ئۇ پىيالىنى شىرىننىڭ قولىدىن ئېلىپ ئىچىۋەتتى - دە، ھوشىنى يوقىتىپ، « ئاھ » دەپ يەرگە يىقىلدى. شىرىن پەرھادنىڭ بېشىنى يۆلىدى. بۇ چاغدا پەرھادنىڭ ئوتلۇق ئاھى شىرىنگە تەسىر قىلىپ، ئۇمۇ پەرھادنىڭ يېنىغا يىقىلدى. شىرىننىڭ كېنىزەكلىرى ئۇنى ئۆز ھۇجرىسىغا ئەپچىقىپ ياتقۇزۇپ قويۇشتى. ئاندىن پەرھادنىمۇ باشقا بىر خانىغا ئېلىپ چىقىپ ياتقۇزۇشتى. بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن پەرھاد ھوشىغا كەلدى. بايىقى ئىشلار يادىغا كېلىپ تولىمۇ خىجالەت بولدى. ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز ماكانىغا قاراپ كېتىپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن شىرىنمۇ ھوشىغا كەلدى. يېنىغا قارىسا پەرھاد يوق. كۆڭلىدىكى دەرد - ئەلىمى تېخىمۇ ئاشتى. شىرىننىڭ مۇھەببىتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى. كۈنلەر ئاشۇنداق ئۆتتى. مېھىنبانۇ بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ كېچىلەردە دەردلىك ئاھ چەككەنلىكىنى، كۈندۈزدە بولسا كۆڭۈل سىرلىرىنى دېيىشەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تولىمۇ تەڭلىكتە قالغانىدى. ئۇ پەرھادنىڭ ئىشق ئوتى شىرىنگە تەسىر قىلغانلىقىنى بىلگەچكە، ئامالسىزلىقتىن بەزىدە بەزمىلەر تۈزۈپ بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى ئۇچراشتۇراتتى.

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەغرىب زېمىنىدا بىر پادىشاھ

(1) قول يازمىدا مۇشۇ يەردىن ئىككى بەت يوقالغان.

بولۇپ، ئۇ نۇشىراۋاننىڭ نەۋرىسى ھورمۇزنىڭ ئوغلى ئىدى. ئىسمى خۇسرەۋ شاھ ئىدى. ئۇ مەغرىب زېمىنىنىڭ شاھلىق تەختىدە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. لېكىن ئۇ ئوغۇل تەخت سەلتەنەتكە لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇ: «يەنە ئۆيلەنسەم، تەڭرىتائالا ئۆزىنىڭ كەرىمى بىلەن پادىشاھلىققا لايىق بىر ئوغۇل بەرسە، مېنىڭدىن كېيىن ئورنۇمدا ئولتۇرسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپ ئۆزىگە لايىق ئىزدىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتتى. شۇ چاغلاردا شىرىننىڭ داڭقى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر بولۇپ، پەرھاد بىلەن شىرىن توغرىسىدىكى مەخپى سىرلارمۇ خەلق ئارىسىغا يېيىلغان ئىدى. شىرىننىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپى خۇسرەۋنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خۇسرەۋ شىرىنگە غايىبانە ئاشىق بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن ئادەملىرى يېتىپ كېلىپ ھەممىسى شىرىن توغرىسىدا ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشتى. خۇسرەۋنىڭ كۆڭلىدە زوق ئۇستىگە زوق پەيدا بولدى. ئاخىرى ئۇ ئۆزى شىرىننىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئويلاپ، بۇ توغرىلىق ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سورىدى. خۇسرەۋنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى يۇقىرى بىر ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇ:

— ئۆزىڭىز بارسىڭىز مۇۋاپىق بولماس. ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۇ ياقتىن كەلگەن جاۋابىغا قاراپ ئىش كۆرسەك ياخشى بولارمىكىن، — دېدى. خۇسرەۋ شاھ بۇ مەسلىھەتنى لايىق تېپىپ، بىر قانچە ئادەمنى شىرىننىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتمەكچى بولدى. بۇلارنىڭ ئارىسىدا شىرىن سۆزلۈك، گەپدان بىر كىشى بار ئىدى. شىرىنگە شۇ ئادەمنى ئەلچى قىلىپ تەيىنلىدى. بۇلار بىر قانچە ۋاقىت يول يۈرۈپ ئاخىرى ئەرمەن ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى. «خۇسرەۋدىن ئەلچى كەپتۇ» دېگەن خەۋەر مېھىنبانۇغا يەتتى. مېھىنبانۇ دۆلەت ئەربابلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئەلچىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. ئەلچىلەر ئالدى بىلەن خۇسرەۋنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئاندىن گۈزەل ئىبارىلەر بىلەن ئەلچىلىك سۆزلىرىنى بايان قىلدى. گەپ تۈگىگەندىن كېيىن مېھىنبانۇ «جاۋابىنى ئەتە بېرەي» دەپ ئەلچىلەرنى قايتۇردى. ئۇ ۋەزىرلەرنى يىغىپ ئۇلارغا ئەلچىلەرنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرىنى ئېيتىپ، مەسلىھەت سورىدى. ئۇلار ھەممىسى بىردەك:

— خۇسرەۋدەك ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ ئارزۇسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى كۈيئوغۇل قىلىش نېمىدېگەن بەخت! سەلتەنەتتىمۇ، نەسەبتىمۇ ھېچقايسى پادىشاھتىن كەم ئەمەس ... — دېيىشتى.

ئەمما بۇ سۆزلەر مېھىنبانۇغا ياقمىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا شىرىننىڭ ئەھۋالى مەلۇم ئىدى. ئۇ تولىمۇ تەڭلىكتە قالدى. پەرھادنىڭ بىچارە تۇرقى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولدى. بۇ ئىشنى شىرىنگە خەۋەر قىلدى. ئۇ يۈرەك ـ باغرى پارە ـ پارە بولغان ھالدا مۇنداق دېدى:

— ئەگەر سىزلەر شۇنداق قارار قىلغان بولساڭلار مەن ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن. شاھلىق بىلەن ئاشىقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ. مېنىڭ پادىشاھلىق بىلەن قىلچە كارىم يوق، پەقەت پەرھادنىڭ يادى بىلەن خۇرسەنمەن. ئۇمۇ مېنىڭ ۋىسالىمنى تەمە قىلمايدۇ. مېنى يادلاش بىلەنلا خۇشالدۇر. ئەگەر بۇ

سۆزلەرنى پەرھاد ئىشىتسە ئۇمۇ ئۆزىنى ئۆلتۇرۇۋالىدۇ. مەن بۇنداق بەدنامنى خالىمايمەن. پەرھاد مېنىڭ ئىشقىمدا چۆلمۇ چۆل، تاغمۇ تاغلاردا بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ نالە زار قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئۇنى ئاز دەپ بۇ ئىشنى قىلسام راۋا بولامدۇ؟ مېنى مۇنداق قەبىھ ئىشقا زورلىمىسۇن. بەلكى ئۆلتۈرۈپلا ئەتسۇن، ياكى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتسۇن...

— شىرىننىڭ بۇ سۆزلىرى مېھىنبانۇغا تەسىر قىلدى.

— مېنىڭمۇ بۇ ئىشقا زادىلا رايىم يوق. ئۇنداق بولسا ئەلچىلەرنى بىرەر سەۋەب كۆرسىتىپ ياندۇرايلى، — دېدى ئۇ. بۇ گەپ بىلەن شىرىنمۇ خېلى خاتىرجەم بولدى.

ئەتىسى ئەلچىلەرنى چاقىرتىپ ئۇلارغا:

— خۇسرەۋنىڭ تەلىپى كۆڭلىمىزگە يېقىپ، بۇ ئىشتىن پەخىرلىنىشىمىز كېرەكلىكىنى ھېس قىلدۇق. لېكىن بىر ئۆزرىمىز بار. قىزىمىز كىچىكىدىن تارتىپ ئوقۇش بىلەنلا بولۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئەركىشىنىڭ ئېتىنى ئاتاشقىمۇ بولمايدۇ. ھازىر ئۇنىڭغا بۇ گەپنى دېسەك، ئۆلىۋېلىشتىن يانمايدۇ. شۇڭا بىر نەچچە يىل سەۋر قىلىپ تۇرسا، بالا بىر ئاز ئەقىلگە كەلسە، بىزمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلساق...
— دېگەن سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئەلچىلەرنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قايتۇردى.

ئەلچىلەر قايتىپ بېرىپ ئەھۋالنى خۇسرەۋگە يەتكۈزدى. خۇسرەۋ:

مېنىڭدەك بىر پادىشاھنىڭ ئەلچى ئەۋەتكىنىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن بەخت دەپ بىلىپ، بانا ـ سەۋەب كۆرسەتمەي، مەلىكىنى بەرسە بولمامدۇ، — دەپ غەزىپى ئوتتەك يالقۇنلىدى. ئۇ يەنە شىرىننىڭ ئالدىغا ئەلچى ئەۋەتتى. مېھىنبانۇدىن يەنە بايىقىدەك جاۋاب ئېلىپ كەلدى. ئاخىرى خۇسرەۋ:

— مەن بېرىپ ئەرمەن ۋىلايىتىنى كۆكۈم ـ تالغان قىلىپ مال ـ مۈلكىنى تالان ـ تاراج، خەلقىنى ئەسىر قىلىپ، كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىپ كېلەي، — دەپ، نۇرغۇن لەشكەر بىلەن ئەرمەن تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار چۆل ـ باياۋانلاردىن ئۆتۈپ بىر قانچە كۈندە ئەرمەن ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى.

مېھىنبانۇمۇ خۇسرەۋنىڭ يېتىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەپ شەھەر دەرۋازىلىرىنى چىڭ ئېتىپ، مۇداپىئە كۆرۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا باياۋان تەرەپتىن قۇم ـ توپىراقتىنمۇ زىيادە لەشكەر كۆرۈندى. مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن ئىككىسى شەھەر مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، پەرھادنىڭ ئامان ـ ئېسەن بولۇشىنى تىلىدى. ئاخىرى خۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرى ئەرمەنىيە شەھىرىنى قورشىۋالدى. شەھەرنىڭ ئەتراپىنى ئوبدان چارلاپ چىققاندىن كېيىن پەرھاد تۇرغان باياۋان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پەرھاد يىراقتىن ئۇلارنى كۆرۈپ «مېنىڭ دۈشمىنىم مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ، ئۇنىڭ يۈرىكىگە دەز كەتتى. ئۇ «مەن ئۇنى چوقۇم يوقىتىمەن» دەپ ئۆزىگە كۆك تۆمۈردىن قالقان تۇتتى.

خۇسرەۋنىڭ قوشۇنىدا ئون مىڭ باتۇر بار ئىدى. خۇسرەۋ ئۇلاردىن ئون يىگىرمىسىنى بۇيرۇپ:

— بېرىپ ئاشۇ ئادەمنى تىرىك تۇتۇپ كېلىڭلار! — دېدى. ئۇلار پەرھاد

تەرەپكە قاراپ ماڭدى . پەرھاد ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى . ئۇ بىر تاغنىڭ بۇرجىكىنى قومۇرۇپ ئالغان پېتى تاغنىڭ ئۇستىگە چىقىپ نەرە تارتقىنىچە مۇنداق دېدى :

— مەندەك دەردمەن ، ئىشق ئوتىغا گىرىپتار ، دەرد ـ ئەلەمگە مۇپتىلا بولغان كىشىگە يېقىن كەلمەڭلەر . بىئەجەل ھالاكەتكە دۇچار بولىسىلەر . ئەگەر گېپىمگە پىسەنت قىلمىساڭلار ، بېشىڭلارغا مىنىڭ بېشىمغا ياغقاندەك تاش ياغىدۇ . ئەگەر ئىشەنمىسەڭلەر بېشىڭلاردىكى دۇبۇلغاڭلارغا ، تۇغ ـ ئەلەملىرىڭلارنىڭ ئۇچىغا قاراڭلار ...

ئۇ شۇنداق دەپلا بىر پارچە تاشنى يىقىتىپ ئاتقانىدى ، خۇسرەۋنىڭ دۇبۇلغىسىنىڭ قۇببىسىنى ۋە تۇغ ـ ئەلەمنىڭ ئۇچىنى ئۇچۇرۇپ تاشلىدى . خۇسرەۋ بۇ ئىشقا ھەيران ۋە سەرگەردان بولدى . پەرھاد :

— ئەگەر مەندەك بىر بىگۇناھقا قەست قىلساڭلار ، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆز خەلقىڭلارنى قەستلىگەندەك بولىسىلەر . دۇبۇلغا ئۇچۇرغاننى باش ئۇچۇرغان بىلەن باراۋەر بىلىڭلار . ئەي خۇسرەۋ ، ئۆزلەشكىرىڭگە بىھۇدە جەۋر سالمىغىن . كەلگەن يولۇڭغا قايتىڭلار . يەنە بىر گەپ ، ئىشق ھەققىدە لاپ ئۇرىسەن ۋە كىشىلەرنى پاراكەندە قىلىپ پەرىۋەشنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلىسەن . ئاشىقلىق زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەمسەن ؟ — دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلىغان خۇسرەۋ تولىمۇ تەڭلىكتە قالدى . ئۇ ئامالسىزلىقتىن پەرىشان ھالدا ئۆز بارگاھىغا قايتىپ كەتتى . ئۇ غەمكىن ھالدا ئۈمىدسىزلىنىپ ئولتۇرغاندا . بىر ۋەزىر كىرىپ كەلدى . ئۇ :

— ئەي پادىشاھى ئالەم ، بىكار غىلا پەرىشان بولىسىز . تاغلىقلارنىڭ بۇنداق تاغدەك لاپلىرى تولا . ئۇنىڭغا مۇنچىلا ئويىلىنىپ ، ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەڭ ، — دېدى .

بۇ چاغدا يەنە بىر ۋەزىر :

— بۇ شەھەرنىڭ مۇداپىئەسى بەك كۈچلۈك ئىكەن . بىر يىلدىمۇ شەھەرنى ئالالمىغۇدەكمىز . بۇنىڭغا بىرەر تەدبىر قوللانماق كېرەك ، — دېدى .

خۇسرەۋ مۇشۇ مەسلىھەت بىلەن مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزدى .

ئەي مېھىنبانۇ ، شىرىنىدەك بىر گۈزەل دىلبەرنى پەرھادتەك ئەلدىن ئايرىلغان ۋەتەنسىزگە لايىق كۆرۈش نېمىدېگەن ئار ـ نومۇس ؟ خۇسرەۋدە قانداق ئەيىب كۆردىڭىزلەر ؟ پەرھادتا قانداق پەزىلەت بار ئىكەن ؟ ... دېدى ئەلچى . مېھىنبانۇ يەنىلا ئالدىنقى قېتىم بەرگەن جاۋابنى بېرىپ ئەلچىلەرنى ياندۇردى . ئەلچى خۇسرەۋگە مېھىنبانۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى . خۇسرەۋ قاتتىق غەزەپكە كېلىپ ، لەشكەرلەرنى بۇيىرۇپ شەھەرنى قاتمۇ قات مۇھاسىرىگە ئالدى . ئۇرۇش تەييارلىقىنى تەقمۇ تەق قىلىپ ، جەڭ دۇمبىقىنى ئۇرغۇزدى . لەشكەرلەرنى سەپ ـ سەپ قىلىپ تىزدى . ئەمما شەھەر تەرەپتىن پەرھادتىن باشقا ئادەم چىقمىدى . پەرھاد بولسا خۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرىگە تاش ئېتىپ ، ئۇلاردىن بىرنىمۇ يېقىن كەلتۈرمەيتتى . خۇسرەۋگە بۇ ئىش بەكمۇ ئەلەم قىلدى . ھەر قانچە كېڭەش قىلسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى .

دەل شۇ چاغدا بىر ھارامزادە يېتىپ كەلدى . ئۇ ھىيلە ـ مىكىردە شەيتانغا ساۋاق

بېرەتتى . ئۇ :
— بۇنىڭ ئامالىنى مەن قىلالاي-
مەن ، — دېدى .
— ئەگەر سەن بۇ ئىشقا ئامال
تاپالايدىغان بولساڭ ، بويۇڭ بىلەن باراۋەر
ئالتۇن بېرەي ، — دېدى خۇسرەۋ .
— مەن ئۇنى ھىيلە بىلەن بەنت
قىلىمەن . ئەمما ئۇنى ئالدىڭىزغا ئېلىپ كې-
لىشكە ئاجىز كېلىمەن ، — دېدى ھېلىقى
ھارامزادە .
— سەن بەنت قىلغىن . مەن ساڭا
كىشى قوشۇپ بېرەي ، — دېدى خۇسرەۋ .
خۇسرەۋ ئىككى يۈز نەپەر
كۈچتۈڭگۈر ئادەمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ يولغا
سالدى . ئۇلار ئاستا بېرىپ ، بىر يەرگە
يوشۇرۇندى . ھارامزادە خۇش بۇي بىر
گۈلگە ھوشسىزلاندۇرۇش دورىسىنى سېپىپ
يېنىغا سېلىۋالغانىدى . ئۇ خۇددى ئاشىقلارغا
ئوخشاش ئاھۇ پىغان بىلەن پەرھاد تۇرغان
جايغا قاراپ ماڭدى . ئۇ پەرھادقا يېقىن
بېرىپ كۆردىكى ، پەرھادمۇ ئىشقىنىڭ كۆ-
چىدىن مەست - بىھوش ھالدا ئولتۇراتتى .
بۇ ھارامزادە پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كەل-
گەندە پەرھاد بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا
قارىدى . ئۇنىڭ ھالى پەرھادنى ئىنتايىن بى-
ئارام قىلدى ۋە قاتتىق تەسىرلەندۈردى . ئۇ
ئۆزىگە ئوخشاش بۇ بىچارىنى كۆرۈپ ، ئۇ-
نىڭدىن ئەھۋال سورىدى . ھارامزادە
ئېيتتىكى :
— مەن بىر ئاي يۈزلۈككە ئاشىق-
تۇرمەن . بەزى - بەزىدە ئۇنىڭ گۈزەل
جامالىدىن ھۇزۇرلىناتتىم . يېقىندا بۇ ۋىلا-
يەتتە خۇسرەۋ دېگەن بىر زالىم پەيدا
بولدى . مېنىڭ مەشۇقۇم شەھەرنىڭ ئىچىگە
قامىلىپ قالدى . مەن بىچارە تاشقىرىدا
قالدىم . شەھەر تەرەپكە قەدەم قويسام
خۇسرەۋنىڭ تىڭتىڭچىلىرى ئېتىپ قويۇپ
ئازابقا قويدى . خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا بارسام ،
ئۇ زالىم قوغلىۋەتتى . مەن بىچارە
مەھبۇبەمنىڭ يادىدا ھەيران ۋە سەرگەردان
بولۇپ ، سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كەلدىم ، — دەپ
بىر ئاھ ئۇردى . ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان
ئوتتا ئون سەككىزمىڭ ئالەم كۆيۈپ كۈلگە
ئايلىنىدىغاندەك بولدى . بۇ ھارامزادىنىڭ ئۇر-
غان ئاھى پەرھادقا تەسىر قىلىپ ، ئۇمۇ
قاتتىق بىر ئاھ ئۇردى . ئۇنىڭ ئاھى يەتتە
قات ئاسماندىن ئاشتى . ھېلىقى ھارامزادە
دەرھال دورىلانغان ھېلىقى گۈلنى ئېلىپ
پەرھادقا تۇتتى . پەرھاد گۈلنى قولىغا ئېلىپ
پۇرىدى - دە ، قاتتىق بىر چۈشكۈردى ،
ئاندىن بىھوش بولۇپ يىقىلدى . ھارامزادە
دەرھال خۇسرەۋنىڭ ئادەملىرىگە خەۋەر
قىلدى . دەل شۇ چاغدا شاپۇر تاغنىڭ بىر
ئۆركۈرىدە ئارام ئېلىپ ياتقانىدى . ئۇ بىر
يامان چۈش كۆرۈپ ، چۆچۈپ ئويغىنىپ
كەتتى . بېشىنى كۆتۈرۈپ پەرھادقا قارىدى .
ئۇنىڭ بىھوش بولۇپ يىقىلغانلىقىنى ۋە ئۇنى
باغلاۋاتقانلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى .
ئامالسىزلىقتىن قولىغا بىر پارچە تاشنى ئې-
لىپ ئۇلارغا قارىتىپ ئاتتى . ئۇلار ئىتتەك
تەرەپ - تەرەپكە قاچتى . پەرھادنى مەھكەم
باغلاپ خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كېلىشتى . خۇسرەۋ قارىسا ئۇنىڭ يۈزىدىن
ئاللانىڭ نۇرى چاقناپ تۇراتتى . خۇسرەۋ
پەرھادنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى . ئۇنىڭ
بۈزرۈك ئۇمىد دېگەن بىر ۋەزىرى بار ئىدى .
ئۇ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىپ ، پەرھادنى
ئۆلۈمدىن تىلىۋېلىپ ، زىندانغا سالدۇردى .
ئاندىن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈردى .
خۇسرەۋ پەرھادتىن مۇھەببەت

هەقـقـــدە سوئال سورىۋىدى ، پەرھاد خۇسـ
رەۋنــىــڭ ســوئال ئەيــنەكــلــرىــنــى جاۋاب
تــاشــلــرى بىلەن ئۇشاتتى . پەرھادنىڭ قاتـ
تــىق ســۆزلــرىــنــىــڭ تــاش بــورانلىرىدىن
خــۇســرەۋنـــىــڭ كۆڭلى شىشىدەك سۇنۇپ ،
پــاچــاقلاندى . ئۇ غەزەپلىنىپ پەرھادنى يەنە
ئۆلـۈمـگـە ھۆكـۈم قـىـلـغاندا ، ھىماتچىنىڭ
سۆزلىرى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى .

بىيىت

بۇ بىخۇد يولىنىڭكى ھۇشمەندى ،
بولۇر بۇ نەۋئ مەئنى نەقشبەندى .
كى چۇن فەرھادنى ئول خەيلى چالاك ،
شاھ ئالدىغە يەتۇردىلەر تەرەبناك .
بولۇپ خۇسرەۋ ئول ئىشدىن شادمانە ،
ئەتا ئەيلەپ ئۇلارغە خۇسرەۋانە .
دىدى : «فەرھادغە سالىڭلار ئاغىر بەند ،
ئىكى ئىلكى قىلىپ بەند ئۆزرە پەيۋەند » .
مەجانىندەك مۇقەييەد قىلدى ھاسىل ،
بارى ئەئزاسى ئەغلالى سەلاسىل .
بويۇردىكىم ھەكىم ئولۇپدۇر ئاغۇش ،
كىيۇردى ناتەۋاننىڭ ئاغزىغە غۇش .
كۆزىنى ئاچتى ئول مەجنۇنى بىخۇد ،
كى بولمىش ئىردى مەجنۇندەك مۇقەييۇد ،
ئۆزىن كۆردى ئەجايىب ھال ئىچىندە ،
سەلاسىل قىلدىلار ئەئلال ئىچىندە .
باشىدا خۇسرەۋايىن بارگاھى ،
تۇرۇپ ئەتراپىدا خەيلى سىپاھى .
ئاياغ ئاستىدا بىر تەختى كىيانى ،
باشى ئۈستىدە تاجى خۇسرەۋانى .
ئەجەب بىرلە ئانىڭكىم سارىغە باقىپ ،
باشىنى ئىرغاتىپ ئىلكىنى قاقىپ .
قىلىپكى ئىشقنى ئايرىدا غەيرەت ،
ئىبتىپكى ھەيكەلۇ شەكلدە ھەيرەت .
يەقىن بىلدى چۇ بولدى پىكىر ئەندىش ،
كى نە فىئىل ئەيلەمىش چەرخى جەفاكىش .
ئۆزىن سالماي ھەدىغە ئىسا ئايىن ،
قوپۇپ ئولتۇردى سالىپ باشىغە چىن .
ئەدەب بىرلە ھەيا رەسمىن قىلىپ قاش ،
بۇرۇن ئىندۇردى مەجلىس ئەھلىغە باش .
جۇدائى يوق سولەرماس دىمەك سۆز ،
ئاغىز سۆزدىن تىگىپ تۆكتى قەۋى سۆز .
ئۇنۇتتى ئەيلەمەكنى قەتل پەيدا ،
ئاگا باقىپ تەكەللۇم قىلدى يانا .
دىدى : « قــايدىن ســەن ، ئەي مەجنۇنى
گۇمراھ ؟ »
دىدى : «مەجنۇن ۋەتەندىن قايدا ئاگاھ ؟ »
دىدى : « نەدۇر ساڭا ئالەمدە پىشە ؟ »
دىدى : ئىشق ئىچرە مەجنۇنلۇق ھەمىشە . »
دىدى : « بــۇ ئىشدىن ئــولماس كەسىپ
روزى ، »
دىدى : كەسىپ ئولسا بەسدۇر ئىشق سۆزى .
دىدىكىم : ئىشق ئوتىدىن دە فەسانە ،
دىدى : كۆيمەي كىشى تاپماس نىشانە .
دىدىكىم : كۆيمەكىڭنى ئەيلە مەئلۇم ،
دىدى : ئاندىن ئىرۇر جاھ ئەھلى مەھرۇم .
دىدى : قــاي چــاغدىن ئولدۇڭ ئىشق
ئارامەست ؟
دىدى : روھ ئىرمــەس ئىردى تــەنغە
پەيۋەست .
دىدى : بۇ ئىشقدىن ئىنكار قىلغىل ،
دىدى : بۇ سۆزدىن ئىستىغفار قىلغىل .
دىدى : ئاشىقغە نې ئىش كۆپ قىلۇر زور ،
دىدى : فۇرقەت كۈنى ئىشقى بەلا شور .
دىدى : ئىشق ئەھلىنىڭ نىدۇر ھەياتى ؟
دىدى : ۋەسل ئىچرە جانان ئىلتىفاتى .
دىدىكىم : دىلبەرىڭنىڭ دە سىفاتىن ،
دىدى : تىل غەيرەتىدىن تۇتمام ئاتىن .
دىدى : ۋەسلىغە بارسەن ئارزۇمەند ؟
دىدى : بارمەن خەيالى بىرلە خۇرسەند .
دىدى : نۇشى لەبىدىن تاپقالى بەھر ،

دېدى : ئۇل نۇشدىن ئەل قىسمدۇر زەھر .
دېدى : جانىڭنى ئالسا لەئل يادى ،
دېدىكىم : ئۇشبۇدۇر جانىم مىرادى .
دېدى: كۆڭلۈڭ فىدا قىلسا جەفاسى ،
دېدى : جانىمنى ھەم ئەيلەي فىداسى .
دېدى : بۇ ئىشقدىن جۇز يوق زىيان بۇد ،
دېدى : ئۇ كەلدى سەۋدا ئەھلىغە سۇد .
دېدى : بۇ ئىشق تەركى ياخشىراقدۇر ،
دېدى : بۇ شىيۋە ئاشىقدىن يىراقدۇر .
دېدى : ئال گەنج ، قوي مىھرىن نىھانى ،
دېدى : تۇفراقغە بەرمەن كىمىيانى .
دېدى : جانىڭغە ھىجران كىنە كەشدۇر ،
دېدى : چۇن يار ۋەسل ئۇمىد خۇشتۇر .
دېدىكىم : شەھقا بولما شىركەت ئەندىش ،
دېدى : ئىشق ئىچرە نەگدۇر شاھۇ دەرۋىش .
دېدى : جانىڭغە بۇ ئىشتىن ئەلەم بار ،
دېدى ئىشق ئىچرە جاندىن كىمگە غەم بار .
دېدى : ئىشق ئىچرە قەتلىڭ ھۆكم ئەتكۈم ،
دېدى : ئىشقىدا مەقسۇدۇمغا يەتكۈم .
دېدى : بۇ ئىشدا يوق سەندىن يىراق ۋەسل ،
دېدى : بۇ سۆزلەرىڭدىن ياخشىراق قەتل .
نەچەكىم بولدى مۇشكىل سۆز خىتابى ،
بەسى ئاسان ئاڭا ئەتتى جەۋابى .
غەزەپ بىرلە بويۇردى شاھ غەۋۋار ،
كى ئەتتىلەر ھىسار ئالدىدا بىر دار .
چېكىلگەچ ئۇيلەكىم ئەبرى بەھاران ،
ئۇلۇس قىلماغنى ئانى تىير باران .
نەچە كۈن تۇرماق ئۇشبۇ ھال بىرلە ،
كۆرۈپ خەلق ئانى بۇ ئەھۋالى بىرلە .
ئانىڭ ئەھۋالىغە ئالماق بارچە ئىبرەت ،
گەدالار قىلماسۇنلار شاھغە شىركەت .
بۇ يەڭلىغ ئوتغە ياندۇرماغلىق ئانى ،
كۈل ئولغان كۆككە ساۋۇرماغ ئانى .
بولۇپ فەرھاد ئۇل سۆزدىن تەرەفناك ،

كۈلۈپ دېدىكى : «ئەي شاھى غەزەبناك ،
تەسەۋۋۇر قىلما گاھى تارتادۇرسەن ،
ئەدۇۋدىن ئىنتىقامى تارتادۇرسەن .
گۇنەھ ھۆكم ئەيلەدىڭ مەقسۇدۇڭ ئولدۇر ،
نە كەلسە ئىشق ئارا بىھبۇدۇم ئولدۇر .
مۇرادىم ئىشق ئارا ئۆلمەكلىك ئىردى ،
بۇ كۈن مۇنداغ مۇرادىم تەڭرى بەردى .
ئەدەم يولىغە گەرچە باشقارۇرسەن ،
بىر ئۆلمەك بىرلە ئاندىن قۇتقارۇرسەن .
يەنە كىم ھۆكم قىلدىڭ تىير باران ،
ساڭا ياندۇرمىش ئولكىم خەيلى ھىجران .
سېنىڭ بۇ تىيرى بارانىڭكى يەتكەي ،
مېنى قۇتقازغاي ئاندىن ئۆزى كەتكەي .
بۇ كۈن دېدىڭكى «كۆيدۇرسۇنلەر» ئاخىر ،
بۇ دەۋزەخدىن خەلاس ئەتكۈمدۇر ئاخىر .

سوئال ـ جاۋاب تامام بولدى . بۇ سۆزلەر خۇسرەۋگە تەسىر قىلدى . ئۇ :

— بۇنداق ئادەمنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشتىن مۇۋاپىق ئىش يوق . پادىشاھقا سۆز ياندۇرغانىنىڭ جازاسى ئەنە شۇدۇر ، — دېدى .

دەرھال بىر دار ياساتتى . ئاندىن ئۇ جاللاتلارغا :

— ئۇنى ئاپىرىپ دارغا ئېسىڭلار . پادىشاھقا ئۆزىنى تەڭ تۇتقان ئادەمنىڭ جازىسى شۇ . ئاندىن ئۇنى تاش بوران قىلىڭلار ، — دەپ ھۆكۈم قىلدى .

— بىر نەچچە كۈن دارغا ئېسىقلىق تۇرسۇن . ئاندىن ئۇنى داردىن چۈشۈرۈپ كۆيدۈرۈپ كۈلىنى كۆككە سورۇش كېرەك ، — دېدى ئۇ يەنە . پەرھاد دېدىكى :

— سەن ماڭا غەزەپلىنىپ مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇۋاتىسەن . ئەمما مەن بۇ ئىشتىن خۇشال بولىۋاتىمەن . چۈنكى ئىشق

مەيدانىدا قۇربان بولۇش مېنىڭ مۇرادىم-
دۇر . ئاللاغا شۈكرى ، سەن بۈگۈن مېنىڭ
مەقسىتىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇمغا ئىمكان
بەردىڭ . يەنە مېنى ئوتتا كۆيدۈرۈشكە
يارلىق قىلدىڭ . مەن بولسام دائىم جۇدالىق-
نىڭ گۈلخىنىدا كۆيىمەن . مېنى بۇ ئازابتىن
بىراقلا قۇتقازساڭ نېمىدېگەن ياخشى بو-
لاتتى ؟ ! ، — دەپ ناھايىتى خۇشال
بولدى . ئۇ يەنە :

— مېنىڭدەك بىر غېرىپ ئاۋارىنى
مۇشۇنداق جازاغا تارتقانلىقىڭدىن خالايىق
خەۋەر تاپسا ئىدى ، مەن بۇنىڭدىن پەخىر-
لەنگەن بولاتتىم . مېنى ھەرقانداق قىلساڭ
مەن بۇ مۇھەببەت تورىغا گىرىپتار بولماستا ،
تەختى - بەختىمدە بەرقەرار ئولتۇرغان چې-
غىمدا قىلغان بولساڭ ، ئۇچاغدا مەن ساڭا
ئۆزەمنىڭ ئەركەكلىكىمنى كۆرسىتىپ ، تې-
گىشلىك جازايىڭنى بەرگەن بولاتتىم .
غەيرەت - شىجائەتنى مەن ساڭا ئۆگىتىپ
قويار ئىدىم . سۆزۈم شۇكى ، مەن ھەر كۈنى
مىڭ قېتىم ئۆلىمەن . ئەگەر سەن بىر ئۆلۈم
بىلەن مېنى قۇتۇلدۇرساڭ نېمىدېگەن راھەت
ئىدى ! بىراق مېنىڭ غەم قىلىدىغىنىم ، بۇ
يۈز بەرگەن ئىشلار چىن مەملىكىتىگە
يەتسە ، قايغۇ دەشتىدە چۆرۈلگەن ، غەم شا-
مىلىدا سورۇلغان ، ئىشق ھالاكىتىدە جان
بەرگەن جىگەر پارىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن
جاپا - مۇشەققەتلەرنى ئاڭلىغان خاقانى
چىن نۇرغۇن لەشكەر تارتىپ بۇ يەرگە يې-
تىپ كېلىدۇ . ئۇ چاغدا ناھەق قانلار
تۆكۈلىدۇ . قىيامەتتە ئۇنىڭ جاۋابىنى بې-
رىش ساڭا مۈشكۈل ، كىلۇرمىكىن ، دەپ
ئەنسىرەيمەن ، — دەپ سۆزىنى ئاخىرلاش-
تۇردى .

خۇسرەۋ غەزەپ بىلەن پەرھادنى
دارغا ئېسىشقا بۇيرۇدى . ئۇنى دارنىڭ تۈ-
ۋىگە ئېلىپ كېلىشتى . پۈتۈن شەھەر خەلقى
ئەپسۇس ، نادامەتلەر قىلىشتى . مېھىنبانۇ
بىلەن شىرىن پىنھاندا زار - زار يىغلىشاتتى .
خۇسرەۋنىڭ ئادەملىرىمۇ پەرھادنىڭ مۇنداق
بىگۇناھ ئۆلۈپ كېتىشىگە رازى ئەمەس
ئىدى . بۇ چاغدا بۇزرۇك ۋەزىر ئورنىدىن
تۇرۇپ تەزىم بىلەن دېدىكى :

— ئەي پادىشاھى ئالەمپاناھ ، ئۇ بى-
چارە گۇناھسىزدۇر ، چۈنكى ساراڭنىڭ
سۆزىنىڭ ئېتىۋارى يوقتۇر . شۇڭا ئۇ سىزگە
بىئەدەپلىك بىلەن سۆزلىدى . ئەگەر ئۇنىڭ
ئەقلى بولسا ئۆلۈمدىن قورقار ئىدى . ئۇ
بولسا ئۆلۈمنى كۆزىگە ئىلمايۋاتىدۇ . بۇنى
بىر جايغا مەھكەم سولاپ قويايلى . بىر قانچە
ئادەم بىر مەزگىل ئۇنى باقسۇن . ئەگەر
ئەقلىگە كېلىپ قالسا ئۇنىڭغا قاراپ بىر ئىش
قىلايلى . ئۆلتۈرۈش ئاسان ، ئەمما
تىرىلدۈرۈش قىيىندۇر .

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا پادىشاھ ماقۇل
بولدى .

— ئۇنداق بولسا ئۇنى بىر جايغا
قاماپ قويغىن ، — دەپ بۇيرۇدى پادىشاھ .

بىر تاغ بار ئىدى . ئۇ تاغدا دېۋىلەر
بىنا قىلغان بىر قورغان بار بولۇپ ، ئۇنى
« سەلاسىلە قورغان » دەپ ئاتايتتى . بارلىق
گۇناھكارلار شۇ يەرگە قاملاتتى . پەرھادنى
ئاشۇ قورغانغا ئەۋەتتى . ئاندىن بەش يۈز
نەپەر باتۇرنى مەخسۇس پەرھادقا قاراشقا
قويدى . ئۇلارغا :

— سىلەر بۇ گۇناھكارنى قورغانغا
سولاپ ، پۇت - قولىغا زەنجىرنى مەھكەم
سېلىپ ، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار . قې-
چىپ كەتمىسۇن . ئەگەر قاچۇرۇپ
قويساڭلار ، ئۇنىڭ ئورنىغا سىلەر جازاغا

تارتىلىسلەر ، — دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى . پەرھادنى قورغانغا قاماپ قويۇپمۇ پادىشاھ خۇسرەۋ بىر نەچچە كۈنلەرگىچە ۋەھىمە ۋە ئەندىشىدىن قۇتۇلالمىدى .

پەرھادنى شىرىنىنىڭ ئىشق — پىراقى ھالىدىن كەتكۈزگەنىدى . ئۇ زىنداندا ئولتۇرغانسېرى كۆڭلى مالال بولۇشقا باشلىدى . سوقرات ھەكىم ئۇنىڭغا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويغانىدى . ئۇ دۇئانىڭ خاسىيىتى شۇ ئىدىكى ، ھەرقانچە مەھكەم بەنت قىلىنغان ئادەم ئۇ دۇئانى بىر قېتىم ئوقۇسا پۇت — قولىدىكى بەنتتىن ئازاد بولاتتى . مۇستەھكەم ئېتىلگەن دەرۋازىلارغا ئوقۇسا ، دەرھال ئېچىلىپ كېتەتتى . پەرھاد ھىجران ئازابىنىڭ كۈچىدىن پۇت — قولىدىكى زەنجىرلەرنى ئۈزۈپ تاشلىماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئورنىدىن تۇرالمىدى . نائىلاج ھېلىقى دۇئانى ئوقۇدى . پۈتۈن ئەزاسىدىكى زەنجىر — قۇلۇپلار ئېچىلىپ ، شاراقلاپ يەرگە چۈشتى . ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ ، دەرۋازىغا قاراپ ھېلىقى دۇئانى ئوقۇدى ، دەرۋازىمۇ ئېچىلدى . دەرۋازىدىن چىققان پېتى دەشتمۇ دەشت ، باياۋانمۇ باياۋان كېزىپ يۈردى . تاڭ ئېتىپ ، سۈبھى سۈزۈلگەندە قورغانغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۆزىگە زەنجىرلەرنى سېلىۋېلىپ ياتتى . بىر قانچە كۈننى مۇشۇنداق ئۆتكۈزدى . گۈزەتچىلەر پەرھادنىڭ بۇ سىرىنى خۇسرەۋگە مەلۇم قىلدى . خۇسرەۋ بۇ ئىشتىن ھەيران بولدى .

پەرھادنىڭ ئاھۇ ئەپغان ، ناللىرى ھەممەيلەنگە تەسىر قىلدى . ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرى ئېرىپ سۇ بولدى . ئۇلار پەرھادقا :

— قەيەرنى خالىسىڭىز شۇ يەرگە بېرىڭ . خالىسىڭىز قاماققا كىرىسىز ، چىقىپ كەتكىڭىز كەلسە ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن چىقىپ كېتىۋاتىسىز ، سىزنىڭ بۇنداق پەزىلىتىڭىز بىلەن سىزنى جاپاغا سېلىشنى خالىمايمىز . سىزنىڭ ئورنىڭىزدا بىزنى سولاپ قويغان بولسا ، بىز رازى ئىدۇق . سىز ئۈچۈن جېنىمىز پىدا بولسۇن . سىزنى تەگرىگە تاپشۇردۇق ، خالىغان جايىڭىزغا بېرىڭ ، — دېيىشتى . پەرھاد ئاھ ئۇرغان ھالدا :

— ئەي بۇرادەرلەر ، مەن نېمشقا بېشىمغا كەلگەن ئۆلۈمنى سىزلەرگە راۋا كۆرىمەن . خۇسرەۋ مېنى نېمە قىلىمەن دېسە ئىختىيار ئۆزىدە . مەن ئۆلۈمدىن باش تارتمايمەن . باشقا ياققا كېتىپ سىزلەرنى تەگلىكتە قويۇشنى خالىمايمەن ، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى . پەرھادنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان خالايىق زار — زار يىغلاشتى .

پەرھاد بىر نەچچە كۈن ئۆز ئىختىيارىچە يۈردى . بەزىدە قورغانغا قايتىپ كېلەتتى . بەزىدە تاغلاردا يۈرەتتى ۋە ۋەھشى هايۋانلار بىلەن ھەمراھ بولاتتى ۋە بەزىدە ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئەرزى ھالىنى ئېيتىپ سۆزلەيتتى . بەزىدە ئاسمانغا قاراپ ئايغا خىتاب قىلاتتى . شۇ تەرىقىدە تاغلاردا ، باياۋانلاردا يۈرەتتى . ھىجران غېمىدىن ھەيران ، پىراق دەردىدىن سەرگەردان ئىدى . ئىشق ئوتىدا باغرى كۆيۈپ نالە قىلاتتى . ئۇ جان — جانىۋارلارغا ئەرزىنى ئېيتسا ، جان — جانىۋارلارمۇ تەڭ نالە قىلىشاتتى . ئۇلارنىڭ نالىسىگە تاغلار گويا

«ئىزا زۇلزىلەت» ① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئوخشاش لەرزىگە كېلەتتى. ئۇ بېشىنى تاشلارغا ئۇرسا، قورام تاشلارمۇ پارە – پارە بولاتتى.

پەرھادنىڭ ئۆز ئىختىيارىچە يۈرگەنلىكى خۇسرەۋگە ئاڭلاندى. ئۇ يېقىنلىرىغا ئاچچىق قىلاتتى. پەرھادنىڭ مەخپىي سىرلىرى ۋە ئۇنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، بىلمەسكە، ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرەتتى.

مېھىنبانۇ باشلىق ئەرمىنىيە خەلقى پەرھادنى دارىنىڭ تۈۋىگە ئاپىرىپ، يەنە قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆلۈك – تىرىكلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. ھەتتا پەرھادنىڭ تىرىكلىكىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ، خەلقلەر قارىلىق تۇتۇۋاتقانىدى. پەرھادنىڭ خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىدىن شىرىن خەۋەرسىز بولۇپ، ئۇ خۇسرەۋ شەھەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان چاغدا، پەرھاد شەھەرنىڭ سىرتىدا قالدى دەپلا ئويلايتتى. پەرھادنىڭ ئىشقى ئوتى ئۇنى ئاجىزلاشتۇرغانىدى. ئۇ مۇھەببەت ھىجرانىنىڭ كۈچىدە ئامالسىزلىقتىن راۋاق ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ شۇنداق يىغلىدىكى، گويا گۈل بەرگىگە يامغۇر ياغقاندەك ئۇنىڭ كۆينىكىنىڭ ياقىسى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق غەمكىن ئولتۇرغىنىدا قولىقىغا بىر قايغۇلۇق ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى. قارىسا بىر خۇش ئاۋاز ناخشىچى، پەرھادنەك ئېسىل خۇلۇقلۇق شاھزادىنىڭ خۇسرەۋنىڭ زۇلمىغا گىرىپتار بولغانلىقىنى قوشاق قىلىپ قوشۇپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلىغان شىرىنگە يورۇق دۇنيا قاراڭغۇ بولغاندەك بىلىندى. ئۇ قوشاقچىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سېلىپ ھەممىنى تولۇق ئاڭلىدى ۋە پەرھادنىڭ خۇسرەۋنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكىنى پەملىدى. قوشاقنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندى – دە، ئوتلۇق ئاھ تارتقىنىچە بىخۇد بولۇپ يىقىلدى. بۇ ئەھۋالنى مېھىنبانۇغا خەۋەر قىلىشتى. مېھىنبانۇ شىرىنىنىڭ بۇ ھالدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ پەرىشان بولدى. ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈزىگە گۈل سۈيى سەپتى. شىرىن بىر كېچە – كۈندۈزدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئاچتى. ئۇ مېھىنبانۇنى كۆرۈپلا يەنە يىغلاشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ نەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. ھەر قېتىم ھوشىدىن كەتكەندە بىر قانچە سائەتكىچە ھوشسىز ياتاتتى. ئۇ ئىللاندەك تولغىنىپ، زەپىراندەك سارغىيىپ كەتتى. بۇ چاغدا شاپۇر ئەدەب بىلەن كىرىپ كەلدى. شىرىن شاپۇرنى كۆرۈپ خۇددى پەرھادنى كۆرگەندەك خۇشال بولدى. بۇنى كۆرگەن كۆپچىلىكمۇ خۇشال بولدى. شاپۇر بولسا پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەرسىز ئىدى. مېھىنبانۇ شاپۇردىن پەرھاد توغرىلىق سورىۋىدى، شاپۇر پەرھادنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مېھىنبانۇ:

① قۇرئان كەرىم 99 – سۈرە، 1 – ئايەت. تولۇق تېكىستى: «ئىزا زۇلزىلەتىل ئەرزۇ زىلزالەھا». مەنىسى: زېمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە.

— ئەي شاپۇر ، سەن بېرىپ پەرھادنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىن ، — دېدى . شاپۇر بۇ سۆزنى جان - دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى . ئۇ شەھەردىن چىقىپ قىل- دى . ئۇ شەھەردىن چىقىپ خۇسرەۋنىڭ تۇرالغۇسىغا قاراپ يولغا چۈشتى . تۈن نىسپى بولغاندا ئۇ خۇسرەۋنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا يېتىپ باردى . ئۇ خېلى ئۇرۇنۇپمۇ پەرھادنىڭ خەۋىرىنى بىلەلمىدى . ئاخىرى ئۇ خۇسرەۋنىڭ بار- گاھىغا بېرىپ بىر يەرگە مۆكۈپ ئولتۇردى . بىر چاغدا بىر ئادەم يەنە بىرسىگە ، پەرھادنىڭ زىندانغا چۈشكەنلىكىنى ، يەنە زىنداندىن ئۆز ئىختىيارىچە چىقىپ ، خالىغان يەرلەردە ئۆز ئىختىيارىچە يۈرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ سۆزلەپ بەردى . شاپۇر پەر- ھادنىڭ ئىشلىرىنى ئۇلاردىن تولۇق ئاڭلىدى . ئۇ مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ شىرىن ئىككىسىگە بارلىق ئەھۋاللارنى ئېنىق بايان قىلىپ بەردى . ئۇ :

— ئەمدى مەن سىزلەر بىلەن خۇشلاشماقچىمەن . پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن ھازىرچە مۇشۇنچىلىك خەۋەردار بولدۇم . ئەمدى ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ ، دوستلۇقۇمنى يەتكۈزەي ، — دېدى . مېھىنبانۇ بىلەن شىرىن :

— بۇ ياخشى گەپ بولدى . بىزمۇ ئۇنىڭغا خەت - خەۋەر بېرەيلى ، — دەپ شاپۇرنى توختاتتى . شىرىن خىلۋەت ھۇج- رىغا كىرىپ ، پەرھادقا ئۇنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرگە ئىچ ئاغرىتىش بىلەن ئۆز ھېسداشلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر پارچە خەت يېزىپ شاپۇرغا بەردى . شاپۇر بۇ خەتنى ئېلىپ پەرھادنىڭ يېنىغا قاراپ يولغا چىقتى .

پەرھاد بىر تاغنىڭ ئۆڭكۈرىدە ھوشسىز ياتاتتى . شاپۇر كېلىپ پەرھادنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇردى . بىر سائەتتىن كېيىن پەرھاد ھوشىغا كېلىپ ، شاپۇرنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئورنى- دىن تۇردى . ئۇلار ئىككىسى كۆرۈشۈپ يىغلاشتى . شاپۇر شىرىن ئەۋەتكەن خەتنى پەرھادقا بەردى . پەرھاد خەتنى ئېلىپ يۈز - كۆزىگە سۈرۈپ ئاندىن ئوقۇدى . بۇ خەتتە ئىشق - مۇھەببەت كۈيلەنگەنىدى .

كى يەئنى مەن زەئىفى خەستە جاندىن ،
مەلامەت قەلئەسىگە باسىباندىن .
ساڭا كىم قەلئەڭ ئولمىش كوھى ئەندۇھ ،
غەمۇ دەردۇ فىراقىڭ كوھ تا كوھ .
نېدۇر ئەھۋالىڭ ، ئەي زار غەرىبىم ،
ۋىسالىم دەۋلەتىدىن بىنەسىبىم .
قانىغ غۇربەت ئارا ھالىڭ نې ئېركىن ،
ئاچىغ فۇرقەتتە ئەھۋالىڭ نې ئېركىن .

فىراق ئىچرە نېچۈكدۇر جىسمى زارىڭ ،
نې يەڭلىغ ئۆرتەنۇر ئوت ئىچرە جانىڭ .
قاشىم مېھرابىنى ياد ئەيلەگەن دەم ،
ياڭى ئايدەك بولۇرمۇ قامەتىڭ خەم .
كۆزۈم فىكرى ئىچىڭگە سالسە قايغۇ ،
بەلا ھەر گۇشەدە تۇغيان قىلۇرمۇ .
چۇمۇژگانىڭ غەمىدىن چىقسا ھويۇڭ ،
بولۇرمۇ بىر تىكەن ھەر تارى مويۇڭ .
تاپىپ ئۆز ھالىنى بۇ ناتەۋاندا ،
ساڭا ئۇلفەت تۇتۇپ ئول ئاشىياندا .

ساڭا ھەددىم فىدا قىلماق ھەۋاسى ،
نەھەددىمكى بولاي ئۇل ئىت فىداسى .
سېنىڭ ھالىڭ سورارغە قايدا بارا ،
ئىنىڭ ھالىن ئىشتىسەم ئاشكارا .

خەتنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭدىكى جانغا ئۇت ياقى- دىغان سۆزلەردىن پەرھاد قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشكەندەك بولدى . ئەمما ئۇ ھىجران غېمىدىن ۋە پىراق ئوتىدىن ھەددىدىن تاشقىرى ئاھۇ پىغان قىلىپ ، ئۆ- زىنى پارە - پارە قىلغۇدەك بولدى . يۈزمىڭ ئەپسۇس - نادامەتلەر بىلەن يەنە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى .

پەرھادنىڭ مەقسەتكە يېتەلمەي شىرىننىڭ پىراقىدا ئەجەل شارابىنى ئىچ- كەنلىكى ، بۇ پانىي دۇنيادىن ھاياتلىق رىشتىنى ئۈزۈپ باقى ئالەمگە سەپەر قىل- غانلىقىنى بىلىمدانلار مۇنداق رىۋايەت قىلىشىدۇ :

خۇسرەۋ ئەرمەنىيە شەھەرىنى مەھ- كەم قورشاپ ياتاتتى . ئۇ ، پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ ئۆزئارا خەت ئەۋەتىپ ، ئالاقىل- شىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى . ئۇ يەنە «ناۋادا پەرھاد شىرىننى ئېلىپ باشقا ياققا قېچىپ كەتسە ، نېمىدېگەن سەتچىلىك ؟ كىشىلەر ‹ خۇسرەۋ ئۇلارنى قاماپ يېتىپ ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ › ، دەپ مەسخىرە قىلىشسا ، بۇ جاھاندا بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈشۈم تەس » دېگەنلەرنى ئويلاپ ۋەس- ۋەسىگە چۈشتى ۋە بىر قانچە ئادەمنى قاراۋۇللۇققا قويدى .

— ئەگەر گۇمانلىق ئادەم بۇ يەردىن ئۆتسە دەرھال مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كېلىڭلار ، — دېدى ئۇلارغا .

شاپۇر شىرىننىڭ پەرھادقا يازغان خېتىنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى . يولدىكى قاراۋۇللار ئۇنى تۇتۇۋېلىپ خۇسرەۋنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى . خۇسرەۋ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . قاراۋۇللارغا ئىنئام بەردى . ئاندىن شاپۇرنى ئاختۇرۇپ ، ئۇنىڭ يېنىدىن خەتنى تېپىۋالدى . خەتتە ، شىرىن- نىڭ پەرھادنىڭ ئىشقىدا قانچىلىك بىچارە بولغانلىقى ، ئۆزىنىڭ ئاجىز - مەزلۇملۇقىدىن پەرھادنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلمىگەنلىكى ، بۇ تەتۈر پەلەكنىڭ خۇسرەۋدەك زالىمنىڭ قولىغا قويغانلىقى ، خۇسرەۋنىڭ ئاشىقلىق دەۋاسى قىلىپ شىرىننىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرگەنلىكى ، شۇڭا پەرھادنىڭ ۋىسالىغا ئې- رىشەلمىگەنلىكى يېزىلغانىدى .

خۇسرەۋ خەتنى ئوقۇپ ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭدا بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى . قاتتىق خاپا بولۇپ شاپۇرنى زىندانغا سالدۇردى . ئۇ دەرھال ۋەزىرگە :

— تېزدىن بۇ ئىشقا بىر ئامال قىل ، — دېدى .

— سېنىڭدەك بىر پادىشاھ تۇرغان يەردە بىر گادايغا كۆڭۈل بېرىپ ، ئۇنىڭ ئىشقىدا بۇنداق سۆزلەرنى قىلىش نېمىدېگەن نومۇس . بۇ ئىشقا ياخشىراق بىر تەدبىر قوللىنىش كېرەك ، — دېدى ۋەزىر .

— ئۆزەڭ بىلىپ بىر ئىش قىل ، — دېدى خۇسرەۋ . ۋەزىر دېدى :

— بىر قېرى دەللىنى پەرھادنىڭ قېشىغا ئەۋەتەيلى . ئۇ بېرىپ پەرھادنىڭ قۇ- لىقىغا ياقىدىغان سۆزلەرنى سۆزلەپ ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە كىرىۋې-

لىپ ، ئاندىن ئۇنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقاي . « خۇسرەۋ شەھەرنى ئالدى . بارلىق خالايىق خۇسرەۋگە تەۋە بولدى . مېھىنبانۇ ئاجىز ۋە بىچارىلىكىدىن ئامالسىز شىرىنىنى خۇسرەۋگە توي قىلىپ بەردى . شىرىنمۇ بۇنىڭغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇپ ، ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى . سەنمۇ بىكاردىن جېنىڭنى قىينىمىغىن » دېيىشۇن . بەلكىم پەرھاد ئامالسىز قالغانلىقىنى بىلىپ بېشىنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتەر . پەرھاد كۆزدىن يوقالسا ، شىرىنمۇ سىزگە كۆڭۈل بەرسە ئەجەب ئەمەس .

خۇسرەۋ ۋەزىرىنىڭ سۆزىگە قوشۇلدى . ئۇلار دەرھال بىر دەللىنى تېپىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلدى .

ـــ ئەگەر سەن بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىساڭ ، سېنى مال ـ دۇنيا بىلەن كۆمىۋېتىمەن ، ـــ دېدى خۇسرەۋ .

بۇ قېرى دەللە خۇسرەۋگە :

ـــ بۇ ئىشنى مەن ۋايىغا يەتكۈزىمەن ، ـــ دېدى ـ دە ، يولغا چىقتى . بىرمۇنچە يول يۈرگەندىن كېيىن پەرھاد تۇرغان تاغقا يېتىپ باردى . ئۇ تەقۋادار بۇۋىنىڭ قىياپىتىدە ياسىنىپ ، بوينىغا خەتمە خوجىنىڭ تۇمارىنى ئېسىپ ، قولىغا تەسۋى ئېلىپ ، «ياسۇببۇھ ، يا قۇددۇس » نى توختىماي ئوقۇپ ، نالە ـ پىغان بىلەن پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلدى ۋە پەرھادقا سالام قىلدى . پەرھاد ئۇنىڭ تۇرقىغا قاراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ ئولتۇردى . پەرھاد مومايدىن :

ـــ بۇ دەھشەتلىك باياۋانغا جاپا تارتىپ نېمىشقا كەلدىڭىز ؟ ـــ دەپ سورىدى .

ـــ مەن بولسام بۇ دۇنيادىن پۈشمىنى قېقىپ ، ئۇنىڭ نېمەتلىرىدىن قول ئۈزگەن بىر بۇۋى ئىدىم . ھەقتا ئالانىڭ يولىدا شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىدە ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىناتتىم . بىر قانچە ۋاقىتتىن بېرى خۇسرەۋ دېگەن بىر زالىم پەيدا بولۇپ ، يۇرتىمىزنى ئەنسىزچىلىككە سالدى . كۆڭۈل پاراكەندە بولغاچقا تېنچ ئىبادەت قىلىشقا بولمىدى . تائەت ـ ئىبادەت قىلغۇچىلار تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىشتى . شۇ سەۋەبتىن مەنمۇ تاغ ئۆڭكۈرلىرىنى ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم ، ـــ دېدى دەللە .

ـــ خۇسرەۋ شەھەرنى ئالدىمۇ ؟ ـــ دەپ سورىدى پەرھاد . دەللە مۇنداق جاۋاب بەردى .

ـــ ھەئە ، شەھەر قولدىن كەتكەندىن كېيىن ئامالسىزلىقتىن مېھىنبانۇ خۇسرەۋ بىلەن يارىشىپ قالدى . ئۇلار بىر ـ بىرى بىلەن ئاپاق ـ چاپاق بولۇشۇپ كەتتى . مېھىنبانۇنىڭ شىرىن ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىدى . توي قىلىپ ئۇنى خۇسرەۋگە بەردى . خۇسرەۋ شىرىنىنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى . شىرىنىنىڭ پەرھاد ئىسىملىك بىر ئاشىقى بولۇپ شىرىن ئۇنىڭ ئىشقىدا ھەيران ۋە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەنىكەن . ئۇ «پەرھادتەك ئاشىقىدىن ئايرىلىپ ، خۇسرەۋدەك زالىمنىڭ قولىغا چۈشكىچە ئۆلگىنىم ياخشى » دەپ ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرىۋاپتۇ . بەزىلەر «شىرىن زەھەر ئىچىپ ئۆلىۋاپتۇ » دەيدۇ ، كىشىلەرنىڭ ھەممىسى «شىرىن تاكى جېنى چىققۇچە

پەرھاد دېگەن ئىسمنى تەكرارلاپتۇ. مۇھەببەتكە سادىق ئاشۇنداق ئىنسانلار بولىدىكەن؟ ئەگەر ئۇ پەرھاد بىلەن بىرگە بولغان بولسا، ئىشق مەيدانىدا نېمە ئىشلارنى كۆرسىتەر ئىدى» دېيىشىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇۋاتىدۇ، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

پەرھاد بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ، پەرياد قىلىپ ھۆكىرىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. ئەمما قوپالماي يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ يەنە قاتتىق ئاھۇ پىغان قىلدى. بېلىدىن ماغدۇر كەتتى. بېشىنى تاشلارغا ئۇرۇپ، يۈزلىرىنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتتى. ئۇستىخانلىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىغا كەلدى. ئاخىرى پەرھاد ئازراق ھوشىغا كەلدى.

— ئەي، مېنىڭ تېشەمنىڭ زەربىسىدىن زىدە بولغان، ئايىغىمنىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ، ئاھىم ئوتىدىن كۆيگەن تاغلار، كۆز ياشلىرىمغا ھەيران قالغانسىلەر؟ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا خىجالەتچىلىكتە قىلىپ، شەرمەندە بولدۇم. مەندىن رازى بولۇڭلار، — دېدى ئۇ. ئاندىن كۆككە قاراپ:

— ئەي، ئاھىمنىڭ ئوتىدىن قارايغان، چېھرەمنىڭ رەڭگىدىن سارغايغان ئاسمان، مەندىن رازى بول، — دېدى. ئاندىن يەرگە قاراپ خىتاب قىلدى:

— ئەي يەر، سېنىڭدە كۆز ياشلىرىم دەريا بولۇپ ئاققان، مەندەك بىر مەجنۇنغا ماكان بولغانىدىڭ، مەندىن رازى بولغىن!

ئۇ جان ـ جانىۋارلارغا قاراپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن:

— ئەي، غەم دەشتىدە ماڭا دوست بولغانلار، ھىجران كېچىلىرىدە ھەمراھ بولغان، غېرىبلىق يۇرتىدا ھەمدەم بولغان، يالغۇزلۇق باياۋىنىدا شەپقەتچىم بولغان، پىراق بۇلۇڭلىرىدا مېھرىبانلىق بىلەن مەرھەمەت يەتكۈزگەن، ھىجران قەلئەسىدە مەن بىلەن مۇڭداش بولغان دوستلىرىم، خوش قېلىڭلار، — دەپ بارلىق مەۋجۇداتلار بىلەن ۋىدالاشتى. بۇ چاغدا يەتتە قات ئاسمان، پۈتكۈل نۇشلۇق ۋە دەريالار لەرزىگە كەلدى. پەرھاد يەنە زار ـ زار يىغلاپ تۇرۇپ تاڭ شامىلىغا مۇڭلىرىنى دېدى:

— ئەي، تاڭ شامىلى، ئەگەر چىن زېمىنىگە قەدىمىڭ يېتىپ قالسا، ئەرمىنىيە تاغلىرىدا جان بەرگەن، ئىشق دەشتىدە بىچارە گاداي بولغان جىگەر پارىسىنىڭ قانداق ئەھۋاللارغا چۈشكەنلىكىنى ئاتا ـ ئانامغا يەتكۈزگىن، يەنە بىر سۆزۈم شۇكى، خۇسرەۋ ھىيلە ـ مىكىرلەرنى ئىشلىتىپ ماڭا ئاشۇنداق جەۋرى ـ زۇلۇملارنى يەتكۈزدى. ئەگەر مەن ھوشيار بولغان بولسام، ئۆزەم يالغۇز يۈزلەپ ئادەمگە تەڭ كېلۇر ئىدىم. يەنە بەھرام ئىسىملىك بىر كۆڭۈلدىشىم بار. ئۇنىڭغىمۇ ئېيتقىن: لەشكەر باشلاپ كېلىپ، خۇسرەۋدىن مېنىڭ قىساسىمنى تەلەپ قىلسۇن. ئەگەر خاقان ئاتام بۇ ئاۋارىكەشنىڭ ئەھۋالىنى بىلسە، تەختى ـ بەختىدىن كېچىپ، ئۆزىنى پارە ـ پارە قىلىشى مۇمكىن. سەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۇنى ئۇنداق قىلىشتىن توسقىن. تەقدىرگە چارە يوقتۇر. تەڭرىم ئەزەلدە بۇ ئىشلارنى پېشانەمگە پۈتكەنىكەن. خاقان ئاتاممۇ قازاغا رازى بولسۇن، بالاغا سەۋرى قىلسۇن. ئانام

بەرگەن سۈتىگە رازى بولسۇن. ئانام مېنىڭ ۋاپاتىمنى ئاڭلىسا، چېچىنى يۇلۇپ، «قوزام» دەپ نالە ــ پىغانلار قىلىدۇ. ئانامۇ سەۋرى قىلسۇن، ئۇنىڭغىمۇ نەسىھەت قىلغايسەن. مەندىن رازى بولسۇن. مەلىكە ئاراغا مېنىڭدىن كۆپتىن ـ كۆپ دۇئايى سالام ئېيتقىن، مېنىڭدىن رازى بولغاي. يەنە قارۇنغا ماتەم بىلەن ئېيتقىنكى، مەندىن رازى بولسۇن. ئۇلار ھەممىسىگە دۇئا دېگىن...

پەرھاد غېرىبلىقتا بېشىغا چۈشكەن كۈنلەرنى شامالغا بىرمۇ بىر بايان قىلدى. ئۇ ھەممە گەپلىرىنى دەپ بولۇپ كۆزىنى يۇمدى ۋە شىرىننى يادلىنىپ تۇرۇپ جان تەسلىم قىلدى. ئىشقىنىڭ ئۇلۇغلۇقىدىن پۈتۈن جاھان پەرھادنىڭ ماتىمىنى تۇتتى. ئالەم زىلزىلىگە كەلدى. يىرتقۇچ ھايۋانلار پەرھادنىڭ جۆرىسىنى قورشىۋېلىپ، ئۇنىڭ ھالىغا يىغلاشتى. ئۇلار گويا پەرھادنىڭ جانانىنىڭ كويىدا جان بەرگەنلىكىنى چۈشەنگەندەك باشلىرىنى تۇپراققا ئۇرۇشاتتى. جانىۋارلار بىردەمدىلا ھېلىقى دەللىنى ئەپكىلىپ، پارچە ــ پارچە قىلدى. ھەر بىرى بىر چىشلەمدىن يەپ ئۇنى بۇ دۇنيادىن يوقاتتى.

بۇ چاغدا شاپۇر خۇسرەۋنىڭ قولىدا ئاغرىپ يېتىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇنى ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ قويغانىدى. ئۇ پەرھادنى كۆرۈپ كېلىشنى ئويلاپ يولغا چىقتى. يولدا شىرلارنىڭ پەرھادنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، سەپ ــ سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. شاپۇر ئاستا ــ ئاستا پەرھادقا يېقىنلاشتى. ئۇ پەرھادقا قاراپ ئۇنىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن خوشلاشقانلىقىنى بىلدى. شۇڭا پەرھادنى دەپنە قىلىشنى ئويلىدى. ئەمما شىرلاردىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمىدى. ئۇ ئاھ ئۇرۇپ زار ــ زار يىغلىغان پېتى بۇ ئەھۋالنى باشقىلارغا خەۋەر قىلدى. بارچە خالايىق پەرىشان بولدى. بۇ ئىش خۇسرەۋگىمۇ ئاڭلاندى. ئۇمۇ بۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىشىنى خالىمايتتى. قانچە پۇشايمان قىلسىمۇ پايدىسى يوق ئىدى. بۇ خەۋەر مېھىنبانۇ بىلەن شىرىنگىمۇ يەتتى. مېھىنبانۇ ئۆز پەرزەنتىگە ماتەم تۇتقاندەك قايغۇردى. شىرىن بولسا بېشىغا تۇپراق چېچىپ، ئۆزىنى پارە ــ پارە قىلدى، يېمەك ــ ئىچمەكتىن، ئۇيقۇدىن قالدى. توختىماي «پەرھاد» دەپ زارلىنىپ، پىراق دەردىدىن تېنى زەئىپلەشتى. ئاخىرى ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالدى. بۇ ئەسنادا خۇسرەۋدە ھاۋايى ھەۋەس يەنە قوزغالدى. ئاجايىپ داغدۇغا بىلەن مېھىنبانۇغا ئەلچى كىرگۈزدى. بۇ چاغدا شەھەر خەلقى يىغلىپ مېھىنبانۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ ئۇنىڭغا:

ــ پەرھاد ھايات بولغان بولسا، خۇسرەۋگە ھەرگىز يول قويماس ئىدۇق. ئەمدى ئۇ بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپتۇ. دوستىمىز قولدىن كېتىپتۇ. گەپ شۇكى، خۇسرەۋدەك كۈچلۈك بىر پادىشاھ شۇنداق مۇلايىم سۆزلەر بىلەن كىشى كىرگۈزدى. بىزمۇ چىرايلىقچە ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلايلى. بولمىسا شەھەر قولىمىزدىن كېتىپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان پەيدا بەرمەيدۇ، ــ دېيىشتى.

مېھىنبانۇ ئامالسىزلىقتىن شىرىننىڭ

قېشىغا كىردى . ئۇ زار ـ زار يىغلىغان ھالدا يۇرت خەلقىنىڭ سۆزىنى شىرىنگە يەت- كۈزدى . شىرىن بىر ئاھ تارتتى ۋە :

— ئەي مېھرىبانىم ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا تولىمۇ خىجىلمەن . مېنىڭ سەۋە- بىمدىن ئىزا ـ ئاھانەتكە ئۇچرىدىڭىز ، يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا تەڭلىكتە قالدىڭىز . چۈنكى ئۇلارنىڭ تولىسى خانىۋەيران بولۇپ كەتتى . مېنىڭ سىزلەرنىڭ ئالدىڭىزلاردا تىلىم قىسقا ، ئەمدى سىزلەر نېمىنى مۇۋاپىق كۆرسىڭىزلەر شۇنداق قىلىڭىزلار . ھازىرغا قەدەر مېنىڭ خاھىشىم بويىچە ئىش قىلىپ كەلدىڭىز . ئەمما مەن پەرھادنىڭ ئىشقىدا ئۆلىمەن . مېنى نىكاھىغا ئالمەن دېگەن ئادەم ، نېيىتىدىن يانسۇن ... ، — دەپلا ھو- شىدىن كەتتى .

مېھىنبانۇ شىرىننى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالمىسۇن ، دەپ ئەندىشە قىلىپ ، ئۇنى يالغۇز قويماي ، بىر قانچە ئادەمنى ئۇنىڭغا قاراشقا قويغانىدى . مېھىنبانۇ شى- رىننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بارلىق ئەمىرلەرنى يىغىپ ، شىرىننىڭ دې- گەنلىرىنى ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى . ئەمىرلەر شىرىننىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇشتى . ئۇلار :

— خۇسرەۋنىڭ بۇ گېپى بىز ئۈچۈن شادلىق بېغىشلىدى . بىز بۇنىڭدىن پەخىرلىنىمىز . بىزلەر پادىشاھنىڭ قۇلى . شىرىنمۇ ئۇنىڭ كېنىزىكىدۇر . بىر سۆزنى دېمىسەك بولمايدۇ . نەچچە ۋاقىتتىن بېرى شەھەر قامىلىپ قېلىپ ، شەھەرنىڭ ھاۋاسى بۇزۇلۇپ كەتتى . شۇ سەۋەبتىن شىرىن ئازراق كېسەلگە دۇچار بولۇپ قالدى . تې- ۋېپلارنىڭ دېيىشىچە ، بىر خۇش ھاۋالىق جاي بولسا ، شىرىننى شۇ يەرگە يۆتكىسە كېسىلى دەرھال ساقىيىدىكەن . بىزگە رۇخسەت قىلىنسا ، — دېگەندەك نۇرغۇن تەكەللۇپ سۆزلەر بىلەن خۇسرەۋنىڭ ئەلچىلىرىنى يولغا سالدى . ئەلچىلەر خۇس- رەۋنىڭ ئالدىغا بېرىپ بولۇنغان سۆزلەرنى ئۇنىڭغا تولۇق بايان قىلدى . خۇسرەۋ شە- ھەرنى ئېلىشتا كۈچ كەتمىگەنلىكىدىن خۇش بولدى . ئاندىن بىر ئەلچىنى شىرىن تەرەپكە ئەۋەتىپ :

— كۆڭلى قەيەرنى خالىسا ، شۇ يەرگە بېرىپ ، ھاۋا يەڭگۈشلىسۇن ، — دەپ رۇخسەت قىلدى . مېھىنبانۇ باشلىق شەھەر چوڭلىرى شەھەرنىڭ دەرۋازىسىنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى . ئۇلار بارلىق شەھەر خەلقىنى باشلاپ خۇسرەۋنى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقتى . خۇسرەۋمۇ نا- ھايىتى مەمنۇن بولۇپ ئۇلارنى كاتتا زىياپەت بىلەن كۈتىۋالدى . زىياپەتتىن كېيىن كىشىلەر ھەممىسى ئۆز تۇرالغۇلىرىغا قايتىپ كېتىشتى .

شىرىننىڭ ھالى كۈندىن ـ كۈنگە خارابلىشىپ كېتىۋاتاتتى . ئەھۋالنى خۇس- رەۋگە مەلۇم قىلىشتى . خۇسرەۋ :

— قەيەر خۇش ھاۋالىق بولسا ، شۇ يەرگە ئېلىپ بېرىڭلار ، — دېدى . ئۇلار شىرىننى پەرھاد سۇ چىقارغان ئۆستەڭ بويىغا ئاپارماقچى بولۇشتى . خۇسرەۋ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆندەشلىكى كەلگەن بولسىمۇ لېكىن ئامالسىزلىقتىن ماقۇل بولدى . مېھىنبانۇ شىرىننى مەيگە ئۇلتۇرغۇزۇپ ، دەرھال پەرھاد ئۆستەڭ قازغان تاغقا ئېلىپ

باردى . بۇ چاغدا خۇسرەۋنىڭ ئادەملىرى
شىرىننىڭ مەيسىنى كۆرگىلى چىققاندى .
ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇسرەۋنىڭ ئوغلى شىرۇيەمۇ بار ئىدى . تۇيۇقسىز شامال چىقىپ
شىرىن ئولتۇرغان مەيىنىڭ پەردىسى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . شىرىننىڭ قۇياشتەك
جامالى ئالەمگە نۇر چاچتى . شىرۇيەنىڭ
كۆزى شىرىنگە چۈشتى . ئىشق ئوتى ئوقى
يۈرەك ساندۇقىنى تېشىپ ئۆتكەندەك
بولدى . ئۇ ئوردىغا يېتىپ بارغۇچە
شىرىننىڭ مەيسىگە ئەگىشىپ ماڭدى .
چۈنكى ئۇ شىرىننىڭ جامالىنى يەنە بىر
قېتىم كۆرۈۋالسام دەپ خىيال قىلاتتى . ئەمما
كۆرەلمىدى ... بىئارام ۋە بىتاقەت بولۇپ ئۆز
ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى . كېچىچە كۆزىگە
ئۇيقۇ كەلمىدى . ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى «ئاتام هايات بولسا ، مەن هەرگىز
مۇرادىمغا يېتەلمەيمەن . ئاتامنى ئۆلتۈرسەم
تەختنى - بەخت ۋە هوقۇق ماڭا قالىدۇ ... »
دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ۋە شۇ
كۈندىن باشلاپ ئاتىسىنىڭ پېيىگە چۈشتى .
ۋەزىر ۋە ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە
قارىتىۋالدى . خۇسرەۋنىڭ زالىملىقى
هەددىدىن ئېشىپ كەتكەندى . شۇڭا ئۇلار
خۇسرەۋنى ئاسانلا قولغا چۈشۈردى .
خۇسرەۋنىڭ نۇرغۇن ۋەدىلەرنى بېرىپ ،
يالۋۇرۇشلىرىمۇ ئەسقاتمىدى . بەزىلەر ئۇنى
ئۆلتۈرۈشكە مەسلىھەت قىلدى . بەزىلىرى
بولسا زىندانغا سالايلى ، دېيىشتى .

ئىشق ئوتى شىرۇيەنى بېشىدىن
ئايىغىچە چىرمىۋالغانىدى . «ئادەمزاتتىنا ۋاپا
يوق . ئەگەر ئاتام هايات قالسىلا ، بىر كۈنى
مېنى هالاك قىلماي قويمايدۇ» دەپ ئويلاپ ،
قولغا شەمشەرنى ئالدى . ئۇ بارغان پېتى
شەمشەرنى ئاتىسىنىڭ بويىنىغا ئۇرۇپ ،
ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى . بۇ
ئىش پەرهادنىڭ كارامىتى بىلەن يۈز
بەرگەن ئىدى . ئۆز جىگەر پارىسى ئۆز ئاتىسىنى ئۆلتۈردى .

شىرۇيە ئاتىسىنىڭ تەختىگە
چىقىپ ، بۇ ئىشنى جاكارلاپ ناغرا - سۇناي
چالدۇردى . بارلىق لەشكەرلەرنى ئۆزىنىڭ
قول ئاستىغا كىرگۈزۈپ ، ئۆز پەرمانىغا
بويسۇندۇردى . ئۇ مەملىكەتنى قولغا
ئالغاندىن كېيىن بىر نەچچە كۈن دۆلەت
ئىشلىرى بىلەن بولدى . ئاندىن مېهىنبانۇغا
شىرىن ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزدى . مېهىنبانۇ :

— شىرىننىڭ ئۆزى بىلەن
سۆزلىشىڭلار ، — دەپ ، ئەلچىگە بىر ئادەمنى
قوشۇپ شىرىننىڭ قېشىغا كىرگۈزدى .
ئەلچى شىرىنگە شىرۇيەنىڭ سۆزىنى تولۇق
يەتكۈزدى . «شىرۇيە مۇهەببەتكە سادىق
بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتىسىنى ئۆلتۈردى »
دەپ گۇۋاهلىق بەردى .

— مەن بۇ ئىشقا رازى . ئەمما بىر
سۆزۈم بار . ئۇنى شىرۇيە قوبۇل قىلسا ،
ئاندىن مەنمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلىمەن . ئەگەر ئۇ سۆزۈمنى قوبۇل قىلمىسا ،
مېنى هەرگىزمۇ ئالالمايدۇ . پەرهاد مۇهەببەت يولىدا سادىق بولۇپ ، بۇ يولدا بېلىنى
مەهكەم باغلىغانىدى . خۇسرەۋ بولسا ئۇنى
شۇنچە جەۋرى - زۇلۇم بىلەن هاياتىدىن
ئايرىپتۇ . ئۇ بىچارە ئاشىقىم مېنىڭ نامىمنى
يادلاپ تۇرۇپ جان ئۈزۈپتۇ . ماڭا رۇخسەت
قىلسا ، مەنمۇ ئۇ ئىخلاسمەن ئاشىقىمنىڭ

هازىسىنى ئېچىپ ، ئۇنى ئىززەت ـ ئابرويى بىلەن دەپىنە قىلاي . ئۇنىڭ مەندىن باشقا ھېچكىمى يوق . بۇ ئىشلار تۈگىگەندىن كېيىن شىرۇيە نېمىنى خالسا ، ئىختىيار ئۇ-نىڭ بولسۇن . ئەگەر مېنىڭ سۆزۈمنى قوبۇل كۆرسە ، شىرۇيە شاپۇرنى مېنىڭ ئالدىمغا كىرگۈزسۇن . ئۇنىڭغا ئادەم قوشۇپ بەرسەم پەرھادنى ئېلىپ كەلسە ، مەن ئۇنى دەپىنە قىلدۇراي . ئەگەر بۇ سۆزۈمنى ماقۇل كۆرمىسە ، مېنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزسۇن . مېنىڭ كېسىلىم پەرھادنىڭ ھىجرىدىن بول-غان . ئۇنىڭ پاك تېنىنى كۆرگەن ھامان كېسىلىم ساقىيىدۇ ، — دېدى شىرىن ئەل-چىلەرگە .

ئەلچى بۇ سۆزلەرنى شىرۇيەگە يەتكۈزدى . شىرۇيە ئىلاجسىزلىقتىن ماقۇل بولدى . شاپۇرنى شىرىننىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى . ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ ئايىقىغا يىقى-لىپ ئاھۇپىغان بىلەن يىغلاشتى ، دەردلىرىنى تۆكۈشتى . ئاخىرى شىرىن شا-پۇرغا بىر قانچە ئادەم قوشۇپ ، پەرھادنى ئەپكىلىشكە ئەۋەتتى . پەرھادنى ساقلاۋاتقان بىرتقۇچ ھابۋانلار شاپۇرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يول بەردى . شاپۇر پەرھادنىڭ قېشىغا يېتىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ يۈتلىرىغا يۈز ـ كۆزىرىنى سۈركەپ باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكتى . باشقىلارمۇ يىغلاشتى . پەرھادنىڭ پاك تې-نىگە يىپەك رەختلەرنى يېپىپ ، ئۇنىڭغا ئەتىر ، گۈل سۇيلىرىنى چاچتى . خۇش بۇي نەرسىلەر بىلەن ئىسرىقلاپ ، ساندۇققا سالدى . ئاندىن ساندۇقنى تۆگىگە ئارتتى . چۆلۈۋۈرنىڭ بىر ئۇچىنى شاپۇر ئۆز بوينىغا سالدى . تۆگە بولسا ئۈچ كۈنلۈك تايلاقتەك بوزلىغان پېتى شىرىن تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى . بارلىق شەھەر خەلقى پەرھادنىڭ ئالدىغا چىقىپ ھازا ئېچىپ ، ئۇنى شىرىننىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى . بۇ چاغدا شىرىن مېھىنبانۇنىڭ قېشىغا كېلىپ :

— بىر ئېغىز گېپىم بار . مەن بىچارىنىڭ خانىسىغا بىر ئاجايىپ مېھمان كېلىپتۇ . ئۇ مېھمىنىمنى مەن جان ـ تېنىم بىلەن ئۈزىتىۋالاي . بۇ مېھمان مېنى دەپ جان بېرىپتۇ . مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ نېمىشقا جان بەرمەيمەن . ئۇ مېنىڭ ئىشقىمدىن تەمەننا قىلاتتى . مەنمۇ مۇھەببەت ھەققىدە لاپ ئۇراتتىم . ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى . مەنمۇ مۇھەببەتكە سادىقلىقىمنى كۆرسىتەي ، — دېدى ، ۋە :

— ئەي قېرىندىشىم ! مەندىن سىزگە نۇرغۇن دەرد ـ ئەلەملەر يەتتى . مەندىن رازى بولۇڭ . مېنىڭ قېشىمغا ھېچ-كىمنى كىرگۈزمەڭ ، — دەپ ۋەسىيىتىنى تامام قىلدى . ئاندىن ئۇ پەرھادنىڭ قېشىغا كىرىپ ، ئىشىكنى ئىچىدىن مەھكەم ئەتتى . بېرىپ ساندۇقنى ئېچىپ پەرھادنى كۆردى . ئۇ قىزىل قانغا بويۇلۇپ ياتاتتى . شىرىن ئاھ ئۇرغان پېتى پەرھادنىڭ قوينىغا كىردى . گويا تالغا ھەشقىپىچەك چىرماشقاندەك چىرمىشىپ ، بىر ئاھ ئۇردى ـ دە ، جاندىن جۇدا بولدى .

مېھىنبانۇ باشلىق بارلىق كىشىلەر ئىشىك تۈۋىدە ساقلىشىپ تۇراتتى . شىرىن كىرىپ كەتكەن پېتى چىقمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى بۇزۇپ ئۆيگە كىرسە ، ئاشىق ـ مەشۇقلار بىر ـ بىرىگە سادىق ئىخلاسلىرى بىلەن جانسىز ھالدا يېتىپتۇ . بۇنى كۆرگەن

كىشىلەر ئاھۇ پىغان بىلەن چىقىپ
مېھىنبانۇغا خەۋەر قىلدى . مېھىنبانۇ بۇ
ئىككىسىنى كۆرۈپ ئاھ ئۇردى ، جېنىنى
ھەققە تاپشۇردى . گويا قىيامەت قايىم بول-
غاندەك ، خالايىق ئارىسىدا يىغا ـ زارە
كۆتۈرۈلدى . ئاخىرى ئۇلارنى يەرلىككە
قويدى .

ئەلقىسە ، چىن ۋىلايىتىنىڭ
خاقانى ـ پەرھادنىڭ ئاتىسى بۇ ئالەمدىن ،
ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغانىدى . خاقان ئۇن
ئىككى مىڭ شەھەرگە ھۆكۈم يۈرگۈزەتتى .
خانىنىڭ ئورنىدا ئۇنىڭ ئىنىسى تەختكە
چىقىقانىدى . بەھرام بولسا ۋەزىر ئىدى . ئۇ
ھەرقانداق جايدىن بىرەر مۇساپىر كەپتۇ ،
دېسە تاپتۇرۇپ ئەپكىلىپ ئۇنىڭدىن پەرھاد-
نىڭ خەۋىرىنى سورايتتى . بۇ چاغدا پەرھاد
ئەرمىنىيە ۋىلايىتىدە ئىشقىنىڭ دامىغا گىرىپ-
تار بولۇپ، ھەيران ۋە سەرگەردان
بولغانلىقى خاقانغا مەلۇم بولدى . بۇ ياققا
كەلگەنلەرلا ئۇلارغا پەرھادنىڭ ئەھۋالىدىن
خەۋەر بېرەتتى . بەھرام :

ــ ماڭا لەشكەر قوشۇپ بېرىڭ .
مەن بېرىپ پەرھادنىڭ ئۆلۈك ياكى
تىرىكلىكىنىڭ خەۋىرىنى بىلەي ، ــ دەپ
خاقاندىن ئىلتىماس قىلدى . خاقان
بەھرامدىن ئەيمىنەتتى . ئۇ بەھرامنىڭ تەلى-
پىگە قوشۇلۇپ ، ئۇنىڭغا لەشكەر قوشۇپ
بەردى . ئۇنىڭ غەرىزى ئۇنى كۆزدىن يوقى-
تىش ئىدى . بەھرام نۇرغۇن لەشكەر بىلەن
ئەرمىنىيە ۋىلايىتىگە يېتىپ باردى . ئۇ پەر-
ھادنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئاللىقاچان بۇ
دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلىقىنى بىلدى . يا-
قىسىنى چاك قىلىپ ، غەم ـ قايغۇ بىلەن

ئۇنىڭ قەبرىسىگە قاراپ ماڭدى . پەرھادنىڭ
شام گۆر قىلىپ ياسالغان قەبرىسىگە كى-
رىپ ، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى كۆزىگە سۈركەپ ،
بېشىغا تۇپراقلارنى چېچىپ يىغلىدى . ئۇ-
نىڭ بېشىغا كەلگەننى قوشاق قوشۇپ
شۇنداق يىغلىدىكى ، بەھرامنىڭ نالىسىگە
ئاسماندىكى قۇشلارمۇ چىدىماي نالە
قىلىشتى .

ئاخىرى بەھرام گۆردىن چىقىپ :
ــ شىرۇيەنى ئېلىپ كېلىڭلار ،
پەرھادنىڭ خۇنىغا جاۋاب بەرسۇن ، ــ دەپ
ئادەم ئەۋەتتى . ئۇ ئادەملەر بېرىپ شىرۇيەگە
بەھرامنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى . شىرۇيە :
ــ شاپۇرنى مېنىڭ قېشىمغا
ئېۋەتسە ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە باراي ، ــ
دېدى . بەھرام شاپۇرنى ئەۋەتتى . شاپۇرمۇ
شىرۇيەنىڭ پەرھادقا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى
ئۇنىڭ پەرھادنىڭ تۇپراق بېشىغىمۇ چىققان-
لىقىنى بەھرامغا سۆزلەپ بەرگەنىدى . شاپۇر
شىرۇيەنىڭ قېشىغا بېرىۋىدى ، شىرۇيە
ئۇنىڭغا :

ــ ئەي شاپۇر ، مەن پەرھاد ئۈچۈن
ئاتامنىڭ يۈزىگە ئاياغ قويدۇم . جاندىن
ئەزىز ئاتامنى ئۆلتۈردۈم . مېنىڭ گۇۋاھچىم
سىز . مېنىڭ شاھ بەھرامغا يەتكۈزىدىغان
خىزمىتىم باركى ، ھەرگىز يامانلىقىم يوق .
مېنىڭ گۇناھىمنى سىز تىلىۋېلىڭ . يۇرتۇمغا
كېتىۋالاي ، ــ دەپ يالۋۇردى . شاپۇر
بەھرامغا شىرۇيەنىڭ بىگۇناھلىقىنى ئېيتىپ
گۇۋاھلىقتىن ئۆتتى . بەھرام شاپۇرنىڭ
سۆزىگە ئىشىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، شىرۇ-
يەنى ئالدىغا چاقىرىتتى . ئۇ :
ــ ئۇنداق بولسا خۇسرەۋ

كەلگەندىن كېيىن بۇ شەھەر قانچىلىك زى-
يانغا ئۇچرىدى ؟ ھېسابلاپ زىياننى تولۇق
تۆلىسۇن . يەنە نۇرغۇن ئالتۇن بەرسۇن ،
پەرھادنىڭ قەبرىسىنى قايتا ياسىتىمەن ، —
دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلىغان شىرۇيە جىنى-
نىڭ ساق قالغىنىغا خۇشال بولۇپ ،
قولىدىكى خەزىنىنىڭ ھەممىسىنى تاپ-
شۇردى . بەھرام ئۇ مال — دۇنيانى ئەرمىنىيە
خەلقىغە تاپشۇردى . ئۇ :

— ئەي خالايىق ، پەرھادنىڭ سە-
ۋەبىدىن تارتقان زىيىنىڭلارنىڭ ئورنىغا بۇ
خەزىنىنى بۆلۈشۈپ ئېلىڭلار ، — دېدى .
ئەرمىنىيە خەلقى دېدىكى :

— بىز شاھزادە پەرھادنىڭ ھەققىدە
بۇ خەزىنىنى سەدىقە قىلدۇق .

ئۇلار خەزىنىلەرنى ئالمىغاندىن كې-
يىن ، ئۇنى پەرھاد بىلەن شىرىننىڭ مازىرىغا
سەرپ قىلىپ ، شەيخ ۋە جارۇپكەشلەرنى
ئورۇنلاشتۇردى . شىرۇيە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ
بارغاندىن كېيىن پەرھاد ئۈچۈن نۇرغۇن
مال سەدىقە قىلدىغانلىقىدىن ۋەدە قىلىپ
لەشكەرلىرى بىلەن ئۆز يۇرتىغا قايتتى .
يۇرتىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ،
پەرھادنىڭ مازىرىغا ئاتاپ مال — مۈلۈك ئە-
ۋەتتى . ئۇمۇ پەرھاد ئۈچۈن سەرپ
قىلىندى . بەھراممۇ سەلتەنەتلىك تەختىنى
پەش قىلىپ ، ھەققەت يولىغا كىردى .
بەھرام بىلەن شاپۇر ، پەرھاد بىلەن شىرىن-
نىڭ مازىرىدا شەيخ — جارۇپكەش بولۇپ ،
ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى .

دەل شۇ كۈنلەردە ئەرمىنىيە ۋىلايى-
تىدە ئاقكۆڭۈل ، پاك كىشىلەردىن قىرىق
كىشى چۈشىدە كۆرۈپتۇكى : جەننەتنىڭ
ئىچىدە بىر ئىمارەت بار ئىمىش . ئۇ ئىمارەتتە
نۇردىن ياسالغان بىر تەخت تۇرغۇدەك ، ئۇ
تەختتە پەرھاد بىلەن شىرىن خۇددى ئون
تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ئولتۇرغۇدەك ،
ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئالتۇن جام بولۇپ ، ئۇ-
نىڭغا پاك شارابنى تولدۇرۇپ ، بىر — بىرىگە
تۇتۇپ پەيزى سۈرۈۋاتقۇدەك . يەنە بىر ياقتا
مېھىنبانۇ باشلىق ئاتا — ئانىلىرى
ئولتۇرارمىش . ئەتراپىدا ئالتۇن كەمەرلىك
غۇلاملار ، پەرى سۈپەت كېنىزەكلەر
تۇرارمىش .

— بۇلار قانداق تائەت — ئىبادەت
قىلىپ بۇ دەرىجىگە يېتىشىپتۇ ؟ — دەپ
سورىغاندا ، پاسىبانلار :

— بۇلار ئىشق — مۇھەببەت سەۋدا-
سىدا جاھانغا غەۋغا سالدى . ئۇلارنىڭ
داغقى پۈتۈن ئالەمگە ئوت ياقتى ، ئۇلار
پاكلىق بىلەن دۇنيادىن ئۆتتى . ئۇلارنىڭ
پاكلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مەجازى ئىش-
قىنى ، ھەقىقىي ئىشققا باراۋەر قىلدى . شۇ
سەۋەبتىن تەڭرىتائالا بۇلارغا مۇشۇ مەرتى-
ۋىنى بەرگەن ، دەۋاتقۇدەك .

ئەتىسى بۇ قىرىق كىشى بىردەك
كېچە كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىشتى .
ھەممە خەلق ئاپىرىن ئوقۇپ ، ئاشۇ
مەرتىۋىگە يېتىشنى ئارزۇ قىلىشتى .

# گومنامنىڭ يېڭى تېپىلغان غەزەللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى :   ئەسقەر ھۈسەيىن

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا « گۇمنام » تەخەللۇسلۇق شائىرنىڭ ئۆتكەنلىكى 1963 ـ يىلدىن باشلاپ بىزگە مەلۇم بولدى . ئەشۇ يىلى ئۇنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى مەرھۇم تىيىپجان ئېلىيوپ تەرىپىدىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى » ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىندى . 1981 ـ يىلى «بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانىدا شائىرنىڭ خېلى بۇرۇنلا تېپىلغان بىر تولۇقسىز دىۋانىدىكى شېئىرلار يولداش مىرسۇلتان ئوسمانوپ تەرىپىدىن ئېلان قىلىندى . ئوقۇشىمىزچە بۇ دىۋاننى يولداش ئەرشىدىن تاتلىق 1957 ـ يىلى يەكەندىن تاپقان بولۇپ ، 1963 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان غەزەللەر مۇشۇ دىۋاندىن ئېلىنغان ئىكەن .

شائىر گۇمنامنىڭ تولۇق دىۋانىنى كۆرۈش ئارزۇ پېتى تۇرۇۋاتقان مۇشۇ مەزگىلدە 1993 ـ يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسىدىن شائىرنىڭ بىر تولۇق دىۋانى تېپىلدى . بۇ دىۋاننى ئاشۇ يېزىدىن يولداش تەلئەت تۆمۈر ساقلىغان بولۇپ ، ئۇنىڭ بايقىلىشى ۋە يورۇقلۇققا چىقىشىدا ئۇستۇن ئاتۇش يېزىلىق ھۆكۈمەت كادىرى يولداش تۇرسۇنجان ئابدۇللا كۆپ ئەجىر سىڭدۈردى ، بۇ جەھەتتە ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن .

بۇ دىۋان ئۆشتىلەنگەن خوتەن قەغىزىگە خەتتى پارسى بىلەن ھەر بېتىگە 11 قۇردىن (رۇبائىلار سەككىز قۇردىن ) كۆچۈرۈلگەن بولۇپ ، غەزەل ، مۇخەممەس ، مۇسەددەس ، مەسنەۋى ، تەرجىئبەند ، قەسىدە ، رۇبائى ، ساقىنامە ژانىرلىرىدا يېزىلغان 5500 مىسراغا يېقىن شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . (بۇلارنىڭ بىر قىسمى پارس تىلىدا يېزىلغان .) بىز بۇ قېتىم ئاشۇ دىۋاندىكى ئىلگىرى ئېلان قىلىنمىغان بىر قىسىم غەزەل ، مۇخەممەس ، مەسنەۋى ۋە رۇبائىلارنى ئېلان قىلدۇق .

## غەزەللەر

مىسلى مەھبۇبىغە ھەركىم قىلسەگەر دەئۋايى ئىشق ،
ئىمتىھان قىلماققە ھەر سەلىغە [1] بەردى مۇددە ئا .
كىم ھەبىبىمغە نە بېيى قىلماسۇن ھەمتەگلىك ـ
دەپ بۇ ۋەجھ ئىلە سېنى خەتم ئەيلەدى ، ئەي مەھلىقا .
ھەم نەبى ئەھلى كەمال ئەتتى يېتىپ تاپقاچ سېنى ،
ھەم ۋەلى خەيلى ساڭا يەتمەك بىلە تاپتى سە فا.
ھەم نەبىيۇ ھەم ۋەلى ئەھلى قىلۇر ھەقنى تەلەب ،
ھەق تەلەب ئەيلەر سېنى ، ئەي رەھبەرى ھەر دۇسەرا .

---

[1] بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « سىل » شەكلىدە يېزىلغان . مەنىسى ئېنىق ئەمەس .

خىلۋەت ئىستەپ كۆڭۈلدە كەلدى جىسىرەتىلدىن ناملىغ ، (1)
ئاقىبەت ئەرزىن قەبۇل ئەتتىڭ يارىپ ، ئەي دىلرەبا .
چۈنكى ، مىرئاتى جەمالى ھەق سەن ئەي ئالى زەمىر ،
كىم قانات يايدىڭ جەمال ئاچماققە ياھەمچۈن ھۇما .
كىم تىلەپ تاپتى سېنى دايىم ھەبىب ئىلكىدە دۇر ،
چۈن تەماشايى جەمال ئەتمەك نەدۇر مىرئات ئارا .
مەقسەدى ئىردىڭ ھەبىبى ئىككى ئالەم شاھىنىڭ ،
ئول سەبەبدىن ساڭا مەيل ئەتتى جەمىئى ئەزكىيا .
ئاڭلا گۇمنام ، سەن ئانىڭ مېھرىن كۆڭۈلگە مەھكەم ئەت ،
يوق زەرەر گەر بولماسە ئاغزىڭدا لەفزى رەببە نا .(2)

* *

ئىرمەس قەددىڭ نىچۈن ... بولۇبدۇر جان ئاراسىدا ،
ئەمەستۇر گەنج ھۇسنۇڭنى قىلۇر ئارمان ئاراسىدا . (3)
قاشىڭ گەر يا ئەمەسدۇر قەسدىمە نىچۈن قۇرۇلۇپدۇر ،
كۆزۈڭ جەللاد ئەمەس ..........................................
دىماغىمنى مۇئەتتەر قىلغالى گەرمۇشك ئەمەس خالىڭ ،
قالىپدۇر نەسەبەبدىن ..........................................
خەتىڭ خىزرى ئەمەسدۇر ئۆمر جاۋىد ئەتكەلى ھاسىل ،
نەدىندۇر مۇنتەزىر ئول چەشمەئى ھەيۋان ئاراسىدا .
تىشىڭ ئىرمەس ئىرۇر ئول قەترەلەر شەبنەم سەھەر تۈشكەن ،
قاچان دۇرلار پەرىد ئولغان گۈلى خەندان ئاراسىدا ،
تىكەن ئىرمەس گۈلى ئەھمەردە ، كىرىدىڭ باغى ئىشرەتكە ،
تېگىپدۇر غەمزەڭ ئوقى قالدى بۇ پەيكان ئاراسىدا .
قاچان گۇمنام بوينى ھەلقەئى زۇلفۇڭغە باغلاندى ،
يا تىپدۇر مەستى بىھۇش سۇنبۇلۇ رەيھان ئاراسىدا .

* *

گۈل يۈزۈڭنى كۆن دىمەك بولغايمۇ ئەي ماھى ئەرەب ،
سۇنبۇلۇڭنى ھەددىم ئىرمەسدۇر دىمەك مانەندى شەب .
نۇتقى رۇھ ئەفزالىغىڭدىن جان تاپار ئابىھەيات ،
مۇسايۇ ئىساغە جان بەردى لەبىڭدەك (4) قايىسى لەب .
بىز گە ھەر بەزمىڭدە مەي بىر جۇرئەدىن ئارتۇق ئەمەس ،
ئەمدى نىدۇرلۇتفى ئىتىپ بەرسەڭ قەدەھنى لەب ــ بەلەب .

قان ياشىم ، سارىغ يۈزۈم ئەكسىمۇ جامى مەي ئۆزە ،
لۇتف ئېتىپ بەرگەن ........................................
بارچە رەنجۇر ئەھلىغە ھېكمەت ئېلى قىلدى ئىلاج ،
ئەي مەسىھىم ..........................................................
زەررەلەر خۇرشىد ..........................................................
..........................................................................
.................................. شەربەتى ئىشق ئېلىگە ،
دىلرەبا ئىشكىدە قان يۇتماق ئېرۇر ئەيشۇ تەرەب .
.................. دەۋلەتىن بىلكى دىلۇ جانىڭ بېرىپ ،
ساتقۇن ئال ئەرزان ئېرۇر بىر كاسەئى ئابى ئەنەب .
شەمئى تابان ئىشق ئېلى ئول ئاينىڭ نۇتقى بىلە ،
لەئلىنى شامۇ سەھەر گۇمنام ھەقدىن قىل تەلەب .

* *

قايان ئاتسە ئوقىن كۆكسۈم نىشان قىلدىم قادالغاي دەپ ،
تەرەھھۇمدىن كېلىپ شايەد ئوقىنى ئۆزى ئالغاي دەپ .
نەچە ئاغرىر ئېسە زەخمى ئاڭا مەن يىغلاماي كۈلگۈم ،
ئاچىغلاپ تىغىنى ئۆلسۈن دەبان باشىمغە سالغاي دەپ .
ئەگەر ئۆلسەم ماڭا ھاجەت ئەمەس ھەرگىز كەفەن قىلماق ،
تىرەم بەسدۇر شەھىدى ئىشق ئاراشا يەد سانالغاي دەپ .
ماڭا گور ئەتمەگىز قالسۇن تەنىم ئول يار كويىدا ،
ئۇمىدىم ئۇشبۇدۇر كىم ئىتلارى ئاغزىنى سالغاي دەپ .
يېسۇن گوشتۇمنى قالسۇن ئۇستىخانىم كويىدا ھەريان ،
مۇبادا ئۆتسە ئول دىلبەر ئاياغ ئاستىدا قالغاي دەپ .
ئۇگۇلىپ ئۇستىخانىم رەخش ئاياغىدا بولۇپ تۇفراغ ،
ئۇمىد ئول ئىتلارى ئويناشسە ئۇستىگە ساچىلغاي دەپ .
.................. ئاجراغۇم يوق زاھىرۇ باتىن ،
ئىتى زەنجىرىنى كەۋنەيىن ئارا بوينۇمغە سالغاي دەپ .
...................................................... يۈزلەنسە ،
تەۋەھھۇمدۇر باشىن بىر يەردىن ئالماسدىن ئۆيالغاي دەپ .
..........................................................................
.................... شىشەئى پەيمان ئۇشالغاي دەپ .
.................... ......................
.................... فۇرقەت ئېچرە قالغاي دەپ .

.................................................

...... ھەر يەردە يۈرگەن سۆزگە قالغاي دەپ .

* *

نىگارىم ۋەسلىنى ھەر بۇلھەۋەسدىن ئاسراغىل يارەب ،
قىزىلگۈلدەك يۈزىن بۇلبۇل ئەمەسدىن ئاسراغىل يارەب .
كۆزۈمدىن ئۆزگەگە سانچىلماغىدىن رەشك ئىلتەر مەن ،
ئۇ گۈلنىڭ خارىنى ھەر مۇلتەمەسدىن ئاسراغىل يارەب .
بۇ كۆڭلۈم غۇنچەسى ئول زۇلف بۇيىدىن كۇشاد ئىستەر ،
ۋەرەقرىز ئەتمە ئاچىلماس نەفەسدىن ئاسراغىل يارەب .
غەمىم بەزمىدە ئول گۈل لەئلىدىن بەرگىل گۈل ئەفشانلىق ،
بۇ ئىشرەتخانەنى ھەر خارۇ خەسدىن ئاسراغىل يارەب .
جەھان باغىدا گۈل خارى غەمىن بۇلبۇلغە خۇشراقدۇر ،
ئىچى قان ئولماسۇن ئالتۇن قەپەسدىن ئاسراغىل يارەب .
لەبىدىن تامسە شەككەر تۇتىئى قانىمغە لۇتف ئەتكىل ،
مىنى ئۆلتۈرمەسە رەشكىۋۇ مەندىن ئاسراغىل يارەب .
ئەگەر زەئفىم قەۋىدۇر ئىشق ئىلە دەردىمغە قىل دەرمان ،
بۇ مۇشكۇل دەرد بىلمەس چارە رەسدىن ئاسراغىل يارەب .
سىنىڭ كويۇڭ ئىتىنىڭ ھەلقەسى ئەۋازى جەزب ئەيلەر ،
كۆڭۈل سۆيمەي يولۇم ئۇرغان جەرەسدىن ئاسراغىل يارەب .
بۇ گۇمنام ئاھىدىن بارى مەلەك تەسبىھى ئۆرتەنگەي ،
جەھان زاھىدلەرىن بۇ تەلبە كەسدىن ئاسراغىل يارەب .

* *

بەلا ئوقىن ئەتىپ جىسمىمدە چەندىن چەشم ئىزھار ئەت ،
فەلەك باغرىدا يۇلدۇزلار كەبى قانلار پەدىدار ئەت .
ئاقىزغىل قانلارىمنى ئىشق سەھراسىدا ھەر يەرگە ،
تەرەب ئاھۇلارىغە جەننەت ئايىن تازە گۈلزار ئەت .
نەھەددىم بار دىبمەك ئاڭا ئىتىغە يار بەسدۇر ، (5)
ئەگەر مەي ئىستەسەڭ قانىم ئىچىپ يۈزۈڭنى گۈلنار ئەت .
كويۇڭدا قان يۇتۇپ ئۆلگەن ئۆلۈكلەر ئۇستىخانىدىن ،
ۋەفا مۇلكىن قوپار بۇ خشتى تۇفراغ ئىلە دىۋار ئەت .
سىنى سۆيگەن نەچە مەئيۇب ئىسە كۆرسەت جەمالىڭنى ،
ئەدۇگەرچە نەسەبدە سەييىدۇ شاھۇ نىگۇ نسارئەت .

سىنىڭكىم ئاستانىڭ دىلبەرا مىئراجى ئاشقدوُر ،
باشىن قويماس گەر ئوُستادى مەلائىك لوُتفوُ ئىزارئەت .
بولوُپمەن كافىرى ئىشقىڭ كى ئەي مەئشوُقلار تاجى ،
بەرەھمەندەك مىنىڭ بوينوُمغه زوُلفوُڭ بىله زوُننار ئەت .
بوُ تەندە بىر سەرى مويوُم سىنىڭ زىكرىڭ دىمەس يوقتوُر ،
مىنىڭ باشمنى كەس ئەتتاردەك مەنسوُردەك دار ئەت .
شەھنشەھلىغ كىرەكمەسدوُر بوُ گوُنامىڭغه ئەي جانا ،
يىتەر مەقسوُدىغه كەڤنەين ئارا ئىتلار بىلەن بار ئەت .

* *

ئەي گوُل نەزەرىڭ سالغىل ھالىمغه مىنىڭ پات ـ پات ،
كىم تولدى يوُرەككه قان گوُل غوُنچەسىدەك قات ـ قات .
ئۆلتۆرگەلى مەيل ئەتتىڭ ، ئەي دىلبەرى خوُنخارىم ،
قاشىڭنى كەمان ئەيلەپ موُژگان ئوقى بىله ئات .
قىل بەندى بوُغوُنوُمنى گوُل يافراغىدەك يوُز چاك ،
سالغىل سەگى كويوُڭغه ھەر پارەنى يوُز چاينات .
ئەي گوُل ئاقىزوُر بولساڭ سوُ سەرۋى رەۋانىڭغه ،
باسغىل يوُزوُم ئوُستىگه كۆزلەر بوُلاغىن قاينات .
ھەجرىڭ كىچەسى ئۆلسەم ۋەسلىڭ تەلەبى بىله ،
لەب ئابىھە ياتىدىن بىر قەترە بىرىپ[ ئويغات ] . (6)
جەننەتدە يوُزوُڭدەك گوُل ئاچىلماق ئەمەس موُمكىن ،
ئىشق ئەھلىنى بىرلەھزە بوُ گوُلشەن ئارا ئوينات .
غەم روُزەسىنى توُتتوُم ، پايانىغه يەتكوُردوُم ،
يەكسەر ئىككى ئەيد ئولسوُن قاشىڭ گىرىھىن ئاجرات .
ئاچ بەزم ئارا باغىڭنى ، توُت لوُتفى ئاياغىڭنى ،
قوي باغرىمە داغىڭنى جان بوُلبوُلىنى سايرات .
ئوق ئۆزگەگە ئاتغاي دەپ كۆڭلوُم ئارا يوُزمىڭ غەم ،
غەم لەشكەرىنى قايتار ئەي جان يوُرەكىمگه ئات .
گەر باغى جەمالىڭدىن بىر گوُل ئوُزوُپ ئالسام دەپ ،
بوُ ھەسرەت ئىله ئۆلسەم گوُل يافراغىغه چىرمات .
ۋەسلىڭنى تىلەردىن گەر سوُست ئولسە زەبوُن كۆڭلوُم ،
سال زەھرى فىراقىڭغه ھەجرىڭ ئوتىدا قاينات .
نەيسان سوُيىدىن يوُتسە دەريادا دوُروُ گەۋھەر ،
بەس ئەبرى موُھەببەتدىن كۆڭلوُم ئىچىگه ساچرات .

قەللابى مۇھەببەتدۇر ھەم رىشتەئى رەھمەتدۇر ،
زۇلفۇڭدىن ئالىپ تارى گۇمنام قولىنى باغلات .

*　　*

قىغاندۇر ئىشق ئىلىدە ھۆسن ئارا بىر شەھسۇۋار ئۆتكەچ ،
كۆزىگە تۇتىيا ئىستەپ ئاياغىدىن غۇبار ئۆتكەچ .
يۈزۈم سارغاردى گوياچىقتى ... ... جىسمى خاكىمدىن ، (7)
نەچۈك بادى خەزاندىن سەبزەدۇر بادى بەھار ئۆتكەچ .
بەلا تىفلى ئالۇر ئىلكىگە مىھنەت تاشىن ئۇرماققە ،
مەنى بىدىل مۇھەببەت دەشتىدە دىۋانەۋار ئۆتكەچ .
توزۇپ گۈل يەلگە بەردى ھەم شەجەرلەر بەرگى سارغاردى ،
جەھان گۈلزارى ئىچرە جىلۋەگەر ئول گۈلئۇزار ئۆتكەچ .
بالىق يەڭلىغ قالىپمەن كۆزلەرىم دەرياسىدا ھەيران ،
قىيا باقماي مىنىڭ سارى قاشىمدىن ئول نىگار ئۆتكەچ .
[ قوياش ] (8) دەك بۇ جەھاننى رەۋشەن ئەيلەر تابىشى ھۆسنۈڭ ،
بولۇپ ساقى بىرىپ ساغەر دىلارامىم خۇمار ئۆتكەچ .
............ئاندا كۆرمەس ئەل مىنى ، مەن ھەم ،
ماڭا مەھرەم غەمدۇر ، بەزمى پىنھاندۇر نەھار ئۆتكەچ .
ياشىم تۆككەچ ئاياغىغە نىھالىڭ گۈلدەك ئاچىلدى ،
سەچەكلەر زاھىر ئولدى باغدا بىر گىر يەدار ئۆتكەچ .
قىلۇر مەستانە سەجدە «رەببىيەل ئەئلا » دەبان گۇمنام ،
كىبزىپ ئالەمنى تاپسە قايدا نەقشى رەخش يار ئۆتكەچ .

*　　*

تەئەججۇبدىن قارارمەن ئافتاب ئۆزرە ھىلال ئولغاچ ،
قالىپ ھەيرەتدە ئىلكىم تىشلەبان بۇ ئىش مەھال ئولغاچ .
شەفەقمۇ ، سۇبھىمۇ فەرقىن بىلە ئالمام جەمالىڭنى ،
ئەمەس تەھقىقى كۈندۈز زۇلفۇڭ ئىچرە پايمال ئولغاچ .
كۆڭۈلگە داغ تۈشتى بىر تەبەق ئۆزرە سىپەندانە ،
بۇ ھەم رەشك ئوتىدىن سەكرەرلەبىڭ ئۈستىدە خال ئولغاچ .
ھەمىشە قەۋسى ئەبرۇڭ ، تىيرى چەشمىڭ قەسدى سەيد ئەيلەر ،
نەچۈنكىم دەشتى ئىشقىڭ سەبزەسى تۇئمى غەزال ئولغاچ .
جەمالىڭ زۇلفى ئارا كۆردۈم ، بولۇپ پەرۋانە ئۆيرۈلدۈم ،
قىلۇرمەن نالەقۇش يەڭلىغ بالاسى سەيدى مار ئولغاچ .

يۇرەكىم پارە قىلدى تارتىشىپ غەم ئىتلارى تىشلەپ ،
نەچۇك مەكرۇھنى سەييياد ئېتەر قەيدى شىكار ئولغاچ .
نىگارا ، رەھىم قىل گۇمنامغە چۇن بەرگى سارغاردى ،
ئانىڭ نەۋرەس نىھالى ئافەتى ھىجرانغە يار ئولغاچ .

*　*

ئەيدى رۇخسارىڭ كۆرەي جانا دىبسەم بۇرقەئىنى ئاچ ،
بۇ قەئىن ئالماي تۇرۇپ گۇل ھۇسنۇڭە يايىلدى ساچ .
ۋەسلى مىھرى ئۆرلەمەي ھىجران تۈنى قىلدى تۇلۇئ ،
روسىيەھ بولدۇم نېتەي ئۇردى نەدامەت ئىلكى كاچ .
ئۇندۇرەي دەپ جىسىم ئارا غەم دانەسىدىن لالەلەر ،
مىھرىبانىم سەيرىگە دەرد ئىلكىنى قىلدىم ئاماچ .
ئىشق تۇغيان ئەتتى ، ئاھىم بەرقى مەئلۇم ئەيلەدى ،
كىم ئۇلۇسدىن سالىھا پۇشىدە ئەتكەن سىرنى فاچ .
كۆڭلۈم ئوتىدىن ئەگەر بىر زەررە چىقسە ئاھ ئىلە ،
ھۇر ئىلە جەننەت كۆيەر ، ئەي زاھىدا ، قىلغىل ئىلاج .
سەمرۇمە ، ئەي زاھىدا ، مەئلۇم ئەمەسدۇر سىررى غەيب ،
بەس ئىبرۇر مەردۇدى يامەقبۇلى تائەت چۇن ساناچ .
قىل كەرەم ، ئەي شەھ ، بۇ گۇمنامىڭغە لەئلىڭ دۇررىدىن ،
گەرچە كۆپدۇر تەقسىرى قۇللۇغدا لۇتفۇڭ ئىشكىن ئاچ .

*　*

ئىشق ئېلى ئىچرە ئەگەر بولسۇن دېسەڭ دەردىم رەۋاج ،
پا بەرەھنە ، باش يالاڭ ئول كۆزلەرىڭدىن چەشم ئاچ .
كىشۋەرى كۆڭلۈڭگە شاھ دىلبەر خەيالىن ئەيلەگىل ،
غەيرىدىن داغ ئېرسە ئاندا ھۇسنىڭگە بەرگىل خەراج .
يۇكلەدىم جان رەختىنى ۋەسلىڭ تىلەپ قىلدىم سەفەر ،
غەملەرىڭ يەتكۇرمەيىن ئالدىمغە چىقتى ، ئالدى باج .
سەجدە قاشىڭغە قىلۇرمەن ، كۇفر ئىسلامىم مېنىڭ ،
رەۋزەئى جەننەت غەمىن كۆيدۇر[ دى ]ئىشقىڭ ، نې ئىلاج . (9)
شىشەئى بەرسەبز ئوشاتتىم ، تەلبەلەرىڭ شاھىمەن ،
بىر قامۇشنى رەخش ئېتىپ ، تاجىنى ئەتتىم باشغە تاج .
ئاتەشى ئىشقىڭ دۇرەخشان ، جىسىم ئەمەس ھايىل ئاڭا ،
زاھىر ئولغاي گەرچە فانۇس ئىچرە پىنھاندۇر سىراج .

نىسبەتى يوق خەلق گۇمنام ياغۇ سۇ مىسباھ ئارا ،
جانىڭ ئالغاي ئارسلاندەك قۇدرەتىڭ يەتكەنچە قاچ .

* *

دىلبەرا ، مەن جامالىڭە مۇھتاج ،
غەمزەئى دىلرەبايىڭە مۇھتاج .
كۆزلەرىم خاكى پايىڭە مۇھتاج .
ئىچسە ھەم ئۆلمەگەي ئەجەل زەھرىن ،
مۇشكى خوتەندۇر دىماغىمە تاخۇش ،
جان سىينىڭ ئوقۇ يايىڭە مۇھتاج .
سۇنبۇلۇ ئەتر سايەڭە مۇھتاج .
تىلەمەس ئەرشى كۇرسىنى بۇ تىلىم .
رەنجىمە قەند شەربەتى ياقماس ،
زىكرى ھەمدۇ سەنايىڭە مۇھتاج .
لەفز شىرىن ئەدايىڭە مۇھتاج ،
سەجدەگاھىم مىنىڭ ئەمەس مەسجىد ،
بۇ جەھان شەھلىقى گەدالىقدۇر ،
ئەبرۇيى دىلكۇشايىڭە مۇھتاج .
شەھلىق ئولدۇر گەدايىڭە مۇھتاج .
غەم بىلە ياتتى ئۆلگەلى گۇمنام ،
بۇ جەھان ئىچرە جۇملە مەھۋەشلەر ،
جۇرئەئى جانفەزا يىڭە مۇھتاج .

* *

نەسەددۇقۇڭ بولايىن ، دىلبەرا ، جەمالىڭ ئاچ ،
زەۋال بولماسۇ جان ھۇسنى بىزەۋالىڭ ئاچ .
زەلام چەشمەسىدىن خىزر تاپتى ئۇمر تەۋىل ،
ماڭا بەقالىق ئۇچۇن چەشمەئى زىلالىڭ ئاچ .
قەدۇ يۈزۈڭنى قىلىپ ئارزۇ كۆڭۇل قاندۇر ،
بۇ قاننى ئىچمەك ئىلە سەرۋۇ گۇل نىھالىڭ ئاچ .
ئىكى رۇخۇڭ بىلە قەددىڭ مىسالىنى جان دەر ،
كى جىم ، نۇنۇ ئەلىف دۇرمۇ يۈزۈ خالىڭ ئاچ . (10)
ھىلالى ئەيدكى بىر يىل ئىچىدە ئىككى تۇغار ،
ھەر ئايىڭ ئۆزرە بار ئىرمىش كۆرەي ، ھىلالىڭ ئاچ .
كۆڭۇل سۇرۇرىنى ئەتتىم سوراغ مەي دىدىلار ،
مىنىڭ مۇفەررىھىمە لەئلى بىمسالىڭ ئاچ .
كىلۇرمۇ ئوترۇ دىسەڭ ھەجرشامى باشىغە ئاي ،
قىلۇرغە فەھم ئانى گۇمنام ، كۇندە فالىڭ ئاچ .

* *

ئافەتى ئىشقىڭغە ئۇچراپ جىسمىم ئولدى ئەين دەرد ، (11)
زەئفىدىن ئەتتى گۇلى ھۇسنۇم خەزاندەك رەڭگى زەرد .
جامى لەئلىڭدىن نە بولغاي قەترەئى بولسە نەسىب ،
نۇش ئىتىب چىھرەم قىزارسە گۇلشەن ئىچرە مىسلى ۋەرد .

خاكسار ئولدۇم يولۇڭدا رەخشىڭ ئۆتسە باستۇرۇپ ،
قەسدىم ئولدۇر سارۇلۇپ ئېگىنىڭگە قونسام مىسلى گەرد .
دىلبەرا ، ھۇسنۇڭ ئوتى بىرلە قىزىتتىم تاكۆڭۈل ،
يا پەرى ياھۇر بولسۇن بارچە مېھرى بولدى سەرد .
ئۆتتۇرۇپ بولدۇم خەلاس ئىككى جەھان ئەشغالىدىن ،
ئويىنادىم ئىشق ئىچرە ناگاھ چەشمى غەمزەڭ بىرلە نەرد .
ئات ، مۇقابىلمەن قولۇڭدىن كەلگۈچە مىژگان ئوقىن ،
بىر دەلىرى يوقتۇ مەندەك ئىشق مەيدانىدا مەرد .
يالغۇزىن ئالدى بۇ گۇمنامنىڭ مۇھەببەت گەنجىنى ،
كىم مەلامەت كىشۆرىدە بارچەغە شاھ ئولدى فەرد .

* *

مۇھەببەت مەخزەنىگە سەن ئېرۇر سەن گەۋھەرى مەقسۇد ،
كەلامى ھەق ئېرۇر نېچۇن ھەۋايى خەلق ئېرۇر مەئبۇد .
قاچان رۇھىمنى خالىق خەلق ئەتمەك ئىختىيار ئەتتى ،
نەخاك ئاخىرىسىدۇر بولدى ئول ئىشقىڭ بىلە مەۋجۇد .
ئەگەر ئەل ھۇر ئىلە جەننەت گۇلى ئەيشىن خەيال ئەتسە ،
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلە دەردىڭ گۇلى رويۇڭ ماڭا بىھبۇد .
ئاياغىڭ بولسە ھەم خوبدۇر ، نەھەد سىيمىن قولۇڭ ئۆپمەك ،
خەيالىڭ زەربىدىن ئەمما ۋۇجۇدۇم بولدى سىيم ئەندۇد .
ۋۇجۇدۇم مەھزى ئىنس جانانەدۇر ھۇسنۇڭە ئۇچرانغاچ ،
ئانى ئاغزىم ئېتەر زاھىر ، چىقار ھەرلەھزە ئاندىن دۇد .
قەبۇل ئولسام جەھان خۇبىغە ئول بەختىم قاراسىدۇر ،
ھۇمايى تالەئىمدۇر گەر ئېسەم ئىشكىڭ ئارامەردۇد.
ماڭا رەھم ئەيلە ، ئەي جانا ، دەمى ۋەسلىڭ بىلە تىر گۈز ،
غەمىڭ تىغى بىلە جەللادى ھەجرىڭ ئەيلەدى نابۇد .
فەنا جامىن ئىچەي دەپ ۋەھم ئېتەرمەن جۇملەئى ئوششاق ،
ئەگەر قىلسام سېنىڭ ھەجرىڭدە ھەردەم نەغمەئى داۋۇد . (12)
بۇ گۇمنام ئاررۇۋسى ئاستانىڭ ئىچرە گەرد ئولماق ،
كۆزىگە خاكى پايىڭ يەتمەس ئېرسە ئۇمرىدىن نې سۇد .

* *

لەئلىڭ تۆكەر تەبەسسۇم ئىلە رىزە ـ رىزە قەند ،
كۆرسە مېنى ئېتەرلەبىنى مىسلى غۇنچە بەند .

تارتىپ قىلىچ باشىمنى كېسىپ جىسىم ئېتىپ ماڭا ،
تاشلاپ ئۇنىڭغا مەيلى ئانىڭ قىلسە بەند ـ بەند .
ئەلنىڭ يامان كۆزىدىن ئانى ئاسراغىل ئىلاھ ،
جانۇ دىلىمنى غەم ئوتىغە ئەيلەدىم سىپەند .
كۆزى ساداق ، قىلىچنى قەتلىم ئۈچۈن ئاسىپ ،
كۆرگەچ مېنى چۇبەرق كېلۇر باستۇرۇپ سەمەند .
قىل ئۇمرىنى ئۇزاق نەچەكىم رەھمى يوق ماڭا ،
بادى خەزانىنىڭ ئاپەتىدىن يەتمەسۇن گەزەند .
ھەر ئافتابى ھۇسن سەبەب ھۇسنۇڭە سېنىڭ ،
تارتار ئاياغىڭ ئاستىغە زۇلفۇڭ سالىپ كەمەند .
بىر تازە گۇل سېنىڭ كەبى گۇلشەندە ئۈنمەدى ،
بىر سەرۋ بارمۇ سەن كەبى رەفتارى دىل پىسەند .
سۇنسام قولۇمنى شاخىگە بىر سىيىب مەيل ئېتىپ ،
مەھرۇم ئولۇپ يىغىپ ئىلكىم شاخىگىز بەلەند ،
نەگىرى ئۈچۈن ئىيادەتىگە كۆز تۇتۇپ ئانى ،
بولدى بۇ ئىش خەيالىدا گۇمنام دەردمەند .

*     *

ئالدۇرغالى ھۇسن قۇشى سالدىڭ كۆزى جەللاد ،
ھەر سەيد كۆرۈپ بەندەنى بىر ئەيلەمەدىڭ ياد .
ۋەسلىڭغە قىلىپ ئۆزگەنى مەھرەم ، مېنى مەھرۇم ،
قاۋدۇڭ ، قىلايىن نەگىرىگە مەھشەر كۈنىدە داد .
ھەجرىڭ تىغىنى خۇنى دىلىم بىرلە سۇغاردىڭ ،
ئول تىغ ئىلە ۋەسلىڭ غەمىنى،ئەيلەدىڭ ئازاد .
يەتكۈردى سەبا ئىنلارى باسغان ئىزىدىن گەرد ،
ئول تۇفراق ئىلە يۈزۈ كۆزۈم ئەيلەدى دىلشاد .
ھىجران تۈنى كۆز يامغۇرى ئىشقىڭ بۇلۇتىدىن ـــ
ياغدى ، بۇ ئاغىز رەئدمە سەل ئەيلەدى فەرياد .
جان كىشۋەرىنى زۇلمى فىراقىڭ بىلە بۇزدۇڭ ،
ۋەسلىڭ بىلە مىئمار ئېتىبان قىلمادىڭ ئاباد .
كۈن جىسمىنى ئىشرەت كۈنى تەن گەردى ياشۇردى ،
جارۇبى فىراق دەرگە ھىدىن بەرگەلى بەرباد .
كۆز دامەنىنى خاكى رەھى ئىچرە ياشۇردۇم ،
قويغاي قەدەمىن دەپ قىلىبان ئەقدنى سەييار .

مېھنەت تاغىنى تىشەئى ھىجران بىلە چاپقىل ،
گۇمنام كېلۇر ۋەسل ئۆزى شىرىن بىلە فەرھاد .

*　*

نا سەزامەن بەزمەڭە لۇتفۇڭدىن ئۇلمام نا ئۇمىد ،
رەھم قىل ، ئەي پادىشاھ ، ھەجرىڭدا [بولدۇم] ناپەدىد . (13)
ناتەۋان كۆڭلۇمگە مېھرى نەۋ نىھالىڭ تۇشكەلى ،
ئۇل شەرافەتدىن بۇ كۆڭلۇمنى دىدىم ئەرشى مەجىد .
فىكر قىلدىم تاپمادىم ئاندىن خەلاسىم تەدبىرىن ،
كىم مەگەسدەك رىشتەئى ھۇسنۇڭدەدۇر جانىم قەدىد .
تەقسىرىم ئۇلدۇر مېنىڭ گۇل يۇزۇڭە قىلدىم نەزەر ،
لەھزەئى ۋەسل ئۇلمايىن كافىر كۆزۇڭ قىلدى شەھىد .
تائەتىم ئەفزۇن ، گۇناھىم ھەم بەرابەردۇر ساڭا ،
بىردىن ئۇلماس شاھلىغىڭ كىم بىرىدىن ئۇلماس مەزىد .
رەھمىڭ ئالسۇن ، مېھرىن ئالسۇن جۇملەنىڭ ئۆز بەختىدۇر ،
بەندە ئاتىدا ئېرۇرىڭ [بەستامى] بايەزىد . (14)
سۇ ئىچەر رەھمەت سۇيىدىن خارۇ گۇل باغىڭ ئارا ،
كۇللى شەيئىن يەرجىئ ئۇلمىش ئەسلىدۇر تاسەرۋپىد .
مېھر تالىئ بولسە قىلماس فەرق زەررىن شامەسىن ،
تۇفراق ئۇلسۇن ، گەرگۇل ئۇلسۇن سالغۇسى بولسۇن پەلىد .
شەھسۇۋارا ، گەردى راھى ئەلچى سەن يەتكۇر ئاڭا ،
بولدى گۇمنام يولۇڭ ئۆزرە دىيدەئى ھەسرەت سەفىد .

*　*

مېھرى ھۇسنۇڭ تابىدىن ، ئەي گۇل ، سەبا قىلدىم ئۇمىد ،
كۆزۇمە رەخشىڭدىن ، ئەي جان ، خاكى پا قىلدىم ئۇمىد .
خەستە جانىمغە مېنىڭ جەللادلىق كۆزۇڭ [قىلۇر] ، (15)
ئۇل مەسىھادەم لەبىڭدىن خۇن بەھا قىلدىم ئۇمىد .
شەربەتى ھىجران بېرىپ ، كويۇڭ تاشىدىن سۆدرەتىپ ،
تاشلادىڭ ، ۋەسلىڭ مەيىدىن ، دىلبەرا ، قىلدىم ئۇمىد .
تەر چېكىپسەنكىم غەزەبدىن گۇل ئۆزە شەبنەم تۆكۇپ ،
جان ئالۇر مژگانى دەپ ، ئەي قاشى ، يا قىلدىم ئۇمىد .
سەڭگى خارا تۇفراغ ئۇلغاي يۇمشاماس كۆڭلۇڭ سېنىڭ ،
بىر تەرەھھۇم سەندىن ، [ئەي] ، كۆزى قارا قىلدىم ئۇمىد .
گۇل يۇزۇڭدە غۇنچە ئىچرە ئەكسەرى ئايىڭ كۆرۇپ ،

چەشمەدۇر ئوت ئىچرەدەپ خەتتىلك گويا قىلدىم ئۇمىد .
غەم يۈكىن ئەمدى كۆتەرمەككە ئەگەر يوق تاقەتىم ،
غەيرى رەشكىدىن قىلىپ ئىبرەت بەنا قىلدىم ئۇمىد .
ھەجر تىغىدىن دىلۇ جانىمنى قىلدى رەخنەلەر ،
ياق ۋىسالىڭ مەرھەمىن ، ئەي بىۋەفا ، قىلدىم ئۇمىد .
يىقتىم ئانداغ خەلق ئارا نامۇ نىشانىم مۇلكىنى ،
خانەئى گۇمنامىلىق كويۇڭداجا قىلدىم ئۇمىد .

* *

ئىشق مەندەك زارنى بىر ئىشۋەدە ھەيران ئېتەر ،
بىر نەسىمدىن قۇيۇندەك زارۇ سەرگەردان ئېتەر .
گۇلشەنى ۋەسل ئىچرە ھەرگىز ئاچمايىن بىر تازەگۇل ،
ھەجرىدىن رۇخسارلارنى زەرد ھەم گىريان ئېتەر .
بۇلئەجەبدۇر ئىشق ئوتى دايىم ئاقىزۇر كۆز ياشىن ،
بىر جىگەردۇر ئوتغە سالغان يىغلاتىپ بەريان ئېتەر .
ئاتمايىن ئوق بىر نەزەر قىلماق بىلە ئول دىلرەبا ،
لەھزەدە قاتىل كۆزى ئۇششاقنى بىجان ئېتەر .
گۇلشەنى ھۇسنىغە ، قەددى سەرۋىغە مەغرۇر ئولۇپ ،
قىلماغاي پەرۋا نەچە بۇلبۇللارى ئەفغان ئېتەر .
غەمزە ئوقى بىرلە ئۆلتۈر ، چاپمە قول تىغى بىلە ،
ئىشق ئېلى تۇفانىدىن ئارتۇق يۈز جەھاننى قان ئېتەر .
ئىشق مېھرىدىن كىشىگە لەمئەئى بولسە نەسىب ،
يۈزىدىن يۈزمىڭ گۇل ئاچىپ مېھرىدىن تابان ئېتەر .
ئىشق رەمزىدىن كىشى بىر نۇقتەئى فەھم ئەيلەسە ،
ھەر نەچە ئەللامەنى بىر ھەرف ئىلە نادان ئېتەر .
ئىشقىڭىزنى نەچچە يىل كۆڭلۈمدە پىنھان ئاسرادىم ،
بىقەرار ئولغان كىشى شىكەستەئى پەيمان ئېتەر .
كەئبەئى ۋەسلىغە يۈز قوي ، سەجدە قىل قاشىغە كىم ،
كەئبەئىدىن ئىشق دەردىغە نەچۈك دەرمان ئېتەر .
دىلرەبا ئىشكىدە ، ئەي گۇمنام ، دايىم بول گەدا ،
بۇ گەدالىق ئىككى ئالەم ئەھلىغە سۇلتان ئېتەر .

* *

گۇلدەك يۈزۈڭ بۇ غەمزەدە كۆڭلۈم بەھارىدۇر ،
زۇلفۇڭ غەمى ئاڭا تۈن ، يۈزۈڭ نەھارىدۇر .

گۇلبەرگى قاشىڭ ئولسە ، قەدىڭ گۇلبۇنى چەمەن ،
مۇژگان دىمەڭكى گۇل بەدەنى ئۆزرە خارىدۇر .
ئىككى كۆزۇڭ يۇرەكىم ئۆزە قويدى ئىككى داغ ،
گوياكى ئىشق ۋەھدەتىنىڭ يار غارىدۇر .
يەتمەك تىلەپ ۋىسالىڭە تۇن ـ كۇن قەرارى يوق ،
نېچۇن قەرارى ئىشق ئېلىنىڭ بىقەرارىدۇر .
گۇلشەندە گۇل قىزىل ، سارىغ ئولماقنى ئاڭلاغىل ،
قانىسىز تەنىمدە ئىشقىم ئوتىنىڭ شەرارىدۇر .
زۇلفۇڭ بەلا كەمەندىۇ خالىڭ غەزايى ئىشق ،
ئابىھەيات چەشمەسى لەئلىڭ دەۋايىدۇر .
جانا ، سىنىڭ غەمىڭ ماڭا خۇش ھەمدەمۇ رەفىق ،
غەم ئىشقىنىڭ ئەسىرلەرىن غەمگۇزارىدۇر .
جىسمىمدە غەمزەڭ ئوقىدىن ھەر يەردە تازە داغ ،
بۇ ئىشقىنىڭ غەزاللارىن لالەزارىدۇر .
خەندان يۇزۇڭە يىغلاسا ئىشق ئەھلى ياراشۇر ،
ھەر يەر گۇل ئاچىلسا تۇمەن نالەزارىدۇر .
ھەر كىم يولۇڭدا ئۆلسە قويار باش ئاياغىغە ،
ئۆلگەن ئىتىڭ مۇھەببەت ئەھلىنىڭ مەزارىدۇر .
ئەبرى بەھار قىلمە گۇمان ساچتى ژالە دەپ ،
گۇمنامىنىڭ يولۇڭ ئۆزە ساچقان نىسارىدۇر .

* *

شەربەتى يۇھىيل ـ ئىزام ئول لەئلى خەندانىڭدادۇر ،
ھەلقەئى دامى بەلا زۇلفى پەرىشانىڭدادۇر .
ئەي نىگارا ، رەھمەتىڭ دەريايى بىپايان ئېرۇر ،
مەۋجى رەھمەت گۇل كەبى لەئلى دۇر ئەفشانىڭدادۇر .
ھەر كىشى ئۆزىنى چاغلار مېھر ۋەرزىشلىقدا تۇز ،
راست ئايىتاي راستلىق سەرۋى خىرامانىڭدادۇر .
ھىرقەتى ئىشق سايە ئىستەر باغۇ بوستانلار ئارا ،
سايەگۇستەرلىق سىنىڭكى باغۇ بوستانىڭدادۇر .
ئالەم ئىچرە ھەر بەلاكەش تارتادۇر يۇزمىڭ بەلا ،
ئاندىن ئارتۇق مىڭ بەلا ، جانا ، كى ھىجرانىڭدادۇر .
ھەر پەرى رويىغە زىينەتلەر دۇرۇ شەھۋار ئېرۇر ،
زىينەتى خۇبانى ئالەم يۇنچى مەرجانىڭدا دۇر .

مۇفسەنى ① ئىشق ھەيراندۇر كى ئىستەر گەنجى غەيب ،
گەۋھەرۇ ياقۇتى ئەھمەرلەر سىنىڭ كانىڭدادۇر .
ھەر ئەسرى ئىشق جىسمىن مىڭ جەراھەت ئەيلەسە ،
بەندەئى دىلخەستەلەرنىڭ قەسدى دەرمانىڭدادۇر .
بەندەئى گۇمنامنى مىڭ جەۋر ئىلە قەتل ئەيلەدىڭ ،
ھەرنە قىلساڭ سەن قىلۇرسەن ئەمرۇ فەرمانىڭدادۇر .

* *

بۇ ئالەمدە سىنىڭدەك دىلبەرى نامىھرىبان يوقتۇر ،
سىنىڭ ئايدەك جەمالىڭغە مىنىڭدەك سەرگەران يوقتۇر .
(16) ..........................................................

* *

( 17 ) .......... ... ... ... .............................................
گۇل يۈزۈڭ جەننەتكە تەشبىھ ئەتمەك ئەتسەم ئىختىيار ،
ئىشق دەۋرىدە بەغايەت ئەقلى كۇتاھىم ئېرۇر .
ھەرف ئېسە ئول يۈزى ، سۆزى ئۆزگەجان تۇمارىدا ،
ھاك قىلىپ ئوت ئۆزرە سالسام كۆڭلى ئاگاھىم ئېرۇر .
تەلبەدۇر سەن ئىتلار ئىزىن ئۆپتۈڭ ، ئەي گۇمنام ئىت ،
تاپماغان ئىستەپ جەھاندا شەيئى لىللاھىم ئېرۇر .

* *

جەفاۋۇ مىھنەت ئىشى بولسە گەر جەفا قىلا كۆر ،
جەفاغە ۋەئدە قىلۇرسەن ۋەفا ماڭا قىلاكۆر .
جەفاڭ قۇشى قىلۇر ئېرسە بۇ كۆڭلۈم ئىچرە مەكان ،
ئۇچاردا سايەسىن ئانىڭ پەرى ھۇماقىلا كۆر .
كۆرۈپ يۈزىن يولۇقتى بەلاغە تەلبە كۆڭۈل ،
دۇبارە كۆرمەكنى ، ئەي كۆزۈم ، ئىباقىلا كۆر .
كۆزۈم يولۇڭغە قارادى كېلۇرمۇ دەپ ، ئەي يار ،
ئاياغىڭ تۇفراغىدىن كۆزۈمە جىلا قىلا كۆر .
جەفا جانىمغە قىلۇردىن قەنا ئەت ئەيلەمەسەڭ ،
قۇتۇلماسىمدا بىرىدىن ھەيفا ـ ھەيفا قىلا كۆر .
لەبىڭنى يا ئىلىڭ ئۆپمەك ئىستەمەك ھەد يوق ،

---

① بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا «مفان» شەكلىدە يېزىلغان . مەنىسى ئېنىق ئەمەس . ئۆز ئەينى ئېلىندى .

ئاياغىڭ ئۆپتۇرۇبان ، ئۆلتۇرۇپ ئەدا قىلا كۆر .
كۆزۈڭ خەدەنگىدىن ئاققان قانىڭنى ، ئەي گۇمنام ،
بەلا شەھىدلەرىنىڭ قولىغە ھىناقىلا كۆر ،

* *

ئۇلۇس جەمالىڭە ، جانا ، نەزارە قىلغايلار ،
يورۇق جەھاننى كۆرەر كۆزگە قارە قىلغايلار .
كى تەڭرىدىن كىچە ــ كۇندۇز تىلەكىم ئۇشبۇ ئىرۇر ،
قاچان بۇ خەلق قاشىڭدىن كەنارە قىلغايلار .
كۆڭۇل ئوچاغىدىن ئىشقىڭ ئوتى شەرارە قىلىپ ،
تۇتاشسە ئەل قۇتۇلۇرغە نەچارە قىلغايلار .
باشىم كېتەر تەلەبىڭدە غەمىڭنى تەرك ئەتمەم ،
باغىر بىلە يۇرەكىم پارە ــ پارە قىلغايلار .
كۆرەرمە شەھ باشىدىن دۇرنىسار قىلغاندەك ،
مېنى بۇ يولدە ئەگەر سەڭگسار قىلغايلار .
غەمىڭدە يىغلا بان ئاققان ياشىمنى ئەل كۆرۈبان ،
بەھاسى يوق دۇرۇ مەرجان شۇمار قىلغايلار .
كۆيۇپ تۇگەندى بۇ گۇمنام ئەمدى كۆيدۇرمە ،
قاچان كەبابنى ، جانا ، دۇبارە قىلغايلار .

* *

تەر چەكىپسەن ، مەست ئولۇپسەن مەيدىن ، ئەي كۆزى خۇمار ،
قەترەئى لۇتف ئەت ماڭا ھەم تۇرفە زار ئەتتى خۇمار .
ئىلتىفات ئەتمەي يۇرۇپ بىر جۇرئە ئەتتىم ئىلتىماس ،
بىئەدەبلىك ئولدي نەيلەي ، شەرمسار ئەتتى خۇمار .
دوستلار مەينىڭ ھەۋاسى كىم باشىمدىن كەتمەگەچ ،
ھەر تەرەپ مەيخانەلەردە خارۇزار ئەتتى خۇمار .
مەينى ئىچمەك ئىستەبان بىر گۇلئۇزارى ئىلكىدىن ،
تاپماغان ھىجران ئوتىدا گۇلئۇزار ئەتتى خۇمار .
لالەيەڭلىغ جامى ، ھىجرانى ئوقىنىڭ زەخمىدىن ،
ئاھۇيى غەمگە كۆڭۇلنى لالەزار ئەتتى خۇمار .
مەي خۇمارى قىلدى مەھزۇرن كۆزگە يەتتى تىيرەلىك ،
يۇزنى كۆرسەت ، ساقىيا ، كۆزۇمنى تار ئەتتى خۇمار .
تەلبەرەب مەجنۇن سىفەت ئۆلمەكلىك ئاساندۇر ماڭا ،

قەترە گۇمنامىڭغە بەرگىل بىقەرار ئەتتى خۇمار .

* *

كويۇك سارىغە ئۇچماغلىققە ھىممەتدىن قاناتىم بار ،
قاچان ئىستەرمەن ئۇچماقنى جەھاندا تاھەياتىم بار .
ماڭا كەۋسەر مەيىدىن زەھرى ھەجرىڭ تۇرفە بىھراقدۇر ،
گەزەك قىلماققە بەزم ئىچرە سىفاتىڭدىن نەباتىم بار .
يازاي دەپ ، ئەي نىگارا ، نامەئى ھەجرىڭ خەيال ئەتسەم ،
قەلەم كىرپىك ، سىياھىم ياشۇ كۆزۈمدىن دۇۋاتىم بار .
دەۋايوق دەردى ئىشقىڭ بىرلە كويۇك ئىچرەگەرد ئولسام
مەسىھا كەلسە جان بەخش ئەتكەلى نې ئىلتىفاتىم بار .
سىنىڭ قەھرىڭدىن ، ئەي دىلبەر ، نەكەلسە ئانى تارتارمەن ،
نەچۇن ئىشقىڭ يۈكىدىن تاغدىن ئارتۇق سەباتىم بار .
ئەگەر سەن يوق ، خەيالىڭ بولسە جەننەتدۇر ماڭا دەۋزەخ (18)
سىنىڭسىز گۇلشەنى جەننەتكە بارماققە ئۇياتىم بار .
دەم ئۇرماسمەن كۆيەر جانىمدا دەۋزەخدىن ئۇلۇغراق ئوت ،
نىدىن زاھىر قىلاي ئوششاق ئارا گۇمنام راجىم بار .

* *

بۇ تۇرفەدۇرۇر ئول گۇل باشىغە سەچەك سانچار ،
ئوخشارمۇ ئاڭا ئايۇ ئەنجۇم نە فەلەك سانچار .
ھەر يارى مەجالىسدا دەپ ئەتكۇسى گۇللارنى ،
كىم شەمئى شەبىستاندەك ئول يارى بۆلەك سانچار .
ئايرىلغىلى ۋە سلىڭدىن يوق لەھزە ماڭا تاقەت ،
تەبرەنسە باغىر ئاغرىر ، گەر تۇرسا يۈرەك سانچار .
بىل ، تىيرى شىكارىڭكىم باشىمغە تېگىپ سانىسز ،
شەھ سەيدى تەمام ئېتسە قاچ ئۈزرە كەچەك سانچار .
تەن قان ئۆزە ئوق تەندە بىرنىمى نىگاھىڭدىن ،
ئەتمەككە كەباب ئەل كىم ئوت ئۈزرەسەچەك سانچار .
ۋەسل ئىچرە بىتەم كۆپدۇر ، ئىشق ئەھلىگە راھەتدۇر ،
ئاشققە جەفانىشىن ھەجر ئۆزگەچەرەك سانجار .
ھەر سارى ئاتار سەنكىم ئۆزگەنى (19) نىشان ئەيلەپ ،
باشىغە بۇ گۇمنامنىڭ گۇل غۇنچەسىدەك سانچار .

* *

تاكى چىقتىلىڭ سەيد ئېتەرگە ئىشق ئېلىن ئەي شەھسۇۋار ،
كىم نىقاپ ئاچ كۆرسۇن ئەل رۇخسار ، جان قىلسۇن نىسار .
جىلۋە ـ جىلۋە ھەر تەرەف سەكرەپ بۇ مەيدان ئىچرە رەخش ،
كىم غۇ بارى مەركەبىڭدىن رەۋشەن ئەتسۇن ئەل غۇ بار .
ئۆزگە بىر جان بەرمەيىن تاپسا ۋىسالىڭ ئەيب ئەمەس ،
بەندەدىن مىڭ جان ئالىپ بىر باقماساڭ سەن كامكار .
قىلمادىڭ خۇش ، ئاچمادىڭ يۈز ، قارە [ دۇر ] (20) بەختىم مېنىڭ ،
تىيرەلىكدۇر ئافتاب ئەبر ئىچرە بولسا بەر قەرار .
كەس باشىم ، ياۋەسل قىل ، يا تاشلاغىل ھىجران ئارا ،
ئىختىيارىڭدۇر سېنىڭ مەن بىئىلاج ، بىئىختىيار .
ئاھ تارتىپ يىغلا بان جانا جەمالىڭ ئاچ دېسەم ،
دېدى : يامغۇر ياغسە كۆرمەيسەنمۇ قاندىن (21) كۈن تۇغار .
ئالغا مەن مەقسۇد شايەد خىزر يەكلىغ ئۇچرانىپ ،
تەگرىنىڭ قۇتلۇغ كۈنى گومنامنىڭ گەھ بەختى بار .

* *

تەن تىيرە كۈلبەدۇر ، كۆڭۈل ئانداچەراغ ئېرۇر ،
ئىخلاس چۈن فەتىلە ۋۇ ئىشق ئاڭا ياغ ئېرۇر .
دەم ئۇرغۇچى مېنىڭ نەزەرىم ، ئوت سېنىڭ يۈزۈڭ ،
ئوت ياققان ئەل چىراغىمە ئىككى قاراغ ئېرۇر .
ئۆلتۈرمەك ئىستەسەڭ قىلىبان سەيد ئىشق ئېلىن ،
سەيياد ھۇسنۇڭ ئولسە ، زۇلفۇڭ توزاغ ئېرۇر .
كىم يول پۈتۈرسە ، ئۆلگەلى ياتسە بۇ رەنجدىن ،
شۇربى شىفا ئىچۈرگەلى لە ئىلىڭ ئاياغ ئېرۇر .
سەرۋ مەسەللىك ئاھ چېكەرمەن فىراق ئارا ،
قول رەھمىدىن يەتىمنى كۆرۈڭ باغ ـ باغ ئېرۇر .
تاپماي يۈزۈڭنى كۆزىمە كۈندۈز قاراڭغۇدۇر ،
غەملىك كۆڭۈل فەلەك كەبى داغ ئۇزرە داغ ئېرۇر .
ھەر نەۋئى زۇلۇم يەتسە قىلۇر ھەمل تەبرەمەس ،
بارى غەمىڭ كۆتەرگەلى گۇمنام تاغ ئېرۇر .

*  *

قەدىڭ نەزاكەتىنى تۇبى دەيمۇ يا ئەر ئەر ،
هەيات نەخلىگە مەرگ ئەتتى قەسد تا سەرسەر .
سېنىڭ كەبى تاپا ئالمان كېزىپ جەهان ئىچرە ،
سۇراغىڭ ئەتتىمۇ ، جانا ، گەدا كەبى دەردەر .
كەمالى زەئىف ئېلە گۈلدەك يۈزۈممۇ سارغاردى ،
بەت ئېرۇرمۇ چۇ زەردىن يۈزۈم قىلۇر فەرفەر .
باشىمغە تۈشتى قاراكۈن سېنىڭ غەمىڭ بىرلە ،
دېدىڭمۇ شاه مەسەللىك باشىدادۇر قەرقەر .
كۆزۈم بۇلاغىدىن ئاققان ياشىم بۇ يەڭلىغ ئېرۇر ،
جەهاننى سەبزە قىلۇر بۇتەنىم قىلىپ جەر جەر .
نەقىلسۇ مەسجىد ئارا شۇرب ئېلى يوق ئېرسەمەي ،
ئىچى ئانىڭ هەمە زەرهەل چۇ تەختىدۇر مەرمەر .
تامىزسە قەترەئى گۇمنام ئاغزىغە مەيدىن ،
ئەگەر بېهشت سۈيىن بەرسە قىلماغاي غەرغەر .

*  *

ئەمەس چەرخى فەلەك پەرۋانەدەك سەرگەشتە باشىمدۇر ،
ئەمەس ئەختەرلەر ئول بىهەد جۇنۇندىن زەخمى تاشىمدۇر .
كۆزۈمدۇر يار ياشۇنغاچ فەلەك تۇڭلۇكىدا خۇرشىد ،
ئەمەسدۇر ، سۈبهىدىن تا شام كۆز يۇمماي قاراشىمدۇر .
هىلال ئېرمەس نىگارىم رەخشىنىڭ نە ئىلىنى ئەيلەر تاب ،
ئاڭا تەشبىه ياسالغان تامغادىن مەجرۇه قاشىمدۇر .
تەكەببۇر قىلمە ، جانا ، تازە گۇل يەڭلىغ بەهار ئەتكەن ،
هەمىشە گۇلشەنى هۇسنۇڭ ياغىپ پەيۋەستە ياشىمدۇر .
كۆزۈڭ جان ئالماق ئىستەر دايىما غەمزە ئوقىن تەڭلەپ ،
هەمىشە ئىشكىڭ ئايلانماق لەبىڭدىن جان تالاشىمدۇر .
جەهاندا لە ئىلجۇ نەسۇد بەدەخشان تاغىنى تەشكەي ،
بەهاسىز لەئل تالىبغە مېنىڭكى ئىچۇ تاشىمدۇر .
يۈزۈڭنىڭ ئۇسرەتى يوق ، تەنگە ... قاقىمۇ سىنجاب ، (22)
مېنىڭ ۋەسلىڭ تۇنى خارۇ خۇن ئەفشانلىغ قۇماشىمدۇر .
پۈتۈندۇر بۇ كۆڭۈل جامىنى گەر بۇ جەهل سىندۇرسا ،
نېچۈن جان تەختىگە خان ، بەختىمە ئەۋلادى هاشىمدۇر .
ئاداشقاندىن نىياز ئەهلىنى ئىستەپ تاپماغاچ گۇمنام ،

ئىلاج ئەتمەي زەرۇرەتدىن نەماز ئەھلى ئاداشمدۇر .

* *

غۇنچە ئاغزىڭنى كۆرۈپ ھەسرەتتنە يۈز ملك پارەدۇر ،
سەرۋىنىڭ جىسمى قەدىڭ ھەجرىدە سانسز يارەدۇر .
لالەنىڭ باغرىغە خالىڭ ھەسرەتىدىن تۈشتى داغ ،
دەشتۇ سەھرا ئۆزرە مەجنۇنلار كەبى ئەۋۋارەدۇر .
كىرپىكىڭدىن (23) ئەھلى دىللار باغرىدا ملك يەردە نش ،
يەتمەگەندىن مەرھەمىڭ دەرد ئىلكدە بىچارەدۇر .
ئىشق دەردىن فاش ئېتەلمەي بولدى زەئىف ئانداغ قەۋى ،
ھەر تامۇردىن ئاسراغان دەم قان چىقىپ فەۋۋارەدۇر .
ئەختەر ئېرمەس كۆك ئۈزە ھەدسىز قىزارغان غۇنچەدەك ،
دەردى ئىشقىم زورىدىن گۈل باغرى يۈزملك پارەدۇر .
يەردە باشىم ، كۆزدە ياشىم ، قولدە تاشمنى كۆرۈپ ،
كىم نەزارە ئەھلى بىخۇد بولغاچ ئۆزدىن بارەدۇر .
سۆدرەگەن رەخش ئاستىغە بۇ جىسم خۇن ئالۇد ئىلە ،
زۇلفىدىن زەنجىر ئېتىپ گۇمنامنى ئول خۇنخارەدۇر .

* *

ئايمۇ تۇغۇپدۇر بۇ كېچە دىلبەر مەھى چىننمۇدۇر ،
تەھقىق ئۇچۇن تۈزۈك قارا يالغان ئېرۇرمۇ چىنمۇدۇر .
بىلدىم ئېرۇر پەرىۋەشىم تابىشى يوق ئۇلۇس ئارا ،
جانىمە ياققان ئوتنى ئول روخى ئاتەشنمۇدۇر .
زەئىفىمە قىلغالى دەۋا چىقتى تولۇن ياشۇنۇبان ،
كاسەئى لەئل ئىچىدەكى شەربەتى ئەنكەبىنمۇدۇر .
ئاچتى لەبىنى سورغالى ، گۈل ئۈزە گۈل ئاچىلدىكىم ،
كۆڭلۈم ئاچىلدى غۇنچەدەك گۈلغە سەبا يەلىنمۇدۇر .
ۋادەئى ئىشق ئارا مەگەر سەبد قىلۇرغە ئول پەرى ،
سۇنبۇلى ئەشھەبىن كۆرۈڭ بويىندا ملك چەكىنمۇدۇر .
قويغان ئىكەن لەب ئاستىدا زىينەتى ھەرف ئۇچۇن نوقەت ،
ھۇققەئى لەئلدىن ئەسەل تاپماق ئۇچۇن چەبىنمۇدۇر .
تۇرفە تىلسم ئېتىپ كۆرۈڭ دەفن قىلىپدۇر گەنجلەر ،
ئاقماسە چەشمەلەر كەبى يەرگە نەسىب ئىكىنمۇدۇر .
قەسد ئېتەر ئېرسە ھەر كىشى گەنجنى ئالماق ئىستە بان ،

هەر بىرىگە ئىككى كۆزۈڭ باقىالى ھەمىنشىنمۇدۇر .
مەزرەئى ھۇسن سەن مەگەر گۇمنام ئۇزاق ئىلىكلە بان ،
خىرمەنى ئىشىق يىغدىكىم ئۆزگەلەر خۇشەچىنمۇدۇر .

* *

ئەيلەدى سىزنى بىزگە شەھ ، بىزنى سىزىڭ (24 ) گە دايىگىز ،
شامۇ سەھەر تىلىمدە دۇر ھەمد بىلە سەنايىگىز .
مەھرەمىگىز گە ئىچكەرى قاشىگىز ئولسە قىبلەگاھ ،
سەجدەگەھىمغە بەس ئىبرۇر تاشقارى خاكى پايىگىز .
راھەتى ئەيشۇ ئىشرەتىڭ ئۆزگە بولسە يوق ئىشىم ،
تاج ئىلە تەختۇ دەۋلەتىم دەرد بىلە بەلايىگىز.
ئەختەرۇ مىھرۇ ئايدەك كۆڭلۇمە نەقش ئەيلەدىم ،
بىرمۇ قەدەم يەتۈرمەيىن قالدى تۇرۇپ سەرايىگىز .
مىھنەتۇغەمنىڭ ئىلكىدىن بىر نەفەسى قۇتۇلمادىم ،
نەچە تەسەۋۋۇر ئەيلەسەم دەرد ئىكەن دەۋايىگىز .
بەندەگە شام ۋەقتىدەك كۈندەك ئاچار جەمالىگىز ،
بولسە رەقىبغە ھەركەچە شەمئ بولۇر چىرايىگىز .
نەچە جەفا قىلىپ ماڭا ئىشقىنى تەرك ئەتمەدىم ،
ئەمدى قىلۇرغە جەۋر زۇلم سىز بىلىگىز خۇدايىگىز .
مەن ئۆلەيىن ، بولۇڭ تىرىك ، تاپماسۇن ھۇسنۇڭىز قۇسۇر ،
مەن نەچە دەردۇ غەم بىلە كۆرمەس ئىبسەم ۋە فايىگىز .
دەردۇ بەلاغە سالغالى دۇنيادا يوق ئىكەن كىشى ،
جۇملە خەلايىق ئىچىدە گۇمنام ئىكەن ئەنايىگىز .

* *

ئەي سەنەم قەھقەھ كۈلۈشۈڭ قىلدى جانىمنى گۇداز ،
كىم مەسىھ ئاسالەبىڭدىن چىقتى جانىم ، كىردى باز .
سەنسىزىن جەننەت گۈلى مەغزىمغە سالماس تازەلىغ ،
رەھم قىل تەڭرى ئۈچۈن ، ئەي تازە گۈل ، زۇلغۇڭنى ياز .
كىرپىكىڭ نىشى بىلە باغرىمنى ئەيلەر سەن كەباب ،
يانە يوقتۇر ئالەم ئىچرە بىر سىنىڭدەك دىلنەۋاز .
ھۇكم قىلسە قەتلىمەلە ئىلىڭ گۇلى خەندان ئۇلۇپ ،
ھۇكمىن ئانىڭ تۇتقالى يوقتۇر كۆزۈڭدەك قەتل ساز .
كۆز ياشىم بىلە سىنىڭ دايىم نىھالىڭ تازەدۇر ،

هەرزەمان ئاهىم شەمالى قەددىڭ ئەيلەر سەرۋناز .
گەرشىكار ئەتسەڭ قۇتۇلماس سەيد دامىڭدىن سىنىڭ ،
مەشرىقۇ مەغرىبغە يەتكەي ئەيلەسەڭ زۇلفۇڭ دەراز .
ئاي يۈزۈڭە خوب ياراشۇر تىيرە تۈندەك قارە زۇلف ،
تۇخمى فەرمان ئەيكمەدى بۇ نەۋئ مەھمۇدى ئاياز .
كىم ئىبادەتنى بۇ يەڭلىغ ئەيلەدى ئالەم ئارا ،
باش چالىپ دايىم ئاياغىڭغە قىلۇر زۇلفۇڭ نەماز .
نۇشى ۋەسلىڭ لەھزەلىكدۇر ، نىشى ھىجرانىڭ ئۇزۇن ،
بۇ جەھەتدىن ئىشىق ئىلىگە دەردلىك قىسسەم دەراز .
ھەسرەتىڭدە ئۆچتى بۇ ئۆمرۈم چىراغى ئەي پەرى ،
مەن تاپىپ ۋەسلىڭ تۈننى ئايىمادىم بىرلەھزە راز .
ئىنلارىڭ گەر قۇيرۇغىن تەبرەتسە ھەددىم يوق ئاڭا ،
گەر ئىزىن تاپسە ئۆپۈپ گۇمنامىڭ ئەيلەر ئىشقباز .

* *

ئەبرۇ يۇڭا قەۋسەين بىلە قاف تەسەددۇق ،
ھەم قىبلەۋۇ ھەم مەسجىدۇ مىھراب تەسەددۇق .
كىرپىكلەرىڭە سەدقەسىغە جان ئەلىفى ھىچ ،
جىم نۇنۇ كۆزۈڭ ئاقىغە بەھرباب تەسەددۇق ،
كۆزۈڭ سىيەھى شەمئى چەراغى ھەمە ئالەم ،
جان جەۋھەرى ھەم چەشم ئىلە خۇناب تەسە ددۇق .
ساچىڭ بەدەلى بولماغۇسىدۇر شەبى مىئراج ،
ھەرتارىغە قەدرى شەبى ناياب تەسە ددۇق .
خاكى قەدەمىڭ سۈرمەسى ھىچكىمگە بەھەم يوق ،
رۇخسارىن ئىتەر مىھرى جەھانتاب تەسەددۇق .
جان نۇقتەلەرىن خالىڭ ئۇچۇن ئەيلەسەڭ ئەسپەند ،
ھەم بولغۇسىدۇر ئەختەرۇ مەھتاب تەسەددۇق ،
ئول سەرۋى خەرامانىغە يوق سەرۋۇ سەنۇبەر ،
ھەم جەننەتى تۇبى ھەمە ئەسباب تەسەددۇق .
گۇمنام بۇ دىۋانە لەبى نۇتقى تىشىگە ،
ھەيۋان لەئل ئەتتى دۇرى ناياب تەسەددۇق .

* *

يادەك قاشىڭە مەسجىدۇ مىھراب تەسەددۇق ،
رۇخسارىڭە ھەم مىھرى جەھانتاب تەسەددۇق .

كىرپىكلەرىڭە جان ئەلىفىن سەدقە نەچۇك دەي ،
جادۇ كۆزۈڭە ئەختەرۇ مەھتاب تەسەددۇق .
خاكىڭغە فىدا جىمۇ ئەلىف نۇقتەسى بولسۇن ،
لەئلىڭغە فىدا گەۋھەرى ناياب تەسەددۇق .
چار باغىڭ ئارا تاپمادى يول ھۇرئىلە كەۋسەر ،
ۋۇلدان ئىلە غۇلمانلار ئۇشۇل باب تەسەددۇق .
بۇ تەرز يولۇقتى ماڭا بۇ ناز ئىلە دىلبەر ،
قىلدىم ھەمەنى قىلمادىم ئاسراب تەسەددۇق .
رۇخسارەسى نەززارەسىدىن غۇنچە ئىدى دىل ،
يۈز باغ گۇل ئاچتى دىلى بىتاب تەسەددۇق .

* *

ئەختەر كۆزۈڭە كەئبەئى بۇتخانە تەسەددۇق .
مەيگۇن لەبىڭە مەي بىلە مەيخانە تەسەددۇق .
ساچىڭ خەمىنى باشىمە ئىلكىم تەمەدۇ ئەتتى ،
ھەر ھەلقەسىدىن ئاقىلۇ دىۋانە تەسەددۇق .
ئاي بىلە كۈن ئۆيرۈلمەك ئۈچۈن ھۇسنۇڭە گەردان ،
ھەم كېچە ۋۇ ھەم شەمئىگە پەرۋانە تەسەددۇق .
بىلقىسۇ سۇلايمانۇ زىلەيخا بىلە يۇسۇف ،
ھەم شىرىنۇ فەرھاد ھەمە ھەيرانە تەسەددۇق .
پۇر فەيزلەبىڭدىن سۇخەنىڭ جانىمە ئوتدۇر ،
بۇ تەرز ساڭا ساقىئى پەيمانە تەسەددۇق .
مىھرۇ مەھ ئىرۇر تۈن ئىلە كۈن شەمئ چەراغى ،
ئۆيرۈلمەكى باشىڭغە چۇ پەرۋانە تەسەددۇق .

* *

قايسى تىل بىرلە دەيىن ھەمدىنى بىھەمتاغە ،
سەدەفى كەۋنى مەكان ئىچرە دۇرى يەكتاغە .
ئەرشۇ فەرش ئىلە سۇرەيىيا شەرىدىن خالى ئەمەس ،
ئەدەب ئىرمەس قويى زاتىنى دىمەك ئەئلاغە .
نەچە جۇرمۇڭ ئىسە بىھەد ئاڭا بار ئەرز ئىتەكۆر .
مۇشكۇل ئىرمەس خەس ئاقىزماغلىق ئىرۇر دەرياغە ،
نەئت ھەدسىز داغى مەھبۇبى ھەقو رەھبەرى خەلق ،
گۇلرۇخى ، پاك بەدەن سەرۋ سەھى بالاغە .

تەقى ھەمدەملەرى سىددىق ، ئۇمەر ، ئۇسمان ، ئەلى ،
تۇزگەن ئول ھەق يولنى ئورنىدا پا بەرجاغە .
بۇلانىڭ پەرتەۋىدۇر ، كىمدە ئېرۇر خىسلەتى خوب ،
رەھمەت ئول ئادىلۇ كامىل دىلى خۇش داناغە .
بۇ تەرىق ئىچرە قەدەم قويغان ئېرۇر ئۇلۇل ئەمر ،
كىم بويۇن سۇنماق ئاڭا لازىمۇ ھەق پەيماغە .
سۆز ئايت كىمسەگە كىم جانىغە سۆز قىلسە ئەسەر ،
بىھۇدە ساچمە گوھەر مۇنكىرۇ بەدتەرساغە .
كۇش ئىنئامىغە ھەيف دۇررۇ گۇھەر ، ئەي گۇمنام ،
ۋەھش ئەمەس سەيردە تاڭ مۇرغى فەلەك فەرساغە .

* *

تۇمەنىمىڭ ئىشۋەبىرلە كۆڭلۇم ئالدى شوخى جانانە ،
نېتەي ، ئەي دوستلار ، بولماي يۈزى شەمئىگە پەرۋانە .
نەسىمى يەتسە كويىدىن كۆڭۇل ئوتى شەرار ئەيلەپ ،
تۇشەر ئالەمگە ئوت ئاھىم يەلىدىن رەئدى بەرقانە .
مەكا نىمدۇر ئىتىنىڭ سانى ئىچرە ئىشكى دىلبەرنىڭ ،
بارالمام ھىچ تەرەف بوينۇمدادۇر زەنجىرى دىۋانە .
نېتاڭ رەھمى كېلىپ بەرسە مەنى مەخمۇر ھەيرانغە ،
ئوشۇل ھۇسن ئەھلى شاھى ئىشقىنىڭ سانىدا پەيمانە .
جەھان رەئنالارى كۆڭلىگە ئانىڭ ھۇسن ئەبرىدىن ،
ياغىپدۇر مېھر بارانى سەدەفلەر ئىچرە دۇردانە .
تىلەپ ھەقدىن كېچە ـ كۈندۈز باشىمنى سەجدەدىن ئالمام ،
مىرادىم ئىشق ئېلى خاكى تەنىمدىن قىلسە مەيخانە .
مۇھەببەت ئەھلى بەھرى چەشمەدۇر ، يوق ئىشقىنىڭ قەتئى ،
ئېرۇر زۇھد ئەھلى ھەمچۈن ھەۋز يا ئەشجار بىدانە .
تەرىقى ئىشق ئېرۇر ناياب ، ئەي گۇمنام ، ۋەھم ئەتمە ،
تاپىلماس يولىغە مىڭ جان فىدا قىل شىرى مەردانە .

* *

ئادەمنى قىلىپ خەلقەت ئول راھى نەما كەلدى ،
زۇلمەتنى يارۇتماققە ئول نۇرى خۇدا كەلدى .
ئىشق ئەتتى يۈرەك باغرىم ھەجر ئوقىدا مىڭ پارە ،
تۈن ـ كۈن قىلىپ ئەۋۋارە بىر تۇرفە بەلا كەلدى .

زۇھد ئەھلى لىباسىدۇر دەستارۇ ئەساۋۇ فۇش،
ئىشق ئەھلىغە فەترەتدىن قاق، تورغە، جەلا كەلدى.
كۆرلۇتنى ئىلە رەھمەتنى، بىل جەزبى مۇھەببەتنى،
ئىشق ئەھلىنى مىلك ئۆرتەپ ياندۇرسە يەنا كەلدى.
كۆيدۇردى ۋۇجۇدۇمنى، كۇل ئەيلەدى ساۋۇردى،
چۇن ئەھلى مۇھەببەتغە ئاياتى فەنا كەلدى.
كويۇك ئارا چۆرۇلمەك، ئىتلار سانىدا ئۆلمەك،
ئىشكىڭگە يۇزۇم سۇرمەك ھەججى كۇبۇرا كەلدى.
ئىتلار سۇفەتى زىكرىم، ۋەسلىڭ مەيىدۇر فىكرىم،
مەن خەستەئى بىدىلغە بۇ زىكرۇ سەنا كەلدى.
ئۇمىدى ۋە قاسەندىن ئەي دىلبەرىم ئەتمەسمەن،
ئىشق ئەھلىغە دىلبەردىن قاي چاغدا ۋەفا كەلدى.
گۇلشەن ئارا كۆرگۇلنى ئاچىلدى تىكەن ئىچرە،
بىر گۇل تىلەگەن ئەلگە مىڭ تىبرى بەلا كەلدى.
زوھد ئەھلى مەي ئىچمەسدىن ئەفسۇردە گۇلى سەۋسەن،
مەيدىن يۇزى ئاشقىنىڭ خۇرشىدى نەما كەلدى.
گەرلۇتنى قىلۇر دىلبەر يا قەھر قىلۇر ئاشىق.
دەۋزەخ بىلە جەننەتدىنكىم خەۋفۇ رىجاكەلدى.
[ ئىشق ئوتى شەرارى ] (25) دىن زوھد ئەھلى قاچار خەسدەك،
ئىشق ئەھلى خەلىل ئاسا تەسلىمى قەزا كەلدى.
ئۇل دىلداكى يوقتۇر ئىشق، بىل ئانى شەبى يەلدا،
ئىشق ئەھلىغە ئاياتى « ۋە ششەمسى زۇھا » (26) كەلدى.
ئەي يار، تەرەھھۇم قىل، لۇتنى ئىلە تەكەللۇم قىل،
لەئلىڭ شەكەرىن ئىستەپ گۇمنامى گەدا كەلدى.

* *

كۆكلۇم ئىچرە دىلبەرىم مىھرىن ئوتىن يارۇتقالى،
ئۆزگەلەر مىھرىنى ئۆرتەپ قويمادى ياۋۇتقالى.
ئۆرتەنىپ ئۇچتى تەنىم خاكستەرى ئەخلاك ئۆزە،
ئانچە قىلدىم بولمادى مىھرىن ئوتىن ساۋۇتقالى.
مىڭ تىرىلگۇم، مىڭ ئۆلۇپ، ھەردەم رەقىبلەر رەشكىدىن،
تاپمادىم بىر ھەمدەمى غەملىك كۆكۇل ئاۋۇتقالى.
دەۋلەتى ۋەسلىڭ تىلەپ بارسام كويۇڭغە، ئەي سەنەم،
ئىتلارىڭ مىڭ يەردىن ئۇرسە قويماغىل قاۋۇتقالى.

غەم مەيىدىن ئىشرەتىم بار ، ھەجر ئوتىدىن تابلار ،
زاھىدا ، دەۋزەخ ئوتىدىن سەنمۇ سەن قورقۇتقالى .
جان بولۇپ مەرجان ، جىسمىم كۆل ، كۆيۈپ ئىشق ئوتىدىن ،
جىسمۇ جانىم ئاسمان يەگلىغ غەمىلىك جا تۇتقالى .
گۇلشەنى ۋەسل ئىچرە ئەل مەي ئىچسە گۇمنام ئەيب ئەمەس ،
تەگرى خەلق ئەيلەپدۇر ئىشق ئىچرە سىنى قان يۇتقالى .

*　　*

مىنى بىر كاسە مەي بىرلە نىگارىم مۇستەمەند ئەتتى ،
گىرىفتار ئەيلەدى ئىشقىغە ئولدەم پىستە خەند ئەتتى .
ئەجەب سەيياد ئىكەن قول سۇنماقى يوق ، باغلاماق ھەم يوق ،
كۆز ئۇچى بىلە باقتى ، رىشتەئى ئىشقىن كەمەند ئەتتى .
يۇرەككە ياقىپ ئوتنى لالە يەگلىغ قويدى يۇز مىلىڭ داغ ،
يامان كۆزدىن ئۆزىنىلىڭ ھىفزىن ئىستەرگە سىپەند ئەتتى .
ئەگەر مىلىڭ پارە قىلسە گۇل يۇزىدىن ئالمادىم كۆزنى ،
ئانىڭ مىھرى ئۇچۇن يۇزمىلىڭ بەلا جانىم پىسەند ئەتتى .
قەبۇل ئەتسە ئانى گەر دىلرەبا ھىچكىم تەڭ ئولماسدۇر ،
نەچۇنكىم ھەق ئول ئۆينى ئەرشى كۇرسىدىن بەلەند ئەتتى .
نەچە مىھنەت يۇكىن كۆپدۇر كىشى ھەرگىز خەلاس ئولماس ،
سىۋاللاھ تاپماغاي ئول ئەرنى ئىشق ئاتىن سەمەند ئەتتى .
كىشى كەۋنەينىنى تولدۇرسە تەقۋا زۇھد رەختىدىن ،
ئېرۇرسەد [ غەم ] (27) يىگەي ئەمما ئىشق ئاگا فەكەند ئەتتى .
ئەگەر كۈن كۆزىگە يوق رەۋزىنىڭ ئىشق ئاتىنى تۇتما ،
قاراتاش بىرلە قەترە سۇنى خۇرشىد ئەرجۇمەند ئەتتى .
مەي ئىچكىل سۇبھۇ شام گۇمنام ، ھەق شۇكرىن ئەداقىلغىل ،
يۇغۇرغاچ مەي بىلە جىسمىڭ كەۋن ئىچرەلەۋەند ئەتتى .

*　　*

قىلمادى ۋەسلىغە مەھرەم ئول گۇلى خەندان مىنى ،
بەلكى بارسام كويىدىن قوغلاتتى سەد چەندان مىنى .
ماگا ھىجران دەۋزەخىدە كۆيمەگۇنچە چارە يوق ،
تەگرى خەلق ئەتكەن ئىكەن شايەستەئى ھىجران مىنى .
يەرۇ كۆكدىن يوق كۆزۈمنىڭ كىمەسىدىن چىقتى سۇ ،
تۇرفە كىشتىباندۇ مەن غەرق ئەيلەدى تۇفان مىنى .

مەن بۇ جاندىن كەچتىمۇ جان كەچمەدى مەندىن ، نەسۇد .
نەچە ئۆلسەم تىرگۆزەدۇر قايتا باشدىن جان مېنى .
مەندۇمەن بىچارە مەن ، يوق مەندە ئىركەن ئىختىيار ،
باغلاپ ئىركەن رىشتەئى مېهرىغە ئول جانان مېنى .
ئىشق جەللادى كەمىندە هەرتەرەفدىن ئاتتى ئوق ،
بارچە ئوزۋىمدىن چىقىپ خەسدەك ئاقىزدى قان مېنى .
سەدقە ئېركەچ بىنەهايەت يارىغە گۇمنامنىڭ ،
ئىتلارىغە ئەيلەدى كۆپ لۇتف ئېتىپ سۇلتان مېنى .

* *

ئەي نىگارا ، ئەيلەدى هەق جەۋهەرى ئىنسان سېنى ،
بۇجىهەتدىن دېسە بولغاي گەۋهەرى ئىنسان سېنى .
ئىشق دەردىنىڭ جەمالىڭدىن بۆلەك دەرمانى يوق ،
نە ئەجەبدۇر جىسمىغە جان ئەيلەسە لۇقمان سېنى .
سەرۋ سەبز ئولدى ، قىزاردى گۇل سۇدىن بۇخاسىيەت ،
بۇ مەسەل ئىككى جەهان ئەهلىغە قىلدى جان سېنى .
بارچە غەمكىنلەرگە ۋەسلىڭ باغى بولغاي شادلىغ ،
مەن كەبى بىچارەدىن ئاجراتماسۇن هىجران سېنى .
ئىشق ئەهلىن ئۆلتۈرۈرگە كۆزلەرىڭ جەللاد ئېرۇر ،
بۇ ئېسە زۇلمۇ سىتەم تۇتماي قويارمۇ قان سېنى .
كۆرگەن ئەل جاندەك خەرىدار ، ئاڭلاغان كۆرمەككە زار ،
ئادەملىق يوق ئانىڭدا قىلماغاي ئارمان سېنى .
سەندىن ئۆزگە يوق كۆرۈنگەي كۆزىگە گۇمنامنىڭ ،
بەلكى يوق كۆزمەندە كۆرمەم مېهردەك تابان سېنى .

* *

گۇلنى ئاچىپ ئەلنى بىدار ئەتتى بۇلبۇل نالەشى ،
شەبنەم ئېرمەس گۇل ئۈزە غەلتان ئېرۇر كۆزدىن ياشى .
كىم سەبادىن دېمە ، بۇلبۇل ئاهدىندۇر ئەترى باغ ،
هەر تەرەفكە ئايلانۇر ئىشق ئەتتى سەرگەردان باشى .
گۇلنى رەنگىن ئەيلەگەن بۇلبۇل كۆزىنىڭ قانىدۇر ،
ئوت سالۇر مەهزۇن كۆڭۈلگە لەخشە يەڭلىغ تابىشى .
كۆيدى بۇلبۇل جانى ، تاگۇل ئىشۋەسىدىن تۇشتى ئوت ،
كىم قىزىل چوغدەك ئېچىدۇر ، مىسلى ئەخگەردۇر تاشى .

تاپتی گۇلنىڭ هۇسنی بۇلبۇل قانی بىرلە تەربیەت ،
بۇ ئىبرۇر ئەل جانىغە كۆرگەن زەمان ئوت یاقىشی .
قىستۇرۇپ گۇلنی باشىغە ئول پەری رویۇم مىنىڭ ،
هەرزەمان جانىمنی ئۆرتەر جىلۋە ئەیلەپ باقىشی .
تەلمۇرۇپ گۇمنام ، كۆرسەڭ یارنی مىڭ سەجدە قىل ،
سەجدە گاهىڭدۇر ئایاغی ، بولدی مىهرابىڭ قاشی .

* *

نەچچە یىلدىن ئاسراغان سىررىمنی كۆزفاش ئەیلەدی ،
نىمە قىلدی دىمەگىل ، كۆرگىلكی دۇرپاش ئەیلەدی .
نەیلەسۇن كۆز ، كۆڭلۇم [ ئىچرە ] قالماسا تاقەت ئاڭا ،
سەبرۇ تاقەت كۇلبەسىن ۋەیران كۆز ، قاش ئەیلەدی .
دىمەگىزلەر نە ئۇچۇن هەیرەت بىلە بىفەهم سەن ،
نەیلەیىن ئول زۇلفىدەك ئەقلىمنی چىرماش ئەیلەدی .
تەرك ئىتەي ئىشقىن دەبان ئەقلىم یۇگۇرتتۇم هەر تەرەف ،
ئىشقىدىن هەیبەت یىتىپ ئەقلىمنی ئازغاش ئەیلەدی .
ئىچدە تىندىم بولماسۇن دەب ئىشقىم ئوتىدىن ئەسەر ،
قالمادی پىنهان كۆیۇپ جىسمىم ، ئىچىم تاش ئەیلەدی .
سىرنی پاش ئەتمەي دىسەڭ ئەقلىڭنی هەمرەه قىل كۆڭۇل ،
ئىشقنی رەسۋا بولۇر هەركىمگە سىرداش ئەیلەدی .
باش ئاقاردی ، كۆز یاشاردی دىمەگىل گومنام ، بىل ،
ئىشق سەندەك قارىلارنی لەهزەدە یاش ئەیلەدی .

* *

كۆڭلۇم ئىچرە بىئەدەد بىر لالەرۇخدىن داغ ئىدی ،
داغلىق (28) كۆڭلۇمكی غەم بۇلبۇللارىغە باغ ئىدی .
ئاتەشىن رۇخسارىدىن كۆڭلۇم ئىچىگە تۇشتی ئوت ،
كۆز یاشىم سەپسەم ئۆچەر دەپ یاندۇرۇرغە یاغ ئىدی .
یەڭی ئاینی قاشىگە ئوخشاتقان ئول بىئەقل ئىبرۇر ،
ئول سىنىڭ ئىلكىڭدىن ئالىپ تاشلاغان تىرناغ ئىدی .
گەر تولۇئ ئەتسە قىزار تۇركۇن جەهانىنىڭ چىهرەسىن ،
گۇل یۇزۇڭدىن ۋەسل شامی ساچراغان یەفراغ ئىدی .
ئۆرتەگەچ ئىشقىڭ مىنی مەهۋ ئەتتی بارچە تائەتىم ،
كۇهی قافدىن هەم ئۇلۇغراق هەر بىرىسی تاغ ئىدی .

ئەمر كۇندىن ھەم بۇرۇنراق مەست ئىدى گۇمنامىڭىز ،
ئەيتىلڭ ، ئەي جانىم ، بۇقۇل قايسى مەھەلدە ساغ ئىدى .

* *

مەھرەمى راز ئەيلە ، ئەي دىل ، بىر دىلى ئاگاھنى ،
ھەمدەم ئەتمە ئىشق مەردۇد ئەيلەگەن گۇمراھنى ،
زۇلمەتى كۆڭلۈڭنى رەۋشەن ئەيلەمەس ئاي بىرلەكۈن ،
يۈزۈ قەددىن قىل خەيال ، ياد ئەتمە مېھرۇ ماھنى ،
ئىشق كويىدا گەدالىغ ئىستە ، شەھلىغ ئىستەمە ،
چۈن پىسەند ئەتمەس گەدايى ئىشق شاھىنشاھنى .
ئۆرتەگەي جەننەتنى ھىجران دەۋزەخىنىلڭ (28) ئۇچقۇنى ،
ئۆرتەگۈڭدۇر ئىككى ئالەمنى چىقارغىل ئاھنى .
بەس ئېرۇر كۆڭلۈمگە ئىشقىلڭ ، لازىم ئېرمەس غەيرى ئىشق ،
ئوت ئىچىدە كىم كۆرۈپدۇر غەيرىدىن ھەمراھنى .
[مەھۋ ] (30) ئېتىپدۇر مېھرىلڭ ، ئەي دىلبەر ، ۋۇجۇدۇم مۈلكىنى ،
مېھرىبانى نەۋئ ئۆز قاشىغە تارتار كاھنى .
تاپتى بۇ گۇمنام ۋەسلىلڭ دەۋلەتىنى ئىشقدىن ،
تاپماغاندۇر ھىچ كىشى مەن خەستەدەك دىلخاھنى .

* *

ئەي مۇسۇلمانلار مېنىلڭ يارۇ دىلارامىم قانى ،
تەشنەلىك قاندۇرغالى مەي بىرلە ئول جامىم قانى .
بولدى ئالەم ماڭا مەئشۇق زۇلفىسىدەككىم قارا ،
ئانى رەۋشەن ئەتكەلى ئول غۇنچە لەب ماھىم قانى .
كۆڭلىنى خۇش ئەتكەلى ھەر بەندەنىلڭ دىلخاھى بار ،
مەن نەغەمكىن ئولسايىن ئول شوخ دىلخاھىم قانى .
ھەر مۇسۇلمان كۆڭلى سۆيگەن يارئ لە ھەمراھدۇر ،
مەن گەدانىلڭ غەمدىن ئۆزگە يارۇ ھەمراھىم قانى .
كۆزى قىلسە تنبىرى باران لەئلىدىن مەرھەم قويۇپ ،
دەردى رەنجىم دەفئ ئېتەرگە لەئل گۇلفامىم قانى .
دىلبەرى شىرىن خۇش گۇفتار ، ساھىب مەئرەفەت .
ماھ تەلئەت ، شاھى سۇلتان بايەزىد نامىم قانى .
تۇفراق ئولدۇم ئىشكىدىن ھەرگىز كۆتەرمەي كەتتى باش ،
مەن قايانمەن دوستلار ، ئول تەخت ئىلە جاھىم قانى .

نەچچە ئاتسام ئاھ ئوقىن ھەركىمگە تەئسىر ئەيلەدى ،
قىلمادى تەئسىر ئاڭا ، ئۇرغان مېنىڭ ئاھىم قانى .
لەئلى جامىدىن مەيى ئەھمەر بېرۇر ئېردى ماڭا ،
سىنىقى جامىم ، لالەگۈن مەي بىرلە ئول جامىم قانى .
خەيلى ئاتىپ بەدنام ئوقىن رەسۋاسى ئانىڭ ئەيلەدى ،
بولمادىم مەقبۇل ئاڭا ، بىھۇدە بەدنامىم قانى .
جۇملە خۇبلار بولسەلەر تەن ، ئول ئىدى تەن ئىچرە جان ،
ھەسرەتۇ ئارماندا مەن ئول تەندىكى جانىم قانى .

## مۇخەممەسلەر

ئەي مەئدەنى ئىشق ئەسلى ۋۇجۇدى ھەمە ئىرفان ،
ئىشق ئەھلى تىرىك زاتىڭ ئىلە نەفس ئىلەدۇرخان ،
ئۇششاقلارنىڭ جىسمى ئېرۇر چەشمەئى ھەيۋان ،
نېچۈن سەن ئېرۇر سەن ئۇلارنىڭ جىسمى ئاراجان ،
مېھر ئەبر ئارا ، يۈز زۇلف ئارا ، سەن جىسم ئارا پىنھان .

خىلۋەتنى قويۇپ ھۇسنۇڭ ئېتىپ جىلۋەئى زاھىر ،
گۈلدەك ئاچىلىپ ئەكسىڭ ئىلە بەرگى مۇزاھىر ،
سۇبھ ئەيلەدىڭ شام ئىلە ، مۇئمىن بىلە كافىر ،
مەقسۇدى جەمالىڭ ئىدى بىر گەۋھەرى تاھىر ،
كۆزدەك قارادا بولدى يۈزۈڭنىڭ نۇرى تابان ،
مېھرىڭ ئۇرۇغىن ئول كۈنى تىكدىڭ قارايەرگە ،
كىم كەئبەئى خاس ئەتتىڭ ئانى قۇتلۇغ ئېتەرگە ،
تاب ئەتتى ئەزازىل ئىشەنىپ مەھز ھۇنەرگە ،
زەھر ئولدى بەدەل لەھزەئى ئول قەندۇشەكەرگە ،
رەھمەت يولىدىن ئازدى بولۇپ لەئنەتى شەيتان .

ئول دەمدىن ئولۇپ دۇشمەن ئەۋلادى پەيەمبەر ،
كۇفر ئەتتى ئىمارەتدىن ، ئۆيىن ئەيلەدى ئەبتەر ،
تاخەتمى رىسالەتغىچە قەسد ئەتتى ئۇشۇل خەر ،
تۈشتى قارا كۈن باشىغە ئۈنگەچ گۈلى ئەھمەر
رەنج ئەتتى خەراب ئانىيۇ يوق دەردىگە دەرمان .

تا بولدى ھۇۋەيدا بۇ جەھان مۇلكىدە ئول سەدر ،
كەتتى قارالىق يەر يۈزىدىن بولدى شەبى قەدر ،
غەم خەيلىنى رەجم ئەتتى نۇجۇمدەك بۇ مەھى بەدر ،

بۆ خایه بۆخاسر قلایالمای هەزی غەدر ،
بۆ مەئدەنی ئافەتنی یوق ئەتتی شەهی مەردان .

هەق مەخزەنی لەۋلاك ئارا ئامادە قلىپ تاج ،
باشغە قويۆپ قىلدی ئانی ساهبی مئراج ،
مەهبۆب ئىلدىن بهەدۆغايەت ئالبان باج ،
فەقر ئايەتی مەزمۆنی بىلە ئەيلەدی منهاج ،
ئىلمدە قۆيۆن ياكی فەلەك ئەئلەمی ئىنسان .

كەيدۆردی مۆهەممەدكە تىكىپ ئىشق لىباسن ،
فەهم ئەتمە سۆ ئەغيارلەبان تا دېدی ياسن .
يا شەمسۆ قەمەرمۆ يۆزی يا دامەنی ياسن ،
يەر ئۆزرە هىلال ... بەناگاه قاشی ياسن ،
گۆلگۆن يۆزىنىڭ هەسرەتىدىن بولدی قىزىل قان .

كىم مەزهەری ۋەيس ئېردىكی بىل خاجە هىدايەت ،
سۆلتان قەرەندەك كېلىپ ئېردی مۆگا ئايەت ،
دەريايی هەقىقەت ئىدىلاردۆرری ۋىلايەت ،
چۆن مېهر نېهان بولدىكی خۆرشىدی سەئادەت ،
بۆ دەۋردە ئات بولدی ئاگا هەزرەتی ئىشان .

خەلق ئەيلەمەدی تەگری بۆرەڭ هېچ بەشەرنی ،
كىم كۆرسە بولۆر ئاينە بۆ نۆری بەسەرنی ،
خەيراتی ئانىڭ ئەيلەدی گۆم جۆملەئی شەرنی ،
دەۋرىدە بىلۆر كىم سەرۆپا شامۆ سەهەرنی ،
خۆرشىدی مۆنەۋۋەر كەبی جان جىسمی ئىلە يەكسان .

فەرزەندلەری ئىككی قىزۆ بەش ئوغۆل ئېردی ،
هەرقايىسی جەهان گۆلشەنىدە تازەگۆل ئېردی ،
شىرىن لەبىنىڭ كەيفيەتی ئەينی مۆل ئېردی ،
ئايدەك يۆزىنىڭ ئالدىدا ئاي رەڭگی قۆل ئېردی ،
ئوخشارمۆ گۆلۆ سۆنبۆلی ، لەئلی دۆری مەرجان .

بۆ يەتتەلەری بىردىن ئەمەس ئۆچ ئانادىندۆر ،
چوگلاری ۋەلی بەرهەق ئاتی ئەبدی سەمەددۆر ،
ئىكىنچىلەری خان خاجەمۆ لۆتفی ئەهەددۆر ،
ئۆچۆنچىلەری مەهدی خاجەم نۆری سەمەددۆر ،

تۆرتىنچىلەرى نامى هەسەن ـەرۆەرى مەردان .

بەشىنچىلەرىنىڭ ئاتى بۇرهانىدىن ئېردى ،
ئاندىن سوڭۇ بۇ يەتتەنىڭ ئىككىسى قىز ئېردى ،
بۇ قىز ئۇلۇغىنىڭ ئاتى فاتىمە جان ئېردى ،
ئاندىن كىچىكىنىڭ ئاتى ئافاق خان ئېردى .
بۇ يەتتەسىنىڭ هەربىرى ئېردى مەهى تابان .

ئول ئىككى ئوغۇللار چوڭۇ ئىككى ئانادىندۇر ،
بۇ ئۈچ ئوغۇلۇ ئىككى قىزۇ بىر ئانا دىندۇر ،
هەر قايسىلەرى مەزهەرى بىرنامى ۋەلىدۇر ،
ئول خان خاجەم مەزهەرى سۇلتان ئەلىدۇر ،
ئەبدۇسسەمەد ئېردىكى زۇهۇرى شەهى شاهان .

ئول مەهدى خاجەم مەزهەرى ئوسمان هەيادۇر ،
ئول خاجە هەسەن مەزهەرى رەسۇلى خۇدادۇر ،
بۇرهانىدىن ئېردىكى زۇهۇرى نۇرى سەفادۇر ،
قىزنىڭ ئۇلۇغى مەزهەرى زوهرايى ۋەفادۇر ،
ئافاق خان ئەزىزىم هەمە ئەزۋاجغە سۇلتان .

لېكىن بۇلانىڭ تاجى ئىدى خاجە هەسەنخان ،
ئۆزگەسى بەدەن ئېردى ۋەلى خاجەهەسەن جان ،
جان بولماغۇچە ئۇشبۇ بەدەندە نېمە ئىمكان ،
قىلدىلەر غەزات كۇفر ئىلە قالماق ئىلە يەكسان ،
كەۋنەين ئىچىدە خاجە هەسەن جۇملەگە سۇلتان .

ئۆتتىكى رەسۇل يەتتە زۇهۇر ئەيلەدى مۇندە ،
بۇ يەتتەسى جەمئ ئولدى كېلىپ خاجە هەسەندە ،
تا دەۋرى قىيامەتغىچە خاجە هەسەندە ،
هەركىم دېسە مەندە بۇ زۇهۇر ، پۈتمەگىل ئاندە ،
ئول خاجە هەسەندۇركى ئىشىت خاتەمى دوستان .

قىلسام سىفەتىن (31) تاكى قىيامەتكە تۈگەنمەس ،
دەريا سۇيىنى سىياھ قىلسامۇ تۈگەنمەس ،
هەم جۇملە قەمۇشنى قەلەم ئەتسەممۇ تۈگەنمەس ،
ئىنسۇ مەلەكۇ جىنغە پۈتتىسەممۇ تۈگەنمەس ،
هەرنە ئېسە دوستلارغە قىلىپ مەن مۇنى ئەئيان .

بۇ قسم سفەت ئەيلەمەكىم ئۆزدىن ئەمەسدۇر ،
بولغاچ ماڭا ئول لۇتف خاجەمدىن بۇ هەۋەسدۇر ،
يوقسە نەهەد ىمدۇركى بۇ سۆز مەندىن ئەمەسدۇر ،
ئەي گۇمناما ، ئەمدى شۇ بۇ سۆزلەر ساڭا بەسدۇر ،
بۇ تەئرىفۇ تەۋسفنى ئوقۇپ ئاڭلاغاي ئىنسان .

* *

گۇناهىم بىهەد ئىردى مەن ساڭا داد ئەتكەلى كەلدىم ،
فىغا نۇ نالەبىرلە ئاهۇ فەرياد ئەتكەلى كەلدىم ،
هەزىن كۆڭلۈمنى رەهمەت بابىدىن شاد ئەتكەلى كەلدىم ،
گۇناه زەنجىرىدىن بوينۇمنى ئازاد ئەتكەلى كەلدىم ،
كۆڭۈلنى فەيزىڭ ئەنۋارىدىن ئاباد ئەتكەلى كەلدىم .

قارا بولغان يۈزۈمنى سۈرگەلى كەلدىم زىيارەتكە ،
مەزارىڭدۇر مىنىڭ قىبلەم قىلۇرمەن سەجدە تائەتكە ،
كۆزۈم قەبرەڭگە تۈشسە هاجەت ئىرمەس ئۆزگەتائەتكە ،
سەئادەت تۈتىياسى تۇفراغىڭ ئەهلى شەقاۋەتكە ،
نەچە جۇرمىم ئەدەدسىز بولسە بەرباد ئەتكەلى كەلدىم .

قاشىڭ مىهرابىدۇر ئۇششاقلارغە قىبلەئى تەهقىق ،
ئىرۇر مەلئۇنى مۇتلەقكىم مەلەكدەك قىلماسا تەسدىق ،
سىنىڭ مىهرىڭ بىلە مەئدۇم ئولۇر هەركىم تاپار تەۋفىق ،
ئىرۇر جۇففۇل قەلەم تەئسىرگەر سىددىقۇگەر زەندىق ،
نە ئىش قسمەتدە بولسە ئانى بۇنياد ئەتكەلى كەلدىم .

ساڭا كىم بەندە بولدى تاپتى دارايى جەهانلىقنى ،
سىنىڭكى قۇللارىڭ قىلماس پىسەند ئالەمگە خانلىقنى ،
سىنىڭ ئىشكىڭگە سەبت ئەتتى خۇدا ئالى مەكانلىقنى ،
سەئادەت ئەهلى تاپتى ئىتلارىڭغە هەمزە بانلىقنى ،
مۇهەببەت ئەهلىغە بۇ ئىشنى ئىرشاد ئەتكەلى كەلدىم .

ساڭاكىم كىنە قىلدى بولدى هەق دەرگاهىدىن مەردۇد ،
يۈزى بولدى قارا ، ئىسيان ئوتى بىرلە ئانىڭكى دۇد ،
جەهاننى نەچچە تولدۇرسە ئىبادەتدىن تاپالماس سۇد ،
نەبەهرە تاپقۇسدۇر ئول ، ئاڭا رەهمەت بولى مەسدۇد ،
هىدايەت بىرلە گۇمرەهلەرغە ئىمداد ئەتكەلى كەلدىم .

فەرەھ ئەيلەر كۆڭۆل ئەندۇھىنى مۇشكى دىماغىم سەن ،
شەبىستانى فىراقىم دەفئ ئېنەرشەمئى چەراغىم سەن ،
چەراغىم ئىچرە ياغىم ھەم كۆزۆم ئىچرە قاراغىم سەن ،
نەزەر جەننەتكە قىلمام ھەشردە ئىشرەتكە باغىم سەن ،
فەراغەت ئەھلىنى مەجنۇن ، فەرھاد ئەتكەلى كەلدىم .

سىنىڭ كويۇڭ نەسىمى فەيزىدىن جىسمىمغە جان تاپتىم ،
ئىچۇردۇڭ جامى لەئلىڭدىن ھەياتى جاۋىدان تاپتىم ،
جەمالىڭ ئىچرە مۇزمەر نۇرى شەمئى لامەكان تاپتىم ،
يېتىپ مەقسۇدىمە مەن ماسىۋەللاھدىن ئەمان تاپتىم ،
مەنى گۇمنام ۋەھدەت مۇلكىن ئاباد ئەتكەلى كەلدىم .

* *

ئەيىۇھەل ـ ئۇششاق ، دىلبەردىن نىشان كەلتۇرمىشەم ،
ئىشق سىررىن پاش قىلماققە زەبان كەلتۇرمىشەم ،
كىم سىفاتى ئىشقنى بىر ـ بىر بەيان كەلتۇرمىشەم ،
بۇ جەھان تەختىگە سۇلتانى جەھەن كەلتۇرمىشەم ،
مەستەكىن سىرلارىنى ئانىڭ ئەيان كەلتۇرمىشەم .

دىلبەرى خۇبانى ئالەم قىلدى ئانداغكىم نىدا ،
كەلتۇرۇرمەن ئالەم ئىچرە مېھرىبانى مەھلىقا ،
قويغامەن بارى ئامانەت ، بارچە دېدى : مەرھابا ،
ئۇشبۇ گەنجى بىبەھادىن بارچە قىلدىلەر قەبا ،
غەيرى خاكىيۇ جەھانىغە ئەمان كەلتۇرمىشەم .

خاكى ئاجىز ناتەۋانغە ئۇشبۇ دەۋلەت بەردى دەست ،
كۇھ ، بادۇ ئاتەشۇ بارىسى تاپتىلەر شىكەست ،
ئەرش سارى ئەيلەدى پەرۋاز ، بارچە قالدى پەست ،
بادە تۇتتى بارچەغە تا ئۆزى بولدى مەي پەرەست ،
بۇلبۇلى ئىشقى خۇشئەلھانى جەھان كەلتۇرمىشەم .

ھەزرەتى ئادەمنى پەيدا قىلدى ئابۇ خاكدىن ،
ئول زەمان ئادەمگە ۋەھم ئەيلەپ ئەزازىل قىلدى كىن ،
ئايدى : ئول تۇفراغدىن ، مەندۇرمە رەۋشەن نۇردىن ،
ئايدى تەڭرى : سەن [illegible]رۇرسەن نۇر ، ئادەم ئىشقدىن ،
مەن ئانى سەر دەفتەرى خەلقى جەھان كەلتۇرمىشەم .

ھەزرەتى ئادەمگە جەننەتلەرنى بىمىننەت بېرىپ ،
ئارقاسىدىن قىلدى ھەيران مىھنەتۇ كۇلفەت بېرىپ ،
بىر گۇناھى ئەمرى نافەرمان بىلە زەخمەت بېرىپ ،
ھەزرەتى ھەۋۋانى ھەمرەھ ئەيلەدى ئۇلفەت بېرىپ ،
ئايدى : سىزلەرنى بەلا تەختىگە خان كەلتۈرمىشەم .

ئۆتتىلەر يۈزمىڭ يىگىرمە تۆرت نەبىييۇل ـ مۇرسەلىن ،
ھەربىرىدىن بىر سىفاتى زاھىر ئەتتى خانىدىن ،
مەقسەدى ئۇل ئېردى پەيدا قىلسە خۇرشىد مېھرىدىن ،
ئۇل سەبەبدىنكىم مۇھەممەدنى قىلىپ چەشمى نەگىن ،
ئايدى : ئانى خاتەمى پەيغەمبەران كەلتۈرمىشەم .

كىم مۇھەممەد بىرلە قىلدى بارچە سىررىنى تەمام ،
« رەھمەتەن لىل ـ ئالەمىن » دەپ شۆھرەت ئەتتى خاسۇئام ،
ھەر كىشى ئۆز ھىممەتى قەدرىچە ئاندىن ئالدى كام ،
شەربەتى رەھمەت نىسار ئەتمەككە قولغە ئالدى جام ،
تا قىيامەت كۇسى مەزھەردىن نىشان كەلتۈرمىشەم .

روھ ئىدى بەھرى نەبۇۋۋەت ئىچرە ئۇل دۇردى ئەدەن .
تۆرت ھەمراھى ئانىڭ ئېردى ئەنا سۇرى بەدەن ،
بۇ بەشى بىرلە دۇرۇست ئولدى مەگەرچە مۇلكى تەن ،
ھەر كىشىگە بۇ پەناھ ئولسە كىم ئولغاي راھى زەن ،
خانەئى دىنغە بۇلارنى پاسبان كەلتۈرمىشەم .

يارى ئەۋۋەل ھەزرەتى سىددىقى ئەكبەر ساف دىل ،
ئەدلۇ ئىنساف ئىچرە ئۇمەر بارىغە بولدى دەلىل ،
ئېردى ئۇسمان جامەئى ئەلفاز سەتتارۇ جەلىل ،
كىم ئەلى قىلدى شۇجائەت بىرلە دۇشمەننى زەلىل ،
كىم ئەلىنى ساقىئى ئەسرارى جان كەلتۈرمىشەم .
تا قىيامەت ئەھمەدى مۇرسەلكى پەيغەمبەر ئېرۇر ،
شەربەتى ئەلفازى گۇمرەھ خەيلىغە رەھبەر ئېرۇر ،
رىشتەئى لەفزىنى ئۈزگەن قايىسى شىرى نەرئېرۇر ،
كىم ئانىڭ ئەمرىنى مەھكەم تۇتسە سەئد ئەختەر ئېرۇر .
مەسنەدى پەيغەمبەر ئىچرە بىگۇمان كەلتۈرمىشەم .

كىم جىھادى فەقرنى قىلساڭ كىفايەتدۇر ساڭا ،

ئىككى ئالەمنى بىرىپ تاپىغان ھىدايەتدۇر ساڭا ،
رەھمەتى شا يەستە لۇتفى بىنەھايەتدۇر ساڭا ،
ھەربىر ئايىغان نۇكتەسى گويا بىر ئايەتدۇر ساڭا ،
شافىئى رۇزى قىيامەتدىن نىشان كەلتۈرمىشەم .

كىم دىدى ئەششەيخ قەۋمىگە نەبىيىى ئۇممەتى ،
تا ئانىڭ تۇتقاي ئىنەكىن كىمدە بولسە ھىممەتى ،
تالىبى ھەق بولسە بولغاي تا ئانىڭ ھەم سۇھبەتى ،
تارتماق لازىم ئانىڭ ھەرقانچە بولسە كۇلفەتى ،
گۇل يۈزىنى خەلق ئارا باغى جىنان كەلتۈرمىشەم .

بۇ مۇيەسسەر بولماسە قىلغىل تەلەپ ھەم سۇھبەتىن ،
قىل رىيازەتكەشلىك ئىشكىدە قەبۇل ئەت مىھنەتىن ،
ئەژدەرى نەفس ئىلكىدىن قىلغاي خەلاس ئۇل مەھچەبىن ،
دەستەگىر ئەتمەس (32) سىنى بەدكار شەيتانى لەئىن ،
ئىككى ئالەمدە سىنى ئالى مەكان كەلتۈرمىشەم .

ۋا دەرىغا ، بۇسفەتلىك پىر قەدرىن بىلمەدىم ،
دايىمۇل ـ ئەۋقات ئىشكىدە گەدالىق قىلمادىم ،
بولدى نەفسىم راھى زەن ۋەسلىغەمەن شۇكر ئەتمەدىم ،
بۇ جۇدالىق ئوتىغە شايەستە بولماسمەن دىدىم ،
دىيدەئى گىريان ، چىرايى زەئفەران كەلتۈرمىشەم .

مەن ئانىڭ شەمئى جەمالىنى غەنىمەت بىلمەدىم ،
زۇلم ئىلە مىھنەتلەرىنى تەنگە ئىشرەت بىلمەدىم ،
مەنئى نەفسى ئەتكەنىن لۇتفۇ ئىنايەت بىلمەدىم ،
خاكىپايىن كۆزگە سۈرتمەكنى شەرافەت بىلمەدىم ،
ئۇل سەبەبدىن دەردۇ غەمنى ھەمزەبان كەلتۈرمىشەم .

قەۋم ئارا پەيغەمبەرۇ تاجى سەرى ئىنسان ئىدى ،
ھەربىر ئايىغان سۆزلەرى گوياكى تەنگە جان ئىدى ،
خۇسرەۋۇ خۇبانى ئالەم رەھبەرى ئىرفان ئىدى ،
سىررى ھەقنى زاھىر ئەتمەكلىككە گويا كان ئىدى ،
ۋەسفى زاتى شەرھىن ئەلگە لامەكان كەلتۈرمىشەم .

جانۇدىل ، گۇمنام ، جانانغە نىسار ئەتكەي ئىدىڭ ،
ئىشق ئارا جانبازلىقنى ئىختىيار ئەتكەي ئىدىڭ ،

بۇ ئەزىز جانىڭنى مەنزۇرى نىگار ئەتكەي ئىدىڭ ،
جان فىداڭ ئولسۇن دېگەننى شەرمىسار ئەتكەي ئىدىڭ ،
ئەمدى مۇشكىلدۇر ھەياتىڭ غەمدە جان كەلتۇرمىشەم .

* *

تىلەرمەن تەڭرىدىن ، جانا ، گەدا ، گەدا يىڭغە گەدا بولسام ،
دېسەڭ قۇل نەيلەيىن ئىككى جەھانغە پادىشاھ بولسام ،
دەۋادىن يۈزمىڭ ئارتۇقتۇر غەمىڭدە بىدەۋا بولسام ،
ماڭا راھەت سېنىڭ دەردىڭ گىرىفتارى بەلا بولسام ،
ماڭا مەقسۇد ئىشقىڭ ئوتىدا كۆيسەم ئەدا بولسام ،

بىرۇر ۋەھدەت بوستانىدا ئىشقىڭ تۈنۈكۈن تەلقىن ،
فەلەك مەيدانىدەك بەزمىمدە نەيلەي خوبلار جەمئىن ،
يارۇتسام بەس ئىرۇر كۆلبەمدە كۈندەك تەلئەتىڭ شەمئىن ،
بۇدەۋلەت تالەئىمدىن يەتسە قىلماڭلار نېدىن ۋەھمىن ،
يۈزۈڭنىڭ پەرتەۋىدىن كۈندىن ئارتۇق پۈرزىيا بولسام .

ماڭا قىسمەت فەلەكدەك تىيرى غەمدىن لالەزار ئولماق ،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىدىن بەھرەيوق ھەجرىڭدە زار ئولماق ،
كۆيۈپ كۈلدەك تازۇپ ئالەم ئارا گەردۇغۇبار ئولماق ،
بولۇپ بىئئىتبارۇ خاكسارۇ رەھگۇزار ئولماق
نېتەي خۇرشىد يەڭلىغ دۇرفشانلىغ كەھرەبا بولسام .

جەمالىڭنى نەچۈك دەي تىيرە تۈندە شەمئى خوباندۇر ،
ئانىڭ بىر زەررەسىدىن ماھ ئىلە خۇرشىد تاباندۇر ،
يۈرەك باغرىم يۈزۈڭ ئابادى بىلە لەئلى بەدەخشاندۇر ،
ئەگەر زەخم ئولسا جىسمىم قان ئەمەس ياقۇتۇ مەرجاندۇر ،
نېدىن شەھلىق تەرىقىن تۇتمايىن زىللى ھۇما بولسام .

ئەزەل تەقدىردۇر ھەركىمسەگە بىر ئىشنى كەسپ ئەتمەك ،
فىراقى زەھركام ئەتمەك ، ۋىسالى تىلنى ئەزب ئەتمەك ،
فەنا ئەھلى ئىشدۇر كۆڭلىدىن غەيرىنى سەلب ئەتمەك ،
ئوشۇل يۈزگە ئىرۇر قىسمەت دەۋام ئاشىقنى جەزب ئەتمەك ،
ماڭا ھەر يەردە ئول بولسە ئەجەب يوق دىلرەبا بولسام .

ۋۇجۇدۇم قالمادى ھەرگىز ، كۆيۈپ ئىشقىڭدا بولدۇم دۇد ،
مۇئەننەر ئەيلەدىم ئەلنىڭ دىماغىغە يەتۈزدۇم ئۇد ،

كىشى گەر ئىشق دەشتىن تەي قىلغۇر بۇدۇر ئاگا بىھبۇد ،
بەلايى ئىشق ئاشىقنى گۇداز ئەتمەي ئەمەس خۇشنۇد ،
نەخۇش ، بادى سەبادەك ئالەم ئىچرە خۇشنەۋا بولسام .

خەلاس ئولماي بەدەندىن مۇبتەلاجانىم ئىدى مەھزۇن ،
تۆكەر ئىبردى كۆزلۈم تولغاچ يۈرەك باغرىم ئىچىگە خۇن ،
كى زەنجىرى فىراقىڭدىن قۇتۇلدى جان ئىدى مەجنۇن ،
بۇگۇنماملىك مەسىھ ئاسا فەلەك سەير ئەتمەسۇن نەچۇن ،
ئۆلۈك تەنلەرگە ئىشق ئەنفاسى بىرلەن جانفەزا بولسام ،

* *

جەمالىڭ ھەسرەتىدىن ، ئەي پەرى ، دىۋانە بولمىشمەن ،
يۈزۈڭگە زۈلف ، زۈلفۈڭ شەمئىگە پەرۋانە بولمىشمەن ،
ۋىسالىڭ فىكرىدىن ھەيرەت بىلە مەستانە بولمىشمەن ،
نەچۈك خاشاكدۇرمەن ئوت بىلە ھەمخانە بولمىشمەن ،
لەبى جامىنى كۆزلەپ تالىبى پەيمانە بولمىشمەن ،

فىراقىڭ زۈلمىدىن ئاغزىمغە ھەردەم ملىك كىلۇر بۇجان ،
يانۇر ئانداغ جەمالىڭ دەۋلەتىن ئۇمىد ئىتىپ جانان ،
يۈزۈم زەردۇ ئىچىم دەردۇ يۈرەكىم غۇسسەدىندۇرقان ،
بۇ ئىشدىن ئەبر نەيساندەك كۆزۈم دۇرتۆكتى ھەم مەرجان ،
بەلا خەيلىغە شۇم تالەئلىقىمدىن خانە بولمىشمەن .

سۇ ، ئوت ، كۇن بىلە تۇن ھەرگىز بۇلار بىر يەردە بولماس جەمئ ،
قاچان ھىجران پارىدا ياقىاي ئول دىلبەر ۋىسالى شەمئ ،
كۆتەرگەي كۇفر زۈلماتىنى سالسە نۇرى ئىمان لەمئ ،
ساچىڭ فىتنلىن بەسەر قىلماس ، يۈزۈڭ رەۋشەنلىغىنى سەمئ ،
يۈزىن ئىستەپ ئەجەپمۇ زۈلفىغە ئەفسانە بولمىشمەن .

ئاتارلەر ئىشقىنىڭ مەردۇدلارى ھالىمنى كۆرگەچ سەڭ ،
ئۆلار مەندىن قىلۇر نامۇس ، مەن ئەتكۇم ئۆلاردىن نەڭ ،
قاچان ئىت ئاغزى قان بولسە بولۇر ياقۇت بىرلە تەڭ ،
قارا تاشدەك تەنىمگە بەردى ئول مىھرىم لەئلدەك رەڭ ،
سەدەفدىن كەم بەھا ئەلمەن ۋەلى دۇردانە بولمىشمەن .

نەچۇكدۇر خاكسارى سارى بولسە ، ئەي سەنەم ، راھىڭ ،
نەدەۋلەتدۇر ماڭا راھەت تەنىم بولسە قەدەمگاھىڭ ،

كەفىڭدىن تاپسە يول بەزمى ۋىسالىڭغە بۇ گۇمراھىلىك ،
بارۇردا تەختى جاھىڭغە بۇتۇفراغ ئولىسۇ ھەمراھىلىك ،
سىنى دەپ مەن يامانۇ ياخشىدىن بىگانە بولمىشمەن ،

يولۇك خارى ئاياغىمغە گۇلى جەننەتدىن ئارتۇقدۇر ،
بۇساغىلىك ياستاماقىم كىشۆرى ھەشمەتدىن ئارتۇقدۇر ،
ئوقۇك زەخمى يۇرەككە مەرھەمى راھەتدىن ئارتۇقدۇر ،
يۈزۈك فىكرى ماڭا تەسبىھ ئىلە تائەتدىن ئارتۇقدۇر ،
بۇقۇل سارىغە كۆزسال ، دىلبەرا ، ئەيانە بولمىشمەن .

ماڭا كەۋسەر سۇيى مەقبۇل ئەمەسدۇر تەشنەئى مۇل مەن ،
نەچە بولسام تىكەن لەئلىك خەيالى جامىدىن گۇل مەن ،
يۈزۈڭنى كۆرمەسەم لەب بەستەۋۇ كۆرگەندە بۇلبۇلمەن ،
نەتەي مەن سەلتەنەت تەختىن گەدايىڭغە گەدا قۇلمەن ،
كەم ئىرمەس ھىممەتىم كۆن ئۆزرەكۆن مەردانە بولمىشمەن .

مىنى ئانداغ چۇرۇتتى ، دىلبەرا ، ھەجرىك بىلە كۆپ دەرد ،
ياپۇشتى ئوستىخانغە پوست ، چەھرەم غۇسسەدىندۇر زەرد ،
مىنى ئايلاندۇرۇر ئىشقىك نەسىمى ھەر تەرەف چۇن گەرد ،
بولۇپ مەن مەسجىدى ئىشق ئىچرە چۇن ئەلدىن بولۇپمەن فەرد ،
خەراجى تائەت ئىرمەس ۋاجىبۇل ۋەيرانە بولمىشمەن .

بىكىتتىم ئۆزگە يولنى مەن سىنىك كويۇڭغە كىرگەن كۆن ،
يۈزۈك مىھرى تۇلۇئى جاندادۇر كۆندۈز ،قاراڭغۇ تۆن ،
ئىرۇر شەمئ ئۆيدە ۋۇ ئۆي تاشىدا بارىنى كىم كۆرسۇن ،
قىزىل چوغدۇر مەن ، ئەي گۇمنام ، ئوتۇن چوغ بولسا چىقماس ئۈن ،
ئۆزۈلدى بەند ـ بەندىم لەخشەلەردەك دانە بولمىشمەن ،

* *

ئىشق ئول شەھىكى ھەشمەت كىشۆرۇ دىيارى يوق ،
ھەردەمدە مەسكەن ئەيلەرۇ لىكىن قەرارى يوق ،
يەكتاچۇ بەرگى لالە ئانىك شاخسارى يوق ،
ئۆز زاتىدىن بۆلەك يەنە مەيدىن خۇمارى يوق ،
ئۆز ھۇسنىگە ئىرۇر نىگەران ئۆزگە يارى يوق .

بىر گۇل ئىرۇركى يوق تەنىدە غەيرى بەرگى خار ،
ئانداغكى گەنج ئۈستىدە ئەتكەي قەرارمار ،

هەركىم تەلەپ قىلۇر ئانى بولغاي هەمىشە خار ،
هەركىمدە ئىشق بولسە خەزان يۈز ، ئەمەس بەهار ،
قاندىن بۆلەك ئىككى كۆزىدىن ياش تامارى يوق ،

ئىشق ئەهلىنىڭ ۋەزىفەسى بىبۇدلۇق ئىرۇر ،
ئەخگەر ئىچىدە لەخشەۋۇ بىدۇدلۇق ئىرۇر ،
بىئەقلۇ مەست ، مۇردەۋۇ بىخۇدلۇق ئىرۇر ،
ئابىھەيات چەشمەسىدەك سۇدلۇق ئىرۇر ،
كەۋنۇ مەكاندا بىر گۇلى بار ئۆزگە يارى يوق .

ئىشق ئول ئەمەسكى بىر كۈنى يەتكەي ئاڭا زەۋال ،
هەر بۇلهەۋەس كۆزىگە تەماشايى خەتۇخال ،
دەرد ئەهلىنىڭ ۋۇجۇدى بۇغەمدىن بولۇر هىلال ،
لېكىن زەمىر مايەسىدۇر دىلفەرەه شەمال ،
ئىشق ئول گۇلىكى بادى خەزان رەهگۇزارى يوق .

جەهد ئەيلە ئاشىق ئولغىلۇ ئىچ ساغەرى هەيات ،
بۇ جام نەشئەسىدىن ئۈزۈلسۈن تەئەللۇقات ،
ئاشىق كۆزىگە هېچنىمە ئىرمەس هىجابى زات ،
بىر زاتدۇركى هەرنەچە ئەلۋان دۇرۇر سىفات ،
سۇ ساف ئىرۇر تەهى كۆرۈنۈرغە غۇبارى يوق .

ئىشق ئولسە هەمدەمى كىشىنىڭ يوقتۇ زەررەغەم ،
شەهد ئىچسە شادلىق يوق ، زەهرى ئابدىن ئەلەم ،(33)
بىئەبىر مىهرىدىن يېتەدۇر فەيز دەمبەدەم ،
ئىرمەس ۋىسالىدىن نارى ئىشق ئەهلى بىر قەدەم ،
پەردۇر جەهانغە ئىشق ، بارۇر هەم تۇرارى يوق .

ئاشىق ئىسەڭ كۆڭۈلنى كۆرۈنگەنگە باغلاما ،
هەسرەت ئوتىدا جانى ئەزىزىڭنى داغلاما ،
تەي قىل تەرىقى ئىشق ، ۋەلى سەهل چاغلاما ،
ئىرمەس يىراق ئۆزۈڭدە ، يا نادىن سۇراغلاما ،
كىم ئىشقنىڭ تەنىدە بىجىز گۇلئۇ زارى يوق .

ئىشق ئەهلىنىڭ مەزاجىنى هىچ بىلمەگەي تەبىب ،
دەرمانى ئىشق فەيزى ئىرۇر ، كۆڭلى ئەندەلىب ،
گەر هۇرلەئلى قەندىگە كەۋسەر سۇيىن ئىزىپ —

بەرسە ئەمەس دەۋاسى ئانىڭ ، ئىشق دىلفەرىب ،
بۇ رەنجىنىڭكى ئىشقدىن ئۆزگە مەدارى يوق .

بىجان ئىرۇر تەنى كى ئەمەس دەرد يار ئاڭا ،
ئۆچكەن چەراغ ئىشق ئوتى يانمايدۇ نار ئاڭا ،
زەنبۇر خانە كۆزىدە يوق گۇلئۇزار ئاڭا ،
بىر خوشك كوزە بىل يوق ئىرۇر بازار ئاڭا ،
ئىرمەس ئىلىككە ھەلقەئى زۇلفى نىگارى يوق .

فەيزى فۇتۇھ مەخزەنى كىم بولسە ئەھلى دەرد ،
ئول كىمىيايى ئىشق ئىرۇر بولسە رويى زەرد ،
بولماس كىشى بەلاغە سەنا ئايماغۇنچە مەرد ،
بولماس رەفىق غەيرى بىلە بولسە شاھ فەرد ،
بولغاي خەلىلدەك ھەمەئى ئىختىيارى يوق .

گۇمنامنىڭ كى ئىشقدىن ئىردى ھەلاۋەتى ،
زەۋقى دەۋام ، فىكرى مۇدام ئىردى ئادەتى ،
قىلماس ئەسەر ئەۋام ئىلىنىڭ ھەر مەلامەتى ،
ئاچتى ئىشكنى ئىشقغە بەختۇ سەئادەتى ،
يۈزمىڭ سىتەم يېتىشسە بۇ ئىشدىن يانارى يوق .

* *

ئىنسۇ جىن ھۇرۇ مەلەك ، ئەي دىلرەبا ، زارىڭ سېنىڭ ،
ئالدى ئاي ، كۈندىن قارارۇ سەبر رۇخسارىڭ سېنىڭ ،
بەرگە پاتتى سەرۋ تىترەپ كۆردى رەفتارىڭ سېنىڭ ،
گۇل تەندىن باش چىقاردى، كۆزدەكى خارىڭ سېنىڭ ،
ئايۇكۈن جىسمىغە ئوتلار ياقتى ئەنۋارىڭ سېنىڭ .

زىبىنەتىڭگە ھەق ياساپدۇر باشىڭ ئىرمەس قەرقەرەڭ ،
ھۇسن ئەيۋانى ئۆزە كىرپىكلەر ئىرمەس پەنجەرەڭ ،
كىم نەمۇر قەفەسدە ئاسرار ھەق ئىكى ئاھۇ بەرەڭ ،
نىئمەتىم بار ، لەززەتىم بار دەۋلەتىڭدە رەڭ بەرەڭ ،
دەۋلەتىڭ بولماس زەۋال ھەقدۇرنىگەھدارىڭ سېنىڭ .

سەندە مەۋجۇد ئاي ئىلە كۈن ، خاھى يۇلدۇز گۇلمۇ ھەم ،
باغىڭ ئىچرە سايراماقغە خۇشنەۋا بۇلبۇلمۇ ھەم ،
ئىشق ئىلىگە ئىشرەتىڭدىن غۇنچە لەبدىن مۇلمۇھەم ،

چەشمەبەد دەفئىغە ئۇدۇ ئەنبەرۇ سۇنبۇلمۇ ھەم ،
سەدقەدۇر توققۇز فەلەك ئەي شوخى پۇركارىڭ سېنىڭ .

كىم سېنىڭ ھۇسنى جەمالىڭ كۆرمەك ئىستەپ زار ئەمەس ،
سەرۋ رەفتارىڭ خەيالى كۆڭلى ئىچرە بار ئەمەس ،
تىيرى غەمزەڭدىن يۈرەك باغرى ئانىڭ ئەفگار ئەمەس ،
بىقارارۇ ئىنتەزارۇ ئەبرى گەۋھەر بار ئەمەس ،
گۇلشەنى خۇنرىزدەك ئەفلاك خۇنبارىڭ سېنىڭ .

كىم ئەلىفدەك جان ئىچىدە قەددىڭ ، ئەي نازۇك بەدەن ،
ئىككى كۆزۈڭ نۇقتەسى جىم ، نۇن ئارا دۇررى ئەدەن ،
كىم مەلامەتگۇ تىلىنىڭ نەشتەرىدىن زارمەن ،
ھەرتەرەفدىن قان ئاقىپ گۇلزار بولدى خەستە تەن ،
ئىشقدىن مەن يالغۇز ئېرمەس جۇملە بىمارىڭ سېنىڭ .

ئاسماندىن مېھرى ئەنۋار كۆرسەتۈر گۇلدەستەيۈز ،
پەر تەۋىدىن چۈن گۇلى خەندان بولۇر ھەر تاغۇتۈز ،
ساقىيا ، يەتتى مەلالەت ، لۇتف ئەيلەپ مەينى سۇز ،
دانەئى تەسبىھدەك كۆڭلۈڭ چېگىلگەن بولسە ئۈز ،
تاپماغاي ئىقبال بۇ سەنئەت بىلەن كارىڭ سېنىڭ .

دەردىڭ ئولسە ئىشقدىن مەي بىرلە دەرمان ئەيلەگىل ،
نۇقل ئورنىدا يۈرەك باغرىڭنى بىريان ئەيلەگىل ،
مەيفۇرۇشلار بىرلە مەھكەم ئەھدۇ پەيمان ئەيلەگىل ،
شەمئى مەجلىس مۇغبەچەلەر بەزمىدە جان ئەيلەگىل ،
بولسۇن ئول خەيل ئىچرە كۆكسۈڭ داغى گۇلزارىڭ سېنىڭ .

جانۇ دىل بولسۇن كەباب ھەرگىز كۆزۈڭ ياش ئولماسۇن ،
ئىشق سىررىن ئاسراغىل خوپ ، ئەل ئارافاش ئولماسۇن .
بۇلھەۋەسلەر ئىشق زار ئەتكەنگە سىرداش ئولماسۇن .
مەيگە تولغان جامى لەئلىڭ يانىدا تاش ئولماسۇن ،
غەيرى ئاشىق بولماسۇن ھەرگىز خەرىدارىڭ سېنىڭ .

شەمئ بولسۇن ئىشق ئوتىدىن ياق قارا زاتىڭ سېنىڭ ،
بولماسۇن بىسۇزلۇق ئىشق ئىچرە ئىسباتىڭ سېنىڭ ،
ئىشق شورى بولسۇ جان ئاغزىدا لەززاتىڭ سېنىڭ ،
ئۆتسۇ ، گۇمنام ، ئىشق بەدنامى بىلە ئاتىڭ سېنىڭ ،

ئىشق نەقدىدىن پۇر ئولسۇن كۇندە بازارىڭ سىنىڭ .

* *

كەل ئەي دىلبەر ، خەزانى غەم ئارا باغى بەھارىم بول ،
شەبى ئەندۇھۇم ئىچرە كۈن يۈزۈڭ ئاچىپ نەھارىم بول ،
ئېرۇرمەن دەشتى فۇرقەت ئۆزرە مەجنۇن ، لالەزارىم بول ،
نەزەر قىلغىل يامان ئەھۋالىمە ، رەھمەت نىسارىم بول ،
خۇداھەققى ئۇچۇن بىرلەھزە تۇرغىل غەمگۇزارىم بول .

نەقاتىنىغ كۈن ئىدى تۇشتى كۆزۈم ھۇسنۇڭە ، زارئولدۇم ،
ۋىسالىڭ دەۋلەتىن ئىستەپ سەگى كويۇڭغە يار ئولدۇم ،
ئاياغىڭ ئۆپمەكىن قىلدىم تەمەننا ، خاكسار ئولدۇم ،
بۇھەسرەت بىرلە جانىم چىقتى ، ھەدىسىز بىقەرار ئولدۇم ،
كەل ئەمدى بۇ ئۆلۈك جىسمىمدا جانى بىقەرارىم بول .

مىنى غەم دەشتى ئۆزرە [ تاشلادىڭ گويا ] ( 34 ) قۇيۇن قىلدىڭ ،
سارىغ چەھرەمگە فۇرقەت خارىن ئۇردۇڭ لالەگۇن قىلدىڭ ،
نە زۇلفۇڭ ھەلقەسىن سالدىڭ ماڭا بەندى جۇنۇن قىلدىڭ ،
ئاغىر يۈكلەپ فىراقىڭنىڭ يۈكىنى سەرنىگۇن قىلدىڭ ،
بۇ زەئىف ئەھۋال ئارا كۆرسەت جەمالىڭنى ، مەدارىم بول .

كەمالى ھۇسن ئارا ، ئەي جان ، نەسىبەڭ بولدى خاتەملىك ،
زەكاتى ھۇسن ئېنەرگە ئاشىقىڭغە ئەيلە ھاتەملىك ،
پەرىلىك خۇيىنى تەرك ئەيلە تۇتغىل رەسمى ئادەملىك ،
مەسىھايى لەبىڭ دەفئ ئەيلەسۇن مەندىن بۇماتەملىك ،
كەل ئەلدىن ياشۇرۇن ، بىرلەھزە ئى بۇسى كەنارىم بول .

مىنىڭ كۆڭلۈمدە يوق غەيرى ھەۋاڭ يالغۇز ساڭا قۇلمەن ،
ئالىپدۇر تاقەتىمنى ۋەسل يادى بىنەھەممۇلمەن ،
يۇرۇپمەن نەقدى ۋەسلىڭ ئالغالى كۆزدىن ساناپ پۇل مەن ،
تارىپ تۇخمى ۋەفا ھەسرەت باغىدا ئاچمادىم گۇل مەن ،
مەنى بۇلبۇلغە گۇل ھەم بولماساڭ باغ ئىچرە خارىم بول .

ماڭا ئىشرەت مەيىدىن قايدا يەتكەي غەيرى غەم سەنسىز ،
بەھارىمدىن تىكەنلەر ئاچىلۇر كۆز تۆكسە نەم سەنسىز ،
ماڭا سىنغان سەفالدىن كەم كۆرۈنۇر جامى جەم سەنسىز ،
مىنى بار ئەيلە ۋەسلىڭ جامىدىن بولدۇم ئەدەم سەنسىز ،

مەسىھادەك ئۆلۈك جىسمى ئىچرە ، ئەي گۇل ، جان سىپارىم بول .

ماڭا ئىشقىڭ مەيدىن خىزىرلىق ئاتى ئۇياتىمدۇر ،
قاچان ئۆلگۈم دۇرۇر شىرىن سۆزۈڭ ئابىھەياتىمدۇر ،
غەمىڭ زەھرى خەيالىڭ بەزمىدە قەندۇ نە باتىمدۇر ،
فىراقىڭنىڭ بەلاسى ئىشىق ئارا ئەيشۇ نەشاتىمدۇر ،
يولۇڭدا گەرد ئولاي ، تۇفراغ [ ئولاي ] ، (35) سەن شەھسۇۋارىم بول .

ساڭا قۇل بولغالى بىر ھەم ئەمەس قويدۇڭ ئەدەدسىز داغ ،
ئىبرۇ ھەرقايسى داغىڭ مىڭ ئاچىلغان لالەدىن بىھراغ ،
مېنىڭكى بولدى ئىشرەت گۇلشەنى بولغاچ تەنىم تۇفراغ ،
بۇ مەيگە جاي ئىبتەرگە بارچە يەردىن ياخشىراقدۇر باغ ،
بۇ ئىشرەت جاي ئۆزە يالغۇز سەن ئوق ئەي گۇلئۇزارىم بول .

مەنى بۇلبۇل بۇباغ ئىچرە سىنىڭ ھۇسنۇڭ گۇلىن سۆيدۇم ،
تىكەنلەر ئىلكىدىن مىڭ جەۋرلەر جانىمغە كەلتۇردۇم ،
يۈزۈڭنىڭ فۇرقەتىدىن قايدا گۇل ئاچىلسە سىندۇردۇم ،
يۇتۇردۇم ئۆزنى گۇمنام ئولدۇمۇ كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم ،
ئۆلۈپمەن ئىشقىڭ ئىچرە دايىما شەمئى مەزارىم بول .

* *

نىگارىم جان ئارا كاشانە قىلدى ،
جامالى شەمئىگە پەرۋانە قىلدى .
كى ئىسلام ئەھلىدىن بىگانە قىلدى ،
كۆڭۈلنى تامۇ ھەببەتخانە قىلدى .
جەھاندا ئىشق ئىلە ئەفسانە قىلدى .

ئالىپ كۆڭلۈمنى ئول ھۇرى پەرىۋەش ،
ئىدى گۇلدەك قەمالى تۇرفە دىلكەش ،
مېنى سەيد ئەيلەدى ئول شوخى مەھۋەش ،
باشىم ئىشكىدە قويدۇم زار غەمكەش ،
كى زۇلفىن دامۇ خالىن (36) دانە قىلدى .

كەرەشمە بىرلە كۆڭلۈم ئالدى جانان ،
لەبى غۇنچە ، يۈزىدۇر ماھى تابان ،
بولۇپمەن ئاشقۇ شەيداۋۇ ھەيران ،
ئانىڭ ئىشقىدا نارتىپ ئاھۇ ئەفغان ،
شەرابى شەۋقىدىن مەستانە قىلدى .

سەھەر فەرياد ئىيتىپ سايرادى بۇلبۇل ،
گۇلۇستاندا ئاچىلغاچ ئول قىزىلگۇل ،
كى مەھبۇب ئولسە ئاندا گۇل بىلە مۇل ،
مېنى بىر جىلۋەسىدە ئەيلەدى قۇل ،
خەرابى كوچەۋۇ دىۋانە قىلدى .

گىرىفتار ئولمىشام جادۇ كۆزىگە ،
فىدا جانىم ئىيتەي شىرىن سۆزىگە ،
جۇنۇنى غالىبۇ كەلمەس ئۆزىگە ،
سەلايى (36) قالدى ھەيران گۇل يۈزىگە ،
مېنى ھەيران ئۇشۇل جانانە قىلدى .

نىتەي ، ئەي دوستلار ، مەجنۇن ئولۇپمەن ،
خەرا بۇ خەستە ۋۇ مەھزۇن ئولۇپمەن ،

كى ئىشق ئاستىدا قەددى نۇن ئولۇپمەن ،
جەفا ئىلكىدە باغرى خۇن ئولۇپمەن.
ماڭا ھەر ئىشنى ئول دۇردانە قىلدى .

ماڭا ھەر كۈن يېمەك ئىشق ئىچرەغەمدۇر ،

مېنىڭدەك زار ئالەم ئىچرە كەمدۇر ،
قۇتۇلماق يوق ، ئەلەملەر دەمبەدەمدۇر ،
مېنى بىچارە قىلغان ئول سەنەمدۇر ،
بۇغەمدىن تالىبى مەيخانە قىلدى .

## مۇسەددەس

ئەي پەرى يۈز كۆرسەتىپ مىلىڭ نازئىلە باققانمۇ سەن ،
خىرمەنى جانىمغە ئىشقىڭ ئوتىنى ياققانمۇ سەن ،
مېھردەك ھۇسنۇڭگە زۇلفۇڭ پەردەسىن ياپقانمۇ سەن ،
ئۆزگە يۈزگە باقماسۇن دەپ كۆزگە مىخ قاققانمۇ سەن ،
ئايلانىپ ھەريانغە غەمزەڭ ئاتىنى چاپقانمۇ سەن ،
قەتل ئەيلەرگە مېنى تەرجىھ ئېتىپ تاپقانمۇ سەن .

جاننى يۈزمىڭ پارە قىلدى ، دىلبەرا ، نازىڭ سېنىڭ ،
ئەلنى قۇربان ئەيلەمەكدۇر كۇندە ئەندازىڭ سېنىڭ .
شەرھ قىل ، جانا ، نەدۇر ھۇسنۇڭگە پەردازىڭ سېنىڭ ،
ئۆلتۈرۈرگە ، تىر گۆزگۈزۈرگە يوقتۇر ئەنبازىڭ سېنىڭ .
ئەل سۆزۈڭدىن جان تاپار ، مەندۇرمە جانبازىڭ سېنىڭ ،
چىن ئايت مەن خەستەغە ، ئەي دىلرەبا ، يالغانمۇ سەن .

سۇنبۇلۇ رەيھان ساچار ھەريان پەرىشان كاكۇلۇڭ ،
بارچەنى بۇلبۇل قىلۇر ئول تازە ئاچىلغان گۈلۈڭ ،
مەست ئېتەر ئەغيارنى لەب جامىدىن گۈلگۈن مۇلۇڭ ،
لەئلۇ مەرجانلار تۆكەر كۆز مەخزەنىدىن بۇلبۇلۇڭ ،
ئىلتىفاتىڭ ساغەرىدىن تاتمادى مەھزۇن قۇلۇڭ ،
تالە ئىمغە لۇتفۇ ئىھسان ئىشىكىن ياپقانمۇ سەن .

شادلىغ دەۋرى ساڭا دۇر مەسكەنىڭ مەيخانەدۇر .
تۈنۇكۈن ئىشرەت مەيدىن كۆزلەرىڭ مەستانەدۇر ،
لەئلىگۈن مەي تابىدىن يۈزۈڭدە مىڭ دۇردانەدۇر ،
جان ئۈمىد ئەيلەپ ئۇشۇل دۇرلەر ئۈچۈن ۋەيرانەدۇر ،
دەردۇ مېھنەت تاشىدىن كۆڭلۈم مەگەر گۈلخانەدۇر ،
ناتەۋان كۆڭلۈمگە ھەردەم داغلار قويغانمۇ سەن .

تەندە شەكلى تىرناغى ئەيدى ھىلالىمدۇر مېنىڭ ،

کىم ئاڭا ھەيرانلىغىم دەفئى مەلالىمدۇر مىنىڭ ،
كۆزنى ھەيران ھۇسنىگە قىلماق خەيالىمدۇر مىنىڭ ،
ئىتلارىنىڭ سانىدا ئۆلمەك كەمالىمدۇر مىنىڭ ،
نەندە ھەريان ئوقلەرىڭدىن نەۋ نىھالىمدۇر مىنىڭ ،
كۆڭلۈم ئالىپ ئۆرتەمەككە ئوت ئارا سالغانمۇ سەن .

مەيدىن ئولدۇڭ يا نەدىن ئەي دىلرەبا سەرگەشتە ھال ،
بارچە ئەل كۆڭلىن قۇشىن تۇتماق ئۈچۈن ئەيلەپ خەيال ،
دانە يەڭلىغ يۈز توزاقى ئۈزرە قويدۇڭ مۇشكى خال ،
دەمبەدەم سۇ ئورنىغە ئول لەئل جامىڭ تۆكتى بال ،
سەرۋشاخىن ھەر تەرەفكە مايىل ئەتكەندەك شەمال ،
جىلۋە ئەيلەپ قايرىلۇرسەن خەفچەئى لەرزانمۇ سەن .

خوب ياراشۇر زىينەتىڭگە قاشىڭ ئىرمەس قەر قەرەڭ ،
ئۇشبۇ زىينەتلەر بىلە بۇ ناتەۋانغە بىر قەرەڭ ، ( 38 )
زۇلم تەرك ئەت ، لەھزەئى رەھم ئەيلە ئەي شاھى فەرەڭ ،
سادەسى خوبدۇر قاشىڭغە ئوسمە بىرلە بەرمە رەڭ ،
تۇرفە زىباكۈن يۈزۈڭدىن كىرفىكىڭدىن پەنجىرەڭ ،
بارچە مەھۋەش ئىشق ئارا قۇل ھۇسن ئاراسۇلتانمۇ سەن .

ساغەر ئىچكەچ گۇل ئاچىلغاندەك قىلۇرسەن خەندەلەر ،
جان تاپار قەھقەھ ئۈنۈڭدىن قايتادىن جان كەندەلەر ،
تىرى غەمزەڭدىن يولۇڭدا ھەر تەرەف ئەفكەندەلەر ،
بارچە قاتىللار سىنى كۆرسە بولۇر شەرمەندەلەر ،
لەيلىيۇ شىرىن كەبى ئىشكىڭدە يۈزمىڭ بەندەلەر ،
بارچە يۈزنى ناپەدىد ئەتتىنىڭ مەھى تابانمۇ سەن .

قەتل ئۈچۈن كەيگەن تونۇڭنى گۇل بىلە قىلغانمۇدۇر ،
ئۆلتۈرۈپ يا ئىشق ئىلىن ئاندىن ساچىلغان قانمۇدۇر ،
ھەر پەرى گۇلدەك يۈز ئاچىپ سەن كەبى جانانمۇدۇر ،
تىغ سۈرسەڭ سۇنمايىن بوينىن قۇلۇڭ نادانمۇدۇر ،
نازۇ غەمزەڭ تىغى بىرلە ئۆلمەگەن ھەم جانمۇدۇر ،
ئوتمۇسەن يا گۇلمۇ سەن يا لەئلمۇ مەرجانمۇ سەن ،

ئاتەشىن لەئلىڭ مەيدىن جۇرئەئى كەلدىم تىلەپ ،
ۋەئدە قىلدىڭ لۇتفۇ ئىھساندىن بىرەي دەپ لەب بە ـ لەب ،
باقمادىڭ بىلمەم گۇناھىم كۆز ئۈچى بىرلە قەرەپ ، (39)

بۇلئەجەپ مەھرۇملۇقدىن بىزگە بولدى روز شەب ،
نې سەبەبدۇر قوغلادىڭ مەن خەستەقۇلنى تەشنەلەب ،
ئايتغىل تەگرىم ئۆچۈن ياچىن سۆزى يالغانمۇ سەن . ( 40 )

قەتل ئېتەر ھەر كۈندە مىڭ بىچارەنى كافىر كۆزۈڭ ،
لەھزەدە يۈزمىڭ ئۆلۈككە جان بېرۇر شىرىن سۆزۈڭ ،
كېچە ئىشرەت بىرلە ، قان تۆكمەكدە ئۆتكەي كۈندۈزۈڭ ،
قايسى شەھنىڭ ھەددى مەنئ ئەتمەككە ھاكىمسەن ئۆزۈڭ ،
غۇنچەدەك ئاغزىڭ ئاچىپ گۇمانمنى ھەم تىرگۈزۈڭ ،
ئۆلتۈرۈرسەن ، تىرگۈزۈرسەن ئىسائى دەۋرانمۇ سەن .

## مەسنەۋى

مەن ئۆلسەم ئەي جەمئى يارى خاسىم ،
مېنىڭ سىزلەرگە بۇدۇر ئىلتىماسىم .
ماڭا كىم ئېردىڭىزلەر يارۇ يولداش ،
كى بىر پىر ئىشكىگە قويغان ئىدۈك باش . ( 42 )
يەگى بۆزدىن ماڭا ئەتمەڭ كەفەننى ،
ئارىغ سۇبىرلە پاك ئەتمەڭ بۇتەننى .
كى بادە لايىغە بۇلغاپ بۇ جىسمىم ،
ئاتاڭلار سەرۋەرى فاسىقنى ئىسمىم .
داغى ئەيلەپ ماڭا لۇتفۇ كەرەمنى ،
كەفەن ئەيلەڭ سويۇپ چىركىن تىرەمنى .
ئەمەسمۇ ھەيفى كۆز ئاقىزمەڭىز ياش ،
كەرەكمەس ئىش ماڭالايىق ئەمەس ئاش .
مۇسەللايى نەمەددۇر ھەيف بىزگە ،
سالىڭلار بۇتەنىم چىركىن كىگىزگە.
نىجىس تەن ئەل ئاياغى ئۆززە تاشلاڭ ،
نەمەد بانلار كەبى تەپمەكنى باشلاڭ .
ئاياغ ئاستىدا بىغايەت باسىلسۇن ،
مېنى كۆرگەن كىشىلەر تۆۋبە قىلسۇن .
قىلىڭ ئالۇدە جىسمىم خوب يەنچىپ ،
مېنىڭدەك فىسق ئېلىگە بولسۇ تەئدىب .
سۆڭەك بىرلە قوشۇلسۇن تارى پودۇم ،
ئەدەم بولسۇن بۇئىنسانلىغ ۋۇجۇدۇم .
ماڭا ھەيف ئەتمەڭىز ئەلدەك جىنازە ،
نىجاسەت بولماسۇن ئۇل چۇبى تازە .
ئەمەسدۇر لايىقىم ھەم ياخشى زەنبىل ،
كۆتەرمەي ھەم ئاچىڭ دەشنا مەمەتىل .
دەڭىز : ئېرمەس ئىدى ئاشىق ، نەسادىق ،
سىنىڭدەك يوق ئىدى ئالەمدە فاسىق .
يوق ئېردى زاھىرەن ئەلدەك نەمازىڭ ،
داغى ھەم باتىنەن سۇزۇ گۇدازىڭ .
يوق ئېردى ئەل كەبى تەسبىھۇ تائەت ،
بەجۇز فىسقۇ پۇجۇرۇ نەسەخاۋەت .
نە ئېردى سەندە ياخشى ئەلگە خىزمەت ،
نە تاپتىڭ قۇرب ئېلىدىن داغى ھەسرەت .
سىنىڭ قايسى ئىشىڭ ھەقغە سەزاۋەر ،
سىنىڭدەك بارمۇ ئېردى ھىچ دىل ئازار
بۇ سۆزلەرنى دەبان تاپىڭ ئۇلۇغ ئىت ،
دەڭىز فىسق ئەھلىدىن بىر ئەرگە بەركىت .
ئوشۇل تاڭسۇن مېنى ئىت قۇيرۇغىغە ،
نەچۈنكىم كىرمەدىم ھەق بۇيرۇغىغە .
مېنى بارسۇن بۇ ئىت سۆدرەپ لەھەدكە ،
تەماشا قىلسۇن ئەل بۇ شۇمى بەدكە .
كى ھەيف ئۇلغاي تەنىمگە نەرم كەرباس ،
نەچۈنكىم ئىچۇ تاشىم جۈملە ئەدناس .
كەفەن ئەيلەڭ چۇ بولغان بورىيانى ،
ۋەلىك ئەيلەڭ دۇئايى بىريانى ،

قىلىپ تەئزىيىە چەكمەك ئاھۇ ئەفغان ،
جىنازەمنى قىلىڭىز سەڭگىباران .
جىنازەمدىن ئالىپ تاشلاپ تىپىڭلار ،
يۈزۈمگە يۈز تەبەق قارە سىپىڭلار .
كىشى كۆرسە بۇ قۇل رۇخسارەسىنى ،
قىلىپ نەزرارە جىسمىم قارەسىنى .
تەرەھھۇمدىن سالۇر بولغاي ماڭا كۆز ،
دەيىن شايەد خۇدايا لۇتفى كۆرگۈز .
بۇ ئەل كۆڭلى بۇزۇلغان ھالەتىدىن ،
نەسىب ئەتكەي بىھىشتىنىڭ راھەتىدىن .
مىنىڭدىن بۇ خەلايىق ئىبرەت ئالسۇن ،
يامان ئىش قىلغالى ھەقدىن ئۇيالسۇن .
ۋە لېكىن ئەيلەڭىز مۇنداغ ھەقارەت ،
تەلەپدىن ئەيلەڭىز جۇرمىمنى غارەت ،
كى دەشنام ئەيلەڭىزلەر ئەلگە تىلدە ،
تەۋەججۇھ ئەيلەڭىزلەر ھەققە دىلدە .
دەڭىزلەر : كىردىكارا ، بىرۇ بارا ،
ئاق ئەتكىل رەھمەتىڭدىن سەڭگ خارا .
گۇناھىنى كەچۇرگىل بۇ قۇلۇڭنىڭ ،
كى ئىسيان گۈلشەنىدە بۇلبۇلۇڭنىڭ .
كېلىپدۇر دەرگەھىڭغە بۇگۇناھكار ،
سۇرۇبدۇر جۇرم تۇفراغىغە رۇخسار .
ساڭا ئۇزر ئايغالى ئانىڭ تىلى يوق ،
گۇناھ بارىدىن ئۆزگە ھاسىلى يوق .
كۆڭۈلدە جۇز نەدامەت يارەسى يوق ،
يۈزىدە غەيرى ئىسيان قارەسى يوق ،
ئاياغىغە تۇشۇبدۇر فىسق باغى ،
يوق ئېركەن كۆڭلىدە بىر سۇزۇداغى .
نەچۇك قىلسۇن كېتىپدۇر ئۇمرى جانى ،
قالىپدۇر غەم بىلە ئاھۇ فىغانى .
يوق ئېرمىش جىسمى جانىغە يېتەرگە ،
گۇناھ تەقسىرىغە تائەت ئېتەرگە .
تىرىكلىكنى غەنىمەت بىلگەنى يوق ،
بەغەير ئەزفىسق تائەت قىلغانى يوق .
كەچۇرسەڭ جۇرمىنى غەففار ئېرۇرسەن ،

قۇلۇڭ غەم بىرلەدۇر غەمخار ئېرۇرسەن .
ئەزاب ئەتسەڭ قۇلۇڭغە بارمۇ چارە ،
كەرەملىكسەن تەرەھھۇم قىل فىگارە .
بەھەققى ھۇرمەتى مۇرسەل رەسۇللار ،
بەنى تائەتلەر ئەتكەن ياخشى قۇللار .
بەھەققى ھۇرمەتى ئۇل ھاملان ئەرش ،
مەلا ئىكلەر ئېرۇر قۇللۇغدا تافەرش .
بەھەققى ھۇمەتى مۇرغانى ئالەم ،
بارى ھۇرۇ پەرى ، ئەۋلادى ئادەم .
سىنىڭ ئىشقىڭدە ئاقغان ياشى ئۇچۇن ،
يولۇڭدا تۇفراق ئولغان باشى ئۇچۇن .
سىنىڭ ئەمرىڭ بىلە تارتىپدۇرۇر دەرد ،
تولۇبدۇر قان بىلە كۆڭلى ، يۈزى زەرد .
فىدا ئەيلەپ دىلۇ جان ئېردى غازى ،
قىلىپدۇرلەر يولۇڭدا ئىشقبازى .
رىزايىڭ ئىستەبان بولغان شەھىدلەر ،
ۋە يا سەبزە خەتۇ مويى سەفىدلەر .
كى ھەر قۇلدۇر تىلەپ تاپغان رىزايىڭ ،
ئۇلۇغ دەرگەھ ئارا ئېردى گەدايىڭ .
قىلىپ ئاھۇ فىغان دىل قىلدىلەر قان ،
تەلەپ يولىدە تاكىم بەردىلەر جان ،
بارىنىڭ يائىلاھا ھۇرمەتىدىن ،
بۇ قۇلنى مەھۇ قىل ئىسيان خەتىدىن .
بۇ قۇلنى قۇللۇغۇڭغە قىل سەزاۋار ،
مۇنى ، بىزلەرنى قىلمە ھەم دىلئەفگار .
نەچۇنكىم بەندە دۇر بىچارە دۇرمىز ،
قەيان قىلساڭ ئىشارەت بارە دۇرمىز .
بىزىڭدە بارمۇدۇر ئەمرىڭگە ھۇججەت ،
قىلا كۆر ھەر تەرىق شايىستە جەننەت .
ئېرۇر تەڭرىم غەزەبدىن رەھمەتىڭ كۆپ ،
بىزىڭدەك خەستەلەرغە نىمەتىڭ كۆپ .
بىزىڭدىن ئەفۋ قىل تەئزىب ئېتەرنى ،
كەرەم ئەيلەپ كەچۇر بۇ بىخەبەرنى .
ئەگەرمەن قۇل جەھاندىن فانى بولسام ،
قىلىڭ سانسان ئۇلۇكلەر سانى بولسام .

ۋەسسيەت ئۇل تەن ئىچرە جانىڭىز بار ،
قىلىڭ قىيمە تەنىم ئىمكانىڭىز بار .
بىرىلىڭ ئىنلارغە هەم ناپاك مۇردار ،
بەنى ئادەملىكىمدىن ئەيلەڭىز ئار .
ئارىغ ئاغزىغە (43) ئالماڭلار تەنىمنى ،
هەرامدۇر بەرمەڭىزلەر ئىسقاتىمنى .
ۋە يا تاشلاڭ نىجاسەت خانە ئىچرە ،
مىنى قويماڭ بارىپ گورخانە ئىچرە .
مىنىڭ قىلغان ئىشىمدۇر بارچە مەزمۇم ،
نەچۇنكىم قۇللار ئىچرە مەن ئىدىم شۇم .

گورۇستان ئەهلى مەندىن تاپماسۇن شەر ،
نەچۇن مەن تەڭرىگە قۇل بولماغان سەر .

* *

ئاتام ئاتى خوجەمقۇلى خوجە دۇر ،
زاهىرى قۇل هەقىقەتى خوجە دۇر .
كۇن بولۇر تۇشسەكۇن قارا يەرگە ،
بارماغاي تىل ئانى قارا دەرگە .
ئىشقدىن تۇشكەن ئىردى كۆڭلىگە نۇر ،
قارالىقنى ئۇل ئەتكەن ئىردىلەردۇر . (43)

# رۇبائىلار

گۇمنام يۇگۇر لەيلىيۇ مەجنۇن كەتتى ،
ئىشرەت مەيدىن يۇزلەرى گۇلگۇن كەتتى .
مەي تابى ئەمەس قىزاردى چۇن لالە ئۇزار ،
هىجران كۆپىدىن كۆزلەرىدىن خۇن كەتتى .

* *

گۇمنام ئەمەل ئەيلە مەدىلىك كۇن كەتتى ،
قورقۇنىچ ئىلە گەردۇن كۆزىدىن خۇن كەتتى .
كۇنىنىڭ چىقىشىنۇ پاتىشىن كىم بىلگەي ،
ئالەم ئىچىگە چۇن كەلدى چۇن كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، ئىشق ئوتى رەگ ـ رەگ كەتتى ،
چۇن شەمئ باشىمغە ياندىيۇ تەگ ـ تەگ كەتتى .
هىجران ئوقى تەگدى ( 41 ) ناگەهان جان رەگىگە ،
ۋەسلىم كۆزىدىن قان ياشى چەك ـ چەك كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، يارۇ تونۇشلار كەتتى ،
دۇنيا ئۆيىدە ئەمدى قونۇشلار كەتتى .
ئۆمرۇڭ كەتتى تاپمادى ۋەسلىن، بولماس—
بۇ دەمدىن بولماغان بولۇشلار كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ئىشق ئىلى باشقا كەتتى ،
زاهىد ئاياغىن تۇتتى ئۇ باشقا كەتتى .
كىم بەندەنى ئاغرىتسە خۇدا ئاغرىقىدىن ،
چۇن ئۇردى ئاياغقە دەردى باشقا كەتتى .

* *

گۇمنام ، كۆزۇڭ كۇلفەتى قاشقا كەتتى ،
سۇكىرسە ئارىققە نەم قاشقا كەتتى .
ئاشىقنى قىلىپ ئىردى مەلامەت زاهىد ،
بۇ تۇشتى يىراق ، ئىشق ئىلى قاشقا كەتتى .

* *

گۇمنام ، ئەمەل قىل كۇن ئۆتۇپ ياش كەتتى ،
هەقنىڭ غەزەبى بولسە كىشى ياش كەتتى .
غەفلەت ئىلى كۇلكۇ بىلە ئەهمەقلىقىدىن ،
ئاشىق كۆزىدىن ۋاقىق ئۇچۇن ياش كەتتى .

* *

گۇمنام ، قويما يارى هازىر ياش كەتتى ،
يانماس يولىدىن ئىشق ئىلى گەر باش كەتتى .

هەركىم تونۇماس بولسە باشىن قىبلەسىنى ،
هەر كۈندە مىڭ ئەتسە سەجدە ئەۋباش كەتتى .

* *

گۇمنام ، خازان بولدى باغىڭ ، يار كەتتى ،
كۆزنىڭ ئارىقى تاشتى دىل يار كەتتى .
سەن نىمە ئۇچۇن قول تۇتۇشۇپ بارمايسەن ،
هالىڭ نە كەچەر ياندىشىپ ئەغيار كەتتى .

* *

گۇمنام ، قۇيما بادەنى گۈلزار كەتتى ،
تەئجىل ئىلە قىل سودانى بازار كەتتى .
كۆز ئۇقى بىلە يا قاشى ئازار ئەتمەس ،
ئاشىق ئىلى كۆر ئاقىبەت زار كەتتى .

* *

گۇمنام بۇ ئۇيقۇدىن ئويانىپ كەتتى ،
كۆل بولدى كۆيۈپ ئىشق ئوتى بانىپ كەتتى .
بۇ ئىشنى كۆرۈپ بارمادى گەر دىلبەرمۇ ،
قورقۇپ زاهىد هەيز ئىدى يانىپ كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، باغ ئىچىدىن گۈل كەتتى ،
يىغلاي - يىغلاي ئىشقىدە بۇلبۇل كەتتى .
ساقى ئالدى ئىلكىگە جام تىز يۈگۈر ،
مەخمۇر قالما دەۋر ئىچىدىن مۇل كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، ئول يۈزى گۈل - گۈل كەتتى ،
جانلار ئىچىدىن شۇرىشۇ غۇلغۇل كەتتى .
كىمدىن بۇي ئالىپ ساچىغە دىل باغلارسەن ،
مەغزىڭنى خۇش ئەيلەر ساچى سۇنبۇل كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، يۈگۈر هەبىبلەر كەتتى ،
رەنجىگنى بىلۇر ياخشى تەبىبلەر كەتتى .
قايسى جاهىلغە ئايتاسەن رازى دىلىڭ ،
ئەسرارى دىلىڭ بىلۇر مۇهىبلەر كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، قۇۋۋەتى هالىڭ كەتتى ،
بىهۇدە يۈرۈپ ماه ئىلە سالىڭ كەتتى .
ناچار ئىگىلۇرسەن ئەمدى دەرمان يوقىدىن ،
سەركەشلىك ئىلە دەۋرى نىهالىڭ كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، نىك هەسەبلەر كەتتى ،
قۇللۇغنى قىلىپ فەۋقى نەسەبلەر كەتتى .
هەم قالمادى دەۋران ئارا هەممالى هەتەب ،
ئوتقاچ تۇتۇبان ئەبى لەهەبلەر كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، شۇربى تەرەبلەر كەتتى ،
سۇ بەرمەدى بەهر خوشىك لەبلەر كەتتى .
كەتمەس دىمەگىل تالىبى مۇردار جەهان ،
مىڭ غۇسسە يۇتۇپ خۇدا تەلەپلەر كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، ئىشق ئىلى خەندان كەتتى ،
مەرهەم تاپتىيۇ دەردمەندان كەتتى .
دەردىڭگە نەدەپ دەۋا تاپماي يۈردۈڭ ،
چەندان كەلدى دارۇ چەندان كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، يۈگۈركى دەرمان كەتتى ،
جانىڭدا تۇمەن هەسرەتۇ ئارمان كەتتى .
ئول گۈل يۈزىدىن لەئلى بەدەخشان ئولدۇڭ ،
هاسىد ئىچىدىن مۇنى كۆرۈپ قان كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، مەي خۇمى تاشىپ كەتتى ،
مەهرۇم بەئزى بوينىنى قاشىپ كەتتى .

سەن خۇمدىن ئالىپ ئىچتىڭۇ ھەم دەيرەكىدىن ،
مەستانەلىكىڭ ھەددىدىن ئاشىپ كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، خەلق تاراشىپ كەتتى ،
زاھىد بىلە ئىشق ئەھلى ياراشىپ كەتتى .
يالغۇز قالدىڭ بۇ ئىشدە گەردەن قاشلاپ ،
ئۇمىد ئىلە ئەل ساڭا قاراشىپ كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما ، ئىشرەتى نەۋرۇز كەتتى ،
ئاچىلمادى كۆڭلۈڭ تومۇزۇ كۈز كەتتى .
يالغۇزسەن ئەمەس غەم بىلە گىريان تولا بار ،
كۆرمەي يۈزىنى يۈز كىلىبان يۈز كەتتى .

* *

ئەي گۇمناما زوھدى خۇد ئامۇز كەتتى ،
ئىشق ئوتى ئىبرىتمەي يۈرەكى مۇز كەتتى .
زاھىد پۇشۇرۇر كۈندە قاتىغسىز ئاشنى ،
زەررە قوشا ئالماي چەنان تۇزكەتتى .

* *

ئەفسۇس جەھاندىن بارى ھەمدەم كەتتى ،
قان يۇتتىيۇ باشدىن ئاياغ غەم كەتتى ،
بىرلەھزە تەلەپنى ئىشق ئارا ئەتمەدى تەرك ،
باغرىن تىرناپ ئىككى كۆزى نەم كەتتى . (45)

* *

دۇنيا ئۆيىدىن شەمئى مەجالىس ئۆتتى ،
غەم دىدىلەرگە ھەمدە مۇمۇنىس ئۆتتى .
ئىشرەت چەراغىن ئۆچۈردى غەم كۇلبەسىدە ،
مىھنەت تۇنىدىن ... يۇنۇس ئۆتتى ...

## ئىزاھلار

( 1 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا ئۆچۈپ كەتكەن . قەلەم ئىزىدىن قىياس قىلىش بىلەن تولۇقلاندى .

( 2 ) قاپىيىسى « ئا » بىلەن تۈگىگەن غەزەللەرنىڭ بىرىنچى تەرتىپىگە تىزىلغان بۇ غەزەلنىڭ باشلانما بېيىتلىرى يوقالغان . ساقلىنىپ قالغان توققۇز بېيىتكە ئاساسەن بۇ غەزەلنىڭ باش قىسمىدىن ئىككى بېيىت كەم دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ . چۈنكى ، گۇمنام كۆپىنچە غەزەللىرىنى توققۇز بېيىتلىق قىلىپ يازغان . شۇنداقلا بۇ غەزەلنىڭ پەيغەمبەر نەئتىگە بېغىشلانغانلىقىغا قاراپ ، بۇ غەزەلنىڭ ئالدىدا ئاللا مەدھىيىسىگە ئاتالغان يەنە بىر ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق غەزەلنىڭ بارلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ .

( 3 ) پۈتۈن غەزەلنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇسلۇبى ، شۇنداقلا مەزمۇنىغا ئاساسەن بۇ مىسرادىكى «ئىرمەن » سۆزىنى «ئارمان» دەپ ئۆزگەرتىش توغرا كۆرۈلدى . چۈنكى ، بۇ باشلانما بېيىتنىڭ مەزمۇنى : قەددىڭ ئۇ ئەسلىدە قەد ئەمەس ، بەلكى «جان» دېگەن سۆزدىكى « ئەلىف » ( 1 ) كە ئوخشاش جىنىم ئىچىدىن ئورۇن ئالغان ، خەزىنە ئۇ خەزىنە ئەمەس ، بەلكى ئۇ سېنىڭ ھۆسنۈڭنى ئارمان قىلغۇچىدۇر — دېگەندىن ئىبارەت بولۇپ ، بۇ كىتابخانلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىغا تاپشۇرۇلدى .

( 4 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « لەبىڭدىن » دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن ، « لەبىڭدەك » دەپ تۈزىتىلدى .

( 5 ) بۇ مىسرادا ئىككى بوغۇم كەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزمۇنى ئېنىق ئەمەس ، ئەينەن ئېلىندى .

( 6 ) « ئويغات » سۆزى ئەسلى نۇسخىدا يوق . سۆز بېشىدىكى « ئەلىف » ( 1 ) نىڭ يېزىلغانلىقىغا ۋە مىسرانىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن تولۇقلاندى .

( 7 ) بۇ مىسرادا ئىككى بوغۇم چۈشۈپ قالغان .

( 8 ) بۇ سۆز قول يازمىدا يوق ، ۋەزن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى .

( 9 ) بۇ مىسرادىكى « كۆيدۈر » سۆزىنىڭ ئاخىرىدىكى پېئىل ياسىغۇچى « دى » قوشۇمچىسى

قوشۇپ قويۇلدى .
( 10 ) بۇ بېيىتتا شائىر يارنىڭ جامالى ۋە قەددىنى « جان » غا تەققاسلايدۇ . يەنى ، «ئەلىف » ( 1 ) يارنىڭ قەددىگە ، « جىم » ( ج ) بىلەن « نۇن » ( ن ) ئۇنىڭ قاش ، ئېغىز گۈزەللىكلەرىگە ، بۇ سۆزدىكى چېكىتلەر مەڭ ( خال ) غا ئوخشىتىلىدۇ .
( 11 ) « ئەين » — ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى « ع » بولۇپ ، دەرد بىلەن ئېگىلگەن ، پۈكۈلگەن قامەتكە تەققاسلانغان .
( 12 ) نەغمەئى داۋۇت — رىۋايەتتە ئېيتىلىشچە داۋۇت ئەلەيھىسسالام بەكمۇ خۇش ئاۋاز كىشى بولۇپ ، سازنى بەكمۇ ياخشى چالىدىكەن . شۇڭا ئەلنەغمىلەر ئۇنى « پىر » دېيىشىدۇ .
( 13 ) بۇ مىسرادا ئىككى بوغۇم كەم . ۋەزن ، بولۇپمۇ مەنانىڭ تەلپى بىلەن «بولدۇم » سۆزى قوشۇپ قويۇلدى .
( 14 ) « بەستامى » سۆزى قول يازمىدا يوق . مەشھۇر مۇتەسەۋۋۇپ ئەۋلىيا بايەزىد بەستامىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغان دەپ قاراپ تولۇقلاپ قويۇش توغرا كۆرۈلدى .
( 15 ) بۇ سۆز مەزمۇن ۋە ۋەزن تەلپى بىلەن قوشۇپ قويۇلدى .
( 16 ) بۇ غەزەلنىڭ باشلانما بىر بېيىتىلا ئۇنىڭدىن كېيىنكى باش قىسمى تاشلاپ كېتىلگەن «ئېرۇر » رەدىفلىق غەزەلنىڭ داۋامىغا قوشۇپ كۆچۈرۈپ قويۇلغان .
( 17 ) بۇ غەزەلنىڭ بېشىدىن تەخمىنەن 4 — 6 گىچە بېيىت تاشلاپ كېتىلگەن . پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى ، كاتىپ كۆچۈرۈش جەريانىدا ئالدىنقى غەزەلنىڭ ئاخىرىنى تاشلاپ كېتىش بىلەن بىرگە كېيىنكى غەزەلنىڭ باش قىسمىنى تاشلاپ كەتكەن . نەتىجىدە بۇ ئىككى غەزەل قول يازمىدا بىر غەزەل قىلىپ كۆچۈرۈپ قويۇلغان .
( 18 ) بۇ مىسرا قول يازمىدا « ئەگەر سەن يوق خەيالىڭ بولسە دەۋزەخدۇر ماڭا دەۋزەخ » دەپ سەۋەنلىك بىلەن كۆچۈرۈلگەن . مەنىنەقى ئۇيغۇنلۇقنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزىتىپ قويۇلدى .
( 19 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسقىدا « ئۆزنى » دەپ ئېلىنغان ، مەزمۇن ۋە ۋەزن تەلپى بىلەن « ئۆزگەنى » دەپ ئېلىندى .
( 20 ) ۋەزن ئېتبارى بىلەن « دۇر » قوشۇمچىسى قوشۇپ قويۇلدى .
( 21 ) قاندىن — بۇ سۆز چاغاتاي تىلىدىكى ئەزەربەيجان لەھجىسىگە تەۋە سوراق ئالمىشى بولۇپ ، « قايدىن » دېگەن مەنىگە ئىگە .
( 22 ) بۇ مىسرادا ئىككى بوغۇم كەملىك قىلىدۇ . مەزمۇنى : تېنىمگە كەيگىنىم تون ۋە كۆل رەڭ جۇۋا ئەمەس ، ئۇ سېنىڭ جامالىڭنى ئىزدەپ يۈرگەن كېچىدىكى قانلىق كىيىمدۇر — دېگەندىن ئىبارەت .
( 23 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « كىرپىكدىن » دەپ كۆچۈرۈلگەن ، گىراماتىكىلىق باغلىنىش تەلپى بىلەن تۈزىتىلدى .
( 24 ) سىزىڭ — ئەزەربەيجان لەھجىسىدە ئىگىلىك قوشۇمچىسى « نىڭ » نىڭ ئورنىغا « ىڭ » قوللىنىلىدۇ . شېردا شۇ تەسىر ساقلانغان .
( 25 ) بۇ سۆز بىرىكمىسى ئەسلى نۇسقىدا يوق . تولۇقلاش يۈزىسىدىن قوشۇپ قويۇلدى .
( 26 ) « قۇياش ۋە ئۇنىڭ نۇرى بىلەن قەسەمكى » . قۇرئان كەرىم ، 91 — سۈرە ، 1 — ئايەت .
( 27 ) بۇ سۆز قوشۇپ قويۇلدى .
( 28 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « دالىق » دەپ كۆچۈرۈلۈپ « غ » ھەرپى چۈشۈرۈپ قويۇلغان ، تولۇقلاندى .
( 29 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « دوخى » شەكلىدە يېزىلغان ، تۈزىتىلدى .
( 30 ) بۇ سۆز قول يازمىدا يوق . ۋەزن ، مۇھىمى مەنە تەلپى بويىچە قوشۇپ قويۇلدى .
( 31 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « مفت ىنك » شەكلىدە يېزىلغان ، مەنە ۋە ۋەزنىنىڭ تەلپى بىلەن

« سفەتىن » دەپ تۈزىتىلدى .

( 32 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « ايمس » شەكلىدە يېزىلغان . مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن « ئەتمەس » دەپ ئېلىندى .

( 33 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « ئالەم » دەپ كۆچۈرۈلگەن . مەزمۇن تەلىپى بىلەن « ئەلەم » دەپ ئېلىندى .

( 34 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا ئۆچۈپ كەتكەن . قەلەم ئىزلىرىنى تەخمىنەن پەم قىلىش بىلەن مەزمۇنغا مۇۋاپىق تولۇقلاندى .

( 35 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا يوق . ۋەزن ۋە مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بويىچە كىرگۈزۈلدى .

( 36 ) بۇ سۆز قول يازمىدا « خالىڭ » دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن . « خالىن » دەپ تۈزىتىلدى .

( 37 ) سەلايى ـ بۇ سۆز بىزگە « گۇل ۋە بۇلبۇل » داستانىنىڭ ئاپتورى بولغان «سەلاھى » تەخەللۇسلۇق شائىرنى ئەسلىتىدۇ . گەرچە بۇ سۆز « سەلايى » دەپ كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن شېئىردا مەزمۇنەن ئورۇن جەھەتتە ئۇنىڭ شائىرغا قارىتىلغانلىقى ئوڭايلا بايقىلىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە 1981 ـ يىلى « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 3 ـ سانىدا مىرسۇلتان ئوسمانوۋ تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان « گۇمنام غەزەللىرى » تەركىبىدىكى « ئىستەگىل » رەدىفلىق مۇخەممەسنىڭ چۈشۈرگە قىسمىدىمۇ « سەلاھ » دېگەن بىر سۆز بار . بىزدىكى قول يازمىدا بۇ سۆز « حىلاج » شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ ، « قىل ھىممەت سەلاھ مۇبارەك دۇرۇر سەفەر » دېگەن مىسراغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان . ( بۇ مىسرا « بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان « گۇمنام » غەزەللىرىدە « قىل ھىمەتى سەلاھ ، مۇبارەك دۇرۇر سەفەر » دەپ خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان ) مەلۇمكى ، «حىلاج » نى كاتىپ ئۆزىنىڭ سۆز ئاخىرىدىكى 3 ـ شەخس قوشۇمچىسىنى تاشلاپ كېتىش ئادىتى بويىچە « حىلاحى » دەپ يازغان بولىشى مۇمكىن دەپ قارىساق مۇخەممەسنىڭ تەۋەلىكىدە گۇمان تۇغۇلىدۇ . بۇ ھەقتە تولۇق ئىزدىنىشتىن بۇرۇن بۇ پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىزنىڭ كېيىنكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزغا پايدىسىز ئەمەس .

( 38 ) شائىر قاپىيە ئېتىبارى بىلەن « قاراڭ » دېگەن سۆزنى « قەرەڭ » دەپ قوللانغان .

( 39 ) « قاراپ » سۆزى قاپىيە تەلىپى بىلەن شائىر تەرىپىدىن « قەرەپ » دەپ قوللىنىلغان .

( 40 ) بۇ سۆز قول يازمىدا ئۆچۈپ كەتكەن ، مەزمۇنىنىڭ تەلىپى بىلەن قوشۇلدى .

( 41 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « تېگىپ » يېزىلغان ۋەزنى ئېتىبارى بىلەن « تەگدى » قىلىندى .

( 42 ) بۇ مىسرانىڭ ئۇدۇلىغا ( بەت كانارىسىغا ) « ئالدىدا » دېگەن سۆز كاتىپ قەلىمى بىلەن يېزىپ قويۇلغان . پەملىشىمىزچە « ئىشىكىگە » دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا قويۇش لازىمدەك قىلىدۇ .

( 43 ) بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا ئاغىز دەپ يېزىلغان . ۋەزن ۋە مەزمۇن تەلىپى بىلەن «ئاغزىغە » دەپ ئېلىش توغرا كۆرۈلدى .

( 44 ) قول يازمىدا بۇ سۆز « باشلاپ » دەپ كۆچۈرۈلگەن ، مەزمۇن ئۇيغۇنلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ « قاشلاپ » دەپ تۈزىتىلدى .

( 45 ) بۇ رۇبائىنىڭ بىرىنچى مىسراسى « كەتتى » رەدىفى بىلەن ، قالغانلىرى «ئۆتتى » رەدىفى بىلەن ئاياغلاشقان . كاتىپنىڭ سەھۋەنلىكى دەپ قاراپ ، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن قاپىيىداش ھەممە مىسرا ئۈچۈن « كەتتى » رەدىفى قوبۇل قىلىندى .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . **باھاۋىدىن**

# مۇخەممەسلەر

## ئىسمائىل مەھزۇن

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **تۇرسۇن ھۇشۇر**

لەيلەتىل ـ قەدر ئاتىن ئول زۇلفى تارىدىن ئوقۇ ،
قابى قەۋسەين قاشلارى تاقى نىگارىدىن ئوقۇ ،
شەبئى مازاغەل ـ بەسەر كۆزى خۇمارىدىن ئوقۇ ،
ئايەتى ۋەش ـ شەمسى خۇرشىدى ئۇزارىدىن ئوقۇ ،
سۇرەئى ۋەل ـ لەيل خەتتى مۇشكبارىدىن ئوقۇ .

سەرۋى يەڭلىغ خەتتى ناگەھ ئۇيلەكىم ئول جىلۋەگەر ،
ئەگنىدە گۇلگۇن لىباسى بىرلە يۈزمىڭ زىيب فەر ،
ئەي كۆڭۈل ، جان بەردى سەندەك يۈز تۈمەن زەررىن مەگەر ،
قامەتى شەۋقى شەيىد ئەتكەنلەر ئارقامىن مەگەر ،
بىلمەسەڭ ھەر قايسىنىڭ مەيلى مەزارىدىن ئوقۇ .

لەئل ئىلە ئالتۇن قىلىپ ھەل قىلدى گويا لەمئىني ،
بىر ۋەرەقدە ئاشىقۇ مەئشۇق ئەكسى مەردنى ،
يازدى نەققاشى ئەزەل كۆز نەستەرىننىڭ بەرگىنى ،
ئول قۇياش رۇخسارىكىم سارىغ يۈزۈمنىڭ شەمئىنى ،
سەفھەئى خۇرشىد خەتتى زەرنىگارىدىن ئوقۇ .

نەچچە يىلدۇر ۋەسل نۇشىدىن مۇيەسسەر بولمايىن ،
ھەجرىنىشى بىرلە ھەردەم قان يۇتارمەن قانمايىن ،
مەھۋ ئولۇپ مەيگۇن لەبىدىن زەررەئى كام ئالمايىن ،
ئوت تۇتاشقان كۆڭلۈم ئەھۋالىن دىيسەڭكىم ......①
ئول خۇتۇتىكىم بولۇر پەيدا شەرارىدىن ئوقۇ ،

بىلمەسەڭ ، ئەيكىم ، جەھان باغى بەقاسىز ئېركەنىن ،
سەرۋىغە يەتكەن خەزان رەنجى دەۋاسىز ئېركەنىن ،

---

① قول يازما نۇسخىدا مۇشۇ يەردىكى سۆز ئۆچۈپ كەتكەن .

زار بۇلبۇل گۇل توزۇلغان چاغ نەۋاسىز ئېرکەنىن ،
سەبزەئى خەت بىرلە بۇ گۇلشەن ۋەفاسىز ئېركەنىن ،
كىلكى قۇدرەت يازدى رەيھانى بەھارىدىن ئۇقۇ .

جامى مەي ئەسرارىنىڭ ماھىيەتىن دېسەڭ ، بىلەي ،
تۇن - كۇن ئىچمەكىڭ نېدۇر خاسىيەتىن دېسەڭ ، بىلەي ،
دەير ئارا مەستانەلىك ئەمنىيەتىن دېسەڭ ، بىلەي ،
بادە غەم دەفئىن قىلۇر كەيفىيەتىن دېسەڭ ، بىلەي ،
ئال ئىلىككە جام ئارقامىن كەنارىدىن ئۇقۇ .

مەھزۇنا ، ھالىمغەگەر تۇتسۇن دېسەڭ ئىشق ئەخكەرىن ،
ئارزۇ قىلساڭ كۆڭۈلگە ئۇل سەئادەت ئەختەرىن ،
جاننى سىدقە قىل كۆڭۈل بىرلە تۆكۇپ كۆز گەۋھەرىن ،
ئىستەسەڭ دەردى جۇنۇن ئاچىپ نەۋائى دەفتەرىن ،
تەلبەلىك شەرھىنى تاپىپ ھال - زارىدىن ئۇقۇ .

* *

ئەي سەنەم ، ئۇل كۇن يۈزۈڭ مىھرىنى ئىزھار ئەيلەدىڭ ،
نې ئۇچۇن زۇلفۇڭنى تۇن يەڭلىغ نەمۇدار ئەيلەدىڭ ،
كۆزلەرىمگە دەھرنى ھەجرىڭ بىلە تار ئەيلەدىڭ ،
كوچەئى غۇربەتكە تاشلاپ ئانچەكىم خار ئەيلەدىڭ ،
كۆيدۇرۇپ جىسمىم ، كۇلىن يەر بىرلە ھەمۋار ئەيلەدىڭ ،

ئاھكىم ، بىرەھم قاتىل كۆزلەرىڭ جەللادىدىن ،
ئۆزگەچە جەۋرۇ جەفالار ئەيلەگەن بۇنيادىدىن ،
تۆكتى قانىم قاشلارىڭ خەنجەرلەرى بىدادىدىن ،
تاپسە جان يوقتۇر ئەجەب مەيگۇن لەبىڭنىڭ يادىدىن ،
لەئل يەڭلىغ سەر - بەسەرجىسمىمنى خۇنبار ئەيلەدىڭ .

شۇكرىلىللاھ ، قامەتىڭ يادى كۆڭۈلدىن كەتمەدى ،
يول توسۇپ ، [ چىھرەڭنى بىردەم ] شۇم رەقىب كۆرسەتمەدى ،
بۇلھەۋەسلەردەك جەفادىن ئىشقنى تەرك ئەتمەدى ،
جان قۇشى پەرۋاز ئېتىپ كويۇڭغە ھەرگىز يەتمەدى ،
ئىندەمەي بەزمى ۋىسالىڭغە ئەجەپ زار ئەيلەدىڭ .

تاكۆزۈمدىن ئارەزىڭ خۇرشىدىنى قىلدىڭ نىھان ،
دۇد يەڭلىغ رۇزكارىم تىيرە بولدى ھەر زەمان ،
ھەجر خەيلى بۇزدى سەبرىم كىشۋەرىنى ، تۆكتى قان ،

هالىمە رەھم ئەتمەدىڭ ، ھەر نەچچە دېدىم : « ئەل ــ ئەمان » ،
ھەجر زىندانى ئارا تاشلاپ ، گىرىفتار ئەيلەدىڭ .

سەن ئىچىپ مەي غەيرى بىرلە چۈن ۋىسالىڭ باغىدا ،
مەن يۈتۈپ قان ھەسرەتىڭ بىرلە فىراقىڭ تاغىدا ،
رەشكىدىن جىسمىم تۆگەندى قوۋرۇلۇپ ئۆز ياغىدا ،
بولدى ئامىرزىش غۇبارىم دەرگەھىڭ تۇفراغىدا ،
نەچچەكىم بىر جۇرئە كۆز تۇتتۇم ، مەگەر ئار ئەيلەدىڭ .

ئەي فەلەك ، نەيلەپ جۇدا قىلدىڭ ۋىسالىدىن مېنى ،
رەھم قىلماي كىم يىراق تاشلاپ جەمالىدىن مېنى ،
سوردىلار ھەم ئەل جۇنۇنۇم قىلىۇ قالىدىن مېنى ،
لەئلى بىرلە يۈزۈ زۇلفىنىڭ خەيالىدىن مېنى ،
گاھى مەستۇ گاھى ھەيران ، گاھى ھوشيار ئەيلەدىڭ .

نەچچە يىلدۇر ئىشق ئارا بولدۇڭ تەلەبكار ئەي كۆكۈل ،
ھەجر دەشتى قەتئىدە كۆپ تاپتىڭ ئازار ، ئەي كۆكۈل ،
ۋەسل باغى ئىچرە ھەردەم ئىستەدىڭ يار ، ئەي كۆكۈل ،
ئول سېنىڭسىز ، سەن ئانىڭسىز ئېرمەس بىريار ، ئەي كۆكۈل ،
ئۆزلۈكۈ بارىدىن ئۆزنى تا سەبۇكبار ئەيلەدىڭ .

تاپمادىڭ ، ئەيكىم ، تەرىقى ئىشق ئىلە سىدقۇ سەفا ،
دەھر ئىشغالى بىلە چىقماي كۆكۈلدىن ماسىۋا ،
ئىككى كۈنلۈك ئەيش ئۈچۈن ، يۈز ھەيفكىم ، تارتىپ جەفا ،
يوق فەرىدۇن گەنجى بىرلە تەختىگە ھەرگىز ۋەفا ،
ئۆزنى دۇنيا مالۇ جاھىغە خەرىدار ئەيلەدىڭ .

بىركىشى مەھزۇن كۆكۈل سىررىغە مەھرەم تاپمادىڭ ،
خەستە جان دەردىن بىلۈرگە يار ــ ھەمدەم تاپمادىڭ ،
ئىستەدىڭكىم ھەر نەچە ئالەمدە جۇزغەم تاپمادىڭ ،
ئۆمرىدۇركىم ۋەسل نۇشى بىرلە مەرھەم تاپمادىڭ ،
ھەجر نىشى بىرلە كۆپ باغرىڭنى ئەفكار ئەيلەدىڭ .

* *

ھۇزۇرى خاتىرىمدىن ئايرىلىپ بىخانىماندۇرمەن ،
كى ئۆز شەھرىم ئارا ، نەيلەي ، گەدايى ناتەۋاندۇرمەن ،
خەراب ئەيلەب ئۆزۈمنى مۇنچە رەسۋايى جەھاندۇرمەن ،

جەهاننی تەرك ئېتىپ بولدوُم قەلەندەر ، بىمەكاندوُرمەن ،
قەزا سەلكىنىنىڭ ئالدىدا خەسدەك هەر قاياندوُرمەن .

ئەزەلدىن ياروُماس هىجران توُنىگە موُبتەلا بولغاچ ،
فەلەك بىدادىدىن شوُم تالىئوُ بەختى قارا بولغاچ ،
تېشىلگەن شەمئىسىز فانوُس يەڭلىغ كوّپ يارا بولغاچ ،
دەرىغا ، يەئنى ئول شەمئى شەبستاندىن جوُدا بولغاچ ،
هەمىشە جىسىم ئارا غەم دوُدىدىن ئازوُردە جاندوُرمەن .

بەلاۋوُ دەردى ـــ مىهنەت كىشۋەرىنىڭ سەڭگسارىدىن ،
جەفا جەللادى ئوُرغان تىغىنىڭ يوُز زەخم كارىدىن ،
فىراق ئەۋباشى زوُلمى نىشىنىڭ هەريان فىكارىدىن ،
سەمەم ئەتفالىنىڭ جىسمىمدا خارا بىرلە خارىدىن ،
ساچىلغان توُفراغ ئوّزرە لالە يەڭلىغ باغرى قاندوُرمەن .

زەئىفوُ زار بولدوُم هەجر دەردى بىرلە مىهنەتدىن ،
ئىگىلدى قامەتىم فەقر يولىدا كىم موُشەققەتدىن ،
يوُزوُم رەڭگى توّكوّلدى سارغارىپ ئەينى رىيازەتدىن ،
بىلىمنى باغلادىم داروُل ـ بەقاغە ئوُشبوُ غوُربەتدىن ،
موُزەللەت توُفراغى ئاستىدا سارغايغان سەماندوُرمەن ،

مەلامەت تاشىنى گەردوُن نېچاغلىق باشىمە ئوُردى ،
موُزەللەت يايىغە تەئن ئوقلارىن ئاتماق ئوُچوُن قوُردى ،
پوُتوُن هېچ ئوُزۋىنىدا قالمادى جىسمىمنى سىندوُردى ،
غوُبار ئەيلەپ تەنىمنى ساۋوُروُپ كوّڭلوُمنى تىندوُردى ،
ۋوُجوُدوُمدىن نىشان يوق شوُكرلىللاھ بىنىشاندوُرمەن .

بىرەۋدىن يوُز جەفا يەتسە باشىمغە ، نالىشىم يوقتوُر ،
دوُئايى خەير ئاڭا قىلماقدىن ئوّزگە قارغىشىم يوقتوُر ،
قەزاغە رازىدىن هالىم سورارغە هېچ كىشىم يوقتوُر ،
جەهان بەزمى ئارا ياخشى يامان بىرلە ئىشىم يوقتوُر ،
نېدىنكىم دەهر ئېلىدە بارچە ياخشى ، مەن ياماندوُرمەن .

بوُ ئەسەرنىڭ موُهەررىرى : م . باهاۋىدىن

# تۇرپان بېزەكلىكتىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ھېكايىسىنىڭ پارچىسى

ئىسراپىل يۇسۇپ

مانى دىنىغا ئائىت ھېكايە پارچىسى، تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنى خادىملىرى 1980 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن 1981 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدە، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدە كۆپ يىللاردىن بۇيان يىغىلىپ قالغان توپا، قۇم دۆۋىلىرىنى تازىلىغاندا تېپىلغان ① . مەزكۇر ھېكايە پارچىسى جەمئىي 5 ۋاراق ( 10 بەت ) بولۇپ، پۈتۈن ساقلانغان ۋاراقلىرىنىڭ چوڭلۇقى س . م 11×س . م 25 كېلىدۇ، ھەر بېتىگە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى ھۆججەتلىرىدە قوللىنىلىدىغان خەت نۇسخىسى بويىچە ئۇششاقراق، رەتلىك ۋە چىرايلىق قىلىپ 21 قۇر خەت يېزىلغان. ھەر بەتتىكى 01 ـ قۇر خەت شۇ بەتنىڭ كىچىك تېمىسى بولۇپ، ھەر خىل رەڭلەر بىلەن رەڭدار قىلىپ يېزىلغان، قالغان قۇرلاردىكى خەتلەر قارا سىياھدا يېزىلغان. ھازىر، تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلىنىۋاتقان مەزكۇر ھېكايە پارچىسىنىڭ نومۇرى B. I:524—1,2,3,4,5 . 80. T بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى ۋارىقى ② (80. T. B. I:524—1,2) دىكى خەتلەر تولۇق دېگۈدەك ساقلانغان، 3 ـ ، 4 ـ ۋاراقلىرى (80. T. B. I:524—3,4) كەڭلىكىدىن ③ ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن ساقلانغان بولسىمۇ، ئالدى بەتلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۈستۈنكى تەرىپى بەت كەڭلىكىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغىچە يىرتىلىپ كەتكەن ۋە يىرتىلغان قىسمى يوقىلىپ كەمتۈك بولۇپ قالغان، بۇنىڭ بىلەن ئالدى بەتكە يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى بىلەن كەينى بەتكە يېزىلغان خەتلەرنىڭ ئاستىنقى قىسمىدىكى بىرمۇنچە خەتلەرمۇ يوقالغان. 5 ـ ۋاراق (80. T. B. I:524—5) نىڭ كەڭلىكىدىن ئېيتقاندا، بۇ ۋاراق 17 ـ قۇر خەت يېزىلغان جايىدىن يىرتىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئۈستىنگە بۇ ۋاراقنىڭ كىچىك يىرتىق پارچىسى خېلىلا كەمتۈك بولۇپ قالغان. ئۇندىن باشقا، 5 ـ ۋاراق يەنە ئالدىنقى 2 ۋاراقتەك (3 ـ ، 4 ـ ۋاراقلاردەك ) كەڭلىكىنىڭ باش تەرىپىدىن ئاخىرىغىچە يىرتىلىپ، بىرمۇنچە خەتلىرىنى يوقاتقان. قىسقىسى، مەزكۇر ھېكايە پارچىسىنىڭ ساقلىنىش ئەھۋالى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، بىز بۇ يازما يادىكارلىقىمىزدىن ناھايىتى قىزىقارلىق بولغان مانى دىنى ھېكايىسىنىڭ بەزى مەزمۇنلىرىغا ئىگە بولالايمىز.

ئەمدى، ئالدى بىلەن بۇ ھېكايە پارچىسىنىڭ مەزمۇنى بىلەن تونۇشايلى.

1 ــ مەتبەئە قىينچىلىقى كۆزدە تۇتۇلۇپ ، ئەسلى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى ھازىر قوللىنىلىۋاتقان ئۇيغۇر يېزىقىدا بېرىلدى . ئەسلى تېكىستتە « ق » ھەرپى بىلەن « غ » ھەرپى پەرقلەندۈرۈلگەن ( بەزى سۆزلەردىكى « ق » نىڭ ئورنىغا « غ » يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ بۇنىڭدا ، كاتىپ « ق » نىڭ چېكىتلىرىنى تاشلاپ كېتىپ ، « ق » ھەرپى « غ » بولۇپ قالغان ئېھتىماللىقمۇ بار ) . « س » ھەرپى بىلەن « ش » ھەرپى پەرقلەندۈرۈلمىگەن ( ھەممىسى ئوخشاشلا « س » ھەرپى بىلەن ئىپادىلەنگەن ) . ئەسلى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى بەرگەندە ، بەزى سۆزلەردىكى « غ » ، « س » ھەرپلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن « ق » ، «ش » فونېمىلىرى « ق » ، « ش » ھەرپلىرى بىلەن ئىپادىلەندى . ترانسكرىپسىيىدىكى قۇر نومۇرى ئەسلى تېكىستنىڭ قۇر سانىنى ، قوش چېكىت ئەسلى تېكىستتىكى تىنىش بەلگىسىنى ، كۆپ چېكىت (ئۈچ چېكىتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئەسلى تېكىستتە يوقالغان تاۋۇش ياكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىدۇ . تىرناق بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغانلار ترانسكرىپسىيىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سۆز ياكى تاۋۇشلارنى كۆرسىتىدۇ . تەرجىمىدە تىرناق بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان سۆزلەر ، جۈملىنىڭ ياكى بەزى سۆزلەرنىڭ راۋان ، ئېنىق ۋە چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن ، ئەسلى تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن قوشۇلغان سۆزلەرنى كۆرسىتىدۇ . بىر ــ بىرىگە ئۇلىنىپ كېلىدىغان ۋاراقلاردىكى خەتلەرنىڭ قۇر نومۇرى ئۇلاپ يېزىلدى .

## ئەسلى تېكىستنىڭ ترانسكرىپسىيىسى

80TBI:524—(A)

01 . ئەدگۇ تاتــ (ــ) غلــ (ــ) غ نومى بۇ

1 . ئەمتى ئىنچا قىلىڭ كۈنتەمەك

2 . كۈن ئاي ت (ە) گرــگ يۈكۈنۈك

3 . ئالقانالىڭ بىش ت (ــە) گرــگ ئاغ (ــ) رلاك

4 . قانتا يورىسار بارسار كىرسەر

5 . تاشقىسار تۇرقارۇ بۇ تۆرت

6 . ساۋ ئاغزاگىزدا تۇتۇك

7 . ب (ا) غ روش (ا) ن ④ زور زىرۋىت .. ئول

8 . ئۆدۈن ياغى ئور م (ا) زت ت (ە) گرى

مانى

9 . بۇرخانغارۇ ئىنچا تىپ

10 . ئۆتۈنتى نەگۈ ⑤ ئاس (ــ) غ بۇلغاي بۇ

11 . تۆرت ساۋ ئايسار .. ئۆترۈ

12 . ت (ە) گرى مانى بۇرخان ئىنچا تىپ

13 . ي (ا) ر ل (ــ) قادى .. ئانتاغ مۇڭ تاق

14 . ك (ە) لگەي بۇ تۆرت ساۋدا ئادىن

15 . (ق) وشۇلماغاي .. ئاپ ئالپ ئەردەمەگىز

16 . ئاپ ئۆزلۈك باغل (ــ) غ ئانىگىز

17 . ب (ە) رك بىلىگگىز .. غالا سۈگۈز

18 . ئالىپ ئەردەملىگ ئالپاغۇ تۇگۇز

19 . ق (ا) لتى بۇ تۆرت ساۋ ئاغزاگىزدا

20 . تۇتسارسىز .. ئىنچىپ ئۇلۇغ تاردا

80**TBI**:524—1(**B**)

01 . .........
21 . مۇگدا قۇرتۇلغايسىز .. .. ئۇل
22 . ئۆدۈن ياغى ئورە (ا) زت تىگىن
23 . بۇ تۆرت ساۋ ئاغ (ـ)زدا تۇتدى
24 . قانتا بارسار ك (ە) لسەر كىرسەر
25 . تاشىقسار ئۇلۇرسار تۇرسار بۇ
26 . تۆرت ساۋ ئاغ (ـ)زدا تۇتار
27 . ئەرتى .. ب (ا) غ روش (ا) ن زور زىرۋىت
28 . ت (ە) ڭرى يارۇق كۈچلۈگ بىلگە
29 . .. .. تاقى ي (ە) مە بىر كۈن
30 . ياغى ئورە (ا) زت تىگىن ت (ە) ڭرى
31 . مانى بۇرخانقا ئىنچە تىپ
32 . ئۆتۈنتى .. ت (ە) ڭرىم كۆرگەلى
33 . كۆركلۈگسىز .. ئەتئۆزۈڭ (ۈ) ز
34 . سىۋراق كۆرتلە ناد (ـ) غل (ـ) غ ـ
35 . سىز .. ئىنچا بىلىرە (ە) ن كۈچۈگ
36 . كۈچلۈگسىز .. ئىنچىپ م (ە) ن
37 . ئىنچا قولۇلا يۇرە (ە)ن كۈچۈمۈز
38 . بىر ئىك (ك)ىنتى بىرلە سىنالىم ..
39 . بىز ئىك (ك) ىگۈدە قانيۇسى كۈچلۈگ ـ
40 . ـرەك بىز .. ي (ە) مە ت (ە) ڭرى مانى

80**TBI**:524—2(A)

01 . تىگىن كۆرتلە نومى
41 . بۇرخان ياغى ئورە (ا)زتقا ئىنچا
42 . ي (ا) رل (ـ)قادى .. سىز تىدىمل (ـ) غ خاد ـ
43 . ـلارد (ـ) ڭ تۆز يىلتىزدا سىز
44 . قاماغ بودۇن ئىدى كۈچلۈگ
45 . ئەردەملىگ ساقىنۇرلار .. ئۇلۇغ
46 . ئەردەملىگ تۇتارلار .. م (ە) ن
47 . ئەرسەر ت (ە)ڭرى يالاۋاچد ـ م (ە) ن ..
48 . بىز بىر ئىك (ك) ىنتى بىرلە ئۆچەشمەك
49 . ك (ە) رگەك ئەرمەز .. نە ئۈچۈن تىسەر
50 . م (ە) ن سىزنى كەمىسسەرم (ە) ن ئۇچۇز
51 . قىلسارم (ە) ن ئۈكۈش ئەرۈش بودۇن
52 . سايۇ ئاي (ـ) غ ئاتل (ـ) غ كۆركسۈز
53 . بولغايسىز .. ئىنچىپ ئۆترۈ بىر
54 . ئەر ئەت يىمەز بور ئىچمەز .. ياغى
55 . ئورە (ا)زت تىگىنىگ تۈشۈرتى
56 . ئالڭادتۇرتى .. بىرۆك سىزمىنى ⑥
57 . ك (ە) مىشسەر سىز .. قاماغ بودۇن ئىنچا
58 . تىپ ئايغاي .. مانى بۇرخان ت (ە) ڭرى
59 . يالاۋاچى ئالڭادتى ئۇچۇر بولتى
60 . .. بىر كىشكە ئالڭادتى ئۇچۇز

80**TBI**:524—2(**B**)

01 . ياغى ئورە (ا) زت
61 . يىنىك بولتى .. ق(ا) لتى سىز تاپلا ـ
62 . سارسىز .. بىزىڭە بۇ ئۆچەشمەك
63 . كۈرەشمەك ك (ە) رگەك ئەرمەز .. ئول
64 . ئۆدۈن ياغى ئورە (ا) زت بۇ ساۋدا
65 . ئۆترۈ كۆڭۈلى ئۆگرۈنچۈلۈگ
66 . بولمادى .. ي (ە) مە تۇرقارۇ ئۆزىن
67 . ئۆگەر كۈۋەنۈر ئەرتى ت (ە) ڭرى
68 . مانى بۇرخان ئىنچا ي(ا)رل (ـ) قادى
69 . كۆڭۈلۈڭۈز س (ە) ۋىنچلىگ بولماز
70 . ئەرسەر .. ئىنچىپ توڭا ياڭالار
71 . قىلمىش ئاشىبىر بار يىردە

72 . تۆپۇسىغە تەگى ئوق قورامىش ـ
73 . چا بىز ئىد (ك) ىگۇ قولۇقسۇز
74 . ئانتا بارال (د) م بىر ئىد (ك)ىنتى
75 . بىرلە ئانتا سىناشالىم .. ئۆترۇ
76 . ياغى ئورە(ا)زت بۇ ساۋ ئەشدىپ
77 . كۆڭۈلى ئۆگرۈنچۈلۈگ بولتى ..
78 . ت(ە) ڭرى يالاۋاچى مانى بۇرخان
79 . ياغى ئورە (ا)زت ئەا (د)گىن تۇتۇپ
80 . ئىد (ك) ىگۇ توڭا ياڭالار ئىتمىش

80TBI:524—3(A)

01 . ئىلگ ئازنتى
1 . ئۆگدىر بىرگە ي ـ م (ە) ن تىدى
2 . ... (يە)مە ئورتۇن ئىچىسى ئىنچا
3 . (تىدى) ي (ە)مە بىر كۈن بۇ تاغدا
4 . (ئۆت)مەك ئاش ئاشايۇر ئەرد(د)م ..
5 . (ئۆتر)ۈ ئۈچ ئەۋرەن يىلان
6 . (بەلگۈرد)لەر .. ئولارقا ئۈچ ئۆتمەك
7 . (بىرد)م .. ئول بىرى يىلان ت(ە)ركىن
8 . (قا) پاپ يىدى .. ي(ە) مە م(ە) ن كىچىـ
كىن
9 . (يى)لان توقىد (د)م سوق تىپ
10 . ... ئۆترۈ ئەرۈش يىلانلار
11 . (بەلگۈ) رۈپ مىـــنى قاپاپ ت (ە)ز
كۈردىلەر
12 . (قات) ىغ ئالىپ ي (ا) ۋلاق مۇڭ
13 . (ئەمگەك)كە كىگۈرد ـ لەر .. ئول قاد
(د)ر
14 . (ياۋلا) قراق يىلان ئۆڭگەرۈ
15 . ... لەر يانا تاشقارۇ ئەۋرىد ...
16 . ... ماچى (؟) ئۆترۈ ئولار بىر
17 . ... ـۇن چاۋىرغان ئۆگدىر بىردى
18 . ... ي (ە) مە م (ە)ن تاقى ئادىن
19 . ... دگۈ ياڭى كۆزگۈ ياشۇرۇ
20 . ئۆترۈ يانا مىنى

80TBI:524—3(B)

01 . قۇتلۇغ بغتاد ئىلىگ
21 . يانتۇردىلار ئۆلۈرگەلى قد ...
22 . ... ـ لار .. م (ە) ن ئىنچا ئايد (د)ـم مد
(ـنى)
23 . ئىداڭ ب (ا) رايىن كىشى (ئوغلى)
24 . بۇ ئەدل ـ ەرىگ كۆرۈپ ي (ە)مە
25 . ك (ە) لتۈكۈمتە كىرتگۈنزۈن
26 . سىزىلڭ بەگەد مەكەڭىز (د) ن
27 . ئەركلەنمە كىڭىز (د)ن بىلزۈنلەر
28 . ئول ئۆدكە مىنى ئەسەن (ئىدتى)
29 . ئول ئىدىشىگ بەرۈ ك(ە)لۈردۈم ..
30 . قام (ا)غ ئاغى بار (د)م (د) متا ئانى ...
31 . تاپلا يۇر م (ە) ن .. كىم كەڭ⑦ بد ـ...
32 . م (ە) ن .. ئىنچىپ ئاڭار بد (رۈر) ـ
33 . م (ە) ن كىم سىڭىد (د) م سەۋد (نچۈ)
34 . ئۆگرۈنچۈ ئاشتۇرۇ ك(ە) لسەر ...
35 . ي (ە)مە ئۈچۈنچ تىگىن (ئىنچا)
36 . تىدى .. بىر تۈن بۇ تاغدا
37 . ئىنچا ساقىنت (د) م مـ (د)ىنلڭ⑧ ...ـ
38 . ـۇن ب(ە) لگۈرگەي كىم تەك كـ ...
39 . كەيكلەيۈرم (ە) ن ق (ا)لتى ئام(راق)⑨
40 . كىشد ـ لەرچە .. تۈنلە ...

80TBI:524—4)A(

01 . ......

81 . *... ئۆلتى .. ئۆترۈ مـ(ـە) ن بارىپ

82 . كـ (ـە) لـۈردۇم يـ (ـە)مـە ئەمـتى قامـ(ـا)غ

83 . (ئاغى بـارىمـ)ـمدا ئانى ئامرا يۇر مـ (ـە) ن ..

84 . ... ـەگ بـىرمەچـ ـ ـمـ (ـە)ن .. ئىنچىپ

85 . ... ـ كـىم سـىگـىلـ (ـىـ)م ئۇچۇن ئۆگرۈنچۈ

86 . ( ـەۋـىنچـۈ ) ئـەرسـەر ئـۆگـدىر بىرگە يـ ـمـ (ـە) ن تىدى

87 . (...) ئۆترۈ بۇ ساۋ(ا)غ ئول يالاۋاچ

88 . (ئىلـ) ـىگ ئۆگىنتە سۆزلەدـ ـ ـلەر .

89 . (يەمـ) ـە قامـ (ـا) غ ئاتلـ (ـىـ)ـغلار تۈزۈنلەركىم

90 . (ئۆ)گـىنتە ئۇلۇرۇر ئەرتـ ـ ـلەر قامـ(ـا)غ

91 . ... سۆزلەدى .. ئول ئۆدكە

92 . (يالا)ۋاچىغ ئىلىگ (10) تۇرغۇرۇپ قامـ(ـا)غ

93 . ... ئۈزە ئول ـ غۇرتىلار .. كىم ي(ە)مە

94 . ... ـ ـلاردان ئۆترۈ بىلتى .. يـ(ـە)مە

95 . ...... ئىلىگكە كـ(ـە)نتۇ بغـ ـ ـتاد

96 . ... دانۇر ئول تىپ .. ئولار

97 . ... پ قاڭى ئىلىگ ئۆگىگەرۈ

98 . ... ئۆتـ(ـتد)ـلەر ئول ئۆدكە

99 . ... ئۇلۇغ ئۆگرۈنچۈ بولتى .. ..

100 . ... ئىلىگكە يـ(ـە)مە تىگىتلەرىگە

(B)4—425:IBT08

01 . ... بغـ ـ ـتاد

101 . قامـ(ـا)غ ئىلىگە .. ئا(ن)ـتا ...

102 . ئول بغتاد ئىلىگ بىرلە (باردى) ـ

103 . ـلار .. قان قىزىن ئالىپ كـ( ـە)ل ـ (ـتد) ـ

104 . ـلەر .. ئول ئوق كۆنكە ئەرت(د)گ(ۈ)

105 . ئۆگرۈنچۈلەشمەك قىلتـ ـ ـلار

106 . ئول بـۇلـۇنـچـۇسـۇز ئەدلـ ـ ـەر ئىدىسـ(ـى)

107 . كـىـم ئـولارقا ئـايـاغلـ (د)ـغ ئاغىرلـ(ـىغ) (11)

108 . ئەرتى .. تاقى ئادىن ئۇكۈش ئا(غى)

109 . بار(د)م بـىرلـە بغـ ـ ـتادقا ئۆگـ دى(ـر بىردى)ـ

110 . ـلەر ئۆگىگەرۈ كـ(ـە)لۈردـ ـ ـلەر .. يـ(ـەمە)

111 . ئانتاغ بار ئەرتـ ـ ـكىم ئالتى (..)

112 . يـ (ـە)مە ئانتاغ بار ئەرتـ ـ ـكىم

113 . بـىردى .. يـ(ـە)مە ئىكـ (ـكـ)ى قۇتلۇغ ئىلـ ـ (ىگـ)ـ

114 . ـلەر قامـ (ـا)غ تىگىتـ ـ ـلەرىن قۇنچۇيلا(رىن )

115 . تۈزۈنلەرىنلۇغۇن (12)ئۇركە (بىر)

116 . ئىكـ(ـكـ)ـىنتى بىرلە ئۇلۇغ ئۆگرۈنچـ (ـۇن)

* 3 ـ ، 4 ـ ۋاراقلار ئارىسىدا ، ئەسلىدە بار بولغان بىر ۋاراق يوقالغانلىقىنى تېكىست مەزمۇنىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

117 . ئاداسـ (ﻣ)ـز(د)ـن مـــــــەڭــــكە
ئەرمەكلەرى بـ (ـولـ)ـ ...

118 . .. .. .. يـ(ـە)مە بـ ـ ...

119 . بۇ ئازنتـ(ــ)ـغ يۆرۈگسن ئىنا(ـچا)

120 . ئايدـ ـ ـلار .. ئول قۇتلۇغ ...

(A)5—425:**IBT**08

01 . ... ـ تلە ئازنت

1 . بۆرك ئەرتى .. ئىكـ (ـكـ)ـىنتى

2 . (تاياق ) .. ئۈچۈنچ ساپقاي ..

3 . ... ئول يەكلەر ماڭا ئىنچا

4 . (تىدـ)ـلەر .. سىز بىزىڭە كىرتۈنـ ـ

5 . ...... ـ ـەڭىز كۆرمەتىن يالغانتۇر

6 . ... بۇ ئۈچ ئەدىگ ئۈلەيۈ بىرىلڭ

7 . (ئۆترۈ) مـ(ـە)ن ئولارقا ئىنچا

8 . (ئايدىم ) نە ئەردەمى بار بۇ

9 . (ئەدلەرنىڭ) تىپ ئايد(د)ـم .. ئولار

10 . (ئىنچا) تىدى بۇ بۆرك ئەردەمى

11 . (مۇنتـ)ـاغ كىم قانيۇ باشقا ئۇ ـ ...

12 . ... ـۇ كـ (ـە)نتۈنى كىملڭ (13) ئارا

13 . (كۆ)رمەز .. ساپقاي ئەردەمى مۇنتاغ

14 . ... كىم قانيۇ ئاداقـ ـڭا

15 . ... كۆڭۈل بارمىسـ ـ ـڭارۇ

16 . ... تاياق (ئەردەمى مۇنتاغ)

17 . ..............

18 . ... كىش قاپقاقـ ـ ...

19 . ............ـ ـيۇق

20 . ..............

)**B**(—425:**IBT**08

01 . قۇتلۇغ بغتاد

21 . ئۈچ بۇلۇڭغارۇ ئاتد(د)ـم .. ئىلـ ـ ...

22 . يـ (ـە)مە ئۆڭىدىن سىڭا (ر) ...

23 . سىڭار .. يـ(ـە)مە ئولارقا

24 . ئايد(د)ـم تـ(ـە)ركىن يۈگۈرۈڭ

25 . بەرۈ ئالىپ كـ(ـە)لۈرۈڭ .. (قانيۇسى)

26 . تـ (ـە)ركـــىنرەك كـ(ـە)لىسەر ئۆترۈ (بۆرك)

27 . ئاڭـار بىرگە يـ ـ ـمـ (ـە)ن .. ئىكـ (ـكـ)ـىنتى

28 . ك (ـە)لىگلـ ـ ـكە تاياق بىرگەيـ ـ

29 . ـمـ(ـە) ن .. ئۈچـــــۈنـــــچ كـ(ـە) لىگلـ(ـكە)

30 . ساپقايـ (ﻣ)غ بىرگەيـ ـ م (ـە)ن ..

31 . (ئو)لار ئوق ئالغالى ئا(تلانىپ )

32 . باردىلار .. ئۆترۈ مـ(ـە)ن بـ(ـۆركۈگ)

33 . باشقا كەدتـ (ــ)ـم تاياق ئىلـ گىمـ (ـتە)

34 . تۇتدۇم ساپقاي ئاداقىمـ (ـقا)

35 . كـ (ـە)دتـ (ــ)ـم كـ(ـە)نـــــتۈ كۆڭۈلۈمچـ(ـە)

36 . ...... ـ ـا كـ(ـە)نتۈ......

37 . ..............

38 . ... بىرۆك كىم ......

39 . بارچا ...........

40 . ..............

## ئەسلی تېكستنىڭ يەشمىسى

80**TBI**:524—1(A)

01 . (ئۇنىڭ) ئېسىل لەززەتلىك نومى بۇ .

1 . ئەمدى مۇنداق قىلىڭ : ھەر كۈنى

2 . كۈن ، ئاي تەگرىگە يۈكۈنۈك (چوقۇ-
نۇك) ،
3 . مەدھىيە ئوقۇك . بەش تەگرىنى (14)
قەدىرلەك .
4 . قەيەرگە يۈرسگىز ، بارسگىز ، كىرسە-
گىز ،
5 . (قەيەردىن ) چىقسگىز دائىم بۇ تۆت
6 . سۆزنى ئاغزىگىزدا تۇتۇك (ئاغزىگىزدىن
چۈشۈرمەك) :
7 . « باغ ، روشان ، زور ، زىرۋت . » (15) بۇ
8 . چاغدا ، رەقىپ ئورمازت (16) تەگرى مانى
9 . بۇرخانغا (17) مۇنداق دەپ
10 . ئۆتۈندى : « بۇ تۆت سۆزنى
11 . ئىپتسا ، نىمە پايدا تاپىدۇ ؟ » ئاندىن
12 . تەگرى مانى بۇرخان مۇنداق
13 . دىدى : « شۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت
14 . كەلگەي ، (شۇگا) بۇ تۆت سۆزدىن باشقا
(سۆز)
15 . قوشۇلمىغاي . (سىز) ناھايىتى ئىسىل
پەزىلىتىڭىز ،
16 . ناھايىتى ساپ نەسىللىك ـ سورتلۇق
ئىپتىڭىز (ئاتلىرىڭىز) (18) ،
17 . مۇستەھكەم ئەقىل ـ پاراستىڭىز ، قەي-
سەر قوشۇنىڭىز (ۋە)
18 . ئىسىل پەزىلەتلىك باتۇرلىرىڭىز (بىلەن
قانائەتلىنىپ قالماي) ،
19 . بۇ تۆت سۆزنى ئاغزىڭىزدا
20 . تۇتسىڭىز (ئاغزىڭىزدىن چۈشۈر-
مىسىڭىز) لا ، ئاندىن زور ئازابتىن ـ

80**TBI**:524—1(**B**)

01 . ........
21 . ھەسرەتتىن قۇتۇلغايسىز . » شۇ
22 . چاغدا ، رەقىپ ئورمازت تىگىن
(شاھزادە)
23 . بۇ تۆت سۆزنى ئاغزىدا تۇتتى (تەكرار-
لىدى ) .
24 . (ئۇ) قەيەرگە بارسا ـ كەلسە ، كىرسە ـ
25 . چىقسا ، ئولتۇرسا ـ قوپسا ، بۇ
26 . تۆت سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى :
27 . « باغ ، روشان (~روشەن) ، زور ،
زىرۋت » —
28 . تەگرى ، يورۇق ، كۈچلۈك ، بىلگە
(دانا) .
29 . شۇنداق قىلىپ بىر كۈنى ،
30 . رەقىپ ئورمازت تىگىن تەگرى
31 . مانى بۇرخانغا مۇنداق دەپ
32 . ئۆتۈندى : « تەگرىم ، كۆرگىلى (قاراپ
ئولتۇرغۇدەك)
33 . چىرايلىقسىز ، بەدىنىڭىز (تەققى ـ تۇر-
قىڭىز )
34 . ئىنتايىن (19) كىلىشكەن ، (تىلى)
شىرىن ـ
35 . سىز . ( مەن ) شۇنداق بىلمەنكى ،
(سىز) كۈچكە
36 . كۈچلۈكسىز ( كۈچتۈگگۈرسىز ) .
شۇگا مەن
37 . شۇنداق تەلەپ قىلىمەنكى ، (بىز)
38 . بىر بىرىمىز بىلەن كۈچ سىنىشىپ با-
قايلى ،
39 . (زادى ) ئىككىمىزدىن قايسىمىز
كۈچلۈك ـ
40 . سىرەك ئىكەنمىز كىن . » تەگرى مانى

80**TBI**:524:2(**A**)

01 . تىگىننىڭ (شاھزادىنىڭ) گۈزەل نومى
41 . بۇرخان رەقىپ ئورمازتقا مۇنداق

42 . دېدى : « سىز سەلتەنەتلىك خان ـ

43 . ـلارنىڭ نەسلى ـ نەسەبىدىنسىز .

44 . ھەممە خەلق ( سىزنى ) ئىنتايىن كۆچلۈك ـــ

45 . قۇۋۋەتلىك (دەپ ) ئويلايدۇ ، سىزگە زور

46 . مەردانىلىق بېغىشلايدۇ . مەن

47 . بولسام ، تەڭرى ئەلچىسىمەن .

48 . بىزگە بىر بىرىمىز بىلەن ئۆچەكىشىش

49 . ھاجەت ئەمەس . نېمە ئۈچۈن دېگەندە ،

50 . مەن سىزنى يېقىتسام ، (ھېچنېمىگە ) ئەرزىمەس

51 . قىلسام ، كۆپلىگەن ـ نۇرغۇنلىغان خەلقلەر

52 . ئارا يامان ئاتلىق (بولۇپ ) ، سەتلىشىپ

53 . قالىسىز . شۇنداق قىلىپ ، ئاندىن (كىـ شىلەر ) : بىر ئەر

54 . ئەت (گۆش ) يېمەس ، شاراب ئىچمەس رەقىپ

55 . ئورمازت تېگىننى (شاھزادىنى) يېقىتتى ـــ

56 . مەغلۇپ قىلدى ، ـــ (دېيىشىدۇ ) . ئەگەر سىز مېنى

57 . يېقىتسىڭىز ، ھەممە خەلق مۇنداق

58 . دەپ ئېيتقاي : مانى بۇرخان ـ تەڭرى

59 . ئەلچىسى مەغلۇپ بولدى ، (ھېچنېمىگە) ئەرزىمەس بولدى ،

60 . بىر كىشىگە يېڭىلدى ، ئەرزىمەس ـ

61 . قەدىرسىز بولدى (قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتتى ) . ئەگەر سىز ماقۇل

62 . كۆرسىڭىز ، بىزگە بۇ ئۆچەكىشىش (ۋە)

63 . كۆرىشىشنىڭ ھاجىتى يوق . » بۇ

64 . چاغدا ، رەقىپ ئورمازتنىڭ بۇ سۆزدىن

65 . كېيىن كۆڭلى خۇش

66 . بولمىدى (ۋە ) ھامان ئۆزىنى

67 . ماختاپ كۆرەڭلىگىلى تۇردى . (شۇنىڭ بىلەن ) تەڭرى

68 . مانى بۇرخان مۇنداق دېدى :

69 . « كۆڭلىڭىز سۆيۈنمىگەن

70 . بولسا ، بىز ئىككىمىز توڭا (يولۋاس ) ، ياڭا (پىل ) لار

71 . (ماكان ) قىلغان يەم (20) بار يەرگە ،

72 . (يەنى ئۇ يەرنىڭ ) تۆپىسىگىچە غەيرەت قىلىپ ( 21) ،

73 . شەرتىسىز (22)

74 . شۇ يەرگە بارايلى . بىر بىرىمىز

75 . بىلەن شۇ يەردە سىنىشايلى . »

76 . بۇ سۆزنى ئېشىتكەندىن كېيىن ، رەقىپ ئورمازتنىڭ

77 . كۆڭلى خۇش بولدى .

78 . تەڭرى ئەلچىسى مانى بۇرخان

79 . رەقىپ ئورمازتنىڭ قولىنى تۇتقان ھالدا ،

80 . ئىككىسى يولۋاس ، پىللار (ماكان ) ئەتكەن

80TBI : 524—3(A)

01 . ئىلىگ (پادشاھ ) ئازنتى

1 . ... ھەدىيە (قىلىپ ) بەرگەيمەن . » دېدى .

2 . ... يەنە ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى مۇنداق

3 . دېدى : « يەنە بىر كۈنى ، بۇتاغدا

4 . نان ـ ئاش يەۋاتاتتىم .

5 . كېيىن ئۈچ چوڭ يىلان

6 . پەيدا بولدى . ئۇلارغا ئۈچ نان

7 . (تاشلاپ ) بەردىم . ئۇ يىلانلاردىن بىرى
دەرھال
8 . (نانىنى ) تۇتۇپ يېدى . يەنە مەن
9 . يىلانلارنىڭ كىچىكىنى (نانىنى ) سوق
(يە) دەپ ئۇردۇم .
10 . ... ئاندىن نۇرغۇن يىلانلار
11 . پەيدا بولۇپ ، مېنى تۇتۇپ ئېلىپ
قاچتى .
12 . (مېنى ) قاتتىق ، ئىنتايىن يامان
ھەسرەتكە ——
13 . ئازابقا سالدى . ئۇ ئىنتايىن
14 . يامانراق يىلان ئالدىغا
15 . ... يەنە تاشقىرىغا ئۆرۈل ــ ...
16 . ...... كېيىن ئۇلار بىر
17 . ... قامچا ئىنئام قىلدى .
18 . ... يەنە مەن تېخى باشقا
19 . يېگى ئەينەك يوشۇرۇپ
20 . ... كېيىن يەنە مېنى

80TBI:524—3(B)

01 . قۇتلۇق بغناد ئىلىگ (پادشاھ ) (23)
21 . قايتۇردى ، ئۆلتۈرگىلى ...
22 . .... مەن مۇنداق دېدىم : مېنى
23 . ئەۋەتكىلار ، (مەن ) باراي . كىشى ئو-
غۇللىرى (ئادەمزاتلار )
24 . بۇ مۇلۇكلەرنى كۆرۈپ ، يەنە
25 . كەلگىنىمدە ئىشەنسۇن .
26 . سىزنىڭ بەگ بولغانلىقىڭىزنى ،
27 . قۇدرەت تاپقانلىقىڭىزنى بىلسۇن .
28 . شۇ چاغدا ، مېنى ئېسەن (ھالدا )
ئەۋەتتى
29 . ( مەن ) ئۇ ئىدىشنى بېرى كەلتۈردۈم
(ئېلىپ كەلدىم ) ...
30 . (مەن ) بارلىق مال ــ مۈلكۈم ئىچىدە ،
ئۇنى
31 . خالايمەن (ياخشى كۆرىمەن ) ، كەڭ
(چوڭ ) (بىلە ) ——
32 . ــمەن . بىراق، ئاڭا (سىڭلىمغا) بېرىــ ــ
33 . ــمەنكى ، سىڭلىم خۇشاللىق ——
34 . شادلىقنى ئاشۇرۇپ كەلسە .»
35 . يەنە ، ئۇچىنچى شاھزادە مۇنداق
36 . دېدى : « بىر كېچىسى ، بۇ تاغدا
37 . مۇنداق ئويلىدىم : مېنىڭ ... ــ
38 . ... پەيدا بولغايكى ، پەقەت ...
39 . سەزگۈرلىشمەن (24) خۇددى ئامراق
40 . كىشلەردەك ، كېچىسى ...

80TBI:524—4(A)

01 . .........
81 . ... ئۆلدى . ئاندىن مەن بېرىپ
82 . ... كەلتۈردۇم (ئېلىپ كەلدىم ) . يەنە
ئەندى بارلىق
83 . مال ــ مۈلكۈم ئىچىدە ئۇنى ياخشى
كۆرىمەن .
84 . ...... بەرمىگۈچىمەن . بىراق ،
85 . ... ــ ــكى ، سىڭلىم ئۇچۇن شادلىق ــ
86 . خۇشاللىق بولسا ، (ئۇنىڭغا ) ھەدىيە قى-
لىپ بېرىمەن . » دېدى .
87 . كېيىن بۇ سۆزلەرنى (ئەھۋالنى ) ئۇ
ئەلچى
88 . ئىلىگ (پادىشاھ ) ھۇزۇرىدا سۆزلىدى .
89 . يەنە بارلىق مەشھۇر ئەربابلار ، ئېسىلزا-
دىلەرمۇ
90 . (پادىشاھ) ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتى . (ئۇ )
بارلىق
91 . ... سۆزلىدى . شۇ چاغدا

92 . ئىلىنگ ئەلچىنى (ئوردىن ) تۇرغۇ-
زۇپ ، ھەممىنىڭ
93 . (ئوردا ئەھلىنىڭ ) تۆرىدە
ئولتۇرغۇزدى . يەنە
94 . ...... كېيىن بىلدى . يەنە
95 . ...... ئىلىگكە (پادشاھقا ) ، ئۆزى بغتاد
96 . ...... ئۇ دەپ . ئۇلار
97 . ...... ئاتىسى ئىلىگ ئالدىغا
98 . ... ئۆتتۇشتى . شۇ چاغدا ،
99 . ... كاتتا خۇشاللىق بولدى .
100 . ... ئىلىگكە ، يەنە شاھزادىلىرىگە ،

80TBI:524—4(B)

01 . ... بغتاد
101 . پۇتكۇل ئېلىگە . ئاندىن (25) ...
102 . ئۇ بغتاد ئىلىگ بىلەن بىللە ...
103 . ... خان قىزىنى ئېلىپ كېلىشتى
104 . شۇ كۇنى ئىنتايىن
105 . شادلىنىش (مەرىكىسى ) ئۆتكۆزۈشتى .
106 . ئۇ تېپىلغۇسىز بايلىق ئىگىسى
107 . ئۇلارغا ھۆرمەتلىك ـ قەدىرلىك
108 . ئىدى . تېخى باشقا نۇرغۇن مال ـــ
109 . مۈلۈك بىلەن بىللە بغتادقا ئىنئام قىلىپ
بەردى .
110 . (ئۇنى ) ھۇزۇرىغا كەلتۈردى . يەنە
111 . شۇنداق (يوسۇن ) بار ئىدىكى ، (ئالىـ
دىغانىنى ) ئالدى .
112 . يەنە شۇنداق (يوسۇن ) بار ئىدىكى ،
113 . (بېرىدىغاننى ) بەردى . يەنە ئىككى
قۇتلۇق ئىلىگ
114 . بارلىق شاھزادىلىرى ، مەلىكىلىرى (26)
115 . ئېسىلزادىلىرى بىلەن بىللە ئۇزاققىچە
بىر
116 . بىرى بىلەن زور خۇشاللىق ئىچىدە ،
117 . بالادىن خالى بەختكە ئېرىشتى .
118 . يەنە ......
119 . بۇ ئازنتنى تەرىپى بىلەن مۇنداق
120 . بايان قىلدى : « ئۇ قۇتلۇق ......

80TBI:524—5(A)

01 . ... ئازنت
1 . (بىرىنچى ) بۆك ئىدى . ئىككىنچى
2 . تاياق (ھاسا ) ، ئۈچىنچى ساپىقاي
(كەش ) (27)
3 . ... ئۇ جىنلار ماڭا مۇنداق
4 . دېدى : « سىز بىزگە
5 . ...... كۆرمەستىن يالغاندۇر .
6 . ... بۇ ئۈچ مۈلۈكنى ئۇلەشتۈرۈپ بې-
رىڭ . »
7 . ئاندىن مەن ئۇلارغا مۇنداق
8 . دېدىم : « نېمە خاسىيىتى بار بۇ
9 . مۈلۈكلەرنىڭ ؟ » ئۇلار
10 . مۇنداق دېدى : « بۇ بۆكنىڭ خاسىيىتى
11 . مۇنداقكى ، قايسى (كىشى ) ئۇنى بېشىغا
(كەيسە ) ،
12 . ... ئۇنىڭ كىملەرنىڭ ئارىسىدا
(ئىكەنلىكىنى )
13 . (ھېچكىم ) كۆرمەيدۇ . كەشنىڭ خاسىـ
يىتى مۇنداق :
14 . ... كىمكى (ئۇنى ) پۇتىغا كەيسە ،
15 . ... كۆڭلى خالىغان يەرگە
16 . (بارالايدۇ ) . ھاسىنىڭ خاسىيىتى
مۇنداق :
17 . ..............
18 . ... ئوقدان قاپقىقــ ـ ...
19 . ..............
20 . ..............

80TBI:524—5(B)

01 . قۇتلۇق بغتاد

21 . ئۇچ بۇلۇڭغا ( تەرەپكە ) ئاتتىم ......

22 . يەنە ئالدى تەرەپ ، ...

23 . تەرەپ . يەنە ئۇلارغا

24 . ئېيتتىم : « تېز يۇگۈرۈڭلار ، (ئوقنى )

25 . بېرى ئېلىپ كېلىڭلار . قايسىڭلار

26 . تېزرەك كەلسەڭلار ، ئاندىن بۆكنى

27 . شۇنىڭغا بېرىمەن . ئىككىنچى (بولۇپ )

28 . كەلگۈچىگە هاسا بېرىـ ـ

29 . مەن . ئۈچىنچى ( بولۇپ ) كەلگۈچىگە

30 كەش بېرىمەن .

31 . ئۇلار (دەرهال ) ئوقلارنى ئېلىپ كەلگىلى ئاتلىنىپ

32 . كەتتى . ئاندىن مەن بۆكنى

33 . بېشىمغا كەيدىم ، هاسىنى قولۇمدا

34 . تۇتتۇم ، كەشنى پۇتۇمغا

35 . كەيدىم . ئۆز كۆڭلۈمچە

36 . ... ... ئۆز ... ...

37 . ... ... ... ... ... ... ... ... ...

38 . ... بىراق كىم ... ...

39 . بارچە ... ... ... ... ... ...

40 . .........................

يۇقىرىدىكى ئەسلى تېكست مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇكى ، بۇ ناهايىتى قىزىقارلىق هېكايىنىڭ باش ــ ئاخىرىدىكى ۋە ئارىلىقتىكى ۋاراقلىرى يوقالغان ( بۇ ، كىشىنى بەكمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ ) . 1 ــ ، 2 ــ ۋاراقتا ، « تەڭرى مانى بۇرخان » بىلەن « ئورمازت تە- گىن » نىڭ كۈچ سىنىشىش هېكايىسى بايان قىلىنغان بولۇپ ، كۈچ سىنىشىشنىڭ نەتىجىسى چىقمايلا ، هېكايە ئۈزۈلۈپ قالىدۇ . 1 ــ ، 2 ــ ۋاراقلار مەزمۇن جەهەتتىن بىر بىرىگە ئۇلىنىدۇ . بىراق ، 2 ــ ۋاراق 3 ــ ۋاراققا مەزمۇن جەهەتتىن باغلانمايدۇ . بىز 3 ــ ۋاراقنىڭ ئالدى بېتى [ 3(A) ] نىڭ 2 ــ قۇرىدىكى مەزمۇندىن ، چوڭ شاهزادىنىڭ ئۆزى ئەتىۋارلايدىغان نا- مەلۇم نەرسىنى ئۆز سىڭلىسىغا ئىنئام قىلىشقا رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ ، ئۆز سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز . ئوتتۇرانچى شاهزادىنىڭ بايانى «3(A)» نىڭ 3ــ قۇرىدىن «3(B)» نىڭ 15 ــ قۇرىغىچە داۋام قىلىدۇ . ئۈچىنچى شاهزادىنىڭ بايانى 16 ــ قۇردىن باشلىنىپ ، «4(A)» نىڭ 7 ــ قۇرىدا ئاخىرلىشىدۇ . بۇ ئارىلىقتىكى مەزمۇندىن قارىغاندا ، هازىر 3 ــ ، 4 ــ ۋاراق دېيىلىۋاتقان ۋاراقلار ئارىسىدا ، ئەسلىدە بار بولغان بىر ۋاراق يوقالغان دەپ مۆلچەرلەشكە بولىدۇ . 4 ــ ۋاراقتا ، ئەلچىنىڭ پادىشاه هۇزۇرىدا ، شاهزادىلەر بايان قىلغان ئەهۋاللارنى سۆزلىگەنلىكى ، پادىشاه بغتادنىڭ خان قىزىنى ئېلىپ كېلىپ ، كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزگەنلىكى قاتارلىقلار سۆزلىنىدۇ . بۇ ۋاراقنىڭ ئاخىرىدىكى مەزمۇن بىلەن 5 ــ ۋاراقتىكى مەزمۇن بىۋاستە باغلانمايدۇ . دېمەك ، هازىر 4 ــ ۋە 5 ــ ۋاراق دېيىلىۋاتقان ۋاراقلار ئارىسىدا ئەسلىدە بار بولغان بىر ياكى بىر قانچە ۋاراق يوقالغان بولسا كېرەك . 5 ــ ۋاراقتا ، كىشىنى رىۋايەت دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىدىغان خاسىيەتلىك بۆك ، خاسىيەتلىك هاسا ، خاسىيەتلىك كەش هەمدە جىنلار توغرىسىدىكى هېكايە سۆزلىنىدۇ . گەرچە بۇ هېكايىنىڭ ئاخىرى چىقمىسىمۇ ، ئۇنى ئوقۇغان كىشى ئىختىيارسىز هالدا ، سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ خاسىيەتلىك قالپىقى ، خاسىيەتلىك هاسا ، خاسىيەتلىك كەش توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى ئەسكە ئالىدۇ . مانى دىنىغا تەۋە بولغان بۇ هېكايە پارچىسىنىڭ ئىسلام دىنى رىۋايىتىگە ئوخشاپ قالىدىغان

تەرەپلىرىنىڭ بولۇشى، بۇ ئىككى خىل دىنىنىڭ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئىجاد قىلىنغان خرىستىئان دىنى قاتارلىق دىنلار رىۋايەتلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراشتەك ئورتاق تەرەپلىرىنىڭ بولۇش ئېھتىماللىقى ۋە قەدىمىيرەك بولغان مانى دىنى رىۋايىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا تەسىر قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

مەزكۇر ھېكايىنىڭ باش ـ ئاخىرى تېپىلمىغانلىقى ۋە ماتېرىيال كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن، ئۇنىڭ كىم تەرىپىدىن ۋە قايسى ئەسەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش قىيىن. ھېكايە پارچىسىنىڭ 1 ـ ۋارىقىنىڭ ئالدى ـ كەينى بەتلىرىدە ئۇچرايدىغان «بغ، روشن، زور، زىرۋىت ~ (ژىرۋىت)» (28) دېگەن ئاتالغۇلارغا ئاساسەن، بۇ ھېكايىنى ئىران تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەردىن (بولۇپمۇ سوغدىچە ئەسەردىن) تەرجىمە قىلىنغان دېيىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، ئاساس يېتەرلىك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، بۇ ھېكايىنىڭ مانى دىنى ھېكايە، رىۋايەتلىرىگە ئاساسەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىلىدا يېزىلىش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى ھازىرچە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ.

مانى دىنى ئىراننىڭ قەدىمكى دىنلىرىدىن بىرى بولۇپ، مانى (مىلادى 216 / 215 ـ تەخمىنەن 276 ـ يىللار) تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان. بۇ دىن زورو ئاستىر دىنىنىڭ ئىككى مەنبەچىلىكى (دۇئالىزمى) ئاساسىدا، خرىستىئان دىنى، بۇددا دىنى ۋە گنوستىكىزم قاتارلىق دىنلارنىڭ ئىدىيىۋى ماتېرىياللىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزگىچە ئېتىقادىنى شەكىللەندۈرگەن. مانى دىنىدا ئەڭ ئاساسلىقى بۇ دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى بولغان زەرۋان (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ئەزرۇئا» دېيىلىدۇ) غا، ئۇنىڭ يورۇقىنىڭ سىمۋولى بولغان كۈن، ئايلارغا (كۈن ئاي تەڭرىلەرگە)، ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ نامايەندىسى بولغان يورۇقلۇق ئەلچىلىرىگە ۋە ئۇنىڭ ئەقىل ـ پاراستىگە (تەڭرى تەلىماتىغا) چوقۇنۇلىدۇ.

مەزكۇر ھېكايە پارچىسىنىڭ 1 ـ ۋارىقىدىكى «تەڭرى، يارۇق، كۈچلۈك، بىلگەن» دېگەن ئاتالغۇلار يۇقىرىدىكى چوقۇنۇش ئوبيېكتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. «ئىككى يىلتىز» (ياكى ئىككى مەنبە)، «ئۈچ زامان» تەلىماتلىرى مانى دىنىنىڭ تۈپ ئەقىدىلىرى بولۇپ، «ئىككى يىلتىز» يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇق ياكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى كۆرسىتىدۇ؛ «ئۈچ زامان» بولسا ـ ئۆتكەن زامان، ھازىرقى زامان ۋە كەلگۈسى زامانلارنى كۆرسىتىدۇ؛ يورۇقلۇق بىلەن قاراڭلۇق ياكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىقتىن ئىبارەت بولغان «ئىككى يىلتىز»، «ئۈچ زامان» دا بىر بىرى بىلەن قايتا ـ قايتا ئېلىشىدۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ. مانى دىنىنىڭ ئاساسلىق ئەمرىمەرۇپى «ئۈچ تەقىپ»، «ئون پەرھىز» بولۇپ، «ئۈچ تەقىپ» ئېغىز تەقىپى (ھاراق ئىچمەسلىك، گۆش يېمەسلىك، يالغان سۆزلىمەسلىك)، قول تەقىپى (خۇپىيانە ھالدا يامان ئىش قىلماسلىق) ۋە كۆڭۈل تەقىپى (شەھۋانىيلىق ئىستىكىدە بولماسلىق) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. «ئون پەرھىز» بولسا، بۇتقا چوقۇنماسلىق، يالغان سۆزلىمەسلىك، ئاچكۆزلۈك قىلماسلىق (ياكى تاماخورلۇق قىلماسلىق)، جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك، شەھۋانىيلىق قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ئالدامچىلىق قىلماسلىق، ناتوغرا يولدا ماڭماسلىق ھەم جادۇگەرلىك قىلماسلىق، ئالا كۆڭۈل بولماسلىق، ھورۇن بولماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. مانى دىنى مۇرىتلىرى: بىرىنچى دى-

نىي ئۇستاز ( قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «مۇژاك» دېيىلىدۇ)؛ ئىككىنچى ، باش دىندار ياكى باش دىنىي نازارەتچى (قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا « ئاۋتادان » دېيىلىدۇ )؛ ئۈچىنچى ، دىنىي نازارەتچى ( قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا « ماخىستاك » دېيىلىدۇ ) ؛ تۆتىنچى ، دىندارلار قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا « دىندار » ياكى « دىنتار » دېيىلىدۇ ، دىنىي تەرغىبات بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەمدە « ئۈچ تەقسىپ » ، «ئون پەرھىز » گە رىئايە قىلىدىغانلارنى كۆرسىتىدۇ ) ؛ بەشىنچى ، ئاڭلىغۇچىلار ( قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا « نىغوشاك » دېيىلىدۇ ، ئادەتتىكى مۇرىتلارنى كۆرسىتىدۇ ) (29) قاتارلىق بەش دەرىجىگە ئايرىلىدۇ .

مانى دىنى ، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد خاقانى بۆگۈقاغان ( مىلادى 759 ـــ 779 ـ يىللاردا تەختتە ئولتۇرغان ) 763 ـ يىلى مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىنى كەڭ تۈردە يولغا قويۇشى بىلەن مەزكۇر خانلىقنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. « قارا بالغا سۇن مەڭگۈ تېشى » (30) ( بۇ مەڭگۈ تاش قەدىمكى تۈركچە ، سوغدىچە ۋە خەنزۇچە قاتارلىق ئۈچ خىل يېزىقتا چېكىلگەن بولۇپ ، تۈرك يېزىقى چېكىلگەن قىسمى بەك بۇزۇلۇپ كەتكەن . سوغدىچە ، خەنزۇچە قىسمى ، بولۇپمۇ خەنزۇچە قىسمى ياخشى ساقلانغان ) نىڭ خەنزۇچە قىسمىنىڭ 7 ـ 10 قۇرلىرىدا ، بۆگۈقاغان شەرقىي پايتەخت لوياڭدا تۇرغان مەزگىلدە ، مانى دىندارلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ، دۆلىتىگە تۆت نەپەر مانى دىندارىنى بىللە ئېلىپ قايتقانلىقى ، دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ، مانى دىنىنىڭ تارقىلىشىنى كەڭ تۈردە يولغا قويغانلىقى خاتىرىلەنگەن (31) . ئورخۇن ئۇيغۇرلىرى غەربكە كۆچۈپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن قاراخانىلار ( خاقانىيە ) خانلىقىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، بۇ خانلىقلاردا تەدرىجىي ھالدا بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن ، ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى ئېتىقادىغا خاتىمە بېرىلگەن .

تاملىرى رەڭدار رەسىملەر بىلەن چىرايلىق بېزەلگەن بېزەكلىك مىڭئۆي غارلىرىنىڭ قېزىلىشى جۈ جەمەتى قۇرغان قوچو خانلىقى دەۋرى ( مىلادى 499 ـــ 640 ـ يىللار ) نىڭ دەسلىپىدە باشلانغان . بۇ مىڭئۆي ناڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە « نىڭرۇڭ ئىبادەتخانىسى » ، « نىڭرۇڭ غار ئىبادەتخانىسى » دەپ ئاتالغان ۋە داۋاملىق ياسالغان (32). 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ ، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ خان جەمەتى ئىبادەتخانىسى قىلىنغان . 1283 ـ يىلدىن كېيىن تاشلىنىپ پۇقرالار ئىبادەتخانىسىغا ئايلانغان . ئىسلام دىنى تۇرپانغا تارقىلىپ كىرگەندىن كېيىن ، پۈتۈنلەي تاشلىنىپ كەتكەن . ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، بېزەكلىكتە مانى دىنى ئىبادەتخانىسى ياسالغان . ھازىر ، بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ 38 ـ غارىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى توسۇۋېتىلگەن غارنىڭ ئۇدۇل تېمىدا ، مانى دىنىغا ئائىت تام رەسىمى بار . 27 ـ غارنىڭ شەرقىي تېمىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى بۇددا دىنىغا ئائىت تام رەسىملىرى سىزىلغان سىپاق ئاجراپ چۈشۈپ كېتىپ ئېچىلىپ قالغان ئورۇندا ، مانى دىنى مۇرىتلىرى يېزىپ قالدۇرغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بېغىشلىما ھېلىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (33) . ھازىر ، مانى دىنىغا ئائىت غارلارنىڭ دەۋرى مىلادى 9 ـــ 10 ـ ئەسىرلەر تەۋە دەپ ھېسابلانماقتا . مانى دىنىغا ئائىت ھېكايە پارچىسىنىڭ دەۋرى ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ 9 ـــ 10 ـ ئەسىرلەردىن ئاشمايدۇ .

ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز بۇنىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان بۇ ھېكايە پارچىسىنىڭ تېپىلىشى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنى يازما يادىكارلىقلىنىڭ مۇھىم تېپىلىشى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## ئىزاھلار

① تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش، باشقۇرۇش ئورنى «بېزەكلىك مىڭئۆي خارابىسىنى تازىلاشتىن قىسقىچە خاتىرە»، «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە) 1985ـ يىل 8 ـ سان.

② بۇ ھېكايە پارچىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى ۋارىقىنى، يەنى 2، 1 — 80. T. B. I: 524 نومۇرلۇق 1 ـ، 2 ـ ۋاراقلارنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە) نىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدىكى «بېزەكلىكتىن يېڭى تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر توغرىسىدا تەتقىقات» دېگەن ماقالىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئىدۇق. مەن بۇ ماقالەمدە 1 ـ، 2 ـ ۋاراقلار ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى يەنىمۇ پىششىقلاپ، ئېلان قىلىنمىغان كېيىنكى 3 ـ ۋاراقنى قوشۇپ، بۇ ھېكايە پارچىسىنى تولۇق ئېلان قىلدىم. بۇ يەردىكى 1 ـ، 2 ـ ۋاراقلار دېگىنىمىز، تېپىلغان 5 ـ ۋاراق ھېكايە پارچىسىغا بېرىلگەن نومۇرغا ئاساسەن ئېيتىلغان.

③ ۋاراقلارنىڭ كەڭلىكى دېگىنىمىز، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەر بەتكە سولدىن ـ ئوڭغا تىك شەكىلدە يېزىلغان ھالىتىگە نىسبەتەن ئېيتىلدى.

④ بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە «روشن» قىلىپ يېزىلغان. ترانسكرىپسىيىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن «روش (ا) ن» دەپ ئېلىندى. بۇ سۆز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «روشەن» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «روشەن» دەپ بېرىشكىمۇ بولىدۇ.

⑤ نەگۈ: بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە «نەسۈ» دەپ يېزىلىپ قالغان. ترانسكرىپسىيىدە «نەگۈ» دەپ تۈزىتىپ ئېلىندى.

⑥ مىنى: «مەن» دېگەن ئالماشنىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «ـنى» بىلەن تۈرلەنگەن بۇ خىل شەكلى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باشقا ھۆججەتلەردىكىدەك «مەنى» دەپ يېزىلماستىن، «مىنى» دەپ ئېنىق يېزىلىشى، بۇ ھېكايە پارچىسىدىكى بىر ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

⑦ ئەسلى تېكىستتە «كىمكەڭ» دەپ يېزىلغان. ترانسكرىپسىيىدە «كىم كەڭ» دەپ ئايرىلدى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن مەنە بېرىلدى.

⑧ م(ە)نىڭ. ئەسلى تېكىستتە «مىنىڭ» دەپ يېزىلغان. «مەن» دېگەن ئالماشنىڭ ⑥ ئىزاھتا ئېيتىلغان تۈرلىنىش ھالىتىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىدە «م(ە)نىڭ» دەپ ئېلىنماي، «م(ى)نىڭ» قىلىپ بېرىلدى.

⑨ ئام(راق): ئەسلى تېكىستتە. بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىلا ساقلىنىپ قالغان ھەمدە «ئەم ـ» دەپ يېزىلغان. ئەسلى تېكىست مەزمۇنىغا ۋە سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسەن، ترانسكرىپسىيىدە «ئام(راق)» دەپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

⑩ (يالا) ۋاچىغ ئىلىگ: ئەسلى تېكىستتە «(يالا) ۋاچ ئىلىگىگ» (ئەلچى پادىشاھنى) دەپ يېزىلغان. ئەسلى تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن، «(يالا) ۋاچىغ ئىلىگ» (ئەلچىنى پادىشاھ) دەپ تۈزىتىپ ترانسكرىپسىيە بېرىلدى.

⑪ ئاغىر(ىغ): ئەسلى تېكىستتە «ئەسىز(ىگ)» دەپ يېزىلغان. «ئاياغلىغ ئاغىرلىغ» (ھۆرمەتلىك ـ قەدىرلىك) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپ قوللىنىلىدىغان قوش سۆزلەردىن بولغاچقا «ئە-

سىزل(ىگ) » ترانسكرىپسىيىدە « ئاغىرل (مغ) » دەپ ئېلىندى . ئەگەر بۇ سۆزنى ئەسلى تېكىستتە يېزىلغىنى بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلساق ، تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن ، « ئەسىز ل(ىگ)» نى مۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن : ئەسىز(~ئەزىز) ئەرەب تىلىدىن پارس تىلىغا كىرگەن ، ئاندىن پارس تىلى ئارقىلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن . بۇ سۆز قەدىمكى ئۇيغۇرچىدىكى « ئاياغ (لىغ) » (ھۆرمەتلىك) دېگەن سۆز بىلەن بىللە كەلگەندە ، ئۇنىڭغا سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ لىگ» قوشۇلغان . «ئاياغل(مغ) ئەسىزل(ىگ) » دېگەن سۆزلەر « ھۆرمەتلىك ـ ئەزىز » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ .

⑫ تۈزۈنلەرنىلۇغۇن : ئەسلى تېكىستتە مۇشۇنداق يېزىلغان . شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىندى . قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قائىدىسىگە ئاساسلانغاندا ، بۇ سۆز ئەسلى تېكىستتە « تۈزۈنلەرنىلۈگۈن » دەپ يېزىلىشى كېرەك .

⑬ كىملىڭ : ئەسلى تېكىستتە مۇشۇنداق يېزىلغان . شۇ بويىچە ترانسكرىپسىيە قىلىندى . كىملىڭ = كىمنىڭ .

⑭ بەش تەڭرى : مانى دىنىدا ، ئالەمنى شەكىللەندۈرگۈچى بەش خىل ئېلېمېنت ياكى ئۇنسۇر دەپ قارىلىدىغان تىنىق (ھاۋا) ، شامال ، يورۇقلۇق ، سۇ ، ئوت تەڭرىلىرىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ بەش تەڭرى مانى دىنىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىلاھى زەرۋان (ئەزرۇئا) نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان يورۇقلۇق ئەلچىلىرى دەپمۇ ھېسابلىنىدۇ .

⑮ «باغ . روشان ( ~روشەن) . زور . زىرۋىت » ئەسلى تېكىستتە ، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا « تەڭرى ، يارۇق ، كۈچلۈگ ، بىلگە » [ تەڭرى ، يورۇق (نۇرلۇق) ، كۈچلۈك ، دانا ] دەپ ئېلىنغانلىقى ئېنىق .

(1) باغ : ئەسلى تېكىستتە «بغ» دەپ يېزىلغان . MP (ئوتتۇرا قەدىمكى پارس تىلى ۋە Pth [ پارتخىيە يەنى ئارساك ( قەدىمكى ئىران) تىلى ] دا «بغ» يېزىلغان بولۇپ « تەڭرى » دېگەن مەنىدە .

(2) روشان : ئەسلى تېكىستتە « روشن » يېزىلغان . MP ۋە Pth لاردىمۇ « روشن » يېزىلغان مەنىسى « روشەن ، يورۇق » .

(3) زور : ئەسلى تېكىستتە شۇنداق يېزىلغان . MP دا « زور» ، Pth دا زاۋار (zw . r) دەپ يېزىلغان . كۈچ ياكى كۈچلۈك دېگەن مەنىدە .

(4) زىرۋىت ( ~ ژىرۋىت ) : ئەسلى تېكىستتە شۇنداق يېزىلغان MP دا « زىرى » ، pth « jyrft » (ژىرفت ) دەپ يېزىلغان . مەنىسى بىلگە ( ئەقىل ـ پاراسەتلىك ياكى دانا ) .

يۇقىرىدىكى تۆت ئاتالغۇنىڭ Pth ، Mp لاردىكى يېزىلىشى (ياكى ئوقۇلۇشى ) نى گېرمانىيە بونىن ئۇنىۋېرسىتېتى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى كلىمكايت ئەپەندى ماڭا يازغان جاۋاب خېتىگە يېزىپ ئەۋەتكەن ( بۇ ھەقتە ② ئىزاھتىكى ژۇرنالنىڭ 82 ـ بېتىدە ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىلگەن) . مەن پارسچە ـ خەنزۇچە لۇغەت » (بېيجىڭ داشۆ شەرق تىل ـ ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى پارس تىلى كافېدىراسى تۈزگەن ، شاڭۋۇ نەشرىياتى ، 1981 ) تىن يۇقىرىدىكى تۆت ئاتالغۇنى تاپتىم . بۇ لۇغەتتە «بغ ، روشن ، زور » ئاتالغۇلىرى ئەسلى تېكىستتىكىدەك تەلەپپۇزدا يېزىلغان . «زىرۋىت » ( ~ ژىرۋىت ) ئاتالغۇسى بولسا ، « زەرافەت » تەلەپپۇزىدا بېرىلگەن .

⑯ ئورمازت : ئەسلى تېكىستتە « ئورمزت » دەپ يېزىلغان . بۇ ئىسىم ئاھاڭداشلىق جەھەتتىن زوروئاستېر دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئىلاھى ( يۇنانچىدا « ئورماسد ـ Ormasd» ، پارسچىدا « ئاخۇرا مازدا ـــ Ahura Mazda » دېيىلىدۇ ) نىڭ نامىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدۇ . ئاخۇرا مازدا دېگەن ئىسىم مانى دىنى تەڭرىسى بولغان خورمۇزتا ( ~ قۇرمۇزدا ) نىڭ ئىسمىغا ئاھاڭداشلىقى بەكمۇ يېقىن . خورمۇزتا ، مانى دىنىدا «ئىپتىدائىي ئىنسان » دەپ قارىلىدىغان تەڭرى ھېسابلىنىدۇ . ئەسلى تېكىستتە ، ئورمازت تىگىن (شاھزادە) دېيىلگەن . دېمەك ، بۇ ھېكايىدە ، ئورمازت بىر شاھزادىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدۇ .

⑰ ئەسلى تېكىستتە ، مانى « تەڭرى مانى بۇرخان » دەپ يېزىلغان . مانىنى بۇرخان (بۇددا ) دەپ

ئاتاش ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە نوملاردا بۇددا دىنى ئىلاھلىرى براھما ، ئىندرالارنى مانى دىنى ئىلاھلىرى ئەزرۇئا ، خورمۇزتالار نامى بىلەن ئاتاش ، مانى دىنى بىلەن بۇددا دىنىنىڭ ( ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ) بىر بىرىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ . «مانى بۇرخان » دەپ ئاتىلىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى ھەققىدە ، پروفېسسور تونگېرلو ( Tongerloo ) 1984 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مانى دىنى تېكىستلىرى ۋە ئوتتۇرا قەدىمكى ئىران تىلىدىكى تېكىستلەردىكى ھىندى بۇددىزىمى ئاتالغۇلىرى » ( ۋ . سكالموۋسكى تۈزگەن « ئوتتۇرا قەدىمي ئىران تىلى تەتقىقاتى » دېگەن ئەسەرنىڭ 252 ـــ 243 ـ بەتلىرىدە ) دېگەن ماقالىسىنىڭ باش قىسمىدا ( يۇقىرىقى ئەسەرنىڭ 246 ـ ، 243 ـ بەتلىرىدە ) توختىلىپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم .

⑱ ساپ نەسىللىك ـ سورتلۇق ئېتىڭىز : ئەسلى تېكستتە « ئۆزلۈك باغلىغ ئاتىڭىز » دەپ يېزىلغان . « ئۆزلۈك ئات » بولسا ، «ساپ نەسىللىك ئات » دېگەن مەنىدە . « باغلىغ » دېگەن سۆز : « ① باغلىق ( باغلايدىغان ئارغامچا قاتارلىقلار ) ، ② مۇناسىۋەتلىك ، ③ فامىلىلىك » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ . مەن بۇ سۆزنى « ئۆزلۈك » سۆزىنى كۈچەيتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن مەنىداش بولۇپ كەلگەن دەپ قاراپ ، تەرجىمىسىنى يۇقىرىقىدەك بەردىم . تەرجىمىدە ، « باغلاقلىق ساپ نەسىللىك ئېتىڭىز » ياكى «تاغشۇرۇل-غان ساپ نەسىللىك ئېتىڭىز » دېيىشكىمۇ بولىدۇ .

⑲ ئىنتايىن : ئەسلى تېكستتە « سىۋراق » دەپ يېزىلغان . « سىۋراق » سۆزى « ساۋرا ـ » (~سىۋرا ـ ) دېگەن پېئىلغا پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ ق » نىڭ قوشۇلۇشىدىن يا-سالغان بولۇپ ، مەنىسى « ئازىيىش ، كېمىيىش ، شالاڭلاش ، ئاز ئۇچراش » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت . تەرجىمىدە كۈچەمە مەنىدە « ئىنتايىن » دەپ ئېلىندى . ئەسلى تېكستنىڭ 33 ـ ، 34 ـ قۇرلىرىدىكى « ئەتئۆزۈڭۈز سىۋراق كۆرتلە » دېگەن سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسىنى ، ئۇلارنىڭ قۇر ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ بەرگەندە ، «سىۋراق » سۆزى ئەسلى مەنىسى بىلەن مۇنداق كېلىدۇ : « ئاز ئۇچرايدىغان كېلىشكەن بەدە-نىڭىز » ياكى « كەم تېپىلىدىغان چىرايلىق ( قاملاشقان ) بەدىنىڭىز » .

⑳ يەم : ئەسلى تېكستتە « ئاشبىر » دەپ يېزىلغان . «ئاشبىر » نى «ئاشبار » بىلەن بىر سۆز ھېسابلاشقا بولىدۇ . «دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە ، « ئاشبار : سامان ، كېپەك ۋە ئوتقا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ، نەمدەش ئارقىلىق ھازىرلانغان ھايۋان يېمى » دەپ كۆرسىتىلگەن («دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ئىندېكىس ، 1943 ـ يىل ، ئەنقەرە ، 43 ـ بەت ) . ئېنىقكى ، بۇ يەردىكى ئاشبار (~ئاشبىر ) چۆپخور ھايۋانلارنىڭ يېمىنى كۆرسىتىدۇ .

㉑ غەيرەت قىلىپ : ئەسلى تېكستتە « ئوق قورامىشچا» دەپ يېزىلغان . « ئوق » بۇ يەردە سۆز ئورا-مىنى كۈچەيتكۈچى سۆز بولۇپ كەلگەن . «قورامىشچا » بولسا ، « قورا ـ » ( خورىماق ، ئازايماق ، ئاجىزلىماق ، چىدىيالماي قالماق » دېگەن مەنىلەردە . ) دېگەن پېئىلغا « ـ مىش + ـ چا » قوشۇمچىلىرى-نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن . « ئوق قورامىشچا » دېگەن سۆز « زادى چىدىيالماي قالغىچە » ، « ئاجىزلاپ ھالى قالمىغانغا قەدەر » دېگەن مەنىلەرگە ئىگە . تەرجىمىدە كۈچەمە مەنىدە ئېلىندى .

㉒ شەرتسىز : ئەسلى تېكستتە « قولۇقسۇز » دەپ يېزىلغان . بۇ سۆز « قول ـ» («تەلەپ قىلماق » دېگەن مەنىدە ) دېگەن پېئىلغا ، پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ ۇق » ۋە ئىنكار قوشۇمچىسى « ـ سىز » نىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ ، مەنىسى ، «تەلەپسىز » ياكى « شەرتسىز » . بۇ سۆز قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغەتلىرىدە كۆرسىتىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئىزاھ بېرىش زۆرۈر تېپىلدى .

㉓ بىغتاد ئىلىگ ( باغتاد پادشاھ ) : بۇ ھېكايە پارچىسىدا ئىككى پادشاھنىڭ نامى ئۇچرايدۇ . بىرىن-چىسى «ئىلىگ ئازنتى » (3 ـ ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىنىڭ ، يەنى 〈 A 〉 3 نىڭ تېمىسىغا قارالسۇن ) ، ئىككىنچىسى « بىغتاد ئىلىگ » . «بىغتاد» دېگەن ئىسىم ئاھاڭ جەھەتتىن « بغداد » (باغداد) غا بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ .

㉔ سەزگۈرلىشىمەن : ئەسلى تېكستتە «كەيىكلە يۇرمەن » دەپ يېزىلغان . بۇ سۆز « كە-

يىلى » ( « ياۋايى ھايۋان » ، «كىيىك » ، ياكى «بۇغا » دېگەن مەنىدە ) دېگەن ئىسىمغا ، ئىسىمدىن پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە « ــ لە » ، ئاندىن كېلەر زامان قوشۇمچىسى « ــ يۇرمەن » نىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ، سۆز مەنىسى « ياۋايىلىشىمەن » دېگەنلىك بولىدۇ . تەرجىمىدە ، كۆچمە مەنىدە « سەز- گۈرلىشىمەن » دەپ ئېلىندى .

㉕ ئاندىن : ئەسلى تېكىستتە « ئاتا » يېزىلغان . تېكىست مەزمۇنىغا ئاساسەن ، يېزىقتا « ن » ھەرپىنى ئىپادىلەيدىغان بىر چىش كەم يېزىلىپ قالغان ( ياكى چۈشۈپ قالغان ) دەپ ھېسابلاپ ، ترانسكرىپسىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ « ئا(ن)تا » دەپ ئېلىندى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن « ئاندىن » دەپ مەنە بېرىلدى .

㉖ مەلىكىلىرى : ئەسلى تېكىستتە « قۇنچۇيلا (رىن ) » («مەلىكىلىرى بىلەن » دېگەن مەنىدە ) دەپ يېزىلغان . «قۇنچۇي » سۆزى بولسا ، خەنزۇچە « 公主 » (مەلىكە ) ــ نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى .

㉗ كەش : ئەسلى تېكىستتە « ساپقاي » دەپ يېزىلغان . قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا «ساپ ــ» ( «ساپماق ، تىقماق ، ئۆتكۈزمەك » دېگەن مەنىلەردە ) دېگەن پېئىل بار . ئەگەر بۇ پېئىلدىن « كەش » مەنىسىدىكى ئىسىم ياسالسا ، پېئىلدىن ئىسىم ياسىغۇچى قوشۇمچە « ــ قاغ ، ــ غاق ياكى قاق » لاردىن بىرى قوشۇلسا بولاتتى . بىراق « قاي » قوشۇلغان . « قاي » بولسا ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا جەنزۇ تىلىدىن كىرگەن « 韈 » (« ئاياغ ، كەش ، خەي » دېگەن مەنىدە ) دېگەن سۆزنىڭ ئەينى چاغدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى ( « قەدىمكى تۈرك تىلى لۇغىتى » ، لېنىنگراد ، 1969 ــ يىل ، 406 ــ بەتكە قارالسۇن ) . قىسقىسى ، « ساپقاي » سۆزى خەنزۇچە « 草韈 » (چىغ چورۇق ، پاخال چورۇق » دېگەن مەنىدە ) نىڭ ئاھاڭى « ساۋخەي » ياكى « ساۋقاي » غا بەكمۇ يېقىن كېلىدۇ . شۇڭا « ساپقاي » نى خەنزۇچە «草韈» نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ . بۇ سۆز تەرجىمىدە « كەش » دەپ ئېلىندى . «چورۇق » ياكى « چىغ چورۇق » دەپ ئېلىشقىمۇ بولىدۇ .

㉘⑮ ئىزاھقا قارالسۇن .

㉙ موريياسۇ تاكائو سېنئەن ( شياۋفۇ ) « ئۇيغۇرلارنىڭ مانى دىنى تارىخى ھەققىدە تەتقىقات » (ياپونچە ) ، «ئوساكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ ئىلمىي دوكلاتلىرى» نىڭ 31 ــ ، 32 ــ بىر- لەشمە سانى ، 1991 ــ يىل 8 ــ ئاي ، 27 ــ ، 28 ــ بەتلەرگە قارالسۇن .

㉚ بۇ مەڭگۈ تاش 1890 ــ يىلى قارا بالغاسۇن ( ئوردۇ بالىق ) تىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ، « قارا بالغاسۇن مەڭگۈ تېشى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە « توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە بولمىش بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى » ، « توققۇز ئۇيغۇر قاغان مەڭگۈ تېشى » دېگەن ناملىرى بار . بۇ مەڭگۈ تاشتا ، ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ، تاكى 8 ــ ئەۋلاد قاغان 保义 (ئادالەتنى قوغدىغۇچى ) قاغان (808 ـــ 821 ــ يىللاردا تەختتە ) غىچە بولغان قاغانلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بايان قىلىنغان . بولۇپمۇ ، مانى دىنىنىڭ ئۇيغۇرلارغا تارقالغانلىق ئەھۋالى بىر قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغان .

㉛ لوجېنيۇنىڭ « قاراقورۇم مېتال ۋە تاش پۈتۈكلىرى » دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن .

㉜ ① ئىزاھتا كۆرسىتىلگەن ماقالىگە قارالسۇن .

㉝㉙ ئىزاھتىكى ئەسەرگە قارالسۇن . يەنە « شىنجاڭ تاش غارلىرى . تۇرپان بېزەكلىك تاش غار- لىرى » ( خەنزۇچە ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، شاڭخەي خەلق گۈزەل سەنئەت نەشرىياتى ، 1991 ــ يىل ) دېگەن رەسىملىك كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا قارالسۇن .

مەن 1991 ــ يىلى سېنتەبىردە تۇرپانغا تەكشۈرۈشكە بارغاندا ، مانى دىنى مۇرىتلىرى يېزىپ قالدۇر- غان بېغىشلىمىلارنى كۆردۈم .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . **باھاۋىدىن**

# ۋەسفى غەزەللىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

دەمبەدەم سىھھەتدە ئۇلماق ياراشۇر شاھۇم ساڭا ،
دىلەرەم سىھھەت ۋىرە ھەر دەمدە ئەللاھۇم ساڭا .
بىلمەزەم ياۋۇز نەزەرمى ئىردى ياخۇد ئاھى سەرد ،
يوخسە تەئسىر ئېتدىمى ئاھى سەھەرگاھۇم ساڭا .
ھەق تەئالا تەلئەتۇڭ گۇندەن گۇنە بەدر ئەيلەسۇن ،
زەررەچە ئېرگۇرمەسۇن نۇقسان بەنۇم ماھۇم ساڭا .
سادىقەم قىبلە ھەقى يولۇندا بەن شاھۇم سەنۇڭ ،
ھەر نە يۇزدەن دىر ئىسەڭ توغرى ۋارۇر ئاھۇم ساڭا .
دۇنيەلەر تۇردۇكچە تۇر بۇدۇز دۇئاسى ۋەسفىنۇڭ ،
بەن ئۆلەم چوك يىل ئۇمۇرلەر ۋىرە ئەللاھۇم ساڭا .

* *

بەندەن ، ئەي دىلبەر ، سەنى ئايىرماغ ئىستەرمىش رەقىب ،
نەيلەدۇم ئول كافىرى بى ـ دىنە نىتدۇم بەن غەرىب .
گەر قەرىب ئولسە ساڭا جانا رەقىب ئىنجىنمەزەم ،
كىم گۆلە دايىم ئولۇر ھارى سىيەھ دىرلەر قەدىب .
قىسمەتى رىزق ئەيلەر ئىكەن ھەلقە قەسسامى ئەزەل ،
دەردى ھەجرۇڭ خانىنى ئىتمىش باڭا ، جانا ، نەسىب .
چارە ئۆلمەكدۇر ھەمان ھەجرۇڭدە بەن دىل خەستەيە ،
دوستۇم ئانۇڭ گىبى دەرمانە دەردۇڭدۇر تەبىب .
زارۇ ئەففان ئىلە گەر ئۆلسەم يېرىدۇر ، ۋەسفىيا ،
كىم بەنەم ئول گۇلشەنىندەن ئايرۇ دۇشمىش ئەندەلىب .

* *

دىل ئولالى جاناھەدەفى تىرى مەھەببەت ،
قەددۇمى كەمان گىبى بۇكۇپدۇر غەمى مىھنەت ،
ۋەسل ئىستەدۇ گۇمچە قومادى ياقامى ئەلدەن ،
بىلسەم كى نە ۋىردى ئالاماز بانا بۇ فۇرقەت .
ھەجرۇڭدە شەھا ھالۇمى ئول دەم بىلەسىن كىم ،
بىر گۇن دىيەلەر بىر قۇلۇڭ ئۆلمىش ساڭا سىھھەت .
ئۆلدۇر بەنى كىم سەنسۇز ئەيا گۆزلەرى ئافەت ،
ھەجرۇڭ قوپارۇر باشۇمە ھەرلەھزە قىيامەت .
غەمزەڭلە دىمىشسىن كى ئالام جانىنى ، جانا ،
لۇتف ئىت كى بەن ئانى گۆرۈرەم جانۇمە مىننەت .
خاكى دەرۇڭى باشۇمە تاج ئىدە زەمانە ،
گەر دەۋلەتى يوق باشۇمە بىر گۇن ئىرە دەۋلەت .
شىمدىيە دەگىن جەۋر ۇ جەفا ئەيلەدۇڭ ، ئەي دوست ،
شىمدەن گىرۇ ئىت مىھر ۇ ۋەفا كار بەنەۋبەت .
قەددۇڭ ھەۋەسىن ئىتدۇگى ۋەسفى بۇ دۇرۇر كىم ،
خوشدۇر كى شەھا كىشىدە ئالى ئولا ھىممەت .

* *

يىنەدىل بوينىنە زۇلفى سىيەھۇڭ سالدى كەمەند ،
دەم مى ۋاردىر كى شەھا گەچمەيە بەند ئۇستىنە بەند .
بەن دىمەزدۇم كى دۇشۇپ بەندۇڭە رۇسۋا يۇڭ ئولام ،
نى دەيىن كىم دىلى دىۋانەمە كار ئىتمەدى پەند .
لەبى شەككەر ـ شىكەنۇڭ نىسبەت ئىدەرمىش ئۆزىنە ،
ئاڭا بىر ئىش ئىدەيىن كىم ئەرىيۇپ مەھۋ ئولا قەند .
سەن ۋان ئولالى ئەردۇكچە ياشۇم ئولدى رەۋان ،
قانقى گۇلشەندە سەنى ئىستەيە ، ئەي سەرۋى بۇلەند .
گۆڭلۇڭۇڭ مەيلى لەۋەند ئىسە شەھا ۋەسفىيە گەل ،
قانى ئانۇڭ گىبى بىر ئوڭمادۇق ئاۋارە لەۋەند .

* *

گۇن توغمادۇق باشۇم ۋەتەنى غەم دىيارىدۇر ،
مەردۇملەرىنى گۆر گۆزۇمۇڭ يارى غارىدۇر .

بىر سۇر چەكدى بۇرجى بەدەندە نىتاقى يار ،
باشدەن ئاياغە مۇلكى مەلاھەت ھىسارىدۇر .
مەجنۇن كى ياپدى باشىنە مۇرغ ئاشيانىنى ،
گۆرەنلەر ئانى دىدى كى لەيلى ئىمارىدۇر .
زەنجىرى ئىشقى بوينۇڭە كىم تاقدى دىر ئىسەڭ ،
دارى جىھاندا بىر گۇزەلۇڭ زۇلفى دارىدۇر .
بەيتى ئوچاغىنى سۇلايۇپ سۇپۇرۇپ سىلەن ،
ئاھىلە ۋەسفىنۇڭ غەزەلى ئابدارىدۇر .

* *

گۆڭلۇمۇز ئاشۇفتە قىلدىلا ، پەرى ـ رۇخسارلار ،
ياشۇمۇز جۇي ئىتدىلەر سەرۋى سەھى ـ رەفتارلار .
گۆڭلۇمۇز مىھر ئىلە ئالۇپ دۇتدىلار ، جەۋر ئىتدىلەر ،
ئاھ بۇ مەككارلار ، غەددارلار ئەييارلار .
گۆزلەرى ئۆلدۇرسە ئۇششاقىن ئولا ئادەت بۇدۇر ،
كەندۇ ساغ ئولماغە قۇربان ئەيلەمەك بىمارلار .
ھەر زەمان ئاھۇ فىغانۇمدەن بەنۇم خەلقى جىھان ،
بۇ فىراق ئىلە ئۆلۇر دىيۇ بەنى ئاغلارلار .
ۋەسفىيا ، بىردەم پەرىشانلىقدەن ئىتمەزلەر خەلاس ،
گۆڭلۇمۇز بۇ تۇررەئى تەرراری ئەنبەر بارلار .

* *

نىچۇن بەن زار ئولام ھەر لەھزە ، ئەي مەھ ، سەن يۇزى گۇلسۇز ،
ياراشماز گۇلە بۇلبۇل گۇلسۇزۇ گۇل ئولا بۇلبۇلسۇز .
گىچە گۇندۇز سۇزۇ گۇن گىچە سۇز ئولماز مۇقەررەردۇر ،
سەنۇڭ گۇل رۇھلارۇڭ ، جانا ، نەدەندۇر بۇيلە كاكۇلسۇز .
نە ۋار كاكۇللەرۇڭ ئولمازسا ھۇسنۇڭە زىيان ئولماز ،
گۇلىستان پۇر گۇل ئولسۇن غەم دەگۇل ئولمازسا سۇنبۇلسۇز .
رۇھۇڭ دەۋرىندە لەئلۇڭسۇز بۇ گۆڭلۇم ھەرگىز ئەگلەنمەز ،
بەلى ھوشتاب ئولانلا ، فەسلى گۇلدە ئولىماز مۇلسۇز .
ئىلاھى ئولماسۇن خالى يۇزۇڭدە خالى مۇشكىنۇڭ ،
كى كافۇرا زىيان ئىرىشۇر ئەي مەھ ئولسا فۇلفۇلسۇز .
نى لاگەر رۇھلارۇڭ شەۋقىيلە فەرياد ئەيلەسە ۋەسفى ،
كى بۇلبۇل مۇنەبەر ئولماز قاچان كىم ئولسا غۇلغۇلسۇز .

* *

گۆڭۈل فەرياد ئىلە ئەفغانلار ، ئەيلەر كۈيى جانانسىز ،
ساناسىن بۇلبۇلى شۇرىدە دۇر قالمىش گۇلىستانسىز .
گۆرۈرلەر ھالۇمى ھەجرۇڭدە كافىرلەر ئەسىرگەرلەر ،
نىچۈن رەھم ئەيلەمەزسىن سەن مۇسۇلمانسىن ھەي ئىمانسىز .
سەنۈڭ قەۋلۇ قەرارۇڭ يوق خىلافى ۋادەدەن ئۆلدۈم ،
يۈرى ھەي ئەھدى يوق قەۋلى يالان دىلدارى پەيمانسىز .
غەمۇڭ مىھمان سارايى ئولالى ھەجرۇڭدە دىل ، جانا ،
جىھاندا بىر گۈن ئولماز كىم ئولام بىر لەھزە مىھمانسىز .
جەفايى ئاز قىل گەرچى ۋە فادۇر ئاشىقە ئەمما ،
جەفا ھەم خوش دەگۇل دىرلەر قاچان كىم ئولا ئۇرانسىز .
گەلۈپ كويۇمدا ۋەسفى نالە ئەيلەر دىۋ ئىنجىنمە ،
نىچ ئىتسۈن بۇلبۇلۇڭ سەرمايەسى ئەفغاندۇر ئەفغانسىز ،

* *

گۆڭۈلدەن گىتسە غەم ئول غەم بەلاسى بىر زەمان گىتمەز ،
بەلى بىر يىردە ئاتەش يانسا چوك دەملەر نىشان گىتمەز .
دىلى چوك ئودا ياقدۇڭ لۇتفى ئىدۈپ ئىنجىنمە ئاھۇمدەن ،
بىلۈرسىن گىتمەيىنجە خانەدەن ئاتەش دۇخان گىتمەز .
ياقىن ئولمىش دۇرۇر ئىشقۇڭدا بەن بىدىل ھەلاك ئولماق ،
ھەنۈز ئەي بىۋە فا گۆڭلۈڭدەكى ئول بەد گۇمان گىتمەز .
باڭا قان يۇتدۇرۇپ بۇلبۇل گىبى ئول گۇل گىبى ھەردەم ،
ئەلىندەن غۇنچە ۋەش جامى شەرابى ئەرغەۋان گىتمەز .
ئەلە بىر ئاشقۇڭ گۆڭلىن ئالۇر ھەر لەھزە ئول دىلبەر ،
بەنۈم يارۇم سىپاھدۇر ئەلىندەن بىر توغان گىتمەز .
سەنۈڭ گۇل رۇخلارۇڭ ۋەسفىندە بۇلبۇل گىبى ۋەسفىدەن ،
گۈن ئولماز گۇل گىبى ئەلدەن ئەلە بىر داستان گىتمەز .

* *

مەيگۈن لەبۇنۇڭ يادىنە ئەي ساقىئى مەھۋەش ،
سۈن نۇش ئىدەلۈم بىر ئىكى ساغەر مەيى بىغاش .
زاھىد سۆزىنى ئىشەدەچەك مەي ئىچەرەم كىم ،
سەرد ئولسە ھەۋا لابۇد ئولۇر خانەدە ئاتەش .

سىنەم دىلەرەم كىم ئۇلا يۈر ــ تىر نىگارا ،
يانۇڭدا نە زەۋق ئىندۈگىنى گۆرەلى تەركەش .
ئىشقۇڭ شەھىنە قونماغە نەق قاشى هەۋادىس ،
دىل خانەسىنى ئەيلەدى قان ئىلە مۇنەققەش .
ۋەسفى كى خاتۇڭ ۋەسفىنى تەشۋىش ئىلە يازدى .
ئەيب ئەيلەمە ، جانا ، گەر ئۇلا خەتتى مۇشەۋۋەش .

* *

رەشكى سەرۋۇ نارۋەن قەددى خىرامانۇڭ سەنۇڭ ،
غەيرەتى گۇلزارى جەننەت خەددى خەندانۇڭ سەنۇڭ .
قارشۇڭە بۇلبۇل گىبى ئۇششاقى نالان ئىتمەگە ،
پۇردۇر ئەۋراقى گۇلى تەردەن گۇلىستانۇڭ سەنۇڭ .
مەستى ئىشقام تۇيمىشام ئەسرارى هۈسنۈڭدەن خابەر ،
ئۇلمشام ئاشۇفتەۋۇ شەيدا ۋۇ هەيرانۇڭ سەنۇڭ .
گەر ئۆلۈرسەم دەرد ئىلە هەجرۈڭ بەيابانىندا بەن ،
تا قىيامەت دوستۇم دەستۈمدە دەمانۇڭ سەنۇڭ .
مىهنەتى هەجرۈڭدە كافىرلەر ئەسىر گەرلەر بەنى ،
ئاخىر ئەي مەه يوقمىدۇر بىر زەررە ئىمانۇڭ سەنۇڭ .
مىهر ئىلە گۆڭلۈم ئالۇپ قەهر ئىلە ئۆلدۈردۈڭ بەنى ،
قانى ئا زالىم بىزۈملە ئەهدۇ پەيمانۇڭ سەنۇڭ .
ۋەسفىيا ، شىرۈڭ چۈن ئۇل مەهرۇ يا تەسىر ئەيلەمەز ،
ئۇدا يانسۇن دەفتەرۇ تومارۇ دىۋانۇڭ سەنۇڭ .

* *

ئالەمى ۋەهدەت مەيىندەن جۇملە مەدهۇش ئەيلەدۈڭ ،
بەندەنى بىر جۇرئەدان ىچۈن فەرامۇش ئەيلەدۈڭ .
خەلقى بى هىممەت مەرىزى فەقر ئىدى لۇتف ئەيلەيۈپ ،
ئاڭلارا ۋىردۈڭ غىنا شەربەتلەرىن نۇش ئەيلەدۈڭ .
ئاشىنا گىبى بەنى ياد ئەيلەمەز ئۇلدۈڭ دەرىغ ،
هەققۇمە بەگزەزە دۈلار سۆزلەرىن گۇش ئەيلەدۈڭ .
ئەي باڭا هىممەت مەيىندەن مەست ئۇلان تان ئىتمەكىم ،
نۇشى جان ئۇلسۇن ساڭا چۈن ئۇل مەيى نۇش ئەيلەدۈڭ .
بۇ نە هىكمەتدۇر كى ئۇل هىممەت مەيىندەن ، ۋەسفىيا ،
خەلق ئىچۈپ جۇش ئەيلەمەز سەن ئىچمەدىن جۇش ئەيلەدۈڭ .

* *

نەزەر قىل كىم نىچە رەۋشەن قىلىپدۇر يىنە باغى گۇل ،
سەنەسىن گۇلشەنۇڭ ئۇلمىش دۇرۇر رەۋشەن چەراغى گۇل .
مەھەببەت مەيلەرىن نۇش ئىتمەك ئىچۇن ئەندەلىبى مەست ،
ئەلىندە گۇيىيا ئالمىش دۇرۇر لەئلىن ئاياغى گۇل .
بۇ چاغى غافىل ئولمە خوش گەچۇر ئەي بۇلبۇلى شەيدا ،
كى يىل بىر ئۇمردۇر بىر يىل گەرەك بۇلا بۇ چاغى گۇل .
بۇ دەملەر خوش دەم ئولسۇن ئول كى بىر مەھبۇبى سەيد ئىدۇپ ،
گەلۇپ يانىندە ياتدۇغىنچە يۇر ئولا ياتاغى گۇل .
شەراب ئىچمەك ياساغ ئولمىش دۇرۇر قادىلەرە ۋەسفى ،
ئەجەبدۇر گەر ساڭا يۇز ۋىرمەز ئىسە ئول ياساغى گۇل .

* *

ئەگەرچى ۋادەلەر ئىدۇپ باڭا ئىندۇك ۋەفا ئۇمرۇم ،
ۋەلى قورقۇم بۇ كول ئاھدە بەنۇم ئىتمەز ۋەفا ئۇمرۇم .
شەھا سەندەن مى ئۆغرەندى كى بىرلەھزە قەرار ئىتمەز ،
گەلۇپ گەچدۇكچە جەۋر ئىلە گەچەر بۇ بىبەقا ئۇمرۇم .
ئەگەر خاك ئولا بۇ جىسمۇم مەزارۇمدەن گۇزەر قىلساك ،
ھەۋايى مىھرى شەۋقۇڭلە دىيەم : « ھا مەرھەبا ئۇمرۇم . »
جەفا ۋۇ جەۋر ئىلە گەچدۇك چۇبەندەن رەھم ئىدۇپ بارى ،
نە ھال ئىلە قالۇرۋەن بىر نەزەرقىل سەن باڭا ئۇمرۇم .
چۇ سەندەن گەچدى ئول مەھ ، ۋەسفىيا ، ئاھ ئىلە گەچ دايىم ،
كىمۇڭ كىم ئۇمرى گەچسە دىر ئۆلىنچە ھەسرەتا ئۇمرۇم .

* *

دەرىغۇ دەردكــى ئارامى جاندەن ئايرىلدۇم ،
فىغان كى بۇلبۇل ئىدۇم گۇلستاندەن ئايرىلدۇم .
يىرى دۇرۇر يانايىن دۇزەخى فىراق ئىچرە ،
چۇ ئىختىيار ئىلە ھۇرى جىناندەن ئايرىلدۇم .
جىھاندا شۇ گىبى تاشلارلا دۆگىنۇپ يۇرىيەم ،
چۇ بەن ئانۇڭ گىبى سەرۋى رەۋاندەن ئايرىلدۇم .
بۇ خەلق ھالۇمى بىلمەز بەنۇم فىراق ئىچدە ،
نىدەم كى دىل دىمەزەم كىم فۇلاندەن ئايرىلدۇم .

نه یرده ئستهیهیىن خهسته گۆڭلۈمی ۋەسفی ،
نه قىلایىن ىىدەیىن دىلستاندەن ئایرىلدۇم .

* *

ئاهکم بۇ چەشمی گریان ئاقىدۇپ سەیلابی غەم ،
چەرخ گىبی دىلدە دایم دەۋر ئىدەر دۆلابی غەم .
بىر مەۋەددەت نامە گەلدی ئىشقدەن گۆڭلۈمە كىم ،
غۇسسەدۇر سەرنامەسی ئۇنۋان ئانا ئەلقابی غەم .
مەسكەن ئىتدی ئەقلۇ جانۇ دىل فىراقۇك كۈنچىسی ،
مىهنەت ئابادی بەلایی تەڭدۇرۇر ئەربابی غەم .
ئۇل كىتابی نازدەن بىر فەسل ئوقۇر ئۇشاقلار ،
دەردی دىل شەرهىندەن ئایدۇرلار رەۋان يۈز بابی غەم .
زۈلفی سەۋداسىن ئىدەن كەسسۈن ئۈمىدی ۋەسفی كىم ،
شادمان ئولۇرمی بەند ئىتسە دىلی قۇللابی غەم .

* *

مىهرۈڭله ئەگەر خاك ئولا بۇ سىنەئی چاكۇم ،
تا هەشرە دەگىن بۇیی مەهەببەت ۋىرە خاكۇم .
ئۆلدۈربەنی كىم شول قەدەرەم دەردۇ غەمۈڭله ،
یانۇمدە هە یاتۇم دۇرۇر ئەي دوست هەلاكۇم .
باكۇم بۇ ئىدی كىم بەنی ئۆلدۈرمەیە چەشمۈك ،
چۈن چەشمۈڭی گۆردۇم سەنەما قالمادی باكۇم .
مىهرۈمدەن ئانۇك هەر تەرەفىن لالە زار ئىتدۇم ،
سەن پاكە نەزەر قىلدۇغچۈن دیدەئی پاكۇم .
گەرخەتتی هەۋاسیلە تەنۇم خاك ئولا ۋەسفی ،
تا هەشرە دەگىن مىهرگیا بىتۆرە خاكۇم .

* *

گۆشەئی مەیخانە جەننەت یار هۇرۇمدۇر بەنۇم ،
جەننەتو هۇر ئىستەمەك غەیری قۇسۇرۇمدۇر بەنۇم .
ساقیا ، لەئلۈن شەرابىندەن بەنی بىهۇش قىل ،
ئالەمی بىخۇشلۇق زىرا هۇزۇرۇمدۇر بەنۇم .
دەردی باری هەجرۈڭی كىم كەه ئولۇرگەر چەكسە كۆه ،
بۆنچەزەف ئىلە چەكەن جانی سەبۇرۇمدۇر بەنۇم .

ساقىيا ، مەي سۇن كى بەن دۇنيايە مەغرۇر ئولمازام ،
هەر مەتائى كىم جىهان ۋىرۇر غۇرۇرۇمدۇر بەنۇم .
ۋەسفىيا ، كىم جامەئى ئەشئارى چاك ئىتسەم گەرەك ،
گەرچى كىم ئالەمدە ئەشئارۇم زۇهۇرۇمدۇر بەنۇم .

* *

يارالۇ سىنەم بەنۇم ئول تىغى ئاتەش ـ تابدەن ،
خاكدۇر گۇياكى يىر يىر چاك ئولۇر سەيلابدەن .
باگا رەهم ئىتدۇك گۆرۇپ سىنەمدە تىرۇك زەخمىنى ،
دىيدەئى بەختۇم بەنۇم گۇيا ئۇياندى خابدەن .
سەجدە ئىتمەكدەن هىلال ـ ئەبرۇلار ، ئەي مەه ، قاشۇگە ،
كەئبەئى كۇيۇگدا پۇردۇر هەر تەرەف مىهرابدەن .
رۇزە دۇر كافىر گۆزۇك قان ئىچمەسۇن دىدۇم ، دىدى ،
رۇزەسى كافىرلەرۇك سىنماز شەرابى نابدەن .
گۇيياكىم شەمئدۇر سىنەمدە هەر تىرۇك سەنۇك ،
ئاتەشى ئىشقۇگلە سىنەم ئىچرە ئولان تابدەن .
لەۋهى ئەشئارۇگدە ۋەسفى زىينەتى جەدۋەل يىتەر ،
جۇيلار كولۇر رەۋان بۇ چەشمى پۇر ـ خۇنابدەن .
ئارزۇيى جەمئ لالۇگلە بۇ خۇنىن دىل گىبى ،
ئىچى قان تولدى سۇراهىنۇك شەرابى نابدەن .

* *

نەدۇر ئەي دوست رۇخۇك ئۆزرە بىتەن تازە چەمەن ،
كىم گۆرۇپدۇر كى چەمەن بىتۆرە گۇل ـ بەرگى سەمەن .
باغى سىنەم تولۇ تىرۇگلە نىهال ئەيلەيەين ،
بۇ دۇرۇر شىمدىكى دەمدە هەلە گۆگلۆمدە بىتەن .
سەرى كويۇگدەن يىراغ ئولماز ئىسەم ئىنجىنمە ،
پاي بەند ئولدى باگا نەيلەيەين هۇببى ۋەتەن .
شەمۇك ئەي مەه بۇگىچە باشىنە ئودلەر ياقايىن ،
دىل ئۇزاندى ساگا مەجلىسدە يا ئول ئۆلە يابەن .
غۇنچەئى لەئلەيى داغىيلە نە دەملەكى گۆرەم ،
ئال ۋەلايە سارىلمش سانۇرەم مۇشكى خۇتەن .
گىتدى دەردە نىدەيىن تەۋبەيە هىچ سەبر ئولامى ،
تەبئى ۋەسفى ئولا ۋۇ فەسلى گۇلى تەۋبە ـ شىكەن .

*  *

گەر سورارساڭ لۇتنى ئىدۆپ بىر گۆن ئەگەر بەن خاكدەن ،
رىفئەتى قەدرۆم يۆجەلدۆردۆڭ بەنۆم ئەفلاكدەن .
ھاسىلۇم خارجۇم سورارساڭ ھاسىلۇم غەمدۆر ۋەلى ،
سەيللەر خارج ئىدەرەم بۇ دىيدەئى غەمناكدەن .
زەھر مارى فەقردەن ئۆلدۆرمەدىن بەن بەندەگى ،
لۇتنى ئىت ئىنئام ئەيلە شول ھىممەت دىيەن ترياكدەن .
بىنى بۇ ناپاكلەردەن لۇتنى ئىدۆپ ئەيلە خەلاس ،
شول ئۇمىدۇڭ ھەققى كىم ۋاردۇر خۇدايى پاكدەن .
ۋەسفىنۇڭ ھالى پەرىشانىنى سورمازساڭ نى لا ،
ئادەمە غەملەرگەلۆر سۆيلەنسە بىر غەمناكدەن .

*  *

ئاھ كىم باڭا نەسىب ئولمىش جەفا مەھبۇبدەن ،
گەچدى ئۇمرۇم گۆرمەدۆم بىردەم ۋەفا مەھبۇبدەن .
ئىدەمەزۋەن تا قىيامەت گەر ئىدەر ئولسام بەيان ،
شول قەدەر چەكدۆم جەفا بەن مۇبتەلا مەھبۇبدەن .
گەرچى كىم بىداد ئولان بىلمەز بەنۇم ھالۇم ۋەلى ،
بەن نە مىھنەت چەكدۆگۆم بىلۆر خۇدا مەھبۇبدەن .
ھەرگىجە تا سۇبھ ئولىنجە نەي گىبى ئەفغان ئىدۆپ ،
ئىڭلەرەم دەرد ئىلە كىم دۆشدۆم جۆدا مەھبۇبدەن .
بۇ دىلى بىمارە ئەم سوردۇم تەبىبى ئىشقدەن ،
دىدى كىم ۋەسفى ئولۇر ساڭا دەۋا مەھبۇبدەن .

*  *

دىدۇم زۇلفۆڭدەن ئىستەر بۇ گۆڭۆل بۇ ،
دىدى خىشم ئىلە ھالۇڭ بىل نەدۆر بۇ .
دىدۇم قارشۇ يۆزۆڭ گۆرسەم ، دىدى كىم ،
نە سۆزدۆر بۇ كى دىرسىن باڭا قارشۇ .
ئۇ يۇمازسام شەبى فۆرقەتدە تاڭ مى ،
گۆزە كورخۇلۇ يىردە گەلمەز ئۇيقۇ .

دۆشەرسە پايۇڭە ئىنجىنمە ئەشكۆم ،
نىچە سەرۋ ئاياغىنە يۆز سۆرەر سۇ .
نى ئولا دىترەرسە خەددۆڭ ئۆزرە زۇلفۇڭ ،
شەھا ئاتەشدە ئولۇر مۇزتەرىب مۇ .
ئەسىر ئولالى ئول ئاھۇيە ۋەسفى ،
سورار ئىردۆگىنە كىم قانى ئاھ ئۇ .

* *

هال كىم قونمش دۇرۇر لەئلى لەبى جانا نۇمە ،
بىر مەكەسدۇر كىم بەنۇم قەسد ئەيلەمشدۇر جانۇمە .
هەم ـ دەمۇم سايەم دۇرۇر غەم گۇنلەرىندە ئول دەخى ،
ئوقۇمازسام مۇم ئىلە ئەي ماھ گەلمەز يانۇمە .
دىگلە نالەم هالۇمى بىلمەك دىلەرسەڭ دوستۇم ،
نىدۇگۇم بىلمەز بەنۇم گۇش ئۇرمايان ئەفغانۇمە .
سۆزلەرۇم سۇزىندەن ئولمشدۇر خەتى شىئرۇم سىيەھ ،
گەل ئىنانمازساڭ نەزەر قىل دەفتەرۇ دىۋانۇ مە .
چۇن ئەجەل دەردىنە يوقدۇر چارە لۇتف ئىت ، ئەي تەبىب ،
خەستەئى ئىشقەم بەنۇم ساي ئەيلەمە دەرمانۇمە .
تىرى غەمزەڭ قەسد ئىدەرمش كىم گەلۇپ قانۇم دۆكە ،
قانلۇ ئولۇر گىرمە سۇن لۇتف ئىتسۇن ، ئەي مەھ ، قانۇمە .
ۋەسفىيا ، بەن ئەندەلىبى گۇلشەنى فىردەۋس ئىكەن ،
هەيف بۇ خاكى قەفەسدە تەبئى خۇش ـ ئەل ـ هانۇمە .

* *

ئاھ كىم هەجرۇگدە بەن بىدىل دۇشەلدەن غەملەرە ،
ئاهۇمۇ ئەشكۇم بەنى فاش ئەيلەدى ئالەملەرە .
قانۇمى دۆكمەك دىلەرمش دوستلار دىلبەر بەنۇم ،
هىممەت ئەيلەڭ كىم بەنى هەق ئىرگۇرە ئول دەملەرە .
ئەكسى لەئلۇڭ ئولسە يەگدۇر چەشمى پۇر ـ خۇنۇمدە كىم ،
مۇئتەبەر ئولۇر نىگىن لەئل ئولىجاق خاتەملەرە .
سىنەمى چاك ئەيلە كىم رەھم ئىدەسىن بەن خەستەيە ،
زەهمى ئولمايان بەدەن لايىق دەگۇل مەرهەملەرە .
ئالەمى ئىشق ئىچرە جان ۋىردۇكسە ۋەسفى غەم دەگۇل ،
نىچەلەر جانلەر ۋىرۇپ ئىرمەزلەر ئول ئالەملەرە .

* *

زۇلفى پۇر ـ چىنۇڭ كى چىن ئىتمش ئۆزىن كىن ئۇستىنە ،
ئەي سەنەم ، كىن ئۇستىنە ئولسۇن يا خود دىن ئۇستىنە .
دىدى نەقش ئىت سۇرەتى نەئلى سەمەندۇم جىسمۇگە ،
دىدۇم ئەي مەھ نەقش ئىدەم چەشمى جىهان ـ بىن ئۇستىنە .

يىللەر ئەسدۇرمەز رۇخۇڭ ئۇستىنە ئەي دىلبەر ساچۇڭ ،
هەرقاچان كىم يىل ئەسە دىترەر ئو مىسكىن ئۇستىنە .
نې ئولا گەر زۇلفۇڭ يىرى ئولۇرسە ، جانا ، رۇخلارۇڭ ،
نۇر ئولۇر ئانۇڭ يىرى كىم سەر ۋىرە دىن ئۇستىنە .
هەي نىچە تۇركى كەماندار ئولۇر ، ئەي مەهرۇ ، گۆزۇڭ ،
كىم كەمان قۇر دايىما ياندۇقچە بالىن ئۇستىنە .
ئەي گۆڭۈل بۇ تاسى گەردۇن ئىلە پەرۋىن سەنەسىن ،
ئابا بەڭزەر كىم قونۇر بىر دەستە نەسرىن ئۇستىنە .
ئۆلدى ۋەسفى دەرد ئىلە گەل لۇتف ئىدۇپ سىنىنە سۆگ ،
كىم دۇئا ئىتمەك ، شەها ، ئادەت دۇرۇر سىن ئۇستىنە .

* *

گۆردۇم چۇ قارا زۇلفۇڭى ئول ئاغ ئاراسىندە ،
سەيد ئولدى گۆڭۈل مۇرغى قالۇپ ئاغ ئاراسىندە .
گۆرۇپ يۈزۈڭى زۇلفۇڭە باغلا نالى گۆڭلۇم ،
بۇلبۇل گىبى فەرياد ئىدەرەم باغ ئاراسىندە .
دىل مۇرغى سەنى گۆرمەسە پەرۋاز ئىدە جانا ،
بىر لەهزە قەرار ئىتمەيە ئۇچماغ ئاراسىندە .
قەسد ئەيلەدى ئىرماغە قاپۇڭدەن بەنى ئەغيار ،
سەيىل ئىتدى گۆزۈم ياشىن ئول ئىرماغ ئاراسىندە .
شول دەڭلۇ دىلى ۋەسفىيە داغ ئۇردى غەمۇڭ كىم ،
دىۋانە گىبى شىمدى يۈرۈر تاغ ئاراسىندە .

* *

ئەگەر ئولسە گۈزەللەر تازە تازە ،
دىر ئىدۇم خوش غەزەللەر تازە تازە .
غەمى هەجر ئىلە بەن بۇلبۇل گىبى زار ،
دىكەنلەر گۇللار ئەيلەر تازە تازە .
سۇلار ئانۇڭ گىبى گۇللاركى دايىم ،
ئەل ئۇرا ئانا ئىللەر تازە تازە .
رۇخۇڭ فىكرىن ئىدەركەن باڭا زۇلفۇڭ ،
ۋىرۇر تۇلى ئەمەللەر تازە تازە .
شەها ۋەسفى سەنۇڭ مەدهۇڭدە دايىم ،
دىسۇن قەۋلى غەزەللەر تازە تازە .

* *

نەيلەيەم ئول گۇلشەنى هۇسنۇڭ گۇلى خەندانىنى ،
دىڭلەمەز بەن بۇلبۇلى شۇرىدەنۇڭ ئەفغانىنى .

يارى ئارتۇق ساقلارەم ئەغياردەن ھەجرىندە كىم ،
مۇمىنۇڭ شەيتان ئۆلۇم ۋەقتىندە ئالۇر ئىمانىنى .
سەنكى بىر جەرراھدۇر غەمزەڭ كى گەلمىش سىنەمە ،
ھەر يانا يارۇپ ئارار دەرد ئوقلارى پەيكانىنى .
تىرىگۈڭ زەخمىن گۆرۇپ جان قاچسا زەخمۇمدەن نولا ،
نەيلەسۇن مەھبۇس ئولان چۈن دەلدىلەر زىندانىنى .
ئول سەنەم جەۋرۇ جەفا مەجمۇئەسىن ئەزبەر ئوقۇر ،
سۆيلەسەڭ بىلمەزگەچەر مىھرۇ ۋەفا دەستانىنى .
پەھلەۋانىسن دوستۇم تىغى جەفا سالماقدە كىم ،
قانلۇ ياشلارلا پۇر ئىتدۈن سىنەمۇڭ مەيدانىنى .
غەم ئەلىندەن ئۇمارام ئولا گىرىبانۇم خەلاس ،
تۇتدى چۈن دەستى ئۈمىدۈم ھىممەتۇڭ دامانىنى .
زۇلفۇڭ ئەۋسافىندا ۋەسفى بىر غەزەل يازمىش يىنە ،
تازە سۇنبۇللارلە تەزيىن ئەيلەمىش دىۋانىنى .

* *

دىڭلەمەزسىن بۇلبۇل شۇرىدەگەم فەريادۇمى ،
ئەي گۇلى رەنا بەنۇم سەندەن كىم ئالا دادۇمى .
لالى شىرىنۇڭ گۆرۇپ شەككەر ئەزىلمىش قارشۇگە ،
بەن مەگەر ، جانا ،ئۆلەم كەلمەيەم ئاندەن دادۇمى .
شول قەدەر ھەجرۇگدە مەنۇ سام غەمى دەردۆگلە كىم ،
شىمدى غەم ئەگلەر ئولۇپدۇر بۇ دىلى نا ـ شادۇمى .
ھۆسن ئىلى سۇلتانى ئولمىشسىن مۇبارەك باد ئىچۈن ،
بادى گۆندەردۈم قەبۇل ئىت ئول مۇبارەك بادۇمى .
بەھرى شىرۇملە جىھان پۇر ئولا ۋەسفۇڭ گەۋھەرى ،
گەر بەنۇم ۋەسفى دىيۇ بىر كەز ئاگارساڭ ئادۇمى .

* *

ياندى دىل شەمئى رۇخۇڭ شەۋقىنە پەرۋانە گىبى ،
جان دەخى ئىتدى ھەۋەس ئاھ كودا يانە گىبى .
ئىستەدۈم ئالەمى مەيگۈن لەبۆگۈڭ شەۋقىيلە ،
بۇلمادۇم بىر دىلى سافى باگا پەيمانە گىبى .
دىلبەرا ، زۇلفى پەرىشانۇگە ئەل ئۇرماغ ئىچۈن ،
دەستى قۇدرەت ئەلۇمى قىلدى بەنۇم شانە گىبى .

يىر ئىدىنسە بۇيىقۇق گۆڭلۇمى غەمزەڭ نە ئەجەب ،
دۇزد ئولان كىشىيە يىر ئولمايا ۋەيرانە گىبى ،
ۋەسفىيا ، زاهىد ئەگەر مەسجىدە يول ۋىرمەزسە ،
يۇرى مەيخانەيە يىر يوق ساڭا مەيخانە گىبى .

* *

پادىشاهى بەهرۇ بەر شەه بايەزىدى شىردىل ،
كىم هەزاران فەزلى ۋار دارا ۋۇ كابۇس ئۇستىنە .
ياپدى بىر كىشۋەر گۇشا فۇلكى فەلەك سىمايى كىم ،
دۇشدى ئاندەن لەرزەلەر ئەربابى ناقۇس ئۇستىنە .
فىكر ئىدەركەن كىم بۇ ئەجدەر هايى شاهى نىك ــ بەخت ،
گۆندەرۇر غالىب فىرەنگىستانە يا رۇس ئۇستىنە .
بىر سىروسى ماهى پەيكەر باڭا ئىلهام ئەيلەيۇپ ،
دىدى تارىخى لەتىفىن چاق رودۇس ئۇستىنە .

* *

سەرۋەرا هەققۇمە ئەدا سۆزىنى گۇش ئىتمە ،
بەندەڭى خەير ئىلە ياد ئەيلە فەرامۇش ئىتمە .
هىممەتۇڭ گۇلشەنىنۇڭ گۇللەرىدۇر ئانى دىرۇر ،
مىدهەتۇڭ بۇلبۇلىدۇر ۋەسفىيى خامۇش ئىتمە .

* *

ئۆمرۇم ئولدۇكچە گۇزەل سەۋمەيەيىن دىردۇم لىك ،
نىدەيىن بۇ دىلى شەيدا بەنى يالان ئىتدى .
يىنە بىر شۇخى جەفا پىشە گۇزەل جانانۇڭ ،
ئۇغرىن ئۇغرىن باقىشى گۆڭلۇمى ۋەيران ئىتدى .

* *

ۋەسفىئى بەندەئى هەقىرۇڭ ئىچۇن ،
ئۆلدى دىيۇ رىۋايەت ئىتمىشلەر ،
غالىبا ئۆلمەدى هۇزۇرۇڭدا ،
هەيرەتىندەن كىنايەت ئىتمىشلەر .
گۇندە بىڭ كەررە ئۆلدۇگىنى گۆرۇپ ،
بىڭدە بىرىن رىۋايەت ئىتمىشلەر .

## ۋەسفى ۋە ئۇنىڭ «دىۋانى ۋەسفى» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا

تۈرك كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ۋەسفىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى ھەققىدە خېلى كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولغان ئاشىق چەلەبىنىڭ مەلۇمات بېرىشىگە قارىغاندا، ۋەسفى ئوسمانلى ھۆكۈمرانلىرىدىن سۇلتان بايەزىد II (1448 ـــ 1512) دەۋرىدە شۆھرەت قازانغان شائىرلارنىڭ بىرىدۇر.

ۋەسفىنىڭ ھاياتى توغرىلىق تەپسىلىي ۋە كەڭرى مەلۇمات يوق. شۇنداقتىمۇ بۇ ھەقتە بەزى ئىشەنچىلىك مەلۇماتلارنى سۇلتان بايەزىد II زامانىدا ئۇنىڭ بىلەن زاماندىش بولۇپ ياشىغان شائىرلاردىن سەھى بەي، رىيازى، ئاشىق چەلەبى، لەتىفى قاتارلىقلار بېرىدۇ.

يۇقىرىقى شائىرلار يازغان تەزكىرە ۋە بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ۋەسفى ئاناتولى يېرىم ئارىلىدىكى سەرەز (بۈرۈنقى نامى سىرروز) نىڭ يېنىدىكى «تۆمۈر ھىسار» دېگەن جايدىن بولۇپ، شۇ يەردە قازىلىق مەنسىپىدە بولغان، ئۇنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ قاچان ۋاپات بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ بايەزىد II گە بېغىشلاپ قەسىدىلەر يازغانلىقىغا ۋە بۇ دەۋردە ۋەزىرلىك مەنسىپىدە بولغان ئەلى پاشا (مىلادى 1511 ـ يىلى ئۆلگەن) نىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنلىكىگە قاراپ ئۇنىڭ 15 ـ ئەسىرنىڭ 2 ـ يېرىمىدا تۇغۇلۇپ، سۇلتان بايەزىد II گە زاماندىش بولۇپ ھايات كەچۈرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن، يەنە ئۇنىڭ سۇلتان بايەزىد II دىن كېيىنكى ھۆكۈمران سۇلتان سەلىم I (1470 ـــ 1520) نىڭ ئوردىسىدا ۋەزىرلىك مەنسىپىدە بولغان جەپەر چەلەبى (مىلادى 1515 ـ يىلى ئۆلگەن) دىن قازىلىق مەنسىپىنى ئاتا قىلىشنى سوراپ شېئىر يازغانلىقىغا ھەمدە بۇ دەۋردە سەدر ئەزەم (ئوسمان پادىشاھلىقى زامانىدىكى باش مىنىستىر) لىك مەنسىپىدە بولغان مۇستاپا پاشاغا بېغىشلاپ قەسىدىلەر سوۋغا قىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇنى سۇلتان سەلىم I دەۋرىنىڭ باشلىرىدىمۇ ھايات كۆچۈرگەن دەپ مۆلچەرلەش ئەقىلغا سىغىدۇ.

شائىرنىڭ زامانىدىشى ئاشىق چەلەبىنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ شائىرلىق ئۇستاتىنىڭ يېتىلىشىدە ئۆز زامانىسىنىڭ مەشھۇر شائىرى مەسىھى (مىلادى 1513 ـ يىلى ئۆلگەن) نىڭ تەسىرى زور بولغان. ۋەسفىنىڭ مەسىھى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئاشىق چەلەبىنىڭ: «مەسىھى بىلەن دايىما ھەمدەم ۋە ھەمنەپەس، زامان ھادىسىلىرىدە ئىككىسى بىللە، مەرتىۋەتتە تەلەپكار ۋە تولىمۇ ھەۋەسمەن ئىدى»، «مەرھۇم مەسىھى بىلەن ھەمدەم ۋە ھەمنەپەس بولغاچقا، كامالەت ۋە مەرتىۋەتتە يېتىلگەن ئىدى» دەپ يازغانلىقى ۋەسفىنىڭ مەسىھى بىلەن قويۇق دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە ئۆتكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ شائىرلىق ھاياتىدا مەسىھىنىڭ تەسىرى زور بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈشكە ئىمكان بېرىدۇ.

ۋەسفى ھەققىدىكى خاتىرىلەر ۋە شائىرنىڭ دىۋانىدىكى قەسىدىلەر بىلەن بەزى غەزەللەر ئۇنىڭ ئوردا كىشىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئا-

شىق چەلەبى ۋەسفىنىڭ بايەزىد II دەۋرىدە ۋەزىر بولغان ئەلى پاشانىڭ ئىنئامىغا ئېرىشكەنلىكىنى يېزىپ كېلىپ « ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنى سىرروزغا قازى قىلدى ، شاھانە ياخشىلىقى بىلەن رازى قىلدى » . بۇ ئۇچۇرنى لەتىفى قالدۇرغان خاتىرىلەردىمۇ كۆرۈش مۇمكىن . ئۇنىڭدىن تاشقىرى شائىرنىڭ بايەزىد II گە ، ۋەزىر ئەلى پاشاغا ، تاجزادە جەپەر چەلەبىگە ، باش ۋەزىر مۇستاپا پاشاغا ( مىلادى 1512 ـ يىلى ئۆلگەن ) بېغىشلاپ قەسىدىلەر سوۋغا قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ ئوردا كىشىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دەلىل بولىدۇ . بۇلاردىن ئەلى پاشاغا بېغىشلانغان بىر قەسىدىدىكى تۆۋەندىكى مىسرالار ۋەكىللىك خاراكتېرىغا ئىگە :

سەد ھەزار ئۆلمىش دۇرۇر گەرچى نەۋايى دەۋلەتۇن ،
گۈلشەنى ۋەسفۇندە ۋەسفى گىبى ئولمايە ھەزار .
نەسەنۇن گىبى جىھان ئىچىندە بىر مەمدۇھ ۋار ،
نە ئانۇن گىبى گۆرۈز مەدداھ چەشمى روزگار .
گەرچى كىم بىر خاكدۇر نەزمىنە ئىززەت ئەيلەكىم ،
مىدھەتۇڭدە گۆر نە جەۋھەرلەر ۋىرۇر بىر خاكى خار .

مەزمۇنى : گەرچە سېنىڭ دەۋلىتىڭنىڭ ناۋاسى يۈزمىڭ ھەسسە ئۈستۈن بولسىمۇ ، سېنىڭ سۈپەتلىرىڭنىڭ گۈلشەنىدە ۋەسفى قىلغان ناۋاغا يەتمەيدۇ . ئالەمدە ساڭا ئوخشاش بىر مەدەتكار يوق ، ۋەسفىگە ئوخشاش مەدھىلىگۈچىمۇ يوق . ۋەسفى گەرچە توپىغا ئوخشاش ئەرزىمەس بىر كىشى بولسىمۇ ، بۇ توپىدىن قانداق گۆھەرلەرنىڭ چېچىلىۋاتقانلىقىغا نەزەر سالغىن .

شائىر ۋەسفىنىڭ زاماندىشلىرىدىن ئابدۇرەھمان چەلەبى ، ھاجى ھەسەنزادە ، كامال پاشازادە ، جەپەر چەلەبى ، نەجاتى قاتارلىق شائىرلار بايەزىد II نىڭ بىر پارسى غەزىلىگە نەزىرە يازغاندا ئۇمۇ قوشۇلۇپ نەزىرە يازغانلىقىمۇ بىزنىڭ يۇقىرىقى مۆلچەرىمىزنى دەلىللەيدۇ .

شائىر ۋەسفى گەرچە ئوردا كىشىلىرىگە يېقىن بولۇپ ، قازىلىق مەنسىپىدە بولغان بولسىمۇ ، ئەمما مال ـ دۇنياغا ھېرىس بولماي ، ئۆزىنى پاك تۇتۇپ ئۆتكەن شائىرلارنىڭ بىرىدۇر . بۇ ھەقتە سەھى بەيىنىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈش ھاجەتسىز ئەمەس : « [ ئۇ ] زامانە قازىلىرىغا ئوخشاش دۇنيا پەرەست ئەمەس ئىدى ، ئاقچا ۋە ئالتۇن جىنسىدىكى نەرسىلەرگە مۇھەببىتى يوق ئىدى ، ھەتتا قولىغىمۇ ئېلىپ قويماس ئىدى ، پاكلىقتا مايىل ۋە ئاللا يولىغا ۋاسىل ئىدى ... » شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ھاياتى ئەينى دەۋر ئەمەلدارلىرىغا ئوخشاش باياشادلىقتا ئۆتمىگەن . ھەتتا زىنداندا يېتىش قىسمەتلىرىگىمۇ دۇچار بولغان . بۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە ئۇنىڭ « بەنى » ( مېنى ) رەدىفلىك غەزىلىدىن ئىككى مىسرا كەلتۈرۈش كۇپايە :

گۆردىلەر شەيدالىغىم ئىشقىندە زىندان ئىتتىلەر ،
سىينەسىندە جانى گىبى ساقلادى زىندان بەنى .

مەزمۇنى : ئۇنىڭ ئىشقىدا شەيدا بولغىنىمنى كۆرۈپ مېنى زىندانغا تاشلىدى . زىندان بولسا مېنى گويا يۈرىكىدىكى جېنىغا ئوخشاش ساقلىدى .

شائىر ۋەسفىنىڭ ئاخىرقى ھاياتى ھەققىدە ئىشەنچلىك مەلۇماتلار يوق . لېكىن سەھى بەيىنىڭ ئۇچۇر بېرىشىگە قارىغاندا ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرلىرىدا مالكارا دېگەن يەردە قازىلىق مەنسىپىدە بولۇپ ، شۇ يەردە ۋاپات بولغان .

شائىر ۋەسفى دىۋانىنىڭ « قاھىرە نۇسخىسى » ۋە « مانچېستىر نۇسخىسى » دىن ئىبارەت ئىككى نۇسخىسى ھازىرغىچە يېتىپ كەلگەن . ئەمما « بۇ نۇسخىلا شائىرنىڭ ھەممە ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان » دېگەن قاراشلارمۇ بار .

ۋەسفى شېئىرلىرى بىر قىسىم مەدھىيەلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، ئومۇمەن مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان بولۇپ ، ئۇنىڭدا ئاشىقانە تۇيغۇلارنىڭ كىشى يۈرىكىنى لەرزىگە سالىدىغان نازۇك سېزىملىرى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن . شائىر ئىنسان روھىيىتىدىكى ئادەتتىكى كىشىلەر سېزىشكە قادىر بولمىغان تۇيغۇ ـ سېزىملارنى پەيلاسوپلارچە نەزەر بىلەن كۆزىتىپ ، ئۇنى نەزم سەنئىتى ئېھتىياجلىق بولغان بارلىق بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئاجايىپ شېئىرى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن :

كۆكۈل فەرياد ئىلە ئەفغانلار ئەيلەر كۇيى جانانسۇز ،
سەنەسىز بۇلبۇلى شۇرىدەدۇر قالمىش گۇلىستانسۇز .

....................................

غەمۇڭ مېھمان سارايى ئولالى ھەجرۇڭدە دىل ، جانا ،
جىھاندا بىر گۈن ئولمازكىم ئولام بىرلەھز مېھمانسۇز .

....................................

گەلۈپ كۇيۇمدا ۋەسفى نالە ئەيلەر دېۋ ئىنجىنمە ،
نىچ ئىتسۇن بۇلبۇلۇڭ سەرمايەسى ئەفغاندۇر ئەفغانسۇز .

شائىر ۋەسفى شېئىرىيىتىگە لايىقىدا باھا بېرىشتە ئۇنىڭ زامانداشلىرىنىڭ تەرىپلىرىگە تايىنىش تولىمۇ ئادىللىقتۇر . ۋەسفى بىلەن يېقىن تونۇشلاردىن بولغان سەھى بەي ۋەسفىنى : « پەزىلەتلىك ئالىم ، كامالەتكە يەتكەن شائىر ، نەزم ئۇسلۇبىدا ئۇستۇن ، سۆز ۋادىسىدا يەككە يىگانە ، شېئىرىيەت يولىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولغان ، ئارزۇ بەھرىلىرىدە گۆھەر سۆزگۈچى ، غەزەللىرى ئىشق بىلەن يۇغۇرۇلغان ، بېيىتلىرى خىياللارنى ئويغاتقۇچى » دەپ سۈپەتلىسە ، لەتىفى ئۇنىڭ غەزەللىرىنى « شېرىن ۋە رەڭگىن ( رەڭدار ) ، يېقىملىق ۋە دىلنى يايراتقۇچى » دەپ تەرىپلەيدۇ ۋە ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ نادىر شائىرى نەجاتىنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تەڭ قاتاردا قويىدۇ .

خۇلاسە شۇكى ، ۋەسفى شېئىرلىرى تۇيغۇغا باي ، نازۇك پىكىرلەر بىلەن يوغۇرۇلغان ئاشىقانە شېئىرلار بولۇپ ، ئوقۇغان كىشىنىڭ يۈرىكىدە لەرزە پەيدا قىلغۇچى سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكى بىلەن كىتابخانلارنى ئۆزىگە تارتىدۇ .

# ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ترانسكرىپسىيلىك تېكىستىنى ئىشلەشتىكى بەزى يېڭىلىقلار

ئەسقەر ھۈسەيىن

ئەسىرلەر كۆمۈلۈپ ياتقان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ باي خەزىنىسى ئارقا ـ ئارقىدىن يورۇقلۇققا چىقىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، كلاسسىك ئەسەرلەرنى، بولۇپمۇ كلاسسىك شېئىرىيەتنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىش تولىمۇ مۇھىم بولۇپ قالدى. چۈنكى، ئەدەبىي مىراسلارنى قانداق ترانسكرىپسىيە قىلىش — مەلۇم بىر خەلق ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ھەربىر دەۋرلەردىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى توغرا چۈشىنىشكە؛ كلاسسىك ئاپتورلارنىڭ دۇنيا قارىشى، بەدىئىي ماھارىتى ۋە تىل ئۇسلۇبىنى توغرا تەتقىق قىلىشقا؛ ھەر قايسى دەۋر شۇ خەلق ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئالاھىدىلىكلىرىگە توغرا تەبىر بېرىشكە بىرىپ تاقىلىدىغان تەتقىقات خاراكتېرىدىكى مۇھىم خىزمەت بولۇپ، ئۇ تېكىست ئىشلىگۈچىلەردىن ئەستايىدىل بولۇشنى، يېڭىلىق قىلماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

بىزدە ئەدەبىي مىراسلارنى قېزىش، رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش ئىشى نىسبەتەن كېيىنرەك باشلانغاچقا ئەدەبىياتشۇناسلىقنىڭ ئۇلى بولغان تېكىستشۇناسلىقمۇ تېخى سەبى ھالەتتە تۇرماقتا.

ئەدەبىي مىراسلارنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىش يالغۇز ئاشۇ ئەسەر خاتىرىلەنگەن يېزىقنى قانداق بولسا، شۇنداق ئوقۇپ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى سىزىپ قويۇش بىلەن ئادا بولىدىغان، بەزى بىلمەسلەرنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا «كۆچۈرمىكەشلىك» بىلەن پۈتىدىغان ئاددىي ئىش ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەدەبىيات تەتقىقاتى تەركىبىدىكى ئەڭ مۇھىم ئىلمىي ئەمگەك. ئۇ تېكىستشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن ئىلمىي جەھەتتە ئەسەر خاتىرىلەنگەن يېزىقنى، تىلنى، شۇ دەۋر ئەدەبىياتىدىكى تۈر ۋە ژانىرلارنى ۋە ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى (شېئىر بولسا ۋەزن ۋە بەھرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى) بىلىشتىن تاشقىرى، باشقا تۈرلۈك پەنلەر (تارىخ، فولكلور، ئېتنولوگىيە، لوگىكا، گراماتىكا، ھەتتا تەبىئىي پەنلەر) بويىچە مەلۇم سەۋىيىگە ئىگە بولۇشنى، ئىستىل جەھەتتە سەممىي، ئەستايىدىل بولۇشنى كۈتىدۇ. قىسقىسى، تېكىستشۇناسلىق ئۆگىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئالاھىدە ئىلمىي قابىلىيەت بولۇپ، پۇختا ئۆگەنمەي، ئىنچىكە تەتقىق قىلماي تۇرۇپ، ھازىرقى زامان يېزىقى ئارقىلىق كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مىيىپ سۈرىتىنى سىزىپ قويغۇچى چولتا رەسساملار بىلەن، شۇنىڭدەك بىرەر ئەسەرنى تاسادىپىي يولۇقتۇرۇپ قېلىپلا، ئۇنى چالا ـ بۇلا ئېلان قىلىش ئارقىلىق باشقىلارنى خاتالار تۇپەيلى قايمۇقتۇرغۇچىلار بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

ھازىر كلاسسىك ئەدەبىيات سېپىگە قىزىقىش ۋە بىر دەملىك قىزغىنلىق بىلەن كىرىپ

كەلگەن بەزى يولداشلار كلاسسىك شېئىرلارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا ئۆزلىرى بىلمىگەن هالدا تۈرلۈك خاتالارغا يول قويماقتا. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا « قانداق ئوقۇلسا، شۇنداق كۆچۈرۈش » تىن باشقا نەرسە يوقتەك قىلىدۇ. قارىماققا بۇنى كەچۈرسە بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئىلمىي نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش بەكمۇ قىيىن. نېمىلا بولمىسۇن كىتابخانلار بۇ خىل خاتالىقلارنىڭ بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بايقىيالىسىمۇ، نېمە دېسە كىشىلەرنى ئىشەندۈرۈپ كېتەلەيدىغان بەزى نوپۇزلۇقلار يول قويغان خاتالارنى ئوڭاي بايقىۋالالمايدۇ، ياكى بايقاشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نەشرىياتتا بېسىلغانلىكى نەرسىلەرنىڭ هەممىسىگە «مۇتلەق شۇنداق » دېگەن قاراشتا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خاتا تېكىستلەر ئۇلارنىڭ مېڭىسىدە ئەسەرگە نىسبەتەن خاتا چۈشەنچە، ئاپتورغا نىسبەتەن خاتا باهانى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئويىدا « شۇنداق تالانتلىق شائىر ساۋاتسىز كىشىدەك چولتا مىسرالارنى يازغانمىدۇ ؟ » دېگەن سوئاللارنى قوزغايدۇ. ئۇلار بۇ سەۋەنلىكنى بىزنىڭ هېلىقى « تېكىستشۇناس » لىرىمىزنىڭ يەڭگىللىك تۇپەيلىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئويىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان بۇ خاتا تېكىستلەرنى تۈزىتىش، ئۇنى قايتىدىن نەشر قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، كلاسسىكلىرىمىزنىڭ بۇ قىممەتلىك ئەمگەكلىرى باشقىلار قولى سەۋەبكارلىقى بىلەن هەيمىناق هالەتتە كېيىنكىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەچكە، بەزى چاغلاردا بۇ ئەسەرلەر ئاشۇ خاتا تېكىستلەرگە ئاساسەن تەتقىق قىلىنىۋاتىدۇ، نەقىللەر خاتا پېتى كەلتۈرۈلۈۋاتىدۇ. بۇنداق ئەهۋاللار ئىلگىرى كۆپ كۆرۈلگەن. زۆرۈر تېپىلسا كۆپلەپ پاكىتلارنى كەلتۈرۈش مۇمكىن.

كلاسسىك مىراسلارنى توغرا ترانسكرىپسىيە قىلىش يەنە بىر جەهەتتىن ئالغاندا كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەمگىكىنى قەدىرلەش ۋە هۆرمەت قىلىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە داغ چۈشۈرۈپ قويماسلىق مەزمۇنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جەهەتتە بۇرۇنقىلار بىزدىن ئەستايىدىلراق بولغانىكەن. مۇنداق بىر ئىش هېلىمۇ يادىمدا: 8 ــ 9 ياش چاغلىرىم بولسا كېرەك. مەهەللە مەدرىسەسىدە بىر موللامدىن تەلىم ئالاتتىم. موللام بىزگە سوپى ئاللايار، هۇۋەيدا ۋە نەۋائىلارنىڭ غەزەللىرىنى يادلاتقۇزاتتى. هۇرۇنلۇقىمىز تۇپەيلى بىز ئۇ غەزەللەرنى يادلىماي كەلسەك، ئەتىسى ئۆزى ئېغىزچە سۆزمۇ سۆز ئۆگىنەتتى. بىر كۈنى ئۇ نەۋائىنىڭ:

ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل ــ كەئىسى ئەنۋارۇل ـ هۇدا،

يار ئەكسىن مەيدە كۆر دەپ، جامدىن چىقتى سەدا.

دېگەن بېيىت بىلەن باشلىنىدىغان بىر غەزىلىنى ئۆگەتتى. (كېيىنكى چاغدا بۇنىڭ نەۋائىنىڭ «خەزائىنۇل ـ مەئانى » سىدىكى 1 ـ غەزەل ئىكەنلىكىنى بىلدىم.) ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن بىزنى يادقا ئوقۇتتى. ئارىدىن بىر نەچچىمىز ئالدىنقى بېيىتتىكى «مىن » نى « مەن » دەپ، « كەئىسى » نى « كەلسە » دەپ خاتا ئوقۇپتۇق، بۇ چاغدا موللام مۇنداق ئوقۇغانلارنى ئالدىدا يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ، « چىلان يېگۈزۈش » ① جازاسى بېرىش بىلەن «مىن » بىلەن « كەئىسى » نىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىپ، شېئىرنى مەزمۇنەن خاتا

① چىلان يېگۈزۈش ــ ئۈستۈنكى كالپۇك بىلەن ئاستىنقى كالپۇكنى ئوڭ ۋە سول قول بىلەن بىرلا ۋاقىتتا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، قارمۇ قارشى يۆنىلىشتە چۆجۈش. بۇنى موللام « چىلان يېگۈزۈش » دەپ ئاتايتتى.

ئوقۇغانلىقىمىزنى ئەسكەرتكەنىدى. يەنە شۇنداق بىر ئىشنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش مۇمكىن:

بابا رەھىم مەشرەب قەشقەر يېزىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا قولىقىغا ئۆزىنىڭ ئاھاڭغا سېلىنغان بىر غەزىلى ئاڭلىنىپتۇ. مەشرەب قارىسا، بۇ غەزەلنى ئاغدۇرۇلغان يېرىنى تۈزلەۋاتقان بىر دېھقان ئوقۇۋاتقۇدەك، ئوقۇغاندىمۇ بۇزۇپ ئوقۇۋاتقۇدەك. مەشرەب ئۆز غەزىلىنىڭ بۇزۇپ ئوقۇلۇۋاتقىنىغا قاتتىق ئەپسۇسلىنىپتۇ ۋە ئېتىزدا بىكار ياتقان كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ھېلىقى دېھقان تۈزلىگەن يەرنى ھەدەپ بۇزۇشقا باشلاپتۇ. بۇ ئىشقا غەزەپلەنگەن دېھقان:

— ھەي ساراڭ قەلەندەر، ئاران تۈزلىگەن يېرىمنى بۇزغىنىڭ نېمىسى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

خوش، ئۆزەڭچۇ، ئاران يازغان غەزىلىمنى بۇزۇپ ئوقۇساڭ بولىدىكە نۇ، مەن بۇنىڭغا جاۋابەن تۈزلەپ قويغان يېرىڭنى بۇزسام بولمامدىكەن!

مەشرەب شۇنداق دەپتۇ ـ دە، يولىغا راۋان بوپتۇ.

ھازىرقى شارائىتتا ئەدەبىي مىراسلارنى خاتا ترانسكرىپسىيە قىلغۇچىلارغا نىسبەتەن «چىلان يېگۈزۈش» تەنبىھىنى ياكى تېرىلغۇ ئۈچۈن تەييارلىغان يەرنى بۇزۇۋېتىش جازاسىنى بېرىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ — ئەلۋەتتە. چۈنكى بىز ئۇلاردىن خېلى كېيىنكى نۇر دەۋرىدە ياشاۋاتقان كىشىلەرمىز. شۇڭا بىزدە بۇ جەھەتتە خاتالىق كۆرۈلسە مەسئۇلىيەت تولىمۇ ئېغىر بولىدۇ.

ئەمدى ماقالىمىزنىڭ ئەمەلى مەزمۇنىغا كۆچەيلى: يېقىندا مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن گۇمنامنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان دىۋانىنى نەشرگە تەييارلاش جەريانىدا شائىرنىڭ ئىلگىرى تېپىلغان تولۇقسىز دىۋانىغا ئاساسەن ئېلان قىلىنغان «گۇمنام غەزەللىرى» ① بىلەن يېڭى دىۋانىنىڭ ئەشۇ ئەسەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىسمىنى سېلىشتۇرۇپ چىقىشقا توغرا كەلدى. (ھەر ئىككىلا دىۋانىنى بىر كاتىپ كۆچۈرگەن. ئەسەرلەرنىڭ سانى ۋە ژانىر جەھەتتىنكى پەرقلەردىن باشقا ئىككى دىۋاندا ئوخشىماسلىقلار ئانچە كۆپ ئەمەس، بولغاندىمۇ نەشرگە تەييارلىغۇچى بىرلىككە كەلتۈرۈپ كېتەلەيدىغان ئوخشاشماسلىقتىن ئىبارەت. سېلىشتۇرۇش جەريانىدا نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن خېلى كۆپ خاتالارغا يول قويغانلىقى، بۇ خاتالارنىڭ بەزىلىرى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئەدەبىي سەۋىيىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى بايقالدى. بىز بۇ نۇقسانلارنىڭ پەقەت بىر قىسمىنىلا ئەستايىدىل تەھلىل قىلساق، ئۇنىڭ يېزىقنى توغرا ئوقۇيالماسلىق، سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ياكى تېكىست ئىچىدىكى ئىستىلا (ئىستېمال) مەنىسىنى چۈشەنمەسلىك، كاتىپنىڭ سەۋەنلىكلىرىنى تۈزىتىش ياكى چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى تولۇقلاشتا ھەر بىر بېيىتنىڭ گرامما تىكىلىق ۋە لوگىكىلىق باغلىنىشىنى كۆزدە تۇتماسلىق (بۇ ئەھۋال تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتىمۇ كۆرۈلىدۇ)، ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ئەمما ئوخشاش بولمىغان ھەرپ بەلگىسى ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەرنى ئوخشاش مەنىدە چۈشىنىش؛ ئىزافەتلىك بىرىكمىلەرنى ترانسك-

① «گۇمنام غەزەللىرى» «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1981 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان. نەشرگە تەييارلىغۇچى: مىرسۇلتان ئوسمانوۋ.

رىپسىيە قىلىشتا ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ مۇناسىۋىتىنى مىسرانىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بىر تەرەپ قىلماسلىق، نەتىجىدە ئىزافەتلىك بىرىكمىلەرنى ئىزافەتسىز بىرىكمە، ئىزافەتسىز بىرىكمىلەرنى ئىزافەتلىك بىرىكمە شەكلىدە ترانسكرىپسىيە قىلىش، ئەڭ مۇھىمى ئارۇز ۋەزنىنى بىلمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن. بىز بۇ ماقالىمىزدا بۇندىن كېيىنكى تېكىست تۇرغۇزۇش ئىشىمىزدا، ھېچ بولمىغاندا نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ «گۇمنام غەزەللىرى» (تۆۋەندە «غەزەللەر» دەپ ئېلىندى) نى قايتا نەشرگە تەييارلىشىدا ئازراق ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە، «غەزەللەر» نى دەسلەپ نەشرگە تەييارلاشتا يۈز بەرگەن بەزى خاتالىقلار ئۈستىدە توختىلىمىز:

«غەزەللەر» نىڭ 12 ـ سىگە ① نەزەر سالساق، توققۇز بېيىتلىك بۇ غەزەل ئاساسەن مېيىپ ھالەتتە بىز بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ:

قەددىم خەمى بىلە تەبىئەت قاشىڭ ئولۇپدۇر،
قان يىغلاماقىم سەدقەئى گۇلفاشىڭ ئولۇپدۇر.

بۇ بېيىتنىڭ ئالدىنقى مىسراسىدا مەنتىقمۇ، مەزمۇنمۇ، ۋەزنىمۇ بۇزۇلغان. «قەددىمنىڭ ئېگىلىكى بىلەن تەبىئەت (كۆرۈنۈش، تەسۋىر) سېنىڭ قىشىڭ بولۇپتۇر» دەيدىغانمۇ گەپ بولامدۇ؟ بۇ مىسرا مۇنداق بولۇشى كېرەك:

قەددىم خەمى، بىل تەبىئىيەتى قاشىڭ ئولۇپدۇر.
(قەددىمنىڭ ئېگىلىشىنى قېشىڭنىڭ تەسۋىرى دەپ بىل)

غەزەلنىڭ 5 ـ بېيىتى ئەسلىدە كاتىپنىڭ سەۋەنلىكى بىلەن: غەرق ئولسە غەمىڭ بەھرساچىڭ تاشلاپ ئالۇرسەن، ـــ دەپ خاتا كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، بۇ مىسرانىڭ «كىمكى غەملىرىڭنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولسا، چېچىڭنى تاشلاپ قۇتقۇزۇۋالىسەن» دېگەن مەزمۇنى ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. نەشرگە تەييارلىغۇچى بۇ مىسرادا بىر بوغۇمنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلغانىكەن، چوقۇم «بەھر» سۆزىگە ئۇلىنىدىغان ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «دە» نىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى؛ چۈنكى، غەرق بولۇش دېڭىزدا بولىدىغانلىقى، غەم دېڭىزىنىڭ ئۆزى غەرق بولمايدىغانلىقىنى بىلىشىمۇ كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغاندا بۇ مىسرانى مۇنداق ئېلىشقا بولاتتى:

غەرق ئولسە غەمىڭ بەھرىدە ساچ تاشلاپ ئالۇرسەن،
شۇ غەزەلنىڭ 4 ـ بېيىتى ئەسلىدە مۇنداق ئىدى.
ئوت گۇل يۈزۈڭۇ شەمئ قەدىڭ، دۇدى ساچىڭدۇر،
يەكسەر گۇھەرۇ لەئل ئىچۇتاشىڭ ئولۇبدۇر.

بۇ بېيىت نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئارۇز ۋەزنىنىڭ «ھەزەج» بەھرىنى بىلمەسلىكى، يېزىقنى توغرا ئوقۇيالماسلىقى ۋە سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان. ئەسلىدە بۇ غەزەل «ھەزەج» بەھرىنىڭ «ھەزەجى مۇسەممەنى

① مىسال كەلتۈرۈلگەن غەزەللەرنىڭ رەت نومۇرى نەشرگە تەييارلىغۇچى تۇرغۇزغان نومۇر بويىچە ئېلىندى.

ئەخرەب مەكفۇفى مەھزۇب » تەپئىلى :

مەفئۇلۇ مەفائىيلۇ مەفائىيلۇ فەئۇلۇن

— — ∨ / ∨ — — ∨ / ∨ — — ∨ / ∨ — —

دىن ئىبارەت تارماق بەھرىدە يېزىلغان . نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ خەۋەر سىزلىكىدىن بۇ بېيىت مۇنداق ئېلىنغان :

ئوت گۇل يۈزۈڭۇ شەمئ قەددىڭ ، دۇدى ساچىڭدۇر ،

مەگەر گوھەرۇ لەئل ئىچۇ تاشىڭ ئولۇپدۇر . —

نەتىجىدە ھەر ئىككىلا مىسرانىڭ ۋەزنى بۇزۇلغان . 2 ـ مىسرا ئۆزى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بىر سۆز («يەكسەر ») دىن ئايرىلىپ قېلىپ ، پەقەتلا ئەھمىيىتى بولمىغان نامۇناسىپ بىر سۆز («مەگەر») نىڭ يۈكىگە دوچار بولغان . نەشرگە تەييارلىغۇچى يەنە پارس تىلىدىكى «قەدد» سۆزىنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەندە ئاروز ۋەزنىنىڭ ئېھتىياجى بويىچە بەزىدە «قەددىم » قەددىڭ ، قەددى ، دەپ ، بەزىدە « قەدىم ، قەدىڭ ، قەدى » دەپ ئېلىنىدىغانلىقىغا ھەم دىققەت قىلمىغان . بۇ بېيىتتىكى تۆپلۈك مەسىلە بۇلا ئەمەس ، بەلكى « پۈتۈنلەي ، بىر پۈتۈن » دېگەن مەنىلەردىكى « يەكسەر » سۆزىنىڭ ئورنىغا «ئەگەر ...» مەنىسىدىكى « مەگەر» سۆزىنىڭ يەڭگۈشلەپ قويۇلۇشىدۇر . نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى ئەيىبىنى « ... بۇ سۆز ئەسلى نۇسخىدا « يكر» شەكلىدە يېزىلغان بولسىمۇ ، مەنە ئېتىبارى بىلەن « مەگەر » بولغىنى توغرا تېپىلدى » دېگەن ئىزاھ بىلەن ياپماقچى بولىدۇ . بۇ يەردە «مەگەر » بىلەن «يەكسەر » نىڭ مىسرادىكى مەزمۇنەن رولىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تۇرسىمۇ ، « يكر » شەكلىدە يېزىلغان بۇ سۆزدىكى « س » ھەرپىنىڭ ئاستىغا قويۇلىدىغان ئۆزلۈك نىشان بەلگىسى ( ئۈچ چېكىت ) نىڭ كاتىپ تەرىپىدىن چۈشۈرۈلۈپ قويۇلۇشى نەشرگە تەييارلىغۇچىنى بۇ يەڭگىللىككە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن .

يەنە شۇ غەزەلنىڭ 6 ـ بېيىتىنىڭ ئالدىنقى مىسراسى :

ھەر كىمكى بەھەم بولمادى بەندى خەم زۇلفۇڭ ، — دەپ ئېلىنغان . ئەسلىدە بۇ مىسرا مۇنداق بولسا توغرا بولاتتى :

ھەر كىمگە بەھەم بولمادى بەندى خەمى زۇلفۇڭ .

مەزمۇنى : گېجەك چاچلىرىڭنىڭ توزىقى ھەممە كىشىگە نېسىپ بولىۋەمىدى .

بۇ غەزەلنىڭ 7 ـ بېيىتىنىڭ ئالدىنقى مىسراسى كاتىپ تەرىپىدىن بۇزۇلغان . شۇڭا :

ئەي تەلبە كۆڭۈل دەشت ئارا يالغۇز سەن ئەمەس ، — دېگەن مىسرا :

ئەي تەلبە كۆڭۈل دەشت ئارا سەن يالغۇز ئەمەسسەن ، — دەپ ئېلىنسا ، ۋەزن بىلەن مەنەنىڭ ئېھتىياجى تامامەن قاندۇرۇلىدۇ . شائىرنىڭ تىل ۋە تەپەككۇر ئۇسلۇبىغا قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ . چۈنكى ، شائىر بۇ مىسرادا « ئەي ئاداشقان كۆڭلۈم چۆلدە قالغان يالغۇز سەن ئەمەس ( باشقىلارمۇ بار ) » دېمەكچى بولماستىن « ئەي ئاداشقان كۆڭلۈم ، چۆل ئاراسەن يالغۇز ئەمەس ، چۈنكى ، ئۈنىڭ خىيالى كېچە ـ كۈندۈز ساڭا ھەمراھ ۋە مۇڭداشتۇر » دېمەكچى .

12 ــ غەزەل بىلەن ئوخشاش بەھرىدە يېزىلغان 13 ــ غەزەلگە دىققەت قىلغىنىمىزدا نەشىرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بۇ بەھر بىلەن تونۇشلۇقى يوقلۇقى يەنىمۇ مەلۇم بولىدۇ . بۇ غەزەلنىڭ 4 ــ بېيىتىدە «قەدد» سۆزى ئىككى جايدا تەكرارلىنىدۇ . ۋەزنىنىڭ تەلىپى بويىچە ئالدىنقى مىسرادىكىسى «قەدى» بولۇشى ، كېيىنكى مىسرادىكىسى « قەددىڭ » بولۇشى كېرەك ئىدى . ئەمما ھەر ئىككىلىسى ئوخشاش ئېلىنغان . نەتىجىدە ٧ ٧ ــ ــ تەپئىلدىكى ئالدىنقى ئىككى ئۇزۇن بوغۇم قىسقا بوغۇمغا ئۆزگىرىش بىلەن ۋەزن بۇزۇلغان . بۇ خىل ئەھۋال خېلى كۆپ جايلاردا تەكرارلىنىدۇ . ئەسلىدە بۇ غەزەل بۇزۇشنى ئەمەس ، ترانسكرىپسىيە جەھەتتىن تۈزىتىشنى تەلەپ قىلاتتى :

جان دەشتىدە كەۋسەر نەمى بولسا گەر قۇرۇتتۇم ،

بۇ مىسرا مۇنداق ئېلىنسا ۋەزنىنىڭ ئېھتىياجى تولۇق قاناتتى :

جان دەشتىدە كەۋسەر نەمى گەر بولسا قۇرۇتتۇم .

بۇ يەردە «گەر » نىڭ ئورنىنى كاتىپ ئالماشتۇرۇپ قويغان . (گۇمانىمىنىڭ كاتاڭغا چۈشمەيدىغان ئەگرى چاقنەك مىسرالارنى يازمايدىغانلىقى تەھقىق . ) گەرچە «گەر » دىن ئىبارەت ئۇزۇن بوغۇم «سە» دىن ئىبارەت قىسقا بوغۇم بىلەن ئالمىشىپ قالسا ھېچ گەپ بولمايدىغاندەك قىلسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ بەھرىدىكى تۈپلۈك قائىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ . تۈزرەك ئېيتقاندا شېئىرنى ئوقۇغاندا «گەر » قىسقارغىلى ئۇنىماي خېلى ئاۋارىچىلىققا سالىدۇ .

ئورنى كەلگەچكە شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش كېرەككى ، 12 ــ غەزەلنىڭ 8 ــ بېيىتىدىكى ئالدىنقى مىسرانىڭ قاپىيەسى بولغان «قانداشلىڭ » دېگەن سۆز بىزدىكى نۇسخىدا « قاشلىڭ » دەپ كۆچۈرۈلگەن . ۋەزن ۋە مەنىنىڭ تەلىپى بىلەن قانداق يېزىلغان بولسا ، شۇنداق ئېلىنماي ، « قانداشلىڭ » سۆزى قوبۇل قىلىندى .

«مەستلىك ، خۇش كەيپ » مەنىسىنى بېرىدىغان «نەشئە» سۆزىنى ئوقۇيالماسلىق ، ياكى ئۇ سۆز بىلەن تونۇش بولماسلىقمۇ نەشرگە تەييارلىغۇچىنى ئورۇنسىز ئاۋارىچىلىقلارغا سېلىپ ، شائىر ئۇچۇن « يېڭى سۆز » ياساپ بېرىشكە قىستىغان . 15ــ غەزەلنىڭ 10 ــ بېيىتى: ماڭا بۇ نەشئەنى لۇتف ئەتكەن ئول كۆزى خۇمارىمدۇر . ــ بولسىمۇ ، ئۇ مۇنداق ئېلىنغان :

ماڭا بۇ نىشانى لۇتف ئەتكەن ئول كۆزى خۇمارىمدۇر .

روشەنكى ، ۋەزن ۋە مەنە جەھەتتىن ئاجايىپ ساغلام بولغان بۇ مىسرا نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن ئۆزىگە تامامەن ئۆز بولغان « نەشئە» سۆزىنىڭ راھىتىدىن مەھرۇم قىلىنىپ ، ئۆزىگە ياد بولغان « نىشان » دېگەن سۆزنىڭ ئارتۇقچە جاپاسىغا دۇچار بولغاچقا ، تامامەن ھالسىز ، مەجرۇھ مىسراغا ئايلىنىپ كەتكەن . سۆزلەرنى توغرا ئوقۇيالماسلىق ياكى ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەسلىك تەرەپتىكى ئەيىبنى خاتا ئىزاھلار بىلەن يېپىش نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئىستىلىدەك قىلىدۇ . ئۇ « نەشئە» سۆزىنى « نىشان » دەپ ئوقۇپ ۋە شۇنداق چۈشىنىپ ، ئارقىدىن يەنە ئۆز چۈشەنچىسىدىن خاتىرجەم بولالماي ئۇنىڭغا « نىشانى ــ نىشانى (چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولغان « نى » نىڭ بىرىنچى تاۋۇشى قىسقارغان)» دەپ ئىزاھ بېرىدۇ. توۋا، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدا 3ــ شەخس قوشۇمچىسى « ى »

نىڭ چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بولغان « نى » نىڭ رولىنى ئۆتەيدىغانلىقىنى بىلمەيتىكەنمىز !...

« نەشئە » سۆزىنى خاتا ئوقۇش 40 ــ غەزەلدىمۇ تەكرارلانغان . 15 ــ غەزەلدە « نشا» دىكى ئەمزە ( ء ) قويۇلمىغاچقا شۇ قەدەر خاتا قىلىنغان بولسا ، 40 ــ غەزەلدە بۇ بەلگە قويۇلغان ( « نشاء» شەكلىدە يېزىلغان ) تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنى « نەشائىسدۇر» دەپ ئالغان . پارس تىلىدا گەرچە « نەشئە» بىلەن « نەشا» ئوخشاش مەنىدە كەلسىمۇ ، شېئىر ۋەزنىنىڭ تەلىپى بويىچە « نەشەء» بولۇشى كېرەك .

20 ــ غەزەلنىڭ مەتلەئى مۇنداق ئىدى :

ئەي گۈلى ئەھمەر باشىڭدا لالەدۇر ،
يا مەگەر كىم كافىرى سەن جالەدۇر .

مەزمۇنى : ئەي قىزىلگۈلۈم بېشىڭغا تاقىۋالغىنىڭ لالىمۇ ،
ياكى كاپىر بولغان بولساڭ ئۇ جالامىدۇ ؟

بۇ بېيىتتىكى « جالە» سۆزى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ تەنتەك قولى ئارقىلىق يەڭگىللىك بىلەن ئۆزگەرتىلىپ « چالە» قىلىنغان ، دېمەك نەشرگە تەييارلىغۇچى «جالە » گە ئىككى چېكىت چالا قويۇلغان دەپ قاراپ ، « جالە » نى « چالا» قىلىشقا ئالدىرىغان . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سۆزنىڭ ئاخىرىغا (؟) بەلگىسىنى قويۇپ قويۇپ ، ئۆزىنىڭ چۈشەنمىگەنلىكىنى ئىپادە قىلغان . قىزىق ئىش ، سۆزنى ھەم ئوقۇيالماي ، ھەم چۈشىنەلمەي ، ئۇنى يەنە ئۆزى چۈشەنمەيدىغان سۆزگە ئۆزگەرتىپ قويغىنى نېمىسى ؟ ! ياخشىسى بۇ سۆز ئۆز پېتىچە قالدۇرۇلغان بولسا ، نەشرگە تەييارلىغۇچى چۈشەنمىگەن بىلەن كىتابخانلار بۇ سۆزنىڭ «چاچباغ» مەنىسىنى بېرىدىغان « جالا » سۆزىنىڭ قاپىيە ئېتىبارى بىلەن « جالە » قىلىپ ئېلىنغانلىقىنى چۈشەنمەسمىدى ؟ ! بۇ يەردە بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغىنى ئاجايىپ بىر گۈزەل ئوخشىتىشنىڭ بىلمەسلىك ئۆچۈرگىسى بىلەن سۈرتۈپ تاشلىنىشىدۇر .

50 ــ غەزەلنىڭ 4 ــ بېيىتىگە قاراڭ :

شەمئ ئەۋجىدە يۈزۈڭ ئوت ، ئوت ئۆزرە ساچىڭدۇر دۇر ، بېيىتنىڭ بۇ ئالدىنقى مىسراسىدىكى « ئەۋجىدە » دېگەن سۆزنىڭ « اوجده » شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا قاراپ ، نەشرگە تەييارلىغۇچى ئۇنى « ئۇچىدە » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان . شۇنىڭ بىلەن شېئىر ۋەزنىگە تەسىر يەتكەن . بۇ يەردە « ئۇچ » سۆزىنىڭ « يۈكسەك ، ئۈستۈن » دېگەن مەنىلىرىدىكى « ئەۋج» سۆزىنىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقى ناھايىتى ئېنىق . شۈكرى ، سۆز يەڭگۈشلەنسىمۇ تاسادىپىي ھالدا ئاز بولسىمۇ يېقىنراق مەنىدىكى سۆزگە يەڭگۈشلىنىپتۇ !

بۇنداق ئەھۋال 54 ــ غەزەلدىمۇ كۆرۈلىدۇ . بۇ غەزەلنىڭ 12 ــ بېيىتى ئەسلى مۇنداق ئىدى :

ئەۋۋەل ئۇتىدا بۇد ئولدى نابۇد ،
جان جانغە كىردى جانانە بولدۇم .

نەشرگە تەييارلىغۇچى «ئەۋۋەل» سۆزىنىڭ «اول» شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا قاراپلا ئۇنى يەڭگىللىك بىلەن «ئول» دەپ ئوقوپ، بىر بوغۇمنى ئۆزى يوقىتىۋېتىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە بىر بوغۇملۇق «ئاي» دېگەن سۆزنى ئەكىلىپ تولۇقلاپ قويغان. نەتىجىدە بۇ بېيىت مۇنداق بولغان:

ئول ئاي ئوتىدا بۇد ئولدى نابۇد،
جان جانغە كىردى جانانە بولدۇم.

65 ـ غەزەلنىڭ 4 ـ بېيىتىدىكى «تال چىۋىق، يۇمران تال» مەنىسىنى بېرىدىغان «خەفچە» سۆزى «كۇپ، كوزا» مەنىسىنى بېرىدىغان «خۇمچە» دېگەن سۆزگە يەڭگۈشلەنگەن. كاتىپ شۇنداق كۆچۈرگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما ئازراق كاللا ئىشلەتكەن كىشى يارنىڭ كېلىشكەن قامىتىنى شائىرنىڭ كۇپ ياكى كوزىغا ئوخشاتمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. دەرۋەقە كوزىغا ئوخشايدىغان قامەتنى قانداقمۇ گۈزەل دېگىلى بولسۇن. نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ بۇ سۆزگە «خۇمچىدەك قەد، غۇنچە بوي» دەپ ئىزاھ بەرگىنىگە قارىغاندا، كۆزىدەك ياكى كۇپتەك بوينى چىرايلىق دەيدىغانلارمۇ بار ئوخشايدۇ.

بۇ خىل خاتالىقلارنى «غەزەللەر» دىكى خېلى بىر قىسىم شېئىرلاردا ئۇچرىتىش مۇمكىن:

گەر يوق ئېرسەڭ ھەم ئىتىڭ يوق، ئەلگە ھەمدەم بولغىچە،
جانىم ئالسۇن دەشتى ھەجرىڭ ئىچرەغەم بىلە ئەجەل.

(52 ـ غەزەل)

مەزمۇنى: سەن بولمىساڭ ئىتلىرىڭمۇ يوقلىدۇ، باشقىلار بىلەن بىللە بولغىچە پىراقىڭنىڭ چۆلىدە غەم بىلەن ئەجەل جېنىمنى ئالسۇن.

كلاسسىك شېئىرلاردا «ئىت» تىن ئىبارەت ئەدەبىي دېتال كۆپ ئىشلىتىلگەن. ئۇنى شائىرلار يار بىلەن تەڭ كۆرۈش، يارۋەسلى نېسىپ بولمىسا، ئىتى بىلەن بولسىمۇ ھەمراھ بولۇش مەزمۇنىدا قوللانغان. بۇ ئېھتىمال مەجنۇننىڭ لەيلىنىڭ كوچىسىدىكى ئىتلار بىلەن مۇڭداشقانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت تەپسىلاتلىرىدىن كېلىپ چىققان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر نەشرگە تەييارلىغۇچى كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى بۇ ئاددىي ئەنئەنىنى چۈشەنگەن بولسا ئىدى، بۇ بېيىتنى:

گەر يوق ئېرسەڭ ھەم ئاتىڭ يوق، ئېلگە ھەمدەم بولغىچە،
جانىم ئالسۇن دەشتى ھەجرىڭ ئىچرەغەم بىلە ئەجەل، ـــ دەپ ئالمىغان بولاتتى.

بۇ يەردىكى «ئات» ئىسىم مەنىسىدىكى ئاتمۇ ياكى مىنىدىغان ئاتمۇ؟ قايسىسى بولسا بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنى بىلەن چىقىشالمايدۇ. «ئات» چاغاتاي يېزىقىدا «ات» يېزىلىدۇ، «ئىت» بولسا «ايط» يېزىلىدۇ. بۇ يەردە ئوقۇشتا خاتالىق يۈز بەرگەن، ياكى كاتىپنىڭ خاتالىقى تۈزىتىلمىگەن.

يەنە قاراڭ :

مېنىڭدەك بارمۇدۇر ئىشقىڭدا زارىڭ ،
بۇساغاڭدا تۇرۇلغان خاكسارىڭ .

توغرىسى :

مېنىڭدەك بارمۇدۇر ئىشقىڭدا زارىڭ ،
بۇساغاڭدا توزۇلغان خاكسارىڭ .

( تەرجىئبەند) .

بۇ يەردىكى خاتالىق « توزۇلغان » دېگەن سۆزدىكى «ز» ھەرپىنىڭ چېكىتى چۈشۈپ قالغانلىقتىن يۈز بەرگەن . « خاكسار» بولغانىكەن ( توپا بىلەن تەڭ ئىكەن ) چوقۇم «توزۇلغان » بولىشى كېرەك ئىدى .

ھەرتەرەف بولدى پەرىشان سۇنبۇلۇڭ ،
گۈل يۈزۈڭگە قايدا بولدى بۇلبۇلۇڭ .

توغرىسى :

ھەر تەرەف بولدى پەرىشان سۇنبۇلۇڭ ،
گۈل يۈزۈڭگە قەيد بولدى بۇلبۇلۇڭ .

(تەرجىئبەند)

بۇ بېيىتنىڭ 2 ـ مىسراسىدىكى «قەيد » دېگەن سۆزنىڭ «توزاق » «توزاققا چۈشۈش » دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى بىلگەن كىشى ، مىسرالارنىڭ «چاچلىرىڭ ھەر تەرەپكە تاشلىنىپ ، بۇلبۇلۇڭنى گۈل يۈزۈڭنىڭ توزىقىغا ئىلىندۇ رۇۋالدى » دېگەن مەنىدە ئىكەنلىكىنى،سۆزسىز چۈشىنەلەيدۇ . ھەرگىزمۇ «قەيد» دېگەن سۆزگە « ا » دىن ئىككى تۈۋرۈك قويۇپ ، ئۇنى « قايدا » قىلىپ ئىكلىمەيدۇ .

زۇلفۇڭ خۇمدىن كەلدى ماڭا بۇيى مۇھەببەت ،
توغرىسى : زۇلفۇڭ خەمدىن كەلدى ماڭا بۇيى مۇھەببەت .

(56 ـ غەزەل )

چاچنىڭ « خەمى » ( گېجىكى ، تولغىمىسى ) بولىدىغانلىقى راست . چاچنىڭ «خۇمى » (كوزىسى ياكى كۈپى ) بولىدىغانلىقىنى كىم كۆرگەن ؟ نەشرگە تەييارلىغۇچى بۇ سۆزنىڭ « خم » شەكلىدە يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلغان ، ئەمما بۇ سۆزنى ئۆزى مەنىسىنى چۈشىنىدىغان كۈپ تەرەپكە تارتقان .

گۇمانىم يۇگۇر ، يارى شەكەرلەب ئۆتتى ،
ئىشرەت مەيىنى بارچەغە تەگلەب ئۆتتى .
كىم چابۇك ئىدى ئىچتى ئالىپ ئابى ھەيات ،
ھەر ئاغزى ئوچۇق قالدى قارالەب ئۆتتى .

(1 ـ رۇبائى )

بۇ تەجنىستە خاتا قىلىنغىنى ئاخىرقى مىسرادىكى «قارىلاپ (كۆزلەپ)» مەنىسىدىكى سۆزنىڭ «قارالەب» (قارالەۋ، قاراكالپۇك) قىلىپ ئېلىنغانلىقىدۇر. ئەسلىدە شائىر قاپىيە ئېھتىياجى بىلەن «قارا لەب» يازغانىكەن.

گۇمنام، خۇدا جۇيغە كىم شەخ كەتتى،
قۇللۇق نەچە قىلسە دەۋزەخ كەتتى.
زۇھد ئېلى مىزاجى ساۋۇقىن بىل ئاندىن،
ئاشىق نەفەسىدىن ئوت، ئانىڭ يەخ كەتتى.

(15 ــ رۇبائى)

بۇ رۇبائىنىڭ مەزمۇنىنى تولۇق چۈشەنگەن كىشى گەپنىڭ مەخسۇس رىياكار سوپىلار ھەققىدە كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولاتتى. شۇنىڭدەك «شەيخ» نى «شەخ» قىلىپ قويۇش بىلەن ئۇنىڭغا «قەبىھ، رەھىمسىز» دېگەن ئىزاھلارنىمۇ بەرمىگەن بولاتتى. شائىر دېمەكچىكى:

ئەي گۇمنام، شەيخلەرنى خۇداگۇي دېيىشىدۇ، ئۇلار ئاللاغا قانچە قۇللۇق قىلسىمۇ يەنىلا دەۋزەخقە كىرىدۇ.

ئاشىق نەپسىدىن ئوت، زاھىدلارنىڭكىدىن بولسا مۇز چىقىدىغانلىقىغا قاراپ، زاھىدلار مىجەزىنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋال.

«غەزەللەر» دە يەنە شېئىر بېيىتلىرىنىڭ مەزمۇنىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكىنى ھالدا، «ئايلانغۇچى، ئالەم» مەنىسىدىكى «دەۋۋار» سۆزى «دىۋار» (تام) دەپ (51 ــ غەزەل)، «مثل» شەكلىدە يېزىلغان «مەسەل» دېگەن سۆز «مەسىل» دەپ (57 ــ غەزەل)، «شە» شەكلىدە يېزىلغان «شەھ» (پادىشاھ) سۆزى «كەش» دەپ (17 ــ غەزەل)، «ناكە» شەكلىدە يېزىلغان «ناگەھ» سۆزى «ناگە» دەپ (36 ــ غەزەل)، «بەرقەد» (قامەتلىك) سۆزىدىكى پارسچە سۆز ئالدى قوشۇمچىسى بولغان «بەر» «بىر» دەپ (6 ــ غەزەل)، «ساغا قۇل بولغالى بىر ھەم ئەمەس قويدۇك ئەدەدسىز داغ» دېگەن مىسرادىكى «بىر» دېگەن سان «بەر» گە ئۆزگەرتىلىپ «بەرھەم» دەپ («بول» رەدىفلىك مۇخەممەس) خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

«غەزەللەر» دە يەنە چۈشۈپ قالغان سۆزلەرنى تولۇقلاش، كاتىپنىڭ سەۋەنلىكىنى تۈزىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە «چاپىقىنى ئالمەن دەپ، قارىغۇ قىلىپ قويۇش» تەك ئەھۋاللارمۇ كۆزگە تاشلىنىدۇ:

تۇتىدەك ئايىنە كۆرگەندە سۇخەندان ئولماق.

توغرىسى:

تىفلدەك ئايىنە كۆرگەندە سۇخەندان ئولماق.

(40 ــ غەزەل)

نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ سۆزى بويىچە «تىفل» (كىچىك بالا) سۆزى ئەسلى نۇسخىدا بولمىسۇنمۇ دەيلى، ئۇنىڭ ئورنىغا «تۇتى» سۆزىنى كىرگۈزۈپ قويۇش ئەسلى

تېكستكە سادىقلىق ئەمەس . كلاسسىكلىرىمىزدا كۆپىنچە يارنىڭ جامالىنى كۆرگەندە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي سۆزلەپ كېتىشنى كىچىك بالا ئەينەككە قارىغاندا، ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ سۆزلەپ كەتكەنگە ئوخشىتىدىغان ئەنئەنە بار . گەرچە بەزى شائىرلىرىمىز تۇتىنىڭ ئەينەككە قاراپ سايراپ كېتىشىنى ئۆز شېئىرلىرىدا تەشبىھ سۈپىتىدە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بۇ يەردە ئەسلىگە سادىق بولۇش لازىم ئىدى .

تەنىم ھەم سەن ، ئەزىز جانىممۇ ھەم سەن ،
ئىزىڭ ھەر يەردە دۇر خانىمغە سوقتۇم .

توغرىسى :

تەنىم ھەم سەن ، ئەزىز جانىمىۇ ھەم سەن ،
ئىزىڭ ھەر يەردەدۇر جانىمغە سوقتۇم .

بۇ يەردىكى خاتالىقنى بىر چېكىت كەلتۈرۈپ چىقارغان . ئەگەر 2 ـ مىسرا نەشرگە تەييارلىغۇچى ئىزاھلىغاندەك «ئىزىڭنى ئۆيۈم دەپ بىلدىم » دېگەن مەنىگە ئىگە بولسا ، نېمە ئۈچۈن « خانەمغە » شەكلىدە يېزىلمىدى ؟ « ن » ھەرپىدىن كېيىن « ي » نىڭ قويۇلۇشى بۇ سۆزنىڭ ئەسلىدە « جانىمغە » ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

« غەزەللەر » نىڭ ئۈچىنچىسى ئاساسەن ھەرف ئويىنى بىلەن يېزىلغان :

جىم ئېرمەس ھەرفى جان ئول ئاينىڭ شەكلى جەمالىدۇر ،
ئەلىف ئېرمەس ئارادا يار قەددىنىڭ مىسالىدۇر .
نۇن ئېرمەس غەم يۈكى ئاستىدا قالغان ئىشق ئېلى جىسمى —
مەسەللىك سەرۋ ئەرئەر تابىدىن تۇغقان ھىلالىدۇر .
مۇنىڭدىن ئۆزگە ئېرمەس ياكى جەمئ ئولدى بىلىڭ ئۈچ ھەرف ،
جەفادۇر ئىشق ئېلىگە ، غەيرىگە شىرىن زۇلالىدۇر .

مەزمۇنى : « جان » دېگەن سۆزدىكى « ج » ھەرپى ئۇ ئاي يۈزلۈك جامالىنىڭ شەكلىدۇر ، « ئەلىف » (ا) يار قەددىنىڭ مىسالىدۇر . « نۇن » ( ن ) ئەسلىدە غەم يۈكى ئاستىدا قالغان ئىشق ئېلىنىڭ جىسمىغا ئوخشاش يارنىڭ سەرۋدەك سۇمباتلىق بويىنىڭ تەسىرىدىن چىققان يېڭى ئايدۇر . بۇ ئۈچ ھەرپ جەم بولسا ، ئىشق ئېلىگە جاپا ، باشقىلارغا شىرىن شارابتىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ .

نەشرگە تەييارلىغۇچى ئەسلى نۇسخىدىكى « جيم » شەكلىدە خاتا كۆچۈرۈلۈپ قالغان « جەمئ » سۆزىگە زادىلا قىزىقمىغان . شۇڭا ئۆز پېتىچىلا « جىم » دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان . بۇ ئۈچ بېيىتتىكى سۆزلەر ئىچىدە « جەم » نىڭ رولىنى تۆۋەن مۆلچەرلەش خاتا . چۈنكى ، بۇ سۆز بۇ ئالتە مىسرانىڭ مەزمۇنىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ . بۇ تەرەپنى نەزەردە تۇتقاندا ، بۇ سۆزنى « جىم » ( « ج » ھەرپى ) ياكى « جىم تۇرۇش » دەپ چۈشىنىش تولىمۇ مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدۇ .

« غەزەللەر » دە نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئىزا پەتلەرگە ۋە باغلىغۇچىلارغا ئانچە

كۆكۈل بۆلمگەنلىكى كۆزگە چېلقىدۇ . چاغاتاي يېزىقى دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ يېزىقتا كاتىپلار كۆپىنچە ئىزاپەت بەلگىلىرىنى ۋە « يۇ» مەنىسىنى بېرىدىغان « ۋۇ » (ئۇزۇك تاۋۇشلار بىلەن ئايـاغلاشقان سۆزلەردە « ۇ » ) ئۇلانمىلىرىنى يېزىقتا ئىپادە قىلماسلىقتا ئادەتلەنگەن . يەنى ئۇلار ئۇزۇك تاۋۇشلارنى ئۇزۇك شەكلى بويىچە يېزىشقان ، بۇنى سۆزلەرنىڭ شېئىر مىسرالىرىدىكى مەزمۇنەن رولىغا ، قوشۇمچە ۋەزن ئېھتىياجىغا قاراپ بەلگىلەش مۇمكىن . نەشرگە تەييارلىغۇچى بەزى ھاللاردا بۇنىڭغا دىققەت قىلغان بولسىمۇ ، بەزى مۇھىم ئورۇنلاردا ئىزا پەتسىز سۆزلەرنى ئىزاپەتلىك سۆزلەر ، ئىزاپەتلىك سۆزلەرنى بولسا ئىزاپەتسىز سۆزلەر قىلىپ ترانسكرىپسىيە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن بەزى پرىنسىپلىق خاتالارغا يول قويغان . بىز بۇلاردىن بىر قانچىنى مىسال كەلتۈرەيلى :

زىرىھۇ قالقان كېرەك ئىسلام بىدىن ئەھلىغە ،
ئاشقى جانبازنىڭ ئىستەرسەلاھى ئۆزگەدۇر .

(14 ـ غەزەل )

بىرىنچى مىسرادىكى « ئىسلام بىدىن ئەھلى » دېگەن بىرىكمە « ئىسلامۇ بىدىن ئەھلى » بولۇشى كېرەك ئىدى . چۈنكى ، ئىسلام دىنىدىكىلەرنى دىنسىز دېسە بولامدۇ ؟ بۇ يەردە دىنغا ئىشەنگۈچىلەرگىمۇ ، دىنسىزلارغىمۇ ساۋۇت ، قالقان كېرەك » دېگەن مەنەچىقىشى كېرەكقۇ ؟ !

كىرىپ ئۇششاق سىلكىگە شەھ ئولدۇم دەردى مۈلكىگە ، ــ

( 17 ـ غەزەل )

دېگەن مىسرادىكى « دەردمۈلكى » ( دەرد مەملىكتى ) دېگەن بىرىكمە « دەردى مۈلك» ( مەملىكەتنىڭ دەردى ) دەپ ئېلىنغان .

يەنە « ئىززۇجاھ » نى « ئىززى جاھ » ، (تەرجىئبەند) ، « جۇرمۇ ئىسيان » نى « جۇرمى ئىسيان » (38 ـ غەزەل ) ، « گۇلى رويۇڭ » نى « گۇل رويۇڭ » ( 50 ـ غەزەل) ، « سۆزى جەلالىڭدىن » نى « سۆزۇجەلالىڭدىن (70 ـ غەزەل ) دەپ ترانسكرىپسىيە قىلغان . شۇ تۈپەيلىدىن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىدا يۈز بەرگەن خاتالىقلارنى تەتقىق قىلىپ كۆرۈشنى كىتابخانلارنىڭ ئىختىيارىغا قالدۇردۇق .

« غەزەللەر » دە يەنە ئوخشاش شەكىل ۋە ئوخشاش مەزمۇندىكى سۆزلەرنى ئوخشاش بولمىغان شەكىلدە ترانسكرىپسىيە قىلغان ئەھۋاللارمۇ يولۇقۇپ تۇرىدۇ . مەسىلەن : 15 ـ غەزەلدە « خيال» شەكلىدە يېزىلغان بىر سۆز شۇ شېئىرنىڭ ئۆزىدىلا « خەيال » ، « خيال » دەپ ئىككى خىل ئېلىنغان . « خرامان » شەكلىدە يېزىلغان بىر سۆز 6 ـ غەزەلدە « خۇرامان » ، 22 ـ غەزەلدە « خىرامان » دەپ ئېلىنغان . ئەسلىدە بۇ سۆزلەر ھەممىلا جايدا « خەيال » ۋە « خىرامان » بولۇشى توغرا ئىدى .

مېنى ئەڭ ئەپسۇسلاندۇرغىنى :

ئىچمەيىن كەۋسەر سۈيىدىن ئاغزىنى ئەيلەپ سۈچۈك ، ــ دېگەن مىسرادىكى قەدىمكى

ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا تەۋە بولغان « سۇچۇك » سۆزىنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لېكسىكىسىغا تەۋە بولغان «چۇچۇك» كە ئۆزگەرتىپ قويۇلىشىدۇر. «سۇچۇك» دېگەن بۇ سۆز يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ھەتتا 18 ـ ئەسىرلەردىمۇ « خاقانىيە دەۋرى » ئەدەبىي تىلىدىن ئۆز ئالاقىسىنى ئۈزمىگەنلىكىگە گۇۋاھ بولۇپ ، گۇمنامنىڭ شېئىرىيەت لېكسىكىسىدىكى « تەگرە » (ئەتراپ ، ئۆپچۆرە ) ، « ھىسار » (قەلئە ، قورغان ، سېپىل ) (50 ـ غەزەل ) قاتارلىق سۆزلەر قاتارىدا چاقناپ تۇرسا يامان بولارمىدى ؟! ئۇنىڭ ئەدەبىي تىل تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىسى يوقمىدى ؟!

ئۇندىن باشقا غەزەللەردە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىغا قويماسلىق بىلەن مىسرانىڭ مەزمۇنى ئۆزگىرىپ كەتكەن ئەھۋاللارمۇ ، نۇرغۇن سۆزلەرگە خاتا ئىزاھ بەرگەن ئىشلارمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ . بۇنىڭغا سەل قارالسا ، پرىنسىپال خاتالىقلار يۈز بېرىدۇ .

خۇلاسە شۇكى ، 13 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 14 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مىراسلىرى ، گۇمنام ئەسەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغىنى ھالدا ، ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى ( ھازىر « چاغاتاي يېزىقى » دەپ ئاتىلىۋاتقان يېزىق ) بىلەن خاتىرىلەنگەن. بۇ ئەسەرلەرنىڭ تىلى بولسا ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئامىللىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىغا خاس ئامىللارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلىگەن ، يەنە شەرقىي گۇرۇپپىدىكى ( ئۇيغۇر قارلۇق ، ئۇيغۇر ئۆزبېك ) تىللارنىڭ قۇرۇلمىلىرىغا خاس ئېلېمېنتلاردىن باشقا ، غەربىي جەنۇبى گۇرۇپپىدىكى (ئوغۇز قىپچاق ) ئېلېمېنتلارمۇ خېلى ئۇچرايدىغان يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى ( ھازىر « چاغاتاي تىلى » دەپ ئاتىلىۋاتقان تىل ) بىلەن يېزىلغان . ئۇنىڭدا بىزنىڭ بىلىشىمىزگە تېگىشلىك نۇرغۇن مەسىلىلەر مەۋجۇت . شەكىل ۋە ۋەزىن جەھەتتىن ئالغاندا بۇ ئەسەرلەر ئاجايىپ نازۇك شەكىل ۋە گۈزەل تەشبىھلەر ۋاستىسى بىلەن يېزىلغان . تەھقىقكى ، كلاسسىك شېئىرىيەتنى ترانسكرىپسىيە قىلغۇچى كىشى يۇقىرىدا ئېيتىلغان يېزىق ۋە تىلنى سۆزسىز بىلىشى (ئادىراق تەلەپ قويغاندا بىر قەدەر پىششىق بىلىشى ) ، ھەر بىر دەۋر ئەدەبىياتىنى شەكىل ، ئۇسلۇپ ۋە بەدىئىي ۋاستىلەر جەھەتتىن چۈشىنىشى لازىم . ئۇنداق بولمىغاندا بىلمەي ئۆتۈلىدىغان خاتالىقلاردىن زادىلا ساقلانغىلى بولمايدۇ .

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا كلاسسىك ئەدەبىي مىراسلارنى ترانسكرىپسىيە قىلىشتا بىرلىككە كېلىش زۆرۈر بولغان بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز قاراشلىرىمنى بايان قىلىپ ئۆتەي :

1 . يېزىقتا ئوخشاش بەلگە بىلەن يېزىلىدىغان ھەرپلەرنى شېئىرلاردا مەنە بۇزۇلماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئوخشاش بولمىغان ھەرپ شەكلى بىلەن يېزىش كېرەك . مەسىلەن : « كۇمنام » ئەمەس « گۇمنام » ، « كۇل » ئەمەس « گۇل » ، « چەك » ئەمەس « چەگ » ، «رەك » ئەمەس « رەگ » ، « سەك » ئەمەس «سەگ » يېزىش لازىم . شېئىردىكى قاپىيە تەرتىپىنى ياكى باشقا سەۋەبلەرنى باھانە قىلىپ ، بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىنمىسا ، ئەسەرلەردە « چەك » (چېكىش ) بىلەن « چەگ» ( چېگىش ) ، « ئەك » (ئېكىش) بىلەن «ئەگ »

( ئېگىش ) كە ئۇخشاش سۆزلەرنى پەرق قىلىشتا بەزى ئاۋارىچىلىقلار يۈز بېرىدۇ.

دىلبەرا، ھۇسنۇڭ شىكارى نەقشى تابىدۇر فەلەك،
ئەيشى خىلۋەت ئىچرە ھەمتارىڭ ئەمەس ئېردى مەلەك.
مېۋە ئۈزمەك، ئەي پەرى، قەددىڭدىن ئەتتىم ئىلتىماس،
يەتمەس ئىلكىم، لۇتف ئېتىپ، ئەي تۇبى قەد، شاخىڭنى ئەگ.

بۇ « ك » بىلەن قاپىيەسى ئاياغلاشقان غەزەللەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئەسلى يېزىقتا «مەلەك، فەلەك، ئەك» دەپ يېزىلغان بولسىمۇ، ترانسكرىپسىيىدە سۆزنىڭ ئەسلى تەلەپپۇزى بويىچە يېزىلىش لازىم.

2. « گويا، كەبى، دەك، تەك » مەنىسىنى بېرىدىغان، « يىنكلىغ » شەكلىدە يېزىلىدىغان « يەڭلىغ » نى زورمۇ زور « ياڭلىغ » قىلىۋالماسلىق كېرەك. « يەڭلىغ » سۆزى تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي جەنۇبى ( ئوغۇز ـ قىپچاق ) گۇرۇپپىسىغا تەۋە سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى تىلىمىزنىڭ « خاقانىيە دەۋرى » دىن كېيىنكى تەرەققىيات دەۋرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئۇنى قانداقتۇر ئۆزىكى باشقا تىلدىن، قوشۇمچىسى تۈركىي تىلدىن تۈزۈلگەن سۆز دەپ قاراش تىلىمىزنىڭ « خاقانىيە دەۋرى » دىن كېيىنكى تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەنمىگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائىدىن تارتىپ تەجەللىگىچە بولغان شائىرلىرىمىزنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ بۇ سۆز « يانكلىغ» (ياڭلىغ) ئەمەس، « ينكلىغ » ( يەڭلىغ ) يېزىلغان.

3. پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن « پ » «ىپ » « ئۇپ » « ئۈپ » لارنى « ب » «ىب» « ئۇب » « ئۈب» دەپ ئېلىش كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ خىل سۆزلەردىكى « پ » ئېغىز تىلىدىلا ئىپادىلىنىسە بولاتتى. بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى شۇ يەردىكى، بۇ خىل ياسالما پېئىللارغا قايتا بەزى قوشۇمچىلارنى ئۇلىغاندا، « پ » ھەرپى يېزىقتىمۇ، ئېغىز تىلىدىمۇ « ب » گە قايتىدۇ. يەنى شېئىرىيىتىمىزدە تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي جەنۇبى گۇرۇپپىسىغا خاس بولغان پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچىلاردىن « ئان » كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بۇ ھالدا سۆزلەرنى تۈرلىگەندە:

قىلىپ ـ قىلىبان ( قىلىپان ئەمەس)
تۇرۇپ ـ تۇرۇبان ( تۇرۇپان ئەمەس )
دەپ ـ دەبان (دەپان ئەمەس )

بولۇپ تۈرلىنىدۇ. ترانسكرىپسىيىدىكى بۇنداق ئىككى خىللىق باشقىلارنىڭ بۇ يېزىقنى چۈشىنىشى ۋە ئۆگىنىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. شۇنداقلا ترانسكرىپسىيىدە تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كەسپداشلارنىڭ مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# «قۇتادغۇبىلىك» تىكى ئاساسىي قەھرىمانلارنىڭ ئىسىملىرى ھەققىدە

ۋالىرى مەخپىروۋ ( قازاقىستان )

XI ئەسىردىكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىنىڭ شەكلىنىڭ مۇكەممەللىكى، مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە پەلسەپىۋى ئوي - پىكرىنىڭ موللۇقى بىلەن تا مۇشۇ كەمگىچە ئوقۇمۇشلۇق كىتابخانلارنى مەپتۇن قىلىپ كەلمەكتە. شەرقشۇناس ئالىملارنىڭ دىققىتىنى كۈچلۈك جەلىپ قىلماقتا.

مۇنەۋۋەر ئەسەر سۈپىتىدە تونۇلغان مەزكۇر داستان تەتقىقاتچىلار ئالدىغا تېكىستولوگىيە ( تېكىستشۇناسلىق ) پەلسەپە، تارىخ ۋە ئېتنولوگىيە ( مىللەتشۇناسلىق )، مەدەنىيەتشۇناسلىق مەسىلىرىگە باغلىق نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى قويماقتا. مانا مۇشۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتىگە ئائىت مەزكۇر ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن مەزمۇنىنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشكە خىزمەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كلاسسىك دەۋردىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغانلىقى شۈبھىسىز. ھەممە شۇنى ئېتىراپ قىلغانكى، داستان مۇسۇلمان ئىدىئولوگىيىسىگە ئاساسلانغان بولۇپ ئۇنى تەرغىپ قىلىدۇ. داستان مۇئەللىپى ئۆز زامانى ئىدىئولوگىيىسىنىڭ تەلەپ - روھىغا بىنائەن ئۆزىنى ھۆججەتكار مۇسۇلمان دەپ ئېلان قىلىدۇ ۋە داستانىنىڭ دەسلەپكى بابلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، تەرغىپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز خەلقىنىڭ بىلىملىك ۋەكىلى شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماقالىلەر بىلەن تەمسىللەردە، خەلق چۆچەكلىرى بىلەن رىۋايەتلەردە ئېپىك قىسسىلەردە مۇجەسسەملەنگەن خەلق دانالىقىدىن كەڭ پايدىلانغان.

ئەرەب ۋە پارس تىللىرىغا ئائىت ئىسىملار بۈگۈنكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئانتروبونىمىيىلىك ( ئادەم ئىسىملىرى ) سىستېمىسىدىلا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. XI ئەسىردىمۇ بۇنداق ئىسىملار ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ «دىۋانۇلۇغەتىت تۈرك» تىمۇ تىلغا ئېلىنغان. م: ئەبۇبەكر قەففال ساشى، مۇھەممەت چاقىر توڭاخان، نىزامىددىن ئىسراپىل توغان تېگىن، سۇلتان مەسئۇد، سابىت سەلىم ۋە باشقىلار.

«قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ ئىسلام دىنىنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرىدىن ئەيسا پەيغەمبەر، ئەلى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرلەرنىڭ مۇبارەك ناملىرى تىلغا ئېلىنغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوللانغان ئادەم ئىسملىرىنىڭ يەنە بىر چوڭ قىسمى — ئەرەب تىلىدىكى ئىسملار . قاراڭ : رۇستەم ( ق . ب ) ، نۇشىرۋان ( ق . ب ) ، تەھمۇرەس (ت . س ) ، فەرىدۇن ( ق . ب ) ، جەمشىد ( م . ك ) ، بەھرام چوبىن ( م . ك ) ، زەھھاك ( ق . ب ) ۋەھاكازا .

ئىران مەدەنىيىتى بىلەن تۈركىي مەدەنىيەتنىڭ قەدىمكى زامانلاردىلا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنىڭ بىر مىسالى سۈپىتىدە ئىران مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئەفراسىياب بىلەن ئۇيغۇرچە مەنبەلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئالىپ ئەرتوڭانى بىرلەشتۈرۈپ «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا نەقىل كەلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسىتىش كۇپايە .

شۇنى ئالاھىدە ئېيتىش كېرەككى ، ئەرەب ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى كۆپ بولغان بولسىمۇ ، بۇ ئىككى ئەسەردە يەنىلا ئۇيغۇر ئىسملىرى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . مەسىلەن : « تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى يۈزدىن ئارتۇق ئادەم ئىسمىدىن 76 سى ئۇيغۇر ئىسملىرىدۇر ( 20 سى ئەرەبچە ، 10 ى پارسچە ) .

« قۇتادغۇبىلىك » كە كەلسەك ، شۇ نەرسە مۇھىمكى ، ھەتتا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك چۈشەنچىلەر ئىسلام ئاتالغۇلىرى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز سۆزلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن . « ئاللا » سۆزىنىڭ ئورنىغا « ئۇگان ، بايات ، تەڭرى » سۆزلىرىنى ، « پەيغەمبەر » نىڭ ئورنىغا « يالاۋاچ ، ساۋچى » ۋە باشقىلارنى قوللانغان .

داستانىنىڭ ئاساسىي قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسملىرىنى تىلغا ئېلىشتىمۇ خەلق رىۋايەتچىلىكىدىكى ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان . م : كۈنتۇغدى ، ئايتولدى ، ئۆگدۈلمىش ، ئودغۇرمىش .

بۇ ئىسملار روشەن سىمۋوللۇققا ئىگە . ئۇلارنىڭ مەنىسىنى ۋە ماھىيىتىنى شائىر داستانىنىڭ نەزمىي ۋە نەسرىي كىرىشمىسىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ . شۇنداقلا ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقارىشىنى بىۋاستە كىتابىنىڭ ئۆزىدىمۇ تولۇقلاپ بايان قىلىدۇ .

مەزكۇر ئانتروپونىملار ( ئادەم ئىسملىرى ) سېمانتىكىلىق جەھەتتىن ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن قەدىمكى تۈركىي ئىسملارنىڭ تىپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە تولۇق ماس كېلىدۇ . ئۇلار تۈركىي خەلقلەر ئانتروپونىمىيىسىدىكى نومىناتسىيىنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىغا تولۇق رىئايە قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن . بۇنى يەنە باشقا قەدىمكى تۈركىي مەنبەلەردىن كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ .

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ داستانىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ ئىسملىرىنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ دىۋانىدا كەلتۈرۈلگەن ئىسملار بىلەن ، تۇرپاندىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە قانۇنىي ھۆججەتلەردىكى ئۇرغۇنلىغان قەدىمكى ئىسملار ، قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مەڭگۈ تاشلاردا ئۇچرايدىغان ئىسملار بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئۇ ئىسملار مەنە جەھەتتىن بولسۇن ، قۇرۇلۇش جەھەتتىن بولسۇن ، قەدىمدىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە ھېچ ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئانتروپونىمىك سىستېمىسىغا خاس ئىسملار بولۇپ قالماقتا .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەزكۇر ئانتروپونىملار ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى باشقا خەلقلەرنىڭ

ھەرخىل يادىكارلىقلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ ( سېلىشتۇرۇڭ : كۆنتۇۋدۇي ـــ قەدىمكى رۇس يا-دىكارلىقلىرىدا ـــ تۈركىي بەگزادىنىڭ ئىسمى ؛ كۈنتۇغدى ـ ئەرەب تارىخي قول يازمىلىرىدىكى ئىسىم ۋەھاكازا ) .

بۇنىڭ ئۆزى مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۈركىي دۇنياسىدا مەشھۇر ئىكەنلىكىنى ۋە كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ ، گەرچە يا زاماندا شلىرى ، يا كېيىنكى بىئوگراف ۋە بىبلىئوگرافلار « قۇتادغۇبىلىك » نى ۋە « تۈركىي تىللاردىۋانى » نى قەيت قىلغان ئە-مەس .

شۇنداق دەپ تەكىتلەشكە تولۇق ئاساس باركى ، شائىر داستانىنىڭ باش قەھرىمانلىرىنىڭ ئىسملىرىنى قويغاندا ئىسملارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بۇددىستلار مە-دەنىيىتىدىن قوبۇل قىلغان .

مەلۇمكى ، بۇددىزىم ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيىتى تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنغىچە كەڭ تارقالغانىدى ۋە ھەتتا ئۇزاق دەۋرلەرگىچە ئۇيغۇرلار دۇنياسىدا ئىسلام دىنى بىلەن بىر قاتاردا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەنىدى .

بولۇپمۇ « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ پەلسەپۋى ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئاساس قىلغان بولسىمۇ ، بۇ ئاساسلارنىڭ تۈۋى بولۇپ شۇ قەدىمكى ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان ۋە كەڭ تارقىلىپ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بۇددىزىمنىڭ پەلسەپۋى ، ئەخلاقىي كۆزقاراشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن .

مەلۇمكى ، مۇئەللىپىنىڭ تاللىشى بويىچە ، داستاندىكى ناھايىتى مۇھىم تۆت ئەدەبىي ماھىيەتنى تەشكىل قىلىدىغان ۋە شۇلارنى ئىپادىلەيدىغان ئادالەت ، بەخت ، پاراسەت ۋە قانائەت قاتارلىقلار ساپ تۈركىي ئىسملاردۇر .

ئادالەت ـــ ئىلىگ كۈنتۇغدىغا مۇجەسسەملەنگەن ؛ بەخت ـ ۋەزىر ئايتولدىنىڭ نا-مىنى ئالغان ؛ پاراسەت ـ ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش قىياپىتىدە ئىپادىلىنىپ ، كېيىن ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىنى ئالغان ؛ قانائەت ـ ۋەزىرنىڭ قېرىندىشى دەرۋىش ئودغۇرمىشنىڭ قىياپىتىدە ئەكس ئەتكەن .

داستاننىڭ ئاساسي ئوبرازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ماھىيىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئېپىك ئەنئەنىلەرگە بىۋاسىتە باغلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ ، ئەتىمالىم ، بۇددىستىلىق مەنىۋىيلىكىكە ، شۇ جۈملىدىن ئۇنىڭ ئاسترونومىيىلىك قىسمىغا تېخىمۇ يېقىن ئوخشاشلىقىغا ئىگە بولسا كېرەك . مەسىلەن : ئادالەتنى ئىپادىلىگۈچى ئىلىگ كۈنتۇغدىنىڭ ئىسمىغا ئا-ساس بولغان كۈننىڭ ئوبرازى بۇددىستلىق كۆزقاراشقا بىنائەن تەبىئەت ھادىسىلىرىنى باشقۇرغۇچىنى ئىپادىلەيدۇ . نۇرنى ، بەگنى ، ئاپنى ئىمپىراتورنى ، پادىشاھنى بىلدۈرىدۇ ، بۇلار كۈنتۇغدىنىڭ ماھىيىتىگە تولۇق ماس كېلىدۇ .

بۇددىزىمدا ئاي ـ ئايالار قۇۋۋىتى يىگىننىڭ ئىپادىسىدۇر . ئۇ ، ئىمپىراتورنىڭ ئا-يالى ، بېقىندى بەگلەر ، مىنىستىرلار ئۈچۈن سىمۋول بولۇپ خىزمەت قىلاتتى ( ئايتولدى ئوبرازىنى سېلىشتۇرۇڭ ) .

دەرۋىش ئودغۇر مىشنىڭ ئوبرازى ، بۇددىستلىق ئاسترولوگىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەڭ

مۇھىم سىمۋولى ـ ساتۇرىنغا ئىنتايىن يېقىن. بۇ سەييارە كۈن بىلەن ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا چۆرگىلەيدىغان، ئادەتتە تەركىدۇنيا بولۇپ، يەككە ـ يېگانە ياشىغۇچى دەرۋىشنىڭ قىياپىتىگە ئىگە، قولغا ھاسا تۇتقان بوۋاينىڭ ئوبرازىنى ئىپادىلەيدۇ.

پەقەت پاراسەتنى ئىپادىلىگۈچى ئۆگدۈلمىش ئوبرازىغا بۇددىزىمدا ئۆزىگە تولۇق ئوخشايدىغان سىمۋول يوق. بۇ، ئېھتىمال، يېڭىچە ئىسلام كۆزقارىشىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولسا كېرەك.

مۇئەللىپ ئايتولدى بىلەن ئودغۇرمىشنى بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشتۇرغىنىغا قارىغاندا ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ ئاتىسى ئايتولدى ئورنىغا، يەنى ئىلىگنىڭ ۋەزىرى ئورنىغا مەنسۇپ بولغىنىغا قارىغاندا، ئايتولدى ئىپادىلىگەن بەخت ـ سائادەتنى يېڭى دەۋرنىڭ سىمۋولى ئۆگدۈلمىشكە يۆتكەلدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

ئەمدى ئۆگدۈلمىش دېگەن ئىسىمنىڭ ئاساسي بولغان « ئۆگ » سۆزى « ئىدراك، ئۇقۇم، بىلىم » مەنىلىرىنى بىلدۈرگەچكە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بەختنى — ئىلىمدىن، بىلىكتىن تېپىش كېرەك دېگەن ئاساسي ئىدىيىسى تېخىمۇ قۇۋۋەتلىنىدۇ.

## ۋالىرى مەخپىروۋنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

فىلولوگىيە پەنلىرىنىڭ كاندىداتى، قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى تىل تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ۋالىرى مەخپىروۋ 1952 ـ يىلى ئالمۇتا ئوبلاستى ئۇيغۇر ناھىيىسى كەتمەن يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1970 ـ يىلى ئالمۇتىدا ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ. 1971 — 1976 ـ يىللارغىچە ئوكرائىنادىكى ژىتومىر شەھرىدە پىداگوكىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ فىلولوگىيە فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان.

ۋ. مەخپىروۋ 1976 ـ يىلدىن باشلاپ ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمىدە، كېيىن ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىدا ئىشلەپ كەلمەكتە. 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىللارغىچە ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي كاتىپى بولدى. 1990 ـ يىلدىن بېرى، مەزكۇر ئىنىستىتۇت تىل تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرۇپ كەلمەكتە.

ۋ. مەخپىروۋ 1981 ـ يىل « دېۋانۇلۇغەتىت تۈرك » تىكى شەخسى ئىسىملار نامىدا كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيىسى ياقلىدى. مۇئەللىپنىڭ « قەدىمكى تۈركىي ئونومىياستىكىسى » ( قەدىمكى تۈركىي خەلقلەر قوللانغان ئادەم ئىسىملىرى ) ناملىق كىتابى 1991 ـ يىل بېسىلدى. « ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈزۈلۈشى » ناملىق كىتابىنىڭ « لېكسىكا » قىسمىنى يېزىپ چىقتى ( 1990 ـ يىل رۇسچە نەشر قىلىندى ). 30 دىن ئوشۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م **باھاۋىدىن**

# مىنكۇن باتۇر

قىسسە

بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىزنىڭ تارىم ۋادىسىدا جاھانغا تونۇق، لېكىن كۆڭلى سۇنۇق بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئىسمى شىرخان ئىكەن. شىرخان پادىشاھنىڭ نامىنىڭ تونۇقلۇقى، ئادىللىقى ۋە چوڭ بىر يۇرتنى سورىغانلىقىدىن بولسا، كۆڭلىنىڭ سۇنۇقلۇقى يېشى 50 تىن ئېشىپمۇ تېخىچە بىرەر پەرزەنت كۆرمىگەنلىكىدىن ئىكەن، ۋاقتانى ۋاق كېلىپ ئۇ ئالەمگە كەتكەندە تەختتە كىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قاپتۇ، پەرزەنتنىڭ يوقلۇقى ئۇنى قاتتىق غەمگە قويۇپتۇ، شىرخان پادىشاھنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە خىيالچان بولۇپ غەمگە پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى قىياس قىلىپ يەتكەن يېقىنلىرى پادىشاھنى يەنە بىر قېتىم خوتۇن ئېلىپ بېقىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ، ئۇلار مەسلىھەتنى پىشىرىشىپ، بىر كۈنى ئويلىرىنى پادىشاھقا ئېيتىپتۇ، شىرخان پادىشاھ ئۇلارغا:

— سەككىز قېتىم ئۆيلەندىم. ئۇ خوتۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى تۇغمىدى. يېشىم 50 تىن ئاشقىچە بىرەر بالام بولمىدى. مەندە ھازىر بىرەر پەرزەنت يۈزى كۆرۈشتىن باشقا ئارمان يوق. «باللىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەن گەپنىڭ ھەقلىقىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن. ماڭا ھازىر ئۆيۈملا ئەمەس، پۈتۈن پادىشاھلىقىم، ئوردا ـ قەسىرىم مازاردەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى، بوپتۇ. سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار بويىچە يەنە بىر ئۆيلىنىپ باقاي، خۇدانىڭ رەھمى كېلىپ تىلىكىم ئىجابەت بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئەمما ئەمدى ماڭا خان ـ پادىشاھلارنىڭ قىزلىرىدىن لايىق ئىزدىمەڭلار. تارىم سۈيىنى ئىچىپ، سازلىقلىرىنى كېچىپ چوڭ بولغان ئاددىي پۇقرانىڭ قىزىدىن تېپىڭلار، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر: پادىشاھ پۇقرا قىزىغا ئۆيلەنسە قانداق بولار؟ دەپ ئويلاشسىمۇ، ئىلاجسىز ئىكەن. پادىشاھقا خوتۇنلۇققا تاپىدىغان قىزنىڭ مەرتىۋىسى تۆۋەن بولسىمۇ ئەقلىي ـ ھۇشى جايىدا، ئەقىللىق، چىچەن بولۇشى، ھۆسن ـ جامالدا شاھ قىزلىرىدىن قالمايدىغان بولۇشى كېرەك، دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ، ئۇلار شۇ بويىچە يېزا ـ قىشلاقلارنى ئارىلاشقا كىرىشىپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى بىر قانچە چاپارمەنلىرى بىلەن تارىمنىڭ تۆۋەن

تەرىپىنى ياقىلاپ كېتىۋاتسا بىر داشى ① ئەتراپىدا قوي بېقىپ يۈرگەن بىر قىزنى كۆرۈپتۇ. يېقىن بېرىپ قىزنى كۆزىتىپ باقماقچى بوپتۇ. قىز ۋەزىرگە سالام بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بىر خىل ئىللىق قاراپ بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ تۇرۇشى ۋەزىرگە ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلۇپتۇ. قىزنىڭ ئۈچىسىدا تورقاپىلادا ② سىپتا توقۇلغان يېلىك كېپىنەك چاپان ③ بار ئىكەن. قىز قويچىلار كىيىدىغان ئاددىي كىيىم ئىچىدە تۇرسىمۇ، قارىچۇغىنىڭكىدەك ئويناپ تۇرىدىغان كۆزى، قارىقىنىڭ نۇر-لۇقلۇقى بۇ قىزنىڭ ئۆتكۈر، چېچەنلىكىدىن بېشارەت بەرسە، قاش، بۇرۇن، ئېغىزلىرى پەرىلەرنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تېرىقتەك مېڭى ۋەزىرگە بۇ قىزدا قانداقتۇ بىرەر خاسىيەت باردەك تۇيۇلۇپتۇ. ۋەزىر قىزنىڭ ئاتا-ئا-نىسىنى سورىغانىكەن، قىز:

— دادام ئالدىنقى يىلى ئۆلۈپ كەتكەن. ئانام بۇ يىل يازدا كۆز يۇمدى. هازىر چوڭ ئانام بىلەن تۇرۇۋاتىمەن. باشقىلارنىڭ قويىنى بېقىپ جېنىمىزنى جان ئېتىپ كېتىۋاتىمىز، — دەپتۇ. قىزنىڭ ئىسمى گۈلئاي ئىكەن.

ۋەزىر بۇ قىزنى پادىشاھقا لايىق كۆرۈپ، چاپارمەنلىرىنى ئېلىپ ئوردىغا قايتىپتۇ. پادىشاھقا قىزنىڭ تەرىپىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھمۇ، باشقا ۋەزىرلەرمۇ قىزنى كۆرمەي تۇرۇپلا ماقۇل كۆرۈشۈپتۇ. قىزنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ باشچىلىقىدا بىر توپ ئادەمنى ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇلار بايىقى داشى بويىغا كەلسە قىز هېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇلارغا نەزەر كۆزىنىمۇ سېلىپ قويماي قويىنى بېقىپ تۇرۇۋېرىپتۇ. ۋەزىر قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ كېلىشتىكى مەخسىتىنى ئېيتىپتىكەن، قىز:

— بۇ توغرىلىق ئەمدىلا گەپ بولۇ-نىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ماقۇللۇق بىلدۈرمەي تۇرۇپ سىلەر مېنى ئالغىلى كەلدىڭلارمۇ؟ مەن ئاددىي قويچى قىزى بولسامۇ، يۇرت قائىدىسىنى بۇزالمايمەن. مېنى ئالىدىغان ئادەم ئۆزى كەلسۇن، ئۇ پادىشاھ بولسىمۇ كۆرەي، ئاندىن جاۋابىمنى بېرەي. مومام نېمە دەيدۇ تېخى، — دەپتۇ.

قىزنىڭ گېپى يوللۇق بولغاچقا، ۋەزىر يا ئۈنداق، ياكى بۇنداق دەپ زوۋان سۈرەلمەي قاپتۇ. بەلكى قىزنىڭ قائىدە-يوسۇنلۇق، ئەقىللىقلىقىغا قايىل بولۇپ، ئا-دەملىرىنى قىزنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى پادىشاھقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلغىلى قاي-تىپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىدىن قىزنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاڭلاپ قىزنىڭ يۇرت يوسۇنىدىن چىقمايدىغان قائىدىلىكلىكىدىن سۆيۈنۈپ، شاهانە تەختىدىن چۈشۈپ ۋەزىر ۋە نەۋكەرلىرى بىلەن قىز بار جايغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گۈلئايغا كەلسەك، ۋەزىر ئا-دەملىرىنى ئۇنىڭ يېنىدا قويۇپ، ئۆزى

---

① داشى — تۈزلۈق كىچىك زەيكەش كۆلچەك. ② تورقاپىلا — كەندىر، چىگە تالاسىنىڭ ئەڭ سۈپەتلىك سىپتىسى. ③ كېپىنەك چاپان (كېپىنەك تون) ئاساسەن يۇڭدا قويۇپ ياسىلىدىغان كەڭ قولتۇقلۇق چاپان، ئاسا-سەن چارۋىچىلار كىيىدۇ.

پادىشاھنىڭ ئالدىغا كەتكەندىن كېيىن ،
گۈلئاي قويلىرىنى ھەيدەپ مېڭىپتۇ . چاپار-
مەنلەر ئۇنىڭدىن نەگە بارىدىغانلىقىنى
سوراپتىكەن . گۈلئاي :

— قويلارنىڭ كۆجەككە ① كىرى-
دىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى ، — دەپ قويۇپ
قويلىرىنى ھەيدەپ مېڭىۋېرىپتۇ .

— ھازىر پادىشاھنىڭ ئۆزى كېلى-
دۇ . تۇرۇپ تۇرۇڭ ، — دەپتۇ چاپارمەنلەر .

گۈلئاي چاپارمەنلەرنىڭ گېپىگە
پىسەنتمۇ قىلماي قامچىسىنى سوقۇپ قويلى-
رىنى ھەيدەپتۇ . چاپارمەنلەر قىزغا قاتتىق
گەپ قىلالايلى دېسە ئەسلى ، چۈنكى ، ناۋادا
پادىشاھ بۇ قىز بىلەن توي قىلىپ قالسا ،
كېيىنكىدىن ئەندىشە قىپتۇ ؛ گەپ قىلمايلى
دېسە ئەسلى ، ۋەزىر قاتتىق تاپىلاپ
كەتكەنىكەن . ئۇلار ئىلاجىسىز قوينىڭ ئال-
دىنى توسۇپتۇ . قىز قامچىنى سوقۇپ ، بىر
ئىسقىرتىپتىكەن ، قويلار چاپارمەنلەرنىڭ
ئارىلىرىدىن چاپچىپ چىقىپ قېچىپتۇ .
چاپارمەنلەر يەنە قوينىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ
توختىتىشىغا ، قىز يەنە قامچىسىنى سوقۇپ ،
بىر ئىسقىرتىسلا قويلار چاپارمەنلەرگە بوي
بەرمەي قېچىپ ، خېلى ئۇزاق بىر جايغا
بېرىپ توپلىشىپ تۇرىدىكەن . ئۇنىڭغىچە
گۈلئايمۇ يېتىپ كېلىدىكەن . بۇنداق ئىش
بىر نەچچە قېتىم تەكرارلىنىپتۇ . چاپارمەنلەر
ھەرقانداق قىلىپمۇ قويلارنى توسۇۋالالماپتۇ .
شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاخىرى بىر ساتمىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ . گۈلئاي قويلارنى
كۆجەككە سولاپ قويۇپ ساتمىغا كىرىپ
كېتىپتۇ . چاپارمەنلەر نېمە قىلارىنى
بىلمەي بىر - بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا
قېلىشىپتۇ .

ئەمدى پادىشاھ بىلەن ۋەزىرگە
كېلەيلى : ئۇلار ھېلىقى داشى بويىغا كەلسە
قىزمۇ ، قويلارمۇ ، چاپارمەنلەرمۇ يوق
تۇرغۇدەك . پادىشاھ ئادەملەر قېنى ؟ دېگەن-
دەك مەنىدە ۋەزىرگە قاراپتۇ . ۋەزىر
ئەقىللىق ، دانا ئىكەن . ئۇ يەردىكى قوي ۋە
ئادەم ئىزلىرىغا قاراپ ، قويلارنىڭ ھەيدەپ
مېڭىلغانلىقى ، ئادەملىرىنىڭ توسۇپمۇ توخ-
تىتىپ قالالمىغانلىقىنى جەزملەپتۇ . ئەھۋالنى
پادىشاھقا دەپتۇ . پادىشاھنىڭ ئاچچىقى
كەلگەندەك بوپتۇ - يۇ ، كۆڭلىدە يەنە بىر
ئىشلارنى ئويلاپ قاپتۇ . ئۇلار قويلارنىڭ
ئىزى ۋە ماياقلىرىغا قاراپ مېڭىپ گۈلئاي
كىرىپ كەتكەن ساتمىنىڭ ئالدىغا كېتىپتۇ .
چاپارمەنلەر ۋەزىر كەتكەندىن كېيىن بولۇپ
ئۆتكەن ئەھۋاللارنى پادىشاھقا بىرمۇ بىر
ئېيتىپتۇ . پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ دا-
نىشمەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم قايىل بولغاندىن
باشقا ، ئۇنىڭ تاپقان بۇ لايىقىدا چوقۇم
بىرەر خاسىيەتنىڭ بارلىقىنى كۆز ئالدىغا
كەلتۈرۈپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ يەنە ئۆزىنىڭ
خان - شاھلىق سەلتەنىتىنى ئويلاپ ، قىزنى
سىرتتا چاقىرىشنى بۇيرۇپتۇ . بىر چاپارمەن
ساتمىغا قاراپ مېڭىشىغا ساتمىدىن چاچلىرى
قاردەك ئاقىرىپ كەتكەن بىر قېرى ئايال
چىقىپ پادىشاھقا ، ۋەزىرگە ھەم
چاپارمەنلەرگە سالام بېرىپ ، ئۇلارنى سات-
مىغا كىرىشكە تەكلىپ قىپتۇ . پادىشاھ بىلەن
ۋەزىر چاپارمەنلەرنى سىرتتا قالدۇرۇپ
قويۇپ ئۆزلىرى ساتمىغا كىرمەكچى بوپتى-
كەن ، ھېلىقى ئايال :

① كۆجەك — يازلىق قوي قوتىنى .

— ھەر قايسىڭلارنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمەن، مەن ھەممىڭلارنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. ئۆيىمىز ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق ئادەم مېھمان. بۇ، يۇرت يوسۇنى. قېنى ھەممىڭلار ئۆيگە كىرىڭلار، — دەپتۇ.

پادىشاھ بىلەن ۋەزىر بىر ئاددىي ئايال ئالدىدا سەلتەنىتىنىڭ سۇنغانلىقىغا تەن بېرىپ، بىر — بىرىگە قارىشىپ قويۇپ ساتمىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ ۋە باشقىلارمۇ ساتمىغا كىرىپلا ھەيران قاپتۇ. چۈنكى، ساتما سىرتىدىن قارىغاندا ناھايىتى كىچىك بولۇپ، «ھەممىمىز قانداق سىغارمىز» دەپ ئويلاشقانىكەن. ساتمىغا كىرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئىچى سارايدەك چوڭ ئىمىش. ھېلىقى ئايال مېھمانلارنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ، ۋەزىر، چاپارمەنلەر ئۆزلىرىنى بىلىپ بىرىنىڭ يېنىدىن بىرى ئورۇن ئېلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

— قىزىم، مېھمانلارغا ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ كەل، — دەپتۇ ئايال.

قىز ياغاچ تاۋاقتا مېھمانلارغا نوۋەت بىلەن بىر قاچىدىن قېتىق ئەكىلىپ بېرىپتۇ. چاپارمەنلەر يېزا — قىشلاقلارغا چىققاندا قېتىق ئىچىپ كۆرگەن بولسىمۇ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئۆمرىنىڭ شۇ يېشىغىچە قېتىق ئىچىش تۇگۇل ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغاندكەن. شۇڭا ئۇلار قولىدىكى قويۇق، سۈتتەك ئاق نەرسىگە قاراپ ھەيران بولغنىچە تۇرۇپ قاپتۇ. چاپارمەنلەرنىڭ ھەرقانچە ئىچكۈسى بولسىمۇ، پادىشاھقا قاراپ ئىچىشكە جۈرئەت قىلالماپتۇ.

ھېلىقى ئايال قېتىقنىڭ نېمىدىن، قانداق ياسىلىدىغانلىقىنى، تەمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى ئۇسسۇزلۇق ئىكەنلىكىنى دەپ بەرگەندىن كېيىن ئۇلار قېتىقنى ئىچىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ يۈرىكى سەگىپ، چاڭقىقى بېسىلغاندەك، قېتىقنىڭ ئاچچىق — چۈچۈك تەمىدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەندەك بوپتۇ.

— قېتىقنى ئۆزلىرى ياساملا؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— قىزىم گۈلئاي ياسىغان، بىزدەك جاڭگال، قىشلاق ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى قېتىق ياساشنى بىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئايال.

قىزنىڭ دانىشمەنلەردەك چېچەن — ئەقىللىقلىقى، ھۆر — پەرىلەردەك گۈزەللىكىگە، قولىنىڭ چىۋەرلىكى قوشۇلۇپ، پادىشاھنىڭ زوق — ئىشتىياقىنى چېكىگە يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزىنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئا — مەقسىتىنى ئايان قىپتۇ.

— بىلمەن، ئۆزلىرى پادىشاھ. بۇ كىشى ئوڭ قول ۋەزىرلىرى. سىلەرنىڭ كېلىدىغىنىڭلارنى قىزىم ئەتىگەندىلا ماڭا ئېيتقان، — دەپتۇ ئايال.

— بىز قىزنى بايىلا كۆرگەن تۇرساق، ئۇ بۇ ئىشنى قانداقسىگە ئەتىگەندىلا بىلگەن بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر ھەيرانلىقىنى باسالماي.

— تاڭغا يېقىن بىر چۈش كۆردۇم. چۈشۈمدە ساتمىمىزنىڭ ئۈستىگە ئۇقالىق بىر بۇركۈت ئۇۋا ياساۋاتقۇدەك. بىر لاچىن ئۇنىڭغا ئۇۋا ياساشقا كېرەكلىك پەي، پاخالدەك نەرسىلەر ئەكىلىپ بېرىۋاتقۇدەك. لاچىننىڭ ئەتراپىدا قارچۇغىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر نەچچە قۇش ئۇچۇپ يۈرگۇدەك. ئۇقا — تاجىنىڭ بەلگىسى. بۇركۈت- قۇشلارنىڭ قۇشى، ئۇۋا — ئۆي، ماكانىنىڭ

ئالامىتىدۇر . شۇ ئالامەتلەرگە قاراپ چۇشۇمنىڭ تەبىرىنى چوڭ ئانامغا ئېيتقانىدىم ، — دەپتۇ قىز .

— ئۇنداق بولسا نېمىشقا پادىشاھنى چاپارمەنلەر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ ئۆيگە بىللە تەكلىپ قىلىسلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ ۋەزىر .

— كۈيئوغۇل بولغۇچى پادىشاھ بولسىمۇ بىزنىڭ سىنىقىمىزدىن ئۆتۈشى كېرەككىقۇ . بىز پادىشاھىمىزنى ئادىل دەپ ئاڭلىغان . راست ـ يالغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولدۇق . سەلتەنىتىنى قايرىپ قويۇپ ئېتىدىن چۈشتى ، ئەمما قاپاق تۈرمىدى ؛ ئاددىيكەن دېمەي شاخ ـ شۇمبىدا ياسالغان ساتىمىزغا قەدەم ئايغىنى باستى ، ساتىمىمىزنى قەسىر ئوردىسىدەك چوڭ ھېس قىلدى ؛ چاپارمەنلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇردى . يەنىلا قاپاق تۈرمىدى : ئاددىي قويچىنىڭ ئاچچىق قىتىقىنى ئىچتى ، ئەمما ئۇنى ئاچچىقكەن ، دېمىدى ؛ ئادالىتىنى ، يۇرت يوسۇنىدىن چىقمايدىغانلىقىنى ، يۇرت ئوغلى ، يۇرت سۆيەرلىكىنى ئايان قىلدى ، سىنىقىمىزدىن ئۆتتى . مەن نەۋرەمنى پادىشاھقا تۇتتۇم ، — دەپ ھېلىقى ئايال قىزنىي قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپتۇ . شۇ چاغدا ساتما ئىچىنى بىر پەس تۇمان قاپلىغاندەك بولۇپ ، شۇئانلا يەنە سۇزۇلۇپتۇ . قارىغۇدەك بولسا قېرى ئايال ساتىمىدا يوقمىش . ئارىلىقتا سىرتقا چىقىپ كەتكۈدەك ۋاقىتمۇ ئۆتمەپتۇ ، ئاياغ تىۋىشىمۇ ئاڭلانماپتۇ . ئايالنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ ، پادىشاھ بىلەن ۋەزىر تەڭلا قىزغا قاراپتۇ . گۈلئاي پادىشاھقا :

— مومام دائىم : سېنى ئەلنىڭ ئوغلى بولالىغۇدەك بىر ئەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، بەختىكە ئېرىشكىنىڭنى كۆرگىنىمدە ئۆمرۈمدىن قانائەت تاپىمەن ، دەيتتى . مومام شۇ سۆزى بويىچە مېنى ئۆزلىرىدەك ئەل ئوغلى ـ ئادىل پادىشاھنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ، بۇ دۇنيادىن غايىپ بولغان ئوخشايدۇ ، — دەپتۇ .

شىرخان پادىشاھ ، ۋەزىر ۋە چاپارمەنلەر بۇ ئاجايىپ غايىباتقا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ ساتىمدىن چىقىپ كۆرگۈدەك بولسا ، كۈجەكمۇ يوق ، قويلارمۇ يوق . ئۇلار بۇ ئەھۋالغا تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ . پادىشاھ بۇنىڭ سەۋەبىنى قىزدىن سورىماقچى بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا ، ساتمىنىڭ ئورنىدا قوم دۆۋىسى ، ئۈستىدە بىر تۈپ يۇلغۇن تۇرغۇدەك . پادىشاھ بىز جىن ـ ئالۋاستىلار ماكانىغا كېلىپ قالغان ئوخشايمىز ، دەپ ئويلاپتۇ ، سەل سۈر بېسىپتۇ . گۈلئايغا شۈبھىلىك قاراپتۇ .

— پادىشاھىم ، قورقمىسىلا ، مومام مېنى سىلىگە تۇتقۇزغاندىن كېيىن كۆڭلى خاتىرجەم بولۇپ ئۇ ئالەمگە كەتتى . بايىقى ساتمىنىڭ ، قويلارنىڭ ماڭا كېرىكى بولمىغاچقا ، ئۇلارنى يوق قىلىۋېتىپتۇ . مومام بىر ئۆمۈر ئىستىقامەت بىلەن پاك ، دىيانەتلىك ئۆتكەن پەرىشتە سۈپەت ئايال ئىدى . ئۇنى خۇدايىم ئېلىپ كېتىپ پەرىشتىلەرگە قوشۇۋەتكەندۇ . ئەمدى ئۇ بۇندىن كېيىن بېشىمىزغا سايىۋەن بولىدۇ . سىلىنىڭ ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى چوڭ ئارزۇلىرىغا يەتكۈزىدۇ . بەلكى ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولار ، — دەپتۇ قىز .

« كۆڭلۈمدىكىنى بىلىپ بولغىنىغا قارىغاندا ، بۇ قىز ئادەمزاتى ئەمەس پەرىشتە زاتىدىن ئىكەن . خۇدايىم تىلەك ،

ئىلتىجايىمنى قوبۇل تېپىپ ، مېنى ئارزۇيۇمغا يەتكۈزۈپ غەمدىن خالاس قىلىش ئۈچۈن يەتكۈزۈلگەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، شىرخان پادىشاھنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپتۇ . ئۆزلىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن ئوردىغا ئالدىن چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ .

خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان ئوردا خادىملىرى بىلەن يۇرت خەلقى پادىشاھنىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ .

پادىشاھ خۇشاللىقىدا يۇرتقا 41 كېچە- كۈندۈز توي داستىخىنى يېيىپ ، خەزىنىدىكى مال - دۇنيالارنى ئامۇخاسقا تۆكمە قىلىۋېتمەكچى بولغانىكەن ، گۈلئاي :

— پادىشاھىم ، 41 كېچە - كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈشنىڭ ھاجىتى يوق . بولمىسا يەپ - ئىچىش بىلەن بولۇپ كېتىپ يۇرت خەلقىنى غەپلەت باسىدۇ . خەزىنىنى قۇرۇقداپ قويۇشقىمۇ بولمايدۇ . ئەگەر مەسلىھەتىمنى ئاڭلىسىلا ، يۇرت خەلقى بېشىدىكى ئالۋاڭ - سېلىقنى يەڭگىللەتسىلە ، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلىسىلا ، پاناھسىزلارغا پاناھلىقى بولسىلا ، ماكانسىزلارنى ماكانلىق قىلسىلا ، يۇرتنى تېخىمۇ ئادىل سورىسىلا . خەلققە بۇنىڭدىنمۇ چوڭ توي داستىخىنى بولماس ، — دەپتۇ .

شىرخان پادىشاھ پەرزەنت كۆرۈش تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولۇشىغا كۆزى يېتىپتۇ ، خۇشاللىقتا چۆمۈپتۇ . گۈلئاينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىلگىرىكى سەككىز خوتۇنىنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن بىر كۈندىن ، گۈلئاي ئۈچۈن بىر كۈن بولۇپ يۇرتقا توققۇز كۈنلا توي داستىخىنى سېلىنىپتۇ .

كۈن ھەپتىنى قوغلاپ ، ھەپتە ئاينى قوغلاپ ، ئارىدىن توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن ، توققۇز سائەت ئۆتكەن بىر خاسىيەتلىك كۈننىڭ بىر سەھىرىدە گۈلئاي شىرخان پادىشاھقا پاخلاندەك سېمىز ، قوشقاردەك قاۋۇل بىر ئوغۇل تۇغۇپ بېرىپتۇ . شىرخان پادىشاھنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە تاقاشقاندەك بوپتۇ ، پۈتۈن ئوردىنى شادلىق باھارى قاپلىغاندەك بوپتۇ .

شىرخان پادىشاھ بالىسىغا نېمە دەپ ئات قويۇشنى ۋەزىرلەرنىڭ مەسلىھەت بېرىشىگە سالغانىكەن ، ئوڭ قول ۋەزىرى :

— پادىشاھىم ، ئۆزلىرىنىڭ گۈلئاي بىلەن تېپىشقانلىرىدىن تارتىپ توينىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئىشلار ئاجايىپ سىرلىق بولدى . گۈلئاي ئۆزلىرى ئېيتقاندەك پەرىشتە زاتىدەك قىلىدۇ . بالىغا ئىسىم قويۇشتا ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇ . گۈلئايدىنمۇ سوراپ باقساق ، — دېگەن مەسلىھەتنى بېرىپتۇ . باشقا ۋەزىرلەرمۇ شۇنى توغرا تېپىپتۇ .

شىرخان پادىشاھ بۇ ئىشتا ئۆزىنىڭ كالتە پەملىك قىلغىنىدىن ئۆزىچە خىجىل بوپتۇ . گۈلئاينىڭ قېشىغا كىرىپ بالىغا نېمە ئىسىم قويۇشنى سوراپتۇ . گۈلئاي :

— مومامنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇرۇن بىزنىڭ ناھايىتى باتۇر ، ئەل سۆيەر بىر ئەجدادىمىز پادىشاھ بولۇپ ئۆتكەنىكەن . ئۇنىڭ ئىسمى مىرزان ئىكەن . ئوغلىمىزغا شۇ بوۋىمىزنىڭ ئىسمىنى قويساق قانداق بولىدىكىن ، ماقۇل تاپالىمىكىن ، — دەپتۇ .

گۈلئاينىڭ ئۆزىنىڭ باتۇر ئەجدادىنى ياد ئېتىشى ، ئۇ ئەجدادىنىڭمۇ پادىشاھ بولغانلىقى شىرخان پادىشاھقا يېقىپتۇ . بالىمىزغا مىرزان دەپ ئات قويساق خاسىيەتلىك ئىش بولغۇدەك ، دەپ ئويلاپتۇ . يۇرتقا بالىغا ئات قويۇش چاي داستىخىنى سېلىپ بېرىپتۇ . شۇنداق قىلىپ

بالىنىڭ ئىسمى مىرزان بوپتۇ. يۇرت خەلقى مىرزانغا خۇدادىن بوۋىسىدەك باتۇرلۇق، دادىسىدەك مەردلىك، ئادىللىق تىلەپتۇ.

مىرزان تۇغۇلۇپ دەل 40 كۈن بولغان كۈنى سەھەردە گۈلئاي ھېچقانداق ئاغرىپ قالماي، ھېچبىر ۋاي ــ ۋايلىماي جىم ــ جىملا جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭ ئوردىغا كېلىشى قانداق ئاجايىپ سىرلىق بولغان بولسا، ئۆلۈپ كېتىشىمۇ شۇنداق ئاجايىپ سىرلىق بوپتۇ. ھېچقانداق گەپ قالدۇرماپتۇ. شىرخان پادىشاھ ئارماندا قاپتۇ. ئوردا بېغىغا چوڭ بىر گۈمبەز ياسىتىپ گۈلئاينى شۇنىڭ ئىچىگە قويۇپتۇ. ھەركۈنى سەھەر ــ كەچ يوقلايدىكەن. شىرخان پادىشاھ قىرىق كۈنلۈك بولغان ئوغلىنى ئېمىتىش، بېقىشقا مەخسۇس كېنىزەكلەرنى بەلگىلەپتۇ. بالىنىڭ ھالىدىن پات ــ پات خەۋەر ئېلىپ تۇرۇپتۇ. بالا كۈندىن كۈنگە كۆزگە كۆرۈنۈپ چوڭ بولۇشقا باشلاپتۇ. بەش ياشقا كىرگەندە مەخسۇس ئۇستاز بەلگىلەپ تەربىيىلەپتۇ. مىرزان ئەقىللىق بالا بولۇپ، يەتتە ياشقىچە ھەتتا چوڭ كىشىلەرمۇ ئانچە چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ بىلىۋاپتۇ. يەتتە ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئەقلى باشقىچە ئېچىلىشقا باشلاپتۇ. يىلنىڭ كەينىدىن يىل ئۆتۈپ مىرزان ئون ياشقا كىرىپتۇ. شۇ چاغقىچە شىرخان پادىشاھ ئوغلىدىن نېرى بولماي، بىرەر قېتىممۇ ئوۋ ــ شىكارغا چىقىپ باقماپتۇ. مىرزان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى پادىشاھنىڭ كۆڭلى شىكارغا چىقىپ كېلىشنى خالاپ قاپتۇ. مىرزاننى ئوردىنىڭ باش مۇلازىمەتچىسىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ ۋەزىر ۋە خاس نەۋكەرلىرى بىلەن يەتتە كۈنلۈك شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ.

پادىشاھ مىرزاننى جېنىدەك ئەزىز كۆرۈپ ئەتىۋارلاپ دېگىنىنى قىلىپ بېرىپ ئەركىن چوڭ قىلغانىكەن. پادىشاھ شىكارغا كەتكەندىن كېيىن مىرزان تەختخانىدا كۆڭلى تارتقاننى قىلىپ ئويناپتۇ. كۆزى دادىسىنىڭ شاھلىق تونىغا چۈشۈپتۇ، توننى ئېلىپ كېيىپتۇ. ئۇزۇن توننىڭ يېرىمى يەردە سۆرۈلۈپ قاپتۇ. مۇلازىملار مىرزانغا گەپ قىلالماپتۇ. مىرزان دادىسىنىڭ شاھانە چاپىنىغا ھەيران قېلىپ ئالتۇن جىيەك، نەقىشلىرىگە قاراۋېتىپ، توننىڭ يانچۇقىغا قولىنى ساپتۇ. قولىغا بىر نەرسە ئورۇنۇپتۇ. ئۇنى يانچۇقتىن چىقىرىپ قارىغۇدەك بولسا، دەپتەردەك بىر نەرسە ئىكەن. مىرزان ئۇنىڭ قېتىنى ئېچىپ قارىسا، ئۇنىڭدا كۈن دېسە كۆزى بار ــ كۈن ئەمەس، ئاي دېسە ئاغزى بار ــ ئاي ئەمەس، ئاجايىپ بىر ساھىپجامالنىڭ سۈرىتى تۇرغان. مىرزان سۈرەتكە بىر قاراپلا ئاشىق بىقارار بولۇپ ھوشىدىن كېتىپ يىقىلىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن مۇلازىملار يۈگۈرۈشۈپ كېلىپتۇ. بەزىلىرى مىرزاننىڭ بېشىنى يۆلەپتۇ. بەزىلىرى ھۇشلاندۇرۇش دورىسى ئەكىلىپ يۈزىگە چېچىپتۇ. مىرزان بىر ھازادىن كېيىن ھۇشىغا كەپتۇ. باش مۇلازىم ئۇنىڭدىن نېمە ۋەقە سادىر بولغانلىقىنى، مۇلازىملاردىن بىرەرسىدىن ئازار يەتكەن ــ يەتمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. مىرزاننىڭ گەپ قىلغۇدەك ھالى بولمىغاچقا، زۇۋان سۈرمەپتۇ. مۇلازىملار مىرزاننى ئۆز ھوجرىسىغا ئەكىرىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ شىپالىق ھەرخىل گۈل ــ گىياھلارنىڭ شىرنە ــ قىياملىرىنى ئىچكۈزۈپتۇ. ئەمما مىرزاننىڭ چىرايى بارغانسېرى سارغىيىپ كېتىۋاتقۇدەك. پادىشاھنىڭ شىكاردىن كېلىشىنى ساقلىسا يەنە

تۆت كۈن بار ئىكەن. مىرزان بارغانسېرى
ئېغىر تىنغۇدەك. گەپ - سۆزدىن قالغان-
دەك، ھېچكىمگە گەپ قىلمىغۇدەك.
مۇلازىملار قورقۇشۇپتۇ. پادىشاھقا ئادەم
ماڭدۇرۇپتۇ.

ئوغلىنىڭ ئاغرىپ يېتىپ قالغانلىق
خەۋىرىنى ئاڭلىغان شىرخان پادىشاھ ھو-
شىدىن كەتكىلى تاس - تاماس تاپتۇ. شۇ
ھامان شىكاردىن قايتىپتۇ. ئوردىغا كېلىپلا
ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ، ھالىنى سوراپتۇ.
مىرزان ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپتۇ، گەپ قىل-
ماپتۇ. تېۋىپ - ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ
ئەكىلىپ كۆرسىتىپتۇ.

— بالىدا قورققۇدەك جىسمانى كې-
سەل يوق. پەقەت يۈرىكىدە كۆيۈك دەردى
باردەك قىلىدۇ، — دېيىشىپتۇ تېۋىپلار.

شىرخان پادىشاھ دەسلەپ تېۋىپلار-
نىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە يېتەلمەي تۇرۇپ
قاپتۇ. ئويلاپ كۆڭلى بىر نەرسىنى تۇيغان-
دەك بوپتۇ - دە، تېۋىپلارنى چىقىرىۋېتىپ،
ھۇجرىدا ئىككىسىلا قالغاندىن كېيىن،
قانداق ۋەقە بولغانلىقىنى ئوغلىدىن سوراپتۇ.
مىرزان دەسلەپتە گەپ قىلغىلى ئۇنىماپتۇ.
پادىشاھ قايتا - قايتا سوراپ تۇرۇۋالغاندىن
كېيىن زۇۋانغا كېلىپ:

— دادا، ئېيتماي دەپ ئويلىغانىدىم،
سوراپ تۇرۇۋالدىڭىز، ئېيتمىسام ئۆزۈمگىمۇ
ئاراملىق يوقكەن. بىرىنچىدىن، گۇناھىم-
دىن، بىر قوشۇق قېنىمدىن كەچسىڭىز:
ئىككىنچىدىن، مېنىڭ تىلىكىمنى ئىجابەت
قىلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرسىڭىز ئاندىن
ئېيتىمەن، — دەپتۇ مىرزان، شىرخان پا-
دىشاھ:

— ھەر قانداق گۇناھىڭ بولسا
كەچتىم، ھەر قانداق تىلىكىڭ بولسا بىجا
كەلتۈرىمەن، قېنى، نېمە ئىش دەرھال دە، —
دەپتۇ.

— ھەي دادا، شاھلىق تونىڭىزنىڭ
يانچۇقىدا بىر ساھىپجامال قىزنىڭ رەسىمى
بار ئىكەن. ئۇ كىمنىڭ قىزى، ھازىر
نەدە؟ — دەپ مىرزان دادىسىدىن سوراپتۇ.

شىرخان پادىشاھ ئوغلىنىڭ گېپىنى
ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ
نېمىلىكىنى بىلىپتۇ. پادىشاھ ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، ئۇ قىزنىڭ گېپىنى
قىلدىڭ، ئەمدى بۇ گەپنى ئىككىنچى ئاغ-
زىڭغا ئالغۇچى بولما. بۇ ئىشقا مەن ئامال
قىلالمايمەن، — دەپتۇ. مىرزان دادىسىدىن:

— نېمىشقا؟ ئۇ قىز زادى كىم؟ —
دەپ يەنە سوراپتۇ.

— ئوغلۇم، ئۇ قىزنىڭ دادىسى
مېنىڭدەك 47 پادىشاھنى سورايدىغان چوڭ
پادىشاھ. سەن بويۇڭ يەتمەيدىغان شاختا
قول سوزۇۋېتىپسەن، ئۇ قىزنى خىيالىڭدىن
چىقىرىۋەت، — دەپ پادىشاھ مىرزانغا سەل
قاتتىق گەپ قىپتۇ.

دادىسىنىڭ گېپىدىن كۆڭلى ئازار
يېگەن مىرزان: سىز مەندىن بىر ئىشنى
يوشۇرۇۋاتىسىز، ئۇ قىزنى مەندىن قاچۇ-
رۇۋاتىسىز، — دەپتۇ - دە، ئورنىدىن
تۇرۇپلا سىرتقا قاراپ مېڭىپتۇ. دادىسىنىڭ
نەگە بارىسەن؟ دەپ سورىغان سوئالىغا:
باغنى ئايلانغۇم كېلىۋاتىدۇ، دەپ قويۇپلا
ھۇجرىسىدىن چىقىپتۇ.

شىرخان پادىشاھ ئوغلىنى راست،
باغنى ئايلانغۇسى كەلگەن ئوخشايدۇ، دەپ
چۈشىنىپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقماپتۇ.
مىرزان بولسا شۇ چىققىنىچە دادىسىنى،
شەھىرىنى تەرك ئېتىپ، چۆل - جەزىرىگە
قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە ئىككى

كۈن يول يۈرۈپ ئادەمسىز بىر چۆل ـ باياۋانغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇ يۇرتتىن چىقار چېغىدا ئۆزى ئېتىپ ئوينايدىغان، ئۇستازى ياساپ بەرگەن ئوقياسىنى ئېلىۋالغانىكەن. ئۇ چۆلدە ئوقياسى بىلەن جانۋارلارنى ئېتىپ يەپ كۈن كەچۈرۈپتۇ. رەسىمدىكى قىزنىڭ ئىشىق ـ پىراقىدا ئېسى ـ يادى بۇرۇنقىدەك ئۆزىنىڭكىدەك بولماي خامۇش ـ گاراڭ يۈرۈپتۇ. مىرزان چۆلدە بەش يىلنى ئەنە شۇنداق ئۆتكۈزۈپتۇ. يېشى 18 گە بېرىپتۇ، چېچى بېلىگە چۈشۈپتۇ، بۇرۇتى ئاغزىنى يېپىپتۇ. كۆرگەن كىشى ئۇنى ئادەم ئەمەس، جىن ـ ئالۋاستى دېگۈدەك قىياپەتكە كىرىپ قاپتۇ. مىرزان بۇ بەش يىل ئىچىدە بىرەر ئادەمنى ئۇچراتماپتۇ. تۇرۇپلا ئۇنىڭ كۆڭلى ئادەملەرنى تارتىپ قاپتۇ، زېرىكىدىغان بوپتۇ. لېكىن مۇشۇ يۇڭلۇق قىياپىتى بىلەن ئادەملەر بار يەرگە بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىپتۇ. ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر غىجەك ياساپتۇ، ئىككى تال چېچىنى يۇلۇپ ئېلىپ، غىجەككە تار قىلىپ سېلىپ شۇنداق بىر چېلىپتىكەن، غىجەكنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى پۈتۈن چۆلنى بىر ئاپتۇ. بۇغا، جەرەن، كىيىكلەر كېتىۋاتقان يېرىدە چىپ توختاپ، غىجەك ئۈنى كېلىۋاتقان تەرەپكە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇشۇپتۇ. مىرزان غىجەكنى بىر كۈن چېلىپ بېقىپتۇ، ئىككى ـ ئۈچ كۈنمۇ چېلىپ بېقىپتۇ. لېكىن رەسىمدىكى ساھىپجامالنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمەپتۇ. زېرىكىش، ئىچ پۇشۇشنى، ئادەملەرنى سېغىنىشنى باسالماپتۇ. ئاخىرى ئۇ تەۋەككۈل دەپ ئوقياسىنى بوينىغا ئېسىپ، غىجەكنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ مېڭىپتۇ. ھارسا ئولتۇرۇپ دېمىنى چىقىرىپتۇ، قورسىقى ئاچسا ئۇچرىغان بىرەر جانلىقنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپتۇ. ئۇ شۇ يوسۇندا مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. كەچكە يېقىن بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. مىرزان بۇ ئەپتى بىلەن بۇ كەچتە شەھەرگە كىرىپ ئادەملەرگە كۆرۈنۈشنى خالىماي، خالىيراق بىر جاينى تېپىپ بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزۈپ ئەتە كۈندۈزدە شەھەرگە كىرىشنى ئويلاپ ئەتراپقا قاراپتۇ. يېقىنلا يەردە تاغ كۆرۈنۈپتۇ. تاغدا بىرەر ئۆڭكۈر بولسا شۇ يەردە ياتاي، دەپتۇ ـ دە، تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ تاغقا قاراپ ماڭسا، تاغ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانمىش، ئارىلىق بارغانچە يېقىنلاۋاتقانمىش. دېگەندەك ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا مىرزان تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ. تاغنىڭ بۇ تەرىپىدە چوڭ بىر دەريا بار ئىكەن. مىرزان دەريادىن قانداق ئۆتۈشنى خىيال قىلىپ تۇرسا، دەريا سۈيى ئۆرلىگەندەك بولۇپ، بىر لەھەڭ بېلىق لۆممىدە سۇ يۈزىگە لەيلەپ چىقىپ، گىرۋەككە يېقىنلىشىپتۇ. مىرزان بۇرۇن كىشىلەردىن لەھەڭ ئادەملەرنى دەم تارتىپ يەپ كېتىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىكەن. شۇڭا ئۇ قورقۇپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ.

— قورقما، ماڭا مىن، مەن سېنى ئۇ قاتقا ئۆتكۈزۈپ قوياي، — دەپتۇ لەھەڭ بېلىق زۇۋانغا كېلىپ.

مىرزان لەھەڭ بېلىقتا يامان نىيەت يوقلۇقىنى پەملەپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مىنىپتۇ. لەھەڭ بېلىق مىرزاننىڭ ھېچ يېرىنى نەم قىلماي دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، يەنە سۇ تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىپتۇ. تاغ دەريانىڭ يېنىدىلا ئىكەن. مىرزان تاغنىڭ قاپتىلىغا چىقىپ بىر ئۆڭكۈرنى تېپىپتۇ. ئۇخلاي دېسە ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ. غىجەكنى قولىغا ئېلىپ تارىنى

تەگشەپ، يۈرەك مۇڭىنى تۆكۈپ چېلىشقا
باشلاپتۇ.

مىرزانغا كۆرۈنگەن شەھەرگە
كەلسەك، ئۇ شاھ مۇستان دېگەن پادىشاھ-
نىڭ شەھىرى ئىكەن. مىرزانىڭ
دادىسىنىڭ يانچۇقىدىن چىققان رەسىم مۇشۇ
شاھ مۇستان دېگەن پادىشاھنىڭ قىزى —
ھەبىگۈلتاجىنىڭ رەسىمى ئىكەن. شەھەر
تاغنىڭ باغرىدىلا ئىكەن.

ھەبىگۈلتاجى شۇ كۈنى يېرىم كې-
چىدە ئۇيقۇسى قېچىپ، كېنىزەكلىرى بىلەن
باغنى سەيلى قىلغىلى چىقىپتۇ. قۇلىقىغا تاغ
تەرەپتىن غىجەكنىڭ ئاجايىپ مۇڭلۇق ئۈنى
ئاڭلىنىپتۇ. غىجەكنىڭ مۇڭىدىن يۈرىكى
ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك بوپتۇ. «بۇ كىم
چالغان غىجەكنىڭ ئۈنىدۇ. بىزنىڭ بۇ
يۇرتتا مۇنچىلىك مۇڭلۇق غىجەك چالىدىغان
سازچى يوق ئىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ھەيران
قاپتۇ. كۆڭلىدە غىجەك چالغۇچىنى كۆرۈپ
بېقىش ئىستىكى قوزغىلىپتۇ. تاڭنىڭ
ئېتىشىنى ساقلاشقا تاقىتى چىدىماي، كېنى-
زەكلىرى بىلەن دەريا بويىغا بېرىپ كېمىگە
چۈشۈپ تاغقا يېقىنلىشىپتۇ. يېقىنلاشقان-
سېرى غىجەكنىڭ مۇڭى خۇددى ئۆزىنىڭ
يۈرىكىدىن چىقىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپتۇ. ھەر
قانچە قاراپمۇ تاغ تەرەپتە بىرەر ئادەمنىڭ
قارىسىنى كۆرەلمەپتۇ. ئەمما غىجەكنىڭ
ئۈنى توختىماپتۇ. ھەبىگۈلتاجى كېچىنىڭ
يېرىمىنى كېمىدە تۈنەپ ئۇخلىماي ئۆتكۈ-
زۈپتۇ. كۈننىڭ چىقىشىنى تۆت كۆز بولۇپ
كۈتۈپتۇ. جاھان يورۇغاندىن كېيىن ھەبى-
گۈلتاجى قارىغۇدەك بولسا ئۆڭكۈر ئاغزىدا
كىشىنىڭ قورققىسى كەلگۈدەك بىر ئادەم
چېچىنى بېشىغا سەللىدەك ئورىۋېلىپ،
غىجەكنى چېلىپ بىخارامان ئولتۇرغۇدەك

كېنىزەكلەر ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ بەتبەشرە
قىياپىتىگە قاراپلا قورقۇشۇپتۇ. ئەمما ھەبى-
گۈلتاجىنىڭ زادىلا قورققىسى كەلمەپتۇ،
بەلكى بۇ ئادەمدە چوقۇم بىر سىر بار، دەپ
ئويلاپ، كېنىزەكلىرى بىلەن قىرغاققا
چىقىپ ئۆڭكۈرگە يېقىنلىشىپتۇ. مىرزان
مەلىكىنى كۆرۈپلا ئاھ، سىز ...! ... دەپلا
ھۇشىدىن كېتىپتۇ. مەلىكە ئۇنىڭ بېشىنى
يۆلەپتۇ، كېنىزەكلەر يۈزىگە سۇ چېچىپتۇ.
مىرزان ھۇشىغا كېلىپ بېشىنى يۆلەپ تۇر-
غان ھەبىگۈلتاجىغا بىر قاراپلا بىر ئاھ ...!
دەپ يەنە ھۇشىدىن كېتىپتۇ. كېنىزەكلەر
ئۇنىڭ يۈزىگە سۇ چېچىپ يەنە ھۇشىغا
كەلتۈرۈپتۇ.

— سىز نېمە ئادەم؟ نەدىن كەلدى-
ڭىز؟ — دەپ مەلىكە مىرزاندىن سوراپتۇ.
مىرزان گەپمۇ قىلماستىن چاپىنىنىڭ بىر
يەرلىرىدىن بىر نەرسىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ
ھەبىگۈلتاجىغا بېرىپتۇ. مەلىكە ئۇنى قولىغا
ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۆزىنىڭ سۈرىتى.
بۇ ئەھۋالغا ھەبىگۈلتاجىمۇ، كېنىزەكلەرمۇ
ھەيران قېلىشىپتۇ. ئەقىللىق مەلىكە
كۆڭلىدە بىر نەرسىنى قىياس قىلىپ «بىز
ئەتە يەنە كېلىمىز» دەپ قويۇپ كەينىگە
يېنىپتۇ. ئۇ كېنىزەكلەرنىڭ دىققەت قىلما-
غان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ قولىدىكى
ئەنگۈشتەر ئۈزۈكنى چىقىرىپ مىرزانغا بې-
رىپتۇ. ھەبىگۈلتاجى كېمىسىگە چىقىپ
بولۇپ:

— مەن مۇشۇ يۇرتتا بار، كېنىزەك-
لىرىم ئارقىلىق سىزگە يېمەك - ئىچمەك،
كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ بېرىمەن، —
دەپتۇ، مىرزان بىلەن خوشلىشىپ شەھەرگە
قايتىپتۇ. مىرزان قىز بەرگەن ئەنگۈشتەر
ئۈزۈككە قارىغىنىچە ئاھ ئۇرۇپ ئۆڭكۈر

ئاغزىدا قىز كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ قاپتۇ.

ئەمدى گەپنى ھەبىگۇلتاجىنىڭ ئاتىسىغا يۆتكەيلى.

ھەبىگۇلتاجىنىڭ ئاتىسىنىڭ قىرىق خوتۇنى بولسىمۇ، يەنە بىر خوتۇن ئېلىپ خوتۇنىنى قىرىق بىرگە يەتكۈزمەكچى بوپتۇ. بۇ پادىشاھنىڭ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىكەن. پادىشاھنىڭ يەنە خوتۇن ئېلىشىغا خوتۇنلىرى گەپ قىلالماپتۇ. پەقەت ھەبىگۇلتاجىلا ۋەزىرلەر ئارقىلىق ئاتىسىنى يەنە ئۆيلىنىش خىيالىدىن توسۇپ بېقىپتۇ، ئەمما توسالماپتۇ. پادىشاھ ئالىدىغان قىزنىمۇ تېپىپتۇ، توي تەييارلىقىمۇ پۈتۈپتۇ. ئەمما توينىڭ داغدۇغىسىنى قىزىتقۇدەك، كۆڭۈلگە ياققۇدەك سازچى تېپىلماپتۇ. بۇ پادىشاھ ئۆمرىنىڭ كۈز مەزگىلىدە ئۆتكۈزىدىغان بۇ تويىنى يۇرت خەلقى ئۇنتۇمىغۇدەك دەرىجىدە داغدۇغىلىق ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن. ئوردا سازچىلىرىنىڭ سازىنى ئاڭلاۋەرگەچكە، يېڭىلىقى تۈگەپ، قۇلىقىغا ياقماس بولۇپ قالغانىكەن. يۇرت ـ يۇرتلارغا چاپارمەنلەرنى ماڭدۇرۇپمۇ كۆڭۈلگە يارىغۇدەك سازچى تاپالماي يۈرگەنىكەن. ئىلاجىسىز ئوردىدىكى سازەندىلەر بىلەن توي قىزىتماقچى بوپتۇ. ئەتە توي دېگەن كۈنى پادىشاھ ئوردا دەرۋازىسى ئۈستىدىكى راۋاققا چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا مىرزان ھەبىگۇلتاجى كېنىزەكلىرى ئارقىلىق ئەۋەتكەن چىرايلىق كېيىملەرنى كىيىپتۇ، كېنىزەكلەر چېچىنى چۈشۈرۈپتۇ. ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى قىرقىپ ـ چۈشۈرۈپ ياساپ قويۇپتۇ. مىرزان 18 ياشلىق يىگىتلىك ئەسلىگە كېلىپتۇ. مىرزاننىڭ كېلىشكەن چىراي بىلەن قەددى ـ قامىتىگە قاراپ كېنىزەكلەرنىڭ زوقى كەپتۇ. «بىزنىڭ مەلىكە ئادەم تونۇيدىكەن، ئادەم سەت ئەمەس، كىيىم سەت ئىكەن» دېيىشىپ قاپتۇ. مىرزان كېنىزەكلەر تېخى ئۇزاپ كەتمەي تۇرۇپلا ھەبىگۇلتاجىنىڭ ئىشق ئوتىدا باشقىدىن كۆيۈپ، ئوتلۇق مۇڭىنى غىجەككە ئارقىلىق تۆكۈپ شۇنداق چېلىپتۇكى، كېنىزەكلەر كېمىسىنى توختىتىپ ئاڭلاپتۇ. غىجەكنىڭ ئۈنى پادىشاھنىڭمۇ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. مۇستان پادىشاھ راۋاقتا غىجەك ئۈنى كەلگەن تەرەپكە قۇلىقىنى تۇتقىنىچە ھەيران بولۇپ تۇرۇپلا قاپتۇ. چۈنكى، مۇستان پادىشاھ بۇ يۇرتتا 60 يىلدەك پادىشاھلىق قىلىپ بۇنىڭدەك يېقىملىق ساز ئۈنىنى ئاڭلىمىغانىكەن. پادىشاھ پۈتۈن دىققىتى بىلەن قۇلاق تىكسە، غىجەكنىڭ ئاۋازى تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتقان. پادىشاھ شۇ ھامان ئوردىسىغا قايتىپ، نەۋكەرلىرىگە تاغدا بىر كىشىنىڭ غىجەك چېلىۋاتقانلىقىنى، كىم بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىمىغىنىغا قويماي دەرھال ئوردىغا ھازىر قىلىشنى، قىلچە زەخمە، ئازار بەرمەسلىكنى تاپىلاپ ماڭدۇرۇپتۇ.

نەۋكەرلەر ئوردىدىن چىقىپ، غىجەك ئۈنىنىڭ كېلىۋاتقان تەرىپىنى ئوبدان بىلىۋېلىپ، تاغ بويىغا كەپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تاغنىڭ قاپتىلىدىكى ئۆڭكۈر ئاغزىدا قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، چىرايلىق بىر يىگىت كۆزىدىن تاراملىتىپ ياش تۆككىنىچە غىجەك چېلىپ ئولتۇرغان، نەۋكەرلەر مىرزانغا پادىشاھنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزۈپتۇ. مىرزان ئۆز كۆڭلىدە «شەھەرگە كىرسەم، بەلكى سۈرەتتىكى قىزنى قايتا كۆرەرمەن»، دەپ ئويلاپ، نەۋكەرلەر

بىلەن شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. نەۋكەرلەر ئۇنى مۇستان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا تېگى-تېگىدىن چىرايلىق بىر يىگىت، ئەمما چىرايى سېرىق ئىمىش. پادىشاھ مىرزاندىن:

— ھەي يىگىت، ئىسمىڭ نېمە؟ نەدىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مىرزان ئىسمىنى دەپتۇ، يۇرتىنىڭ، ئاتىسىنىڭ ئىسمىنى دېمەي، يۇرتىمىزنى قوم باستى، ئاتا-ئانام ئۆلدى، مەن پاناھلىق جاي ئىزدەپ بۇ يۇرتقا كېلىپ قالدىم، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. چىرايىنىڭ قانسىزلىقى، ئاتا-ئانىسىنىڭ ھەسرىتى، يول ئازابىدىن ئىكەن، كېسەلدىن ئەمەس، دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ، ئاندىن:

— ھە مىرزان، ئاتا-ئاناڭمۇ، يۇرت-ماكانىڭمۇ يوق ئىكەن. ماڭا يۇقرا بول، ئوردا سازچىسى قىلىۋالاي، ماڭا غىجەك چېلىپ بەر، — دەپتۇ.

مىرزان ماقۇل بولۇپ پادىشاھنىڭ ئوردا سازچىسى بوپتۇ. لېكىن ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆزى ئاشىق بولغان ھەبىگۈلتاجىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكى ئۇنىڭ خىيالىغىمۇ كىرمەپتۇ. ئەمما ھەبىگۈلتاجى كېنىزەكلىرى ئارقىلىق مىرزاننىڭ ئوردىغا كەلتۈرۈلۈپ دادىسىغا ئوردا سازچىسى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ بوپتۇ.

ئەتىسى پادىشاھنىڭ تويى بوپتۇ. توي ناھايىتى داغدۇغىلىق، كەڭ داستىخانلىق، باياشادلىق بىلەن ئۆتۈپتۇ. بولۇپمۇ پادىشاھنىڭ راۋىقىدىن ئاڭلانغان غىجەك ئۇنى پۈتۈن يۇرتنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. تويغا مۇستان پادىشاھنىڭ باشقۇرۇشىدىكى 47 يۇرتنىڭ خان-شاھلىرىمۇ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىرزاننىڭ دادىسى — شىرخان شاھمۇ بار ئىكەن. ئەمما ئۇ ئوغلىنى بۇ يۇرتلارغا كېلىپ قالدۇ، دەپ ئويلىمىغاچقا ھەم مىرزاننىڭ بۇنچىلىك غىجەك چالالايدىغانلىقىنى بىلمەگەچكە، غىجەكنىڭ ئىچى-ئىچىدىن دەرد چېقىپ تۇرغان مۇڭلۇق ئاۋازىغا قۇلاق تىكسىمۇ، ئۇنى چېلىۋاتقۇچىغا كۆز تىكمەپتۇ. مىرزانمۇ بۇ تويغا دادىسىنىڭ چوقۇم كېلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلمىغاچقا، ھەرگىز بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قارىماپتۇ. توي يەتتە كېچە-كۈندۈز بوپتۇ. ھەرقايسى يۇرتلاردىن كەلگەن شاھلار ۋە باشقا بارلىق مېھمانلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىشىپتۇ، شۇلار قاتارىدا شىرخان پادىشاھمۇ قايتىپتۇ.

شۇنداق قىلىپ مىرزان ھەبىگۈلتاجىنىڭ دادىسىنىڭ ئوردىسىدا كۈندە ئۈچ قېتىم غىجەك چالىدىكەن، كېنىزەكلەر ئۇنىڭغا ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. مىرزان ھەر قېتىم غىجەك چالغاندا تىڭشىغۇچىلارنىڭ يۈرىكى ئېرىپ كەتكەندەك خامۇش بولۇپ قالىدىكەن. پادىشاھ، ۋەزىرلەر ئۇيقۇ باسقاندەك ئېزىلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن، كېنىزەكلەرنىڭ بەدەنلىرى بوشىشىپ ئولتۇرۇپ قالىدىكەن. لېكىن ئۇلار غىجەكنىڭ مۇڭىنىڭ نەدىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن، بۇنى پەقەت ھەبىگۈلتاجىلا بىلىدىكەن. مىرزان ھەر قېتىم غىجەك چالغاندا ھەبىگۈلتاجى ئوردىنىڭ باغقا قارايدىغان دېرىزىسىگە قۇلىقىنى يېقىپ تىڭشايدىكەن. مىرزان بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ئىچى سىرىنى تولۇق بىلىپ باققۇسى بولسىمۇ زادىلا ئېپى كەلمەپتۇ. كۈن، ئايلار بىر-بىرىنى قوغلىشىپ ئارىدىن تۆت يىل ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھەممە ئادەم مىرزاننى پاناھ

ئىزدەپ كېلىپ قالغان غەجەكچى، دەپلا قارايدىكەن، پەقەت هەبگۆلتاجىلا ئۇنداق قارىمايدىكەن. مىرزانىنىڭ يېنىدىن ئۆزىنىڭ رەسىمىنىڭ چىقىشىغا قاراپلا ئۇنى بىرەر يۇرتنىڭ شاهزادىسى، دەپ ئويلايدىكەن. رەسىمنىڭ قانداق بولۇپ مىرزانىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى هەرقانچە ئويلاپمۇ تېگىگە يېتەلمەيدىكەن. بۇندىن توققۇز يىل بۇرۇن دادىسى بىر قانچە يۇرتتىن ئۇستا رەسساملارنى چاقىرتىپ كېلىپ هەبگۆلتاجىنىڭ رەسىمىنى سىزدۇرغانىكەن. رەسىمنى باهالاش ئۈچۈن ئۆز تەۋەسىدىكى 47 پادىشاهنى يىغقانىكەن. شۇ قېتىمدا ئەڭ ياخشى سىزىلغان بىر رەسىم يوقاپ كېتىپ تېپىلمىغانىكەن. مىرزان هەبگۆلتاجىغا كۆرسەتكەن رەسىم شۇ ۋاقىتتا يوقاپ كەتكەن رەسىمنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن. شۇنىڭدىنلا هەبگۆلتاجى مىرزانىنى چوقۇم شاهزادە، لېكىن سىرىنى ئاشكارا قىلمايۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايدىكەن.

ئاي، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن هەبگۆلتاجىنىڭ دادىسى قېرىپ چاچ ـ ساقىلى تامام ئاقىرىپتۇ، كۈچ ـ ماغدۇرىدىن كېتىپتۇ. پات ـ پات كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدىغان، بىر ياتسا تەستەرەك ماغدۇرىغا كېلىدىغان بولۇپ قاپتۇ. مۇستان پادىشاه قىزىغا بەك ئامراق بولۇپ، ياتلىق قىلغۇسى، يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمەي. كەلگەن ئەلچىلەرنى هەر خىل باهانا ـ شەرتلەرنى قويۇپ نائۇمىد قايتۇرغانىكەن. مانا ئەمدى ئۆزى قېرىپتۇ، قىزى 22 ياشقا كىرىپتۇ. كۆزىنىڭ يورۇق چېغىدا قىزىنى ياتلىق قىلىۋەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغانسېرى بۇ ئىشقا ئالدىرايدىغان بوپ قاپتۇ. ئەمما كىمگە ياتلىق قىلىشنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگىلىمۇ ئىككى يىلدەك بوپ قاپتۇ. شۇڭا بۇ ئىشتا قىزىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقماقچى بوپتۇ.

— ئۇ بىر شاهزادىدەك قىلىدۇ. مۇشۇ رەسىمدىكى قىزنى ئىزدەپ چىققان چېغى، لېكىن ئۆزىنىڭ زادى كىملىكىنى دېمەيدىكەن، — دەپ هەبگۆلتاجى مىرزان بەرگەن رەسىمنى دادىسىغا كۆرسىتىپتۇ. مۇستان پادىشاه قىزىنىڭ رەسىمگە قارىغىنىچە قادىلىپلا قاپتۇ.

— بۇ ئوغرىلاپ كېتىلگەن رەسىمنىڭ دەل ئۆزى شۇ. مەن ئۇ ئوغرىنى چوقۇم تېپىپ جازالايمەن، — دەپ ماڭغىلى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ مۇستان پادىشاه.

— شاه دادا، توختىسىلا، ئالدىرىمىسىلا. مىرزان بەلكى رەسىمنى ئوغرىلىغان بىرەر پادىشاهنىڭ شاهزادىسىدۇر. شۇڭا ئۇ دادىسىنى گۇناهلىق قىلغۇسى كەلمەي، دادىسىنى هەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى يوشۇرغاندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشتا مىرزان ئەيىبلىك ئەمەسقۇ. سىز هازىر مېنىڭ قېشىمغا مېنىڭ كېيىنلىكىم — توي ئىشىم توغرىلىق كىردىڭىز. بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلاشساق. مىرزان نېمە ئۈچۈن مېنىڭ رەسىمنى يېنىغا سېلىپ يۇرتمۇ يۇرت كېزىپ بىزنىڭ يۇرتقا كېلىپ قالىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا تىنماي غەجەك چالىدۇ؟ سىز ئۇنىڭ غەجىكىنىڭ تارىسىنىڭ نېمىلىكىگە قارىدىڭىزمۇ؟ — دەپ ئۆزىنىڭ مىرزانىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىنى، ئۇنىڭ قىياپىتىنى، ئەتىسى ئادەم ئەۋەتىپ چاچ ـ ساقىلىنى چۈشۈرگۈزۈۋېتىپ، بىر قۇر يېڭى كىيىم كەيدۈرۈپ قويغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزىنىڭ گېپى-

دىن پادىشاھ بىر ئىشنى قىياس قىلغاندەك
بوپتۇ . كۆز ئالدىغا مىرزان كەپتۇ . مىرزان
ئوردا سازچىسى بولغاندىن بۇيان ئەدەب ـ
يوسۇنلۇقلۇقى ، مۇلايىم ـ ياۋاشلىقى، ئەقىل-
لىق- چىچەنلىكى بىلەن مۇستان پادىشاھقا
يېقىپ قالغانىكەن . ئۇنىڭغا ھەۋىسى تۇتۇپ
«مېنىڭمۇ مۇشۇنداق بىر ئوغلۇم بولغان
بولسا » دەپمۇ ئويلىغانىكەن . ھازىر قىزىنىڭ
تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ ھەممە نەرسىنى
چۈشىنىپتۇ . مىرزاننى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قى-
لىۋېلىشقا رازى بوپتۇ . پۇختا تەييارلىقلاردىن
كېيىن پادىشاھ يۇرتقا قىزى بىلەن
مىرزاننىڭ تويى بولىدىغانلىقىنى جاكارلاپ ،
قىرىق بىر كېچە ـ كۈندۈز توي مەرىكىسى
ئۆتكۈزۈپ ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى بىر قى-
لىپ ، نەپەس ـ تىنىقىنى قوشۇپ قويۇپتۇ .
توي بولۇپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي مۇستان پا-
دىشاھ شاھانە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ شاھلىق
تەختىنى مىرزانغا ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ . شۇنداق
قىلىپ مىرزان ئۆزىنىڭ دادىسىنىمۇ باشقۇ-
رىدىغان ، 47 يۇرتنىڭ شاھىنشاھى بوپتۇ .

مىرزان 47 يۇرتنى سورايدىغان
پادىشاھ بولسىمۇ ، يەنىلا ئايالى ـــ ھەبىگۈل-
تاجىنى چوڭ بىلىپ ، ھۆرمەتلەپ ،
ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن
قىلىدىغان بوپتۇ . ئىككىسىنىڭ گېپى بىر
يەردىن چىقىپ ، يۇرتنى ئادىل سوراپتۇ .
ئادىللىقتا خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ كىم ؟ دېسە
«مىرزان پادىشاھ، ئادىل مىرزان شاھ» دەپ
ئاللە شەھەرگە ئېتى ، يەتتە شەھەرگە داڭقى
كېتىپتۇ . ھەبىگۈلتاجى ھامىلدار بولۇپ ،
ۋاقتى ـ سائىتى تولغان خاسىيەتلىك
كۈنىنىڭ تۈن تەڭ نىسپى بولغان مەزگىلدە
ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك چىرايلىق ،
تولۇمدەك سېمىز بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ . بالىغا
نىمە دەپ ئىسىم قويۇشنى ئىككىسى مەسلە-
ھەتلىشىپتۇ . ھەبىگۈلتاجى :

ـــ مەن ئوغۇل تۇغسام نىمە ئىسىم
قويۇشنى ، قىز تۇغسام نىمە ئىسىم قويۇشنى
ئويلاپ قويغان ، چۈشۈمگىمۇ ئايان
بولغان ، ـــ دەپ ، چۈشىدە ئايان بولغان بىر
ئىشنى سۆزلەپ بېرىپتۇ .

ـــ سىز تۇغۇلۇپ قىرىق كۈندىن
كېيىنلا ئانىڭىز ئۆلۈپ كەتكەنمىش .
ئانىڭىزغا ئاتاپ سېلىنغان گۈمبەز ھازىرمۇ
ئوردا ئىچىدە بارمىش . لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە
ئانىڭىزنىڭ تېنى يوقمىش . چۈنكى ، ئانىڭىز
ئادەم زاتىدىن بولماي ، پەرىشتىلەر زاتىدىن
بولۇپ ، پەقەت پەرزەنتسىز دادىڭىزغا بىر
ئوغۇل تۇغۇپ بېرىش ئۈچۈنلا دادىڭىزغا
ئۇچرىغانىكەن . ئۇنىڭدىن سىز تۇغۇلۇپسىز .
پەرىشتە ئانىڭىز سىزگە كىمنى جورا
قىلىشنىمۇ ئورۇنلاشتۇرۇپ ، مېنىڭ رەس-
مىمنى دادىڭىز ئارقىلىق سىزنىڭ قولىڭىزغا
يەتكۈزۈپتۇ . تەقدىرنىڭ بۇ قىسمىتىدىن دا-
دىڭىزنىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا ، ئۆزىنىڭ
ئوغرى ئاتىلىپ رەسۋا بولۇشىدىن قورقۇپ ،
مېنىڭ رەسىمىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ
ئاشكارىلاشتىن قورققان . ئۆزىڭىز بىر
شاھزادە ، ئەمما ھازىر شاھ دادىڭىزنىمۇ
باشقۇرىدىغان چوڭ پادىشاھ بولۇپ قالدى-
ڭىز . يۇقىرىقى ئىشلارنى بىر پەرىشتە
چۈشۈمدە ئايان قىلدى . ئۇنىڭ دېگىنى
راست بولۇپ چىقتى . ئەمدى بالىمىزغا نىمە
دەپ ئات قويۇشقا كەلسەك ، بۇ ئىشمۇ چۈ-
شۈمدە ئايان بولغان . ھېلىقى پەرىشتە ماڭا :
سېنىڭ ۋە ئېرىڭنىڭ ئەلمساقتىن بۇرۇن بىر
ئەجدادىڭلار ئۆتكەن . ئۇ سۇمرۇغدەك قا-
ناتلىق بولۇپ ، ناھايىتى باتۇر ئىدى . ئەل ـ
يۇرتنىلا دەيتتى . يۇرتى ئۈچۈن ئۆچۈپ

ھارمايتتى . قەيەردە يامانلىق ، ناھەقچىلىقنى
كۆرسە شۇئان يەرگە چۈشۈپ زالىم ، يا-
مانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ ، ياۋاشنىڭ
بېشىنى سىيلايتتى . ئۇ باتۇر ئەجدادىڭلار
راسا كۈچكە تولغان بىر يىللىرى كۈن
تۇتۇلۇپ ، 72 ئىقلىم خەلقى قاراڭغۇلۇقتا
قالدى . باتۇر ئەجدادىڭلار ئەلنىڭ غېمىدە
« كۈننىڭ شىللىسىگە مىنىپ يەرگە ئېلىپ
چۈشىمەن » دەپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن .
يۇرت خەلقى ئۇنىڭغا مەدەت تىلەپ « مىن
كۈن ، مىن كۈن » دەپ ۋارقىراشقاندى . ئۇ
ئاسمان قەرىگە ئۇچۇپ كېتىپ ئۇزاق
ئۆتمەي كۈن چىقتى ، جاھان باشقىدىن يو-
رىدى . يۇرت خەلقى « بىزنىڭ قاناتلىق
باتۇرىمىزدىن قورقۇپ كۈن چىقتى ، دې-
يىشتى . كۈنغۇ چىقتى ، ئەمما قاناتلىق باتۇر
ئەجدادىڭلار يەرگە قايتىپ چۈشمىدى ،
دېدى . ئۇ ھازىرمۇ كۈنگە مىنىش
ئىرادىسىدىن يانماي ئۇچۇپ كېتىۋاتقانمىش .
بىز يۇرت سۆيەر ئاشۇ ئەجدادىمىزنى ياد
ئېتىش ئۈچۈن بالىمىزغا مىنكۈن دەپ ئىسىم
قويساق قانداق ؟ — دەپتۇ .

مىرزان پادىشاھ ھەبىگۈلناجىنىڭ
ئاغزىغا قاراپلا قاپتۇ . يالغانمىكىن دېسە ،
ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ قىرقى تولغان كۈنى
ھېچبىر كېسەل تارتماي ئۆلۈپ كەتكىنى
راست . بۇنى ذادىسىمۇ ، باشقىلارمۇ دەپ
بەرگەن . ئانىسىنىڭ تۇپراق گۇمبىزىنىڭ
ئوردىدا ئىكەنلىكىمۇ راست . بۇ ئىشلار ئۇ-
نىڭ چۈشىدە ئايان بولمىسا ئۇ قانداق
بىلىدۇ ؟ مەن ئادەمگە ئوخشمايدىغان بەت-
بەشىرە قىياپەتتە تۇرسام ئۆزىنىڭ
مەلىكىلىكىنى ئاشكارىلاپ قولىدىكى ئەن-
گۈشتەر ئۈزۈكىنى نېمىشقا ماڭا بېرىدۇ ؟
مىرزان ئاشۇ ئىشلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ
ئويلاپ . ئايالىنىڭ چۈشىدە ئايان بولغان
ئىشلارنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ ، بالىغا
مىنكۈن دەپ ئىسىم قويۇشقا قوشۇلۇپتۇ .
مىرزان يۇرت خەلقىغە ھەبىگۈلناجىنىڭ
چۈشىدە ئايان بولغان ئىشلارنى
ئاشكارىلاپ ، بالىغا مىنكۈن دەپ ئىسىم قوي-
غانلىقىنى جاكارلايتۇ . پۈتۈن يۇرت خەلقى
خۇدادىن مىنكۈنگە ئەجدادىنىڭكىدەك كۈچ
ئاتا قىلىشىنى تىلەپتۇ . مىنكۈن ئانىسىنى
قىرىق كۈنگىچە ئېمىپتۇ . قىرىق بىرىنچى
كۈندىن باشلاپ زادىلا ئەمگىلى ئۇنىماپتۇ .
ئەمما يەيدىغان نەرسىسى كۆپىيىپتۇ . كۈن-
دىن - كۈنگە جىق يەيدىغان بوپتۇ . بىر
ياشقا تولا - تولماي بەش ياشلىق بالىدەك
بوپتۇ . بۇ ئىش ئوردىدا ، پۈتۈن يۇرتتا
غۇلغۇلا قوزغاپتۇ . بەزىلەر :

— چوڭ ئانىسى پەرىشتە زاتى بول-
غاچقا ، مىنكۈن بوۋاق چېغىدىلا چوڭ
ئادەمنىڭ تامىقىنى يەپ تېز چوڭ بولىۋاتى-
دۇ . ئەجدادىدەك قالتىس باتۇر بولىدۇ ،
دېسە ، يەنە بەزىلەر :

— چوڭ ئانىسى ئادەم قىياپىتىگە
كىرىۋالغان ئالۋاستى بولغان بولسا ، مىرزان
شاھ يالماۋۇز تاپقان گەپ . بوۋاق تۇرۇپ
بۇنچىلىك يەيدۇ ، چوڭ بولسا پۈتۈن يۇرتنى
يالماپ تۈگىتىۋېتىدۇ ، دېيىشىپتۇ . شۇنداق
قىلىپ مىرزان پادىشاھنىڭ بالىسى يالماۋۇز
ئىكەن ، دېگەن گەپ تارقىلىپتۇ . بۇ گەپ
قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ يۇرت - ئالەم
غەمدە قاپتۇ . ئەمما مىرزان شاھ بىلەن
ھەبىگۈلناجى ئۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلماپ-
تۇ . قاناتلىق باتۇر ئەجدادىدەك باتۇر
بولىدۇ ، دېيىشىپ ، مىنكۈننى ياخشى تەربى-
يىلەشكە كىرىشىپتۇ . يەتتە ياشقا كىرگەندە
مەكتەپكە بېرىپتۇ . مىنكۈن مەكتەپتە ئوقۇپ

يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە تۇيۇقسىزلا
ئاغرىپ قاپتۇ . ھەپتە ، ئون كۈن ئۆتۈپتۇ .
مىنكۇنىنىڭ كېسىلىگە ھېچنەرسە شىپا
بولماپتۇ . تېۋىپ - ئۆلىمالارنىڭ قىلمىغان
ئامالى قالماپتۇ . ھېچقايسىسى كار قىلماپتۇ .
شەھىرى كىتكتە ھەرقانداق كېسەلگە چارە
قىلىدىغان بىر تېۋىپ بارمىش ، دەپ
ئاڭلاپ ، ئادەم ماڭدۇرۇپ ئۇنى ئەكەلدۈ-
رۈپتۇ . ئۇ تېۋىپنىڭ ئىسمى كىشكى شىرئان
ئىكەن . كىشكى شىرئان مىنكۇننىڭ
تومۇرىنى ئۇزاق تۇتۇپتۇ ، تىلىغا ، كۆزىنىڭ
ئىچىگە ، چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپتۇ .

— بالىغا سوغۇق ئۆتكەن ، ئۆپكىسى
سەل ئىششىغان . كېرەك يوق ، بالىنىڭ
بەدىنى كۈچلۈك ئىكەن . بۇنچىلىك كې-
سەلنى كۆتۈرەلەيدۇ . ئەمما داۋالاپ
ساقايتمىساق كېسەل چوڭىيىپ ئېغىرلىشى-
دۇ . ئۇ چاغدا كېسەلگە توغرا تۇرماق تەس .
ئەركەك ئېيىق بارمۇ ؟ — دەپتۇ تېۋىپ .

ئوردىدا بېقىلىۋاتقان بىر ئەركەك
ئېيىق بار ئىكەن ، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان
تېۋىپ :

— ئېيىقنى ئۆلتۈرۈپ بالىنى
تېرىسىدە يۆگەيمىز ، ئۆپكىسىنى سىيستى-
مىز . مۇشۇنداق قىلساق ، بالىدىكى 72 خىل
كېسەلنىڭ بولمىش سايىسىمۇ قالمايدۇ ، —
دەپتۇ .

مىرزان شاھ تېۋىپنىڭ دېگىنىدەك
قىلىپ ئېيىقنى ئۆلتۈرگۈزۈپ ، ئۆپكىسىنى
ئاپتاپقا سېلىپ سىيستىپتۇ ، تېرىسىگە بالىنى
ئاپتۇ . دېگەنىدەك ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپلا
مىنكۇن سەللىمازا ساقىيىپتۇ .

مىنكۇن كېسەلدىن ساقىيىپ
مەكتەپكە بارسا باللار ئۇنى « ئېيىق بالى-
سى ، تېرە بالىسى ، سېسىق ئۆپكە ، ئېيىق
ئۆپكە » دەپ چىشىغا تېگىپ زادى ئارام
بەرمەپتۇ . مىنكۇن جىم تۇرغانسېرى باللار
تېخىمۇ ئەدەپ چىشىنى قېرىشتۇرۇپتۇ .
مىنكۇن ئاچچىقىغا چىدىيالماي چىشىغا
تەگكەن باللارنى تۇتۇۋېلىپ توپقا ئوخ-
شاش ئاسمانغا ئېتىپتۇ . ئۇ شۇ تەرىقىدە 30
بالىنى ئاسمانغا ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ .
قالغان باللار قورقۇپ چۇرقىرىشۇپ
كېتىپتۇ . باللارنىڭ قىيا - چىياسىنى ئاڭ-
لىغان ئۇستازلار ھۇجرىلىرىدىن چىقىپتۇ .
قارىغۇدەك بولسا ھويلىدا 30 بالىنىڭ ئۆلۈكى
ياتقان . بۇ دەھشەتلىك كۆرۈنۈشتىن ئۇلارمۇ
قورقۇپ كېتىپتۇ . ئەھۋالنى باللاردىن بى-
لىپ ، مىنكۇننى پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
بېرىپتۇ . ئەھۋالنى پادىشاھقا دەپتۇ .

پادىشاھ ئۇلارنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي
بىر نەچچە ۋەزىرلىرى بىلەن مەكتەپكە
بېرىپتۇ . كۆرگۈدەك بولسا ئەھۋال ھېلىقى-
دەك . مىرزان شاھ مىنكۇندىن راست
شۇنداق قىلغان - قىلمىغانلىقىنى سوراپتى-
كەن ، راست ، مەن ئۆلتۈردۈم ، دەپتۇ .

— نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭ ؟ —
دەپ سوراپتۇ پادىشاھ مىنكۇنگە ئاچچىقلى-
نىپ ، مىنكۇن باللارنىڭ ئۇنى ، «ئېيىق
بالىسى ، تېرە بالىسى ، سېسىق ئۆپكە ، ئېيىق
ئۆپكە » دەپ چىشىغا تېگىۋەرگەنلىكىنى
دەپتۇ .

ئۆلگەن باللارنىڭ ھەممىسى ئوردا
خادىملىرىنىڭ باللىرى ئىكەن . تەڭدىن
تولىسى مىنكۇندىن چوڭ باللار ئىكەن .

مىرزان ئادىل پادىشاھ بولغاچقا ، نا-
ھەقتىن ناھەقلا 30 نارەسىدە باللارنىڭ
جېنىغا زامىن بولغان بالىسىنى جازالىمىسا
بولمايدىكەن . جازالاي دېسە يۈرەك پارىسى .
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن ياخشى كۆرىدى-

كەن . لېكىن بالام دەپ يۇرت نىزامىنى بۇزسا
بولمايدىكەن . شۇڭا قانداق جازالاشنى
ۋەزىرلىرىگە تاپشۇرۇپ ئوردىغا قايتىپ كې-
تىپتۇ . مىنكۇننىڭ قىلىپ قويغان ئىشىنى
ھەببىگۇلتاجىغا دەپتىكەن . ئايالى « قانداق
قىلاي ، بۇ نىمە گەپ ؟ ! — دەپ ئوردىنى
بېشىغا كىيىپتۇ ، يىغلاپتۇ ، قاخشاپتۇ . لېكىن
ئارا تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالماپتۇ .

مىنكۇننىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بول-
غانلىقىغا كەلسەك ، بۇ ئىشتا ۋەزىرلەرنىڭمۇ
بېشى بەك قېتىپتۇ . يۇرت نىزامى بويىچە
جازالايلى دېسە ، پادىشاھ ئۇنىڭغا بەك ئامراق
ھەم بالا تېخى بەكلا كىچىك ، ھەببىگۇلتاجى
تېخىمۇ بەك ئامراق . جازالىمايلى دېسە ، ساق
30 جاننىڭ قان قەرزى . ۋەزىرلەر ئۇنداق
ئويلا ، بۇنداق ئويلا كۆھقاپ تېغىغا
تاشلىۋېتىپ كېلىشنى ، تەقدىرى ئۆزىدىن
كېلىپ ئامان قالسا مەيلى ، يىرتقۇچ ھايۋانلار
يەپ كەتسە ، بۇ ئۆز قىلمىشىنىڭ شورى ،
دېگەن توختامغا كېلىشىپتۇ . مىنكۇننى
نەۋكەرلەرگە تاپشۇرۇپتۇ . نەۋكەرلەر
مىنكۇننىڭ بويىنىغا ، قولىغا تاقاق ، پۇتىغا
زەنجىر سېلىپ زىندانغا سولاپ قويۇپتۇ .
پەرمان بويىچە ئەتىسى ئەتىگەندىلا كۆھقاپ
تېغىغا ئېلىپ ماڭىدىكەن .

مىرزان پادىشاھنىڭ ئەقىللىق ، ئاق
كۆڭۈل بىر ۋەزىرى بولۇپ ، سىرتقا چىقىپ
كەتكەنلىكتىن ئۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز
ئىكەن . كەچتە ئوردىغا كېلىپ بولغان
ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپتۇ . پەرمان چۈ-
شۈرگەن ۋەزىرنىڭ يېنىغا كېلىپ :

— بالا ھەقىقەتەن قاملاشمىغانلا
يامان ئىش قىلىپ قويۇپتۇ . جازالىماي بول-
مىغۇدەك . ئەمما جازالايمىز دەپ ۋاقتىنى
بۇنچىۋالا زىچ قىلىپ قىستاپ قويساق بول-
ماس . تېخى يەتتە ياشلىق بالا ئەمەسمۇ .
ئازراق رەھىم قىلىپ ئېلىپ مېڭىشنى ئۈچ
كۈن كېيىنگە سۈرەيلى . ھېچ بولمىسا
مىنكۇن ئۆزىنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرى بىلەن
قېنىشىپ خوشلىشىۋالسۇن ، — دەپتۇ .

جازا پەرمان چۈشۈرگەن ھېلىقى
ۋەزىرنىڭمۇ دىلى يۇمشاپتۇ . ئۇ ئىچىدە :
«مەيلى ، ئۈچ كۈنگىچە دوستلىرى بىلەن
ئويناپ كۆڭلىنى ئوبدان ئېچىۋالسۇن .
كۆھقاپ تېغىدا ھامان ئۆلۈپ كېتىدۇ ئە-
مەسمۇ » — دەپ ئويلاپتۇ . ئىككى ۋەزىر
باش نەۋكەرگە مىنكۇننى ئۈچ كۈنلۈك قو-
يۇپ بېرىشنى ، ئاندىن كۆھقاپ تېغىغا
ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپ كېلىشنى تاپىلاپ قو-
يۇپتۇ .

مىنكۇن كىچىك بولغاچقا كۆھقاپتا
قانداق كۈننى كۆرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈ-
رۈپمۇ قويماي ، دوستلىرى بىلەن ئويناپتۇ .
ئاشخانىغا خالىغانچە كىرىپ ئوبدان —
ئوبدان يەپتۇ . مىنكۇننىڭ كىچىكىدىنلا
بىللە ئوينايدىغان ئەڭ يېقىن بىر ئاغىنىسى
بار ئىكەن . ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۆھقاپ
تېغىغا پالانغىنىنى ، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلىتى-
نىڭ تولۇپ ، ئەتە كۆھقاپ تېغىغا ئېلىپ
ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، بۇندىن كېيىن
كۆرۈشەلەمدۇق — يوق ، بىلمەيمەن . خەير ،
خوش ، دەپتۇ ..دوستى ئۇنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ :

— سەن نەگە بارساڭ مەنمۇ شۇ
يەرگە بارىمەن . سەندىن ئايرىلمايمەن ، —
دەپتۇ . ئۇ بالىنىڭ ئاتا — ئانىسى مىرزان
شاھنىڭ يۈزۈدىنلا بالىسىنىڭ مىنكۇن بىلەن
كۆھقاپ تېغىغا بېرىشىغا قوشۇلۇپ ، يانا-
شىدا بالىنى ئازدۇرۇپ قايتۇرۇپ كېلىشنى
نەۋكەرلەرگە قاتتىق تاپىلاپتۇ .

ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت توشقان كۈنى نەۋكەرلەر ئىككى بالىنى ئىككى سۇكەنگە سېلىپ بىر تۆگىگە ئارتىپتۇ. توققۇز تۆگىگە سۇ، توققۇز تۆگىگە يېمەكلىك قاچىلانغان ساندۇق، تولۇملارنى ئارتىپتۇ. بۇ تۆگىلەرنى ھەيدەش، يېتىلەشكە توققۇز چاكار ئېپىتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار مىنكۈننى ئېلىپ كۇھىقاپ تېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ئۇن كۈن بولغاندا ئۇلار «دەشتى بۇلاق» دەپ ئاتىلىدىغان قۇملۇققا يېتىپ بېرىپتۇ. بالىلارنى ئېلىپ ماڭغانلار ئارىسىدا بىر ۋەزىر بار ئىكەن. ئۇ نەۋكەرلەرگە:

— مىنكۈن كىچىك، ئۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ نېمە قىلغانلىقىنى بىلمەي سادىر قىلىپ قويغان. يەنە بىر بالا گۇناھسىز. پەقەت مىنكۈنگە ئەگىشىپلا كېلىپ قالدى. بىز بۇلارنى كۇھىقاپ جىلغىسىغا ئېلىپ بارمايلى، ئۇنداق قىلساق بالىلار تۈگۈل ھەممىمىزنى يىرتقۇچ ھايۋان، دىۋىلەر يەپ كېتىدۇ، تىرىك قالمايمىز، — دەپتۇ. ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە بەزىلىرى قوشۇلۇپتۇ، بەزىلىرى:

— بۇ پادىشاھنىڭ پەرمانى، بىجا كەلتۈرمىسەك بولمايدۇ، بىزنى دىۋىلەر يەپ كەتسىمۇ مەيلى، مىنكۈننى كۇھىقاپ تېغىغا تاشلىۋېتىپ كېلىمىز، بولمىسا ئۇ كېيىن يۇرتىمىزغا بالا بولىدۇ، — دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. بۇلارنىڭ بىرسى مىنكۈن ئۆلتۈرىۋەتكەن بىر بالىنىڭ تاغىسى ئىكەن. قالغان ئۈچى مىنكۈننى چوڭ بولسا يالماۋۇز بولىدۇ، چوڭ بولغىچە كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، — دەپ قارىغۇچىلار ئىكەن.

تۆت نەۋكەر ئىككى بالىنى ئېلىپ كۇھىقاپ تېغىغا قاراپ مېڭىپتۇ. ساق ئىككى كۈن مېڭىپ كۇھىقاپ جىلغىسىغا كەلگەندە ئىككى بالىنى تاشلاپ ئارقىسىغا قايتىپتۇ. ئۇلار تاڭ ئاتقۇچە مېڭىپتۇ. سەھەرگە يېقىن قارا چاپقۇن بوران چىقىپتۇ. قۇملار ئۇچۇپ ئۇلار كۆزلىرىنى ئاچالماي قاپتۇ. بولالماي تۆگىدىن چۈشۈپ يېتىلەپ مېڭىپتۇ. قارا چاپقۇن بوران بارغانسېرى كۈچىيىپتۇ. تۆگىلەرنى يېتىلەپ مېڭىشقىمۇ مۇمكىن بولماي، تۆگىلەرنى دالىدا قىلىپ كەينىگە ئۆتۈپ ھەيدەپ مېڭىپتۇ. ئانچە ئۇزۇن ماڭمايلا تۆگىلىرىنىڭ قايسى تەرەپكە كەتكىنىنى بىلمەيلا قاپتۇ. ئۇلار پىيادە، ئوزۇق، سۇسىز قاپتۇ. تۆگىلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بولۇپ ۋەزىر باشلىق نەۋكەر، چاكارلار قېپقالغان جايغا قايتىپ كېپتۇ. ئۇلار كەتكەن تۆت نەۋكەرنى يەنە ئىككى كۈن ساقلاپتۇ. كەلمەپتۇ. بۇ ئىككى كۈن دەشتى بۇلاق قۇملۇقنى ئوتتەك قىزىتىۋېتىپتۇ.

— ئۇلار بۇ ئىسسىقتا سۇسىز، ئوزۇقسىز قېلىپ چوقۇم ئۆلدى، ئۇلار ئىككى ئارىسىدە بالىلارغا تاش يۈرەكلىك قىلىۋېدى، نىيىتى ئۆز بېشىغا چىقىپتۇ. ئەمدى ساقلىماي كېتىۋېرەيلى. دېيىشىپ بۇ چۆل - جەزىرىدىن ساق - سالامەت كېتىۋېلىشنىڭ غېمىدە ۋەزىرنىڭ دېگىنىگە قوشۇلۇپتۇ. تۆگىلىرىگە مىنىپ قايتىشىپتۇ.

ھېلىقى تۆت نەۋكەر ئوزۇق، سۇسىز قېلىپ كۆپ قىينىلىپتۇ. قورسىقى ئېچىپ ئاجىزلاپتۇ، چاڭقاپ ھالسىزلاپتۇ، ماڭغۇدەك ماجالى قالماي، بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ ئۆلۈپتۇ.

ئەمدى مىنكۈن بىلەن ئۇنىڭ دوستىغا كېلەيلى. مىنكۈن بىلەن ئۇنىڭ ئاغىنىسى كۇھىقاپ تاغ جىلغىسىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي بىر كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ.

قورسقى ئىچىشقا باشلاپتۇ . ۋەزىر ئۇنىڭغا جىنىڭغا لازىم بولۇپ قالار دەپ ، ئوقياسى بىلەن خەنجىرىنى بەرگەنىكەن . ئوقيادا ئۇچىرىغان كىيىك ، جەرەنلەرنى ئېتىپ كاۋاپ قىلىپ يەپ يىرىم كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ . چۈشتىن كېيىن ئۇلار ئېتىپ يىگۈدەك بىر نەرسە ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئەتراپقا قاراپتىكەن ، مىنكۈننىڭ كۆزى بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر كىيىكنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئارىلىق ئوقيا ئاتسا يەتكۈدەك ئىكەن . ئانا كىيىكنى ئېتىشقا قارىلاپ بولۇپ ، كۆزى ئۇنىڭ بالىسىغا چۈشۈپتۇ . كىيىك بالىسى ئۇنىڭغا بەكمۇ چىرايلىق ، ئۇماق كۆرۈنۈپتۇ . تۇغۇلغىنىغا بىر نەچچە كۈن بولغانىكەن . كىيىك بالىسىغا ئىچى ئاغرىپ ئانا كىيىكنى ئېتىشتىن يالتىيىپتۇ . قوغلاپ يۈرۈپ بالا كىيىكنى تۇتۇۋېلىش باققۇسى كەپتۇ . مىنكۈن ئاغىنىسى بىلەن ئانا ـ بالا كىيىكنى قوغلاپتۇ . ئۇلار بىلەن كىيىك ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقىراپتۇ ، ئەمما زادىلا يېتەلمەپتۇ . يا كىيىك يىراقلاپ كەتمەپتۇ . ئۇلار مانا تۇتىمىز ، ئەنە تۇتىمىز دېيىشىپ قوغلاۋېرىپتۇ . كۈن پاتارغا يېقىن ئۇلار تۇيۇقسىز يەردىلا كىيىكنى كۆزدىن يوقىتىپ قويۇپتۇ . ئۇلار كىيىكنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي ئەتراپقا قاراپ يېنىدىكى تاغنىڭ قاپتىلىدا ئىشىكتەكلا تۆت چاسا غار ئاغزىنى كۆرۈپتۇ . مىنكۈن ئاغىنىسىنى جايىدىن قوزغالماي تۇرۇپ تۇرۇشنى تاپىلاپ ، ئۆزى غار تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ . يېقىن بېرىپ قارىسا غارنىڭ ئاغزىدىن ئىس چىقىۋاتقۇدەك . غارنىڭ ئىچىدە ياجىن ـ ئالۋاستى ياكى دىۋە باردۇ ، ئادەمزات يوقتۇ . نېمە بولسا بولسۇن كىرىپ بېقىپ باشقا كەلگەننى كۆرمەيمۇ ، دەپ

ئويلاپ ، مىنكۈن غارغا كىرىپتۇ . ئۆڭكۈر ئىچىدە قاتمۇ قات ئېغىز بار ئىكەن . مىنكۈن يەتتە ئېغىزدىن ئۆتۈپتۇ . ئىكچىرى كىرسە تۆپە تەرەپتە بىر كىشى تىزىنى بۆكلەپ ئايەت ئوقۇغان قىياپەتتە ئولتۇرغۇدەك . مىنكۈن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تۇرۇپ :

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ، بوۋا ، — دەپ تەزىم قىپتۇ . بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ :

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ، بۇ ئادەمزات كەلمەيدىغان جاي ئىدى . سەن قانداق قىلىپ كېلىپ قالدىڭ ؟ سەن ئادەمزاتمۇ ياكى خىزىرزاتمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بوۋا ، مەن ئادەمزاتى ، مېنى دادام مۇشۇ كۈھىقاپ تېغىغا ئەكىلىپ تاشلاتقۇزۇۋەتتى ، — دەپتۇ مىنكۈن .

— ئۆزۈڭ يالغۇزمۇ ياكى باشقا ئادەملەرمۇ بارمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . بوۋاي .

— مېنىڭ بىر ئاغىنەم بار ئىدى ، ئۇ پەستە قالدى ، — دەپتۇ مىنكۈن .

— چاقىرغىن ، ھەمراھىڭمۇ بۇ يەرگە كىرسۇن ، چاپسان بول ، بۇ ئەتراپ بەك يامان ، دىۋىلەر ئۇۋىسى . تېز بېرىپ ، تېز چاقىرىپ كەل ، — دەپتۇ بوۋاي جىددىيلىشىپ .

بوۋاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مىنكۈنمۇ جىددىيلىشىپتۇ . غاردىن يۈگۈرگەندەك چىقىپ دوستىنىڭ يېنىغا بېرىپ ، غاردا كۆرگەن ، ئاڭلىغىنىنى دەپ بېرىپ ، دوستىنى باشلاپ تاغقا قاراپ مېڭىپتۇ . ئۇلار تاغقا يېقىن كەلگەندە قاتتىق بىر قۇيۇن كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆزىنى ئاچۇرماي ، پىرقىرىتىپ خېلى بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپتۇ . مىنكۈن كۆزىنى ئاچسا ، باشقىلا بىر يەرگە كېلىپ قالغان . ئۇلار ماڭا ـ ماڭا قويۇق بىر

چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. بۇ چاتقاللىق دىۋىلەر ماكانى بولۇپ، دىۋىلەر بۇغا، جەرەنلەرنى تۇتۇپ يېيىش ئۈچۈن چىلبۆرە قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ چاتقال ئارىسىدا يۈرۈدىكەن. چىل بۆرىلەر مىنگۈنلەرنى تۇتۇۋاپتۇ. ئۇلارنى سويۇپ يېيىش ئۈچۈن قۇرۇپ قالغان بىر دەرەخنىڭ شېخىغا ئېسىپ قويۇپتۇ.

هېلىقى بوۋاي باللارنى ھېلى كىرەر، مانا كىرەر دەپ ساقلاپتۇ، كىرمەپتۇ، بوۋاي غاردىن چىقىپ قارىسا، جاھاننى توپا-تۇمان قاپلاپ كەتكەن. «ھەي, قارا قۇيۇن باللارنى ئازدۇرۇپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» دەپ ئويلاپتۇ بوۋاي. بۇ بوۋاينىڭ بىر بالىسى بولۇپ، ئىسمى باقان باتۇر ئىكەن. ئۇ شۇنداق باتۇر ئىكەنكى، ئۇنىڭ باتۇرلۇقى ئالدىدا كۆھقاپ دىۋىلىرى دىر-دىر تىترەيدىكەن. بىر بۇيرۇق قىلسا، ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى دىۋىلەر شۇئان بىجا كەلتۈرىدىكەن. باقان باتۇر نېرىقى تاغدا ياشايدىكەن. ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ دادىسىنى يوقلاپ، كاملىرىنى تولۇقلاپ تۇرىدىكەن. ئۇ كۈن دەل باقان باتۇرنىڭ كېلىدىغان كۈنى ئىكەن. بوۋاي ئوغلىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى ئويلاپ تۇرسا باتۇرمۇ كەپتۇ.

— بالام، ئۆگكۈرىمىزگە بىر ياخشى مېھمان كەلگەندى. پەستە بىر دوستۇم قالغان، باشلاپ كىرەي، دەپ چىقىپ كېتىپ كەلمىدى. قارا قۇيۇندا قېلىپ ئېزىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. دىۋىلەر زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن، ئەتراپقا قاراپ باققىنا، — دەپتۇ بوۋاي.

باقان باتۇر تاغنىڭ ئېگىز چوققىسىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، چاتقال جىلغىسىدا ئىككى بالا دەرەخكە ئېسىقلىق تۇرغۇدەك. دىۋىلەر قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ باللارنى پارچىلاشقا تەييار بولۇپ تۇرۇپتۇ. باقان باتۇر بىر تۈپ تاغ جىگدىسىنى قومۇرۇپ ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈرۈپ پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

— ھەي دىۋىلەر، مەن باقان باتۇر بولىمەن. ئاۋۇ ئىككى بالىنى قويۇپ بېرىش، ئەگەر قويۇپ بەرمەي بىرەرسىگە ئازراق زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان بولساڭ، ئۇرۇق-ئەۋلادىڭنى قويماي قۇرۇتىۋېتىمەن! — دەپ تۈۋلاپتۇ.

باقان باتۇرنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان دىۋىلەر قورقۇپ تىترىشىپ شاخىنا قويۇۋېتىشكە تاس قاپتۇ. باللارغا زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىغىنىغا خۇش بولۇشۇپتۇ. باللارنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ ئىككى دىۋە مۈرىسىدە كۆتۈرگىنىچە باقان باتۇرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىشىپتۇ. باتۇرغا سالام بېرىپ، ئۇقۇشماسلىقتىن باللارنى تۇتۇۋالغىنىغا نامۇۋاپىقلۇق بىلدۈرۈپتۇ. باقان باتۇر ئىككى بالىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتىسىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي باللارغا قاراپ:

— ئەي باللار، ئاغزىڭلاردىن ئانا سۈتى كەتمەي تۇرۇپ ئادەملەر تەرىپىدىن، يەنە كېلىپ ئۆز ئاتىلىرىڭلار تەرىپىدىن بۇ دىۋىلەر ماكانىغا قوغلىنىپسىلەر. ئاتاڭلاردىن، يۇرتۇڭلاردىن دىلىڭلار ئاغرىغاندۇ. بىز ئاتا-بالىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا قىسىلىشقا قىلىپ، ئادەملەردىن كۆڭلىمىز رەنجىپ، كۆڭلىمىز چۆل-باياۋان، تاغ-دالىنى

تارتىپ بۇ جايغا كېلىپ قالغان. ئوغلۇمنىڭ باتۇرلۇقى بىلەنلا ياشاپ كېلىۋاتىمىز. بولمىسا ئاللىقاچان دىۋىلەرگە يەم بولۇپ كېتەتتۇق. ئەمدى تۆت بولدۇق، بۇ يەر ئەركىن، كەڭ دۇنيا. خالىغانچە يايراپ ئوينىيالايسىلەر. سىلەرنى باتۇر ئوغلۇم قوغدايدۇ. ھېچنەرسە زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ، — دەپتۇ.

مىنكۈننىڭ ئاغىنىسىنىڭ ئېتى قوشقۇلاق ئىكەن. ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قوناقتەك بىر مەڭ بولغانىكەن. شۇڭا ئاتىسى ئۇنىڭغا شۇ ئىسىمنى قويغانىكەن. مىنكۈن بىلەن قوشقۇلاق باققان باتۇرنىڭ ھىمايىسىدا كۆھقاپ تاغ جىلغىسىدا بىر يىل تۇرۇپتۇ. بۇ بىر يىل جەريانىدا ئۇلار ھېچنەرسىدىن قىينالماپتۇ. جەرەن، كىيىك، ئۇلاي، كەكلىك دېگەن نەرسىلەرنى خالىغان ۋاقتىدا ئېتىپ يەپ كۈننى ئوبدان ئۆتكۈزۈپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇ جايدىن زېرىكىپتۇ. ئادەملەر جىق يەرگە كېتىشنى ئويلاپتۇ. بوۋاي بىلەن باققان باتۇر جەم بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مىنكۈن بوۋايغا:

— بوۋا، بىز بۇ جايغا كەلگىلى بىر يىل بوپ قاپتۇ. بىزنى باققان ئاكام بىلەن ئىككىڭلار خەۋپتىن قۇتۇلدۇردۇڭلار، بېشىمىزنى سىيلاپ كۆپ ئاتىدارچىلىق قىلدىڭلار. بۇ ياخشىلىقىڭلارغا ھەر قانچە رەھمەت ئېيتساقمۇ ھەققىڭلار تۈگىمەيدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، سىلەردىن بىر ئۆتۈنۈشىمىز بار. دەپ باقساق. بىز ئادەمىزات، سىلەرمۇ ئادەمىزات. ئادەم ئادەملەردىن چەتنەپ ياشىيالمايدىكەن. بۇ يەردە سىلەر

ۋە بىزدىن باشقا ئادەملەر يوقكەن. زېرىكتۇق، كۆنەلمىدۇق. ئادەملەر جىق يەرگە بېرىپ شۇلار بىلەن بىللە ياشىساق، ئەگەر سىلەر ئۇنداق يەرگە بېرىشنى خالىمىساڭلار، بىزگە ئىجازەت بەرسەڭلار، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

سەككىز ياشلىق كىچىكلا بىر بالىنىڭ ئادەتتىكى چوڭ ئادەملەرمۇ ئوڭشاپ دېيەلمەيدىغان گەپلەرنى تېنىمەي بىجىرىم قىلىپ دېگىنىگە قاراپ باققان باتۇر ھەيرانلا قاپتۇ.

— بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — گەپلىرىڭ ئورۇنلۇق، ئەمما بىز كىشىلەر ئارىسىغا بارالمايمىز. سەۋەب، مەن قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزۇن يىل ئادەملەردىن ئايرىلىپ يالغۇزلۇقتا ياشاپ، مۇشۇ تۇرمۇشقا كۆنۈپ قالدىم، تاغ — داللارغا ئۆگىنىپ قالدىم. مەن كەتمىسەم، بالاممۇ كېتەلمەيدۇ. مەن ئۆلگەندىن كېيىن خالىغان يېرىگە بارار. ھازىرچە سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار، بەختىڭلارنى تېپىڭلار. سىلەرنى بىر بەختنىڭ ئىشىكى كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ مىنكۈن بىلەن قوشقۇلاق كۆھقاپ تاغ جىلغىسىدىن كەتمەك بوپتۇ. باققان باتۇر ئۇلارنى «دەشتى بۇلاق» چۆلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇپ، مىنكۈننىڭ قولىغا بىر خەتنى بېرىپ قايتىپتۇ. مىنكۈن خەتنى ئوقۇسا مۇنداق دەپ يېزىلغانىكەن: « مەنكى باققان باتۇر، بۇ ئىككى ئوغۇل مېنىڭ يېقىن قېرىنداشلىرىم. بۇلارغا زىيان — زەخمەت يەتكۈزگۈچىلەرنى ھەرگىز ئاياپ قويمايمەن، ئۇنىڭ يەتمىش

پۇشتىنغىچە ئۈچ ئالمەن . » خەتنىڭ ئاخى-
رىغا باقۋان باتۇرنىڭ ئىسمى پۈتۈلگەن
مۆھۈرىمۇ بېسىلىپتۇ . باقۋان باتۇر دېسە ،
كۆھقاپ ئىقلىمىدىكى دىۋە ، جىن ـ
ئالۋاستىلارنىڭ ھەممىسىگە تونۇش ئىكەن ،
ئۇنىڭدىن قورقىدىكەن .

مىنكۇن بىلەن قوشقۇلاق ئۇنداق
مېڭىپ ، بۇنداق مېڭىپ ئاخىرى چۆل ـ
جەزىرىدىن چىقىپ بوپتۇ . شۇنىڭغىچە
ئۇلارغا بىرەر توسقۇنلۇق ئۇچرىماپتۇ . ھەتتا
ئالدىدىن بىرەر چىۋىنمۇ توغرا ئۆتمەپتۇ .
ئۇلار ماڭا ـ ماڭا قارلىق بىر تاغقا كېلىپ
قاپتۇ . تاغ ھاۋاسى بەك سوغۇق ئىكەن ،
ئۇلار قاتتىق توڭلاپتۇ . تاغ قاپتىلىدىكى بىر
غارغا كىرىپ دالدىلىنىپتۇ . بىر كېچىنى
توڭلاپ ئاران تاڭغا ئۇلاپتۇ . غاردىن چىقسا
جاھاننى تۇتەك ـ تۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ .
ماڭىدىغان تەرىپىنى بىلمەيلا قاپتۇ . ھاۋانىڭ
ئېچىلىشىنى ساقلايلى دېسە ، يەيدىغان نەر-
سىسى يوق ، ئاچ قېلىپ ئاسانلا مۈزلاپ
قېلىشىدىن ئەندىشە قىپتۇ . ئۇلار شۇ غەم ـ
ئەندىشىدە بېشى قېتىپ تۇرسا ، يىنىك بىر
شامال چىققاندەك بولۇپلا ، ئالدىدا ئايئاق
ساقىلى مەيدىسىنى يېپىپ تۇرغان بىر بوۋاي
پەيدا بوپتۇ .

بالىلىرىم ، قورقماڭلار ، يولۇڭلار
ھازىرلا ئېچىلىدۇ . مەن سىلەرگە خاسىيەت-
لىك ئۈچ نەرسە بېرىمەن . بەك لازىم
بولغاندىلا پايدىلىنىڭلار ، ــــ دەپ ئاقساقال-
لىق بوۋاي مىنكۇنگە بىر مىسران قىلىچ ، بىر
جاھاننەما ئەينەك ، بىر ئوقيا بېرىپ ،
ھەرقايسىسىنىڭ خاسىيىتىنى دەپ بېرىپتۇ .
كۈن چىقىشقا قاراپ ئۈك قولۇڭلارنى بېسىپ
مېڭىۋېرىڭلار . خەير ، ئاق يول بولسۇن ، ــــ
دەپتۇ ـ دە ، بوۋاي بالىلارنىڭ كۆزىدىن غا-
يىپ بوپتۇ .

مىنكۇن قىلىچنى قولىغا ئېلىپ
قارىسا ، يىغما مىسران قىلىچ ئىكەن .
«ئۇزار» دەپ بىر شىلتىپتىكەن . بوۋاينىڭ
ئېيتقىنىدەك يەتتە غۇلاچ بوپتۇ . ئەينەك
ئىككى يۈزلۈك بولۇپ ، بىر يۈزى ئاسمان
بىلەن 18 مىڭ ئالەمدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى ،
بىر يۈزى يەر ئۈستىدىكى يەتتە ئىقلىمدا ۋە
يەر تېگىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى
كۆرسىتىدىكەن . ئوقيا بىلەن ئوقدانىنىڭ
خۇسۇسىيىتى شۇكى ، ئوقيانى كېچە ـ
كۈندۈز ئاتسىمۇ ئوقداندىكى ئوقلار
تۈگىمەيدىكەن . بىرنى ئاتسا بىرسى پەيدا
بولۇپ تۇرىدىكەن . بالىلار : بۇ بەك ياخشى
بولدى ھەرقانداق دۈشمەن بولسىمۇ قورق-
مايمىز ۋە دىۋە ئۇچراپ قالسىمۇ قورقمايمىز ،
دېيىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كۈن چىقىشقا
قاراپ ئۈك قولنى بېسىپ مېڭىۋېرىپتۇ . ئۇلار
چۈشكىچە مېڭىپتۇ . يا ھارماپتۇ ياكى
قورسىقى ئاچماپتۇ ھەم ئۇسسىماپتۇ . تېخى
ئۆزلىرىدە تۈگىمەس بىر كۈچ باردەك ھېس
قىلىپتۇ . چىڭ چۈش بولغاندا بىر شەھەرگە
يېتىپ كېپتۇ . شەھەردە ئادەملەر جىق
ئىكەن . ئەمما شەھەر خەلقىنىڭ چىرايىدا
خۇشاللىقنىڭ ئالامىتىنى كۆرمەپتۇ . ھەممە
كىشى غەمكىن . بىر نەرسىدىن ھۆركۈپ
قورقۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنۈپتۇ . بەزى
دوقمۇشلاردا بەش ـ ئالتە كىشى توپلىشىۋې-
لىپ تامغا قارىشىپ بىر نېمىلەرنى
دېيىشىۋاتقاندەك . بالىلار بىر توپنىڭ يېنىغا
بارسا ، تامدىكى بىر يارلىققا قاراپ

سۆزلىشىپ تۇرۇشقىدەك . مىنكۇن يارلىقنى ئوقۇپتۇ . يارلىقتا : « كىمكى ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن قىزىمنى قۇتقۇزۇۋالسا ، شۇ كىشىگە قىزىمنى تويلاپ بېرىمەن . ئۇ كىشىنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى ئۆمۈر بويى باقىقاندىن باشقا ، جان ۋە شاھلىقىمغا تاقاشمايدىغان ھەر قانداق تەلىپى بولسا بىجا كەلتۈرىمەن . شەھىرى قۇمتاغ شاھى قۇتئامان » دەپ يېزىلىپ شاھانە مۆھۈر بېسىلىپتۇ .

مىنكۇن بىر بوۋايدىن ۋەقەنىڭ جەريانىنى سوراپتۇ . كۇن پېتىشتا كۆرۈنگەن تاغنىڭ ئىككى تەرىپى ئىككى شەھەر ئىكەن . تاغقا ئەجدىھا پەيدا بولۇپ قالغىلى بىر ئايدەك بولۇپ قاپتۇ : بىر ھەپتىدە ئىككى كۇن ئۇ شەھەرگە ، ئىككى كۇن بۇ شەھەرگە كىرىپ ھەر قېتىمدا بىر ئادەمنى دەم تارتىپ ئېلىپ كېتىدىكەن . ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان شەھەردە قاچ - قاچ ، پاتىپاراقچىلىق بولۇپ ، باللار ، ئاجىز - مېيىپلار ، قېرىلار كىشىلەر ئايىغى ئاستىدا قېلىپ ، كۆپلىرى جېنىدىن ئايرىلىدىكەن ، جېنىدىن ئايرىلمىغانلىرى پۇت - قوللىرى سۇنۇپ ناكا بولۇپ قالىدىكەن . ئۇ ئەجدىھا قۇتئامان پادىشاھنىڭ قىزىنى يۇتۇپ كەتكىلى ئىككى كۇن بولغانىكەن . ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئەجدىھا دەم تارتىپ كەتكەن ھەرقانداق نەرسە ئۇنىڭ قارنىدا بىر ھەپتىگىچە ھېچنېمە بولمايدىكەن . بىراق ئەجدىھانىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ قارنىدىكى ئادەملەرنى قۇتقۇزۇشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالماپتۇ . بوۋايدىن بۇ گەپنى ئاڭلىغان مىنكۇن بىلەن قوشقولاق ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇزۇش خىيالىغا كەپتۇ . ئىككىسى پادىشاھ ئالدىغا كىرىپتۇ . پادىشاھقا سالام بېرىپ بولۇپ مىنكۇن :

- شاھ ئاتا ، بىز سىزنىڭ پەرمانىڭىزنى بىجا كەلتۈرگىلى كەلدۇق . بىزگە ئىجازەت بەرگەيسىز ، - دەپتۇ .

قۇتئامان پادىشاھ ئالدىدىكى بۇ كىچىك باللىنىڭ چوڭ ئادەمدەك قىلغان گېپىگە كۈلۈپ كېتىپ :

- بالام ، مېنىڭ قايسى پەرمانىمنى بىجا كەلتۈرمەكچى ؟ - دەپ سوراپتۇ .

مىنكۇنمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

- شاھ ئاتا ، سىزنىڭ بىر قىزدىگىزنى ئەجدىھا يۇتۇپ كېتىپتۇ . دوستۇم بىلەن ئىككىمىز ئەجدىھا بىلەن ئېلىشىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىزىڭىزنى قۇتقۇزۇپ كېلىمىز ، - دەپتۇ . قۇتئامان پادىشاھ كۈلۈپ كېتىپتۇ .

- ئەي باللىرىم ، سىلەر كۆپ بولغاندا ئون ياشقا كىرگەنسىلەر ، ئەجدىھار بىلەن ئېلىشماق ئويناشماق ئەمەس ، ئۇنى كۆرسەڭلار يۈرىكىڭلار يېرىلىپ كېتىدۇ . چىقىپ ئويۇنىڭلارنى ئويناڭلار ، مېنى ئاۋارە قىلماڭلار ، - دەپتۇ پادىشاھ . باللار ھەرقانچە دېسىمۇ پادىشاھ ماقۇل دەيدىغاندەك ئەمەس ئىكەن .

ئۆزلىرىنى كىچىك كۆرۈپ كۆزگە ئىلمىغىنىغا ، ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ قىزىنى قۇتقۇزۇپ كېلەلىشىگە پادىشاھنىڭ ئىشەنمىگىنىگە مىنكۇننىڭ قورسىقى كۆپۈپ ، ئاچچىقى كەپتۇ . ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، قىزنى قۇتقۇزۇپ كېلىپ پادىشاھقا ، قۇمتاغ خەلقىگە ئۆزىنىڭ كۈچىنى ، قىلىچ ، ئوقيا ۋە جاھانىنەما ئەينىكىنىڭ كارامەتلىك خۇسۇ-

سېيىتىنى كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلاپ، قوشقۇلاقنى باشلاپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

ئۇلار ئوردىدىن چىقىپ كىشىلەردىن ئەجدىھانىڭ بار يېرىنى سوراپ يۈرۈپ تاغقا بېرىپتۇ. قارىغىدەك بولسا ئەجدىھا ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇخلاپ ياتقان.

— ئوبدان چاغدا كەپتۇق. سەن قىلىچ بىلەن چاپ، مەن ئوقيا بىلەن ئاتاي. ئەجدىھا ئويغىنىپ قالغىچە ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قىزنى قۇتقۇزايلى، — دەپتۇ قوشقۇلاق. مىڭكۈن سەل ئويلىنىپ قاپتۇ.

— ئۇنى ئۇخلاپ قالغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆلتۈرسەك، ھېچكىم بىزنى باتۇر دېمەيدۇ، بۇ نامەردلىك بولىدۇ. ئۇنى ئويغىتايلى. ئۇ ئويغىنىپ بىزنى كۆرۈپ كۆزىنى ئالايتىپ قارايدۇ. سەن كەينى — كەينىدىن ئىككى كۆزىگە ئات، مەن بېرىپ قىلىچ بىلەن چاپاي ياكى ئوقيانى مەن ئاتاي، قىلىچ بىلەن سەن چاپ، — دەپتۇ مىڭكۈن.

قوشقۇلاق ئەجدىھانىڭ ئۇزۇن سوزۇلۇپ ياتقان يوغان چىپار گەۋدىسىگە قاراپ سەل قورقۇپتۇ. يېقىن بېرىشقا تېخىمۇ جۈرئەت قىلالماي، يىراقتىن ئوقيا بىلەن ئېتىشنى سەل ئەپلىك كۆرۈپتۇ. مىڭكۈن ئوقيانى قوشقۇلاققا بېرىپ، ئۆزى يىغما مىسران قىلىچنى غىلاپىدىن چىقىرىپ سىلكىپ يەتتە غۇلاچ ئۇزارتىپ تەييار بولۇۋالغاندىن كېيىن بىر نەرە تارتىپتىكەن، ئاۋازى ئۇ تاغدىن بۇ تاغقا ئۇرۇلۇپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك كۈچلۈك ساداغا ئايلىنىپتۇ. ئەجدىھا ئاۋازدىن ئويغىنىپ كېتىپ قارىغىدەك بولسا، ئۇدۇلدىكى تاغ ئۈستىدە ئىككى ئادەم تۇرغىدەك. قۇلىقىغا ئاڭلانغىنى بىلەن كۆزىگە كۆرۈنگەن نەرسىگە ھەيران قېلىپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ قاراپتۇ. قوشقۇلاقمۇ تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن، ئەجدىھانىڭ ئوڭ كۆزىگە ئېتىپتۇ ئوق دەل تېگىپتۇ. ئۇ ئىككىنچى ئوقنى ئېتىشقا تەييارلانغىچە مىڭكۈنمۇ قىلىچىنى كۆتۈرگىنىچە ئەجدىھاغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. ئەجدىھا ئوڭ كۆزىنىڭ ئاغرىشىغا چىدىيالماي بېشىنى ئۇيان — بۇيان سىلكىپ جىم تۇرمىغاچقا، قوشقۇلاق ئۇنىڭ سول كۆزىگە زادىلا تەككۈزەلمەپتۇ. كېيىن ئاتقان ئۈچ پاي ئوقى ئەجدىھانىڭ دۈمبىسىگە بېقىنىغا تېگىپتۇ. ئانغىچە مىڭكۈن ئەجدىھانىڭ ئالدىغىلا بېرىپ قاپتۇ. ئەجدىھا ئاغزىنى يوغان ئاچقىنىچە مىڭكۈنگە ئېتىلىپتۇ ۋە پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ دەم تارتىپتۇ. مىڭكۈن خۇددى كەينىدىن بىرسى ئىتتىرىۋاتقاندەكلا ئەجدىھانىڭ ئاغزىغا كېلىۋاتقىدەك. ئۇ قولىنى ئېگىز كۆتۈرەلمەيلا قاپتۇ. مىسران قىلىچنى توغرا تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. ئەجدىھا ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن دەم تارتقاچقا، شۇنىڭ دوغىسىدا ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ. مىڭكۈن كەينىگە قارىسا ئەجدىھا شۇ پېتى جىممىدە ياتقىدەك. مىسران قىلىچ بەك ئىتتىك بولغاچقا، ئۇزۇنىسىغا ئىككى پارچە بولۇپ كەتكەن ئەجدىھانىڭ تېنى جايىدىلا تۇرۇپ قېلىپ، پۈتۈندەك كۆرۈنۈپتۇ. مىڭكۈن بىلەن قوشقۇلاق ئەجدىھانىڭ بىر يېنىغا ئۆتۈپ تۇرۇپ ئىتتىرگەنىكەن. ئۈستۈنكى پارچىسى يەتتە دەريا، ئۈچ تاغنى بېسىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر شەھەردىكى دەريانى توغرا توسۇپ چۈشۈپتۇ. مىڭكۈن قارىغىدەك بولسا، ئەجدىھانىڭ قالغان قورساق تەرىپىدە پادىشاھنىڭ قىزى يېرىم بىھوش ياتقىدەك. قىز بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېپتۇ. ئالدىدا

تۇرغان ئىككى بالىنى ، ئەجدىھانىڭ يېرىم تېنىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ، لېكىن گەپ قىلالماپتۇ . مىنكۇن بىلەن قوشقۇلاق ئەجدىھا تېرىسىدىن بەل تاسمىلىق تىلىۋېلىپ بېلىگە باغلىۋاپتۇ . قىزنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ . پادىشاھ قىزىنى كۆرۈپلا « ۋاي قىزىم ! ئامانمۇ سەن قىزىم ! » دېگىنىچە تەختىدىن چۈشۈپ قىزىغا ئېتىلىپتۇ . قىزىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپتۇ . « قىزىم ، سېنى كىم قۇتقازدى ، ئۇ باتۇر قېنى ؟ » دەپ سوراپتۇ . ئەمما مىنكۇنلەرگە قاراپمۇ قويماپتۇ .

—— قىزلىرىنى بىز قۇتقازدۇق ، —— دەپتۇ مىنكۇن .

قۇتئامان پادىشاھ مىنكۇنلەرگە قاراپ ئىلگىرىكىدەك كۈلۈپ تۇرۇپ :

—— قىزىمنى سىلەر قۇتقازدىڭلارما ، ئەجدىھانىڭ قېشىغا باردىڭلارمۇ ؟ ئۇ قانداق بولىدىكەن ؟ كالىغا ئوخشامدىكەن ، تۆگىگىمۇ ؟ —— دەپ مىنكۇنلەرنى مازاق قىلغاندەك گەپ قىپتۇ . ئاندىن قىزىغا قاراپ ،

—— قىزىم ، سېنى كىم قۇتقۇزدى ، ئۇ قۇتقۇزغۇچۇڭ قېنى ؟ —— دەپ يەنە سوراپتۇ .

قىزى بېشى بىلەن مىنكۇنلەرنى كۆرسىتىپتۇ . قۇتئامان پادىشاھ قىزىنىڭ گەپ قىلماي بېشى بىلەن ئىشارەت قىلغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە قورقۇنچلۇق خىيال كېچىپتۇ .

—— قىزىم ، نېمە بولدۇڭ ؟ نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟ —— دەپ ، ئىككى قولى بىلەن قىزىنىڭ ئېڭىكىنى تۇتۇپ كۆزىگە قاراپتۇ .

—— پادىشاھ ئاتا ، قورقمىسىلا ، قىزلىرى ئەجدىھانىڭ قورسىقىدا ئىككى كۈن بۇرۇختۇملۇق ، قورقۇنچتا تۇرۇپ تىلى قېتىشىپ قالغان ئوخشايدۇ . سەل تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان بولىدۇ ، قورقمىسىلا ، —— دەپتۇ مىنكۇن . پادىشاھ :

—— قىزىمنى كىمنىڭ قۇتقۇزغانلىقىنى بىلەمسىلەر ، كۆردۈڭلارمۇ ؟ —— دەپ سوراپتۇ . مىنكۇن كۈلۈپ تۇرۇپ :

—— قىزلىرىنى قۇتقۇزغان ئادەمنى بىلىمىز ، ئۇ كىم ؟ دېسىلە ، مانا بىز . ئىشەنمىسىلە مانىڭغا قارىسىلا ، —— دەپ چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ ، بېلىگە باغلىۋالغان ئەجدىھارنىڭ تېرىسىنى كۆرسىتىپتۇ . قوشقۇلاقمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ :

—— مانىڭغىمۇ قارىسىلا ، دەپ چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان ئەجدىھانىڭ ئىككى قۇلىقىنى كۆرسىتىپتۇ .

قۇتئامان پادىشاھ مىنكۇن بىلەن قوشقۇلاقنىڭ بېلىدىكى ئەجدىھانىڭ ئاق - بوز ئالا تېرىسى بىلەن قۇلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ . ئىشەنمەي دېسە ، قىزى ئالدىدا تۇرغان ، ئۇلارنىڭ بېلىدە ئەجدىھانىڭ تېرە تاسمىسى بىلەن قۇلىقى تۇرغان . ئىشەنەي دېسە ، تېخى ئون ياشقىمۇ كىرمىگەن كىچىك بالىلار ، نى - نى باتۇرلارمۇ ئۇ ئەجدىھانىڭ يېنىغا بارالمىغان . پادىشاھ بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي :

—— ئەجدىھانى چوقۇم ئۆلتۈرگىنىڭلارغا يەنە قانداق پاكىتىڭلار بار ؟ —— دەپ سوراپتۇ . مىنكۇن مانىڭغا قارىسىلا ، دەپ غايىپ بوۋاي بەرگەن جاھانەما ئەينەكنى كۆرسىتىپتۇ . پادىشاھ قارىغىدەك بولسا ، ئىككى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى تاغلارنىڭ جىراسىدا ئەجدىھارنىڭ ئۆلۈكىنىڭ قورساق قىسمى تۇرغان .

پادىشاھ:

— بۇنىڭغۇ كۆردۇم. ئەجدىھانىڭ دۈمبە قىسمى قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەنە ماڭغا قارىسىلا، دەپتۇ ئەينەكنى كۆرسىتىپ. پادىشاھ ئەينەككە قاراپ ئەجدىھانىڭ دۈمبە قىسمىنىڭ قوشنا شەھەردىكى دەريانى توغرا توسۇپ ياتقانلىقى، سۇ توسۇلۇپ قېلىپ، كەينىگە يېنىپ قاشتىن تېشىپ كەتكىلى ئاز قالغانلىقىنى، پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ ئەجدىھانىڭ يېرىم تېنىنى ئورنىدىن قوزغىيالماي تۇرۇشقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

ئىككى يۇرتقا ئاپەت بولغان ئەجدىھانى مىنكۈن بىلەن قوشقۇلاقنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىگە پادىشاھ ئاخىر ئىشىنىپتۇ. قۇتئامان پادىشاھ تېخىچە ئۇلارنىڭ ئىسمىنى سورىمىغانىكەن. سوراپ بىلگەندىن كېيىن:

— ئەي مىنكۈن باتۇر، قوشقۇلاق باتۇر، ئىككىڭلار ماڭا بالا بولۇڭلار، مۇراد — مەقسىتىڭلارغا يەتكۈزەي، مەندىن نېمە تەلەپ قىلىسىلەر؟ — دەپ مىنكۈن بىلەن قوشقۇلاقتىن سوراپتۇ. مىنكۈن:

— پادىشاھ ئاتا، يۇرتقا چىقارغان جاكار نامىلىرىدا قىزىمنى كىم قۇتقۇزسا قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن دەپتىكەنلا، — دەپتۇ.

— بالىلىرىم، ۋەدەمدە تۇرىمەن، سىلەر ئىككى، ئەمما قىزىم بىر. قانداق قىلىمىز؟ — دەپتۇ پادىشاھ. مىنكۈن قول باغلاپ تۇرۇپ:

— شاھ ئاتا، غەم قىلمىسىلا، قىزلىرىنى مۇشۇ قوشقۇلاق دوستۇمغا نىكاھلاپ قويسىلا. ئۇ سىلىگە بالا بولۇپ قالسۇن، — دەپتۇ.

قۇتئامان پادىشاھ ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا شەھەر خەلقىنى يىغدۇرۇپتۇ. راۋاقتا مىنكۈن باتۇر بىلەن قوشقۇلاق باتۇرنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ، قىزىنى، شەھەر خەلقىنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىق باتۇرلۇقىنى بايان قىپتۇ. ۋەدىسى بويىچە قىزىنى بەرمەكچى بولغانلىقى، ئىككى باتۇر مەسلىھەتلىشىپ قىزىنى قوشقۇلاق باتۇرنىڭ نىكاھلاپ ئالماقچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. پۈتۈن يۇرت خەلقى پەستە «مىنكۈن باتۇر، قوشقۇلاق باتۇر، مىنكۈن باتۇر!...» دەپ توۋلىشىپتۇ، دوپپا، تۇماقلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپتۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا پادىشاھ راۋاقتا تۇرۇپ قوشنا يۇرت تەرەپتىن بىر توپ ئادەملەرنىڭ توپا — توزان كۆتۈرۈپ چېپىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ. پەستىكى ئادەملەر ئاسمان — پەلەك كۆتۈرۈلگەن توپا — چاڭنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشىپتۇ. ئانچە ئاتلىقلارمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئۇلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ەي ئادىل پادىشاھ، يۇرتىمىزدىكى دەريانى بىر ئەجدىھا توغرا توسۇپ يېتىۋېلىپ، دەريا سۈيى تېشىپ كېتىش ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇقساق يۇرتىمىزغا ئاپەت بولغان ھېلىقى ئەجدىھانىڭ يېرىم قىسمى ئىكەن. ئۇ قانداق قىلىپ بىزنىڭ يۇرتقا بېرىپ قالدى، بىلمىدۇق. شۇنچە ھەپىلەشىپمۇ تارتىپ چىقىرالمىدۇق. يۇرتىمىزنى سۇ بېسىپ كەتمىسە، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى تارتىپ چىقىرىشىمىزغا ياردەم بەرسەڭ، — دەپتۇ. قۇتئامان پادىشاھ راۋاقتا تۇرۇپ:

— ئەي قوشنا يۇرت لەشكەر بېشى، ئىككى يۇرت بېشىغا كەلگەن ئۇ ئاپەتنى ئەجدىھانى ئىككى يېنىمدا تۇرغان ماۋۇ مىنكۈن باتۇر بىلەن قوشقۇلاق باتۇرلۇرۇم

ئىككى پارچە قىلىپ، بىر پارچىسىنى ئېتەۋېتىپتىكەن، سىلەرنىڭ يۇرتقا بېرىپ چۈشۈپتۇ. مۇشۇ ئىككى باتۇرغا ئىلتىجا قىلىپ، بېرىپ تارتىشىپ بەرسۇن، — دەپتۇ. مىڭكۇن لەشكەرلەرنىڭ ئىلتىجاسىنى كۈتمەيلا:

— بولىدۇ، دوستۇم بىلەن ئىككىمىز بېرىپ ئۇنى دەريادىن تارتىپ چىقىرىۋېتەيلى، — دەپتۇ. قۇتئامان پادىشاھ ياخشى ئاتتىن ئىككىنى تەييارلىتىپ بېرىپتۇ. مىڭكۇن باتۇر بىلەن قوشقۇلاق باتۇر قوشنا يۇرتقا بېرىپتۇ، قارىسا پۈتۈن يۇرت خەلقى دەرياغا چۈشۈپ ئەجدىھانىڭ يېرىم تېنىنى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان. يىراقتىن ئېتىلغان ئەجدىھانىڭ ئۆلۈكىنىڭ يېرىمى دەرياغا چاپلاپ قويغاندەك چۈشكەچكە، سۇنىڭ ئېقىشى چورت توختاپ قالغانىكەن. سۇ قاشتىن تېشىپ كېتىشكە ئىككىلىكلا قاپتۇ. مىڭكۇن دەريا بويىغا كېلىپ: دەريادىن چىقىڭلار! دەپ توۋلاپتۇ. «ئۆزى بىر غېرىش، ساقىلى ئون غېرىش» دېگەندەك، كىچىكلا بىر بالىنىڭ ئاسمان گۈلدۈرلىگەندەك ھەيۋەتلىك ۋارقىرىغىنىغا ھەيران قالغان خەلق قاشقا چىقىپ مىڭكۇن بىلەن قوشقۇلاقنى قارشىلاپ قاپتۇ. مىڭكۇن ئەجدىھانىڭ تۇمشۇقىدىن تۇتۇپ بىر ئېتىپتىكەن، ئەجدىھانىڭ بۇ يېرىم پارچىسى يىراقتىكى بىر چۆلگە بېرىپ چۈشۈپتۇ. توساقسىز سۇ ئۆز يولىدا ئېقىپتۇ، يۇرت سۇ ئاپىتىدىن قۇتۇلۇپتۇ. مىڭكۇن بىلەن قوشقۇلاق قوشنا يۇرت پادىشاھىنىڭ تۇتقىنىغا رەھمەت ئېيتىپ شۇ كۈنىلا قۇتئامان پادىشاھىنىڭ يۇرتىغا قايتىپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ مىڭكۇن بىلەن قوشقۇلاق ئىككى يۇرت خەلقىنىڭ ئاغزىدىن چۈشمەپتۇ. ئۇلارنى مىڭكۇن باتۇر، قوشقۇلاق باتۇر، دەپلا ئاتايدىغان بوپتۇ.

مىڭكۇن باتۇر دوستى قوشقۇلاقنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قۇتئامان پادىشاھنىڭ يۇرتىدا ئۈچ يىل مېھمان بولۇپ تۇرۇپتۇ. ئارىلىقتا قوشقۇلاق بىلەن بىللە قوشنا يۇرتقا بېرىپ بىر نەچچە قېتىم مېھمان بوپتۇ. ھەر ئىككى يۇرتنىڭ پادىشاھى مىڭكۇن باتۇردىن خالىغان يۇرتنىڭ بىرىدە تۇرۇپ قېلىشىنى تەلەپ قىپتۇ. مىڭكۇن باتۇر: مەن جاھان كېزىپ، يۇرت ئارىلىماقچىمەن. مېنى يولۇمدىن توسىماڭلار، ئامان بولساق بىر كۈنلەردە كۆرۈشەرمىز، دەپ يۇرتقا كەلگىنىگە ساق ئۈچ يىل بولۇپ، تۆتىنچى يىلغا ئۆتكەن كۈنى تاڭ سەھەردە يۇرت خەلقى بىلەن، دوستى قوشقۇلاق بىلەن، قۇتئامان پادشاھ ھەم ئۇنىڭ قىزى بىلەن خوشلىشىپ، كۆزى كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى ئاڭلاپ باقمىغان غايىبانە تەرەپكە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ تېخى بىرەر يۇرتقا بارماي تۇرۇپ كارۋانلار ئارقىلىق ئۇنىڭ مىڭكۇن باتۇر دېگەن نام تەرىپى يۇرت – يۇرتقا تارقىلىپ بولغانىكەن.

× ×

مىڭكۇن باتۇر كېچىسى ئۇخلاپ ھاردۇقىنى چىقىرىپ، كۈندۈزى مېڭىپ، يەتتە چۆل، يەتتە كۆلدىن ئۆتۈپتۇ. يەتتە دەريانى كېچىپ، يەتتە تاغ – داۋاندىن ئېشىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا چوڭمۇ ئەمەس، كىچىكمۇ ئەمەس بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ. ھېسابلاپ كۆرسە ساق بىر ئاي يول يۈرۈپتۇ. مىڭكۇن باتۇر تاغ باغرىدا ھاردۇقىنى چىقىرىۋېلىپ بىر ماڭغىلى تۇرۇپتىكەن، چۈشنىڭ قايرىلىشىغا ھېلىقى

شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. مىنكۇن باتۇر شەھەر ئارىلاپ يۈرسە، كىشىلەر بىر يەرگە توپلىشىۋېلىپتۇ. بېرىپ قارىسا بىر ئۆتۈكچىنىڭ ئۆتۈكىنى كىشىلەر تالىشىپ ئېلىۋاتقىدەك. ئۇنىڭ بىرەر ھۈنەر ئۆگىنىپ قويغىنى بار ئىكەن. ھە، بۇ بولىدىغان ھۈنەر ئوخشايدۇ، ئۆگىنىپ قويسام بولغىدەك، دەپ ئۆتۈكچى بىلەن سۆزلىشىش پەيتىنى كۈتۈپتۇ. ئۇزۇنغا قالماي ئۆتۈكلەر سېتىلىپ بوپتۇ. كىشىلەرمۇ تارقىلىپ، ئۆتۈكچىنىڭ ئۆزىلا قاپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئۇستام، مەن سىلىگە شاگىرت بولسام قوبۇل قىلالامسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاتا - ئاناڭ قېنى؟ شاگىرتلىققا بەرگىسى بولسا ئۇلار ئۆز قولى بىلەن ئەكىلىپ بەرسۇن، — دەپتۇ ئۆتۈكچى.

— ئاتا - ئانام يوق، مۇساپىرمەن، دەپتۇ مىنكۇن باتۇر.

مىنكۇن باتۇرنىڭ ئاتا - ئانام يوق، دېگىنىنى ئاڭلاپ ئۆتۈكچى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قاراپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ بوي - بەستى، قاۋۇللۇقى ئۆتۈكچىگە ياراپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ شاگىرت بولسام دېگىنى ئۇنىڭغا تازا خۇش يېقىپتۇ. چۈنكى، ئۆتۈكچى يالغۇز ئىكەن، كۆنى بەك ئالدىراشلىقتا ئۆتىدىكەن. بۇرۇن كىشىلەر ئۇنىڭغا باللىرىنى شاگىرتلىققا بەرگەنىكەن. لېكىن تۆت - بەش يىلغىچىمۇ ئۇلار پەقەت ھۈنەر ئۆگىنەلمەپتۇ. ئاتا - ئانىلىرى سورىسا، ئۇستام ئۆگەتمەيدۇ، ئۆي ئىشلىرىغىلا سالىدۇ. ئۇستامنىڭ قانداق ۋاقىتتا ئۆتۈك تىكىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمىز. بىر كېچىدىلا بىر ئۆي ئۆتۈك پەيدا بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھۈنەر بەرمەس ئۆتۈكچىگە ھېچكىم باللىرىنى شاگىرتلىققا بەرمەس بولغانىكەن. مۇشۇنداق چاغدا ئالدىغا مىنكۇن باتۇرنىڭ كېلىپ قېلىشى ئۇنى بەك خۇشال قىپتۇ. ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ. دۇكىنىنى تاقاپتۇ. قازنىقىغا كىرىپ تاماق يەپ ئولتۇرۇپ:

— ئىسمىڭ نېمە؟ نەچچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم مىنكۇن، ئون ئىككى ياشقا كىردىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ مىنكۇن.

— ئون ئىككى ياشقا كىردىم دەيسەن، بويۇڭ چوڭلا تۇرىدۇ. مەيلى ئون ئىككى ياشمۇ بول، ھېلىقى مىنكۇن باتۇر دېگەن سەنمۇ - ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئۆتۈكچى مىنكۇندىن سوراپتۇ.

— مىنكۇن باتۇر دەپ بىر كىشى بار ئىكەن دەپ مەنمۇ ئاڭلىدىم، مېنىڭمۇ شۇ باتۇرنى بىر كۆرگۈم بار ئىدى، — دەپتۇ مىنكۇن باتۇر.

ئۆتۈكچى كۆڭلىدە: بۇ مۇساپىر كەلگىنىدى قانداقمۇ باتۇر بولسۇن، باتۇر بولسا ماڭا شاگىرت بولمەن، دەپ يۈرەمدۇ، دەپ ئويلاپىزە ئۇنىڭغا شۇ كۈندىن باشلاپ قىلىدىغان ئىشلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ ئۆيىدە بىر يىل تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشى ھەر كۈنى ئەتىگەن تۇرۇپ ھويلا - ئارامنى سۈپۈرۈپ سۇ چېچىش، ئاندىن ئەتىگەنلىك تاماق تەييارلاش، چۈشكىچە گاھىدا كىر يۇيۇش، كىر بولمىسا، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكىلىش، چۈشتىن كېيىن ئۆتۈكچى ئۇخلىغاندا بېشىدا قاراپ ئولتۇرۇش، كەچلىك تاماق تەييارلاش، ئاندىن چىنە -

قاچىلارنى يۇيۇش، ئۆي بېقىش ئىكەن.
ئۇنىڭ بۇنىڭدىن باشقا ئىشى يوق ئىكەن.
ئۆتۈكچى كۈندۈزى ئۆيدە بولسىمۇ، ئاخ-
شىمى ئۆيدە تۇرمايدىكەن. ئەل ياتقۇدا
چىقىپ كېتىپ، تاڭ سەھەردە پەيدا بولى-
دىكەن، ئۆتۈكچىنىڭ بۇ ئىشى مىنكۈن
باتۇرغا ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇلۇپتۇ. بىر
كېچىسى ئۇستىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ
قارا كۆرۈپ مېڭىپ ماراپتۇ. مېڭىپتۇ، مې-
ڭىپتۇ. يېرىم كېچە بولاي دېگەن چاغدا
ئۆتۈكچى بىر چوڭ دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ.
مىنكۈن باتۇر ئۇنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىغا
قاراپ تۇرسا، ئۆتۈكچى كىيىمىنىمۇ سال-
ماستىن سۇغا كىرىپ، دەريانىڭ
ئوتتۇرىسىغا بېرىپتۇ ـ دە، يۈزىنى سۇغا قا-
رىتىپ تۇرۇپ «ھۈپ» دەپ بىر چۆمۈپلا يوق
بوپتۇ. مىنكۈن باتۇر بىر ئاش پىشىمغىچە
تۇرۇپ بېقىپتۇ، ئۆتۈكچى چىقماپتۇ. مىن-
كۈن باتۇر: ئۇستامنىڭ بىر سىرى بار
ئىكەن، بۈگۈن مۇشۇنچىلىكنى بىلدىم،
قالغىنىنى كېيىن بىلەرمەن دەپ قايتىپ
كېتىپتۇ. ئۇستىسى بىر نەچچە جۈپ ئۆ-
تۈكنى كۆتۈرۈپ تاڭ سەھەردە پەيدا بوپتۇ.
مىنكۈن باتۇر ھېچنېمىدىن خەۋىرى
يوقتەك، ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپتۇ. ئارىدىن
بىر ئاي ئۆتكەن بىر كۈنى مىنكۈن باتۇر
ئۇستىسىغا:

— ئۇستام، ئاتا ـ ئانام قېرى، ئاغ-
رىقچان ئىدى. مەن ئۇلارنى داۋالىتىشقا
ئازراق پۇل تېپىش غەرىزىدە بۇ يۇرتقا كې-
لىپ قېلىپ ئۆزلىرىگە شاگىرت بولدۇم.
ھازىر ئاتا ـ ئانام قانداقراق كۈندە، بىلمەي-
مەن. كېچە چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.
ئىجازەت بەرسىلە ئون كۈنلۈك مۆھلەت بى-
لەن يۇرتقا بېرىپ ئاتا ـ ئانامنى كۆرۈپ
كەلسەم، — دەپتۇ.

ئۆتۈكچى ياق دېيىشكە بانا تاپالماي
يۇرتىغا بېرىپ كېلىشكە ئون كۈنلۈك
مۆھلەت بىلەن ماقۇل بوپتۇ.

مىنكۈن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ زادى
قانداق سىرى بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ
ئۇدۇل ھېلىقى دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ ـ دە،
سۇغا ئۇستىسى كىرگەن يەر بىلەن كىرىپ،
ماڭغان يېرىدە مېڭىپ، توختىغان يېرىدە
توختاپ، سۇغا ئىگىشىپ تۇرۇپ «ھۈپ»
دەپلا سۇغا چۆمۈپتۇ. سۇنىڭ ئىچىدە بىر
كىم ئۇنىڭ قولىدىن يېتىلىگەندەك زايى بو-
لۇپ، سۇنىڭ تېگىگە شۇڭغۇپ
پەسلەۋېرىپتۇ. پەسلە ـ پەسلە ئاخىرى ئا-
جايىپ چىرايلىق بېزەلگەن بىر ئالتۇن
دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. دەرۋازى-
نىڭ ئىككى تەرىپىدە يەتتىدىن ئون تۆت
دىۋە مۇھاپىزەتتە ئىكەن. شۇ چاغدا ئالتۇن
دەرۋازا ئېچىلىپ، ئىچىدىن يەتتە ھۆر قىز
چىقىپ، قەدىمىڭىزگە مۇبارەك مىنكۈن با-
تۇر، قېنى، سارىيىمىزغا كىرىڭ، دەپتۇ.

مىنكۈن باتۇر ھۆر قىزلارغا
ئەگىشىپ يەتتە ئىشىك، يەتتە قەسىردىن
ئۆتۈپ، تۆت تېمىدىن نۇر چاقناپ
تۇرىدىغان چوڭ بىر سارايغا كىرىپتۇ.
سارايغا قارىغۇدەك بولسا، تۆرىدىكى تەختتە
ياش بىر ئايال ئولتۇرغىدەك. مىنكۈن باتۇر
بۇ ئايالنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىپتۇ يۇ.
ئەمما زادىلا ئەسلىيەلمەپتۇ.

— كەلدىڭمۇ بالام، — دەپ ھېلىقى
ئايال تەختتىن چۈشۈپ مىنكۈن باتۇرنىڭ
ئالدىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتى-
لەپ تەختنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىر كىچىك
ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. ئۇلارنىڭ
ئىككى تەرىپىدە يەتتىدىن ئون تۆت ھۆر

قىزلار كېلىپ ئالتۇن كۇرسلاردا
ئولتۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئايال يەنە ئېغىز
ئېچىپ :

— سەن مېنىڭ نەۋرەم بولسەن،
مەن چوڭ ئاناڭ بولمەن. داداڭ مىرزان مې-
نىڭ ئوغلۇم بولىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنىڭ
قىرقى بولغان كۈنى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى،
ئانىسىنىڭ ئىسمى گۈلئاي ئىكەنلىكىنى
سۆزلەپ بەرگەن بولغىيدى، — دەپتۇ.

مىڭكۈن باتۇر ئويلىسا ئايالنىڭ دې-
گەنلىرىنىڭ ھەممىسى راست. ئۇ بۇ سىرنىڭ
تېگىگە يېتەلمەي ھېلىقى ئايالغا قاراپتۇ.
ھېلىقى ئايال :

— بۇ ئىشلارغا ئەقلىڭ يەتمەيۋا-
تامدۇ؟ بۇ قىسمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى،
مەن سۇ ئاستى ھۆرلەر ئېلىنىڭ مەلىكىسى.
مەن چوڭ داداڭ شىر خانغا داداڭ مىرزانى
تۇغۇپ بېرىش ئۈچۈنلا يەر ئۈستىگە چىقى-
رىلغان. مىرزاندىن سېنىڭ تۇغۇلىدىغىنىڭ
ماڭا ئايان ئىدى. ئىسمىڭنىڭ مىڭكۈن بو-
لۇشى ئاناڭنىڭ، داداڭنىڭ چۈشىدە ئايان
بولغانىدى. «مىڭكۈن» سېنىڭ ناھايىتى
بۇرۇنقى قاناتلىق بىر باتۇر ئەجدادىڭنىڭ
ئىسمى. بۇ يۇرتقا كەلگىنىڭگە بىر يىل
بولدى. سەن باتۇر بوۋاڭدىنمۇ باتۇر
بولسەن، ئۇنىڭدىنمۇ جىق، چوڭ ئىشلارنى
قىلسەن. بىز ساڭا قىرىق بىر خىل ھۈنەر،
قىرىق بىر خىل ئىلمي ھېكمەت ئۆگىتىپ
قويىمىز، — دەپتۇ. مىڭكۈن باتۇر :

— چوڭ ئانا، ئۇ سىرلارنىمۇ بىل-
دىم، ئۆتۈكچى ئۇستام بىلەن سىلەرنىڭ
قانداق باغلىنىشىڭلار بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆتۈكچى سۇ ئاستى ھۆرلەر ئې-
لىدىكى بىر مۇلازىم ئىدى. بىر ئىشتا ئەگرى
نىيەتلىك قىلىپ قويغىنى ئۈچۈن يەر
ئۈستىگە چىقىرىۋېتىلگەن. شۇندىن بۇيان
ئۇ ھەر كۈنى كېچىسى سۇ ئاستىغا چۈشۈپ
ھۆرلەر تىككەن ئۆتۈكتىن بىر - ئىككىنى
ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ. شۇنى سېتىپ
تىرىكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ ئەسلى بۇ ھۈنەرنى
ئۆگەنمىگەن. ئۇ ئەمدى ئىككىنچىلەپ سۇ
ئاستى ئېلىگە كەلتۈرۈلمەيدۇ، — دەپ مىڭ-
كۈن باتۇرنىڭ چوڭ ئانىسى ئۆتۈكچىنىڭ
سىرىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ. سۇ ئاستى ھۆر-
لىرى ئۇنىڭغا قىرىق بىر قول ھۈنىرى،
قىرىق بىر خىل ئىلمي ھېكمەت ئۆگىتىپ
قويۇپتۇ. ئۇنىنچى كۈنى چوڭ ئانىسىنىڭ
يېنىغا كىرىپ ئۇستىسى بەرگەن ئون كۈن-
لۈك مۆھلەتنىڭ تولۇپ قالغانلىقى، يەر
ئۈستىگە چىقىپ ئۇستىسىنىڭ يېنىغا بېرىشقا
ئىجازەت بېرىشنى سوراپتۇ.

— ئۆتۈكچىنىڭ يېنىغا بار. بىز بۇ-
نىڭدىن كېيىن كۆرۈشەلمەسمىز. ساڭا
كېرەكلىك ھۈنەر ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىپ
قويدۇم. شۇلارنىڭ خاسىيىتى بىلەن
ياشايسەن. چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ، —
دەپتۇ مىڭكۈن باتۇرنىڭ چوڭ ئا-
نىسى.

(قىسسىنىڭ ئاخىرىنى كېيىنكى ساندىن كۆرۈڭ).

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : كورلا مىڭكۈنگەر كەنتىدىن **توختى موللا**، **تارىم قۇربانكۆل كەنتىدىن قۇربان قاسىم**
تولۇپ رەتلىگۈچى : **مۆيىدىن سايىت**

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م **باھاۋىدىن**

# يېتىم قارغۇ

جەڭ - يېغىلىقلار توختىغان، زىرائەتلەر ئوخشىغان، دىۋانىلەر بولمىغان، ئىشىك - دەرۋازىلارغا قۇلۇپ سېلىنمايدىغان، ئوغرى - قاراقچىلاردىن خالىي، بېھىشتىنمۇ چارى بىر ئاۋات يۇرتتا نۇردۇن ۋە زوردۇن ئىسىملىك تەڭ قۇراملىق يېقىن ئاغىنىلەر ئۆتكەنىكەن، يۇرت خەلقى جاپا - مۇشەققەتنى تەڭ كۆرىدىغان، ھۇزۇر - ھالاۋەتنى بىللە سۈرىدىغان بۇ ئىككى يىگىتكە تولىمۇ ھەۋەس قىلىدىكەن.

تومۇز ئىسسىق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، نۇردۇن بىلەن زوردۇن بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ، ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ سۇغا چۈشۈپتۇ، زوردۇن بىر دەمدىلا يۇيۇنۇپ بولۇپ كېيىنىۋاپتۇ. نۇردۇن بولسا يۇيۇنغانسېرى ھۇزۇرلىنىپ، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۈزۈپ سۇدىن چىققۇسى كەلمەپتۇ. خېلىدىن بۇيان ئاغىنىسىنى كۈتۈپ ئىچى پۇشقان زوردۇننىڭ نۇردۇنغا بىر چاقچاق قىلىپ باققۇسى كەپتۇ - دە، تۇيدۇرماي نۇردۇننىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. نۇردۇن تا كۈن قىيىلغىچە يۇيۇنۇپ سۇدىن چىقسا كىيىم - كېچەكلىرى كۆرۈنمىگۈدەك، ئۇيان ئىزدەپ، بۇيان ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن، زوردۇننىڭ ئۆزىگە چاقچاق قىلغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ - دە، «كەچ كىرگىچە كېلىپ قالار» دېگەن ئۈمىدتە سۇدىن چىقماي سەۋر تاقەت بىلەن كۈتۈپتۇ. كۈن پېتىپتۇ، زاۋال بوپتۇ، بىراق زوردۇن كەلمەي قويۇپتۇ، نۇردۇن قىپيالىڭاچ پېتى ئۆيىگە قايتىشتىن نومۇس قىلىپ، ئۆستەڭ ياقىسىدىكى چوڭ پور سۆگەتنىڭ كامىرىغا كىرىپ تۈنىمەكچى بوپتۇ، ئۇ، سۆگەت كامىرىغا كىرىپ ئۆزىنى جايلاشتۇرۇۋاتقاندا، پۇتىغا قاتتىق مۇنەك نەرسە ئۇرۇنۇپتۇ، تۇتۇپ كۆرسە توخۇ تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى قاتتىق، ئەمما سىلىق نەرسە ئىمىش، سىنچىلاپ قارىسا، ھېلىقى نەرسە ۋال قىلىپ جۇلالىنىپ تۇرغۇدەك. نۇردۇن ئۆزىنىڭ قىممەت باھا نەرسە تېپىۋالغىنىنى بىلىپ، كامىر ئىچىنى قايتا سىلاشتۇرۇپتىكەن، ھېلىقى نەرسىدىن يەنە بىرى تېپىلىپتۇ. نۇردۇننىڭ كىيىم - كېچەكسىز ئۆيىگە قايتالماي سۆگەت كامىرىدا سولىنىپ قالغان خاپىلىقلىرى بىراقلا تارقاپ كۆڭلى - كۆكسى يايراپ كېتىپتۇ، چۈنكى، ئۇ ئۆمرىدە مۇنداق ئېسىل ۋەج - دۇنياغا ئېرىشىپ باقمىغانىكەن، لېكىن، ئۇ ئۆيىگە قانداق قايتىش، قىممەت باھالىق نەرسىلەرنى قانداق سىغدۇرۇشنى ئويلاپ بېشى تازا قېتىپتۇ، ئاخىرى، ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ سۆگەت كامىرىدىن چىقىپتۇ - دە، بازار تەرەپكە مېڭىپتۇ، بىر ناۋايخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بۇرنىغا مەززىلىك گۆش گىردىنىڭ ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ. كۈن بويى ھېچنېمە يېمىگەچكە ئۇنىڭ قورساقلىرى ئېچىپ كوكىراپ كەتكەنىكەن. ئۇ تونۇر ئىچىنى سىيلاشتۇرۇپ كۆرسە قولىغا ئېقىپ چۈشكەن ئىككى گۆش گىردە چىقىپتۇ، ئۇ گۆش گىردىنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، ناۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرىپ، يېيىپ قويۇلغان كىرلەر ئىچىدىن بىر تامبال

بىلەن چاپانىنى تاللاپ كىيىپتۇ ـ دە، ھېلىقى ئېسىل نەرسىلىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ مەھەللە سىرتىدىكى يارلىقتا بىرىپ بىر دالدىدا ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى ئۇستىگە ئاپتاپ چۈشكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ نەگە بېرىشىنى، نېمە ئىش قىلىشىنى بىلەلمەي خىيالغا پېتىپ تۇرسا، يار ئۇستىدىن تەرەپتىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپتۇ. نۇردۇن ئايلىنىپ يار ئۇستىگە چىقسا، بېشىغا كۇلا، ئۇستىگە جەندە كىيگەن، ھاسا تاياقلىق بىر قارغۇ بوۋاي ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقۇدەك. نۇردۇن بۇ قارغۇ بوۋاينى قاياققا بارار كىن دەپ ئۇندىمەي قاراپ تۇرۇپتۇ. قارغۇ بوۋاي دەل نۇردۇننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ:

— ئاھ خۇدا، ئەگەردە گۆھىرى بار ئىنسابلىق ئادەمگە ئۇچراپ قالغان بولسام، گۆھىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈپ ساقىيىپ يورۇق دۇنيانى بىر كۆرۈۋالسام مۇرادىمغا يەتمەسمىدىم ؟!

— دەپ نالە قىپتۇ. نۇردۇن يانچۇقىدىن ھېلىقى قىممەت باھا نەرسىنى چىقىرىپ قاراپتىكەن، ئۇ نەرسە كۈن نۇرىدا رەڭمۇرەڭ جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا قارغۇ بوۋاي تېخىمۇ ئېچىنىشلىق تەلەپپۇز بىلەن بايىقى سۆزنى تەكرارلاپتۇ. نۇردۇن كۆڭلىدە: « بۇ ئېسىل نەرسە گۆھەر بوپ قالمىسۇن يەنە، ئەگەر خۇداۋەندىكىرىم بۇ بەختسىز قارغۇ بوۋاينىڭ كۆڭلىگە سالمىسا، مۇشۇ گۆھەر توغرىسىدا بىرەر بىشارەت بەرمىسە، كور قېرى قانداقسىگە بۇ ئادەمسىز چۆلدە گۆھەرنىڭ نالىسىنى قىلىدۇ ؟ يېنىمدا گۆھەر بار تۇرۇقلۇق، بىر ئاجىزنىڭ دادىغا يەتمىسەم نائەھلىي بوپكەتمەمدىمەن ؟ ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرتۈۋېلىشىغا بېرىپ تۇرسام گۆھىرىم ئۇپراپ كېتەمتى ؟ كېيىن قايتۇرۇۋالساملا بولمامدىمۇ ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ ـ دە:

— ئەي كۆڭلى سۇنۇق ئاجىز بوۋا، مانا گۆھەر، كۆزىڭىزگە خالىغانچە سۈرتۈۋېلىڭ، خۇدايىم شىپالىق بەرسۇن، — دەپ گۆھەرلىرىنىڭ بىرىنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ. بوۋاي خۇشاللىقىدا:

— رەھمەت بالام، ئاللا بەخت بەرسۇن، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن، — دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي رەھمەت ـ تەشەككۇرلار ئېيتىپ، گۆھەرنى كۆزىگە يېنىش ـ يېنىشلاپ سۈركەپتۇ. نۇردۇن گۆھەرنى قايتۇرۇۋالاي دەپ تۇرغاندا، قارغۇ بوۋاي يۈرەكنى ئەزگۈدەك نالە بىلەن:

— ئەي، كارامىتى ئۇلۇغ خۇدا، بىر تال گۆھەر نېسىپ قىلىپ، تاق كۆزۈمنى نۇرلاندۇردۇڭ، ئەگەر جۈپى بىلەن نېسىپ قىلىپ ھەر ئىككىلا كۆزۈمنى ئېچىۋەتكەن بولساڭ، بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كەتكەن بولاتتىم، — دەپ زارلىنىپتۇ.

بوۋاينىڭ زارىغا پايلىمىغان نۇردۇن: « يەنە بىرىنىمۇ بېرىپ تۇرسام بوۋاينىڭ ئىككىلا كۆزى ئېچىلسا، بۇنىڭ ساۋابى ماڭىمۇ بولمامدۇ ؟ » دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، گۆھەرنىڭ يەنە بىرىنىمۇ بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپتۇ، خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن قارغۇ بوۋاي گۆھەرلەرنى نۆۋەت بىلەن كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ:

— ئەي تەڭرىم، شەپقىتىڭگە مىڭ رەھمەت، تىلىكىمنى ئىجابەت قىلدىڭ. ئاجىز بەندەڭنىڭ رىسقىنى كەم قىلمىغىنىڭغا شۈكرى، — دېگىنىچە گۆھەرلەرنى ئېلىپ ئارقا ـ كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتقۇدەك. بوۋاينىڭ قىلىقلىرىغا ھەيران قالغان نۇردۇن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ:

— ئەي بوۋا ، گۆھەرلىرىمنى ئىشلىتىپ بولغان بولسىلا قايتۇرۇپ بەرسىلە ، ئىشىمغا ئالدىرايتتىم ، — دەپتىكەن ، بوۋاي بىردىنلا ئەلپازىنى بۇزۇپ :

— ئەي بەتنىيەت ئەبلەخ ، نېمەدەپ جۆيلىۋاتىسەن ، سېنىڭ گۆھەرلىرىڭنى كىم كۆرۈپتۇ ؟ ياۋاشلىق بىلەن يولۇڭغا ماڭ ، بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن ، — دەپ تىل سايىتۇ .

بايىقى بىچارە قارغۇ بوۋاينىڭ بىردىنلا يۈزسىز ، ئىنساپسىز بۇلاڭچىغا ئايلانغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىگەن نۇردۇن يەنە ئۆزىنى بېسىپ تۇرۇپ :

— ئەي چوڭ دادا، كۆزۈمگە سۇرتۈۋالسام دەپ نالە قىلىۋىدىلە ، ئىچ ئاغرىتىپ ھەر ئىككىلا گۆھىرىمنى بېرىپ تۇردۇم ، گۆھەرنى قوللىرىغا چۇشۇرۇۋېلىپ بىراقلا تېنىۋالسىلا ئاللامۇ كەچۈرمەيدۇ ، ئىنساپ قىلسىلا ، خۇدادىن قورقسىلا ، دەرھال گۆھەرلىرىمنى قايتۇرۇپ بەرسىلە ،— دەپتىكەن، بوۋاي نۇردۇنغا ھاسىسىنى جۇنۇپ تۇرۇپ :

— ھەي خەقنىڭ رىسقىغا چىش بىلەيدىغان بۇلاڭچى ، نېمەدەپ تىلىڭنى چاينايسەن ، بىلىپ قوي : مەن دېگەن پۈتكۈل يۇرتقا تونۇشلۇق « ھاسان قارغۇ » دېگەن كىشى بولىمەن . مېنىڭ يەنە ئۆزۈمگە ئوخشاش باشقا ئالتە قېرىندىشىم بار . مېنىڭ قولۇمدىن گۆھەرنى ئېلىۋالىمەن دېگىنىڭ ئۇخلىماي چۈش كۆرگىنىڭ ، چىرايلىقچە ئۇدۇل يولۇڭغا ماڭ ، بولمىسا سېنى بالاغا تىقىپ ، جېنىڭنى ئالقىنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويىمەن ، — دەپ تووۋلاپتۇ .

ئالدانغانلىقىنى بىلگەن نۇردۇننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ، گۆھەرلىرىنى تارتىۋالماقچى بوپتۇ . ئەمما ھاسان قارغۇنىڭ ساق ئادەملەردەك ساۋىشىدىن باش - كۆزلىرى قانغا مىلىنىپ چىدىيالماي قاپتۇ .

ھاسان قارغۇ نۇردۇننى ھارغىچە ساۋاپ بولغاندىن كېيىن ، گۆھەرلەرنى ئاسمانغا بىر - بىرلەپ ئېتىپ - تۇتۇۋېلىپ « پوندىلىكىم - پوندىلەك » دەپ ئوينىغىنىچە كېتىپ قاپتۇ . نۇردۇن ئەلىمى ئىچىگە پاتمىغان ھالدا ئۆز - ئۆزىنى كاچاتلاپ بىردەم يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ - دە ، ھاسان قارغۇنىڭ قارىسىنى يىتتۇرمەي يىراقتىن پايلاپ مېڭىپتۇ ، ماڭا - ماڭا خىلۋەت يار-لىقتىكى قەبرىستانلىق چېتىگە قاتار سېلىنغان يەتتە ئېغىز كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ . نۇردۇن قانداق قىلىش توغرىسىدا بىر قارارغا كېلەلمەي ئولتۇرسا . ھاسان ھېچقانداق تەمتى-رىمەي ئۇدۇل بېرىپ ھېلىقى يەتتە ئېغىزلىق ئۆينىڭ ئەڭ بېشىدىكى بىرىنچى ئىشىكنى ئېچىپ كىرىپ كېتىپتۇ ، نۇردۇننىڭ كۆڭلىگە دەرھال بىر ئوي كەپتۇ - دە ، شەپە چىقارماي ھاسان قارغۇنىڭ ئۆيىگە كىرىۋاپتۇ . قارىسا ھاسان قارغۇ « پوندىلىكىم - پوندىلەك » دەپ غىڭشىغىنىچە ھېلىقى گۆھەرلەرنى بىر - بىرلەپ ئېتىپ - تۇتۇۋېلىپ ئويناۋاتقۇدەك ، ئاچچى-قىدىن يېرىلغۇدەك بولغان نۇردۇن كېيىنكى قېتىمدا گۆھەرلەرنى بىر - بىرلەپ كاپ - كاپ تۇتۇۋېلىپ ، تىۋىش چىقارماي تاكچىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ . گۆھەرلەرنى بايىقىدەك ئۇدۇللۇق تۇتۇپ ئالالمىغان ھاسان قارغۇ ئالاقزادە بولۇپ يەر - سۇپىلارنى بىر ھازا سىيلاشتۇرۇپتۇ . بۇلۇڭ - پۇچقاق ، تاملارنى سىيلاشتۇرۇپتۇ . ئاخىرى ئۈمىدسىزلىنىپ :

— ۋاي دات ، ئوغرى كەلدى ! بۇلاڭچى كەلدى ! ئادەم بارمۇ ؟ — دەپ داۋراڭ كۆ-تۈرگىلى تۇرۇپتۇ .

بىردەمدىلا ھاسان قارغۇغا ئۇيقۇدىكىدەك ئۇيپۇخشاش ئالتە قارغۇ كىرىپ كەپتۇ.

— ھاسان ئاكا، نېمە بولدۇڭ؟ ئوغرى – بۇلاڭچىلار نەدە؟ نېمەڭنى يوقاتتىڭ؟ — دەپ سورىشىپتۇ باشقا قارغۇلار.

ھاسان قارغۇ بايىقى كەچمىشلىرىنى قارغۇلارغا بىر – بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ۋاي ئەخمەقەي، — دەپتۇ قارغۇلاردىن بىرى، — قولغا كەلگەن بۇنداق ئېسىل گۆھەرنى خالىغانچە ئېتىپ ئوينىغىنىڭ نېمىسى؟ مانا مېنىڭدەك پۇختا ساقلىمامسەن؟ ئىشەنمىسەڭ ئۆزۈڭ سىلاپ كۆرۈپ باق، بۇنىڭ قېتىدا تىللا، ياقۇت بار دېسە كىممۇ ئىشەنمىدۇ؟

ھېلىقى قارغۇ گەپ قىلغۇچىلار قولىدىكى توم ھاسىسىنى ھاسان قارغۇغا ئۇزىتىپتۇ، پەملەپ تۇرغان نۇردۇن قولىنى سوزۇپلا ھاسىنى ئېلىۋاپتۇ.

— ھاسان ئاكا، مانا مېنىڭكىنى كۆرۈپ باق!

— مېنىڭكىنىمۇ...

قارغۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ مال – دۇنيا ساقلايدىغان نەرسىلىرىنى: كۇلاسىنى، كەشىنى، بەلبېغىنى... بىر – بىرلەپ ھاسان قارغۇغا ئۇزىتىپتۇ، نۇردۇن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا چۈشۈرۈپتۇ.

— ھاسان ئاكا، ھاسامنى كۆرۈپ بولغان بولساڭ، ئەكەل ئەمدى، — دەپتۇ بىرىنچى قارغۇ قولىنى ئۇزىتىپ.

— ھاساڭنى تېخى تۇتۇپمۇ باققىنىم يوق، نەدىكى ھاسىنى دەيسەن؟ — دەپتۇ ھاسان قارغۇ ھەيرانلىق ئىچىدە.

— ۋاي مۇتتەھەم، سېنى ھەممىمىزدىن چوڭ، ھەممىمىزدىن تەجرىبىلىك دەپ ئىشىنىپ، ھۆرمەت قىلىپ بىر ئۆمۈر تىلەپ – تالاپ تاپقان ۋەج – دۇنيايىمنى بەرسەم ئېلىۋېلىپلا تېنىۋالماقچىمۇ سەن؟ ۋاي نائىنساپ ئالدامچى، بېرەمسەن – يوق؟ — بىرىنچى قارغۇ ئېتىلىپ بارغىنىچە ھاسان قارغۇنى مۇشتلاپ كېتىپتۇ.

— كۇلايىمنى بەر!

— بەلبېغىمنى ئەكەل!

— كەشىمنى قايتۇر!

قارغۇلارنىڭ قالغىنىمۇ يوپۇرۇلۇپ ھاسان قارغۇغا تاشلىنىپتۇ، ئۆي ئىچى توپا – چاڭغا، ئۇر – يىقىت ئاۋازىغا، ۋاي – داتقا تولۇپتۇ. بىرىنىڭ يۈزى يېرىلىپتۇ، بىرسىنىڭ بۇرنى ماكچىيىپتۇ، يەنە بىرسىنىڭ قۇلىقى ئېزىلىپتۇ. بىر ھازا ئۇپۇر – توپۇردىن كېيىن، قارغۇلاردىن بىرى ئەقلىنى تېپىپ ۋارقىراپتۇ:

— ئەي خۇدانىڭ قەھرىگە ئۇچرىغان ناكەس قارغۇلار، توختاش! بىز مۇشۇ يېشىمىزغىچە بىللە ياشاپ، بىر – بىرىمىزنىڭ سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ كەلدۇق. ھازىرغا قەدەر ھېچكىم – ھېچكىمنى ئالداپ باقمىغان. ئەجەبا، بۈگۈن بىراقلا ھەممىمىز ئالدامچى، ئىنساپسىز كاززاپلارغا ئايلىنىپ قالدۇقمۇ؟ مۇشۇ ئۆي ئىچىدە چوقۇم بىز يات ئىنسان بار. ئۇ ھاسان ئاكامنىڭ گۆھەرلىرىنىمۇ، باشقىلىرىمىزنىڭ ھاسا، كۇلا، بەلباغ، كەشلىرىنىمۇ

سوقۇۋالدى . ھېسابنى ئاشۇ قاراقچىدىن ئالماي ، بىر ـ بىرىمىزنى ئۇرۇپ ـ چەيلەپ ناكاھ قىلغىنىمىز نېمىسى ؟

باشقا قارغۇلار ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇشۇپتۇ . ئەمما ، قاراقچىنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلمەپتۇ . دەتالاش باشلىنىپتۇ .

— تالاشماڭلار ، — دەپتۇ بايىقى قارغۇ ، — مەن ھازىر بوسۇغا ئۈستىدە پۇتۇمنى سۇنۇپ ئولتۇرىمەن ، ئاندىن ھەر بىرىڭلار نۆۋەت بىلەن ئىسمىڭلارنى ئاتاپ ئاتلاپ ئۆتۈڭلەر ، نەق ئالتە ئادەم ئۆتۈپ بولغاندا ئېشىپ قالغىنى قاراقچى بولىدۇ . شۇنى تۇتىمىز .

ئۇنىڭ دېگىنىگە ھەممىسى قوشۇلۇپتۇ .

ھېلىقى قارغۇ بوسۇغا ئۈستىدە ئىككى پۇتىنى كېسەككە تىرەپ ئولتۇرۇپتۇ . قارغۇلار بىر ـ بىرلەپ ئۆز ئىسىملىرىنى مەلۇم قىلىپ ئاتلاپ ئۆتۈپتۇ . نۆۋەت بەشىنچى قارغۇغا كەلگەندە ، نۇردۇن شەپە چىقارماي بەشىنچى قارغۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئۆتۈۋاپتۇ . ئالتىنچى قارغۇ يېقىنلىشا ـ يېقىنلاشمايلا ، ئىشىك باققۇچى قارغۇ دەس ئورنىدىن تۇرۇپ :

— مانا مەن بىلەن قوشۇلۇپ جەمئىي يەتتە قارغۇ بولدۇق ، دەرھال يېپىلىپ ئۆينى ئاختۇرۇڭلار ، ئۇچرىغان يات ئادەمنى ئۇرۇپ جايلىۋېتىڭلار ، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ .

قارغۇلار ئۆي ئىچىگە يوپۇرۇلۇپ كىرىپ چىقىشقا تەمشىلىۋاتقان ئاخىرقى قارغۇنى تۇشمۇ ـ تۇشتىن ئۇرۇپ دۇمبالاشقا باشلاپتۇ .

— توختاڭلار ، مەن ھاسان قارغۇ بولىمەن ، — دەپ زارلىنىپتۇ دۇمبالىنىۋاتقان قارغۇ .

ئاۋازىدىن تونۇپ توختاشقاندا ھاسان قارغۇ ھالىدىن كېتىپ قالغان بولۇپ نۇردۇن ئاللىقاچان ئولجىلارنى ئېلىپ تىكىۋەتكەنىكەن . ئەلەم ۋە غەزەپتىن قارغۇلار زار قاخشىشىپ ، بىر ـ بىرىگە تاپا ـ تەنىلەر ياغدۇرۇشۇپ قاپتۇ .

نۇردۇن شۇ ماڭغىنىچە شەھەرنىڭ نېرىقى چېتىگە بېرىپ توختاپتۇ ، ئەتىسى بىر كاتتا زېمىننى سېتىۋېلىپ ، بازىرى ئىتتىك ماللار دۇكىنى ئېچىپتۇ . بىر قانچە خىزمەتكار ياللاپ ، خەير ـ ساخاۋەتنى يولغا قويۇپتۇ . ئۇنىڭ سودىسى يۈرۈشۈپ ، تاپاۋىتى كۈندىن ـ كۈنگە ھەسسىلەپ ئاۋۇپ تۇرغاچقا ، پاناھ تارتىپ ، شەپقەت تىلەپ كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەسىمۇ ، ئۇنىڭ پۇل ـ ۋەجى كەملىمەي ئېشىپ بېرىپتۇ ، شۇنداق قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئۇ يۇرت بويىچە داڭلىق ساخاۋەتلىك بايلاردىن بولۇپ تونۇلۇپتۇ .

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار ئۆتۈپتۇ ، بىر كۈنى خىزمەتكارلاردىن بىرى نۇردۇننىڭ ئالدىغا بىر قېرى قارغۇ بوۋاينى باشلاپ كىرىپتۇ ، نۇردۇن قارغۇدەك بولسا ، ئۇ ھېلىقى كاززاپ ھاسان قارغۇ ئىكەن ، ھاسان قارغۇنىڭ قورۇلۇپ قورايغا ئايلانغان ئەپتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىپتۇ ـ دە . ئۇنى ئەپقېلىپ ئايرىم كۆتۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ ، بىراق ئۇ ئۆزىگە دائىم پەخەس بولۇپ ، چاندۇرماي يۈرۈپتۇ . بىر كەچقۇرۇن نۇردۇن ئۇيلاشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن . ھاسان قارغۇ ئۇدۇل ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەپتۇ ـ دە :

— گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ ئايىغىغا باش قويامدىكىن دەپ پۇرسەت بەرسەم بىلمەسكە سېلىپ خۇپسەنلىك بىلەن ئۆتۈۋاتىسەن ، ھەي بۇلاڭچى ، ئاكا ـ ئۇكا يەتتە بىچارىنى زار

قاخشتىپ راھەت كۆرۈشكە نېمە ھەددىڭ ؟ ھازىردىن باشلاپ قولۇم ياقاڭدا ، قېنى قانداق شۇملۇق قىلارسەنكىن ؟ — دەپ ئۆزىنى نۇردۇنغا تاشلاپتۇ .

نۇردۇن چىراغپايىنى ئېلىپ ئېتىپتىكەن ، چىراغپاي ھاسان قارغۇنىڭ پېشانىسىگە تېگىپ شۇ ھامان جېنىنى ئاپتۇ ، قورقۇپ كەتكەن نۇردۇن ھاسان قارغۇنىڭ جەسىتىنى سۆرەپ ئېچكەركى ئۆيگە ياتقۇزۇپ قويۇپتۇ . ئەتىسى ئۇ خۇپىيانە ئادەم چىقارتىپ ، شۇ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ سۆيىنى توشۇپ ، ئوتۇننى يېرىپ جان باقىدىغان ساراڭ قېتىش بىر ئادەمنى چاقىرتىپ كەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا :

— ئاتام رەھمەتلىك كەپتەرگە دان بېرىمەن دەپ بالىخانىغا چىقىپ كېتىۋېتىپ شوتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ جان تەسلىم قىلدى . ئۇ ھايات ۋاقتىدا « ياتقان يېرىم كەڭ ۋە چوڭقۇرراق بولسۇن ، ھازامىنى ئاچماڭلار ، نەزىر‌ىمنى بەرمەڭلار ، ئارامخۇدا ياتاي » دەپ ۋەسىيەت قىلغان . ھەققىڭگە بىر تىللا بېرەي ، ئاتامنىڭ يەرلىكنى چوڭقۇر كولاپ ، پۇختاراق كۆمۈپ قويساڭ ! — دەپ بىر تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ . ھېلىقى ساراڭ قېتىش ھاسان قارغۇنىڭ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمەيلا كىگىزگە يۆگەپ مەھەللە سىرتىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ چېتىگە چوڭقۇر گۆر كولاپ كۆمۈپ قويۇپ قايتىپتۇ . شۇ كۈنى كەچتە ھاسان قارغۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرى نۇردۇننىڭ ساخاۋەتخانىسىغا كىرىپ :

— ئاكىمىز ھاسان قارغۇنى قايتۇرۇپ بەر ، — دەپ داۋراڭ سالغىلى تۇرۇپتۇ .

قورقۇپ جان - پېنى چىققان نۇردۇن ئۇنى ئېچكەركى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ ھېلىقى چىراغپاي بىلەن بىرنى قويۇپ ئۇجۇقتۇرۇپتۇ . ئەتىسى يەنە ھېلىقى ساراڭ قېتىشنى چاقىرتىپ كېلىپ :

— ئاتامنى يەرلىككە پۇختىراق كۆمگىن دېسەم ، ئىشنى چالا - بۇلا تۈگىتىپلا بولدى قىلغان ئوخشايسەن ، ئاتام خاپا بولۇپ قايتىپ كېلىۋالدى . ھەققىڭگە ماۋۇ بىر تىللانى ئال ! بۇ گۈن تۈزۈكرەك كۆمگىن ، — دەپ يەنە بىر تىللا تاشلاپ بېرىپتۇ . ھېلىقى ساراڭ قېتىش ئېچكەركى ئۆيگە كىرىپ قارىسا راستىنلا تۈنۈگۈن ئۆزى كۆمۈپ قويغان بوۋاي ئەسلى جايىدا سونايلىنىپ ياتقۇدەك ، ئۇ كاللىسىنى بىر قاشلىۋېتىپ ئىككىنچى قارغۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ گۆرنى ئون گەز كولاپتۇ . ئاغزىنى پۇختا ئېتىپ ، چىگداپ دەسسەپ كۆمۈپ قايتىپتۇ . بىراق ، شۇ كۈنى ئۈچىنچى قارغۇ نۇردۇننى ئىزدەپ كېلىپ غەۋغا كۆتۈرۈپتۇ . نۇردۇن ئۇنىمۇ ھېلىقى ئۇسۇل بويىچە جايلاپ ، ئەتىسى ھېلىقى ساراڭ قېتىشنى چاقىرتىپتۇ - دە :

— سېنى خېلى تۈزۈك مۇسۇلمان ھېسابلاپ يۈرسەم ، پۇلۇمنى بىكارغا ئېلىۋالغاندەك تۇرىسەن ، ئىشەنمىسەڭ كىرىپ كۆرۈپ باق ، دادام يەنە رەنجىپ يېنىپ كېلىۋالدى ، — دەپتۇ . ساراڭ قېتىش كىرىپ قارىسا ئۆزى كۆمۈپ قويغان بوۋاي ئەسلى جايىدا پۈرۈنقى پېتى ياتقۇدەك ، ئۇ تازا رەللە بولۇپ جەسەتنى ئېلىپ يەرلىكنى ئون بەش گەز چوڭقۇرلۇقتا كولاپتۇ ، گۆر ئاغزىنى پىششىق خىش بىلەن لايلاپ بېكىتىپ ، سىرتىنى ئىككى قەۋەت سۇۋاپ قايتىپتۇ . شۇ كەچقۇرۇن تۆتىنچى قارغۇ كېلىپ نۇردۇنغا ئېسىلىپتۇ ، نۇردۇن ئۇنىمۇ ئاۋۋالقى ئۇسۇل بويىچە قەتلى قىلىپ ، ئەتىسى سەھەردە ھېلىقى ساراڭ قېتىشنى چاقىرتىپ كەپتۇ . بۇ قېتىم ئۇ باشقا گەپ - سۆز قىلمايلا ئېچكەرىكى ئۆيىنى كۆرسىتىپتۇ ، ئەرۋاھى ئۇركىگەن ساراڭ

قېتىش تۆتىنچى قارغۇنى ئۇن بەش گەز گۆرگە ئەپكىرىپ، پۇت ـ قوللىرىنى پىششىق چىگە ئارغامچا بىلەن چېتىپ، گۆرنىڭ تۆت بۇلۇڭىغا تۆت تۆمۈر قوزۇق قېقىپ چەپراس باغلىۋېتىپ ئاندىن ئاۋۋالقىدەك پۇختا ئېتىپ قايتىپتۇ. بىراق، بەشىنچى، ئالتىنچى ۋە يەتتىنچى قارغۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاشلا تەكرارلىنىۋېرىپتۇ. ئەھۋالنىڭ تەكتىنى بىلمىگەن ساراڭ قېتىشنىڭ تەلۋىلىكى تۇتۇپ قېلىپتىن چىقىپلا كېتىپتۇ. يەتتىنچى قارغۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېتىۋاتقاندا تاڭ ئېتىپ ئەزان ۋاقتى بولغانىكەن. مەزىننىڭ ئەزان باشلىغىنىنى كۆرگەن ساراڭ قېتىش، يەتتىنچى قارغۇنىڭ جەسىتى بىلەنمۇ كارى بولماي:

— ئاناڭنى، ئالتە كۈندىن بۇيان قىلمىغان ئاماللارنى قوللىنىپ، نۇرغۇن ئەجىر بىلەن كۆمۈپ كەلسەم، ئەمدى بۇ گۈن تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ يەرلىككە كىرمەي تۇرۇپلا پەشتاقتا چىقىۋېلىپ ناخشا تووۋلاۋاتقىنىنى، كىمىڭنى زاڭلىق قىلىسەن، ۋۇي تېجىمەل قېرى، — دېگىنچە مەسچىتنىڭ پەشتىقىغا چىقىپ مەزىن ئاخۇنۇمنى چاناپ ئۆلتۈرۈپتۇ ـ دە، سۆرىگىنچە چوڭ كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ، دەل شۇ چاغدا بىر ئايال سۇ ئېلىۋاتقانىكەن. بىر نېمىنىڭ شالاپ ـ شۇلۇپ قىلىپ كۆلگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن «ۋاي ـ ئاللا» كۆتۈرۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساراڭ قېتىشنىڭ ئىمانى تېخىمۇ ئېزىقىپ:

— ۋاي ئابرويىنى بىلمەيدىغان قىتمال قېرى، ھازىرلا جېنىڭنى جەننەتكە يوللىغان تۇرسام، ئەمدى نومۇس قىلماي ئايالچە كىيىنىپ ئادەم ئەخمەق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ؟ — دېگىنىچە ھېلىقى ئايالنى قوغلاپ بېرىپ چاناپ تاشلاپتۇ، شۇ چاغدا بىر توپ جامائەت ئالدىراش نامازغا كېتىۋاتقانىكەن، بىر غالجىرلاشقان ئەركەكنىڭ بىر ئاجىز ئايالنى قوغلىغان پېتى چاناپ تاشلىغىنىنى كۆرۈپ ئارىغا كىرگەنىكەن، قانچىسى شۇ ھامان جېنىدىن ئايرىلىپتۇ. مەسچىت ئالدى بىردەمدە قىيامەتكە ئايلىنىپتۇ. ساراڭ قېتىش تامامەن ئەقلىنى يوقىتىپ ئۇچرىغانلا ئادەمنى چاناشقا باشلاپتۇ. ئەتراپتىكى بىر قانچە مويسىپىت مەسلىھەتلىشىپ ئۇستا چەۋەندازدىن ئىككىنى چاقىرتىپ كەپتۇ. بۇ چەۋەندازلار ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىككى ياقتىن سالما تاشلاپ ساراڭ قېتىشنى ئاران تۇتۇۋاپتۇ.

يۇرت قازىسى ساراڭ قېتىشنى دۈمبە ـ كاسىلىرى تىتىلىپ كەتكىچە كالتەكلەتكەندىن كېيىن، ئالدىرىماي سوراق قىلىپ، ئۇنىڭ غالدا ـ غۇلدۇڭ سەۋدايىلارچە جاۋابلىرى ئۇستىدە قاتتىق باش قاتۇرۇپ، باش جاۋابكارنىڭ نۇردۇن باي ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىپتۇ. نۇردۇن باينى تۇتۇپ ئەپكەلدۈرۈپ، ئىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن خەۋەرلىنىپتۇ.

ئاددىيغىنە چاقچاقتىن بىر تالاي ئادەمنىڭ ئۆلۈشىدەك ئېغىر ئاقىۋەت كېلىپ چىققىنىدىن قاتتىق ئۆكۈنگەن قازى نۇردۇن باينى چالما كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرگۈزۈپ، ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنى يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە قىلىپ بەرگۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، يەنە زوردۇننىمۇ تاپقۇزۇپ كېلىپ ئۆمۈرلۈك زىندانغا ساپتۇ. جان ـ دوست ئاغىنىلەر ئارىسىدىكى چاقچاق تۈپەيلىدىن ئاشۇنداق پاجىئەلەرمۇ سادىر بولغانىكەن.

ئېيتىپ بەرگۈچى: بۈگۈر ناھىيە چېدىر يېزىسىدا ئۆتكەن ھۆسنەرىخان.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابلىمىت مۇھەممىدى ئاقيولى

# ئەپسانىلەر

## چۈش ھەققىدە

قەدىمكى زاماندا ۋابا تارقاتقۇچى بىر مەخلۇق بولغانىكەن، ئۇنىڭ ئايىغى تەگكەنلىكى يۇرت ـ مەھەللىلەرگە كېسەل پەيدا بولۇپ ۋەيران بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ ئاپەتكە چىدىمىغان خەلق سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بېرىپتۇ. سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ھېلىقى مەخلۇقنى ئەپكەلدۈرۈپ، چاناپ قىيما ـ قىيما قىلدۇرۇپتۇ ۋە ئۇنى بىر ئىدىشنىڭ ئىچىگە سىلىپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىۋېتىپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر مايمۇن ئىدىشنى دومىلىتىپ ئوينىشقا باشلاپتۇ. ئىدىش بىر تاشقا تېگىپ سۇنۇپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا ئىدىشتىن سان ـ ساناقسىز ئۇششاق ھاشاراتلار چىقىپ جاھانغا تارقاپ كېتىپتۇ ۋە بۇرۇنقى كەسىپنى داۋاملاشتۇرۇشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ كىشىلەر بۇ ھاشاراتنى چۈش دەپ ئاتاپتۇ.

## بۇلۇت قىز ھەققىدە

چەكسىز كەتكەن بىر جاڭگاللىقتا بىر قانچە ئائىلىلىك ئادەم ياشايدىكەن. بۇ يەردە ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، تېرىغان ئاشلىقلار ئۈنمەپتۇ. ئامالسىزلىقتىن ئاخىرى كىشىلەر بۇ جايدىن كەتمەكچى بولۇشۇپتۇ. لېكىن ئۇلار بۇ چوڭ جاڭگاللىقتىن چىقىپ بولغۇچە بەربىر ھايات قالمايدىغانلىقىنى بىلىپتۇ. شۇڭا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشتىن باشقا چارە تاپالماپتۇ.

بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەقىللىق ۋە زېرەك بىر قىز بار ئىكەن. ئۇ باشقىلارغا:

— سىلەر مېنى كۆيدۈرۈڭلار. بولمىسا ھەممىمىز ھالاك بولىمىز. مېنىڭ گېپىمگە كىرىپ مېنى تېزرەك كۆيدۈرۈڭلار...، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ھەيران قاپتۇ. ئۇلار قىزنىڭ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋېلىشىدىن بىر ئىشنى پەملىگەندەك بوپتۇ. ئاخىرى قىزنى كۆيدۈرۈشكە مەجبۇر بوپتۇ. قىزنى كۆيدۈرگەن ھامان ئاسماننى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ، پۈتۈن يەر ـ جاھان پېژغىرىم ئىسسىقتىن خالىي بوپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي شارقىراپ يامغۇر يېغىشقا باشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ئۇنى «بۇلۇت قىز» دەپ ئاتىشىدىغان بوپتۇ.

«بۇلۇت قىز» نىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق ئىمىش. ھەر دائىم دېھقانلارنىڭ زارىنى ئاڭلىسىلا يامغۇر ياغقۇزىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر «بۇلۇت قىز» نى ياخشى كۆرىدىكەن. زېمىندا قۇرغاقچىلىق يۈز بەرسىلا كىشىلەر «بۇلۇت قىز» نى چاقىرىدىكەن.

## سامان يولى توغرىسىدا

قەدىمكى زاماندا بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئارزۇلۇق بالىسىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ ئانا بالىسىنىڭ پىراقىدا نالە ــ پەرياد قىلىپ ئۇنى ئىزدەشكە مېڭىپتۇ . بۇ بالا تېخى ئەمچەكتىن ئايرىلمىغانىكەن . شۇ سەۋەبتىن ئانىنىڭ ماڭغان يولىغا ئىككى كۆكسىدىن ئاققان سۈت تېمىپ ئىز قالدۇرۇپتۇ . ئەنە شۇ سۈت ئىزىدىن كېيىنچە سامان يولى پەيدا بولغانىكەن . ئەسلىدە ئەجدادلىرىمىز « سامان يولى » نى « سۈت يولى» دەپمۇ ئاتىغانىكەن .

## ئاقساق مارال دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى

هازىرقى ئاقساق مارال دېگەن جاي قەدىمكى چاغلاردا ئادەم ياشىمايدىغان چۆللۈك بولۇپ ، ئۇ يەردە هەر خىل هايۋاناتلار ياشايدىكەن . يىراق يۇرتلاردىن كىشىلەر بۇ يەرگە كېلىپ ئوۋ ئوۋلايدىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاهزادە بىر نەچچە مۇلازىملىرى بىلەن بۇ يەردە ئوۋ قىلىپ يۈرسە ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر مارال ئۇچراپ قاپتۇ . شاهزادە مارالغا قارىتىپ ئوق ئاتقانىكەن ، ئوق مارالنىڭ پۇتىغا تېگىپ ئاقساپ قاپتۇ . مۇلازىملار بۇ ئاقساپ قالغان مارالنى قوغلاپ تۇتۇۋاپتۇ ۋە ئۇنى سويۇپ كاۋاپ قىلىپ يېيىشىپتۇ . ئاندىن ئۇلار ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ . يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە شاهزادە بويىنىدىكى گۆهەرنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى سېزىپتۇ ۋە مۇلازىملىرىغا دەرهال كەينىگە يېنىپ گۆهەرنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . مۇلازىملار هەممە يەرنى ئىزدەپ ئاخىرى هېلىقى مارالنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن جايدىن گۆهەرنى تېپىپتۇ . شاهزادە گۆهەرنى كۆرۈپ مۇلازىملىرىدىن :

— گۆۋهەرنى نەدىن تاپتىڭلار ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— هېلىقى ئاقساق مارالنى كاۋاپ قىلىپ يېگەن يەردىن، — دېيىشىپتۇ ئۇلار . شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ يەرنىڭ نامى «ئاقساق مارال» دەپ ئاتىلىپ قاپتۇ.

## ۋاش شەهرى هەققىدە

رىۋايەت قىلىنىشىچە هازىرقى ۋاش شەهرى خارابىسى ئەسلىدە قاقاس بىر دەشت ــ باياۋان ئىكەن . بىر كۈنلىرى ۋاژ موللام دېگەن دەرۋىش جاهان كېزىپ يۈرۈپ مۇشۇ چۆللۈككە كېلىپ قاپتۇ . ئۇنىڭغا بۇ يەردە بىر ئېيىق ئۇچراپتۇ . ئېيىق كۈن پېتىشقا قاراپ كېتىۋېتىپ بىر يەرگە بارغاندا قولى بىلەن يەرنى تاتىلاپ بىر بولاقنىڭ كۆزىنى ئېچىپتۇ . ئاندىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ ئۆز يولىغا راۋان بوپتۇ . ئېيىققا ئەگىشىپ كەلگەن ۋاژ موللام بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ هاردۇق ئېلىپ يېتىپ قاپتۇ . ئۇ چۈش كۆرۈپتۇ . چۈشىدە بىر ئاقساقال بوۋاي : «ئەي جاهان كەزدى دەرۋىش ! ئەمدى جاهان كېزىشنى توختات . مۇشۇ جاي سېنىڭ ماكانىڭ بولۇپ قالسۇن . بۇ يەرنىڭ ئىسمى سېنىڭ نامىڭ بىلەن ئاتالسۇن» دەپتۇ . ۋاژموللام ئويغىنىپ قارىسا ئەتراپتا هېچكىم كۆرۈنمەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ چۆللۈكنى ئاۋات قىلىشنى نىيەت قىپتۇ : هېلىقى بۇلاقنى بويلاپ ئۆستەڭ قېزىپتۇ ، يەر ئېچىپتۇ . ئۆتكەن ــ كەچكەن يولۇچىلاردىن بۇغداي ــ قوناق تىلەپ تېرىپتۇ . بارا ــ بارا باغ بىنا قىپتۇ . مۇساپىرلار بۇ يەرگە كېلىپ ماكانلىشىپتۇ . بارغانسېرى ئادەم كۆپىيىپ ، بۇ جاي ئاۋات شەهەرگە ئايلىنىپتۇ . ئەنە شۇ چاغلاردىن باشلاپ بۇ يەرنىڭ ئىسمى «ۋاژ شەهرى» دەپ ئاتىلىپ قالغانىكەن .

توپلاپ رەتلىگۈچى : **ئابدۇكېرىم راخمان**

بۇ ئەسەرنىڭ مۇهەررىرى : **پەرىدە ئىمىن**




## خەۋەر قىلىشقا بولمايدۇ

باي ئۆيىدە يىلىلىقچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن ئەپەندىمنى چاقىرىپ :

ــ ئىسىڭىزدە بولسۇنكى ئەپەندىم ، ئۆيدە بولغان ھەر قانداق ئىشنى سىرتتا دېيىشكە بولمايدۇ ، ــ دەپتۇ .

ئارىدىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي باينىڭ ئۆيىگە ئوت كېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن باي جىددىيلىشىپ :

ــ ئەپەندىم ، تېز بولۇڭ ! چاپسان بېرىپ جامائەتكە خەۋەر قىلىڭ ، جامائەت كېلىپ ئوتنى ئۆچۈرۈشۈپ بەرسۇن ، ــ دەپتۇ .

باينىڭ جىددىي قىياپەتتە قىلغان سۆزىنى ئاڭلىغان ئەپەندىم ئانچە پىسەنت قىلمىغان ھالدا :

ــ بېگىم ، ھەرگىزمۇ جىددىيلەشمىسىلە ، خەۋەر قىلىشقا پەقەتلا بولمايدۇ ، ــ دەپتۇ .

ئەپەندىمنىڭ سۆزىدىن تولىمۇ ئاچچىقلانغان باي ، ئەپەندىمدىن :

ــ نېمىشقا خەۋەر قىلىشقا بولمايدۇ ، ــ دەپ سوراپتۇ .

ــ نېمىشقا دەپ مەندىن سورايدىلىغۇ بېگىم . ئۆيدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سىرتتا دېيىشكە بولمايدۇ ئەمەسمۇ ؟

## خانىملىرىدىن سوراپسىلا

ئەپەندىم قازىخانىدا مەسلىھەتچى بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، قازى خانىسىغا ئەپەندىمنى چاقىرىپ :

ــ ئەپەندىم ، بۈگۈن ئىككى دەۋاگەر دەۋالىشىپ قازىخانىغا كەلدى ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقسام ، ھەر ئىككىسىنىڭلا گەپ ـ سۆزلىرى ھەم توغرا ، ھەم ئىشەنچلىك تەك قىلىدۇ . شۇڭا بۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرالمىدىم ، سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار ؟ ــ دەپ مەسلىھەت سوراپتۇ .

ئەپەندىم ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا :

— ئاخشاملىقتا خانىملىرىدىن سورىسىلا ، سىلى بارغىچە خانىملىرى ھۆكۈمنى چىقىرىپ قويىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ .

## ھەشقاللىنى قىپىن ئاپام دېسۇن

ئەپەندىمنىڭ ئايالى ئۆيدىكى كۆزگە چېلىققۇدەك نەرسىلەرنى ھەتتا ئۈرۈق - تۇغقان ، يار - بۇرادەرلەر ئېلىپ كەلگەن سوۋغا - سالاملارنىمۇ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىۋېتىدىكەن . ئەپەندىم ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرگەن كۈنلەردىن بىرىدە ، ئەپەندىمنىڭ يىراق جايدا تۇرۇۋاتقان بىر دوستى ئۇنى يوقلاپ كەپتۇ ھەمدە بىر دانە يوغان ، كۆركەم گىلەمنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ . ئەمما ئەپەندىم لام - جىم دېمەي ئولتۇرۇپتۇ . ئەپەندىمنىڭ ئايالى :

— ئەپەندىم تىلىڭىزنى مۈشۈك ئۈزۈۋالدىمۇ ؟ جىم ئولتۇرغىچە ، ھەشقاللا دەپ ئالمامسىز ! — دەپ كايىپتۇ .

ئەپەندىم دەرھال ئايالىغا قاراپ :

— كايىماڭلار خوتۇن ، ئالسام ئالاي ، ئەمما ھەشقاللىنى قىپىن ئاپام دېسۇن ، — دەپتۇ .

## كېچىنىڭ يارتىلىشىنىڭ سەۋەبى

ئەپەندىم زالىم ۋە ئاچكۆز باينىڭ ئۆيىدە چاكار بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باي ئەپەندىمدىن :

— ئەپەندىم ، «يارانقۇچى ئىگەم» مۆمىن بەندىلىرىگە كۈندۈزنىلا ئاتا قىلماي ، نېمە ئۈچۈن كېچە بىلەن كۈندۈزنى تەڭ ئاتا قىلىدىغاندۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

زالىم بايلارنىڭ چاكارلىرى چارچاپ ئۆلۈپ كەتمىسۇن ، دەپ كېچىنى يارانقان بولسا كېرەك ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم .

توپلاپ رەتلىگۈچى : **قاھار ئابدۇرېشىت**

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . **باھاۋىدىن**

# پۇچۇنخان قوشاقلىرى

ئابدۇساتتار ناسىرى

پۇچۇنخان قوشاقلىرى ۋە ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى ھېكايىلەر خەلق ئىچىگە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى بىر قىسىم ئالىم، تەتقىقاتچى، ئەدىب ۋە سەنئەتكارلارنى قىزىقتۇرۇپ كەلدى.

1890 ـ يىلى رۇس ئالىمى پانتوسوپ پۇچۇنخان قوشاقلىرىنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ «تارانچى ناخشىلىرى» دېگەن كىتابىغا كىرگۈزگەن. 1945 ـ يىلى سابىق سوۋېت يازغۇچىسى مىر ئەلى «پۇچۇنخان» ناملىق ئۇزۇن ئوچېرك يېزىپ «شەرق ھەقىقىتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىلقى 1 ـ دىن 6 ـ گىچە بولغان بىرلەشمە سانلىرىدا ئېلان قىلىپ، پۇچۇنخانىنىڭ ھايات ـ سەرگۈزەشتىلىرىنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. كېيىنكى يىللاردا بولسا، كۆزگە كۆرۈنگەن تارىخچىلىرىمىزدىن مەرھۇم ئابلا ئەخمىدى، مەرھۇم تېيىپجان ھادى، يازغۇچى ئايشەم ئەخمەت، مەمتىمىن ھوشۇر قاتارلىق يولداشلار يازغان ماقالە ۋە ئەسەرلىرىدە پۇچۇنخان ۋە ئۇنىڭ قوشاقلىرى ھەققىدە مۇھىم ئۇچۇر ۋە ماتېرىياللارنى ئېلان قىلدى.

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئوردا ① ماتېرىياللىرىدىمۇ پۇچۇنخان توغرىسىدىكى خاتىرىلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. پۇچۇنخانىنىڭ ئەسلى ئىسمى مېھرىبانۇم، «پۇچۇن» ئۇنىڭغا خانلىق ئوردىدىن بېرىلگەن پەخرى نام. ئۇ خەنزۇچىدىكى « 福晋 » (فۇجىن — مەرتىۋىلىك خېنىم) دىن كەلگەن.

پۇچۇنخان 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئىلىدا بەگ بولۇپ تۇرغان خالزات ھېكىمنىڭ ھەدىسىنىڭ قىزى. خالزاتخان — ئىلى گۇڭ بەگلىكىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلاد ھاكىمبېگى ئىدى. پۇچۇنخانىنىڭ دادىسى نۇرزات بەگ ھايات ۋاقتىدا ئوردا ئۆلىمالىرىنى تەكلىپ قىلىپ قىزىنى ئوبدان تەربىيىلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مېھرىبانۇم كلاسسىك مۇزىكا، ئەدەبىياتنى پىششىق ئىگىلىگەن. شەرق خەلقىنىڭ تىللىرىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن. ئۇنىڭ قوشاقلىرىنىڭ ئۆز ۋەقەلىكى، قىزىقارلىق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بار بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۇنىڭ كېيىنكى ھايات كەچۈرمىشلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مېھرىبانۇمنىڭ تاغىسى خالزاتخان 1825 ـ يىلى بېيجىڭغا بېرىپ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھىنى زىيارەت قىلىپ، قايتىشىدا قۇمۇلدا مەلۇم ۋاقىت تۇرىدۇ ۋە قۇمۇلنىڭ جاساق جۇنۋاڭى بېشىرنىڭ قىزىغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. خالزاتخان بېشىرۋاڭنىڭ ئايالى — بۇۋىھە-

جەرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ،
ۋاڭـغا ھەدىـسـىـنـىـڭ قـىـزى مېھرىبانۇمنى
خـوتـۇنـلۇققا بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ . مېھرىبا-
نۇمنىڭ گۈزەللىكى ، ئەخلاق ـ پەزىلەتلىرى
تـوغـرىـسـىـدا ئاڭلىغان بېشىرۋاڭ كۆپ مىن-
نـەتدارلىق بىلدۈرۈپ ، خالزاتخاننى نۇرغۇن
سـوۋغـا ـ سالاملار بىلەن يولغا سالىدۇ . كې-
يىن ئەلى بىلەن قۇمۇل ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر
ئـىـكـكى قېتىم بېرىش ـ كېلىش قىلىپ توي
تـەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرىدۇ . توي مۇراسىمى
ئـىـلـى ـ قـۇمـۇل ئـىـكـكـى ئورۇنـدا ناھايىتى
داغـدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلگەن . ئىلىدىكى تويغا
قـۇمـۇلـدىن ئەر ـ ئايال بولۇپ 60 ئائىلىلىك
ئادەم كـەلـگەن . بېشىر ۋاڭ ئۆزى كېلەلمەي
خـەنـجـىـرىـنـى ۋەكـىـل قىلىپ ئەۋەتكەن .
مـېـھـرىـبـانـۇم خـەنجەرگە نىكاھ قىلىنغان .
قـىـزنـى كـۆچـۈرۈپ قـويۇش ۋە قۇمۇلدىكى
تـويـغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئىلىدىنمۇ 60 ئائى-
لـىـلـىـك كـىـشى قـۇمـۇلغا بارغان . كېيىن
خـالـزاتخان بېشىرۋاڭ بىلەن بولغان تۇغقان-
چـىـلـىـق مۇنـاسـىۋىـتىـنـى تـېـخـىمۇ
قـويۇقلاشتۇرۇش ئۈچۈن ، بېشىرۋاڭدىن 30
ئائـىـلـىـلـىـك قـۇمـۇلـلـۇقـنى ئـىـلـىـدا
ئولـتـۇراقلاشتۇرۇشنى ئۆتۈنىدۇ . بېشىرۋاڭ
تـەكـلـىـپـنـى قـوبـۇل قىلىپ ، 30 ئائىلىلىك
قـۇمـۇلـلـۇقـنـى ئىلىغا كۆچۈرگەن ، خالزات
ھېـكـىـم كـەلـگـەنـلـەرنـى ئاقئۆسـتـەڭنىڭ
جـەنۇبىدىكى خۇدىيار يۈزىگە قاراشلىق يەر-
لـەرگـە ئورۇنلاشـتـۇرغـان . قـۇمـۇلـلـۇقلار
ئولـتـۇراقلاشـقـان بـۇ جاي «قۇمۇل مەھەللى-
سى » دەپ ئاتالغان .

گـەرچـە بـۇ تـويـنىڭ شۇ چاغدىكى
داغـدۇغىسى ناھايىتى چوڭ بولغان بولسىمۇ ،
مـېـھـرىـبـانـۇمـغـا قـىـلـچە خۇشاللىق ئېلىپ
كـېـلـەلمىگەن . ئۇ شۇ چاغدىكى ھەسرەتلى-

رىنى ئۆز قوشاقلىرىدا مۇنداق ئىپادىلىگەن :

تاغام خالزات چىقىۋېلىپ ،
مەنسەپ تەختىگە.
تۇتۇپ بەردى قۇمۇللۇقنىڭ ،
تەلەي ـ بەختىگە .

تاغام مېنى تۇتۇپ بەردى ،
پاتقاق ۋاقتىدا .
ئاكام بولسا بېرەر ئىدى ،
باھار ۋاقتىدا .

باشىمدىكى كۇكۇلامنى ،
ئانام ئۆرىگەن .
بىر چاقماقتا نىكاھ كۈنى ②
بېشىم تۆرىگەن .

ماڭارىمدا تۇتۇپ بەردى ،
قۇلان يورغىنى .
ھەمسايەڭ دەپ قوشۇپ قويدى ،
دالىن دورغىنى .

قۇلان يورغام كىشنەپ چىقتى ،
ئوردا قوۋۇقتىن .
مېنىڭ مۇنداق دىشۋارلىقىم ،
تاغام بۇزۇقتىن .

مەن تاغامنىڭ گەپلىرىنى ،
يولدا ئاڭلىدىم .
ئۈمىدىمنى ئانا جانىم ،
ساڭا باغلىدىم .

كۆرە يولى ئەگرى ـ توقاي ،
ئەتراپى توغراق .
ئىلى دەريا ئاقار ياندا ،
لەۋلىرىم قۇرغاق .

كېچىلىرى جىرىڭلايدۇ ،
ئالتۇن تەڭگىلەر..

قەيەرلەردە قالغانىكەن ،
خۇشۋاق كۈلكىلەر .

مەن غېرىبنى تاغام ساتتى ،
ئىللا تەڭگىگە .
مېنىڭ مەيلىم ئەمدى چۈشمەس ،
داپشاق بەگگە .

ئىللا – تەڭگە ئالغان تاغام ،
زەرگە تويامدۇ .
ئون بەش ياشلىق قىزنى سېتىپ ،
گۆردە ياتامدۇ .

تاغام مېنى تۇتۇپ بېرىپ ،
يامبۇ تاپامدۇ ؟
يىراق يەردە ئۆلۈپ كەتسەم ، .
قومدىن تاپامدۇ ③

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مېھرىبانۇم ئويناپ چوڭ بولغان غۇلجا «گۈلشەنباغ» دىن ئانچە يىراق بولمىغان يېزىلارنىڭ بىرى – كېپەكيۈزى مەھەللىسىدە ئۆمەرجان دېگەن بىر دېھقان يىگىت بولۇپ ، قىز – يىگىت ئوتتۇرىسىدا دەسلەپكى مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولغانىكەن ، مېھرىبانۇم ئۆز مەشۇقىنى سېغىنىپ مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان :

تاغدا كاككۇك ، باغدا زەينەپ ،
چىلگە شاپتۇل قايدا بار .
بىللە ئويناپ ، بىللە ئۆسكەن ،
مېھرىبان يار قايدا بار ④
.........

مېھرىبانۇم بۇ قوشاقلىرىدا فېئوداللىق نىكاھ ، قائىدە – تۈزۈملەرگە بولغان قارشىلىقنى ، ئاياللار ئازادلىقى ، مۇھەببەت ئەركىنلىكىگە بولغان ئارزۇلىرىنى ئىپادىلىگەن .

ئۇ قومۇلغا ئېلىپ مېڭىلىدىغان چاغدا ، ئانىسى سۇمانىخان بىلەن يىغلىشىپ تۇرۇپ مۇنداق قوشاقلارنى ئېيتىشقان :

**سۇمانىخان :**
مېھرىبانىم كەتتىڭىزغۇ ،
سۆيۈپ ئالاي سىزنى .
يىل ئارىلاپ كېلىپ تۇرۇڭ ،
كۆرگىلى بىزنى .

**پۈچۈنخان :**
ئاي ئارىلاپ ، يىل ئارىلاپ ،
كېلىمەن سىزگە .
جېنىم ئانا ئاق پەتە ⑤
بەرسىلە بىزگە .

ئانامنى تاپشۇردىما ،
جان ئاكا سىزگە .
مېھمان بولۇپ بارسىلا ،
قومۇلغا – بىزگە .

**سۇمانىخان :**
ئاھ بالام ، جېنىم بالام ،
يىغلىۋا قالدىم .
قۇلۇمغا ئالتۇن كاسە ،
هاراقا ئالدىم ⑥

سۇمانىخان مېھرىبانۇمنى ئالغىلى كەلگەن بەگلەرگە قاراپ مۇنداق قوشاق ئېيتقان :

قاتار – قاتار كۆرۈنگەنلەر ،
خومدان ئوخشايدۇ .
قومۇلدىن كەلگەن بەگلەر ،
تۈڭگان ئوخشايدۇ ⑦

قومۇلغا بەگلىرىم ،
ماڭا ۋەدە بەرسىلە .
ۋەدە يېتىپ كەلگەندە ،
بىللە ئېلىپ كەتسىلە .

قۇمۇلغا بەگلىرىم ،
خاپا قىلماڭ قىزىمنى .
ئامالىم يوق تاپشۇردۇم ،
كۆز گۆھىرى — نۇرۇمنى⑧

ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، تارىخىي ناخشىلاردىن بىرى بولغان «جىنىم — خىنىم» دېگەن ناخشىنى سۇمانىخان قىزىنى قۇمۇلغا ئۇزىتىۋاتقاندا ، ئايرىلىش ئازابىدا ئېيتقانىكەن :

ئارپا ، بۇغداي سامانىنى ،
سەلكىن ئايرىيدۇ .
ئۇرۇق — تۇغقان ، قېرىنداشنى ،
ئۆلۈم ئايرىيدۇ .

بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار ،
تېپىسا ئۇنىمەس :
بىرى ئاتا ، بىرى ئانا ،
بىرسى قېرىنداش .

ئاتا — ئانا قېرىنداشنى ،
تېپىسا ئۇنىمەس .
كۆز — يېشىمنى دەريا قىلىپ ،
سۇغارسام قانماس .

مېھرىبانۇم قۇمۇلغا بارغاندىن كېيىن ئۆز يۇرتىنى ، ئۇرۇق — تۇغقانلىرىنى ئۇنتالماي ، تولا ھەسرەت چېكىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغان . شۇ چاغلاردا ئېلىنىڭ ھارۋىكەشلىرى كىراكەشلىك قىلىپ يۇرت — يۇرتلارغا قاتنايدىكەن . بىر قېتىم ئادەم تۇشۇش سەۋەبى بىلەن قۇمۇلغا بېرىپ قالغان ئېلى ھارۋىكەشلىرىدىن بىرنەچچەيلەن مۇساپىرلىق يېتىپ ، ئېلىغا قانداق قايتىپ كېتىشنى بىلمەي باشلىرى قېتىپ ، دەردىنى ناخشا بىلەن چىقىرىپ ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ . باغدا — شىپاڭدا ياتقان پۇچۇنخان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ، بورىنغا ئۆز يۇرتىنىڭ پۇرىقى پۇرىغاندەك بوپتۇ — دە ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، خىزمەتكارلىرىنى چىقىرىپ ، ھېلىقى ھارۋىكەشلەرنى چاقىرتىپ كىرىپتۇ . سوراشتۇرۇپ كۆرسە ، ھېلىقىلار ئەسلى بايتوقاي بىلەن ھېزۋەكتامىنىڭ دېھقانلىرى ئىكەن . ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن پۇچۇن خېنىم ئۇلارغا يېتەرلىك يول راسخوتى بېرىپتۇ ⑨ ئۆزىنىڭ ئېلىنى سېغىنغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنۇ قوشاقلارنى ئېيتىپتۇ :

ئاتالىقلار ئانام دېسە ،
قۇيۇلدى ياشىم .
ئانالىقلار ئانام دېسە ،
ئېگىلدى باشىم .

ئاتلار ئۇرۇق ، يوللار يىراق ،
تەستۇر يەتمىشىم .
غېرىبلىقنىڭ ئازابىدىن ،
قاتماقتا باشىم .

ئانام مېنى نەدە دېسە ،
چۆللەردە دەڭلار .
كۆزىدە ياش ، كۆڭلىدە غەم ،
يۇرىدۇ دەڭلار .

ئاتام مېنى ، ئانام مېنى ،
نېمە دەپ تۇغدىكىن ؟
شۇ كۈنلەرگە قالارىمنى ،
بىلمەيمدىكىم .

ئالتىنچى ئاينىڭ ئاپتىپىدا ،
كۆيدى پېشانەم .
ئۆلۈپ كەتسەم قالارمۇ ،
نامۇ نىشانەم ؟

ھارۋىكەشلەر بۇ بېيتلارنى ئاڭلاپ

ناھايىتى ھەيران بوپتۇ. چۈنكى بۇ قو-
شاقلارنىڭ بىرىنچى مىسراسىنىڭ باش
ھەرپى «ئا» بىلەن باشلىنىدىكەن. پۇچۇن-
خان ئارقىدىنلا «قا» بىلەن باشلىنىدىغان
قوشاقلارنى ئېيتىپ، ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيران
قالدۇرۇپتۇ:

قارلار يېغىپ ياز بولمايدۇ،
باغداشنىڭ تاغى.
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ،
يۇرەكنىڭ داغى.

قارا كېچە، قارا ياغاچ،
مېنىڭ يولداشىم.
يوپۇرمىقى شىلدىرلايدۇ،
تۆكۈلدى ياشىم.

قارا دەيدۇ، قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
قارامۇقنىڭ قاسراقىدەك،
گۇناھ مەندە يوق.

قارىسام كۆرۈنمەيدۇ،
ئىلىنىڭ تاغى.
ھەجەبمۇ يامان ئىكەن،
ئايرىلىش داغى.

ھارۋىكەشلەر ناخشىچى ئادەملەر بولغاچقا، بۇ قوشاقلارنى ئىلىغا ئەكىلىپ تارقىتىۋەتكەنىكەن.

پۇچۇنخان ياز ئايلىرىدا قومۇل تاغلىرىغا دەم ئېلىشقا چىقىپ تۇرىدىكەن، بىر قېتىم ئۇ تاغدا ئانىسىنى ئويلاپ ئۇخلاپ قالغاندا، تاغ بېشىدا بىر چېدىر كۆرۈنۈپ، ئۇنىڭدىن ئانىسى چىقىپ كەپتۇ. چۆچۈپ ئويغانسا چۈشى. شۇ چاغدا پۇچۇنخان يىغلاپ تۇرۇپ ئىلىغا مۇنداق سالام يوللىغانىكەن:

تاغلار بېشىدا،
چېدىر كۆرۈنەر.
چېدىر ئىچىدە،
ئانام كۆرۈنەر.

دۆلىتىم ئاكام،
غېرىبىم ئانام.
چوكان سىڭىلەك،
سىڭلىمغا سالام.

يولدا يولداشىم،
سىرداش ــ مۇڭداشىم.
كۆڭۈل شادلىقىم،
دوستلارغا سالام.

سۇمانىخان قىزىغا مۇنداق جاۋاب يازغان:

دەردى بار بالام،
چىرايىم سامان.
غەمكىن بولمىغىن،
بىز بۇندا ئامان⑩

19 ــ ئەسىرنىڭ 60 ــ يىللىرى شىنجاڭ ئۇچۇن ئېيتقاندا، بوران ــ چاپقۇنلۇق يىللار بولدى. چىڭ سۇلالىسىغا قارشى دېھقانلار قوزغىلاڭلىرى ئارقا ــ ئارقىدىن پارتلىدى. ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن شىنجاڭنىڭ يول ئېغىزىدا تۇرغان قومۇل بۇ قالايمىقانچىلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئەڭ قاتتىق ئۇچرىدى. ھەشەمەتلىك قومۇل ۋاڭ ئوردىسى كۆيۈپ ۋەيران بولدى. بېشىرۋاڭ 1867 ــ يىلى دايۇەنشۇەي (تومىلىك ــ داۋۇت خەلپە) يېغىلىقىدا قەتلى قىلىندى.

بېشىرۋاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى غۇلام مەھەممەت قومۇل ۋاڭلىقىغا تەيىنلەندى. غۇلام بېشىرۋاڭنىڭ چوڭ خوتۇنىدىن بولغان يالغۇز ئوغۇل بولۇپ، ئىككى كۆزى ئەما، تۇغما پالەچ

ئىدى. ئۇيغۇرلار ئۇنى «ئاقغان چىگۋاڭ» دەپ ئاتىشاتتى. خەنزۇلار «تەنۋاڭ» (پالەچ ۋاڭ) دېيىشەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى پوچۇنخان ئۆز قولىدا تۇتۇپ، ۋەكالەتەن باشقۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇنداق قىلىپ، ياشلىقىنى ۋاڭ ئوردىسىدا ھەسرەت ۋە يۇرتىنى سېغىنىشلار بىلەن ئۆتكۈزگەن بۇ ئايال داۋالغۇپ تۇرغان يىللاردا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن بىردىنلا سىياسىي سەھنىگە كۆتۈرۈلدى.

چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، پوچۇنخان ئىشلارنى ياخشى باشقۇرغان. خەلقنى تەشكىللەپ ئۆز ئورنىنى قوغدىغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھى تۇڭجىخان 1869 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يارلىق چۈشۈرۈپ، مېھرىبانۇمغا «چىگۋاڭ پوچۇن» دەپ نام بەرگەن.

كېيىنكى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا بىر قىسىم قۇمۇل خەلقى كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارغا مەجبۇرى يۆتكەپ كېتىلدى. پوچۇنخانمۇ ئۆز ئادەملىرى بىلەن بۇ يەرلەردە سەرگەردانلىق تۇرمۇشىنى بېشىدىن كۆچۈردى. پوچۇنخان شۇ يىللاردىكى كەچۈرمىشلىرى ھەققىدە مۇنداق قوشاقلارنى توقۇغان:

مەن ئۆزۈمنىڭ شەھىرىدە،
ئولان ئىدىم، بىر خان ئىدىم.
كىشىنىڭ شەھىرىگە كېلىپ،
غېرىب بولۇرنى بىلمىدىم.

شۇ ئەزەلدىن بار ئىكەن،
مېنىڭ بۇ يەرگە كەلمىكىم،
كېچە ـ كۈندۈز غەم بىلەن،
تارتىپ يۈرۈيمەن ئەمگىكىم

نە قىلاي، نېمە قىلاي،
يېتىم كۆڭۈلنى ئوۋلىماي.
ئەر بولسام كەتمەسمىدىم،
باش ـ كۆزۈمنى ئورىماي.

چىڭ ھۆكۈمىتى 1878 ـ يىلى پوچۇنخاننى قۇمۇلغا قايتۇرۇپ ئەكەلدى. گۇاڭشۈي خانىنىڭ 1878 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى چۈشۈرگەن بىر يارلىقىدا «بېيشىرنىڭ پوچۇنى مېھرىبانۇم قۇمۇلغا قايتىپ كەلدى. قىيىنچىلىق ئەھۋالى ئېغىر. 20 مىڭ سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنسۇن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

پوچۇنخان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قۇمۇل خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن چىقمايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى قىلغان. «گادايلار سېپى» تەشكىللەپ، نامراتلارغا ھەر پەسلى بىر قېتىم ئاشلىق تارقىتىپ بەرگەن. قالايمىقانلىقتا ھالسىرىغان يۇقرالارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان. ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كارىزلارنى چاپتۇرغان. قۇمۇلنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بىلىملىك زاتلارنى ھۆرمەت قىلغان. ئوردا ۋە مەدرىس كىتابخانىلىرىغا يېڭى ـ يېڭى كىتابلارنى ئالدۇرۇپ قويۇپ، جامائەتنىڭ پايدىلىنىشىغا بەرگەن. قۇمۇلدىكى مەشھۇر چىنا گۈمبەزنىڭ چالا قالغان قىسمىنى ياساتقۇزۇپ پۈتتۈرگەن.

پوچۇنخان ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا، ئاغرىق ياتقان چاغلىرىدىمۇ ئىلىدىكى قېرىنداشلىرىنى سېغىنىپ:

يازغى بۇغداي مايسا بولدى،
كۈزگى بۇغدايلار قېنى؟
جان چىقار ھالەتكە يەتتى،

جان قېرىنداشلار قېنى ؟

دۆلىتىڭنىڭ بارىدا ،
دوستمۇ دوست ، دۈشمەنمۇ دوست .
باشقا مۈك كەلگەن زاماندا ،
جان قېرىنداش جېنىڭغا دوست .

دېگەن قوشاقلارنى ئېيتقان . پۇچۇنخان 1878 ـ يىلىدىن كېيىن ۋاپات بولغان ، دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ . ئۇنىڭ جەستى چىنا- گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنغان .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا پۇچۇنخان جان ئۈزۈش ئالدىدىمۇ ئىلى تەرەپكە قاراپ يىتىپ :

مەن ئۆلسەم جەستىمنى ،
تاغدا قويۇڭلار .
تاغ يولى يىراق كەلسە ،
باغدا قويۇڭلار .
يۈزۈمنى قىبلە سايان ،
ئاچىپ قويۇڭلار .
بېشىمغا بىر دەستە گۈل ،
سانجىپ قويۇڭلار .

ئاقتى ياشىم ، تامدى ياشىم ،
شېشىلەر باشىم .
مەن ئۆلگەندە ياخشى يىغلاڭ ،
جان قېرىنداشىم

دېگەن قوشاقلارنى ئېيتقانىكەن .

مېھرىبانۇمنىڭ پۈتۈن ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلقى- نىڭ قوشاقچى قىزى ، قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئادىل ، خەلقپەرۋەر ۋاكى ، خەلق ئىشلىرىغا ھەسسە قوشقان شەخس بولۇش سۈپىتى بىلەن خاتىرىلەشكە ئەر- زىيدىغان قابىل بىر ئايال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ئىزاھلار

① «چىلك ئوردىسى خاتىرىلىرى » 93 ـ جىلد 16 ـ بەت .
② چاقماق ـ پىچاق ، خەنجەر .
③ بۇ قوشاقلارنى ئىلى ھاكىمبەگلىرىنىڭ ھازىر ھايات بولغان نەۋرىلىرىدىن ئەزىز نۇرزات ۋە خەلق ناخشچىسى نىياز نۇرى ئېيتىپ بەرگەن .
④ مىر ئەلىنىڭ «پۇچۇنخان » ئوچېرىكىدىن .
⑤ ئاق پەتە ــ ئاق يول تىلەپ قىلىنىدىغان دۇئا .
⑥ پانتوسوپ «تارانچى ناخشىلىرى » دىن .
⑦ ئۇ زاماندىكى بەگلەر مانجۇچە كىيىملەرنى كىيەتتى . سۇمانىخان كىيىم ـ كېچەكلىرىگە قاراپ بۇ ئادەملەرنى خۇيزۇ ئوخشايدۇ ، دەپ قالغان .
⑧ ئەزىز نۇرزات خاتىرىسىدىن .
⑨ مەمتىمىن ھۇشۇر «يىللار شۇنداق ئۆگەتكەن» 114 ـ بەت .
⑩ ئەزىز نۇرزات خاتىرىسىدىن .
⑪ «چىلك ئوردىسى خاتىرىلىرى» 255 ـ جىلد 13 ـ بەت .
⑫ ئەمگەك ــ جاپا ـ مۇشەققەت .
⑬ «چىلك ئوردىسى خاتىرىلىرى» 74 ـ جىلد 7 ـ بەت .
⑭ بۇ ماقالىدىكى ئىزاھ بېرىلگەن قوشاقلاردىن باشقا بىر قىسىم قوشاقلار «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1980 ـ يىل مەخسۇس سانىدىن ئېلىنغان .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . **باھاۋىدىن**

# تۆنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى ئالىي تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجا

ئىلھام جاپپار

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە تارىخنىڭ بوران – چاپقۇنلىرىدا قۇم بارخانلىرى ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەن – مەدەنىيەت، ھۈنەر – سەنئەت، ئۆرپ – ئادىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، كىتاب ۋەسىقىلىرى، ئاسار ئەتىقىلىرى قېزىلىپ، يورۇقلۇققا چىقتى. مەن تارىخقا ۋە كلاسسىك ئەدەبىياتقا قىزىققۇچى بىر ھەۋەسكار سۈپىتىدە «بۇلاق»، «مىراس»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «شىنجاڭ تەزكىرىسى» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئارخېئولوگىيە تارىخى، مەدەنىي يادىكارلىقلار، كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ماقالىلەر ۋە نەشر قىلىنغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى دائىم ئوقۇپ تۇرىمەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئابدۇقېيۇم خوجا نامىدا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات ئۈلگىلىرى تېماتىك جەھەتتىكى يېڭىلىق، مەلۇم بىر ۋەقە ياكى تارىخىي دەۋرنى ئېنىق پاكىت ۋە ئىخچام ئىبارىلەر بىلەن يورۇتۇپ بېرەلىشىدەك ئالاھىدىلىكى بىلەن كىشىنى ئۆزىگە ناھايىتى جەلپ قىلىدۇ. بۇ قېتىم مەن ئۇنى زىيارەت قىلىپ سۆھبەتلىشىش ۋە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىغا دائىر ماتېرىياللارنى ئىگىلەش ئارقىلىق تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجىنىڭ شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسى، قەدىمكى تۈرك – ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى ۋە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ۋە ئىلمىي ئىجادىي ئەمگەكلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلغان تۇنجى ئەۋلاد ئارخېئولوگ ۋە ئىقتىدارلىق تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئابدۇقېيۇم خوجا 1941 – يىلى غۇلجا شەھىرىدە دۇنياغا كەلدى. 1949 – يىلىدىن 1956 – يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدە باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شۇ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان تۇنجى قارارلىق «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەش كۇرسى»غا ئوقۇشقا كەلدى. ئۇ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ئارخېئولوگىيە كەسپىگە قەدەم باسقاندىن كېيىن تەشكىلنىڭ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشى ۋە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا، ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بىباھا يادىكارلىقلارنى قېدىرىپ تېپىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىپ خەلقىمىزگە تونۇتۇش يولىدا نەچچە ئون يىل جاپالىق ئىشلەپ، نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر مۇساپىنى بەزىدە قارا ماشىنىدا، بەزىدە ئات، تۆگە، ھارۋىلاردا، كۆپ ھاللاردا پىيادە باستى. بەزىدە بىپايان دەشت – چۆل، قۇملۇقلاردا كۆمۈلۈپ قالغان خارابىلەرنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىلىرىنى تاماملىغىچە سوتكىلاپ سۇسىز – تاماقسىز قالدى. قۇمۇل رايونىنىڭ شىڭشىڭشيا، قىزىل يۇلغۇن، ئارا تۈرك – نوم دېگەن ئەڭ خىلۋەت جايلىرىدىن تارتىپ تۇرپان ئويمانلىقى، تارىم ۋادىسى، لوپنۇر ۋادىسى، ئىلى ۋادىسى، ئالتاي – چۆچەك دالىلىرى،

تەگىرىتاغلىرىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى ۋە ئالتۇنتاغ تىزمىلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىكى جىلغىلى-
رىدىكى نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر مۇساپىدا ئۇنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ
نەچچە ئون مىڭ خەتلىك تەكشۈرۈش خاتىرىسى يازدى. نۇرغۇنلىغان جەدۋەللەرنى تول-
دۇردى. خەرىتىلەرنى سىزدى.

ئابدۇقېيۇم خوجا 1959 ـ يىلى، «شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى» دىكى
كەسىپداشلىرى بىلەن بىللە مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «بارچۇق قەلئە» سى، تەكلىماكان قۇم-
لۇقىدا كۆمۈلۈپ كەتكەن «ئۆيلۈك» خارابىسى ۋە قەدىمكى «نىيە خارابىسى» قاتارلىق
جايلاردا نەچچە ئايلاپ جاپالىق ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىلىپ بې-
رىپ، ئۇ خارابىلەردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن تارتىپ قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت
بولغان نەچچە مىڭ دانە خىلمۇ خىل يادىكارلىقلارنى تاپتى. 1962 ـ يىلدىن 1968 ـ يىلغىچە
تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ يارغول، ئاستانە، قاراخوجا، سىڭگىم دېگەن جايلىرىدىكى قەدىمكى
خارابىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە مىڭلىغان ئېسىل
مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

ئابدۇقېيۇم خوجا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان قىممەتلىك
يادىكارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەش، خەلققە تونۇشتۇرۇش ۋە ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي
مۇزېيىنىڭ كۆرگەزمىسىگە تەييارلىق قىلىش ئىشلىرىدا يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، ئۆزلۈك-
سىز ئەجىر سىڭدۈرۈپ كەلدى. بىباھا يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ بىر قىسمى رەتلىنىپ ئېلان
قىلىندى. بىر قىسمى مۇزېي كۆرگەزمىسىگە تىزىلغاندىن كېيىن مەملىكىتىمىزدە ۋە خەلقئارادا
زور تەسىر قوزغىدى. ئارخېئولوگىيە ـ ئىجتىمائىي پەن ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىنىڭ
ھەرقايسى تارماقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك پەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلاردىن كۆپ
تەرەپلىمە بىلىمگە، كۈچلۈك ئىلمىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇش، ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىش،
بېرىلىپ ئەستايىدىل ئىشلەش تەلەپ قىلىناتتى. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەن تەلەپچان ئارخېئولوگ
ئابدۇقېيۇم خوجا ئىگىلىگەن يۈزەكى بىلىملىرىگە قانائەت قىلمىدى. ئەمما 60 ـ يىللاردا ۋەزى-
يىتىنىڭ كۆپلۈكى، مىللىي كەسپىي خادىملارنىڭ ئازلىقى سەۋەبىدىن خىزمەتتىن ئايرىلىپ
بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن جاپاغا چىداپ باش چۆكۈ-
رۈپ ئىشلەپ ئۆز ۋەزىپىسىنى ئاكتىپ ئورۇنداپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىشتىن سىرتقى
ۋاقىتلىرىدا ئارخېئولوگىيە كەسپىگە دائىر بىلىملەرنى ۋە خەنزۇ تىلىنى ئۆزلۈكىدىن ئۆگەن-
دى. تەشكىلگە تەكلىپ بېرىپ بىر مۇنچە كەسپىي قورال كىتابلارنى تەرجىمە قىلدۇرغاندىن
كېيىن، «ئارخېئولوگىيە ئاساسلىرى»، «بۇددىزمنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ۋە شىنجاڭنىڭ
مەدەنىيەت تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، تارىخىي تەزكىرىلەر قاتارلىق نەچچە مىڭ بەتلىك
ماتېرىياللارنى ئۆزى شاپىگىراف قەغىزىگە يېزىپ چىقىپ كۆپەيتىپ بېسىپ، تۈپلەپ
كەسپداشلىرىغا تارقىتىپ بەردى. بۇ جەرياندا ئۇ قوللىرى تېلىپ، ئىششىپ، كۆزلىرى قى-
زىرىپ كەتسىمۇ ۋايسىمىدى. مىللەت ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپرەك ئىش قىلىپ
بېرىش نىيىتىدە، مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي يادىكارلىقلىرىنى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش
يولىدا ھارماي ـ تالماي ئىزدىنىشكە بەل باغلىدى. 1972 ـ يىلى ش ئۇ ئا ر پارتىيە مەكتىپىدە

ئېچىلغان «تەرجىمان يېتىشتۈرۈش كۇرسى» دا بىر يىل ئوقۇپ، خەنزۇ تىل ـ يېزىقى ئاسا-
سىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىدى. 1976 ـ يىلى مەركىزىي مىللەتلەر شۆبۇەنىدە تەسىس
قىلىنغان قەدىمكى تۈركىي تىلى كەسپىي سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا باردى. ئۇ 1977 ـ
يىلى 1 ـ ئايدىن 1980 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق تۈركولوگى گېڭ شىمىن، ئا-
تاقلىق تىلشۇناس، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر، پروفېسسور خوجىنخۇا قاتارلىق ئالىملارنىڭ
يېتەكچىلىكىدە قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، چاغاتاي دەۋرى-
دىكى ئۇيغۇر يېزىقى، تىلشۇناسلىق بىلىملىرى، تۈرك تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى، بۇددا
دىنى، ئىسلام دىنى مەدەنىيەت تارىخى قاتارلىقلارنى پىششىق ئۆگەندى. ئۇ تەتقىقات ئېھتىيا-
جىنى چىقىش قىلىپ يەنە قەدىمكى خەنزۇ يېزىقى ۋە ئېنگلىز تىلىنى ئۆگەندى. 1980 ـ يىلى
ئوقۇشنى ياخشى نەتىجە بىلەن تاماملاپ، يۇكسەك غايە ۋە ئارزۇنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ئاپتونوم
رايونلۇق مۇزېيغا قايتىپ كەلدى. شۇ يىلى مۇزېيدا قەدىمكى يېزىقلارنى تەتقىق قىلىش
ئىشخانىسى قۇرۇلدى. شۇندىن بۇيان ئۇ ئۆز ساۋاقداشلىرى ۋە كەسپداشلىرى ئىسرائىل
يۇسۇپ، دولقۇن قەمبىرىلار بىلەن بىللە ئۆز ئارزۇلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كېچە ـ
كۈندۈز جاپالىق تەتقىقات ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى.

ئابدۇقېيۇم خوجا بېيجىڭدا چىقىدىغان «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» (خەنزۇچە 文物)
ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىللىق سانىدا ئېلان قىلىنغان «شىمالىي شىنجاڭدىن تېپىلغان قىياتاش
رەسىملىرى» ناملىق ماقالىسى بىلەن تەتقىقات سېپىگە كىرگەندى. ئۇ 1979 ـ يىلدىن
هازىرغىچە ئۆزىنىڭ هارماي ـ تالماي ئىزدىنىشى، قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىشى نەتىجىسىدە 80
پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.
كىتابخانىلىرىمىز ئۇنىڭ جاپالىق ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر تەتقىقاتى»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، «تارىم»، «بۇلاق»، «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى»، «شىنجاڭ سەنئىتى»، «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي
پەنلەر مۇنبىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» قاتارلىق گېزىت
ژۇرناللار سەھىپىلىرىدە پات ـ پات كۆرۈپ بەھرىمەن بولۇپ تۇردى. ئۇ يەنە خەنزۇ يېزىقىدا
چىقىدىغان نوپۇزلۇق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە بەزى
ئەسەرلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلدى. ئۆزبېكىستان ئالىمى مۇھەممەتجان
هاكىموۋنىڭ «نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» ناملىق يىرىك ئەسىرىنى
ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى.

تەلەپچان تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجا ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە داۋاملىق دالا ئارخې-
ئولوگىيىسى بىلەن شۇغۇللانسا، قىش ۋە ئەتىيازدا تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ جاپالىق
قېدىرىش، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش، هارماي ئۆگىنىش ـ ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق
ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت مۇھىم نۇقتىلار تەتقى-
قاتى، قىياتاش رەسىملىرى تەتقىقاتى، قەدىمكى تۈرك (ئۇيغۇر) يازما يادىكارلىقلىرى
تەتقىقاتى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى جەھەتتىكى ئار-
مانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ نەشرگە تەييارلىغان، تەتقىق

قىلغان ئەسەرلىرى كۆپ بولۇپلا قالماستىن، تېمىسى ھەر خىل، چېتىلىدىغان تىل ـ يېزىق، دائىرىسى بىر قەدەر كەڭ، يىل دەۋرى ئۇزۇن. بۇ ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىگە ئائىت تەتقىقات قىياتاش رەسىملىرى تەتقىقاتى، قەدىمكى تۈرك (ئورخۇن) مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا پۈتۈلگەن يازما يادىكار- لىقلاردىن تارتىپ تاكى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى يازما يادىكارلىقلىرىغىچە بولغان كەڭ دائىرىدىكى مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پىكرىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن ئۇ- نىڭ ھازىرغىچە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كۇپايە قىلىدۇ:

ئابدۇقېيۇم خوجىنىڭ «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىللىق 7 ـ سانىدا «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى (چاستانى ئىلىك بېك) ھېكايىسى» ناملىق ماقالىسى، «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1980 ـ يىللىق 2 ـ سانىدا «ئالتۇنيارۇقتىن پارچە» (ئىسراپىل يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان) ئېلان قىلىندى. «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابى (تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپلەر بىلەن بىر- لىكتە نەشرگە تەييارلىغان) 1984 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 12 مىڭ تىراژدا نەشر قىلىندى. ئۇيغۇر كلاسسىك شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانلار توپلىمى ــ «نىزارى داستانلىرى» (تېيىپجان ئېلىيوپ، م تۇرسۇن باھاۋىدىن، ئىسراپىل يۈسۈپلەر بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان) 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. ئۇنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى، ئىلمىي ئەمگەكلىرى ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردىكى مۇھەررىرلەر ۋە كىتابخانىلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ۋە قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلدى. ئۇ كەسىپداشلىرى ئىسراپىل يۈسۈپ ۋە دولقۇن قەمبىرىلەر بىلەن بىرلىكتە جاپالىق تەتقىق قىلىپ نەشرگە تەي- يارلىغان بەزى ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى يېڭى ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىن ئېتىپ، ئىلىم ساھەسىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئې- رىشتى. مەسىلەن، 1959 ـ يىلى قۇمۇلدىن تېپىلغان ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا دۆلەتنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك يادىكارلىق گۆھىرى سۈپىتىدە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزى- قىدىكى 27 پەردىلىك چوڭ ھەجىمدىكى بۇددا دىنى سەھنە ئەسىرى ـ «مايترى سىمىت» نى ئەسلى قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن ئىسراپىل يۈسۈپ، دولقۇن قەمبىرىلەر بىلەن بىرلىكتە تەتقىق قىلىپ، نەشرگە تەييارلاپ 1987 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇردى. «مايترى سىمىت» نىڭ نەشر قىلىنىشى ئېلىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى تىل ـ يېزىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلەردىن بىرى بولغانلىقى، جۈملىدىن بۇ تەتقىقات ئۇي- غۇرلارنىڭ دراما تارىخى، دىن تارىخى ۋە تىل ـ ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەنلىكى، بۇ جەھەتتىكى بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقى ئۈچۈن دۆلىتى- مىزدە، چەت ئەللەردە مۇئەييەن تەسىر قوزغىدى. بەزى چەت ئەل مەتبۇئاتلىرى بۇ كىتابنىڭ نەشىردىن چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئالاھىدە خەۋەر ۋە مەخسۇس ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. «مايترى سىمىت» تەتقىقاتىنىڭ I كىتابى 1990 ـ يىلى 12 ـ ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون بويىچە «پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجە» دېگەن نام بىلەن 2 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ يەنە «قەدىمكى قىياتاش

سەنئىتى» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ، خەنزۇچە تەرجىمىسى «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 ـ يىللىق 1ـ سانىدا ، «يۇرتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئارخېئولوگىيىسىدىن ئومۇمىي بايان» ناملىق ما- قالىسى «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1987 ـ يىللىق 2 ـ ، 3 ـ سانلىرىدا ؛ «دىيارىمىزنىڭ دېھقانچىلىق ، باغۋەنچىلىك تارىخىغا ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلار» سەرلەۋھىلىك ماقالىسى «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا (بۇ ماقالە يەنە شىنجاڭ گېزىتى «جاھاننەما» بېتىنىڭ 1993 ـ يىللىق بىر نەچچە سانلى- رىدا ) ؛ «كۆجاي قىياتاش رەسىملىرى» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا ؛ «ئىلى ۋادىسىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ناملىق ماقالىسى « شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخى ۋە ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تېپىلىشى ، تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسى «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىللىق سانلىرىدا كەينى ـ كەينىدىن ئېلان قىلىندى . ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «سەبئەئى سەييارە» (ر . جارى ، ئىسراپىل يۇسۇپلەر بىلەن بىرلىكتە نەشرگە تەييارلىغان ) 1991 ـ يىلى شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قول يازما يادىكارلىقلى- رىدىن «دىۋانى ئابىد» (ئابىدقۇمۇلى) ، «غەربىي» ، «غەيرەتىي» قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلدى . موللا سىدىق يەركەندى نەۋائىنىڭ «خە- مسە» سىگە ئاساسەن نەسرلەشتۈرگەن يازما يادىكارلىق «نەسرى مىرزامۇھەممەد ھۇسەيىنبەگ » دىن «سەددىي ئىسكەندەرىي» نى نەشرگە تەييارلاپ ، ئۇنى «بۇلاق» مەج- مۇئەسىنىڭ 1992 ـ يىللىق 3 ـ ، 4 ـ سانلىرى ۋە 1993 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلدى . ئۇنىڭ يازغان ئىلمىي ماقالىلىرى تىلى راۋان ، مېغىزلىق بولغانلىقى ، ھەربىر ئەسەر ئۆزىگە خاس بىرەر يېڭى كۆز قاراشنى يورۇتۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن تەتقىقاتتا ئەمەلىي ئۇنۇمگە ، ھەقىقىي پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە . شۇڭا ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەك نەتىجىلىرى تەتقىقات- چىلارنىڭ ، كەسپداشلىرىنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ، جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى . مەسىلەن ، ئۇنىڭ «كۆجاي قىياتاش رەسىملىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسى 1990 ـ يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا مەخسۇس خەۋەرلەر بۆلۈمى تەرىپىدىن 30 مىنۇتلۇق «مەخسۇس فىلىم» قىلىپ ئىشلىنىپ ئىككى خىل تىلدا تارقىتىلدى . ئۇنىڭ بۇ ما- قالىسىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى 1991 ـ يىلى نىڭشىيادا ئېچىلغان «خەلقئارا قىياتاش رەسىملىرى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى » دا ئوقۇلۇپ ، ياخشى باھاغا ئېرىشتى ۋە يىغىنىنىڭ ئىل- مىي ماقالىلەر توپلىمىغا كىرگۈزۈلدى . ئابدۇقېيۇم خوجا ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدىكى كەسپداشلىرى بىلەن بىللە تەييارلىغان «جۇڭگو مۇزېيلىرى مەجمۇئەسى ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى» ناملىق رەڭلىك رەسىملەر كىتابىنىڭ خەنزۇچىسى 1991 ـ يىلى 12 ـ ئايدا جۇڭگو مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى . بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «پەلسەپە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى مۇنەۋۋەر نەتىجە» دېگەن نام بىلەن 1 ـ دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشتى . ئابدۇقېيۇم

خوجىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان جاپالىق ئىشلەپ ، ھارماي ــ تالماي ئەتراپلىق ئىزدىنىپ تەتقىق قىلىپ چىققان نەتىجىلىرى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسىپ ئەھلىلىرى ئارىسىدا بارغانسېرى نونۇلۇپ ، ئۇلارنىڭ ئالقىشىغا ۋە ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى . ئۇ ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىقىغا تەكلىپ قىلىندى ۋە بۇ ئورۇن ئۇيۇشتۇرغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى» دېگەن چوڭ ھەجىملىك كىتابقا 40 مىڭ خەتلىك ماتېرىيال يېزىپ تاپشۇرۇپ بەردى . ئۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردىن شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتى ، شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى ، شىنجاڭ مائارىپ شۆيۈەنى تارىخ فاكۇلتېتىدىكى ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە بىر قىسىم ئاسپىرانتلارغا تەكلىپكە بىنائەن لېكسىيە سۆزلىدى ، دەرس ئۆتتى . ئابدۇقېيۇم خوجا 1981 ــ يىلىدىن ئېتىبارەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي تەتقىقات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كېلىۋاتىدۇ . ئۇ يەنە 1986 ــ يىلى 3 ــ ئايدىن 6 ــ ئايغىچە «جۇڭگو شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» نىڭ 1 ــ تۈركۈم كۆرگەزمە گۇرۇپپىسى بىلەن ياپونىيىنىڭ ناگاشىما شەھىرىدە خىزمەت ئۆتىدى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن توكيو ، كيوتو ، ئوساكا ، نارا شەھەرلىرىدىكى مەشھۇر تارىخىي مۇزېي ، گۈزەل ــ سەنئەت سارايلىرى ، مىللەت ئۆرپ ــ ئادەت مۇزېيلىرى ، كۇتۇپخانا ، ئالىي مەكتەپ ئورۇنلىرىنى زىيارەت قىلدى . 1992 ــ يىلى 12 ــ ئايدىن 1993 ــ يىلى 2 ــ ئايغىچە «شىنجاڭ كروران مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى» 2ـ تۈركۈم كۆرگەزمە گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ، ياپونىيىنىڭ فۇكوكا (فۇگاڭ) شەھەرلىك گۈزەل ــ سەنئەت سارىيىدا كۆرگەزمە ئېچىپ «كروران قىزى» نى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇناسىپ ھەسسە قوشتى . ئابدۇقېيۇم خوجا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ياپونىيىدىكى كۆرگەزمە خىزمىتى جەريانىدا چەت ئەل مۇخبىرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتتە بولدى ؛ ياپونىيىلىك ئارخېئولوگلار ، تارىخشۇناسلار ، تۈركولوگلار ، نۇقتىلىق داشۆلەرنىڭ پروفېسسورلىرى ، تەتقىقاتچىلىرى ، ياپونىيىدە تۇرۇۋاتقان چەت ئەللىك ئالىملار ، ئاسپىرانتلار ، ھەرساھە ئېكسكۇرسىيىچىلىرىنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى ۋە ئۇلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى . بۇ جەرياندا ئۇ كەسىپكە پىششىق ، ئىقتىدارلىق بىر ئىلمىي خادىم ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى .

1 ــ ئەۋلاد ئۇيغۇر ئارخېئولوگى ، تەتقىقاتچى ئابدۇقېيۇم خوجا يۇقىرىقىدەك تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە تۆھپىلىرى بىلەن 1988 ــ يىلى 2 ــ ئايدا «كاندىدات تەتقىقاتچى» ، 1994 ــ يىلى 12 ــ ئايدا «ئالىي تەتقىقاتچى» ئىلمىي ئۇنۋانى ئالدى . ئۇ ھازىر «جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» ، «جۇڭگو مۇزېيشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ، «جۇڭگو تۈركولوگىيە ئىلمىي جەمئىيىتى» ، «جۇڭگو مىللەتلەر قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقات جەمئىيىتى» ، «جۇڭگو دۇڭخۇاڭ تۇرپانشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى» ، «جۇڭگو غەربىي ئاسىيا ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى» نىڭ ئەزاسى ۋە « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى » نىڭ ھەيئەت ئەزاسى ، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى » ۋە «شىنجاڭ تەزكىرىسى » قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئەزاسى .

ئۇنىڭ يەنە ئۇزۇن يىللىق دالا ئارخېئولوگىيىسىدە ئۆزى توپلىغان بىرىنچى قول ماتېرىياللىر ئاساسىدا ئەتراپلىق ئىزدىنىپ يازغان ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى «قەدىمكى دىيار ۋە قەدىمكى مەدەنىيەت» ناملىق ئىككى يۈزمىڭ خەتلىك كىتابى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنىپ، تارقىتىلىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئۇ يەنە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئالاھىدە نەشىر قىلىش پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن كلاسسىك يازما يادىكارلىقلىرىمىزدىن: «سەددىي ئىسكەندەرىي»، «دىۋانى ئابىد ۋە غەرىبىي شېئىرلىرى» نى قايتىدىن نەشرگە تەييارلاپ بولدى. ئۇ ھازىر ئىسراپىل يۈسۈپ بىلەن بىرلىكتە «يۈسۈپ ــ زىلەيخا»، «مۇھەببەتنام ۋە مېھنەتكام» دېگەن ئەسەرلەرنى نەشرگە تەييارلاش ئۈستىدە جىددىي ئىشلىمەكتە.

سۆھبەت ئاخىرىدا ئۇ «بۇلاق» ژۇرنىلىغا بولغان مىنەتدارلىقى ۋە پىكىر ــ تەكلىپلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇلاق» ژۇرنىلى تەسىس قىلىنغاندىن بۇيان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نۇر غۇنلىغان نادىر قول يازما يادىكارلىقلىرىمىزنى جۈملىدىن يوقىلىپ كېتىش گىردابىغا كېلىپ قالغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، ئۇنى رەتلەپ، نەشرگە تەييارلاپ مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مىراسلىرىنى خەلقىمىز بىلەن قايتا يۈز كۆرۈشتۈرمەكتە. «بۇلاق» ژۇرنىلىدىكى مۇھەررىرلىرىمىز ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىز، ئىزدەنگۈچى ئاپتورلار ژۇرنالنىڭ ئىلمىيلىكى، سۈپىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتشۇناسلىقى ئىلمىنىڭ خەلقئارا نوپۇسىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماقتا. خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىۋاتقان «بۇلاق» نى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق قوللانمىسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ھەممىمىزنىڭ ئورتاق كۈچ چىقىرىشىمىزغا، ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن ئىزچىل قوللىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا: (1) «بۇلاق» نى داۋاملىق ياخشى، سۈپەتلىك چىقىرىش ئۈچۈن ھارماي تەر تۆكۈپ ئىشلەۋاتقان تۆھپىكارلارنى تەقدىرلەش، ئىلھام بېرىش بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزنىڭ، يازما يادىكارلىقلىرىمىزنىڭ يىگانە نۇسخىلىرىنى جېنىدىن ئېزىز بىلىپ، ئەۋلادتىن ــ ئەۋلادقىچە ساقلاپ قالغان ئالىيجاناپ كىشىلەرنى ئالاھىدە تونۇشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ مۇدھىش بوران ــ چاپقۇنلاردا ھەر خىل ئامال ــ چارىلەر بىلەن قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى ساقلاپ قالغان ئىش ــ ئىزلىرىنى تەشۋىق قىلىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرسەك؛ (2) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، مۇشۇ ساھەدە ئىزدەنگۈچىلەر، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە داشۆلەردىكى ياش ئىز ــ باسارلارنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇش، يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئەدەبىي مىراسلىرىمىز ئىچىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نادىر ئەسەرلىرىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىمىزدا تۇتقان ئورنى، ئەدىبلىرىمىزنىڭ يارانقان ئۇسلۇبى، ئەسەرلەرنىڭ تىلى، بەدىئىيلىكى، تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى قاتارلىق تېمىلاردا خاس تەتقىقاتنى ياپدۇرۇپ، بۇ جەھەتتە تېخىمۇ زور ئەمەلىي ئۇنۇمگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى: م. باھاۋىدىن












源泉（布拉克）（维吾尔文）总51期

بۇلاق ( ئومۇمىي 51 - سان ) ( پەسىللىك ژۇرنال )

MAGAZINE OF BULAK　　UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：2.90元
ISSN 1005—0876/国外代号 Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
ۋەكالەت نومۇرى : 58—108　باھاسى : 2.90
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118


9 771005 087006　02>

ISSN 1005-0876

# بۇلاق

1995

# BULAK



[illegible] ... معجزات ایله

[illegible] ... تقبل ... که مریخ دیک اتغ اوزرینیک

[illegible] ... تعالی واجبان ...

[illegible]

[illegible] ... صنایع ... حیث

[illegible]

[illegible] ... تاریخ ...

[illegible]

[illegible] ... ثابت سیاقی

[illegible] ... جهان ... لوح لار

[illegible] ... ستالیبه ... آق رخان

[illegible] ... ناظر بولوب کو نکلیده

[illegible] ... خزانه لارینی مصرف لارنیه فرق قلیب

[illegible] ... استراحت بر له آرام اتمادینیک بردم سناوق سوزنیگ

[illegible] ... حالیک ... اجل قاصدی تعجیل قدمینی وجودینگ

[illegible] ... خط عبارت مکتوبی بیله اوقوتوب تور ادو

[illegible] ... حسن و تجیلی ضیفی لیک سپاهی نینگ ... توختاتیب

کل نفس ذائقة الموت منادی ارجعی الی ربک ندا سی بر له تحیر و رخواه

ناخواه یار باقی گرگ ناکام تحیه یاران صادق و دوستان موافق لار بیله وداع

کرام ... واحادیث ... کتب لاریدین مبالغه ایلاب بیان قلیب اهل

... خاص ... صفات ... نینگ بر کاتیدین بهرمند بولور ایردی لار

[illegible] ... عربیه و کلمات فارسیه دین بی بهره بولور لار اینک

[illegible] ... القصه چهار درویش لاریم

[illegible] ... فالقی ... نینگ بیله فالغی نینگ بیباینداریم

[illegible] ... ترتیب بر کان

[illegible] ... سیادت ... لار ... مرقی نینگ

[illegible] ... حکم عالی لاریدین

[illegible] ... ترکی تیلیدین لباس

[illegible] ... فارسیه ... تیلیدین ساده

[illegible] ... تا که ترکی گو خاص

[illegible] ... تا یار ... نینگ

[illegible] ... خاص ... تیدی

[illegible] ... حیثیتم ... تا ... ادتی

[illegible] ... دوست لار غه

[illegible] ... فارسی ... لفظ کلامیدین

[illegible] ... تنبیه الغافلین ...

[illegible] ... حضرت ذوالجلال ...

[illegible] ... تنبیه ... ارسعادت ابدی

دین و دیده ... جشمه لار بولوب ... هر کیز کلمالار ... دیکیدورکه

هر کیز بو المغان که ایا خاطر لار ... بولغا نینگ ... تقیلی تا ...

شاه ازاده بخت کوز ... نینگ ... دیده لار یدین روان ایلاد

دیدیکم ای اتا ... پریشان خاطر دل آزرده ... که مدت مدید وعهد

بعید بولور ... محروم ضایع بولوب ... لاریدیب شکر تکلف

ایلاب بو مملکت ... دور و دوم فرزند ... تا ...

دین ... تاج تخت صاحبی بولغایکه بو مال مملکت دشمن لار

جانبیغه انتقال قالمغایکه تا ... ضایع بولماکار ... سوکلام

انقلاب ... [illegible]

لار ... خاطر ... [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

و سینکا اوقوب توره ... بولوب ... بر ... سیلاب ...

یتقان ... میدین توختاتیب کل نفس ذائقة الموت منادی ارجعی

الی ربک ندا سی بیلان تحیر و رخواهی ناخواهی ... یار لار ...

یاران صادق و دوستان موافق لار بیله وداع قیلیب ... عطا

کیم بر فرزند بولغای ... تخت ... صاحب بولوب مسند نشین بولغای

مملکت مال ... دشمن ... تصرف قیلیب اول ... انتقال

تا ... بولغا ... افسوس ... بولوب ...

بوکر ... بقا ... فرزند ... دوستان ...

[illegible] ... تقدیر ... [illegible]

[illegible] ... اجلاس ... [illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]

[illegible]



# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق
ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك ژۇرنىلى

16-يىل نەشرى

ئومۇمى 52-سان

1995

باش مۇھەررىر : ئوبۇل ئىسلام

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر :  مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن




1995 - يىل 3 - سان

# مۇندەرىجە

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

چاھار دەرۋىش .................................................قاسىم بېگىم ( 5 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت ئەھەت
غۇربەتنى شېئىرلىرىدىن ..................................................( 49 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : قادىر ئەكبەر
غەزەللەر .......................موللا مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەپور ( 56 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت
خەيرۇل كەلام .......................................ئەبدۇلغەپپار ( 62 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇكېرىم ئىبراھىم

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

رۇبائىيلار .......................................جەلالىددىن رۇمى ( 64 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : جاببار ئەمەت

## مەشھۇر كلاسسىكلار

غۇربەتنى توغرىسىدا ..........................................قادىر ئەكبەر ( 69 )

## ئەدەبىي مۇھاكىمە

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئۇل تاشلىرى ـ قەدىمكى شېئىرلار ..............قۇربان بارات ( 71 )

تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇلۇغ ئابىدىسى ........ قاسىمجان سادىقوۋ ( 97 )

نەس باسقان « پادىشاھى ئادىل » ........ مەتنلى سايىت ( 103 )

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مىنكۇن باتۇر ( قىسسە ) ........ ( 117 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : موبىدىن سايىت

موللا تاپقاق ( چۆچەك ) ........ ( 170 )
نەشرگە تەييارلىغۇچى : بارات رەجەپ

رىۋايەتلەر ........ ( 176 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : تۇرسۇن ھۇشۇر

ئەپسانىلەر ........ ( 188 )
ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى : مىرقەدەم مۇھەممەديارۇف

بېيىت ـ قوشاقلار ........ ( 205 )
توپلاپ رەتلىگۈچى : چىنارخان ئۇمەر

* *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
كۆنچىك ۋە نەقىشلەرنى ئىشلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۇڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : نەۋائى ۋە جامى . 15 ـ ئەسىر ھىرات مەكتىپى مىنىئاتيورىسىدىن ( ئەسلى نۇسخىسى
ھازىر ھىندىستاننىڭ يېڭى دېھلى شەھىرىدىكى مىللى موزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ ) .
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە : «چاھار دەرۋىش » نىڭ ئىككى خىل قوليازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەر .
مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە : يۇقىرىدا «غۇربەتنى شېئىرلىرى » نىڭ چاپ نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتۇ سەرەتلەر .
تۆۋەندە «موللا تاپقاق » ناملىق چۆچەكنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەتلەت .
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : قەشقەردىكى ئافاق خوجا قەبرىگاھى .




(تەنبىھاتى دەرۋىشىيە)

قاسىم بېگىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابلىمىت ئەھەت

جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر . پارلاق ئىستىقبال تەقۋادارلارغا مەنسۇپتۇر . دۇرۇد ۋە سالاملار ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ بارلىق ئەھلى ئەۋلاد ۋە ساھابىلىرىگە بولسۇن ! [1]

ھېسابسىز دۇرۇد ۋە ساناقسىز سالاملار پاكلارنىڭ سەرۋىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلىگە بولسۇنكى ، ئادەم ۋە ئالەمنىڭ بارلىققا كېلىشى ، ئالەم ئىشلىرىنىڭ ئىنتىزامى ، ئىسلام دىنىنىڭ راۋاجى ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنىڭ داۋام ئېتىشى ئۇ ئەڭ ئۇلۇغ ئەخلاق ۋە يۈكسەك مەرتىۋە ئىگىسى بولغان زاتنىڭ تۇپەيلىدىن بولغاندۇر . **بېيت :**

خاجە كەۋنەين سۇلتانى ھەمە ،

ئافتابى جان ، ئىمانى ھەمە .

( [ئۇ ] ئىككى ئالەمنىڭ خوجىسى ، ھەممىنىڭ پادىشاھى ، جانلارنىڭ قۇياشى ، ھەممىنىڭ ئىمانىدۇر ) .

[بۇ دۇرۇد ۋە سالاملار ] ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ) ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ، ئەھلى ئەۋلادلىرىغا بولسۇنكى ، [ ئۇلار ] شەرىئەت ۋە تەرىقەتنىڭ داغدام يوللىرىنى نۇرلاندۇرغۇچى ۋە يورۇتقۇچى قۇياشتۇر .

[ بۇ دۇرۇد ۋە سالاملار ] يەنە ئۇنىڭ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ) ئۇلۇغ ساھابىلىرىگە

[1] بۇ ئىبارىلەر ئەرەبچە يېزىلغان بولۇپ تەرجىمىسى بېرىلدى .

ۋە خەلىپىلىرىگە بولسۇنكى، [ ئۇلار ] پاساھەت تىلى بىلەن ھىدايەت ئەسەرلىرىنىڭ نۇرلىرىنى بايان ۋە ئىزھار قىلغۇچىلاردۇر. بېيىت:

بۇلار ھەر بىرى بىزگە ھادى ئېرۇر،
ھىدايەت قىلۇر دىن ئىمادى ئېرۇر.

بىر كۈنى بۇ پېقىر ۋە ھەقىر قۇسۇر بىلەن سۆھبەتلەنگەن، ئەھلى تەھقىقلەرنىڭ يولىنى تەلەپ قىلغۇچى راستچىلغا (ئاللا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسۇن!) ئۇ ئېسىل نەسەبلىك، مىللەت ۋە دىنىنىڭ ئۇلۇغى، بېيىت:

شۈكرى لىللاھكى يوق ئەيلەدى ئاسىبى جەھان،
مىر يونۇسكى ئېرۇر رەۋنەقى ئالەم بۇ زەمان.

پايتەخت يەركەن مەملىكىتىنىڭ ۋالىيسى (ئاللا تائالا ئۇنى ھەمىشە ئەبەدىي دۆلەت ۋە ئۈزۈلمەس نېمەت ئۈستىدە قىلسۇن!)، دىنىي ئىشلارنىڭ ئىسلاھىدا دىققىتىنى جەم قىلىپ، كۆڭۈل ئەينىكىنى ئىسيان غۇبارىدىن پاك تۇتقۇچى (ئاللا تائالا دۇنيادا ئۇنىڭ مال ـ مۈلكىنى زىيادە قىلغاي ۋە ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى قىلغاي!) ــــ بېيىت:

سەفالىقدىن ئىشىڭ سىدقۇ سەفايى،
ۋەفالىقدىنكى رەسمىڭدۇر ۋەفايى.

(ھەمىشە خىسلەتلىك مەجلىس ــــ شارايەتلەردە كاتتا ئالىملار، ئۇلۇغ پازىللار تەفسىر، ھەدىس ۋە تەزكىرە كىتابلىرىدىن مۇبالىغىلەشتۇرۇپ بايان قىلىشقانلىرىدا، مەجلىس ئەھلىلىرىدىن بەزىلىرى بىۋاستە ئاڭلاپ پەيزىنى سۈرۈپ، بۇ يېقىملىق، خۇش پۇراق شامالنىڭ بەرىكىتىدىن بەھرىمەن بولسا، بەزى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان، ئەرەبچە ئىبارە ۋە پارسچە كەلىمىلەردىن بەھرى ئالالمايدىغان ئەزىزلەر ئۇنىڭ پەيزىدىن ـ يېقىملىق شامالنىڭ بەرىكىتىدىن بۇيى ئالالماس ئىدى.)

(ئەلقىسسە، «چاھار دەرۋىش» قارارى يوق بۇ گۈزەل ئالەمنىڭ بىۋاپالىقى ۋە ئادەملەرنىڭ ۋاپاسىزلىقى بايان قىلىنغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنى ھەزرىتى ئەمىر خۇسرەۋ دېھلەۋى ‹ ئالەم خەلقى بەھر ئېلىپ تەنبىھ ئالغاي › دەپ تۈزۈپ چىققانىكەن) ــــ سائادەت پازىللىرىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئۇلۇغلارنىڭ قۇۋۋەتلىگۈچىسى ئالىيلىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن مۇھەببەت ئەقىدىسى ۋە ئۇزۇن مەزگىللىك ئالاقە سەۋەبىدىن ــــ بۇ خاكسار ئەرزىمەسكە ئەمىر بولدىكى:

«مۆتىۋەر، قىسقا مەجمۇئەلەردىن بولغان بۇ كىتاب تۈركىي تىلدىن لىباس كىيدۈرۈلۈپ، ئەرەبچە ئىبارىلەرگە مۇبالىغە قىلىنماي، پارسچە كەلىمىلەرگە ئەگەشمەي ساددا سۆزلەر ۋە كۆڭۈلگە ياققۇچى ئىبارىلەر بىلەن لەۋزىگە كەلتۈرۈلۈپ يېزىلغان بولسۇن. تاكى تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان خاسۇ ئام بەھرىمەن بولغاي. بۇ كىتابنىڭ ھېكمەت پەنلىرىدىن خەۋەردار بولۇپ، ئاخىرى يوق گۈزەل دۇنيانىڭ ھاسىلاتلىرىدىن تەنبىھ ئالغاي!»

شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابنى يېزىشقا تۇسالغۇ بولغۇدەك ھېچبىر ھادىسە يۈز بەرمىدى. ئۇ

كاتتا زاتنىڭ ئەمرى بىلەن خاھىشىم تەخىر تاپمىدى . ئۇل ئەمرىنىڭ تەقەززاسىدىن بۇ ئىخچام تۈركىي تىلغا رەقەم ئۇرۇلدى . رۇبائى :

دوستلارغە گۇناھ غەمىدىن سۆزلەگەي ، فارسى لەفزى كەلامىدىن نە سۇد ،
چەرخدىن يەتكەن ئەلەمدىن سۆزلەگەي . تۈركىيغە تۈركىي ئەجەمدىن سۆزلەگەي .

تاكى خاسۇئام ئۇنىڭدىن تەنبىھ ئالغاي ، دېگەن مەقسەتتە بۇ كىتابقا «تەنبىھاتى دەرۋىشىيە » (دەرۋىشلەرنىڭ تەنبىھلىرى ) دەپ ئات قويۇلدى . ھەزرىتى زۇل - جەلالنىڭ دەرگاھىدىن كۈچلۈك ئۈمىدىم باركى ، بۇ كىتابنى ئوقۇغۇچى ، پۈتكۈچى ۋە تەنبىھ ئالغۇچىلار ئەبەدىي سائادەت ۋە ئۈزۈلمەس دۆلەتكە ئېرىشكەي ! (ھەقىقەتەن ئۇ ئاللاھ ئىجابەت ئېگىسىدۇر . )

مەن — بۇ ئىلمسىز ، ئىقتىدارسىز پېقىرنىڭ گەرچە بۇ تونىنى كىيىشكە ؛ ئىشتىياقنى قوزغايدىغان سۆزمەنلەر ۋە مۇھەببەتلىك تەتقىقاتچىلارنىڭ مۇددىئاسىنىڭ تۈپ ھەقىقىتىگە يېتىشكە ؛ ئۇ شىرىن كالام ، باھالىق ئۈنچىلەرنى قاندۇرۇپ ھۆسن تەھرىرىنىڭ رىشتىسىغە تارتىشقا سالاھىيىتىم يوق بولسىمۇ ، جۈرئەت قىلىپ [ بۇ مەجمۇئەنى ] تۈركىي تىل بىلەن يېزىپ چىقتىم . بۇ مەجمۇئە گوياكى بىر «ئېشەك مونچىقى » (ئەرزىمەس مارجان ) غا ئۆزگەرگەنكى ، [ بۇنىڭ ئۈچۈن پېقىر ] ئەسىر پازىللىرىنىڭ تاپا - تەنە ۋە كىنايە ئوقلىرىغا نىشانە (قارا ) بولۇشىغا لايىقدۇرمەن . شۇنداقتىمۇ «كىمكى بىرەر نەرسە يازسا ئۆزىنى كىشىلەرگە نىشانە (قارا ) قىلىپ بېرىدۇ » دېگەن قورقۇنچىدىن «بۇيرۇلغۇچى كىشى ئۆزردار دۇر » سۆزىنى ئۆزۈمگە پەردە (نىقاب ) قىلدىم . نەزمە :

خىجالەت مەن بۇ ئىشدىن ، ئەي نىكۇ يار ، زەئىفۇ ناتەۋان ئەفتادە دۇرمەن .
مەلامەت قىلماغىل زىنھارۇ زىنھار . كىشىكىم ئەيىبنى ياپسە كىشىگە ،
كى تەئنە قىلماغىل ئەۋۋارەدۇرمەن ، تاپار ئەجرىن خۇدادىن قىلماشىگە .

(مېنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىم پەقەت ئاللانىڭ ياردىمى بىلەنلا بولىدۇ . )

* *

ئەمما بەئدۇ ‹ 1 › ھېكايە سۆزلىگۈچىلەر ۋە قىسسەلەرنى نەقىل قىلغۇچى شېرىن سۆز تۇتىلار ، يېقىملىق سايرىغۇچى بۇلبۇللار ، سۇخەن خامىنىنىڭ باشاق تەرگۈچى سۆزمەنلىرى ، سۇخەندانلىق - ھەييارلىق ئۆيىنىڭ سەرراپلىرى ، مەنلەر بازىرىنىڭ جەۋھەرشۇناسلىرى ، ئىشق - سۆز دۇرلىرىنىڭ مۇددەرىسلىرى ، بىيىت :

كىمكى ئاشىق ھالى ئۇل بىپاۋۇ سەر ،
تاپمادى ئۆزلۈكىدىن ھەرگىز خەبەر .

ئىشتىياقنى قوزغىغۇچى سۆز ئۇستىلىرى ۋە مۇھەببەتلىك تەھقىقلىگۈچىلەر شېرىن سۆز - باھالىق ئۈنچىلىرىنى تەھرىرىنىڭ ھۆسن رىشتىسىگە تارتتى ۋە بۇ خۇرسەنلىكنى زىيادە قىلغۇچى بىساتنى ھوشيار ئىشتىكۈچىلەرنىڭ زوقلانمىقى ئۈچۈن شۇنداق يايدىكى :

قەدىم زاماندا، رۇم مەملىكىتىدە بىر پادىشاھ بار ئىدى. قوستەنتەنىيە 〈2〉 ئۇنىڭ قارارگاھى — پايتەختى ئىدى. بېيىت:

ئەۋجى شەرەف ئۈزرە ئاڭا ماھى تەخت،
ئاتى شۇبۇ ۋەجھ ئىلە ئازادە بەخت 〈3〉

كۆپ خەزىنە — ھەددى-ھېسابسىز گۆھەر، ئۈنچە - مەرۋايىت، سانسىز خاس كىشىلىرى ۋە لەشكەرلىرى بىلەن سەلتەنەت تەختى ئالاھىدە ۋە ئۆزگىچە ئىدى. رۇبائى:

جەھان ئىچرە شەھى با ئەدلۇ ئىنساف، فەلەك قەدرى ئەتارۇد دەستگاھى،
ئادالەتلىك ئىنائەت قاف تا قاف. كى مىررىخدەك ئاڭا يۈزمىڭ سىپاھى.

بۇ كاتتا شاھلار شاھىنىڭ لۇتپۇ مەرھەمەت داستىخىنىدا جەۋر - ستەم ئادەتلىرى ئادالەت ۋە ئېھسان سىرتمىقى بىلەن باغلانغان؛ رۇم ۋە شام 〈4〉 مەملىكەتلىرى بىلەن مەغرىپ تەرەپتىكى يۈز شەھەر ئۇنىڭ تەخت - تەسەررۇپىدا پەرمانبەردار ئىدى.

ئۇ بۇنداق يۈكسەك مەرتىۋە — سەلتەنەتكە ئىگە بولسىمۇ، ھەر مىنۇت - سائەت بۈيۈك تەڭرىگە بولغان ئىبادىتىدىن غاپىل بولمايتتى. ھەمىشە بۇ ئالىيجانابلىق بىلەن ئىش بېجىرگۈچى — قول ئاستىدىكىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلغۇچى پادىشاھ توققۇزى تەل دەرگاھىدا يۈزىنى قارا تۇپراققا سۈرتۈپ «مەندىن كېيىن تاجۇ تەختىمگە ۋارىس بولار» دېگەن ئۈمىدتە تامام ئاجىزلىقى ۋە پۈتكۈل مىسكىنلىكى بىلەن پەرزەنت تىلەپ، تەڭرىگە ئىلتىجا قىلاتتى.

شۇ تەرىقىدە كۈنلەر ئۆتۈپ، شاھنىڭ يېشى ئەللىككە يەتتى. بىر كۈنى بامدات نامىزىدىن كېيىن [پادىشاھ] يالتىراپ تۇرغان «جاھانىنەما ئەينىكى» نى قولىغا ئېلىپ، مۇلاھىزە بىلەن سەۋدايىلاردەك ئۆز جامالىنى كۆزدىن كەچۈردى ۋە ساقىلىدىكى نەچچە تال ئاقنى كۆردى-دە، بۇ سىرگۈزەشتىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ:

«ۋادەرىغا! ئۆمۈر مۇددىتىڭنى زايا قىلىپ، خەزىنىلىرىڭنى ئىسراپچىل بەدخەجلەرگە سەرپ قىلىپ، لەشكىرىڭنى ئۆلۈمگە بېرىپ، بۇ چاغقىچە ئىستىراھەت بىلەن ئارام ئالمىدىڭ. سوغۇق سۇنى بىرەر قېتىممۇ پاراغەت بىلەن ئىچمىدىڭ. ئەي جان، ھالىڭ نېچۈك؟! ئەجەل ئەلچىسى ۋۇجۇدۇڭنىڭ مەيدانىغا ئالدىراپ - تېنەپ قەدەم قويۇپتۇ؛ ئۆلۈم خەۋىرىنى قايغۇلۇق يېزىلغان مەكتۇبى بىلەن ساڭا ئۇقتۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۈگۈن يا ئەتە ئۇ ھۆسنۇ كۆچۈڭنى زەئىپلىك سىپاھىنىڭ ھۇجۇمىدىن توختىتىپ «ھەر قانداق جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىيدۇ ①» ۋە «رەببىڭ تەرەپكە قايت ②» دېگەن نىداسى بىلەن قىچقىرغۇسىدۇر. ئۇ ھالدا مەيلى خالا ياكى خالىما بارماق كېرەك. مەھرۇملۇق تۇپەيلى سادىق ياران، يېقىن دوستلىرىڭ بىلەن ۋىدالىشىسەن. ئەپسۇس! يۈز مىڭ ئەپسۇسكى، جېنىڭغا جان ئۇلغۇدەك بىر پەرزەنتىڭ بولغاندا ئىدى، بۇ تەخت ۋە تاجىڭغا ۋارىسلىق قىلغان بولار ئىدى. ئۇشبۇ مەملى-

① قۇرئان كەرىم.
② قۇرئان كەرىم.

كـەت ، مال ـ مۈلكۈڭگە ھېچبىر دۈشمەن ئىگىلىك قىلالماس ۋە كۆز تۇتالماس ئىدى » دېگەن-لەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئۆز ھەسبى ھالىنى بايان ئەيلىدى . **نەزمە :**

ئەفسۇسكى ، ئۆمرۈمە ۋەفا يوق ،
بۇ گەردىشى دەھرىغە بەقا يوق .
دېدىمكى : قېرىلىقىم قىلۇر ھەست ،
فەرزەندى جەۋان تۇتار ماڭا دەست .

ئوغلان ئىشىنى قولغە ئالسە ،
نامۇس قىلىپ ئىشىنى قىلسە .
ئۆمرۈم چۇ تەباھ ، ھالى ئەبتەر ،
بۇ كام ئەمەس ماڭا مۇيەسسەر .

[ پادىشاھ ] غەم ـ قايغۇنىڭ تولىلىقىدىن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز خىلۋەت ماكانىدىن ئورۇن تۇتۇپ ، ئەمىر ـ ئۆلىمالار سۆھبىتىدىن ئايرىلىپ ، دۆلەت ـ سەلتەنەت تەختىگە يولىمىدى . دەردتىن ئۆرتىنىپ ، ئاھ ۋە نالىلىك سەزگۈلىرى بىلەن چوڭقۇر خىيالغا غەرق بولدى .

بۇ خەۋەر ئوردا ئىچىدە ـ ۋەزىر ۋە دۆلەت كاتىپلىرى ، سەلتەنەت ئىگىلىرى ئارىسىدا غۇلغۇلە پەيدا قىلدى . ئاددىي خەلقمۇ بۇ ھەقتە ئاجايىپ مۇلاھىزىلەر قىلىشاتتى .

پادىشاھنىڭ روشەن راي ئاتلىق ئۇلپەتداش ، پىكىرداش كاتتا بىر ۋەزىرى بار ئىدى . پادىشاھ سىردىشى ۋە دۆلەتنىڭ ئاساسلىق ئەربابلىرىدىن بولغان ۋەزىرنى يېقىنلىق ۋە خالىس دوستلۇق يۈزىسىدىن «ئاتام» دەپ خىتاب قىلاتتى .

دوستلار مەسلىھىتىنى توغرا تاپقان ۋەزىرى پادىشاھنىڭ كۆڭلىنى پەرىشان قىلغان غەم ـ قايغۇ سەۋەبىنى بىلىش مەقسىتىدە ، پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە ـــ [ شاھ ئوردىسىغا ] كەلدى .

ۋاقىتىكى ، ياساۋۇل ـ قاراۋۇللار پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە ھەمسۆھبەت بولىدىغان ۋەزىرنى دەرھال شاھ ھۇزۇرىغا باشلىدى ۋە خاس خادىملار ئارقىلىق شاھقا خەۋەر قىلدى .

پادىشاھنىڭ ئىجازىتى بىلەن قوبۇل شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان روشەن راي پادىشاھنىڭ قەدەمگاھىنى ئەدەب ۋە قۇللۇق لېۋى بىلەن بوسە قىلىپ ، ئاندىن بۇ شېئىرنى خۇشناۋا كۈيچى بۇلبۇل كەبى ئوقۇدى . **رۇبائى :**

شەھ دەۋلەتىن بەقا تاپىبان سەد ھەزار يىل ،
ھەر سەد ھەزارىنىڭ بىرى يۈزمىڭ ھەزار يىل .
ھەر يىل ھەزار كۈن ، ھەر كۈن ھەزار ئاي ،
ھەر كۈن ھەزار سائەتۇ سائەت ھەزار يىل .

ۋەزىر ماقتاش سۆزلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن يەنە بىر بېيىتنى ئوقۇدى . **نەزمە :**

نە ئىشدىن گۇل ئۇزارىڭغە گۇلاب ئەشكىن تۆكەرمىشسەن ،
كى يۇلدۇزلار يۈزۈڭنى ئافتابىغە تۆكەرمىشسەن .
سېنىڭ تەبئىيەتىڭدىن دىدەلەر خۇن چەشمەلەر بولدى ،
نە بولدى دىدەدىن ئەشكىن ھۇباب ئاسا تۆكەرمىشسەن .

ـــ ئەي شاھىم ! ئەي ، خالايىقنىڭ پاناھى ! قايغۇ ۋە مالالىقىڭنىڭ سەۋەبى ياخشىلىق ۋە

خەيرىيەت بىلەن كۆتۈرۈلگەي. بېيت:

يېمە غەمدىنكى ھەرگىز كەلمەگەي غەم،
دېمە كەمدۇركى ھەرگىز بولماغاي كەم.

ئەمما خاتىرلىرىنىڭ غەم – قايغۇلۇق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

شاھ ئازادە بەخت كۆز ياشلىرىنى سەلدەك راۋان قىلىپ دېدىكى:

— ئەي ئاتا، ئەلۋەتتە كۆڭلۈم پەرىشان، دىلىم سۇنۇق. ئۇزۇن زامان بولدى. ئېزىز ئۆمرۈمنى زايا، خەزىنىلىرىمنى نابۇت قىلىپ تۈمەنلىگەن لەشكەرلىرىمنى چىقىم قىلىش بەدىلىگە بۇ مەملىكەتنى ئېلىكىمگە ئالغانىدىم. [ كۆڭلۈمنىڭ پەرىشان بولۇشىغا ] پەرزەنتىمنىڭ يوقلۇقى سەۋەب بولغاندۇر. مەندىن كېيىن تاجۇ تەختىمگە ئىگە بولغۇدەك [ بىرەر پەرزەنتىم بولغان بولسا ئىدى ]، بۇ مەملىكەت ۋە مال – مۈلكۈم دۈشمەنلەر قولىغا ئۆتۈپ كەتمەس؛ تارتقان رەنج – مۇشەققەتلىرىم زايا بولماسىدى.

روشەن راي بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ زار – زار يىغلىغىنىنى كۆرۈپ تەسەللى قۇتىسىنىڭ دۇرلىرىنى چېچىپ، شاھى ئالەمگە نەسىھەت قىلىپ دېدىكى:

— ئۆمۈرلىرىنىڭ رىشتىسى ئۇزۇن [ بولغاي ]، دۆلەتلىرى ھەمىشە ئەبەدىي تەرەققىي تاپقاي! بۇنداق ناتوغرا خىياللارنى سۈرمەك شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. پاكلىق دەرگاھى ۋە شەرەپ تەگرىگە خاستۇر. جانابلىرىغا بولسا [ شۈكرى قىلماسلىق ] كۇپرانى نېمەت ھېسابلىنىدۇ.

**نەزمە:**

شۈكرى نىئمەت نىئمەتنىڭ ئەفزۇن قىلۇر،
كۇفرى نىئمەت ئېلىكىدىن بىرۇن قىلۇر.

— ئەي بۈيۈك شاھىم، كۆپۈرلۈق، نا شۈكرىلىك ئاقىللار نەزىرىدە يامان ئىشتۇر.

**مىسرا:**

قىلماغىل بۇ ئىش، بۇ ئىشنى قىلماغىل، ...

بۇ ھەقتە تەرىپ بېرىش توغرا كەلسە، ئۆزلىرى بىزگە ئۇستاز. دەرۋەقە، بۇ دۇنياغا ئەبەدىيلىك، ھاياتقا ۋاپا بولمىغاندىكىن پادىشاھقا ۋارىسلىق قىلغۇدەك تەخت ۋە مۆھۈر ئىگىسى بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما ئىككى كۈنلۈك پانى ئۆمۈر ئۈچۈن غەم يېمىسىلە. ھاياتنى ئاخىر غىچە ئەيش – ئىشرەت ۋە پاراغەتتە ئۆتكۈزۈش كېرەك. ئەگەر پەرزەنت يۈزى كۆرۈش ئارزۇلىرى بولسا، كېچە – كۈندۈز كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇتماي، جانابى ئاللا (نامى ئەزىز بولسۇن!) بارگاھىغا مۇناجات قىلىپ ئارزۇ – ئارمانلىرىنى تىلىسىلە. كەمبەغەللەر ۋە پۇقرالاردىن خەيرلىك دۇئاسى تەلەپ قىلسىلا. دەرۋىش ۋە مىسكىنلەرگە سەدىقە بەرسىلە. قۇللارنى ئازاد قىلسىلا. تاكى ھەر ئىككى جاھان ۋە ئالەمنىڭ پادىشاھى (ئاللا) بۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن ئۆزلىرىگە رەھىم قىلىپ چىراغلىرىنى روشەن قىلسا ئەجەب ئەمەس. بېيت:

سۇبھىدەم سەرۋى سىھىغە بۇلبۇلى شەيدا دېدى،

بادەدىن ساغەر جۇدا قىلسام چەمەن بىر گۈل ئىدى.
ئىشرەت ئىمرۇز، بەس سەن ئەرتە قويماغايسەن، ساقىيا 〈5〉
بادە تۇت مۇستەقبەلدىن ھېچكىمە ھەم بىلمەدى.

بۇ قەدەر كۆڭۈلگە ياققۇچى نەسھەتلەر ۋە كۆڭۈل ئەينىكىنى پارقىراتقۇچى ۋەزلەر بىلەن پادىشاھنىڭ دىلى يورۇپ، قەلب خاتىرلىرىدىكى غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ، شۇئان كۆڭلى تەسكىن تاپتى. مۇلايىملىق بىلەن سۆز تاشلاپ ئەمىر ۋە ۋەزىرلەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. روشەن راي يەر ئۆپۈپ، ئېھتىرام بىلەن ئېيتتىكى:

— ئۇلار دۆلەتلىرىنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ھەمىشە دۇئا بىلەن مەشغۇلدۇر. لېكىن دىلى سۇنۇق بۇ خەستىلەر ھەزرەتلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە باش قويۇشتىن مەھرۇم قالدى.

پادىشاھ پەرمان قىلدى:

— خۇدا خالىسا، ئەتە ياخشى سائەتتە بارگاھتا مەشرەپ تۈزۈپ دوستلار بىلەن سۆھبەت قۇرىمىز.

روشەن راي مەمنۇنلۇق بىلەن پادىشاھقا دۇئا قىلدى. **مىسرا:**
تا جەھان باقى، جەھاندا تاپماغىل شاھا زەۋال.

ئاندىن شاھتىن ئىجازەت ئېلىپ تاشقىرى چىقتى ۋە ئەمىر - خادىملارغا ئۆز تۇراللىرىغا قايتىشقا پەرمان قىلدى.

پادىشاھ ئۆتكەن ئىشلارغا تەۋبە قىلىپ، جانابى ئاللادىن مەغپىرەت تىلەپ ئىستىغفار ئېيتتى. كۆڭلىدىكى غەشلىكنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئالىم - ئۆلىمالار بىلەن سۆھبەت قۇرۇپ، تەفسىر كىتابلارنى كۆرۈشكە مەشغۇل بولۇپ، ھەر ۋاقىت مۇلاھىزىلەر يۈرگۈزۈپ دىلىنى روشەنلەشتۈرۈپ تۇردى.

ئۇ بىر كىتابقا پۈتۈلگەن مۇنۇ قۇرلارنى كۆردى:

«ئەگەر كىشى بىرەر غەم - قايغۇغا مۇبتىلا بولۇپ، ئۇ ئاسانلىقچە ھەل بولمىسا، ئۇ ھالدا قەبرىستانغا بېرىپ ئەرۋاھلارنىڭ گۇناھىنى تىلەپ پاتىھە ئوقۇپ، ھەزرىتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ روھى پاكلىرىغا كۆپلەپ دۇرۇد ۋە سالام ھەدىيە قىلغاي؛ ئاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن ياشلىرىنى راۋان قىلسا قەلبى يورۇپ ئىشى ھەل بولۇپ، كۆڭلى ۋە خاتىرىسى تەسكىن تاپقاي؛ ئەگەر كىشىنىڭ دىلىغا خۇشاللىق يۈزلەنسە تەڭرىنىڭ قەبرىستاندىكى مۆجىزىلىك نىشانلىرىغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن نەزەر سالغاي؛ غاپىل دىلىنى خەۋەردار قىلىپ ئۆز - ئۆزىگە تەنبىھ بەرگەيكى: بۇ يەردىكى ئورۇن تۇتۇپ تۇپراق ئاستىدا ياتقانلار ئىلگىرى پانى دۇنيادا خەزىنىلىرىنى ئالتۇن - كۈمۈش، گۆھەرلەر بىلەن تولدۇرۇپ، روزگارىنى ئەيش - ئىشرەتتە خۇشۋاخ ئۆتكۈزگەن ئۇلۇغ شانۇ شەۋكەت ئىگىلىرى ئىدى. ئەجەل ساقىيسى تۇساتتىن ئۇلارغا ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچۈرۈپ دوست - يارانلىرىدىن، بالا - چاقا، غەمخور - ئۆلپەتلىرىدىن جۇدا قىلىپ تار، قاراڭغۇ گۆرلەردە ياتقۇزۇپ، بىچارە ئەي-

لەپ، ھەس ـ ھەۋەسىنى ئۆچۈرۈپ، مال ـ دۇنيا، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىدىن ئايرىپ، ئەزىز ئۆمرىنى فىراق ئوتىدا داغلاپ، تۇپراق ئاستىدا يىلان، چايان ۋە چۈمۈلىلەرگە يەم قىلدى! ...» بېيت:

مەن يىغلادىمكى بىزگە شەھى بەرسە روزگار،
بۇ ئۆمرى بىۋاپاغە ئەمەس ئېئتىبارى كار.

بۇ پارچىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى: ئازغىنە شادلىق كۆپلىگەن پىتنە ـ پاساتلارنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بۇزرۇكلار ئېيتىدۇكى، بېيت:

كەكلىك چۇ قىلۇر قەھقەھە يۈز زەخم يېمەسمۇ،
كىم خەندە قىلۇر ئارقەسىدىن گىريە ئەمەسمۇ.

بۇنىڭغا ئاساسەن، پادىشاھ ئازادە بەختىنىڭ كۆڭلىگە شۇنداق بىر خىيال كەچتىكى:

«قەبرىلەرنى كېچىسى بېرىپ زىيارەت قىلاي. كۈندۈزى بارسام قەبرىستان لەشكەرلەرنىڭ ئايىغىدا پايمال بولىدۇ. شاھلىق يولتۇزۇم تەگرىنىڭ مۆجىزىلىك نىشانلىرىدىن ۋە تىرىكلىك ـ ئۆلمەكلىكتىن ئىبرەت ئالغىلى قويمايدۇ.»

قاراڭغۇ چۈشكەندە پادىشاھ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، كۈمۈش ـ ئالتۇندىن بىر ئوچۇم ئېلىپ، تەنھا قەدىمىنى دۆلەت سارىيىدىن تاشقىرى قويۇپ شەھەردىن چىقتى.

ۋاقىتىكى، مازار قېشىغا يېتىپ كەلدى. [ پادىشاھ ] ئول مازار ئەھلىلىرىنىڭ روھلىرىغا ئاتاپ پۈتكۈل ھېسسىياتى بىلەن پاتىھە ئوقۇماقتا، مەشغۇل بولۇۋېتىپ گۈمبەزدە پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە ئېيتتىكى:

«بۇ ماكاندا بىرەر غېرىپ ـ ۋەتىنىدىن ئايرىلغان ياكى ئۇرۇق ـ تۇغقانسىز بىچارە ۋە ياكى كىشىلەردىن كۆڭلى قېلىپ تەگرىنىڭ مەرھەمىتىگە كۆڭۈل باغلىغان، تۇتقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ ئاللاغا سېغىنغان دەرۋىشلەر بولۇشى مۇمكىن.»

ۋاقىتىكى، پادىشاھ گۈمبەزگە يېقىنلاپ كېلىپ قارىغۇدەك بولسا: كىيىملىرى جۇل ـ جۇل، ئۆزلۈكىنى يوقاتقان تۆت دەرۋىش گۈمبەزنىڭ تۆت بۇلۇڭىدا باشلىرىنى تەپەككۇرسىنەسىگە ساڭگىلىتىپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا قويۇپ، خامۇشلۇق دېڭىزىغا غەرق بولغان، ھەيرانلىق ئالىمىگە يېتىشكەن ھالدا ئولتۇراتتى. چىراغ تاش ئۈستىگە قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ غېرىبانە تۇرقىدىن يار ـ دىيارىدىن ئايرىلغان بىنەۋالىق دەردىكە پاتقان بەختسىزلىك دەردىدە ـ ھەيرانلىق، كۈلپەت ۋە غەشلىك تۇپرىقىدا سولغان، جاھان كۆرگەن قارىلار مەسىلىلىك ھەممە ئىشلاردىن خەۋەردار كىشىلەر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. پادىشاھ ئويلىدىكى:

«ئۇلار دانىشمەنلەر بولۇشى مۇمكىن. بېيت:

رەۋزەئى فىردەۋس ئەئلا خىلۋەتى دەرۋىش بىل،
مۇھتەشەملىق مايەسى ھەم خىزمەتى دەرۋىش بىل.

بۇلارنىڭ خىزمىتىگە باراي. ئۇلارنىڭ مەرھەمەتلىك نەفسىنىڭ ھىممىتىدىن بەند قىلىنغان ئىشىكلەر ئېچىلسا ئەجەب ئەمەس.»

پادىشاھ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىشكە تەمشەلدىيۇ ، شۇئان ئەقلىگە يەنە بىر پىكىر كەل-دىكى :

«ئەي نادان ، سەن ئۇلارنى تەكشۈرمىگەن ، تونۇمايدىغان تۇرساڭ . ئۇلارنىڭ توغرا يول كۆرسىتىدىغانلىقى ، ھىممەت قەدىمىنىڭ نەدىن ـ نەگىچە ئىكەنلىكى سەن ئۈچۈن سىر تۇرسا ، سەل تەخىر قىل ! چۈنكى بەزى بۆرىلەر قوي سۈرىتىدە بولىۋالسا ، بەزى دىۋىلەر ئىنسان كىيىمىنى كىيگەن بولىدۇ . »

قازارا ، دەرۋىشلەرنىڭ بىرى قاتتىق چۈش كۆرۈپ 〈 خۇداغا شۈكرى 〉 ئېيتتى . بۇ سادادىن بىرى ئويغىنىپ 〈 ئاللا ساڭا رەھمەت قىلسۇن ! 〉 دەپ خەيرىبانلىق قىلدى . يەنە بىرى قوپۇپ چىراغنى ئۆچۈشاپ يورۇق قىلىپ ئۆز جايىدا ئولتۇردى . پادىشاھ ئازادە بەخت ئۆز ـ ئۆزىگە :

«بۇلارنىڭ قەلبىدىكى سىرلىرى ئەمدى ئاشكارا بولىدىغان بولدى » دېگىنىچە بۇلار-نىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ ، ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ كۆزىتىپ ، گۈمبەز يېنىدىكى قەبرىنىڭ بىر تەرىپىگە يۆلىنىپ ئولتۇردى . بۇ چاغدا دەرۋىشلەرنىڭ بىرى ھەمراھلىرىغا سۆز تاشلاپ دېدىكى :

— ئەي بۇرادەرلەر ، كاژ پەلەك بىز تۆتىمىزنى يۇرت ـ ماكانلىرىمىزدىن ئايرىپ ھېسابسىز چەۋر ـ جاپالار ئىچىدە ـ باياۋانلاردا مەجنۇن كەبى سەرگەردان قىلدى . بۇ چاغ-قىچە ئارام ئالغۇدەك پۇرسەتمۇ بەرمىگەنىدى . مانا ئەمدى بۇ كېچە تەقدىر بىزنى بۇ يەردە بىر ـ بىرىمىزگە ئۇچراشتۇردى . بىز بىچارىلەر بېشىمىزغا پەلەك گەردىشىدىن يەنە قانداق تۇيۇقسىز يىغىشنى ، قانداق ھىيلە ـ مىكىر ۋە پىتنە ـ بالالارنىڭ چېچىلىشىنى بىلمەيمىز . شۇنداق ئىكەن ، نېمە سەۋەبىدىن ئۆزىمىزنى غەم ۋە غەپلەت دامىغا سالىمىز ! ؟ ئەڭ ياخشىسى ھەممىمىز بېشىمىزدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتلىرىمىزنى بايان قىلىپ ، بۇ كېچىنى ئۆزئارا مۇڭ-دىشىپ ئۇخلىماي ئۆتكۈزەيلى . [ كىم بىلىدۇ ] ئەتىگىچە زامان قانداق بولىدۇ ؟ !

بۇ مەسلىھەتنى قىلغانلارمۇ ماقۇل كۆردى . **بېيت :**

سەلاھ ئولدۇركى كۆرگەيسەن سەلاھى .

ئۇنداق بولسا ئاۋۋال سەن باشلا ، — دېيىشتى دەرۋىشلەر ، — شەرتىمىز شۇكى ، سۆزۈڭ راست بولسۇن !

بىرىنچى دەرۋىش كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ رەنج ـ مۇ-شەققەتلىك ھالى ئۈچۈن باھار بۇلۇتىدەك زار ـ زار يىغلاپ «تۇتىنىڭ نۇتقى » نى بۇ قەدەر بايانىغا يەتكۈزدى :

## بىرىنچى 〈 6 〉 دەرۋىشنىڭ سەرگۈزەشتىسىنىڭ بايانى

### نەزمە

ئەزىزلەر ، دوستلار ، ئەي مېھرىبانلار ، ساچى سۇنبۇل ئۈچۈن باشىمدا سەۋدا .

مۇھەببەتلىك ھەمىشە جان فىشانلار . نىگە ۋەھشى ئۈچۈن جان بولدى شەيدا .

رۇخى گۇلگۇنە ئول غەمزە ئوقىدىن ،
يىقىلدىم قانغە ھەم كەتتىم ئۆزۈمدىن .
فىراقىدىن دىمەسمەن ھالى بۇدۇر ،
كۆكۈل دەردۇ ئەلەمدىن لەختە خۇندۇر.

ئەي دەرۋىشلەر ، ھازىر يوقلۇق جەندىسى كىيىپ ، سىزلەرنىڭ خىزمىتىڭلاردا بولۇپ زوۋانىدە رازلىق قىلىۋاتقان بۇ كەمىنە — پىقىر يەمەن 〈7 〉 شەھىرىدىن بولىمەن . ئاتام بار ئىدى . ئىسمى خاجە ئەھمەد بولۇپ ، ئەتىۋارلىق سودىگەر ئىدى . كۆپ دۇنياسى بار ئىدى . سودىگەرلەر دەسمايىسىنى ئاتامدىن ئېلىپ تىجارەت قىلاتتى . ئۇنىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى . بىرى سىزلەرنىڭ قۇلۇڭلار — پىقىردۇرمەن . يەنە بىرى قىز ئىدى . ئۇنى ئاتام ھاياتلىقىدا كاتتىلارنىڭ رەسمى بويىچە ھەشەمەتلىك توي قىلىپ ئەرگە بەرگەنىدى . كېيىن ، ئۇن يېشىمدا ئاتام بۇزرۇكۋارغا ئەجەل چاپلىشىپ ، بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ ، ھەققە بويسۇنۇپ جان بەھەق تەسلىم قىلدى . ئۇرۇق - تۇغقان ، ھەمسايە ھەم ھۆپىگەرلەر جەم بولۇپ ئاتامنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ياخشى تەرىقە بىلەن بىجا كەلتۈرۈپ ، تا بىر ھەپتىگىچە ھازا تۇتۇپ تەزىيىگە ئولتۇردۇق . ئاندىن كېيىن يار - بۇرادەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز مەنزىللىرىگە قايتتى .

ئاتامنىڭ ئۆلۈمى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغاچقا ، ئۆيۈمنىڭ بۇلۇڭىدا تەنھا - غېرىبانە ئولتۇرۇپ دوست ۋە مەيلى يات بولسۇن ئىشىكمنى ياپماي ، ئۈچ كۈننى يىغا - زار بىلەن ئۆتكۈزدىم . بېيىت :

بىز قايسى خەيالدا ، فەلەك قايسى خەيال ،
بىز خام خايالدا ، فەلەك پۇختە خەيال .

ئەلقىسسە ، ھەر كۈنى بىر لوقما تائامنى نېمەت بىلىپ ، ھەر يىلى كونا بىر لىباسى بىلەن پەخىرلىنىپ يۈرۈيدىغان پۇشتى - پاناسىز زىندىلەر ، بەڭباش ، ئادەم سۇرەتلىك شەيتانلار ھەر دىياردا بار ئىدى . شۇنداقلاردىن نەچچىسى تۆتىنچى كۈنى «خاجە قازا قىپتۇ . خاجەزادە تېخىچە ھازىردار ئىكەن » دەپ ئاڭلاپ ئۆيۈمگە كەلدى . رۇخسەت سوراپ تەزىيىگە كىردى . ئولتۇرۇپ مەن بىلەن بىرگە يىغا - زار قىلىشتى . تەزىيە رەسمىيىتى ئادا بولغاندىن كېيىن تەسەللىي نەسھەتكە ئېغىز ئېچىپ دېدىكى :

ھەر كىشى كەلسە جەھانغە ئاقىبەت كەتمەك كېرەك .

«بۇ ئەبەدى بىۋاپا ئالەمدۇر . بۇ ئالەمدە نالە قىلىش - يىغلاش پايدىسىزدۇر . ئاتا - ئانىنىڭ ئۆلمىكى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى - ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىس - سەلەۋاتۇ ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن ) نىڭ زامانىدىن تا بۇ دەمگىچە مىراس قالغاندۇر . ئەبەدىي تىرىك ھەقتائالانى بىلگىنكى ، پەقەت تەڭرىملا بارلىق نەرسىلەرنى ياراتقۇچى ۋە رىزىق بەرگۈچىدۇر . ئۇنىڭ ئاۋۋىلى ياكى ئاخىرى يوقتۇر . تەڭرىمدىن باشقىلىرى پانىدۇر . ئىلاھىم ، سالامەت بولغىن ! ئۆتكەن ئەرۋاھلارنى دۇئا - پاتىھە بىلەن ياد ئەتمەك ، ئۆلارنىڭ نىجاد تاپمىقى ئۈچۈن سەدىقە ۋە ھەدىيە بەرمەك كېرەك . »

ئۇلار شۇ قاتارلىق سۆزلەرنى بايان ئەيلەپ كۆڭلۈمگە تەسەللىي بەردى .

ئەي دەرۋىشلەر ، گەپنىڭ قىسقىسى ، مەن بۇلارنى جان — دوست بىلىپ ، ئەس — ھوشۇمنى يوقىتىپ بار — يوقۇمنى ئۇلارنىڭ غەرەز ئارىلاشقان ساختا سۆزلىرىگە بېرىۋەتتىم . تا ئۇلارنىڭ ئەپسۇن ۋە ئەپسانىلىرىگە ئالدىنىپ ، مايىللىقىم ئېشىپ ، بىكار ، بىھۇدە ئىشلارغا بېرىلىپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا غەرق بولدۇم . ھەمىشە گۈل يۈزلۈك نازىنىنلار ، ئاي يۈزلۈك جانانلار بىلەن سەير — تاماشاغا بېرىلدىم . سازەندە — چالغۇچىلارنىڭ يالقۇنلۇق ئاۋازى ۋە نەغمە — ناۋالىرىغا ھەۋەس قىلىپ ، بوستانلار ئارا مەست — ئەلەست يۈردۈم . تا ئۈچ يىلغىچە ئەھۋالىم ئۇشبۇ تەرىزدە ئۆتتى . ئۆمرۈمنى زايە ، مال — مۈلكۈمنى نابۇد قىلدىم . ئاتامدىن قالغان قىرىق مىڭ تۈمەنلىك مال — دۇنيالىرىمنى «يار — دوست» ۋە خۇشامەتگۈيلارغا سەرپ قىلىپ تۈگەتتىم . ھەتتا غۇلام ۋە چاكارلارمۇ خالىغان نەرسىلىرىگە ئېرىشكەنىدى . تاكى ئىشىم ئاخىرىغا يەتتى . ئۇچامدىكى كونا جەندە — توندىن باشقا ھېچنەرسەم قالمىدى . كۈچ — قۇۋۋىتىمدىنمۇ ئايرىلدىم . بېيىت :

ئەبلەھ ئول رەۋشەن كۈنى كافۇرى شەمئىن يارۇتۇر .
كەچ ، قاراڭغۇدا ئاڭا قالماس چىراغى ئىچرە ياغ .

ئاقىۋەت ئاچ ۋە تەشنالىق دەردىدە لەۋلىرىم قۇرۇپ ، خارابە بىر مەسچىتتە ئۈچ كېچە — كۈندۈز ئولتۇردۇم . مەسچىتتىن تاشقىرى چىقىشقا يۈزۈم چىدىمىدى . تۆتىنچى كۈنى تاقىتىم تاق بولدى . چۈنكى ئاچلىق لەشكەرلىرى قانائەت مەملىكىتىنى تاراج ئەيلەپ ، سەبر — تاقەت قاراۋۇللىرىنى زەخىملەندۈرگەنىدى. مەسچىتتىن تاشقىرى چىقىپ ئۆز — ئۆزەمگە دېدىمكى :

«قەيەرگە باراي ۋە كىملەرگە ئىلتىجا قىلاي ؟ !» توساتتىن ھەمشىرەم ئېسىمگە كەلدى .

ئەي دەرۋىشلەر ، مەندىن قانائەتسىزراق كىشى بولمىسا كېرەك . چۈنكى ئۆتكەن كۈنلەردە ھەمشىرەم مېنى تەكلىپ قىلىپ :

«ئىنىمغا جېنىم پىدا بولسۇن . ئاتا — ئانامنىڭ يادىكارى — سەندىن ئۆزگە تۇغقىنىم يوق . غەمكىن كۆڭلۈمگە ئارام بەرگۈچىمۇ سەن . ئاڭلىسام كېچە — كۈندۈز مەشۇقلار بىلەن بىرگە ئۆتۈۋېتىپسەن . تەنھا ئەمەسكەنسەن . ئەسلىدە ئاياغ ئىزلىرىڭنى ئۇپۇپ خىزمىتىڭگە بارسام بولاتتى . بولسا جاپا چەكسەڭمۇ ئىلتىپات قىلىپ بۇ ئاجىز ، غەمكىن ھەمشىرەڭنىڭ كۆزلىرىنى جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن روشەنلەشتۈرگىن » دەپ كىشى ئەۋەتكەنىدى . ئەمما مەن بۇزۇلغان خىيالىمدا بۇ دۈشمەن غەزەلخان مېنى چاقىرتىپتۇمش دېگەننى ئويلاپ ، كەلگەن كىشىلەرنى «بارمايمەن» دېگەن جاۋاب بىلەن ياندۇرۇۋەتكەنىدىم .

ئەي دەرۋىشلەر ، بۇ ئەھۋالدا مەن ھەمشىرەم تەرەپكە يۈزلەندىم . ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپ دەۋازىسىنى قاقتىم . ھەمشىرەم خەۋەر تېپىپ ساراسىمە بولۇپ ئالدىمغا چىقتى . ھالىمنى كۆرۈپ نەرە تارتىپ ، ياقىسىنى يىرتىپ ، يۈزىنى موراپ ، چېچىنى يۇلۇپ ، كۆكسىنى مۇشتلاپ مېنى باغرىغا باستى . يۈزۈمگە سۆيۈپ پەردە ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ تائام يېگۈزۈپ ، ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ مېھرىبانلىق كۆرسەتتى . نەچچە كېچە — كۈندۈزنى شۇ تەرىقىدە ئۆتكەزدىم . بىر كۈنى دانا ھەمشىرەم دېدىكى :

— ئەي ئۇكام، بىلەمسەنكى، ئەر كىشىنىڭ ئۆيدە ئولتۇرمىقى تولىمۇ مۇشكۇلدۇر. ئەگەر مۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ئايىغىڭدا جىنىمنى پىدا قىلاتتىم. بۇنىمۇ بىلەمسەنكى، مۇندىن كېيىن شەھەردە تۇرۇش سەن ئۈچۈن تەسكە توختايدۇ. ئەلۋەتتە، ساڭا بىر قېتىم سەپەر قىلىش زۆرۈردۇر. بىرنەچچە زامان مۇساپىرلىقتا — باشقا شەھەرلەردە يۈرگەيسەن. تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق - سوغۇق، قاتتىق - يۇمشاقلىرىنى تېتىپ كۆرگەيسەن. شۇنداق قىلساڭ سودىگەرلەرنىڭ سەپەردىكى ئەتىۋارلىقلىرىدىن بولىسەن. سەپەر قىلساڭ كىشىلەر سېنى ئىززەتلەيدۇ. ھەقىقىي ئەركەك ھېسابلايدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر سېنى 《 تىرنىكچىلىك يولىنى بىلمەيدۇ 》 دەپ قارايدۇ.

مەن سۈكۈت قىلدىم. ھەمشىرەم ئورنىدىن تۇرۇپ بىر خالتا ئالتۇن (يەنى بەش مىڭ تىللار ئىكەن) ئېلىپ چىقىپ ئالدىمغا قويۇپ ئېيتتىكى:

— ئەي ئۇكام، بۇنىڭدىن كۆپرەك بەرسەممۇ بېرەتتىم. ئەمما ئەندىشە قىلمەن. ئەگەر ياخشى ساقلىساڭ ئۇشبۇ دەسمايەمۇ يېتەرلىكتۇر. ناۋادا مەنپەئەت ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزدىمىسەڭ يۈزمىڭ تىللا ھەم ئازلىق قىلىدۇ. ئەي ئۇكام، شۇبۇ كۈنلەردە سودىگەرلەردىن بىر جامائە شام ۋىلايىتىنىڭ سەپىرىگە تەرەددۇد قىلىۋاتىدۇ. سەن ھەم شۇبۇ پۇللارغا مال ئېلىپ ئېتىبارلىق سودىگەردىن بىرىگە ھاۋالە قىلىپ، شۇلارغا ھەمراھ بولغىن. ئۇلار سېنى شام ۋىلايىتىگە يەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئۇ جايدا بىر مەھەل تۇرۇپ كارۋانلار بىلەن تېپىشىپ، بۇ ئالەمنىڭ لەززىتىنى كۆرگەيسەن.

ئەي دەرۋىشلەر، ھەمشىرەمنىڭ سۆزى بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ مال سېتىۋېلىپ، ئىشەنچلىك كىشىنى تېپىپ ھاۋالە قىلىش ئۈچۈن تا بىر ھەپتىگىچە ھەرىكەت قىلدىم. ئاندىن كارۋانلار ماڭغانغا قەدەر نەچچە كۈن ھەمشىرەمنىڭ ئۆيدە بولدۇم. نا مۇۋاپىق «دوستلار» نىڭ سۆھبىتىدە ئۆتكەن كۈنلىرىمگە پۇشايمان قىلدىم. ھەمشىرەم ئات، يول جىراجىتى ۋە كېيىملەرنى بېرىپ كۆپ ئىلتىپات كۆرسەتتى. بىر - بىرىمىز بىلەن ۋىدالىشىپ شامغا قاراپ راۋان بولدۇم. يولدا سىزلەرگە بايان قىلغۇدەك بىرەر نەرسە كۆرمىدىم. تا خېلى مەنزىل يۈرگەندىن كېيىن، كۈن ئولتۇرغىلى يېقىنلاشقاندا شام شەھىرىگە تەۋە بىر قونالغۇغا يەتتۇق. سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن تاقىتىم تاق بولۇپ ئۆز - ئۆزۈمگە:

«بۇ يەردە تۇرسام بولماس، بۇ كېچە ئۆزۈمنى شەھەرگە يەتكۈزۈپ، سەپەر رەنجىدىن خالاس بولغايمەن» دەپ ئاتنى ھايدىماققا نىيەت قىلدىم. يېرىم كېچە بىلەن شام شەھىرىنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ بارسام دەرۋازا ئېتىلگەن، كىشىلەرنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئۈزۈلگەنىكەن. ئەمما ئالەم ئاي نۇرىدىن باھار پەسلىنىڭ سەھىرىدەك روشەن، ئاسمان يۇلتۇزلارنىڭ پارقىراق نۇرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەندى. بېيىت:

يۈزىن يۇدى گۇلابى سۇبھىدىن تۈن،
چۇنان زەر باغلادى تۈن چەشمەدىن كۈن.

شۇبۇ كېچىدە خەندەك ياقىسىغا بېرىپ ئاتتىن چۈشتۈم. شەھەر قورغىنى ناھايىتى ئېگىز ئىكەن. توساتتىن بىراۋنىڭ قورغاننىڭ بىر بۇرجىكىدىن چىقىپ، بىر ساندۇقنى يەرگە تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ساندۇق خەندەك لېۋىگە يەتكەندە ئۇ كىشى قولىدىكى

ئارغامچىنى يەرگە تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئۆزۈمگە دېدىمكى:

«بۇ كىشى كاتتىلارنىڭ خەزىنىسىگە قەست قىلغان، ياكى سودىگەرلەرنىڭ هۇجرىسىغا ئوغۇرلۇققا چۈشكەن. بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىرە نەرسىنى ئالغىلى كەتتى بولغاي.»

بىر پەس سەۋر قىلىپ ئولتۇردۇم. ئۇ كىشى كەلمىدى. كۆڭلۈمدە:

«بۇ نېسىۋىنى خۇدايىتائالا ماڭا ئاتا قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئېتىبارلىق مالدار بولسام ئەجەب ئەمەس» دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇنداق خام ـ خىياللار ئىلكىدە غاپىللىققا يۈز تۇتۇپ، تەمە دانلىرىنى دەپ غەم دامىغا ئىلىندىم. نەزمە:

تەمەئىلىك بولماغان ئەرلەر ئىشىدۇر،
تەمەئ قىلغان ئەلەمنىڭ خاهىشىدۇر.

ئەمما، ئەي دەرۋىشلەر، قازاغا چارە، تەقدىرگە ئامال بولمايدىكەن. بېيىت

قەزا چۈن سەراشىن گەردۇندىن ئالسە،
بولۇر گەر كور ئاقىل گەرچە بولسە.

ـــ ئەي دەرۋىشلەر، ئالتۇن ـ كۈمۈشنىڭ تاماسىدا خەندەكنىڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ، ساندۇق تەرەپكە راۋان بولدۇم. ساندۇقنىڭ يېنىغا كەلدىم ـ دە، ساندۇقنى ئېلىپ «لاهەۋل» 〈8〉 نى ئوقۇپ مەدەت تىلەپ، خەندەكنىڭ چېتىگە بېرىپ ساندۇقنى ئاچتىم. بېيىت:

قان بىلە ئاغۇشتە بولغان سەرۋقەد زىبا نىگار،
تاۋۇسدۇر نىم بىسمىل جىسمى ئانىڭ يۈز فىگار.
سىيمبەر گۈلگۈن بۇ يالغان ئەرغەۋانى لالەزار،
كۆردۈمۇ كەتتى قولۇمدىن رىشتەئى بۇنيادى كار.

ئەي دەرۋىشلەر، كۆرمىگەن بولسامغۇ كاشكى؟! ساندۇقتىكى نازىنىن بىر سەنەم ـــ يۈزى ئايدەك، سۇمبۇل چاچ، سەرۋى قامەت، جاھاننىڭ جېنى، جاننىڭ جاھانى ئىدى. ئەمما نازۇك بەدىنى جاپا خەنجىرىنىڭ زەخمى بىلەن مەجرۇھ بولۇپ، قۇندۇزدەك قاپقارا ئۆرۈمە چاچلىرى چۇۋۇلۇپ قانغا مىلەنگەن؛ گۈلدەك رۇخسارى باھار چېچەكىدەك سارغايغان؛ تولىمۇ زەئىپلىكتىن جاھان گۈلىستانىنىڭ ھەۋىسىدىن كۆزىنى يۇمغانىدى. ئۇشبۇ ھالەتتىن 〈ئۆلۈم شەربىتى ئىچكەن ئوخشايدۇ〉 دەپ گۇمان قىلدىم.

ـــ ئەي دەرۋىشلەر، بەختى قاچقان مەن تەتۈر پېشانە تەقدىر دۈشمىنىنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ، ئۇ زىبا نىگارنىڭ دەردىدە ئۆزۈمنى يوقىتىپ دېدىمكى: بېيىت:

دانە ھەم دامغە مايىل بولدى دىل،
بۇ سەبەبدىن بولدى مۇشكىل كارى دىل.

يۈلتۈزى ئېگىز، گۈزەللىكتە كامالىغا يەتكەن دۆلەت ـ شەرەپ ئىگىسىنىڭ بۇ قاتارلىق ھالىدىن ھەيران بولدۇم:

«قايسى يەردىن ۋە قايسى جەھەتتىن بۇ قىزغا مۇنداق ئۇۋالچىلىق يەتكەندۇر ۋە قايسى باغرى تاش زالىم بۇ قىزغا مۇنداق زۇلۇم قىلىپ، زۇلۇم تىغى بىلەن بۇ ھۆرمەت ئىگىسىنىڭ ئۆمۈر نوتىسىغا شىكەستە بەرگەندۇر؟!»

قىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ھەسرەت ۋە ئېچىنىش بىلەن يىغلىدىم. تۇساتتىن ئۇ مەھلىيا قىلغۇچى ھوشىغا كېلىپ مېنىڭ يىغلىغان ئاۋازىمنى ئاڭلاپ مۇڭلۇق نالە قىلىپ دېدىكى:

«ئەي نامۇۋاپىق يار، دىلىغا ئازار بەرگۈچى رەھىمسىز زالىم. بۇ بەرگەن تۇزۇمغا ۋاپا قىلغىنىڭمۇ ۋە ياكى مېھىر ـ مۇھەببەتنى بىجا كەلتۇرگىنىڭمۇ؟ بېيت:

جەزا بەردىڭ يامانلىق ياخشىلىققە،

كۆرۈپ تۇرغىل پاتارسەن ھەم پاتىققە 《9》

نېمە سەۋەبتىن قىلغان ياخشىلىقلىرىمنى ئۇنتۇدۇڭ ۋە ئۆمرۈمنىڭ چىرىغىنى ياشلىقىمنىڭ دەسلىپىدىلا ئۆچۈردۈڭ؟! ئۇلۇغلار ئېيتقانكى، بېيت:

يامانغا ياخشىلىق قىلغان ياماندۇر،

يامانلىق ياخشىغە قىلغان ھاماندۇر.

ھەر كىشى يامانغا ياخشىلىق قىلسا، رەنج ـ مۇشەققەت چەككۈسىدۇر.»

ئەي دەرۋىشلەر، مەن بېشى ئايلانغان ۋە ھەيران دىلخەستە ئۇل دىلرەبانىڭ شېرىن كەلامى بىلەن نالىسىنى ئاڭلىدىم ـ دە، بىراقلا كۆڭلۈمنى بېرىپ ياش ئۇنچىلىرىنى كىرپىك ئۇچى ئارقىلىق چاچقۇ قىلىپ دېدىمكى:

ـــ سېنى بۇ ئەھۋالدا كۆرمىگەن بولسام، كۆزلىرىم كور بولغاي؛ يولۇڭدىكى تىكەننى يۈلۈشتىن باش تارتسام، قولۇم كېسىلگەي؛ ئەگەر مۇھەببەتىڭدىن ئۆزگە ـ غەيرىنىڭ خىيالىدا بولسام، يامان كۆڭلۈم مۇڭىدىن بەتتەررەك شەرمەندە بولغاي!

ۋاقتىكى، ئۇل ئاي يۈزلۈك نازىنىن غەمكىن ئاۋازىمنى ئاڭلاپ دېدىكى:

سەن كىم بولسەن؟ نېمە سەۋەبتىن نالە چېكىسەن؟!

مەن ئۇنىڭغا جاۋاب بەردىم. بېيت:

غەرىبۇ بىكەسۇ بىخانۇمان مەن،

زەئىفۇ مۇبتەلاۋۇ ناتەۋان مەن.

ـــ ئەي نازىنىن، بۇ قۇلۇڭ يەمەن شەھرىدىن بولىمەن. ئۆزەڭ كىم؟ سەن قايسى چېمەننىڭ سەرۋىسى ۋە قايسى بەزمىخانىنىڭ شامى؟ خۇدايتائالادىن تەپ تارتماي، كىم بۇ زۇلۇم ـ سىتەمنى ساڭا راۋا كۆردى؟!

ئۇل نازىنىن ھەسرەتلىك ئاھ تارتىپ دېدىكى، بېيت:

كۆڭۈل دەردىن بەيان قىلسام ۋەلې دەردىمكى ئاندىندۇر،

بۇ كۆڭلۈم دەردىنىڭ دەردىغەكىم دەرمان ئەمەس دەرمان.

ـــ ئەي مەرد يىگىت، مېنى تۇپراق ئاستىغا كۆمۈۋەتكىن. مېنى كۆرمىگەن بول. ھېچكىمگە، ھېچ يەردە بۇ ماجىرانى ئېيتما. كەمىنە غېرىبىنىڭ سۈرەت ـ نەقشىنى خاتىرەڭنىڭ سەھىپىسىدىن ئۆچۈرۈۋەتكىن. خۇداۋەندە تائالا ساڭا ياخشىلىق ئەجرىنى بەرگەي!

قىز شۇلارنى دەپ يەنە ھوشىدىن كەتتى. كۆڭلۈم پەرىشان بولۇپ، بۇ ئىشقا ئاجىزلىق قىلىپ نېمە قىلارىمنى بىلمەي قالدىم. ئەقلىم گاھى قاچىدىغان يولنى ئىزدىسە، گاھى ئىشق يولىدا تەۋرەنمەسلىككە دالالەت قىلاتتى. ئاخىر ئۆز ـ ئۆزۈمگە دېدىمكى:

ـــ تا بۇ ئىشتا بېشىڭدىن كەچمىگۈچە ئاشىقلارنىڭ قاتارىدا تۇرالمايسەن! بېيت:

كىم ئۇل سابىت قەدەمدۇر ئاشىقدۇر ،
هەۋەسناكى قاچان ئۇل سادىقدۇر .

ۋاقىتىكى ، بۇ ئىشق سۇلتانى كۆڭلۈمنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى . رايىم ئۇنىڭغا قارار تاپتى . «بۇ مەجرۇھ زىبا نىگارنى شەھەرگە ئېلىپ بېرىپ داۋالىتاي ، ساقىيىپ قالسا كۆڭۈل زارىڭ ئارام ، قەلب جاراھىتىڭ شىپا تاپسۇن» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن كەچۈردۈم .

بەس ، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ هاياتلىقىدىن كۆڭلۈمنى تىندۇردۇم . ۋاقتىكى ، تەقەززالىق ئىچىدە سەھەرمۇ بولدى . شەھەرنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى . سەھەرالىقلار شەھەر تەرەپكە يۈزلەنگەندە مەن هەم سەھەرالىقلارغا قوشۇلۇپ تاڭ قاراڭغۇسىدا يۈز رەنج ـ مۇشەققەت بىلەن ھېلىقى ساندۇقنى ئاتقا ئارتىپ شەھەر ئىچىگە كىردىم . نەگە بېرىپ ، قايسى مەنزىلدە توختاشنى بىلمەيتتىم . تاكى تاڭ سۈزۈلۈپ جاهان يورىدى . كىشىلەر بىلەن بازار ئىچىگە كىرگەندىن كېيىن كۆڭلۈمدە سىرلار ۋە مەخپىيلىكلەرنى بىلگۈچى تەڭرىمنىڭ دەرگاھىغا مۇناجات قىلدىم . تۇساتتىن ئۇلۇغ تەرەپتىكى كارۋان سارايىنىڭ ئىشىكى ئېچىلدى . ئېتىمنى ساراي ئىچىگە ئەكىردىم . سارايۋەننى تېپىپ ، قونۇش ئۈچۈن بىر هوجرىنى ئىجارىگە ئالدىم . ساندۇقنى هۇجرىغا ئەكىرىپ قويۇپ «ئاتىنىڭ يەم ـ خەشىكىدىن خەۋەر ئال» دەپ ئاتنى بەش تىللا پۇل بىلەن سارايۋەنگە بەردىم . ئاندىن كېيىن هۇجرىغا كىرىپ خاتىرەمنى ئۇل زىبانىڭ هاياتلىق سەرمايىسى ئۈچۈن جەم قىلىپ ، قىزنى ساندۇقتىن چىقاردىم . شاهانە تۆشەكلەرنى سېلىپ ياتقۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزۈم تېۋىپلارنىڭ دوكىنىغا باردىم ۋە ئەهلى دەرد بىر تېۋىپنى كۆردۈم . تېۋىپ ئولتۇراتتى . بىر نەچچە شاگىرت بەللىرنى باغلاپ ئۇنىڭ ئەمرى بىلەن مەلهەم دورىلارنى ياسىماقتا ۋە دورا ـ دەرمانلارنى سوقۇپ يەنچىمەكتە ئىدى . ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم . ئۇل مەرد ئىلىك ئېلىپ سالامىمنى قايتۇرغاندىن كېيىن :

ئەي ئوغلۇم خىزمەت بۇيرىغىن ، ــــ دېدى .

ــــ بىر ئاغرىق كىشىم بار . كېسىلى زىيادە ئېغىر بولغاچقا سىرتقا ئېلىپ چىقىشقا ئاجىزدۇرمەن . ئېغىر كۆرمەي قەدەم تەشرىپ قىلىپ ، ئۇنى داۋالاپ قويسىلا كۆپتىن ـ كۆپ رازى قىلسام ... ــــ دېدىم .

تېۋىپ مەن بىلەن هۇجرىغا كېلىپ ، ئۇ گۈزەلنى كۆرۈپ بىر پەس مۇلاهىزە قىلدى . قولىنى سىيلاپ هەيران بولۇپ ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قولىقمىنىڭ تۆۋىگە بىر شاپىلاق ئۇردىكى ، ئۇنىڭ «لەززىتى» نى هەرگىز ئۇنتۇيالمايمەن . دىل ئاغرىقىدىن خاتىرەمگە «تېۋىپ بۇ گۈل رۇخسارنى تونۇپ قالدى بولغاي» دېگەن خىياللار كېچىپ جاندىن ئىلكىمنى يۇدۇم . يۈز تۈرلۈك سىياسەت ۋە رىيازەتكە بېلىمنى باغلاپ ئۆيۈلۈش ئېچىنىش نەزىرىدە ئولتۇردۇم . ئاندىن كېيىن تېۋىپ :

ــــ ئەي زالىم ، تاش يۈرەك ، بۇ گۈزەللەر سەرۋەرىنىڭ بېشىغا نېمە ئۈچۈن مۇنداق بالالارنى كەلتۈردۈڭ ؟ ، ــــ دېدى . مەن ئۇل مەردنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ قولىنى سۆيدۈم . ئېتىكىنى تۇتۇپ دەردلىك يىغلاپ دېدىمكى :

ــــ ئەي مەرد ، ئاگاھ بول ! خۇدا بىلەن قەسەمكى ، بۇ قىزنى مەن زەخىملەندۈرمىدىم . مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار هېچكىمگە نېسىپ بولمىسۇن . بۇ بىچارە مېنىڭ هەمشىرەم-

دۇر . ئەسلىم يەمەن شەھرىدىن . بىز بەيتۇل ـ مۇقەددەسنىڭ تاۋابىغا ئىرادە قىلىپ ئاتا ـ
ئانام ، دوستلار ، ئالاقىدار كىشىلەر ۋە بىرنەچچە يەمەنلىكلەر بىلەن كېتىپ باراتتۇق . توساتـ
تىن بىزگە قاراقچى تەگدى . مەن ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم . ۋاقتىكى ، قاراقچىلار
دوستلىرىمنىڭ پۇل ـ مېلى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئاتتى . يۈرىكىم كاۋاپ بولدى . كۆزلىرىم ياشقا
تولدى . تاقىتىم ـ تاق ھالدا كارۋانغا قوشۇلدۇم . ناگاھ بىر قەتلىگاھنى كۆردۈمكى ، ھەممە
ئەزىزلەر جانلىرىدىن ئايرىلغان ، قانلىرى توپىغا ئارىلاشقان بولۇپ ، جانلىرىنى پانىيلىق شاـ
مىلى بىلەن بەرباد قىلىپ سەھرادا يىقىلىپ ياتاتتى . ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەسرەتلىك نالە ـ
زار قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ ، يېنىغا بېرىپ ئۇشبۇ ھەمشىرەمنى تاپتىم . ئۇ ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىـ
سىدا نىمجان بولۇپ ياتقانىكەن . ۋاقتىكى ، بېشىنى قۇچقىمغا ئالدىم . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ مېنى
تونۇپ 〈 ئەي ئاكا ، بۇ يىغلاپ نالە ـ زار قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس 〉 دېدى . شۇنىڭدىن كېـ
يىن بىر بوش ساندۇق تېپىپ ھەمشىرەمنى ئۇنىڭ ئىچىگە ياتقۇزۇپ ئېتىمنىڭ ئۈستىگە
يۈكلەپ ، تاڭ ئاتقۇچە ئاتنى ھەيدەپ ، ئۆزۈمنى شەھەرگە ئېلىپ ئۇشبۇ سارايغا چۈشتۈم . »

جەرراھنىڭ چىرايىدا بىرئاز تەسكىن تاپقانلىق ئالامەتلىرى ھاسىل بولدى . ئاندىن
كېيىن دېدىمكى :

— ئەي ئاتا ، ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ خەيرخاھلىقلىرى بىلەن بۇ زەئىپ شىپا تاپسا ، نېمە
خالىسىلا شۇنى بېرىمەن . خۇدايىتائالا ئۆزلىرىگە ئەجىر ـ ئەزىم بەرگەي !

جەرراھ نېسى ۋەدىنى ئاڭلاپ :

— ئەي ئوغلۇم ، كىمكى بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى ئۈچۈن قول سۇنسا ، ئۇنىڭ قېنىغا
شېرىك بولغاي ، — دەپ كارۋان سارايدىن چىقىپ كەتتى . مەن ھەيرانلىقتا خىيالغا پېتىپ
تۇرۇپ قالدىم . ئول مەجرۇھنىڭ ھالى ـ زارىغا يىغلاپ قول ـ ئاياغلىرىغا بۇسە قىلىپ ، ئۇشبۇ
نەزمنى ئوقۇدۇم . بېيىت :

سىھھەتلىكتىن ئۈمىدىڭ كەسمە زىنھار ،
ئەجەب ئېرمەس شىفا تاپساڭ بەيەكبار .

«يەنە بىر مەرتىۋە بېرىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇراي . جەرراھ رەھىم قىلىپ كېلىپ قالسا
ئەجەب ئەمەس » دەپ كارۋان سارايدىن چىقىپ قارىسام ، ناگاھ شادلىقنىڭ خۇش خەۋىرى
كېلىۋېتىپتۇ : يۇرتۇمدا چاغدا ماللىرىمنى بىرسىگە ھاۋالە قىلغانىدىم . ماكان ـ مەنزىللىرىمنى
سوراپ شۇ كەلگەنىكەن .

ئەي دەرۋىشلەر ، جەرراھنىڭ ئىشكىدىن مەيۇسلىنىپ يانغانىدىم . جانابى ئاللا يار
بەردى . ماللىرىمنى تاپشۇرۇپ ئالدىم . ھەزرىتى ئاللاغا شۈكرى بىجا كەلتۈرۈپ گەزمالدىن
بىرئاز ئالدىم ـ دە، شادلىقتا يۈگۈرگىنىمچە جەرراھنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ :

— ئەي جەرراھ كىشى ، بۇ گەزماللارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ مېلىمدۇر ، — دەپ جان ـ
دىلىم بىلەن خىزمىتىدە بولۇپ ، خەجنى ھەم بېرىپ « جېنى ھەلقۇمىغا يەتتى ، تېزراق
داۋالاش چارىسىنى قىل » دەپ چاپسانراق مېڭىشقا ئالدىراتتىم .

ئۇ كىشى كارۋان سارايغا كېلىپ ماللىرىمنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولدى . ئاندىن كېيىن
بىر قازان سۇ ئىسسىتىپ ، ئول گۈزەلنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ جاراھەتلىرىنى تىكىپ

مەلھەم قويدى ۋە :

— ئەي پەرزەنتىم ، كۆندە ئىككى مەرتەم كېلىپ مەلھەمنى يېڭىلايمەن . خەۋەر ئال. غىن . تىككەن يەرلەر سۇكۇلۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن ، بۇ بىچارە مىدىرلىمىسۇن ! ھەر سائەتتە مۇشىك ۋە مەجنۇن تالىنىڭ شىرنىسىنى يۈزى ۋە بەدەنلىرىگە چېچىپ تۇرغىن ، — دەپ تا. پىلاپ قايتتى .

ئەي دەرۋىشلەر ، بۇ پېقىر بەندە شۇندىن كېيىن ئۇ نازىنىنىڭ بېشىدا ئولتۇردۇم . ھىممەت كەمىرىنى بېلىمگە باغلاپ ، ئۇيقۇ ۋە راھەتنى ئۆزۈمگە ھارام قىلدىم . قان ئارىلاش يېشىمنى نازىنىنىڭ ھالىغا ـ رەنج ـ مۇشەققەتلەر بىلەن زەخمىلەنگەن كۆڭۈلنىڭ ئەھۋالىغا تۆكەر ئىدىم . ئىچىمدە دەرد ـ پىراقتىن زار ـ زار نالە قىلاتتىم . ھەكىمى مۇتلەق ئاللادىن ئۇ. نىڭ ساقىيىپ سالامەت بولۇشىنى تىلەيتتىم . ئۇ جەرراھ كىشى كۈندە ئىككى قېتىم كېلىپ مەلھەمنى يېڭىلاپ ، قىز ئۈچۈن دورا ياسايتتى . ئون كۈندىن كېيىن ئۇ ياخشى خۇلۇقلۇق گۈزەل ساقىيىشقا يۈزلىنىپ ، سىھھەت تېپىپ بىزنى خاتىرجەم قىلدى . كۆڭلۈم ئۇ زىبا نىگارغا گىرىپتار ، بىر ئىشقىم مىڭ بولۇپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، مەجنۇنلاردەك كىيىملىرىمنى يىرتىپ چۆل ـ باياۋانلارغا چىقىپ كەتكۈم كېلەتتى . يەنە ئۇ دىلناۋازنىڭ خىزمىتىنى ئويلاپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالاتتىم . ئۇ ئاي يۈزلۈك گۈزەل بولسا مېنىڭ شەيدالىقىمغا شەپقەت يۈزىسىدىن پىكىر يۈرگۈزۈپ دىلدارلىق قىلاتتى . يىغا ـ زارىمغا تەسەللى بېرەتتى . مەن يۈزۈمنى ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا سۈركەيتتىم . تاقىتىم تاق بولۇپ ، يار ۋەسلىگە يېتىش ئۈستىكىدە ياشلىرىم كۆز چەشمىلىرىدىن سەلدەك راۋان بولاتتى . بۇ ھالدا ئۇ :

— خۇدايتائالا ساڭا سەبر ـ تاقەت ، ياخشىلىق ۋە نۇرغۇن مۇكاپات كارامەت قىلغاي ! ماڭا ئۆزۈن ئۆمۈر ۋە سالامەتلىك ئاتا قىلغايكى ، سېنىڭ كۆرسەتكەن مېھرىبانلىقلىرىڭنىڭ ئورنىنى تولدۇرغايمەن ، — دەيتتى .

قىرىق كۈنگىچە قىزنىڭ ھەممە جاراھەتلىرى ساقىيىپ ، يارىدىن ئەسەر قالمىدى . جەرراھ بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ ھاممامغا بېرىشىغا ئىجازەت بەردى . بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۇ سەرۋقەد ـ گۈزەل خۇشال بولۇپ ، شۇ كېچىنى ئىستىراھەت بىلەن ئادا قىلدى . بامدات نامى. زىدىن كېيىن ئىككى رىكەت شۇكرانە ناماز ئادا قىلىپ «كۆڭلۈم تائام خالاۋاتىدۇ» دېدى .

ئەي دەرۋىشلەر ، ھەتتا دۈشمەنلىرىمنىڭ بېشىغمۇ ماڭا روي بەرگەن بۇ كۈلپەتلەرنى سالمىسۇن . چۈنكى شۇ چاغلاردا مەن دائىم بۇ نىگارنىڭ بىر مەرتىۋە بولسىمۇ «شەربەت ئە. چىمەن» دەپ تەلەپ قىلىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم . ئاما كۆڭلى تارتمايتتى . مانا بۈگۈن تائام خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بىراق تاماق ھازىرلاشقا خەجىم يوق ئىدى . چۈنكى تامام بار ـ يوقۇمنى سەرپ قىلىپ بولغانىدىم . ساتقۇدەك ۋە ياكى گۆرۈگە قويغۇدەك ھېچنەرسەم قالمىغانىدى . خىجالەتتىن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ توختىماستىن كۆزلىرىمدىن ياش راۋان قىلدىم . ئۇ زىبا نىگار خەجىمنىڭ يوقلۇقىنى پەملەپ ، مەرھەمەت يۈزىسىدىن ماڭا نەزەر سېلىپ تەبەسسۇم بىلەن سۆز تاشلاپ :

— ئەي ئەزىز ، خەجىڭنىڭ يوقلۇقىدىن ئەندىشە قىلما . قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرگىن ، — دېدى .

مەن كۆزلىرىم ياش، كۆڭلۈم پەرىشان ھالدا تاشقىرى چىقىپ تاپشۇرۇلغان ماتېرىياللارنى تەخ قىلىپ خىزمىتىگە ئۆتكۈزدۇم. ئۇ ھېسابسىز مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ، ئىككى كەلىمە خەت پۈتۈپ ماڭا بەردى ۋە:

— شەھەرنىڭ چاسىسىدا بىر جاۋاھىر پۇرۇشنىڭ دۇكىنى بار. ئۇ دۇكاننىڭ ئىگىسى بىر ئاق ساقال كىشى. بۇ خەتنى شۇ كىشىگە بەرگىن. ھەرقانداق نەرسە بەرسە قوبۇل قىل، — دەپ ئۇ كىشىنىڭ بەلگە ـ نىشانلىرىنى ئېيتىپ بەردى. خەتنى ئېلىپ خىجالەت ۋە يوقسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئوقۇپمۇ كۆرمىدىم.

ۋاقتىكى، ئۇ كىشىنىڭ خىزمىتىگە بېرىپ خەتنى يەتكۈزدۇم. ئۇ كىشى خەتنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، خەتنى سۆيۈپ كۆزىگە سۈرتتى. دۇكىنىدىن چۈشۈپ قولۇمدىن تۇتۇپ ئۆيىگە راۋان بولدى. يول بويى ئۇ گۈزەلگە قىلغاندەك ھېسابسىز مېھرىبانلىق كۆرسەتتى. ئۆيىگە داخىل بولدۇق. مېنى مېھمانخانىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى خىلۋەتخانىسىغا كىرىپ كەتتى. بىر پەستىن كېيىن ئالتۇندىن ياپقۇچ قىلىنغان بىر خرۇستال تاۋاقنى ئېلىپ چىقتى ۋە تىللا داستىخانغا ئوراپ بىر غۇلامنىڭ بېشىغا قويدى. ئاندىن ماڭا ئۆزر ئېيتىپ غۇلامغا:

— بۇ يىگىتنىڭ يەنە ئالدىغان نەرسىسى بولسا ئۇنى ئېلىپ، نەگە بارسا بۇ تاۋاقنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ بېرىپ يانغىن، — دەپ ھاۋالە قىلدى.

مەن بۇ ئىشلارنى كۆرۈپ ئىختىيارىمنى يوقاتتىم. غەم ئىلكىدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە دېدىمكى:

— ئاخىرى بەختىمنىڭ قارىلىقى، تەلىيىمنىڭ كاجلىقىدىن ئىشىم بىر يەرگە يەتتى بولغاي، تائام سەۋەبىدىن تەقدىرىمگە بەرھەم بېرىپ بەختىم بىلەن جەڭ قىلدىم. شۇ سەۋەپلىك تىلىم قىسىلىدىغان بولدى. رۇبائى:

سەرنىگۇن دەۋران ئەدۇۋ قىلدى مېنى زىيرۇ زەبەر،
ئەي فەلەك، يوقدۇر مېنىڭدەك ھېچ كىشى بىپاۋۇ سەر.
يا زىمىن فەرشىنى ئالغايسەن ئايا غىمدىن فەلەك،
يا باشىمدىن ئال، ياشىل جەررىڭ ئېمىشسەن ھىيلەگەر.

ۋاقتىكى، كارۋان سارايغا يېتىپ كەلدىم. غۇلامنى داستىخاننى ھۇجرا ئىشىكىدە قويۇپ قايتىشقا بۇيرۇدۇم. ئاندىن كۆز يېشىمنى يۈزۈمدىن پاك قىلىپ، مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن داستىخاننى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ ناھايىتى ئېغىر ئىدى. نېمە سەۋەبتىن مۇنداق ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. داستىخاننى ھۇجرىغا ئېلىپ كىرگىنىمدە، ئۇ نازىنىن ئۆزرىلىك بىلەن دېدىكى:

— ئاچقىن، ئۇ ئالدامچى نېمىلەرنى ئەۋەتتىكىن!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەشنام بەرگەندىن زىيادىرەك ھەيران بولدۇم.

ۋاقتىكى، داستىخاننى ئاچقاندىن كېيىن، خرۇستال تاۋاقنىڭ ياپقۇچىنى ئالغىنىدىم، زەر ـ تىللا نۇرلىرى ھەر تەرەپكە چېچىلدى. مۇنى كۆرۈپ:

«بەلكىم، بۇ نازىنىن قايسىبىر خانداندىن بولسا كېرەك؟! كىچىككىنە ئەرزىمەس خەت

ئۇچۇن ھېسابسىز ئالتۇن بېرىپتۇ. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ كىشى مەن بىلەن ئەھۋاللاشقاندا ئۇززىدىن بۆلەك ھېچنېمە دېمىدى ...» دېگەنلەرنى كۆڭلۈمگە كەچتى.

ئاندىن ئۇ كۈمۈش بەدەن مەرھەمەت يۈزىسىدىن ماڭا:

— ئەي يىگىت، خەج ـ خىراجەتتىن ئەندىشە قىلما. تىجارەت سەرمايەڭنى مەن ئۇ- چۇن خىراجەت قىلىپ، نېمىگە ئېھتىياج بولسام شۇنى بىجا كەلتۈردۈڭ. ئۇنىڭغا كۆپ مىننەتدارمەن. تا تىرىك بولسام‌لا سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمەن. ئەگەر خۇدايتائالا خالىسا ئۆمرۈمگە ئامانلىق بەرسىلا ئاياغ ئىزىڭنى بۇسە قىلىپ، خىجالىتىڭدىن چىقىمەن. قىلغان ياخشىلىقىڭنى قايتۇرىمەن، — دەپ كۆپتىن ـ كۆپ كۆڭۈل سورىدى. مەن ھەم ئاياغلىرىغا يىقىلىپ دۇئاغا ئېغىز ئېچىپ دېدىمكى، بېيت:

يارەب، ئاسىبى زەمان بولسۇن ئاتىڭدىن بەس يىراق،
بىزگە لۇتفۇڭ سايەسىدىن ئۆزگە ئېرمەس ياخشىراق.

ئاندىن كېيىن ئۇ تائام سورىدى. يۈگۈرۈپ بازارغا چىقىپ چاي، تائام كەلتۈردۈم. ئۇ غىزالىنىپ بولۇپ:

— ئەي يىگىت، ئەگەر ئاشىقلىقىڭ راست بولسا سۆزۈمدىن چىقمايسەن ۋە دېگىنىمگە خىلاپلىق قىلمايسەن، — دېدى.

— نېمە دېسەڭ ۋە ھەرقانداق پەرمان چۈشۈرسەڭمۇ باش تارتمايدىغان، — دېدىم. ئاندىن كېيىن ئۇ:

— بازارغا بېرىپ ئۆزۈڭ ئۈچۈن ھەشمەتلىك ئىككى قۇر كىيىملىك سېتىۋالغىن، — دېدى. مەن سەل تۇرۇپ قالدىم.

— ئەھدىڭنى سۇندۇردۇڭ، بەس! مۇنداق قىلساڭ ئارىمىزدا قانداقمۇ سازاۋەرلىك بولسۇن؟! — دېدى قىز ۋە ئۆزىنىڭ ئەزىز جېنى بىلەن قەسەم قىلىپ:

— ھەر نېمىنى دېمەي، ئۇنى رەت قىلساڭلا سەندىن قاتتىق رەنجىيمەن، — دېدى.

قىزنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە تاپالمىدىم. بازارغا كىرىپ ئىككى قۇر ھەشەمەتلىك كىيىمنى ئېلىپ قىزنىڭ خىزمىتىگە كەلتۈردۈم. بىرى ئەرزانراق ئىدى. ئۇنى قوبۇل كۆرمىدى. نەچچە مەرتىۋە بازارغا بېرىپ، بىر ـ بىرلەپ تاللاپ تاكى قىزنىڭ كۆڭلىگە ياققاندىن كېيىن سېتىۋالدىم. ئاندىن دەرۋىنىڭ يېگانىسى بولغان بۇ يولباشچىنىڭ پەرمانى بىلەن ھاممامغا بېرىپ يۇيۇنۇپ، يېڭى كىيىمنى كىيىپ ھۇجرىغا كىردىم. ئۇ بىلىمنى يېشىپ مېنى يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. نىھايەت، ئۇنىڭ زەۋقى ۋە شەۋقىدىن يىغلار ئىدىم. ئۇ مەرھەمەت يەڭلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىمنى ئېرىتاتتى.

ئەي دەرۋىشلەر، تىرىكلىكنىڭ لەززىتىنى تېتىدىم. ئۇ شۇ قەدەر مېھرىبانلىق كۆر- سەتتىكى، ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىمنى پىدا، بېشىمنى ئاياغ ئاستىدا پايمال قىلىشنى خالايتتىم. قىز دېدىكى:

— ئەي يىگىت، ساڭا مەلۇم بولغايكى، بېرىپ بىر ئىمارەت سېتىۋېلىشنىڭ يولىنى قىلغىن. ئۆي ساتقۇچى ـ نەققاشلار بىلەن كۆرۈشۈپ نەرخى توغرىسىدا سۆھبەتلەش. ھەربىر ئۆينى كۆرۈپ ياقتۇرغانلىرىڭنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپ ماڭا كۆرسەتكىن. تاكى مەن

ھەم كۆرۈپ باھا قويـاي . مۇبادا قىممەت بولسىمۇ ئەندىشە قىلما . تەييار بولغاندا شۇ ئۆيگە كۆچۈپ بارىمىز . »

ئۇ يىگانەئى دەۋراننىڭ پەرمانىغا ئىنائەت قىلىپ ، بىر ئاي ئەتىگەندىن كەچكىچە بىر تەرەپتىن ئۇ گۈل بەدەننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئۆي ئىزدەپ مېھمانخانىغا چاپسام ، بىر تەرەپتىن ئۇ كۈمۈش بەدەننىڭ مۇلازىمىتىگە چاپاتتىم . تا كاتتا بىر مېھمانخانا تەييار بولدى . ئۇ نازىنىن ئۇنىڭ نەقىل قىلىپ سىزىلغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ ماقۇل بولدى . نەرقى ئون مىڭ تىللا بىلەن پۈتۈپ قارار تاپتى . ئاندىن كېيىن ئۇ :

— ماڭا بىر چۈمبەل كەلتۈرگىن ، — دېدى . سېتىۋېلىپ ئەكىلىپ بەردىم . ئۇ — كۈنگە ئوخشاش سەرۋى قەددىنىڭ پارلاپ تۇرغان جامالىنىڭ نۇرلىرى بىلەن چۈمبەل پانۇستەك يورۇپ كەتتى . قىزنىڭ پەرمانى بويىچە سارايۋەنگە بىر نەچچە دىنار «ئالتۇن ئاقچا» بەردىم - دە ، تەئەللۇقاتىمىزنى كۆتۈرۈپ ئول مەنزىلگاھىمىزغا يول ئالدۇق .

ۋاقتىكى ، ئۇ ئىززەت ئىقبالىنىڭ پارلاپ تۇرغان قۇياشى ئۇ شەرەپلىك ئۆيگە ، يەنى مېھمانخانىغا كىلىپ چۈشتى ۋە ئايلىنىپ يۈرۈپ مېھمانخانىنى تامام كۆرۈپ چىقىپ رازى بولدى . بىساتلارنى جايى جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ دېدىكى :

— ماڭا ھەم لىباس كېرەك بولىۋاتىدۇ .

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جان – جېنىمدىن سۆيۈنۈپ خۇرسەن بولدۇم . بېشىمنى ئاياغ قىـ لىپ يۈگۈرۈشكە ھازىرلاندىم . ئۇ گۈزەل تەبەسسۇم قىلىپ دېدىكى :

— قەددىمگە لايىق لىباسلارنى كىملەرنىڭ تىكىپ تەييار قىلىپ قويغانلىقىنى بىلەمسەنكىن ؟

— بىلمەسمەن . بۇ جاھاننىڭ كىيىملىرى قەددىڭگە لايىق ئەمەستۇر . مۇمكىن بولسا ئىدى ، بېھىشتىن كەلتۈرگەن بۇلاردىم . قىز دېدىكى :

— خانىيە سارايىغا بارغىن . ئۇ سارايىنىڭ ئىچى قەيسەرىيەدۇر . ئۇ شام پادىشاھىنىڭ بىنا قىلدۇرغان سارىيىمىش . ھەممىگە مەلۇمدۇركى ، [ ئۇ يەردە بىر دۇكان بولۇپ ، ئۇ ] دۇكاندا بىر يىگىت بار . شام پادىشاھىنىڭ كېرەك – يارىقى شۇ دۇكاندا باردۇر . ئۇ ھەمىشە كاتتا ، نەـ پىس لىباسلارنى تەييار قىلغۇچىدۇر . ئەگەر ئۇ يەرگە بارساڭ قىياس قىلالايمەنكى ، خالىغان كىيىملەرنى ئالالايسەن .

بەس ، زوق – شوق ۋە تىل ئىپادىلىگۈسىز ئىشتىياق بىلەن قەيسەرىيە سارىيىغا راۋان بولدۇم . ئۇ يەردە – بازارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دۇكاننى كۆردۈمكى : ئۇنىڭ تام – تۈرۈسلىرى ئالتۇن ۋە توق كۆك رەڭلىك تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەندى . دۇكاندا تۈرلۈك – تۈمەن ، كاتتا ۋە ئاجايىپ نەپىس رەختلەر توپ – توپ زەرباپ ۋە ئەتلەس ، كىمخابلار دەريا – دەريا تولۇپ ياتاتتى . ئۇ دۇكاندا بىر يىگىتنى كۆردۈمكى : ئۇ يىگىرمە ئىككى ياشلاردا ، يۈزلىرى ئاپتاپ كەبى نۇرلۇق ، چاچلىرى قاپقارا ، قەددى قامىتى كېلىشكەن ، بۇرۇتلىرى خەت تارتقان بولۇپ ، ھېچبىر ئىنسان مۇنداق قاملاشقان يىگىتنىڭ ئوخشىشىنى كۆرگەن ئەمەستۇر . رۇم ، ھىندى ، ھەبەشلەردىن نەچچىلىگەن قۇل ئۇ زەررىن كەمەرلىك يىگىتنىڭ خىزمىتىدە بەللىرىنى باغلاشقاندى . ئۇ – گۈزەل ھۆسنۇ جامال ئىگىسىنىڭ ماللىرىنىڭ تولىلىقىنى كۆـ

رۇپ ھەيران بولسام، ئۇ يىگىتنىڭ سالاپىتىنى كۆرۈپ تاماشا قىلغاچ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. يىگىت ئىلىك ئېلىپ مۇلايىملىق ۋە ئەدەپ بىلەن جاۋاب سالام بەرگەندى، ئېرىپ سۇ بولغىلى ئازلا قالدىم. يەنە ئۇ يىگىت ئولتۇرىدىغان پىل چىشىدىن ياسالغان بىر كۇرسىنى كۆردۇمكى، ھەيرەتتىن نەپسىمنى ئالالماي تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يىگىت مەرھەمەت ۋە مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن سۆھبەت قۇرۇپ، شېرىن ـ شەكەر سۆزلىرى ئارقىلىق مەن بىلەن ھاللاشتى. گوياكى بۇرۇندىن تارتىپ ئالاقىمىز باردەك دىلجويلۇق ۋە خۇشخۇيلۇق ئاداسىدىن كېيىن:

ـــ ئەگەر خىزمىتىڭىز بولسا ماڭا پەرمان قىلىڭ، ـــ دېدى.

مەخپىي دېمەكچى ئىدىم. مەن بىر مەستۇرە ئۈچۈن يىپەك كىيىم ـ كېچەك ئالدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. يىگىتنىڭ ئىشارىسى بىلەن چەبدەس قۇللىرى بوغچىلارنى ئېلىپ چىقىپ لىباسلارنىڭ ئالى، ئوتتۇرھال تۈرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ كۆرسەتتى. كۆزۈمگە بىرى بىرىدىن چىرايلىق كۆرىنەتتى. ئارىدىن نەپىس ۋە كۆركەمراقلىرىنى تاللىۋالدىم. ئۇلار ياخشى بىر بوغچىنى ئېلىپ چىقىپ لىباسلارنى يۆگەپ ئالدىمغا قويدى. يىگىتنىڭ تەقى ـ تۇرقى، يۈرۈش ـ تۇرۇشىغا مۇبتىلا بولغاندىم. يىگىت:

ـــ ئەي بۇرادەر، يەنە خىزمەت بولسا بۇيرۇڭ، ـــ دېدى. مەن رەھمەت ئېيتىپ، لىباسلارنىڭ باھاسىنى سورىدىم. «ئوتتۇزمىڭ تەڭگە» دەپ باھا قويدى. باھا تالىشىشتىن ئۆيۈلۈپ ئوتتۇزمىڭ تەڭگىنى بىر غۇلامغا ساناپ ھاۋالە قىلدىم. غۇلامغا يەنە ئىككى ـ ئۈچ تىللا چاي پۇلمۇ بەردىم. ئۇ يىگىت ماڭا ئوخشاش خېرىدارغا خېرىدارلىق كۆزى بىلەن قارىغانىدى. چۈنكى كىشىلەر بىلەن مۇئامىلە ـ تىجارەت قىلىشنىڭ رەسمى شۇكى، ناۋادا بىرەر نەرسىگە ئون تەڭگە دەپ باھا قويۇلدى دېسەك، ئىككى تەرەپ تالاشقاندىن كېيىن ساتقۇچى ئالتە تەڭگىدىن ئاشۇرۇپ سېتىشنى، ئالغۇچى يەتتە تەڭگىدىن زىيادە ئالماسلىقنى كۆڭلىگە پۈككەن بولىدۇ.

ئەي دەرۋىشلەر، ئۇ يىگىت بىر پەس ئويلىنىۋېلىپ:

ـــ ئەي بۇرادىرىم، سىز قايسى شەھەردىن بولىسىز؟، ـــ دەپ سورىدى.

ـــ يەمەن شەھىرىدىن بولىمەن، ـــ دەپ جاۋاب بەردىم.

ـــ بىر كېچە خىزمىتىڭىزدە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزۇشنى ئارزۇ قىلىمەن، ـــ دېدى يىگىت. مەن ئۇزرخاھلىق بىلدۈرۈپ دېدىمكى:

ـــ ئەي ئادەمگەرچىلىك بوستانىنىڭ كۆچىتى، ئۆزلىرىنىڭ مۇلازىمىتىدە بولسامغۇ ياخشى بولاتتى. ئەمما بىر مەستۇرەم باركى، ئۇنى تاشلاپ ھېچ يەرگە بارالمايمەن. بىز بۇ دىياردا غېرىبىدۇرمىز. ئۇنى تەنھا قويماقلىق ئىنساپ چېگرىسىدىن ھالقىپ كەتكەنلىكتۇر. ئىنشائاللا، ئەگەر ھاياتلا بولسام كېلىپ ئۆزلىرىنى دەردۇ سىرلىرىمدىن خالى قويماسمەن.

ـــ ئەي بۇرادەر، ـــ دېدى يىگىت غەلەت قەسەملەرنى بېرىپ، ـــ باھانە كۆرسەتمەڭ، بولمىسا بۇ كېچە مېنى ئۆيقۇدىن مەھرۇم قىلىپ يولىڭىزغا تەلمۈرتۈپ قويىسىز.

ئامالسىز، ئۆيگە بېرىپ كېلىدىغان بولۇپ ۋەدە بەردىم.

ۋاقتىكى، ئۆيۈمگە بېرىپ دەرۋازىنى قاقتىم. ئول ئالەمنىڭ يىگانە دىلبىرى ئىشىكنى ئېچىپ بوغچىنى قولۇمدىن ئالدى. كىيىملەرنى كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قوبۇل قىلدى. ئاندىن سې-

تىقچىنىڭ هال ـ ئەھۋالىنى سورىدى. كۆرگەنلىرىم بويىچە ئۇ يىگىتنىڭ مېھرىبانلىقىدىن تارتىپ مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغانلىرىغىچە بولغان ئىپادىلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. قىز دېدىكى:

— ئەي يىگىت، ئەگەر كۆڭلۈمنىڭ رازىلىقىنى تەلەپ قىلساڭ، ئۇ كىشىگە بەرگەن ۋەدەڭگە خىلاپلىق قىلمىغايسەن. ئۇلۇغلار يالغان ۋەدىنى خوپ كۆرمەيدۇ.

— ئەي جانانىم، — دېدىم مەن، — قۇلۇڭغا سېنىڭ خىزمىتىڭ يېتەرلىكتۇر. سەندىن ئۆزگە يەنە بىراۋغا مۇراجىئەت قىلماسمەن، بەلكى ئۇنى مەۋجۇت دەپ بىلمەسمەن.

قىز دېدىكى:

— ئەگەر خالىساڭ مەن سەندىن رازى بولىمەن. نېملا بولمىسۇن بەرگەن ۋەدەڭگە ۋاپا قىلغايسەن. مېنىڭ تەنھالىقىمدىن ئەندىشە قىلىشىڭنىڭ هاجىتى يوق.

ئۇ ئاي تاكى كۈن پاتقانغا قەدەر مېنى بېرىشقا دالالەت قىلدى. ئەمما ئۇنى تەنها قالارمىكىن دەپ بېرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايتتى. بىراق قىز:

— ئەگەر بارمىساڭ سەندىن رەنجىيمەن، — دەپ قەسەم قىلىپ تۇرۇۋالدى.

ئەي دەرۋىشلەر، ئاشىقلارنىڭ مەزھىپىدە مەشۇقنىڭ رىزاسى پەرزدۇر. ئاخىر دەردلىك كۆڭلۈم بىلەن ئۇ يىگىتنىڭ دۇكىنىغا راۋان بولدۇم. كۆردۈمكى، دۇكاننىڭ ئىشىكى ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ يىگىت دۇكاننىڭ ئالدىدا ـ كۇرسى ئۈستىدە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇراتتى. نەزىرى ماڭا چۈشكەندە ئەدەب بىلەن ئېغىز ئېچىپ ئۆزرخاھلىق بىلدۈردى ۋە قولۇمنى تۇتۇپ ئۆيى تەرەپكە يۈزلەندى.

ۋاقتىكى، ئۆيىگە داخىل بولغاندىن كېيىن بېهىشكە ئوخشاش بىر باغنى كۆردۈم. ئۇ يەردە ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغان، شاهانە بىساتلار سېلىنغان، ئەيش ـ ئىشرەت جابدۇرقلىرى تەخلەنگەن، كۆلنىڭ لېۋىگە بەزمە مەيدانى هازىرلانغان، مەي، كاۋاپ ۋە تۈرلۈك نازۇ ـ نېمەتلەر تەييارلانغان، بەزمە مەيدانىنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە بىر تەخت قويۇلغان، تەخت ئۈستىگە مەخمەل يوپۇق يېپىلغاندى. يىگىت دەرهال ئۈست كىيىمىنى يېشىپ، يەڭلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كەمەرلىرىنى بوشاتتى. ئاپئاق لىباسلىرى پانۇس يورۇقىدا جىلۋە قىلاتتى. ياقا يىرتىقىنى كۆرۈپ دىۋانە ۋە شەيدا بولدۇم. بېيىت:

پىرەهەن ئىچرە ئەگەر كۆرسە كىشى پىنهان ئانى،
دىن ـ ئىماندىن كېچەرمىشكىم كۆرۈپ ئۇريان ئانى.

ئەي دەرۋىشلەر، ئۇ يىگىت مېنىمۇ ئۈست كىيىملىرىمنى يەشتۈرۈپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئۆزۈن بويۇنلۇق مەي شىشىسىنى ئېلىپ جامنى لىق تولدۇرۇپ ئىچىۋېتىپ، مېھرىبانچىلىق كۆرسىتىپ تەكەللۇپ بىلەن ماڭا تۇتتى. ئۇشبۇ تەرىقىدە ئىككى ـ ئۈچ جام كۆتۈرۈۋەتتىم. باشلىرىم قىيىپ كەيپلىك باشلاندى. بۇ چاغدا ئاي سۈپەت ئۇرۇم چاچ تۆت غۇلام — هەر بىرى قوللىرىدا شادلىق بېغىشلىغۇچى سازلىرىنى تۇتقىنىچە كىرىپ سورۇنىنىڭ بىر چېتىدە ئولتۇرۇشتى. يىگىت ئورنىدىن قوپۇپ بۇلارغىمۇ نەچچە جام شاراب تۇتتى. ئۇلارمۇ شىركەيپ بولدى. بۇ سازەندە ـ چالغۇچىلار شۇنچىلىك خۇش ـ ئاۋاز ئىدىكى، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن ئاقار سۇنى ئېقىتىشتىن، ئۇچار جانىۋارلارنى ئۇچۇشتىن

توختىتار ئىدى . ئۇلار ھەر ساز قىلغانلىرىدا ئون ئىككى مۇقام ، يىگىرمە تۆت بۆلۈم ، قىرىق
سەككىز شاخابچىلىرىغىچە شۇ قەدەر جايىدا ئۇقاتتىكى ، نەغمە ـ ناۋالىق سەنئىتىدە ۋە كۈي-
شۇناسلىقتا ئاجايىپ ماھارىتى بىلەن غەمكىن كۆڭۈللەردىن غەشلىك داتلىرىنى ئالاتتى .
مۇزىكىنىڭ جانغا راھەت بېغىشلىغۇچى كۈي ـ ناۋالىرى ــــ ھىجاز 〈10 〉 ۋە ئىراق مۇقامى بى-
لەن ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئېرىتىپ بىھوش قىلاتتى . ئۇلار راست 〈11 〉 مۇقامىدا بۇ
غەزەلنى ئوقۇدى . **بېيىت :**

سۇھبەتى باغى بەھار ئۆزگە ئەمەسدۇر ياخشى يار ،
ساقىيا ، مەي تۇتكى ئەمدى قىلماغايسەن ئىنتىزار 〈 12 〉

ئەي دەرۋىشلەر ، بۇ دىلناۋاز يارنىڭ دىلدارلىقى ، شارابنىڭ كەيپى ۋە پەرىشتە سۇ-
پەت ، خۇش ئاۋاز سازەندىلەرنىڭ نەغمە ـ ناۋاسىدىن ئەقلىمنى يوقىتىپ بىھوش بولدۇم .
[ ئۆيدە تەنھا قالغان ] ئول سەنەم توغرىسىدىكى ئوي ـ پىكىر ئىشىمنىڭ سەرمايىسى ئىدى .
ئۇنى ھەم ئۇنۇتتۇم .

ۋاقتىكى ، ئۇ يىگىتنىڭ مەست ھالەتتە يىغلاۋاتقىنىنى كۆردۈم . مېھرىبانلىق بىلەن
قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ كۆز ياشلىرىنى ئاناردەك مەڭزىدىن پاك قىلاتتىم . دوستلۇق
يۈزىسىدىن پېشانىلىرىنى سۆيەتتىم . **بېيىت :**

خوبلار شەرمىن تۆكەردە قىلدىلار بۇ ئىختىيار ،
سۆھبەتى مەينى ھەرىفلەر ياخشى فەيدا قىلدىلار .

ئۇ يىگىت بىر سائەتتىن كېيىن بېشىنى تىزىغا قويۇپ :

ــــ كۆڭۈل سىرلىرىنى بۇرادەرلەردىن پىنھان تۇتماق ياخشى ئەمەس . ئۇ ھەم
مۇنافىقلىقنىڭ ئالامىتىدۇر ، ــــ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى ۋە بىر سائەت-
تىن كېيىن بىر نازىنىن سەنەمنى بىرگە ئېلىپ كىردىكى ، ئۇنىڭ جامالىدىن بۇ بەزمىخانا
نۇرلىنىپ كەتتى . مەن ئول ھۆر سۈپەتنى كۆرۈپ شۇئان ھوشۇمنى يوقاتتىم . يىگىتنىڭ ئى-
شارىتى بىلەن ئۇ دەۋرنىڭ يىگانىسى مەي شىششىسىنىڭ گەدىنىگە قول سېلىپ بىر جامنى لىق
تولدۇرۇپ ماڭا تۇتتى . ئىچىپ بولۇپ يىگىتنىڭ رۇخستى بىلەن جامنى قىزغا سۇندۇم . دې-
دىمكى ، **بېيىت :**

خوبلىق رەسمى ساڭا تەسلىمدۇر ،
خوبلارغە ئىشلارىڭ تەئلىمدۇر .

ئاندىن كېيىن ئۇ پەرىۋەش قېشىمىزدا ئولتۇرۇپ مېھرىبانلىق قىلدى . بىر سائەتتىن
كېيىن يىگىت :

ــــ ئەي جاھاننىڭ جېنى ، ئەگەر بۇرادەر ئەزىزىمگە بىردەم ساز ـ ناۋا قىلىپ بەرسە-
ڭىز قانداق بولار ، ــــ دەپ قىزغا ئىشارەت قىلدى . شۇئان ساز ھازىرلاندى . ئۇ ياخشىلىق
ئاسمىنىنىڭ زۆھرەسى ئورنىدىن تۇرۇپ شادلىق بىساتىدا ئولتۇرۇپ ، سازىنى قوچىقىغا ئېلىپ
چالغىلى تۇردى . ئۇ شۇ تەرىقىدە نەغمە سازلىق قىلدىكى ، ھەتتا ئاسمان سازەندىلىرىمۇ
بىھوش بولدى . ئۇ سازىغا تەڭكەش قىلىپ بۇ غەزەلنى ئوقۇدى . **بېيىت :**

گەر بادەئى فەرەھ بىرلەۋۇ گۇلرىز ھىبا ،

دانا ئەمەس ئول مەي قاشىدا قىلسە ئىبا .
مەئشۇق بىلەن بادە نىھان تاپسە ئەگەر ،
بول ئەيش بىلە شوخ ئىبرۇر پۇشى رەبا .

ئۇنىڭ كۆڭۈل ئۇۋلىغۇچى نەغمە ـ ناۋاسىدىن ۋۇجۇدۇم ئىرىپ خۇدۇمنى يوقاتتىم . يىگىت مېنى مەست كۆزدى بولغاي ، ئىستىراھەتكە باشلاپ پىل سۆڭىكى ۋە ئابنۇس ‹13 › ياغىچىدىن تەييارلانغان تەختكە گېلەم ـ بىساتلىرىنى سېلىپ ياتقۇزۇپ قويدى . ئاپئاق شام كۇمۇش شامداندا يېنىپ تۇراتتى . بېھىش ھۆرلىرىنى رەشك پەرمانى بىلەن تەخت ئايىغىدا ئولتۇرغۇزۇپ ، غەيرىلەرنىڭ كىرىپ ـ چىقىشىنى مەنئى قىلدى . مەي شىشىسى بىلەن جامنى ئول ئاي يۈزلۈكنىڭ ئالدىدا قويۇپ سۆھبەتنى خالى تۇتتى .

ۋاقتىكى ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇخلاپ ياتسام ئەدەبسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ، ياتقان جايىمدىن سەكرەپ تۇرۇپ بۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم . يىگىت مېنى قۇچاقلاپ دوستلۇقنى بىلدۇردى . ئۇ ـ كۆڭۈلنىڭ ئارامى ئەدەب بىلەن مەي تولدۇرۇلغان جامنى ماڭا تۇتتى . تەكەللۇپ قىلماستىن بۇ شارابنى ئىچىۋېتىپ سۆھبەتكە مەشغۇل بولدۇم . ئۇ دىلناۋاز ماڭا يەنە مېھرىبانلىق قىلىشقا باشلىدىكى ، بۇنداق مېھرىبانلىق ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەس ...

تاڭ سۈزۈلدى . شاراب كەيپىمۇ تارقىغانىدى . باشتىن ـ ئاياغ ئۆزۈمنى تونۇماي قالدىم . گەپنىڭ قىسقىسى ، ئىككى كېچە ـ كۈندۈز مەست ـ خامۇش يۈرۈپتىمەن . نەزمە :

چۇنان سەرگەرم ئەيش نۇش بولدۇم ،
خۇم مەيدەك ئىچىمگە جۇش ئۇردۇم .

ئۈچىنچى كېچىسى چىراغلار يېقىلغاندا مېنى ئۇيقۇ باستى . يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ ئول نازىنىن يادىمغا كېلىپ يىغلىدىم . ئۇ ئۆيدە تەنھا قالغانىدى . كۆڭلۈم ئىغىپ :

«كۆردۈڭمۇ ، نېمە ئىشلارنى قىلىپ ، قانداق بالالارنى بېشىڭغا كەلتۈردۈڭ ! بۇگۈن ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز بولدى . بۇ يەردە ئەيش ـ ئىشرەتكە گىرىپتار بولۇپ ، ئۇ لېۋى شېرىنىدىن خەۋەر ئالمىدىڭ » دەپ ئۆزۈمگە تاپا قىلاتتىم . ئۇ ئىككى دوست ئىچكىرىدە ئۆز قائىدىسى بىلەن سۆھبەتكە ئولتۇرغانىدى . ئۇلارغا قوشۇلماي ، ئۇخلىغان بولۇپ ئۆزۈمنى تاشلاپ يېتىۋالدىم . تاكى تاڭ يورۇغىچە جايىمدىن قوپمىدىم . كېيىن يىگىت مەشۇقىغا «تۇرغىن ، كېتەيلى » دەپ بىر ـ بىرىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تاشقىرىغا چىقىپ كېتىشتى . مەن بۇنى غەنىمەت بىلىپ ، سائەت سەبر قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە ، خىزمەتكارلىرىدىن كىيىملىرىمنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقىپ ھامامغا باردىم . بەدەنلىرىمنى شارابنىڭ پاسكىنچىلىقلىرىدىن پاك قىلىپ ئۆيگە راۋان بولدۇم . يولدا ئۆز ـ ئۆزۈمگە دېدىمكى :

ـــ ئەگەر ئول مېھرىبان ساڭا ئاچچىق قىلسا ياكى سەندىن ئاغرىنسا قانداق ئەپۇ سورايسەن . ئۇنىڭ قېشىدا خىجالەتتىن قانداقمۇ تۇرارسەن . ھەممە رەنج ـ مۇشەققەتلەردىن كۆرمىگەننى كۆردۈڭ . تارتمىغاننى تارتتىڭ . مانا ئەمدى بىر ناشايان ھەرىكەت بىلەن ئۆزۈڭنى بۇزۇپ خاراب قىلدىڭ !

ۋاقتىكى ، ئۆيگە يېتىپ كېلىپ ئىشىكنى قاقتىم . ئۇ دىلناۋاز ئىشىكنى ئاچتى . مېنىڭ

بىئارام بولۇۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ تەبەسسۇم ئەيلىدى . ئاياغلىرىغا يىقىلدىم . باسقان ئىزلىرىنى بۇسە قىلىپ ، ئەپۇ سورىماقچى ئىغىز ئاچتىم . ئەمما ئۇ دىلناۋاز :

— ئەي نادان ، نېمە دەپ مۇنچە بىئارام بولىسەن ؟ مەلۇمكى ، كىشىنىڭ ئۆيىگە بارماقلىق ھەر كىمنىڭ ئۆز ئىختىيارىدا بولسىمۇ ، لېكىن قايتماقلىق ئۆي ئىگىسىنىڭ رىزالىقى بىلەن بولىدۇ ، — دەپ مېنى خۇرسەن قىلدى ۋە :

— ماڭا مەلۇمكى ، سەن ئۇ يەرگە ئىلاجىسىزلىقتىن بارغانىدىڭ . نېملا بولمىسۇن بۇنىڭ ھەممىسى مېنى رازى ۋە خۇشال قىلىش ئۈچۈن بولدى ، — دەپ مېھرىبانلىق بىلەن كۆڭلۈمنى ئالدى . ئاندىن :

— خىجالەت بولما . بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە نېملەرنى كۆردۈڭ ۋە نېملەرنى ئاڭلىدىڭ . بايان قىلغىن ، — دېدى . مەن ئۇ يىگىت بىلەن مەشۇقىنىڭ ھۆسن - جامالى ، ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھرىبانلىقى ، بەزمە ئەھۋالى ، ئەسۋاب - جابدۇقلار ۋە مۇزىكانت - چالغۇچىلاردىن تارتىپ كۆرگەن - بىلگەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بايان قىلدىم . ئاندىن كېيىن ئۇ سۆزمەنلىك شەبىستانىنىڭ چىرىغى لەۋلىرىدىن شېكەر ياغدۇرۇپ :

— ئەي يىگىت ، بىلەمسەنكىن . رەسىم - قائىدە بويىچە كىشىنىڭ نېنى كىشىگە قەرزدۇر ، — دېدى .

مەن خىجالەتتىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ، ئۇ دىلئارامنىڭ دېگەنلىرىنى كىنايە ھېسابلاپ ئۆزۈمگە : «ئەلۋەتتە خەۋىرىم بار . قۇدرىتىم يەتسە ئىدى ، ئۇ يىگىتنىڭ مېھماندارچىلىقىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلغان ۋە ئۇنىڭ باراۋىرىدە مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن بولار ئىدىم » دەپ خىجىللىق بىلەن :

— ئەي مېھرىبان يار ، ئەي قەدىردان نىگار ، ئۇشبۇ خىجىللىقىم كۇتاھلىق بىلەن قىلغان ئىشلىرىمغا كۇپايىدۇر . كىنايە قىلماق ھاجەت ئەمەس ، — دېدىم . قىز دېدىكى :

— مېنىڭ سۆزلىرىمنى كىنايە ۋە تەنە ھېسابلىمىغىن . بەلكى تەلىپىم شۇكى ، سەنمۇ كۆزۈڭنى يۇمۇۋالماي ، بۇ ئىشتىن باش تارتماي ، ئۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلغىن !

— ئەي مېنىڭ تېنىمنىڭ جانى ، مەن كۆپ خاتالارنى سادىر قىلغانىدىم . لېكىن بۇ قېتىم سادىر بولغان خاتالارغا مەندە ئىختىيار يوق ئىدى ، — دېدىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ . قىز دېدىكى :

— ئاللا بىلەن قەسەمكى ، مەن بۇنى كىنايە قىلىپ دەۋاتقىنىم يوق . كۆڭلۈم شۇنى خالايدۇكى ، سەنمۇ ئۇ ئەزىزنى مېھمان قىلساڭ ، ئۇنىڭ قىلغان ئېھسانلىرىنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولمايسەن .

— تەلىپىڭنى قوبۇل قىلدىم . ئەمما ھويلىمىزنىڭ ئۈستىدە ئاسمان ، تۆت تەرىپىدە تامدىن باشقا نەرسىمىز يوق . قايسى ھازىرلىقىمىز بىلەن زىياپەت قىلىمىز ! ؟ — دېدىم تەئەججۈپ بىلەن كۈلۈپ . قىز دېدىكى :

— بۇ ئىشلاردا ھېچنېمىنىڭ غېمىنى يېمىگىن . ئۆزۈڭنى ۋە ئىشلىرىڭنى خۇدايتائالاغا تاپشۇر !

ئەي دەرۋىشلەر ، ئۆزۈمنى دەڭسەپ كۆردۈمكى ، ئۇ زىبا نىگارنىڭ سۆزى راست

ئىدى. ئۇ نازىنىنىڭ كۆڭلىگە تەسكىن بېرىش يۈزىسىدىن:

— بازارغا باراي. ئەي قەلبىمنىڭ قىبلىسى ۋە جېنى، ھەرقانداق پەرمان قىلساڭ ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ قوبۇل قىلىمەن، — دېدىم. قىز ئۇسال بولۇپ قىلىشتىن ئەنسىرەپ تاپىلاپ:

— ئۇ يىگىتنى ئالماي كەلمە، مەن يولۇڭلارغا قارايمەن! — دېدى.

ئەي دەرۋىشلەر، مەن شۇنچە پىكىر يۈرگۈزۈپمۇ ئۇشبۇ سۆزنىڭ تەكتىگە يېتەلمىدىم. ئاخىرى ئول سەنەمگە بەرگەن ۋەدەمنى ئادا قىلىش مەقسىتىدە يىگىتنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ئۆيىدىن تاشقىرى چىقتىم. ئەمما ھىيلە ئىشلىتىپ تەكلىپىمنى قوبۇل قىلماسلىقنىڭ يولىنى قىلاي دېگەن خىيال بىلەن باردىم. ۋاقتىكى، يىگىت مېنى كۆرۈپ ئەدەب بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئىشتىياق بىلەن كۆرۈشتى. يۇقىرى چىقىرىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى. ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن ھەم ئەپۇ سوراپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. يىگىت غۇلامغا ئىشارەت قىلدى. غۇلام ئالتۇن يايقۇچلۇق بىر مەرۋايىت كوزىنى كۈمۈش پەتنۇستا ئېلىپ كەلدى. يىگىت ئۇنىڭدىن بىر ئوتلام ئىچىپ ماڭا تۇتتى. سۇ بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ لېۋىمنى كوزىنىڭ لېۋىگە قويۇپ مەنمۇ بىر ئوتلاق ئىچتىم. ناھايىتىمۇ تاتلىق ۋە خۇش پۇراق شەربەت ئىكەن. يەنە بىر ئوتلاپ:

— بۇ نېمە؟ ئۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدىم.

— مەيخورلارنىڭ باش ئاغرىقىنى تۈگىتىپ، مېڭە ۋە يۈرەكنى قۇۋۋەتلەندۈرىدۇ. ئۇ سەندەل ۋە مۇشكبىد ‹14› ئەرەقى، شېكەر سۈيى، لىمۇن سۈيى ۋە قەنت، ئەنبەر قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان، — دېدى يىگىت.

ئەي دەرۋىشلەر، ۋاقتىكى، بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ قۇۋۋىتى ۋە كەيپى ماڭا يۈزلەندى. يەنە شەربەت تەلەپ قىلىپ ئىچتىم. تاكى دىمىغىم قىزىپ بىخۇد بولدۇم. كەيپىلىكتە ئۇ يىگىتكە دېدىمكى:

— بۇ كەمىنە مۇخلىسلىرى ئارزۇ قىلىمەنكى، بۇ بەندەئى ھەقىرنىڭ كۈلبىسىنى قەدەملىرىنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتقايلا.

مەستلىكتە ئۆزىمۇ ئېيتماي، باھانىمۇ ئىستىمەي تەكلىپ قىلدىم. ئۇ يىگىت:

— بۇرادەر — دوستلارنىڭ ئارىسىدا جۇدالىق يوقتۇر. ھەر قاچان سىز مۇنداق ئارزۇدىلا بولسىڭىز. ئەلۋەتتە بارۇرمەن، — دېدى.

ۋاقىت تا ئەسىر گىچە ئۇشبۇ تەرىقىدە ئۆتتى. يىگىت دۇكىنىنى تاقىدى. شۇ قەدەر مەست — بىخۇد بولدۇمكى، تا باشتىن — ئاياغ ئۆزۈمنى تونۇماي قالدىم. خامۇش ھالدا مەنزىلىمگە قاراپ راۋان بولدۇم. يىگىت مېنىڭ مەست ۋە پەرىشان ئىكەنلىكىمنى بىلىپ قولىنى گەدىنىمگە قويدى. مەن ھەم يىگىتنىڭ گەدىنىگە قولۇمنى قويۇپ يۆلىنىپ ماڭدىم. ئۆيۈمگە يېقىن قالغاندا بىرئاز سەگىپ قالدىم. ئۆيۈمدە ھېچنەرسىنىڭ يوقلۇقى ئېسىمگە كەلدى. شەرمەندە بولىدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپ ئەس — ھوشۇمنى يوقاتتىم. ئاياغلىرىم يۈرۈشتىن قالدى. يۈرىكىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئاندىن ئۆزۈمنى ساقسىز ھالەتكە سېلىپ بىخوتلارچە ئولتۇرۇۋالدىم. بۇنىڭدىن مەقسەت، قاراڭغۇ چۈشكەندە ئارىمىزدىكى رىشتىنى ئۈزۈپ قېچىپ كېتىش خىيالىغا كەلگەنىدىم.

قازارا، بىر جايغا يېتىپ كەلدۇق. ئۇ زەرگەرنىڭ كوچىسى ئىدى. يىگىت دېدىكى:

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، يول ئۇستىدە يىقىلمىغىن. ئۇيات بولىدۇ!

ئىلاجىسىزلىقتىن كۆزۈمنى ئېچىپ يولغا كىردىم. ۋاقتىكى، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىنى كۆردۈم. ئەتراپىنى سۇ سېپىپ سىيرىپ — سۈپۈرۈپ تازىلاپ قويۇپتۇ. نۇرغۇن كىشىلەر تەييارلىق بىلەن بولۇۋېتىپتۇ: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياساۋۇل سۈپەت ئىشىك ئاغىلىرى: بەزىلىرى خىزمەتچىلەر، سۇ توشىغۇچىلار، ياردەمچىلەر ۋە بەزىلىرى ئىش بېشى ئىدى.

«بىخۇدلۇق سەۋەبىدىن يولۇمدىن ئېزىپ قالغان ئوخشايمەن» دەپ جەزم قىلدىم. ۋاقتىكى، سىنچىلاپ قارىسام شۇ، ئۆز ئۆيۈمنىڭ كوچىسى. جامائەت خىزمەتكارلار تەرىقىسى بىلەن رىئايە قىلىپ ساقلاپ تۇرغانىكەن. ھەممىسى ئىشنى توختىتىپ ئىستىقبالغا كېلىشتى. ئۆيۈمنىڭ ئىشىكىگە كەلگەندە ھەشەمەتلىك لىباسلارنى كىيگەن ئىككى غۇلام — ھىندى بەچچە ئالدىمىزغا چىقتى: بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇن بىلەن بېزەلگەن مەي شىشىسى ۋە شېكەر سۈيى؛ يەنە بىرىنىڭ قولىدا ئالتۇندىن ياسالغان جاملار بار ئىدى. ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن بىر جامنى لىق تولدۇرۇپ ماڭا تۇتتى. مەست ئىدىم. شارابقا پەرۋا قىلمىدىم. يىگىت ئېلىپ ئەچىۋەتتى. ئۆيگە كىردۇق. ئۆي چىراغلارنىڭ قىزىل شولىسىدىن باھار پەسلىدىكى سۈبھىدەك يورۇپ كەتكەنىدى. شۇ قەدەر پاكىز ۋە كۆركەم ئىدىكى، گويا جەننەتكە ئوخشايتتى. تاملارنىڭ چېتىگە دەرەخت ۋە گۈللەر نەقىشلەنگەن، شاراب تولدۇرۇلغان شىشىلەر ئۇيۇقلارغا تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، دەرەخت شاخلىرىغا ئۇدۇللاپ ئېسىپ قويۇلغان قەپەسلەر ئىچىدىكى تۇتى، تۇمۇچۇق، تورغاي، بۇلبۇل، كەكلىك ۋە پاختەك قاتارلىق قۇشلار ئەتىرنىڭ خۇش بۇي ھىدى ۋە شاملارنىڭ شولىسى ئىچىدە بەئەينى بوستاندا تۇرغاندەك خەندان ئۇرۇپ سايرىشاتتى.

ۋاقتىكى، مېھمانخانىغا كىردۇق. سۇپىغا شاھانە بىساتلار سېلىنغان، ئەتلەس ۋە زەرباب داستىخانلار يېپىلغان، ئەيش — ئىشرەت لازىمەتلىرى ۋە تۈرلۈك نازۇ — نېمەتلەر تەييارلانغان؛ ياقۇت ۋە مەرۋايىتتىن ياسالغان مەي شېشىلىرى، كۈمۈش ۋە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىپ تىللادىن قىممەت باھا تاشلار بىلەن ياسالغان ئۇزۇن بويۇنلۇق مەي ئىدىشلىرى تەخلەنگەن؛ ئاپئاق شاملار تىللا ۋە كۈمۈش شامدانلاردا نۇر چېچىپ تۇرغان؛ خۇش روي ۋە ئاي سۈپەت شوخ — ئويناق چالغۇچى — سازەندىلەر خۇش ناۋا بىلەن مەجلىس ئەتراپىدا قارار تاپقانىدى. نەزەردىن ئۆتكەن ساقىيلار ۋە زەرباب كۇلاھ كىيگەن خىزمەتكارلار، بەللىرىگە قىممەت باھا تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن كەمەر تاقىۋالغان مۇلازىملار ھەر يەردە خەۋەردار بولۇپ، چەبدەسلىك بىلەن باراۋەر سەپ تۈزۈپ، ئۇ يىگىت داخىل بولۇش بىلەن تەڭ تەنتەنە قىلىشاتتى. يىگىت ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولسا، بۇ قاتارلىق زىبايەت ۋە تەنتەنىدىن خىجالەت بولدى. ئەمما مەن ھەيران بولدۇمكى، ئۆيۈمدىن چىققان ۋاقتىمدا بۇلاردىن ھېچبىرىنىڭ ئىزناسىمۇ يوق ئىدى. يىگىتنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزۈم ھەيرانلىق ئىلكىدە ئول مەقسەت گۆھىرىنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە يۈگۈردۈم. لېكىن تاپالمىدىم. ئۆزۈمگە دېدىمكى:

«ئەلۋەتتە، بۇ ئاجايىپ — غارايىپ كۆرۈنۈشلەر چۈشۈم بولسا كېرەك. ياكى شارابنىڭ

كەيپى بىلەن تەسەۋۋۇرۇمدا شۇنداق كۆرۈنۈۋاتقاندۇر . »

سارسىمە بولۇپ ئۆيدىن ئۆيگە چېپىپ يۈرۈپ بىتابلىق ئىچىدە ، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئوتتۇز ئۈچ شاھانە خانىلارنى كۆردۈم . تاكى ساندۇقخانا ، زىلچە گېلەمخانا ، شارابخانا ۋە خىلۋەتخانىلارنى ؛ بۇلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە جايلارنى كۆرۈپ ئاشخانىغا يەتتىم . بۇ يەردە ئاشپەزلەرنى ، تاييارلانغان نەچچە تۈرلۈك تائاملارنى ھەممە نەرسىنىڭ جايى - جايىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم . ئەمما ، ئۇ كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغان نىگارنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرمىدىم . ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى تاپتىمكى ، ئۇ بىر ئاشخانىنىڭ بولۇڭىدا پاقلان ۋە ئاھۇلارنىڭ گۆشلىرىنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ كاۋاب تەييارلاۋاتقانىكەن . ئۇ - تىرىكلىك دەرياسىنىڭ سەرۋىرى جەندە كىيىپ ئۆزىنى يوشۇرغانىدى .

ۋاقتىكى ، ئۇنى بۇ ھالدا كۆرۈپ قولىدىن بۇسە قىلىپ ، بۇ ئاجايىباتلاردىن سوئال قىلدىم . ئۇ ماڭا :

— ئەي يىگىت ، مېھماننى تەنھا قويۇپ ئۆزى باشقا يەرلەردە يۈرۈش ئادەمزاتلارنىڭ رەسىم - قائىدىسى ئەمەس ! — دېدى .

— ئۆزۈڭگە پىدا بولۇپ جامالىڭنىڭ ھىجرىدىن بۇ يەرگە كەلدىم . گۈزەل ھۆسنۈڭدىن دىۋانە ، ئەقىل ۋە ئىدراكتىن بىگانە بولۇپدۇرمەن ، — دېدىم مەن . **بېيىت :**

ماڭا مەنئ ئەيلەمە ئاشۇفتەلىكدىن لەيلىدىن ئۆزگە ،
ئەمەس مەجنۇن جەھاندا ئۆزگە مەئشۇقلارغە ئول مايىل .

ئۇ نىگار بۇ سۆزلىرىمدىن خەندە قىلىپ دېدىمكى :

— ھازىر بۇ ھېكايەتنىڭ ۋاقتى ئەمەس . چاپسان بولغىن ، مېھمان ئۈچۈن بولسىمۇ ھەرىكەت قىل . ئەگەر مېنى خۇشال قىلىشنى خالىساڭ مېھماننىڭ يېنىدا بول . ئۇلۇغلۇق ۋە كاتتىلىقىڭنى نامايان قىل . ئۇنى تاشلاپ كەتمە . چوڭچىلىق بىلەن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە كىيىم - كېچەكلەرنى خالىغان ئادەملىرىڭگە ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىۋەر . مۇلازىملارغا ھۆكۈمرانلىق تەرىقىسىدە خىزمەت بۇيرىغىن . بۇلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا لايىق ئەمەسمەن دەپ ئويلىما . نېمە دەپ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەكمەن دەپ ھەم سورىما . ئەگەر قىلالىساڭ شۇنداق قىلغىنكى ، ئۇ يىگىتنىڭ مەشۇقىنى ھەم ھازىر قىلغىن . تا مېھماننىڭ راھىتى پۈتكۈل زىياپەتتىڭدىن كۆرە مەشۇقى بىلەن ھاسىل بولغاي . ھەتتا شارابنى مەشۇقسىز ئىچمەكلىك ئىشرەت زەھرىنى ئىچمەكلىككە باراۋەردۇر .

ئەي دەرۋىشلەر ، مەن بۇ سۆزلەردىن خاتىرجەم بولۇپ مەجلىسكە بېرىپ ، ھەقتا ئالانىڭ شۈكرانىسىگە مەشغۇل بولدۇم . **بېيىت :**

ئەگەرچە نەچچە كۈن سەن رەنج تارتتىڭ ، ھەمىشە بولماسە ئاشىق پەرىشان ،
ۋە لېكىن ئاخىرىدە گەنج تاپتىڭ . قاچان تاپقاي مۇھەببەت ئىچرە سامان .

بىز شۇنداق خۇشال - خۇرام ۋە ئىشرەت كۈلكىسى بىلەن ئولتۇردۇقكى ، ساقىيلار ، چالغۇچى - سازەندىلەرگە مەجلىس ئۈستىدىلا ساخاۋەت قىلماققا ئەمىر قىلدىم . **بېيىت :**

بادەدىن ساقى يۈزى گۈلگۈن ئېرۇر ،
سەۋتى بۇلبۇل قۇلقۇلى مەيگۈن ئېرۇر .

ئۇشبۇ غەزەللەر بىلەن كاچ پەلەك ـ تۇرمۇش لەززىتىنىڭ رەڭۋازلىقىدىن غاپىل بو-لۇپ ، مېھمان بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت ۋە مۇھەببەت مەستلىكىگە مەشغۇل بولدۇم . سۆھبەت ۋاقتىدا يىگىتكە دېدىمكى :

ــ كەمىنە مۇخلىسىڭدۇرمەن . بۇ جاي بەندەڭنىڭ جايىدۇر . مەشۇقۇڭ ھەم قەدەم تەشرىپ قىلغان بولسا ئىدى ، تا ئۇنىڭ سۆھبىتى بىلەن كۆڭلۈڭ دىل غەشلىكىدىن خالى بولغان بولاتتى .

يىگىت غۇلامىغا ئىشارەت قىلدى . غۇلام بېرىپ ئۇ زىبانى چاقىرىپ كەلدى . ئاندىن كېيىن ئەيش ـ ئىشرەت ۋە يېمەك ـ ئىچمىكىمىز ئەۋجىگە چىقىپ تا ئۈچ كۈنگىچە سۆھبەت قۇرۇپ ، خۇشاللىق ئۇرۇقىنى شۇ قەدەر چاچتۇقكى ، بەزمە مەزمۇنى ھەر زامان بۇ رۇبائى ئار-قىلىق زاھىر بولغاي . رۇبائى :

سەد لەشكەر كى ، ئەييام ماڭا كام ئېرۇر ،
جەمشىد غۇلامىمكى ماڭا جام ئېرۇر .
مەئشۇق قۇچاقىمدا چۇ ساغەر ئىچتى مەي ،
مىن بەئدۇ غەمۇ غۇسسە ماڭا رام ئېرۇر .

ئەي دەرۋىشلەر ، تۆتىنچى كېچە ھەم شۇ تەرىقىدە ئۆتتى . بېيىت :

بادەدىن ھەمرىڭگى سەھبا قىلدى ئول زىبىا نىگار ،
بىخۇدۇ بىھۇش ئەيلەپ قويمادى بىر زۇلفى تار .

ۋاقىتكى ، مەستلىكتىن ئۆزۈمگە كەلدىم . كۆن ئىككى نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ . ئورنۇمدىن قوپۇپ ئەتراپقا قارىسام خىزمەت قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر ۋە باشقا جابدۇق ـ ئەسۋاب ، زىبۇ زىننەت بۇيۇملىرىدىن ھېچنەرسە يوق ئىدى . ھەر تەرەپكە يۈگۈردۈم . نە ئادەملەر ۋە زىبۇ زىننەتلەردىن ئەسەر ، نە ئەيش ـ ئىشرەتتىن بىرەر نىشانە يوق ئىدى . پەقەت ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇرغان بىر گېلەمنى كۆردۈم . گېلەم تۇمار شەكلىدە قاتلاپ قويۇلغانىكەن . ۋاقىتكى ، ئېچىپ قارىسام يىگىت بىلەن مەشۇقىنىڭ تەنلىرى بېشى كېسىلگەن ھالەتتە قانغا مىلىنىپ يېتىپتۇ . بۇنى كۆرۈپ قورقىنىمدىن بىھۇش بولۇپ يەنە ھوشۇمغا كەلدىم . ئاھ ـ پىغانلار چەكتىم . ئەمما نېمە قىلىشىمنى بىلمىدىم . ئاخىر بۇ بالا ـ قازا گىردابىدىن ئۆزۈمنى چەتكە ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم ....

ئەي دەرۋىشلەر ، شۇ چاغدا مەن ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر مۇسىبەت ۋە بالا بولغىنى شۇكى ، مەن ئۇ نازىنىنغا ئاشىق ۋە شەيدا بولۇپ تا بۈگۈنگىچە نۇرغۇن ئىشلارغا دۇچار بولدۇم . مې-نىڭ ئەقىدەم شۇ قەدەر چىڭ باغلانغان ئىدىكى ، ئۇنى يېشىپ بوشىتىش تولىمۇ مۇشكۈل ئىدى . ئالاھەزەل ھەيران ۋە پەرىشان بولۇپ ، نالە ـ زار قىلىپ ئول مەشۇق ـ دىلناۋازىمنى تا-پار مەنمىكىن دەپ ، ھەر تەرەپكە يۈگۈردۈم . تۇساتتىن بىر ئادەمنىڭ ئىشىكتىن كىرىپ ئىمارەت تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم . كۆڭلۈمدە «يىگىتنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن

بولۇپ قالمىسۇن » دەپ ئويلاپ ئۇنى بىر ئامال قىلىپ تاشقىرىغا چىقارماسلىقنىڭ يولىغا چۈشتۈم ـ دە ، ئۆزۈمنى يوشۇرۇپ باغچىغا كىرىۋالدىم . دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدىن ئىپتىيات بىلەن بېرىپ قارىسام ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئېتىلگەن ئىكەن . كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ ، ئۇنى تونۇماستىن كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇردۇم . قارىسام ئۇ زىبا نىگارىمنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن ئىكەن . ئالدىنقى كۈنلىرى خىزمەت قىلىپ يۈرەتتى . ئۇنىڭدىن :

ـــ كىمنى ئىزلەيسەن ، ئۇ سېھىر قىلغۇچى رەنا قەيەردە ؟ سەن نەدە يۈردۈڭ ۋە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ ـــ دەپ سورىدىم . ئۇ :

ـــ سىز ئۇ رەناغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان سۆزلەرنى قىلىۋاتىسىز . قارىغاندا ئۇنىڭدىن رەنجىگەن ئوخشايسىز . ئەمما ئۇ سىزنىڭ پىكرىڭىزدە ، ـــ دېدى .

ـــ ھالى قانداق ، نېمە ئىش بىلەن بولۇۋاتىدۇ ؟ كۆڭلۈم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ مەجرۇھ بولدى ، ـــ دېدىم . ئۇ :

ـــ كېلىنىڭ ، سىزنى ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئېلىپ باراي ، ـــ دېدى . يارغا يېتىشىشنىڭ خۇش خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، مەزكۇر ۋەقەلەرنى ئۇنتۇپ پۈتكۈل زوق بىلەن غۇلامنىڭ ئارقىسىدىن راۋان بولدۇم . ئەمما زىيادە خۇرسەن بولغىنىمدىن ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇدۇم . غۇلام ھەم دىلدارلىق كۆرسىتەتتى . نەچچە مەنزىل يول يۈرگەندىن كېيىن بىر شاھانە يەرگە يەتتىم . ئۇ يەردە ئۇلۇغ ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغانىكەن . ئۇ يەردە يەنە ئەقلدىن تاشقىرى شۇنداق بىر دەرۋازىنى كۆردۈمكى ، ئۇنى «بىر ئۇلۇغ كىشىنىڭ دەرۋازىسى بولسا كېرەك » دەپ پەم قىلدىم . دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا كاتتا بىر مەسچىت بار ئىدى . مەسچىتنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ سۇ ئېقىپ تۇراتتى . سۇ لېۋىدىكى دەرەخلەرنىڭ سايىسى خېلى يەرگىچە چۈشۈپ تۇراتتى . غۇلام مېنى دەرەخلەرنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ، ئۆزى ئىچكىرى كىرىپ كەتتى . بىرەر سائەتتىن كېيىن غۇلام بىر دەرۋازىۋەن بىلەن بىرگە چىقتى . دەرۋازىۋەن ھويلىنىڭ دەرۋازىسىدا قېلىپ ، غۇلام بەچچە قېشىمغا كەلدى ۋە :

ـــ ئەي يىگىت ، بۈگۈن مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ كەچ بولغاندا بۇ ئىشىككە كەلگىن . دەرۋازىۋەن سېنى مەلىكىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ ، ـــ دېدى .

ئەي دەرۋىشلەر ، كۆزۈم قانلىق ، كۆڭلۈم پەرىشان ‹15 › بولۇپ مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىدا ئاھ ئۇرۇپ ، نالە ـ زار بىلەن دەرگاھى ھەققىغە مۇناجات قىلىپ ئولتۇردۇم . تا كەچ بولدى . كىشىلەرنىڭ ئايىغى ھەم ئۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى . ھويلىنىڭ ئىشىكىگە باردىم . كىرپىكلىرىمنى سۈپۈرگە قىلىپ ئۇ ئاستانىنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى سۈپۈرۈپ ، كۆز يېشىم سۇ سېپىپ ، بۇ ئاشقانە شېئىرنى ئوقۇدۇم . بېيىت :

شەبى ھىجران ئۆزۈمگە ھېچ كىشى ھەمدەم تاپالماسمەن ،
ئۆلۈمگە ھەم رىزا بولدۇمكى مەن ئانى تاپالماسمەن .
ئۇ ئالەم ئىچرە مەجنۇنغە كۆڭۈل دەردىنى ئايتارمەن ،
ۋەگەر نە ھېچ ھەمدەمنى بۇ ئالەمدە تاپالماسمەن .

ناگاھ ئۇ دەرۋازا ئېچىلدى . دەرۋازىۋەن مېنى ئىچكىرىگە جەننەت كەبى بىر باغقا باشلاپ كىردى . باغدا مېۋىلىك دەرەخلەر ۋە تىكەنسىز گۈللەر رەت ــ رېتى بىلەن ئۆستۈرۈلگەن ، گۈللەرنىڭ ئەتراپىدا بىر ئېرىق سۇ ئېقىپ تۇرغان ، ئېرىقنىڭ قىرغىقىدا يەـ پەك گىلەملەر سېلىنغان بولۇپ ، ئالتۇن شامدانلاردا ئاپئاق شاملار ياندۇرۇغلۇق ئىدى . دەرۋازىۋەن مېنى شۇ يەردە ئولتۇرۇشقا بۇيرىدى . كۆڭۈل كۆزۈمنى ئۇ ئاي يىنىڭ يولىغا تىكىپ ، ئۇ يۈكسەك ئۇلۇغلۇق قۇياشنى قايسى تەرەپتىن چىقاركىن دەپ ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇردۇم . بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئاي يۈز ئىززەت ئېھتىرام بىلەن ئون تۆت كۈنلۈك ئاي كەبى پەيدا بولدى . ئۇنى كۆرۈپ ئىشقىمنىڭ بىرى مىڭ بولدى . ئۇ خۇش بوي چاچلىرىنى ئۆرۈۋالغان ئاپتاپ ــ جاھاننى يورۇتقۇچىنى كۈيلەپ قوشاق قاتتىم . **بېيىت :**

چەشم جادۇ ئېچرە يۈزمىڭ نازى بار ،
زۇلف ئەبرۇ ئىچرە يۈزمىڭ رازى بار .
گەر خىرام ئەيلەر چەمەن ئىچرە سەنەم ،
سەرۋ ــ شەمشاد ئىچرە يۈزمىڭ سازى بار .

ھەشەمەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ ، قىممەت باھا گۆھەرلەر بىلەن بېزەلگەن تاجنى بېشىغا قوندۇرۇۋالغان ئۇ ئاي ئاجايىپ ناز ــ كەرەشمە قىلىپ قېشىمغا كەلدى . مەھەممەت نەـ زىرى بىلەن قاراپ ئەھۋالىمنى ــ پەرىشان ھالىمنى سورىدى . شېرىن سۆزلىرى بىلەن تاقەتسىز كۆڭلۈمنىڭ زەخمىگە تۇز سېپىپ ، يېگى باشتىن سەۋرسىزلىك ۋە بىقارارلىققا گىـ رىپتار قىلدى . مەن بىچارە ھوشسىزنىڭ نەپەس ئالغۇچىلىك قۇدرىتىم قالمىدى . ئۇ ئاي ئىلتىپات سۆزلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ، **مىسرەئ :**

ئۇزرر تەقسىراتىمىز ئانداغكى تەقسىراتىمىز .

ئۇزرىلار ئېيتىپ ، شىكەستە كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ :

ــ نەچچە مۇددەتلەردىن بېرى مېنىڭ رىزالىقىم ئۈچۈن جاپالار چەكتىڭ . بىرەر كۈـ نۈڭمۇ راھەت بىلەن ئۆتمىدى . مانا ئەمدى ، روزگارىڭ ئۈمىدلىك بولغاي ! خۇدايتائالا ساڭا ئەجىر ــ ئەزىم بەرگەي ! سودىگەرلىكنىڭ داسمايىسىنى ئۆز يۇرتىڭدىن مەنپەئەت ئۈمىدى بىـ لەن ئېلىپ كەلگەنىدىڭ . لېكىن ھەممىسىنى مېنىڭ داۋالىنىشىم ئۈچۈن سەرپ قىلىپ تۈگەتتىڭ . ھازىر بىزنىڭ ساڭا تۇتۇدىغان ئازغىنە پول خەرجىمىز بار . قوبۇل قىلىپ بىزنىڭ ئەدەبسىزلىكىمىزنى ئەپۇ قىلىپ ، دۇئالىرىڭدا يادلاپ قويغايسەن ، ــ دەپ دەرۋازىۋەنگە ئىشاـ رەت قىلدى ، ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن دەرۋازىۋەن ئىككى كاسا ئالتۇن ــ تىللا كەلتۈرۈپ مېنىڭ ئالدىمدا قويدى . ئۇ دىلرەبا دەرۋازىۋەنگە :

ــ ياخشى بىر ئات بەر ، بۇ كىچە ئاتلىنىپ شەھەردىن چىقىپ كەتسۇن ! ــ دەپ ، ئورنىدىن ماڭغىلى تەمشەلدى . كۆرۈپ تۇرۇپتىمەنكى ، ئۇ نازىنىن قولۇمدىن چىقىپ كەتكۈـ دەك ، دەرھال ئېتەكىنى تۇتۇپ ، **بېيىت :**

ئەي سەرۋى خۇشخىرام ، نەخۇشدۇر خىرامىڭىز ،
ئۇششاقى مۇبتەلالارغە شىرىندۇر كەلامىڭىز .

ــ بۇ غەمكىن پېقىرنىڭ ئىككى كەلىمە ۋەسىيىتىگە قۇلاق سالغىن ، ــ دېدى . ئۇ

تەبۇسسۇم ئەيلەپ :

— قېنى ئېيتقىن ، قانداق ۋەسىيىتىڭ بار ، — دېدى .

— ئەي مېنىڭ دەسمايەم بولغان نازىنىن ، ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن ! شاراپەتلىك خاتىرەڭگە شۇ نەرسە ئايان بولسۇنكى ، مېنى بۇ كېچە بىر زەرب بىلەن ھالاك قىلغىن . بىرەر خىلۋەت يەرگە دەپنە قىلىپ بۇ سىردىن ھېچكىمنى خەۋەردار قىلمىغىن ئەگەر مەن بىئەدەبلىك قىلغان ، پەرمانىڭنى تۇتمىغان بولسام ۋەسىيىتىم تەرىقىسى بىلەن ئادىللىق قىلغىن . يامانلىقىمغا جازا قوللانمىغىن . بېيىت :

گەر يامان قىلسام يامانلىق قىلماغىل ،
فەرق بولسۇن خەلق ئارا ياخشى ـ يامان .

ناۋادا ياخشىلىق قىلغان بولسام ، بەس ، سەن نېمە ئۈچۈن يامانلىق قىلسەن ؟ بېيىت :

ياخشىلىقغە سەن يامانلىق ئەيلەمە ،
ياخشىلاردىن كەلمەگەي ھەرگىز يامان .

ئەي ھاياتىمنىڭ مەڭگۈلۈك سەرمايىسى ، ماڭا سەنسىز تىرىكلىك ھارامدۇر . ماڭا ئىككى ئىشنىڭ بىرىگە ئورۇن بەر : يا خىزمەتكارلارنىڭ قاتارىدىن ئورۇن بەرگىن ، يا بىر مۇلازىمنى بۇيرۇغايسەن ، تا مېنى بىر زەربە بىلەن ھالاك قىلىپ بۇ غەم ـ غۇسسىدىن خالاس ئەيلەپ ، سېنىڭ ئۆتەر يولۇڭغا دەپن قىلغاي . شايەدكى ، گاھى قەدىمىڭنىڭ نۇرى بىلەن روھىنى مۇنەۋۋەر قىلىپ ، بىرەر سائەت بولسىمۇ مەن ئۈچۈن ئاسايشلىق يۈزلەنگەي » دېدىم . بېيىت :

ياكى ئاسايىش بىلەكىم ئاسراغىل ،
ياكى ئۆلتۈرگىلكى تاپغايمەن نەجات .

ئەلقىسسە ، مۇنى ئاڭلاپ تەبەسسۇم ئەيلەپ دېدىكى :

— ئەي يىگىت ، ئۆزۈڭگە بىھۇدە ئازار قىلما . بۇ ئەقىلدىن تولىمۇ يىراقدۇر . ئاقىللار مۇنداق ئىشتىن نەپرەتلىنىدۇ . مېنىڭ ۋەسلىمگە يەتمەكچى بولۇپ ئويلىغانلىرىڭ ، مۇمكىن ئەمەس ئىشلار . ئەقىل ھەم قوبۇل قىلماس .

— ئۇنداق بولسا كېچە كۆرگەن ئاجايىپ نەقش ۋە سۈرەتلەر ـ ئۆي بىساتلارنى كىم سەرەمجانلاشتۇرغان ، ئۇ قاتارلىق مەجرۇھ بولماقنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ ، — دەپ سورىدىم .

— بۇ ۋەقەلەرنى بايان قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق . بېيىت :

پەردەنى يىرتماق ئەمەس ئول ئەقل ـ ھۇش ،
شەمئ فانۇس ئىچرە نۇرانى ئېرۇر .

دەپ قىز راۋان بولدى . يەنە بىر نەچچە كەلىمە گەپ قىلىۋالاي دەپ قانچە تىرىشساممۇ ، دەرۋازىۋەن بىلەن كېنىزەكلەر يول قويمىدى . ئول نازىنىن نەزەردىن غايىپ بولدى . مېنى بولسا ئۇ جايدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ھېلىقى ئالتۇنلارنى ئېلىپ كېلىپ ئالمىغىنىمغا ئۇنىماي مەجبۇرلاپ تۇتقۇزۇپ قويدى . ئامالسىز باغرىم كاۋاپ ، كۆزۈم ياش ھېلىقى مەسچىتنىڭ بۇلۇڭىدا ـ خىلۋەتتە ئورۇن تۇتۇپ ھېچكىم بىلەن ئارىلاشماي ، يالغۇز ئولتۇرۇپ ، بىلمىنى

نالە - پىغان كەمىرى بىلەن باغلاپ، قاراڭغۇ كېچىلەردە ئۇخلىماي ياش ئۈنچىلىرىنى كىرىپىك ئۇچى بىلەن چاچار ئىدىم. سۆزۈمنىڭ مەزمۇنى - بۇ پەرىشانلىقىمنىڭ ۋەسپىنى پەقەت ئايغىلا ئېيتاتتىم. **بېيت**:

كۆردۈڭمۇ فەلەك جەۋرۇ جەفا قىلدى، سىتەم ھەم،
ئول كامى دىلىمدىن يەنە ناكام قىلىپدۇر.

گاھىدا مۇشۇ تەرىقىدە نالا قىلاتتىم. **نەزمە**:

كۆردۈڭمۇ ماڭا جەۋر - سىتەم، ئۆزگە يەنە ھېچ،
ئەھدىڭ قانى قىسمەتىغە بۇ غەم ئۆزگە يەنە ھېچ.

تا ئالتە ئايغىچە كۈننى ئۇشبۇ ئەھۋالدا ئۆتكەزدىم. غەم غۇسسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاخىرى ئاغرىپ قالدىم. يۈرەكلىرىم زەئىپلىشىپ زار - ناتىۋان بولدۇم. ھەر كىمكى مەن مۇپتىلاغا نەزەر سالغىنىدا يىغلاپ ئېيتاتتىكى، **بېيت**:

مۇبتەلا بولغان ئىلاھا، يوق كىشى مۇندىن خەراب،
ھەم ساقايماس بۇ كېسەلدىن كۆڭلى ئانىڭ ئىزتىراب.

تا قىرىق كۈنگىچە ئاغرىق تارتىپ كۈندىن كۈنگە بەتتەرلىشىپ، كېسىلىم شۇ ھالغا يەتتىكى، ئۈچ كۈنگىچە بىخۇد بولۇپ يېقىلدىم. ئىختىيارىم ئىلكىمدىن كەتتى. مەسچىتكە كەلگەنلەر مېنى كۆرۈپ ياشلىقىمغا ئىچ ئاغرىتىشاتتى. قازارا، ئاخىرقى كۈن، دەرۋازىۋەن سىر - ئەسرارىمدىن خەۋەردار ئىدى. مەسچىتكە كىرىپ ئەتراپىمغا ئولىشىپ ياشلىقىم ۋە غېرىبلىقىم توغرىسىدا سۆزلىشىپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان جامائەتنى كۆرۈپ يىغلاپ، پۇشايمان ئىلكىدە ئول ئاينىڭ ھەرىمىگە كىرىپ، ئۇ - ياخشىلىق پادىشاھى ۋە مەھبۇبلۇق ئالىمىنىڭ مەلىكىسىگە مېنىڭ ھالىمدىن ئەرز قىپتۇ. دىلدارنىڭ رەھمى كېلىپ دەرۋازىۋەنگە:

— بېرىپ ئۇ غېرىبىنىڭ بېشىدا ئولتۇرغىن. ئەگەر قازا قىلسا ئىززەت ۋە ئېھتىرام بىلەن كېپەنلەپ، كىشلەرگە بىلدۈرمەي، كېچىدە ئۇشبۇ باغچىنىڭ بىر يېرىگە دەپنە قىل. تا ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئەمەل قىلغان بولاي. ئەگەر ھايات قالسا كېچىدە ئېلىپ كەلگىن، تا ئاغرىقىنىڭ داۋاسىنى قىلارمىز. ناۋادا ئەجىلى يەتكىچە ئارىلىقتا بىرەر نۆۋەت ھوشىغا كېلىپ قالسا رىزالىقىنى تىلەرمەن، — دەپ پەرمان قىپتۇ، دەرۋازىۋەن شۇ كۈنى بېشىمدا ئولتۇرۇپ، قۇۋۋەت شەربىتىنى ئۇزۈلدۈرمەي ھەلقۇمۇمغا تېمىتىپ، كەچ بولغاندا مېنى ھەرەم باغقا ئېلىپ بېرىپتۇ. ئۇ - ۋاپادار دىلدار ئەپسۇسلىنىپ ۋە رەھىم قىلىپ يېنىمدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ تېۋىپىنى چاقىرتىپ ئاغرىقىمنى داۋالاشقا ئەمىر قىپتۇ، ئۇ سادىق ھەكىم تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بەدىنىمدىن زەئىپلىكتىن ئۆزگە ئاغرىق يوقلۇقىنى بىلىپ، قۇۋۋەت شەربىتى بىلەن يېنىك غىزالارنى بۇيرۇپ، ئۈچ كۈنگىچە دورا بىلەن غىزانى دەرىجىمۇ دەرىجە تەگشەپ يېگۈزۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ تۆتىنچى كېچىسى ھوشۇمغا كەلدىم. ۋاقتىكى، ئۇ زىلەيخايى مىسرى بېشىمدا ئولتۇرۇپ، يېشىنى گۈلنار رۇخسارىغا راۋان قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ھەلقۇمۇمغا شەربەت تېمىتىپ تۇرغانىكەن.

ئەي دەرۋىشلەر، بۇنىڭ مىسالى شۇكى، **بېيت**:

دەردى ئاشىقغە دەۋا بىھتەر ئەمەس مۇئشۇقدىن،

بەلكى فەرھاد ئاغرىغىنىڭ شەربەتى شىرىندۇرۇر.

ۋاقتىكى، ئەيش ـ ئىشرەتتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان خاراباتىلارنىڭ كۆزىدەك ھىجران پەردىسى قاپلىغان كۆزۈمگە ئول سەنەمنىڭ ئاياغ ئىزىنى كوھلۇل ـ جەۋاھىر (16) سۈرمىسىدەك تارتتىم. كۆپ يىغلىغاندىن كېيىن نازىنىنىنىڭ ھېسابسىز مېھرىبانلىق، مەرھەمەت ۋە ئىلتىپاتى بىلەن بىمار تېنىم شىپالىق، دىلۇ جېنىم تەسكىن تاپتى. شۇنىڭ بىلەن رەنج ئالەمدىن ئۆتۈپ ھاياتلىققا ئۈمىد باغلىدىم. كۈندىن كۈنگە زەئىپلىكتىن قۇتۇلۇپ يىگىرمە كۈن ئىچىدە ئۆز ھالىمغا كەلدىم. شۇ مۇددەتكىچە ئۇ مەپتۇن قىلغۇچى ئاي كېچە ـ كۈندۈز كۆڭۈل سوراش بىلەن مەشغۇل بولدى، ساقايغىنىمدىن كېيىن:

— ئەي يىگىت، تەلەپ ـ مەقسىتىڭ نېمە؟ قانداق ئارزۇلىرىڭ بار؟ — دەپ سورىدى. مەن زار ـ بىقارارلىق بىلەن دېدىمكى، نەزمە:

كۆڭۈل دەردىكى پىنھاندۇر ئىچىمدە،
ئېرۇرمىش تەۋ ئەمان بەخت خىفتە.
چۇ ئاھىم نەخلدەك ئول تۇررەئى يار،
ئېرۇرمىش سەد ھەزاران كۈلل شۇكۇفتە.

— مەقسىتىم شۇكى، جېنىمنى باسقان ئىزلىرىڭغا پىدا، ئايىغىڭ ئاستىدىكى توپىلىرىڭنى كۆزۈمگە تۇتىيا قىلۇرمەن. سېنىڭ خىزمىتىڭگە داخىل بولغان كۈندىن بۇيان خەستە كۆڭلۈمدە ھېسابسىز چىگىشلەر پەيدا بولدى، شۇ چىگىشلەرنى يەشكىن!

ئۇ نازىنىن بۇلارنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىك ئاھ تارتىپ:

— ئەي يىگىت، بۇلارنى سوراپ نېمىمۇ قىلارسەن. سېنىڭ ھەققىڭ مەندە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ. جازا كۈنى (قىيامەت) ئۇنىڭ ئادابىدىن چىقالماسمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. خوپ، سەن نەچچە ۋاقىت مېنىڭ خىزمىتىمدە بولدۇڭ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇنىڭ رىزالىقىنى ئىستەيمەن. سېنىڭ مەسلىھەتىڭنىڭ يولىنى تاپاي، — دەپ ئەسلى نەسەبىنى بىلدۈرۈپ، سەرگۈزەشتىسىنى بايان قىلىشقا تەمشەلدى. ئەسلىدە ئۇ شام پادىشاھىنىڭ قىزى ئىكەن.

### شام پادىشاھىنىڭ قىزى بىلەن سودىگەر بەچچىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنىڭ بايانى

ئەي يىگىت، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، مەن شام پادىشاھىنىڭ قىزىدۇرمەن. ئاتامنىڭ مەندىن بۆلەك پەرزەنتى يوق ئىدى. شۇڭا مېنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. ئەمما مەن ئۆزۈمنى بىلمەي، ئىشرەت ۋە سۆھبەتنى لازىم تۇتۇپ، مەي شاراب ۋە ئەيش ـ ئىشرەت جامى بىلەن مەشغۇلى بولۇپ ھەمىشە گۈل يۈزلۈكلەر بۇزرۇكزادىلەر، كاتتىلار بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ ئويۇن ـ تاماشاغا بېرىلەتتىم. شامنىڭ پۈتكۈل ساھىبجامالىرىنىڭ خىللانغانلىرى كامال ۋە قابىلىيىتى بىلەن مېنىڭ خىزمىتىمدە بولغانلىقىدىن خۇشال بولۇشاتتى. سازەندە، كېنىزەكلەرنىڭ كۆپلىرىنى خىزمىتىمگە ئېلىپ قالغاندىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى بۇزۇپ ـ چېچىپ كۆڭۈلنى شادلاندۇرغۇچى كېرەك ـ ياراقلار ۋە شاراب تائاملارنى ھازىرلاپ، ئويۇن كۈلكىگە بېرىلىپ ئۆمرۈمنى غاپىللىق ئىچىدە ئۆتكۈزدۈم. قازارا، ئۇلۇغ ئا-

يەم كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئاي زۇلھەججە ئېيى ئىدى. بۇنداق ئۇلۇغ كۈنلەردە شاراب ئىچىش مەنئى قىلىناتتى. ئەمما شۇ كۈنلەرنىڭ دەسلىپىدە شارابقا بولغان خۇمارلىق سەۋەبىدىن ئاغرىپ قالدىم. يۈرىكىم سىقىلىپ، پۇت ـ قوللىرىم تىترەيتتى. ( ماڭا كەلگەن بۇ كۈنلەر دۈشمەنلىرىمگىمۇ كەلمىگەي ! )

دەرۋازىۋەن ئادەتتە قېشىمغا كېلىپ تۇراتتى. ھالىمنىڭ ئۆزگىچە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ 〈 ئەگەر مەلىكە كۆكنار ئىچكەن بولسا، ياخشى بولۇپ قالار ئىدى 〉 دېدى. مەن شۇ بۇ ۋاقىتقىچە كۆكنارنىڭ نامىنى ئىشتمىگەنىدىم. ھازىر قىلىشقا بۇيرۇدۇم. غۇجىدار چىقىپ كېتىپ كۆكنارنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ كەلگەندە سەككىز ـ توققۇز ياشلاردىكى بىر بالا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەنىدى: ئۇنىڭ ئۇچىسىدا يىرتىق بىر تون بولۇپ، ئۇ تون كۆكنار شىرىسىدىن ئەسلى رەڭگىنى پەرق قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرگەنىدى؛ بېشىدا كىگىز بۆك، كونىراپ كەتكەن كالتا ئىشتان كىيىۋالغان، بېلىگە ئۇلاق يىپ باغلىۋالغان بولۇپ، كۆكنار كوزىسىنى تۇتۇپ تۇراتتى. شۇئان ئاچچىقلاپ:

ـــ بۇ تازنى ئېلىپ كېلىشتىكى مەقسىتىڭ نېمە ؟ ـــ دېدىم ۋە ئالەمنى مەلەم قىلىپ مەسخىرىلىك سۆزلەر بىلەن ئۇ بالىنى ئەيىبلەپ دەرۋازىۋەنگە بىر مۇنچە تاپا قىلدىم. دەرۋازىۋەن تەبەسسۇم قىلىپ:

ـــ ئەي مەلىكەم، سالامەت بولسىلا ! خۇدانىڭ بەندىسىگە ھاقارەت نەزىرى بىلەن قارىماق ياخشى ئەمەس. ھەممىمىز بىر دەرگاھنىڭ بەندىسىدۇرمىز، ـــ دېدى. گويا ۋاقىت سائەتى يېتىپ ئۇ تىلى كېسىكنىڭ سۆزلىرى مېنى ئەسىرى قىلدى. دەرۋازىۋەن ئۆزى ساقى بولۇپ بىر قەدەھنى كۆكنار بىلەن لىق تولدۇرۇپ، قىزلارنىڭ ھەر بىرىگە ئاز ـ ئازدىن ئىچكۈردى. ئۇلار تەكلىپ قىلىپ تۇرىۋالغىنى ئۈچۈن مەن ھەم بىر مۇنچە ئىچتىم. بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۆكنارنىڭ كەيپى شاراب خۇمارىمنى يوق قىلدى. باش ئاغرىقىدىن نىجاد تېپىپ تولا راھەتلەندىم ......

قازارا، بىر چاغدا قارىسام، كېنىزەكلەر ئۆيىنىڭ تېشىدا ئۇ تازچاقنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ھەزل ۋە كىنايە چاقچاقلار بىلەن ئازار بېرىۋېتىپتۇ. تازچاق بولسا بۇ ئىش تۈپەيلى جېنىدىن تويۇپ پەرياد قىلاتتى. 〈 بۇ بىئەدەپ نېمە ئۈچۈن داد ـ پەرياد قىلىدۇ 〉 دەپ سورىغاندىم، دەرۋازىۋەن:

ـــ بۇ بالا مەسخىرىۋازدۇر، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ـــ بۇ كىچىك بالا تۇرسا، مەسخىرىۋازلىقتىن قانداقمۇ خەۋىرى بولسۇن ؟ ـ دېدىم.

ـــ ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي ! ـ دېدى دەرۋازىۋەن، ـ بۇ بالا ھارامدىن بولغان. ئۇ كۆكنار خانىلاردىكى ھەممە خېرىدارنىڭ دوستىدۇر.

مەن بۇ گەپ بىلەن ئۇ بالىنىڭ ھەزل ـ چاقچاقلىرىنى ئاڭلاپ بېقىشنى خالايدىغانلىقىمنى بىلدۈردۈم. دەرۋازىۋەن ئۇنى ئېلىپ كەلدى. ئۇ تولىمۇ شوخ كۆرۈنەتتى. دەرۋازىۋەن ئۇنىڭغا چاقچاق ئارىلاش سۆز تاشلىغانىدى، ئۇ ھەم چۈچۈك تىلى ۋە شېرىن سۆزلىرى بىلەن ھازىر جاۋاب قايتۇرۇپ دەرۋازىۋەننى ئوسال قىلىپ قويدى. ئەلھەق، مەن ئۇنىڭ مەسخىرىۋازلارچە تۇرقىغا قاراپ تازا كۈلدۈم.

كۆلكە ـ چاقچاق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېنىڭ پەرمانىم بىلەن غۇجىدار ئۇنىڭ كۆكنار ئېلىپ كەلگەن كوزىسىنى ئالتۇن بىلەن تولدۇرۇپ بەردى ، شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى كۆكنار كەلتۈرۈشنى بۇيرىدۇم . ئۇ بالا شۇندىن باشلاپ ھەر كۈنى كۆكنار كەلتۈرۈپ تۇردى . دەرۋازىۋەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ھەزىل قىلىشقاچ كۆكناردىن قۇيۇپ ئىچەتتى .

ۋاقتىكى ، بۇ ئۇلۇغ كۈنلەرمۇ ئاخىرلاشتى . شۇنىڭدىن كېيىن يەنە شارابخورلۇققا كىرىشتىم . ئەمما گىزى كەلگەندە كۆكنارمۇ خۇمار قىلىپ يۈرەكلىرىم ئاغرىپ ، دىماغلىرىمدىن سۇ تاماتتى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىلەن سۆھبەتكە مۇقەررەر قىلىپ ئۆز قائىسى بويىچە ۋاقتى قارارىدا كۆكنار كەلتۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم . تا ئالتە ئايغىچە ئىش شۇ تەرىقىدە بېجىرىلىپ تۇردى ، گاھىدا ئۇ بالىغىمۇ شاراب تۇتۇپ مەجلىسىمىزدە ئولتۇرغۇزاتتۇق ، ئۇنىڭ سەرپايلىرى يەنىلا شۇ كونا تون ، بۆك ۋە قىسقا ئىشتىنى بولۇپ ، باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى . كۆڭلۈمدە : ‹ بەرگەن ئالتۇنلار كۆكنارنىڭ سەركارىغا سەرپ قىلىنىپ ئۆزىگە ئاشمىغان بولسا كېرەك › دەپ ئويلاپ ، كىيىملىرىنى يېڭىلىۋالسۇن دېگەن مەقسەتتە يەنە كۆكنار ئېلىپ كەلگەن كوزىسىنى ئالتۇن ـ تىللا بىلەن تولدۇرۇپ بېرىشكە پەرمان قىلدىم ھەمدە يەنە ئالتە ئەيغىچە ئۇشبۇ تەرىقىدە كۆكنار كەلتۈرۈپ تۇرۇشنى تاپىلىدىم ، ھەر قېتىم كەلگىنىدە يەنە شۇ كىيىملىرى بىلە ئىدى . ئاخىرى ئۇنىڭدىن :

ـــ كىيىملىرىڭنى نېمە ئۈچۈن يېڭىلىمايسەن . ساڭا بەرگەن شۇنچە ئالتۇن ـ كۈمۈشنى نېمە قىلدىڭ ؟ ـ دەپ سورىدىم . ئۇ بالا يىغلاشقا باشلىدى ۋە :

ـــ مەن بىر گۈدەك ، يېتىم ۋە ئىگە ـ چاقىسىزدۇرمەن . ئۇستازىم مېنى چاكارلىققا يالـلىۋالغان . يىلىدا بىر تىللا . كۈندە بىر نان بېرىدۇ . ھەر نېمە تاپسام ئۇستامغا بېرىمەن ، ـ دېدى .

بەس ، ئۇستىسىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى ئاڭلاپ ‹ ئۇشبۇ كىچىك بالىنى ۋاستە قىلىپ سەرمايە ـ دىنار تاپىدىغان ئوخشايدۇ › دېگەنلەر كۆڭلۈمگە كەچتى . بالىدىن :

ـــ كۆكنار ياساشنى بىلەمسەن ؟ ئەگەر بىلسەڭ بىزنىڭ قېشىمىزدا تۇرغىن ، ـ دېدىم .

ـــ ئەگەر مۇناسىپ كۆرسىلە ئىتلىرىغا خىزمەت قىلىمەن . ـ دېدى بالا . ئاندىن دەرۋازىۋەنگە :

ـــ بۇ بالىنى ئېلىپ قىلىپ ، كۆكنار ياسايدىغان جابدۇق سايمانلارنى تەييارلاپ بېرىڭلار ، ھالىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىڭلار ! ـ دەپ ئەمىر قىلىپ يېڭى كىيىملەرنى ئالدۇرۇپ بەردىم . بېشىدىكى جاراھەتلەرنى داۋالاتتىم .

ۋاقتىكى ، ئۇ بالا مەينەتچىلىكتىن خالاس تاپتى . ھەشەمەتلىك لىباسلارنى كىيىپ ، لەززەتلىك تائام ـ شارابلارنى يەپ ـ ئىچىپ ، ئەھۋالى كۈندى كۈنگە ياخشىلاندى . ھۆسن ـ جامالى تۈزۈلۈپ شوقلۇق ، يېقىملىق ، زېرەكلىك بابىدا يېگانە مەشۇققا ئايلاندى . ئۇنىڭ سۆھبىتىگە ئۈلپەت بولغانلار ئۇنىڭ شېرىن سۆز ـ چاقچاقلىرىدىن زوق ۋە لەززەت ئالاتتى . ئاخىرى ئىش شۇ دەرىجىگە يەتتىكى ، ئۇنىڭ شور ئەنگىز ( توپىلاڭ قوزغىغۇچى ) كۆزلىرىنىڭ نىگاھى كۆزلىرىمدىن جاي ئالدى . ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سۇلتانى كۆڭلۈمدىن ماكان تۇتتى . ئەگەر بىر نەپەس كۆرمىسەم جامال زۇلالىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەيدىغاندەك ھېس قى-

لىپ ، يۈرىكىم سىقىلىپ ھۇشۇمنى يوقىتاتتىم . قانلىق يېشىم يۈزلىرىمگە تۆكۈلەتتى . ئۇنىڭ بىر نەزىرى بىلەن پۈت - قولۇمغا تىترەك ئولىشىپ رەڭگى رويىم سارغىياتتى . مېنىڭ بۇ قا- تارلىق ئىشق مۇھەببىتىمدىن ئەتراپىمدىكىلەر خەۋاردار ئىدى . **بېيت :**

رەڭگىرويى ئۆچمەكدىن ھەم يۈرەك ئۇرماغدىن ،
ئاشقى بىچارە ھەر يەردە ئىبرۇر رەسۋا بولۇر .

تا ئۈچ يىلغىچە ئۇنىڭ بىلەن ئىشقۋازلىق قىلىپ ، ھەر تەرىقەت ئۇنىڭ ۋىسالىغا مەپتۇن بولۇپ يۈردۈم . ئۈچ يىلدىن كېيىن مەھرەملىرىم ۋە ئىنىكئانا مەسلىھەتلىشىپ :

— ئۇ تاز خەلقى ئالەم ھوزۇرىدا كۆرۈنۈپ يۈرمىگەي . ئۇنداق بولمىغاندا مالامەتكە سەۋەب بولۇپ قالىدۇر . ئۇچرىشىش كىشىلەردىن پىنھان بولسۇن ، - دېيىشتى ھەمدە ئالاھىدە خىزمەتكارلار قاتارىدا ھەق بېرىشنى ماقۇللاشتى . شۇنداق قىلىپ مېنىڭ پەرمانىم بويىچە ئىككى مىڭ تىللاغا رەخت سېتىۋېلىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن چاسا بازىرىدا دۇكان راسلاپ بەردى . مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن ئەتراپىمدىكىلەر ھەر جەھەتتىن ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشاتتى . ئاتامنىڭ سەركارىغا كېرەك بولىدىغان لازىمەتلىكلەر بويىچە ئېلىم - سېتىم قىلىشنى ئۆگەتتىم ھەمدە ئۇنىڭ ئۈچۈن قورۇ سېتىۋېلىپ غۇلام ، كېنىزەك ۋە ئۆي بىساتلىرىنى ئەۋەتىپ بەردىم . ھويلامنىڭ باغچىسىدىن ئۇنىڭ ئولتۇرىدىغان جايىغىچە يول ياساتتىم . مەھرەملىرىم . ئىنىكئانا ، ئىنىكئانىنىڭ قىزى ۋە دەرۋازىۋەندىن ئۆزگە خىزمەتكارلارغا ئۇقتۇرماي كېچىسى - ھەممە ئۇخلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى خىزمىتىگە ھازىر قىلاتتىم . تا تاڭ سۈزۈلگىچە ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتنى خالى تۇتاتتۇق . ئۇشبۇ ئىش بىلەن نەچچە مۇددەت كۆڭلۈمنى خوش قىلىپ يۈردۈم . ئۇ مېنى شۇ قەدەر دىۋانە قىلدىكى ، ئەلنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن تەرگە غەرق بولۇپ بېشىمنى كۆتۈرەلمەس ئىدىم . خىزمەتكارلار ھەم بۇ يولدىن قايتىش توغرىسىدا نەسىھەتلەر قىلاتتى .

كۈنلەر بىر كۈن ئۇ ھايا بېغىنىڭ غۇنچىسىنى پەرىشان ھالەتتە كۆرۈپ ، ئۇنىڭ سە- ۋەبىنى سورىدىم :

— شەھەرنىڭ چېتىدە بىر باغنى كۆردۈمكى ، ئۇنىڭدەك خوش ھاۋا باغدىن يەنە بىرى بۇ مەملىكەتتە يوقتۇر ، ئىگىسى ئۇ باغنى ساتماقچى بوپتۇ . باھاسى ئۈچ مىڭ تىللا ئىكەن . ماڭا مىڭ تىللاغا سېتىپ بەرمەكچى بولدى ، - دېدى ئۇ خامۇشلۇق بىلەن ، خەجى يوقلۇقنى پەملىدىم . ئۇنىڭ رىزالىقىنى ئىزلەپ باغنى ئېلىپ بەردىم . بىر كېچە تاماشا قىلماق ئۈچۈن ئۇ باغقا باردىم . بەرھەق ، شۇ قەدەر گۈزەل ۋە ھاۋالىقكى ، بەئەينى بىھىشت ئىدى : باغدا بەش كۆل بار ئىكەن . ئۇ كۆللەرنىڭ ئەتراپلىرى گۈلزار بولۇپ ، رەڭمۇ رەڭ گۈللەر بىلەن زىننەتلەنگەن ، .......

گەپنىڭ قىسقىسى ، ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ رىزالىقىنى ئىستەر ئىدىم . ئۇنىڭسىز بىر ئوتلام سۇمۇ ئىچمەيتتىم . ئۇنىڭ شوخلۇقى كۆڭلۈمنىڭ خوشلۇقى ئىدى . ئاشىقلار مەزھىپىدا مەشۇقنىڭ رىزاسى پەرزدۇر . نەچچە مۇددەت ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن ئۆتتى . بىر كېچە ئۇ :

بىر كىشىنىڭ نەغمە ـ سازدا ۋايىغا يەتكەن بىر كېنىزىكى بار ئىكەن ، ئۇنى ساتماقچى بوپتۇ . ئۇنىڭ نەغمە ئىلىمدە تەڭدىشى يوقتۇر ، ....... دەپ جىمىپ قالدى . گېپىنىڭ ئورامىدىن شۇ كېنىزەكنى خىزمىتىگە ئېلىشنى جالايدىغانلىقنى پەملىدىم ۋە ئۇنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەپ ، ئۇ كېنىزەكنى ئىككى يۈز تىللاغا ئېلىپ خىزمىتىگە مۇقەررەر قىلدىم .

ۋاقتىكى ، كېنىزەكنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدى . مەن ھەم ئۇنىڭ ئۆيىگە سۆھبەت ئۈچۈن باردىم . ئەلھەق ، تەرىپ قىلغاندەك ئىدى . ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ھېسابسىز بەردىم . نەچچە كېچە ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن خوش بولۇپ ، تا بىر ئايغىچە ئۇشبۇ تەرىقە بىلەن كۈن ئۆتكەزدىم .

بىر كېچە ئۇ يىگىتنى چارقىتىپ ئىنىكئاننى ئەۋەتكەندىم 《 مەلىكە گۇناھلىرىمنى ئەپۇ قىلسۇن ، بۇ كېچە بېشىم ئاغرىپ تۇرىۋاتىدۇ . خىزمىتىگە بارالمايمەن 》 دەپ ئىنىكئاننى قايتۇرۇۋېتىپتۇ . بۇنى ئاڭلاپ ئۆزۈم كۆرگىلى باردىم . كۆردۈمكى ، ئۇ ھېلىقى كېنىزەكنىڭ ئېتىكىگە بېشىنى قويۇپ ئۆزىنى يوقاتقان ھالەتتە يېتىپتۇ . ئۇنىڭ بۇنداق ئاجىزلىقىغا قاراپ كېنىزەككە كۆڭۈل بېرىپ قالغانلىقىنى بىلدىم . بۇ كېنىزەكنى مەن پۇل خەجلەپ ئېلىپ بەرگەندىم . پۇت ـ قوللىرىمغا تىترەك ئولاشتى . شۇنداقتىمۇ بىلىندۈرمەي ئولتۇردۇم . بۇلار مېنى كۆرگەندىن كېيىن جىددىيلىشىپ دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ ھەر بىرى بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى . ئۇلارنىڭ يۈزىگە سالماي يەنىلا مېھرىبانلىقىمنى بىلدۈرۈپ ھال سورىدىم . ئەمما ئۇلار خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئاجىزلىقنى ئىزھار قىلىپ يىغلىشاتتى . يىگىت ماڭا ئىلگىرى يېقىنلاشقاندەك يېقىنچىلىق قىلماي ، بىر چەتتە ئولتۇرۇۋالدى .

ئەلقىسسە ، شۇندىن كېيىن پاراغەت يۈزىنى كۆرمىدىم . كېچىلىرى پىراق ئىچىدە نالە قىلاتتىم . نەچچە كېچە ئۇ يىگىت كەلمىدى . ۋىسال ئارزۇسىدا بىتاپ بولۇپ 《 ئۇنى ئېلىپ كەلگىن 》 دەپ بىر كىشىنى ئەۋەتتىم . ئەمما 《 ئۆيىدە يوقكەن 》 دەپ خەۋەر كەلتۈردى . ئىشىق ئوتىنىڭ شولىسى باغرىمغا ئورۇلدى . خەلق ئۇيقۇغا كەتكەندە ئورنۇمدىن قوپۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم . ئۇنىڭ خىزمەتكارلىرىدىن بىرىنى تېپىپ ئىلتىپات بىلەن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم . خىزمەتكار بىر كېچە يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئۆلپەتلىشىپ ، باغقا بېرىپ تەشۋىش پەرىشانلىقنى تاشلاپ سۆھبەت قۇرغانلىقىنى دەپ بەردى . بۇنى ئاڭلاپ بىئارام بولۇپ ھوشۇمدىن كەتتىم . كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ تەنھا باغ تەرەپكە راۋەن بولدۇم . ئىشىك تاقاقلىق بولغاچقا ، مىڭبىر مۇشەققەتتە باغقا كىردىم . كۆردۈمكى ، ئۇ ئىككىسى بىر يېپىنچىدا سۈت بىلەن شېكەردەك ئارىلىشىپ ئىشقىۋازلىققا گىرىپتار بولۇشقانىدى . بۇنى كۆرۈپ ھالىمدىن كېتىپ بىر بۇرجەكتە ئولتۇرۇپ قالدىم . تىلىم سۆزلەشتىن ، پۇتۇم مېڭىشتىن قالدى . ۋاقتىكى ، ئۇلار مەي شىشىسى بىلەن جامنى قولىغا ئېلىشتى . قازارا ، كېنىزەك مەن تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغاندا ئىختىيارسىز بۇ رۇبائىي بىلەن قوشاق قاتتىم . رۇبائىي :

نە ئەيلەدىمكى فەلەك بىۋەشلە داغ قىلىپ ،
ئەجەل دەئۋاسىغا تۈن ـ كۈن مېنى سوراغ قىلىپ .

كېنزەك ئاۋازىمنى ئىشتىپ مېنى تونىدى ، جامنى يىراق تاشلىۋېتىپ ، قولىنى يىگىتكە شىلتىپ :
— ئەي يىگىت ، سېنىڭ مەشۇقۇڭ بار قورۇقلۇق مەن بىلەن ئىشقىۋازلىق قىلىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ نېمە ئۈچۈن ماڭىمۇ ئۇنىڭغىمۇ ئازار بېرىسەن ؟! — دېدى . ئاندىن ئۇ يىگىت :
— ئەي مەلىكە ، خۇدا سېنى سالامەت قىلغاي ! مەندە نېمە ئىپلىسلىك بار !؟ ماڭا ئات ياكى تۆگە سانتقانمۇ ؟! يا مېنى پۇلغا سېتىۋالغانمۇ ؟! مەن بارلىق ئۆي بىساتىمدىن كەچتىم ، سەنمۇ مەندىن كەچسەڭچۇ !؟ — دېدى .
— ئەي نامەرد ! — دېدىم مەن ، — بۇ دۆلەت كىمنىڭ ، مەنمۇ مۇھەببىتىڭدىن بەھرە ئالسام نېمە بولىدۇ !؟
— ئۆزۈمنى ئۆلتۈرمىگىچە كۆڭلۈم تىنماس ، — دېدى يىگىت . بۇ چاغدا ئۇ پىتنە ئەڭگىز كېنزەك خەندە ئۇرۇپ تەنە ، كىنايە سۆزلىرى بىلەن كۈندەشلىك ئوتىنى ئۇلغايتقىلى تۇردى ، يىگىت مەن ئېلىپ بەرگەن خەنجەرنى غىلىپىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە سېلىشقا تەمشەلدى . ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ ئىككى قولىنى تۇتۇپ ، ئايىغىنى بوسە قىلىپ :
— سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا بولسۇن ! مېنى ئۆلتۈرگىن ئۆلمەككە مەن سازاۋەردۇرمەن ، ...... — دېدىم .
ئۇ قەھرى بىلەن خەنجىرىنى كۆكرىكىمگە ، بېقىنلىرىمغا ، قولۇمغا ، تىزلىرىمغا تاكى ھوشۇمدىن كەتكىچە تىقىۋەردى . مۇندىن ئۆزگىنى بىلمىدىم . ۋاقتىكى ، ھوشۇمغا كېلىپ سېنى كۆردۈم ، ئۇ باغنىڭ بىر تەرىپى شەھەرنىڭ قورغىنى ئىدى . مېنى ساندۇققا سېلىپ قورغاندىن خەندەككە تاشلىۋېتىشقا قەست قىپتۇ . شۇنداق بولغاندا ھېچكىم بىلەيتتى . ئەجىلىم تۈگىمەپتۇ ، خەندەكنىڭ قىرغىقىغا چۈشۈپتىمەن . سەن بولساڭ ئۇ ساندۇقنى ئېلىپ ھايات قېلىشىمغا سەۋەب بولدۇڭ . بېيىت :

ئەگەر ئالەم قىلىچىن قولغە ئالسە ،
كېسەلمەسلەر مەگەر بىئىزنىللاھ .

مەنمۇ ئۇلاردىن قىساس ئالدىم ، مەن ئۇ تېگى پەسنى يۇقىرى مەرتىۋىگە ئىگە قىلغاندىم . لېكىن ئۇ ماڭا نېمىلەرنى قىلمىدى ، بۇلارنى ساڭا بايان قىلىپ بەردىم ، ئۇلارنى مەن ئۆلتۈردۈم . بۇنى سەنمۇ كۆردۈڭ .

## سودىگەر زادىنىڭ قالغان سەرگۈزەشتىسىنىڭ بايانى

ئەي دەرۋىشلەر ، ئۇ كۆمۈش بەدەننىڭ غەيرىتى ۋە مەردانىلىكىگە تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدۇم . ئاندىن مەلىكىدىن :
— ئۇ يېرىم كۈن ئىچىدە شۇنچە جابدۇق — بىساتلارنى نەدىن كەلتۈرگەنىدىڭ ؟ شۇ كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇلار بىلەن بىللە ئىدىم ، قايسى ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىشىنى تامام قىلىپ

غايىپ بولدۇڭ ؟! ــــ دەپ سورىدىم ، مەلىكە جاۋاب بېرىپ :

ــــ ئاتامنىڭ ئوردىسىدىن كەلتۈرگەنىدىم ، دېدى .

ــــ ئۆيۈڭگە قانداق باردىڭ ۋە شۇنچە مۇددەت غايىپ بولغىنىڭنى قانداق چۈشەندۈردۈڭ ؟ ــــ دەپ سورىدىم . مەلىكە يەنە :

ــــ ئەي يىگىت ، بىلمىسەڭ كېرەك ، شام پادىشاھلىرىنىڭ قائىدىسى شۇكى : ئالتە ئاي غىنچە ئۆزىنىڭ ئىشىغا مەشغۇل بولىدۇر ، يەنە ئالتە ئاي خۇدايتائالانىڭ ئىبادىتى بىلەن بولىدۇ . شۇ كۈنلەردە ئاتام شەھەردە ئەمەس ئىدى . ئانام ئەقلىنىڭ زىيادىلىكىدىن يوقاپ كەتكىنىمنى كىشىلەرگە بىلدۈرمەپتۇ ، پەقەت دەرۋازىۋەنلا مېنىڭ ئىز ــ دېرىكىمدە بوپتۇ . ۋاقتىكى ، سەن ئۇ يىگىتنى تەكلىپ قىلغىلى كەتكىنىڭدە مەن چۈمبەل تارتىپ ئاتامنىڭ ئۆيىگە باردىم ۋە ئانام مېنى سالامەت كۆرگىنىدە ھال ــ ئەھۋالىمنى سورىدى :

ــــ ئەي ئانا ، ئۇ ياراتقۇچى يىگانە تەڭرىمگە ئايانكى ، مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن غايىپ بولغان ئەمەس . گەرچە مەندىن خاتالىق ئۆتكەن بولسىمۇ ، خۇداغا شۈكرى ، نومۇ- سۇمنى بۇلغىمىدىم ، ــ دەپ ئۆز ھالىمنى بايان قىلدىم . ئانام تاكى ئىمتىھان قىلمىغۇچە سۆزلىرىمگە ئىشەنمىدى . ۋاقتىكى ، ئامانەتنى جايىدا كۆردى ، خۇدايتائالاغا شۈكرى بىجا كەلتۈرۈپ خۇشال ــ خۇرام بولدى . ئاندىن كېيىن يەنە ئانامنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ ئۆزرە ئېيتىپ ، بوسە قىلىپ يەنە ئۈچ كۈنلۈك رۇخسەت سوراپ ، ئاللاتائالا خالىسا قايتۇرۇپ كې- لىشكە ۋەدە بېرىپ ، لازىمەتلىك نەرسە ــ كېرەكلەرنىڭ سەركارىنى تەلەپ قىلدىم . ئانام مېنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ھەمدە سالامەت كۆرۈشكىنىگە شۈكرى قىلىپ ئوتتۇز ئۈچ ئۆيگە لايىق سەرامجان بەردى . ئۇ ئىككى تۇزكورنىڭ بېشىغا بالا ياغدۇرۇپ ، شۇ كېچە ئۆيۈمگە يېنىپ كەلدىم . خىزمەتكارلارمۇ سەركارنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى .

ئەي دەرۋىشلەر ، ئۇ شېكەر لەۋ ، غۇنچە ئېغىز ئۇشبۇ ۋەقەنى نەقىل قىلىپ يىغلايتتى . مەن ھەم قان ياشلىرىمنى تۆكەتتىم ، ئۇ شېرىن سۆزلۈك سەرگۈزەشتىسىنى تامام قىلغاندىن كېيىن :

ــــ ئەي يىگىت ، ئەمدى رىزا بولدۇڭمۇ ، ــــ دېدى .

ــــ ئەي ۋاپادارلىق ئاسمىنىنىڭ قۇياشى ، مېنى خاتىرجەم قىلىپ كۆڭلۈمنى ئۇشبۇ سۆزلىرىڭ بىلەن خوش قىلدىڭ ، دىلۇ جېنىم ساڭا پىدا بولغايكى ، كۆيگەنلەرنىڭ كۆڭلىگە مەلھەمدۇر سەن .

مەلىكە بۇ سۆزلىرىمنى ئىشتكەندىن كېيىن زىيادە تەپەككۇر قىلىپ ، مېنىڭ ئاجىز ۋە شىكەستىلىكىمنى كۆرۈپ تۇتى كەبى شېكەر ياغدۇرۇرپ ، ئۇشبۇ قوشاقنى قاتتى . **بېيت** :

توفان بەلاغە دىلدىن بەردىم جان ھەم ،

چۈن سەل كېلىپ ئالدى ئۆيۈمدىن ھەمە غەم .

ــــ ئەي يىگىت ، مۇنىڭدىن بۆلەك ئىلاجىم يوق . نام ــ نومۇسۇمنى ساقلىشىم كېرەك .

ئەمما كۆڭلۈڭگە ئازار بېرەلمەيمەن . بۇ شەھەردە تۇرۇپ رىزالىقىڭنى ھاسىل قىلماقنىڭ سۇ-رىتىنى تاپالمادىم . پەقەت بۇ دىيارنى تەرك قىلىپ ، سەھرا- دەشتلەردە يۈرمەكنىڭ ھىممىتىنى ئىزدىشىمىز كېرەك . ئېنىقكى ، ئەزەلدىن تەقدىر قەلىمى ئۇشبۇ تەرىقىغە جارى بولغان ئوخ-شايدۇر ، ياخشى پۈرسەتنى كۈتەيلى ، خۇدايىتائالا بىزگە ئاتا قىلغان تەقدىرىمىزنىڭ قانداقلىقىنى كۆرەيلى ، — دېدى مەلىكە.

ئەي دەرۋەشلەر ، بۇ سۆزلەردىن پەرىشان كۆڭلۈمدە خاتىرجەملىك ھاسىل بولدى . نەچچە كۈنگىچە دەرۋازىۋەننىڭ مېھمانخانىسىدا بولدۇم . قازارا ، بىر كېچىسى ئۇيقۇم كەلمەي كۆزۈمنى ئۇ دىلدارنىڭ يولىغا تىكىپ ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتىم . ئۇ ۋاپادار سەرۋى قەد كېچە-نىڭ قاراڭغۇلۇقىدا ئابى ھاياتتەك كىرىپ كەلدى ۋە « پۈرسەت غېنىمەتتۇر » دېدى . ئورنۇمدىن چاچراپ تۇرۇپ ئارقىسىدىن راۋان بولدۇم ، خاس ئاختىخانىسىغا كىرىپ بادىپاي - چاپقۇر ئىككى ئاتنى ئىگەر - توقۇم ، جابدۇقى بىلەن ئېلىپ چىقىپ ماڭا تۇتقۇزدى . ئۆيگە كىرىپ يەنە لىق ئىككى خۇرجۇن ئالتۇن - كۈمۈش ۋە ياراق ، كىيىم - كېچەك ئېلىپ چىقتى . كىيىملەرنى كىيىپ ئاتلىنىپ شەھەردىن چىقىپ كەتتۇق ، كېچە - كۈندۈز باياۋانلاردا ئات چاپتۇرۇپ خىلۋەت جايغان يەتكەندە ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتۇق . ئاتلارنى ئوتلىتىپ ، ئۆزىمىز شىكار قىلغان گۆشنى كاۋاپ قىلىپ ، لوقما نان يەپ ، ھاردۇقىمىز چىققاندىن كېيىن يەنە راۋان بولاتتۇق . ئۇ ئاي يۈزلۈك كېتىۋېتىپ نەچچە نۆۋەتتە يېنىشلاپ :

— ئەي يىگىت ، سېنى دەپ نام - نومۇسۇمنى ، مال - دۇنيالىرىمنى ، يۇرت ماكانىمنى تاشلىدىم . ئەمما سەنمۇ ئۇ زالىمدەك ۋاپاسىزلىق قىلارسەنمۇ ياكى ۋاپادارلىق يولىدا پۇختا قە-دەم بولارسەنمۇ ؟ مەن شۇ كۈنلەردە ئۇ بىۋاپانىڭ قىلمىشىدىن پاناھ تىلىگەنىدىم ، — دەيتتى .

بىر ئايغىچە شۇ تەرىقىدە يول يۈرۈپ ، بىر كېچىسى يولنى يۈتتۈرۈپ قويدۇق ، تا چاشگاھغىچە چۆللەردە ئات چاپتۇرۇپ ھاۋانىڭ ئىسسىقىدا ھالىمىزدىن كەتتۇق . ناگاھ چېكى يوق بىر چۆل نامايان بولدى . ئۇنىڭدىن چىقىپ كەتكۈدەك يول تاپالماي ، ئىسسىقتا ئاتلىرىمىز مېڭىشتىن قالدى . ئاخىرى قۇرۇپ قالغان بىر دەرەخ تۈۋىدە توختاپ ، ئۇ ۋاپا يولىنىڭ يولۇ-چىسىغا دەپ يۈرۈپ ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈردۇم . مەن بولسام يول تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلاندىم . ئۇ - جانىنىڭ ئارامى دەرەخ تۈۋىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى . مەن قايتىپ كېلىپ قارىسام ئۇ - يىگانە گۆھەردىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى . كۆڭلۈمدە « بىرەر تەييارغا ھەييار كىشى ئۇنى بۇ يەردە كۆرۈپ ، شام شەھىرىگە ئېلىپ كەتكەن ئوخشايدۇ » دەپ ئويلاپ ، كىيىمىمنى ئالماشتۇرۇپ شام تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم . ئۇنىڭدىن نىشانە ، ھەتتا ھىدىدىنمۇ ئەسەر يوق ئىدى . كۆزلىرىم قان - ياش ، ئۇ گۈزەلنى ئىزدەپ جاھان شەھەرلىرىدە دەرۋىشلەر كەبى يۈرۈپ ئىزىنىمۇ تاپالماي ، خەۋىرىنىمۇ ئالالماي ، ئۆز - ئۆزۈمگە ئېيتتىمكى :

— ۋاپانىڭ شەرتى شۇكى : دوستىسىز تىرىك يۈرگەندىن ، تىرىكلىك بىلەن ۋىدالاشماق ياخشىراقتۇر . بېيىت :

تىرىكلىك يارنىڭ دىيدارىغە خاس ،

ئەگەر دىيدار بولماسكى بۇ ھەمە ھېچ .

گەپنىڭ راستى ، تىرىكلىك ۋە ھاياتلىقىمدا ئۇشبۇ مۇساپىر چىلىقىمدا ئۇنى بىر كۆرسەم ياكى ئۇنىڭ بىرەر خەۋىرىنى ئاڭلىغان بولسام ........

ئاخىرى ئۆزۈمنى ھالاك قىلىش قارارىغا كەلدىم ـ دە، بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە بېرىپ ئۆزۈمنى تاغ ئۆڭكۈرىگە تاشلاپ ، مۇنداق تىرىكلىكتىن خالاس بولۇپ ، ئۇ جانان ئۇچۇن جان بېرىپ ، بۇ ئالەمنىڭ غەم ـ غۇسسىسىدەك نىجاد تاپماقچى بولدۇم .

كىم بىلسۇن ، ئۇ تاغنىڭ خۇش ھاۋا بىر يېرىدە سەجدىدە ئولتۇرۇپ ئىبادەت قىلۋاتقان بىر مەرد زاھىدقا كۆزۈم چۈشتى . ئۇ بىر بۇلاق لېۋىدە ـ جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى . مېنى يىراقتىن كۆرۈپ پەرىشانلىقىمنىڭ سەۋەپىنى سورىدى . بۇ ھېكايەتنى ئول ھىدايەت يولىنىڭ ھەزرىتىگە بايان قىلىپ ، كۆڭلۈمدىكى سىرلىرىمنى بىلدۈردۈم . ئۇ زاھىد كېيىنكى ئەھۋالىمغا پال سېلىپ تەبەسسۇم ئەيلەپ دېدىكى :

— خاتىرەڭنى جەم قىلغىن . يۈرتتۇر گىنىڭنى تېپىشۋالدىكەنسەن . ئۇ مەۋجۇدتۇر ھەم سەھەت ـ سالامەت . ئۇنىڭ خىزمىتىگە ئېرىشىدىكەنسەن . لېكىن شەھرى قۇستەنتەنىيەنىڭ يولىدا ساڭا دەردمەن ئۈچ دەرۋىش ھەمراھ بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئۇلۇغ مەقسەت ئىگىلىرىدۇر . غالىپ گۇمانىم شۇكى ، ئۇ مەملىكەتنىڭ پادىشاھىغا يېتىشىش ئىستىكى كۆڭلۈڭلەردە بولسا ، شۇ شەھەرگە داخىل بولۇپ ، ئۇ پادىشاھنىڭ خىزمىتىگە مۇيەسسەر بولالىساڭلار ، ئاندىن مەقسىتىڭلار ھاسىل بولغۇسىدۇر .

بۇ خۇش خەۋەرنى ئاڭلاپ ، ئۇ پاكىزە ئەخلاقلىق زاھىد ئارقىلىق دىلدارنىڭ نامۇنىشان ، ۋەسلى ۋەدىسىدىن خەۋەر تېپىپ ، شۇق ۋە ئىشتىياق يۈزىسىدىن بۇ شەھەر تەرەپكە راۋان بولۇپ ، مانا بۈگۈن سىزلەرنىڭ خىزمىتىڭلارغا يەتتىم . ئۇ زاھىدنىڭ ھۆكمى بۈگۈن نامايان بولدى . سىزلەرنى كۆردۈم . « بۇ رۇزگارى ئالەم ئەتىگىچە قايسى رەڭدە بولغاي ؛ بۇ پەلەك بېشىمىزغا يەنە قانداق تۇپراقنى ياغدۇرغاي ......! قېنى بىر دەقىقە بولسىمۇ خۇشاللىقىمىز ئۈچۈن سىزلەردىن قايسىڭىزلار ۋاپا تەبىئىيتىنى دىمىغىمىزغا تەقەززا قىلىپ ، سەرگۈزەشتىلىرىڭلاردىن بايان قىلىپ ھېكايە ئەيلەيسىزلەر ، — دەپ بىرىنچى دەرۋىش سەرگۈزەشتىسىنى تامام قىلدى .

قۇستەنتەنىيە شەھرىنىڭ پادىشاھى ئازادە بەختىنىڭ بېشىغىمۇ كۈن چۈشكەنلىك سەۋەبىدىن يۈرىكى ئۆرتىنىپ ، زار ـ زار يىغلاپ ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلدى . **مۇناجات :**

ئەھەدا ، سامىئەل ـ مۇناجات ،

سەمەدا ، كافىئەل ـ مۇھىممات .

هېچ پوشىدە ئەزتۇ پىنهان نىست ،
ئالەمۇس ــ سىررى ۋەل ــ خەفىيات .
هەر دۇئايىكى مىيكۇنەد بەند ،
ئىستەجىب يا مۇجىبەد ــ دەئۇات .

يەشمىسى :

ئەي مۇناجاتلارنى ئاڭلىغۇچى يەككە ــ يىگانە ئاللا ،
ئەي هاجەتلەرنى راۋا قىلغۇچى ، هەممە موهتاج ئاللا ؛
هېچقانداق نەرسە ساڭا سىرهەم مەخپى ئەمەس ،
سىرلار ۋە مەخپىيەتلىكلەرنى بىلگۈچى سەن ؛
ئەي دۇئالارنى ئىجابەت قىلغۇچى ئاللا ،
بەندىلىرىڭنىڭ هەر قانداق دۇئالىرىنى ئىجابەت قىل !

## ئىزاهلار

( 1 ) ئەمما بەئدۇ ــ تىلىمىزدىكى « مەقسەتكە كەلسەك » سۆزىنىڭ رولىدا كېلىدۇ .
( 2 ) قۇستەنتەنىيە ــ ئىستامبۇلنىڭ قەدىمكى نامى ، تۈركىيىنىڭ پورت شەهىرى .
( 3 ) بۇ بېيىت 028 ــ نومۇرلۇق قول يازمىدا :
« ئۈچ شەرەف ئىچرە ئاڭا ماهى تەخت ،
بۇ سەبەبدىن ئاتىدۇر ئازادە بەخت » دەپ يېزىلغان .
( 4 ) شام ــ سۈرىيىدىكي قەدىمي بىر شەهەرنىڭ نامى ( هازىرقى دەمەشق ) .
( 5 ) بۇ مىسرا 0114 ــ نومۇرلۇق قول يازمىدا :
« ئىشرە ئەمرۇز ئېرتە قويماغايسەن ، ساقىيا « دەپ يېزىلغان . 028 ــ نۇمۇرلۇق قول يازمىدىن تولۇقلاندى .
( 6 ) بۇ سۆز 0114 ــ نۇمۇرلۇق قول يازمىدا « ئىككىنچى » دەپ يېزىلىپ قالغان . « بىرىنچى » قىلىپ تۈزىتىلدى .
( 7 ) يەمەن ــ هازىرقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى .
( 8 ) لاهەۋل ــ قورققان چاغدا ئوقۇلىدىغان مەلۇم بىر دۇئانىڭ بېشى .
( 9 ) بۇ مىسرا 0114 ــ نومۇرلۇق قول يازمىدا :
« كۆرۈپ تۈرغىل قاتارسەن هەم قاتىقغە » دەپ يېزىلغان . 028 ــ نومۇرلۇق قول يازمىدىن تولۇقلاندى .
( 10 ) هىجاز ــ مۇزىكىدا بىر مۇقام نامى .
( 11 ) راست ــ مۇزىكا كۈيلىرىدىن بىرى .
( 12 ) بۇ بىر مىسرا بېيىت 028 ــ نومۇرلۇق قول يازمىدىن تولۇقلاندى .
( 13 ) ئابنۇس ــ قارامتۇل قاتتىق ۋە خۇش بۇي دەرەخ .
( 14 )مۇشكبىيد ــ گۈلى خۇش بۇي بىر خىل دەرەخ .
( 15 ) بۇ جۇملە 0114 ــ نۇمۇرلۇق قول يازمىدا : « خۇن فىشان كۆڭلۇم ، فەرىشان خاتىرىم ، ..... » دەپ يېزىلغان . 028 ــ نومۇرلۇق قول يازما بويىچە تۈزىتىلدى .
( 16 ) كوهلۇل ــ جەۋاهىر ـــ قىممەت باها تاشلاردىن قېتىشتۇرۇپ ئىشلەنگەن سۇرمە .

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن** : «چاھار دەرۋىش» XIV ئەسىر پارسى تىلىدىكى پارس ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىرىدىن بىرى ئەمىر خۇسرەۋ دىھلەۋى تەرىپىدىن پارس تىلىدا ، نەسرىي ئۇسۇلدا يېزىلغان مەشھۇر داستان .

كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋاتقان بۇ ئەسەر شىنجاڭ داشۆدە ساقلىنىۋاتقان ، ئەينى دەۋردىكى يەكەننىڭ ۋالىسى مىر يونۇسنىڭ ئەمرى بىلەن قاسىم بېگىم دېگەن كىشى چاغاتاي تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان ؛ ھىجرىيە 1326 ـ يىلى (مىلادىيە 1908 ) چىرا كەنتىدىن مۇھەممەد نىياز (موللا نىياز ) تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 0114 ـ نومۇرلۇق قول يازما (فورماتى cm 21 × 35cm ، 290 بەت ، ھەر بىر بەتكە 19 قۇردىن خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزىگە قارا سىيادا تەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن . ماۋزۇلىرى قىزىل سىياھدا يېزىلغان . باش ـ ئاخىرى تولۇق . قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان ) بىلەن ھىجرىيە 1304 ـ يىلى (مىلادىيە 1887 ـ 1886 ) موللا زۇھرىددىن ئىبنى موللا ئەلاۋۇددىن تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن 028 ـ نومۇزلۇق قول يازما (فورماتى : 25. 5cm × 16cm ، 298 بەت . ھەربىر بەتكە 17 قۇردىن خوتەننىڭ پاتلىق قەغىزگە قارا سىياھدا تەئلىق خەت نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرۈلگەن . باش ـ ئاخىرى تولۇق . قاتتىق قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان ) نى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق 0114 نومۇرلۇق قول يازما ئاساس قىلىنىپ نەشرگە تەييارلاندى . ئەسەر مۇقەددىمىدىن باشقا ئالتە چوڭ ماۋزۇ ، سەككىز كىچىك ماۋزۇدىن تەركىب تاپقان . «نەزمە » ، «بېيىت » ، «رۇبائى » ، «مىسرەئ» ، «مۇناجات » لارمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ . ھەر ئىككى قول يازمىدا ئەسەرنىڭ ئەسلى ئاپتورى ، تەرجىمە قىلىشقا سەۋەب بولغان ئامىللار توغرىسىدا 0114 ـ نومۇرلۇق قول يازمىنىڭ مۇقەددىمىسىدە قەيت قىلىنغان ، كىتاب ئاخىرىغا پۈتۈلگەن ئازغىنە ئۇچۇردىن باشقا ، ئەسەرنىڭ تەرجىمانى بولغان قاسىم بېگىم ، تەرجىمە قىلىنغان ۋاقتى ۋە كۆچۈرگۈچىلىرىنىڭ تەرجىمىھالىغا ئائىت ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىگەن . بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : **مۇھەممەت تۇرسۇن باھاۋىدىن**

# غۇربەتى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى : قادىر ئەكبەر

شەرھى ھال ئەيلەي دىسەم بىلمەي ئانىڭ ھەيرانىمەن ،
بۇ بۇزۇق كۆڭۈل بىلەن قاي كۇنجىنىڭ ۋەيرانىمەن .
مەئرىفەتنىڭ دەرسىدىن تەھسىل قىلماي بىر ۋەرەق ،
مەكتەبى جەھل ئىچرە ، كۆرگىل دەۋرىنىڭ پۈردانىمەن .
كۇھ ئەمەسمەن ، كان ئەمەسمەن جەۋھىرىمەن كاۋلاسا ،
ئال تەفەھھۇس تىشەسىن مەندىن ئەلەمنىڭ كانىمەن .
لەئل ئەمەسمەن ، سەگگى خارامەن بۇيالمىش قان ئىلە ،
قايسى خۇنخارى جاپاكەشنىڭ جىگەر برىيانىمەن .
كۆزدىن ئاققان ياشلىرىمدىن ھەر بىرى دۇردانەئى ،
قايسى بىر شوخى ستەمگەرنىڭ كۆزى گىريانىمەن .
بىر قۇيۇن مەن يا بەلا ۋادىسىنىڭ مەجنۇنىكىم ،
نەقشى پايى ناقەئى لەيلىنى سەرگەردانىمەن .
ھەمدەمىم ـ غەم ، ئۇلفەتىم ـ كۇلفەت ، ئۆيۈم بەيتۇلھەزەن ،
يۇسۇفىم قايسى ئىرۇر ، بىلمەم قايۇ كەنئانىمەن .
«سجنى مۇئمىن» دىدى دۇنيانى بىلىڭ بىشەك نەبى ،
ئەيشۇ راھەتنى نىچۈك ئىزلەيكى مەن زىندانىمەن .
تەگدۇرۇر خارى بالا بىرلە كۆڭۈلنىڭ غۇنچەسى ،
شۇكرى ئەنفاسى نەسىمنىڭ گۈلى خەندانىمەن .
ئۆزىنىڭ قەدرىنى بىلمەسلەر نە بىلگەي قەدرىنى ،
قەدرىنى بىلگەن كىشىلەر باشىنى قۇربانىمەن .
نە ئەرەبنىڭ شائىرىمەن ، غۇربەتى ، نە پارسى ،
تۈركىدىن ئۆزگە بىساتىم يوقكى ، تۈركىستانىمەن .

* *

نەيلەيىن مەن بۇ جەھاننى ۋەسلى جانان بولماسا ،
بۇ قۇرۇق تەننى نىتەي ، تەن ئىرە گەرجان بولماسا .

ئاشقى سادىق دىمە جاناندىن ئۇلغاندا يىراق ،
ھەجر ئارا دائىم ئانىڭ كۆكسى تولا قان بولماسا .
كامىل ئىرمەس دوستتىن ئىستەر ئەگەر ئەيشى مۇدام ،
ئەيش ئارا لەززەت بولۇرمۇ بەئدى ھىجران بولماسا .
چەشمە گىريانىدىن ئىرۇر ئاشققا چۇن ئۇممىد ۋىسال ،
گۇل ئاچىلماس خاكدىن تا ئەبرى گىريان بولماسا .
يۇسۇفى پىراھەنىدىن ئالماغاي ھىچ بۇيى ۋەسل ،
كۇلبەئى ئەھزانده چۇن يەئقۇبى نالان بولماسا .
جىسمى زىندانىدا ئاشققا بولۇر ھاسىل سەفا ،
تاپمادى ھىچ چاھ يۇسۇف چاھى زىندان بولماسا .
پۇختە بولماس ئىشق بۇ يولدا جانۇ دىل ئۆرتەنمەيىن ،
خامدۇرۇر ئىشق تۆپەسىدە باغرى بىريان بولماسا .
ئەقلدىن بولماس كۇشادى كاركۇيى ئىشقىدا ،
ۋالەئى دىۋانەۋۇ شەيداۋۇ ھەيران بولماسا .
ئەقلدىن گەر تاپسا تاپقاي ئىردى ئەپلاتۇن يەقىن ،
دايە سۇت بەرمەس ئاڭاكىم تىفلى نادان بولماسا .
ئىلمدىن بەھرە تاپالمايدۇر تەرىقەتسىز كىشى ،
بىر مۇكەممەل كامىلى رەھنەماسى بولماسا .
غۇربەتى قايدىن مۇيەسسەر بولغۇسى مەقسۇدى دىل ،
كىچىلەر ھەق يادى بىرلە نالە ــ ئەفغان بولماسا .

* *

ھىچ خۇمار ئاچىلمايدۇر ئىچمەمەيىن شەراب ئەسلا ،
ھىچ ئىش تۈزەلمەيدۇر بولمايىن خەراب ئەسلا .
يار ئەكسىنى مەيدىن ھەرزەمان تەماشا قىل ،
بولماغاي جەمالىغە كۆز بىلەن قاراب ئەسلا .
ئاشىق ئۇلماغاي سىيراب مەي ئەگەر مەجازىدۇر ،
سو مەقامىنى تۇتماس تەشنەگە سەراب ئەسلا .
ئاشقى ھەقىقىدۇر ئەندەلىبى باغى ئىشق ،
كىرمەغەي مەجازىدىن ئاندا بىر غۇراب ئەسلا .
شەمئ ۋەسلىنى تاپماس بولمايىن چۇ پەرۋانە ،
ھەر كىچە تەۋافىندا قىلماي ئىزتىراب ئەسلا .
ئافتاب ۋەسلىغە لايىق ئۇلمادى شەبنەم ،
ھەر سەھەر كۆزىنى ئۇل ئەتمەيىن پۇراب ئەسلا .

غۇربەتى ئەمەس لايىق كۆزلەرىڭ جەمالىغە ،
تاكى تۇتىيا قىلماي كويىدىن تۇراب ئەسلا .

## مۇخەممەس

جامى مەي بەرگىل قولۇڭدىن ساقىئى مەۋزۇن قۇدا ،
بىر قارا تۇن ئىچرە مەن شەمئى جەمالىڭدىن جۇدا ،
قۇلقۇلى مەيدىن قۇلاغىمغە كېلۇر شىرىن نىدا ،
ئەشرەقەت مىن ئەكسى شەمسىل ـ كەئىسى ئەنۋارۇل ـ هۇدا ،
« يار ئەكسىن مەيدە كۆر » دەپ جامدىن چىقتى سەدا .

ئىستىراھەت تەختى راھەت مەهدى ئىرمىشتۇر ئەدەم ،
يوق فەراغەتكىم ۋۇجۇھ ئىقلىمىغا قويدۇم قەدەم ،
تاپمادىم كىسرەت مەيدىن جۇز نىشان دەردۇ ئەلەم ،
غەيرى نەقشىدىن كۆڭۈل جامىدە بولسە زەڭگى غەم ،
يوقتۇر ، ئەي ساقى ، مەيى ۋەهدەت مەسەللىك غەمزەدا .

ئارزۇيى مەي ئىلە مەيخانەغە كەلسە بولۇر ،
خىزمەتى پىرى مۇغاندە يۇگۇرۇپ ـ يەتسە بولۇر ،
قەدرىنى ۋەهدەت مەيىنىڭ ئول زەمان بىلسە بولۇر ،
جامى مەي گەر بۇيلەدۇر ، ئول جام ئۇچۇن قىلسە بولۇر ،
يۈز جەهان هەردەم نىسار ، ئول مەي ئۇچۇن مىڭ جان فىدا .

ئالماغاي جەمشىد جامىن قولىغە ئەهلى كەمال ،
ئىلتىفات ئەتمەس ئىسكەندەر كۆزگۇسگە ئەهلى هال ،
بۇ زەمان كۆردۇم سۇنۇق كۆڭلۇم ، ماڭا دۇر ياخشى فال ،
ئەي خۇش ئول مەيكىم ئاڭا زەرب ئولسە بىر سىنغان سەفال ،
جام ئولۇر گىتى نەما ، جەمشىد ئانى ئىچكەن گەدا .

خانىقاھ شەيخى ماڭا ئەيلەپ تەۋەججوھ بىر كېچە ،
بەردى مەيدىن تەۋبە ئول تەئكىد ئەتتى بىر نەچە ،
سىندۇرۇرمەن تەۋبەنى كۆرسەم قايۇ تەرسا بەچە ،
دەهر ئارا هۇش ئەهلى رەسۋا بولغالى ، ئەي مۇغبەچە ،
جامى مەي تۇتساڭ مەنى دىۋانەدىن قىل ئىبتىدا .

جان نىسار ئەتكۇم خەرابات ئەهلىنى كۆرسەم ئەگەر ،
مۇغبەچە ئالدىدا كۆزدىن ئاققۇزۇپ خۇنى ـ جىگەر ،

كۆرۈپ ئاشۇفتەلىغىمنى جۇرئەئى بەرگەي مەگەر ،
تاكى ئول مەيدىن كۆڭۈل جامىدە بولغاي جىلۋەگەر ،
چىھرەئى مەقسۇدى مەھۋ ئولغاي ھەم ئولدەم مائەدا .

ھاسىلى جان ئۆرتەمەكتۇر كىرسە كۆپ خۇم ئىچرە كىم ،
نىك نامى تاپماغاي تا بولسە بەدنام ئىچرە كىم ،
كۇلفەتى ئەفزۇن ئولۇر بەزم ئەيلەسە ئام ئىچرە كىم ،
ۋەھدەتى بولغاي مۇيەسسەر مەي بىلە جام ئىچرە كىم ،
جامى مەي لەفزىن دىگەن بىر ئىسم ئىلە قىلغاي ئەدا .

دىمەگىل ھەرگىز خەرابات ئەھلىنى «مەردۇد ئىرۇر» ،
دىمەگىل سەن ئۆز يولۇڭدىن ئۆزگىنى «مەسدۇد ئىرۇر» ،
كەئبەئى مەقسۇددۇر بىر يول ئاڭا «مەئدۇد ئىرۇر» ،
سەن گۇمان قىلغاندىن ئۆزگە جامۇ مەي مەۋجۇد ئىرۇر ،
بىلمەيىن نەفئ ئەتمە بۇ مەيخانە ئەھلىن زاھىدا .

ھەر سەفا ھاسىل ئولۇر مەيخانە ئەسرا قايىسىدىن ،
چىھرەئى مەقسۇدىن كۆر خۇمخانە سەھرا قايىسىدىن ،
غۇربەتى ئۇممىد قەتئ ئەتمە مەيى باقىسىدىن ،
تەشنەلەب ئۆلمە نەۋائى چۇن ئەزەل ساقىسىدىن ،
ئىشرەبۇ يا ئەيىيۇھەل ــ ئەتشان كىلۇر ھەردەم نىدا .

# سەئدىنىڭ «گۇلىستان» ناملىق ئەسەرىنىڭ تەرجىمانى بولمىش موللا مۇراد خوجا ئىشان شاشىغا يېزىلغان ئىككىنچى مەكتۇب

يېتىب ئېرمىش ، مۇرادە بۇ ھەقىرنىڭ فىكرى ئىنشاسى ،
جەزا كەللاھ ، ئەي بەھرى ئەدەبنىڭ دۇررى يەكتاسى ،
مۇرادا ، يوق مۇرادىم ئېئتىرازۇ ھەرفگىر ئولماق ،
ئەمەس ھاشاكى يا ئول فەزلىنى ئىزھار ئەفشاسى .
غەرەز تەمھىد ئىدى ئول ۋەئدەنى ئىزھارىغە مەكتۇب ،
خەيال ئەيلەب ئىدىم ئول ۋەئدەدىن بولغايمۇ دەب ناسى .
ۋەگەرنە مەندە نە شەرھۇ ھەۋاشى بار گۇلىستاندىن ،
قايۇ فىكر ئېردى ئول گويا ئېرۇر ئەختار ۋەسۋاسى .
فەقىرگە مەرھەمەت ئەيلەب يىبەرگەن نۇسخەڭىز تەگدى ،

ئەجەب مەھۋ ئەيلەدى ئول گۇلشەننى تەماشاسى .
نەچۇك مەست ئولماغايمەنكىم خۇمستانى مەئانىدۇر ،
ئۇنىڭ ھەر لەفزى مەئنەنىڭ مەيغە ئىردى بىر كاسى .
ئەگەر ئىنساق ئىلە كۆز سالسە ھەر بىر سەفھەسى گۇلزار ،
گۇلى زاھىر بولۇر ئاندىن ۋەلى گۇللارنى رەئناسى .
يېتەر راھەت گۇلىنىڭ بۇيىدىن جانىنىڭ مەشامىغە ،
دېسە بولغاي نەسىمدۇر ئانىڭ ئەيسانى ئەنفاسى .
گۇلىستان ئىچرە تارتىلمىش ئەجەب سۇرەتلەرى زىبا ،
غەرىقى فەيزى مەئنا ئانلارىڭ يوق جانە پەرۋاسى .
بۇ بىر گۇلزار ئىرۇركىم گۇللەرى پەژمۇردە بولمايدۇر ،
دەۋامۇد - دەھر يەتمەيدۇر خەزان بادىنى يەغماسى .
چەراغ رەۋشەنىدۇركىم فەتىلە سەترىدىن تولمىش ،
سىراجىدىن زىياسىكىم بەسىرەت ئەھلى بىناسى .
تەجەللى پەرتەۋىن سالمىشكى مەشھۇرى زەمان ئولمىش ،
مۇراد ھېچكىم ئېتەلمەس شۆھرەتى خۇرشىدىن ئىقباسى .
نەچۇك ئىخفا ئىتەيكىم نەسرىنىڭ تەركىبى خۇب مەنزۇم ،
ۋە لېكىن نەزمىنىڭ تەركىبىدە باردۇر كەمۇكاسى .
ئەگەر فۇرسەت تاپىلسە تۇركى نەزمىن جەمئ قىلغايدىم ،
ئەلايىقنىڭ باشىمدە كۆپ ئىرور بىسۇد سەۋداسى .
بۇ سەۋدا ئۇستىگە باردۇر يەنە تەزيىئى ئەۋقاتىم ،
مەنى بىبەھرەدىنكىم بەھرە تالىبلەرنى غەۋغاسى .
مەئە زالىك مۇيەسسەر ئەتسە تەنكىر تەبئى سانىغە ،
يوق ئىرمەس غۇربەتىنىڭ كۆڭلىدە ئول ئىش تەمەنناسى .

## سەئدىنىڭ «گۇلىستان» ناملىق ئەسەرىنىڭ تەرجىمانى بولمىش موللا مۇراد خوجا ئىشان شاشىغا يېزىلغان ئۇچىنچى مەكتۇب

بىزدىن دۇئايى بىھەد يەتسۇن ئوشۇل مۇرادە ،
يەتكۇرگەي ئانى تەڭرى نە ئەيلەسە ئىرادە .
ئارتۇچى رۇقئەسىدىن يەتتى ماڭا خىجالەت ،
كۆردىم ئەجەب ئارادە ئانداغ سۇخەن سەرادە .
ئايىنە سافلىغىدىن ئەتمىش تىرىك ۋەلى دەپ ،
ۋەرنە قايۇق فەزىلەت مەندەك كۆڭۈل قارادە .

ۋەسلىنى تەبئى ۋاسىل بىنۇقتە نۇكتەلەرگە ،
ئارتۇچى قادىر ئىرمىش ھەرقايىسى مايەرادە .
ئول بىرى مىسلى تۇتى ئەفسانەسى سەمەرقەند ،
مەيدانى شىئىرىدە بۇ سابىقى جەمئ رادە .
ئايغان جەۋاھىرىنى نەزم ئەيلەمىش بۇ فازىل .
تەھسىندىن ئۆزگە بولماس سىمەن شەرادە .
جەمئ ئەيلەگەن «ئەدەبىنىڭ مىفتاھى »نى چۇ خازىن ،
ھەر فەھم ئانى ئاچالماس ھەر چەند ئىجتىرادە .
گويا زەمىرى شەئنىم مەرجىئ ماڭا نە يەردە ،
تەسمەئى بىل - مۇئىدى خىرمەنى ئەن تەرادە .
بىر گۇشەدە فەرىشان خاتىر بولۇپ ھەمىشە ،
فەزل ئەھلىنى كۆرەلمەي ، بىتۇشە يول ئارادە .
مائىدەئى سۇخەندىن بىبەھرەلىكغە باڭس ،
ۋەھشى سفەت يۇرەرمەن بىھۇدە بۇ چىرادە .
گۇۋا ماڭا بۇ ھامۇن ، قايدا نەۋائى قانۇن ،
تەبئى سەلىم تۇرارمۇ بۇ سىينەئى يارادە .
پەردەئى ساز يەگلىغ ئاھەڭگى بىمەقامى .
نازۇك ئەدا بولۇرمۇ مۇنداغ سۇنۇق دەرادە .
تەھقىق غۇربەتى مەن يوقتۇر ماڭا ئەنىسى ،
باشىم خەلايىق ئىچرە بىر نىچە ماجەرادە .

## سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەسەرىنىڭ تەرجىمانى بولمىش موللا مۇراد خوجا ئىشان شاشىغا يېزىلغان تۆرتىنچى مەكتۇب

بولسە مەتبۇئ تەبئى مانىغە ،
ئەيلەگىز دۇرجى تەبئى سانىغە .
تاپماسا گەر مەقامى ئىستىھقاق ،
مۇنى ئەلبەتتە ئەيلەمەڭ ئىلھاق .
بولسا مۇختارلارغە گەر مۇختار ،
«گۇلىستان» ئىچرە بولسۇن ئۇشبۇخار .
بەئدە بۇ كەمىنەنىڭ ئەرزى ،
گويىيا زەمىمەگىزغە دۇر قەرزى .

ئەيكى ، مۇختارغە سەلام ئايتىڭ ،
سەدرىدىن مەخدۇمە پەيام ئايتىڭ .
مەئنى ئىرمىش چۇ شاھىدى زىبا ،
بىر كىشى كىگۈزۈر ئاڭا دىبا .
بىرەۋ ئەيلەر ئاڭا لىباس ئەتلەس ،
يەنە بىر ئەيلەگەي ئانى ئەخلەس .
مەندە مۇندىن زىيادە خىلئەت يوق ،
ئۆزگە خىلئەتكە مەندە قۇدرەت يوق .

ۋەئدەغە بولدى بۇ ۋەفا مەندىن ،
مۇندىن ئارتۇقچە يوق ئەدا مەندىن .
رۇقئەدىن ئاڭلاڭىز فەرىشانلىغ ،
نە مۇيەسسەر بولۇر گۇلئەفشانلىغ .

كۆرۈڭىز ھالىنى مۇھەررىرىنىڭ ،
ئەسەرىدىن بىلىڭ مۇئەسسىرىنىڭ .
ئاياماس مەن نەكىم ئېرۇر مەقدۇر ،
ئەي كۆزۇم نۇرى ، غۇربەتى مەئزۇر .

# سەئدىنىڭ «گۇلىستان» ناملىق ئەسىرىنىڭ تەرجىمانى بولمىش موللا مۇرادخوجا ئىشان شاشىغا يېزىلغان بەشىنچى مەكتۇب

« ئەدەب مىفتاھى » كەلدىيۇ مەسەررەت ئەيلەدى ھاسىل ،
ۋە لېكىن بولمادىم مۇندىن تەمام مەقسۇدىدە ۋاسىل .
كۆڭۈل قۇفلى ئاچىلماس تاكى مىفتاھى تەمام ئولماي ،
مۇرادىمدىن مۇرادىم شولكى مىفتاھى تەمام ئولماي .
«ئەدەب مىفتاھى» يوق بىلكىم ئېرۇر جىسمىمغە گويا جان ،
قاراڭغۇ كۆڭلۇمە بولغاي ئىدى ئول چەشمەئى ھەيۋان .
مەئانىيۇ بەياندىن خاتىمە ھىكمەت ئاڭا ئاغاز ،
مۇنىڭ فەھمى قىلۇر ئىنسانىنى ھەيۋاندىن مۇمتاز .
جەۋاھىر مەخزەن ئېردىيۇ بۇ مىفتاھى مەئانىغە ،
ھەلاۋەت بىرلە لەززەت غۇربەتىنىڭ خەستە جانىغە .

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . باھاۋىدىن

# غەزەللەر

مولla مۇھەممەد نىياز بىننى ئەبدۇلغەفۇر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئەخمەت ھىمىت

**مۇھەررىردىن** : موللا نىياز (تەخەللۇسى : نىيازى ) خوتەنىنىڭ چىرا ناھىيىسى چاقار كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ ، XVIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە ئەدەبىي تەرجىمان .

ئۇنىڭ «نىيازى » تەخەللۇسى بىلەن يازغان غەزەل ۋە مۇخەممەسلىرى دىۋان ھالىتىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن . نىيازى دىۋانىنىڭ قولىمىزدا ساقلىنىۋاتقان ئىككى خىل قول يازما نۇسخىسى بولۇپ ، ئۇنىڭدىكى بىرقانچە غەزەللەرنىڭ ئارتۇق ـ كەملىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ ئىككى نۇسخىدا تۈپلۈك پەرقلەر كۆزگە چېلىقمايدۇ .

بۇ نۇسخىلاردىن بىرى «دىۋان نىيازى » نامىدا «بۇلاق » مەجمۇئەسىنىڭ 1983 ـ يىللىق ئومۇمىي 10 ـ سانىدا ئەسقەر ھۈسەيىن ، ۋاھىتجان غوپۇر تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان .

بىز بۇ قېتىم يېڭىدىن تېپىلغان «دىۋان» دا بار بولۇپ ، ئالدىنقى نۇسخىدا بولمىغان شېئىر ۋە مۇخەممەسلەرنى ئېلان قىلدۇق . بۇ ئالدىنقى دىۋانىنىڭ تولۇقلانمىسى بولۇپ قالار .

* *

مەي ئىچىپ يار بۇ كۆن نەغمەنى ئالماق ھافىز ،
باربىان ئىچسە قۇياش ئالدىدا چالماق ھافىز .
لۇتف ئەگەر قىلسا سۇنار ئىلكى بىلەن پەيمانە ،
خوب ئېرۇر دىلبەرى رەئنا بۇرا قىلماق ھافىز .
سەرۋىقەد گۇلرۇخى چۇن غۇنچە دەھەن ئالدىدا ،
خوب ئېرۇر نالەۋۇ فەرياد بىلەن چالماق ھافىز .
ئانچە دەۋرىدىن ئىچىپ مەست بولۇردىن چالماق ،
يارنىڭ كۆڭلى ئېرۇر ۋەقتىدە چالماق ، ھافىز .
مەھرەمىم ئېردىڭۇ ھەم يارغۇ مەھرەم بولدۇڭ ،
نە تىلەرسەن ، بېرەيىن ئەل ئارا چالماق ھافىز .
يارنى مەست كۆرەرسەن مېنى ھەم بىخۇدكىم ،
ساڭا ھەم لازىم ئېرۇر ئۆيگە يانماق ھافىز .

بۇ نىيازى بىلە مەي ياكى ئىچىپدۇر دىسەكىم ،
گەر رەقىب ئالدىدا كىم بىخۇد بولماق ھافىز .

* *

تىلەپ مەي لەبلەرىدىن مەندەكى خۇمارىنى سورماڭ ،
بۇ مەينى دەرد ئىلە مەستانە قىلغان يارنى سورماڭ .
خۇمارىم زەئىفىدىن جىسمىم زەئىفۇ خەستەجان ئولدى ،
كۆڭۈل بۇ مۇلكى ۋەيران ئىچرە يوقۇ بارىنى سورماڭ .
چىكەرسەن ، ئەي مۇغەننى يار ئىشتمەكدىن ئۈزۈلگەي تار ،
ئىشەرمەن رىشتەئى جاندىن ئۈزۈلگەن تارىنى سورماڭ .
چىقىپ مەن تەلبەلەردەك مەي تىلەپ جانانە يادىدىن ،
خەراباتى ئارا مەندەك خارابى يارنى سورماڭ .
يۈرۈرمەن تەشنەلەب بۇلبۇل كەبى فەرياد ئىتىپ ھەر بار ،
بۇ غەم دەشتىدە سەرگەردان مىنىڭدەك خارنى سورماڭ .
ئىشىمدۇر تەشنەلىكدىن دەم بەدەم ھەجرىڭدە قان يۇتماق ،
باغىر قانى بىلە بولمىش يۈرەك سەد پارەنى سورماڭ .
نىيازى قايىسى تىل بىرلە تىلەر لەئلى لەبىدىن مەي ،
جۇنۇندىن بىر نىدا قىلغان تۇيۇرۇ مارنى سورماڭ .

* *

كىم ئايدى كۆزگۈسىنى يارى خۇد نەماغە باقىلڭ ،
ئۆتەر ئىشۋە بىلە ئافەتى بەلاغە باقىلڭ .
فىراق ئوتىدا كەباب قىلغانى مىنى ، ئەي كۆز .
دىدىمۇ يۈزى قارا ، كۆزلەرى قاراغە باقىلڭ .
كۆڭۈل ئۆتەردە دىدى : بىر كۆرۈپ كۆڭۈل تىندۇر ،
دىگەچ قىزاردى كۆزۈم ، بۇ قىزىل قەباغە باقىلڭ .
قاچان بۇ كۆزگە دىدىلڭ : سەندىن ئىرمىش ئەي كۆڭلۈم ،
بەلايى ئافەتى جان شوخ دىلرەباغە باقىلڭ .
كۆڭۈلنى زارۇ زەئىف جىسمىم ئۆرتىگەچ كۆزكىم ،
ئاقاردى مەردۇمۇ ئەفغان بىلە چىراغە باقىلڭ .
ئەزەلدە قىسمەتىم ئىرمىش كۆڭۈلدە پىنھاندۇر ،
فىراقى تىيغى بىلە تىرنابان ياراغە باقىلڭ .

ئالىپتۇ جانۇ كۆڭۈل ، ئەمدى سەن ئاچىپ ، ئەي كۆز ،
كۆزۈم قاراردى بۇ كۈن بىر گىنە قاراغە باقىلىك .

* *

لەبلەرى لەئلۇ ، كۆزى چولفان ، قاشى ئەينى ھىلال ،
قەددى ئەرئەردۇر ساچى سۈنبۇل ، يۈزى خۇرشىد جەمال .
گاھى گاھ زۇلفىن ئاچاردىن تولغانۇر جانان ئەجەب ،
ساچىنىڭ ھەر تارىدىن نازۇك بىلى قىلسام خەيال .
تاكى چىرماپدۇر قارا زۇلفى يۈزىنى رەشكدىن ،
تەگمەسۈن كۆز دەپ قىلۇر پىنھان ساچى ، نازۇك نىھال .
گاھى ئىستىغنا بىلەن گەر ناز قىلساڭ ، جىلۋەگەر ،
ئىشۋەئى نازىغە مەندەك بارمۇدۇر ئاشفتە ھال .
ۋامىقۇ مەجنۇندىن ئارتۇغراق بولۇپ فەرھادكىم ،
تاپماسام ئىشقىڭدا ھىجران دەردىدىن ئەينى مىسال .
چۈن بۇ ھىجران شىددەتى فۇرقەت فىراتى ئىشقىدىن ،
مەھۋدۇر مەجنۇن مىنىڭ ئالدىمدا گەر قىلسام خەيال .
قايسى تىل بىرلە دەيىن ئاتىڭنى ، ئەي نازۇك بەدەن ،
ئەي نىيازى ، كۆيدۈرۈر تىلنى دىيسەڭ ھۆسنۇ جەمال .

* *

كىم دىدى كۆڭلۈم سىنى جانان بىلەن جانانە بول ،
بىر سىتەمكىم ئۆزگەچە قىلماق بىلە ئەۋۋارە بول .
غەم يىمەس ئۆلسەم فىراقى بىرلە ، ئەي نازۇك بەدەن ،
كىم دىدى مۇنداغ پەرىلەرنى كۆرۈپ دىۋانە بول .
ۋەھ كۆيۈپ كۈلدەك توزۇر [ جىسمى فىگارىم ] ، ئەي كۆڭۈل ،
كىم دىدى شەمئى جەمالىغە كۆيۈپ پەرۋانە بول .
ئافەتى جاندۇر ئەجەب جانانە ئالماقغە كۆڭۈل ،
كىم دىدى بۇ ئافەتى جانانغە سەن مەستانە بول .
ئانچە دەردىدىن نىيازى يىغلاپ ئاتۇر : ئەي كۆڭۈل ،
كىم دىدى : «بۇ جىسمى ئەفگارىم بوزۇپ ۋەيرانە بول .»

*　　*

بىر پەرى كۆردۇم ئەجەب نازۇك نىهال ،
كۆزلەرى چولفان ، قاشى ئەينى هىلال :
غۇنچەدۇر ئاچىلسا ناگاه لەبلەرى ،
كىم مەسهادۇر لەبى قىلسام خەيال .
گاه ـ گاه زۇلفىن ئاتاردىن تولغانۇر ،
قەددى گوياكىم ئەلىفدۇر كامى دال .
قىلدى مۇنداغ بىر پەرى مەجنۇن مىنى ،
ئىشق دەشتى ئىچرە تاپغايمەن كەمال .
تا بولۇپمەنكىم ئىشق سەۋداسىدىن ،
ئىشۋەئى نازى بىلەن ئاشفتە هال .
ۋامىقۇ ، فەرهاد ئىلە مەجنۇن قانى ،
كىم ئاڭا بۇ ئىشقدىن قىلسام سۇئال .
قان ئەگەر بەرسە نىيازى نې ئەجەب ،
ناگەهان كۆرگەچ يۈزۈڭ ئەينى جەمال .

*　　*

قايرىلىپ جانانغە باقغان سەنمۇسەن ؟
جانغە ئىشق ئوتىنى ياقغان سەنمۇسەن .
تەگدى مىژگان ئوقلارى ، ئەي باغرى تاش ،
قاشى ياسى بىرلە ئاتغان سەنمۇسەن ؟
پەردەئى ئىسمەتدە دەر ئېردى سىنى ،
ئىشۋەئى ناز بىرلە چىققان سەنمۇسەن ؟
ئاي يۈزۈڭ كۆرمەكدە بار ئېردى نىقاب ،
كۆرسەتىپ چىهرەڭنى ئاچقان سەنمۇسەن ؟
بىر قاراپ هالىمغە رەهم ئەتمەي مىنىڭ ،
چىرتىبان قاشىڭنى چاتغان سەنمۇسەن ؟
جىلۋە ئەيلەردىن گەهى ناز ئەيلەبان ،
ياشۇرۇپ يۈزنى ، ئۇياتغان سەنمۇسەن ؟
شۇكر ۋەسلىڭدىن يىقىلدىم ، ئۆلمەدىم .
قۇرقۇبان كەينىڭگە قاچقان سەنمۇسەن ؟

بۇ زەئىپ جىسمىمنى كۆيمەكدىن خەراب ،
ئەي پەرى ، ئاھىستە باسقان سەنمۇسەن ؟
ھەجر بارانى بىلە ، ئەي دىلرەبا ،
كۆزلەرىم ئەشكىنى ساچقان سەنمۇسەن ؟
ئەمدى دەي كۆڭلۈمنى سەن «دىۋانە بول» .
ھەجر دەردىنى ئۇنۇتقان سەنمۇسەن ؟
كۇلبەئى ۋەيرانىڭ ئىچرە ، ئەيكۇڭۇل ،
جاننى جاناندىن تالاشقان سەنمۇسەن ؟
ئەي نىيازى ، بولماين غەۋۋاسى ئىشق ،
ئىشق دەرياسىدا ئاقغان سەنمۇسەن .

* *

ناگەھان كۆردۇم ئوشۇل جانانە جەۋلان ئەيلەدى ،
ئىشۋەئى نازى بىلەن كۆڭلۈمنى خەندان ئەيلەدى .
ئاتتى مژگان بىرلە ناگەھ ، قىلدى كۆڭلۈمنى سەيد ،
ئاھكىم ، پەيكانى بۇ باغرىمنى بىر يان ئەيلەدى .
ئانچە شىددەت بىرلە ئۆرتەردىن مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئىشق ،
ئۆرتەدى خاشاكدەك جىسمىمنى بىريان ئەيلەدى .
قىلدى ئىستىغنا مېنى كۆرگەچ ياشۇندى ناگەھان ،
بۇ ستەمكىم ئۆزگەچە جانىمغە جانان ئەيلەدى .
قول سالىپ ناگاھ خىرام ئەيلەردە بولدى ئاشكار ،
ياشۇنۇپ ئىككى نەزاكەت يۈزنى پىنھان ئەيلەدى .
زۇلم بىدادىمنى ياد ئەيلەپ نەچە قىلسام پىغان ،
غۇنچەئى ئاچىپ تەبەسسۇم بىرلە خەندان ئەيلەدى .

## مۇخەممەس

ئەگەرچە خەستەۋۇ زارۇ نىزارۇ بىنەۋا بولسام ،
قوتۇلماس مېھنەتۇ ھىجران غەمىدىن مۇبتەلا بولسام ،
نەھەڭنى ئافەتى دەۋرانغە يۇنۇسدەك غىزا بولسام ،
گىرىفتارى ئەسىرى دەردۇ رەنجى بىدەۋا بولسام ،
ئەمەس دۇشۋار ئانگدىنكىم ۋىسالىڭدىن جۇدا بولسام .

ماڭا تاجى فەرىدۇن ، گەنجى قارۇن لازىم ئەرمەسدۇر ،
سىكەندەر شاھ نە دارا شەۋكەتى يادىمە كەلمەسدۇر ،

مۇھەببەتنىڭ قارا شالى ماڭا زىبايى ئەتلەسدۇر ،
گەدايى كويۇڭ ئۇلماق يەتسە ئۇشبۇ دەۋلەتىم بەسدۇر ،
نېتەي ئالەمدە شاھلىقنىكى كويۇڭدا گەدا بولسام .

يۇرۇرمەن ھەر سارى كويۇڭدا مەستۇ ۋالەئى ھەيران ،
فىراقىڭ دەشتىدە مەجنۇن كەبى مەھبۇسۇ سەرگەردان ،
تاڭ ئاتقۇنچە ئىشىم غەم كىچەسى فەرياد ئىلە ئەفغان ،
بۇ ھالىمغە فەلەك رەھم ئەيلەبان ھەر شام يىغلاپ قان ،
دەبان بۇ تەلبەئى بىكەسكە ھەر دەم بىنەۋا بولسام .

ئەگەر ھەجرىڭ بەلاسىدىن يېتۇشسە جانغە يۈز ئاففەت ،
رەقىبى روسىيەھدىن كەلسە يۈز ئازار ئىلە كۇلفەت ،
كەباب ئەتسە يۈرەك بىرلە باغىرنى ئاتەشى فۇرقەت ،
ئەگەر ھەر كۇندە كەلسە باشىمە يۈزمىڭ تۈمەن مىھنەت ،
باراي ، دۇشۋار ئەمەس ئاندىن ، ۋىسالىڭدىن جۇدا بولسام .

ئەزاب ئىېرمىشدۇرۇر سەنسىز ھەۋايى جەننەتۇل ـ مەئۋا ،
سىنىڭ يادىڭدا دەۋزەخدۇر ماڭا فىردەۋسدىن ئەئلا ،
نېتەي باغى ئىېرەمكىم ئاندا يوق سەندەك گۈلى رەئنا ،
ماڭا گەر ئاستانىڭ تۇفراغى بولسە ئىپار ، جانا ،
ئەگەرچە مەسكەنەت تۇفراغى ئىچرە خاكى پا بولسام .

ۋىسالىڭدىن يىراق بولسام غەمىڭ ھەر كېچە ھەمراھىم ،
ئۆتەر ئەفلاكدىن يادىڭدا چەككەن ئاتەشى ئاھىم ،
سېنى نە نەۋئ تەۋسىف ئەيلەيىن ، ئەي يارى دىلخاھىم ،
مەلەكسەن يا پەرى يا ھۇر يەڭلىغ ، ئەي شەھەنشاھىم ،
نېتاڭ ئىستەپ بەسى ئالەم ئارا مەجنۇن نەما بولسام .

يۈزۈڭكىم تازەراقدۇر رەۋنەق ئىچرە ، بەرگى كاھ رەڭگىم ،
مۇھەببەت شىۋەسىدە فەرقى بولماس شەھنى قىلدىڭكىم ،
ئۆچەر كۆزلەردىن ئەمما بىر نەفەس چىقماس كۆڭۈلدىنكىم ،
دىلى ئىشقىڭ كۆڭۈلدىن فارىغ ئەتسە جۇزۋى بىلدىڭكىم ،
مۇيەسسەر بولسە لۇتفۇڭ ئاستانىڭدا گە دا بولسام .

نە ھاجەتدۇر ماڭا جانا كۆزۈم يولىغا تەلمۈرمەك ،
رەقىبلەر بىلسە بولمايدۇر ، ساڭا ئەرزىمنى بىلدۈرمەك .

..........................

# خەيرۇل كەلام

## ئەبدۇلغەففار

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇكېرىم ئىبراھىم

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن :** مىرزا ھەيدەر كوراگانىنىڭ ناتىقلىغى ھەققىدىكى «خەيرۇل - كەلام» ناملىق بۇ قىسقا ھېكايە يەركەندلىك ئابدۇ غەففار ئىسىملىك شائىر تەرىپىدىن يېزىلغان . شائىر بۇ ھېكايىنىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئەبجەد ھېسابى بىلەن 1274 - ھىجرىيە دەپ كۆرسىتىدۇ . بۇ مىلادىيىنىڭ 1857 — 1858 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ .

مەزكۇر ئەسەر «زەفەرنامە» ناملىق قول يازمىدىن ئېلىندى . قول يازمىنىڭ خېتى بىر قەدەر چىرايلىق . ئەمما ئۇنىڭ قاچان ، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم ئەمەس .

رىۋايەت قىلۇرلاركى ھەيدەر ئەمىر ،
بار ئىردى فەراسەتدەن مىھتەر ئەمىر .
ئۆزى ياركەندىيۇ ، دانا ئىدى ،
فەساھەت ، بەلاغەتدە گويا ئىدى .
ھەم ئىردى جەۋانمەردى ئەھلى زەمەن ،
كى خۇشخۇيۇ خۇشگۇي شىرىن سۇخەن .
تىجارەت ئۈچۈن كۆرگۈزۈپ ئىھتىمام ،
قىلۇر ئىردى سەيرى سەياھەت مۇدام .
گەھى مەشرىقۇ گاھى مەغرىب سارى ،
گەھى رۇمۇ رەي گاھى يەسرىپ سارى .
سەياھەت قىلىبان خەلاۋۇ مەلا ،
بارۇر ئىردى ھىندۇستانغە تولا .
تاپىپ شۇھرەت ئانچەكى دەۋران ئارا ،
قىلىپ ياد ئانى بەزمى شاھان ئارا .
زەمانىكى سۇلتان سەئىدخان ئىدى ،
بۇ ئىقلىمى تۈرك ئۆزرە سۇلتان ئىدى .
كېرەك بولدى دانايى ساھىب قەبۇل ،
كى ھىندۇستانغە بولۇرغە رەسۇل .
مىر ھەيدەرنى لايىق كۆرۈپ پادىشاھ ،
ئىبەردى ئانى ھەمرەھ ئەتتى سىپاھ
يۈرۈپ مىر ھەيدەر رىسالەت ئۈچۈن ،

سەياھەت ئۇچۇن ھەم تىجارەت ئۇچۇن .
چۇ ئىقلىمى ھىندۇغە يەتكەن زەمان ،
ئانى چىرلادى شاھى ھىندۇستان .
ئەزىز ئەيلەدى ئالدىغە قىچقىرىپ ،
قىلىپ ھۆرمەتتىن شاھ ئەۋرەڭگزىب .
چۇ ئەلچى تەھىييەت بەجا ئەيلەدى ،
رىسالەت ئۇمۇرىن ئەدا ئەيلەدى .
نەچۇنكىم ئىدى ئەلچى شىرىن مەقال ،
قەبۇل ئولدى شەھغە ھەمە قىيلۇ قال .
سۆز ئەسناسىدا سوردى شەھ كامكار :
«قايۇ مىۋەلەر يار كەند ئىچرە بار .
بەيان ئەيلەگىل بارچە نەۋئى سەمار ،
كى جىنسى سەمەر قالماسۇن بىشۇمار . »
تۇتۇپ ئەلچى شەھغە ئۆزىنى شىكەست ،
دىدى : «غەيرى چىلاسۇ گىلاس ھەست .
بۇ چىلاس ، گىلاس يوق ، شەھرىيار ،
بۇ ئىككىدىن ئۆزگە ھەمە مىۋە بار . »
بۇ سۆز لەفزى ئىردى بەسى مۇختەسەر ،
ۋەلى مەئىنىسى ئىردى كۆپ پۇر ئەسەر .
قىلىپ شاھ بۇ سۆزگە كۆپ ئافەرىن ،
مىر ھەيدەرنى قىلدى ئۆزىگە يەقىن .
ۋەزىر ئەيلەدى ئانى شاھى زەمان ،
قىلىپ مەنسەبىن مىر نەۋۋابخان .
سەئىدخانغە بەردى جەۋابى كىتاب ،
مىر ھەيدەرنى قىلدىم ئۆزۈمگە نەۋاب .
بۇ بىر سۆز بىلە مىر ھەيدەر تۇجار ،
سەلاتىن قاتارىدا تاپتى قەرار .
شەھ ئەۋرەڭگى سۆز قەدرىنى بىلدى ، ۋەھ .
مىر ھەيدەرنى قىلدى سىپەھ ئۇزرە شەھ .
قىلۇر ياخشى سۆز خاكنى ساف زەر ،
ئەگەر بولسە سەڭ قىلغۇسىدۇر گۇھەر .
غەرەز بۇكى سۆز بولسە ئازۇ جىلا ،
ۋەلى مەئىنىسى بولسە ئانچە تولا .
دىمىش ياخشىلار ئانى «خەيرۇل ـ كەلام » ،
تامام ئەيلەدىم سۆزنى ھەم ۋەس ـ سەلام .

# رۇبائىيلار

## مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي

( 1273 — 1207 )

نەشرگە تەييارلىغۇچى : جاپپار ئەمەت

*　*

ئەي دىل ، كۆزۈڭنى ئاچ ، جاھان ئۆتكۈسىدۇر ،
ئۆمرۈڭ بۇ جاھاندا يامان ئۆتكۈسىدۇر .
تەن مەنزىلىدە مەھبۇسۇ غاپىل قالما ،
مەنزىل ئېشىپ مەنزىل كارۋان ئۆتكۈسىدۇر .

جانىمنى بىرەي ، ئال ئۇنى ،جاندىن كەچمە ،
دىلدىن كېچەي ، ئال ئۇنى ، جاھاندىن كەچمە .
سەن ئوقسەن ، مەن بولسام كامان تېخىچە ،
ئەي ئوق ، سەۋر ئەيلە ، كاماندىن كەچمە .

كۆڭلۈم دۇتى نىشان بويلاپ سەۋدا ، ئەي دىل ،
ھەرلەھزە ئۇ دۇت كۆڭۈلگە پەيدا ، ئەي دىل ،
قانلار مەۋج ئۇرار قانچە باغرىمدا مېنىڭ ،
تاشماسمىدى بولمىسا دەريا ، ئەي دىل .

كۆڭلۈمنى سەنەمگە مۇپتەلا ئىستەرمەن ،
جانىمغا قانچىلاپ ئوق ـ بالا ئىستەرمەن .
كويۇڭدا ئەگەر كەچمىسە ئۆمرۈم ، ئەي سەنەم ،
قانلار يۇتۇپ ، ئۆزۈمگە قازا ئىستەرمەن .

دېدىمكى : كۆزۈم ، دېدىكى : جەيھۇن ئەتكۈم ،
دېدىم : يۈرىكىم ، دېدىكى : پۇرخۇن ئەتكۈم
دېدىمكى : تېنىم ، دېدىكى : ئۈچ كۈندىن سوڭ
رەسۋا قىلىبان ، چەتلەرگە سۈرگۈن ـ ئەتكۈم .

سەندىنمۇ كېچىپ بىزار بولاي ؟ ياق ـ ياق ـ ياق !

باشقا بىرسى بىلەن يار بولاي ، ياق – ياق – ياق !
ۋىسالىڭنىڭ باغىدا پەقەت گۈل كۆردۈم ،
گۈلدىن كېچىپ ، تىكەن – خار بولاي ، ياق – ياق – ياق !

كۆڭلۈم ھەۋىسىڭ بىلەن راۋابدۇر ، راۋاب ،
ھەر پارىسى ئۆرتىنىپ ، كاۋابدۇر ، كاۋاب ،
دىلدارىم دەردىمگە بېقىپ خامۇشتۇر ،
خامۇشلىقى ماڭا مىڭ جاۋابتۇر ، جاۋاب .

مەجنۇنى پەرىشانىڭ ئۆزۈم ، قولۇم تۇت ،
سەرگەشتە ۋۇ ھەيرانىڭ ئۆزۈم ، قولۇم تۇت .
ھەرھالى خارابىنىڭ بىر مەدەتكارى بار ،
ئۇ سارغايغان سامانىڭ ئۆزۈم ، قولۇم تۇت .

ئەي سەرۋى راۋانىم ، ھېچ خازانلىق كۆرمە ،
ئەي چەشمى جاھانىم ، ھېچ يامانلىق كۆرمە .
ئەي جان ، سېنى جان دەيدۇ ئاسمانۇ زېمىن ،
ھەممە راھەتنى كۆركى ، يامانلىق كۆرمە .

ئەي ئۈنلۈك راۋاب ، كويۇڭغا تابىم باردۇر ،
باغرىمدا مېنىڭمۇ بىر راۋابىم باردۇر ،
چەتلەپ ئۆتىۋەرمە ، كىر ، ئەزىز مېھمان بول ،
مېھماننى كۈتۈشكە بىر خارابىم باردۇر .

ئەي باش ، سەۋەب سەندە ، سەۋەب سەندە ، سەۋەب ،
ئەي تەن ، ئەجەب سەندە ، ئەجەب سەندە ، ئەجەب .
ئەي دىل ، تەلەب سەندە ، تەلەب سەندە ،تەلەب ،
ئەي جان ، تەرەب سەندە ، تەرەپ سەندە ، تەرەب .

يۈزۈڭگە بېقىپ ، يۈزلىرى گۈلشەن ئىدىم ،
كۆزۈڭگەبېقىپ ،كۆزلىرى روشەن ئىدىم .
دېدىمكى ، يىراق تۇتاي يامان كۆزلەردىن ،
يېنىڭدا يامان كۆزلۈك مەگەرمەن ئىدىم ؟

جانان كېلىدۇ جاھاندا تەنھا – تەنھا ،
نەرگىس كۆزلىرى خۇمار رەنا – رەنا .
تۇستۇم يولىنى ، دېدىمكى : بىر سۆيۈۋالاي ،
پەرياد سېلىپ ھەيدىدى : يەغما – يەغما .

هەر لەھزە غىمىلىك چىكىپ ، غىمىلىك ئالغايمەن ،
هەر لەھزە غىمىلىك بىلەن يەنە قالغايمەن .
هەر نەچچە غىمىلىك چىكىپ ــ چىكىپ ، جان بەردىم ،
غەم شۇكى ، غىمىلىك چىكىپ ــ چىكىپ ، تالغايمەن .

لەئلىك ، ئەي سەنەم ، ھىمىشە خەندان بولغاي ،
ئاشىق سەن ئىلە خۇررەم ، شادىمان بولغاي .
ھەركىمكى سىنى كۆرۈپ ، گەر بولمىسا شاد ،
بەخت يۈزىنى كۆرمىگەي ئۇ ، سەرسان بولغاي .

مەن ئۆلسەم ئەگەر ، بىشىمدا گىريان بولماڭ ،
جانانىمغا تاپشۇرۇڭلۇ نادان بولماڭ .
بۇ جانسىز لىۋىمگە لەۋ قويۇپ جانانىم ؛
مىنى تىرىلدۇرسە سىز ھەيران بولماڭ .

خۇرشىدى قەمەر بەستە پىدايىلىك بولسۇن ،
ئول ئايكى ، جىگەر خەستە پىدايىلىك بولسۇن .
ئول سەرۋى گۈلى رەستە پىدايىلىك بولسۇن ،
بۇ جان ساڭا پەيۋەستە ، پىدايىلىك بولسۇن .

دىدىم : سەنەما ، مەگەركى جانانىم ئۆزۈڭ ،
جانىم نىسار قىلاي ساڭا ، جانىم ئۆزۈڭ .
مۇرتەد بولايىن ، ئەگەر ئايرىلسام سەندىن ،
ئەي جانۇ جاھان ، كۇفر ئىلە ئىمانىم ئۆزۈڭ .

خۇشدۇركى بۇگۈن جىسمىڭ ئارا جان بولسا ،
قارشىڭدا تىخى بىر روھى جانان بولسا ،
بۇلبۇل كەبى دىلدا داغى ھىجران بولسا ،
تۇرار جايىڭ ئەرتە ــ كەچ گۈلىستان بولسا .

دەيدۇ ھەممە : ئىشق ــ ھەۋايى نامدۇر ، يالغان ،
دەيدۇ يەنە : ئىشق ئۈمىدى خامدۇر ، يالغان .
بەخت يۇلتۇزى كۆكتە ئەمەس ، ياشار جانىمدا ،
دەيدۇلەركى ، ئىگىزلىك ــ نەچە تامدۇر ، يالغان .

ئەي ئاي ، چىقىپ كەلدىڭۇ تابان بولدۇڭ ،
سوڭ كۆكنى قىلىپ سەيلى ، خىرامان بولدۇڭ .
بىلدىڭمۇ كىيىن جانغا باراۋەر بولۇبان ،

ناگاھ پاتتىڭ بىردىنلا ، پىنھان بولدۇڭ .

ئەي سەنكى ياشارسەن ، شادۇ خۇررەم بولغىن ،
ھەر يەردە يەنە ئەزىزۇ مەھرەم بولغىن .
ئۆمرۈڭنى ھالال ، پاك ئۆتكۈز ، ئىلىم ئۆگەن ،
تا ئىنسان بىزنىڭكى ، زىبىنەتى ئادەم بولغىن .

ئىشق ، بولدى كۆرۈك ھەمىشە دەمساز ماڭا ،
دۇنيا ئىشىدىن ئەتمەدى ئاغاز ماڭا .
جانىم بىرىدۇ ئىچىمدىن ئاۋاز ماڭا ،
ئاچ ماڭا ئىشىكنى ، دەپ قىلۇر راز ماڭا .

كۆن ئۆتتىيۇ كۆن كەلدى ، خارابمەن ، خاراپ ،
قويغىن ھەرنە ئەندىشىنى ، ئال قولغا راۋاب ،
يۈز قەتلە ناماز ئىبرۇر يۈز قەتلە سۇجۇد
گەر دوست جامالى ساڭا بولسا گەر مىھراب .

مەن ئاشقى ئىشقمەن ، مۇسۇلمان باشقا ،
مەن بىر ئاجىز چۈمۈلە ، سۇلايمان باشقا
مەندىن ئەلەم ۋە ئاھۇ جىگەر پارە سورا ،
بازاردىكى قاسساب ـ فۇرۇشان باشقا .

سورۇدۇمكى ، قەيەردە ، نىگارا ، خانەڭ ؟
سەن دېدىڭكى ، دىلىڭدۇر ـ ئاشۇ ۋەيرانەڭ .
مەن بىر قۇياش ، ۋەيرانىگە نىچۈك كىرگەيمەن ؟
ئەي مەس ، خاراب بولمادۇ ئۇ چاغ كاشانەڭ ؟

لەيلىمكى ناھار بولمىسا ، مەن نەقىلاي ؟
بەختىمكى باھار بولمىسا ، مەن نە قىلاي ؟
دېدىمكى ، ئىچەي مەينى سەن بىلەن ، سەنەم ،
ئىقبال ماڭا يار بولمىسا ، مەن نە قىلاي ؟

جان بولسىلا بىر بەندەئى مارجانىڭ ئۆزۈم ،
مەپتۇن بولغان زۇلپۇڭغا پەرىشانىڭ ئۆزۈم .
ئەي نەي ، ناۋا قىلغىنكى ، ئەفغانىڭ ئۆزۈم ،
ئەي چاك ،جاراڭلا تىنماي ، مېھمانىڭ ئۆزۈم .

بىلىق بولساڭ ، ئۆزگىلى دەريايىڭ بولاي ،

ئاھۇ بولساڭ ، كەزگىلى ھەمرايىڭ بولاي .
مەن ساڭا ئەسىر بولسام ، سەن ماڭا نەپەس ،
سۇرنايىڭۇ ،سۇرنايىڭۇ ، سۇرنايىڭ بولاي .

دېدىمكى ، كويۇڭدا مەن بۇگۇن دېۋانە ،
ئۇيقۇمدا كۆرەرمەنمۇ سېنى ، جانانە ؟
دېدىڭكى ، سۆزلىمە بەس ، بۇ نە ئەپسانە ؟
دېۋانەۋۇ ئۇيقۇ ! ياشا ، ئەي فەرزانە !

ئاي كەتتى ئېگىزلەپ ، بىزلەر پەس بولدۇق ،
يارھوشىغا كەلدى ، لېكىن بىز مەس بولدۇق .
ئەي جانۇ جاھان ، كېيىن كېلەر بولغىنىنى ،
سەن سۆزلىمە ، چۈن ھېچنېمە بىلمەس بولدۇق .

ئىشق پەيزى بۇ كېچە مۇدامدۇر ، مۇدام ،
جامۇ مەيى لەئلى بىزگە داۋامدۇر ، داۋام .
ئاھ ۋە غەملەر ، ئەندىشلەر ــ ھالالدۇر ، ھالال ،
قوي ، ئۇيقۇنى ئويلىما ــ ھارامدۇر ، ھارام .

ئىشق ــ ئەۋجى كامالىمىش ، يار ــ ئەۋجى جامال ،
كۆڭۈلدە سۆز تولادۇر ، تىل سۆزلەشكە لال .
ئەي يارانلار بۇ ماڭا نېمە ھالدۇر ، نېمە ھال ؟
مەن تەشنايۇ ئالدىمدا ئاقار ئابى زىلال .

ۋەسلىڭنى تىلەپ خەستەۋۇ زارمەن كۈنۇ تۈن ،
ئىشقىڭ مەيى بىرلە بىقارارمەن كۈنۇ تۈن .
مەسلەر خۇمارى ئەسلى بولسىمۇ بىر كۈن مەن ،
مەن مەسنى كۆرۈڭلاركى ، خۇمارمەن كۈنۇ تۈن !

لۇتفىڭ بىلە تاش پارەسى جانانە بولۇر ،
نۇتقىڭ ، ئەي سەنەم ، ئەگەردە مەستانە بولۇر ،
ئەگەر ئىككى زۇلپىڭنى كۆرۈپ قالسا ئىشان ،
لۇقمانى ھەكىم ئاشىقى دېۋانە بولۇر .

ئەي دوستى ئەزىزلىرىم ، جۇدالىق ئەتمەڭ ،
ھاۋايۇ ھەۋەس بىلەن خاتالىق ئەتمەڭ .
بىر جۇملىدە سۆزلەر كەبى مەردانە تۇرۇڭ ،
ئەمىر ئولدى ۋاپاكى ، ۋاپالىق ئەتمەڭ .

# غۇربەتى تۇغرىسىدا

قادىر ئەكبەر

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز نامايەندىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى زامان زەخمەتلىرى، يىللار ۋە دەۋرلەرنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىدىن ئامان قىلىپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن يادىكارلىقلار، قول يازمىلار، دىۋانلار، باياز ۋە رىسالىلەر ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولغان. خەلقىمىزنىڭ ئۆتمۈشىدىن خەۋەر، كەلگۈسىدىن دېرەك بەرگەن بۇ دانىشمەنلەرنىڭ گۈزەل غايىلىرى، ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەكس ئەتكەن ئىجادىي مىراسلىرىنى ۋە هايات رىۋايەتلىرىنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا يەتكۈزۈش ئۈچۈن هەر خىل قولىيازما كىتابلارنى ئاسراپ - ئاۋايلاپ ئۆز باغرىدا ساقلاپ كەلگەن خەلقنى مەرىپەتپەرۋەر، ئۇلۇغ خەلق دېيىشكە هەققىمىز بار!

كۆپ يىللىق تەتقىقاتقا قاراپ شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، شىنجاڭدا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ ئۆتمۈشى تەلتۆكۈس ئېچىلمىدى.

بۇنىڭدىن 10 يىل بۇرۇن — 1983 - يىلى ئەدەبىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش - ئۆگىنىش ئۈچۈن جەنۇبىي شىنجاڭ بويىلاپ ئىلمىي سەپەر قىلغان ۋاقتىمىزدا، خوتەندە 26 بەتلىك بىر تاش باسما كىتابنى كۆزدىن كەچۈرگەن ئىدۇق. كىتاب ئەسلىدە 48 بەت (24 ۋاراق) بولسىمۇ، ساقلانغىنى 23 - بەتتىن ئاخىرقى 48 - بەتكىچە جەمئىي 26 بەت (13 ۋاراق) ئىكەن. بۇ كىتاب شائىر روزى سايىتنىڭ بىساتىدا ساقلانغان. روزى سايىت كىتابنىئوبدان مۇقاۋىغا ئېلىپ، پاكىز ساقلىغان ۋە مۇقاۋىنىڭ ئۈستىگە «غۇربەتىنىڭ نەزمىلىرى» دەپ يېزىپ قويغان. مۇقاۋىدىكى بۇ ئىزاهقا قاراپ كىتابنى «غۇربەتى دىۋانى» بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. قايتا - قايتا ئوقۇپ - مۇلاهىزە قىلىش ئارقىلىق كىتابنىڭ ئەسلى نامى «رىسالە» بولۇپ، ئۇنىڭ باش تەرىپىگە رەمبال ۋە پالچىلىق ئادەتلىرىگە قارشى پىكىرلەر يېزىلغان. بۇ پىكىرلەردە ئاساسەن، پالغا ئىشەنمەسلىك، رەمباللارنىڭ «بىشارەت» لىرىنى توغرا دەپ، نادانلارچە ئېتىقاد قىلماسلىق هەققىدە خېلى ئىلغار كۆزقاراشلار بايان قىلىنغان. كىتابنىڭ هازىرقى هالىتىدە ئالدىنقى ئۈچ بېتى (23 -، 25 - بەتكىچە) ئەنە شۇ مەزمۇندىكى پىكىرلەرنىڭ ئاخىرى ساقلىنىپ قالغان. 26 - بەتتىن 48 - بەتكىچە (ئاخىرىغىچە)

«غۇربەتى» شېئىرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ ئايرىم شېئىرلىرى پارس تىلىدا يېزىلغاندىن باشقا (بىر غەزەل، ئىككى مۇخەممەس) قالغان بارلىق شېئىرلىرى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان. كىتابتىكى شېئىرلار جەمئىي 33 پارچە بولۇپ، غەزەل، مۇخەممەس قاتارلىقلاردىن ئىبارەت، ئاخىرىدا غۇربەتى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ئەسىرىنى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلغان مەشھۇر تەرجىمان موللا مۇرادخوجا ئىشان شاشىنىڭ تەرجىمىسىگە قارىتا مۇلاھىزىلىرى ھەققىدە بەش شېئىرىي مەكتۇپ يازغان. بۇ شېئىرىي مەكتۇپلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەرگە قاراپ، غۇربەتىنى يېتىلگەن ئەدىب، پارس-ئەرەب تىللىرىنىڭ ماھىر ئۇستىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

شائىر «غۇربەتى» ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ-مۇلاھىزە قىلغاندىن كېيىن، شائىرنىڭ ھاياتى 19-ئەسىرگە مەنسۇپ بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدىم. شائىرنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان يىللىرى ھەققىدە دېرەك تېپىلمىدى. غۇربەتى ئەسەرلىرىنىڭ قولىمىزدىكى نۇسخىسىدىن باشقا نۇسخىلىرى ئانچە كەڭ تارقالمىغان بولۇشى ياكى يوقاپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. قولىمىزدىكى نۇسخا ھىجرى 1329-1330 (مىلادى 1909-1910) دا كاتىب موللا ئوتبى ئىبىن رەسول مۇھەممەد شاشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، تاشكەنت تاش باسما مەتبەسىدە بېسىلغان.

بۇ كىتاب خوتەندە ساقلىنىپ قالغان. ئۇنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى بىر خۇشاللىنارلىق ئىش. كىتابنى ساقلىغان خوتەنلىك شائىر روزى سايىت «غۇربەتى» ھەققىدە ئىزدىنىپ بېقىشنى ماڭا تەۋسىيە قىلغانىدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەن شائىر «غۇربەتى» ھەققىدە يەنە باشقا بىرەر مەنبە چىقىپ قالار، دېگەن مەقسەتتە كۆپ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ چىقتىم. ئىزدەندىم، ئەپسۇسكى، باشقا ھېچنەرسە تاپالمىدىم. ھازىرچە شىنجاڭدا «غۇربەتى» نى بىزگە مەلۇم قىلىدىغان بىردىنبىر مەنبە قولىمىزدىكى مانا مۇشۇ كىتابچىدىن ئىبارەت.

غۇربەتى ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىي نامايەندە سۈپىتىدە شىنجاڭدا ساقلانغان ئىكەن، دېمەك، ئۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تەرەققىياتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە تەسىرى بار بىر نامايەندە، دەپ قاراشقا ھەققىمىز بار. ئېھتىمال، غۇربەتى ئەسەرلىرىنىڭ يەنە باشقا نۇسخىلىرى شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىنمۇ تېپىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ھەرقانداق كىتاب بىر نۇسخىلا تارقالمايدۇ.

غۇربەتى ئۆزىنىڭ بىر غەزىلىدە، ئۆزىنىڭ «تۈركىستانلىق» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان. نېمىلا بولمىسۇن، غۇربەتى 19-ئەسىردە تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولغان «چاغاتاي» تىلىدا ئىجاد قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇيغۇر كلاسسىك نامايەندىلىرى قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشقا ھەقلىقمىز.

# ئۇيغۇر شېئىرىيىتى قەلئەسىنىڭ ئۇل تاشلىرى — قەدىمكى شېئىرلار

قۇربان بارات

بەكمۇ ئۇزاق زامانلاردىن باشلىنىپ، سانسىز ئەسىرلەر داۋامىدا داۋاملىشىپ ۋە راۋاجلىنىپ بارغان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى ئالتۇن مۇنارىلىرى ئەتراپقا نۇر چېچىپ تۇرغان بىر تارىخىي قەلئەگە ئوخشاتساق، بۇ يىمىرىلمەس قەلئەنىڭ مۇستەھكەم ئۇل تاشلىرى قەدىمكى شېئىرىي يادىكارلىقلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى زامان سەنئىتىنىڭ مەھسۇلاتى بولغان شېئىرلار، داستانلار، قوشاقلار، جەڭنامىلەر ۋە ئېپوسلار ئادەتتە فولكلوردا ئەۋلادتىن — ئەۋلادقا، ئەسىردىن — ئەسىرگە ئۆتۈپ، ھاياتىي بىر يوسۇندا داۋاملىشىپ كېلىدۇ، شۇنىڭدەك يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان فولكلورىدا ياشاپ قالغان قىسمى شەكلەن تىلنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشلىرىگە ماسلىشىپ ماڭغان، مەزمۇنەن، ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئۆز دەۋرى ۋە ماكان شارائىتلىرىدىن پەيدا بولغان، سەنئەتلىك ئىنكاسلىرىنىمۇ ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، تولۇقلىنىپ ۋە ئۆزگىرىپ بارغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ دەسلەپ پەيدا بولغان دەۋرىنى ئېنىقلىماق ۋە بېكىتمەك ئادەتتە تەسكە توختايدۇ، مەزمۇن ئالاھىدىلىكلىرى ۋە مەزمۇندا ساقلىنىپ قالغان ئالاقىدار ئۇچۇرلارغا كۆرە، بىز ئۇلارنىڭ تۇغۇلغان دەۋرىنى پەقەت قىياسلا قىلالايمىز ئەمما ھۆكۈم قىلالمايمىز. يازما يادىكارلىقلار بولسا ئۇلارغا ئوخشمايدۇ. يازما يادىكارلىقلاردا قەدىمكى شېئىرلار ئۆزى پەيدا بولغان دەۋرنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بىلەن شېئىرىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە تىل ھالىتىنى ئەينەن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى بۇ يازما يادىكارلىقلار قالغان زامانلاردا، بىزدە يات تىللارنىڭ ھەر خىل دەرىجىدىكى ئاسسىمىلياتسىيىسى تېخى يۈز بەرمىگەن، شۇنداق بولغاچقا ئۇلار بىزنىڭ خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، بەكمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە قالغان خىلمۇ خىل زامانلاردىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرەلەيدۇ، بۇ ئۇچۇرلار تارىخ، ئېتنوگراپىيە، سەنئەت، ئىنسانشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، دىنشۇناسلىق، پەلسەپە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىقتا، شۇنىڭدەك، خەلقىمىزنىڭ ھەر خىل دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىگە، ئۇلار تارقىلىپ ياشىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىگە، چوڭ — چوڭ ۋەقەلەرگە ۋە مەشھۇر قەھرىمانلارغا ئالاقىدار بولۇپ، شېئىرنىڭ ئىچچام قۇرۇلما ۋە كىچىككىنە شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە ناھايىتى كەڭ دۇنيانى سىغدۇرالايدىغان تۇر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، بىزنى يۇقىرىقى مەزمۇنلار بويىچە ناھايىتى كەڭ دائىرە ۋە ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان بىۋاسىتە پاكىتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىزنىڭ يازما يادىكارلىقلاردا ساقلىنىپ قالغان شېئىرىي مىراسلىرىمىزنى خېلىلا مول

دىيىشكە بولىدۇ ، مىلادى 11 ـ ئەسىردە ، گۈللەنگەن قاراخانىلار دۆلىتى شارائىتىدا ياشاپ ئە-
جاد ئەتكەن ئۇلۇغ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زور ھەجىملىك داستانى
«قۇتادغۇبىلىك » ۋە شائىرىمىز ئەھمەد بىننى مەھمەد يۈكنەكى 12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى
ۋە 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يازغان ، مەھمۇد قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار دەۋرى
بىلەن لۇتقى ، سەككاكىي ھەتتا ئەلىشىر نەۋائىغا قەدەر بولغان ئارىلىقنى ئۇلاپ تۇرىدىغان ئە-
دەبىي يادىكارلىقىمىز ، دىداكتىك داستان « ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » لاردىن تاشقىرى ، ئۇلۇغ
تىلشۇناس ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەپ قالدۇرۇل-
غان ئۈچيۈزدىن ئارتۇق شېئىرىي پارچە ، جۈملىدىن 9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە بولغان
ۋاقىت ئىچىدە قوچۇئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇقى تەۋەسىدە ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىر قىسمى ئېھتىمال
ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى دائىرىسىدە بارلىققا كەلگەن ۋە يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ
قالدۇرۇلغان شىمالىي ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتى دائىرىسىگە تەۋە بولغان
كۆپلىگەن قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلار ئۇلارنىڭ مىسالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

« تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن ئۈچيۈزدىن ئارتۇق شېئىرىي پارچە شۇ
دەۋردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ بەدىئىي سەۋىيىسى ۋە كۆلىمىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى نەمۇنىلەر
بولۇپلا قالماي ، بەلكى ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رەتلەنگەن ۋە يېزىق خاتىرىسىگە
ئېلىنغان دەۋرىگە نىسبەتەن بەكمۇ ئۇزاقلاردا قالغان ئەڭ قەدىمىي زامانلارغا تەۋە ئەدەبىي يا-
دىكارلىقلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . ئۆز دەۋرىنىڭ كەڭ بىلىملىك ئالىمى ، پۈتۈن ئۆمرىنى بۈيۈك
ئىلمىي ئىشلارغا بېغىشلىغان يېتەكچى بىلىمدانى بولغان مەھمۇد قەشقەرى تۈركىي خەلقلەر
ياشىغان كەڭ جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ئونىنچىچە يىل ئايلىنىپ يۈرۈپ ، سانسىزلىغان يېزا ـ
قىشلاق ۋە شەھەرلەرنى ، بىپايان تاغۇ ـ يايلاقلارنى ، خىلمۇ خىل يۇرتلارنى كېزىپ ، ئۆزىنىڭ
بىزنىڭ دەۋرىمىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بىباھا كىتابى ئۈچۈن ماتېرىيال توپلاپ يۈرگىنىدە ،
يۇقىرىقى ئەدەبىي يادىكارلىقلار بىلەنمۇ ئۇچراشقان ، ئالىم ئۇلارغا ئىنتايىن ئەستايىدىل مۇئامىلە
قىلغان ، ئۇلارنى توپلىغان ، رەتلىگەن ۋە سۆزلەرنىڭ كېلىش ئورنىنى ئىزاھلىغۇچى مىساللار
تەرىقىسىدە ئۇلارنى كىتابىغا كىرگۈزۈپ ، بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردا بىزنىڭ تىلىمىز بىلەن
يارىتىلغان بۇ شېئىرىي پارچىلارنى ئۆلمەس مىراسقا ئايلاندۇرغان ، شۇنداقلا ئالىم بۇ ئەمگىكى
ئارقىلىق ، بىزنىڭ ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى سەھىپىلىرىنى يېزىپ ، بىزنىڭ
تىلىمىز پەيدا بولغان ۋە سەنئەت پائالىيىتى باشلانغان زامانلاردىن بىۋاسىتە ئۇچۇر بەرگەن .

سەنئەت تارىخچىلىرى ئارخىئولوگىيىلىك قېزىلمىلار ۋە ئىنسانشۇناسلىق ئىلمىگە دائىر
ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ ، فولكلور ماتېرىياللىرى ۋە يازما يادىكارلىقلار خاتىرىلىرىگە ئا-
ساسلىنىپ تۇرۇپ ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا ، سەنئەتنىڭ
قاچان ۋە قانداق پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ، ئۇلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئەڭ دەس-
لەپكى سەنئەت پائالىيەتلىرى كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا
بولغان . بۇ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن دەۋرى بولۇپ ، ئىپتىدائىي ئادەملەر
ھەرخىل ئادىي ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان . ئۇلار توپلىشىپ ياشىغان ، كول-
لېكتىپ ئەمگەك قىلغان . بۇ دەۋردە ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولغان . سەنئەتنىڭ بۇ دەۋردە پەيدا

بولغان ئىپتىدائىي شەكىللىرى ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، تاش قىيا رەسىملىرى ۋە ئەمگەك ـ تىرىكچىلىك قوراللىرى ئىدى. بۇ ئىجادىيەتلەر بىۋاستە ھالدا ئۇلارنىڭ ئەمگەك ئەمەلىيىتىدىن كېلىپ چىققان. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەمگەكتە بىر ـ بىرىگە ماسلىشىش، ئەمگەك سىجىللىقىنى يەڭگىللىتىپ چارچاشنى ئازايتىش، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، رىتىمدىن پايدىلانغان، يەنى مېھنەتنى بەلگىلىك رىتىم تەرتىپى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان. ئەمگەك، ھەرىكەت ۋە سادالاردىن پەيدا بولغان مۇنداق رىتىم بىلەن بىرلەشكەندە، ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلار كېلىپ چىققان. ئىنسانلارنىڭ تىل رىتىملىرىدىن پايدىلىنىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ئەڭ دەسلەپكى شېئىرىي قۇرۇلمىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ھەرىكىتى داۋامىدا چۈشەنگەن دۇنيانى ئوبرازلىق ئىنكاس قىلىشى، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ۋە قايغۇ شادلىقلىرىنى ئىپادىلىشى بۇ شېئىرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مەزمۇنىنى ھاسىل قىلغان. سەنئەت تارىخچىلىرىنىڭ بۇ ئېنىقلىمىسىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەڭ بۇرۇنقى شېئىرلارنىڭ نەمۇنىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى شېئىرىي پارچىلار ئىچىدە تېپىلىدۇ. بىز دىۋاندا خاتىرىلەنگەن مۇنداق پارچىنى كۆرۈپ باقايلى:

كۆللەر قامۇغ تۈزۈلدى،
ئۋرىق، ئىدىش تىزىلدى،
سەنىسىز ئۆزۈم ئۈزەلدى،
كەلگىل ئەمۇل ئوينادىم.
ئۋرىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،
ساقىنىچ قۇزى كىزلايۇ،
تۈن ـ كۈن بىلە سەۋىنەلىم.
ئوتتۇز ئىچىپ قىقرەلىم،
يۇقار قوبۇب سەكرەلىم،
ئارسلانلايۇ كۆكرەلىم،
قاچتى ساقىنىچ سەۋىنەلىم،

يىگىتلەرنىڭ ئىشلەتۇ،
يىغاچ يەمىش ئىرغاتۇ،
قۇلان، كىيىك ئوۋلاتۇ،
بازرام قىلىب ئاۋنەلىم.
چاغرى بېرىپ قۇشلاتۇ،
تايغان ئىزىب تىشلاتۇ،
تىلكى، تونگۇز تاشلاتۇ،
ئەردەم بىلە ئۆكلەلىم.
تۇسۇن مۇنۇب سەكرىتسۇن،
ئاسىزلىگىن ئەمرىتسۇن،
ئىنتقا كىيىك قايتارتسۇن،
تەيمىش سانى ئومنەلىم.

(چالغۇلار تامام ساز قىلىندى، مەي ئۋرىقلىرى بىلەن ئىدىشلىرى تىزىلدى، سەن بولمىساڭ پەرىشان بولۇپ قالىدىكەنمەن، كەلگىن، يايراپ ـ ياشناپ ئوينايلى. ئۋرىقلارنىڭ بېشى غازنىڭ بويىنىدەك تىكلەندى، ياغاچ چۆچەكلەر، خۇددى كۆزدەك لىپمۇ ـ لىپ تولدى، قايغۇلار يەر تېگىگە يوشۇرۇندى، تۈن ـ كۈن شادلىنايلى، سۆيۈنەيلى. ئوچ قېتىمدىن ئىچەيلى، ئورنىمىزدىن تۇرۇپ سەكرەپ ئوينايلى، ئارىسلانلاردەك ھۆركىرەيلى، قايغۇلارنى قاچۇرۇپ سۆيۈنەيلى، يىگىتلەرنى ئىشقا سالايلى، دەرەخلەردىن مېۋە ئىرغىتسۇن، كىيىك، توشقانلارنى ئوۋلىتايلى، بايرام قىلىپ شادلىنايلى، ئۇلارغا ئوۋ قۇشلىرىمىزنى بېرىپ، قۇش ئوۋىغا ئەۋەتەيلى، تۈلكە، توڭگۇزلارنى تاش بىلەن ئۇرۇپ، كەينىدىن تايغانلىرىمىزنى قويۇپ

بىرىپ چىشلىتەيلى ، ئېرىشكەن ئولجىلىرىمىز بىلەن ماختىنايلى . يىگىتلىرىمىز توسۇن
ئاتلارنى مىنىپ ، سەكرىتىپ يۈرۈپ ، ئۇلارنى ياۋاشلاندۇرۇپ كۆندۈرسۇن ، ئىتلار بىلەن
كىيىك ئوۋلىسۇن ، بىز ئوۋ نېمەتلىرىگە ئۈمىد باغلايلى . )
بۇ پارچىنىڭ كېيىنكى ئۈچ كۇبلېتىدە بايان قىلىنغان مەزمۇن دىققەتكە ئالاھىدە
سازاۋەر بولىدۇ . ئۇلاردا تەسۋىرلەنگىنى جامائەنىڭ كوللېكتىپ ئەمگىكى . جامائەنىڭ ياشلىرى
مېۋە تېرىدۇ ، ئوۋ ئوۋلايدۇ ، ئوۋ نېمەتلىرىدىن ھەممىيلەن تەڭ بەھرىمەن بولىدۇ ، ئوۋ قورال-
لىرى ـ تاش ، قولغا ئۆگىتىلگەن ئىتلار ۋە ئوۋ قۇشلىرى ، يىگىتلەر يەنە ئات كۆندۈرۈش
ئەمگىكى بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ . بۇ قوشاقتا ئېيتىلغان دەرەخلەر ـ ياۋا مېۋە دەرەخلىرى .
چۈنكى ، دېھقانچىلىق باشلانمىغان ، ئىشلەپچىقىرىش قورالى تاشتىن ، تۇرمۇش بۇيۇملىرى
ئىدىش ، ئوۋرىق ساپال بۇيۇملاردىن ئىبارەت بولغان ئۇ زامانلاردا ، ئادەملەر تېخى مېۋە دەرەخ-
لىرىنى تىكىپ ئۆستۈرۈشنى بىلمەيتتى . ساپال بۇيۇملار ـ كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىنىڭ ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنىڭ خاركتېرلىك
ئالامەتلىرىدىن بىرى . بۇ قوشاق سەنئەتنىڭ بىزدىمۇ ئوخشاشلا كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرىدە پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئۇ زامان-
دىكى ھاياتىنى ئۆزىمىزنىڭ تىلى بىلەن يۇقىرىقىدەك بەدىئىي شەكىلدە ئوبرازلاشتۇرغان .
بۇ پارچىنىڭ ئەھمىيىتى يالغۇز بىزدە سەنئەت پائالىيەتلىرىنىڭ پەيدا بولغان دەۋرىنى
ئىسپاتلاپ بېرىشتىلا ئەمەس . ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك ، تىل ـ مىللەت ئالاھىدىلىكىنى
تەشكىل قىلغۇچى مۇھىم شەرتلەردىن بىرى بولۇپ سانىلىدۇ . بۇ شېئىردا ئەكس ئېتىپ
تۇرغان ئەڭ قەدىمكى تىلىمىزنىڭ لېكسىكىلىق ھالىتى بىلەن گرامماتىكىلىق ھالىتى ، تېكىست
تەركىبىدىكى « ئوۋرىق ، ئىدىش ، باش ، غاز ، كۆز ، تۈن ، كۈن ، ئوتتۇز ، ئارسلان ،
يىگىتلەر ، ياغاچ ، يېمىش ، قولان ، كىيىك ، تايغان ، تۈلكە ، توڭگۇز ، تاش ، ئىت ، سان »
دېگەن ئىسىملار ، « سەن » دېگەن ئالماش ، « توسۇن ، يۇقىرى » دېگەن سۈپەتلەر بىلەن
« تۈزۈلمەك ، تىزىلماق ، ئويناش ، سۆيۈنمەك ، ئىچمەك ،قوپماق ، سەكرىمەك ، قاچماق ،
ئىشلەتمەك ، ئىرغىتماق ، ئوۋلاتمان ، قۇشلاتماق ، چىشلەتمەك ، سەكرىمەك ، قايتارتماق ، ئۆ-
مىدلەنمەك » دېگەن پېئىللارنىڭ بۇ تىلنى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئېنىق ھالدا
باغلاپ تۇرۇشى ، بىزنىڭ تىلىمىزنىڭ ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمى دەۋرىدىلا يۇقىرىقىدەك بىر
قەدەر مۇكەممەل دەرىجىگە كەلگەنلىكىنى ، مىللىتىمىزنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئىنىنىڭ
يىلتىزلىرىنىڭمۇ بۇ تىل بىلەن سۆزلەشكۈچى قەدىمكى جامائەلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇ-
رىدۇ . شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئىپتىدائىي جامائەنىڭ ھاياتى ؛ كوللېكتىپ ئەمگىكى بىزنىڭ
شۇنداق دەپ قارىشىمىزغا ئاساس بېرىدۇ . تىلىمىزنىڭ تارىخىي شەكىللىنىش جەريانىنى
تەكشۈرگۈچى ، ئۇنىڭ تارىخىي فونېتىكىسى ۋە تارىخىي گرامماتىكىسى بويىچە مەخسۇس
ئىلمىي ئىش ئېلىپ بارغۇچى تىلشۇناسلار ، جۈملىدىن ، مىللەتشۇناس ۋە ئىنسانشۇناس ئا-
لىملار بىزدە بۇرۇن بولۇپ باققان ئەمەس ، ھازىرمۇ تېخى يېتىشىپ چىقمىدى . ئەمما ، ئوقۇپ
يېتىلىۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز ۋە ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىگە قەدەم تاشلاپ كىرىۋاتقان ياش-
لىرىمىز ئىچىدىن بۇ خىلدىكى مۇتەخەسسلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن يېتىشىپ چىقىشىدىن

ئۈمىدۋار بولساق بولىدۇ، قاچانكى بىزدە، پەننىڭ يۇقىرىقى ساھەلىرى بويىچە خادىملار يېتىشىپ چىقىدىكەن، ئۇلار ئۆز تەتقىقاتى بويىچە، يۇقىرىقى شېئىرنىڭ، شۇنىڭدەك، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى باشقا كۆپلىگەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ ئۆز ئەمگەكلىرى ئۆتۈۈن تېپىلغۇسىز دەرىجىدىكى بىباھا ماتېرىياللار ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

بىز بۇ شېئىرنى شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان سەنئەت ئۆلچەملىرى بىلەنمۇ تەكشۈرۈپ كۆرۈپ باقايلى. بۇ شېئىردە، ھازىرقى زامان شېئىرىيىتى چۈشەنچىسىدىكى شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي لوگىكا ۋە ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىك ۋاستىلەرنى ئۆزىگە ئاساسلىق بەلگە قىلغان شېئىرىي تىلنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرى ئايان بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى پۇختا ۋە ئىخچام، قۇرۇلما يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق كۇبلېتلاردىن تەشكىللەنگەن، يەتتە بوغۇملۇق بۇ مىسرالاردا باشتىن ـ ئاياغ 2/2/3 لىك تۇراق گۇرۇپپىسى قېلىپلاشتۇرۇلغان. تۇراق بىرەر جايدىمۇ بۇزۇلغان ئەمەس. تۆت مىسرالىق كۇبلېت AAABلىق قاپىيە تۈرىگە ئىگە، كۇبلېتلارنىڭ 4 ـ مىسراسى B شەكلىدە ئۆزئارا قاپىيەلىشىدۇ. بۇ ئادەتتە بارماق ۋەزىن شېئىرلىرىدا ۋە فولكلوردا خېلىلا مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى قۇرۇلما بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىلىرىدا ۋە قاپىيە شەكلىدە پەيدا بولغان رىتىم شېئىرنى ئېنىق، كۆچلۈك ئاھاڭدارلىققا ئىگە قىلىدۇ. بۇنىڭدىن، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ شېئىرىدىكى رىتىمغا قانچىلىك ئېتىبار بىلەن قارىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا قانداق ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ خىل رىتىم شەكلى بىزدە ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە شېئىرىيەتنىڭ ئەڭ دەسلەپىدىلا بارماق ۋەزنى شەكلىدە پەيدا بولغانلىقىنى، بارماق ۋەزنى شېئىرلىرىنىڭ شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئانا تۇرى ۋە ئەسلى مىللىي شەكلى بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ شېئىردە، جامائەنىڭ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنى ۋە ئويۇن ـ تاماشا شەكلى ئوبرازلاشتۇرۇلغان. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ئىپادىلەش شەكلى ـ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سەكرەپ ئويناش ۋە ئارىسلانلاردەك ھۆركىرەش. بۇ شەكىلدە، ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ، شېئىردا، ئۆتۈرۈقلارنىڭ بېشى غازنىڭ بويىنىغا، ياغاچ چۆچەكلەرنىڭ لىپمۇ ـ لىپ تولۇشى ئۆز چانىغىدا تولۇپ تۇرغان كۆزلەرگە ئوخشىتىلغان، ئادەمدە بولىدىغان قايغۇ تەبىئەتلەشتۇرۇلىدۇ، يەنى ئۇ يەرنىڭ تېگىگە يوشۇرۇنىدۇ. شېئىردە، سۆيگۈ بايان قىلىنغان شېئىرىي خىتابمۇ بار، يەنى ـ سەن بولمىساڭ، پەرىشان بولۇپ قالىدىكەنمەن، كەلگىن، يايراپ ـ ياشناپ ئوينايلى، دېيىلىدۇ. مەزمۇن لوگىك بىر تەتىپ بىلەن شېئىرىي يوسۇندا بايان قىلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا، سەنئەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى شەكلى بولغان شېئىر ئىنسانلاردا تىل پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان، دېدۇق. يۇقىرىقىلاردىن شېئىرنىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاساسلىق بەدىئىي ئۆلچەملىرى بولۇۋاتقانا شېئىرىي ئامىللارنىڭ شېئىر پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ناھاتكى، بۇ ئۆلچەملەر كېيىنكى ناھايىتى كۆپ ئەسرلەر داۋامىدا، كۆپەيگەن، راۋاجلانغان، مۇكەممەللەشكەن، سىستېما ۋە قائىدە ھاسىل قىلغان،

خالاس .

ئىپتىدائىي ئادەملەر تەبىئەت كۈچلىرى ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرى ئالدىدا كۈچسىز بولۇپ ، ئۇلارنى چۈشىنىپ يېتىشتىن تېخى كۆپ يىراق ئىدى . شۇڭا ، تەبىئەتتىن قورقۇش ، تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئۇ زامان سەنئىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى بولغان . تۆت پەسىل ئېنىق ئايرىلىدىغان جۇغراپىيىلىك دائىرىدە ياشىغان بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت پەسىللىرى ئىچىدە باھارنى ئالاھىدە ئۇلۇغلىغان ، ئۇنى گۈزەللەشتۈرۈپ قوشاقلار توقۇغان ، مەخسۇس شادلىق كۈنلىرى ۋە مەرەملەرنى ئۆتكۈزۈپ ، باھارنىڭ كېلىشىنى تەنتەنە بىلەن قارشى ئالغان ۋە تەنتەنە سورۇنلىرىدا ئۇ توغرىلىق توقۇغان قوشاقلىرىنى ئوقۇشقان ، چۈنكى ئۇلار باھارنىڭ بىر يىلنىڭ باشلىنىش ئىكەنلىكىنى يىللىق ئوزۇق - ئوقىتىنىڭ باھارنىڭ سەۋەبى بىلەن تۆرىلىدىغانلىقىنى ، باھارنىڭ ئۇلارغا رىسق بەرگۈچى پەسىل ئىكەنلىكىنى بىلگەن . ئۇيغۇرلاردا ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەردە نورۇز مەرىمىنىڭ ۋە نورۇز قوشاقلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى مانا مۇشۇ كۆزقاراش بىلەن مۇناسىۋەتلىك . « تۈركىي تىللار دىۋانى » دا ، باھا ھەققىدىكى قوشاقلار خىللا كۆپ ئۇچرايدۇ . ئۇلار كىتابنىڭ ئۈچ تومىغا تارقاقلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ، بىز ئۇلارنىڭ بىر نەچچە كۇبلېت نەمۇنىسىنى كۆرۈپ باقايلى :

قار ، بۇز قامۇغ ئەرۋىشدى ،
تاغلار سۇۋى ئاقىشدى ،
كۆكشىن بۇلىت ئۆرۈشدى ،
قەيغۇق بولۇپ ئۇكرەشۇر .
ئۇردى بۇلىت ئىڭراشۇ ،
ئاقتى ئاقىن مۇڭراشۇ .
قالدى بۇرۇن تاڭلاشۇ ،
كۆكرەر تاقى مەڭرەشۇر .
ئاي قوپۇب ئاۋلانۇب ،
ئاق بۇلىت ئۇرلانۇب ،
بىر - بىرۇزە ئۇكلۇنۇب ،
ساچىلىب سۇۋى ئىڭراشۇر .
قۇيدى بۇلىت ياغمۇرىن ،
كىرىب تۇتار ئاق تورىن ،

قىرقا قۇزتى ئۇل قارىن ،
ئاقىن ئاقار ئەگرەشۇر .
قاقلار قامۇغ كۆلەردى ،
تاغلار باشى ئىلەردى ،
ئاجۇن تەنى يىلەردى ،
تۇتۇ ، چەچەك چەركەشۇر .
تۇمەن چەچەك تىزىلدى ،
بۇ كۈندان ئۇل يازىلدى ،
ئۆكۈش ياتىب ئۇزەلدى ،
ياردە قۇبا ئەزرەشۇر .
قۇلان تۇگەل قۇمۇتتى ،
ئارقا ، سوقاق يۇمۇتتى ،
يايلاغ توبە ئەمىتتى ،
تىرغىق تۇرۇب سەكرەشۇر .

( قار - مۇزلار ئېرىدى ، تاغلارنىڭ سۈيى ئېقىشقا باشلىدى ، كۆكۈش بۇلۇت كۆتۈرۈلدى ۋە ھاۋادا قېيىقتەك ئۈزۈشكە باشلىدى . بۇلۇتلار ئويناشقا باشلىدى . شارقىراپ كەلكۈن كەلدى ، ھەممەيلەن ھەيران قالدى ، چاقماق چېقىپ ، گۈلدۈرماما قورقۇنچلۇق گۈلدۈرلىدى . ئاي چىقىپ ئەتراپى قىزىللاشتى ، ئاق بۇلۇتلار كۆتۈرۈلۈپ بىر - بىرىگە مىنگەشتى - دە ، سۇ تامچىلىرى شارقىراپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى . بۇلۇت يامغۇر قۇيۇۋەتتى ، ئۇ ئاق

تورىنى كەڭ يايدى، تاغ ـ قىرلار ئۈستىگە ئاپئاق قار تاشلىدى، ھەممە يەرنى قاپلاپ سەل كەلدى. ئويمان يەرلەر سۇغا تولۇپ قالدى، تاغلارنىڭ چوققىلىرى كۆزدىن غايىب بولدى، ھەممە يايراپ ئىسسىق نەپەس ئېلىشقا باشلىدى، ئۆسۈملۈكلەر، دەل ـ دەرەخلەر ياسىنىپ نۇرلاندى. تۇمەن گۈللەر قاتارلىشىپ چىقتى، شاخلاپ يېيىلدى، ئۇزاق ۋاقىت تۇپراق ئاستىدا يېتىپ سىقىلغان گۈللەر باش كۆتۈرۈپ يايرىدى، باھار توشقانلارنى، كېيىكلەرنى قوزغىدى، ئارقار، جەرەنلەرنى ھەرىكەتكە سالدى، ئۇلار يايلاقلارنى قاپلاپ كەتتى ۋە يايراشتى.)

شارقىراپ كەلكۈن كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ ھەيران قالغىنىغا قارىغاندا، بۇ بەكمۇ قەدىمكى زامانلاردىن قالغان قوشاقلار، باھارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئەتكەن ئوبرازلىق ئىنكاسى. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن توشقانلار، كېيىكلەرنىڭ قوزغىلىپ، ئارقار، جەرەنلەرنىڭ ھەرىكەتلىنىپ يايلاقلارنى قاپلاپ كېتىشىمۇ بۇ پارچىنىڭ ئەنە شۇ زامانلاردىكى بەدىئىي خاتىرە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ پارچىدىكى شېئىرىي مۇھىت ناھايىتى كەڭ دائىرىدىن ئېلىنغان. باھارنىڭ كېلىشى بىلەن، تاغلاردىكى قارمۇزلارنىڭ ئېرىپ، دەريالارنىڭ ئېقىپ كېلىشى، بىر ـ بىرىگە مىنگىشىپ تۇرغان بۇلۇت تاغلىرى، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇرلار، يامغۇر ياغقاندا، ئەتراپ ئاق تۇمان ئىچىدە قېلىشى، تاغ چوققىلىرىنىڭ كۆزدىن غايىب بولۇشى، ۋادا ـ تۈزلەڭلىكلەرگە يامغۇر ياغسا، تاغ ـ قىرلارغا قار چۈشۈشى، شارقىراپ ـ گۈلدۈرلەپ كەلگەن كەلكۈن، ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەن سەل سۇلىرى، يايلاقلاردا كۆكلەپ چىققىدىغان تۇرلۇك ـ تۇمەن گۈللەر ـ بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مەركىزىي ئاسىيادىكى بىپايان تاغ ـ يايلاقلارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە كىلىمات خۇسۇسىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۇغاي تاغلىرى، ئۆتۈكەن تېغى، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، كۆك ئارت تېغى، كوئېنلۇن تاغلىرى ۋە ئالتۇن تاغنىڭ جىلغا ـ جىرا، ئوتلاقلىرىدا، بۇ تاغلاردىن ئېقىپ چۈشكەن چوڭ ـ كىچىك دەريالارنى بويلاپ يېيىلغان كەڭ ۋادىلاردا، ئۇپـۇقـقا سوزۇلغان بىپايان يايلاقلار ۋە تۈزلەڭلىكلەردە تۆرەلگەن، ئۇلغايغان ۋە بۇ جۇغراپىيىلىك دائىرىگە تارقىلىپ ياشىغان خەلق ئۆزلىرى قەد كۆتەرگەن ۋە پۇت دەسسەپ تۇرغان بۇ كەڭ زېمىنغا ھەر يىلى بىر نۆۋەت كېلىدىغان باھار پەسلىنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان كۆرۈنۈش ئالاھىدىلىكلىرىنى يۇقىرىقى پارچىدىكى كىچىككىنە شېئىرىي مۇھىت ئىچىگە سىغدۇرالىغان. بۇ پارچە شېئىرىي سۈرەتلەش ۋاستىنىڭ ياردىمى بىلەن دۇنياغا كەلگەن، بۇ پارچىنىڭ بېشىدىن ئاخىرىغا قەدەر تەرتىپلىك ۋە ئۆز رېتى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەسۋىر، يارىتىلغان شېئىرىي سۈرەتنىڭ بابلىق بىلەن ئېنىقلىق، بۇ سۈرەتنىڭ تەسۋىر دېتاللىرىنىڭ تەبىئەت رېئاللىقى بىلەن بولغان ئۇيغۇنلۇق دەرىجىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بۇ پارچە يەنە بىزگە شېئىرنىڭ ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى بولغان شېئىرىي سۈرەتلەرش ۋاستىنىڭمۇ شېئىر پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ شېئىرنىڭ تۇغما خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ پارچە بىزنىڭ ھازىرقى ئۆلچەملىرىمىزدىكى تەبىئەت لىرىكىسى تۈرىگە كىرىدۇ، ئۇنى مىللىي شېئىرىيىتىمىزدىكى تەبىئەت لىرىكىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادى دېيىش مۇمكىن. باھار

توغرىسىدىكى بۇ پارچە بىزنى يەنە شېئىرىي تىل توغرىلىقمۇ ئويلىنىشقا سالىدۇ. بۇ پارچىدىكى تىل — خەلقىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئورىگىنال ھالىتىدىكى تىلى، دىنىي ئېتىقاد، دىنىي مائارىپ ۋە سىياسىي مۇناسىۋەتلەر سەۋەبى بىلەن باشقا مىللەتلەر ۋە خەلقلەر تىللىرىنىڭ زور تۈركۈمدە يامراپ كىرىپ لېكسىك سوستاۋىمىزدىكى ئوخشاش مەنىدىكى ئۆزىگە تەۋداش سۆزلەرنى سىقىپ چىقىرىپ، ئىستېمالدىن قالدۇرۇپ، ئۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئورنىنى ئىگىلىمىگەن زامانلاردىكى ئانا تىل، جۈملىدىن بۇ تىلنىڭ ئىستېمالدىكى جانلىق شەكلى. بىزنىڭ ئاتا — بوۋىلىرىمىز ئۆز تىلىدا سۆزلەشكۈچى بارلىق ئادەملەر ئاڭلاپ چۈشىنەلەيدىغان جانلىق تىلى ئاساسىدا شېئىرىي تىل يارىتىشنى بىلگەن ھەمدە بۇ ئارقىلىق شېئىرنىڭ كەڭ خەلق كۆپچىلىكى بىلەن بولغان ئىستېمال ئالاقىسىنى ساقلاپ قالالىغان، بىزنىڭ ئىپتىدائىي سەنئىتىمىزنى ياراتقان، بۇ سەنئەتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈرى بولغان شېئىرنى بىنا قىلغان بۇ ئەجدادلىرىمىز شېئىرىي تىلنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ۋە قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئۆلچەمنىمۇ بىزگە مىراس قىلىپ قالدۇرغان ۋە بۇ تىلنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى بەرگەن. شېئىرىي تىل يېقىندىن بىز ۋارىسلىق قىلىدىغان ھەقىقىي مىللىي ئەنئەنە مانا شۇ. بۇ ئويلىنىش بىزگە شېئىرىي تىلنى خەلق كۆپچىلىكى چۈشەنمەيدىغان ياد تىللارنىڭ لېكسىكىسىدىن سۆز ئارىيەت ئېلىش ھېسابىغا بېزەشنىڭ ۋە شۇنداق قىلىشنى شېئىرىي تىل دەپ چۈشىنىشنىڭ ياكى تىلىمىزدىكى سۆزلەرنىڭ ئۆز مەنەسىنى ئۆزىمىز خالىغان ئەمما ئۆزىمىزدىن باشقا ئىككىنچى ئادەم ئۇقالمايدىغان سىمۋوللۇق مەنەلەرگە يۆتكەپ، ئۇنى شىفىرلاشتۇرۇش، تېپىشماقلاشتۇرۇش ھەتتا رەقەملەشتۈرۈشمىزنىڭ، يەنى مۇدىرنىزمچىلار تەرغىپ قىلغان شېئىرىي تىلنى ئىماگلاشتۇرۇش ئەخمەقچىلىقىنى دورىشىمىزنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە بىمەنىلىك ۋە مەسئۇلىيەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ. بىز بۇ ئىككى خىل ئېغىش بىلەن، شېئىرنىڭ خەلقىمىز بىلەن بولغان ئىستېمال ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويساق، شېئىرنى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى بىلەن ئىجادىيەتتىكى مۇددىئاسىدىن مەھرۇم قالدۇرغان بولىمىز، يەنى شېئىرنى شېئىر تەرىقىسىدە سەنئەت زېمىنىدىن يوق قىلىمىز. ئۇ ھالدا بىز، بىزگە شېئىرنى يارىتىپ بەرگەن، ئۇنى ئۆز مىللىي ئۆلچەملىرى بىلەن مىراس قالدۇرغان شانلىق ئاتا — بوۋىلىرىمىز ئالدىدا، ئۇلارنىڭ يوقالماس، ئۆلمەس روھى ئالدىدا يۈز كېلەلەيمىزمۇ؟ ۋاپاسىز مىراسخورلاردىن بولۇپ قالمايمىزمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ بۈگۈنكى كۈندە، ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا تەتقىقاتتا قايتىدىن قاراپ چىقمىسا بولمايدىغان مۇھىم مەسىلىلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. لېكىن، خەلقنىڭ، مىللەتنىڭ ئۆز تاللىۋېلىشى بار، ئۇلار نېمىنى قوبۇل قىلىش، نېمىنى قوبۇل قىلماسلىقنى، جۈملىدىن نېمىلەرگە ۋارىسلىق قىلىشنى ياخشى بىلىدۇ. بىز يۇقىرىقى پارچىدا ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن باشقا شېئىرىي پارچىلاردا ئايان بولغان جانلىق تىلنىڭ، شېئىرىي شەكىللەرنىڭ، تۇراق، ۋەزىن ۋە قاپىيە تەرتىپلىرى ئادىتىنىڭ، تىلدىكى راۋانلىق ۋە ئاھاڭدارلىقنىڭ فولكلوردا — خەلق قوشاقلىرى، خەلق ناخشىلىرى، خەلق داستانلىرى، بېيىتلار ۋە ئېيتىشىش شەكىللىرىدە ھازىرغا قەدەر ئۈلمەي ياشاپ كەلگەنلىكىنى بىلىمىز. خەلق ئاتا بوۋىلىرى ياراتقان ئەڭ قەدىمكى مىللىي سەنئەت نەمۇنىلىرىنىڭ ھەقىقىي مىراسخورى بول-

غان. شېئىرىي تىلنى جانلىق تىل ئاساسىدا يارىتىش ئەنئەنىسى ئۇلاردا باشقا مىللەتلەر
ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن دىنلار ۋە ئالماشقان دىنلارنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدىمۇ ئۆزگەرمە-
گەن. دىنىي زىيالىيلار ھېسابىغا يېتىشىپ چىققان شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ يازما شېئىرىيىتىنى
يارىتىپ كەلگەن ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدىمۇ خەلق ئۆز سەنئىتىنى ئۆزلىرى چۈشىنىدىغان ۋە
ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان تىل بىلەن يارىتىپ كېلىۋەرگەن، ئەجدادلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى
شېئىرىي شەكىللىرىنىمۇ تاشلاپ قويمىغان، بەلكى بۇ شەكىللەردە داۋاملىق ئىجاد قىلىپ
كەلگەن، قەدىمكى شېئىرلار بىلەن بولغان بۇ خىل ئەنئەنىلىك باغلىنىشنى بىز لوپنۇر
قوشاقلىرى بىلەن لوپنۇردىن تېپىلغان داستان پارچىلىرىدا تېخىمۇ روشەن كۆرەلەيمىز. بىز-
نىڭ خەلق قوشاقلىرىمىز بىلەن خەلق ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ
قىسمىنىڭ دىۋاندا كەلتۈرۈلگەن پارچىلاردەك يەتتە بوغۇملۇق، ئۈچ تۇراقلىق ۋە 4 مىسرالىق
شەكىلدە بولۇشى بىزنىڭ يۇقىرىقى قاراشلىرىمىزنى دەلىللەپ بېرىدۇ. بىر مۇنچە
بېيىتلىرىمىزدە دىۋاندىكى پارچىلاردەك قاپىيە تەرتىپلىرىمۇ بار.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، بۆرە ئوۋلاش توغرىسىدا بىر شېئىر بار. ئۇ مۇنداق:

كېچە تۇرۇب يۈرىر ئەردىم،
قارا ـ قىزىل بۆرى كۆردۈم،
قاتىغ يانى قۇرا كۆردۈم،
قىيا كۆرۈپ باقۇ ئاغدى.
قارا تۈنۈك كېچۈرسەدىم،
ئاغۇر ئۇنى ئۇچۇرسەدىم،
يەتىكانىڭ قاچۇرسەدىم،
ساقىش ئىچرە كۈنۈم تۇغدى،
ئىتىلا جىم ئەرك بولدى،
ئەرك بولغۇ يارى كۆردى،
بۇلىت ئۇرۇب كۆك ئۆرتۈلدى،
تۇمان تۇرۇب تولى ياغدى.
ئۇزۇ بارىب ئۆكۈش ئەۋدىم،
تەلىم يۈرىب كۇچى گەۋدىم،
ئاتىم بىرلە تەگۈ ئەۋدىم،
مەنى كۆرىب ئىسى ئاغدى.
ئىتىم تۇتۇب قۇزى چالدى،
ئانىڭ تۇسىن قىرە يۇلدى،
باشتىن ئالىب قوزى سالدى،
بۇغاز ئالىب تۈگەل بوغدى.

(كېچىسى تۇرۇپ ئايلىنىپ يۈرگەنىدىم، قارا ـ قىزىل رەڭلىك بىر بۆرىنى كۆرۈپ
قالدىم، ئوقيانى قۇرۇپ تەييالاپ قويدۇم، ئۇ شەرپەمنى سېزىپ، بىر تاشنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ
مۆكۈۋالدى. قاراڭغۇ تۈنىنىڭ تېز ئۆتۈپ كېتىشىنى خالايتتىم، ئۇيقۇمنىمۇ تارقىتىۋەتتىم،
يەتتە قاراقچى يۇلتۇزىنى سانا ـ سانا تاڭنى ئاتقۇزدۇم، شوخ، ئويناق ئىتىم چاپچىشقا
باشلىدى، ئۇ شۇنداق قىلىشنى لايىق كۆردى، كۆكنى بۇلۇت قاپلاپ، تۇمان كۆتۈرۈلۈپ يې-
غىن باشلاندى. مەن ئالدىراپ بۆرىنىڭ ئىزىغا چۈشتۈم، قوغلاپ يۈرۈپ ئۇنى ھارغۇزدۇم،
ئىتىم بىلەن ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردۈم، ئۇ مېنى كۆرۈپ گاڭگىراپ قالدى، ناھايىتى قورقتى،
ئىتىم ئۇنى تۇتۇۋېلىپ يىقىتتى، بوغۇزدىنلا ئېلىپ ھوشىدىن كەتكۈزدى، بېشىنى ئۇزۇپلا
تاشلىدى ۋە تۈكلىرىنى يۇلۇشقا باشلىدى.)

بۇ شېئىردە تەسۋىرلەنگىنى ئىپتىدائىي جامائەتنىڭ كوللېكتىپ ئوۋى ئەمەس، يەككە
ئوۋچىنىڭ ئوۋى. ئۇنىڭ شاش، ئويناقلاپ تۇرىدىغان ياخشى ئىتى، قاۋۇل ئىتى بار. ئوۋ

قورالى تاش ئەمەس، بەلكى ئوقيا. بۇ ئەجدادلىرىمىز ئۆز تەرەققىياتىدا سىۋىلىزاتسىيىگە كىرگەن، ئوۋچىلىقنى ئاساس قىلغان ئائىلە ئىگىلىكى ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىدە ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى بولغان زامانىنىڭ سەنئەت خاتىرىسى. بۇ شېئىر بىزنىڭ ھازىرقى ئۆلچەملىرىمىز بويىچە ئېپىك شېئىرلار تۈرىگە كىرىدۇ. شېئىرىي قەھرىماندا، خەلقىمىزنىڭ مىللىي خاراكتېرىنىڭ باتۇرلۇق، قاراملىق، غەيرەتكارلىق ۋە تەۋەككۇلچىلىكتەك ئالاھىدىلىكلىرى ئوبرازلاشتۇرۇلغان. بۆرىنىڭ كەلگەنلىكىنى بايقاپ قالغان ئوۋچى ئۇنىڭ پېيىگە چۈشىدۇ، ئوۋ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويماي دەپ، كېچىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزىدۇ، تاڭ ئېتىشى بىلەن تەڭ ئاتلىنىپ، ئوۋ ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇنىڭ ئىزىنى ئىزلايدۇ ۋە ئۇنى تېپىۋېلىپ، ئاتلىق قوغلاپ ھارغۇزىدۇ، ھېچقاياقتىن يول بەرمەي گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ئاخىرىدا ئىتىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇ، يىرتقۇچ بۆرى بىلەن ئېلىشقان چاغدا ئۆزىگە كېلىشى مۇمكىن بولغان خەۋپ ـ خەتەر ئۈستىدە ئويلاپمۇ قويمايدۇ. شېئىردىكى ئوۋچى قارلىق تاغلار ۋە قېلىن ئورمانلارنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ياشاش مۇھىتى قىلىپ تاللىۋالغان ئاتلىق مىللەت ئەركەكلىرىنىڭ ھەقىقىي ئوبرازى بولالايدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ بىخلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولغان قەبىلە ـ ئۇرۇقلار دەۋرىدىن قالغان بىر شېئىرمۇ بار. ئۇ قەبىلە ياكى ئۇرۇقلار ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر جەڭنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ شېئىرمۇ خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن ئېپىك شېئىرلار تۈرىگە كىرىدۇ ۋە ئۇ قەدىمكى شېئىرىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تۈرلىرىدىن بولغان جەڭ قىسسىلىرىنىڭ شېئىرىي بايان ۋە شېئىرىي نۇتۇق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىدە روشەن ئىپادىلەيدۇ:

ئاغە بۆكتىر ئۈزە يۈردىم،
بەرىق ياقىپ قىيا كۆردىم،
ئانى بىلىپ تەقى باردىم،
تۈگەل يىغى تۇرى تۇغدىم.
قۇزى قىقىرىپ ئوغىش تېردىم،
يىغى قارۇ كېرىش قۇردىم،
توقۇش ئىچرە ئۇرۇش بېردىم
ئەرەن كۆرۈپ باشى تىغدى.
ئۆزىن ئۆكۈنىپ ئۇرىلادى،
يىراق يەرنىڭ قارىلادى،
ئاتىغ كېمىشىپ ئۇرىلادى،
ئۇۋۇت بولۇپ تۆبۇ ئاغدى.
ئەرەن ئىزىپ سۆكە تۇردى،
باشى، بويىنى سۆكە تۇردى،

ئۇۋۇت بولۇپ بۆكە تۇردى،
ئۇزۇ قامە تابەن يىغدى.
ئەبەڭ قولسام ئۇزۇ بارىپ،
تۇتار ئەردىم سوۋىسىن تارىپ،
بۇلۇن قىلىپ باشى يارىپ،
يۇلۇغ بارچە مەنگە يىغدى.
ئەۋىن بەقىن ساتىغسادى،
يۇلۇغ بېرىپ ئېرىغسادى،
تىرىك ئەرسە تۇرۇغسادى،
ئاڭار ساقىنچ كۆنى تۇغدى.
ئىزۇ بېرىپ بوشۇتتۇم،
تاۋار يۇلۇغ تاشۇتتۇم،
يۇكىن بارچە ئۆزى يىغدى.

( تاغنىڭ ئۈستىدە يۈرەتتىم ، يىراقتىن بىر شەپە كۆردۈم ، يەنە ئۇ تەرەپكە يېقىن باردىم ، ئۇنىڭ ياۋ كۆتەرگەن چاڭ ـ توزان ئىكەنلىكى ئېنىق بولدى . تاغدىن تۆۋەنگە قاراپ ۋارقىراپ ئۇرۇق ـ قەبىلەمنى يىغدىم . دۈشمەنگە قارشى ئوقيالىرىمغا ئوق سېلىپ تەييارلاپ قويدۇم ، جەڭ مەيدانىدا ئۇرۇشنى ئۆزۈم ئاچتىم ، مېنى كۆرۈپ ، ياۋنىڭ بېشى تۆۋەنگە چۈشتى ، باشقا ياۋ كېرىلىپ ، ۋارقىراپ لاپ ئۇرغانىدى ، ئېتىنى قويۇپ بېرىپ ، يەرلەرنىمۇ ئۆلچەپ يۈرگەن ، بىراق ، كېيىن ئۇياتقا قېلىپ ، تۆپە تەرەپكە قاراپ قاچتى . ئۇ ماڭا باتۇرلىرىنى ئەۋەتتى ، ئۇلار ئالدىمدا تىز چۆكتى ، باشلىرىمۇ كۆتۈرەلمىدى ، خىجالەت بولۇپ ، بويۇنلىرىنى ئېگىپ تۇرۇشتى ، ھۇجۇمنى توختاتىسىز دەپ يالۋۇردى . خالىسام ، ھۇجۇمنى داۋام ئەتتۈرۈپ ، ئەسكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىپ ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەسىر قىلىپ ، بېشىنى يارغان بولاتتىم ، لېكىن ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ، ماڭا كۆپلەپ سوۋغات تەقدىم قىلدى . ياۋ تىرىك قېلىشنى ئىستەيتتى ، شۇڭا ، ئۆي ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ ، ماڭا تاپشۇرۇشنى خالايتتى ، ئۇنىڭغا قايغۇ كۈنى كەلگەنىدى . مەن ئازادلىق بېرىپ ئۇنى بوشاتتىم ، ماڭا تەقدىم قىلىنغان يۈكلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە توشۇغىلى سالدىم . )

« ئېتىنى قويۇپ بېرىپ ، يەرلەرنىمۇ ئۆلچەپ يۈرگەن » دېگىنىگە قارىغاندا ، ياۋ قەبىلىسى بۇ قەبىلىنىڭ ئوتلاقلىرىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن ، ئەمما ئۆزى تارمار بولۇپ ، غالىپ قەبىلىگە مال ـ مۈلۈك تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولغان ، بۇ شېئىرنىڭ مەزمۇنىدا ، قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۇرۇش شەكلى ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرىنىڭ ئېنىق خاتىرىسى بار . شېئىردا ئىپادىلەنگەن ھوشيارلىق ، ئۇرۇشتا باتۇر بولۇش ، ياۋ قارشىمدا قورقماسلىق ، ھۇجۇم ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش ، ياۋنىڭ سۇلھى تەلەپ قىلىش ۋە تۆلەم تۆلىشى قاتارلىق دېتاللار بۇ خەلقنىڭ ئۆز زامانىسىدا ، ئۇرۇش ۋە باسقىنلار ئۆزلۈكسىز يۈز بېرىپ تۇرىدىغان قىتئەدە ، ھەربىي ھەرىكەتلەردە ناھايىتى باتۇر ، تەجرىبىلىك ۋە چېۋەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ .

مىللىي شېئىرىيتىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك ئۆتمۈشكە نەزەر سالساق ، مەرسىيە شېئىرلىرىنىڭ ئۇنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولۇپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز . بىزنىڭ فولكلورىمىزدا ۋە خەلقىمىزنىڭ ئادىتىدە ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ھازا قوشاقلىرى ، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن يارىتىلغان داستانلار ، قىسسەلەر ، ماتەم ناخشىلىرىنىڭ تېكىستلىرى ئەمەلىيەتتە مەرسىيە شېئىرلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ، خەلقىنىڭ ئاتا ـ ئانا ، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىنلىرى دۇنيادىن ئۆتكەندە ، ئۇلارنىڭ ياخشىلىقلىرى ۋە خىسلەتلىرىنى تەرىپلەپ ، ئۇلارنىڭ ئىچ كۆيۈكىنى تارتىپ قوشاق توقۇپ ھازا قىلىش ئادىتى بەكمۇ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن . خەلقىمىز ئۆز تارىخىدا ئېتىقاد قىلىپ ۋە ئېتىقاد قىلىۋاتقان دۇنياۋى دىنلارنىڭ تەلىماتى ۋە تەسىرىدىن مۇتلەق خالى ھالدا ، بۇ خىل ماتەم ئادىتى خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىدا مىللىي قائىدە ـ يوسۇن تەرىقىسىدە ساقلىنىپ قالغان . ئىسلام دىنى ئېتىقادىدا ، ئادەم قازا قىلغاندا ئۈن سېلىپ يىغلاش ، دات ـ پەريات كۆتۈرۈپ ھازا قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ . مۇنداق ھازىنى قازاغا رىزا بولماسلىق ، دەپ قاراپ ، گۇناھ ھېسابلايدۇ ۋە ئۆلگۈچىنىڭ روھى ئازاب چېكىدۇ ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، بىزدە

هازىرمۇ ئۆلۈم بولغاندا ، هازا يۇقىرىقىدەك يوسۇنلاردا بولىدۇ ، خەلق ، يېقىنلىرى ئۆلگەندە ئۇن سېلىپ يىغلاپ هازا قىلمىغان كىشلەرگە ئەيىبلەش نەزەرى بىلەن قارايدۇ ، بۇخىل مىللي ئادەت بىزدە مەرسىيە شېئىرلىرى ۋە مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئۆزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇ- رىدىغان هاياتى زېمىن بىلەن تەمىن ئەتكەن .

مەرسىيە شېئىرلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمكى ۋە ئەڭ مۇكەممەل ئۈلگىسىنىمۇ بىز « تۈركي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبي پارچىلار ئىچىدە ئۇچرىتالايمىز . بۇ ئىران شائىرى فىر دەۋسىنىڭ « شاهنامە » داستانىدا ئەفراسياب دېگەن نام بىلەن تىلغا ئېلىنغان ، ئەينى زاماندىكى تۈركي قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باتۇر هەربىي يېتەكچىسى بولغان ، دۇنياغا داڭقى كەتكەن مەشهۇر سەركەردە ، جۈملىدىن تۈرك قەۋمىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاقانلىرىدىن بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا توغرىسىدىكى مەرسىيە شېئىرىدۇر ، شېئىردە مۇنداق دېيىلىدۇ :

ئالىب ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ ،
ئەسىز ئاچۇن قالدىمۇ ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر ،
يېغى ئوتىن ئۆچۈرگەن ،
تويدىن ئەنى كۆچۈرگەن ،
ئىشلار تۈزۈب كېچىرگەن ،
تەگدى ئوقى ئۆلدۈرۈر .
تۇرغان ئۇلۇغ ئىشلاقا ،
تېرچى ئۇرۇب ئاشلاقا ،
تۇملۇغ قەدىر قىشلاقا ،
قوزتى ئەرىلىڭ ئۇمدۇرۇر ،
بېكلەر ئاتىن ئارغۇرۇب ،
قازغۇ ئەنى تۇرغۇرۇب ،
مەڭزى ، يۈزى سارغارىب ،
قۇرقۇم ئەڭەر تۇرتۇلۇر ،
ئولشىب ئەران بۆرلەيۇ ،
يىرتىن ياقا ئۇرلەيۇ ،
سىقرىب ئۇنى يۈرلەيۇ ،
سىغتاب كۆزى ئۆرتۈلۈر .
ئۆزلەك ياراغ كۈزەتتى ،
ئوغرى توزاق ئازىتتى ،
بېكلەر بېكىن ئازىتتى ،
قاچسا قەلى قۇرتۇلۇر .
ئۆزلەك كۈنى تەۋرەتۇر ،
ئەردىن ئاجۇن ساۋرتىۋر ،
يالڭۇق كۈچىن كەۋرەتۇر ،
قاچسا تەقى ئارتىلۇر ،
ئوغرە يۇگى مۇنداغ ئوق ،
مۇندا ئەزىن تىغداغ ئوق ،
ئاتسا ئاجۇن ئوغراب ئوق ،
تاغلار باشى كېرتىلۇر ،
ئەردى ئانىن تاتۇرغان ،
ئوغراق سوسىن قايتارغان ،
ياۋلاق يېغى قاچۇرغان ،
باستى ئۆلۈم ئاختارۇر .

( ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ ، دۇنيا ئۇنىڭ قالدىمۇ ، زامانە ئۆچىنى ئالدىمۇ ، ئەمدى يۈرەك قان بولدى . ( ئۇ ) دۈشمەن ئوتلىرىنى ئۆچۈرگەن ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى ئىزىدىن چىقارغان ، كۆپ ئۇرۇشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ، تەگكەنلا ئوقى ئۆلتۈرىدىغان يېتەكچى ئىدى . ( ئۇ ) چوڭ ئىشلارنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ، ئالىملارغا دەستۇرخان سالغان ، قەهرىتان سوغۇق قىشلاردىمۇ ئادەملەرنى ئۈمىدلەندۈرىگەنىدى . بەگلەر ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ، قايغۇ

ئۇلارنى ئاياققا تۇرغۇزغان، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، رەڭگى ـ روھى سارغايغانىدى،
ئادەملەر بۆرىدەك ھوۋلاشتى، ياقا يىرتىپ ھۆڭدەپ يىغلاشتى، ئۈن سېلىپ نالە قىلىشتى،
تولا يىغلاپ كۆزلىرى خىرەلەشتى. زامانە پۈرسەت كۈتۈپ كەلگەنىدى، ئۇنىڭغا يوشۇرۇن
توزاق قويىدى، بۇ بەگلەر بېگىنى ئازدۇردى، ئەگەر ئۇ قاچقان بولسا، قۇتۇلۇپمۇ قالارمىدى؛
زاماننىڭ كۈنلىرى دەۋرى قىلىپ ئۆتىدۇ، ئۇ دۇنيانى (ئالىپ ئەرتۇڭادەك) ئەركەك
ئىنسانلاردىن بوشىتىپ تۇرىدۇ، ئادەملەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن
قېچىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، زاماننىڭ ئادىتى شۇنداق، مۇندىن باشقا تەرتىپى يوق، دۇنيا
ئەگەر نىشانغا ئېلىپ ئوق ئاتسا، ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى تاغ چوققىلىرىنىمۇ ئۇچۇرتىۋېتىدۇ، (ئا-
لىپ ئەرتۇڭا) ئوچۇق دەستۇرخان ئەركەك ئىدى، ئۇ ئوغرىلارنىڭ لەشكەرلىرىنى
چېكىندۈرگەن، يامان ياۋلارنى قاچۇرغانىدى، (ئەمما) ئۇنى ئۆلۈم ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ئا-
خىرى تېپىۋالدى.)

خەلق بولىدىكەن، ئۇنىڭ تارىخىدا ئۇنى خەلق ۋە مىللەت قىلىپ ئۇيۇشتۇرغان
مەشھۇر داھىلىرى ۋە يېتەكچىلىرى بولىدۇ، خاقانلىرى، قوماندانلىرى، سەركەردىلىرى، ئاق-
ساقاللىرى ۋە بەگلىرى بولىدۇ. ئۇلار ئۆز خەلقىنى تەشكىللەپ ئۇمىدلەندۈرۈپ، يات
قەۋملەرنىڭ ھەربىي باسقىنلىرى ۋە تالان ـ تاراجىدىن ساقلاپ، ئوغۇللىرىنى قۇل، قىزلىرىنى
دېدەك قىلىپ بەرمەي، ئۇلارنى تارىخنىڭ ئەگرى ـ توقاي يوللىرى ۋە قىيىن ـ
قىستاڭلىرىدىن ئامان ئۆتكۈزۈپ، يەر ـ سۈيى ۋە تاغۇ ـ يايلاقلىرىنى تارتقۇزۇپ قويماي،
ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىر خەلق ياكى بىر مىللەت تەرىقىسىدە مەۋجۇت بولۇپ ياشاپ قېلىشىغا،
يوقىلىپ، يېيىلىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. شۇڭا، خەلقنىڭ قەلبىدە ئۇلارنىڭ
ئورنى تىرەن، خەلقنىڭ نەزەرىدە ئۇلارنىڭ ئابرويى يۈكسەك بولىدۇ، خەلق ئۇلاردىن پاناھ
تىلەيدۇ. يېتەكچىسىز قالغان خەلق سەركىسىز قالغان پادىغا ئوخشاپ قالىدۇ، تىرىپىرەن بو-
لۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى ۋە قابىل يېتەكچىسى بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا
ئۆلگەندە، يۇقىرىقىدەك ئېغىر قايغۇلۇق مەرسىيە شېئىرىنى توقۇپ چىققان، بۇ مەرسىيە «
تۈركىي تىللار دىۋانى» ئارقىلىق بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن.

بىز بۇ قەدىمكى شېئىردا، شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋە سەنئەت ئۆلچەملى-
رىدىن بولغان شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي خىيال ۋە شېئىرىي تەپەككۇرنىڭ روشەن
مىسالىنى كۆرەلەيمىز. بۇ پارچىدىكى شېئىرىي ھېسسىيات ناھايىتى قويۇق ۋە قايغۇلۇق، بۇ
ھېسسىياتنى ئىپادىلىگەن قايغۇ ـ ئۇلۇغ قايغۇ، تارىخىي قايغۇ، خەلقنىڭ قايغۇسى ـ يۈرەكلەر
قان بولىدۇ، ئادەملەر بۆرىدەك ھوۋلىشىدۇ، ياقا يىرتىپ ھۆڭرەپ يىغلىشىدۇ، ئۈن سېلىپ
نالە قىلىشىدۇ، تولا يىغلاپ كۆزلىرى خىرەلىشىدۇ. بەگلەر ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ئۆلۈمىگە يىراق
يىراقلاردىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۆڭى ئۆچكەن، رەڭگى ـ روھىي
سارغايغان، بۇ تەسۋىرلەردە، ئومۇمىي خەلق ماتىمىنىڭ كۆلىمى بار. ئۇلارنىڭ ھازا قىلىش،
ماتەم بىلدۈرۈش شەكلى ـ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، تۈركىي يوسۇندا، يەنى ياقا
يىرتىپ ھۆڭرەپ يىغلاش، ئۈن سېلىپ نالە قىلىش. بۇ تەسۋىردىكى ئۆلۈمگە يىراقتىن ئات
چاپتۇرۇپ يېتىپ كېلىش ئادىتى بۈگۈنكى كۈندىمۇ بەزى تۈركىي خەلقلەردە ساقلىنىپ

قالغان. پارچىدا، شېئىرىي خىيالنىڭ قانات يېيىشى بىلەن، ئالىپ ئەرتۇڭانىڭ ھاياتىدا قىلغان ئۇلۇغ ۋە چوڭ ئىشلىرى، ئۇنىڭ چوڭ يۈرەكلىكى، مەرگەنلىكى، مېھماندوستلۇق ۋە ئالىم، بىلىمدان ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلىشتەك شەخسىي خىسلەتلىرى ئۆكۈنۈش ۋە قايغۇلۇق ھېسسىيات ئىچىدە ئەسلەپ ئۆتۈلىدۇ. شېئىرنىڭ كېيىنكى بىرىمىدا بارلىققا كەلگەن شېئىرىي تەپەككۇر، بۇ تەپەككۇردە ئوبرازلاشتۇرۇلغان دۇنيا. تەقدىر، ھاياتلىق قانۇنىيەتلىرى ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنىڭ ئەقلىي دەرىجىسى كىشىنى ھەيران قىلىدۇ. بەكمۇ ئۇزاق ئۆتمۈشتە توقۇلغان بۇ مەرسىيە، ئەينى زاماندىكى ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ھەرىكىتىدە ھاسىل قىلغان تەپەككۇر دەرىجىسىدىن ۋە پەلسەپىۋى مۇلاھىزىلىرىدىن بىزگە بىۋاسىتە ئۇچۇر بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ شېئىردىكى ھايات ۋە ئۆلۈم توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسى بىزگە «ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ئۆلۈم» دېگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىنى ئەسلىتىدۇ. خەلق بۇ خىل مۇلاھىزىسى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ قايغۇسىغا تەسەللى ئىزدىگەن.

شېئىردا تىلغا ئېلىنغان ئوغراقلار توغرىلىق ئىزاھ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئوغراقلار، مەلۇماتقا كۆرە، تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى بولغان، قارا ياغاچ دەپ ئاتالغان يەردە ياشىغان، ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنى ياغما قەبىلىسى بىلەن جەرۇق قەبىلىسىنىڭ ئارىلىقىدا بولغان. ئۇلار ساپ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلق بولۇپ، تىلى ئاساسەن چىگىل، ياغما، توخسى قەبىلىلىرىنىڭ تىلى بىلەن بىردەك بولغان. ئوغراقلارنىڭ باتۇرلۇقلىرى ۋە ئۇلار ئېلىپ بارغان جەڭلەر ھەققىدىمۇ خېلىلا كۆپ شېئىرىي پارچىلار ساقلىنىپ قالغان. «ئوغراق ئەرى تىغراق، يېمى ئەنىڭ ئوغلاغ، سۈتى ئۇزە ساغراق، يېرى تاقى ئاغلاق» دېگەن پارچە شۇلاردىن بىرى. ئۇنىڭ يەشمىسى «ئوغراقنىڭ ئادەملىرى غەيرەتلىك كېلىدۇ، يەيدىغان ئوزۇقى ئوغلاق گۆشى، ئىچىدىغان سۈتى ئۆكسمەيدۇ، ئەمما يەرلىرى سۇسىز، تاقىر كېلىدۇ» دېگەنلىك بولىدۇ. يۇقىرىقى مەرسىيەدە، ئالىپ ئەرتۇڭا مۇشۇنداق باتۇر قەبىلىنىڭ لەشكەرلىرىنىمۇ چېكىندۈرگەن، دەپ تەرىپلەنگەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئەدەبىي پارچىلار ئىچىدە، ئەجدادىمىز ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق باسقۇچىغا ئۆتكەن زامانلاردىن قالغان ناھايىتى نەپىس چىرايلىق بىر شېئىر بار. ئۇ شېئىر سۆيگۈ ھەققىدە:

بۇلنارمەنى ئۇلاس كۆز،
قارا مەڭىز، قىزىل يۈز،
ئاندىن تامار تۆگەل تۇز،
بۇلناب يەنە ئۇل قاچار.
يالۋىن ئەنىڭ كۆزى،
يالقىن ئەنىڭ ئۆزى،
تولۇن ئايىن يۈزى،
ياردى مەنىڭ يۈرەك.

ئۆزىك ئوتى تۇتۇنۇب،
ئۆپكە، يۈرەك قاغدۇلۇر.
تۈن، كۈن تۇرۇب يىغلايۇ،
ياشىم مەنىڭ ساۋرىلۇر.
ئۆزىك مەنى قۇمىتتى،
ساقىنچ مەنگە يۇمىتتى،
كۆڭلۈم ئەگەر ئەمىتتى،
يۈزۈ مەنىڭ سارغارۇر.

يۇكنۇب مەنگە ئىملادى ،
كۆزۇم ياشىن يەملادى ،
باغدىم باشىن ئەملادى ،
ئەلكىن بولۇب ئۇل كۆچەر .
يىغلاب ئۇزۇ ئارتادىم ،
باغدىم باشىن قارچادىم ،
قاچمىش قۇتۇغ ئىرتەدىم ،
ياغمۇركۇن قان ساچار .

ئاۋلاب مەنى قويماڭىز ،
ئەيىق ئەيىب قاياماڭىز ،
ئاقار كۆزۇم ئۇش تەڭىز ،
تەگدە يۇرە قۇش ئۇچار .
ئۇزىك مەنى كۇچەيۇر ،
تۇن - كۇن تۇرۇب يىغلايۇ ،
كۆردى كۆزۇم تاۋراقىن ،
يۇرتى قالىب ئاغلايۇ .

( يۇزى قىزىل ، قارا خالى بار بۇ شەهلا كۆز مېنى تۇتقۇن قىلدى ، ئۇنىڭ چىرايىدىن يېقىملىقلىق ، ئۇماقلىق تېمىپ تۇرىدۇ ، مېنى تۇتقۇن قىلىپ باغلىۋالدىيۇ ، ئۆزى قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ كۆزلىرى ئوۋچى ئىدى ، ئۇنىڭ قەۋمى باشقا ياتلاردىن كەلگەن ، ئۇنىڭ يۇزى تولۇن ئايغا ئوخشايتتى ، ئۇ مېنىڭ يۇرىكىمنى پارە - پارە قىلدى . سۆيگۈ ئوتى تۇتىشىپ جىگەر - باغرىمنى ئۆرتىدى ، كېچە - كۇندۇز يىغلايمەن ، كۆز ياشلىرىم چېچىلىپ تۇرىدۇ . سۆيگۈ مېنى هاياجانغا سالدى ، مېنى قايغۇ چىرمىۋالدى ، كۆڭلۇم ئۇنى ئارزۇ قىلاتتى ، يۇزلىرىم سارغايدى . ئۇ ماڭا ئېگىلىپ تۇرۇپ ئىشارەت قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن كۆزۇمدىكى ياشلارنى سۇرتۇپ قويغاندەك بولدى ، يۇرىكىمدىكى يارىلارنى داۋالدى ، لېكىن ، ئېلى بىلەن بىللە يەنە كۆچۈپ ئۇزاقلاشتى . يىغلاپ يۇرۇپ كەينىدىن ئاختۇردۇم ، يۇرەك يارامغا شىپا تاپماقچى بولدۇم ، نەگە قاچسا ، شۇ يەردىن ئىزلىدىم ، كۆزۇمدىن ياققان يامغۇر قانغا ئايلاندى . ئۇنىڭغا ، مېنى ئۇۋلاپ ئالدىڭىز ، ئەمدى تاشلاپ كەتمەڭ ، قىلغان ۋەدىڭىزدىن يېنىۋالماڭ ، كۆرمىدىڭىزمۇ ، كۆزلىرىم ئاقار دەرياغا ئايلاندى ، بۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا قۇشلار ئۇچۇپ يۇرىدۇ ، دېدىم . مېنىڭ سۆيگۇم كۇچەيدى ، كېچە - كۇندۇز توختىماي يىغلىدىم ، چۇنكى ، كۆزلىرىم ئۇنىڭ ئېلىنىڭ باشقا تەرەپكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى . )

مانا بۇ بىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى رومانتىك شېئىرلىرىمىزدىن بىرى ، هازىرقى ئۇقۇمىمىزدا ، مۇهەببەت لىرىكىسى تۇرىگە كىرىدۇ . ياش يىگىت ئۆز قەۋمى مال بېقىۋاتقان جايلاردىن ئۆتۇپ كېتىۋاتقان باشقا بىر كۆچمەن قەۋمنىڭ قىزىغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ، ئۇنىڭ پېيىگە چۇشىدۇ ، ئۆزىنىڭ ساپ ، قايناق مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلىدۇ ، ئەمما ، قىزنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلمەيدۇ . چۇنكى ، قىزنىڭ ئۆز قەۋمىدىن ئاجراپ يىگىتنىڭ يېنىدا قېلىشى ئۇ زامانلارنىڭ قەبىلە مۇناسىۋەتلىرىدە مۇمكىن ئەمەسلا بىر ئىش ئىدى . قىزنىڭ قەۋمى يەنە باشقا تەرەپكە كۆچۈپ ، يىگىتتىن ئۇزاقلاپ كېتىدۇ . بۇ ، ئوتتۇرا ئاسيانىڭ بىپايان تاغۇ - ئوتلاقلىرىدا سانسىز ئەسىرلەر داۋامىدا كۆرمىنىڭ قېتىملاپ يۇز بەرگەن شېئىرىي پاجىئە ، ئەگەر يۇقىرىقى شېئىردىكى لىرىك قەهرىمان — يىگىت كۆچۈپ كېلىپ كۆچۈپ كەتكەن باشقا قەۋمنىڭ ئۇ گۇزەل قىزىنى كۆرمىگەن بولسا ، ئۇنىڭغا كۆڭۇل بەرمىگەن بولسا ، ئۇنىڭ قەبىلە يۇقىرىقىدەك كۆلەمدىكى شېئىرىي زىلزىلە هەرگىزمۇ قوزغالمىغان ، ساپ ، هاياجانلىق ، ئەمما

ئەمەلگە ئېشىشى مۇتلەق مۇمكىن بولمىغان سۆيگۈ توغرىسىدىكى تراگېدىيىلىك خاراكتېرىدىكى بۇ ئاجايىپ رومانتىك شېئىرمۇ دۇنياغا كەلمىگەن بولاتتى. بۇ شېئىرنىڭ مىسالى سەنئەتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش پائالىيەتلىرى دائىرىسىگە كىرىدىغانلىقىنى، سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئوبيېكتىپ رېئاللىقنىڭ سۇبيېكتىپ ئىنكاسى سۈپىتىدە تۇغۇلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەپ قالدۇرۇلغان ئەدەبىي پارچىلارنىڭ ئىچىدە، قىش بىلەن يازنىڭ ئېلىشىشىنى تەسۋىرلەيدىغان بىر شېئىر بار. ئۇنىڭ تېكىستى مۇنداق:

قىش ياي بىلە توقۇشتى،
قىڭىر كۆزۈنۈغ باقىشتى،
تۇتۇشقالى ياقىشتى،
ئۇتغالىمەت ئۆگرەشۇر.

قىش يايغىدۇ سۇۋۇلانۇر،
ئەر ئەت مەنىن ياۋرۇيۇر،
ئىكلەر يىمە ساۋرۇيۇر،
ئەت يىن تاقى تەگرەشۇر.

ئۇل قار قامۇغ قىشىن ئىنەر،
ئاشلىغ، تارىغ ئەنىن ئۇنەر،
ياۋلاق يىغى مەندە تىنەر،
سەن كېلىبان تەبرەشۇر.

سەندە قوپار چازانلار،
قوزغۇ، سىنگەك، يىلانلار،
دۆك مىڭ قۇيۇ تۇمانلار،
قۇزرۇق تىكىب يۇگرەشۇر.

ياي قىش بىلەن قەرىشتى،
ئەردەم ياسىن قۇرىشتى،
چەرىك تۇتۇب كۆرۈشتى،
ئوقتاغالى ئۇترۇشۇر،

بالچىق بالىق يۇغرۇلۇر،
جىغاي ياۋۇز يىگرىلۇر،
ئارىگە كلەرنى ئوغرۇلۇر،
ئۆزغۇچ بىلە ئەۋرەشۇر.

سەندە قاچار شوندىلاچ،
مەندە تىنەر قارغىلاچ،
تاتلىغ ئۆتەر ساندۇۋراچ،
ئەركەك تىشى ئۇچراشۇر.

يىلقى يەرىم ئوتلانور،
ئوتلاب ئەنىن ئەتلەنۇر،
بېكلەر سەمىز ئاتلانور،
ساۋۇنۇپ ئۇگۇر ئاسرەشۇر.

( قىش بىلەن ياز توقۇنۇشتى، بىر - بىرىگە يامان كۆز بىلەن قاراشتى، ئۆزئارا تۇتۇشۇپ قېلىپ، بىر - بىرىنى يەڭمەكچى بولۇشتى. قىش يازغا قارشى ۋارقىراشقا باشلىدى: ئادەملەرنىڭ تېنى مەندە قاتىدۇ، يەنە كېسەللىكلەرمۇ كېمىيىدۇ، ئادەملەرنىڭ گۆشلىرى قېتىپ، بەدەنلىرى كۈچلۈك بولىدۇ. قارمۇ هەممىشە قىشتا ياغىدۇ، ئاشلىقلارنىڭ، تېرىقلارنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى شۇنىڭدىن بولىدۇ، يامان ياۋلارمۇ مەندە تىنجىپ قالىدۇ، سەن كېلىشىڭ بىلەن، ئۇلار يەنە قوزغىلىپ قالدى. سەن كەلسەڭ، چايانلار، چىۋىن، پاشا، يىلانلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، ئۇلار هەممە يەرنى تۇماندەك قاپلاپ، قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىپ چېپىپ يۈرۈشىدۇ. ياز قىش بىلەن قارشىلاشتى، ماختىنىشىنىڭ ئوقياسىنى بەتلەپ قويىدى، ئەسكەر تارتىپ ئوق ياغدۇرماقتا راستلاندى. دېدىكى، قىشتا هەممە يەرنى لاي - پاتقاق قاپلاپ كېتىدۇ، كەمبەغەل، يېلىڭ - يوپۇن ئادەملەر سوغۇقتىن ناهايىتى قىينىلىدۇ، ئۇلار تولغاپ

كەتكەن بارماقلىرىنى ئاغزى بىلەن هوداپ ئىللىتىدۇ . هەر خىل ئۇچار قاناتلار سىنىڭدىن قاچىدۇ ، قارلىغاچلار مەندە ئارام تاپىدۇ ، بۇلبۇللار شېرىن سايرىشىدۇ ، ئۇلارنىڭ ئەركەك ـ چىشىلىرى ئۇچرىشىدۇ . يىلقىلار يەردىن ئۆزلىرى ئوت تېپىپ يەيدۇ ، ئوتلاپ يۈرۈپ ئەتلىنىدۇ ، بەگلەر سىمىز ئاتلارغا مىنىشىدۇ ، سۆيۈنۈشۈپ ، يىلقىلىرىنى بېقىشىدۇ . )

بۇ پارچىدا دىققەتكە سازاۋەر بولىدىغىنى ـــ ئاشلىق زىرائەتلىرى ۋە تېرىقلارنىڭ ئۇنۇپ چىقىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ . بۇ دىۋاندىكى ئەدەبىي پارچىلاردا ، ئاشلىق زىرائەتلىرىگە دائىر سۆزلەرنىڭ دەسلەپكى قېتىم ئۇچرىشى . دېمەك ، بۇ پارچە ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز نوقۇل چارۋىچىلىقتىن يېرىم چارۋىچىلىق ـ يېرىم دېھقانچىلىق دەۋرىگە ئۆتكەن زامانلارنىڭ مەنسۇلى . بۇ دەۋرگە كەلگەندە ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە ئېڭىدا ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈك قىممىتى مۇھىم ئورۇنغا ئۆتكەن . شۇڭلاشقا ، ئۇنىڭ ئوبرازى ـــ يەنى سەنئەتلىك ئىنكاسى پەيدا بولغان .

بىزدە دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ، بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك هالدا ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ چېپىپ ، ئۆي ـ ماكان قۇرۇپ ئولتۇراقلىشىش ۋە شەهەرلىشىشنىڭ قاچان ۋە قانداق شارائىتلار ئاستىدا باشلانغانلىقىنى ئېنىقلاپ چىققان ئىلمىي مەنبەلەر تېخى يوق ، ئەمما ، بۇ تارىخىي جەرياندىن ئۇچۇر بەرگۈچى ئارخېئولوگىيىلىك ئىزلار بار . تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن قەدىمكى شەهەر ـ قىشلاقلارنىڭ خارابىلىرى ، ئېرىق ـ ئۆستەڭ ئىزلىرى ، لوپنۇر رايونىدىن چىققان ئالتە ـ يەتتە مىڭ يىل بۇرۇنقى زامانلارغا تەۋە قەدىمىي جەسەتلەر ۋە ئۇلار بىلەن بىللە كۆمۈلگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى ، يۇڭ توقۇلمىلار هەمدە بۇغداي قاتارلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ دانلىرى ، قەشقەر ، تۇرپان قاتارلىق قەدىمىي شەهەرلىرىمىزنىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن گۇۋاهلىق بەرگۈچى قېزىلمىلار ۋە بەلگىلەر بىزنى بۇ جەهەتتە روشەن قىياسقا ئىگە قىلىدۇ . بۇنىڭدىن بىز بۇ شېئىرنىڭ تۇغۇلغان دەۋرىنى ۋە ئۇنىڭ مەهمۇد قەشقەرى خاتىرىلەپ ئالغانغا قەدەر قانچە مىڭلاپ يىللاردىن ئۆتۈپ ساقلىنىپ قالغانلىقىنىمۇ تەخمىن قىلالايمىز . قارىغاندا ، سەنئەت تارىخى ، ئەدەبىياتشۇناسلىق ، تىلشۇناسلىق ، تارىخ ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق ساهەسىدە بىز كۆزىمىزنى هە دېگەندە ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىل ، ئۈچ تۆت مىڭ يىل دائىرىسىگە تىكىۋالساق ، خاتا قىلىدىغان ئوخشايمىز .

بۇ شېئىرنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنازىرە شەكلى بىلەن تۈرگۈزۈلگەن . قىش ئۆزىنىڭ ئەۋزەللىكلىرىنى سۆزلەپ ، يازنىڭ ناپاپ تەرەپلىرىنى ئاچىدۇ ، يازمۇ ئۆز ئەۋزەللىكىنى تەكىتلەپ ، قىشنىڭ ناباپ تەرەپلىرىنى سۆكىدۇ ، بۇ مۇنازىرىدە ئوتتۇرىغا چىققان سادىدا دىئالېكتىكا دۇنيادىكى شەيئىلەر ۋە هادىسىلەرنىڭ ئەۋزەللىك ۋە ناپاپلىق ، پايدىلىق ۋە پايدىسىز ، ئارتۇقلۇق ـ كەملىك ، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپلىمە ئامىللار ۋە تەركىبلەردىن بىر گەۋدە ۋە بىر بىرلىك هاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئەينى زامانلاردىلا چۈشەنگەن ۋە بىلىپ يەتكەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ مول ئەقىل ـ پاراستى ۋە ئۇلارنىڭ كۆزىتىش كۈچى بىزنى ئىپتىخارلاندۇرىدۇ . بۇ شېئىرنى توقۇغان بوۋىلىرىمىز قارىغاندا نوقۇل ياز بىلەن قىشنىڭ يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرىنىلا نەزەردە تۇتقان ئەمەس ، ئۇلارنى بىكاردىن ـ بىكارغىلا مۇنازىرىگە سېلىپ قويمىغان . ئۇلار ياز بىلەن قىشنىڭ مىسالىدا ، بېشارەت بېرىش ئۇسۇلى

بىلەن، ۋاستىلىق هالدا، ئادەملەر توغرىلىق توختالغان. ئۇلار، ئادەم مۇكەممەل بولمايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ مىجەز خاراكتېرى، ئەخلاقىي سۈپەتلىرى، ئەقىل ـ ئىقتىدارى بويىچە، خۇددى ياز بىلەن قىشقا ئوخشاش ئارتۇق ۋە كەم تەرەپلىرى، ياخشى ۋە ناچار تامانلىرى بولىدۇ، ئادەممۇ مانا شۇنداق ئىككى تەرەپلىمە خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە بىرىكتۈرگەن بولىدۇ، دېگەننى ئۇقتۇرۇپ، ئادەملەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان قاراشلىرىنى توغرىلىماقچى ۋە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى ئەقلىي يوسۇندا تەڭشىمەكچى بولغان. شۇ مۇددىئادىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ شېئىر سىمۋوللۇق يوسۇندا، يوشۇرۇن هالدا دېداكتىك ئەهمىيەتكىمۇ ئىگە قىلىنغان.

شېئىردىكى مۇنازىرىلىك قۇرۇلما ئىختىيارسىز هالدا بىزگە، كېيىنكى ۋاقىتلاردا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا دۇنياغا كەلگەن «قۇدادغۇ بىلىك»، «ئوق بىلەن يانىڭ مۇنازىرىسى»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلارنى ۋە شائىر تۇدۇش ئاخۇن غېرىبىنىڭ كاسىپلار مۇنازىرىسىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆز زامانىسىدىكى تارىخ، ماتېماتىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە، ئەدەبىيات قاتارلىق بىر قاتار پەنلەر بويىچە ئۆزىدە مول بىلىم هازىرلىغان بۇ ئالىم دۆلەتنى كۈچەيتىش تەدبىرلىرى، دۆلەتنىڭ ئابرويىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئەهۋاللاردىن ساقلىنىش يوللىرى، ئىقتىساد ۋە خەلق ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش ئامىللىرى، شۇنىڭدەك، هايات ۋە ئىلىم ـ پەنگە دائىر كۆپلىگەن مەسىلىلەرنى مەزمۇن قىلغان، سىياسىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەر كۆلىمىنى ئالغان، 73 بابتىن تۈزۈلگەن، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات ۋە جەمئىيەت تارىخى تەتقىقاتىدا بىز ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك مەنبە بولغان بۇ داستانىمۇ يۇقىرىقىدەك مۇنازىرىلىك قۇرۇلما شەكلى بىلەن باشلاپ، بۇ شەكىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆز مۇلاهىزىلىرى ۋە ئوبرازلىق ئىسپاتلاشلىرىنى قانات يايدۇرغان. شائىر تۇدۇش ئاخۇن غېرىبى ئۆزى ئارزۇ قىلغان غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى سوتسىيال ئۇتوپىيىنىمۇ كەسىپلەر مۇنازىرىسى شەكلى بىلەن ئوبرازلاشتۇرغان، ئۇ ئۆز داستانىدا مۇنازىرىلىك قۇرۇلمىدىن ئەپلىك پايدىلىنىشنى بىلگەن. «ئوق بىلەن يانىڭ مۇنازىرىسى»، «سازلار مۇنازىرىسى»، «مېۋىلەر مۇنازىرىسى» قاتارلىق داستانلارنىڭ شېئىرىي قۇرۇلمىسىمۇ مۇنازىرىلىك قۇرۇلما. بۇ داستانلاردىكى ئوق بىلەن يا، هەرخىل چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە تۈرلۈك مېۋە خىللىرى قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى شېئىرگە ئوخشاش سىمۋوللۇق ئوبرازلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئادەملەرنى نەزەردە تۇتقان. ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت مۇددىئاسىمۇ ۋە پەلسەپىۋى مۇلاهىزىلىرىمۇ يۇقىرىدىكى شېئىر بىلەن ئوخشايدۇ. پەقەت ئۇلار ئۆزى يېزىلغان دەۋرلەرنىڭ مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلغان، ئۆز زامانىسىنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقان. ئاجدادلىرىمىز دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئەمدىلەتىن كۆچۈشكە باشلىغان بەكمۇ قەدىمىي بولغان يىراق زاماندا تۈرەلگەن يۇقىرىقى شېئىرنىڭ مۇنازىرىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن، كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئۆز داستانلىرىدا بۇ خىل قۇرۇلمىدىن پايدىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا بىرەر قانداق ئالاقە يوقمىدۇر؟ مېنىڭچە، ئالاقە بار. بۇ ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە، ئۇنىڭ ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ئالاقىسى. چۈنكى، يازما ئەدەبىيات هەرقاچان فولكلور زېمىنىدىن بارلىققا كېلىدۇ، فولكلور ياراتقان شەكىللەر ۋە بەدىئىي ۋاستىلەرنى يازما ئەدەبىياتتا ئېلىپ كىرىدۇ، ئۆز-

لەشتۈرىدۇ، تەتبىق قىلىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. بۇنىڭدىن، ئەنئەنە بىلەن ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنىڭ سەنئەتنىڭ پۈتۈن تارىخىنى بويلاپ ئىزچىللىشىدىغانلىقىنى كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇ.

بىز، غەربىي - جەنۇبىي ئۇيغۇرلارنىڭ تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي ئېتەكلىرى، كوئېنلۈن ۋە كۆك ئارت تاغلىرىنىڭ ۋادىلىرى، يەتتە سۇ، پەرغانە ۋادىسى ۋە ھىراتقا قەدەر تارقىلىپ ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلىرىدىن قالغان شېئىرىي مىراسلار بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ ئۆزىمىزدە نەشر قىلىنىشى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇچراشقان بولساق، قەدىمكى تۇرپان ۋە بېشبالىقتىن تارتىپ ئورخۇن، سېلىنگە دەريالىرىنىڭ ۋادىلىرى، بايقال بويلىرى، جەنۇبىي سىبىرىيە ۋە ئالتاي تېغى ئەتراپلىرىدا تارقىلىپ ياشىغان شەرقىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلارنىڭ شېئىرىي مىراسلىرى بىلەن تېخى يېقىندىلا ئۇچراشتۇق، يەنى بىز مۇ-تەخەسسىسلىرىمىزدىن ئابدۇقەييۇم جوجا، ئىسراپىل يۈسۈپ، تۇرسۇن ئايۇپلار تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىلى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى-دىن تاللانما» دېگەن كىتاب چىقىپ تارقالغانغا قەدەر، بۇ مىراسلاردىن بىخەۋەر ئىدۇق. بۇ كىتابتا، «قەدىمكى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر» دېگەن مەۋزۇ ئاستىدا، «دالا ناخ-شىسى»، «مەدھىيە پارچىسى»، «مۇھەببەتنامە»، «پەند - نەسىھەتلەر»، «ئاتىلار سۆزى»، «مانىغا مەدھىيە»، «ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان يەتتە پارچە شېئىر بېرىلگەن. ئاپتورلار «دالا ناخشىسى» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ ستەيىن دۇڭ-خۇاڭدىن ئېلىپ كەتكەن «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى» دىن ئېلىنغانلىقى، بۇ توپلامنىڭ ھازىر ئەنگلىيەدىكى بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقانلىقى؛ «مەدھىيە پارچىسى» ناملىق شېئىرنىڭ بېسىم ئاتالايىنىڭ تۈركىيەدە چىقىدىغان «تۈركولو-گىيە تەتقىقات يىللىقى» دېگەن ژۇرنالنىڭ 1968 - يىللىق سانىنىڭ 39 — 44 - بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» ناملىق ماقالىسىدىن ئېلىنغان-لىقى؛ «مۇھەببەتنامە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ لىكوكنىڭ 1919 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «پەند - نەسىھەتلەر» دەپ ئات قويۇلغان شېئىر پارچىلىرىنىڭ ۋ. بانگ بىلەن رېشىت رەخمەتىنىڭ ئەنگلىيەدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دېگەن ژۇرنالدا 1933 - يىلى ئېلان قىلغان «قەدىمكى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «ئاتىلار سۆزى» دەپ ئات قويۇلغان پارچىلارنىڭ بىر بۆلىكىنىڭمۇ بۇ ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى، كېيىنكى پارچىلىرىنىڭ بولسا رېشىت رەخمەتىنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى» دا ئېلان قىلغان «تۇر-پاندىكى تۈركچە يازما يادىكارلىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغانلىقى؛ «مانىغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ ۋ. بانگ بىلەن گاباين خانىمنىڭ 1930 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دە ئېلان قىلغان «مانىغا مەدھىيە» ناملىق ئەسەردىن ئېلىنغانلىقى؛ «ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىرنىڭ بولسا، يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن، بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمقى ئۇيغۇر تىل -

يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ 36 ـ ، 37 ـ بەتلىرىدىن ئېلىنغانلىقى ، شېئىر ئەسلى 14 كۇبلېتتىن بولۇپ ، ئۆزلىرىنى ئۇنىڭ 9 كۇبلېتىنى نەشرگە تەييارلىغانلىقى ، شېئىرنىڭ ئاپتورىنىڭ ئاتاسىز نامىلىق ئۇيغۇر شائىرى ئىكەنلىكى توغرىلىق ئىزاھات بېرىدۇ . مېنىڭ كىتابقا بېرىلگەن بۇ ئىزاھاتلارنى ئالاھىدە بىر يەرگە توپلاپ كۆرسىتىشىمنىڭ سەۋەبى بار . مەدەنىيەتتە ۋە ئەدەبىيەتتا ئادەتتە مىللىي خاسلىق بولىدۇ ، ئەمما دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ ، ئىلىم ـ پەندىمۇ دۆلەت چېگرىسى بولمايدۇ. ئىلىم ـ پەننىڭ ھەربىر يېڭى ئۇتۇقى ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ قالىدۇ .

بۇ يەتتە پارچە شېئىرنى «تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك ، ئۇلارنىڭ تىل جەھەتتىن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز ، ئەمما بۇ يەتتە پارچە شېئىرنىڭ تىلىدا بۇددا دىنى ۋە مانى دىنىنىڭ ئاتالغۇلىرى ، سانسكرىتچىغا ۋە قەدىمقي پارس تىلىغا تەۋە سۆزلەر ئۇچرايدۇ ، دىۋاندىكى شېئىرىي پارچىلاردا بولسا مۇنداق ئەھۋال يوق . يازما مەنبەلەر بۇددا دىنىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا مىلادىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ، تاكى مىلادى 3 ـ ئەسىرلەرگە قەدەر بولغان جەرياندا ئومۇملاشقانلىقىنى ، مانى دىنىنىڭ بولسا ، شىمالىي ئۇيغۇرلار ئىچىگە مىلادىنىڭ 763 ـ يىلىدىن باشلاپ تارقىلىپ كىرگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ دەۋر چېگرىسىدىن قارىغاندا ، يۇقىرقى يەتتە پارچە شېئىر مىلادىدىن كېيىنكى ئەسىرلەرگە تەۋە مىراس بولۇپ چىقىدۇ . بىز بۇددا دىنىنىڭ كەشمىر ئارقىلىق ئالدى بىلەن قەشقەر ، خوتەن ۋە كۇچا قاتارلىق جايلاردا ياشىغان غەربىي ـ جەنۇبىي ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، «تۈركىي تىللار دىۋانى » دىكى شېئىرىي پارچىلاردا بولسا بۇددا دىنىغا ۋە سانسكرىتچىغا تەۋە سۆزلەرنىڭ يوقلۇقىغا قاراپ ، ئۇلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى ئۇزاق ئەسىرلەرگە تەۋە يادىكارلىقلار ، دەپ ھۆكۈم قىلالايمىز .

شېئىرىي قۇرۇلما ۋە شېئىرىي شەكىللەر يېقىدىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك ، بۇ ئىككى خىل تەۋەلىكتىكى شېئىرلاردا ئەھۋال بىر ـ بىرىگە ئانچە ئوخشاپ كەتمەيدۇ . دىۋاندىكى پارچىلار بوغۇم سانى بويىچە ، يەتتىلىك ، سەككىزلىك ، ئالتىلىك ، ئون تۆتلىك ، ئون ئىككىلىك ، ئون ئۈچلۈكلەردىن ئىبارەت . بۇ پارچىلارنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلىرى ناھايىتى ئېنىق ، يەتتىلىكلەر 3 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، سەككىزلىكلەر 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئون تۆتلىكلەر 3 / 2 / 2 / 3 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئالتىلىكلەر 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئون ئىككىلىكلەر 2 / 2 / 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئون ئۈچلۈكلەر 2 / 3 / 2 / 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، كۇپلېتلار تۆت مىسرالىق ۋە ئىككى مىسرالىق بولۇپ ، ئىككى خىل شەكىلدە ، ئىككى مىسرالىقلار بېيىت شەكلىدە قاپىيىلەنگەن . تۆت مىسرالىقلاردا ، ئالدىنقى ئۈچ مىسرا قاتار قاپىيىدە كېلىپ ، 4 ـ مىسرا كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ 4 ـ مىسرالىرى بىلەن ئۆزئارا قاپىيەداش كېلىدۇ . يەككە كۇپلېتلار بويىچە 4 مىسرانىڭ ھەممىسى قاتار قاپىيىدە كېلىدىغان پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ . بۇ شەكىللەرنىڭ ئىچىدە ، ئالتە بوغۇملۇقلاردىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى ھازىرمۇ بىزنىڭ فولكلورىمىزدا ۋە يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ مىساللىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ . بىزنىڭ خەلق قوشاقلىرىمىز

ۋە ناخشىلىرىمىزنىڭ تېكىستلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يەتتىلىكلەردىن ئىبارەت . ئالتىلىكلەر ، قارىغاندا كېيىنكى شائىرلارنىڭ ئىجادىيىتىدە ئۇنتۇلۇپ قالغان ئوخشايدۇ ، ئەمما ، دىۋاندىكى ئالاقىدار پارچە بۇ شەكىلنىڭ 2 / 2 / 2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا يېزىشنىڭ تامامەن مۇمكىنلىكىنى ، بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىسىنىڭمۇ ئوخشاشلا ئۆزىگە خاس ئاھاڭدارلىققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇۋاتىدۇ . سەككىزلىك ، ئون ئىككىلىك ، ئون تۆتلىكلەرنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ، ناھايىتى ئىنچىلىك بىلەن ئىككى بوغۇمدىنلا ئىبارەت بولغان سۆزلەر ھېسابىغا تەكشى تۇراقلىنىشى بىزدە قىزىقىش قوزغايدۇ . بۇ خىل تۇراق شەكلىدە ناھايىتى چىرايلىق ۋە ناھايىتى ئاھاڭدار بىر رىتىم پەيدا بولىدىغانلىقى پايقىلىۋاتىدۇ . بىز بولساق ، يېڭى دەۋر شېئىرىيىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدە ، سەككىزلىكلەرنى 4 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا ، ئون ئىككىلىكلەرنى 4 / 4 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا ، ئون تۆتلىكلەرنى 3 / 4 / 3 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىغا ئايرىشقىلا ئادەتلىنىپ قالغان . قارىغاندا ، قەدىم بوۋىلاردىن مىراس قالغان يۇقىرىقىدەك ئىنچىكە گۇرۇپپىلاش شەكلىنى تىرىلدۈرۈپ ئالساق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ .

قاپىيىلەش تەرتىپىدە ، دىۋاندىكى پارچىلارغا قارىغاندا ، بىزدە تارىخىي چېكىنىش يۈز بەرگەن ، بىز كۆپرەك ئالماش قاپىيە تەرتىپىدە يېزىشقا ئادەتلىنىپ قالدۇق . بۇ جاپادىن ۋە ئىنچىكە ئىشلەشتىن قاچقانلىقىمىزدىن بولسا كېرەك . بىز ھېچ بولمىغاندا ، قىسقا لىرىك شېئىرلاردا ۋە ناخشا تېكىستلىرىدە دىۋاندىكىدەك تولۇق قاپىيىلەش شەكلىنى تەتبىق قىلىپ كۆرسەك بولىدۇ ، بۇنى تامامەن ئورۇنلىغىلى بولىدۇ . ئەجدادلىرىمىز قىلالىغان ئەمگەكنى بىز نېمە ئۈچۈن قىلالمايمىز ؟

ئەمدى «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما » دېگەن كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان يۇقىرىقى يەتتە شېئىرىي پارچىغا كەلسەك ، «دالا ناخشىسى » دېيىلگەن شېئىر 8 مىسرالىق ، باش قاپىيىلىك ، مىسرالىرى ئۇزۇن ـ قىسقا ، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن شەكىلدە ، تۇراق گۇرۇپپىلىرى يوق ؛ «مەدھىيە پارچىسى » دېيىلگەن شېئىرگە كەلسەك ، تۆت مىسرالىق ، مىسرالىرى ئۇزۇن ـ قىسقا ، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن ، 1 ـ كۇپلېتى ئاياغ قاپىيىدە ، 2 ـ كۇپلېتى باش قاپىيىدە ، 3 ـ كۇپلېتى قاپىيىسىز ، «مۇھەببەتنامە » دەپ ئاتالغان شېئىر 3 مىسرالىق ، مىسرا تۈزۈلۈشى ئۇزۇن ـ قىسقا ، ھەم باش قاپىيىدە ، ھەم ئاياغ قاپىيىدە كەلگەن . ئاياغ قاپىيە نىسبەتەن ئاجىز ھالەتتە بولسىمۇ ، ھەر بىرى كۇپلېتنىڭ 3 ـ مىسراسىدا كۆرۈلىدۇ ۋە كۇپلېتلار ئارا قاپىيىلىنىدۇ ، مەسىلەن ، باغىر ساقىم ـــ ئاددىلمالىم ـــ ئولۇرالىم ... دېگەندەك . «پەند ـ نەسىھەتلەر » دەپ ئاتالغان پارچە بولسا 4 مىسرالىق 7 بوغۇملۇق ، مىسرالىرى 3 / 2 / 2 لىك ۋە 3 / 4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئاياغ قاپىيىلىك ، ئالماش قاپىيىلەش شەكلى قوللىنىلغان . بۇ پارچىنىڭ شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى يەتتىلىكلىرىمىزگە تامامەن ئوخشايدۇ . «ئاتىلار سۆزى » دېيىلگەن پارچىلارنىڭ بىر قىسمى 4 مىسرالىق ، 7 بوغۇملۇق ، مىسرلىرى 4 / 3 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئاياغ قاپىيىلىك ، ئالماش قاپىيىدە ، رادىفلىق قاپىيىلەر ئىشلىتىلگەن ؛ يەنە بىر قىسمى 2 مىسراقلىق ، بېيىت شەكلىدە ، بۇ بېيىتلار بوغۇم سانى بويىچە ئون ئىككىلىك ، ئون ئالتىلىك ، ئون ئۈچلۈك ، سەككىزلىك ۋە بەشلىكلەردىن ئىبارەت . ئون ئىككىلىكلىرى 2 / 5 / 5 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا ، ئون ئالتىلىكى 8 / 8

لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، ئون ئۇچلۇكى 2/3/2/2/2/2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، سەككىزلىكى 3/3/2 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، بەشلىكى 2/3 لىك تۇراق گۇرۇپپىسىدا، رادىفلىق قاپىيىلەر ئىشلىتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە، ئون ئۇچلۇكنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلى بىزنىڭ ھازىرقى ئون ئۇچلۇكلىرىمىزنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلىگە تامامەن ئوخشايدۇ. مەسىلەن:

ياغمۇر ياغسا قاپۇقۇڭ بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك،
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك.

بۇ بېيىتتىكى ۋەزىن بىلەن ئاھاڭ:

گۈلەمخاننىڭ قارا ساچى يەرگە تېگەمدۇ،
ئون بەش ياشقا كىرمەي تۇرۇپ ئەرگە تېگەمدۇ؟

دېگەن مىسرالاردىكى ۋەزىن بىلەن ئاھاڭ پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ. قالغان ئون ئىككىلىك، ئون ئالتىلىك، سەككىزلىكلەرنىڭ تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكلى بولسا، ھازىرقى شۇ بوغۇملۇق شېئىرلىرىمىزدىكى تۇراق گۇرۇپپىلىرىغا ئوخشىمايدۇ. قارىغاندا، بىز بۇ خىل تۇراق گۇرۇپپىلاش شەكىللىرىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ھازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە ئېلىپ كىرىپ، ھازىرقى تۇراق شەكىللىرىمىزنى تېخىمۇ تولۇقلىساق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇ پارچىلار ئىچىدىكى «مانىغا مەدھىيە» دەپ ئات قويۇلغان شېئىر 4 مىسرالىق، مىسرالىرىدا بوغۇم ئۆلچىمى ۋە تۇراق گۇرۇپپىلىرى يوق، باش قاپىيىلىك شەكىلدە. «ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە» دەپ ئاتالغان شېئىر 8 مىسرالىق، بۇ پارچىنىڭ يېرىمىغا يېقىن مىسرالىرىدا بوغۇم ئۆلچىمى ۋە تۇراقلار يوق، ئەمما قالغان يېرىم كۆلەمدىكى مىسرالىرىدا ئون ئۇچلۇك شەكلىنىڭ 5/4/4 لىك تۇراق گۇرۇپپىسى بار، باش قاپىيىلىك شەكىلدە، ئەمما، ۋاقتى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يەردە دېيىلگەن باش قاپىيە تولۇق شەكىلدىكى ۋە ئەسلى مەناسىدىكى باش قاپىيە ئەمەس. بۇ يەتتە پارچە شېئىر تەركىبىدىكى «مەدھىيە پارچىسى» دەپ ئاتالغان شېئىرنىڭ:

ئەرىكلىگ ئۆلۈغ ئىلىگىمىز ئەرۋرسىز، تومليۇنچا تومىمىش،
ئالتۇنچا تومىمىش، قۇتلۇغ بىلگە بەگۈمىز ئەرۇرسىز،

دېگەن كۇپلېتىنىڭ 2 ـ، 3 ـ مىسرالىرىنىڭ بېشىدىكى ئالتۇنچا، تومليۇنچا دېگەن سۆزلەر كېيىنكى ئىككى بوغۇمىدا ئالمىش ئېلىپ بېرىپ قاپىيىدە ھاسىل قىلغان پەقەت مۇشۇنىلا ھەقىقىي باش قاپىيە دەپ قاراشقا بولىدۇ، ئەمما، باشقا باش قاپىيىدە كەلگەن دېيىلگەن پارچىلار ۋە مىسرالاردىكى باش قاپىيە تېخى قاپىيە ئەمەس، پەقەت مىسرا بېشىدىكى بىرىنچى سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمى ئوخشاش تاۋۇش بىلەن كېلىدىغان شەكىل. بۇ خۇددى ھازىرقى «ئا بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى»، «س بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى»، «ن بىلەن باشلانغان سۆز ئويۇنى» دېگەن قىزىقچىلىق نومۇرلىرىدا، ھەممە سۆزلەرنىڭ باش بوغۇمى ئوخشاش بىر تاۋۇش بىلەن كەلگىنىگە ئوخشاپراق كېتىدۇ. بۇ شەكىل ئۇ شېئىرلاردا مىسرا بېشىدىكى

دەسلەپكى سۆز بىلەنلا چەكلەنگەن. مەسىلەن، 8 مىسرالىق بىر كۇپلېتتا مىسرا بېشىدىكى سۆزلەرنىڭ ھەممىسى «بۇ» بوغۇمى بىلەن باشلانسا، كېيىنكى كۇپلېتتىكى 8 مىسرانىڭ ھەممىسىنىڭ سۆز بېشى «ئا» بوغۇمى بىلەن باشلىنىدۇ. ئەمما بۇ دەسلەپكى بوغۇم ئۆزىگە ئاھاڭداش بوغۇملار بىلەن ئالمىشىش ئېلىپ بېرىپ، قاپىيە ھاسىل قىلمايدۇ.

يۇقىرىقى ئەھۋال، بۇ يەتتە پارچە شېئىر بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارنىڭ تىل جەھەتتىن ئوخشاش بولغىنى بىلەن، شەكىللىنىش تارىخىدا ۋاقىت ۋە ماكان پەرقى بارلىقىنى، بۇ يەتتە پارچە شېئىرنىڭ ئىچىدىكى مىسرا بېشىدىكى بوغۇمنىڭ ئوخشاشلىقىنى باش قاپىيە ئورنىدا قوبۇل قىلغان، بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن ۋە ئۆزۈن ـ قىسقا، ۋەزىن ـ تۇراقسىز شېئىرلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەزىن ـ تۇراقلىق ۋە ئاياغ قاپىيىلىك شېئىرلارنىڭ تۈرلىنىش دەۋرىدىمۇ ۋاقىت ۋە ماكان پەرقى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قارىغاندا، بۇ يەتتە پارچە شېئىر ئىچىدىكى ئالدىنقىلىرىنىڭ تۈرلىنىش دەۋرى بۇرۇن، كېيىنكىلىرىنىڭ تۈرلىنىش دەۋرى بولسا كېيىنىدەك قىلىدۇ. باش قاپىيە شەكلىدە، قەدىمكى زاماندىكى شىمالىي ۋە شەرقىي ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە قوشنا ياشىغان باشقا ئالتاي خەلقلىرىنىڭ شېئىرىيەت شەكلىدىكى باش قاپىيىلىك ھادىسە بىلەن ئوخشاشلىقىنىڭ بارلىقى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى زامان موڭغۇل مىللىتىنىڭ شېئىرلىرىدا باش قاپىيىلىك شەكىل بار. بۇ شەكىلنىڭمۇ ئۇلارغا ئۆزلىرى تۈرەلگەن قەدىمكى ئېتنىك مەنبەلىرىدىن قالغانلىقى ئېنىق.

شېئىرىي ئالاھىدىلىكلەر جەھەتتىن تەكشۈرۈپ كۆرسەك، بۇ يەتتە پارچە شېئىردىمۇ شېئىرىي تىل، شېئىرىي قۇرۇلما، شېئىرىي ھېسسىيات، شېئىرىي سۈرەتلەش، شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي پىكىر قاتارلىق خاراكتېرلىك ئامىللارنىڭ، شېئىرىي تىلغا خاس بولغان ئىستىلىستىك ۋاستىلەر تەركىبىدىكى ئوخشىتىش، سۈپەتلەش، جانلاندۇرۇش ۋە لېتورىك تەكرار قاتارلىق ئالامەتلەرنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى كۆرىمىز.

ئىش قىلغۇ ئەدگۇ ئىشنى، كەسمەڭلار ئەگرى تالنى،
كۆر كىتۈر كونى يولنى، توبەسىنتە مېۋە بار.

دېگەن پارچىدىكى «كەسمەڭلار ئەگرى تالنى، تۆپىسىدە مېۋە بار» دېگەن شېئىرىي پىكىر بىزنى ئىختىيارسىز زوقلاندۇرىدۇ. دېمىسىمۇ، مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا شېخى ئەگرى بولىدۇ ئەمەسمۇ!

«دالا ناخشىسى» دەپ ئاتالغان شېئىر پارچىسىدىكى شېئىرىي سۈرەتلەش بىلەن لېتورىك تەكرارنى كۆرۈپ باقايلى:

ئاد قاشۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانيادانتا
ئارتۇچ سوگۇت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار

تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئادىنماقسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

ئىچ تەرىلك قات بۇك تاغدا
ئىرتەكى سوكى ئارانياتاندا
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكىسىزدە
ئىمىرت چوغۇرت سوگۇت ئاراسىنتا
ئىنچىكە ـ كىيە سۇۋ قىدىغىندا
ئىلىتمەكسىزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

سەلىك بۇلۇك تەرىلك تاغدا
سەۋىگلىگ ئارانيا تاندا
ساۋرالىپ ئاقار سۇۋلۇغ ئەرىپ
سەپ ـ سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۇرلۇگ يىللەر ئۇزە تەبرەنمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالڭۇزۇن نوم مەڭسىن تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا
كوكەرىب تۇرۇر كوركلۇگ تاغدا
كوڭۇل ياراشى ئاغلۇق ئورۇنتا
كوپ يىگى تەلىم سوگۇتلۇگ ئەرىپ
كوپىرىپ تۇرۇر كولمەن سۇۋلۇقتا
كۆز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ
كوزىتمىش بىلىنمىشچە ئورۇنلارتا
كۇسەنچىگسىزىن مەڭى تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

يەشمىسى :

تۇتاش كەتكەن قاتمۇ قات تاغلاردا ،
تىنچ خىلۋەت ئارانيادادا ،
ئارتۇچ سوگەت ئاستىدا ،
ئاقار سۇلۇقلاردا ،
شادلىقتا ئۇچقۇچى قۇشلار ،
يىغىلىدىغان جايدا

هېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا .

قاتمۇ قات ، بوك ــ باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا ،
قەدىمىي بورۇنقى ئارانىيا تاندا ،
ئېگىز ، تىك قىيالار تۆۋىدە ،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چۆككەن
بوك ــ باراقسان دەرەخزارلىقتا ،
ئىنچىكە ئېقىنلارنىڭ بويىدا ،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن دىياندا ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا .

يىراق جىلغا ، قاتمۇ قات تاغلاردا ،
سۆيۈملۈك ئارانىياتاندا ،
سوزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا ،
ئۈن ــ تىنسىز خالى يەردە ،
سەككىز تۈرلۈك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي ،
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە ،
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھۇزۇرىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا .

كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم تاغلاردا ،
كۆكۈلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئورۇندا ،
شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا ،
داۋالغۇپ ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەر بويىدا ،
كۆز قاتارلىق قاچىغلاردىن خالى بولۇپ ،
(ھەممە نەرسە ) كۆرۈنىدىغان ، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھۇزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا .

بۇ شېئىر پارچىسىدا ، قەدىمكى ئاتا ــ بوۋىلىرىمىز ئۆزلىرى ياشىغان جايلارنى ، ئۆزلىرىنىڭ ئانا ماكانى بولغان ھەيۋەت مەنزىرىلىك زېمىننى شېئىرىي يوسۇندا سۈرەتلىگەن ، بۇ سۈرەت تۆتاش كەتكەن ، قاتمۇقات ، بوك ــ باراقسان ئورمانلىق تاغلار ،كۆكىرىپ تۇرىدىغان كۆركەم قىيالار ، يىراق جىلغىلار ، بوك ــ باراقسان ۋە جىمجىت دەرەخزارلار ، شارقىراپ ئاققان دەريالار ، ئېگىز ، تىك قىيالارنىڭ ئاستى ، داۋالغۇپ ، دولقۇنلاپ تۇرغان كۆللەرنىڭ بويى ، سوزۇلۇپ ئاققان تاغ سۇلىرى بويىدىكى ، قاراڭغۇ ئورمانلار ئىچىدىكى تىنچ ــ خىلۋەت ماكانلاردىن ئىبارەت . بۇ ـــ شىمالىي ئۇيغۇرلار ياشىغان ، « ئوغۇز نامە » داستانى

تۆرەلگەن بىپايان زېمىننىڭ ھەقىقىي تەسۋىرى . بۇ سۈرەت تارىخىي رېئاللىق بىلەن جۇغراپىيىلىك رېئاللىققا تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ .

بۇ شېئىر پارچىسىدىكى سەككىز مىسرالىق ھەربىر كۇبلېتنىڭ ئالدىنقى تۆت مىسراسىغان جايلاشقان لېتورىك تەكرار ۋە بۇ مىسرالاردىكى ئوخشاش مەزمۇننى ئوخشمايدىغان سۆزلەر بىلەن تەكرارلاپ ـ تەكىتلەش ئۇسۇلى بىزنى ئالاھىدە قىزىقتۇرىدۇ ، بۇخىل تەكرارلاش ئۇسۇلىدا ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە متودقا ئىگە ، ھەتتا تەنتەنىلىك بولغان بىرخىل رېتىمنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقى كۆرۈلۈۋاتىدۇ ، بۇ پارچە ، قارىغاندا مۇكەممەل بىر چوڭ شېئىرنىڭ باشلىنىشىدىكى مۇقەددىمىلىك كۇپلېتلار بولۇپ ، شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى يوقالغان بولسا كېرەك ، شېئىرنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى تەنتەنىلىك بىر دىنى مەزمۇن بىلەن ئالاقىدار بولۇشى مۇمكىن . ساقلىنىپ قالغان يۇقىرقى باش قىسمىدا لېتورىك تەكرار يولى بىلەن ھاسىل قىلىنغان ئاجايىپ رېتىم ۋە ھەيۋەتلىك كەيپىيات بىزنى شۇ قىياسقا كەلتۈرىدۇ .

شېئىرىي قۇرۇلما يېقىدىن قارىغاندا ، يۇقىرىقى يەتتە پارچە شېئىر ئىچىدىكى بوغۇم تۈزۈلۈشى ئەركىن ، ئۆزۈن ـ قىسقا مىسرالىق شېئىرلارنى ھازىرقى چاچما شېئىرلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئاتا ـ بوۋىلىرى دەپ قاراشقا بولىدۇ ، بۇ ئوتتۇرىدا ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بويىچە باغلىنىش بار . بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كۇپلېت 8 مىسرالىق شېئىرلارمۇ مىللىتىمىزنىڭ كېيىنكى سەنئەت مەھسۇلاتلىرى بىلەن باغلىنىدۇ ، لوپنۇر خەلق قوشاقلىرىدا ۋە لوپنۇردىن تېپىلغان داستان پارچىلىرىدا بىر كۇپلېت 6 مىسرالىق ، 8 مىسرالىق تۈزۈلمە تەرتىپى بار . بىز بۇ شېئىرلار ئىچىدىكى ئون ئۈچلۈكنىڭ ھازىرقى ناخشىلىرىمىز ۋە شېئىرلىرىمىزنىڭ شۇ تۈرى بىلەن ۋەزىن ، تۈراق يېقىدىن ئوپمۇ ئوخشاش ئىكەنلىكى يۇقىدا كۆرۈپ ئۆتتۇق .

« تۈركىي تىللار دىۋانى » دا خاتىرىلەنگەن شېئىرىي پارچىلارمۇ ، شەرقىي ۋە شىمالىي ئۇيغۇرلاردىن قالغان شېئىرىي پارچىلارمۇ ئوخشاشلا بىزنىڭ قەدىمكى شېئىرلىرىمىزدىن قالغان نەمۇنىلار بولۇپ ، ئۇلار بىزنىڭ كېيىنكى كۆپلىگەن ئەسىرلەر داۋامىدا داۋاملىشىپ ، راۋاجلىنىپ كەلگەن پارلاق شېئىرىيىتىمىزگە ئەدەبىيات ئەنئەنىسى بويىچە ئاساس سېلىپ بەرگەن ، ئۇل تېشى بولغان . بىز يۇقىرقى كۆزىتىشلىرىمىزدىن بىزنىڭ مىللىي شېئىرىيىتىمىزنى ئۆزىنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەجاد قىلغانلىقىنى ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش دەۋرىنىڭ ئانا تىلىمىز پەيدا بولغان ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلارغا بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ، شېئىرنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئىستېتىك ئۆلچەملىرىنىڭمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مۇھىتىدا شېئىر بىلەن بىللە تۇغۇلۇپ ، بىللە راۋاجلانغانلىقىنى ، قانداقتۇر باشقا بىر ياقلاردىن كىرىپ كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ ئالالىدۇق .

قەدىمكى شېئىرلار بىزنىڭ بىباھا مىراسلىرىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بىز ئۇلارنى ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشىمىز ، تەتقىق قىلىشىمىز ، ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك . مىللىي مىراسلار ۋە ئەدەبىي ئەنئەنىلەرگە نېگىلىزىملىق پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزغا قارا يۈزلۈك قىلغانلىق بولىدۇ . يىلتىزى ئۈلگەن دەرەخ قۇرۇپ قالىدۇ ، ئۇل تاشلىرى كولىۋېتىلگەن قەلئە ئۆرۈلۈپ چۇشمەي قالمايدۇ . بىز بۇ رەھىمسىز ھەقىقەتنى ھەر قاچان ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم .

# تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇلۇغ ئابىدىسى

قاسىمجان سادىقوۋ

« ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› نىڭ 920 يىللىقى »

[« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ئەسىرىنىڭ يارىتىلغىنىغا 920 يىل بولدى . تۈركشۇناسلىرىمىز ئۆز ئىلمىي تەتقىقاتلىرىدا بۇ ئۇلۇغ يادىكارلىققا ھەر دائىم مۇراجىئەت قىلىدۇ . ئەسەر XI ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تىلى ، ئەدەبىياتى ، مەدەنىيىتى ، تارىخىي ، ئىلىم ـ پەنى ، ئەدەب ـ قائىدىلىرى ، ياشاش ئەھۋالى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ . تۈركشۇناسلىق تارىخىدا يارىتىلغان ئىلمىي گرامماتىكا ۋە لۇغەتلەر ئىچىدە بۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق . ئۆتمۈشتىن شۇنداق ئۇلۇغ كىتابنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەنلىكى تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ يەنە بىر بەختىدۇر . شۇڭا ئۇنىڭ قەدر ـ قىممىتىنى ، دۇررى ـ جەۋاھىراتلار بىلەنمۇ ئۆلچىگىلى بولمايدۇ . ] ①

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ « دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك » ئەسىرى تۈركىي ( جۈملىدىن ئۆزبېك ) تىلشۇناسلىقىنىڭ بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى ھەم ئۇلۇغ ئابىدىسىدۇر . مەھمۇت قەشقەرىگە قەدەر تۈركىي تىللارنىڭ نەزەرىي ئاساسلىرى توغرىسىدا مەخسۇس ئىلمىي ئەسەر يازغان ئالىم ھازىرچە مەلۇم ئەمەس ، شۇڭا تىلشۇناسلىقىمىز تارىخىنى ئەنە شۇ ئەسەردىن باشلايمىز . « دىۋانۇ لۇغاتىت ـ تۈرك » تە تەكىتلىنىشىچە ، ئالىمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا كىتاب « جواهر النحو فى لغات الترك » ( « تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى » ) ناملىق ئەسىرىمۇ بولغان . تۈرك نەھۋى ( سىنتاكسىس ) قائىدىلىرى ئاشۇ كىتابتا بايان قىلىنغان . لېكىن بۇ ئەسەر بىزگىچە ساقلانمىغان .

تىلشۇناسلىقتىكى تەتقىقاتلارنى تەكشۈرۈش مېتودلىرىغا ئاساسەن ئۈچ دەۋر ـــ ئىسلامىيەتتىن ئاۋۋالقى ، ئىسلامىيەت دەۋرى ھەمدە ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىقىغا ئايرىشقا بولىدۇ .

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋر تىلشۇناسلىقى ھەققىدە قەدىمىي پۈتۈكلەر ، تۈرك ئېلىپبەلىرىگە ئاساسلىنىپ پىكىر يۈرگۈزۈشكە بولىدۇ . مەسىلەن ، تۈرك رۇنىك ( ئۇرخۇن ـ يېنسەي ) يېزىقلىرىنىڭ ناھايىتى تاكامۇللاشقان يېزىق بولغانلىقى ھازىر پەندە ئېتىراپ

① يۇقىرىقىدىكى مەزمۇنلار تەھرىر ئىلاۋىسى قىلىپ بېرىلگەن .

قىلىنماقتا . چۈنكى ئۇ يېزىقتا قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ تاۋۇش خۇسۇسىيەتلىرى ھەر تەرەپ-لىمە ھېسابقا ئېلىنغانىدى . شۇنىسى ئېنىقكى ، جەمئىيەتنىڭ تىل بىلىملىرى مۇئەييەن دەرىجىگە يەتمەي تۇرۇپ ، بۇنداق تاكامۇللاشقان ئېلىپبەنىڭ كەشىپ قىلىنىشى مۇمكىن ئە-مەس ، ھەربىر دەۋردە قوللىنىلغان ئېلىپبە ۋە ئىملا ، ئالدى بىلەن ، جەمئىيەتنىڭ تىل چۈشەنچىسىنى بەلگىلەيدۇ ، يېزىقنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتى تىل بىلىملىرى بىلەن تىلشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق بولىدۇ . شۇنداقلا ، تۈرك - رۇنىك ئېلىپبەسىنىڭ تاكامۇللاشقانلىقى ھەم ئاشۇ چاغلاردىكى تىلشۇناسلىقنىڭ قانداق باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكۈچى ئەينەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

قەدىمكى دەۋر تىلشۇناسلىقىنىڭ تەسىرى شۇنداقلا تۈركىي خەلقلەر قوللانغان ئۇيغۇر ، مانى ، سۇرىيە ، براھمى يېزىقلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ھەرپ ۋە تاۋۇش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۇختىلىقىدا ۋە ئىملا ئۇسۇللىرىدىمۇ ئەكس ئەتكەن . شۇلاردىن كېلىپ چىققان تۈركىي تىل-شۇناسلىق تارىخىنى دەسلەپكى ئورتا ئەسىرلەر — قەدىمكى تۈركىي يېزىقلىرىنىڭ تاكامۇللاشقان دەۋرىدىن باشلاشقا بولىدۇ .

ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى تىلشۇناسلىقنىڭ قانداق ئۇسۇلغا تايانغانلىقى ھازىرغىچە تەت-قىق قىلىنمىغان ، يىراقتا كۆرۈنۋاتقان چوققا ئارقىسىدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى شۇ چوققىغا چىققاندىن كېيىن كۆرۈشكە بولىدۇ . بىز ئىسلامىيەتكىچە بولغان تىلشۇناسلىق دەپ ئاتىلىد-ىغان چوققىغا تېخى چىقالمىدۇق . بۇ يولدا ئاۋۋالقى ۋەزىپە - ئىسلامىيەت دەۋرى تىلشۇناسلىقنىڭ ئۇسۇل - قائىدىلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ، شۇنداق قىلغاندىلا نېرىقى يول ئېچىلىدۇ .

ئىسلامىيەت دەۋرىدىن باشلاپ تۈركشۇناسلىق بىۋاستە ئەرەب تىلشۇناسلىقى ئۇسۇللىرى ئاساسىدا ئىش كۆردى . « تۈركشۇناسلىق » تىن ئىبارەت بۇ يولنى مەھمۇد قەش-قەرى باشلاپ بەردى . « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » ئەرەب تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات ئۇسۇللىرىغا تايانغان ھالدا ، تۈركشۇناسلىق ئانچە يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈرۈلمىگەن بىر دەۋردە يارىتىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . تىلشۇناسلىقىمىزدا ھازىر بىز قوللايدىغان ياۋروپاچە تەتقىقات ئۇسلۇبى ئەسىرىمىز باشلىرىدىن بېرى قوللىنىلماقتا . كېيىنكى ئىككى دەۋر تىلشۇ-ناسلىقىدىكى ئۆزئارا پەرقلەر ئۇلارنىڭ تىزىمىدا ئېنىق كۆرۈنىدۇ . مەسىلەن ، ھازىرقى ئۆزبېك تىلشۇناسلىقىدا سۆزلەر ئون تۈركۈمگە ( ئالتىسى مۇستەقىل ، قالغانلىرى ياردەمچى ) بۆلۈنگەن ئەرەب تىلشۇناسلىقىغا ئاساسلانغان تارىخىي تىلشۇناسلىقتا ئۇلار ئۈچ تۈركۈمگە يەنى ئىسىملار ، پېئىللار ، ياردەمچى سۆزلەرگە بۆلۈنگەن بۇ خىل ئۆزگىچە خاسلىقلارنى باشقا ساھە-لەردىمۇ ئۇچرىتىمىز .

« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » نى مۇئەللىپ مىلادى 1074 - 1075 - يىللىرى يېزىپ پۈتتۈرگەن ، بۇ ھەقتە ئەسەردە مۇنداق قەيت قىلىنىدۇ : « بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆرت

يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلنىڭ مۇھەررەم ئايىدا ، يىلان يىلى كىرگەن ئىدى » ، بىز گېچە ساقلىنىپ قالغان يېگانە قول يازمىنىڭ ئاخىرىدا شۇ سانىنى تەستىقلەيدىغان جۈملىنى ئوقۇيمىز ، ئۇ يەردە قول يازمىنى كۆچۈرگەن كاتىپ مۇنداق دەپ يېزىپ قويغان : « كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىنىڭ ئاخىرىدىكى جۈملىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم : كىتاب 464 ـ يىلى جۇمادىيەل ئەۋۋەلنىڭ باشلىرىدا يېزىلىشقا باشلاپ ، تۆرت قېتىم تۈزىتىلىپ ۋە تەھرىر قىلىنىپ ، 446 ـ يىلى جۇمادىيەل ئاخىرنىڭ ئونىنچى كۈنى دۈشەنبىدە تامام بولدى » . بۇ قەيتتە ئايان بولۇشىچە ، كاتىپ مەزكۇر قول يازمىنى ئەسەر مۇئەللىپى ئۆز قولى بىلەن پۈتكەن نۇسخىدىن كۆچۈرگەن . بۇ نادىر قوليازما ھازىر ئىستانبۇلدا ساقلانماقتا .

ئەسەر مۇقەددىمە ۋە لۇغەت قىسمىدىن ئىبارەت . مۇقەددىمىدە كىتابنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا ، تۈركلەر قوللىنىدىغان يېزىق ، ئىسىم ۋە پېئىللارنىڭ گراماتىك خۇسۇسىيەتلىرى ، سۆزلەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ لۇغەتتە جايلىشىش تەرتىۋى ، تۈركىي قەۋمى قەبىلىلەرنىڭ بايانى ، شىۋە ـ دىئالېكتلار ( لەھجەلەر ) نىڭ مۇھىم بەلگىلىرى ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرقلەر توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن . قوشۇمچە قىلىپ تۈرك يۇرتلىرىنىڭ خەرىتىسىمۇ بېرىلگەن .

لۇغەت قىسمى سەككىز بۆلۈمگە بۆلۈنگەن . ئۇلار :

1 . ھەمزە ( ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تۇنجى ھەرپى )
« 1 ـ ئېلىف » ( ئاستى ـ ئۈستىگە قويۇلغان بەلگىلەر بىلەن تۈرلۈك سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىسە ، « ھەمزە » دەپ ئاتىلىدۇ ) بىلەن باشلانغان بۆلۈمى .

2 . سالىم بۆلۈمى (تەركىبىدە « ھەرفى ئىللەت » دەپ ئاتالغۇچى ئېلىف ، و ـ ۋاۋ ، ى ـ يا ھەرپلىرى بولمىغان سۆزلەر بۆلۈمى ) .

3 . مۇزائەف بۆلۈمى ( بىر ھەرپ تەكرارلىنىدىغان سۆزلەر ) .

4 . مىسال بۆلۈمى ( « 1 ـ ئېلىف ، و ـ ۋاۋ ، ى ـ يا » ھەرپلىرىدىن بىرى بىلەن باشلانغان سۆزلەر ) .

5 . ئۈچ ھەرپلىكلەر بۆلۈمى .

6 . تۆت ھەرپلىكلەر بۆلۈمى .

7 . غۇننىلىكلەر بۆلۈمى ( تەركىبىدە غۇننە ـ دىماق تاۋۇشى بولغان سۆزلەر ) .

8 . ئىككى ساكىن ( يېپىق بوغۇم ئايىغىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش ) بىلەن كەلگەن سۆزلەر بۆلۈمى .

ھەرقايسى بۆلۈمدە ئاۋۋال ئىسىملار ، كېيىن پېئىللار ھەرپلىرىنىڭ سانىغا قاراپ مۇئەييەن ئىزچىللىقتا كېلىدۇ : ئىككى ھەرپلىكلەر ، ئۈچ ، تۆت ۋە كۆپ ھەرپلىكلەر بۇلار يەنە (فونېتىكا خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ ) ئىچكى تەرتىپكىمۇ ئىگە . بۆلۈملەر يەكۈندە ئۇلارنىڭ فونېتىكا ، گراماتىكىلىق قانۇن ـ قائىدىلىرى بايان قىلىنغان .

ئەسەردە سۆزلەرنىڭ بېرىلىش تەرتىپىدە تۈركىي تىللار بويىچە تۈزۈلگەن باشقا لۇغەتلەردىن پەرق بار . مەسىلەن ، كېيىنكى دەۋردە تۈزۈلگەن « ئەتتۇھفە » ، « تەرجۇمان » ئەسەرلىرىنىڭ لۇغىتىدە ئاۋۋال ئەرەبچە سۆزلۈك بېرىلىپ ، ئاندىن تۈركىيچە ئىزاھلانغان . تەبئىيكى ، بۇ تەرتىپ تۈركىي ئەمەس ، ئەرەبىي سۆزلۈككە ئاساسلانغان .

« دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » تە يەنىلا ئاۋۋال تۈركىي سۆزلۈك بېرىلىپ ، كېيىن ئەرەبچە تەرجىمە ۋە ئىزاھلىرى بېرىلگەن .

مەھمۇت قەشقەرى ئۆز ئەسىرىنى تۈركىي تىللار ئۈستىدە ئۇزاق ۋاقىت ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلەر ۋە توپلىغان مول ئىلمىي ماتېرىياللار ئاساسىدا يارىتتى . بۇ ھەقتە ئۇ : « مەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن ، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن ، ئەڭ زېرەكلىرىدىن ، ئەڭ ئاساسلىق قەبىلىگە مەنسۇپلىرىدىن ۋە جەڭ ئىشلىرىدا ئۇستا نەيزىۋازلى- رىدىن بولۇپ تۇرۇقلۇق ، ئۇلارنىڭ شەھەر ۋە سەھرالىرىنى باشتىن - ئاياغ كېزىپ چىقتىم ، تۈرك ، تۈركمەن ، ئوغۇز ، چىگىل ، ياغما ، قىرغىزلارنىڭ سۆزلىرىنى ۋە قاپىيىلىرىنى ئېنىقلاپ چىقىپ ، ئۇلاردىن پايدىلاندىم . شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر - بىرىنىڭ تىلى مېنىڭ دىلىمغا ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتى ، مەن ئۇلارنى پۇختا رەتلەپ ، ئوبدان تەرتىپكە سېلىپ چىقتىم » دەپ ، يازىدۇ .

ئەسەردە تۈركىي تىللار ناھايىتى ئىلمىيلىق بىلەن تەھلىل قىلىنغان ، مۇھىمى ، ئالىم ئۆز ئەسىرىدە ئەدەبىي تىل بىلەن دىئالېكتلارنى ئۆز ئارا پەرقلەندۈرۈپ بەرگەن . ئۇ يېتەكچى دىئالېكتلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ، « تۈرك تىلى » ، قالغانلىرىنى يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۆز نامى ( ئوغۇزچە ، قىپچاقچە ۋە باشقىلار ) بىلەن ئاتايدۇ . « تۈرك تىلى » دېگەندە ئاساسەن ئەدەبىي تىلنى نەزەردە تۇتىدۇ .قالغان . دىئالېكتلارنىڭ ئەنە شۇ يېتەكچى دىئالېكتلاردىن ( يەنى «تۈركچە » دىن ) پەرقلىق خۇسۇسىيەتلىرى ، ئۆزىگە خاسلىقلىرى دەل جايىدا بايان قىلىنىدۇ . مۇئەللىپىنىڭ بايان قىلىشىچە ، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئۆلكىلىرىدىكى دىئالېكتلار ئەدەبىي تىلنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ . شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئە- دەبىي تىلنى بەزىدە « خاقانىيە تىلى » ، « خاقانىيە تۈركچىسى »دەپمۇ ئاتىغان : « تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى ، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى ، شۇنىڭدەك ئىلى ، ئېرتىش ، يامار ، ئېدىل ۋادىلىرىدىن ئۇيغۇر شەھەرلىرىگىچە بولغان جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ تىللىرىدۇر ، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئوچۇق ۋە راۋان تىل خاقانىيەنىڭ مەركىزىي ئۆلكىسىدىكى خەلقنىڭ تىلى ھېسابلىنىدۇ » .

قەشقەرىنىڭ زاماندىشى يۈسۈپ خاس ھاجىب ھەم ئومۇمخەلق تىلىدىن ئەدەبىي تىلنى پەرقلەندۈرگەندى . ئۇ « قۇتادغۇ بىلىك » ئەسىرىدە « بۇغراخان تىلى » ، « خان تىلى » ئاتالغۇلىرىنى قوللانغان . بۇنىڭ بىلەن بۇغراخان ھۆكۈمرانلىقىدىكى ئۆلكىلەردە ياشىغۇ- چىلارنىڭ شىۋىلىرىگە ئاساسلانغان ئەدەبىي تىل نەزەردە تۇتۇلغان .

ئەھمەد يۈكنەكى « ئەتەبە تۇل ـ ھەقايىق » دىگەن ئەسرىدىمۇ ئەدەبىي تىلنى « كاشغەرتىلى » دەپ ئاتاپ ، ئۆز ئەسرىنىڭ ئەنە شۇ تىلدا ( يەنى دىئالېكتىدا ) يېزىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ . « ئەتە بەتۇل ـ ھەقايىق » تا قەيت قىلىنغان « كاشغەرتىلى » دىۋاندىكى « خاقانىيە تىلى » نىڭ ئەينەن ئۆزىدۇر . چۈنكى دىۋاندا قەشقەرلىقلەرنىڭ « خاقانىيە تۈركچىسى » دە سۆزلىشىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن .

دېمەك ، مەھمۇت قەشقەرى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ مەلۇماتلىرىدىن قاراخانىلار دەۋرى تۈركىي ئەدەبىي تىلىغا مەركىزىي ئۆلكىلەردىكى يېتەكچى شىۋىلەر ئاساس بولۇپ خىزمەت قىلغانلىقى ئايان بولىدۇ . بۇ ئەدەبىي تىل « تۈرك تىلى » ، « خاقانىيە تىلى » ، « بۇغراخان تىلى » ، « كاشغەر تىلى » قاتارلىق ناملارغا ئىگە . XIV — XV ئەسىرلەردە يەنى تېمورىيلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن « چاغاتاي تىلى » ، چاغاتاي تۈركچىسى » دېيىلگەنلىرىمۇ ئەنە شۇ ئەدەبىي تىلنىڭ داۋامىدۇر .

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تۈرك يېزىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلىرىمۇ دىققەتكە ئەرزىيدۇ . ھازىر يەندە « ئۇيغۇر يېزىقى » دەپ ئاتىلىۋاتقان . يېزىقنى « تۈركچە يېزىق » دەپمۇ ئاتايدۇ . دىۋاندا كەلتۈرۈلگەن مەلۇماتلار ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ شۇ زامانلاردا تۈركلەرنىڭ ئاساسىي يېزىقى ئىكەنلىكىدىن ، ئۇنىڭ كەڭ مىقياستا قوللىنىلغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ .

يېزىقنىڭ قوللىنىلىشى ھەققىدە مۇئەللىپ مۇنداق كۆرسەتكەن : « قەدىمدىن بېرى قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان ھەممە تۈرك يۇرتلىرىدا بارچە خاقانلار بىلەن سۇلتانلارنىڭ يارلىق ۋە خەت ـ ئالاقىلىرى ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىلىپ كەلگەن . » ①

مەھمۇد قەشقەرى ئەنە شۇ ئۇيغۇر (تۈرك ) ئېلىپبەسىنىمۇ ئايرىم تونۇشتۇرغان . ئېلىپبە بەلگىلىرىنىڭ ھەرقايسىسى ئەرەبىي ھەرپلەر بىلەن ئىزاھلانغان . كىتابتا يېزىلىشىچە ، ئۇيغۇر (تۈرك ) ئېلىپبەسى 18 ھەرپلىك بولۇپ ، بۇ سان تۈركىي تىلنىڭ تاۋۇش تىزىمىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ . شۇنىڭغا ئاساسەن قالغان تاۋۇشلارمۇ يېزىقتا بار بەلگىلەر ۋاستىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ، زۆرۈر ئورۇنلاردا ، ئىشارەتلەر بىلەن پەرقلىنىدۇ . بۇ ئارقىلىق مۇئەللىپ ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ كۆپ ۋەزىپىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئېچىپ بەرگەن . دىۋاندا ئىملا مەسىلىسىگە ئائىت مۇھىم مەلۇماتلارمۇ بار .

مەلۇمكى ، ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا مەركىزىي ئاسىيادا تۈرك ـ توخرى (توخار ) ، كېيىنرەك تۈرك ـ سوغد ، تۈرك ـ خارەزمىي دىن ئىبارەت قوش تىللىقلىق قوللىنىلدى . بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە كېيىنچىرەك توخرى ، سوغد ، خارەزمىي تىللىرى ئىستېمالدىن قېلىپ ، بۇ تىللاردا

① ماقالىدا « ھىبەتۇل ـ ھەقايىق » دەپ ئېلىنغان ، تۈزىتىلدى . « دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك » فاكسىمىل ، 1 جىلد ، 8 ـ بەت .

سۆزلەشكۈچىلەر پۈتۈنلەي تۈركىي تىللارغا ئۆتۈشكە باشلىدى. دەل مۇشۇ تارىخىي ـ مەدەنىي، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي جەريانىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرى مەھمۇت قەشقەرى ياشىغان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ئەسەردە شۇنداق جۈملىلەرنى ئۇقۇيمىز: «بالا ساغۇنلۇقلار سوغدچە ۋە تۈركچە سۆزلىشىدۇ. تىراز، بەيزا شەھەرلىرىنىڭ خەلقلىرىمۇ شۇنداق» شۇنىڭدەك ئۇ سوغداق (سوغد)، كەنجەك، ئارغۇلارنىڭ ئىككى تىلدا سۆزلەشكۈچىلەر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئۇ «سوغداق» سۆزىگە تەبىر بەرگەندە: «سوغداق ــ بالا ساغۇنغا جايلاشقان بىر قەۋم ئۇلار سەمەرقەند ۋە بۇخارا ئوتتۇرىسىدىكى سۇغدلار بولۇپ، كېيىن تۈركلىشىپ كەتكەن ئادەملەر.» دەپ، يازىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى ــ بۈيۈك تىلشۇناس. ئۇ تۈركىيشۇناسلىقىمىزنىڭ باشلامچىسى ۋە ئاتىسىدۇر. كېيىنكى ئەسىرلەردىمۇ تىلشۇناسلىقىمىز كاتتا تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. تىلشۇناسلىقتا مەھمۇد زەمەخشەرىينىڭ «مۇقەددىمە تۇل ــ ئەدەب»، مۇئەللىپى نامەلۇم «ئەت ــ تۇھفە»، «تەرجۇمان»، ئەلىشىر نەۋائىنىڭ «مۇھاكەمەتۇل ــ لۇغەتەيىن»، تالى شىراۋىنىڭ «بەدايىئۇل ـ لۇغەت»، مۇھىينىڭ «ئابۇشقە»، مەھدىخاننىڭ «سەنگلاخ»، فەزلۇللاخان لۇغىتى، مۇھەممەد ياقۇب چىڭگىينىڭ «كىلۇرنامە» ۋە باشقا ئونلاپ، ھەتتا بىز ھېلىمچە نامىنى بىلمەيدىغان ئىلمىي گرامماتىكا ۋە لۇغەتلەر يارىتىلدى.

«دىۋانۇ لۇغاتىت ــ تۈرك» يەنگە مەلۇم بولغاندىن بېرى ئالىملىرىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلمەكتە. شۇ جەرياندا تۈرك، ئۆزبېك، ئۇيغۇر تىللىرىدا نەشر قىلىندى. ئەسەر بويىچە يىرىك ئىلمىي تەتقىقاتلار مەيدانغا كەلدى. لېكىن ئۇنى ئۆگىنىش ساھەسىدە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار كۆپ. ئادەتتە، ئۇلۇغ ئەسەرلىرى بىر ئەۋلادقا مەنسۇپ بولغان ئالىملارنىڭ ئۆگەنگىنى كۇپايە قىلمايدۇ. ھەربىر ئەۋلاد ئۇنى ئۆگىنىش ئىشىغا ئۆز ھەسسىسىنى قوشىدۇ. ئېھتىياجىغا قاراپ ئۇنىڭدىن كېرەكلىك ئوزۇق ئىزدەيدۇ. «دىۋانۇلۇغاتىت ـ تۈرك» مۇ خۇددى شۇنىڭدەك بىر ئەۋلاد ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كېلەچەك ئەۋلادلار ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلىدىغان ئۇلۇغ ئابىدىدۇر ①.

**ئۇيغۇر چىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا**

مۇ ماقالىنىڭ مۇھەررىرى: **م. باھاۋىدىن**

① بۇ ماقالە ئۆزبېكىستاندا چىقىدىغان «ۋەتەن» گېزىتى 1994 ـ يىل 29 ـ ئىيۇن سانىدىن ئېلىندى.

# نەسر باسقان «پادىشاھى ئادىل»

مەمتىلى سايىت

«خوتەن يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلىنىڭ 1982 ـ يىل 2 ـ سانىدا «پادىشاھى ئادىل» ناملىق داستان ئېلان قىلىنغان. داستان نامەلۇم كاتىپ تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن بىرلا قولىيازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغاندى. يازمىنىڭ ئىملا خاتالىرىنى، ئالمىشىپ كەتكەن، ئارتۇق ياكى كام قىلىۋېتىلگەن جايلىرىنى سىلىشتۇرۇشقا باشقا مەنبە بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئەينەن تېكىستى بېرىلگەنىدى. بۇ ئاز كېلىپ، بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرى يۇڭدىلىپ «قىسقارتىلدى». ھەر ھالدا يوقتىن ياخشى «پادىشاھى ئادىل» نىڭ مۇكەممەل بولمىغان بۇ نۇسخىسى كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن بولدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپ «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ 1984 ـ يىل ئومۇمىي 11 ـ سانىدا «ئادىل پادىشاھ» ناملىق يەنە بىر ۋارىيانت ئېلان قىلىندى①. بۇ ۋارىيانت قايسى مەنبەگە ئاساسلانغان؟ قولىيازمىمۇ ياكى چاپمۇ؟ ئەگەر داستانچىلارنىڭ ئاغزىدىن يېزىۋېلىنغان بولسا ئۇ كىم؟ بۇ تەرەپلەر بىزگە قاراڭغۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن داستان ھەققىدە بەزى قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. بۇنىڭ سەۋەبى، ھازىرغىچە بۇ ھەقتە گەپ قىلغىلى بىر كىم چىقمىدى، بۇندىن كېيىنمۇ چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغانلىرىم، يېتىلگەن كەسىپ ئەھللىرىنىڭ ئومۇمىي ۋە ئۆلچەملىك مۇلاھىزىلىرى ئەمەس، پەقەت ئۆزۈمگىلا خاس بولغان تەسىراتلاردىن ئىبارەت. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاچچىق مەسخىرىلىرى، تەنقىدى ۋە تاپا ـ مالامەتلىرىگە نىشانە بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىسام، يولۇمغا مېڭىپ سىڭگەن نېنىمنى يەپ ئولتۇرغىنىم تۈزۈك ئىدى. لېكىن بۇنداق قىلسام ئۆز مەسئۇلىيىتىمدىن ۋاز كەچكەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئازراق گەپ قىلىشنى لايىق كۆردۈم.

داستاننىڭ بۇ ئىككى نۇسخىسىغا كۆز يۈگۈرتسەك، «بۇلاق» تىكى نۇسخىسىنىڭ ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، نەزمىلىرىنىڭ كۆپ ۋە خىلمۇ خىللىقى ئوچۇقلا بىلىنىدۇ. دېمىسىمۇ شۇنداق: «بۇلاق» تېكىسى 44 بەتتىن، «يېڭى قاشتېشى» دىكىسى ئاران 17 بەتتىن ئىگىلىگەن. بۇنىڭدىن «بۇلاق» تىكى نۇسخا تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىكەن، دېگەن تەسىرات پەيدا بولىدۇ. دېمەك، داستاننىڭ مۇنداق چوڭ بولۇشى ئەسلىدە ئۇنىڭدىكى ۋەقە ـ تەپسىلاتلارنىڭ بىرقەدەر كەڭرەك تەسۋىرلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ. مەن «بۇلاق» تىكى بۇ نۇسخىنى ئوقۇپ چىقتىم. ھەجمى چوڭايتىلغان بۇ داستان يەنىلا شۇ داستان، شۇ ۋەقە، شۇ

---

① نەشرگە تەييارلىغۇچى: توختى ئابىخان

پىر سوئاۋلاردىن ئىبارەت . ئەسلىدە ، داستاننىڭ كىشىگە ئېستېتىك زوق بېرىدىغان گۈزەل ، ئىخچام ئاممىباب تىلى ھازىرقى تىلغا (تۇغرىراقى نەشرىگە تەييارلىغۇچىنىڭ تىلىغا) ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ياكى ئەركىن «تەرجىمە» قىلىنىۋېتىلگەن . ئۇنىڭدا تەكرارلانغان با- يانلارمۇ ئاز ئەمەس . دىئالوگلارمۇ زورمۇ - زور كۆپەيتىلگەن ، يەنە تېخى بىرمۇنچە شېئىرلار يېڭىدىن قوراشتۇرۇپ داستان تەركىبىگە ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن . شۇنىڭ نەتىجىسىدە داستان ئۆزىنىڭ يېقىملىق ، گۈزەل سىياقىنى يوقىتىپ ، كىشىنىڭ مەيلىنى تارتمايدىغان خېلىلا كىلەڭسىز بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان . ئەگەر ، داستاننىڭ نەسىر ، نەزم قىسىملىرىنى ئايرىم - ئايرىم تەپسىلى تولۇق تەكشۈرۈپ چىقماقچى بولساق ، گېپىمىز بەك ئۇزىراپ كېتىدۇ ، شۇ- نىڭ ئۈچۈن گەپنى داستاننىڭ باشلانمىسىدىن باشلايلى : ئەسلى نۇسخا («يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى 1982 - يىل 2 - سان 71 - بەت ) مۇنداق باشلىنىدۇ : «يەمەن شەھرىدە ئادىل شاھ يەمەنى دېگەن بىر پادىشاھ بار ئىدى ، تولا سېخى ۋە ئادىل ئىدى . بىر كۈنى چۈش كۆرۈپ ، ئول چۈشىنىڭ ۋەھىمىسىدە ۋەزىر ئەمرالار بىلەن ئولتۇرار ئىدى . يەتتە قەلەندەر ئوردىنىڭ ئالدىدا گۈلخان يېقىپ داتلاندى . پادىشاھ دېدىكى : ‹ ئەي دەرۋىشلەر ، مېنىڭدىن تېلىگىڭلار نېمە ، ھەر نېمە دېسەڭلەر بېرۇرمەن › . بۇ قەلەندەرلەر دېدى : ‹ ئەي پادىشاھى ئالەم ، كۆپكە ئېھتىياجىمىز يوق ، قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقلىرىنى تىلەيمىز › - دېدى . پادىشاھ جان دېسە ھەم نىياز قىلۇر ئىدى . ‹ ئەي دەرۋىشلەر ، قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقمنى خۇدانىڭ يولىدا نىياز قىلدىم › - دەپ ئىككى پەرزەنتى بىلەن مەلىكىسىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى بىر چارباغقا كۆچۈپ چىقتى . بۇ قەلەندەرلەرنىڭ بىرى پادىشاھلىقنى قولىغا ئېلىپ ، بېشىغا تاج كېيىپ تەختى سەلتەنەتكە چىقىپ ئولتۇردى . ئالتە قەلەندەر ۋەزىر بولدى ، شۇندىن كېيىن ‹ 40 كۈنگىچە ھەربىر پۇقرا - ئالىمانغا خەزىنىدىن ئابۇ ئاش بېرىلىدۇ › دەپ شەھەر - شە- ھەرلەرگە نامە چىقاردى . ھەر كۈنى مال - تۆگىلەرنى ئۆلتۈردى . قازى ، مۇپتىلارغا تولا ئىنئام قىلىپ ، رەئىيەتلەرنىڭ ئەقلىنى زايىل قىلىپ ، ئۆزىگە مايىل قىلدى»

ئۆزگەرتىلگەن نۇسخا («بۇلاق» 1984 - يىل ئومۇمىي 11 - سان 286 - بەت ) مۇنداق باشلىنىدۇ :

«قەدىمكى زاماندىكى سۆزمەن دانىشمەنلەر رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ : ئۆتكەن زامانلارنىڭ بىرىدە ، يەمەن شەھرىدە ئادىل شاھ ئىسىملىك بىر پادىشاھ بولغانىكەن . بۇ پادى- شاھ ئادالەت بابىدا بىباھا ، شانۇ - شەۋكەتتە تەڭداشسىز ، خەزىنە - دەپىنىدە ھېسابسىز بولۇپ ، ھۆكۈمى بىر يۈز يىگىرمە شەھەرگە يۈرىدىكەن . ئەلقىسسە ، بىر كۈنى پادىشاھ تەختى سەلتەنەتتە ئولتۇرسا بىر قەلەندەر شەيئىلىللاھ دەپ كىرىپ كەپتۇ . پادىشاھ ئۇ قەلەندەرگە يەتتە سەر ئالتۇن خەيرى قىپتۇ . قەلەندەر يەتتە سەر ئالتۇننى ئېلىپ ، تاشقىرىغا چىقىپ ئالتە نەپەر زەڭگى قەلەندەر ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپتۇ . ئادىل شاھنىڭ سېخىلىقىنى تەرىپ قىپتۇ :

— ئەي يارانلار ، — دەپتۇ ئۇ ھەمراھلىرىغا ، — بۇ پادىشاھ شۇنداق سېخىكەنكى بىز ئۇنىڭدىن پادىشاھلىقنى تىلىسەكمۇ بېرىۋېتىكۇدەك . بۇ قەلەندەرلەر ئاشىق دەرۋىش قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالدامچىلار ئىكەن . ئۇلار پادىشاھتىن - شاھلىقنى تىلەشنى مەسلىھەت قىپتۇ . شۇ

غەرەز بىلەن ئادىل شاھ ھۇزۇرىغا كېتىپتۇ . پادىشاھ ئۇلارنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قىزغىن قارشى ئاپتۇ .

— دات پادىشاھى ئالەم ! — دەپتۇ قەلەندەرلەر ساماسىلىپ بىرنەچچە قېتىم پىقىراپ ئايلانغاندىن كېيىن ، — بىز سىزدىن بىرنەرسە تىلەيمىز ...

— قېنى ئېيتىڭلار ، نېمە تىلەيسىلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ ئۇلاردىن ، — سىلەردىن ئىلكىمدىكى ھېچنەرسىنى ئايىمايمەن . ئىنشائاللا .

— سىزدىن تىلەيدىغىنىمىز ، — دەپتۇ قەلەندەرلەر دۇئاغا قول ئېچىپ ، — بىزگە خۇدا يولىدا يەمەنىنىڭ 40 كۈنلۈك پادىشاھلىقنى بېرىڭ ...

— ئەي دەرۋىشلەر ، — دەپتۇ پادىشاھ ئورنىدىن قوزغىلىپ ، — مۇنداق دەپ مېنى ئاسىي قىلماڭلار . پادىشاھلىقتىن بۆلەك نېمە تىلىسەڭلار مەيلى ، ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ھاجىتىڭلار بولسا ، ھەرگىزمۇ ھايال قىلماي راۋا قىلغايمەن .

— ئەي پادىشاھ ، — دەپتۇ قەلەندەرلەر ، — بىلىپ قويۇڭكى ، بىزنىڭ بۆلەك نەرسىگە ھاجىتىمىز چۈشمىدى . پەقەت خەزىنە ـ دەپىنە بىلەن پادىشاھلىقنى 40 كۈنلۈكلا بەرسىڭىز بولىدۇ ، بىزنىڭ تىلىگىمىز شۇ .

— ئەي سۆيۈملۈك خاراباتىلار ، — دەپتۇ پادىشاھ ھاياجانلىنىپ ، — مېنىڭ بىر جېنىم بار ، ئەگەر شېرىن جېنىمنى سورىساڭلا ، خۇدا يولىدا پىدا قىلغان بولاتتىم . سىلەر 40 كۈنلۈك پادىشاھلىقنى خۇدا يولىدا تىلىدىڭلار . مەن بۇ پادىشاھلىققا ئاشىق ئەمەسمەن . پادىشاھلىق دېگەن بىر يەلدۇر . مەن ھاجىتىڭلارنى قوبۇل قىلىپ ، پادىشاھلىقنىڭ 40 كۈنلۈكىنى ھۆكۈمەت ، خەزىنە ـ دەپىنەلىرى بىلەن سىلەرگە بەردىم .

ئادىل شاھ ئادىللىقنى كۆرسىتىپ ، قەلەندەرلەرگە پادىشاھلىقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ ئۆزى خوتۇنى بىلەن ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىدىكى چاھار باغقا كۆچۈپ چىقىپتۇ .

ئەلقىسسە قەلەندەرلەر پادىشاھلىقنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ، خىزمەت تەقسىم قىلىشىپتۇ : قەلەندەرلەرنىڭ باشلىقى پادىشاھ بولۇپ بېشىغا ئالتۇن تاج كىيىپ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپتۇ . قالغانلىرى ۋەزىر بوپتۇ . كونا ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ . پادىشاھ بولغان قەلەندەر ئۆزىگە قاراشلىق شەھەرلەرگە نامە ئەۋەتىپ « 40 كۈنگىچىلىك پۇقرالار خاتىرجەم بولسۇن ، ھۆكۈمەتكە ھېچنېمە بەرمىسۇن » دەپ ئۇقتۇرۇپتۇ . ھەر كۈنى قوي كاللىرىنى ئۆلتۈرۈپ ، ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ سەركەردە ـ باشلىقلىرىنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ . قازى مۇپتىلارغا كۆپلەپ ھەدىيە ئىنئاملار قىلىپ ، ئۆزىگە جەلپ قىپتۇ . »

داستاننىڭ بەت سانىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن قانچىلىك بىھۇدە كۈچ سەرىپ قىلىنغانلىقىنى مۇشۇ سېلىشتۇرمىدىن كۆرەلەيمىز . مۇۋاپىق ـ تەڭشەلگەن ناۋات چېيىنى ئاۋۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تۆپىلەپ قايناق سۇنى قويۇۋېرىش كېرەكمۇ ؟ دېمەكچىمىزكى ، بۇ خىل ئۆزگەرتىش ، كېڭەيتىش مەقسىتىدە داستاننىڭ بەدىئىي قىممىتى ئاساسەن يوقالغان . ئوبرازلار تۇتۇقلاشقان ، ۋەقەلىك مۇجمەللەشكەن . ئەسلىدە پادىشاھى ئادىل بىر يامان چۈش كۆرۈپ ، شۇ چۈشنىڭ ۋەھىمىسىدە ئولتۇرغىنىدا ـ قەلەندەرلەر قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقنى تىلىگەن . پادىشاھى ئادىل يامان چۈشنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن نېمىكى سورىسا بېرىشكە ، ھەتتا

جىنىنىمۇ پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن قىرىق كۈنلۈك پادىشاھلىقنى بىرىشكە رازى بولغان. مانا بۇ پادىشاھى ئادىل ۋەقەلىكىنىڭ ئاساسلىق يىپ ئۇچى.

ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ تاجۇ – تەختىنى ھىچكىمدىن ھىچنىمە يوق بىراۋغا ئۆتۈنۈپ بىرىدىغان پادىشاھنىڭ بولۇشى ھىچ ئەقىلغا سىغمايدۇ. نەشىرگە تەييارلىغۇچىنىڭ «ئادىل پادىشاھى» بولسا ئۇنداق يامان چۈشمۇ كۆرمىگەن. ھىچبىر سەۋەبسىز پادىشاھلىقنى بىرىۋەتكەن. ئەمدى، داستانىنىڭ نەزىم قىسىملىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىنى نەپىس ئىشلەنگەن ئالتۇن ئۈزۈككە ئوخشاتساق، ئۇنىڭ نەزمىلىرى شۇ ئۈزۈكنىڭ ئالماس كۆزىگە ئوخشايدۇ.

داستانچىلار ۋەقەلىكنى نەسرىي يول بىلەن بايان قىلىپ كىلىپ، نەزمىلىرىنى كۆپۈنچە مۇقام ئاھاڭلىرىغا سىلىپ سازغا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇيدۇ. نەتىجىدە بۇ داستانىنىڭ كىشىلەرگە بىرىدىغان تەسىرى، جەلپ قىلىش كۈچى ئادەتتىكىدىن نەچچە ھەسسە ئىشىپ كىتىدۇ. «پادىشاھى ئادىل» ئەنە شۇنداق داستانلارنىڭ بىرى. ئەپسۇسكى بۇ داستانىنىڭ نەزمىلىرى ئۆزگەرتىش، قوشۇش ئىلىۋىتىش جەريانىدا چاپاقلىشىپ تونۇغۇسىز بولۇپ كەتكەن.

پادىشاھى ئادىلنىڭ قەلەندەرلەرگە قارىتا ئوقۇغان غەزىلىنى كۆرۈپ چىقايلى:

**ئەسلى نۇسخا**

ئەدالەتلىك شاھىم سۇلتان،
ھاجەتىمنى رەۋا ئەيلەر.
جانانىغە جانى قۇربان
كۆز ياشىنى سىياھ ئەيلەر.

سۇلەيماندەك سۇلتان بولساڭ،
جەھان ئىچرە دەۋران سۈرسەڭ.
نوشىرۋاندەك ئادىل بولساڭ
ئەرىزداشىمنى ئەدا ئەيلەر.

ۋەئىدە ئۆزرە ۋەفا قىلغىل،
نا مەرتلەرگە جەفا قىلغىل.
مۇئمىنلەرنى رىزا قىلغىل،
جەماللا لىقا ئەيلەر.

ئادىل شاھمەن ھالىم ئىيتاي،
قىرىق كۈن بولدى جانىم نىتەي،
سۇلتانىمغە فەرياد ئىتەي
دۇشمەنلەردىن جۇدا ئەيلەر.

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

ئادالەتلىك شاھى سۇلتان
ھاجىتىمنى راۋا ئەيلەر.
جىنىڭغا جىنىم بولسۇن قۇربان،
كۆز يىشىمنى سىيا ئەيلەر.

سۇلايماندەك سۇلتان بولساڭ
جاھان ئىچرە دەۋران سۈرسەڭ
راستىن ئۆزەڭ ئادىل بولساڭ
بۇ ئەرزىمنى راۋا ئەيلەر.

ئۆز ۋەدەڭگە ۋاپا قىلىپ
نا مەرتلەرگە جاپا قىلىپ
ياخشىلارنى رازى قىلىپ
بۇ ئەرزىمنى راۋا ئەيلەر.

ئادىل شاھمەن ھالىم ئىيتاي
قىرىق كۈن بولدى ئەرزىم ئىيتاي
سولتانىمغا پەرياد ئىتەي
دۇشمەنلەردىن جۇدا ئەيلەر.

1 ــ كۇبلېتنىڭ 3 ــ مىسراسى ئۆزگەرتىلىپ ۋەزىن بۇزۇلغان. مەنا ئۆزگەرگەن، 2 ــ كۇبلېتنىڭ 3 ــ 4 ــ مىسراسى ئۆزگەرتىلگەن، يەنى ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولغان نوشىرۋاننىڭ نامىنى يوق قىلىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن پادىشاھى ئادىلنىڭ ئوبرازىنى ئېچىپ بېرىغان مۇھىم ئوخشىتىش غايىپ بولغان ئەسلىدىن راۋان، چۈشىنىشلىك بولغان 3 ــ 4 ــ كۇبلېتلار ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن ئۇنىڭ مەنتىقى باغلىنىشلىرى قالايمىقانلاشقان، تەكرارلىق كېلىپ چىققان، قاپىيە بۇزۇلغان، لېرىكا خۇنۇكلەشكەن.

ئەمدى پادىشاھنىڭ خاس مەھرىمى ئېيتقان غەزەلنى كۆرىمىز:

**ئەسلى نۇسخا**

ئەرزىمنى ئىشىتكىل ئەي پادىشاھىم،
دۇنيادا سەندەك بىغەم بولۇرمۇ.
تۇگەنمەس ھەسرەت بىلە بۇ جانىم،
يولتۇزلار ئەشكىدىن شەبنەم بولۇرمۇ.

باغىڭدا ئاجايىپ ياخشى چىمەنلەر،
چەمەندە سايراشۇر خۇشال بۇلبۇللار.
ساڭا مۇنىس بولغان ياخشى ئوغۇللار
قانلارى تۆكۈلۈپ شەبنەم بولۇرمۇ.

تاڭلا سىنى بۇيرۇپ دارغا ئاسارلەر،
ئۇشول بەدبەخ قوللارىڭنى چاتارلەر.
ئىككى ئوغلۇڭ قانىنى ھەم ساچارلەر
خانۇ ماندىن سەندەك جۇدا بولۇرمۇ.

(«يېڭى قاشتېشى» 1982 ــ يىلى 2 ــ سان 73 ــ بەت)

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

ئاڭلىغىن ئەي پادىشاھىم،
دۇنيادا سېنىڭدەك بىغەم بولۇرمۇ.
تۈگىمەس ھەسرەتتە مېنىڭ بۇ جانىم،
يۇلتۇزلار بېشىڭدا شەبنەم بولۇرمۇ.

بېغىڭدا ئېچىلىپ خۇشپۇراق گۈللەر،
چىمەن ئىچرە سايرىشۇر شوخ بۇلبۇللار
ساڭا ھەمرا بولغان ياخشى ئوغلانلىرىڭ
قانلىرى تۆكۈلۈپ شەبنەم بولۇرمۇ.

ئاڭلا، سېنى ئېلىپ بېرىپ دارغا ئاسىدۇ،
سېنى ئوغلۇڭ بىلەن باغلاپ چىقىدۇ،
ئاتا ــ ئانا ئوغۇللا قېنىنى چاچىدۇ
خانۇ ماندىن سەندەك جۇدا بولۇرمۇ.

1 ــ كۇبلېت 1 ــ مىسرا «ئاڭلىغىن ئەي پادىشاھىم» دېگەن ئاددى جۈملىگە ئۆزگەرتىلىپ رىتىم بۇزۇلغان. 4 ــ مىسرادىكى «يۇلتۇزلار ئەشكىدىن» نى «يۇلتۇزلار بېشىڭدا» دەپ «تەرجىمە» قىلغان. نەتىجىدە بىرىنچى كۇبلېت چۈشۈنىكسىز سۆزلەر تىزمىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن. 2 ــ كۇبلېتنىڭ 3 ــ مىسراسىنى «ساڭا ھەمرا بولغان ياخشى ئوغلانلىرىڭ» دەپ ئۆزگەرتىپ قاپىيەنى، ۋەزىننى قوپاللىق بىلەن بۇزغان. 3 ــ كۇبلېتتا ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان «تاڭلا» سۆزىنى ــــ چۈشىنەلمەي «ئاڭلا» دېگەن ئۇندەشكە ئالماشتۇرغان ۋە بۇ ئۇندەش ئارتۇقچە سۆزگە ئايلىنىپ قالغان. قەلەندەرنى تەسۋىرلەيدىغان «ئۇشۇل ــ بەدبەخ» سۆزى نەگىدۇ غايىپ بولغان ۋە بۇ بىر كۇبلېتنىڭ مەزمۇنى سۇيۇقلىشىپ كەتكەن.

ئەمدى 3 ــ 4 ــ كۇبلېتلىرىنى كۆرىمىز.

### ئەسلى نۇسخا

فەلەك چەكتى كۆككە مېنىڭ گەردىمنى ،
ئەدا بولماس دەفتەر قىلسام دەردىمنى ،
ئەرز ئەيلەدىم گىريان قىلىپ دىيدەمنى ،
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن فاناھ بەر .

رەسۇلللاھ ، چىقار تەندىن بۇ جانىم ،
يۇرىكىمدە داغدىن تولا ئەرمانىم ،
رەھم ئەيلەگىل قۇلۇڭغا سەن بىرۇ بار
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن فاناھ بەر .

### ئۆزگەرگەن نۇسخا

پەلەك چەكتى بۇگۈن مېنىڭ گەردىمنى ،
ئادا بولماس دەپتەر قىلسام دەردىمنى
ئەرز قىلدىم خۇداۋەندە دەردىمنى
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر .

يا مۇستەپا چىقار تەندىن بۇ جانىم ،
يۇرىكىمدە قانلار تۇلا ئەرمانىم ،
رەھمەيلىگىن ئۈممىتىڭگە دەرمانىم
بۇگۈن بىزگە قاراقچىدىن ئامان بەر .

1 ـ كۇپلېت 1 ـ مىسرادا « كۆككە » دېگەن سۆزنى «بۇگۈن » دەپ ئۆزگەرتكەن ۋە بۇ مىسرا ھېچقانداق مەنا ئۇقتۇرالمايدىغان تاۋۇشلار يىغىندىسىغا ئايلانغان . 3 ـ مىسرانىڭ مەنىسى ئەسلىدە « كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ ئەرز قىلدىم » بولۇشى كېرەك ئىدى ، لېكىن ئۆزى چۈشۈنەلمىگەن « گىريان قىلىپ » سۆزىنى « خۇداۋەندا » سۆزىگە ؛ «دىيدەمنى » سۆزىنى «دەردىمنى » سۆزىگە قەستەن ئۆزگەرتىپ قويغان . شۇنداق قىلىپ 1 ـ كۇبلېت كاردىن چىققان .

2 ـ كۇبلېتتا «يۇرەكىمدە داغدىن تولا ئەرمانىم » دېگەن شېئىرى مىسرا «يۇرىكىمدە قانلار تۇلا ئەرمانىم » دېگەن سۆزلەرگە ئۆزگەرتىلگەن . «يۇرىكىمدە قان كۆپ ، ئارمىنىم بار » دېمەكچىمۇ ياكى «يۇرىكىمدە قان كۆپ ، ئارمىنىم كۆپ » دېمەكچىمۇ ياكى ۋەھىمە ئىچىدە قالغان ئادىل شاھنىڭ يۇرىكىدىكى قان مىقدارى ئېشىپ كەتكەن بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرمەكچىمۇ ياكى بولمىسا ھېچنېمە دېمەكچى بولماستىن ئورۇن ساقلاش ئۈچۈنلا ئاللا نېمىلەرنى دەپ قويۇپ ـ ئۆزىنىڭ «پىششىقلاپ ئىشلىگەن » لىكىنى كۆرسەتمەكچىمۇ ؟ داۋام قىلىمىز :

### ئەسلى نۇسخا

... زەئفەراندەك رەڭگى روييۇم ،
دۇتا بولدى قەددى بوييۇم ،
غەربىلىقتا دۇئا گۇييۇم .
خوش ئىشانلار ئاندا قالدى .

ئادىل شاھ دەر : مېنىڭ ئاتىم ،
ئەجەپ بولدى قارا بەختىم ،
خۇش مۇنىسىم گولچېھرىم ،
قاراقچىلار قولىدا قالدى .

### ئۆزگەرگەن نۇسخا

زەپىرەڭ رەڭگى روييۇم ،
سۇندى مېنىڭ قەددى بوييۇم ،
غېرىپلىقتا دۇئا گۇييۇم ،
ياخشى دوستلار ئاندا قالدى .

ئادىل شاھتۇر مېنىڭ ئاتىم ،
ئەجەپ قارا بولدى بەختىم ،
خۇش ھەمرىيىم گۈلچېھرە خانىم ،
قاراقچىلار قولىدا قالدى .

«زەپىرانـدەك » دېگەن ئوخشىتىشتىكى «دەك » قوشۇمچىسىنى چىقىرىۋېتىپ ۋەزىننى بـۇزغـان . «دۇتا بولدى قەددى بۈيۈم » نى «سۇندى مېنىڭ قەددى بويۇم » دەپ «تەرجىمە » قـىلغان . «قەددىم سۇندى » دېگەن ئىبارىنى ئاڭلىمىغانىكەنمەن . ئادەتتە ئۇيغۇر تىلىدا «بېلى سـۇنـدى » ، « بـېلى ئۇشتۇلدى » ، «ئۇمۇرتقىسى ئۈزۈلدى » دېيىلىدۇ . «خۇش مۇنىسىم گول- چـېـهـرەم » نـى «خوش ھەمرىيىم گۈلچېھرە خانىم » دەپ ئۆزگەرتكەن . يەنە شىرنىڭ قاپىيە ، ۋەزىـنـلىرىنى بۇزۇشتىن باشقا ھېچنېمىگە يارىمايدىغان «خانىم » ئاتالغۇسىنى قوشۇپ قويۇش تولىمۇ بىمەنىلىك .

### ئەسلى نۇسخا

... مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان ،
دىيدەلىرى ھەر نەم بولغان ،
قاراقچىغا ئەسىر بولغان
گۈلچېھرەمنى كۆردۈڭلارمۇ .

### ئۆزگەرگەن نۇسخا

... مېنىڭ بىلەن ھەمدەم بولغان ،
ئايدەك يۈزىن ياشلار يۇغان ،
قـاراقـچـىـغـا چـاكـار بـولـغـان روزىگارىمنى
كۆردۈڭلارمۇ .

«دىـيـدەلـىـرى ھەرنەم بولغان » («كۆزلىرىدىن ياش قۇرۇمىغان » ) نى ـــ چۈشەنمە- گـەنـدىـن كـېـيـىـنلا «ئايـدەك يـۈزىـن يـاشلار يـۇغـان» دەپ ئۆزگـەرتكەن . «گۈلچېھرەمنى كۆردۈڭلارمۇ » نى «روزىگارىمنى كۆردۈڭلارمۇ » دەۋالغان . ئەمدى بۇ بىر كۇبلېت شېئىردىن «ئادىـل شـاھنىڭ روزىگارى (ئىگىلىكى ، تۇرمۇشى ) ئۇنىڭ ھەمدىمى بولغان ؛ ئادىل شاھنىڭ تـۇرمـۇشـىـنىڭ ئايدەك يۈزىنى (؟!) ياشلار يۇغان ؛ ئادىل شاھنىڭ تۇرمۇشى قاراقچىغا چاكار بولغان » دېگەن مەنانى ئاڭلايمىز .

### ئەسلى نۇسخا

... بىرىگە بىرىپتور دۇررى دەۋلەتى ،
بىرىگە يەتكۈزۈپ رەنجى ـ مېھنەتى ،
ساڭا باشتىن ئايتاي ئۆتكەن كۇلفەتى ،
بىرىنىڭ بەختىنى قارا ئەيلەدى .

ھەسرەت بىلە ئۆتتۈپ فانى دۇنيادىن ،
سىڭىل ھەم ئىنىنى ياخشى ئاغادىن ،
قىزلارنى مېھرىبان مۇشفىق ئانادىن ،
ئاتانى ئوغۇلدىن جۇدا ئەيلەدى .

بىراۋغا ئىچۈرۈپ لەئلىگۈن شەراب
بىرىنىڭ باغرىنى قىلدىلار كاۋاپ .
ئاخىرىدا قىلدى بارچەنى خەراب
ھەركىمگە بىر قىسمەتنى رەۋا ئەيلەدى .

### ئۆزگەرگەن نۇسخا

... بىرىگە بېرىپسەن تۇلا دۆلىتى ،
بىرىگە يەتكۈزۈپ تۇلا مېھنىتى ،
ساڭا ئەرز ئېيتاي كۆرگەن كۈلپىتى
بىرىنىڭ بەختىنى قارا ئەيلىدى .

ئوغۇلنى ئايرىدىڭ مۇشپىق ئاتادىن ،
قىزلارنى ئايرىدىڭ مۇشپىق ئانادىن .
نۇزەڭ بىلىپ ئايرىدىڭ تەختى تاجىدىن .
ئاخىرىدا ئۇنى خەندان ئەيلىدىڭ .

بىرىگە ئىچۈردىڭ زەھەردىن شاراپ
بىرىنىڭ باغرىنى قىلدىڭ ھەم كاۋاپ .
ئاخىرىدا قىلۇرسەن بارچىنى خاراب ،
ھەركىمگە بىر قىسمەتنى بانا ئەيلىدىڭ .

ھەزرەتى داۋۇتنىڭ ئوغلى ـ سۇلەيمان
بىلقىسنىڭ ھەجرىدە يىغلادى چەندان ،
ياقۇب ئوغلى ئۇچۇن دىيدەسى گىريان ،
يۇسۇفنى كەنئاندىن جۇدا ئەيلەدى .

بىرانى قىلىپتۇر ۋەسلى دەۋلەتى ،
بىرىگە بېرىپتۇر دەردى مىھنەتى .
بىروغا بىرىپتور ئەيىش ـ ئىشرەتى
بىرىنى يارىدىن جۇدا ئەيلىدى .

ھەزرىتى داۋۇتنىڭ ئوغلى سۇلايمان ،
ئۇلارنىڭ بەھرىدە يىغلىدى چەندان ،
ياقۇپ ئوغلى ئۇچۇن بولدىلەر گىريان ،
ئۇنى يۇسۇپ كەنئاندىن جۇدا ئەيلىدى .

بىرىگە بېرىپسەن چىراي دۆلىتى ،
بىرىگە بېرىپسەن قارا مىھنىتى ،
بىرىگە بېرىپسەن ئەيشى ـ ئىشرەتى
بىرىنى يارىدىن جۇدا ئەيلىدىڭ .

1 ـ كۇبلېتتىكى «دۇررى دەۋلەتى » ، «رەنجو مىھنەتى » نى چۈشەنمەيلا «تۇلا دۆلىتى » ، «تۇلا مىھنىتى » دەپ ئۆزگەرتىپ گەپنى چايناۋەرگەن . 2 ـ كۇبلېتتىمۇ شۇ ھال تەكرارلانغان . يەنە كېلىپ ئادىل شاھنى ـ «خەندان » ئەيلەشكە ئالدىراپ كەتكەن (ياكى بۇ سۆزنى چۈشەنمەيلا ئىشلەتكەن ) . 3 ـ كۇپلېتتىكى «لەئلىگۇن شاراب » نى «زەھەردىن شاراب » دەپ چۈشەنگەن . گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى چۈشىنىدىكەن ، لېكىن بۇ داشقايناق سۆزلەر تىزمىسىنى كىم چۈشىنىدۇ ؟ 5 ـ كۇبلېتتا «بىراۋنى قىلىپتۇر ۋەسلى دەۋلەتى » نى «بىرىگە بېرىپسەن چىراي دۆلىتى » دەپ ئىزاھلىغان . « چىراي دۆلىتى » نېمىسى ؟ يەنە « دەردۇ مىھنەت » نى «قارا مىھنەت » دەۋىلىپ تار مەنىدىكى نوقۇل جىسمانى ئەمگەك ئۇقۇمغا ئايلاندۇرۋەتكەن .

### ئەسلى نۇسخا

... كۆڭلۈم مېنىڭ تۇلا غەمدە ،
سىنەم داغلاپ ، كۆزۈم نەمدە ،
ئىلاجىم يوق بىزلەر بەندە ،
لاچىن شۇڭقارغا ئوخشارمۇ .

خانۇ مانىم ئاندا قالدى ،
گۈلچېھرەم بەندە بولدى
قاراقچىلار قولىدا قالدى
كىشى ئۆز يارىغا ئوخشارمۇ .

كۆككە يېتەر بۇ پەريادىم ،
ئىشتىڭلار ئاھۇ ـ زارىم .
ئاھ فەررو خۇم ـ ۋاپادارىم
بۇ زاغ بۇلبۇلغا ئوخشارمۇ .

### ئۆزگەرگەن نۇسخا

... ئەي يارەنلەر كۆڭلۈم غەمدە
يۈرەكىم داغ كۆزۈم نەمدە .
ئىلاجىم يوق يۇردۇم بۇندە ،
لاچىن شۇڭقارغا ئوخشارمۇ .

خانىمانىم ئاندا قالدى ،
گۈلچېھرە خانىم بەنتتە بولدى .
قاراقچىلار قولىدا قالدى
ئېرىق دەرياغا ئوخشارمۇ ،

كۆككە يېتەر بۇ پەريادىم
ئىشتىكەيلەر ئاھۇ زارىم .
گۈلچېھرەخان ۋاپادارىم ،
قاغىلار بۇلبۇلغا ئوخشارمۇ .

يارانلاردىن جۇدا بولدۇق ،
غەم قۇلىدا ئەدا بولدۇق .
ئاھ جەمشىدىم ئىلاجىم يوق ،
تىكەن گۈللەرگە ئوخشارمۇ .

ئادىل شاھ دەر : مەن بىر غەرىب ،
غەم بىرلە يۈردۇم سارغەرىب ،
بېرىپ تامامى ئاختارىپ ،
غەرىب ماڭا ئوخشارمۇ .

پەرزەنتلىرىمدىن جۇدا بولدۇم ،
غەم قۇلىدا ئادا بولدۇم ،
داغى ھىجراندا ۋەيران بولدۇم
تىكەنلەر گۈللەرگە ئوخشارمۇ .

ئادىل شاھ دەر : غەرىبدۇر مەن ،
قايغۇ بىلەن ساغرىپتۇر مەن .
پەرزەنت داغدا ھەيراندۇرمەن
غېرىپلەر ماڭا ئوخشارمۇ .

1 ــ كۇبلېتنىڭ 3 ــ مىسراسىدىكى «بەندە» سۆزىنى نەشرگە تەييارلىغۇچى «ئىلاجىم يوق يۈردۇم بۇندە» دەۋالغان . 2 ــ كۇپلېتنىڭ ئاخىرىنى «ئېرىق دەرياغا ئوخشارمۇ» دەۋالغان . ئېرىق دەرياغا ئوخشىمىسا نېمە بوپتۇ . بۇ سۆزلەرنىڭ نېمە كېرىكى بار ؟ 2 ــ 3 ــ كۇبلېتلاردا ھەدەپ «گولچېھرە خانىم» «گولچېھرەخان» دەپ تەكرارلاۋېرىپ لاۋزىلاشقان . 4 ــ 5 ــ كۇپلېتلارنىڭ 3 ــ مىسراسىنى «داغى ھىجراندا ۋەيرانە بولدۇم» ، «پەرزەنت داغىدا ھەيراندۇرمەن» دېگەن گەپلەرگە ئالماشتۇرۇپ مەزمۇنىنى ، ۋەزنىنى ، قاپىيەنى بۇزۇۋەتكەن .

**ئەسلى نۇسخا**

يەرۇ كۆكنى خەلق ئەيلەگەن بىرۇ بار ،
بۇگۈن ماڭا بىر بېلىق ئەتا ئەيلەگىل .

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

يەر كۆكنى ، خەلقنى بىنا ئەيلىگەن
بۇگۈن بىزگە بېر بېلىق ئاتا ئەيلىگىن .

بىرىنچى مىسرادىكى «خەلق ئەيلىگەن» (ياراتقان) نى «خەلقنى» دەپ «تەرجىمە» قىلغان . «بىرۇ بار (خۇدا)» نى چۈشەنمىگەن ۋە چىقىرىۋەتكەن .

**ئەسلى نۇسخا**

كېچەلەردە بىدار بولغان ،
ئاق سۈتىنى دائىم بەرگەن ،
كەمالغا ھەم يەتكۈزگەن .
مېھرىبانىم قايدا سەن .

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

كېچىلەردە بىدار تۇرغان ،
خۇدا ئەمرىنى مەھكەم قىلغان .
كامالىغا ھەم يەتكۈزگەن
مېھرىبانىم ئانام قايدىسەن .

كېچىلىرى كۆز يۇمماي يۈتۈن مېھرىنى بالىغا بېغىشلىغان ئانىنى «خۇدا ئەمرىنى مەھكەم قىلىش» ئۈچۈن ئۇخلىمىغان دەپ چۈشەندۈرۈش تولىمۇ سەبىلىك . بۇ ئىبارە پانا قاققاندەك مەجبۇرى كىرگۈزۈلمىسىمۇ بۇ مېھرىبان ئانىنىڭ خۇداغا بولغان سەممى ئېتىقادى ــ سۈسلىشىپ كەتمەيدۇ .

**ئەسلى نۇسخا**

ئەرزىمنى ئىشتكىل ساھبى تۇججار ،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي .
كۆڭۈل گىرىھلەرىنى ئەيلەگىل ئىزھار ،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي .

... كۈندىن ـ كۈنگە ئەھۋالىم بولۇپتۇر بەتتەر ،
كىچە ـ كۈندۈز يىغلاپ ئەۋقاتىم ئۆتەر .
ئەرەنلىك فىراقى باغرىمى ئۆرتەر
بىر كىچە مۇنداق قونساڭ نە بولغاي .

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

ئەرزىم ئىشتكى ئەي كارۋان بېشى ،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي .
كۆڭلۈڭدىكى سىرىڭنى ئەيلىگىن ئىزھار ،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي .

... كۈندىن ـ كۈنگە بۇ ھالىم بەتتەر ،
كىچە كۈندۈز دۇنيادا يىغلابان ئۆتەر ،
بىر ئاتلىق قاراقچى بالامنى ئالدىلەر ،
بىر كىچە مۇندا قونساڭ نە بولغاي .

شېئىرنىڭ قانچىلىك بۇزۇلغانلىقى بىر قاراشتىلا بىلىنىدۇ . پادىشاھ بۇ يەردە بىر كىچە مۇڭ‌دىشىش ئىستىگى بارلىقىنىلا بىلدۈرمەكچى ، ئۆزىنىڭ خوتۇن ـ بالىلىرىدىن قانداق جۇدا بولغانلىقىنى سۆزلەۋاتمايدۇ . ھەتتا سودىگەر بىلەن بىر كىچە مۇڭدىشىپ چىققان بولسىمۇ بۇ توغرىدا سۆز بولمايدۇ ، سىر يېشىلمەيدۇ . ئەمما نەشرگە تەييارلىغۇچى ۋەقەنىڭ ئاخىرىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ، بۇ سىرلەرنى يېشىپ بېرىشكە ئالدىراپ كېتىپ ، «بىر ئاتلىق قاراقچى بالامنى ئالدىلەر » دېگەن جۈملىنى ئۆزى چۈشەنمىگەن «ئەرەنلىك فىراقى باغرىمنى ئىكتەر » دېگەن مىسرانىڭ ئورنىغا جايلاشتۇرۇپ ، كىتابخانلارنى قايمۇقتۇرۇۋەتكەن .

**ئەسلى نۇسخا**

بايان قىلاي شەھرى يەمەندە
ئاتام ئىدى خۇش ـ خۇرسەندە ،
بۇلبۇل سايرار ئول چەمەندە ،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم .

بىر كۈن كەلدى يەتتە قەلەندەر ،
«ھەق شەيئەلىللاھۇ » دەر ،
ئالەم بولدى ھەم مۇكەددەر ،
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم .

ئات قۇيرىغى ساچىلدى ،
ئاتام بىزنى ھەم قاچۇردى ،
مەھرەم بەچچە خەۋەر بەردى
سۆزۈم ئىشت جانىم دوستۇم .

**ئۆزگەرگەن نۇسخا**

پايتەختىمىز شەھرى يەمەندە
ئاتام ئىدى ماڭا خۇرسەندە ،
بۇلبۇللار سايرىشاتتى چىمەندە
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم .

بىر كۈن يەتتى تەن قەلەندەر
مۇشەيئى ئاللا دەر
ئالتۇن بەردى يەتتە سەپەر
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم .

ئات قۇيرىغى ساچىلدىلەر ،
ئاتام بىزلەرنى قاچۇردىلەر
مۇھەررەم بەچچە خەۋەر بەردىلەر
سۆزۈم ئىشت جېنىم دوستۇم .

پادىشاھنىڭ خوشخوي بەختلىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان 2 ـ مىسرا تارمەنىدىكى «ئاتام مەندىن خۇشال ئىدى» گە ئۆزگەرتىلگەن. 6 ـ مىسرادىكى «مۇشەيئى ئاللا» قانداق بىر غەلىتە ئاتالغۇ. مۇشۇنداق بۇزۇلغان سۆزنى ئىشلىتىدىغان بىرەر ئەرەبمۇ بارمىدى؟

7 ـ مىسرادىكى «ئالتۇن بەردى يەتتە سەپەر» نى نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ قەلەندەرلەر كىمدۇ بىرىگە يەتتە نۆۋەت ئالتۇن بەرگەنمۇ؟ «مەھرەم بەچچە خەۋەر بەردى» نى قارغۇلارچە «مۇھەررەم (ھىجرىيە 1 ـ ئاي) بەچچەخەۋەر بەردىلەر» دەپ ئالغان. كىچىك بالىنىڭ يۈزىگە ساقال بۈرۈت سىزىپ قويغاندەك، مىسرالارنىڭ ئاخىرىغا «لار، لەر» نى زومۇزو چاپلاپ قويۇشلارنى نېمە دېگۈلۈك؟

| ئۆزگەرگەن نۇسخا | ئەسلى نۇسخا |
|---|---|
| مېنى قوندۇرۇپ پادىشاھىم، | مۇندا قوندۇم ئەزىز شاھىم |
| جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭىز. | جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ. |
| ئېگىز تاغدىن كۆپ گۇناھىم، | ئېغىردۇر تاغدىن گۇناھىم |
| مېنى دوزاققا راۋا قىلدىڭىز. | جەھەننەمگە رەۋا قىلدىڭ. |
| سىزگە ئېيتاي مەن دەردىمنى، | ساڭا ئېيتاي مەن بۇ دادىم. |
| كۆرمىگەنسىز مەندەك ھەر كىمنى، | كۆككە يېتەر ئاھ ـ فەريادىم، |
| قۇرۇتتىڭىز ئەمدى نەسلىمنى، | قۇرۇپ كەتتى نەسلۇ زاتىم |
| جەھەننەمدىن چىقالماس قىلدىڭىز. | جەھەننەمگە رەۋا قىلدىڭ. |
| نەلەر كىچەر تىجارەت مالىم، | ... نىلەر كېچەر تۇججارھالى، |
| دوزاق ئىچرە بولدى جايىم، | دوزاق ئىچرە بولدى جارىي، |
| كىمگە بولۇر بۇ ۋابالىم، | كىمگە بولۇر ھەم ۋەبالى، |
| دوزاقنى ماڭا راۋا قىلدىڭىز ... | جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭ ... |

3 ـ مىسرا «ئېغىردۇر تاغدىن گۇناھىم» نى «ئېگىز تاغدىن كۆپ گۇناھىم» دەپ ئۆزگەرتكەن. بىر تەرەپتىن بىزنىڭ تىلىمىزدا «تاغدىن ئېغىر گۇناھىم» دەپ ـــ ئىشلىتىلىدۇ. ھەرگىز «ئېگىز تاغدىن كۆپ گۇناھىم» دەپ ئىشلىتىلمەيدۇ. «تاغ» دېگەن بۇ ئۇقۇم قانداقتۇ سان ـ ساناقسىز كۆپلۈك (سان، دانە) مەناسىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ ھەيۋىتى ـ سالمىقى بىلەن كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئادەملەر بىلىپ ـ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھى كەبىرلەر باقى دۇنيادا ئۆزىنىڭ سانى بىلەن ئەمەس بەلكى سالمىقى ئېغىرلىقى بىلەن تارزا مىزاندا ئۆلچىنىدىكەن. نەشرگە تەييارلىغۇچى دىنى كىتابلاردىكى مۇشۇ ئاددى ساۋاتنىمۇ بىلمىگەن.

6 ـ مىسرادىكى «كۆككە يېتەر ئاھ فەريادىم» نى «كۆرمىگەنسىز مەندەك ھەر كىمنى» دېگەن سۆزلەرگە ئالماشتۇرغان. يەنى روشەن ئوبرازلىق شېئىرى مىسرا كېرەكسىز سۆزلەرگە ئۆزگەرتىلگەن.

9 ـ مىسرا «نىلەر كىچەر تۇججارھالى» نى «نەلەر كىچەر تىجارەت مالىم» غا ئۆزگەرتكەن. ئەسلىدە (سودىگەر) ئۆزىنىڭ 14 يىللىق ئەقىدە ـ ئەجرىنىڭ، چەككەن رىيازىتىنىڭ بەربات بولۇپ، جەھەننەمگە مەھكۇم بولغانلىقى ئۈچۈن يىغلاپ نالە قىلىۋاتىدۇ، ئۇ دۇنيادىكى دوزاقنىڭ مۇدھىش ئازاب ئوقۇبىتىدىن قورقۇپ يىغلاۋاتقان سودىگەر، نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس مېلى ۋە تىجارىتى ئۈچۈن غەم يەۋاتقان ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان. ياق، سودىگەر ھەرگىزمۇ ئەقىلدىن ئېزىپ مۇنداق تېتىقسىز جۆيلىمەيدۇ ۋە جۆيلىمەسلىكى كېرەك. «ئەچكۈگەجان قايغۇ، قاسساپقا مال قايغۇ» دېگەندەك، سودىگەر ئۇ دۇنيالىقى ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىدۇ، نەشرگە تەييارلىغۇچى بولسا سودىگەرنىڭ مېلى ۋە تىجارىتى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىدۇ.

يەنە شۇنى قەيد قىلىش ئورۇنلۇقكى، سودىگەرنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى گەۋدىلەندۇرىدىغان ھەربىر كۇبلېتنىڭ ئاخىرىدىكى «جەھەننەمگە رەۋا قىلدىڭ» دېگەن مىسرالار «مېنى جەھەننەمگە راۋا قىلدىڭىز»، «جەھەننەمدىن چىقالماس قىلدىڭىز»، «ئىمانىمدىن جۇدا قىلدىڭىز»، «بار ـ يوقۇمنى ئادا قىلدىڭىز» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن شاخلىتىلىپ، شېئىرنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەن («بۇلاق» 391 ـ بەتتىكى شېئىرنىڭ تولۇق تېكىستىگە قاراڭ) ۋە يەنە پادىشاھقا «سەن» لەپ مۇراجىئەت قىلىشنى ئەپسىز كۆرۈپ، سودىگەرنى «سىز» لەپ سۆزلەتكەندەكمۇ تۇرىدۇ.

ئەسلى نۇسخا

... مەن بىلمەدىم ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنت دەردى بىلەن باغرىم يارادۇر،
رازىدۇرمەن جانىم ئالساڭ راۋادۇر،
ئەي پادىشاھ، رەھم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

پەرزەنتىمنىڭ جاللاتلار باشىنى ئالدى،
ئەزىز تەنى سارغارىپ تۇفراقتا قالدى.
قىزىل گۈلدەك يۈزلەرى قانغا بويالدى
ئەي پادىشاھ رەھم ئەيلەپ مېنى ئۆلتۈرگىل.

ئۆزگەرگەن نۇسخا

... مەن بىلمىدىم ئەجەپ بەختىم قارادۇر،
پەرزەنتىمنىڭ دەردىدە باغرىم كۈيەدۇر.
جاھان خەلقى مېنى ئۆلتۈرسەڭ رازىدۇر.
ئى پادىشاھ بى رەھىم، مېنى ئۆلتۈرگىل.

جاللاتلىرىڭ پەرزەنتلىرىم بېشىنى كەستىلەر
ئەزىز تېنى سارغىيىپ تۇپراقتا قالدىلەر،
قىزىلگۈلدەك يۈزلىرى تۇپراق بولدىلەر
ئى پادىشاھ بى رەھىم، مېنى ئۆلتۈرگىل.

شېئىردىكى قاپىيە ۋەزىنلەر كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى شۇنچىلىك بۇزۇلغان. 3 ـ مىسرا «جاھان خەلقى مېنى ئۆلتۈرسەڭ رازىدۇر» دەپ ئۆزگەرتىلگەن. بۇنىڭدىن «مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ جاھان خەلقى رازى بولىدۇ» دېمەكچىمۇ ياكى «جاھان خەلقى مېنى ئۆلتۈرۈپ ئاندىن رازى بولىدۇ» دېمەكچىمۇ؟ بۇنداق قالايمىقان ئۆزگەرتىشلەر داستاننىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك چىۋىن قالدۇرغان داغقا ئوخشاش كۆزگە چېلىقىدۇ. مەسىلەن، «دىيارى بەكرىنىڭ سەھراسىدا سەييات ئىسملىك بىر بېلىقچى بار ئىكەن» بۇ جۈملىنىڭ ئەسلى تېكىستى «دىيارى بەكرىنىڭ كەنتىدە بىر سەييات بار ئىدى» بۇ يەردە «سەييات» (بېلىقچى، ئوۋچى)

سۆزىنى چۈشەنمەي ئادەمنىڭ ئىسمى دەپ بىلگەن . «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى پۈزۈر بولغاي» بۇ ئەسلى «ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن ، دۆلەتلىرى قۇزۇن بولغاي» بولۇشى كېرەك ۋە باشقىلار .

بىرەر مۇھىم مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلىشتىن قۇرۇق پاراڭغا ئۆتۈش قانچىلىك ئوڭاي بولسا ، ئۆزى چۈشەنمىگەن سۆزلەرنى ئۇدۇل كەلگەنلا بىر سۆزگە ئالماشتۇرۇش ـ نەشرگە تەييارلىغۇچىغا شۇنچىلىك ئوڭاي سىزىلسە كېرەك .

ئاخىرىدا كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە «بۇلاق» ئومۇمىي 11 ـ سان ، 326 ـ 327 ـ بەتلەردىكى ئىككى پارچە نەزمىنى سونىمىز :

## نەزمە

ئەي بۇرادەرلەر قەدىردانلار ،
ئاگاھ ، دانا بۇلايلى ئەمدى .
بىكار تەلەپ زەنگىلەرگە
بوزەك بولۇپ تۇرمايلى ئەمدى .
زەنگىلەرنى بىز ئادىل ئويلاپ ،
ئىشىنىپ ئاخىر بىز بولدۇق خەراب ،
قېرىنداشلارمۇ كەتتى تاراپ ،
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى .
ئۆز ۋاقتىدا ئېلىپ ساۋاق ،
زەنگىلەرنى ئاغدۇرمساق ،

بۇرنىمىزدىن بولغاي بۇلاق .
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى .
ئىتتىپاقلىشىپ قىلىپ بىز غەزات ،
ئادالەت دەپ قىلايلى جەھات
ئاخىر ھەممىمىز بولۇشچۇن ئازاد ،
موشنى قاتتىق تۇگەيلى ئەمدى .
قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ بىز ،
ئادەلەتكە يەتكۈزىمىز بىز .
ئەل ـ يۇرتنى قۇتقازغايمىز ،
قورقۇپ قاراپ تۇرمايلى ئەمدى .

## نەزمە

قوزغىلىپ ئەل چىقسا جەڭگە ،
تەڭ كېلەلمەس ئاڭا بەڭگە .
ئادالەت كۈلمەيدۇ بېقىپ
قورقۇپ ئەل ئالسا يېتىپ .
ئاخىر ئۆلۈم ھەممىمىزگە بار ،
قورقساق زۇلۇم بىزنى قىلار خار .

قورقونچاقلىق بىزگە نومۇس ـ ئار ،
زالىملارغا ياسايلى بىز دار .
ئەلنى ـ يۇرتنى يۇيۇپ قان بىلەن
قىلايلى ئازات ئىزىزجان بىلەن .
سوققا بېرىپ دۈشمەنلەرگە ،
تەڭسىزلىكنى كۆمەيلى يەرگە ! ...

يۇرت ئۆلۈغلىرىنىڭ بۇختاپنامىسىدىن «ئىنترناتسيونال مارشى» غا ئوخشاش جەڭگىۋار سادا چىقىپ تۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىمىز . لېكىن ، ئىنقلابى ئىبارىلەر بىلەن پەدەزلەنگەن بۇ شېئىرلار قانداق قىلىپ داستانغا ئارىلىشىپ قالدى ؟ نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدىكى مەشق دەپتىرى تاسادىپىي مۆجىزە بىلەن ھازىرغىچە ساقلىنىپ قال-

غان ۋە بۇ شېئىرلار ئەنە شۇ تەۋەرۈك دەپتەردىن تاللاپ ئېلىنغان بولسىمۇ ئەجەپ ئەمەس. بۇنداق شېئىرلار ئۆز ۋاقتىدا سىنىپىنىڭ تام گېزىتىگە چىقىرىشقىمۇ يارىمىغان بولغىدى. بۇ خىلدىكى شېئىرلاردىن 7 ـ 8 نى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن بۇنداق تېتىقسىز شېئىرلار بىلەن كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇشنى خالىمىدىم،

ئۇيغۇر هازىرقى زامان شېئىرىيىتىمىزدە قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىرنەچچە سائەتلەپ سۆزلەش مۇمكىن ياكى بۇ تېمىدا قېلىن كىتابتىن بىرنى يېزىپ چىقىش ئانچە قىيىن بولمىسا كېرەك. لېكىن «پادىشاھى ئادىل» غا ئوخشاش ئېسىل سەنئەت نەمۇنىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قىيىن هادىسە.

ئەگەر، بىرەر كىلاسسىك مۇزىكا ئەسىرىنى ئىقتىدارسىز، نادان ۋە چالا ئۆگەنچى شاگىرتلار كەلسە ـ كەلمەس ئورۇنلىسا، ئۇ هالدا بۇ مۇزىكىنىڭ ئىنسان روھىغا تەسىر قىلىدىغان تىلسىز مۇڭى ئاساسەن يوقىلىدۇ. يېقىمسىز ۋە رېتىمسىز شاۋقۇندىن ئۇنىڭ ـ هېچقانچە پەرقى قالمايدۇ. ئوخشاشلا «پادىشاھى ئادىل» داستانىمۇ ئۆزىنىڭ داستانغا لايىق قىممىتىنى ئاساسەن يوقاتقان. ئۇ خۇددى جاۋاهىراتلىرى ئوغرىلانغان قۇتىغا ئوخشاپ قالغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا «پادىشاھى ئادىل» نى ھەقىقەتەن نەس باسقان. مۇنداق نەس باسقان ـ يالغۇز «پادىشاھى ئادىل» داستانلار ئەمەس؛ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان، توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن بىر قىسىم داستانلارمۇ ئەشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان. بۇنداق نەس باسقا ـ يالغۇز ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىلا ئەمەس؛ ئېغىز ئىجادىيىتىمىزنىڭ باشقا ژانىرلىرىدىمۇ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالغان نۇسخىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ مەدەنى مىراسلىرىمىز پىششىقلاپ ئىشلەش باهانىسى بىلەن خالىغانچە يېيىپ ـ سوزۇپ ئۆزگەرتىۋېرىدىغان ئاشپەزنىڭ قولىدىكى خېمىر ئەمەس.

مەدەنى مىراسلىرىمىزنىڭ كۆپ قىسمى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا يوق قىلىندى. قالغان- لىرى يۇقىرىقىدەك بوزۇپ نابۇت قىلىۋېتىلسە، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا نېمە قالىدۇ؟ ئۇلارغا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمىز؟ «بارنى ئوغرى ئالدى، قالغىنىنى رەمبال» دىگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى قۇتقۇزۇش خىزمىتى ـ ئۇ بۇرمىلاش ئۆزگەرتىش، پۇچەك- لەشتۈرۈشكە قارشى كۆرەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالمىسا، ئۇ قۇرۇق دەبدەبىلىك شوئارغا ياكى ئىجاۋەت بولمايدىغان دۇئاغا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ.



# مىنكۇن باتۇر

( قىسسە )

مىنكۇن باتۇر سۇ ئاستىغا قانداق كىرگەن بولسا، ھۇر قىزلار ئۇنى شۇ يول بىلەن مېڭىپ سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. ئۇ دەريادىن چىقىپ شەھەرنىڭ يەنە بىر چېتىگە بېرىپ ئاندىن يۇرتىدىن كەلگەن قىيايەتتە شەھەرگە كىرىپ ئۇستىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۆتۈكچى مىنكۇن باتۇردىن:

ـ ئاتا ـ ئاناڭنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇلار قانداق تۇرۇپتۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ. مىنكۇن باتۇر چاندۇرماي تۇرۇپ:

ـــ ئاتا ـ ئانامنى كۆردۇم، ئوبدان تۇرۇپتۇ. يولۇمغا قاراپلا تۇرۇپتىكەن، بەك خوش بولدى، سىلىگە كۆپتىن ـ كۆپ سالام ئېيتتى، ـــ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسى كەچتە ئۇستىسى مىنكۇن باتۇرغا:

ـــ مەن بۈگۈن كەچتە بىر يەرگە بارىمەن، تاڭ ئاتقاندا كېلىمەن، مەن كەلگىچە تاشتىن چەم، قۇمدىن تىكىش ياساپ، بەش جۈپ ئۆتۈك تىكىپ قوي، ـ دەپ چىقىپ كېتىپتۇ.

مىنكۇن باتۇر سۇ ئاستى ھۇرلىرى ئۆگەتكەن ھۈنەرنى ئىشقا سېلىپ تاشتىن چەم، قۇمدىن تىكىش ياساپ بەش كىشىلىك ئۆتۈكنى تەييار قىلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆتۈكچى كېلىپلا مىنكۇن باتۇردىن ئۆتۈكنى تىككەن ـ تىكمىگەنلىكىنى سوراپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئۇستىسىنى تۆرگە چىقىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ تۇرۇپ:

ـــ ئۇستام، ھېرىپ ـ ئېچىپ ئۇسساپ كەلگەنلا ئالدى بىلەن ئۇسسۇزلۇق ئىچىۋالسىلا، ـ دەپ ئۆتۈكچىنىڭ ئالدىغا بىر تاۋاق قېتىق، بىرنان قويۇپتۇ. ئۇستىسى قېتىق بىلەن نانغا قول ئۇزىتىشىغا مىنكۇن باتۇر:

ـــ ئۇستام، بۇ قېتىق بىلەن ناننى بىر شەرت بىلەن ئىچىلا، ئۇ قايسى شەرت دېسىلە، قېتىقنىڭ يۈزىنى بۇزماي، ناننى پۈكمەي يەيلا، ـــ دەپتۇ. ئۆتۈكچى مىنكۇن باتۇرنىڭ كېپىگە ھەيران قاپتۇ. بىر پەس تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن:

ـــ ئەي مىنكۇن، مەن سېنى خېلى ئەقىللىق بالىكەن دېسەم، سەن خۇددى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەكلا گەپ قىلىدىكەنسەن. قېتىقنىڭ يۈزىنى بۇزماي، ناننى پۈكمەي قانداق يېگىلى بولسۇن، ـــ

دەپتۇ . مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ گېپىگە قارىتا كۈلۈپ تۇرۇپ :

— ۋاي ئۇستام ، قېتىقنىڭ يۈزىنى بۇزماي نانىنى پۈكمەي يېگىلى بولمىغان يەردە ، قانداقسىگە تاشتىن چەم ياسىغىلى ، قۇمدىن تىكىش تىككىلى بولسۇن ، — دەپتۇ . ئۆتۈكچى مىنكۇن باتۇرغا ياندۇرۇپ گەپ تېپىپ بىرەلمەي دۇدۇقلاپ قاپتۇ .

مىنكۇن باتۇر قازناق ئۆيگە كىرىپ تەييار قىلىپ قويغان بەش كىشىلىك ئۆتۈكنى ئېلىپ چىقىپ ئۇستىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ :

— ئۇستام ، سىلىنىڭ بۇيرۇغانلىرى مۇشۇنداق ئۆتۈكمىدى ؟ — دەپتۇ ، ئۆتۈكچى ئۆتۈكنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇيان ئۆرۈپ ،بۇيان ئۆرۈپ ئۇزاق قاراپتۇ . ئاندىن بىر مىنكۇن باتۇرغا ، بىر ئۆتۈككە قاراپتۇ . يەنە مىنكۇن باتۇرنىڭ كۆزىگە ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن :

— مىنكۇن ، راست گەپنى دە ، بۇ ئۆتۈكنى نەدىن ئالدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— ئۇستام ، بۇ يۇرتتا مېنىڭ سىلىدىن باشقا يېقىن ئادىمىم بولمىسا ، كىم ماڭا بۇنداق ئۆتۈكنى بېرىدۇ ، ئۆزۈم تىكتىم ، — دەپتۇ . مىنكۇن باتۇر . ئۆتۈكچى :

— راست گەپنى قىلمىدىڭ ، بۇنداق ئۆتۈكنى يەر يۈزىدىكى ئادەملەر تىكەلمەيدۇ ، — دەپتۇ ئۆتۈكچى . مىنكۇن باتۇر ياندۇرۇپلا :

— يەر يۈزىدىكى ئادەملەر تىكەلمەيدىغان ئۆتۈكنى نېمىشقا ماڭا تىكىشنى بۇيرىدىلا ، سىلىنىڭ بۇيرۇقلىرى بويىچە تىكتىم ، — دەپتۇ . گەپتە يەنە تۇتۇلۇپ قالغان ئۆتۈكچى مىنكۇن باتۇرغا قايتىدىن تازا زەن سېلىپ قارىغاندىن كېيىن :

— مەن سېنى ئىشمىغىلا سېلىپ ، ھېچقانداق ھۈنەر ئۆگەتمىگەنىدىم ، ئەمما سەن بىر كېچىدىلا مەنمۇ تىكەلمەيدىغان ئۆتۈكنى تىكىپسەن ، ئەسلىدە مەن ساڭا شاگىرتلىققا كىرسەم بولغۇدەك . بۈگۈندىن باشلاپ مېنىڭ شاگىرتىم بولماي ئۆز ئالدىڭغا تىرىكچىلىك قىل ، — دەپتۇ . مىنكۇن باتۇرنىڭمۇ بۇ يۇرتتىن كېتىپ ، باشقا يەرلەرگە بارغۇسى كەلسىمۇ ، ئۆتۈكچىگە دېيەلمەي تۇرغانىكەن . شۇنداق قىلىپ مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىدىن دۇكان ئايرىپ بولۇپ ، ئۇستىسىدىن دۇئا ئالماقچى بوپتۇ . ئۆتۈكچى :

— سەن ماڭا راست گېپىڭنى ئېيتمىغىچە دۇئا بەرمەيمەن . سەن مىنكۇن باتۇرنىڭ ئۆزى شۇمۇ ـ ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ .

مىنكۇن باتۇر راست گەپنى قىلاي دېسە ئەسلى ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ يۇرتتا ئۆزىنى ئاشكارىلىغۇسى يوق ئىكەن . راستىنى دېمەي دېسە ، بىر يىل ئۆتۈكچىگە قانداقلا بولمىسۇن شاگىرت بولۇپ ، تۇز ـ تامىقىنى يېگەن . تۇز ـ تامىقىنىڭ ھەققى ئۈچۈن راستىنى دېمەي بولمايتۇ .

ـ مىنكۇن باتۇر دېگەن مەن شۇ بولىمەن ، — دەپتۇ مىنكۇن .

ـ مېنىڭكىدە بىر يىل تۇرۇپ تۇز ـ تاماق يېدىڭ ، شاگىرت بولدۇڭ . شۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن مېنى قانداق رازى قىلىسەن ، ماڭا نېمە بېرىسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ ئۆتۈكچى .

— نېمە بەرسەم رازى بولىلا ؟ — دەپ مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىدىن سوراپتۇ .

— سېنىڭ ئۈچ نەرسەڭ بار ئىكەن .

شۇنىڭ بىرسىنى بەر ياكى ماڭا بىرەر شە-
ھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ بەر ، بولمىسا
بەرگەن تۇزۇمغا رازى بولمايمەن ، — دەپتۇ
ئۆتۈكچى .

مىنكۇن باتۇر ئويلىنىپتۇ .
خاسىيەتلىك ئۈچ نەرسىسىنىڭ ھېچقايسى-
سىدىن ئايرىلغۇسى كەلمەپتۇ — دە :

— ئۇستام مەن سىلىگە بىرەر
يۇرتنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ بېرەي . مەن
بىر كەتسەم ئۈچ كۈندە كېلىمەن ، ئۈچ
كۈندە كېلەلمىسەم ئۈچ ئايدا كېلىمەن ، ئۈچ
ئايدا كېلەلمىسەم ئۈچ يىلدا كېلىمەن . ئەگەر
ئۈچ يىلغىچىمۇ كەلمەي ئۇنىڭدىن
ئاشۇرۇۋەتسەم ، بىرەر يۇرتنىڭ پادىشاھلى-
قىنى ئېلىپ بەرگەندىن باشقا ، خاسىيەتلىك
ئۈچ نەرسەمنىڭ ئېچىدىن خالىغانلىرىنى
قوشۇپ بېرەي ، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ . ئۆ-
تۈكچى مىنكۇن باتۇرنىڭ ۋەدىسىنى
ئېلىۋالغاندىن كېيىن ، رازىلىق دۇئاسى بې-
رىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ .

مىنكۇن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ
ئالدىدىن چىققىنىچە بىر يولغا چۈشۈپ مې-
ڭىۋېرىپتۇ . ئۈچ كۈن مېڭىش بىلەن
ئۆتۈپتۇ . بىرەر يۇرتنىڭ قارىسى كۆرمەپتۇ .
يەنە مېڭىۋېرىپتۇ . قورسىقى ئاچسا جاھاننىما
ئەينىكىگە قاراپ نەدە ئېتىپ يېگۈدەك بىرەر
جان - جانىۋارنىڭ بارلىقىنى بىلىۋالسا ، شۇ
يەرگە بېرىپ ئوقياسى بىلەن ئېتىپ كاۋاپ
قىلىپ يەپتۇ . هارسا مىسران قىلىچىنى هاسا
قىپتۇ . ئۇ شۇ تەرىقىدە ئۈچ ئاي يول مېڭىپ
جاھان كېزىپ ، ھېچقانداق يەردىن پادى-
شاھلىقىنىڭ ئىپىنى تاپالماپتۇ . شۇنداق
قىلىپ ئۈچ كۈن ، ئۈچ ئايمۇ ئۆتۈپتۇ . ساق
تۆت ئاي ماڭغاندىن كېيىن ئاخىرى بىر
شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ . شەھەرگە كىرىپ
قارىغۇدەك بولسا ، ھەربىر دوقمۇشقا شەھەر
پادىشاھىنىڭ ئېلانى ئېسىقلىق تۇرغۇدەك .
ئېلاندا : كىمەركى بادرات ① تاز ئىككىنچى
ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن قىزىمنى
قۇتقۇزۇپ ئەكىلىپ بەرسە ، شۇ كىشىنى
خالىغىنىنى بېرىپ رازى قىلىمەن . ئەگەر
پادىشاھلىقىمنى بەر دېسىمۇ بېرىمەن ، دەپ
يېزىلغانىكەن . مىنكۇن باتۇر ئېلاننى ئو-
قۇپ ، ئۆتۈكچىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەڭ
ئاخىرقى قەرەل تولغۇچە ئورۇندايدىغانلىق-
دىن خوش بولۇپتۇ . مىنكۇن باتۇرنىڭ
ئويلىشىچە ، ئۆتۈكچىگە ئېلىپ بېرىدىغان
پادىشاھلىق چوقۇم پادىشاھنىڭ ئۆز رازىلىقى
بىلەن بەرگەن بولۇشى كېرەك ئىكەن .

مىنكۇن باتۇر ئاۋۋال ۋەقەنىڭ زادى نېمىلى-
كىنى ئالدىن بىلىۋالغۇسى كېلىپ
كىشىلەردىن سوراپتۇ . كىشىلەر ئۇنىڭغا :
يۇرتىمىزدا بىر بادرات بار ئىدى . يەتتە
يىلنىڭ ئالدىدا شۇ بادرات تاز پادىشاھىمىز-
نىڭ قىزىنى سۇمرۇغ قۇشقا مىندۈرۈپ
ئىككىنچى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكە-
نىدى . يەتتە يىلدىن بۇيان ھەر يەر — ھەر
يەرلەردىن نى — نى شاھزادىلەر ، بەگزادى-
لەر ، نى — نى باتۇرلار قىزنى قۇتقۇزىمىز
دەپ كەلدى ، ئەمما ھېچقايسىسى ئامال قى-
لالماي قايتىپ كېتىشتى ، دەپ جاۋاب بېرىپ-
تۇ . مىنكۇن باتۇر ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشىنى بىر
قۇر بىلىۋالغاندىن كېيىن ، بىر بوۋايدىن :

— بوۋا ، پادىشاھ جاكارنامىسىنى نې-
مىشقا تامغا چاپلىماي ئېسىپ قويىدۇ ؟ —
دەپ سوراپتۇ .

① بادرات — جادۇگەر ، سېھىرگەر

— بالام، سەن بۇ يۇرتنىڭ قائىدە-
سىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسەن. پادىشاھىمىز
بىرەر ئىشنى بىجا كەلتۈرگۈچىگە ئىنئام بەر-
مەكچى بولۇپ جاكار چىقارسا، ئۇنى تامغا
چاپلىماي ئېسىپ قويىدۇ. پادىشاھىمىزنىڭ
دېگىنىنى ئورۇنداشقا بەل باغلىغان كىشى
جاكارنامىنى ئېلىپ ئوردىغا كىرىدۇ. ئۇ كى-
شىنى ئوردىغا كىرىشتىن ھېچكىم توسمايدۇ،
— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

مىنكۆن باتۇر جاكارنامىنى ئېسىقلىق
يەردىن ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قاراپ
مېڭىپتۇ، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قې-
لىشىپتۇ. مىنكۆن باتۇر ئوردا دەرۋازىسىغا
كەلسە، ئۇنى دەرۋازا باققۇچىلار قىلىچ، نەيزى-
لىرىنى چەپراس قىلىشىپ توسۇپتۇ. مىنكۆن
باتۇر قولىدىكى جاكارنامىنى ئېچىپ كۆرسى-
تىپتىكەن قورۇقچىلار بىر-بىرىگە
قاراشقىنىچە قىلىچ، نەيزىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ
يول بېرىپتۇ. مىنكۆن باتۇر ئۇدۇل پادىشاھنىڭ
تەختخانىسىغا كىرىپ قول باغلاپ تۇرۇپ
سالام بېرىپتۇ. پادىشاھ مىنكۆن باتۇرغا قاراپ:

— ھە بالا، نېمە ئەرز-دادىڭ بار؟ —
دەپ سوراپتۇ.

مىنكۆن باتۇر باشقا گەپ قىلماي
جاكارنامىنى كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئوڭ
قول ۋەزىرى:

- ھەي بالا، پادىشاھنىڭ بۇ
جاكارنامىسىنى نېمىشقا ئېلىۋالدىڭ، ئەرز، دا-
دىڭ بولسا ئۆزۈڭلا كىرسەڭ بولمامدۇ؟ —
دەپتۇ.

مىنكۆن باتۇر ئۆزىنىڭ ھېچقانداق
ئەرز-دادى يوقلۇقىنى، پەقەت پادىشاھنىڭ
قىزىنى قۇتۇلدۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ-
تۇ. پادىشاھ كىچىكلا بىر بالىنىڭ دېگەن
گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپتۇ. پادىشاھنىڭ كۆل-
كىسىنى تەنە دەپ چۈشەنگەن ياساۋۇللار
مىنكۆن باتۇرنى ئوردىدىن چىقىرىۋەتمەكچى
بوپتۇ. مىنكۆن باتۇردىن سوئال سورىغان
ھېلىقى ۋەزىر ياساۋۇللارنى سەل تەخىر قىلىپ
تۇرۇڭلار، دەپ قويۇپ، پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:

— پادىشاھىم، بىر چوكىنىڭ گېپىنى
ئاڭلا، بىر كىچىكنىڭ دېگەن گەپ بار. بۇ بالا
ئۆزىگە ئىشەنمىسە جاكارلىرىنى ئورۇنداشقا
بەل باغلاپ ھوزۇرلىرىغا كىرمەس ئىدى.
ئالدى بىلەن بىز ئۇنى ئۆزى توغرىلىق گەپكە
سېلىپ باقايلى، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ.
پادىشاھ ئاقىلدار ۋەزىرىنىڭ گېپى بويىچە
مىنكۆن باتۇردىن:

— ھەي بالا، قېنى ئېيتقىنا، ئۆزۈڭ
نەدىن كەلدىڭ، ئىسمىڭ نېمە، كىمنىڭ
بالىسىسەن» ؟ — دەپ سوراپتۇ، مىنكۆن باتۇر
ئۆزىنىڭ يۇرتىنى، ئىسمىنى ئېيتىپتۇ. ئەمما
دادىسىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمەي، دادىسى
ئورنىغا ئاغزىغا كەلگىنىچە بىر ئادەمنىڭ
ئىسمىنى ئاتاپتۇ. بۇ يىراق يۇرتقا مىنكۆن
باتۇرنىڭ باتۇرلۇقى توغرىسىدىكى گەپلەر
تېخى يېتىپ كەلمىگەنىكەن. پادىشاھنىڭ
ئالدىدا تۇرغان كىچىكلا بىر بالىنىڭ بادرات
تازنىڭ قولىدىن قىزىنى قۇتۇلدۇرۇپ
كېلەلىشىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ،
ئامراق قىزىنى يادلاپ ئۈيلىنىپ قاپتۇ ۋە
مۇنداق دەپتۇ:

— يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا قىزىم يوقاپ
كەتتى. بىر نەچچە كۈنگىچە ھېچنەدىن
خەۋىرى بولمىدى. قۇرئاندازلارغا قۇر سال-
دۇرسام قىزىمنى يۇرتىمىزدا سوقۇنۇپ
يۈرگەن بىر بادرات تاز ئىككىنچى قەۋەت ئاس-
مانغا ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئەگەر سەن
قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ چۈشسەڭ، ۋەدەم بويىچە
نېمىنى خالىساڭ شۇنى بېرىمەن.

— ئۇنداق بولسا ماڭا ھازىر ئىككى نار تۆگە تەييارلاپ بەرسلە، — دەپتۇ مىنكۇن باتۇر.

پادىشاھ شۇ ھامان ئۇنىڭغا نار تۆگىدىن ئىككىنى ھازىر قىلدۇرۇپ بېرىپتۇ. مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئارقىلىق يۇرت ئەھلىگە كىم ئىككى سۇمرۇغ بالىسى بەرسە، ئورنىغا ئىككى نار تۆگە بېرىدىغانلىقى توغرىلىق جاكار چىقارغۇزۇپتۇ.

ئۇ پادىشاھنىڭ شەھرىدە بىر كىشى بولۇپ، ھەر خىل قۇشلارنى تۇتۇپ سېتىپ جان باقىدىكەن. ئۇنىڭ قىلىدىغان كەسپى شۇ ئىكەن. ئۇ بىر كۈنلىرى سۇمرۇغ ئۇۋىسىدىن سۇمرۇغ باچكىسىدىن ئىككىنى تۇتۇۋېلىپ باققانىكەن. ئۇ كىشى بۇ سۇمرۇغ باللىرىنى بېقىپ چوڭ بولغاندا ساتسام جىق مال - دۇنيالىق بولۇپ قالىمەن، دەپ ئويلاپ يۈرگەن كۈنلىرىدە پادىشاھنىڭ ھېلىقى جاكارىنى ئاڭلاپ، باققىنىغا قىرىق كۈن بولغان سۇمرۇغ باللىرىنى ئېلىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئۇنىڭغا ئىككى نار تۆگىنى بېرىپ سۇمرۇغ باللىرىنى ئېپقاپتۇ.

مىنكۇن باتۇر سۇمرۇغ باللىرىنى ئادەم بارالمايدىغان ئېگىز بىر تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ، ئاغزىغا يۈگەن سالماقچى بوپتىكەن، بىردىنلا سۇمرۇغ باللىرى زۇۋانغا كېلىپ:

— ھەي ئادەم بالىسى، بىزنى نېمە قىلماقچى بولىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي سۇمرۇغ باللىرى، مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھنىڭ قىزنى بىر بادرات تاز ئېلىپ قېچىپ ئىككىنچى ئاسمانغا ئېپچىقىۋاپتۇ. پادىشاھ قىزنىڭ دەردىدە خۇشاللىقىنى ئۇنتۇپتۇ. مەن پادشاھنىڭ ئۇ قىزنى بادرات تازنىڭ قولىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتا - بالىنى جەم قىلىپ قويماقچىمەن. بادرات تاز ئۇ قىزنى سۇمرۇغ قۇشقا مىندۇرۇپ ئەكەتىپتۇ. ئىككىنچى قەۋەت ئاسمانغا سۇمرۇغدىن باشقا نەرسە يېتىپ بارالمايدىكەن. شۇڭا ئىككىڭلارنى دۈمبەڭلەرگە يۈك ئارتىپ ئۇچۇرۇپ ئۆگەتمەكچىمەن. قىزنى قۇتۇلدۇرۇپ بولسامىلا سىلەرنى ئۆز ئەركىڭلارغا قويۇپ بېرىمەن، — دەپتۇ مىنكۇن باتۇر سۇمرۇغ باللىرىغا.

— ھەي، ياخشى نىيەتلىك ئادەمزادە، بىزنى قويۇپ بېرىدىغىنىڭ راستلا بولسا، بىزگە يۈگەن سالما، بىز سېنىڭ سۆزۈڭ بويىچە ئۇچىمىز، بىزگە ئەمدىلا قىرىق كۈن بولدى، لېكىن تېخىچە ئۇچۇپ باقمىدۇق، ئىككىنچى قەۋەت ئاسمان ئۇزاقتا ئوخشايدۇ، بىز بۇ ھالىمىزدا ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمايمىز. شۇڭا بىزنى ئۆزۈڭ مىنىپ كۆندۈر. ئۈستىمىزگە كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىتىپ تاش باغلاپ قوي. بىز ئېغىر نەرسىنى كۆتۈرۈپ ھەر كۈنى ئۇزاق ئۇچۇپ ئۆگىنەيلى. بىزدىن خاتىرجەم بول، سېنىڭ خىزمىتىڭدە بولىمىز، — دەپتۇ سۇمرۇغ باللىرى.

مىنكۇن باتۇر سۇمرۇغ باللىرىنىڭ گېپى بويىچە ئۇلارغا يۈگەن سالماي، بىرىنچى كۈنى نۆۋەت بىلەن مىنىپ يېرىم كۈندىن ئۇچۇرۇپتۇ. ئەتىسىدىن باشلاپ سۇمرۇغ باللىرىنىڭ بويىنغا، دۈمبىسىگە تاش باغلاپ ھەم ئۆزى مىنىپ ئۇچۇشقا باشلاپتۇ. ھەر كۈنى باغلىنىدىغان تاشنى ئاز — ئازدىن كۆپەيتىپتۇ. ساق بىر يىل بولغاندا سۇمرۇغ باللىرى مىڭ جىڭ تاش بىلەن مىنكۇن باتۇرنى مىندۇرۇپ ئۇچىدىغان، كەچكىچە ئۇچسىمۇ ھارمايدىغان بوپتۇ. مىنكۇن باتۇرمۇ ئون يەتتە باشقا كىرىپ، كۈچتىمۇ، ئەقىلدىمۇ

يېتىلىپتۇ. ئۇ سۇمرۇغ باللىرىنى ئاخىرقى قېتىم ئۇچۇرۇپ كۆرگەندىن كېيىن: «ھە، ئەمدى ئىشىمىزغا تۇتۇش قىلسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

شاھ ئاتا، مېنىڭ تەييارلىقىم پۈتتى، بۇ كۈن ئىككىنچى قەۋەت ئاسمانغا قاراپ ئۇچىمەن، خەۋەردار بولۇپ قالغايلا، — دەپ ئېيتىپ قويۇپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

مەنكۈن باتۇر ئوردىدىن چىقىپ سۇمرۇغ باللىرىنى قويۇپ قويغان ھېلىقى ئېگىز تاغقا چىقىپتۇ. سۇمرۇغ باللىرىغا: بۇگۈن ئىككىنچى قەۋەت ئاسمانغا قاراپ ئۇچىمىز، ھار ساڭلار ھاردەم دەڭلار، دەپتۇ — دە، سۇمرۇغ باللىسىنىڭ بىرگە مىنىپ، يەنە بىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئۇچۇپتۇ. نەچچە ۋاقىتتىن ئېغىر يۈك يۈدۈپ ئۇچۇن ئۆگەنگەن سۇمرۇغ باللىرى ئەمدى ئاجايىپ يەڭگىل بولۇپ، نەچچە ھەسسە تېز ئۇچۇپتۇ. ئۇلار شۇ ئۇچقىنىچە ساق ئۈچ ئاي ئۇچۇپتۇ. مەنكۈن باتۇر سۇمرۇغ ئۈستىدە تۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالغۇدەك بولسا، سول يان پەستە ياپيېشىل بوستانلىق ئۇزۇن بىر جىلغىنى كۆرۈپتۇ. ئۇلار بۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىشىپ ئاندىن ئۇچماقچى بولۇپ چۈشۈپتۇ. مەنكۈن باتۇر ئەتراپنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ جىلغىدىن تاغقا چىقىپ، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە چوڭ بىر شەھەرنى كۆرۈپتۇ. شەھەرنىڭ تاغ باغرىغا قارىغان چوڭ قوۋۇقىنىڭ ئالدى تەرىپى ئاجايىپ گۈزەل چارباغ ئىمىش. ئەمدى بىرىنچى قەۋەت ئاسمانغا چىققان ئۇخشايمىز دەپ ئويلىغان مەنكۈن باتۇر ئىككىنچى قەۋەت ئاسمانغا يەنە قانچىلىك ئۇچقاندا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى سوراپ بىلىش ئۈچۈن سۇمرۇغلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ چۈشۈپ ئۇلارغا مىنىپتۇ — دە، چارباغقا چۈشۈپتۇ. سۇمرۇغلارنى چارباغدا ساقلاپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر 20 گەز قېلىنلىقتا، 40 گەز ئېگىزلىكتە سېلىنغان سېپىل بىلەن قورشالغانىكەن. سېپىلنىڭ بىرلا قوۋۇقى بولۇپ، قاناتلىرى ئىككى گەز قېلىنلىقتىكى پولاتتىن ياسالغانىكەن. تەلەتى سەت، بوي — بەستى بەھەيۋەت ئىككى باتۇر باقىدىكەن. بىرىنىڭ ئىسمى يولۋاس باتۇر، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئېيىق باتۇر ئىكەن. بۇ باتۇرلار شۇنداق بويلۇق ئىكەنكى ئۇلارنىڭ بېشى ئاسمانغا تاقىشىپ قېلىپ، ئېگىلىپ يۈرىدىكەن، ئەگەر بېشىنى ئېگىز كۆتۈرىدىغان بولسا، بەش قات ئاسماننى تەۋرىتىۋېتىدىكەن. بۇلارغا ھېچنەرسە تەڭ كېلەلمەيدىكەن. بىر قېتىمدا ئالتە ئايلىق تاماقنى يەپ، ئالتە ئاي تاماق يېمىسىمۇ بولىدىكەن. بىر ئۇخلىسا ئالتە ئاي ئۇخلىۋېلىپ، قالغان ئالتە ئايدا ئۇخلىماي يۈرۈيدىكەن. بۇ ئىككى باتۇرنىڭ ھەر بىرى سېپىل قوۋۇقىنى ئالتە ئايدىن باقىدىكەن. بىرى باققاندا، بىرى ئۇخلايدىكەن. بۇ قېتىم يولۋاس باتۇر ئۇخلاپ، ئېيىق باتۇر گۈزەتتە تۇرغانىكەن، مەنكۈن باتۇر ئېيىق باتۇرنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ھە باتۇر ئاكا، بۇ بىرىنچى قەۋەت ئاسمانمۇ، ئىككىنچى قەۋەت ئاسمان قانچىلىك يىراق، — دەپ سوراپتۇ. ئېيىق باتۇر:

— ھەي، سەن نەدە قالغان بىر نېمە؟ بۇ دېگەن بادرات پادىشاھقا تەۋە ئىككىنچى ئاسمان، بىلىپ قوي! — دەپتۇ.

مەنكۈن باتۇر ئېيىق باتۇرنىڭ گېپىدىن ئۆزىنىڭ ئىككىنچى ئاسمانغا چىقىپ بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. شەھەرگە كىرمەكچى بولۇپ ئېيىق باتۇرغا پەسەنتمۇ قىلماي مېڭىپتۇ. ئېيىق باتۇر:

— ھە ، نەگە بارسەن ؟ مېنىڭ ئال-
دىمدا سەن تۇرماق ، ئۇچار قاناتتىن
كۈمۈت ، پاشىمۇ ، مەخلۇقاتتىن دىۋىمۇ
رۇخسەتسىز شەھەرگە كىرەلمەيدۇ ، ماڭ
نېرى ، — دەپ ۋارقىراپتۇ .
— مەن شەھەرنى كۆرۈۋېلىپلا يې-
نىپ چىقىمەن ، — دەپ مىنكۈن باتۇر
قۇۋۇققا قاراپ مېڭىپتۇ .
ئېيىق باتۇرنىڭ ئاچچىقى تۇتۇپتۇ -
دە ، مىنكۈن باتۇرنى بىر شاپىلاق
سالىپتىكەن ، تۇيۇقسىز تۇرغان مىنكۈن باتۇر
شاپىلاقنىڭ دوغىسىدا يەتتە تاغنىڭ
نېرىسىغا ئۇچۇپ كېتىپ ، يەرگە 40 گەز
كىرىپ كېتىپتۇ . مىڭ بىر مۇشەققەتتە
يېتىپ كەتكەن يەردىن چىقىپتۇ . «مەن پە-
رىشتە ئەۋلادى بىر باتۇر تۇرسام ، ئاشۇنىڭغا
تەڭ كېلەلمەي بوزەك بولۇپ يۈرسەم ، باتۇر
دېگەن يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن»
دەپ ئويلاپ ، شۇنداق دەرغەزەپكە
كەپتۇكى ، بەدەنلىرى تىترەپ ، قۇيقا چېچى
تىك بوپتۇ . ئىسقىرتىپتىكەن ، شۇ ھامان
سۇمرۇغدىن بىرسى ئۇچۇپ كەپتۇ . مىنكۈن
باتۇر سۇمرۇغقا مىنىپ چارباغقا كەپتۇ - دە ،
سۇمرۇغنى يەنە بىرىنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ
ئىككىسگە قايتىدىن گەپ تاپىلاپ قويۇپ ،
يەنە ھېلىقى شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ . ئېيىق
باتۇرنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە ، مىسران قى-
لىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ تۇرۇپ :
— قېنى ، باتۇربولساڭ مەيدانغا
چىق ، ئىككىلەن بىر ئېلىشىپ باقايلى ، —
دەپتۇ .
ئېيىق باتۇر دەسلەپتە مىنكۈن
باتۇرنى كۆزگە ئىلماي ، مەيدانغا شۇنداقلا
چۈشمەكچى بوپتۇ ، ئەمما مىنكۈن باتۇرنىڭ
قولىدىكى مىسران قىلىچنى كۆرۈپ ، ئۇمۇ
نەيزە - قالقىنىنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا
چۈشۈپتۇ . ئىككى باتۇر بىر نەچچە مەيدان
ئېلىشىپتۇ . ئېيىق باتۇر نەيزىسىنى مىنكۈن
باتۇرنىڭ كۆكرىكىنى چەنلەپ ئۇرۇپتۇ .
مىنكۈن باتۇر ئۇنىڭ نەيزىسىنى بىر ئۇرۇپلا
قايرىپ تاشلاپ ، چاققانلىق بىلەن ئېيىق
باتۇرغا قىلىچ سىلىپ ، بېلىدىن ئىككى
پارچە قىلىۋېتىپتۇ . ئۇنىڭ بېلىنىڭ يۇقىرى
پارچىسى يەتتە تاغ ، يەتتە دەريانى بېسىپ
چۈشۈپتۇ . ئېيىق باتۇر ئۆلگەندىن كېيىن ،
مىنكۈن باتۇر سېپىل قۇۋۇقىنى ئېچىپ
شەھەرگە كىرىپ بازار ئايلىنىپتۇ . بىر دۇق-
مۇشقا بارسا بىر بوۋاي قوغۇن سېتىپ
ئولتۇرغۇدەك . مىنكۈن باتۇر بوۋايدىن قو-
غۇن ئېلىپ يېگەچ :
— بوۋا ، مەن ئاڭلىسام بىر شاھزادە
ئاستىنقى ئالەمدىن بىر مەلىكىنى مۇشۇ
ئۈستۈنكى ئالەمگە ئېلىپ چىققانىكەن ،
ئۇنىڭ قانتى بولمىسا ياكى ئاسمانىنىڭ شو-
تىسى بولمىسا قانداق ئېلىپ چىققاندۇ ؟ —
دەپ سوراپتۇ . بوۋاي مىنكۈن باتۇرغا :
— ھەي بالام ، بىزنىڭ بۇ يۇرتى-
مىزدا بىر بادرات ناز بار . ئۇنىڭ بىر بالىسى
بار ئىدى . ئۇ بالىسنى يەتتە ياش ۋاقتىدىلا
ئاستىنقى ئالەمگە ئېلىپ چۈشۈپ يوشۇرۇپ
قويغان . غەرىزى ئاستىنقى ئالەم پادىشاھى-
نىڭ قىزى بالاغەتكە يەتكىچە ئوغلىمۇ چوڭ
بولىدىكەن ، شۇ ئارقىلىق مەلىكىنى ئوغ-
رىلاپ چىقىش ئىكەن . ئۇنىڭ ئوغلى ھازىر
25 ياشقا كىردى ، مەلىكە ئون توققۇز ياشقا
كىردى . ئاڭلىشىمىزچە ئۇ مەلىكە بەك دانا

ئىمىش ، قولىدىن جىق ئىش كېلەرمىش . ئۈچ يىلدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى چۈشىدە كۆرەرمىش . باشقىلارنىڭ چۈشىگە ئېيتقان تەبىر راست چىقارمىش . ئېنى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۆزىنى بېقىۋاتقان بادرات تازنىڭ ئادەملىرىگە : ئىككى سۇمرۇغلۇق بىر باتۇر كېلىپ ھەممىڭنى يېڭىپ ، پادىشاھىڭنى تۇتۇۋېلىپ ، مېنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ ، دېگەنمىش . شۇڭا بادرات تاز باتۇرلارنى كۆپلەپ يىغىپ ، مەلىكىنىڭ ئەتراپىغا قاراۋۇللۇققا قويىدى . ئۇنىڭ ھازىر 47 مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكىرى ، بىرقانچە يۈز ئاجايىپ باتۇرى بار . بادرات تازنىڭ يەتتە مىڭ كىشىلىك خاس نەۋكىرى بار . ئۇ نەۋكەرلىرىگە ھەر كۈنى سېپىل ئۈستىدە قىلىچۋازلىق ، نەيزىۋازلىق ، ئۇ مۇت ، قالقان ، گۈرزى تۇتۇشنى ، تۈزدە چەۋاندازلىقنى ئۆگىتىۋاتىدۇ . مەلىكە كېلىدۇ ، دېگەن ھېلىقى باتۇر كېلىپ بۇ يۇرتتىن بادرات تازنى يوقىتىپ ، بىزنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرغان بولسا بەك ياخشى بولاتتى ، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ، مىنكۈن باتۇرغا يەتتە مىڭ نەۋكەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان دىۋە چىراي ، سەت بىر ئادەمنى بادرات تاز شۇ دەپ كۆرسىتىپتۇ .

مىنكۈن باتۇر ئەھۋالنى بىلىۋېلىپ ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپتۇ . ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ سېپىل ئۈستىگە چىققىنىنى كۆرگەن بىر نەۋكەر بادرات تازغا :

— پادىشاھىم ، بىر ئالاقمان پەتەك سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بىز تەرەپكە كېلىۋاتىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ.

— پۇتىدىن تۇتۇپ يەرگە تاشلىۋەت ! — دەپتۇ بادرات تاز .

نەۋكەر بېرىپ مىنكۈن باتۇرنى كۆتۈرمەكچى بوپتۇ ، ئەمما يەردىن يۇلۇپ ئالالماپتۇ . ھەرقانچە كۈچەپمۇ ئورنىدىن قوزغىيالماپتۇ . ئاچچىقىدا مىنكۈن باتۇرنىڭ پۇتىغا تەپمەكچى بولغانىكەن ، مىنكۈن باتۇر ئۇنى بىر تېپىك بىلەن يەرگە ئۇچۇرۇپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ . بادرات تاز يەنە ئۈچ نەۋكىرىنى ئەۋەتىپتۇ . ئۇلار يېقىن كېلىشىگە مىنكۈن باتۇر ئىككى قولىدا ئىككىسىنى تۇتۇپ كۆتۈرۈۋېلىپ ، بىرىنى پۇتىدا چاتىرىقىدىن ئېلىپ ئېتىپتىكەن ، سېپىلدىن يەتمىش غۇلاچ نېرىغا چۈشۈپتۇ . بۇنى كۆرگەن باشقا نەۋكەرلەر چۇقۇرۇشۇپ كېتىپتۇ .

— ئېيىق باتۇرنى قىچقار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ بادرات تاز . مىنكۈن باتۇر :

— ئېيىق باتۇرۇڭ ئىككى پارچە بولۇپ يەتتە تاغنىڭ نېرىسىدا ياتىدۇ ، — دەپتۇ .

بادرات تاز بىر ئىشارە قىلىپتىكەن ، يەتتە مىڭ نەۋكەرنىڭ ھەممىسى مىنكۈن باتۇرغا ئېتىلىپ كەپتۇ . مىنكۈن باتۇر بىرىنى تۇتۇۋېلىپ بىرىگە ئېتىپ ، بىرى ئارقىلىق ئونىنى يىقىتىپ ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا يەتتە مىڭ نەۋكەرنى يەر چىشلىتىپ قويۇپتۇ . بادرات تازنى تىرىك تۇتۇۋېلىپ ، ئۆزىنى مەلىكە بار جايغا باشلاپ بېرىشقا قىستاپتۇ .

— مېنىڭ ئۇ مەلىكىنى ساقلايدىغان ئۈچ مىڭ تاللانغان نەۋكىرىم ، 40 باتۇرۇم بار ، بۇ باتۇرلارنىڭ ھەربىرى ئۈچ مىڭ ئادەمگە تېتىيدۇ . ئۇلار ئۇخلىسا بىر قۇلىقىنى

يېپىنىپ، بىر قۇلقىنى ئاستىغا سېلىپ
ئۇخلايدۇ، ئۇلارغا ھېچنەرسە تەڭ
كېلەلمەيدۇ، جەڭگە چىقسا پۇت، قوللىرى-
نىمۇ ئىشقا سالماي، پەقەت قۇلاقلىرىنىلا
سۆرىتىپ ماڭىدىغان بولسا، توغرا تۇر-
غانلارنىڭ ھەممىسى قۇلىقى ئاستىدا
مىجىلىپ ئۆلىدۇ، سەن ئاۋارە بولما، — دەپ
بادرات تاز قارشىلىق قىلىپ تۇرۇۋاپتۇ.

مىنكۆن باتۇر بادرات تازنىڭ قار-
شىلىق قىلغىنىغا قويماي ئۇنى ئالدىغا سېلىپ
مېڭىپتۇ. بادرات تازنىڭ ئىچكىرى —
تاشقىرى بولۇپ يەتتە ئوردىسى بار ئىكەن.
مەلىكىنى 4 — قات ئوردىدا 41 قات تۆمۈر
قەپەسنىڭ ئىچىدە ساقلايدىكەن. زېمىن
ئۈستىدە يوق ئويۇن — تاماشىنى قىلىدىكەن.
قەپەس ئەتراپىنى 40 پالۋان، ئوردا ئىشىكىنى
40 پالۋان قوروقداپ تۇرىدىكەن. بۇ
پالۋانلارنىڭ ھەربىرى 40 دېۋىگە تېتىيدى-
كەن. بادرات تازنى باغلاپ ئالدىغا سېلىپ
كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پالۋانلار بىر —
بىرىگە:

— بىزنىڭ بادرات پادىشاھىمىزنى
بىر پەتەك ئالدىغا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇ-
نىڭ قانچىلىك بەگىسى باردۇ؟ —
دېيىشىپ ۋارقىرىشىپتۇ ۋە مىنكۆن باتۇرغا
ئېتىلىپ كېلىشىپتۇ.

— سىلەرنىڭ بۇ بادرات
پادىشاھىڭلار يەر ئۈستى پادىشاھىنىڭ قى-
زىنى بۇلاپ ئەچقىۋاپتۇ. مەن شۇ مەلىكىنى
ئالغىلى كەلدىم. پەقەت مەلىكىنى ساق قاي-
تۇرۇپ بەرسەڭلارلا، سىلەرگە ھېچقانداق
زىيان — زەخمەت يەتكۈزمەيمەن، مەلىكىنى
ئېلىپ يولۇمغا كېتىۋېرىمەن، — دەپتۇ
مىنكۆن باتۇر.

شۇ ئارىدا بادرات تازنىڭ ئوغلى
پەيدا بوپتۇ، ئۇ مىنكۆن باتۇرغا قاراپ:

— مەن شۇ مەلىكىنى دەپ يەر
ئۈستى پادىشاھلىقىدا يەتتە يىل كۈتۈپ
تۇردۇم، ئاران ئەچىقۋالدىم، ئۇنى ئۆزۈم
ئالىمەن، ساڭا بېرىدىغان مەلىكە يوق، —
دەپ سالپاڭ قۇلاق بىر باتۇرىغا ئىشارە
قىپتۇ.

سالپاڭ قۇلاق باتۇردىن بىرسى كا-
لىدەك ھۆركىرىگىنىچە قۇلقىنى پۇلاڭلىتىپ
مىنكۆن باتۇرغا ئېتىلىپ كەپتۇ. مىنكۆن
باتۇر مىسران قىلىچىنى بىر سىلكىپتىكەن،
ئۈزىراپ يەتتە غۇلاچ بوپتۇ. سۆرۈلۈپ
تۇرغان قۇلاقنى تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ چېپىپ-
تىكەن، تۇۋىدىنلا ئۈزۈلۈپتۇ. مىنكۆن باتۇر
قۇلاقنى چۆرۈپ — چۆرۈپ ئېتىپتىكەن،
بادرات تازنىڭ ئوردا ساقلايدىغان ئۈچ مىڭ
لەشكىرىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ.
قالغان سالپاڭ قۇلاقلار مىنكۆن باتۇرنىڭ
كۈچىدىن قورقۇشۇپ يېقىن كېلەلمەپتۇ.
بادرات تازنىڭ مىنكۆن باتۇرنىڭ دېگىنى-
دىدەك قىلماسقا ئىلاجى قالماپتۇ. ئەمما
ئوغلىنىڭ مەلىكىدىن ۋاز كەچكىسى كەپ-
مەپتۇ. ھەممە سالپاڭ قۇلاق باتۇرلىرىنى
تەڭلا ئاتلىنىپ مىنكۆن باتۇرنى قۇلاقلىرىدا
باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەمما
مىنكۆن باتۇرنىڭ يەتتە غۇلاچلىق مىسران
قىلىچى ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ يېقىن
كەلتۈرمەپتۇ. سالپاڭ قۇلاقلارنىڭ يېرىمى
ئۆلۈپ بوپتۇ. بادرات تازنىڭ ئوغلى مىنكۆن
باتۇرنىڭ سالپاڭ قۇلاقلار بىلەن
ئېلىشىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، كەيند-

دىن كېلىپ سالما تاشلاپتۇ. مىنكۆن باتۇر سالمىنى تۇتۇۋېلىپ تازا بىر تارتىپتىكەن، بادرات تازنىڭ ئوغلى مىنكۆن باتۇرنىڭ ئالدىغىلا كېلىپ قاپتۇ.

— ئۆلۈشۈڭنى مەندىن كۆرمەي ئۆزۈڭدىن كۆر، — دەپ قىلىچىنى بىر چېپىپلا ئۇنى ئىككى پارچە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىنكۆن باتۇرغا قارشىلىق قىلىدىغان ھېچكىم چىقماپتۇ.

مىنكۆن باتۇر مەلىكىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. ئۇنى بەنت قىلىپ قويغان 41 قەۋەت تۆمۈر قەپەسنى ئاچتۇرۇپ مەلىكىنى چىقىرىپتۇ.

— مەن يەر ئۈستىدىكى ئاتىڭىزنىڭ قېشىدىن سىزنى قۇتۇلدۇرغىلى كەلدىم، — دەپتۇ مىنكۆن باتۇر.

— مېنى ئىككى سۇمرۇغلۇق بىر ئادەمنىڭ كېلىپ قۇتقۇزىدىغانلىقى چۈشۈمگە ئايان بولغانىدى، ئۇنداق بولسا سۇمرۇغلىرىڭىز قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ مەلىكە.

مىنكۆن باتۇر سۇمرۇغلىرىنى شەھەر سىرتىدىكى باغقا يايلاپ تۇرۇشقا قويۇپ بەرگەنلىكىنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بادرات تازنىڭ قولىدىن راستىلا قۇتۇلغانلىقىغا ئىشىنىپ، خۇشاللىقىدا كۆز يېشى قىپتۇ. مىنكۆن باتۇر بادرات تازغا قاراپ:

— ھەي بادرات، مەن سېنىڭ يەتتە مىڭ نەۋكىرىڭنى، دىۋە سۈپەت 40 باتۇرۇڭنى، ئېبىق باتۇرنى ھەم ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرۈۋەتتىم. مەن ئەسلىدە قان تۆكمەكچى ئەمەس ئىدىم، ئۆزۈڭ ھەم ئادەملىرىڭ مېنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر قىلدىڭلار. مېنى كىمكىن، دەپ قالمىغىن، ئىسمىم مىنكۆن. مەن مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ چىققاندىن كېيىنلا سېنى قويۇۋەتمەكچى ئىدىم، ئەمما بۇ يەردىكى خەلق سېنىڭ دەستىڭدە كۆن ئالالماي قاپتۇ. سېنى يەر ئۈستى پادىشاھلىقىغا ئېلىپ كېتىپ، پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىمەن، سېنى قانداق قىلىسا پادىشاھنىڭ ئىختىيارى. سەن مەلىكىنى ئېلىپ چىققان سۇمرۇغنى تەييار قىلدۇر، ئادەملىرىڭ شەھەر سىرتىدىكى باغقا ئېلىپ بارسۇن، — دەپ مەلىكىنى، بادرات تازنى ئېلىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ.

مىنكۆن باتۇر چارباغقا بارسا، ئىككى سۇمرۇغ ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ تۇرغانىكەن، مىنكۆن باتۇر چارباغدا سۇمرۇغلارنى ئوبدان بېقىۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ كۈن تۇرۇپتۇ. ئاندىن توققۇز تولۇمغا گۆش، توققۇز تولۇمغا سۇ قاچىلاپتۇ. بادراتنىڭ ئۆزىگىمۇ ئوزۇق، سۇ تەييارلاتقۇزۇپتۇ. مەلىكە بىلەن بىردىن سۇمرۇغقا مىنىپ، گۆش، سۇ قاچىلانغان تولۇملارنى ئارتىپ ئاستىنقى ئالەمگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. يېرىم يولغا بارغاندا، بادرات تاز قېچىپ كېتىش نىيىتىگە كېلىپ مىنگەن سۇمرۇغنى باشقا تەرەپكە ئۇچۇشقا بۇيرۇپتۇ، لېكىن ئىككى تەرەپتە مىنكۆن باتۇر بىلەن مەلىكە بولغاچقا، يەنىلا ئىلاجى بولماپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنكۆن باتۇرنىڭ ئىككى سۇمرۇغى بادرات تازنىڭ سۇمرۇغىغا ھەممە ئەھۋالنى — مىنكۆن باتۇرنىڭ ياخشى ئادەملىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىكەن، شۇڭا بادرات تاز سۇمرۇغىغا ھەرقانچە يەملەپ تۇرۇپ باشقا

تەرەپكە ئۇچۇشنى ئىما قىلىسمۇ ، ئۇ سۇمرۇغ
ئىككى يېنىدىكى سۇمرۇغ قايسى تەرەپكە
ئۇچسا ، شۇ تەرەپكە ئۇچۇپتۇ . شۇنداق قى-
لىپ مىنكۇن باتۇرلار نەچچە ئاي ، نەچچە
كۈن ئۇچۇپتۇ . گۆشمۇ ، سۇيىمۇ تۈگەپتۇ .
مەلىكە ئۇسسۇزلۇقتا زادىلا چىدىيالماي
قاپتۇ . سۇ ، دەپتىكەن ، مىنكۇن باتۇر ئوڭ
كۆزىنى ئويۇپ ئېلىپ بېرىپتۇ . قىز ئۇنى
شۇمۇپ ئۇسسۇزلۇق قىپتۇ . قورسىقى ئېچىپ
بولالماي گۆش دەپتىكەن ، مىنكۇن باتۇر
ئوڭ يوتىسىدىن شاپىلاقچىلىك بىر پارچە
گۆش كېسىپ بېرىپتۇ . شۇ ئارىدا ئۇلار يەر
ئۈستى پادىشاھلىقىنىڭ تەۋەسىگە
چۈشۈپتۇ . مەلىكە قارىغۇدەك بولسا ، مىنكۇن
باتۇرنىڭ ئوڭ كۆزى يوقمىش ، ئىشتىنىنىڭ
ئوڭ پۇشقىقى غەرق قانمىش . ئۇنىڭدىن
بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن ، مىنكۇن با-
تۇر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . مىنكۇن
باتۇرنىڭ بۇ ياخشىلىقىدىن سۇمرۇغلار تە-
سىرلىنىپتۇ . ئۇلاردىن بىرسى :

— مىنكۇن باتۇر ، سەن بىزنى
جازانىخورنىڭ زۇلمىدىن قۇتقۇزۇپ ، كۆپ
ياخشىلىق قىلدىڭ ، بىزمۇ ساڭا ياخشىلىق
قىلايلى . كەل ، مېنىڭ قانىتىم ئۈستىدە يات ،
— دەپ ئوڭ قانىتىنى يېيىپ يەرگە قويۇپتۇ .

مىنكۇن باتۇر سۇمرۇغنىڭ قانىتى-
نىڭ ئۈستىدە يېتىپتۇ . يەنە بىر سۇمرۇغ
ئوڭ قانىتى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغى-
غىچە سىيلاپتىكەن ، مىنكۇن باتۇرنىڭ
كۆزى ، يوتىسى سەللىمازا ئۆز ئەسلىگە
كەپتۇ .

— بىز يەنە نېمە خىزمىتىڭدە
بولىمىز ؟ — دەپ سورىشىپتۇ سۇمرۇغلار .

— مەن بۇ مەلىكىنى ئاتىسىغا تاپ-
شۇرۇپ بېرىپ قايتىپ كېلىمەن ، ساقلاپ
تۇرۇڭلار ، — دەپ قويۇپ ، مىنكۇن باتۇر
مەلىكىنى ئېلىپ ، بادرات تازنى باغلاق پېتى
ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ .

پادىشاھ مىنكۇن باتۇرنىڭ قىزنى
قۇتقۇزۇپ ئېلىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ساقلاپ
تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە مىنكۇن باتۇر مەلىكىنى
باشلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كەپتۇ .
ئاتا ــ بالا «ۋاي ئاتا ! ۋاي بالام ــ قىزىم !»
دېيىشىپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ ،
كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرىنى تۆكۈ-
شۈپتۇ . ئاتا ــ بالا بىر ئاز ئەھۋاللاشقاندىن
كېيىن ، مەلىكە ئاتىسىغا مىنكۇن باتۇرنىڭ
ئۈستۈنكى ئالەمدىكى باتۇرلۇقىنى ، كەلگۈچە
ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئويۇپ بەرگەنلىك ،
يوتىسىنى كېسىپ بەرگەنلىك ياخشىلىقلى-
رىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ . پادىشاھ
ئۆزىنىڭ « قىزىمنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ ئەكې-
لىپ بەرسە ، شۇ كىشىگە قىزىمنىمۇ ،
پادىشاھلىقىمنىمۇ بېرىمەن » دېگەن ۋەدىسى
بويىچە مىنكۇن باتۇرغا قىزىنى ھەم
پادىشاھلىقىنى بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ .
مىنكۇن باتۇر :

— ئەي پادىشاھ ، مېنىڭ بىر تەلىپىم
بار . مېنىڭ بىر ئۇستام بار ئىدى ، مەن ئۇ-
نىڭغا قانداقلا بولمىسۇن بىرەر پادىشاھلىق
ئورۇن تېپىپ بېرىش توغرىلىق ۋەدە بەر-
گەنىدىم . ماڭا ئون كۈنلۈك ۋاقىت
بەرسىڭىز ، شۇ ئۇستامنى ئەكەلسەم ، پادى-
شاھلىقنى شۇنىڭغا بەرسەك ، مەلىكىنى
ئېلىپ قاچقان ماۋۇ بادرات تازنى ئۆزىڭىز
بىر تەرەپ قىلىسىڭىز ، — دەپ بادرات تازنى

پادىشاھقا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ . پادىشاھ :

— بادرات تازىنى ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلاي ، — دەپ جاللاتلىرىنى چاقىرىپ بادرات تازىنى ئوردا ئالدىدىكى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . ئاندىن مىنكۈن باتۇرغا يەنە مۇنداق دەپتۇ .

— مېنىڭ پادىشاھلىقىم ساڭا ئۆتتى ، ئۇنى سەن كىمگە بەرسەڭ ئىختىيارىڭ .

مىنكۈن باتۇر پادىشاھ ئالدىدىن چىقىپ سۇمرۇغلارنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . ئۇلارغا ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇستىسىنىڭ يېنىغا بارىدىغانلىقىنى ، سۇمرۇغلارنىڭ ئازاد بولۇپ خالىغان يەرگە كېتىشكە بولىدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇشىغا قاتتىق بوران چىقىپتۇ ، ئارقىدىنلا يامغۇر يېغىپتۇ . سۇمرۇغ باللىرى :

— ئەي مىنكۈن باتۇر ، بۇ بوران بىلەن يامغۇر ئانىمىزنىڭ بىز تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتى ، سەن بىرەرىمىزنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغىن ، بولمىسا ئانىمىز ئەھۋالنى بىلمەي ، ئۇقۇشماستىن ساڭا زەخمەت يەتكۈزۈپ قويمىسۇن ، — دەپتۇ .

مىنكۈن باتۇر سۇمرۇغ باللىرىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىرسىنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىپ تۈگۈلۈپ يېتىپتۇ . چوڭ سۇمرۇغ يېتىپ كەپتۇ . بوران ، يامغۇرمۇ توختاپتۇ . ئانا سۇمرۇغ :

— ئەي باللىرىم ، بىر يىلدىن ئاشتى ، بۇ جەرياندا نەلەردە يۈردۈڭلار ، مەن سىلەرنىڭ دەردىڭلاردا يەتتە ئىقلىم ، ئون سەككىز مىڭ ئالەمنى يىغلاپ يۈرۈپ كېزىپ چىققۇچە بىر كۆزۈمنىڭ نۇرى تۈگىدى ، سىلەرنىڭ بېشىڭلاردىن نېمە ئىشلار ئۆتتى ، ماڭا سۆزلەپ بېرىڭلار ، — دەپ ئەتراپقا قاراپ چىقىپ يەنە ، — ۋاي باللىرىم ، بۇ يەردە ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى بارغۇ ، بۇ نېمە ئىش ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— بۇ يەردە بىر ئادەمزات بالىسى بار ، ئەگەر سىز بىرىنچىدىن ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىككە ، ئىككىنچىدىن ، ئۇ بالىنىڭ قانداق تەلىپى بولسا ئورۇنداپ بېرىشكە ماقۇل بولسىڭىز ، ھەممە ئەھۋالنى دەپ بېرىمىز ، — دەپتۇ سۇمرۇغ باللىرى .

ئانا سۇمرۇغ باللىرىنىڭ تەلىپىدەك قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ۋەدە بېرىپتۇ.

ئانىسىنىڭ يەملىك ئىزلەپ كەتكەن ۋاقتىدا چوڭ بىر يىلاننىڭ ئۆزلىرىنى يېيىش ئۈچۈن شەمشاتقا يامىشىپ چىقىۋاتقاندا ، بىر تۇزاقچى ئادەمنىڭ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ، ئۆزلىرىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ باققىنىنى ، ئۇنىڭ ئەسلى غەرىزى ئۆزلىرىنى سېتىپ پۇل تاپماقچى ئىكەنلىكىنى ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ نېمە كۈنلەرگە قېلىشىدىن قايغۇرۇپ يۈرگەندە ، بىر يىگىتنىڭ ئۆزلىرىنى ئىككى تۆگىگە سېتىۋېلىپ ناھايىتى ياخشى تەربىيىلىگەنلىكىنى ؛ قاچان تەلەپ قىلسا شۇ ۋاقىتتا قويۇپ بەرمەكچى بولغانلىقى ، ئۈستۈنكى ئالەمدىكى بادرات بىلەن ئېلىشىپ مەلىكىنى قۇتقۇزۇپ كەلگەنلىكى ھەم ھازىرلا ئۆزلىرىنى قويۇپ بەرمەكچى بولۇپ تۇرغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ ، قانىتى ئاستىدا ئولتۇرغان مىنكۈن باتۇرنى ئانىسىغا كۆرسىتىپتۇ . ئانا سۇمرۇغ :

— بۇ ئادەمزات ئىچىدىن چىققان
ياخشى يىگىت ئىكەن، ئۇ سىلەرگە
ياخشىلىق قىلغانىكەن، مەنمۇ ئۇنىڭغا ياخ-
شىلىق قىلىشىم كېرەك. ئەي يىگىت، قېنى
ئېيت، قانداق تەلىپىڭ بار؟ بالىلىرىمغا
قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن قانداق تەلىپىڭ
بولسا ئورۇندايمەن، — دەپتۇ.

— رەھمەت ئانا سۇمرۇغ، مېنىڭ
ھازىر ھېچقانداق تەلىپىم يوق، كېيىنچە
چىقىپ قالسا شۇ ۋاقىتتا بىر نېمە دەيلى، —
دەپتۇ مىنكۆن باتۇر.

— بالىلىرىمنىڭ ساڭا بېجىرىپ
بېرىدىغان ۋەزىپىسى بولمىسا، مەن ئۇلارنى
ئېلىپ كەتسەم. مەن ساڭا قانىتىمنىڭ بىر
پېيىنى يۇلۇپ بېرەي. بېشىڭغا بىرەر ئېغىر
كۈن چۈشۈپ ياردەمگە موھتاج بولغىنىڭدا
كۆيدۈرسەڭ شۇ ھامان يېنىڭدا پەيدا بولى-
مەن، — دەپ ئانا سۇمرۇغ قانىتىدىن بىر
تال پەيىنى چىشلەپ يۇلۇپ مىنكۆن باتۇرغا
بېرىپتۇ.

— بادرات تازدىن تارتىۋالغان
سۇمرۇغنى قانداق قىلىسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ سۇمرۇغ بالىلىرى مىنكۆن
باتۇردىن.

— ئۇنىمۇ ئازاد قىلدىم. سىلەر بى-
لەن بىللە كېتەمدۇ ياكى باشقا بىر تەرەپكە
كېتەمدۇ، ئۆزىنىڭ مەيلى، — دەپتۇ مىن-
كۆن باتۇر. مىنكۆن باتۇرنىڭ گېپىنى
ئاڭلاپ تۇرغان ھېلىقى سۇمرۇغ قاقاھلاپ
شۇنداق بىر سايراپتۇكى، مىنكۆن باتۇرمۇ
ئانا ـ بالا سۇمرۇغلارمۇ ھەيرانلا قاپتۇ. ھې-
لىقى سۇمرۇغ سايراشتىن توختاپ:

— مېنىڭ قاتتىق سايرىغىنىمغا
ھەيران قالماڭلار. مەن سايرىمىغىلى، غەم-
دىن خالىي بولمىغىلى ساق يەتتە يىل
بولدى. بادرات تاز ئەمدىلا تۇخۇمدىن چى-
قىشىمغا تۇتۇۋېلىپ تۆمۈر قەپەزگە سولاپ
باقتى. شۇندىن بۇيان سايراشتىن قالغان-
دىم، ئاخىرىدا ئادەم بالىسىنىڭ قولىغا
چۈشۈپ قېلىۋېدىم، ھازىر ئۇ مېنى ئازاد قى-
لىدىغانلىقىنى دەۋاتىدۇ. مۇشۇ خۇشاللىقىمدا
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قاتتىق سايراپ
كەتتىم. مەن بۇ ئادەم بالىسىغا ھېچقانداق
ياخشىلىق قىلمىغانىدىم، مەن ساڭا نېمە
قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ — دەپ مىنكۆن
باتۇردىن سوراپتۇ.

مىنكۆن باتۇر ئۇنىڭدىنمۇ ھېچنەرسە
تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىن،
تۆت سۇمرۇغ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، بىر
توپ بولۇپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. مىنكۆن باتۇر
ئانا سۇمرۇغ بەرگەن پەيىنى قوينىغا سېلىپ،
ئۇستىسى بار شەھەرگە قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇ
كېلىشىدە قايسى يول بىلەن ماڭغان بولسا،
بېرىشىدىمۇ شۇ يول بىلەن مېڭىپتۇ. بۇرۇن
ئېزىپ، قېيىپ يۈرۈپ بىر ئاي ماڭغان يولنى
ئون كۈندىلا بېسىپ ئۇستىسى بار شەھەرگە
يېتىپ كەپتۇ.

— ئۇستام، مەن سىلىگە بىر شە-
ھەرنىڭ پادىشاھلىقىنى ئېلىپ قويۇپ
كەلدىم، — دەپتۇ مىنكۆن باتۇر ئۇستىسى
بىلەن كۆرۈشۈپ.

مىنكۆن باتۇرنىڭ ئۇستىسى ئۇ ماڭا
چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ
گېپىگە ئىشەنمەي، مىنكۆن باتۇرنىڭ
نەلەرگە بارغانلىقىنى، نېملەرنى كۆرگەن-
لىكىنى سوراپتۇ. مىنكۆن باتۇرمۇ

ئۆتۈكچىنىڭ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بولغان ئەھۋاللارنى باشتىن ـ ئاخىر بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئۆتۈكچى مىڭكۈن باتۇرنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ پادىشاھ بولىدىغانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، مىڭكۈن باتۇرنى شۇ كۈنىلا يولغا چىقىشقا ئالدىرىتىپتۇ.

— جابدۇق، سەرەمجان، باشقا ھەممە نەرسەم ساڭا قالسۇن، سەن ئىگىدارچىلىق قىلىپ كۈنۈڭنى ئال، — دەپ ئۆتۈكچى مىڭكۈن باتۇرغا ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى بېرىپتۇ. مىڭكۈن باتۇر ئۆتۈكچىنىڭ پادىشاھلىق تەختتە ئولتۇرۇشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بىر ھارۋىغا يولغا كېرەكلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، نەرسە ـ كېرەكلەرنى بېسىپ شۇ كۈنىلا يولغا چىقىپتۇ. ئون بەش كۈن يول مېڭىپ مەنزىلگە يېتىپ بېرىپتۇ.

مىڭكۈن باتۇر ئۆزىگە تەئەللۇق پادىشاھلىق تەختكە ئۆتۈكچىنى ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئۆتۈكچىنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ. ئۆتۈكچىنىڭ ھەممە مال ـ مۈلكى ۋە چارۇپايلىرىنى يېتىم ـ يېسىر، تۇل خوتۇن، ئاجىز ـ ئورۇقلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ. چوڭ ئانىسى ۋە باشقا سۇ ئاستى پەرىزاتلىرى بىلەن خوشلىشىۋېلىش مەقسىتىدە ھېلىقى دەريا بار جايغا كەپتۇ. كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، دەريادىن ئەسەرمۇ يوق؛ دەريا ئورنىدا كىچىكرەك بىر ئۆستەڭ ئېقىپ تۇرغۇدەك. مىڭكۈن باتۇر بۇ ئالامەتكە ھەيران قاپتۇ، ئارقىسىغا قايتىپتۇ. چوڭ ئانىسىنى قايتا كۆرەلمىگىنىگە كۆڭلى يېرىم بولۇپ شەھەردىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. تەۋەككۈل دەپ ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە مېڭىۋېرىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، قانچىلىك ماڭغىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەپتۇ. بىر كۈنلىرى چوڭ بىر دەريانىڭ بويىغا كېلىپ قاپتۇ، بۇ دەريانىڭ قىرغىقىدا زامانى ئەۋۋەلدىن تارتىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۈچ بادرات رودۇپاي بار ئىكەن. بۇ بادرات رودۇپايلار كۈندە 40 تۈرلۈك ئۆزگىرىدىكەن. دەريانىڭ قىرغىقى يول بولۇپ، بۇ ئەتراپتا ئۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىكەن، بادرات رودۇپايلار بۇ يولدا ماڭغان ھەرقانداق كىشىنى ـ خاھى پۇقرا، خاھى پادىشاھ بولسۇن، خاھى كارۋان ـ سودىگەر ياكى ئادەتتىكى يولۇچىلار بولسۇن ھەممىسىنى بۇلايدىكەن، ئىنسابى كەلسە مال ـ دۇنياسىنى تارتىۋېلىپ، كىيىم ـ كېچەكنى سالدۇرۇۋېلىپ، يالىڭاچ ھالدا قوغلىۋېتىدىكەن. مىڭكۈن باتۇر شۇ بادرات رودوپايلارغا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بادراتلار مىڭكۈن باتۇرنى كۆرۈپ: «بۇ بىر شاھزادە ئوخشايدۇ. قىلىچ، ئوقيا ۋە جاھاننەما ئەينىكى بار ئىكەن. ئۇنى بىر ئاماللاپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۈچ نەرسىسىنى ئۈچىمىز بىردىن بۆلۈشۋالايلى» دەپ مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئۇلار گېپىنى بىر قىلىشىۋېلىپ، مىڭكۈن باتۇرنى قاپقانغا دەسسەتمەكچى بوپتۇ. بادرات رودۇپايلار بىر ـ بىرىگە گەپ بەرمىگەن ھالەتتە:

— ۋاي ياخشى مېھمان، ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەندەك قىلىسىز، بۈگۈن بىزدە مېھمان بولۇڭ، سىزدەك ياخشى مېھمان قونماي ئۆتۈپ كەتسە كۆڭلىمىز بەك يېرىم بولىدۇ، سىزگە بېلىق پىشۇرۇپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

منكۇن باتۇر بۇ رودۇپايلارنىڭ قانداق بىرنېمىلەر ئىكەنلىكىنى ، غەرىزىنى بىلمىگەچكە ، ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى مەردلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ بىر كېچە قونۇپ كەتـ مەكچى بوپتۇ . قاتتىق چارچىغان منكۇن باتۇر بالدۇرلا يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتۇ .

رودۇپاي بادراتلار منكۇن باتۇرنى ئۇخلىتىپ قويۇپ يەنە مەسلىھەتلىشىپتۇ . «بۇ شاھزادىنى تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن پۇت ـ قولىنى چەمبەرچەس باغلاپ كېمىگە سېلىپ ، دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئېلىپ بېرىپ چۆكتۈرۈۋېتەيلى ، دېيىشىپتۇ . بۇ بادراتلارنىڭ بىر خىل دورىسى بولۇپ ، ئۇنى جانلىقلارنىڭ بۇرنىغا تۇتسا ، شۇ ھامان تاشتەك قېتىپ قالىدىكەن ، بادراتلار شۇ دورىسىنى منكۇن باتۇرنىڭ بۇرنىغا تۇ- تۇپتۇ . منكۇن باتۇرنىڭ بۇرنى ئېچىشقاندەك بوپتۇ ـ دە ، بىر چۈشكۈرۈپ سىلكىنىپلا قېتىپ قاپتۇ . منكۇن باتۇرنىڭ بىر خىسلىتى بار ئىكەن ، ئۇ كىچىك چېغىدا بىر غايىپ ئەۋلىيا ئۇنىڭ پۇت ـ قول ، بە- دەنلىرىنى سىيلاپ دۇئا بەرگەنىكەن . بۇنىڭدىن منكۇن باتۇرنىڭ ئۆزىنىڭ خە- ۋىرى يوق ئىكەن . ئۇ بادراتلارنىڭ دورىسى بىلەن بىر مەھەل قېتىپ قالغاندەك بولسىمۇ ، لېكىن تاش بەدەنلىرى ئاستا ـ ئاستا ئېرىپ ، ئۇگدىگەن ئادەمدەك يېتىپتۇ . منكۇن باتۇر تاڭ ئاتقۇچىلىك تولۇق ئەسلىگە كېلىپ بوپتۇ . قارىسا پۇت ـ قوللىرى باغلىۋېتىلـ گەن . بىر كېرىلىپلا ئاغامچىنى ئۈزۈپ تاشلاپ بوشىنىۋېلىشنىمۇ ئويلاپتۇ ، لېكىن يەنە مەردلىككە ئېلىپ ، قېنى بولار مېنى زادى نېمە قىلماقچى ، بىر كۆرۈپ باقاي » ، دېگەن خىيالغا كېلىپ ، دېمىنى ئىچىگە تىنىپ ، جانسىز قىياپەتكە كىرىپ جىم يې- تىۋېرىپتۇ .

كۇن ئەمدىلا قىزىرىپ چىقىشقا باشلىغاندىلا رودۇپاي بادراتلار منكۇن با- تۇرنى كېمىگە ساپتۇ . ئىككى بادرات دەريا قىرغىقىدا قاپتۇ ، بىر بادرات خاتىرجەم ھالدا كېمىنى تىيەپ دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . منكۇن باتۇرنى باغلاقلىق پېتى دەرياغا تاشلىۋېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغاندا منكۇن باتۇر «ياپىرىم» دەپ نەرە تارتىپ بىر جىغىناپتىكەن ، ئاتنىڭ قۇيرۇق ، يايلى- رىدىن ئېشىلگەن بىلەكتەك توملۇقتىكى قىل ئارغامچا «پاراس ـ پۇرۇس » قىلىپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپتۇ ، پۇت ـ قول ، بوينىغا سالغان تاقاق كىشەنلەرمۇ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىپتۇ . ھېلىقى بادرات «بىكاردىن ئۆلۈپ كەتكىچە ئېلىشىپ ئۆلەي» دەپ ئويلاپ منكۇن باتۇرغا ئېتىلىپ كەپتۇ . ئىككىسى كېمە ئىچىدە ساق بىر كۈن ئېلىشىپتۇ . كەچكە يېقىن كېمە داۋالغۇپ كېتىپ ، ئىك- كىيلىسى سۇغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . منكۇن باتۇر سۇغا ئاجىز ئىكەن . ئۇنىڭ بۇ ئاجىز- لىقىنى بىلىۋالغان رودۇپاي بادرات پۈتۈن جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىپتۇ . منكۇن باتۇر سۇغا ئاجىز بولغىنى بىلەن كۈچ ، پەمى بولغاچقا ، كېچىچە ئېلىشىپتۇ . بادرات ھېرىپ قاپتۇ ، بولالماي تىلىنى ئىشقا ساپتۇ . ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئۇزىراش خىسلىتى بولغاندىن باشقا ، تىلىنىڭ تېرىپىسى كىرپە- نىڭ تىكىنىدەك ئىكەن . بادرات تىلىنى ئۇزارتىپ منكۇن باتۇرنىڭ ئەت ـ يانلىرىنى يالاپ بەدەنلىرىنى تىلىۋېتىپتۇ ، دەريا سۈيى

مىڭكۇن باتۇرنىڭ قېنى بىلەن بويىلىپ قىپقىزىل بولۇپ كېتىپتۇ. بەدەنلىرى ئېچىشىپ ئاغرىقنىڭ دەستىدىن جېنىنى قويغۇدەك يەر قالمىغاندەك تۇيۇلۇپتۇ. بادراتنىڭ قىلمىشىدىن مىڭكۇن باتۇرنىڭ قاتتىق غەزىپى تۇتۇپتۇ. پۇتى سۇ ئاستىدىكى يوغان قورام تاشقا تېگىپتۇ. مىڭكۇن باتۇر رودۇپاي بادراتنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋېلىپ قورام تاشقا ئۇرۇۋېتىپتۇ. بادراتنىڭ تىلى ئۈزۈلۈپتۇ. ئۇستىخانلىرى كۇكۇم تالقان بولۇپ، ئەت ــ گۆشلىرى تىتىلىپتۇ. مىڭكۇن باتۇر ئۇ بادراتنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، كېمىگە چىقىپتۇ. تىيەپ قىرغاققا بېرىپتۇ. بۇرادىرىنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغان يەنە بىر بادرات ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلىپ مىڭكۇن باتۇرغا ئېتىلىپ كەپتۇ. ئېخى هاردۇقىنىمۇ چىقىرىشقا ئۈلگۈرمىگەن مىڭكۇن باتۇر ئۇنىڭ بىلەنمۇ قاتتىق ئېلىشىپتۇ. سۇنىڭ ئىچىدە ئېلىشا ــ ئېلىشا، ئۇنىمۇ كۆتۈرۈۋېلىپ دەريا قېشىغا ئۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇمۇ ئۆلۈپتۇ. ئاندىن مىڭكۇن باتۇر بادراتلارنىڭ ئۆيىگە بارسا، ئۈچىنچى بادرات مىڭكۇن باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى يېنىدا قويۇپ قويۇپ، بىر خىلدا بېلىق پىشۇرۇپ ئولتۇرغۇدەك. ئۇ مىڭكۇن باتۇرنىڭ كىرگىنىنى تۇيماي قاپتۇ. مىڭكۇن باتۇر ئىتتىك بېرىپ مىسران قىلىچىنى ئېلىۋاپتۇ. بادراتنى كەينىدىن كېلىپلا چېپىۋەتمەكچىمۇ بوپتۇ. ئەمما يەنە: «بۇنداق قىلىش نامەردنىڭ ئىشى» دەپ ئويلاپ، ئۆزىگە هاي بېرىپ توختاپ قاپتۇ. بادراتمۇ يېنىغا قاراپ مىڭكۇن باتۇرنىڭ مىسران قىلىچىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئىككى بۇرادىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى پەرەز قىپتۇ، ئۆزىنىڭمۇ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى تۇيۇپتۇ، بەدەنلىرىنى تىترەك بېسىپتۇ.

ــ قورقما، مەن سەنلەردەك نامەرد ئەمەس، قېنى نوچى بولساڭ مەيدانغا چۈش، ــ دەپتۇ مىڭكۇن باتۇر.

بۇ بادرات ئۆلۈپ كەتكەن ئىككىسىگە قارىغاندا يامانراق ئىكەن، ئۇ 70 پاتمانلىق گورزىسىنى كۆتۈرگىنىچە مەيدانغا چۈشۈپتۇ. مىڭكۇن باتۇرمۇ تەق بولۇپ تۇرۇپتۇ. رودۇپاي بادرات مىڭكۇن باتۇرنىڭ بېشىغا قارىتىپ گۇرزىسىنى ئۇرۇپتۇ. مىڭكۇن باتۇر مىسران قىلىچىنى ئۇمۇد ئورنىدا تۇتۇپ، بادراتنىڭ كەينى ــ كەينىدىن ئۇرغان ئۈچ قېتىملىق گورزىسىنى قايتۇرۇپ تاشلاپتۇ.

ــ ئەمدى نۆۋەت ماڭا كەلدى، ئاگاه بول! ــ دەپ مىڭكۇن باتۇر قاتتىق بىر نەرە تارتىپ بادراتقا قىلىچ ئۇرۇپتۇ. تاغقا چېپىلسا تاغنىمۇ ئىككى پارچە قىلىۋېتىدىغان قىلىچ بادراتقا كار قىلماپتۇ. خۇددى تاشقا كالتەك ئۇرغاندەك، بادراتنىڭ بەدىنىگە تەگكەن قىلىچ قاڭقىپ يېنىپ تۇرغۇدەك. قىلىچ ئۆتمىگەندىن كېيىن، مىڭكۇن باتۇر بادراتنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئوتقا تاشلاپتۇ، كۆيمەپتۇ. بىر نەچچە قېتىم ئوتقا قاقلاپ ئۇزاق تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، يەنىلا كۆيمەپتۇ. مىڭكۇن باتۇر پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ بادراتنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ قورام تاشقا شۇنداق بىر ئۇرۇپتىكەن، بادراتنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل ــ چۇل بولۇپ كېتىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، قورام تاشمۇ پارچە ــ پارچە بولۇپ كېتىپتۇ.

مىڭكۇن باتۇر قىلىچ، ئوقيا ۋە جاهانەما ئەينىكىنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ

ئەتراپقا قاراپ ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قاپتۇ . ئۇ-
نىڭ كۆزىگە تاشنەك قېتىپ ياتقان نۇرغۇن
ئادەم كۆرۈنۈپتۇ ، ھەممىسى خۇددى ئۇخلاپ
ياتقان ئادەمدەك تۇرغۇدەك . مىنكۇن باتۇر
قانداق قىلارىنى بىلمەيلا قاپتۇ . تاشلاپ
كېتەي دېسە ئەسلى ، بادراتلارنىڭ تاشقا
ئايلاندۇرۇۋەتكەن ئادەملەرنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈش دورىسىنى بىلىۋالمىغانلىقىغا پۇ-
شايمان قىپتۇ . قانچە باش قاتۇرۇپمۇ
ئىلاجىنى تاپالماپتۇ . مىنكۇن باتۇر خىيال
سۈرۈپ ئولتۇرسا ، بىر ئاق ئاتنى يېتىلەپ
ئاپئاق ساقاللىق بىر قېرى كىشى كەپتۇ .
مىنكۇن باتۇر ئۇ كىشىگە سالام بېرىپتۇ .

— بادراتلارنى ئۆلتۈرۈپ ئوبدان
ئىش قىلدىڭ بالام ، سېنىڭ بارىدىغان جا-
يىڭنىڭ يىراقلىقىنى بىلىمەن ، ئەمما سەن
پىيادە . ساڭا مەن ئىگەر – جابدۇقلۇق مۇشۇ
ئاتنى بېرەي ، — دەپ ھېلىقى كىشى ئاتنىڭ
چۇلۋۇرىنى مىنكۇن باتۇرغا تۇتقۇزۇپ قو-
يۇپ ، ئۇنىڭ بېشىنى ئەت – يانلىرىنى
سىيلاپتىكەن ، بەدەنلىرىدىكى جاراھەت ،
تىتىلغان گۆش ، تېرىلىرى سەللىمازا
ئەسلىگە كەپتۇ . ئۆزىنى تېخىمۇ كۈچكە تو-
لۇپ قالغاندەك ئاجايىپ بىر خىل ھېس
قىپتۇ .

— بالام ، بۇ ئاتنى مىنىپ ئوڭ يان-
پىشىنى سىيلىساڭ ئاسماندا ئۇچىدۇ ،
ئاسماندا ئۇچقاندا كۈنىگە ئۈچ يىللىق ئارى-
لىقنى باسىدۇ . سول يانپىشىنى سىيلىساڭ
يەردە ماڭىدۇ ، يەردە ماڭغاندا كۈنىگە ئالتە
ئايلىق يولنى باسىدۇ ، — دەپلا بوۋاي
كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . مىنكۇن باتۇر بوۋايغا
رەھمەتنىمۇ ئېيتالماي قاپتۇ .

مىنكۇن باتۇر بۇ يەردىن كېتىشكە ،
ئاتقا مىنىشكە تەمشىلىپ تۇرسا ، سايدىكى
«تاش ئادەم» لەر مىدىرلاۋاتقاندەك بوپتۇ .
مىنكۇن باتۇر تېخىمۇ ھەيران بولغىنىچە
قاراپلا قاپتۇ . ئارىدىن ئانچە ۋاقىت ئۆتمەي
«تاش ئادەملەر» نىڭ ھەممىسى ئۆز ئەسلىگە
كېلىشىپتۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى مىنكۇن با-
تۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بېرىپتۇ ،
كۆپتىن – كۆپ رەھمەت ئېيتىشىپتۇ . ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدا شاھزادىلەرمۇ بار ئىكەن ،
ئۇلار مىنكۇن باتۇرنىڭ ياخشىلىقلىرى ئۈ-
چۈن ئۇنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ
كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ .

— سىلەرنىڭ ئۆز ئەسلىڭلارغا كې-
لىشىڭلار مېنىڭ خاسىيىتىمدىن ئەمەس ،
مېنىڭ ئۇنداق كارامىتىم يوق ، بۇ خىزىرغا
ئوخشاش بىر ئەۋلىيانىڭ كارامىتى ، —
دەپتۇ مىنكۇن باتۇر .

— قېنى ئۇ ئەۋلىيا كىشى ، ئۇنى
بىزگە كۆرسەت ، — دەپتۇ ئۇلار .

مىنكۇن باتۇر ئۆزىنىڭ بۇ يەردە
بادراتلارغا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىنى ، ئۇلار-
نىڭ ھىيلىسى ھەم ئۇلار بىلەن قانداق
ئېلىشىپ ، قانداق يوقاتقانلىقىنى ، ھېلىقى
ئەۋلىيا كىشىنىڭ پەيدا بولۇپ يەنە غايىپ
بولۇپ كەتكىچە بولغان جىمى ئەھۋاللارنى
سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— سېنىڭ بېشىڭنى ئەۋلىيا
سىيلاپتۇ ، كېيىن سەنمۇ چوقۇم ئەۋلىيا
بولغۇدەكسەن ، بىز ساڭا ئەگىشىمىز ، بىزنى
ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىلىۋالساڭ ، — دەپتۇ ھې-
لىقىلار .

— مېنىڭ بارار مەنزىلىمنىڭ قارارى
يوق . نەگە بېرىپ نەدە تۇرۇشۇمنى ، نېمە
ئىش قىلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ،
خۇدايىمنىڭ كۆڭلى كۆپ ، ئامان بولساق بىر
كۈنلىرى كۆرۈشەرمىز ، — دەپتۇ مىنكۇن

باتۇر . ئاندىن ئۇ ئاق ئاتقا مىنىپتۇ . ئاتنىڭ ئوڭ يانپېشىنى سىيلاپتىكەن . ئات يەردىن كۆتۈرۈلۈپ ئاسمان قەرىگە چىقىپلا كۆز- دىن غايىپ بوپتۇ .

ئاتنىڭ ئۇچۇشى مىنكۆن باتۇرغا ئۇ مىنگەن سۇمرۇغنىڭ ئۇچىشىدىن تېز ، سىلىق تۇيۇلۇپتۇ . مىنكۆن باتۇر ئۇچا - ئۇچا بىر ۋاقىتتا سەل پەس تەرەپتە يېشىل ئورمانلىقنى كۆرۈپتۇ . ئاتنىڭ ئۇچۇشىنى ئاستىلىپ پەسلىتىپتۇ . ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىغا ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ . مىنكۆن باتۇر «بۇ نېمە يىغىدۇ ؟ سەۋەبىنى بىلىپ باقاي » دەپ ئويلاپ ئاتنىڭ سول يانپېشىنى سىيلاپتىكەن ، ئات ئاستا - ئاستا پەسلەپ يەرگە چۈشۈپتۇ ، قارىسا بىر بالا يىغلاپ كېتىۋاتقۇدەك .

— ئەي بالا ، نېمىگە يىغلايسەن ؟ — دەپ سوراپتۇ بالىدىن مىنكۆن باتۇر .

— مەن ئاتامدىن يېتىم قالغان بالا . بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىز بار ئىدى . كۆن ئۆتكۈزۈشنىڭ ئېغىرچىلىقىدا ئۇنىڭدىن «ئۇنى بۇنى» قەرز قىلىپ ئېلىۋېرىپتۇق . كۆنلەرنىڭ بىرىگە كەلگەندە قەرزىمىز جىقلاپ بىر نەرسە بوپتۇ . باي قوشنىمىز يا پۇلۇمنى بەر ياكى ئۆزۈڭ ماڭا خوتۇن بول ، بالاڭنى قۇللۇققا ماڭا بەر ، — دەپ ئانامنى قىستىدى . ئانام قەرزنى قايتۇراي دېسە ، ھېچنەرسىسى يوق ، ئىلاجسىز مېنى بايغا قۇللۇققا بەردى . مەن بايغا قۇل بولۇپ يەتتە ئاي ئىشلىدىم . تونۇگۈن ماڭا باي : شور دەريانىڭ ئۇ قېتىدا بىر بادرات كىتابى بار ئىكەن ، شۇ بادرات كىتابىنى ماڭا ئەكىلىپ بەرسەڭ ، سېنى قۇللۇقتىن بىكار قىلىمەن ، ئەگەر ئەكىلىپ بېرەلمىسەڭ ، سېنى تۆمۈر تاغاق بىلەن تاراپ ، بەدىنىڭگە قىزىتىلغان ياغ چاچىمەن ، تونۇرغا ئېسىپ قويۇپ كۆيدۈرۈپ كاۋاپ قىلىمەن ، دېدى . شور دەريا نەدە ، نەدە ئەمەس ، ئۇقمايمەن ، شۇ غەمدە يىغلاپ كېتىپ بارىمەن ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا .

— ئۇنداق بولسا ئاتقا مىنگەش ، — دەپتۇ مىنكۆن باتۇر .

بالا ئاتقا مىنگىشىپتۇ . مىنكۆن باتۇر : شور دەريا بويىغا ، دەپ ئاتقا مىنىپ ئۇنىڭ ئوڭ يانپېشىنى يېنىك بىرنى سىيلاپتىكەن ، ئات ئۇلارنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا شور دەريا بويىغا ئەكىلىپتۇ . مىن- كۆن باتۇر بالىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريانىڭ بويىغا كەپتۇ . دەريا سۈيى چايقىلىپ لاي ئېقىۋاتقانىكەن . ئەتراپقا قاراپتۇ ، بىرەر ئادەم دىدارىنى كۆرمەپتۇ . بادرات كىتابىنى نەدىن ، قانداق تېپىشنى بىلمەي بېشىنى قا- تۇرۇپ تۇرغاندا ، مىنكۆن باتۇرغا ئاق ئاتنى بەرگەن ھېلىقى ئاپئاق ساقال بوۋاي پەيدا بوپتۇ . مىنكۆن باتۇردىن بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ . مىنكۆن باتۇر بوۋايغا بالا ۋە ئۇنىڭ تەلەپ - ئارزۇسى توغرىلىق سۆزلەپ بېرىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا ، دەرياغا كىر ، يۈ- زۈڭنى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ «مېنى بوۋام ئەۋەتتى» دە ، قالغان ئىشلارنى كېيىن كۆ- رىسەن ، — دەپلا بوۋاي كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . مىنكۆن باتۇر دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ بوۋاينىڭ دېگىنىدەك قىپتىكەن ، ئۆزىنى بىر ئوردىنىڭ ئالدىدا كۆرۈپتۇ . شۇ ئانلا دەرۋازا ئېچىلىپ بىر نەچچە پەرىزات چىقىپتۇ . مىنكۆن باتۇر ئۇلارنى بىر قاراپلا تونۇۋاپتۇ . بۇلار ھېلىقى ئۆتۈكچىنىڭ شەھىرىدىكى سۇ ئاستى ھۆرلىرىنىڭ ئۆزى ئىكەن . ئۇ سۇ ئاستى ھۆرلىرىنىڭ بۇ يەرگە

كېلىپ قالغىنىغا مىنكۇن باتۇر ھەيران قې-
لىپ ، گەپ سوراشقا تەمشىلىشىگە ھۆر
قىزلار ئۇنى ئۇردا ئىچىگە باشلاپ ئەكىرىپ
كېتىپتۇ ، ئۇنى ئۇ يەردە قىزغىن كۈتۈپتۇ ،
نازۇ - نېمەتلەر بىلەن تولغان داستىخان
تەييارلاپتۇ . تاماق ئۈستىدە ھۆر قىزلار
مىنكۇن باتۇردىن :

— قېنى ، كېلىش مەقسىتىڭىزنى
ئېيتىڭ — دەپتۇ .

مىنكۇن باتۇر ھۆر قىزلارغا بالا
بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىش جەريانىنى ، بالى-
نىڭ ئەھۋالى ۋە باينىڭ زۇلمى ، ئۇنىڭ بالىغا
قويغان شەرتىنى بالىدىن ئاڭلىغىنى بويىچە
سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئاخىرىدا بادرات كىتا-
بىنى بالىغا تېپىپ بېرىپ ، ئۇنى قۇللۇقتىن
ئازاد قىلىپ قويۇشنى ھۆر قىزلاردىن ئۆتۈ-
نۈپتۇ .

ھۆر قىزلار مىنكۇن باتۇرنىڭ
تەلىپىنى قوبۇل كۆرۈپ ، بىر سۇمرۇغنى
چاقىرىپ ئەكىلىپ ئۇنىڭغا :

— ئەي سۇمرۇغ ، شور دەريانىڭ
كۈنپېتىش قىرغىقىغا چىقساڭ بىر تاغ بار ،
تاغنىڭ باغرىدا يالغۇز بىر تۈپ چىنار بار ،
شۇ چىنارنىڭ تۈۋىنى كولىساڭ بىر ساندۇق
چىقىدۇ ، سەن شۇ ساندۇقنى ئاغزىنى
ئاچماي ئېلىپ كەل ، — دەپ تاپىلاپتۇ .

سۇمرۇغ بىر قانات قېقىپ سۇ ئاستى
ئالەمدىن ئۆرلەپ چىقىپ كېتىپتۇ . مىنكۇن
باتۇر بىلەن ھۆر قىزلار تامىقىنى يەپ بولۇپ
داستىخانلىرىنى يىغىشتۇرغىچىلىك ئارىلىقتا
سۇمرۇغ ساندۇقنى ئېلىپ كەپتۇ . ھۆر
قىزلار ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن بىر
كىتابنى ئېلىپ :

— مانا مۇشۇ بادرات كىتابى ، —
دەپ كىتابنى مىنكۇن باتۇرغا بېرىپتۇ .

مىنكۇن باتۇر كىتابنى ئېلىپ سۇ
ئاستىدىن بالىنىڭ قېشىغا چىقىپتۇ . بالىنى
ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ ، ئاتنىڭ سول يانپېشىغا
قولىنى يېنىك تەگكۈزۈپتىكەن ، كۆزنى
يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا ئات ئۇلارنى
باينىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئەكىلىپتۇ . بايمۇ بۇ
چاغدا ئىشىكى ئالدىدا تۇرغانىكەن . مىنكۇن
باتۇر ئاتتىن چۈشۈپ بايغا سالام بېرىپتۇ .
بالىنى كۆرگەن باي :

— مەن تاپىلىغان نەرسىنى تېپىپ
كەلدىڭمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

بالا كىتابنى بايغا كۆرسىتىپتۇ . باي
كىتابنى قولىغا ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا ،
راستىلا بادرات كىتابى ئىكەن .

— بۇ كىتابنى ئۆزۈڭ تاپتىڭمۇ ؟ —
دەپ بالىدىن سوراپتۇ باي .

— يولدا كېلىۋاتسام بۇ بالا مۇشۇ
كىتابنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ .
پىيادە مېڭىپ ھېرىپ قاپتۇ . ئىچىم ئاغرىپ
ئېتىمغا مىنگەشتۈرۈۋالدىم ، — دەپتۇ مىن-
كۇن باتۇر .

باي بادرات كىتابىنى تاپشۇرۇپ
ئالغان بولسىمۇ ، بالىنى قويۇپ بەرگىسى يوق
ئىكەن ، ئۇنى ئازاد قىلىش توغرىلىق ئېغىزمۇ
ئاچماپتۇ .

— سىز بۇ بالىغا بادرات كىتابىنى
تېپىپ ئەكىلىپ بەرسە ئۇنى قۇللۇقتىن ئازاد
قىلىمەن ، دەپ ۋەدە بەرگەنىكەنسىز ،
ۋەدىڭىزدە تۇرارسىز ؟ — دەپتۇ مىنكۇن با-
تۇر .

— بۇ بالا ئۆزىنىڭ قەرزىنى ئادا
قىلىپ بولغىنى بىلەن ئانىسىنىڭ قەرزى بار ،
ئۇنىمۇ مۇشۇ بالا تۆلىشى كېرەك ، — دەپتۇ
باي . مىنكۇن باتۇر :

— ئانىسىنىڭ سىزگە قانچىلىك قەرزى بار ئىدى ؟ — دەپ بايدىن سوراپتۇ .

— يەتتە تىللا قەرزى بار ، — دەپتۇ باي .

مىنكۇن باتۇر يېنىدىن يەتتە تىللا چىقىرىپ بايغا بېرىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بالى- نىمۇ ، ئۇنىڭ ئانىسىنىمۇ باينىڭ تۈگىمەس قەرزىدىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ . بالىدىن ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېتىشنى خالايدىغان — خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتىكەن ، بالا :

— بۇ جازانىخورلار شەھىرىدىن كەتكىمىز بار ، ئەمما ئانامنى تاشلاپ قويۇپ قانداق كېتىمەن ، ئانامغا باي كۈن بېرەم- دۇ ؟ — دەپتۇ .

— ئەگەر ماقۇل تاپسا ئاناڭمۇ بىز بىلەن كەتسۇن ، قېنى ئاناڭدىن سوراپ با- قايلى ، — دەپتۇ مىنكۇن باتۇر .

بالا مىنكۇن باتۇرنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپتۇ . ئانىسىغا مىنكۇن باتۇرنىڭ ھەممە ياخشىلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئانا كۆز - ياش قىلىپ ، مىنكۇن باتۇرغا كۆپ رەھمەت ئېيتىپتۇ . ۋاپاسى يوق ، جاپاسى كۆپ يۇرت- تىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ . ئات بىر ، ئا- دەم ئۈچ قانداق قىلىش كېرەك ؟ مىنكۇن باتۇرنىڭ بېشى قېتىپتۇ . ئويلا - ئويلا سۇمرۇغ پېيى يادىغا كەپتۇ . ئۇنى قويۇن يانچۇقىدىن چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتىكەن ، شىللىق شامال كەلگەندەك بولۇپ ، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا سۇمرۇغ ئۇچۇپ كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قونۇپتۇ ۋە : ماڭا نېمە خىزمەت بار ؟ دەپ سوراپتۇ . مىنكۇن باتۇر : ئانا - بالا ئىككىيلەننى مىندۈرۈپ ئې- لىپ مېڭىپ ، كۆرۈنگەن بىرەر يۇرت - شەھەرگە چۈشۈرۈپ قويۇشنى ، ئۆزىنىڭمۇ ئېتىنى مىنىپ بىللە ئۇچىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . مىنكۇن باتۇر ئاق ئېتىغا مىنىپ ئوڭ يانپىشىنى سىلاپتىكەن ، ئات شامال سۈرئىتىدە ئۇچۇپتۇ . ئارقىدىن سۇمرۇغمۇ ئانا - بالىنى مىندۈرۈپ ئۇچۇپتۇ . ئۇلار بىر ئاش پىششىچە ئۇچقاندىن كېيىن ، پەسكە قاراپ بىر شەھەرنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ . مىنكۇن باتۇر ئېتىنىڭ سول يانپىشىنى سىلاپتىكەن ، ئات يەر تامان پەسلەپتۇ . سۇمرۇغمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پەسلەپتۇ . ئۇلار شەھەرنىڭ چېتىگە چۈشۈپتۇ . سۇمرۇغنىڭ باشقا ئىشى بولمىغاچقا ، مىن- كۇن باتۇرنىڭ ئىجازىتى بىلەن قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ . مىنكۇن باتۇر ھېلىقى بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇلارنى شەھەر ئايلاندۇرماقچى بولۇپ شەھەرگە باشلاپ كىرىپتۇ . قارىغۇدەك بولسا شەھەر ئىچىدە ئادەملەر بىر تەرەپكىلا كې- تىۋاتقان ، ئادەمنىڭ كۆپلىكىدىن مىنكۇن باتۇرلار كىشىلەر ئارىسىغا كىرەلمەي قاپتۇ . مىنكۇن باتۇر : بۇ يەردە بىر كاتتا توي بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ ، بۇ كىشىلەر توي مۇراسىمى كۆرگىلى ئالدىراپ كېتىۋاتقانلار بولسا كېرەك ، دەپ ئويلاپتۇ . لېكىن كىشى- لەرنىڭ ئۆزئارا سۆزلىشىشلىرىدىن بۇ شەھەردە توي ئەمەس ، باشقا بىر ئىش بو- لۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىپتۇ . زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ ، بىر بوۋايدىن سوراپتۇ . ئەسلى ئىش مۇنداق ئىكەن :

بۇ شەھەرنىڭ سىرتىدىلا بىر دەريا بولۇپ، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىمۇ يەنە بىر شەھەر بار ئىكەن، دەريا چوڭقۇر بولغاچقا، كۆۋرۈك سېلىشقا زادىلا ئامال قىلىشالماپتۇ، ئىككى شەھەر خەلقى بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ، ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشسىمۇ باردى ـ كەلدى قىلىشالمايدىكەن، ھەر ئىككى شەھەرنىڭ پادىشاھلىرى كىمدە كىم دەرياغا كۆۋرۈك سالسا، شۇ كىشىگە قىزىنى بېرىدىغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. ھەر ئىككى پادىشاھنىڭ قىزى تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن بوي ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى ھەتتا كۈلكە، ئۈنلىرىمۇ ئوپئوخشاش بولۇپ، جاھاندا ئاز ئۇچرايدىغان پەرى سۈپەت ساھىپجامالاردىن ئىكەن. بۇ قىزلارغا ئېرىش ئارزۇسىدا يۈرگەن نى ـ نى شاھزادە، بەگزادە، ئىسىلزادىلەر ھەم تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولغان تۈرلۈك تەبىقىدىكى كىشىلەر كۆۋرۈك سېلىشنىڭ يولىنى قىلماقچى بولۇپ كېلىشىپتۇ، شەھەر خەلقىنىڭ بىر تەرەپكىلا ئېقىشى قايسى بىر كارامەتچىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈش ۋە ئۇقاتتىكى كىشىلەر بىلەن تىزرەك سۆزلىشىش ئارزۇسىدا بولغانلىقتىن ئىكەن، لېكىن نى ـ نى، ھەر ـ ھەر ھېكمەتتى كارامەت ئىگىلىرى كەلگەن بولسىمۇ، دەرياغا زادىلا كۆۋرۈك سالالماپتۇ. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان مىنكۈن باتۇر پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ، دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشقا ئۆزىگە ئىجازەت بېرىشنى سوراپتۇ.

ـــ قارىسا ئاغزىڭدىن ئاناڭنىڭ سۈتى كەتمىگەن كىچىك بالا تۇرۇپ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتامسەن، سەن كىمنىڭ بالىسى؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ، مىنكۈن باتۇرغا ئاچچىقلىنىپ. مىنكۈن باتۇر كۈلۈپ تۇرۇپ:

ـــ پادىشاھىم، مەن بۇ شەھەرلىرىگە بايىلا كەلدىم، كىشىلەردىن ئەھۋال ئۇقۇپ ئالدىلىرىغا كىردىم، مەن چاقچاق قىلىۋاتمايمەن، دەرياغان كۆۋرۈك سالغىلى ماڭا ئىجازەت بەرسىلە. ـــ دەپتۇ.

پادىشاھ مىنكۈن باتۇرنىڭ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، گەپنى ئىشەنچ بىلەن قىلىشىغا، ئۆزىنى تۇتۇشىغا ھەم ئەدەپلىكلىكىگە قاراپ ئويلىنىپ قاپتۇ، كۆۋرۈك سېلىشقا ئىجازەت بېرىشنى ياكى ئىجازەت بەرمەسلىكنى تايىن قىلالماي ئوڭ قول ۋەزىرىگە قانداق قىلىمىز؟ دېگەن مەنىدە قاراپتۇ، پادىشاھنىڭ قارىشىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن ۋەزىر پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا:

ـــ كۆزى بىلەن سۆزىگە قارىغاندا بۇ بالىدا بىر كارامەتلىك خىسلەت باردەك قىلىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ كارامىتىگە ئىشىنىپ كەلگەن ئوخشايدۇ، ئىجازەت قىلىپ باقسىلا. ـــ دەپتۇ.

پادىشاھ ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن مىنكۈن باتۇرنىڭ دەرياغا كۆۋرۈك سېلىشىغا ئىجازەت بېرىپتۇ، ئەمما شەرت قويۇپتۇ:

ـ سەن شەھىرىمىزنىڭ پۇقراسىدىن ئەمەسكەنسەن، بىزگە دەرياغا كۆۋرۈك سالىمەن دەپ قويۇپ يوقاپ كەتسەڭ، سېنى نەدىن تاپىمىز، ئورنۇڭغا بىرەر ئادەمنى گۆرۈگە قويۇپ كەت، ـــ دەپتۇ پادىشاھ.

مىنكۈن باتۇر ھېلىقى قۇل بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى باشلاپ كىرىپ، بالىنى ئۇكام، ئانىسىنى ئاچام دەپ تونۇشتۇرۇپ، ئورنىغا شۇلارنى قويۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتا كۆۋرۈكنى پۈتتۈرۈپ بولىدىغانلىقىنى ئېي-

تىپ ئوردىدىن چىقىپتۇ . ھېلىقى بالا بىلەن
ئۇنىڭ ئانىسىغا مىنكۇن باتۇر ئەھۋالنى ئې-
نىق ئېيتىپ قويغانىكەن ، شۇڭا باشقىچە
ئويلاردا بولماي خاتىرجەم تۇرۇپتۇ. پادىشاھ
بىلەن ۋەزىر مىنكۇن باتۇرنىڭ كۆۋرۈكنى
ئۈچ كۈندىن بەش كۈنگىچە ھازىر قىلىمەن ،
دېگىنىگە زادىلا ئىشەنگۈسى كەلمەي ، بىر –
بىرىگە قارىشىپ قاپتۇ .

مىنكۇن باتۇر پادشاھ ئالدىدىن چى-
قىپلا شەھەر سىرتىدا قويۇپ قويغان
دۇلدۇلىنىڭ يېنىغا كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى
نىل دەرياسىنىڭ بويىغان تېز ئېلىپ
بېرىشنى ئېيتىپ مىنىپتۇ – دە ، ئاتنىڭ ئوڭ
يانپىشىنى بېسىپ سىيلاپ قويۇپتۇ ، ئات
ھايت ھۇيت دېگىچە ئارىلىقتا مىنكۇن با-
تۇرنى نىل دەرياسى بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ .
مىنكۇن باتۇر شۇئانلا ھۆر قىزلارنىڭ يېنىغا
كېلىپ :

– مېنىڭ بىر تەلىپىم بار ، شۇ
تەلىپىمنى تەل قىلىپ بەرسەڭلار . —
دەپتۇ .

— تەلىپىڭ نېمە ، قېنى ئېيت ، بىز
كارامەتلىك ھۆرلەر ، قولىمىزدىن كەلمەيدى-
غان ئىش يوق ، ھەر قانداق تەلىپىڭنى
ئورۇندايمىز ، — دېيىشىپتۇ ھۆر قىزلار .
مىنكۇن باتۇر :

– بۇ يەردىن يەتتە كۈنلۈك
يىراقلىقتىكى چۆلقۇم دېگەن ۋادىنىڭ بويىدا
ئىككى شەھەر بار ئىكەن ، بۇ ئىككى
شەھەرنىڭ سۈيىنى چوڭقۇر بىر دەريا ئاي-
رىپ تۇرىدىكەن ، ئادەملىرى بىر – بىرىنى
كۆرۈپ ، ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشىمۇ
باردى – كەلدى قىلىشالمەيدىكەن ،
كىمكى شۇ دەرياغا كۆۋرۈك سالسا ھەر
ئىككىلا شەھەرنىڭ پادىشاھى شۇ كىشىگە
قىزلىرىنى نىكاھلاپ بېرىدىغانلىقىنى يۇرتقا
جاكارلاپتۇ ، نۇرغۇن كىشىلەر بەل باغلاپ
چىققان بولسىمۇ ، تېخى ھېچكىم كۆۋرۈك
سالالماپتۇ ، شۇ كۆۋرۈكنى مەن سېلىپ ھەر
ئىككى پادىشاھنىڭ قىزىنى سىلەر بادرات
كىتابىنى تېپىشىپ بەرگەن ھېلىقى قۇل
بالىغا ئېلىپ بېرەي دەيمەن ، — دەپتۇ .

مىنكۇن باتۇرنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى
چۈشۈپ بولۇشىغا باش ھۆر قىز :

— چارىيلان ! — دەپ توۋلاپتۇ .

شۇ ھامان ئۇلارنىڭ ئالدىدا قاناتلىق
بىر چىپار يىلان پەيدا بوپتۇ .

— چار يىلان ، سەن ھازىر كۇھى-
قاپقا بېرىپ ھېلىقى 40 ھالقىلىق تەسمىنى ①
ئېلىپ كەل ، — دەپ بۇيرۇپتۇ باش ھۆر قىز .

چار يىلان ئۇلارنىڭ ئالدىن ئىشىككە
قاراپ مېڭىپتۇ . ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 غۇلاچ
كېلىدىكەن ، شۇڭا يىلاننىڭ قۇرۇقى
ئىشىككە بېرىپ بولغىچە باش ۋە دۈمبە قىسمى
يەردىن كۆتۈرۈلۈپ قانىتىنى يېيىپ تەييار
بولۇپ بوپتۇ . قۇيرۇقى تاپىسىدىن چىقىشى
ھامان چار يىلانمۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپلا
كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . چار يىلان ئۇچۇپ
كېتىشىگە باش ھۆر قىز :

— 40 ھالقىلىق تەسمە كۇھىقاپتىكى
بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ، ئۆڭكۈرنىڭ
ئىچىدە يەنە زامانى ئەۋۋەلدىن بۇيانقى ئۆت-
كەن جىمىكى ئەۋلىيا – دانىشمەنلەرنىڭ
ھېكمەت – كارامەتلەرىدىن بىشارەت بېرىدى-
غان كىتابلىرىمۇ بار . ئۇ ئۆڭكۈرنىڭ
ئاغزىنى 12 ئەجدىھار ، يەتتە يولۋاس ، تاغ

① تەسمە – تەسۋى

تېپەر دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى باتۇر ساقلايدۇ، ئۇلار بىزنىڭ ئاغزىمىزغىلا قارايدۇ، چار يىلان ئۇلارنىڭ باشلىقى، ئۇ هايال بولمايلا تەسمىنى ئېلىپ كېلىدۇ. — دەپتۇ. دېگەندەكلا هۆر قىز گېپىنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا چار يىلانمۇ يېتىپ كېپتۇ.

مىنكۇن باتۇر قارىغۇدەك بولسا، ئۇزۇنلۇقى يەتتە غۇلاچ كېلىدىغان، 40 هالقىلىق تەسمىنى يىلان چىشلەپ كىرىپتۇ. چار يىلاننىڭ چوڭلۇقىدىن يەتتى غۇلاچلىق تەسمە يەرگىمۇ تەگمەپتۇ. چار يىلاننىڭ ئاغزىدىن تەسمىنى ئېلىپ، مىنكۇن باتۇرغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

— ئەي مىنكۇن باتۇر، بۇ تەسمىنى يېنىڭدا پۇختا ساقلا، باشقىلارغا كۆرسەتمە. كۆۋرۈك بىنا قىلىدىغان جايغا يېرىم كېچىدە كىشىلەرگە كۆرۈنمەي بېرىپ: «پىرىمنىڭ ئەمرى، بۇرۇن ئۆتكەن دانىشمەنلەرنىڭ ئەمرى، دادامنىڭ دىنىنىڭ هېكمىتى، مۇشۇ دەريانىڭ پالان جايىغا مۇنداق كۆۋرۈك هازىر قىل» دەپ، تەسمىنى سۇغا چىلاپ يەتتە قېتىم سىلكىسەڭ، قانداق كۆۋرۈكنى ئارزۇ قىلساڭ، كۆڭلۈڭدىكىدەك كۆۋرۈك بىنا بولىدۇ».

مىنكۇن باتۇر هۆر قىزلارنىڭ مەسلىهەتىنى ئېلىپلا ئېتىغا مىنىپتۇ-دە، هېلىقى شەهەرگە كۈنپېتىشتىن سەللا ئىلگىرى يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل پادىشاهنىڭ ئوردىسىغا قاراپ مېڭىپتۇ، ئېتىنى بىر مۇهاپىزەتچىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ پادىشاهنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ.

— هە، كىچىك باتۇر، كۆۋرۈكنى سېلىشنىڭ يولىنى قىلماي ئوردىدا نېمىش قىلىسەن؟ دەپ سوراپتۇ پادىشاه مىنكۇن باتۇردىن.

— مەن سىلىدىن كۆۋرۈكنى بەش كۈنگىچە سېلىپ بولۇشقا ئىجازەت ئالغان، تېخى بىر كۈنمۇ ئۆتمىدى. كۆۋرۈكنى قەيەرگە سېلىشنى سورىۋالماپتىمەن، شۇنى بىلىۋالاي دەپ كىردىم، — دەپتۇ مىنكۇن باتۇر.

— پادىشاه مىنكۇن باتۇرنىڭ كۆۋرۈك سېلىشىغا زادى ئىشەنچ قىلالمىسىمۇ، كۆۋرۈك چۈشىدىغان جايىنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ بىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بىر نەۋكىرىنى قوشۇپ قويۇپتۇ. مىنكۇن باتۇر كۆۋرۈك سېلىنىدىغان ئورۇننى بىلىۋالغاندىن كېيىن، ئېتى بار جايغا كېتىپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ قانداق شەكىلدە بولۇشى توغرىلىق ئۇزاق ئويلىنىپتۇ. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى توغرىلىق پادىشاه هېچنىمە دېمەپتۇ. ئۇنىڭغا پادىشاهنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپماق بەك قىيىن بوپتۇ. ۋاقىت ئەل ياتقۇدىن ئۆتۈپ، كىشىلەر غەرق ئۇيقۇدىكى چاغ ئىكەن. مىنكۇن باتۇر دەريانىڭ كۆۋرۈك سېلىنىدىغان جايىغا كېلىپ 40 هالقىلىق تەسمىنى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ «پىرىمنىڭ ئەمرى، بۇرۇن ئۆتكەن پىر-دانىشلەرنىڭ ئەمرى، دادامنىڭ دىنى هەققى، دەرياغا بىر كۆۋرۈك بىنا بولسۇن، كۆۋرۈكنىڭ كەڭلىكى 20 غۇلاچ بولسۇن، ئىككى يېنىغا كۈمۈشتىن سالاسۇن چىقىرىلىپ، ئۇنچە-مەرۋايىتلىق نەقىش قويۇلۇپ، جىيەكلىرىگە ئالتۇن هەل بېرىلسۇن؛ ئىككى بېشىغا بىردىن ئالتۇندىن ئىككى مۇنار تۇرغۇزۇلۇپ، مۇنارلارغا ئىككىنچىئاسماندا بادرات تازنىڭ چەۋاندازلىرى بىلەن قىلىشقان جەڭلىرىم، 40 دىۋىنى بويىندە تۇتۇپ ئاسمادىن زېمىنگە تاشلىۋەتكەن، ئېيىق باتۇرنى ئىككى پارچە

قىلىۋەتكىنىم ، نىل دەرياسىدا ئۈچ بادرات
بىلەن ئېلىشقانلىرىم ھەم بالا ۋاقتىمدىكى 30
بالىنى ئاسامانغا ئېتىپ ، ئوينىغانلىرىم سۈ-
رەتلىنىپ نەقشلەنسۇن » ، دەپ تەسمىنى
يەتتە قېتىم سىلكىگەنىكەن ، دەريا قاتتىق
بىر دولقۇنلاپ شاۋقۇنلاپتۇ - دە ، مىنكۈن
باتۇر تەسمىنى سۇدىن چىقىرىپ بولۇشى
ھامانلا شۇنداق بىر كۆۋرۈك پەيدا
بوپتۇكى ، قارىغۇدەك بولسا ، كۆۋرۈكتە
ئۆزى تەلەپ قىلغان كۆرۈنۈشلەر تولۇق
نامايەن بوپتۇ . مىنكۈن باتۇر كۆۋرۈكنىڭ
پەيدا بولىشىدىن خۇشال بولۇپ ، ئىتنىڭ
يېنىغا كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئالدىدا
ھېلىقى چاريىلان پەيدا بولۇپ مىنكۈن
باتۇرغا :

— ئەي باتۇر يىگىت ، ھۆر قىزلار
ئەگەر تەسمىنىڭ باشقا ۋەزىپىسى بولمىسا
دەرھال قايتۇرۇپ كەل ، بىخەستىلىكتە باش-
قىلار قولىغا چۈشۈپ كېتىپ ھېكمەت
ئاشكارىلىنىپ قالسا بىزگىمۇ ، مىنكۈن با-
تۇرنىڭ ئۆزىگىمۇ ئاپەت كەلتۈرىدۇ ، دەپ
مېنى ئالدىڭغا ئەۋەتتى ، - دەپتۇ .

مىنكۈن باتۇر تەسمىنى چار يىلانغا
بېرىپتۇ ، چار يىلان تەسمىنى ئوتتۇرىدىن
چىشلەپ ، قانىتىنى كىرىپلا ئاسمانغا كۆتۈ-
رۈلگەنىدەك بولۇپلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ .
مىنكۈن باتۇر كۆۋرۈكنىڭ پۈتكەنلىكىنى
خەۋەر قىلىش ئۈچۈن تاڭنىڭ ئېتىشىنى
كۈتۈپتۇ .

پادىشاھ شۇ كېچىسى ئاجايىپ بىر
چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ - دە ،
چۈشىدىن ئەجەبلىنىپ يېتىپتۇ . قايتا زادىلا
ئۇيقۇسى كەلمەي سىرتقا چىقىپتۇ . ئاسمانغا
قارىغۇدەك بولسا جىمى جاھان رەڭگارەڭ
نۇرلىنىپ كەتكەن ، پادىشاھ بۇ ئەھۋالغا
ھەيراپ بولۇپ ئەتراپقا دىققەت بىلەن نەزەر
سالغۇدەك بولسا ، يورۇقچىلىق دەريا
تەرەپتىن كېلىۋاتقان . پادىشاھ بۇنىڭ زادى
نېمە ئىشلىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم
ئەۋەتىپتۇ . كەتكەن نەۋكەر ئۇزاق ئۆتمەي
قايتىپ كېلىپ دەرياغا ئاجايىپ گۈزەل ،
كارامەت بىر كۆۋرۈك ياسىلىپ قالغىنى ،
شەھەرنىڭ ئاسمان - زېمىنىنى
يورۇتۇۋەتكەن رەڭگارەڭ نۇرنىڭ كۆۋرۈك-
تىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلىق گۈل -
نەقشلەردىن چىقىۋاتقانلىقىنى ئاغزى - ئاغ-
زىغا تەگمەي سۆزلەپ بېرىپتۇ . پادىشاھ بۇ
گەپكە بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي ئوردا
خادىملىرىنى باشلاپ دەريا بويىغا كېپتۇ .
قارىغۇدەك بولسا ، شۇنداق بىر ئاجايىپ
كۆۋرۈك بىنا قىلىنىپتۇكى ، ئۇنىڭ
گۈزەللىكىگە ، گۈل - نەقشلىرىگە ، ئالتۇن
ھەللىرىگە ، كۆۋرۈكنىڭ ئىككى بېشىغا
ئورنىتىلغان ئىككى مۇناردىكى جەڭ كۆرۈ-
نۈشلىرىگە ھەيران قاپتۇ . مىنكۈن باتۇرنىڭ
بىر كېچىنىڭ ئىچىدە بۇنداق
بىرھەشەمەتلىك كۆۋرۈكنى ياساپ چىقى-
شىغا زادى ئىشەنگۈسى كەلمەپتۇ . بىرەر
سېھىرى ھېكمەتچىنىڭ ئىشىمىكىن دەپمۇ
ئويلاپتۇ . زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى
خىيالىغا سىغدۇرالماي قايتىدىن مۇناردىكى
جەڭ كۆرۈنۈشلىرىگە دىققەت بىلەن قاراپتۇ ،
بۇ ئارىلىقتا ئۇ قاتتىكى شەھەر پادىشاھىمۇ
دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاجايىپ - غارا-
يىپ نۇرلارغا ئەجەبلىنىپ ئوردا خادىملىرى
بىلەن كېلىپ ، بىر كېچىدىلا پەيدا بولۇپ
قالغان كۆۋرۈككە ، مۇناردىكى
كۆرۈنۈشلەرگە ھەيرانلىق بىلەن قاراشقا
باشلاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن ھېچقانداق
خەۋىرى بولمىغاچقا ، گاڭگىراپ قىلىپ ،

ئەقلىي ـ ھوشى ئىشمەيلا قاپتۇ . خوپ ، بۇ تەرەپتىكى پادىشاھقا كەلسەك ، ئۇ ، مۇنار-دىكى دىۋە ، ئېيىقلار بىلەن ئېلىشىۋاتقان ياپياشلا بىر يىگىتنىڭ سۈرىتىگە سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ مىنكۆن باتۇرغا بەك ئوخشايدىغانلىقىنى ، بەلكى شۇنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيرانلىق بېسىپتۇ ، نەۋكەرلىرىگە دەرھال مىنكۆن با-تۇرنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ . نەۋكەرلەر ئوردا ـ قەسىرنى ، ھەرقايسى ساراي ، مېھمانخانىلارنى ئاختۇرۇپ مىنكۆن باتۇرنى ھېچنەدىن تاپالماپتۇ . پەقەت تاڭغا يېقىن ئۇنى شەھەر سىرتىدىكى بىر ئورمانلىقتا ئات بېقىۋاتقان ھالدا تېپىپتۇ . ئۇنى دەريا بويىدا پادىشاھ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى دېيىشكەن ، گۆرۈ ئورنىدا قالغان ھېلىقى قول بالا بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى بىللە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، نەۋكەرلەر بىلەن ئوردىغا كېتىپتۇ . ھېلىقىلارنىڭ قېشىغا كىرسە ، ئانا ـ بالا يىغلىشىپ ئولتۇرغان . مىنكۆن باتۇر ئۇلار-دىن يىغلىشىنىڭ سەۋەبىنى سوراپتىكەن ، بالىنىڭ ئانىسى : مىنكۆن باتۇرنىڭ كەتكە-نىچە كەلمەي قالسا ، شەرت بويىچە ئۆزلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدىن قورقۇپ يىغلاۋاتقانلىقىنى يۇشۇرماي دەپتۇ ، مىنكۆن باتۇر ئۇلارنى كۆۋرۈك بىنا قىلغان جايغا باشلاپ كېتىپتۇ .

ـــ بۇ كۆۋرۈكنى سەن پەيدا قىلدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

ـــ شۇنداق ، مەن پەيدا قىلدىم ، ـــ دەپتۇ مىنكۆن باتۇر .

مۇناردىكى باتۇر بالا ساڭا بەك ئوخشايدىكەن . سېنىڭ ئىسمىڭ نېمە ؟ بۇ شەھەرگە نېمە سەۋەب بىلەن كېلىپ قىلدىڭ ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ پادىشاھ .

مىنكۆن باتۇر ئىسمىنى ، بۇ يەرگە جاھان كېزىش غەرىزىدە كېلىپ قالغىنىنى ، كۆرگەن شەھەر يۇرتلىرىنى قىسقىلا سۆز-لەپ بېرىپتۇ .

ـــ پالانى ـ پۇستانى يۇرتلاردا مىنكۆن باتۇر ئۇنداق قىپتۇ ، بۇنداق قىپتۇ ، دەپ كىشلەر تەرىپلىشىدىغان مىنكۆن باتۇر سەن ئوخشىمامسەن . بىز تېخى ئۇنى دىۋە قامەتلىك كۆچتىڭگىر ئادەممىكىن دېسەك ، ياشلا يىگىت كەنسەنغۇ ، ـــ دەپتۇ بۇقات يۇرتنىڭ پادىشاھى . ئاندىن ئۇقات يۇرتنىڭ پادىشاھىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا تونۇگۇندىن بۇيانقى ئەھۋاللارنى بىرمۇ ـ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ . ھەر ئىككى پادىشاھ ئەتە ئەتىگەندە ئىككى يۇرت خەلقىنى دەريا-نىڭ ئىككى قاسنىقىغا يىغىپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىسى بويىچە قىزلىرىنى مىنكۆن باتۇرغا تويلاپ چېتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ . مىنكۆن باتۇر ئىككى پادىشاھ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپ :

ـ مەن تېخى كىچىك . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر مەزگىل جاھان كەز-مەكچىمەن ، بىر جايدىلا تۇرمايمەن . قىزلىرىڭلارنى چوقۇم مېنىڭ ئىختىيارىمغا قويماقچى بولساڭلار ، بولدى ، ماڭا تەئەللۇق بولسۇن ، مەن بۇ ئىككى قىزنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن مەن بىلەن كەلگەن ھې-لىقى بالىغا بېرىمەن ، سىلەر رازى بولامسىلەر ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ .

ھەر ئىككى پادىشاھ مىنكۆن باتۇر-نىڭ ئاجايىپ خىزمىتى ۋە يۇرتلار ئارىسىدا ، ئەللەر ئاغزىدا تونۇق باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن قىزلىرىنى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ . شۇ كۈنلا كوچىلارغا چاپار مەن ماڭدۇرۇپتۇ . ئەتىسى ئەتىگەندىلا

ئىككى يۇرت خەلقى كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىگە يىغىلىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى ئالتۇن، مەرۋايىتلىق كۆۋرۈكنى، كۆۋرۈك بىنا قىلغۇچىنى كۆرۈش ئىستىكىدە بىر سىمۇ قالماي يىغىلىپتۇ. بۇ تەرەپنىڭ پادىشاھى ئالتۇن مۇنارغا چىقىپ تۇرۇپ مىنكۈن باتۇرنىڭ كارامەتلىك يىگىتلىكىنى، بۇ كۆۋرۈكنى بىر كېچىدىلا بىنا قىلىپ قويغىنىنى، ھەر ئىككى پادىشاھ ۋەدىلىرى بويىچە قىزلىرىنى مىنكۈن باتۇرغا بەرمەكچى بولغانلىقىنى، ئەمما مىنكۈن باتۇرنىڭ شەھەر يۇرت كېزىمەن دەپ، قىزلارنى ئۆزىنىڭ دوستىغا ئۆتۈنۈپ بەرمەكچى بولغانلىقىنى جاكارلاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى يېتىم بالا بىلەن ئىككى مەلىكىنىڭ توي مۇراسىمى باشلىنىپ كېتىپتۇ. توي يەتتە كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىپتۇ. توينى ئىككى يۇرت خەلقى ئارىلىشىپ بىللە ئۆتكۈزۈپتۇ. تويدىن كېيىن مىنكۈن باتۇر ئىككى شەھەر پادىشاھى، خەلقى ھەم ھېلىقى يېتىم بالا ۋە ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يۇرتتىن چىقىپ كېتىپتۇ.

مىنكۈن باتۇر شەھەردىن شۇ چىققىنىچە ئېتىغا مىنىپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ. يولدا قېرى، ئاجىزلارنى ئۇچراتسا خىزمىتىنى قىپتۇ. تەڭتۇش بولسا ھەمراھ بوپتۇ. كىچىكلەرنى ئۇچراتسا ئىززىتىنى قىپتۇ. مېڭىپ يەتتە كۈن بولغاندا بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. كەلگەندىمۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، شەھەر خەلقى پادىشاھنىڭ ماتەم مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە كەپتۇ. مىنكۈن باتۇر ئېتىنى بىر دالدىدا قويۇپ مۇراسىمغا قاتنىشىپتۇ. مۇراسىم باشقۇرغۇچى كۆپچۈلىككە:

— پادىشاھىمىز جان تەسلىم قىلار ۋاقتىدا «مېنىڭ ماتەم مۇراسىمىمغا بېشىدا ئالتۇن كوكۇلىسى بار بىر ئادەم قاتنىشىدۇ، ئاشۇ كىشىنى مېنىڭ ئورنۇمغا پادىشاھ قىلىڭلار، ئۇ كىشى يۇرتنى مەندىنمۇ ئادىل سورايدۇ، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىيلايدۇ، ھەممىڭلار ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇڭلار» دەپ ۋەسىيەت قىلغان. قېنى، ئەل ـ جامائەت، ھەممىڭلار بېشىڭلارنى ئېچىڭلار! — دەپتۇ.

تۇغارنلارنىڭ ھەممىسى بېشىنى ئېچىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپتۇ، پەقەت مىنكۈن باتۇر بېشىنى ئاچماپتۇ. كىشلەرنى ئارىلاپ يۈرگەن مۇراسىم باشقۇرغۇچى: سىزمۇ بېشىڭىزنى ئېچىڭ، دەپتۇ. مىنكۈن باتۇر بېشىنى ئېچىپتىكەن، شۇ ھامان ئۇنىڭ بېشىدىن تارىغان نۇر كىشلەرنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ بىر تال كوكۇلىسىدىن مىڭ تال نۇر تارايدىكەن. خالايىقنىڭ ھەممىسى:

بىزگە پادىشاھ بولغۇچى سىز ئىكەنسىز، سىز بىزنىڭ پادىشاھىمىز، — دەپ تۇۋلىشىپتۇ ۋە شۇ يەردىلا مىنكۈن باتۇرغا تاج كەيدۈرۈپتۇ. ئۇ ھەر قانچە پادىشاھ بولمايدىغانلىقىنى، يۇرت ئارىلاپ جاھان كېزىدىغانلىقىنى ئېيتسىمۇ جامائەت ئۇنى مەيلىگە قويماي تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ ئوردىغا ئېلىپ مېڭىپتۇ.

مىنكۈن باتۇر پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ نەزىر ـ چىرقىنى ئۆز قولى بىلەن كەڭ ئۆتكۈزۈپتۇ. خەزىنىدىن بىر قىسىم مال ـ دۇنيا ئاجرىتىپ يۇرتتىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ. بۇرۇنقى پادىشاھنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ

بولغۇچى كىشىگە ياتلىق قىلىنماقچى ئىكەن، پادىشاھنىڭ ۋەسىيتى شۇنداق ئىكەن. ۋەسىيەت بويىچە پادىشاھنىڭ قىزىنى مىنكۆن باتۇرغا نىكاھلاپ قويۇپتۇ.

مىنكۆن باتۇر يۇرتنى بۇرۇنقى پادىشاھدىنمۇ ئادىل سوراپتۇ، ئالدىغا كەلگەن دادخاھلارنىڭ ئەرز - دادلىرىنى قىلىنى قىرىق يارغاندەك ئىنچىكىلەپ ھەل قىپتۇ. ئوغۇرلۇق ، يالغانچىلىق، بۇلاڭچى - قاراقچىلىقنى تۈگىتىپتۇ، ئەل - يۇرت يىلدىن يىلغا ئاۋاتلىشىپتۇ، يىراقلارغا داڭقى تاراپ، يۇرت - يۇرتلاردىن كېلىدىغان كارۋان - سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىغان بوپتۇ.

مىنكۆن باتۇر پادىشاھ بولۇپ ئىككى يىل ئۆتكەندە ئايالى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. مىنكۆن باتۇر ئايالى ۋە ۋەزىر - بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئوغلىغا « مۇلايىم» دەپ ئىسىم قويۇپتۇ. ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە ئايالى يەنە بالا تۇغۇپتۇ. بۇ قېتىمقىسى قىز تۇغۇلۇپتۇ. قىزنىڭ ئىسمىنى « گۈلئايىم » قويۇپتۇ. ئايلاردىن يىل تولۇپ، يىللىنى يىل قوغلاپ ئۆتۈپ، مىنكۆن باتۇرنىڭ بۇ يۇرتقا پادىشاھ بولۇپ قالغىنىغا ئون يىل بوپتۇ. بۇ ئون يىل تىنىچ ئۆتۈپتۇ، يۇرتنىڭ ئۆزىدىنمۇ، چەت يۇرتلادىمۇ باش ئاغرىتقۇدەك ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمەپتۇ. ئوغلى مۇلايىم يەتتە ياشقا، قىزى گۈلئايىم تۆت ياشقا كىرىپتۇ. ئوغلىمۇ، قىزمۇ زىرەك - چېچەن، ئەقىللىق چوڭ بوپتۇ. كىچىك بولسىمۇ، گەپ - سۆز قىلىقلىرى چوڭ ئادەملەرنىڭكىدەك ئىكەن. ئوغلى چەۋاندازلىققا، قىزى ئوقيا ئېتىپ ئويناشقا قىزىقىدىكەن. ئۇستا چەۋاندازدىن بىرنى تاللاپ ئوغلىغا، ئۇستا كامانچىدىن بىرنى تاللاپ قىزىغا ئۇستازقىلىپ بەلگىلەپتۇ. ئارىلاپ مىنكۆن باتۇرنىڭ ئۆزىمۇ باللىرىنىڭ ھەربىي مەشقلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. ئارىدىن يەنە بەش يىل ئۆتۈپ، ئوغلى مۇلايىم ئون ئىككى ياشقا، قىزى گۈلئايىم توققۇز ياشقا كىرىپتۇ، مىنكۆن باتۇرنىڭ يېشىمۇ 30 دىن ئېشىپ يېتىپتۇ. مىنكۆن باتۇرنىڭمۇ ھەم ئۇنىڭ ئوغۇل، قىزىنىڭمۇ نامى - داڭقى يۇرتتىن - يۇرتقا ئۆتۈپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، مىنكۆن باتۇرنىڭدوستلىرى كۆپىيىپتۇ. مىنكۆن باتۇر پادىشاھ قىلىپ تاج كىيدۈرۈپ قويغان نىل دەرياسى بويىدىكى ئۆتۈكچى بىلەن قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىككى پادىشاھنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرگەن يېتىم بالا ھەم بۇرۇنقى ئاغىنىسى قوشقۇلاق باتۇرلار مىنكۆن باتۇرنىڭ چوڭ بىر دىيارغا پادىشاھ بولۇپ، پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، كىشلەر ئاغزىدىكى ئاجايىپ ياخشى تەرىپلىرىنى، نام - شۆھرىتىنى ئاڭلاپ، شاپائەتچىسىگە رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدە ئىككى يىلدا بىر كېلىپ - كېتىپتۇرۇپتۇ. مىنكۆن باتۇرنىڭ يۇرتىغا بىرەر خەۋەر كەلگۈدەك بولسا، خەۋەر قىلغان ھامان ياردەمگە كېلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلىشىپتۇ.

ياخشى نەرسىگە چۈشىدىغان كۆز كۆپ، دېگەندەك، مىنكۆن باتۇرنىڭ داڭقى - شۆھرىتىگە ھەۋەس قىلىدىغانلار كۆپ ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ياخشى نىيەتلىك دوستلارمۇ، ھەسەتخور دۈشمەنلەرمۇ بار ئىكەن. مىنكۆن باتۇرنىڭ شەھرىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، قار تاغنىڭ ئېتىكىدە يېشىغا يەتكەنلىكى ئەر پۇقراسىنىڭ ھەممىسى لەشكەر بولىدىغان يەتتە شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرلەرگە ئاكا - ئۇكا يەتتە بادراتلار پا-

دىشاھ ئىكەن ، ھەر بىرى بىر شەھەرنى سورايدىكەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ ئاغزىغا قارايدىكەن . بىرى بىرىنىڭ يېرىنى بېسىۋېلىپ شاھلىقنى كېڭەيتىش نىيىتى بولسىمۇ ، كۈچلىرى تەڭمۇ تەڭ بولغاچقا ھەم ئاتىسى قاراپ تۇرغاچقا ، ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلىشالمايدىكەن . ئۇلارنىڭ دادىسىمۇ قېرىپ قالغان بىر بادرات بولۇپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا جاھانغا نام - ئاتاق قالدۇرۇپ كېتىش ئىستىكى قوزغىلىپ ، مىنكۆن باتۇرنىڭ داڭقى ، يۇرتىنىڭ ئاۋاتلىقىغا كۆزى قىزىرىپتۇ . مىنكۆن باتۇرنى ئۆزۈمگە بويسۇندۇرسام ئۇنىڭ بېشىدىكى شاھلىق تاجى بىلەن نام - ئاتاق مېنىڭ بولىدۇ ، جاھان مېنىڭ ئاغزىمغا قارايدىغان بولىدۇ ، دەپ ئويلاپ ، باللىرىنى بىر يەرگە جەملەپتۇ ، مىنكۆن باتۇرنىڭ يۇرتىغا قانداق باستۇرۇپ بېرىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىپتۇ .

مىنكۆن باتۇرغا كەلسەك ، يۇرتىنىڭ تىنىچ ، ئاۋاتلىقىغا ، خەلقىنىڭ ئىناق ، خاتىرجەملىكىگە قاراپ كۆڭلى تىنىپ ، قارا تاغ باغرىدىكى يەتتە شەھەر پادىشاھلىرىنىڭ قارا نىيەت ، ئەسكى بادراتلار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆزىنىڭ كۈچى ، خىسلەتلىك ئۈچ نەرسىسىگە ئىشىنىپلا ئۇلاردىن پەخەس بولۇشنى خىيالىدىن كۆتۈرۈۋېتىپتۇ . مىنكۆن باتۇر خاتىرجەم يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاكا - ئۇكا يەتتە بادرات قېرى دادىسىنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن 40 مىڭ تۇغ - ئەلەملىك لەشكەر بىلەن مىنكۆن باتۇرنىڭ شەھرىگە ھۇجۇم قىپتۇ ، ئۇلار تۇيۇقسىز كېلىپ شەھەرنى قورشىۋالغاچقا ، قوشنا دوست يۇرتلارغا ، ئۆزى پادىشاھلىقنى ۋە ئىككى قىزنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن دوست - بۇرادەللىرىگە ياردەم سوراپ چاپارمەن ئەۋەتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قاپتۇ . ئۆزلىرىلا جەڭگە ئاتلىنىپتۇ . بۇ بادراتلار بۇرۇن ئۇيۇشقان بادراتلارغا ئوخشىمايدىكەن . بۇلارنىڭ سېھىرىي كۈچلۈك ، ئۆزلىرى قۇۋ ئىكەن . جەڭ يەتتە كېچە - كۈندۈز داۋام قىپتۇ . بادراتلارنىڭ 40 مىڭ لەشكىرىنىڭ 30مىڭى ئۆلۈپ ، ئون مىڭىلا قاپتۇ . مىنكۆن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى جېنىدىن ئايرىلىپتۇ . مىنكۆن باتۇرنىڭ 40 يېرىگە ئوقيا ئوقى سانجىلىپ ، ماغدۇرسىزلىنىپ ئېتىدىن يىقىپ چۈشۈپتۇ . مىنكۆن باتۇرنىڭ ئوغلى قورغان راۋىقىغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا ، دادىسى يېرىم بېھوش ھالەتتە قانغا مىلىنىپ ياتقان ، لەشكەرلەر ئازغىنا سەركەردىلىرى بىلەن دۈشمەن مۇھاسىرىسىدە قالغان ، ئالا تۆگىگە مىنگەن بىر بەدبەشرە دۈشمەن ئەسكەرلەرنى ھەدەپ ئۆلتۈرۈۋاتقان . مۇلايىم ئوقياسىنىڭ ئوقىنى زەھەرگە چىلاپ ھېلىقى دۈشمەنگە قارىتىپ : « مىنكۆن مۇلايىمنىڭ ئوقى ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تەگ ! » دەپ ئوقيادىن ئوق ئۈزۈپتىكەن ، ئوق دېگەندەك بادراتنىڭ ھېلىقى ئادىمىنىڭ ئىككى قېشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانجىلىپتۇ ، ئۇ شۇئانلا ئېتىدىن يىقىلىپ چۈشۈپتۇ . ئۇ يەتتە شەھەر بادرات لەشكەرلىرىنىڭ خان سەركەردىسى ئىكەن . ئۇنى ئەتراپىدىكى سەركەدە ۋە لەشكەرلىرى يۆلىشىپتۇ . ئۇ ئوقنىڭ زەھەرلەنگەنلىكىنى بىلىپتۇ ، جان ئۈزۈش ئالدىدا ئادەملىرىگە : « كىم مېنىڭ ئىككى قېشىم ئوتتۇرىسىغا ئوق تەگكۈزەلىگەن ئادەمنى ئۆلتۈرسە ، شۇ مېنىڭ ئورنۇمغا سەركەردە خان بولسۇن » دەپ ۋەسىيەت قىپتۇ ۋە شۇ ئانلا جان

ئۇزۇپ ، ئۇزىنىڭ قاراڭغۇ دۇنياسىغا كىر-
تىپتۇ . ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن بادراتلار
ئۇرۇشتىن توختاپ يۇرتلىرىغا قايتىشىپتۇ .
مەخسۇس خادىملار سەركەردە خاننىڭ
ئۆلۈكىنى تۆگىگە ئارتىپ بادرات پادى-
شاھلارنىڭ دادىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ
بېرىپتۇ . ئۇنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى ھەم
ئۇنىڭ قانداق ۋەسىيەت قالدۇرغانلىقىنى
بىرمۇ - بىر سۆزلەپ بېرىشىپتۇ ، بادراتلار-
نىڭ دادىسى خان سەركەردىسىنى
ئۆلتۈرگەن ئوقتا سىنچىلاپ قاراپ :

— بۇ ئوق مىنكۈن مۇلايىمنىڭ ئوقى
ئىكەن ، ئۇ بۇنداق دەل چەنلەپ ئوق ئې-
تىشنى ئاتىسى مىنكۈن باتۇردىن ئۆگەنگەن ،
خان سەركەردە شۇنداق ۋەسىيەت قىلغان
بولسا ، كىمكى مىنكۈن مۇلايىمنىڭ بېشىنى
ئېلىپ كەلسە ، مەن شۇنى ئۇنىڭ ئورنىغا
خان سەركەردە قىلىمەن ، — دەپ جا-
كارلاپتۇ :

- يەتتە بادرات پادىشاھىنىڭ
لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر ئاددىي بادرات
لەشكەر بولۇپ ، ھىيلە - مىكىرگە يامان ،
قولىدىن كىشى ئويلىمىغان شۇملۇقلار كې-
لىدىغان بەدرەك ئىكەن . ئۇ يەتتە بادرات
پادىشاھلارنىڭ ئاتىسىنىڭ جاكارنامىسىنى
ئاڭلاپ ، مىنكۈن مۇلايىمنىڭ بېشىنى ئېلىپ
كېلىشنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىپتۇ .
ئىجازەت بېرىلگەندىن كېيىن ، ئوۋچىلاردەك
كىيىنىپ ، توزاقتىن ئۈچنى ئۆشنىسىگە
ئارتىپ مىنكۈن باتۇرنىڭ يۇرتى تەرەپكە
قاراپ مېڭىپتۇ .

ئەمدى مىنكۈن باتۇرنىڭ يۇرتىدىكى
ئىشلارغا كېلەيلى ، مۇلايىم باتۇر ئالا
تۆگىلىك خان سەركەردىنى ئېتىپ ،
ئېتىدىن غولتۇۋەتكەندىن كېيىن ، دەرھال
ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ :

— ۋاي ئانا ، ئاتام دۈشمەنلەر
تەرىپىدىن زەخملىنىپ غارقاننىڭ ① ئىچىگە
چۆكۈپ ياتىدۇ ، — دەپ خەۋەر قىپتۇ .

مىنكۈن باتۇرنىڭ ئانىسى شۇ ھامان
ئەرەنچە ياسىنىپ بىر ئاتقا مىنىپتۇ - دە ،
مىنكۈن باتۇرنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ . قارىغۇدەك
بولسا راستلا مىنكۈن باتۇر يارىلىنىپ بىھوش
ھالەتتە قانغا مىلىنىپ ياتقان . مىنكۈن
باتۇرنى ئۆزىنىڭ ئېتىغا ئارتىپ ئوردىغا ئې-
لىپ كەپتۇ ، ئوردا تۆۋىپلىرى پۈتۈن چارە -
ئامالىلارنى قىلىپ ئەملەپتۇ ، ئەھۋال
ياخشىلىققا تارتىپ ، مىنكۈن باتۇر تېزلا سا-
قىيىپ ئەسلىگە كەپتۇ .

بادراتلارنىڭ خان سەركەردىسى
ئۆلگەندىن كېيىن كۆزى يەتمەي ، قورقۇپ ،
بىر - بىرىنى دەسسىشىپ ، ئۆلۈشكە قارىماي
قېچىشقانىكەن . شۇنىڭ بىلەن يۇرت يەنە
بۇرۇنقىدەك تېنچ - ئامانلىشىپ ، خەلق خا-
تىرجەم بوپتۇ . كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئايلار
ئۆتۈپتۇ ، يىللارمۇ ئۆتۈپتۇ . شۇنداق خا-
تىرجەم كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇلايىم باتۇر
ئانىسىغا :

— ھەي ئانا، مەن شۇنچە جەڭلەرنى
كۆرۈپتىمەن ،خېلى ئىشلارنى قىلىپتىمەن ،
كۆپ جايلارغا بېرىپتىمەن . ئەمما ھازىرغىچە
ئوۋغا چىقىپ باقماپتىمەن . ئىجازەت
بەرسىڭىز نەۋكەرلەردىن بىر نەچچىنى ئې-
لىپ ئوۋغا چىقىپ كەلسەم ، — دەپتۇ .

مىنكۈن باتۇرنىڭ ئوغلىنى ئۇنداق
يىراقلارغا ماڭدۇرغىسى يوق ئىكەن .

① غارقان — قان دەرياسى .

لېكىن مۇلايىم باتۇرنىڭ قايتا ـ قايتا يېلىنىپ سورىغىنىغا چوڭراق بانا ـ سەۋەب كۆرسىتىپ بېرەلمەي هەم ئوغلىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدۋىتەلمەي ئىلاجىسىز ماقۇل بوپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئوغلىنىڭ ئۇۋغا چىقىشىنى كۆڭلى قىيمىغان هالدا مۇنداق نەسىهەت قىپتۇ:

— ئەي ئوغلۇم، بۇ قېتىم بارماي باشقا كۈنلىرى بارغان بولساڭ ياخشى بولاتتى. كۆڭلۈم هېچ قىيماۋاتىدۇ. خەير، بوپتۇ، ئۆزەڭگە هېزى بول، ئۇۋۇنىڭ خەتىرى كۆپ. مىنكۇن باتۇر ئوغلى مۇلايىمغا 40 نەۋكەرنى قوشۇپ، ئۇلارغا: ئەي نەۋكەرلەر، ئوغلۇم تېخى گۆدەك. كۆپىرەك كۆز ـ قۇلاق بولارسىلەر، چۈشكۈندە نۆۋەتلىشىپ ئۇخلاڭلار، ئوغلۇمنىڭ يېنىدىن ئايرىلماڭلار، كېچە ـ كۈندۈز مۇهاپىزەت قىلىڭلار. ساق ئاپىرىپ، ساق ـ ئامان ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ قايتا ـ قايتا تاپىلاپتۇ. نەۋكەرلەر مىنكۇن باتۇرغا ۋەدە بېرىپ، مۇلايىم باتۇرنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ مالىمان تېغىغا قاراپ ئۇۋغا مېڭىپتۇ.

ئۇلار مالىمان تېغىغا ئاز قالغاندا ئۇلارغا بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ يۈرگەن جەندە چاپانلىق بىر كىشى ئۇچراپتۇ. مىنكۇن مۇلايىمنىڭ ئۇ كىشىگە ئىچى ئاغرىپ، نەۋكەرلىرىگە هېلىقى غېرىپقا ئازراق مال ـ دۇنيا بېرىشنى تاپىلاپتۇ. مۇلايىم باتۇرنىڭ تاپىلىشى بويىچە نەۋكەرلەر ئۇنىڭغا ئاقچا، كۈمۈش ۋە ئوزۇقلۇق بېرىپتۇ. مۇلايىم باتۇر ئۇنىڭدىن:

— هەي دادا، سىز ياشىنىپ قاپسىز. بۇ هالىڭىز بىلەن ئادىمزاتمۇ يوق بۇ چۆل باياۋاندا نېمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— هەي باللىرىم، مەن ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق پاناهسىز، يالغۇز بىر يېتىم ئادەممەن. ئاتا ـ ئانام مەن كىچىك چېغىمدىلا ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. يۇرت ئىچىدە ياشىمىقىم تەس بولدى. شۇڭا چۆل ـ باياۋان ۋە جاڭگاللاردا ئوۋ قىلىپ رىسقىمنى تېپىپ يەپ جان ساقلاپ يۈرۈيمەن. قىلىدىغان ئىشىم تۇزاقچىلىق. تۇزىقىمغا بىر نەرسە دەسسە، تەلىيىم، ئۇنى يەپ جېنىمنى جان ئېتىمەن. بولمىسا ئاچ يۈرۈيمەن، — دەپتۇ تۇزاقچى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مۇلايىم باتۇر نەۋكەرلىرىگە دەپ يەنە خېلى جىق ئالتۇن ـ تىللا، نان ـ ئوزۇق بەرگۈزۈپ يولىغا راۋان بوپتۇ. تۇزاقچى شۇ يەردە قاپتۇ.

مۇلايىم باتۇرلار مالىمان تېغىغا بېرىپلا ئۇۋغا كىرىشىپ كېتىپتۇ. ئۆمرىدە ئۇۋغا تۇنجى چىقىپ باققان مۇلايىم باتۇر ئۇۋغا قىزىقىپلا كېتىپتۇ. كۈن پاتقىچە ئات چېپىشىپتۇ. بىر كۈن يول يۈرۈپ چارچىغىنىغا قارىماي ئۇۋ ئوۋلاپ ـ ئات يۈگۈرتۈپ تېخىمۇ چارچاپتۇ. ئوۋلىغان نەرسىلەرنى كاۋاپ قىلىپ يېيىشىپ، مىنكۇن باتۇرنىڭ تاپىلاشلىرىنى ئۇنتۇپ يېتىپلا ئۇيقۇغا غەرق بوپتۇ.

باشقا بىر يول بىلەن مالىمان تېغىغا كېلىپ بىر چوققىدا هەممىنى كۈزىتىپ تۇرغان تۇزاقچى بادرات ياخشى پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتمەي دەپ بىر دوملاپ توڭگۇزغا ئايلىنىپ مۇلايىم باتۇرلار چۈشكۈن قىلغان جايغا كەپتۇ. قارىسا مۇلايىمنىڭ ئۆزىمۇ 40 نەۋكىرىمۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن. ئۇ يەنە بىر دوملاپ ئەسلىگە كەپتۇ. ئۇ قوينىدىن سېهرلىك دورىسىنى قولىغا ئېلىپ هەر بىر نەۋكەرنىڭ بۇرنىغا يېقىن ئەكىلىپ بىردەم تۇتۇپ تۇرۇپتۇ. نەۋكەرلەر بىر ـ بىرلەپ مۇردىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ ئۇسۇل بىلەن 40 نەۋكەرنى تاشقا ئايلاندۇرۇپ بولۇپ، مۇلايىم باتۇرنىڭ قېشىغا كەپتۇ. ئۇنىڭ بۇرنىغا دورمەن هەم ئاز، هەم قىسقىلا پۇرىتىپ قويۇپ ئۇنىڭ يانلىرى-

نى ئاختۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ قويىندىن بىر ئەينەك چىقىپتۇ . بادرات ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن . قارىسا ئەينەكتە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ ، ئۇنى كارامەت خىسلەتلىك نەرسىكەن ، دەپ قويىنغا ساپتۇ . ئۇ ئەينەك مىنكۇن باتۇرنىڭ ئۈچ خىسلەتلىك نەرسىسىنىڭ بىرى - جاھاننەما ئەينەك ئىكەن . مۇلايىم باتۇر ئۇنى ئۇۋغا ئېلىۋالسام ، نەدە نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمەن ، دەپ مىنكۇن باتۇرغا دېمەي يوشۇرۇنچە ئېلىۋالغانىكەن . ئۇ جاھاننەما ئەينەك باشقىلارنىڭ قولىغا، بولۇپمۇيامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشسە . ئۆز خىسلىتىنى يوقىتىپ ، ئادەتتىكى ئەينەككە ئايلىنىپ قالىدىكەن . تۇزاقچى بادرات مۇلايىم باتۇرنىڭ يېنىدىن ئەينەكتىن باشقا نەرسە تاپالماپتۇ . تېز كېتىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرنىغا دورىسىدىن يەنە پۈرۈتۈپتۇ ، دورا تەسىر قىلىپ بولغىچە مۇلايىم باتۇرنىڭ بېشىنى كېسىۋاپتۇ . تېنى ئۇزاققا قالمايلا تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ . تۇزاقچى بادرات مۇلايىم باتۇرنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ يۇرتىغا راۋان بولۇپتۇ . ئۇ يۇرتىغا بېرىپلا هايالىشماي قىرى باش بادراتنىڭ ئالدىغا كىرىپ ، مىنكۇن مۇلايىمنىڭ بېشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ . ئاندىن ئۇنى قانداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى ، 40 نەۋكەرنى قېتىپ قويغىنىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئەمما ئەينەك توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماپتۇ . قىرى باش بادرات تۇزاقچى بادراتنى يەتتە شەھەرنىڭ يەتمىش مىڭ تۇغلۇق لەشكىرىگە خان سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپتۇ .

ئەمدى گەپنى مىنكۇن باتۇرلار تەرەپتىن ئاڭلايلى . مۇلايىم باتۇر ئۇۋغا چىقىپ كېتىپ ئۈچىنچى كۈنىدىن باشلاپ مىنكۇن باتۇر ئوغلىنىڭ يولىغا قارايدىغان بوپتۇ . ئارىدىن يەنە ئۈچ كۈن ئۆتۈپتۇ ، ئوغلى تەرەپتىن ھېچقانداق خەۋەر بولماپتۇ . شۇ كېچىسى مىنكۇن باتۇر ئوغلىنى ئويلاپ ئۇزاققىچە ئۇخلىماپتۇ ، ئاخىرى تۈن تەڭدىن ئۆتكەندە هاردۇق لەشكىرى قاپساپ كېلىپ كۆز قاپىقىنى يېپىپتۇ . مۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ : سىن - چىرايى بەكمۇ سەت بىر تۇزاقچى قىرى ئۈچ تۇزاقنى مۇرىسىگە ئارتىپ ، بىر خەنجەرنى يالىڭاچلىتىپ تۇتۇپ تۇرغان ، 40 نەۋكەر ئۆلۈك - تىرىكلىكىنى بىلگىلى بولمايدىغان غەلىتە هالەتتە ياتقان ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇلايىم باتۇر كۆرۈنمەسمىش . هېلىقى قىرى تۇزاقچى : مۇشۇ خەنجەرنى بىرلا سالسام ئۆلەتتىڭ . لېكىن ئاتاڭدىن قورقۇپ تۇرمەن ، دەۋاتقانمىش . بىردەمدىن كېيىن تۇزاقچى خەنجەرنى مىنكۇن باتۇرغا قارىتىپ شىلتىپتىكەن ، مىنكۇن باتۇر خەنجەردىن ئۆزىنى قاچۇرىمەن دەپ بىر سىلكىنىپلا ئويغىنىپ كېتىپتۇ . پۈتۈن بەدىنى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈپتۇ ، يۈرىكى ئېگىز - پەس سوقۇپتۇ ، كۆڭلى ئارامسىزلىنىپتۇ ، خىيالىغا ھەر خىل ئىشلار كېچىپتۇ . شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا يۇرتتىكى چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى ئوردىغا چاقىرتىپ ، كۆرگەن چۈشىنى بايان قىلىپ بېرىپتۇ . چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى خۇددى تىلى تۇتۇلۇپ قالغاندەك زۇۋان سۈرمەي يەرگە قارىشىپ ئولتۇرۇشقىدەك . مىنكۇن باتۇرنىڭ خاس نەۋكەرلىرى ئارىسىدا ھەرقانداق چۈشكە توغرا تەبىر ئېيتالايدىغان بىر نەۋكەر بار ئىكەن . شۇ نەۋكەر مىنكۇن باتۇرغا :

— مىنكۇن پادشاھ، چۇشلىرىگە مەن تەبىر بېرىپ باقسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مىنكۇن باتۇر ئۇ نەۋكەرنىڭ چۇشكە تەبىر بېرەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىكەن. باشقىلاردىن زۇۋان چىقمىغانىغا ئىچى تىت - تىت بولۇپ تۇرغان مىنكۇن باتۇر نەۋكەرگە ئىجازەت بېرىپتۇ.

— ئەي مىنكۇن پادشاھ، مۇلايىم باتۇر ھازىر مالىمان تېغىدا ئىكەن. تىرىكلىكىمەن ئۆلۈكلىكى ئىشەنچلىكرەك. دەرھال مالىمان تېغىغا بېرىپ مۇلايىم باتۇرنى تېپىۋالايلى، — دەپتۇ نەۋكەر، مىنكۇن باتۇر تەبىرچىلەردىن:

— نەۋكەرنىڭ تەبىرىگە نېمە دەيسىلەر؟ — دەپ سوراپتۇ.

— نەۋكەر توغرا تەبىر بەردى. بۇ شۇم تەبىرگە تىلىمىز بارماي جىم ئولتۇرىۋالغاندۇق، — دېيىشىپتۇ تەبىرچىلەر.

مىنكۇن باتۇر تەختتە تۇرۇپلا بىر نەرە تارتىپتىكەن، پۇتۇن يۇرت تەۋرەپ كېتىپتۇ، لەشكەرلەر تەق بوپتۇ. يۇرت ئىشىنى ئوڭ قول ۋەزىرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى مالىمان تېغىغا لەشكەر تارتىپ مېڭىپتۇ. بوران تىزلىكىدە يۇرۇپ مالىمان تېغىغا يېتىپ كېپتۇ. ئۇلار ئىككى تاغ ئارىسىدىكى جىلغىغا قارىغىدەك بولسا، 40 چەۋەنداز تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن ھالەتتە يېتىشقان. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇلايىم باتۇرنىڭ تاشقا ئايلانغان قېنى تۇرغىدەك. بېشى يوقمىش. مىنكۇن باتۇر ئاھ ئۇرۇپ ياقىسىنى يىرتىپتۇ. كۆز يېشى يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ، يىغلاپتۇ، يىغلاپتۇ، ئۇنى پۇتۇن خىرقىراپ قاپتۇ، تولا يىغلاپ، تولا ئاھ ئۇرۇپ ھالسىزلىنىپتۇ. ئوغلىنى كىمنىڭ ئۆلتۇرگەنلىكى، مۇلايىم باتۇرنىڭ بېشىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ جاھاننامە ئەينىكىنى ئالماققا قولىنى قوينىغا سالسا، قوينىدا جاھاننامە ئەينەك يوق. ئۇنىڭ نەگە كەتكەنلىكىگە زادىلا ئەقلى يەتمەپتۇ. ئۇنى مۇلايىم باتۇرنىڭ ئېلىۋالغانلىقى، ئاندىن توزاقچىنىڭ قولىغا چۇچۇپ كەتكەنلىكى مىنكۇن باتۇرنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەپتۇ. ئۇ ھامان ئوغلىنى كىمنىڭ ئۆلتۇرگەنلىكى توغرىسىدا ئويلاپتۇ. ئويلا - ئويلا مۇلايىم باتۇرنى ھېلىقى ئالا تۆگە مىنگەن سەركەردىنىڭ ئادىمى ئۆلتۇرگەن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن يەرگە كېپتۇ - دە، ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى يىغىپ:

— مەن ھېلىقى ئالا تۆگىلىك بادراتنىڭ يۇرتىغا ئاتلىنىمەن، ئوغلۇمنىڭ قىساسىنى ئالماي قويمايمەن. ئەگەر بىر ئايغىچە كېلىپ بولالمىسام مېنى شۇ يەردىن ئىزلەڭلار، — دەپ، پۇتۇن لاۋۇ - لەشكەرلىرىنى يىغىپ، قىلىچ، قالقان، نەيزە، توقماقلىرىنى تەل قىلىپ قىساس سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ. مىنكۇن باتۇر لەشكەرلىرىنى باشلاپ يولىنى مېڭىپ تۇرسۇن، بىز ئەمدى بادراتلار يۇرتىنىڭ باش خانىغا كېلەيلى.

توزاقچى بادرات مىنكۇن باتۇرنىڭ بېشىنى ئېلىپ بېرىپ خان سەركەردە بولغاندىن كېيىن، مىنكۇن باتۇرنىڭ چوقۇم ئوغلىنىڭ قىساسىنى ئالغىلى كېلىدىغانلىقىنى جەزىم قىپتۇ. لەشكەرلىرىنى يىغىپ يېرىمىنى شەھەرنى قوغداش ئۇچۇن شەھەر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، يېرىمىنى شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئورمانلىق ئىچىگە يوشۇرۇپتۇ. بادرات خان ئۆزىنىڭ

لەشكەرلىرى بىلەن مىنكۇن باتۇرنىڭ لەش-
كەرلىرىنىڭ ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرۇشى
ئۈچۈن لەشكەرلىرىگە باشتىن - ئاياغ قارا
كىيىم كەيدۈرۈپتۇ .

مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى
ئورمانلىقتىن ئۆتۈپ بولۇشىغىلا بادرات
لەشكەرلىرى قىقاس - چوقان بىلەن
ئورمانلىقتىن چىقىپ ، مىنكۇن باتۇرنىڭ
لەشكەرلىرىگە يوپۇرۇلۇپ كەپتۇ . مىنكۇن
باتۇر قارىغىدەك بولسا ، ئورمانلىقتىن بادرات
لەشكەرلىرى قارا قاغىدەك كېلىۋاتقان .
ئۇلارنىڭ كۆپلىكىدىن يەرنىڭ ئالقانچە يې-
رىمۇ كۆرۈنمەي قاپتۇ . مىنكۇن باتۇر
لەشكەرلىرىنى بادرات لەشكەرلىرى ئۈستىگە
ئېتىلىشقا پەرمان بېرىشكە تەييارلىنىپ
تۇرغاندا ، شەھەر تەرەپتىنمۇ بادرات لەش-
كەرلىرى يەرنىڭ يۈزىنى قاپلاپ قارا
چۈمۈلىدەك كېلىۋاتقىدەك . يەنە بىر پەستىن
كېيىن ئاسماندا قارا ياغاچ ئاتقا مىنگەن
لەشكەرلەر پەيدا بوپتۇ . ئۇلارمۇ باشتىن -
بوي قارا يوپۇق يېپىنىۋالغانىكەن . يەر يۈزى-
نىمۇ ، ئاسمانىنمۇ قارا كىيىملىك بادرات
لەشكەرلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ . ياۋنىڭ يەر-
دىكى لەشكەرلىرى شەھەر ۋە ئورمان
تەرەپتىن ئوقيالىرىدىن ئوق ئۈزسە ، ئاس-
ماندىكىلىرى ئاغزىدىن ئوت چىچىپتۇ .
مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى ئۈچ تەرەپ-
تىن ھۇجۇمغا ئۇچراپتۇ . مىنكۇن باتۇر
غەزەپكە كېلىپ شۇنداق بىر نەرە تارتىپ-
تۇكى ، قويۇن كەلگەندەك يەردىن توپا -
چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ، ياۋ لەشكەرلىرى
سەنتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ، بېشىدىكى قارا
قالپاقلىرى ئۇچۇپ كېتىپتۇ . ئاسماندىكىلە-
رىنىڭ ئوتى كەينىگە يېنىپ ، بىر قىسىم
بادرات لەشكىرىنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپتۇ .
مىنكۇن باتۇر ئىككىنچى بىر نەرە تارتىش
بىلەن پۈتۈن لەشكىرى بادرات لەشكىرىنىڭ
ئۈستىگە بوراندەك ئېتىلىپتۇ . مىنكۇن باتۇر
لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا مىسران قىلىچىنى
يەتتە غۇلاچ قىلىپ ، قەدەمدە بىر نەرە
تارتىپ مېڭىپتۇ . ئۇ ھەر بىر نەرە تارتقاندا
بادرات لەشكەرلىرىنىڭ يۈرىكى قېپىدىن
چىقىپ كەتكىدەك بوپتۇ . ئىككى تەرەپ
لەشكەرلىرى ئۆز ئارا چېپىشىپتۇ .
سانچىشىپتۇ ، ئوقيالىرىنى ئېتىشىپتۇ . جەڭ
مەيدانى بادرات لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى
بىلەن تولۇپتۇ . ئۆلۈكنىڭ تولىلىقىدىن
ئاتلارمۇ ئەركىن - ئازادە چاپالماي قاپتۇ .
بادرات تازىنىڭ لەشكەرلىرى بىرى ئۆلسە ،
ئونى پەيدا بولىۋاتقاندەك ئازلىماپتۇ . مىنكۇن
باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى ئۆلتۈرىۋېرىپتۇ .
جەڭ شۇ يوسۇندا 15 كۈن داۋام قىپتۇ .
قارىغىدەك بولسا مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەر-
لىرىنىڭمۇ تەڭدىن تولىسى ئۆلۈپتۇ . مىنكۇن
باتۇرنىڭ ئۆزى 15 كۈن ئىچىدە شۇنچە
نۇرغۇن دۈشمەننى جېنىدىن جۇدا قىلغان
بولسىمۇ ، دۈشمەنلەر ئازلىغاندەك قىلماپتۇ .
بادراتنىڭ شەھەر سېپىلىدىكى لەشكەرلىرى
مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە
سالغا ۋە ياغىچاقتا تاش ياغدۇرۇپ ئارام
بەرمەپتۇ . مىنكۇن باتۇرنىڭمۇ تۆت - بەش
يېرىگە تاش تېگىپتۇ . مۈرىسىنى ئوقيا ئوقى
زەخىملەندۈرۈپتۇ . بۇنىڭ بىلەن مىنكۇن
باتۇرنىڭ قەھرى تېخىمۇ تۇتۇپ ، ئوغلىنىڭ
قىساسىدا كۆزىگە قان تولۇپ ، بىر نەرە بى-
لەن تەڭ دۈشمەن ئۈستىگە قايتىدىن ئات
قويۇپ ، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا ئۈزۈپ كې-
تىپتۇ . باتۇر پادىشاھقا قاراپ لەشلەرلىرى
قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ ، ھەممىسى سۈر-
لۈك نەرە تارتىشىپ ياۋ ئۈستىگە ئات

قويۇشۇپتۇ. بۇ قېتىمقىسى شۇنداق بىر چەك بوپتۇكى، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىلىشىپلا كېتىپتۇ. قىلىچ، نەيزە ۋە توقماقتىن باشقا قوراللار ئىشلىمەپتۇ. مىنكۇن باتۇر «ئوغلۇمنى ئۆلتۈرگىنىڭ قايسىڭ!» دەپ ۋارقىراپ بادراتلارنى قىرغىنچە ئۇ چەتتىن بۇ چەتكە چېپىپ يۈرۈپتۇ. بىر بادرات ئېگىز بىر دەرەخ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئوقتەك چېپىپ يۈرگەن مىنكۇن باتۇرغا توققۇزى تەگمىسىمۇ بىرەرسى تېگىپ قالار دەپ ئوقياسىدىن ئوق ئۈزۈۋېرىپتۇ. دېگەندەك ئونىنچى ئوقى مىنكۇن باتۇرنىڭ ئېتىنىڭ كۆكسىگە تېگىپ، بوران تېزلىكىدە چېپىپ كېتىۋاتقان ئات ئالدىغا مۆدۈرۈلۈپ دومىلاپلا چۈشۈپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئاتنىڭ ئاستىدا قاپتۇ. ئاتنى نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپ قوپاي دېسىمۇ قوپالمىغۇدەك. جەڭ قىزىقىدا پۇتىنىڭ سۇنۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمەي قاپتۇ...

مىنكۇن باتۇر بادراتلار يۇرتىغا لەشكەر تارتىپ كېتىپ ساق 30 كۈن بولغاندا، مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ قايتىپ كەلمىگىنىدىن ئەنسىرەپ ئېگىز راۋاقتا چىقىپ ئەتراپقا قاراپتۇ. خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالىنىڭ كۆزى خاسىيەتلىكلىشىپ 7 كۈنلۈك يولنىڭ نېرىسىدىكى جەڭ مەيدانىنى ئەينەن كۆرۈپتۇ. دىققەت بىلەن قارىغىدەك بولسا، جەڭ مەيدانىدا ساپلا قارا كىيىملىك لەشكەرلەر، ئارىلاپ ئاندا ـ مۇندا ئۆزلىرىنىڭ لەشكەرلىرى دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان. ئەمما مىنكۇن باتۇر كۆرۈنمىگىدەك. ئەتراپنى ئوبدان كۆزەتكىدەك بولسا، مىنكۇن باتۇر بىر يەردە غەرق قان بولۇپ ياتقىدەك، يېقىنلا يەردە ئېتى ياتقىدەك. بۇنى كۆرگەن مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالى ئوردىدىكى خاس نەۋكەرلەردىن 100 چەۋەندازنى تاللاپ ئېلىپ، ئۆزى ئەرەنچە ياسىنىپ، ساۋۇت، دۇبۇلغا كىيىپ، دادىسىدىن قالغان قىلىچ، قالقانلىرىنى ئېلىپ، ئۇچار تۇلپارىغا مىنىپ، جەڭ بولۇۋاتقان جايغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. مىنكۇن باتۇرلار يەتتە كۈندە باسقان يولنى يېرىم كۈندىلا بېسىپ جەڭ ئۈستىگىلا كەپتۇ. 100 چەۋەندازنىڭ ئېلىشقاچ مۇھاپىزەت قىلىشىدا بادراتلارنىڭ سېپىنى بۇسۇپ ئۆتۈپ، مىنكۇن باتۇر ياتقان جايغا كەپتۇ. مىنكۇن باتۇرنى يەردىن ئىتتىكلا ئالدىغا ئېلىۋېلىپ توغرا قويۇپتۇ. ئاندىن چەۋەندازلىرىغا ئىشارە قىلىپ قويۇپ، جەڭگە كىرىشىپ كېتىپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ بۇرۇنقى لەشكەرلىرىگە باشقىدىن جان كىرىپتۇ. ئۇلار بىرلىشىپ شۇنداق جەڭ قىپتۇكى، ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشىپ بادراتلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلاپتۇ. بادراتلارنىڭ شەھىرىگە كىرىپتۇ. شەھەر خەلقى مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالىنى پادىشاھى لەشكەر ئىكەن دەپ، ئۇنىڭدىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلىشىپتۇ، ئەپۇ قىلىشنى سوراپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالى ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، بادرات خانىنىڭ ئوردىسىغا كىرسە، بادراتلارنىڭ دادىسى پادىشاھلىقنى مۇلايىم باتۇرنى ئۆلتۈرگەن ھېلىقى تۈزاقچى بادراتقا ئۆتكۈزۈپ بېرىۋاتقانىكەن. مىنكۇن باتۇرنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تىرىك تۇتۇپتۇ. ئوغلى مۇلايىم باتۇرنىڭ بېشىنىڭ نەدىلىكىنى سورىسا، ئۇنىڭ بېشىنى قىرىق قات تاملىق زىنداندا، قىرىق قات قەپەزگە سولاپ قويغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. چەۋەندازلارغا قولۇپنى چاقتۇرۇپ زىندانغا كىرسە، بىرەر

مىڭچە ئادەم « مىڭدىن ئۇ سىمىز ، مەن ھەممىدىن ئورۇق ، مىڭدىن ئۇ سىمىز ، مەن ھەممىدىن ئورۇق » دېيىشىپ ، ئۆزلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇشقىدەك . مىنكۈن باتۇرنىڭ ئايالى ئۇلار بىلەن كارى بولماي ئېسىقلىق قەپەزنى چۈشۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئىچىدىن مۇلايىم باتۇرنىڭ كاللىسنى چىقىرىپ پېشانىسگە سۆيۈپتۇ ، يىغلاپتۇ . ئاندىن كاللىنى باش چەۋەندازغا بىر نەرسىگە ئوراپ كۆتۈرۈۋېلىشنى تاپىلاپ قويۇپ ، زىنداندىكى كىشلەردىن گەپ سوراپتۇ .

— بىز ھېلىقى بادراتنىڭ پادشاھ بولۇشىغا قوشۇلمىغاندۇق ، زىندانغا سولاپ قويدى . توزاقچى بادراتنىڭ ئادەم گۆشى يەيدىغان بىر ئوغلى بار ئىدى . ئۇ ھەر كۈنى زىنداندىن بىر ئادەمنى ئېلىپ چىقىپ يەيدۇ . شۇڭا زىندان ئىشىكى ئېچىلغاندا « مىڭدىن ئۇ سىمىز ، مەن ھەممىدىن ئورۇق » دەپ ئۆزىمىزنى ئېلىپ قاچاتتۇق . سىز كىرگەندىمۇ شۇنداق دېيىشمىزنىڭ سەۋەبى شۇ ، — دەپتۇ .

مىنكۈن باتۇرنىڭ ئايالى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئازاد قىپتۇ . ئوردىغا قايتىپ كىرىپ بادرات باشلىقلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئوردىغا يىغىپتۇ . ئاندىن ئوردا ئالدىغا ئېلىپ چىقىپ يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا بىر ـ بىرلەپ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئۆزى ئاپتۇ . مۇلايىم باتۇرنىڭ بېشىنى كەسكەن بادراتنى قەپەزگە سولاپ دارغا ئېسىپ . ئاستىغا ئوتۇن دۆۋىلەپ ئوت يېقىپ كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ . ئۇنىڭ ئادەم گۆشى يەيدىغان بالىسنى جادىدا يەتتە پارچە قىلىپ توغرىۋېتىپتۇ . ئوردىسىنىڭ باش چەۋەندازىنى بادراتلار يۇرتىغا پادشاھ قىلىپ تەيىنلەپ ، ئۆزلىرى يۇرتىغا قايتىپتۇ . ئۇلار ئالدى بىلەن مالىمان تېغىغا كېلىپ مىنكۈن مۇلايىمنىڭ تېنىنى ئېلىپتۇ . يۇرتقا كېلىپلا مىنكۈن باتۇرنى جىددىي داۋالاپتۇ . مۇلايىم باتۇرنىڭ بېشىنى بويىنىغا تەگكۈزۈپ يېقىن قويۇپ تۇرۇپ 41 كېچە ـ كۈندۈز خۇدادىن ئوغلىغا جان تىلەپ ئىلتىجا قىپتۇ . خۇدا ئۇلارنىڭ ئىلتىماسىنى راۋا تاپقانمۇ ياكى باشقا بىر خىسلەت بارمۇ ، ئىشقىلىپ تەن بىلەن باش ئۆزىچىلا تۇتۇشۇپ ئەسلىدىكىدەك ھالەتكە كەپتۇ . مىنكۈن باتۇر بىلەن ئۇنىڭ ئايالى بۇ كارامەتكە خوش بولۇپ تۇرسا ، شۇ مەيدانغا غايىپتىنلا بىر ئاقساقال بوۋاي پەيدا بوپتۇ . بوۋاي مىنكۈن باتۇرغا قاراپ :

— ئەي مىنكۈن باتۇر ، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسلەر ؟ — دەپ سوراپتۇ .

مىنكۈن باتۇر بادرات تازلارنىڭ قىلمىشىنى ، ئوغلىغا قىلغان زىيانكەشلىكىنى ھەم ئۇلار بىلەن قىلىشقان جەڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئاخىرىدا ئوغلىنىڭ بىرەر ئېغىز ئارزۇ ـ ئارمانىنى ئاڭلىۋېلىش ئۈچۈن خۇدادىن ئوغلىغا جان ۋە زۇۋان تىلەۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ . ھېلىقى ئاقساقال بوۋاي :

— ئەي مىنكۈن باتۇر ، سەن بىلمەيسەن . ئوغلۇڭنىڭ ئۆمرى شۇنچىلىك ئىدى . ئۇنىڭ ئۇ دۇنياغا كېتەر ۋاقتى تولۇپ قالغان . ھەر قانچە يىغلاپ قاخشىساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ . شۇڭا ئوغلۇڭدىن رازى بولغىن ، ئوغلۇڭ بىلەن قىيامەت كۈنلىرى كۆرۈشكىن ، — دەپتۇ ـ دە ، مۇلايىم باتۇرنىڭ جانسىز تېنىنى بېشىدىن ئايىغىچە بىر سىيلاپ قويۇپلا كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . بوۋاي غايىپ بولۇپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جانسىز تەنگە جان كىرگەندەك بولۇپ ،

زۇۋانغا كەپتۇ .

— ئەي ئانا ، ئەي ئانا ، ماڭا جان تىلەپ بۇنچە ئاۋارە بولۇپ كۆتۈرۈپ يۈرمەڭلار . مىنىڭ ئەجىلىم توشۇپ قاپتۇ . مەندىن ئىككى دۇنيالىق رازى بولۇڭلار . سىڭلىم گۈلئايىممۇ رازى بول ، — دەپلا مۇلايىم باتۇرنىڭ زۇۋانى توختاپتۇ ، تىنىدىن جىنى چىقىپ كېتىپتۇ . مىنكۇن باتۇر ئوغلىنى يۇرت قائىدىسى بويىچە دەپنە قىپتۇ . ئۇزاققىچە ئوغلىنىڭ ھەسرىتىدە جىمغۇر بولۇپ يۈرۈپتۇ ، ئوۋ - شىكارغا چىقماپتۇ . يۇرتلارنى كەزمەپتۇ ، ئەمما ئەل - يۇرتنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئادىل سوراپتۇ .

مىنكۇن باتۇر بىر كۈنى يۇرت ئىچىنى ئارىلىغۇسى كېلىپ ئوردىسىدىن چىقىپتۇ ، كوچا - مەھەللىلەرنى ئارىلاپ كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ . ئاجىز - ئورۇقلار بىلەن پاراڭلىشىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن بەزى يۇرتلارنىڭ بۇ يەردىنمۇ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ . ئويلاپ كۆرسە راست ، مۇلايىم باتۇرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن باشقا يۇرتلارغا بېرىپ باقماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يۇرت كەزگۈسى كەپتۇ . ئوردا ئىشلىرىنى ئوڭ قول ۋەزىرىگە تاپشۇرۇپ قويۇپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ . بىر شەھەرگە يېقىنلاشقاندا يول بويىدىكى ئېتىزلىقتا سول پۇتىنىڭ تىزىنىڭ تۆۋىنى يوق بىر بوۋاينىڭ ھاسا بىلەن دىڭگاكلاپ يۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپتۇ . يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن رەھمى كەلگەنلىرى بوۋايغا ئىچ ئاغرىتىپ بىر نەرسە بەرگىدەك ، ئىنساۋى يوقلار بوۋايغا قاراپمۇ قويماي كېتىۋاتقىدەك . مىنكۇن باتۇرنىڭ بوۋايغا رەھمى كېلىپ ، ئۆزى بىلەن كېتىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپتۇ .

— ئۆزۈڭ كىم بولىسەن ؟ مېنى نېمىشقا ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئەكەتمەكچى بولدۇڭ ؟ مەن توكۇر ئادەم ، ساڭا ھېچنەرسە قىلىپ بېرەلمەيمەنغۇ ؟ — دەپتۇ مىنكۇن باتۇرغا بوۋاي .

بوۋاينىڭ گەپلىرى مىنكۇن باتۇرغا تېخىمۇ ياراپ كېتىپتۇ . بۇ راستىن ئاق كۆڭۈل ، ھالال ياشاشنى ئەۋزەل كۆرىدىغان ئادەمكەن ، دەپ ئويلاپ ، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلاپتۇ . بوۋاي :

— ۋاي ، ئۆزلىرى مىنكۇن باتۇر پادىشاھ بولامالا ، نام - ئاتاقلىرىنى كۆپ ئاڭلىغان ، سىلىدەك ئادىل ، رەھىمدىل پادىشاھ بىلەن كېتىشنى خالىمايدىغان ، مەن پاناھى يوق ، يالغۇز ، ئاجىز ئادەم ، — دەپتۇ .

مىنكۇن باتۇر توكۇر بوۋاينى بوش ئاتنىڭ بىرىگە مىندۈرۈپ ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەپتۇ . بىر مەھەل يۇرتلارنى ئارىلاپ يەنە يۇرتىغا قايتىپ كېپتۇ . بوۋايغا ئوردا بېغىنىڭ تېمىغا يانداپ ئۆيدىن بىرنى سالدۇرۇپ بېرىپ ، ئۇنى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ . ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ قويۇپتۇ .

بۇ توكۇر قېرى ئەسلىدە مىنكۇن باتۇرنىڭ سىر - ھېكمىتىنى تىڭتىڭلاش ئۈچۈن كەلگەن بادرات تاز ئىكەن . ئۇنىڭ بىر ئۈستىسى بولۇپ ، ئولتۇرسا - قوپسا پۇتۇن ئېسى - خىيالى مىنكۇن باتۇرنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇپ بىر قانچە يۇرتنى سوراش ئىكەن . ئۇخلىسىلا پادىشاھ بولۇپ چۈش كۆرىدىكەن . ئەمما مىنكۇن باتۇرنى قانداق يوقىتىشنىڭ ئامالىنى بىلمەيدىكەن ، ئۇنىڭدا قانداق سىر - ھېكمەت بارلىقىغا ئەقلى يەتمەيدىكەن . شۇڭا مىنكۇن باتۇر-

نىڭ سىرىنى بىلىپ كېلىشكە شاگىرتلىرى
ئىچىدىن ھىيلە ـ مىكىردە ھەممىدىن يامان ،
قولىدىن ھەر ـ ھەر ئىش كېلىدىغان ھېلىقى
شاگىرتىنى تاللاپ ئەۋەتمەكچى بوپتۇ .
باشقىلارنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق
ئۈچۈن سول پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ
تاشلاپتۇ ، ئەپسۇن بىلەن 60 ياشلىق بوۋايغا
ئايلاندۇرۇپتۇ . مىنكۇن باتۇرنىڭ يۇرت
كەزمەكچى بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ،
ھېلىقى بادرات شاگىرتىنى ئۇنىڭ ماڭىـ-
دىغان يولىغا ئەكىلىپ قويۇپ قويغانىكەن .
مىنكۇن باتۇر توكۇر « بوۋاي » غا
ئۆز پادىشاھلىقى تەۋەسىدە نەگە بېرىشنى
خالىسا ھېچكىمنىڭ توسقۇن بولماسلىقى ،
نىمە قىلىمەن دىسە ، نەگە كىرىمەن دىسە
يول بېرىش توغرىلىق قولىغا خەت پۈتۈپ
بېرىپ ، پادىشاھلىق مۆھۈرىنى بېسىپ
بېرىپتۇ .
« ياخشى ـ يامان ھەممە يەردە بار »
دەپ بىكار ئېيتىلمىغان . مىنكۇن باتۇر
كىچىكىدىنلا يامانلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ ،
خەلققە ياخشىلىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ ،
ئۇنىڭ نام ـ ئاتىقىغا ھەسەت قىلىدىغان ،
ئۇنى ئورنىغا ئىتتىرىۋېتىشنىڭ كويىدا
يۈرگەن تۈزكورلارمۇ يوق ئەمەس ئىكەن .
مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە بىر
قارا نىيەت نەۋكەر بولۇپ ، ئۇ ئەنە شۇنداق
خىياللاردا يۈرگەنلەردىن ئىكەن . دەل ئاشۇ
بەدنىيەت نەۋكەر ھېلىقى توكۇر بادراتقا
خاس خىزمەتچىلىككە بەلگىلىنىپ قاپتۇ .
نەۋكەر توكۇر « بوۋاي » نىڭ بەزى قىلىق
ھەرىكەتلىرىگە ئەجەپلىنىپ ھەيران قاپتۇ .
ئۇنىڭ ئۆزىدىن سوراشقا پېتىنالماي كۈنـ-
لەرنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىرىدە
قورسىقىغا جىن كىرىپ ، « بوۋاي » بىلەن
پاراڭلىشىپ بېقىش خىيالى بىلەن ئۇنىڭ
ئۆيىگە كىرمەكچى بولۇپ ئىشىك تۈۋىگە
كەلسە ، ئىشىك ئىچىدىن ھىم ئېتىكلىك
تۇرغىدەك . ئىشىك شاللىرىنىڭ ئاراشلىرىـ-
دىن قارىسا ، « بوۋاي » نىڭ غەلىتە بىر
نېمىلەرنى قىلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ
قاپتۇ . گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپ ، روجەكنىڭ
قەغىزىنى بارمىقى بىلەن نەملەپ تېشىپ قا-
رىغىدەك بولسا ، « بوۋاي » ئۆيىنىڭ
ئوتتۇرىسىغا نوكچا يېقىپ قويۇپ بىر كىـ-
تابنى ئوقۇپ ئولتۇرغىدەك . قولاق سالسا
«مىنكۇنىنىڭ كۈچىنىڭ سىرى نەدە ؟ ماڭا
مەدەت بەر ! » دەۋاتقىدەك . نەۋكەر ئىشىكنى
چېكىپتۇ . ئىشىك ھايالشمايلا ئېچىلىپتۇ .
«بوۋاي » قارىسا ئىشىكتە خىزمەتچى خادىم
تۇرغىدەك . « بوۋاي » گەپمۇ قىلماپلا ئۇنى
ئۆيگە كىرىشكە ئىشارەت قىپتۇ . نەۋكەر
ئۆيگە كىرىپلا ھەيرانلىق بىلەن ئۆينىڭ تۆت
تەرىپىگە قاراپ كېتىپتۇ . ئۇ تېخى ھېلىلا
كۆرگەن ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نوكچا
يوق ، كىتابمۇ يوقمىش . كىتابنى قوينىغا
تىقىۋالدىمىكىن دىسە ، « بوۋاي » كۆينەكچان
ئىكەن . بىرەر يەرگە يوشۇرۇپ قويدىمىكىن
ئىشىكنى چېكىشىگىلا ئىشىك ئېچىلغان ،
كىتابنى يوشۇرۇپ قويغىدەك ۋاقتىمۇ ئۆتـ-
مىگەن . نوكچا نەگە كەتتى ؟ نەۋكەر
ئويلاپتۇ ، ئويلاپتۇ ، ھېچنەرسىگە ئەقلى
يەتمەي ، بوۋايغا تىكىلىپ قاراپتۇ . «
بوۋاي » ئۇنىڭدىن :
— بىر ئىش بىلەن كىرگەنمىدىڭ ؟
— دەپ سوراپتۇ .
— مەن مىنكۇن باتۇرنىڭ كۈچـ-
نىڭ سىرىنى ئازراق بىلىمەن ، — دەپتۇ
نەۋكەر . « بوۋاي » نەۋكەرنىڭ گېپىگە قا-
رىتا باشقا گەپ قىلماي ئۇنىڭ كۆزىگە

تىكىلىپ ئۇزاق قارىغاندىن كېيىن ئۇ-
نىڭدىن :
— نېمە دەۋاتىسەن ؟ — دەپ
سوراپتۇ . نەۋكەر :
— ھېلى ئۆزىڭىز كىتابتىن مىنكۆن
باتۇرنىڭ كۈچىنىڭ سىرىنى سورىغان
ئىدىڭىز ، ئۇنىڭ سىرىنى مەن ئازراق بىلى-
مەن ، — دەپتۇ . « بوۋاينىڭ خىزمەتچى
خادىمىغا سىر بەرگۈسى كەلمەپتۇ ، ئۇنى
سىناپ باقماقچى بولۇپ :
— مەندە ھېچقانداق كىتاب يوق .
ئۆيگە قاراپ باق ، كىتاب قويغىدەك يەرمۇ
يوق . جۆيلىگەندەك گەپ قىلما ، — دەپتۇ .
نەۋكەر « بوۋاي » دا چوقۇم بىر كارامەت
بار ، ئۇنىڭدىن بىرەر كارامەت ئۆگىنىۋالغان
بولسام ، دېگەن خىيالغا كېلىپ بوۋايغا :
— مەن سىلىنىڭ نېمىنى ئويلاپ
يۈرگەنلىكلىرىنى بىلىمەن . مەنمۇ شۇنداق
پۇرسەتنى كۈتۈپ يۈرگەندىم . مېنى ئۆز-
لىرىگە شاگىرت شېرىك قىلىۋالسىلا سىلىگە
چوقۇم پايدام تېگىدۇ ، — دەپتۇ .
بۇ نەۋكەرنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق ئا-
دەملىكىنى بىلگەندىن كېيىن توكۇر بادرات
ئۆزىنى ئاشكارىلاپ مۇنداق دەپتۇ :
— مەن خېلى ئۇزۇندىن مىنكۆن
باتۇرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ
يۈرگەندىم . مىنكۆن باتۇر مېنىڭ كىملى-
كىمنى بىلمەي يۇرتىغا ئەكىلىپ ئوردىسىغا
يېقىن يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى تېخى .
مېنىڭ بادراتلىقتىن خەۋىرىم بار ، ئىككىمىز
شېرىكلىشەيلى .
نەۋكەر توكۇر « بوۋاي » نىڭ
قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن
كېيىن ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئۆز مەقسى-
تىگە يەتمەكچى بوپتۇ . بوۋايغا :
— بىز بىرلىشىپ مىنكۆننى
ئۆلتۈرەيلى ، ئورنىغا سەن پادىشاھ بول ، مەن
ئۇڭ قول ۋەزىرىڭ بولاي ، سەن ماڭا ھېك-
مەت ئۆگىتىپ يول كۆرسەت ، سەن نېمە
قىل دېسەڭ شۇنى قىلىمەن ، — دەپتۇ .
شۇنداق قىلىپ قارا نىيەت نەۋكەر بىلەن
توكۇر بادرات گېپىنى بىر قىلىپ مىنكۆن
باتۇرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپتۇ .
شۇنداق قىلىپ ئۇ ئىككىسى مىنكۆن
باتۇرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپتۇ .
كۈنلەر ئۆتۈپتۇ ، ئۇلار كۈتۈپتۇ . ئاخىرى
پەيتمۇ كەپتۇ . كۈنلەرنىڭ بىرىدە نىل دەر-
ياسىنىڭ بويىدىكى ئۆتۈكچى پادىشاھ
بالاغەتكە يەتكەن تۇنجى قىزىنى ئۆزىنى پا-
دىشاھ قىلىپ قويغان مىنكۆن باتۇرغا
تۇتماقچى بولۇپ مىنكۆن باتۇرنىڭ ئالدىغا
باشلاپ كەپتۇ . ئۇنىڭ قىزى جاھاندا ئاز
تېپىلىدىغان پەرى سۈپەت گۈزەل ئىكەن .
مىنكۆن باتۇر يەتتە كۈندۈز ، يەتتە كېچە
توي ئۆتكۈزۈپ پۈتۈن يۇرت خەلقىگە داس-
تىخان ساپىتۇ ، يۇرت جامائىتىنى توي
خۇشاللىقى قاپلاپتۇ . توي ئۆتۈپ يەتتىنچى
كۈنى ئۆتۈكچى پادىشاھ يۇرتىغا قايتماقچى
بوپتۇ . مىنكۆن باتۇر ئۇنىڭغا ئۇزىتىش زىيا-
پىتى ئۆتكۈزۈپتۇ . زىياپەتتە ھەممىسى
ئىچىشىپتۇ . بولۇپمۇ مىنكۆن باتۇر بىلەن
ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى كۆپرەك ئىچىپ
قويۇپتۇ . ھېلىقى قارا يۈز نەۋكەر بىلەن
توكۇر بادراتمۇ ئۇ زىياپەتكە قاتناشقانىكەن .
نەۋكەر بادراتنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە
مىنكۆن باتۇرغا مەي قۇيۇپ بەرمەكچى بو-
لۇپ ، باشقىلارنىڭ دىققىتى قىلمىغان
ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ مىنكۆن باتۇرنىڭ قا-
چىسىغا ئاستا تەسىر قىلىدىغان
بېھۇشلاندۇرۇش دورىسى سېلىۋېتىپتۇ .

مۇراسىمۇ تۈگەپتۇ. ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى غەرق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. كەچكە يېقىن ھېلىقى نەۋكەر ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى يىغىپ مەي قۇيۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. ئۇلار كۈندۈزدىكى مۇراسىمدا مەي ئىچمىگەنىكەن. شۇڭا مەينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىسىلا كەپتۇ. نەۋكەر يوغان كوپىلارنى ئەكېلىپ بىر باشتىن مەي قويۇپ بېرىپتۇ. مەي ئىچىدىغانلارمۇ تۈگەپتۇ. دەستلەپ مەي ئىچكەنلەردىن باشلاپ كەينى ـ كەينىدىن بىھوشلىنىپ يىقىلىپتۇ. شۇ ھامان بادرات بوۋاي يېتىپ كېلىپ نەۋكەرگە، سەن ئىشىكتە قاراپ تۇرغىن. مەن سېنى كىرىشكە بەلگە بېرىپ شاپىلاق ئۇرغاندا كىر، دەپ قويۇپ، ئۆزى مىنكۈن باتۇر ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپتۇ. تاشقىرىقى ئۆيدە ئادەم يوقمىش. ئىچكەركى ئۆينىڭ ئىشىكى ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىكەن. ئىشىكنى چېقىپ كىرىشنىڭ ئىلاجى بولماپتۇ. قارىسا مۈشۈك پاتقىدەك بىر تۆشۈك تۇرغىدەك. توكۇر بادرات بىر دوملاپلا مۈشۈككە ئايلىنىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ بادراتنىڭ 40 خىل ئۆزگىرەلەيدىغان كارامىتى بار ئىكەن. قارىسا مىنكۈن پادىشاھ بىلەن چوڭ خوتۇنى بىھوش ياتقان. بادرات يېنىدىن دورىسىنى ئېلىپ مىنكۈن باتۇر بىلەن خوتۇنىنىڭ بۇرنىغا يېقىن تۇتۇپ بىر پۈلەپتىكەن، مىنكۈن باتۇر بىلەن خوتۇنى قاتتىق بىر سىلكىنىپلا تاشقا ئايلىنىپ قاپتۇ. توكۇر بادرات شاپىلاقنى قاتتىق بىرنى ئۇرغانىكەن، نەۋكەر كىرىپتۇ. ئۇ قارىغىدەك بولسا مىنكۈن باتۇر بىلەن خوتۇنى تاشقا ئايلانغان. ئىككىسى مىنكۈن باتۇر بىلەن خوتۇنىنىڭ تاشقا ئايلانغان گەۋدىسىنى يەر ئاستىدىكى تاشلاندۇق نىكەم زاماندىكى قازناققا ئەكىرىپ قويۇپتۇ.

— تاڭ سەھەردە پۈتۈن يۇرت خەلقىغە مىنكۈن باتۇرنىڭ خوتۇنى بىلەن غايىپ بولۇپ كەتكىنىنى، يۇرتقا ئۆزۈمنىڭ پادىشاھ، سىنىڭ ئوڭ قول بولغانلىقىمىزنى جاكارلايمىز، — دەپتۇ توكۇر بادرات.

نەۋكەر:

— ئۇ ئىككىسىغۇ تاشقا ئايلىنىپ قالدى. ئەمدى مىنكۈن باتۇردىن قورقمايمىز. گۈلئايىم دېگەن قىزى باتۇرلۇقتا مىنكۈن باتۇردىن قېلىشمايدۇ. ئۇنى قانداق قىلىمىز، — دەپ سوراپتۇ.

توكۇر بادرات قىزنىڭ نەدە ياتىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. نەۋكەر ئۇنى گۈلئايىم ياتىدىغان ئۆيگە باشلاپ كىرىپتۇ. قارىسا قىز ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ ياتقان. بادرات توكۇر يېنىدىن دورىنى چىقىرىپ قىزنىڭ بۇرنىغا پۈراتماقچى بولغانىكەن، نەۋكەر:

— بۇنى تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتمەيلى، ئۇنى دەريادا ئېقىتىۋېتەيلى. تەلىيى بولسا ھايات قالار، تەلىيى بولمىسا پېشانىسىدىكى بولار، — دەپتۇ. ئۇ ئەسلىدە گۈلئايىمغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن، شۇڭا ئۇنىڭ تاشقا ئايلىنىپ كېتىشىنى خالىماپتۇ. ئىش نەۋكەرنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. گۈلئايىمنى بىھوش قىلىپ تۇلۇمنىڭ ئىچىگە سېلىپ دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى تاڭ ئېتىش بىلەن توكۇر بادرات بىلەن نەۋكەر كوچىلارغا جارچىلارنى ماڭدۇرۇپ، كېچە مىنكۈن باتۇر بىلەن خوتۇنىنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىنى، ئۇلار ئاسمانغا چىقىپ كېتىۋېتىپ ئورنىغا ئۆزۈمنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى

ئېيتقانلىقنى ئەلگە جاكارلاپتۇ. هېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق خەلق بىلەن ئوردا خادىملىرى مىنكۈن باتۇرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ كەتكىنىگە بىر نەرسە دېمىگەن بولسىمۇ، توكۇر بوۋاينىڭ پادىشاھ بولۇشىغا زادىلا ئۇنىماي قارشى تۇرۇپتۇ. ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنى ئۆز يېنىغا تارتىۋالغان بادرات بىلەن نەۋكەر بۇيرۇق بېرىپ ئۆزلىرىگە قارشى چىققانلارنى تۇتقۇزۇپ زىندانغا تاشلاۋېرىپتۇ، باشلامچىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئاپتۇ. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى گەپنى تۇلۇمغا يۆتكەيلى:

گۈلئايىمنى تاشلىۋەتكەن دەريا ئېقىپ بېرىپ مىنكۈن باتۇرنىڭ دادىسى — مىرزان پادىشاھنىڭ يۇرتىنى كېسىپ ئۆتىدىكەن. تۇلۇم دەريادا ئاقا ـ ئاقا مىرزان پادىشاھنىڭ يۇرتىغىچە كېلىپ قاپتۇ. بۇ چاغدا ئوندەك كىچىك باللار سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناۋاتقانىكەن. ئۇلار بىر چۆكۈپ، بىرلەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان بىر نەرسىنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ نېمىدۇ، دېيىشىپ يېقىن بېرىپ قارىسا تۇلۇم. ئۇلار تۇلۇمنى سۈزۈپ سۇدىن قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. كۆتۈرۈپ باقسا ئېغىر تۇرغىدەك. تۇلۇمنىڭ ئىچىدە نېمە باردۇ، دېيىشىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىگە قىزىقىپتۇ. تۇلۇمنى تەستە يېشىپ قارىغىدەك بولسا، پەرىزاتتەك بىر قىز يۇت ـ قولى باغلاقلىق، ئاغزىغا لاتا تىقىلغان هالدا بىهوش ياتقان. ئۇلار بۇ ئىشقا هەيران قاپتۇ. باللارنىڭ ئارىسىدا مىرزان پادىشاھنىڭ بىر نەۋرىسىمۇ بار ئىكەندۇق. ئۇلار قىزنىڭ پۇت ـ قولىنى يېشىپ، ئاغزىدىكى لاتىنى ئېلىۋېتىپتۇ. قىز تېخىچە هوشىغا كەلمەپتۇ. باللار قىزنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرۈپ مىرزان پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. نەۋرىسى ئەھۋالنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

مىرزان پادىشاھ ئۇ ئەھۋالغا هەيران قاپتۇ. ئوردىنىڭ تېۋىپىنى چاقىرتىپ كېلىشكە ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ. ئۇ ئادەم تېزلا قايتىپ كېلىپ ئوردا تېۋىپىنىڭ شەھىرى كۈسەنگە كەتكەنلىكىنى خەۋەر قىپتۇ. شۇئان تېۋىپىنى ئېلىپ كەلگىلى شەھىرى كۆسەنگە چاپار ماڭدۇرۇپتۇ. چاپار كەچكە قالمايلا ئوردا تېۋىپىنى باشلاپ كەپتۇ. تېۋىپ قىزنىڭ چىرايىغا، تىرناقلىرىغا قاراپتۇ، تومۇرىنى تۇتۇپتۇ.

— بالا دورا بىلەن هوشسىزلاندۇرۇلغان. كۈچلۈك دورا بىلەن هوشىغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ، مەن دورا ئەكىرەي، — دەپ تېۋىپ دوراخانىسىدىن دورا ئېلىپ چىقىپتۇ. قىزنىڭ بۇرنىغا تۇتۇپ قاتتىق پۈلەپتۇ. قىز ئازراق مىدىرلاپ كۆزىنى سەل ئېچىپتۇ. تېۋىپ قىزنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپ دورا ئىچىرىپتۇ. تېۋىپنىڭ ئۆتكۈر دورىسى قىزغا تەسىر قىلىپ قاتتىق بىر سىلكىنىپ هوشىغا كەپتۇ. قىز كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپىدا تۇرغانلارغا قاراپ:

— مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدىڭلار، دادامغا دەيمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ. ئوردا تېۋىپى پادىشاھقا قاراپ:

— قارىغاندا قىزغا ئۆتكۈر بىهوشلاندۇرۇش دورىسى ئىشلىتىپتۇ. بولمىسا مەن دورامنى بۇرنىغا پۈلىگەندىلا هوشىغا كېلەتتى. ئاغزىدىن ئىچىرسەممۇ خېلى هازادىن كېيىن هوشىغا كەلگىنىگە قارىغاندا، ئۇنداق بىهوشلاندۇرۇش دورىسى پەقەت بادرات تازلاردىلا بولىدۇ، — دەپتۇ.

مىرزان پادىشاھ تېۋىپنىڭ گېپىگە هەيران بولۇپ، قىزغا زەن سېلىپ قاراپتۇ.

قىز تېگى ـ تېگىدىن چىرايلىق ئىكەن. كېيىملىرىدىن بۇ قىزنىڭ خان ـ پادىشاھلار جەمەتىدىن ئىكەنلىكىنى، بادرات تازىنىڭ كىچىككىنە بىر قىزغا زىيانكەشلىك قىلىشىدا بىر گەپ بارلىقىنى ئويلاپ يېتىپتۇ. مىرزان پادىشاھ قىزدىن:

— قىزىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ ئاتا ـ ئانىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟ يۇرتىڭىز نەدە؟ سىز قانداق بولۇپ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟ دەپ سوراپتۇ ھەم قىزنىڭ بۇ يەرگە قانداق ئەھۋالدا ئېلىپ كېلىنگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— مەن مىنكۇن باتۇر پادىشاھنىڭ قىزى، ئانامنىڭ ئىسمى ئۇردۇ، مېنىڭ ئىسمىم گۇلئايىم، يۇرتىمىزنىڭ ئىسمى باغىرسۇ. سىلەر نېمە ئادەملەر؟ مېنى نېمىشقا بۇ يەرگە ئەكېلىپ قويدۇڭلار؟ — دەپ گۇلئايىم مىرزالا پادىشاھدىن سوراپتۇ.

مىرزان پادىشاھ قىزنىڭ ئاغزىدىن مىنكۇن دېگەن ئىسىمنى ئاڭلاپ قىزغا باشقىدىن زەن سېلىپ قاراپتۇ. قىزنىڭ كۆزى بىلەن پېشانىسىنىڭ كەڭلىكى ئوغلى مىنكۇن باتۇرنىڭكىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشاپ تۇرغىدەك. ئىسمىنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاپ قېلىشى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپتۇ. مىرزان پادىشاھ قىزنى باغرىغا بېسىپتۇ، «سىز ئوغلۇم مىنكۇننىڭ قىزىمۇ، مېنىڭ قىزىممۇ؟! ـ دەپ يىغلاپتۇ، ياش كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكۈلۈپ، قىزنىڭ ئېتەكلىرىنى ھۆل قىپتۇ. قىزغا ئۇنى نەۋرىسىنىڭ دەريادىن قانداق ھالەتتە سۇزۇۋالغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بېرىپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپتۇ. قىز ئۆز يۇرتى بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى پىيادە ئۈچ ئايلىق، ئاتلىق بىر ئايلىق يول ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەيرانلا قاپتۇ.

مىرزان پادىشاھ ئىككى قىزنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە يۇرت ـ يۇرتتىن توپلاپ يارامLIق 20 مىڭدىن لەشكەر تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىدىغان چاغدا مىنكۇن باتۇرنىڭ قىزى گۇلئايىم ئىككى ئاچام بىلەن بىرىپ بادراتلار بىلەن ئېلىشىمەن، ماڭا قىلغىنىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

مىرزان پادىشاھ نەۋرەم بالىلىقىدا قەغىشلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ:

— ئىككى ئاچىڭىز ئويۇنغىلى بارمايدۇ، جەڭ قىلغىلى، ياۋلار قولىدىن دادىڭىزنى قۇتۇلدۇرغىلى بارىدۇ، ـ دەپتۇ.

گۇلئايىم چوڭ دادىسىنىڭ ئۆزىنى كىچىك بالا كۆرۈۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، باشقا گەپ قىلىش ئورنىغا ئۆز كارامىتىنى بىر كۆرسىتىپ قويماقچى بوپتۇ ـ دە، بىر نەۋكەرنىڭ قولىدىن ئاتنى قىلىچنى ئېلىپ ئاتقا مىنىپتۇ، ئاتنى چاپتۇرۇپ تۇرۇپ قىلىچنى ئىككى يانغا چېپىپ قىلىچۋازلىق ئويۇنى قىپتۇ. گۇلئايىمنىڭ قىلىچ ئويىنىشىغا مەيداندا تۇرغانلار ھەيرانلا قاپتۇ. گۇلئايىم ئاتنى شامالدەك چاپتۇرۇپ كېلىپ مىرزان پادىشاھنىڭ ئالدىدا چىپپىدا توختىتىپ، چاققان ھەرىكەت بىلەن ئاتتىن چۈشۈپتۇ. ئاندىن مىرزان پادىشاھقا:

— مېنى كىچىك بالا كۆرمەي، ئىككى ئاچام بىلەن بىرىشقا رۇخسەت قىلسىلا، ـ دپ تۇرۇۋاپتۇ، مىرزان پادىشاھنىڭ ماقۇل تاپماسلىقىغا ئىلاجى بولماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مىرزان پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى ۋە نەۋرىسى گۇلئايىملار 60 مىڭ لەشكەرنى باشلاپ مىنكۇن باتۇرنىڭ يۇرتى باغىرسۇغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ. كېچە ـ كۈندۈز

ئارام ئالماي مېڭىپ يەتتىنچى كۈنى مىنكۆن باتۇرنىڭ شەھىرىگە كەپتۇ .

بادرات بىلەن نەۋكەر بىرى پادىشاھ ، بىرى ۋەزىر بولۇشۇپ يۇرتقا زۇلۇم سېپتۇ ، يۇرتنىڭ ئاۋاتلىقى تۈگەپ ، خەلق زار – زار قاخشاپتۇ . بادرات بىلەن نەۋكەر مىنكۆن باتۇرنىڭ باشقا شەھەرلەردىكى يېقىنلىرىنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ، شەھەر سىرتىغا ھەر خىل توساقلارنى قۇرۇپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن لەشكەر يوشۇرۇپ قويۇپتۇ . مىرزان پادىشاھنىڭ ئىككى قىزى كېلىشى ھامان بادرات بىلەن نەۋكەر لەشكەرلىرىنى جەڭگە بۇيرۇپتۇ . لېكىن بۇ لەشكەرلەر ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماپتۇ . بادراتنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئەتراپىدىكى خاس لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇپتۇ . بۇلارغا روبىرو تۇرغان مىرزان پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى جەڭگە ئاتلىنىپ بولغىچە مۆكتۈرمىدىكى لەشكەرلەر تەرەپ – تەرەپتىن نەرە تارتىشىپ جەڭگە ئاتلىنىپ چىقىپتۇ ، بۇ لەشكەرلەر بادراتنىڭ پادىشاھ بولغىنىغا قوشۇلماي ، ئۇنى ئاغدۇرۇۋېتىشنىڭ پەيتىنى كۈتۈپ يۈرگەنىكەن . بادراتنىڭ لەشكەرلىرى ئۆزئارا سوقۇشۇپ كېتىپتۇ ، مىرزان پادىشاھنىڭ قىزلىرى لەشكەرلىرىنى جەڭگە ئاتلاندۇرۇش – ئاتلاندۇرماسلىقنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قاپتۇ . بادراتقا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئارىسىدىن بىر لەشكەر باشلىقى ئۈچ قىزنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

– سىلەر نېمە ئادەملەر ؟ نەدىن كەلدىڭلار ؟ – دەپ سوراپتۇ .

ئىككى قىز ئۆزلىرىنىڭ مىنكۆن باتۇرنىڭ سىڭىللىرى ئىكەنلىكىنى ، گۈلئايىمنى كۆرسىتىپ ، ئۇنىڭ مىنكۆن باتۇرنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاكىسىنىڭ ئىز – دېرىكىنى قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ ، لەشكەر باشلىقى :

– مىنكۆن باتۇر پادىشاھ بىزگە سىلەردەك سىڭىللىرى بارلىقىنى ئېيتمىغان ، سىلەر راست گەپ قىلمىدىڭلار . سىلەر زادى نېمە ئادەملەر ؟ – دەپ قايتا سوراپتۇ . مىرزان پادىشاھنىڭ چوڭ قىزى :

– ماۋۇ قىزنى تونۇمسەن ؟ – دەپ گۈلئايىمنى كۆرسىتىپتۇ . بۇ چاغدا گۈلئايىم جەڭ باش كىيىمى بىلەن يۈزىنى يېپىپ تۇرغان ئۈنچە – مەرۋايىت تورنى ئېلىۋېتىپتىكەن ، لەشكەر باشلىقى بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋاپتۇ .

– بۇ مىنكۆن پادىشاھنىڭ قىزى گۈلئايىمغۇ ، ئۇنى ئاتا – ئانىسى بىلەن بىللە ئاسمانغا چىقىپ كەتتى دېگەنىدىغۇ ! – دەپتۇ .

مىرزان پادىشاھنىڭ چوڭ قىزى گۈلئايىمنىڭ دەريادا ئېقىپ بېرىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ ، لەشكەر باشلىقىغا ئەھۋال ئېنىق بوپتۇ . بادرات مىنكۆن بىرلىشىپ بادراتنىڭ خاس لەشكەرلىرىنى تېزلا بىر تەرەپ قىلىپ بوپتۇ ، بادرات بىلەن خائىن نەۋكەرنى تىرىك تۇتۇپتۇ ، بادرات ئۇلاردىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ . قىزلار : ئەگەر ئاكىسىنى تېپىپ بەرسە جېنىنى ئامان قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ ، بادرات ئۇلارنى ئوردىغا باشلاپ كىرىپ يەر ئاستى ئۆيىدىكى مىنكۆن باتۇرنى كۆرسىتىپتۇ ، قارىسا ئاكىسى تاش ھالىتىدا ياتقان .

– ئاكىمىزنى نېمە قىلدىڭ ؟ ئەسلىگە كەلتۈر ! بولمىسا ... دەپ ھەر ئىككى قىز بادراتقا قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈپتۇ . بادرات قورقۇپتۇ . قويىنىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈش

دورىسىنى چىقىرىپ ، مىنكۇن باتۇر بىلەن
خوتۇنىنىڭ ئۇستىگە چىچىپتۇ . ئۇلار
ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلاپتۇ .
مىنكۇن باتۇر كۆزىنى ئاچسا ئالدىدا ئۆزى
تونۇمايدىغان ئىككى قىز تۇرغان .
ئۇلاردىن :

ـ سىلەر كىملەر ؟ بۇ قەيەر ؟ دەپ
سوراپتۇ .

مىنكۇن باتۇرنىڭ سىڭىللىرى
ئۇنىڭغا ئۆتكەن ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر
سۆزلەپ بېرىپتۇ .

ـ مەن بۇنى ئاجىز ، بىچارەئىكەن ،
دەپ ياخشىلىق قىلغانىدىم ، ياخشىلىقىمغا
قايتۇرغىنى شۇ بوپتۇ ، ئېلىپ چىقىپ
بېشىنى ئېلىڭلار ! ـ دەپ پەرمان بېرىپتۇ .

ـ بۇ بادراتقا سىزنى تېپىپ بەرسە
ئۆلتۇرمەسلىككە ۋەدە بەرگەنىدۇق ،
ۋەدىمىزنى يەردە قويمىسىڭىز ، يالغانچى بو-
لۇپ قالمىساق . سىزگە يۈزسىزلىك قىلىپ
ھەممە سىرنى بادراتقا ئېيتىپ بەرگەن نەۋ-
كەر ئۆلۈمگە لايىق ، ـ دەپتۇ قىزلار .

يۈزسىزلەرگە ئىبرەت بولسۇن دەپ
نەۋكەرنى دارغا ئېسىپتۇ ، بادراتنى شەھەر
ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىپ ، شەھەردىن
قوغلاپ چىقىرىپتۇ .

مىنكۇن باتۇرنىڭ سىڭىللىرى بۇ
يەردە ئون كۈندەك تۇرۇپتۇ ، مىنكۇن باتۇر
ئۇلارغا بېشىدىن كەچكەنلىرىنىڭ ھەممى-
سىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . سىڭىللىرىنى
ئۇبدان كۈتۈپتۇ . ئون بىرىنچى كۈنى سى-
ڭىللىرى كەتمەكچى بوپتۇ ، مىنكۇن باتۇر
ئۇلارغا ھەمراھ قوشۇپ يۇرتىغا بارغىچە
قوغداپ ئۇزىتىپ مېڭىشنى تاپىلاپتۇ .
شۇنىڭدىن كېيىن دادا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت ئەسلىگە كېلىپ ، بېرىپ ـ كې-
لىش قويۇقلىشىپتۇ .

كۈنلەر ئۆتۈپ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە
مىنكۇن باتۇرنىڭ كۆڭلى ئوۋ سېغىنىپ
قاپتۇ . ئۇ ھەر قېتىم ئوۋغا بارسا پەقەت ئۈچ
كۈنلا ئوۋلايدىكەن ، تۆتىنچى كۈنى يانى-
دىكەن . مىنكۇن باتۇرنىڭ باقىل سەيدەك
ئىسىملىك بىر باتۇرى بار ئىكەن ، مىنكۇن
باتۇر شۇ باتۇرىغا :

ـ ھەي باقىل سەيدەك ، مەن ئوۋدىن
قايتىپ كەلگىچە 20 داشقا گۆش سېلىپ ، 10
داشتا چاي قاينىتىپ ، 40 داشتا پولۇ دۈملەپ
تەييار قىلىپ تۇرغىن ، ناۋادا ئوۋدىن غەنى-
مەتسىز قايتساق يەرمىز ، ـ دەپ 3 مىڭ
لەشكەرنى ئېلىپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ ،
ئۇلار ئوۋغا كېتىپ تۆتىنچى كۈنى باقىل
سەيدەك مىنكۇن باتۇرنىڭ تاپىلىغىنىدەك 20
داشقا گۆش سېلىپ ، 40 قازانغا پولۇ دۈم-
لەپ ، 10 داشتا چاي قاينىتىپ تەييار بولۇپ
تۇرۇپتۇ . بىر ۋاقىتتا تۇيۇقسىزدىنلا جالدۇر
ـ جۇلدۇر ، قاراس ـ قۇرۇس قىلغان ئاۋاز
ئاڭلىنىپتۇ ، باقىل سەيدەك ھەم ئۇنىڭ ئا-
دەملىرى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىسا ئۆزى
بىر غېرىش ، ساقىلى ئون غېرىش بىر پەتەك
كېلىۋاتقىدەك ، ئۇنىڭ ساقىلىنىڭ بىر تال
تۈكىدە ئوندەك غەلىتە قىياپەت چىرايدىكى
مەخلۇقلار مايمۇندەك ئېسىلىپ ئويناپ تۇر-
غىدەك ، پەتەك بىر ئۆچكىگە مىنىۋالغانمىش .
ئۆچكىنىڭ ھەر بىر تال تۈكىگە بىردىن
قوڭغۇراق ئېسىلغان بولۇپ ، جاراڭلاپ
تۇرغىدەك ، پەتەك باقىل سەيدەكلەرنىڭ
يېنىغا كېلىپ ئۆچكىسىدىن چۈشۈپتۇ . ئۇ-
دۇللاپ داشقازاننىڭ قېشىغا بېرىپ ئالدى
بىلەن 40 داشتىكى پولۇنى يەپ تۈگىتىپتۇ ،
ئاندىن بەش داشتىكى چاينى ئىچىۋېتىپ ،
كەينىدىنلا ئون داشتىكى گۆشنى يەپتۇ ،

قالغان ئون داشتىكى گۆشنى ساقلىدىكى
مەخلۇقلارغا تارقىتىپ بېرىپتۇ . گۆشنىڭ
ئۇستىخانلىرىنى قازانغا سېلىپ قويۇپتۇ ،
باقىل سەيدەكنى بىر شاپىلاق ئۇرۇپ ئىگى-
كىنى چىقىرىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەم
ئادەملىرىنى ئۇنىدەك بىر نەرسىنى پۇلەپ
چىچىپ مەس قىلىۋېتىپ يولىغا كېتىپتۇ .

مىنكۇن باتۇر لەشكەرلىرى بىلەن
ئوۋدىن قايتىپ كەلسە ، باقىل سەيدەك ھەم
ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى بىھوش
ياتقان ، ئۇلارغا دورا ئىچىرىپ ھوشىغا كەل-
تۈرۈپ نېمە بولغانلىقىنى سوراپتۇ . باقىل
سەيدەك بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللارنى قالدۇر-
ماي سۆزلەپ بېرىپتۇ ، بۇ ئىشلارغا مىنكۇن
باتۇر ھەيران قاپتۇ . بۇيى بىر غېرىچ كېلى-
دىغان بىر پەتەك شۇنچىۋالا نەرسىنى يەپ
بولامدۇ ؟ دەپ ئويلاپتۇ . بىر ئويلىسا ئادەم-
نىڭ زادى ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك . بۇ
ئىشنى يەنە بىر سىناپ كۆرۈپ بېقىش ئۈ-
چۈن ئەتىسى ئالما نەۋكەر دەپ ئاتىلىدىغان
يەنە بىر پالۋاننى قالدۇرۇپتۇ . ئۇنىڭغا ئۆز-
نىڭ خاسىيەتلىك مىسران قىلىچىنى بېرىپ :

— ھەي پالۋىنىم ، بۈگۈن سەن
قالسەن ، ئۇ مەخلۇق يەنە كەلسە ، ئۇ ئۆچ-
كىسىدىن چۈشۈپ بولغىچە مۇشۇ قىلىچ
بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ، دەرھال
ماڭا چاپار ماڭدۇر ، — دەپ تاپىلاپتۇ .

ئالما نەۋكەر باقىل سەيدەككە
قارىغاندا خېلىلا قاۋۇل ئىكەن . مىنكۇن با-
تۇر ئوۋغا كېتىپ 4 — كۈنى باقىل
سەيدەككە ئوخشاش 20 داشقا گۆش سې-
لىپ ، 40 داشقا پولۇ دۈملەپ ، ئون داشتا
چاي قاينىتىپ تۇرسا ، گۈلدۈر — قاراس ،
جالدۇر — جۇلدۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ .
ئالما نەۋكەر قارىغىدەك بولسا ، باقىل سەي-
دەك ئېيتقاندەك ئۆزى بىر غېرىش ، ساقىلى
ئون غېرىش بىر پەتەك ھەر بىر تال تۈكىدە
ئاجايىپ بىر خىل مەخلۇقلار ئېسىلىپ
ئويناۋاتقان بىر ئۆچكىگە مىنىپ كېلىۋاتقان ،
ئالما نەۋكەر ئېسىنى يىغىپ بولغىچە پەتەك
ئۆچكىدىن چۈشۈپ پولۇ دۈملەپ قويۇلغان
داشقازاننىڭ قېشىغا كەپتۇ ، ئالما نەۋكەر :

— ھەي پەتەك ، سەن قانداق مەخ-
لۇق ، نېمە قىلماقچىسەن ؟ بېشىڭنىڭ
كېتىشىدىن قورقمىساڭ ، ياخشىلىقچە يو-
لۇڭغا ماڭ ، بۇ يەردىن يوقال ! — دەپ
ۋارقىراپتۇ .

ھېلىقى پەتەك ئالما نەۋكەرنىڭ گې-
پىنى ئاڭلىمىغاندەك ، ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ
كاچىتىغا بىرنى سايتىكەن ، ئالما نەۋكەر
دۆڭنىڭ ئارقىسىغا قاڭقىپ كېتىپتۇ . ئالما
نەۋكەرنىڭ ھەمراھلىرى قورققىنىچە ئورنى-
دىن مىدىرلىماي تۇرۇشۇپتۇ . پەتەك پولۇ ،
گۆشنىڭ ھەممىسىنى يەپ ، ئۇستىخانلارنى
ئىككى قازانغا سېلىپ قويۇپ ، چاينىڭ
ھەممىسىنى ئىچىپ ، مىنكۇن باتۇرنىڭ
مىسران قىلىچىنى ئېلىپ كېتىپتۇ .

ئوۋنىڭ تۆتىنچى كۈنى كەچكە
يېقىن مىنكۇن باتۇر 3 مىڭ لەشكەرلىرىنى
باشلاپ چۈشكۈنىگە كەلسە ، داشقازانلار
قۇرۇق تۇرغىدەك . ئالما نەۋكەرنى چاقىرسا
ئۆزى كېلىش تۈگۈل ھە دېگەن ئاۋازىمۇ
ئاڭلانمىغىدەك . ھەمراھلىرىدىن سورىسا ،
ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرىپتۇ . بىر چاغدا ئالما
نەۋكەرمۇ دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن كەپتۇ ، ئۇمۇ
كۆرگەن ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ . ھەممىدىن مىسران قىلىچىنى ئېلىپ
كەتكىنى مىنكۇن باتۇرغا بەك ئېغىر كەپتۇ .
دەرھال يۇرتقا قايتىپ پەتەكنى ئىزدەپ
تېپىشنىڭ يولىنى قىلماقچى بوپتۇ .

مىنكۇن باتۇر يۇرتقا كېلىپ پە-
تەكنى بىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ماكانى
توغرۇلۇق ئاڭلىغانلارنى سۈرۈشتە قىپتۇ، ئۇ
تۇغرۇلۇق دوقمۇش — دوقمۇشقا ئېلان چاپ-
لىتىپتۇ، مىنكۇن باتۇرنىڭ شەھرىدە
يېشىنى ياشىغان، كۆپ ئىشتىن خەۋىرى بار
بىر بوۋاي بار ئىكەن. ئۇ بوۋاي مىنكۇن با-
تۇرنىڭ ئېلانى توغرىلىق كىشىلەر ئاغزىدىن
ئاڭلاپ ئوردىغا كېلىپ، مىنكۇن باتۇرغا
ئۆزى بىر غېرىش، ساقىلى ئون غېرىش بىر
يالماۋۇز پەتەكنىڭ تۇمىدان دەپ
ئاتىلىدىغان تاغدىكى بىر ئۆڭكۈردە ياشاي-
دىغانلىقىنى، ئۇ تاغنىڭ مۇشۇ يۇرتنىڭ
تۆۋەن تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بې-
رىپتۇ. مىنكۇن باتۇر خىل لەشكەردىن 7
مىڭ كىشىلىك توپ تەييارلاپ ئۇلارنى قى-
لىچ، نەيزە، گۇرزە — قالقانلار بىلەن
قوراللاندۇرۇپتۇ، ساۋۇت كەيدۈرۈپتۇ.
ھەممە تەييارلىقىنى تەق قىلىپ يولغا
چىقىپتۇ. ئۇچرىغانلاردىن سوراپ يۈرۈپ
بىر ئاي يول يۈرۈپتۇق دېگەن كۈندە
تۇمىدان تېغىغا يېتىپ كەپتۇ. قارىغىدەك
بولسا تاغ بويىلىرىدا كىچىك كىچىك بىر
خىل مەخلۇقلار مىغ — مىغ يۈرگىدەك.
ئۇلارمۇ قىلىچ، نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان
بولۇپ، قىلىچ، نەيزىلىرى ئۆزۈنمىش.
ئىككى ئوتتۇرىدا جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ،
بىر مىسران قىلىچنى دەپ يەتتە يىل يەتتە
ئاي، يەتتە كۈن جەڭ بوپتۇ. مىنكۇن
باتۇرنىڭ بەش مىڭ لەشكىرى قىرىلىپ،
ئىككى مىڭلا ئادىمى قاپتۇ، پەتەكنىڭ بولسا
ئادىمى كەمەيگەندەك قىلماپتۇ. پەتەكنىڭ
ئۆزى تۇمىدان تېغىنىڭ ئۈستىگە
چىقىۋېلىپ مىسران قىلىچنى ئۇيان بۇ يانغا
شىلتىپ مەخلۇقلىرىغا جەڭ يوللىرىنى
كۆرسىتىپ بېرىۋاتقىدەك. مىنكۇن باتۇر
ئادەمنى ئاز ئېلىپ كەلگىنىنى ئويلاپ قايتىپ
كېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم 15 مىڭ لەشكەر
باشلاپ كەپتۇ. بۇ قېتىممۇ پەتەكنى قولغا
چۈشۈرەلمەي قايتىپ كېتىپتۇ، 3 — قېتىمدا
30 مىڭ لەشكەر بىلەن كەپتۇ، بۇ قېتىمدا
قانداق بولغانلىقىنى مىنكۇن باتۇرمۇ ئۇقمايلا
قاپتۇ، يەتتە كۈنلۈك جەڭدە ئۇنىڭ بىرەر
لەشكىرىمۇ ئۆلمەپتۇ. پەتەكنىڭ
مەخلۇقلىرى مىنكۇن باتۇرنىڭ لەشكەرلىرى-
نىڭ ئاتلىرىنىڭ ئاستىدا دەسسىلىپ تەگدىن
تولىسى ئۆلۈپتۇ، قالغانلىرى غارغا قاچىمىز
دەپ غار ئاغزىغا قاپسىلىپ قاپتۇ، پەتەك
ئىشىنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلىپ تاغدىن
چۈشۈپ غارغا كىرىپ كەتمەكچى بوپتۇ،
ئەمما غار ئاغزىدا ئۆزىنىڭ نەچچە مىڭ
پەتەكلىرى قاپسىلىپ تۇرۇۋالغاچقا، قاچالماي
قاپتۇ، مىنكۇن باتۇر ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۇ-
چۇن ئات قويۇپتۇ. پەتەككە يېقىنلىشىپ
كەلگەندە 8 پۇتلۇق، تۆت كۆزى بار ئاجا-
يىپ يوغان غەلىتە، قورقۇنچلۇق بىر ھايۋان
مىنكۇن باتۇرنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ، ئۇ
ھايۋان شۇنداق غەلىتە سەت ئىكەنكى،
يۈزلىرى پۈتۈنلەي يۇڭلۇق، بويۇن يايلى
سۆرۈلۈپ تۇرغان، پۇتىنىڭ ھەر بىر
بارمىقى ئادەمنىڭ بېلىدەك ئىكەن، بىر قېتىم
تىنىندىغان بولسا، ئۈچ كۈنلۈك يەردىكى
نەرسىنى ئىچىگە دەم تارتىپ — يۇر كۆپ
تۇرىدىكەن، پەتەك كېلىپلا شۇ ھايۋانغا مى-
نىپتۇ — دە، قېچىپتۇ، مىنكۇن باتۇر
ئارقىسىدىن قوغلاپتۇ، پەتەك قاچا — قاچا
بىر تاغنىڭ جىلغىسىغا كەلگەندە ھېلىقى
ھايۋاندىن سەكرەپ چۈشۈپ پىيادە قېچىپ-
تۇ، مىنكۇن باتۇرمۇ ئۆزىنى مەردلىككە
ئېلىپ ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە قوغلاپتۇ.

پەتەك تاشتىن تاشقا لىك ـ لىك سەكرەپ قېچىپ تاغنىڭ قاپ بېلىگە چىقىپتۇ، منكوْن باتۇر قاراپ تۇرسا پەتەك تاغنىڭ ئادەمنىڭ كۆزىچىلىك بىر تۆشۈكىگە كىرىپ كېتىپتۇ، ھېلىقى ھايۋانمۇ بىر يەرنى كولىغاندەك بوپتۇ. ئۇ يەردىن يوغان بىر تۆشۈك كۆرۈنۈپتۇ. سەككىز پۇتلۇق، تۆت كۆزلۈك ھايۋان تۆشۈككە كىرىپ تۆشۈك ئېتىلىپ قاپتۇ، منكوْن باتۇر پەتەك كىرىپ كەتكەن تۆشۈككە كىرەي دېسە پاتماپتۇ، قايتىپ كېتەي دېسە، مىسران قىلىچى پەتەكتە، غايىپ بوۋاي مىسران قىلىچ خاسىيەتلىك، قولدىن چىقىرىۋەتمە، دەپ تاپىلاپتىكەن. منكوْن باتۇر ئادەملىرىگە تاغنى يۇنۇپ تۆشۈكنى چوڭايتىشنى بۇيرۇپتۇ، يۇنا ـ يۇنا تۆشۈكمۇ يوغىناپتۇ، قارىغىدەك بولسا تېگىگە كۆز يەتمەس غار ئىكەن، ئالدى بىلەن بىر باتۇرنى 40 غۇلاچ ئارغامچىدا بېلىدىن باغلاپ چۈشۈرۈپتۇ. ئارغامچىنىڭ يېرىمى چۈشۈرۈلگەندە غار ئىچىدىن قورقۇنچلۇق ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ لەشكەرلەر باتۇرنى غاردىن تارتىۋاپتۇ، منكوْن باتۇر ئۇنىڭدىن نېمىشقا ۋاقىرىغانلىقىنى سورىسا، غارنىڭ ئىچى بەك قاراڭغۇ ئىكەن ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدەنلىرىم بىر نەرسە چاققاندەك بولۇپ تىترەپ كەتتىم، قورقتۇم، دەپتۇ، 2 ـ قېتىمدا قورقماس دەپ لەقىمى بار يەنە بىر پالۋاننى چۈشۈرۈپتۇ ئاغامچا تولۇق چۈشۈرۈلۈپ بولۇنغاندا ئۇ باتۇرمۇ قورقۇنچلۇق ۋارقىراپتۇ. ئۇنىڭدىنمۇ نېمىشقا ۋاقىرىغانلىقىنى سوراپتىكەن، قورقماس باتۇر: پۇتۇمنى مۇزدەك سوغۇق بىر نەرسە تۇتۇپ تۆۋەنگە تارتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى كۆرەلمىدىم، قورقۇپ كېتىپ توۋلاپ سالىتىمەن، دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كەينى ـ كەينىدىن يەتتە باتۇرنى چۈشۈرۈپتۇ، ئارغامچىنىڭ ھەممىسى چۈشۈرۈلۈپ بولۇشى ھامان بىر ـ بىرىدىن قورقۇنچلۇق ۋاقىرىشىپتۇ، ھەممىسىنى تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. 8 ـ قېتىمدا منكوْن باتۇرنىڭ ئۆزى چۈشمەكچى بوپتۇ، باتۇرلىرىغا:

ـ ئەي باتۇرلىرىم، ئەمدى ئۆزۈم چۈشمىسەم بولمىدى، نېمە بولسا ئۆزۈم كۆرەي، سىلەرنى بالا ـ قازاغا تۇتۇپ بەرمەي. مەن چۈشسەم بىر بولسا ئۈچ كۈندە چىقىمەن. ئۈچ كۈندە چىقالمىسام ئۈچ ئايدا چىقىمەن، ئۈچ ئايدىمۇ چىقالمىسام ئۈچ يىلدا چىقىمەن. ئەگەر ئۈچ يىلدىمۇ چىقمىسام، مېنى ئۆلۈپتۇ دەپ بىلىڭلار، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭلار ئىشىنىدىغان ئادىل ئادەمدىن بىرنى تاللاپ ئورنۇمغا پادىشاھ قىلىڭلار، ئاندىن ئۆلگەنلىك خەۋىرىمنى بالا ـ چاقىلىرىمغا. دادام مىرزان پادىشاھغا ھەم يۇرت خەلقىغە ئېيتىڭلار، بالا ـ چاقىلىرىمنىڭ ھال ـ كۈنىدىن ئوبدانراق خەۋەر ئېلىپ قويساڭلار بولىدۇ، ـ دەپتۇ.

شۇ گەپتىن كېيىن منكوْن باتۇر تورقا تالالىرىدا ئۈچ يۈز غۇلاچ ئاغامچا ئەشتۈرۈپ بېلىگە باغلاپتۇ. ئاندىن باتۇرلار ئۇنى غارغا ئاستا ـ ئاستا چۈشۈرۈپتۇ. ئالا ھازەل خېلى چوڭقۇر چۈشكەندىن كېيىن منكوْن باتۇرنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپتۇ. قارىغىدەك بولسا ئۆزى چېكى كۆرۈنمەس بىر ياپيېشىل جىلغىلىقتا تۇرغان، بېلىدىن ئاغامچىنى يېشىپتۇ. ئۆزىنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكىنى غار ئۈستىدىكىلەرگە بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئارغامچىنى قاتتىق ـ قاتتىق يەتتە قېتىم سىلكىپ قويۇپ، ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا ياشىرىپ تۇرغان بىر

ئوتـنى بـاغلاپ قـويـۇپـتـۇ ، لـەشـكـەرلـەر
ئارغامچىنى تارتىپ چىقىرىپتۇ . ئۇنىڭدىن
باغلاغلىق يىپىنى ئوتنى كۆرۈپ مىنكۇن
پادىشاھ ھايات ئىكەن ، دېيىشىپتۇ ، ئۇلار تاغ
باغرىغا چۇشكۇن قورۇپتۇ . ئارغامچىنىڭ
ئۇچىنى يەنە غارغا چۇشۇرۇپ قويۇپ ، مىن-
كۇن باتۇرنىڭ بەلگە بېرىشىنى كۇتۇپتۇ .
ئەمدى گەپنى غار ئاستىدىكى مىنكۇن با-
تۇرغا يۆتكەيلى .

مىنكۇن باتۇر ئارغامچىنى تارتىۋۇرۇپ
بولۇپ ، ئۇ يەردە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچى
بولۇپ ئەتراپقا قاراپتۇ ، ھېچنەرسە كۆرۈن-
مەپتۇ ، ھەتتا بىرەرمۇ تىرىك جان يوقتەك
ئەتراپ تىپتىنچ ئىكەن . غار ئىچىدىكى بىر
دوقمۇشتىن ئۆتسە يەتتە ئادەمنىڭ
قۇچىقىغىمۇ پاتمىغىدەك يوغانلىقتا بىر سۇ-
گەت ، سۇگەتكە قېرىپ تۇكلىرى قالمىغان ،
ئورۇقلۇق دەستىدىن تېرە بىلەن
ئۇستىخىنىلا قالغان ، كۆزىنىڭ نۇرى ئۆچ-
كەن بىر ئېيىق چەمبەرچەس باغلاغلىق
تۇرغىدەك . مىنكۇن باتۇر كۆزىگە كۆرۈنۈۋ-
گەن بۇ نەرسىگە ھەيران بولۇپ ، ئېيىقنىڭ
قېشىغا بېرىپتىكەن ، ئېيىققازۇۋان كىرىپ :

— ئەي باتۇر پادىشاھ ، سەن نەدىن
كېلىپ قالدىڭ ؟ دەپ سوراپتۇ .

— مىنكۇن باتۇر نەدىن ۋە نېمە
سەۋەبتىن كەلگەنلىكىنى ئېيىققا بىرمۇ بىر
سۆزلەپ بېرىپتۇ . ئېيىق مىنكۇن باتۇرغا !

— بۇ غار ئىچىگە ئادىمزاتنىڭ
ئۇنداق — مۇندىقى چۇشەلمەيتتى ، چۇشسىمۇ
ئامان قالمايتتى . سەندە بىر خاسىيەت بار
ئوخشايدۇ ، مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئەسلىگە
كېلىدىغان ئوخشايمەن . مەن ساڭا ياردەم
قىلاي . سەن ھازىرلا مېنىڭ بۇرنۇمنى ،
قۇلاق ، قۇيرۇقۇمنى ھەم پۇتۇمنى تىزىمدىن
كېسىۋەت ، — دەپتۇ ، ئۇنىڭ بۇ گېپىنى
ئاڭلىغان مىنكۇن باتۇر :

— مەن نېمىشقا سېنىڭ قۇلاق ، بۇر-
نۇڭ ، پۇتلىرىڭنى كېسىمەن ؟ بولمايدۇ ، —
دەپتۇ . ئېيىق ئۆز سۆزىنى تەكرارلاپ :

— ئەي باتۇر پادىشاھ ، ئەگەر سەن
مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلمىساڭ پەتەكنى
تۇتۇش مەقسىتىڭگە يېتەلمەيسەن . سەن
دەرھال مەن دېگەندەك قىل ، ۋاقىتنى
ئۆتكۈزمە ، شۇنداق قىلساڭلا ، مەنمۇ ساڭا
ياردەم قىلالايمەن ، — دەپتۇ .

مىنكۇن باتۇر ئىلاجىسىز ئېيىقنىڭ
دېگىنىدەك قىلىپ ئۇنىڭ بۇرنىنى ، قۇلاق ،
قۇيرۇقىنى ، پۇتىنى تىزىدىن كېسىپ ،
ئېيىقنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ھالىتىگە قاراپ
تۇرغۇسى كەلمەي ، ئالدى — ئارقىسىغا
قارىماي نېرى مېڭىپتۇ ، خېلى يىراق بىر
يەرگە بېرىپ كەينىگە قارىسا ،
ئەيۇھەنناس ! ئاجايىپ ياسداق كىيىن-
گەن ، كېلىشكەن قامەتلىك بىر شاھزادە
قاقاقلاپ كۈلۈپ كېلىۋاتقىدەك ، ئۇ مىنكۇن
باتۇردىنمۇ قابىل ، كۈچلۈك كۆرۈنۈپتۇ ،
ھېلىقى ئېيىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىگىدەك .

— ئەي باتۇر پادىشاھ ، — دەپ گەپ
باشلاپتۇ شاھزادە ، — مەن مىرزان دېگەن بىر
تونۇق پادىشاھنىڭ كەنجى شاھزادىسى
ئىدىم ، بۇنىڭدىن 40 يىل بۇرۇن پەتەك
جادۇگەرلەر مېنى ئېلىپ قېچىپ مۇشۇ غارغا
ئەكىلىپ ئېيىققا ئايلاندۇرۇۋېتىپ سېھىرلىك
سۇگەتكە ماتىۋەتتى ، 40 يىلدىن بۇيان شۇ
ھالەتتە تۇرغاندىم . سەن كېلىپ مېنى
قۇتقازدىڭ ، مەن سېنىڭ مىسران قىلىچىڭنى
ئېلىپ قاچقان پەتەكنىڭ سىرىنى بىلىمەن ،
ئۇ ئەسلىدە بەھەيۋەت يوغان يالماۋۇز ، مەن
ساڭا ياردەم بېرىمەن ، — دەپتۇ شاھزادە

ئاخىردا.

مىنكۇن باتۇرمۇ ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلاپتۇ، ئاكا ـ ئۇكا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئۆز باشلىرىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشلىرىنى باشتىن ـ ئاخىر بايان قىلىشىپتۇ. شاھزادىنىڭ ئىسمى مىرجان ئىكەن.

— ئاكا، سىز مېنىڭ كەينىمدىن مېڭىڭ، مەن نەگە دەسسەم سىزمۇ شۇ يەرگە دەسسەڭ، ھەرگىز باشقا يەرگە دەسسەپ سالماڭ. بىرەر تال قۇمۇش، تىكەنگە تېگىپ كەتمەڭ. بۇ ئەتراپتا سېھىرلەنگەن نەرسىلەر تولا، بولۇپمۇ ئالتە قۇلاققا تېگىپ كەتكۈچى بولماڭ، تېگىپلا كەتسىڭىز، خىلمۇ خىل ئاۋاز چىقىرىپ، پۇت ـ قوللىرىمىزغا يامىشىۋېلىپ، بىزنى ماڭغىلى قويمايدۇ، ئۇ چاغدا يول ماڭالماي قالىمىز، بىر كۈنلۈك ئىشىمىز نەچچە كۈنگە سوزۇلۇپ كېتىدۇ، ـ دەپتۇ مىنكۇن باتۇرنىڭ ئۇكىسى مىرجان.

مىنكۇن باتۇر ئۇكىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاۋايلاپ پەخەس بىلەن دەسسەپ مېڭىپتۇ، ئۇلار خېلى ئۇزاق مېڭىپ بىر قېلىن ئورمانلىققا كىرىپ قاپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ پۇتى بىر ئالتە قۇلاققا تېگىپ كېتىپتىكەن، شۇ ھامان پۈتۈن دەل ـ دەرەخ، ئوت ـ چۆپلەر شار ـ شۇر قىلىشىپ كېتىپتۇ، ئالتى قۇلاقلار مىنكۇن باتۇر بىلەن مىرجاننىڭ پۇتلىرىغا چىرمىشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ماڭمىقى بەك تەس بوپتۇ، مىنكۇن باتۇر بېلىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپ ئالتە قۇلاقلارنى چېپىپتۇ، چاناپتۇ، مىرجان يۇلۇۋېرىپتۇ، ئۇلار شۇ يوسۇندا يول ئېچىپ مېڭىۋېرىپ، بىر ئالتۇن ئوردا ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ، ئوردا شۇ قەدەر ھەشەمەتلىك بولسىمۇ، ئەتراپتا بىرەر ئىنسى ـ جىنسنىڭ تىۋىشمۇ يوق ئىكەن.

مىرجان مىنكۇن باتۇرغا:

— ھەي ئاكا، سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئوردىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقاي. بۇ ئوردا ھېلىقى يەتەك يالماۋۇزنىڭ ماكانى، ئەگەر ئۇ ئوردىسىدا بولسا، مەن سىزنى چاقىرىمەن، بولماي قالسا يېنىپ چىقىمەن، ـ دەپتۇ.

مىنكۇن باتۇر ئوردا ئالدىدا قاپتۇ، مىرجان ئوردا ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئوردىغا كىرىپ ھەممە يەرگە قاراپتۇ، يالماۋۇز كۆرۈنمەپتۇ، چىقىپ كېتەي دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇشىغا «ھەي ئادىمىزات، توختا!» دېگەن زىل ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. مىرجان كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ ئالتۇن پەردىلىك بىر ھۇجرىنى كۆرۈپتۇ. مىرجان ھۇجرىغا يېقىنلىشىپتىكەن، ھۇجرا ئىچىدىن:

— ماڭا يېقىن كەلمە، ئوردا سىرتىدا قالغان ھەمراھىڭنى چاقىر، يېنىمغا ئىككىڭلار بىللە كىرىڭلار، ـ دېگەن ئاۋاز كەپتۇ، مىرجان ئاكىسىنى چاقىرىپتۇ، مىنكۇن باتۇر ئوردىغا كىرىپتۇ.

— يالماۋۇز يەتەك يوق تۇرىدۇ. ئاۋۇ ئالتۇن پەردىلىك ھۇجرىدا ئادەم بار ئوخشايدۇ، ئاۋاز چىقىۋاتىدۇ، بېرىپ باقايلى، ـ دەپتۇ مىرجان.

ئۇلار ئالتۇن پەردىنى قايرىپ ھۇجرىغا كىرسە، يەتتە قات ئالتۇن كۆرپىنىڭ ئۈستىدە ئالتۇن تەككە يۆلىنىپ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئاجايىپ گۈزەل بىر ساھىبجامال ئولتۇرغان.

— سىلەر كىم بولسىلەر، قانداق قىلىپ ئادەم بالىسى كىرەلمەيدىغان بۇ

يالماۋۇزلار ماكانىغا كىرىپ قالدىڭلار ؟ — دەپ سوراپتۇ ساھىپجامال، ئاكا — ئۇكا ئىككىسىدىن. مىنكۇن باتۇر ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى، باشلىرىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى، بۇ يەرگە كىرىش سەۋەبىنى قىسقىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. ھېلىقى ساھىپجامال:

— راست گەپنى قىلسام، مەن سىلەر ئىزلەپ يۈرگەن يالماۋۇز پەتەكنىڭ قىزى بولىمەن، مەن يىگىرمە يېشىمنى مۇشۇ ھۇجرىدا ئۆتكۈزدۇم. ئۇ مېنى بىر قېتىم ئىنسانلار ئالىمىگە باشلاپ چىققانىدى. ئەمما شۇندىن كېيىن بىرەر ئىنسان بالىسىنى كۆرۈپ باقمىدىم. مەن بۇ يالماۋۇزلار دۇنياسىدىن تويدۇم، زېرىكتىم، يالغۇزلۇق جېنىمنى خوراتتى. دادام مېنىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياسىدىن زېرىككىنىمنى بىلىپ قالدى. تۇنۇگۇن ئۇ ماڭا: « ئادەملەر ئالىمىدە مىنكۇن باتۇر دەپ بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ ماڭا كۈن بەرمەيدىغاندەك قىلىدۇ، ئۇنىڭ بىر قىزى بار، شۇنى ئوغرىلاپ كېلىپ ساڭا ھەمراھ قىلىپ بېرىمەن. ئەگەر مىنكۇن باتۇر ماڭا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولسا قىزىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئۆچىمنى ئالىمەن » دەپ ھەممە پەتەكلىرىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ.

مىنكۇن باتۇر قىزىغا پەتەكنىڭ چاڭگال سالماقچى بولغىنىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ قاپتۇ. ئۆزىنىڭ مىنكۇن باتۇر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ساھىپجامالنىڭ ياردەم بېرىشىنى سوراپتۇ.

— پەتەكنىڭ جېنى چىڭ يەردە، ئۇنى ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۆلتۈرگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ جېنى مېنىڭ قورسىقىمدىكى بىر ئالتۇن شىشىنىڭ ئىچىدە، ھازىرلا قورسىقىمنى يېرىڭلار، بولمىسا كېچىكىپ قالىسىلەر، — دەپتۇ پەتەكنىڭ قىزى.

مىنكۇن باتۇرنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىر گۈزەل قىزنىڭ قورسىقىنى يارغۇسى كەلمەپتۇ، ئەمما قىزى گۈلئايىمنىڭ پەتەكنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ، خەنجىرىنى چىقىرىپلا قىزنىڭ قورسىقىنى يېرىپتۇ. قىز قورسىقىغا قولىنى تىقىپ بىر ئالتۇن شىشىنى چىقىرىپ مىنكۇن باتۇرغا بېرىپ:

— دەرھال ئېغىر بىر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ شىشىنى چېقىۋېتىڭلار، ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ شىشە ئاسان چېقىلمايدۇ، پەقەت بىر ئۇرۇپلا چاقساڭلار بولىدۇ، 2 — ئۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيسىلەر، — دەپتۇ.

مىنكۇن باتۇر ئوردىنىڭ بىر ئالتۇن مۇنارىنى قومۇرۇپ ئەكىلىپ ئالتۇن شىشىنىڭ ئۈستىگە ئېتىپتىكەن، تاغ تاغقا سوقۇلغاندەك، يەر بىلەن ئاسمان سوقۇشقاندەك دەھشەتلىك قاتتىق ئاۋاز چىقىپتۇ، ئالتۇن شىشە ئېزىلىپ تالقاندەك بوپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى قاپقارا قان ئىكەن، قان يەرگە يېيىلىپتۇ، ئۇنىڭدىن ھورغا ئوخشاش قارا بىر نەرسە ئۆرلەپ چىقىپتۇ، ئوردا ئىچىنى سېسىق بۇس قاپلاپتۇ. مىنكۇن باتۇر بىلەن مىرجان سېسىقچىلىقتا تۇرالماي قاپتۇ. بىر پەستىن كېيىنلا سېسىق بۇسمۇ، قارا ھورمۇ تۈگەپ، ئوردىنىڭ ئىچى بۇرۇنقى ھالىتىگە كەپتۇ، ساھىپجامال مىنكۇن باتۇر بىلەن مىرجانغا قاراپ:

— پەتەك مېنى جېنىمنى جايىدىن قورغالماي ساقلىسۇن دەپ، بېلىمىنىڭ تۆۋىنىنى جانسىز قىلىۋەتكەن، ئۇ ئۆلدى، ئۇنىڭ سېھىرىنىڭمۇ كۈچى تۈگىدى، — دەپ چىرايلىق كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بېرىپتۇ، مىنكۇن باتۇر قىزنىڭ سالىمىغا

سالام قايتۇرۇپ بولۇپ :
— بۇ يەر ئاستى ئالەمدىن دەرھال يۇرتىمىزغا قايتايلى ، — دەپتۇ ، ئۆز قىزىدىن غەم قىلىپ .
— پەتەك دادامغۇ ئۆلدى ، ئەمما ئانام تېخى بار ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرىۋەتسەڭلار . كېيىن سىلەرگىمۇ ماڭىمۇ ياخشى كۈن بولمايدۇ ، كەينىمدىن مېڭىڭلار ، مەن سىلەرنى ئۇ بار يەرگە باشلاپ باراي ، — دەپتۇ ساھىپجامال .
مىنكۈن باتۇر بىلەن مىرجان ساھىپجامالنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپتۇ . بىر نەچچە ئۆيدىن ئۆتۈپ تۆمۈر قاپقاقلىق بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرىپتۇ ، قارىسا ئۆينىڭ ئىچى چوڭ بولۇپ ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تۆمۈر ساندۇق تۇرغىدەك .
— ئانام پەتەك مۇشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىدە . ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار ، ھازىر ئۇنىڭ ھېچقانداق كارامىتى يوق . بىر كۈن ئۆتسىلا كۈچىيىۋالىدۇ ، — دەپتۇ ساھىپجامال .
مىنكۈن باتۇر ھەر قانداق قىلىپمۇ ساندۇقنى ئاچالماپتۇ . مىرجان كېلىپ ياردەملىشىپتۇ ، ساندۇقنى يەنىلا ئاچالمايتۇ ، ساھىپجامال :
— پەتەك ئانام ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئىچى تەرەپتىن تارتىپ تۇرىۋالغان ئوخشايدۇ ، ساندۇقنى چاقايلى ، — دەپتۇ .
مىنكۈن باتۇر ساندۇقنى كۆتۈرمەكچى بوپتۇ ، ئەمما يەردىن يۇلۇپ ئالالماپتۇ ، ئىككىنچى ئاساندىكى بادرات تازىنىڭ ئېيىق باتۇرىغا نەرە تارتقاندەك كۈچەپ بىر نەرە تارتىپ ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ساندۇقنى كۆتۈرۈۋېلىپ بېشىدىن يەتتە قېتىم ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئۇرۇپتىكەن ، ساندۇقنى پاچاق — پاچاق بوپ كېتىپتۇ . قارىغىدەك بولسا، چىشى پەتەكنىڭ ئەتراپىدا چوڭلۇقى بارماقتەك مەخلۇقتىن بىرەر مىڭى تۇرغىدەك ، مىسران قىلىچى پەتەكنىڭ ئاستىدا تۇرغىدەكمىش . مىنكۈن باتۇر خەنجىرىنى پەتەكنىڭ كۆكرىكىگە تىقىپتۇ ، بىر چىرقىراش بىلەن پەتەك ئۆلۈپتۇ ، مىنكۈن باتۇر شۇ ھامان مىسران قىلىچنى قولىغا ئېلىۋاپتۇ .
— بۇلار پەتەك ئانامنىڭ ساندۇق ئىچىدە تۇرۇپ تۇغقان باللىرى ، بۇلار ئېيىغا تولماي يورۇققا چىقسا ئۆلۈپ قالىدۇ ، — دەپتۇ ساھىپجامال . دېگەندەك قۇرتتەك قىمىرلاپ يۈرگەن مەخلۇقلار بىر — بىرلەپ قىمىرلاشتىن توختاپتۇ .
— بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىز تۈگىدى ، بىز يەر ئۈستىگە چىقىپ يۇرتىمىزغا كېتىمىز ، سىزمۇ بىز بىلەن كېتىڭ . — دەپتۇ مىنكۈن باتۇر ساھىپجامال قىزغا . ساھىپجامال قىز :
— مەن سىلەر بىلەن كېتىمەن ، ئادەملەر بىلەن ياشايمەن ، مەن قايسىڭلارنىڭ بولىمەن ، — دەپ سوراپتۇ .
— ئۇكام مىرجاننىڭ بولۇڭ ، — دەپتۇ مىنكۈن باتۇر .
— ياق ، سىزنىڭ بولسۇن ، مېنىمۇ ، قىزنىمۇ قۇتقۇلدۇرغان سىز ، — دەپتۇ مىرجان ، ئاكا — ئۇكا ئىككىسى خېلى ئۇزاققىچە بىر — بىرىگە ئۆتۈنۈپتۇ ، قىزنىڭ كىمنىڭ بولۇشىنى ھەل قىلالماي ، ئاخىرى ئىختىيارنى قىزغا قويۇپتۇ .
— بىزنىڭ يوسۇنىمىزدا كىمنىڭ تۆھپىسى چوڭ بولسا ، شۇ ئەڭ ئېسىل نەرسىگە كۆپرەك ئىگە بولىدۇ ، سىز پەتەك

دادام بىلەن يەر ئۇستىدىمۇ كۆپ ئىپلىشتى-
ڭىز ، قورقماي غارغا چۈشتىڭىز ، ئۇكىڭىزنى
قۇتقۇزۇپ ئۇنى ئىپىق سۇرىتىدىن ئادەم
سىياقىغا كەلتۈردىڭىز ، پەتەك دادام بىلەن
پەتەك ئانامنى ئۆلتۈرۈپ ، ئىككى دۇنيادىن
يالماۋۇز پەتەكلەرنى يوقاتتىڭىز ، شۇڭا مەن
سىز باتۇرنى ئىختىيار قىلىمەن ، — دەپ
ساھىپجامال قىز مىنكۆن باتۇرنىڭ قولىنى
تۇتۇپتۇ . يەنە ئاندىن : ئۇكىڭىزغىمۇ بىر قىز
بار ، دەپ ئۇلارنى ئۆزى ياتقان ھۇجرىغا
باشلاپ كىرىپ ، بىر تەرەپتىكى ئالتۇن پەر-
دىنى قايرىپتۇ . ئۇ يەردە بىر ئالتۇن
ساۇندۇق تۇرغىدەك ، قىز ساندۇقنى
ئېچىپتۇ . ساندۇقتا چىرايى ، بوي — تۇرقى
ساھىپجامالغا ئوپمۇ — ئوخشاش بىر قىز
يىغلاپ ئولتۇرغىدەك .

— دادام بۇ قىزنى ماڭا ھەمراھ
قىلىش ئۈچۈن ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يەر
ئۇستى ئالىمىدىن ئوغۇرلاپ كەلگەن ،
قىزنىڭ ئېيتىشىچە بىر پادىشاھنىڭ قىزى
ئىكەن ، — دەپتۇ ساھىپجامال .

— بىز ئادەم ، تۇرۇك ، يىغلىماڭ ،
بىز بىلەن كېتىڭ ، ئەمدى سىز پەتەكنىڭ
قولىدىن قۇتۇلدىڭىز ، — دەپتۇ مىرجان ، قىز
كۈلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ،مىرجان قىزنىڭ
قولىدىن تۇتۇپ ساندۇقتىن چىقىرىپتۇ .

شۇنداق قىلىپ تۆتى غار ئاستىدىكى
ئوردىدىن چىقىپ بولۇپ كەينىگە قارىسا ،
باياتىن ئۇلارغا ئالتۇندەك كۆرۈنگەن پۈتۈن
ئوردا تۇتۇنگە ئايلىنىپ ، بىردەمدە كۆزدىن
غايىپ بوپتۇ ، ئۇلار مىنكۆن باتۇر چۈشكەن
يەرگە كېلىپ ئارغامچىنى سىلكىپتۇ . ئاندىن
ئالدى بىلەن ئاغارمچىدا ساھىپجامالنىڭ
بىلىنى باغلاپ يەنە سىلكىپتۇ . يۇقىرىدىكى-
لەر ئارغامچىنى تارتىپ بولۇپ يەنە
چۈشۈرۈپتۇ . شۇنداق قىلىپ تۆتى ئارقا —
ئارقىدىن يەر ئۇستىگە چىقىپتۇ . ھەممىنىڭ
ئارقىسىدا مىنكۆن باتۇر چىقىپتۇ ، قارىسا
لەشكەرلىرى غار ئەتراپىدا بۇرۇنقىدەك
چۈشكۈن قۇرۇپ ئۇنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن .
لەشكەرلىرىنىڭ ساقاللىرى مەيدىسىدىن ،
چاچلىرى مۈرىسىدىن ئېشىپ پاخپىيىپ
تۇرغان . مىنكۆن باتۇر لەشكەرلىرىدىن :

— بىر كۈنىنىڭ ئىچىدە چاچ ، سا-
قاللىرىڭلار شۇنچىۋالا ئۆسۈپ كەتتىمۇ ؟ —
دەپ سوراپتۇ . لەشكەر باشلىقى :

— سىلى غارغا چۈشۈپ كىرىپ
كەتكىلى ئۈچ ئاي بولدى ، — دەپتۇ .

مىنكۆن باتۇر لەشكەر باشلىقىنىڭ
گېپىگە ئىشەنمەي باشقىلارغا قاراپتۇ . دىمى-
سىمۇ مىنكۆن باتۇرنىڭ غار ئاستىغا چۈشۈپ
كەتكىنىگە ئۈچ ئاي بوپتۇ ، يەر ئاستىدا كۈن
بولمىغاچقا ، ھەممە ۋاقىت قاراڭغۇلا
بولىدىكەن . سېھىر بىلەن يورۇتۇلغاچقا ،
كېچە — كۈندۈز بولمايدىكەن ، شۇڭا
مىنكۆن باتۇرغا بىر كۈندەك تۇيۇلغانىكەن .

— ئۇنداق بولسا ئۈچ ئايدىن بۇيان
يۇرتىمىز قانداق بوپ كەتكەندۇ ، ئامانمۇ —
ئەمەسمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . لەشكەر باشلىق-
لىرى يۇرت ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى
ئېيتىشىپتۇ .

مىنكۆن باتۇر يۇرتقا قايتايلى ، دەپ
ئاتلىنىشقا پەرمال قىپتۇ ، ئىككى قىزغا
مەخسۇس ئىككى ئات جابدۇپ بېرىپتۇ .
ئۇكىسى — مىرجانغىمۇ بىر ئات
تەييارلىنىپتۇ . ئۇلار ئىككى قەدەمنى بىر ئې-
لىپ ، ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە
بېسىپ ، يۇرتىغا يېقىن كەلگەندە شەھ-
ەرگە ئالدىن چاپارمەن ماڭدۇرۇپتۇ .

ئەمدى مىنكۆن باتۇرنىڭ شەھرىگە

كېلەيلى . مىنكۈن باتۇر پەتەك يالماۋۇزلارنى
جاھاندىن يوقىتىپ ، مىسران قىلىچىنى قو-
لىغا ئېلىپ ، ئۇكىسى مىرجان ۋە پەتەكىنىڭ
قىزى ھەم ھېلىقى مەلىكىنى باشلاپ شە-
ھەرگە يېقىنلاشقان كۈنىنىڭ ئالدىنقى
ئاخشىمى ئاتىسى مىرزان پادىشاھ ئىككى قى-
زىنى بىللە ئېلىپ مىنكۈن باتۇرنى يوقلاپ
كۆرۈپ كېلىش ئۈچۈن كەلگەنىكەن ، كې-
لىپلا مىنكۈن باتۇرنىڭ يالماۋۇز پەتەكنى
ئىزدەپ لەشكەر تارتىپ كەتكىنىگە ئۈچ ئاي
بولغانلىقىنى ، شۇندىن بۇيان ھېچبىر
خەۋەرى يوقلۇقىنى ئاڭلاپ ھەسرەتلىنىپتۇ .
دۇنيانىڭ قايىرىدىن قانداق دېرىكىنى
قىلىشقا باش قاتۇرۇپتۇ ، تەرەپ - تەرەپكە
ئادەم ماڭدۇرۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغانىنىڭ
ئۈستىگە مىنكۈن بىلەن مىرجانىنىڭ كې-
لىۋاتقانلىق خەۋىرىنى قىلىپ چاپارمەن
كەپتۇ ، مىرزان پادىشاھنىڭ ، پۈتۈن شەھەر
خەلقىنىڭ بېشى كۆككە يەتكەندەك بوپتۇ ،
شەھەرنىڭ قېرى - ياش ، ئەر - ئايال ھەم-
مىسى مىنكۈن باتۇرنىڭ ئالدىغا چىقىپ
تۇرۇپتۇ . كەچكە يېقىن يىراقتىن لەشكەر-
نىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ . لەكمىڭ ئاتلارنىڭ
تۇۋىقى ئاستىدىن ئۆرلىگەن توپا - چاڭ
يەر - كۆكنى قاپلاپتۇ ، مىنكۈن باتۇر شە-
ھەرگە يېقىن كەلگەندە قارىغىدەك بولسا
قارشى ئېلىشقا چىققان ئامۇخاسىنىڭ ئالدىدا
دادىسى ، ئىككى سىڭلىسى تۇرغىدەك .
مىنكۈن باتۇر بىلەن مىرجان يىراقتىنلا ئات-
لىرىدىن چۈشۈپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ .
ئاتا - باللار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ .
بولۇپمۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكىنىگە 40 يىل
بولغان ئوغلى مىرجاننى كۆرۈپ خوشاللىق
يېشى يامغۇردەك تۆكۈلۈپتۇ . ئۇلار داغدۇغا
بىلەن ئوردىغا قايتىپتۇ ، مىرزان پادىشاھ
مىنكۈن باتۇر بىلەن مىرجانىنىڭ ئاغزىدىن
بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئاڭلاپ مىنكۈنىنىڭ
باتۇرلۇقىدىن سۆيۈنۈپتۇ . يەتتە كۈندىن
كېيىن مىنكۈن باتۇر بىلەن ساھىپجامال
قىزنىڭ ، مىرجان بىلەن پەتەكىنىڭ قولىدىن
قۇتقۇزۇۋالغان مەلىكىنىڭ تويى
بولىدىغانلىقى توغرىلىق يۇرتقا جاكارچىلار
چىقىرىپتۇ . مىرزان پادىشاھنىڭ
شەھىرىگىمۇ ئادەم ماڭدۇرۇپتۇ ، توي ئىككى
يۇرت ئوتتۇرىسىدىكى كەڭ يايلاقتا ئۆتكۈ-
زۈلۈپتۇ . مىرجانغا نىكاھلىنىدىغان
مەلىكىنىڭ ئىسمى ئايقۇلاق بولۇپ ، مىرزان
پادىشاھنىڭ قول ئاستىدىكى جانبۇللا دېگەن
پادىشاھنىڭ قىزى ئىكەن ، ئۇ پادىشاھقىمۇ
چاپارمەن ئەۋەتكەنىكەن، ئۇمۇ لەشكەر ۋە
يۇرت چوڭلىرىنى باشلاپ يېتىپ كېتىپتۇ ،
ئۈچ يۇرت خەلقىغە يەتتە كېچە - يەتتە
كۈندۈز توي داستىخىنى تارتىلىپتۇ . ھەممە
ئادەم نەغمە - ناۋا ئىچىدە يەپتۇ ، ئىچىپتۇ ،
سەككىزىنچى كۈنى ئامۇ خاس ئۆز يۇرت ،
ئۆز خانىلىرىغا ، مىرزان پادىشاھ ۋە مىنكۈن
باتۇرلار ، چانبۇللا پادىشاھلار مىنكۈن
باتۇرنىڭ ئوردىسىغا قايتىپتۇ ، شۇ كېچىسى
تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ھاۋا
گۈلدۈرلىگەندەك قورقۇنچلۇق ئاۋاز ئاڭلى-
نىپتۇ . ئۇنىڭ نېمە ئاۋازلىقىنى بىلىپ
بولغىچە پۈتۈن يۇرت دەھشەتلىك كەلكۈن
ئىچىدە قاپتۇ ، دەل - دەرەخ ، ئېگىز
دۆڭلەرگە چىقىۋالغانلار ئامان قاپتۇ ، قې-
چىشقا ئۈلگۈرمىگەنلەر كەلكۈنگە يەم بوپتۇ ،
يۇرت ئۈچ كۈن سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپتۇ ،
مىنكۈن باتۇرنىڭ ئوردىسى ئېگىز بىر
دۆڭلىككە سېلىنغانىكەن ، ئوردىدىكىلەرنىڭ
ھەممىسى ئامان قاپتۇ ، سۇنىڭ ئاقىدىغىنى
ئېقىپ ، يەرگە سىڭىدىغىنى سىڭىپ ، يۇرت

سۇدىن قۇرۇقدىلىپتۇ . ئەمما پۈتۈن شەھەر ۋەيران بوپتۇ ، كىشىلەرنىڭ يەيدىغىنى بولمىغاچقا ئاچارچىلىق باشلىنىپتۇ ، ئامان قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى جان غېمىدە تەرەپ ـ تەرەپكە كېتىپتۇ ، مىرزان پادىشاھ مىنكۈن باتۇرغا بۇ يەرنى تاشلاشنى ، ئۆزىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولۇشنى ئېيتقانىكەن ، مىنكۈن باتۇر بۇ يەردىن كەتمەيدىغانلىقىنى ، ئۆزىنى پادىشاھ قىلغان يۇرتنى ، خەلقنى تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى ، قالغان كىشىلەر بىلەن نېمە بولسا تەڭ كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، كېتىشكە ئۇنىماپتۇ .

مىنكۈن باتۇرنىڭ شەھىرىنى سۇ بېسىپ ، يۇرتنى ئاچارچىلىق قاپلىغانلىق خەۋەر ئۆتلۈكچى پادىشاھقا ، يېتىم بالا پادىشاھقا ھەم كىچىك ۋاقتىدىكى دوستى قوشقۇلاق پادىشاھلارغا ئاڭلىتىپتۇ ، ئۇلار شۇ ھامان ئۇزۇق ـ تۈلۈك ماڭدۇرۇپتۇ ، مىنكۈن باتۇرنىڭ ئادىللىقىنى ، داڭقىنى ، باتۇرلۇقىنى ئاڭلىغان كىشىلەر مىنكۈن باتۇر پادىشاھقا پۇقرا بولىمىز دەپ تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىشكە باشلاپتۇ ، شەھەرنى بۇرۇنقى ئورنىدىن ھەر قانداق كەلكۈن كەلسىمۇ سۇ باسالمايدىغان بىر ئېگىزلىككە يۆتكەپ ، يېڭىدىن شەھەر قۇرۇشقا باشلاپتۇ . مىرزان پادىشاھ ئىككى قىزىنى ئېلىپ يۇرتىغا قايتىپتۇ ، مىرجان بىلەن ئايقۇلاق مىنكۈن باتۇر بىلەن قاپتۇ . يۇرت خەلقى بۇ يېڭى شەھەرگە مىنكۈنگەر دەپ ئىسىم قويۇپتۇ ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مىنكۈن باتۇرنىڭ بوۋىسى شىرخان پادىشاھ 400 يىل پادىشاھلىق قىلغاندىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . يەنە ئۇزۇن ئۆتمەي 350 يىل ياشاپ ، 330 يىل 47 يۇرتقا پادىشاھلىق قىلغان ئاتىسى ـ مىرزان پادىشاھمۇ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . مىنكۈن باتۇر ئاتىسىنىڭ ئورنىغا باش پادىشاھ بوپتۇ ، ئەمما يەنىلا ئۆز جايىدا تۇرۇۋېرىپتۇ ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ، مىنكۈن باتۇر بوۋىسىدىنمۇ ئۇزۇن ياشاپ ، ساق 500 يىل پادىشاھلىق قىپتۇ . 47 يۇرتنى بىر يۇرتتەك ئىناق قىلىپ ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە يۇرتلارنى ئادىل سوراپتۇ ، يۇرتلىرى روناق تېپىپ ، كىشىلەر خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ . يەنە بىر ئېتىشلارغا قارىغاندا ، مىنكۈن باتۇر كۆپ پەرزەنت كۆرگەنىكەن ، بالىلىرى ئارىسىدا ھەر ـ ھەر باتۇرلار بولغانىكەن ، ئۇلارمۇ مىنكۈن باتۇردەك نامدار بولۇپ ، ئۇلار ھەققىدىمۇ ئاجايىپ ھېكايىلار بار ئىكەن ، ھازىرقى مىنكۈنگەر ئەنە شۇ مىنكۈن باتۇر قايتىدىن بىنا قىلغان شەھەر ئىمىش .

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر : كورلا مىنكۈنگەر كەنتىدىكى توختى موللا ، تارىم قۇربانكۆل كەنتىدىكى قۇربان قاسىم

توپلاپ رەتلىگۈچى : مۆيىدىن سايىت

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : **مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن**

# موللا تابىقاق

(چۆچەك)

رىۋايەتلەرنى داستان قىلىپ خۇش ناۋا ئاۋازى بىلەن خەۋەر يەتكۈزگۈچى سۆز ئۇستىلىرى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ.

بىر ئۇستا بابكار بار ئىدى، ناھايىتى نامرات ئىدى. بۇ دۇنيالىقتا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى. قازارا، بىر كۈنى خوتۇنى:

— سىپنىڭ بۇ ئۆيۈڭدە مېنىڭ قورسىقىم ئاشقا تويمىدى، كىيىمىم پۈتۈن بولمىدى. سەندىن ئەمدى ئاجراشمىسام بولمىدى، مېنى قويۇۋەتكىن، — دەپ ئىزا-ئاھانەت قىلدى. ئۇستا بابكار خوتۇنىغا:

— نەچچە يىللاردىن بېرى بىرگە كۈن كۆچۈرۈۋاتىمىز، بىرئاز سەۋرى قىل، تەڭرى تائالا ئۆز خەزىنىسىدىن بىزگىمۇ ئازراق ھىممەت قىلسا ئەجەب ئەمەس، — دەپ يالۋۇردى. خوتۇن:

— ئۇنداق بولسا نېمە دېسەم گېپىمگە ئۇنامسەن؟ — دېدى. بابكار ئۇستا:

— ئۇنايمەن، — دېدى. خوتۇنى:

— سەن پالچى موللا بولغىن، — دېدى. بابكار ئۇستا:

— مەن خەت تونۇمىسام قانداق پالچىلىق قىلالايمەن؟ — دېدى. خوتۇنى:

— ھەي غەيرەتسىز گاداي، مەن سەندەك ئەركىشى بولىدىغان بولسام ھەممە ئىشنى قىلىپ باقاتتىم. سەن بۇ ئىشقا چوقۇم ئەقىدە باغلا، ھەرگىز قورقما، — دېدى ۋە پەرەنجىسىنى سېلىپ ئېرىگە كەيدۈردى، لېچەكىنى ئېلىپ ئۇنىڭ بېشىغا يۆگەپ قويدى. بابكار ئورنىدىن قوپۇپ قولىغا بىر ھاسا ئېلىپ «تەڭرى تائالاغا تەۋەككۇل» دەپ ئىشىكتىن چىقىپ يولىغا راۋان بولدى.

ئۇستا بابكار يولدا كېتىپ باراتتى. تۇساتتىن بىر كېنىزەك ئېتىكىدە كۈل ئېلىپ چىقىپ يولغا تۆكتى ۋە ئۇياق بۇياققا قارىدى، ئەتراپتا بىرەر ئادەم يوقلۇقىنى كۆرۈپ قويىنىدىن بىر ئەينەكنى ئېلىپ كۈلگە كۆمۈپ قويدى. ئۇستا بابكار بىرەر سائەتچە پايلاپ، كېنىزەكنىڭ قارىسى يوقاتقاندا ئورنىدىن قوپۇپ ئەينەكنى ئېلىپ قويىنىغا سالدى. ئۇ بازارغا كىرىپ بىر سۇپىدا ئولتۇردى. بىر سودىگەر كىشى ئىززەت-تىراپ بىلەن كېلىپ ئۇستا بابكارغا سالام بەردى. سودىگەر:

— ئۆزلىرى موللىمۇ، پال سېلىشنى بىلەملا؟ — دەپ سورىدى. بابكار: «بىلىمەن» دەپ ئەينەكنى قويىنىدىن دەرھال ئالدى. تەڭرى تائالاغا يۈز كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇپ:

— ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىلىرى نېمە؟ بۇ پالنى دۇنيالىق ئۈچۈن سالامسىزمۇ ياكى ئاغرىق-سىلاپ ئۈچۈنمۇ؟ — دەپ سورىدى. سودىگەر:

— دۇنيالىق ئۈچۈن سالۇرمىز. پېقىر سودىگەر ئىدى. ئىككى يىل سودا ئىشى بىلەن يۈرگەنىدىم. بۈگۈن بۇ شەھەرگە كىرىپ يەتتە خېچىر مېلىمنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم، — دېدى، بابكار.

— ئۆزلىرى ئۆيلىرىگە دەرھال بېرىپ بىر قازان شويلا ئەتتۈرۈپ تازا تويغۇچە يېسىلە، شۇندىن كېيىن ماللىرىمۇ تېپىلىدۇ.

سودىگەر دەرھال ئۆيىگە كېلىپ خوتۇنىغا:

— دەرھال قازان ئېسىپ بىر قازان شويلا پىششۇرۇڭلار، — دېدى.

خوتۇنى شويلىنى ئېتىپ بەردى. سودىگەر ئاشنى تويغۇچە يەپ، قورسىقى ئاغرىپ كېتىپ تالاغا ھاجەتكە چىقتى ۋە بىر ئەسكى، ۋەيرانە يەرگە ئالدىراپ يېتىپ باردى. قارىسا بۇ يەردە ئۆزىنىڭ يەتتە خېچىر مېلى ساپساق تۇرغۇدەك. سودىگەر ناھايىتى ھاياجانلىنىپ ماللىرىنى ساق ـ سالامەت ئىلكىگە ئالدى ۋە بابكارغا ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا مەززىلىك تائاملارنى ئەكەلگەندىن كېيىن بىر تەڭگە پۇل قويۇپ:

— ئۆزلىرى ئوبدان موللا ئىكەنلا، ھەر كۈنلۈكى ئۆيگە كېلىپ چاي ئىچىپ يانسىلا، — دېدى. بابكار: «بولىدۇ، خوش» دەپ ئۆيىگە ياندى.

قازارا، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرى تەگدى، بىرنەچچە كىشى بىگۇناھ قامىلىپ قالدى. شۇ ئەسنادا مېلىنى يۈتتۈرگەن سودىگەر پادىشاھ ئوردىسىغا كىرىپ كېلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بىر پالچى موللا بار ئىكەن؛ ناھايىتى موللا تاپقاق ئىكەن، — دېدى. پادىشاھ:

— ئۇنى دەرھال تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ يارلىق قىلدى.

ياساۋۇللار بابكارنى پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئېلىپ كەلدى.

— بۇ ھالدىن بابكار قاتتىق ھەيران بولۇپ، ھۇش ـ ئەقلىنى يوقاتقىلى تاس قالدى، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ پادىشاھقا سالام قىلىپ تۇردى. پادىشاھ:

— دەرھال پال سالغىن، — دېدى.

بابكار:

— ئۆيۈمگە بۇگۈنچە كېتىپ تۇرسام، ئاخشىمى كۆرگەن چۈشۈم ئارقىلىق پال ئېچىپ جاۋابىنى ئەتە بەرسەم، دېدى. پادىشاھ ماقۇل بولدى. بابكار ئۆيىگە قايتىپ:

— ھەي خوتۇن، مەن بىر بالاغا يولۇقتۇم. سەن دەرھال خېمىر ئېتىپ نان ياق، سەھەردىلا بۇ يەردىن قېچىپ كېتەي، — دېدى. خوتۇنى كېچىلەپ نان ياقتى. بابكار خورجۇنغا نانىنى ساناپ سېلىۋېتىپ «يەتتە» دېگەنىدى. پادىشاھنىڭ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا چۈشكەن، بابكارغا نام خوشنا بولغان يەتتە ئوغرى بۇنى ئاڭلاپ پۇت ـ قولىدا جان قالماي دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ بابكارنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە ئۇنىڭغا سالام قىلىپ قول باغلاپ تۇردى. بابكار:

— سىزلەر نەدىن كەلدىڭىزلار، ئېيتىڭىزلەر نېمە، — دەپ سورىدى. ئوغرىلار:

— شاھ خەزىنىسىگە ئوغرىلىققا كىرگەن ئادەملەر بىز ئىدۇق، ئۆزلىرىگە يەتتە خېچىر مال بېرەيلى، بىزنى پادىشاھقا مەلۇم قىلمىسىلا، بولمىسا بىز بىكاردىنلا ئۆلۈپ كېتىمىز، — دېدى.

بابكار:

— ئالغان ماللارنى قەيەرگە قويدۇڭلار؟ — دەپ سورىدى. ئوغرىلار:

— بىر كونا گۆرۈستانلىققا قويدۇق، — دەپ جاۋاب بەردى. ئوغرىلار يەتتە خېچىر مالنى بابكارغا بېرىپ گۆرۈستانلىقنى كۆرسىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، ئەتىسى پادىشاھ: «مول-

لـىنى ئېلـىپ كېلـىڭلار » دەپ كـىشى
ئەۋەتتى . خىزمەتكارلار موللىنى پادىشاھنىڭ
قېشىغا ئېلىپ كەلدى «پالچى موللا » پادى-
شاھقا سالام قىلىپ تۇردى . پادىشاھ :

— مالىدىن خەۋەر ئالالىدىڭمۇ ؟ —
دەپ سورىدى .

«موللا » :

— ئەي ، پادىشاھى ئالەم ، تۈنۈگۈن
ئاخشام چۈش كۆردۈم ، چۈشۈمدە
خەزىنىڭىزدىكى ماللارنى بىر كونا گۆرنىڭ
ئىچىدە كۆردۈم ، — دېدى . پادىشاھ خۇشال
بولۇپ بابكارغا مىڭ تەڭگە تەقدىم قىلدى.
ماللارنى ئېلىپ كېلىشكە بەش - ئالتە ياسا-
ۋۇلنى بۇيرىدى ، ئۇلار مالنى تېپىپ كەلدى .
پادىشاھ «پالچى موللا» غا ناھايىتى
مېھرىبانلىق قىلىپ ئۇنىڭغا پات - پات ئىن-
ئاملار بېرىپ تۇردى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ
خوتۇنى مەلىكە زانۇشنىڭ قولىقىدا ئېسىقلىق
تۇرغان لەئلى مۇنچىقى يوقۇلۇپ كەتتى ، مە-
لىكە پەرىشانلىقتىن يىغلاپ ، ھېچنېمە يېمەي
ئولتۇراتتى . پادىشاھ يېنىغا كېلىپ :

— نېمىگە پەرىشان بولىسىز ؟ —
دەپ سورىدى . مەلىكە زانۇش :

— چېچىمنى تاراي دەپ ئولتۇرۇپ
لەئلى مۇنچىقىمنى باغقا قويۇپ قويۇپتىمەن .
كېيىن قارىسام ھېچنەدە يوق ، ئىزدەپ تاپال -
مىدىم ، — دېدى . پادىشاھ «پالچى موللا» غا
ئادەم ئەۋەتتى . بابكار پادىشاھنىڭ قېشىغا
كېلىپ سالام قىلىپ تۇردى . پادىشاھ ئېلىك
ئېلىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى ، ئالدىغا خىلمۇ خىل
تائاملارنى قويدى . تائامدىن كېيىن
پادىشاھ :

— خانىشىنىڭ قۇلىقىدىكى لەئلى
مۇنچاقنى بىرسى ئوغۇرلاپتۇ ، تېپىلارمۇ ،
تېپىلماسمۇ ؟ — دەپ سورىدى . «پالچى
موللا » .

— ئىنشائاللا تېپىلۇر ، بۈگۈن كېچە
ئۆيۈمدە يەنە چۈشۈم ئارقىلىق پال ئېچىپ
كەلسەم ، — دېدى . پادىشاھ :

— ئۆيگە بېرىش زۆرۈر ئەمەس ، —
دەپ بارغىلى قويمىدى . پادىشاھ ئۇنىڭغا «
مۇشۇ جايدا ئۇخلاپ ، چۈشۈڭدە پال ئاچ »
دەپ مېھمانخانىغا ئورۇن - كۆرپە سالدۇرۇپ
بەردى . بابكار قورقۇپ كېچىچە ياتالمىدى .
ئۆز ئۆزىگە : «پادىشاھقا ئەتە نېمە دەرمەن ؟
سۆزۈم راست چىقسىغۇ ياخشى ، ئەگەر
راست چىقمىسا مېنى نابۇت قىلىدۇ .
ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈم ئېسىلىپ ئۆلۈۋالاي »
دەپ بېلىدىكى پوتىسىنى يېشىپ بىر ئۇچىنى
بويىنىغا ، يەنە بىر ئۇچىنى تۈگۈلۈكنىڭ
ياغىچىغا باغلاپ ئۆزىنى مۇئەللەققە قويۇپ
بېرىپلا : «ۋاي جان ، ۋاي جان » دەپ
ۋارقىراپ سالدى ، ئاڭغىچە بىر سىنىڭ تى-
ۋىشىنى ئاڭلاپ قالغان بابكار بويىنىدىن
پوتىسىنى چىقىرىپ ئۇنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى .
قارىسا ئۇ پادىشاھنىڭ كېنىزىكى ئىكەن
«موللا » : «نېمە ئۇچۇن كىردىڭ ؟ » دې-
دى .

كېنىزەك :

— مەلىكىنىڭ لەئلى مۇنچىقىنى مەن
ئالغانىدىم ، پالدا مېنىڭ ئېتىم چىقىپ قالدى
بولغاي ، «ۋاي جان ، مەرجان » دەپ تووۋ-
لىدىلا ، مېنىڭ ئېتىم «مەرجان » ئىدى ،
قورقۇپ يانلىرىغا كىردىم ، — دېدى .
«موللا » :

— قورقماڭ ، سىزنى ئاشكارە
قىلمايمەن ، ماڭا نېمە بېرىسىز ؟ ، — دېدى .
كېنىزەك :

— نېمىنى خالىسىلا شۇنى بېرەي،
ھېچكىمگە دېمىسىلە ، — دېدى . «موللا »:
— روپىيە بارمۇ ؟ — دېدى .
كېنىزەك :
— بار ، — دەپ توققۇز روپىيە ئې-
لىپ چىقىپ «موللا »غا بېرىپ كۆپ
ئۆزرىلەر ئېيتتى . «موللا » :
— ئۇنداق بولسا مۇنچاقنى ماڭا بې-
رىڭ ، ئۇنىڭ ئىلاجىنى ئۆزۈم قىلاي ، —
دېدى ، كېنىزەك لەئلە مۇنچاقنى «موللا » غا
بەردى . «موللا » :
— ئەمدى سىز پادىشاھنىڭ بېغىغا
كىرىپ بىر غاز تۇتۇپ چىقىڭ ، — دېدى .
كېنىزەك دەرھال بىر غاز تۇتۇپ چىقتى .
بابكار غازغا لەئلى مۇنچاقنى يېگۈزدى ۋە ئۇ-
نىڭ پۇتىنى سۇندۇرۇپ ، غازلارنىڭ
ئارىسىغا قوشۇۋەتتى . ئەتىسى پادىشاھ
موللامنى چاقىرىپ چىقىپ :
— قانداق بولدى ؟ — دەپ
سورىدى . «پالچى موللا » :
— ئەي پادىشاھى ئالەم ، چۈشۈمدە
پال ئېچىپ كۆردۈم ، بىر كىشى ئۇ لەئلى
مۇنچاقتىن خەۋەر بەردى . مۇنچاقنى باغ-
دىكى غازلارنىڭ ئىچىدىكى بىر پۇتى سۇنۇق
غاز يەۋاپتۇ ، — دېدى . پادىشاھ كىشى
بۇيرۇپ ئۇ غازنى ئۆلتۈرۈپ قارنىنى يارغۇ-
زۇپ ، لەئلى مۇنچاقنى ئېلىپ چىقتى .
«موللا » مۇنچاقنى خانىشقا ئېلىپ كىردى .
خانىش ئۇنىڭ سۆيۈنچىسىگە توققۇز گۆھەر
بەردى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى پادىشاھ :
«يۇرتنىڭ بارلىق چوڭ - كىچىك كاتتى-
لىرى جەم بولسۇن » دەپ يارلىق
چۈشۈرۈپ ، بارلىق شەھەرلەرگە ئادەم ئە-
ۋەتىپ داڭدار ئالىملارنى يىغىپ كەلدى .
ئىرەم بېغى ئىچىدە بىر بوستان بار ئىدى .
پادىشاھ باشلىق بارلىق ئالىملار بۇ بوستاندا
دەم ئېلىپ ئولتۇردى . بىرەر سائەتتىن كې-
يىن پادىشاھ ئۆيىگە كىرىپ بىر مىس كورىغا
ئىككى قۇمچاق سېلىپ كورىنىڭ ئېغىزىنى
ئېتىپ ، ئۈستىنى پۇختا ئوراپ دەستىخانغا
ئېلىپ چىقتى ۋە : «ئەي ئەمىر ئۆلىمالار ،
نەچچە يىلدىن بېرى پېقىرنىڭ ئىلتىپاتىغا
مۇيەسسەر بولدۇڭلار ، ئۇشبۇ كورىدىكى
نەرسە نېمىدۇر ، تېپىپ بېقىڭلار » دېدى .
ئەمىر ئۆلىمالار «خۇش تەقسىر» دەپ
مۇھاكىمىگە چۈشۈپ كەتتى . بىرى ئۇنى «
ئاش» دېسە يەنە بىرى «شىرنە» دېدى . يەنە
بەزىسى «گۆش شورپىسى » دېدى . ئۇنى
ئاخىرى ھېچكىم تاپالمىدى . پادىشاھ :
«پالچى موللىنى تېپىپ كېلىڭلار » دەپ ئا-
دەم ئەۋەتتى . ئۇلار پالچى موللىنى دەرھال
ئېلىپ كەلدى . «پالچى موللا» پادىشاھقا
سالام بېرىپ تۇردى . پادىشاھ ئۇنىڭدىن :
«دەستۇرخاندىكى كورىدا نېمە بار ؟ » دەپ
سورىدى «موللا » ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇپ :
«تاپسامغۇ ياخشى ، ئەگەر تاپالمىسام
تۇگەشكىنىم شۇ » دەپ ئاخىرى تاپالما-
لىققا كۆزى يېتىپ ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتىنى
تەمسىل قىلىپ : «قۇمچاق بىر سەكرەيدۇ ،
ئىككى سەكرەيدۇ ، ئۈچىنچىسىدە ئورىغا
چۈشىدۇ » دېدى . پادىشاھ ھەيران بولۇپ
كورىدىن قۇمچاقنى ئېلىپ كۆرسەتتى ،
جىمى ئۆلىما ۋە خەلق ناھايىتى ھەيران
قالدى . پادىشاھ ،«موللا » غا بىر ئالتۇن
دەستار ، بىر كىمخاب پەرەنجە بىر ئاق كىم-
خاپ پوتا ، بىر كۆركەم ئۆتۈك ، بىر ئىگەر
يۈگەنلىك ئات ئېلىپ چىقىپ خەلق ئالدىدا
ئۇنى تەبرىكلىدى . «موللا » تەڭرى تائالاغا
شۈكرى سانا ئوقۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى .

ھەممە ئاخۇن ، بەگلەر «موللا » نى مۇبارەكلەشتى .

ئەلقىسسە ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ شەھەرنىڭ قازىسى ۋاپات بولدى . پادىشاھ باشلىق شەھەر خەلقى «پالچى موللا» نى قازى قىلىپ سايلىدى ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىپ ، نەچچە پاتمان يەرنى ئۇنىڭغا ۋەقپە قىلىپ بەردى . ئەمما «پالچى موللا » نىڭ ھېچقانداق ئىلمىدىن خەۋىرى يوق ئىدى . ئۇ بويىنغا قارا ئارغامچا سېلىپ ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئىستىقامەتتە تۇرۇپ تەڭرى تائالادىن ئىلىم ـ ھېكمەت تىلىدى . بىر كۈنى خىزىر ئەلەيھىسسالام كىرىپ كېلىپ :

ـــ ئەي بەندە ، تەڭرىگە نېمە مەقسىتىڭنى ئېيتماقچى ؟ ـــ دەپ سورىدى . بابكار :

ـــ مېنىڭ ھاجىتىم غايىپتىن ئىلىم ھاسىل قىلىشتۇر ، ـــ دېدى . خىزىر ئەلەيھىسسالام ، «ئەي تەڭرى تائالا مېنى بۇ بەندەڭگە ئۇچراشتۇرۇپسەن ، بۇ بەندەڭگە غايىپتىن ئىلىم ئاتا قىلغىن » دەپ دۇئا قىلدى ۋە بابكارنىڭ ئېغىزىغا تۈكۈردى ، شۇ چاغدا : «غايىپتىن ئىلىم بەردىم » دېگەن گۈلدۈرمامىدەك بىر خىتاب ئاڭلاندى . ھەزرەت خىزىر ئەلەيھىسسالام : « كىتابىڭنى ئوقۇغىن » دەپ غايىپ بولدى . بابكارنىڭ ئىچى چىراغ ياندۇرغاندەك توساتتىن يورۇپ كەتتى . ئۇ بىر تەڭگە پۇلغا نان ئېلىپ خۇدا يولىدا سەدىقە بەردى . ئۈچ كۈنگىچە تەڭرى تائالاغا يۈز قويۇپ ئولتۇرغاندى ، غايىپتىن «ئوقۇغىن » دېگەن ئاۋاز كەلدى . بابكار دەرھال قويۇپ كىتابنى قولغا ئېلىپ «تەڭرى تائالاغا تەۋەككۈل » دەپ ئېچىپ ئوقۇدى . مۇشكۈل كىتابلارنى ئاسانلىق بىلەن ئوقۇدى . ئىلمى زىيادە بولدى .

بىر كۈنى يارلىق چوڭ ـ كىچىك ئۆلىمالار جەم بولۇپ : «بۇ موللا ئەمەس ئىدى ، پادىشاھ ھېچنېمە بىلمەيدىغان بىر كىشىنى بارچىمىزدىن ئۇلۇغ قىلىپ قويىدى . بىز ئۇنىڭ بىلەن پادىشاھنىڭ قېشىغا بېرىپ كىتاب ئوقۇشتا بەسلىشەيلى » دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا باردى . بارچە ئاخۇنلار كىتاب ئوقۇدى . نۆۋەت يېڭى بولغان ئاخۇنغا كەلدى . ئۇ «كىتابىمنى ئېلىپ كېلىڭلار » دەپ كىشى بۇيرۇپ ئۇنى ئېلىپ كەلدى ، باشقا ئاخۇنلارنى ئۇنى ئوقۇپ بېقىشقا بۇيرىدى ، ھېچقايسىسى ئوقۇيالمىدى . شۇندىلا ئۇ ئۆزى ئوقۇدى . پادىشاھ باشلىق ھەممە ئۆلىمالار تەھسىن ئاپىرىن ئوقۇپ ئۆيىگە ياندى .

ئەلقىسسە ، بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ۋەزىرى كىرىپ تەزىم بىجا كەلتۈرۈپ :

ـــ ئەي پادىشاھى ئالەم ، شەھىرىمىزگە دۈشمەن بېسىپ كېلىۋاتىدۇ ، ھازىر يېقىنلا يەرگە كېلىپ بوپتۇ ، ـــ دېدى . پادىشاھ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى غەمكىن بولۇپ ئاخۇنغا (پالچى موللامغا ) دەرھال كىشى ئەۋەتتى . ئاخۇن كېلىپ سالام قىلىپ ئولتۇردى . پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا لەزىز تائاملارنى راسلاپ قويىدى . دۇئا تەكبىردىن كېيىن پادىشاھ : «بۇ شەھەرگە دۈشمەن باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ ، قانداق قىلساق بولار ؟» دەپ مەسلىھەت سورىدى . ئاخۇن :

ـــ ئەي پادىشاھى ئالەم ، بۈگۈن ئەتىنىڭ ئىچىدە بىر مىڭ بەش يۈز چېرىك جەم بولسۇن ، دۈشمەن يېقىن كەلمەستىلا بىر ئىش قىلغايمىز ، ـــ دېدى . پادىشاھقا بۇ مەسلىھەت ماقۇل كەلدى . ئۇ : «بىر مىڭ بەش يۈز چېرىك ، دەرھال جەم بولسۇن » دەپ يارلىق قىلدى . پادىشاھ :

— ئەي ئاخۇن ، چېرىكلەر جەم بوپتۇ ، ئەمدى ئۆزلىرى ئۇلارغا باش بولۇپ جەڭگە ئاتلانسىلا ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ كارامەتلىرىدىن دۈشمەنلەر قورقۇپ قېچىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس ، — دېدى . ئاخۇن : «خوش ۋاق بولغايلا » دېديۇ ، ئەمما بېشىغا بىر قارا تاغ يىقىلدى . پادىشاھ : «ئاخۇنغا ئوبدان ئات ، قورال – ياراق ، جابدۇق بېرىڭلار » دەپ بۇيرىدى . ئاخۇن : «ئاتنى ئۆزەم تاللايمەن » دەپ ئاتخانىغا كىرىپ بىر كىچىككىنە ئاتنى ئېلىپ چىقتى . ئات باقار :

— بۇ ئات مەخسۇس پادىشاھ مىنىدىغان ئات ئىدى ، — دەپ بەرگىلى ئۇنىمدى . ئاخۇن ئۇنىمىغانغا ئۇنىماي ئۇنى ئېلىپ چىقتى ۋە پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ : «ئەي پادىشاھىم ، ئۆيۈمگە بېرىپ جابدۇنۇپ كەلسەم » دېدى . پادىشاھ رۇخسەت بەردى . بۇ بىچارە ئاخۇن ئەسلىدە ئات مىنەلمەيتتى ، ئۇ ئامالسىز ئىگەرچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىر چارەك يىلىم ئېلىپ كېلىپ قازاندا قايناتتى ۋە ئىگەر جابدۇقنى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە يەملەپ ئۇنى ئاجرىماس قىلىۋەتتى ، ئىگەرنىڭ ئۈستىگە يەنە يىلىم چېپىپ ئۇ يەردە شاپىدە ئولتۇردى ھەم سەللىسىگىمۇ يىلىم سۈركەپ بېشىدىن ئاجرىماس قىلىۋەتتى . ئۇ يا ئۆلۈم يا كۆرۈم دەپ قولىغا نەيزە ئالدى . ئاڭغىچە پادىشاھدىن ئادەم كەلدى . ئاخۇن پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپمۇ ئاتتىن ئەسلا چۈشمىدى . ۋەزىرلەر : «ئاخۇننىڭ ئات مىنگىنى ھازىرلا مەلۇم بولدى » دېيىشىپ تۇردى . پادىشاھ : «چېرىكلەرنى باشلاپ يۈرۈڭلار » دەپ ئەمر قىلدى . ئاخۇن : « تەڭرى تائالاغا تەۋەككۇل » دەپ يۈرۈپ دۈشمەنگە يۈزلەندى ، ناغرا – كانايىنىڭ قولاقنى يارغۇدەك قاتتىق ساداسىدىن چۆچۈپ كەتكەن شاش ئات ئۆزىنى توختىتالماي ئاخۇننى ئېلىپ قاچتى ، كۆزىدىن ئوتلار چاقنىدى . ئاخۇن ئات بىلەن بىللە بىر توغراقلىققا يېتىپ بېرىپ «ئۆزۈمنى ئاتتىن ئاجرىتاي » دەپ يوغان بىر توغراقنى قوچاقلىۋالدى . ئات ئۇنى ئېلىپ قاچتى ، شىددەتلىك بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە توغراق قومۇرۇلۇپ بىر نەچچە دۈشمەننى بېسىپ ئۆلتۈردى . دۈشمەن ئەسكەرلىرى بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ھەممىسى قېچىپ كەتتى . ئاخۇن ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن كېلىپ ، دەريا ئىچىگە ئات بىلەن بىرگە كىرىپ سۇغا ئۇزاق چىلىنىپ ، يىلىمنى ئېرىتكەندىن كېيىن ئاتتىن ئۆزىنى ئاجراتتى . بۇ ئىشلىرىدىن خۇشاللىققا تولۇپ چېرىكلىرىنى ئېلىپ غەلبە بىلەن قايتتى ، چېرىكلەرمۇ ئۆز جايىغا قايتتى . ئاخۇنمۇ دەرھال باشقا كىيىملىرىنى كىيىپ ، ئاتقا مىنىپ شاھ ئوردىسىغا كېلىپ چۈشتى . پادىشاھ ئۇنىڭغا يۈكسەك ئىززەت – ئىكرام بىلەن خىلمۇ خىل تائاملارنى ھازىرلاپ شەھەرنىڭ بىر يىللىق خىراجىتىنى ئايرىپ بەردى . ئاخۇن دۇئا – تەكبىر ئوقۇپ ئۆيىگە ياندى .

بىر نەچچە مۇددەتتىن كېيىن ئاخۇن ۋاپات بولدى . پادىشاھ باشلىق ھەممە خەلق ماتەمدار بولۇپ ، ئۇنىڭ جەسىتىنى يۇيۇپ تاراپ كېپەنلىككە ئېلىپ ، نامىزىنى ئۆتەپ يەرلىكىگە قويدى . بۇ دۇنيادىكى ھەممە ئاخۇن ، پادىشاھ ، ھۆكۈما ، پالۋانلار ھامان بىر كۈنى ئاشۇ قارا يەردىن ئورۇن ئالدۇ . ئەي تەڭرى تائالا ، ئۆز بەندەڭنى مۇراد – مەقسىتىگە يەتكۈزگەيسەن ، ئامىن يارەببىل ئالەمىن .

نەشرگە تەييارلىغۇچى : **بارات رەجەب**

# بۆرە توتېمى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر

نەشىرگە تەييارلىغۇچىدىن : ئەجدادلىرىمىز نېمە ئۈچۈن بۆرىنى توتېم قىلىدۇ ، ئۇنى ئۇلۇغلايدۇ ؟ بۆرىنى توتېم قىلىش ، بۆرىنى ئۇلۇغلاش قاچان ، قەيەردە ، كىملەر تەرىپىدىن باشلانغان ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى ئۇزۇن زامانلارغىچە داۋاملىشىدۇ ۋە ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ھەر خىل ساھەلىرىگىچە سىڭىپ كىرىدۇ ؟ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بۆرە توتېمىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنى ماتېرىيال ئاساسىي بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ، مەن ئۆزۈم ئۇچراتقان ، بۆرىنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رىۋايەتلەر ۋە بۆرە ئاساسىي دېتال قىلىنغان شېئىرلارنى كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمەن .

1 . رىۋايەت

”ئۇلار كېلىپ قاتناشتى . قىرىق شىرە ، قىرىق بەندۇڭ ياساتتى . كۆپچىلىك تۈرلۈك نازۇ - نېمەتنى يېيىشتى ، تۈرلۈك مەي - شارابلار ئىچىشتى . تويدىن كېيىن ، ئوغۇزخاقان بەگلەرگە ۋە ئەل - جامائەتكە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى : «مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان ، ئېلىڭلار يا بىلەن قالقان ؛ تامغا بولسۇن بىزگە بۇيان ، كۆك بۆرى بولسۇن ھەم ئۇران ؛ تۆمۈر نەيزىلەر بولسۇن ئورمان ، ئوۋلىقتا يۈرۈشسۇن مال - ۋاران ؛ ھەم ئاقسۇن دەريا ۋە ئېقىن ، قۇياش تۇغ بولسۇن ، ئاسمان قورغان» . ئاندىن كېيىن ، ئوغۇز خاقان تەرەپ - تەرەپكە يارلىق چىقاردى . مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى . بۇ مەكتۇپتە مۇنداق دېيىلگەن : «مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن ، مەن پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك ، مەن سىلەرنىڭ ماڭا بويسۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن . كىمكى مېنىڭ ئاغزىمغا باقسا ، مەن ئۇنىڭغا تارتۇق تارتىپ ، ئۇنىڭ بىلەن دوست بولىمەن . كىمكى ئاغزىمغا باقمىسا ، غەزەپ بىلەن لەشكەر تارتىپ ، ئۇنى ئۆزۈمگە دۈشمەن تۇتىمەن . لەشكەرلىرىم ھەممىلا يەردە سىلەرنى يوقىتىدۇ» . بۇ چاغدا ، ئوڭ تەرەپتە ئالتۇن خاقان دېگەن بىر خاقان بار ئىدى . بۇ ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتىپ ، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش ، نۇرغۇن ياقۇت ، ئۈنچە - مەرۋايىتنى سوۋغا قىلىپ ، ئوغۇزخاقانغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئوغۇزخاقان ئۇنىڭ ياخشى بەگلىرى بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى . ئالتۇن خاقان بىلەن دوست بولدى . سول تەرەپتە ئۇرۇم (رىم) دېگەن بىر خاقان بار ئىدى . بۇ خاقاننىڭ لەشكەرلىرى ۋە شەھەرلىرى نۇرغۇن ئىدى . بۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇزخاقاننىڭ يارلىقىنى قوبۇل قىلمىدى . ئۇنى ھۆرمەتلەپ ئالدىغا بارمىدى . «بۇ سۆزلەرگە پەسەنت قىلمايمەن» دەپ يارلىققا بويسۇنمىدى . بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخاقاننىڭ غەزىپى كېلىپ ، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقىرىشقا تەييارلاندى . تۇغلىرىنى كۆتۈرۈپ ، ئەسكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلاندى . قىرىق كۈندىن كېيىن ، مۇزتاغ دېگەن تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ باردى . چېدىر تىكىپ ، شۈك بولۇپ ئۇخلاشتى . تاڭ سۈزۈلگەندە ، ئوغۇزخا-

قانىنىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. ئۇ يورۇق ئىچىدىن، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە چىقتى. بۇ بۆرە ئوغۇزخاقانغا مۇنداق دېدى: «ھەي، ئوغۇز سەن ئۇرۇمغا ئەسكەر چىقارساڭ، مەن ئالدىڭدا يول باشلاپ ماڭىمەن». شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان چېدىرلىرىنى يىغىپ ئاتلاندى. قارىسا، لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق چوڭ بىر ئەركەك بۆرە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار بۆرىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئىلگىرىلىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق بۇ چوڭ ئەركەك بۆرە يولدىن توختىدى. ئوغۇزمۇ لەشكەرلىرى بىلەن بىرگە توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل دېگەن بىر دەريا بار ئىدى. ئىتىل دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى قارا تاغ باغرىدا قاتتىق ئۇرۇش بولدى. ئىككى قوشۇن ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ، جىددىي ئۇرۇش بولدى. ئۇرۇش ئەل ـ جامائەتنىڭ كۆڭلىگە كۆپ قايغۇ سالدى. ئۇرۇش شۇنداق قاتتىق بولدىكى، ئىتىل دەرياسىنىڭ سۈيى قىپقىزىل سىرغا ئايلاندى. ئوغۇزخاقان يەڭدى، ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇزخاقان ئۇرۇم خاقانىنىڭ خاقانلىقىنى ئالدى، ئەل ـ جامائەتنى ئۆزىگە قاراتتى. نۇرغۇنلىغان جانسىز ۋە جانلىق غەنىمەتلەر ئوغۇزخاقانىنىڭ ئوردىسىغا كىردى. ئۇرۇم خاقانىنىڭ بىر قېرىندىشى بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى ئۇرۇس بەگ ئىدى. ئۇرۇس بەگ ئوغلىنى تاغ بېشىغا جايلاشقان، ئەتراپى چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان شەھەرنى قوغداشقا ئەۋەتتى ھەمدە ئوغلىغا «شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ، شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك» دېدى. ئوغۇز خاقان ئاشۇ شەھەرگە ئاتلاندى. ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغلى ئوغۇزخاقانغا نۇرغۇن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەكەلدى، ھەمدە: «ئىخ، سەن مېنىڭ خاقانىمسەن! ئاتام بۇ شەھەرنى ماڭا بەرگەن ھەمدە شەھەرنى قوغدىشىڭ كېرەك، ئۇرۇش باشلانغاندىن كېيىنمۇ، شەھەرنى قوغداپ قېلىشىڭ كېرەك دېگەن، ئەگەر ئاتام خاپا بولۇپ قالسا، مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر؟ مەن سېنىڭ يارلىقىڭنى ئىجرا قىلىشقا تەييارمەن. بىزنىڭ بەختىمىز، سېنىڭ بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز، سېنىڭ دەرىخىڭنىڭ ئۇرۇغىدىن، تەڭرى ساڭا پۈتۈن زېمىننى ئاتا قىلماقتا، مېنىڭ جىسمىم ۋە بەختىم ساڭا مەنسۇپ. مەن ساڭا تارتۇق تارتىپ تۇرۇپ، دوستلۇقتىن چىقمايمەن» دېدى. ئوغۇزخاقانغا يىگىتنىڭ سۆزى ياقتى، شادلىنىپ كۈلدى. ھەمدە: «ماڭا كۆپ ئالتۇن تەقدىم قىپسەن، شەھەرنى ياخشى ساقلاپسەن» دېدى. شۇڭا ئۇنىڭغا «ساقلاپ» دەپ ئات قويدى، ئۇنىڭغا دوستلۇق قىلدى. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئىتىل دەرياسىغا كەلدى. ئىتىل دەرياسى چوڭ بىر دەريا ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنى كۆرۈپ ئېيتتىكى: «ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتەرمىز؟» لەشكەرلەر ئىچىدە ئۇلۇس ئوردا بەگ دېگەن بىر ياخشى بەگ بار ئىدى. ئۇ قابىلىيەتلىك ۋە ئەقىللىق ئادەم ئىدى. ئۇ بەگ دەريا بويىدا نۇرغۇن تال ـ ياغاچلارنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى بەگ ...... ئاشۇ ياغاچلار ... كەستى. ئۇنى سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلىتىپ، ئۆزلىرى ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئىتىل دەرياسىدىن ئۆتتى. ئوغۇزخاقان شادلىنىپ كۈلدى. ئېيتتىكى: «ھەي، سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ساڭا ئات بولسۇن.» ئۇلار داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى. شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان يەنە ھېلىقى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرىنى كۆردى. بۇ كۆك بۆرە ئوغۇزخاقانغا ئېيتتىكى:

«ئوغۇز، ئەمدى لەشكەرلىرىڭنى باشلاپ بۇ يەردىن قوزغال. سەن ئەل ـ جامائەت ۋە بەگلەرنى باشلاپ ماڭ، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن» . تاڭ ئاتقاندا، ئوغۇزخاقان ئەركەك بۆرىنىڭ لەشكەرلىرى ئالدىدا يول باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ شادلاندى ھەمدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى. ئوغۇزخاقان بىر چىپار ئايغىر ئاتقا مىنەتتى. ئۇ بۇ ئايغىرنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. يولدا بۇ ئايغىر كۆزدىن يۈتتى. بۇ يەردە ئېگىز بىر تاغ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە توڭ ـ مۇزلار بار ئىدى. ئۇنىڭ چوققىسىدا ئاپئاق قارلار بار ئىدى، شۇڭا بۇ تاغ ـــ مۇز تاغ دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇزخاقاننىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوغۇزخاقان ئۆزۈنىچە ئازاب چەكتى. لەشكەرلەر ئىچىدە بەستلىك ۋە تەمبەل بىر ئەر بار ئىدى، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقماس باتۇر ئادەم ئىدى، جەڭلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەرگەن ئىدى. بۇ ئادەم ئاتنى ئىزدىگىلى تاغقا كىردى. توققۇز كۈندىن كېيىن، ئوغۇزخاقانغا ئايغىرنى ھازىر قىلدى. مۇز تاغ ئىنتايىن سوغۇق بولغاچقا، بۇ بەگنىڭ پۈتۈن ئەت ـ جېنىنى قار ـ مۇز قاپلىغان ئىدى. ئوغۇزخاقان خۇرسەن بولۇپ كۈلدى، ئېيتتىكى: «ھەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق، مەڭگۈلۈك ئىسمىڭ بولسۇن ساڭا قارلۇق» ھەمدە ئۇنىڭغا نۇرغۇن دۇنيا تەقدىم قىلدى. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. ئۇ يولدا ئېگىز بىر ئۆينى كۆردى. بۇ ئۆي-نىڭ تېمى ئالتۇندىن، تۈڭلۈكى كۈمۈشتىن، ئىشىكى تۆمۈردىن ياسالغان ئىدى. ئىشىكى قۇلۇپلانغان بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى. لەشكەر ئىچىدە بىر چېۋەر ئۇستام بار ئىدى. ئۇ-نىڭ ئىسمى تۆمۈردۇقاغۇل ئىدى. ئوغۇز ئۇنىڭغا: «سەن بۇ يەردە قال، ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىپ بار» دەپ يارلىق چۈشەردى ھەمدە ئۇنىڭغا قالاچ دەپ ئات قويدى. يەنە داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بىر كۈنى كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە يەنە يول-دىن توختىدى. ئوغۇزخاقانمۇ يولدىن توختاپ، چېدىرلىرىنى تىكتى. بۇ تېرىلمىغان تۈزلەڭلىك بىر يەر بولۇپ، چۈرچىت دەپ ئاتىلاتتى. ئۇنىڭ ئەل ـ جامائىتى كۆپ، يەرلىرى كەڭ ئىدى. بۇ يەردە يىلقىلار، پادا ـ كاللار، ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار كۆپ ئىدى. چۈرچىت خاقان ۋە ئەل جامائىتى ئوغۇزخاقانغا قارشىلىق بىلدۈردى. ئۇرۇش باشلاندى. ئىككى تەرەپ ئوق چىقىرىپ، قىلىچ ئۇرۇشۇپ جەڭ قىلدى. ئوغۇزخاقان چۈرچىت خاقانى يەڭدى، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ ئۆلتۈردى. چۈرچىتنىڭ ئەل ـ جامائىتىنى ئۆز ئاغزىغا قاراتتى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ئوغۇزخاقاننىڭ لەشكەرلىرىگە، نۆكەرلىرىگە ۋە خەلقىگە شۇنداق كۆپ غەنىمەتلەر چۈشتىكى، ئۇنى توشۇشقا شۇنچىلا ئات، قېچىر، كاللار ئازلىق قىلدى. ئوغۇزخاقاننىڭ لەشكىرى ئىچىدە ياشانغان بىر چېۋەر كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى بارماقلىق يوسۇن بىلىلىگ ئىدى. بۇ چېۋەر ئادەم بىر ئېگىز ھارۋا ياسىدى. ھارۋا ئۈستىگە جانسىز غەنىمەتلەرنى قاچىلىدى، ھارۋىنىڭ ئالدىغا جانلىق غەنىمەتلەرنى قوشتى، ئۇلارغا ھارۋىنى تارتقۇزدى. نۆكەرلەر، ئەل ـ جامائەت بۇنى كۆرۈپ ھەيران بول-دى. ئۇلارمۇ ھارۋا ياسىدى. ئېگىز ھارۋا ماڭغاندا «قانغا، قانغا» دېگەن ئاۋاز چىقاتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا «قانغا» دەپ ئات قويدى. ئوغۇزخاقان قانغالارنى كۆرۈپ، كۈلدى، ئېيت-تىكى: «قانغا بىلەن جانسىز غەنىمەتنى جانلىق غەنىمەت سۆرەپ ماڭىدىكەن. ئېگىز ھارۋىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، قانغۇلۇق ساڭا ئات بولسۇن» . سۆزىنى تۈگىتىپ يۈرۈپ

كەتتى. ئاندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە بىلەن بىللە سىندۇ، تاڭغۇت، شاغام تەرەپلەرگە يۈرۈش قىلىپ باردى. كۆپ ئۇرۇش ۋە توقۇنۇشلاردىن كېيىن، ئۇ جايلارنى ئىشغال قىلدى ھەمدە ئۇ يەرلەرنى ئۆز دۆلەت تېررىتورىيىسىگە قوشتى. ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەك، جەنۇب تەرەپتە بارقان دېگەن يەرنىڭ بارلىقىنى بىلىش كېرەك. ئۇ يەر ناھايىتى مۇنبەت ۋە ئىسسىق يەر ئىكەن.» ①

2. رىۋايەت

« كېيىن خاقان ۋۇدى جاڭ چيەندىن باكتىرىيە تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى يەنە كۆپ سۈرۈشتە قىلدۇ. مەنسۇۋىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغان جاڭ چيەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: « پېقىر، ھۇنلارنىڭ ئىچىدە تۇرغان چېغىمدا، ئۇيسۇن خانىنىڭ كۇنبېي دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم. كۇنبېينىڭ ئاتىسى ھۇنلارنىڭ غەربىدە كىچىك بىر خانلىق قۇرغانىكەن، ھۇنلار ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن. بوۋاق كۇنبېينى دالىغا تاشلىۋەتكەنىكەن. گۆش چىشلىگەن بىر قاغا ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدە ئۇچۇپ ئەگىپ يۈرۈدىكەن. بىر چىشى بۆرە كېلىپ ئۇنى ئېمىتىدىكەن. تەڭرىقۇت بۇنى ئاڭلاپ ھەيران بوپتۇ ۋە 〈 بۇ بالىغا تەڭرى يار بوپتۇ 〉 دەپ ئۇنى بېقىپ چوڭ قىپتۇ. بالا چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە، تەڭرىقۇت ئۇنى قوشۇنغا باش قىلىپ ئۇرۇشقا ساپتۇ. ئۇ كۆپ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ. تەڭرىقۇت ئۇنىڭغا ئاتىسىنىڭ پۇقرالىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىپ، غەربىي ئەلنى ئۇزۇن مۇددەت ساقلاشقا بويرۇپتۇ. كۇنبېي پۇقرالىرىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. ئەتراپتىكى كىچىك شەھەرلەرگە ھۇجۇم قىلىپتۇ. ئەسكەرلىرى بىرنەچچە ئون مىڭغا يېتىپتۇ. ئۇلار ئۇرۇشقا ماھىر ئىكەن. تەڭرىقۇت ئۆلگەندىن كېيىن، كۇنبېي ئېلىنى باشلاپ يىراققا كۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۆز ئالدىغا بولىۋېلىپ، ھۇنلارغا بەيئەت قىلىشنى خالىماپتۇ. ھۇنلار قوشۇن ئەۋەتىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، غەلىبە قىلالماپتۇ. شۇڭا، ھۇنلار كۇنبېينى تەڭرى يۆلەۋاتىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ، كونترول قىلىش چارىسىنىلا قوللىنىپ، كۆپ ھۇجۇم قىلمىغانىكەن. بۈگۈنكى كۈندە تەڭرىقۇت خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى. ئىلگىرى قونشارقان تۇرغان يەرلەر بوش قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بەدىۋى يات قەبىلىلەر خەننىڭ بايلىقلىرىغا قىزىقىدۇ. مۇشۇ ياخشى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كۆپ مىقداردا سوۋغا ـ سالام ۋە مال ـ بايلىق بېرىپ، ئۇيسۇنلارنى شەرققە كۆچۈپ، قونشارقاننىڭ ئىلگىرىكى يەرلىرىگە ئولتۇراقلىشىشقا، خەن بىلەن ئاغا ـ ئىنى بولۇشقا ئۇندەش كېرەك. ھازىرقى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، ئۇيسۇنلار بىزنىڭ سۆزىمىزنى ئاڭلىشى مۇمكىن. ئۇلار سۆزىمىزگە كىرىپ، بىزنىڭ پىكرىمىز بويىچە ئىش كۆرسە، بۇ ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى ئۈزۈۋەتكەنلىك بولىدۇ. ئۇيسۇنلار بىلەن بىرلىشىدىكەنمىز، ئۇنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى باكتىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خەننىڭ تاشقى ۋەزىرلىرى (بېقىندى ئەللىرى) گە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دەيدۇ. خاقان ۋۇدى بۇنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۇنى نۆكەر بېشى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. جاڭ چيەن 300 كىشىگە باش بولۇپ، كىشى بېشىغا

① گېلىڭ شىملىڭ، تۇرسۇن ئايۇپلار نەشرگە تەييارلىغان «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخي داستانى ئوغۇزنامە» 45 ـ بېتىدىن 57 ـ بېتىگىچە قارالسۇن. مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 ـ يىل 6 ـ ئاي.

ئىككىدىن ئات ئېلىپ ، ئون مىڭدىن ئوشۇق قوي ــ كالا ھەيدەپ ، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەن
پۇلغا يارايدىغان ئالتۇن ــ كۈمۈش ، تاۋار ــ دۇردۇن قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ ، ئەلچىلىك
دەستىكى تۇتقان تۇرغۇن نائىپ ئەلچىلەر بىلەن يولغا چىقىدۇ . زۇرۇر تېپىلغاندا ، يول ئۈس-
تىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ ، مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ . » ①

3 . رىۋايەت .

”خەن ۋۇدى جاڭ چيەندىن باكتېرىيە تەرەپتىكى ئەھۋاللارنى كۆپ سۈرۈشتە قىلدى .
جاڭ چيەن مەنسىپىدىن مەھرۇم بولۇپ قالغانلىقتىن ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ : «پېقىر ،
ھۇنلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان چېغىمدا ئۇيسۇن خانى نامىنىڭ كۇنبىي (كۇنبەك ) ئىكەنلىكىنى
ئاڭلىغان ئىدىم . ئۇنىڭ ئاتىسى ناندۇبىي ئىكەن . ئۇلار ئەسلىدە چوڭ ياۋچىلار بىلەن چىلەن
تېغى ۋە دۇنخۇاڭ ئارىلىقىدا تۇرىدىغان كىچىك دۆلەتلەر ئىكەن . چوڭ ياۋچىلار ناندۇبىيگە
ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ ، يەرلىرىنى تارتىۋالغان ئىكەن . ناندۇبىينىڭ خەلقى ھۇنلار
ئىچىگە قېچىپتۇ . يېڭى تۇغۇلغان بالىسى كۇنبىينى ئاتا بەك بۇجۇ يابغۇ ئېلىپ قېچىپ قوراي-
لىق ئىچىگە قويۇپ قويۇپ ، ئۇنىڭغا ئوزۇق ئىزدەشكە كېتىپتۇ . قايتىپ كەلسە بىر چىشى بۆرە
ئۇنى ئېمىتىۋېتىپتۇ . يەنە گۆش چىشلىگەن بىر قاغا ئەتراپىدا پەرۋاز قىلىپ ئۇچۇپ يۈرۈپتۇ .
بۇنى كۆرۈپ تەڭرى يار بوپتۇ دەپ ئويلاپتۇ ۋە بالىنى ھۇنلارنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قايتىپ
كەپتۇ . تەڭرىقۇتنىڭ ئامراقلىقى كېلىپ ئۇنى بېقىپتۇ . چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يەتكەندە ، تەڭ-
رىقۇت ئۇنىڭ ئاتىسىنىڭ ئېلىنى كۇنبىيگە تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ، ھەمدە قوشۇنغا باش قىپتۇ . ئۇ
كۆپ خىزمەت كۆرسىتىپتۇ . بۇ ۋاقىتتا چوڭ ياۋچىلار ھۇنلار تەرىپىدىن ئاللىقاچان مەغلۇپ
قىلىنىپ ، غەربتە ساقلارنىڭ خانىغا ھۇجۇم قىلغانىكەن ، ساق خانى ئېلىنى ئېلىپ يىراق
جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىپتۇ . ياۋچىلار ساقلارنىڭ يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپتۇ . كۇنبىي كۈچەي-
گەندىن كېيىن ، تەڭرىقۇتقا ئاتىسىنىڭ ئۆچىنى ئېلىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىپتۇ ۋە
غەربكە يۈرۈش قىلىپ ، چوڭ ياۋچىلارنى يېڭىپتۇ . چوڭ ياۋچىلار يەنىمۇ غەربكە كۆچۈپ ،
باكتېرىيىگە بېرىپتۇ . كۇنبىي ئۇلارنىڭ خەلقىنى ئۆزىگە بېقىندۇرۇپ ۋە شۇ يەرگە
ئورۇنلىشىپ ، ھەربىي جەھەتتە بارغانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ . دەل شۇ چاغدا تەڭرىقۇت
ئۆلگەچكە ، كۇنبىي ھۇنلارغا زىيارەتكە بېرىشنى ۋە بېقىندى بولۇشنى خالىمايدۇ . ھۇنلار
ئەسكەر چىقىرىپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ ، غەلىبە قىلالمايدۇ ۋە تەڭرى ئۇنى يۆلەۋاتىدۇ دەپ
ئۇلاردىن يىراق قاچىدۇ . ھازىر تەڭرىقۇت خەن خاقانلىقى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى .
كۇنبىينىڭ ئەجدادلىرى تۇرغان يەرلەر بوش قالدى . يات قەۋملەر يۇرتلىرىنى سېغىنىدۇ .
ئۇلار خەن سۇلالىسىنىڭ بايلىقلىرىغا قىزىقىدۇ . مۇنداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي كۆپ
مىقداردا سوۋغا ــ سالام تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ئۇيسۇنلارنى كونا يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كې-
لىشكە ئۈندەش كېرەك . خەن سۇلالىسى كۇنبىيكە خانىكە بېرىپ ، ئۇنىڭ بىلەن ئاغا ــ ئىنى
بولۇشى لازىم . شۇ چاغدىلا ئۇ دائىم خەن سۇلالىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان بولىدۇ . بۇ ،
ھۇنلارنىڭ ئوڭ قولىنى كېسىۋەتكەنلىك بولىدۇ . ئۇيسۇنلارنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان

---

① سىماچيەن «تارىخىي خاتىرىلەر . پەرغانە تەزكىرىسى » ئۇيغۇرچە نەشرى ، 496 ــ بەت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .
1989 ــ يىل 9 ــ ئاي .

باكتىرىيە قاتارلىق خانلىقلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى خەن سۇلالىسىنىڭ چەت ئەللەردىكى رەئىيەتىگە ئايلاندۇرۇشقا بولىدۇ» دەيدۇ. خەن ۋۇدى بۇنى توغرا تاپىدۇ ۋە ئۇنى ئەمر نۆكەر قىلىدۇ. جاڭ چيەن 300 كىشىگە باش بولۇپ، كىشى بېشىغا ئىككىدىن ئات ئې-لىپ، 10 مىڭدىن ئوشۇق كالا ـ قوي ھەيدەپ، قىممىتى نەچچە مىڭ تۈمەن پۇلغا يارايدىغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، تاۋار ـ دۇردۇن قاتارلىق بايلىقلارنى ئېلىپ، ئەلچىلىك دەستىكى تۇتقان نۇرغۇن نائىب ئەلچىلەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئىمكانىيەت تېپىلغاندا يول ئۈستىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچىلەرنى ئەۋەتىپ، مۇناسىۋەت ئورناتماقچى بولىدۇ.» ①

4. رىۋايەت

«تاغ باغرىدىكى بىر كەڭ يايلاقتا دادا بىلەن قىزدىن تەركىب تاپقان بىر ئائىلە كىشىسى بولۇپ، ئۇلار خۇش ـ خۇرام ۋە خاتىرجەم ياشايدىكەن. يايلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى تاغ ئۆڭكۈرىدە بولسا بىر ئالۋاستى بولۇپ، ئۇ ئۇزۇندىن بېرى قىزنى پايلاپ يۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئالۋاستى قىزنى بېرىشكە ئۇنىڭ دادىسىنى مەجبۇرلاپتۇ. دادىسى ئۇنىمىغاندىن كېيىن ئالۋاستى بۇ كىشىنى يەۋېتىپتۇ. قىز بولسا قېچىپ كېتىپ شاخ-لىرى باراقسان قېرى بىر دەرەخنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە دەرەخكە يالۋۇرۇپ قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قېرى دەرەخ يېرىلىپ قىزنى ئۆز باغرىغا ئاپتۇ.

ئالۋاستى بولسا يوغان بىر پالتا بىلەن دەرەخنى غولىدىن كەسمەكچى بولۇپتۇ. دەرەخ ئاغرىقتىن ئازابلىنىپ كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپتۇ. دەرەخ كاۋىكىدىكى قىز تەڭرىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى ئۆتۈنۈپتۇ. بۇ چاغدا ئاسماندا بىر نۇر پەيدا بولۇپ، نۇر بىلەن تەڭ بىر كۆك بۆرە ئالۋاستىنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ، بۇ كۆك بۆرە ئالۋاستىغا ھەيۋە قىپتۇ. ئالۋاستى بۆرىدىن قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇ. بۇ ھالنى كۆرۈپ تۇرغان بىر سېرىق قۇشقاچ تاغ چوققىسىدا ياشاي-دىغان ئاق كىيىملىك، ئاپئاق ساقاللىق خىزىر بوۋاينىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن قىزنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ئۆتۈنۈپتۇ، خىزىر بوۋاي سېرىق قۇشقاچ بىلەن بىللە قىزنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە قىزغا: «قىزىم خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ دەرەخ بىزنىڭ ئانىمىز، ئۇ سىزنى قوغدايدۇ. مەن سىزنى ئېپكەتكىلى كېلىمەن، شۇنىڭغىچە ساقلاپ تۇرۇڭ» دەپتۇ. بوۋاي كەتكەندىن كېيىن، نامازشام بولغاندا ئالۋاستى بوۋاي قىياپىتىگە كىرىپ، دەرەخ ئانىدىن قوينىنى ئېچىشنى تەلەپ قىپتۇ. دەرەخ قوينىنى ئېچىپتۇ. بۇ چاغدا سېرىق قۇشقاچ پەيدا بولۇپ: «ئەي دەرەخ ئانا، بۇ خىزىر بوۋاي ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئالۋاستى» دەپتۇ. ئەھۋالنى ئۇققان دەرەخ ئانا دەرھال قانىتىنى يېپىۋاپتۇ. نەتىجىدە ئالۋاستىنىڭ بىر پۇتى بىلەن بىر قولى دەرەخ كاۋىكىغا قىسىلىپ قاپتۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئاجرىتالماپتۇ. شۇ پەيتتە كۆكتىن چۈشكەن نۇر ئارىسىدا كۆك بۆرە قىياپەتلىك ھېلىقى بوۋاي پەيدا بولۇپتۇ، ئالۋاستى قورققىنىدىن قېچىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دەرەخ ئانا ئالۋاستىنىڭ قول، پۇتىنى ئۈ-زۈۋاپتۇ. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا كۆك بۆرە سۈرەتلىك بوۋاي دەرەخ ئانىدىن قىزنى سوراپ ئېلىپ، ئۆز ئائىلىسىگە سالامەت يەتكۈزۈپتۇ ۋە قىزغا باشپاناھ بولغان دەرەخ ئانىغا رەھمەت

① بەنگۇ «خەننامە. جاڭ چيەن، لى گۇاڭلىنىڭ تەرجىمھالى» ئۇيغۇرچە نەشرى 450 ـ بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1994 ـ يىل 8 ـ ئاي.

ئېيتىپتۇ . » ①

**5 . رىۋايەت**

« ئېگىز ھارۋىلىقلار قەدىمكى قىزىل تۇرالارنىڭ نەسلىدىن ئىكەن ... ئېيتىشلارغا قارىغاندا تەڭرىقۇتنىڭ ئايالى ئىككى قىز تۇغقان بولۇپ ، بۇ قىزلار ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن . بۇ ئەلنىڭ كىشىلىرى ئۇلارنى پەرىلەر دېيىشىدىكەن .

ھۇن تەڭرىقۇتى : «قىزلىرىم پەقەت تەڭرى بىلەن جورىلىشىشقا مۇناسىپ » دەپ ئېلان قىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن تەڭرىقۇت ئۆز ئېلىنىڭ شىمالىدىكى ئادەم قەدىمى يەتمەس جايغا بۈيۈك بىر قورغان سالدۇرۇپ ، قىزلىرىنى شۇ قورغانغا جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە بۇ جايغا «تەڭرىنىڭ ئۆزى كېلىپ قىزلىرىم بىلەن جورا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دەپتۇ . ئۈچ يىل ئۆتكەندە بۇ قىزلارنىڭ ئانىسى قىزلىرىنى كۆرۈپ كېلىش تەلىپىنى قويغاندا تەڭرىقۇت «بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ ، ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن » دەپ رۇخسەت قىلماپتۇ . يەنە بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر قېرى بۆرە پەيدا بولۇپ ، كېچە ـ كۈندۈز قورغان ياقىلاپ ھۇۋلايدىغان بوپتۇ . بۆرە قورغان تېمىنىڭ تۈۋىنى كولاپ بىر ئۇۋا ياساپتۇ . كۈنلەر ئۆتۈۋېرىپتۇ . بۆرە قورغان يېنىدىن زادى كەتمەپتۇ .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىزلارنىڭ كىچىكى ئاچىسىغا «دادام بىزنى مۇشۇ قورغانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندا تەڭرى بىلەن جورا بولۇشىمىزنى ئارزۇ قىلغان . ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ جايدا بىر بۆرە پەيدا بولدى . بۇ دادام نىشانلىغان ئىلاھ (تەڭرى ) نىڭ ئۆزى » دەپتۇ ۋە قورغاندىن چىقىپ ئاشۇ ئىلاھقا جورا بولماقچى بوپتۇ . سىڭلىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان ئاچىسى قاتتىق چۆچۈپ كېتىپ : «بۇ ھايۋان تۇرسا ، ئۇنىڭغا جورا بولىمەن دېيىش ئاتا ـ ئانىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت ! » دەپتۇ . سىڭلىسى ئاچىسىنىڭ سۆزىگە پىسەنت قىلماي ، قورغاندىن چىقىپ ، ئاشۇ بۆرىگە جورا بوپتۇ . ئۇنىڭدىن بالا تۇغۇپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى كۆپىيىپ بىر ئەلنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپتۇ . »②

**6 . رىۋايەت**

«جۇنامە . تۈركلەر ھەققىدە قىسسە » بابىدا مۇنداق دېيىلگەن : « تۈركلەر ھۇنلارنىڭ باشقا بىر ئۇرۇقى ، فامىلىسى ئاشىنا بولۇپ ئالاھىدە بىر قەبىلە ئىدى. تۈركلەر بىر زامانلاردا خۇشنا ئەل بىلەن بولغان ئۇرۇشتا يېڭىلىپ ، نەسلى قۇرۇپ كەتكەن . پەقەت ئون ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئامان قالغان ئىكەن . غالىپ ئەلنىڭ جەڭچىلىرى بالىنىڭ كىچىكلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۆلتۈرمەي ، پۇت ـ قوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ ، ئوت ـ چۆپلەر ئۆسۈپ تۇرغان بىر سازلىقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلىۋەتكەن . ئۇزۇن ئۆتمەي بالىنىڭ يېنىدا بىر چىشى بۆرە پەيدا بولۇپ قاپتۇ ، بۆرە بالىنى گۆش بىلەن بېقىپ ئوزۇقلاندۇرۇشقا كىرىشىپ ھەم بالىغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالغان . لېكىن ھېلىقى غالىپ ئەلنىڭ خانى تۈركلەر نەسلىدىن بىر بالىنىڭ ئامان قالغانلىقىنى ئاڭلاپ قالغان . شۇنىڭ ئۈچۈن خان

① «بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان ، 181 ـ بېتىدىن ئېلىندى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .
② « بۇلاق » ژۇرنىلىنىڭ 1993 ـ يىللىق 4 ـ سان . 182 ـ بېتىدىن ئېلىندى . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .

دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ بالىنى ئۆلتۈرگۈزگەن. بالىنى ئۆلتۈرگەنلەر، بىر چىشى بۆرىنىڭ چەتتە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، بۆرە تۇرپان خانلىقىنىڭ شىمالىدىكى تاغقا قېچىپ كەتكەن. بۇ تاغدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئۆڭكۈر ئىچىدە ياپيېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقىش ئۈچۈن بىر نەچچە يۈز چاقىرىم يول مېڭىشقا توغرا كېلىدىكەن. ئۆڭكۈرنىڭ ئەتراپى تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۆرە شۇ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋاپتۇ. ئۇ ئون ئوغۇل تۇغۇپتۇ. ئوغۇللار چوڭ بولغاندىن كېيىن، سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشىپ، ئۆيلىنىشىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئاياللىرى ھامىلدار بولۇپ، بالا تۇغۇشۇپتۇ. ھەر بىرىنىڭ ئايرىم فامىلىسى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئىچىدە بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشنا ئىكەن. مانا شۇ فامىلىدىكىلەرنىڭ ئۇرۇق — ئەۋلادى ئاۋۇپ تەدرىجىي ھالدا بىر نەچچە يۈز ئائىلىگە يېتىپتۇ. ئۇلار بىر نەچچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن ئۆڭكۈردىن چىقىشىپتۇ. ئاۋارلارغا بېقىندى بولۇپ قاپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۇلار ئالتاي تاغلىرىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە ئولتۇراقلىشىپ، ئاۋارلار ئۈچۈن تۆمۈرچىلىك قىلىشىپتۇ.»①

**7. رىۋايەت**

«سۈينامە. شىمالىي دىلار ھەققىدە قىسسە. تۈركلەر بابى» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«تۈركلەرنىڭ ئەجدادى پىڭلياڭلىق غوزلار بولۇپ، فامىلىسى ئاشنا ئىدى. كېيىن، ۋېي خانلىقىنىڭ خانى تەيۋۇ قۇتقۇ ئۇرۇقدىكىلەرنى يوقاتقاندا، ئاشنا ئۇرۇقدىكىلەردىن 500 ئائىلىلىك جۇرجانلار زېمىنىغا بېرىپ ئۇزۇن زامانلارغىچە ئالتۇن تاغدا ئولتۇراقلىشىپ قالدۇ ۋە تۆمۈرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئالتۇن تاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ شەكلى تۇركە (دۇبۇلغا) گە ئوخشاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارمۇ تۈرك دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇنداقمۇ دېيىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۆلىتى غەربىي دېڭىزنىڭ شىمالىدا بولۇپ، قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپ، ئادەملىرى تامامەن قىرىۋېتىلىدۇ. پەقەت بىر ئوغۇل بالىنى ئۆلتۈرۈشكە كۆزى قىيماي، پۇت — قوللىرىنى كېسىۋېتىپ، سازلىققا تاشلىۋېتىدۇ. بىر چىشى بۆرە ئۇنى گۆش بىلەن باقىدۇ. بۇ ئوغۇل بالا ئۇزۇۋقلۇققا ئېرىشكەچكە، ئۆلمەيدۇ. كېيىن بۆرە بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاچقا، بۆرە قورساق كۆتۈرۈپ قالىدۇ. قوشنا ئەلدىكىلەر ئۇنىڭ ئۆلمەي قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىدۇ ۋە ھېلىقى بالىنى ئۆلتۈرىدۇ. قارىسا ئۇنىڭ يېنىدا بۆرە تۇرغان. ئۇلار بۆرىنىمۇ ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇ بۆرە خۇددى ئىلاھى كۈچ ياردەم بەرگەندەك تېزلا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى تاغقا بېرىۋالىدۇ. ئۇ تاغ ئىدىقۇتنىڭ غەربىي شىمالىدا بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئۆڭكۈر بار ئىدى. بۆرە ئۇ يەرگە كىرىپ، ئوت — چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئۆڭكۈرنىڭ ئىچى ئىككى يۈز چاقىرىمدەك كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۆرە ئون ئوغۇل تۇغىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ فامىلىسى ئاشنا بولۇپ، ناھايىتى ئەقىللىق ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرىگە باشلىق (خان — ) قىلىۋېلىشقان

① «جۇنامە. تۈركلەر ھەققىدە قىسسە» 2 — كىتاب 907 — بەت. جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى 1974 — يىل 2 — ئاي.

ئىدى . قەدىمدە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ، بۆرىنىڭ بېشىنى ئىشكىنىڭ ئۈستىگە (بېشىغا) نەقىشلىۋالاتتى . » ①

## 8 . رىۋايەت

بۇ رىۋايەت «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىغا كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، تۆۋەندىكىدەك ئىدى : «تۈركلەر بۇرۇن غەربىي دېڭىزنىڭ غەربىدە ياشىغان ئىكەن . ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ ئىسمى ئاشىنا بولۇپ ، باشقىلىرى قەبىلە ئىكەن . ئۇلارنىڭ ھەممىسى قوشنا ئەل تەرىپىدىن يوقىتىلىپتۇ ، پەقەت پۇتلىرى كېسىۋېتىلگەن بىر ئوغۇل بالا بىر چىشى بۆرىنىڭ ئوزۇقلاندۇرۇشى بىلەن ساق قېلىپتۇ ۋە چوڭ بوپتۇ . بۆرە بالىدىن ھامىلدار بولۇپتۇ ، كېيىن ھېلىقى بالا ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپتۇ . بۇ چاغدا بىر ئەۋلىيا ھېلىقى بۆرىنى غەربىي دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى ئىدىقۇتنىڭ غەربىدىكى شىمالىي تاغقا ئاپىرىپ قويۇپتۇ . بۆرە ئۇ جايدا 10 ئوغۇل تۇغۇپتۇ ، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى چوڭ بولۇپ كۆپىيىپتۇ . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىسمى بولۇپ ، ئاشىنا شىر ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەن . ئاكىن شادىنىڭ ۋاقتىغا كەلگەندە ، ئۇلار تاغدىن ئايرىلىپ جۇرجانلارغا تەۋە بوپتۇ . » ②

## 9 . رىۋايەت

بۇ رىۋايەت ئەسلىدە ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ « شەجەرەئى تۈرك » ناملىق ئەسىرىدە خاتىرىلەنگەن بولۇپ ، شۇنىڭغا ئاساسەن « بۇلاق » ژۇرنىلىدا تونۇشتۇرۇلغان . بۇ رىۋايەت تۆۋەندىكىچە : « ئۇيغۇرلار بىر ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ ، بىر تاغ قاپتىلىدا قامىلىپ قاپتۇ ، ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە ئۇچراپتۇ . ئۇلار شۇنداق قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا ، ئۇشتۇمتۇت بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ . شۇ چاغدا خەۋپ ئاستىدا قالغان ئۇيغۇرلار بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ . تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە ، ناھايىتى چوڭ بىر ئۆڭكۈرگە كىرىپ كېتىپتۇ . ئۇيغۇرلارمۇ بۆرە كىرىپ كەتكەن ئۆڭكۈرگە كىرىپ ، بۆرىگە ئەگىشىپ ، قاپقاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدە خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ، ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە ، بىر ئوچۇقچىلىق كۆرۈنۈپتۇ . بۆرە ، تۇيۇق بولمىغان ئۆڭكۈرنىڭ ئۇ بېشىدىكى چوڭ تۆشۈكتىن ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرغان ، سۈپسۈزۈك سۇلار شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان ، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرغان ياپيېشىل بىر يايلاققا چىقىپتۇ . ئۇيغۇرلارمۇ بۆرىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ، شۇ يايلاققا چىقىپ ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالغان ئىكەن . شۇڭا ئۇيغۇرلار بۆرىنى مۇقەددەس ، ئىلاھى مەخلۇق ھېسابلاپ ، ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان بولغان . » ③

## 10 . رىۋايەت

بۇ رىۋايەت يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 9 ـ رىۋايەتنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى . 9 ـ رىۋايەتتە بۆرىنىڭ ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان ئۇيغۇرلارغا يول باشلاپ ، ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ

---

① « سۈينامە . شىمالىي دىيار ھەققىدە قىسسە . تۈركلەر بابى » 6 ـ كىتاب . 1863 ـ بەت . جۇڭخۇا كىتابچىلىق ئىدارىسى . 1982 ـ يىل 10 ـ ئاي .

② «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىللىق 1 ـ سان . 116 ـ بەت .

③ «بۇلاق» ژۇرنىلى 1980 ـ يىللىق 1 ـ سان . 189 ـ بەت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى .

قـويـغـانـلـىقى بايان قىلىنسا ، بۇنىڭدا ھەم بۆرىنىڭ يول باشلىغانلىقى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ ئوت يـېقـىـپ تاغنى ئېرىتىپ ، تۆشۈك ئېچىپ ، شۇ تۆشۈك ئارقىلىق ئۆتۈپ ، ھالاكەتتىن قۇتۇلغانـلـىقى نەزمى (شېئىرى ) ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان . بۇ «ئەرگىنە قۇن (داستانى ) » دېيىلىدىغان ئەسەر بولۇپ ، تۆۋەندىكىدەك ئىدى .

يىللار ئۆتتى ، بىر ئان كەلدى ،
تۈرك تەختىگە ئېلخان كەلدى .
ئوڭدىن ــ سولدىن دۈشمەن كەلدى ،
قۇرۇلغاندى توزاغىمىز !

بېرىلمىدى بىر پەس ئارا ،
قانلار ئاقتى بولۇپ دەريا .
ئۆلدى پۈتۈن بالا ــ چاقا ،
خان ، بەگ ، ئەسكەر ئۇ شاغىمىز .

يالغۇز نۆكۈز بىلەن قايان ،
ئىككى قىزنى ئېلىپ قاچقان .
بىر تىك تاغقا ئالدىلار جان ،
بۇلار بولدى قاچاغىمىز .

تاغدىن ــ تاغقا يوشۇرۇنچە ،
يۈردىلەرۇ بەش ، ئون كېچە .
تاڭ سەھەر ۋاقىت كەلگىچە ،
بىر ئىز بولدى ماكانىمىز .

قارىساقكى ، يېشىل بىر باغ !
ھەر تەرەپتە بەك ئېگىز تاغ !
كەڭ ۋە لېكىن زىچ بىر توزاغ ،
دېدۇق ياخشى توزاغىمىز .

بۇ يەردە تۆت يۈز يىل قالدۇق ،
بۇغا ئاينىپ بىز كۆپەيدۇق .
چىقالمىغاچ بىز ئىشلىدۇق ،
ئاۋات بولدى قوناغىمىز .

ئالما ، ئۆرۈكنى كۆپ يېدۇق ،
تۆمۈر سەندەل بىز ياسىدۇق .
«مەخپى بىر يول تاپساق » دېدۇق ،
تاغ تىلاتتى پىچاغىمىز .

يوقتى بۆرە بۇ ماكاندا ،
بىر كۈن بولدى بۆرە پەيدا .
بۇغىغا ئېيتىلدى شۇندا ،
كۆردى چۇبان ياردەمچىمىز .

تۆشۈك كۆرۈپ بۆرە كەتتى ،
بىر تۆمۈرچى تەقىپ ئەتتى .
ئوچاق يېقىپ تاش ئېرىتتى ،
ئېچىلدى يول قورشاۋىمىز .

زور خۇشاللىق ، كاتتا ئۆزرە ،
بايرام قىلدۇق كەنت ۋە ئۆيدە .
نەۋرە ، ئوغۇل ، دادا ، جەددە ،
ئۇلۇغىمىز ، كىچىككىمىز !

تۆمۈر چىگە بۆرە دېدى ،
خان تونۇلدى ، تاج كىيىندى .
ئۆزى چۈشۈپ يول باشلىدى ،
ئوك قولىدا بايراغىمىز .

بۆرتەچىنە بۆرە ئاتى ،
ئەرگىنە قۇن يۇرتىنىڭ ئاتى .
تۆت يۈز تۇردۇق زادى ،
چىق ! ئەي يۈز مىڭ قورالىمىز . ①

① شەرىپىدىن ئۆمەر «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېرىكلار » . 217 ــ بەت . شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى . 1982 ــ يىل .

بىز يۇقىرىدا بۆرە بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنچىلىق مۇناسىۋەت ئەكس ئەتتۇرۇلگەن رىۋايەتلەرنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. ئۇلاردىن باشقا يەنە «كۆك بۆرە» دېتال قىلىنغان، مانى دىنى شائىرلىرىدىن بىرىنىڭ قەلىمىگە مەنسۇپ بولغان دىنى شائىرىتىدا نەزمى ئۇسلۇبتا يېزىلغان مەدھىيە پارچىسىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ گەرچە يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن رىۋايەتلەرگە ئوخشىمىسىمۇ، بۆرە توتېم ئېتىقادىنىڭ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتى ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ قايسى ساھەلىرىگىچە سىڭگەنلىكىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە تۆۋەندە، بۇ مەدھىيە پارچىسىنىڭ ھازىرقى زامان تىلىغا قىلىنغان يەشمىسى بېرىلدى:

كۆك بۆرىدەك سەن بىلەن بىللە ماڭاي،
قارا قوزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي،
ئاغرىقتا داۋا كۆمۈردەك (؟)،
بىلەيگە سۈرمە بولاي.
سىز بىزنىڭ قۇدرەتلىك پادشاھىمىز،
سىز ئالتۇندەك پاكىز،

مەرۋايىتتىن ساپ،
قۇتلۇق دانا بېگىمىز.
سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى،
كەڭ قوينىڭىزدا،
ئۇزۇن ئېتىكىڭىزدە،
مېھرىبانلىق بىلەن باقتىڭىز. ①

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە ماتېرىياللاردا بۆرە نامى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىككى مەلۇمات ئۇچرايدۇ: ئەمما بۇ مەلۇماتلارنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە مېنىڭ تولۇق خەۋىرىم يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ ساھەگە قىزىققۇچى يولداشلارنىڭ تەتقىقاتىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن، مەن ئۆزۈم كۆرگەن مەلۇماتنى ماتېرىيال سۈپىتىدە ئەينەن كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

1. مەلۇمات

« بۆرتەچىنە، رەشىدىددىن (جامىئۇت تاۋارىخ) بىلەن ئەبۇلغازى (شەجەرەئى تۈرك) نىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، تۈركلەرنى ئەرگىنە قونىدىكى مۈشكۈلاتتىن قۇتقۇزغان بىر قەھرىماننىڭ ئىسمى. بۇ تارىخچىلار بۆرتەچىنە سۆزىنىڭ مەنىسىنى يەشمىگەن. بۆرتەچىنە موڭغۇلچىدا، سۆزمۇ – سۆز بوزقۇرت (بوز بۆرە) دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. « موڭغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخي » دېگەن كىتابتىن قارىغىنىمىزدا « چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادى، قۇدرەتلىك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن يارىتىلغان 〈 بۆرتەچىنە – بوز قۇرت 〉 ئىدى. » ھەر ھالدا « بۆرتەچىنە » ياكى « بوز قۇرت » مەنكىبەسى 〈 تارىخي شەخسلەر توغرىسىدىكى ھېكايەت 〉، بارلىق ئالتاي خەلقلىرىنىڭ تەڭ ياكى ئەينى مەدەنىيەت دائىرىسىدە ياشىغان دەۋرىنىڭ خاتىرىسى بولسا كېرەك ». ②

2 – مەلۇمات

« باشقىرت 〈 يەرلىك تەلەپپۇزى باشقۇرت 〉. بەش ئوغۇز دېگەنلىك بولىدۇ؛ پەقەت ئىران ئەفسانىلىرىدا خەزەر دېڭىزىنىڭ شىمالىدا گۇركسەر 〈 قۇرت – باش 〉 نامىنى ئالغان بىر قەۋمنىڭ ياشىغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت، مۇشۇ ئىسىم ئۈستىدە ئىشلەنگەن 〈 قۇرت –

① «بۇلاق ژۇرنىلى 1981 – يىللىق 2 – سان. 6 – بەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

② «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» 8 – توم، 40 – بەت. «بۆر تەچىنە» ماددىسىغا قارالسۇن. ئىستانبۇل. 1976 – يىل.

باش ، باش ــ قۇرت خەلق ئېتىمولوگىيىسىنىڭ ناھايىتى قەدىمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ». ①

بۇ مەلۇماتىتىكى مىللەت نامى بولۇپ كەلگەن «باشقۇرت» ، «باش» ۋە «قۇرت» تىن ئىبارەت ئىككى ئىسىمدىن تەركىب تاپقان . «باش» سۆزى ئومۇمەن باشنى بىلدۈرسە ، «قۇرت» سۆزى «بوز قۇرت» يەنى «بوز بۆرە» دىكى «بۆرە» نى بىلدۈرۈشى مۇمكىن . شۇنداق بولغاندا ، بۇ ئىسىمنى « باش بۆرە » ياكى « بۆرە بېشى » دەپ ئاتىسىمۇ خاتا بولمىسا كېرەك . شۇڭا يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن رىۋايەت ۋە مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلغاندا ، بۇ ھەقتىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ .

يۇقىرىدا بىز ئالتاي رايونىدا ياشىغا خەلقلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رىۋايەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق . تۆۋەندە ئالتاي رايونىدىن ، ئاسىيادىن ھالقىپ چىقىپ ، ياۋروپالىقلارنىڭ بۆرە بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ياتىدىغان ئەپسانىسى ( رىۋايىتى ) بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقايلى . بۇ تۆۋەندىكىدەك :

« ئېيتىلىشىچە ، رومۇل بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى رېمۇس لاتىنۇم دېگەن يەردىكى ئالبا ــ لونگا شەھىرىنىڭ پادىشاھى نۇمتورنىڭ قىزى رۇياسىلۋىيە بىلەن غازات خۇداسى مارسىتىن تۇغۇلغان قوشكېزەكلەر ئىكەن . ئامۇلىۇس ئۆزىنىڭ ئاكىسى نۇمتورنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئوۋغا چىققاندا ، يەنە ئاكىسىنىڭ ئوغلىنىمۇ قەستلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ ، ئاكىسىنىڭ قىزى رۇياسىلۋىيىنى ئوچاق خۇداسى ۋېستاغا دېدەك بولۇشقا مەجبۇر قىپتۇ ، ئۇنىڭ ھەر قانداق كىشى بىلەن توي قىلىشىغا رۇخسەت قىلماپتۇ . بىر كۈنى رۇياسىلۋىيە دەريا بويىدا ئۆگدەپ قالغان ئىكەن ، غازات خۇداسى مارس ئاسماندىن چۈشۈپ ، ئۇنى قوشكېزەك تۇغدۇرۇپ قويۇپتۇ . ئامۇلىۇس خاپىلىق ئىچىدە ، رۇياسىلۋىيىنى قاماپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ( بىر جۈپ ) قوشكېزەك باللىرىنى سۇدا ئۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن سېۋەتكە سېلىپ تېبېر دەرياسىغا تاشلىۋېتىپتۇ . بۇ سېۋەت لەيلەپ ئېقىپ قىرغاققا كەلگەندە ، غازات خۇداسى مارس بىر چىشى بۆرىنى ئەۋەتىپ ، ئۇ ئىككىسىنى غارغا كەلتۈرۈپ ئەمگۈزۈپ بېقىپتۇ . ئۇزاق ئۆتمەيلا بۇ قوشكېزەكلەرنى پادىشاھنىڭ پادىچىسى فوستلۇس كۆرۈپ قېلىپ ، ئۆيىگە ئاپىرىپ بېقىپ چوڭ قىپتۇ . رومۇل بىلەن رېمۇس كېيىن ئامۇلىۇسنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇۋېتىپتۇ ھەمدە تېبېر دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى پالاتىنۇم تېغىدا يەنى چىشى بۆرە ھېلىقى قوشكېزەكلەرنى تاپقان ۋە ئىمىتىپ باققان يەردە بىر شەھەر بىنا قىپتۇ . ئاكا ــ ئۇكا ئىككىسى ھاكىملىقنى تالىشىپ ، رېمۇسنى رومۇل ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ، يېڭى سېلىنغان بۇ شەھەر رومۇلنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ ، رىم شەھىرى دېيىلگەنمىش .

رىۋايەت قىلىنىشىچە ، رىم شەھىرى مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 753 ــ يىلى سېلىنغان ئىكەن » . ②

توپلاپ رەتلىگۈچى : **تۇرسۇن ھۇشۇر**

بۇ ئەسەرنىڭ مۇھەررىرى : م . **باھاۋىدىن**

---

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى » 2 ــ توم . 329 ــ بەت ، «باشقىرت » ماددىسىغا قارالسۇن . ئىستانبۇل . 1979 ــ يىل .

② « ماركس ــ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » دىكى يۇنان ــ رىم ئەپسانىلىرى توغرىسىدا ھېكايىلەر . ئۇيغۇرچە نەشرى 276 ــ بەت . مىللەتلەر نەشرىياتى . 1980 ــ يىل 10 ــ ئاي .

# ئەپسانىلەر

## زۆھرە يۇلتۇز

بۇرۇنقى زاماندا زۆھرە ئىسىملىك ناھايىتى چىرايلىق، ئەقىللىق بىر قىز بولغانىكەن. ئۇنىڭ چىراي ـ شەكلىنىڭ قاملاشقانلىقىغا، ئىشچانلىقىغا، قولىدىن ھەرقانداق ئىش كېلىدىغانلىقىغا، ئادەملەرگە قارىتا كۆيۈمچانلىقىغا ئەتراپتىكى پۈتۈن ئادەملەر ھەيران قېلىپ ئاغزىنى تۇشقۇزۇپ سۆزلىشىدىكەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن زادىلا ماختانمايدىكەن، ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدىكەن. ئۇنىڭ رەھىمسىز بىر ئۆگەي ئانىسى بولۇپ، ئۇ زۆھرەنى زادىلا كۆرەلمەيدىكەن، يوق باھانىلار بىلەن ئۇنى تىللاپ، ئاچچىقلاپ، ئېغىر ئىشلارغا سالىدىكەن. ئۆگەي ئانىسى ئۇنى قەستەن يىلانلار، يىرتقۇچلار كۆپ، قورقۇنچلۇق ئورمانلارغا ئەۋەتىدىكەن. زۆھرە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى ئىشلەيدىكەن. ئۆگەي ئانىسى قانچىلىك ئاچچىقلانسىمۇ، قانچىلىك ئىشلەتسىمۇ، زۆھرە ئۆگەي ئانىسىغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمايدىكەن. ئۇ دائىم ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىكەن. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆگەي ئانىسىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدىكەن. زۆھرەنىڭ شۇنداق سەۋرچانلىقى، شۇتداق چىداملىقلىقى ئۆگەي ئانىسىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۆھرە ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ ناھايىتى چارچاپ قايتقاندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى ئاستى تۆشۈك تۇڭنى سۇ بىلەن توشقۇزۇشنى بۇيرۇپتۇ.

ــ ئەگەر تاڭ ئاتقۇچە تۇڭنى توشقۇزمىساڭ، ــ دەپتۇ زۆھرەگە ۋاقىراپ، ــ ئۆيگە كىرىمەن دەپ ئويلىما، ئۇ چاغدا سېنى قىيناپ ئۆلتۈرىمەن.

زۆھرە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئەپكەشنى بىلەن چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇغا كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن قوللىرى تېلىپ، پۇتلىرى مىڭ تەستە ھەرىكەتلىنىپتۇ. قۇرۇق چېلەكلەرنى كۆتەرگەندە يەلكىلىرى سىقىراپ ئاغرىپ كېتىپتۇ. بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئايدىڭ كېچە ئىكەن. ئاي ئاسماندىن كۈمۈشتەك نۇرلىرىنى يەرگە تۆكۈپتۇ، پۈتۈن يەر يۈزى نۇرغا چۆمۈلۈپ، جىمجىت ياتماقتا ئىكەن.

يار بويىدىكى زۆھرە بىر ئېقىۋاتقان سۇغا، بىر ئاسماندىكى ئايغا، بىر ئەتراپىغا قاراپ چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ. ئۆز ئانىسىنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك ئىسسىق

قوينى ئىسىگە چۈشۈپتۇ . شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلاپ ياشلىرى يۈزىنى بويلاپ
يەرگە تامچىلاپتۇ . ئۇ يالغۇز ئىسسەدەپ ـ ئىسسەدەپ يىغلاپتۇ ـ دە ، «ئوف» دەپ بولۇپ
چېچەكلىرىگە سۇ ئاپتۇ . سۇ بىلەن توشقان چېچەكلىرى ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى تېخىمۇ بېسىپتۇ .
ئۇ يەنە ئايغا قاراپتۇ . ئاي ھامان ئاسماندا نۇر چېچىۋاتقانىكەن . قىز ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىگە
ئىچ ـ ئىچىدىن قايغۇرۇپتۇ . لېكىن بەختسىزلىكى ئۇچۇن ھېچكىمدىن ئاغرىنماپتۇ . ئۆگەي
ئانىسىغىمۇ ھېچقانداق يامان ئويلاردا بولماپتۇ . شۇ چاغدا بىر يۇلتۇز ئېتىلىپ ، دۇنيا تېخىمۇ
نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولۇپتۇ . زۆھرەنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاللىقانداق يەڭگىللىشكەندەك سېزىم
پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ . كۆڭلىدە دائىم ياخشىلىقنىلا ئويلايدىغان زۆھرەنى بىر يورۇق يۇلتۇز
كۆزىتىپ تۇرغانىكەن . مانا شۇ يۇلتۇز يەرگە ئېتىلىپ ئۇنى تېخىمۇ نۇرغا چۆمدۈرۈپ يۇقىرى
كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ . زۆھرەنىڭ ئۆزىمۇ نەگىدۇر كۆتۈرۈلگەنلىكىنى سېزىپ ، چېچەكلىرى
يېنىكلىگەندەك بوپتۇ . ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئېغىر تۇگۈن يېشىلىپ ، كۆڭلىدە ناھايىتى يېقىم-
لىق ناھايىتى يېنىك ۋە شېرىن تۇيغۇ كۈچىيىشكە باشلاپتۇ . شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن
كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئاچقان ھامان ، ئۆزىنى ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈپتۇ .

سىز ئەگەر ئاي تولغان چاغدا دىققەت قىلىپ قارىسىڭىز ، ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەپ-
كەشتە چېلەك كۆتۈرۈپ تۇرغان زۆھرە قىزنى ھازىرمۇ كۆرەلەيسىز . ئاينىڭ يېنىدا پارقىراپ
يېنىپ تۇرغان ، ئەسلىدە زۆھرەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن يۇلتۇزنى كىشىلەر
زۆھرە يۇلتۇزى دەپ ئاتاپتۇ .

## قارىغاي نېمە ئۈچۈن قىش ـ ياز يېشىل ھەم چىرايلىق تۇرىدۇ ؟

قەدىمكى زاماندا يەر يۈزىدە ناھايىتى چىرايلىق ئادەملەر ياشىغانىكەن . ئۇلار خۇشخۇي
ھەم ساغلام ئىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر قايغۇ كەپتۇ . ئادەملەر ئۆلۈشكە
باشلاپتۇ . ياش باللارمۇ ، ساغلام يىگىتلەرمۇ ، قېرىلارمۇ ئۆلۈپتۇ . ئادەملەر ئاپەتتىن قانداق
قۇتۇلۇشنى بىلەلمەپتۇ . دەل بۇ جايدا باتۇرلۇقتا داڭقى كەتكەن بىر يىگىت بار ئىكەن . ئۇ
خەلقنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىگە چىداپ تۇرالماي ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپتۇ ـ دە ، ئابى
ھايات سۈيىنى ئىزلەپ چىقىپ كېتىپتۇ . ئاي ئۆتۈپتۇ . يىل ئۆتۈپتۇ ، بەك ئۇزۇن يوللارنى بې-
سىپ ، قېلىن ئورمانلاردىن ئۆتۈپ ، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپتۇ . دېڭىزلارنى كېچىپتۇ . شۇنداق
يۈرۈۋەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا كەڭ ، ئازادە بىر سەھرا نامايان بوپتۇ . بۇ دېۋە پادى-
شاھلىقى ئىكەن . خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئۇ چىرايلىق بىر سارايىنى ئۇچرىتىپتۇ . يىگىت
توپتوغرا سارايغا قاراپ يول ئېلىپتۇ . ئۇ يەردە ئۇنى گۈزەل بىر قىز قارشى ئاپتۇ . ئۇ دېۋىنىڭ
سارىيىدا تۇتقۇنلۇقتا ياشاۋاتقان قىز ئىكەن . ئۇ يىگىتكە :

ـــ تېز كېتىڭ بۇ يەردىن ، ـــ دەپ يېلىنىشقا باشلاپتۇ ، ـــ دېۋە قايتىپ كەلسە
ئىككىمىزنى نابۇت قىلىدۇ .

ـــ سۇنى ئالماستىن مەن ھېچنەگە كەتمەيمەن ، ـــ دەپ يىگىت ئۆزىنىڭ نېمە ئىش
بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ .

قىز ئۇنى بىر بۇلاق بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ . بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا يايپېشىل ئوت ـ

چۆپلەر، گۈل ـ چېچەكلەر ئۆسۈپ كەتكەن. دەرەخلەردە قۇشلار سايراۋاتقانىكەن. بۇ، ئابى هايات بۇلىقى ئىكەن. يىگىت قاچىسىنى سۇغا توشقۇزۇپتۇ ـ دە، قىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. خوشلىشىۋاتقاندا قىز ئۇنىڭغا بىر ئەينەك بىلەن بىلەي بېرىپتۇ. بۇ نەرسىلەر تىلسىملىق كۈچكە ئىگە ئىكەن. ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ، دېۋىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. مانا، ئۇ يىگىتنى قوغلاپ يېتىشكە ئازلا قاپتۇ. يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەينەكنى تاشلاپتىكەن، شۇ جايدا چوڭ دېڭىز پەيدا بوپتۇ. دېۋە دېڭىزدىن ئۆتكىچە خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. يىگىت خېلى كۆپ يول بېسىۋاپتۇ. دېۋە يەنە قوغلاپ يېتەي دەپ قاپتۇ. كەينىگە بۇرۇلۇپ بىلەينى تاشلاپتىكەن، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئېگىز تاغ هاسىل بوپتۇ. يىگىت يەنە هېسابسىز يول بېسىپتۇ. ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپ يېتىشكىمۇ ئازلا قاپتۇ. لېكىن دېۋە ئاخىرى قوغلاپ يېتىپتۇ. يىگىت دېۋە بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. بەك كۆپ دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ تۈگىتىپتۇ. مانا، دېۋە قىلىچى بىلەن يىگىتنىڭ قولىغا بىر چېپىپتىكەن، يىگىتنىڭ قولىدىكى قاچا چۈشۈپ چېقىلىپتۇ. ئىچىدىكى سۈيى بولسا قارىغايلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ مانا شۇندىن بۇيان قارىغايلار مەڭگۈ يېشىل، چىرايلىق بولۇپ قالغانىكەن.

## شەپەرەڭ نېمىشقا يورۇقتا ئۇچمايدۇ؟

ئۇنداقمۇ بوپتۇ، مۇنداقمۇ بوپتۇ، بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار بىلەن تۆت پۇتلۇق هايۋانلار ئارىسىدا ناهايىتى قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئۇ جەڭنى سۆزلەشكە باشلىسا، ئېيتقانغا ئادەم ئىشەنمەيدۇ. مەن ساڭا ئېيتاي، بىر تەرەپتە تۆمۈر قاناتلىق لاچىنلار، چاڭگاك پۇتلۇق بۈركۈتلەر، خەۋەرچى سېغىزخانلار، ئۇزۇن پۇتلۇق قاقىرلار، قۇشقاچلار، تۆمۈر تۇمشۇقلار، مۈشۈكياپىلاقلار دەمسىز، ئىككىنچى تەرەپتە يايىلىق شىرلا، ئېيىقلار، بۆرىلەر، قاپلانلار، سېسىق كۈزەنلەر هەتتا مۈشۈكمۇ قالماپتۇ. جەڭ شۇنداق دەهشەتلىك بوپتىكى، هاۋادا يۇڭلار، پەيلەر توزۇپتۇ. مەلۇمكى شەپەرەڭمۇ شۇ يەردە بوپتۇ. مانا، بىر مەزگىل قۇشلار يېڭىشكە باشلاپتۇ. شەپەرەڭ:

— بىز يېڭىمىز، بىز! — دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇمۇ ئەپلەشمەپتۇ. بىر ۋاقىتتا تۆت پۇتلۇق هايۋانلار يېڭىشكە باشلاپتۇ. تۇتامى يوق شەپەرەڭ ئاللىقاياقتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ — دە، قاناتلىرىنى يىغىۋېلىپ:

— بىز يەڭدۇق، بىز يەڭدۇق، — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

ئاخىرى بۇ دەهشەتلىك قانلىق جەڭمۇ تۈگەپتۇ. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، قول قويۇلۇپتۇ. تىنچلىق ئەسلىگە كەپتۇ. ئەمدى كىم ئامان، كىم قانداق جەڭ قىلغان — شۇلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن هەممىسىنىڭ ئەهۋالى مەلۇم بوپتۇ. پەقەت شەپەرەڭنىڭلا كىملەر تەرىپىدە تۇرۇپ سوقۇشقانلىقىنى بىلگىلى بولماپتۇ. بەزىلەر ئۇنى تۆت پۇتلۇقلار تەرەپتە دېسە، بەزىلىرى قۇشلار تەرەپتە دەيدىكەن. ئاخىرى قۇشلار، هايۋانلار ئۇنى چاقىرىپ كەپتۇ. شەپەرەڭ كېلىپ قارىسا بىر تەرەپتە هايۋانلار، بىر تەرەپتە قۇشلار تىزىلىپ تۇرغۇدەك.

— سەن شەپەرەك ، قوُشلار تەرىپىدە توُروُپ سوقوُشوُپسەن ، توغرىمۇ ؟ — دەپ سوراپتوُ . شەپەرەك قوُشلار تەرەپكە قارپ :

— قوُشلار تەرەپتە توُروُپ سوقوُشماي كىملەر تەرىپىدە توُروُپ سوقوُشسام بولاتتى ؟ مىنىڭ قاناتلىرىم بارغوُ !

— ئوُنداقتا سەن قوُش بولوُپ توُروُپ ، هايۋانلار يەڭگەندە نىمە ئوُچوُن «بىز يەڭدوُق » دەپ توۆت پوُتلوُق هايۋانلارنىڭ ئارىسىدا چىرىلداپ يوُردوُڭ ؟ — دەپتوُ قوُشلار . شەپەرەك هايۋانلارغا قاراپ :

— هايۋانلار تەرىپىدە يوُرمەستىن مەن كىملەر تەرىپىدە يوُرەي ؟ قاناتلىق دىگەچكە قوُش بولاتتىمۇ ؟ مىنىڭ پەيلىرىم يوق ، بوُ بارماقلىرىم ئارىسىدىكى نەرسىنى قانات دەپ ئويلاپ قالماڭلار ، ئوُ پەقەت دوُمباقنىڭ يوُزىدىنلا ئىبارەت . ئەنە ئاراڭلاردا مىنىڭ قىرىندىشىم چاشقانمۇ ئولتوُروُپتوُ . مىنىڭ هايۋان ئىكەنلىكىمنى ئوُمۇ ئېيتىپ بىرەلەيدوُ ، — دەپتوُ . چاشقان هېچنىمە دىمەپتوُ . باشقا هايۋانلار شەپەرەڭگە قاراپ :

— هە ، سەن شەپەرەك ، ئوُنداق بولسا ئىككىلا تەرەپكە كوُچ قوشوُپ يوُروُپتىكەنسەن — دە ، بىز موُنداق بىر نىمىنى هايۋان قاتارىغا كىرگوُزمەيمىز . سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىن كەت ، — دەپ ۋارقىراپتوُ .

— سىنىڭ بىزگىمۇ كىرىگىڭ يوق ، — دەپتوُ قوُشلار ، — سەن يا قوُش ئەمەس ، يا هايۋان ئەمەس ، ئىككىلا تەرەپكە سىيتىلىپ يوُرگەن سەندەك بىر نىمىنى بىزمۇ ئارىمىزغا ئالمايمىز .

شوُنداق قىلىپ شەپەرەك ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىشەنچىدىن مەهروُم بوپتوُ . ئىككىلا تەرەپ ئوُنى ئوۆزىنىڭكى دەپ تونوُماپتوُ . ئەمدى نىمە قىلىش كىرەك ؟ كىيلەچەكتىمۇ ئىككى يوُزلوُك قىلىپ بىزنى يەنە ئالداپ يوُرمىسوُن دەپ ئويلىشىپتوُ - دە قوُشلار موُشوُكياپىلاققا ئوُنى نازارەت قىلىشنى تاپشوُروُپتوُ . هايۋانلار بولسا ئوُنىڭ كەينىدىن نازارەت قىلىپ يوُروُشكە موُشوُكنى سايلاپتوُ .

مانا شوُنىڭدىن بوُيان شەپەرەڭنىڭ كوُنى توُگەپتوُ . ئوُ ئاينىڭ يوروُغىدىنمۇ ، قوُياشنىڭ يوروُغىدىنمۇ مەهروُم بولوُپتوُ . كىچىسى ئوُنى موُشوُكياپىلاق ، كوُندوُزى موُشوُك توُتوۋېلىشقا مارايلا توُروُدىكەن . شوُڭلاشقا ئوُنىڭغا كوُندوُزىمۇ ، كىچىسىمۇ تام توۆشوُكىگە كىرىپ موۆكوُپ يېتىشلا قاپتوُ . پەقەت كوُن پېتىپ قاراڭغوُ ئەمدىلا چوُشكەن چاغدا ( كوُنىنىڭ يوروُغىمۇ ، ئاينىڭ يوروُغىمۇ يوق چاغدا ) ، موُشوُك بىلەن موُشوُكياپىلاقنىڭ كوۆزلىرى باغلانغان ئارىلىقتا ، شەپەرەك موۆككەن جايىدىن چىقىپ ، ئوُچىدىكەن — دە ، ئاي چىقىشى بىلەن يەنە توۆشوُككە كىرىپ غايىپ بولىدىكەن .

## نىمە ئوُچوُن توُنجى يامغوُر تامچىسى قوُلوُلىنىڭ ئاغزىدا مەرۋايىتقا ، يىلاننىڭ ئاغزىدا زەهەرگە ئايلىنىدوُ ؟

ياز يېتىپ كېلىشى بىلەن ، ئاسماندىن توُنجى شىپالىق يامغوُر يېغىشقا باشلايدوُ . جان - جانىۋارلار باشلىرىنى كوۆتوُروُپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ ، توُنجى يامغوُر تامچىلىرىنى

يۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ . شۇ چاغدا دېڭىز قولۇلىسى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئېچىپتۇ ۋە ئاغزىغا يامغۇر تامچىسى چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . دېڭىز قولۇلىسىنىڭ كۆڭلىدە ئادەملەرگە ، بارلىق جان - جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلىشتەك ئوي بولغاچقا مۇنداق دەپتۇ :

— ھەي ، شۇ شىپالىق تۇنجى يامغۇرنىڭ بىرەر تامچىسى ئاغزىمغا تامغان بولسىچۇ ! ئاشۇ تامچىدەك دۈگىلەك - دۈگىلەك نەرسىلەرنى ياساپ چىقىراتتىم ، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق ، ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بولماس ئىدى . ئادەملەر ئۇنى بويۇنلىرىغا ، پېشانىلىرىگە تاقىۋالغان بولاتتى ، — دەپ ياخشى تىلەك تىلەيدىكەن .

مانا ئاخىر تۇنجى يامغۇر تامچىسى دېڭىز قولۇلىسىنىڭ ئاغزىغا تېمىپتۇ . ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن تامغان تامچىلار مەرۋايىتقا ئايلىنىپتۇ . كىشىلەر ئۇنى دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ ، ئىزلەپ تېپىپتۇ . ئېسىل تاش ئورنىدا قەدىرلەپ باش كىيىملىرىگە ، بويۇنلىرىغا تاقاپ يۇرۇشكە باشلاپتۇ .

يىلانمۇ شۇ چاغدا ئاغزىنى ئېچىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ . ئۇمۇ تىلەك - تىلەيدىكەن . لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ياۋۇز بولغاچقا ، تىلىگىمۇ ياۋۇزلۇقتىن ئىبارەت ئىكەن :

— ھەي ، ئاشۇ تۇنجى يامغۇرنىڭ قۇدرەتلىك تامچىلىرى مېنىڭ ئاغزىمغىلا تامغان بولسىچۇ ! مەن دۇنيادىكى جان - جانىۋارلارنى قانداق قىلىش كېرەكلىكلىكىنى بىلەتتىم ! ئاچچىقى بىلەن قىرىپ تۈگەتكىدەك تولىمۇ ئاچچىق بولغان دەھشەتلىك بىر نېمىگە ئايلاندۇرغان بولاتتىم . يامغۇر تامچىسى مېنىڭ ئاغزىمغىلا چۈش ! - دەپ تىلەيدىكەن .

يىلاننىڭ تىلىگىمۇ ئىجاۋەت بوپتۇ . تۇنجى يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغىمۇ تېمىپتۇ . تامغانلىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئاچچىق بولغان زەھەر تامچىسىغا ئايلىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن :

— چاقىمەن ، ئۆلتۈرىمەن ! ھەممەڭلارنى تۈگىتىمەن ! — دەپ گىژىلدايدىكەن . شۇڭلاشقا ئادەملەر ئۇنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرىكەن .

## نېمە ئۈچۈن ئىت بىلەن مۈشۈك بىر - بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالغان ؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئىتنى ئىگىسى بەك ناچار بېقىپتۇ . بېچارە ئىت كۈندىن - كۈنگە ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ . بىر كۈنى شۇ ئاۋۇلنىڭ ئاقساقىلى ئۇنى كۆرۈپ ئىتنى ئاياپتۇ . ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرىۋېلىپ :

— سەن كېچىچە ئۇخلىماستىن خوجايىنىڭنىڭ ئۆي - جايىنى ساقلايسەن . كۈندۈزى ئۇنىڭ مال - ۋارانلىرىغا قارايسەن . ماڭ ، خوجايىنىڭغا ئېيت ، سېنى بۇنداق ئاچ قويمىسۇن . ئەمدى ئۇ ئاشلىقىم ئوخشىمىدى ، دېسە ، مانا مەن سېنىڭ قولۇڭغا ماۋۇ قەغەزنى بېرىمەن ، يىگى ئاشلىق چىقىشى بىلەنلا سېنى ئوبدان بېقىپ سەمرىتسۇن . ئۇ چاغدىمۇ سېنى ئوبدان باقمىسا ، ئۇنىڭغا ماۋۇ پەرماننى كۆرسەتكىن ! — دەپ ئاقساقال ئۇنىڭغا بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ . ئىت قەغەزنى ئېلىپ كېتىپتۇ . ئاغزىدىمۇ تۇتۇپ قاراپتۇ ، قولىدا تۇتۇپ بېقىپتۇ ، نەگىمۇ قويۇشنى بىلەلمەپتۇ .

ــــ ئاغزىمدا تۇتسام نەملىشىدۇ، ھاۋىشىسام ئاغزىمدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، قولۇمدا تۇتسام يېرىتىلىدۇ، مۇشۇك ساقلاپ بەرسۇن، ــــ دەپتۇ ــ دە، مۇشۇككە قەغەزنى كۆرسىتىپ:

ــــ دوستۇم مۇشۇك، مانا بۇ ماڭا يۇقىرىدىن چۈشكەن ئۇلۇغ قەغەز، مېنىڭ ئۇنى ساقلايدىغان جايىم يوق، سەن ئۆيدە تۇرىسەن، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى ساڭا ئامانەت قويۇپ تۇرىمەن. كۈزدە خوجايىنىمىز خامانني يىغىشتۇرغاندىن كېيىن مەن ئۇنى سەندىن ئېلىۋالىمەن، سەن قەغەزنى ياخشى ساقلا، ــــ دەپتۇ. مۇشۇك سىلىققىنا «بولىدۇ» دەپ قەغەزنى ئېلىپتۇ ــ دە، ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. لېكىن مۇشۇك ئىتنىڭ غېمىنى قىلىپ ئولتۇراتتىمۇ؟ شۇ كېچىسى كونا سوغاق بولغاچقا، ئۇ ئىسسىنىش ئۈچۈن مەشنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئىتنىڭ تاپشۇرۇقىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئامانەتنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى مەشكە ئوت يېقىپتىكەن، ئىتنىڭ قەغىزىمۇ شۇ يەردە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ.

مانا يازمۇ تۈگەپتۇ، يامغۇرلار يېغىپ ئاشلىق ئوخشاپتۇ. ئۆيدە نانمۇ، ئاش ــ تائامىمۇ تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ. ئادەملەرنىڭمۇ، مۇشۇكنىڭمۇ قورسىقى تويۇپتۇ. لېكىن خوجايىنى بۇ قېرى ئىتقا يەنىلا قارىماپتۇ. ئۇ ھامان ئاچ قالىدىكەن. سەۋەبى، ئۇنىڭ خوجايىنىدىن نان دەۋا قىلىش ئۈچۈن قولىدا قەغىزى يوق. مۇشۇكتىن سورىسا ھازىر تۈزۈك جاۋاپمۇ بەرمەستىن، تىر ــ مىر قىلىپ ئىتنىڭ يېنىدىن ئۈچقاندەك ئۆتۈپلا كېتىدىكەن.

شۇنىڭدىن بۇيان ئىت مۇشۇكنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ:

ــــ ئىر، ئىرر! ... مېنى ئاچ قالدۇردۇڭ! ــــ دەيدىكەن. مۇشۇك بولسا:

ــــ پىرىخ، پىرىخ! ... پىرغۇ تۇق! ــ دەپ يۇڭلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپىدىكەن.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. ھېلىمۇ ئۆمۈر بويىچە ئىرىلدىشىپ ــ مىرىلدىشىپ، ئىت ــ مۇشۇك بولۇپ ياشايدىكەن.

## تۆگە نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بويىغا ئىشىنىپ، ئۇلۇشىدىن قۇرۇق قالغان؟

چوڭلارنىڭ ئارىسىدا يىللار توغرىسىدا سۆز بولغاندا:

ــــ بۇ يىل نېمە يىلى؟ قوي يىلىمۇ؟ كالىمۇ؟ ــــ دەپ سۆزلىشەتتىكەنلىكىنى، شۇنىڭغا قاراپ، بۇ يىلقى ھاۋا رايىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۆلچەر قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانسىز.

يىللارنى ئون ئىككى خىل جان ــ جانىۋارلارنىڭ ئاتلىرى بىلەن ئاتاش قەدىمدىن قالغان. ئۇ ئون ئىككى جانىۋارنىڭ ئىسمى بولسا: چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان، ئەجدىھا، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇزدىن ئىبارەت.

بۇ ئون ئىككى يىل ئىچىدە چاشقاندەك كىچىككىنە بىر ھايۋانغا بىرىنچى ئورۇن بېرىلىپ تۆگىدەك چوڭ ھايۋانغا نېمىشقا ئورۇن بېرىلمىگەن؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق:

بۇرۇنقى زاماندا كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ يىل ھېسابلىرىنى ھەر خىل جان ــ جانىۋارلارنىڭ ئىسىملىرى بىلەن ئاتىماقچى بولۇپتۇ. بۇ خەۋەر تېز ئارىدا جان ــ جانىۋارلارنىڭ قۇلىقىغا

يېتىپتۇ ۋە ئۇلار چوڭ تالاشقا چۈشۈپتۇ. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ئون ئىككى جان جانىۋار بىر يەرگە يىغىلىپ تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇ چاغدا تۆگىمۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى، ئادەملەرنىڭ يىل ھېسابىدا بىرىنچى ئورۇننى ئېلىپ، ئاغا بولۇشقا تىرىشىدىكەن.

— مەن ئادەمنى ئۈستۈمگە مىنگۈزۈپ، يىراقنى يېقىن قىلىمەن؟ — دەپتۇ ئات بىرىنچى بولۇپ سۆز ئېلىپ، — ئادەملەر مېنى ھارۋىغىمۇ قاتىدۇ، مېنىپمۇ چاپىدۇ، ئادەملەر ئۈچۈن مەندىنمۇ پايدىلىقراق ھايۋان يوق، يىل ئاغىسى مەن بولىمەن.

— سەن ئادەمنىڭ ئىشىنى قىلساڭ، يەم - خەشەكلىرىنى يەيسەن. قورسىقىڭ ئۈچۈن قۇل بولدۇڭ. مانا مەن بولسام سەن كۆتۈرەلمەيدىغان ئېغىر يۈكلەرنى كۆتۈرۈپ نەچچە ئايلىق يىراق يوللارنى باسالايمەن، قورسىقىم ئاچتى، دەپ يەم - خەشەك سوراپ يۈرمەيمەن، يولدا نېمە توغرا كەلسە شۇنى يەپ كېتىۋېرىمەن. سۇ تېپىلسا ئىچىپ، تېپىلمىسا ئىچمەستىن چىداپ يولۇمنى داۋاملاشتۇرالايمەن. ئادەملەرگە مېنىڭ شۇنچىلىك پايدام تەككەنلىكى، بوي جەھەتتە سىلەرنىڭ ھەممەڭلەردىن ئېگىز بولغانلىقىم ئۈچۈن يىل ئاغىسى مەن بولماي كىم بولاتتى؟ - دەپتۇ تۆگە شاللىرىنى ئېقىتىپ، يوۋاش كالىمۇ بوش كەلمەپتۇ:

— ئادەملەر مېنىڭ سۈتۈمنى سېغىپ، ئۇنىڭدىن ئىرىمچىك، قايماق، قېتىق، قۇرت، سېرىق ماي ياسايدۇ. مۇشۇنداق پايدام تەككەنلىكى ئۈچۈن يىل ئاغىسى بولۇش پەقەت ماڭىلا لايىق، — دەپتۇ يوۋاش كالا. بۇ گەپنى ئاڭلىغان قوي سەكرەپ تۇرۇپتۇ - دەپ ئۆزىنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپتۇ:

— ئادەملەر مېنىڭ تېرەمدىن تون تىكىدۇ. تېرەمدىن تون ياساپ ئۆتۈك تىكىدۇ، يۇڭۇمدىن كىگىز باسىدۇ، گۆشۈمنى يەيدۇ. مۈڭگۈزۈمدىن پىچاق سېپى ياسايدۇ. ھەتتا ئۈچەيمدىنمۇ دۇتارنىڭ تارىسىنى ياسايدۇ. ئادەملەر ئۈچۈن مەندىنمۇ پايدىلىقراق ھايۋان يوق، يىل ئاغىسى بولۇش ماڭا لايىق، — دەپتۇ.

ئىت باشقىلارنىڭ سۆزلىشىگە يول قويماستىن:

— مەن بولمىسام سىلەرنى كىم قوغدايدۇ؟ يا بۆرە، يا ئوغرى ئېلىپ كېتىدۇ — دە، سويۇپ يەۋېتىدۇ. سىلەرنى كېچىچە ئۇخلىماستىن كۆزەت قىلىۋاتقان مەن بولماي كىم؟ مەن بولغاچقا ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىسىلەر يىل ئاغىسى مەن بولۇشۇم كېرەك، — دەپتۇ ۋارقىراپ.

— سىلەر نېمە دەۋاتىسىلەر؟ ئەگەر خوراز توخۇ بولمىسا، ئادەملەر ئەتىسى ئىشلىرىغا بارالىماستىن ئۇخلاپ قالغان بولاتتى. بىز ئۇلارغا: «تېز تۇر! تېز تۇر! ئىشىڭغا ماڭ! خار بولما! ... — دەپ ۋارقىراپ خەۋەر بېرىپ تۇرىمىز ۋە ئۇلارنى تۇخۇم بىلەن مېھمان قىلىمىز، — دەپتۇ توخۇ.

شۇنداق قىلىپ ھەممىسى، ئۆزىنىڭ ئادەملەرگە يەتكۈزىدىغان پايدىسىنى سۆزلەپ جار - جۇر قىلىۋاتقاندا، چاشقان نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىردەم ھولۇقۇپ تۇرۇپتۇ - دە:

— بۇنداق تالاشتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ. بىز يىلنىڭ كەلگەنلىكىنى قانداق كېلىدىغانلىقىنى كۆزىتىپ تۇرايلى، قايسىمىز بۇرۇن كۆرسەك، شۇ يىل بېشى بولسۇن! — دەپتۇ

ھېيلىگەرلىك بىلەن چىرىلداپ ۋە چاندۇرماستىن تۆگىگە كۆزىنى قىسىپ قويۇپتۇ. تۆگە چاشقاننىڭ ھېيلىسىنى سەزمەپتۇ. مېنىڭ بويۇم ئېگىز، يىلنىڭ كەلگەنلىكىنى ھەممىدىن ئاۋۋال مەن كۆرمەي كىم كۆرەتتى، دەپ ئويلاپتۇ:

— شۇنداق. چاشقان كىچىك بولسىمۇ توغرا ئېيتىدۇ. كىم بۇرۇن كۆرسە، شۇ يىل بېشى بولسۇن، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

بۇ ئۇسۇلغا ھەممىسى رازى بولۇپتۇ. ھەممىسى يىلنىڭ كەلگىنىنى كۈزىتىپ — قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. چاشقان ھېيلىگەرلىك بىلەن ئۇ ياققا بىر يۈگۈرەپ، بۇ ياققا يۈگۈرەپتۇ — دە، چاققانلىق بىلەن تۆگىنىڭ ئۇستىگە ئۆملەپ چىقىپ، كەينىدىكى ئۆركىچىنىڭ ئۇچىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋاپتۇ!

چاشقان ئاشۇ ئېگىز ئورۇندا تۇرۇپ يىلنىڭ كەلگىنىنى ھەممىسىدىن بۇرۇن كۆرۈۋېلىپتۇ — دە، قالغانلارغا خەۋەر بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چاشقان يىلنىڭ بېشى بولۇپ قاپتۇ. باشقا ھايۋانلار تۆگىگە:

— سەن چاشقاننى ئۈزۈڭنىڭ دۈمبەڭگە مىنگۈزگەنلىكىڭ ئۈچۈن ئىككىڭلا بىر ھېسابتا، — دەپ ئۇنى پۈتۈنلەي تىزىملىكتىن سىزىۋېتىپتۇ. ئۇ ھەتتا شۇنچىلىك ئېگىز بويى، ئۇزۇن بوينى تۇرۇپ ئون ئىككى ھايۋاننىڭ قاتارىغا كىرەلمەي قاپتۇ.

«تۆگە بويىغا ئىشىنىپ قۇرۇق قاپتۇ» دېگەن ماقال شۇنىڭدىن قالغانمىش.

## ئادەمنىڭ ئۆمرى ھەققىدە

ئەڭ بۇرۇنقى زاماندا ئادەملەر ۋە ھايۋانلار يىغىلىپ، كىمگە قانچىلىك ئۆمۈر بېرىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپتۇ. ئادەمگە يىگىرمە ياش بېرىپتۇ ۋە: «بۇ ياش ھېچقانداق قايغۇسىز ياشاشقا يېتىدۇ» دېيىشىپتۇ.

ئاتقا قىرىق ياش بېرىپتىكەن. ئۇ:

— ماڭا قىرىق ياشنىڭ لازىمى يوق، مەن ئادەمنىڭ ئىختىيارىدا يۈرىمەن، شۇڭا يىگىرمىسىمۇ يېتىدۇ، — دەپتۇ. شۇڭا ئاتنىڭ يىگىرمە يېشىنى ئادەمگە بېرىپتۇ. نەتىجىدە ئادەمنىڭ ئۆمرى قىرىق ياشقا توختىلىپتۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئىتنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ — دە، ئۇنىڭغا يىگىرمە ياش بېرىپتۇ. ئىت بولسا:

— ماڭا ئون ياشىمۇ يېتىدۇ. چۈنكى مەن ھەر دائىم سوغاقتا ياشايمەن، — دەپتۇ. ئىتنىڭ ئون يېشىنى يەنە ئادەمگە بېرىپتۇ. نۆۋەتتە مايمۇننى ئېلىپ كېلىپ:

— ساڭىمۇ يىگىرمە ياش، — دەپتۇ. مايمۇنمۇ قارشى چىقىپتۇ:

— مەن ھەر دائىم قىيىنچىلىقتا ياشايمەن، ماڭا ئون ياشمۇ يېتىدۇ، — دەپتۇ.

ئادەمگە يەنە ئون ياش قوشۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ يېشى ئاتمىش ياش بولۇپ بېكىتىلىپتۇ. ئەمدى مۈشۈكنى ئېلىپ كەپتۇ — دە:

— ساڭا يىگىرمە ياش، — دەپتىكەن، مۈشۈك:

ــــ ماڭا ئون ياشمۇ يېتىدۇ ، مەن بەرسە يەيمەن ، بەرمىسە يوق ، ئادەمنىڭ قولىدا ياشايمەن ، دەپتۇ .

ئادەمگە يەنە ئون ياش قوشۇپتۇ . ئۇ ئەمدى يەتمىش ياشقا بېرىپتۇ . شۇ تەرىقىدە بېرىلگەن ياش بويىچە ئادەملەر ، ھايۋانلار ياشاپ كەپتۇ .

ئادەم يىگىرمە ياشقىچە كۆڭۈللۈك ياشايدىكەن . يىگىرمە ياشتىن كېيىن ئاتنىڭ ئۆمرىگە كىرىدىكەن . ــــ دە ، ئاتنىڭ خامۇتىنى كىيگەندەك تەر تۆكۈپ ئىشلەيدىكەن . قىرىق ياشتىن كېيىن ئىتنىڭ ئۆمرىگە كىرىدىكەن . ئاڭغىچە ئۇنىڭ بالىلىرى چوڭ بولغان بولىدىكەن . ئۇ بالىلىرىغا «ھاۋشۇپ » بۇيرۇق بېرىپ ئولتۇرىدىكەن . ئەللىك ياشتىن كېيىن مايمۇن ئۆمرىگە كىرىدىكەن ـ دە ، مايمۇنغا ئوخشاپ قالىدىكەن . كۆزلىرى چەكچىيىپ ، ئىچىگە پېتىپ ، يەلكىسى چىقىپ بېلى مۈكچىيىدىكەن . ئاتمىش ياشتىن كېيىن مۈشۈك ئۆمرىگە كىرىدىكەن . ھەر دائىم يۇمشاقنى ، ئىسسىقنى ، ئۇيقىنى ، ياخشى كۆرىدىكەن . شۇنداق قىلىپ ئادەم يەتمىش ياش ياشايدىكەن . ئادەمنىڭ ئۆمرى مانا شۇنداق بەرپا بولغانمىش .

## ساق ــ سۇق

بۇرۇن بىر ئەر بىلەن خوتۇن ياشايدىكەن . ئۇلارنىڭ بىر ئوغلى بىلەن بىر قىزى بار ئىكەن . بۇ بالىلىرى ئىناق ئۆتمەيدىكەن . ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ئۈچۈنمۇ دائىم تالىشىپ قالىدىكەن ، ھەتتا سوقۇشىدىكەن . بۇ ھال ئانىسىنى بەك بىئارام قىپتۇ . ئۇ بالىلىرىغا ئىناق ئۆتۈش توغرۇلۇق تەربىيە بەرسىمۇ ، ئۇنى تىڭشىمايدىكەن .

بىر كۈنى ئېرى ئورمانغا ئوۋغا كەتكەندىن كېيىن خوتۇنى ناماز ئوقۇشقا باشلاپتۇ . بالىلىرى شۇ چاغدا بىر تۈمۈر ئوق تېپىۋېلىپ ، ئۇنى تالىششقا باشلاپتۇ . كېيىن سوقۇشقىلى تۇرۇپتۇ . ئۇلار ئانىسىنىڭ ناماز ئوقۇشىغا دەخلى يەتكۈزۈشۈپتۇ . ئانىسىنىڭ بېشى ئايلىنىپ ، ئۇلارنى : «ساق ــ سۇق بولۇڭلار ! » ــــ دەپ قارغاپتۇ . شۇئان بالىلىرى قۇشقا ئايلىنىپ قاپتۇ . نامازدىن كېيىن ئانىسى قىلغان ئىشىغا پۇشايمان قىلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ . بالىلىرى ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كېلىپ ئەپۇ قىلىشنى يېلىنىپ سوراپتۇ . ئانىسى ئەپۇ قىپتۇ . لېكىن بالىلىرى بۇرۇنقى ھالىغا قايتماستىن شۇ پېتىچە قۇش بولۇپ قاپتۇ .

ئۇلار ھازىرمۇ ئورماندا ياشاۋېتىپتۇ . لېكىن بىللە ياشمايدىكەن . ئارىسىدا ئېگىز تاغ بولغانلىقى ئۈچۈن بىر ــ بىرىنى كۆرەلمەستىن پەقەت ئاۋۇشلىرىنىلا ئاڭلايدىكەن .

كېچىدە ئۇلارنىڭ ئاۋۇشىنى ئاڭلاش مۇمكىن ئىكەن . بىرسى «ساق » دەپ ۋارقىرىسا ، ئىككىنچىسى «سۇق » دەپ جاۋاب بېرىدىكەن . ئۇلار ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىكەن . بەزىدە ئۇلار ئانىسىنىڭ قاغىشى ھەققىدە ، ئۆزلىرىنىڭ قۇشقا ئايلانغانلىقى ھەققىدە ناخشا ئېيتىدىكەن . ①

① «ساق ــ سۇق قوشاقلىرى» تاتار خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئەسەرلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

# ئېگىلىكسىز ئوغۇل

بۇرۇنقى زاماندا بىر يېزىدا مۇنداق بىر ئەھۋال بولغانىكەن:

يېزىنىڭ چېتىدىكى ۋەيرانە بىر ئۆيدە بىر موماي ياشايدىكەن. ئۇنىڭ بىر ئوغلى بولۇپ، ئۇ چىرايلىق ۋە غايەت كۈچلۈك ئىكەن، ئەمما قاراقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىكەن. بىر كۈنى مومايىنىڭ ئوغلى يولدا ئۇزۇن ۋاقىت لاغايلاپ يۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى ئىزلەۋاتقانلاردىن قېچىپ، قاراڭغۇ كېچىدە ئانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپتۇ. ئانىسى تىللاپ كىرىشكە رۇخسەت قىلمىغاندىن كېيىن، ئاچچىقى كەلگەن ئوغلى كۈچ بىلەن ئىتتىرىپ كىرىپتۇ ـ دە، پىچاق كۆتۈرۈپ ئانىسىغا تاشلىنىپتۇ. ئەمما ئانىسى دەھشەتلىك قارغىش سۆزلىرىنى ئېيتىپ ئۆلگۈرۈپتۇ ھەم رەھىمسىز يىگىت شۇ مىنۇتتىلا بېلىگىچە يەرگە كىرىپ تاشقا ئايلىنىپتۇ.

شۇنىڭدىن بۇيان ئانىلار گەپ ئاڭلىمايدىغان بالىلىرىنى قارغىش تېگىپ تاشقا ئايلانغان ئادەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كېلىپ:

— گەپ ئاڭلىمىساڭلار سىلەرمۇ شۇنداق ھالغا قالىسىلەر، — دەپ تەنبىھ بېرىدىكەن.

# ئانىنىڭ شەپقىتىدىن باشسىز تېنى زۇۋانغا كەپتۇ

بۇرۇنقى زاماندا چىرايلىق بىر قىز بولغانىكەن. بىر يىگىت ئۇنىڭغا ئاشىق بوپتۇ. شۇنچىلىك ياخشى كۆرۈپتۇكى، سارغىيىپ، قۇرۇپ، پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. ئەمما قىز ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىگە تەمەننا قىلىپ يىگىتنى زاڭلىق قىلىدىكەن. يىگىت يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ تۇرۇۋالغاچقا، قىز بىر كۈنى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپتۇ ـ دە:

— يارىتىمەنلا، دەيسەن، ئۇنداق بولسا ئېيتقىنا، قايسىمىزنى بەكرەك ياخشى كۆرىسەن، ئاناڭنىمۇ، مېنىمۇ؟ — دەپتۇ.

قىزنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۆزىگە چىرايلىق تەبەسسۇم مەدھىيە قىلغانلىقىنى كۆرگەن يىگىت تامامەن مەس بولۇپ:

— سېنى، — دەپتۇ.

— قانداق ياخشى كۆرىسەن؟

— تېنىممۇ، جېنىممۇ — ھەممىسى سېنىڭ ئىختىيارىڭدا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يىگىت. شۇ چاغدا ھېلىقى گۈزەل ئۇنىڭغا:

— ئىشەنمەيمەن، مېنى ئاناڭدىن ئارتۇقراق ياخشى كۆرسەڭ، ماڭ، ھازىرلا قايتىپ ئاناڭنى سويۇپ، بېشىنى مېنىڭ ئالدىمغا ئېلىپ كەل، — دەپتۇ. يىگىت چاقماق سوققاندەك، ھولۇقۇپ قېتىپلا قاپتۇ. ئۇ ئاندىن:

— مېنى ئايىغىن! — دەپ ئالدىدا تىزلىنىپتۇ. لېكىن قىز بېشىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈپ:

— مانا، مۇھەببىتىڭنىڭ قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنى كۆرگەنسەن؟ — دەپ قاقاقلاپ

كۆلۈپتۇ ـ دە ئۇنىڭدىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈپ ، بۇرۇلۇپ مېڭىپتۇ . بىگىت نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ :

— ياق ، مېنىڭ مۇھەببىتىم قۇرۇق گەپ ئەمەس ! قۇرۇق گەپ ئەمەس ! — دەپ ۋار- قىراپتۇ ـ دە ، تىزلەنگەن يېرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۆيىگە يۈگۈرەپتۇ .

ئۇ ئەمدى پۈتۈنلەي ئەقلىنى يوقىتىپتۇ . ساراڭلىقى تۇتقان هالدا يۈلقۇنۇپ ـ يۈلقۇنۇپ ۋارقىراپ ئۆيىگە كىتىۋاتقانلىقىنى باشقىلار كۆرۈپتۇ .

ئۇ شۇ كېچىسى سۆيگىنىنىڭ نازى ھەققىغە ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىقى ، نومۇسسىزلىقى بىلەن دۇنيادا بولۇپ باقمىغان چوڭ جىنايەت سادىر قىپتۇ : ئانىسىنى سويۇپتۇ ، بېشىنى كې- سىۋېلىپتۇ ـ دە ، قولىدا كۆتۈرۈپ سۆيگىنىنىڭ يېنىغا ئالدىراپتۇ . ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ ئانىسىنىڭ گەۋدىسىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ . يىقىلىپ «ئۇف» دېيىشكىمۇ ئۈل- گۈرمەپتۇ . شۇئان ئانىسىنىڭ باشسىز گەۋدىسى زۇۋانغا كېلىپ ، ئۇنىڭدىن :

— قەيېرىڭ ئاغرىدى ، بالام ؟ — دەپ سوراپتۇ .

## نېمە ئۈچۈن تېرەك دەرىخىنىڭ مېۋىسى يوق ؟

دەسلەپتە تېرەك دەرىخىمۇ باشقا مېۋە دەرەخلىرىگە ئوخشاش مېۋە بەرمەكچىكەن ھەم بوي ـ تۇرقى ئۇلار بىلەن بىر خىلدا ئۆسكەن ئىكەن . لېكىن ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر تۇساتتىن ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ ، باشقىلارنى مەنسىتمىگىلى تۇرۇپتۇ . «مەن باشقىلارنىڭ تەڭتۇشى ئەمەس ، ئۇلار مەن بىلەن قانداقسىگە تەڭ تۇرالىسۇن ؟ » دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە كى- رىشىپتۇ . ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىۋېرىپ كۆڭلى غەلىتە بولۇپ ، شامال چىقمىغان كۈنلەردىمۇ ئۆزىچە تەۋرىنىشكە باشلاپتۇ . مانا شۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ يوغانچىلىق قىلىپ ، تۇمشۇقىنى ھەددىن ئارتۇق ئاسمانغا سوزۇپ ئۆسۈشكە كىرىشىپتۇ . شۇنداق كىرىلىپ سوزۇلۇۋەرگەندىن كېيىن بارلىق مېۋىلىك دەرەخلەردىن ئېگىز بولۇپ كېتىپتۇ . لېكىن ئۇنىڭ مۇنچىلىك دەرى- جىدىن تاشقىرى ئۆسۈشى ئۆزىگە پايدىسىز بولۇپ چىقىپتۇ . شۇنداق «مەن ـ مەن ئەمەسمۇ ، مەن كىم ، بىلەمسىلەر ؟ » — دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەمەننا قويىۋاتقان چېغىدا دەرەخلەرگە مېۋە ئۈلەشتۈرۈش باشلىنىپتىكەن . ئالما دەرىخى ئۆزىنىڭ ئالمىسىنى ، ياڭاق دەرىخى ئۆزىنىڭ ياڭىقىنى ، ئۆرۈك دەرىخى ئۆرۈكنى ، ... ئۈلىشىپ ئېلىپ بوپتۇ . پەقەت ئۆزىدىن ئۆزى مەغ- رۇرلىنىپ ھالى قالمىغان تېرەكنىڭلا ئۇنى كۆرۈشكە ۋاقتى بولماپتۇ . بېشىنى ، تۇمشۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى ئارقىسىدا مېۋە ئۈلەشتۈرگەندە قۇرۇق قاپتۇ .

شۇنىڭ ئۈچۈن بۇرۇنقى شائىرلاردىن بىرى : «تېرەكتەك ، سەن قۇرۇق قالما كېرە- كتىن » دەپ يېزىپتۇ . بۇ سۆزدىن ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ھاكاۋۇرلۇق قىلىدىغانلارغا تېرەكنى تەمسىل قىلىدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ .

## مەھدى تېشى ①

بىر يېزىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتا ناھايىتى چوڭ بىر تاش بار ئىكەن. بۇ تاشنى مەھدى تېشى دەپ ئاتىشىدىكەن. قاچاندۇر بىر زاماندا ئاللا: «مەھدى» ئىسىملىك بىر زاتنى يەرگە چۈشۈرگەنمىش. مەھدى يەرگە چۈشۈشى بىلەن ئاشۇ تاشنىڭ ئۈستىدە تەرەت ئاپتۇ ھەم ناماز ئوقۇپتۇ. تاش ئۈستىدە ئاياغ ئىزلىرى، تىزلەنگەن ئورنى، پىشانىسى تەككەن جاي ھەم شۇ يەردىكى كۆزلىرىگە ئۇدۇل كېلىدىغان جايدا يېرىقچىلار ساقلىنىپتۇ. مەھدى تازا بىر يىغلاپتىكەن، شۇئان بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپتۇ. تاش ئۈستىدە يەنە ئاياغ ئىزلىرى ۋە چۆگۈن ئىزىمۇ بار ئىكەن.

بۇۋايلار ھازىرمۇ ئۇ يەرگە يامغۇر تىلەپ بارىدىكەن. تاش بۇلىقىنىڭ سۈيى مۇقەددەس سۇ ھېسابلىنىدىكەن.

## سۇ ئانىسى

سۇ ئانىسى پات ـ پات سۇ بويىغا چىقىپ چاچ تارايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى تېز ـ تېز كۆرۈشكە بولىدىكەن. ئۇنىڭ گەۋدىسى ئادەمنىڭ گەۋدىسىگە ئوخشىسىمۇ، لېكىن ئانچە زىلۋا ئەمەسكەن. چېچى يەرگە تەككىدەك ئۇزۇن، بېشى بەك يوغان، سوقىچاق، كۆزلىرى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قاپقارا، تېشىغا تېپىپ تۇرىدىكەن. قېشى يوق (شۇڭلاشقا قېشى بەك شالاڭ ئادەمنى «سۇ ئانىسى» دەيدۇ). كۆكرىكى بەك كەڭ بولۇپ ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىكەن. تېنى مىسدەك قىزغۇچكەن.

سۇ ئانىسى سۇدىن چىقىپ چېچىنى تارىغان چاغدا توساتتىن پەيدا بولۇپ قالساڭ. بەك قورقۇپ تاغىقىنى ئۇنتۇپ سۇغا كىرىپ كېتىدىكەن. ئەگەر تاغىقىنى ئېلىپ كەتسەڭ، كېچىدە زادىلا ئۇيقۇ بەرمەستىن «تاغىقىمنى بەرگىن!» دەپ سوراپ كېلىپ تويدۇرىدىكەن. تاغىقىنى قايتىدىن سۇنىڭ بويىغا ئاپىرىپ قويغاندىن كېيىنلا تىنچلىنىدىكەن. شۇڭلاشقا كېچىدە ـ سۇغا بارساڭ يۆتىلىپ ـ يۆتىلىپ بېرىش كېرەككەن.

## كېسەك باشلىق ئەۋلىيا

مەلۇم يېزىنىڭ يېنىدا بىر قەبرە تېشى بار ئىكەن. ئۇنى ئىككى يۈز يىلنىڭ ئالدىدا سودىگەرلەر قويغانمىش. بۇ قەبرە تېشى ھەققىدە مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن. قازان شەھىرىدىن ئۈچ ئادەم يولغا چىقىپ، ھەممە يەردە ئىسلام دىنىنى تارقىتىپ يۈرۈپتۇ. ئۇلار بىر ئورماندىن ئۆتۈۋاتقاندا قاراقچىلار ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇپتۇ. ئۇلار قاراقچىلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىرى قاراقچىلار يېڭىلىپ قېچىپ كېتىپتۇ. لېكىن كەسكىن ئېلىشىشتا قاراقچىلار ھېلىقى ئۈچ كىشىنىڭ بىرسىنىڭ بېشىنى كېسىۋېتىپتۇ. قاراقچىلار قېچىپ كەتكەندىن كېيىن

① مەھدى ــــ ئەرەبچە توغرا يولدا ماڭغۇچى، دېگەن مەنىدە.

كاللىسى كېسىۋېتىلگەن كىشى ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ــ دە ، بېشىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئالغا قاراپ مېڭىپتۇ . ھەمراھلىرى باشنى ئۇنىڭدىن ئېلىۋېلىپ ، ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ ماڭماقچى بوپتۇ . لې- كىن ئۇ باشنى بەرمەپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ يولغا چۈشۈپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ . ئۇلار سەككىز چاقىرىم ماڭغاندىن كېيىن باشسىز گەۋدە يولدىن چەتكە قاراپ ئۈچ قەدەم مېڭىپلا يىقىلىپ ئۆلۈپتۇ . ھەمراھلىرى ئۇنى شۇ جايغا دەپنە قىپتۇ . ئۆزلىرى قازانغا قايتىپ كېتىپتۇ .

بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن قازاندىن چىققان سودىگەرلەر شۇ يول بىلەن بۇخاراغا قاراپ مېڭىپتۇ . ھېلىقى قەبرىگە يېقىنلاشقاندا سودىگەرلەردىن بىرى :

ــ پاھ ! پاھ ! نېمەدېگەن خۇش پۇراق ھاۋا ، ــ دەپتۇ .

ــ بۇ يەردىن يىراق بولمىغان جايدا ئاجايىپ چېمەنزارلىق بار . بۇ شۇ يەردىن كەل- گەن خۇش پۇراقلىق ھاۋا ، ــ دەپتۇ ئۇنىڭغا سەپەرداشلىرى .

ــ ياق ، ــ دەپتۇ ھېلىقى سودىگەر ، ــ بۇيەردە بىر ئەۋلىيا دەپنە قىلىنغانىكەن . مەندە ئۇ ھەقتە يېزىلغان بىر كىتاب بار . ئۇلار ئۈچ ئادەم ئىكەن . ئۇلارنىڭ بىرى بۇ يەردە ۋا- پات بولغان ، قالغانلىرى قازانغا قايتىپ كەتكەنىكەن . بۇ يەردە دەپنە قىلىنغان ئەۋلىيانىڭ ئىسمى ئىسكەندەر ئىكەن ، ــ دەپتۇ . شۇندىن باشلاپ بۇ قەبرە ــ كىسىك باشلىق ئەۋلىيانىڭ قەبرىسى دەپ ئاتىلىپتۇ .

## ئېغىل ئىگىسى (ھويلا ئانىسى)

ئېغىل ئىگىسى ئىشىك ئالدىدا ياكى ئات ئېغىلىدا تۇرىدىكەن . ھويلىدىكى جان ــ جا- نىۋارلارغا كۆز قۇلاق بولىدىكەن . ئۇ بەزىدە ئادەم قىياپىتىدە ، بەزى چاغلاردا بىرەر ھايۋان سۈرىتىدە ئادەمگە كۆرۈنەرمىش . ئۇنى كېچىلەردە يىراقتىنلا كۆرگىلى بولغۇدەك . ئېغىل ئى- گىسى جانلىقلارغىلا قارىغىدەكمىش . بولۇپمۇ ئاتلارنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن . ياخشى كۆرگەن ئېتىنىڭ يايلىسىنى تاراپ ، ئۆرۈپمۇ قويغۇدەك . ياخشى كۆرمىگەن ئاتنى مىنىۋېلىپ كېچىچە قىيناپ چىقىدىكەن . ئۇنىڭ ئالدىدىكى يەمنى ئېلىپ كېتىپ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئېتىغا ئاپىرىپ بېرىدىكەن .

ئېغىل ئىگىسىنى خاپا قىلىپ قويماسلىق لازىم ئىكەن . ئۇ خاپا بولۇپ قالسا ، ھويلى- دىكى پۈتۈن جان ــ جانىۋارلارنى ئۆلتۈرۈپ تۈگىتىدىكەن . ئېغىل ئىگىسى ئات ئېغىلىنى پاسكىنا قىلىشنى ، ھويلىنى پاسكىنا قىلىشنى زادىلا خالىمايدىكەن ، ئۇنى خاپا قىلماسلىق ئۈ- چۈن ئېغىلنى ، ھويلىنى دائىم پاكىزە تۇتۇش كېرەك ئىكەن .

## نېمە ئۈچۈن مۈشۈك ئۆيدە ، ئىت سىرتتا ياشايدۇ

قەدىمكى زاماندا بىر بوۋاي ئۆتكەنىكەن . ئۇ يالغۇز ھايات كەچۈرىدىكەن . ئۇنىڭ ئۆيىدە بىر مۈشۈك بىلەن ئىتتىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىكەن . بۇ ئۈچ جان ناھايىتى ئىناق

ياشايدىكەن . بوۋاي تاپقان ـ تەرگىنىنى دوستلىرى ـــ ئىشت ، مۈشۈك بىلەن تەڭ بۆلۈشۈپ
يەيدىكەن . ئىت بىلەن مۈشۈك بوۋايدىن ناھايىتى رازى ئىكەن .

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بوۋاي تۇيۇقسىز ، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ . ئىت بىلەن مۈشۈك بۇنىڭغا ناھايىتى قايغۇرۇپ ئۇزاقتىن ئۇزاق يىغلىشىپتۇ . ئۇلار يىغلاپ ـ يىغلاپ ھارغاندىن كېيىن بوۋاينى ئۆينىڭ يېنىغىلا كۆممەكچى بولۇپ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى كولىشىپتۇ ھەم بوۋاينى شۇ يەرگە كۆمۈپتۇ . بۇ ئىش تۈگىگەندىن كېيىن ئۇلار بوۋاينىڭ قالغان يېمەكلىكلىرىنى بۆ-لۈشمەكچى بولۇشۇپتۇ . لېكىن بوۋاينىڭ ئېشىپ قالغان بارلىق ئوزۇق ـ تۈلۈكى بىر پارچە ناندىنلا ئىبارەت ئىكەن . قانداق بۆلۈش كېرەك ؟ مۈشۈك ئىسسىق ئۆيدە تۇرۇشنى خالىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيدىن كەتكۈسى كەلمەپتۇ . ئىتنىڭ نەپسى يامان بولۇپ ، ئۇنىڭ بىر پارچە ناننى مۈشۈككە بەرگۈسى كەلمەپتۇ . مۈشۈك :

ـــ بولىدۇ ، ئۇنداق بولسا ناننى سەن ئال ، سىرتتا ياشا . مەن ئۆيدە قالىمەن ، ئۆي ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ . قورسۇقۇمنى چاشقان ئوۋلاپ تويغۇزارمەن ، ـــ دەپتۇ .

ئىت ، بىر قېتىملىق تاماقنىڭ قولى بولغاچقا رازى بوپتۇ . بىر پارچە ناننى ئېلىپتۇ ـ دە ، ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ . شۇنىڭدىن بۇيان مۈشۈك ئۆيدە ، ئىت سىرتتا تۇرىدىغان ئۆي ھايۋىنى بولۇپ قالغانىكەن .

## شەپەرەڭ دۇنيانى قانداق ساقلاپ قالغان ؟

قەدىم زامانلارنىڭ بىرىدە ، يەر ، شامال ، سۇ بىر يەرگە يىغىلىپ زارلىنىشقا باشلاپتۇ . ھەممىسى ئۆزىنىڭ دەردىنى ئېيتىپتۇ . شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچىلىسى قۇياشقا ئىلتىماس يېزىپتۇ . يەر بولسا :

ـــ ئەي بۈيۈك قۇياش ! ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان توختىماي ئايلىنىۋاتىمەن . ئەمدى مەن قېرىدىم . ياشلىق باھارىم ئۆتۈپ كەتتى . ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ . رۇخسەت قىل ، ـــ دەپ يېزىپتۇ . شۇنداقلا شامالمۇ قۇياشقا :

ـــ مەن ئەمدى يەرنىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغا يۈگۈرۈپ چارچىدىم . مېنىڭمۇ ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ئادەملەر مېنى ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرىنى قوپۇرۇۋېتىشتە ياكى دېڭىزدا بوران پەيدا قىلغانلىقىم بىلەن ئەيىبلەيدۇ ، سەن ماڭا دەم ئېلىپ تىنچ يېتىشىمغا رۇخسەت قىل ، ـــ دەپ يېزىپتۇ . سۇمۇ توختىماي ئېقىۋېرىشتىن زارلىنىپتۇ ھەم ئېقىشتىن توختاپ تىنچ تۇرۇشقا رۇخسەت سوراپتۇ . قۇياش بىر پەس ئويلاپ تۇرۇپتۇ ـ دە مۇنداق دەپتۇ :

ـــ مەن بۇنى ئۆزۈملا بېجىرەلمەيمەن . مانا پالانى كۈنى ، پالانى سائەتتە ، پالانى جايدا يەر يۈزىدىكى بارلىق جان ـ جانىۋارلارنىڭ مەجلىسىنى ئاچىمىز . ئەگەر ئۇلار رۇخسەت قىل-سا ، مەنمۇ رۇخسەت قىلىمەن ، ـــ دەپتۇ .

شامال چېپىپ يۈرۈپ بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا خەۋەر بېرىپتۇ . مانا بەلگىلەنگەن كۈنمۇ يېتىپ كېلىپتۇ . قۇياش مەغرۇرانە قىياپەتتە ئۆز جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ ـ دە ، تىڭ-

شاشقا ھازىرلىنىپتۇ. بارلىق جان ـ جانىۋارلار يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن مەجلىسنى ئېچىپتۇ. ھەممىسى يەرنى شامالنى، سۇنى ئاياپتۇ. ئۇلارغا ھەرىكىتىدىن توختاشقا رۇخسەت قىپتۇ.

ئۇزۇن تۇمشۇقلۇق ھاشارات ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپتۇ ـ دە، پىزىلداشقا باشلاپتۇ.

— شامال ئاللىقاچان توختىشى كېرەك ئىدى. بەزى چاغلاردا مېنى ئىككى سوتكىلاپ ئوتىنىڭ تېگىدىن چىقارماي تۇتۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر چىقسام، شۇ ھامان ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ ھالاك قىلىدۇ. ئۇ تىنچىسۇن، — دەپتۇ.

توختام سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ پاقىمۇ ھەدەپ ۋارقىراپتۇ:

— سۇنىڭمۇ توختايدىغان ۋاقتى كەلدى. چۈنكى بىزگە توختام سۇنىڭ تېگىمۇ راھەت، دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ يەرنى، شامالنى، سۇنى «توختىسۇن» دەپ قارار قوبۇل قىلىشىپتۇ. مەجلىس ئاخىرلىشىدىغان چاغدا قۇياش:

— ھەممەڭلار كەلدىڭلارمۇ؟ دەپ سوراپتۇ.

— ھەممىمىز، ھەممىمىز، — دەپ ۋارقىراپتۇ قارغۇ ياپىلاق. پەقەت مېنىڭ قوشنام شەپەرەڭلا كېلەلمىدى. چۈنكى ئۇ قېرىدى، پۈتۈنلەي قارغۇ. شۇڭا كېلەلمىدى.

قۇياش شەپەرەڭنى چاقىرىپ كېلىش ئۈچۈن بۆركۈتنى بۇيرۇپتۇ. بۆركۈت دەرھال شەپەرەڭنى چاقىرىپ كەپتۇ.

— نېمە ئۈچۈن باشتىلا كەلمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ قۇياش.

— مەن بەك قېرىپ كەتتىم، — دەپتۇ شەپەرەڭ، — مېنىڭ سىزگە كېرىگىممۇ يوقـ قۇ.

— يەر، شامال ھەم سۇ ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ توختىتىشقا قوشۇلامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ مەجلىس ئەھلى.

— ياق، ـ دەپتۇ شەپەرەڭ، — ئۇلارنىڭ بىرىمۇ ھەرىكەتتىن توختىماسلىقى لازىم. يەر، شامال، سۇنىڭ ئۈچىلىسى بىر يولىلا:

— نېمىشقا بىز توختىمايدىكەنمىز؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— مانا نېمە ئۈچۈن، — دەپتۇ شەپەرەڭ، — ئەگەر بىزنىڭ بىرىمىزمۇ توختىسا، دۇنيادا مەۋجۇدات قالمايدۇ. چۈنكى يەرنىڭ بىر تەرىپىدە مەڭگۈلۈك قىش ھەم مەڭگۈلۈك تۈن. ئىككىنچى تەرىپىدە بولسا مەڭگۈلۈك ئىسسىق ھەم مەڭگۈلۈك كۈن بولىدۇ. يەل ـ يېمىشنىڭ بىر تەرىپى پىشىپ ئىككىنچى تەرىپى پىشمايدۇ.

— توغرا، — دەپ ۋارقىراپتۇ ھەممىسى.

— ئەگەر شامال چىقمىسا، — دەپتۇ يەنە شەپەرەڭ، — ھەممە يەردە قۇرغاقچىلىق بولۇپ بىر تالمۇ ئوت ـ چۆپ ئۈنمىگەن بولاتتى. چۈنكى شامال بولمىسا، بۇلۇتمۇ بولمىغان، يامغۇرمۇ ياغمىغان بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەردىن چىققان يامان پۇراقلار ھېچنەگە كەتمەستىن ھاۋامۇ تازىلانمىغان بولاتتى. شۇنداق بولغاچقا ياشاشقىمۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

توغرا، — دەپ ۋارقىراپتۇ ھەتتا ئۇزۇن تۇمشۇقمۇ.

— مەن توختىسام بولامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ سۇ.

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ، — دەپتۇ شەپەرەڭ، — ئەگەر سەن ئېقىشتىن

توختساڭ پاسكىنلىشىپ كېتىسەن. ۋاقىتلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قوۇرۇپ تۈگەيسەن. سەندە ياشاۋاتقان بارلىق جان - جانىۋارلار ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. شۇنداقلا ئادەملەرمۇ سۇ تاپالماستىن ئۇسسۇزلۇقتىن ھالاك بولىدۇ. سەن بولمىساڭ دەرەخلەرمۇ، ئوتلارمۇ قۇرۇپ كېتىدۇ.

— توغرا، دەپ ۋارقىراپتۇ ياش قارىغاي بىلەن قېرى تېيىن ھەممىسىدىن چىڭراق تاۋۇش بىلەن:

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىسى «يەر مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرۇشى» شامال مەڭگۈ چىقىپ تۇرۇشى، سۇ مەڭگۈ ئېقىپ تۇرۇشى زۆرۈر»، — دەپ قارار چىقىرىپتۇ. لېكىن يەرنىڭ، شامالنىڭ ھەم سۇنىڭ شەپەرەڭگە بەك ئاچچىقى كەپتۇ.

— مەن سېنىڭ تامىقىڭغا زەھەرلىك ئوت بولۇپ قادىلىمەن، — دەپتۇ سۇ.

— ئەگەر كۈندۈزى چىقساڭ مەن سېنى يەرگە ئۇرۇپ چۈشۈرىمەن، — دەپتۇ شامال.

— ئەگەر كۈندۈزى چىقساڭ مەن سېنى پۈشۈرۈپ ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ قۇياش.

شۇنىڭدىن كېيىن شەپەرەڭ پەقەت شەبنەم سۈيىنىلا ئىچىدىغان، شامال بولمىغان كېچىسىلا چىقىدىغان، يەرگە چۈشمەستىن تامنىڭ كامارلىرىدىلا ياشايدىغان بوپتۇ.

## شۆرەلى

شۆرەلى قويۇق ئورمانلاردىلا ياشايدىكەن، ئۇ ئادەمگە ئوخشايدىكەن. ئادەمدىن پەرقلىنىدىغان يېرى پەقەت: بارماقلىرى ئۇزۇن، تىرناقلىرى قاتتىق ھەم ئۇزۇن بولىدىكەن. ئۇنىڭ ھەر بىر بارمىقى بىر غېرىچتەك، تىرناقلىرىنىڭ ھەر بىرى ئادەمنىڭ بارمىغىچىلىك چوڭلۇقتا بولىدىكەن خالتىدەك كۆكسى بولىدىكەن. ئۇلارنى مۆرىسى ئارقىلىق دۈمبىسىگە ئارتىپ يۈرىدىكەن.

شۆرەلى ئادەمنى ئاداشتۇرۇشنى قويۇق ئورمان ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى بەك ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ نەق ئادەمنىڭ ئۆزىدەك ۋارقىرايدىكەن شۆرەلىنىڭ ئاۋازىغا ئالدانغان ئادەم ئورماننىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ كېتىدىكەن — دە، ئادىشىپ قالىدىكەن. شۆرەلى ئالدىغان بەزى ئادەملەر ئورماننىڭ ئىچكىرىسىدە ئادىشىپ قېلىپ ھالاك بولۇپمۇ كېتىدىكەن.

شۆرەلى يالغۇز ئادەمنىڭ يېنىغىلا كېلىدىكەن، ئىككى ئادەم بولسا يېقىن كېلىشكە كۆرۈنۈشكە پېتىنالمايدىكەن ئەگەر بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ئىت بولسا، زادىلا يېقىن كەلمەيدىكەن. ئۇ ئىتتىن بەك قورقىدىكەن.

شۆرەلى كۆپرەك ياز كۈنلىرىدە، قۇياش چىققاندا ياكى كۈن پاتقان چاغدا ئادەملەرگە كۆرۈنىدىكەن. شۆرەلى بىرەر ئادەمگە كۆرۈنسە ئۆزىنىڭ ئىتتىنى ئاتايدىكەن. ئادەم ئۇ ئادەملەرنى كۆرگىنىدە يولدىن ئاداشقان بولۇۋېلىپ ئادەمدىن يول سورايدىكەن. ئۇ ئۇچرىغان ئادەمگە قاراپ يا يىغلايدىكەن ياكى كۈلۈپ - كۈلۈپ سۆزلىشىپ كېتىدىكەن - دە ئەپلەپ - سەپلەپ ئادەمگە يېقىنلىشىدىكەن.

شۆرەلى كىشىلەر سورىغان سوئاللارغا بىرسىگىمۇ جاۋاب بەرمەيدىكەن. ئۆزى بەك كۆپ سوراشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن. شۆرەلى چىشلىرىڭنى كۆرسىلا ئۇزۇن بارماقلىرى

بىلەن غىدىقلاشقا باشلايدىكەن — دە، ئۆلتۈرگىچە غىدىقلايدىكەن. كۆپ ئادەملەرنى جان-جانىۋارلارنى غىدىقلاپ ئۆلتۈرگەنىكەن.

شۆرەلى كىمگىلا يولۇقمىسۇن، كىمنىلا كۆرمىسۇن: «غىدىقلىشىپ ئوينايلىلا» دەيدىكەن. ئادەم قانچىلىك ۋارقىراپ-جارقىرىسىمۇ زادى ئېتىبار قىلماي غىدىقلاۋېرىدىكەن، ئاقىۋەتتە ئادەم ئۆلۈپمۇ قالىدىكەن. ئادەملەر ئۇنى يوقىتىشنىڭ يولىنى ئىزدەپتۇ.

قەدىمكى زامانلاردا بىر باتۇر يىگىت بار ئىكەن. بۇ باتۇر يىگىت ئورمانغا مېڭىپتۇ. يېنىغا بىر ئىتىنىمۇ ئەگەشتۈرۈۋاپتۇ. يولدا كېتىۋاتقاندا بىر توشقان چېپىپ ئۆتۈپ كەتكەنىكەن، ئىت شۇ توشقاننىڭ كەينىدىن چېپىپ كېتىپتۇ. يىگىت قانچىلىك ۋارقىرىسىمۇ، ئىت توشقاننىڭ كەينىدىن چېپىپ كېتىۋېرىپتۇ. قورقۇش بۇ يىگىتنىڭ ئويىغىمۇ كەلمەپتۇ. يىگىت ئورمانغا كىرىپ كېتىپتۇ. ياغاچلارنى كېسىپ، پۇتاقلىرىنى يۆتكەپ، هارۋىسىنىڭ يېنىغا يىغىپ تۇرۇشىغا يېنىدا شۆرەلى پەيدا بولۇپتۇ-دە:

— قېنى يىگىت، غىدىقلىشىپ ئوينايلىلا، — دەپتۇ.

— شۆرە لىكەيىم، — دەپتۇ يىگىت، — بەك ئوبدان ئەڭ، ئاۋۋال قىسىشماق ئوينايلى، ئۇنىڭدىن كېيىن، غىدىقلىشىپ ئوينايمىز، قانداق؟

— ئېتىڭ كىم؟ — دەپ سوراپتۇ شۆرەلى.

— ئېتىم بۇلتۇر بولىدۇ.

— بولىدۇ، ئۇنداق بولسا ئەڭ ئاۋۋال قىسىشماق ئويناپ. ئۇنىڭدىن كېيىن غىدىقلىشىپ ئوينايلى، — دەپ شۆرەلى يىگىتنىڭ سۆزىگە كۆنۈپتۇ — دە، قىسىشماقنى قانداق ئوينايدۇ؟ مەن ئۇنى بىلمەيمەن، — دەپتۇ.

— سەن قاراپ تۇر، مەن ئۆگىتىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

— بولىدۇ، — دەپتۇ شۆرەلى،

يىگىت ياغاچنىڭ بېشىنى يېرىپتۇ. بىر شىنا ياساپ ياغاچنىڭ يېرىقىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈپتۇ. ياغاچنىڭ يېرىقى ئېچىلىپتۇ. يىگىت شۆرەلىگە:

— مانا مۇشۇ يېرىققا بارمىقىڭنى تىقىپ تۇر، — دەپتۇ شۆرەلى بارمىقىنى ياغاچنىڭ يېرىقىغا تىقىپتۇ. يىگىت پالتا بىلەن بىر ئۇرغانىكەن، شىنا چىقىپ كېتىپتۇ-دە ياغاچنىڭ يېرىقى شۆرەلىنىڭ بارمىقىنى قىسىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋارقىراپتۇ — جارقىراپ بېقىپتۇ، يىغلاپتۇ، يېلىنىپتۇ، يىگىت بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن هارۋىسىغا ئولتۇرۇپتۇ-دە چېپىپ كېتىپتۇ. شۆرەلىلەر يىغىلىپتۇ. «كىم قىستى؟» دەپ سوراپتۇ.

— بۇلتۇر قىستى، بۇلتۇر، — دەپتۇ هېلىقى شۆرەلى. باشقا شۆرەلىلەر بۇلتۇر قىستى دېگەنىسېرى:

— ئەخمەق، بۇلتۇر قىسقانغا بۇ يىل يىغلامدۇ ئەخمەق، — دەپ كۈلۈشۈپتۇ. يىگىت بولسا ئۆيىگە قايتىپلا باشقىلارغا شۆرەلىنى ئالدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۆزلىرىنى «مەن بۇلتۇر» دەيدىكەن. ئەڭ ئاۋۋال «قىسىشماق» ئويناپ ئالداپ كېتىدىكەن. شۆرەلىلەر هازىرمۇ شۇ سۆزگە ئالدىنىدىكەن. شۇنداق قىلىپ «قىسىشماق» ئويناشقا قىزىقىپ غىدىقلاش ئويۇنىنى ئوينىشالمايدىغان بولۇپ قاپتۇدەك.

# بېيىت قوشاقلار

تام تۆپىسىدە ئولتۇرادۇر.
زىبا بويلۇق بىر يىگىت
قاش بىلەن ئالما ئاتادۇر،
ئالمىسى داغلىق يىگىت.

ئالمىسى داغلىق يىگىتنىڭ،
ئۈزلىقى سۇلتانچە بار،
ئاي يۈزىگە نۇر قونۇپتۇ،
باغدىن ئۈزگەن گۈلچە بار.

بۇ چىلىم گۇللۇق چىلىم،
گۇلباغدىن ئۈزگەن چىلىم.
گاھى ئۆيدە، گاھى چۆلدە،
نارىزا بولغان چىلىم.

سېرىق سەبدە گۇلۇم، سايىنىڭ بۇلاقى،
كۆرەي دېسەم سېنى يولنىڭ يىراقى.

يىراققا كەتتى دەپ بىزنى ئۇنۇتماڭ،
خۇدا سالغان بۇ ئوتنى ئەسلا سوۋۇتماڭ.

سېرىق سەبدە گۇلۇم، سەرۋى نىگارا،
سالامەت يەتكۈزۈڭ پەرۋەردىگارا،

ئېتىمگە تەگمىدى كۆينەكتىن ئۆزگە،
لېۋىمگە سۆيمىدى بىر سىزدىن ئۆزگە.

ئاق سارايدىن چىقتىڭىز،
ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ.
ئارقىڭىزدىن قاراپ قالدىم،
زەپىرەڭدەك سارغىرىپ.

زەپىرەڭ نەدە بولۇر،
سۇدىن تۆۋەن لايدا بولۇر.
سىزنى يەنە كۆرگۈچە،
كۆزلىرىم يولدا بولۇر.

چېمەن دەلا، چېمەن دەلا،
چېمەننىڭ بۇلبۇلى دەلا.
ئىشىكتىن تولغىنىپ كىرسەم،
يېڭى باغنىڭ گۇلى دەلا.

يېڭى باغنىڭ گۇلى ئەمەس،
ئېچىلماي توزىغان يارلار.
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
خەۋەردار بولمىغان يارلار.

كاككۇكۇم كاككۇك ئېتەدۇر،
كۆك تېرەكنىڭ بېشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇر،
ئوردىنىڭ كۆل بېشىدا.

ئوردىدىن چىققان يىگىتنىڭ،
تونى بار نىمچەسى يوق.
بېلىگە قىسقان گۇلىنىڭ،
بەرگى بار، غۇنچەسى يوق.
بىزنى كۆيدۈرگەن يىگىتنىڭ،
دەردى بار، ۋاپاسى يوق.

چىنە ــ چىنە سۇ ئىچەرمەن،
پاھ يۈرەكىم كۆيدى دەپ.

بۇ بىيتنى سىزگە تۇتتۇم ،
ھەممىدىن چىچەنغۇ دەپ .

ئەجەب چىقتى بۇ بوران ،
تاڭ ئاتقۇچە توختىماي .
ئۇنتۇپ قاللىمۇ يارىم ،
بىرەر قېتىم يوقلىماي ؟
بۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە ،
سىزگە كىمنى ئوخشىتاي .

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ ،
ئۆزەڭ يېمەي تۇرامسەن ؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلدىم ،
لام – جىم دىمەي تۇرامسەن ؟

بىر ھەپتىدە بىر قېتىم ،
يار قېشىغا كەلسەڭچۇ .
كۆيۈك چۈشتى ئىچىمگە ،
يارىم ئۇنى بىلسەڭچۇ .

*   *

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ ،
يار بىلەن كۆرۈشكىدەك .
بەلگىسى قاپاق تىرەك ،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكىدەك .

قاپاق تىرەك ئالدىدا ،
ھويلاڭ بارمىدى يارىم ؟
يىپىپ – يىپىپ قارايسەن ،
مەيلىڭ بارمىدى يارىم ؟

ئوسما تىرىدىم كۆرسىلە ،
خىنە قويدۇم كۆرسىلە ،
بىر قويام ئوسما بىرەي ،
بوينۇمنى قايرىپ سۆيسلە .

بىشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ ،
ھەرتالاسى بەش خىل يىپ .
سەن ئالامسەن بۇجاننى ،
يۈرەك بىغىدا لىڭشىپ .

قىزىل گۇلدا پۇراق بار ،
شاخىدا يوپۇرماق بار ،
ئاشنا تۇتساڭ تاللاپ تۇت ،
قىيامەتتە سوراق بار .

دۇتار پەدىسى پەدە ،
پەدىسى مۇھىم يەردە .
قىزنىڭ ۋەدىسى ۋەدە ،
يىگىت ۋەدىسى نەدە ؟

يار مېنىڭ ئەقىدەمنى ،
بىلمەيدۇ شۇبۇ كەمدە ،
يارنىڭ قىلغان سۆزلىرى ،
قاتمۇ – قات يۈرەكىمدە .

چارخىمنىڭ يىپى قىسقا ،
ھەر خىيالدا چۆرۈيمەن ،
ئاخشام كەلمىگەن يارنى ،
باش – كۆزۈمدىن ئۆرۈيمەن .

ئامرىقىم ، خۇش خۇيلۇقۇم ،
ئۇيقۇمنى ۋەيران قىلمىغىن .
ماڭا مەيلىڭ بولمىسا ،
كۆڭلۈمنى ۋەيران قىلمىغىن .

ئىشتان كەيدىم تاۋاردىن ،
بەلۋاغلىرى كۈمۈشتىن .
يىراق تۇرسىلا مەخسۇم ،

بەك زېرىكتىم بۇ ئىشتىن .

قاشنىڭ قارىسى سەندە ،
كۆزنىڭ قارىسى مەندە .
دەردى يوق دەمسەن مېنى ،
دەردنىڭ ھەممىسى مەندە .

كېچە بولسا ياتمايمەن ،
تۈڭلۈكۈڭدىن پاتمايمەن ،
راست گېپىڭنى ئېيت يارىم ،
بۇ دەردىڭنى تارتمايمەن .

ئالما ئاتتىم ئۆرلىتىپ ،
ئۆگزىڭىزگە لەيلىتىپ ،
كۆڭلۈڭ تىندىمۇ يارىم .
مەن غېرىبنى يىغلىتىپ .

ئۆستەڭ بويلاپ كېپقاپلا ،
راۋاپ چالغاچ كەلمەپلا ،
ئۇخلاپ قالغان شۇ يارنى ،
بىللە ئالغاچ كەلمەپلا .

تاغقا چىقتىم داۋانىسىز ،
يارغا كۆيدۇم ئارمانىسىز ،
كۆيگىنىمنى بىلمەيسىز ،
كۆڭلى قارا نادانىسىز .

ھۆل قومۇشقا ئوت يېقىپ ،
ئوتۇڭ كۆيمىدى دەمسەن ؟
ئايدا ، يىلدا بىر كېلىپ ،
كۆڭلۈم قانمىدى دەمسەن ؟

ھاۋانىيۇ ھاۋانى ،
قىزلار كىيسۇن تاۋانى ،
بىز يۇرسەك ئاداۋەتتە .
كىم سورايدۇ دەۋانى .

يارىم بەرگەن بەش ئالما ،
بەشلىسى قوينۇمدا .
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام ،
يارىنىڭ قولى بوينۇمدا .

بادام دوپپىلىق يارىم ،
قوناقتا سۇ ئاچاي دەملا .
يۇرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ ،
چوڭ يولغا قاچاي دەملا .

ئۆگزەمگە قوناق يايدىم ،
ئويناپ كېلىپ چاچىسىلا .
قىلغان ۋەدىمىز ۋەدە .
بىزدىن ئۇنداق قاچىسىلا .

ئىشىك ئالدىڭ ئېرىقىم ،
پىلتىڭلايدۇ بېلىقىم .
قاياقلاردا يۇرۇيدۇ ،
ئامرىقىم ، چىرايلىقىم .

ئىشىك ئالدى گۈلدۇرمە ،
يارىم مېنى كۆلدۈرمە .
ئىككىمىز ئاشنا بولايلى ،
دۇشمەنلەرگە بىلدۇرمە .

ۋاسا جۇپ ئايۋان سارايىنىڭ ،
زەدىۋالى يوق ئىكەن .
ساڭا بەرگەن (بۇ) كۆڭۈلنىڭ ،
ئەتىۋارى يوق ئىكەن .

سەكرەپ چۈشتۈم خەندەككە ،
بىر يىل بولدى بۇ دەردكە .
قانداق قىلسام دەۋا بار .

ئوت كەتكەن بۇ يۈرەككە .

باغىم بار دېگەن بولساڭ ،
يېڭى باغنى سالماستىم .
يارىم بار دېگەن بولساڭ ،
سېنى تەڭلىك قىلماستىم .

ئاق ئايدىڭدا كەلسۇن دەپ ،
سالام يوللىغان يارىم .
مەن كەلسەم ، ئۆزى كەلمەي ،
مېنى گوللىغان يارىم .

بېۋاپا كەتكەن بىلەن ،
ئوتى پىراقى كەتمىدى .
بۇ مېنىڭ يىغلاغىنىم ،
ھەرگىز خۇداغا يەتمىدى .

ئېپكىلىڭ كەتمەنلىنى ،
تىندۇراي ئازگاللىنى .
ئەمدى دوستۇم دېمەسمەن ،
ئەقلىدىن ئازغانلىنى .

ئالما تۆۋىدە تۇرغاندەك ،
بىيە تۆۋىدە تۇرماسمەن .
سەن يارىمغا كۆيگەندەك ،
ھېچ كىشىگە كۆيمەسمەن .

ئەجەب ئۆنلىدى كەپتەر ،
پىشايۋاندا ، پەرماندا .
سەن ئۇياقتا ئوينىساڭ ،
مەن بۇياقتا ئارماندا .

سۇ بولسا سۈزۈك بولسا ،
ئۇندا بېلىق ئۈزمەمدۇ ؟
كۆڭلى بولمىسا يارنىڭ ،
قاپىقىنى تۈرمەمدۇ ؟

ئۆستەڭنىڭ ئۇ قاشىدا ،
تاختا كۆۋرۈك باشىدا .
ئوسمىسى دەمدەك ئىكەن ،
يارنىڭ قارا قاشىدا .

ئاللا يارىم دەردلىرىمگە ،
بەرمەمسەن دەرمان ؟
ئۆلۈپ كەتسەم قالامدۇ ،
يۈرەكتە ئارمان ؟

قوپسام سەھەردە ،
چىقسام تالاغا .
ئەرزىمنى ئېيتاي ،
قادىر خۇداغا .

قادىر خۇدايىم
ئوڭلار بېشىمنى
زەپىرەڭ بولۇپ
تۆكسەم يېشىمنى .

پەغەزدە كەپتە (ر) ،
تاماكا سىپ بە .
تاماكاڭنى چەكمەيمەن .
يارىمنى تېپىبە .

ئېيتىپ بەرگۈچى:چىرا ناھىيە دامكۇ يېزا پارچە كەنتتىن ئۆمەر ئاخۇن ، رەھمەخان

رەتلىگۈچى : **چىنارخان ئۆمەر**

مۇھەررىر : **قۇتلۇق قادىر**

تا از فرق سر قدم سازم ز دیده پا کنم

عمر شد از دست حاصل مراد ارد خجل — چند وا مانم من غافل اسیر آب گل
از خیالم گشته بیرون لعبت چین چگل — آرزوی جنة المأوا برآوردم ز دل

جنتم این بس که با خاک در ت ماوا کنم

کی توانم آتش شوقت کنم در دل نهان — نیست ممکن تا نباشد آتش از سینه عیان
وقت آن آمد که اکنون ترک سازم خانمان — خواهم از سودای پابوست نهم سر در جهان

پا بپایت سر نهم یا سر درین سودا کنم

غربتی با عقل یارم با جنون در لحظهٔ — گاه خاطر جمع دارم باز ابتر لحظهٔ
حاصل از عشق توام سوداست در هر لحظهٔ — هر دم از شوق تو معذورم اگر هر لحظهٔ

جامی آسا نامهٔ شوقی دیگر انشا کنم

## غربتی

شرح حال ایلای دیسام بیلمایمن نینک حیرانیمن — بو بو ذوق کونگل بیلان قاچیم نینک ویرانیمن
معرفت نینک درسی دین تحصیل قیلمای برورق — حکمت جهل الحره کورکیل دور نینک دانامن
کوه ایمان کا ایمانمن جوهر یمنی کا لامه — آل تفحص تعشیه سین میندین الم نینک کانیمن
لعل ابیامن سنک خارامن بو یالمیش قان ایله — قایسی خنجر خواجه جونی جگر بریانی من
کوزدین آقغان یاشلاریمدین هر بری دردانه — قایسی بر شوخ ستمگرنی کوزی گریانیمن
بر قویون من یایلاوادیسی نینک مجنونکیم — نقشهای ناقهٔ لیلی نی سرگردانیمن
همدمیم غم الفتیم کلفت اویوم بیت الحزن — یوسفیم قایسی ایرور بیلیم قایو کنعانیمن
سجن مؤمن دیدی دنیانی بیلمینک جنت نی — عیش راحت نیچوک ایزلایکه من زندانیمن

تنگدور خار بیلا برله کونگل نینک غنچه سی — شکر انفاسی نسیمی نینک گل خندانیمن
اوزی نینک قدر ینی بیلماس الار نه بیلکای قدریمی — قدرینی بیلکای کیشیلار باشیغه قربانیمن
نه عرب نینک شاعری من غربتی نه فارسی — ترکیدین اوزگا بساطیم یوقکه ترکستانیمن

## وله

هیچ خمار آچیلمایدور ایچامین شراب اصلا — هیچ ایش توزالمایدور بولماین خراب اصلا
یار عکسینی میدین هر زمان تماشا قیل — بولماغای جمالیغه کوزبیلان قراب اصلا
عاشق اولماغان سیراب می اگر مجازیدور — سو مقامیغه تو تماس تشنه کا سراب اصلا
عاشق حقیقی دور عندلیب باغ عشق — کیرمغای مجازیدین اندیه بیر غراب اصلا
شمع وصلی نه تپماس بولماین جو پروانه — هر کیچه طواف ایتماقیلمای اضطراب اصلا
آفتاب وصلیغا لایق اولماد ی شبنم — هر سحر کوزینی اول ایتماین پر آب اصلا
غربتی ایماس لایق کوزلارینک جمالیگا — تا که توتیا قیلمای کویدین تراب اصلا

## مخمس غربتی

انما الاعمال بالنیات دیدی حضرتیم — کعبه طاقی روضه باغی دلده ایم نیتیم
یا نصیبیم بو قمو بیلمایمن یا یوق غیرتیم — بار چه کیتی کیتمادیم من آرتماغایمو حیرتیم

من نچوک تدبیر ایلای بر ماسه حق نصرتیم

کعبه تعمیریغه امر ایتتی خلیلی فی جلیل — امتثال امر ایتیب اول ایلادی سعی جمیل
ایدی تنگری حج طوافیغه ندا قیل ای خلیل — بارچه کا صوتینی تینگورماک کا او ز بیر کفیل

گوش اروا حیه ایماسمو اول ندا در نیتیم

وهمیم اندین دور ازل ده حق نصیب ایتکامو کین — جان قولاغی کا خلیلدین ندا یتکامو کین

حقیقت بیلغه روان بولدی کتیب باردر ایردی
سرگشته ایتا کید الکل الیه حقیقت تمه او پایان
باقیه ... کون بوفا ... قربند ... الیه
قدیدی سر ... دین کین قد ... ایتیب
قو ... بعدی ساکدی بازارغه کیر سیب صوفه ... او ...
... اضطراب بیله کلیب او ... ایکار ...
... بلیک ایدیکیم اذ ... املا ...
... دیدی یلار ... ... ...
دیدی ... قدیمین ... ایردی ...

... محبوب ... دستور ... ایدیکیم اوز یاری نینک
... نیم ... دنیا ... روحله ... سالار
... یا ... دیدی ... سودا کرا ایردی دنیا
... او ... من سودا گر ایدیم ایکی
... ایدی سودا ... کتب ایدیم ...
... دیدیم ... ... ...
... اوز ... دور حال ... ... پایان
... قلم ... ... ...
... ... ایدیم ...



**源泉**（布拉克）（维吾尔文）总52期

**بۇلاق** ( ئومۇمي 52- سان ) ( پەسىللىك ژۇرنال )

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )


新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65－1063/I
本刊代号：58－108定价：2.90元
ISSN 1005－0876/国外代号 Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
ۋەكالەت نومۇرى : 58—108 باھاسى : 2.90
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118

9 771005 087006 08>

ISSN 1005-0876

# بولاق

1995

BULAK



ایدی اول دیوانه ایرماس بلکه سراسر هوشلوق رعد برق دین نشان براودر راوزی نینگ فعلوا ایلیقی عالم نی قاف
درقاف تاریتادور قرق یکیت انینگ همراهیتی غه اوستوارهنر پرستر لب اوقسم تعریف لارنی اشیتیب فرمان قیلدیکم
دم صبح لشکر کوچ قیلای القصه افتاب نورانی انبو سیدین چیقتی اواز شبرکا نای فلک طاقیدین اوتکاردیلار
تمام شبان بولیغه یوزلاندیلار هنرپرستر لب هو نیسین بوروب اوچونجی کونی اول یایلاق غه یتیلار اما تهمتن
اون جاسوس غه اجازت بریب اینلارکه اماده اولدیلار بوانثاده افتاب عالمتاب سپهر ظلماندین چیقیب
کوک صحن میدان جولان کورکوزدی تهمتن میدان اچیب یار ایلاری برله دیشتی لار کیم بو کون لشکر نینگ سیدو رستم
یار ایلا بیغه ایدی اکر دوشمن کلب بولیشسه اوستون توروب شینگ رزمینی کوروزنکلار اما بوجوانلار تهمتن کا
دیدیلار کیم بیزلار دیو جاددین خلاص ایتینگ امیدی بو بدکبریشتی قولیدا گرفتار اقالمسیل یا بر طرف کتالی سینک یوم
تونکدین جواهر وهم اسپ براق حاصیل قلیب خدمتینک دین هر کیم بولماغایمز اما بو کبر دیکن کوپ ایذیت قیلور خیر اوجون کیم
پادشاه عالی مقدار دولتکر بسیار دور وهم پهلوان زبردست الکا فرمان بردار دور وسین تنها کرشه
سنکا شکست بیتسه بیزلار نینگ دادی بیزنه روزکار بخرودین چیقار وریلار بو ظالیم قولیدا گرفتار اولو بمیز ویا جملهنی
تیغ برله جان شیرین دین ناامید ایلار تهمتن بولار غه اغراغ دیدیکیم دلجمع بولونکلار نظم جهاندار سیزدی نکهبدار اودور
کلور غالب اول کم کا یار دور القصه بو کافر لاردین سرهوی تورقوم بولاماس انلاردین بولماغایمین بو کفت
کو ییا ایردی ناکاه صدای وکرنای دشت انجیدا سیر بولاری کرد سمید بولدی دا اول کرد انجیدین علم هنر پرستر
نمود اولدی قناقتار اول ایکی علم نشانه لر اون ایکی منکی سوارة جراحیقیب قرار برقرار اولدیلار
اما تهمتن همراهلارینی طبل اوستون تماشا اوچون قیو اوزنکی میدان انجیدا جولان کورکوزوب یوروردیلر
هنر پرستر لب کوه هر کینه دب بیت مبالغه قیلدی خروش لار برله نعره رعد واجکر بدین تارتیب بیت تمام برله
رستم له جمله


بۇلاق
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى پەسىللىك
ژۇرنىلى
16 ـ يىل نەشرى
ئومۇمى 53 ـ سان
1995

باش مۇھەررىر : ئوبۇل ئىسلام
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن




# 1995 - يىل 4 - سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«شەھنامەئى تۈركىي» دىن ........مۇھەممەدئىمىن ئاخۇن شاھ ھىجران (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن
ھەمزەنامە ......................................غەرىب خەستە (43)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت
مۇخەممەسلەر ..................................موللا سالىھ (104)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىمىت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

غەزەللەر ..................................ماھلەر ئايىم نادىرە (112)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىموھەممەت جۇمە

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىشى
..........................................بارىجان زەپەر (124)
15 يىل دەم يېگەن بىر تەنقىدكە قارىتا ..........مىرسۇلتان ئوسمانوۋ (129)

مىنكۇن باتۇر ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى (قىسسە) ..................................................................(139)
توپلاپ رەتلىگۈچى : موھىددىن سايىت
پالەچ كۇيئوغۇل (چۆچەك) ..................................................................(185)
ئالتۇن بۆك (چۆچەك) ..................................................................(190)
رەتلىگۈچى : تۇراخۇن مۇھەممىدى
ھېكايەتلەر ..................................................................(192)
نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت
ئەپسانىلەر ..................................................................(198)
تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى : مىرقەدەم مۇھەممەدياروۋ
بىيىت قوشاقلار ..................................................................(204)
توپلاپ رەتلىگۈچى : ئەنۋەر تۇردى

* *

خەتتات : نىياز كېرىم شەرقىي .
كۆنچىك ۋە نەقىشلەرنى ئىشلىگۈچى : تۇردى قادىر نازىرى .
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ماۋ يۈيلۈڭ .

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە : تالانتلىق شائىرە ـ ماھلەر ئايىم نادىرە («شەرق يۇلتۇزى» ژۇرنىلىنىڭ 1990 ـ يىل 3 ـ سانىدىن ئېلىندى . رەسسام : ئا . نەزىروۋ .)
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە : «شەھنامەئى تۈركىي» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت .
مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە : «ھەمزەنامە» نىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە : مورا بۇددا مۇنارىسى . (بۇ مۇنارە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ بەشكېرەم يېزىسى مورا 16 ـ كەنتىدىكى خانئۆي قەدىمكى شەھىرىگە جايلاشقان . 1700 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ) ھاپىزجان مۇھەممەت فوتوسى .

# «شەھنامەئى تۈركىي»دىن

مۇھەممەد ئىمىن ئاخۇن شاھ ھىجران

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن

*  *

ئەلقىسسە ، مۇنداق ھىكايەت قىلىنىدۇ . شەيخى جەئفەرى نەھىفنىڭ مىڭ ئوتتۇز توقۇزىدا ، جاھان شاھى ، زامان پېشۋاسى ، پاك تەبىئەتلىك سۇلەيمان سۇلتانىنىڭ ئورۇن باسارى مۇھەممەدشاھ ۋاقتىدا جاھانگىر قىسسىدىن مۇنۇلار كەلتۈرۈلگەن . بۇ ۋاقت تارىخقا بىرمىڭ بىر يۈز ئاتمىش تۆت ② جۇمادىيەل ـ ئاخىر ئېيى ئىدى . زامانىمىزدىكى ئىمان ئەھلىنىڭ زەپەر ئىگىسى ، تەڭرىنىڭ خەلىپىسى ، ئاللانىڭ ئېلىمىزگە بەخش ئەتكەن مەرھىمىتى يەنى خوجا جەھان خوجام ئىبنى خوجا خان خوجام پادىشاھ (تەڭرى ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى تاكى ئاخىرەت كۈنىگىچە تېنچ ۋە بەرقارار قىلسۇن ) نىڭ ھوزۇرىدا بۇ ئاجىز پەقىر ۋە ئىقتىدارسىز ھەقىر يەنى پادىشاھ ھىجران قەلەندەر تەھەمتەن قىسسىدىن مۇنۇلارنى ئىزھار قىلغان ئىدى . **نەزمە :**

شەھا جەددىڭ ئېرمىش نەبىيۇ ۋەلى ،
نەبىيدۇر مۇھەممەد ، ۋەلىيدۇر ئەلى .
ئىشىتكىل بۇ كۈن داستانى كۆھەن ،
كۆھەن داستانلار ۋە تازە سۇخەن .
جەھانگىر يىلىدىن سۇخەن ساز ئۇلاي ،
كى تەئرىخ ئېلى بىرلە ھەمراز ئۇلاي .

## پەسلى داستان

كەلتۈرۈلگەنلەرنى ئاڭلاپ بېقىڭ : شىر يۈرەك رۇستەم ئېتىغا مىنىپ ، مەنزىلمۇ مەنزىل يول مېڭىپ ، قىرىق كۈندىن كېيىن مازەندەران دېگەن جايغا يەتتى ، ئەمما ئاتلىق بىر كەنتكە كەلدى . دەل شۇ چاغ قۇياش مەسەللىك بىر گۈزەلنىڭ سۇ بويىدا يۈز يۇيۇپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى . رۇستەمنىڭ كۆزى بۇ ئاي يۈزلۈكنىڭ جامالىغا چۈشۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ئىشقى قەلبىگە ئورناشتى . ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ ئۇ ئاي يۈزلۈك تەرەپكە نەزەر تاشلىدى . ئۇ گۈزەل رۇستەمنى كۆرۈپ يۈزىنى يوشۇردى . ئۇنىڭ مۇشتىرى ئاتلىق بىر كېنىزىكى بار ئىدى ، ئۇنى رۇستەمنىڭ قېشىغا ئەۋەتتى ، ئۇنىڭ يۈزى پەردە ئىچىدە

---

① بېشى 1992 ـ يىللىق 1 ـ 2 ـ سانلاردا .

② مىلادى 1750 ۋە 1751 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ .

ئىدى . رۇستەم ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ، بىر دەرەخنىڭ سايىسىگە كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ ئولتۇردى .

— سەن كىم بولىسەن ؟ — دېدى مۇشتىرى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، — بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ نام ـ نەسەبىڭ كىم بولىدۇ ؟

— مېنىڭ ئىسمىم رۇستەمدۇر . ئىرادە ـ تەقدىر مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى ، — دېدى رۇستەم جاۋاب بېرىپ ، — ئۆزۈڭ كىم ، ئۇ ئاي يۈزلۈكچۇ ؟ بۇ مەنزىلنىڭ نامى نېمە ؟ ئۇ گۈل يۈزلۈك زادى كىم بولىدۇ ؟

— بۇ مەنزىل دەرۋىش مەقامدۇر ، — دەپ جاۋاب بەردى كېنىزەك ، — نامىنى مەسىھا زاھىد دەيدۇ ، ئۇ ھۆرانىڭ قىزىدۇر .

تەھەمتەن دەرھال ئېتىغا مىنىپ زاھىدنىڭ دەرگاھىغا كەلدى . ئىشىكتە بىر خادىم تۇراتتى .

— ئەي خادىم ، بېرىپ پىرىڭغا خەۋەر قىلغىن ، مەن بىر مۇساپىر مېھمانمەن ، — دېدى تەھەمتەن .

ئۇ خادىم زاھىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— ئىشىكتە بىر كىشى ئىجازەت تىلەپ تۇرۇۋاتىدۇ ، — دېدى .

بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستاز خىزمەتچىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ دەرھال مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى . تەھەمتەنمۇ ئېتىدىن چۈشتى .

— سەن رۇستەم بولامسەن ؟ — دەپ سورىدى زاھىد .

— شۇنداق ، مەن رۇستەم بولىمەن ، — دېدى تەھەمتەن ، — ئەي دەرۋىش . مېنىڭ رۇستەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلدىڭ ؟

— ئۇزاقتىن بېرى يولۇڭغا مۇنتەزىر ئىدىم ، — دېدى زاھىد ، — سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ مۇلاھىزە قىلىپ ، كۆڭلۈمدە ئارزۇ قىلاتتىم . ئەلھەمدۇلىللا ، مەقسەت گۈلۈم ئېچىلدى . كەل ، بىرەر سائەت بولسىمۇ بۇ يەردە ئارام ئال .

تەھەمتەن دەرۋىش بىلەن بىللە خانىقاھقا كىردى . ئۇ مەزە كەلتۈردى ، ئاندىن كېيىن رۇستەمدىن ئەھۋال سورىدى . رۇستەم بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىر بايان قىلدى .

تەھەمتەن زاھىدنىڭ مەنزىلگاھىدا بىر ھەپتىدەك تۇرۇپ قالدى . بىر كۈنى تەھەمتەنگە ئاي يۈزلۈكنىڭ ئىشتىياقى غالىب كېلىپ ، مۇشتىرىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى :

— ئۇ گۈزەلگە مەندىن سالام يەتكۈز ، ئۇنىڭغا ئېيت ، مېنى قوبۇل قىلسۇن . بۇ جاي مېنىڭ قەسرى ئايۋانىم بولۇپ قالغاي .

— ئەي رۇستەم ، سەن ئىراننىڭ سەردارى تۇرساڭ ، — دېدى مۇشتىرى ئۇنىڭغا ، — بۇ بىر دەرۋىشنىڭ قىزى ساڭا مۇناسىپ كېلەرمۇ ؟

— سېنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن ، — دېدى تەھەمتەن ، — مېنىڭ دې- گەنلىرىمنى ئۇ ئاي يۈزلۈككە يەتكۈز .

— ئەگەر ئۇنىڭغا ئېرىشمەكنى خالىساڭ ، — دېدى كېنىزەك قىز ، — زاھىدنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، تەلەپكارلىقىڭنى ئۇنىڭغا ئېيت .

— ئۇ قۇياش چېھرىنىڭ ئىسمى نېمە ؟ — دەپ سورىدى تەھەمتەن .

— ئۇنىڭ ئىسمى دىلنەۋاز ، — دېدى كېنىزەك قىز .

تەھەمتەن ئورنىدىن تۇرۇپ ، زاھىدنىڭ تۇرالغۇسىغا كېلىپ ھېلىقى خادىمنى تاپتى ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى :

— ئەي خادىم ، بارغىل ، پىر ئۇستازىڭدىن مېنىڭ ئۈچۈن دىلنەۋازنى سورا . تاكى بۇ جاي مېنىڭ قەسرىم بولۇپ قالسۇن . ئۇنىڭغا قىممەت باھالىق ئىككى يۈز خادىمنى قۇللۇققا بېرىمەن .

خادىم زاھىدنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، رۇستەمنىڭ تەلىپىنى يەتكۈزدى .

— ئەگەر قىزىم ئۇنىڭ خىزمىتىگە يارىغان بولسا ، ئۇنىڭ پەرمانىنى باش ئۈستىگە قوبۇل قىلىمەن ، — دېدى زاھىد .

خادىم رۇستەمنىڭ يېنىغا بېرىپ ، زاھىدنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى . رۇستەم بىلەكلىرىدىن خۇددى تۈن قوينىدا يېنىپ تۇرغان چىراغدەك بىر قانچە دۇردانىنى چىقىرىپ ، خادىمغا بەردى . ئۇنىڭ ھەربىرى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىغا يېتەتتى . خادىم بۇلارنى زاھىدقا بەرگەندىن كېيىن ، ئۇ توي تەييارلىقىنى قىلىپ ، قىزىنى جابدۇدى . كەنت ئىچىدە نەچچە كۈن شاھانە توي - تاماشا قىلىپ ، بىر ياخشى سائەتنى تاللاپ ، قىزىنى ئۆز مىللىتىنىڭ دىنىي قائىدىسى بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ رۇستەمگە بەردى . سازەندىلەر شادلىق نەغمىلىرىنى ياڭرىتىپ ، خانىدانلار توي ناخشىسىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ ، ئۇ ئاي يۈزلۈك قىزنى شىر يۈرەك باتۇرنىڭ ھۇجرىسىغا كۆچۈرۈپ كەلدى . **نەزمە :**

قىلىپ تويى شاھانە ئول قىل تەن ،
بولۇپ جەمئى بىر يەردە سەرۇ سۇمەن .
نەشىب نافە ئاھۇنى بۇ شىر دىل ،
تۆكۈپ نافە قىلدى جەھاننى قىزىل .

تەھەمتەن بۇ ئاي يۈزلۈك بىلەن قىرىق كۈن بىللە ياشاپ ، ئۇنىڭدىن كېيىن چوڭ شىكارغا ئاتلاندى . رۇستەم بۇ دەشت - چۆللەردە شىكار قىلىپ ، ھەرتەرەپكە جەۋلان كىر گۈزەتتى . ناگىھان بىر دەريا قىرغىقىغا كېلىپ قالدى . ئۇ يەردە بىر ئاھۇنى كۆرۈپ ، شىكار قىلدى ۋە بىر تۈپ دەرەخ سايىسىگە چۈشۈپ ، ئوت ياقتى - دە ، كېيىكنى كاۋاپ قىلىپ يېدى . يەنە دەشت - باياۋانلارنى سەيلە قىلىپ ، ھېچبىر شىكار تاپالماي ، ئۆز قونالغۇسىغا قايتىپ كەلدى . تۇيۇقسىز دەريا يۈزىدىن شۇنداق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى : « ئەي رۇستەم ! نەگە بارىسەن ، مەن دىۋە سەفىدنىڭ قېنى ئۈچۈن ، سېنى جاھاندىن نابۇت قىلماقچىمەن ! » بۇ بىر ھەيۋەتلىك دىۋىنىڭ ئاۋازى بولۇپ ، ئۇ ئاللىقاچان قىلىچ - قالقانلىرىنى تەييارلاپ بولغانىدى . رۇستەممۇ تىغلىرىنى تەييارلاپ بۇ مەلئۇننىڭ يولىنى توستى . دىۋە قولىدىكى پولات نەيزىسىنى رۇستەمنىڭ بېشىغا سالغانىدى ، ئۇ ھەيۋەت بىلەن بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ ، ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بەردى . دىۋە ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى - دە ، كۆزدىن غايىب بولدى . رۇستەممۇ ئارقىغا يېنىپ ئۆي تەرەپكە يۈزلەنگەنىدى . ئۇ بەتبەشىرە مەخلۇق يەنە پەيدا بولۇپ قالدى . جەڭ يەنە

باشلاندى . بۇ بەتبەشىرە مەخلۇق گاھى پەيدا بولاتتى ، گاھى غايىب بولاتتى . رۇستەم ئۇنىڭ
بىلەن ئېلىشىپ ، ئاخىر ئۇنى قوغلاپ دەريايى قۇلزەمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ ، ئۆزى دەريانىڭ
غەربىي قىرغىقىغا يەتتى . ئۇ يەردىن بىر شېرىن بۇلاق سۈيىنى تېپىپ قانغۇچە ئىچكەندىن
كېيىن ئەتراپىنى كۈزەتتى ، ئېتىنى ئوتلاقىقا قويۇۋېتىپ ، ئۆزى ئاۋاپ پىشۇرۇشقا مەشغۇل بول-
غاندى ، يەنە يېڭىلگەن ھېلىقى دىۋە دەريا يۈزىدىن چىقىپ نەرە تارتىپ : « ئەي رۇستەمى
زابۇلى ، بېشىڭغا شۇنداق بىر تىغ ئۇرايكى ، ئۆلۈمگە يۈزلەن » دېدى . تەھەمتەن ئۆتكۈر
شەمشىرىنى يالىڭاچلاپ ، دىۋىگە ھۇجۇم باشلىغاندى ، دىۋە ھەييارلىق بىلەن ئاتقا مىنىپ
قاچماقچى بولدى . لېكىن ئات تۆت پۇتىنى يەرگە چىڭ قاداپ ، تەۋرەنمەي تۇرىۋەردى . غە-
زەپكە كەلگەن بۇ مەلئۇن ئاتنى كۆتۈرۈپ دەرياغا ئاتتى ـ دە ، ئۆزى غايىب بولدى . ئەمما ئات
دەريا ئىچىدە سۇ ئۈزۈپ كېلىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز قايىنامغا كىرىپ كەتتى . ئۇنى كۆزىتىپ تۇ-
رۇۋاتقان رۇستەم : « كى تاكى تۇراي مەن نەزارە قىلىپ ، ئالاي رەخش رەخشانىنى چارە
قىلىپ » دەپ ئارغامچىنى سالما شەكلىدە ھالقا ـ ھالقا قىلىپ ، ئاتنىڭ بېشىغا تاشلاپ ئاستا ـ
ئاستا تارتماقتا ئىدى . دىۋە رۇستەمنىڭ بۇ ئىش بىلەن بولۇۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ ،
رۇستەمنى كۆتۈرگەنچە دەرياغا تاشلىدى . رۇستەم بېلىدىكى ئوق ـ ئەسلىھەلىرىنىڭ ئېغىرلى-
قىدىن دەريا ئىچىدە گاھى چۆكۈپ ، گاھى كۆرۈنۈپ باراتتى . ئاللانىڭ ئىنايىتى بىلەن
ئاتنىڭ يالى ئۇنىڭ قولىغا كىرىپ قالدى . ئۇ بىر قولىدا سۇ ئۈزۈپ ، دەريا قىرغىقىغا يېقىنلاش-
ماقتا ئىدى ، دىۋە پەرياد قىلىپ : « ئەي رۇستەمى زابۇلى ، مېنى غەۋۋاس دىۋە دەيدۇ . دىۋە
سەفىدنىڭ قىساسىنى ئالمىغۇچە سەندىن كەچمەسمەن ، ئەمدى سەن لەھەڭگە ئوزۇق بول-
سەن . سېنىڭ ئوقلىرىڭمۇ ، شەمشىرىڭمۇ كارغا كەلمەيدۇ » دېدى . ئارىدىن سائەت ئۆتۈپ ،
دەريا بويىدىن ئۆتۈۋاتقان بىر ئادەم كۆرۈندى . ئۇ كىشى رۇستەمنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ :
«نېمە ئادەمسەن ، ئىسمىڭ نېمە ، قانداق قىلىپ بۇ قايىنامغا چۈشۈپ قالدىڭ ؟ » دەپ سورىدى .

— ساڭا جاۋاب بەرگۈدەكمۇ ھالىم يوق ، بىر چارە قىلغىن ! — دېدى تەھەمتەن .

— سېنى بۇ گىردابتىن چىقىرىشىم قىيىن . بۇ دەشتى باغ ئىچىدە يارانلىرىم بار ،
ئۇلارنى چاقىرىپ كېلىپ ، سېنى قۇتقۇزاي ، — دېدى ھېلىقى كىشى ۋە يولدا راۋان بولدى .
سائەت ئۆتمەي بىر مۇنچە بېلىقچى يىگىتلەر كېلىپ ، دەرياغا سالما تاشلىدى . سالمىنى ئاتنىڭ
ئېگەر بېشىغا ئىلدۈرۈپ ، مىڭبىر مۇشەققەتتە رۇستەمنى قۇتقۇزۇۋالدى . ئۇ قايىنامدىن چىقىپ
بىلىكىگە باغلانغان ھەميانىدىن يۈز دانە مەرۋايىت ئېلىپ ، قۇتقازغۇچىلارغا ئۇزاتتى . ئۇلار
قىممەت باھالىق بۇ دۇررى ـ مەرۋايىتلارنى كۆرۈپ ، ھەيران بولغان ھالدا :

— سەن كىم ، ئىسمىڭ نېمە ؟ سېنى بۇ قايىنامغا كىم تاشلىدى ؟ — دەپ سوراشتى .

— مەن رۇستەم بولىمەن ، — دېدى تەھەمتەن ، — تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن بۇ
يەرگە كېلىپ قالدىم . غەۋۋاس دىۋە مېنى بۇ دەرياغا تاشلىدى .

بېلىقچىلار غەۋۋاس دىۋىنىڭ نامىنى ئاڭلاپ :

— ئەمدى بىزگە بۇ يەردە تۇرۇشنىڭ مەسلىھىتى يوق . ئەگەر ئۇ مەلئۇن خەۋەر تاپ-
سا ، سېنى خالاس قىلغانلىقىمىز سەۋەبىدىن بىزنى ھالاك قىلىدۇ ، — دېيىشتى .

رۇستەم ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلدى . ئۇلار چۆل ـ باياۋانغا قاراپ يول ئېلىپ ، كۆزدىن

غايىپ بولدى . تەھەمتەن بىر بۇلاق بېشىغا كېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ . ئات جابدۇقلىرىنى ئاپتاپقا يايدى . ئاتنىڭ يۈگىنىنى ئېلىپ ، ئارام ئالماقچى بولمانىدى . ئۇ دېۋە بىر نەرە تارتىپ دەريا بويىدا يەنە پەيدا بولدى .

— ھەي ئېتىنىڭ بالىسى ! — دېدى ئۇ غەزەپلىنىپ ، — سېنى بۇ دەريادىن كىم قوغ-قوزدى ؟ ئەمدى ئۇمۇدى گەران بىلەن شۇنداق بىر ئۇرايكى ، يەر ئاستىدىن ئورۇن ئال !

تەھەمتەن تىغلىرىنى يالڭاچلاپ ، چەبدەسلىك بىلەن دېۋىنى شۇنداق چاپتىكى ، ئۇنى ئىككى پارە قىلىۋەتتى . نەزمە :

مۇھەررىف تۇتۇپ چاپتى ئول شىرى نەر ،
ئىكى پارە بولدى چۇ خۇن خارى تەر .
جانى باردى دەۋزەخقە تاپماي ئەمان ،
گۇلۇخى جەھەننەم ھەمان ، ئول ھەمان .

شۇنداق قىلىپ رۇستەم قىنيارە نامىلىق دېۋىنى يوقاتتى . بېشىنى يەرگە قويۇپ ، ھەق دەرگاھىغا سېغىنىپ : « ئەي فەرزەند ، جاندىن تۈگەشتىڭ . ئەمما ، مېنىڭ ھالىم تولىمۇ خاراب ئىدى » دېدى .

بۇ يەردىكى تاغ بېشىدا بىر قەلئە بار ئىدى . بۇ قەلئەنىڭ ئىچىدە بىر جادۇگەر يا-شايتتى . ئېتىنى سىخارە دېۋە دېيىشەتتى . ئۇ جۇپتى غەۋۋاس دېۋىنىڭ رۇستەم بىلەن جەڭ قىلغانلىقىنى تاغ ئۈستىدە كۆرۈپ تۇرغانىدى . ئۇ دەرھال كىيىك سۈرىتىگە كىرىپ ، رۇس-تەمنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى ۋە شۇئان رۇستەمنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ تاغقا قاراپ قاچتى . تەھەمتەن ئوقيانى قولىغا ئېلىپ جادۇگەرگە قارىتىپ ئاتقانىدى ، ئۇ بىر دومىلاپلا قۇش بولۇپ ئۇچۇپ كەتتى . تەھەمتەن ھەيرانۇھەس بولۇپ ، بىر بۇلاق بويىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى . تۇساتتىن ھېلىقى دەشت باياۋان تەرىپىدىن بىر قارا ئەجدىھا پەيدا بولدى . رۇستەمنىڭ كۆزى ئەجدىھاغا چۈشكەن ھامان شەمشىرىنى بېلىگە باغلاپ ئورنىدىن دەست تۇردى . ئەجدىھا ئۇنى دەم تارتقىلى تۇردى . شۇنداق دەم تارتتىكى ، ئون پاتمان ، يىگىرمە پاتمان تاشلارمۇ ئۇنىڭ زورىدىن ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋەردى . تەھەمتەن ئاياغلىرىنى يەرگە مەھكەم تىرەپ ، ئوقيادىن ئەجدىھاغا قارىتىپ ئوق ئۈزگەنىدى : ئوق ئۇنىڭ بېشىدىن قاڭقىپ ، بىر چوڭ تاشقا تەگدى ـ دە ، تاشتىن بىر ئوت چاقناپ چىقىپ ، پۈتۈن تاغقا ۋە دەشتكە ئوت كەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئاتنىڭ يۈگىنىنى تۇتۇۋېدى ، ئات ئۈركۈپ قورام تاشقا تايىنىپ توختىدى .

ئەلقىسسە ، تاغ باغرىدىكى بۇلاقتىن سۇ شۇنداق قايناپ چىقتىكى ، پۈتۈن ئەتراپ سۇ بىلەن تولدى . بۇ ئەسنادا غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى : « ئەي رۇستەم ، مېنىڭ جۈپتۈمنى ئۆلتۈردۈڭ ، سەنمۇ قاينام ئىچىدە خارلىق بىلەن ئۆلگەيسەن ! » رۇستەم بىر ئېگىزلىك ئۈس-تىگە چىقتى . ئاتنىڭ جىلۋىنى تۇتقان پېتى دەشت ـ باياۋانغا قاراپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ماڭدى . بۇ ئەسنادا يەنە غايىبتىن : « ئەي رۇستەم ، مېنىڭ جۈپتۈمنى ئۆلتۈردۈڭ ، سەنمۇ قاي-نام ئىچىدە خارلىق بىلەن ئۆلگەيسەن ! نە شەمشىرىڭ ، نە ئوقيايىڭ ، نە گۈرزە گىرانىڭ كارغا

كەلمىگەي » دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تەھمەتەن بەش كۈندىن بېرى ھېچ نەرسە يېمىگەن، ئاتمۇ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزدىن بېرى ئوت چىشلەپ باقمىغانىدى. تۆتىنچى كۈنى رۇستەم ئاللا دەرگاھىغا باش قويۇپ مۇناجات قىلدى. نەزمە:

دېدى ئەي نىگەھدار ئىنسۇ مەلەك.
سېنىڭ قۇدرەتىڭدىن زەمىنۇ فەلەك،
بىرىسى تاپىپ سىھ، بىرىسى سەبات،
بىرى ئىرتىفائى، بىرى ئىنبىسات.
كى سەندىندۇر، ئەي خالىقى ئىنسى جان،
خەلاس ئەت مېنى، ئەي خۇدايى جەھان.

شۇنىڭدىن كېيىن رۇستەمنىڭ كۆزى ئازراق ئۇيقۇغا بېرىۋىدى، ناگاھ غايىبتىن بىر ئاۋاز كېلىپ مۇنداق دېدى: « ئەي رۇستەمى زال، ساڭا ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا جىمى خەلق ۋە شاھلار ئىچىدە ئۇلۇغلۇق بېرىپتۇ، بارچە پادىشاھلارنى ساڭا تەۋە ۋە پەرمان بەردار قىلىپتۇ، ھېچكىمنىڭ مەرتىۋىسى سېنىڭ مەرتىۋەڭدىن ئۈستۈن ئەمەس، ھېچكىمنىڭ بىلىكىنى سېنىڭ بىلىكىڭدەك كۈچلۈك ياراتماپتۇ. ساڭا جۈملە سەرۋەرلەر ئارا سەردارلىقنى ئەرزان قىلىپتۇ. پاك تەڭرىنىڭ پەرمانىدىن بويۇن تولغاپسەن، كەيكاۋۇسقا ئاچچىقلاپ باياۋانغا قەدەم قويۇپسەن، سۇھرابقا ئەجەل يېتىۋىدى، خۇدايىتەئالادىن كۆرمىدىڭ، قوپ ئورنۇڭدىن، تۇرغان يېرىڭدە بىر تەخت بار، ئاستىدا بىر ئۆي، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر قارا بېلىق بار، ئۇنى ئۆلتۈرسەڭ، بۇ سۇ بىر تەرەپ بولىدۇ. » تەھمەتەن ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، تاشنى كۆتۈرۈپ قارىغانىدى. سىخارە يېتىپتۇ. تەھمەتەننى كۆرۈپ ئۇمۇ ئۇيقۇدىن ئويغاندى. تەھمەتەن بۇ سىخارەنىڭ سىنەسىگە شۇنداق پەشۋا ئۇردىكى، ھەممە قوۋۇرغىلىرى قورسىقىغا چاپلىشىپ خېمىر بولۇپ كەتتى ۋە ئۇ جادۇگەر مەككار جان ئۈزدى. ھېلىقى سۇلارمۇ غايىب بولدى. تەھمەتەن ئاتلىنىپ تاغ ئۈستىگە قاراپ كېتىۋېتىپ، تاغ تۆپىسىدە تۇرغان بىر قەلئەنى كۆردى. قەلئەنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي پولات سىملار بىلەن قورشالغانىدى. قەلئەنىڭ دەرۋازىسىغا بىر قۇلۇپ سېلىنغان بولۇپ، يېنىدا ئاچقۇچى ئېسىقلىق تۇراتتى. تەھمەتەن ئېتىدىن چۈشۈپ، ئاچقۇچنى ئېلىپ، قۇلۇپنى ئاچتى ـ دە، قەلئە ئىچىگە كىردى. قەلئە ئىچىدە ھېسابسىز ئۆي، ھەر بىر ئۆيدە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان نازۇ نېمەتلەر شۇنچە كۆپ ئىدى. بىر ئۆيگە كىرىپ قارىسا، قىرىق كىشى تۇتقۇن بولۇپ يېتىپتۇ. ئەمما بۇلار ئىچىدە نۇرلۇق قۇياشتەك پارقىراپ تۇرىدىغان بىر يىگىت بار ئىدى. تەھمەتەن ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ قېشىغا كېلىپ سورىدى:

— ئەي يىگىت، سېنىڭ يۈزۈڭدىن ئاي خىجىل، كۈن رەشكىتە قالغۇدەك بۇ ھۆسۈن جامال بىلەن سەن كىم بولىسەن، ئەسلى زاتىڭ نېمە؟ يېنىڭدىكىلەر كىم بولىدۇ؟

— ئەي شىر يۈرەك، — دېدى يىگىت، — غەربىي زېمىن دائىرىسىدە ئاتمىش پادىشاھ باردۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسى داراب شاھقا باج تۆلەيدۇ. دارابتىن قالسا مېنىڭ ئاتام ئۇلۇغ پادىشاھ بولۇپ، ئىسمى ئازاد چېھرە، مېنىڭ ئىسمىم ئازاد مېھرىدۇر، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ

ئەتراپىمغا توپلانغان، غەرب شاھزادىلىرىدۇر.
— بۇ مەلئۇن سىلەرگە نېمىشكە دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى تەھەمتەن.
— بۇ مەككار ئاشقلىق دەۋاسى بىلەن بۇلارنى يىغىۋېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەندىن كېيىن تۇتقۇن قىلدى. ئۇ ھازىر سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ مەلئۇن سېنىلىڭ كەلگىنىڭدىن ۋاقىپ بولسا، سېنى تاغ ئۈستىدىن تۆۋەنگە تاشلاپ، بىزگىمۇ زىيان يەتكۈزىدۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى رۇستەم، — غەۋۋاس دىۋە، سىخارە جادۇگەرنى دوزاخقا يوللىۋەتتىم.
ئۇ قول ئۇزىتىپ يىگىتلەرنىڭ پۇت - قولىدىكى زەنجىر - كىشەنلەرنى پارە - پارە قىلىپ، ئۇلارنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇلار رۇستەمگە دۇئايى خەيىر قىلىپ، « لات مىنات سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزسۇن » دېيىشتى.
— بۇ قانداق گەپ، سىلەر كىمنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىۋاتىسىلەر، — دېدى تەھەمتەن، — ئەگەر ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولساڭلار، ھەممىڭلارنى ئۆز يۇرتۇڭلارغا يەتكۈزۈپ قويىمەن، بولمىسا ھەممىڭلارنىڭ بېشىنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن.
بۇ قىرىق يىگىت جان - دىل بىلەن مۇسۇلمان بولۇشتى.
— ماڭا ئاتام كەلتۈرۈڭلار، — دېدى تەھەمتەن، — نەچچە كېچە - كۈندۈز بولدى، مەن تائام يېمىدىم.
تائام كەلتۈرۈشتى. رۇستەم تائامنى تويغىچە يېدى. كېيىن ئاتقىمۇ ئوزۇق يۇكلىدى. ئازاد قىلىنغان كىشىلەر قانچىلىك ئالالىسا، شۇنچىلىك جاۋاھىر ئېلىشتى. قالغان بايلىقلارنى قەلئە ئىچىگە كۆمۈپ، قەلئە ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، يولغا راۋان بولۇشتى. مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۇرۇپ، ئىككى ئاي يىگىرمە كۈن دېگەندە بىر سەھراغا يەتتى. بۇ يەردە چۇپانلار كۆپ ئىدى. ئات، كالا، قوي - قوزىلار توپ - توپ بولۇپ ئوتلاپ يۈرەتتى. تەھەمتەن بۇ سەھرانىڭ بىر تەرىپىنى مەنزىلگاھ قىلدى. قىرىق يىگىت ئۇنىڭ چۆرىسىدە سەپ بولۇپ ئولتۇردى، ئېلىۋالغان مېۋە - چېۋىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىللە يېدى. بۇ ئەسنادا بىر پادىچى تەھەمتەن ھۇزۇرىغا كېلىپ سالام بەردى.
— سىلەر قاياقتىن كەلدىڭلار، نەگە بارىسىلەر، — دېدى ئۇ، — ئۇ يولدىن قانداقمۇ ئۆتكەنسىلەر؟ غەۋۋاس دىۋە ۋە سىخارە جادۇگەر قانداق بولدى؟ ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىدىن ئەجدىھامۇ غىلىڭ قىلالمايتتى.
— غەۋۋاس دىۋە، سىخارە جادۇگەرنى جەھەننەمگە يوللىدىم، دېدى تەھەمتەن، — مانا مۇشۇ يول بىلەن ئۆتۈپ كەلدىم، سېنى كىم ئەۋەتتى، نېمىگە كەلدىڭ، چوڭاڭنىڭ ئېتى نېمە؟
— بۇ سەھرادە ئۈچ يۈز ئۆيلۈك چوپان بار، — دېدى پادىچى جاۋاب بېرىپ، — بۇلارنىڭ چوڭىنى قۇباد چوپان دەيدۇ. مۇنچە كۆپ ئات، تۆگە، كالا، قويلارنىڭ ھەممىسى جۇمھۇر شاھنىڭدۇر. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى شۇنچە كۆپ، مەملىكىتى شۇنچە كەڭ، بۇ يېقىن ئارىلىقتا بىر شەھەر بار. مېنى بۇ شەھەرنىڭ پايتەختىدىن چوپان بېگى ئەۋەتتى، ئەھۋالنى

ئاگلاپ، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈرمەن.

— مېنىڭ ئېتىمنى قاتىل رەزەم زەن دەيدۇ. بۇ يەرگە مېھمان بولۇپ كەلدىم. سىلەر شەرئىنى بەجا كەلتۈرۈشنى بىلەمسىلەر، مەن بۇ كېچە بۇ يەردە قونۇپ ئۆتىمەن، — دېدى رۇستەم.

پادىچى رۇستەمنىڭ خەۋىرىنى قۇباد چوپانغا يەتكۈزدى.

مالىڭ بېرىپ ئېيت، — دېدى قۇبادپەرىشان بولۇپ، — بىزگە مېھمان كېرەك ئەمەس، بىز شاھنىڭ چۇپانلىرىدۇرمىز. سىرتتىن بۇ يەرگە قەدەم قويغانلارنىڭ بېشىنى قوينىڭ بېشىنى كەسكەندەك كېسىمەن.

ئۇ پادىچىغا يەنە بىر كىشىنى ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتتى.

كەلگەن كىشى يىراقتىن تەھەمتەننى كۆردى ۋە ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قۇبادنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. تەھەمتەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، پېشانىسىگە بىر مۇشت ئۇرغانىدى، بۇرنى - قۇلىقىدىن قان كېتىپ، شۇ يەردىلا ئۆلدى. قۇباد چوبان بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ، غەزەپلەنگەن ھالدا، ئۈچ يۈز چۇپان بىلەن رۇستەم تەرەپكە قاراپ ئاتلاندى. رۇستەمنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ، قۇباد سەپ ئالدىغا چىقىپ مۇنداق دېدى:

— بۇ يەردىن دەرھال قېچىڭلار!

— سەن دوستلىرىمغا مۇشۇنداق سۆزلەمسەن؟ — دېدى رۇستەم ۋە يېنىدىن ئوقيانى ئېلىپ، شۇنداق ئوق ئۈزدىكىم، ئوقنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن سانجىلدى، قۇباد چوپان ئاتتىن يىقىلدى، جېنى دوزاخقا سەپەر قىلدى. رۇستەم شۇ يەردە تۇرۇپ قىرىق ئوق ئېتىپ، قىرىق چۇپاننى ئۆلتۈردى. قالغانلىرى بەدەر قېچىپ، شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى شاھقا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. شاھ بىر ياساۋۇلنى بۇيرۇپ، چۇپانلارنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىردى. چۇپانلار شاھقا:

— بىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئۇ يەردە ئىدۇق، — دېدى ئۇلار، — تۇساتتىن قىرىق يات يىگىت كېلىپ، بىزدىن چۈشكۈن تىلىدى. قۇباد چوپان جەڭ ئېلان قىلىپ، دەشنام بەردى. ئۇ شىر يۈرەك ئولتۇرغان ئورنىدا تۇرۇپ ئوقياسىدىن ئوق ئۈزگەنىدى، ئوق ئۇنىڭ گەجگىسىدىن بىر گەز ئۆتۈپ كەتتى. يەنە قىرىق ئوق بىلەن قىرىق چۇپاننى ئۆلتۈردى.

ئۇلار ئېيتىلغان ئوقلاردىن بىرىنى ئالغاچ كەلگەنىدى، جۇمھۇر شاھقا كۆرسەتتى. ئوقنى كۆرۈپ تەئەججۈپتىن ھەممە ھەيران قېلىشتى. ئوقنىڭ ۋەزنى بۇ مەملىكەتنىڭ تارازىسىدا ئىككى پاتماندىن ئېغىرراق كەلدى.

— قېنى نامدارلار ئارىسىدىن، — دېدى شاھ غەزەپ بىلەن، — كىم بېرىپ ئۇ بەدنىشاننىڭ بويىنىدىن باغلاپ ئەكېلەلەيدۇ؟

پالىۋانلار ئىچىدىن بىر دىلاۋەر ئورنىدىن دەست تۇرۇپ پەرياد قىلدى:

— شاھىم پەرمان بەرسە، مەن بېرىپ ئۇ بەدنىشاننى چەمبەرچاس قىلىپ باغلاپ ئەكەلسەم!

— ئەگەر بارساڭ بىر مۇنچە لەشكەر ئېلىپ، تولۇق تەييارلىق بىلەن بار، — دېدى شاھ ئەمر قىلىپ.

تـامـامـى لـەشـكـەرلـەر ئىچىدىن تاللىنىپ ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق تەييارلاندى . ئۇلار مـەسلـىـھـەتلىشىپ ئاۋۋال بىر جاسۇس ئەۋەتىپ ئەھۋال ئىگىلىمەكچى بولدى . لەشكەرلەر ئە-چىدە شىرمەككار ئاتلىق بىر ھەييار بار ئىدى . شۇنى تاللاشتى .

بارغىن ، ئۇ كىشىنىڭ نىمە خىيالى بار ، بىلىپ كەل ! ـــ دىدى پادىشاھ .

بـۇ قېرى مەككار پەرمان بىلەن تەڭ يولغا راۋان بولدى . تەھەمتەن بۇ چاغدا چۇپانلار مەھەللىسىگە كەلگەنىدى . تائام يەپ ، شاراب ئىچىشكەندىن كېيىن ھەر بىر كىشى بىر يۇرۇش قـورال ـ ياراغ ، نـەيـزە تـەييارلاشنى ئۇستىگە ئېلىپ ، ئۆي ـ ئۆيگە تارقىلىپ ئىشقا كىرىشىپ كـەتـتى . تەھەمتەن قۇبادنىڭ ھويلىسىغا چۈشۈپ ، دوست ـ يارانلىرى بىلەن سۆزلىشىپ ئول-تۇراتتى . ھېلىقى ھەييار قەلەندەر سۇرىتىدە كىرىپ كەلدى .

ـــ ئەي مـەرد يـىـگىت ! ـــ دىدى ئۇ ، ـــ مەن بىر پارە نان ئارزۇسىدا كەلدىم . ئەگەر ئېـھـسـان قـىـلـساڭ ساۋابى كۆپتۇر ، ئۈچ كۈندىن بېرى بۇ دەشت چۆلدە لەۋلىرىم قۇرۇپ ئاچ يـۈرۈۋاتـىـمـەن . بـۈگۈن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا مېنى سېنىڭ جامالىڭغا مۇشەررەپ قىلدى . مېنى بىر قېتىم تائامغا تويغۇزغايسەن .

ـــ يـېـنىمغا كەل ، تائام كەلتۈرەيلى ، يەۋالغىن ، ـــ دىدى رۇستەم ، جاسۇس رۇستەم-نىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى ، كاپ قىلىپ ئۇنىڭ ئىككى قولىدىن تۇتۇپ ، مۇنداق دىدى :

ـــ ئېـيـتـە ، سەن نىمە ئۈچۈن كەلدىڭ ؟ سېنى كىم ئەۋەتتى ؟ راست سۆزلە ، بولمىسا ھالىڭ خاراب بولىدۇ .

ـــ بـىـلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن ، ـــ دىدى مەككار ئىقرار قىلىپ ، ـــ مېنى پادىشاھ جۇم-ھۇر ئەۋەتتى . سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلىشكە كەلدىم .

ـــ چۇپانلار شاھقا نىمە دىدى ؟ ـــ دەپ سورىدى تەھەمتەن .

ـــ پادىشاھىمىز ۋەقەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، ـــ دىدى مەككار ، ـــ ھەژبەر شۇتۇرلەب ئـىـسـىـملىك بىر پەھلىۋان باشچىلىقىدا ئون ئىككى مىڭ كىشىلىك جەڭ قوشۇنى تەييارلىدى . ئەمـما ، سىزنىڭ غەۋۋاس دىۋە بىلەن سىخارە جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ جەھەننەمگە يوللىغانلىق-ڭىزنى ئاڭلاپ ، ئېھتىيات قىلىپ ، ئەھۋال ئىگىلەشكە مېنى ئەۋەتتى .

ـــ بـارغـىـن ، جۇمھۇر شاھ بىلەن ھەژبەر شۇتۇرلەبكە ئېيتقىن ، ـــ دىدى تەھەمتەن ، ـــ مـېـنى قاتىل رەزمەن دەيدۇ . قېنىڭدىن كەچتىم . لېكىن ئاخىرى بېشىڭدىن جۇدا قىلىپ ، بارلىق لەشكەرلىرىڭنى تارمار ئەيلەپ ، نابۇت قىلۇرمەن .

جـاسـۇس قـايـتـىـپ ، جۇمھۇر شاھ بىلەن ھەژبەرشۇتۇرلەبنىڭ قېشىغا كەلدى . ھەممە ئەھۋالنى بايان قىلدى . ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ :

ـــ بۇ ساراڭ ، ئەقلىسىز بولسا كېرەك ، ـــ دىدى .

ـــ يـوقـسۇ ، ـــ دىدى مەككار ، ـــ ئۇ ساراڭ ئەقلىسىز ئەمەس ، بەلكى ئەقىل ـ ھوشى جايىدا ، سانىسىز چاقماقتىن نىشان بېرىدۇ . ئۆزىنىڭ پەھلىۋانلىقى بىلەن ئالەمگە كـۆھـقـاپ

ئىشىكنى ئاچالايدۇ . قىرىق يىگىت ئۇنىڭغا دائىم ھەمراھتۇر . ھەژبەر شۇتۇرلەب بۇ خىل تە-
رىپلەرنى ئاڭلاپ :

— تاڭ سەھەر بىلەن لەشكەر يولغا چىقسۇن ، — دەپ ئەمر قىلدى .

قۇياش نىپىز پەردىسىدىن چىقتى . كانايىنىڭ ئاۋازى پەلەك تاقىدىن ئاشتى . دەل
شۇنداق بىر چاغدا تامامى چۇپانلار يولغا قاراپ يۈزلەندى . شۇتۇرلەب يول يۈرۈپ ئۈچىنچى
كۈنى ئۇ يايلاقىقا يەتتى . تەھەمتەنمۇ ھىلىقى جاسۇسقا ئىجازەت بېرىپ ، پۇختا تەييارلىق بىلەن
تۇرغانىدى . بۇ ئەسنادا ئالەم قۇياشى قاراڭغۇلۇق پەردىسىدىن چىقىپ ، كۆك سەھنىسىدە
جەۋلان قىلدى .

— بۈگۈن لەشكەر كېلىدىغاندەك ، — دېدى رۇستەم يارانلىرىغا ، — ئەگەر دۈشمەن
كەلسە ، سىلەر ئېگىزدە تۇرۇپ مېنىڭ كارامىتىمنى كۆرۈڭلار .

— بىزلەرنى دىۋە جادۇگەردىن ئازاد قىلغانىدىڭ ، — دېيىشتى يىگىتلەر ، — ئەمدى
بۇ يامان نىيەتلەر قولىغا گىرىپتار قىلمىغايسەن . ياخشىسى ، بىز بىر ياققا كېتەيلى ، سېنىڭ
تۆپەيلىڭدىن بىرمۇنچە ئېسىل جاۋاھىر ۋە قورال - ياراغقا ئىگە بولدۇق ، سېنىڭ خىزمىتىڭدىن
ھەرگىز باش تارتمايمىز ، ئەمما ، بۇ دۈشمەنلەردىن كۆپ ئەندىشە قىلىۋاتىمىز ، چۈنكى ،
پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى سان جەھەتتە ناھايىتى كۆپ ، ئۇنىڭ ھەممە پەھلىۋانلىرى ئۇنىڭ
پەرمانىدىن چىقمايدۇ . سەن بولساڭ تەنھا بىر كىشى ، ساڭا ئاپەت يەتسە ، بىزگىمۇ ياخشى
كۈن يوق . بىز بۇ زالىمنىڭ قولىغا قالىمىز ياكى ھەممىمىز قىلىچ ئاستىدا جاندىن ئايرىلىمىز .

— خاتىرجەم بولۇڭلار ، — دېدى رۇستەم ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ، نەزمە :

جەھاندار سىزدىن نىگەھدار دۇر ،
كېلۇر غالىب ئول كىمسەگە يار دۇر .

— بۇ كاپىرلاردىن قىلچە قورقۇنچۇم بولسا ، — دېدى رۇستەم سۆزىنى داۋام قى-
لىپ ، — ئەر بولماي قالاي .

بىردىنلا كاناي ئاۋازى ئاڭلىنىپ ، دەشت ئىچىدە توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى . توپا -
چاڭ ئىچىدىن ئارقا - ئارقىدىن ئون ئىككى تۇغ كۆتۈرۈلۈپ ، ئون ئىككى مىڭ ئاتلىق ئەسكەر
پەيدا بولدى . تەھەمتەن ھەمراھلىرىنى بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىرىپ ، تاماشا قىلىشقا قويۇپ ،
ئۆزى مەيدان ئىچىدە جەۋلان قىلىپ ، ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى . ھەژبەر شۇتۇرلەبمۇ مەيدانغا
چۈشتى . دۈشمەنلەر نەرە تارتىپ ، ھەيۋەت بىلەن رۇستەمگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىشتى .

— ئەي تەنھا قاراقچى ، — دېدى شۇتۇرلەب كۆرەڭلەپ ، — نەسىل - نەسەبىڭ
نېمە ؟ غەۋۋاس دىۋە بىلەن سىخارە جادۇگەر نېمە بولدى ؟ نەگە كەتتى ؟ بۇ يول بىلەن بۇ
يەرگە قانداق كېلىپ قالدىڭ ؟ بۇ يىگىتلەرنى قەيەردىن تېپىۋالدىڭ ؟ قەيەردىن
كېلىۋاتىسەن ، نەگە ئىرادە قىلدىڭ ، قايسى ئىقلىمدىن بولىسەن ؟ بۇ تەرەپلەرگە شىر -
يولۋاسمۇ كېلەلمەيتتى ، سەن قانداق قىلىپ كەلدىڭ ؟

— ئەي تەكەببۇر بەتقىلىق ، — دېدى رۇستەمى داستان ، — نامۇ ئەمالىمنى سوراپ
نېمەن قىلاتتىڭ ؟ بەك بىلگۈڭ كەلسە ، ئېتىم قاتىل رەزمزەندۇر . نەسلىم شاھى جەم ، يۇرتۇم

سىيستاندۇر ، مازەندەرانغا تاماشا قىلغىلى كېتىۋېتىپ ، يول دىۋە ـ جادۇگەرلەرنى نابۇت قىلىپ ، بۇ قىرىق يىگىتنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىپ ، بۇ تەرەپكە كېلىۋاتاتتىم . ئېيتىپ باقە ، سېنىڭ نامۇنىشانىڭ كىم ، ئەسلى زاتىڭ نېمە ؟

ھەژبەر شۇتۇرلەب نەزمە بىلەن مۇنداق دېدى :

ئەگەر سورىساڭ ئەسلى نەسراد پەدەر ،
بۇ مەغرىب دىيارىدا ئادى گۇھەر .
بۇ مۈلك ئىچرە يوقتۇر ھەرىفىم مېنىڭ ،
دىلاۋەرلىك يوقتۇر نەزىرىم مېنىڭ .
كى جۇمھۇر قاشىدە بەسى ئېئتىبار ،
تاپىپ ئەزجامى بەسى خۇش سەۋار .
نە خوب كەلدىڭ ئەمدىكى ، ئەي پەھلەۋان ،
ھۇنەر بابىدا ئالغىل مەندىن نىشان .
ئەزەلدىن كېلىپتۇر بۇدەمگە جەھان ،
داغى كۆرمەگەن مەن كەبى پەھلەۋان .
كۆرەي مەن بۇ كۆك كارى زارىڭ سېنىڭ ،
مۇرادىڭنى بەرگەي مېنىڭ يا سېنىڭ .
قىلىپ رەزم مەردانەكىم بىز ئىكەۋ ،
كۆرۈپ تۇرغان ئەلدىنكى چىقسۇن غەرەۋ .
دېگەيلەركى تەھسىن زەمىنۇ فەلەك ،
ئوقۇپ ئافەرىنلەر دېسۇن يامەلەك .
جەھاندا بۇ جەڭ قالسۇنۇ يادىكار ،
يەنە ئۆتمەگەيكىم بۇ رەڭ كارى زار .

ھەژبەر شۇتۇرلەب ئوقيايسىنى قولىغا ئېلىپ ، رۇستەمنىڭ كۆكرىكىنى نىشانلاپ ئاتتى . شىر يۈرەك رۇستەم ئوق يېتىپ كېلىشى ھامان قامچا بىلەن ئۇرۇپ چۇشۇرۇۋەتتى . ئەمدى نۆۋەت رۇستەمگە كەلگەندى .

ـــ ئەي بەدرەك ، توختا ! ـــ دېدى رۇستەم . نەزمە :

ئۆتۈپ نەۋبەتىڭ ، يەتتى نەۋبەت ماڭا ،
كۆرۈپ تۇر ، نەلەرنى قىلۇرمەن ساڭا .
كى بىر تىيرى پەيكان ئاتاي مەن ساڭا ،
دېگەيلەر خەلايىق ئافەرىن ماڭا .
جانىڭ چىقسۇن ئول دەم يىقىلماي ھەمان ،
بارىپ دەۋزەخ ئىچرەكى تاپقىل ئەمان .

دەپ كامان ئوقىنىڭ چوڭدىن بىرىنى ئېلىپ ، ھەژبەر شۇتۇرلەبنىڭ پېشانىسىگە نىشانلاپ

ئاتقانـــدى ، ھەژبەر شۇتۇرلەبمۇ رۇستەمنى دوراپ ، ئۇقنى تۇتۇۋالماقچى بولۇپ قول ئۇزاتقانـدى . ئوق ئاغزىغا تېگىپ ، ئىككى ئېڭىكنى كونا چورۇقتەك پارە ـ پارە قىلىپ گەجكىسىنى تېشىپ چىقتى . ھەژبەر شۇتۇرلەب ئوڭدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى ـ دە ، جەھەننەمگە سەپەر قىلدى . بۇنى كۆرۈپ بارچە لەشكەرنىڭ ھوشى كەتتى ـ دە ، قېچىشقا تەمشەلدى . لەشكەر باشلىقلىرى يىغىلىپ مەسلىھەت قىلىشتى .

— مۇنداق قېچىپ بېرىپ شاھقا نېمە دەيمىز ؟ ئۇ بىر كىشى بولسا بىز ئون ئىككى مىڭ كىشىغۇ ، — دېيىشتى ئۇلار . نەزمە :

پەششە كۆپ بولسا يىقىتۇر فىلنى ،
مۇنجە تولا زەخامەت سىپىل .
مۇرچەلەر ئەيلەسەلەر ئىتتىپاق ،
شىر چايانىنىڭ تىرەسىنى سويار .

— ھەممىمىز ئىتتىپاق بولۇپ قورشاپ ، بېشىغا ئوق يامغۇرىنى ياغدۇرىدىغان بولساق ، — دېيىشتى ئۇلار ، — ئەلۋەتتە ئۇنى قولغا چۈشۈرۈپ ، ھەژبەر شۇتۇرلەبنىڭ ئىنتىقامىنى ئالالايمىز .

— ئۇنىڭغا ئۇدۇللاشماي ، تىرىك قايتقىنىمىز ياخشى ، — دېيىشتى بەزى ئاقىللار ، — ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس ، دېگەن سۆز بار . ئۇ پالۋانغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ . ئۇ شۇتۇرلەبتەك مىڭ كىشىنىڭ جازاسىنى بېرىدۇ . ئۇنىڭ باتۇرلۇقى كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ ، مەيلى شەرق ، مەيلى غەربتە بولسۇن ، تېخى مۇنداق پالۋان دۇنياغا كەلگىنى يوق . بىھۇدە ئۆلگىنىمىز ياخشى ئەمەس . بىز تېخى ئەتىگەنلىك تاماقمۇ يېمىدۇق ، ئۇ قەھرىمان بەلكى ئارقىمىزدىن قوغلىماس .

بەزى ئەجەل ياقىسىنى تۇتقانلار بۇ مەسلىھەتكە كۆنمەي ، جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىشتى . جاھان پەلۋانى رۇستەم بولسا ، مەركە مەيدانىدا جەۋلان كۆرسىتىپ ، ئۆتكەن ئۇلۇغۋار پالۋانلارنىڭ روھىنى شاد قىلماقتا ئىدى . قورشاپ تۇرغان لەشكەر قەھرىمانىنىڭ بېشىغا ئوق يامغۇرىنى ياغدۇرۇشتى . تاج بېغىشلىغۇچى بۇ پەلۋان نەچچە پاتمانلىق نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ ، لەشكەرلەر ئارىسىغا چۆكۈپ كەتتى . جەسەتلەردىن دۆڭ قوپۇرۇپ ، قاندىن دەريا ئاققۇزدى . نەزمە :

بۇ لەشكەر ئارا چۆكتى بۇ پەھلەۋان ،
خەبەر تۇشتى قابىزغە بولدى رەۋان .
كى ئەرۋاھى قابىز يېتىپ كەلگۇچە ،
بۇ مەيدان ئارا پۇر توشقاردى جان .
ئۆلۈكدىن قوپۇپ ئانچەكىم پۇشتەلەر ،
ياتار ئانچەكىم قانغە ئاغۇشتەلەر .

ئاخىر لەشكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن مەجرۇھ بولۇپ ، تاقەت قىلالماي ، ھەممىسى

قىپچىشتى، ئاچ ـ زار ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ، شەھەرگە كېلىشتى. شاھ دەرگاھىغا كېلىپ، ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بىر ـ بىر بايان قىلىشتى. شاھ جۇمھۇر باشلىق ھەممە ئەمىرلەر بۇۋەقەنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى. ھەممەيلەن ھەسرەت ـ نادامەتتىن چىشىنى چىشىغا چىشلىشەتتى.

ئەلقىسسە، شاھنىڭ پەرمانى بىلەن يېڭىباشتىن چېرىك يىغىپ، قىرىق مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن ئاتلىنىپ، تۆتىنچى كۈنى يولغا راۋان بولۇشتى. بۇ لەشكەرنى ئىككىگە بۆلۈپ، يىگىرمە مىڭنى ئاۋۋال ئەۋەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن جۇمھۇرشاھ يولغا مىنىپ، پەھلىۋانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا دەشت ـ باياۋانغا قاراپ يول ئالدى. مەنزىل ـ ئۆتەڭلەرنى كېزىپ، چۇپانلارنىڭ جايىغا يەتتى. ئەمما بۇ يەردە شىر يۈرەك رۇستەم قىرىق يىگىتى بىلەن قۇبادنىڭ ماكانىدا قوي ـ كالا ئۆلتۈرۈپ، گۆش پىشۇرۇپ يەپ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەت قىلماقتا ئىدى. يىراقتىن قانداقتۇر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ دەشت يۈزىگە تولدى. قاراپ باقسا، توپا ـ چاڭ پەيدا بولدى. توپا ـ چاڭ ئارىسىدىن قىرىق نەچچە تۇغ ـ ئەلەم كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ قىرىق مىڭ لەشكەردىن بەلگە بېرەتتى. دېمەك، جۇمھۇرشاھ قىرىق مىڭ لەشكەر بىلەن ئۇزاقتىن ـ ئۇزاققا سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. بىردەمدە كاناي ـ سۇناي ئاۋازى پەلەككە يەتتى. جاھان پەلۋانى رۇستەمى داستانمۇ ئورۇش كىيىملىرىنى كىيىپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئوقيا ـ كامان، كۇرزە، نەيزىلىرىنى تەق ئېلىپ، رەخشە ئېتىغا مىنىپ، قىرىق يىگىتىنى بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى. ئاندىن كېيىن جەڭ ـ مەركە مەيدانىغا كېلىپ نەرە تارتىپ «مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش!» دېدى. ئۇ تەرەپتىن ھېچ پەلۋان مەيدانغا چۈشمىدى. رۇستەم يەنە مەردانىلىك بىلەن مەردى مەيدان تەلەپ قىلدى.

— ئەي نامدار پەلۋانلىرىم! — دەپ ۋارقىرىدى جۇمھۇر شاھ، ئوڭ ۋە سول تەرەپكە قاراپ، — سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىن قېنى كىم مەيدانغا چۈشۈپ، بۇ پالۋان بىلەن ئېلىشىپ، قۇباد بىلەن ھەزبەر شۇتۇرلەبنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ؟

كەراك ئەفكەن ئاتلىق بىر پالۋان بار ئىدى.

— ئەگەر شاھىمدىن ئالىي پەرمان بولسا، مەن بېرىپ ئۇنىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ، بېشىنى ئېلىپ كەلسەم! — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، لېكىن ئۆز بېشىڭدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىل! — دېدى شاھ.

كەراك ئەفكەن مەيدانغا چۈشۈپ، تەھەمتەننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ جەۋلان كۆرسىتىشكە باشلىدى ۋە تىغ كۆتۈردى. رۇستەم قولىنى ئۇزىتىپ، قولىنىڭ ئارقىسى بىلەن تىغنى قايتۇردى ـ دە، يەنە بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ كەمىرىدىن ئېلىپ، ئېگىز كۆتۈردى ۋە جۇمھۇر شاھنىڭ تەختىگە قارىتىپ شۇنداق ئاتتىكى، پارە ـ پارە بولۇپ ئۆلدى. جۇمھۇر شاھ غەزەپلەنگەن ھالدا ھەممە لەشكىرى بىلەن مەيدانغا ئات سالدى. تەھەمتەن گۇرزە ئوينىتىپ، بىردەمدىلا جەسەتتىن دۆڭ قوپۇردى. ئۆزىنى جۇمھۇر شاھنىڭ يېنىغا يەتكۈزۈپ، قول ئۇزىتىپ، ئۇنى كۆتۈرگىنچە بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، چەمبىرەكتەك ئويناپ تۇرۇپ: «مۇسۇلمان بول» دەپ ۋارقىرىدى. لېكىن، ئۇ بەتبەخت قوبۇل قىلمىدى. رۇستەم غەزەپ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى كۆكنار ئۇرۇقىدەك پارچە ـ پارچە بولۇپ، جېنى

مالىك دوزاخقا سەپەر قىلدى. لەشكەرلەر پادىشاھنىڭ ئۆلگىنىنى كۆرۈپ، ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشتى. تەھەمتەن كامان تارتىپ يەنە يۈزدەك ئادەمنى ھالاك قىلدى، قالغان لەشكەرلەر شەھەرگە قاراپ قاچتى. تەھەمتەن يارانلىرى بىلەن بىللە چۇپانلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۇ كېچىسى شۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەتىسى تاڭ سەھەر يارانلىرى بىلەن ئاتلىنىپ، جۇمھۇر شاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى.

ئەلقىسسە، مەغلۇپ بولغان لەشكەرلەر شەھىرىگە كېلىشتى. چوڭ - كىچىك باشلىقلار يىغىلىپ، «ئۇ كېلىپ قالسا قانداق تەدبىر قوللىنىمىز» دەپ كېڭەش قىلىشتى. بەزىلەر: «قەلئە دەرۋازىسى مەھكەم، خەندەكلەر چوڭقۇر، سېپىللار مۇستەھكەم؟ شۇڭا جان تېنىمىزدە بار بولسىلا، تۇتۇش قىلايلى» دېيىشتى. ئەمما كىشىلەر ئارىسىدا جاھاننىڭ ياخشى - يامان ئىشلىرىنى تېتىپ كۆرگەن، ئالەمنىڭ ئىسسىق - سوغۇقىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىر كىشى مۇنداق دېدى:

— ئاڭلاڭلار، مەن راست گەپ قىلسام بۇ لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ھېچكىم يوق. ئەگەر ئۇ پالۋان بۇ قەلئەمىزگە كەلسە، ھەممىمىز ئۇنىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ كۈتۈۋالايلى. ئۇنى چەكسىز كەمتەرلىك بىلەن شەھەرگە كىرگۈزۈپ، شاھلىق تاجىنى بېشىغا كىيگۈزۈپ، تەختكە ئولتۇرغۇزايلى. ئېھتىمال ئۇ قوي مىجەز بولۇپ، مەملىكىتىمىزگە پاراۋانلىق، خالايىققا ئاسانلىق ئېلىپ كېلەر. چۇپان ئاجىز بولسا، قويلار بۆرە ئاپىتىدىن قۇتۇلالماس. بۇ سۆز ھەممە سەلتەنەت ئەھلىگە خۇش كەلدى. ھەممە كىشى بۇ تەدبىرنى مۇۋاپىق تاپتى. بۇ ئەسنادا قەلئە ئۈستىدە تۇرغانلار شۇنى كۆردىكى، يىراقتىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن ئەجدىھادەك بىر ئەلەم كۆرۈندى ۋە قىرىق ئاتلىق يىگىت شا- مالدەك تېز كېلىۋاتاتتى. ھەممە ئەمىر ۋە لەشكەرلەر سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. خالايىقنىڭ كۆزى تەھەمتەنگە چۈشۈپ، پىيادە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئايىغىغا باش قويۇشتى. يەرگە پاياندار سېلىپ، رۇستەمنىڭ بېشىدىن تەڭگە چېچىشتى ۋە ئۇنى ئاجايىپ ئىززەت - ئىكرام بىلەن شەھەرگە ئېلىپ كىرىشتى. ئۇنى تەختكە چىقىرىپ، ھەممە كىشى ئالدىدا باش قويۇپ ئامانلىق تىلەشتى.

— ئامانلىقىڭلار ئىماندۇر، — دېدى تەھەمتەن، — كىمكى ئىمان كەلتۈرمىسە، ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، دوزاخقا يوللايمەن.

بۇنى ئاڭلاپ جىمىكى ئەمىر ۋە ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى چىن كۆڭلىدىن مۇسۇلمان بولۇشتى.

— بۇ شەھەرنىڭ ئېتى نېمە؟ — دەپ سورىدى تەھەمتەن.

— شەھەر ئېتىنى بىنايى ئىززى دەيدۇ، — دېيىشتى جاۋاب بېرىپ.

— بۈگۈنىڭ ئىززىتى بولۇپ قالمىسۇن. شەھەرنىڭ ئېتى مۇسۇلمانئاباد بولسۇن، — دېدى تەھەمتەن.

پەسلى داستاندىن ھېكايە ئاڭلىماق كېرەككى، رۇستەم بۇ يەردە ئىككى ئاي ئەيش - ئىشرەت بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇردى.

— بۇ يەردىن غەربكىچە نەچچە كۈنلۈك يول؟ — دەپ سورىدى رۇستەم قىرىق

شاھزادە يىگىتتىن .

— بىرى سەھرا ، بىرى دەريا يولى بار ، — دەپ جاۋاب بەردى بىرى ، — دەريا بىلەن ھېسابسىز جەزىرە ، يۈز يىگىرمە بۇتپەرەس پادىشاھلىقنى بېسىپ ، غەربكە ئالتە ئاي دېگەندە ئاران بارغىلى بولىدۇ . ئۇن بەش كۈن يول يۈرۈپ بىر داۋانغا يېتىدۇ ، ئۇنىڭدىن ئۆتسە بىر باياۋانغا ، ئاندىن ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا بارىدۇ . تاغنىڭ ئارىسى ناھايىتى تار بولۇپ ، سۇدىن ، نە ئوتتىن ، نە چەررەندە ـ پەررەندىدىن خەۋەر يوقتۇر . كېيىن بىر سەھرادىن ئۆتكەندە شۇنداق خۇش ھاۋالىق ، مۇلىك ۋە يېشىللىق بىلەن قاپلانغان بىر كۆل بويىغا يېتىدۇ . كۆل بويىدا بىر تۈپ چىنار دەرىخى بولۇپ ، ئۇنىڭ تۈۋىدە بىر ئەجدىھا ماكان تۇتقان . ئۇنىڭدىن ئۆتسە بىرمۇنار ئۇچرايدۇ ، ئۇ يەردىن ئۇن بەش كۈن باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئاچچىق شامالغا ئۇچرايدۇ . يەنە ئۇن كۈن مېڭىپ رۇدى كەشەف دېگەن جايغا بارىدۇ . بۇ يەردىكى تاشپاقىلار پىلدىنمۇ چوڭراقتۇر . ئۇ يەردىن ئۆتسە غەربتۇر . ئەمما بۇ جايلاردىن سالامەت ئۆتمەك مۇمكىن ئەمەس .

تەھەمتەن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ، « ئەگەر ئاللاھ تەۋفىق بەرسە ، ئازاد مېھرنى ئانىسى قېشىغا يەتكۈزگەيمەن » دېدى ۋە سەپەر ئۇزۇقى تەييارلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى . ياخشى بىر كۈننى تاللاپ ، ئازاد مېھرنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتلىنىپ ، غەربكە قاراپ يول ئالدى . مەنزىلمۇ ـ مەنزىل يول يۈرۈپ ، ئۇن ئىككى كۈن دېگەندە بىر جايغا يەتتى . ۋاقىت شام بولغانىدى . يىراقتىن شىر ئاۋازى ئاڭلاندى . بۇ يەردىن تېزرەك ئۆتۈپ كېتىشنى تەكىتلىدى .

— كېچىسى بۇ يەردە قونۇپ ، سەھەر ماڭايلى ، — دېدى تەھەمتەن . نەزمە :

ئەگەر شىر دىندۇر ماڭا ھېچ باك ،
كى بۇ زىندەلىكدىن خۇش ئۇلغاي ھەلاك .

ئۇ تاش تەخت ئۈستىدىن چۈشۈپ ئۆلتۈردى . ۋاقىت تۈن نىسپىدىن ئازراق ئۆتكەنىدى . شىر ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى . ئازاد مېھر تۈن بويى يىدار ئولتۇردى . سۇبھىگە يېقىن ئاتلىنىپ يولغا چىققاندى . بىر شىر پەيدا بولدى . رۇستەم كامانىنى چىقىرىپ شۇنداق ئوق ئۈزدىكى ، شىر تۇرغان يېرىدىلا يىقىلدى . بىر دەمدىلا بۇ شىرنىڭ ئەتراپىغا قانچە شىر ـ قاپلانلار جەم بولدى . تەھەمتەن كامانىنى ئوقلاپ ، يەنە بىر شىرنىڭ پېشانىسىگە ئاتتى ۋە ئۇ شىرمۇ ئۆلدى . قالغان شىرلار تەھەمتەنگە ھۇجۇم ياساپ كەلدى . ئۇ گۈرزە گەرانىنى ئاسمان پەلەك كۆتۈرۈپ ، شىرلار بىلەن جەڭگە كىرىشىپ كەتتى . بىر قانچىسىنى ئۆلتۈرگەندى ، قالغانلىرى بەدەر قاچتى . يولنى داۋاملاشتۇرۇپ بىر جىراغا يەتتى . بىر تار يول بىلەن ئۈچ ـ كېچە كۈندۈز يول مېڭىپ ، تۆتىنچى كۈنى بىر تاش تەختكە كېلىپ ، ئۇ يەردە قونۇپ قالدى . تەھەمتەن تۈن بويى ئۇخلىماي بەدەرگاھى قازىيولھاجاتقا زار ـ زار يىغلاپ ئولتۇراتتى . ناگاھ كۆزى ئۇيقۇغا كەتكەندەك بولدى . غايىبتىن شۇنداق خەۋەر كەلدى : « سېنى ئاللاھ تەئالا يولباشچىلارنىڭ يولباشچىسى قىلىپ ، ھەممە شاھلارنى ساڭا تەۋە قىلىپتۇ . سەن نېمىشقا سۇھرابىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا كەيكاۋۇسقا غەزەپلىنىپ بۇ يەرگە كەلدىڭ ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قىلمىشىڭغا پۇشايمان قىل . ئالدىڭغا مېڭىۋەرسەڭ ، ئىككى يول ئۇچرايدۇ . ئوڭ قول تەرەپتىكى

يـولـغـا كـىرىپ ئـىككى پەرسەڭ يول ماڭساڭ ، غايەت چەكسىز بىر سەھرادا خۇش ھاۋالىق ، مېـۋىسى مول بىر كۆل بويىغا كېلىسەن ، ئۇ يەردە بىر تۈپ چىنار دەرىخى بار ، ئاجايىپ سالقىن ، سـايـىـلـىـك . » تـەھەمـتەن بۇنى ئاڭلاپ ، ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ كەتتى ۋە ئازاد مېھرگە خەۋەر يەتـكـۈزۈپ : « مـاڭـا مـۇشـۇنداق بېشارەت بولدى » دېدى . بۇنى ئاڭلىغان ئازاد مېھر تولىمۇ خـۇشـال بـولـدى . ئۇنـىـڭدىن كېيىن ئۇلار يەنە يولغا چىقىشتى . نەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپ كـۆردىـكـى ، ئالـدىـدا ئـىـكـكى يول پەيدا بولدى . مەسلىھەت بويىچە ئوڭ قول تەرەپتىكى يولغا كىرىپ ماڭغانىدى ، ھېلىقى خۇش ھاۋالىق مەنزىلگە يەتتى . **نەزمە :**

سەبزە ھەزار ئاب ھەم بىدار ،
يۈز تۈمەن غۇنچە كۆرسەتىپ دىدار .
چىقىپ ئول زەمان رۇستەمى داستان ،
كۆرۈپ تۇرفە خۇش ھەۋايۇ بوستان .
سۇلار جارى ، گۇللار ھەمە ئاچىلىپ ،
بۇ گۇللار بۇيى ھەر تەرەف ساچىلىپ .

ئەلـقىسسە ، بۇ خۇش ھاۋالىق سەھراغا يېتىپ كېلىپ ، ئازراق ئارام ئېلىپ ، شېرىن مېـۋىـلـەرگـە ئېغىز تەگدى . ئەتراپقا قارىسا ، ھېلىقى كۆل بويىدىكى چىنارنى ۋە سۇنى كۆردى . ئەجـدىـھانـىـڭ مـاكانى دەل مۇشۇ ئىدى . بۇ يەردىكى سۇدىن كېچىپ ئۆتۈش كېرەك ئىدى . ئەگەر ئۇ ئەجدىھا سېزىپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق ؟

ـــ قـورقـمـا ! ـــ دېـدى تەھەمتەن ، ـــ قادىر ئىگەم بىزگە مەدەتكار . بۇ يەردە ئازراق تـۇرايـلى . ئۇلار چىنار سايىسىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇراتتى . تۇيۇقسىز بىر ئاھۇ ( كېيىك ) پەيدا بـولـۇپ قـالـدى . دىلىنى ئازاپلىغۇچى ئوقيا بىلەن كېيىكنى ئېتىپ ، كاۋاپ ، قىلىپ يېيىشتى . كـاۋاپ ھـىـدى پـۈتـۈن دەشـتـنـى بىر ئالدى . دەل شۇ مەزگىلدە ئەجدىھا ئوتلاقتا چىققانىدى ، كـاۋاپ ھـىـدى دىـمـىغىغا ئۇرۇلدى . دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا ، بىر ـ ئىككى ئادەم بۇ يەردە چـۆگـىلـەپ يۈرگۈدەك . ئۇلارنى كۆرۈش ھامان ئەجدىھا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلدى . رۇسـتـەم ئېـتـىـنـى بىر ئېگىزلىككە ھەيدەپ ، ئازاد مېھرنى چىنارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىۋەتتى ، ئۆزى ئەجـدىـھـا تـەرەپـكـە مـاڭدى ، ئەجدىھا ئۇنى دەم تارتتى . ئۇ ئايغىنى يەرگە مەھكەم تىرەپ ، ئەگمە ئوقياسىنى چىقىرىپ شۇنداق ئاتتىكى ، ئوق ئەجدىھانىڭ گەجگىسىدىن تېشىپ چىقتى ، يىقىلغان ئەجدىھا بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ ، چوڭ بىر تاشنى ئاغزىغا ئېلىپ ، سۇرمىدەك پۇركۈپ چـىـقـاردى . تـەھەمـتەن يەنە بىر ئوقنى ئەجدىھانىڭ پېشانىسىگە قارىتىپ ئاتتى ، ئەجدىھا شۇ ھامان جان ئۈزدى .

رۇسـتـەم بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىغانىدى . ئازاد مېھرنىڭ ئېتى قان ئىچىدە پارە ـ پـارە بـولـۇپ ھالاك بـولـۇپـتـۇ . ئۆزـىـنىڭ ئېتى ئەجدىھانىڭ سېسىق ھىدىدىن ھوشسىزلىنىپ يـىـقـىـلـىپـتـۇ ، ئۈچ سائەت دېگەندە ئاران ئەسلىگە كەلدى . تـەھەمـتـەنـمۇ سېسىـق پـۇراقـتـىـن

هوشسىزلانغاندى، بىرەر سائەتتىن كېيىن هوشىغا كەلدى. ئازاد مېھرمۇ هوشسىزلىنىپ دەرەخ ئۈستىدىن يىقىلغانىكەن، ئۈچ كۈندىن كېيىن هوشىغا كەلدى.
تەھەمتەن ئاللاغا سەجدە قىلىپ، شۈكرى – سانالار ئېيتتى. ئازاد مېھرگە قاراپ ناھايىتى مېھربانلىق بىلەن:
— ئېتىڭ هالاك بولغان بولسا، كەل، مېنىڭ ئېتىمغا مىنىۋالغىن. مەن پىيادە ماڭىۋېرىمەن، — دېدى.
ئۇلار بىر – بىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ، ئاخىر رۇستەم ئازاد مېھرنى ئاتقا مىندۈرۈپ، ئۆزى پىيادە ماڭدى. نەچچە مەنزىل يول يۈرۈپ، بىر مۇنار تۈۋىگە كېلىپ قالدى. قارىسا مۇنار لەۋھەسىگە مۇنداق بىر خەت يېزىقلىق تۇرۇپتۇ: «ئەي رۇستەم، نېمىشقا بالدۇرراق كەلمىدىڭ، ئەمدى مەردانە بول. يىراققا بارىسەن، يولنى كېچىسى ماڭ. ماڭىدىغان يولۇڭ شورلۇقتۇر. ئەقىل ئىشلىتىپ، يول ئۈستىدە بىر بۇلاق كولاپ، ئون ئىككى كۈن يەتكۈدەك سۇ ئېلىۋال، بىر نەچچە كۈن سۇسىز يولدا ماڭىسەن، بۇ بىر هالاكەتلىك ئىسسىق شامال يولى بولۇپ، مەيلى پەررەندە – چەرەندە، مەيلى ئادەمزات بولسۇن هېچبىرىگە ئامانلىق يوقتۇر. ئەمما كېچىلىرى تەسكىن تاپارسەن، دەپ بۇ خەتنى پەھلىۋى تىلى بىلەن يازدىم.»
رۇستەم بۇ خەتلەرنى ئوقۇپ، ئازاد مېھرنى ئاتتىن چۈشۈشكە بۇيرۇدى. ھەر ئىككىيلەن مۇنارنىڭ سايىسىدىن ئورۇن ئالدى. رۇستەم خەنجەر بىلەن ئۇياق – بۇياقنى كولاپ يۈرۈپ، ئاخىر بىر بۇلاق پەيدا قىلدى. كۆپ پاتاي دېگەندە، ئىككى مىشكاپ سۇ ئېلىپ، ئازاد مېھرنى ئاتقا مىندۈرۈپ، يولغا راۋان بولدى. تاڭ ئاتقۇچە يول مېڭىپ، بىر يەرنى مەنزىل قىلىپ چۈشتى. خەنجەرنى غىلىپىدىن چىقىرىپ يەرنى كولاپ، ئۆزلىرىگە ماكان قىلدى. شۇنداق قىلىپ كېچىسى يول مېڭىپ، كۈندۈزى ئارام ئېلىپ، ئون ئىككى كۈنلۈك يولنى يەتتە كۈندە بېسىپ ئۆتۈپ، رۇدى كەشەفكە يەتتى. دەريا بويىدا بىر كېچە – كۈندۈز ئارام ئالدى. يەنە بىر كۈنى ئازاد مېھرنى ئاتقا مىندۈرۈپ تەۋەككۇل قىلىپ، دەريايى خۇنخارغا كىردى. ئەمما، تاشپاقىلار هەر تەرەپتىن هەملە قىلىپ كېلىشكە باشلىدى. تەھەمتەن بىر قولىدا سۇ ئۈزۈپ، بىر قولىدا شەمشەر تۇتۇپ، يېقىن كەلگەن تاشپاقىلارنى پارە – پارە قىلاتتى. ئاشۇنداق ئەتىدىن كەچكىچە ئېلىشىپ، يەنە تۈن نىسپى بولغاندا دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا چىقتى. چىققان هامان بۇنىڭ شۈكرانىسىگە ئاللاغا سەجدە قىلدى. بىر مەزگىل ئۇ يەردە تۇرغاندى. رۇستەمنىڭ قۇلىقىغا قانداقتۇ بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى.
— ئازاد مېھر، ئاڭلا، — دېدى رۇستەم، — ئادەمنىڭ ئاۋازى قەيەردىن كېلىۋاتىدۇ؟
دەل شۇ چاغ ئالەم قۇياشى دەريا سۈيىدىن باش چىقىرىپ، ئەتراپ روشەنلىككە تولۇشقا باشلىدى. ئەتراپتا ھېسابسىز ئادەملەر ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىشاتتى.
— بۇ يول نەگە بارىدۇ، بۇ قايسى دەريا؟ — دەپ سورىدى تەھەمتەن.
— بۇ يول پادىشاھنىڭ پايتەختىگە ئېلىپ بارىدۇ. بۇ دەريايى مۇلۇكى مەغرىبتۇر (غەرب چېگرىسىدىكى دەريادۇر)، — دېيىشتى ئادەملەر.
تەھەمتەنمۇ، ئازاد مېھرمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇشتى. ئۇلار ھېلىقى يول بىلەن مېڭىپ، بىر كەنتكە چىقتى. بۇ كەنتنىڭ بىر چېتىگە چۈشۈپ، ئۆزلىرى يېشىنىپ ئارام

ئېلىنىشتى ، ئاتنى ئوتلاقتا قويۇۋەتتى . ئەمما دەريا بويىدىكى خەلقلەر ھەيرانۇ ھەس قېلىشقا-
نىدى . « بۇ ئادەملەر بۇ يولدىن قانداق كەلگەندۇر ؟ بۇ غايىب يولدىن ھېچ كىشى مېڭىپ
باقمىغان » دېيىشەتتى ئۇلار . شۇڭا ، بىرنەچچە ئادەم قولىدىكى ياراغلىرىنى تەل قىلىپ ،
ئۇلاردىن سورىماقچى بولۇپ كېلىشتى . رۇستەمنىڭ ئېتى ئۇلارنىڭ ئاتلىرىنى كۆرۈپ ،
قۇلىقىنى قەلەم ، قۇيرۇقىنى ئەلەم قىلىپ ، ھەيۋەت بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ ، ئات ئۈستىدىكى-
لەرگە چاپچىدى ، ئۇلار ھەر تەرەپكە قاراپ قېچىشقا باشلىدى . ئۇلار ئاتلىرىدىن يىقىلىپ ،
ئۆمرىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ، نالە قىلىشاتتى . تەھەمتەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ :

— بارغىن ! — دېدى ئازاد مېھرگە ، — ئۇ ئادەملەردىن ماڭا تائام ئېلىپ كەل ، با-
ھاسى قانچىلىك بولسا ، زەر - جاۋاھىرلاردىن بېرىۋەر .

ئازاد مېھر رۇستەمنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ ، ئادەملەر توپىغا قاراپ ماڭدى . ئۇلارنىڭ
كۆزى ئازاد مېھرگە چۈشۈش بىلەن تەڭ ، ھەممىسى كېلىپ ئازاد مېھرنىڭ پۇتىغا باش قوي-
غىلى تۇردى .

— سەن كىمسەن ؟ بىزنىڭ شاھزادىمىز ئەمەسمۇ ؟ بۇ يەر ئاتاڭنىڭ ئۆلكىسىدۇر ، —
دېيىشەتتى ئۇلار ، — ئاۋۇ ئاجايىپ سالاپەت ۋە ھەيۋەت بىلەن تۇرغان كىشى كىم بولىدۇ ؟

— مەن ئاشۇ كىشىنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم — دېدى شاھزادە ئازاد مېھر
بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن ئاخىرغىچە سۆزلەپ .

بۇ دېھقانلار رۇستەمنىڭ ئىشلىرىدىن ھەيران قېلىشتى .

— دەرھال تائام كەلتۈرۈڭلار ، — دېدى ئازاد مېھر ، — قىرىق - ئەللىك كىشى
تويغۇدەك بولسۇن .

سائەت ئۆتمەي ، ئۇلار تائام ئېلىپ كېلىشتى . ئەمما ، بۇ تائاملارنىڭ ھەممىسىنى رۇس-
تەمنىڭ يەپ تۈگەتكىنىگە ھەيران قېلىشتى .

ئازاد مېھر ئازاد چېھرىگە خەۋەرچى ئەۋەتتى . خۇش خەۋەر يەتكۈزگۈچىنىڭ ئاغزىغا
جاۋاھىر تولدۇرۇپ قايتۇرۇشتى . ئازاد چېھرە شۇ زامان خۇشال - خۇرام بولۇپ ، ھەممە كى-
شىنىڭ قارشى ئېلىشقا چىقىشىنى ئەمر قىلدى . ئۆزى دەرھال ئاتلىنىپ يولغا راۋان بولدى .
مەنزىل - مەراھىللارنى كېزىپ نەچچە كۈن بولغاندا ھېلىقى جايغا يەتتى .

تەھەمتەننىڭ كۆزى شاھ ئالىيلىرىغا چۈشۈپ ، نەچچە قەدەم ئىلگىرى كېلىپ ، شاھ
بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئوغلىنى ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ :

— ئەي شاھ ، ئازاد مېھر مېنىڭ پەرزەنتىمدۇر ! — دېدى .

پادىشاھ رۇستەمنى بىر پىلغا مىندۈرۈپ ، شەھەرگە ئېلىپ كەلدى . خۇش ھاۋالىق بىر
بوستاندىكى ھەرەمگە چۈشۈرۈپ ، بىرنەچچە غۇلامنى ۋە بىرنەچچە گۈزەل كېنىزەكنى ئۇنىڭ
خىزمىتىگە تەيىن قىلدى . ئون ئىككى ئاتلىق ئەسكەر ئۇنىڭ ئىنتائىنىدە ئىدى . رۇستەم ئېتىنى
يايلاقتا قويۇۋېتىپ بىرنەچچە كۈن ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولدى . بۇ خەۋەر داراب

شاھقا يەتتى . « ئازاد چېھرىنىڭ ئوغلى يوقىلىپ كەتكىنىگە ئۇزۇن بولغانىدى . پەيدا بولۇپ-تۇ » ئۇنى بىر پالۋان قۇتقۇزۇپ قېلىپتۇ . بۇ پالۋان غەۋۋاس دىۋىنى ، سىخارە جادۇگەرنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇ ئوغۇلنى ئېلىپ كەپتۇ ؛ جۇمھۇر شاھنى ئۆلتۈرۈپ ، تامام لەشكىرىنى تارمار قى-لىپتۇ ؛ بەندىدىن خالاس قىلغان قىرىق يىگىتكە ھۆرلۇك بېرىپ ، يول ئۈستىدە ئەجدىھايى مەغرىبنى ئۆلتۈرۈپ ، رۇدى كەشەفتىن ساق ــ سالامەت ئۆتۈپ ، بۇ يەرگە كېلىپتۇ » دېگەن خەۋەر ھەممە يەرگە پۇر كەتكەنىدى . داراب شاھ شۇ ھامان ئازاد چېھرىگە مەكتۇپ يېزىپ ، « بۇ ئوغۇلنى دەرھال مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كەل ! » دەپ تاپشۇردى . ئازاد چېھرە جاۋابنامە يې-زىپ : « ئۇ شىر يۈرەك يول مالامىتىدىن پارىغ بولماپتۇ . ئىنشائاللا ، ھەقتەئالا ھاياتلىق نېسىپ ئەتسە نورۇزدا پەسلى باھار بىلەن ئۆزۈم ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ بارۇرمەن » دەپ تەكىتلىدى . ئۇلار تەھەمتەننى ناھايىتى مۇھتەرەم بىلىپ كۈتەتتى . ئەمما رۇستەمى زال رۇدابە ، فەرامەرزدىن غەمكىن ئىدى . كېچىلىرى ئۇيقۇسى كەلمەي زار ــ زار يىغلىسا ، كۈندۈزى گاھى شىكار ، گاھى ئەيش ــ ئىشرەت بىلەن كۈن ئۆتكۈزەتتى . **نەزمە :**

چىكىپ زال رۇدابەنىڭ فۇرقەتىن ،
فەرامەرزنىڭ داغى كۆپ ھىرقەتىن .
تۆكۈپ ياشۇ يىغلاپ بەسى زار ــ زار ،
تەھەمتەن كۆزى ئېردى ئەبرى بەھار .

پەسلى داستان ئىشىتمەك كېرەك : تەھەمتەن مەسىھائى زاھىد مەقامىدىن شىكار ئۈچۈن ئاتلىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىغاچقا ، مەسى-ھائى زاھىد دىلنەۋازنىڭ كۆڭلى بەك پاراكەندە ئىدى دىلنەۋازنىڭ تۇغۇت ۋاقتى توشۇپ ، ئاپتاپتەك نۇرلۇق بىر ئوغۇل تۇغدى ، ئۇنى ئەمگۈزۈشكە ئۈچ ئىنىكئانا قويۇلدى . ئۇ شۇنداق ئىشتىھالىق ئىدىكى ، ھەر قېتىم تۆت پاتمان قەن ــ شېكەر ، ئۈچ بەررە (پاخلان) يەيتتى .

يەبان ئۈچ بەرە ، تۆرت پاتمان شەكەر ،
تىلەپ دايەدىن تۆئىمە بارى دىگەر .
يېتىپ سالى بىشەك بولۇپ سەر بەلەند ،
ئۆتۈپ ياشى ئوندىن ھەمە شىرى قەند .

بۇ گۆدەك ئون ياشقا كىردى . ئىلىم ، ئەدەب ، ھەسەب ( تۇرمۇش بىلىمى ) ۋە نەسەب بىلىملىرىدىن كامالەتكە يەتتى ، قەتئىي نىيەتلىك ۋە شىجائەتلىك داڭدار ئالىملاردىن ئۆ-گەندى . يېشى ئون بەشكە يەتتى . ئۇ پەنجىسىگە ھېچكىم پەنجە ئۇرالمايدىغان ، تەڭداشسىز كىشى بولۇپ يېتىلدى . **نەزمە :**

تۇغۇپ ماهى رۇخ بىر ئوغۇل دىلنەۋاز ،
بەسى سەر بەلەندۇ ، بەسى سەر فەراز .
كېلىپدۇر يۈزى بەدرى تابان كەبى ،
زەخامەت بىلە شىرى غەرران كەبى .
يېتىپ سالى ئونبەشكە ئول شىرى نەر ،
دەبان ھەيبەتىدىن ھەمە ئەل ھەزەر .

ئەلقىسسە ، ئۇ بىر كۈنى كوچىدا باللار بىلەن غەزەل ئوقۇپ ئويناپ يۈرەتتى . بىرى ئۇنىڭغا دەشنام بەردى . بۇ ئۇنىڭ پېشانىسىگە بىرمۇشت ئۇرغانىدى ، بېشىنىڭ قېتىقى قۇلاق — بۇرنىدىن چىقىپ جان ئۈزدى . ئۇنىڭدىن كېيىن مەسىھا تەلىم ئالسۇن دەپ مەكتەپكە بەردى . نەزمە :

كەل ئەي مۇستەمىئ ، ئاڭلاغىل داستان ،
نەلەردىن ئەدەم قىلمادى بۇ جەھان .

## بەسلى داستان

شۇنداق كەلتۇرۇپتۇركى ، بىر كۈنى تەھەمتەن زابۇلدىن چىقىپ كۆزدىن غايىب بولدى . زالى زەر ھەرقانچە تەپتىش قىلىپمۇ ئۇنىڭدىن نىشان تاپمىدى . رۇدابە بىلەن پۈتۈن ھەرەم ئەھلى زار — زار يىغلاشتى . رۇستەمنىڭ يوقالغانلىق خەۋىرى كەيكاۋۇسقا يەتتى . ئۇ بۇ قانداق ئەھۋال دەپ زارلىناتتى . نەزمە :

ئاڭا دېدى گۇدەرز : ئەي شاھى كەي ،
يېتىپ كۆپ ستەم كەتتى ئول نىك پەي .
دەۋا بەرمەدىڭ سەن ئاڭا گەنجىدىن ،
گەھى تاشلاغاي ئوغلىنى رەنجىدىن .

ئەلقىسسە ، جاھان شاھى كەيكاۋۇس گۇدەرزدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى پۇشايمان قىلدى . ئۇ مۇنداق پەرمان چۈشۈردى :

— يوللارنى ياخشى مۇھاپىزەت قىلىڭلار . تاكى ئىراندىن تۇرانغىچە كىشى ئۆتمەسۇن ، تەھەمتەننىڭ خەۋىرى ئەفراسىيابقا يېتىپ قالمىسۇن .

شۇنداق قىلىپ يەتتە يىل سەككىز ئايغىچە بۇ خەۋەرنى يوشۇرۇن تۇتتى . ئاردىن يەتتە يىل توققۇز ئاي ئۆتۈپ ، تەھەمتەننىڭ يوقلۇقى پۇرشەڭگە يەتتى . « رۇستەم خانىماندىن ئايرىلىپ ، ئۇمان دەرياسىغا غەرق بولۇپتۇ ، لەھەڭلەرگە يەم بولۇپتۇ . » دېگەن گەپلەر تارقالدى .

بۇ خەۋەر ئەفراسيابقا يەتكەندىن كېيىن :

— ئەي پىران ، — دېدى ئۇ ، — مېنىڭ شادلىقىمنىڭ گۈلى ئېچىلىپتۇ . خۇشاللىق دەرىخىم مېۋە بېرىپتۇ .

ئەفراسىياب يەنە كوچا ـ مەھەللە ، باياۋانلارنى تىلىڭ ـ تىڭشىتىپ ، « رۇستەم قۇلزەم دەرياسىدا لەھەڭگە يەم بولۇپتۇ » دېگەن خەۋەرنىمۇ ئاڭلىغانىدى .

— بارغىن ، لەشكەرلەر جابدۇنسۇن ، ئامبار ۋە خەزىنىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ ئەسكەر-لەرگە كىيىم ـ كېچەك بېرىپ ، ئاتلاندۇرغىن ، — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

بىراق بىر ئاي ئىچىدە ئۈچ يۈز مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى نەيزە ، قىلىچ ، ئوقيا قاتارلىقلار بىلەن مۇكەممەل قوراللاندۇردى . شەھى تۇر پەرمان بېرىپ ئۇرۇشقا ئاتلىنىش كانىيىنى چالدۇردى . شۇ سائەتتە يولغا چىقىپ ، مەنزىل ـ مەراھىللارنى كېزىپ ، جەيھۇن دەرياسى بويىغا يەتتى ۋە كېمىلەرنى قاتارلاشتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتى . كەنتكە يېتىپ بارغاندا ، ئەفراسىياب مۇسەللەم ئىسىملىك بىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ سورىدى :

— ئەي مۇسەللەم ، سەندىن بىرنەچچە ئېغىز گەپ سورايمەن ، راست سۆزلە .

— نېمىنى سورايسەن ، دېگىن ، ماڭا باشقا يول يوق ، — دېدى مۇسەللەم .

— شىر يۈرەك رۇستەمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ ؟ دېدى ئەفراسىياب ، — ئۇ سېنىڭ مۈلكۈڭگە كەلگەنىكەن .

— مەن ئۇنى قۇلزەم دەرياسىدا غەرق بولۇپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم ، — دېدى مۇسەللەم .

مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان ، — دېدى شەھى تۇر .

— رەيدە كەيكاۋۇستىن قالغان نېمىكى بولسا كەلتۈر ، — دەپ پەرمان قىلدى شاھ ، — سېنىمۇ ئىنئام بىلەن قۇتلۇقلايمەن .

مۇسەللەم ئۇن ئىككى كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن رەيگە كېلىپ ، جاھان شاھى كەيكاۋۇسقا نامە سۇنۇپ ، يۈكسەك مەرتىۋىلىك شاھقا قاراپ ، نالە ـ پەرياد قىلدى : مۇسەل-لىمنىڭ خېتى كەيكاۋۇسقا يەتكەندىن كېيىن زال فەرامەرزگە نامە ئەۋەتتى . ئۇ شۇ ھامان ئاتلىنىپ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىك شاھ ئالدىدا ھازىر بولۇپ ، پۇتىغا باش قويدى .

— ئۇ شىر يۈرەككە نېمە بولدى ؟ — دەپ سورىدى شاھ .

— بىلمەيمەن ، — دېدى زال ، كۆڭلىگە نېمە كەلگەنلىكىنى يوشۇرۇپ . **نەزمە :**

دېدى ئەي شەھەنشاھ ، كىشۋەر كۇشاي ،
تەھەمتەن يوقىدىن چېكىپ ھاي ـ ھاي .
جۇدا بولدى ئول رۇستەمى شىرى دىل ،
بولۇپ ئانچە ئايۇ ، بولۇپ ئانچە يىل ،
جەھان شاھىغە ئافەرىن خان بولۇپ ،
تەھەمتەن يوقىدىن غەرىبان بولۇپ .

تەھەمتەن فىراقىدادۇرلار خەراب ،
كېزىپ تاپمادۇق ئانچە ئىستەپ سوراپ ،

ئەلقىسسە ، جاھان شاھى پاناھ ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ :
—— ئەگەر رۇستەم بولسا ئىدى ، شاھى تۇرمۇ مۇنچە كۆپ لەشكەر بىلەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدى ، نېمە ئىلاج ، —— دېدى .
—— ئەي شاھ ئالىيلىرى ، كۆڭلۈڭىزنى ئەندىشىگە يول بەرمە ، —— دېدى فەرامەرز ، —— ھەر بىرىمىز رۇستەمنىڭ زامانداشلىرى ، تۇرانىيلار رەسمى بويىچە شۇنداق بىر ئىش قىلاي-لىكى ، جاھانغا مەڭگۈ يادىكار بولۇپ قالسۇن .
فەرامەرزنىڭ جۇرئىتىدىن تەسەللى خاتىر تاپقان شاھ پۇرشەڭ جىڭگە راۋان بولدى . مەنزىلمۇ - مەنزىل يول يۈرۈپ ، ئون ئىككى كۈنلۈك يەرگە كېلىپ ، تۇران لەشكەرلىرىگە ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قىلىپ چېدىرلىرىنى تىكتى . دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەشكەرلەر تەرىپى-دىن ياڭرىغان كاناي ئاۋازى پەلەكنى بىر ئالدى . نەزمە :

يۈرۈپ سۇبھى ، لەشكەر بولۇپ رو بەرو ،
ئۆتۈپ يەتتە تاقى فەلەكدىن غۇلۇ ،
چېكىپ تىرۇ تەركەش ئۇمۇدى گەران ،
ئالىپ قولىغە نەيزەئى جان سىنان .
بولۇپ رەزم سارىگە شولدەم رەۋان ،
بارى پەھلەۋانانى گەردان كەشان .

ئەلقىسسە ، دەريانىڭ ئىككى تەرىپىدىكى لەشكەرلەر روبىرو بولۇشتى . تۇرانىلار تەرىپىدىن بىرى مەيدانغا قاراپ ئات يۈگۈرتۈپ كېلىپ ، جەۋلان قىلدى .
—— فەرامەرزدىن بۆلەك كىشى ماڭا تەڭ كېلەلمەس ، —— دېدى ئۇ . فەرامەرز بۇ ىىدانى ئاڭلاپ ، ھەيۋەت بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستى . نەزمە :

دېدىكىم : فەرامەرزى رۇستەم مەنەم ،
تۇرانىدا تەختىم ، نەبىرەم مەنەم .
بەيان ئەيلەگىل سەنمۇ نامۇ نىشان .
جەھان ئىچرە قالغان نىشانەڭ ئايان .

—— ئەي زابۇلى بەچچە ، —— دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ ، —— مېنى ئىبنى سەھرەم دەيدۇ . مەن ئەفراسىياب خۇشاۋەندىدۇرمەن .
ئۇ فەرامەرزگە قاراپ نەيزە سالدى ، فەرامەرز نەيزىنى رەت قىلىۋەتتى . فەرامەرز غەزەپ

بىلەن نەزە تارتىپ ئۇنىڭ كۆكرىكىگە شۇنداق ئۇردىكىم، نەيزە ئۇنىڭ ئۇچىسىنى تېشىپ چىقتى، ئۇنى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. مەيدانغا يەنە بەھۆە ئاتلىق بىرى چۇشۇپ، فەرامەرزگە نەيزە سالدى، فەرامەرز رەت قىلىپ، قورسىقىغا شۇنداق ئۇردىكى، نەيزە ئۇچىسىدىن بىرگەز تېشىپ چىقتى. مەيدانغا چۇشكەن يەنە بىرىمۇ شۇنداق بولدى. شۇنداق قىلىپ تۇرانىيلارنىڭ ئاتاقلىق باتۇرلىرىدىن بىر يۈز ئون كىشى مەيداننىڭ ئۆزىدىلا شېرىن جېنىدىن ئايرىلدى. ئەمدى مەيدانغا چۇشۇشكە ھېچكىم جۇرئەت قىلالمايتتى.

— ھېچكىم مەيدانغا چۈشەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى فەرامەرز ۋە ئۆزىنى قوشۇنغا ئۇردى. تۇران تەرەپمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ شۇنداق قاتتىق داۋام قىلدىكى، فەرامەرز لەشكەرلەر ئىچىگە چۆكۈپ كەتتى. نەزمە:

ئۆلۈكدىن قوپۇپ يۈز تۈمەن پۇشتەلەر،
يۈز ئانچە داغى قانغە ئاغۇشتەلەر.

جەڭ ئۇچ كېچە ـ كۈندۈز داۋام قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ ئۆز ئارامگاھىغا قايتىشتى.

كەيكاۋۇس شاھ ئۆز بارگاھىغا چۇشۇپ، ئىراننىڭ سەردار ۋە ئەمىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى.

— مەن مۇشكۇل ئەھۋالغا قالدىم، — دېدى كەيكاۋۇس، — ئۇرۇش بۇ يوسۇندا ھەرگىز ھەل بولمايدۇ. لەشكىرىمنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيمەن.

— شاھىم، خاتىرجەم بولغىن، — دېدى داستان، — مەن كابۇلدىن، كەشمىر، ھىندىستاندىن ھېسابسىز لەشكەر جەمئى قىلايكى، تۇرانىيلار توپا ـ چاڭ ئاستىدا قالسۇن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئەتراپقا خەت ئەۋەتىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ نامدارلىرىغا شاھانە تون كىيگۈزدى.

بۇ تەرەپتىن تۇران شاھى ئەفراسىياب: «خىتاي، خوتەن ۋە باختەردىن سانسىز ئەسكەر كەلتۈرەيكى، زالمۇ، فەرامەرزمۇ تۈگەشسۇن، تامام مۈلكى ئىراننى قولغا كەلتۈرەي» دېدى. شۇنداق قىلىپ تۆت تەرەپكە نامە ئەۋەتتى. قەيەردە نامدار كىشىلىرى بولسا كەلتۈرۈپ، ھەر ئىككى پادىشاھ بىر ـ بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى.

## بېرسلى داستان

ئەمدى گەپنى مەسىھائى زاھىد ۋەقەسىدىن ئاڭلاڭ. مەسىھائى زاھىد كۆردىكى، جاھانگىر ناھايىتى قۇدرەتلىك بولۇپ، ئۇ دىلنەۋازغا مۇنداق دېدى:

— ئەي فەرزەند، جاھانگىر ناھايىتى كۈچلۈك. ئەگەر رۇخسەت بولسا، ئۇنى كەيكا-

ۋۇسقا ئەۋتسەك ، زالى زەر ، فەرامەرزلەرنىڭ ھەممىسى ئىران شاھى ھۇزۇرىدا . بۇ كۈندە پەشەڭ ، كەيكاۋۇس ۋە ھەر ئىككى پادىشاھ باراۋەر سەپ تۈزۈشتى . مەن ئەختەردە كۆرگەندىم : « ئەفراسىياب جاھانگىر قەدىمىدىن قاچقاي ۋە ئىران شاھى دەرگاھىدا ئىززەت ـ ھۆرمەت تاپقاي ، رۇستەمنىڭ شۆھرىتى كۆتۈرۈلۈپ ، جاھان ئۇنىڭ ئىلكىدە بولغاي . »

ـــ قانچىلىك بىلسەڭ ، شۇ بويىچە قىل ، ـــ دېدى دىلنەۋاز ، ـــ مېنىڭ سەندىن ئۆزگە كىمىم بار ؟ ۋە لېكىن ئۇنىڭ يېشى كىچىك ، نادان تۇرسا ، قانداق ئەۋەتەرسەن ؟

ـــ ئەي جاھانگىر شىر يۈرەك ، ـــ دېدى مەسىھا ، ـــ ساڭا بىر سۆز ئېيتاي ، ئەگەر ساڭا ئېغىر كەلمىسە .

ـــ ئەي بابا ، ـــ دېدى جاھانگىر باتۇر ، سېنىڭ ئەمرىڭ قانداق بولسا شۇنداق قىلىمىز .

ـــ ئەختەردە مۇنداق كۆردۈم ، ـــ دېدى مەسىھا ، ـــ تۇران شاھىنىڭ لەشكەرلىرىنى سەنلا چېكىندۈرەلەيسەن ۋە جاھان سېنىڭ ئىلكىڭدە بولىدۇ . مەن سېنى كەيكاۋۇس دەرگاھىغا ئەۋەتىمەن ، سېنىڭ ھەممە ئۇرۇق ـ قاياشىڭ شۇ يەردە .

ـــ مېنىڭ ئاتام كىم ، ئۇ نەدە ؟ ـــ دەپ سورىدى جاھانگىر ، ـــ ئاتام تەرەپكە كىم يول باشلاپ بارىدۇ ؟

ـــ ئاتاڭ رۇستەم زابۇلىدۇر ، ـــ دېدى مەسىھا ، ـــ شىكارغا چىقىپ كېتىپ غايىب بولغان دەپ ئاڭلىغانىدىم ، دەرياغا غەرق بولغانمىش .

جاھانگىر ئۆز ئاتىسى رۇستەمنىڭ زالنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدى .

مەسىھا جۇرجاندىن ئىككى يۈز ئەسكەرنى جابدۇپ ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىر يىل يەتكۈدەك ئالتۇن ـ كۈمۈش بېرىپ ، جاھانگىرغا ھەمراھ قىلدى . تۈلپارنىڭ نەسلى بولغان رۇستەمنىڭ تېيى ناھايىتى يۈگۈرۈك چىققانىدى . ئۇنى كەلتۈرۈپ ، جاھانگىرنى مىندۈردى . بۇ يەل تاپانغا كۈھى پەيكەر دەپ ئىسىم قويغان ۋە ئۇ رۇستەمدىن قالغانىدى . جەڭگە كېرەكلىك قورال ـ ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بەردى . ئاندىن بۇلار يولغا چىقتى .

ئۇلار ئون ئىككى كۈن يول يۈرۈپ ، بىر يەرگە يەتكەندى ، قارىسا بۇ ئەفراسىيابنىڭ ئالدىن يۈرەر جەڭگىۋار قىسىملىرى چۈشكەن جاي ئىكەن ، ئاۋاز چىقارماي جەڭ باشلىۋەتتى . شۇ كېچىسى جاھانگىر باتۇر ئەفراسىيابنىڭ پەھلىۋانلىرىدىن يۈز نەچچىنى ئۆلتۈردى . يەنە بىر تۈركۈم جەڭگىۋار قىسىمغا ئۇچراپ ، ئۇلارغىمۇ ئاۋازسىزلا ھۇجۇم قىلدى ، « تۇران شاھىنىڭ لەشكەرلىرىدىن ھەرگىزمۇ قورقمايمەن » دېدى جاھانگىر ۋە ئىككى قىسىم لەشكەرلەر ئارىسىغا كىردى . لېكىن ، بىللە كەلگەن ئىككى يۈز نەپەر ھەمراھلىرى :

ـــ ئەي پالۋان جاھانگىر ، ئاجايىپ ئىشقا قول ئۇزاتتىڭ . شەھى تۇرنى ئۆزۈڭگە دۈشمەن قىلىۋالدىڭ . تاڭلا ئۇستىمىزگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ ، ھەممىمىزنى قىرسا قانداق قىلغۇلۇق ؟

ـــ تۇران شاھىدىن قىلچە قورقىدىغان بولسام ، ـــ دېدى جاھانگىر ، ـــ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئەر بولماي كېتەي .

تـاڭ يـورۇش بـىـلەن ئەفراسياب ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈنۈش ئىشكىنى ئاچقانىدى . جەڭگىۋار قىسىم باشلىقى كىرىپ ، بېشىنى يەرگە قويىدى .

— شاھىم ، جۇرجان تەرەپتىن بىر جامائەت پەيدا بولدى . — دېدى ئۇ ، — ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىر باتۇر بار ئىكەن . كېچە جەڭگىۋار قىسىمدىن يۈز نەچچە پەلۋاننى ئۆلتۈرۈپ ، ھەر ئىككى لەشكەر ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش مەيدانى ئاچتى .

— ئەي شاھ ، ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز ، — دېدى گەرۋى زىرىھ ئورنىدىن تۇ- رۇپ ، — مەن بېرىپ ئۇنىڭ بويندىن باغلاپ كەلسەم ! **نەزمە :**

ئەگەر رۇخسەتىڭدۇر شەھى كامىياب ،
تۇتۇپ كەلتۇرەي باغلابان پىچ تاب .
ئاڭا شەھ دېدى : بار ، ئانىڭ رەزمىگە ،
جانىڭنى ئالىپ بار ئانىڭ جەڭگە .
كى باغلاپ كېلەي دەپ تەمەئ تۇتماغىل ،
ئۇراي خىنەكىگە قانىن يۇتماغىل .
تۇتۇپدۇر ياقاڭدىن ئەجەل پەنجەسى ،
يارار كۆكسۈڭىز نەيزە يا دەھرەسى .

گـەرۋى زىـرىھ شاھنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىپ ، تۆت مىڭ ئاتلىق ئەسكەر بىلەن مەيدانغا كىردى . بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان جاھانگىرمۇ ئادەملىرىنى جەڭگە چاقىرىپ ، ئۆزى يەككە — يېگانە مەيدانغا چۈشتى . **نەزمە :**

دەپ ئەي نامدارانى تۇران گۇرۇھ ،
ھەمە لەشكەرىڭ مىش مەنەم شىرى كوھ .

— سـىـلـەردە نومۇس يوق ، بىر ئادەمگە نەچچە لەشكەر كېلەمسىلەر ، — دېدى ـ دە ، ئېـتـىـنـى ئويـنـاقـلـىـتـىـپ يۈرۈش قىلدى . شۇ چاغ شاھى كەيغە خەۋەر يەتكۈزدى . « كېچە مـازەنـدەران تـەرىپىدىن بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولۇپتۇ . ئۇلار ئارىسىدا ئاجايىپ بىر باتۇر يىـ- گـىـت بار ئىكەن . ئەفراسىيابنىڭ جەڭگىۋار قىسىملىرىدىن يۈز كىشىنى جەھەننەمگە يوللاپتۇ . ئەمـدى شاھى تـۇران گـەرۋى زىرىھنى نۇرغۇن لەشكەرلىرى جەڭ قىلىشقا ئەۋەتىپتۇ . » شاھ گىۋ ، كەركىن بىلەن مىلادقا :

— بـېـرىـڭلار ، ئۇ بـاتـۇر ئـىـكـكـى قـوشۇن ئارىسىدا مەيدان تۈزۈپتۇ . ئۇنى ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۇتۇپ كېلىڭلار ، — دېدى .

ئۇلار ئـىـككى شاھتىن رۇخسەت ئېلىپ كېلىپ قارىسا ، جاھانگىر بورانىدەك گۈركىرەپ تـۇرۇپـتـۇ . گەرۋى زىرىھ كۆپلىگەن سىپاھ بىلەن بىرلىشىپ جەڭ مەيدانى تۈزدى . جاھانگىر ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا باتۇرلۇق كۆرسەتمەكتە ئىدى .

— كـەل ، بىرەر ئېگىزلىككە چىقـىـپ جەڭنـى تـاماشا قىلايلى ، — دېـدى گىۋ ، —

جاھانگىرنىڭ قانداق جەڭ قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقايلى .

غەزەبلەنگەن ئىككى تەرەپ دەلمۇ ـ دەل ئېلىشماقتا ئىدى . ئۇ تەرەپتىن ئايلاق ناملىق باتۇر گەرۋى زىرىھدىن رۇخسەت ئېلىپ مەيدانغا كىردى . « ھەددىڭدىن ئاشما » دەپ نەرە تارتتى ئۇ ۋە نەيزىسىنى جاھانگىرغا قاراپ كۈچ بىلەن شۇنداق ئۇردىكى ، تاغقا تەگسىمۇ پارچىلىنىپ كەتكەن بولاتتى . ئەمما جاھانگىر قولىدىكى نەيزىسى بىلەن بىر ئۇرۇپ ، ئۇنىڭ نەيزىسىنى قايتۇرغاندىن كېيىن ، قايتۇرۇپ ئۇنىڭ قورسىقىغا بىر نەيزە ئۇرغانىدى ، دۈمبىسىدىن تېشىپ چىقتى . ئەجىلى توشقاندىن يەنە بىرى كېلىپ قول ئۇزاتقانىدى ، ئۇنى بويىنىدىن كۆتۈرگىنىچە بېشىنى تېنىدىن ئۈزۈپ ، لەشكەرلەر ئارىسىغا تاشلىدى .

— ئەي لەشكەر ، مېنىڭدىن تۇران شاھىغا ھەدىيە بولۇپ قال ، — دەپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ تۇرانىيلار لەشكىرىنىڭ ئىچىگە چۆكتى . جەسەتتىن تاغ قوپۇردى . يۈزدىن كۆپرەك باتۇرنى ئۆلۈمگە يوللىدى . گەرۋى زىرىھ بۇ زەربىدىن قورقۇپ قېچىشقا يۈزلەندى .

ئۇ ئەفراسىياب دەرگاھىغا كېلىپ ، تەخت ئايىغىغا باش قويۇپ :

— ئۇلۇغ شاھىم ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئون نەچچە باتۇرمۇ كار قىلمايدىكەن ، ئۇنىڭغا تەڭ كەلگىلى بولمايدىكەن ، — دېدى .

— ھۇمان ! — دەپ ۋارقىرىدى ئەفراسىياب جالالاتلارنى چاقىرىپ ، — بۇ قورقۇنچاقنىڭ بېشىنى ئال !

— ئۇلۇغ شاھىم ! — دېدى ھۇمان ، — مەن بۇنىڭغا گۇۋاھ ، بۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتكىن ! تاكى مەن ئۇ يىگىتنى چىرايلىقچە سىزنىڭ دەرگاھىڭغا كەلتۈرەي .

ئۇ ئاتاقلىق ئون ئىككى خىزمەتكارى بىلەن جاھانگىرنىڭ چېدىرىغا قاراپ يول ئالدى . جاھانگىر باتۇر ئەمدىلا جەڭدىن قايتىپ كېلىپ چېدىرىدا ئولتۇراتتى . گىۋ ، گۇدەرز ، كەرگىن مىلاد كىرىپ سالام قىلدى . جاھانگىر ئۇلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ، نېمىنىدۇر سورىماقچى بولۇۋىدى . گىۋ مۇنداق دېدى :

ئەگەر مەن سارى كەلسەڭ ، ئەي شىرى نەر ،
بېرەي تەخت ئىلە تاج ، زەررىن كەمەر .
تەمامى سىپاھ ئىچرە سەرۋەر قىلاي ،
نە سەرۋەركى سەرۋەرگە سەۋدەر قىلاي .

— ئەي جاھان پالۋانى ، — دېدى سۆزىنى داۋام قىلىپ ، — ھەممە دۆلەت ئەربابلىرى سىزنىڭ دەرگاھىڭغا مۇنتەزىردۇر . ئەگەر قەدەم تەشرىپ قىلساڭ ، سېنى ناھايىتى چوڭ ئىززەت بىلەن كۈتۈۋالالايتۇق .

جاھانگىر مۇنداق دېدى : نەزمە :

يوق ئىكەن زەمىرىدە كەينىڭ ۋەفا ،

نەدىنكىم ، تەھەمتەنگە قويىدى جەفا .

ئەلقىسسە ، شىر يۈرەك رۇستەم سەر زامان ۋە نەھەڭ زامان بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ئىستەر ئىدى . شاھى جاھان ئانداق كىشىنى بىر نۇشدورا ئۇچۇن ئازار قىلىپ ، شۇ ۋەجىدىن ۋەتەندىن قوغلاپ ئاۋارە بولۇپتۇ . مەن بۇگۈنگە كېلىپ قانچىلىك قەدىر ـ قىممەت تاپارمەن ، دەپ ئولتۇرغانىدى . بۇ ئەسنادا ھۇمان ۋىسە كېلىپ دېدىكى ، نەزمە :

ئىبەردى دۇرۇدىينى ئەفراسىياب ،
دەبان سىزگە ، ئەي پەھلەۋان ، كامىياب
نە چاغلىق كىشىنى قىلىپسەن ھەلاك ،
ئەگەر يۈز تۈمەن ئۆلسە نى ئانچە باك .

ــ ئاللا ھەققىدە قەسەمكى ، ــ دېدى يەنە ، ــ ئەگەر مەن تەرەپكە كەلسەڭ قىلمىشىڭنى سۈرۈشتە قىلمىغايمەن ، قانچىلىك كىشى ئۆلتۈرگەن بولساڭمۇ قېنىنى تەلەپ قىلمايەن . سېنى تامام سەرۋەرلەرنىڭ سەرۋەرى قىلغايمەن . سەن ماڭا پەرزەند ، مەن ساڭا پەدەر ( ئاتا ) بولىمەن ، مەندىن كېيىن قالساڭ تاجۇ تەختىممۇ سېنىڭ بولغاي ، ــ دېگەنلەرنى يەتكۈزدى .

جاھانگىر ھۇمان ۋىسە بىلەن ئەفراسىياب دەرگاھىغا قاراپ يول ئالدى . ئەفراسىياب ھۇزۇرىغا كېلىپ تەخت ئالدىدا سالام بەرگەندىن كېيىن ، شاھ تەخت ئۈستىدىن چۈشۈپ ، جاھانگىرغا خىسرەۋگە لايىق زەررىن كۇرسى تەييارلاپ ئولتۇرغۇزدى .

ــ ئەي جاھانگىر ! ــ دېدى شەھى تۈر ، ــ ئەگەر ئەۋلادى رۇستەمگە شىكەست يەتكۈزسەڭ ، مەن سېنى جاھان سەردارى خۇسرەۋدىنمۇ ئۈستۈن قىلاي .

ــ شاھىم ! ــ دېدى جاھانگىر ئورنىدىن تۇرۇپ ، ــ كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت . ئەتەقۇياش كۇھى خاۋەرانىدىن ( شەرق تېغىدىن ) باش چىقارغاي . خۇشاللىق ئۈچۈن ناغرا ـ دۇمباق چېلىشنى بۇيرۇغىن ، ئۇرۇش مەيدانىغا چىقىپ كۆرگىنكى ، ئىنشائاللا ، تەڭرىنىڭ ئىنايىتى يار بولسا ئەجەب ئەمەس :

كى بۇ رەزمگاھ ئىچرە كارى قىلاي ،
بۇ ئالەم ئارا يادىگارى قىلاي .
فەلەك دېسۇن ئەھسەن ، زەمىن ئافەرىن ،
خۇرۇش ئەيلەسۇن ئاسمانۇ زەمىن .

دەپ جايىغا ئولتۇردى .

ئەتىسى ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياش ئۆز پەردىسىدىن چىقىپ ، فەلەك ئۈستىگە مىنىپ جەۋلان قىلدى . جەڭ دۇمبىقىنىڭ ساداسى شەھى تۈر دەرگاھىدىن چىقىپ ، ئاسمان گۇمبە-

زىگە ئۆرلىدى. جىمىكى پالۋانلار تۇران جېڭى ئۈچۈن مەيدانغا يۈزلەندى. بۇ تەرەپتىن ئىران شاھىمۇ فەرمان چۈشۈردى: ھەممە ئەسكەرلەر تۇرانىيلارغا دەلمۇ ـ دەل سەپ تۈزۈپ، ئارىلىق ساقلاپ تۇردى.

## پەسلى داستان

جاھانگىر باتۇر يورغا ئېتىغا مىنىپ، ئىككى قوشۇن ئارىسىدا جەۋلان قىلاتتى. بۇ تەرەپتىن زەڭگى شاۋەران ئات سۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. ئۇ قىلىچ يالىڭاچلاپ جاھانگىرغا سالماقچى بولۇۋىدى، جاھانگىر ھېچ پەرۋا قىلماي، ئۇنىڭ تىغ تۇتقان قولىنى تۇتۇۋېلىپ، يەنە بىر قولىدا كەمىرىدىن ئېلىپ، بېشى ئۈستىدىن ئايلاندۇرۇپ، مەيداندىن ئېلىپ چىقىپ، ئۆز قوشۇنىغا تاپشۇردى، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جاھانگىرنىڭ بۇ ئىشىدىن ھەيران قېلىشتى. ئۇ يەنە مەركە مەيدانىغا كىرىپ ئۆزىگە تاقابىل تۇرالايدىغان مەردنى تەلەپ قىلدى. ئاۋۋال كەركىن مىلادنى، كېيىن ئەشكەش ھۇشنى ھەمدە گىۋنى ئارقا ـ ئارقىدىن يېڭىپ بەندكە تارتىپ قويدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە يۈز سەكسەن پالۋان بەندكە تارتىلدى. جاھانگىر يەنە مەيدانغا كېلىپ «قېنى، يەنە مەرد بارمۇ؟» دېدى.

مەيدانغا زەۋارە چۈشتى.

— سەن ئۆز خېلىڭ يوق چاغدا مەيدانغا چۈشۈپ قالدىڭ، — دېدى ئۇ، — ئەگەر زال ياكى فەرامۇز بولسا ئىدى، بولۇپمو فەرامەرزنىڭ يوقلۇقىدىن، سەن بۇگۈن مەيداننى خالىي تېپىپ چوڭچىلىق قىلىۋاتىسەن. نەزمە:

دەبان بىيشەدە يوق بۇكۈن نەرە شىر،
دەلىرلەر كىرىپ بىيشە ئىچرە دەلىر.

— بۇگۈن فەرامەرز بولغان بولسا، — دېدى زەۋارە، — تېرەڭنى تەتۈر سوياتتى. بۇگۈن مېنىڭ قولۇمدىن ساق چىقىپ كېتىشىنى غەنىيمەت بىل!

— نېمىشقا زال بىلەن فەرامەرزگە تارتىشىپ قالدىڭ؟ ئەگەردە ئەر بولساڭ كەل، ئېلىشىپ باقايلى! — دېدى جاھانگىر.

— سېنىڭ نامىڭ نېمە، نەسلىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى زەۋارە.

جاھانگىر جاۋاب بېرىپ:

دېدىكىم: ئاتىمدۇر جەھانگىرى شىر،
جەھان پەھلەۋان نەررە شىرى دەلىر.
نەژادىمدۇرۇر زاھىدى پاك دىن،
دىيارىمدۇرۇر مۇلكى جۇرجاندىن.

دەپ ، نەيزىنى بېلىدىن ئېلىپ زەۋارەنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى ، زەۋارە نەيزىنى رەت قىلىپ ، ئۇمۇ جاھانگىرنىڭ بېشىغا نەيزە سالدى ، جاھانگىرمۇ رەت قىلىۋەتتى . شۇنداق قىلىپ بۇ ئىش ئەللىك قېتىم تەكرارلاندى . ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپنىڭ تىغى كاردىن چىقتى . ئاندىن زەۋارە گۈرزىسىنى ئاسمان - پەلەك كۆتۈرۈپ ، جاھانگىرنىڭ بېشىغا شۇنداق ئۇردىكىم ، ئۇنىڭ تاراق - تۇرۇق ئاۋازى ئاسمان گۈمبىزىدىن ئۆتۈپ كەتتى ، ئۇ يەنە بىر گۈرزە ئۇرغانىدى ، جاھانگىر رەت قىلىۋەتتى. نەزمە:

سالىپ گۈرزەسىگە ۋەسىن يەك دىگەر ،
تاپىپ ئەمدى نەۋبەتكى مەندىن خەبەر .
ئۆتۈپ نەۋبەتنىڭ ماڭا نەۋبەت يېتىپ ،
لىباسى ھەياتىڭ تەنىڭدىن كېتىپ .
بۇكۈن جام نۇشنى سەن نۇش قىل ،
تىرىكلىكنى بەلكى فەرامۇش قىل .

جاھانگىر شۇنداق دەپ زەۋارەنىڭ بېشىغا بىر گۈرزە ئۇردىكى ، ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ ، كۆزلىرىدىن ئوتلار چاقنىدى ، بېلى سۇنۇپ ، كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى ، يۈرىكىگە لەختە - لەختە قان تولدى . زال دەرھال بىرىنى ئەۋەتىپ ، زەۋارەنىڭ قولىقىنى ئىشقىلاتقۇزۇپ ، ئاتقا مىندۈردى . ئۇ يەنە مەرىكە مەيدانىغا چۈشۈپ ، كەمەند ( سالما ) تاشلاشقا تەييارلاندى . ھەر ئىككى تەرەپ تۇلپارلىرىدىن چۈشۈپ ، كەمەندازلىققا كىرىشىپ بىرقانچە قېتىمدىن كەمەند تاشلاشتى . جاھانگىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ، زەۋارەنىڭ بېشىنى كەمەندكە ئىلىندۈردى - دە ، مەيداننىڭ سىرتىغا قاراپ سۆرىدى . يۈز پىيادىلىك پەھلىۋان كېلىپ ، زەۋارەنى قولىدىن باغلاپ ، تۇتقۇن قاتارىدا ئېلىپ چىقىپ كەتتى .

بۇ كۈنى جاھانگىر باتۇر ئىران تەرەپتىن يۈز سەكسەن پەھلىۋاننى تۇتقۇن قىلدى ، ئاتاقلىق پەھلىۋانلاردىن يىگىرمە ئالتىسىنى ئەسىر ئالدى . كۈن پاتاي دېگەندە ، ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى داقا - دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ ، ئۆز بارگاھىغا قايتىشتى .

ئەلقىسسە ، تۇر تەختى خۇسرەۋانى ئۇستۇنلۇككە ئېرىشتى . ئەفراسىياب گۇناھكارلارنى ئېلىپ كېلىشكە پەرمان قىلدى .

— مانا كۆردۈڭلارمۇ ؟ — دېدى ئۇ ، — سىلەرنىڭ تەلىيىڭلار ياندى ، مېنىڭ ئارزۇيۇم دەرىخى كۆكلىدى . ھالا زال ، گۇدەرز ، فەرامەرز قالدى . بۇ ئۈچىنى قولۇمغا كەلتۈرسەم ، كەيكاۋۇسنىڭ ئىشى ئاسان ، سىلەرنى دارغا ئېسىپ خوتۇن - بالىلىرىڭلارنى ئەل ئارىسىدا سازايى قىلىمەن .

زەۋارە پەرىشان بولۇپ مۇنداق دېدى .

— ئەگەر سەن ئۆلۈمدىن ئامان قالساڭ ۋە بىزلەرنى ئۆلتۈرگۈدەك قۇدرىتىڭ بولسا ،

ئۆزۈڭنى ئۆلۈم ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ساقلا . نەزمە :

نە بولدى فەرىدۇن بىلە سەلمۇ تۇر ،
گۇدەرز ئۆلدىلار بىھەد ئەيلەپ غۇرۇر .

— ئەي ئەفراسىياب ، — دېدى زەۋارە ، — سېنىڭ ئاتاڭ پەشەڭدۇر . سەن نېمەڭگە تايىنىپ ئادەم ئۆلتۈرەلەيتتىڭ ؟ ! .

— بۇلارنى دارغا ئاسايلى ! — دېدى بۇ سۆزدىن پەرىشان بولغان شاھى تۇر .

— ئۆلۈمدىن ساقلاپ قالايلى ، — دېدى جاھانگىر . نەزمە :

قەنى ئول كەيۇمەرس نىكۇ نەژاد ،
قەنى ئول سىيامەك شەھى پاك زاد .
قايان باردى ھۇشەڭگۇ شاھ تەھمۇرەس ،
بۇلارنىڭ باشى ھەم كېتىپدۇر ئەبەس

— ئۇلار ھاتىدىن نائۇمىد بولۇپتۇ ، — دېدى جاھانگىر ، — شۇ سەۋەبتىن ھەر نېمە دەيدۇ . مەن ئاقىۋەت ئۇلارنىڭمۇ جازاسىنى بەرمەي قالمايمەن .

جاھانگىر يىگىتلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ ، ئەسىرلەرنى ئۆز چېدىرلىرىغا ئەۋەتتى .

— بۇ ئەسىرلەر گۇرۇھىنى ياخشى تۇتۇڭلار ۋە ھۆرمەت قىلىڭلار ، — دېدى ئۇ ئۆز مۇلازىملىرىغا يوشۇرۇن يولىيورۇق بېرىپ ، ئۆزى ئەفراسىياب بىلەن قەدەھ سوقۇشتۇرۇپ بەزمىگە چۈشۈپ كەتتى .

بۇ تەرەپتە كەيكاۋۇس بارگاھىغا بېرىپ ، تەخت ئۈستىدە ئورۇن ئېلىپ ، كۆرۈنۈش ئېشىكىنى ئاچتى . زالى زەر گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد بىلەن ئولتۇراتتى . فەرامەرز كىرىپ كەلدى . شاھ فەرامەرزگە مۇنداق دېدى :

— بۈگۈن سەن جەڭ مەيدانىغا بارمىغانىدىڭ . ئۇ مازەندەران زادە چاڭ چىقىرىۋەتتى . تاللانغان ئاتاقلىق باتۇرلىرىمىزدىن بىرىمۇ قالماي ئەسىر چۈشۈپ كەتتى . ئۇلاردىن بىرەرىنى نابۇت قىلىۋەتمىسە دەيمەن .

— شاھىم ، ئەگەر رۇستەمنىڭ ئورنىنى ماڭا پەرمان قىلساڭ ، — دېدى فەرامەرز ، — ئەتىلا ئۇ مازەندەرانلىق بىلەن جەڭ قىلاتتىم .

— رۇستەمنىڭ ئورنىنى ساڭا تەيىنلىدىم ، — دېدى جاھان شاھى كەيكاۋۇس .

فەرامەرز ئورنىدىن قوپۇپ ، تەزىم قىلىپ يەنە ئولتۇردى .

— نېمىشقا رۇستەمنىڭ جايىدا ئولتۇرمىدىڭ ؟ — دەپ سورىدى شاھ .

فەرامەرز مۇنداق دېدى ، نەزمە :

دېدىكىم ، پىسەند ئەتمەگەي كىردىكار ،
قاچان رۇستەم ئورنىدا تاپقۇم قەرار .

شاھ قەغەز كەلتۈرۈشكە بۇيرۇپ ، نامە يازدى .
— بۇ خەتنى ئەفراسىيابقا ئەۋەتەيلى ، — دېدى ئۇ .
شاھنىڭ سۆزى تۈگەـ تۈگىمەيلا فەرامەرز ئورنىدىن قوپۇپ يەر سۆيۈپ دېدىكىم :
— ئەگەر رۇخسەت بولسا ، بۇ خىزمەتنى مەن بىجىرسەم ، شاھىم !
— بولىدۇ ، — دېدى شەھەنشاھ ، — تۈركلەر مەجلىسگە بارغان ۋاقتىڭدا ئەلۋەتتە ئۇ جۇرجانلىق يىگىت باردۇر . ئۇ سەن بىلەن بەزمە قىلىشى مۇمكىن .
فەرامەرز خۇشال بولغان ھالدا خەتنى ئېلىپ ، ئەفراسىياب ئوردىسىغا قاراپ يول ئالدى . بىر ھازا يول يۈرۈپ ، تۇرانىيلارنىڭ جەڭگىۋار قوشۇنى ئورۇنلاشقان جايغا كەلدى .
— نېمە ئادەمسەن ، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە نەگە بارىسەن ؟ — دەپ سورىدى قاراۋۇل .
فەرامەرز ئات سۈرۈپ كېلىپ دېدى ، نەزمە :

ئەبەردى مېنى شاھى ئىران پەناھ ،
نەژادىمدۇر ، ئەي شاھ ئىران كۇلاھ .
كى بىر نامە كەلتۈرمىشەم شاھدىن ،
كى نامە بەرى شاھى تۇران زەمىن .

— توختاپ تۇر ، — دېدى قاراۋۇل ، — بۇ خەۋەرنى شاھى تۇرانغا يەتكۈزەي ، رۇخسەت قىلسا كىرگىن .
شۇ ھامان قاراۋۇللاردىن بىرى تۇران شاھىنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ : « ئىران شاھىدىن ئەلچى كەپتۇ ، ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تىلەيدۇ » دېدى . شاھى تۇران مۇنداق دېدى :
نەزمە :

بۇ كېچە تۈشۈپ بادە بىرلە ئىشىم ،
كى مەي شىددەتىدىن ئاغىردۇر باشىم .

— شاھ بىر نەچچە پالۋانلار بىلەن شاراب ئىچىشىۋاتىدۇ ، — دېدى قاراۋۇل ، — كۆرۈنۈش ئىشكى ئۇچۇق ئەمەس .
فەرامەرز باتۇر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ، دەرغەزەپكە كەلدى . نەزمە :

مەنەم شىر جەڭگىدە ى پۇر داستان ،
قاچان بارمايىن مۇندا تاپقۇم ئەمان .
قاچاندۇر مېنىڭ شاھىم ئەفراسىياب ،

نەچۇكدىن تۇراي مۇندا سىزگە قاراپ .
كى مەن بارغامەن شاھ تۇر قاشىغە .
سۆزۈم ئالماسا گەر ئۇراي باشىغە .

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە ، ئومۇتنى قاراۋۇللارغا تەگلەپ ھەملە قىلدى . بىر قانچىسى ياردار بولدى ، باشقىلىرى قاچتى . بۇ ئەسنادا فەرامەرز جەبىلە ئاتلىق بىر پالۋاننى ئارقىسدىن قوغلاپ كېلىپ ، گۇرزى بىلەن بىرنى سالغانىدى ، بېشى ئۇزۇلۇپ ، ئون قەدەم يىراقلىققا چۈشتى . فەرامەرز تۇلپارىغا مىنىپ ، ئەفراسىيابنىڭ بارگاھىغا يەتتى .
ـــ ماڭ ، بېرىپ ئالدىنى توس ! ـــ دېدى شەھى تۇر ، ـــ بارگاھ ئىچىگە كىرگۈزمە ، ئەگەر ئۇنىمىسا بېشىنى كەسكىن .
شىر بۇ فەرامەرزنىڭ ئالدىغا كېلىپ :
ـــ ئەي بىئەدەب ، شاھنىڭ پەرمانى ، بۇ كېچە سېنى قوبۇل قىلمايدۇ ، ـــ دېدى ـ دە ، ئۇنىڭ كەمرىگە قول سالدى .
شىر بۇ پىيادە ، فەرامەرز ئاتلىق ئىدى . فەرامەرز نەچچە گەز ئېگىزلىكتىكى بۇ پالۋاننى كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭ دولىسىنىڭ ئارىلىقىغا شۇنداق قاتتىق ئۇرغان بولسىمۇ ، تەسىرى چوڭ بولمىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن قاتتىق نەرە تارتىپ ، قىلىچ بىلەن گەردىنىگە شۇنداق ئۇردىكىم ، بېشىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى . ئۆت يۈرەك پالۋان نەيزىسىنى يەرگە قاداپ ، ئاتنى نەيزىگە باغلاپ قويۇپ ، بارگاھ ئىچىگە كىردى . ھېچكىم غىڭ ـ پىڭ قىلالمىدى . فەرامەرز ئۇدۇل شاھ ھۇزۇرىغا كىردى .
ـــ ئەي بىئەدەب ! ـــ دېدى ئەفراسىياب ئۇنى كۆرۈپ ، ـــ رۇخسەتسىز بارگاھىمغا قەدەم قويدۇڭ . بىر بۇيرۇق بىلەن بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلسام قانداق قىلىسەن ؟
پالۋان دېدىكىم ، نەزمە :

نەيەزدانكى ئىلكىمنى بىرۇن قىلاي ،
كى بۇ ئەنجۇمەنلەر ئاراخۇن قىلاي .
كېلىپ باشىمە كۇھ شىرى دەمان ،
كېسەي باشىنى لەشكىرىڭ ئانچۇنان .
ساڭا يىغلاسۇنلار ھەمە ئەنجۇمەن ،
كى مەندىن كېيىڭ خاكى خۇنۇ كەفەن .

ـــ شاھىم ، ئاچچىقلانمىغىن ، ـــ دېدى پىران ، ـــ ئاچچىقلىنىش ھەرقانداق ئىشتا كارغا كەلمەيدۇ . بۇ بولسا ئىران شاھىنىڭ ئەلچىسى فەرامەرز ئىبنى رۇستەمدۇر . ئەلھال ئۇنىڭغا سىلىق مۇئامىلە قىل .

ــ كەل ئەي پالۋان ! ــ دەپ شىدەنىڭ يۇقىرىسىدىن ئورۇن كۆرسەتتى شەھى تۇر ئۇنىڭغا .

ــ بۇ قانداقمۇ مېنىڭ جايىم بولسۇن ؟ ! ــ دېدى فەرامەرز مەسخىرە ئارىلاش ، ــ بۇ مېنىڭ كەشمىنىڭ جايىمۇ ئەمەس ، ــ ئۇ جاھانگىرنىڭ ئورنىغا كېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ، ــ ئەي پالۋان ، ئورنۇڭدىن تۇرغىن . مەن نامە ئېلىپ كەلدىم ، جاۋابىنى ئالغاندىن كېيىن قايتىمەن ، ئورنۇڭ يەنە ئۆزۈڭگە قالدۇ . جاھانگىر دېدىكىم :

نەلەر دېدىڭ ، ئەي پەھلەۋان شىرى گىر ،
يانىمدا كىشى ئولماغاي جايگىر .

ــ ئەي پالۋان ، سەنمۇ ھەقىقىي پالۋانسەن ، ياكى ئوغۇل بالاسەن ، بۇ مېنىڭ جايىمدۇر ، ــ دېدى فەرامەرز ۋە شۇئان قولىنى جاھانگىرنىڭ بېلىگە سېلىپ . ئۇنى كۆتۈرمەكچى بولۇپ زور قىلدى . جاھانگىرمۇ كۈچ كۆرسىتىپ بوي بەرمىدى . ھېچبىرى غەلىبە قىلالمىدى . شەھى تۇر بۇ ئىككى شىر يۈرەكنىڭ ئېلىشىشىنى تاماشا قىلاتتى . فەرامەرز پەملىدىكى ، جاھانگىرنى تەۋرىتىش ئىمكانى يوق . شۇڭا ، ئۇ غەزەپ بىلەن :

ــ قويۇپ بەر ، جەڭ كىيىمىنى كىيگىن ، ئىككىمىز جەڭ قىلايلى ! ــ دېدى .

ــ ئەي شىر يۈرەك ! ــ دېدى جاھانگىر ، ــ ئەگەر جەڭ قىلىشنى خالىساڭ ، ئەتە مەيدان ئىچرە مۇرادىڭغا يېتىسەن . پەنجە قويۇپ ، چىرماق سېلىشىمىز ، ئەگەر سەن پەنجەمنى قايتۇرالىساڭ ، بۇ ئولتۇرغان ئورنۇمنى ساڭا بېرىمەن .

فەرامەرز قولىنى جاھانگىرغا بېرىپ :

ــ ئاۋۋال سەن مېنىڭ پەنجەمنى قايتۇرىسەن ، ئاندىن مەن قايتۇرىمەن ، ــ دېدى .

بەس ، جاھانگىر فەرامەرزنىڭ قولىنى شۇنداق سىقتىكى ، تاشنى مۇنداق قىلغان بولسىمۇ يۇمشاپ كەتكەن بولاتتى . **نەزمە :**

كى بۇ كۆرگۈزۈپ ئاڭا ، ئول ھەم مۇڭا ،
كى ئول تاپمايىن تاب بول ھەم ئاڭا .

ئەلقىسسە ، جاھانگىرنىڭ تىرناقلىرىنىڭ تۈۋىدىن قان سىرقىپ چىقتى ، شۇ سائەت جاھانگىر فەرامەرزگە « ئەي شىر ، كەلگىن » دەپ ئۆز ئورنىنى ئۆتۈنۈپ بەردى . فەرامەرز جاۋاب خەتنىڭ ئۈستىدىن دۇر ـ جاۋاھىرلار چاچتى . شاھى تۇرانغا نامىنى تاپشۇردى ، باش مىرزا ئۇنىڭ قولىدىن خەتنى ئېلىپ باشتىن ئاخىرىغىچە ئۈنلۈك ئوقۇدى . شۇ ھامان ئەفراسىيابنىڭ پەرمانى بىلەن نامە يېزىلىپ ، فەرامەرزگە تاپشۇرۇلدى . سەپ يارغۇچى بۇ پالۋان جاۋابنامىنى ئېلىپ ، شامالدەك ئېتىغا مىنىپ ، جان ئالغۇچى نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ ، يولغا راۋان بولدى . شاھى تۇران ئەرفىل ئاتلىق پالۋانغا ئۈچ مىڭ ئاتلىق ئەسكەرنى نەيزە ـ

ياراغلىرىنى قولىغا ئېلىپ ، ئۇ سەگزىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا پەرمان بېرىپ :

— ئىمكان بار ، ئۇنىڭ بېشىنى مېنىڭ هۇزۇرۇمغا كەلتۈر ! — دېدى .

ئەرفىل ئەسكەرلىرى بىلەن شىر يۈرەك فەرامەرزنىڭ يولىنى توسۇپ ، تىغ كۆتۈردى . فەراموز ئۇنىڭ شەمشىرىنى رەت قىلىپ ، قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ گەدىنىگە شۇنداق ئۇردىكى ، ئۇنىڭ بېشى ئۇچۇپ چۈشۈپ ، ئەخلەت دۆۋىسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى . ئەمما ، ئۈچ مىڭ لەشكەر ئۇنىڭغا يېپىشتى . ئۇلاردىن نەچچىسىنى نابۇت قىلىپ ، يولىغا راۋان بولدى . قالغان تۇرانىيلارمۇ قۇتۇلغانلىقىغا خۇش بولۇپ ئارقىلىرىغا قايتىشتى . ئەمما ، فەرامەرز شاهى كەي هۇزۇرىغا كېلىپ ، ئافراسىيابنىڭ نامىسىنى بېرىپ ، هۆرمەت بىلدۈردى .

— ئۇ جۇر جانلىق يىگىت قانداقراق ئىكەن كۆردۈڭمۇ ؟ — دەپ سورىدى زالى زەر .

— هەر ئىككىمىز پەنجىلەشتۇق ، — دېدى فەرامەرز ، — لېكىن ئۇ مېنى ۋە نە مەن ئۇنى يېڭەلمىدۇق .

شاهى جاهانىڭ بۇيرۇقى بىلەن كاتىپ خەتنى ئوقۇدى . ئۇنىڭغا مۇنداق پۈتۈلگەنىدى : « ئەي كەيكاۋۇس ، مېنىڭ قېشىمغا كەلگىن . مەن سېنى پەرزەنت قىلىۋالاي . مەندىن كېيىن تاجۇتەخت سېنىڭ بولسۇن . ئۇرۇش مەيدانىغا كىر . ئىككىمىز كۈچ سىنىشايلى . قۇدرەتلىك يىگىتنىڭ كىمگە يار ئىكەنلىكىنى كۆرەي .

ئەلقىسسە ، شاھ تۇران دەرگاهىدىن كاناي ئاۋازى پەلەككە ئۆرلىدى . شەرق قوشۇنى مەيدان ئىچىدە سەپ تۈزدى . بۇ نەرەپتىن شاهى كەي جەڭ مەيدانىغا كەلدى . زالى زەر ، گۇدەرز ئىبنى گەشۋاد ۋە فەرامەرز قاتارلىق پالۋانلار شاهنىڭ ئالدىدا سەپ تۈزدى . ئۇلار بىر - بىرلىرىدىن خەۋەردار ئىدى . جەڭ مەيدانى ئىچىدە كىم جەۋلان قىلار ؟ بۇ ئەسنادا جاهانگىر شىر ئېتىنى دېۋىتىپ ، مەيدانغا كىرىپ نەرە تارتتى .

— ئەي ئىرانىيلار ، ئاگاھ ۋە دانا بولۇڭلاركى ، مەن جاهانگىر بولىمەن ، جەڭ مەيدانىغا فەرامەرز ئىبنى رۇستەمدىن باشقا هېچكىم چۈشمىسۇن .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، شاهى ئىران لەشكەرلىرىنىڭ سول تەرىپىگە يۈگۈرگەنچە يۈزگە يېقىن كىشىنى هالاك قىلدى . ئىران قوشۇنى تۇران ئەسكەرلىرىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بەرهەم بېرىۋىدى ، ئەفراسىياب سەپ ئوتتۇرىسىنى مۇهاپىزەت قىلدى . فەرامەرز مەيدانغا كىرىپ ، جاهانگىرنىڭ ئالدىنى توستى . بۇ ئىككى باتۇر ۋارقىراپ - جارقىراپ ئېلىشتى . قوللىرىغا نەيزە ئېلىپ ، بىر يۈز سەكسەن قېتىم نەيزىۋازلىق قىلىشتى . ئاخىر جاهانگىر جەۋلان قىلىپ تۇرۇپ فەرامەرزگە بىر نەيزە ئۇرغانىدى ، فەرامەرز قىلچە تەۋرەنمەي ، جاهانگىرغا قايتۇرما نەيزە ئۇردى . جاهانگىرنىڭ پۇتى ئۈزەڭگىدىن ئاجراپ ، ئاتتىن يىقىلدى ۋە مەردانىلىك بىلەن دەست تۇردى . شۇنىڭدىن كېيىن هەر ئىككىسى قوللىرىغا گۇرزە ئېلىشتى . جاهانگىر قولىدىكى گۇرزىنى فەرامەرزگە شۇنداق سالدىكى ، دەشت زىلزىلىگە كەلدى ، فەرامەرزنىڭ ئېتى تىزىغىچە يېتىپ كەتتى . فەرامەرز ئېتىغا مەدەت بېرىپ ، ئۇ يەردىن چىقارغاندىن كېيىن :

— ئەگەر مەرد بولساڭ ، بۇنىڭدىن چوڭراق گۈرزەڭنى ئات ، — دېدى .

جاھانگىر باشقا بىر گۈرزىنى ئېشقا سالدى . ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ قۇلىقى پاڭ بولاي دېدى . ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ گۈرزە ئۇرۇلغان بولسىمۇ ، فەرامەرز قولىنى سۇپەر ( قالقان ) قىلىپ ، ھەممىنى قايتۇردى . فەرامەرز دېدىكىم ، نەزمە :

كۆر ئەمدى تۇرۇپ زەربى شىر ، ئەي نەبەر ،
رەۋان ئۇلىسۇ گۈرزەمكى خۇنى جىگەر ،
قان ئۇلدى دۇزۇنۇ جەھان پەھلەۋان ،
تۇشۇپ باشىغە زور گۈرزى گەران .
كى ئۇرغاچ ئۇمۇدى گەران باشىغە ،
سەداسى چىقىپ بۇ جەھان تاشىغە .
كى ئۇرغاچ باشىغە ئۇمۇدى گەران ،
كۆزىگە بولۇپ تىرە رەۋشەن جەھان .

فەرامەرز كۆردىكىم ، جاھانگىرنىڭ ئىككى كۆزى قاراڭغۇلىشىپتۇ ، ئېتى تىزىغىچە يەرگە پېتىپتۇ ۋە لېكىن قولىنى سۇپەر قىلىۋىدى . ئەسلا ئېگىلمىدى . كېلىۋاتقان گۈرزىنى رەت قىلىپ شۇنداق ئۇردىكىم ، گۈرزە ئارىسىدىن چاقماق ـ چاقماق ئوت چىقىپ ، ئۇنىڭ ساداسى پەلەك گۈمبىزى ئىچىدە بىر بولدى . جاھانگىرنىڭ ئەزايىدىن تۆكۈلگەن تەر ئېرىق بولۇپ ئاقتى . گۈرزبازلىق ئۈچ قېتىم داۋام قىلدى . ئۇلار قوللىرىنى شەمشەرگە ئۇزىتىپ ، شەمشەرلىرى پارە ـ پارە بولغۇچە ئېلىشتى . ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ـ بىرىگە كەمەند ( سالما ) تاشلاشتى ، فەرامەرز ئۇستىلىق بىلەن كەمەند تاشلاپ ، جاھانگىرنىڭ بېشىنى كەمەند بىلەن باغلىۋالدى . جاھانگىر ئېتىنى قاتتىق دېۋىتىپ ، ئۆزىمۇ بىر زور قىلىۋىدى ، ئاتنىڭ كۈچىدىن بوينىدىكى كەمەند ئۈزۈلدى . فەرامەرز مەيدان ئىچىدە شىردەك ھۆر كىرەيتتى . جاھانگىر پۈرسەت تېپىپ يەتمىش ھالقىلىق كەمەندنى فەرامەرزنىڭ بېشىغا تاشلىدى . فەرامەرز پۇتىنى ئۈزەڭگىگە تايىنىپ تىك تۇتۇپ ، كەمەندتىن ئۆزىنى قۇتقۇزدى ، ھەر ئىككىسى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ ، خۇددى ئىككى ئەجدىھاغا ئوخشاش بىر ـ بىرىگە پەنجە قويۇشتى بىر ـ بىرىگە كۈچ كۆرسىتىشتى . ھېلى جاھانگىر فەرامەرزنى ئون قەدەم نېرىغا سۈرسە ، ھېلى فەرامەرز جاھانگىرنى ئون قەدەم ئارقىغا سۈرەتتى . ناگاھ فەرامەرز جاھانگىرنى ئالدىغا تارتىۋىدى ، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئارىسىدا دەھشەتلىك پەرياد كۆتۈرۈلدى . ئۇلار ئېلىشا ـ ئېلىشا بىر ـ بىرىنى ھېچ يېڭەلمىدى . شاھى كەي زالى زەرگە دېدى :

— بارغىن ، بۇ پالۋانلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەت ! ئەگەر ئۇرۇشماقچى بولسا ، كۈندۈزى ئاتلىرىغا مىنىپ ، مەرىكە مەيدانىغا كەلسۇن .

بۇيرۇق پالۋانلارغا يەتكۈزۈلدى . فەرامەرز ئويلىدىكى ، « ئەگەر ئۇ قولىنى يىغمىسا ،

مەن ئۇنىڭدىن جۇدا بولمىغايمەن.»

— ئەي پالۋان، بارغىل، بۇگۈن سېنى ئۇ پىرىنگگە تاپشۇردۇم، — دېدى جاھانگىر.

فەرامەرز دەرغەزەپ بولۇپ، يەنە جەڭ ئېلان قىلغانىدى. زالى زەر ئارىغا چۈشۈپ، خېلى تەسلىكتە بۇلارنى ئاجرىتىپ قويدى.

جاھانگىر تۇران قوشۇنىغا قاراپ ماڭدى. شاھ تۇر بارچە پالۋانلارنى ئالدىغا ئەۋەتىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن قارشى ئېلىپ، چېدىرغا كېلىپ بەزمە ئۇيۇشتۇردى.

فەرامەرزمۇ زالى زەر بىلەن شاھ ئالىيلىرىنىڭ دەرگاھىغا كېلىۋىدى، كەيكاۋۇسنىڭ پەرمانى بىلەن ئۇنىڭ بېشىدىن تاۋاق ـ تاۋاق ئالتۇن، جاۋاھىرلار چېچىلدى. بۇ كېچە كەيكاۋۇس ئۈچۈن ناھايىتى خاتىرجەم كېچە بولدى. ۋاقتىكى، ئاپتاپ قاراڭغۇ پەردىلەرنى يىرتىپ يۈز ئاچتى. زالى زەر شاھ خىزمىتىگە كېلىپ دېدىكىم:

— شاھىم، خاتىرجەم بول. پالۋانلار يەنە بىر مەيدان ئېلىشماقچى. كېچە سام ماڭا بىر ئەنگۈشتەر بەردى. مەن مەيدانغا بېرىپ، ئۇ باتۇرنىڭ نام ـ نىشانىنى سوراپ، ئۇنى شېرىن سۆزلەر بىلەن دەرگاھى ئىران پەناھقا كەلتۈرىمەن.

— ئۇ مەن بىلەن ۋەدىلەشكەن، — دېدى فەرامەرز، — ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئېلىشىپ، ئۇنى گەدىنىدىن باغلاپ ئېلىپ كېلىمەن.

شۇ ئەسنادا شاھى تۇر دەرگاھىدىن جەڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇران قوشۇنى سەپ تۈزدى، بۇ تەرەپتىن شاھى ئىراننىڭ پەرمانى بىلەن جەڭ ناغرىسى شادىيانىگە چېلىندى. مەيدان جەڭ تۇسىنى ئېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ قوشۇنى ئۇدۇلمۇ ـ ئۇدۇل سەپ تۈزدى. جاھانگىر مەيدانغا ئات يۈگۈرتۈپ كىرىپ، نەرە تارتىپ:

— ئەي فەرامەرز، ئەگەر قورقمىغان بولساڭ، ۋەدەڭگە ۋاپا قىل، ئەنە مەيدان! — دېدى.

بۇ ئەسنادا ئاتقا مىنگەن زالى زەرمۇ مەيدانغا كەلدى.

— ئەي دانىشمەن ئۇستاز! — دېدى جاھانگىرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ، — ئەھدىڭ كۆڭلىرى زاۋال تاپمىغاي. نېمىشقا جاھاندار كاۋۇس كەلمىدى، رۇستەمدەك كىشى ئۇنىڭ جەبرىدىن بىخانىمان بولغانمىش. ئەي بوۋا، مۇشۇنداق بىۋاپالىقنى كۆرۈپ تۇرۇپ يەنە كۆڭلۈڭلاردا نېمىشقا مېھرىبانلىقنى ئادەت قىلسىلەر؟

— ئەي، ياخشى پەرزەنت پادىشاھلارنىڭ مىجەزىدىن بۇنچىلىك ئىشلارغا ئاغرىنمايدۇ، — دېدى زال، — چۈنكى پادىشاھلار دىنىنىڭ سەرمايىسىنى تۇتۇپ تۇرغۇچىلاردۇر. شۇڭا پادىشاھ بېشىغا تىغ ئۇرۇپ قاچۇرماق خاتادۇر، ئەمما سەندىن مەن بىر سۆزنى سورايمەن، راستىڭنى دېگىن. خۇدا ھەققى، بۇ سىرنى يوشۇرما.

— سورا، نېمەن بولسا شۇنى دەيمەن، — دېدى جاھانگىر، — لېكىن سېنىڭ ئېتىڭ ئىرانىيلار ئىچىدە نېمە؟

— مېنىڭ ئىسمىم زالى زەر ، — دېدى زال ، — ئەي يىگىت ، مېنىڭ نام ـ نىشانەمدىن خەۋەردار بولدۇڭ . ئەمدى سەن ئۆزۈڭنىڭ ئەسلى زاتىڭنى دېگىن !

— ئەگەر سورىماقچى بولساڭ ، — دېدى جاھانگىر كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش تۆكۈپ ، — مېنىڭ ئاتام رۇستەم ئىبنى زالى زەردۇر .

ئۇ ھەققەتەن ئۆزىنىڭ ئەسلى زاتىنى ئېيتقانىدى . لېكىن زالى زەر سورىدى :

— ئەي شىر يۈرەك ، ئاتاڭ كىمدۇر ؟ قانداق قىلىپ سەن رۇستەمدىن تەۋەللۇت تاپ ـ تىڭ ؟

— ئۇ چاغدا رۇستەم ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ، مازەندارانغا كېلىپ قالغانىكەن ، — دېدى جاھانگىر جاۋاب بېرىپ ، — ئۇ يەردە ئۇ مەسىھا ئاتلىق بىر زاھىدنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالغانىكەن . ئۇ زاھىدنىڭ خىزمىتىدە قىرىق كۈندەك تۇرۇپ ، بىر كۈنى شىكارغا چىقىپتۇ ، شىكاردىن نام ـ نىشانسىز يوقىلىپتۇ ، ئېيتىشلىرىچە ئەل كۆزىدىن غايىب بولغانىمىش . مەن ئۇنىڭدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنىكەنمەن . رۇستەمدىن بىر نىشانە قالغانىكەن ، — دېدى ئۇ نىشانىنى زالى زەرگە كۆرسىتىپ .

بۇ ئىشتىن زالى زەر ئىنتايىن خۇشال بولدى .

— مېنىڭ قېشىمغا كەل ، پىكىرلىشەيلى ، — دېدى زالى زەر — ھەرقانداق مۇددىئايىڭ بولسا ، دېگىنىڭچە بولسۇن .

— ئاۋۋال سەن پىكىر قىل ، — دېدى جاھانگىر .

— بىز ئىككىلەن بىر مەيدان جەڭ قىلساق ، — دېدى زال زەر ، — لېكىن سەندىن ماڭا ياكى مەندىن ساڭا زەخىم يەتمىگەي . جەڭدىن يانغاندىن كېيىن ئەسىر ئېلىنغان ھەممە پالۋانلارنى ئازاد قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا بىزگە مېھمان بولۇپ كەل ! ئەگەر ئەفراسىياب خەۋەردار بولسا ، بىزگە خەۋەر قىلغىن . بىز ئۇنى جەمشىد مەرتىۋىسىدە كۈتۈۋالايلىكى ، تاكى قىيامەتكىچە ئۇنتۇمىسۇن ! فەرامەرز ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن يولۇڭغا مۇنتەزىر بولۇپ تۇر ـ غاي .

ھەر ئىككى تەرەپ جەڭگە تەييارلاندى . تا نامازشامغىچە ئېلىشقان بولسىمۇ ، نە ئۇنىڭغا خەتەر ، نە بۇنىڭغا زەپەر بولمىدى . ئاخىر ھەر ئىككى تەرەپ ئايرىلىپ ، ئۆز چېدىرىغا قاراپ ماڭدى .

جاھانگىر ئەفراسىياب قېشىغا باردى . ئۇ جاھانگىرنى كۆرۈش ھامان :

— بۈگۈن زالى زەر بىلەن راسا جەڭ قىلدىڭ ، — دېدى .

— شۇنداق شاھىم ، — دېدى جاھانگىر ، — زالى زەر ئەجدىھا ئىكەن . ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ھەر كىمگە ئاسان ئەمەس .

ئەفراسىياب ھېچ نىمە دېمىدى ، ئۆز بارگاھىغا كىرىپ كەتتى . جاھانگىرمۇ ئۆز چېدىرىغا كېلىپ ، خىلۋەتتە ئولتۇرۇپ ، زەۋارەنى چاقىردى .

— ئەي زەۋار ، مەن رۇستەم ئەۋلادى بولىمەن . جەڭدە مەندىن ھەرقانداق سەۋەنلىك ئۆتكەن بولسا ئەپۇ قىلغىن ، — دېدى ئۇ ۋە ئەسىرلەرنى تۇتقۇنلۇقتىن خالاس قىلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قورال تارقىتىپ ، مۇكەممەل قىلدى .

ئەلقىسسە ، ئەفراسىياب جاھانگىرنىڭ ئۆز چېدىرىغا كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ پىران ۋىسە ، ھۇمان ۋىسەلەرنى يېنىغا چاقىرىپ :

— كۆردۇڭلارمۇ ؟ بۈگۈنكى جەڭدە ، زال بىرەر جادۇگەرلىك ھىيلە ـ مىكرىسىنى ئىشلىتىپ ، جاھانگىرنى يولدىن چىقاردى بولغاي ، — دېدى .

— شاھىم ، جاھانگىر بىلەن زالنىڭ سۆزلەشكەنلىرىنى بىرى ئاڭلاپ قاپتۇ ، — دېدى ھۇمان بولغان ۋەقەلەرنى بايان قىلىپ .

— ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ؟ — دېدى تۇران شاھى ، — بۇ مازەنداران زادە رۇس-تەمنىڭ تۇخۇمىدىن ئىكەن . ئۇلار بىر ـ بىرلىرىنىڭ ئەسلى زاتىنى سورىشىپ ، بىر بىرى بىلەن تېپىشىپ ، سۈلھ قىلىشقانىكەن ـ دە ، ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك ، بۇ ئىشنىڭ تەدبىرى نېمە ؟

— ئەي شاھىم ، — دېدى پىراۋىسە ، — ئۇلۇغ ـ ئۇششاق نەۋرىلىرىنىڭ ھەممىسى قولىمىزغا چۈشۈپتۇ . مۇنداق پۇرسەت ئاۋۋال ـ ئاخىر ئەسلا قولغا كەلمەيتتى . ۋاقىتنى غەنىي-مەت بىلىپ ، ئاۋۋال جاھانگىرنى ، ئاندىن تۇتقۇنلارنى ئىران لەشكىرى قاتارىدا بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلايلى .

بۇ تەدبىر ئەفراسىيابقا ماقۇل چۈشتى . ئۇ پەرمان چۈشۈرۈپ ، ئاتمىش ئاتلىقنى تولۇق قوراللاندۇرۇپ بارگاھقا ئەۋەتىپ ، بىر كىشىنى جاھانگىرنىڭ يېنىغا كىرىشكە بۇيرۇدى .

— ئۆزلىرىنى شاھىمىز چاقىرىدۇ ، — دېدى ئۇ ، — سىلىگە بىرەر ئىلتىپات بار ئوخ-شايدۇ .

جاھانگىر ئاتلىنىپ ، بۇ خەۋەرچى بىلەن شەھى تۇر دەرگاھىغا كېلىۋاتاتتى . يېرىم يولغا بارغاندا ئۆز يىگىتلىرىدىن بىرى ئۇچراپ :

— ئەي جاھانگىر ، مەن نەق مەيداندا ئىدىم ، ئەفراسىياب سەن توغرۇلۇق بىرمۇنچە پىكىر قىلدى ، — دەپ ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلدى .

جاھانگىر ئۆز چېدىرىغا قايتىپ ئۆز قارىمىقىدىكى ئون مىڭ ئاتلىق تۇرانى ئەسكەرلەرنى يىغىپ :

— مەن ئىران قوشۇنى تەرەپكە بارماقچىمەن ، — دېدى ئۇ ، — كىم ماڭا ئەگىشىشنى خالىسا ئۆز ئىختىيارىچە ماڭا ھەمراھ بولۇپ ، بىللە بارسۇن !

— ئەي پالۋان ، — دېيىشتى جەڭچىلەر ، — بىز جان ـ دىل بىلەن سىزگە ئىتائەت قىلىمىز . جان تەندە بولسا سەندىن ئايرىلمايمىز .

( داۋامى كېيىنكى ساندا )

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت .**

# هەمزەنامە ①

غەرىب خەستە

نەشرگە تەييارلىغۇچى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

*　　　*

تۈزۈپ مەجلىس ئەسبابىنى ئۇل زەمان ،
بولۇپ ئەيشۇ ئىشرەت بىلە كامران .
گەھى غەم ۋەگاھى كۆڭۈل شاد ئېتىپ ،
ئەمىر يىغلاپ ئۆزلەشكەرىن ياد ئېتىپ .
دېدى : « نەچچە يىل بولدى باغلاپ كەمەر ،
ئالالماسمە ئۇل ياردىن بىر خەبەر .
ئەگەر كۆرمەسەم ئەمدى دىيدارىنى ،
كى بىلگەي ئىدىم ھالى ـ ئەھۋالىنى . »
بۇيۇردىكى ئەسما پەرى دەر زەمان ،
كى بىر نامە قىلدۇردى بۇ شول زەمان .
مۇنى بەردى ئىككى پەرىزادىغە ،
دېدى : « يەتكۈزۈڭ ئادەمىزادىغە . »
ئالىپ نامەنى ، يۈردى ئاندىن بۇلار ،
خاجە ئۇمرىنى بىر قەلئەدە تاپتىلار .
خاجە ئۇمر بىلەن خاجە مۇقبىل بۇدەم ،
ئىكەۋلەن بۇلار ئولتۇرۇر ئېردى ھەم .
يەقىن كەلدى ئىككى كەبۇتەر ئۇچۇپ ،
كى ئولتۇردى ھالا سىفىلگە قونۇپ .
پەرىزاد بولدى كىيىپ جامەنى ،
بۇلارغە تۇتۇپ بەردى بىر نامەنى .
خاجە ئۇمر قىسىپ نامەنى باشىغە ،
ئالىپ كىردى مىھرىنىگار قاشىغە .

ئاچىپ كۆردى بىر نامە قىلمىش بەنا ،
باسىغلىغ ئەمىرنىڭ مۇھۇرى يانا .
لىفافەسىنى قىلدى ئۇل دەم جۇدا ،
پىتىپدۇركى : « ئەۋۋەل بەنامى خۇدا :
مەنۇ ئىبنى ئەبدۇلمۇتەللىپ مەئاب ،
خوجە ھاشىمۇ ئىبنى ئەبدۇلمەناب .
غەرىبلىق دىيارىداقى ياردىن ،
ئەبۇل ئالى ئاتلىغ ۋەلى ساردىن .
ئۇشۇل ماھۋەش نازەنىن يارغە ،
مەلاھەتدە يەكتايى دىلدارغە .
لەتافەتدە ئۇل بەھرىنىڭ گەۋھەرى ،
نەزاكەتدە چۇن دەھرىنىڭ جەۋھەرى .
بۇ گۈلشەن ئارا باغىنىڭ بۇلبۇلى ،
كۆڭۈلنىڭكى مەتلۇبى ، جەننەت گۈلى .
كى بۇرجى سەئادەتنىڭ ئۇل ئەختەرى ،
فەساھەت ، ئەقىداتنىڭ كىشۋەرى .
فەلەك ئۈزرە خۇرشىدۇ گويا مەھى ،
بەلاغەت شەھەنشاھلارنىڭ شەھى .
كى مەھبۇبى جانىم ، شەكەردىن لەزىز ،
كۆڭۈلنىڭ خوشى ، يەئنى جاندىن ئەزىز .
ئۇشۇل ماھ تەلئەتلىكۇ يارغە ،
كى خۇرشىد رەفئەتلىكۇ ماھغە .

---

① بېشى 1994 ـ يىللىق 3 ـ ، 4 ـ سانلاردا

شەھەنشاھى يەئنى ئۇلۇغ زاتلىغ ،
كى مېھرى مەلىكە نىگار ئاتلىغ .
كى مەندىن ئوشۇل نازەنىنغە كەلام ،
تەھىيياتۇ يۈزمىڭ دۇئايى سەلام . »
پىتىپ نامە ھەم ئۇشبۇ رەڭ چۇست ھال ،
دېدىكىم : «فىراقىڭدا يوق مەندە ھال .
ئوشۇل ۋەقتى بولدۇمكى سەندىن جۇدا ،
نېتەي ئۇشبۇل ئىشلارغە سالدى خۇدا .
سېنى ياد ئېتىپ يىغلاغۇم دەم بەدەم ،
ھەمىشە ئۇنۇتماي سېنى ئەسلى غەم .
بولۇپ تۇتىيا ئۆز دىيارىم مېنىڭ ،
كى يوق ئەمدى سەبرۇ قەرارىم مېنىڭ .
غەرىبلىق دىيارىدا يالغۇز باشىم ،
كى دەريا سۈيىدەك ئاقادۇر ياشىم .
كى سەن ئاندا ، مەن مۇندا تۇشتۇم غەرىب،
يۈرۈرمەن بۇ دەشتى ئارا سارغارىپ .
كېچە ياتمادىم مەن بىلمەنى يازىپ ،
فىراقىڭدا بولدى بۇ ھالىم سىزىپ .
كى تەقدىرغە چارە يوق ، مەن نېتەي ،
دېدىم بولمادى كۆندە يۈزمىڭ كېتەي .
كېزىپ كوھى قافنى ، يۈرۈپ دەر بەدەر ،
سېنىڭدىن ۋەيا ئالمادىم بىر خەبەر .
ئەلىفدەك [ قەدىم ] بولدى ئىشقىڭدا نۇن ،
بولۇپدۇر فىراقىڭدا ھالىم زەبۇن .
كى يوق مەندە غەمدىن بولەك ھەمرەھىم ،
ماڭا بولدى ھەمدەم بۇ دەردۇ غەمىم .
بۇ ئەسما پەرى بىرلە مەن ئۇشبۇ خىل ،
زەلالەت بىلەن ئۆتتى بۇ ئايۇ يىل . »
قىلىپ ئەرزى ھالىنى مۇنداغ بەيان ،
تەمام ئولدى بۇ نامە ھەم ، راۋىيان .
پىتىپدۇر قىلىپ سۆزنى بىر ـ بىر ئەدا ،
بولار بىلدى ؛ بولمىش ئەمىر كەد خۇدا .
قىلىپ نامە مەزمۇنى بىرلە خەيال ،
تاپىپدۇر قۇرەيش ئاتلىغ قىز ئىيال .
ھەممە بىلدىلەر ئۇشبۇ ھەڭگامەنى ،
مەلىكەم پىتىپ بەردى بىر نامەنى .
پەرىزادلارغە بېرىپ شول زەمان ،
ئالىپ كوھى قاف سارى بولدى رەۋان .
ئەمىر قاشلارىغە كېلىپ ئۇشبۇ ھال ،
تۇتۇپ بەردى بىر نامەنى دەرمەھال .
ئەمىر ھەم ئوقۇپ بىلدى ئانى ئاچىپ ،
يۈرۈپدۇر شەھەردىن شەھەرگە قاچىپ .
مەلىكەمنى بەرمەي خاجە ئۆمر بۇ رەڭ ،
تەخى قىلمىش ئول كۇفر ئىبلى بىرلە جەڭ .
خەبەر تاپتى ئۆز لەشكەرى ھالىدىن ،
مەلىكە نىگارىنىڭ ئەھۋالىدىن .
قوپۇپ دېدى ئەسما پەرى : « ئەي يىگىت ،
كۆزۈڭ يىغلابان بولمىش ئېرىدىكى جىت .
يېتىپ ئاخىرىغە بۇ مېھنەت كۈنۈڭ ،
ۋەلي بولدى رەۋشەن قاراڭغۇ تۈنۈڭ .
ۋىسالى كۈنىگە مۇبەددەل بىلىڭ ،
قوپۇپ ئەمدى سەيرى تەماشا قىلىپ .»
ئالىپ بەردى قىرق ئاچغۇنى ئۇشبۇ خىل ،
دېدى : « بۇ خەزىنە سۇلەيمانى بىل .
ئانىڭ ئاچغۇسىدۇر ، بىلىڭ ، ئەي ئەزىز ،
قىلىپ سەير قىرق كۈنغىچە ئەمدى سىز .
مۇھەببەت ئىشنى كۆڭۈلگە سالىڭ ،
نە خاھلايسىزۇ خاھلاغانىنى ئالىڭ .
ئانىڭ ئاچغۇسىدۇر ، بىلىڭ سىز نەچە . »
ئەمىر بىرلە سۇھبەت قىلىپ بۇ كېچە .
كۆڭۈل شاد ئېتىپ كامى دىل زەۋقىغە ،
قوزالدى بۇ ئەسما پەرى ئۈيقۇغە .
ئەمىر ئاختارىپ ساچىنىڭ تالىدىن ،
تاپىپ ئالدى بىر ئاچغۇنى خالىدىن .
ئەمىر بىرلە ئەسما ئىبلى خاسۇ ئام ،
ۋەلي سەير قىلماقغە چىقتى تەمام .
بارىپ كوھى قافنىڭ رۇخامى سارى ،
كۆرۈپ ھەرنە بارۇ ئەجايىبلارى .
ئەمىر ئۆلتۈرۈپ تاشلاغان دىۋلەنىڭ ،
كى باشىنى جام ئەتتۈرۈپدۇر ئانىڭ .

ئانى قاپلاتىپ قويمىش ئالتۇندا ھەم ،
رەۋان ئۇلدى ئەمىر ھەر سارىغە قەدەم ،
قىلىپ سەيرى بىر كۆندە بولدى ئەمىر ،
ئەجايىب نىمەرسە كۆرۈندىكى بىر .
دېدىلەر كۆرۈپ : « بۇ نىمە كارھا ،
ئەجـــايـــب ئىرۇر ، مۇنـدا نـې بـارھا ؟ »
شەلاشىل دېدى : « ئۇشبۇ زىندان ئىرۇر ،
كى زىندانى ئانداغ سۇلەيمان ئىرۇر . »
ئوشۇل دەم ئەمىر ئاچتى ئىشكىنى ھەم ،
ۋەلې زاھىر ئولدى ئۇلۇغ بىر لەقەم .
كىرىپ بۇ لەقەمگە بولۇپ كامران ،
ئەمىر يۈردىلەر باد ياڭلىغ رەۋان .
شەلاشىل بۇ ھەرچەند مەنئ ئەتتىلەر ،
ئەمىر مەيل قىلماي ، يۈرۈپ كەتتىلەر .
يېتىپ ئىردى ئازراق يېرىگە ، بۇ جاي ،
يولۇقتى ئەمىرگە قارا قاشقە تاي .
كۆزى ئۇچ ئانىڭكى بۆلەك ھالى بار ،
كى تۆرت يۈزگىنە جىسمىدا خالى بار .
ئەمىرنى كۆرۈپ قاچتى گويا بۇران ،
ئەمىر بولدىلار ئارقەسىدىن رەۋان .
يېتىپ كۆردى تۈۋرۈككە پەيۋەند بىلە ،
تۇرادۇركى باغلاغلىغۇ بىر نىمە .
ئەمىر تۇرمىش ، ئۇل تاي ئانى شول زەمان
كۆرۈپ دېدى ھەيران قالىپ بۇ زەمان .
بۇ ئەرناش دېۋە دېگەن تانۇدى ،
ئەمىرنى كۆرۈپ ئۇشبۇ يەڭلىغ دېدى :
« ئوشۇل ۋەقتى دەريا لەبىدە ئۆزۈم ،
تۇشۇپ لانساغە مىنىڭكى كۆزۈم .
ماڭا جۇپلەشۇر ۋەقتىدە بولدى ئات ،
ئانىڭدىن بولۇپ ئىردىمۇ ئىككى قات .
بېرىپ ھەق تەئالا بۇ يەڭلىغ بالا ،
كى ئات سۈرەتىدە تۇغۇلدى ئالا . »
بۇ دېۋگە ئەمىر دېدىلەر : « سەن بارىپ ،
كى تەختى سۇلەيمانىنى كەلگىل ئالىپ .
ئالىپ كەلدى دېۋ تەختىنى دەر زەمان ،
ئەمىر بولدى تەخت ئۇستىدە كامران .
شەلاشىل يەنە مەنئ قىلدى ۋەلې ،
دېدى : « يانماڭىز ، يا ئەمىر ، سىز ھەلى .
كېيىن كۆرسەتىپ سىزگە ئەسمائى يول ،
ئۆزى ئادەمىيان ئىبەرمىشكى ئول . »
قەبۇل قىلماي ئەسلا ئەمىرى جەھان ،
كى ئەرنايىشۇ دېۋنى ھەيدەپ رەۋان .
ئالىپ لانسا بىرلە قاشقىرنى ھەم ،
كۆتەردى بۇ دېۋ ، يولغە قويدى قەدەم .
كى بىرگىنە ۋەيران چەھار باغىغە ،
كېلىپ تۇشتىلەر تەشنەلىك چاغىغە .
ئەمىر ياتتى ئارام ئۇچۇن ئۆزلەرى ،
كېتىپ سائەتى ئۇيقۇغە كۆزلەرى .
ئەمىر ئاچتى كۆز ئۇيقۇدىن ئويغانىپ ،
ۋە ھەر سارىغە باقتىلار تولغانىپ .
كى ئەرنايىشۇ لانسانى باسىپ ،
كېتىپدۇر بۇلارنىڭ باشىنى كېسىپ .
كى بىر پارە كاغەز تاپىپ باشىدا ،
قويۇپدۇر قىلىپ خەت ئەمىر قاشىدا .
ئوقۇپ باقتى ئول دەم بۇ خەتنى كۆرەپ ،
دېمىش : « سادە بىھاسىلى ، ئەي ئەرەب .
سېنى ئادەمىيان ئىبەرمىش ئىدىم ،
قەبۇل بولمادى ، نەچچە نەۋبەت دېدىم .
بۇ ئىككى تەخى بىر گۇناھغە سەبەب ،
كى بولدى ، ۋەبالى ساڭا ، ئەي ئەرەب .
ۋە ھەم ئۆلتۈرۈر ئىردىمۇ مەن سېنى ،
قىزىلىڭ قويمادى ئۆلتۈرۈرگە مېنى . »
بۇ يەڭلىغ پىتىپ سۆزنى ئەسما پەرى ،
قويۇپ خەتنى مۇندا ، كېتىپدۇر نېرى .
ئەمىر ئەۋۋەلا ئۇشبۇ خەتنى ئوقۇپ ،
كۆمۈپ سالدىلار لانسانى قويۇپ .
قىلىپ ھەق تەئالاغە شۈكرى سەنا ،
ئەمىر مىندى ئەشقەرغە ، يۈردى يانا .
تەۋۋەككۆل قىلىپ تەڭرىگە كەتتىلەر ،
كى دەريايى ئوتدىن ۋەلې ئۆتتىلەر .

يېتىپ كەلگدى بىر تاغنىڭ قاشغە ،
قاراپ ھەر سارى چىقتى تاغ باشغە .
كى بىر شىرنى خەنجەر سالىپ ئۆلتۈرۈپ ،
ۋەلې ئالدىلار تېرەسىنى سويۇپ .
تۇرۇپ نەچچە قوم دەشتىدىن ئۆتتىلەر ،
كى شاھى جۇنەيد شەھرىگە يەتتىلەر .
بۇ شىرنىڭ تېرەسىنى ئەيلەپ ئالا ،
قىلىپ كىيدىلەر باشلارىغە كۆلا .
بولۇپ ئېردى شاھى جۇنەيدغە خەبەر ،
كى ئول دەم چىقىپ ئالدىغە ئۇشبۇئەر .
ئالىپ كىردىبۇ شەھرگە دەر زەمان ،
بېرىپ ھاسىلى مەجلىسۇ ئانچۇنان .
قىلىپ نەغمە سازندەلەر بىرنەچچە ،
تاڭ ئاتتى قۇياش ، ئۆتتى ھالا كېچە .
بۇ ئەسنادا چىقتى ئىشكدىن غەرەۋ ،
كىرىپ كەلدى ئول دەم تالادىن بىرەۋ .
بۇ ئادەم كىرىپ دېدى : « ئەي شەھرىيار ،
كېلىپدۇركى ئول بۆرىنى چوڭ نامدار . »
ئىشتكەن زەمان سۆزنى شاھى جۇنەيد ،
ۋەلې قورقابان بولدى زەھرى تەرىد .
ئەمىر دېدىلەر : « ئول نەيەڭلىغ كىشى ،
ئانىڭ باردۇرۇر سىز بىلەن نە ئىشى . »
دېدىكىم : « بۇ شاھى جۇنەيد يا ئەمىر ،
كى بار بۆرىنا چوڭ پەھلەۋان مۇندا بىر .
مېنىڭ بىرگىنە ئاجىزىم بار دۇرۇر ،
كى ھۆسنۇ جەمالدا يەكتا ئېرۇر .
تىلەيدۇر ئانى ، قىلماغۇمدۇر قەبۇل ،
ئىشەنمىش ئۆزى پەھلەۋانلىقغە ئول .
نېتەي ، مەنكى بەرمەكنى قىلسام ھەۋەس ،
قەبىلەم ئاڭا قىزنى بەرگەن ئەمەس . »
بۇ سۆزدىن ئەمىر بۇيرۇدى شول زەمان ،
دېدى : « ئالدىغە چىقسۇ لەشكەر رەۋان . »
ئەمىر بولدى لەشكەر ئارا رو بەرو ،
بۇ سەگ ھەربە سالدىكى ئەيلەپ غەرو .
كى ئەسلا ئەمان بەرمەيىن شىرى مەرد ،
ۋەلې قىلدى بىر مۇش بىلەن گەردۇ گەرد .
قاچىپ ئۇشبۇ سەگ بىرلە كەلگەن چەرىك ،
ۋەلې بولدى باسرۇق ، قۇتۇلماي تىرىك .
ئەمىر فەتھۇ نۇسرەت تاپىپ شول زەمان ،
شەھەرگە يانىپ كىردىلەر شادىمان .
كى شاھى جۇنەيدغە بولۇپ بۇ فسەند ،
ۋەلې تويغە باغلاتتى ئايىنە بەند .
كى ئۆلتۈردى مىڭ تۇۋە يۈزمىڭچە قوي ،
قىزىنى ئەمىرگە بېرىپ ، قىلدى توي .
بولۇپ ئول زەمان ۋەسلىگە ۋاسلى ،
قىلىپ ئانچۇنان كامى دىل ھاسلى .
ئەمىرنىڭ لەبىدە بۇ قىزنىڭ يۈزى ،
كېتىپ ئۇيقۇغە بۇ ئەمىرنىڭ كۆزى .
كى بىدار ئولۇپ ئۇيقۇدىن شول زەمان ،
ئەمىر باقسە بۇ يەر بولۇپدۇركى قان .
بولۇپ بۇ ئورۇننىڭ ئىچىبۇ تاشى ،
كېسىكلىك تۇرادۇر بۇ قىزنىڭ باشى .
ئەمىر قىلدى شاھى جۇنەيدغە خەبەر ،
بۇلار يىغلابان چەكتى پۇردەردى سەر .
ھەمە بىلدى ئەسما پەرىنىڭ ئىشى ،
دېدى قىلماغاي ئاندىن ئۆزگە كىشى .
تۇتۇپ ماتەمىن يىغلاشىپ تۇردىلار ،
نەمازىن ئۆتەپ ، يۇپ ـ تاراپ قويدىلار .
ئەمىر كۆردى ساندۇقنى بىر دالدىدا ،
تۇرادۇركى شاھى جۇنەيد ئالدىدا .
بۇ ساندۇقنى سوردى ئەمىر بارھا ،
دېدىلەر : « مۇنىڭدا نېچۈك كارھا ؟ »
دېدى شەھ جۇنەيد باشىنى تىترەتىپ :
« تەمامى قىزىمنىڭ ئاتىنى پىتىپ .
قويارمەنكى ساندۇقغە تاشلاپ ئانى ،
ۋە ھەر بولسە ناگەھ ئازىنە كۈنى .
سالىپ قولنى ساندۇقغە ئول سائەتى ،
ئەگەر چىقسە قايسى قىزىمنىڭ ئاتى .
كى ئەرجەڭگى دەپ بىرگىنە زەڭگى بار ،
زەبەردەست ئېرۇر ئانچە ئول نابكار .

بىرۇرمەن ئاڭا ئۇشبۇرەڭ ھاسلى ،
بولۇپ ۋەسلىگە بۇ سىفەت ۋاسلى .
ئەمىر ئۇشبۇ سۆزنى ئالىپ شول زەمان ،
كى ئەرجەڭگى قاشىغە يۈردى رەۋان .
بۇ دىۋنىڭ چەھار باغىغە يەتتىلەر ،
بۇ سەگنى تاپىپ قەتلى ئام ئەتتىلەر .
ئوقۇپ ھەقغە ھەمدۇ تۈمەن مىڭ سەنا ،
يانىپ كەلدىلەر بۇ شەھەرگە يانا .
بۇ ئەسنا تۇلۇئ كۇفە كەلدى يېتىپ ،
ئەمىرنى ئالىپ چىقتى ئىئزاز ئېتىپ .
ئەمىر موللا ئاشۇبى فەھلۇۋىنى ،
تىلەپ ئالدى شاھى جۇنەيددىن ئانى .
كىرىپ يولغە ئول دەم ئۈچ ـ ئويلەن بۇلەر ،
تۇلۇ كۇفەنىڭ شەھرىگە كەلدىلەر .
تۈزۈپ مەجلىس ئەسبابىنى ھاي ـ ھاي ،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ نەچچە كۈن ، ئۆتتى ئاي .
ھىكايەت ئېشىتكىل كۆڭۈل خۇشىدىن ،
ھەرامزادە قەتمەن گىلەم گۇشىدىن .
بۇ مەجلىسدە قەتمەن ئۈيۈن باشلادى ،
ئەمىرغە يىراقدىن كېسەك تاشلادى .
بۇ ئېردى كېسەك تاشلاماق مەئنىسى ،
ئىدى قىز بىرۈر بولسەلەر رەسمىسى .
بۇ ئىشدىن تۇلۇئ كۇفە تاپتى خەبەر ،
كېلىپ ئاچچىغى دېدى : « ئەي خەيرۇ شەر .
مېنىڭ بىر قىزىم بار تۇرۇپ مۇندا ھەم ،
سېنىڭكى قىزىڭغە بولۇرمۇ بەھەم ؟ !
نېدىن سەن بۇ رەڭ ئىئتىمال ئەيلەگۈڭ ،
بىرەي دەپ قىزىڭنى خەيال ئەيلەگۈڭ ! ؟ »
بۇ سۆزلەرنى كۇفە ئارىغ ئاڭلاتىپ ،
كى قەتمەننى ئۆلتۈردىبۇ باغلاتىپ .
دېدى كۇفە ئاندىن قوپۇپ : « ئەي ئەزىز ،
مېنىڭ بىر قىزىم بار ، ئالىڭ ئەمدى سىز . »
ئەمىر ئايدى : «ئەي سەگ ، بۇ رەڭ پوق يېمە ،
سېنىڭكى قىزىڭنى قىلۇرمەن نېمە ؟ ! »
غەزەبدىن ئەمىر ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
ئۈرۈپ ئېردى فەرقى سەرىگە رەۋان .
بولۇپ پارە ـ پارە چۈچۈك باشى ھەم ،
تېنى بولدى دوھەسسە گويا قەلەم .
تۇلۇئنىڭكى بىر ئوغلى ھەم بار ئىدى ،
كىچىك ، سۈتنى ئەممەك ئۈچۈن زار ئىدى .
ئالىپ قاچتىلار كۇفەلىغ ئول كۈنى .
بەيابان قەزاۋۇ قەدەرگە ئۇنى .
ئەمىرنىڭكى يوق ئولدى غەم ـ غۇسسەسى ،
كېيىن كەلگۇسىدۇر مۇنىڭ قىسسەسى .
كى قىتمەن گىلەم گۇشدىن بىر ئوغۇل ،
تۇغۇلغاچ ئۈچ ئايلىق ئىدى ئەمما ئول .
گىلەم گۇش ئەيىيار ئىدى ئاتى ھەم ،
ئىدى شاھزادە ئانىڭ زاتى ھەم .
ۋەلې ئول ئوغۇلنى ئالىپ باشغە ،
كى يەتكۈردى ئول ھەم ئەمىر قاشىغە .
نەسىھەت قىلىپ ئانچەدىن ئەھلىغە ،
ئانى پادشاھ قىلدى بۇ شەھرىگە .
ئەمىر بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتتىلەر ،
يۈرۈپ تىۋە باش شەھرىگە يەتتىلەر .
زۇھەل تىۋەباش بۇ خەبەرنى تاپىپ ،
ئەمىرنىڭكى ئالدىغە چىقتى چاپىپ .
كى ئىئزازۇ ئىكرام ئېتىپ ئانچۇنان .
شەھەرگە ئالىپ كىردىلەر شادىمان .
ئەمىرگە بۇرۇر ۋەقتى مەجلىسنى ئول ،
بۇ ئەسنا يېتىپ كەلدى تارىك ئوغۇل .
يىگىرمە ئىككى مىڭ نامدار پەھلەۋان ،
كېلىپدۇر دېدىلەر بولۇپ كامران .
ئەمىر سوردى: «مۇندا كېلۇرمىش نە دەپ؟ »
دېدى تىۋەباش : « ئول ئېرۇر بىئەدەب .
مېنىڭ بىر قىزىم بار ئىدى شۇھرەتى ،
كى ئەۋرانە خاتۇن قويغان ئاتى .
تىلەيدۇر ئانى ، قىلماغۇمدۇر قەبۇل ،
بۇ ئىشدىن يىغى بولغان ئوخشايدۇ ئول .
كى پۈرزور مەندىن زەبەردەست ئېرۇر ،
ماڭا ھەر بەلا كەلسە ، ئاندىن كېلۇر . »

بۇ سۆزدىن ئەمىر ئالدىغە چىقتىلار ،
بۇ سەگىنى ئەمان بەرمەيىن تۇتتىلار .
نەسىھەت قىلىپ باقتىلار ئۇشبۇ دەم ،
كى بولماي مۇسۇلمانى ، ئۆلتۈردى ھەم .
شەھەرگە يانىپ تۈشتىلەر تىزۇتۇن ،
ئەمىرگە بۇ مەجلىس بېرىپ ئىككى كۈن .
زۇھەل تىۋەباش ئۆلتۈرۈپ نەچچە قوي ،
ئەمىرگە قىزىنى بېرىپ ، قىلدى توي .
ئەمىر قىزنى كۆرسەكى ، ئول ساچى ئاق ،
ۋەلې تىۋە يەڭلىغ بۇرۇنۇ قۇلاق .
قاچىپ چىقتى تاشلاپ بۇ قىزنى ھەمان ،
شەھەردىن چىقىپ ، بولدى يولغە رەۋان .
ئەمىر ، موللا ئاشۇبى نەققاش ھەم ،
يېتىپ كەلدى دەريا لەبىگە بۇ دەم .
ئۇلۇغدۇر سۈيى ، يوق ئۆتەرگە كېمە ،
دېدىلەر : « مۇنىڭكى ئىلاجى نېمە ؟ »
ئۇشۇل دەم يىغاچنى تاپىپ تال بىلەن ،
كىزىپ ئۆتتىلەر دەريانى سال بىلەن .
بارىپ ئېردى ئول يانىغە ، تىللاشىپ
كېلىپدۇر بۇ قىز ئارقادىن قوغلاشىپ .
كى فەرياد قىلدى ئەمىرگە باقىپ ،
دېدى : « ئەي يىگىت ، مەن ئۆلەرمەن ئاقىپ .
بۇ ئەرزى دىلىمنى ساڭا داد ئېتەي ،
كى ئىشقىڭدا دىۋانە بولدۇم نېتەي .
قولۇم تاڭلا ئاھۇ نەدامەت كۈنى
كى بولسۇن ياقاڭدا قىيامەت كونى . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئاھ ئۇرۇپ بەرقۇ بەرق ،
ئۆزىنى سۇغە تاشلادى ، بولدى غەرق .
رەۋان بولدى ئاندىن ئەمىر دەرمەھال ،
يۈرۈپ شەھرى نىمتەگە كەلدى بۇ ھال .
ئەمىردىن ئالىپ زاغى نىمتەن خەبەر ،
چىقىپ ئالدىغە پىشباز ئۇشبۇ ئەر .
شەھەرگە ئالىپ كىردىبۇ شول زەمان ،
كى تويلاقى مەجلىس بىرىپ ئانچۇنان .
بۇ ئەسنادا چىقتىكى غەۋغايى جەڭ ،
ئەمىر زاغدىن سوردىلار : « بۇ نەرەڭ ؟ »
قوپۇپ زاغ ھەم تاقىنى تاشلادى ،
ئەمىرگە باقىپ يىغلايۇ باشلادى .
دېدى : « ئەي شەھەنشاھۇ ئەي شەھرىيار ،
شەھەر يانىدا بىر چەھار باغ بار .
ئانى دىلكۇشايى چەھار باغ دەر ،
بارالمايدۇر ئول يەرگە ھەم ھېچ ئەر .
نە قىلسا قىلۇر كارىھادۇر ئىشى ،
بولالمايدۇ ھەرگىز بەرابەر كىشى . »
ئەمىر دېدىلەر : « مەن بارىپ ئۆلتۈرەي ،
مېنى ئۆلتۈرسە ئول تالئىمدىن كۆرەي .
قوپۇپ بۇ شەھەرنىڭ چىقىپ تاشىغە ،
كېلىپ بۇ چەھار باغنىڭ قاشىغە ،
ۋەلې تۇشتى دىۋگە ئەمىرنىڭ كۆزى ،
ئاغىزغار يەڭلىغ ، قارادۇر يۈزى .
بەلەند قەددى گۇنبەزگە ئوخشە باشى ،
قولىدا بۆلەرزۆك تىگۇرمەن تاشى .
بولۇپ رو بەرو قىلدى ئانى تۇتۇش ،
فەلەككە يېتىشتى بۇ قىلغان خۇرۇش .
سالىپ ھەربە يەتمىش قاتىم ھەربىرى ،
ۋەلې قىلدى رەد ھەربەنى ھەربىرى .
ئىكەۋلەن قىلىپ ماجەرا ئۇشبۇ رەڭ ،
زەفەر تاپمادى . ئۈچ كېچە قىلدى جەڭ .
كى ئاخىر بۇ ئىش كەلمەدى كارغە ،
ساغىندى ئەمىر تەڭرى دەرگاھىغە .
مۇناجاتىدا ئېردى شەيدا بولۇپ ،
چىقىپ كەلدىلەر خىزرى پەيدا بولۇپ ،
ئۇشۇل دەم بۇ خىزرى ئەمىرنى ئالىپ ،
كى دەريا مۇھىيتىنىڭ لەبىگە كېلىپ .
كى تۇفراق ئالىپ ئەلگەكى زەم قىلىپ ،

ئوقۇپ ئىسمى ئەئزەم ئاڭا دەم قىلىپ .
كى دەرياغە سالدى قىلىپ بۇ تەرىق ،
كى مەۋج ئۇردى ، چىقتى يوغان بىر بېلىق .
دېدى : « ئەي بېلىق تونۇدۇڭمۇ مېنى ،
ساڭا بەرگەنۇ ئول ئەمانەت قېنى ؟ »
ئاچىپ ئاغزىنى بۇ بېلىق شول زەمان ،
تۈمۈر ساندۇقىنى چىقاردى رەۋان .
دېدى : « ئەي خۇدانىڭكى پەيغەمبەرى ،
بۇ كۈن بولدى مەندىن ئەمانەت بېرى .
كى مىڭ يىل بولۇپ ئېردى بۇ غەمدە بىز ،
كى ئەلھەمدۇ لىللاھ ، خەلاس ئەتتىڭىز . »
قىلىپ شۇكرلەر بۇ بېلىق دەم بەدەم ،
ئوشۇل دەم سۇغە كىردىيۇ كەتتى ھەم .
ئاچىپ خىزرى بۇ ساندۇقنى رەۋان ،
ۋەلې ئالدىلار قاتلاغى بىر سىنان .
كى تارتىپ ئانى تۈزدىلەر بولدى راست ،
ئەمىر كوردى بىر نەيزەدۇركى كەراست .
بىسى يەتتە بىسلىق ، ئۇزۇندىن ئۇزۇن ،
سىفەت قىلسە بولماس ، ئەدەددىن فوزۇن .
فۇلات بىرلە ئالماس بىر ھەسسەسى ،
كۈمۈش بىرلە ئالتۇن يەنە دەستەسى .
كى ئۇستادىنىڭكى قولى تەگمەگەن ،
كى فەرزەندى ئادەم كۆرۈپ بىلمەگەن .
ياراتىغان مۇنى ھەق تەئالا ئۆزى ،
مۇڭا تۇشمەگەندۇركى مەخلۇق كۆزى .
ئالىپ خىزرى بۇ نەيرەنى شول زەمان ،
ئەمىرنىڭكى ئىلكىگە بەردى رەۋان .
دېدى خىزرى : « ئەي قۇدرەتۇللاھ بۇ رەڭ ،
قىلىك ئەمدى سىزكىم بۇ دىۋ بىرلە جەڭ .
بۇ دىۋ ئول سۇلەيمان قويۇپ تەختىدە ،
بويۇن بەرمەگەندۇر ئانىڭ ۋەقتىدە .
نەچۇنكىم ئاڭا ھەرنە كار ئەتمەگەن ،
ئانى ھېچكىم ئىننىزار ئەتمەگەن .

ياراتمىش ئىدى تەڭرى بۇ نەيزەنى ،
يېتىشسە ئەجەل ، ئۆلتۈرۈرگە ئانى . »
كى تالىب بولۇپ خىزرى ھەم بىرنەچە ،
كى غايىب بولۇپ كەتتىلەر بۇ كېچە .
ئەمىر نەيزەنى مۇندىن ئالغان زەمان ،
چەھار باغىغە كەلدى مۇندىن رەۋان .
كۆرۈپ نەيزەنى دىۋ يىغى باشلادى ،
قولىدىن ھەممە ھەربەنى تاشلادى .
كى يىغلاپ ئايىتتىكى : « ئەي پەھلەۋان ،
كى بولدۇم مۇسۇلمانى بەرگىل ئەمان .
ماڭا نەيزەڭىزنى بېرىلىڭ ، مەن تىلەي ،
كى خىزمەت قىلىپ ئارقەڭىزغە كىرەي . »
ئەمىر بەرگەيۇ نەيرەنى ئۇشبۇ ھال ،
دېدى خىزر پەيدا بولۇپ دەرمەھال :
« كي ھاي بەرمەگىل ، نەيزەنى تۇت نېرى ،
قۇتۇلماس سېنىڭ مىڭ جانىڭدىن بىرى . »
بېرۈر ھالدا نەيزەنى پەھلەۋان ،
كى بىر ئۇردىلار سىينەسىگە رەۋان .
يىقىلدى بۇ دىۋ ئارقەسىدىن چىقىپ ،
كى ئۆلتۈردى بەش ـ ئالتە يەرگە تىقىپ .
قىلىپ ھەقغە ھەمدى تۈمەن مىڭ سەنا ،
ئەمىر يۈردىلەر بۇ شەھەردىن يانا .
كى مەنزىل ـ مەراھىل چېكىپ نەچچە كۈن ،
زەنان شەھرىگە كەلدىلەر تېزۇ تۇن .
چىقىپ ئالدىغە پىشباز ئول زەمان ،
ئالىپ كىردى شەھرىگە شاھى زەنان .
ئەمىر كۆردى خەلقى تەمامى تىشى ،
شەھەر ئىچرە يوقتۇركى ئەركەك كىشى .
كى سوردى ئەمىر : « يوق ئاتاسىز ئانا ،
بۇ فەرزەند نە يەردىن تۇغۇلمىش يانا ؟ . »
دېدى ئول مەلىكە زەنان : « ئەي ئەزىز ،
بۇ خەلقى تەمامى جەرۋان بىرلە قىز .
كى فەرزەند تۇغۇلماقنى قىلسە ھەۋەس ،
ۋەلې ئەر كىشى بىزگە لازىم ئەمەس .

شەھەر يانىدا باردۇر بىر بۇلاق ،
سۈيى ئانچە تاتلىغ ئانىڭ تەگگى ئاق .
بارىپ ئۇل بۇلاقغە ، ئىبادەت قىلىپ ،
سۈنى ئىچسە غۇسلى تەھارەت قىلىپ ،
بولۇر ھامىلە ئاندا بىئىختىيار ،
تۇغاي دىبسە فەرزەند بۇ يەگۈلىغ تۇغار .
كى تۇغماي دىگەنلەر باقىپ ياشىغە ،
كى تۇغماي دىگەنلەر باقىپ ياشىغە ،
قىلىپ ئۇشبۇ سۆزلەرنى ھەر بىر نەچە ،
ۋەلي بەردى مەجلىسنى بولدى كېچە .
بولۇپ مەست موللا ئاشۇبى نەققاش ھەم ،
بۇ مەزلۇمگە قىلدى ھەزىلۇ بۇ دەم .
ئەمىر مەنئى قىلدىلارۇ شول زەمان ،
يامانلاپ چىقىپ كەتتى بۇ دەر زەمان .
چىقىپ بىر چەھار باغىنىڭ قاشىدا ،
كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېردى كۆل باشىدا .
كى بىر قىز چىقىپ كەلدىيۇ ئۇشبۇ ھال ،
تۇرار ئېردى مۇندا بولۇپ پايمال .
چىقىپ كەلدى بىردىۋ ، ئاغىز غاردەك ،
باشى گۈنبەزۇ تىشلارى ئارىدەك .
كۆرۈپ موللا ئاشۇبىنى ئۇشبۇ رەڭ ،
ئالىپ تاشلادى كۆلگە قىز بىرلە تەڭ .
بولۇپ ئېردى ئۆلمەك ، چىقارۋەقتى جان ،
ئەمىر كەلدى ئىزدەپ باقىپ كۆل سويان .
سۇدىن ئالدى ئۆلگۈنچە ، كەلگەن زەمان ،
تۇتۇش قىلدى دىۋ بىرلە ، بەرمەي ئەمان .
بۇ دىۋ قاچتى ئاجراپ ئەمىردىن بىرۇق ،
بارىپ كىردى گۈنبەزگە ، باقتىكى يوق .
مۇنى ئىستەدى ، بولدى تۈن ھەسسەسى ،
بار ئىركەن بۇ گۈنبەزدە قىرق ھۇجرەسى .
سۇلەيماننىڭ گۈنبەزى ئېردى بۇ ،
ئانىڭكى خەزىنەسى ئېردى شۇبۇ .
تاپىپ دىبدى ھەم ئىزدەبان بىرنەچە ،
يانا ھەم تۇتۇش قىلدىلار بىر كېچە .
بولۇپ كەتتى غايىپ بۇ دىۋ ئاخىرى ،
كى ھازىر بولۇپ خىزرى پەيغەمبەرى .
دىبدىلەركى : «ئەي قۇدرەتۇللاھ قويۇڭ ،
شۇبۇ ئىسمى ئەئزەمنى مۇندا ئوقۇڭ .
كى زاھىر بولۇر ساندۇقى تەكچەدا ،
ئانى قىلغىل ئەۋۋەل ئۇ يەردىن جۇدا .
كى ئاچغىل بۇ ساندۇقنى ، ئەي شەھرىيار ،
كى ئالتۇن غىلاف بىرلە شەمشىر چىقار .
بۇ شەمشىردۇر ئۇشبۇ دىۋنىڭ جانى ،
ئۆلەر دىۋ ،ئالىپ يەرگە ئۇرساڭ ئانى . »
قىلىپ ئېردى ئانداغ ، ئالىپ شىرى مەرد ،
چۇ دىۋ ئۆلدى گويا بولۇپ گەردۇ گەرد .
بۇ ئىشلارغە بولدىلارۇ شادىمان ،
كى مۇندىن چىقىپ ، بولدى يولغە رەۋان .
كى بىر دەشت ئىلە تاغدىن ئۆتتىلەر ،
كى ئۇيباش دىگەن شەھرگە يەتتىلەر .
ئەمىردىن ئالىپ شاھى ئۇيباش خەبەر ،
چىقىپ ئالدىغە پىشباز ئۇشبۇ ئەر .
شەھەرگە ئالىپ كىردىيۇ دەر زەمان ،
ئەمىر قالدى ھەيران تەماشا بۇيان .
باشى ئۇيغە ئوخشە مۆگۈزلۈك ھەمە ،
نە ئادەمگە ئوخشە نە ھەيۋان دىمە .
ئاسىپ قوگرۇغۇ ساچغە رەڭ بەرەڭ ،
خەلايىق ، بۇ ھەق سۇنئىنى بىر كۆرەڭ ،
تەماشا قىلىپ بۇ ئەمىرى جەھان ،
بۇلارغە باقىپ سوردىلار : « بۇ قايان ؟ »
دىبدى شاھى ئۇيباشى : « ئەي شەھرىيار ،
بۇرۇنقى يولى چۆل بەيابانى بار .
بۇ كۈنلەردە يول تاغ بىلە جارىدۇر ،
بۇ يول كوھنە يولدىن ئۇزاق نارىدۇر .
سۇلەيمان زەمانەسىدە كوھنە يول ،
ئانىڭ بىرلە ئۆتمىش ئىدىلەركى ئۇل .
ئۇلاردىن قالىپ مۇشكىل ئولمىش ئىشى ،
ئۆتەلمەيدۇ مىڭ يىل بولۇپدۇر كىشى .
ئىكى كۆپ جەفايى بەلايى ئەلەم ،
تولا تارتەدۇر تاغ ئارا دەردۇ غەم .

کی بىلمەیدۇمەن ، سىز نېچۇك ئۆتتىڭىز ،
بۇ مەنزىلگە هالا نېدىن یەتتىڭىز ؟ »
ئەمىر ئایدىلار : چۆلدەكی كوهنە یول ،
نە ئىشدىن بۇ نەۋئ بەرتەرەف بولدی ئول ·؟»
دېدی شاهی ئۇیباش بۇ سۆزنی داغی :
بار ئېردی سۇلەیماننىڭ بىر باغی ·
ئانی دەر ئىدی باغی ئارامی دىل ،
سىفەت قىلسە ئانی دېیەلمەس بۇ تىل ·
قەزارا ، سۇلەیمانغە یەتتی ئەجەل ،
کی بىر دىۋ بار ئېردی یوق ئېردی بەدەل ·
ئىگەللەپ ئالىپ باغنی ئۇشبۇ دىۋ ،
ۋەلې بۇ سەبەبدىن ئۆتەلمەس بىرىۋ ·
بۇ دىۋنىڭ بار ئېرمىش سەمەندۇن ئاتی ،
بۇ یوللارنی قویمىش ئوشۇل لەئنەتی · »
قىلىپ بەردی ئۇیباش بۆ سۆزلەرنی هەم ،
ئەمىر قویدىلار ئۇشبۇ یولغە قەدەم ·

* *[1]

ئىشتمەك كېرەك قىسسە بۇ راۋىدىن ،
خاجە ئۇمری غەرىب خەستە پۇر زاردىن ·
بۇلار جەمشىد ئاباددا ئېردىلەر ،
ۋەلې بولدی تەڭلىك یانا بۇ شەهەر ·
خاجە ئۇمری چىقىپ قەلئە تاپماق ئۈچۈن ،
ئاسایىش ، فەراغەتدە یاتماق ئۈچۈن ·
بارۇر ئېردىلەر تارتىبان دەردۇ ئاھ ،
چىقىپ كەلدی ئالدىغە ئونمىڭ سىپاھ ·
ۋەلې شاهی ئەنسەر شىكار ئەتكەلی ،
چىقىپ ئېردی ۋەهشىنی زار ئەتكەلی ·
بەناگەھ ئویۇنغە قىزىققان زەمان ،
کی بىر شىر چىقتی ، یۈگۈردی رەۋان ·
سۇلاپ شاهنی بىر چۇقۇرغە تىقىپ ،
کی ئۆلتۈرگەلی ئەسفی باشنی چیقىپ ·
خاجە ئۇمری بۇ شىرنىڭ كېلىپ قاشغە ،
فەلەقمان بىلەن ئۇردىلار باشغە ·
بۇ شىر یەردە یاتتی بولۇپ رىز - رىز ،
دېدی شاهی ئەنسەر : « خاجە ئۇمرىمۇسىز ؟
نە یاخشی نە خۇب ۋەقتدە یەتتىڭىز ،
ئۆلۈمدىن مېنی خۇش خەلاس ئەتتىڭىز »
یىقىلدی ئایاغىغە شاهی بۇ هال ،
كۆرۈشتی ، تانۇشتی ، سوراپ ئەسفی هال ·
دېدىكىم ئاڭا : « شاهی ئەسفەر ئاتىم ،
ۋەلې سىزنی تاپماق ئىدی نىیەتىم ·
کی تۈش كۆردۇمۇ مەن بىر ئاخشام یاتىپ ،
مۇسۇلمانی بولدۇم بىشارەت تاپىپ
کی ئاشلىق ئۇشۇل شەهردە بولسە یوق ،
کی مەن یىغدىمۇ ئىككی یىللىق ئوزۇق ·
ئۇلارنی ئالىپ كەلتۈرۈڭ مۇنداسىز ،
جەمالىڭلاغە مۇنتەزىر ئەمدی بىز · »
خاجە ئۇمری بۇ چۆلنىڭ چىقىپ تاشغە ،
یېتىپ كەلدی مېهرىنگار قاشغە ·
کی بىر كېچەسی ئات - ئۇلاغنی توقۇپ ،
رەۋان بولدی تۈن هەسسەسىدە قوپۇپ ·
كېلىپ شاهی ئەنسەر قاشغە رەۋان ،
کی یاتتی فەراغەتدە نەچچەند زەمان ·
خەبەر تاپتی زۇبىن بۇلاردىن هەمىن ،
بۇ قوغلاشتی لەشكەر بىلەن ئارقەدىن ·
ۋەلې یاتتی بۇ سەگ شەهەرنی قاباپ ،
قىلىپ كۈندۈزی جەڭ ، كېچە ئوت قالاپ ·
بۇ یەڭلىغ قىلىپ ، ئىككی یىل قىلدی جەڭ ،
یەنە بولدی ئاچلىققە بۇ خەلقی تەڭ ·

---

[1] ئەسلی قول یازمىدا بۇ ئورۇنغا ماۋزۇ ئۈچۈن تۆت قۇر ئاق ئورۇن تاشلانغان · ئەمما ماۋزۇ كۆچۈرۈلمىگەن ·

چېكىپ بىر كۈنى شاھى ئەنسەر فىغان ،
دېدى : « ئەي نەزەرگەردە پەيغەمبەران .
كى دەريايى مەغرىب لەبىدە يانا ،
كى باردۇركى بىر قەلئە شەھرى بەنا .
ئانىڭ شاھى بىزلەرگە تۇغقان ئېرۇر ،
كى شايەد كېلىڭ دەپ ئىجازەت بېرۇر .
ئوشۇل ياخشى خۇب قەلئەدۇر ھاي ـ ھاي ،
تولا ئاشلىقى . توقلۇقۇ خەلقى باي .
خاجە ئۇمرى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلا نېچە ،
رەۋان بولدى بۇ قەلئەگە تۈن كېچە .
بارىپ ھەم كۆرۈپ ياندىلار شول زەمان ،
بولۇپ چىقتىلار سۇدگەر كارۋان .
كېلىپ تۈشتى بۇ قەلئەنىڭ قاشىغە ،
كى لەڭگەرنىڭ ئالدىغە يول باشىغە .
خاجە ئۇمرى قاراقچى ياساپ بىر كېچە ،
ئۆزىنى ئۆزى بۇ بۇلاتتى نېچە .
قاراۋۇل بۇ ئىشلاردىن ئالدى خەبەر ،
يۈگۈردىكى شەھ قاشىغە ئۇشبۇ ئەر .
كىرىپ دېدى : « ئەي شاھى ئالىي جەناب ،
تۇرار ئېردىمۇ مەن ئىگىزدىن قاراپ .
كېلىپ ئېردى كۆپ كارۋان بىر نەچە ،
قاراقچى بۇلاپ كارۋاننى كېچە .
بەغايەت سوقۇپ ھالىنى قويمادى ،
ئارىغ ئالدى ، فۇل ـ مالىنى ، قويمادى .
بۇ سۆزلەرگە شاھى غەزەبناك ئولۇپ ،
كېلىپ غەيرەتى جوشۇ ئىدراك ئولۇپ ،
دېدى موللانى : « قىسقە ئايەت ئوقۇ .
نەمازدىن يانىپ ئاتلاناي ، ئات توقۇ .
ئوشۇل دەم چىقىپ كەلدى شاھى رەۋان .
بولۇپ ئېردى ئونمىڭ كىشى كامران .
خاجە ئۇمرى ئۆزى باشلىغىن سالدى ئات ،
سەھەرگە كىرىپ ئالدىلار قاتما قات .
شەھەرنى ئالىپ شاھىنى تۇتتىلار ،
مەدارا قىلىپ كۆڭلىنى ئۇتتىلار .
بۇ ئىشلارنى زۇبىن ئىشىتتى ئارىغ ،

ئۆزى تىترەدى ، رەڭگى بولدى سارىغ .
بۇ مەلئۇن قىلىپ باش يالاڭ ، سىينە چاك ،
كەڭەش قىلدى بەختەك بىلەن دەردناك :
« ئۆزى ئاتلانىپ كەلسۇن نۇشىرۋان ،
نامۇس قىلماسۇن ، بۇ خاجە ئۇمرى يامان .»
رەۋان بولدى بەختەك بۇ سۆزنى ئالىپ ،
بەيان قىلدى نۇشىرۋانغە كېلىپ .
دېدى : « ئەي ئەمىرى مەدايىن ، يۈرۈڭ ،
خاجە ئۇمرى بىلەن جەڭ قىلىپ بىر كۆرۈڭ .
ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلغالى سەن نامۇس
ۋەلې قىلماغىل ، ئول سېنى قىلدى كۇس .
خاجە ئۇمرى دېگەن رۇستەمۇ سام ئىكەن ،
ئانىڭدەك يىگانە بالا كام ئىكەن .
بولۇپ ئېردى مۇشكىل بۇشەھنىڭ ئىشى .
بۇ ئەسنا كىرىپ كەلدىلەر بىر كىشى .
كىرىپ دېدى : « ئەي پادىشاھى زەمان ،
ئۇرۇس شەھرىدىن كەلدى مىڭ پەھلەۋان .
ئاچىلدى بۇ شەھ گۇل كەبى لالە رەڭ ،
كى چالدۇردى خۇشھال ئۇرۇپ تەبلى جەڭ .
ۋەلى قىلدى بۇنياد مەجلىس بەنا ،
قىزىنى مۇڭا ۋەئدە قىلدى يانا .
بىر ئادەم يانا كەلدى بۇ سائەتى ،
كىرىپ دېدى : « ئەي شاھى ، ئەي لەئنەتى .
سەئىدى دېگەن مەنچەنەقچى رەۋان ،
كېلىپدۇركى ئول پەھلەۋانى زەمان ، »
زىياد ئولدى بۇ شاھنىڭ خۇشلۇقى ،
يوق ئولدىكى غەم بىرلە خامۇشلۇقى .
كى يۈز سەكسەن ئۇچمىڭ ئۇلۇغ پەھلەۋان ،
ئوشۇل دەم ئالىپ يۈردى نۇشىرۋان .
بۇ كەلگەن چەرىكلەر نەيەرگە پاتار ،
كى قورشاپ ئالىپ تۈشتى يەتمىش قاتار .
سەئىدى دېگەن مەنچەنەقغە قەدەم
قويۇپ ، مەنچەنەق راستلادى ئۇشبۇدەم .
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشلاردىن ئالدى خەبەر ،
شەھەر ئىچرە سوقتى يانا بىر شەھەر .

ئۇچۇردى بۇ سەگ قەلئەنى ئۇشبۇھال ،
بۇلار قەلئە سالدى يەنە دەرمەھسال .
بۇ يەڭلىغ قىلىپ ئالدى ئۈچ قەلئەنى ،
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « ئىلاجى قېنى ؟
يارانلار ، بۇ سەگ قەلئەنى ئالغۇدەك ،
كى يەر قالمادى بىر يەنە بارغۇدەك . »
دېدى مەغرىبى يەئنى سۇلتانى تەخت :
ئەگەر بارسە بىر قەلئە بار [ ئۇشبۇ ۋەقت ] .
كى دەريانىڭ ئول يانىدا ، ياخشى جاي ،
يانى تاغ ، بۇلاقلار تولا ، هاي ـ هاي .
ئۇ شەھرىگە رەيھان شەھى شاھىدۇر ،
كى مەشقال شەھى ئوغلى خۇش ماھىدۇر .
كى رەيھان شەھىدۇر مېنىڭكى تاغام ،
كى بىز بىر جەمائە ، مېنىڭ ئول ئاغام .
شەھەر ئانچە مەھكەم ، يەنە خەلقى غول ،
كى بىزلەرگە ھەم قەلئەنى بەرمەس ئول .
ئۇ قەلئە بەھەم بولسە بىزگە ئەگەر ،
ۋەلېكىن ئالالماس ئىدى ھېچ ئەر . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « مەكر قىلماق كېرەك ،
يەنە يوق ئىلاجى مۇنىڭدىن بۆلەك . »
ئەمىر تىلدا قىلدى پىتىپ نامەنى ،
ئالىپ كەلدى مۇندا بۇ ھەڭگامەنى .
خاجە ئۇمرى قىسىپ نامەنى باشىغە ،
يېتىپ كەلدى بۇ قەلئەنىڭ قاشىغە .
كى رەيھان شەھى ئوردانىڭ تاشىدا ،
تۇرار ئېردى دەرۋازەنىڭ قاشىدا .
خاجە ئۇمرى مۇلازىمەتلىكنىڭ ئىشى
قىلىپ ئېردى ، شەھ بۇيرۇدى بىر كىشى .
كى شەھ ئالدىغە كەلتۈرۈپ شول زەمان ،
دېدى : « سەن نە ئادەم ، مەكانىڭ قايان ؟ »
خاجە ئۇمرى دېدى : « مەن ئە بۇلئالىنىڭ ،
بەلي ئېرھەمۇ دەۋلەت ئىقبالىنىڭ ،
خاجە ئۇمرى دېگەن مەن غەرىبى جەھان ،
نەزەرگەردەئى ھەفتە پەيغەمبەرران . »
دېدى شاھى رەيھان : « شۇبۇ قاچغۇچى ،
كى شەھنىڭ قىزىنى ئالىپ قاچقۇچى .
كى يۈرگەن شەھەردىن شەھەرگە كى سەن ،
كى جەڭ قىلغۇچى شول خاجە ئۇمرىمۇ سەن ؟ »
دېدى : « ئارى ، مەن شول فەقىرۇ غەرىب ،
كى ئەمدى بۇ خىزمەتدە تۇردۇم ھارىپ . »
يانا سوردى شەھ : « نى سۆزۈڭ باردۇر ،
نە ئىش بولدى ھالا ، نە دىشۋاردۇر . »
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « ئىشتىكەندۇلەر ،
بۇ ئىشدىن بولۇپ ئېردى بولغاي خەبەر .
ئەمىر كوھى قافغە كېتىپ ئۇشبۇ خىل ،
ئاڭا بولمىش ئېردىكى ئون ئىككى يىل .
ئىبەرتىب ئىكەنلەر ئۇلار بىزگە خەت ،
كى سۇلتانى بەختى قىلىپ مەسلەھەت .
بۇ خەتكە مۇناسىب كۆرۈپ سىزلەرنى ،
ئالىپ كەلدىمۇ ئالدىڭىزغە مۇنى . »
تۇتۇپ بەردى خەتنى خاجە ئۇمرى قوپۇپ ،
ئاچىپ شاھى رەيھانى باقتى ئوقۇپ .
پىتىپدۇر بۇ رەڭ : « مەن ئەمىرى ئەرەب ،
كى ئەمدى بارالمايدۇ مەن ئول تەرەف .
كى بولدۇم بۇ قاف ھەفتە ئىقلىمغە شاھ ،
ماڭا قالدى بۇ سەلتەنەت ، تەختۇ جاھ .
كى بولدۇق يەنە كەدخۇدا مۇندا بىز ،
خاتۇنۇم بولۇپ ھامىلە ، تۇغدى قىز .
كى ياد ئەتمەسۇنلەر مەلىكەم مېنى ،
ئاتاسىغە ھەم بەرمەگىزلەر ئانى .
ماڭا لازىمى يوقتۇر ، ئانىڭ ئىشى ،
بېرىڭلار تاپىپ بىر مۇناسىب كىشى .
خاجە ئۇمرىگە مەندىن دۇئايۇ سەلام ،
بۇ سۆزلەر بىلەن نامە بولدى تەمام . »
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « بۇ خەت سۆزىچە ،
قىلىپ مەسلەھەت ئىككى كۈن بىر كېچە .
مۇناسىب كۆرۈپ بارچە سىزلەرنى بىز ،
مېنىڭ كەلمەكىم ئېردى بۇ مۇندا تېز . »
دېدى شاھى رەيھان بۇ قايداغ سۆزۈڭ ؟ !
بىئىخلاس ئىكەندۇك بەغايەت ئۆزۈڭ .

جافا تارتىبان نەچچە يىل سەد ھەزار ،
قاچىپ ھەر شەھەرگە ، بولۇپ خارۇ زار .
بۇ خەت كەلسە . قىلماي بۇ ئىشنى ھەيال ،
بىرەي دەپ كىشىگە قىلىپسەن خەيال .
كى ئوغلۇم دېگەن ئول كىشىنى شىگىل ،
رەۋامۇ ساڭا ، قايىسى مەزھەبدە بىل ! »
بۇيۇردى : « تۇتۇڭلار بۇ ئادەمنى بەك !
بۇ بىئىئتىقادنى ئۇرۇڭ ئۆلگۈدەك ! »
خاجە ئۇمرى دېدى : « بىلگەنىم يوق ئۆزۈم ،
ئۆزۈمنىڭ ئىدى مەكرى قىلغان سۆزۈم .
ئوشۇل قەلئەدە بولدۇق ئاچلىقغە تەڭ ،
بەھانە قىلىپ ئېردىمۇ ئۇشبۇ رەڭ . »
دېدى شەھ : « ئەگەر بولسە ئاچلىق يامان ،
بارىڭ ئاندا يىلدام كېلىڭلار بۇ يان .
خاجە ئۇمرى رەۋان بولدى مۇندىن چىقىپ ،
شەھەر ئىچرە كىردى سىفىلنى يىقىپ .
مەلىكەمنى ئاتلاندۇرۇپ سول زەمان ،
خاجە ئۇمرى ئالىپ ، يولغە بولدى رەۋان .
شەھەردىن تۆگەنمەي بۇلارنىڭ ئىشى ،
كى مۇقبىل بىلەن قالدى ئونمىڭ كىشى
قىلىپ ئەرتەسى كافىرى سەختى جەڭ ،
بۇزۇپ ، ئالدى بۇ قەلئەنى ئۇشبۇ رەڭ .
كى مۇقبىلنى تۇتتى بۇ جەڭدە تىرىك ،
سوقاشتى . ئۇرۇشتى بۇ قالغان چەرىك .
ئاسار ۋەقتىدە دارغە باغلاتىپ ،
يانا ئالدى مۇقبىلنى ھەم ئاجراتىپ .
بۇلار ئارقادىن بولدى يولغە رەۋان ،
كېلىپ شەھرى مەغرىبدە تاپتى ئەمان .
بۇلارنى يەنە قوغلاشىپ خاسۇئام ،
كېلىپ تۇشتى بۇ كافەر ئەھلى تەمام .
دېدىكىم : « شەھەردىن كىشى ئاتسە ئوق ،
نىشانە قىلىڭلار ، ئەرەب بولسە يوق .
بۇ يەڭىلىغ قىلىپ باقتى ھەم بولمادى .
ئەرەبلەر تىرىك قالدى ھەم ئۆلمەدى .
چىقىپ ھەر كۈنى بولدى سۇلتانى تەخت ،
كى ھەيدەپ ئالۇر ئېردىلەر جەڭگى ۋەقت .
سەئىد مەنچەنەقچى پەلىد سۇبھۇ شام ،
قىلىپ ئېردى جەڭگى بۇ مەلئۇن دەۋام .
خاجە ئۇمرى شەھەرنىڭ چىقىپ تاشغە ،
فەلەقماندا بىر ئۇردىلار باشغە .
سەئىد مەنچەنەقچى بولۇپ گەردۇ گەرد ،
جەھەننەم سارى كەتتى بۇ ، چىقتى دەرد .
قىلىپ كۇفر ئېلى جەڭ شەھەرنى قاباپ ،
بۇ سەگلەر ياتۇر ئېردى دائىم ماراپ ،
كى بىر كۈن ھەۋا ئېردى گويا ئوچۇق ،
كېلىپ تۇشتى بەختەكنىڭ ئالدىغە ئوق .
ئالىپ باقتى ھەم ئوقنى بۇ لەئنەتى ،
بۇ ئوقنىڭكى باشىدا باردۇر خەتى .
ئالىپ كىردى شەھ ئالدىغە بۇ قويۇپ ،
ئاچىپ باقتى ئول دەم بۇ خەتنى ئوقۇپ .
پىتىپدۇر ئانىڭكى سۆزى ئۇشبۇ خىل ،
دېمىش : « مەنكى ئەربابى خاجە فەزىل .
كى ئەي شاھى ئادىلكى ئاگاھ بول ،
شەھەر ئىچرە ئاشلىق ـ ئوزۇق ئانچە غول .
ئۇرۇش بىرلە مۇشكىل ئېرۇر ئالماقىڭ ،
خۇب ئېرمەس ئالالماي سېنىڭ يانماقىڭ .
فەلان يەردە بىر جاڭگالى باردۇر ،
بۇ جاڭگال ئارا بىر لەقەم جاردۇر .
ئەگەر تاپسە ئانى يوغاندۇر ئىچى ،
مىنىڭ بىر سەرايىمدادۇر بىر ئۇچى .
كىرىڭلار لەقەم بىرلە سىزلەر نېچە ،
بۇ ئاقشام ئەمەس ، بولسۇ تاڭلا كېچە .
ئىچىدىن بۇزۇپ مەن بىرەي قەلئەنى ،
قەرارى شۇبۇ چەھارشەنبە كۈنى . »
بولۇپ شاد بەختەك بىلەن پادىشاھ ،
مۇڭا ۋەئدە ئېتىپ ئىززەتۇ تەختۇ جاھ .
بار ئېردىكى ئەربابنىڭ مادەسى ،
چىرايلىغ ئىدى بۇ دىدەكزادەسى .
يانا شاھنىڭ بار ئىدى بىر قۇلى ،
بۇ قۇل گۇل ئىدى ، بۇ دىدەك بۇلبۇلى .

ئاگا ئاشىق ئۆلمىش ئىدى بۇ دىدەك ،
[ كى ئەرباب ] ئۆرمىش ئىدى ئۆلگۈدەك .
بۇ سۆزنى دىدەك ئايتىپ ئىبردى نىھان ،
ئايىتتى بۇ قۇلغە بارىپ شول زەمان .
دىدى قۇل كىرىپ شاھغە ئۇشبۇ رەڭ .
ئايىتتى خاجە ئۇمرىغە بۇ شاھى تەڭ .
بۇلار چىرلاتىپ كەلدى ئەربابنى ،
قۇيۇپ قايناتىپ ئاغزىغە ئابنى .
تاپىپ خەلقنى قويمادى مەردۇ زەن ،
بۇلارنى ئارىغ قىلدى زىنداندا بەند .
خاجە ئۇمرى ھەمە خەلقنى يىغدىلار ،
لەقەم ئاغزىغە جەمئ ئولۇپ تۇردىلار .
لەقەمدىن چىقىپ جۇملە كۇفرى چەرىك ،
خاجە ئۇمرى ئارىغ تۇتتى قويماي ، تىبرىك .
چىقىپ كەلدى بەختەك قولىنى سۇنۇپ ،
قاچىپ ياندى ئول دەم بۇلارنى تونۇپ .
تۈزۈپ بۇ لەقەمنى كۆمۈپ سالدى بەك .
شەھەرنى بەنا قىلدى ئەۋۋەلقىدەك .
تۇتۇپ خاجە ئەربابنى ئۇشبۇ ھال ،
ئانى ئاستى دەرۋازەگە دەر مەھال .
تەمام كۇفر ئىلىنىڭ باشنى كىسىپ ،
نىشان قىلدى دەرۋازەلەرگە ئىسىپ .
بۇ ئىشنى كۆرۈپ كۇفر ئەھلى پەلىد ،
بۇ قورقۇنچىدىن بولدى زەھرى تەرىد .

## فەسلى داستان مەلىكە ئەسما پەرى سەماۋات دىۋنى بويىرۇپ مەغرىبى شەھرىدىن زۇھراي مىسرىنى كوھى قافغە ئالىپ بارغانلارى

ئىشتىمەك كىرەك فەسلى بۇ قىسسەدىن ،
قۇتۇلماق ئۇچۇن ئەينى غەم ـ غۇسسەدىن .
دىدى بىر كۈن ئەسما مەلىكە پەرى :
« كىلىڭ ، موللا ئەي ئەبدۇرەھمان بىرى .
ئەبۇلئالىغە كەتكەلى بولدى يىل ،
فىراقىدا ئۆرتەندى بۇ جانۇ دىل .
چىكىپدۇر كى ھەيران زەلالەتدە يول ،
مىنىڭ بولغاي ئىبردىكى قاشىمدا ئول . »
دىدى ئەبدۇرەھمان : « تىلەرسەن ئانى ،
ئەبۇلئالى يا خاھلامايدۇر سىنى .
سەن ئاشىق ئاگا ، ئولكى ئاشىق ئەمەس ،
قىلۇر ئول مەلىكە نىگارنى ھەۋەس .
ئەگەر بولسە مۇندا مەلىكە نىگار ،
ئەبۇلئالى قىلغاي ئىدى ئىختىيار . »
مۇڭا ئايدى ئەسما پەرى : «ئەمدى سىز ،
كى بۇ نەۋئىدە ئانى كەلتۈرسەگىز . »
بۇيۇردى سەماۋات دىۋنى بۇ دەم ،
بۇ قويدى مەلىكە قاشىغە قەدەم .
بولۇپ ئىبردى نەۋرۇز بۇ ۋەقتىدە ،
مەلىكە نىگار ئىبردىلەر تەختىدە .
خاجە ئۇمر يوق ئىبردى بۇ يەردە ئەگەر ،
چىقىپ ئىبردى تۈزگە ، ئالاي دەپ خەبەر .
بار ئىبردىكى خالدار ئاتلىغ كىشى ،
مەلىكەمگە لايىق بۇ خىزمەت ئىشى .
كىرىپ بۇ مەلىكەمگە ئاندىن بۇ رەڭ ،
ئويۇنلار ياساپدۇر ، چىقىپ بىر كۆرەڭ .
ھەمىشە قىلىپ ياتتىڭىز ئۆينى جاي ،
ئاچىلسۇن داغى كۆڭلۈڭىز ھاي ـ ھاي . »
دىدى خاجە مۇقبىلغە مىھرى نىگار ،
تالاغە چىقايىنمۇ ، ئەي يادى كار ؟ »
دىدى خوجە مۇقبىل : « بۇ ئىش خوب ئەمەس ،
بۇ يەگلىغ خەيالنى قىلمە ھەۋەس . »

مەلىكەم بۇ سۆزلەرنى قىلماي قەبۇل ،
كى ناچارلىقدىن مۇڭا بەردى يول .
دېدى : « بولسە مۇنداغ ، لىباسىڭنى سال ،
مۇنى زۇھرە كىيسۇنكى ، سەن كۇھنە ئال .
بولۇپ ئەر كىشى ، قولغە ئال يايۇ ئوق ،
چىقىلىڭ بۇ سىفەتدە كۆڭۈل بولسە توق . »
لىباسىنى بۇ زۇھرە كىيدى تەمام ،
مەلىكەم قىلىپ ئەر سىفەتلىك خىرام .
ياساپ زۇھرەنى ، كىيدۈرۈپ بارىنى ،
مەلىكەم ئالىپ ئوق بىلەن يايىنى .
بۇ يەڭلىغ چىقىپ ئۆگزەگە بىر ئىگىز ،
تۇرار ئېردىلەر ئويناشىپ جۇملە قىز .
ھەۋادىن بۇ ئەسنادا بىر قول كېلىپ ،
كى زۇھرايى مىسرىنى كەتتى ئالىپ .
قويۇپ بۇ سەماۋات دىۋ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى ئەسما پەرى قاشىغە .
كۆرۈپ دېدى ئەسما : « دېگەندەك ئىكەن ،
ئەبۇلئاللىنىڭ كۆيمەكى ھەق ئىكەن .
مۇنىڭ بۇ جەمالىغە ئەركەك ـ تىشى ،
نېچۈك كۆرمەيىن سەبر قىلسۇن كىشى .
بولۇرمۇ بۇ ئادەمدە مۇنداغ جەمال . »
دېدى : « ھۇشىغە كەلتۇرۇڭ دەرمەھال . »
كى ئول دەم گۇلاب سالدى چايجۇشىغە ،
بۇ زۇھرانى كەلتۇردىلەر ھۇشىغە .
قىلىپ جىلۋە تاۋۇس يەڭلىغ خىرام ،
قويۇپ قىلدى ئەسما پەرىغە سەلام .
بۇ ئەسما دېدىلەركى : « ئەي ناپسەند ،
كى نۇشىرۋاننىڭ قىزى سەنمۇ سەن ؟
مېنىڭ رۇزگارىمنى يىغلاتقۇچى ،
فىراقىدا جانىمنى داغلاتقۇچى .
ئۇن تۆرت يىل بولۇپدۇركى جانىم ئاقىپ ،
ماڭا بىرگىنە كۇلمەدى ئول باقىپ .
كى ئۇمرۇمنى تەڭلىكدە زار ئەتكۇچى ،
ئەزىز بۇ جەمالىمنى خار ئەتكۇچى .
ئاتىڭنى تىلىدىن قۇرۇتقان ئەمەس ،
سېنى بىر نەفەس ئول ئۇزۇتقان ئەمەس . »
دېدىلەركى زۇھرايى مىسرى بۇ ھال ،
قىلۇرسىز مېنى ئوخشەتىپ كىم خەيال ؟ »
كى ئەسما دېدىلەركى : « بىلمەسمۇ سەن ،
قىزى شاھى ئادىل سەن ئېرمەسمۇ سەن ؟ »
كى زۇھرايى مىسرى دېدى : « مەن ئەمەس ،
مەن ئوخشە ئانى قىلماغىل سەن ھەۋەس .
ئانىڭ سەكسەن ئۈچ ئۆي قىزى باردۇر ،
كىچىك مەن ئۇلاردىن فەقىر خاردۇر .
ئۇلارغە باقىپ يوقتۇر مەندە چىراي ،
فەقىر تېرە تۈندۇر ، ئۇلار مىسلى ئاي .
ئەبۇلئاللىنىڭ مۇقبىل ئاتلىغ قۇلى
بار ئېردى ، ئاڭا مەن تەئەللۇق ھەلى ،
مەلىكەم جەمالىنى سەن ئانچە بىل ،
ئەگەر چىقسە ناگەھ بولۇر ئاي خىجىل .
جەمالىدىن ئوتلار يانىپ لاغ ـ لاغ ،
ۋەلي تۈن كېچە لازىم ئېرمەس چىراغ .
ۋۇجۇدىغە كەلمەس ئاڭا ئوخشە يانا ،
تۆرەلمەس جەھان ئىچرە ، تۇغماس ئانا . »
بۇ ئەسما پەرى دېدى : « ئەيلەپ خىرام :
«بۇ سۆز راست ئايتۇرمۇسەن ، ئەي غۇلام ؟ »
دېدىلەركى زۇھرا : « سۆزۈم راستدۇر ،
تەخى بۇ سۆزۈمنىڭ ئازى ناسدۇر . »
قەسەم ياد قىلدى بۇ زۇھرا يانا ،
« ئانى بۇ سىفەت قىلدىمۇ ئازغىنا .
ئانىڭ زەررە شەكلى شەمايىلنى مەن ،
نىشان قىلدىمۇ سىزگە ، ئەي پىر مەن . »
دېدى : « كىمدە بولغاي ئانىڭدەك جەمال ؟ »
بۇ سۆز بىرلە ئەسما پەرى بولدى لال .
سەماۋاتىغە قويدى ئەسما گۇناھ ،
بۇيۇردىكى ئەسما بۇ دىۋنى يانا .

چۇ بىلمەي مۇنى كەلتۈرۈپ تىيرە گوي
ئالىپ بار مۇنى ئۆز مەكانىدە قوي .
ئالىپ زۇھرانى بۇ سەماۋات دىۋ ،
كى يولغە رەۋان بولدى ئەيلەپ غەرىۋ .
بارىپ ئېردىلەر تىلىشىپ تاغىغە ،
سەمەندۇن دېگەنىنىڭ چەھار باغىغە .
كۆرۈپ بۇ سەمەندۇن سەماۋاتىنى ،
بىر ئوق تارتتى بىر نەئرەھايى ئۈنى .
قويۇپ زۇھرانى قاچتى دىۋ دەرزەمان ،
يۈرۈپ زۇھرا بۇ يەرگە لەيلەپ رەۋان .
سەمەندۇن كۆرۈپ زۇھرانى ئۇشبۇ ھال ،
تۇتۇپ ئالدى ئاھىستە بۇ دەرمەھال .
ئالىپ كۆردى رەئنايى بىر ياخشى قىز ،
چىرايلىغ مەلاھەتدە گويا سىيمىز .
بۇ دىۋنىڭ ئۆلۈپ خاتۇنى ئۇشبۇ چاغ ،
بالاسى قالىپ ئېردىلار بىدىماغ .
ئەمىزمەككە چەندان تاپىپ قىز ـ جەۋان ،
ئالىپ كەلمىش ئېردى سەمەندۇن نىھان .
ئاڭا سالسە ئەمچەك ، شوراپ قانىنى ،
چىقارمىش ئىدى ئۆلتۈرۈپ جانىنى .
بۇ يەگلىغ قىلىپ ھەر زەمان دىۋ بەچە ،
كى ئۆلتۈرمىش ئېردى جەۋان بىر نەچە .
سەمەندۇن ئالىپ زۇھرانى باشىغە ،
ئالىپ كەلدى بۇ ئوغلىنىڭ قاشىغە .
دېدىكىم : « بالامنى قۇچاقىڭغە ئال ،
ئەمىزگىل ، بۇ ئەمچەكنى ئاغزىغە سال . »
دېدى زۇھرا : « مەن قىز ، مەن ئېرمەس جەۋان ،
بۇ قىز ئەمچەكىدىن سۈت ئېرمەس رەۋان .
ئەگەر خاھلاساڭ سەن ئەمىزمەكنى بەك ،
تاپىپ كەلگىلۇ ئون مۇزايلاغ ئىنەك . »
بۇ سۆز بىرلە بولدى سەمەندۇن رەۋان ،
تاپىپ كەلدى بۇ ئون ئىنەك شول زەمان .
ئىنەكلەرنى ساغدۇردىلار ئولتۇرۇپ ،
ئانى قۇيدى بىر مىشككە تولدۇرۇپ .
قۇيۇپ دىۋ بەچە ئاغزىغە مىشىنى ،
ئىچىپ سۈتكە تويدى بۇ دىۋ شول كۈنى .
سەمەندۇنغە خۇش كەلدى ھەم بۇ ئىشى ،
قىلالماس ئىدىلەر بۇ يەگلىغ كىشى .
سەمەندۇن دېدى : « بۇ بالام بولسە چوڭ ،
كى مۇشكىل ئىشىڭنى قىلاي ئاندا ئوڭ .
نە دەرسەن باقىپ ئۆز خەيالىڭنى سەن ،
كى ئىلتىپ سالايىن دىيارىڭغە مەن . »
ۋەلي قالدى زۇھرايى مىسرى بۇ يان ،
بۇ سۆز ياندى مىھرى نىگارى سويان .
مەلىكەم تۇشۇپ ئۆگزەدىن دەر زەمان ،
دېدىلەر كىرىپ قەسرگە ئول زەمان :
خاجە ئۇمرى بۇ ئىشدىن خەبەر ئالماسۇن ،
بۇ سۆزنى ئاڭا ھېچكىم قىلماسۇن . »
خاجە ئۇمرى بۇ ئەسنا كىرىپ كەلدىلەر ،
قۇلاقىغە ئىشتىلدى ھەررەڭ گۇزەر .
دېدىلەر : « نە ۋاقىئە بولۇپدۇر بۇ كۈن ؟ »
خەلايىق مۇڭا قىلمادى ھېچ ئۈن .
ئۆتۈپ كىردى مىھرى نىگار قاشىغە ،
كۆز ئالۇدە بولمىش ئانىڭ ياشىغە .
چىرايى تاپىپدۇركى تەغيىر ھەمە ،
خاجە ئۇمرى دېدىلەركى : « بولدى نېمە ؟ »
مەلىكەم بۇ ئىشلارنى قىلدى بەيان ،
تىرىكتى خاجە ئۇمرى ئىشتكەن زەمان .
دېدى : « ئەي بىتالىئ ، قارا بۇ نە سۆز ؟
ھەيا تۇتمايىن بولسە بۇ سەندە كۆز ؟ !
كى ئون تۆرت يىل بولدى سەن ئۇشبۇ رەڭ ، »
دېدى : « ساقلاسام مەن قىلىپ سختى جەڭ .
سېنى ئول مۇبادا ئالىپ كەتسە ھەم ،
ماڭا بولماس ئېرمەسمۇ غەم ئۆزرە غەم .
يوق ئولماقلىقىم بىرلە بىر دەمگىنە ،

قىلىپسىز بۇ ئىشلارنى ئۆبدان ، مىنە ! »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۆردى بىر كاچ بەك ،
يىقىلدى ھۇشىدىن كېتىپ بۇ گۇدەك .
ئالىپ قامچىلار ناسەزالار ئوقۇپ ،
تەمام قوغلادى ئۆي قىزىنى سوقۇپ .
كى چىقتى خاجە ئۇمرى ئىشكىنى ئېتىپ ،
ۋەلې قالدى يالغۇز مەلىكەم يېتىپ .
خاجە ئۇمرى تاڭ ئاتقۇنچە ئىزدەپ بۇيان ،
تاپالماي ، دېدىلەركى : « مۇقبىل قايان ؟ »
مەلىكەم ياتىپ ، بولدى تۈن ھەسسەسى ،
تولۇپ كۆڭلىگە بۇ ئەلەم غۇسسەسى .
دېدى كۆڭلىدە : « بۇنە زۇلمى ئېرۇر ،
ئەمىر كەلمەكىنى خۇدايىم بىلۇر .
ئاتام بولسە بۇ ھال ئىقلىمغە شاھ ،
ئانىڭكى قىزى ئېردىمۇ ئەھلى راھ .
توخى ئوغرىسى بۇ سارۋان بەچە ،
ماڭا بۇ قىلۇرمۇ ئىزالار نېچە ؟ »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ، قوپتى ئاستەغىنا ،
قويۇپ ساندۇق ئۈستىگە ساندۇق يانا .
كى ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقتى ھەمان ،
چىقىپ كەتتى تۈڭلۈك بىلەن شول زەمان .
يېتىپ كەلدى گويا سىفىلدۇر بەلەند ،
دەرەخت بار ئىدى ، تاشلاردىلار كەمەند .
كەمەند بىرلە ئۆتتى سىفىل تاشغە ،
ئۆتۈپ كەلدى نۇشىرۋان قاشغە .
بۇ شەھىنىڭ توقۇغلۇغ ئاتى بار ئىدى ،
كى ئالدىدا ئاتىنىڭ جىلاۋدار ئىدى .
ئانىڭ ئىلكىدىن ئالدى كەلگەن زەمان ،
مىنىپ ئاتغە بۇ يولغە بولدى رەۋان .
فۇشەيمانمۇ قىلدى تۇرۇپ ئۇشبۇ ھال ،
كەڭەشلەر بىلە قىلدى يۈزمىڭ خەيال .
دېدى : « بولدى ئەمدى قەباھەت ئىشىم ،
ۋەيا يوق بۇ يول باشلاماقغە كىشىم . »
دېدىسىم : « ئات ئۆلگۈنچە ئەمدى كېتەي ،
كى سەھرايى بىر مەنزىلىگە يېتەي . »
بىروق يۈردىلەر ، قىلسە بولماس سىفات ،
يۈرۈپ بۇ كېچە ، ئەرتەسى ئۆلدى ئات .
بۇ غەم بولدى ئاندىن زىيادە يانا .
قوپۇپ يولغە كىردى فىيادە يانا .
سەھەر ۋەقتىدە بىر دەرەخت قاشغە ،
چىقىپ كەلدى ئالدىدا كۆل باشغە .
ئېچىپ سۇ ، دەمى مۇندا ئولتۇردىلار ،
كى ئاندىن دەرەختغە چىقىپ تۇردىلار .
سۇغە چىقتى بۇ ھوۋلىدىن بىر دىدەك ،
مەلىكەمنىڭ ئەكسى سۇغە تۈشتى بەك .
كېلىپ ئولتۇرۇپ مۇندا سۇ ئۇسقۇچە ،
كى بىر ئەكسى كۆردى غۇلامى بەچە .
كۆرۈپ سۇدا بۇ ئەكسنى بولدى لال ،
دېدى قىلدى ئەكسنى ئۆزىنىڭ خەيال .
دېدى : « بولسە مەندە بۇ يەڭلىغ چىراي ،
ماڭا ئەيىب قىلماق لىباسىمنى لاي .
يوق ئېركەن خاجەم بىرلە ئايلامدا كۆز ،
مېنى بۇيرۇماقلىق سۇغە بۇ نە سۆز ؟ ! »
ئۇشاتتى قاپاقنى ئۇرۇپ يەرگە بەك ،
كىرىپ ئايلاسى قاشغە بۇ دىدەك .
دېدى : ئەي خاجەزادەئى ناپسەند ،
مېنىڭ بۇ جەمالىمنى كۆرمەسمۇ سەن .
ھەيا يوق ، بىشەرمى ئىكەن ئۆزلەرى ،
مېنى كۆرمەگەندۇرمۇ بۇ كۆزلەرى .
بۇ يەڭلىغ چىراي بىرلە ئالماي مېنى ،
خاجەمغۇ قىلىپدۇركى خاتۇن سېنى . »
بۇ سۆزلەرنى قىلمىش ئىدى بۇ دىدەك ،
بىبى سوقنى ئانى تۇتۇپ ئۆلگۇدەك .
يانا دېدى ئىككى دېدەك ئۇشبۇ رەڭ ،

سۇدا كۆردى بۇ ئەكسنى ، قىلدى جەڭ .
بىرسى مېنىڭ دېدى ، بىرسى مېنىڭ ،
دېدى بىر ـ بىرىگە : ئەمەس بۇ سېنىڭ
دىدەكلەر قىلۇر ئېردى مۇنداغ جەدەل ،
چىقىپ كەلدى مەردى كەلان بۇ مەھەل .
كۆرۈپ بۇ دەرەختدىن تۈشۈردى كېلىپ ،
مەلىكەمنى يۈردى ئۆيىگە ئېلىپ .
كى ئىئزازۇ ئىكرام ئېتىپ ئانچۇنان ،
يىقىلدىكى يىغلاپ بۇ مەردى كەلان .
مەلىكەمنىڭ ئالدىدا يۈز تەڭگە قۇل ،
ئالىپ قويدىيۇ دېدى : « مەن سىزگە قۇل .
نىكاھ قىلغالى موللاغە بىر كىشى
بۇيۇردىكى ، جان بىرلە قالماي ئىشى .
مەلىكەم چىقىپ بولدى يولغە رەۋان ،
ھوشىغە كېلىپ باقتى مەردى كەلان .
ئۇ يانۇ بۇ يانۇ يۈگۈردى بىروق ،
باقىپ ئىزما يوق ، ئۆزما يوق ، بولدى يوق .
دېدى : ئولتۇرۇپ بۇ نە بۇنياد ئىكەن ،
كۆزۈمگە كۆرۈنمىش پەرىزاد ئىكەن . »
مەلىكەم بۇ يەردىن چىقىپ تېزۇ تۇن ،
بولۇپ تەشنە ، يول يۈردىلەر ئىككى كۈن .
ئۈچۈنچى كۈنى ئوترا يول باشىغە ،
چىقىپ كەلدىلەر بىر دەرەخت قاشىغە .
دەرەخت سايەسىدە ئالاي دەپ ئارام ،
ياتىپ ئۇيقۇغە كەتتى ، ئەيلەپ خىرام .
ياتىپ سائەتىدىن كۆز ئاچتى قاراپ ،
تۇرادۇر مىڭ ئاتلىغ ياندا قاباپ .
بار ئېردىكى بىر پادىشاھ مەغرىبى ،
شىكارغە چىقىپ ئېردى بۇ يول لەبى .
كېلىپ شەھ بۇ يول ئۈستىگە قىلدى خىز ،
كۆرۈپ دېدى ئول: «سەن نە جانۇ نە قىز؟»
دېدىكىم مەلىكەم بۇ سۆزنى ئۆزى »

مەن ئېردىمكى بىر سەۋداگەرنىڭ قىزى .
ئازىقتىم ئاتامدىن قاراڭغۇ كېچە ،
تاپالماي ياتۇرمەنكى ئىزدەپ نېچە . »
ياقىپ ئوتنى شەھنىڭكى جانىغە بۇ ،
ئالىپ كەلدى شاھى مەكانىغە بۇ .
نىكاھىغە ئالماق ئۈچۈن قىلدى قەسد ،
مەلىكەم بۇ سۆزلەر بىلەن قىلدى پەست .
دېدىلەركى : « مەن سۆزلەرىگە كىرەي ،
كى بىر نەچچە كۈن ئەمما مۇھلەت تىلەي .
ئاتام كەلسە خوب ، كەلمەسە ھەم نە خوب ،
نىكاھ قىلسۇلار ئۆزگە ئايەت ئوقۇپ . »
قەبۇل قىلدى بۇ سۆزنى شاھى زەمان ،
غەرىبلىق بۇ ئاجىزلىق ئېركەن يامان .
كى ئەنتۇرى نۇشىرۋانىنىڭ بەلى ،
تۈشۈپ ئېردى بۇ شاھىغە بىر قۇلى .
مەلىكەمنى تونۇپ شۇبۇ قۇل بەچە ،
ئالىپ قاچتى ھالا قوپۇپ بىر كېچە .
كېتىپ بارمىش ئېردىكى جاڭگال ئارا ،
كېلۇر ئارقەدىن غۇلغۇلە ماجەرا .
مەلىكەم يوشۇندى ، تۈگەندى ئىشى ،
يېتىپ كەلدى بىر يۈزچە ئاتلىغ كىشى .
باقىپ ئۇشبۇ ئاتلىغ ئۇ يانۇ بۇ يان ،
تاپالماي مەلىكەمنى ياندى بۇ يان .
بۇ قۇلنى تۇتۇپ ئاتىغە چاتتىلار ،
ئوشۇل دەم مۇنى ئۆلتۈرۈپ ئاتتىلار .
دېدىلەر بۇ ئاتلىغ : « مۇنى قىل ھەۋەس ،
پەرىزاد ئىكەندۈك بۇ ئادەم ئەمەس . »
دېدى ئۇشبۇ سۆزلەرنى ياندى چىقىپ ،
مەلىكەم رەۋان بولدى يولنى تاپىپ .
قوغۇنلۇقغە كەلدى بۇ يەردىن يۈرۈپ ،
يۈگۈردى ، يىقىلدى ، قوغۇنچى كۆرۈپ .
بابا بولدىيۇ گاھى ئۈتۈك ، گاھى سول ،

دېدى : «ئەي خېنىم ، سەن سۆزۈم قىل قەبۇل .»
مەلىكەم دېدى : « خاتۇنۇڭ باردۇر ،
كى تەگمەك خاتۇنلۇقغە دىشۋاردۇر . »
بابا بىر يۈگۈردى پالاققۇ بالاق ،
قىلىپ كەلدى ئول دەم خاتۇننى تەلاق .
ئۇمىد بىرلە كەلدى بابا ، كۆڭلى توق ،
كېلىپ باقتى ئول دەم قوغۇنلۇقدا يوق .
دېدىكىم : « پەرىزاد ئىكەن بۇ ھەمە ،
كى ئادەمدە بولماس بۇ يەڭلىغ نىمە . »
يەنە بولدى دىۋانەئى شول زەمان ،
مەلىكەم يەنە بولدى يولغە رەۋان .
بارۇر ئېردىلەر تارتىبان دەردۇ غەم ،
يولۇقتىكى بىر قويچىغە ئۇشبۇ دەم .
بۇ قويچى قويۇپ ئالدىدا يۇزچە قوي ،
« قىلالىڭ » دېدى « ئەي خېنىم ، ئەمدى توي . »
مەلىكەم دېدى : « ئەي ئاكا ، غەم يېمەي ،
كۆچۈڭ باردۇرۇر ، ئانى قويغىل، تېگەي .»
بۇ قويچى كېلىپ خاتۇنى قاشىغە،
تاياق بىرلە بىر ئۇردىلار باشىغە .
خاتۇننى تەلاق قىلدى بەرمەي ئەمان ،
كى ئاندىن بۇ قويچى يۈگۈردى بۇ يان .
كېلىپ باقتى ، يوق ، بولدى پەرۋانە بۇ ،
فىراقىدا ھەم بولدى دىۋانە بۇ .
مەلىكەم بۇ يەردىن ئۆتتۇپ ئۇشبۇ ھال ،
كېلۇر ئېردى بۇ يولدا ئەيلەپ خەيال .
كى بىر قىز چىقىپ كەلدى بۇ ھوۋلىدىن ،
كۆرۈپ سوردى سۆز بۇ جەفا جويىدىن .
دېدى قىز ئاغا : « سىز نە رەئنا جەھان ،
كېلۇرسىز قايەردىن ، بارۇرسىز قايان ؟ »
مەلىكەم دېدىلەر : « چېكىپ دەردى سەر ،
مېنىڭكى ئاتام ئېردى بىر سەۋداگەر .
ئاتامنى قاراقچى ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇپ ،
بۇ يەرگە قاچىپ كەلدىم ، ئاندىن يۇرۇپ . »
بۇ ھوۋلى ئىدى بىر كىشى ئۆتتۇگى ،
ئىدى ئول بۇ كەنت خەلقىنىڭكى چوڭى .
كى دەرۋىش ئىدى ، ئايتۇر ئېردى سەنا ،
ئاتى ئېردى ئىبراھىم ئەدھەم يانا .
ئايتتى كىرىپ ئول كىشىگە بۇ قىز ،
كى دەرۋىش قوپۇپ چىقتى ئالدىغە تېز .
ئالىپ كىردى بۇ خاتۇنى قاشىغە ،
بېرىپ ھەم سەرۇ پاي ئاياغ ـ باشىغە .
« سالىپ دەستۇرخانۇ تەئام بەر » دېدى ،
مەلىكەمنى دەرۋىش « قىزىم » دەر ئىدى .
كى ئاخىر مەلىكەم ئاش ئەتتى قوپۇپ ،
ئاياق ھەم يۇدىلار قولىنى سوقۇپ .
بۇ سۆز ياندى ئەمدى خاجە ئۆمرى سويان ،
خاجە ئۆمرى بولۇپ دەرغەرەب ئاتچۇنان .
ئۇچۇنچى كۈن ئېردى خەلايىق تەمام ،
خاجە ئۆمرى قاشىغە كېلىپ خاسۇ ئام .
مەلىكەم گۇناھىنى ئەھلى ئەيان
تىلەپ ، ئۆتتى ئاندىن خاجە ئۆمرى ئاران .
« ئىشىنى ئاچىڭ » دەپ خاجە ئۆمرى بۇ ھال ،
بۇيۇردى ئىشىك ئاچتىيۇ ئۇشبۇھال .
مەلىكەمنى بۇ ئۆيدە دەپ كۆڭلى توق ،
ئىشىكنى ئاچىپ باقتىلار ئۆيدە يوق .
خاجە ئۆمرى ياقاسىنى چاك ئەيلەبان ،
بىروقىم يۈگۈردى ئۇيانۇ بۇيان .
چىقىپ ئۆكزەگە بىر ئىزىنى كۆرۈپ ،
شەھەر تاشىغە چىقتى ئىزدەپ يۇرۇپ .
خاجە ئۆمرى كېلۇر ئېردى ئىزنى ئالىپ ،
قالىپدۇركى شاخ بىر پېشىنى ئىلىپ .
ئۆتتۇپ كەلدى بىر غەم تۇشۇپ باشىغە ،
كى نۇشىرۋان لەشكەرى قاشىغە .
بىر ئادەمنى تۇرمىش تاياقلار سوقۇپ ،

بۇ يەكٔلىغ دېمىش ناسەزالار ئوقۇپ :
قېنى شاھنىڭكى ئاتى ، ئەي بەچە ؟
كېتىپدۇركى باقماي ئوغۇرلاپ كېچە ! »
خاجە ئۇمرى دېدى « بۇ مەلىكەم ئىشى ،
يەنە مۇندىن ئۆزگە قىلالماس كىشى .
رەۋان بولدى ئاتنىڭ ئىزىنى باقىپ ،
بىروق يۇردىلەر باد يەكٔلىغ چاپىپ .
كېلىپ يولدا ئاتنىڭ ئۆلۈكىن كۆرۈپ ،
بۇ كۆل باشىغە كەلدى مۇندىن يۇرۇپ .
بۇ ۋاقىئ دىدەكدىن سوراپ ئول زەمان ،
ئۆتۈپ كەلدى پىر قاشىغە دەر زەمان .
بابا بىر بولۇپدۇركى دىۋانە ھەم ،
قىلىپ سىنە چاكۇ چېكەر دەردۇ غەم .
خاجە ئۇمرى مۇنىڭدىن سوراپ ئۆتتىلەر ،
ئۆتۈپ شەھرى مەغرىبغە ھەم يەتتىلەر .
كى ئاندىن قوغۇنلۇقغە كەلدى چاپىپ ،
ئۆتۈپ يۇردى ئاندىن خەبەرنى تاپىپ .
كېلىپ قويچىنىڭ قاشىغە دەر زەمان ،
مۇنى كۆردى ، دىۋانە بولمىش ھەمان .
يەنە يۇردى مۇندىن سوراپ ئەسفىھال ،
كى دەرۋىش ئىشىكىگە كەلدى بۇ ھال .
كۆرۈندى يىراقدىن مۇنىڭكى ئىشى ،
ئاياق يۇيدۇ گۆلگۆن ئىگىنلىك كىشى .
بولۇپ كىردى بىر ياخشى مەردى كەلان ،
خاجە ئۇمرى ياساپ سۇرەتىنى ھەمان .
كېلىپ بۇ مەلىكە قاشىغە ھەمىن ،
دېدىكىم : « نېچۈك ھالىڭ ، ئەي نازەنىن ؟ »
دېدىكىم مەلىكەم چېكىپ دەردۇ ئاھ :
« دادام ئېردى بۇ ھەفتە ئىقلىمغە شاھ .
كى كەتكەنىچە مەغرىبدە ئىدىم ،
كى زەررە گۇناھ ئاندا قىلمىش ئىدىم .
خاجە ئۇمرى بۇ كۆكىلۇمگە تەستەك سوقۇپ ،
ياماللاپ چىقىپ ئېردىم ئاندىن قوپۇپ .
مەشەققەت تۈلا تارتتىمۇ ئانچۇنان ،
كى بىلسەم مۇنى كەلمەس ئېردىم بۇيان .
خاجە ئۇمرى قۇلاقىمنى كەسكەي ئىدى . »
كى يىغلاپ مەلىكەم بۇ يەكٔلىغ دېدى .
خەجە ئۇمرى جەھاندىن بولۇپ بارمۇ يوق ،
يىقىلدى ئاياغىغە يىغلاپ بىروق .
ئاسىلدى مەلىكەم تونۇپ بويىنغە ،
كى يىغلاپ كىرىپ كەتتى بۇ قوينىغە .
قۇچاشىپ بۇلار يىغلاشىپ ئانچۇنان ،
ئالىپ كەلدى بۇ قەلئەگە شادىمان .
بولۇپ تىنچى مەغرۇبدا ئۇشبۇ خىل ،
ئەمىر كەتكەلى بولدى ئون يەتتە يىل ،
يانا بۇ شەھەر بولدى ئانداغ قەبەل ،
كى ئاشلىق تۈگەندى ، تولا ئۆلدى ئەل .
خاجە ئۇمرى شەھەردىن چىقىپ بىر كېچە ،
ئالىپ بىر تاغار ئۇننى ئۆلگۈرلۈچە .
سىفىلنىڭ تۈبىگە كېلىپ ئۇشبۇ ھال ،
كى مەئىدى كەرەبنى دېدى: «تارتىپ ئال!»
سىفىل باشىغە تارتىپ ئالدى ئانى ،
بۇلار چىققۇچە ئول يېدى يارمىنى .
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « زەرۇردۇر ماڭا ،
شەھەر ئىچرە ھەم نې زەرۇردۇر ساڭا ؟ !
چىقىپ بىر تەرەف سارى بولغىل رەۋان ،
كۆن ئەتكىل بارىپ ، ئۇشبۇ قارنىڭ يامان .
شەھەرنىڭ قەبەل بولماقى بىزەرۇر ،
سېنىڭ قورساقىڭ چوڭلۇقىدىن ئېرۇر .
شەھەردىن چىقىپ كەت ، يېگىل توق نان ،
ئەمىر كەلسە ھەر ۋەقت كەلگىل رەۋان . »
ياماللاپ چىقىپ كەتتى مەئىدى كەرەب ،
كېتىپ بارمىش ئېردى بۇ يول ھەر تەرەف .
خاجە ئۇمرى فۇشەيمان قىلىپ ئول زەمان ،

دېدى قىچقىرىپ : «كەتمە ، يانغىل بۇ يان.»
بۇ سۆزلەرنى ھەم مەئدى قىلماي قەبۇل ،
ۋەلې بارقىراپ ، باقمايىن كەتتى ئۇل .
كى يۈيۈپ خاجە ئۆمرى مۇنىڭدىن ئىلىك ،
دېدىكىم : « كۆمەلگەيسە گورغە تىرىك !»
ئۆمەر مەئدى يولغە كىرىپ تېزۇ تۇن ،
كى بىر يەرگە يەتتى ، يۈرۈپ يەتتە كۈن .
كى مۇندا بىر ئادەم قوش ھەيدەر ئىدى ،
ئۇل ئادەمنى ئۆلتۈردى ، ئۆينى يېدى .
بىغىلدى خەلايىق دېدى : « سەن نەجان ؟ »
ئۈچ ئادەمنى ئۆلتۈردى ، كەتتى رەۋان .
كى بىر باغقە يەتتى ، ئىچكە كىرىپ ،
يېدى ئۇل زەمان مېۋەسىنى تىرىپ .
كېلىپ باغبان قەسد قىلدى كۆرۈپ ،
چىقىپ كەتتى ئوتتۇز كىشىن ئۆلتۈرۈپ .
تويۇپ قورساقى ، ھەقغە ئەيلەپ سەنا ،
كى يەتتى يۈرۈپ بىر شەھەرگە يانا .
كى سالدىكى ئاشپەزنىڭ ئاشغە باش ،
يېدى ، قالمادى ئالتە ئاشپەزدە ئاش .
يەنە يەتتە نانۋايدا نان قويمادى ،
«نانىڭ بولسە بەرگىل » دېدى ، تويمادى .
چىقىپ غۇلغۇلە ، يىغىلىشىپ خاسۇ ئام ،
خەلايىق يىغىلدى بۇ يەرگە تەمام .
بۇ ئىشغە تەماشايى ھەيران ئۆلۈپ ،
يىغىلغان خەلايىق ھەمە بىر بولۇپ .
دېدىلەر : «سېنىڭ قورساقىڭ بولسە ئاچ ،
يۈرۈڭ مۇندا باردۇركى بىر زور يىغاچ .
ئۆشانساڭ تۇتۇپ شول يىغاچنى ئەگەر ،
بەھادۇر ئىكەنسەن ۋەلې ياخشى ئەر .
كى بىز تويغازالىڭ سېنى ئاشغە . »
ئالىپ كەلدى باشلاپ يىغاچ قاشغە .
بۇ سۆزنى قەبۇل قىلدى مەئدى كەرەب ،
كېلىپ ئۇل زەمان بۇ يىغاچنى كۆرەپ .
كى بىر زور قىلىپ ئېردى سىندى يىغاچ ،
ئۆشانتى يىغاچنى ، دېدى : «قارنىم ئاچ . »
تەئەججۇب قىلىپ بۇ خەلايىق بىرۇق ،
قىلالىڭ دېدى قارنىنى ئەمدى توق .
ئېتىپ ئاش ، ياقىپ نان تەمامى كىشى ،
كى ئۈچ كۈن توشۇپ بەردى ئەركەك ــ تىشى .
تۈگەتتى بۇ ئاش ــ ناننى قويمادى ،
«يەنە بارمۇدۇر ، بولسە بەرگىل » دېدى .
خەلايىق مۇنى تويغازالماي ھەمە ،
دېدى : «ئادەم ئېرمەس بۇ قايداغ نېمە .
شەھەر خەلقى جەمئ ئولدىلار ئولاشىپ ،
چىقاردى شەھەردىن مۇنى ئولاتىپ .
چىقىپ بۇ شەھەردىن ، كېزىپ تېزۇ تۇن ،
كى يول يۈردى تىنماي يىگىرمە ئىككى كۈن .
بارۇر ئېردى ئۆزنى ئالىپ دالدىغە ،
يېتىپدۇر يەنە بىر شەھەر ئالدىغە .
مۇنى دەر ئىدىلەركى سادىق زەمىن ،
ئەزىم چىقتى غەۋغايى ، كەلدى يەقىن .
ھەمە خەلقنىڭ ئىلكىدە گوشتى بار ،
كى ئاغزىدا قۇقۇيۇ ئاغۇشتى بار .
كى بىرلا چىنى كەلگەنى ناز ئېتىپ ،
يۈرەدۇر ھەۋا ئۈزرە پەرۋاز ئېتىپ .
بۇ كەلمەي ھەمە خەلقنىڭ قاشغە ،
كېلىپ قوندى مەئدى كەرەب باشغە .
يۈگۈردى بۇ يەرگە خەلايىق تەمام ،
كېلىپ قىلدى مەئدى كەرەبكە سەلام .
دېدى بۇ خەلايىق مۇبارەك ساڭا ،
كى شەھلىقنى بەردى تەبارەك ساڭا .»
دېدى : «بىر يوسۇن شاھنىڭ قىز ئىشى ،
ئىدى شاھىمىز ھەم ئوغۇلسۇز كىشى .
دەپ ئېردى جۇملەتۇل ــ مەلىك ئۇل كۈنى ،

بۇ لاچىننى قويغىل مەن ئۆلگەن كۈنى .
ئەگەر كىمگە قونسا باقىپ بەختىگە ،
بولۇپ پادشاھ چىقسۇن ئول تەختىگە .
دەپ ئېردى ، بۇ سىزلەرگە قوندىكى بۇ ،
كى شەھ بولدۇڭىز ، بىزگە بۇيرۇغ شۇبۇ.»
شەھەرگە ئالىپ كىردىيۇ ئۇشبۇ دەم ،
سەرۇ پايىنى كىيدۇردى شاھانە ھەم .
كى ئولتۇرغۇزۇپ تەختىدە ئۇشبۇ ھال ،
بولۇپ پادىشاھ . دېدى : «نەققارە چال ! »
بۇ شەھىنىڭ ۋەلي بىر قىزى بار ئىدى ،
ئاتى ھەم دىل ئەفرۇزى گۈلنار ئىدى .

## فەسلى داستان ئەمىر ھەمزەم كوھى قافدىن يانىپ چىقىپ ، مەلىكە مېھرى نىگار بىلە ۋە ئۆزگە يارانلارى بىلە ، لاۋۇ لەشكەرلەرى بىلە سىھەت ــ سالامەت كۆرەشكەنلەرى

ھېكايەت ئىشىتكىل يىگى باشىدىن ،
ئەمىر چىقتىلار شەھرى ئۇيباشىدىن .
كى مەنزىل ــ مەراھىل چېكىپ تېزۇ تۈن ،
بۇ يەگىلىغ يۈرۈپ ، بولدى ئون يەتتە كۈن .
بەناگەھ يېتىپ كەلدى بىر تاغىغە ،
سەمەندۇن دېگەنىنىڭ چەھار باغىغە .
ئەمىر كۆردى بىر دۆنى كەلكەن ھەمان ،
مۈنىڭ قەددى يۈزگەز ، بەغايەت يوغان .
باشى گۈنبەزۇ ئاغزى ھەم غار ئىكەن ،
كى ھەر ياندا بەش يۈز قولى بار ئىكەن .
كى بىر نەئرە تارتىپ ، كۆرۈپ ئۇشبۇ رەڭ ،
مۈنىڭ بىرلە ئۈچ كۈن ئەمىر قىلدى جەڭ .
سالۇر ئېردى شەمشىر ، كېسىلسە قولى ،
يانا تازە بولمىش ئىدى بىر يولى .
قىلۇر ئېردىلەر قوللارىنى قەلەم ،
بولۇر ئېردى ئەۋۋەلقىدەك تازە ھەم .
ئەمىر جەڭ قىلىپ ئاخىرى بولدى لال ،
دېدىلەر : «نە ۋاقىئەدۇر ، ئەي زۇلجەلال .
كېسەرمەن قولىنى ، قىلۇرمەن قەلەم ،
بولادۇر يانا تازە بۇ دەم بەدەم . »
ئىدىكىم مۇناجات بىرلە ئەمىر ،
بۇ ئەسنادا خىزرى بولۇپ دەستىگىر .
دېدى خىزرى ھەم ئولتۇرۇپ قاشىدا ،
«كى بار بىر بۇلاق باغىنىڭ تاشىدا .
نىشانەسى باردۇر ، ئىشىكنى ئاچىڭ ،
بۇلاقنىڭ بارىپ ، شەھ ، سۇيىگە ساچىڭ .
ئېرۇر ئەمما ئول خاسىيەتلىك بۇلاق ،
كى ئابىھەياتدۇر ، ئانىڭ رەڭگى ئاق .
قولىنى بۇ دىۋ ئول بۇلاقغە تىقار ،
كېسىلكەن قولىنى ساقايتىپ چىقار . »
كى ئۆرگەتتىلەر خىزرى بىر ئىسم ھەم ،
دېدىلەر : «قىلىڭ زەررە تۇفراقغە دەم .
سۇغە سالساڭىز ئول بۇلاق يوق بولۇر ،
تاپالماي بۇلاقنى بۇ دىۋ چوق بولۇر .
يانا بىر دەرەختى بار ، ئەي شەھرىيار ،
كۆپ ئېرمەس . ئانىڭ ئىككى ياپراغى بار .
ئالىڭ سىز بۇ ياپراغىنى ئۇشبۇ خىل ،
كى لازىم بولۇر كۆزگە تارتىلسە مىل . »
ئەمىر قىلدى خىزرى دېگەندەككىنە ،
بۇلاقنى يوق ئەتتى كۆمۈپ بەككىنە .
تاپىپ ئىككى ياپراغىنى ئالدىلەر ،
كى ئاندىن بۇ دىۋ قاشىغە كەلدىلەر .

يانا قىلدى جەڭ دىۋ بىلەن ئۇشبۇ دەم ،
ۋەلې قىلدى نەچچەند قوللىنى قەلەم .
سەمەندۇن ئالىپ قوللارىنى رەۋان ،
بۇلاق قاشىغە كەلدى بۇ شول زەمان .
تاپالماي بۇلاقنى ، ئەمىردىن قاچىپ ،
بۇ قەسرىگە كىردى ئىشكىنى ئاچىپ .
ئەمىر ھەم مۇنىڭ ئارقاسىدىن رەۋان ،
يېتىپ كىردىلەر ئەسلى بەرمەي ئەمان .
سەمەندۇن باشىغە تاپالماي پەنا ،
قۇدۇققە قاچىپ كىردى مۇندىن يانا .
ئەمىر ھەم قۇدۇققە تۈشۈپ ئارقادىن ،
قاچىپ كەتتى مۇندىن يەنە بۇ لەئىن .
كى ئىزدەپ يۈرۈپ بىر لەقەم كۆردىلەر ،
لەقەمنىڭ ئىچىگە ئەمىر كىردىلەر .
ياتادۇر بۇ دىۋ بارچە ئەئزاسى قان ،
ئەمىرنى كۆرۈپ يالبارىپ ئانچۇنان .
دىمىش : «ئەي نەزەركەردە پەيغەمبەرى ،
مىنى سەن دەرىغ ئەتمە ، چىقغىل نارى .»
ئەمىر باقمايىن قىلدى شەمشىر رەۋان ،
مۇنى ئۆلتۈرۈپ ، كىردىلەر ئۆي سويان .
ئەمىر ئۆي ئىچىگە كىرىپ ئۇشبۇ ھال ،
كى بىر قىز چىقىپ كەلدى ساھىب جەمال .
سەلام ئەيلەدى قىز ئەمىرگە باقىپ ،
يىقىلدى ئاياغىغە يۈزنى ياقىپ .
ئەمىر دىدى : «ئەي نازەنىن ، سەن نە جان ،
ۋە قايسى شەھەردىن دىيارىڭ قايان ؟ »
بۇ قىز دىدى : «ئەي گۈلئوزارى چەمەن ،
كى شول مەنكى زوھرايى مىسىردۇمەن .
كى مەن تۈنچە مەغرىبدە باشىدا ،
ئىدىم شول مەلىكە نىگار قاشىدا .
مەلىكەمنى ئەسما بۇ ئۆتكەن زەمان ،
ئالىپ كەل دىمىش كوھى قافغە رەۋان .
قىلىپ دىۋ مىنى ئول مەلىكەم خەيال ،
ئالىپ كەلمىش ئېردى مىنى ئۇشبۇ ھال .
كى ئالدىغە ئەسما مىنى كەلتۈرۈپ ،
بۇ ئېرمەس ئىكەن دەپ مىنى ئول كۆرۈپ .
ئالىپ بار ، مەكانىدا قوي ، دەپ ئىدى ،
ئالىپ كەلمىش ئېردى مىنى بىر كەدى .
بۇ يەرگە يېتىپ ئېردۈك ئاندىن يۈرۈپ ،
كى بىر نەئرە تارتتى سەمەندۇن كۆرۈپ .
مىنى مۇندا قويدى ، قاچىپ كەتتى دىۋ ،
سەمەندۇننىڭ ئىلكىگە تۈشتۈم گەرىۋ .
كى ئۈچ يىل بولۇپدۇر ، مەنى ، يا ئەمىر ،
بالاسىن باقۇرمەن بولۇپ دەستىگىر .
ئەمىر ئۆلتۈرۈپ ئۇشبۇ[ دىۋ ]بەچچەنى ،
يانا ئالدى گەۋھەر تاپىپ نەچچەنى .
بۇ گەۋھەرنى مەھكەم قىلىپ تىقتىلار ،
ئالىپ قىزنى بۇ ھوۋلىدىن چىقتىلار .
چىقىپ ئەسفى دەپ باسەفا دەرقەدەم ،
دىدىلەركى ئەسمانى : «قىلماق ئەلەم .
مۇگا ھەق تائالا ئىشى بۇيرۇمىش ،
ئەمىرنىڭكى باشىدادۇر ئۇشبۇ ئىش .
مۇنى قىلما ھەرگىز فەرامۇش بۇ رەڭ .
بارىپ قىلسۇ كۇفرى ئىبلى بىرلە جەڭ .
كى ھەر ۋەقتى بارماقنى قىلساڭ خەيال ،
سىنىڭ بار قاناتىڭ ، بارۇرسەن بۇ ھال .»
بۇ سۆز بىرلە ئەسما چىكىپ دەردۇ غەم ،
ئەمىرنىڭ ئاياغىغە تۈشتى بۇ دەم .
دىدى : «ئەي ئۇلۇغزادە پەيغەمبەران ،
ساڭا بىئەدەبلىكنى قىلدىم يامان .

بارىپ كوھى قاف مۇەلەردىن ئالىپ ،
ئەجايىب ـ غەرايىبلاردىن سالىپ .
ئاچىلسۇن مېنىڭ تىيرە بولغان كۆزۈم ،
بارايىن ئالىپ سىزنى ئاندا ئۆزۈم .
مەلىكە نىگارنىڭ ئەنسى بولاي ،
تويۇڭنى قىلىپ، سۇ توشۇپ، ئوت قالاي.»
بۇ سۆزنى قەبۇل قىلدى ھالا ئەمىر ،
رەۋان بولدى ئەسما بولۇپ دەستىگىر .
بۇ يول ئىككى كۈنلۈك ، قاراڭغۇ ئىرۇر ،
ئەگەر ئۆتسە ئاندىن جەھان بەلگۈرۈر .
يۈرۈپ يول يانا ئىككى مەنزىل ئۇزاق ،
چىقار بىر دەرەخت ، مۇەسى ئانچە ئاق .
بۇ يەردىن ئۆتۈپ شەھرى ئابادىغە ،
چىقارسەن ۋەلي ئادەمىزادىغە . »
بۇ سۆزلەرنى دىۋ قىلدى بىر ـ بىر بەيان ،
ئەمىر چاھىغە كىردى ، بولدى رەۋان .
ئەمىر گەۋھەر ئالمىش ئىدى باجىغە ،
مۇنى ئاستىلار زۇھرانىڭ تاجىغە .
يۈرۈپ چاھنىڭ ئاغزىغە يەتتىلەر ،
كى مۇندىن ئۆتۈپ ھەم يانا كەتتىلەر .
چىقىپ كەلدىلەر بىر دەرەخت قاشىغە ،
پىشىپ مۇەلەر رەڭ بەرەڭ باشىغە .
كى بار مۇەلەرنىڭ قارىيۇ ياشى ،
كى ئوخشار جەۋانۋار يەڭلىغ باشى .
ئەمىرنى كۆرۈپ مۇەلەر خاسۇ ئام ،
قىلادۇركى ئىززاز بىرلەن سەلام .
ئەمىر ئۇمرىنى سوردىلار «ھاي» دېدى ،
بۇلار ھەم بۇ خىزرى دىگەننى دېدى .
ئۆتۈپ يۈردى مۇندىن كۆرۈندى ئىقىن ،
كېلىپ تۇشتى دەريا لەبىگە يېقىن .

كى بىر گۇنبەزى ئالىي سول ياندا ،
تۇرادۇركى دەريانىڭ ئول ياندا .
بۇ دەريادىن ئۆتتىلەرۇ شول زەمان ،
بۇ گۇنبەزنىڭ ئىشكىگە كەلدى رەۋان .
كىرىپ كۆردى ئىشكى نەمايان ئەمەس ،
تۇرۇپ قالدىلار ھەرنە يەڭلىغ ھەۋەس .
كى بىر يەردە زەنجىرى باردۇر ئەجەب ،
كېلىپ تۇتتىلار ئانى «بىسمىللاھ» دەپ .
ئىشىك بولدى پەيدا ، ئاچىلدى رەۋان ،
ئەمىر كىردىلەر ئىچكەرى شول زەمان .
كى ھەر سارىغە باقتى بۇ شەھرىيار ،
يانا نەرسە يوق مۇندا ، ئۈچ قەبرى بار .
ئوشۇل دەم ئۆتەپ ئىككى رەكئەت نەماز ،
سەۋابىنى قىلدى بۇلارغە نىياز .
كېتىپ كۆزلەرى ئۇيقۇغە شول زەمان ،
نە كۆردىلەرۇ بۇ ئوچۇق ئاسمان .
كېلىپ پۇر سەلافەتلىكۇ ئۈچ كىشى ،
ئەجايىب كۆرۈنمىش بۇلارنىڭ ئىشى .
ئەمىر قىلدى تەئزىم بۇلارغە رەۋان ،
ئەلەيك ئالدى ، قىلدى سۆزنى بەيان .
دېدى بىرلەرى : « كەلگىل ، ئەي شەھرىيار ،
مەن ئېرمەنكى گۇر شەست دېگەن نامدار .
ئول ئالەمدە بىر نەچچە كۈن ئۇشبۇرەڭ ،
جەھاننى تۇتۇپ قىلمىش ئېردىمكى جەڭ .
ۋەفاسىز جەھان رەشكى ئەيلەپ ماڭا ،
كېلىپدۇركى ئەمدى بۇ نەۋبەت ساڭا .
مۇقىد ئول بۇ ئىشلار ئۆچۈن ، تۇرماغىل .
بۇ قەبرىم ئاياغىنى سەن كولاغىل .
كى بىر شىرە ساندۇق بار ، رەڭگى ئاق ،
ئالىپ سەن بۇ يەردىن ئاچىپ ئانى باق .

کی باردۇرکی ئۇن قۇببەلىك بىر سۇپەر ،
ۋە لېكىن ئېرۇر ئول قىزىل ، سۇرخ زەر .
ھەرىفلەرغە بەرگەن ئەمەسمەن بۇ ھال . »
دېدی : «سەن بۇ يەردىن تاپىپ ئانی ئال .»
يەنە بىرلەری دېدی : « ئەي ئەرجۇمەند ،
ئېرۇرمەنكی سامی نەرىمانی مەن .
بار ئېردىكی كاۋۇس ئول تەختىدە ،
ئۇلۇغ پەھلەۋان مەن ئانىڭ ۋەقتىدە .
ماڭا يەتمەس ئېردی كىشىنىڭ كۈچی ،
يىقىتتی ئەجەل تىغىنىڭكی ئۇچی .
ئوشۇل ۋەقتدە بىر گۇرزە تۇتمىش ئىدىم ،
ھەرىفنی ئانىڭدا قۇرۇتمىش ئىدىم .
ئانىڭ ۋەزنی بىر نەچچە توقسان ئىدی ،
ۋەلې ئىككىيۇ قانچە فاتمان ئىدی .
ئۇچۇپ ھەم يىگىرمە ئىككی فاتمانچەسی ،
کی بار ئىككی مىڭ فاتمانۇ قانچەسی .
بۇ قەبرىم مېنىڭكی بۇ يەرگە كېلىك ،
ئاياغىمنی كولاڭ ، چىقار ، سىز ئېلىك . »
يەنە بىرلەری دېدی : « ئەي سادەلەر ،
کی بىئەقلۇ بىفەھم ، ئەي مادەلەر .
بۇ ھەربە ئەرەبكە مۇۋافىقمۇدۇر ،
ۋە ھالا مۇڭا ئۇشبۇ لايىقمۇدۇر ؟ »
ئەمىر كۆردی بىر پۇر سەلافەت كىشی ،
کی ھەيبەتلىكۇ ھەرنە يەكلىغ ئىشی .
بۇ سۆزدىن ئەمىر دېدی » « ئەي پەھلەۋان ،
مېنی ئانچە خۇب قىلسەلەر ئىمتەھان .
ئەگەر بولسە ئول لايىقىم بەرسۇلار ،
ۋەيا بولماسە ، ئانی ساقلاسۇلار . »
بۇ سۆزنی ئەمىر بولمىش ئېردی قىلىپ ،
بۇ ئادەم قويۇپ ، پەنجە قويدی كېلىپ .

ئەمىرنی چالالماي ، ئەمىر يا ئانی ،
بۇ ئادەم دېدی : « تونۇدۇڭمۇ مېنی ؟
کی رۇستەم دېگەن مەن ئىدىم، بۇ نە دەرد،»
دېدی : « بارەكەللاھ ، ۋە ئەي شىری مەرد .
کی لايىق ئىكەنسىز ، بۇ قەبرىم مېنىڭ ،
بۇ يەرنی باقىڭ ، ھەرنە بارىم سىزنىڭ .
کی بىر ـ بىر بەيان ئەيلەيىن كۆرگەنىم ،
چىقار ساندۇق ئىچرە ئىگەر ـ يۈرگەنىم .
کی يۈرگەننی جالدۇرلاتىڭ سىز تاپىپ ،
کی رەخشىم كېلۇر ئالدىڭىزغە چاپىپ .
ئالىڭ ، سىزگە مەندىن ئوشۇل يادىگار ، »
دېــدىــكــىم : « مـەدەد قىلسۇ پەرۋەردىگار . »
ئەمىر ئۇيقۇدىن ئويغانىپ ئۇشبۇ ھال ،
تاپىپ موللا ئاشۇبىنی دەرمەھال .
بۇلارغە ئەمىر كولاتىپ باقتىلار ،
دېگەنلەر ھەمە بار ئىكەن تاپتىلار .
بۇ يۈرگەننی جالدۇرلاتىپ شول زەمان ،
چىقىپ كەلدی بىر ئات بۇ يەرگە رەۋان .
تۇتۇپ ، [ سالدی ] يۈرگەننی دەرھال قويۇپ ،
مىنىپ كىردی يولغە ئىگەرنی توقۇپ .
بار ئېردىكی دەريا ، لەبىگە باقىپ ،
كېلەدۇركی ساندۇق سۇ ئىچرە ئاقىپ .
ئەمىر ئۇشبۇ ساندۇقنی ئالغان زەمان ،
دېدی : « بولسە ھەر نەرسەئی بىگۇمان ،
کی سەۋغات بولسۇن خاجە ئۇمرىگە بۇ ، »
دېدىلەر : « ئىكەن ئەمدی بۇيرۇغ شۇبۇ . »
يۈرۈپ يول سوغاقغە ئەجەب توڭدىلار ،
ياتىپ بۇ چەھار باغدا قوندىلار .
قويۇپ كىردىلەر يولغە تۈن ھەسسەسی ،
كېلىپدۇر بۇ يەرگە يانا ئەرتەسی .
يۈرۈپ ئالتە كۈن يول ، كېزىپ تاغدا ،
تۇرادۇر يانا بۇ چە ھار باغدا .
بۇ ئىشغە ئەمىر زارۇ ھەيران بولۇپ ،
مۇناجاتىدا ئېردی گىريان بولۇپ .

نەزەر بىرلە لۇتفىنى ئەيلەپ خىرام ،
چىقىپ كەلدى خىزرى ئەلەيھىسسەلام .
دېدىلەركى : « ئەي قۇدرەتۇللاھ ، يۈرۈك ،
كى بار مۇندا بىر دىۋ ، ئانى ئۆلتۈرۈك .
ئېرۇر ئول ئەجەب مەلئۇنى بىھەيا ،
كى دەرلەر ئانىڭ ئاتىنى كىمىيا .
بۇرۇندىن بۇ مەنزىلگە كەلگەن كىشى ،
خەلاس ئولمايىن ، مۇشكىل ئولسە ئىشى .
كى ئۆلتۈرمەگۈنچە ئۇ دىۋنى تاپىپ ،
خەلاس ئولماغايسىزكى ، تاغدا ياتىپ .
ئوشول دەم ئەمىر ھەر تەرەف چاپتىلار ،
بۇ مەلئۇننى بىر قەسىردە تاپتىلار .
غەزەبدىن ئەمىر كەلگەچ ــ ئوق قاشىغە ،
بۇ سەگنىڭكى بىر ئۇردىلار باشىغە .
يۈيۈلۈپ بۇ قانغە قەسرىنىڭ تاشى ،
بولۇپ لەھزە ــ لەھزە ساچىلدى باشى .
تاپىپ موللا ئاشۇبىنى شول زەمان ،
دېدىلەر : « يۈرۈگلار ، كېتەلىڭ رەۋان . »
ئەمىر دېدى : « بۇ مەنزىلدىن نارى ،
باراي ئالدىڭىزلاردا مەن ئىلگەرى .
كېلىڭلار كېيىن ، مەنكى يىلدام كېتەي ،
خاجە ئۆمرى خەبەر ئالغۇچە ، مەن يېتەي .

## فەسلى داستان ، ئەمىر ھەمزەم كوھى قافدىن يانىپ چىقىپ ، يارانلارى بىرلە كۆرەشكىنى ، يولدا ئۆمەر مەئدە كەرەب بىلە كۆرەشكىنى ، ئۆمەر مەئدە كەرەب پادشاھ بولۇپ يەنە پادشاھلىقنى تاشلاغانلارىنىڭ بىيانى .

ئىشت بۇ ھىكايەتنى ، ئەي كامران ،
ۋە لېكىن بۇ سۆزنى قىلۇر راۋىيان .
تاپىپ ئانچە مەئدى كەرەب تەختۇ جاھ ،
بولۇپ ئېردى سادىق زەمىن ئۆزرە شاھ .
ئالىپ بۇ مەلىكە دىلئەفرۇزنى ،
تەقازا قىلىپ كۆڭلى بۇ ئۆزنى .
چىقىپ ئېردى قىز ئۈستىگە بۇ كېچە
ئۆلۈپدۇر بۇ قىز ئىشنى پۈتكەرگۈچە .
كى بىدار ئولۇپ ئۆيقۇدىن بۇ سەھەر ،
بۇ ئىشنى ۋەزىرلەرغە قىلدى خەبەر .
يۇدىلار بۇ قىزنى كەفەنگە ئالىپ ،
نەمازىنى قىلدى تابۇتغە سالىپ .
لەھەد باشىغە ئېلتىبان يۈردىلەر ،
بۇ سائەتدە ئورنىغە يەتكۈردىلەر .
ئۆلۈك بىر ، قىزىپدۇر چۇقۇر ئىككى گور .
بىرىسى كىچىكرەك ، بىرى ئانچە زور .
بۇ يەرگە كېلىپ شاھ مەئدى كەرەب ،
بۇ يەرگلىغ دېدى ئىككى گورنى كۆرەپ :
« ئۆلۈك بىر ، ئەجايىب ، گورى ئىككىدۇر ؟ »
قىلىپدۇر سوئال : « بۇ نېچۈك فىكرىدۇر ؟ »
ۋەزىرلەر دېدىكىم قوپۇپ : « ئەي ئەزىز ،
كى بىزنىڭ شۇبۇ قائىدە ــ رەسمىمىز .
تېگىپ ئەرگە بىر تۇغماي ئۇلسە ئۆلۈك ،
ئېرىنى خاتۇنى بىلە كۆمگۈلۈك .
بۇ كۈن گورغە سىزنى كۆمەرمىز تىرىك ،
تىرىكلىك ئىشىدىن يۈيۈلسۇن ئىلىك . »
ئۆمەر مەئدى ئىشىتىپ بۇ سۆزلەرنى ھەم ،
يۈرەكى ئاغىپ باشىغە تۈشتى غەم .
دېدى : « ۋادەرىغا ، خاجە ئۆمرى ئۇ كۈن ،
يۈلاقتىممىكى قارغاشىغە بۇ كۈن . »
كۆمۈپ قىزنى تۈپراقغە ئۇشبۇ ھال ،
ئۆمەر مەئدىنى تۈتتىلار دەر مەھال .
بويۈن بەرمەدى خەلقنى ئۆلتۈرۈپ .
يىغىلدى خەلايىق بۇ يەگلىغ كۆرۈپ .
مۇنى ئولاشىپ تۈتتى بەرمەي ئەمان ،
كى سۆدرەپ ئالىپ يۈردىلەر گورسويان .
دېدى ئۇشبۇ يەگلىغ بۇ مەئدى كەرەب ،
بۇ رەسمىگنى قىلدىم بۇ كۈن بەرتەرەف .

ئەگەر بولسە بۇ رەسملك هەم ئىلگەرى ،
بولۇپ شاھمەن قىلدىم ئانى نىرى . »
خەلايىق دىدى : « سەندىن ئەتسەك ئىبا ،
كىرەدۇر ۋەلي شەھرىمىزغە ۋەبا . »
كى مەھكەم بۇ سۆزلەرنى دەپ تۇتتىلار ،
تۇتۇپ گورغە ئۇل دەم مۇنى تىقتىلار .
ئۇمەر مەئدى بەلگۇپ بۇ يەردىن رەۋان ،
كۆمۇلمەي قوپۇپ چىقتى بۇ فەھلەۋان .
بىر ئوق بۇ شەھەر خەلقى بىر جوغلاشىپ ،
يانا كۆمدىلەر ئىككى ـ ئۇچ ئولاشىپ .
كى بەلگۇپ يەنە قوپتىلار ئۇشبۇ ۋەقت ،
بار ئىردى مۇنىڭ ئالدىدا بىر دەرەخت .
دىدىكىم خەلايىقغە بۇ يالبارىپ :
« ئۇشۇلكىم دەرەختدىن سورالىڭ بارىپ .»
بۇ سۆزلەرنى قىلدى خەلايىق قەبۇل ،
بۇ يەگۈلىغ دەرەختدىن كىلىپ سوردى ئول .
دىدى : « ئەي خۇدانىڭ دەرەختى ۋەلي ،
تىرىك گورغە كۆممەك رەۋامۇ ھەلي ؟ »
كى شەيتان ئۆتۇپ بارمىش ئىردى ئۇيان ،
دىدى . « بۇ شەھەر رەسمى ، ئەي فەھلەۋان »
مۇنى گورغە ئول دەم يەنە تىقتىلار ،
ئۇمەر مەئدى بۆلگۇپ يەنە چىقتىلار .
يەنە گورغە سۆدرەپ تىقىپ ئىردى بىر ،
چىقىپ كەلدى ناگەھ بۇ يەرگە ئەمىر .
ئۇمەر مەئدىنىڭ تۇشتى ئول دەم كۆزى ،
ئەجەب پۇر سەلافەت بۇ ئاتلىغ ئۆزى .
كى بىر بۆيرىنىڭ تىرەسىنى سويۇپ ،
كىيىپدۇر كى قالپاق يەگۈلىغ قويۇپ .
كى يولباس تىرەسىنى خىفتان ئىتىپ ،
ئانى ھەم كىيىپ جامە يەگۈلىغ ئىتىپ .
كى ئۆشندە ئون قۇببەلىك بىر سۇپەر ،
مىنىپ ئەبلەق ئاتغە كىلەدۇر بۇ ئەر .
ئۇمەر مەئدى كۆردى ، يۇگۇردى رەۋان ،
كىلىپ ئالدىغە دىدى : « ئەي فەھلەۋان .
ئۆلۈك بولماسە ئول كىشى ، ئەي ئەزىز ،
تىرىك گورغە كۆمگەننى كۆرگەنمۇ سىز ؟ »
ئەمىر دىدىلەركىم : « شەھەر رەسمدۇر ،
نە قىلسە قىلۇر ، ئانى بىلمەسمۇدۇر ؟»
دۇرۇشلۇق ئۇرۇپ قالدى مەئدى كەرەب ،
ئەمىر توختاماي يۇردىلەر يول تەرەف .
ئۇمەر مەئدى تاپماي بۇ ئىشغە پەنا ،
تۇتۇپ كۆمگەلى تۇردى گورغە يانا .
ئەمىر كۆردى كۆمگەچ مۇنى دەر مەھال ،
دىدىلەر كىلىپ : « ئەي خەلايىق ، ۋەبال.
قويۇڭلاركى شەھلىقنى بۇ تاشلاسۇن ،
ماڭا بولسە ھەمراھ يول باشلاسۇن . »
بۇ سۆزلەرنى قىلدى خەلايىق قەبۇل ،
دىدى : « قوي بۇ شەھلىقنى، ھەمراھ بول.»
قۇتۇلغانغە شۇكرى سەنا ئەتتىلەر ،
ئەمىر بىرلە يولغە كىرىپ كەتتىلەر .
ئەمىر بىرلە نەچچەند قەدەم باردى ئول ،
بۇلالماي بۇ ئات بىرلە تەڭ ، ھاردى ئول.
قىلىپ قەسد ئەمىر ئاتىنى ئالغالى ،
ئالىپ ئىلكىگە تاشنى ، بەك سالغالى .
ئەمىر باقتى ئىلكىگە زور تاشى بار ،
كى ئۇرماقغە ھازىر ئەمىر باشى بار .
كى ئەسفى بۇ تاش بىرلە ئۇرغاي رەۋان ،
ئەمىر كۆردىيۇ دىدى : « ئەي بەدگۇمان .
قۇلۇڭدا نەدۇر ؟ » دەپ يانىپ تۇردىلار ،
تۇتۇپ يەرگە ئانى ئالىپ ئۇردىلار .
چىقىپ سىينەسى ئۇزرە ، بەرمەي ئەمان ،
باقىپ قىلدى ھەلقىغە خەنجەر رەۋان .
بىروق يىغلادىكىم بۇ مەئدى كەرەب ،
دىدى : « مەن مۇرادىمغە يەتمەي ئۆلەپ ... »
ئەمىر دىدى : « بار نە مۇرادىڭ سىنىڭ .
نە مەقسۇد ھەم نە خەيالىڭ سىنىڭ ؟ »
ئۇمەر مەئدى يىغلاپ بۇ يەگۈلىغ دىدى :
« مىنىڭ بىر گىنە مەھرەمىم بار ئىدى .
ئەبۇل ئالىي ئاتلىع ئىدى فەھلەۋان ،
كىتىپ ئىردى ئول كوھى قافغە رەۋان .

ۋەلې بولدى ئون سەككىزۇ يىل ئاڭا ،
ئانىڭدىن قالىپ ياخشىلىق يوق ماڭا .
كى ئۇزلۇق يۈزى كۆرمەدىم كاش مەن ،
يېمەي قورساقىم تويغۇچە ئاش مەن .
كۆرۈشمەي كوكالداشۇ ياران بىلەن ،
كېتەرمەن ئۆلۈپ ئۇشبۇ ئەرمان بىلەن .»
بۇ سۆزنى مۇنىڭدىن ئېشتكەن زەمان ،
كى بىتاقەت ئولدى ئەمرى جەهان .
ئەمىر زاهىر ئەتتى ئۆزىنى بۇ دەم ،
تونۇشتى ، كۆرۈشتى ، ئارىغ كەتتى غەم .
كى يىغلاشتى كۆزدىن ئاقىزىپ سۇلار ،
يېتىپ كەلدى بۇ موللا ئاشۇبىلار .
كى فەهلۇل نەققاش بىرلە بۇ دەم ،
كى زۇهرايى مىسرى يېتىپ كەلدى هەم .
بۇلار يىغلاشىپ ، مۇڭداشىپ ئانچۇنان ،
قويۇپ هەم يەنە بولدى يولغە رەۋان .
ئۆتۈپ تۇنچە مەغرىبغە كەتتىلەر ،
ئەمىر مۇندا ئاش ۋەقتىدە يەتتىلەر .
قارا كۆردى بىر ياندا شەهـ سۇففە بار ،
كى ئالدىدا ئانىڭكى بىر تۈپ چىنار .
ئەمىر ئۇشبۇ يولنىڭ چىقىپ تاشغە ،
كېلىپ تۇشتىلەر بۇ چىنار قاشغە .
كى قاشقىرنى قېبزە قىلىپ دەر مەهال ،
ئەمىر ئاندا ئولتۇردىلار ئۇشبۇ هال .
چىنارغە قىلىپ ئارقەسىنى ئۆزى ،
شەهەر سارىغە تۇرمىش ئېردى يۈزى .

* *

ۋە ئەمما مەلىكە نىگار ئۇشبۇ چاغ ،
چېكىپ ئاه ، قويۇپ جانغە داغ ئۆززە داغ.
خاجە ئۇمرىنى چىرلاتتىبۇ ئۇشبۇ هال ،
دېدى : « ئەي ئاكا ، ئەمدى بىر يولغە سال .
كى ئون سەككىزۇ يىل بولۇپدۇر بۇ كۈن ،
ئەبۇل ئالىيدىن بىزگە كەلمەدى ئۈن .
نە بولغاي ماڭا بىر ئىنايەت قىلىپ ،
سىفىل باشىغە چىقساڭىز بىر ئالىپ .
ئەگەر بار سە جانۋەرلەرىدىن شۇ يان ،
ئاڭا ئۇشبۇ هالىمنى قىلسام بەيان .
كى ئايتىپ ئېبەرسەم دۇئايى سەلام ،
ماڭا يوق فىراقىدا ئەمدى ئارام . »
خاجە ئۇمرى دېدى . « ئەي مەلىكە ، فەنا
بولۇرسىزكى زۇهراغە ئوخشە يانا . »
بۇ سۆزنى مەلىكەم قەبۇل ئەتمەدى ،
تىلى نالەۋۇ زاردىن كەتمەدى .
خاجە ئۇمرى قەبۇل ئەيلەدى لائىلاج ،
باشىدىن ساچىپ سۇرخى لەئلى خىراج .
لىباسىنى خالدار بۇ كەستى هەم ،
مەلىكە سالىپ بەردى ، بۇ كىيدى هەم .
سالىپ ئىگنىنى بارىنى قىلدى يوق ،
مەلىكەم ئالىپ ئىلىكگە ياۋۇ ئوق .
كى ساچىنى تەلپەككە بەك تىقتىلار ،
كى ئاندىن سىفىل باشىغە چىقتىلار .

* *

قاراپ تۇرماق ئېردى ئەمرىنىڭ ئىشى ،
سىفىل باشىغە چىقتى نەچچەند كىشى .
لىباسىن كىيىپدۇر ياشلۇ سارىغ ،
كۆرۈپ بۇ ئەمىر تونۇدىلار ئارىغ .
مەلىكەمنى كۆردى ئەمىر دېدى : « ۋاي ! »
كۆرۈندى كۆزىگە ۋەلې مىسلى ئاي .
قۇياشغە جەمالى قىلۇر مۇنفەئىل ،
قەدى مىسلى تاۋۇسدەك نەچچە خىل .
سىفىل باشىدا ئولتۇرۇر ئېردىلەر ،
ئەمىر هەم بۇ يەردىن تونۇر ئېردىلەر .
بۇ ئەسنا مەلىكە نىگار قاشغە ،
ئۇچۇپ كەلدى ئۈچ غاز مۇنىڭ باشىغە .
بارادۇر ئۆتۈپ كوهى قاف سارىغە ،
مەلىكەم دېدى : « كەتكۈچە نارىغە »

دېدى : «ئەي خاجە ئۆمرى ، ئاتاي غازغە ئوق ،
ئوقۇم تەگسە غازغە ، يىقىلسە بىرۇق .
ئەمىر كەلگۈسىدۇر قاشىمغە بۇ ھال ،
ئەگەر تەگمەسە ، بولماسۇن ئۇشبۇ فال .
ئۈمىدىم مېنىڭ مۇنقەتەئ بولسۇن ھەم ،
قىلىپ ئۇشبۇ يەڭلىغ تۇتۇپ فالى رەم . »
ئالىپ يايغە ئوقنى سالىپ دەر زەمان ،
بۇ غازغە كېلىپ ئوقنى قىلدى رەۋان .
تېگىپ غازغە ئوق ، كەتمەيىن دالدىغە ،
كېلىپ تۈشتى غاز بۇ ئەمىر ئالدىغە .
ئەمىر قوپتىلار ئەيلەبان نازىنى ،
كى بىسمىل قىلىپ ئالدىلار غازىنى .
ئەمىر ئوقنى سۇرتۇپ كۆزىگە رەۋان ،
خاجە ئۆمرى يېتىپ كەلدىيۇ شول زەمان .
كېلىپ كۆردى بىر ئادەمى ئۆزگەچە ،
ۋەلى ئولتۇرۇر بىر قەلەندەر بەچە .
كى رۇخسارى گۈل يەئنى بىر ماھتاب ،
لەبى لەئلى دۇر پەنچەئى ئافتاب .
قاشى سۈنبۈلۈ كىرپىكى بوستان ،
سەلاھىيەتى رۇستەمى داستان .
سەلام ئەيلەدىلەر خاجە ئۆمرى كېلىپ ،
ئەمىر تۇردىلار ئاشىقەللاھ دەپ .
خاجە ئۆمرى دېدىلەركى : « ئەي دەرۋىشى ،
ئوشۇل غازنى بەرگىل ماڭا ، بار ئىشى .
مەلىكەم ئاتىپ ئېردى نىيەت قىلىپ ،
ئۇلار ئىنتىزار ئولدى بەيئەت قىلىپ . »
ئەمىر دېدى : « بەردى خۇدايىم ماڭا ،
بۇ سەيدىمنى بەرمەسمە ھەرگىز ساڭا . »
خاجە ئۆمرى دېدى : « پۇل بىرەي ئانى ئال ،
بىرىپ غازنى يىلدام مىنى يولغە سال . »
ئەمىر دېدىلەر : « ئالماغۇم ئازنى مەن،
كى ھەرگىز ساڭا بەرمەگۇم غازنى مەن . »
خاجە ئۆمرى بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،
پالاقمانغا تاش سالدى ، قىلدى رەۋان .
ئەمىر ئۆتكەرىپ بىر ئىشارەت بىلەن ،
كى بار ئەل ئىبەردى بىشارەت بىلەن .
يانا ئاتتىلار ھەم يانا ئاتتىلار ،
ھەمە ئۆتكەزىپ تاشنى توختاتتىلار .
دېدى خاجە ئۆمرى ئاخىر : « مەن تىلەي ،
بەھاسىغە بىر پاتمان ئالتۇن بىرەي . »
ئەمىر دېدى : « مەن بىر مۇسافىردۇمەن ،
جەھان بەھرىنى سەير قىلغاندۇمەن .
ھەلى كوھى قافدىن چىقىپ كەلمىشىم .
مېنىڭكى تەئەددى بىلە يوق ئىشىم .
كى سەندىن قاچان مەن ئىزالار كۆرەي ،
ساڭا ئەمدى غازنى نە دەپ مەن بىرەي ؟ »
خاجە ئۆمرى دېدى : « ئەي قەلەندەر بەچە ،
كى سورسام ، سۆزۈم بار ئىدى بىر نەچە . »
ئەمىر دېدى : « سورغىل ۋەلې تۇرمايىن ،
كۆزۈم كۆرگەنىن ، بىلكەنىمنى دەيىن . »
خاجە ئۆمرى دېدى : « ئەي قەلەندەر ۋەلى ،
چىقىپ كەلسەڭىز كوھى قافدىن ھەلى .
يولۇقتىمۇ ھېچ ئادەمى زاددىن ،
بارىپ سىزلەگە ئىلگەرى يا كېيىن ؟ »
ئەمىر دېدى : « ئارى ، يولۇقتىكى ئول ،
كى بىر پۇر سەلافەت ، چىرايلىغ ئوغۇل .
ئانىڭ بىرلە ئون سەككىز ئولدى بۇ يىل ،
كى ھەمراھ ئىدىم كېچە ـ كۈندۈز بۇ خىل .
ئەبۇل ئالىي ئېردى ئانىڭكى ئاتى ،
ماڭا بار ئىدى ئانچۇنان ئۇلفەتى .
دەر ئېردى ئوشۇل ھەفت كىشۋەر زەمان ،
ۋەلې ئادىلى ۋەقتى نۇشىرەۋان .
ئانىڭ مەن كۆيئوغلى دەر ئىردىكى ئول ،
بۇ سۆزلەرنى قىلمىش ئىدى ئول ئوغۇل .
كى لەشكەرلەرىم ئاندا ھەم دەر ئىدى ،
نېچۈك بولدى دەپ ئانچە غەم يەر ئىدى .
يانا مەككەدىنمەن دەر ئېردى ئۆزى ،
ۋە يا راستمۇ يالغانمىدىكى سۆزى .
ۋەلې ئالدى ئەسما پەرىنى بۇ ھال ،
بولۇپ ئەر ـ خاتۇن تاپتى ھەم قىز ـ ئوغال .

ئۇلۇغ شاھدۇر ھەفتەئى كوھى قاف ،
كى دىۋلەر تۇگەندى . بۇ ئۇردى شىكاف .
ئۆزى مۇندا كەلمەيدۇ ئەمدى تەمام ،
كى مەندىن دېدى خەلقىغە كۆپ سەلام . »
خاجە ئۇمرى بۇ سۆزگە دېدى : « ۋا دەرىغ ،
ئانىڭ خەلقى ئۇشبۇ شەھەردە ئارىغ .
ۋە كىملەرگە دېدى دۇئايۇ سەلام ؟
كى مەن ئاڭلايىن ئايتقايلار تەمام . »
ئەمىر ئايدى : « مەن لەندۇھۇر ئاتلىغ ،
كىشگە سەلام ئەيلەرەم زاتلىغ . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « لەندۇھۇر يوق بۇيان ،
ئانى كۆرمەدۇك بىز كېتىپدۇر قايان . »
ئەمىر بىلدىلەر لەندۇھۇر بىسەفا ،
ۋەلې قىلغانى يوق بۇلارغە ۋەفا .
ئەمىر قويدىلار لەندۇھۇرغە گۇناھ ،
خاجە ئۇمرى دېدى : « كىمگە بەردى دۇئا؟»
ئەمىر دېدى : « مەئدى كەرەبكە دۇئا ،
ئايتغىل دەپ ئېردى ئاڭا مۇددەئا . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « قارنى چوڭ سادە گول ،
قايان كەتتى ، بىزلەرنى تاشلادى ئول . »
خاجە ئۇمرى ئىزا تارتتىبۇ ئانچۇنان ،
ئۆزىنىڭ ئاتىنى ئىشتىمەي رەۋان .
دېدى : « ئەي قەلەندەر ئۇنۇتتۇڭمۇ يا ،
يەنە بىر كىشگە دېگەندۇر دۇئا ؟ »
ئەمىر دېدى : « ئايغان كىشگە دېدىم ،
يەنە ئۆزگە خەلقنى مەن بىلمەدىم .
يەنە بىر سۆز ئايتىپ ئىدى ئول ئوغۇل ،
ھەرەملەرگە ئانىڭ دەپ ئېردىكى ئول .
مېنى باشلاپان بارساڭىز سىز ئالىپ ،
بۇ سۆزنى ھەرەملەرگە قىلغۇم بارىپ . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « بۇ سۆزۈك خام خەيال ،
ھەرەملەرنى كۆرمەكلىكىڭدۇر مەھال .
كىشى كۆرمەگەن نەچچە يىلدۇر ئانى ،
نېچۇ كىدىن كۆرەرسەنكى ، ئەقلىڭ قانى ؟
ئايتغىل ماڭا بولسە ھەرنە سۆزۈك ،
مەن ئايتاي بارىپ ، مۇندا تۇرغىل ئۆزۈك . »
ئەمىر : « قىلماغۇمدۇر » دېدىلەر « ساڭا ،
ھەرەملەرگە قىلغىل ، دېدىلەر ماڭا .
خاجە ئۇمرى دېدى : « بولماسە سىز تۇرۇك ،
كېلەيىن سوراپ مەن ، سىز ئاندىن يۈرۈك . »
ئوشۇل دەم ئالىپ ئوق بىلەن غازنى ھەم ،
خاجە ئۇمرى بارىپ ئېردى نەچچەند قەدەم .
ئەمىر يەئنى قىچقاردى « ئەييار » دەپ ،
خاجە ئۇمرى يانىپ تۇردىلار ئول تەرەف .
« ئەبۇل ئالىنىڭ بىر سۆزى ئۇنتۇلۇپ
قالىپدۇر ، بۇ كۆڭلۈم فەرامۇش بولۇپ .
دۇئايى سەلام ئايتىبان نەچچەگە ،
دەپ ئېردىكى بىر ساربان بەچچەگە . »
خاجە ئۇمرى بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
زەھەرنى بۇ ئىچكەندەك ئولدى يامان .
چىقىپ ھەر مويى جامەسى تاشغە ،
ۋەلې كەلدى مېھرى نىگار قاشغە .
مەلىكەم دېدى : « بولدىڭىز خۇش ھەيال ،
بولۇپ ئىنتىزارۇ مەن ئولدۇم مەلال . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەي مەلىكەم تۇرۇك ،
مېنىڭكى بۇ بەدبەختلىقىمنى كۆرۈك .
چىقىپ كوھى قافدىن بىر ئادەم ھەلى ،
كېلىپدۇر ئىكەن بىر قەلەندەر ۋەلې .
ئەمىر بىرلە ھەمراھ ئىدىم ، دەيدۇر ئول ،
سەلامى كېلىپدۇر ئانىڭ نەچچە يول .
دېمىشلەركى مەئدى كەرەبكە سەلام ،
يەنە لەندۇھۇرغە دۇئايۇ پەيام .
كېيىن ياد ئېتىپدۇر مېنى ئول بەچە ،
دېمىش بىر يەتىم باردۇ ساربان بەچە ،
كى سىزلەرگە ھەم بىر سۆز ئايتىپ ئىكەن ،
كىشگە دېمەسلىككە قايتىپ ئىكەن .
كى دەيدۇر مەلىكەم قاشغە مېنى
ئالىپ بار ، قىلۇرمەن ئۆزىگە ئۇنى .
فەلاقماندا تاش ئاتتىمۇ قىلدى رەد ،
كى بىر پەھلەۋاندۇركى ئول شىرى مەرد .

كېلىپ ئۇل كىشى قەلئەنى پايلاسە ،
قىلىپ جەڭ مۇبادا خۇرۇج ئەيلەسە ،
كى مۇشكىل ئېرۇر بىز قۇتۇلماق ئىشى ، »
مەلىكەم دېدى : « نې قىلۇر بىر كىشى ؟ »
خاجە ئۇمرى يىغىپ لەشكەرىنى تەمام ،
قويۇپ قەسرىنىڭ ئىشكىدە خاسۇ ئام .
مۇكەممەل ، مۇسەللەھ بولۇپ پىرۇ ياش ،
بولۇپ خاجە مۇقبىل بۇ لەشكەرگە باش .
بۇ لەشكەر كېلىپ قەسرىنىڭ ئىشكىدە ،
تۇرۇپدۇركى ئىككىنچى دەربەندىدە .
ئاتىشباز قۇللارنى قىلدى رەۋان ،
ئۇلار ھەم بولۇپ تۇردىلار كامران .
تىكىپ يەتتە دەر بەندىدە تۇغ ـ ئەلەم ،
كى مەشقال شاھ باش بولۇپ تۇردى ھەم .
ئۇلۇغ پەھلەۋانلاردىن ئونمىڭ كىشى ،
كىيىپ كۆك تۆمۈر ، تۇرماق ئېردى ئىشى .
غەزەب كۆزلەرى ئەژدىھادەك بولۇپ ،
كى ئىلكىدە خەنجەر ، قىلىچلار تۇتۇپ .
خاجە ئۇمرى بۇ يەڭلىغ قىلىپ دەر زەمان ،
ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر شول زەمان .
« قوپۇڭ ، ئەي قەلەندەر » دېدىلەر كېلىپ ،
شەھەر سارى يۈردى ئەمىرنى ئېلىپ .
كېلىپ كۆردى بۇ لەشكەرىنى ھەمىن ،
دېدى : « بارەكەللاھ » ، ئوقۇپ « ئافەرىن »
خاجە ئۇمرىگە ئەۋۋەل دۇئا قىلدىلەر ،
بۇ خىزمەتدە ئىخلاسىنى بىلدىلەر .
ئەمىر باقمىش ئېردى ئويانۇ بۇيان ،
تۇرار ئېردى ھەرياندا مىڭ پەھلەۋان .
خاجە ئۇمرى كېلۇر ئېردى بۇ سۆزنى دەپ ،
« كى ئەي دەرۋىشى ، ساقلاغىل سەن ئەدەب .
ھەرەملەرى بار قۇدرەتۇللاھنىڭ ،
ئىشى كۆپ خەتادۇر بۇ دەرگاھنىڭ . »
ئۆتۈپ ئېردىلەر يەتتە دەربەندىدىن ،
كى تۇتتى ئەمىرنىڭ كەمەر بەندىدىن .
دېدى : « ئەمدى بولدى ، بۇ يەردە تۇرۇڭ ،
كى مۇندىن قىلىپ سۆز ، ئاڭا ئۇقتۇرۇڭ .»
ئەمىر دېدىلەر : « كۆرمەيىن بۇ كۆزۈم ،
ئەمەسدۇر مېنىڭ غايىبانە سۆزۈم .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردە توساپ ئانچۇنان ،
دېدىلەركى : « قىل سۆزنى ، ئاھستە يان ! »
ئەمىر دېدىلەر : « كۆرمەسە ئانى كۆز ،
بۇ يەردە تۇرۇپ قىلماغايمەنكى سۆز .
خاجە ئۇمرى قىلىشىپ نىھايەت جەدەل ،
كىگۈردى ئاران توختاتىپ بىر مەھەل .
خاجە ئۇمرى قىلىپ مەكرىلەر بىھساب ،
كى خالدارى بۇ گۇستەھەمنى ياساپ .
كى پەردە قاشىغە چىقىپ تۇردى بۇ ،
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « مەلىكەم شۇبۇ . »
ئەمىر دېدىلەر : « بۇ ئەمەس بىگۇمان ،
ئەمىر ھەمزە بەرمىش ئىدىلەر نىشان .
بۇ خالدارى ھەم گۇستەھەم بۇ كىشىڭ ،
ئېرۇر بۇ سىنىڭكى خۇسۇمەت ئىشىڭ .
تۇرۇپ ئانچۇنان مۇندا سۆزلەشتىلەر ،
كېلىپ ئاخىرى پەردەنى ئاچتىلەر .
مەلىكەمگە تۇشتى ئەمىرنىڭ كۆزى ،
كېتىپ ھۇشلارىدىن ، يىقىلدى ئۆزى .
فەلەك يەر بولۇپ ، بۇ زەمىن ئاسمان ،
كى توختاتتىلار ئۆزنى ساھىب قىران .
يۈزىگە باقىپ بىلدى بۇ شەھرىيار ،
مەلىكەمدە ئاچلىق نىشانەسى بار .
قەسەم ياد قىلدى ئەمىر شول زەمان ،
دېدىلەركى : « ئەي كافەرى بەد گۇمان .
ئەگەر ئىنتىقامىمنى مەن ئالماسام ،
ساڭا نەچچە تۈرلۈك جەزا سالماسام ،
كى ساھىب قىران بولماسۇن ھەيبەتىم ،
كى ئۆچسۇن ئەمىر ھەمزە يەئنى ئاتىم .
خاجە ئۇمرى دېدىلەركى : « ئەي دەرۋىشى ،
كى سۆزلەرىنى ئەمدى قىلىڭ ، يوق كىشى.»
ئەمىر دېدى : « ئەي ساددەئى كوتە دىل ،
ئەمىر ھەمزە مۇنداغ دېمەپ ئېردى بىل .

قۇلاقغه قىلغىل دەپ ئېيردى مېنى ،
تۇتارمەن ئەمىر ھەمزەنىڭ ھۆكمىنى . »
خاجە ئۇمرى دېدىكىم بۇ يەگىلىغ ئاغا :
« ۋە لېكىن ئەجەل يەتتى بولغاي ساغا .
قىلىپ دەغدەغە مۇندا تۇردۇڭ ئۇزاق ،
كۆرەرسەن نە ئىشلارنى ، ئارقاڭغە باق . »
كى باقتى ئەمىر ئارقاسىغە رەۋان ،
تۇرۇپدۇر كى نەچچەند ئۇلۇغ شەھكەمان .
ھەمە قوشقان ئىلكىدە ياي ھەمدە ئوق ،
ئاتىپ قىلغۇدەك ئەژدەھالارنى يوق .
ئاتىشباز قۇللار مۇھەييار ئېتىپ ،
كى قارۇھى نەفتنى تەييار ئېتىپ .
تۇرۇپدۇر بولۇپ ھەر بىرى كامران ،
كى ھەر يانىدا ئىككى مىڭ پەھلەۋان .
ئەمىر دېدى : « ئەييارسەن نې ئەجەب ،
ئەمەس سۆز قىلۇرسەن ماڭا سەن نە دەپ .
كى ئۆلتۈرمەگىن ، مەن بۇ يەردىن يىتەي ،
دېمەي ئۇشبۇ سۆزنى چىقىپ مەن كېتەي . »
قىلىپ گۇفتگۇي ئانچە بىسيار ئىدى ،
كى ئاخىر خاجە ئۇمرى قەبۇل ئەيلەدى .
كېلىپ قولغە خەنجەر ئالىپ توردىلار ،
ئەمىر ھەم ئەدەب بىرلە ئولتۇردىلار .
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەي قەلەندەر ، ئېگىل ،
كى ھازىرى بولغىل ، سۆزۈڭنى دېگىل .»
ئۇزاتتى ئەمىر يەدىنى دەر زەمان ،
مەلىكە قۇلاقىنى تۇتتى ئاران .
ئەمىر دېدى ئاھىستە : « مەتلۇبىڭىز ،
كى مەن شول ئەمىر ھەمزە مەھبۇبىڭىز .
فىراقىڭدا ئۆرتەندى جانىم كۆيۈپ . »
دېدىلەر ، مەلىكەمنى قويدى سۆيۈپ .
مەلىكەم چېكىپ ئاھنى شول زەمان ،
كى فەرياد ئەيلەپ ، يىقىلدى رەۋان .
خاجە ئۇمرى بۇ سۆيگەنلەرنى كۆرۈپ ،
كى ھەيبەت قىلىپ ، ئىككى ـ ئۈچ چەۋ رۇلۇپ .

ئەمىر دالۇسىغە بۇ كەلگەن زەمان ،
غەزەب بىرلە خەنجەرنى قىلدى رەۋان .
ئەمىر كۆردى ئاشىرى ئاتىخانەنىڭ .
ئالىپ لەۋھەنى ئۇشبۇ دىۋانەنىڭ .
قويۇپ ئېيردىلەر دالۇسى ئۇززە ھەم ،
ئاغا تەگدى خەنجەر كېلىپ ئۇشبۇ دەم .
بۇ لەۋھە بولماسە ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
ئۆتەر ئېيردى بۇ سىنەسىدىن رەۋان .
ئوشۇل دەم ئەمىر دېدى . « ئەي ناپسەند ،
مېنى سۆيگەلى ئەمدى قويماسمۇسەن .
كى بىر نەچچە يىلدىن بىرى كۆرمەگەن ،
كۆيۈپ ئىشتىياقىدا مەن ئۆلمەگەن .
مېنىڭ مەئشۇقۇم بولسە بۇ نازەنىن ،
بىئىنسافلار ، مەن نېتەي سۆيمەيىن . »
ئەمىر باشىدىن بۇ كۇلاھ ئالدىلار ،
بۇلار كۆردى ، بىھۇش بولۇپ قالدىلار .
ئەمىر تىزلارىغە ئالىپ باشىنى ،
ئارتتى بۇلارنىڭكى كۆز ياشىنى .
كۆز ئاچتى مەلىكە ئەمىرگە باقىپ ،
كى يىغلاپ لەبىنى لەبىگە ياقىپ .
يەنە بىر ـ بىرىدىن سوراپ ھەسبەھال ،
كى شاد ئولدى ئۆي قىزلارى ئۇشبۇ ھال .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەي خاجە ئۇمرى تۇرۇڭ ،
ۋەلي بىر زەمان مۇنداشۇك ئولتۇرۇڭ .
قىلاي لەشكەرىمنىكى مەن ئىمتەھان ،
بىلەي قايسى ياخشىۇ قايسى يامان .
كۇلاھغە يەنە باشىنى تىقتىلار ،
ھەرەمدىن تالاغە قويۇپ چىقتىلار .
يەنە دەرۋىشانە بولۇپ دەر زەمان ،
كى ئولتۇردىلار قالماغاي دەپ گۇمان .
يىغىپ خەلقىنى ھەم قېرى ـ ياشلىغىن ،
كېلىپ تۇردى مەشقال شەھ باشلىغىن .
كى مۇقبىل ، خاجە ئۇمرى بىرۇق يىغلاشىپ ،
بۇ سۆزلەرنى قىلدى، بۇلار چۇغلاشىپ .

دېدى : « ئەي يارانلار ، مۇنى ئاڭلاڭىز ،
ۋە هالا قىلۇرمىز نېچۇك ئەمدى بىز .
ئەمىر هەمزە كەلمەس ئىمىشلەر تەمام ،
ئىبەرمىشكى بىزگە دۇئايى سەلام .
بولۇپ پادىشاه كوهى قافغە ئۆزى .
كىلىپدۇر سەلامۇ ۋەسىيەت سۆزى .
دېمىشلەركى بارماقغە دىشۋار ئىشىم ،
مېنىڭ بولسە هەم بىر مۇناسىب كىشىم .
بېرىڭلار مەلىكە نىگارنى ئاڭا ،
ئانى ساقلاماڭلار كېلۇر دەپ ماڭا .
بۇ سۆزنى قىلادۇركى بۇ دەرۋىشى ،
كېتىپدۇركى ئەمدى ئانىڭ كەلمىشى . »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەي يارانلار ، ئەجەپ ،
قىلىپدۇر بۇ سۆزلەرنى هەم ئول ئەرەب . »
باقىپ دېدى مەشقال شاهغە : « كېلىڭ ،
مەلىكەمگە سىز خوب مۇناسىب ، ئېلىڭ . »
بۇ سۆزلەرگە مەشقال شاه بولدى يوق ،
ياقا چاك ئېتىپ ، يىغلاردىلار بىروق .
دېدىكىم : « ئەمىر كەلمەسە . كىم ئالۇر ،
مەلىكەم مېنىڭ بەلكى سىڭلىم بولۇر .
رەۋادۇر ماڭا قايىسى مەزهەب ئارا ،
قىلۇرلار ئەجەب بىهۇدە ماجەرا .
ئەمىر كەلگۈچە مەن قىلۇرمەنكى جەڭ ،»
دېدىلەر بۇ مەشقال شاه ئۇشبۇ رەڭ .
كۆرەندى ئەمىرگە بۇ ياخشى كىشى ،
كى بولدى زىيادە بۇ هىممەت ئىشى .
يەنە دېدى مەشقال شاه ئۇشبۇ هال :
«قىلۇرلار خاجە ئۇمرى نە يەڭلىغ خەيال .
ئەمىر كەلمەسە تازە يۈز يىلغىچە ،
چاپارمەن قىلىچ ، كۈندۈزۈ هەم كېچە . »
هەمە ئىبرەت ئالدى بۇ سۆزدىن رەۋان ،
قەبۇل ئەتمەدى بارچە ئەهلى ياران .
كى ئاخىر بۇ ئىشنى قىلىپ ئىختىيار ،
ۋە هالا قەبۇل ئەيلەدى زۇلخۇمار .
ئەمىر ئانى بىر كاج ئۇردى قوپۇپ ،

كى قوغلاپ چىقاردىكى لەئنەت ئوقۇپ .
دېدىلەر ئاڭا : « يوق ئىكەن سەندە يۈز ،
كى تۈز ساقلانماي ، خوبمۇدۇر ئۇشبۇ سۆز
كوكولداشلىق بولماسا نىسبەتىڭ ،
باشىڭنى كېسىپ مەن ئۇچارسام ئەتىڭ .
بۇ لەشكەردە تۇرما ، ساڭا يۇقتۇر يول ،
كۆرۈنمە ماڭا ، ئەمدى جەللاد بول . »
بۇ لەشكەر ئەمىرنى تانۇپ ئۇشبۇدەم ،
كى شاد ئولدىلار ، بارچەدىن كەتتى غەم .
ئوشۇل دەم خاجە ئۇمرى بولۇپ كامران ،
چىقىپ قەلئەنىڭ قارشىغە شول زەمان .
دېدى : « ئەيىۇهەنناس ، ئەي خاسۇ ئام ،
بۇ سۆزنى ئىشىت بارچە كافەر تەمام .
ئەمىر هەمزە هەم كەلدى بىۋاستە ،
بىلىڭ سەفنى قىل تاڭلا ئاراستە . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ، هەققە ئەيلەپ سەنا ،
ئەمىر قاشىغە كىردى ئاندىن يانا .
ئەمىر دېدىلەر : « ئەي خاجە ئۇمرى بارىپ ،
كېلىڭ مۇندا مەئدى كەرەبنى ئالىپ .
كى زۇهرايى مىسرىمۇ هەم بار ئىدى ،
ماڭا نەچچە يىلدۇركى هەمرا ئىدى .
كى ئاغرىتمايىن كەلتۈرۈڭ ، ئەي ئەزىز ،
كى بىر ساندۇقۇم بار ، ئالىڭ ئانى سىز .
ئەمانەت دەبان ياد ئەيلەپ سېنى ،
ئالىپ كەلمىش ئېردىمكى سىزگە ئانى . »
يەنە رەئدە شاتىردىن بۇ ئەمىر ،
ئالىپ ئېردىلەر گەۋهەرى تازە بىر .
ئەنى هەم خاجە ئۇمرىغە بەردى بۇ هال ،
« يەنە قالغانىغە ئۇ ساندۇقنى ئال . »
خاجە ئۇمرى ئۇلار ئالدىغە كەلدىلەر ،
بۇلار بەردى ساندۇقنى هەم ئالدىلەر .
يۈرۈپ موللا نەققاشۇ بەهلۇل هەم ،
كى زۇهرايي مىسرى بىلە دەر قەدەم .
يەنە بىرلەرى ئېردى مەئدى كەرەب ،
بۇلار يۈردى يولغە كىرىپ بۇ تەرەف .

خاجە بۇ ئۇمرى بۇ ساندۇقنى ئالدى كىلىپ ،
مۇنى ئاچتى بىر خالى ئۆيگە كىرىپ .
كى چىقتىكى بىر دىۋ ئىچىدىن رەۋان ،
يۈگۈردى خاجە ئۇمرىگە بەرمەي ئەمان .
كى ئەز پەي تۇتۇپ ئۆلتۈرۈر هالىدا ،
سەفىد مىهرىنى تارتتىلار ئالدىدا .
بۇ يەڭلىغ خاجە ئۇمرىنى هەيران قىلىپ ،
چىقىپ ئاندا دىۋ ئۆينى ۋەيران قىلىپ .
خاجە ئۇمرى ئالىپ ئۆزنى بەرداشغە ،
كايىپ زىهنى ، كەلدى ئەمىر قاشىغە .
ئەمىر كۆردىلەر رەڭگى روبى ئەجەب ،
بۇ دەم خاجە ئۇمرى دىدى : « ئەي ئەرەب .
ئۈزۈڭ ئۆلتۈرەلمەي بۇ دىۋنى ماڭا ،
كۇچۇڭ يەتمەيىن كوهى قافدا ئاڭا .
سولاپ ئانى ساندۇقغە كەلمىشمۇدىڭ ،
كى ئولتۈرسۇ دەپ ماڭا بەرمىشمۇدىڭ ؟! »
ئەمىر ئاند ئىچىپ بەردى : « قىلماي هەۋەس . »
دىدى : « ئەسلى ساندۇقنى ئاچغان ئەمەس .
ئاقىپ كەلدى دەريادا ئول ، بىلمەدىم ،
خاجە ئۇمرىغە سەۋغات بولسۇن دىدىم . »
دىدىلەركى مەئدى كەرەب شول زەمان :
ئاچىپ مەن كۆرەپ ساقلاپ ئىبردىم نىهان . »
خاجە ئۇمرى قەسەم قىلدىلەر بۇ مەقام ،
كى سەندىن دىدى ئالماسام ئىنتىقام ! »
ئەمىر بۇ شەهەرگە كىرىپ ئەردىلەر ،
كى ئاشقىرنى ئوتغە قويۇپ بەردىلەر .
چىنار ئالدىغە كەلدى ئوتلاپ نەچە ،
ئەمىرنى تاپالماي بۇ ئات تۈن كىچە .
كى دىۋانە بولدى ، سۇدىن ئۆتتى ئات ،
بۇ يەرلەردە لەشكەر ئىدى قاتما ـ قات .
ياتۇر ئىبردى نۇشىرۋان باشلىغىن ،
تىكىپ تۇغ ـ ئەلەم هەم قىبرى ـ ياشلىغىن .

كى قورقۇپ تۇرالماي بۇ ئاشقىر كۆرەپ ،
چافىشغە بىروق تۇردى بۇ هەر تەرەف .
قىلىپ پارە ـ پارە ، كىلىپ قاشىغە ،
يىقىلدى چادىر خەلقىنىڭ باشىغە .
قوپۇپ كۇفر ئىلى ئويغانىپ رەڭ بەرەڭ ،
مۇكەممەل مۇسەللەه بولۇپ قىلدى جەڭ .
كى ئۆلتۈردىلەر هەم بىرى بىرنى هەم ،
نە تۇغچى ، نە تەبلۇ نە شەددۇ ئەلەم .
تاڭ ئاتتى ، شەبىخۇندا چىقتى قۇياش .
ئۆلۈكنىڭ سانى يوق بۇ سايدا چۇ تاش .
دىدى كوفرى ئەهلى بۇ كىمنىڭ ئىشى ،
قاراپ باقتىلار يوق ئارا يات كىشى .
ئۆلۈككە تولۇپدۇر بۇ يەر قاتما قات ،
يۈرۈيدۇر كۆزى ئۇچكى بىر ياخشى ئات .
كىشى كۆرمەگەن بۇ سىفەت ئاتنى .
سىفەت قىلسە بولمايدۇر هەيهاتنى .
يەقىن هەم بارالماس ئىدى قاشىغە ،
كى ئۆلتۈرمىش ئىبردى ئۇرۇپ باشىغە .
ئەمىر قىلدى بامداد نەمازنى ئەدا ،
بولۇپ ئول زەمان بۇ دۇئادىن جۇدا .
بۇ غەۋغايى شەبىخۇندىن ئالغاچ خەبەر ،
ئەمىر قەلئەنىڭ باشىغە چىقتىلەر .
بۇ ئاشقىرنى كۆردىكى لەشكەر ئارا ،
دىدىلەر : « قىلىپدۇر ئاتىم ماجەرا .
كى ئاشقىرنى قىچقىردىلەر شول زەمان ،
ئەمىرنى كۆرۈپ كەلدى ئاشقىر رەۋان .
ئەمىر ئۆز سەلاهىن كىيىپ دەر زامان ،
مۇكەممەل مۇسەللەه بولۇپ شول زەمان .
كى ئاشقىرغە بولدى سەۋارە بۇ دەم ،
تىكىپ پەيكەرى يەئنى ئەژدەر ئەلەم .
كى دەرۋازەدىن چىقتىلار ئۇشبۇ هال ،
كۆرۈپ كۇفر ئىلى قىلدى تەهقىق خەيال .

## فەسلى داستان، ھەزرەتى ئەمىر نۇشىرۋان بىلە جەڭ قىلغانلارى، نۇشىرۋانىنىڭ يەتمىش قاتار سەف لەشكەرىگە بىر ھەملەدە بەرھەم بىرىب قاچۇرغانلارى

بۇ يەگىلىغ ھىكايەت قىلۇر راۋيان،
ئەمىر بىرلە ئونىمىڭ ئۇلۇغ پەھلەۋان.
كىيىپ كۆك تۆمۈر ھەر بىرى فىرى فال،
كېلىپ توردىلار راست ئەيلەپ ياسال.
ئويۇن كۆرسەتىپ شىردەك رەڭ بەرەڭ،
تىكىپ تۇغ ـ ئەلەم سوقتىلار تەبلى جەڭ.
بولۇپ كوفر ئېلى كۆڭلى بىشىرمان،
كى ناچار ياسال قىلدى نوشىرۋان.
كېلىپ لەرزەگە بۇ زەمىنۇ فەلەك،
ئىدى كۇفر ئېلى لەشكەرى ئىككى لەك.
ئۇرۇس تاقى سەركەندى ئەيلەپ غەرو،
ئەمىرنىڭ كېلىپ ئالدىغە رو بەرو.
سالىپ قول كەمەر بەندىغە شىرى مەرد،
كى بىر ئۇردىلار، بولدى ئول گەردۇ گەرد.
ئانى كۆردى سەرتاقى كەلدى رەۋان،
تۇتۇپ ئۇردىلار يەرگە، بەرمەي ئەمان
كى ئوڭ قولدا قەمقامۇ چەب قولدا ھەم،
كى سەمسام ئالىپ جابدۇنۇپ كەلدى ھەم.
جىلاۋنى ئىگەرنىڭ قويۇپ قاشىغە،
ۋەلې باقمايىن ئاتىنىڭ باشىغە.
ئەمىر دېدى: «ئاشقىر كى، ئەي يادىگار،
ساڭا بەردىمۇ سەندەدۇر ئىختىيار.
بۇ ئىككى قولۇمدا جەفا تىغىنى،
خەبەردار ئولۇپ ساقلاغىل سەن مېنى.»
تىلەب ئۇچ قېتىم مەردلىكدىن ئىشى،
ۋەلې چىقمادى كۇفر ئېلىدىن كىشى.
بىر ئوق نەئرە تارتىپ ئەمىرى جەھان،
دەپ: «ئەللاھۇ ئەكبەر، مەنەم پەھلەۋان.
سەۋاران گەھىزانى دەۋرى مەنەم،
جەھان پەھلەۋانى زەمانى مەنەم.
مەنەم سەير كەردەئى ھەم كوھى فاف،
كۇشەندى نەرى سىمۇرغى دەر مەساف.
بەنامى ئەمىر ھەمزە ئالىي مەقام،
كى فەرزەندى ئەبدۇلمۇتەللىب كىرام.
بابام ھاشىمى ئىبنى ئەبدۇلمەناب،
مەنەم پەھلەۋان ساھىبى كوھى فاف! »
سىپاھ لەشكەرىنى قىلىپ قاتما قات،
تەۋەككۇل قىلىپ تەگرىگە سالدى ئات.
قىلىپ پارە ـ پارە ياساللارنى ھەم،
نە تەبلۇ نە تۇغۇ نە شەددۇ ئەلەم.
چىقىپ ئول تەرەفكە يانىپ بۇ تەرەف،
ئۇرۇپ، ئۆلتۈرۈپ ھەم بۇلاپ ھەر تەرەف.
چۇكۇپ كۇفر ئېلى ئىچرە بۇ نەررى شىر،
ئۆلۈپ ئەللىكى ـ ئاتمىشى، ئۇرسە بىر.
قىلىپ كۇشتە پۇشتە ھەمىنى زەمان،
ئاقىپ ھەر تەرەفكە راۋان بولدى قان.
چىقىپ نالەئى غۇلغۇلە بىشۇمار،
فەلەككە يېتىشتى بۇ گەردى غۇبار.
بۇ ئاۋازىدىن غەرق ئوتلار ئۇچۇپ،
بەيابانۇ دەشت يۇردى، تاغلار كۆچۈپ.
بولۇپ يەر يۈزى قان، ئۆلۈك مىسلى تاغ،
قەدەم قويىسە يەر يوق باسۇرغە ئاياغ.
ئۆلۈكلەر قانىدا ئۆلۈكلەر ئاقىپ،
بىرىسى بىرىنى تاپالماي باقىپ.
زەمىن ئۈزرە ياتغان ئۆلۈكلەر باشى،
كېسەكدۇر ۋەيا مىسلى سايىنىڭ تاشى.
تۈگەندى ئۆلۈپ نەچچە يۈزمىڭ چەرىك،
بۈكۈپ قالدى ھەم ئاندا ـ مۇندا تىرىك.
بۇ قالغان چەرىك بىرلە نۇشىرۋان،
مەدايىنغە قاچتى تاپالماي ئەمان.
ئەمىر ھەم يانىپ تۈشتىلەر ئۇشبۇ ھال،
دېدىلەر شەھەر خەلقىنى: «ئولجە ئال! »

چىقىپ بۇ شەھەر خەلقى ھەم تىزۇتۇن ،
بۇلار ئالدى ھەم ئولجەنى ئالتە كۈن .
فەقىرلەر ئالىپ ئولجەنى بىشۇمار ،
ئەمىر بارگاھىدا تاپتى قەرار .
يەنە قويدۇرۇپ ئول زەمان ئىككى تەخت ،
بىرىگە ئەمىر چىقتىلار ئۇشبۇ ۋەقت .
تاپىپ موللا بەھلۇلنى بۇ ۋەقتىدە ،
كى ئولتۇرغۇزۇپ ئانى بىر تەختىدە .
كى ئۆلتۇرۇبان يۈز كالا ، مىڭچە قوي ،
ئەمىر موللا بەھلۇلغە بىردى توي .
بۇ تويدىن كېيىن شاھلىقنى ئەمىر ،
خاجە ئۇمرىگە بەردى ، قىلىپ ئۇچ ۋەزىر .
ئەمىر بارچە شاھى ئەمىرلەر بىلەن ،
كۆچۈپ باردى ئەھلى زەمىرلەر بىلەن .
كى مەنزىل چېكىپ كىردىلەر راھغە ،
كېلىپ تۈشتىلەر مەككە تۇللاھغە .

## فەسلى داستان ، مەلىكە ئەسما پەرى كوھى قافدىن كەلگەنى ، مەلىكە مىھرى نىگارنى توي قىلىپ ئەمىرگە ئالىپ بەرگەنى

كى ئولتۇرمىش ئېردى ئەمىر تەختىدە ،
شەلاشىل كىرىپ كەلدى تۈش ۋەقتىدە .
كىرىپ دېدى : « ئەي پادىشاھى ئەرەب ،
كى ئەسما پەرى كەلدىلەر بۇ تەرەف .
بۇدۇر بارگاھى سىفاتى ئانىڭ ،
كى بار ئۇچ يۈز ئاتمىش قاناتى ئانىڭ .
يەنە ھەر گوروھىدىن ئونمىڭ كىشى ،
ۋەلې مىۋەئى لوھى قاف پىشكەشى .
سىز ئۆلتۈرگەن ئول دىۋلەنىڭ باشىنى ،
كى ئالتۇن بىلە قاپلاتىپ تاشىنى .
يەنە مالى بىھەد ئالىپ كەلدىلەر ،
كېلىپ مەن ، فەلان يەردە قالدى ئۇلەر .
ۋەلې سىزنى ئول مەسلەھەتلەر ئۇچۈن ،
كى چىرلايدۇلار ئۇشبۇ رۇخسەت ئۇچۈن . »
ئەمىر خاجە مۇقبىلغە كىم ئۇشبۇ رەڭ ،
دېدىلەر : « خاجە ئۇمرىگە ھەرگىز دېمەڭ .
قويۇپ چىقتى ئول دەم ئەمىر تاشقارى ،
چىقىپ كۆردى سەف ــ سەف تۇرۇپدۇر پەرى .
كېلىپ كۆردىلەر بارگاھى شىكاف ،
كى بار پادىشاھ ھەفتەئى كوھى قاف .
ئەمىر ھەم سەلام ئەيلەدىلەر بۇرۇن ،
كۆرۈشتى ئەمىر بىرلە ، بەردى ئورۇن .
كى ئولتۇردى ئەسما پەرى يانىدا ،
ۋەلې ئۆزگە شەھلەر مۇنىڭ يانىدا ،
كى ئىزدەپ ئەمىرنى خاجە ئۇمرى بىرۇق ،
كىرىپ بارگاھ ئىچرە ھەم باقتى يوق
دېدى كۆڭلىدە : « كوھى قافدا نەچە
تۇرۇپ، بولمىش ئول كۆكلى ھەم ئۆزگەچە.»
بۇ سۆزلەرنى دەپ چىقتى ئىزدەپ رەۋان ،
بۇ سائەت بارىپ باقتىلار ھەر قايان .
كۆرەندى كۆزىگە ئەجايىب بۇ ھال ،
بۇ ھەسرەتدە قالدى بولۇپ ئەقلى لال .
دېسە ئادەمى ، ئەقلدىن بۇ يىراق ،
بۇ كۆز كۆرمەگەن ھەم ئىشىتمەي قۇلاق .
كى ئالتۇن خىش ئون ئىككى مىڭ كارھا ،
كۈمۈش خىشت ئون ئىككى مىڭ بارھا .
قىلىپدۇر ئانى فەرش يەر يۈزىگە ،
قويۇپ لەئلۇ ياقۇت ئانىڭ كۆزىگە .
تەنابىغە مىڭ يەتتە يۈز ھەفتە رەڭ ،
ئاگا ئەبرىشىمدىن قىلىپدۇر بۇ رەڭ .
كى ئالتۇن ــ كۈمۈشدىن ئاگا مىخ قاقىپ ،
ئانى كۆرسە ھەركىم قالۇر ھاڭ باقىب .
تىكىپ بارگاھى سولەيماننى ،
كى ئالدىغە ئەيلەپ فەراۋ‍نى .

يانا بارگاھ باشىدا يۇز رەۋاق ،
ياشلىۇ سارىغۇ قىزىل بىرلە ئاق .
يەنە ئالتە يۇز فەردەنى باشىدا ،
كى تارتىپ قويۇپدۇر رەۋاق قاشىدا .
تىكىپدۇركى ئالتۇن بىلەن قۇببەنى ،
سىفەت قىلسە بولماس ئاغىزدا ئانى .
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « بۇ كىمنىڭ ئىشى ،
كۆرۈنمەيدۇ مۇندا ۋەيا ھېچ كىشى ، »
دېدىلەر بۇ سۆزنى باقىپ ھەر قايان ،
كېلىپ ئىككى ئالتۇن خىشت ئالدى رەۋان .
كېلىپ تۇتتى بىر دىۋ گالدىن سىقىپ ،
ئالىپ كەتتى ئول ئاسمانغا چىقىپ .
قويۇپ بەردى، دىۋ ئاسماندىن رەۋان ،
كى بىر دىۋ يەنە تۇتتى بەرمەي ئەمان .
خاجە ئۇمرى دېدىكىم: «بۇ ئۆلتۈر گۈدەك،»
دېدىلەر : « ئىلاجىنى قىلماق كېرەك . »
سەفىد مېھرىنى تارتىپ ئېردى ھەمان ،
بۇدىۋلەر قويۇپ قاچتى ئاندىن رەۋان .
ئىشىتتى بۇ ئاۋازىنى دىۋ ــ پەرى ،
چىقىپ ئاجراتىپ ئالدى ، قوغلاپ نارى .
خاجە ئۇمرى قۇتۇلغانغە ئەيلەپ سەنا ،
ئەمرنى باقىپ كەلدى مۇندا يانا .
تۇرار بارگاھى يەنە ئۇشبۇ رەڭ ،
كى ئالتۇن ــ كۈمۈش زىلچىھايى فەرەڭ .
ئۇ يانۇ بۇ يانۇ باقىپ بۇ يەنە ،
ئەمر ئولتۇرادۇركى يالغۇز غىنە ،
بۇ يەردە خاجە ئۇمرى ئەمرنى كۆرەپ ،
دېدىكىم : « بۇ قايداغ ئىشىڭ ، ئەي ئەرەب .
نېدىن يالغۇز ئولتۇرماقىڭ مۇندا گەر ؟ »
دېدى : « بارگاھ كىمنىڭۇ بۇ نە يەر ؟ »
ئەمر قىلدى دەرھال ئىشارەت ئىشى ،
دېدى : « باردۇرۇر ئارقاڭىزدا كىشى . »
خاجە ئۇمرى ئۇچاسىنى قىلدى ئۇيان ،
ئەمر دېدى : « قىلمە ئۇچاڭنى بۇ يان .
كىشى بار ئۇچاڭدا ، ئارقاڭغە باق ،

ۋەلې مۇندا ئولتۇرمە ، تۇرغىل يىراق . »
خاجە ئۇمرى باقىپ ئولتۇرۇپ تۆرت تەرەف ،
كى ئولتۇرغالى قويمادى بۇ ئەرەب .
باقىپ ھەر تەرەف ، ئولتۇرالماي قالىپ ،
ۋەلې ئوڭدا ياتتى بۇ ئاخىر كېلىپ .
كى بىر كۈلكى ئاۋازى كەلدى بۇ ھال ،
ئىشىتتى جاجە ئۇمرى ، دېدى : «بۇنە ھال؟»
بۇ ئەسنادا ئەسما ئىشارەت قىلىپ ،
دېدىكىم بۇ يەڭلىغ بىشارەت قىلىپ .
بۇ كۆرمەككە سۇرمە سۇلەيماننى ،
كى تارتىپ چېكىڭلار بۇ ئېھساننى .
كۆزىگە بۇ دەم سۇرمەنى ساچتىلار ،
خاجە ئۇمرى كۆزىنى قويۇپ ئاچتىلار .
پەرىزادۇ دىۋلەرنى كۆردى ھەمە ،
دېدى : « يا ئەمىر ، بۇ خەلايىق نېمە ؟
بولار كوھى قاف شاھىمۇ ، ئەي ئەزىز ،
ۋەلې قايىسى سىزنىڭكى خاتۇنىڭىز ؟ »
قويۇپ ئىككى تەختۇ بىرىدە ئەمىر ،
بىرى ئۇززە ئەسما پەرى دەستىگىر .
كى ئەسما ئەمىرنىڭكى ئوڭ يانىدا ،
قۇرەيش ئىبنى سۇلتانى سول يانىدا .
خاجە ئۇمرى قويۇپ ئەيلەدىلەر سەلام ،
پەرىلەر ئەلەيك ئالدىلار خاسۇ ئام .
پەرىلەر جەۋاھىر ئالىپ دەر مەھال ،
خاجە ئۇمرىگە سەۋغات ئېتىپ دېدى: «ئال.»
يەنە بىر كۇلاھ بەردى بۇ سائەتى ،
دېدىلەر : « كىيىڭ ، بارۇ خاسىيەتى .
بۇ شەبھۇش كۇلاھى سۇلەيماندۇر ،
ۋەلې خاسىيەت لۇتفى چەندانىدۇر .
مۇنى ھەر كىشى كىيسە غايىب بولۇر ،
بىرى ئولكى دۇشمەنگە غالىب بولۇر . »
كۆلاھنى ئالىپ كىيدۇرۇپ باشىغە ،
« چىقىلىڭ ــ دېدى ــ مېھرى نىگار قاشىغە .
قىلىلىڭ سىز ئاڭا كەڭگەشمىنى خەبەر ،
كى ئولتۇرماسۇن بىخەبەر ئول گۆھەر .

كى مۇندىن بارۇرمەن ئانى كۆرگەلى ،
كى ئالدىمدا ئىلدام بارىلىڭ ئىلگەرى . »
خاجە ئۇمرى چىقىپ بارگاھ تاشىغە ،
كېلىپ دېدى مېھرى نىگار قاشىغە :
« ۋە ئەي نازەنىن ، ئەي مەلىكە جەھان ،
كى سىزلەرگە كەلمىش ئۇلۇغ مېھمان .
ئۇشۇل پادىشاھ ھەفتەئى كوھى قاف ،
كى ئەسما مەلىكە پەرى دىر مەساف .
قۇرەيش سۇلتانى باشلىغىن تاجۇ تەخت ،
كېلىپدۇر سېنى كۆرگەلى ئۇشبۇ ۋەقت .
كى زىنھار ئالدىغە چىقماڭ ئانىڭ ،
كى نوقسان يېتەر ھۇرمەتىڭغە سېنىڭ .
يەقىن كەلگۇچە مۇندا شوك ئولتۇرۇڭ ،
بۇ يەردە قوپۇپ ئورنۇڭىزدە تۇرۇڭ .
يېتىشكەندە ھالا سالىڭ سىز قەدەم ،
نېچۇك ئول سۇلەيمان نەبىرەسى ھەم .
ۋەلې پادىشاھ ئادەمىزادە سىز ،
كى سىزدىن پەرىزادە بولماس ئەزىز . »
دېدىكىم مەلىكە نىگار : « ئەي ئاكا ،
قىلۇرسىز ماڭا ئۇشبۇ يەڭىلىغ جاكا .
ئانىڭ ھۇسنى ساھىب جەمالى نەدۇر ،
لەتافەتدە گوياكى ھالى نەدۇر ؟ »
خاجە ئۇمرى دېدى : « سورماغىل ، ۋاي ــ ۋاي ،
مەلاھەتدە بولمىش خىجىل مىسلى ئاي .
كى بىل ئانچە ھۇسن ئىچرە ئەئلا ئانى ،
ياراتمىشكى بەرھەق تەئالا ئانى .
ئۆزۈڭنىڭ چىرايىنى قىلساڭ ھەۋەس ،
ئانىڭ قاشىنىڭ بىر موېىچە ئەمەس . »
دەپ ئېردىكى بۇ سۆزنى ئول ئاشكار ،
كى بەدھال ئولۇپ قالدى مېھرى نىگار .
دېدى : « بولماغىل ئانچە بەدھال سەن ،
كى ئۆي قىزلارىچە ئانىڭ بار سەن . »
مەلىكە بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،
ئاقىپ يۇردى ياشى يۈزىدىن رەۋان .
قەبادەك ساغاردى ئانىڭكى يۈزى ،
كى خەنجەرنى ئۇرغاي ئۆزىگە ئۆزى .
خاجە ئۇمرى كۈلۈپ دېدى : « ئەي نازەنىن ،
كى بولماس سېنىڭدەك بۇ رويى زەمىن .
ئانىڭ يۈزى يوق زۇلفىڭىز تالىچە .
ۋەلې مىسلى سىز كۈندۈزۈ ئول كېچە .
مەلاھەتكى سىزلەردەدۇر ئانچۇنان ،
ۋەلې بولسۇن ئەسما پەرىدە قاچان . »
دەپ ئېردى ، مەلىكە كۈلۈپ ئۇشبۇ ھال ،
كى ئالتۇن بېرىپ بىر سۇپەر، دېدى: «ئال.»
بۇ ئەسنادا سۇلتان قۇرەيشى رەۋان ،
ئىشىكدىن كىرىپ كەلدىلەر شول زەمان .
خاجە ئۇمرى دېدىكىم : « قوپۇڭ ، ئەي ئەزىز ،
ۋە ھالا ئەمىرنىڭ قىزىدۇر بۇ قىز .
مەلىكە بەش ــ ئالتە قەدەمچە يۈرۈپ ،
كۆرەشتى مۇنىڭ بىرلە ، قويدى سۆيۈپ .
كۆرۈپ بىر ــ بىرىنى ئاقىزىپ سۇلار ،
جەمالىغە ھەيران قالۇر ئېردىلار .
زەمانى بۇلار ئولتۇرۇپ ، مۇڭداشىپ ،
بۇ دەم كەلدى ئەسما پەرى يېتىشىپ .
قىلىپ مىۋەئى پىشكەش دىر زەمان ،
قىلىپ دەبدەبە ، ئەسئەسە ئانچۇنان .
كى ئەسمانىڭ ئانداغ ئەقدەسى بار ،
« كى ئالدىمغە يىلدام مەلىكەم چىقار . »
ئانىڭ كۆڭلىدە مۇنداغ ئېردى خەيال ،
ۋەلې چىقمادى ئالدىغە ئۇشبۇ ھال .
كېلىپ قەسرىنىڭ ئىشىكىدىن كىردىلەر ،
كۆرۈپ بۇ مەلىكەم قوپۇپ تۇردىلەر .
يېتىپ ئۆيىنىڭ ئوتراسىغە ئۇشبۇ دەم ،
كى ئاندىن بۇلار يۆتكەدىلەر قەدەم .
كۆرەشتى ، سۆيەشتى بۇ يەردە بۇرۇن ،
كى ئولتۇردى ئاندىن بارىپ ئۆز ئورۇن .
بۇلار بىر ــ بىرىنى كۆرۈپ ئۇشبۇ ھال ،
جەمالىغە ھەيران ئولۇپ بولدى لال .
ئەمىر ھەم كىرىپ ئولتۇرۇپ يانىدا ،
كى يارلىغ ھۆكۈم قىلدى بۇ ھالىدا .

دېدىلەر يىغىپ ئادەمى خەلقىنى ،
قىلىڭلاركى ئاينەبەند قەلئەنى .
تەمام لەشكەرى كوھۇ ئول كوھى قاف ،
كى بەرسۇن ئارايىش بۇ خەلقى شىكاف . »
سۇلايماننىڭكى بارگاھىنى ھەم ،
كى بەرپا قىلىپ تىكتىلەر ئۇشبۇ دەم .
قىلىپ ئۈچ يۈز ئاتمىش رەۋاقى بەنا ،
تىكىپ ئالدىغە بارگاھى يانا .
كى توققۇز يۈز ئەللىك ياساۋۇل كىشى ،
كى تەيئىن بولۇپ ھەر بىرىنىڭ ئىشى .
كى سەندۇق قويۇپ ئىشكىدە ئۇشبۇ ھال ،
كى ئولتۇردى مۇقبىل بولۇپ پايمال .
كى مىلك يەتتە يۈز ئۆي قىلىپ ئاچىدىن ،
ئانى قىلدى تەييار كەچماچىدىن .
خەلايىق شەھەردىن ـ شەھەردىن بارىپ ،
كى مەي بىرلە كۆللەرنى جىق توشقارىپ .
ساچىپ مىۋەئى قافنى باشىغە ،
كى ئالتۇن ـ كۈمۈشنى قويۇپ تاشىغە .
كى ئەترافى ئالەمكە بولدى خەبەر ،
يىغىلدى تەفەررۇجكە مەزلۇمۇ ئەر .
يەمەن ، كۇفە ، شامۇ يەنە ئىسفەھان ،
يەنە مىسر ، بەغدادۇ مازەندەران .
تەمامى جەھانغە بولۇپ ئۇشبۇ داك ،
تەمامى خەلايىق كۆرۈپ ، قالدى ھاك
دېدىلەر ئەمىر : « ئەي خاجە ئۆمرى ، قويۇك ،
بارىپ ھەر تەرەفكە بەيىنلەر ئوقۇك .
خەلايىق كېلىپدۇر بۇ تويلار ئۈچۈن .
ۋەلي كەلمەدى ئۆزگە كويلار ئۈچۈن .
قىلىڭ ئانچە سازەندە گويەندەلىك ،
ۋەلي ساقىيايىكى جويەندەلىك .* »
بۇ يەكلىغ ھۆكۈم قىلدىلار شول زەمان ،
يىغىلدى تەفەررۇجكە خەلقى جەھان .

كى بەش مىلك يەنە خەيمەئى بارگاھ ،
ئويۇن قىلدىلار ئولتۇرۇپ جابەجا .
كى ئاندىن مۇناد ئەيلەدىلەر نەچە ،
دېدىلەركى تابىئ قىرق كۈنغىچە .
كىشى بىرلە ھەرگىز كىشىنىڭ ئىشى ،
ۋەلي بولماسۇن زۇلم ئېتەرگە كىشى .
كى دەخلى ۋىلايەتدە غەۋغاسىنى ،
كېيىن قىلسۇ ھەم بولسە دەئۋاسىنى .
قاقىپ كۈسى ئىسكەندەرىنى بۇ دەم ،
كى ئون ئىككى مىلك تەبلۇ نەققارە ھەم .
نەفىر كارنايۇ سەفىد مىھرىنى ،
نەۋازىشغە كەلتۈردىلەر بارىنى .
ئەمىر ھۆكم قىلدى بۇ يەكلىغ رەۋان ،
دېدىلەركى دىۋلەرنى : « كەلسۇن بۇ يان .
كۆرەنسۇن خەلايىقغە ھازىر بولۇپ ،
ئۇلار قىلسۇ خىزمەتنى زاھىر بولۇپ .
زىيان قىلماسۇنلار خەلايىقغە ھەم ،
بولۇپ شادىمان ، بولماسۇن ئەلدە غەم .
بۇ توي بولدى ئانداغ كىشى بىلمەگەن ،
ۋەيا ئېلگەرى يا كېيىن كۆرمەگەن . »
بار ئېردىكى ئەييار دەپ كەركەسى ،
بۇ تويىنى كۆرۈپ بۇ پەلىد ناكەسى .
ئاقىپ ياشى ھەسرەت بىلەن ئۇشبۇ دەم ،
بۇ مەلئۇن مەداينغە قويدى قەدەم .
كېلىپ دېدى نۇشىرۋانغە : « كۆرەك ،
كى بىر نەرسە كۆردۈم ئەجەب رەك بەرەك .
كېلىپ كوھى قافدىن تۈمەنمىڭ پەري ،
تەمام بارگاھى بىلەن شەھلەرى .
تىكىپ بارگاھى تۈمەنمىڭ رەۋاق ،
ساچىپ ئانچە ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە باق .
ۋەلي ئۆلتۈرۈپ تىۋە ، ئات بىرلە قوي ،
ئەمىرگە قىلادۇر مەلىكەمنى توي .

* قول يازمىدا بۇ مىسرادىن كېيىن « بۇ راقىمى ئۆزى جاغال كەنتىلىك » دېگەن مىسرا كاتىب تەرىپىدىن قوشۇپ قويۇلغان

بۇ دۇنيا تۆرەپ ئادەمىدىن بۇ دەم ،
بۇ توي ئۇخشە توي كۆرمەگەندۇر ئەدەم .
كى بار يەتمش ئىككى گۇرۇھ كوھى قاف ،
پەرىزادلار ھەر بىرى ماھتاب .
يەنە ئالەم ئەھلى تەمامى جەھان ،
يىغىلدىكى تويغە تەمام بارچە جان .
ھەمە مەست ئانداغ ئىچەدۇر شەراب ،
بىرى ساقىدۇرلار ، بىرىدە كەباب . »
قىلىپ ئېردى بۇ سۆزنى بىر – بىر بەيان ،
باقىپ دېدى بەختەككە نۇشىرۋان :
«كى بىز ھەم ئەمىر بىرلە بولساق تۆزۆك ،
بۇ تويلارنى ھەم بىزمۇ كۆرمەسمۇدۇك ؟ »
بۇ سۆزلەرنى بەختەك دېدىكىم تۇرۇپ :
« ھەلى ھەم بارالىك قەلەندەر بولۇپ .
كىشى بىرلە يوقدۇر كىشىنىڭ ئىشى ،
كى بىزلەرنى ھەم تانۇماس ھېچ كىشى . »
دېدى شاھ : « ئەگەر بولسە ئىلدام چاپىلى ،
كۆلاھ بىرلە بەش – ئالتە ژەندە تاپىلى . »
ئۇشۇل دەم تاپىپ جەندە بىرلە كەفەن ،
مۇنى كىيدىلەر ھەم بولۇپ يەتتە تەن .
بىلىگە ئاسىپ كۇشتەئى كاسە ئان ،
ئالىپ تەختى پوست ، بولدى يولغە رەۋان .
كېلىپ يەتتە تەن بىر تەرەفدە تۇرۇپ ،
كى توي كۆردىلەر خەلق ئارا ئولتۇرۇپ .
كى مىڭ يەتتە يۈز يەردە كەم – كاستە ،
قىلىپدۇركى مەجلىسنى ئاراستە .
ئىچەر بەئىزەسى بوزە بىرلە شەراب ،
بىرى مەست ئولۇپدۇر قولىدا كەباب .
بىرىسى نەۋادا ، ئوقۇيدۇر غەزەل ،
بىرى مەئنەسىنى قىلادۇركى ھەل .
ئويۇن – كۈلكى بىرلە يىقىلغان كىشى ،
كىشى بىرلە يوقدۇر كىشىنىڭ ئىشى .
كۆرەپ ئېردى نۇشىرۋان ھاي – ھۇي ،
دېگەندىن زىيادە ئىكەن ئۇشبۇ توي .
كى بىر يەردە ئولتۇردى ئەيلەپ ۋەتەن ،
كىشىگە قوشۇلماي ، بولۇپ يەتتە تەن .
تاپىپ پارەئى كوھنە سىنغان سەفال ،
شەرابنى ئالىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ ھال .
تىلەپ گوش بىلەن مۇئى قافنى ،
تاپىپ كەلدىلەر بىر بۇزۇق دافنى .
بۇلار ئولتۇرۇپ ئېردى مەجلىس قىلىپ ،
كۆرۈپ تانۇدىلار خاجە ئۆمرى كېلىپ .
پۈچۈق كوزە ئىلكىدە ئىچمىش شەراب ،
دېدى : « ئىشقى ئەللاھ ! » بۇلارغە قاراپ .
كېلىپ ھەممەسى ئولتۇرۇپ قاشىدا ،
شەراب كەلتۈرۈپ قۇيدى چايجۇشىدا .
دېدىلەركى : « مەن ئولتۇرالمايدۇمەن ،
كى بىر يەردە ھالا تۇرالمايدۇمەن .
يۇرۇرمەنكى مەجلىس بەمەجلىس نەچە ،
ئەمىر ھەمزە ساھىب قىران ھۆكمىچە .
كى سىزلەر ھۈزۈر بىرلە ئولتۇرسەلەر ،
شەرابى تۆگەنسە يەنە بەرسۇلەر . »
دېدىلەركى : « ئەي دەرۋىشى زاتلارى ؟ »
نە يەرلىك قەلەندەر ، نەدۇر ئاتلارى ؟ »
بۇلار دېدى : « قويماپ ئىكەن باشدا ئات ،
ئاتامىز ئۆلۈپدۇر ئانام ئىككى قات . »
خاجە ئۆمرى قوپۇپ كەتتىلەر ئۇشبۇ ھال ،
بۇلار قىلدىلار بىلمەدى دەپ خەيال .
كى ئەمما خاجە ئۆمرى بۇلارنى بىلىپ ،
دېدىلەر ئەمىر قاشلارىغە كېلىپ :
« كى بىزلەرگە نۇشىرۋان نې ئېرۇر ،
ئانىڭ نىسبەتى بىزگە قانداغ ئېرۇر ؟ »
ئەمىر دېدى : « بىزلەرگە نۇشىرۋان ،
ماڭا قېيىن ئاتادۇركى ئول بىگۇمان . »
خاجە ئۆمرى دېدى : « بولسە ئانداغ ئەگەر ،
مەن ئالدىمكى نۇشىرۋاندىن خەبەر .
كېلىپدۇر قەلەندەر بولۇپ يەتتە تەن ،
ئالىپ كۇشتە كاسە ، كىيىپدۇر كەفەن .
پۈچۈق كوزە ئىلكىدە ئىچمىش شەراب ،
ئانى تانۇدۇم مەن يىراقدىن قاراپ . »

ئەمىر بۇيرۇدى شاھلارنى رەۋان ،
دېدى : « بار ئىمىش مۇندا نۇشىرۋان .
بارىڭلار ئۇلار قاشلارىغە قوپۇپ ،
سەرۇ پاي ئالىپ ، ياخشى ئاتنى توقۇپ . »
بۇلار بارگاھنىڭ چىقىپ تاشىغە ،
يېتىپ كەلدى نۇشىرۋان قاشىغە .
كى ئىئزاز بىرلە كۆرەشتى بۇلەر ،
كى ئاندىن سەرۇ پايىنى كىيدۇردىلەر .
ئالىپ بارگاھىغە كەلدى رەۋان ،
كى ئولتۇرغۇپ تەختىدە شول زەمان .
كى ئولتۇردى تەختى سۇلەيمانىدا ،
ۋەلې پادىشاھ كوھى قاف يانىدا .
ئەمىر قىلدىلار ھەققە شۇكرى سەنا ،
« بۇ توي بەردى زىينەت بۆلەكچە يانا . »
مەلىكەم بۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
كۆڭۈللەر ئاچىلدى ، بولۇپ شادىمان .
خاجە ئۆمرى ئەمىرگە باقىپ ئۇشبۇ دەم ،
دېدىلەركى : « ئەي شاھى ئالىي كەرەم .
ھەمە جەمئ ئولۇپ ، كۆڭلۈمىز بولدى توق ،
ۋە لېكىن ئۇشۇل خاجە جۇمھۇر يوق .
كى ياد ئەتمەدىلەركى ئانى نە دەپ ،
ئەمەسمۇ ئاتا بىزلەگە ، ئەي ئەرەب . »
ئەمىر دېدى ئول دەم : « خاجە ئۆمرى ، چاپىڭ ،
ئەگەر بولسە يىلدام خاجەمنى تاپىڭ . »
خاجە ئۆمرى رەۋان بولدى ئەيلەپ خىرام ،
خاجەم قاشىغە باردى ، قىلدى سەلام .
دېدىلەر خاجە : « ئۆزگە كوي بولدىمۇ ،
كېلىپسىز بۇكۈن ، ئەمدى توي بولدىمۇ ؟
ماڭا كەلدىڭىزمۇ ؟ » دېدىلەر ھەمان ،
خاجە ئۆمرى كۆتەردى خاجەمنى رەۋان .
يۈدۈپ كەلدىلەر تويغە بۇ ھالدا ،
كى ئولتۇغۇزۇپ قويدى بىر خالدا .
ئەمىر قاشلارىغە خاجە ئۆمرى كېلىپ ،
دېدى : « كەلدىمۇ مەن خاجەمنى ئېلىپ .

ئەمىر ھۆكم قىلدىكى : « چىقماق كېرەك ،
كىشى قالماسۇن پادىشاھدىن بۆلەك . »
قوپۇپ چىقتىلار چوڭ ـ كىچىك ، پىرۇ ياش ،
ۋەلې شاھدىن ئۆزگە ئەھلى قاياش .
كۆرەشتى خەلايىق فىغانلار قىلىپ ،
ۋەلې كەلدىلەر بارگاھغە ئالىپ .
دېدى خاجە جۇمھۇر : « ئەي شاھلەر ،
ھەمە ئولتۇرۇڭلاركى ، مەن دەئۋىگەر .
كى باردۇركى ئەرزىم بۇ شەھلەرغە بىر ،
فەلان يىل ، فەلان ئايدا سىز ، ئەي ئەمىر ؛
فەلان ھەفتەسى چەھار شەنبە كۈنى ،
نە يەردە ئىدىلەر ؟ دېسۇنلەر ئانى .
ئەمىر دېدى : « ئول كۈن مېنى رۇخ كېلىپ ،
چىقىپ ئېردى : « ئول ئاسمانغە ئېلىپ .
بولۇپ ئاندا رۇخنىڭ قولىدىن جۇدا ،
ئىدىم ئاسمان ـ يەرنىڭ ئوتراسىدا . »
دېدى خاجە جۇمھۇر يانا ئۇشبۇ دەم :
« ماڭا بۇيرۇدى ئول مەھەل شاھ رەم .
دېدىكىم ، ئەبۇلئالى نە يەردەدۇر ،
ئۆلۈكمۇ ، تىرىكمۇ ، مەلالى نەدۇر ؟
ئۇشۇل سائەتى رەمنى سالمىش ئىدىم ،
كى سىزلەرنى مەن ئاسماندا دېدىم .
كى بەختەك ھەرامزادەئى بىئەدەب ،
مېنى چاقتى ، سىزلەنى ئول يەردە ، دەپ .
غەزەبلەر قىلىپ پادىشاھ ئۇشبۇ خىل ،
كۆزۈمگە ئانىڭ سۆزىچە چەكتى مىل . »
قوپۇپ دېدى موللا ئەبدۇرەھمان بۇ دەم :
« ئۇشۇل كۈندە سالمىش ئىدىم مەنمۇ رەم .
كى ھۆكمۇمچە ئول دەم پەرىلەر بارىپ ،
تۇتۇپ يەردە قويدى ئەمىرنى ئالىپ . »
يەنە «روزىئنامە» گە باقتىلار ،
بۇئۇچىنىڭ رەمى بىر كېلىپ تاپتىلار .
ئەمىر دېدى جۇمھۇرغە بارھا :
«كى كۆزلەرىگە يوقمۇدۇر ھېچ داۋا؟»
دېدى خاجە جۇمھۇر : « ئەي شەھرىيار ،

كۆزۈمنىڭ دەۋاسى ۋەلىي سىزدە بار .
چەھار باغ سەمەندۇندىن ئالغان ئانى ،
دەۋادۇر ماڭا شول ياپۇرماق قېنى ؟ »
بۇدانالىقىغە ھەمە بارلارى ،
قويۇپ ئافەرىن كوھى قاف شاھلارى .
كى ھەيران ئىدى بۇپەرىزادىلەر ،
ئەمر ئىككى يافراغىنى بەردىلەر .
ياپۇرماقنى موللا ئەبدۇرەھمان ئېلىپ ،
گۇلاب بىرلە ئانى ۋەلىي ھۆل قىلىپ .
مۇنى سۇرتۇپ ئېردى قويۇپ دەرمەھال ،
ئاچىلدى كۆزى خاجەنىڭ فالۇ فال .
قىلىپ يۈز تۇمەن ، ھەققە شۇكرى‌سەنا ،
ياراشتى خاجە شاھ بىرلە يانا .
ئەمر دېدى نۇشىرۋانغە باقىپ :
« كى سىزلەرگە بەختەك خاجەمنى چاقىپ .
ئانىڭ سۆزى يالغانلىقىنى كۆرەڭ ،
ۋەلىي خۇبمۇ قىلمىشلارى ئۇشبۇ رەڭ ؟ »
دەپ ئېردى ، دېمەي يا قارا ياكى ئاق ،
كى شەھ سوقتى بەختەكنى توقسان تاياق .
تەخى تۇرمىش ئىردىكى ئانى سوقۇپ ،
تىلەپ ئالدى ئول دەم خاجە ئۇمرى قويۇپ .
بۇ يەكلىغ قىلىپ كۇندۇزۇ ھەم كېچە ،
ئەمر قىلدىلار توپىنى قىرق كۈنغىچە .
نىكاھنى ئوقۇپ مۇفتى بولدى سەنا ،
دېدىلەركى ئەسما ئەمرگە يانا :
مەلىكە نىگار ھەققىدە ، ئەي يىگىت ،
ئاڭا نى نېمەرسە بېرۇرسەن ئايىت ؟
ئاتاسى ئېرۇر يەتتە ئىقلىمغە شاھ ،
كى جەمشىدنىڭ ئەۋلادىدۇر تەختۇ جاھ .
مەلىكە ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ قىزى ،
ئەمەس ئۆزگە شەھلەرغە لايىق ئۆزى .
ئېشتىسۇن خەلايىق بۇ تۇرغان ھەمە ،
مۇنىڭ ھەققىغە سىز بېرۇرسىز نېمە ؟ »
ئەمر دېدى مۇقبىلنى : « قەمقام بىلە ،
كى ئاشقىرنى ، سەمشىرنى سەمكام بىلە .
كى مەن يوق ، ئالپدۇركى نەچچەند شەھەر .
ئاڭا بولسۇ بۇشەھر ئىلە بارى يەر . »
دېدىلەركى : « رەھمەت » بۇئەسما پەرى ،
خېلى بار ئىكەن ياخشى ھىممەتلەرى . »
تالاغە چىقىپ تۇردى ئەسما قويۇپ ،
كى ئاندىن نىكاھ قىلدى خۇتبە ئوقۇپ .
خەزىنە ئىشىكىن تەمام ئاچتىلار ،
ئەمر باشىدىن سۇرخى زەر ساچتىلار .
بېرىپ ھەر گەداغەكى شاھانە ئاش ،
مۇبارەكلەدى چوڭ ـ كىچىك پىرۇ ياش .
مەلىكەمنى ئەيلەپكى پىراستە ،
قىلىپ ھەم شەبىستاننى ئاراستە .
نەماز خۇفتەن ئولمىش ئىدى ۋەقت ھەم ،
ھەرەم سارىغە كىردىلەر ئۇشبۇ دەم .
ئىكەۋلەن بۇ ئاشقۇ مەئشۇق نېچە ،
مۇرادىغە يەتتى ۋەلىي بۇكېچە .
ھەرەمدىن ئەمر چىقمادى تۇنۇكۇن ،
كى ئىشرەت قىلىپ بولدى ھەم يەتتە كۇن .
كى ئەسما پەرى قويتى بۇ سائەتى ،
دېدى قالمايىن سەبرئىلە تاقەتى :
«مەلىكە ئەگەر بولسە مەندىن ئەزىز ،
ئەمەسمۇ ئەمر ھەمزە مېھمانى بىز .
ئاڭا مەيلى بولسە ئەگەر ھەر نېچە ،
كى بولماسمۇ قونسە قاشىدا كېچە .
مېنىڭ خاتىرىم ساقلاماي ، بۇنە ئىش ،
ئىزالار قىلىپ ، قويدى جانىمغە نىش ؟!
مەڭا بۇنە خارلىق ، جەفاۋۇ سىتەم ،
نەدەردۇ نە زۇلمۇ نە كۇلفەت ـ ئەلەم ؟!»
بۇيۇردىكى ئەسما پەرى شول زەمان :
«كۆتەر بارگاھلارنى ، يۈرگىل بۇ يان ! »
پەرىلەر ، بۇ دىۋلەر كۆتەردى كېلىپ ،
چىقىپ يۈردىلەر كوھى قافغە ئېلىپ .
كى نۇشىرۋان بار ئىدى باشىدا ،
كېلىپ دېدى ئەسما پەرى قاشىدا :
قىزىڭنى تۆپەمگە بېرىپسەن مېنىڭ ،

نەھەددۇر بۇئىشلارنى قىلماق سىنىڭ .
كى سەن بەردىڭۇ ئالدىيۇ مەن تۇرۇپ ،
سىنى ئۆلتۈرەيمۇ بۇ يەردە كۆرۈپ ؟! »
دېدى بۇكى نۇشىرۋان : « ئەي ئەزىز ،
بۇ ئىشلارنى ئۇبدان كۆرۈپ بىلدىڭىز .
ماڭا لازىم ئېرمەس غەزەب قىلماقلىق ،
ئەمىر ھەمزەنىڭ ئىشلارىغە باقىلىق .
كۇچۇم يەتسە بىر تال موينى ئاڭا ،
كى بەرمەس ئىدىم ، بولدى مەئلۇم ساڭا . »
تىلەپ قويدى موللا ئەبدۇرەھمان كېلىپ ،
رەۋان ئولدىيۇ كوھى قافغە ئېلىپ .
ئەمىر چىقتى مىھرى نىگار قاشىدىن ،
كى مەقسەدكە يەتتى ياڭى باشىدىن .
تەمام بارگاھۇ رەۋاقى بەلەند ،
يوق ئولمىش ، نە پەردە ، نە ئايىنە بەند .
ئەمىر دېدى : « يوق بارگاھى ھەمە ،
كۆرۈڭ ، ئەي خاجە ئۇمرى ، بولۇپدۇر نېمە ؟ »
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەي ئەمىرى جەھان ،
بۇ ئىشلارنى سىز قىلدىڭىز بەك يامان .
يامانلاپ ھەمە كوھى قاف شاھلارى ،
كېتىپدۇركى ئەسما پەرىزادلارى . »
ئەمىر دىدىلەر : « قالدىمۇ ئاچۇ توق ؟
كى پىتمەك كېرەك ، ئەمدى پايداسى يوق . »
بۇ سۆزلەر بىلە توي بولۇپ بەر تەرەف ،
تاراشتى خەلايىق كېتىپ ھەر تەرەف .

## فەسلى داستان ، شەدداد ئادى كەلگەنى

كى ئۆتتى زىمىستانۇ بولدى بەھار ،
دەرەخت كۆكلەدى ئاچىلىپ لالەزار .
گىياھلار ئۆتۈپ خۇشلۇك ، ئولۇپ سەبرەلەر ،
بۇئەسنادا بولدى ئەمىرغە خەبەر .
كېلىپ دېدى : « نۇشىرۋان بۇ چاغى ،
كى سىزلەرگە بولمىش يەنە ئول ياغى .
كى شەدداد دەپ پادىشاھ بىرلە ئول ،
كى ھەمراھ بولۇپ ، لەشكەرى ئانچە غول .
يەنە مالىك ئەژدەر دېگەن پەھلەۋان ،
يېتىپ كەلدى جەڭگە بولۇپ كامران . »
دېدىلەر بۇ سۆزدىن ئەمىر ئۇشبۇ رەڭ :
«قىلۇرمىزكى نۇشىرۋان بىرلە جەڭ . »
يېتىپ كەلدى نۇشىرۋان ئۇشبۇ ھال ،
ئەمىر دېدىلەر: «تەبلۇ نەققارە چال ! »
قىلىپ سەفنى ئاراستە ئۇشبۇ دەم ،
ياسالنى تۈزۈپ ، تىكتىلەر تۇغ ـ ئەلەم .
كى شەدداد دېگەن كافەرى دەر زامان ،
كى تۇرماي بۇ مەيدانغە كىردى رەۋان .
ئەمىرغە بولۇپ روبەرو ئۇشبۇ ھال ،
رەۋان قىلدى شەمشىر ئول بەد خەيال .
ئالىپ تېغىنى ئۇردىلار باشىغە ،
بارىپ تۈشتى باشى دوزەخ قاشىغە .
كۆرۈپ مالىك ئەژدەر دېگەن پەھلەۋان ،
بۇ ھەم كەلدى بەرمەسمە مەن دەپ ئەمان .
مۇنى تۇتتىلار ئۇشبۇ سائەت تىرىك ،
باقىپ قالدى ھاڭ ئۆزگە كەلگەن چەرىك .
كى نۇشىرۋان بىرلە لەشكەر ھەمە ،
دېدىلەر : « مۇڭادۇر ئىلاجى نىمە ؟
بۇ ئەژدەرىھايى بەلادۇر ئىشى . »
مۇڭى ئەمدى يوقدۇر بەرابەر كىشى
كى يىغلاپ فىغان بىرلە نۇشىرۋان ،
دېدىلەركى : « ئەمدى بارۇرمىز قايان ؟ »
ئىشىتتىكى بەختەك بۇ ھەڭگامەنى ،
ئالىپ قويىندىن ، تۇتتى بىر نامەنى .
ئوقۇپ باقتى ئانى پىتىپدۇر بۇ رەڭ :
« ئاتىمدۇر دىمەشقىيۇ شاھى فەرەڭ .

کی تۆرت یۈز مۇنەججىم نۇھۇسەت قەدەم ،
کی بار ئېردی بۇ کۈنلەر سالدی بۇ رەم ·
ئۇلار ھۇکم قىلمىش ئەمىر ھەمزەنی ،
بۇ شەھر ئۈززە کەلسە تۆکۈلمىش قانی · »
ئىشىتتى بۇ سۆزلەرنی نۇشىرۋان ،
دىمەشقىغە قاچتىکی ، تۇرمان ، رەۋان ·
چىقىپ ئالدىغە شاھی دىمەشقی ،
کی ئىئزاز ئېتىپ بۇ قولاتلۇغ بۇقی ·
تۈشۈردی تەۋازىئ قىلىپ بۇ نېچە ،
سوراپ ھالۇ ئەھۋال بولدی کېچە ·

ئەمىر ھەم بۇ ئىشلاردىن ئالدی خەبەر ،
بارۇرغە خەيال ئەيلەدی ئۇشبۇ ئەر ·
بۇئەسنادا جۇمھۇرىدىن کەلدی خەت ،
دېمىش : « بارماسۇن ، بۇدۇرۇر مەسلەھەت.
کی سىزلەرگە نەھس کەلدی قىرق کۈنغىچە ،
بۇ کافەرغە سەئد ئولدی ئەمدىغەچە ·
کی سىز شاھنىڭ ئارقاسىدىن رەۋان ،
بۇ کۈن بارماڭىز ، یا ئەمىر ، سىز ئۇيان·»
بۇ سۆزنی قەبۇل ئەتمەدی بۇ ئەرەب ،
رەۋان ئولدىلار ئۇشبۇ شەھری تەرەف ·

## فىسلی داستان ، ھەزرەتی ئەمىرگە ھام دىمەشقی زەخم ئۇرغانی ، مەلىکە بۇبی مەريەمی ماھی بىلە ئۇمەر ئىبنی ھەمزە يۇنانی کېلىپ ، ھامنی ئۆلتۈرگەنی

يەقىن يەتتی گويا کۆرەندی شەھەر ،
دېدی : ئەي خاجە ئۇمری ، ئالىڭ بىر خەبەر ·
خاجە ئۇمری رەۋان بولدىلار ئۇشبۇ دەم ،
يېتىپ کىردىلەر بۇشەھەر ئىچرە ھەم ·
شەبئاھەڭ دېگەن ياخشی ئەييار ئىدی ،
ھەمىشە بۇيول ئۈززە تەييار ئىدی ·
خاجە ئۇمری ئۆتۈپ بارغۇچە فەند قىلىپ ،
تۇتۇپ باغلادی ئول زەمان بەند قىلىپ ·
ئالىپ کەلدی شەھنىڭکی قاشىغە بۇ ،
دېدی : « پادىشاھىم ، خاجە ئۇمری شۇبۇ ·»
ئۆلۈمگە بۇيۇردی کۆرۈپ بۇ مەھەل ،
ئوقۇپ ئۇشبۇ ئەسنا خاجە ئۇمری غەزەل ·
غەزەل کەلدی بۇ شاھغە ئانچە خۇش ،
نۇکەر ئالدىيۇ بەندىدىن قىلدی بوش ·
خاجە ئۇمری بىلە مەي ئىچىپ سالدی کۆز ،
يەقىن تۇرغۇزۇپ ئالدىدا ، سۈردی يۈز ·
دېدی : « مەن زەبەردەستمۇ یا ھەمزەمۇ ؟
ۋە ياکی بەرابەر کىلەلگەيمۇ ئۇ ؟ »
ئوشۇل دەم خاجە ئۇمری دېدی: «ئەي ئەزىز،

ئەمىر ھەمزە دەريايۇ بىر قەترەسىز ·
قەبۇل قىلماساڭ سۆزنی ، ئەي پەھلەۋان ،
بارالىڭ قوپۇڭ ، ئەيلەڭىز ئىمتەھان · »
ئىکەۋلەن بۇ سۆزدىنکی شاد ئولدىلەر ،
بۇ سائەت ئەمىر قاشىغە کەلدىلەر ·
خاجە ئۇمری دىمەشقىغە بولدی نۇکەر ،
ئەمىرغە بولۇپ ئېردی ھەم بۇ خەبەر ·
ئەمىر يېدی ئەفسۇسلار ئانچۇنان ،
بۇ ئەسنادا کەلدی ئىکەۋلەن رەۋان ·
ئىجازەت بىلە کىردىلەر باشىدا ،
کی ئولتۇردی ئاندىن ئەمىر قاشىدا ·
خاجە ئۇمری قوپۇپدۇرکی خىزمەتکە باش ،
مۇڭا ئەۋۋەلا قويدی شاھانە ئاش ·
کی بەئدەز دۇئادىن بۇلار ئولتۇرۇپ ،
خاجە ئۇمری دېدی پايەگادا تۇرۇپ :
دېدی : « یا ئەمىر ، کەلدی بۇ پەھلەۋان ،
کی سىزلەرنی بۇ قىلغالی ئىمتەھان · »
ئەمىر ھەم قەبۇل ئەيلەدىلەر بۇدەم ،
بۇلار تۇردی پەنچە ئالىشماقغە ھەم

ئەمىر ھامىنى رەخمكار ئەتتىلەر ،
تۇتۇشماقلىقىن ئىننىزار بەتتىلەر .
دېدى ھام : « ئەمىر ، قەددىڭىز راست ئىكەن ،
بۆلەك ئىش ئېرۇر پەھلەۋانلىق دېگەن .
چالىشماق بۆلەك ، پەھلەۋانلىق بۆلەك ،
شۇ جائەتنى تاڭلا قىلىشساق كېرەك . »
سەرۇ پاي ئەمىر بەردى ئەئزاسىغە ،
بۇ سۆز بىرلە ئول ياندى مەئۋاسىغە ،
خاجە ئۇمرى جىلاۋسىدا يۈردى يانا ،
فەلاقماندا ئانداق ئۇرۇپ يول ئارا .
بۇ مەيدان ئىچىدە تۇتۇپ ھامنى ،
سويۇپ ئالدى ئاتۇ ئارىغ جامەنى .
يالاڭاچ قالىپ ، بولدى شەرمەندە ھام ،
ئۆيىگە بارالماي ياتىپ ۋەقتى شام ،
كېچە ئۆيىگە كەلدى ئىشتانى يوق ،
ئانىڭ ئات ، ئىگىن بىرسى قالغانى يوق .
خىجالەت بولۇپ دېدى : «ئەي شەھرىيار ،
كى بەختەك سۆزىن قىلمادىم ئىختىيار .
خاجە ئۇمرى ماڭا سالدى مۇنداق جەزا ،
قىلاي ئەمدى مەن تاڭلا تۈرلۈك جەفا .»
سوقۇپ ئاتىغە ، ئەرتەسى تەبلى جەڭ ،
چىقىپ تۇردى مەيدان ئارا ئۇشبۇ رەڭ .
دېدى : « مەن ئالۇرمەن ۋەيا ھەمزەنى ،
ۋەيا مەن ئالالماي ، ئالۇر ئول مېنى .
مېنى ھەمزە ئالسە دىنىغە كىرەي ،
يەنە تاڭلا جەڭدە جەزاسىن بېرەي . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ كەلدى مەيدانىغە ،
ئالىپ جەڭنىڭ ئەسبابىنى يانىغە .
ئەمىر ھەم مۇكەممەل بولۇپ ئۇشبۇ رەڭ ،
تىكىپ توغ ــ ئەلەم ، چالدىلار تەبلى جەڭ .
سەلاھ كىيدىلەر ھۇدنىڭ تاقىنى ،
كى باغلاپ كەمەر بەندى ئىسھاقىنى .
ئالىپ قولغە قەمقامنى شول زەمان ،
مىنىپ نەررە دېۋزات ئۆزرە رەۋان .
قىلىپ جەڭ ، ئەمىر ھامىنى ئالدىلار ،
تۇتۇپ بەندى زەنجىرىنى سالدىلار .
بۇ قورقۇنچىدىن يالبارىپ ئۇشبۇ خىل ،
مۇسۇلمان بولۇپ ئاچتى ئىمانغە تىل .
گۇناھىن ئۆتۈپ ئاخىرىدا بۇرۇن ،
بېرىپ لەندۇھۇر سەندەلىدە ئورۇن .
كى ئولتۇرغۇزۇپ سەندەلىدە مۇنى ،
يانا سام جەڭ قىلدى سوڭقى كۈنى .
كى بۇ سام ھەرامزادەئى بىئەدەب ،
كى مەيدانغە كېردى ئەمىرنى تىلەپ .
سوقۇپ باڭى ھەيبەت قىلىپ ئۇشبۇرەڭ ،
ئەمىر يۈردىلەر ، قىلدى بىر سەختى جەڭ .
قىلىپ كەلدى بۇ كافىر ئەھلى ھۇجۇم ،
ئەمىرنىڭ توساپ ئالدىنى ئۇشبۇ شۇم .
كى مۇقبىلنى بۇ ھام غافىل تاپىپ ،
ئەمىر ئارقەسىدىن بۇ كەلدى چاپىپ .
[كى ئاندىن سام كەلدى ] ئەيلەپ غەرو ،
ئىدى ئول ئەمىر بىرلە بۇ رو بەرو .
ئاراغە ئالىپ ، قالدىلار ئوترادا ،
ئەمىر بولدى ئاشقىردىن ئول دەم جۇدا .
بۇ سەگ ئارقەسىدىنكى كەلگەن زەمان ،
ئەمىر باشىغە قىلدى شەمشىر رەۋان .
ئوشۇل دەم ئەمىر تېغىدىن زەخم يەپ ،
بۇ سەگ قاچتى نەئرە ئۇرۇپ ، ئۆلدى دەپ .
ئەمىر زەخم يەپ باۋۇجۇدى بۇ رەڭ ،
ۋەلې شىر يەڭلىغ قىلۇر ئېردى جەڭ .
خاجە ئۇمرى ئەمىر قاشىغە كەلدىلەر ،
بۇ سائەت جىلاۋنى تۇتۇپ ياندىلەر .
ئەمىر رەخمىگە دارۇلارنى سالىپ ،
كى تەڭگى رەۋاھلىغە كەلدى ئالىپ .
ئالىپ بارىگاھىنى بۇ خاسۇ ئام ،
كېلىپ ئارقەدىن لاۋۇ لەشكەر تەمام .
ئۇمەر مەئدە بولدى بۇ لەشكەرگە باش ،
شەھەرگە كىرىپ ھەم ياقىپ ئابۇ ئاش .
يەنە بارچە دەرۋازەنى ئەتتى بەك ،
كىشى قويدى مۆلچەرگە ھەم ئىككى لەك .

ئالىپ جامە بار مالۇ ئەھۋالىنى ،
ئەمىر ھەمزە ھەم بارچە پۇل ـ مالىنى .
يىغىپ ئىككى يۈزمىڭ چەرىك شول زەمان ،
كى تەڭگى رەۋاھىلغە كەلدى رەۋان .
كېلىپ تۇشتى بۇ لەشكەرى ئۇشبۇرەڭ ،
يۈگۈردى شەھەرگە ، چالىپ قەبلى جەڭ .
كى خەندەكدىن ئوتتى ھەمە پىرۇ ياش ،
خاجە ئۇمرى فەلاقمان بىلە ئۇردى تاش .
بىر ئاتقان بىلە ئۆلدى ، بەرمەي ئەمان ،
بىرۇق قاچتىلار كىم كېلەلمەي بۇ يان .
شەھەرگە سولاندى يەنە بارچە ئەل ،
بۇ يەڭلىغ قالىپ بولدى قىرق كۈن قەبەل .
خەلايىق دېدىلەركى : « يەرمىز نېمە ؟
ساقايماس دېدىلەر ئەمىرنى ھەمە .
بار ئېردى ۋەلي كارۋاندىن نېچە ،
جاجە ئۇمرىگە ئەرز ئەيلەدى بىر كېچە .
دېدى : « بىزگە يول بەرسەڭىز ، ئەي ئەرەب ،
كى بارساق شەھەردىن چىقىپ بىر تەرەف .»
خاجە ئۇمرى دېدى : « بولساڭىز كارۋان ،
بارىڭ ئىختىيار ئەتسەڭىز ھەر قايان . »
چىقىپ سەۋداگەرلەر كېيىن ـ ئىلگەرى ،
كى يۈنانغە كەلدى بەناگاھ بىرى .
كى شاھى فەرىدۇنغە ئۇچراپ بۇ ئەر ،
كېلىپ سوردى بۇ كارۋاندىن خەبەر .
دېدى كارۋان شاھغە: « ئەي ئەزىز ،
ئىدۈك شەھرى تەڭگى رەۋاھلدا بىز .
ئوشۇل ھام دىمەشقى دېگەن فەندۇرۇپ .
ئەمىر ھەمزەنى رەخمى مەكرى ئۇرۇپ .
كى تەڭگى رەۋاھىلغە كەلگەن زەمان ،
كېلىپ ئېردىلەر ، زەخم ئېرمىش يامان .
شەھەر سارى گويا بەغايەت قەبەل ،
كى ئەل ئۆلدى بولغاي ۋەلي بۇمەھەل . »
بۇسۆزنى فەرىدۇنى شاھ ئاڭلادى ،
قىزىغە بۇسۆزنىكى بىر ـ بىر دېدى .
مەلىكە بۇ سۆزنى ئىشىتكەن زەمان ،
قىلۇر ئېردىلەر ئانچە ئەيلەپ فىغان .
ئېرۇر ھەق تەئالا ئۆزى بەر كەمال ،
كىشى قىلسە سۇنئىغە يەتمەس خەيال .
مەلىكە تۇغۇپ ياغلىقىدىن ئوغۇل ،
ئەمىر نۇتفەسىدىن تۆرەلمىشكى ئول .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە ئىدى ئاتى ھەم ،
كى ئون يەتتە ياشىدا مەقالاتى ھەم .
شىكار ئەيلەمەك ئېردى دائىم ئىشى ،
مۇڭا يوق ئىدىلەر بەرابەر كىشى .
شىكاردىن يانىپ كەلمىش ئېردى بۇ چاغ ،
ئاناسى بولۇپدۇر ئەجەپ بىدىماغ .
فىغان بىرلە گويا قاتىپدۇر باشى ،
كى دەريا بولۇپدۇر كۆزىنىڭ ياشى .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە دېدى : « ئەي ئانا ،
نەدىن يىغلاغۇڭدۇر ، نە بولغاي يانا ؟ »
مەلىكە دېدى : « ئەي جەھانىم بالام ،
جىگەر گۇشەئى ، مېھرىبانىم بالام .
كى سەن ياخشى ئەۋلادى گەۋھەر ئىدىڭ ،
فەرىدۇننى بىلمەي ئاتام دەر ئىدىڭ .
كى شاھى فەرىدون بوباڭدۇر سېنىڭ ،
كى فەررەندى ئېردىڭ ئەمىر ھەمزەنىڭ .
ئاتاڭ ھامدىن زەخم يەپ بۇ مەھەل ،
شەھەردە ئىمىشلەركى ، ئېرمىش قەبەل . »
بۇ سۆزلەرنى بىلدۈردى ئەيلەپ بەيان ،
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بولۇپ كامران .
ئاناسى بۆبى مەريەمى ماھىنى ،
ئالىپ ھەم فەرىدۇن ئۇلۇق شاھىنى .
يىغىپ سەكسەن ئۈچ لەك چەرىك پىرۇ ياش ،
بولۇپ ئۆزلەرى ھەممەلەرىگە باش .
چىقىپ يۈردىلەر مەنزىلىن تەي ئېتىپ ،
بەناگاھ بارۇر ئېردى يولدا كېتىپ .
كى شەڭگۈلۇ شەڭگال دېگەن پەھلەۋان ،
چىقىپ قەلئە نىل بۇرجىدىن بۇ رەۋان .
ئۇمەر ھەمزەگە ھەملە قىلدى بىرۇق ،
بۇ مەلئۇن يەقىن تۇرغۇزۇپ ئاتتى ئوق .

قولدىن ئالىپ ھەربەنى ئۇشبۇ دەم ،
باشغە ئۇرۇپ ئېردى ، بولدى قەلەم .
ئالىپ ئولجەلەر ھەم سۇپەر ئانچۇنان ،
كى تەڭگى رەۋاھىلغە بولدى رەۋان .
شەھەردىن كۆرۈندى چىقىپ ماجەرا ،
كىلىپ ئۇشبۇ دەم تۈشتى بۇ تاغ ئارا .
خاجە ئۇمرى چىقىپ ئېردى تۈزگە بۇ دەم ،
يېتىپ كەلدى ھالا بۇيەرگە قەدەم .
يەقىن كەلدى لەشكەرگە ، بىلمەي يۈرۈپ ،
فەرىدۇن شاھ تونۇدىلار كۆرۈپ .
بۇ سۆزكى ئۇمەر ھەمزەگە قىلدى بۇ ،
دېدىكىم : « بىلىك شول خاجە ئۇمرى شۇبۇ .
خاجە ئۇمرىگە بۇ ئاشنالىق قىلىپ ،
قىلىپ قاشغە دىلنەۋالىق قىلىپ .
خاجە ئۇمرىنى باشلاپ بۇلار دەر زەمان ،
ئالىپ كىردى مەريەم قاشغە رەۋان .
مەلىكە بەيان ئەيلەبان باجىنى ،
كى كۆرسەتتى ياغلىق بىلەن تاجىنى .
بولۇپ ئېردىمۇ مەن ئەمىردىن گۇمان ،
بۇ ياغلىق بىلەن تاجى ئېردى نىشان .
كۆرۈپ بىلدى مەريەمنى ماھىدۇر ئول ،
بۇ قىلدى نىكاھنى قىلۇرغە قەبۇل .
كى بەش سەندۇق ئىچرە جەۋاھىر ئالىپ ،
خاجە ئۇمرىگە بەردى بۇلارنى سالىپ .
خاجە ئۇمرى ئەمىر قاشلارىغە رەۋان ،
كېلىپ قىلدى بۇ سۆزنى بىر ــ بىر بەيان .
دېدى : « يا ئەمىر ياغلىقىڭدىن ئوغۇل
تۇغۇلمىش ئىكەندۈك ، كىلىپدۇركى ئول .
بۇياغلىق سېنىڭ ، ئاندا يېتمىش ئىدى ، »
كۆرۈپ تاجۇ ياغلىقنى :« تەھىق دېدى ، »
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە كېلىپ ئۇشبۇ رەڭ ،
چالىپ ئەرنەسى ئاتىغە تەبلى جەڭ .
تاپىپ ھام ئول دەم بۇ ئىشتىن خەبەر ،
قىلىپ جەڭنىڭ ئەسبابىنى مادە خەر .
بەرابەر بولۇپ ئىككى لەشكەر بۇ دەم ،
ياسالنى تۈزۈپ ، تىكتىلەر تۇغ ــ ئەلەم .
خاجە ئۇمرى ئەمىرنىڭ كېلىپ قاشغە ،
ئالىپ چىقتى دەرۋازەنىڭ تاشغە .
مەجالى يوق ئېردى ئەمىرنىڭ نېچۈن ،
چىقىپ ئېردى ھالا تەماشا ئۈچۈن .
ھەرامزادە بەختەك كۆرۈپ بۇ ئىشى ،
ئەرەبنى ئاتىڭ دەپ بۇيۇردى كىشى .
رەۋان قىلدى ئوق ئۇشبۇ كافەر بەچە ،
ئەمىر ھالى يوق ئۇقنى رەد قىلغۇچە .
كى مۇقبىل بۇ ئوقغە باقىپ ئاتتى ئوق ،
تېگىپ ئوقغە ئوق ، تەگكۈچە قىلدى يوق .
كى مۇقبىل ئەمىرگە بۇ رەڭ ئىش قىلىپ ،
ئەمىر مىسرىنى بەردى بەخشىش قىلىپ .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بولۇپ كامران ،
بۇ كافەرغە ئات سالدى گويا بوران .
ئۇرۇپ نەئرەھايى دېدى : « يا ۋۇدۇد !»
دەپ « ئەللاھۇ ئەكبەر » نى ، ئالدى ئۇمۇد .
بولۇپ بۇ پىسەر ئەژدەھايى فەلەك ،
كى ئاچ ئارسلاندەك بىروق قىلدى جەڭ .
بولۇپ ھام دىمەشقىكى ھەم رو بەرو ،
رەۋان قىلدى شەمشىرنى ھەم رو بەرو .
ئالىپ تىغىنى ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
سالىپ قىلدى دو ھەسسە بۇ شول زەمان .
چېكىپ نەئرە كۇففارىغە سالدى ئات ،
تۇرۇپ سەف ياساپ كۇفر ئېلى قاتما قات .
ئانا قىزغە باقماي ، ئوغۇلغە ئاتا ،
مەداينىغە قاچتى بۇبەختەك يانا .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە چەرىكنى چاپىپ ،
يانىپ تۈشتىلەر فەتھۇ نۇسرەت تاپىپ .
ئەمىر قاشلارىغە كېلىپ دەر زەمان ،
كۆرەشتى تانۇپ ، يىغلاشىپ ئانچۇنان .
مۇنىڭ بىرلە بىر نەچچە كۈن ئۆتتى ھەم ،
ئەمىر ھەم ساقايدى ، يانا كەتتى غەم .
خاجە ئۇمرى كېلىپ مەريەمى ماھنى ،
ئەمىرگە نىكاھ قىلدى ئول دەم ئانى .

قىلىپ توي بۇلار ھەم ياگى باشدىن ،
ئەمىر چىقمادى يەتتە كۈن قاشدىن .
ئەمىر قاشىغە كەلدى مىھرى نىگار ،
بۇ يەگىلىغ دېدى يىغلاباں زار – زار :
« بۇقەدرىم مېنىڭ بىلمەدىڭ ، ئەي ئەرەب ،
ساگا بۇ كۆڭۈلنى بېرۇرمەن نە دەپ ؟
ئىدىم مەن خەزىنەلەنىڭ گەۋھەرى ،
كى قايسى جەۋاھىرنىڭ جەۋھەرى .
بىلۇر ئېردى قەدرىمنى ئەۋلادى شاھ .
كى ئىشقىمدا ئول نەچچە يىل چەكتى ئاھ .
تەخى مىرزەبان شاھ بىلگەي ئىدى ، »
مەلىكە ئەمىرگە بۇيەگىلىغ دېدى .
كى ئاگلاپ ئەمىر مىرزەبان ئاتىنى ،
غەزەبناك ئولۇپ ، ئۇردى گاچاتىنى .
قاراگغۇ كۆرەندى كۆزىگە جەھان ،
دېدى « ئەيكىبىھەددۇ ئەي بەدگۇمان .
مەنەم كوھى قافدا ئىدىم نەچچە يىل ،
شەھ ئەۋلادىغە بولسا مەيلىڭ بۇخىل .
ئانىڭ قاشىغە بارمادىڭ سەن نە دەپ ،
ئۇيات يوق ئىكەن سەندە ، ئەي بىئەدەپ . »
خاجە ئۇمرىنى ، مەشقال شاھنى ئالىپ ،
ئەمىر بارگاھىغە كەلدى يانىپ .
بۇلارغە دېمەي يا قارا ياكى ئاق ،
دېدىلەر : « مەلىكەمنى قىلدىم تالاق . »
دېدى : « ئەي خاجە ئۇمرى ، چىقارغىل بارىپ ،
مەدايىنغە كەتسۇن مەلىكە يانىپ . »
بۇلار بەرگاھنىڭ چىقىپ تاشىغە ،
كىلىپ دېدى مىھرى نىگار قاشىغە :
« ئەمىرغە نە ئىش قىلدىڭىز ، ئەي ئەزىز ؟
كېلىپمىز خىجالەت بىلەن مۇندا بىز . »
مەلىكە بۇ ۋاقىئىنى بىلمەي بەيان ،
خاجە ئۇمرى دېدى : « ئەمدى ئاھىستە يان .
ئەمىر ئەمدى سىزلەرنى قىلدى تەلاق ،
كى جابدۇغنى قىلماق كېرەك ، يول ئۇزاق . »
مەلىكە دېدى : « قويىسە خۇبدۇر ، نېتەي ،
مېنىڭ ئەمدى ھەققىمنى بەرسۇن ، كېتەي . »
ئەمىر راستلاتىپ ، ئىس ھەمە كامىنى ،
يەنە بەردى ئەمقامۇ سەمسامىنى .
كى مۇقبىل بىلە مىلك كىشى ئۇشبۇ ھال ،
دېدى : « ئەي خاجە ئۇمرى ، بارىپ يولغە سال . »
مەلىكە چىقىپ يۇردىلەر شول زەمان ،
كى بىلمەس ئىدىلەر بارۇرنى قايان .
يۈرۈپ يول بۇلار يەتتە كۈن بەرقەرار ،
كېلىپ تۈشتى بىر يەرگە مىھرى نىگار .
كى پەيدا بولۇپ بىر كىمەرسە رەۋان ،
كېتىپ بارچە ئاتلىغ نەچچە يول سويان .
مەلىكەم دېدى : خاجە مۇقبىل ، بارىڭ ،
ئول ئاتلىغ كىشىدىن خەبەرنى ئالىڭ . »
بۇلار قاشىغە خاجە مۇقبىل كېلىپ ،
مەلىكەمنىڭ ئالدىغە كەلدى ئېلىپ .
ئىدى مىرزەبان شاھنىڭ ئوغلى بۇ ،
بۇلارغە ئەمەكزادە ئېردى شۇبۇ .
تونۇشتى ، قىلىشتى بۇ ئۆتكەننى ياد ،
ئانىڭكى ئاتى ئېردىيۇ مىلباد ،
مەلىكەم قىلىپ سۆز ياگى باشدىن ،
دېدى : « قاچتىم ئول ھەمزەنىڭ قاشدىن .
كېلىپمەن تېخى سىزنى دەپ ، ئەي ئەزىز ،
كى خاھلاپ مېنى ئەمدى ئالغايمۇسىز ؟ »
بولۇپ مىلباد ئۇشبۇ سۆزلەرگە مەست ،
يېتىشتى باشى ئاسمان بولدى پەست .
دېدى مىلباد : « سىزگە جانىم فىدا ،
يولۇگىدا باشىم بولسۇ تەندىن جۇدا .
مېنىڭكى خەيالىمدا كۆپ بار ئىدى ،
ۋەلې قىلماقىم ئانچە دىشۋار ئىدى . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ گاھى ئۇك ، گاھى سول ،
ئالىپ كىردى بەيتى ھىسارىغە ئول .
دېدى مىلباد : « سىرمۇ تۇل ، مەنمۇ بوي .
ۋە ھالا قىلالىڭ . خېنىم ، ئەمدى توي . »
مەلىكەم دېدى : « نەچچە كۈن سەبىر قىل ،
بىرىنچى ئۆزۈم ھامىلە ئۇشبۇ خىل .

تۇغۇلسۇن ئەمىرنىڭكى فەرزەندى ھەم ،
ۋەلي كەتسۇ مەندىن شۇبۇ دەردۇ غەم .
قەرارى بۇ ئاي چىققۇچە شۇك تۇرۇڭ ،
چۇ كەلسە ئەمىر ھەمزەنى ئۆلتۈرۈڭ .
كى ئاندىن نىكاھ قىلدۇرۇڭ ، چىقسۇ ئاي ،
بۇ غەملەر كېتەر ، توي بولۇر ، ھاي ـ ھاي .»
ۋەلي مىلبادنىڭ ئەمەكزادەسى ،
بار ئېردىكى ، غەيىۇر ئېردى بەسى .
ئانى چىرلاتىپ ئېردى مىھرى نىگار :
« قىلامسىز مېنى ئالغالى ئىختىيار ؟
كېلىپ ئېردىمۇ سىزنى دەپ ، ئەي ئەزىز ،
قىلالىڭكى بىر مەسلەھەت ئەمدى بىز . »
ھەرامزادە بۇ سۆز بىلەن مەست بولۇپ ،
يارىلدى جەھان شادلىقغە تولۇپ .
دېدى : « تاڭلا سىزلەرنى مەن ، ئەي ئاكا ،
كى بۇيرۇق ، قىلىڭلار چىقىپ بىر شىكا .
كى سەن مىلبادىنى غافىل تاپىپ ،
كى ئۆلتۈر ئانى تىغ بىرلە چاپىپ ، »
ھەرەمزادە بۇ سۆزنى قىلدى قەبۇل ،
مەلىكەم قاشىدىن چىقىپ كەتتى ئول .
كى ئاندىن كىرىپ كەلدى ئول مىلباد ،
مەلىكەم پەرىشانلىقىن قىلدى ياد .
دېدىلەركى : « قايسى شەرىئەتدە بار ،
ئىكەۋلەن قىلۇرسىز مېنى ئىختىيار ؟
كى مەن سىزنى دەپ كەلمىش ئېردىم ۋەلي ،
ھەرامزاد ئالاي دەپ كېلىپدۇر ھەلى .
كى مەن كەلمىش ئېردىم قاچىپ ، سىزنى دەپ ،
ھەرامزادە سۆزلەر قىلۇر بىئەدەب .
ماڭا مەيلىڭىز بولسە ، ئەي شەھرىيار ،
ئانى ئۆلتۈرۈڭ تاڭلا ئەيلەپ شىكار . »
مۇناد ئەيلەدى تاڭلاسى ئىككىسى ،
كى بىر ـ بىرنى ئۆلتۈرمەك ئول فىكرىسى .
بۇلارنىڭ شەھەر بىرلە قالماي ئىشى ،
شىكار سارى ئاتلاندى ئون مىڭ كىشى .
مەلىكە تاپىپ شەيخى مەنسۇرنى ،
ئالىپ كەلدىلەر قاشلارىغە ئانى .
بۇ ئېردى مۇسۇلمانلارى خاسىدىن ،
قۇتۇلدى بۇلار كۇفر غەۋغاسىدىن .
سىپاھى خاتۇننى چىقاردى بۇلەر ،
تەمامى مۇسۇلمانلا بولدى شەھەر .
سىفىللەرنى مەھكەم قىلىپ ئانچۇنان ،
كى مۆلچەرگە قويدى كىشى ھەر قايان ،
بەناگاھ قىلىپ مىلبادى شىكا ،
ھەرامزادە بىرلە تەمامى سىپا .
يۈرۈر ئېردىلەر بىر ـ بىرىنى ماراپ ،
يامان كۆزى بىرلە يىراقدىن قاراپ .
كى ئاخىر ھەرامزادەنى مىلباد ،
كى ئۆلتۈردى ئانى بۇ بىئېتىقاد .
شەھەرگە يېتىپ كەلدى ئول دەم رەۋان ،
شەھەر بولمىش ئاراستە ئانچۇنان .
مەلىكەم ئىدى قەلئەنىڭ باشىدا ،
دېدى كەلدى مىھرى نىگار قاشىدا :
« ۋە ھالا ھەرامزادەنى ئۇشبۇ دەم ،
ئانى ئۆلتۈرۈپ كەلدىمۇ كەتتى غەم . »
دېدىلەر مەلىكەم بۇ سۆزنى ھەمان :
« كى ئەي سادە ئەھمەق ، قىلىپسەن يامان .
ئەمىر ھەمزەنىڭ يادىدا ئۇشبۇ خىل ،
كى تۇل ئولتۈرۈرمەن يەنە نەچچە يىل . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئوقنى قىلدى رەۋان ،
پىشانەسىگە تەگدى ، بەرمەي ئەمان .
بولۇپ زەخمەدار ، ئوق تېگىپ باشىغە ،
قاچىپ كەلدى بۇ مىرزەبان قاشىغە .
دەپ ئېردى ئاتاغە بۇ سۆزنى بەيان ،
يىغىپ مىرزەبان نەچچە مىڭ پەھلەۋان .
بۇ غەم ـ قايغۇدىن مۇشكىل ئولغاچ ئىشى ،
كى زابۇلغە يىلدام ئىبەردى كىشى .
كى بىر نامە ئەيلەپ يەنە شول زەمان ،
ئىبەردى مەداينغە ئەيلەپ رەۋان .
دېدى : « ئەي بەرادەر ، بۇ ئىشنى كۆرەڭ ،
كېلىپ قىلدى مۇنداغ قىزىڭ ئۇشبۇ رەڭ .

كى زۇبىننى چىرلاتتى نۇشىرۋان ،
ئاڭا بەردى قىرق مىڭ ئۇلۇغ پەھلەۋان .
بۇيۇردى ئانى باش قىلىپ تىزۇ تۇن ،
كېلىپ ياتتى بۇ جەڭ قىلىپ نەچچە كۈن .
بۇلار توشقارىپ قويدى خەندەككە ئاب ،
كى ياتتى ئالالماي شەھەرنى قاباب .

مەلىكەم ئىدى ھامىلە ، تاپتى يول ،
تۇغۇلدىكى ساھىبجەمال بىر ئوغۇل .
ئىيالنىڭ قۇبادخان قويۇپ ئاتىنى ،
خەلايىققە ئەئيان ئېتىپ زاتىنى .
قىلىپ تەربىيەت ئانچۇنان ھاي ـ ھاي ،
مۇنىڭ بىرلە يىللار ئۆتۈپ نەچچە ئاي .

## فەسلى داستان ھەزرەتى ئەمىر رابىئە ئەتلەسپۇشنىڭ سىفەتىنى ئاڭلاپ ، رۇمغە بارغانلارى ، يولدا دىۋانە قىندەرنى مۇسەخخەر قىلىپ بىللە ھەمراھ قىلغانى

قىلۇر راۋىلار سۆزنى مۇنداغ ئەدا ،
ئەمىر بۇ مەلىكەمدىن ئولدى جۇدا .
بۇ يەردىن كۆچۈپ لاۋۇ لەشكەر بىلەن ،
نەفىر ، تۇغ ـ ئەلەمھايى پەيكەر بىلەن .
كى دەريايى مىسرى لەبىگە تەمام ،
كېلىپ تۈشتىلەر ئەيلەپ ئاندا مەقام .
ئەمىر ھۇكم قىلدىكى بۇ ئەسردە ،
يارانلار بىلەن ئولتۇرۇپ قەسرىدە :
« كى مىھرى نىگارنىڭكى ھەيئاتىنى ،
كىشى ئالماسۇن ئاغزىغە ئاتىنى .
گەر ئاغزىغە ئالسە نىگارنى كىشى ،
كېتەر ئىلكىدىن بۇ تىرىكلىك ئىشى . »
ياتىپ لەشكەرى بىرلە ھەم بىر نەچە ،
قارا نەرسە پەيدا بولۇپ بىر كېچە .
كى بىر نەچچەسىنىڭ باشىنى كېسىپ ،
كېتىپدۇر ئانى بىر خاداغە ئېسىپ .
يەنە تاڭلاسى كەلدى پەيدا بولۇپ ،
ئەمىر قوغلادىلاركى بىدار ئولۇپ .
تاڭ ئاتقۇنچە قوغلاشتىلار دەشت ئارا ،
يۈرۈپ ئالدىدا غايىب ئولدى قارا .
ئەمىر قالدى ھەيران بولۇپ دەشتىدە ،
قاراپ سائەتى تۇردى بىر بىشەدە .
باراي دېسە پەر يوق ، ئۇچارغە قانات ،
كۆرەندى يىراقدىن بۇ دەم بىر رەبات .
ئەمىر قويدى لەشكەر سارىغە قەدەم ،

تۇرادۇر ئۈلۈكلەر باشى ئاندا ھەم .
چېكىپ ئاھلار بىرلە ئەيلەپ دەرىغ ،
كۆمۈپ سالدىلار باشلارىنى ئارىغ .
يۈرۈپ ئېردى بىر سائەتى چۆل بىلەن ،
چىقىپ كەلدى بىر دىۋ چىغىر يول بىلەن .
كېلىپ دېدى : « ئەي ئادەمىزادە ، سەن
نە خۇب ۋەقتىدە كەلدىڭۇ مۇندە سەن .
ئاتامنى ئۆلتۈرۈپ كوھى قافدا مىنىڭ ،
ئەجەل ئەمدى تۇتمىش ياقاڭنى سېنىڭ ! »
يۈگۈردىكى ئانداغ بۇ كەلگەن زەمان ،
ئەمىر ئۇردى بىر مۇشت ، كەلگەن ھامان .
تېنى يەردە ياتتىكى تارتىپ دەراز ،
تامۇغ ئوتىغە بولدى دىۋ سەرفەراز .
بۇ ئىشىغە ئەمىر شاد ئولۇپ ، كەتتى غەم ،
يەنە يۈردى ئۈچ كۈن بۇ سەھرادا ھەم .
كى ئولتۇرمىش ئېردى ئالۇرغە ئەمان ،
كېلىپ تۈشتى بىر نەچچە يۈز كارۋان .
بۇ قىلدى ئەمىرنى قاراقچى خەيال ،
ئاش ئەتمەك ئۈچۈن تۇردىلار ئۇشبۇ ھال .
ئەمىر ھەم تەمەئ قىلدى ئاشنى كۆرۈپ ،
ئاچ ئېردى بۇ سەھرادا كۈنلەر يۈرۈپ .
گەدا كۆشتەئى كاسەنى ئاشغە ،
كى توشقاردىيۇ كەلدى ئەمىر قاشغە .
بۇ يەردىن كۆچۈپ ئەرتەسى يۈردىلەر ،
يۈلاقغان قاراقچىنى ئۆلتۈردىلەر .

ئەمىر كۇشتەئى كاسەنى توشقارىپ ،
جەۋاھىر قەلەندەرگە بەردى ئالىپ .
چىقىپ كەلدىلەر بۇ جەزىرە سويان ،
بار ئىردىكى بىر مۇندا مەردى كەلان .
بۇ مەردى كەلانى ئەمىرنى كۆرەپ ،
قوپۇپ دېدى : « سۇلتانى ئالىي ئەرەب .
مەن ئىردىمكى بىر سەۋداگەر كارۋان ،
يۈرۈر ئىردىمۇ سەير ئېتىپ بۇ جەهان.
كى بار رۇمى خۇرسىنە دەپ بىر شەهەر ،
كى سىزلەرگە ئاندىن قىلايىن خەبەر .
كى دەر قەلئەدار شاهىنىڭ ئاتىنى ،
ئىشتكىل قىزىنىڭكى هەيهاتىنى .
ئىرۇر ئانچە رەئنا ئۆزى زاتلىغ ،
مەلىكە بۇبى رابىئە ئاتلىغ .
يوشۇنمىش يۈزىدىن بولۇپ ئاي خىجىل ،
جەمالىدىن ئولمىش قۇياش مۇنفەئىل .
لەبى لەئلدۇر ، قاشى گويا قەلەم ،
تۇغۇلماس ئانىڭدەك جەهان ئىچرە هەم .»
ئانىڭ تەئرىفىنى قىلىپ ئۇشبۇ رەڭ ،
دېدى : « يا ئەمىر سىز ئانى بىر كۆرەڭ.»
ئەمىر غايىبانە بولۇپ خارۇ زار ،
ئاڭا بولدىلار ئاشقى بىقەرار .
باراي دېسە بولماس بو يولغە قاراپ ،
كى تەهقىقلەپ ئالدىكى يولنى سوراپ .
رەۋان ئولدى بو يول بىلەن تىزۇتۇن ،
كى مەنزىل مەراهىل چىكىپ نەچچە كۈن .
يېتىپ بىر جەزىرە سارىغە نېچە ،
كۈن ئولتۇردى گوياكى بولدى كېچە .
بۇ يەرگە تۈشۈپ قويدىلار يەرگە باش ،
[بۇدەم ] تاڭ قىزاردى چىقارغە قۇياش .
رەۋان ئولدى يولغە يەنە ئۇشبۇ چاغ ،
كۆرەندى بۇ سائەتدە يول ئۆزرە باغ .
كۆرۈپ باغ سارىغە ئەزم ئەتتىلەر ،
كى ئارام ئالاي دەپ تۈشۈپ ياتتىلەر .
ئىدى باغ ئىگەسى ئەجەپ پەهلەۋان ،
كى بەرمەس ئىدى بەبرۇ شىرغە ئەمان .
دەر ئىردىكى دىۋانە قەندەر ئانى ،
ئېتىپ ئولتۇرۇپ ئىردى بۇ باغنى .
ۋە هالاكى دىۋانە ئىردى ئۆزى ،
كى تۈشنى بەناگاه ئەمىرگە كۆزى .
كېلىپ ئاچچىغى ، رەڭگى هەم بولدى ئاق ،
ئالىپ قولغە ئون يەتتە پاتمان تاياق .
كېلىپ ئۇردى ئانداغ تاياق بىرلە بىر ،
كى تولغاندى گويا يىلاندەك ئەمىر ،
ئەمىر ئۇردىلار ئانى بىر مۇشت ياتىپ ،
يىقىلدىكى يەرگە، هوشىدىن كېتىپ .
كېلىپ هۇشغە سائەتىدىن كېيىن ،
قوپۇپ ، تولغانىپ دېدى « ئەي نازەنىن .
مېنىڭ ئۇمرۇم ئىچرە شۇبۇ قىسم دەرد ،
كى يېگەن ئەمەس ئىردىم ، ئەي شىرى مەرد .
دالۇم يەرگە يەتكەننى بىلمەس ئىدىم ،
كى شىر ، بەبرىنى كۆزگە ئىلمەس ئىدىم .
كى سەن كىمۇ قايىسى شەهەرلىك يىگىت ،
نە يەردىن بۇ يەرلەرگە كەلدىڭ ، ئايىت . »
ئەمىر دېدى : « ئول هەمزەنىڭ يارى مەن ،
ئاتىم سەئدي شامى جىلاۋدارىمەن . »
ۋەلي هەمزە ئاتىن ئىشتكەن زەمان ،
يىقىلدى ئاياغىغە ، يىغلاپ رەۋان .
بۇ دىۋانە يىغلاپ دېدى : « هەمزە سەن ،
قىلۇرسەن ماڭا فىكرىئى غەمزە سەن . »
ئەمىر دېدى : « يوق مەن بەرا بەر ئاڭا،
بولۇرمەن ۋەلېكىن بەرادەر ئاڭا . »
دېدىكىم بۇ دىۋانە قىلماي قەبۇل :
« ماڭا بۇ كېچە ئەمدى مىهمانە بول . »
ئەمىر بىر كېچە ئىككى كۈن تۇردىلار ،
كى خۇرسىنەنىڭ يولىنى سوردىلار .
ۋە هالا بۇدىۋانە كۆرسەتتى يول ،
كى بارماقنى هەم ئىختىيار ئەتتى ئول .
ئانىڭكى ئەمىرگە ئىشى بار ئىدى ،
ئالىپ بارماقى بىللە دىشۋار ئىدى .

ئاناۋۇ ئاناسى تولا يىغلاشىپ ،
چىقاردى فىغاننى فەلەكدىن ئاشىپ .
كى مۇندىن بۆلەك يوقتۇ فەرزەندىمىز ،
كىتىپ بۇ ، قىلالىلىك نىچۆك ئەمدى بىز ؟ »
ئەمىر دىبدى دىۋانەنى : « سىز تۇرۇڭ ،
سۆزۈمگە كىرىپ ، مۇندا شۇك ئولتۇرۇڭ . »
ئەمىر يەر جىبىپ دىبدى : « ئەي سادە دىل ،
جىبىغدىن بۇ يان يانىغە ئۆتمەگىل .
كى بۇ جىبىغدىن ئۆتەرسەن بۇ يان ، »
دىبدى : « مۇشت ئۇرۇپ يەتكۈزۇرمەن‌زىيان . »
بۇ سۆزلەرنى دەپ يۇردىلەر خۇبلاشىپ ،
بارۇر ئىبردىلەر ئىككى مەنزىل ئاشىپ .
كى سەكرەپ جىبىغدىن بۇ ئۆتكەن زەمان ،
ئەمىر ئارقەسىدىن بۇ يەتتى رەۋان .
كىلىپ دىبدى دىۋانە : « ئەي شەھرىيار ،
كى مەن سەكرەپ ئۆتتۇم ، جىبىغ تازە بار . »
دىبدىلەر ئەمىر : « خۇب قىلىپسەن خەتەر ،
مىنىڭ بىرلە بارساڭ سۇپەرنى كۆتەر . »
سۇ پەرگە بۇ دىۋانە گوشنى سالىپ ،
كۆتەردى تاياقنىڭ ئۇچىغە ئىلىپ .
ۋەگاھى كىيىن قالدى دىۋانە ھەم ،
ئەمىر كۆرمەدى ، گوشت يىدى دەم بەدەم .
بۇيەگىلىغ ئىكەۋلەن يۇرۇپ كەتتىلەر ،
كۆن ئولتۇردى ، بىر چەشمەگە يەتتىلەر .
ئەمىر دىبدى : « مۇندا ئالالىك ئارام ،
ئالىپ يەيلى ، بارۇر سۇپەردە تائام . »
سۇپەرنى ئالىپ بەردى دىۋانە خوش ،
ئەمىر باقتىلار ئەسلى يوق نانۇ گوش .
دىبدىلەركى : « ئول نان بىلە گوش قانى ؟ »
بۇ دىۋانە ئايدى : « يىبدىم مەن ئانى .
يىبسەم ئازغىنە پارچە ـ پارچە ئالىپ ،
تۇگەپدۇر نىتەي ، قورساقىمغە سالىپ . »
بۇ سۆزگە ئەمىر كۈلدىلەر ئانچۇنان ،
يەنە بولدىلار ئۇشبۇ يولغە رەۋان .
بارۇر ئىبردىلەر ، ئىككى ئايرىلدى يول ،
كىلۇر يول بىلەن بىر ئوتانچى ئوغۇل .
ئەمىر ئايدى دىۋانەنى : « سەن رەۋان ،
كى خۇرسىنە يولنى سورغىل ، قايان ؟ »
بۇ دىۋانە قويدى قاشىغە قەدەم ،
بۇ مەردى كەلان ساغرۇغۇ ئىبردى ھەم .
كىلىپ سوردى سۆز ، ئاڭلاماي تۇردى شۇك ،
بۇ شىر بولدى گويا ئوتانچى مۇشۇك ،
غەزەبدىن دىبدىكىم يۇزىگە قاراپ :
« كى بەرمەي مىنىڭكى سۆزۈمگە جەۋاب ! »
بۇ سۆزلەرنى دەپ ئۇردى بىر مۇشت ئانى ،
يىقىلدى بولۇپ لەختە ـ لەختە تىنى .
يەنە سوردى سۆز ، سۆزلەمەيدۇر ياتىپ ،
ئوتۇن بىرلە ئۇردىكى يەرگە قاتىپ .
دىبدى سەئىدى شامى قاشىغە ئالىپ ،
يەنە سوردى سۆز ئول سەياسەت قىلىپ .
كى ئاغرامچى ھەلقە قىلىپ باشىغە ،
ئالىپ كەلدى سۆدرەپ ئەمىر قاشىغە .
كىلىپ دىبدى : « ئەي سەئىدى شامى ،بۇ رەڭ ،
كى بەرمەيدۇ سورسام جەۋابى كۆرەڭ .
سوراڭ سۆزنى سىزكىم ، بىرەمدۇ جەۋاب،»
دەپ ئىبردى ، ئەمىر كۆردى ئانى قاراپ .
ئۆلۈپدۇركى ئول مۇشت ئۇرغان زەمان ،
يەنە سۆز سوراپدۇركى بەرمەي ئەمان .
ئەمىر دىبدىلەر : « بۇ فەقىرنى نىمە ،
كى ئولتۇردۇڭۇ قوپ نارى ، سۆزلەمە ! »
دىبدىكىم بۇ دىۋانە : « ئايىناي ساڭا ،
كى بىر مۇشت ئۇردۇم ، ئۆلۈرمۇ ئاڭا .
كى سەن مۇشت ئۇرغاندا مەن ئۆلمەدىم ،
مەن ئۇرسام ھەمە ئۇشبۇ ئۆلمەس دىبدىم .
كى مەن ئۆلمەسەم ، بۇ نىمە ئۆلگۇسى ،
لەھەد ئىچرە كەلمىش مۇنىڭ كىرگۇسى . »
ئەمىر دىبدى : « مۇندىن كىيىن سەن بۇ رەڭ ،
ئاچىغ پوقنى مۇنداغ كاپۇرلاپ يىمەڭ !»
دىبدىكىم بۇ دىۋانە : « مەن قايداغ ئىش
قىلايىن ، ماڭا سىز قىلىڭ بەرۋەرىش . »

ئەمىر دېدىلەر : « ئۇچراسا خاسۇ ئام ،
ئاڭا قىل باقىپ ئەۋۋەلا بىر سەلام .
سۆزۈڭ بولسە ، سورغىل سەلامدىن كېيىن ،
ئەدەب بىرلە بولغىل ، ساڭا مەن دەيىن . »
بۇ يەردە نەسىھەت قىلىپ ئانچۇنان ،
قوپۇپ بولدىلار يانە يولغە رەۋان .
يولاقتىكى بىر تىۋە دىۋانەگە ،
سەلام قىلدى دىۋانە بۇ تىۋەگە .
يانىپ باشىنى تىۋە قىلدى ئۇ يان ،
كۆتەردىكى دىۋانە بەرمەي ئەمان .
كېلىپ دېدى : « ئەي سەئدى شامى ، سەلام
قىلىپ ئېردىمۇ سۆزلەمەيدۇر تەمام .
سوراڭ سۆزنى سىز ، تىۋە قىلسۇن بەيان ،
نە يەردىن كېلىپدۇر ، بارادۇر قايان ؟ »
بۇ سۆزگە ئەمىر كۈلدىلەر ئۇشبۇ هال ،
كىرىپ يولغە بۇلدىكى ، ئول بولدى لال .
بارۇر ئېردىلەر يولدا بولدى كېچە ،
كېلىپ تۈشتى هەم كارۋان بىر نەچە .
ئەمىر سوردى : « ئەي خەلق ئېرۇرسەن نە جان ،
كېلىپسەن نە يەردىن ، بارۇرسەن قايان ؟»
دېدىكىم بۇلار : « رۇمدىن بارچەمىز ،
بارۇرمىزكى خۇرسىنەگە ، ئەي ئەزىز .
بۇ يول بىرلە بارسە يىراق ئول شەهەر ،
يەقىن بىر يولى بار ئېرۇر پۇر خەتەر .»
ئەمىر دېدى : « بۇ يولدا بار نە زىيان ؟. »
بۇلار دېدى : « باردۇر قاراقچى يامان . »
ئەمىر دېدى : « يۈرگىل مېنىڭ بىرلە هەم ،
كى مەن ئۆتكەزەي ، سەن يېمە ئەسلى غەم.»
سۆيۈندى ، كۇشاد ئولدى مۇشكىل ئىشى ،
دېدى :«ئەي خاجە سىز نە يەرلىك كىشى؟»
ئەمىر دېدى : « بىزلەرنى بىلگەن بىلۇر ،
ئاتام خاجە ئەبدۇلمۇتەللىب ئېرۇر .
بەرادەر ئەمىر هەمزە بىزگە ئىدى ، »
ئۇلارغە : «ئاتىم سەئدى شامى » دېدى .
دېدى كارۋان : « ئەي يىكىت كەتتى غەم ،
ئاتاڭىز ئىدى ئاشنا بىزگە هەم .
كى بار مۇندا بىز ئىككى يۈز سەۋداگەر ،
سەلامەتكى خورسىنە بارساق ئەگەر .
كى بارساق مەتائىنىڭكى بىر نەچچەسى ،
كى بەش هەسسەنىڭ سىزگە بىر هەسسەسى .
بۇ سۆزلەرنى دەپ يىغلاشىپ ئانچۇنان ،
بۇ سول قولداقى يولغە بولدى رەۋان .
قاراقچى يەنە بۇ خەبەرنى تاپىپ ،
تانۇپ كەلدى يولغە يىراقدىن چاپىپ .
بىرى كەلدى مەيدانغە كەلگەن زەمان ،
بۇ دىۋانە ئالدىغە بولدى رەۋان .
كېلىپ دېدى : «ئەي دوز ، قوشاپ قالغۇزۇڭ ،
ئۆلۈمگە سېنىڭ بارمۇدۇر ئارزۇڭ ؟!»
بولۇپ رو بەرو كەلگەچ ـ ئوق قاشىغە ،
تاياق بىرلە سالدى مۇنىڭ باشىغە .
زەمىنگە تۆكەلدى قارىنىڭ ئاشى ،
يىقىلدى ، بولۇپ پارچە ـ پارچە باشى .
يەنە بىرسى مەيدانغە كەلدى بۇ دەم ،
بۇ دىۋانە ئۆلتۈردىلەر ئانى هەم .
فۇلاندىن ئىكەندۈك قاراقچى كۆزى ،
كۆرۈپ ئۇشبۇ ئىشلارنى كىردى ئۆزى .
تاياق بىرلە دىۋانە ئۇرغان زەمان ،
قولىدىن كېلىپ ئالدى ، بەرمەي ئەمان .
بۇ دىۋانە فەرياد قىلدى بىلىڭ ،
دېدى : « سەئدى شامى خاجەم پات كېلىڭ !
بۇ دوزنىڭ ئەجەب قۇۋۋەتى بار ئىكەن ،
مەن ئۆلتۈرگەنىم ئاجىزۇ خار ئىكەن .»
دەپ ئېردى ، ئەمىر نە ئىرە ئۇرغان هەمان ،
يېتىپ كەلدىلەركىم بىروق شول زەمان .
بۇ دوز نەئىرە ئاۋازىدىن بولدى لال ،
تاياق ئىلكىدىن يەرگە تۈشتى بۇ هال .
ئالىپ تىغىنى ئىلكىگە ئۇشبۇ دەم ،
ئەمىرگە هەۋالە قىلىپ تۇردى هەم .
قولىدىن كېلىپ تىغىنى ئالدىلار ،
كى يەرگە بىلىدىن تۇتۇپ چالدىلار .

زەمنگە ئالىپ ئۇرمش ئېردى ئەمر ،
تاياق سالدى ئانداغ بۇ دىۋانە بىر .
باشى رىزە بولدىيۇ قۇم تاشىدەك ،
ساچىلدى بولۇپ يەرگە خەشخاشىدەك .
ئەمر دېدى : «دىۋانە ، بۇ نە ئىشىڭ ،
بۇ يەڭلىغ سېنىڭ خۇبمۇدۇر قىلمشىڭ ؟!
كى زىنھار مۇندىن كېيىن سەن بۇ رەڭ ، »
دېدىلەر : « يەنە قىلماغىل ئۇشبۇ رەڭ . »
كۆرۈپ كارۋانلار ئەمان ئۇلدىلار ،
قوپۇپ بارچە يولغە رەۋان ئولدىلار .
يۈرۈپ نەچچە كۈن مەنزىلى تەي قىلىپ ،
بۇ خۇرسىنە شەھرىگە كەلدى يېتىپ .
سارايغە كىرىپ تۈشتى بىر ھەسسەسى ،
بېرىپ ئات ـ ئۇلاغلارغە تۈن ھەسسەسى .
بۇ سائەت ئەمر بىر كىشگە قاراپ ،
بېرىپ فۇل ، ئالىپ كەل دېدىلەر شەراب .
ئالىپ مەي سەرايبەند كۆتەردىكى پەست ،
شەرابنى ئالىپ كەلگۈچە بولدى مەست .
يېتىپ ئېردى چەھارسۇغە ئۇشبۇھال ،
ۋەلي كۆردى دەئۋائى يايىنى بۇ ھال .
كى ملك تەڭگە ياي بىرلە قويمش ئاسىپ ،
بابا كەلدى قاشغە بىر ـ بىر باسىپ .
« كىشى تارتسە بۇ يايى يۈر جەڭگىنى ، »
دېدى : « ئالسۇن ئۇل ئۇشبۇ ملك تەڭگىنى . »
سەرايبەند بۇ يايىنى تىلەپ تۇردىلار ،
كى تارتاي دەپ ئېردى ، مۇنى ئۇردىلار .
سىنىپ ششە ھەم يەردە ياتتى شەراب ،
ئەمر قاشغە كەلدى بۇ باقىراپ .
كېلىپ دېدى : « ئەي سەئدى شامى ، بۇ رەڭ ،
مېنى چاسۇدا ئۇردىلار ئۇشبۇ رەڭ .
كى بۇ شەھرنىڭ شاھى بار نامدار ،
ئانى دەيدۇلەركى ھەمە قەلئەدار .
ئانىڭ بىر قىزى بار ، جەمالىغە ۋاي ،
كۆزى يەئنى چولپان ، يۈزى مىسلى ئاي .
ئاتى رابئە ئەتتىلەشپۇش ئېرۇر ،
ئىشتسە ئاتىنى كۆڭۈل خۇش ئېرۇر .
كۆرۈپ نەچچە شەھزادە ھەسرەت يېگەن ،
كېلىپدۇر يەنە رۇمى قەيسەر دېگەن .
ئالۇرغە قىلادۇركى غەۋغاسىنى ،
ئاڭا ئەتتى شەھ ياي دەئۋاسىنى .
ئەگەر تارتسە بۇ يايىنى ، فۇل بىلەن
قىزنى بېرەدۇركى ملك قۇل بىلەن . »
ئەمر ئۇشبۇ سۆزنى ئىشتكەن زەمان ،
كى ساچراپ چەھار سۇغە كەلدى رەۋان .
ئەمر بارغاچ ـ ئوق سالدى قول يايىغە ،
بۇ ملك تەڭگەنى ساچتى بازارىغە .
كى تارتىپ ئىدى ، ياي سىنىپ ئۇشبۇ ھال ،
دېدى : «چىللەسى تازەدۇر ، ئانى ئال .»
سۇنۇق يايىنى بۇ مىرغەزەب باشىغە
قويۇپ ، كەلدى بۇ شاھنىڭ قاشىغە .
دېدى : « شاھى ئالىي ، ساڭا بۇ خەبەر ،
بۇ يايىنى ئۇشاتتىكى بىر سەۋداگەر . »
بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ تەمامى سپاھ ،
باقىپ دېدى ھەيران بولۇپ پادىشاھ .
مۇنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئېردى زىرەك ،
بىرى ئەسبى شاھى ، بىرى ماھى رەڭ .
بۇ دەئۋايى يايىنى كۆرۈپ ئۇشبۇ ھال ،
ئىكۆيلەن قوپۇپ كەلدىلەر دەرمەھال ،
كى ئىززاز بىرلە كۆرەشتى بۇلار ،
سوراپ ھالۇ ئەھۋال ئولتۇردىلار .
ئەمرگە بولۇپ ئاشنا ئىككىسى ،
كى مەجلس بېرۇرگە تۈشۈپ فىكرىسى .
ئالىپ كەلدىلەر ئۆيلەرىگە كېچە ،
بۇلار بەردى مەجلس ئەمرگە نېچە .
بولۇپ نەچچە كۈنلەر بۇ يەڭلىغ تۇرۇش ،
تۈگەندى ئەمردە بۇ ئالتۇن ـ كۈمۈش .
كى بىر سەۋداگەرنى تانۇرغە سالىپ ،
كەباب قىلدى ئانى فۇلىنى ئالىپ .
بالا ـ بارقەسى كۆپ چېكىپ دادۇئاھ ،
بولۇپ كەلدى شەھ ئىشكگە دادخاھ .

چىقىپ ئەسبى شاھى دېدىكىم : « تانىڭ ،
فولۇڭلارنى ھەم مەن بېرەي ، سىز يانىڭ .

يانىپ دادخاھلار بۇ سۆزدىن رەۋان ،
مۇنىڭ بىرلە ھەم ئۆتتى نەچچەند زەمان .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر جەللاد ① فەرەڭگىنى ئۆلتۈرگەنى ، رابىئە ئەتلەسپۇشنى ئىسكاھلارغە ئالغانلارى ، ئانىڭدىن شەھزادە ئەلەمشاھ ۋۇجۇدىغە كەلگەنلەرى

ئىشىتكىل ، مەئەلقىسسە بۇ داستان ،
بۇ يەڭلىغ رىۋايەت قىلۇر راۋىيان .
ئالىپ قەيسەرى رۇم بۇ ئىشدىن خەبەر ،
بۇ يەڭلىغ دېمىشلەركى : «بىر سەۋداگەر ،
كى دەئۋايى يايىنى ئۇشاتغان ئىمىش ،
كى بازارغە فۇلنى ساچغان ئىمىش .
ئانىڭ كۆپ بەھادۇرلۇق ئولمىش ئىشى . »
دېدى ، بۇيرۇدىلار ئەمىرگە كىشى .
ئالىپ كەلدى شەھ قاشىغە ئول زەمان ،
كۆرەشتى بارىپ ياخشى يەردە ئوران .
سوراپ ھالۇ ئەھۋاللار بىر نەچە ،
تەخى بەردى مەجلىسنى ئۈچ كۈنغىچە .
بەناگاھ ياساۋۇل كىرىپ ئۇشبۇ ھال ،
دېدى : « پادىشاھا ، ئېرۇرمىش مەھال .
كېلىپدۇر فەرەڭ شاھىدىن ئەلچىگەر ،
ساڭا بولسۇ مەئلۇم بۇ ئىشدىن خەبەر .
كى مەزرۇق فەرەڭگىنىڭ ئوغلى ئىمىش ،
كى سەرخاب فەرەڭگى ئاتىنى دېمىش . »
بۇ سۆزدە ئىدى ، ئەلچى كىردى بۇرۇن ،
ئاڭا كۆرسەتىپ شاھ بەردى ئورۇن .
كى بىر نامەنى شاھغە تۇتتى ئۇ ،
ئاچىپ كۆردىلەر ، نامە مەزمۇنى بۇ :
« بىلىڭ سىزكى گەردوس ، ئەي قەلئەدار ،
كى مەزرۇق فەرەڭگى مەنەم نامدار .
ساڭا سۆز بۇدۇر : بىر قىزىڭ بار ئىمىش ،
ئاتى رابىئە ئەتلەسۇ پۇش ئىمىش .
شىكار ئۈزرە ئوغلۇم بەناگاھ يۈرۈپ ،

قىزىڭنىڭ تەخى سۇرەتىنى كۆرۈپ .
بولۇپدۇر ئاڭا ئاشىقى بىقەرار ،
ئارام يوق ئوتىدا بولۇپ خارۇ زار .
يۈز ئەللىك قاتار تىۋەدە فۇلۇ مال ،
ئىبەردىم [ ساڭا ] يۈكلەتىپ ، ئانى ئال .
بارۇر ھەم بۇلار بىرلە ئەركەك ــ تىشى ،
بارادۇركى بىللە قىرىق مىڭ كىشى .
كى ئوغلۇمنى مەئزۇر بىلسەڭ ئەگەر ،
قىزىڭنى ۋەلي بولسە ئوغلۇمغە بەر .
ۋەلي بەرمەسەڭ شەھرىڭە ئوت قويۇپ ،
سامانلار تىقارمەن تېرەڭنى سويۇپ .
قىزىڭنى تۇتۇپ قىرقىبان ساچىنى ،
بېرۇرمەن ئالىپ قۇللارىمە ئانى .
كى مەندىن ساڭا ئۇشبۇ يەڭلىغ سەلام ،
بۇ سۆزلەر بىلە نامە بولدى تەمام . »
خەلايىق بۇ سۆزلەرگە غەم يېدىلەر ،
ئەمىر كۆڭلىدە بولدى خۇب دېدىلەر .
بۇ گەردۇس شاھ ئاقىزىپ ياشىنى ،
تۆبەن سالدىلار ئولتۇرۇپ باشىنى .
كى شەھ تاق گەردى غۇبارىن قاقىپ ،
دېدىكىم بۇ قەيسەر رۇمغە باقىپ :
« سېنىڭ بولسە دەئۋاڭ قىزىمغە ئەگەر ،
قىلىپ ئال فەرەڭلەرنى زىرۇ زەبەر .
بەناگاھ ساڭا يەتسە ئاندىن زىيان ،
قىزىمدىن ئۇمىد ئۈز ، مەكانىڭغە يان .
بەغايەت يامان خەلقىدۇر بۇ فەرەڭ ،
مېنىڭ تاقەتىم يوقكى قىلماقغە جەڭ .

① بۇ سۆز قول يازمىدا « دەججال » دەپ يېزىلىپ قالغان .

ئاڭا مەن قىزىمنى بېرەي، يانسۇ ئول،
ماڭا بولسۇ جەللاد فەرەڭگى ئوغۇل.»
ئىشىتتىكى بۇ سۆزنى قەيسەر بۇ رەڭ،
دېدى: «لەشكەرىم ئەيلەسۇن تاڭلە جەڭ.»
مەئەلقىسسە، بۇ تاڭلەسى ئۇشبۇ ھال،
چالىپ تەبلۇ نەققارە، تۇزدى ياسال.
قىلىپ سەفنى ئاراستە ئىلگەرى،
كى مەيدانغە كىردى فەرەڭدىن بىرى.
ئەمىر دېدى: «دىۋانەگە تېزۇ تۇن،
كى سەن بارمە زىنھار جەڭگە بۇ كۈن.»
قىلىپ جەڭ بۇ مەيدانغە كەلگەن فەرەڭ،
تەمام ئۆلتۇرۇپ رۇملار بولدى تەڭ.
كى بىر مەغلۇبە بولدى گويا يانا،
بولۇپ بىخەبەر قىز ـ ئوغۇلدىن ئانا.
بۇ دىۋانەنىڭ جەڭگى بولدى بەلەند،
كى تۇتتى فەرەڭ ئەھلى تاشلاپ كەمەند.
كۈچى يەتمەيىن قاچتى قەيسەر بۇ ھال،
فەرەڭ خەلقى قىلدى بۇ يەڭلىغ خەيال:
«كى ئەمدى شەھەرنى ئاسان ئالغۇمىز.»
دېدىكىم: «كېلىپ جەڭ قىلىپ تاڭلە بىز.»
ئەمىر ئەسبى شاھ بىرلە بولدى كېچە،
كى سۇھبەت قىلىپ ئولتۇرۇپ بىر نېچە.
دېدى ئەسبى شاھ: «ئەي ۋەلي كارۋان،
كى سىز بولساڭىز بۇ سىفەت پەھلەۋان.
بۇ دىۋانەڭىزنى فەرەڭلەر ئالىپ،
كېتىپدۇر ئاڭا غۇللە ـ زەنجىر سالىپ.
سەلامەت تۇرۇپ، ئانى سىز باغلاتىپ،
نەدىن ئانى ئالمايسىزۇ ئاجراتىپ.
بۇ كۈنلەردە قىلماي ئاڭا پەرۋەرىش،
ئەيىپدۇر كى سىزلەرگە مۇنداغلا ئىش.»
ئەمىر دېدى: «كىرمەي سۆزۈمگە مېنىڭ،
قىلىپ جەڭنى بىباش، جەزاسى شۇنىڭ.»
دېدى ئەسبى شاھ: «قورقاسىز سىزمۇ ھەم،
كى سىزلەر ئاڭا ئانچە قىلماق كەرەم.»
ئەمىر دېدى: «ئەي شاھزادە ۋەلي،
ئەگەر خاھلارساڭ كەلتۇرۇرمەن ھەلى.»
ئەمىر قوپتى ساچراپ بۇ سۆزدىن رەۋان،
كى ئاشقىرغە مىندى، بولۇپ كامران.
بۇ ۋەقتىدە شاھى فەرەڭنى كۆرەڭ،
قىلۇر ئېردى دىۋانە سۆز ئۇشبۇ رەڭ:
مىنى قوي، ھەلى سەئدى شامى كېلۇر،
كېلىپ ئاچچىغى، ئول سىنى ئۆلتۇرۇر.»
بۇ سۆز بىرلە ئولتۇرمىش ئېردى بۇلەر،
ئەمىر باد يەڭلىغ يېتىپ كەلدىلەر.
بۇ دىۋانە قىچقىردى كۆرگەن زەمان،
دېدى: «ئۆلتۇرۇڭ ئەسلى بەرمەي ئەمان!»
غەزەب كۆزى بىرلە قارادى ئەمىر،
كۆرۇپ ئۇشبۇ يەڭلىغ فەرەڭ قەلقى بىر.
كى جەللاد فەرەڭگى دېدى: «بۇ يۇھا،
كۆرەندى ماڭا بىر ئۇلۇغ ئەژدەھا.»
خەيال قىلدى قەللاب گويا نەفەس،
بۇ ئالەم ئانىڭ ئالدا مىسلى خەس.
قويۇپ سۇرخى سەندەل، باقىپ تۇردىلار،
ئەمىر ھەم بۇ سەندەلدە ئولتۇردىلار.
فەرەڭ شاھى قىلدى تولا ئەندىشى،
دېدى: «ئەي يىگىت، سىز نە يەڭلىغ كىشى؟»
دېدىكىم ئەمىر: «سەۋدا قىلماق ئىشىم،
بۇ دىۋانە ئېردى مېنىڭكى كىشىم.
بىرىڭلار بۇ دىۋانەنى، مەن يانايى،
كىرىپ مەن شەھەرگە، سارايدا قونايى.»
دېدىكىم بۇ شاھى فەرەڭ: «ئەي ئەزىز،
كى بىر شەرت بىرلە بېرەلىڭكى بىز.
بولاشماڭ بۇ رۇم خەلقىغە سىز بۇ رەڭ،
ئاتىپ ئوق ماڭا قىلماسۇنلار كى جەڭ.»
ئەمىر دېدىلەر: «سىزگە ئاتماسمە ئوق،
ئاڭا غەم يېمەڭ، كۆڭلىڭىز بولسۇ توق.»
بۇ سۆز بىرلە دىۋانەنى ئالدىلار،
ئالىپ بۇ شەھەر سارىغە ياندىلار.
ۋەلي ئەسبى شاھ ئۇشبۇ ۋەقتىدە ھەم،
يەر ئېردى ئەمىرنى ئېبەرگەنگە غەم.

فۇشەيمان ، نەدامەتدە ئېردى بۇلەر ،
بۇ دىۋانە بىرلە ئەمىر كەلدىلەر .
ئەمىرنى كۆرۈپ شاد ئولۇپ ئانچۇنان ،
دېدى : « سەئىدى شامى ئىكەنلەر يامان .
نە بولغاي فەرەڭلەرگە بەرسەڭ جەۋاب ،
كى سىزلەرگە بولغاي بۇ ئىشدا سەۋاب . »
ئەمىر دېدى : « بىر شەرتىمىز باردۇر ،
ئوق ئاتماق ئاڭا ئانچە دىشۋاردۇر .
دېدى رۇملارغە بولاشماڭ مېنى ،
بۇ سۆزنى قىلىپ ، بەردى دىۋانەنى . »
كى ھەمشرەڭىزنى بېرىڭلار ماڭا ،
كى ئاندىن ئاتاي جەڭ قىلىپ ئوق ئاڭا . »
بۇ سۆزنى قىلىپ ئەسبى شاھى قەبۇل ،
قوپۇپ قەلئەدار قاشىغە كەلدى ئول .
دېدى : « ئەي ئاتا ، سىزگە بىر خۇش خەبەر ،
بۇ يايىنى ئۇشاتغان ئۇشۇل سەۋداگەر .
تىلەيدۇر كى ھەمشرەمىزنى بۇ رەڭ ،
بېرىڭلار ماڭا ، مەن قىلاي دەيدۇ جەڭ . »
بۇ سۆز شاھىغە خۇش كېلىپ ئانچۇنان ،
چالىپ تەبلۇ نەققارەئى شول زەمان .
كى بەخشش قىلىپ شاھ قىزىنى بۇ دەم ،
ئەمىرگە قولىدىن تۇتۇپ بەردى ھەم .
كېتىپ شاھنىڭ ئۇشبۇ غەم غۇسسەسى ،
شەھەردىن ئەمىر چىقتى تۇن ھەسسەسى .
تاپىپ قەلئەنىڭ يانىدا خالىي يەر ،
بۇقۇپ ياتتى پىنھان بولۇپ ئۇشبۇئەر .
تاڭ ئاتتى ۋەلي موللا ئەئزان ئوقۇپ ،
فەرەڭ خەلقى جەڭگە ئاتىنى توقۇپ .
قىلىپ سەفنى ئاراستەئى شول زەمان ،
شەھەرگە يۈگۈردى بولۇپ كامران .
كى جەللاد فەرەڭگى يېتىپ كەلگەچ ـ ئوق ،
يېتىپ كەلدى خەندەكدىن ئۆتتى بىروق .
دېدى قەلئەدار : « سەئىدى شامى قايان ،
كى ۋەقتى بۇدۇر ، جەڭگە چىقسۇن بۇيان . »
بۇ ئەسنادا ئايتتى ئەمىرى ئەرەب ،
كېلىپ تەگدى لەشكەرگە « ھۇ ئەللاھ ! » دەپ .
كى جەللاد فەرەڭگىنى كەلگەن زەمان ،
كى ئۆلتۈردىلەر ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
بۇ لەشكەرنى ھەم ئۆلتۈرۈپ قىلدى تەڭ ،
قاچىپ كەتتى كەلگەن سىپاھى فەرەڭ .
ئالىپ ئولجە فۇل ـ مالىنى بىشۇمار ،
بۇ ئىشلارغە شاد ئولدى بۇ قەلئەدار .
دېدى قەلئەدار ئول زەمان : « ئەي يىگىت ،
كى سەن كىم ، ماڭا راست سۆزۈڭنى ئايىت . »
ئەمىر دېدى : « ئەي شاھى ئالىي جەھان ،
مەنەمكىم ئەمىر ھەمزە ساھىب قىران . »
ئىشىتتى ئەمىر ھەمزەنىڭ ئاتىنى ،
مۇسۇلمان بولدى تانۇپ زاتىنى .
يىگى باشىدىن ئۆلتۈرۈپ نەچچە قوي ،
ئەمىرگە بۇ ئىئزاز ئېتىپ بەردى توي .
يىغىلدى تەماشا ئۈچۈن بارچە ئەل ،
خاجە ئۇمرى يېتىپ كەلدىيۇ بۇ مەھەل .
ئەمىر رابىئەگە بولۇپ ۋاسلى ،
ئىكەۋلەن قىلىپ كامى دىل ھاسلى .

## فەسلى داستان ، ئۇمەر مەئدى كەرەب ئەندەلۇسقە بارىپ ، مەئرۇف شاھنىڭ قىزىنى ئالغانى ، ئاندىن كەرەب دىۋانە ۋۇجۇدىغە كەلگەنى

بۇ سۆز مۇندا قالدى ، ياناي مەن ئۇ يان ،
بۇ يەڭلىغ ھىكايەت قىلۇر راۋىيان .
ئەمىر ئول كۆنىكىم قارا نەرسەنىڭ ،
كى قوغلاپ كىتىپ ئارقەسىدىن ئانىڭ .
قالىپ لاۋۇ لەشكەر بۇ يەردە تەمام ،
ئەمىرنىڭ غەمىدە ئىدى خاسۇ ئام .
يىگىرمە ئالتە كۈن بولمىش ئېردى بۇ كۈن ،
بىر ئادەم كىرىپ كەلدىيۇ تېزۇ تۇن .

کی مەشقال شاھ ئۇشبۇ ھەڭگامەنی ،
ئالىپ قولغە بەردی بىر نامەنی .
ئىدی نامە مەزمۇنی مۇنداغ کەبی ،
دىمش : « مەنکی رەیھان شەھی مەغرىبی .
کىلىپ ئەندەلۇس شاھی مەئرۇف دىگەن ،
تىلەیدۇر کی سڭلمنی تىل بىلمەگەن .
ئۇ کافەر ئىرۇر بىز مۇسۇلماندۇرمز ،
خۇب ئىرمەس بۇ کافەرغە بەرمەککە قىز .
کىلىنك فات ، دىمەي کىچەنی سىز کىچە ،
ھەیال بولساڭز ئىش بولۇر ئۆزگەچە .»
بۇ سۆزدە تەمام ئولدی بۇ نامەسی ،
بارۇرغە بۇ شەھ ئوغرادی تاڭلەسی .
قىلىپ مەنئی مەئدی کەرەب ئول زەمان ،
ئۆزی بارغالی یولغە بولدی رەۋان .
یىتىپ کەلدی مەئدی کەرەب بۇ مەھەل ،
کی مەئرۇف قىلىپدۇر شەھەرنی قەبەل .
بۇ سۆزلەرکی مەئرۇف دىدی : « ئەي کەرەب ،
بالام ئاشق ئولمش قىزنی کۆرەپ ،
قىزنی تىلەرمەنکی بەرمەیدۇ بۇ ،
تالاش یوق یەنە بىز ئارا جەنك شۇبۇ .»
ئالىپ کەلدی رەیھان شەھنی بۇ دەم ،
کەرەب شاھ ئاڭا قىلدی بۇ سۆزنی ھەم .
نىدىن ئۇشبۇ یەکلىغ قىلۇر سىز ئاڭا ،
« نە ئىشلارغە سەن بەرمەدىنك قىز ئاڭا ؟ »
« نىتەي » شاھ رەیھان دىدی : « بۇ ھەۋەس ،
ئانىنك ئەسلی مەندىن ۋەلی کام ئەمەس .
ۋە لىکىن ئۆزی کافەرۇ ئوغلی ھەم ،
بۇ بائىسدىن ئولمش شۇبۇ دەردۇغەم . »
بۇ سۆزلەرگە مەئرۇف مۇسۇلمان بولۇپ ،
خەلایىق بۇ ئىشلارغە خەندان بولۇپ .
بۇ مەجلىس بىلە نەچچە کۈن ئۆتتی ئاي ،
قىزنی بىرىپ ، قىلدی توي ھاي ــ ھاي ،
قىلىپ دەغدەغە کۆپ ئەلالا سالىپ ،
کی ئۆز شەھرىگە کەلدی مەئرۇف ئالىپ .
مۇسۇلمانی بولدی تەمامی شەھەر ،
ئۇمەر مەئدىگە بەردی مەجلىس بۇ ئەر .
بار ئىردىکی مەئرۇفنىك بىر قىزی ،
ئىدی تۇتىیا کۆزگە باسغان ئىزی .
ئۇمەر ئىبنی مەئدی کەرەب ئۇشبۇھال ،
بولۇپ ئاشقی ، دىدی : « بۇ جاننی ئال ! »
کی تاقەت تۇتالماي مۇنىنك ئاھىغە ،
کی ئاڭلاتتىلار مەئرۇفی شاھىغە ،
دىدی شاھ مەئرۇف : « ئەي شەھرىیار ،
مىنىنك بۇ قىزىمنىڭکی بىر شەرتی بار .
بەجا کەلتۇرۇرنك شەرتنی ، مەن کۆرەي ،
کی تەئخىر قىلماي قىزىمنی بىرەي .»
ئۇمەر مەئدی ئەیلەپ خۇرۇشی فىغان ،
دىدىکم : « نەدۇر شەرت قىلغىل بەیان . »
دىدی شاھی مەئرۇف شەھەر تاشىدا ،
کۆرەنگەن ئىگىز تاغىنىك قاشىدا .
کی باردۇرکی بىر بىشەئی مەرغىزار ،
ۋەلىکىن ئوشۇل یەردە بىر شىری بار .
ھەمىشە غەمىدە یۇرۇرمز ئانىنك ،
کىم ئۆلتۇرسە ئانی بولۇر قىز شۇنىنك .»
ئۇمەر ئىبنی مەئدی قەبۇل ئەیلەدی ،
چىقىپ ئول تەرەفکە نۇزۇل ئەیلەدی .
یىتىپ بىشەگە کىرمىش ئىردی بۇ ئەر ،
یۇگۇردی بىرۇق شىر ئالغاچ خەبەر .
مەست ئىردىکی ھۇشیار بولدی ئۆزی ،
بۇ قورقۇنجدىن ئالتە بولدی کۆزی .
ئالىپ بۇرکىنی قوینىغە تىقتی بۇ ،
قاچىپ بىر دەرەخت باشىغە چىقتی بۇ .
چىقارماي دەرەخت باشىدا ئەسلی ئۇن ،
ۋەلی یاتتی بۇ بىر کىچە ئىککی کۈن .
دەرەخت ئاستىدا یاتتی بىر شىر کىلىپ ،
یىقىلدی ئۇمەر مەئدی شاخی سىنىپ .
تۇشۇپ شىرنىنك ئۇستىگە شىری مەرد ،
مۇنىنك ئاستىدا بولدی شىرگەردۇ گەرد .
بۇ یەکلىغ قىلىپ قىزنی ئالدی بۇ ئەر ،
مۇنىنك بىرلە بىر نەچچە کۈن تۇردىلەر .

بۇلار بارچەسى ياندى لەشكەر بىلەن ،
بۇ قىزدىن ھىكايەت قىلۇرلار بەلەند .
بولۇپ ھامىلە توققۇز ئايدىن كېيىن ،
تەۋەللۇدغە ئولتۇردى بۇ نازەنىن .
بولۇپ ئون كېچە كۈندۈزۈ مۇبتەلا ،
تەخى تۇشمەدى يەرگە ھەرگىز بالا .
كۆزى ئۇيقۇغە مەيل قىلدى شەھەر ،
كى پەيدا بولۇپ كەلدى بىر ياخشى ئەر .
كېلىپ دېدىلەر : « ھەدىيە بانۇمۇسەن ،
ۋەھالا كۆرۈپ بىزنى تانۇرمۇسەن ؟ »
دېدى ھەدىيە بانۇ : « بۇ غەيبى زەمان ،
نىدىن مەن تانۇي ، كۆرمەيىن بىگۇمان ؟ »
دېدىلەر : « مەنەم شاھى مەردان ئەلى ،
كېلىپمەن ئېيالىڭنى تۇغدۇرغالى .
مېنىڭكى نەزەر كەردەم ئولدى بالاڭ ،
قىلىپ تەربىيەت ، سۇ قويۇپ ، ئوت قالاڭ .
نىشانەسى ئولدۇر مۇنىڭ تاشىغە ،
كى ھېچ ھەربە ئۆتمەس مۇنىڭۇ باشىغە .
كەرەب دىۋانە قويدۇم ئول ئاتىنى . »
بۇ سۆزنى دېدىلەر سىلاپ قارنىنى .
قىلىپ نەچچە سۆزلەرنى تالىب بولۇپ ،
كى ئويغاندى ، كەتتى بۇ غايىب بولۇپ .
تۇشۇپ يەرگە فەرزەندە بۇ سائەتى ،
كى ئالدى بۇ ئارام ئىلە راھەتى .
نىشانەسىنى كۆردىلەر بارھا ،
ۋەلېكىن مۇنىڭ ئىشلارى كارھا .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمىر رۇمدىن يانغانلارى ، يولدا بارغۇنچە دىۋانە شىردىن رەخم يەپ ئۆلگەنى ، ھەزرەتى ئەمىرنى قەيسەرى رۇمى تۇتۇپ دارغە ئاسقانى

ئىشتىسەڭكى بۇ قىسسەنى دەم بەدەم ،
يېنەر شادلىقلار ، كېتەر دەردۇ غەم .
ئەمىر رابىئە ئەتلەسۇ پۇشنى ،
ئالىپ نازەنىنى كۆكۈل خۇشنى .
كى بىر نەچچە كۈن بولدىلار ھاي ـ ھاي ،
بۇ يەڭلىغ قىلىپ بولدى بىر نەچچە ئاي .
بولۇپ رابىئە ھامىلە بىگۇمان ،
ياناردا ئەمىر بەردىلەر بىر نىشان .
ئەمىر خۇبلاشىپ چىقتىلار ئۇشبۇ ھال ،
بار ئېردىكى لەشكەرگە ياناماق خەيال .
بۇ ئەسنادا غەۋغا ھۇۋەيدا بولۇپ ،
كىمەرسە كىرىپ كەلدى پەيدا بولۇپ .
ئەمىرگە تۇتۇپ بەردى بىر نامەنى ،
ئاچىپ باقتىلار ئۇشبۇ ھەڭگامەنى .
بۇدۇر نامە مەزمۇنى قىلغىل خەيال :
« ئېرۇرمەنكى قەيسەر رۇمى ئۇشبۇ ھال .
ئىدىم شەھرى قۇستەنتەنە شاھىمەن ،
باج ئالمىش ئىدىم شاھىدىن گاھى مەن .
بۇ رۇستابۇ شەھەردە بىر ئادىلار ،
بار ئېردى يامان ئەھلى بىدادىلار .
كېلىپ ئۇشبۇ كۈنلەردە بولدى ياغى ،
شەھەرنى قەبەل قىلدى ئول بۇ چاغى .
ئىنايەت قىلىپ كەلسەڭىز ، ئەي ئەزىز ،
مۇسۇلمان بولالىڭ بۇرۇم خەلقى بىز .
تۇمەن بەندەلىك كۆپ دۇئايۇ سەلام ، »
تۇگەندى سۆزى ، نامە بولدى تەمام .
ئەمىر قىلدىلا بارغالى ئىختىيار ،
خاجە ئۇمرى دېدى : « بارمە ، ئەي شەھرىيار . »
دېدىكىم ئەمىر : « بىر خەبەرمەن ئالاي ،
خاجە ئۇمرى ، تۇرۇڭ مۇندا سىز ، مەن باراي .
بارىپ سىز بۇ لەشكەر سارىغە بەدەر ،
سەلامەتلىكىمنى قىلىڭ بىر خەبەر .
كى ئاندىن كېلىڭ ئارقەمىزدىن رەۋان . »
ئەمىر ئاتلانىپ يۈردىلەر رۇم سويان .
خاجە ئۇمرى يۈرۈپ تىزۇ تۇن بىر نېچچە ،
يېتىپ كەلدى لەشكەرگە ، بولدى كېچە .

ئەمردىن ئايتتى دۇئايۇ سەلام ،
خەبەرنى ئالىپ ، شاد ئولۇپ خاسۇ ئام .
خاجە ئۇمرى بۇ يەردىن يەنە شول زەمان ،
ئەمىر ئارقەسىدىن يۇرۇپ بۇ زەمان .
ئەمىر بىرلە دىۋانە ئەمما بۇ دەم ،
بارۇر ئىردى يولدا قەدەم دەر قەدەم .
بەيابانىدىن ئۇزگە كۆرۇنمەي قارا ،
يېتىپ كەلدى بىر ئەسكى جاڭگال ئارا .
ئەمىر بىر ئىگىز يەرگە ئەيلەپ خىرام ،
كى ياتتى بۇ يەردە ئالاي دەپ ئارام .
بۇ دىۋانە ياتتى ئەمردىن يىراق ،
كۆزى ئۇيقۇدا ، تۇشتى قولدىن تاياق .
كى بىر شىر پەيدا بولۇپ بۇ زەمان ،
بۇ دىۋانەنى تۇتتى ، بەرمەي ئەمان .
تىتىپ تۆكتىلەر ئۇچەيۇ باغرىنى ،
كى ئۆلتۈردى ئاشقىر تىپىپ شىرنى .
ئەمىر ئويغانىپ كەلسەلەر قاشغە ،
بۇ دىۋانەنىڭ جان يېتىپ باشغە .
ئەمىرنى كۆرۇپ ، ئىككى ـ ئۇچ تولغانىپ ،
چىقىپ جانى ، بولدى بۇ يەردە غەرىب .
كۆمۈپ يەرگە دىۋانەنى ئۇشبۇ دەم ،
كى تەكبىر ئوقۇپ تىكتىلەر توغ ـ ئەلەم .
بۇ يەردىن ئوشۇل دەم يۇرۇپ كەتتىلەر ،
بۇ قۇستەنتەنە شەھرىگە يەتتىلەر .
خاجە ئۇمرى كىلۇر ئىردى بۇ يولدا ھەم ،
تۇرۇپدۇر كى بىر قەبرىدە توغ ـ ئەلەم .
ئۆلۈپدۇر بۇ دىۋانە دەپ بىلدىلەر ،
كى تەكبىر ئوقۇپ ، يول بىلەن يۇردىلەر .
ئەمىر رۇمغە كەلدىلەر ئۇشبۇ رەڭ ،
تۇرار ئىردى ئادى قىلىپ سەختى جەڭ .
بەيەك بارە بىر نەئرە ئۇرغان زەمان ،
كى ئادىنى ئۆلتۈردى ، بەرمەي ئەمان .
كى بەرھەم بېرىپ لەشكەرىگە بۇ ھال ،
دىدى رۇملارنى : « چىقىپ ئولجە ئال !»
بولۇپ شادىمان ئەمما قەيسەركى رۇم ،
بۇ سائەت ئەمىر قاشغە چىقتى غۇم .
بار ئىردى مۇنىڭ قاشىدا بەش ۋەزىر ،
تۇرار ئىردىلەر ئالدىدا مۇنتەزىر .
بۇلار ئەمما قورقۇنچىدىن ئۇشبۇ خىل ،
مۇسۇلمان بولۇپ ، بەردىلەر ياخشى تىل .
كى ئىئزازۇ ئىكرام ئىتىپ ئانچۇنان ،
ئالىپ كىردى قەيسەرگە شاھى رەۋان .
ئالىپ نەي ھەمە نەغمە ھايى رەباب ،
قانىپ دارۇ بىھۇشنى تۇتتى شەراب .
ئىچىپ بولدى بىھۇش ئەمرى زەمان ،
قىلىپ بەندە سەندۇقغە سالدى رەۋان .
كۇشاد ئولدى قەيسەر رۇمنىڭ ئىشى ،
ئىبەردى بۇ نۇشىرۋانغە كىشى .
ئالىپ يۇردى يۇكلەپ ئەمرنى بۇ دەم ،
ئالىپ بارغالى بۇ مەدايىنغە ھەم .
خەبەر يەتتى نۇشىرۋانغە بۇ كۇن ،
دىدىلەر : « ئەمرنى تۇتۇپدۇ ئۇ كۇن .»
بۇ يەگلىغ ھۇكۇم قىلدى نۇشىرۋان .
«ئانى يىلدام ئۆلتۈرسۇ بەرمەي ئەمان .»
ۋەلي كەتتى ئول دەم خاجە ئۇمرى بەدەر ،
بۇ ئىشلارنى لەشكەرگە قىلدى خەبەر .
ئوشۇل دەم بۇ لەشكەر چىكىپ دەردۇ ئاھ ،
رەۋان ئولدىلار بۇ تەمامى سىپاھ .
بۇ ئەسنا ئەمرنى تۇتۇپ باستىلار ،
كى ئۆلتۈرگەلى دارغە ئاستىلار .
كى بىر قۇش ھەۋادىن كىلىپ بۇ مەھەل ،
قونۇپ دارغە ئۆلتۈرۇپ كۆردى ئەل .
قانات قاقتى ، بولدى قاراڭغۇ جەھان ،
قاچىپ كەتتى بۇ داربار ھەر قايان .
سۇزۇلدى ھەۋا سائەتىدىن كىيىن ،
كى باقتى ئەمىر يوق ، نە قۇش ھەم بارىن .
ئۇمەر ئىبنى ھەمزە بۇ ئەسنا ئارا ،
كېلىپ تەگدىلەر ، بولدى بىر ماجەرا .
ئۇمەر ئىبنى مەئدى كەرەب ئۇشبۇ رەڭ ،
يېتىپ لاۋۇ لەشكەر بىروق بولدى جەڭ .

بۇ قەيسەركى رۇمى بولۇپ زەخمدار ،
قاچىپ كەتتى بۇ شەھرىگە نابكار.

ئەمردىن ئالالماي بۇ لەشكەر خەبەر ،
يانىپ بارگاھىغە ھەم تۈشتىلەر .

## فەسلى داستان ، ھەزرەتى ئەمرنى مەلىكە ئەسما پەرى داردىن ئاجراتىپ ئالغانى ، رابىئە ئەتلەسپۇشنى كوھى قافقە ئالىپ بارىپ ، ئەلمشاھ رۇمى شۇندا تۇغۇلۇپ ، ئانى چەشمەئى مۇراندا قويۇپ ، سىراي بانۇ ئالىپ باقغانى

ئىشتىمەك ھىكايەت قىلۇر راۋىيان ،
بۇ يەردىن يوق ئولدى بۇ ساھىب قىران .
كۆز ئاچتى ئەمىر تاغنىڭ قاشىدا ،
كى ئەسما پەرى ئولتۇرۇر باشىدا .
بۇلارغەكى بىرنەچچە كۈن بولدىلەر ،
خاجە ئۇمرى بۇ يەرگە چىقىپ كەلدىلەر .
كۆرەشتى بۇلار ھەقغە ئەيلەپ سەنا ،
ئەمىر كەلدى ئۆزلەشكەرىگە يانا .
ئەمىر بەندكە تۈشكەنلەرىگە بۇ چاغ ،
كى ئەسما پەرى كۆپ بولۇپ بىدىماغ .
دېدى : « رۇمىلار بەندىگە ئول ئەرەب ،
تۈشۈپدۇر ۋەلېكىن بۇڭا نە سەبەب ؟ »
پەرىلەر دېدى : « ئەي مەلىكە زەمان ،
ئەمىر ئانچە بەرھەم يېمىشلەر ھەمان .
خەبەر يوق ۋەلې سىزدە ، ئەي كوھى قاف ،
بېرىپدۇر مەلىكە نىگارغە شىكاف .
بۇ ئۆتكەن زەمان ئانى ئەيلەپ تەلاق ،
ئەمىر قىلمىش ئاندىن ئۆزىنى يىراق .
كى بۇ دەمدە بار رابىئە ئاتلىغى ،
ئالىپدۇر ئەمىر ئانى ھەيھاتلىغى .
سەبەبدۇر شۇبۇ بەندكە تۈشمەكلىكىن ،»
دېدىلەركى : « ئەي مۇلكى شاھى زەمىن .»
بۇ سۆز بىرلە ئەسما پەرى شول زەمان ،
دېدىكىم : « سەماۋات باردى قايان .
ياماندىن يامان ئادەمىزاد ئېرۇر ،
كى بىدادلار ، ھەمزەگە قىز بېرۇر .
كى بىر قىزنى ئۆلتۈرمەگۈنچە تەمام ،
كى تەرك ئەتمەكگەي قىز بېرىشنى مۇدام .»

بۇيۇردى ئۇشۇل دەم سەماۋاتنى ،
ئالىپ كەل دېدى رابىئە پاتنى .
سەماۋات دىۋ يۈردى پەرۋاز ئېتىپ ،
كى خورسەنەئى رۇمغە كەلدى يېتىپ .
ۋەلې رابىئە ھامىلەدار ئىدى ،
كى تەبرەنمەكى ئانچە دىشۋار ئىدى .
ياتىپ ئېردى بىر سايەنىڭ قاشىدە ،
چەھار باغىدا ئېردى گۈل باشىدە .
كېلىپ تۇتتى دىۋ ئەسلى بەرمەي ئەمان ،
ئالىپ كوھى قاف سارى بولدى رەۋان .
ئەجەب تۈشتى كۈن رابىئە باشىغە .
ئالىپ كەلدى ئەسما پەرى قاشىغە .
كۆرۈپ دېدى ئەسماكى : « ئەي مادەزەن ،
ۋە ھالاكى ئول رابىئە سەنمۇ سەن ؟!
مۇنى ئۆلتۈرۈڭلاركى بەرمەي ئەمان ،
سويۇپ تېرەسىنى تىقىڭلار سامان !»
دېدى رابىئە : « ھامىلەدارمەن ،
ۋەبالىم بولۇر ، بىۋەئى خارمەن .»
بۇ ئەسنادا سۇلتان قۇرەيشى كېلىپ ،
دۇرۇشتلۇق ئۇرۇپ چىقتى ئانى ئېلىپ .
ئالىپ كىردى قەسرىگە بۇ شول زەمان ،
بۇ ئىشلار بىلەن ئۆتتى نەچچەند زەمان .
زەمانى تەۋەللۇدغە ئولتۇردى ئول ،
تۈشۈپ يەرگە فەرزەندە ، باقتى ئوغۇل .
دېدىلەركى سۇلتان پەرى ئۇشبۇ ھال :
«مۇنى شەھرىگە يەتكۈزۈڭ دەر مەھال .»
كى ئەمما ئېيالنى ئالىپ قالدىلار ،
كى بىر سەندۇق ئىچرە ئانى سالدىلار .

كى بىر پارەئى لەئلىنى ياغلادى ،
ئىيال بازۇسىغە مۇنى باغلادى .
قىلىپ خەت ئانى بوينىغە ئاستى ھەم ،
كى سەندۇقغە مەھكەم قىلىپ ئانچە ھەم .
دىدى بىر پەرىنى لىباسىڭنى سال ،
ھەيال بولمە يىلدام سەندۇقنى ئال .
كى باردۇر فەلان يەردە بىر مەرغىزار ،
ئانىڭ ئالدىدا چەشمە مۇرانى بار .
ئۇشۇل يەردە قوي ئىلتىبان سەن مۇنى ،
خەبەردار بول ، كىم ئالادۇر ئانى .
ئىيالغە نە رەڭ ئات قويادۇر ئۇلەر ،
بۇ ئىشلارنى ھالا ماڭا قىل خەبەر .»
ھىكايەت قىلۇر راۋى بۇ قىسسەدىن ،
ئىشىتمەك قۇتۇلماقغە غەم غۇسسەدىن .
كى ئەمما بۇ قەيسەركى رۇمى دىگەن ،
ئىدى ئەسلى فەرزەند يۈزى كۆرمەگەن .
ساراي بانۇ دەپ خاتۇنى بار ئىدى ،
كى فەرزەندى يوق ، تۇغقالى زار ئىدى .
تاگىپ تەكيەنى قورساقىغە خىلە ،
دەر ئىردى : « بىرۇرمەن بويى ھامىلە .»
بۇ سۆزلەرنى دەپ يۈرگەلى توققۇز ئاي ،
دىدىكىم : «بۇ يالغان ، نە يەرگە باراي .»

چىقىپ كىچە دەريا لەبىگە كىلىپ ،
بىروق يىغلادىكىم تەھارەت ئىلىپ .
كى ئىردى مۇناجات بىرلە ئۆزى ،
كى ئۇيقۇغە باردى بەناگاھ كۆزى .
نە كۆردىكى پەيغەمبەر ئولمىش خەلىل ،
دىدى : « ئەي سەراي بانۇ ، سەن بىزنى بىل .
ئۇشۇل چەشمە مۇران قاشىغە بارىڭ ،
كى سەندۇقدا پەرزەندىمىز بار ئالىڭ .»
سەراي بانۇ ئويغاندىكىم ئۇشبۇ دەم ،
قوپۇپ چەشمە سارىغە قويدى قەدەم .
ئۇشۇل دەم كىلىپ باقتى سەندۇقنى بول ،
ئاچىپ باقتىلار ئاغزىنى ، بىر ئوغۇل .
كى ھۇسنى جەمالى ئىرۇر ماھتاب ،
يۈزى ئىردى دو پەنجەئى ئافتاب .
كى تۇغدۇم دىدىلەرمۇنى بىگۇمان ،
قۇچاقلاپ شەھەر سارى بولدى رەۋان .
بۇ ئىشلار بولۇپ پادىشاھغە خەبەر ،
كى ئالدىغە ئىئزاز ئىتىپ چىقتىلەر .
تەخى ئۆلتۈرۈپ يۈز كالا ، مىڭچە قوي ،
مۇنىڭ ھەققىدە ئاش قىلىپ بەردى توي .
ئىيالغە تۈشەكلەر سالىپ قاتما قات ،
بۇ فەرزەندكە قويدى ئەلەمشاھ ئات .

(داۋامى كىيىنكى ساندا)

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن .



# مۇخەممەسلەر

موللا سالىھ (سالىھى) [1]

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەخمەت ھىمىت

## مولال سالىھنىڭ كالالارىنىڭ ئۆلگىنىنىڭ بېيانى

قۇدرەتى تەقدىرى ئەزەل كالالاغە بەلا كېلىپ،
دەردىگە چارە تاپمادى ۋەقتى ئەجەل قەزا كېلىپ،
ئۆتمەدى بوغزىدىن ئەگەر لۇقمەئى ھەم غەزا كېلىپ،
كەنتۇ بەكەنتۇ ئۆيمە ئۆي غەزەبى پادىشا كېلىپ،
قويمادى مىڭدىن ئول بىرىن، يۇتتى ئالىپ يۇھا كېلىپ.

مىسلى بۇ سايىل ئۇل كەبى يۇردى جەھاننى چەۋرۇلۇپ،
چىقتىلارۇ كەنتۇ بەكەنت كەزدىلەر ئۆيمە ئۆي يۇرۇپ،
كۆڭلىدە قالسەلەر گۇمان كەيىنگە ياندى ئەۋرۇلۇپ،
يۇردى كېزىپ ئول بىگۇمان، چىقتى كۆڭۈلنى تىندۇرۇپ،
قالماسا ھېچ گۇمانلارى خۇبلاشىپ ئەلۋىدا كېلىپ.

ئۇت يېمەيىن، سۇ ئىچمەيىن، كۇندە بۇ ھال ئىلە تۇرۇپ،
ئۆفكە بىلەن جىگەر كۆيۈپ قالدى ئۇچەيلەرى قۇرۇپ،
ئاھىغە دەردى سوز بىلەن تۇردى ئاھىنى ھەم ئۇرۇپ،
گاھى قوپۇپ گاھى ياتىپ مەغدۇرى يوق زوڭ ئولتۇرۇپ،
سۇردىلە بوغزىغە پىچاق بولدى ئاڭا دەۋا كېلىپ.

---

① سالىھنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرى «بۇلاق» نىڭ ئومۇمىي 21 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان ۋە سالىھى ھەققىدە شۇ ساندا بىر پارچە قىسقا ماقالە بېرىلگەنىدى. بۇ سانىمىزدا ئۇنىڭ بىر قىسىم مۇخەممەسلىرىنى تاللاپ ئېلان قىلدۇق (م).

خوشغىنە قايىل ئولدىلار قىسمەتىغە بويان سۇنۇپ ،
گاهى بۇ يان باقىپ ياتىپ ، گاهىدا هەم ئۇ يان سۇنۇپ ،
پۇتلارى يىغىرىقىپ قالىپ گاهىدا هەم ئاران سۇنۇپ ،

...................................................................... (1)

تىغ سۇرەر هالدا ياتتىلار قىسمەتىغە رىزا كېلىپ .

ئۆي باشىدا بەش ئالتەسى تەلمۇرۇپ ئاڭا ياتتىلار ،
باشدا ئەجەللەگەن مالىن گوشتىنى پۇلغە ساتتىلار ،
پۇتلارى تىزىلارىغىچە ، تۇمشۇقى يەرگە پاتتىلار ،
ئاخىرىسىدا خار ئولۇپ ئىتلارغە تاشلاپ ئاتتىلار ،
تويدى بىۋە ــ بىكەسلەرۇ مۇفلىسۇ بىنەۋا كېلىپ .

خاس ئىكەن ئۇشبۇ رەنج هەمە ئۆلگەلى ئۆي ئىلە كالا ،
ياخشى ــ يامانغە فەرق يوق ، قالمادى ئاق ئىلە قارا ،
بەلكى قىزىل هەممە قوڭۇر ، تاغىلۇ هەم سارىغ ، ئالا ،
شۇكرى ، سالىپ خۇدايىمىز مالغە بۇ ئافەتى بەلا ،
باقتىلار ئۆيمە ئۆي يۈرۈپ ئەيلەدىلەر ئەدا كېلىپ .

هەر نەكى ياخشى ئول يامان كەلسە باشىڭغە ئاه دىمە ،
كەلمەدى بىر كىشىگە بۇ بارچەغە كەلدىلەر هەمە ،
هەر كىچە كۆزدە ئۇيقۇ يوق تۈشتى كۆڭۈلگە رەفرەفە ،
هەر كۈنى هەر مەهەللەدە كۇسى ئەساسى دەبدەبە ،
قالدى قۇلاقلار هەم پىتىپ هەر تەرەف ئول سەزا كېلىپ .

...................................................................... (2)

ئىبرەت ئالىڭلار ، بەندەلەر ، كەتتىلە مادەرۇ پەدەر ،
سەنما كېتەرسە دۇنيادىن قالغۇسى مۇلكۇ مالۇ زەر ،
دۇنياغە بەرمەگىل كۆڭۈل ، ئەيلە ئانىڭدىن ئەلهەزەر ،
تاشلا بۇ فانى دۇنيانى ، هەق سارى ئەيلەگىل بەدەر ،
قولداغاي ئىككى دۇنيانى فەغفىرۇ رەببەنا كېلىپ .

شۇكرى ، دەڭىزلەر ، بەندەلەر ، كەلدى غەزەب كەلالاغە ،
ئۆتتى كېلىپ كالالادىن ئەمدى كېلىپ بالالاغە ،
پەيدا ئولۇپ چېچەك دىگەن ئافەت يېتىپ بالالاغە ،
سەدىقە بىلەن يالىنىڭۇ قادىرۇ زۇلجەلالەغە ،

---

(1) ئەسلى قول يازمىدا بىر مىسرا كۆچۈرۈلمەي قالغان .
(2) بۇ ئورۇندىن يەتتە كۇبلېت مۇخەممەس قىسقارتىلدى .

فەزلى ئىلاھى ساقلاغاي ھاجەتىڭىز رەۋا كېلىپ .
بىرىسى كالام بىرىسى بالام ، بىرىسى قارىنداشىم دەبان ،
بىرىسى فىغانۇ دەرد ئىلە يار ئىلە يولداشىم دەبان ،
ھەممەسى نەۋھە ئەيلەبان كەتتىلەر مۇڭداشىم دەبان ،
ئاتا ئاناسى نۇرى چەشم ئاھ قەلەم قاشىم دەبان ،
چارەئى تاپىسە ئەيلەگەي ھەممەسى جان فىدا كېلىپ .

ئۇشبۇ سۆزۈمگە سال قۇلاق بولساڭ ئەگەرچە دەردمەند ،
بەھرى ئالۇر بۇ ھالدىن بولسالا يارى ھۇشمەند ،
سالىھى خەستە دىل قىلىپ ئەلگە نەسىھەت ئانچە فەند ،
بەئزى ئىشتىمەس فەندنى ، دەردى يوق ئۇلكى خۇد پىسەند ،
بەر بىلە يەكسان ئەيلەگەي ئافەتى ئەژدەرھا كېلىپ .

## موللا سالىھ ئالاقۇتنى ھىجۋى قىلغانلارىنىڭ بەيانى

نەگىرىگە شۇكرى ئەتمەگەچ ، كەلدى بەلايى ئالاقۇت ،
يوقتۇرۇر ئالەمدە ئانداغ ۋاي بىرەھمى جۇھۇت ،
قالمادى ئەيىنالۇ ، زەرد ئالۇ بىلە شاپتالۇ ، تۇت ،
يوقتۇر ھىچ كىشىدە تاقەت زەھرىدىن سەبرى سۇبۇت ،
بارچە ئىنسان بى ئىلاجۇ كۆكدە يىغلارلار بۇلۇت .

ئۇشبۇ ناكەس دەر دەرەختلەرگە سەمۇم ئافەت ئۇرۇپ ،
ياز بەھار ئۆتتى بىرىسى كۆكلەمەي قالدى قۇرۇپ ،
بەئزىلەر ئەمدى كۆكەردى ، بەئزىلەر شۇنداغ تۇرۇپ ،
پايلاماي ياشىن تۆكۈپ ئۇل ئەبرلەر بولدى چۇرۇپ ،
بارچە مەۋجۇددۇر بۇلارنى بىجىھەت ئەيلەپ نەبۇد .

ئالاقۇت ئاتى لەقەب چىن ئاتى ئانىڭدۇر يۇھار ،
ئۆزى مۇرۇ نىشى زەھرىدۇر بەمىسلى ئەژدەھار .
شورۇ شەررىدىن بىلىنمەي ياز ئۆتۈپ كەتتى بەھار ،
شۇكر دەگىلار تەگرىگە ، ئەي بەندەلار ، لەيلۇ نەھار ،
ساقلاغىل فەزلىڭ بىلە ھەيبى بەھەققى ئالەمۇت .

بارچە ئىنسانغە بۇ دۇشمەن ، دۇشمەنى ئىنسان بۇ ،
نەچچە گۇلزارلارنى قىلدى يەر بىلە يەكسان بۇ ،
شىبىر قىلسام بولغۇدەك يۈز مىڭ سىفەت داستان بۇ ،
مەن تەخى بولدۇم گۇنەھكار سۇنئىدىن يەزدان بۇ ،

شاھلار قەسرى ئۇزە تارىنى كۆرگىل ئەنكەبۇت .

ئۆرمەلەپ ، ئۇچماي ، يۇتۇپ شەجەر ئۇزە غورە ـ سەمەر ،
ئۇچقالى تەگرى ئاڭا بەرمەپ ئىكەندۇر بالۇ پەر ،
مىڭنى ئۆلتۇرسە ، كىلۇر يۇز مىڭ چەرىك تارتىپ زەفەر ،
رەھم سەندىن بولماسا ، ئەي پادىشاھا ، دادگەر ،
ھايىل ئىرمەس نىشغە ئۇلفاق ، قوياق بىرلە ساۋوت .

ھەم قۇرۇپ كەتتى سەمەرلار زەھرىنىڭكى تابىدە ،
چۆلدە يۇلغۇن بىرلە توغراق ، ئۆلكەدە سەرۋۇ سىدە ،
زەھرى تۇشمەي قالغانى يوق يۇزگە ھىچ ، بىرلا بىدە ،
بۇ فەلاكەت ۋەھىمدىن ئول بارچە غەم گىردابىدە ،
قالمادى سەنجەد ، ئانارۇ سىيب بىرلە ئامرۇت .

بارچەنى ئاجىز قىلۇر ، يەتسە بۇ ناكەس ئافەتى ،
فىلى مەھمۇددەك ئەزەنلەر پىستەدەك بىتاقەتى ،
يا رەب ، ئول قىلغىل نىجات ، ۋاھىدلىغىڭنىڭ ھۇرمەتى ،
ۋەئدەئى « لاتەقنەتو » نازىل قىلىپسە ئايەتى ،
بەندەنى مىن رەھمەتىللاھ پەردەئى ئىسمەتدە تۇت .

كۆز تۇغۇپ ، قىش دىر ـ دەرەختلەر باشىدا ئەيلەپ ۋەتەن ،
مىدراماي ياتقانلارى جانسىزۇ يانى جانۇ تەن ،
ئەمگەلىپ ئۆيلەر ئىتىپ ، ئەتكەن ئۆيى گويا كەفەن ،
مىدراماي ھەم تەبرەمەي ياتماق ئىشى ئۇرماقغە فەن ،
كۇردى ـ كەففەسىنى بۇزغىل چىللە دەلۋى بىرلە ھۇت .

شۇكرى قىلماي تەگرىگە ئاخىر تىلەپ تاپتۇق بەلا ،
جامەسىن كىيدى يەزىد سۇرخۇ سەفىد بىرلە ئالا ،
دىر ـ دەرختلەر باشى بولدىلار بەدەشتى كەربەلا ،
نىش ئۇرماق زەھر سالماق بىرلە ھەردەم مۇبتەلا ،
يانىدا قافتۇرغەسى يوقتۇركى باشىدا جەلا .
ئەگلىگە شىرداق كىيىپ دەرۇ دەرختكە قويدى ئۇت .

بۇ فەلاكەتنىڭكى زەھرىگە سەبەب ئايدىم ئەيان ،
ھەم مىزاجىغە ياراشۇر دارۇسىن قىلدىم بەيان ،
بەئزىغە يەتسە ئەسەر ئۇ تۇزدا يۇرلار ھەم زەمان ،
بەئزىلەر ئەرمەن سۇرۇتسۇن ، بەئزىلەر ھەم ئۇرادان ،

بەئزىلەر سۇرتسۇن قىچى ھەم بەئزىلەر يۇمغاق سۇپۇت .

سالىھى ئۇمرۇڭ تۈگەندى ھەم يىتەر فەسلى خەزان ،
باغقە ئوغرى كىرمەكىدىن غافىل ئېرمىش باغبان ،
ئىشتىڭ ، مەندىن نەسىھەت ، بۇ سۆزۈمنى ، ئاقىلان ،
ئاقىبەت بولغۇڭدۇ ئاخىر تۇفراق ئاستىدا نىھان ،
ھەم ياماىلىقكىم قىلۇر ئۆتكەننى ياد ئەتمەي ئۇنۇت .

## موللا سالىھنىڭ روزگارىنىڭ تەئرىفىنىڭ بەيانى

ۋاھ ھەسرەتاكى ، كەتتى مېنىڭ دىلرەبا خانىم ،
ۋەسفىڭنى شەرھ ئەيلەدىمۇ ئىبتىدا خانىم ،
جانىڭغە جانىم ئەرزىسە قىلسامكى فىدا ، خانىم ،
بەھرۇ دەريادا گەۋھەرى پۇر بەھا خانىم ،
ھەق سارىدىن قۇلاقىغە كەلدى نىدا ، خانىم .

بۇ نۇكتەلەرنى كۆردى ئۈزۈپ دۇنيادىن ئۇمىد ،
ناپايىدارى دەھرىدىن ئول بولدى نائۇمىد ،
چاغلاپ بۇ فانى دۇنيانى ئول شۇمۇ بەد ، پەلىد ،
تەڭرى ئەزەلدە بەندەسىنى ئەيلەسە سەئىد ،
ئېرمەس ئەجەبكى تۇتسە بىھىشت ئىچرە جا خانىم .

جان قەبز ئېتەرگە قابىزۇلئەرۋاھلار كېلىپ ،
ھەق ئالدىدىن مۇقەررەبى دەرگاھلار كېلىپ ،
تەڭرى سىرىنى بىلگۈچى ئاگاھلار كېلىپ ،
رىزۋانى ھۇر بارچە بىھىشتى ماھلار كېلىپ ،
قول ئاچىبانكى تۇردىلار ئەيلەپ دۇئا خانىم .

باقتى فەقىرغە « ئاھ » دەبان يۇمدى ئول كۆزىن ،
سالدى قۇلاق ئىشىتتى مەلائىكلەنىڭ سۆزىن ،
نۇكتە كۆزىنى كۆردى يەنە ھۇرلارنىڭ يۈزىن ،
بەردى جانىنى كۆردى بىھىشت ئىچرە ئول ئۆزىن ،
ئاچتىبۇ كۆزىنى ، يۇمدى يەنە قىلىبان ۋىدا خانىم .

ئۇمرۇم بارىچە ۋەسفىنى مەن قىلسام ئىبتىدا ،
سەككىز ھۇرۇفىنىڭ بىرى ھەم بولماغاي ئەدا ،
كۆز گەۋھەرىنى سىزغۇرىبان جان قىلىپ فىدا ،
مەندىنكى يارىم ئولدىبۇ مەن ياردىن جۇدا ،

بۇلبۇل مەسەلكى چەكتىمۇ تۇرلۇك نەۋا ، خانىم .

ئۇچ يىل ئىدى ئۆيۇمدە چەمەن ئىچرە گۇل بولۇپ ،
تاتلىغ تىلىمغە ئولتۇرۇبان كۇندە كۆل بولۇپ ،
گاھى فەقىرغە گۇك ئىدى ، مەن گاھى قۇل بولۇپ ،
ھەر كۇنى قاشىدا مەن بولۇبان ، گاھى ئول بولۇپ ،
ئول ھەم ماڭاكى ، مەن ئاڭا ھەم مۇبتەلا ، خانىم .

نەۋمىد قىلىپ بۇ دەھر مىنى ۋەسلىدىن يىراق ،
ھەر سۇبھۇ شام يارىم ئۇچۇن تارتىبان فىراق ،
يىغلاپ ئاقاردى كۆزلەرىم ، قالمادى قاراق ،
باشىم ئىلىپ كىتەي چىقىبان شام ئىلە ئىراق ،
بالىق سۇدىنكى ، بۇلبۇل ئولۇپ گۇلدىن جۇدا ، خانىم .

ئىزدەپ جەھاننى يۇرسەمۇ مەن قەتئى تەي قىلىپ ،
ماچىنۇ چىنۇ شام بىلە رۇمۇ رەي قىلىپ ،
كۆڭلۇمنى شىشە ئۇيلەكى بۇ فۇرقەتنى مەي قىلىپ ،
مەن قورساقىمدىن قالۇنۇ سۆڭەكلەرىم قىلىپ ،
جالسام ئانىڭ سەداسىغە دەپ ئاھۇ ۋا ، خانىم .

باقسام تەمام باغى ئىرەم گۇللارىن كىزىپ ،
كىرفىككە ئەشكىلەرىمنى مىسلى دۇر ـ ئۆنچەدەك تىزىپ ،
فۇرقەت ئوتىدا كۆيدى سۆڭەك گوشتلارىم سىزىپ ،
بەرسەم جۇدالىق ئەھلىغە بۇ نامەنى يىزىپ ،
مەقسەدلەرىمنى ئالدىدا ئەيلەسەم ئەدا ، خانىم .

ماھى رەمەزان ئايى بولدىلار كىسەل ،
زەھر ئولدىلاركى بەرسەك ئاڭا شەربەتى ھەسەل ،
شەۋۋال ئايىدا يەتتى ئاڭا يارلىقى ئەجەل ،
شۇملىق فەقىرغە باشىدا ئىكەن تەقدىرى ئەزەل ،
بولغاچ ئەزەلدە چەرخى فەلەك بىۋەفا ، خانىم .

شەۋۋال ئايىغە ھەشتدە بولدىلا قەزا ،
مەن ماتەمىنى تۇتتۇمۇ ئەل تۇتتىلار ئەزا ،
ئاستانەسىنى ياستانىبان ئەيلەدىم مەزا ،
مەن رىزاۋۇ سىزدىن ھەق بولغۇسى رىزا ،
سىز مەندىن ئولۇك ، سىزدىنۇ مەن ھەم رىزا ، خانىم .

هەر كۈن ئىدى سىزنىڭ بىلە ئۇل بىللە كۈلفەتىم ،
بىللە ئىكۆيلەن قاملاشىبان بىللە سۇھبەتىم ،
تەقدىرغە چارە ئىزدەسەم يوقتۇر كى قۇدرەتىم ،
ئورتەپ فەلەكنى هەر كۈندە ئاهى فۇرقەتىم ،
مەهشەر كۈندە هەقغە بولاي دادخا ، خانىم .

ئالدىمدا يۇرسە جىلۋە بىلە ئۇل خىرام ئېتىپ ،
كۆز مەردۇمنى دانەئى ، زۇلفىنى دام ئېتىپ ،
مېنى ئاڭاكى ئانى ماڭا تەڭرى رام ئېتىپ ،
ئەيلەي بەيان تەئرىفنى شىرىن كەلام ئېتىپ ،
قالسۇن بۇ سۆزكى بارچەگە هەم يادىكار ، خانىم .

كۆردۇم تۈشۈمدە بىر كېچە ئۇل راهى رەهبەرىم ،
گۈلشەن ئىچىدە بىللە ئىدۇك گۈلى ئەهمەرىم ،
باغ ئىچرە بىللە سەير قىلىپ سەرۋى ئەرئەرىم ،
غايىب ئۇلۇپ كۆزۈمدىن ئۇچۇپ كەتتى شەهپەرىم ،
تۈتتۇم ئۇمىد ۋەسلىدىن ئۇل مۇددەئا ، خانىم .

ئۆتكەن كېچە تۈشۈمدا ماڭا كۆرسەتىپ جەمال ،
كەۋكەبدىن ئۆيگە باش چىقارىپ تۈردىلا هىلال ،
خۇرشىدۇ ماه كەلدى كۆرۈپ بولدىيۇ گۇڭگۇ لال ،
چەرخى فەلەكۇ ستەمگەر پات ئەيلەدى زەۋال ،
فىلهال جانىمنى قىلدىمۇ سىزگە فىدا خانىم .

ئەرزى دىلىمنى ئايغالى ئۇل مەهرەمىم قانى ،
كۆز گەۋهەرىم ، كۆڭۈلگە قۇۋۋەتۇ هەمدەمىم قانى ،
دەردىم تۆكەرگە يار ئىلە ئەهلى قەدەمىم قانى ،
كۆڭۈل جەراهەتىگە دەۋا مەرهەمىم قانى ،
تاپماي جەهاندا دەردىمە ئەمدى دەۋا ، خانىم .

هەر كۈن ئۆيۈمدە گەۋهەرى مەشئەلى چەراغ ئىدى ،
ئاجىز تېنىمگە قۇۋۋەتۇ گوياكى تاغ ئىدى ،
باشىم ئۇزە سۇفەر ، قولۇمغە تۇتار ياراغ ئىدى ،
ئاچسە ئۇزارى چەمەن ـ چەمەن ، ئۇل باغۇ باغ ئىدى ،
مىهرىبانۇ باشىم ئۇزە گەۋهەرى تاج لىۋا ، خانىم .

فۇرقەت شەرابى نۇش ئېتىبان مەستۇ مەست ئولۇپ ،

تۇتسا قولۇمنى پىرلارىم ئەھلى دەست ئولۇپ ،
مەن ھەم بەلەندۇ چەرخى ئاياغىمدە پەست ئولۇپ ،
باشىمدا خۇم ، قولۇمدا سۇراھى مەي فەرەست ئولۇپ ،
گاھى گەدا ۋەگاھى بولۇپ پادىشا ، خانىم .

چەرخى فەلەك بۇ ھەجرىدە كۆپ مۇبتەلا قىلىپ ،
ئالدىڭدا كاش ئۆلسەم ئىدىم جان فىدا قىلىپ ،
ئۇل مىھرىبان يارىدىن ئەمدى جۇدا قىلىپ ،
فۇرقەت ئوتى ۋۇجۇدىمە ئۆرتەپ ئەدا قىلىپ ،
ھەق شەيئۇلىللاھ چەكنىمۇ بولدۇم گەدا خانىم .

ئۇل سىيىم تەنۇ بەلكى ھەم نازۇك نىھال ئىدى ،
ئەقلۇ فەراسەت ئىچرە چۇ ساھىب كەمال ئىدى ،
ھەر كۈن ئۇلۇم ئەھلى بىلە ئەھلى ھال ئىدى ،
ئالەم ئەھلىنىڭ ئاياغىدە ئۇل پايىمال ئىدى ،
تەسدىق قىلىپكى ئالەمگە سىدقى سەفا ، خانىم .

ماتەم تۇتۇپكى سىنەلەرىم يارەلەر قىلىپ ،
ئەيلەپ يۇزۇمنى يارە ، ياقامنى پارەلەر قىلىپ ،
سۇرتۇپ يۇزۇمگە ئۇل كۈنى مەن قارەلەر قىلىپ ،
قان يىغلابانكى كۆزدە ياشىم لالەلەر قىلىپ ،
قانلىغ ياشىمدىن ئولدى جەھان دۇررى بىبەھا ، خانىم .

گويا قىلىڭ زەبانىمە ئەي خالىقى جەلىل ،
ئۇمرۇم بارىچە ۋەسفىنى شەرھ ئەيلەسەم سەھىل ،
تىنماي كېچەۋۇ كۈندۇز ئولۇپ بەلكى ئايۇ يىل ،
بولغاي ئىدىكى كۆرسە پەرى شەھلەرى خىجىل ،
خۇش سىيىم تەنكى سەرۋى قەدۇ مەھلىقا ، خانىم .

سالىھ ، بۇ فۇرقەت ئىچرە ئۆزۈم بىنەۋا قىلاي ،
يىغلاپ ئانىڭ مەزارىغە ھەر كۈن دۇئا قىلاي ،
ئەرزى دىلىمنى تەڭرىگە داد ئېتىپ ئەدا قىلاي ،
مەھشەر كۈنىدە ئەرش ئىلە تەھتەسسەرا گۇۋا قىلاي ،
بۇ كۇلفەتىمغە جۇملە مەلائىك گۇۋا ، خانىم .

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت




ماھلەر ئايىم نادىرە

كەل دەھرنى ئىمتىھان ئېتىپ كەت ،
سەيرى چەمەنى جەھان ئېتىپ كەت .
بىدەردلەرنىڭ جەفالەرىدىن ،
فەرياد چېكىپ ، فىغان ئېتىپ كەت .
دۇنياچەمەننى بۇلبۇلسەن .
گۇل شاخىدە ئاشيان ئېتىپ كەت .
ئەي ئەشك ، كۆزىمنى مەكتەبىدىن ،
ھەيرەت سەبەقىن رەۋان ئېتىپ كەت .
ئالەم چەمەنىكى بىۋەفادۇر ،
بىر ئاھ ئىلە خەزان ئېتىپ كەت .
ئۇششاق مەقامى بوستاندۇر ،
ئەزمى رەھمى بوستان ئېتىپ كەت .
مەقسەد نە ئېردى جەھانە كەلدىڭ .
كەيفىيەتىنى بەيان ئېتىپ كەت .
فاش ئەتمە ئۇلۇسقە ئىشق سىررىن ،
كۆڭۈلدە ئانى نىھان ئېتىپ كەت .
كەل ئىشق يولىدە كوزلەرىڭنى ،
ئەي نادىرە ، دۇرفىشان ئېتىپ كەت .

* *

فەرھاد ئەگەر ئۇرسە ماڭا لافى مۇھەببەت ،
بىر ئاھ ئىلە ئەيلەرمەن ئۇنى داغى خىجالەت .
ھەرچەندىكى بىمارى غەمى ئىشق ئىدى مەجنۇن ،
دەردىمنى كۆرىپ تىشلەدى ئەنگۇشتى نەدامەت .
فەرھاددە بولسە ئىدى مېنىڭ غەيرەتى ئىشقىم ،
بىر ئاھ ئىلە ئەيلەر ئىدى ئول تاغنى غارەت .
مەجنۇندە ئەگەر بولسە ئىدى سەبرۇ تەھەممۇل ،
قىلماسمۇ ئىدى مەن كەبى شەھر ئىچرە ئىقامەت .
گەر بولسا زىلەيخادە مېنىڭ زەررەچە ئىشقىم ،
قالماس ئىدى يۇسۇفنى فىراقىدە سەلامەت .
ئىشق ئافەتىگە تاغ تەھەممۇل قىلە ئالماس ،
مەنمەنكى قىلۇرمەن بۇ غەمۇ دەردىگە تاقەت .

دەردۆ ئەلەمۆ غۆسسەکی هەجرىد چىكەرمەن ،
بۆ مىھنەتۆ غەم کىمدەدۆر ، ئەي ئەهلى مۆهەببەت ؟
يۆزدەن بىرى مەجنۆندە ئەگەر بولسە غەمىمنى ،
بىر ئاه ئىلە ئالەمغە سالۆر شورى قىيامەت .
هەر هالدە ، ئەي نادىرە ، شۆکر ئەيلە خـۆداگـە ،
کىم بەردى ساڭا ئىشقۆ مۆهەببەت ئىلە دەۋلەت .

* *

بەهار کەلدى کۆزىم گۆلگە باقمادى ئەسلا ،
نەدىنكى ، گۆلشەن ئارا گۆلرۆخم ئەمەس پەيدا .
يۆزىمگە بولدى يۆزىڭ مۆقتەرىن ، بىهەمدىللاه ،
ئاچىلدى مىهرۆ ۋەفا باغىدە گۆلى رەئنا .
سارىغ يۆزىمدە قىزىل ئەشكىمى تەراۋەتى بار ،
نۆچۆككى ، ساغەرى زەررىن ئارا مەيى هۆمرا .
لەبىدەن ئايرۆ ماڭا بادە تۆتمە ، ئەي ساقى ،
خۆمار كۆلفەتىگە مانىئ ئولمادى سەهبا .
بۆ جانى خەستەكى ، ۋەسلىڭنى ئاززۆ ئەيلەر ،
خەيال تۆررەسىدىن باشىدە ئۆزۆن سەۋدا .
فىراق لەشكەرى توغيانىدىن مەئازەللاه ،
كى قىلدى سەبرۆ تەهەممۆل دىيارىنى يەغما .
يوزىڭ نەزارەسى ئۆششاقلارنى فىردەۋسى ،
هەرىمى دەرگاهىڭ ئەهبابە جەننەتۆل ـ مەئۋا .
سىنىڭ سەلاسىلى زۆلفىڭە مۆبتەلادۆرمەن ،
كى بولدى ئەهلى خىرەد قۆشلەرىغە دامى بەلا .
فەلەكدىن ئۆتدى فىغانىم ، قۆياشگە يەتدى ئـۆنـىم ،
هەنۆز ، نادىرە ، كەم بولمادى ، بۆ ئاه نەۋا .

* *

مەرهەبا ، ئەي پەيكى سۆلتان ، مەرهەبا ،
هودهۆدى مۆلكى سۆلەيمان ، مەرهەبا .
تەلئەتىڭ فەررۆخ ، مۆبارەك مەقدەمىڭ ،
قىلدى كۆلبەمنى گۆلىستان ، مەرهەبا .
خۆب كەلدىڭ ، ياخشى كەلتۆردىڭ خەبەر ،
ئەيلەدىڭ دەردىمگە دەرمان ، مەرهەبا .
بولدى مەۋزۆن قامەتىڭدىن مۆنفەئىل .
سەرۋى نازى باغى رىزۋان ، مەرهەبا .
قىلغاسەن ئول ماه مىهرىن ئاشكار ،
سۆبھ يەڭلىغ پاك دامان ، مەرهەبا .
مۆجدە كەلتۆردىڭ ۋىسالى ياردىن ،
تاپتى تەسكىن دەردى هىجران ، مەرهەبا .

کەل بىرى، تا خاكى پايىڭنى قىلاي،
كۆزلەرىمدۇر گەۋھەر ئەفشان، مەرھەبا.
تۇتىيائى چەشمى گىريان، مەرھەبا.
بۇ كىچە ھىجران شەبىستانىدەدۇر،
رەۋشەن ئەيلەرمەن چەراغى ئاھنى،
ئەنجۇمى ئەشكىم چەراغان، مەرھەبا.

* *

ئەي خۇشا، شىشە ئارا ئابى ھەياتى ھۇكەما،
كىم ئانى ھەر كىشى نۇش ئەتسە بولۇر خىزرنەما.
ھۇكەما ئىشق مەرىزىگە بويۇرمۇش مەيى ناب،
ھەجر دەردىغە دىمىشلەر بۇ مۇفەررىھنى دەۋا.
بادەدىن ئەيلەمە پەرھىز، دەما دەم قەدەھ ئىچ،
كەلدى مەزمۇم مۇھەببەت يولىدە زۇھدۇ رىيا.
بولدى گۇل مەۋسۇمىيۇ، مەيكەدەلەر جانىبىدىن،
مۇجدەئىي ئەيشۇ تەرەب يەتكۇزەدۇر بادى سەبا.
ئەي خۇش ئول رىندى مەي ئاشامى سىيەھمەست مۇدام،
جامى مەي ئىلگىدە، ئالدىدە سەبۇھۇ مىينا.
غۇسسە پەيمانەسىدە خۇنى دىل ئاشام ئەيلەر،
بادەدىن ھەر كىشىكىم، ئەيلەر ئىسە ئىستىغنا.
زاھىدا، گەر دىسەڭ ئىشق ئەھلىگە رەسۋا بولماي،
دىمەغىل مەيكەدە ئەۋباشىغە كۆپ چۇنۇ چەرا.
بادە مۇشتاقىگە لۇتف ئەيلە، قەدەھ تۇت، ساقى،
يوقسە جەمشىدغە ھەم ئەيلەمەدى جام ۋەفا.
نادىرە، جامى مۇھەببەتنى لەبا لەب ئىچىبان،
مەستلىك بىرلە قىلاي ئىشق نەمازىنى ئەدا.

* *

كەل، سەنگە، ئەي شاھى جەھان، مەملەكەتى جەھان فىدا،
دىيدەلەرىمگە قوي قەدەم، ھەر قەدەمىڭگە جان فىدا.
لەئلى لەبىڭ فىراقىدە خۇنى جىگەر غىزا ماڭا،
سەرۋى قەدىڭ ھەۋاسىدە جان ئىتەرەم رەۋان فىدا.
ئەيشۇنىشاتى ئافىيەت دەردۇ غەمىڭنى سەدقەسى،
بىر نەفەس ئىشتىياقىڭە ئىشرەتى جاۋىدان فىدا.
ۋەقتى خىرامى، ئەي سەنەم، دىيدەلەرىمگە قوي قەدەم،

خاكى رەھىگگە ئەيلەرەم چەشمى گۇھەر فىشان فىدا .
يىغلامە ، ئەمدى ئەي كۆزىم ، توكمە يۇرەكنى قانىنى ،
داغىنى تازە ئەيلەدىڭ قانىغە بولدى قان فىدا .
نادىرەئى غەزەل سەرا نەزمىنى كورسە ناگەھان .
دۇررۇ جەۋاھىرىن قىلۇر فىكرىگە باغرى قان فىدا .

*　　*

ئەي كۆكۇل ، يار ئۇچۇن جەھاندىن كەچ .
ھەۋەسى باغۇ بوستاندىن كەچ .
ئاڭا ئۆزلۈك بىلە يېتىپ بولماس ،
ئىستەسەڭ يار ۋەسلى ، جاندىن كەچ .
ئالەم ئەھلىدە چۇن ۋەفا يوقتۇر ،
بىر يولى ياخشىۇ ياماندىن كەچ ،
بولغىل ئەنقائى قافى ئىستىغنا ،
ئەي ھۇما ، مۇشتى ئۇستۇخاندىن كەچ .
بولدىڭ ، ئەي جان ، ئەسىرى شەھرى فەنا ،
كىم دېدى مۇلكى جاۋىدانىدىن كەچ ؟
كەچ دېدىڭ يارۇ ئاشنالاردىن ،
ماڭا ، لېكىن دېمە فەلاندىن كەچ .
نادىرە شورى ئەشكى دەريادۇر ،
ئۇشبۇ دەريائى بىگەراندىن كەچ .

*　　*

مەي ئىچسەڭ ، ئەي كۆڭۇل ، ئەلدىن نىھان ئىچ .
لەبى يادى بىلەمەي رايىگان ئىچ .
ئەگەر غەمدىن خەلاس ئولماق تىلەرسەن ،
سۇراھىدەك شەرابى ئەرغەۋان ئىچ .
كۆڭۇل ، شاداب ئىدى ۋەسلى مەيىدىن ،
لەبىدىن ئايرۇ تۇشدىڭ ئەمدى قان ئىچ .
كىرىپ مەيخانەگە غەمدىن ئامان تاپ ،
دەمادەم جام تۇت ، مەي ھەر زەمان ئىچ
مەيى ناب ئەل ئىياربغە مەھەك ( دۇر ) ،
ئۆزىگنى ئەيلەمەككە ئىمتىھان ، ئىچ .
بۇدۇر مەزمۇنى مەۋجى بادەئى ناب ،
كى سەھبا پىرنى ئەيلەر جەۋان ، ئىچ .
ساڭا ، ئەي نادىرە ، جامى مۇھەببەت ،
چۇسۇندى ساقىئى شىرىن زەبان ، ئىچ .

*　　*

تىبرەدۇر سۇبھى نىشانىم ، ساقىيا ، كەلتۇر شەراب ،
شامى ھىجران زۇلمەتىدە جامى مەيدۇر ئافتاب .
ماھى تابان يۇزلىكىم ، ھەر لەھزە ياد ئەتسەم سېنى ،
دۇد باغرىمدىن چىقار ئوت ئىچرە تۇشگەندەك كەباب .
بەند ئېتىپ زۇلفىڭ ئارا كۆڭلىمنى ئازاد ئەتكەنىڭ ،
قۇش ئۆچۇر گەندەك ئېرۇر باغلاپ ئاياغىگە تەناپ .

کاشکی ئاهم نەسىمدىن تەھەررۆك ئەيلەسە ،
يار كىم رۆخسارىغە گۆل بەرگىدىن سالمىش نىقـاب .
ھەجر ئاشوبى بەلادۇر كىم ، ئانى تەشۆىشدىن ،
قەترەئى سىماب يەگلىغ كۆگلىم ئەيلەر ئىزتىراب .
شاد ئىدى ئول شاھى دەۆران ۋەسلى بىرلە خاتىرىم ،
ئەيش دەۆرانىغە سالدى دەۆرى گەردۇن ئىنقىلاب .
بىۆەفالاردەك سىنى ھەرگىز فەراموش ئەيلەمەس ،
نادىرە يادىگنى ئەيلەر تا دەمى يەۆمۆل ـ ھىساب .

*　*

گۆلگە دىسەم ، يوق كەفى پايىگگە تاب ،
دىيدەمە قوي ، ئەي بۆتى زەررىن رىكاب .
تاشقارى چىقمە كىچەلەر ھەشر ئولۇر ،
چىقسە يارىم كىچەدە گەر ئافتاب .
غەرقەئى خۆنى جىگەر ئولدى تەنىم ،
قان ياش ئىلە مويى سەر ئەتدىم خۆزاب .
تۆرفە سۆئالى لەبىدىن سوردى دىل ،
جان بىرەيىن بولماسە شىرىن جەۋاب .
سۆرەتى دىۋار كەبى بولمىشەم ،
ھەسرەتى دىيدار ئىلە بىخوردۇ خاب .
جانىمە قەسد ئەيلەر ئىبسەك قىل ، ۋەلىك ،
تىشلەمە لەئلىگنى قۆلۇرسەك ئىتاب .
مايىلى زۆلم ئەتمە كۆزىك تۆركىنى ،
يوقسە قىلۇر مەردۇم ئۆيىنى خەراب .
بۆ كىچە مەيخانەنى دەرگاھىدە ،
پىرى مۆغاندىن تىلەرەم فەتھى باب .
ئەيلـەمـەدىك ، ئەي بـۆتى پەيمان شىكەن ،
نادىرەنى ۋەسلىك ئىلە كامياب .

*　*

غەزەب بىرلە نىگارىم ئۆتدى يانىمدىن شىتاب ئەيلەپ ،
يۆزىن كۆرگۆنچە ئۆلدۆردى مىنى ھەجرى ئەزاب ئەيلەپ .
پەرى يەگلىغ نەزەردىن چىھرە پىنھان ئەتدى ئول مەھۆەش ،
فىراقۆ ھەجر جامىدىن مىنى مەستى خەراب ئەيلەب .
كۆگۆل شاداب ئەتدى جۆرئەئى جامى ۋىسالىدىن ،
سالىپ ھىجران ئوتىغە كەتتى باغرىمنى كەباب ئەيلەپ .
مۆرۆۋۋەت ئەيلە ، جانا ، سەندىن ئايرۆ تىيرەدرۆر ئەيشىم ،
يارۆت كۆلبەمنى بىر تۆن ئارەزىگنى ئافتاب ئەيلەب .
ئىچەرمەن مەي دەمادەم يار لەئلىنى خۆمارىدىن ،
مىنى مەيخانەدىن مەنئى ئەتمە ، زاھىد ، ئىھتىساب ئەيلەپ .
ھىساب ئەتماققە چەرخ ئەنجۆملەرىن بار ئىھتىمال ئاندە ،

مىنىڭ داغى دىلىمنى لىك بولمايدۇر ھىساب ئەيلەپ .
لەبىدىن ئايرۇقان يۇتماق ئىشىمدۇر بارغىل ، ئەي ساقى ،
ماڭا بىھۇدە كۇلفەت بەرمە تەكلىفى شەراب ئەيلەپ .
دەرىغا ، كەتتى ئاخىر گەۋھەرى مەقسۇد ئىلكىمدىن ،
تاپىب ئەردىم سىنى مەھبۇبلەردىن ئىنتىخاب ئەيلەپ .
ۋەفا سەرلەۋھى ئۇزرە نادىرە مەۋزۇن كەلامىنى ،
يازار ، تەھسىنى شىئىرى خۇسرەۋى ئالىي جەۋاب ئەيلەپ .

* *

بىرەي جان ۋىسال ئىچرە ئەي نۇش لەب ،
فىراقىڭدە تاكەي قىلاي تابۇ تەب .
جەمالىڭ ماڭا مۇددەئا سۇبھۇ شام ،
ۋىسالىڭ ماڭا ئارزۇ روزۇ شەب .
ئەگەر كەلسە باشىمغە تىغى ئەجەل ،
قىلۇرمەنمۇ يولىڭدە تەركى تەلەب .
قەدىڭ مىسرەئى شوخۇ بەرجەستەدۇر ،
بولۇپ ھۇسن دىۋانىدىن مۇنتەخەب .
مەنى زار فەرھادۇ مەجنۇن نىژاد ،
ئېرۇر يار شىرىنۇ لەيلى نەسەب .
نە مەھفىلدە شەھدۇ شەكەر يالەدىڭ ،
كى بىر بىرگە چەسپەندەدۇر ئىككى لەب .
فىراقىدە شەمئى شەبى ھەجر مەن ،
ئەمەس كويەكىم ، نادىرە ، بىسەبەب .

* *

كەتمەدى مەندىن قەدەھ بىرلە خۇمارى ئافتاب ،
سۇبھى يەڭلىغ تارتادۇرمەن ئىنتىزارى ئافتاب .
سەرف قىلغۇمدۇر ئانى جامى ۋىسالى نەقدىنە ،
گەر مۇيەسسەر بولسە لەئلى ئابدارى ئافتاب .
ماھرولەرنى يۇزىڭ ئايى مۇسەخخەر ئەيلەدى ،
مۇنچە بولماس ئەنجۇم ئىچرە ئىقتىدارى ئافتاب .
ئارەزىڭنىڭ تابىدىن بولدى نەزاكەت دەستگاھ ،
تۇرفە گۇللار زاھىر ئەتدى نەۋ بەھارى ئافتاب .
تا يۇزىڭ ئايى نە مايان بولدى ھۇسن ئەفلاكىدە ،
رەشك ئوتىدىن تىيرە بولدى روزگارى ئافتاب .
گەر كۆزىم ھۇسنىڭ چەراغىدىن مۇنەۋۋەر بولماسە ،
رەۋشەن ئەتمەس پەرتەۋى نۇرى شەرارى ئافتاب .
نادىرە ئاھىم سىنانىدىن تەۋەھھۇم تارتىبان ،
چەرخ مەيدانىدەدۇر چابۇك سەۋارى ئافتاب .

*　　*

ساقى ماڭا قەدەھ ( تۇت ) ، بۇدەير ئارا لەبا لەب ،
زۇھد ئەھلىدىن ئوساندىم ، تۇتدىم سىنىڭلە مەشرەب .
ھۇسنىڭ تەجەللىسىدىن بىتاب ماھرولەر ،
ئانداقكى زاھىر ئولماس خۇرشىد چىقسە كەۋكەب .
يارىمنى ۋەسلى بىرلە ئالەم مۇنەۋۋەر ئەردى ،
بار ئەردى ماھى تابان خۇرشىدغە مۇقەررەب .
مەجنۇنى بىنەۋانى تەكلىفى جاھ قىلمە ،
كىم تەلبەلەر باشىدە يوقدۇر ھەۋائى مەنسەب .
مۇھتاجى دەرگاھىمەن يۇزمىڭ ئۇمىد بىرلە ،
مەن قۇلنى بۇ ئىشكدىن نەۋمىد قىلمە ، يا رەب .
تىغى زەبانىڭ ئولدى مىفتاھى گەنجى دانىش ،
ئەللامەئى زەمانەدۇر ئالىڭدە تىفلى مەكتەب .
قىل نادىرە ، مۇيەسسەر شورى جۇنۇن جەھانىدە ،
ئىشقۇ مۇھەببەت ئولدى ئاشىققە دىنۇ مەزھەب .

*　　*

رەفىقا ، مەنگە بىر دەم دوستلىغ رەسمىنى ئىزھار ئەت ،
كى مەن باردىم ئۆزىمدىن ، يار ئەگەر كەلسە ، خەبەردار ئەت .
قەچان ئىشق ئەھلىنى ئۆلتۈرمەغىنى ئىختىيار ئەتسەڭ ،
جەفا تىغى بىلەن ئەۋۋەل مېنى بەغرىمنى ئەفگار ئەت .
ھەقارەت بىرلە ، ئەي ساقى ، باقار مەيخانە ئەھلىغە ،
سۇنىب بىر جامى مەي زاھىدىن ئاندە نەقشى دىۋار ئەت .
مېنىڭ ھالىمغە يىغلار دەشتۇ سەھرالەردە ۋەھشىيلەر ،
ئەگەر كويىگە بارساڭ ، ئەي سەبا ، يارىمغە ئىزھار ئەت .
ئېرۇر پىرى مۇغاندىن بۇ بىشارەت ، تۇرغىل ئەي ساقى ،
لەبا لەب جام ئىلە زاھىدنى دەئۋاسىنى بىكار ئەت .
قەدىڭ رەئنا نىھالى سەرۋدۇر ، جانا خىرام ئەيلەب ،
چەمەن گۇلگەشتىدە تاۋۇسقە سەن تەئلىمى رەفتار ئەت .
يۇمۇلماس كۆزلەرىم ، ئەي ماھى تابان ، ئىشتىياقىڭدىن ،
چىقىپ يەر ئاستىدىن مۇشتاقلەرگە ئەرزى دىيدار ئەت .
زىلەيخا مۇشتەرىدۇر گەنجى گەۋھەر بىرلە ۋەسلىڭغە ،

جەهان ئەهلىنى يۇسۇفدەك جەمالىڭغە خەرىدار ئەت .
گۇلى سەۋسەن ئاچىلدى بىنەۋالىق قىلمە ، ئەي بۇلبۇل ،
چەمەندە نادىرە ئەشئارى بىرلە نالەئى زار ئەت .

* *

نە گۇل سەير ئەيلە ، نە فىكرى بەهار ئەت ،
جەهاندىن كەچ ، خەيالى ۋەسلى يار ئەت .
مۇهەببەتسىز كىشى ئادەم ئەمەسدۇر ،
گەر ئادەمسەن مۇهەببەت ئىختىيار ئەت .
ئۇزارۇ قەددۇ رەفتارىڭنى كۆرسەت ،
چەمەن سەرۋۇ گۇلىنى شەرمسار ئەت .
لەبى مەخمۇردۇرمەن جامى مەي تۇت ،
كەرەم قىل ساقىيا ، دەفئى خۇمار ئەت .
ئەنەلهەق ، ماجەراسىن ئەيلەدىڭ فاش ،
كەل ، ئەي مەنسۇر ، ئىستىقبالى دار ئەت .
دۇرى ئەشكۇ ، ئەقىقى خۇنى دىلنى ،
كېلۇر يارىڭ ، ئەياغىگە نىسار ئەت .
كۆيىپ ، ئەي نادىرە ، ئالەم ئېلىگە ،
مۇهەببەت شيۋەسىنى ئاشكار ئەت .

* *

كەلگىل ، ئەي يار ، ۋەفا رەسمىنى تۇت ،
شەمئى رۇخسار ئىلە كۇلبەمنى يارۇت .
يار لەئلى لەبىدىن ئايرىلدىڭ ،
ئەي كۆڭۈل ، ئەمدى دەما دەم قان يۇت .
كۆزلەرىم يىغلادى زۇلفىڭنى كۆرىپ ،
كى ياغىن بائىسىدۇر تىيرە بۇلۇت .
قىل فەرامۇش بۇ ئالەم غەمىنى ،
بادە ئىچ ، مەي بىلە كۆڭىلنى ئاۋۇت .
كىشىگە هىممەتى مەردانە كېرەك ،
يوقكى ئارايىش ئىلە رىشۇ بۇرۇت .
خۇنى دىل بىرلە جىگەر پارەسىدىن ،
بادەدۇر لەئلى مۇفەررىه ياقۇت .
نادىرە دەئۋىئى ئىشقىڭنى قىلىپ ،
قەۋلى بۇ مەهكەمەدە تاپتى سۇبۇت .

* *

ئەي سەبا ، رازى دىلىمنى بىخەبەر يارىمغە ئايت ،
دەردلىغ كۆڭلىمنىڭ ئەهۋالىنى دىلدارىمغە ئايت .
هەجر دەردىدىن يۇرەكدە قالدى داغ ئۇستىدە داغ ،
شەرهە ئېتىپ بۇ ماجەرانى لالەرۇخسارىمغە ئايت .
فۇرقەت ئىچرە تۇشدى سەۋدائى زىلەيخا باشىمە ،
قىيمەتى يۇسۇف بەها تاپتى خەرىدارىمغە ئايت .

لۇتنى ئېتىپ سورسە مېنى ھالىمنى ئۇل نامىھرىبان
ئۆلدى ھىجرانىڭدە دەپ يارى ۋە فادارىمغە ئايت .
سەندىن ئايرۇ تەلخكام ئەتدى دەبان زەھرى فىراق ،
ياشۇرۇن دەردىمنى ئۇل لەئلى شەكەر بارىمغە ئايت .
يۇز سەلام ئايدىم نە بولغاي بىر يولى تۇل ھەم دېسە ،
بىر سەلامىمنى ئۇشەل ئاشۇفتەسى زارىمغە ئايت .
نادىرە سەنسىز تىرىكلىكدىن نە راھەت كوردى دەپ ،
ئۇل ھۇمايۇن تالئى فەرخۇندە ئەتۋارىمغە ئايت .

*　　*

مېنىڭ جۇنۇنىمە مەجنۇننى بەرمەگىز نىسبەت ،
قىلۇرمۇ خارۇ خەشەك تابى شوئلەئى غەيرەت .
چېكەردە جان ماگا تەقلىد قىلماسۇن فەرھاد ،
فىراق تاغىدە بىھۇدە چەكمەسۇن كۇلفەت .
ماگا بەرابەر ئەمەس كوھكەن بىلەن مەجنۇن
ئالاردە يۇزغەم ئىدى لېك مەندە مىڭ ھەسرەت
جەھاندە بۇيلەكى بولمىشمەن ئىشق ئايىنەسى .
ماگا زىيادە بولۇر يار ھۇسنىدىن ھەيرەت .
غەممنى زەررەسىنى تاغلەرگە ئەرز ئەتسەم ،
تەھەممۇل ئەيلەمەگەي تاغ كەلتۇرۇپ تاقەت .
بۇ دەردۇ غەمكى ئانىڭ ناتەۋان كۆڭۈل كۆتەرۇر ،
مۇھەببەت ئەھلىغە يۇزدەن بىرى ئېرۇر ئافەت .
غەممنى شەرھىنى بۇز مىڭدىن بىرىنى دېدىم ،
فەلەك ئانى كۆتەرۇردە ھەم ئەيلەدى قامەت .
بۇ غەمنى تاغ كۆتەرمەس ئىدى ، ۋەلېك ماگا ،
بېرىپ تەھەممۇلىنى ، قويدى جانىمە مىننەت .
سېپىھر مەرتەبەئى ئىشقنى بەلەند كۆرىپ .
دېدىكى نادىرەنى ھىممەتىگە يۇز رەھمەت .

*　　*

ئەي مىھرى جەمالىڭ ئالەم ئارا ،
زەررات يۇزىڭگە مەستۇ شەيدا .

ئەي ھۇسن رىيازىدە قەدىڭ سەرۋ ،
ئۇل سەرۋ ئۇزە سۇنبۇلىڭ سۇمەنسا .

کەلکم نەزەرىمگە، ئەي پەری رو،
دىۋانەغە بىر دەم ئەت تەماشا.
سەن ئۇيقۇدە مەستی نازدۇرسەن،
مەن دەرد بىلە غەرىبۇ تەنها.
تۇن كىچە فىغانۇ نالىشمدىن،
كويىلڭ ئىتی ئىچرە تۇشدی غەۋغا.
سەن قايسی دىيار ئەزمىن ئەتدىڭ،
کەلمەس خەبەرىڭ بۇ يەرگە ئەسلا.
ئاهىم ئوقىغە قەددىم كەماندۇر،
بۇ ئوقنی نىشانىدۇر سۇرەييا.
مەجنۇن نىگە لەيلی تەركىن ئەتسۇن،
يۇسۇفنی ئۇنۇتمادی زىلەيخا.
قايدىن سىنی نادىرە ئۇنۇتسۇن،
بۇ سۆز نې مۇناسىب، ئەي دىلئارا؟

*　　*

جان كۆرمەدی روزەدىن هەلاۋەت،
ئىفتاردە يارسىز نە لەززەت؟
يار ئەيلەسە ياری بىرلە ئىفتار،
يوق روزەدە مۇندىن ئۆزگە دەۋلەت.
ئەل بارچە ۋىسال بەزمىدە شاد
تا سۇبھ چىكىپ سۇرۇدی ئىشرەت.
هەر شام ماڭا نەۋالەئی غەم
ئىفتار قىلۇرگە بولدی قىسمەت.
ماهی رەمەزانكی پەيزی چوقدۇر،
مەن خەستەغە يارسىز نە راهەت.
هەر شام كۆزىمنی ياشی شەمئىم،
خۇنی جىگەرىم بە جايی شەربەت.
هىجران ئىلە روزە جەۋر ئىتەلمەس،
گەر يار ئىسە نادىرە سەلامەت.

*　　*

بىۋە فادۇر بۇ جەهان سۇدۇ زىيان بارچە ئەبەس،
كىم غەمۇ ئەيشۇ بەهار ئىلە خەزان بارچە ئەبەس.
بولمە ئەندىشەئی سەۋداسی بىلە سەرگەردان،
يوقۇ باری غەمىدىن ۋەهمۇ گۇمان بارچە ئەبەس.
تاپماسە يار جەنابىغە شەرەف بىرلە قەبۇل،
ئاهۇ فەريادىڭ ئىلە شورۇ فىغان بارچە ئەبەس.
بولماسە ئاشقە گەر يار ۋىسالی مەقسۇد،
ئاررزۇيۇ هەۋەسی جانۇ جەهان بارچە ئەبەس.
فۇقەرا هالىغە گەر باقمەسە هەر شاه ئاڭا
هەشمەتۇ سەلتەنەتۇ، رىفئەتۇ شان بارچە ئەبەس.
شاه ئولدۇركی، رەئىيەتگە تەرەههۇم قىلسە،
يوق ئىسە، قائىدەئی ئەمنۇ ئامان بارچە ئەبەس.

نادىرە ، بولماسە گەر ئىشق ئوتىن تەئسىرى ،
ئالمى زاھىر ئىلە داغى نىھان بارچە ئەبەس .

*  *

رىياۋۇ ھىرسۇ تەمەئ سەۋتىدۇر تەرانەئى شەيخ ،
ئىشتىمەمگۇم ، ھەمە ئەفسۇن ئىرۇر فەسانەئى شەيخ .
سەنەملەر ئىشقىنە تاقەت قىلالمايىن ناچار ،
ياشۇندى سەۋمىئەگە زۇھد ئولۇپ بەھانەئى شەيخ .
رىياۋۇ زەرق تەرىقىدە تەشنەكام ئولۇر ،
سەرابى بەھرى خەيالاتى بىكەرانەئى شەيخ .
خەمۇش ئىتەرمەن ئانى بىر شەرارى ئاھ ئىلە ،
ئەگەرچە تىز ئىرۇر ئوت كەبى زەبانەئى شەيخ .
كۆڭۈللەر ئولدى ساۋۇق سوھبەتىدىن ئەفسۇردە ،
ئىرۇرچۇ بادى خەزان ئاھى ئاشىقانەئى شەيخ .
بىرۇر غۇرۇر ئىلە ئارايىشى فەشۇ دەستار ،
كى خۇدنە مالىغ ئىرۇر زىبى كارخانەئى شەيخ .
تاپىلسە نادىرە ، بىر شەيخى ئارىفى كامىل ،
باشىم ھەۋاسى ئىتەي نەزرى ئاستانەئى شەيخ .

*  *

ۋەسل ئۆيىن ئاباد قىلدىم ، بۇزدى ھىجران ئاقىبەت ،
سىلى غەمدىن بۇ ئىمارەت بولدى ۋەيران ئاقىبەت .
قىلدى چاكى پىرەھەن داغى دىلىمنى ئاشكار ،
قالمادى كۆڭلىمدە زەخمى ئىشق پىنھان ئاقىبەت .
ئەھدۇ پەيمانلار قىلىپ ئىردى ۋەفا قىلغۇم دەبان ،
ئەيلەدى تەركى ۋەفا ئول ئەھدى يالغان ئاقىبەت .
ئارزۇ قىلدىم تۇتارمەن دەپ ۋىسالى دامەنىن ،
پارە بولدى ھەجر ئىلكىدە گىرىبان ئاقىبەت .
زاھىدا ، ئىشقۇ مۇھەببەت ئەھلىنى مەئزۇر تۇت ،
يار كويىدە نە بولدى شەيخى سەنئان ئاقىبەت .
بەسكى قان بولدى يۇرەكىم گەۋھەرى ئەشك ئورنىگە ،
قەترە ـ قەترە كۆزلەرىمدىن تامدى مەرجان ئاقىبەت .

ئاھكىم بولدى يانە سۇبھى نىشاتىم شامى غەم ،
چېھرە پىنھان ئەتتى ئول خۇرشىدى تابان ئاقىبەت .
گەرچە بار ئېردى مۇسەخخەر دېۋلەر فەرمانىدە ،
پايمالى خەيلى مور ئولدى سۇلەيمان ئاقىبەت .
نادىرە ، بۇلبۇل كەبى تا نالە ئىنشا ئەيلەدىم ،
نەۋبەھار ئۆتتى ، خەزان ئولدى گۈلىستان ئاقىبەت .

* *

**مۇھەررىردىن :** ماھلەر ئايىم نادىرە 1792 ـ يىلى ئەنجاندا تۇغۇلغان . ئۇ ياش ۋاقتىدا ئۆتكۈر زېھنى ، نازۇك تەبىئىتى ۋە شائىرانە خۇسۇسىيىتى بىلەن تەڭ ـ تۇشلىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى . ئۇ مەدرىستە ئوقۇشتىن سىرت ، كۆپىنچە ئۆزى ئۆگىنىش ئارقىلىق تۈركىي ، ئەرەبىي ۋە فارسىي ئەدەبىيات بىلەن پىششىق تونۇشقان . خۇسۇسەن چاغاتاي ئەدەبىياتى ۋە فارس ـ تاجىك ئەدەبىياتىدىكى مەشھۇر نامايەندىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆپ تەتقىق قىلغان . شۇنداقلا تۈركىي ۋە فارسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل تىلدا ئىنتايىن ياساھەتلىك شېئىرلارنى يېزىپ ، كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلغان ئىستېداتلىق شائىرە بولۇپ يېتىشكەن .

نادىرە بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئەمىر ئۆمەرخانغا ياتلىق بولغان . نادىرە ئۆز ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆمەرخان سارىيىدا مەرىپەت ئەھلى ئارىسىدا ئۆتكۈزگەن . نادىرە ئىجادىيىتىدە ئۆمەرخاننىڭ تەسىرى كۆپ بولغىنىدەك ، ئۆمەرخان دەۋرىدىكى قوقان خانلىقىنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىنىڭ يۈكسىلىشىدىمۇ نادىرەنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولغان .

1822 ـ يىلى ئەمىر ئۆمەرخان ۋاپات بولدى . ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن نادىرە ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، قوقان خانلىقىنىڭ سىياسىي ، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ھاياتىدا بىۋاسىتە رول ئويناشقا باشلىدى . 1842 ـ يىلى قوقان خانلىقى بۇخارا ئەمىرى نەسرۇللا تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى . ئۆزىنىڭ گۈزەل ۋە ئويناق شېئىرلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتىغا مۇھىم تۆھپە قوشقان تالانتلىق شائىرە ماھلەر ئايىم نادىرە ئەمىر نەسرۇللانىڭ قولىدا ئىككى ئوغلى بىلەن بىللە ۋەھشىيانە ئۆلتۈرۈلدى . نادىرە ئىجادىيىتى ئۆزىدىن بۇرۇنقى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى تۈركىي ، فارسىي ۋە ئەرەبىي ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىنىڭ ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى نەمۇنىلىرىنىڭ تەسىرىدىن خالىي بولمىغىنىدەك ، ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرىمۇ پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىياتى ، جۈملىدىن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇئەييەن تەسىر كۆرسەتكەن . نادىرەنىڭ نۇرغۇن شېئىرلىرى ئاپتور ئۆزى ھايات ۋاقتىدىلا ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ ئوقۇلغان . ئۇنىڭ تۈرلۈك قول يازمىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلگەن .

نادىرەنىڭ تۈركىي ۋە فارسىي ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 10 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىر زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن . 1959 ـ يىلى ئۆزبېكىستان دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك شائىرەلىرى» ناملىق كىتابقا نادىرەنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى ۋە بىرقانچە غەزىلى كىرگۈزۈلگەن . بۇ ئىستېداتلىق شائىرەنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىدىن تۈزۈلگەن «نادىرە شېئىرىيىتىدىن» ناملىق كىتابچە 1979 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىندى . يۇقىرىدا كىتابخانلار ھوزۇرىغا ماھلەر ئايىم نادىرەنىڭ بىر قىسىم غەزەللىرى سۇنۇلدى . بۇ غەزەللەر توختاسىن جالالوۋ تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ 1959 ـ يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئۆزبېك شائىرەلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى .

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت .**



# چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىشى

**بارىجان زەپەر**

چاغاتاي تىلى 13 ــ ئەسىردىن 20 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئوتتۇرا ئاسىيا، جۇملىدىن شىنجاڭ رايونىدا ياشىغان ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەرگە ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ خىزمەت قىلغان بىر تىلدۇر. بۇ تىل كامالەتكە يەتكەن، باي ۋە گۈزەل تىل بولۇش سۈپىتى بىلەن بىرقانچە ئەسىردىن بۇيان ئۇيغۇر ۋە باشقا قېرىنداش خەلقلەر مەدەنىيىتىنى بېيىتىش، يۈكسەلدۈرۈش ھەم جاھان مەدەنىيىتى خەزىنىسىگە قوشۇشتا ئۆزىنىڭ ۋاستىلىك رولىنى ئادا قىلىپ كەلدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتى مۇشۇ تىل بىلەن ناھايىتى كەڭ دائىرىدە خاتىرىلەندى، شۇنداقلا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلدى. يۇقىرىقى سەۋەبلەر ۋەجىدىن، چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا خەلقئارادىكى ئالىملارنىڭ ۋە تىلشۇناسلارنىڭ دىققەت ــ ئېتىبارىنى قوزغاپ كەلدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. كۆپلىگەن ئەللەردە چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان قابىل، ئىجتىھاتلىق تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقتى. جۇملىدىن، قوشنا ئەل ياپونىيىدىمۇ بۇ ساھەدە چوڭقۇر تەتقىقات يۈرگۈزۈلۈپ، مول نەتىجىلەر يارىتىلدى. بۇنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇش ئۆۋەتتىكى كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنى يۈكسەلدۈرۈشتە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، دەپ قارايمەن. شۇڭا، تۆۋەندە چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ياپونىيىدە تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالى توغرىلىق قىسقىچە مەلۇمات بېرىمەن.

ياپونىيىدە چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى 60 ــ يىللارنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان. بۇ جەھەتتە نەتىجىلەر بىلەن تونۇلغان، ئالاھىدە تۆھپە ياراتقانلار ئىككى كىشى. بىرى، كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى مانو ئېيجى (间野英二)، يەنە بىرى، كوبې ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات بۆلۈمىنىڭ دوتسېنتى خامادا ماسامى (浜田正美).

بۇلارنىڭ ئىچىدە مانو ئېيجى ئەپەندى تەتقىقاتىنى ئەڭ بۇرۇن باشلىغان. ئۇ تارىخ تەتقىقاتى ئاساسىدا چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىغا تەدرىجىي ئىچكىرىلەپ كىرگەن. ئۇ ئالدى بىلەن «15 ــ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى موغۇلىستان خانلىرى دەۋرى» دېگەن ماقالىسىنى يېزىپ، «ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى» مەجمۇئەسىنىڭ 1964 ــ يىل 6 ــ سانىدا ئېلان قىلغان. ئۇ بۇ ماقالىسىدا موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى بىرقەدەر تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. 1969 ــ يىلى ئۇ يەنە «ئىسلاملىشىش توغرىسىدىكى ئورتاق دوكلاتلار توپلىمى» (توكيو چەت ئەل تىللىرى ئۇنىۋېرسىتېتى ئاسىيا ــ ئافرىقا تىل مەدەنىيىتى تەتقىقات ئورنى تۈزگەن) مەجمۇئەسىنىڭ 5 ــ سانىدا «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشى» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ، چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدە، يەنى 13 ــ 14 ــ ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي

خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت، ھۈنەرۋەنچىلىك جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى كەڭ دائىرىدە تونۇشتۇردى. مانو ئېيجى 1977 ـ يىلى «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى» (كودان نەشرىياتى 1977 ـ يىل نەشرى) ناملىق يىرىك ئەسىرىنى يازدى. ئۇ بۇ كىتابىدا ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىدا چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشنىڭ مۇھىملىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەپ كۆرسەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا يېقىنقى زامان تارىخى تەتقىقاتىدا باشتىن ـ ئاخىر چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىشقا ۋە ئۇلارنى تەتقىق قىلىشقا كۆچلۈك دىققەت ئېتىبارىنى قاراتتى.

مانو ئېيجى 80 ـ يىللاردىن باشلاپ تەتقىقاتتا ئۈزلۈكسىز زور ئۇتۇق قازىنىپ كەلدى. 1983 ـ يىلى ئۇ دۇنياۋىي مەشھۇر ئەسەر «بابۇرنامە» نىڭ ئالدىنقى يېرىمىنىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى، 1984 ـ يىلى كېيىنكى يېرىمىنىڭ ياپونچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى («كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ماقالىلىرى توپلىمى» نىڭ 22 ـ، 23 ـ سانلىرى). 1985 ـ يىلى «مىرزا ھەيدەر ۋە ‹تارىخى رەشىدى› دە قوللىنىلغان تارىخىي ماتېرىياللار» (توكيو، شوگاكۇ نەشرىياتى نەشرى) ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇردى. كېيىن يەنە، «بابۇر شاھ ۋە مىرزا ھەيدەر» («ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1986 ـ يىلى 45 ـ سان)، «‹بابۇرنامە› بىلەن ‹تارىخى رەشىدى›نىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ـــ تۆمۈرىيلەر دەۋرىدىكى مەدەنىيەت ۋە سەنئەت» (لېيدىن نەشرىياتى 1992 ـ يىل نەشرى)، «‹بابۇر نامە› نىڭ ئەڭ دەسلەپكى نامى» («35 ـ قېتىملىق خەلقئارا ئالتايشۇناسلىق يىغىنى ئىلمىي ماقالىلىرى»، تەيبېي 1993 ـ يىل نەشرى) قاتارلىق كۆپلىگەن ئەسەرلەرنى يېزىپ، «بابۇرنامە» ۋە «تارىخى رەشىدى» دىن ئىبارەت دۇنياۋىي مەشھۇر ئەسەرلەر ئۈستىدە يېڭى، ئەتراپلىق پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بولۇپمۇ، «بابۇرنامە» نىڭ جەلپكارلىقى، ساددا ھەم گۈزەل ئۇسلۇبى، بۇ ئەسەرنىڭ مول ماتېرىيال قىممىتى ھەققىدە چوڭقۇر ۋە مۇۋاپىق چۈشەنچە بەردى.

مانو ئېيجى «بابۇرنامە» نى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلغاندىن باشقا، يەنە «مانجۇچە بەش تىللىق لۇغەت» (ئىككى توم) ۋە «‹تۈركى تىللار دىۋانى› دىكى دېھقانچىلىققا ئائىت سۆزلەر» نى ياپون تىلىغا تەرجىمە قىلدى. ئۇ يەنە ياپونىيىدىكى نوپۇزلۇق داشۆلەر ئۇيۇشتۇرغان لۇغەت، ئېنسكلوپېدىيە تۈزۈش خىزمەتلىرىگە قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا دائىر قىسىملىرىنى يېزىپ، سەمەرىلىك ئەمگەكلىرىنى نامايان قىلدى: «ئىسلام لۇغىتى» (خېيبۇن نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى) نى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، بۇ لۇغەتنىڭ «قاراخانىيلار سۇلالىسى»، «سەمەرقەند» «تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى»، «سامانىيلار سۇلالىسى»، «نەخشىبەندىيە مەزھىپى»، «خوجا»، «خارەزىم»، «ماۋەرائۇننەھر»، «يەسەۋىي مەزھىپى» قاتارلىق قىسىملىرىنى يازدى. 1985 ـ يىلى كيوتو ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە» (خېيبۇن نەشرىياتى 1985 ـ يىل نەشرى) نى تۈزۈشكە قاتنىشىپ، بۇ ئېنسىكلوپېدىيىنىڭ «ئەلىشىر نەۋائى»، «ئەنقەرە جېڭى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرى»، «ئوغۇزخان رىۋايىتى»، «قەشقەر»، «كىدان»، «قاراخانىيلار سۇلالىسى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «يەركەن»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «سەمەرقەند»، «يادا تېشى»، «يىپەك يولى»، «چاغاتايخان»، «چاغاتايخان دۆلىتى»، «ئوتتۇرا ئاسىيا» «ئاقساق تۆمۈر»

، «تۆمۈرىيلەر سۇلالىسى » ، نەخشبەندىيە مەزھىپى » ، «بابۇر» ، «خوتەن » ، «بارتولد» ، «ھىرات» ، «خوجىلار جەمەئىتى » ، «خارەزىم » ، «ماناس » ، «مەھمۇد قەشقەرى » ، «ماۋەرائۇننەھر » ، «موغۇلىستان » قاتارلىق قىسىملىرىنى ئۆزى يېزىپ چىقتى .

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، مانو ئېيجىنىڭ چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىدا 13 ـ ئەسىردىن 17 ـ ئەسىرگىچە بولغان بىرقانچە ئەسىرلىك ئۇيغۇر تارىخى ، مەدەنىيىتى ، سەنئىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ .

خامادا ماسامى مانو ئېيجىدىن سەل كېيىن يېتىشىپ چىققان ئىقتىدارلىق چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىسى . ئۇ ياپونىيىدىكى ئۇيغۇرشۇناسلار ئىچىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ، ئەڭ ياش مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىرى . ئۇ چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تەتقىقاتىنى 70 ـ يىللاردا باشلىغان . ئۇنىڭ تەتقىقاتىنىڭ ئاساسىي سالمىقى چاغاتاي دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى تېپما قىلغان . ئۇ دەسلەپتە ، يەنى 1973 ـ يىلى «تويو ئىلمىي ژۇرنىلى » نىڭ 55 ـ سانىدا « موللا بىلالنىڭ ‹كىتابى غەزات دەر مۇلكى چىن › ئەسىرى توغرىسىدا » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . بۇ ماقالىدا ئۇ «غەزات دەر مۇلكى چىن » دە بايان قىلىنغان تارىخىي شارائىت ، ئەينى چاغدىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ تراگېدىيىلىك ئاقىۋىتى ھەققىدە ئەتراپلىق تەتقىقات يۈرگۈزدى .

« ‹خوتەن تارىخى › ھەققىدە » دېگەن يىرىك ماقالىسى خامادا ماسامىنىڭ تەتقىقاتىدىكى مۇھىم نەتىجىلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ . ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخ تەتقىقاتىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ، مۇھەممەد ئەلەم ئاخۇنۇم تەرىپىدىن يېزىلغان «خوتەن تارىخى » ناملىق ئەسەر توغرىسىدا سىستېمىلىق ، چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ باردى . بۇ ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپقان زور ھەجىملىك ماقالە بولۇپ ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ئەدەبىيات ـ سەنئەت » مەجمۇئەسىنىڭ 15 ـ سانى ( 1979 ـ يىل ) ، 16 ـ سانى ( 1980 ـ يىل ) ۋە 18 ـ سانى ( 1982 ـ يىل ) دا ئېلان قىلىنغان . ماقالىدا «خوتەن تارىخى » غا تارىخىي مۇھىت ، ئۆزگىرىشلەر جەھەتتىن تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەندىن باشقا ، ئەسلى ئەسەرنىڭ فاكسىمىلىمۇ قوشۇمچە قىلىنغان . بۇ ناھايىتى يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ... 1979 ـ يىلى خامادا ماسامى يەنە «ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 38 ـ سانىدا « ‹ ئىلى پاجىئەسى › ۋە ئۇيغۇرلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . 1983 ـ يىلى «19 ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر تارىخى يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە بايان » ناملىق ماقالىسىنى يېزىپ ، «شەرقشۇناسلىق ژۇرنىلى » نىڭ ئومۇمىي 55 ـ سانىدا ئېلان قىلدى . بۇ ماقالىدا ئۇ 19 ـ ئەسىردىكى چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ تۈرلىرى ، تارىخىي قىممىتى ، مەزمۇنى قاتارلىقلار ئۈستىدە چۈشەنچە بەردى . ئۇنىڭ 1988 ـ يىلى شىنجاڭنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن يازغان « سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى ھەققىدە ئويلىغانلىرىم » ( «غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 34 ـ سانىدا ، يەنى 1991 ـ يىلىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ) دېگەن ماقالىسىمۇ ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان ، قارا-

خانىيلار سۇلالىسىغا دائىر بەزى ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرىدىغان ماتېرىيالدۇر.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خامادا ماسامى تۈركىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق چەت ئەللەرنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ماقالىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىپ، شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ 15 ـ ئەسىردىن بۇيانقى ئىسلام مەدەنىيىتى، خوجىلار نەسەبى، نەخشىبەندىيە مەزھىپى دېگەندەك كۆپلىگەن تېمىلاردا تەتقىقات يۈرگۈزدى. شۇنداقلا، باشقا ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتى، سەنئىتى توغرىسىدا يازغان ئەسەرلىرىگە ئادىل باھا، تەقرىزلەرنى يازدى.

يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، يېقىندا ئۇ يەنە «زەلىلى دىۋانى» ئۈستىدىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىپ، زۆرۈر تەتقىقاتلارنى ئېلىپ باردى.

ياپونىيىدە مانو ئېيجى، خامادا ماسامىلاردىن باشقا، يەنە توكيو خاشى ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخشۇناسلىق بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى ئودا جۇتېن (小田寿典) ۋە ناگويا ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو تىلى بۆلۈمىنىڭ پروفېسسورى، سېلىشتۇرما ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى نىشىۋاكى تاكېئو (西协隆夫) قاتارلىقلارمۇ چاغاتاي تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلارغا تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئودا جۇتېن «〈قۇتادغۇ بىلىك〉 ۋە ئىسلاملىشىش» (توكيو چەت ئەل تىللىرى داشۆسى 1974 ـ يىلى تۈزگەن «تۈركىي مىللەتلەر ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەتقىقاتى دوكلاتلىرى» تەركىبىدە) ناملىق ئەسىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى، تىلى، ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكلىرى توغرىلىق توختالغان. نىشىۋاكى تاكېئو بولسا، 1993 ـ يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان «〈قۇتادغۇ بىلىك〉 نىڭ قۇرۇلمىسى ۋە شەكلى ھەققىدە» ناملىق ماقالىسىدا «قۇتادغۇبىلىك» نى ئومۇمىي قۇرۇلما جەھەتتىن سەككىز قىسىمغا، بايان قىلىش ئۇسۇلى بىلەن دىئالوگلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ئاساسەن تۆت قىسىمغا بۆلۈپ تەھلىل قىلغان. شۇنداقلا، بۇ ئەسەردىكى ئەرەب، پارس ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرلىرى ئۈستىدىمۇ توختالغان. ئاخىردا يەنە، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەرەب، پارس، جۇڭگو، ھىندىستان، گرېتسىيە مەدەنىيەتلىرى بىلەن مەدەنىيەت مەنبەسى جەھەتتىكى بىردەكلىك قۇرۇلمىسى ۋە ئۇسلۇبى توغرىسىدا ئۆز كۆز قاراشلىرىنى شەرھىيلىگەن ...

ياپونىيىدە 80 ـ يىللاردىن بۇيان كاۋاموتو ماساتومو (川本正知)، كاۋاگۇچى تاكۇجى (川口琢司)، كۇبو كازۇيۇكى (久保一之)، شىنمېن ياسۇشى (新免 康)، سۇگاۋارا جۇن (管原 纯) قاتارلىق بىر تۈركۈم ياش تەتقىقاتچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ياپونىيىدىكى چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا تۆھپە قوشتى. بۇ تەتقىقاتچىلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخ، تىل، ئۆرپ ـ ئادەت ۋە باشقا تۈرلەردىكى تەتقىقاتلىرىغا يانداشتۇرغان ھالدا چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرىغا ئائىت پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى جامائەتچىلىككە تەقدىم قىلىپ كەلدى. كاۋاموتو ماساتومو 1983 ـ يىلى «ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 42 ـ سانىدا «نەخشىبەندىيە مەزھىپىنىڭ قائىدە ـ

يۇسۇنلىرى ھەققىدە » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . 1986 ـ يىلى « غەربىي جەنۇبى ئاسىيا تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 25 ـ سانىدا « تۆمۈرىيلەر سۇلالىسىدىكى مۆتىۋەر ۋە ھۆكۈمران ـــ خوجا ئەھرار ۋە ئەبۇ سەئىد » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . 1989 ـ يىلى « تويو ئىلمىي ماقالىلىرى » ژۇرنىلىنىڭ 65 ـ سانىدا يەنە « خوجا ئەھرارنىڭ ۋەقفنامىسى » ناملىق ماقالىسىنى ، توكيو يىۋانامى كىتابخانىسىدا « نەخشبەندىيە مەزھىپى » ناملىق ئەسىرىنى ئېلان قىلدى . كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى كاۋاموتو ماساتومونىڭ ئەسەرلىرىدە نەخشبەندىيە مەزھىپى ھەققىدە نۇقتىلىق تەتقىقات يۈرگۈزۈلگەن . يەنە ، كاۋاگۇچى تاكۇجى 1988 ـ يىلى « تويو ئىلمىي ماقالىلىرى » ژۇرنىلىنىڭ 69 ـ سانىدا ئىنگلىز تىلىدا « تۆمۈر ۋە چاغاتاي ئەمىرلىرى » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . كۇبو كازۇيۇكى 1988 ـ يىلى « ياپونىيە تارىخ تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 71 ـ سانىدا ئىنگلىز تىلىدا « 16 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى ھىراتنىڭ قايتا گۈللەنگەن خانلىق ھۆكۈمرانلىقى » دېگەن ماقالىسىنى ، 1990 ـ يىلى « غەربىي جەنۇبىي ئاسىيا تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 32 ـ سانىدا « مىر ئەلىشىرنىڭ ئىلمىي ئابىدىلىرىنىڭ ساقلىنىپ كېلىشى ھەققىدە » ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . شىنمېن ياسۇشى 1987 ـ يىلى « تارىخ تەتقىقاتى » ژۇرنىلىنىڭ 96 ـ سانىدا ئىنگلىز تىلىدا « ياقۇپ بەگنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتېرى ھەققىدە ئىزدىنىش » ناملىق ماقالىسىنى ، 1988 ـ يىلى ياپونىيە « ئىسلام دۇنياسى » مەجمۇئەسىنىڭ 29 ـ سانىدا « 19 ـ ئەسىردىكى مالىمانچىلىق مەزگىللىرىدىكى تۇرپان » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . سۇگاۋارا جۇنمۇ ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بىر قىسىم داڭلىق چاغاتاي تىلى مۇتەخەسسىسلىرىدىن بىۋاستە تەلىم ئېلىپ ، چاغاتاي يېزىقىدىكى « تەزكىرەئى جاھان خوجا » ناملىق ئەسەر ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى .

نۆۋەتتە ، ياپونىيىدە چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ كېڭىيىپ بېرىۋاتىدۇ . يەنە بىر مۇنچىلىغان ياشلار بۇ ساھەگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاۋاتىدۇ . يېقىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ياش تەتقىقاتچىلار شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا تۇرغۇن قېتىم سەپەر قىلىپ ، چاغاتاي تىلى مۇتەخەسسىسلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ، ئۇلاردىن ئۆگىنىش ، كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىش ئارقىلىق ، كېيىنكى تەتقىقاتلىرى ئۈچۈن ئاساس ياراتتى .

خۇلاسىلىگەندە ، گەرچە ، ياپونىيىدە چاغاتاي تىلى يازما يادىكارلىقلىرى تەتقىقاتچىلىرى قوشۇنى تېخى ئاز بولسىمۇ ، ياراتقان تەتقىقات مېۋىلىرى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغۇدەك دەرىجىدە مول ، شۇنداقلا قىممەتلىك . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى غول ئېقىنىغا قوشۇلغان يەنە بىر سۈزۈك ئېقىن دېيىشكە بولىدۇ . شۇنداقلا ، بۈگۈنكى ئۇيغۇر شۇناسلىق تەتقىقاتىغا قوشۇلغان يۈكسەك تۆھپە دېسەك ئەرزىيدۇ .

بۇ ماقالىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت**

# 15 يىل دەم يېگەن بىر تەنقىدكە قارىتا

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ

1995 ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2 ـ سانىغا يولداش ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى ئىشلەشتىكى بەزى يەڭگىللىكلەر» دېگەن ماقالىسى بېسىلىپ چىقتى. بۇ ماقالىدا نۇقتىلىق ھالدا مېنىڭ *1981* ـ يىلى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىغا بېسىلغان گۇمنام قوليازمىسى (A) نىڭ ترانسكرىپسىيىلىك تېكىستىنى تەييارلاشتا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىم، يەڭگىلتەكلىكىم قاتتىق تەنقىد قىلىنغان.

مېنىڭ قارىشىمچە، «بۇلاق» ژۇرنىلى بۇ تەنقىد بېتىنى ئېچىپ ناھايىتى ساۋابلىق بىر ئىش قىلدى. چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان بىر جۈرئەتلىك كىشى چىقىپ يالغۇز مېنىڭلا ئەمەس، مېنىڭدىن باشقا يولداشلارنىڭمۇ بۇ ساھەدىكى خاتالىق، يەڭگىلتەكلىكلىرىنى تەنقىد قىلمىغان. نەتىجىدە كىم نېمە دېسە، شۇ توغرا بولۇپ كېتىۋەرگەن. بۇ ئەھۋال كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدە بىر ۋابا كېسىلىدەك يامراپ كەتكەن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا مەن ئەسقەر ھۇسەيىنگە ۋە بۇ ماقالىنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان مۇھەررىرىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن ۋە مۇنداق جۈرئەتچانلىقنى قىزغىن ئالقىشلايمەن.

ئەمدى سۆزگە كەلسەم، 1981 ـ يىللاردا مەن «نوپۇزلۇق» مۇ ئەمەس ئىدىم. شۇنىڭدەك «شۇناس» مۇ ئەمەس ئىدىم. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ پەقەت تىل تەرىپىگە بولغان ھەۋەسكارلىقىم بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قولۇمدا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىن ساقلىنىپ قالغان «گۇمنام» نى ترانسكرىپسىيە قىلىپ جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرغانىدىم ۋە بۇنىڭ كىرىش سۆزى ئاخىرىدا بۇ ئەمگەكتە كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنىڭ بولۇش مۇمكىنلىكى، كەڭ كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي قاراپ تۈزىتىش بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىم ئېيتىلغانىدى.

بىلىش جەريانى ئىنساننىڭ پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان بىر جەريان. ئۇچاغدا مەن ھەقىقەتەن بىر ھەۋەسكارنىڭ بىلىش جەريانىنى كەچۈرۈۋاتقانىدىم. ھەرگىز «پۇختا ئۆگەندىم، ئالاھىدە ئىلمىي قابىلىيەتلىك بولدۇم، ئىنچىكە تەتقىق قىلدىم، كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ساغلام بىر سۈرىتىنى سىزىپ چىققۇچى رەسسامدۇرمەن، ماڭا ئىشىنىڭلار، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى توغرا دەپ بىلىڭلار» دېمىگەنىدىم.

15 ـ يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، گەرچە بۇ ساھەدىكى بىلىش بىر قەدەر يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، مەزمۇنى، ئۇسلۇبى، ئۇنىڭ ئالاقىدار بولغان ئارۇز ۋەزنى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئۆزۈمنى دېڭىزدىن تامچە ئوخشىتىشقا مۇۋاپىق دەپ قارايمەن.

بىلىش توغرىسىدا گەپ بولغاندا، شۇنى ئېيتىش كېرەككى، بىلمەسلىك ئېغىرراق ئېيتقاندا جىنايەت ئەمەس، يېنىكرەك ئېيتقاندا ئەيىب ئەمەس، بىلمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلىش

ھەقىقىي ۋە بىر بىلىم ئېلىش ئارزۇسىدا بولغان كىشىنىڭ ئارتۇقچىلىقى. بىلمەي تۇرۇپ بىلدىمەن دېيىشنى، چالا بىلىپ تۇرۇپ تولۇق بىلىمەن دېيىشنى، ئەمەلىيەتتە قىسمەن بىلىپ تۇرۇپ، ئەزەلدىن تولۇق بىلەتتىم دېيىشنى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەكلىرىنى ئۆز نامىغا قىلىۋېلىش ياكى كلاسسىك ئەدەبىيات تىلىنى قەستەن بۇرمىلاش ۋە قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىش قاتارلىقلارنى ئەيىب دېسە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ۋەھالەنكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ئۇستىدىكى تەتقىقاتلاردا بەزىدە مۇشۇنداق ھاللارمۇ سادىر بولماقتا.

تەنقىدنىڭ كونكرېت نۇقتىلىرىغا كېلەيلى:

بىرىنچى:

12 ـ غەزەل 6 ـ بېيىتتىكى «بەندى خەم زۇلفۇڭ» نى «بەندى خەمى زۇلفۇڭ» غا، 15 ـ غەزەل 10 ـ بېيىتتىكى «ماڭا بۇ نىشانى لۇتىف ئەتكەن ئول كۆزى خۇمارىم دۇر» نى «ماڭا بۇ نەشئەئى لۇتىف ئەتكەن ئول كۆزى خۇمارىم دۇر» غا 17 ـ غەزەل 4 ـ بېيىتتىكى «كىرىپ ئۇششاق سىلكىگە كەش ئولدۇم دەردى مۇلكىگە» دىكى «دەردى مۇلكىگە» نى ئىزافەتلىك قىلماي «دەرد مۇلكىگە» دېگەن بىرىكمىگە، 50 ـ غەزەلدىكى «گۈل رويۇڭ» نى «گۈلى رويۇڭ» غا، 70 ـ غەزەلدىكى «سوزى جەلالىڭدىن» نى «سوزۇ جەلالىڭدىن» غا، 15 ـ رۇبائىيدىكى «گۇمنام خۇدا جويغەكىم شوخ كەتتى» نى «گۇمنام خۇدا جويغە كىم شەيخ كەتتى» گە، تەرجىئىبەندتىكى «ئىززى جاھ» نى «ئىززۇ جاھ» قا ئۆزگەرتىش ھەققىدىكى پىكىرلەر تامامەن توغرا. بۇ قېتىم نەشرگە تەييارلاشتا بۇ تەنقىدنىمۇ قوبۇل قىلىپ، خاتالىقىمنى تۈزەتتىم.

ئىككىنچى:

6 ـ غەزەلدىكى «بىر قەد» نى «بەرقەد» كە، 12 ـ غەزەلدىكى «مەگەر» نى «يەكسەر» گە، 20 ـ غەزەلدىكى «چالەدۇر» نى «جالەدۇر» گە، 36 ـ غەزەلدىكى «ناگە» نى «ناگەھ» كە، 56 ـ غەزەلدىكى «شۇلفۇڭ خۇمىدىن» نى «زۇلفۇڭ خەمىدىن» گە، 57 ـ غەزەلدىكى «مەسەل» نى «مەسەل» گە، تەرجىئىبەندتىكى «جۇرمى ئىسيان» نى «جۇرمۇ ئىسيان» غا ئۆزگەرتىش، «بول» رادىفلىق مۇخەممەسنىڭ خاتا ھالدا كىرىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرلەر تامامەن توغرا بولۇپ، بۇنىڭ بەزىلىرى كاتىبنىڭ ئىملاسى بىلەن تونۇش بولمىغانلىقتىن، بەزىلىرى ئەينى ۋاقىتتا مەنە بىلەن ھېسابلاشمىغانلىقتىن كېتىپ قالغان خاتالىقلار بولۇپ، بۇ قېتىم تەنقىد ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇنلا ئۆزۈم سېزىپ توغرىلىغان ۋە ھېلىقى مۇخەممەسنى چىقىرىۋەتكەنىدىم.

ئۈچىنچى:

تەنقىدتە كۆرسىتىلگەن تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى باشقا كەسپداشلار مۇلاھىزە قىلىپ باقسا بولىدۇ، چۈنكى بۇ ھەقتە مېنىڭ چۈشەنچەم باشقىچىرەك بولار:

① 3 ـ غەزەل 3 ـ بېيىتنىڭ «مۇنىڭدىن ئۆزگە ئېرمەس ياكى جىم ئولدى بىلىڭ ئۈچ ھەرف» مىسراسىدىكى «جىم» سۆزى تەنقىدتە دېيىلگىنىدەك «جمع» يېزىلغان ئەمەس، «جيم» يېزىلغان.

② 12 ـ غەزەل 1 ـ بېيىتنىڭ 1 ـ مىسراسى قولىيازمىدا «قديم خمى بيله طبعيت قاشينك

ئولوبدور » يېزىلغان . مېنىڭ ئېنىق خاتالىقىم . بىرىنچىدىن «بىلە» گە «بۇيلە » قىلىپ ترانسكرىپسىيە بەرمەي ، «بىلە » قىلغانلىقتا ، بۇنى تەنقىدتىكىدەك «بىل » قىلىشقا بولماس . ئىككىنچىدىن « طبعيت » سۆزىگە بەرگەن ئىزاھىم خاتا بولغان . بۇ سۆز ئەسلىدە «تبعيت » يېزىلسا توغرا بولىدىكەن ، شۇنداقتا بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى «تەبەئىييەت » بولىدۇ ـ دە ، ئەگەر بىز «قاشىڭ » سۆزى بىلەن ئىزاغەتلىك بىرىكمە دەپ بىر تەرەپ قىلساق ۋەزنىدە بىر بوغۇم ئوشۇقلۇق قىلىپ قالىدۇ . ئېھتىمال ، شائىر بۇ سۆزنىڭ بىر بوغۇمىنى قىسقارتىپ «تەبئىيەت » ۋە «تەبئىيەتى قاشىڭ » قىلغان بولۇشى مۇمكىن .

(3) 54 ـ غەزەل 11 ـ بېيىتتىكى «ئول ئوتىدا بود ئولدى نابۇد » دېگەن مىسراغا «ئاي » سۆزىنى كىرگۈزۈپ قويۇش خاتا بولغان . لېكىن بۇ يەردە «اول » يېزىلغان سۆزنى «ئەۋۋەل » قىلىشنىڭ قانچىلىك توغرىلىقىغا ھازىرمۇ گۇمان بار . سەۋەبى ، مۇشۇنىڭدىن كېيىنكى 12 ـ بېيىتتا «ئەۋۋەل » سۆزى «اول » شەكلىدە يېزىلغان . بۇ ئارىلىقتا كاتىبتا شۇنچىلىك سەۋەنلىك بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ . ئىككىنچىدىن بۇ غەزەل «دىۋانى مەشرەب » ۋە «مەشرەب شېئىرىيىتىدىن » گە كىرگۈزۈلگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا «ئول يۈز ئوتىدا » دېيىلگەنىكەن .

(4) 51 ـ غەزەل 5 ـ بېيىتتىكى «كىم دېدى دىۋار ئارا زالى سەرادا ئىستەگىل » مىسراسىنى ئالساق قولىيازمىدا بۇنىڭدىكى «ديدار » سۆزى «دوار » يېزىلغان ئەمەس . بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنى مېنىڭ چۈشىنىشىمچە «يار ئۇ خۇددى بىر قۇياش ، ئاپىقى ئىتتىكلەر خۇددى زەررىچىلەردەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ چۆگىلىشىدۇ ، كىم ساڭا يارنى كىشى ئىزىقىپ قالىدىغان ۋەيرانە سارايلاردىن ئىزلىگىن دېدى » بولسا كېرەك . ئەگەر «دەۋۋار » بولسا ئۇنىڭدا مەنە قانداق بولىدۇ ؟ بۇ بىر مەسىلە .

(5) 52 ـ غەزەل ئاخىرقى بېيىت قولىيازمىدا

«گر يوق اير سانك هم اتينك يوق ايلكا همدم بولغوجه ،

جانىيم ئالسۇن دشت هجرينك ايچرەغىم بيله اجل » يېزىلغان . بۇ يەردە تەنقىد تىكىدەك «اي يېزىلغان سۆز يوق . ئەگەر «ئىتىڭ ــ سېنىڭ ئىتىڭ » مەزمۇنىدا بولىدىغان بولسا ، ياكى «ايطينك » ياكى «ايتينك » يېزىلغان بولارئىدى . شۇڭا مەن «ئاتىڭ » دەپ ئېلىپ شۇڭا لايىق مەنە بەردىم ، بەلكىم خاتادۇر . شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش لازىمكى ، «ئات » ۋە «ئىت » سۆزلىرىنىڭ يېزىلىشىنى چاغاتاي تىلى ئىملاسىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان بۇ يولداش ياخشى كۆزەتمىگەن ئوخشايدۇ . بۇ قولىيازمىدا « ت» بىلەن «ط» ئارىلاش قوللىنىلغان سۆزلەر خېلى بار . مەسىلەن ، «ئىت » سۆزى 5 ، 9 ، 12 ، 28 ، 29 ، 48 ، 50 ، 59 ، 60 ، 75 ، 77 ، 79 ، 80 ـ غەزەللەردە «ايط » يېزىلغان بولسا ، 17 ، 21 ، 24 ، 25 ، 30 ، 31 ، 35 ، 42 ، 43 ـ غەزەللەردە « ايت » يېزىلغان .

تۆتىنچى :

تۆۋەندىكى نۇقتىلار تەنقىد كە ئەرزىمەيدىغان نۇقتىلار دەپ قارايمەن .

(1) 13 ـ غەزەل 7 ـ بېيىتتىكى «جان دەشتىدە كەۋسەر نەمى گەر بولسا قۇرۇتتۇم » دېگەن مىسرادا ، 12 ـ غەزەل 7 ـ بېيىتتىكى «ئەي تەلبە كۆكۈل دەشت ئارا يالغۇز سەن ئەمەس » دېگەن مىسرادا سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى . ئالدىنقى قېتىم 15

يىلدىن كېيىنكى يەشمىنى ئويلىمىغانىدىم، ئەينەن ئالغانىدىم، ھازىرمۇ ئۆزگەرتمەي ئەينەن ئالدىم. قولىيازما شۇنداق. بۇ يەردە شائىرنىڭ كاتاڭغا چۈشكەن، چۈشمىگەنلىكى پەقەت ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئوشۇق قولىيازمىنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق بىر توغرا تېكىست تۈرغۇزۇلغاندا ھەل بولىدىغان مەسىلە، ھەرگىز بىر قولىيازمىغا ئاساسەن ئىككىنچى بىر قولىيازمىنىڭ ترانسكرىپسىيىنى تەنقىد قىلىش ئارقىلىق ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس.

② 12 ـ غەزەل 5 ـ بېيىتتىكى «غەرق ئولسە غەمىڭ بەھر ساچىڭ تاشلاپ ئالۇرسەن» دېگەن مىسراغا، 44 ـ غەزەلدىكى «ئەگ، بەگ، سەگ» دېگەن سۆزلەرگە ئەينى ۋاقىتتا ئىزاھ بېرىلگەندى، ماقالىنىڭ ئاپتورى ئالدىراشلىقتا كۆرمىگەن بولسا كېرەك.

③ ترانسكرىپسىيىنىڭ تىنىش بەلگىسى مەسىلىسى. ترانسكرىپسىيدە مىسرانىڭ ئىچىدە تىنىش بەلگىسى قويۇش ـ قويماسلىق چوڭ ـ مەسىلەن ئەمەس. تەنقىدتە مېنىڭ بۇ جەھەتتىكى خاتالىقىم ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسالمۇ يوق ئىكەن. قارىماققا ئېھتىمال مەنىگە بېرىپ تاقىلىدىغان خاتالىقىم بولمىسا كېرەك. كەم دەسمايە بىلەن تاۋكاغا كىرىپ قالغان كىشى يانچۇقنى تەتۈر ئۆرىگەندەك ئىش بوپتۇ.

بەشىنچى: تەنقىد قىلىش لازىم بولسىمۇ، ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ كۆرمەي كەتكەن نۇقتىلىرى:

① 6 ـ غەزەل 2 ـ بېيىتتا ئەسلىدىكى «لەئلى دۇر ئەفشان» يېزىلغان سۆز ئاتىكاچىلىق قىلىپ «لەئلى بەدەخشان» غا ئۆزگەرتىلگەن.

② 17 ـ غەزەل 3 ـ بېيىتتىكى «كۆزۈم دۇر يىغدى ھەسرەتتىن» جۈملىسى «كۆزۈم دۇريىغدى ھەيرەتتىن» دەپ خاتا ئوقۇلۇپ ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

③ 13 ـ غەزەل 8 ـ بېيىتتىكى «تەنى يەئقۇبدىن يۇسۇف جان تاپتى جۇدالىق» دېگەن مىسرا «تەن يەئقۇبدىن يوسفى جان تاپتى جۇدالىق» قىلىپ ترانسكرىپسىيە بېرىلگەن (بۇ بېيىتنىڭ مەزمۇنى ھېلىمۇ تۇتۇق).

④ 50 ـ غەزەل 6 ـ بېيىتتىكى «نې ئەيب مېنىڭ جۇزۋىم كۆرگەندە دېسە ئېل كۆل» دېگەن مىسرادا «جۇزۋ» سۆزى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى قويۇلۇۋاتقان «كۆل» سۆزىنى «گول» دەپ چۈشەنگەن، ۋەھالەنكى «گول ـ ئاخماق» سۆزى «كل» ئەمەس «گول» يېزىلاتتى.

⑤ 52 ـ غەزەل 1 ـ بېيىتتىكى «شىرەئى ئەنگۇر ـ ئۈزۈم شىرىنىسى» نى «شىرەۋۇ ئەنگۇر ـ ئۈزۈم ۋە شىرنا» دەپ چۈشەنگەن.

⑥ 67 ـ غەزەل 4 ـ بېيىتتىكى «ھۇسنۇجەمال» سۆزى «ھۆسنى جەمال» قىلىنغان.

⑦ 83 ـ غەزەل 6 ـ بېيىتتىكى «ترايت ـ تور ئېت (يىغىشتۇر)» نى «تەرك ئېت» قىلىپ ئۆزگەرتكەن.

⑧ 9 ـ غەزەل 2 ـ بېيىتتىكى «داغ داغ» سۆزى «داغۇداغ» قىلىنغان.

⑨ 22 ـ رۇبائىيدىكى «غسل ملك هم» دىكى «ھەم» سۆزىنى خاتا ئوقۇپ «غۇسل مەلەك سەم» قىلىپ ترانسكرىپسىيە بەرگەن.

⑩39 ـ غەزەل 5 ـ بېيىتنىڭ بىرىنچى مىسراسىغا «دېمەڭلار» سۆزىنى 2 ـ مىسراسىغا «كىم» باغلىغۇچىسىنى ئورۇنسىز قويغان.

يالغۇز مۇشۇلارلا بولمىسا كېرەك . ئىنچىكىلەپ كۆرۈلسە ، يەنە مەسىلىلەرنىڭ بولۇشى تۇرغان گەپ .

ئەمدى تەنقىدتىكى نامۇۋاپىق ياكى خاتا ھېسابلانغان نۇقتىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى .

كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ ساغلام گەۋدىسىنى تىكلەشنى قاتتىق تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئەسقەر ھۈسەيىن تۆۋەندىكى نۇقتىلاردا خاتالىقلارغا يول قويغان :

① 14 ـ غەزەل 8 ـ بېيىت «زىرە ھۇ قالغان كېرەك ئىسلام بىدىن ئەھلىغە» دېگەن مىسرادىكى «ئىسلام» سۆزى بىلەن «بىدىن» سۆزىنى تەگداش باغلاش ئورۇنسىز . بۇ يەردىكى ھۆكمىران مەنە «ئىسلامغا كىرمىگەنلەرنى ئىسلامغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ساۋۇت ۋە قالقان لازىم» دېگەن بولۇپ ، ئىككىسىنى تەڭ قويغان مەنە يوق . شۇڭا بېيىتنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا « جانبازلىق قىلىدىغان ئاشقىنىڭ ئىشلىتىدىغان قورالى باشقا » دېگەن مەزمۇن بېرىلگەن . بۇ يەردىكى ۋەزىن «ئىسلام» سۆزىدىكى «لام» بوغۇمىنى سوزۇپ ئوقۇش بىلەن تولۇقلىنىدۇ .

② 17 ـ غەزەل 4 ـ بېيىتنىڭ 1 ـ مىسراسىدىكى «كەش ئولدۇم دەرد مۇلكىگە» دېگەن مىسرادىكى «ماكان ، ئورۇن» مەنىلىرىدىكى «كەش» سۆزىنى «شەھ» كە يۆتكەش ئورۇنسىز . بۇ مىسرانىڭ مەنىسى «مەن ئاشىقلارنىڭ سېپىگە كىرگىنىمدىن بۇيان دەت تارتىدىغان بولۇپ قالدىم ، دەرتكە ماكان بولۇپ قالدىم» دېمەكچى .

③ 55 ـ غەزەل 6 ـ بېيىتتىكى «ئىزىڭ ھەريەردە دۇر خانىمغە سوقتۇم» دېگەن مىسرانى «جانىمغە سوقتۇم» دەپ ئۆزگەرتىش مۇۋاپىق ئەمەس . بۇ يەردە «يارنىڭ باسقان ئىزى» دىن ئىبارەت بۇ ئورۇن مەنىسىدىكى سۆز «جان» بىلەن ماسلاشمايدۇ ، «خانە» بىلەن ماسلىشىدۇ . بىراق كاتىپ «خانىمغە» يېزىپ قويۇپ خاتا قىلغان .

④ مۇخەممەستىكى «ساڭا قۇل بولغالى بەرھەم ئېمەس قويدۇڭ ئەدەدسىز داغ» مىسراسىدىكى «بەرھەم» نى «بىرھەم» گە ئۆزگەرتىشكە بولماس . بۇ يەردە «بىر» سانىدىن كېيىن «ھەم» كېلىدىغان ئادەت يوق . شۇڭا مەن «بەرھەم — بېسىۋېتىش ، يوق قىلىۋېتىش» نى ئېلىش مۇۋاپىق دەپ قارىدىم .

⑤ 1 ـ رۇبائى «ھەر ئاغزى ئوچۇق قالدى قارا لەب ئۆتتى» دېگەندىكى «قارالەب» نى «قارىلاپ» قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس . بۇ يەردىكى مەنە «ئابھاياتنى ئېلىپ ئىچەلمىدى ، لېۋى قۇرۇق ( سۇ تەگمىگەن ) ئۆتتى دۇر .

⑥ تەرجىئىبەندىكى «ھەرتەرەف بولدى پەرىشان سۇنبۇلۇڭ ، گۈل يۈزۈڭگە قايدا بولدى بۇلبۇلۇڭ» نى «قەيد بولدى بۇلبۇلۇڭ» قىلىشمۇ ئورۇنسىز . بۇ يەردە مەن «سېنىڭ چېچىڭ قايسى تەرەپكە ( بۇ يەردە تەرەپ سۆزى مۇھىم ) قاراپ چۇۋۇلغان بولسا ، گۈل يۈزۈڭگە قاراپ سايرايدىغان بۇلبۇللىرىڭ شۇ تەرەپتە بولدى» دېمەكچى ، «باغلىنىپ قالدى» دېمەكچى ئەمەس . كاتىپ بۇ جايدا خاتا قىلمىغان ، «قايدا» دەپ ئېنىق يازغان ، ئەگەر «قەيد» بولسا ، غەزەلنىڭ ۋەزنىگە تەسىر يېتىپ قالىدۇ .

⑦ تەرجىمىبەندىكى «بوساغاڭدا تۇرۇلغان خاكسارىڭ» نى «بوساغاڭدا توزۇلغان خاكسارىڭ» قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. بۇ يەردىكى «خاكسار» سۆزى قانداقتۇر توزۇپ كېتىدىغان توپا ـ توزان ئەمەس، بەلكى توپا ـ توزاندەك خار، توپا ـ توزان ئورنىدىكى، قەدرى ـ قىممىتى يوق، ئېتىبارسىز (ياكى هازىرقى سۆزىمىز بىلەن ئېيتقاندا ماكانسىز، قەيەردە كەچ كىرسە شۇ يەردە يېتىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان) شەخسلەرگە قارىتىلغان سۆز. بۇ مىسرادىكى «تۇرۇلغان» سۆزىنى «توشۇش، توزۇماق» مەنىسىگە ئەكىلىپ، «توزۇلغان» قىلىش مېنىڭ قارىشىمچە مۇۋاپىق ئەمەس، چۈنكى مۇشۇ نۇسخىدىكى (ئېھتىمال ئۆز قولىدىكى نۇسخىدا ھەم) 15، 16، 18، 25، 55 ـ غەزەللەردە بۇ سۆز سوزۇق تاۋۇش ئاجىزلاشتۇرۇلماي «تازۇتقان. تازۇغان. تازۇپ كەتتى. تازۇتتۇم» شەكلىدە يېزىلغان. گەرچە بۇ قولىيازمىدا بىز «ئا» سوزۇق تاۋۇشنىڭ بەزەن ئاجىزلاشتۇرۇپ يېزىلغانلىقىنى كۆرسەكمۇ (مەسىلەن، ياروتتۇم ــ 8 ـ غەزەل. يورۇتتۇم 55 ـ غەزەل، ئاچۇق ــ 80 ـ غەزەل، ئوچۇق ــ 1 ـ رۇبائى)، لېكىن مىسرانىڭ بۇ يەردىكى مەنىسى «توزۇلغان» نى قوبۇل قىلالمايدۇ.

⑧ ماقالىنىڭ ئاپتورى «چۈچۈك» سۆزىنى «سۈچۈك» قىلمىغانلىقىم ئۈچۈن ئىنتايىن ئەپسۇسلىنىدۇ ۋە بۇ سۆزنىڭ 18 ـ ئەسىردىمۇ خاقانىيە تىلىدىن ئۆز ئالاقىسىنى ئۈزمىگەنلىكىگە گۇۋا بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. مېنىڭچە ئەپسۇسلىنىدىغان ئىش تېخى بۇ ئەمەس! 18، 61، 78 ـ غەزەللەردىكى «چۈچۈك» سۆزىنى كاتىپ باشتىن ـ ئاياغ خاتا يازغان ئەمەس. بىزگىمۇ ئۇنى «سۈچۈك» قىلىپ ئۆزگەرتىشكە ھېچكىم ھوقۇق بەرمىگەن. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز پەقەت بۇ دەۋردىكى يېزىق ۋە تىل ھادىسىلىرىنى ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىش، خالاس.

⑨ 40 ـ غەزەل «تۇتىدېك ئايىنە كۆرگەندە سۇخەندان ئولماق» مىسراسىدىكى «تۇتى» ئورنىغا «طفل ــ بالا» سۆزىنى قويۇشنى تەشەببۇس قىلىشتا «كلاسسىك ئەدەبىياتتا ئەنئەن بار» دېيىش ئاساسسىز. ماقالىنىڭ ئاپتورى «توتىئى پەسى ئايىنە ــ ئەينەك تۈۋىدىكى تۇتى» دېگەن پارسچە تەمسىلدىن خەۋەرسىز بولسا كېرەك. ئەسقەر ھۈسەيىننىڭ قولىدىكى قولىيازمىدا «تۇتى» دېگەن سۆزنىڭ ئورنى مېنىڭ قولۇمدىكى قولىيازمىدىكىگە ئوخشاشلا ئاۋال ئاق قالغان، كېيىن بۇ ئورۇنغا «طفل ــ بالا» دېگەن سۆز يېزىپ قويۇلغان. دىققەت بىلەن قارالسا، كېيىن يېزىلغان «طفل» دېگەن خەتنىڭ سىياسىدىمۇ، يېزىلىش ئۇسلۇبىدىمۇ پەرق بار. تەنقىدتىكى بۇ تەۋەككۇلچىلىك ئارقىسىدا تۇتىنى ئەينەككە قارىتىپ گەپدان قىلىش ھەققىدىكى بۇ تەمسىلنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتا بارلىقىدىن خەۋەرى يوقلۇقى بۇ يەردە ئۆز ـ ئۆزىدىن ئاشكارىلىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ.

⑩ «خرامان»، «خىيال، چىراغ» سۆزلىرىنىڭ پارسچىدە «خەرامان، خەيال، چەراغ» بولۇپ قېلىشى بۇ ساھەدە ساۋادلىق كىشىگە ئەجەبلەنگۈدەك مەسىلە ئەمەس، ئەمما، بىر ئەسەردە ئوخشاش چىققىنى ياخشى.

⑪ تەنقىدنىڭ ئاخىرىدا مېنى ئۆزى يۇقىرىدا شەرھلەپ ئۆتكەن يېزىقنى ۋە تىلىنى سۆزسىز بىلىشكە، ئاددىي تەلەپ بىلەن ئېيتقاندا بىر قەدەر پىششىق بىلىشكە ئۈندەيدۇ. بۇ ھەققەتەن قارشى ئېلىشقا ئەرزىيدىغان پىكىر. ۋەھالەنكى كىشلەرنى مۇنداق بىر پارلاق يولغا

دالالەت قىلغۇچى كىشى مۇشۇ سۆزلىرىدىن 10 ــ 15 قۇر نېرى بار مايلا تۆۋەندىكىدەك نۇقتىلاردا خاتالارغا يول قويغان. ئالايلى «ياڭلىغ» سۆزى. ئەسقەر ھۇسەيىننىڭ پىكرىچە بۇ سۆز «تۈپ سۆز، ھېچقانداق بىر يىلتىزغا 〈 ــ لىغ 〉 قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى بىلەن ياسالغان ئەمەس. ئۇ تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ــ جەنۇب (يەنى ئوغۇز ــ قىپچاق) گۇرۇپپىسىغا خاس سۆز، ئۇنىڭ شېئىرىيىتىمىزدىن ئورۇن ئېلىشى تىلىمىزنىڭ خاقانىيە دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسى، ئۇنى باشقا تىلدىن كىرگەن دېيىش خاقانىيە دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات تارىخىنى چۈشەنمىگەنلىكنى كۆرسىتىدۇ ... »

تەنقىد يۇقىرىدىكى كونكرېت مەسىلىلەر بىلەنلا چەكلىنىپ قالسا بوپتىكەن. لېكىن ئەسقەر ھۇسەيىن ئۇنداق قىلمىغان. ئەمدى بۇ مەسىلىلەرنى كىمنىڭ چۈشىنىپ، كىمنىڭ چۈشەنمەي تۇرۇپ چۈشىنىمەن دېگەنلىكى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتەي.

بۇ سۆز خېلى بىر قىسىم قوليازمىلاردا «يانكلىغ» مۇ يېزىلىدۇ. گەرچە ئۇ بىزنىڭ قوليازمىمىزدا «يىنكلىغ» شەكلىدە يېزىلغىنىدەك خۇددى «ياخشى» سۆزىنى «يخشى»، «باخشى» سۆزىنى «بخشى» قىلىپ يازغاندەكلا بىر ئىش. بۇ يەردە تەنقىد ئاپتورى بەلكىم ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىغا رىئايە قىلىشنى ئۆزبېك تىلىدىكى بۇ قانۇننىڭ بۇزۇلۇشى بىلەن بىر قىلىپقا كىرگۈزمەكچى بولسا كېرەك.

بۇ سۆز ئوغۇز ــ قىپچاق تىلىغا خاس ئەمەس، ئۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىدا كۆپ قوللىنىلغان سۆز بولۇپ، بۇ ئەدەبىي تىلنىڭ جاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولۇشى ئارقىسىدا ئوغۇز ــ قىپچاق تىللىرىدا قوللىنىلىدىغان بولۇپ قالغان. شۇنىڭدەك، بۇ سۆز قانداقتۇر «خاقانىيە دەۋرىدىن كېيىنكى تەرەققىيات نەتىجىسى» ئەمەس، بەلكى بۇ سۆز ۋە ئۇنىڭ يىلتىزى خاقانىيە تىلىدىمۇ قوللىنىلغان، «تۈركى تىللاردىۋانى» III توم 493 ــ بەتتىكى «ينك ــ ياڭ (ئەندىزە، قىلىپ، ھەرقانداق نەرسىنىڭ پىچىمى)» مانا مۇشۇ سۆزنىڭ يىلتىزى؛ «قۇتادغۇبىلىك» 17، 1651، 2255، 1820، 4983، 4985، 661 ــ بېيىتلاردىكى «ياڭزاغ» سۆزى، ئەخمەت جەپەر ئوغلىنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلۈكى» (1968 ــ يىل، ئىستانبول) دىكى «ياڭلىغ» سۆزى (قاراڭ، مەزكۇر لۇغەت 284 ــ بەت، «قەدىمكى تۈركىي تىللار لۇغىتى» (1969 ــ يىل، لېنىنگراد» دىكى «ياڭ» ياكى «ياڭ ــ كەپ» (جۈپ سۆز)، «ياڭلىغ» سۆزلىرى (قاراڭ، مەزكۇر لۇغەت 233، 234 ــ بەتلەر) ئوخشاشلا «ياڭ ــ 样» سۆزى ۋە ئۇنىڭغا « ــ زاغ »، « ــ لىغ » قوشۇمچىسى قوشۇلۇش بىلەن ياسالغان سۆزلەردۇر.

تېخى جاغاتاي يېزىق ئەدەبىي تىلى شەكىللىنىشتىن 4 ــ 5 ئەسىر بۇرۇنلا قەدىمكى تۇرپان ئۇيغۇر تىلىغا تەۋە ھۆججەتلەردە «ئەل ياڭىنچە ــ ئەلدە ئېقىۋاتقان قائىدە ــ يوسۇن بويىچە» دېگەن سۆز بىرىكمىسى، شۇنىڭدەك بۇنىڭغا « ــ لىغ، ــ لاغ » قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ياسالغان «ياڭلىغ، ياڭلاغ» سۆزى كۆپ ئۇچرايدۇ. «مايترى سىمىت» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە ئىندىكسىدا كۆرسىتىلگەن «ياڭلاغ» سۆزى نەق مۇشۇ سۆز (قاراڭ، مەزكۇر كىتاب، 174 ــ بەت).

چاغاتاي تىلى ئۇستىدە ئۇزاق يىللار تەتقىقات ئېلىپ بارغان يانۇش ئېكمان ئۆزىنىڭ

«چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» دېگەن ئەسىرىدىن چاغاتاي تىلىدىكى ياردەمچى سۆزلەر ئۇستىدە توختالغىنىدا، بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسىنى «yaŋliq» دەپ يېزىپ ئۇنى ئۇيغۇرچە «yaŋ» سۆزىدىن كەلگەن، دەپ تونۇشتۇرىدۇ (قاراڭ، مەزكۇر ئەسەر، 124 ـ بەت، 1966 ـ يىل، ئامېرىكا، ئىندىيان ئۇنىۋېرسىتىتى).

ئەسقەر ھۇسەيىنىنىڭ تەتقىق قىلىپ كۆرمەيلا بۇ سۆزنى تۈپ سۆز، ئوغۇز ـ قىپچاق تىللىرىغا خاس دېيىشىدىكى سەۋەبنى دۇنيادا چاغاتاي تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھېچبىر ئالىمنىڭ ئەسىرىدىن ئىزلەپ تاپقىلى بولمايدۇ.

خۇلاسە شۇكى، بۇ ئەسلىدە ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆز، ئۇ چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ئاساسەن شېئىرىيەتتە قوللىنىلىدىغان، نەسرىي ئەسەرلەردە كەم ئۇچرايدىغان بولغان.

مەن بۇ سۆزنىڭ ترانسكرىپسىيىسى توغرۇلۇق مۇندىن خېلى بۇرۇن بىر قىسىم شەخسلەرگە دېگەنىدىم، ئۇلار ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئاساسسىز قاراشلىرى بىلەن «يەڭلىغ» نى قۇۋۋەتلەشكەن ۋە بۇنى داۋاملاشتۇرغان، بۇنىڭ ئاخىرى بېرىپ مۇشۇ تەنقىدتە ئەكس ئېتىپتۇ ...

ئېيتىش كېرەككى، تارىخىي جەھەتتىن قارىغاندا، يانداش ياشىغان تىللارنىڭ بىر ـ بىرىدىن سۆز ئېلىشى، سۆز بېرىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، دۇنيادا ساپ تىل يوق، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز تارىخىدا ھىند، خەنزۇ، مۇڭغۇل، مانجۇ، تىبەت تىللىرىدىن، شۇنىڭدەك ھازىر يوقىلىپ كەتكەن سوغد، توخرى تىللىرىدىن ئالغان سۆزلىرى ئاز ئەمەس، بۇ پەقەت ئىنچىكە، چوڭقۇر تەتقىقات ئارقىلىقلا روشەنلىشىدۇ.

يەنە بىر قىزىق ئىشنى دەپ ئۆتەي، «ياڭلىغ» سۆزىنىڭ ئەينى دەۋردە خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا قوبۇل قىلىنغان «ياڭ» سۆزى ئاساسىدا ياسالغانلىقى توغرىسىدىكى پىكىرنى تەنقىد مەزمۇنى قىلىۋالغان ئەسقەر ھۇسەيىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» دېگەن ئەسىرىدە خەنزۇ تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان «قۇنچۇي — 公主» سۆزىنى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى سۆزلىرى قاتارىدا (بەلكىم تاسادىپىي ھالدا بولسا كېرەك) كۆرسىتىپ قالىدۇ. بىزچە ھەر ئىككى سۆز ئەينى دەۋردە خەنزۇچىدىن قوبۇل قىلىنغان، بىر مەزگىل قوللىنىلغاندىن كېيىن، ئالدىنقىسىنىڭ ئورنىنى «ـ دەك، ـ تەك»، كېيىنكىسىنىڭ ئورنىنى «مەلىكە» سۆزى ئىگىلىگەن.

بۇنى ئەسقەر ھۇسەيىنىنىڭ «پىششىق بىلىشى» دېگىلى بولمايدۇ. ھېسسىيات ھېچقاچان ئىلمىي پوزىتسىيە ھېسابلانغان ئەمەس. ئىلمىي پوزىتسىيە ئىنچىكىلەپ، ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش.

⑫ رەۋىشداش ياسىغۇچى قوشۇمچە «پ، ئىپ، ئۇپ، ئۈپ» چۈملىدىن «ـ پان، ـ پەن» توغرىسىدا:

ھېچقانداق ئەمگەلمەي، تەتقىق قىلمايلا «پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە، تۈركىي تىللارنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي گۇرۇپپىسىغا خاس» قىلىۋېتىلگەن بۇ قوشۇمچە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى يېزىق يادىكارلىقلىرى دەۋرىدىن تارتىپ ئۇيغۇر تىلىدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزۈك ناۋۇشى ئېنىق «پ». بۇ ھەقتە س. يى. مالوۋ «كۆل تې-

گىن » ئابىدىسىدىكى « تىپ ــ دەپ » نى مىسال كەلتۈرۈپ بۇ يەردىكى ئۆزۈك تاۋۇشنى « ب » ئەمەس ، « پ » دەپ كۆرسەتكەن ( قاراڭ . س . يى . مالوۋ . قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى ، 47 ــ بەت ، 1951 ــ يىل ، موسكۋا ) . بۇ رەۋىشداشنىڭ ئاخىرىغا « ئان » (دىققەت ، بۇ تەنقىدتە ئېيتىلغىنىدەك پېئىل ياسىغۇچى قوشۇمچە ئەمەس ! ) ئۇلانمىسى قوشۇلۇش بىلەن باغلىغۇچى رەۋىشداش مەنىسىنى بەرگەن . قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مانىزمغا ئائىت ئەسەرلەردىكى « تەگرى تىپەن ـــ تەگرى دەپ » ، «بۇرخان تىپەن ــ بۇرخان دەپ » دېگەن سۆزلەردىن بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ ( قاراڭ ، س . يى . مالوۋ ، يۇقىرىقى ئەسەر ، 110 ــ بەتتىكى مانىچىلارنىڭ تووۋا دۇئاسى » 57 ــ قۇر ، « خۇست نەهۇفت » ، 142 ــ بەت ، 1941 ــ يىل ئەنقەر . ) شۇنداق ئىكەن ، بۇنى غەربىي ــ جەنۇبىي تۈركىي تىللارغا خاس قىلىۋېتىشنى ئىلىم سەھەسىدىكى بىر ئەستايىدىللىق دېگىلى بولامدۇ ؟ بىز بۇ قوشۇمچىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » غا ئېلىنغان مىساللاردىمۇ بارلىقىنى كۆرىمىز . مەسىلەن :

«ياي بارۇپان ئەرگۈزى ( «تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم 130 ــ بەت ) . «ئەردەمنى ئۆگرە نىپەن » ( «تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم 558 ــ بەت ) ، «سەن كەلىپە دەتەبرەشۇر » دە تۈركىي تىللار دىۋانى » II تىم 292 ــ بەت ) ، «پارچىن كەزىپەن تەلۇ يۇۋقا بولۇپ قال » «تۈركىي تىللار دىۋانى » III توم 132 ــ بەت ) ، «كۈندە ئىشى يۈكسەپەن يوقار ئاغار » ( «تۈركىي تىللار دىۋانى » I توم ، 421 ــ بەت ) .

يانۇش ئېكمان بۇ قوشۇمچىنى تونۇشتۇرغاندا ، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ «پ » لىق شەكلىنى ئېلىپ ، ئاندىن « ــ بان ، ــ بەن » شەكلىنى كۆرسىتىدۇ ۋە بۇ كېيىنكى شەكلىنى «باغلىغۇچى رەۋىشداش » دەپ ئىزاھلايدۇ ( قاراڭ ، يانۇش ئېكمان ، مەزكۇر ئەسەر 148 ــ بەت ) . ئەسقەر ھۈسەيىن بۇ رەۋىشداشنىڭ «پ » لىق شەكلىنىمۇ ( بۇ شەكلى ئۆتكەن زامان رەۋىشدېشى مەنىسىنى بېرىدۇ ) ۋە ئۇنىڭغا « ــ ئان ، ــ ئەن » قوشۇلۇپ ياسالغان شەكلىنىمۇ ئوخشاشلا « ب » بىلەن ئېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ . يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك قەدىمكى يېزىقلاردىمۇ ئېنىق « پ » بىلەن ئىپادىلەنگەن ، ھازىرقى جانلىق تىلىمىزدىمۇ « پ » ئېيتىلىۋاتقان بۇ رەۋىشداشنى « ب » قىلىمەن دېيىش قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ، ئۇيغۇر يېزىقىدىن تۈزۈك خەۋىرى يوقلۇقىنىڭ ئىپادىسى . ئەمدى « ــ پان ، ــ پەن » گە كەلسەك ، بۇنى چاغاتاي تىلى دەۋرىدە ئاساسەن شېئىرىيەتتىلا قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ، شۇنىڭدەك شېئىرىيەتتىكى ئاھاڭدارلىقنى تەمىنلەش يۈزىسىدىن « ــ بان ، ــ بەن » ئالسا بولىدۇ ، بۇ باشقا بىر گەپ .

⑬ يولداش ئەسقەر ھۈسەيىن پارسچىدىن كىرگەن قوشۇمچىلار قاتارىدا « ۋەن ــ بەن » نى كۆرسىتىدۇ . لېكىن بۇ قوشۇمچىنىڭ تارىخىي تۇغرىسىدا 1940 ــ يىلى بېسىم ئاتالاي ، 1983 ــ يىلى پەرھات جىلان ئېلان قىلغان ماقالىلارنى كۆرۈپ بېقىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، ئەقەللىسى بۇ قوشۇمچىنىڭ «مەن ــ مەند» ئىكەنلىكىنى يادىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ( قاراڭ ، «تېزىسلار » 399 ــ بەت ) .

مېنىڭ ئەپسۇسلىنىدىغىنىم . بۇ تەنقىد ئەينى ۋاقىتتا قىلىنغان بولسا ، ئېلىك بولمىغاندىمۇ تەنقىد ئاپتورىنىڭ ئىشتىراكىدا يېزىلغان «تېزىسلار» دېگەن ئەسەر كەڭ جامائەتچىلىك بىلەن

يۈز كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى يېزىلغان بولسا، مەنمۇ، ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ، شۇنىڭدەك باشقىلارمۇ بۇ مەسىلىدە كاللىمىزنى بىر سىلكىپ، سەگەكلىشىپ قالغان بولاتتۇق. مۇشۇنداق بىر تەنقىد بېرىلمىگەنلىكتىن، مېنىڭدىن كېيىن، ھەتتا مېنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «بۇلاق» ژۇرنىلىدا كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزغا دائىر ئېلان قىلىنغان ماتېرىياللاردا مەن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلاردەك نۇرغۇن خاتالىقلار يۈز بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، خۇداغا شۈكرى، ھېلىمۇ ئەسقەر ھۈسەيىن ئاغزىنى يۇزۇپلا بىر نىمە دېمەپتۇ. ئاغزىنى يۇزغاندىمۇ نېمە دېگۈلۈك ئىدى؟ چۈنكى ھازىر ئىلمىي تەنقىد مۇشۇ ئۇسلۇبقا كىرىپ قالدى. بۇ تەنقىد مېنىڭ كاچىتىمغا ئۇرۇلغان قاتتىق بىر شاپىلاق بولدى، مېنى سەگەك قىلىپ قويدى، ئەمدى تەنتەكلىك قىلمايدىغان بولدۇم. قېنى ئەمدى، بىزنىڭ بۇ تەنقىدچىمىز ئۆزىنىڭ يۇقىرىدا چاندۇرۇپ قويغان نۇقتىلىرىنى چوڭقۇر مەنىلىك بايانلىرى ئارىسىدا ئاشكارىلىنىپ قالغان «ئالاھىدە ئىلمىي قابىلىيىتى» نى ئىقرار قىلالامدۇ؟ شۇنىڭدەك بۇ يەردە ئېيتىلمىغان بولسىمۇ ئۆزى ئىشلىگەن كلاسسىك ئەدەبىياتقا دائىر ئەسەرلەردە ئۆتكۈزگەن كەمچىلىكلىرىنى مۇشۇ تەنقىدكە سەكرەپ چىققاندىكى جۇرئەتچانلىقى بىلەن تەن ئالالامدۇ؟ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىگە، شۇنىڭدەك ترانسكرىپسىيە مەسىلىسىدە ھازىرمۇ بېيەرۋالىق قىلىۋاتقان، ھۆسنى تاپمايۋاتقان ياكى كلاسسىك شېئىرىيەت تېكىستلىرىنى بۇرمىلاۋاتقان، كلاسسىك تېكىستلارنى ئۆيدۇرۇپ چىقىرىۋاتقانلارغا تەمكىن قوللىرى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات ئۇرالامدۇ؟

بىزنىڭ كلاسسىك شېئىرىيەت ترانسكرىپسىيىسى ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىمىزغا تېخى ئۇزۇن بولمىدى. بۇ ساھەدە تەجرىبىمىزمۇ، قولىمىزدىكى ماتېرىياللارمۇ ئىنتايىن ئاز. بەزىدە بىر ئەسەرنىڭ سېلىشتۇرىدىغان باشقا نۇسخىسى يوق، بىر قىسىم ئەسەرلەرنى ئالمۇتا، تاشكەنتلەردە قىلىنغان تەييار ترانسكرىپسىيىدىن كۆچۈرۈپ ئالدۇق. ئۇنى سېلىشتۇرۇپ باقمىدۇق. چاغاتاي تىلىنى بىر قەدەر بىلىدىغان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاز بولغانلىقى ئۈستىگە بۇ ھەقتە چوڭقۇر تەتقىقاتمۇ ئېلىپ بارمىدۇق. بۇ ساھەدە ساناقلىق بىر قانچە پېشىۋالىرىمىز بىر قەدەر بىلگەندىن سىرت، قالغانلىرىمىز يېڭى بوتۇلكا سۇ. بۇ ساھەدە تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنغان مەسىلىلەردىن كۆپ، ھەل قىلىنمىغانلىرى ھەل قىلىنغانلىرىدىن كۆپ ئالايلى. ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىنى قايسى مەنبەدىن ئېلىش مەسىلىسى، ئەرەب ـ فارس تىلى سۆزلىرىدىكى سوزۇلما سوزۇق تاۋۇشلار مەسىلىسى، ئاھاڭداش ياكى شەكىلداش سۆزلەر مەسىلىسى، ئەرەب ـ پارس تىلى سۆزلىرىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلەش بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئاھاڭداشلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى... قاتارلىقلار ھازىرمۇ ھەل قىلىنمىغان مەسىلىلەردۇر.

شۇڭا، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىم بىلىدۇ؟ دېگەن مەسىلە مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى بىلگەنلىرىمىزمۇ، بىلمىگەنلىرىمىزمۇ كەمتەرلىك بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، شۇنداق قىلىپ بۇ ساھەدە بولۇۋاتقان قالايمىقانچىلىقلارنى تۈگىتىش، بۇ يەنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك. مانا بۇ ھەقىقىي بىلگەن بىلەن بىلمىگەننى سىنايدىغان بىر ئىمتىھان.

# مىنكۈن باتۇر ۋە ئۇنىڭ باللىرى

## 2

### شاھزادە قۇتبۇل

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتتا، بەكمۇ بۇرۇنقى زاماندا مىنكۈن باتۇر دەپ ئەل ـ يۇرت سۆيەر، ئادىل بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ ئۇزۇن ياشاپ، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن شاھ شىرخان دەپ بوۋىسى، بوۋىسىدىنمۇ ئۇزۇن ياشىغان، 47 يۇرت پادىشاھىنى سورىغان مىرزان شاھ دەپ ئاتىسى بولغانىكەن. مىنكۈن باتۇر ئاتىسى مىرزان شاھنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ 47 يۇرتنى بىر يۇرتتەك ئىناقلاشتۇرۇپ ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. سورىغاندىمۇ ئاتىسىدىنمۇ ئۇزاق سوراپتۇ ھەم ئاتىسىدىن ئۇزۇن ياشاپتۇ. ئۇنىڭ نۇرغۇن باللىرى بولۇپ، باللىرى ئىچىدە قۇتبۇل دەپ بىر ئوغلى بولغانىكەن. ئۇ، ئاتىسىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان باللىرىنىڭ بىرى ئىكەن. قۇتبۇل تاكى بالاغەتكە يەتكىچىمۇ يا لەشكىرى ئىشلارغا ياكى ئوردا ئىشلىرىغا زادىلا قىزىقماپتۇ. ئۇنىڭ قىزىقىدىغىنى يۇرت ئارىلاپ جاھان كېزىش ئىكەن. مىنكۈن باتۇر ئۇنى ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىپ قويۇش مەقسىتىدە ئۆز تەۋەسىدىكى 47 يۇرتنىڭ مەلىكىلىرى ئىچىدىن ھەر ـ ھەر گۈزەل قىزلارنى تاپسىمۇ، يۇرت كېزىمەن، ئۆيلەنمەيمەن، دەپ ئاتىسى تاپقان لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسىنى قوبۇل تاپماپتۇ. ئوغلىنىڭ غەلىتە مىجەزىدىن ئۆكۈنۈپ، ئۇنى بىر مەھەل مەيلىگە قويۇپ بېرىپ باقماقچى بوپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل بىر كۈنى ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئاي تۈڭلۈكتىن ئۆيگە چۈشۈپتۇ. ئۆينىڭ ئىچى يوپيورۇق بولۇپ، ئاي بارغانسېرى يوغىناپتۇ. يوغىنا ـ يوغىنا گۈزەل بىر ساھىپجامال قىزغا ئايلىنىپ قۇتبۇلنىڭ قوينىغا كىرىپتۇ. تاڭ سۈزۈلۈشتىن بۇرۇن قۇتبۇلنىڭ قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، يۇقىرى ئۆرلەپ، ئاسمانغا سىڭىپ كەتكەندەك كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل «ئاي، ئاي!» دەپ توۋلاپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. كۆزىنى ئاچسا چۈشى. شاھزادە قۇتبۇل ئۇ كۈنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەتىسى ـ ئاخشىمى خىلى چاغقىچە ئۇيقۇسى
كەلمەپتۇ. خىيالدىن ئاي قىز كەتمەپتۇ.
خىيال بىلەن بولۇپ قايسى چاغدا ئۇخلاپ
قالغىنىنى بىلمەپتۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ ئال-
دىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش چۈش
كۆرۈپتۇ. ئۈچىنچى كۈنىمۇ شۇنداق بوپتۇ.
بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ خىياللا سۈرۈپتۇ.
باشقىلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىغا كىرمەپتۇ.
بەزىلەر ئۇنىڭدىن گەپ سورىسا تاقا ـ تۇقا
جاۋاب بېرىپتۇ. قۇتبۇلدىكى بۇ غەلىتە ئۆز-
گىرىشكە ھەيران قېلىشىپتۇ. ھەتتا بەزىلەر
قۇتبۇل شاھزادە ئېلىشىپ قاپتۇ، دېيىشىپتۇ.
ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشكە مىنكۈن باتۇرمۇ
دىققەت قىلغانىكەن. ئۇمۇ ئوغلى ئۈستىدە
خىيالغا پېتىپتۇ، بېشى قېتىپتۇ. ئوغلىدىن
خىيالچان بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى
سوراپتىكەن، كۆرگەن چۈشىنى ئەينەن
سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھزادە قۇتبۇلنىڭ
چۈشىگە مىنكۈن باتۇرمۇ ھەيران قاپتۇ ھەم
خىيالغا چۆكۈپتۇ. «مەن ئوغلۇمغا شۇنچە
باش قاتتۇرۇپ ئىقلىمدا ئاز تېپىلىدىغان
گۈزەل مەلىكىلەردىن لايىق تاپسام
بىرسىنىمۇ ياراتمىغانىدى. ئۇنىڭغا بۇيرۇل-
غىنى باشقا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ،
قۇتبۇلنىڭ قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى
سوراپتۇ.

— يۇرتتىن چىقىپ جاھان كېزىپ
باقاي دەيمەن. شۇنداق قىلسام چۈشۈمدىكى
قىزنى يولۇقتۇرۇپ قالارمەن، — دەپتۇ
قۇتبۇل.

مىنكۈن باتۇرنىڭ باشقا ئامالى بول-
مىغاچقا، ئوغلىنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى
بوپتۇ. قۇتبۇلغا 40 قېچىرغا مال ئارتىپ 40
يىگىت بىلەن كارۋانلارغا قوشۇپ يولغا
سالپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل يولغا چىقىش ئال-
دىدا مىنكۈن باتۇر:

— ئوغلۇم، جاھان كېزىش
سەپىرىگە ئاتلىنىۋاتىسەن. سەن يۇرتتىن
چىقىپ باقمىغان، بېشىڭدىن ئىسسىق ـ
سوغۇق ئۆتمىگەن، جىق ئىشلاردىن خەۋ-
رىڭ يوق. شۇڭا كارۋانلاردىن ئايرىلما،
بىرەر ئىش قىلماقچى بولساڭ ھەمراھلىرىڭ
بىلەن مەسلىھەتلەش، ئۇلارنى
تاشلىۋەتكۈچى بولما. ساڭا مېنىڭ مۇنداق
ئۈچ نەسىھىتىم بار، ئېسىڭدە چىڭ ساقلا:
بىرىنچىسى، ئەگەر بىرەر گۇناھسىزنىڭ نا-
ھەق جازالىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ،
ھەرقانچە چىقىم تارتساڭمۇ ئۇنى جازادىن
قۇتقۇلدۇرۇۋال، ھامان بىر كۈنى ئۇنىڭ
ساۋابىنى كۆرىسەن؛ ئىككىنچىسى، ئاجىز ـ
ئورۇق، غېرىپ ـ مۇساپىرلارنى بوزەك
قىلما، بەلكى ياردەم قىلىپ ھاجىتىنى راۋا
قىل؛ ئۈچىنچىسى، بېشىڭغا ھەرقانداق كۈن
چۈشسىمۇ، بولۇپمۇ ياخشى كۈنلىرىڭدە
ھەمراھلىرىڭنى تاشلىۋەتمە، بىللە كېتىپ،
بىللە قايتىپ كەل، — دەپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل دادىسىنىڭ
نەسىھىتىنى كۆڭلىگە ئورنىتىپ، رازىلىقىنى
ئېلىپ، تۈرلۈك قىممەت باھالىق مال
ئارتىلغان 40 قېچىرنى ئالدىغا سېلىپ، 40
يىگىتنى ھەمراھ قىلىپ كارۋانلارغا قېتىلىپ
يولغا چىقىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كۈن ماڭغاندىن
كېيىن ئىككى يول ئاچىسىغا كېلىپ قاپتۇ.
ئوڭ تەرەپتىكى يول ئانچە ئۇزۇن ئەمەس
ئىكەن. بۇ يولدا يەنە ئۈچ كۈن ماڭسا بىر
شەھەرگە بارىدىكەن. كارۋانلار شۇ يۇرتنى
ئارىلاپ چىققانىكەن. سول تەرەپتىكى يول
ئۇزۇن بولۇپ، يېقىن ئارىدا يۇرت، مەھەللە
يوق ئىكەن. بىرنەچچە كەڭ چۆل ۋە
جاڭگاللىقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن

يۇرت قارىسى كۆرۈنىدىكەن . شاھزادە قۇتبۇل يىراقلارغا بېرىپ جاھان كېزىشنى ئارزۇ قىلغاچقا ، سول تەرەپتىكى يولغا ماڭماقچى بوپتۇ . كارۋان باشلىقى ئۇ يولنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھەرقانچە ئېيتسىمۇ ، شاھزادە قۇتبۇل مۇشۇ تەرەپكە ماڭغىنىم ماڭغان ، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ . كارۋانلار ئۇلارنى ئىلاجىسىز خەتەرلىك يولغا ماڭدۇرۇپ بولۇپ ، ئۆزلىرى نىشانلىغان ئوڭ تەرەپتىكى يولغا مېڭىپتۇ . كارۋانلار ئۆز يو-لىدا كېتىۋەرسۇن ، ئۇلارنى يولدا قويۇپ قۇتبۇل شاھزادىدىن گەپ ئاچايلى .

شاھزادە قۇتبۇل 40 يىگىتى بىلەن سول تەرەپتىكى يولغا چۈشۈپ يەتتە كۈن يول يۈرۈپتۇ بىرەر يۇرت ، مەھەللە ، ھەتتا بىرەر ئادەمنىڭ سايىسىنىمۇ ئۇچراتماپتۇ . كەچكە يېقىن قويۇق بىر ئورمانلىققا كېلىپ قاپتۇ . ئۇلار كېچىنى ئورمانلىق بويىدا ئۆتكۈزۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقاندا ، ئورمان-لىق ئىچىدىن چىقىۋاتقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازلار ئاڭلىنىپتۇ . بۇ ئەتراپتا بىرەر ئۆيمۇ كۆرۈنمىسە ، بۇ نەدىكى ئادەملەرنىڭ ئاۋازىدۇ ، دەپ ئويلىغان شاھزادە قۇتبۇل بىر نەچچە يىگىتلىرى بىلەن ئاۋاز كەلگەن تە-رەپكە قاراپ مېڭىپتۇ . ئۇلار ئورمانلىق ئىچىگە كىرسە بىر توپ لەشكەر بىر ئادەمنى دەرەخكە بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئېسىپ قويۇپ چېپىشقا تەمشىلىۋاتقانىكەن . بۇنى كۆرگەن شاھزادە دادىسى مىنكۈن باتۇرنىڭ بىرىنچى نەسىھىتىنى ئېسىگە ئېلىپ «دادام كۆزدە تۇتقان بىگۇناھ ئادەم مۇشۇ ئوخ-شايدۇ ، مەن ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاي ، قىلغان ياخشىلىقىم ئۇچۇن بىرەر ساۋاب تاپارمەن » دەپ ، ئويلاپ لەشكەر باشلىقىغا :

— توختاپ تۇرۇڭلار ، بۇ ئادەمنى نېمىشقا چاپماقچى بولسىلەر ؟ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە لايىق قانداق گۇناھى بار؟ — دەپ سوراپتۇ . لەشكەر باشلىقى :

— ئەي شاھزادە ، بۇنىڭ گۇناھى بەك ئېغىر ، بۇ تەلۋە بىزنىڭ پادىشاھىمىز-نىڭ ساھىپجامال مەلىكىسىنى ئوغرىلاپ قاچماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا تۇڭ-لۈكتىن چۈشۈۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قالغان . پادىشاھىمىز ئۇنى يۇرتتىن يىراق ئاپىرىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئەمر قىلدى ، — دەپتۇ .

— شاھزادە قۇتبۇل بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، سەپىرىدە تۇنجى يولۇققان بۇ گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشنى نىيەت قىپتۇ ـ دە، لەش-كەر باشلىقىغا :

— بۇ گۇناھكارنىڭ گۇناھىنى تىلىۋالاي ، سىلەر ئۇنىڭ گۇناھىدىن كەچسەڭلار ، مەن سىلەرنى رازى قىلسام ، — دەپتۇ .

لەشكەر باشلىقى يېنىدىكى بىر نەچچە چاپارمەنلىرى بىلەن بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ كۇسۇرلىشىۋالغاندىن كېيىن :

— بۇ تەلۋە پادىشاھىمىزنىڭ مەلە-كىسىنى ئوغرىلىماقچى بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى ئۆلتۈرۈش پادىشاھنىڭ ئەمرى تۇرسا ، بىز ئۇنى قايسى يۈرىكىمىز بىلەن ئۆلۈمدىن ئازاد قىلالايمىز ، — دەپتۇ .

— ئۇنى قويۇۋېتىشكىنىڭلارنى پادى-شاھىڭلارغا دېمىسەڭلار بولىدىغۇ ، — دەپ شاھزادە قۇتبۇل ئۇلارنىڭ پادىشاھىغا نېمە دەپ بېرىشنىڭ يولىنى ئۆگىتىپتۇ . لەشكەر باشلىقى يەنە ئادەملىرى بىلەن مەسلىھەتلە-شىۋېلىپ :

— ئەي، شاھزادە ، بۇ تەلۋىنىڭ

گۇناھىنىڭ ئېغىرلىقىنى بىز ساڭا ئېيتتۇق . ئۇنىڭ ئون ئۆلۈمگە لايىق گۇناھىنى ئاز مال ـ دۇنيا بىلەن تىلىۋالغىلى بولمايدۇ ، ــ دەپتۇ .

ــ قانچىلىك نەرسە بەرسەم ئۇنى قويۇپ بېرىسىلەر ؟ ــ دەپ سوراپتۇ شاھزادە .

ــ بىز 40 ئادەم . ھەر بىرىمىزگە ئوخشاش قىممەتتە بىر قېچىرلىق مال ـ دۇنيا بېرىپ ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىۋال ، بولمىسا يولۇڭغا كېتىۋەر ، ــ دەپتۇ لەشكەر باشلىقى .

شاھزادە قۇتبۇل 40 قېچىردىكى ماللارنى قېچىرلىرى بىلەن قوشۇپ بېرىپ گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن تىلىۋاپتۇ .

لەشكەر باشلىقى 40 قېچىرلىق مالغا ئىگە بولغاندىن كېيىن ، ئادەملىرى بىلەن ئۆز شەھىرىگە قاراپ يول ئاپتۇ . ئۇلار قۇتبۇل شاھزادىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە يولدىن بىر مال سېتىۋېلىپ ئۆلتۈرۈپ ، قېنىغا ھېلىقى گۇناھكارنىڭ كىيىملىرىنى مىلەپ پادىشاھنى ئىشەندۈرۈپ خاتىرجەم قىلماقچى بوپتۇ .

شاھزادە قۇتبۇل يىگىتلىرى بىلەن ئورمانلىقتا چۈشكۈن قىلىپ قونۇپتۇ . ئۇزۇن يول يۈرۈپ ھېرىپ كەتكەچكە ، ئەتىسى خېلى ۋاقىتقىچە ئۇخلاپتۇ . ئويغىنىپ قارىسا كۈن ئىككى غۇلاچ ئۆرلىگەن . ئۇلار ئاندا ـ مۇندىلا غىزالىنىپ يولغا چىقماقچى بوپتۇ . يىگىتلىرى :

ــ ھەي شاھزادە ، بىر گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرىمەن ، دەپ 40 قېچىرلىق مالنى قېچىر بىلەن قوشۇپ ئۇلارغا بېرىۋەتتىڭ . يول ئۇزۇقلىرىمىزمۇ قېچىرلارغا قاچىلاغلىق ئىدى . ئۇزۇقسىز قالدۇق ، ئەمدى قانداق قىلىمىز ؟ ــ دېيىشىپتۇ .

شاھزادە ئويلىسا راست ، قالغان ئازراق ئوزۇق بىلەن بۇنچىۋالا ئادەم قانداق قىلىدۇ ، بۇ ئۇزۇن يول قاچان تۈگەيدۇ ؟ ئۇ ئويلاپتۇ ، ئويلاپتۇ . 40 يىگىتلىرىمنى يول ئازابى تارتقۇزغىنىمنىڭ ئۈستىگە ئاچلىقتا قىينىسام بولمىغۇدەك ، دەپ ئاخىرى بىر قارارغا كېلىپ ، يول ۋە ئاچلىق ئازابىنى مەنلا تارتاي ، مېنىڭ سەۋەبىمدىن سىلەر قىينىلىپ يۈرمەڭلار ، بولمىسا ساۋاب تاپمەن دەپ بىر گۇناھكارنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىنىم بىكار بولىدۇ ، دەپ 40 يىگىتنى يۇرتقا قايتۇرۇۋېتىپتۇ .

ئەمدى قۇتبۇل شاھزادە بىلەن ھېلىقى گۇناھكار يىگىتكە كېلەيلى . قۇتبۇل شاھزادە ئوزۇق ـ تۈلۈك ئارتىلغان يەنە بىر قېچىرغا ھېلىقى گۇناھكارنى مىندۈرۈپتۇ . ئىككىسى يولغا چىقىپ مېڭىپتۇ . ماڭغاندىمۇ توختىماي مېڭىپتۇ ، ئەمما تۈزلۈك پاراڭلاشماپتۇ . كۈن پاتار مەزگىلدە ئورمان تۈگەپ ، كەڭرى يايلاق باشلانغان بىر تۈزگە كېپتۇ . قارىسا بىر بۇلاق تۇرغۇدەك . ئۇلار بۇلاق بويىغا چۈشكۈن قىپتۇ ، گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ . غىزالىنىپ ئاچ قورسىقىنى توقلاپ بولغاندىن كېيىن قۇتبۇل شاھزادە :

ــ ھەي يىگىت ، مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇلدۇرىمەن دەپ 40 قېچىرلىق مال ۋە قېچىرلىرىمدىن ئايرىلدىم ، 40 ھەمراھلىرىمنى قايتۇرۇۋېتىپ ئۆزۈملا قالدىم . بۇنى بىلەمسەن ؟ ــ دەپ سوراپتۇ . ھېلىقى گۇناھكار :

ــ ئەي شاھزادەم ، ئۆزىڭىز بۇرۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان مەندەك بىر قىز ئوغرىسىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىمەن دەپ ھەممە

نەرسىلىرىڭدىن ئايرىلغىنىڭىزنى بىلىپ
تۇردۇم. بۇ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن ئۆمرۈم
بويى تاپان ئاستىڭىزدا خىزمىتىڭىزنى قىل-
سامۇ، ياخشىلىقىڭىزنىڭ ھەققى تۈگىمەيدۇ.
بۇ ياخشىلىقىڭىزغا ۋاقتى كەلگەندە چوقۇم
ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، —
دەپتۇ. ئۇلارنىڭ قىلىشقان پارىڭى
شۇنچىلىكلا بوپتۇ. ئۇلار ئۇخلاپتۇ. ئەتىسى
سەھەر تۇرۇپ يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ.
ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئىككى كۈن يول
يۈرۈپتۇ. كەچتە بىر مەھەللىنىڭ چېتىگە
كېلىپ چۈشۈپتۇ. غېرىبلىنىپ بولۇپ
ئۇخلايدىغان چاغدا گۇناھكار يىگىت:

— ئەي شاھزادە، بۈگۈن مەن ساڭا
ھەمراھ بولالمايمەن. ئارامىڭنى ئېلىپ،
ئۇيقاڭنى ئۇخلاپ تۇر. مېنىڭ ئازراق ئىشىم
بار. ئەتە سەھەردە يېتىپ كېلىمەن. چاي
ۋاقتىغىچە ساقلا. شۇ چاغقىچە يېتىپ كې-
لەلمىسەم، بىرەر پالاكەتكە يولۇقۇپتۇ، دە
يولۇڭغا مېڭىۋەر، — دەپتۇ.

مەن سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قال-
غىنىم ئۈچۈن ماڭا ھەمراھ بول، دېمەيمەن،
سەن ئازاد، نەگە كەتسەڭ ئۆز ئىختىيارىڭ.
سەندىن بۇ كېچە نېمە قىلماقچىسەن؟ دەپتۇ
سورىمايمەن، پەقەت ئىسمىڭنى سو-
رىۋالاي، — دەپتۇ قۇتبۇل شاھزادە.

— مېنىڭ ئىسمىم غايىپزادە. مېنىڭ
نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈمگە بۇيرۇلۇپ قالغىنىم
ساڭا ئايان. ئەمما زادى قانداق ئادەملىكىم
تېخى ساڭا مەلۇم ئەمەس. بۇ تەرىپىمنى ھا-
زىر ساڭا ئاشكارىلىمايمەن، كېيىن بىلىپ
قالىسەن، مەن كەتتىم، — دەپتۇ — دە،
گۇناھكار يىگىت شاھزادە بىلەن خوشلىشىپ
يولىغا راۋان بوپتۇ. قۇتبۇل شاھزادە ئورنىدا
ئۇخلاپ تۇرسۇن، غايىپزادىگە كېلەيلى.

غايىپزادىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىغا
كەلسەك، ئۇ ئۇدۇل ساھىپجامال قىزنى
ئوغرىلىماقچى بولغان ھىيلىقى پادىشاھنىڭ
شەھىرىنى قارىلاپ مېڭىپتۇ. تۈن تەڭ
بولۇپ، ئادىمزاتتىن تارتىپ جىمىكى مەخ-
لۇق ئۇيقۇغا غەرق بولغان چاغ ئىكەن.
يىگىت ئۇستىلىق بىلەن پادىشاھنىڭ ئور-
دىسىغا كىرىپتۇ. پادىشاھ قىزىنى ئەتىۋارلاپ
ئوردىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى 40 پەللەمپەيلىك
راۋاقنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۆيدە
ساقلايدىكەن. ھەر ئون پەللەمپەينىڭ بىر
ئەگمىسىگە بىردىن قاراۋۇل قويۇپ
مۇھاپىزەت قىلىدىكەن. پادىشاھدىن تارتىپ
قاراۋۇللارغىچە ھەممىسى ساھىپجامال قىزنى
ئوغرىلىماقچى بولغان ئوغرىنى ئۆلتۈرۈلدى،
دەپ قارىغاچقا، قىزدىن خاتىرجەم ئىكەن.
يىگىت قارىغۇدەك بولسا، قاراۋۇللارنىڭ
ھەممىسى عەرق ئۇيقۇغا كەتكەن. غايىپزادە
يىگىت شەپە چىقارماي پەم بىلەن مېڭىپ قىز
ياتقان ھۇجرىغا كىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيگە
كىرگىنىنى قىز تۇيۇپ قېلىپ، قورقۇپ
كېتىپ ۋارقىراشقا تەمشىلىپتىكەن، يىگىت:

— ئەي مەلىكە، ۋارقىرىماڭ، بۇ،
مېنىڭ قېشىڭىزغا ئۈچىنچى قېتىم كىرىشىم.
بىرىنچى قېتىم كىرگىنىمدە ۋارقىراپ كېتە-
ۋىدىڭىز، ئىلاجىسىز قېچىپ چىقىپ
كەتتىم. ئىككىنچى قېتىم كىرگىنىمدە ۋار-
قىرىمىغان بولسىڭىزمۇ، ئوردىدىن چىقىپ
كېتىدىغان چاغدا مەلۇم قىلىپ قويۇپ تۇ-
تۇپ بەردىڭىز، سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن
دادىڭىز مېنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدى. دادىڭىزنىڭ
جاللاتلىرى مېنى چاپىدىغان چاغدا يۇرت
كېزەر بىر ئادەمنىڭ گۇناھىمنى 40 قېچىرلىق
مالغا سېتىۋېلىشى بىلەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ
قېلىپ، ئۈچىنچى قېتىم مانا يەنە قېشىڭىزغا

كىردىم . مەن بىر قېتىم ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان
ئادەم . ئەگەر مېنى يەنە تۇتۇپ بەرمەكچى
بولسىڭىز ، مېنىمۇ ، ئۆزىڭىزنىمۇ
تۈگەشتۈرىسىز . تىرىك قالاي دېسىڭىز مەن
بىلەن مېڭىڭ ، ـــ دەپ پىچاقنى مەلىكىنىڭ
بوغۇزىغا دەڭلەپتۇ . مەلىكە : ئۈن چىقار ساملا
بۇ جېنىدىن تويغان ، ئۆلۈمدىن قورقمايدىـ
غانىنىڭ قولىدا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن ، ماڭا
بۇيرۇلغىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ . تەقدىرىمگە
تەن بېرىپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىپ باقاي ،
بىر گەپ بولار ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ،
لازىملىق نەرسە ـ كېرەكلىرىنى بىر كىچىك
قۇتىغا سېلىپ تەييار بوپتۇ . غايىپزادە يىگىت
هۇجرىدىكى چوڭ بىر ساندۇقنى بىكارلاپ ،
قىزنى ئىچىگە ساپتۇ ، ئاغزىنى قۇلۇپلاپ
كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ . قاراۋۇللار بايىقىدەك
قاتتىق ئۇيقۇدا ئىكەن . يىگىت ساندۇقنى
كۆتۈرگىنىچە 40 پەلەمپەيدىن پەم بىلەن
چۈشۈپتۇ . كىرگەن جايدىن سىرتقا چىقىپ
ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپ بولۇپ ، «ئەگەر
قاراۋۇللارنىڭ بىرەرسى ئويغىنىپ قېلىپ ،
مەلىكىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ قالسا ، پادىشاھ
تەرەپ ـ تەرەپكە لەشكەر ماڭدۇرىدۇ . بۇ
ئات مېنى ، ئېغىر ساندۇق بىلەن قىزنى كۆـ
تۈرۈپ ماڭالمايدۇ . تۇتۇلۇپ قالسام ئىش
چاتاق بولىدۇ . پادىشاھنىڭ تۇلپارىنى ئوغـ
رىلاپ چىقاي ، دەپ ئويلاپدۇ ـ دە ، ئېتى
بىلەن ساندۇقنى بىر دالدىغا يوشۇرۇپ قوـ
يۇپ ، يەنە ئوردىغا كىرىپ ئاتخانا ئىشىكىگە
يېقىن بارسا ، ئاتخانىنى ئىككى تەرەپتە 17
دىن 34 جىسەكچى ئايلىنىپ يۈرگەن .
يىگىت ئۆز هېكمىتىنى ئىشقا سېلىپ جىـ
سەكچىلەر ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ
ئاتخانىغا كىرىپتۇ . پادىشاھنىڭ سۈتتەك
ئاق ، تۇخۇمدەك سىمىز تۇلپارىنى
كۆتۈرگىنىچە ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئوردىدىن
چىقىپتۇ . تۇلپارنى ساندۇقنىڭ يېنىدا قويۇپ
قويۇپ ، يەنە ئوردىغا كىرىپتۇ . پادىشاھ
تۇلپارىنىڭ ئىگەر ـ جابدۇق ، يۈگەنلىرىنى
هەرەمخانىسىدىكى ئۆزى ياتىدىغان شاهانە
كارىۋاتىنىڭ ئاستىدا ساقلايدىغانلىقىنى يىـ
گىت بىلىدىكەن . تۇلپار ئۆزىنىڭ
يۈگىنىدىن باشقا يۈگەننى ئاغزىغا سالدۇرـ
مايدىكەن ، باشقا ئىگەرنى توقۇتمايدىكەن ،
پەقەت ئۆزىنىڭ ئىگىرىنى توقۇپ ، ئۆزىنىڭ
يۈگىنىنى سالغان كىشىنىلا مىندۈرىدىكەن .
ئۇنىڭدىن باشقا هەر قانداق ئادەمنى چىشلەپ
ـ تېپىپ ، چاپچىپ زادىلا مىندۈرمەيدىكەن .
بۇنىڭدىنمۇ يىگىتنىڭ خەۋىرى بار ئىكەن .
غايىپزادە يىگىت ئۇستىلىق بىلەن پادىشاھ
ياتقان قەسىرگە كىرىپتۇ . كارىۋات ئاستىـ
دىن ئىگەر ، يۈگەننى ئاپتۇ . قانداق
كىرگەن بولسا يەنە شۇ يولى بىلەن ئوردىـ
دىن چىقىپ ، ئات ، ساندۇقنىڭ قېشىغا
كېپتۇ . تۇلپارنى ئىگەرلەپتۇ ، يۈگەننى
ساپتۇ . ساندۇقنى ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاتقا
ئارتىپ باغلاپتۇ ، ئۆزى تۇلپارغا مىنىپ
يولغا قايتىپتۇ . كۈن چىقىش بىلەن تەڭلا
قۇتبۇل شاهزادە قالغان ئوتلاقتا يېتىپ
كېپتۇ . شاهزادىمۇ يىگىتنىڭ كېلىشىنى
كۈتۈپ ئېتىنى توقۇپ تەق بولۇپ
تۇرغانىكەن . غايىپزادە يىگىت كەينىدىن
لەشكەرلەرنىڭ قوغلاپ كېلىپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ دەرهال مېڭىپ كېتىشكە ئالـ
دىراپتۇ . قۇتبۇل شاهزادە ئۇنىڭ بۇ
ئالدىرىشىدىن ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ ، سەـ
ۋەبىنى سورىمايلا ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ
يولغا ئاتلىنىپتۇ . ساندۇقتىكى نېمە ؟ دەپمۇ
سورىماپتۇ . ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە توختىماي
ئۈچ كۈن يول يۈرۈپتۇ . تاماقلىنىش ئۈچۈن

چۈشكۈن قىلىپ، شاھزادە ئوتۇن تەرگىلى كەتكەن ۋاقىتتا غايىپزادە يىگىت ساندۇقنى ئېچىپ قىزغا ئوزۇقلۇق نەرسە ۋە سۇ بېرىدىكەن. ساندۇقنى تاراقشىتىپ قويماسلىقىنى، ئەگەر شۇنداق قىلىپ قويسا ئۆلتۈرۈۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قورقۇتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۈچ كۈن ماڭغاندىن كېيىن، قۇتبۇل شاھزادىنىڭ كاللىسىغا «بۇ يىگىت ساندۇقتا نېمە بارلىقى توغرۇلۇق گەپ قىلايمۇ دېمەيدۇ يا ئۇنى ئېچىپ باقمايدۇ. ۋاقتانى ۋاق كەلگەندە ماڭا قۇرۇق ساندۇقنى كۆتەرتىپ قويامدۇ ـ قانداق؟» دېگەن گۇمان پەيدا بوپتۇ ـ دە، يىگىتتىن:

— ھەي بۇرادەر، غايىپزادە، بۇ نېمە ساندۇق؟ يا ئېچىپ كۆرسەتمەيسەن ياكى ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دېمەيمەن. ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى بىلمىگىچە ماڭمايمەن، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئەي شاھزادەم، تاقەت قىل، ھازىر ساندۇقنى ئاچىدىغان ياكى ئىچىدە نېمە بارلىقىنى دەيدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەگەر ساندۇقنى ئاچساقلا چوڭ بالا ـ قازاغا قالىمىز. يەنە بىرنەچچە كۈن تەخىر قىل، قوغلاپ كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەردىن قۇتۇلايلى، — دەپتۇ غايىپزادە يىگىت.

قۇتبۇل شاھزادە «چوڭ بالا ـ قازا» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، بۇ بىر سىرلىق ساندۇق ئوخشايدۇ. قېنى تەخىر قىلىپ باقاي، دەپ ئويلاپ، ھېلىقى تەلىپىنى قايتا ئېغىزغا ئالماپتۇ.

ئۇلار ھارغاندا توختاپ ئارام ئاپتۇ، ئاتلىرىنى بېقىپتۇ. شۇ يوسۇندا يەنە ئۈچ كۈن يول مېڭىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى كۈن پاتاردىن سەل بۇرۇن ئەتراپى چىمەنلىك، بۇكباراقسانلىق دەرەخ تۈۋىدىكى بۇلاق بويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار ساندۇقنى ئاتتىن ئېلىپ يەرگە قويۇۋاتقاندا شاھزادىنىڭ قۇلىقىغا ئايال كىشىنىڭ يىغىسىدەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بىلىنىپتۇ. ئەتراپىغا قارىسا جىمجىت. دىققەت بىلەن قۇلاق سالغۇدەك بولسا، ئاۋاز ساندۇق ئىچىدىن چىقىۋاتقان. شاھزادىنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ:

— يا ساندۇقنى ئېچىپ ئىچىدە نېمە بارلىقىنى كۆرسەت، دىۋە ـ پەرە بولسىمۇ مەيلى كۆرەي، ياكى كۆرسەتمەيمەن، دەيدىكەنسەن، ئايرىلىپ كېتەيلى، سەن ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر. سېنى شۇنچە مال ـ دۇنيا تۆلەپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغىنىمنىڭ يۈزىنىمۇ قىلمىدىڭ، — دەپ خاپا بولغانلىقىنى ئىپادىلەپتۇ. غايىپزادە يىگىت:

— ھەي شاھزادە، مەن نېمە ئويدا، سەن نېمە كويدا. بۇ ساقدۇقتىكى نەرسە ساڭا تەئەللۇق. ئۇنى سەن ئۈچۈنلا ئوغرىلاپ كەلدىم. سەن دەپ تۇرۇۋالمىساڭمۇ، ئۇنى بۈگۈنلا ساڭا تاپشۇرۇپ بېرىۋېتىپ كەتمەكچى ئىدىم. لېكىن شەرتى ساندۇقنى مەن كۆزۈڭدىن يوقالغاندىن كېيىن ئېچىشىڭ كېرەك ئىدى. بوپتۇ، ئىشنى ئۆز قولۇم بىلەن ئاخىرلاشتۇراي، — دەپتۇ ـ دە، ساندۇقنى ئېچىپتۇ.

قۇتبۇل شاھزادە ساندۇققا شۇنداق بىر قاراپلا «ئاھ!» دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرگىچە بىر ھازا ۋاقىت ئۆتۈپتۇ.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋېلىپ ساندۇققا ئوبدانراق قارا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىمكەن؟ — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت قۇتبۇل ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن.

قۇتبۇل بىتاقەت بولۇپ ساندۇققا

قارىغۇدەك بولسا، چۈشىدە كۆرگەن، يۈرىكىنى كۆيدۈرگەن، ئىشقى - پىراقىدا يۇرتىدىن چىقىرىپ يول يۈردۈرگەن ھېلىقى ساھىپجامال قىز. ساھىپجامال بولغاندىمۇ چۈشىدە كۆرگىنىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل بىر قىز ئولتۇرغان. مەلىكىمۇ قۇتبۇل شاھزادىگە بىر قاراپلا «سىز، ئاھ» دەپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ. يىگىت بۇلاق سۈيىدىن بىر ئوۋۇچ ئەكىلىپ مەلىكىنىڭ يۈزىگە سېپىپتىكەن، مەلىكە ھوشىغا كەپتۇ. غايىپزادە يىگىت قۇتبۇل شاھزادە بىلەن مەلىكىگە قاراپ:

— ھەي شاھزادە، بۇ مەلىكە سېنىڭ مەندەك بىر تونۇمايدىغان كىشىگە قىلغان ياخشىلىقىڭغا قىلغان جاۋاب سوۋغام. ئەھۋالىدىن قارىغاندا سىلەر بىر - بىرىڭلار بىلەن غايىبانە كۆرۈشكەن ئوخشايسىلەر. ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇپ قۇتلۇق ئۆتۈڭلار. ئەمدى مەن مۇشۇ يەردە قالىمەن. سىلەر يولۇڭلارنى داۋام قىلىڭلار. يولۇڭلار خەتەرلىك، پەخەس بولۇڭلار. بۇ يەردىن يەنە ئىككى كۈن ماڭغاندىن كېيىن قورغان قۇۋۇقلىرى كۆك سىرلىق بىر شەھەرگە بېرىپ قالىسىلەر. ئۇ شەھەرگە ھەرگىز كىرمەڭلار. ئۇ دىۋىلەر ماكانى. كىرىپ قالساڭلار دىۋىلەرگە يەم بولۇپ كېتىسىلەر. شەھەرنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن خەۋپتىن قۇتۇلىسىلەر. ناۋادا ئارا يولدا بىرەر خەۋپ - خەتەرگە يولۇقۇپ قالساڭلار «بارۇ - كېلۇر خەۋپ يېتۇر، ماڭا كىم ياردەم قىلۇر» دېسەڭلار، مەن شۇئان يېنىڭلاردا ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل بىلەن مەلىكە غايىپزادە يىگىتنىڭ ياخشىلىقىغا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپتۇ.

غايىپزادە يىگىت قۇتبۇل بىلەن مەلىكىگە كۆزۈڭلارنى يۇمۇڭلار، دەپتۇ. ئۇلار كۆزىنى يۇمۇپلا شۇئان ئاچقۇدەك بولسا، غايىپزادە يىگىت يەردىمۇ، كۆكتىمۇ يوق. ئىككىسى ھەيران قېلىشىپتۇ. «راست، ئۇ ھەقىقەتەن غايىپزادە ئىكەن» دېيىشىپتۇ.

— بۇ غايىپزادە يىگىت ماڭا بىز ئۈچۈنلا يولۇققانىكەن. مانا ئىككىمىزنى تېپىشتۇرۇپ قويۇپلا كۆزدىن غايىپ بولدى، — دەپتۇ شاھزادە قۇتبۇل.

مەلىكىمۇ قۇتبۇلنى چۈشىدە كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ قالغانىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كۆرگەن چۈشلىرىنى چەككەن كۈيۈك ئازابلىرىنى بىر - بىرىگە بايان قىلىشىپتۇ، ئۇزاق مۇڭدىشىپتۇ. بىر - بىرىگە ۋاپادار بولۇپ، ئىناق - ئىجىل ئەر - خوتۇن بولۇش ھەققىدە ۋەدىلەر قىلىشىپتۇ. ئۇلار بۇلاق تۈۋىدە بىر ئاخشامنى ئۆتكۈزۈپ، ئەتىسى سەھەردە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. شېرىن پاراڭلار بىلەن مېڭىپ ئىككى كۈنلۈك يولنى قانداق باسقانلىقىنى بىلمەيلا قاپتۇ. ئىككىنچى كۈنى كەچكە يېقىن كۆك دەرۋازىلىق، قورغانلىرى ھەيۋەتلىك بىر شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل مەلىكىنى دالدىراق بىر يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ:

— سىز تاماق تەييارلىغاچ تۇرۇڭ، مەن شەھەرگە كىرىپ باقاي، — دەپتۇ.

— ھېلىقى غايىپزادە يىگىت كۆك دەرۋازىلىق شەھەر يولۇقسا كىرمەسلىكنى تاپىلىغان ئەمەسمىدى؟ كىرمىسىڭىز قانداق. كۆڭلۈم بىر پالاكەتچىلىكنى سەزگەندەك قىلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە ئەندىشە قىلىپ، ئەمما ھەممىنى كۆرۈشكە قىزىققان شاھزادە قۇتبۇل غايىپزادە

يىگىتنىڭ نەسىھىتىنى ، مەلىكىنىڭ توسقۇ-
نىنى ئېلىپ ئالماي ، گېپىدە چىڭ
تۇرۇۋېلىپ كۆك دەرۋازىلىق شەھەر تەرەپكە
قاراپ مېڭىپتۇ . دەرۋازىغا يېقىن كەلسە ،
ئىككى دىۋە بىر - بىرى بىلەن چېلىشىپ
ئويناۋاتقانىكەن ، قۇتبۇلنى كۆرۈپلا :

— مانا ، مانا بىزنىڭ كەچلىك ئو-
زۇقىمىز ئۆز ئايىغى بىلەنلا كەلدى ، —
دېيىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ قۇتبۇل شاھزا-
دىنى تۇتقىنىچە دەرۋازا يېنىدىكى بىر
دەرەخنىڭ شېخىغا پۇتىدىن باغلاپ ئېسىپ
قويۇپتۇ . شاھزادىنىڭ بېشى چىڭقىلىپ ،
كۆزى قاراڭغۇلىشىپ ، ھېچنېمىنى ئېسىگە
ئالالماي قاپتۇ . دىۋىلەر قازانىنى تەييارلاپ ،
ئاستىغا ئوت يېقىپ قويۇپ ، شاھزادە قۇت-
بۇلنى باغلاقتىن يېيىشكە باشلاپتۇ . ئۇ شۇ
چاغدىلا دىۋىلەرنىڭ ئۆزىنى يېيىشكە تەم-
شىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ، غايىپزادە يىگىتنىڭ
سۆزىنى ئېسىگە كەلتۈرۈپتۇ . ئۇنى قازاننىڭ
يېنىغا ئەكېلىۋاتقاندا «بارۇ كېلۇر ، خەۋپ
يېتۇر ، ماڭا كىم ياردەم قىلۇر » دەپتىكەن ،
شۇ ئانلا ئاسمان گۈلدۈرلەپ ، چاقماق چاق-
قاندەك بىر سادا بىلەن چىنار دەرىخىگە
ئوخشايدىغان بىر نەرسە يەرگە چۈشۈپتۇ .
«ۋۇ دىۋىلەر ، نەس دىۋىلەر » دېگىنىچە ھې-
لىقى چىنار ئادەمگە ئايلىنىپتۇ . قۇتبۇل
شاھزادە قارىغۇدەك بولسا ، غايىپزادە يىگىت .
دىۋىلەر «تاپقان رىسقىڭ ھالال بولمسا ،
تۆپەڭدىن خۇدا ئۇرسۇن » دېگەن شۇ ،
دېيىشكىنىچە قۇتبۇلنى تاشلاپتۇ، شەھەر
ئىچىگە قاراپ بەدەر قېچىپتۇ . غايىپزادە
يىگىت قۇتبۇلغا :

— ئەي شاھزادە ، مەن ساڭا كۆك
دەرۋازىلىق شەھەرگە كىرمە ،
دېمىگەنمىدىم ، ئاگاھلاندۇرۇشۇمنى ئېسىڭدە
تۇتماپسەنغۇ ؟ — دەپتۇ .

— گېپىڭنى ئېسىمدە تۇتمىغان گۇ-
ناھ مەندە ، مېنى ئەپۇ قىل ، — دەپ شاھزادە
قۇتبۇل غايىپزادە يىگىتتىن كەچۈرۈم
سوراپتۇ . غايىپزادە يىگىت :

— ئەي شاھزادە ، سەن مېنى بىر
قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالغانىدىڭ ،
مەنمۇ سېنى بىر قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم
ھەم ئارزۇلىغان مەلىكەڭنى ئېلىپ بەردىم ،
مەندە ھەققىڭ تۈگىدى ، شۇنداقمۇ ؟ —
دەپتۇ .

— شۇنداق ، سەندە ھېچقانداق
ھەققىم قالمىدى ، بەلكى چۈشۈمدىكى مەلى-
كىنى ئوڭۇمدا ھازىر قىلىپ بەرگەن ھەققىڭ
مەندە قالدى ، — دەپتۇ ، قۇتبۇل شاھزادە .

— ياق ، سەندە مېنىڭ ھېچقانداق
ھەققىم يوق . مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغىنىڭنى
سېنىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇش بىلەن تۈگەت-
تىم . بۇ بىر گە بىر بولدى . مېنى دەپ
خالىسلىق قىلىپ نۇرغۇن مال - بىساتىڭتىن
ئايرىلدىڭ ، مەلىكىنى ئەكېلىپ بېرىشىم شۇ
خالىسلىقىڭنىڭ ھەققى ئۈچۈن بولدى . مال
- دۇنيايىڭغا رازى بول . بۇندىن كېيىن يەنە
دىۋىلەرگە ياكى باشقا بىرەر خەۋپكە چا-
قىرساڭمۇ ھازىر بولمايمەن . قېنى كۆزۈڭنى
يۇم ، — دەپتۇ .

شاھزادە قۇتبۇل كۆزىنى يۇمۇپتۇ .
بىر پەستىن كېيىنلا ئاچقۇدەك بولسا كۆز
ئالدىدىكى يىگىت يوق . شاھزادە يەنە ئو-
نىڭغا غايىبانىسىغا رەھمەت ئېيتىپ ،
مەلىكىسىنىڭ قېشىغا يېنىپ كېپتۇ ۋە بولغان
ئىشنى سۆزلەپ بېرىپ ، دىۋىلەر ماكانىدىن
شۇ ھامانلا كېتىشىپتۇ . ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە
ئۈچ كۈن مېڭىپتۇ . ئۈچىنچى كۈنى چۈش-
تىن قايرىلغان چاغدا يول ياقىسىدىكى يالغۇز

بىر ئۆي ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ . شاھزادە قۇتبۇلنىڭ بۇ ئۆيگىمۇ كىرىپ باققۇسى كېپتۇ .

— مەلىكەم ، سىز بىر ئاز ساقلاپ تۇرۇڭ ، مەن ماۋۇ ئۆيگە كىرىپ چىقاي ، — دەپتۇ قۇتبۇل .

— يالغۇز تۇگمەن ، يالغۇز دەرەخ ، يالغۇز ئۆيگە يېقىن يولىما ، دېگەن گەپ بار . كىرمىسىڭىز قانداق ؟ — دەپتۇ مەلىكە .

ھەممىنى كۆرۈشكە قىزىقىدىغان شاھزادە قۇتبۇلنىڭ كۆڭلى ئۆيگە تارتىپتۇ . نېمىلا بولسا مەيلى ، كىرىپ كۆرۈپ باقاي ، دېگەن خىيال بىلەن ئۆي تەرەپكە مېڭىپتۇ . ئىشىككە يېقىن بېرىپ ئادەم بارمۇ ؟ دە بىر قېتىم توۋلاپتۇ . ئۆيدىن زۇۋان چىقماپتۇ . يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىككى قېتىم توۋلاپ بېقىپتۇ . يەنىلا ئۆيدىن زۇۋان چىقماپتۇ . بۇ ئادەمسىز ئۆي ئوخشايدۇ ، كىرىپ قاراپ باقاي ، خەتەرلىك بولمىسا بىر كېچىنى ئۆتكۈزەرمىز ، دەپ ئويلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ . قارىغۇدەك بولسا ئۆي ياسداق ، ئۆينىڭ تۆرىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىرى كۆك ، بىرى قىزىل ئىككى كارىۋات تۇرغۇدەك . ھەربىر كارىۋاتتا بىردىن ئىككى گۈزەل قىز ئۇخلىغاندەك ياتقۇدەك . بۇلارنىڭ ھوشى يوق ئوخشايدۇ ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۈچ قېتىم توۋلىغىنىمدا ئويغانماسمىدى ، دەپ ئويلاپ ، ئۆي ئىچىگە قايتىدىن قاراشقا باشلاپتۇ . كۆزى كۆك كارىۋات ئۈستىدە كۆك قامچا قىزىل كارىۋات ئۈستىدە قىزىل قامچا ئېسىغلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ . كۆڭلىگە بىر ئىش كېچىپ كۆك قامچىنى ئېلىپ راسا قاتتىق بىرنى سوقۇپتىكەن ، كۆك كارىۋاتتىكى قىز كۆزىنى ئېچىپتۇ . قىزىل قامچىنى ئېلىپ سوقۇپتىكەن ، قىزىل كارىۋاتتىكى قىز كۆزىنى ئېچىپتۇ .

— ئەي يىگىت ، سىز ئادەم باللىسىمۇ ياكى دىۋە ـ دۆمۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ ئىككى قىز تەڭلا .

— مەن ئادەمزات ، ئۆزۈڭلار چۇ ؟ — دەپ قۇتبۇل قىزلاردىن سوراپتۇ .

— بىزمۇ ئادەمزاتى ، ئىككىمىز ئىككى پادىشاھنىڭ قىزى ئىدۇق . بىزنى ئىككى دىۋە ئوغرىلاپ ئەكىلىۋالدى ، — دەپتۇ قىزلار يىغلاپ تۇرۇپ .

— مەن سىلەرنى قۇتقۇزۇۋالاي ، — دەپتۇ قۇتبۇل شاھزادە .

— ھازىر دىۋىلەرنىڭ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى . ئۇلار بەك كۈچلۈك ھەم ئىنتايىن ۋەھشى . ئۇلار كېلىپ قالسا سىزنى ھەرگىز ساق قويمايدۇ ، تىرىك يېتىڭىزلا يەپ كېتىدۇ ، بىزگىمۇ ياخشى كۈن يوق . ھازىرلا چىقىپ كېتىڭ . دىۋىلەرگە بىزمۇ ئامال قىلالمايمىز . دىۋىلەر ھەر كۈنى سەھەردە كېتىپ كەچتە قايتىپ كېلىدۇ . ئەگەر سىزنىڭ چوقۇم بىزنى دىۋىلەر قولىدىن قۇتقۇزۇش نىيىتىڭىز بولسا ، ئەتە ئەتىگەندە دىۋىلەر كېتىشىگىلا كىرىڭ ، مەسلىھەتلىشىپ يولىنى قىلىپ كۆرەيلى ، — دەپتۇ قىزلار . قۇتبۇل شاھزادە مەلىكىلەرنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆرۈپ ، دىۋىلەر كەلگەندە نېمىلەر قىلىشىنى قىزلارغا ئۆگىتىپ قويۇپتۇ ـ دە ، قامچىلارنى سوقۇپ ، ئۇلارنى بۇرۇنقى ھالىتىدەك ياتقۇزۇپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ .

ئەمدى گەپنى ئىككى مەلىكە بىلەن ئىككى دىۋىدىن ئاڭلايلى . ئىككى دىۋىنىڭ بىرى كۆك ، بىرى قىزىل ئىكەن . ئۇلار دىۋىنىڭ ئەڭ بەتبەشىرىسى ، ئەڭ كۈچلۈكى ھەم ئەڭ ۋەھشىسى ئىكەن . ئۇلار قۇتبۇل

چىقىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ كېلىشىپتۇ. ئۆيگە كىرىشىگە بۇرنىغا ئادەم ھىدى ئۇرۇلۇپتۇ. ھەرقايسىسى ئۆز قامچىلىرىنى ئېسىغلىق يېرىدىن ئېلىشىپ بىردىن قاتتىق سوقۇپتىكەن، قىزلار ھوشىغا كېلىپ كۆزلىرىنى ئېچىپتۇ.

— ئۆيدىن ئادەمزاتنىڭ پۇرىقى چىقىۋاتىدۇ، كىم كەلدى، قېنى ئۇ ئادەملەر؟ — دەپ ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك بەھەيۋەت ھۆركۈشۈپ قىزلارنى قامچىلىغىلى دەۋەيلەپ كېلىشىپتۇ. مەلىكىلەر:

— بىز سىلەرنىڭ ئۇخلىتىپ قويغىنىڭلار بويىچە ھوشسىز ياتقان تۇرساق، ئادەمزات كەلدىمۇ، باشقا بىرسىمۇ، بىز ئۇنى قانداق بىلىمىز. ئۆزۈڭلەرمۇ بىلمەي تۇرۇپ بىزدىن سورىغىنىڭلار نېمىسى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. دىۋىلەرنىڭ بۇ گەپ بىلەن ئاغزى تۇۋاقلىنىپ، بايىقى ۋەھشىلىكى پەسكويغا چۈشۈپتۇ. كۆك كارىۋاتتىكى مەلىكە ئېغىز ئېچىپ:

— ئەي دىۋىزادەم، سىلەرنىڭ جېنىڭلار ئۆزۈڭلاردا ئەمەس ئوخشىمامدۇ، ھەرقانداق زەربىمۇ سىلەرگە پەقەت كار قىلمايدىكەن، — دەپتىكەن، كۆك دىۋە:

— جېنىمىز نەدە بولاتتى، ئۆزىمىز تۇرغان مۇشۇ ئاسماننىڭ تېگىدە، زېمىننىڭ ئۈستىدە، — دەپ تەنلىك جاۋاب بېرىپتۇ.

قىزىل دىۋە:

— بىزنىڭ جېنىمىزنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ نېمە قىلاتتىڭ. بۇنى ئەجەب سوراپ قېلىشتىڭغۇ؟ — دەپ تەگەشكە باشلاپتۇ. قىزىل كارىۋاتتىكى مەلىكە دەرھال ئېغىز ئېچىپ:

— سىلەرنىڭ جېنىڭلار تېنىڭلارنىڭ سىرتىدا ئوخشايدۇ. شۇڭا ھېچنەرسىدىن قورقمايسىلەر. بىزنىڭ جېنىمىز ئۆز تېنىمىزدە بولغاچقا، قورقۇپلا يۈرۈيمىز. بىز بىللە ياشاۋاتقىلى نەكەم زامان، لېكىن شۇ چاغقىچە ئۆز سىرىڭلارنى ئېيتماي، بىزدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتىسىلەر. ئەمدى بىزنى ھەيدىۋەتسەڭلارمۇ كەتمەيمىز ھەم كېتەلمەيمىز. ئەگەر بىزنىڭمۇ جېنىمىز سىلەرنىڭ جېنىڭلار بىلەن بىرگە تۇرغان بولسا، بىزمۇ سىلەردەك ھېچنەرسىدىن قورقماي خاتىرجەم يۈرۈۋېرەتتۇق، — دەپتۇ. مەلىكىنىڭ بۇ گېپىدىن دىۋىلەر ناھايىتى خوش بوپتۇ. مەلىكىنىڭ گېپىنى ئەمدى ئۇلار كۆڭلىگە تەن بېرىپ بىز بىلەن بىللە ئۆتۈشنى چىن كۆڭلىدىن خالاپتۇ، دەپ چۈشىنىپتۇ. چۈنكى ئۇلار ئادەمزاتنى دىۋىلەر زاتى بىلەن بىللە ئۆتۈشنى ئوڭايلىقچە خالىمايدۇ، دەپ قارايدىكەن، كۆك دىۋە كۆك كارىۋاتتىكى مەلىكىنىڭ يېنىغا كېلىپ خۇشال بولغىنىچە:

— بۇ گېپىڭلار بەك بەلەن بولدى. بىزمۇ خاتىرجەم بولدۇق، سىلەردىن كۆڭلىمىز تىندى. جېنىمىزنىڭ نەدىلىكىنى سىلەرگە ئەمدى دەپ بېرەيلى. جېنىمىز ئۆز تېنىمىزدا ئەمەس، بۇ يەردىن كۈن پېتىشقا قاراپ ئۈچ كۈن ماڭغاندا بىر دېڭىز بار. دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر چىنار بار. چىنارنىڭ ئۇچىدىكى بىر چاڭگىدا بىر كۆكۈنەك ئىككى تۇخۇمنى بېسىپ ياتىدۇ. ئاشۇ تۇخۇملار بىزنىڭ جېنىمىز. دېڭىز بەك چوڭقۇر، ئارىلىقمۇ بەك ئۇزۇن. چىنار بار جايغا ئۈچۈپ بارغىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ئادەمزات بىزنىڭ جېنىمىزنىڭ ئۇ يەردە ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ. شۇڭا بىز خاتىرجەم، ھېچنەرسىدىن قورقماي يۈرۈۋېرىمىز. ئەگەر جېنىڭلارنى جېنىمىز

بىلەن قوشۇۋەتكەنلار كەلگەن بولسا ئۈچ
كۈندىن كېيىن جىنلارنى ئېلىپ شۇ
يەرگە ئاپىرىۋېتەيلى . جىنلارنى سالىدىـ
غان تۇخۇمنى كۈھقاپتىن ئېلىپ كەلمىسەك
بولمايدۇ . ئۇ يەرگە بېرىپ كېلىش ئۈچۈن
ئۈچ كۈن كېتىدۇ ، — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ئىككى مەلىكە دىۋىـ
لەردىن ئۇستىلىق بىلەن گەپ ئېلىپ يۇرۇپ
ئۇلارنىڭ جېنىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋاپتۇ .
شۇ كۈنى دىۋىلەر مەلىكىلەردىن خاتىرجەم
بولغىنىچە ئۇيقۇسىغا غەرق بوپتۇ . ئەتىسى
سەھەردە ئادەتتىكىدەك ئۇزۇق تېپىپ كەلـ
گىلى شىكارغا كېتىشىپتۇ . ئەمما بۇ قېتىم
مەلىكىلەرنى ھوشسىزلاندۇرماپتۇ . بىر — بىـ
رىگىلار بىلەن پاراڭدىشىپ ، مۇڭدىشىپ
ئولتۇرۇڭلار ، دەپ قويۇپ ، قۇيۇن چىقارغىـ
نىچە كېتىپتۇ .

دىۋىلەرنىڭ كەتكىنىنى كۆرۈپ
تۇرغان شاھزادە قۇتبۇل شۇئانلا ئۆيگە كىـ
رىپتۇ . مەلىكىلەرنىڭ ئۆزى ئۆگەتكىنى
بويىچە دىۋىلەردىن گەپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ
جېنىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغانلىقتىن
قولىدىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولى تېپىلدى .
مەن ئەتە مۇشۇ ۋاقىت بىلەن ئالدىڭلاردا
ھازىر بولىمەن ، دەپ ئۆز مەلىكىسىنگى يېنىغا
كىتىپتۇ . ئۇنىڭغا تۈنۈگۈنكى ئىشلاردىن
تېخى ئېغىز ئاچمايتىكەن . ئەھۋالنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ .

— ئۇنداق بولسا تېز مېڭىڭ .
مەلىكىلەرنى دىۋىلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلـ
دۇرۇشنىڭ يولىنى قىلىڭ . ئۇ بىچارىلەرگە
مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ ، — دەپتۇ مەلىـ
كىسى .

قۇبۇل چاتقاللىقتىن ئىككى قۇچاق
توقا① ئۈرۈپ كېتىپتۇ . مەلىكە بىلەن ئىكـ
كىسى توقىنىڭ قوۋزاقلىرىنى سويۇپ ،
تالالىرىدا ئۇن غولاچ ئۇزۇنلۇقتا يىپ ئېـ
شىپتۇ . مەلىكىنىڭ يېڭىنىسىنى ئېگىپ قاماق
ياساپتۇ . يىپ — قاماقنى ئېلىپ يولغا ئاتلىـ
نىپتۇ . مەلىكىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئاق تۇلپارىنى
مىنىپ بىر چاپتۇرۇشتا دىۋە ئېيتقان دېڭىز
بويىغا كېپتۇ . «دادام ھۆرمىتى ، بىچارە
ئىككى مەلىكىنىڭ دىۋىدىن قۇتۇلۇشى ئۈـ
چۈن » دەپ قاماقنى دېڭىزغا تاشلاپتۇ ، شۇ
ھامانلا يىپ سىلكىنگەندەك قىپتۇ . يىپنى
تارتقۇدەك بولسا ، كىچىككىنە قاماققا بەش
ياشلىق بالىدەك چوڭلۇقتا بىر لوخا بېلىق
ئىلىنىپ چىقىپتۇ . بېلىق قىرغاققا
چىقىرىلغاندىن كېيىن ئادەمدەك زۇۋانغا
كىرىپ :

— ئەي يىگىت ، ماڭا رەھىم قىل .
مېنىڭ كۆپ باللىرىم بار ئىدى . شۇلارغا
يەملىك ئىزدەپ يۇرۇپ قامىقىڭغا ئىلىنىپ
قالدىم . شۇ باللىرىم ئۈچۈن مېنى قويۇپ
بەرسەڭ . قويۇپ بېرىدىغانلا بولساڭ ،
ھەرقانداق تەلەپ — ھاجىتىڭدىن چىقىـ
مەن ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ .

دېگىنىڭ راست بولسا ، مېنىڭ بىرلا
تەلىپىم بار . شۇ تەلىپىمنى بەجا كەلتۈرـ
سەڭ ، سېنى چوقۇم قويۇپ بېرىمەن . مېنى
دېڭىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارالغا يەتكۈـ
زۇپ ، يەنە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ قوي ، —
دەپتۇ قۇتبۇل شاھزادە .

— ئۇنداق بولسا تۇلپارىڭنىڭ ئىگىـ
رىنى ماڭا توقۇپ مىن ، — دەپتۇ بېلىق ،
شاھزادە قۇتبۇل ئىگەرنى بېلىققا توقۇپ

① توقا — چىگىنىڭ ئەڭ ياخشىسى . ئۇنىڭ تالالىرى ئىنچىكە ، ئىنتايىن چىڭ بولىدۇ .

مىنىپتۇ. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا بېلىق شاھزادىنى ئارالغا ئېلىپ بېرىپتۇ. شاھزادە بېلىققا بىرئاز ساقلاپ كۆرۈشنى ئېيتىپ چىنارغا چىقىپتۇ. دېگەندەك چاڭگا چىنارنىڭ بەكمۇ ئېگىز، چىقماق تەس بىر يېرىدىكەن. شۇنداق بولسىمۇ شاھزادە يامىشىپ يۈرۈپ چاڭگا بار جايغا چىقىپتۇ. شۇنىڭغىچە كۆكۈنەك ھۈركۈمەي تۇخۇمنى بېسىپ يېتىۋېرىپتۇ. شاھزادە چاڭگىغا قولىنى تىقىپ تۇخۇمنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىنلا كۆكۈنەك ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شاھزادە تۇخۇمنى ئىككى يانچۇقىغا بىردىن سېلىپ چىناردىن يېنىپ چۈشۈپتۇ. بېلىققا مىنىپ قايتىپ قىرغاققا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئىگىرنى ئېلىۋېلىپ بېلىقنى قويۇپ بېرىپتۇ. بېلىق يەنە زۇۋانغا كىرىپ:

— رەھمەت ساڭا، ياخشى ئادەم بالىسى، — دەپتۇ ـ دە، بىرلا شۇڭغۇپ سۇ تېگىگە كىرىپ كېتىپتۇ. قۇتبۇل شاھزادە شۇ ھامانلا يولغا قايتىپتۇ. يەنە ئاق تۇلپارنى بىر چاپتۇرۇش بىلەن مەلىكىسى بار جايغا يېتىپ كېپتۇ. ئەمما كەچ بولۇپ قالغاچقا، قالغان ئىشنى ئەتە قىلماق بوپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە دىۋىلەرنىڭ ئويغىنىشىغا ئۈلگۈرۈپ ئىككى تۇخۇمنى ئىككى قولىدا تۇتقىنىچە ھېلىقى ئۆي تەرەپكە مېڭىپتۇ. دىۋىلەر ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپلا سىرتتىن ئادەمزاتنىڭ پۇرىقىنىڭ كىرىۋاتقىنىنى سېزىپ ئىتتىك تالاغا چىقسا، بىر ئادەمزات كېلىۋاتقان.

— مانا، ناشتىلىق ئۇزۇقىمىز ئۆز ئايىغى بىلەن كېپتۇ، — دېيىشىپ، دىۋىلەر شاھزادىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ. شاھزادە ئالقىنىدىكى تۇخۇملارنى ئانچىكىلا سىقىپ قويۇپتىكەن، دىۋىلەر شۇ ھامانلا نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈپ يەردە يومىلاشقا باشلاپتۇ.

— ئەي ئادەمزات ئىچىدىن چىققان باتۇر يىگىت، بىزنى ئامان قويساڭ، جېنىمىزنى قىينىمىساڭ، نېمە تەلىپىڭ بولسا ئورۇندىساق، — دېيىشىپتۇ دىۋىلەر يەردە يۇمىلاپ تۇرۇپ. قۇتبۇل شاھزادە:

— دېگەنلىرىڭ راست بولسا، پالانى يەردە خوتۇنۇم بىلەن ئېتىم بار ئۇلارنى ھېچقانداق زەخمەت يەتكۈزمەي ئەكىلىپ بېرىش، — دەپ تۇخۇمنى سىقىشتىن توختاپتىكەن، دىۋىلەر ئورنىدىن تۇرۇپلا شاھزادە كۆرسەتكەن تەرەپكە مېڭىپتۇ. ھايالشمايلا كۆك دىۋە مەلىكىنى، قىزىل دىۋە تۇلپارنى يەلكىسىگە مىندۈرگىنىچە يېتىپ كېپتۇ. شاھزادە دىۋىلەرگە تۇلپارىغا ئوبدان قاراپ تۇرۇشنى تاپىلاپ قويۇپ، مەلىكىسىنى باشلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرىشتىن بۇرۇن تۇخۇملارنى سەللا سىقىپ دىۋىلەرنى قورقۇتۇپ قويۇپتۇ. ئۇلار ئۆيگە كىرسە مەلىكىلەر كارىۋاتىدا ھوشسىز ياتقان. بايا دىۋىلەر ئادەم ھىدىنى سەزگەندە تالاغا چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويغانىكەن. شاھزادە قامچىلارنى ئېلىپ بىردىن سوقۇپتىكەن قىزلار ھوشىغا كېپتۇ.

ئۇلار قۇتبۇل شاھزادىنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولغانلىقىنى بىلىپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل بىلەن ئۈچ مەلىكە بىر كۈن كەچكىچە يەپ ـ ئىچىپ. ئوبدان ئارام ئاپتۇ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىپتۇ. ئىككى دىۋە ئۇلارنىڭ يوقىنى بار، تەلىپىنى تەل قىلىپ خىزمىتىدە بوپتۇ. ئۇلار ئۇ كۈنى شۇ ئۆيدە تۈنەپتۇ. ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقماقچى بوپتۇ. كۆك كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ يۇرتى يېقىنراق ئىكەن. ئاۋۋال شۇ مەلىكىنى ئاتا ـ ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى بوپتۇ. يۇرتقا تېز يېتىش ئۈچۈن دىۋىلەرگە ئۆزلىرىنى

يەتكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇپتۇ. كۆك دېۋە
ئۈچ مەلىكىنى مىندۈرۈپتۇ. ئۇلار ھاينى
ھۇي، مۇزاينى ئۇي دەپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا
كۆك كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ
كېپتۇ. ئۇلار ئىككى دېۋىنى قانداق قىلىش
توغرۇلۇق پاراڭلىشىپتۇ.

— بۇنىدىن كېيىن ئادەملەرگە زىيان
- زەخمەت يەتكۈزمەسلىك توغرۇلۇق ئۇلاردىن
ۋەدە ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى، — دەپتۇ
شاھزادە قۇتبۇلنىڭ خوتۇنى، — بىز بىر
نەرسە دېيەلمەيمىز. شاھزادە ئۆزى بىر نېمە
دېسۇن، دېۋىلەرنى قويۇپ بەرسەك باشقا
قىزلارنىمۇ ئېلىپ قاچىدىكەن، دەپ ئەندىشە
قىلىمىز، — دەپتۇ ئىككى مەلىكە. شاھزادە
قۇتبۇل:

— ئۇلارنىڭ جېنى ھازىر بىزنىڭ
قولىمىزدا، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلغۇدەك
بولسىلا، تۇخۇمنى مىجىۋەتسەكلا تۈگەيدۇ.
ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كۆرە قاچان
چاقىرساق كېلىپ خىزمىتىمىزگە تەييار بو-
لۇشى توغرۇلۇق ۋەدە ئېلىپ قويۇپ بېرەيلى،
كۈچىدىن پايدىلىنايلى، — دەپتۇ.

ئۈچ مەلىكە ئۇ مەسلىھەتنى توغرا تې-
پىپتۇ. دېۋىلەر بويۇن تۈكلىرىدىن بىر
تۇتامدىن يۇلۇپ شاھزادە قۇتبۇلغا بېرىپتۇ.
«تۈكىمىزنى كۆيدۈرسىڭىزلا شۇئان ئالدى-
ڭىزدا ھازىر بولىمىز» دېيىشىپتۇ دېۋىلەر.
ئۇلارنىڭ جېنى سېلىنغلىق تۇخۇم قۇتبۇل
شاھزادىدە قاپتۇ، دېۋىلەر ۋەدە بېرىپ
كېتىشىپتۇ.

كۆك كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ باشلى-
شىدا قۇتبۇل شاھزادە، خوتۇنى ھەم قىزىل
كارىۋاتلىق مەلىكىلەر ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ.
قۇتبۇل مەلىكىلەرگە:

— ئوردىغا كىرگەندە ھەم كېيىنمۇ
مېنى شاھزادە دېمەي، قۇتبۇل دەڭلار، —
دەپ تاپىلاپتۇ.

ئۇلار ئوردىدىن ئۇدۇل شاھنىڭ
ئالدىغا كىرىپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل پادىشاھغا
سالام بېرىپتۇ.

— ھە، نېمە ئەرز دادىڭ بار؟ —
دەپ پادىشاھ قۇتبۇلدىن سوراپتۇ.

— ئەي پادىشاھ، مېنىڭ ھېچقانداق
ئەرزىم يوق. قارىسىلا، ئالدىلىرىدا كىم
تۇرىدۇ، — دەپ قۇتبۇل كۆك كارىۋاتلىق
مەلىكىنى كۆرسىتىپتۇ.

مەلىكىنى دېۋە ئوغرىلاپ كەتكىنىگە
ئون يىل بولغانىكەن. ئون يىلدىن بۇيان قى-
زىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاپ ئانىسىنىڭ
كۆزىنىڭ نېمى قۇرۇپ كۆرمەسلا بولۇپ قال-
غانىكەن. پادىشاھمۇ كۆز يېشى
قىلىۋەرگەچكە كۆز نۇرى ئاجىزلىشىپ، خىرە
كۆرىدىغان بولۇپ قالغانىكەن، شۇڭا قىزىنى
تونۇيالماي:

— ئالدىمدا تۇرغان كىم؟ قېنى
يېقىن كېلە، ئوبدان قاراپ باقاي، — دەپتۇ.
كۆك كارىۋاتلىق مەلىكە ئۆزىنىڭ دەردىدە
ئاتىسىنىڭ كۆزىنىڭ خىرەلىشىپ قالغىنىغا
چىدىيالماي، ئاتا! دېگىنىچە شاھقا ئۆزىنى
ئېتىپتۇ. پادىشاھ قىزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ:

— قىزىممۇ سەن! — دەپ قىزىنىڭ
باشلىرىنى سىلاپتۇ، مەڭزىگە يېقىپتۇ،
كۆزىنى سۈرۈپتۇ. كۆزى ۋاللىدە روشەنلى-
شىپ ھەممىنى تولۇق كۆرۈپتۇ. شۇئانلا
خانىشقا خەۋەر يەتكۈزۈلۈپ، ئۇنى يېتىلەپ
شاھ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. مەلىكە ئانىسىغا
ئۆزىنى ئېتىپتۇ. ئانىسىمۇ: «قىزىممۇ سەن،
قىزىم قۇدۇممۇ سەن!» دەپ مەلىكىنىڭ
باش - كۆزلىرىنى سىلاپتۇ، مەڭزىگە مەڭ-
زىنى يېقىپتۇ، كۆزىنى سۈرۈپتۇ. ئانىسىمۇ

كۆزى ئېچىلىپ يورۇق جاھاننى كۆرۈپتۇ. قىزنى باشقىدىن باغرىغا بېسىپتۇ، شۇ ھامان قىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىك خۇشاللىقىدا پادىشاھ شاھانە زىياپەت تەييارلاپتۇ. پادىشاھ بىلەن خانىش قىزنى ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. مەلىكە ئاتا ـ ئانىسىغا ئۆزىنىڭ ئون يىللىق كەچۈرمىشىنى، ئۆزىنى دىۋىنىڭ قولىدىن كىمنىڭ قانداق قۇتۇلدۇرغانلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بېرىپتۇ. پادىشاھ قۇتبۇلغا رەھمەت ئېيتىپ بولۇپ، زىياپەت ئۈستىدىلا:

— خالايىق، مەن قىزىمنى دىۋىنىڭ قولىدىن كىم قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ كەلسە، شۇ كىشىگە بېرىمەن، دەپ ۋەدە قىلىپ يۇرتقا جاكارلىغانىدىم. قۇتبۇل دېگەن بۇ يىگىت دىۋە ئېلىپ قېچىپ كەتكىنىگە ئون يىل بولغان قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ ئالدىمغا ساپساق ئەكىلىپتۇ. ۋەدەم بويىچە قىزىم قۇدۇمنى قۇتبۇلغا بېرىمەن. ئەتىدىن باشلاپ يۇرتقا قىرىق بىر كۈن توي تارتىمەن، — دەپ جاكارلاپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل پادىشاھنىڭ بۇندان قىلىشنى ئويلىمىغانىكەن. شۇڭا نېمە دەپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي خوتۇنىغا قاراپتۇ. قۇتبۇلنىڭ قارىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەن خوتۇنى:

— پادىشاھنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسامۇ شۇنداق قىلاتتىم. رازى بولۇڭ، قۇدۇم بىلەن ئاچا ـ سىڭىلدەك ئۆتۈۋېرىمىز. مېنى تاشلىۋەتمىسىڭىزلا بولدى، دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە قۇتبۇل بىلەن مەلىكە قۇدۇمنىڭ تويى بوپتۇ. قىزىل كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ دادىسىغىمۇ خەۋەر بېرىلىپتۇ. ئۇ پادىشاھمۇ قىزىنى كىم قۇتۇلدۇرۇپ كەلسە شۇ كىشىگە قىزىنى بېرىشكە ۋەدە قىلغانىكەن. خەۋەرنى ئاڭلاپلا خوتۇنى ۋە ئوردا خادىملىرى بىلەن توينىڭ تەييارلىقىنى قىلىپلا يېتىپ كەپتۇ. ۋەدىسى بويىچە قىزىنى قۇتبۇلغا بەرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قۇتبۇل ۋە ئىككى مەلىكىنىڭ تويى بىرلا ۋاقىتتا بوپتۇ. توينىڭ 40 كۈنى تۈگەپ ئاخىرقى كۈنى قالغاندا نام ـ نىشانى نامەلۇم، ھېسابسىز لەشكەرلىك يېغىنىڭ يۇرتقا بېسىپ كېلىۋاتقانلىق خەۋەر يېتىپتۇ. قىزىق توي پاتپاراقچىلىقتا، خۇشاللىق غەم ـ قايغۇغا ئالمىشىپتۇ. قىزىل كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ دادىسى دۈشمەن مېنىڭ يۇرتۇمغىمۇ لەشكەر تارتىپ قالمىسۇن، دەپ ئادەملىرىنى باشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ، ئەمما قىزى قاپتۇ. قۇدۇمنىڭ دادىسى پۈتۈن لەشكىرىنى توپلاپتۇ. شەھەر سىرتىغا بارگاھ تىكىپ سەپ تارتىپ تۇرۇپتۇ. يەر ـ ئاسماننى تۇپا ـ توزانغا كۆمۈپ لاۋۇ لەشكەرلەر يېقىنلاپ كېلىپلا ئات تارتىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن لەشكىرى كۆپ ھەم خىل ئىكەن. پادىشاھ لەشكەرلىرى كۆپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. دۈشمەنگە تەڭ كېلەلمەي چېكىنىشكە باشلاپتۇ. دۈشمەن لەشكەرلىرى شەھەر دەرۋازىسىغىچە قىستاپ كەپتۇ. مۇشۇ چاغدا شاھزادە قۇتبۇلنىڭ ئېسىگە دىۋە كەپتۇ. ئۇ پادىشاھ بىلەن بىللە شەھەر دەرۋازىسى ئۈستىدە تۇرۇپ جەڭنى كۆرۈپ تۇرغانىكەن. يانچۇقىدىن دىۋىنىڭ ئىككى تۇتام تۈكىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپتۇ. تېخى قۇيىقنىڭ پۇرىقى كەتمەي تۇرۇپلا قۇيۇن كەلگەندەك ئالامەت بولۇپ، ئالدىدا ھېلىقى ئىككى دىۋە پەيدا بوپتۇ ـ دە،

— ھەي باتۇر يىگىت، بىزگە نېمە ۋەزىپە بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاۋۇ ئالا ـ بالداق كېيىملىكلەر

دۈشمەن لەشكەرلىرى بولىدۇ ، ئۇلارنىڭ
ئەدىبىنى تۇتۇپ بېرىپ ، يىراققا قوغلىۋەت ،
باشلىقىنى تۇتۇپ كېلىڭلار ، ــــ دەپتۇ .

بىر دەمنىڭ ئىچىدە ئىككى دىۋە
دۈشمەن لەشكەرلىرىنى تىرە ـ پىرەن
قىلىۋېتىپتۇ . دۈشمەننىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنـ
مەپتۇ . بىر ئازدىن كېيىن دىۋىلەر بىر توپ
ئادەمنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېپتۇ . بۇلار
دۈشمەن لەشكەرلەرنىڭ كاتتىلىرى ئىكەن .
ئۇلارنىڭ ئىچىدە پادىشاھمۇ بار ئىكەن .
مەلىكە قۇدۇمنىڭ دادىسى دۈشمەن پادىشاـ
ھىدىن :

ــــ ئۆزۈڭ كىم ؟ قايسى يۇرتنىڭ
پادىشاھى ، نېمە سەۋەبتىن يۇرتىمىزغا لەشـ
كەر تارتىپ كېلىپ ، توي شادلىقىمىزنى
پاراكەندىچىلىككە ، يۇرت ، خەلقنى خاراپـ
چىلىققا سالىسەن ؟ ــــ دەپ سوراپتۇ .

ــــ سەن ئوغرىلاپ ئەكەلتۈرۈۋالغان
قىزىمنىڭ توينى ئويناۋاتامتىڭ ، مەن قىـ
زىمنى ئوغرىلىغان ئوغرىنى ، ئۇ ئوغرىنىڭ
پادىشاھىنى جازالىغىلى كەلدىم ، ــــ دەپتۇ ،
لەشكەر تارتىپ كەلگەن پادىشاھ .

ــــ سەن قايسى قىزىڭنىڭ ، قايسى
ئوغرىنىڭ گېپىنى قىلىسەن ، مەن دىۋە ئېـ
لىپ قېچىپ كەتكىلى ئون يىل بولغان
قىزىمنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەن بۇ يىگىتكە
تويلاپ بېرىۋاتىمەن ، ــــ دەپ شاھزادە
قۇتبۇلنى كۆرسىتىپتۇ ، مەلىكە قۇدۇمنىڭ
دادىسى ۋە يەردىكى پادىشاھدىن : سەن
كىمنى ئوغرى دەۋاتىسەن ؟ ــــ دەپ
سوراپتۇ .

ــــ ئەنە ئاۋۇ ئاق تۇلپار مېنىڭ ،
ئۇنى ئوغرىلىغان ئوغرى قىزىمنىمۇ بىللە
ئوغرىلاپ كەتكەن . يۇرت ـ يۇرتلارغا ئادەم
ماڭدۇرۇپ ، قىزىم بىلەن ئاق تۇلپارىمنىڭ
يۇرتۇڭدا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىم ، ــــ
دەپتۇ يەردىكى پادىشاھ .

مەلىكە قۇدۇمنىڭ دادىسىمۇ ، ئۇنىڭ
ۋەزىرلىرىمۇ قورغان ئۈستىدە ئاتلىق
تۇرغانىكەن . شاھزادە قۇتبۇلمۇ ئاق تۇلپارنى
مىنىپ تۇرغانىكەن . مەلىكە قۇدۇمنىڭ داـ
دىسى ئىتتىك ئاق تۇلپارغا ، ئاندىن قۇتبۇلغا
قاراپتۇ . شاھزادە قۇتبۇل ئەھۋالنى چۈشىـ
نىپتۇ ، ئالدىدا تۇرغان پادىشاھنىڭ
كىملىكىنى بىلىپتۇ . چوڭ خوتۇنىنى چاقىـ
رىشقا ئادەم ماڭدۇرۇۋېتىپ ئاتتىن
چۈشۈپتۇ . قورغاننىڭ لېۋىگە يېقىن كېلىپ
قول باغلاپ تۇرۇپ :

ــــ شاھ ئاتا ، ئۇقۇشماسلىق
بولۇۋېتىپتۇ ، بۇ ئاق تۇلپار مېنىڭ ئەمەس
ھەم مەن ئوغرىلىغانمۇ ئەمەس ، ئەمما ماڭا
ئوغرى بەرگەن . ئەگەر ئاق تۇلپار راستىنلا
سىلىنىڭ بولسا ، قىزلىرى مۇشۇ يەردە .
ھەممە ئەھۋالنى قىزلىرىنىڭ ئاغزىدىن ئاڭـ
لىسىلا ، ــــ دەپتۇ . ئاڭغىچە ئۇنىڭ چوڭ
خوتۇنى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا
چىقىپتۇ . چىقىپلا «دادا ! » دەپ ئالدىغا
يۈگۈرۈپتۇ . ھېلىقى پادىشاھمۇ ئالدىغا مېـ
ڭىپتۇ . ئاتا ـ بالا كۆرۈشۈپتۇ . مەلىكە ھەممە
ئەھۋالنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە سۆزلەپ
بېرىپتۇ . بۇ ئارىلىقتا شاھزادە قۇتبۇلمۇ قورـ
غاندىن چۈشۈپ ، دەرۋازىدىن سىرتقا
چىقىپ ھېلىقى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قول
باغلاپ تۇرۇپ كۆرۈشكىلى بېرىپتۇ .
قىزىنىڭ ئاغزىدىن ھەممە ئەھۋالنى بىلگەن
ھېلىقى پادىشاھ :

ــــ ئۇقۇشماسلىق بوپتۇ ، ئوغلۇم .
سىز قىرىق يەتتە يۇرتنىڭ شاھىنشاھى
مىنكۇن باتۇرنىڭ ئوغلى ئىكەنسىز . مەن
قىزىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ توينى بولىۋاتـ

قان تويۇغلارغا قوشۇپ بىللە ئۆتكۈزۈپ بېرەي، ــ دەپتۇ. شاھزادە قۇتبۇل:

ــ رەھمەت شاھ ئاتا، سىلىدىن بىر تەلىپىم بار. مېنىڭ مىنكۇن پادىشاھنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىمنى بۇ يەردىكىلەر تېخى بىلمەيدۇ، ھازىرچە بىلمەي تۇرسا، ــ دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ دۈشمەنلىك جەڭ خاپىچىلىقى توي خۇشاللىقىغا ئۆزگىرىپتۇ. توي باشقىدىن باشلىنىپتۇ. توي يەنە يەتتە كۈن داۋام قىپتۇ. تويدىن كېيىن ھېلىقى پادىشاھ ئاق تۇلپارنى شاھزادە قۇتبۇلغا قالدۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇرتقا كېلىشنى ئېيتىپ قويۇپ يۇرتىغا قايتىپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل ئۈچ مەلىكە بىلەن كۈنلىرىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈنلىرىنىڭ قانداق ئۆتۈشكىنىنى بىلمەي قاپتۇ. ئارىدىن ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتۈپتۇ، ئەمما قىزىل كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ باقماپتۇ. بۇنىڭدىن ئۇ پادىشاھنىڭ قورسىقى كۆپۈپ ئاغرىنىپتۇ. بولۇپمۇ مەلىكە قۇدۇمنىڭ دادىسىدىن «قىزىم بىلەن شاھزادە قۇتبۇلنى مەندىن تاندۇرۇۋەتمەكچى» دەپ بەكلا رەنجىپتۇ. ئەسلىدە بۇ ئىككى يۇرت پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىدىن ئۇستۇنلۇك تالىشىدىغان قورساق ئۆرۈشى بار ئىكەن. بۇ قېتىمقى ئىشتا قىزىل كارىۋاتلىق مەلىكىنىڭ دادىسى قۇدۇمنىڭ دادىسىنى شاھزادە قۇتبۇلنى يېنىغا تارتىپ، مىنكۇن باتۇرغا ياخشى كۆرۈنۈش ئارقىلىق مەندىن ئۇستۇن تۇرماقچى بولىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ. مۇشۇنى باھانە قىلىپ مەلىكە قۇدۇملارنىڭ يۇرتىغا لەشكەر تارتىپ كەپتۇ. ئىككى يۇرت ئارىسىدا جەڭ باشلىنىپ كېتىپتۇ. مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ھەرقايسى يۇرت پادىشاھلىرىنىڭ لەشكىرى سانىنى تەڭ قىلىپ تەڭشەپ قويغانىكەن. شۇڭا ئىككى تەرەپنىڭ لەشكىرى كۈچى تەڭ كېلىپ قېلىپ جەڭ ئۇزۇنغا سوزۇلۇپتۇ، ئۆلۈش - يارىلىنىش كۆپ بوپتۇ، ھەر ئىككى تەرەپ كۆپ چىقىمدار بوپتۇ، يۇرتلىرى خارابىلىشىشقا باشلاپتۇ. ئۈچ مەلىكە قۇتبۇلغا:

ــ ئەي شاھزادە، بۇ جەڭ مۇنداق كېتىۋەرسە ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئۆلۈپ تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ. بۇ جەڭ سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بولىۋاتىدۇ. سىز ئارىغا چۈشۈپ ئىككى يۇرت پادىشاھىسىغا مەسلىھەت بەرسىڭىز، ئۇرۇش قىلىشماي تىنچ - ئىناق ئۆتۈشسەك، ــ دېيىشىپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇلمۇ ئۆلۈۋاتقان ئادەملەر، بولىۋاتقان خانىۋەيرانچىلىقنى كۆرۈپ چىدىيالماي تۇرغانىكەن. خوتۇنلىرىنىڭ ئىلتىجاسىنى توغرا تېپىپ، ئاق تۇلپارنى چاپتۇرغىنىچە ئىككى تەرەپ لەشكىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختاپ:

ــ شاھ ئاتىلار، ھەر ئىككىڭلار ماڭا قېيىن ئاتا بولىسىلەر. مەن ئىككىڭلارغا بالا. كىچىككىنە ئىشنى دەپ ئۆزئارا بۇنچىلىك قىرغىنچىلىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككى يۇرتنى بىرلەشتۈرسەك، سىلەر ئىككى يۇرتقا نۆۋەتلىشىپ بىر ئايدىن پادىشاھلىق قىلساڭلار، بىزمۇ، سىلەرمۇ، پۇقرالارمۇ تىنچ - ئىناق ئۆتسەك بولمامدۇ. باتۇر دادام ھەققى، ئۇرۇش قىلماڭلار! ــ دەپ ۋارقىراپتۇ.

ــ ئەجەپ داداڭنى شېپى كەلتۈرۈپ بىزگە پەرمان قىلىۋاتىسىنا، ئۆزۈڭ كىمنىڭ زاتى، داداڭ كىم؟ ــ دەپ سوراپتۇ، ئىككى

تەرەپ ئادەملىرى.

— شاھ قېيىن ئاتىلار، مەن ھازىرغىچە ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى كىمنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىمنى ئاشكارا قىلمىغانىدىم، بۈگۈن ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولىۋاتىمەن. مەن يەتتە ئىقلىمنىڭ شاھىنشاھى مىنكۈن باتۇرنىڭ شاھزادىسى بولىمەن، — دەپتۇ.

مىنكۈن باتۇرنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ئىككى پادىشاھ ۋە پۈتۈن لەشكەرلەر شۇئان ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قۇتبۇل شاھزادىگە سالام بېرىپتۇ.

— بىز سىزنىڭ مىنكۈن باتۇر پادىشاھىمىزنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئۇقماپتىمىز، ئالدىڭىزدا تىغ تارتىشىپ گۇناھلىق بوپتىمىز، بىزنى كەچۈرگەيسىز. ئىككى يۇرتنى بىرلەشتۈرەيلى، سىز باش پادىشاھ بولۇڭ، بىز قول ئاستىڭىزدىكى پادىشاھ بولايلى، — دېيىشكىنىچە ئىككى پادىشاھ قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

شاھزادە قۇتبۇل ئىككى يۇرت خەلقىنىڭ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن قېيىن ئاتىلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى قوبۇل كۆرۈپتۇ. ئىككى پادىشاھ ئۆز ناملىرىدىن مىنكۈن باتۇرغا چاپار ماڭدۇرۇپ پۈتۈن ئەھۋالنى ئايان قىپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي مىنكۈن باتۇردىن ئىككى پادىشاھنىڭ تەلىپى بويىچە ئىككى يۇرتنى بىر شاھلىق قىلىپ بىرلەشتۈرۈپ، ئوغلى — شاھزادە قۇتبۇلنى باش پادىشاھ، قېيىن ئاتىلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا ۋەكالەتچى پادىشاھ قىلغانلىقى توغرۇلۇق يارلىق كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۇرت بىرلىشىپتۇ، قۇتبۇل باش پادىشاھ بوپتۇ. بۇرۇنقى قورساق ئۇرۇشۇشلىرى، ئاداۋەتلەر يۇيۇلۇپ، پۇقرالار خاتىرجەملىنىپ تىنچ — ئىناق ئۆتۈپتۇ. بېرىش — كېلىشلىرى قويۇقلىشىپتۇ، يۇرت خەلقى ئاسايىشلىق تېپىپتۇ. ئىككى يۇرتتىكى ياخشىلىنىشلارنىڭ تەرىپى يېقىن — يىراقلارغا تارقىلىپتۇ. جاي — جايلاردىن كىشىلەر توپ — توپ كۆچۈپ كېلىشكە باشلاپتۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا شاھزادە قۇتبۇل ئىككى يۇرتنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئادىللىق بىلەن سوراپتۇ. ئۈچ مەلىكمۇ ئۈچ ئاچا — سىڭىللاردەك ئىناق — ئىجىل بولۇپ ئۆتۈپتۇ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشۈپتۇ.

## شاھزادە نىزغاي

بۇنىڭدىن كۆپ زامانلار بۇرۇن 47 يۇرتنى سوراپ ئۇزۇن ياشىغان مىنكۈن باتۇر دەپ بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇ ناھايىتى ئادىل پادىشاھ بولۇپ، 47 يۇرتنى بىر يۇرتتەك قىلىپ ئۇرۇش — جېدەلسىز، تىنچ ئىناقلىق ئىچىدە سوراپتۇ. يۇرت ئىچىدە ئۇنىڭ يەنە مىنكۈن ئادىل دەپمۇ نامى بار ئىكەن. مانا شۇ ئادىل مىنكۈن باتۇر پادىشاھنىڭ بىرقانچە ئوغۇل — قىزلىرى بولۇپ، شۇ بالىلىرى ئىچىدە نىزغاي ئىسىملىك بىر ئوغلى بولغانىكەن. نىزغاي مىنكۈن پادىشاھنىڭ ئىككىنچى خوتۇنىدىن تۇغۇلغان ئوغلى بولۇپ، بالىلىرىنىڭ يەتتىنچىسى ئىكەن. نىزغاينىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغۇپ بولۇپلا بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمۇپ، بوۋاق نىزغايىنى ئانىسىز قويۇپ كەتكەنىكەن. پادىشاھ مىنكۈن باتۇر كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە بەك ھەسرەتلىنىپتۇ. دەل شۇ كۈنى ئوردا دەرۋازىسى ئالدىغا چىرايلىق بىر قۇلان تايىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىق خەۋىرىنى پادىشاھقا يەتكۈزۈپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ

قۇلان بالىسىنى ئوردىغا ئەكىرگۈزۈپ كۆرگۈدەك بولسا، بوۋاق بالىسىدەك ئۇماق، كۆرگەنلا ئادەمنىڭ ئىچىنى كۆيدۈرگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەن. ئۇ قۇلان تاينىڭ نىزغاي تۇغۇلغان كۈنى پەيدا بولۇپ قالغىنىغا بىر تەرەپتىن ھەيرانۇ ھەس بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن «بالام خىسلەتلىك ئوخشايدۇ» دەپ خۇش بوپتۇ. قۇلان تاي پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى نىزغاي يىغلاپ زادى بېسىقمىغانىكەن. قۇلان تاينىڭ ئوردىدا پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا نىزغاي يىغىدىن توختىغانىكەن. شۇڭا مىنكۈن باتۇر پادىشاھ نىزغاي بىلەن قۇلان تايغا مەخسۇس قارىغۇچى بەلگىلەپتۇ. ئىككىسىنى يان قوشنا ئىككى ئۆيدە بېقىپتۇ. نىزغاي بىر نەرسە يېسە، قۇلان تايمۇ يەيدىكەن. ئۇ يېمىسە بۇمۇ يېمەيدىكەن. نىزغاي پات ـ پات يىغلايدىكەن. ھەرقانداق قىلسىمۇ يىغىدىن توختىمايدىكەن. پەقەت قۇلان تايىنى ئۇ بار ئۆيگە ئەكىرسىلا يىغىدىن توختايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنى بىر ئۆيدە باقىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن ئاي ئۆتۈپتۇ، يىل ئۆتۈپتۇ، نىزغاي قۇلان تېيى بىلەن ئويناپ يۈرۈپ يەتتە ياشقىمۇ كىرىپ قاپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ: بالامۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئورنىغا باشقا خوتۇن ئالسامۇ ئالاي، دېگەن قارارغا كېپتۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋەزىرلەر بىرنەچچە قېتىم ئۇنىڭغا ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنى ئورنىغا قول ئاستىدىكى بىرەر پادىشاھنىڭ مەلىكىسىنى ئەكىلىۋېلىش مەسلىھەتىنى بەرگەن بولسىمۇ، نىزغاي چوڭ بولىۋالسۇن، دەپ ماقۇللۇق بىلدۈرمەپتىكەن. مىنكۈن باتۇر يەنە بىر خوتۇن ئاپتۇ. نىزغايمۇ مەكتەپتە ئوقۇشقا باشلاپتۇ. ئۇ مەكتەپتىن كېلىپلا قۇلان تاينىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئەت ـ يان، بېشىنى سىيلايدىكەن. ئوت ـ سۇ بېرىدىكەن. ئىككىسى بىر ئۆيدە تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە ئىجىل بولۇپ قالغانىكەن. قۇلان تاي باشقا كىشىنىڭ قولىدىن ھېچنەرسە يېمەيدىغانلا بوپتۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا نىزغايلا قارايدىغان بوپتۇ. نىزغاي چوڭ بولۇپ قالغاچقا، قولان تايىنى ئايرىم بىر ئۆيدە قويىدىغان بوپتۇ. ئەمما نىزغاي ھەر كۈنى سەھەردە مەكتەپكە ماڭىدىغاندا قۇلان تايغا يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىسىنى بېرىپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدىكەن. چۈشلىكىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن.

مىنكۈن باتۇر پادىشاھمۇ نىزغايغا قانداق ئامراق بولغان بولسا، ئۇنىڭ قۇلان تېيىغىمۇ شۇنداق ئامراق ئىكەن. شۇڭا بىرەر يەرگە بېرىپ كەلسىلا ئالدى بىلەن نىزغاي بىلەن كۆرۈشىدىكەن، قۇلان تاينىڭ يېنىغا كىرىپ سىيلاپ قويىدىكەن. ئاندىن كېيىن خوتۇنلىرى بىلەن كۆرۈشىدىكەن. مىنكۈن باتۇرنىڭ ئالدى بىلەن نىزغاي بىلەن كۆرۈشۈشى، ئۇنىڭغا ئامراقلىقى ئۇنىڭ يېڭى خوتۇنىنىڭ ھەسەتخورلۇقىنى قوزغاپتۇ. «پادىشاھ مېنى ئەمەس، بالىسى نىزغايىنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇنىڭغا شۇ بالىسى بولسىلا بولىدىكەن. بۇنداق كېتىۋەرسە كېيىن مەن تۇغۇپ قالسام، ماڭغۇ ئەسلى، مېنىڭ بالامغىمۇ قارىمايدىغان ئوخشايدۇ. مۇشۇ چاغدىلا نىزغايىنى كۆزدىن يوقاتمايدىغان بولسام، كېيىن بالامغا كۈن يوق ئوخشايدۇ»، دەپ ئويلاپ، نۇرغۇن باش قاتۇرۇپتۇ. ئەمما نىزغايىنى يوقىتىشنىڭ يولىنى زادىلا تاپالماپتۇ. شۇ شەھەردە دائىم كاللىنى كاللىغا سوقۇشتۇرۇپ، بىرى

ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئورا كولاپ يۇرۇيدىغان شۇم
ئىغىز ، ئاپەت قەدەم بىر ئۇبۇشقا بولغانىكەن .
پادىشاھنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ خىيالىغا
شۇ كەمپىر كەپتۇ . مىنكۇن باتۇر شىكارغا
كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھىلىقى
كەمپىرنى ئىزدەپ تېپىپ كۆڭلىدىكى غەم ـ
ئەندىشىسىنى ئېيتىپ مەسلىھەت سوراپتۇ ،
يول كۆرسىتىشىنى ئىلتىجا قىپتۇ .

— مىنكۇن پادىشاھنىڭ بالىسىنى
يوقىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن ، بېشىم
كېتىدۇ ، بېشىم ئون ئەمەس ، مېنى كۇنىنىڭ
سىرىقىنى كۆرگىلى قويۇڭ ، — دەپ كەمپىر
مەسلىھەت بەرگىلى ئۇنىماپتۇ . مىنكۇن
باتۇرنىڭ كىچىك خوتۇنى كەمپىرنىڭ ئال-
دىغا ئالتۇن ـ تىللالارنى قويۇپ يالۋۇرۇپتۇ
ھەم كېيىن يەنە ئۇبدان رازى قىلىدىغانىغا ،
ئۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنىماسلىققا ۋەدە قىپتۇ .

ئالتۇن ، تىللالارنى كۆرۈپ كۆزى
قىزارغان ئۇبۇشقا نىزغايىنى كۆزدىن يوقى-
تىشىنىڭ يولىنى كۆرسىتىپتۇ . ھەسەتخور
خوتۇن ئۇبۇشقىنىڭ دېگىنى بويىچە نىزغاي-
نىڭ ئۆيىنىڭ پالتۇكىنىڭ ① ئىچى تەرىپىگە
چوڭقۇر ئورا كولاپ ، ئىچىگە تۆمۈر قۇ-
زۇقلارنى قېقىپتۇ . ئورنىنىڭ ئۇستىنى
شاخ ـ شۇمبىلار بىلەن ئېتىپ ، بىر قۇر توپا
يېيىتىپ قويۇپتۇ .

ئەمدى نىزغايغا كەلسەك ، ئۇ ئادىتى
بويىچە مەكتەپتىن كېلىپلا قۇلان تايىنىڭ
قېشىغا كىرىپ ئەت يانلىرىنى سىلاپتۇ ،
ئەركىلىتىپتۇ . ئوت ، سۇ بېرىپتۇ . ئەمما
قۇلان تاي ئوتمۇ يېمەپتۇ . سۇمۇ ئىچمەپتۇ .
ھەر قېتىمدا نىزغايىنى كۆرۈپ ئويناقلاپ كې-
تىدىغان قۇلان ئۇ كۇنى ئويناقلىماي
شۇكلا تۇرۇپتۇ . نىزاي قۇلان تېيىنىڭ
ھالىتىگە ئەجەبلىنىپتۇ ، بىر يېرى ئاغرىمدى-
كىن دەپمۇ ئويلاپتۇ . ئەمما ئۇنىڭدىن
سورىغلى
بولمغاچقا ، بېشى قېتىپ غەمگە چۆكۈپتۇ .
ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئوردىدىكى ئات باقارلارغا
دەپ باقماقچى بولۇپ مېڭىشقا تەمشىلىپتى-
كەن . قۇلان تاي بىردىنلا دەسلەپ كۆلۈپ ،
كەينىدىنلا يىغلاپتۇ . شاھزادە نىزغاي بۇ-
نىڭغا تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ . قۇلان تېيىم ،
ئەجەب بىر كۆلۈپ ، بىر يىغلاپ كەتتىڭغۇ ،
دەپ بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپتۇ . قۇلان
تايىنىڭ ئەسلىدە ئادەمدەك گەپ قىلالايدى-
غان ، غايىبى ئىشلارنى بىلەلەيدىغان
خىسلىتى بار ئىكەن ، ئەمما ئۇ خىسلىتىنى
شۇ كەمگىچە ئاشكارا قىلمىغانىكەن . شۇ
كۇنى گەپ قىلمىسا بولمايدىغان يېرى
كەپتۇ .

— ھەي نىزغاي ، سەن مېنى
باقتىڭ ، ھەر كۇنى ئۈچ قېتىم يوقلاپ تۇر-
دۇڭ ، ھەر كىرگىنىڭدە باش ـ كۆزلىرىمنى
سىلاپ ئەركىلەتتىڭ . مەنمۇ ساڭا ئەركىلەپ
ئويناقلاپ ، سەن بىلەن ئويناپ ئۆستۈم .
مەن شۇ كۇنلىرىمنى ئەسلەپ كۆلۋاتىمەن .
يىغلىشىمنى سورىساڭ ، بۈگۈن سەن
ئۆلىدىغان بولدۇڭ . مەن سېنى دەپ كەل-
سەم ، سەن ئۆلسەڭ مەن قانداق قىلىمەن .
سەن ئۆلۈپلا كەتسەڭ ، مەنمۇ تەڭلا بۇ ئا-
لەمدىن غايىب بولۇپ كېتىمەن .
يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ ، — دەپتۇ قۇلان
تاي يەنە يىغلاپ تۇرۇپ . شاھزادە نىزغاي :

— مەن نېمىشقا ئۆلىمەن ، مېنى
بىرەرسى ئۆلتۈرەمدۇ ياكى ئۆزۈمچىلا

① پالتۇك ـ بوسۇغا .

ئۆلـمـەنـمۇ ؟ باتۇر دادام شكارغا كەتكەن
تـۇرسا ، ئۆلـسەممۇ دادام كەلگەندىن كېيىن
ئۆلـەي . مېنىڭ ئۆلۈشۈمنىڭ سەۋەبىنى سەن
بـىـلـىـدىغان ئوخشايسەن . ئېيتىپ بەر ، —
دەپتۇ . قۇلان تاي :

— سەن ئۆيگە كىرگەندە پالتۇكقا
بىر پۇتۇڭنى قويۇپ ، قەدىمىڭنى يوغان
ئېلىپ سەكرىگەندەك كىر . پالتۇكنىڭ ئىچى
تەرىپىدە ئاستىغا تۆمۈر قوزۇقلار قېقىلغان
ئورا بار . ئۆيدىن چىقىشتىمۇ ئۇ يەرگە
دەسسىمە . ئەگەر بىرەرسى نېمىشقا بۇنداق
قىلىسەن دېسە ، ئۇستازىم ئۆيگە كىرىپ -
چىقىشتا شۇنداق قىلىشمنى ئۆگەتكەن ،
دەپلا قوي . ئورا كولانغانلىقى توغرۇلۇق
ھېچكىمگە تىنما ، — دەپ ئۆگىتىپتۇ . ئۇ
ئىشنى ئۆگەي ئانىسى قىلغانلىقى توغرۇلۇق
ھېچنەرسە دېمەپتۇ .

نىزغاي ئۆيگە كىرگەندە قۇلان تاي-
نىڭ دېگىنى بويىچە ئالدى بىلەن پالتۇكقا
پۇتىنى قويۇۋېلىپ بىر سەكرەپ كىرىپتۇ .
چۈشلۈك تامقىنى يەپ بولۇپتۇ . مەكتەپكە
ماڭىدىغان ۋاقىت تولۇپتۇ . ئۆيدىن چىققاندا
ئىككى قەدەم يىراقتىن سەكرەپ پالتۇكقا
دەسسەپ چىقىپتۇ . ئۇنىڭ ئۆيدىن كىرىپ -
چىقىشىغا ئۆگەي ئانىسى يىراقتىن قاراپ
تۇرغانىكەن . ئۇ :

— بالام ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ ؟ ئۆي-
دىنمۇ سەكرەپ چىققان بارمۇ ؟ — دەپ
سوراپتۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولۇپ .

نىزغاي قۇلان تاينىڭ ئۆگىتىپ
قويغىنى بويىچە جاۋاب بېرىپتۇ ۋە قۇلان تاي
بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە كېتىپتۇ .
نىزغاي زېرەك بولغاچقا ، ئۆگەي ئانىسىنىڭ
بۇ ئىشنى ئۇستازىدىن سوراپ قېلىشنى
ئويلاپ ، ئۇستازىغا ئەگەر بىرەرسى سوراپ
قالسا شۇنداق قىلىشنى مەن ئۆگەتكەن ،
دەپ جاۋاب بېرىشىنى تاپىلاپ قويۇپتۇ .
ئۆگەي ئانا «ئورا كولاپ قويغىنىمنى بالا
بىلىپ قالغان بولسا پادىشاھغا ئېيتىپ قويسا
قانداق قىلارمەن ، دەپ ئەندىشىدە قاپتۇ .
پادىشاھ شكاردىن قايتىپ كېلىپ بىرنەچچە
كۈن ئۆتۈپتۇ . ئۇ توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ
بولۇنماپتۇ . ئۆگەي ئانىنىڭ كۆڭلى جايىغا
چۈشۈپتۇ . ئەمما نىزغاينى كۆزدىن يوقىتىش
نىيىتىدىن قالماپتۇ . ئارىدىن بىرنەچچە كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى شۇم قەدەم ئۇ-
بۇشقىنى ئىزدەپ بېرىپ ئۆتكەنكى ئىشنىڭ
ئەمەلگە ئاشمىغىنىنى ئېيتىپ ، ئەمدى بالىنى
قايسى ئۇسۇل بىلەن يوقىتىشنى سوراپتۇ .
جادۇگەر كەمپىر نىزغاينى يوقىتىشنىڭ يەنە
بىر يولىنى كۆرسىتىپ بېرىپ : «مۇشۇنداق
قىلساڭ بالا پادىشاھنىڭ كۆز ئالدىدىلا ئۆ-
لىدۇ ، سەندىن گۇمانمۇ قىلمايدۇ ،
مەقسىتىڭگە يېتىسەن » دەپتۇ . قارا نىيەت
ئۆگەي ئانا نىزغاينىڭ مەكتەپتىن كېلىشىگە
ئۈلگۈرۈپ چاي تەييارلاپتۇ . بىر چىنىگە
زەھەر سېلىپ تەييار قىلىپ تۇرۇپتۇ . نىزغاي
مەكتەپتىن كېلىپلا ئادىتى بويىچە قۇلان تاي
بىلەن كۆرۈشكىلى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ
باش - كۆزلىرىنى سىلاپتۇ ، ئەركىلىتىپتۇ .
قۇلان تاي ئالدىنقى قېتىمقىسىدەك يەنە ئال-
دىدا كۈلۈپ ، ئويناقلاپ ، ئارقىدىنلا كۆز -
ياش قىلىپ شۈكلەپ كېتىپتۇ . ئۇنىڭ بۇ
ھالىتىگە ئەجەبلەنگەن نىزغاي :

— قۇلان تېيىم ، يەنە بىر كۈلۈپ ،
بىر يىغلايسەنغۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ .

— قارا نىيەت ئۆگەي ئاناڭ بۈگۈن
سەن داداڭنىڭ يېنىغا كۆرۈشكىلى
كىرگىنىڭدە سېنى داداڭ ئالدىدا ئۆلتۈرۈشكە
تەييارلىنىپ قويدى . كۈلۈشۈمنىڭ سەۋەبى

سەن بىلەن ئويناپ ئۆسكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم. يىغلىشىمنىڭ سەۋەبى ئۆتكەن قېتىمقىسىغا ئوخشاش — بىرىنچىدىن، سېنىڭ ياش تۇرۇپلا ئۆلۈپ كېتىشىڭگە ئېچىنىۋاتىمەن؛ ئىككىنچىدىن، سەن ئۆلسەڭ، مەنمۇ بۇ دۇنيادىن غايىپ بولۇپ كېتىمەن. شۇڭا يىغلايمەن، — دەپتۇ قۇلان تاي.

— قۇلان تېيىم، ئۆگەي ئانام مېنى نېمىشقا ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ، بۇ قېتىم ئۇ مېنى قانداق ئۆلتۈرىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ نىزغاي.

— ئۆگەي ئاناڭ: ئەگەر مەن تۇغۇپ قالسام، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش نىزغايدىن ئوغلۇمغا ئاشمىغۇدەك، شۇڭا ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتىدىلا كۆزدىن يوقىتاي، دېگەن نىيەتكە كەلگەن، — دەپ، قۇلان تاي نىزغاينىڭ كىچىك ئانىسىنىڭ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىپ بولۇپ، ئۇنى قانداق ئۇسۇلدا ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭدىن ساقلىنىشنىڭ يوللىرىنى دەپ بېرىپتۇ.

شاھزادە نىزغاي قۇلان تايغا رەھمەت ئېيتىپ، باش - كۆزلىرىنى يەنە باشقىدىن سىلاپ قويۇپ خوشلىشىپ چىقىپ، ئۇدۇل دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. مىنكۇن باتۇر ئادىتى بويىچە بۇ ئامراق بالىسىنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاپتۇ، پېشانىسىگە سۆيۈپتۇ. نىزغاينىڭ كىچىك ئاپىسى:

— مەن سىلەرگە چاي دەملەپ بېرەي، دەپ چىقىپ كېتىپ ھايالشمايلا چىنە - چەينەكلەرنى كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. ئالدى بىلەن مىنكۇن باتۇرغا ئاندىن ئۆزىگە چاي قۇيۇپ بولۇپ، ئۈچىنچى قېتىمدا نىزغايغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. چاينى دادىسىمۇ، كىچىك ئانىسىمۇ بىرەر ئۇتلامدىن ئىچىپتۇ. نىزغاي چاينى ئىچىشكە تەمشىلىپ ئاغزىغا يېقىن ئەكىلىپلا:

— دادا، تۈڭلۈككە قاراڭا، نېمە ئۇ؟

— دەپتۇ.

مىنكۇن باتۇر پادىشاھمۇ، نىزغاينىڭ كىچىك ئانىسىمۇ ئىتتىك تۈڭلۈككە قارىغىنىچە «نېمىنى دەيسەن؟» دېيىشىپ تۇرۇپ قاپتۇ. نىزغاي بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چىنىسىنى ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىنىسى بىلەن ئالماشتۇرۇۋاپتۇ.

— تۈڭلۈكتە ھېچنەرسە يوققۇ؟ — دەپ سوراپتۇ مىنكۇن باتۇر. نىزغاي:

— ئاجايىپ چىرايلىق بىر قۇشقاچ تۈڭلۈككە قونۇپلا ئۇچۇپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بېرىپ بولۇپ، ئالدىدىكى چاينى ئىچىپتۇ. نىزغاينىڭ كىچىك ئانىسى ئۇنى قاچان يىقىلىپ ئۆلەركىن، دەپ قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. نىزغاي چىنىدىكى چاينى ئىچىپ تۈگىتىپتۇ. ئۇنىڭ چىنىسىگە سېلىنغان زەھەر ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئېغىزىغا ئېلىشى ھامان جاننى ئالىدىكەن. ئەمما نىزغاي بىر چىنە چاينى ئىچىپ بولۇپمۇ ھېچنەرسە بولماپتۇ، ئايال گۇمان قىلىپ ئالدىدىكى چېيىغا قاراپلا، چىنىسىنىڭ ئالمىشىپ قالغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ. چاندۇرماسلىق ئۈچۈن چېيىم سوۋۇپ قاپتۇ، دەپ تۆكۈۋېتىپ باشقىدىن قويۇپ ئىچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ قېتىممۇ ئۆگەي ئانىنىڭ قەستى ئەمەلگە ئاشماپتۇ. پادىشاھمۇ ھېچنەرسىنى سەزمەپتۇ، نىزغايمۇ ئۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماي ئۆزىلا بىلىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن مىنكۇن باتۇر يەنە شىكارغا چىقىپ كېتىپتۇ. مىنكۇن پادىشاھنىڭ شىكارغا كېتىشى ھامان كىچىك خوتۇنى نىزغاينى ئۆلتۈرۈشنىڭ يولىنى

كۆرسەتكەن ھېلقى ئۇبۇشقىنىڭ يېنىغا بې-
رىپ ئەھۋالنى ئېيتىپتۇ.

— ھەي خان ئايىم، بىزنىڭ ئىككى
قېتىملىق ئىشىمىزنىڭ ئەمەلگە ئاشماسلىقى
بالىدىكى ئىش ئەمەسكەن، ھەممە گەپ
ئۇنىڭ قۇلان تېپىدىكەن. بىرىنچى قېتىملىق
ئىشتىن كېيىن بالا بۇ ئىشنى قانداق بىلىپ
قالغاندۇ، دەپ گۇمانلىنىپ، كېيىنكى ئىشتا
سەگەك بولدۇم. سىز نىزغايغا زەھەر بېرى-
دىغان كۈنى ئۇنىڭ مەكتەپتىن كېلىپلا
ئالدى بىلەن قۇلان تېپىنىڭ يېنىغا كىرىدى-
غانلىقىنى بىلىپ، قۇلان تاي تۇرىدىغان
ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۆگلۈككە يې-
قىن كېلىپ ئولتۇردۇم. بىر كەمدە نىزغاي
ئېغىلغا كىرىپتۇدى، قۇلان تاي دەستلەپ
كۈلۈپ، كەينىدىن يىغلىدى. ئۇنىڭ
يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى سورىتۇدى، قۇلان
تاي زۇۋانغا كېلىپ سېنىڭ ئۇنىڭغا زەھەر
بېرىدىغىنىڭنى، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش يولى-
نى، ئۆز زەھرىڭ ئارقىلىق ئۆزۈڭنى
ئۆلتۈرۈشنى ئۆگەتتى. بۇنىڭدىن سىنى
خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇشقا ئۇلگۈرەلمىدىم.
تەلىيىڭگە ئۆزۈڭ بىلىپ قېلىپ زەھەرلىك
چاينى تۆكۈۋېتىپ ئامان قاپسەن. سەن
نىزغايىنى ئۆلتۈرىمەن، دەيدىكەنسەن، ئالدى
بىلەن قۇلان تايىنى ئۆلتۈرمىسەڭ بولمايدۇ.
قۇلان تايىنى كۆزدىن يوقاتمىغىچە بالىنى
ئۆلتۈرەلمەيسەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە بۇ ئى-
شىمىز پاش بولۇپ قالسا ئىككىمىزنىڭ بېشى
كېتىدۇ، — دەپتۇ ئۇبۇشقا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشىنىڭ كېتى-
شىدىن قورقۇپ ئۆگەي ئانىنىڭ ئىچىگە غەم
چۈشۈپتۇ. ئۇبۇشقىغا نۇرغۇن ئالتۇن، تىللا
بېرىپ، قۇلان تاي بىلەن نىزغايىنى تەڭلا
يوقىتىشنىڭ يولىنى سوراپتۇ. ئۇبۇشقا:
ئەمدى سەن مۇنداق ـ مۇنداق قىل» دەپ
ئالدى بىلەن قۇلان تايىنى يوقىتىشنىڭ
يولىنى ئۆگىتىپتۇ.

مىنكۇن باتۇرنىڭ كىچىك خوتۇنى
ئۇبۇشقىدىن قۇلان تايىنى يوقىتىشنىڭ يولى
بىلىۋالغاندىن كېيىن، مىنكۇن باتۇر شى-
كاردىن قايتىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا
قىلىدىغان تەييارلىقلىرىنى تەقلەپ پەيت
كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. مىنكۇن باتۇرنىڭ
شىكاردىن قايتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى
ئاڭلاپلا ئۆيىدە «ۋايجان، ۋاي!» دەپ ئالا —
تاغىل ۋايىساشقا باشلاپتۇ. مىنكۇن باتۇر
كىچىك خوتۇنىنىڭ بولالماي قالغانلىقىنى
ئاڭلاپ ئۆيگە كىرىپ كۆرگۈدەك بولسا،
كىچىك خوتۇنى يۈرەك ـ بېقىنلىرىنى
تۇتقىنىچە يەردە دومۇلاپ ياتقان. خوتۇنى-
نىڭ، «ۋاي بېقىنىم، ۋاي يۈرىكىم،
ۋايجان!» دەپ قىلغان نالە ـ پەريادلىرىغا
مىنكۇن باتۇرمۇ چىديالماي قاپتۇ. دەرھال
تېۋىپ چاقىرىشنى بۇيرۇپتۇ. خوتۇنى:

— مېنىڭ بۇ جانغا كېلىدىغان كې-
سىلىمنى كۆرگەنلا تېۋىپلار داۋالىيالمايدۇ.
سىلە شىكاردىكى چاغدىمۇ بىر قېتىم تۇتۇپ
كەتكەندە پەقەت پالانى ـ پۇستانى تېۋىپلارلا
كېسىلىمنى تېپىپ دورا بەرگەن. شۇلارنىڭ
دورىسىدىن شىپا تاپقانىدىم، شۇ تېۋىپلار
كەلسە، دەپ تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىدە
ئۇبۇشقىنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن ئۇردىدىكى
ئالا كۆڭۈل، مال ـ دۇنيا دېسە كۆزىنىڭ
ئېقى قىزىرىدىغان بىر نەچچە تېۋىپقا ئال-
تۇن، كۆمۈش بېرىپ گەپ ئۆگىتىپ تىلىنى
بىر قىلىۋالغانىكەن. مىنكۇن باتۇرنىڭ ئۇ
ئىشلاردىن خەۋىرى بولمىغاچقا، كىچىك
خوتۇنى ئېيتقان تېۋىپلارغا چاپار
ماڭدۇرۇپتۇ.

تىۋىپلار كىرىپ دومۇلاپ ياتقان خوتۇنىنىڭ تومۇرىنى نۆۋەت بىلەن تۇتۇپتۇ. ھەممىسىلا تومۇرنى تۇتۇپ بولۇپ، پادىشاھقا قاراپ بېشىنى ئىغاڭلىتىپ، دېمى ئىچىگە تىنىپ كەتكەندەك بولۇشۇپ جىم تۇرۇپتۇ.

— نىمە كېسەلىكەن؟ داۋاسى نىمىكەن؟ — دەپ مىنكۆن باتۇر تىۋىپلاردىن سوراپتۇ. تىۋىپلاردىن بىرسى ئېغىز ئېچىپ:

— قىرىق يەتتە ئىقلىمنىڭ باتۇرى پادىشاھىم، كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر كەن. مېنىڭچە غايىبى پەيدا بىر جانۋارنىڭ يۈرىكىلا داۋا بولغۇدەك. ئۇنداق جانۋار تېپىلمىسا جاندىن ئۈمىد يوق، — دەپتۇ. مىنكۆن باتۇر باشقا تىۋىپلاردىن سوراپتىكەن. ئۇلارمۇ شۇ گەپنى قىلىشىپتۇ.

مىنكۆن باتۇرنىڭ ئۇنداق غايىبى جانۋارنى نەدىن ۋە قانداق تېپىشنى ئويلاپ بېشى قېتىپتۇ. قۇلان تايىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتۇ. قېنى، ئېيتىڭلار، سىلەر دېگەن غايىبى جانۋار نەدە بار؟ دەپ سوراپتۇ. بىرىنچى قېتىم ئېغىز ئاچقان تىۋىپ يەنە ئېغىز ئېچىپ:

— بۇ ئالەمدە غايىبى جانۋاردىن پەقەت بىرسىلا بار، ئەمما ئېيتىشتىن قورقۇۋاتىمەن، — دەپتۇ.

— بىر جاننىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن يۈرىكىم كېرەك بولسىمۇ بېرىمەن، قېنى ئېيتىڭلار، ئۇ قايسى غايىبى جانۋار؟ — دەپ سوراپتۇ مىنكۆن باتۇر.

— كىچىك خوتۇنلىرىنىڭ كېسىلىگە پەقەت نىزغاي شاھزادە تۇغۇلغان كۈنى ئوردىغا پەيدا بولۇپ قالغان قۇلان تايىنىڭ يۈرىكىلا داۋا بولىدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى تىۋىپ. قالغان تىۋىپلارمۇ «شۇنداق، شۇنداق» دەپ ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپتۇ.

مىنكۆن باتۇرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كېتىپتۇ. كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقاندەك بوپتۇ. تىۋىپلارنىڭ دېگىنىدەك قىلىش ـ قىلماسلىق ئۈستىدە بىر كېچىچە تاڭ ئاتقىچە ئويلىنىپتۇ. شۇنداق قىلاي دېسە، قۇلان تاي ئوغلى تۇغۇلىشى بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ قانداق خىسلىتى بارلىقىنى بىلمىسىمۇ، ھامان ئۇنى خىسلەتلىك، دەپ قارايدىكەن. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئامان قېلىشى ئۈچۈن تىۋىپلارنىڭ دېگىنىدەك قىلماي بولماپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۆز رايى بويىچە ئىش قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەن كىچىك خوتۇن مىنكۆن باتۇرغا:

— باتۇر پادىشاھىم، قۇلان تايغا كىچىك شاھزادە بەك ئامراق. شاھزادە بار چاغدا ئۇنىڭغا پىچاق سۇرمەكمۇ تەس. شۇڭا شاھزادە مەكتەپكە كەتكەن چاغدا ئۆلتۈرەيلى، — دەپتۇ. ئۇنىڭ غەرىزى قۇلان تايىنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى نىزغايغا ئېيتىپ قويۇشتىن قاچۇرۇش ئىكەن.

شاھزادە نىزغاي ھېچنېمىدىن بىخەۋەر مەكتەپكە مېڭىش ئالدىدا يەنىلا قۇلان تاي بىلەن خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپتۇ. قۇلان تاي نىزغايىنى كۆرۈپلا يىغلاپ كېتىپتۇ. نىزغاي قۇلان تايدىن:

— قۇلان تېيىم، ئۆتكەن ئىككى قېتىمدا سەن بىر كۈلۈپ، بىر يىغلىغانىدىڭ، بۈگۈن كۈلگەنىڭ يوق، يىغلاپلا كەتتىڭغۇ، نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەي نىزغاي، ئۆتكەن ئىككى قېتىمدا سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزدۇم. ئۆگەي ئاناڭ سېنى ئۆلتۈرەلمەي، ئەمدى مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار مېنى بۈگۈنلا ئۆلتۈرمەكچى. مەن ئۆلسەم، سەنمۇ ئۆلىسەن، ئۇنىڭ ئۈچۈن، سەن بۈگۈن كەچتىلا بۇ يۇرتتىن چىقىپ كەت، — دەپ يىغلاپتۇ. قۇلان تاي.

— ئۆگەي ئاناڭنىڭ قەستىنى ھازىرلا دادامغا دەيمەن، — دەپتۇ نىزغاي.

— دېسەڭ بولمايدۇ. بۇنى ئاشكارىلاشنىڭ ۋاقتى كېلىدۇ. شۇنىڭغىچە ئۆزەڭلا بىلىپ قال، — دەپتۇ قۇلان تاي.

— سەن مېنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. مەنمۇ سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزمىسام بولمايدۇ. مەن ھاياتلا بولسام، سېنى ئۆلتۈرگۈزمەيمەن، — دەپتۇ نىزغاي. قۇلان تاي:

— ئۇنداق بولسا مەن ساڭا يول كۆرسىتەي، سەن مەكتەپكە كەتكەندە داداڭ مېنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. مېنى ئېغىلدىن ئېلىپ چىققاندا بىر كىشنەيمەن. پۇتلۇرۇمنى بوغقاندا ئىككى قېتىم كىشنەيمەن. ئۈچىنچى قېتىم ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم كىشنىگىنىمدە، مېنى يەرگە ياتقۇزۇپتۇ دەپ بىل. گېلىمغا پىچاق سۇرۇشتىن بۇرۇن يېنىمغا ئۆلگۈرۈپ كېلىسەن. مەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن. سەن يىراقتىنلا: دادا، توختاڭ، ئىككى ئېغىز گېپىم بار، سىزگە ۋە قۇلان تېيىمغا دەۋالاي، دەپ كېلىسەن. ئاندىن داداڭغا: بۇ قۇلان تاي ئوردىغا مەن بىلەن تەڭ پەيدا بوپتىكەن. شۇندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن ئىجىل ئۆتتۇم. باش-كۆزلىرىنى سىلىدىم، باقتىم، قارىدىم. ئەمما. ئۇنى ھازىرغىچە بىرەر قېتىممۇ مىنىپ باقماپتىمەن. رۇخسەت قىلسىڭىز شاھانە تونلىرىڭىزنى كىيىپ، شاھانە ئەگەر-جابدۇقلىرىڭىزنى قۇلانغا توقۇپ مىنىپ، شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىۋالسام، ئاندىن كېيىن قۇلان تېيىمنى ئۆلتۈرسىڭىزمۇ ھېچ ئارمىنىم قالمايتتى. دېگىن. داداڭ تەلىپىڭنى رەت قىلالماي ماقۇل دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى ئۆزۈم توغرىلايمەن، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ نىزغاي قۇلان تاي بىلەن گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مەكتەپكە كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇستازىنىڭ سۆزلىگەن دەرسلىرى كىرمەپتۇ. پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئوردا تەرەپكە قۇلىقىنى تىكىپ ئولتۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا قۇلان تاينىڭ بىرىنچى كىشنىكى ئاڭلىنىپتۇ. نىزغاي ئولتۇرالماي كىتاپ، دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەق بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئارىدىن ئانچە ۋات ئۆتمەي قۇلاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كىشنىكى ئاڭلىنىپتۇ. بۇ قېتىمقىسى ئالدىنقىدىن قاتتىقراق بوپتۇ. قۇلان تاينىڭ پۇت-قوللىرىنىڭ بوغۇلغانلىقى كۆز ئالدىغا كېلىپ تاقەتسىزلەنگەن نىزغاي ئورنىدىن تۇرماقچى بوپتۇ. بۇنى سېزىپ تۇرغان ئۇستازى دەرھال گېپىنى توختىتىپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى سىرتىدىن قۇلۇپلاپ قويۇپتۇ. مىنكۇن باتۇر كىچىك خوتۇنىنىڭ تاپىلىشى بىلەن نىزغاي مەكتەپكە كېلىشتىن ئاۋۋال ئۇستازغا نىزغاينى تاكى چۈش بولمىغۇچە ئۆيگە ماڭدۇرماسلىقنى دەپ قويغانىكەن. نىزغاي ئۆيدىن چىقىپ كېتەلمەي، بەك تىتىت بوپتۇ. ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپ، روجەكنىڭ بىر شادىسىنىڭ ئېلىۋېتىپ سىرتىغا چىقىشىغا قۇلان تاينىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق

قاتتىق كېشىنگەن ئۇنى ئاڭلىنىپتۇ . نىزغاي ئوقتەك يۈگۈرۈپتۇ . ئېغىلنىڭ قېشىغا كې-لىشىگە قاسساپلار پىچىقنى قۇلان تاينىڭ بويىنىغا سۈرۈشكە تەييار بولۇپ تۇرغان-كەن . نىزغاي يىراقتىنلا : «دادا ، قۇلان تېيىمنى ئۆلتۈرمەي تۇرۇڭ . سىزگە ئېككى ئېغىز گېپىم بار» دەپ توۋلىغىنىچە يېتىپ كېلىپتۇ . قاسساپ نېمە قىلىشنى بىلمەي پىچىقنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قاپتۇ . نىزغاي دادىسىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇلان تاي ئۆگەتكەن بويىچە تەلەپ - ئىلتىجاسىنى بايان قىپتۇ . مىنكۇن باتۇر با-لىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالماپتۇ . «شۇنچە يىللاردىن ئۇنىڭغا قارىدى ، باقتى ، بىر - بىرىگە ئىجىل بولۇپ قالدى . بىر قېتىم مىنىۋالسۇن» دەپ ئويلاپ ، نىزغايغا ئاتاپ تىكتۈرۈپ قويغان شاھزادىلىق كىيىمنى كىيدۈرۈپتۇ . ئۆزىنىڭ شاھانە ئىگەر - جابدۇقلىرىنى قۇلان تايغا توقۇپتۇ . نىزغايىنى ئۆز قولى بىلەن مىندۈرۈپ قو-يۇپتۇ . نىزغاي قۇلان تايىنى مىنىپ شەھەرنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ . شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقىپلا قۇلان تاي قانات چىقىرىپ تۇلپارغا ئايلىنىپتۇ - دە ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇ-چۇپ كېتىپتۇ . بۇ خەۋەر شۇ ئانلا مىنكۇن باتۇرغا يېتىپ كەپتۇ . ھەممىسى ھەيران بو-لۇشۇپ ئاسمانغا قارىشىپتۇ . راست دېگەندەك نىزغاي ئېسىل شاھزادە كىيىم بىلەن ئالتۇن - تىللالاردا ياسالغان شاھانە ئىگەرلىك قۇلان تايغا مىنىۋالغان . قۇلان تاينىڭ قانىتىمۇ ئالتۇنمىش . نىزغاي شاھزادە قۇلان تۇلپارى بىلەن شەھەر ئۈستىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ ئوردا ئۈستىگە كەلگەندە سەل پەسلەپتۇ . شۇ چاغدا نىزغاي ئۈنلۈك قىلىپ :

— باتۇر دادا ، مەن كەتتىم ، خەير ، ئامان بولساق كۆرۈشەرمىز ، — دەپتۇ .

قۇلان تۇلپار بىر قانات قېقىپلا يۇ-قىرى ئۆرلەپ كۆزدىن غايىپ بوپتۇ . مىنكۇن باتۇر بىردىنبىر ئامراق كىچىك با-لىسىدىن ، خىسلەتلىك قۇلان تايدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ھەسرەت - نادامەت چې-كىپتۇ . ئەمما ئۇلارنىڭ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ . كىچىك خوتۇنىمۇ ئۆلمەپتۇ . ئۇنىڭ نىزغايغا قىلغان قەستى سىر پېتى قاپتۇ . مىنكۇن باتۇر بىلەن ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنىنى ئۆز شەھىرىدە قويۇپ شاھزادە نىزغايغا كېلەيلى .

ئېيتىشلارغا قارىغاندا شاھزادە نىزغاي بىلەن قۇلان تۇلپار شۇ ئۇچقانچە مىنكۇن باتۇرنىڭ 47 يۇرت دائىرىسىدىن چىقىپ بولغۇچە ئالتە ئاي ئۇچۇپتۇ . ئۇچۇپ ئالتە ئاي بولغاندا بىر شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپتۇ . ئۇلار شەھەر سىرتىدىكى بىر كەڭرى ئوتلاققا يېقىن بىر باغنىڭ يېنىغا چۈشۈپتۇ . بۇ باغ بىلەن ئوتلاق مۇشۇ شەھەر پادىشاھىنىڭ يازلىق ئارامگاھى ئې-كەن . ھەر يازدا پادىشاھ بىر نەچچە قېتىم خوتۇن . بالىلىرىنى باشلاپ كېلىپ باغدا كۆڭۈل ئاچىدىكەن . ئوتلاقتا ئوۋ ئوۋلايدىكەن . نىزغاي بىلەن قۇلان تۇلپار ئوتلاققا چۈشكەندىن كېيىن قۇلان تۇلپار نىزغايغا :

— ھەي شاھزادە ، سەن ھازىرلا باغقا كىر . باغدا بىر باغۋەن تاز بار . ئۇ ئەسلىدە بىر دىۋە .ئۇ دىۋە مۇشۇ يۇرت پادى-شاھىنىڭ قىزىنى قەستلەپ باغۋەن قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ باغقا ئورۇنلىشىۋالغان . ئۇنىڭ سىرىنى پادىشاھ بىلمەيدۇ . سەن ئۇستىلىق بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇيدۇرماي

يۈرىكىگە جەنجەر ئۇر. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ باش، يۈزىنى تۇلۇمچىلاپ سويۇۋېلىپ، ئۆزىنى كىشىنى بىلمەيدىغان يەرگە كۆمۈپ بېسىقتۇرۇۋەت، — دەپتۇ.

شاھزادە نىزغاي قۇلان تاينىڭ تاپىلىشى بويىچە باغقا كىرسە، كىر قاسماق جەندە كىيىۋالغان، بېشىنى گەدىنىگىچە قۇماچ قاپلىغان بىر تاز مېۋە دەرەخلىرىنى چاتاپ يۈرگىدەك. ئۇ نىزغايىنى كۆرۈپ:

— سىز قايسى يۇرتىنىڭ شاھزادىسى، بۇ يەرگە نېمىشكە كەلدىڭىز؟

— دەپ سوراپتۇ.

— مەن باشقا بىر يۇرتتىكى مىنكۆن باتۇر دېگەن پادىشاھنىڭ ئوغلى بولىمەن. يۇرت كەزگىلى چىقىپ بۇ يۇرتقا كېلىپ قالدىم. ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ بۇ ئېسىل باغنى كۆرۈپ قالدىم. كۆرۈپ باغقاچ تاماشا قىلىپ چىقاي دەپ كىردىم، — دەپتۇ. نىزغاي گەپ قىلغاچ تازغا يېقىنلىشىپتۇ. دىۋە تاز مىنكۆن باتۇرنىڭ داڭقىنى ئاڭلىغانىكەن. ئۇنىڭ ئۈستى-بېشىدىكى ئاجايىپ ئېسىل شاھزادە كىيىمگە قاراپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپتۇ. نىزغاي بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ تازغا يېقىنلىشىپ كەپتۇ-دە، بۇ خەنجەرنى ساڭا سوۋغا قىلسام ئالامسەن؟ دەپ تۇرۇپ، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپلا دىۋە تازنىڭ يۈرىكىگە سانجىپتۇ. دىۋە سەت بىر خىرقىراپ جان بېرىپتۇ. شاھزادە نىزغاي دىۋىنىڭ بېشىنى كېسىپ تولۇمچىلاپ سويۇپتۇ. باش تېرىسىدىن باشقا يېرىنى كىشىلەر بىلەلمەيدىغان بىر دالدىغا ئېلىپ بېرىپ كۆمۈۋېتىپتۇ. ئاندىن دىۋە تازنىڭ باش تېرىسىنى ئېلىپ قۇلان تاينىڭ قېشىغا قايتىپ كەپتۇ. يەنە قۇلان تۇلپارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە شاھزادە كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، دىۋە تازنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپتۇ. ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. قۇلان تۇلپارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە باغقا كىرىپ مېۋە كۆچەتلىرىنى پەرۋىش قىلىشقا باشلاپتۇ. شاھزادە نىزغاي باغۋەن بولغاندىن كېيىن، كۆچەتلەر باشقىچىلا باغجانلاپتۇ. تېخى مېۋىگە كىرىش يىلىغا يەتمىگەن كۆچەتلەرمۇ چېچەكلەپ، باغ ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ باغ ۋە يايلاق سەيلىسىگە ئوردا خادىملىرى بىلەن چىقىپتۇ. باغقا كىرگۈدەك بولسا، كۆچەتلەر قىرقىپ قويغاندەك تەكشى باغجانلاپ باراقسانلاشقان. ھەممە كۆچەتلەر چېچەكلەپ كەتكەن، شوخراپ قۇرۇشقا باشلىغان چوڭ دەرەخلەر باشقىدىن ياشىرىپ نوتا سۈرگەن. باغ رەڭمۇرەڭ چېچەكلەر بىلەن تولغان. بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېگىلەپ قالغاندەك بولۇپ قالغان ياش-قېرى دەرەخلەرنىڭ بىقىش تېپىپ بۇنچىلىك بوپ كەتكىنىگە ھەيران بولغان پادىشاھ باغۋەن تازنى ئىزدەپتۇ. قارىسا ئۇ ئېرىقتا پۇتىنى چىلاپ ئولتۇرغۇدەك.

— ھەي بالا، باغقا سەن قارامسەن؟

— دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— شۇنداق، پادىشاھى ئالەم، باغلىرىغا مەن قارايمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ نىزغاي.

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم نىزغاي، پادىشاھى ئالەم،

— دەپتۇ نىزغاي. پادىشاھ:

— ھەي نىزغاي تاز، سېنىڭ باغقا قاراشقا ئېپىڭ بار ئوخشايدۇ. بۇندىن كېيىن باغقا تېخىمۇ ئوبدان قارا. كېيىن سېنى باش

باغچى قىلىپ تەيىنلەيمەن، — دەپ قويۇپ، ئۇۋشىكار قىلغىلى كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزغاي پادىشاھ بېغىنىڭ باغۋىنى بولۇپ قاپتۇ. ھەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى باغدىن چىقىپ قۇلان تۇلپارنىڭ يېنىغا بارىدىكەندە، ئۈچىسىدىكى جەندە كىيىملەرنى سېلىۋېتىپ ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى كىيىدىكەن. يۈز ـ بېشىدىكى دېۋە تازنىڭ شىرىقىنى ئېلىۋېتىپ، قۇلان تۇلپارنى مىنىپ يىراق جايلاردا قىلىچ، نەيزە ۋە ئوقيا مەشقى قىلغاچ ئوينايدىكەن. كەچ كىرەرگە يېقىن باغۋەن تاز قىياپىتىگە كىرىپ باغقا قايتىپ كېلىدىكەن.

ئۇ يۇرت پادىشاھىنىڭ ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن چىرايلىق ئىكەن. كىچىك قىزى ھەممىسىدىن چىرايلىق ھەم ئەقىللىق، زېرەك ئىكەن. ئۈچ قىزنىڭ بىرىدىن راۋىقى بولۇپ، باغقا يېقىن ئىكەن. قىزلار ئۆز راۋاقلىرىدا ئولتۇرۇپ باغنى، پۈتۈن شەھەر ۋە ئەتراپىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى ئاچىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە «باغۋەن تاز» نىڭ ئەتىگەندىلا باغدىن چىقىپ، باغنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلىۋېلىپ، ئارقا تام تەرەپكە ئۆتۈپلا يوقاپ كەتكەنلىكىنى، كۈن پاتارغا يېقىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى پادىشاھنىڭ كىچىك مەلىكىسى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشقا ئەجەبلىنىپ، دىققەت قىلىدىغان بوپتۇ. «باغۋەن تاز» نىڭ باغدىن چىقىپ كېتىپ كەچتە پەيدا بولۇشى بىر نەچچە قېتىم يۈز بېرىپتۇ. بۇ ئىشنىڭ ھەر ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنىلا بولۇشى كىچىك مەلىكىنى تېخىمۇ ھەيرانلىققا سېلىپتۇ. «بۇنىڭدا چوقۇم بىر سىر بار» دەپ ئويلاپتۇ قىز. كېيىنكى ھەپتىنىڭ تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە باغقا كىرىپ بىر دالدىغا ئۆتۈپ تۇرۇپ «باغۋەن تاز» نىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىپتۇ. شاھزادە نىزغاي ئادەتتىكىدەك باغنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ قويۇپ، قۇلان تۇلپارنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ. بۇنى كىچىك مەلىكە باغنىڭ شورىسىدىن كۆرۈپ تۇرۇپتۇ. نىزغاي بېشىدىكى شىراقنى ئېلىۋېتىپ شاھزادىلىق كىيىمىنى كىيىپتۇ. قۇلان تۇلپارغا ئالتۇن ئىگەرنى توقۇپ، ئالتۇن يۈگەننى سېلىپتۇ ـ دە، مىنىپتۇ. قۇلان تۇلپار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ بىردەمدىلا قىزنىڭ كۆزىدىن غايىب بوپتۇ. مەلىكە تېخىمۇ ھەيران قاپتۇ. «بۇ ھېكمەتلىك ئادەمزاتى ئىكەن. ئۇنىڭ تاز قىياپەتتە يۈرۈشىدە بىر گەپ بار. بىر ئامال قىلىپ ئۇنى ئۆزۈمگە قارىتىۋالسام بولغۇدەك» دەپ ئويلاپ كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ. كۈنلەر كەينىدىن كۈن، ئاي كەينىدىن ئايلار ئۆتۈپ ياز بوپتۇ. باغدىكى مېۋىلەر پىشىپ ۋايىغا يېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ كەنجى مەلىكىسى ئىككى ئاچىسىنى باغنى ئايلىنىپ چىقىشقا ماقۇل كەلتۈرۈپتۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ باغقا چىقىشىنى شاھ دادىسى قوبۇل تاپمىسا بولمايدىكەن. بۇ ئىشنى ئاچىلىرى كىچىك مەلىكىگە تاپشۇرۇپتۇ. كىچىك مەلىكە دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ:

— شاھ دادا، ئاڭلىساق باغ بەك ئوبدان بوپ كەتكەنمىش. مېۋىلەر پىشىپ ۋايىغا يەتكەنمىش. مۇشۇنداق پادىشاھلىق گۈزەل باغدا پادىشاھنىڭ قىزلىرى كۆڭۈل ئاچماي، ئاشۇ بىر باغۋەن تازلا راھەتلىنىپ يۈرسە بولامدۇ. رۇخسەت قىلسىڭىز، بىزمۇ باغنى كۆرۈپ باقساق، ئالما، نەشپۈتلىرىنى يەپ باقساق، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھ كەنجى قىزىغا ئامراق ئىكەن. شۇڭا قىزىنىڭ تەلىپىنى يىرالماي

ئويناپ چىقىشقا رۇخسەت قىپتۇ. پادىشاھنىڭ چوڭ قىزلىرى باغقا كىرىپ باغنىڭ گۈزەللىكىگە، ئوخشاپ كەتكەن مېۋىلەرگە قاراپ ھەيرانلا قاپتۇ. مېۋىلەرنىڭ ھەممە خىلىدىن يەپ بېقىپتۇ. مېۋىلەر بىر – بىرىدىن تاتلىق ئىكەن. ئاچىلىرى مېۋىلەر بىلەنلا بوپ كېتىپتۇ. كىچىك مەلىكە بولسا «باغۋەن تاز» نىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىپتۇ. ئۇ قىزلارغا قاراپمۇ قويماي ئۆز ئىشى بىلەنلا بوپتۇ. قىزلار باغدا بىر كۈن ئويندىشىپتۇ. قايتىدىغان چاغدا كىچىك مەلىكە شاھزادە نىزغاينى چاقىرىپ:

— ھەي باغۋەن، ئۆزەڭغۇ باغۋەنكەنسەن، قېنى مېۋىنىڭ ياخشىسىدىن بىزگە بىردىن بېرىپ باقە، كۆرۈپ باقايلى، — دەپتۇ.

شاھزادە نىزغاي بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، چوڭ مەلىكىگە پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ سېسىپ كەتكەن ئالمىدىن بىرنى بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى مەلىكىگە پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئازراق سېسىغان ئالمىدىن بىرنى بېرىپتۇ. كەنجى مەلىكىگە تازا ۋايىغا يېتىپ پىشقان ساق ئالمىدىن بىرنى ھەم چوڭ ئوتتۇرانچى ئاچىلىرىغا بەرگەن ئالمىدەك ئالمىدىن بىردىن بېرىپتۇ. چوڭ مەلىكىلەر قولىدىكى ئالمىلارغا قاراپ نىزغاينى «ۋۇي مال تونۇمايدىغان تاز، ئالما دەپ بەرگەن نېمىسىنى قارىمامدىغان» دەپ تىللاپتۇ. ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى پەسلەشتۈرگىنىدىن دادىسىغا ئەرز قىلىش ئۈچۈن ئۇدۇل ئوردىغا مېڭىپتۇ. ھەر قايسىسى نىزغاي بەرگەن ئالمىلارنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. چوڭ مەلىكىلەر نىزغاي ئۈستىدىن شىكايەت قىپتۇ. تىللاپتۇ. ئۇنى باغدىن قوغلىۋېتىشنى تەلەپ قىپتۇ. كىچىك مەلىكە بولسا بىر پىشقان ئالما بىلەن بىر سېسىپ كەتكەن ۋە يەنە بىر يېرىمى سېسىدىغان ئالمىنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، گەپمۇ قىلماي يەرگە قاراپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۈچ قىزىنىڭ ئېلىپ كىرگەن ئالمىلىرىغا بىر پەس قاراپ خىيال سۈرگەندىن كېيىن، ئۈچ مەلىكىنى چىقىپ تۇرۇڭلا، دەپ چىقىرىۋېتىپ خوتۇنىنى چاقىرىپتۇ. خوتۇنىغا ئالمىلارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— كۆردۈڭمۇ، بۇ ئالمىلار نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ «باغۋەن تاز» نىڭ چوڭ قىزىمىزغا بۇنى بەرگىنى «بۇ قىزى بالاغەت يېشىدىن ئېشىپ، پىشىپ ۋاقتى ئۆتۈپ سېسىپ كەتكەن ئالمىغا ئوخشاپ قاپتۇ»، دېگىنى. ئۇ ئوتتۇرانچى قىزىمىزغا بۇنى بەرگىنى بالاغەت يېشىدىن سەل ئۆتۈپ، يېرىمى سېسىغان ئالمىغا ئوخشاپ قاپتۇ، دېگىنى. كىچىك قىزىمىزغا بۇنى بەرگىنى، بۇ قىز تازا ۋايىغا يېتىپتۇ. يەنە تۇرۇۋەرسە، ماۋۇ ئالمىلاردەك سېسىيدۇ، دېگىنى. «باغۋەن تاز» ئەقىللىق ئىكەن. ئەمما بىز بۇ تەرىپىنى ئويلىماپتۇق. مەن يۇرتقا جاكارلاي، ئەتە پۈتۈن يۇرت پۇقراسى قىزلارنىڭ راۋىقى تۈۋىدىن ئۆتسۇن، ئۇلارنىڭ كۆڭلى كىمنى تارتسا، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بىر نەرسىسىنى تاشلاپ بەرسۇن. شۇ كىشىگە ئۇ قىزىمنى نىكاھلاپ بېرەيلى، — دەپتۇ. خوتۇنىمۇ پادىشاھنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلۇپتۇ. پادىشاھ قىزلىرىنى چاقىرىپ:

— ھەي قىزلىرىم، سىلەرنىڭ ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىڭلار بولۇپ قالدى سىلەر ئەتە ئۆز راۋىقىڭلاردا ئولتۇرىسىلەر، راۋاق تۈۋىدىن پۈتۈن يۇرت خەلقى ئۆتىدۇ. كۆڭلۈڭلار كىمنى خالىسا، شۇنىڭغا بىر

نەرسەڭلارنى تاشلاپ بېرىڭلار. بىز سىلەرنى تاللىغان ئادىمىڭلارغا نىكاھلاپ بېرەيلى، — دەپتۇ.

قىزلار دادىسىنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپتۇ. پادىشاھ شۇ كۈنىلا يۇرتقا جاكار چىقىرىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپلا كىشىلەر راۋاق ئاستىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلاپتۇ. بۇ كىشىلەر قىزلارنىڭ بېرەرسىگە ياراپ قېلىپ، پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى بولۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس، دېگەن تەمەدە ئىسىل ياسىنىپ ـ كىيىنىپتۇ. چوڭ مەلىكە بىر باي سودىگەرگە ياغلىقىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. ئوتتۇرانچى مەلىكە بىر زەرگەر ئالتۇنچىغا ئالتۇن ئۈزۈكىنى تاشلاپ بېرىپتۇ. كىچىك مەلىكە ھەممە ئادەم ئۆتۈپ بولسىمۇ، ھېچكىمگە بىر نەرسە تاشلىماي كۆزىنى باغدىن ئالماي ئولتۇرۇپتۇ.

— قىزىم سەن ھېچكىمگە بىر نەرسە تاشلىمىدىڭمۇ، ئەمدى يۇرتتا راۋاق ئاستىدىن ئۆتمىگەن ئادەم قالمىدى، — دەپتۇ مەلىكىنىڭ ئانىسى.

— ئۆتمەي قالغان ئادەم باردەك قىلىدۇ. ئۇمۇ ئۆتۈپ باقسۇن كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ كىچىك مەلىكە.

پادىشاھ ئەتراپقا چاپار ماڭدۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆرسە پادىشاھلىق باغدىكى «باغۋەن تاز» نىڭلا قالغانلىقى مەلۇم بوپتۇ.

— ئۇمۇ يۇرتىمىزنىڭ پۇقراسى بولغاندىكىن، ئۆتۈپ باقسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ ۋە باغقا چاپار ماڭدۇرۇپتۇ.

راۋاق ئاستىدىن ئەڭ ئاخىرىدا نىزغاي شاھزادە يالغۇزلا ئۆتۈپتۇ. كىچىك مەلىكىنىڭ راۋىقىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە مەلىكە قولىدىكى ساق ئالمىنى تاشلاپتۇ. نىزغاي ئالمىنى تۇتۇۋاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن يەتتە كۈن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، چوڭ مەلىكە باي سودىگەرگە، ئوتتۇرانچى مەلىكە زەرگەرگە، كىچىك مەلىكە «باغۋەن تاز» غا نىكاھلىنىپ چىقىپ قويۇلۇپتۇ. پادىشاھ قىزلىرىغا ئامراق ئىكەن. شۇڭا ئۇلارغا ئوردا ئىچىدە ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. ئەمما ئىككى چوڭ مەلىكىنىڭ «كىچىك سىڭلىمىز نەدىكى بىر تازنى تاللاپ ئۆزىنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ ھەم سىزنىڭ شاھلىق يۈزىنى تۆكتى. بىز ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئۆي تۇتمايمىز. سىڭلىمىز تاز ئېرىگە لايىق جايدا تۇرسۇن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، پادىشاھ ئىلاجىسىز كىچىك قىزى بىلەن «باغۋەن تاز» غا باغقا يېقىن بىر كونا ئۆينى ئۆي قىلىپ بېرىپتۇ. چوڭ مەلىكىلەر كىچىك مەلىكىنى كۆرسىلا «كېچىچە ئېرىڭنىڭ بېشىنى قاشلاپ چىققانسەن» دەپ مەسخىرە قىلىدىكەن. بۇنىڭغا چىدىيالمىغان كىچىك مەلىكە بىر كۈنى نىزغايغا:

— ھەي يىگىت، سەن نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ زادى كىملىكىنى ئاشكارا قىلمايسەن. ئىككى ئاچام مېنى زاڭلىق قىلىپ زادى كۈن بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇلار ئوردا ئىچىدىكى ئۆيلەردە تۇرۇۋاتسا بىز چاكارلار ئورنىدا كونا ئۆيدە تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ئاھانەتكە چىدىيالمىدىم. ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئاشكارا قىلساڭ، — دەپتۇ. شاھزادە نىزغاي:

— مەن نېمەمنى ئاشكارا قىلىمەن. ئۆزۈم ئاددى بىر باغۋەنغۇ، — دەپتۇ.

كىچىك مەلىكە ئۇنىڭ باش نىقابىنى ئېلىۋېتىپ، بىر ئاق تۇلپارغا مىنىپ ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. نىزغاي پەقەت يوشۇرالماي:

— مەلىكەم، ئاچىلىرىڭىز زاڭلىق قىلسا قىلىۋەرسۇن، ھازىر ئۆزۈمنى ئاشكارا

قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس . ۋاقتى كەلگەندە
ئىككى ئاچىڭىز سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قى-
لىدىغان بولىدۇ ، — دەپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن كەنجى مەلىكىنىڭ
كۆڭۈلى تىنىپتۇ . ئىككى ئاچىسىنىڭ تاپا -
تەنە ئاھانىتى هار كەلسىمۇ چىداپ
يۈرۈۋېرىپتۇ .
شۇ يۇرتنىڭ كۆن چىقىش تەرىپى-
دىكى تاغقا بىر ئەجدىها پەيدا بولۇپ قالغىلى
يېرىم يىل بولۇپ قالغانىكەن . ئۇ ئەجدىها
ھەپتىسىگە بىر ئادەم يەيدىكەن . ئەجدىها
يېڭى كەلگەن چاغدا پادىشاھ لەشكەر تارتىپ
ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ بېقىپتۇ . ئەمما ئەج-
دىھانى پەقەت يېڭەلمەپتۇ . بەلكى نۇرغۇن
ئادىمى ئەجدىهاغا يەم بولۇپ كېتىپتۇ . پادى-
شاھ ئىلاجىسىز ئەجدىها بىلەن توختام
تۈزۈپ ھەپتىسىگە بىر ئادەمنى تاغ باغرىغا
ئاپىرىپ بېرىدىغان بولغانىكەن . بىرنەچچە
ۋاقىت زىنداندىكى ئادەملەرنى ئاپىرىپ بې-
رىپتۇ . زىنداندا ئادەم قالمىغاندىن كېيىن ،
يۇرت بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئۈچتىن كۆپ
بالىسى بارلارنىڭ بىر بالىسىنى ئاپىرىپ
بېرىپتۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن نۆۋەت ئۈچ بالى-
لىقلارغا كېلىپ ، ئۈچ بالىلىقلارنىڭ ئەڭ
ئاخىرقى نۆۋىتى پادىشاھنىڭ چوڭ قىزىغا
كەلگەنىكەن . بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا بىر
ئادەمنى ئاپىرىپ بەرمىسە شەھەرگە تېگىش
قىلىپ بىرنەچچە ئادەمنى دەم تارتىپ ئېلىپ
كېتىدىكەن . پادىشاھ ئامالسىز چوڭ قىزىنى
ئەجدىهاغا تۇتۇپ بەرمەكچى بوپتۇ . شۇ
كۈنى يېرىم كېچىدىن كېيىن پۈتۈن شەھەر
ۋە ئوردا ئىچىنى يىغا - زارە قاپلاپ كېتىپتۇ .
نىزغاي مەلىكىسىدىن :
— ھەي مەلىكەم ، يېرىم كېچىدىن
كېيىنلا ئوردا ۋە پۈتۈن يۇرت ئىچىنى يىغا -
زار قاپلاپ كەتتىغۇ ؛ بۇ نېمە ئالامەت ؟ —
دەپ سوراپتۇ . مەلىكە :
— تاغقا بىر ئەجدىها پەيدا بولۇپ
قالغىلى ئالتە ئاي بولغانىدى . ئۇ ھەپتىسىگە
بىر ئادىمىمىزنى يەپ كېلىۋاتىدۇ . بۇ ھەپ-
تىدىكى گۆشلىكىگە چوڭ ئاچامنى ئاپىرىپ
بەرمەكچى . نۆۋەت شۇنىڭغا كەپتۇ . ئاتا -
ئانام ۋە جىمى يۇرت ئۇنىڭ قايغۇسىدا
يىغلىشىۋاتىدۇ ، — دەپ ئۆزىنى باسالماي
يىغلاپتۇ ۋە يەنە ، - بىر ھەپتىدىن كېيىن
نۆۋەت باشقىلارغا كېلىدۇ . مۇشۇنداق بولۇ-
ۋەرسە نۆۋەت ماڭىمۇ كېلىدۇ . ئاخىرىدا
يۇرتىمىزدا ئادەم قالمايدۇ . بۇ ئەجدىها ئال-
دىدا يىغلىماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق .
بۇنىڭغا سىز بىرەر ئامال قىلالامسىز ؟ —
دەپ سوراپتۇ . نىزغاي :
— ھەي مەلىكەم ، مەن بىر ئاددىي
باغۋەن تۇرسام ، مېنىڭ ھېچقانداق كارامىتىم
بولمىسا ، مەن قانداق قىلىپ ئاچىڭىزنى
ئەجدىهادىن قۇتۇلدۇرالايمەن ، — دەپتۇ .
تاڭ ئاتارغا يېقىن نىزغاي : مەن
ئاخشام باغقا سۇ ئېچىپ قويغانىدىم ، يوقلاپ
كېلەي ، دەپ باغقا چىقىپ كېتىپتۇ . باغنىڭ
ئارقا ئىشىكى بىلەن چىقىپ يوشۇرۇپ قوي-
غان يېرىدىن يۈگەننى ئېلىپ شۇنداق بىر
شاراقشىتىپتىكەن ، قۇلان تۇلپارى نىزغاي-
نىڭ كىيىم - كېچەك ، نەيزە ، قىلىچ
قالقانلىرىنى ئېلىپ كېلىپتۇ . نىزغاي «باغ-
ۋەن تاز» لىق نىقاۋىنى ئېلىۋېتىپ ئۈستى -
بېشىغا ئۆز كىيىملىرىنى كىيىپتۇ .
ئەمدى ئوردا ئىچىگە كەلسەك تاڭ
سۈزۈلۈش بىلەنلا پادىشاھ خوتۇنى ،
ئوتتۇرانچى ، كىچىك قىزلىرى ھەم ئوردا
خادىملىرىدىن ئون نەچچە كىشى يىغا - زار
ئىچىدە چوڭ مەلىكىنى ئەجدىهانىڭ ئالدىغا

ئېلىپ مېڭىپتۇ. ئەجدىھا تاغنىڭ ئۇ تەرەپ قاپتىلىدا تۇرىدىكەن. ئېلىپ بارغان ئادەمنى تاغنىڭ بۇ تەرەپ قاپتىلىغا قويۇپ قويىدىكەن. چوڭ مەلىكىنى بەلگىلەنگەن جايغا ئەكىلىپ قويۇپ قايتىشىپتۇ. مەلىكە يىغلاپ قاپتۇ. ئەجدىھانىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپتۇ. مەلىكە ئەجدىھا كېلىدىغان تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي قورقۇنچ ئىچىدە يىغلاپ ئولتۇرسا كەينى تەرىپىدە:

— ئەي مەلىكەم، بۇ يەردە نېمىشكە يىغلاپ ئولتۇرىسىز؟ — دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ.

مەلىكە كەينىگە قايرىلىپ قارىسا، ئاجايىپ ئىسىل كىيىنگەن چىرايلىق، قامەتلىك ياش بىر شاھزادە تۇرغان. مەلىكە قورقۇپ كېتىپ:

— ئەي شاھزادە، سىز بۇ يەرگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭىز، بۇ يەردە بىر ئەجدىھا بار. مەن ئۇنىڭغا ئوزۇق بولۇش نۆۋىتىمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن. سىز دەرھال كېتىڭ. بولمىسا سىزنىمۇ يەپ كېتىدۇ، — دەپتۇ. ئالدىدا تۇرغان يىگىتنىڭ نىزغاي ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرەلمەپتۇ. نىزغاي چوڭ مەلىكىدىن:

— ئەجدىھا كەلگەندە ئالدىن بىرەر شەپىسى بولامدۇ ياكى جىم-جىملا كېلەمدىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئاڭلىشىمچە غۇر-غۇر شامال چىقىپ، سىم-سىم يامغۇر ياغىدىكەن، — دەپتۇ مەلىكە.

نىزغاي تاغنىڭ بىر دوقمۇشىدىن ئۆتۈپلا قولان تولپارىنى مىنىپتۇ-دە، ئوتلاقتا بېرىپ پادىشاھنىڭ تۆگىلىرىدىن بىرىنى تۇتۇپ سويۇپ، تېرىسىنى ئۆزىگە يۆگەپتۇ. تۆگىنىڭ تېرىسى كىچىك كېلىپ قېلىپ ئالدى تەرىپى ئازراق ئوچۇق قاپتۇ. تۆگىنىڭ قېنىنى يۈزلىرىگە قوللىرىغا سۇۋاپتۇ. ئاندىن يەنە قولان تولپارىغا مىنىپ ئۇچۇپتۇ-دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقانچىلىك ئارىلىقتا تاغنىڭ دوقمۇشىغا كېلىپ قولان تولپارىنى شۇ يەردە قويۇپ قويۇپ، ئۆزى چوڭ مەلىكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ. مەلىكە تۆگىگە ئوخشايدىغان بۇ غەلىتە نەرسىدىن قورقۇپ چىرقىرۋەتكىلى تاس قاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا غۇر غۇر شامال چىقىپ، سىم سىم يامغۇر يېغىپتۇ. نىزغاي گەپمۇ قىلماي مەلىكىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تاغنىڭ تولپارىنى قويۇپ قويغان دوقمۇشنى كۆرسىتىپ شۇ تەرەپكە مېڭىشقا ئىشارەت قىپتۇ. مەلىكە ئىچىدە «بۇ تۆگە كۆرۈنۈشىدە كەلگەن دىۋە ئوخشايدۇ، قېنى، بېشىمغا كەلگەننى كۆرەي، ئەجدىھاغا يەم بولۇشتىن قۇتۇلۇپ قالسام ئەجەپ ئەمەس» دەپ ئويلاپ، نىزغايغا ئەگىشىپ دوقمۇشقا كەپتۇ. نىزغاي مەلىكىنى بىر دالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى مەلىكىنىڭ ئورنىدا ئەجدىھانىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىر چاغدا ئەجدىھا تاغدىن چۈشۈپ يېقىن كېلىپ نىزغاينى دەم تارتىپتۇ. نىزغاي دەرھال قىلىچىنى تۇغرىسىغا تۇتۇپ ماڭغانچە ئەجدىھانىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇقىدىن چىقىپتۇ ۋە ئايلىنىپ ئەجدىھانىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ ھەجدىھار زۇۋانغا كىرىپ:

ئەي مەخلۇق! سەن ئادەممۇ ياكى دىۋە، جىنمۇ؟ مەن ھەر قانداق نەرسىنى دەم تارتسام، ئاغزىمدىن ئۇچقاندەك كىرىپ كېتەتتى. سەن ھەجەپ مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇپسىنا، سېنى ئەمدى شۇنداق بىر شۇمۇرەيكى، ئىچىمگە پاشىدەكلا كىرىپ كەت، — دەپ كۈچەپ دەم تارتماقچى

بوپتىكەن، زادىلا بولماپتۇ. نىزغاي ئەجدىھاغا:

ھەي، ئەجدىھا، سەن مېنى دەم تارتىمەن، دېمەي ئىككى يېنىڭغا سىلكىنىپ باق. شۇ چاغدا مېنى نېمىشكە شۇمۇرەلمىگىنىڭنى بىلىسەن، — دەپتىكەن، ئەجدىھارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئىككى يېنىغا كۆچەپ تۇرۇپ سىلكىنىپتىكەن، ئۈستى قىسمى تاغ باغرىغا ئۇچۇپ بېرىپ يەنە بىر تاغنى ھاسىل قىپتۇ. ئاستى قىسمى ئۆز ئورنىدا تاغدەك يېتىپتۇ. نىزغاي تۆگە تېرىسىنى يېشىۋېتىپ، يۈز - كۆز، قوللىرىدىكى قاننى يۇيۇۋېتىپ مەلىكىنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ھەي مەلىكە، سىز ئەجدىھاغا يەم بولۇشتىن قۇتۇلدىڭىز، ئەجدىھامۇ ئۆلدى، يۇرت خەلقىنىڭ بېشىدىكى ئاپەتمۇ تۈگىدى. مەن يۇرت ئارىلىغىلى چىقىپ بۇ يەردە سىزنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىڭىزنى كۆرۈپ كەلسەم، ئەھۋال ھېلىقىدەك ئىكەن. ئاتا - ئانىڭىز شۇ تاپتا سىزنىڭ دەردىڭىزدە يىغلاپ ھالى قالمىغاندۇ، دەرھال ئۆيىڭىزگە قايتىپ شاھ ئاتىڭىز بىلەن ئانىڭىزنى خاتىرجەم قىلىڭ. مەن يولۇمغا ماڭاي، — دەپتۇ نىزغاي. چوڭ مەلىكە بولسا:

— مەن سىزدەك باتۇر شاھزادىنى چوقۇم ئاتا - ئانام بىلەن كۆرۈشتۈرىمەن، سىزگە نۇرغۇن بايلىق ئىنئام ئېلىپ بېرىمەن. مەن بىلەن بىرگە بېرىڭ، دەپ چىڭ تۇرۇۋاپتۇ. نىزغاي:

— بوپتۇ، بارسام باراي. خاتىرە ئۈچۈن ماڭا بىر نەرسىڭىز بولسا بەرسىڭىز، ساقلاپ قويسام، — دەپتۇ. چوڭ مەلىكە ئۆلۈمگە ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن ئۈزۈك، بىلەيزۈككە ئوخشاش نەرسىلىرىنى قالدۇرۇپ قويغانىكەن. بېشىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلىق ياغلىقنى بېرىپتۇ.

نىزغاي ئەجدىھانىڭ بىر قۇلىقى بىلەن كۆكرەك تېرىسىدىن كېسىۋېلىپ، مەلىكە بىلەن شەھەرگە قاراپ مېڭىپتۇ. شەھەر دەرۋازىسىغا كەلگەندە مەلىكىگە: سىز ئازراق ساقلاپ تۇرۇڭ، ئېتىمنى ئوتقا باغلاپ قويۇپ كېلەي، دەپ قورغاننىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپلا قۇلان تۇلپارىغا مىنىپ ئۇدۇل بېغىغا يېنىپ كەپتۇ. چوڭ مەلىكە نىزغاينى ساقلاپتۇ. خېلى ساقلاپتۇ. كەلمەپتۇ. ئۇ كەتكەن تەرەپكە قاراپ بېقىپتۇ. نىزغاينىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. مەلىكە يەنە ئازراق ساقلاپ بېقىپ، كەلمىگەندىن كېيىن، شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. بۇ چاغدا بىر قىسىم كىشىلەر مەلىكىنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ شەھەر دەرۋازىسى تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن، ئۇلار مەلىكىنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇشۇپ قاپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئەس - ھوشىنى يىغىشىپ «مەلىكە قايتىپ كەپتۇ، مەلىكە قايتىپ كەلدى!» دەپ توۋلاشقىنىچە ئوردا تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپتۇ. بۇ خەۋەر شۇ ئانلا ئوردا ئىچىگە يېتىپ بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ ئۇ گەپكە ئىشەنگۈسى كەلمىسىمۇ، سىرتىغا قاراپ مېڭىپتۇ. مەلىكە ئاتا - ئانىلىرى بىلەن ئوردا ئىشىكىدە ئۇچرىشىپتۇ. مەلىكە بولغان ئىشنى باشتىن - ئاخىرىغىچە سۆزلەپ بېرىشكە باشلاپتۇ. مەلىكە سۆزلەپ تۇرسۇن. بىز گېپىمىزنى نىزغايغا يۆتكەيلى.

نىزغاي باغنىڭ يېنىغا كېلىپ كىيىم - كېچەك ۋە ئېگەر - جابدۇقلارنى بۇرۇنقىدەك يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. تۇلپارنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپتۇ. دىۋە تازىنىڭ باش تېرىسىنى

كىيىپ ، «باغۋەن تاز» قىياپىتىگە كىرىپ ئۆيىگە كەپتۇ . ئايالىمۇ ئاچىسى ئۇچۇن يىغلايدىغىنىنى يىغلاپ ، ئاتا ـ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ قويۇپ ئۆيگە يېڭىلا كېلىپ تۇرغانىكەن . نىزغاينىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ :

— بۇ چاغقىچە ئاچامنى دىۋە يەپ بولغاندۇ . هە ؟! — دەپتۇ . كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ ، نىزغاي تەسەللى بەرگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يېقىن كەپتۇ . مەلىكە يىغىدىن توختاپ كۆزىنى ئېچىپ نىزغايغا قاراپلا :

— هەي ، نىزغاي ، قوينىڭىزدا ئاچامنىڭ باش ياغلىقى تۇرىدىغۇ ؟ — دەپتۇ .

نىزغاي ياغلىقنى ئۆزىنىڭ كىيىملىرى بىلەن قويۇپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قالغانىكەن ، نىزغاي چاندۇرساي :

— سۇ باشلىمىنى ئېتىۋېتەي ، دەپ ئۆستەڭ بېشىغا بارسام ، بۇ ياغلىق دەرەخكە ئىلىغلىق تۇرىدۇ ، شامال ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ قويغان ئوخشايدۇ . كىمنىڭكىلىكىنى قانداق بىلەي ، ـ دەپتۇ . مەلىكە «ئاچام بەلكى جان قايغۇسىدا ياغلىقىنىڭ ئۇچۇپ كەتكىنىنى ئۇقماي قالغاندۇ ، » دەپ ئويلاپ ، نىزغاينىڭ گېپىگە ئىشىنىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپ تۈگەپتۇ . ئەمما ئوردا تەرەپتىكى يىغا ـ زار ئاۋازلىرى توختاپلا قاپتۇ . كىچىك مەلىكە بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپتۇ . نىزغايغا : «مەن چوڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەي » دەپ قويۇپ ئوردىغا كىرسە ، ئاتا ـ ئانىسى ، ئىككى ئاچىسى خۇشال ـ خۇرام ئولتۇرۇشقان . چوڭ ئاچىسى ئۆزىنى قۇتقۇزغان ، هەجدىهارنى ئۆلتۈرگەن باتۇر شاهزادە توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىۋاتقاندەك . كىچىك مەلىكە :

— ئاچا ، سىنى كىم قۇتقۇزدى ؟ — دەپ سوراپتۇ . ئاچىسى :

— كىم بولاتتى ، بىر شاهزادە ، سەن ئۆمرۈڭ بويى كۆرەلمەيدىغان بىر باتۇر ئىسىل شاهزادە ، — دەپ ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئىسىللىكىنى ، ئۆزىنىڭ چىرايلىق ، قاملاشقانلىقىنى ، ئېتىنىڭ ئاجايىپلىقىنى تەرىپلەپ بېرىپتۇ . گېپىنىڭ ئاخىرىدا ، — سەن بىر تازنىڭ خوتۇنى بولۇپ دۇنيادىن ئۆتىدىغان بولدۇڭ . ئېرىڭ تۈگۈل سەن بىلەن كۆرۈشكىلىمۇ نومۇس قىلىدىغان بولدۇم . بۇندىن كېيىن ئالدىمغا كىرگۈچى بولما ، — دەپتۇ . بۇ ئاهانەت ئېغىر كەلگەن كىچىك مەلىكە :

— بوپتۇ كېتەي ، ئۆيۈڭگىمۇ كىرمەي . سودىگەر باي ئېرىڭنىڭ شۇ مال ـ دۇنياسىدىن باشقا قانچىلىك كارامىتى باردۇ . سىنىڭ هالىڭنىمۇ كۆرەرمىز ، — دەپ ، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقىپتۇ . ئاچىسىنىڭ تەرىپلىشىدىن ئۇنى نىزغاينىڭ قۇتقازغانلىقىنى جەزم قىپتۇ . ئۆيىگە كىرمەي ئۇدۇل باغقا بېرىپتۇ . قارىغىدەك بولسا ، باغقا سۇ ئاچقاندەكمۇ ئەمەس .

— هەي نىزغاي ، سەن ئەجدىهانى ئۆلتۈرۈپ ، ئاچامنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپسەن ، يۇرت بېشىدىكى چوڭ ئاپەتنى تۈگىتىپسەن ، مۇشۇنچىۋالا ئىشنى قىلىپمۇ ئۆزۈڭنىڭ كىملىكىنى ئاشكارىلىماي ، مېنى نېمىشكە هاقارەتكە قويىسەن ؟ — دەپ ئاچىسىنىڭ قىلغان ئاهانىتىنى دەپ بېرىپتۇ .

— ئەي مەلىكەم ، ئالدىرىماڭ ، ئاچىلىرىڭىز هەر قانداق ئاهانەت قىلسىمۇ چىشىڭىزنى بېسىپ چىداپ تۇرۇڭ .

دۇنيانىڭ ئالدىمىزدا تېخى نۇرغۇن سىناق-
لىرى بار . شۇ سىناقلاردىن ئۆتكەندىن
كېيىن ئۆزۈمنى ئاشكارىلىسام تېخىمۇ ئوبدان
ئەمەسمۇ . ئۇ چاغدا ئىككى ئاچچىغىز قىلغان -
ئەتكەنلىكگە خىجىل بولۇپ يۈزىڭىزگە قارى-
يالمايدىغان بولىدۇ ، — دەپتۇ . بۇ گەپتىن
كىچىك مەلىكىنىڭ كۆڭلى تىنىپ ، ياخشى
كۈنلىرىنى كۈتۈشكە باشلاپتۇ .

يۇرت ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ
خېلىدىن بۇيان شىكارغا چىقالمىغان پادى-
شاھنىڭ ئوۋ گۆشى يېگۈسى كېلىپ ، ئۈچ
كۈيئوغلىنى چاقىرتىپ :

— ھەي باللىرىم ، مېنىڭ ئوۋ
گۆشى يېگۈم كېلىۋاتىدۇ . ئۈچىڭلار ئوتلاقنا
بېرىپ ئوۋلا ، ئوۋ گۆشى ئەكىلىپ
بەرسەڭلار . ھەر قايسىڭلارنىڭ ئوۋ شىكار-
دىكى ھۈنىرىڭلارنى كۆرۈپ باقاي ، —
دەپتۇ . ئۈچ كۈيئوغۇل پادىشاھنىڭ ئالدىدىن
چىقىپ ، خوتۇنلىرىغا پادىشاھنىڭ پەرمانىنى
دەپ ، ئوۋ - شىكار تەييارلىقلىرىنى قىپتۇ .
ئىككى چوڭ كۈيئوغۇل ئۆزلىرىنىڭ يارام
ئاتلىرىنى مىنىپتۇ . نىزغايمۇ قۇلان تۇلپارىغا
مىنىپتۇ . ئەمما ئۇ قۇلان تۇلپار ئىككى
كۈيئوغۇلنىڭ كۆزىگە ئېشەكمىكىن دېسە
كالىغا ئوخشايدىغان ، كالىمىكىن دېسەم ،
قۇلاق ، قۇيرۇقى ئېشەككە ئوخشايدىغان غە-
لىتە بىر جانىۋار بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ . چوڭ
باجىسى نىزغايىنى مازاق قىلىپ :

— ھەي باجا ، سەن بۇ ھېچنېمىگە
ئوخشايدىغان مەخلۇقۇڭ بىلەن ئوۋغا
چىقمەن ، دەۋاتامسەن . بۇ بىر نېمەڭ تاش-
پاقىغىمۇ يېتەلمەس ، شاھ ئاتىمىز ئالدىدا
يۈزۈڭ تۆكۈلىدىغان بولدى . ئارتۇق ئوۋلى-
ساق ، ساڭا بىرەر - يېرىمىدىن بىرەرمىز ، —
دېيىشىپتۇ . شاھزادە نىزغاي بىچارە
قىياپەتتە :

— ھەي باجىلار ، مەن ئاتالماي
سىلەر ئاتسائڭلار ، تۇتقان ئوۋلارنى ماۋۇ
جانىۋىرىم بىلەن توشۇپ بېرەرمەن . شۇ
ئەجرىم ئۈچۈن بولسىمۇ ماڭا بىر نەرسە بې-
رەرسىلەر ، — دەپتۇ . ئۈچ باجىلار ئوۋ
قىلىدىغان جايغا ئاز قالغاندا چوڭ ئىككى
باجا كۆڭلىدە نىزغايىنى ئايرىۋېتىشنى
ئويلاپتۇ . ئۇلار گېپىنى بىر قىلىۋېلىپ :

— ھەي باجا ، ھەممىمىز بىرگە
ماڭساق ، ئوۋنى ياخشى قىلالمايمىز . ماۋۇ
جانىۋىرىڭنى ھەر قانداق نەرسە يىراقتىن
كۆرۈپلا قاچىدۇ . شۇڭا سەن ئاۋۇ تەرەپكە
ماڭ . بىز ماۋۇ تەرەپكە ماڭايلى ، — دەپ ،
نىزغايغا ئوت ، سۇيى يوق بىر تۈزلەڭلىكنى
كۆرسىتىپ قويۇپتۇ . نىزغايمۇ ئۇلارنىڭ
غەرىزىنى بىلىپ بوپتۇ . گەپمۇ قىلماي ئۇلار
كۆرسەتكەن تەرەپكە مېڭىپتۇ . باجىلىرى
ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بوپتۇ .
نىزغايمۇ ئۇلاردىن ئاسانلا ئايرىلغىنىغا تې-
خىمۇ خۇش بوپتۇ . ئۇ بىر دۆڭ - دۈمبەلدىن
ئۆتۈشكە غەلىتە جانىۋىرى ئۆز ئەسلىگە
كەپتۇ . نىزغاي بېشىدىكى تاز شىرىقىنى ئې-
لىۋېتىپتۇ . خورجۇنىدىن شاھزادىلىق
تونلىرىنى كىيىپتۇ . ئوقيا ، قىلىچ ، نەيزىلى-
رىنى تەق قىلىپ تاغ تەرەپكە چېپىپ
كېتىپتۇ . تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە چۈشۈشكە
ئالدىغا بىر توپ ياۋا تۆگىلەر ئۇچراپتۇ .
قۇلان تۇلپارىنى تۆگە پادىسىنى ئايلاندۇرۇپ
چاپتۇرۇپ ، ئوقياسىدىن تۆگىلەرگە ئوق
ئۈزۈۋېرىپتۇ . تۆگىلەر بىرلەپ - بىرلەپ
يىقىلىپ تۆگىلەر دۆۋىسىگە ئايلىنىپتۇ . سا-
ناپ كۆرگۈدەك بولسا ، كامىمۇ ئەمەس .
ئارتۇقمۇ ئەمەس ، توپتوغرا 30 تۆگە ئىكەن .
نىزغاي خۇدادىن تۆگىلەرنىڭ ئىچ باغرى ،

كاللا ـ پاقالچاقلىرىنى تاتلىق، گۆشىنى ئاچچىق قىلىشنى تىلەپتۇ. ئاندىن بىر تۆگىنىڭ جىگىرى بىلەن ئازراق كاۋاپ قىلىپ يەپ بېقىپتىكەن. جىگىرى تاتلىق، گۆشى ئاچچىق بولۇپ پىشىپتۇ. ئاچچىق بولغاندىمۇ، ئېغىز تەككەن ھامان كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان دەرىجىدە ئاچچىق ئىكەن. نىزغاي تۆگىنىڭ جىگىرىنى يەپ ئولتۇرسا، ئىككى باجىسى قورۇق قول كېلىپ قاپتۇ. قارىغىدەك بولسا بىر دۆۋە تۆگە يېتىپ كەتكەن. بۇنى كۆرگەن باجىلىرى خۇشامەت قىلىپ:

— ئەي شاھزادە، سىز بىر ئۆزىڭىزلا مۇشۇنچىۋالا تۆگىنى ئېتىپ يىقىتىپ قويۇپسىز، بۇلارنى قانداقمۇ ئېلىپ كېتەرسىز، — دېيىشىپتۇ. نىزغاي ئۇلارغا:

— مەن زىرىكىپ قېلىپ، كۆڭلۈمنى ئېچىپ كېلىش ئۈچۈنلا ئوۋغا كەلگەنىدىم. بۇ تۆگىلەر ئۇچرىشىپ قالدى. قىزىپ كېتىپ ھەممىسىنى ئېتىپ قويۇپتىمەن. مەن بۇلارنى لازىم قىلمايمەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ باجىلىرى:

— ۋاي شاھزادە، سىزگە لازىمى بولمىسا بىزگە سېتىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ.

— مەن بۇلارنى ساتمايمەن، مەن بىللە ئوۋغا چىققان ھەمراھلىرىمغا بەرمەكچى ئىدىم. ئۇلار يىراقلاپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇلارنى ساقلاپ تۇرالمايمەن. ئەگەر سىلەر ئالىدىغان بولساڭلار، بوپتۇ. سىلەرگە بېرەي. ھەربىرىڭلارنىڭ بىلىكىگە «ئون بەش» دېگەن خەتنىلا يېزىپ قوياي، پۇل ـ مال ئالمايمەن، — دەپتۇ نىزغاي.

باجىلىرى تەييار ئولجىغا ئېرىشكىنىگە خۇشال بولۇشۇپ بىلەكلىرىنى ئېچىپ بېرىپتۇ. نىزغاي ئۇلارنىڭ بىلەكلىرىگە «ئون بەش» دېگەن سۆزنى يېزىپ قويۇپتۇ. ئىككى باجىسى خۇشال بولۇشۇپ، تۆگىنىڭ گۆشىنىڭ ئالغانلىرىنى ئېلىپ، ئالالمىغانلىرىنى تاشلىۋېتىپ يولىغا قايتىپتۇ. نىزغاي قولان تۇلپارىغا مىنىپ باغقا كەپتۇ ـ دە، «باغۋەن تاز» قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. ئاندىن ئۆيىگە كەلسە خوتۇنى:

— سىز ھېچنەرسە ئاتمىدىڭىزمۇ، قورۇق قول كەپسىزغۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، نىزغاي:

— مەن ئاتقان نەرسىلەرنى باجىلىرىم ئەكەلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ.

نىزغاينىڭ باجىلىرى ئاتلىرىغا بىردىن تۆگىنى ئارتىپ، ئۆزلىرى پىيادە مېڭىپ، ھېرىپ جېنى ئاز قالغاندا ئۆيلىرىگە يېتىپ كېلىشىپتۇ. ئەرلىرىنىڭ تۆگە ئېتىپ كەلگىنىدىن خوتۇنلىرى قەۋەت خۇش بوپتۇ. تاز باجاڭلار نېمە ئاتتى؟ دەپ سوراپتۇ. ئۇلار نىزغاينىڭ ئۆزلىرىگە يېتەشەلمەي يېرىم يولدا قالغانلىقىنى، ھېچنەرسە ئاتالماي قورۇق قول كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە نىزغاي كىچىك مەلىكىنى چوڭ ئۆيگە بېرىپ نېمە ئىشلا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ. ۋە ئەگەر ئىككى ئاچىڭىز ئەرلىرى ئېتىپ كەلگەن ئوۋلىرىنىڭ ئۆپكە ـ ئۈچەيلىرىنى بەرسە رەھمەت دەپ ئېلىپ كېلىڭ. ناۋادا گۆش بەرمەكچى بولسا ئىچ ـ باغرىنى بېرىڭلار دەڭ، دەپ تاپىلاپتۇ. كىچىك مەلىكە ئوردىغا بېرىپتۇ. ئىككى ئاچىسى ئەرلىرى بىلەن پادىشاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىكەن. ئۇلار كىچىك مەلىكىدىن:

— ھە، سېنىڭ ئېرىڭ نېمە ئېتىپ كەپتۇ؟ بىزنىڭ ئەرلىرىمىزنىڭ نېمە

ئاتقىنىنى بىلەمسەن؟ بىردىن چوڭ تۆگە
ئېتىپ كەپتۇ. ئۇنىڭ كاللا پاقالچەك، ئۆپكە
- قېرىنلىرىنى سىلەرگە بېرەيلى، ئاپىرىپ
پىشىرىپ يەڭلار. تاز ئېرىنىڭ راسا
تويۇۋالسۇن، — دەپتۇ. ئۇ گەپلەر كىچىك
مەلىكىگە بەك هار كەپتۇ. يىغلىغان بويى
ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. نىزغاي ئۇنىڭ قايتىپ
كېلىشىنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئايىلىنىڭ
يىغلاپ كىرىۋاتقىنىنى كۆرۈپ:

— مەلىكەم، يىغلاپسىزغۇ، بىرەرسى
دىل ئازار قىلدىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
كىچىك مەلىكە:

— ئىككى ئاچام دىل ئازار قىلغان-
دىمۇ بەك ئاچچىق ئاهانەتكە قىلدى.
ئۇلارنىڭ ئەرلىرى بىردىن تۆگە ئېتىپ
كەپتىكەن، ئۆپكە - قېرىن، كاللا -
پاقالچاكلىرىنى ئاپىرىپ يەڭلار، راسا بىر
تويۇۋېلىڭلار، دەپ هاقارەتلىدى، بىز
ئەمدى ئۇلاردىن ئاشقان - تاشقان، تاشلى-
ۋەتكەنلەرنى يەيدىغان هالغا چۈشۈپ
قالدۇقمۇ؟ — دەپ يىغلاپتۇ. نىزغاي كۈلۈپ
كېتىپ:

— هەي مەلىكەم، بايا سىز ماڭىدى-
غاندا شۇنى تاپىلىغان ئەمەسمىدىم،
ئاچىلىرىڭىز تۆگىنىڭ كاللا - زاسۇيلىرىنى
بەرگەن بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، قايتا
بېرىڭ، كاللا - پاقالچەككە نىزغاي بەك
ئامراقكەن، ئېلىپ كېلىڭ دەپ ئەۋەتتى،
دەپ بېرىڭ. ئۆچەي - پۆچەيلىرىنى قال-
دۇرماي هەممىسىنى ئەكېلىڭ، — دەپتۇ.
كىچىك مەلىكە نىزغايدا بىر خىسلەت بار،
دەپ قاراپ كەلگەچكە، ئاچىلىرىنىڭ ئالدىغا
قايتا بېرىش هەر قانچە ئېغىر كەلسىمۇ لې-
ۋىنى چىشلەپ بېرىپتۇ. مالايلارغا ئىككى
تۆگىنىڭ ئىچ - قارنىنى كۆتەرتىپ ئېلىپ
كەپتۇ.

ئەتىسى ئىككى چوڭ كۈيئوغۇللار
تۆگە گۆشىنىڭ هەممىسىنى پىشىرىپ پادى-
شاهنى هەم خوتۇنىنى، ئۇنىڭدىن باشقا
ئوردىدىكى ۋەزىر، ئەمىرلەرنى مېهمانغا چا-
قىرتىپتۇ. مېهمانلار گۆشكە شۇنداق بىر
ئېغىز تېگىپلا هەممىسى هۆ قىلىشىپ ئاغزى-
دىكى گۆشنى تۈكۈرۈپ تاشلىشىپتۇ. گۆش
شۇ قەدەر بەتتەم، شۇ قەدەر ئاچچىقكەنكى،
مېهمانلار بىر هازاغىچە هۆتىلىپتۇ. پادىشاه-
نىڭ قەۋەت ئاچچىقى كەپتۇ. ئىككى قىزى
بىلەن ئىككى كۈيئوغلىنى «كالۋالار، ئاچ-
چىق بىلەن تاتلىقنىمۇ پەرق ئېتەلمەيدىغان،
گۆشنىمۇ ئوڭشاپ پىشۇرۇشنى بىلمەيدىغان
دۆتلەر» دەپ ئەيىپلەپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە
زادىلا كەلمەس بولۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.
پادىشاهدىن تارتىپ باشقا هەممە مېهمانلار-
نىڭ ئاغزى شۇ كۈنى بىر كۈن كەچكىچە
ئاچچىق پېتى تۇرۇپتۇ، يېگەن هەر قانداق
نەرسىنىمۇ ئاچچىق قىلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى نىزغاي بىلەن كىچىك
مەلىكە ئىككى تۆگىنىڭ كاللا - پاقالچەك،
ئۆپكە - قېرىن، تال - جىگەر، تاتلىق
ئۈچەي - ئاچچىق ئۈچەيلىرىدىن تارتىپ
هېچنېمىسىنى قالدۇرماي يۇيۇپ تازىلاپ،
پىشىرىپتۇ. بىر قىسمىنى شۇ پېتى قويۇپ،
بىر قىسمىدا بىرنەچچە خىل تاماق
هازىرلاپتۇ. هەممە نەرسە تەييار بولغاندىن
كېيىن، نىزغاي پادىشاهنى، ئانىسىنى هەم
ئالدىنقى كۈنى ئاچىلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن
مېهمانلارنىڭ هەممىسىنى، ئىككى ئاچىسىنى
هەم ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىمۇ قالدۇرماي
چاقىرىپ كېلىشكە مەلىكىنى ئەۋەتىپتۇ. مە-
لىكىنىڭ بۇنداق بىر نېمىلەرگە پادىشاه
دادىسى بىلەن ئانىسىنى قىچقىرىشقا كۆڭلى

بارمىسىمۇ . نىزغاينىڭ بۇنداق قىلىشىدا چوقۇم بىر گەپ بار ، دەپ ئويلاپتۇ ـ دە ، ئوردىغا قاراپ مېڭىپتۇ . شاھ دادىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپ نىزغاينىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە :

— شاھ دادا ، خان ئانا ، ئېرىم ھەر قانچە ئاددى باغۋەن بولسىمۇ ، مەن يەنىلا سىلەرنىڭ قىزىڭلار . ھازىرغىچە ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى قايسى تەرەپكە قارايدۇ . ئۆي ئەھۋالىم قانداق ؟ ھېچقايسىڭىز بىلمەيسىلەر . ئەقىلسىز قىزىڭلارنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي ئۆيىمىزگە مېھمانغا بېرىپ كەلسەڭلار . ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككىنچىلەپ بارمىساڭلارمۇ مەيلى ، بۇ قېتىم ئۆتۈنۈپ قالاي ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ .

پادىشاھ ئەسلىدە كىچىك مەلىكىسىگە ئامراق ئىكەن . شۇڭا قىزىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قويغۇسى كەلمەي ، باشقىلارنى باشلاپ مېڭىپتۇ . شۇلار قاتارىدا ئىككى ئاچىسى ، ئۇلارنىڭ ئەرلىرىمۇ مېڭىپتۇ . بۇلارنىڭ غەرىزى مېھمان بولۇش ئەمەس . تاماش كۆرۈش ئىكەن . ئىككى ئاچىسى : ئۇ تازىنىڭ نېمىسى بار ، قېنى ، قانداق مېھمان قىلىدۇ كۆرۈپ باقايلى ، دېيىشىپتۇ . مېھمانلار كېلىپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى تەييارلىغان نازۇ ـ نېمەتلەرنى قويۇپتۇ . مېھمانلار ئالدىدا تۇرغان كاللا ـ پاقالچەك ، ئۆپكە ـ ھېسىپ ، ئۈچەي ـ قېرىنلارنى كۆرۈپ چىرايلىرى بۆلەكچە بوپتۇ . پادىشاھنىڭ غەزىپى تۇتقاندەك بوپتۇ . چۈنكى ، ئۇلار بۇنداق نەرسىلەرنى ئىتقا تاشلاپ بېرىشىدىكەن . ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرغان شاھزادە نىزغاي قول باغلاپ تۇرۇپ :

— ھۆرمەتلىك شاھ ئاتا ، ھۆرمەتلىك خان ئانا ، مەن ئاددىي باغۋەن بولغاچقا قولۇم قىسقا ، شۇڭا سىلەرگە لايىق ياخشى نەرسە ھازىرلىيالماي ، قۇربىمغا چۈشلۇق مۇشۇ نەرسىلەرنى تەييارلىدىم . مېۋىلەردىن ئېلىپ كىرەي دېسەم ، ئۇ پادىشاھلىق باغ . پادىشاھ ئاتامنىڭ ئىجازىتىسىز بىرەر تالنى ئۈزۈش ھەددىم ئەمەس . يېمىسەڭلارمۇ كۆڭلىمىز ئۈچۈن ئۆزىمىز تەييارلىغان بۇ نەرسىلەرگە ئېغىز تېگىپ قويۇڭلار ، — دەپتۇ .

پادىشاھنىڭ ئەسلىدە نىزغايغا ئىككى ئېغىز قاتتىقراق گەپ قىلغۇسى بار ئىكەندۇق . ئەمما ئۇنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك ، ئورۇنلۇق ئېيتقان گېپىگە زوقى كېلىپ ئۆپكىدىن ئازراق تېتىپ ئېلىپ ئاغزىغا سېپتۇ . ئۆپكىنى چىشىغا باسا ـ باسمايلا خۇددى قەندەك ئېرىپ ، شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇكى ، پادىشاھ ئۆزىنى ئۇنىڭدىن تېتىملىق نەرسە يەپ باقمىغاندەك ھېس قىپتۇ . «ياخشىكەن ، بەك ياخشى بوپتۇ» دەپ ئالدىدىكى نېمەتنىڭ ھەرقايسى خىلىدىن ئىتتىك ـ ئىتتىك يېيىشكە باشلاپتۇ . پادىشاھنىڭ ماختاپ يەپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ باشقىلارمۇ يېيىشكە باشلاپتۇ . ئۇلارغىمۇ شۇنداق تېتىپ كېتىپتۇ . بىر ياقتىن ماختاپ ، بىر ياقتىن ھەدەپ يېيىشىپتۇ . كىچىك مەلىكىنىڭ ئىككى ئاچىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ئەرلىرىمۇ بىر نەچچە كۈن ئاچ قالغان ئادەمدەك كاللا ـ پاقالچەككە دۈم چۈشۈپتۇ .

پادىشاھ شۇ قېتىمقى مېھماندارچىلىقتا كىچىك قىزىدىن ، نىزغايدىن ناھايىتى خۇشال بوپتۇ . «بۇلارنى ئاددىي چاغلىمىسام بولمىغۇدەك» دەپ ئويلاپتۇ . چوڭ قىزلىرىنىڭ گېپىگە كىرىپ ئۇلارنى ئوردا

سىرتىندىكى تاشلاندۇق ئۆيگە ئەكىلىپ قويغىنىغا خىجىل بوپتۇ. شۇ كۈنىلا ئۇلارنى ئوردا ئىچىگە كۆچۈرۈپ، ئەڭ ياخشى ئۆيلەردىن بىر قاتارنى ئاجرىتىپ بېرىپتۇ. ئۆزىگە ھەر كۈنى بىر كاللا ـ پاقالچەك پىشىرىپ ئەكىلىپ بېرىشنى ئېيتىپتۇ. بۇنىڭدىن كەنجى مەلىكىنىڭ ئاچىلىرىنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بوپتۇ. قويقا چاچلىرى تىك بوپتۇ. ھەسەت جىنى قوتراشقا باشلاپتۇ. ئۇلار كىچىك مەلىكىنى كۆرگەنلا يەردە:

— سەن كاللا ـ پاقالچەككە ئېرىڭنىڭ تىزىنىڭ قوماق مىزىنى قوشۇپ پىشىرىپ دادامنىڭ ئەقلىنى بولغىدىڭ، يۈزىمىزنى تۆكتۈڭ، — دەپ تىل سىلىپ ئاھانەت قىلىشقا باشلاپتۇ. تاپا ـ تەنە، ھاقارەتلەرنى تولا ئاڭلاپ زەردىسى تاشقان كىچىك مەلىكە بىر كۈنى نىزغايغا:

— ھەي نىزغاي، سىز ئەمدى ئۆزىڭىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارا قىلىپ، مېنى ئىككى ئاچامنىڭ ھەقارەتلىرىدىن قۇتۇلدۇرمىسىڭىز، مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئۆلۈۋالىمەن، — دەپ يىغلاپتۇ.

نىزغاي ئۆزىنى ئاشكارىلاشنىڭ تېخى ۋاقتى كەلمىگەنلىكىنى ھەرقانچە ئېيتسىمۇ، كىچىك مەلىكە زادىلا ئۇنىماپتۇ، «ئۆلۈۋالىمەن» دەپ تۇرىۋاپتۇ. نىزغاي سەل تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ھېلى كېلىمەن، دەپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. باغدىن سىرتقا چىقىپ، يۈگەننى شاراقشىتىپتىكەن، قۇلان تۇلپارى ھازىر بوپتۇ. نىزغاي قۇلان تۇلپارىغا:

— ئەي ۋاپادار قۇلان تۇلپارىم، خوتۇنۇم ئاچىلىرىنىڭ ھاقارەتلىرىدىن بەك ئازاپلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ مېنى ئۆزۈڭنى ئاشكارىلىمىساڭ ئۆلۈۋالىمەن، دەپ تۇرىۋالدى. مەن ئەمدى قانداق قىلسام بولىدۇ، مەسلىھەت بەرسەڭ، — دەپتۇ.

قۇلان تۇلپار:

— ئەي شاھزادە، ئۆزۈڭنى ئاشكارىلاشنىڭ تېخى ۋاقتى بار ئىدى. مەلىكە قىستاپ تۇرىۋالغان بولسا، مەيلى ئۆزۈڭنى ئاشكارىلا. يەنە بىر باشقا يامان بىر ئىشنىڭ شەپىسىنى كۆڭلۈم سېزىپ تۇرىۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن ئۆزۈڭنى ئاشكارىلا، ئۇ ئىش توغرۇلۇق كېيىن بىر نېمە دېيىشەيلۇق، — دەپ ئەتە ئەتىگەندە، پادىشاھ تەختىخانىسىغا ماڭغاندا، ئۇنىڭ شاھزادىلىق كىيىملىرىنى كىيىپ «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم شاھ ئاتا» دەپ سالام بېرىشنى، ھەربىر گەپ قىلغاندا شاھ ئاتا دەپ باشلاشنى ھەم يەنە نېمىلەرنى دەپ، نېمىلەرنى قىلىشنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ.

نىزغاي ئەتىسى تاڭ سەھەردە باغ سىرتىغا چىقىپ ئۆزىنىڭ شاھزادىلىق كىيىم ـ كېچەكلىرىنى ئېلىپ كىرىپتۇ. بېشىدىن دىۋە تازىنىڭ شىرىقىنى ئېلىۋېتىپ، كىيىملىرىنى كىيىپتىكەن. كىچىك مەلىكە نىزغايىنى تونۇمايلا قاپتۇ.

— شاھزادەم، سىزنىڭ قايسى يۇرت پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىڭىزنى ئالدى بىلەن ماڭا دەپ بېرىڭ. كۆڭلۈم تىنسۇن. دەپ تۇرىۋاپتۇ. نىزغاي يۇرتىنىڭ، دادىسىنىڭ ئىسمىنى دەپ بېرىپتۇ. نىزغاي مەن ئەمدى قېيىنئاتامنىڭ ئالدىغا باراي، دەپ ئۆيدىن چىقىشقا پادىشاھمۇ تەختىخانىسىغا ماڭغانىكەن. ئارقىسىدىن يېقىن بېرىپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، شاھ ئاتا —

دەپ سالام بېرىپتۇ .

پادىشاھ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارىغۇدەك بولسا ئاجايىپ قەددى قامەتلىك چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان ، شاھانە كۆرۈنۈشلۈك . شاھزادىلىق كىيىمدە بىر يىگىت ئۆللىق قاراپ تۇرغان . پادىشاھ ھەيران قېلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سوراپتۇ . نىزغاي ھەربىر جاۋابىدا «شاھ ئاتا» دەپ تۇرۇپتۇ . ئۇنىڭ بۇنداق ئاتىشىدىن پادىشاھ تېخىمۇ ھەيرانلىق ھېس قىلىپ :

— ھەي شاھزادە ، سىز قايسى يۇرت ، قايسى ئەقلىم پادىشاھىنىڭ شاھزادىسى ؟ سىز نېمىشقا مېنى «ئاتا» دەۋېرىسىز . بۇنىڭدىكى ۋەج نېمە ؟ — دەپ سوراپتۇ . نىزغاي قول باغلاپ تۇرۇپ :

— شاھ ئاتا ، مەن باشقا بىر كىم ئەمەس ، كىچىك مەلىكىلىرىڭىزنىڭ جۈپتى نىزغاي بولىمەن ، — دەپتۇ . بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھنىڭ ھەيرانلىقتا ئاغزى گەپكە كەلمەي ئېچىپلا قاپتۇ . پادىشاھ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ :

— مېنىڭ كەنجى كۈيئوغلۇم بىر كەيمە تاز تۇرسا ، سىز قانداقسىگە نىزغاي بولىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . نىزغاي يەنە قول باغلاپ تۇرۇپ :

— شاھ ئاتا ، ئەگەر مېنىڭ نىزغاي ئىكەنلىكىمگە ئىشەنمىسىلە مەلىكىلىرىدىن سوراپ باقسىلا ، — دەپتۇ .

پادىشاھ شۇ ئانلا 40 يىگىتنى چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا نىزغاينى قوشۇپ قويۇپتۇ . ئاندىن كىچىك قىزىنى چاقىرتىپ ئەكىلىپ :

— قىزىم ، مۇشۇ 41 يىگىتنىڭ ئارىسىدا ئېرىڭ نىزغاي بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ .

كىچىك مەلىكە ئۇيان ، بۇيان قارىمايلا ئۇدۇل نىزغاينىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىدىن تۇتۇپ ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىپتۇ . دادىسىغا قاراپ :

— ئەي شاھ ئاتا ، بۇ شاھزادە مېنىڭ ئېرىم نىزغاينىڭ ئەسلى ئۆزى . بۇ ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىماي «باغۋەن تاز» قىياپىتىگە كىرىۋالغان نىقابى ، — دەپ دىۋە تازنىڭ يۈز ، باش تېرە شىرىقىنى كۆرسەتىپتۇ ھەم بۇرۇنقى باغۋەن تازنىڭ ئەسلىدە ئۆزلىرىنى قەستلەپ كەلگەن دىۋە ئىكەنلىكىنى نىزغاينىڭ ئۇنى يەم بىلەن قانداق ئۆلتۈرگەنلىكىنى ، كېيىن ئۇنىڭ بەزى ھەرىكەتلىرىدىن گۇمان قىلىپ يۈرگەنلىكى ۋە سىرىنى بىلىۋالغانلىقىنى ، شۇڭا ئۇنى ئۆزىگە جورىلىققا تاللىغانلىقىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ . قىزىدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ پادىشاھ ھەيرانلا قاپتۇ . ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلىپلا قاپتۇ . پادىشاھ نىزغايدىن :

— شاھزادە ئوغلۇم ، قىزىمنىڭ ئېيتقانلىرى راست بولسا ، قېنى ئېيتىڭا ، سىز قايسى يۇرتنىڭ قايسى پادىشاھنىڭ ئوغلى بولىسىز ؟ — دەپ سوراپتۇ . نىزغاي جاۋاپ بەرگىچە قىزى :

— شاھ ئاتا ، بۇنى مەن ئايان قىلاي، كۈيئوغلىڭىز نىزغاي مىنكۆن باتۇر پادىشاھنىڭ ئوغلىدۇر ، — دەپتۇ .

قىزىنىڭ ئاغزىدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ پادىشاھ ھاڭ - تاڭلا قاپتۇ . بۇ پادىشاھ

منكۇن باتۇر پادىشاھ تەۋەسىدە بولمىسىمۇ ،
ئۇنىڭ 47 ئەلنىڭ شاھىنشاھى ، باتۇرلارنىڭ
سەردارى ، جاھانغا تونۇق پادىشاھ ئىكەنلى-
كىنى بىلىدىكەن . مۇشۇنداق بىر قۇدرەتلىك
پادىشاھنىڭ شاھزادىسىنى چاكار قىلىپ
ئىشلەتكەنلىكىدىن ئىنتايىن خىجىل بوپتۇ ،
قورقۇپتۇ . نىزغاينىڭ ئالدىدا قول باغلاپ
تۇرۇپ :

— ئوغلۇم ، مەن سىزنىڭ منكۇن
باتۇر پادىشاھنىڭ شاھزادىسى ئىكەنلىكىنى
زادىلا بىلمەپتىمەن ، چاكار ئورنىدا كۆرۈپ-
تىمە . گۇناھىمدىن ئۆتسىڭىز . يېشىممۇ بىر
يەرگە بېرىپ قالدى . ئورنۇمغا سىز پادىشاھ
بولسىڭىز ، — دەپتۇ . نىزغايمۇ قول باغلاپ
تۇرۇپ :

— شاھ ئاتا ، ئۇنداق دېمىسىلە ،
سىلىدە ھېچقانداق ئەيىب يوق . نىقاپلىنىپ
تاز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئۆزەم تۇرسام ، —
دەپتۇ ھەم يەنە ئۆزىنىڭ تېخى ياشلىقىنى ،
پادىشاھ بولۇپ بىر يۇرتنى
سورىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بولۇپ ، يەنە :
شاھ ئاتا ، مېنىڭ بىر ئىلتىماسىم بار ،
ئۆزۈمنىڭ كىملىكىم ئاشكارا بولدى ، شۇڭا
ئوردىدىكىلەرگە شاھزادىلىق زىياپىتى
بەرسەم شۇ سورۇندا ھەم قايسىلىرىغا ئاشكارا
قىلىدىغان ئىككى ئىش بار ئىدى ، — دەپتۇ .

پادىشاھ شۇ ھامانلا شاھزادە نىزغاي
نامىدا ئوردا زىياپىتى ھازىرلاشقا پەرمان
چاكارلاپتۇ . زىياپەت سورۇنى ھايالشىماي
تەق قىلىنىپتۇ . زىياپەتكە ئىككى باجىسى ،
ئىككى چوڭ مەلىكىمۇ تەكلىپ قىلىنىپتۇ .
زىياپەت راسا قىزىۋاتقاندا شاھزادە نىزغاي
ئوتتۇرىغا چىقىپ :

— شاھ ئاتا ، خان ئانا ، مەن نىز-
غاينىڭ باغۋەن تاز قىياپىتىگە كىرىۋالغان ،
ئەسلىدە منكۇن باتۇر شاھنىڭ ئوغلى ئىد-
كەنلىكىم بۇگۈن سىلەرگە ئاشكارا بولدى .
ئەمما يەنە ئىككى ئىش سىلەرگە ئايان بول-
مىدى . ئۇ بولسىمۇ بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل
ئىلگىرى شاھ ئاتىمىز بىز ئۈچ كۈيئوغۇلنى
ئوۋ گۆشى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇغانىدى ،
شۇ چاغدا مەن 30 ياۋا تۆگە ئېتىپ ،
ھەممىسىنى ئىككى باجامغا ئونبەشتىن ئۈ-
لەشتۇرۇپ بېرىۋەتتىم ، ئەمما ئۇلار ئۇ
تۆگىلەرنى ئۆزىمىز ئاتتۇق ، دەپ شاھ ئاتد-
مىزنى ئالدىدى . شۇ يالغانچىلىقى
سەۋەبىدىن تۆگىلەرنىڭ گۆشى يېگۈسىز
ئاچچىق گۆشكە ئايلىنىپ قالدى .
ئىشەنمىسەڭلار ئۇلارنىڭ ئوڭ بىلەكلىرىنى
ئېچىپ قاراپ بېقىڭلار ، «نىزغاي ئونبەش
تۆگە بەردى» دېگەن خەت بار ، — دەپتۇ .

پادىشاھ شۇ ئانلا باي سودىگەر
كۈيئوغلى بىلەن باي زەرگەر كۈيئوغلىنىڭ
بىلەكلىرىنى ئاچتۇرۇپ قارىغۇدەك بولسا ،
شاھزادە نىزغاينىڭ ئېيتقىنىدەك مەزمۇندىكى
خەت مۆھۈر قىلىپ بېسىلغان ، ئۇلار ئۇ
خەتنى ئەينى ۋاقىتتا ئۆيگە بېرىپ يۇيۇ-
ۋەتسەكلا بولمىدىمۇ دەپ ئويلاپتىكەن ، ئەمما
ھەرقانچە يۇسۇمۇ چىقماپتىكەن . «يەڭنىڭ
ئىچىدە بولغاندىكىن كۆرۈنمەيدىغۇ » دېيد-
شىپ يۈرۈۋەرگەنىكەن ، شاھزادە نىزغاي ئۇ
ئىشنى ئاشكارا قىلىپ بولۇپ ، يەنە بىر
ئىشنى ئاشكارىلاشقا تەييارلىنىۋاتقاندا
پادىشاھنىڭ چوڭ قىزى :

— شاھ ئاتا ، خان ئانا ، يەتتە يىل بۇرۇن يۇرتىمىز بېشىغا كەلگەن ئاپەت ئەجدىھانى ئۆلتۈرۈپ ، مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان شاھزادە ئاشۇ شۇ . ئۇنىڭ نىزغاي ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەپتىمەن ، — دەپتۇ .

پادىشاھ چوڭ قىزىنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ ، بىر ئىشەنمەي ، شاھزادە نىزغايغا قاراپتۇ . شاھزادە نىزغاي :

— چوڭ مەلىكىنىڭ ئېيتقىنى راست ، شۇ ۋاقىتتا كىيگىنىم مۇشۇ كىيىملەر ئىدى . ئىشەنمىسەڭلار بۇنى كۆرۈپ بېقىڭلار ، دەپ قويىنىدىن چوڭ مەلىكىنىڭ باش ياغلىقىنى ، ئەجدىھانىڭ ئىككى قۇلىقى بىلەن تۆش تېرىسىنىڭ پارچىسىنى چىقىرىپ كۆرسىتىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن شۇ سورۇندىلا شاھزادە نىزغاينىڭ نام - نىشانى ، باتۇرلۇقى ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ ، پۈتۈن يۇرتقا شامالدەك تارقاپ بوپتۇ . كېشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ، كىچىك مەلىكىنىڭ ئۇنى تاللىۋالغان ئەقلىگە بارىكاللا ئېيتىپتۇ . باي سودىگەر كۈيئوغۇل ، باي زەرگەر كۈيئوغۇل بىلەن ئىككى مەلىكىگە قاغىش ياغدۇرۇپتۇ . ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىدىن خىجىل بولۇشۇپتۇ ، شاھزادە نىزغاي بىلەن كىچىك مەلىكىنىڭ يۈزىگە قارىماق تەس كېلىپ ئوردىدىن سىرتقا كۆچۈپ چىقىپ كېتىپتۇ . ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپتۇ . بىر كۈنى پادىشاھ نىزغاينى ئالدىغا چاقىرىپ :

— ئوغلۇم ، يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى . مانا ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدىم . كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىمەن ، بۇرۇن ئوغلۇمنىڭ يوقلۇقىدىن تەختىمگە كىم ئولتۇرۇپ قالار ، دەپ تولا غەم قىلاتتىم ، ئەمدى ئۇنداق غەملەردىن قۇتۇلدۇم . سەندىن ئۆتۈنۈشۇم ، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا ساڭا تاجىمنى كىيدۈرۈپ ، تەختكە ئۆز قولۇم بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ قويسام دەيمەن ، تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشكە مىنكۈن باتۇر پادىشاھىمۇ خەۋەر ئەۋەتسەك ، — دەپتۇ .

شاھزادە نىزغاي ئويلاپ قاپتۇ . ئۇ ئالدى بىلەن ئايىلىنى ئېلىپ يۇرتىغا بېرىپ ئاتىسى مىنكۈن باتۇرنى يوقلاپ كېلىشنى ئويلىغانىكەن . ھازىر قارىغۇدەك بولسا قېيناتىسىنىڭ ھالى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان . شۇڭا پادىشاھنىڭ تەلىپىگە ماقۇل كەپتۇ . شاھزادە نىزغاينىڭ تاج كېيىش تەختتە ئولتۇرۇش كۈنىنى بەلگىلەپ ، مىنكۈن باتۇر پادىشاھىمۇ چاپار ماڭدۇرۇلۇپتۇ . مۇراسىم يەتتە كۈن ئۆتكۈزۈلۈپ ، يەتتىنچى كۈنى تاج كەيدۈرمەك بوپتۇ . مۇراسىمنىڭ بەشىنچى كۈنى شاھزادە نىزغاي شاھ قېيناتاسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرسا قولان تېيىنىڭ ئاۋازىغىلا ئوخشايدىغان بەكلا قاتتىق كىشنىگە ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ . شاھزادە نىزغاينىڭ كۆڭلىگە بىر شۇملۇقتىن بىشارەت كەلگەندەك تۇيۇلۇپ ، شۇ ئانلا سىرتقا مېڭىپتۇ . قولان تولپارى تۇرىدىغان خاس جايغا كىرسە ، قولان تولپارمۇ ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك ئىشىك تۈۋىدىلا تۇرغان ئۇچراپتۇ . نىزغاي ئۇنىڭدىن :

— قۇلان تۇلپارىم نىمە بولدۇڭ . —
شۇنچە يىللاردىن كىشنىمەي بوگۈن ھەجەپ
قاتتىق كىشنەپ كەتتىڭغۇ ، — دەپ
سوراپتۇ . قۇلان تۇلپار :
— سېنىڭ شاھلىق تاجى كىيىشىڭ
داداڭنىڭ بېشىغا چىقىدىغان بولدى . سې-
نىڭ پادىشاھ بولۇشۇڭدىن خەۋەر تاپقان
ھېلىقى ئۆگەي ئاناڭنىڭ ھەسەت جىنى
قۇترىدى . «نىزغاي پادىشاھ بولغاندىن
كېيىن ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھامان دادىسىغا
ئېيتىدۇ ، ھېچبولمىسا ئۆزى بولسىمۇ مەندىن
ئۆچ ئالىدۇ » دەپ ئويلاپ ئۆز بېشىنىڭ كې-
تىشىدىن قورقۇپ ، ئاكىسى بىلەن گەپنى
بىر قىلىپ بوگۈن ئاخشام داداڭغا زەھەر
بەرمەكچى . مۇشۇ يول بىلەن 47 يۇرتنىڭ
شاھەنشاھلىقىنى ئىگىلەپ ، سېنى ئۆچ ئالال-
ماس قىلىپ قويماقچى بولۇۋاتىدۇ . بىز
ھازىرلا مىنكۇنگەرگە ئۇچايلى ، بۇ يەردىكى
تەختتە قاچانلا بولسا ئولتۇرىسەن ، —
دەپتۇ . شاھزادە نىزغاينىڭ ئۆگەي ئانىسىغا
بولغان ئۆچمەنلىكى باشقىدىن قوزغىلىپ ،
ئۇنىڭ تاقىتىنى چېكىگە يەتكۈزۈپتۇ . بو-
لۇپمۇ دادىسىغا قەست قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ
ئولتۇرالماي قاپتۇ . ئەھۋالنى قىيناتىسىغا
دەپ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بوغۇچە ۋاقىت
ئۆتۈپ كېتىدۇ ، دەپ ئويلاپ ئايلىغا ئەھۋا-
لىنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ قويۇپلا ،
يەتتىنچى كۈنگە ئۈلگۈرۈپ كېلىمەن ،
دەپتۇ - دە ، قۇلان تۇلپارنى مىنىپ كۆككە
كۆتۈرۈلۈپتۇ .

ئەمدى گەپنى بۇ تەرەپكە يۆتكەيلى
شاھزادە نىزغاي يۇرتتىن چىقىپ كەتكىنىگە
ئالتە - يەتتە يىل بولۇپ قالغاندىن كېيىن ،
ئۆگەي ئانىسى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بوپتۇ .
ئەمما دادىسى ئۇنىڭ دەردىدە خىياللا سۈرۈ-
دىغان ، خىسلەتلىك ئوغلى بىلەن
خىسلەتلىك قۇلان تاينىڭ بىللە كېتىشىدىن
كۆڭلى سەل خاتىرجەمدەك قىلسىمۇ ،
ئامراق بالىسىنىڭ ئوتى ئارامىنى بۇزىدىغان ،
كېچىلىرى ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇدىغان بوپتۇ .
شاھزادە نىزغاينى ئويلايدىكەنۇ ، ئەمما ئۇنىڭ
نەدىلىكىدىن زادىلا خەۋەر تاپالماپتۇ .
كۆردۇق ياكى ئاڭلىدۇق دېگەن كىشىمۇ
چىقماپتۇ . مىنكۇن باتۇر شاھنىڭ كىچىك
خوتۇنىغا كەلسەك ، ئۇ ئوردىغا قانداق كەلگە
بولسا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ . مىنكۇن پادىشاھغا
بىرەر بالىمۇ تۇغۇپ بەرمەپتۇ . ئۇنىڭ
ھەرقانچە تۇغقۇسى بولسىمۇ ، خۇدايىم بالا
بەرمەپتۇ . تۇغمىغانسېرى كۈنلىكىدىن
ئەندىشە قىلىدىغان بوپتۇ . تۇغمىدىڭ دەپ
پادىشاھ مېنى ھامان بىر كۈنى ئوردىدىن
قوغلاپ چىقىرىدۇ . ئۇ مېنى قوغلىغىچىلىك
مەن ئۇنىڭ يولىنى قىلاي ، دەپ نىيىتى
بۇزۇپتۇ . كۆڭلىگە بىر سۇيىقەستنى پۈ-
كۈپتۇ . ئۇ خوتۇنىنىڭ ھىيلە - مىكردە
شەيتانغا دەرس بېرىدىغان بىر ئاكىسى بار
ئىكەن . ئىككىسى گەپنى بىر قىپتۇ .
مىنكۇن باتۇر پادىشاھنى زەھەرلەپ ئۆلتۈ-
رۈپ ، ئاكىسى پادىشاھ بولىدىغان بوپتۇ .
تەييارلىقلىرىنى پۈتكۈزۈپ ، پۇرسەت كۈ-
تۈپ يۈرۈپتۇ . مىنكۇن باتۇر پادىشاھ ئوغلى
نىزغاي قۇلان تاينى مىنىپ كەتكەندىن كې-
يىن ، كەنجى ئايلىنىڭ قۇلان تاينىڭ
يۈرىكىنى يېمەكچى بولغىنىنى ، ئەمما ئۇنى

يېيەلمەيمۇ ئۆلمىگىنىنى ئويلاپ، كۆڭلىگە هەر خىل گۇمانلار كېچىپ، شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ خوتۇنىغا ئانچە يېقىنلاشمايدىغان، كۆرسىمۇ ئانچە بەك چىراي ئاچمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. كېيىنچە كىچىك خوتۇنىنى تاشقارىقى ئوردىغا چىقىرىۋەتكەنىكەن. پەيتىنى قولغا كەلتۈرەلمەي تىت ـ تىت بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە نىزغايىنىڭ بىر يۇرتىنىڭ پادىشاھى بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىق خەۋىرى كەپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ مۇراسىمىنىڭ ئالتىنچى كۈنى يولغا چىقماقچى بوپتۇ. بۇ كىچىك خوتۇنى ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت بوپتۇ. بۇ پۇرسەت ئۆتۈپ كەتسە، كېيىن مىنكۈن باتۇر پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش تۇگۈل، ئۆزىنىڭ بېشى كېتىدىغانلىقىدىن قورقۇپتۇ. شۇ بەشىنچى كۈنى كەچتە خوشلىشىش يۈزىسىدىن مىنكۈن باتۇرنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئۇنىڭ يەيدىغان ياكى ئىچىدىغان بىرەر نەرسىسىگە ئۆتكۈر زەھەر سېلىۋەتمەكچى بوپتۇ. ئۇ خوتۇنىنىڭ يامان غەرىزىدىن غايىبى خەۋەر تاپقان قۇلان تۇلپار شاھزادە نىزغاي نەدە بولسا ئاڭلىسۇن، دەپ قاتتىق كىشنىگەنىكەن.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزغاي تاج كىيىش مۇراسىمىنىڭ بەشىنچى كۈنى كەچكە يېقىن مىنكۈن باتۇر پادىشاھ سەپەر تەييارلىقلىرىنى قىلىپ بولۇپ ئولتۇرسا، كىچىك خوتۇنى كىرىپتۇ. ئۇ مىنكۈن باتۇر پادىشاھغا:

— باتۇر پادىشاھىم، ئەتە قۇتلۇق سەپەرگە ئاتلانماقچى بولۇۋاتىسىلا، ئوغلىمىز شاھزادە نىزغايىنىڭ شاھلىق تاجى كىيىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ مەنمۇ بەك خۇشال بولۇۋاتىمەن. مۇشۇنداق بىر ياخشى سەپەرگە مەن بىلەن خوشلاشماي ماڭسىلا قانداق بولىدۇ. بىرگە ئۆتكەن ئون نەچچە يىلنىڭ يۈزىنى قىلمامىلا. مەن سىلىگە ئۆز قولۇم بىلەن يوللۇق چېينى تەييارلاپ بېرەي، — دەپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ گەپمۇ قىلماي ئولتۇرۇپتۇ. مۇشۇ خوتۇننىڭ ئاغرىپ قالدىم دەپ پەرياد كۆتۈرۈپ يېتىۋالغانلىقى، كېسىلىگە غايىپى جانۋارنىڭ يۈرىكى دورا بولۇپ قالغانلىقىنى، قۇلان تاينى ئۆلتۈرۈشكە تەييارلانغاندا، ئۇنىڭ قاتتىق ـ قاتتىق كىشنىگىنى، نىزغاينىڭ دەل شۇ پەيتتە يېتىپ كېلىپ يېلىنىپ ـ يالۋۇرغىنى، قۇلان تاينىڭ قانات چىقىرىپ، ئوغلىنى ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتكىنى كۆز ئالدىغا بىرمۇ بىر كېلىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرسا، كىچىك خوتۇنى چاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ پادىشاھنىڭ چىنىسىگە قۇيۇپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ خىيال سۈرگەچ پىيالىنى قولغا ئاپتۇ. ئاغزىغا يېقىن ئاپىرىپ ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا ئىشىك جالاقىتىدە ئېچىلىپ شاھزادە نىزاي كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپلا:

— دادا، چاينى ئىچمەڭ! — دەپ توۋلىغىنىچە كېلىپ مىنكۈن باتۇرنىڭ قولىدىن چىنىنى ئېلىۋېلىپ، ئۆگەي ئانىسىغا قاراپتۇ. ئۆگەي ئانىسىنىڭ چىرايىدا قان قالماپتۇ. قورقۇپ پۇت ـ قولىدا جان قالماپتۇ. چىنىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە مېڭىپتۇ. ئەمما ئىشىكتە

تۇرغان خاس ياساۋۇللارنى كۆرۈپ توختاپ قاپتۇ . منكۆن باتۇر پادىشاھ :

— نىزغايمۇ سەن ! ئوغلۇم نىزغايمۇ سەن ؟! — دەپتۇ .

شاھزادە نىزغاي دادىسىنىڭ قولىدىن چىنىنى ئېلىپ تۇرۇپ :

— شاھ ئاتا ، ھازىر ئەھۋاللىشىدىغان چاغ ئەمەس . ئالدى بىلەن كارامەتنى كۆرۈڭ ، ئاندىن ئەھۋاللىشايلى ، — دەپتۇ - دە ، ياساۋۇللارغا دەرھال بىر ئىت كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ . ئىت كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، بىر پارچە ناننى چايغا چىلاپ ئىتقا بېرىپتۇ . ئىت ناننى يەپلا پوككىدە يىقىلىپتۇ . منكۆن باتۇر پادىشاھ ھېچ ئىشنى ئەقلىگە كەلتۈرەلمەي نىزغايدىن :

— ئوغلۇم ، بۇ نېمە ئىش ، چايدا زەھەر بارمىكەن ؟ — دەپ سوراپتۇ .

شاھزادە نىزغاي ئۆزىنىڭ قۇلان تېپىنى مىنىپ قېچىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىنى ئۆلتۈرمەك بولۇپ ئۆگەي ئانىسىنىڭ كولىغان ئورىسىنى ، بۈگۈنكى بۇ زەھەرلەشنىڭ مەقسىتىنى ، بۇ قەستلەرنى قۇلان تۇلپارنىڭ ئالدىن سېزىپ دادىسىنى ، ئۆزىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ . منكۆن باتۇر پادىشاھنىڭ غەزىپى قاتتىق تۇتۇپتۇ . شۇ يەردىلا كىچىك خوتۇنىنى جاللاتقا تاپشۇرۇپتۇ . ئۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەپتۇ . ئاتا - بالا ئولتۇرۇپ باشقىدىن ئەھۋاللىشىپتۇ . شاھزادە نىزغاي قۇلان تۇلپارغا مىنىپ ئۇچقىنىچە قايسى يۇرتقا بېرىپ قالغانلىقى ، قۇلان تۇلپارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن شاھلىق باغدا باغۋەنلىق قىلغانلىقى ، ئۇ ئارىلىقتىكى ئىشلىرىنى كەچۈرمىشلىرىنى بىر قۇر سۆزلەپ بېرىپتۇ . منكۆن باتۇر پادىشاھ شاھزادە نىزغاينىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئادەم بولغىنىدىن بەك خۇشال بوپتۇ . قۇلان تۇلپاردىنمۇ قەۋەت مىننەتدار بوپتۇ . ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ شاھزادە نىزغاينىڭ تاج كىيىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئەتىسى سەپەرگە ئاتلانماق بوپتۇ . شاھزادە نىزغاي دادىسىغا :

— باتۇر شاھ ئاتا ، مېنىڭ تاج كىيىپ ، تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا قۇتبۇل ئاكاممۇ قاتناشقان بولسا بەك ياخشى بولاتتى ، — دەپتۇ . منكۆن باتۇر پادىشاھ :

— ئوغلۇم ، ئاكاڭ قۇتبۇلنىڭ شەھىرى بەك يىراق ئاتلىق يىگىرمە كۈنلۈك يول . قانداق قىلغان بىلەن ئۈلگۈرەلمەيدۇ . سېنى مۇبارەكلەپ كېيىنچە بېرىۋالار ، — دەپتىكەن ، شاھزادە نىزغاي :

— باتۇر شاھ ئاتا - ، يول يىراقلىقىدىن خاتىرجەم بولۇڭ ، قۇلان تۇلپارىم ئالتە ئايلىق يولنى بىر دەمدىلا بېسىپ بولىدۇ . سىلەر مېڭىپ تۇرۇڭلار . سىلەر ئۇ يۇرتقا بېرى بولغۇچە مەن قۇتبۇل ئاكامنى ئېلىپ ئارقاڭلاردىن يېتىپ بارىمەن ، — دەپتۇ . ئاندىن قۇلان تۇلپارنىڭ قېشىغا كىرىپ ئەھۋالىنى ئېيتىپتۇ . قۇلان تۇلپار ئادەمدەك قاھقاھلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ . شاھزادە نىزغاي ھەيران بولۇپ :

— قۇلان تۇلپارىم ، ھەجەپ كۈلۈپ كەتتىڭغۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ . قۇلان تۇلپار :

— سەن تاج كىيىش مۇراسىمىڭغا

قۇتبۇل ئاكاڭنىمۇ ئېلىپ بارماقچى بولۇۋاتىسەن، ئۇمۇ ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقىدۇ، — دەپتۇ. نىزغاي ھەيران بولۇپ:

— مېنىڭ ئىشىمدىن ئاكامنىڭ خەۋىرى بولمىسا، — دەپتۇ قۇلان تۇلپار:

— ئۇنىڭ سەۋەبىنى شۇ يەردە بىلىسەن، بىز ئەتە ئەتىگەنرەك يولغا چىقايلى، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى ئەتىگەندە شاھزادە نىزغاي دادىسى ۋە باشقا ھەمراھلار بىلەن يولغا چىقىپتۇ. قۇلان تاينىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلار بىر ئايلىق يولنى بىر كۈندىلا بېسىپ، شۇ كۈنى كەچتىلا نىزغاينىڭ قېيناتىسىنىڭ ئوردىسىغا يېتىپ بېرىپتۇ. مىنكۈن باتۇر پادىشاھ بىلەن تاھزادە نىزغاينىڭ قېيناتىسى سالاملىشىپ تۇرغاننىڭ ئۈستىگە شاھزادە قۇتبۇلمۇ ئۈچ خوتۇنى بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ ئالدى بىلەن مىنكۈن باتۇر پادىشاھغا، ئاندىن نىزغاينىڭ شاھ قېيناتىسىغا سالام بەرگەندىن كېيىن، ئۇكىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. نىزغاي ئاكىسىدىن ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىدىن قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى سوراپتۇ.

— مېنىڭ قېيناتام بەرگەن بىر ئاق قۇلان ئېتىم بار. ئۇ ئاخشام بىردىنلا زۇۋانغا كىرىپ سېنىڭ بۇ يەردىكى ئىشىڭنى، دادامنىڭمۇ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى شۇ ئاق قۇلان ئېتىمنىڭ گېپى بىلەن كەلدىم، — دەپتۇ. ئەسلىدە قۇتبۇل شاھزادىنىڭ ئاق قۇلان ئېتى بىلەن نىزغاي شاھزادىنىڭ قۇلان تۇلپارى بىر چەمەتلەردىن ئىكەن. ئاق قۇلان ئاتنىڭمۇ قۇلان تۇلپارغا ئوخشاش ئىشلارنى غايىبى بىلىش خاسىيىتى بار ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ شاھزادە نىزغاينىڭ شاھلىق تاج كېيىپ، تەختتە ئولتۇرۇش مۇراسىمى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. شاھزادە نىزغاي تەختتە ئولتۇرغاننىڭ ئەتىسى شاھ قېيناتىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئۇ پادىشاھنى ئىززەت - ئىكرام بىلەن يەرلىكىدە قويۇپتۇ. يەتتە نەزىرىنى پۈتۈن يۇرتقا داستىخان سېلىپ نەزىر قىپتۇ. نەزىردىن كېيىن مىنكۈن باتۇر پادىشاھ بىلەن شاھزادە قۇتبۇل ئۆز ماكانلىرىغا قايتىپ كېتىپتۇ.

ئاڭلاشلارغا قارىغاندا شاھزادە نىزغاي دادىسى مىنكۈن باتۇر پادىشاھتەك يۇرتىنى ئادىل سوراپتۇ. ئەسكى - يامانلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپتۇ. ياخشىلارنىڭ قەدرىگە يېتىپتۇ. يېتىم - يېسىر، ئاجىز - مېيىپ، غېرىپ - غۇرۋالارنىڭ بېشىنى سىلاپتۇ. يۇرتى روناق تېپىپ خەلق توق ياشاپتۇ. دادىسىدەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، ئۇزاق ھۆكۈم سۈرۈپتۇ. يەنە بىر ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئىككى باجىسىنىڭ ئۆيىنى ئوردىغا كۆچۈرگۈزۈپ، ئۇلارغىمۇ يۇقىرى ئورۇن بەرگەنمىش.

ئېيتىپ بەرگۈچىلەر (كورلىدىن): **توختى موللا، ساۋۇت سېيىت، ھەسەنجان،**
(لوپنۇردىن): **قۇربان قاسىم، قەييۇم ئىمىن.**

توپلاپ رەتلىگۈچى: **موھىدىن سايىت.**

بۇ قىسىمنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋدىن**

# پالچى ئوغۇل

( چۆچەك )

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ بولغانىكەن. بۇ پادىشاھنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئايىنىمۇ، كۈنىنىمۇ خىجىل قىلغىدەك تەڭداشسىز گۈزەل بىر قىزى بار ئىكەن. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ، پادىشاھنىڭ قىزى بالاغەتكە يېتىپتۇ. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بۇ قىزغا كۆزى چۈشۈپتۇ. پادىشاھ بۇ ئەھۋالنى سېزىپ قاپتۇ.

پادىشاھ قىزىغا «ئەركەك چىۋىن» قونۇپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرىدىغان بىر قەسىر بىنا قىلدۇرۇپتۇ. قىزىنى شۇ قەسىر ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

پادىشاھنىڭ «ئۇچار ئات» دەيدىغان بىر ئېتى بار ئىكەن. پادىشاھ بۇ ئاتقا مىنىپ ھەر كۈندە بىر قېتىم ئاشۇ قەسىرگە چىقىدىكەن. قىزىنى يوقلاپ ئۇنىڭدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، قىزىنىڭ ئېغىرلىقىنى مەخسۇس تارازا بىلەن ئۆلچەپ تۇرىدىكەن. قىزىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس گۈزەتچىلەر قويۇلغان بولۇپ، ئۇلار نۆۋەت بىلەن قاراۋۇللۇق قىلىدىكەن. قىز ھاۋادىكى بۇ مۇئەللەق قەسىردە گۈزەتچىلەرنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا تۇرۇۋېرىپ بەكمۇ زېرىكىدىكەن. ئۇ ئاتىسىغا ئۆزىنى يەرگە ئېلىپ چۈشۈپ كېتىشىنى، ئادەملەر ئارىسىدا تۇرۇپ كۈن كۆچۈرۈشكە رۇخسەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىپ يالۋۇرغان بولسىمۇ، ئاتىسى قىزىنىڭ تەلىپىگە زادىلا كۆنمەپتۇ.

پادىشاھنىڭ ئوردىسىدا ئات باقىدىغان ناھايىتىمۇ ئىشەنچلىك بىر ئادىمى بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايلىق، قامەتلىك، ئەقىللىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇل بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن، پادىشاھنىڭ قىزىغا مۇھەببەت قويۇپ، ئاشىق بولۇپ يۈرگەنىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئات باقۇچىنىڭ ئوغلى پادىشاھنىڭ ئېتىنى مىنىپ ھەر كۈنى بىر نۆۋەت «مۇئەللەق قەسىر» گە چىقىپ قىزىنى يوقلاپ تۇرىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن مۇھەببەتلىشىش ھېسسىياتى تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلاپتۇ. ئۇ بىر كېچىدە دادىسىنىڭ بىخۇتلۇقىدىن ۋە پادىشاھنىڭ شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ئۇچار ئاتنى مىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ «مۇئەللەق قەسىر» گە چىقىپتۇ. بۇ چاغدا گۈزەتچىلەرمۇ غەرق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ھېچنېمىنى تۇيماپتۇ. ئات باقۇچىنىڭ ئوغلى

پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن تېپىشىپ تاڭ ئاتقىچە ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ ـ كۈلۈپ، ئەيش ـ ئىشرەت قىپتۇ ـ دە، تاڭ ئاتماستىلا يەنە ئۇچار ئات بىلەن يەرگە چۈشۈپ، ئاتنى ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ قىزنىڭ چىرايى بارغانسېرى گۈزەللىشىپ، سەمرىپ كېتىپتۇ. كېيىنكى نۆۋەتلەردە پادىشاھ قىزىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەپ كۆرگەندە ئۇنىڭ ئېغىرلىقى بارغانسېرى ئېشىپ چىقىپتۇ.

پادىشاھ قىزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ مۇھاپىزەتچىلەرنى قاتتىق سوراق قىپتۇ. مۇھاپىزەتچىلەر پادىشاھدىن باشقا ھېچقانداق ئادىمىزاتنىڭ مۇئەللەق قەسىرگە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ھېچنېمىگە ئىقرار بولماپتۇ. قىزنى سوراققا تارتسا قىزمۇ پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ئۆزىگە ھېچبىر ئادىمىزاتنىڭ چېقىلمىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى ئاقلاپ تۇرىۋاپتۇ. پادىشاھ ھەرقانچە قىلىپمۇ قىزىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ يىپ ئۇچىنى ئىنىقلىيالماپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن پادىشاھنىڭ مۇئەللەق قەسرىدە ساقلاپ يۈرگەن گۈزەل قىزىدا بولىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر پۈتۈن شەھەر خەلقى ئارىسىغا تارقىلىپ بۇ ھەقتە سۆز ـ چۆچەكلەر كۆپىيىپ كېتىپتۇ. ھەتتا بۇ سۆز ـ چۆچەكلەر پادىشاھنىڭ ئۆز قۇلىقىغىمۇ ئاڭلىنىپ قاپتۇ.

پادىشاھ قىزىدىن ئۆزىگە كېلىۋاتقان بۇ ھاقارەتكە چىدىماي مۇئەللەق قەسىرنى باقىدىغان گۈزەتچىلەرنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. قىزنى بولسا قەسىردىن زېمىنغا چۈشۈرۈپ، زىندانغا سېپتۇ. پادىشاھنىڭ قىزىغا قاتتىق غەزىپى كەلگەنلىكتىن ئۇنى جاللاتلارغا بۇيرۇتۇپ قىلىچ بىلەن چاپتۇرۇپ ئۆلتۈرۈشنى ئويلاپ ئىشەنچلىك ۋەزىرلىرىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. لېكىن ۋەزىرلەرنىڭ ھېچقاندىقى پادىشاھنىڭ بۇ پىكرىگە قوشۇلماي پادىشاھنى غەزىپىنى بېسىۋېلىشقا، يېنىكلىك بىلەن ئىش كۆرمەي قىزىغا رەھىم قىلىشقا ئۈندەپتۇ.

بىر كۈنى پادىشاھ قىزىنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىش مەقسىتىدە پال ئاچقۇزۇپتۇ. پالچى: « پادىشاھى ئالەم، سىلەر تۇرىۋاتقان بۇ شەھەردىن يەتتە كۈنلۈك يىراقلىقتىكى تاغ ئېتىكىدە ئاجىز، نامرات بىر تۇل خوتۇن بار ئىكەن. بۇ خوتۇننىڭ 18 يىلدىن بۇيان پالەچ بولۇپ، ئۇياندىن بۇيانغا ئۆرۈلەلمەي ياتقان بىر لەقۋا ئوغلى بار ئىكەن. ئۇ پالەچ ئوغۇل ھازىر 25 ياشقا كىرىپتۇ. شۇ پالەچ ئوغۇل بىلەن سىلىنىڭ قىزلىرىنىڭ نىكاھى قوشۇلىدىكەن. قىزلىرىنى بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق كىشىگە نىكاھلىنىشقا مەجبۇرلىغانلىقلىرىنىڭ نەتىجىسى چىقمايدىكەن دەپتۇ.

پادىشاھ پالچىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئوردىدىكى ھەممە ۋەزىر ـ ۋۇزۇرالارنى، ئەمىر ـ سىپاھ بەگلەرنى، ھەرقايسى چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەرگە ئاتلاندۇرۇپ پالچى ئېيتقان پالەچ ئوغۇلنى تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. پادىشاھ بۇ پالەچ ئوغۇلنى مەخسۇس مەپە ۋە بىر ۋەزىرنى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ ئەكەلدۈرۈپتۇ. قىزىنى زىنداندىن چىقىرىپ، ئۈچ كۈن توي ئۆتكۈزۈپ مەجبۇرى ھالدا پالەچ ئوغۇلغا نىكاھلاپ، پالەچ ئوغۇلنىڭ تۇرۇشلۇق ماكانىغا ئۈچ ئاتلىق مەپىدە ئەۋەتىۋېتىپتۇ. ئۆزى خاتىرجەم ھالدا پادىشاھلىقىنى داۋام

ئەتكوٗزوٗپتوٗ . قىزنى ئوٗنتوٗپتوٗ .

ئەمدى بىر كەلىمە سوٚزنى پادىشاھ- نىڭ قىزى بىلەن پالەچ كوٗيئوغوٗلدىن ئاڭلايلى : پالەچ ئوغوٗل بىر تاغنىڭ باغرىدىكى كىچىككىنە گەمە ئوٚيدە توٗل ئا- نىسى بىلەن بىللە ياشايدىكەن ، توٗرموٗشى بەك نامرات ئىكەن . پادىشاھنىڭ قىزى پالەچ ئوغوٗلنىڭ ئەمرىگە ئوٚتوٗپ ، ئوٗنىڭ ئوٚيىگە بارغاندىن كېيىن : « تەقدىر پېشانەمگە پوٗتكەن قىسمەت شوٗ ئوخشايدوٗ ، ئەمدى ماڭا تەقدىردىن پوٗتوٗلگەن بوٗ قىسمەتنى كوٚر- مەكتىن باشقا ھېچبىر ئامال يوق » دەپ تونوٗپ ، ئوٗنىڭ بىلەن ئوٚي توٗتوٗپ ، يېڭى توٗرموٗشنى باشلاپتوٗ .

ئوغوٗلنىڭ ئانىسى تاغ باغرىدىن ئوتوٗن - تەمەچ ، تېزەكلەرنى تېرىپ ئەكې- لىدىكەن ، پادىشاھنىڭ قىزى بولسا ئوٚيدە ئولتوٗروٗپ تاماق ئەتكەچ ، پالەچ ئېرىدىن خەۋەر ئالىدىكەن . قىز پالەچ ئېرىنىڭ بەدەنلىرىنى كوٗندە ئىككى قېتىم ئىلمان سوٗ بىلەن يوٗيوٗپ پاكىزلاپ ، ھەر خىل دورا - دەرمانلەرنى قاينىتىپ ئىچكوٗزوٗپتوٗ . مەززىلىك تاماقلارنى يېگوٗزوٗپتوٗ . تەرەتلى- رىنى پاكىزلاپتوٗ . تاغ ئوٚسوٗملوٗكلىرىنىڭ ئوٗروٗقىنى ۋە ھەر خىل تاغ گىياھلىرىنى ئې- زىپ ئوٗنىڭ بەدەنلىرىگە سوٗركەپتوٗ . بىر مەزگىل ئوٚتكەندىن كېيىن ، پالەچ ئوغوٗلنىڭ كېسىلى ئاستا - ئاستا ساقىيىشقا باشلاپتوٗ . ئوٗيادىن - بوٗيانغا ئوٚروٗلەلەيدىغان ، قول - پوٗتلىرىنى ھەرىكەتلەندوٗرەلەيدىغان ، ھا- جەت ئوٗچوٗن سىرتقا ئوٚمىلەپ مېڭىپ چىقالايدىغان بولوٗپتوٗ .

پادىشاھنىڭ قىزى پالەچ ئېرىنى ئورنىدىن توٗروٗپ ماڭالايدىغان قىلىش ئوٗچوٗن ، يوٗمشاق ، تەملىك نان - تو- قاچلارنى تەييارلاپ بوٗ نان - توقاچلارنى ئوٗ ياتىدىغان جاينىڭ يېنىدىكى تامدىن تاكچە ئويوٗپ شوٗ تاكچىغا ئېلىپ قويوٗپتوٗ . ئېرى «قورسىقىم ئاچتى ، نان!» دەپ زارلانسىموٗ ئوٗنىڭغا تاكچىدىن نان ئېلىپ بەرمەپتوٗ . قورسىقى ئېچىپ چىدىيالمىغان پالەچ ئوغوٗل ئاستا مىدىرلاپ ئورنىدىن قوزغىلىپ تامنى توٗتوٗپ ئېگىزگە قول ئوٗزىتىپ ناننى ئېلىپ يەپتوٗ . خوتوٗنى ئېرىنىڭ پالەچلىكتىن پاتراق قوٗتوٗلوٗشى ئوٗچوٗن ، نان قويىدىغان تاكچىنى كوٗندىن - كوٗنگە ئېگىزلىتىپتوٗ . ئېرى زارلانسىموٗ ئوٗنىڭغا پىسەنت قىلماپتوٗ . بىر نەچچە ھەپتە ۋاقىت ئوٚتكەندىن كېيىن ، پالەچ ئېرى ئوٚيىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويوٗل- غان تاختاي ئوٗستىدىكى ناننى ئوٚرە توٗروٗپ ئېلىپ يېيەلەيدىغان بولوٗپتوٗ .

ئەمدى ئوٗ ئېرىغا ئىككى دانە قولتوٗق تايىقى ياساپ بېرىپتوٗ . پالەچ ئېرى ھاسىغا تايىنىپ ئوٚي ئىچىدە مېڭىپ مەشق قىپتوٗ . ئاستا - ئاستا ئوٚي سىرتىغا چىقىپ ئوٗياق - بوٗياققا ماڭالايدىغان بولوٗپتوٗ . شوٗنداق قىلىپ خوتوٗنىنىڭ كوٚڭوٗل قويوٗپ پەرۋىشلەپ بې- قىشى ۋە داۋالىشى نەتىجىسىدە ئوٗچ ئايدىن كېيىن ، پالەچ ئوغوٗل پالەچلىك ئازاۋىدىن قوٗتوٗلوٗپ تەل - توٚكوٗس ساقىيىپتوٗ . ئوٗنىڭ چىرايىغا قان يوٗگوٗروٗپ چىرايلىق ، قەددى قامەتلىك ، كوٗچلوٗك بىر يىگىتكە ئايلىنىپتوٗ .

بوٗ ئەر - خوتوٗن ئىككىيلەن توٗرموٗشنى باياشات ئوٚتكوٗزوٗش ئىمكانىيە- تىنى ئىزلەپ ، ئېرى تاغدىن ئوتوٗن يىغىپ ، بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ ، ئوٗنىڭ پوٗلىغا يىپ ، يىپەكلەرنى ۋە ھەرخىل رەختلەرنى سېتىۋې- لىپ خوتوٗنىغا ئەكىلىپ بېرىپتوٗ . خوتوٗنى چىرايلىق ياستوٗقلارنى ، رومال ، ياغلىقلارنى تەييارلاپتوٗ . ئېرى ئوٗنى بازارغا ئاپىرىپ

سېتىپ، تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق ھەرخىل لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ كەپتۇ.

ئېرى ئوتۇنچىلىق قىلىپ، خوتۇنى تىككۈچىلىك ۋە كەشتىچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ تۇرمۇشى تېز ياخشىلىنىپ باياشاد، خۇشال - خۇرام تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئۇلار توي قىلىپ توققۇز ئايدىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ قورسىقى يوغىناپ ئېغىرلىشىپ ئاخىرى پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ. پالەچ ئوغۇلنىڭ ئانىسى تەقدىردىن ئۆز ئوغلىغا يۈزلەنگەن بۇ بەخت - ئامەتلەردىن سۆيۈنۈپ ياراتقان ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكرىلەر ئېيتىپتۇ. تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل، مېھرىبان كېلىنىگە بەش ۋاقىلىق نامىزىدا دۇئا قىلىپ، ئاللاھ - تائالادىن ئۇنىڭغا بەخت تىلەپتۇ. ئارىدا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پالەچ ئوغۇلنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. پالەچ ئوغۇل ئانىسىنىڭ ۋاپاتىنى كەڭتاشا ئۇزىتىپتۇ. بۇ بىر جۈپ ئەر - خوتۇن ئىناق خاتىرجەم ئائىلە تۇرمۇشىنى داۋام ئەتكۈزۈپ ئارىدا 30 يىل ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. بۇ ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بەش ئوغۇل، ئۈچ قىز باللىق بولۇپتۇ. ئۇلار جاپا - مۇشەققەتتىن، ھېرىش - چارچاشتىن قورقماي ئاددىي - ساددا ياشاپ، تىرىشىپ ئەمگەك قىلىپ ئۆزى تۇرۇشلۇق شەھەر بويىچە كاتتا بىر بايغا ئايلىنىپتۇ. ئۇن نەچچە ئېغىزلىق كاتتا ئۆي - ئىمارەت ياستىپتۇ. بۇ 30 يىل ۋاقىت ئىچىدە پادىشاھ قىزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. لېكىن پادىشاھنىڭ قىزى بىلەن كۈيئوغلى پادىشاھنى زادىلا ئۇنۇتماپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھنىڭ كۈيئوغلى پادىشاھ قېيىن ئاتىسىغا خەت يېزىپ پادىشاھنى ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىدا مېھمان بولۇپ قايتىشقا تەكلىپ قىپتۇ. پادىشاھ ئۆزىگە تەكلىپ ئەۋەتكەن كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەپتۇ. پادىشاھ تەكلىپكە ئاساسەن، ئۆزىنىڭ خانىشىنى، ۋەزىرلىرىنى باشلاپ «پالەچ كۈيئوغۇل» نىڭ شەھىرىگە بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا كەپتۇ. پادىشاھ بىلەن بىللە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قىز چىقماپتۇ. لېكىن كۈيئوغۇل نەۋرە - چەۋرىلەر ۋە يۇرت خەلقى چىقىپتۇ.

پادىشاھ بۇ يەرگە كەلگەندە، ئۆزىنى مېھماندارچىلىققا تەكلىپ قىلغان كىشىنىڭ ھويلا - ئارامىلىرى، يەر - زېمىنلىرى، مال - دۇنياسىغا قاراپ ھەقىقەتەن كاتتا بىر بايۋەتچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپتۇ.

پالەچ كۈيئوغۇل پادىشاھ قېيىن ئاتىسى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن مېھمانلارنىڭ شەرىپى ئۈچۈن، ئازادە، گۈزەل، ھاۋالىق باغ ئايۋانلارغا ۋە بىر قانچە ئۆيلەرگە زىلچا مەرۇزىلارنى ئەتلەستىن تىكىلگەن يۇمشاق كۆرپىلەرنى قات - قات سېلىۋېتىپتۇ. نۇرغۇن قوي - قوتازلارنى سويۇپ يوغان قازانلاردا سېمىز گۆشلەرنى قاينىتىپتۇ. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ھەرخىل يۇمشاق، ئوخشىتىپ پىشۇرۇلغان نان - توقاچلارنى، مەززىلىك تائاملارنى، شورپا ۋە گۆشلەرنى، ھەرخىل يەل يېمىش - قەنت - گېزەكلەرنى تۆكۈۋېتىپتۇ. مەي شاراپلارنى ئارقىمۇ ئارقا ئەكىلىپ تۇرۇپتۇ. مېھمانلارنىڭ كۆڭلى راسا ئېچىلىپتۇ. پادىشاھ راسا خۇش كەيىپ بولغان چاغدا پادىشاھنىڭ قىزى ئىچكىرىكى ئۆيدە تۇرۇپ، پادىشاھقا، ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا شاھ قەسرىدە ئاڭلىغان مۇزىكىسىنى چېلىپ بېرىپتۇ. پادىشاھ بۇ مۇزىكىنى

ئاڭلاپ دەرھال بۇندىن 30 يىل بۇرۇنقى زىندانغا سالغان ۋە ئاخىردا بىر پالەچ لەقۋا يىگىتكە مەجبۇرى نىكاھلاپ بىرىپ كۆزىدىن نىرى قىلغان قىزىنى ئەسكە ئاپتۇ . مۇزىكا توختىغاندىن كىيىن ، ساھىپخانغا تەلەپ قويۇپ ئۇ مۇزىكىنى قايتا - قايتا چالدۇرۇپ ئاڭلاپتۇ . ئالتىنچى كۈنى قايتىش ئۇچۇن يولغا چىقىپتۇ . كۈيئوغۇل قىيىن ئاتىسى ، قىيىن ئانىسى ۋە بىللە كەلگەن مىھمانلارنىڭ ھەممىسگە ئۆز لايىقىدا يوللۇق نەرسە كىرەكلەرنى سوۋغا قىلىپ چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇپتۇ .

پادىشاھمۇ ئۆز شەھىرىگە قايتىش ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ كۈيئوغلىنى ۋە ئۇنىڭ خوتۇن بالا - چاقلىرىنى ئۆزىنىڭ ھوزۇرىغا مىھماندارچىلىققا تەكلىپ قىپتۇ .

ئارىدىن بىر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندە ، كۈيئوغۇل خوتۇن ، بالا - چاقلىرى ۋە يۇرت مەھەللىدىكى بىر قىسىم ئەل - ئاغىنە ، ئۇرۇق - تۇغقانلار بىلەن بىللە پادىشاھنىڭ ھوزۇرىغا مىھماندارچىلىققا كەپتۇ .

پادىشاھ ئۆزى تەكلىپ قىلغان مىھمانلارنىڭ ئالدىغا ۋەزىرلىرىنى ، ئوردا بەگلىرىنى چىقىرىپ قىزغىن قارشى ئاپتۇ . بىر قانچە كۈن كاتتا زىياپەت بىرىپ مىھمان قىپتۇ . مىھمانلار شەرىپىگە ئويۇن - تاماشا ۋە بەزمىلەرنى ئويۇشتۇرۇپتۇ . قىزىمۇ تونۇشلۇق بەرمەپتۇ . بەزمە راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا ، پادىشاھنىڭ قىزى مۇزىكا ياڭرىتىپتۇ . بەزمىدە ئولتۇرغان بارلىق بەزمە ئەھلى بۇ يىقىملىق مۇزىكىنى ئاڭلاپ كۆڭۈللىرى تىخىمۇ ھوزۇرلىنىپتۇ . ئۇلار بۇ مۇزىكىنى قايتا - قايتا چالغۇزۇپ تىڭشاپتۇ .

ئاخىرىدا پادىشاھنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ قىزىنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز ھالدا ئىقىپ چىققان تارام - تارام كۆز ياشلىرى زىناق ۋە ساقال - سامبۇتلىرىنى ئارىلاپ چىپىلداپ يەرگە تامچىلاپتۇ . پادىشاھ ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كىتىپتۇ . بەزمە ئەھلى پادىشاھقا تەسەللى خاتىر ئىيتىپ كۆڭلىنى ياساپتۇ . ئاران دىگەندە پادىشاھ كۆز ياشلىرىنى توختىتىپ ، مۇزىكا چالغان مىھماننىڭ كىم بولىدىغانلىقىنى سوراپتۇ . پادىشاھنىڭ قىزى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ، يۈزىدىكى چۈمبەلنى ئىلىۋىتىپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىلىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەزىم قىپتۇ . ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بىشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپتۇ . پادىشاھ قىزىنى ئەمدى تونۇپ ئۇنى ئاتىلىق مىھرى بىلەن باغرىغا بىسىپتۇ . مەڭزىلىرىگە سۆيۈپتۇ . پالەچ كۈيئوغۇل بىلەن قايتىدىن قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپتۇ . نەۋرىلىرىنى قۇچاقلىرىغا ئىلىپ ئويىنىتىپ مەڭزىلىرىدىن سۆيۈپتۇ .

پادىشاھمۇ ياراتقان ئۇلۇغ تەڭرىگە شۈكرى ئىيتىپتۇ . مىھمانلارنى چىرايلىق ئۇزىتىپ يولغا سېلىپتۇ . ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا پادىشاھ كۈيئوغلىغا مەخسۇس نامە يىزىپ كىشى ئەۋەتىپ كۈيئوغۇلنى ، قىزىنى ۋە نەۋرە - چەۋرىلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا ئەكەلدۇرۇپتۇ . ئۆزىنىڭ پادىشاھلىقىنى كۈيئوغلىغا ئۆتۈنۈپ تەختنى ئۇنىڭغا بوشىتىپتۇ .

پالەچ ئوغۇل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ مەملىكەتنى ئادالەت بىلەن ئىدارە قىلىپ ، ئەلنى خاتىرجەم قىلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ .

ئىيتىپ بەرگۈچى چۆچەك يىزا مائارىپ گورۇپپىسىدىن : **ئاۋۇت ساۋۇت**

# ئالتۇن بۆك

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا چەت بىر يېزىدا نا-
ھايىتى ئاچكۆز بىر باي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ
ئاچكۆزلۈكتىكى داڭقى يىراق - يېقىنغا پۇر
ئىكەن. باي ناتوغرا يوللار بىلەن ئۆزىگە
نۇرغۇن دۇنيا - دەپىنە توپلىۋاپتۇ. ئەمما،
يېزا خەلقى نامراتچىلىقتا ئۆتۈپتۇ. شۇ كۈن-
لەرنىڭ بىرىدە بۇ ئاچكۆز باينىڭ قورۇسىدا
ئالتۇن بۆكلۈك قۇچقاچ پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
بۇنى كۆرگەن باينىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ
ئالاق - جالاق بولۇپ كېتىپتۇ - دە، ئامال
قىلىپ ئالتۇن بۆكنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ
كويىغا چۈشۈپتۇ.

قېيىشقاندەك ئالتۇن بۆكلۈك قۇچ-
قاچمۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاچكۆز باينىڭ
ھويلىسىدا بولىدىكەن ۋە:

— سىنىڭ لاتا دوپپاڭ بار، مېنىڭ
ئالتۇن دوپپام بار دەپ ئۈچ رەت سايراپ
باينى زاڭلىق قىلىپ قويۇپ ئۇچۇپ كېتى-
دىكەن. بۇ ئىش ئۇدا بىر نەچچە كۈن
تەكرارلانغاندىن كېيىن ئىزا - ئاھانەتكە
چىدىمىغان باي نۇرغۇن خىزمەتكارلىرىنى
ئاچرىتىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە نەدىن بولمى-
سۇن ئالتۇن بۆكلۈك قۇچقاچنى قولغا
چۈشۈرۈپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەگەر قۇ-
رۇق قول قايتىپ كېلىدىغان بولسا قاتتىق
جازاغا تارتىلىدىغانلىقلىرىنى جېكىلەپتۇ.
شۇنىڭ بىلەن باينىڭ خىزمەتچىلىرى
ساراسىمىگە چۈشۈپ ئەس - ھوشىنى يوقى-
تىپ تەرەپ - تەرەپكە يۈگۈرۈشكىنچە
ئالتۇن بۆكلۈك قۇچقاچنى ئىزدەپ چىقىپ
كېتىپتۇ.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ
ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە باينىڭ ئىككى نە-
پەر خىزمەتچىسى توققۇز تەزىم قىلىپ، تاغ
ئۆڭكۈرىدىن تۇتقان ئالتۇن بۆكلۈك قۇچ-
قاچنى باينىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئاچكۆز
باي خۇشاللىقتا قوللىرىنى سادەك كېرىپ،
ئوقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، ئالتۇن بۆكنى
قولغا ئېلىپ كۆزلىرىگە سۈرتۈپتۇ. ئارقى-
دىن ئالتۇن بۆكنى بېشىغا كىيىپتۇ - دە،
قۇچقاچقا ئەسكى لاتا بۆكنى كىيدۈرۈپ
قويۇپ بېرىپتۇ.

بۇ ئىشتىن كېيىن باي ھەر كۈنى
ئالتۇن بۆكنى كىيىپ ھويلىسىغا چىققاندا
لاتا بۆك كىيگەن ھېلىقى قۇچقاچمۇ باينىڭ
ھويلىسىدىكى چىنارنىڭ شېخىدا پەيدا بو-
لىدىكەن. بۇنى كۆرگەن ئاچكۆز باي
كۆرەڭلىگەن ھالدا:

— سىنىڭ لاتا دوپپاڭ بار. مېنىڭ
ئالتۇن دوپپام بار — دەپ كۆز - كۆز قىلىپ
ئەنتىنى ئېلىشقا باشلاپتۇ. قۇچقاچ بولسا
چىنار شېخىدا ئۈن - تىنسىز بىر ھازا ئول-
تۇرغاندىن كېيىن كۆزدىن غايىپ
بولىدىكەن. ئاچكۆز باينىڭ تەنلىرى يېيى-
لىپ، قورساقلىرى باداڭدەك كېرىلىشكە
باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئاچكۆز باي ئالتۇن
بۆكنى، يىراق - يېقىندىكى چوڭ
شەھەرلەردىن كاتتا بايلارنى چاقىرىپ،
ئۇلارغا چاي راسلاپ كۆز - كۆز قىلماقچى
بولۇپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە مېھمانلارنىڭ
ئالدى كېلىشكە باشلاپتۇ. لېكىن، تۈن بويى
بەزمە ئويناپ ئۇيقۇسىز قالغان ئاچكۆز باي
ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرالماپتۇ. بۇ پۇر-
سەتنى غەنىمەت بىلگەن قۇچقاچ باينىڭ
ئوچۇق تۇرغان تۆكلۈكىدىن كىرىپ ئىلغىدا
ئىلغلىق تۇرغان ئالتۇن بۆكنى كىيىپ، لاتا
بۆكنى ئىلغىغا ئىلىپ قويۇپتۇ - دە، ئۇچۇپ
چىقىپ كېتىپتۇ.

كۈن نەيزە بويى ئۆرلەپ هويلا -
ئارام مېھمانلار بىلەن تولۇشقا باشلىغاندا،
خىزمەتكارلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئويغانغان
باي ئالدىراپ - تېنەپ كىيىنىپ مېھمانلار-
نىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. شۇ چاغدا ئالتۇن
بۆكلۈك قۇچقاچ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى
چىنار شېخىدا پەيدا بولۇپتۇ - دە.

— سېنىڭ لاتا دوپپاڭ بار، مېنىڭ
ئالتۇن دوپپام بار — دەپ، سايراشقا
باشلاپتۇ. شۇ چاغ ئاچكۆز باي بېشىغا
كىيىپ چىققىنى قۇچقاچقا كىيگۈزۈپ قوي-
غان ئەسكى لاتا بۆك ئىكەنلىكىنى سېزىپتۇ.
ئاچكۆز باي تۈگمەس ئىزا - ئاهانەتكە قال-
غانلىقى ئۈچۈن ئەقلىدىن ئېزىپتۇ. مېھمانلار
بىر دەمدىلا ئىشنىڭ ئەسلىنى بىلىشىپ،
ئاچكۆز باينى مەسخىرە قىلىشىپ قانغىچە
كۈلۈشۈپ بىر - بىرلەپ تارقاپتۇ.

ئاچكۆز باي شۇ كۈندىن باشلاپ
هالىدىن كېتىپ ماغدۇرسىزلىنىپ ئورۇن
تۇتۇپ يېتىپتۇ. ئالتۇن بۆكلۈك قۇچقاچ ھەر
كۈنى بۇرۇنقىدەك سايراشنى داۋاملاشتۇ-
رۇشقا باشلاپتۇ.

بىر كۈنى ئاچكۆز باي
خىزمەتكارلىرىنى ئالدىغا يەنە بىر قېتىم يە-
غىپ، ئالدىنقى قېتىمدىكىدىنمۇ قاتتىقراق
جېكىلەپ هېلىقى قۇچقاچنى نەدىن بولمى-
سۇن تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. زالىمنىڭ
زۇلمىدىن قورققان خىزمەتكارلار بىر نەچچە
كۈن قۇچقاچنىڭ كەينىدىن تاغمۇ - تاغ،
باغمۇ - باغ قوغلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر
باغدىن تۇتۇپ ئاچكۆز باينىڭ ئالدىغا ئېلىپ
كەپتۇ. دەرغەزەپكە كېلىپ، پىغانى
ئۆرلەپ، كۆزلىرى چانىقىدىن چاچراپ
چىققۇدەك بولۇپ كەتكەن باي دەرهال
ئالتۇن بۆكلۈك قۇچقاچنى قولىغا ئېلىپ ئۇ-
نىڭ بويىنىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىپ پۇخادىن
چىقماقچى بويتۇ - دە، ئاغزىغا ئېلىپ بې-
رىپتۇ. بى ئەجەل قازا يەتكەنلىكىنى
سەزگەن قۇچقاچ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ
باينىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىپتۇ - دە، باينىڭ
ئىچىنى تاتىلاشقا باشلاپتۇ. ئاچكۆز باي
بولسا قاتتىق بىئارام بولۇپ يەر قاساپ
يۇملاشقا باشلاپتۇ. تېۋىپ چاقىرىپ ئۇنىڭ
دورىسىنى ئىچىشكىمۇ ئۈلگۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ
ئىچكەن دورىسى سۈرگە دورىسى بولغاچقا
قورسىقى تېخىمۇ تولغاشقا باشلاپتۇ. ئاچكۆز
باي ئىككى نەپەر خىزمەتچىسىنىڭ بىرىگە
بىر دانە ئاي پالتا، يەنە بىرىگە چوڭ بىر
توقماقنى تۇتقۇزۇپتۇ - دە:

— مەن هازىر قەي قىلىمەن. ئاشۇ
چاغدا هېلىقى ناكەس قۇچقاچ ئۇچۇپ چى-
قىشى مۇمكىن. سىلەر ئۇنى راسا كېلىش-

(داۋامى 197 - بەتتە)

# هېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى : تۇرسۇن مۇھەممەت

## ئاياللارنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى توغرىسىدا

شۇنداق ھېكايەت قىلىنىدۇركى : بىر خوتۇنىنىڭ بىر ئاشنىسى بار ئىكەن . ھەر قېتىم ئېرى سودا بىلەن سەپەرگە چىقىپ كەتكەندە خوتۇن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئاشنىسىنى ئۆيىگە چاقىرىپ كېلىپ خىلۋەت قىلىشىدىكەن . كۈنلەردىن بىر كۈنى خوتۇن ئېرىنىڭ سەپەرگە چىقىپ كەتكەنـ لىكىدىن پايدىلىنىپ ، خىلۋەت قىلىش ئۈچۈن كەچ كىرگەندە ئاشنىسىنى ئۆيىگە باشلاپ كەپتۇ . شۇ چاغدا ئېرى سەپەردىن قايتىپ كەلگەنىكەن . ئۇ ئېرىنى كۆرۈپ قاتتىق ھودۇقۇپتۇ . ئېرى بولسا ئۇنىڭ ئاشنىسىنى كۆرۈپ :

— بۇ كىم ؟ - دەپ سوراپتۇ .

خوتۇنى دەرھال :

— بۇ قازىنىڭ غولامى بولىدۇ — يۇر قازىنىڭ ئالدىغا بارىمىز . ئۇزۇن مۇددەت بولدى سەن مېنى بىنەپەقە تاشلاپ كەتـ تىڭ . شۇ سەۋەبتىن مەن ئۇستىڭدىن ئەرز قىلىپ بۇ غولامنى باشلاپ كەلگەنىدىم . يۇر قازى ئالدىغا ! — دەپتۇ . ئېرى بولسا خوتۇنىغا نۇرغۇن ئۆزرە ئېيتىپ ئاران قۇتۇلۇپتۇ .

*  *

بىر خوتۇن بىر ئەرنى ئاشنا تۇتقانىكەن ، ئۇ ئادەمنىڭ بىر غولامى بار بولۇپ ، قەددى - قامىتى ناھايىتى كېلىشكەنىكەن . خوتۇننىڭ كۆڭلى غولامغا ئېغىپتۇ . بىر كۈنى ئۇ ئادەم غولامغا ئاشنىسىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىپتۇ . خوتۇن غولامنى كۆرۈش بىلەنلا :

— سېنى خوجايىنىڭدىن مىڭ مەرتىبە ياخشى كۆرىمەن . ئەمدى سەن بار يەردە خوجايىنىڭنى نېمە قىلارمەن ! — دەپ ، غولامنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ كېتىپتۇ . غولامنىڭ خوجايىنى ئۇنى بىر ھازاغىچە ساقلىغان بولسىمۇ ، چىقمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئارقىدىن خوتۇننىڭ ئۆيىگە كەپتۇ ۋە غولامنى سوراپتۇ . خوتۇن :

— غولام بۇ يەرگە كەلمىدى ، — دەپتۇ . دەل شۇ ئەسنادا خوتۇننىڭ ئېرى كېلىپ قاپتۇ ۋە :

— بۇ كىم بولدۇ ؟ غولام دېگە-
نىڭچۇ ؟ — دەپ سوراپتۇ. خوتۇنى بىر ئاز
گەپ قىلماي تۇرۇپ دېگەندەك ئىشارەت
قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئادەم
كەتكەندىن كېيىن خوتۇنى ئېرىگە:
— غولام دېگىنىم ھېلىقى ئادەمنىڭ
قۇلى ئىكەن، ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن يىگىت
بولۇپ، خوجايىنى ئۇنى ئۇرۇپ سوۋۇپ —
تۇتقاي قىلغانىكەن. ئۇ قېچىپ بىزنىڭ ئۆيگە
كەلگەنىدى. مەن ئۇنى بالىخانىغا يوشۇرۇپ
قويغان. ئەمدى چىقىپ قاراپ بېقىڭ، —
دەپتۇ.

* *

بىر كۈنى بىر خوتۇن ئاشنىسىنى
ئۆيگە باشلاپ كەپتۇ ۋە ئېرىنىڭ دۇكىنىغا:
«ئۆيگە ھامماڭنىڭ قىزى مېھمان بولۇپ كې-
لىپ قالغانىدى، شۇڭا ماڭا مېھماندارچىلىق
ئۈچۈن نازۇ — نېمەتلەرنى ئەۋەتىپ بەرسە-
ڭىز» دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن
ئېرى ئۇنىڭغا نازۇ — نېمەتلەرنى ئېۋەتىپ
بېرىپتۇ. خوتۇن ئاشنىسىنى ئۆيدىكى پەردە
كەينىگە يوشۇرۇپتۇ. كەچتە ئېرى ئۆيگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئېرىگە:
— سىز بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرمەڭ
ھامماڭنىڭ قىزى سىزدىن خىجىل بولۇپ
چىقالمايۋاتىدۇ، — دەپ ئېرىنى قورۇس-
دىكى باشقا بىر ئۆيگە چىقىرىۋېتىپ
ئاشنىسى بىلەن داۋاملىق خىلۋەت قىلىشقا
باشلاپتۇ. ئۈچىنچى كۈنگە كەلگەندە
ئاشنىسى ئۇنىڭدىن زېرىكىپ سىرتقا چىق-
ماقچى بولغاندا خوتۇن ئۇنىڭدىن مەرنى
ئۈزەلمەي ئۇنىماپتۇ. ئاشنىسى ئاخىر پۇر-
سەت تېپىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقىپتۇ.
خوتۇن ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ چىقىپ
ئېسىلىپتۇ ۋە قېچىپ كەتمىسۇن دەپ
ۋارقىراپتۇ. شۇ ئەسنادا ئېرى چىقىپ كەپ-
تۇ. خوتۇنى بولسا تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋازدا
ۋارقىراپ — جارقىراپ ئېرىگە:
— قەسەم خۇداغىكى بۇ كىشى ئۆي-
دىكى ھامماڭنىڭ قىزىنىڭ ئېرى بولىدۇ. ئۇ
خوتۇنۇم ئۈچ كۈن بولدى يوقاپ كەتتى،
مەن ئۇنى تالاق قىلىۋېتىمەن دەيدۇ. مەن
ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ بۇ يەردە تۇرغىلى ئۈچ
كۈن بولغانلىقىنى ئېيتسام ئۇ
ئىشەنمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇنى كەتكۈزمەي
سىزنى ساقلاپ تۇرغانىدىم. ئۇنىڭغا
گۇۋاھلىق بەرسىڭىز، — دەپتۇ. ئېرى بولسا
گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىپتۇ. ئۇ كىشى
تالاق قىلماسلىققا ماقۇل بولۇپ كېتىپ قاپتۇ.

* *

بىر خوتۇن بىر ئەتتارىنىڭ مال —
مۈلكىنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ ۋە بىر كۈنى
ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەرز قىلىپ:
— سېنىڭ خوتۇنۇڭ مېنىڭ ئېرىم
بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىلماقتا، دەپتۇ.
لاتىپۇرۇش ئۇنىڭ سۆزىدىن گۇمان قىلىپ،
ئۇنى رەت قىپتۇ. خوتۇن بولسا:
— ئەگەر ئىشەنمىسەڭ ئېرىم بىلەن
خوتۇنۇڭ بىللە بولغان چاغدا مەن سېنى
باشلاپ باراي، — دەپتۇ. لاتىپۇرۇش
قاتتىق دەرغەزەپكە كېلىپ ماقۇل بوپتۇ. ئۇ
خوتۇن پۇرسەت كۈتۈپ تۇرۇپ بىر كەچتە
لاتىپۇرۇشنى بىر ئۆيگە باشلاپ بېرىپتۇ. لا-
تىپۇرۇش ئۆيگە كىرگەنىكەن، ئۇنىڭ
خوتۇنى بىر توپ قاراقچىلار بىلەن ئولتۇر-
غانىكەن. شۇ ئان ئۆيدىكى قاراقچىلار
لاتىپۇرۇشنى باغلاپ تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۆ-
يىگە بېرىپ بار يوق ماللىرىنى بۇلاپ
كېتىپتۇ.

*    *

بىر ئادەمنىڭ شۇنداق كېلىشكەن بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى بىر قېرى باي ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئاتىسى قىزىنىڭ قىلغان ئاھۇ ـ زارىغا قارىماي ئۇنى قېرى بايغا ياتلىق قىلىشقا ماقۇل بولۇپتۇ. قىز قاتتىق ئازاب ئىچىدە ئاخىرى ھىيلە ئىشلىتىپ قېرى بايغا مۇنداق بىر پارچە نامە ئەۋەتىپتۇ:

«ئاتام مېنى سىزگە بېرىشنى لايىق تاپتى. مەنمۇ سىزنىڭ ئىلكىڭىزگە ئۆتۈشنى ناھايىتىمۇ خالايمەن. ئەمما سىزگە شۇ نەرسە ئېنىق بولسۇنكى مېنىڭ چېچىم ناھايىتى ئاقىرىپ كەتكەن. مېنى ئالغىلى كېلىشتىن بۇرۇن چوقۇم ماڭا خەۋەر قىلىۋەتسىڭىز، مەن چاچلىرىمنى قارىغا بوياۋالسام، ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز مېنى كۆرگەندىن كېيىن كۆڭلىڭىز سوۋۇپ پۇشايماندا قالىسىز.»

بۇ نامىنى كۆرگەن قېرى باي قىزنى ئېلىشتىن يالتىيىپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن قىز ئۆزى ياخشى كۆرگەن يىگىت بىلەن توي قىپتۇ. بىر كۈنى قىز ئېرى بىلەن كوچىدا ھېلىقى قېرى باينى ئۇچرىتىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— خۇداغا قەسەم بولسۇنكى، مېنىڭ چېچىمدا بىر تالمۇ ئاق يوق. يېشىم ئەمدىلا يىگىرمىنىڭ قارىسىنى ئالغان. ئەمما شۇنى بىلىڭكى ئەرلەر ئاياللارنىڭ ئىشقىدا قانچىلىك كۆيۈپ ـ پىشىپ يىغلىسا ئاياللارمۇ ئۆزلىرى ياخشى كۆرگەن ئەرلەر ئىشقىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ يىغلايدۇ، — دەپتۇ.

## شەيتانلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى توغرىسىدا

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىپتۇركى، بەنى ئىسرائىلدا بىر راھىب بار بولۇپ ئۇنىڭ ئىسمى بەرسەيسا ئىكەن. بىر كۈنى بىراۋ ئۇنىڭ ئالدىغا بىر قىزنى باشلاپ كېلىپ ئۇنىڭدىن قىزنىڭ ھالىدىن بىر مەزگىل خەۋەر ئېلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ. راھىب بۇ ئىشتىن باش تارتىپ ئۇنىماپتۇ. ئەمما ئۇ كىشى تولا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاچقا ئاخىرى ئامالسىز ماقۇل بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىز راھىبنىڭ قېشىدا ئامانەت قاپتۇ. بىر كۈنى شەيتان ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ قىز توغرىسىدا ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىپتۇ. ئاخىر راھىبنىڭ كۆڭلى قىزغا ئېغىپ ئۇنىڭغا چېقىلىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قىز ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ. شۇ چاغدا شەيتان يەنە راھىبقا تەھدىد قىلىپ:

— ئەمدى قىزنىڭ ئەھلى كېلىپ ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرىدىغان بولسا سەن رەسۋا بولىسەن. شۇڭا قىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىغىن. قىزنىڭ ئەھلى كېلىپ سورىسا ۋاپات قىلدى دېگىن، — دەپتۇ. راھىب ئېزىپ قىزنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. شەيتان بولسا قىزنىڭ ئەھلىنىڭ يېنىغا بېرىپ راھىبنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئەھلى دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ ھالىنى كۆرۈپتۇ ۋە راھىبنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشكە تەمشىلىپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان راھىبقا:

— مەندە بىر قىز بار ئۇنى ئۇلارنىڭ داۋاسىغا بېرەيلى شۇ چاغدا بۇ بالادىن قۇتۇلىسەن. ئەمما بىر شەرتىم باركى سەن ماڭا سەجدە قىلىشىڭ كېرەك، — دەپتۇ. راھىب ئۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ ئىككى مەرتەم

سەجدە قىپتۇ ۋە كاپىر بولۇپ كېتىپتۇ. ئەمما شەيتان شۇئان يوقاپ كېتىپتۇ. قىز ئەھلى يەنىلا راھىبنى ھالاك قىلىپ تاشلاپتۇ.

* *

ئىسرائىلىياتتا دەرەخكە چوقۇنىدىغان دەرەخپەرەست قەۋم بار ئەكەن. شۇ زامانلاردا ئابىد ئىسىملىك بىر ئەزىمەت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بۇ يەردە دەرەخپەرەست قەۋم بار ئىكەن دېگەن گەپنى ئاڭلاپ شۇ دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن پالتىسىنى كۆتەرگىنىچە يولغا چىقىپتۇ. يولدا شەيتان بىر شەيخنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ ئابىدنىڭ ئالدىنى توساپتۇ ۋە:

— نەگە بارىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن پالانى دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ ئابىد.

— سەن ئىبادەتنى تاشلاپ دەرەخ كېسىپ نېمە قىلىسەن؟ سەن ئۈچۈن دەرەخ كېسىشتىن ئىبادەت قىلىش ئەۋزەلدۇر. ماڭ قايتىپ كېتىپ ئىبادىتىڭنى قىل، — دەپتۇ شەيتان.

— ياق، ياق، مېنىڭ ئىبادىتىم دەرەخنى كېسىپ تاشلاشتۇر، — دەپ يەنە يولغا راۋان بولماقچى بوپتۇ ئابىد. شەيتان:

— مەن سېنى دەرەخ كەسكىلى قويمايمەن، — دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يولنى توسۇپتۇ. ئىككىيلەن بىر پەس قاتتىق ئېلىشىپتۇ. ئاخىر ئابىد شەيتاننى يىقىپ ئۇنىڭ شىلىسىغا مىنىپتۇ. بۇ چاغدا شەيتان بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپ:

— مېنى قويۇپ بەرسەڭ. مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان بىر ئەھدىم باركى، ئۇ سېنى دەرەخ كېسىشتىن نەچچە ھەسسە پايدىغا ئىگە قىلىدۇ، — دەپتۇ.

— نېمە ئەھدىڭ بار؟ — سوراپتۇ ئابىد.

— سەن بىر دەرۋىش ۋە پەقىر ئادەمسەن. سېنىڭ پۇل ـ ماللىرىڭ بولسا ئىدى. ھەمسايە ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭغا سەدىقە قىلىپ بەرگەن بولاتتىڭ. بۇ دەرەخ كېسىشتىن نەچچە ھەسسە ساۋابلىق ئىش ئىدى. شۇڭا مەن ساڭا ھەر كۈنى ئون تىللا كەلتۈرۈپ بېرەي قانداق؟ — دەپتۇ شەيتان. ئابىد تىللانىڭ ئېتىنى ئاڭلاپ ماقۇل بوپتۇ ۋە دەرەخ كېسىشتىن يالتىيىپ شەيتاننى قويۇپ بېرىپتۇ.

ئابىد ئەھدە بويىچە ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ قارىسا ياستۇقى يېنىدا ئون تىللا تۇرۇپتۇ. ئابىد خۇشال بولۇپ ئۇنى ئېلىپتۇ. ئىككىنچى كۈنىمۇ شۇ تەرىقىدە تىللانى ئېلىپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى بولسا تىللا كۆرۈنمەپتۇ. ئابىد دەرغەزەپ بولۇپ پالتىنى كۆتەرگىنىچە دەرەخنى كېسىپ تاشلاش ئۈچۈن يەنە يولغا چىقىپتۇ. شەيتان يەنە ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. بۇ نۆۋەت شەيتان ئابىدنى يىقىتىپتۇ ۋە ئۇنى خۇددى قوچقاچ سىقىملىغاندەك كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەرگە تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭ شىلىسىگە مىنىپتۇ. ئابىد شەيتاندىن بىر قوشۇق قېنىنى تىلەپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن:

— سەن قايسى كۈچۈڭ بىلەن مېنى يەڭدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. شەيتان:

— ھەيھات، ئاۋۋالقى قېتىم سەن ساپ نىيىتىڭ بىلەن خۇدا يولىدا كەلگەن

ئىدىلىڭ، ئەمما بۇ نۆۋەت تىللا ئۇچۇن كەلدىڭ. شۇڭا مەن غالىپ كەلدىم، — دەپتۇ شەيتان.

* *

نۇشىرۋان ئادىلنىڭ زامانىدا بىر ئادەم پەيغەمبەرلىك داۋاسى قىپتۇ ۋە ئادەم-لەرگە: «هالاكەتلىك ۋە پاجىئە پۈتكۈل خالايىق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمەكتە، مەيلى پۇقرا ياكى پادىشاھ بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق نەرسىسى يوق» دەپ ئا-دەملەر ئارىسىدا غەۋغا قوزغاپ قورقۇنچ ھەم قۇتراتقۇلۇق پەيدا قىپتۇ. بىر مەزگىل ئۆت-كەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەسىرى كۈچىيىپ، بەزى كالتە ئەقىل ئادەملەر ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپتۇ ۋە بىر مەزھەپ بولۇپ شەكىللىنىشكە باشلاپتۇ. بۇ ۋەقەدىن نۇ-شىرۋان پادىشاھ ئەنسىرەپ ئۇ ئادەمنى پەم بىلەن هالاك قىپتۇ. ئۇنىڭ ئەگەشكۈچى-لىرى بولسا شەھەر — شەھەرلەرگە قېچىپ جەمئىيەت ئامان تېپىپتۇ. ئەمما بۇ مەزھەپ-نىڭ تەسىرى تا هازىرغىچە مەۋجۇت ئىكەن. چۈنكى شۇ مەزھەپتىكىلەردىن بى-رەرسى ئۆلسە شەيتان پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆلگۈچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ ئادەملەر ئارىسىغا كېلىدىكەن ۋە: «مەن سىلەر بىلەن خوشلاشقىلى كەلدىم، سى-لەرگە شۇنداق خەۋەر بېرىمەنكى پەيغەمبەرلىك داۋاسى ھەقتۇر. ئۇنىڭدا ھېچقانداق شەك يوقتۇر» دەپ يەنە كىشىلەر ئارىسىغا ئارازلىق سېلىپ غايىپ بولىدىكەن.

* *

ئەمىرۇل مۇئمىن ئۆمەر بىننى ئەل-خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەجلىسلىرىدە شەيتاننىڭ ئالدامچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇش ھەققىدە سۆھبەتلەر بولغانىدى. سۆھ-بەتداشلاردىن بىرى مۇنداق ھېكايەت قىلدى.

بىر كۈنى شام تەرەپكە سەپەر قىلىپ كېتىپ باراتتىم ھەمراھلىرىمدىن ئايرىلىپ قالدىم. كەچ بولدى باياۋاندا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇراتتىم، تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر ئۆي كۆرۈندى. مەن ئۆي تەرەپكە ماڭدىم. قارىسام ئىشىك ئالدىدا بىر ساھىبجامال قىز ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن:

— سىز بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سورىدىم.

— مەن قەراراھ دېگەن يەردىن بولىمەن. بۇ يەردە مېنىڭ بىر ئىگەم بار. ئۇ مېنى نەچچە ئاي بۇرۇن بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ھەر كۈنى كۈندۈزى كېلىپ كېچىسى كېتىدۇ — دېدى. مەن ئۇنىڭدىن مەن بىلەن بىللە كېتىشنى ئىلتىماس قىل-دىم. ئۇ قورقۇپ ئۇنىمىدى. مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئاخىرى كېتىش قارارىغا كەلتۈردۈم ۋە ئۇنى تۆگەمگە مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدىم. تاڭ سۈزۈلۈپ يورۇشقا باشلىغاندا ئەھتەر قوشقا مىنىپ كېلىۋاتقان بىر دېۋىنى كۆردۈم. قىز ئۇنى كۆرۈپ:

— مېنىڭ ئىگەم كېلىپ قالدى. ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. مەن تۆگىنى ياتقۇزۇپ ئەتراپىقا چەمبىرەك سىزدىم «قۇرئان» دىن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، خۇدادىن مەدەت تىلىدىم. دېۋە بىزگە يې-قىنلاپ كېلىپ بىر قارا ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كىردى. مەن چەمبىرەكتىن چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشتىم. بىز بىر — بىرىمىزنى

يېگەلمىدۇق. دېۋە ئاخىرى ماڭا تەڭ كېلەلمەي ماڭا يېلىندى:

— ئەگەر قىزنى قايتۇرۇپ بەرسەڭ ساڭا ئۈچ ئىشنى قىلىپ بېرىمەن دېدى.

— قايسى ئۈچ ئىش ئۇ؟ — دېدىم مەن.

— پېشانەمدىكى موينى كېسىپ ئالغىن. سەن قەيەردە قىيىنچىلىق تارتساڭ مەن شۇ يەردە هازىر بولىمەن، — دېدى.

— سېنىڭ ئۇ تۇكۇڭنىڭ ماڭا هېچقانداق پايدىسى يوق، — دەپ رەت قىلدىم مەن.

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ نۇرغۇن تۆگىلىرىم بار. قانچىنى خالىساڭ شۇنچىنى ئال، — دېدى ئۇ يەنە.

— قوي ئۇ نەرسىلىرىڭنى، ئاقىل ئادەم ئېتىقادىنى دۇنياغا ساتمايدۇ، — دېدىم مەن.

ئۇنداقتا مەن تىرىك بولساملا سېنىڭ خىزمىتىڭنى قىلاي، دېدى دېۋە ئاخىرىدا.

— مېنىڭ ساڭا هېچقانداق هاجىتىم چۈشمەيدۇ، دېدىمدە ئۇنى هالاك قىلدىم ۋە قىزنى ئېلىپ شامغا ئېلىپ كەتتىم.

«ئەجايىبۇل ـ مەخلۇقات ۋە غەرايىبۇل ـ مەۋجۇدات» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى

بۇ ئەسەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: **قۇتلۇق قادىر**

(بېشى 191 ـ بەتتە)

تۇرۇپ سىيلىغىلار. هەرگىزمۇ قېچىپ كەتمىسۇن. ئۇنىڭ جېنىنى جەهەننەمگە يولغا سىيلىغىلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. خىزمەتكارلار:

— خوپ تەقسىر، — دەپ قوللۇق بىلدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن باينىڭ ئېيتقىنى بويىچە ئۇنىڭ بېشىدا هازىر بولۇپتۇ. باي بولسا قاتتىق قەي قىلىشقا باشلاپتۇ. پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان قۇچقاچ «پۇررىدە» ئۇچۇپ چىقىپتۇ. خىزمەتكارلار بولسا قۇچقاچنى شۇنداق دەرغەزەپ بىلەن ئۇرۇپتىكى قۇچقاچنىڭ جېنى جەهەننەمگە يولىماي، توقماق بىلەن ئايپالتا باينىڭ بېشىغا تېگىپ تىنىم تاپماي ئۇنى جەهەننەمگە سەپەر قىلدۇرۇپتۇ. يېزا خەلقى بولسا شۇندىن بۇيان ئاچكۆز باينىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى قورغاس ناهىيىسىدىن: **قادىر ئۇستام**

رەتلىگۈچى: **تۇراخۇن مۇهەممىدى**.



# ئەپسانىلەر

## زۆھرە يۇلتۇز

بۇرۇنقى زاماندا زۆھرە ئىسىملىك ناھايىتى چىرايلىق، ئەقىللىق بىر قىز بولغان ئىكەن. ئۇنىڭ چىراي - شەكلىنىڭ قاملاشقانلىقىغا، ئىشچانلىقىغا، ھەرقانداق ئىشنىڭ قولىدىن كېلىدىغانلىقىغا، ئادەملەرگە قارىتا كۆيۈمچانلىقىغا ئەتراپتىكى پۈتۈن ئادەملەر ھەيران قېلىپ ئاغزىنى تۇشقۇزۇپ سۆزلىشىدىكەن. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئارتۇقچىلىقى بىلەن زادىلا ماختانمايدىكەن، ھاكاۋۇرلۇق قىلمايدىكەن، ئۇنىڭ رەھىمسىز بىر ئۆگەي ئانىسى بولۇپ، ئۇ زۆھرەنى زادىلا كۆرەلمەيدىكەن، يوق باھانىلار بىلەن ئۇنى تىللاپ، ئاچچىقلاپ، ئېغىر ئىشلارغا سالىدىكەن. زۆھرە ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە ئىشلەيدىكەن. ئۆگەي ئانىسى ئۇنى قەستەن يىلانلار، يىرتقۇچ كۆپ قورقۇنچلۇق ئورمانلارغا ئەۋەتىدىكەن. زۆھرە ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلارنى ئىشلەيدىكەن. ئۆگەي ئانىسى قانچىلىك ئاچچىقلانسىمۇ، قانچىلىك ئىشلەتسىمۇ، زۆھرە ئۆگەي ئانىسىغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمايدىكەن. ئۇ دائىم ياخشىلىق قىلىشنىلا ئويلايدىكەن. قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆگەي ئانىسىنى رازى قىلىشقا تىرىشىدىكەن. زۆھرەنىڭ شۇنداق سەۋرچانلىقى، شۇنداق چىداملىقلىقى ئۆگەي ئانىسىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زۆھرە ئەتىگەندىن كەچكىچە ئىشلەپ ناھايىتى چارچاپ قايتقاندىن كېيىن ئۆگەي ئانىسى ئاستى تۆشۈك تۈگنى سۇ بىلەن تولدۇرۇشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئەگەر تاڭ ئاتقىچە تۈگنى تولدۇرمىساڭ، — دەپتۇ زۆھرەگە ۋارقىراپ، — ئۆيگە كىرمەن دەپ ئويلىما، ئۇ چاغدا سېنى قىيناپ ئۆلتۈرىمەن.

زۆھرە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئەپكەشنى بىلەن چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇغا كېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندىن تارتىپ ئىشلىگەنلىكى ئۈچۈن قوللىرى تېلىپ، پۇتلىرى مىڭ تەستە ھەرىكەتلىنىپتۇ. قۇرۇق چېلەكلەرنى كۆتەرگەندە يەلكىلىرى سىقىراپ ئاغرىپ كېتىپتۇ. بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئايدىڭ كېچە ئىكەن. ئاي ئاسماندىن كۈمۈشتەك نۇرلىرىنى يەرگە

تۆكۈپتۇ ، پۈتۈن يەر يۈزى نۇرغا چۆمۈلۈپ ، جىمجىت ياتماقتا ئىكەن .
يار بويىدىكى زۆھرە ، بىر ئېقىۋاتقان سۇغا ، بىر ئاسماندىكى ئايغا ، بىر ئەتراپىغا
قاراپ ، چوڭقۇر ئويغا چۆمۈپتۇ . ئۆز ئانىسىنىڭ يېقىملىق سۆزلىرى ، مېھىر ـ مۇھەببەتلىك
ئىسسىق قوينى ئېسىگە چۈشۈپتۇ . شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىنى ئويلاپ ياشلىرى يۇ-
زىنى بويلاپ يەرگە تامچىلاپتۇ . ئۇ يالغۇز ئېسەدەپ ـ ئېسەدەپ يىغلاپتۇ ـ دە « ئوف » دەپ
بولۇپ چېلەكلىرىگە سۇ ئاپتۇ . سۇ بىلەن توشقان چېلەكلىرى ئۇنىڭ يەلكىلىرىنى تېخىمۇ
بېسىپتۇ . ئۇ يەنە ئايغا قاراپتۇ . ئاي ھامان ئاسماندا نۇر چېچىۋاتقان ئىكەن . قىز ئۆزىنىڭ
بەختسىزلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايغۇرۇپتۇ . لېكىن بەختسىزلىكى ئۇچۇن ھېچكىمدىن ئاغ-
رىنماپتۇ . ئۆگەي ئانىسىغىمۇ ھېچقانداق يامان ئويلاردا بولماپتۇ . شۇ چاغدا بىر يۇلتۇز
ئېتىلىپ ، دۇنيا تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندەك بولۇپتۇ . زۆھرەنىڭ كۆڭلىدىمۇ ئاللىقانداق
يەڭگىللەشكەندەك سېزىم پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ . كۆڭلىدە دائىم ياخشىلىقنىلا ئويلايدىغان
زۆھرەنى بىر يورۇق يۇلتۇز كۆزىتىپ تۇرغان ئىكەن . مانا شۇ يۇلتۇز يەرگە ئېتىلىپ ئۇنى
تېخىمۇ نۇرغا چۆمدۈرۈپ يۇقىرى كۆتۈرۈشكە باشلاپتۇ . زۆھرەنىڭ ئۆزىمۇ نەگىدۇر
كۆتۈرۈلگىنىنى سېزىپ ، چېلەكلىرى يېنىكلىگەندەك بوپتۇ . ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئېغىر تۇ-
گۈن يېشىلىپ ، كۆڭلىدە ناھايىتى يېقىملىق ، ناھايىتى يېنىك ۋە شېرىن تۇيغۇ كۈچىيىشكە
باشلاپتۇ . شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىك كۆزلىرىنى ئاچقان ھامان ، ئۆزىنى ئاي-
نىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆرۈپتۇ .
سىز ئەگەر ئاي تولغان چاغدا دىققەت قىلىپ قارىسىڭىز ، ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئەپكەشتە چېلەك كۆتۈرۈپ تۇرغان زۆھرە قىزنى ھازىرمۇ كۆرەلەيسىز . ئاينىڭ يېنىدا پار-
قىراپ يېنىپ تۇرغان ئەسلىدە زۆھرەنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن يۇلتۇزنى كىشلەر
زۆھرە يۇلتۇزى دەپ ئاتاپتۇ .

## قارىغاي نېمە ئۈچۈن قىش ـ ياز يېشىل ھەم چىرايلىق تۇرىدۇ ؟

قەدىمكى زاماندا يەر يۈزىدە ناھايىتى چىرايلىق ئادەملەر ياشىغانىكەن . ئۇلار خۇش
خۇي ھەم ساغلام ئىكەن . كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنىڭ بېشىغا ئېغىر قايغۇ كەپتۇ . ئادەملەر
ئۆلۈشكە باشلاپتۇ . ياش باللارمۇ ، ساغلام يىگىتلەرمۇ ، قېرىلارمۇ ئۆلۈپتۇ . ئادەملەر ئاپەتتىن
قانداق قۇتۇلۇشنى بىلەلمەپتۇ . دەل بۇ جايدا باتۇرلۇقتا داڭقى كەتكەن بىر يىگىت بار ئىكەن .
ئۇ خەلقنىڭ قايغۇ ـ ھەسرىتىگە چىداپ تۇرالماي ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىپتۇ ـ دە ،
ئابى ھايات سۈيىنى ئىزلەپ چىقىپ كېتىپتۇ . ئاي ئۆتۈپتۇ ، يىل ئۆتۈپتۇ . بەك ئۇزۇن يوللارنى
بېسىپ ، قېلىن ئورمانلاردىن ئۆتۈپ ، ئېگىز تاغلاردىن ئېشىپتۇ . دېڭىزلارنى كېچىپتۇ .
شۇنداق يۈرۈۋەرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىدا كەڭ ، ئازاد بىر سەھرا نامايان بوپتۇ . بۇ دېۋە
پادىشاھلىقى ئىكەن . خېلى يۈرگەندىن كېيىن ئۇ چىرايلىق بىر سارايىنى ئۇچرىتىپتۇ . يىگىت
توپتوغرا سارايغا قاراپ يول ئېلىپتۇ . ئۇ يەردە ئۇنى گۈزەل بىر قىز قارشى ئاپتۇ . ئۇ دېۋىنىڭ

ساربىدا تۇتقۇنلۇقتا ياشاۋاتقان قىز ئىكەن. ئۇ يىگىتكە:

— تېز كېتىڭ، بۇ يەردىن، — دەپ يىلىنىشقا باشلاپتۇ، — دېۋە قايتىپ كەلسە ئىككىمىزنى نابۇت قىلىدۇ.

— سىزنى ئالماستىن مەن ھېچنەگە كەتمەيمەن، — دەپ يىگىت ئۆزىنىڭ نېمە ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ.

قىز ئۇنى بىر بۇلاق بويىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. بۇلاقنىڭ ئەتراپىدا ياپيېشىل ئوت-چۆپلەر، گۈل-چېچەكلەر ئۆسۈپ كەتكەن، دەرەخلەردە قۇشلار سايراۋاتقانىكەن. بۇ ئابى ھايات بۇلىقى ئىكەن. يىگىت قاچىسىنى سۇغا توشقۇزۇپتۇ-دە، قىز بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ. خوشلىشىۋاتقاندا قىز ئۇنىڭغا بىر ئەينەك بىلەن بىلەي بېرىپتۇ. بۇ نەرسىلەر تىلسىملىق كۈچكە ئىگە ئىكەن. ئازمۇ ئەمەس، كۆپمۇ ئەمەس يول يۈرگەندىن كېيىن ئۇ، دېۋىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قاپتۇ. مانا، ئۇ يىگىتنى قوغلاپ يېتىشكە ئازلا قاپتۇ. يىگىت كەينىگە بۇرۇلۇپ ئەينەكنى تاشلاپتىكەن، شۇ جايدا چوڭ دېڭىز پەيدا بوپتۇ. دېۋە دېڭىزدىن ئۆتكىچە خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. يىگىت خېلى كۆپ يول بېسىۋاپتۇ. دېۋە يەنە قوغلاپ يېتەي دەپ قاپتۇ. كەينىگە بۇرۇلۇپ بىلەينى تاشلاپتىكەن، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئېگىز تاغ ھاسىل بوپتۇ. يىگىت يەنە ھېسابسىز يول بېسىپتۇ. ئادەملەر ئارىسىغا بېرىپ يېتىشكىمۇ ئازلا قاپتۇ. لېكىن دېۋە ئاخىرى قوغلاپ يېتىپتۇ. يىگىت دېۋە بىلەن ئېلىشىشقا باشلاپتۇ. بەك كۆپ دەرەخلەرنى سۇندۇرۇپ تۈگىتىپتۇ. مانا، دېۋە قىلىچى بىلەن يىگىتنىڭ قولىغا بىر چېپىپتىكەن، يىگىتنىڭ قولىدىكى قاچا چۈشۈپ چېقىلىپتۇ. ئىچىدىكى سۈيى بولسا قارىغايلار ئۈستىگە تۆكۈلۈپتۇ. مانا شۇندىن بۇيان قارىغايلار مەڭگۈ يېشىل، چىرايلىق بولۇپ قالغانىكەن.

## شەپەرەڭ نېمىشقا يورۇقتا ئۇچمايدۇ؟

ئۇنداقمۇ بوپتۇ، مۇنداقمۇ بوپتۇ، بۇرۇنقى زاماندا قۇشلار بىلەن تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار ئارىسىدا ناھايىتى قاتتىق جەڭ بوپتۇ. ئۇ جەڭنى سۆزلەشكە باشلىسا ئېيتقانغا ئادەم ئىشەنمەيدۇ. مەن ساڭا ئېيتاي، بىر تەرەپكە تۆمۈر قاناتلىق لاچىنلار، چاڭگاك پۇتلۇق بۈركۈتلەر، خەۋەرچى سېغىزخانلار، ئۇزۇن پۇتلۇق قاقىرلار، قۇشقاچلار، تۆمۈر تۇمشۇقلار، مۈشۈكياپلاقلار دەمسىز؛ ئىككىنچى تەرەپتە يايىللىق شىرلار، ئېيىقلار، بۆرىلەر، قاپلانلار، سېسىق كۆزەنلەر، ھەتتا مۈشۈكمۇ قالماپتۇ. جەڭ شۇنداق دەھشەتلىك بوپتىكى، ھاۋادا يۇڭلار، پەيلەر توزۇپتۇ. مەلۇمكى شەپەرەڭمۇ شۇ يەردە بوپتۇ. مانا، بىر مەزگىل قۇشلار يېڭىشكە باشلاپتۇ. شەپەرەڭ:

— بىز يېڭىمىز، بىز! — دەپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇچۇپ يۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇمۇ ئەپلەشمەپتۇ، بىر ۋاقىتتا تۆت پۇتلۇق ھايۋانلار يېڭىشكە باشلاپتۇ. تۇتامى يوق شەپەرەڭ ئاللىقاياقتىن ئۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۇچۇپ چۈشۈپتۇ-دە، قاناتلىرىنى يىغىۋېلىپ:

— بىز يەڭدۇق، بىز يەڭدۇق، — دەپ ۋارقىراشقا باشلاپتۇ.

ئاخىرى بۇ دەھشەتلىك قانلىق جەڭمۇ تۈگەپتۇ. ئىككى تەرەپ ئارىسىدا كېلىشىم تۈزۈلۈپ، قول قويۇلۇپتۇ. تىنچلىق ئەسلىگە كەپتۇ. ئەمدى كىم ئامان، كىم يوق، كىم قانداق جەڭ قىلغان — شۇلارنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن ھەممىسىنىڭ ئەھۋالى مەلۇم بوپتۇ. پەقەت شەپەرەڭنىڭلا كىملەر تەرىپىدە تۇرۇپ سوقۇشقانلىقىنى بىلگىلى بولماپتۇ. بەزىلەر ئۇنى تۆت پۇتلۇقلار تەرەپتە دېسە، بەزىلىرى قۇشلار تەرەپتە دەيدىكەن. ئاخىرى قۇشلار، ھايۋانلار ئۇنى چاقىرىپ كەپتۇ.

شەپەرەڭ كېلىپ قارىسا، بىر تەرەپتە ھايۋانلار، بىر تەرەپتە قۇشلار تىزىلىپ تۇرغىدەك، — سەن شەپەرەڭ، قۇشلار تەرىپىدە تۇرۇپ سوقۇشۇپسەن، توغرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. شەپەرەڭ قۇشلار تەرەپكە قاراپ:

— قۇشلار تەرەپتە تۇرۇپ سوقۇشماي كىملەر تەرىپىدە تۇرۇپ سوقۇشسام بولاتتى؟ مېنىڭ قاناتلىرىم بارغۇ!

— ئۇنداقتا سەن قۇش بولۇپ تۇرۇپ، ھايۋانلار يەڭگەندە نېمە ئۈچۈن «بىز يەڭدۇق» دەپ تۆت پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا چىرىلداپ يۈردۈڭ؟ — دەپتۇ قۇشلار. شەپەرەڭ ھايۋانلارغا قاراپ:

— ھايۋانلار تەرىپىدە يۈرمەستىن مەن كىملەر تەرىپىدە يۈرەي؟ قاناتلىق دېگەچكە قۇش بولاتتىممۇ؟ مېنىڭ پەيلىرىم يوق، بۇ بارماقلىرىم ئارىسىدىكى نەرسىنى قانات دەپ ئويلاپ قالماڭلار. ئۇ پەقەت دۈمباقنىڭ يۈزىدىنلا ئىبارەت. ئەنە ئاراڭلاردا مېنىڭ قېرىندىشىم چاشقانمۇ ئولتۇرۇپتۇ. مېنىڭ ھايۋان ئىكەنلىكىمنى ئۇمۇ ئېيتىپ بېرەلەيدۇ، — دەپتۇ. چاشقان ھېچنېمە دېمەپتۇ. باشقا ھايۋانلار شەپەرەڭگە قاراپ:

— ھە، سەن شەپەرەڭ، ئۇنداق بولسا ئىككىلا تەرەپكە كۈچ قوشۇپ يۈرۈپتىكەنسەن-دە، بىز مۇنداق بىر نېمىنى ھايۋان قاتارىغا كىرگۈزمەيمىز. سەن بىزنىڭ ئارىمىزدىن كەت، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— سېنىڭ بىزگىمۇ كىرگىڭ يوق، — دەپتۇ قۇشلار، — سەن يا قۇش ئەمەس، يا ھايۋان ئەمەس، ئىككىلا تەرەپكە سېتىلىپ يۈرگەن سەندەك بىر نېمىنى بىزمۇ ئارىمىزغا ئالمايمىز.

شۇنداق قىلىپ شەپەرەڭ ئىككىلا تەرەپنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بوپتۇ. ئىككىلا تەرەپ ئۇنى ئۆزىنىڭكى دەپ تونۇماپتۇ. ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ كېلەچەكتىمۇ ئىككى يۈزلۈك قىلىپ بىزنى يەنە ئالداپ يۈرمىسۇن، دەپ ئويلىشىپتۇ-دە، قۇشلار مۈشۈكياپىلاقتا ئۇنى نازارەت قىلىشنى تاپشۇرۇپتۇ. ھايۋانلار بولسا ئۇنىڭ كەينىدىن نازارەت قىلىپ يۈرۈشكە مۈشۈكنى سايلاپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن بۇيان شەپەرەڭنىڭ كۈنى تۈگەپتۇ. ئۇ ئاينىڭ يورۇغىدىنمۇ، قۇياشنىڭ يورۇغىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپتۇ. كېچىسى ئۇنى مۈشۈكياپىلاق، كۈندۈزى مۈشۈك تۇتۇۋېلىشقا مارايلا تۇرىدىكەن. شۇڭلاشقا ئۇنىڭغا كۈندۈزىمۇ، كېچىسىمۇ تام تۆشۈكىگە كىرىپ مۆكۈپ يېتىشلا قاپتۇ. پەقەت كۈن پېتىپ قاراڭغۇ ئەمدىلا چۈشكەن چاغدا، (كۈننىڭ يورۇغىمۇ، ئاينىڭ يورۇغىمۇ يوق چاغدا) مۈشۈك بىلەن مۈشۈكياپىلاقنىڭ كۆز-

لىرى باغلانغان ئارىلىقتا، شەپەرەڭ مۆككەن جايىدىن چىقىپ، ئۇچىدىكەن ـ دە، ئاي چىقىشى بىلەن يەنە تۆشۈككە كىرىپ غايىپ بولىدىكەن.

## نېمە ئۈچۈن تۈنجى يامغۇر تامچىسى قۇلۇلىنىڭ ئاغزىدا مەرۋايىتقا، يىلاننىڭ ئاغزىدا زەھەرگە ئايلىنىدۇ؟

ياز يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئاسماندىن تۇنجى شىپالىق يامغۇر يېغىشقا باشلايدۇ. جان ـ جانىۋارلار باشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئاغزىلىرىنى ئېچىپ، تۇنجى يامغۇر تامچىلىرىنى يۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدىكەن. شۇ چاغدا دېڭىز قۇلۇلىسى سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ئاغزىنى ئې-چىپتۇ ۋە ئاغزىغا يامغۇر تامچىسى چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ كۆڭلىدە ئادەملەرگە، بارلىق جان ـ جانىۋارلارغا ياخشىلىق قىلىشتەك ئوي بولغاچقا مۇنداق دەپتۇ.

— ھەي، شۇ شىپالىق تۇنجى يامغۇرنىڭ بىرەر تامچىسى ئاغزىمغا تامغان بولسىچۇ! ئاشۇ تامچىدەك دۆگىلەك ـ دۆگىلەك نەرسىلەرنى ياساپ چىقىراتتىم، دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق، ئۇنىڭدىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بولماس ئىدى. ئادەملەر ئۇنى بويۇنلىرىغا، پېشانە-لىرىگە تاقىۋالغان بولاتتى، — دەپ ياخشى تىلەك تىلەيدىكەن.

مانا ئاخىر تۇنجى يامغۇر تامچىسى دېڭىز قۇلۇلىسىنىڭ ئاغزىغا تېمىپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشىلىقىدىن تامغان تامچىلار قىممەتلىك چوڭ ـ چوڭ مەرۋايىتقا ئايلىنىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى دېڭىز ئاستىغا چۆكۈپ، ئىزلەپ تېپىپتۇ، ئېسىل تاش ئورنىدا قەدىرلەپ باش كىيىملىرىگە، بويۇنلىرىغا تاقاپ يۇرۇشكە باشلاپتۇ.

يىلانمۇ شۇ چاغدا ئاغزىنى ئېچىپ كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇمۇ تىلەك تىلەيدىكەن. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى ياۋۇز بولغاچقا، تىلىكىمۇ ياۋۇزلۇقتىن ئىبارەت ئىكەن.

— ھەي، ئاشۇ تۇنجى يامغۇرنىڭ قۇدرەتلىك تامچىلىرى مېنىڭ ئاغزىمغىلا تامغان بولسىچۇ! مەن دۇنيادىكى جان ـ جانىۋارلارنى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم! ئاچ-چىقى بىلەن قېرىپ تۆگەتكىدەك تولىمۇ ئاچچىق بولغان دەھشەتلىك بىر نېمىگە ئايلاندۇرغان بولاتتىم. يامغۇر تامچىسى مېنىڭ ئاغزىمغىلا چۈش! — دەپ تىلەيدىكەن.

يىلاننىڭ تىلىكىمۇ ئىجاۋەت بوپتۇ. تۇنجى يامغۇر تامچىلىرى ئۇنىڭ ئاغزىغىمۇ تې-مىپتۇ. تامغانلىرى ھەددىدىن ئارتۇق ئاچچىق بولغان زەھەر تامچىسىغا ئايلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن:

— چاقىمەن، ئۆلتۈرىمەن! ھەممىڭلارنى تۈگىتىمەن! — دەپ گىژىلدايدىكەن. شۇڭلاشقا ئادەملەر ئۇنى كۆرگەن يەردە ئۆلتۈرىدىكەن.

## نېمە ئۈچۈن ئىت بىلەن مۈشۈك بىر ـ بىرىگە دۈشمەن بولۇپ قالغان؟

بۇرۇنقى زاماندا بىر ئىتنى ئىگىسى بەك ناچار بېقىپتۇ. بىچارە ئىت كۈندىن ـ كۈنگە ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى شۇ ئاۋۇلنىڭ ئاقساقىلى ئۇنى كۆ-رۈپ ئىتنى ئاياپتۇ. ئۇنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرىۋېلىپ:

— سەن كىچىچە ئۇخلىماستىن خوجايىنىڭنىڭ ئۆي جايىنى ساقلايسەن. كۈندۈزى ئۇنىڭ مال ـ ۋارانلىرىغا قارايسەن. ماڭ، خوجايىنىڭغا ئېيت، سېنى بۇنداق ئاچ قويمىسۇن، ئەمدى ئۇ ئاشلىقىم ئوخشىمىدى، دېسە، مانا مەن سېنىڭ قولۇڭغا ماۋۇ قەغەزنى بېرىمەن، يېڭى ئاشلىق چىقىشى بىلەنلا سېنى ئوبدان بېقىپ سەمرەتسۇن. ئۇ چاغدىمۇ سېنى ئوبدان باقمىسا، ئۇنىڭغا ماۋۇ پەرماننى كۆرسەتكىن! — دەپ ئاقساقال ئۇنىڭغا تامغا بېسىلغان بىر ۋاراق قەغەزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ئىت قەغەزنى ئېلىپ كېتىپتۇ. ئاغزىدىمۇ تۇتۇپ قاراپتۇ. قولىدىمۇ تۇتۇپ بېقىپتۇ، نەگىمۇ قويۇشنى بىلەلمەپتۇ.

— ئاغزىمدا تۇتسام نەملىشىدۇ، هاۋشىسام ئاغزىمدىن چۈشۈپ كېتىدۇ، قولۇمدا تۇتسام يىرتىلىدۇ. توختا، مۈشۈك ساقلاپ بەرسۇن، — دەپتۇ ـ دە، مۈشۈككە قەغەزنى كۆرسىتىپ:

— دوستۇم مۈشۈك، مانا بۇ ماڭا يۇقىرىدىن چۈشكەن ئۇلۇغ قەغەز، مېنىڭ ئۇنى ساقلايدىغان جايىم يوق، سەن ئۆيدە تۇرىسەن، شۇڭلاشقا مەن ئۇنى ساڭا ئامانەت قىلىپ قويۇپ تۇرىمەن. كۈزدە خوجايىنىمىز خامانني يىغىشتۇرغاندىن كېيىن مەن ئۇنى سەندىن ئېلىۋالىمەن، سەن قەغەزنى ياخشى ساقلا، — دەپتۇ. مۈشۈك سىلىققىنا «بولىدۇ» دەپ قەغەزنى ئېلىپتۇ ـ دە، ئۆيگە كىرىپ كېتىپتۇ. لېكىن مۈشۈك ئىتنىڭ غېمىنى قىلىپ ئولتۇراتتىمۇ؟ شۇ كېچ ، كۈن سوغاق بولغاچقا، ئۇ ئىسسىنىش ئۈچۈن مەشنىڭ ئىچىگە كىرىپ يېتىپتۇ. ئىتن ، تاپشۇرۇقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ ئامانەتنى شۇ يەردە قالدۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەتىسى مەشكە ئوت يېقىپتىكەن، ئىتنىڭ قەغىزىمۇ شۇ يەردە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىپتۇ.

مانا يازمۇ تۈگەپتۇ، يامغۇرلار يېغىپ ئاشلىق ئوخشاپتۇ. ئۆيدە نانمۇ، ئاش ـ تائامۇ تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ. ئادەملەرنىڭمۇ، مۈشۈكنىڭمۇ قورسىقى تويۇپتۇ. لېكىن خوجايىنى بۇ قېرى ئىتقا يەنىلا قارىماپتۇ. ئۇ هامان ئاچ قالىدىكەن. سەۋەبى، ئۇنىڭ خوجايىنىدىن نان دەۋا قىلىش ئۈچۈن قولىدا قەغىزى يوق. خائىن مۈشۈكتىن سورىسا هازىر تۈزۈك جاۋابمۇ بەرمەستىن، تىر ـ مىر قىلىپ ئىتنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپلا كېتىدىكەن.

شۇنىڭدىن بۇيان ئىت مۈشۈكنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپ:

— ئىر، ئىر!... مېنى ئاچ قالدۇردىڭ! — دەيدىكەن. مۈشۈك بولسا:

— پىرىخ، پىرىخ!... پىرغۇ يوق! — دەپ يۇڭلىرىنى تىكەنلەشتۈرۈپ ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپىدىكەن.

شۇنىڭدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ ئاخىرلىشىپتۇ. هېلىمۇ ئۆمۈر بويىچە ئىرىلدىشىپ — مىرىلدىشىپ، ئىت ـ مۈشۈك بولۇپ ياشايدىكەن.

تاتارچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **مىرقەدەم مۇهەممەد يارۇف**

بۇ ئەپسانىلەرنىڭ مەسئۇل مۇهەررىرى: **مەهەممەتتۇرسۇن باهاۋىدىن**



مېنىڭ ئىككى يارىم با ،
بىرى ئالىم ، بىرى زالىم .
بىرىگە ئانچە مەيلىم يوق ،
بىرى كۆڭلۈمدىكى يارىم .

بۈگۈن ئۈچ كۈندىن بىرى ،
يارنى كۆرمەيدۇ كىشى .
كۆرۈپ كۆرمەسكە سالسا ،
تىرىك ئۆلمەمدۇ كىشى .

باغقا كىرمەك ئاساندۇر ،
جۇرا بولغاندىن كېيىن .
يارنى سۆيمەك ئاساندۇر ،
مەيلى بولغاندىن كېيىن .

يار مېنىگەن تۇرۇق ئاتنىڭ ،
ئوڭ قۇلىقىدا ئەن بار .
قوقماي چىققىن تالاغا ،
ئىشىك تۈۋىدە مەن بار .

هاۋاما هاۋامدۇر ،
قار ـ يامغۇر ياغا مىدۇر .
قىز ئۇچۇن يىگىت ئۆلمەك ،
شەرىڭدە راۋامدۇر .

كۆيۈمەن كۆيۈمەن ،
قېشى قاراغا كۆيىمەن .
قېشىغا قاراپ تۇرۇپ ،
شېكەر لېۋىگە سۆيىمەن .

ئەرزى قىلاي خۇما كۆزگە ،
خۇما كۆزنىڭ سۆزى ئۆزگە .
دەردىگدە تولا يىغلاپ ،
سالام ئېيتاي جېنىم سىزگە .

ئېگىز دۆڭنىڭ يېنىدا ،
خۇيما بوپتۇ ئالملار .
ئالمىدەك يارى تۇرۇپ ،
يامانىنى سۈيگەن لالملا .

ئەنتىم بارەي ، ئەنتىم بار ،
يانچۇغۇمدا قەنتىم بار .
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ ،
ئايرىلماسقا شەرتىم بار .

يارىم بەردى بەش ئالما ،
بەشلىسى قوينۇمدا .
ئۇخلاپ چۆچۈپ ئويغانسام ،
يارىم قۇلى بوينۇمدا .

يۇقىرىدىن چۇشۇپ كېلىپ ،
پەنجىرەڭدىن تاش ئاتتىم .
يارىم سىز ئۇخلاپ قاپسىز ،
تەمبۇر چېلىپ ئويغاتتىم .

ئىتىم ئۇركۇپ كىرمەيدۇ ،
غازى بارمىكىن كۆلدە .
قىچقارسامۇ چىقمايدۇ ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە .

بۇ تاغلار ، ئېگىز تاغلا ،
تېشى بار ، توپىسى يۇق .
ۋەدىسىدە تۇرمىغان يارنىڭ ،
دەردى بار ۋاپاسى يوق .

هاۋادىكى لاچىننى ،
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن .
ئالتۇن قارا كۆز يارنى ،
سۆ بىلەن يۇتاي دەيمەن .

ئىشىكىڭدىن ئۆتىمەن ،
ئۆتكىنىمنى تۇيدۇڭمۇ ؟
توخۇ ئىككى چىلىلدى ،
بىر چىقمايسەن ئۆلدۇڭمۇ !

ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن ،
تەمبۇرۇڭنىڭ ئاۋازى .
يۇرۇكۇمنى كۆيدۇرگەن ،
كۆينىكىڭنىڭ پەرۋازى .

ئىشىكنىڭ ئالدىدا سىدە ،
ئاتقا سىلىپ بىرەي بىدە .
مەريەم خاننىڭ دەردىدە ،
بولدى يۇرۇكۇم زىدە .

ئات مىنسەممۇ ئوينايمەن ،
مىنمىسەممۇ ئوينايمەن .
قىزنىڭ ھەشىمى تولا ،
جوگان بىلەن ئوينايمەن .

لەيلى قازاق قىسماقلار ،
توزۇپ كىتىدۇ يەرگە .
قىزنىڭ ھەشىمى تولا ،
تىگىپ كىتىدۇ ئەرگە .

جان دەيمۇ ، جوگان دەيمۇ ،
جوگاننىڭ خالىنى دەيمۇ .
كىيگىنى شايى كۆڭلەك ،
قول سالغىنىنى دەيمۇ .

كىتىپ بارغان جوگاننىڭ ،
نىمە خىيالى بار ئىكەن .
بىر بىسىپ ، يىنىپ قاراپ ،
كىمگە مەيلى بار ئىكەن .

يار بىلەن بارايمۇ مەن ،
يولىدا قالايمۇ مەن .
كۆڭۈل بەرمىگەن يارنىڭ ،
كۆڭلىنى ئالايمۇ مەن .

سىنىڭ يارىڭ ئوبدانمۇ ؟
مىنىڭ يارىم ئوبدانمۇ ؟
شامال چىقسا پۇرايدۇ ،
قولىدا گۇل تۇتقانمۇ ؟

مەيىگە چۇشكەن بىلەن ،
ھىچ نەلەر كۆرۈنمەيدۇ .
يارنىڭ كۆزىگە قاراپ ،
ئۆتكەن كۈن بىلىنمەيدۇ .

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى ،
تۇرپان يولىغا قاراپ .
كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەتتى ،
يارنىڭ يولىغا قاراپ .

ئىتىمنى قويىۋەتتىم ،
يىگى چىققان قىياقلارغا .
يار دەردى مۇنداق بولسا ،
چىقىپ كىتەي يىراقلارغا .

ئاق سارايدىن چىقتى يارىم ،
چىن تاۋانى پۇر كۇنۇپ .
قولىدا زەيتۇنە ياغلىق ،
تال چىۋىقتەك تولغۇنۇپ .

تال ئۇچى تالغا تىگەمدۇ ،

تال ئۈچى تالغا يىراق .
مەيلىمىز سىزگە چۈشۈپتۇ ،
ئۆيىڭىز ئاندىن يىراق .

ئۆي يىراقى بولسا بولسۇن ،
كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن .
ئىككىمىزنىڭ ئالدىدا ،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن .

ئاقىنە كۆينەك كىيىپسىز ،
ئاق تىكەنلەر ئىلمىسۇن .
كۆككىنە كۆينەك كىيىپسىز ،
كۆك تىكەنلەر ئىلمىسۇن .
ئىككىمىز ئاشىق بولايلى ،
ئۆيدىكىلەر تۇيمىسۇن .
ئۆيدىكىلەر تۇيسا ، تۇيسۇن ،
ۋەدە يالغان بولمىسۇن .
ۋەدىسىدە تۇرمىغان ،
ھەرگىز ئىنسان بولمىسۇن .

ھەر كۈنى سىزنى يەنە ،
كۆرگۈم كېلەدۇر .
قۇچۇغۇمغا ئېلىپلا ،
سۆيگۈم كېلەدۇر .

ئىلدىن چىققان يىگىتنىڭ ،
تونى بار ، تۆگمىسى يوق .
بېشىغا گۈل قىسىپتۇ ،
گۈلى بار غۇنچىسى يوق .
گۈلنى ئالدىم كۈپكە سالدىم ،
كۆپتە ھاراق بار ئىكەن .
ئوڭ قولۇمغا ھاراق ئالدىم ،
سول قولۇمغا شام چىراق ،
شام چىراقتا كۆيگىچە ،
مەشرەپتە كۆيگەن ياخشىراق .

ئۆستەڭ بويىدا يالپۇز ،
يالپۇزنىڭ شېخى يالغۇز .
ئەقىللىق مېنىڭ يارىم
يىغلاپ يۈرگىدەك يالغۇز .

ئۆستەڭنىڭ تىگى لايدۇر ،
دەسسىسەم لىغىرلايدۇ .
يارىمنى خىيال قىلسام
يۈرۈكۈم جىغىلدايدۇ .

ئۆستەڭنىڭ تىگى قاتتىق ،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق .
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم ،
ماڭا ئوخشاش دەرتمەن يوق .

* * *

چىشىڭىزنىڭ ئاقلىغى ،
غۇنچە تۇرادۇر .
لېۋىڭىزنىڭ تاتلىغى ،
تىلنى يارادۇر .

قىشىڭىز قازى بولۇپ ،
يۈرتنى سورايدۇر .
كۆزىڭىز ئويناپ تۇرۇپ ،
جاننى ئالادۇر .

ئېيتىپ بەرگۈچى : **سەيپۇللا ئاخۇن** .
رەتلەپ نەشرگە تەييارلىغۇچى : **ئەنۋەر تۇردى** .
بۇ بېيىتلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : **مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن** .

مخالف قیاکونی بو بر بجه کون    کالغیغ اشیتی توتوب کیچه توان    بولوب ایردی حالا اونینگ کیچه    که بولدی خلایق ایشی دزکاجه
بار ایردی بکه شمشاد اطلیغ درخت    کسب و ریغاچی رخشنه بو دقت    ایر قیلدی افسوس رخشنه کورب    دیدیکم مونی حیف قیلدینگ ادب
بولا دیدی حاجی غافقه صانرد قینه بند    ایماس شاهی نینگ بو قیزیدین خجند    ملیکم نینگ ایماس حالی خراب    کیچه اول ایرته قوپاریوب تراب
ایمیغلاب سالدی بو سوزنی دنگاچ    که ایدین کون اولتوردی بولدی صبح    بنا که بولوب ایردی توان صفه    کتیب اویقوغه خلقی نینگ بعضیسی
شهردین بر وق جقتی بر ماجرا    سوران غلغله کوب عظیمی بلا    خواجه عمر بو ابشلارا دچونی قند قلب    قیوب ایردی قیغالسینی بند قلب
ایر ایلادی اوزنی پاره بهان    قوتوب یوردی یغلاب فیاده روان    کلیب لبنه بهورتونی بک دشبودم    که تا ثلاب مونی یولغه قویدی قدم
خواجه عمر یتب ارقدین تیز توان    توتوب بردی یاغلیق قیلمایی الاون    ایر اوشبو یاغلیقنی الغان زمان    یقلدی بو شیدین کتیب تنوز مان
میرنی الیب یانزی لار اوشبو حال    خواجه عمر بیلا لله یورد رحال    که بخشک حرامزاده قیلغان ایشی    که بو قنور یالاب قویمیش ایردی کشی
جهارسو قرانکغو ایدی بو کیچه    توتوب تورمیش ایدی که شمشیر بجه    که او زخلقنی بها ماین اوشبو رنک    بولوب مخلبه قیلدی بر سخت جنک
بولغالی دیبیع بنا تورغای دوکوند    اولو بدور کشی الله مینک اکی یونه    قلیب لشکرینی قلیب کورد کرد    که دردا و ستیکا بولدی هم اوشبو درد
بولوب صبح صادیق تانک اتی هوا    خواجه عمر یتب کلدی باد صبا    بنا صدریتی سرو خادیم بولوب    جیوق یغلادیکه ملازم بولوب
دسرو خادیم اوشبو توبی اوجون    بدخشانوه یارمیش ایدی کوبی اوجون    اینک صوبیند بولوب اوشبو ایر    که یغلاب ایدی شاهی الدی خبر
جبین تکلدی هم شاهی کا شیوه    اوزی پاره قیلدی اودب یاشیوه    که آکاه بولوب شاه موننغ ایلب    که بخشک کا قویدی بشارت قلب
که بخشک سا قوفوب دیدی ای والیده    ملیکم تریک یغلامانک بیهوده    قبول قیلمایین یغلادی انجهان    مینالدی بخشک کا شیوه روان
دیدیکم بهایرو ملیکم طعام    بنادورکه اج ایرته دین صبح شام    ملیکم کا قیلدو رسه هرکیم غذا    بریب انه مینک تنکه قیلغوم ابزا
خواجه عمر دیدی باریب کاشیوه    ملیکم منی کرکوزاسی اشیوه    مونی قیلماسام سرو خادیم اطیم    اوجوب قال سون دینا دانتیم
بلی بو سوزنی بیان    دیدیکم وحالا ملیکم قیان    حرامزاده بخشک دیدی ای صنم    ملیکم نی موندانغ برشو میش ایدیم
فنهان جقیب اورده بیان کا شیوه    که آهسته بار غیل اینیک کا شیوه    کیتی لوتی یاسون اوشبو سرا ایچی    بو سوزنی دیدیم ابیج بیلب هیچ نیمنی
بو سوزدین خواجه عمر بولوب کا مران    کلیب بو ملیکه کا شیوه بهان    اوزینی تونولیتی کوزینی قیب    طعام هم بیدوردی لنکا سکا باب
ازی رنتو تو مهو بیل بریب دیدی آل    الیب حقیقت ایرکا شیوه رحمان    بولار کلیب بدور هو شیوه ایرینه    بیان قلدیلار اوشبو تقریرینی
ایر بیلمادی قیلدی سوزنی بهرینه رنک    خواجه عمر دیدی کلمتو راسیز کورنک    اوکوکنی اجیب کلمایین تا اوزدم    قبول بولمادی سیزکا قیلغان سوزم
خواجه عمر قوقوب کلمیش ایردی کیچه    مایتیب و رخلایق یاشیدابجه    بولوب یاشهی قاردین تورد یب بو طریق    قیلور قیرق کیتی برلا اول یاخلایق
خوجه [illegible] نالا اوزمیش حساب یاتیش قلب    یوقلعب سرو خادیم کبی [illegible] قلب    سزا رتیب الیب کلدی [illegible] کاشیوه    بولار سالدی قوی اوشبو توردیب کا شیوه



**بۇلاق** ( پەسىللىك ژۇرنال ) ئومۇمىي 53 - سان

**源泉** （布拉克）（维吾尔文）总53期

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE ( QUARTERLY )


新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆新华印刷厂印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348 )
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65—1063/I
本刊代号：58—108定价：2.90元
ISSN1005—0876/国外代号Q1118

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى :
ۋەكالەت نومۇرى : 58 — 108 ، باھاسى : 2.90
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى : Q1118


9 771005 087006 1 1>